# ئۇيغۇر تىلىنىڭ
# ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق
خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

## د — ف

مىللەتلەر نەشرىياتى

1992

تۈزگۈچىلەر:

ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رىھىمجان

مەسئۇل مۇھەررىرلەر:

ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى

كوررېكتورلار:

ئابلىز ئەمەت، بۈۋەيشىخان ئابدۇللا، ئەلانۇر

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| د | 1 |
| ر | 196 |
| ز | 282 |
| ژ | 359 |
| س | 360 |
| ش | 732 |
| غ | 861 |
| ف | 925 |

# د

**د** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ توققۇزىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە توققۇزىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**داپ** I ئى (ئە) <مۇز> قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان، ياغاچ قاسقانغا تېرە قاپلاپ ياسىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابى: داپ چالماق. * كوچا ناخشا-ئۇسسۇللىرىدىكى 60 خىلدىن ئارتۇق داپ ئۇرۇش ئۇسسۇلى كۈي ئالاھىدىلىكى جەھەتتە پۈتۈن غەربىي رايون سەنئىتىدە بېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. * ئۇلار يىگىتكە ساقلىق تىلەپ، شۇنداق چىرايلىق قىزنى شۇنداق دوكقا نىكاھ قىلىشقا سەۋەبچى بولغانلارنى قارغىشىپتۇ. سازچىلار داپلىرىنى ئاھاڭغا تەڭكەش قىلىپ، ئولتۇرۇشنى قىزىتىپتۇ.

**داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرمەك** ← **باش قايغان، پۇت تايغان يەردە يۈرمەك**: داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرۈپ بىزەڭ ئۆسكەن بۇ داپشاق «قىز» نى ئەر ئالمىغاچ، ئاقىۋەت بىر گۆرۈخانىنىڭ «جاڭ جاڭگۇيدى» دەپ ئاتىلىدىغان دوك خوجايىنغا تەگكەنىدى. * داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرىدىغان بۇ ئادەمگە ئەلچىلىك راسا خۇش ياقتى.

**داپنى باشقا سەنەمگە چالماق** پەدە يۆتكىمەك، باشقىچە يول تۇتماق، بۆلەكچە ئۇسۇل قوللانماق: — ھىم، بۇ قېتىم، — دېدى دورغا ھۇشۇر ئىمامغا مەنىلىك قاراپ، — ئەمدى داپنى باشقا سەنەمگە چالساق بولامدۇ، نېمە؟

**داپ ئۇسسۇلى** <ئۇس> ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كەڭ ئوموملاشقان. كۆپىنچە ئاياللار يالغۇز ئوينايدۇ. باشقا سازلار ئارىلاشتۇرۇلماي، پەقەت داپلا تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئۇسسۇلچى داپ ئۇدارلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئارقىلىق تۈرلۈك قىياپەتلەرنى چىقىرىدۇ. ھەرىكەت چاققان ۋە سىلىق بولىدۇ.

**داپ يارماق** بىرەر ئىشنى ھەددىدىن

ئاشۇرۇۋەتمەك: كىشىلەر «داڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن داپ يارىدىغان خوتۇن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرسىمۇ، بىر يەكشەنبە پاتمە بىلەن رەھىمجان سوۋغاتلىق كۆتۈرۈپ، خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئايىخان بىردەم دومسىيىۋالدى.

**داپ يۈز** ← **يۈزى قېلىن**: رەڭگىرويى تاتىرىپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن بىر ئىشچى قولىدا يوغان بىر قۇلۇپنى تۇتقان ھالدا، بەختىخاننىڭ ئالدىغا كىردى-دە: – ماۋۇ داپ يۈز قۇلۇپ سىزنىڭمۇ؟ – دەپ سورىدى. * خېنىم، دېدىم ئاستا نۇقۇپ بېقىنلاپ، باقتى ماڭا سۆيۈۋالدىم يېقىنلاپ، سۆيدۇم شۇ ئان، دېدى: «تۇفى، داپ يۈز!» چىراغ ياقتى بىرى، ئوسال بولدۇممەن.

**دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماق** بىراۋنىڭ ئوي-پىكرى، مەيدانىغا مايىل بولماق، شۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماق: مۇشۇ يىللاردا سوپىلارنىڭ ھەرىكىتى ئەدەپ كەتتى. مەجنىكە ئوخشاش گول ئاغىنىلىرىمىزمۇ ھەدېسىلا ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپدىغان بولۇۋالدى.

**دېپىنى چالماق** بىراۋنىڭ تەرىپىنى ئالماق، سۆز-ھەرىكىتىنى توغرا تاپماق، شۇ تەرەپ بولۇپ گەپ قىلماق: ئۇ بىرنېمىگىز ئۆتۈپ كەتكەن تەرسا نېمىكەنغۇ، يەنە كېلىپ، تەشۋىقات دۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ دېپىنى چالىدىكەن.

**داپ** II ئى. تۆت بۇرجەك كەتمەن شەكىللىك، كەتمەندىن كەڭرەك، قىر-تىرگەن سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى.

**داپەندە** ئى (ئە+پ) ← **داپچى**: بۆگۈنكى كەچكى ئولتۇرۇشقا زورىخان سەتەڭ داپەندىسى بىلەن قوشۇپ تەكلىپ قىلىنغانىدى. يەنە ئىككى مېھمانىمۇ بار ئىدى.

**داپەندىلىك** ئى ← **داپچىلىق**: مويسىپىت سۆز باشلىدى: – بالام روزىخان، سەن ئىلگىرى تۇردىئاخۇننى كۆرگەنمۇ؟ – كۆرگەن، – يىگىت بېشىنى كەينىگە قىيا بۇرىدى-دە، كېسىپلا جاۋاب بەردى، – مەن تېخى ئۇنىڭغا داپەندىلىكمۇ قىلغان دېسىلە.

**داپچى** ئى. داپ چالىدىغان، داپ چېلىشنى ياكى داپ ياساشنى كەسىپ قىلغان كىشى: نەق شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ئىمىر داپچى كىرىپ كەلدى. * ئويۇن ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سەھنىدە قەددى-قامىتى كېلىشكەن بىر قىز خۇددى تال چىۋىقتەك ئېگىلگەن ھالدا، داپچى يىگىتنىڭ رىتىملىق چېلىۋاتقان دېپىغا تەڭكەش قىلىپ شوخ ۋە نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»نى ئىجرا قىلىۋاتاتتى.

**داپچىلىق** ئى. داپ چېلىش، داپ ياساش ئىشى، كەسپى.

**داپخانا** (توغرىسى: داپخۇن) ← **داپخۇن**.

**داپخۇن** ئى (پ) ئوتنىڭ ئوبدان كۆيۈشى ئۈچۈن تونۇرنىڭ ئاستى تەرىپىدىن قويۇلغان شامال تۆشۈكى: ئۇ ئالدىراشلىقتا داپخۇننى ئېچىۋېتىشنى ئۇنتۇپ تونۇرغا ئوت ياققانلىقىدىن يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ھەپىلەشسىمۇ لېكىن ئوت تازا تۇتاشماي تۇتەپ تۇرىۋالدى.

**داپ-دۇمباق** داپ، دۇمباق ۋە شۇ قاتارلىق ئۇرۇپ چېلىنىدىغان سازلار: ئۇنىڭغىچە جۇمە ئاخشىمى بولۇپ قېلىپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايغا بېرىپتۇ. ئويۇنمۇ باشلىنىپتۇ. ئالدىدا بىرپەس داپ-دۇمباق بىلەن نەغمە-ناۋا قىلىنىپ ساز ئۇسسۇل پەدىسگە يۆتكىلىپتۇ.

**داپشاق** سۈپ. يۈزى قېلىن، ھاياسىز، بىزەڭ، بىشەم: ئېشەك ھاڭرىغان، داپ داراڭلىغان يەردە يۈرۈپ، بىزەڭ ئۆسكەن

بۇ داپشاق «قىز» نى ئەر ئالمىغاچ، ئاقىۋەت بىر كۆرۈۋخانىنىڭ «جاڭ جاڭگۇيدى» دەپ ئاتىلىدىغان دوڭ خوجايىنىغا تەگكەنىدى.

**داپشاقلىق** «داپشاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: داپشاقلىق - قىز بالىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەيىبى.

**داپشايماق** پ. بىزەڭلىك، قىلىنلىق، بىشەملىك قىلماق: داپشىيىپ تۇرۇۋېرەمسەن، كەتسەڭ بولمامدۇ؟

**داپقۇر** مق. نۆۋەت، قېتىم: بىرىنچى داپقۇر مېھمانلار كېلىپ بولدى.

**داپقۇر-داپقۇر** قايتا-قايتا، بىرنەچچە قېتىم: ئۇ كانىيىغىچە قەرزگە بوغۇلغانىدى. قەرز ئىگىلىرى داپقۇر-داپقۇر قەرز سۈيلەپ كېلىشكە باشلىدى.

**داپكەش** ئى → **داپچى**: مېنى رەھمەتلىك دادام «موللا بولسەن» دەپ بىر قىزىلكۆز باخشىغا تۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭغا داپكەش بولۇپ يۈردۈم.

**داپلاتماق** «داپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېرىلغۇ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. كەتمەن-گۈرجەكلەرنى داپلىتىپ تەخ قىلىپ قويايلى.

**داپلاشماق** «داپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داپلانماق** «داپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۆنەكلەر تارتىلىپ، داپلىنىپ بولدى.

**داپلىماق** پ ① تارتىلغان قىر-تىرگەنلەرنى داپ، كەتمەن قاتارلىقلارنىڭ كەينى بىلەن چىگدىماق، تەكشىلمەك، سىلىقلىماق: مانا شۇنى ئويلىسىلا ئەتىيازدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېرىنىڭ تىل ۋە سىلكىشلىرىگە چىداپ يۈرۈپ، تورغاي بىلەن تەڭ تۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكىچە كەتمەن چاپقىنى، زەمبىل كۆتۈرگىنى، يىلتىز تەرگىنى، تاماق سالغىنى، چۆنەك داپلىغىنى، ئۇرۇق سالغىنى ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلايدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلدۇ. ② كەتمەن، ئوتىغۇچ قاتارلىق بىسلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بولقا بىلەن چىگدىماق؛ بىس چىقارماق.

**دات** ئى. تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللارنىڭ يۈزىدە نەم ھاۋانىڭ ئوكسىدلىشىدىن شەكىللەنگەن بىر قەۋەت ماددا: تۆمۈر دېتى. مىس دېتى. تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ئۆمۈرنى دەرد يەيدۇ (ماقال). * بىز ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز، دات بېسىپ ياتقان بولقىلارنى قولىمىزغا ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. * بىز پېئونېر ئىز باسار، قەلبى قىزىل ئەۋلاد بىز. دات باسمايمىز مەڭگۈگە، قەتئىي سۇنماس پولات بىز.

**دات باسماق** → **داتلاشماق**: مەخسۇت بەگ جالاقلاپ تىترەپ يەرگە قارىۋالدى، ئۇنىڭ تەلەتى دات باسقان مىختەك قارىداپ كەتتى.

**دات كېسەللىكى زەمبۇرۇغى** <بوت> بۇغداي، ئارپا، مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتات ۋە باشقا خىلدىكى زىرائەتلەردە پارازىت ياشايدىغان زەمبۇرۇغ. ئۇ ئۆسۈملۈك تېنىدە سېرىق، قارا ياكى قىزغۇچ داغلارنى، كۆپرەك داتلاشقان تۆمۈر رەڭگىدىكى پاراشوكسىمان سپورىلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

**دات كېسىلى** <بوت> زەمبۇرۇغلار پەيدا قىلىدىغان زىرائەت كېسىلى. كېسەللەنگەن زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماق، غوللىرىدا دات رەڭگىدە توچكىلار پەيدا بولىدۇ، مەھسۇلاتقىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

**داتاڭ** ئى (خەن) يامۇلنىڭ ئىچىدە ئەرز-شىكايەت ۋە ھەر خىل ماجىرالارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىدىغان زال.

**داتاڭ سوراققا تارتىلماق** ناھايىتى قاتتىق سوراققا، نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنماق؛ ئىستەك-سورىقى ناھايىتى چىڭ

بسۇرۇشتۇرۇلمەك: پۈتۈن دادۋي كادىرلىرى داتاڭ سوراقىقا تارتىلدى، ئاسىمۇ پارتىيە ئىچىدە سوراقىقا تارتىلىپتۇ.

**داتسىت** ئى (ر) مىنېرال ۋە خىمىيۋى تەركىبى كۆۋارتسلىق دىئورىت ھەم گرانىتلىق دىئورىتقا تەڭ كېلىدىغان ئېتىلما جىنس. ئادەتتە كۈل رەڭ، كۈل رەڭگە مايىل قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. داغلىق تۈزۈلمىگە. ئىگە، فېنوكرىستلىرى كۆپىنچە ئوتتۇرا ھال پلاگىئوكلازما بولۇپ، ئىشقارلىق دالا شپاتى ئازراق بولىدۇ. بەزىدە ئاز مىقداردا كۆۋارتسمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ.

**داتلاشتۇرماق** ① «داتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىلىچىڭنى داتلاشتۇرماي دېسەڭ، دائىم بىلەپ تۇر.

**داتلاشماس** سۈپ «داتلاشماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: داتلاشماس پولات.

**داتلاشماس پولات** <سانا> تەركىبىدىكى خرومنىڭ مىقدارى 13 پىرسەنتتىن ئارتۇق بولغان قېتىشما پولات. بەزىلىرىدە يەنە نىكېل، تىتان قاتارلىق باشقا ئېلېمېنتلار بولىدۇ. چىرىشكە چىدامىلىق ۋە داتلاشمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. كۆپرەك خىمىيە سانائىتىدە ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىسسىقلىققا چىدامىلىق مېخانىك سايمانلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**داتلاشماق** پ ① نەم ھاۋانىڭ ئوكسىدلىشىدىن تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللارنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت ماددا پەيدا بولماق، دات باسماق: باغنىڭ شىمالىدىكى دالىنى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، يالغۇز قالغان بىر ئېغىز ئۆيگە كىرىپ قاراپ باقسىلار، ئوچاقتا داتلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر قازان ئېسىقلىق تۇرىدۇ. * پارتىزانلار كۆن چىققۇچە ئاۋارە بولۇپ، داتلاشقان يەتتە تال مىلتىقلا تاپتى. ② كۆچمە. ئىقتىدارى بۇرۇنقىدىن ئاجىزلاشماق: مېڭەم داتلىشىپ قېلىپتۇ، ئۇنتۇپتىمەن، ئەمدى ھوشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم. * «تۆت» ئاپەت دەستىدىن قان بولۇپ دىلىم، ئەپسۇسكى ياشلىقتىن كەتتى ئون يىلىم، ئەركىمگە بەختىمگە سېلىنغان كىشەن، قەلىمىم داتلاشتى سۆزلىمەي تىلىم.

**داجىتماق** «داجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىددەت بىلەن تۇرتۇپ كەلگەن سۇ سابىرنى بىرنەچچە مېتر كەينىگە داجىتىۋەتتى.

**داجىشماق** «داجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار قورقۇشۇپ كېتىپ، ئىتتىك كەينىگە داجىشىپتۇ. * ئوتنى كۆرۈپ يىراقلاشتى بۆرىلەر، ئاستا-ئاستا ئارقىسىغا داجىشىپ.

**داجىماق** پ. ئارقىغا چېكىنمەك، كەينىگە سۈرۈلمەك؛ سەل يىراقلاپ ياندىپ ئۆتمەك: ئېشەك كۆل كۆرسە ئېغنايدۇ، سۇ كۆرسە داجىيدۇ (ماقال). * قىز ھەيران بولۇپ كەينىگە داجىدى، مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. * زەيتۇنە ماشىنا چاقلىرى تىلغىۋەتكەن پاتقاقتىن داجىپ قۇرۇق يولغا چىقىۋالدى. * تاڭ قۇياشى چىقتى ئاندىن، ھۆسنىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، بىلدۈرۈپ ھۆرمەت ئۆلارغا، داجىدى سەييارىلەر.

**داجىياڭ** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى بەزى دۆلەتلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى.

**داچا** ئى (ر) شەھەر ئەتراپىغا ياكى مەنزىرىلىك جايلارغا دەم ئېلىش ئۈچۈن سېلىنغان باغ-ۋارانلىق تۇرالغۇ؛ قورۇ--جاي: بىرنەرسە بولغانىمكىن داچا ئىگىلىرى ئىشىكتىن كوچىغا چىقىشتى. * دېڭىز بويى ئاق دولقۇنلۇق قىرغاقتا، سالدۇرىمەن مېھمانخانا ۋە داچا.

**داچەن** ئى (خەن) ① بۇرۇنقى زاماندا ياسالغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك مىس پۇل:

بالا ئۈچ داچەنگە نان، ئىككى داچەنگە
چىراغ يېغى، تۆت داچەنگە هاراق ئېلىپ
ئۆيگە كېلىپتۇ. ② ئومۇمەن پۇل-پۇچەك:
يېنىمدا داچەن بولمىسا غېرىبلىق يامان ئىكەن.

**داخان** ئى (ئە+پ) دۇنيا ئوقۇش ئىسىق
ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن كېسەل داۋالاشنى
كەسىپ قىلغان كىشى: مەمتىلى چوقۇم
ئۇستا داخان بولسا كېرەك، ئىسسىقۇ قىلىپ،
مەرهابانى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئوخشايدۇ.
* «سەۋەب قىلسا نىېۋەتتە سۇ توختايدۇ»
دېگەن گەپ بار، داخانغا بىر ئوقۇتۇپ
باقايلى. * مەدداھ بىلەن رەمچىلەر، گال
باقار ئالدامچىلار. داخانمۇ، پىرىخۇنمۇ، ھەممىسى
يالغانچىلار.

**داخانلىق** «داخان» سۆزىنىڭ ئابستراكت
ئىسىم شەكلى: مىرزاكېرىم داخان ئۆگەتـ-
تىمۇ؟ خۇراپاتلىقتا شۇلار باشلاۋاتامدۇ؟ مەنمۇ
داخانلىق قىلدىمۇ؟ ياق.

**داخى** ئى. دىئال. دارقا.

**داخشالماق** ئى. دىئال. سىلكىنمەك، قېقىلماق.

**داخىركالۋار** ئى (داخىل+كالۋار) ئەپسانىلاردىكى
مال-دۇنيا، ئادەم قاتارلىقلارنى سالسىمۇ
تۈۋى يېپىلمايدىغان، كۆرۈنۈشى كىچىك
خالتا: مۇختەر ھەييار: — ماڭا مۇشۇ كىچىككە-
نە داخىركالۋارىمنى تولدۇرۇپ ئالتۇن بەرسەڭ،
ساڭا ياشاشقا يەنە ئاز ۋاقىت بېرىمەن، —
دەپتۇ.

**داخىل** ئى (ئە) ← **داخىل بولماق.**

**داخىل بولماق** كىرمەك، قاتناشماق:
جانابلىرىغا سالام بېرىش، دىدارلىرىنى كۆرۈپ
سۆھبەتلىرىگە داخىل بولۇش ئارزۇيۇم كۆچلۈك
بولغىنى ئۈچۈن، نەرسە-كېرەكلىرىمنى سارايغا
تاشلاپلا ئالدىراپ كېلىشىم. * بېغىڭغا قوندى
كاككۇكمۇ، تۈيۈگىغا بولغىلى داخىل، يېنىمدا
ئاشىقى زەينەپ، بولۇپ جۈپ سۆيگۈ-يار
كەلدى.

**داخىل قىلماق** كىرگۈزمەك، قاتناشتۇرماق:
نامان ئاكىنى چاقىرتىپ، بۇ سۆھبەتكە
ئۇنىمۇ داخىل قىلساق قانداق؟

**داد** (پ) ① ئىم. جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب
دەستىدىن قاتتىق ۋارقىراپ قىلىنغان زار،
نالە، پىغان: «شاھزادە غوجام» دېگىنى
شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر ئىدى، ئۇ شامەخ-
سۇتنىڭ بالىلىرى ئىچىدە بىر تاللا ئوغۇل بولۇپ،
كىچىكىدىنلا شۇنداق ئەركە، بەڭباش ئىدىكى،
ئۇنىڭ دەردىدىن پۈتۈن قۇمۇل «داد»
دەيتتى. * جاھان ھۆنەرلىرىدىن ئالغان
لەززىتىم شۇ، كالتەك يەپ ئۆگەنگەن
ھۈنىرىمدىن دەيمەن «داد». ② ئىم.
قورقۇپ ياكى خەۋپكە يولۇقۇپ ياردەمگە
چاقىرىپ تووۇلغان قاتتىق ئاۋاز: بۇ قارىغۇلار
ۋارقىرىشىپ: «ۋاي داد، ئوغرىنىڭ دەستىدىن
داد» دېيىشىپتۇ. ③ئى. دەرد-ئەلەم
دەستىدىن قىلىنغان شىكايەت، ئەرز:
ئادىل شاھ دىيارى بەكرىدە مەلىكىسى ۋە
ئىككى پەرزەنتى بىلەن داد سوراپ ئالەمدىن
ئۆتتى. * ئۇزۇندىن شۇ ئىدى مەقسەت-مۇرا-
دىم، خۇدايىمغا يېتىپتۇ ئەمدى دادىم. ④
ئىم. بىر ئىشنى مەلۇم قىلىش يۈزىسىدىن
ئىجازەت سوراش سۆزى: — داد، پادىشاھى
ئالەم، — دەپتۇ ئۇلۇغ قول ۋەزىر، — بىچارە
تۈلكە چارباغنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىقتا ياتىدۇ.

**داد دېگۈزمەك** تويدۇرماق، بولدى
دېگۈزمەك: شىمالدىن جەنۇبقا، غەربتىن
شەرققىچە، ھېچ يەردە قېرىلىق كۆرمىدىم
ھەيران! نەگىلا قارىسا شادلىق ۋە كۈلكە،
ياشلىق قېرىلىقنى داد دېگۈزۈپتۇ. * ئۇ تازا
ئېشىپ كەتكەندى. خوپ قىلىپتۇ، داد دېگۈزۈپتۇ.

**داد دېمەك** زۇلۇم-كۈلپەت دەستىدىن
نالە قىلماق، زارلىماق، ئەرز-شىكايەت

قىلماق: پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىغا داد دېمىگەن ئوغۇل بالا تۇرۇپ، بۇلارنىڭ يولسىزلىقىغا نېمانچە قاقشايسەن!

**داد سالماق** قورقىنىدىن ياكى قايغۇ-ئا-زاب دەستىدىن نالە-پەرياد، قىيا-چىيا قىلماق: باتۇر جەڭچىلەر دۈشمەنگە قاراپ ئات سالدى، قاپسىلىپ قالغان دۈشمەنلەر ئاللا-توۋا كۆتۈرۈپ داد سالدى.

**داد ئوقۇماق** ← **داد ئېيتماق**: بۇنى كۆرگەن قارا باتۇر ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى، يۈزىگە مۇشتلىغان بويى ئوردىغا بېرىپ: «داد، شاھىم، داد» دەپ شاھقا داد ئوقۇدى.

**داد ئېيتماق** ئازاب-ئوقۇبەت، ئادا-لەتسىزلىك، يولسىزلىق ئۈستىدىن شىكا-يەت قىلماق، نالە قىلماق: بىر كۈنى بۇنىڭدىن قورسىقى كۆپكەن ئىشچىلار داد ئېيتىپ، ھېلىقى باشلىقنىڭ ئالدىغا باردى. * پاتەمخان يىغلىغىنچە مەھەللىگىچە كەلگەن ۋە رازاقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ داد ئېيتىپ بولغانىدى.

**دادىغا يەتمەك** ھېسداشلىق قىلماق، خەيرخاھلىق قىلماق، ھالىغا يەتمەك، دەردىگە دەرمان بولماق: جانابىي سۇلتان، دېھقانلار ۋەيران، سەرگەردان بولماقتا. بىز مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات دېھقانلىرىغا ۋەكىل بولۇپ كەلدۇق، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئەل دادىغا يېتىشنى تەلەپ قىلىمىز. * ھويلىدىكى كارىۋاتنى بەش تاختايدا ئەتكەنمۇ؟ ئېلى يولى چۆللەردە، سەن دادىغا يەتكەنمۇ؟

**دادا** ئى ① پەرزەنتى بار ئەر، ئاتا: بۇ دادامدىن قالغان راۋابنى، ئۆزۈمدىن ئايرىغۇم كەلمەيدۇ. ② ئۆزىدىن چوڭ، دادا يوللۇق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش سۆزى: دادا، سىلە نەدىن كەلدىلە؟

**دادا بولماق** ① پەرزەنت كۆرمەك: بالام سەن ئەمدى دادا بولۇپ قالدىڭ، بۇرۇنقىدەك بالىلارچە ئىش قىلساڭ بولمايدۇ. ② دادا ئورنىدا باشقىلارنىڭ بېشىنى سىلىماق، ياخشىلىق قىلماق: قاسىم ئاكا، ئۆزلىرى ئىككى يىلدىن بۇيان بىز يېتىملەرگە دادا بولۇپ چىرايىمىزغا تۇپا قوندۇرمىدىلا، بىزمۇ غېرىبسىنمىدۇق.

**دادا بۆلەك بىر تۇغقان** ئانىسى بىر، دادىسى باشقا بولغان بىر تۇغقان.

**دادا جەمەت** ← **ئاتا جەمەت**.

**دادا يوللۇق** ياش ۋە ھۆرمەت جەھەت-تە دادىغا ئوخشاش، دادىدەك ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئىگە: ئۇكام ياسىن، سابىر ئاكام بولسا دادا يوللۇق بىر ئادەم، سەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە كىرىپ سۆزلىشىپ باققىن، ھەرگىز يېنىكلىك قىلما.

**دادام** ← **دادام قوۋۇرغا**.

**دادام قوۋۇرغا** چوڭ مالنىڭ قارا قوۋۇر-غىسىدىن كېيىنكى تۆت تال قوۋۇرغا، دەندانە.

**دادەن** مق (خەن) ئۇن كۇرىگە تەڭ كېلىدىغان، دانلىق ئاشلىقلارنى ئۆلچەشتە قوللىنىدىغان سىغىم بىرلىكى: جامالنىڭ ئۇن مولۇق بۇغدىيىدىن، بولمىغاندا، توققۇز-ئون دادەن بۇغداي چىقاتتى.

**دادەنلىك** سۈپ. دادەن ئۇرۇق كېتىدىغان، دادەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان: بەش دادەنلىك يەر. * ئۆمەر شاڭيو ئۆتمۈشتە 50 دادەنلىك يەرنى ئىگىلىۋالغان چوڭ يەر ئىگىسى ئىدى.

**داد-پەرياد** داد ۋە پەرياد، نالە-زار: تەخمىنەن 15 مىنۇتتىن كېيىن، ئوق ئاۋازلىرى بىلەن داد-پەرياد ۋە قىيا-چىيالار توختاپ جىلغىنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى. * باش-كۆزلەر يېرىلىپ مىلنەر قانغا، داد-پەر-

ياد، چۇقانلار چىقار پەلەككە.

**داد-پەرياد چەكمەك** ← **داد-پەرياد قىلماق**: مەن ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشقاندا، ئۇنىڭغا چىدىيالماستىن يۈگۈرگەن پېتىم تاشقىرىغا چىقىپ، سوغ شامالدا ئۇزۇنغىچە يىغلىغان ھەم كېچە قويىندا داد-پەرياد چەككەندىم.

**داد-پەرياد سالماق** ← **داد-پەرياد قىلماق**: بەختىيار بىر توپ ئىت ئىچىدە قېلىپ، «ئانا!» دەپ يىغلارمىش داد-پەرياد سېلىپ.

**داد-پەرياد قىلماق** زۇلۇمدىن، قورقۇشتىن، ئادالەتسىزلىكتىن داد ۋە پەرياد بىلەن نالە قىلىپ توۋلىماق: ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ مەيلى قانچە ئازابلانسۇن، قانچە داد-پەرياد قىلسۇن، كەتكەن ئۆمۈر قايتا كەلمەيتتى. * ئاتا-ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەي داد-پەرياد قىلغىنىچە ئۆزلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ يېتىپ قېلىپتۇ.

**داد-پەرياد كۆتۈرمەك** ← **داد-پەرياد قىلماق**: شۇ ھالدا سۇلتانىنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ، «ماڭا زۇلۇم قىلدى» دەپ داد-پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. * قىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن مەريەمخان داد-پەرياد كۆتۈردى.

**داد-پەياد ئۇقۇماق** ← **داد-پەرياد قىلماق**: دۈشمەن تىزلىنىپ داد-پەرياد ئوقۇدى.

**دادخاھ** ئى (پ) ① ئەرز-داد ئېيتقۇچى، شىكايەت قىلغۇچى: دادخاھنىڭ دەردىگە دەرمان تېپىلماس ھېچقاچان، دادگاھ ئەھلى ئۆزى دەردنى چۈشەنگەن بولمىسا. ② ئەرز-داد ئىشتكۈچى، سودىيە: ئۇرۇمچىدىن كەلگەنلەر ئىچىدە ئىبراھىم دادخاھمۇ بار ئىدى. ③ ئەرز-شىكايەت ئېيتىلىدىغان ئورۇن؛ سوت: بۇ دەردىمگە مەن قانداق قىلاي، تۇغقانلار، دەردىمگە دادخاھ ئىزلەپ مەن يەنە ئايلىنىپ يۈرۈپ، مۇشۇ قانۇن ئورنىغا كەلسەم، بۇلارمۇ قوغلاپ چىقاردى.

**دادخور** ئى (پ) باشقىلار ئۈستىدىن داد-ئەرزىيەت ئېيتىپ، نالە قىلىپ، ئاغرىنىپ، رەنجىپ يۈرگۈچى: بۇ دادخور ئاغزى بېسلماي ھەممىلا يەردە دادلاپ يۈرىدۇ. // دادخور ئادەم.

**دادخورلۇق** «دادخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كەچتە ئوسمان ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندە، مەدەنىيەت ئېرىنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ، تۈرنىسا ئۈستىدىن دادخورلۇق قىلدى.

**دادگاھ** ئى (پ) ئەرز-شىكايەت ۋە جىنايى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن؛ سوت: دادلىسام دادگاھقا سۆزۈم ئۆتمەي، يۇرتۇمدا ساق قېلىشقا كۆزۈم يەتمەي، پاناھ تىلەپ كەلدىم يەنە قۇچىقىڭغا.

**دادلاتماق** «دادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇراپ بەگ بۇ يۇرتنى زار قاقشاتقاندى، دادلاتقاندى.

**دادلانماق** «دادلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: يەتتە قەلەندەر ئوردىنىڭ ئالدىدا كۆلخان يېقىپ دادلاندى.

**دادلىماق** پ ① جىسمانىي، روھىي ئازاب دەستىدىن ياكى قورقىنىدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن نالە قىلىپ ۋارقىرىماق، پەرياد كۆتۈرمەك: ھويلىغا يېقىنلىشىپ دەرۋازىغا كەلگىچە دادلاپ ۋاي سېلىشقا باشلىدىم. * بىز كوچىدا قالدۇق، يىغلىسام يىغام، دادلىسام دادىم يەتمىدى. ② بىراۋ ئۈستىدىن رەنجىپ، ئاغرىنىپ نالە قىلماق: مەن ئايالىمنىڭ مۇنداق دادلاشلىرىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپلا قوياتتىم. * تىل بىلەر سازەندە ئۇيغۇر قاشتېشى چالغۇ چېكىپ، تۇرىدۇ

گەنجۇ ئۇسسۇلى بىزنى شۇنچە جەلپ ئېتىپ، ھەزرىتىم ئىش جىقلىقىدىن ئۆزلىرىگە دادلىماي، تىڭشىماق ئەۋزەل بۇ سازنى ئۇيقۇلۇق تۈندىن كېچىپ.

**داد-مۇئامىلە** باردى-كەلدى، ئالاقە، مۇناسىۋەت، ئېلىم-بېرىم، بېرىش-كېلىش: ئۇلار كىيىم-كېچەك، داد-مۇئامىلىدە خەلقتىن ئۆزىنى قاتتىق ئاجرىتاتتى.

**داد-مۇئامىلە قىلماق** بېرىش-كېلىش، ئالغۇ-بەرگۈ قىلماق؛ مۇناسىۋەتلەشمەك: مەن ئۇنىڭ بىلەن داد-مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، مىجەزىنى تازا چۈشەنمەيمەن.

**دادۇر** ئى (خەن) <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق ياكى بىنەپشە رەڭدە كېلىدۇ، يىلتىز تۈگۈنىكى بولىدۇ، پۇرچاق دېنىدا تۈكچىلەر بولىدۇ، ئۇرۇقى ئادەتتە سېرىق بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلىش، ماي تارتىش ۋە خىمىيە سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**دادۇر چېرپاشكىسى** <زوئول> پۇرچاق چېرتپاشكىسىنىڭ بىرخىلى. تېنى قارا قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، دادۇرنىڭ زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ.

**دادۇر-پۇرچاق** ① دادۇر ۋە پۇرچاق، دادۇر ۋە پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر. ② دادۇر ۋە پۇرچاقنىڭ ياكى دادۇر-پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەرنىڭ دېنى.

**دادۇي** ئى (خەن) ① بىرقانچە جۇڭدۇي ياكى شياۋدۇيدىن تەركىب تاپقان تەشكىلىي بىرلىك؛ چوڭ ئەترەت: ئامانلىقنى قوغداش دادۇيى. پىئونېرلار دادۇيى. ② تارس. ئىشلەپچىقىرىش دادۇيى. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى يېزا كوممۇنىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش دۇيى ئارىلىقىدىكى تەشكىلىي بىرلىك.

**دادۇيجاڭ** ئى (خەن) ① دادۇي كوماندىرى. ② ئىشلەپچىقىرىش دادۇيىنىڭ باشلىقى: دادۇيجاڭ دېدى: «مەندىن ئالغىن قاننى، قۇتقۇزۇش كېرەك چوقۇم ئورازقاننى».

**دادۇيجاڭلىق** ئى. دادۇيجاڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل: ئاسىم ياچىيكا خىزمىتىنى ساڭا ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزى دادۇيجاڭلىقنى ئاتقۇرىدۇ.

**دادىخا** (توغرىسى: دادخاھ) ← **دادخاھ.**

**دادىكا** ئى. جان ت. دادىسى، تاغىسى ياكى شۇ قاتارلىق ئەرلەرگە يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىدىغان مۇراجىئەت شەكلى.

**دادىل** سۈپ. قورقماس، يۈرەكلىك: شۇجى دادىل جاۋاب بەردى. * ئوتقا سال، دەرياغا سال، مەيلى قاۋان، يىلپىزغا سال؛ ھەممىگە تەييار تۇرار كۆكرەك كېرىپ، دادىل كىشى. // دادىل سۆزلىمەك.

**دادىل بولماق** جۈرئەتلىك، يۈرەكلىك بولماق: چولپان دۈشمەن ئالدىدا، بولدى مەزمۇت ھەم دادىل.

**دادىللاشتۇرماق** «دادىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دادىللاشماق** پ. بارغانسېرى دادىل بولۇپ بارماق: ئىككىيلەن بىللە ماڭسا، كىشى خېلى دادىللىشىپ قالىدىكەن.

**دادىللىق** «دادىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئانارگۈل بەگنىڭ ئامبۇردەك قوللىرىنى قايرىپ تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن ئېيتتى. * مەترىيىم يۈرىكىدە ئوتى بار، ئىشتا قىزغىن بولسىمۇ، دادىللىقى كەم ئىدى.

**دادىلىق** سۈپ ① دادىسى بار، دادىسى ھايات: ئايىمخان نىياز ئاكامنىڭ قايىتا ياتلىق

بولغاندىن كېيىن قۇچقىدىكى بىر نارەسىدە دادىلىق بولۇپ يېتىمسىرىمىدى. ② دادا بولغۇچى كىشى قىلىشقا ياكى ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان، دادىغا خاس: دادىلىق مۇھەببەت. * ئۇ بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگىچە ئوقۇتۇپ، دادىلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلدى. // دادا، دادا، نېمە دادا؟ داداڭ دادىلىقتىن تانغىنى يوق.

**د'** ـ ئى (پ) ① يامان ئات-ئۇلاغلارنى تاقىلاش ۋاقتىدا ئېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى تۈۋرۈك ئۈستىگە كۆندىلەڭ بادرا مىخلاپ ياسالغان قۇرۇلما: ماتۇت زور ئۇنىڭ ئېتىنى دارغا تارتقاچ سورىدى. ② ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان كىشىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما: ئەي، ئاسىي قاتىل! مەلىكە گۈلنىسانى نېمشقا دارغا ئاستۇردۇڭ. * دوستۇم، ئۆمۈرۋايەت ۋىجدانىغا يار بول. مەڭگۈ تىرىشچان جانانىغا يار بول، رىزقىڭنى ئىزلە ئىجاد مېھنەتتىن، ئارسىز نامەردكە سەن ئېگىز دار بول. ③ يەرگە تىك ئورنىتىلغان ئېگىز ياغاچقا ئارغامچا-ئارقانلار چىڭ تارتىلىپ ياسالغان، دارۋازلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما: كەڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا دار باغلاندى.

**دار بېشى** دار ياغىچىغا تارتىلغان ئارغامچىلارنىڭ يەرگە باغلانغان ئۇچى، دارۋاز دارغا چىقىدىغان باش پەللە: دارۋاز قىزىل پوپۇچىنى سېلىپ، دار بېشىدا تىك تۇردى ۋە ئىككى ئادەم ئەكىلىپ بەرگەن، ئوتتۇرىسىدىن ئۇلانغان ئۇزۇن بادرىنى قولىغا ئېلىپ، بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن، ئېگىز دارغا قاراپ تەييارلاندى.

**داردىن قاچقان** ① ئۆتۈپ كەتكەن ئۇششۇق، مۇتتەھەم، جېنىدىن تويغان (ئادەم ھەققىدە): ئۆزۈڭمۇ بىلسەن، مەن ئىلگىرى خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ، نەدىكى داردىن قاچقان دابىتىخان يىغدى خوتۇنلارنى ئېلىپ، جېنىمدىن باشقىسىنى دەسمايە سېلىپ بېرىۋەتكەنىدىم. ② كىشىلەر نەزىرىگە ئىلمايدىغان، كېرەكسىز، يارىماس، بۇزۇق (ئادەم ياكى نەرسە-كېرەك ھەققىدە): – بىزگە نەدىكى داردىن قاچقان بىرىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇنى قوبۇل قىلمىدىم، – دېدى مۇدىر. * نەدىكى داردىن قاچقان نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەنسىز.

**دار ئويۇنى** دارۋازلارنىڭ تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن دار ئۈستىدە كۆرسەتكەن ھەرخىل ماھارەتلىرى: دارۋازلارنىڭ دار ئويۇنى، سارغايدى ئويۇنى، چېلىشچىلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇنلىرى، مەدداھلارنىڭ چوڭ سورۇن تۈزۈپ ئېيتقان ئاجايىپ جەلپ قىلغۇچى داستانلىرى، مۇقامچىلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش نەغمىلىرى ئەنە شۇ سەيلىلەرنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى.

**دارا** ئى. تىك چوققىلىق تاغ، تاغنىڭ تىك چوققىلىق جايلىرى؛ بارا: ئەخمەت قۇتاي قاراقۇرۇم (قاراڭغۇتاغ) تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ يىراق ئىچكى دارىلىرىدا 30 يىل تۇرۇپ، ئاۋامغا خىزمەت قىلىپ، تاغلارنىڭ سىرىنى ئۇقۇپ، ئەل ئارىسىدا «خىزىر»، «زېرەك تاغ باتۇرى»، «ئىقلىمپەرەس»، «تاغ موللىسى» لەقەملىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

**داراز** سۈپ (پ) ئۇزۇن.

**داراز تارتماق** ئۇزارماق، سوزۇلماق: ئالتە ئايلىق بالىسى چۈشۈپ كەتكەن سارىخان ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم چىقماي، قاراڭغۇ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن خۇنىغا مىلىنىپ داراز تارتىپ ياتتى. * شۇ كۈنى كەچتە بىرمۇنچە بۆرە جۈۋىلىق يوغان قورساقلار داراز تارتىپ، دەۋاگەر بولۇپ كېلىشتى.

**دارازا** ئى (پ) بويى ئېگىز، قامەتلىك، ئۇزۇنتۇرا ئادەم: توپ ئىچىدىن بويى تېرەكتەك بىر دارازا چىقىپ كەلدى. // دارازا ئادەم.

**داراق** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ياكى باشقا قاتتىق نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: «داراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئويغاندىم.

**داراقلىماق** پ. داراق قىلماق، داراق قىلغان ئاۋاز چىقارماق: كۆتەك ھارۋىنىڭ داراقلىغان ئاۋازى خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. * تاشلار داراقلاپ سۆھبەت تۈزىدۇ، كۈمۈش بېلىقلار ئويناپ ئۈزىدۇ.

**داراڭ** تەق. مېتال تاختا قاتارلىق قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ياكى باشقا قاتتىق جىسىملارغا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**داراڭ-داراڭ** «داراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**داراڭ-دۇرۇڭ** داراڭ قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يەرگە چۈشۈپ كەتكەن لېگەننىڭ داراڭ-دۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنى چۆچۈتىۋەتتى.

**داراڭشىتماق** «داراڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسقەر ئەسكى داسنى ھەدەپ داراڭشىتقىلى تۇردى.

**داراڭشىماق** پ ← **داراڭلىماق**: مەن ئىزا تارتقىنىمدىن ھودۇقۇپ كەتتىم، قولۇمدىكى قوڭغۇراقمۇ داراڭشىپ يەرگە چۈشتى.

**داراڭدە** رەۋ «داراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «داراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «داراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارغان پېتى: ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى تەڭنە داراڭدە چۈشۈپ كەتتى.

**داراڭلاتماق** «داراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چېلەكلىرىنى داراڭلىتىپ سۇغا ماڭدى.

**داراڭلىماق** پ «داراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «داراڭ» قىلماق: داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرۈپتۇ (ماقال). * توساتتىن سىرتتا داپ داراڭلاپ، نەغمە كۈيى ياڭرىدى.

**دارامەت** ئى (پ) ① كىرىم، تاپاۋەت: مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي دارامىتى يىلمۇيىل ئېشىپ بارماقتا. * دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ دارامىتى كۆپەيدى. تۇرمۇشىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. * ئەزالار بۇ يىل خۇشال بۆلەكچىلا، ئىش يۈرۈپ، ئاشتى ئەمدى دارامەت دەپ. * بۇ تويدا كۆرسىتىپ ھەشەمەت، دارامەت؛ قىلىشتى خۇشلۇقتىن ئىزھار كارامەت. ② بايلىق، مال-دۇنيا: چىرمىۋاپتۇ كۆڭۈللىرىنى كەنجى ئېلىپ كەلگەن دارامەت. * دەۋرىم گۈزەل، ئاچتى يېڭى تارىخ قىياپەت باشقىدىن، گۈلشەن باھاردا ئىلىم-پەن بەردى دارامەت باشقىدىن. ③ ھەق: دۇيىگە ئۆتكۈزگەن ئاشلىقلىرى ئۈچۈن سىلىگە يەنە دارامەت بېرىدىغاندۇر، قۇربان ئاكا؟

**دارامەتسىز** سۈپ. دارامىتى يوق، دارامەت تەگمەيدىغان: دارامەتسىز ئىشتىن ئىتمۇ زېرىكىدۇ.

**دارامەتلىك** سۈپ. دارامىتى بار، دارامەت كەلتۈرىدىغان: دارامەتلىك ئوقەت. * ئەگەر ئۈچ مو يەردىن ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغان بولسا، قانچىلىك كۆپ دارامەتلىك بولۇپ كېتەر ئىدىكىن؟ * دانلىق-دانلىق بۇغدايىنى، قوناق، تېرىق-ئاشلىقنى شېغىللىقتا ئۈندۈرگەن دارامەتلىك ئاقتۆستەڭ.

**دارايى** ئى (پ) ئۆرۈشى خام يىپەك، ئارقىقى ئىشقارلانغان يىپەكتىن توقۇلغان يوللۇق ئاق نېپىز رەخت: دارايى كۆڭلەك. دارايى ياغلىق.

**دارچى** ئى ① دارۋاز: دارچى دار ئۇستىدە تۈز مېڭىش ئويۇن قولىغا تەڭشەك خادا تۇتۇۋالىدۇ. ② ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان كىشىلەرنى دارغا ئېسىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى.

**دارچىن** ئى (پ) <بوت> كامفارا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكىلدە، ئۈچ قۇر يوپۇرماق تومۇرى بولىدۇ. گۈلى كىچىك ۋە ئاق رەڭدە كېلىدۇ. قوۋزىقى قوۋزاق دارچىن دېيىلىدۇ، دورا قىلىشقا ياكى تەم كىرگۈزۈش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ. يوپۇرماق، شاخ ۋە قوۋزاقلىرىدىن دارچىن مېيى ئېلىشقا بولىدۇ.

**دار-دار** تەق ① قاتتىق نەرسە-كېرەكلەرنىڭ يەرگە سۆرۈلۈشى ۋە شامالنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز. ② تالاش-تارتىش، سۆرىشىش: بۇ ناھايىتى جىق دار، دار بىلەن ھەل بولغان ئىش.

**داردالڭ** سۆپ. دېئال. كېرىلگەن، يېيىلغان: داردالڭ قۇلاق.

**دارداينماق** «دارداياماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەنە، ئاۋۇ ئېتىزلاردا بولسا، كوپېراتىپنىڭ مول ھوسۇللۇق بۇغدايلىرىمۇ چاناقلىرىنى كېرىشىپ، بۇرۇتلىرىنى دارداينقان ھالدا، باشلىرىنى كۆتۈرۈشەلمەي ئېگىلىپ تۇرۇشىدۇ.

**دارداياماق** پ ① چوقچايماق، دىڭگايماق: ئوت كېتىش بىلەن كۆيۈپ قارايغان ئۆينىڭ تۈرخۇنلىرى داردىيىپ چىقىپ قالغانىدى. * باغلاردا قىرى دەرەخلەرنىڭ قانچىلىغان ئەتىياز شاماللىرىنى كۆرگەن يوغان پۇتاقلىرى ھاۋادا داردىيىپ تۇراتتى. ② قۇرۇپ، قېتىپ قالماق: يەل-يېمىش شىرنىلىرىدىن گويا يامغۇردا قالغان تېرىدەك داردىيىپ قالغان خام كۆڭلەكلىك، شاپاق دوپپىلىق بىرتوپ باللار سىنىپىمىزغا يادا قويدەك دۈركىرىشىپ كىرەتتى.

**دارقا** ① ئى. قۇرۇپ، شاخ-شۇمبىلىرى چۈشۈپ غۇللا قالغان دەرەخ. ② سۆپ. ئورۇق، ئەتسىز: دارقا مال. // — ئاۋۇ ئاقباش دارقاڭنى قانچىگە ساتىسەن؟ — دەپ سورىدى بېدىك مالچىدىن.

**دارقا مال** ئورۇق، ئەتسىز، ئەبگار قوي: — ئەرزان باھالىق ئوتۇن ھەل قىلىشنىڭ ئامالى بولامدۇ ياكى ئورۇق دارقا مال بولامدۇ، بىرئاز يولىنى قىلساڭ بولارمىكىن؟ — پەرىزات ھىممىتىنىڭ كارىۋاتقا چىقىشىغا يول بېرىۋېتىپ سۆزلىدى.

**دارقىراتما** ئى. لەگلەكنىڭ كەينى يىپلىرىغا يەملەنگەن قاتتىق قەغەزدىن ياسالغان، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە دارقىراپ ئاۋاز چىقىرىدىغان قىسمى: — ئۇلار كىملەرئىكەن؟ — دېدى خان لەگلەك دارقىراتمىسىدەك دىرىلداپ تۇرغان دېرىزە پەردىسىدىن كۆزىنى ئالماي.

**دارقىراتماق** «دارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىنجان ئەتىگەندىلا لەگلەكلىرىنى دارقىرىتىپ يەنە دادامغا ئارام بەرمىدى. ② كۆچمە. تارتىپ، سۆرەپ، دۆشكەلەپ ماڭدۇرماق: لەشكەرلەر ھېلىقى تۇتقۇننى بىر چاقىرىم يەردىن پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي دارقىرىتىپ ئېلىپ كەلدى. * خۇپتەنگە ئەزان قىچقارغاندا، تەم-تۇتەم شالدامباي بوسۇغىدا پەيدا بولۇپتۇ، ئۇ تەنزىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئىت يېتىلگەندەك دارقىرىتىپ سۆرىۋالغانىكەن.

**دارقىرىماق** پ. «دار-دار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: پلانېر دارقىراپ ئۈستۈمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

**دارۋاز** ئى (پ) دار ئويۇنى ئوينىغۇچى،

دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتكۈچى: كىشىلەر توپى ئىچىدىن بېشىغا كۆك سەللە ئورىغان، ئۈستىگە كۆك شىم-پەشمەت، پۇتىغا پويۇچ كىيگەن ئوتتۇرا ياشتىكى دارۋاز ئۇستا چاپسان مېڭىپ دار ئاستىغا كەلدى. * ئويۇننى تۈگىتىپ دارۋاز، ئارغامچىدا سىيرىلدى پەسكە، بۇ خەتەرلىك ئويۇننى كۆرۈپ، بىر دوستۇمنى چۈشۈردۇم ئەسكە.

**دارۋازلىق** «دارۋاز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن بالىلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ دارۋازلىق قىلىپ يۈرگىنىمگە 30 يىلدىن ئاشتى.

**دارۋىنىزم** ئى (ر<ئىنگ) <بىئول> ئەنگلىيە بىئولوگىيە ئالىمى دارۋىن ( Charles Robert Darwin ) كەشىپ قىلغان، جانلىقلار دۇنياسى تارىخي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ، جانلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتى، جانلىقلار تۈرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ياشاش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى قاتارلىق ئاساسىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە «ئېۋولىيۇتسىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دارىتما** سۈپ. توغرىدىن توغرا ئېيتىلماي باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېيتىلغان؛ تەگكۈزۈپ دېيىلگەن: دارىتما گەپ. * ئۇنىڭ «چاققا ياماشقانلار مىجىلىدۇ» دېگىنى دارىتما، بۇ گەپ جەزمەن ئۆزىنىڭ قورسىقىدىن چىقمىغان، ئۇنى بىراۋ ئۆگەتكەن.

**دارىتما قىلماق** ← **دارىتمىلىماق**: دۈيجاڭنىڭ ئىززەتخانىنى ئوسال ئەھۋالدىن قۇتقۇزماقچى بولۇپ ئېيتقان بۇ سۆزى گويا ئوتكەن ئىشنى دارىتما قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سېلىۋاتقاندەك سېزىلدى.

**دارىتما گەپ** دېمەكچى بولغىنىنى توغرىدىن توغرا ئېيتماي، باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ياكى باشقا بىراۋغا دېگەندەك قىلىپ ئېيتىلغان گەپ؛ ياپتا گەپ: ئۇ ئۆزىنىڭ دارىتما گەپلىرىدە دەل لۇتپۇللانىڭ شېئىرلىرىنى سۆكۈۋاتقاندى.

**دارىتما گەپ قىلماق** دېمەكچى بولغىنىنى توغرىدىن توغرا ئېيتماي، باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ياكى باشقا بىراۋغا دېگەندەك قىلىپ ئېيتماق؛ ياپتا گەپ قىلماق: ئۇلار نەدارىتما قىلىشمايتتى، نە بىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىككىنچىسىگە بىھۇدە خۇشامەت قىلمايتتى.

**دارىتماق** پ ① «دارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۆشكە مۈشۈكنى دارىتىپ قويما! ② دارىتما گەپ قىلماق، ياپتا گەپ قىلماق، پۇرىتىپ گەپ قىلماق: ئۇ مۇشۇ ئەسىرى بىلەن «كونا ھېكايىلەرنى ئېيتىش باھانىسىدا ھازىرقى زامانغا دارىتىپ ھۇجۇم قىلدى» دېگەن بەتنامغا قالدى. * سادىرنىڭ يۈزى ۋىلىلدە قىزاردى، جارۇپ ئىنژېنېر بۇ چاقچىقى بىلەن ئۇنىڭغا «سايەڭنى قاچان ئىككى قىلسەن؟» دېگەن مەنىنى دارىتىپ ئۆتكەنىدى.

**دارىتمىلاشماق** «دارىتمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دارىتمىلىماق** پ. دارىتىپ گەپ قىلماق دارىتما قىلماق: كىم قانچە كۆپ ھوسۇل ئالسا، ھۆكۈمەت شۇنى ماختىدى، ئىمىللا ئاكىغا ئوخشاشلارنى دارىتمىلاپ تەنقىد قىلدى. * ئۆيدىكىلەر مېنىڭ ۋەدىلىشىپ قويغان ئادىمىمنىڭ بارلىقىنى بىلىشتى، دادامنىڭ بۇ ئىشقا غەزىپى كېلىپ، ماڭا دارىتمىلاپ سىڭلىمغا: – قىز بالا دېگەننى خۇدا ئىت-ئېشەككە بەرسۇن، نېمىشقا ھەرقايسىڭنى كىچىك چېغىڭدىلا

تىرىك كۆمۈپ تاشلىمىغاندىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

**دارىلئاجىز** (توغرىسى: دارىلئاجىزىن)← دارىلئاجىزىن.

**دارىلئاجىزىن** ئى (ئە) ① ئاقساق-چولاق، مېيىپ-مەجرۇھلارنى يىغىپ كۈتۈش ئورنى: مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقلىرى بولغان ساقايماس كېسەللەر دارىلئاجىزىندە ساقلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش، بۇ يەردە قويغىلى ئورۇن چىقمىغان، كۆيدۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان ئۆي جاھازلىرى تولا ئىدى. ② ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ئىگە-چاقىسىز قېرىلارنى كۈتۈش ئورنى: — ئەمما سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، بارىدىغان يېرىڭىز توخۇ فېرمىسى ئەمەس، بەلكى دارىلئاجىزىن، — دېدى شۇجى ئۇنىڭغا چاي تۇتۇپ بېرىۋېتىپ.

**دارىلپۇنۇن** ئى (ئە) كونا. شۆيۈەن، ئىنستىتۇت.

**دارىلتام** (توغرىسى: دارىلئېتام)← دارىلئېتام.

**دارىلمۇئەللىمىن** ئى (ئە) كونا. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ. «سېفەن مەكتىپى»، «سېفەن تېخنىكومى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دارىلئۇلۇم** ئى (ئە) كونا. داشۆ، ئۇنىۋېرسىتېت.

**دارىلئېتام** ئى (ئە) كونا. 3— 14 ياشتىكى يېتىم بالىلارنى يىغىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇن. بالىلار بۇ يەردە تولۇقسىز مەلۇ-ماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ھۆكۈمەت تەمىناتىدا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ ۋە ياكى مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئورۇنلار ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ تارمىقىدا بولىدۇ.

**دارىماق** پ ① دەسسىمەك، ئاياغ باسماق: خېلى زامانلار بولدى ئۇ بۇ تەرەپلەرگە دارىپ باقمىدى. * بىزنىڭ يارلار ئۆزى كىچىك، چىرايى كۈلگەچ، مەن شۇ ياقتىن دارىپ ئۆتەي يارىمنى كۆرگەچ. ② يولۇقماق: بۇۋىم ھەركۈنى ئەسكى لاتىلارنى ئېرىغدايتتى ۋە «ئەزرائىل دارىغىدى بۇ قاقباشقا» دەپ ئىچىدە غودۇڭشىيتتى. ③ كەلمەك، كىرمەك: نېمە بولدۇڭ، بىزنىڭ ئۆيلەرگە دارىپمۇ قويمايسەنغۇ؟ * — ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى چىلان تورۇق ئۇستىدىكى سالۋار تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، كىرپىنىڭ تىكىنىدەك قويۇق ساقىلىغا ئانچە- مۇنچە ئاق دارىغان قارا مۇتۇۋق كىشى. ④ بارماق: مەن ئۇ سورۇنغا دارىمىدىم. ⑤ تەگمەك، تەسىر قىلماق: — شامال بالىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن دارىغان، — دەيتتى داخان، — مال سىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يەتتىنچى ئۆيدىن ئېلىپ كېلىنسە بولىدۇ.⑥ يۇقماق، سىڭمەك: نانغا كىرسىن دارىپ قېلىپتۇ.

**دارىن** ئى (خەن) مەرتىۋىلىك ئەمەلدار: — ھۆرمەتلىك دارىن جانابلىرى، ئەگەر مالال كەلمىسە، ئۆزلىرىدىن بىرەر نەرسىنى سورىۋالغۇم كېلىدۇ. * دارىن ئۆيى زىننەتلىك، ئالتۇن-كۈمۈش تاملىرى، چاي ئورنىدا ئىچكىنى سۇرگۈنلەرنىڭ قانلىرى.

**داس** I ئى (پ) ① قەلەيدىن ياسىلىدى-غان، كىر يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە سايمىنى: — بالىغا بىر قۇر كىيىم سېتىۋالدىم، ئىسسىق سۇ، داس، سوپۇن، لۆڭگە تەييارلاپ، يۇيۇنۇپ تازىلىنىپ بۇ كىيىملەرنى كىيىۋالسۇن، — دېدىم سىڭلىمغا. ② داسسۆڭەك: داس تۇزەش ئوپېراتسىيىسى. داس بوشلۇقى. داس سۇنۇقى.

**داس بوشلۇقى** <ئانات> داسسۆڭەكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوشلۇق. دوۋساق،

سۈيدۈك يولى قاتارلىق سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى ۋە ئاياللاردىكى بالىياتقۇ، تۇخۇمدان قاتارلىقلار بۇ بوشلۇق ئىچىدە بولىدۇ.

**داس** II ئى (پ) تۆمۈردىن ياسىلىدىغان، ئاشلانغان تېرىنىڭ تۈكىنى قىرىش، ۋاسا ئاقلاش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق سايمان.

**داستان** ئى (پ) <ئەد> ① شېئىر بىلەن يېزىلغان چوڭ تىپتىكى ئەسەر؛ پوئېما: داستان يازماق. * كىشىلەر داڭقى داستان بۇ باتۇرنى ناھايىتى خۇشال قارشى ئېلىپتۇ. * ۋەتىنىم باغرىڭدىكى بوستانىم گۈزەل، كۆرەشتىن رۇخسار ئاچقان گۈلخانىم گۈزەل. مېھنەتتىن شەرەپ تاپقان جانانىم گۈزەل، ھەممىنى كۈيلەپ يازغان داستانىم گۈزەل. ② خەلق قەھرىمانلىرى ھەققىدىكى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئېپىك ئەسەر: ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى.

**داستان بولماق** ئەل ئارىسىدا كۈيلەنمەك، خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرمەك: شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۆمۈر خەلپە 70 نەچچە يىلدىن بۇيان قۇمۇل خەلقىنىڭ ئاغزىدا داستان بولۇپ كەلمەكتە. * مەنمۇ ئىلھام كانى بىلدىم گۈلباھار ئەييامنى، كۈيلىسە تەرىپىنى داستان بولۇر تىلدا چېچەك.

**داستانچى** ئى. داستان سۆزلىگۈچى، داستان ئېيتقۇچى: ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يېقىندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قوشاقچىلار، داستانچىلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

**داستانچىلىق** ئى ① داستان ئېيتىش، داستان سۆزلەش ئىشى: تۈركىي مىللەتلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قوشاقچىلىق، داستانچىلىق ئەنئەنىسى ھېلىمۇ كەڭ داۋام قىلماقتا. ② داستان يېزىش پائالىيىتى: ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئايرىم تۆتلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا، يەنە ئارۇز ۋەزنى بىلەن مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 82 باب، 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

**داستانلىق** سۈپ. تەركىبىدە داستان بولغان، داستان خاراكتېرىدىكى: «ئون ئىككى مۇقام» ئەلنەغمىلەر، داستانلىق نەغمىلەر، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن بىرخىل مۇزىكىلىق ژانىر.

**داستىخان** ئى (پ) ① رەختتىن تەييارلانغان، ئوتتۇرىغا يېيىلىپ، ئۈستىگە نازۇنېمەت تىزىلىدىغان ياكى غىزالانغاندا ئوتتۇرىغا سېلىنىدىغان ئۆي بۇيۇمى: گۈللۈك داستىخان. * تاۋار داستىخان، قۇرۇق ئۈستىخان (ماقال). * ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخان سېلىپتۇ. ② داستىخانغا تىزىلغان نازۇنېمەت ياكى ئومۇمەن غىزا-تاماق: – مۇئەللىم، ئاپام سىزنى داستىخانغا چاقىرىۋاتىدۇ. * قىزىل بۆرۈن شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كۆپ بارمايدىغان، بارغاندىمۇ داستىخىنىغا يولمايدىغان بولۇپ قېلىپتۇ.

**داستىخان ئاپارماق** توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ قاتارلىق مەرىكىلەرگە سوۋغا-سالام قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئاپارماق: ئايشەم دوستىنىڭكىگە تۇغۇت يوقلاپ داستىخان ئاپاردى.

**داستىخان تەييارلىماق** ① مېھمانلار ئۈچۈن داستىخان سېلىپ، نازۇنېمەت تىزىپ، غىزا-تاماق راسلىماق: نېرىقى ئۆيدە داستىخان تەييارلاۋاتقاچ سۆزلىشىۋاتقان

ئاياللارنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ② بىراۋنى يوقلاپ بارغاندا ئاپىرىش ئۈچۈن لازىملىق نەرسە-كېرەك ھازىرلىماق: ھەمراخان ئاچامنىڭ كېلىنى يەڭگىپتىكەن، كەچتە شۇنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دەپ داستىخان تەييارلاپ قويدۇم.

**داستىخان چۈشنى** كىمنىڭ ئۆيىدە غىزا تەييار بولسا شۇ يەرگە ھازىر بولۇپ قورسىقىنى توقلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىكار تەلەپ، داستىخان چۆگىلەپ نېرى بولمايدىغان ئاچكۆز: — ھەسەن دېگەن داستىخان چۈشنى يەنە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى قادىر ئۆيدىكىلەرگە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ.

**داستىخان سالماق** ① غىزالىنىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا داستىخان يايماق: ماۋۇ ياشلارنىڭ ئالدىغىمۇ داستىخاندىن بىرنى سالايلى. ② بىراۋنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلماق: ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا بىر ئاي تۇرسىلىمۇ ئالدىلىرىغا داستىخان سالالمىسام قانداق بولغىنى.

**داستىخان سالغۇچىلىكى يوق** مېھمان كۈتكۈدەك ئىقتىسادى يوق، كەمبەغەل: ياق بالام، ناسىرئاخۇننىڭ جان سانى كۆپ، يۇرتتا داستىخان سالغۇچىلىكى يوق.

**داستىخان قىلماق** ① داستىخان قىلىشقا ئىشلەتمەك: كۆڭلەك كىيەي دەپ ئالغان ھېلىقى رەختنى داستىخان قىلدىم. ② سوۋغا-سالام قىلىدىغان نەرسىلەرنى داستىخانغا يۆگەپ تەييارلىماق: بۈگۈن ئاۋۇت ئاكاملارنىڭكىگە بىركىيىملىك سارجا بىلەن ئىككى كىلوگرام ناۋاتنى داستىخان قىلىپ ئاپاردىم. ③ كۆچمە. بىر گەپنى ھەممە يەردە دەپ يۈرمەك ياكى گەپ توشۇماق: مۇشۇ گەپنىمۇ داستىخان قىلىپ كۆتۈرۈپ كەلدىڭمۇ؟

**داستىخان كۆرگەن** كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدىسى بار، قائىدە-يوسۇننى بىلىدىغان: «ئوبدان» دېگىنىمىز كېلىن بولغۇچىنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ بەلەنلىكى، ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ داستىخان كۆرگەن ئادەملەر ئىكەنلىكى.

**داستىخانغا ئولتۇرماق** ① سېلىنغان داستىخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرماق: ئىسھاق ھېچقانداق تارتىنمايلا جۇۋىسىنى سېلىپ داستىخانغا ئولتۇردى، جۇمان بوۋاي بىر پىيالە سۈتلۈك چاينى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ② مېھمانلار ئۈچۈن راسلانغان نازۇنېمەتلەرنى يېمەك: مېھمانلارنىڭ ھەممىسى داستىخانغا ئولتۇرۇپ بولدى.

**داستىخان كىرگۈزمەك** تۇغۇتلۇق، مۇسىبەتلىك، توي-تۆكۈنلۈك ئۆيلەرگە ئاش-تاماق قىلىپ داستىخانغا يۆگەپ ئەۋەتمەك: قوشنىمىز داستىخان كىرگۈزۈپتىكەن، سىلىمۇ ئازراق ئېغىز تەگسىلە.

**داستىخان يايماق** ← **داستىخان سالماق**: ئامالنىڭ يوقىدىن داستىخان يېيىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**داستىخىنى چوڭ** ← **داستىخىنى كەڭ**: ئەگەر ئاچ كىرسە توق چىقتى يالىڭاچ تونلۇق ھويلاڭدىن، جاھاندا بارمۇ سەندەك كەڭ قورساق، چوڭ داستىخان، يۇرتۇم.

**داستىخىنى كەڭ** مېھماندوست، نازۇنېمەتلىرى مول: ھازىر داستىخىنىمىز كەڭ، سېۋەتلىرىمىز چوڭ، مەمۇرچىلىق. * ئەلنىڭ داستىخىنى كەڭ-دە، بولمىسا ئاللىقاچان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاتتىڭ.

**داستىخىنى يوق** ئۆيىگە مېھمان چاقىرىشنى خالىمايدىغان، ئۆيىگە كەلگەن مېھماننىمۇ ياخشى كۈتمەيدىغان، پىخسىق، بېخىل؛ نەپ بەرمەس: ئۇ كىيىمنى پۇزۇر

كىيىپ غادىيىپ يۈرگىنى بىلەن داستىخىنى يوق بىر ئادەم.

**داستىخانلىق** ① سۈپ. داستىخىنى بار، داستىخىنى بولغان: ئاكام بىر گۈللۈك داستىخان ئالغاچ كېلىپتىكەن، بىرئوبدان داستىخانلىق بولۇپ قالدىم. ② ئى. داستىخان بولىدىغان، داستىخانغا لايىق رەخت: ماگىزىندىن داستىخانلىق سېتىۋالدىم.

**داسسۆڭەك** ئى (داس+سۆڭەك) ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ دوۋسۇنى ئەتراپىدا بولىدىغان ھالقىسىمان سۆڭەك. ئادەمنىڭ داسسۆڭىكى تەگسىز تەلەڭگىگە ئوخشايدۇ، ئۇ توققۇزكۆز سۆڭىكى، تۇغۇر سۆڭىكى ۋە ئوڭ-سول يانپاش سۆڭەك-لىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**داسلانماق** ①«داسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ تېرە تولىمۇ پاكىز داسلىنىپتۇ. ② تېرە ۋە تېرە بويۇملارنىڭ سۈركىلىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈكى چۈشۈپ كەتمەك: بۇ جۇۋىنىڭ پېشى داسلىنىپ كېتىپتۇ.

**داسلىماق** پ. داس بىلەن قىرماق: ئاشلانغان تېرىنى داسلىماق. تېرە ئۈستىدىكى تۈكلەرنى داسلاپ چىقارماق. ۋاسىنى داسلىماق.

**داش I** ئى (پ) چوڭ قازان: جادۇگەرنىڭ خادىملىرى بىر چوڭ داشتا ياغنى قىزىتىپ داغلىدى. * كەمىنە ئىشقى ئوتىدا كۆيگەن، بالا ۋە مېھنەت دېشىدا ئۆرتەنگەن.

**داش قازان** ① ئاممىۋى ئاشخانا، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا جامائەتكە ئاش تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان چوڭ قازان: بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ بىر مىس داش قازىنى بار ئىكەن. ② كۆچمە. ھەممىنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىپ، ئىشلى-گەن-ئىشلىمىگەن دەپ ئايرىماي، ھەممىنى باپباراۋەر باقىدىغان بىرخىل تەقسىمات شەكلى: ھازىر داش قازانلار چېقىلىپ، بىكار تەلەپ، ھۇرۇنلارنىڭ كۈنى تەسلەشتى.

**داش قازان تامىقى** ① داش قازاندا ئېتىلگەن تاماق. ② كۆچمە. ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىلگەن، ئىشلىگەن-ئىشلىمىگەن ھەممەيلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان مال-مۈلۈك: — داش قازاننىڭ تامىقى دەڭا، — دېدى سادىق، — توغرا، راستلا داش قازاننىڭ تامىقى، — نۇراخۇن نېمىنىدۇر يادىغا ئېلىپ ئېيتتى، — ئاڭلىسام «چوڭ سەكرەش» دېگەن ھەرىكەت بولغان يىللىرى ھەممە ئادەم بىر مەزگىل داش قازاننىڭ تامقىنى يەپتىكەن، جاپا چېكىپ ئەجىر قىلغىنىمۇ، لاغايلاپ يۈرگىنىمۇ ئاچ قالمايدىكەن.

**داش قازان تامقىنى يېمەك** ① داش قازاندا ئېتىلگەن تاماقنى يېمەك. ② كۆچمە. ئىشلىگەن-ئىشلىمىگىنىگە قارىماي ھەممە ئادەم كوللېكتىپنىڭ ياكى دۆلەت-نىڭ خىراجىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولماق: بىرمۇنچە ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى داش قازان تامقىنى يەپ، ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى-لا تەكىتلەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلىمە-دى.

**داش قازان ئېشىنى يېمەك** ← **داش قازان تامقىنى يېمەك.**

**داش II** ئى. تاغ-ئېدىرلاردا سۇ يىغىلىپ قېلىپ، ئۇزۇنغىچە سۈيى قۇرۇمايدىغان چوڭقۇر ئازگال؛ چۆل؛ ئىلەك.

**داشقال** ئى ① رودىدىن مېتال ئېرىتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن قالغان ئەينەكسىمان ياكى تاشسىمان قاتتىق ماددا: پولات زاۋۇتىنىڭ بىر يېقىدا داشقاللار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ② ئوچاق ۋە پار قازانلىرىدا كۆيدۈرۈلگەن كۆمۈرنىڭ

قالدۇقى، قالغان قسمى: ئۇ ئاۋۋال كۆمۈر قويىدىغان ھويلىغا كىرىپ، كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسى ئىچىگە ئۆزىنى تاشلاپ، كۆيدۈرۈپ بولغان كۆمۈر داشقىلى تاشلايدىغان خەندەككە چۈشەتتى. ③ تونۇر ياكى ئوچاقتىن چىقىرىۋېتىلگەن قىزغۇچ قاتتىق شور ياكى سېغىز: تونۇرنىڭ داشقىلى. ④ كۆچمە. كونا جەمئىيەتكە ياكى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىغا مەنسۇپ بولغان، ئەينى زامانىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا ماس كەلمەيدىغان ۋە ياكى پارتىيە-گۇرۇھنىڭ قالدۇقى بولغان كىشى: گومىنداڭ داشقىلى. * ئاپامدىن سورىسام دادامنى داشقال دەپ سولاپ قويۇپتۇ. * ئىنسانىيەتنىڭ ھېلىقىدەك داشقاللىرى بۇ دۇنيادا ياشاشقا مۇناسىپ ئەمەس. ⑤ كۆچمە. قېتىپ قالغان قاراش، بۇرۇندىن قالغان خاتا قاراش: ماركس بىلەن ئېنگېلس فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمىدىن ئۇنىڭ «ئاساسىي مېغىزى» نى ئېلىپ، ئۇنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلمىي-پەلسەپىۋى ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ ئىدېئالىستىك ۋە دىنىي – ئەخلاقىي داشقاللىرىنى بولسا تاشلىۋەتتى. * پىكىر قىلغىن يېڭىچە، داشقال قاراشنى تاشلىۋەت، پىكىر قىلماق كونىچە، كونا ئەسىرگە مىراس ئۇ. ⑥ كۆچمە. كېرەكسىز، ئەتىۋارى يوق، قىممىتى يوق نەرسە: ئۇ مىللەت پۈتۈنلەي داشقال بولۇپ، بۇ مىللەت كەم-كۈتىسىز ئالتۇن ئەمەس؛ ئۇ مىللەت پەگاھتىكى پالاس بولۇپ، بۇ مىللەت تۆرگىلا خاس دۇردۇن ئەمەس.

**داشقال بېتون** <بىن> داشقالنى سېمونت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان بېتون. ئۇ يېنىك ۋە چىدامىلىق بولغىنى ئۈچۈن قۇرۇلۇشتا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**داشقال رەڭ** ئاقۇچ قوڭۇر رەڭ: داشقال رەڭ سارجا.

**داشقاللاشماق** پ. داشقال ھالىتىگە كەلمەك، داشقالغا ئايلانماق: بۇ قېتىم ئەكەلگەن كۆمۈر بەك ناچار ئىكەن، داشقاللىشىۋېلىپ ئوبدان كۆيمەيدىكەن.

**داشقاللىق** ئى. داشقال تۆكۈلگەن، داشقال بار يەر: بۇ يەر بۇرۇن ناھايىتى مۇنبەت ئىدى، زاۋۇتتىن چىققان داشقالنى تۆكۈۋېرىپ داشقاللىققا ئايلىنىپ كەتتى.

**داشقايناق** (داش+قايناق) ① ئى. پارچە نان، گۆش-كۆكتات ۋە ھەرخىل نەرسىلەرنى داشقا سېلىپ قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان تاماق تۈرى. ② سۈپ. كۆچمە. چىگىش، ئارىلاش، مالىماتاڭ: مەسىلىنى بىر-بىرلەپ ھەل قىلىدىغان نېمە، سەن بولساڭ ھەممىنى بىراقلا ئوتتۇرىغا قويۇپ داشقايناق قىلىۋەتتىڭ.

**داشۆ** ئى (خەن) ئالىي مەكتەپ. ئالىي تەربىيە بېرىلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بىرخىلى، ئېلىمىزدە ئادەتتە ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەرنى كۆرسىتىدۇ: داشۆدە مەن تونۇمايدىغان ساۋاقداشلار ناھايىتى كۆپ.

**داشياۋ** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، بەزى دۆلەتلەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى.

**داغ** I ئى (پ) ① نەرسىلەرنىڭ يۈزىدە باشقا رەڭدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە جاي: قۇياش دېغى. * كۆرمىدىڭىزمۇ، ئۆپكىسىدە داغ بار ئىكەن، ۋاقتىدا داۋالاتمىسىڭىز بولمايدۇ. * بىلمەن، ماختالغان ئايدىمۇ داغ بار، بولسىمۇ كېچىنى يورۇتار نۇرلۇق. ② نەرسىلەرنىڭ باشقا ماددىلار تېگىپ بۇلغانغان جايى: ياش دېغى. * يۈزدىكى داغنى ئەينەكتە كۆرگەن-

دىن كېيىن، ئۇنى يۈيۈۋەتمىسە بولمايدۇ. *
قولىمىز ئاھۇزار ئىچىدىكى خەلقنىڭ قېنىغا
مىلەنگەن، بىزنىڭ يەۋاتقان، كىيىۋاتقانلىرىمىز-
نىڭ ھەممىسىدە ئاشۇ قاننىڭ داغلىرى بار.
③ يارا ئىزى، جاراھەت ئىزى: ئارىدىن
كۆپ ئۆتمەي ئايشەمنىڭ يارىسى پۈتۈنلەي
ساقايدى. پەقەت پېشانىسىنىڭ سول تەرىپىدە
بىلىنەر-بىلىنمەس داغ پەيدا بولدى. ④
كۆچمە. ئەيىب، نۇقسان، گۇناھ: ئۆزىدە
قىلچە داغ يوق دەپ قارايدىغانلار، ئەمەلىيەتـ
تە، ئەڭ پاسكىنا ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن.
* ئېيتقىنا، قىلچىلىك داغ يوقمىدى سەندە؟
⑤ كۆچمە. ئۆتمۈشكە مەنسۇپ ئىللەتلەرنىڭ
رېئاللىقتىكى قالدۇقى: كونا جەمئىيەتنىڭ
داغلىرى. * سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە
كاپىتالىزمنىڭ نۇرغۇن داغلىرى بولۇشى مۇقەر-
رەر. * كەلدى يۈيۈپ چاغلارنى، تارىخ بېتىدىن،
بەتقىل داغلارنى تارىخ بېتىدىن. ⑥ كۆچمە.
كىشىنى نومۇس-بەتنامغا قويىدىغان،
نامىنى بۇلغايدىغان ئىش-ھەرىكەت ۋە
گەپ-سۆز: نومۇس دېغى. * ياخشىدىن
باغ قالىدۇ، ياماندىن داغ (ماقال). * بۇ خەت
سېنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە، پارتىيىگە سادىق-
لىقىڭنى ئىسپاتلايدۇ، ساڭا قىلچە داغ تەگكۈ-
زەلمەيدۇ. * داغ يولاتماس ۋىجدان-كۆڭلۈم،
زەردىن قىممەت نومۇس-ئۆلۈم. ⑦ كۆچمە. ئېغىر
مۇسىبەت، قايغۇ-كۈلپەت، جۇدالىق-ھىجـ
ران، ئىشق-مۇھەببەتتىن كۆڭۈلدە قالغان
دەرد-ئەلەم؛ ھەسرەت: خانىۋەيران قىلسا
قىلسۇن، داغى پەرزەنت قىلمىسۇن (ماقال).
* سىزنىڭ چەكسىز بەختكە تەلپۈنگەن
قەلبىڭىزدە ئارمان ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس
دېغىلا قالىدۇ. * يۈرىكىم گويا ۋولقانلىق
بىر تاغ، يازسام داغدا مەن، يازمىسامۇ
داغ.

**داغ بولماق** دەرد-ئەلەم بولماق: كۆچەت
تىكسەم شاخ ئايرىپ قاپقاراڭغۇ باغ بولدى،
بىۋاپانىڭ قىلغىنى يۈرىكىمدە داغ بولدى.

**داغ تەگمەك** نامى بۇلغانماق، بەتنامغا
قالماق: دادام ئۆلمىگەن بولسا، ئۆلگەندىمۇ
نامىغا داغ تەگمىگەن بولسا، بىز بۇ كۈنلەرگە
قالمىغان بولاتتۇق. * قەسىمىم شۇ: داغ
تەگكۈزمەيمەن ۋەتىنىمنىڭ ئىپتىخارىغا.

**داغ چۈشۈرمەك** نامىنى بۇلغىماق،
بەتنامغا قويماق: خىتابىمغا قۇلاق سال،
بېرىلمە ئەيش-ئىشرەتكە، ئويلا كىمنىڭ ئوغلى-
سەن، داغ چۈشۈرمە مىللەتكە.

**داغدا قالماق** دەرد-ھەسرەتتە، ئەلەم-
دە، نادامەتتە قالماق، ئارماندا قالماق:
ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلىپ، چوڭ تەمەدە
ئېرىدىن ئاجراشقان ياش جۇۋان ئاخىر داغدا
قالدى. * ئەجدادلارنىڭ خاتالىقى بەزىدە،
مەڭگۇ داغدا قالدۇرىدۇ ئەۋلادنى.

**داغدا قويماق** دەرد-ھەسرەتتە،
نادامەتتە، ئەلەمدە قويماق، ئارماندا
قويماق: بەختنى چاكىنا كۆز قارىشىم تارازىسىغا
سالغانىكەنمەن. ئۇ مېنى داغدا قويدى. *
قولىدىن كەلسە گەر سوقراتمۇ تاغدا، قويۇپ
كەتمەس ئىدى پەرھاتنى داغدا.

**داغ سالماق** داغلىماق، داغ پەيدا
قىلماق: نېچۈك كۈن ئەردىكىم كىرپىكلىرىڭ
باغرىمغا سالدى داغ، چىرايىم سارغىيىپ بولدى
خازان ۋاقتىدىكى ياپراق.

**داغ قالماق** ئىز قالماق: ئايدىڭدا ئورغان
ئورما ئېتىزلاردا باغ بولدى، ئاز كۈن ئويناپ
ئايرىلدۇق، يۈرەكلەردە داغ قالدى.

**داغ قوندۇرماق** ← **داغ چۈشۈرمەك**:
ۋارىسلىق قىلىپ نوزۇگۇمنىڭ مەردلىكىگە، داغ
قوندۇرماي ئەجدادلارنىڭ شۆھرىتىگە، جەڭ
قىلدىڭىز قىساس پۈكۈپ دىل قېتىغا، ئەي،

رىزۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز.

**داغ قىلماق** ← **داغلىماق**: تاۋار كۆكلەك كىيمەيمەن ئۈتكىمنى لاي قىلىپ، قىمارۋازغا تەگمەيمەن يۈرىكىمنى داغ قىلىپ.

**داغ كەلتۈرمەك** ← **داغ چۈشۈرمەك**: چوڭ بولغاندىن كېيىن كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، شەنىمىزگە داغ كەلتۈرگەن بولساڭمۇ، سەۋر-تاقەت قىلىپتىمەن.

**داغ** II سۆپ (پ) قايىنىتىلغان، قاتتىق قىزدۇرۇلغان: ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ (ماقال). * قازاندىكى مايىنى داغ قىلىپ قويدۇم.

**داغ بولماق** ← **داغلانماق**: ماي داغ بولدى.

**داغ سۇ** ① چاي سېلىنمىغان قايناق سۇ. ② سوغۇق سۇ: دۇم يېتىپ-دۇم قوپۇپ، داغ سۇ ئىچىپ، زاغرا يەپ ئۆتكەن كۈنىمۇ كۈن بولدىمۇ؟ * داغ سۇ ئىچىپ، قۇرۇق نان يەپ تاغنىڭ باغرىدا، قىلدى كۈرەش باش ئەگمەستىن جاپا ئالدىدا.

**داغا** ئى ← **دارقا**.

**داغال** سۆپ. يىرىك، قوپال: داغال قول.

**داغدام** سۆپ. كەڭ، پارلاق، توسالغۇسىز، راۋان: داغدام يول. * شۇ كۈنى بىز كەلگەندە مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسى داغدام ئوچۇق ئىدى.

**داغدام يول** كەڭ، راۋان، توسالغۇسىز يول: ئۇلار دەل مۇشۇ قىيىن يولنىڭ قۇتۇلۇش يولى، داغدام يول ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. * دۇنيادا ئىنسانىيەت ئەقلى ياراتقان مائارىپ ئىلمىنىڭ داغدام يولى بار.

**داغداما** (توغرىسى: داغدام) ← **داغدام**.

**داغدۇغا** ئى (ئە) ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك كۆرۈنۈش، كەيپىيات، ۋەزىيەت: داغدۇغا، چۇقان-سۈرەن يەر-جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەندى. * پائالىيەت داغدۇغىسىنىڭ چوڭلۇقى، تەسىراتىنىڭ كەڭلىكى، ئۇنۇمىنىڭ ياخشىلىقى جەھەتتە كۆپ يىلدىن بېرى ئاز كۆرۈلگەن.

**داغدۇغىلىق** سۆپ. ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك، قايىنام-تاشقىنلىق: داغدۇغىلىق يىغىن. داغدۇغىلىق تەشۋىقات. داغدۇغىلىق ھەرىكەت. * بۇ سارايىنى ياساشتا چوڭ يىغىنلار، داغدۇغىلىق زىياپەتلەر كۆزدە تۇتۇلدى. * ئۆتىزدا تويى، داغدۇغىلىق كونسېرتنى قويى، كۆكلەم ئىشقى ياش شائىرنىڭ ئىلھامچىسى.

**داغسىز** سۆپ. داغ چۈشمىگەن، كىرسىز، غۇبارسىز، پاك، سۈزۈك: داغسىز دىلنىڭ چىن رىشتىلىرى بىر-بىرىگە باغلانمىسا راست دوستلۇق بولمايدۇ. * ئۆمرۈمنى قاشتېشىدەك داغسىز، نىلۇپەر گۈلدەك پاك ئۆتكۈزسەم، كەلگۈسىدە ھاياتىمنى ئەسلىگەندىمۇ پەيزى ئەمەسمۇ؟

**داغلاتماق** I «داغلىماق I» نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ مەرمەر يارىنى كۈندە بىر داغلىتىپ تۇرمىسام بولمىغۇدەك.

**داغلاتماق** II «داغلىماق II» نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلسىماخان قىزىغان قىزىغان مايىنى تۇز چاچتۇرۇپ داغلاتتى.

**داغلاشماق** I «داغلىماق I» نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭغۇچىلىك يايىلار مېنى بەرجەس باغلاشتى، تۆمۈر زىخنى قىزىتىپ تاپىنىمنى داغلاشتى.

**داغلاشماق** II «داغلىماق II» نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جادۇگەرلەر يوغان-يوغان داشلارغا توشقىچە ماي قۇيدى — دە، قىزىتىپ داغلاشتى.

**داغلانماق** I «داغلىماق I» نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نۇزۇك بىلەك باغلاندى، ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى، مېنى باققان ئانامنىڭ يۈرەك-باغرى داغلاندى. * ھىجرىڭ ئوتىدا داغلاندىم قانچە، پىراق دەستىدىن دىۋانە

بولدۇم.

**داغلانماق** II «داغلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇستام، ماي داغلىنىپ بولدى، گۆشنى سالساق قانداق؟

**داغلىق** سۈپ ① دېغى بار، داغ چۈشكەن، داغ سېلىنغان، داغ تەگكەن: ئۇنىڭ يۈزىدىكى قارا داغلىق سەپكۈنلەر ئۇنىڭ تارتقان جەبىرلىرىنىڭ گۇۋاھى ئىدى. ② يۈرىكى دەرد-ئەلەملىك، ھەسرەتلىك دەردلىك: ساڭا زوقۇمنى ئارتتۇرغان قولغا ياققان خېنەڭدۇر، دىلى داغلىق شوخ ئەركىنى خالىغا ئوخشتاي يارىم. ③ كىشىنىڭ نامىنى بۇلغايدىغان نومۇسلۇق: بىر تەرەپتىن ۋىجدانسىزلار تاجاۋۇز قىلىپ، نومۇسۇڭغا يىركىنچلىك داغلىق ئىز سېلىپ.

**داغلىماق** I پ ① قىزىق نەرسىنى تەگكۈزۈپ، بېسىپ كۆيدۈرمەك: تىلىڭ قاتتىق بولسا باغلىۋەت، يۇمشاق بولسا داغلىۋەت (ماقال). * باھارخان كىچىككىنە قىزنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يېرىلغان پۇتلىرىنى چىراغ يېغى بىلەن داغلاۋاتقانىدى. * گۈلخان كەبى ياندىڭ جاھالەت باغرىنى داغلاپ، يېتىش يولىدا ئىقبالغا جاسارەتتىن كەمەر باغلاپ. ② دەرد-ئەلەمدە، ھەسرەت-نادامەتتە قويماق، ئارماندا قويماق: ئۇ ساڭا مەندىن سالاملار يوللىدى، ئوغلىنى ھىجراندا قويدى داغلىدى.

**داغلىماق** II پ. تازا قىزىتىپ ئاچچىق بۇسىنى چىقىرىۋەتمەك، چۇچۇتمەك، قايناتماق: ئاشپەز شاگىرتلىرىنىڭ بىرىنى سەۋزىنى قەلەمچە قىلىشقا، يەنە بىرىنى ماينى داغلاشقا بۇيرۇدى.

**داغمال** ① ئى. كەپشەرلەش ۋاقتىدا قىزدۇرۇپ، قەلەينى ئېرىتىپ كەپشەرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، مىستىن ياسالغان كىچىك پالتا شەكىللىك ئەسۋاب، تۇتىدىغان سېپى، ئۇچىدا بىسى بولىدۇ. ② سۈپ. قېلىن، گەپ يېمەس: بەگ يۇرت ئەھلىگە قاراپ: — بەزى قېلىن داغماللار ئىشنى ياخشى قىلمايدۇ، بەزى قېلىن داغماللار ھاشارغا ۋە مەجلىسلەرگە ۋاقتىدا كەلمەيدۇ، — دەيتتۇ.

**داغمال جازاسى** تۆمۈر قاتارلىق مېتاللارنى قىزىتىپ بەدەنگە يېقىپ جازالايدىغان فاشىستىك جازالاش شەكلى: بۇ لاگېردا داغمال جازاسى ئادەتتىكى جازالار قاتارىغا كىرەتتى.

**داغماللاتتۇرماق** «داغماللىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داغماللاتماق** «داغماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داغماللاشماق** «داغماللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داغماللانماق** «داغماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**داغماللىماق** پ ① داغمال بىلەن كەپشەرلىمەك: بىز سېنى ئايروپىلان ياساپ بەر دېۋاتمايمىز، زاپچاسنى داغماللاپ بەرگىن دېۋاتىمىز. ② قىيناش ئۈچۈن قىزىتىلغان مېتاللنى بەدەنگە ياقماق: ئۆيدىن سەل نېرىراقتا ئوت بىلەن داغماللاپ قىيناپ جازالاش ئورنى كۆرۈندۇ.

**داغۇر** ئى. ئىرق. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە تەۋە كىشى.

**داغۇر تىلى** <تىل> داغۇرلار قوللىنىدىغان تىل. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى ۋە شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**داغۇر كىرىشى** <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق، مېۋىسى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ. يىلتىزى ناھايىتى توم بولۇپ كونۇس شەكلىدە بولىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، تىبابەتچىلىكتە ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**داغۇرچە** ① سۈپ. داغۇرلارغا خاس، داغۇرلارغا ئائىت: داغۇرچە كىيىم. داغۇرچە ئۆرپ-ئادەت. ② ئى. داغۇر تىلى، يېزىقى: ئۇ داغۇرچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. داغۇر تىلىنى ياكى يېزىقىنى ئىشلىتىپ، داغۇر تىلى بىلەن: داغۇرچە سۆزلىمەك. داغۇرچە ئوقۇماق.

**داغۇرلار** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئاساسەن خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭغا تارقالغان.

**داغۇل** سۈپ. قۇۋ، مۇغەمبەر، مەككار، ھەييار، ئالدامچى: داغۇل ئادەم.

**داغۇللۇق** ئى. قۇۋلۇق، ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق: داغۇللۇق قىلماق.

**داغۋاز** سۈپ. ئالدامچى، ھىيلىگەر: ھالى يوغىناپ، بۇرنىنىڭ ئېگىرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان زامانغۇل ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ئۇنىڭ داغۋاز، مەنمەنچىلىكى ئىشرەت كوچىسىدا تېخمۇ نامايان ئىدى.

**داق** I سۈپ. قاتتىق، قۇرۇق، يالاڭ: داق سۇپا. * خۇددى داق سۆڭەككە ئوخشايدىغان ئاي ئورغىقى ،قاقاس ئېتىزلارغا نۇر سېپىپ تۇراتتى.

**داق يەر** قاتتىق يەر، ھېچنېمە ،سېلىنمىغان قۇرۇق يەر: ئۆزى ئاق يەردە قېلىپتۇ، پىلىكى داق يەردە قېلىپتۇ (ماقال).

* بىلسەن داق يەرنىڭ ،قاتتىقلىقىنى، يىقىلىپ چۈشكەندە ئېگىز راۋاقتىن. * غازاڭ يەپ داق يەردە ياتقان بىر قۇرت، بېرىدۇ ئاق مەشۇت مىسالى بۇلۇت.

**داق** II تەق. بىرەر قاتتىق نەرسىنىڭ باشقا بىرەر قاتتىق نەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: ئىشىك داق قىلىپ يېپىلدى.

**داقا-دۇمباق** ← **داپ-دۇمباق**: ئالقىشلار، ئامىنلار، ناخشا-ناۋا، داقا-دۇمباق ئاۋازلىرى ۋە يىغا-زارىلەر قوشۇلۇپ، بۈگۈنكى ئۇرۇمچى مۇھىتىنى بىر ئاجايىپ جاسارەت سىمفونىيىسىنىڭ كەڭ سەھنىسىگە ئايلاندۇرغانىدى.

**داقاق** ئى. دوق، تاپا: ئېسىمگە كەلدى شۇئان بىر چاغلىرىم، كەتكىنىم تاغقا« ئوغرى » ئاتاق ئېلىپ، كىمدۇر بۈگۈن بىرى يەنە شۇ ئاتاقنى قويماقچى پېشانەمگە داقاق قىلىپ.

**داقاق قىلماق** دوق، تاپا قىلماق؛ خاتالىق، سەۋەنلىكنى يۈزىگە سالماق: – مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم داقاق قىلدىڭ ئاداش بىر قېتىملىق سەۋەنلىكمنى، – دېدى ئۇ سەل رەنجىپ.

**داقاڭ** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنىڭ « داق » قىلىپ ئۇرۇلۇشى ۋە چايقىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**داقاڭ-داقاڭ** « داقاڭ » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**داقاڭشىتماق** « داقاڭشىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داقاڭشىماق** پ « داقاڭ-داقاڭ » قىلماق، « داقاڭ-داقاڭ » ئاۋاز چىقارماق: كۆتەك ھارۋا تېنىر يولىدا داقاڭشىپ كېلىۋاتاتتى.

**داقال** ئى. تۆۋەنكى كالپۇك بىلەن ياڭاق ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانچۇق يەردە ئۆسكەن بىرقانچە تال تۈك؛ ماقال: « بىنامازنىڭ ساقىلى، ئىت قۇيرۇقى داقىلى، ئوتنى ئېلىپ

ياقىلى، كۆيۈپ ئۆلسۇن بىنامازى» دەپ 39 دەررە ئۇرىدىغان نائىپلارمۇ بۇ ئىشانىنى ھېچنېمە قىلمايتتى.

**داقاللىق** سۈپ. داقىلى بار، داقال قويغان.

**داق-داق** «داق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**داقداقچى** ئى → **تاكتاكچى.**

**داقداقچىلىق** ئى → **تاكتاكچىلىق.**

**داقداقچىلىق قىلماق** خۇشامەت قىلماق، يالاقچىلىق قىلماق: ئاشۇ جۇمەگە ئون يىل داقداقچىلىق قىلغىنىمنى ئويلىسام، ئاچچىقىم كېلىدۇ.

**داق-دۇق** تەق «داق» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يېقىنلا بۇ يەردە داق-دۇق قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم.

**داققالچى** ئى. چاپانچى، تەخسچى، يالاقچى: ئۆتمۈشتىكى كۆكبېشى، داققالچىلار يوقالدى، بىزمۇ قانغۇدەك سۇ ئىچىدىغان بولدۇق.

**داققىدە** رەۋ «داق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «داق» قىلىپ: مۇدىر شىرەگە داققىدە مۇشتىلىدى — دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. * ئۇ پىيالىنى چاي ئۈستىلىگە داققىدە قويۇپ، سىم كارىۋاتقا لوڭىدە ئولتۇردى.

**داكا** ئى. پاختا يىپتا شالاڭ توقۇلغان رەخت: ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، بىرتوپ داكىنى يىرتىپ بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بېلىگە باغلاپ ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق.

**داكا رومال** داكىدىن قىلىنغان رومال. ياشانغان ئاياللار ياز كۈنلىرى بېشىغا سالىدۇ. ماتەم كۈنلىرىدە ئۆلگۈچىنىڭ ئايال ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بېشىغا ئارتىدۇ: ئۆيدىن بېشىغا داكا رومال ئارتىۋالغان بىر ئايال چىقتى.

**داكا ياغلىق** داكىدىن قىلىنغان كىچىك رومال.

**داگۇر** ئى. دىئال. ئىلمەك.

**داڭ** I تەق. ۋەھىمە ياكى ھەيرانلىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ تۇرۇپ قالغان ھالەت.

**داڭ قاتماق** قورقۇش ياكى ئەجەبلىنىشتىن ئېسىنى يوقىتىپ قاتقاندەك تۇرۇپ قالماق: دادام ئارقىسىغا بۇرۇلدى — دە، مېنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. * ئوغرى قورققىنىدىن داڭ قېتىپ قالدى.

**داڭ قالماق** ھەيران قالماق، تەئەججۈپتە قالماق: ئاڭلىسام، مەجنۇن چىرايلىق بولغىنى بىلەن، لەيلى زەڭگىدەك سەت ئىمىش، لېكىن ئۇنىڭ ساداقىتى، ۋاپادارلىقىغا ئالەم داڭ قېلىپتىكەن.

**داڭ قېتىپ قالماق** → **داڭ قاتماق:** بۇ باش - ئايىغى يوق ھاقارەتتىن سالامەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ داڭ قېتىپ قالدى.

**داڭ** II ئى. مېتالدىن ياسالغان، ئۇرسا قاتتىق ئاۋاز چىقىرىدىغان، سىگنال-خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جىسىم ياكى مېتال پارچىسى: ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىقلىق تۇرغان داڭنىڭ ئۈنى پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىناتتى.

**داڭ چالماق** → **داڭ ئۇرماق:** مېنىڭ بۇ مەكتەپتە داڭ چېلىپ 30 يىل ئۆمرۈم ئۆتۈپتۇ.

**داڭ ئۇرماق** ① سىگنال بېرىش ئۈچۈن، داڭنى بىرەر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئاۋازىنى چىقارماق: ئۇ تاشنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئېسىقلىق تۇرغان داڭنى راسا ئۇردى. ② جاراڭلىماق (سائەت ھەققىدە): دەل شۇ پەيتتە خۇددى دادامنىڭ كۆرسىتىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھېلىقى سائەت پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ سائەت ئىككىگە داڭ ئۇردى.

**داڭ** III تەق. داڭنى قاتتىق ئۇرغاندا

چىققان ئاۋاز: داڭ! داڭ! داڭ! قىلىپ ئۇرۇلغان داڭ ئاۋازى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈش بەلگىسىنى بەردى. * تام سائىتى داڭ ئۇرماقتا.

**داڭ IV** ئى. داڭق: يالغۇز ئاتنىڭ چېكى چىقماس، چېكى چىقسىمۇ دېگى چىقماس (ماقال). * بۇ قىز ئۇزىماي ناخشىدا داڭ چىقاردى.

**داڭ ئالماق** ← **داڭ قازانماق:** لاچىن بولۇپ داڭ ئالدى مەھەللىمىزدە ئۈچ ئوغۇل.

**داڭ چىقارماق** ① نام، شۆھرەت قازانماق: خوتەن تارىختا پىلىچىلىك ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داڭ چىقارغان. ② بىرەر ئالاھىدىلىكى بىلەن نامىنى ئەلگە يايماق، ھەممىگە بىلدۈرمەك: ئىسمايىل سوپىۇم قانداقتۇر بىرەر ئۇنتۇلماس ياخشى ئىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى پىخسىقلىقى، ھىيلىگەرلىكى، ئاچكۆزلۈكى ۋە ھۇرۇنلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان.

**داڭ قازانماق** نام-شۆھرەتكە ئىگە بولماق، داڭ چىقارماق: بۇ ئاشپۇزول ئاشپەز ئۇستىنىڭ ھۈنەرگە كامىللىقى، مۇئامىلىسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن داڭ قازاندى.

**داڭ كەتمەك** ھەممە يەرگە ئاڭلىنىپ كەتمەك، ھەممىگە بىلىنىپ كەتمەك: شەھەرمۇشەھەرگە داڭ كەتكەن، گۈلئايىم سەن چىرايلىق، مەن ساڭا كۆيۈپ قالسام، بىلىۋاپتۇ خالايىق.

**داڭ كۆتۈرمەك** ← **داڭ قازانماق:** بارغۇچە باغ بىلەن باردىم، يانغۇچە تاشلىق بىلەن، ئەل ئىچىدە داڭلار كۆتۈردۇم قاپقارا قاشلىق بىلەن.

**دېگى چىقماق** ← **داڭقى چىقماق:** يالغۇز ئاتنىڭ چېكى چىقماس، چېكى چىقسىمۇ دېگى چىقماس (ماقال).

**داڭدار** سۈپ ← **داڭلىق:** داڭدار ناخشىچى، داڭدار كارىزچى، داڭدار قوشاقچى. * كى بىلمەسلەر سورار، بۇ يۇرت نېچۈن داڭدار ئاتالغان دەر، بىلەر كىم، ھەرگىياھ، ھەرجان ئۇسسۇل-كۈيدىن يارالغان دەر.

**داڭداڭ** ئى. دىئال. قوڭغۇراق.

**داڭق** ئى. نام، ئاتاق، شۆھرەت، ئىناۋەت؛ مەشھۇرلۇق: قەمبەرنىسا 17 ياشقا كىرگەندە ھۆسنىگە تولۇپ ئېچىلدى، داڭقى-شۆھرىتى ئەتراپقا يېيىلدى. * تەلكىدىن چىقىپ كەلسەم، ئىلى باغلىرى بوستان، بۇلبۇللارغا قولاق سالسام، داڭقىنى قىلۇر داستان.

**داڭقى پۇر كەتمەك** شۆھرىتى تەرەپ-تەرەپكە يېيىلماق، داڭقى ھەممە يەرگە مەلۇم بولماق: ھەممەيلەن: – تۇرنا قاناتلىق ئەترەت كېلىۋاتىدۇ، تۇرنا قاناتلىق ئەترەت كېلىۋاتىدۇ! – دەپ ۋارقىراشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرنا قاناتلىق ئەترەتنىڭ داڭقى ئەتراپقا پۇر كەتتى.

**داڭقى چىقماق** نامى، شۆھرىتى ھەممىگە مەلۇم بولماق: ئۇ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان چېلىشلاردا بىر مەزگىل باش ئېلىپ داڭقى چىققان.

**داڭقان** ئى. ئۈچ پۇتلۇق، ئىككى قۇلاقلىق، تۇۋاقلىق چويۇن ياكى باشقا مېتالدىن قويۇلغان قازان.

**داڭقانپۇتى** سۈپ (داڭقان+پۇت+ى) قاملاشمىغان، رەتسىز، ئېگىز-پەس.

**داڭقانپۇتى گەپ** قاملاشمىغان، رەتسىز، ئۇ يەر- بۇ يەردىن، ئېگىز-پەس قىلىنغان گەپ: «ئىش چاتاق، بايقاپ سۆزلىمەي، تۇگىشىپ كەتتىڭە گاداي، بۇ خان تۇرسا، بۇ يەر سېنىڭ خامانلىقىڭ بولمسا... داڭقانپۇتى گەپ قىلىۋېرىپ، تويە ئەمدى...» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە.

**داڭگال** ئى ① قاتقان، قۇرۇغان لاي پارچىسى، توپا ئۇيۇمى: توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال (ماقال). * پالچىدا داڭگال تولا، شائىردا خىيال (ماقال). * ھاشىم خەرىتىنىڭ تۆت بۇرجىكىنى داڭگاللار بىلەن ئاۋايلاپ باستۇردى. ② كۆچمە. يېزىلىق، سەھرالىق: سەن داڭگاللارنىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىڭدىن قاقمسام قاراپتۇر. ③ئەرزىمەس، پەس، قىممىتى يوق نەرسە: مۇھەببەتنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ-باراۋەرلىك، مېنى نېچۈن ساناپ داڭگال، ئۆزۈڭنى بىباھا قىلدىڭ؟ * ئىدىڭ بىرتاغ، گويا داڭگال بىلەتتىڭ سەن رەقىبلەرنى، جاسارەت-غەيرىتىڭ ھەر چاغ يايراتقان قەلبلەرنى.

**داڭلاتماق** «داڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىشىكىڭنى بۇ يەردە تۇتۇپ ئولتۇرغىچە، بېدىككە داڭلاتساڭ، قىممىتى ئاشامدۇ.

**داڭلاشماق** «داڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ تەبىرنى ئاڭلىشىپ، خاقاننى راست داڭلىشىپ، ئەلچىلەر شاد كۈلۈپتۇ، «قۇللۇق» ئېيتىپ يۈرۈپتۇ.

**داڭلانماق** «داڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داڭقىمىز رۇمغا ئاڭلان-غاندى، يىپەك-شايىمىز داڭلانغاندى.

**داڭلىق** سۈپ. داڭقى بار، داڭقى چىققان؛ مەشھۇر، شۆھرەتلىك: داڭلىق سودىگەر. داڭلىق ئەسەر. * سەن ئۇنىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا تاراتتىڭ. مانا شۇنىڭ بىلەن نەسەن تۆرەلگەن بۇ تۇپراق داڭلىق ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى بولۇپ قالدى. * ئۆتمۈشۈڭ بەك داڭلىق، يەر-كۆك تىترىگەن، ياۋلارنىڭ ئالدىدا تىزىڭ پۈكمىگەن.

**داڭلىماق** پ ① ياخشى تەرىپىنى تىلغا ئالماق، ماختىماق: ئاتا-بوۋىلىرىمىز داڭلايدى-غان ھېلىقى «قوينىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلايدىغان» زامانلارمۇ بۇنىڭدىن ئېسىل بولمىغىيتتى. * ئاتا-ئانام زوقلىنىپ، مۇزىكامنى ئاڭلايدۇ، ياخشى چالدىڭ دېيىشىپ، دوستلىرىممۇ داڭلايدۇ. ② كۆككە كۆتۈرمەك، ماختاپ ئۇچۇرماق: ئۇلار ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىپ سودا قىلىشماقتا. * بىراۋنىڭ مېلىنى داڭلاپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ يۈرمەي، ئۆزۈڭمۇ يوقنى بار ئەيلەپ، ۋەتەنگە تۆھپىلەر قاتقىن.

**داڭلداتماق** «داڭلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېخى تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا، دۇيجاڭ يەنە داڭنى داڭلداتقىلى تۇردى.

**داڭلدىتىشماق** «داڭلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داڭلدىماق** پ «داڭ-داڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «داڭ-داڭ» قىلماق: داڭ داڭلدىدى، ئاۋۇت ئاندا-مۇندا كىيىنىپ سىرتقا يۈگۈردى.

**دال** I ئى (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «د» ھەرپىنىڭ نامى.

**دال بولماق** «د» دەك ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك: قۇندۇزدەك باشىم چال بولدى، ئېلىپتەك قەددىم دال بولدى. * كىمكى داد دېسە قەددى بولۇر دال، كۆتۈرسە باشىنى كىم بەختى پايمال.

**دال** II ① ئى. پاناھ ياكى مەدەت بولىدى-غان نەرسە، ياردەم: دال بولماق. ② رەۋ. تاقابىل، تەڭ: دال تۇرماق.

**دال بولماق** ئەسقاتماق، كارغا يارىماق، توغرا تۇرماق، ئورنىنى باسماق: سۇ ئاچلىققا دال بولالمىدى. * ئوغرىنىڭ چوڭى تامنىڭ ئىچىدە تۇرسا، ئۇنىڭغا ئېگىز تام دال

بولالامدۇ؟ * شۇنچە دەردىڭنى تارتسام، دال بولمىدىڭ دەردىمگە.

**دال تۇرماق** تاقابىل تۇرماق، تەڭ كەلمەك: تۇغ يار ئېلىپ كەتسە، بىز ئۈچ-تۆتىمىز دال تۇرالمايمىز.

**دالا** ئى ① ئادەم ياشايدىغان جاينىڭ سىرتىدىكى كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىق: بۇ دالىنىڭ نېرىراق تۆۋەن تەرىپىدە بىرنەچچە يىگىت كەتمەن ئويىنىتىپ يەر سۇغارماقتا ئىدى. * دالىلاردا دولقۇنلايتتى زىرائەت، ھەممىدە ئاپئاق ئېچىلاتتى كېۋەزلەر. ② سەھرا، يېزا-قىشلاق: دالىنىڭ بېگى بولغىچە، شەھەرنىڭ ئىتى بول (ماقال). * مەشرەپلەر مۇقاملارنىڭ كەڭ يېزىلاردا، يىراق دالىلاردا ساقلانغان ئاساسىي شەكلى بولۇپ قالدى. ③ ئادەم ياشايدىغان جاينىڭ سىرتىدىكى تەكشى كەتكەن پايانسىز يەر: باغلارمۇ، دالىلارمۇ ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن. * شىغىللىق كەڭ دالا تۈگەپ، مايسىغا تولغان ئېتىزلىقلار باشلاندى. * كەڭ دالىدا ئەركىن ئويناپ ئۆسكەن كېيىكتەك، شوخلۇق بىلەن بىر تەبەسسۇم قىلسەن ئايقىز.

**دالا ئارمىيىسى** <ھەرب> كەڭ رايونلاردا جانلىق ئۇرۇش قىلىشقا ئۇيغۇنلاشقان مۇنتىزىم ئارمىيە.

**دالا چاشقانلىرى** <زوئول> دالىلاردا ياشايدىغان چاشقانلار. خىللىرى كۆپ. مەسىلەن، سېرىق چاشقان، ئېتىز چاشقىنى، قىسقا قۇيرۇق قارىغۇ چاشقان قاتارلىقلار. تېرىسىنىڭ رەڭگى قوڭۇر، سېرىق قوڭۇر ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ. زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. بەزىلىرى چاشقان كېسىلى تارقىتىدۇ.

**دالا زەمبىرىكى** <ھەرب> دالا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان، كالىبىرى 75 مىللىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدىغان بىرخىل زەمبىرەك، ئۇ 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن.

**دالا شپاتى** <گېئول> يەر پوستىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان ماگما جىنس مىنېرالى. ئاق، ئاچ سېرىق ياكى ئاچ قىزىل رەڭلەردە بولىدۇ. خىمىيىلىك تەركىبى ناترىي، كالىي، كالتسىينىڭ ئاليۇمىنوسىلىكاتلىرى بولۇپ، فارفۇرچىلىق سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى ۋە نۇرغۇنلىغان تاغ جىنسلىرىنى تۈزگۈچى ئاساسلىق تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

**دالا شپاتسىمانلار** <گېئول> خىمىيىلىك تەركىبى دالا شپاتىغا ئوخشاش، لېكىن سىلىتسىي بىلەن ئوكسىگېنىنىڭ مىقدارى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان بىر يۈرۈش مىنېراللارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ ئىشقارلىق ماگما جىنسىنىڭ ھاسىل قىلغۇچى مىنېرالى بولۇپ، كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى ئاق ئانار تاش، نېفېلىن ۋە سودالىت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**دالا قارا چېكەتكىسى** <زوئول> بىرخىل ھاشارات. تەن شەكلى قارا چېكەتكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما قارا چېكەتكىدىن چوڭ. رەڭگى قارا قوڭۇر بولۇپ، پارقىرايدۇ، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى ۋە قورسىقى چوڭ كېلىدۇ. بىر جۈپ قۇيرۇق قىلى بولىدۇ، چىشىسىنىڭ قۇيرۇقىدا يەنە قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك تۇخۇم سېلىش ئورگىنى بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ قاناتلىرىنىڭ سۈركۈلۈشىدىن ئاۋاز چىقىدۇ. كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ پۇرچاق، دانلىق زىرائەتلەر ۋە قوغۇن-قاپاقلارغا زىيان سالىدۇ.

**دالا مەشقى** <ھەرب> ئەسكەرلەرنىڭ ئاھالە ياشايدىغان جاينىڭ سىرتىدا

ئۆتكۈزگەن ھەرخىل ھەربىي مەشقلىرى: جىسمىمىز تاۋلىنار دالا مەشقىدە، تاۋلىنار ئوت بولۇپ يېنىپ قەلبىمىز.

**دالا ناغرىسى** <مۇز> ناغرىنىڭ بىرتۈرى: تاڭ دەۋرىدە تۇرپان، كۇچا، قەشقەر سازلىرى ئىچىدە دالا ناغرىسمۇ بار ئىدى.

**دالا ئۇرۇشى** <ھەرب> قورغان ۋە چوڭ شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش.

**دالا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** <تەن> تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇزۇن مۇساپىلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى. ئادەتتە دالا ياكى تاشيوللاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**دالا ــ تۈز** دالا ۋە تۈزلەڭلىك: نەۋ باھار قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرىدا دالا-تۈز كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىپ، كۆز چېقىپ تاۋلىناتتى. * باھار كەلدى، دالا-تۈزگە باھارنىڭ نۇرلىرى كەلدى، گۈزەل ھېس قوزغىتىپ دىلدا يېڭى كۈي قۇرلىرى كەلدى.

**دالالەت** ئى (ئە) ① بىرەر ئىشقا ئۈندەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن مەسلىھەت؛ كۆرسەتمە، تەشەببۇس: ئۇ ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ ئىشتىن ئارتۇقچە بىئارام بولۇپ كەتمىدى. * بۇلبۇلى چىللايدۇ باغقا، ئاھۇلار تاغلار تامان، يەن-بىلىم سىگنالىدەك شېرىن دالالەت قايدىدۇر. ② ئىشارە، بەلگە؛ دەلىل: يامغۇرنىڭ ۋاقتىدا يېغىپ بېرىشى مول ھوسۇلدىن دالالەتتۇر. * بىلەرمىزكى، پەرھاد بىلەن شېرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن دالالەت ساڭا.

**دالالەت بەرمەك** دېرەك بەرمەك، خەۋەر بەرمەك، كۆرسىتىپ تۇرماق: بىرىنچى قۇرئە مەلىكىنىڭ يەر يۈزىدە ئەمەس، چوڭقۇر بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن دالالەت بەردى.

**دالالەت قىلماق** دەۋەت قىلماق، تەۋسىيە قىلماق، ئۈندىمەك: ياخشىلىق قولۇڭدىن كەلمىسمۇ، يامانلىق قىلما، خەلقنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىل، چۈنكى كىشلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىلىش ياخشىلىق قىلغانغا ئوخشاش. * كەمىنىلىرى سىلىدەك ئادەمنى يامان ئىشقا دالالەت قىلماس ئىدى. * ھەر قېتىم مۈشكۈلگە يولۇققان چاغدا، تاقەتكە دالالەت قىلدى شۈكرىمىز.

**دالالەتچى** ئى. دالالەت قىلغۇچى، ئۈندىگۈچى: دالالەتچىلەردىن ئىشلەمچىلەر كۆپ بولغىنى ياخشى.

**دالان** ئى (پ) ① دەرۋازىدىن كىرىپ بىر-بىرىگە ئۆتۈشىدىغان بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە كىرىشتىكى ئارىلىق ئۆي: ساۋۇتجان ئاستا دالانغا، ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. * قېرى دوختۇر ئىچكىرىدىن دالانغا چىقتى. ② ئۆگزىگە سېلىنغان ئۆي ئالدى: ئۇلار دالاندىن چۈشۈپ پەلەمپەيدە كېتىۋاتقاندا، مەخسۇمنىڭ پەس ئاۋازدا دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى.

**دالانچە** ئى ① كىچىك دالان. ② <ئانات> ئىچكى قۇلاقنىڭ بىرقىسمى. يېرىم ئايلانما نەيچە بىلەن قۇلاق قۇلۇلىسى ئارىلىقىدا بولىدۇ. سىرتقى ۋە تۆۋەنكى تەرىپىدە تۆشۈكلىرى، ئىچكى قىسمىدا ئىككى دانە خالتىسىمان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاڭلاش نېرۋىلىرى بولىدۇ. دالانچە بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

**دالانلىق** سۈپ. دالىنى بار، دالان ئورۇنلاشتۇرۇلغان: مەن ئۆستەڭ بويىدىن ئۆي ئورنى ئالدىم، ئۇ يەرگە دالانلىق قىلىپ ئۆي سالاي دەيمەن.

**دالايماق** پ. سۇنايلانماق، سوزۇلماق: مەھەممەتئىمىن قىلىن يېپىتلغان ئوت-چۆپ ئۈستىگە سېلىنغان گۈللۈك كۆرپە ئۈستىدە قوللىرىنى بېشى ئاستىغا قويۇپ دالىيىپ ياتاتتى.

**دالبېرگىيە** ئى (لات) <بوت> ← **دالبېرگىيە دەرىخى.**

**دالبېرگىيە دەرىخى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق ۋە كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، يازدا ئېچىلىدۇ، مېۋىسى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە. ياغىچى قاتتىق بولۇپ، ئۆي جابدۇقلىرى، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياساشقا مۇۋاپىق.

**دالتەك** ئى. دىئال. گەپ توشۇغۇچى، ئاقساقال؛ گەپكە ئارىلىشۋالىدىغان ئادەم.

**دالجىماق** پ. ← **داجىماق:** بۇ ئىت ئىگىسگە شۇنداق سادىق ئىدىكى، ھەمىشە بوسۇغىدىن دالجىماي، ئۆينى ساقلاپ ياتاتتى. * بوسۇغىدىن دالجىماس ئىتتەك؛ ماڭا ئەھدۇۋاپا ياخشى.

**دالچىن** (توغرىسى: دارچىن) ← **دارچىن.**

**دالدا** ئى ① پىنھان، يوشۇرۇنىدىغان جاي: باتۇرخان دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. * ئالدىراپ ئېچىلغان ناياق ھەپىرەڭ، كۆپ ئۆتمەي پۇرلىشىپ قالدى دالدىدا. ②توسقۇچى نەرسە، توسۇق: ئايمىدۇر، ئايلارمىدۇر، ئايغا بولۇت دالدامىدۇر؟

**دالدا بولماق** ① توسۇق بولماق، توسماق، ياپماق: ئەسكىلىك قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولۇر (ماقال). * تام ئۈستىگە تام سالدىم، شامالغا دالدا بولسۇن دەپ. ② دال بولماق، ئەسقاتماق، كېرەككە كەلمەك: داغ سۇ ئاچ قورساققا دالدا بولماپتۇ (ماقال). * قىلغان ياردىمىڭ قىيىنچىلىقىمغا خېلى دالدا بولدى. * بۇ سوغۇققا يولۋاس تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلارمۇ دالدا بولالمايدۇ، ئابدۇللانىڭ ئۈستىدىكى كونا يىرتىق كىيىملەر قانداقمۇ ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنىگە دالدا بولسۇن؟

**دالدا قىلماق** بىرنەرسە بىلەن توسماق: مەسۇم ئاكام قولىنى دالدا قىلىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى. * 30 قەدەمچە نېرىدا قارىياغاچلارنى دالدا قىلىپ كېتىۋاتقان گۈلباھارنى كۆرۈپ قالدىم.

**دالدىغا ئالماق** مۆكمەك، يوشۇرۇنماق: قۇياش ئۆزىنى كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بىرپارچە ئاق بولۇت دالدىسىغا ئالدى.

**دالداقىماق** پ. دىئال. دالدىلانماق.

**دالدىلانماق** پ. پاناھلانماق، يوشۇرۇنماق: بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ كىيىملىرى يېلىك يىگىتلەرنىڭ شامالدىن دالدىلىنىشىغا ئەپلىك ئىدى.

**دالۋاي** I ئى. ئوۋغا سېلىنغان قۇش (بۈركۈت، قارچىغا، لاچىن، تۇرۇمتاي قاتارلىقلار) نى ئۇندەككە چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان گۆش ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: قۇش دالۋايغا كەلدى.

**دالۋاي** II ئى. يەرلىك يىپەك توقۇمچىلىقىدا تولامچاقنىڭ نەققەشنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان غالتەكلىك ياغاچ سايمىنى.

**دالۋايلاتماق** «دالۋايلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دالۋايلاشماق** «دالۋايلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دالۋايلماق** پ. دالۋاينى چۆرۈپ، ئوۋغا سېلىنغان قۇشنى ئۇندەككە چاقىرماق.

**دام** I ئى (پ) ① قاپقان، تۇزاق، قىلتاق، سىرتماق: كۆككە باقسام، كۆكتە قالپاق، يەردە قاپقان – دام ئىدى، شۇ ياۋۇزلار قانچە مىڭ ئوغلانۇ قىزنى خام يېدى!؟ * قەدىرلە دوستلۇقنى، ھەتتا كەكلىك قۇتقۇزماق. ئىزدەيدۇ ھەمراھىنى دامدىن. ② كۆچمە. تۇتقۇنلۇق، ئەسىرلىك: بىرى ئاشىق بولۇپ مەنسەپ ئورۇنغا، بىرىلەر بىۋاپا دۇنيايى دامغا. ③ كۆچمە. ئالدام، ئالدام خالتا: ئادەم ئالدايدىغان نەيرەڭ پەقەت كىچىك بالىنىلا ئۆز دامغا چۈشۈرەلەيدۇ. * بەتنىيەت دۈشمەنىنىڭ چۈشمە دامغا، نازىنى كۆرۈپلا بەرمە ئاڭا دىل.

**دامغا چۈشمەك** ① تۇزىقغا چۈشمەك، قىلتىقغا ئىلىنماق: ھوشيار كېيىك ئاخىرى ئوۋچىنىڭ دامغا چۈشتى. ② كۆچمە. تۇتقۇن بولماق، ئەسىر بولماق: مۇھەببەت دامغا چۈشكەن بۇ قىز يىلاندەك تولغىنىپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ③ ئالدىمغا، ئالدام خالتىسغا چۈشمەك، ھىيلە-مىكىر تۇزىقغا ئىلىنماق: سىيت گولراق، ياغاچتەك تۈز كەتكەن ئادەم بولغاچقا، كىشلەرنىڭ دامغا ئاسانلا چۈشەتتى. * زۆرەم ئاخىرى سابىرنىڭ دامغا چۈشتى. * پارىخوردا يوق پەقەت چىنلىق، ئىچ-ئىچىدە قاينايدۇ جىنلىق، چۈشمە دوستلار دامغا ئۇنىڭ، بولساڭ ئەگەر زېرەك-ئەقىللىق.

**دام** II ئى. لاپ، يۇغان گەپ، چوڭ سۆز، پو: يېغىنى يان باسىدۇ، ئوغرىنى دام باسىدۇ (ماقال).

**دام قىلماق** كۆز-كۆز قىلماق، داملىماق: بۇ ئەخمەق بىرەر يېڭى كىيىم كىيسىلا، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ دام قىلىدۇ.

**دام ئۇرماق** لاپ ئۇرماق، پو ئاتماق، چوڭ گەپ قىلماق: دام ئۇرغىلى يات يەر ياخشى (ماقال).

**داماس** ئى (ر) بىرخىل رەخت نامى.

**دامان** ئى. بىر ئاز نېپىزلىتىپ، چەككۈچ سېلىنغان گىردە: پەشخۇنىنىڭ ئالدىغا سىڭىپ پىشقان دامانلار تىزىلغانىدى.

**دامان ساقال** قىرقىپ دامانغا ئوخشاش يۇملاق شەكىلدە بېزەلگەن ساقال: قويۇق دامان ساقىلىنى توختىماي سىلاۋاتقان سىيت ھاجى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆلۈمسىرىگىنىچە كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

**دام-تۇزاق** دام ۋە تۇزاق: ھەممە يەردە دام-تۇزاق، كۆيىزا-كىشەن، قانلىق قىلىچ، كەمبەغەللەر ئۇستىدىن باسقان زۇلۇم توپان بولۇپ.

**دامجۇق** سۈپ ① ئاشۋاقتىلىق (تاماق ھەققىدە). ② كۆچمە. شەخسكە تەۋە بولمىغان، ھەركىم ئىشلىتىۋېرىدىغان: مېنىڭ ۋېلسىپىتىم بۇ ئىدارىدا دامجۇق ۋېلسىپىت بولۇپ قالدى، كىملا بولسا سورىمايلا مىنىپ كېتىۋېرىدۇ.

**دامجۇق چاي** ئەتىگەنلىك تاماق بىلەن چۈشلۈك تاماق ئارىلىقىدا ئىچىلىدىغان چاي، ئاشۋاقتىلىق چاي.

**دامچى** ئى ← **دامخور**.

**دامخور** ئى. تولا داملاپ، لاپ ئۇرغۇچى، لاپچى، ماختانچۇق، يوغان گەپ قىلغۇچى: ئۇ دامخورنىڭ گېپىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن.

**دامخورلۇق** «دامخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تولا دامخورلۇق قىلما، ھازىر نەگە كېلىپ قالدىڭ نەدە تۇرۇۋاتىسەن، بىلەمسەن؟

**دام-دام** كۆز-كۆز: ئۇ (ئۇكام): — ئاكا، دام – دام، مېنىڭكىدەك دەپتىرىڭ بارمۇ؟ مۇكاپات ئالالمىدىڭمۇ؟ مەكتەپكە بارماي

ئوينايسەن،... ياخشى ئوقۇغان بولساڭ، ماڭا ئوخشاش مۇكاپاتلىناتتىڭ، دام-دام، — دەپ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى.

**دام-دام قىلماق** كۆز-كۆز قىلماق: رەڭدار كىيىمگە تىكىلىپ قالدىم، كىيىم شۇنداق جۇلالىنىپ كۆرۈنىدىكى، گويا كىمدۇر بىرتال مەرۋايىتنى ئالقىنىغا قويۇپ، ماڭا دام-دام قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

**دامكا** ئى (ر) <تەن> ① 64 پارچە ئاق ۋە قارا كاتەكچىلىك تاختىدا، 12 دانە ئاق ئۇرۇق ۋە 12 دانە قارا ئۇرۇق بىلەن مەلۇم قائىدە بويىچە ئاينىلىدىغان ئويۇن: دامكا ئويناش. دامكا ئۇرۇقى. ② شۇ خىل ئويۇندا قارشى تەرەپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېتىگە چىقالىغان ۋە خالىغان تەرەپكە مېڭىش هوقۇقىغا ئېرىشكەن ئۇرۇق: دامكىنى ماڭماق. دامكىنى يېمەك.

**دامكرات** ئى (ر<نېم) <ماشىن> ماشىنا، ۋاگون قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۇلارنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئەسۋاب. ئادەتتە سۇيۇقلۇق بېسىملىق دامكرات ۋە بۇرمىلىق دامكرات دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**دامىلاتماق** «دامىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆز ئاچاي سۆز چىقسا سازدىن، دامىلىتىپ ئالەم ئارا، نەغمىلەرنىڭ شاھى قالۇن جانلىرىڭدىن مەن دولان.

**دامىلاشماق** «دامىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: هارۋىكەشلەر ئېتىنى دامىلىشار، قويچىلار ئىتىنى دامىلىشار (ماقال).

**دامىلانماق** «دامىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇيغۇرلار قەدىمكى شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا دامىلىنىشقا هەقلىق.

**دامىلىماق** پ. كۆز-كۆز قىلماق، ماختىماق، تەرىپىنى قىلماق، داڭلىماق: — مانا بۇ مىزەخمەت ياغلىق، — دېدى ئابلا ئۆرۈككەرنى دامىلاپ، — ئۇنىڭ ئالدىدا كەمپۈت بىكار، ئاغزىڭغا ئالغان هامان ئېرىپلا كېتىدۇ.

**دامۇدام** ← دام-دام.

**دامۇدام ئەتمەك** ← **دام-دام قىلماق**: دېگىن سەن ئەھلى مەنسەپكە: «ئەمەل — گۈل هۆسنىدەك چەكلىك، كۆرەڭلەپ ئىش — ئورۇنلاردىن ئەمەلنى دامۇدام ئەتمە».

**داموللا** ئى (ئە) <دىن> ① چوڭ مەدرىس ۋە ئالىي دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسى، ئوقۇتقۇچىسى. ② دىنىي ئىلمى مول ۋە چوڭقۇر كىشى: ئىشان داموللىغا ئوخشاشلار پۇل- مالنى كۆپەيتىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى بىلگىننى قىلاتتى.

**دان** ئى (پ) ① بۇغداي، قوناق قاتارلىق باشاقلىق زىرائەتلەر ۋە پۇرچاق، ماش قاتارلىق چوكىلىق زىرائەتلەر هوسۇلىنىڭ دانىسى: بۇغداي دېنى. ئارپا دېنى. * ئۇ بىرتال باشاقنى ئۈزۈۋېلىپ، يالتىراپ تۇرغان قىزىل دانلارنى ماڭا كۆرسەتتى. * باش تارتىپ بەرسە ئاخىر ئالتۇن دان، قانداقمۇ قاينىماس مول هوسۇل تويى؟ ② ئاشلىق: ئامبارلار دانغا لىق تولدى. * هەرخىل دان ۋە ئوزۇق-تۈلۈكلەر قاپلار بىلەن يۆلەپ قويۇلغان بىر ئۆيگە يەتتۇق. ③ ئۇچار قاناتلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق: توخۇ دېنى. كەكلىك دېنى. * كەپتىرىڭگە دان بەرمەي، ئاچتا ئۆلسۇن دېدىڭمۇ، ئايدا- يىلدا كەپ قويماي، دەردتە ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟

**دان ئالماق** ← **دان تۇتماق**: بۇغداي بەك قويۇق تېرىلسا، باشاقنىڭ توق ۋە تولۇق دان ئېلىشىغا پايدىسى بولمايدۇ.

**دان تۈتماق** زىرائەتلەردىكى داننى تەشكىل قىلىدىغان سۈتسىمان سۇيۇقلۇق قېتىشقا باشلىماق: ئاپتاپپەرەسلەر دان تۈتۈشقا باشلىدى.

**دان سۈرمەك** ← **دان تۈتماق:** بۇغداينىڭ دان سۈرۈش پەيتىدە مۇۋاپىق فوسفور ئوغۇتى بېرىش لازىم.

**دان سۈيى** دانلىق زىرائەتلەر دان تۈتۈشقا باشلىغاندا، داننىڭ تولۇق ۋە توق بولۇشى ئۈچۈن قۇيۇلىدىغان سۇ: دان سۈيى – جان سۈيى (ماقال). * بۇغدايلار دان سۈيى ئىچمىگەچكە ئۇششاق باش ئالغانىدى. * مايسا سۇغا تويسىمۇ، بەختى دېھقان تويمىدى، دان سۈي بۇ زىيانسىز، جىق كىرسۇن دەپ ئويلىدى.

**داننى ئۆيدە يەپ باشقا يەردە تۇخۇملىماق** بۇ تەرەپتىن مەنپەئەت ئېلىپ، ئۇ تەرەپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىمەك؛ بۇتەرەپتىن ياخشىلىق كۆرۈپ، ئۇ تەرەپ ئۈچۈن كۈچ چىقارماق: – ئاتا، جاپپار ئاكام ئۆي سېلىۋېتىپتىكەن، مەن كېسەك تۇشۇشۇپ بەردىم. – داننى ئۆيدە يەپ باشقا يەردە تۇخۇملاپسەن – دە!

**داننى ئۆيدە يەپ تالادا تۇخۇملىماق** ← **داننى ئۆيدە يەپ باشقا يەردە تۇخۇملىماق:** – سەن مۇشۇ كۈنلەردە داننى ئۆيدىن يەپ باشقا يەردە تۇخۇملاپ يۈرۈۋاتە-سەن بۇنداق قىلساڭ ياخشى ئەمەس، – دېدى دادىسى ئۇنىڭغا.

**دانا** (پ) سۈپ ① ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، يىراقنى كۆرەر، ئەتراپلىق ئويلايدىغان، دانىشمەن، ئاقىل: دانا ئەرباب. دانا ئۇستاز. * دانا كىشى ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلار (ماقال). * بىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، سۈرىتىنى كۆرۈپ قانمايتتۇق، بۇ دانا زاتنىڭ ئۆزىنى بىر كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق. * سەن مەندىن ياخشىراق، داناراق كىشىنى تاپالمايسەن. * ساۋاقلاردىن ئاگاھ بول، ئاندا ئوقۇپ دانا بول، ئاچچىق ساۋاق ئىنساننىڭ گويا قورال - يارىغى. // دانا قەدرىنى نادان بىلمەس، ئاغرىق دەردىنى ساق (ماقال). * ۋاپانىڭ كۈنى دانانىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىپ ئۆتكەنلىكتىن، كۈندە دانانى كۆرۈپ تۇرىدىكەن. ② ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئېيتىلغان، ئەقىل -پاراسەتتىن دالالەت بېرىدىغان، ئاقىلانە: دانا تەدبىر. دانا مەسلىھەت.

**داناكچا** ئى. ناۋاتنىڭ كرىستال بولۇپ قاتقان شەكلى.

**دانالىق** «دانا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: – ياخشى ئانام، ئاپئاق ئانام! – ئانىسىنى قۇچاقلىدى سۇتۇق، – سىزنىڭ مۇشۇنداق دانالىقىڭىز ئۈن تۆمەن چېرىكتىن كۈچلۈك. * دانالىقنىڭ گۈلىستانى – بوستانى، مەدەنىيەت يولباشچىسى مەكتىپىم.

**دانە** (پ) ① ئى. دان، ئۇرۇق قاتارلىق دانە -دانە قىلىپ ئايرىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بۆلىكى: تۇخۇمنىڭ دانىسى. قارىقاتنىڭ دانىسى. ئانار دانىسى. * – ئۇستام، خاملىرى يۇزكەن،... ماگىزىنىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە دانىسىغا بىر كوي 70 پۇڭدىن جەمئىي 170 كوي بېرىمىز. * سەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك، مەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك. ② مىق. ساناق سانلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاساسەن يۇملاق نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆتكەن يىلى ئۇرۇمچىگە بارغاندا، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمىزگە يەتتە دانە تېلېۋىزور ئالغاچ كەلدۇق. * قىشلىقى ئۇندۇردىلەر بىردانە بۇغداينى، سۇغارغىلى ئەر بارمىكىن

شۇ دانه بۇغداينى، سۇغارغىلى ئەر بولسىكەن شۇدانه بۇغداينى، كىچە-كۈندۈز ياد قىلۇرمىز ئۇستۇن خۇدانى. ③ ئى. بەزى ئايرىم-ئاي-رىم تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى: بۇ دورىنى كۆرسىتىلگەن مىقداردا يەپ بەرسە، بۇۋاسىرنىڭ دانىلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

**دانه-دانه** ① بىردانە-بىردانىدىن تۇرىدىغان؛ دانىلىرى ئايرىلىپ تۇرىدىغان: خامانلار تېپىلىپ، ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان دانه-دانه بۇغدايلار ئىككى يەرگە ئېگىز چەش قىلىپ دۆۋىلەندى. * تامچە-تامچە سۇ يىغىلىپ كۆللەر تولۇر، دانه-دانه قۇم يىغىلىپ بارخان بولۇر. ② بىردىن-بىردىن، ئايرىم-ئايرىم، يەككە- يەككە: چىمىرلاپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلار خۇددى ئۇنىڭ (ئايخان-نىڭ) بوينىغا ئېسىلغان مارجاندەك دانه-دانه چاقناپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. ئوچۇق، روشەن، ئېنىق چۈشىنىشلىك: تۇردى ئاكا بۇ يىگىتكە بىرپەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھەربىر سۆزنى دانه-دانه قىلىپ ئەستايىدىل جاۋاب بەردى. * ناخشىمۇ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. سۆزلىرى دانه-دانه، ساپ ئۇگۇتتەك.

**دانچه** ئى. كىچىك، ئۇششاق دان: گۆدەك قىز گۈرۈچ دانچىلىرى يېپىشىپ تۇرغان ئويماقتەك ئاغزىنى قىپىدىغاندەك سەل ئۈمچەيتتى. * ئادىل بىگىز قولىنىڭ ئۇچى بىلەن ئويۇقچىدىكى قۇم دانچىلىرىنى ئاۋايلاپ ئالدى. ② كۆچمە. دانىلىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۇششاق بۆلەكلىرى، تامچە: تۆمۈر خەلپە-نىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش دانچىلىرى ئاي نۇرىدا خۇددى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى.

**دانچۇق** ئى ① ئۇچار قاناتلارنىڭ پوكىنى، يەمتۇك: ھاجى ئەپەندى، سىزنىڭ قارىشىڭىز توخۇنىڭ دانچۇقىدەك بەكمۇ تار ئىكەن. ② قەپەستە بېقىلىدىغان ئۇچار قاناتلارغا دان بېرىلىدىغان كىچىك قاچا: شۇنداق قىلىپ ئادىلجان بىر تۇمۇچۇقلۇق بولۇپ قال-دى،... ھەركۈنى ئەتىگەندە دانچۇققا دان سېلىپ، سۇدانىدىكى سۇنى يەڭگۈشلەپ قويغاندىن كېيىن مەكتەپكە ماڭاتتى. ③ قىسماقنىڭ دان بېكىتىلگەن ئىلغۇچى: قىسماقنىڭ دانچۇقى.

**دانخور** ئى. ئۇچار قاناتلارنىڭ ئاساسەن دان يەپ ياشايدىغان بىر تۈرى: دانخورلار ئەترىتى.

**دانسىز** سۈپ ① دېنى يوق، دېنى ئاز: تەبئىيكى كۆرەلمەس كۆن ئۈمىدسىز، مىسالى پەرقى يوق دانسىز سامانىدىن. ② دېنى پۇچەك، ئاچ: دانسىز بۇغداي.

**دانلاتماق** «دانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: — نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — توخۇلىرىمنى دانلىتىپ يۈرىمەن.

**دانلاشماق** «دانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خاماندا بىر توپ كەپتەر دانلىشىپ يۈرەتتى.

**دانلىق** سۈپ ① دېنى بار، دان تۇتقان: ئۇنىڭ ھەممىسى پاخپاق ئەمەس، دانلىق باشاقلارمۇ بار. ئاز-تولا دان چىقىدۇ. ② دېنى يوغان، تولۇق دان ئالغان، سەردان: روزىمەت شىلدىرشاپىنكى ئاپئاق دانلىق ئۈجمىلەرنى بىر-بىرلەپ ئاغزىغا سالدى. ③دان بېرىدىغان، دان چىقىدىغان، دان يېتىشتۈرۈلىدىغان: دانلىق زىرائەتلەر.

**دانلىماق** پ ① دان تېرىپ يېمەك: كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە توخۇلار دانلاپ يۈرەتتى. ② كۆچمە. سىرتلاردا تىرىكچىلىك قىلماق، ئوقەت قىلماق، كۈن ئالماق: يىراق-يىراقلارغا بېرىپ، تۆت-بەش زامان

داناپ كىلەيمىكىن دەيمەن. ③ كۆچمە. سىرتتا بەزى نېرى-بېرى ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەك: بۇ چوكاننىڭ ئۆزىگە قاراپ باشقىلار-نى باھالايدىغان ئادىتى بولغاچقا، ئېرىنى باشقا يەرلەردە داناپ يۈرىدۇ دەپ ئويلاپ، سەل كەچرەك كەلسىمۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ سوقۇشاتتى.

**دانىش** ئى (پ) يېزىت ① ئىلىم، بىلىم، مەلۇمات: تاغ ئېگىز ، دەريا تېگى چوڭقۇر بولۇپ كەتسۇن ھامان، قىلدى ئەل جۇگۇلۈك قەدىرلەپ ئەھلى دانىشنى شۇئان. ② بىلىملىك، مەلۇماتلىق كىشى؛ ئالىم، دانىشمەن: ئەي گۈزەل قەشقەر، سۆباتىڭ نەزمىسى يۇلتۇز گويا، چۈنكى سەن دانىشقا، شىرىيەزدانغا بۆشۈك. * شۇنچە دىۋەك، ئەخمەق-نادانلار پەرۋاز قىلىپ كۆكتە ئۇچماقتا، قانچە ئالىم، دانىش-دانالار چۆنەكلەردە نامسىز ياتماقتا.

**دانىشمەن** ئى (پ) چوڭقۇر بىلىملىك، كۆپ نەرسىلەرنى بىلگۈچى دانا كىشى؛ ئالىم: دانىشمەن ھېكىم. دانىشمەن بوۋاي. * قايسى بىر دانىشمەن: «تۇرمۇش-قەبرە ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناشتىن ئىبارەت» دەپتىكەن. * ئەي ئۇلۇغ دانىشمەن مەھمۇت قەشقىرى، سىز دېمەك چوڭ «دىۋان» ھەم تىلنىڭ پىرى.

**دانىشمەنلەشمەك** پ. دانىشمەن بولماق، دانىشمەنگە ئايلانماق، دانىشمەن مۇقامىغا يەتمەك.

**دانىشمەنلىك** «دانىشمەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — ئوھوي، مەرگەنلىكىڭ بىلەن بىللە دانىشمەنلىكىڭمۇ جايىدائىكەن ، — دېدى تۆمۈر خەلپىمۇ كۈلۈپ كېتىپ. * پادىشاھ دېھقاننىڭ دانىشمەنلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە

مەجبۇر بولۇپتۇ.

**دانكا** ئى <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Ha_2B_4O_7 \cdot 10H_2O$. ئاق ياكى رەڭسىز كرىستال بولۇپ، سۇدا ئېرىيدۇ. ئادەتتە ئوپتىك ئەينەك، تىببىي دورا، كەپشەر دورىسى، رېئاكتىپ، ئېمال سىرى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**دانىلىق** سۈپ. دانىلاردىن تەشكىل تاپقان، دانىلاردىن تۈزۈلگەن: ئۇ پارقىراپ تۇرغان يوغان دانىلىق ئۈزۈم تەسۋىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى سانىغاچ، يادقا بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى.

**دانىلىماق** پ. بىردانە - بىردانە قىلماق، دانە-دانە قىلماق: دانىلاپ تېرىماق.

**دانىمۇدانە** ① بىردانە-بىردانىدىن، بىر-بىرلەپ، بىردىن-بىردىن: سەرراپ تىللالارنى دانىمۇدانە ساناپ ھەميانغا سالدى. ② روشەن، ئېنىق، ئوچۇق: ئەكبەر ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، ھەربىر گەپنى دانىمۇدانە قىلىپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئاسمىغا چۈشەندۈردى.

**داھىي** ئى (ئە) دۆلەت، سىياسىي تەشكىلات، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ يولباشچىسى: پرولېتارىيات داھىيسى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى. * باتۇر تەڭرىقۇت دۆلەت زېمىنىنى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق راھەت - پاراغەتلىرى ۋە سەلتەنەتلىك دەۋرانلىرىدىن ئۈستۈن كۆرگەن ئالىي پەزىلەتلىك داھىي.

**داھىيانە** رەۋ (ئە+پ) داھىيلارغا ئوخشاش، داھىيلاردەك، داھىيلارغا خاس دانالىق بىلەن: داھىيانە يىراقنى كۆرەرلىك. // داھىيانە كۆرسەتمە. داھىيانە تەدبىر.

**داھىيانىلىك** «داھىيانە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: لېنىننىڭ تەدبىرلىرى ھەقىقەتەن داھىيانىلىك بىلەن كۆرۈلگەن تەدبىرلەر

ئىدى.

**داھيلارچە** رەۋ ← **داھيانە.**

**داھيلىق** «داھيي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاممىۋى ھەرىكەت كۆتۈرۈلگەندە ئاما بىرەر دانا يولباشچىنى داھيلىققا كۆتۈرىدۇ.

**داۋا** I ئى (ئە) ① كېسەلنى ساقايتىش چارىسى، دورا-دەرمەك: ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگۈچە، داۋاسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ② پايدىلىق ۋاستە، شىپا: ساپ ھاۋا – تەنگە داۋا (ماقال). * بۇ چوكان كېسەل تارتىپ ياتقىلى خېلى بولدى، قىلمىغىنى قالمىدى، زادى داۋاسى بولمىدى. ③ كۆچمە. ئامال، ئىلاج، چارە: كۆيۈك داۋاسى. ئىشق داۋاسى. * گۈل ئىشقىدا بۇلبۇللا سايرىشۇر خۇش ناۋا، ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولسىڭىز يوق داۋا.

**داۋا بولماق** شىپا بولماق، پايدا قىلماق: ئادراسمان ئىققە كېسىلىگە داۋا بولىدۇ.

**داۋا تاپماق** ① كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىنى، چارىسىنى، ۋاستىسىنى تاپماق: سول بىقىنىم ئاغرىيدۇ دەۋاتاتتىڭ، داۋاسىنى تاپتىڭمۇ؟ ② سەللىمازا ساقايماق، كېسەلدىن خالاس تاپماق: بەش يىل قەۋزىيەتنىڭ دەردىنى تارتتىم، بۇ مەينەت كېسەل يېقىندا داۋا تاپتى. ③ ئىلاج تاپماق، تەدبىر تاپماق، چارە تاپماق: ئىشق دەردىمگە داۋا تاپتىم، داۋاسى – يار ئۆزى كەلدى.

**داۋا** II ئى. جازا، ئەدەب.

**داۋىسىنى بەرمەك** ئەدىبىنى بەرمەك، جازاسىنى بەرمەك، تانابىنى تارتماق، ئەيىبلىمەك، سۆكمەك: شۇنچە ئەزۋەلىسە جىم تۇرسەنغۇ، تازا داۋىسىنى بېرىپ قويساڭ بولمامدۇ؟

**داۋىسىنى ئىشتمەك** ← **داۋىسىنى يېمەك:** ئانداق قىلما دېسەم ئۇنىمىدى، ئاخىر داۋىسىنى ئىشتىپ جىم بولدى.

**داۋىسىنى يېمەك** ئەدىبىنى يېمەك، جازاسىنى يېمەك، تۇمشۇقىغا يېمەك: ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋەرسە ئاخىر بىر قاتتىق داۋىسىنى يەيدۇ.

**داۋا** III ئى. يەرلىك ئۇسۇلدا رەخت بوياش ماتېرىيالى قىلىنىدىغان يۇلغۇن چېچەكىنىڭ بىر خىلى.

**داۋا** IV ئى. دىئال ① گىرىژ؛ سېرىق ئەتىنىڭ يىرىلىپ كېتىشى بىلەن ئۇچەي خالتىسىغا چۈشۈپ قېلىپ، تاشاق يوغىناپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەل؛ پورداق. ② كۆچمە. ھەرىكىتى چەبدەس بولمىغان، يولنى تېز ماڭالمايدىغان كىشى، سۆرەلمە، قاشاڭ.

**داۋاسىز** سۈپ ① داۋاسى يوق، شىپاسىز، ساقايماس: بۇ داۋاسىز كېسەل مېنىڭ جېنىمغا تېگىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. ② تەدبىرى يوق، ئىلاجىنى تاپقىلى بولمايدىغان، ئامالىنى قىلغىلى بولمايدىغان: بۇ داۋاسىز دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا قىلدىڭ ئۆزۈڭ. * بىر سېكۇنت خىيالىم ئاجرىماس سەندىن، ئەجەبمۇ داۋاسىز دەردكە يولۇقتۇم.

**داۋالاتقۇزماق** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داۋالاتماق** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى ئەترەتنىڭ كۆپ يەرلەرگە ئاپىرىپ داۋالاتقان بولسىمۇ ياخشىلىنىپ كېتەلمىدى. * كېيىنكى يىلى ساۋۇتنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى، ئابدۇرەھىم ئۇنى دوختۇرخانىدا داۋالىتىپ ئۆزى قارىدى.

**داۋالاشماق** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داۋالانماق** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە

بىر ئايغا يېقىن داۋالاندىم. * نۇر بوۋايمۇ داۋالىنىپ بىر ئايدىن كېيىن، چىقتى ئاخىر ياخشىلىنىپ دوختۇرخانىدىن.

**داۋالغۇتماق** «داۋالغۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى لەھەڭ سۇنى داۋالغۇتۇپ، سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپتۇ.

**داۋالغۇشماق** «داۋالغۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داۋالغۇلۇق** سۈپ. داۋالغۇپ تۇرغان، تىنچ بولمىغان، تۇراقلىق بولمىغان: ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى بىنا بولغاندىن بېرى ئۆز بېشىدىن داۋالغۇلۇق يىللارنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى.

**داۋالغۇماق** پ ① سۇ، دەل-دەرەخ قاتارلىقلار سىرتقى ياكى ئىچكى كۈچنىڭ تەسىرىدىن چايقالماق، ئىغاڭلىماق، لىڭشىماق، تەۋرەنمەك: نىجاتنىڭ قولىدا بىر رومكا قىزىل ھاراق داۋالغۇپ تۇراتتى. * دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قولۋاق داۋالغۇپ كېتىپتۇ. * ئاينىڭ ئاپئاق شولىسى سۇدا پال-پال قىلىپ داۋالغۇشقا باشلىدى. * چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق يىراقتىن ئاقۇچ تۇمان ئىچىدە ئاستا داۋالغۇماقتا. ② ئادەملەر توپى تەۋرەنمەك: ئادەملەر خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك بىر ئۇ يانغا – بىر بۇ يانغا داۋالغۇشقا باشلىدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ ساداسى ھاۋادا ياڭرىماق، ھاۋانى تىترەتمەك: ھۇررا سادالىرى دولقۇنسىمان داۋالغۇپ پەلەكلەردە پەرۋاز قىلاتتى. ④ كۆچمە. تەشۋىش، خۇشاللىق، ھاياجان ۋە باشقا پىسخىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى-دىن، ھېسسىيات، روھىي كەيپىياتلار تىنچسىزلانماق، دولقۇنلىماق، ئۇرغۇماق: جەننەتنىڭ سۆزىنىڭ تارتىملىق تەسىرىدىن ئۇنىڭ تىنچسىز كۆڭلى تېخىمۇ داۋالغۇشقا باشلىدى. * جەڭچىلەرنىڭ قۇدرىتىدەك شۇ دەمدە ھېسسىياتىم داۋالغۇدى تاشقىن. ⑤ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغانلىقتىن ئىغاڭلىماق، دەلدەڭشىمەك: دادامنىڭ يۈز-كۆزى قانغا بويالدى، ھالسىزلىنىپ ئىككى تەرەپكە داۋال-غۇيتتى. * ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ ئالدىغا بىر قەدەم باستى-دە، داۋالغۇپ يىقىلدى. ⑥ ئىجتىمائىي كەيپىيات تۇراقسىزلانماق، ئۆزگىرىپ تۇرماق، تىنچسىزلانماق، تەۋرەن-مەك: بۇ ئادەمنىڭ جياڭجۇنلىك تەختىگە مىنگەن كۈنلىرى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ قاتتىق داۋالغۇپ تۇرغان پەيتىگە توغرا كەلدى. * قەشقەر – داۋالغۇپ تۇرغان چوڭ شەھەر، ئۇ يەرگە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى تېزلا يېتىپ كېلىدۇ، ئىلغار پىكىرلىك ئادەملەر كۆپ. ⑦ لىغىرلىماق، مۆلدۈرلىمەك: ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتتى، قايناق مۇھەببەت قەلبىدە جۇشقۇنلاپ، كۆز چاناقلىرىدا ئىسسىق ياش داۋالغۇدى. ⑧ كۆڭلى ئاينىپ، ھۆ بولغۇسى كەلمەك: كۆڭلۈم داۋالغۇپ تۇرىدۇ، ھېلى يېگەن تامىقىم يېنىپ كېتىدىغاندەك.

**داۋالىق** سۈپ. داۋا بولىدىغان ئۈنۈمى، رولى، تەسىرى بار؛ مەنپەئەتلىك: ھەر خىل ھايۋان گۆشلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان غىزالىق ۋە داۋالىق تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

**داۋالىماق** پ. كېسەلنى ياكى بىرەر كېسەللىكنى ۋە ياكى بىرەر كېسەل ئورگانىزمنى ساقايتىش ئۈچۈن دورا بۇيرۇماق، دورا بەرمەك، ئەملىمەك: ئۇ يغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى فارابى، كېيىنچە دۇنيا بويىچە ئاتاغلىق تاشقى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسى-سى دەپ ئاتالغان ئىبنى سىنامۇ ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى يىڭنە بىلەن داۋالىغان.

* كېسەلنى زۆرۈر ئېھتىياجلىق دورىلار بىلەن داۋالىغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

**داۋام** ئى (ئە) بىرەر ۋەقە، ھادىسە، جەريان ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر جاي ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىنكى قىسمى: يولنىڭ داۋامى. چۆچەكنىڭ داۋامى. * بۇ يەنە ئۆتكەنكى خەتلەرنىڭ داۋامى ئىكەن. * ياز، ئاق چاچ ئانىلار بەختىنى يازغىن، مويسىپىت ئاتىلار ئارامىنى ياز. سەككاكى، نىزارى تۈگىتەلمىگەن غەزەللەر تومىنىڭ داۋامىنى ياز.

**داۋام ئەتمەك → داۋام قىلماق:** سوپى چەندازا ھۇجرىسىدىن قايتقاندىن كېيىن، ئىرپان يەنە ئوتلۇق خىياللىرىنى داۋام ئەتتى. * سوراپ بارماق ئەجەب خورلۇق يىگىتكە خۇنىسىدىن ھاجەت، ئەگەر شۇ كۆنگە قالساڭ سەن ھاياتلىقنى داۋام ئەتمە.

**داۋام قىلماق → داۋاملاشماق.**

**داۋامەت** (ئە) ① رەۋ. دائىم، ھەمىشە، ھەر ۋاقىت، ھەر چاغ: كىمكى ئەگەر قورقسا جاپادىن، نامراتلىقتا ئۆتەر داۋامەت. * يوقلۇقىدىن ئادالەت، كۆڭلۈمدە كۆپ ئاداۋەت، قولدا قىساس قىلىچىم، ياللىرايدۇ داۋامەت. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**داۋاملاشتۇرغۇزماق** «داۋاملاشماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داۋاملاشتۇرماق** «داۋاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆز پىلانىدا پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، توختاپ قالغان ئىشنى داۋاملاشتۇرماقچى. * ئۇ بۇ ئىشنى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىمۇ ئۆزمەي داۋام-لاشتۇرۇپتۇ.

**داۋاملاشتۇرۇشماق** «داۋاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تىرەك سايىسىدا قورسىقىنى ئاز-تولا ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتى.

**داۋاملاشتۇرۇلماق** «داۋاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوسمان ئۈستىدىكى سوراق تولۇق بىر كېچە داۋام-لاشتۇرۇلدى.

**داۋاملاشماق** پ ① مەلۇم ۋەقە، ھادىسە، جەريان ۋە ئىش-ھەرىكەت مەلۇم بىر ۋاقىتقىچە سوزۇلماق: شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملاشقان ئىستىبدات قارا سىياسەت غۇلجا ئىنقىلابى نەتىجىسىدە تامام بولدى. * شۇ كۈنى لۇتپۇللانىڭ كىچىك دادىسى بىلەن بولغان سۆھبىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ② توختاپ قالغان ياكى توختىتىپ قويۇلغان بىرەر ۋەقە، ھادىسە، جەريان ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ قالغان قىسمىنى ئۇلاپ ئېلىپ بارماق: يىغىن ئەتە يەنە داۋاملىشىدۇ.

**داۋاملىق** ① سۈپ. داۋام ئېتىپ تۇرغان، دائىمىي، دائىملىق: داۋاملىق ھەرىكەتلەر. ② رەۋ. ھەمىشە، دائىم، داۋامەت: مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئامىنەنى داۋاملىق ئوقۇتىمەن. * «تىرىك دۇنياغا تويماپتۇ» دېگەندەك، قاسىم ئاكام يەنە داۋاملىق پۇل تېپىشنىڭ كويىدا ئىدى.

**داۋامدا** تىر. بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىش-ھەرىكەت يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىت ئىچىدە، يۈز بېرىش جەريانىدا: ئۇرۇش داۋامىدا. ئەمەلىيەت داۋامىدا. * بۇ ئېغىر مەسىلىلەر ماليىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا ھەل قىلىنىشى لازىم.

**داۋان** I ئى ① تاغ ۋە تۆپىلىكلەرنىڭ يول ئېلىنغان، ئېشىپ ئۆتىدىغان جايى: تەلكە داۋىنى. مۇزات داۋىنى. * ئاپتوموبىل داۋاندىن چۈشكىچە ماي بەرمىدى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا

تۇسالغۇ بولىدىغان توسۇق، توسقۇنلۇق، قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەت: كەمبەغەل بولغاندىكىن، نۇرۇم دېگەندەك چوڭ توي دېگەن بىزگە چىققىلى بولمايدىغان داۋان-دە. * يول ئۇزۇن، داۋان كۆپ، بۇ يولدا ھەر خىل ھەمراھلار ئۇچرايدۇ، ئەمما مۇشكۇل سەپەر ھەممىنى سىنايدۇ. * يۇرۇش باشلاپ ئۇلۇغ يولدا، كۈرەش قىلدۇق ئاتلاپ داۋان.

**داۋان ئاشماق** ① داۋاندىن ئۆتمەك: ئۇ مەھەللىگە بېرىش ئۈچۈن، داۋان ئېشىپ، سۇ كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. ② كۆچمە. جاپا-مۇشەققەتلەرنى يەڭمەك، توسال-غۇلاردىن ھالقىماق: باشلىدىڭ مەنزىلگە بىزنى ئات سېلىپ ئاشتۇق داۋان، قالدى مۇشكۇل ئاستىمىزدا، غەيرىتىڭدىن پارتىيەم. * يادىمدىدۇر باھار ئۈمىدى، ئۇ بېغىشلار ماڭا كۈچ-دەرمان، شۇڭا ھامان تىرىشىپ جەزمەن مەرىپەتتە ئاشىمەن داۋان.

**داۋان تارتماق** داۋانغا قاراپ ماڭماق: كارۋان خېلى ئۇزۇن داۋان تارتىپ ماڭغاندىن كېيىن بىر ئايلانمىغا يېتىپ كەلدى.

**داۋان** II ئى. توقۇش دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنىڭ ئاياغ تەرىپىنى مەلۇم ئېگىزلىك-تە كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قۇرۇلما.

**داۋان تارتماق** توقۇش دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنى داۋانغا ئالماق.

**داۋان چېتىقى** توقۇش دۇكىنىدىكى داۋان شوتىسىنى تۇراقلىق تەگلىكتە تۇتۇپ تۇرىدىغان توغرا ياغاچ.

**داۋان شوتىسى** توقۇش دۇكىنىدىكى داۋاننىڭ ئىككى يان ياغىچى.

**داۋان غالتىكى** توقۇش دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنى يۆرۈشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن داۋان شوتىسىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇنچاق غالتەك.

**داۋان ئورىسى** توقۇش دۇكىنىدىكى داۋان تېشى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئورەك.

**داۋ-دەرەخ** ← **دەل-دەرەخ.**

**داۋراڭ** ئى ① داغدۇغىلىق خەۋەر، ئاتاق: ئون يىل بولدى پالتائاخۇننىڭ ئوغۇل تويىنىڭ داۋرىڭى چىققىلى، قانچىلىغان قېرىلار توي ئېشىغا ئېغىز تەگمەي ئۆلۈپ كەتتى. * ئۇنىڭدىنمۇ مىڭ تىللا مىراس قالدى، بۇ داۋراڭ ھەممە يەرگە تارالدى. ② يوغان گەپ، چوڭ سۆز، سۈرەن-چۇقان: سادىقنىڭ تۆت ئايغا مۆلچەرلىگەن قىشلىق قۇرۇلۇش پىلانلىرى تۈگمەس مەجلىس ۋە قۇرۇق داۋراڭلار ئاستىدا بېسىلىپ قالدى. * بولمىسا باغۋەننىڭ مېھنىتى ئەگەر، باققالنىڭ داۋرىڭى چۈشەتتى تەسكە. ③ داغدۇغا، دەبدەبە، ھەيۋەت: ئامانقۇل بىلەن خوجىنىياز پالۋانلار ياقۇپ ياساۋۇلنى داۋراڭ بىلەن ئەكىلىپ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشەنگەندەك يەرگە قاراپ جىم تۇرۇشتى.

**داۋراڭ سالماق** ① داۋرىڭى، دەبدەبە-سى ۋە داغدۇغىسى بار گەپ-سۆزلەرنى قىلماق؛ چۇقان-سۈرەن سالماق: ھەرھالدا ئېھتىياتچان بولۇڭلار، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئارتۇقچە داۋراڭ سېلىشتىن ساقلىنىڭلار. * ئۇ ھەدەپ مېنى «ئوغرى» دەپ داۋراڭ سالماقتا ئىدى. * — شۇنچىلىك ئىشقا داۋراڭ سېلىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، ناھايىتى تۇغقىنىڭىز تۇخۇمكەنغۇ؟ — دېدى ئانا ئۆردەك مەنستىمىگەندەك چار مېكىيانغا. ② يوغان گەپ قىلماق، پو ئاتماق: مەھەللىگە بىر تېجىمەل كېلىپ، ھەرقانداق ساقايماس كېسەلنى بىر ھەپتىدە ساقايتىپ بولىمەن دەپ داۋراڭ سالغىلى تۇردى.

**داۋراڭ قىلماق** ← **داۋراڭ سالماق:** غەيرەت داۋراڭ قىلماي ئاتنى ئاستا مىندى-دە،

كۆنچىقىش تەرەپكە ئۇچقاندەك چىپىپ كەتتى. * ئۇرمان بەرپا قىلىشتا بىرمەھەل داۋراڭ قىلىش، كېيىن ھېچكىمنىڭ كارى بولماسلىق ئەھۋاللىرىدىن ساقلىنىش لازىم.

**داۋراڭ كۆتۈرمەك** ← **داۋراڭ سالماق**: ئەزالارنىڭ غەلۋىسى بارغانسېرى ئۇلغايدى، مەن داۋراڭ كۆتۈرۈۋاتقانلارنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم-دە، ھەممىدىن بەك سۆزلەۋاتقان هارۋىكەشكە ۋارقىرىدىم.

**داۋراڭچى** ئى. داۋراڭ سالغۇچى، داۋراڭ كۆتۈرگۈچى: ئۇ داۋراڭچىنىڭ ئاغزىنى بىرئاز تۇۋاقلاپ قويۇش كېرەك ئىدى.

**داۋراڭچىلىق** «داۋراڭچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: قۇرۇق داۋراڭچىلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئەمەلىي روھ بولۇشى كېرەك.

**داۋراڭسىز** سۈپ. داۋرىڭى يوق، داۋراڭ قىلىنمىغان، جىم: ھەرھالدا بۇ ئىش داۋراڭسىز بېسىقىپ قېلىپتۇ.

**داۋزىچوپ** ئى. مەشۇت چىقىرىۋاتقان قازان بېشىدىكى گىجەك بىلەن غاغىرا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شوتىسىمان كىچىك ياغاچ سايمان.

**داۋغان** ئى ← **سۇغۇر**.

**داۋلى** ئى (خەن) ئىشنىڭ ھەقىقىتى، قانۇنىيىتى، قائىدىسى، يولى، ھەق-ناھەقلىق ئاساسى: ئوغلىنىڭ بۇنچىلىك چوڭ داۋلىلارنى قويۇپ، ئاپىسىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشنى كىم ئويلىغان دەيسىز.

**داۋلى سۆزلىمەك** ئىشنىڭ يولىنى سۆزلىمەك، قائىدە سۆزلىمەك: تەربىيىدە ھەم داۋلى سۆزلەش، ھەم پاكىت قويۇپ تەربىيە بېرىش لازىم.

**داۋلىسىز** سۈپ. داۋلىسى يوق، داۋلى سۆزلىمەيدىغان، قائىدە ئۇقمايدىغان: ئۇ بىر داۋلىسىز بىرنېمە، بازدى-كەلدى قىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

**داۋلىسىزلىق** «داۋلىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمەت بۇ ئىشتا تولىمۇ داۋلىسىزلىق قىلدى.

**داۋلىلاشماق** پ. ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ ئۆزئارا داۋلى قويۇشماق، داۋلى سۆزلەشمەك: مەن سەن بىلەن داۋلىلىشالمايمەن ھەم داۋلىلاشسامۇ ساڭا تەڭ كېلەلمەيمەن.

**داۋلىلىق** سۈپ. داۋلىسى بار، داۋلى ئۇقىدىغان: بۇ خېلى داۋلىلىق گەپ بولدى.

**داۋۇل** ئى. ئوۋغا چىققاندا، ئوۋلارنى ئۈركۈتۈپ بىر يەرگە يىغىش ۋە جەڭدە ئۆز لەشكەرلىرىگە روھ بېرىپ، قارشى تەرەپكە ۋەھىمە سېلىش ئۈچۈن چېلىنىدىغان مەخسۇس ناغرا: قازى-بەگلەر بىرلە شىكار چىقىنىم، تۇلپارىمنى ھەريان-ھەريان چاپقىنىم، ئالغۇر قۇشلار سېلىپ، داۋۇل قاققىنىم، قاراڭغۇ تاغ، دەشتى چۆللەر ئامانمۇ؟

**داۋىخور** سۈپ. داۋىسىنى بېرىپ ئەدەبلەپ تۇرمىسا ئۇنىمايدىغان: ئەزا دېگەن داۋىخور كېلىدۇ، ئۇنىڭ دورىسى تاياق بىلەن تىل. * بىزنىڭ يۇرتنىڭ بېگى داۋىخور ئادەم ئىدى.

**داۋىخورلۇق** «داۋىخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەن ئانداق داۋىخورلۇق قىلما.

**داۋىماق** پ. دىئال. داۋان ئاشماق.

**دائىر** تىر (ئە) («-غا-قا، -گە، -كە» دىن كېيىن كېلىپ) مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار، ئائىت، دائىرىسىدىكى، ئالاقىسى بولغان: تارىخقا دائىر. سانائەتكە دائىر. * تېخنىكىغا دائىر كىتابلارنىمۇ ئەكىلەيلى.

**دائىرە** ئى (ئە) ① ھالقا، ئايلانما، چەمبەر: دائىرە سىزماق. * يۇقىرىلاردىن نۇرۇل بوۋا باشلىق 20– 30 كىشى يېرىم دائىرە بولۇپ

ئۆرە تۇراتتى. * ئولتۇردۇق بىز چازا قۇرۇپ بىر دائىرە، قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە. ② مۇئەييەن چېگرا، پاسىل ئىچىدىكى زېمىن، يەر- جاي: ئۇلار دېڭىزلەر دۆلىتى دائىرىسىگە كىرىپ ئارام ئالدى.* شاخىدىن چىقىپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ دائىرىسىگە كىردۇق. ③ مەلۇم ئىش-ھەرىكەت ۋە پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى بۇ ئىش ھەرىكەت يۈز بېرىدىغان جاينىڭ مىقيا-سى، كۆلىمى: ھەرىكەت دائىرىسى. * بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سودا-سېتىق دائىرىمىز ئەنە شۇ يەرلەر بىلەن چەكلەندى. * ئۇنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى تولىمۇ كەڭ. ④ چەك، چېگرا، چەكلىمە، رامكا: يېزا-شەھەرلەردە ئەمگەكچىلەرنىڭ يەككە ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن دائىرىدە... مۇۋاپىق راۋاج تېپىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. * بىر ئىشچىغا رۇخسەت بېرىش كارخانا باشلىقىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش. ⑤ (كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار،-لەر» بىلەن كېلىپ) بىرەر كەسىپ، ساھە ياكى تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر توپىنى بىلدۈرىدۇ: ھۆكۈمران دائىرىلەر. شەرىئەت دائىرىلىرى. * سابىق ھۆكۈمەت ھەربىي دائىرىلەرنىڭ تۇتقان سىياسىتىنى دېگەندەك قاتتىق تەنقىد قىلغانىدى. ⑥ (كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، -لەر» بىلەن) بىرەر دۆلەتنىڭ پايتەخت نامىنىڭ كەينىدە كېلىپ، شۇ دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ: موسكۋا دائىرىلىرى. بېيجىڭ دائىرىلىرى. ⑦ جۈملىسى، ئىچى، تەركىبى: مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلى ئادەتتىكى سەۋىيىدە بولۇپ، نورمال ھالەتتىكى باللار دائىرىسىگە كىرىدۇ. * ئوبراز – بىرخىل ئومۇمىي چۈشەنچە بولۇپ، تىلىمىزدىكى كۆركەم، جانلىق ۋە كونكرېت سۆزلەرمۇ ئوبراز دائىرىسىگە كىرىدۇ. ⑧ خىل، تۈر: شەيئىلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە تەرەققىياتى چەكسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر مۇئەييەن پەيتتە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان نەرسە ئىككىنچى بىر مۇئەييەن پەيتتە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەرسىگە ئۆزگىرىدۇ.

**دائىرىلەنمەك** «دائىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوتتۇرا دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى ئايۋان سارايدا بىر پارچە يەر كۆك پەردە بىلەن دائىرىلىنىپ، گىرىمخانا قىلىندى.

**دائىرىلىك** سۈپ. دائىرىسى بار، دائىرىسى بولغان، دائىرە شەكلىدىكى: نۇقتىلىق ئوقۇش ۋە دائىرىلىك ئوقۇش. * شۇنداق قىلىپ، ئاۋۋالقى كىچىك دائىرىلىك قەشقەر ئورنىدا 15 يىل ئەتراپىدا بىرگۈزەل يېڭى ئاستانە قەد كۆتۈردى.

**دائىرىلىمەك** پ. دائىرە ئىچىگە ئالماق، پاسىل ئىچىگە ئالماق، دائىرىسىنى بەلگىلىمەك: تاشقىرىغا تاقاپ ياسالغان كىچىك بىر قاش كۆلنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى دائىرىلەپ، كىچىك بىر كۆلچەك ھاسىل قىلغانىدى.

**دائىم** رەۋ (ئە) ھەمىشە، ھەرچاغ، ھەممە ۋاقىت، ھەرقانداق ۋاقىت: دائىم ئەسلەپ تۇرماق. دائىم كېلىپ-كەتمەك. * كىشىلەر دائىم يىلنىڭ ئىشى باھاردىن، كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن دەيدۇ. * گۈزەل خىسلەت بىلەن دائىم ياشاپ ئۆت ئەھلى ئىنساندەك.

**دائىما** رەۋ (ئە) دائىم: ھەممە ئادەمنىڭ ئىككى مۈرىسىدە پەرىشتە بار، ئۇلار بىزنىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرىمىزنى دائىما خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. * ياگراپ تۇرار دائىما شاد مۇقامىغا سازىمىز.

**دائىملاشتۇرماق** «دائىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك.

**دائىملاشتۇرۇلماق** «دائىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەكتىپىمىزدە «تۆت گۈزەل»، «بەش بولۇش» پائالىيىتى دائىملاشتۇرۇلدى.

**دائىملاشماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت دائىملىق ھالەتكە كەلمەك: سىلەردە سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ دائىملىشىشى تازا دېگەندەك ئەمەسكەن.

**دائىملىق** سۈپ. دائىمىي: ئۇ زامانلاردا نامراتلارنىڭ خۇشاللىقى بىردەملىك، قايغۇ-ھەسرىتى دائىملىق ئىكەن. * جۇغراپىيىلىك مۇھىت، شۇبھىسىزكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ دائىملىق ۋە زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى.

**دائىمىي** سۈپ (ئە) دائىم بولۇپ تۇرىدىغان، ھەممە ۋاقىت داۋام قىلىدىغان، ھەمىشە مەۋجۇت بولىدىغان: ئۇلار توقۇنۇش بولۇپ قالغان تەقدىردە تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەتتا دائىمىي تەشكىلاتلارنى قۇرىدۇ.

**دائىمىي كومىتېت** پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا كۈندىلىك ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ئورگان: خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى.

**دائىمىي ھەيئەت** ← **دائىمىي كومىتېت:** ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئىتى. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى.

**دايى** ئى (خەن) كونا. ئامبالنىڭ خىزمەتچىسى: ئامبال ئالدىدا دايى كەينىدە، مەن قانداق قىلاي زۇلۇم دەستىدە.

**دايمال** ئى. دىئال. ساڭگىلاپ كەتكەن شاخ ياكى قىڭغىيىپ قالغان تام قاتارلىقلارنىڭ يېرىلىپ كەتمەسلىكى، يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن تىرەپ قويۇلىدىغان ياغاچ؛ تىرەك.

**دايماق** پ. دىئال ① تەمتىلمەك، قامدىماق، باقماق. ② تىرىمەك.

**دە** يۈك ① قوشما جۈملىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، كېيىنكى بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ تېزدىن ئىشقا ئاشقانلىقى ياكى ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ھارۋىدىن چۈشتى-دە، ئۆيگە قاراپ چاپتى. ② جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ماختاش، قايىل بولۇش، سۆيۈنۈش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ناخشا دېگەننى سويىدۇ — دە، بۇ قىز. * ئەجەب ۋاقتىدا ئەسقاتتىڭ — دە. ③ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئۆكۈنۈش، ئەپسۇسلىنىش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: شۇنداق قىلىپ بۇ مال قولدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى — دە. ④ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەيىبلەش، تاپا قىلىش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ساقلىڭغا ئاق كىردى، تېخى ئادەم بولمىدىڭ -دە. ⑤ گەپكە سوراش تۈسىنى بېرىدۇ: بۇ ئاياغدىن سىزمۇ بىركىشىلىك ئېلىپسىز — دە؟ ⑥ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئارزۇ، ئىستەك تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مۇزدەك سۇ بولغان بولسا قانغۇچە ئىچەتتى-دە كىشى. ⑦ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن چۈشەنچىنىڭ يېڭى ھاسىل بولغانلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ پىتنە-پاسات سۆزلەرنى سەن يېيىپ يۈرۈپتىكەنسەن-دە. * كەينىمىزدە ماراپ يۈرۈپتىكەن-دە. ⑧ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق

ئىكەنلىكىنى كۆچەيتىش تەرزدە ئىپتىلىدۇ: ئۇمۇ جان بېقىش ئۈچۈن ئوقەت قىلىشى لازىم -دە. * مەنمۇ خەق قىلغان ئىشنى قىلدىم -دە. ⑨ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بولغىنىچىلا ئورۇندىلىشىنى بىلدۈرىدۇ: تاڭنى ئاتقۇزدۇق -دە، بىر ئامال قىلىپ. * جاۋاب بەردىم -دە، بىرنېمىلەرنى دەپ.

**دەببى ـ دۇنيا** (توغرىسى: دەپىنە ـ دۇنيا) ← **دەپىنە ـ دۇنيا**.

**دەبدەبە** ئى (ئە) ① ھاياجاننى ئۇرغۇتىدىغان، لەرزىگە كەلتۈرىدىغان كەيپىيات، قىياپەت، مەنزىرە، ھەرىكەت: كەينىدە لەشكىرى - ئالدىدا ئەلەم، قايتىپتۇ شان-شەرەپ دەبدەبە بىلەن. ② ھەددىدىن زىيادە سۆلەتۋازلىق، ھەشەمەت، تەنتەنە، داغدۇغا: ئۇ قازىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئارغىماقنى قامچىلاپ، بىرتال تۈكىدىن مىڭ تال تەر ئاققۇزۇپ، شەھەرگە دەبدەبە بىلەن كىرىپ كېلىپتۇ. * خەۋەرسىز ئىكەن شاھ يولۋاسنىڭ سەيلىسىدىن، دەبدەبىسى، تەنتەنىسى، ھەيۋىسىدىن. ③ پوپوزا، ھەيۋە: ئىمامنىياز سوپىنىڭ تاشۋىيىنى ھېچ تارتىنماستىن ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا خالىغانچە دەبدەبە قىلىشلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى.

**دەبدەبىلىك** سۈپ ① ھاياجاننى ئۇرغۇتىدىغان، لەرزىگە ياكى ۋەھىمىگە سالىدىغان: دەبدەبىلىك ھەرىكەت. دەبدەبىلىك ھەربىي يۈرۈش. * بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى بەك قاتتىق، تەھدىتلىرى دەبدەبىلىك ئىدى. * نەچچە ئون مىڭ لەشكەر دەبدەبىلىك ھالدا تاغۇدەشتلەرنى قاپلاپ يېتىپ كەلدى. ② ھەددىدىن زىيادە سۆلەتلىك، ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق: بۇ يەردە مۇختارىيەت ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا، دەبدەبىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. * قازى ئاخۇنۇم دەبدەبىلىك شايى تون كىيگەن ۋە قولىدا يوغان كالامۇللانى تۇتقان ھالدا پەلەمپەينىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرۇپ، خەلققە ۋەز ئوقۇۋاتاتتى. ③ مەردلەرچە، ئىشەنچكە تولغان: قىز سۆزلەيتتى ھاياجان بىلەن، دەبدەبىلىك ئىدى سۆزلىرى.

**دەپ** ① «دېمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشداش شەكلى. ② كۆچۈرمە بىلەن بىرىكىپ، شۇ كۆچۈرمىدىكى مەنىنى ئىزھار قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: – ھەي شۇم ئېغىز دىۋانە، ئۆيۈمدىن چىق، – دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. * ئۇنداق دېسەم، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نېمىكەن دەپ قالماڭ. ② كۆچۈرمە بىلەن بىرىكىپ، شەيئىنى شۇ كۆچۈرمىدىكى نام بىلەن ئاتاشنى بىلدۈرىدۇ: ئوغلۇمغا «تەمكىن» دەپ ئات قويدۇم. ③ كۆچۈرمە بىلەن بىرىكىپ، شۇ كۆچۈرمىدىكى پىكىرنى باھانە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ: يەرلەرنى زەي بېسىپ كەتتى دەپ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسەك، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىمىز دەپ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى چۆرۈۋەتسەك، بىزدەك پارتىيە ئەزالىرى نېمىگە كېرەك؟ ④ كۆچۈرمە بىلەن بىرىكىپ، شۇ كۆچۈرمىدىكى پىكىرنى مەقسەت قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە كۆرەي دەپ كەلدىم، مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ، سىناي دەپ كەلدىم. * باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ، گۈل تۇرار شاخى بىلەن. ⑤ كۆچۈرمە بىلەن بىرىكىپ، شۇ كۆچۈرمىدىكى ئىش – ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىكەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: شەھەر ئالىمەن دەپ شەرمەندە بولۇپتۇ (ماقال). * ئۈستىلىق

قىلمەن دەپ چاندۇرۇپ قويدى. ⑥ كۆچۈرمە
بىلەن بىرىكىپ، شۇ كۆچۈرمىدىكى گەپ
بىلەن ئەيىبلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ:
كۆلدى دەپمۇ ئۇرساڭ، يىغلىدى دەپمۇ ئۇرساڭ،
زادى قانداق قىلسا بولىدۇ. ⑦ كۆچۈرمە
بىلەن بىرىكىپ، شۇ كۆچۈرمىدە ئىپادىلەن-
گەن نەرسىنى تەلەپ قىلىش مەنىسىنى
بىلدۈرىدۇ: قانچە بۇلبۇللار مازاردا «سۆيگۈ-
نۈم» دەپ سايرىغان.

**دەپ بەرمەك** ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى
باشقىلارغا ئېيتىپ بەرمەك، سۆزلەپ
بەرمەك: ئۇ ئۆز قوشنىسى ھەققىدە بىلى-
دىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا دەپ بەردى.
* مەن ئۆيگە كېلىپ ئاكام تۇردىغا چاھار
كىتاب ئوقۇغانلىقىمنى ئەمما ئۇنىڭ مەنىسىنى
بىلمىگەنلىكىمنى، مەن تۇرماق موللامۇ مەنىسىنى
تۈزۈكرەك ئېيتىپ بېرەلمىگەنلىكىنى دەپ بەردىم.

**دەپ قويماق** ① بىرەر خۇپىيانە گەپ
ياكى ئىشنى ئاشكارىلىماق، ئېيتىپ قويماق:
ئابلىز تۈنۈگۈن ھاراق ئىچكەنلىكىڭنى ئاتاڭغا
دەپ قويدى. ② بىرەر گەپنى بىركىمگە
ئېيتىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلماق: جۇرئەت
قاسىم بوۋايغا ياردەملەشكىلى بارىدىغان
بولدى، ئۇ كېتەر ۋاقتىدا ئەھۋالنى ئوقۇتقۇچىمىز-
غا دەپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ③ ئېيتىپ
قويماق، خەۋەرلەندۈرمەك، ۋاقىپلاندۇر-
ماق: سەن خاتىرجەم كېتىۋەرگىن، مەن
كەچقۇرۇن بېرىپ ئۆيۈڭدىكىلەرگە دەپ قويى-
مەن. ④ راستىنى ئېيتماي، قارشى
تەرەپنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن،
باشقىچىرەك بىر گەپ قىلماق: گۈلناز
يولدىشى بىلەن گەپ تەرگىشىپ قېلىپ،
ئانىسىنىڭكىگە كەتتى. – قىزىم، نېمىشقا مۇنچە
كەچتە كەلدىڭ؟ – دەپ ئانىسى سورىغاندا،
گۈلناز: – نېمە ئۈچۈندۇر يىسلەرنى كۆرگۈم
كېلىپ تۇرالماي كەلدىم، – دەپ قويدى.

**دەپ كەتمەك** ① ئىشنىش، ھاياجان،
ئۆزىنى باسالماسلىق ياكى باشقا سەۋەب-
لەر تۈپەيلىدىن، ئىچىدىكى گەپلەرنى
ئايىماي سۆزلىمەك، دېمەك: ياش مەن،
تەسىرلەندۈردى بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك،
ياشا، ياشا، ياشا دەپ كەتتىم مىسىر ياشلىرى.
② تەكرار- تەكرار دەۋەرمەك: – بۇ
گەپنى نېمانچە دەپ كېتىسەن؟ – دېدى ئۇ
ئايالىغا خاپا بولۇپ.

**دەپ كەلسە گەپ تولا** بىرەر ئىش،
ۋەقە ياكى سەرگۈزەشت جەريانىنىڭ
ئۇزۇنلۇقىنى، ئۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن
ئۇزۇن ۋاقىت لازىم بولىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**دەپتەر** ئى (گرېك) ① خەت يېزىش ئۈچۈن
تۈپلەپ تەييارلانغان قەغەز: مەشىق
دەپتىرى. شالاڭ سىزىقلىق دەپتەر. * مەن
ماگىزىندىن قاتتىق قارا تاشلىق ئىككى دەپتەر
ئالدىم. ② تەسىرات، ھېسابات ياكى
كۈندىلىك كىرىم – چىقىم خاتىرىلەشكە
ئاتالغان تۈپلەپ تەييارلانغان قەغەز:
ھېسابات دەپتىرى. كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر.
* بىزدە ئېلىشلىرى بارمۇ – بېرىشلىرى بارمۇ،
غوجىدارنىڭ دەپتىرىگە قارىساقلا مانا مەن
دەپ چىقىدۇ. ③ ئوقۇش ئۈچۈن خەت
بېسىپ تەييارلانغان كىتاب: نوتا دەپتىرى.
* قانائەتنى بىخەۋەر ئالدىن ئورۇنما ئايغا
ئۇچماقتا، ساۋات ئاچماقتا قامۇستىن ئېلىپبە
دەپتىرى ياخشى.

**دەپتەرچە** ئى. كىچىك دەپتەر: قىز پەرداز
ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن كۆمۈش رەڭلىك
دەپتەرچە تاپتى.

**دەپتەرچى** ئى ① دەپتەر ياساش ۋە
سېتىشنى كەسىپ قىلغۇچى كىشى. ②

دەپتەردار.

**دەپتەرچىلىك** «دەپتەرچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**دەپتەردار** ئى. كونا. دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىم – چىقىمىنى باشقۇرغۇچى كىشى – خەزىنىچى؛ دەپتەرچى.

**دەپتەر – قەلەم** دەپتەر، قەلەم ۋە شۇ قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرى: مەكتەپ خىراجىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان دەپتەر – قەلەم خىراجەتلىرىنى ھىسامدىن زۇپەر ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

**دەپتىن** ئى. يەرلىك توقۇمىچىلىقتا ئۆرۈش يىپلارغا موكا بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئارقاق‐لارنى چىڭىتىدىغان سۈزگۈچسىمان تىغ ئورنىتىلغان قوش تاختاي.

**دەپتىن تىغى** يەرلىك توقۇمىچىلىقتا دەپتىن تاختايلىرى ئارىسىغا سېلىپ، ئۆرۈش يىپلىرىنى بىر – بىرىدىن ئاجرى‐تىپ تۇرىدىغان ۋە ئۆتكۈزۈلگەن ئارقاق يىپلارنى چىڭىتىدىغان سۈزگۈچسىمان سايمان، كۆپىنچە قومۇشتىن ياسىلىدۇ.

**دەپتىن شانىسى** يەرلىك توقۇمىچىلىقتا دەپتىننى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئىككى تال يىپ.

**دەپسە** ئى. دىئال. ئىگەرنىڭ بېلى (قوڭقىسى) ئۈستىگە سېلىنىدىغان، يۇمشاق كۆن ياكى قىرىمدىن ئىشلەنگەن كۆرپە.

**دەپسەتمەك** «دەپسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتا بالىسىغا ئۆگەت‐تى: – ئاۋۋال ئۆنچىلەرنى ئاياغ سېلىپ، ئاتقا قۇرۇق دەپسەت، ئاندىن تۇلۇققا قوشۇپ ھەيدەپ يۇمشات.

**دەپسەن** I ئى. كالتە قونچلۇق پىيما.

**دەپسەن** II ئى. دىئال. دەسسەپ يانجىغان پاخال.

**دەپسەندە** ئى. ئاياغ ئاستى: داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە، بايانخۇغا يەتكەندە. چېرىكىڭگە مىڭ لەنەت، ئەجەب قىلدى دەپسەندە.

**دەپسەندە بولماق** ئاياغ ئاستى بولماق، دەسسەلمەك: ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، خەت ئىختىيارسىز قولۇمدىن ئۇچۇپ چۈشتى... ساپ مۇھەببىتىمنىڭ قاتتىق دەپسەندە بولغان‐لىقىنى ھېس قىلدىم. * ئايرىلىپ سەندىن ئىست! ۋەيرانە بولدى خانۇمان، باغلىرىم دەپسەندە بولدى، چەيلەندى، بۇزدى قاۋان.

**دەپسەندە قىلماق** ئاياغ ئاستى قىلماق، دەسسىمەك: ئارىدا تىكەن ئۈندى، زالىم سۇلتان ماموت پاك مۇھەببىتىمىزنى دەپسەندە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

**دەپسەندىلىك** «دەپسەندە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆلدى ھۇرلۇك دەپ چېچىپ قېنىنى، قوغداپ پاك ۋىجداننى دەپسەندىلىكتىن.

**دەپسەڭگە** ئى. دىئال. ۋېلىسىپىتنىڭ تەپكىسى، پېدال.

**دەپسىمەك** پ. دەسسەپ، يانجىپ تاشلىماق، ئاياغ ئاستى قىلماق، دەسسىمەك: بۇ يانغا ئۆت، دەپسەپ بېشىڭنى يانجىماي يەنە!

**دەپشىمەك** پ. دىئال. ئات ياكى ئېشەكنى مىنگەندە تېز ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى بىقىنىغا تەپمەك؛ دېۋىتمەك.

**دەپىن** (توغرىسى: دەپنە) ← **دەپنە**.

**دەپنە** I ئى (ئە) ئۆلۈكنى يەرلىككە قويۇش، كۆمۈش: نۇرىدىن ۋەسىيىتىنى تۈگىتىپلا جان ئۈزۈپتۇ. ھەممىنى غەم بېسىپتۇ، شاھمۇ، ئەمىرلەرمۇ قايغۇرۇپتۇ. دەپنە رەسمىيەتلىرىنى ئۆبدان ئۆتكۈزۈپ كۆمۈپ قويۇپتۇ.

**دەپنە قىلماق** ئۆلۈكنى يەرلىككە كۆممەك، قەبرىگە قويماق: بىز چوڭقۇر

قايغۇ بىلەن ئۆچ كىشىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلدۇق. دۈشمەندىن ئولجا ئېلىنغان قوراللارنى ئالدۇق - تە، تاغ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتۇق. * قايغۇ ئىچىدە پامىرجان دەپنە قىلىپ يارنى، قان - ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ ئېيتىپ ھەسرەت - زارنى.

**دەپنە مۇراسىمى** ئۆلۈكنى ئۇزىتىش ۋە يەرلىككە قويۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرقاتار پائالىيەت ۋە مۇراسىملار: گومىنداڭچىلار قاچار ۋاقتىدا ئەل - يۇرتنى تالاپ، بىرقانچە ئائىلىنى قانغا بوياپ، جۈملىدىن قاسىم بەختىيارنىڭ ئائىلىسىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان، بۇنى ئاڭلىغان قوماندانلار خەلقتىن ۋەكىل ئارقىلىق ھال سوراپ، دەپنە مۇراسىمغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.

**دەپنە** II ئى <بوت> ← **لاۋر.**

**دەپنەگاھ** ئى (ئە+پ) قەبرىستان، زاراتگاھ، زاراتلىق: بۇ ئاپپاق خوجىنىڭكى دەپنەگاھى، ئۇنى ئەللەر قىلىشقان سەيرگاھى.

**دەپنە - دۇنيا** (توغرىسى: دەپىنە - دۇنيا) ← **دەپىنە - دۇنيا.**

**دەپئى** ئى (ئە) يېزت. تۈگىتىش، يوقىتىش، قايتۇرۇش: بۇ مەرەز كېسەلنىڭ دەپئى ئۈچۈن قىلىنغان دورام قالمىدى.

**دەپئى قىلماق** يوقاتماق، تۈگەتمەك، قايتۇرماق: مەلىكىنىڭ ئاۋۋالقى ئېرىدىن بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئىراق پادىشاھى ئۇ ئوغۇلنى يېنىدا تۇرغۇزۇپ، مەلىكىنى سېغىنغانلىقىنى شۇنىڭ بىلەن دەپئى قىلىدىكەن.

**دەپى - دۇنيا** (توغرىسى: دەپىنە - دۇنيا) ← **دەپىنە - دۇنيا.**

**دەپىنە** ئى (ئە) ① كۆمۈپ قويۇلغان بايلىق، خەزىنە: ئاغزىڭ قۇلىقىڭغا يېتىپتۇ-غۇ، باي غوجامنىڭ دەپىنىسى ئۈچرىدىمۇ نېمە ساڭا؟ ② <ئارخېئول> قەدىمكى زاماندا جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن تۈرمۇش جابدۇقلىرى ۋە باشقا ئومۇمىي ئىقتىسادىي مۈلۈك.

**دەپىنە - دۇنيا** كۆمۈلگەن - كۆمۈلمىگەن، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھەممە مال - مۈلۈك؛ بار-يوقى بايلىقىنىڭ ھەممىسى: ئۇنىڭدىن دەپىنە - دۇنيا قالدى دېگەندىمۇ ئۇلارنى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتكىلى بولارمىدى.

**دەتالاش** ئى. پىكىردە بىرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بىر-بىرىگە يول قويماي، ۋارقىرىشىپ گەپ تالىشىش: بۇرۇن بىر جاڭگالدا شىر، ئېيىق، مولۇن، توشقانلار ئارىسىدا «ئادەم قالتىسمۇ، ھايۋانمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭ بىر دەتالاش باشلىنىپ كېتىپتۇ. * بۇ دەتالاش ئۈستىگە كېلىپ قېلىپتۇ بىركالا، قۇشقاچقا ئېلىپ شادلىق، پاقىۋايغا بىر بالا.

**دەتالاش قىلماق** ← **دەتالاشماق:** ئۇلار ئۇزۇن دەتالاش قىلدى. * مەن تاغام بىلەن خېلى دەتالاش قىلدىم، ئاچچىقلاپمۇ باقتىم، لېكىن ئۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالدى.

**دەتالاشماق** پ. پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي تالاشماق، تالاش-تارتىش قىلماق: سۆزلۈك تاشنىڭمۇ نۇقسانى بولغىنىدەك، توي قىلغاندىن تارتىپ سەن-پەن دېيىشمەي ئۆتۈپ كەلگەن قۇددۇس بىلەن ئازادگۈل 200 كوينى قانداق خەجلەش ئۈستىدە دەتالىشىپ قالدى.

**دەتتىكام** ① ئىم. قىمارۋاز تۆت ئوشۇقنى يەرگە ئاتقان چاغدا، مەيدىسىگە ياكى پاچىقىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان سۆز: سىدىق ئاخىرى ھېلىقى ئاق تۇماققا بۇرۇلۇپ: - قاراپ تۇر، ئوشۇقنى مانا مۇنداق ئاتىمۇ، دەتتىكام، ياپىرىم جەمشىت، - دەپ

ئۇشۇقنى ئېتىپتۇ. ② ئىم. قىمارۋازلارنىڭ دو چىققانلارغا نىسبەتەن دوغا قوشۇ- لىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزى. ③ ئى. كۆچمە. قىمار: ئۇقەت قىلىشنى ئازغۇنلۇق دېدى، ھەممىنى تىكتى «دەتتكام» غىلا؛ باشقا كىيدى پۈتۈن مەھەللىنى، ھېچبىر يەرنى قويمىدى ئالا. ④ ئى. كۆچمە. تەۋەككۇل: — ھېچقىسى يوق، — پەرىزات ئويلىنىپ دېدى، — سىياسىي ئىش دېگەنگە ئازراق دەتتكام قىلماي بولامدۇ؟ غەلىبە قىلساق تامغا قولغا ئۆتىدۇ، نېمە قىلىمەن دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ.

**دەتتكام دېمەك** تەۋەككۇل قىلماق: — دەتتكام دېۋەتسىلە، زىيان تارتمايلا، — دېدى بىرى سالا قىلىپ.

**دەججال** ئى (ئە) ① <دىن> دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە قىيامەت يېقىنلاشقاندا تۇغۇلۇپ، كىشىلەرنى دىندىن ئازدۇرۇپ، ئۆز مەسلىكىگە كىرىشكە دەۋەت قىلىدىغان مەخلۇق. ② كۆچمە. ئىنتايىن ئەسكى، ئۆتۈپ كەتكەن يامان ئادەم، ئالدامچى: كۆيگىنىمنى قىلدى بۇرنۇمدىن بۇلاق، ۋاي ئىست، دەججالنى جانان دەپتىمەن. * كىمدەكىم چىقسا ئەگەر ئەل بەختىگە دەججال بولۇپ، دەس تۇرۇپ قەھرىڭ بىلەن ھەم باغرىنى يارار ئەردىڭ.

**دەخلى** ئى (ئە) ① ئارىلىشىش، مۇناسىۋەت، ئالاقە: پۇل ۋە مۇھەببەت — بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە قىلچە دەخلىسى يوق. ② توسقۇن، ھالاقەت، كاشىلا، تەسىر: كۆچەتنى تىككەندىن كېيىن، ئۇنى دەخلىگە ئۇچراتماي، تۈۋىگە پات-پات سۇ قۇيۇپ ئاسراش لازىم.

**دەخلى بەرمەك** تەسىر بەرمەك، ھالاقەت بەرمەك، توسقۇنلۇق قىلماق: قىيا-چىيا قىلساڭ، باشقىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا دەخلى بېرىپ قويىسەن.

**دەخلى بولماق** توسقۇن، توسالغۇ بولماق؛ كاشىلا قىلماق: لېكىن سۆگەت كۆن توسۇپ، دەخلى بولغاچ ئۆسۈشكە، قارار قىلىپتۇ كىشىلەر ئۇنى تۈپىدىن كېسىشكە.

**دەخلى قىلماق** توسقۇنلۇق قىلماق، يامان تەسىر يەتكۈزمەك: كۆزەينەكنىڭ سېپى ئۇنىڭ كۆرۈشىگە دەخلى قىلمايدۇ (ماقال). * ئۇنىڭغا پەسىللەرنىڭ قايسى تەرىقىدە كېلىشىنىڭ كارايىتى چاغلىق، پەقەت ئۆزىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشىغا دەخلى قىلمىسىلا بولغىنى، ھامان ئۆزگەنگىنى ئۆزگەنگەندى.

**دەخلى يەتمەك** يامان تەسىر يەتمەك، كاشىلىسى تەگمەك، توسالغۇ بولماق: بۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ ئىشىغا بىرمۇنچە دەخلى يەتتى. * تارىخنى ئۈزۈپ قويغىلى بولمايدۇ، ئەگەر بىز ئۆتكەنكى مەسىلىلەرنى چۈشەنمىسەك، ھازىرقى مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىمىزگە دەخلى يېتىدۇ. * دېھقانىنىڭ ئاكتىپلىقىغا، مەنپەئىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

**دەخلى - تەرۇز** توسقۇنلۇق ۋە قارشىلىق، چېقىلىش ۋە تېگىش: بەزى جايلاردا... دەخلى – تەرۇزلەر قاتتىق چەكلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتماقتا ۋە ئەندىشىگە چۈشمەكتە.

**دەخلىسىز** سۈپ. توسقۇنلۇق ۋە دەخلى تەرۇزدىن خالىي، ھەر قانداق زەرەر ۋە خېيىم-خەتەرلەردىن قوغدىلىدىغان؛ ھىمايە قىلىنىدىغان: سوتسىيالىستىك قانۇنلاردا جامائەت مۈلكى مۇقەددەس ھەم دەخلىسىز دېگەن سوتسىيالىزم پرىنسىپى بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

**دەخلىسىزلىك** «دەخلىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پۇقرالارنىڭ قانۇندا بەلگىلەن-

گەن ئىززەت – ھۆرمىتىنىڭ دەخلىسىزلىكى تولۇق ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك.

**دەخمىزە** ئى (ئە) ئارتۇقچە باش ئاغرىقى، تەشۋىش، يۈك، ئېغىرچىلىق، پۈتلىكاشاڭ: رەشىك-ئادەملەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان ۋە ئايرىپ تاشلىيالايدىغان بىرخىل دەخمىزە ۋە مەرەزدۇر.

**دەخمىزە بولماق** ئارتۇقچە باش ئاغرىق، پۈتلىكاشاڭ، يۈك بولماق: ئايشەمنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى تۇرغۇن ئۈچۈن تولىمۇ دەخمىزە بولدى.

**دەرە** (توغرىسى: دەررە)← **دەررە**.

**دەرەخ** ئى (پ) <بوت> غولى ئېگىز ۋە يوغان، ئاساسىي غولى بىلەن شاخلىرىنىڭ روشەن پەرقى بولغان، كۆپ يىللىق، ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**دەرەخ ھەرىسى** <زوئول> بىرخىل ھاشارات. تېنى يۇملاق كاناي شەكلىدە، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى يىپ شەكلىدە، باش كۆكرىكى قارا رەڭدە كېلىدۇ. كېيىنكى كۆكرىكىدە ئىككى دانە توغرا ئېرىقچىسى بولۇپ، چىشىسىنىڭ قورسىقى سېرىق، قۇيرۇق قىسمىدا شەمشەر شەكىللىك ئۆسۈكى ۋە كونۇس شەكىللىك تۇخۇم سېلىش ئورگىنى بولىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ تېنى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ سۈت رەڭگىدە كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ قارىغاينىڭ زىيانديشى ھېسابلىنىدۇ.

**دەرەخ يېلىمى** <خىم> بەزى ئۆسۈملۈك-لەر (مەسلەن، شاپتۇل، ئۆرۈك، جىگدە قاتارلىقلار) ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان يېلىمسىمان ماددا.

**دەرەخزار** ئى (پ) ← **دەرەخلىك**: دەرەخزار ئارىسىدا سايرار كاككۇك، تۇمۇچۇق ئۇن قاتىدۇ ئاڭا تىنماي.

**دەرەخزارلىق** ئى ← **دەرەخلىك**: قىز دەرەخزارلىقتىكى بىر ئورۇندۇقتا يالغۇز كىتاب كۆرۈپ ئولتۇردى.

**دەرەخسىز** سۈپ. دەرىخى يوق، دەرەخ ئۆسمىگەن: دەرەخسىز ھويلىغا كىرسەم بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى، بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم، سىېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

**دەرەخسىمان** سۈپ. دەرەخكە ئوخشايدىغان، دەرەخكە ئوخشاش شاخلانغان: ھۆجەيرە ئۆسۈكچىسى ھۆجەيرە تېنىنىڭ سىرتقى قىسمىدا بولۇپ، دەرەخسىمان ئۆسۈكچە ۋە ئوقسىمان ئۆسۈكچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**دەرەخلىك** ئى. نۇرغۇن دەرەخلەر توپ ياكى تۇتاش ئۆسكەن يەر: شۇ چاغدا يول بويىدىكى دەرەخلىكتىن بىر ئاچكۆز بۆرە ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

**دەرەش** ئى (پ) مۆلە، توقۇم، چوم قاتار-لىقلارنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، يىپنى ئۆچىغا ئىلىپ قويۇپ تارتىدىغان چوڭ بىگىز.

**دەرەڭگە** ئى ① كالتەك، تاياق، توقماق: كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماپتۇ، ئەرگە تەگكەن دەرەڭگىدىن قورقماپتۇ (ماقال). * ئەرزىڭ بولسا بەش پۇللۇق، قەرز ئېلىپ بار ئۇن تەڭگە، سورىمايدۇ بولمىسا، ئۆزۈڭ يەيسەن دەرەڭگە. ② كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتمەس-لىكى ئۈچۈن تىزىغا تېگىپ تۇرغۇدەك قىلىپ، بويىنغا ئېسىپ قويۇلىدىغان كالتەك: نېرىراقتا دەرەڭگە ئېسىلغان بىر قاشقا كالا موزىيى بىلەن ئوتلاپ يۈرەتتى. ③ قولغا ئۆگىتىلىدىغان قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ كەتمەس-لىكى ئۈچۈن باشبېغىغا چىگىپ قويىدىغان ھەم قونداقلىق رولىنى ئوينايدىغان

كىچىكرەك كالتەك: — ئاغىنە، — دېدى ئۇ نىيازغا، — ئۆي دېگەنمۇ خۇددى قۇشنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويغان دەرەڭگىدەك بىرنېمە ئىكەن. ئۆينى تاشلاپ قەيەرگە كېتەلەيمىز.

**دەرەم** (توغرىسى: دەرھەم) ← **دەرھەم.**

**دەربەدەر** سۈپ (پ) يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان، سەرسان ۋە سەرگەردان بولغان، ساياق: دەربەدەر كىشىنىڭ بارمايدىغان يېرى، كىرمەيدىغان تۆشۈكى بولمايدۇ. // بۇ ئۆلۈم يالغۇز ئۆلۈم، بارچىگە كەلگەن ئۆلۈم، ھەزرىتى ئادەمئاتانى دەربەدەر قىلغان ئۆلۈم.

**دەربەست** رەۋ (پ) تەڭ، بىللە، باراۋەر: بىر يىللىق تاغ سەپىرىنى كۆڭۈللۈك ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا مەغرۇر ۋە دەربەست قەدەم تاشلاپ، ھېيتگاھنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى بىر بوشلۇققا بېرىپ توختىدى.

**دەرپەردە** ئى (پ) ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ پەردىسى ياكى ئۆينىڭ مەلۇم بۆلىكىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە: مەن ئۆيگە كىرىشىمگە، قىز غىپ قىلىپ دەرپەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

**دەرد** ئى (پ) ① كېسەللىك ئازابى، ئاغرىق: دەرد قىلماق. دەردكە چىلىقماق. * يۈز پىچاقنىڭ دەردىنى بىر پىچاقچە كۆرمىدىم، مىڭدىن بىرنى ئاشىق ئەتتىم، بىرسىنىڭدەك كۆرمىدىم. ② كۆچمە. روھىي ئازاب، ئەلەم، غەم-ئەندىشە، ھەسرەت-نادامەت: چوڭقۇر دەرد. ئىشق دەردى. ھىجران دەردى. * دەردى يوققا ۋاي چىشىم دېمە (ماقال). * ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزى ئۈچۈن تۆگىدىن يوغان (ماقال). * مانا ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى ئىزلەپ تاپالمىغان گۈلجەملە قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن دەردنىڭ ئازابىدىن غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىئارام بولۇپ يۈرەتتى. * ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە، ھەسرەت ئىچىمدە، چىقماس ئوتنى سېلىپ قويدۇڭ دەردىم ئىچىمدە. ③ بىرەر ئېھتىياجلىق نەرسىنىڭ كەملىكى، يوقلۇقىدىن كېلىپ چىققان غەم-غۇسسە، باش قېتىمچىلىقى: سىلى ئەر، مەن خوتۇن، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۆيدە نېمە يوق بولسا، شۇنىڭ دەردى سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ تەڭ ئەمەسمۇ؟

**دەرد بولماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە كىشىگە كۆڭۈل ئاغرىقى بولماق، روھىي ئازاب بولماق.

**دەرد تارتماق** ① ئاغرىق ئازابىنى چەكمەك: بۇ مەرەز كېسەلنىڭ دەردىنى ئەجەبمۇ ئۇزۇن تارتتىم. ھېچ ئۈگلىنىپ كېتەلمىدىم. ② روھىي جەھەتتىكى قايغۇ-ئەلەمنىڭ ئازابىنى بېشىدىن كەچۈرمەك، ئازابلانماق: دادام دائىم ئۆتمۈشتە بىللە دەرد تارتقان ھەمراھلىرى بىلەن ئۆتمۈش ۋە ھازىرقى كۈنلەر توغرىسىدا پاراڭ قىلىشاتتى.

**دەردتە قالماق** مەقسەتكە يېتەلمەي بارمىقىنى چىشلەپ قالماق، ئارماندا، ھەسرەتتە قالماق: بوز دۆڭنىڭ تەقدىرى بولىدۇ نېمە، سۇ ئەگەر كېچىكسە پەقەت بىر ھەپتە؟ ئالتاي ياز تەر تۆككەن جاپاكەش دېھقان سامانىنى قۇچاقلاپ قالامدۇ دەردتە؟!

**دەردتە كەتمەك** ئارزۇ-ئارمان، مۇراد-مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتمەك.

**دەرد تۆكمەك** كۆڭلىدىكى دەرد-ئەلەملىرى، ئۇچرىغان ناھەقچىلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلماق، شۇ ھەقتە باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمەك: دەرد تۆكۈش يىغىنى. * بۇ چوكان ئېرى ئۈستىدىن دەرد تۆكۈپ

يىغلاپ، نەچچە قول ياغلىقنى ھۆل قىلىپ بولدى.

**دەرد چەكمەك** ← **دەرد تارتماق**: ئۇلۇغۋار غايە كويىدا قانات قاق، بول بەلەن ھىممەت، تەلەپ دەشتىدە قانچە دەرد چېكەرسەن نالە-زار قىلما.

**دەرد قىلماق** ئاغرىق كىسرگۈزمەك، ئاغرىقنى كۆچەيتمەك: «كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت» دېگەن گەپ بار، بۇ، قولنىڭ زەھرى كۆزگە دەرد قىلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

**دەردكە دەرمان بولماق** بىشىغا ئېغىرچىلىق چۈشكەن ياكى موھتاجلىقتا قالغانلارغا ۋاقتىدا ياردەم قىلماق، ھەمدەمدە بولماق، ھاجىتىدىن چىقارماق: كەلدى ئۆلكەمگە گويا لوقمان بولۇپ، تەنگە قۇۋۋەت دەردكە دەرمان بولۇپ.

**دەردكە قالماق** بىرەر ئېغىرچىلىققا، باش قېتىمچىلىقىغا، روھىي ئازابقا، غەم-غۇسسىگە يولۇقماق: ئارقاڭدىن قاراپ تۇرسام قارا كۆزۈم تالغۇچە، ئويىنىسام بولمامدۇ مۇنداق دەردكە قالغۇچە.

**دەرد كەلمەك** بېشىغا ئېغىرچىلىق، مۈشكۈللۈك چۈشمەك؛ بىرەر پالاكەتچىلىككە يولۇقماق: دوستۇڭغا دەرد كەلسە، دۈشمىنىڭنىڭ تويى بولار (ماقال). * دەرد كەلگەندە دەرمان كېتەر (ماقال). * ئويىناشتا، راھەتتە سەن بىللە بولۇپ، دوستۇڭغا دەرد كەلسە قاچساڭ زور گۇناھ.

**دەرد ئېيتماق** ① بىر دەرىجە يۇقىرى ئورۇنغا ياكى تەشكىلىي ئورۇنلارغا بىرەر ناھەقچىلىك توغرىسىدا ياكى بىركىم بىلەن بولغان ئىختىلاپ توغرىسىدا ئەرز ئېيتماق: شۇ ھالدا ئۇ شەھەرگە، ئاكىسىنىڭ ئىدارىسىغا دەرد ئېيتقىلى ماڭدى. ② ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان بىركىم بىلەن سىردىشىپ، ئۇنىڭغا ئىچىدىكى غەم-غۇسسە، ئارزۇ-ئارمان، سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرمەك: ھاتەم بېرىپ يىگىتكە سالام بەردى، ئەھۋال سورىدى. يىگىت «ياخشى كىشى بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا دەردىمنى ئېيتسام، ئېھتىمال ئىلاجىنى قىلالىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى.

**دەردى بىداۋا** ساقايمايدىغان، داۋاسى يوق، تۈزەلمەس دەرد.

**دەردى چىقماق** ① بىركىمگە دەيدىغانىنى دەۋالغانلىقى ۋە بىركىمدىن ئەنتىنى ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىچى بوشىماق: — ماڭ بالام، — دېدى ئۇ بالىسىغا، — بۇ نومۇسسىزغا تازا دەۋالدىم، ئەمدى دەردىم چىقتى. ② تارتقان جاپا-مۇشەققىتى، قىلغان ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەندىن كېيىن رازى بولماق، ئارمىنى تۈگىمەك: — باللىرىم، — دېدى دادا، خۇددى قىرقىپ قويغاندەك تەكشى ئۆسۈۋاتقان كۆچەتلەرگە قاراپ، — بۇ قاقاسلىقنى باغ قىلىمىز دەپ بىرقانچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن جاپا چەكتۇق، جىق تەر ئاققۇزدۇق، كۆپ ئەجىر قىلدۇق، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۇنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تەگسەم دەردىم چىقاتتى.

**دەردىگە داۋا رەنجىگە شىپا بولماق** ← **دەردىگە دەرمان بولماق**: ياخشىمۇ بىر-ئىككى تېۋىپىمىز بار ئىكەن، قولىدىن كېلىشىچە، خەقنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇپ يۈرىدۇ.

**دەردىگە دەرمان بولماق** ئاغرىق، مۈشكۈلات باشقا ھەرخىل روھىي ئازابلارنى يەڭگىللىتىشكە مەدەت ۋە ياردەمدە بولماق: زەيتۇنەم: — سەن دوختۇرغۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن خەق بىلەن ئۇرۇشماسلى-

قىلىڭ، ياردارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشۇڭ لازىم – دە! – دېدى مەلىكەمگە. * ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئىنتايىن ئىشلەمچان ئايال بولۇپ ئېرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىكەن.

**دەردىگە دەرمان قىلماق** هاجىتى ئۈچۈن ئىشلەتمەك: – خوتۇن، بۇقىنى بېقىش بىزگە ئېغىر كېلىۋاتىدۇ... ۋاقتىدا سېتىپ دەردىمىزگە دەرمان قىلايلى، – دەپتۇ چوقۇق ئوردۇققا.

**دەردىگە يەتمەك** بىركىم دەرد ئېيتسا، ئۇنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ هېسداشلىق قىلماق؛ هالىغا يەتمەك: – هەي ئانا، سىلى مېنىڭ دەردىمگە يېتەلمەيلا، – دەپتۇ هەسەن. * لەيلىخان، ئوغلۇم مەردان، زۆهرە خېنىم ۋاڭنىڭ قىزى بولسىمۇ، پۇقرالارنىڭ دەردىگە يېتىدۇ.

**دەردىنى ئالماق** ئۆزىنى دەردتە قويغان بىركىمدىن ئەنت ئالماق، ئىنتىقام ئالماق: – خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ، سىز ئۇنىڭدىن دەردىڭىزنى قانداق ئالماقچىسىز؟ – دەپ سورىدى. * بەزىلەر: « قويۇپ بېرىڭلار، دەردىنى ئېلىۋالسۇن! » دېيىشتى.

**دەردىنى باسماق** دەرد-ئەلەم، قايغۇ-هەسرىتىنى باشقا بىرەر ئىش بىلەن مەلىكە بولۇش يولى ئارقىلىق ئۇنتۇماق، ئۆزىنى ئۆزى بەزلىمەك: ئۆزغۇچا ئەمەت بولسا ئۆز ئادىتى بويىچە غېجەكنى قولىغا ئېلىپ، كۆڭلىنى مۇقام بىلەن بەزلەيتتى. قاسىم قىزىق بىلەن ئەنسارى قوللىرىغا داپ ئالاتتى – دە، ناخشا بىلەن دەردىنى باسماقچى بولاتتى.

**دەردىنى تارتماق** ئېغىرچىلىقنى، جاپاسى-نى كۆتۈرمەك: سېنىڭ ئۈستۈڭدىن بىرمۇنچە گەپلەرنى دەپ سالدىم، « تەرەپ كېسلى » ئاشۇنداق قىلدۇردى. مېنىڭ كاساپىتىمنىڭ دەردىنى تارتىۋالدىڭ، ئۇستام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنىمۇ بۇزدۇم، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت-سەڭ. * ئۇنىڭ مائاشى بولغىنى بىلەن يەتتە بالىسى بار، ئۇ ئۆز بالىلىرىنىڭ دەردىنى تارتىسىمۇ چوڭ ئىش.

**دەردىنى ئىچىدە بىلمەك** تارتقان دەرد-ئەلىمىنى، ئازابىنى هېچكىمگە ئېيتماسلىق: مۇبارەك دەردىنى ئىچىدە بىلىپ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

**دەردىنى ئىچىگە يۇتماق** مەلۇم سەۋەب-لەر بىلەن ئۆز دەردىنى هېچكىمگە تىنماستىن ئۆزىلا بىلىپ ئۆتمەك: – شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلدىم، – دەپ هېكايىسىنى تۈگەتتى ياسىن قادىر. * بىر ئالايدى باشلىق شۇندا ۋە لېكىن، زورغا يۇتتى ئىچىگە بۇ دەردىنى، تىلىدىم مەن ئەمدى باشلىق بىلسىدى، شوپۇرلارنىڭ ماشىنىنىڭ قەدرىنى.

**دەردى ئۆتمەك** دەرد-ئەلىمى، ئازاب-ئوقۇبىتى يەتمەك: ئاتام هايات، ئانام هايات، تىرىك يېتىم بولۇپ قالدىم. ئۆگەينىڭ دەردى بەك ئۆتتى ئەزىز جاندىن تويۇپ قالدىم.

**دەردى ئىچىگە پاتماي** تارتقان دەرد-ئە-لىمى ئىزا-ئاهانىتىگە چىدىماي: مېنى مەست بولۇپ قالدىمىكىن دېيىشمىسلە، مەن مەست ئەمەس، لېكىن دەردىم ئىچىمگە پاتماي يىغلاۋاتىمەن.

**دەردى يامان** مۇھەببىتى، سۆيگۈسى قاتتىق: يامانىنىڭ دەردى يامان. چىرايلىقنىڭ دەردى يامان، سەتنىڭ هالى يامان (ماقال). * كېيىن ئۇستام شۇ يەردىكى بىر تۇغماس خوتۇنغا بۇزۇلغانىكەن، هەپتە ئۆتمەي توي قىلىۋالدى. هەممە نېمىدىنمۇ بالا دەردى يامان ئىكەن.

**دەرد يەتمەك ← دەرد كەلمەك.**

**دەرد - ئەلەم** دەرد، ئەلەم ۋە شۇ خىلدىكى روھىي ئازابلار: ئەمما دىلبەر بۇ تىل - ھاقارەتكە بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى. قىز گويا ھەممە دەرد-ئەلىمنى كۆز ياشلىرى بىلەنلا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئېزىلىپ يىغلىماقتا. * تەبىئەتنىڭ يىغىسىنى جەم قىلىپ، ئۆلۈك سۈدەك ئاقاتتىڭ سەن يولۇڭدا. دەرد - ئەلەمدىن باغرى گويا قان بولغان، كەمبەغەللەر ياش تۆكەتتى بويۇڭدا.

**دەرد - ئەلەم يەتمەك** خىلمۇخىل روھىي ئازابلارغا دۇچار بولماق، يولۇقماق: ئەي ئوغلۇم ئەدھەم، ساڭا نېمە بولدى؟ ساڭا كىمدىن دەرد - ئەلەم يەتتى؟ نېمە ھاجىتىڭ بار؟

**دەرد - ئەھۋال** يولۇققان دەرد ۋە ھال - ئەھۋال: كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ پەرزەنت ئەسكەرلەرنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيدىغان، ئىشىنىدىغان، دەرد - ئەھۋالىمىزغا يېتىدىغان بولدى.

**دەرد - پىراق** ئايرىلىش، ھىجراننىڭ روھىي ئازابلىرى، ئايرىلىش دەردى: كېتىمەن شول ئايكۆلۈمنىڭ قاشىغا، ئاپتاپ چاقسا سايە بولاي باشىغا. بولاي دەيمەن ئايكۆلۈمنىڭ ياغلىقى، دەرد - پىراقتا كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

**دەرد - پىغان** خىلمۇخىل روھىي ئازاب ۋە بۇنىڭدىن ئىپادىلەنگەن داد-پەرياد، نالە، دەرد ۋە پىغان: چال دوستۇم، دۇتارىڭنى، چال مۇقامغا، ئاڭلىسۇن مەشرەپ، ناۋايى، ھۇۋەيدا، تىڭشىسام شۇ قىز تارتقان دەرد-پىغانىنى، سەنەم، زۆھرە كۆز ئالدىمدا بولۇر پەيدا.

**دەرداش** ئى ① باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىپ ئۇنىڭ غېمىنى يېگۈچى، ھەمدەرد: تالىپ ئاشۇ كۈنلەردە مېنى تاشلىماي، مۇڭ - زارىمغا يەتكەن بىردىنبىر دەرددېشىم بولۇپ ئۆتكەنىدى. ② بىر كىشىم بىلەن دەردنى تەڭ تارتقان، ئۇنىڭ بىلەن دەردى ئوخشاش كىشى: - نېمە دېگىنىڭلار بۇ؟ ئاڭلىساڭ بىلىسەن دەرداش، - دەپتۇ بىرى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ. * جەم بولۇپتۇ مېھرىبان يۇرتداشلىرىم، ئاھ، ئەزىز يولداش-لىرىم، دەرداشلىرىم.

**دەردلەشمەك** پ ① ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ دەردلىرىنى تۆكۈشمەك، ئېيتىشماق: قاسىم ۋە مەن ئىككىمىز بىركېچىنى شۇ يەردە ئۆت-كەن- كەچكەنلەرنى ئېيتىشىپ دەردلەشكەچ ئۆتكۈزدۇق. ② دەردلىك ھالەتكە كەل-مەك، دەردكە تولماق: بۇ پىتنىلەرنى ۋە بولمىغۇر سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم تېخىمۇ دەردلىشىپ، ئۆرتىنىپ كۆزۈمدىن ئۇيقۇمۇ قاچتى.

**دەردلىك** سۈپ. ① دەردى بار، دەرد - ئەلەم چەككەن: مېھرىبانىم ئانا! غەم - قايغۇلار ئىچىدە قالغان دەردلىك ئوغلۇڭ روزىدىن سالام. * بارچە يىغلار ئاھ ئۇرۇپ، دەردلىك كىشىدۇر بەلگىلىك، دىل كۆيۈپ كۆزدىن تۆكۈلگەن دەردلىك ياش ئۆزگىدۇر. ② دەرد - ئەلەمنى ئىپادىلەيدىغان، مۇڭلۇق: ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلارمۇ ئۆز تەقەززاسىنى تەقىب ئاستىغا ئېلىپ خانقىزنىڭ دەردلىك سۆزلىرىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. * ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ دەردلىك كۆز يېشىنى يات ئادەملەر تۇرماق، يۈرەك - باغرىنى يېرىپ چىققان ئارزۇلۇق قىزى زەينەپتىنمۇ يوشۇراتتى. // ئاھ دەپ ئويغىنىپ كەتتىم، دەردلىك تولغىنىپ كەتتىم. باغۇەن قىز، قاچان دەيمەن مۇرادىمغا مەن يەتتىم ؟ ③ دەرد - ئەلەم چېكىپ، دەردكە تولۇپ ئۆتكەن:

نەزەر سېلىپ ئۇزاققا ھېكايەمنى باشلىدىم. ئەسكە چۈشۈپ دەردلىك كۈن، كۆزلىرىمنى ياشلىدىم.

**دەردمەن** سۈپ (پ) دەردى بار، دەرد – ئەلەم چەككەن، دەردلىك: ئۇلار يەنە مەخسۇت بەگنىڭ تاڭ ئالدىدا دەردمەن خەلقتىن ئۆچ ئېلىپ، توختىئاخۇننى قۇربانلىق قوي قىلىپ، ھە دەپ ئاچكۆزلۈك بىلەن بايلىق توپلاپ خەلق ئازادلىق ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. * دەردمەن قىزنىڭ بۇ بۇلاقتا يۈتكەچ ئارامى، شۇ قىسمەت-تىن «دەردمەن بۇلاق» بولغانىدى نامى. // دېدى نېچۈك داۋا بولمايدۇ دەردكە؟ نېچۈن دەردمەن داۋا كۈتمەيدۇ دەردكە؟

**دەردمەنلىك** «دەردمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ساۋۇرئاكام ئۆتمۈشتىكى دەردمەنلىكىنى ئېچىنىشلىق قىلىپ سۆزلىدى.

**دەرد – ھەسرەت** دەرد ۋە ھەسرەت: ئۇ دەرد- ھەسرەت ۋە نومۇس ئازابى ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى.

**دەردۇئەلەم** دەرد ۋە ئەلەم.

**دەردۇبالا** دەرد ۋە بالا؛ خىلمۇخىل روھىي ئازاب ۋە جاپا- مۇشەققەت: مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان دەردمەن يۈرەكلەر بۇ شېئىرلارنىڭ شىپالىق ۋەسلىدىن دەرمان ئالاتتى. زاماننىڭ دەردۇ بالاسىدىن ساقايماس كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغان خەستە دىللار داۋالىنىپ ئەسلىگە كېلەتتى.

**دەردىسەر** ئى (پ) باش ئاغرىقى، باش ئاغرىيدىغان ئىش، ئارتۇقچە تەشۋىش: مۇنداق ئويىنى ئويلىماق بىردەردىسەر، ئەمما مەندە بۇنداق ئويدىن يوق ئەسەر. شۇڭا قىممەتلىك ھاياتلىق مەن ئۈچۈن، ياشىماق بەختىم ئەمەسمۇ سەن ئۈچۈن. // مۇشۇ دەردىسەر قىچىنى يىغىۋېلىشتىن مىڭ مەرتىۋە كەچسەم نېمە بولىدۇ.

**دەردىسەرلىك** «دەردىسەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: – بۇ ئىشنىڭ دەردىسەرلىكىنى دېمەمدىغان، – دېدى ئەكبەر ئاخىرقى جۈملىنى ئېغىزدىن چىقىرىۋېتىپ نەزىرىنى ئىشخانىدا ئولتۇرغان ھەممەيلەنگە ئاغدۇردى.

**دەررە** ئى. كونا. ئۆچ – تۆت قەۋەتلىك چەم ئارىسىغا قۇم ئېلىپ تىكىلگەن ياغاچ ساپلىق پالاق. ئۆتمۈشتىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ ئەدەبلەش ۋە جازا قوراللىرى-دىن بىرى: قازى ئەھۋالنى ئۇقۇپ توققۇز ئوغۇلنى 40 تىن دەررە ئۇرغۇزۇپتۇ.

**دەررىگە باسماق** جازالاش ئۈچۈن ياتقۇزۇپ، دەررە بىلەن ئۇرماق: دەرىخا، يىگىت جەستى دالىدا قېلىپتۇ ناكەسلەر نۇزۇكئايىنى تۇتۇپ باغلاپتۇ. ئەكىلىپتۇ كېچىلەپ ئۇنى دارىن ئالدىغا، باستۇرۇپتۇ بىچارىنى دەررە-تاياققا.

**دەررۇ** رەۋ (پ) كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەي، تېزلىك بىلەن، دەرھال: ھېلىقى ئىشچى كىيىمدىكى ئادەم دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولتۇق تايىقىغا تايانغان ھالدا كابىنكىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. * بوۋايغا ئېيتىشىپ رەھمەت، يىگىت – قىز دەررۇ تارقالدى، خورازمۇ چىللىدى شۇ چاغ دېگەندەك: «تاڭغا ئاز قالدى!»

**دەررىلەتمەك** «دەررىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەممەت بەگ قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياقۇپنى دەررىلەتمەكچى بولدى.

**دەررىلەنمەك** «دەررىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ھاياسىزلارنىڭ ئەركەكلىرى 30، ئاياللىرى 20 دىن دەررىلەنسۇن!

**دەررىلمەك** پ. دەررە بىلەن ئۇرماق:

شۇنداق قىلىپ قازى ھېلىقى زىناخورنى 40 نى دەررىلە شىكە بۇيرۇپتۇ.

**دەرس** ئى (ئە) ① مەكتەپلەردىكى ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلات، پائالىيەت: قوڭغۇراق چېلىنىپ دەرس باشلاندى. ھەممە ئوقۇغۇچى دەرسكە تولۇق قاتناشتى. ② كۆچمە. مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان پەن: بىرىنچى سائەتتىكى دەرسىمىز ئالگېبرا، لېكىن دەرس ئوقۇتقۇچىسى كېسەل. * يىل ئاخىرىدا ھەممە دەرستىن 90 دىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپتىمەن. ③ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ بىر بۆلىكى: «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» نىڭ بىرىنچى قىسمى 25 دەرستىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1 - — 6 - دەرسكىچە نۇقتىلىق فونېتىكىلىق بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان. ④ كۆچمە. تەجرىبىلەر، ئوڭۇشسىزلىقلاردىن يەكۈنلەنگەن نەتىجە، ساۋاق، ئىبرەت: يۇقىرىقى ئېيتىلغان گەپلەر ئۇنىڭغا بىر قېتىملىق ئەمەلىي دەرس بولدى.

**دەرس ئاڭلىماق** <مائار> مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودىنى باھالاش، ئۆگىنىش مەقسىتىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە سىنىپتىكى ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە قاتناشماق: ئىلمىي مۇدىر پاتەم مۇئەللىمنىڭ ئېلىپبە دەرسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆرسەتمىلىك دەرس ئۆتۈشنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

**دەرس ئالماق** مۇئەللىم، ئۇستازدا ئوقۇماق، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆگەنمەك: - قانچە كۆپ ئوقۇسا، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ؟ - دېدى بوۋى رابىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، - سەنمۇ مەن بىلەن بىرگە موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرس ئالغىن.

**دەرس بەرمەك** دەرس ئۆتمەك، ئۆگەتمەك: بىر ئېغىز گەپ ياندۇرۇپ قويۇپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن «يۇر! ساڭا تەرتىپتىن دەرس بېرىش كېرەك ئىكەن» دەپ بۇ يەرگە ئەكەلدى.

**دەرس پىلانى** <مائار> ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن تۈزگەن دەرس ئۆتۈش پىلانى. بۇ خىل پىلان ئۆتۈلمەكچى بولغان مەزمۇن ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى، مەقسىتى، سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت، سۆزلەش ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**دەرس تەييارلاش** <مائار> ① ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن سۆزلىنىدىغان مەزمۇن ئۈستىدە تەييارلىق قىلىشى. ② ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى.

**دەرس تىڭشىماق** → **دەرس ئاڭلىماق:** قادىر ئوقۇغۇچىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئەڭ ئاخىرقى پارتىدا - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغان تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئالىم ئاكىغا كۆزى چۈشتى ۋە كاللىسىدىن «تۇيۇقسىز دەرس تىڭشىغىلى كىرىپتۇ-دە» دېگەن پىكىرنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

**دەرس جەدۋىلى** <مائار> دەرس ئۆتۈش پىلانى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلغان جەدۋەل. ئۇ يەنە «دەرس سېتكىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دەرس سائىتى** <مائار> دەرس ئۆتۈشتىكى ۋاقىت بىرلىكى. ئادەتتە 45 — 50 مىنۇت ئەتراپىدا بولىدۇ.

**دەرس سېتكىسى** <مائار> → **دەرس**

جەدۋىلى.

**دەرس ئۆتمەك** <ماتار> ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم پەننىڭ بىرەر مەزمۇنىنى يېشىپ چۈشەندۈرمەك: مۇئەللىم چۈشتىن بۇرۇن تۆت سائەت دەرس ئۆتتى.

**دەرس ئىيتماق** يېز ت. مەدرىس ياكى مەسچىتلەردە ئاڭلىغۇچىلارغا دىنىي كىتابلاردىن جۈملىمۇجۈملە ئوقۇتۇپ چۈشەندۈرۈپ بەرمەك، ۋەز — نەسىھەت قىلماق: سەدەنشا ئاخۇنۇم كەلسە نېمە بولۇپتۇ؟ ئۇ كىشى بۇ يەرگە دەرس ئېيتقىلى كەلمەس دەيمەن. مەدرىستىكى دەرسخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ كىتابلاردىن دەرس ئېيتسىغۇ« خوش لەببەي» دەپ ئولتۇرار ئىدۇق.

**دەرسخانا** ئى (ئە+پ) دەرس ئۆتىدىغان ئۆي، سىنىپ: باتۇر بىردەم مەدرىس ئىچىنى ئايلانغاندىن كېيىن، ئاستا دەرسخانىغا كىرىپ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇردى. * دەرسخانىدىكى يازما تاپشۇرۇقنىڭ مەزمۇنى شۇ پەننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە شۇ قېتىمقى تاپشۇرۇقنىڭ مەقسىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**دەرسلىك** ① ئى <ماتار> پەننىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆگىنىشى ۋە دەرس تەكرارلىشى ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن كىتاب. ئادەتتە ئۇ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە بىر تۈتاش تۈزۈلىدۇ: مەن بۇ ياش ئوقۇتقۇچىدىن كىتاب ئېلىپ ئوقۇيتتىم. باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتىم. ② سۈپ. دەرس قىلىپ ئۆتۈشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان، دەرس قىلىپ ئۆتۈلىدىغان: دەرسلىك كىتاب. دەرسلىك ماتېرىيال.

**دەرغەزەپ** رەۋ (پ+ئە) قاتتىق غەزىپى كەلگەن، غەزەپلەنگەن ھالدا: ئوسمان دەرغەزەپ بىلەن مەردانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: — ئۆزۈڭ كىم بولسەن؟ — دەپ سورايدۇ. * — قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، بەرمەيمەن دېدىم، بەرمەيمەن! — دەپ ئۆچكىگە تېخمۇ مەھكەم يېپىشتى سادىرقۇل دەرغەزەپتە.

**دەرغەزەپ بولماق** قاتتىق ئاچچىقلانماق، ئىنتايىن غەزەپلەنمەك: تەيجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئاخۇنبەگ دەرغەزەپ بولۇپ ئاشپەزنى ئىستەيتتى، ئاخىرى ئۇنى ئوتۇنخانىدىن تېپىشتى.

**دەرقەم** رەۋ (پ+ئە) روبىرو، بىريەردە، كۆز ئالدىدا: يېرىلىك تېشىم — يېرىلىك تېشىم، مەن قىزىمنى كۆرۈۋالاي، يۈرەك باغرىمغا تېڭىۋالاي. بىرقولۇمدا چاي ئەكەلدىم، بىرقولۇمدا بىردەستە نان، دەرقەم تۇرۇپ بېرىۋالاي.

**دەرقەم قىلماق** يۈزمۇيۈز، بىر يەردە ئۇچراشتۇرماق: دىلبەر كېچە چاراقلايدۇ يۇلتۇزلار، يۇلتۇز تارتتى يۈرىكىمدە يىلتىزلار. دەرقەم قىلغان نىگارلارنى بىر يەردە، ياشا يولتۇز ياشا نۇرلۇق قىرمىزلار.

**دەرقەمتە** رەۋ. ئۆزئارا بىريەرگە جەم، تەخ بولۇپ، بىرلىكتە: ئەتىگەنلىك چاينى ئۇلار پېشايۋان سۇپىسىدا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ئىچىشتى. * تاڭ يورۇپتۇ بىردەمدە، سەيپەرداشلار دەرقەمتە، قىز ئالدىغا كېلىپتۇ، شاد چاۋاكلار چېلىپتۇ.

**دەرقەمتە بولماق** بىر يەردە بولماق، جەم بولماق، يىغىلماق: — بۈگۈن بىريەرگە دەرقەمتە بولۇشىمىز ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ سالىمىنى ھەربىرىڭلارغا يەتكۈزۈش، بىزلەر بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان خىزمەتلەر توغرىسىدا ئاز- تولا كېڭىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى، — دېدى ھاكىم ئۆزىگە مۇلايىم كۆرۈنۈش بېرىپ.

**دەركار** سۈپ (پ) كېرەك، لازىم: ئەلھال،

جياڭجۇن جانابلىرى بىزدىن لەشكەر ۋە خىراج سورىغانىكەن، بىز ھېچ نەرسىمىزنى ئايىماي، ئىلى كاپىرلىرىغا قارشى غازات باشلاپ، چىلك گاڭ غوجام ھەزرەتلىرىنىڭ شانۇشەۋكەتلىرىنى ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈشىمىز دەركار. * بىرمۇ جاۋاب بەرمىدىڭ، ئەۋەتكەن شۇنچە خەتكە. ھېچ نەرسە دەركار ئەمەس، سەن ئۈچۈن تارتقان دەردكە.

**دەرگاھ** ئى (پ) ① تۇرار جاي: غەزەپتىن پىرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئارقار يولۋاسىنىڭ دەرگاھىدىن چىقىپ كەتتى. * تۇمەنگە ياندىشىپ تۇرغان بۇ دەرگاھ، ئەجەب ھۆسنى بىلەن دىلغا ئارامگاھ. ② ئىشىك ئالدى؛ ھۇزۇر: — مېنى تونىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئادەم، ۋېلىسىپىتكە يېقىنلاپ، — مەن يول-ۋاس، تېخىچە ھاياتمەن، مېنى سىزنىڭ ئىشقىڭىز شاملى يەنە دەرگاھىڭىزغا ئۇچۇرۇپ كەلدى. ئاڭلىسام ياتلىق بولۇپ، بىرنى تۇغۇپسىز، كېرەك يوق، مەيلى. ئەمما ئاجرىشىڭ. ③ بىراۋغا قاراشلىق ئائىلە، خانىدان: مەلىكە كېلىۋېتىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قاراپ، دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىنىپ، دەرۋازا ئالدىغا ئەخلەت دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. «ئاھ» دەپ كۆزلىرىنى ياشلىدى. ئاندىن پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كىردى. * — پادىشاھى ئالەم، دەرگاھىڭىزغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم. ئېيتىدىغىنىمنى ئېيتىپ بولدۇم، ئەمدى قولىقىم سىزدە، — دەپتۇ.

**دەرگۇمان** رەۋ (پ) گۇمانلىنىپ، گۇمان، شۈبھە بىلەن: مەن بۇنىڭغا تازا ئىشىنەل-مەي، دەرگۇمان تۇرۇۋاتىمەن.

**دەرگۇمان بولماق** گۇمان بىلەن قارىماق، گۇمانلانماق: سەنئەتنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ئۇسسۇلنىڭ ئىجادچىسى كىملىكىگە قانداق ئىجاد قىلغانلىقىغا دەرگۇمان بولدى.

**دەرگۇمان قىلماق** گۇمان پەيدا قىلىپ قويماق، گۇمانلاندۇرماق: ئۇلتۇرۇڭ، مەنسۇر-نىڭ ماتېرىيالىنى يەنە بىرقېتىم كۆرۈپ چىقايلى، كىشلەرنى دەرگۇمان قىلىپ قويىدىغان جايلىرى بارمۇ — يوق، مۆلچەرلەپ باقايلى.

**دەرگۇماندا** رەۋ. ئىككىلەنگەن ھالدا، گۇمانلىنىپ: كەنجىنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان دەرگۇماندا تىت — تىت بولۇپ كېلىۋېتىشىمۇ يەنىلا شۇ ھاۋا رايىغا باغلىق ئىدى. * ئابابەكرى دەرگۇماندا بولغاندەك، سابىرغا قاراپ قويدى.

**دەرگۇمانلىق** ئى. ئىككىلەنگەن، گۇمان قىلىپ تۇرغان ھالەت: نەسرەم بىرئاز سەگەكلەشتى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ نىقابلىق مەخلۇقنىڭ ئۇزۇنتۇرا گەۋدىسى، خىڭىلداپ گەپ قىلىشلىرى ئۇنىڭغا قانداقتۇر تونۇش بىركىمنى ئەسلەتكەنىدى. نەسرەم دەرگۇمانلىقتا ۋارقىرىدى.

**دەرمان** ئى (پ) ① ماغدۇر، مادار، كۈچ: ھەسەن دولانمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرمەكچى بولدى — يۇ، دەرمانى يەتمىدى. * بولۇر بىر كۈن قارا باشىڭ چېچەكلىك شاخ كەبى ئاپئاق، ئېگىلەر سەرۋىدەك قەددىڭ، قالۇرسەن ھەممە دەرماندىن. ② كۈچمە. مەدەت، ياردەم: قىپقىزىل تاڭنىڭ نۇرىغا چۆمگىنىمدە ياشرىپ، كۈچكە تولدۇم ياش يىگىتتەك ئاشۇ نۇر دەرمان بولۇپ. * ئولتۇرامسەن تام تۈۋىدە جەننىتىڭنى سېغىنىپ، جياڭ بوۋاڭنىڭ روھىدىن سەن جان تىلەپ، دەرمان سوراپ؟ ③ چارە، ئىلاج، داۋا: ئۇ ئەمدى مەنمۇ ئاپامنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشۇم كېرەك، يەنىلا قىڭغىر يولدا مېڭىۋەرسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. * كەلدى ئۆلكەمگە گويا لوقمان بولۇپ، تەنگە قۇۋۋەت دەردكە ھەم دەرمان

بولۇپ.

**دەرمان بولماق** مادار بولماق؛ كۈچ، قۇۋۋەت بەرمەك: قىنىق چاي بىلەن بىر پارچە پىشلاق قىزغا دەرمان بولدى.

**دەرمان كىرمەك** تېنىگە ماغدۇر، كۈچ – قۇۋۋەت پەيدا بولماق، تېتىكلەشمەك: دېھقان ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئۇلارنىڭ تېنىگە دەرمان كىرگەندىن كېيىن دېھقان: – سىلەر كىم بولىسىلەر؟ – دەپ سوراپتۇ.

**دەرماندىن كەتمەك** كۈچ – قۇۋۋەت، مادارىدىن قالماق، ماغدۇرى تۈگىمەك: كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شامەخسۇتنىڭ پۇتىدىكى ئايىغى، ئۇستىدىكى كىيىملىرى يىرتىلىپ تۈگىدى. قورسىقى ئاچتى. دەرماندىن كەتتى. * جانجىگەر قېرىنداشلىرىنى كۆمۈپ قويۇپ جۇدالىق دەردىدە دەرماندىن كەتكەنلەر ئەمدى تەقدىرنىڭ ئىككىنچى پەتۋاسى ئاستىدا مىجىلىپ، ھايات-ممات سىزىقى ئۇستىدە جان تالاشماقتا.

**دەرمانى كەتمەك** ← **دەرماندىن كەتمەك**: ئىسيانچىلار ئاق بوزغا يېتىپ قالدى، ئەمدى بەگنىڭ دەرمانى كېتىپ قالدى. * يىگىت بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن دەرمانى كەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

**دەرمانسىز** سۈپ. ماجالى، ماغدۇرى، كۈچ – قۇۋۋىتى يوق، زەئىپ: سادىق ئادىلغا قاراپ قويۇپ، دەرمانسىز قوللىرى بىلەن كونۋېرتنى تۇتۇپ ئۇنىڭدىكى ئادرېس ۋە ئىسىملارغا ئاستا قاراپ چىقتى. // ئۇ پەقەت مۇلايىملىق بىلەن كۆلۈمسىرەيتتى ۋە بىر ئاز دۇدۇقلاپ دەرمانسىز جاۋاب بېرەتتى.

**دەرمانسىزلاشماق** پ. دەرمانى، كۈچ -قۇۋۋىتى كېتىپ بوشاشماق؛ زەئىپلەشمەك: ئۇ ئۆز بەدىنىنىڭ بوشاپ، پۇت – قوللىرىنىڭ پۈتۈنلەي دەرمانسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئاستا – ئاستا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

**دەرمانسىزلاندۇرماق** « دەرمانسىزلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەرمانسىزلاندۇرۇشماق** « دەرمانسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دەرمانسىزلاندۇرۇلماق** « دەرمانسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دەرمانسىزلانماق** پ. مادارى، كۈچ-قۇۋۋىتى كېتىپ ئاجىزلاشماق؛ ماغدۇرسىزلانماق، كۈچسىزلەنمەك: ماھىرە يۈرىكىنى تۇتۇپلا قالدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. پۇت – قوللىرى دەرمانسىزلاندى.

**دەرمانسىزلىق** « دەرمانسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سادىقنىڭ بەدەنلىرىدىكى قان داغلىرى قېتىشىپ كەتكەن يارا ئىزلىرىنى ھەمدە ۋۇجۇدىدىكى مىسلىسىز دەرمانسىزلىقنى ياشلىق كۈچى ۋە ئۈمىدۋار ئىرادە ئاخىرى يەڭدى.

**دەرمانلانماق** پ. كۈچ-قۇۋۋەت يىغماق، روھى كۆتۈرۈلمەك، روھلانماق: مەدەت، مەسلىھەتلەردىن دەرمانلانغان قىز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

**دەرمەھەل** رەۋ (پ+ئە) قىسقا مۇددەت ئىچىدە، دەرھال: مەن ئۇنىڭ بۇنچە خۇش پېئىل مۇئامىلىسىدىن خىجىل بولۇپ، دەرمەھەل گەپ قىلالماي قالدىم. * بولدى ئۇ قەھرىمان كۆزۈمدىن غايىب، قەبرىسى دەرمەھەل كەلدى ئەسلىگە. ئۇ قوللار ئۆيۈمگە كەلتۈردى مېنى، يەتتىم مەن جانانىنىڭ گۈزەل ۋەسلىگە.

**دەرمەھەللىككە** رەۋ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، دەرھاللا: شەۋكەت ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرمەھەللىككە چۈشەنەلمىدى.

**دەرھال** رەۋ (پ+ئە) شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، كېچىكتۈرمەي، تېزدىن: — ئۇھ، — دېدى رەيھان. ئۇ ئاۋازىنىڭ بۆلەكچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ۋە دەرھال يەرگە قارىۋالدى. * ئۇيغۇرنىڭ ئادىتى: كەلسە بىرمېھمان، سېلىنار ئالدىغا دەرھال داستىخان.

**دەرھەقىقەت** (پ+ئە) ① رەۋ. ھەقىقەتەن، راستتىن: دەرھەقىقەت بۇ يىل بۇغداي بالدۇر پىشىپ، قوناقلار ۋاقتىدا تېرىلدى. * ھاياجانغا تولۇپ ھەممىمىز، باردۇق قىزنى كەلمەككە كۆرۈپ، دەرھەقىقەت ساقىيپتۇ قىز، بەردى ئۇسسۇل ئويناپ شاد كۈلۈپ. ② يۈك «ھەقىقەتتە، راستتىنى ئېيتقاندا» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ: دەرھەقىقەت، ئىككىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولغاندىن سىرت، بوي-تۇرقى، چىراي-شەكلى تازىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. * دەرھەقىقەت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئۆتكەنكىلەر قىلىپ باقمىغان.

**دەرھەم** ئى (ئە) ① ئەرەبلەر بۇرۇن ئىشلەتكەن كۈمۈش پۇل بىرلىكى. ② ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە ماراكەشنىڭ پۇل بىرلىكى. ③ چاغاتاي خانلىقىنىڭ 1318-يىلدىن 1326-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن خانى كېپەك خان تەرىپىدىن قۇيدۇرۇلغان كۈمۈش پۇل، ئالتە دەرھەم بىر دىنارغا تەڭ ئىدى.

**دەرۋازا** ئى (پ) ھويلا، قورغان، قەلئە، زاۋۇت ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئورنىتىلىدىغان سىرتقى چوڭ ئىشىك: ياغاچ دەرۋازا. تۆمۈر دەرۋازا. * ھويلىنىڭ دەرۋازىسى چېك ئېتىلگەن. ئۆي تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. * توختىگۈل قوللىرى بىلەن دەرۋازىنى ئاۋايلاپ سىلىدى. ياغلىقىنى يېشىۋېتىپ يۈزىنى دەرۋازىنىڭ ئۆڭگەن تاختىلىرىغا ياقتى.

**دەرۋازىلىق** سۈپ ① دەرۋازىسى بار، دەرۋازا ئورنىتىلغان: ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، تۆمۈر دەرۋازىلىق ھويلىدىن مەخسۇت بەككە ئەگىشىپ، بىرنەچچە ئاتلىق لۈكچەك قۇيۇندەك چېپىپ چىقىپ كېتىشتى. ② دەرۋازا قىلىشقا يېتەرلىك، دەرۋازا ياساشقا يەتكۈدەك: بىردەرۋازىلىق ياغاچ.

**دەرۋازىۋەن** ئى (پ) دەرۋازىغا قارىغۇچى كىشى، دەرۋازا ساقچىسى: شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا بايراق كۆتۈرگەن دەرۋازىۋەن تۇراتتى.* ئۇلار كېلىپ بولغۇچە دەرۋازىۋەنلەر ھاتەمنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

**دەرۋازىۋەنلىك** ئى. دەرۋازىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا قاراش ئىشى: دەرۋازىۋەن ھېلىقى كەمپىرنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇنى دەرۋازىۋەنلىكتىن ئېلىپ تاشلىدى.

**دەرۋەقە** (پ+ئە) ① رەۋ. ھەقىقەتەن، راستتىنلا: دەرۋەقە چاپلاش مۇۋەپپەقىيەتلىك تامام بولدى. * سىلى بۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئويلاپ باقسام دەرۋەقە شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ. ② يۈك «دېگەندەك، ئەلۋەتتە» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: دەرۋەقە، سېلىم ئاكا ئۇنچىۋالا ياش ئەمەس ئىدى. * دەرۋەقە، شۇ سائەتتىن باشلاپ قاسىم ئەپەندى تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە باشلىدى.

**دەرۋىش** ئى (پ) ① <دىن> مال-دۇنيادىن كېچىپ خۇداگۇيلۇق بىلەن خانىقا ياكى مەلۇم بىر ئىبادەت ئورنىدا ئىستىقامەت

بىلەن ياشىغۇچى كىشى، سوپى: بۇ بوۋاي ھەقىقەتەنمۇ كىشى بىرقاراپلا ئەيمەنگۈدەك ئادەم بولۇپ، بەستى پەۋقۇلئاددە زور، چاچلىرى ئۆسۈپ ئۇزۇن ساقىلى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، چوڭ كۆزلۈك، قاشلىرى ئۆسۈك دەرۋىش سۈپەت ئادەم ئىدى. * مەسچىتنىڭ ئالدىدا، سېدە تۆۋىدە، بىر دەرۋىش قىزىشىپ غەزەل ئوقۇيتتى. نەغەزەل، پۈتۈن ئوي-خىيالى بىلەن، قەلبىدىن سۆز تېرىپ داستان توقۇيتتى. ② كۆچمە. تەركىدۇنيا بولۇپ يۇرت كەزگۈچى، جاھانگەشتى: شاھزامان قايتىدىن دەرۋىش بولۇپ، شاھلىقتىن ۋازكېچىپ، چۆل-باياۋانغا چىقىپ كېتىپتۇ. * يېپەك يۇرتى ۋادىسىنى نەچچە كەزدى، جاپاكەش خەلقنى ئەپغاندا سەزدى. يۇرۇپ ھەرياقتا سەرسان، بولدى دەرۋىش، ھامان ئەل تەقدىرىدىن يېدى تەشۋىش.

**دەرۋىشانە** رەۋ (پ) ←دەرۋىشلەرچە: ۋە ياكى شۇم پەلەك ياۋۇزلۇقىدىن، ئەلەم يەتكەچ يەنە يالغۇزلۇقىدىن. تاپاي دەپ ئارامگاھتىن نىشانە، كېزەمدۇ كۆلك يۈزىدە دەرۋىشانە.

**دەرۋىشخانا** ئى (پ) دەرۋىشلەر ئىستىقامەت قىلىدىغان ئىبادەتخانا: ئۇ دەرۋىشخانىلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل قىزىغا دۇئا-تەلەپ قىلىپ ناماز ئوقۇيتتى.

**دەرۋىشلەرچە** رەۋ. دەرۋىشلەرگە خاس بولغان، دەرۋىشلەرگە ئوخشاش: ئەمما يېزىدا دەرۋىشلەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ پەيلاسوپ قانداقمۇ ئىلىم-پەنگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ كەشپىياتلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە باھالىيالسۇن؟

**دەرۋىشلىك** ئى. دەرۋىشلەرگە خاس، دەرۋىشلەرگە ئوخشاش ھەرىكەت، ئىش: خىرىستىئان دىنىمۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە، نىكاھقا، دۆلەتكە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىغا ساخاۋەت ۋە تىلەمچىلىكنى، بويتاقلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىقنى، دەرۋىشلىك ۋە ئىبادەتگۇيلۇقنى قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

**دەرىجە** ئى (ئە) ① مەنسەپ، مەرتىۋە، ئورۇن: ئىككى تەرەپتە ئۆز دەرىجىلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشقان تالىپلارنىڭ كۆپچىلىكى بۈنى تەستىقلىغاندەك باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشاتتى. * مەن سېنى بۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈشۈمدىن مەقسەت باشقىچە ئىدى. ② شەيئىلەرنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتە ئاز-كۆپلۈك. يۇقىرى-تۆۋەنلىك ياكى سۈپەت جەھەتتە تۇتقان ئورنى، چېكى: دەرىجىگە بۆلمەك. * ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە ئىنتىپاق ئەزالىرىغا ھۆددىگە بېرىلگەن ئۇن كالىنىڭ توققۇزى سەمرىپ 1- دەرىجىگە يەتتى. * باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەنكى سىنىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىگىلىگەن ئۇقۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى كونكرېت، بىۋاستە سېزىپ ئىدراك قىلىشقا بولىدىغان ئۇقۇملار بولۇپ، ئابستراكتلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. ③ تەرەققىي قىلىش، راۋاجلىنىش پەللىسى؛ سەۋىيە: مەلۇمات دەرىجىسى. * ئىشنىڭ مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ * ھە، مېنىڭ خاتالىقىم مۇشۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ - دە! ④ كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىدىكى مەلۇم تەرتىپتە ئۆرلەپ ماڭىدىغان ھەربىر باسقۇچ: ھە، بۇ يىل ئۇنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستى. * سېنىڭ تۇرمىدىن چىققىنىڭ ئوبدان بولدى. بولمىسا بۇ قېتىمقى مائاش ئۆستۈرۈشتە چوقۇم بىر دەرىجىدىن قۇرۇق قالاتتىڭ. ⑤ <تىل> بەلگە، خۇسۇ-

سىيە تىلەرنىڭ ئارتۇق-كەملىكىنى، ھەرىكەتنىڭ گراماتىكىلىق ئىگە بىلەن بولغان تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى گراماتىكىلىق فورما، كاتېگورىيە: سۈپەت دەرىجىلىرى. پېئىل دەرىجىلىرى. ⑥ <مات> بىر ساننىڭ ئۆز-ئۆزىگە بىرقانچە قېتىم كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل. مەسىلەن، T نىڭ n نىنچى دەرىجىسى $T^n$ بولىدۇ. ⑦ سۈپ. مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان: دەرىجە سان. ⑧ ھوقۇق دائىرىسى بويىچە چوڭ-كىچىكلىك تەرتىپىگە ئىگە جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئورگان: دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلماق. * — ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى جاڭ شۇجى ۋە شەمەرنىڭ يېنىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — لېكىن تۇراپ نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ؟ يا ئۇنىڭغا بىرەر يەردىن دەرىجە ئاتلاپ يوليورۇق كېلىپ قالدىمۇ؟!

**دەرىجە سان** <تىل> شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان «بىرىنچى، بەشىنچى، ئونىنچى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر.

**دەرىجە كاتېگورىيىسى** <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت ۋە پېئىللاردا كۆرۈلىدىغان بىرخىل گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى پەرقىنى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ بەلگىگە قارىتا بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئەسلىي دەرىجە (مەسىلەن: قىزىل)، كېمەيتمە دەرىجە (مەسىلەن: قىزىلراق)، ئاشۇرما دەرىجە (مەسىلەن: قىپقىزىل) ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە (مەسىلەن: قىزىلغىنە) دەپ تۆتكە بۆلۈنىدۇ. پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ گراماتىكىلىق ئىگە بىلەن بولغان تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئەسلىي دەرىجە (مەسىلەن: ياسىماق)، مەجھۇل دەرىجە (مەسىلەن: ياسالماق)، ئۆزلۈك دەرىجە (مەسىلەن: ياسانماق)، مەجبۇرىي دەرىجە (مەسىلەن: ياساتماق) ۋە ئومۇملۇق دەرىجە (مەسىلەن: ياساشماق) دېگەن بەش دەرىجىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**دەرىجىگە كۆتۈرۈش** <مات> بىرساننى بىرقانچە قېتىم ئۆز-ئۆزىگە كۆپەيتىش ئەمىلى. مەسىلەن: A نى ئۈچىنچى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ($A^3$ قىلىپ يېزىلىدۇ) A نى ئۆزىگە ئۈچ قېتىم كۆپەيتىش دېگەنلىكتۇر.

**دەرىجىلىك** سۈپ. مەلۇم دەرىجىگە ئىگە بولغان، ئېرىشكەن؛ مەلۇم دەرىجىگە توشىدىغان: بۇ ئالىي دەرىجىلىك چەينەكنى شاگىخەيدىن ئالدۇرغانسىز — ھە؟ * سىنىڭ گۇڭشې ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىڭگە قاراپلا، سىنى جىگەرلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەن دەپ ئويلىغانىدىم. * بۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك مەسىلە.

**دەرىجىلىك سوت تۈزۈمى** <قا> دەۋا ئەنزىلىرىنى ئىككى دەرىجىلىك سوت ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىرخىل تۈزۈم.

**دەرىجىلىك مۇسابىقە** <تەن> تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ بىرخىلى. ئۇ تېخنىكا سەۋىيىسى ياكى ياش قۇرامى

بىرقەدەر يېقىن كېلىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر (كوماندىلار) ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە بولۇپ، ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن دەرىجە ئۆلچىمىگە توغرا كېلىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر (كوماندىلار) قاتنىششىقا بولىدۇ. مەسىلەن: A , B دەرىجىلىك پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تىكتاك توپ مۇسابىقىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**دەرىجىلىك يەر ئىجارىسى** <س ئىق> بىرقەدەر ياخشى يەرلەردىن كېلىدىغان ھەمدە يەر ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا قايتىدىغان نورمىدىن ئارتۇق پايدا. بۇ خىل يەر ئىجارىسى يەرنىڭ دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**دەرىجمۇدەرىجە** بىر دەرىجىدىن يەنە بىر دەرىجىگە، تەدرىجىي: ئۇ بىراقلا نازىر بولغان ئەمەس، بەلكى دەرىجمۇدەرىجە كۆتۈرۈلۈپ نازىر بولغان.

**دەرىخ** ئىم (پ) ئەپسۇس، ئىسسىت، پۇشايمان: ياشلارنىڭ سەككىزى چۈشتى تولۇق، ھەرىيلى كەلسە ئاشۇ كۈن، ئاھ دەرىخ! بىر ئۇلۇغ چىقمايدۇ ئەستىن، بىر بۇزۇق.

**دەرىخا** ئى (پ) ھەي ئىسسىت، ئەپسۇس: دەرىخا، ئايرىلار بولدۇم مانا مەن ئەمدى يارىمدىن، مۇھەببەت دەشتىدە يۈرگەن دەردمەن يار زارىمدىن.

**دەرىزە** (توغرىسى: دېرىزە) ← **دېرىزە**.

**دەريا** ئى (پ) ① ۋادا سىرغىمىسىدىن مەركەزلىشىپ قويۇلۇش جايىغا ئېقىپ تۇرىدىغان تەبىئىي چوڭ سۇ ئېقىنى: دەريا بويىغا چىقسام ئۇزۇن سايىنىڭ قاراسى، نەدىنمۇ تېپىلاركىن، بۇ دەردىمنىڭ داۋاسى. ② كۆچمە. كەڭ: ئۇنىڭ قورسىقى دەريا، ئۇ بىرەر كىمگىمۇ يامانلىقنى ئويلىمايدۇ.

**دەريا بولماق** كۆپىيىپ دەرياغا ئايلانماق: ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۈتقاي سىبىنى. كۆز يېشىم دەريا بولۇپ بېلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.

**دەريا بويىغا ئاپىرىپ ئاغزىنى سۇغا تەگكۈزمەي ياندۇرۇپ كەلمەك** ← **دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كەلمەك**: ياڭ جياڭجۈن شەيتانىمۇ دەريا بويىغا ئاپىرىپ ئاغزىنى سۇغا تەگكۈزمەي ياندۇرۇپ كېلىدىغان قېرى تۈلكە.

**دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كەلمەك** مەنپەئەتنى كۆرسىتىپ قويۇپ، مەنپەئەتنى يەتكۈزمەسلىك: ياسىن، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىش-بېرىش قىلما، ئۇ سېنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كېلىدىغان ئادەم، سېنى ھامان پۇشايماندا قالدۇرىدۇ. * بۇنداقلارنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كېلىشكە كۈچ كەتمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ * — بۇ خۇددى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كەلگەندەكلا بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ، يولداش كوماندىر — دېدى ئۇ.

**دەريا تاشپاقىسى** <زوئول> سۇدزەلكۈپىي ھايۋان. سۇدا ياشايدۇ، شەكلى تاشپاقىغا ئوخشايدۇ. دۈمبە ساۋۇتىنىڭ ئۈستىدە يۇمشاق تېرىسى بولىدۇ. «قاسىراقلىق بېلىق ياكى دوغىلاق بېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دەريا چوشقىسى** <زوئول> ← **دەريا دېلفىنى**.

**دەريا دېلفىنى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. دەريالاردا ياشايدۇ. تەن شەكلى بېلىققا ئوخشايدۇ، دۈمبە پالاقچىسى بولمايدۇ. بېشى دۈگىلەك، كۆزى كىچىك،

پۈتۈن تېنى قارا، كىچىك بېلىق ۋە باشقا كىچىك سۇ هايۋانلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئادەتتە «دەريا چوشقىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دەريادىن بىرتامچە** ساناقسىز كۆپ نەرسىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىرقىسمى؛ ناهايىتى ئاز: — بۈگۈن يولداشلارنىڭ نەتىجىلىرىمىز ھەققىدە سۆزلىگەنلىرى دەريادىن بىرتامچە، يەنە بىرقانچە كۈن سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ. سۆزلەشنى كېيىن داۋاملاشتۇرىمىز، — دېدى ھېلىقى دۇيجاڭ.

**دەريادىن تامچە ← دەريادىن بىرتامچە**: شائىرنىڭ قول يازمىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقالغان. ھازىر كىشىلەر تەرىپىدىن يادقا ئېلىۋالغانلىرى رەتلىنىپ ئېلان قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت دەريادىن تامچە.

**دەريا قىسقۇچپاقىسى** <زوئول> قىسقۇچپاقىنىڭ بىرخىلى. باش كۆكرەك قىسمىدىكى قاسىراقلىرى سوقچاق ۋە قوڭۇر كۆلرەڭ، قورساق قىسمىنىڭ قاسىرىقى ياپىلاق، رەڭگى ئاقۇچ، چىشىسىنىڭ يۇملاق، ئەركىكىنىڭ ئۇچلۇق بولىدۇ. پەنجىسىدە ھەرە چىشىغا ئوخشاش ئىنچىكە چىشلىرى بولىدۇ. گۆشى مەززىلىك. تاتلىق سۇدا ياشايدۇ. بەزىدە دەريا قىرغاقلىرىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە زىيان سالىدۇ.

**دەريا قىنى** <سۇ> دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ئاقىدىغان قىسمى.

**دەريا ۋادىسى** <سۇ> دەريا قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلغان كەڭ تۈزلەڭلىك.

**دەرياچە** رەۋ. بەك كەڭ؛ ناهايىتى نۇرغۇن: ياخشى كۈننىڭ قەدرىگە يەتمەس، كىشىنىڭ قەلبىدە، تۆت مەرەزنىڭ دەۋرىگە دەرياچە نەپرەت بولمسا.

**دەريا - دەريا** ناهايىتى كۆپ، ھەددى - ھېسابسىز: مۇشكۇل تارىخ بولدى ساڭا ئىشخانا، سېنى سوقتى زۇلۇم تارتقان بىرخەلق. سېنى سوقتى باسقۇنچىلار دەستىدىن، دەريا - دەريا قانغا پاتقان بىرخەلق.

**دەريادەك** ① رەۋ. ناهايىتى كۆپ، سۇدەك، سەلدەك: دەريادەك ئاقتى قان ئەمما چۈشمىدى، بۇ يېڭىش بايرىقى ئۇلار قولىدىن. ② سۈپ. كەڭ، چوڭ: ئۇ قورسىقى دەريادەك بىر ئادەم.

**دەريالاپ** رەۋ. دەريا ھاسىل قىلىپ، دەرياغا تولدۇرۇپ؛ ناهايىتى كۆپ: ئىبلىسنىڭ قانخور مەشۇقى، گىرېك قانلىرىنى تۆكتى دەريالاپ.

**دەز** (پ) ① سۈپ. يېرىلغان، چاك ھاسىل بولغان: دەز تام. دەز چىنە. ② ئى. يېرىلغان، چاك كەتكەن جاي، يېرىق سىزىق: بۇ تېگى زەي ئۆينىڭ تېمى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى يەر تەۋرىگەنلىكتىنمۇ، تامدا پەيدا بولغان دەز بارغانچە يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ. * ئۇرۇقچا، ياڭاقنى چىش بىلەن چېقىش چىشنىڭ ئىمال ماددىسىغا دەز كەتكۈزۈپ چىشنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ③ ئى<گېئول> تاغ جىنسلىرىنىڭ قېتىشىشى ياكى سۇدىن ئاجراش ۋاقتىدا ھەجمى كىچىكلەش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ياكى تاغ جىنسلىرى كۈچىنىشكە ئۇچراپ شەكىللەنگەن چاك.

**دەز كەتمەك** ① دەز، چاك، يېرىق پەيدا بولماق: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئايالىغا بېھۇرمەتلىك قىلىپ دەز كەتكەن پىيالىدا چاي قۇيغىنى ئاز كەلگەندەك، ياغسىز ھالۋا بىلەن مېھمان قىلماقچى بولۇپتۇ. * لېكىن يېتىپ كېلىپ باھار شىددىتى، قاتقان دەريا مۇزلىرىغا دەز كەتتى. قار، سۇلىرى ئېرىپ چۈشۈپ ھەر

ياقتىن، تاشقىن ياساپ بۇ مۇزلارنى تەۋرەتتى. ② كۆچمە. ئاساسىغا يامان تەسىر يەتمەك، بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ يامان تەسىرىگە يولۇقماق: ئۆز سەلتەنىتىگە دەز كېتىدىغان بۇ ئىشلاردىن پادىشاھ خەۋەرسىز ئىدى. * ئاز ۋاقىتتىن كېيىن گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشلەرنىڭ گۈلگە بولغان ئىشتىياقىغا دەز كەتتىمۇ ياكى گۈل سەيلىسى قىلىشقا ھەپىلىسى بولماي قالدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئىشىك-دېرىزىلىرى ئالدىدىكى گۈللۈكلەرنى بىردىن، ئىككىدىن بۇزۇپ، تۈزلەپ، ئورنىغا تام چۆرۈپ چايخانا، ئېگىز-پەس كىچىك يان ئۆيلەرنى سېلىشۋالدى. ③ كۆچمە. باشقىلارغا دېيىلگەن گەپنى ئۆزىگە ئېلىپ كەتمەك: تومشۇقلىرىنىڭ سوزۇلۇپ كەتتىغۇ سىنىڭ، دەز كېتىپ قالدىمۇ نېمە، ھا، ھا- ھا! * خىيال شۇ يەرگە كەلگەندە گۈلسۈرۈخنىڭ يادىغا ئاپىسىنىڭ ئاخشامقى «ئۇنى تىللسام، ساڭا نېمە دەز كەتتى؟» دېگەن سۆزى چۈشۈپ قالدى - دە، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

**دەزگىل** ئى (پ) موزدۇزچىلىقتا تىكىلىدىغان كۆن - خۇرۇم قاتارلىقلارنى قويۇپ ئۇستىدىن باستۇرۇپ بىر خىل ھالەتتە تۇتۇپ تۇرىدىغان تاسما.

**دەزمال** ئى (پ) ① ئىچىگە چوغ سېلىپ ياكى توك بىلەن قىزىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق، كىيىم ۋە رەختلەرنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماشىنىچىلىق ئەسۋابى: نۇرنىسا دەرھال بۇرۇلدى - دە، دەزمالنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئىسقا كۆزى چۈشتى. ② كىيىم-كېچەك، رەختلەرگە دەزمال سېلىپ تۈز، سىلىق قىلىنغان ھالەت: تۇرسۇننىڭ ئەتىگەن دەزماللىغان كۆڭلىكىنىڭ چۈشكە قالماي دەزمىلى كەتتى.

**دەزمال باسماق** ← **دەزمال سالماق**: - مەنمۇ شۇ ئادەم ئاق-قارىنى پەرق قىلالارمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم، ئۇ ئادەممۇ تۇرسۇننىڭ تىككەن چاپىنىغا دەزمال بېسىپ بېرىدىغاندەك قىلدۇ-غۇ؟

**دەزمال سالماق** دەزمال بىلەن باسۇرۇپ پۈرلەشكەن جايلارنى سىلىقلىماق: ئايشەم ئەتىگەندىلا كىيىملەرگە دەزمال سېلىشقا باشلىدى.

**دەزمالچى** ئى. يۇيۇش، تىكىش ئورۇنلىرىدا دەزمال سېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**دەزماللاتماق** «دەزماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم پۈتكەن كىيىملەرنى كىيىپ كۆرۈپ، شىمىنى قايتا دەزماللىتىپ قىرلىرىنى چىقارغۇزدى.

**دەزماللاشماق** ① «دەزماللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار كىيىملىرىنى دەزماللىشىپ ئويۇن مەيدانىغا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتاتتى. ② دەزمال سېلىشقا ياردەملەشمەك: قىز ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ بايرام كىيىملىرىنى كىيىم باشقۇرغۇچىلارغا دەزماللىشىپ بەردى.

**دەزماللانماق** «دەزماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قولىدىكى تور سومكىدا دەزماللانغان ئاپئاق خالات بىلەن ئاق خەسە بۆك كۆزگە چۈشۈپ تۇراتتى.

**دەزماللىماق** پ. دەزمال بىلەن بېسىپ پۈرلەشكەن جاينى سىلىقلىماق، دەزمال سالماق: نۇرنىسا بوۋاقنى ئاسراپ، كۆيۈنۈپ باقتى، ئۆيلەرنى پاك-پاكىز تۇتتى، كىيىم-كېچەكلەرنى ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يۇيۇپ دەزماللىدى.

**دەس** رەۋ (پ) كۈچ بىلەن، زور قىلىپ،

تەگكۈزمەي: ئۈزۈپ دەس كۆتۈرمەك. * سەھپەڭگە چاچرىغان قان، بارلىق ئەلنى دەس ئويغاتتى. سېنى ھەردەم ئاقلاش ئۈچۈن، ئەل كۈرەشنى جىدەللەتتى.

**دەس تۇرماق** يەردىن بىر زور بىلەن، بىرنېمىگە تايانماي ئۆرە، تىك تۇرماق، قوپماق: كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن يوغان گەۋدىلىك يىگىت دەس تۇردى. * قارارغا كەلدى، تۇردى ئورنىدىن دەس، ۋە لېكىن ئۇ چۆمۈلدى ئويغا بىر پەس.

**دەس قوپماق** ← **دەس تۇرماق**: يىگىت كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ دەس قوپتى، بىرىپ، يەردە ۋاي-ۋايلاپ ياتقان كالتەكچىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ، قەھرى بىلەن يەنە بىر مۇشت سالدى. * ئۇ قەغەزدىكى قۇرلارغا قارىغانسېرى ھەيرانلىقى ئېشىپ، ئورنىدىن دەس قوپتى – دە، زورىخانىغا قاراپ، «چوڭ ئۆيگە چىراغ ياق» دېدى ۋە ئۆزى ئامانقۇلنى چاقىردى.

**دەس كۆتۈرمەك** بىرنەرسىنى يەردىن بىر زور بىلەن ئۈزۈپ كۆتۈرمەك: كىرىم چال بېرىپ، خالتىنى دەس كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئالدى. * سانىخان ئاچا شۇنداق دېگىنىچە رەيھاننى دەس كۆتۈرۈپ يەردىن ئالدى، باش-كۆزىنى سىلاپ چېكىسىگە سۆيۈپ قويدى.

**دەست** ئى (پ) قول، كىپت: – مەسئۇلىيەت تۇزۇمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زور ئۈمىد كۈتكەنىدىم. بىراق...– يىگىت لېۋىنى چىشلەپ سەل جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، – بىراق ھېچ ئىشنى دەستىمگە ئالالمىدىم. * قۇتلۇق پادىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، 18 ياشقا كىرگەن يىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىنى پۈتۈنلەي دەستىگە ئېلىپ بولغاندىن تاشقىرى، نەي چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالدى.

**دەستار** ئى (پ) يېز ت ← **سەللە**: موللىنى نەدىن بىلۇرسىز، دەستارىدا قەلىمى. بۋاپانىڭ دەردى يامان، تۈگىمەيدۇ ئەلىمى.

**دەستارگۈل** ئى (دەستار+گۈل) <بوت> مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق پاكار ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى قوشۇق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. گۈلى باش باھاردا ئېچىلىدۇ. باشسىمان گۈل رېتى گۈل شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، تىلسىمان گۈللىرى ئاق، ئاچ قىزىل ياكى قىزىل رەڭلەردە، نەيچىسىمان گۈللىرى سېرىق رەڭدە بولىدۇ. ئەسلىي ماكانى ياۋروپا بولۇپ، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ئورنىدا ئومۇمىيۈزلۈك تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

**دەستە** I ئى (پ) ① ھەرخىل ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان قىسمى؛ ساپ: كەتمەن دەستىسى. قامچا دەستىسى. پىچاق دەستىسى. * ئابلىكىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز قولىدىكى قەلەمنىڭ دەستىسىنى بىرنەچچىنى چەكتى. * كىمكى قىلىچنىڭ قارا دەستىسىنى تۇتۇشنى خالىسا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچ كېلىدۇ. ② دۇتار، راۋاب، ساتار قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تار ياكى سىم تارتىلغان، قولنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پەدە باسىدىغان قىسمى: تەمبۇر-دۇتارلارنىڭ دەستىسى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، نەملىك ھاۋانىڭ ياكى ئىسسىق ھاۋانىڭ قاتتىق تەسىر قىلىشى بىلەن كەينىگە، يان تەرەپلىرىگە قايىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ③ قول-پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يەرلىك توقۇمىچىلىق دۇكىنىنىڭ تىغ

ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان قىسمى.

**دەستگە ئالماق** دەستە ئورناتماق، دەستە بېكىتمەك: دۇتارنى دەستىگە ئالماق.

**دەستە** II ئى (پ) ① بىر تۇتام قىلىپ تېرىلگەن ياكى تىزىلغان باغ؛ باغلام: بۇ تراكتورنى تراكتورچىلار ئالاھىدە زىننەتلە-گەن: كابىنكىغا قىزىل بايراق قادىغان، كابىنكىنىڭ سىرتى ۋە تراكتورنىڭ تۇمشۇقىغا ئېتىز گۈللىرىدىن چىرايلىق دەستىلەر قىستۇرۇل-غان. // ئانىسى ئوغلىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي: «ئەي ئوغلۇم! سېنىڭ كېسىلىڭگە يەسمەن گۈلى دورا بولىدىغان بولسا، بىر ئەمەس، بىر دەستە يەسمەن ئېلىپ بېرەي!» دەپتۇ. * تاڭ سەھەردە مەكتەپكە ماڭدى سىڭلىم زەيھانگۈل. خۇش بۇي پۇراق چاچاتتى قولىدىكى دەستە گۈل. ② ئۇستىمۇئۇست قىلىپ ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان نەرسە: ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يول بويىدا ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە نەچچە ئون قەۋەت خىش-كېسەك دەستىسى پەيدا بولدى. // ئۇ ئۆيگە كىرىپ دەرھال ئارقا-ئارقىدىن ئىككى دەستە كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقتى. * ئېگىلدى مېۋىگە كىرگەن ئەجىر-تەر ئالمىز ھەرىيل، خەلققە داستىخان راسلاپ، تىزىشقا دەستە نان تاپتىم.

**دەستە قىلماق** بىر تۇتام قىلىپ باغلىماق: بىركۈنى، پەرىدە مېنى تاغنىڭ ئېچىگە باشلاپ ئەكىردى. بىز شارقىراتمىلارغا باردۇق. رەڭگارەڭ گۈللەرنى ئۈزۈپ دەستە قىلىپ ئوينىدۇق.

**دەستە — دەستە** بىرنەچچە باغ؛ بىرنەچچە دەستە، بىرنەچچە تىزىق: ۋاڭنىڭ ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندا دەستە-دەستە نان-توقاچلار تۇراتتى. * ئېلىم-پەننىڭ بېغىنىڭ شوخ بۇلبۇللىرى، تۆكەتتى زوق بىلەن دەستە-دەستە گۈل. كاككۇكلار سايرىسا گۈلشەن سەھنىدە، دەرئىدى ئۇ زامان، «سايرا، ئېچىل، كۈل...!» * ئاق بۇلۇتتەك ۋاگون-ۋاگون پاختىلار، زاۋۇتلارغا كېچە-كۈندۈز توشۇپ ئۆتتى. گۈلدىن گۈزەل تاۋار-دۇردۇن رەڭدار چىتنى، جاۋەنلەرگە دەستە-دەستە قوشۇپ ئۆتتى.

**دەستەك** I ئى (پ) ① تۇتقۇچ، ساپ، دەستە. ② كۆچمە. قولدا ئاساس بولىدىغان دەلىل، سەۋەب، ۋاستە؛ باھانە: بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر دەستۇردىن دەستەك تېپىش ھاجەت ئەمەس. ③ يېزت. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ياكى ئاساس قىلىپ ساقلايدى-غان ھۆججەت، يارلىق، بۇيرۇق: ئىسمائىل 1273– يىلى خاننىڭ پەرمانى بويىچە تايدۇدى-كى ئۇيغۇر زەمبىرىكىنى ياسايدىغان ئۇستىلارغا باشلىق بولغان، خان ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ئەسكەر يۆتكەش دەستىكى تەقدىم قىلغان.

**دەستەك بولماق** ئاساس، باھانە، سەۋەب بولماق: «تۆگىنىڭ سول كۆزى قارىغۇ بولسا، دائىم ئوڭ تەرەپتىكى چۆپنى يەيدۇ» دېگەندەك ئىلىم قارىغۇسى خۇماقىز ئۈچۈن مەدەنىيەت ئىنقىلابى چوڭ دەستەك بولدى.

**دەستەك قىلماق** ئاساس، ۋاستە قىل-ماق؛ باھانە، سەۋەب قىلىۋالماق: ۋاھاپ ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن خېتىنى دەستەك قىلىپ، ئوسمان دۇيجاڭغا قارشى ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. * ئۇنىڭ مەقستى بۇنى دەستەك قىلىپ باشلىق بولۇش ئىدى.

**دەستەك** II ئى (پ) ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنىسىغا چاپلانغان، باشلىقتا ئۇلاپ تىكىلىدىغان قىسمى: دەستەك تىكمەك.

**دەستەكچى** ئى ① يېزت. دەستەكنى يەتكۈزگۈچى كىشى. ② باشقىلارغا ھامىيلاشقۇچى، باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان كىشى: ياسىن ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن ئۆتكەنكى يىغىندا قاسىم تۆگىنىڭ دەستەكچىسى ئىكەنلىكىنى چاندۇرمىدى.

**دەستەكچىلىك** «دەستەكچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: «خەققە دەستەكچىلىك قىلىپ قانچىلىك نەپ ئالارسەن، بەربىر يامان نام چىقارغىنىڭ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تۇرمۇشتا قىينالساڭمۇ ھالال ياشاپ ئۆتسەڭ بولماسمىدى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

**دەستگاھ** ئى (پ) توقۇش قول ھۈنەر-ۋەنلىرىنىڭ توقۇش دۇكىنى: ھۆرىگۈل ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مىڭلىغان سەپداشلىرى بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياغاچ دەستگاھدىن پايدىلىنىپ توقۇش سانائىتىنى ماشىنا بىلەن توقۇيدىغان زامانىۋى سانائەتكە كۆچۈرۈشتى. * دادام پەنجىنى دەستگاھنىڭ ئۈستىگە تاشلىمىغۇچە ھېچقايسىمىز كىرىپىك يۇمايمىز.

**دەستگاھلىق** ئى. دەستگاھ بىلەن توقۇش كەسپى: ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى، قىزنىڭ شەرتىگە ئاساسەن، شاھزادىمۇ ئازلا كۈندە رەقەملەر-دىن جۈملە تۈزۈشتىن ئىبارەت مۈرەككەپ ئىلىم بىلەن دەستگاھلىق ھۈنىرىنى تولۇق ئىگىلىدى.

**دەستۇر** ئى (پ) ① ئىش-ھەرىكەت ئۈچۈن قوللانما، نىزام، كىتاب؛ قائىدە-قانۇنلار توپلىمى: سىزمۇ ياشلىقىڭىزدا نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان، قېرىغىچە سان-ساناقسىز دەستۇرلارنى ئوقۇغان، ھەددى-ھېسابسىز ماقالىلارنى يازغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن قولىڭىزدىن ھېچ ئىش كەلمەي ئۆتتىڭىز. * مەن ئاچتىم كىتابنى، دوستۇم ئەجرىدىن، پۈتۈلگەن دەستۇرنى ئاۋايلاپ ئاچتىم. ھەرقۇرى ئالتۇندەك چاچتى نۇرنى، ھەرقۇرغا ھۆرمەتتە تىكىلدىم-باقتىم. ② تىبابەت رېتسېپلىرى مەجمۇئەسى: سامساق مەن ئۆگەنگەن دەستۇرلاردا قورساق ساھەسىگە مۇناسىپ دورىلاردىن بىرى. * تىبابەت دەستۇرى، ئۆرنەك ئاتالغان، «دورىلار نۇسخىسى غەربىي دىيارنىڭ». تۇرپانلىق ياسىغان «ھايات شەربىتى»، شىپالىق دورىسى بولغان بىمارنىڭ.

**دەستۇر قىلماق** قېبىلىنەما، قوللانما سۈپىتىدە ئەمەل قىلماق: بىز ئىشتىپاقلىقنى ھەممە ساھەنىڭ، ھەممە تارماقنىڭ ھەربىر خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ياخشى دەستۇرى قىلىشىمىز لازىم.

**دەستۇرخان** (توغرىسى: داستىخان) → داستىخان.

**دەستىدە** تىر. تۈپەيلى، سەۋەبىدىن (يەتكۈزگەن ئېغىرچىلىقى، مۇشەققىتى، زىيىنى ھەققىدە): ئاتىڭىز بىلەن ئانىڭىز سىزنىڭ دەستىڭىزدە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىنماي بىردەم دوختۇرلار ئىشخانىسىغا، بىردەم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، كىيسەللەر ئارىسىغا باراتتى. * ئامبال ئالدىدا دايى كەينىدە، مەن قانداق قىلاي زۇلۇم دەستىدە.

**دەستىدىن** تىر. سەۋەبىدىن، تۈپەيلىدىن: مەلىكە بىلەن ئىنىكئانا دەشتۇباياۋاندا دەھشەتلىك ئىسسىق دەستىدىن قىينالدى. * «خەپ تۆمۈر، مېنى ئەجەب ئانىي تېپىپ كەتتىڭ، مېنىڭ بېشىمغا ئەجەب ئېغىر كۈلپەتلەر-نى سالدىڭ، سېنىڭ دەستىڭدىن مانا بۈگۈن مەنسەپتىن چۈشكەن بىر لالمىغا ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم ئولتۇرۇپ باقمىغان تەختىراۋانىمدىن ئورۇن بېرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قىلىۋاتىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ. * ئەجەلنىڭ دەستىدىن كىملەر قۇتۇلدى؟ دامىڭغا مەزلۇملار چۈشتى، تۇتۇلدى.

**دەستىلەتمەك** «دەستىلمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن كەتمىنىمنى دەستىلىتىپ تەييارلاندىم.

**دەستىلەشمەك I** «دەستىلمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار كەتمەن-جوتۇلىرىنى دەستىلىشىپ، هارۋىلىرىنىڭ جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ سۇ قۇرۇلۇشىغا مېڭىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشۋاتاتتى.

**دەستىلەشمەك II** «دەستىلمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تونۇر بېشىدىكى چوكانلار تونۇردىن پىشىپ چىققان كاكچىلارنى ئۇندىن-ئۇندىن قىلىپ دەستىلەشتى. * ئۇ ئولتۇرۇپ، قىزچاقنى تىزىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ گۈللىرىنى دەستىلىشىپ بەردى.

**دەستىلەكلىك I** سۈپ. دەستىسى بار، دەستە بېكىتىلگەن: تام تۈۋىدە دەستىلەكلىك جوتۇلار تۇراتتى.

**دەستىلەكلىك II** سۈپ. دەستە-دەستە قىلىپ باغلانغان، تىزىلغان: دەستىلەكلىك گۈللەر. * ئوقۇتقۇچى يېنىدا دەستىلەكلىك تۇرغان كىتابلاردىن بىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، لۇتپۇللاغا بىرنەچچە يەرلىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

**دەستىلەنمەك I** «دەستىلمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەستىلەنگەن كەتمەن.

**دەستىلەنمەك II** «دەستىلمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق كىتاب ئىشكاپىدىن كۆزىنى ئېلىپ، كارىۋاتتا ئولتۇردى ۋە شۇ يەردە دەستىلەنگەن ياستۇق ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قېلىن بىر كىتابقا كۆزى چۈشتى.

**دەستىلىك** سۈپ ① دەستىسى بار، دەستە ئورنىتىلغان: ئۆرە دەستىلىك پىچاق. ئۇزۇن مۈگگۈز دەستىلىك قامچا. ② دەستە قىلىشقا بولىدىغان، دەستىگە باپ: مەن ئورمانچىلىق دۇيىدىن تۆت دەستىلىك ئۆرۈك ياغىچى ئەكەلدىم.

**دەستىلمەك I** پ. دەستە ئورناتماق، ساپ بېكىتمەك: كەتمەننى دەستىلمەك.

**دەستىلمەك II** پ ① دەستە-دەستە قىلىپ باغلىماق، بىر تۇتام-بىر تۇتامدىن تىزماق: بۈگۈن مەن سېنى ياد ئېتىپ دوستۇم، سېغىنىپ ئەسلەپ كەلدىم قېشىڭغا، كۆرۈپ قەبرەڭنى خاتىرەم شۇ دەپ، گۈلنى دەستىلەپ قويدۇم بېشىڭغا. ② ئۈستىمۇئۈست، قەۋەت-قەۋەت قىلىپ تىزماق: هەمراھ ئېچىلىپ بولغان چىنىلەرنى دەستىلەپ نېرىراق ئىتتىرىپ قويدى-دە، مەتنىيازنىڭ قىچىسى توغرىسىدا گەپ باشلىدى. * ئۆيلەردە دەستىلەپ تىزىلغان ئاق نان، ساھىبخانا خۇش چىراي كۈتىدۇ مېھمان، مەررە گۆش چاچىدۇ مەززىلىك پۇراق، داستىخان ئۈستىدە لىگەندە شۇ ئان.

**دەسسەتكۈزمەك** «دەسسىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ۋاي، قاياقتا بارىسىز؟ باللار... قارىسىڭىزچۇ، باللار-نى دەسسەتكۈزۈۋېتىپسىزغۇ! — دېدى بىر ئايال جان ئاچچىقى بىلەن.

**دەسسەتمەك** «دەسسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىگى ئەسكەرلەرگە قۇرۇق مىلتىقلارنىلا كۆتۈرگۈزۈپ كەچكىچە مەشىقتە دەسسەتتى. * ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىنى ئۆزىگە قاراتتى-دە، تىزىغا دەسسىتىپ، ئۇنىڭ يۇمشاق، قىپقىزىل مەڭزىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيدى.

**دەسسەشمەك** ① «دەسسىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② دەسسەشكە ياردەم بەرمەك: ئادەم بويى كۆتۈرۈلگەن تامنى يەنە بىر قاتار

كۆتۈرۈشكە تەييارلىغان لايىنى دادام كەتمەن بىلەن ئاغدۇرۇپ دەسسەۋاتاتتى. مەن ئىنىم بىلەن ئاغدۇرۇلغان لايىنى دەسسىشىپ بېرىۋاتاتتۇق.

**دەسسەلمەك** «دەسسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئاتلار، ئەسكەرلەر ۋە جاسۇسلار ئايىغى ئاستىدا دەسسەلمەكتە ئىدى. * قالايمىقاندا سەككىز ياشلىق ئوغلۇم جۇماتايدىن ئايرىلىپ قالدىم. بىچارە قوزام مالنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ قالغاندىمۇ، يا بارمىدۇ؟

**دەسستىلمەك** «دەسسەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ دامكراتنى تەتۈر بۇراپ، تراكتورنىڭ چاقىنى ئۆز سالمىقى بويىچە ياغاچ ئۈستىگە ئاۋايلاپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. تراكتور ياغاچقا دەسستىلىپ، ياغاچنىڭ ئەگرىلىرى راۋۇرۇس تۈزلەندى.

**دەسسىدە** رەۋ. زور بىلەن، بىر يەرگە تەگكۈزمەي، شاققىدە: ئۇ باياتىندىن بېرى پەرىزاتنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئورنىدىن دەسسىدە تۇردى.

**دەسسىمەك** پ ① ئۈستىگە ئايىغىنى قويۇپ تۇرماق، پۇتى بىلەن باسماق: ئەسكەرلەر قىرغاققا دەسسىدى. * – مەيلى بارلىقىنى كۆرۈڭ دەپ، يۈرىكىمنى يېرىپ بەرسەم بولاتتىمۇ، نان دەسسەپ بېرەيمۇ؟ – دېدى غۇنچەم. ② ئاياغ ئاستىغا بېسىپ ئەزمەك، يانجىماق: ياش مىنبىك ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، سۇلايماننىڭ ئاپتوماتقا سوزۇلغان قولىنىڭ ئۈستىگە «غاچ» قىلىپ دەسسىدى. * ئېرى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، گۈلئايشەمنىڭ قولىغا قاتتىق دەسسىدى. ③ قەدەم ئالماق، ماڭماق: كەتكىن، ئىشىڭ بولمىسا بۇ يەرگە دەسسىمە. * مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. ئۇ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ مايماق دەسسەپ ئالدىرىماي كېتىپ باراتتى. ④ كۆچمە. ئوينىماق، چۈشمەك (ئۇسسۇل، ساما قاتارلىقلار ھەققىدە): شىپاڭ ئاستىدىكى كۋادرات شەكلىدىكى پەگاھتا بولسا، ئىككى ياش يىگىت بىر-بىرىگە شۇنداق يېقىملىق بېقىشىپ «تاڭ سەيلىسى»گە دەسسەۋاتاتتى. * باھارى كەلدى سەنئەتنىڭ، تۈزۈلدى كەڭتاشا سورۇن، قارا بۇلبۇل غەزەل ئېيتىپ، ئۇسسۇلغا دەسسىدى قارلىغاچ. ⑤ كۆچمە. ئىگىلىمەك، ئالماق، باسماق: ئۇزۇن ئۆتمەي مەن باشقا بۆلۈمگە يۆتكىلىپ، ئورنۇمغا ئاقىل دەسسىدى.

**دەسلەپ** رەۋ. ئەڭ ئاۋۋال، ئالدى بىلەن، باشتا: ئۇ مېنى كۆرۈپ دەسلەپ سەل تېڭىرقىدى. كېيىن جالال مۇئەللىم بىلەن تەڭلا ئىللىق چىراي بىلەن مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. * زۇللا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ دەسلەپ قاقاقلاپ كۈلدى، كېيىن خۇددى تۇتقاقلىقى تۇتقان ئادەمدەك خەتنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ چالۋاقىدى.

**دەسلەپ قىلماق** ① بىرەر ئىشنى يېڭىدىن باشلىماق: – قېنى ئوغلۇم، سەن دەسلەپ قىلىپ، ئايشەمگۈلدىن ئەپۇ سورىغىن. كېيىن ئۇ سەندىن ئەپۇ سورايدىغان بولدى، – دېدى قادىر ئاكا ئوغلى خەمىتكە. ② بىركۈنكى سودىدا تۇنجى قېتىم مال سېتىپ پۇلىنى ئالماق: – بالام، مەن تېخى دەسلەپ قىلمىدىم، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن كەل. ئاندىن ئاپىرىپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ، – دېدى دۇكاننى يېڭى ئاچقان دادىسى.

**دەسلەپتە** رەۋ. باشتا، ئالدىدا، ھەممىدىن بۇرۇن: دەسلەپتە ئۇ كەلدى، كېيىن باشقىلار كېلىشتى. * مەنمۇ دەسلەپتە مارجان

بۆۋىنى ئېرىگە ئەجەب ئامراق ئىكەن دەپ ئويلىغانىدىم. * دەسلەپتە ئۇنىڭ قورسىقى سانجىپ ئاغرىغانىدى.

**دەسلەپكى** سۈپ ① باشلىنىشتىكى، ئالدىنقى، بىرىنچى، ئاۋۋالقى: شۇنداق قىلىپ، ئىنستىتۇت ھاياتى باشلاندى، دەسلەپ-كى ئايلار ساۋاقداشلار ئارا تونۇشۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. * ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى پەرزەنتى ئانا قورسىقىدا تېخى ئالەمگە كۆز ئاچماي تۇرۇپ ئېغىر ۋە تىنىمسىز ئەمگەك تەسىرىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. * — قېنى، دەسلەپكى كوپىيىسىنى ئوقۇپ باققىنا. — دېدى مۇئەللىم. ② بۇرۇنقى، كونا: بىز دەسلەپكى ئۆيىمىزدىن كۆچتۇق. * ياسىن دەسلەپكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى قولغا ئالدى.

**دەسلەپكى ئاساس** <بىئول> ھايۋانلار-نىڭ دەسلەپكى تۆرەلمىسىدىكى كەلگۈسىدە تەن بولۇپ يېتىشىدىغان مەلۇم توقۇلما ياكى ئورگانلارنىڭ دائىرىسى.

**دەسلەپكى تالا ئاقسىلى** <بىئول> قان پلازمىسى تەركىبىدىكى بىر خىل خىمىيۋى ماددا. ئۇ قان ئۇيۇتقۇچى فېرمېنتىنىڭ تەسىرىدە تالا ئاقسىلغا ئايلىنىدۇ.

**دەسلەپكى تۇخۇم ھۇجەيرىسى** <بىئول> يېتىلىپ بولالمىغان ئارقىلىق تۇخۇم ئانا ھۇجەيرىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ھۇجەي-رىلەر.

**دەسلەپكى سپېرما ھۇجەيرىسى** <بىئول> ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادىدىن سپېرما ھاسىل بولىدىغان دەسلەپكى ئاتىلىق كۆپىيىش ھۇجەيرىسى.

**دەسلەپكى قەدەمدە** ① ھەممىنىڭ ئالدىدا، بىرىنچى قېتىم: بىزنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قىلىدىغان ئىشىمىز ئورۇنلىشىش ۋە بۇ يەرنىڭ شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش.
② ئۇزۇل-كېسىل ئەمەس، يەنە بىر قېتىم قىلىشقا تېگىشلىك دەپ: ناھىيىلىك پارتكوم سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقتى. * 1951 — يىلى 12- ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئاساسىي قىسىملىرى-نى ۋە 100دىن ئارتۇق خەلق ناخشىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنئالغۇ سىمىغا بەردى.

**دەسلەپكى لايىھە** <بىن> بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، بۇنىڭدا، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى، چۈشەندۈرۈشى ۋە خام چوتى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. تەستىق چۈشكەندىن كېيىن بۇ لايىھە، شۇ قۇرۇلۇشقا مەبلەغ ئاجرى-تىش، ماتېرىيال، ئۈسكۈنىلەرنى زاكاز قىلىش ۋە قۇرۇلۇشنى سېلىشنىڭ باشقا تەييارلىقلىرىنى باشلاش قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي ھۆججىتى بولۇپ قالىدۇ.

**دەسلىپىدە** رەۋ ← **دەسلەپتە**: نۇرغۇن ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر ئەڭ دەسلىپىدە شەرەپلىك دەپ تونۇلغانىدى.

**دەسمال** ئى (پ) نەرسىلەرنى بولۇپمۇ ئاشخانا سايمانلىرىنى سۈرتىدىغان پارچە رەخت، لۆڭگە: ئۇ مۇرىسىگە ئارتىۋالغان ئاق دەسمال بىلەن گۈللىرى يالتىراپ تۇرغان تاماق شىرەسىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. * ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كونا ياغاچ كارىۋاتتا دەسمالدەك قارىداپ كەتكەن يوتقان-كۆرپە بار ئىدى.

**دەسمالچى** ئى. داستىخان يىغىش، قولغا سۇ بېرىش ئىشلىرىنى قىلغۇچى كىشى: توختى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قازى، ئاقساقاللار-نىڭ تاۋىقىنى كۆتۈرۈپ، دەسمالچى بولۇپ يۈرۈپ ئۇلاردىن مەنسەپ تەمەسىدە يۈرگە-نىدى.

**دەسماللىق** سۈپ. دەسمال قىلىشقا بولىدىغان: دەسماللىق رەخت.

**دەسماللىماق** پ. دەسمال بىلەن سۈرتمەك: ھېلىقى بالا جوزىنى دەسماللاپ چاي ئەكەلدى.

**دەسمايە** ئى (پ+ئە) ① سودا-سېتىق، تىجارەت، ھۈنەر-كەسىپ، قىمار قاتارلىقلاردا سېلىنغان ئاساسىي مەبلەغ: قېنى ئېيتىڭا، سىزنىڭ سودىگەرچىلىك دەسمايىڭىز نەدىن كەلگەن، بۇنىڭ ھېسابى، پايدىسى توغرىسىدا قاچان ئېغىز ئاچىسىز؟ * مۇشۇ ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان مۇزدۇزلۇق قىلىپ ئېشىنىپ بانكىدا قويغان 3000 يۈەن پۇل ۋە قولىدىكى 1000 يۈەنلىك دەسمايە ئۇنىڭ-كەلگەن ئامىتىمىكىن؟ * ئاخىرقى قېتىم ئۇ، جېدەل-ماجىرا بىلەن تولغان تاۋكادا ھەممە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ بىر قولى ئۇرۇپ سۇندۇرۇلۇپ «ياغاق پۇشتى ماكان» كەنتىگە قايتىپ كەلدى. * بۇنىڭ ئۈچۈن بىرئاز دەسمايە كېرەك - تە، «قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ② قول ئىلكىدىكى بار نەرسىلەر: ئۇ دادىسىدىن قالغان دەسمايىنى يەپ تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈن تاغار، خۇرجۇن، پالاس دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ توقۇپ كۆردى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى ئېلىپ بېرىشتا پايدىلىنىدىغان قولايلىقلىق، ۋاستە: دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق (ماقال). * ھىم، ماقۇل، مۇنداق دېگىن، ھاكىملىق دەسمايەڭنىڭ بارىدا ئوقەت قىلىۋالاي دەپسەن - دە، سەن ئىت ئۆۋسىدا ياتقان كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالما. ④ كۆچمە. ئۇستۇنلۇك، ئارتۇقچىلىق، بىگىسى: ساڭچۇ، ھېچكىممۇ نەزەر سېلىپ قويمايدۇ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندىمۇ، بىر نەزەر سېلىپ قويغۇچىلىك دەسمايەڭ بولمىغاندىكىن كىمدىن ئاغرىنالايتتىڭ. * ھەقىقىي ئىلىم-پەننى قانداقمۇ چەتئەلنىڭ، بىزنىڭ دەپ ئايرىش مۇمكىن، ئۇنى كىم ئىگىلىگەن بولسا، شۇنى قاناتلاندۇرىدىغان قورال بولىدۇ، شۇنىڭ دەسمايىسى بولىدۇ. ⑤ كۆچمە. تۆھپە، شان-شەرەپ: كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋەرمەي، يېڭى خىزمەت كۆرسىتىڭلار.

**دەسمايە سالماق** بىرەر ئىش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجراتماق، قوشماق: بۈگۈن مەن 100 يۈەن دەسمايە سالدىم. ئالىي دەرىجىلىك ئاشخانا، باغ سەيلىسى، كىچىك ماشىنا ھەممىسىگە يېتىدۇ. * قۇمدەرۋازىدىكى بىر ئېغىز دۇكاننى دەسمايە سېلىپ، مەخسۇس 100 سەر تەڭگىگە سېتىۋالدىم دەيدىغان مۇھۇرلۇك تىلخەت پەيدا قىلالامىلا؟

**دەسمايە غالتەككە چىقماق** ھەممە نەرسىسى، ھەممە دەسمايىسى تۈگىمەك: - قاسىم نېمىشقا كېتىدىكەن؟- نېمىشقا دەمسىز؟ دەسمايىسى غالتەككە چىققان - دە! ئەمدى كەتمەي بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ. * ناۋادا دەسمايىسى غالتەككە چىقىپ قالغان بولسا، بىرنەچچە جۇپ قىلىپ ۋە باشقا ئەسۋابلىرىنى سېتىپ يەپ كەتسە كەتتىكى، ھەرگىز ئۇنداق ئەپلەپ-سەپلەپ خەقنىڭ كۆزىنى بويايدىغان ھۈنەر قىلمىدى.

**دەسمايە قىلماق** ① بىرەر ئىش قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغ قىلماق: شۇنىڭدىن كېيىن دادام ئاكىسىنىڭ بەرگەن پۇلنى دەسمايە قىلىپ گىر بازىرىدا يەم-خەشەك ساتىدىغان بىر تەنزە ئېچىپتۇ. ② كۆچمە. باھانە، سەۋەب، ۋاستە قىلماق: ئاۋازىمنىڭ سازلىقىنى دەسمايە قىلىپ «تۇەنجالغ» لىقنى دىكتورلۇققا تېگىشۋالدىم. * شەمەر نېمە ئۈچۈن ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىنى ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىشنىڭ دەسمايىسى قىلدۇ؟

* ئۇلار مەتيانىڭ رەڭگىنىڭ قارىلىقىنى، چېچىنىڭ بۇدۇرلۇكىنى چاقچاقتا دەسمايە قىلدى - دە.

**دەسمايىسىز** سۈپ. دەسمايە يوق، دەسمايە سېلىنمىغان، دەسمايە كەتمەيدىغان: بەزىلەر بۇنى دەسمايىسىز تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ ھەددى-ھېسابسىز بىيىپ كېتىۋاتىدۇ. * دەسمايىسىز قانداق ئوقەت قىلغىلى بولىدۇ؟

**دەشت** ئى (پ) ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن، سۇسىز، قاقاس يەر؛ چۆل: مەختۇمسۇلا شۇ يۇرگىنىچە دەشتلەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كېلىپتۇ. * ئارام بەرمەس ئارزۇ بىلەن ئاتلىنىپ، مەن سەپەردە بولدۇم ئۇزاق ۋە مۇشكۈل. قانلىق ئاياغ ئىزىم قالدى دەشتلەردە، تاش قىزاردى، قىزارغاندەك تاڭدا گۈل. * ئېچىلغان چوغ رەڭلىك گۈلگە تىكىلگەن، ئانا بىر خىيالنىڭ تۇتقىنى بولۇپ. قارايتتى گويا ئۇ ئوتتەك ئارزۇنىڭ، قايغۇ-غەم دەشتىدە ئۇچقۇنى بولۇپ.

**دەشت - باياۋان** چۆل ۋە باياۋانلار: شۇنداق قىلىپ قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى دەشت - باياۋانغا سوزۇلغان ئۇن نەچچە كۈنلۈك يولدا هارۋا ۋە ئات - ئۇلاغلار خۇددى ھېسپتەك تىقلىپ كەتكەنىدى. * شاھ كېپكىنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا كېپەك شاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ دەشت - باياۋانغا قاراپ قېچىپتۇ.

**دەشت - چول** قاقاسلىقلار ۋە چۆللۈكلەر: بىركۈنى كۆيۈپ تۇرغان كۈن ئىسسىقىدا دەشت - چۆلنى كېزىپ، بىرىبىسىپ-ئىككى بېسىپ كېتىپ بارسا، يىراقتىن بىر تۈپ چىنار كۆرۈنۈپتۇ. * دەشت - چۆللەرنى گۈل قىلدۇق، تەبىئەتنى قۇل قىلدۇق، يېگىپ ئالغا چامدىدۇق راست ئاشۇرۇپ غەيرەتنى.

**دەشتۇباياۋان** ← **دەشت - باياۋان:** شۇ ماڭغىنىچە قاھىرىدىن چىقىپ دەشتۇباياۋانغا قاراپ مېڭىپتۇ.

**دەشتۇسەھرا** دەشت ۋە سەھرا: جۇنۇن ئىشقى غالىبلىقتا نومۇس پەردىسىن يىرتار، پېتەكلەر دەشتۇسەھرا تەرەپكە بىئىختىيار تارتار.

**دەشنەم** ئى (پ) زەردە بىلەن قاتتىق كايىپ ئېيتىلغان سۆز؛ ئاھانەت: بۇ نەرسىلەر« ياش ئۇچقۇنلار» دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان خەۋپ – خەتەرنىڭ مۇساپىسىنى قىسقارتىپ، ئەكسىچە ھېكىم نۇرغا ساقچى ئورگىنىدىكى خوجايىنلىرىدىن ئالىدىغان دەشنەمنى تۆگىتىپ بېرەتتى. * دېمىگىن دۇشمەنىنىڭ بەتتىسى ياخشى، ئۇنىڭدىن دوستۇڭنىڭ زاغرىسى ياخشى. دۇشمەنىنىڭ « تاتلىق سۆز »نى ئاز كۆلكىسىدىن، دوستۇڭنىڭ دەشنىمى، تەنىسى ياخشى.

**دەشنەم ئاڭلىماق** ← **دەشنەم يېمەك:** شۇ تۈپەيلى ئۇلاردىن بەزىدە دەشنەم ئاڭلىسامۇ يەنىلا يۈزۈمنى قىلىنىشتىپ تۇرۇپ ئۇلارغا بولغان « سادىق» قەلبىمنى تاپشۇراتتىم. * ئۇمۇ پىل سۇلتانىنىڭ ئالدىدىن، تويۇپ – تويۇپ دەشنەم ئاڭلاپ يېنىپتۇ.

**دەشنەم بەرمەك** زەردە بىلەن قاتتىق كايىماق، ئاھانەت قىلماق: مانا ئەمدى كىچىككىنە بىر ئىش بولسىلا، قالايمىقان ئۇرۇپ، دەشنەم بېرىپ بالىنى يۇرەكئالدى قىلىۋەتتى. * قىلۇر ئاقنى قارا، دەرمەھەل قىلۇر تۆھمەت، يامان بەتنام، ھەقىقەتتىن سۆز ئاچساق گەر، بېرۇر بىزگە يامان دەشنەم.

**دەشنەم ئىشتمەك** ← **دەشنەم يېمەك:** سېنىڭدىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن هارغۇچە دەشنەم ئىشتكەن بولاتتى. * ھېكايىمىزنى مۇشۇ يەرگىچە سەۋر قىلىپ ئاڭلاپ كەلگەن، بارغانسېرى كىتابپەرەس بولۇپ

كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خوتۇنلىرى ياكى ئەرلىرىدىن دەشنەم ئىشىتىپ تۇرىدىغان كىتابخانلارمۇ بۇ كەم نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقسا كېرەك.

**دەشنەم يېمەك** قاتتىق گەپ، ئىزا، ئاھانەت ئاڭلىماق؛ زەربىگە ئۇچرىماق: دەشنەم يېگىنىم – بەش نان يېگىنىم (ماقال). * – چاتقى تولا ئىشنى قىلمەن دەپ خەقتىن دەشنەم يېگۈچە بىر كىشىلىك ئىشىڭنى قىلىپ، باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتسەڭ بولمامدۇ، بالام؟! * بىلمەيتتىم مەن ئاۋۋال قورقۇش دېگەننى، ھازىرچۇ ئۈنچىلىك باتۇر ئەمەسمەن. ھەر كۈنى دەشنەم يەپ تۇرسا بۇ يۈرەك. تولمامدۇ جاراھەت، قانلىق داغ بىلەن ؟

**دەشكۈشلىمەك:** پ ← **دۆشكەلىمەك** بىرنەچچە «ئىسيانچى»لار كىتابلارنى شوينىغا چىگىپ تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ بوينىغا ئاستى ھەم ئۇنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا دەشكۈشلەپ ھەيدەپ چىقتى.

**دەقىقە** ئى (ئە) ① سائەتنىڭ 60 تىن بىر بۆلىكى، مىنۇت: ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، شەمشىنۇر توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. * سەندە بۇ دۇنياغا كەلگەنلىك ئىلەمىڭ رازىمەن، ھەردەقىقەڭمۇ تۈمەن يىل قەدرىدەك پۇرسەت ماڭا. ② كۆچمە. قىسقىغىنە ۋاقىت، پەيت: بۈگۈنكى مەشغۇلات ئىنىق بولسىمۇ، كېلىدىغان دوستلىرىمنى كۈتۈپ تۇرغان مۇشۇ قىسقىغىنە دەقىقە ئىچىدە، نېمىشقىدۇر، قەلبىمنىڭ تېگىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان يۈكسەك بىر تۇيغۇنى يوشۇرالمىدىم. * زامانە ھەيدەرخان غوجىنىڭ تۇرسا، بىچارە كەمبەغەل كۆلەرمۇ قېنىپ ؟! يالت قىلغان چاقماقتەك ئۈچتى شادلىقلار، دەقىقە ئىچىدە غىل - پاللا يېنىپ.

**دەقىقىلىك** سۈپ. دەقىقىدە يەنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتىدىغان، دەقىقىدىن ئۇشۇق ۋاقىت كەتمەيدىغان: شۇ تاپتا ئۇلارغا پۈتۈن ئۆمرىدە كۆرگەن راھەت – پاراغىتى مانا شۇ دەقىقىلىك جاپا – مۇشەققەتكە تەڭ كەلمەيدىغاندەك بىلىندى. * ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان مەدھىيىسىنى ئاڭلاپ بىر دەقىقىلىك مەمنۇنىيەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەمنۇنىيەت خۇددى بىر مەيىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى.

**دەقيانۇس** ئى (ئە<لات) قەدىمكى رىم ئىمپېراتورى دىئاكلاتىئون (313-245) نىڭ نامى.

**دەقيانۇستىن بېرى** ئىنتايىن قەدىمكى، ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتتىن بېرى: توي كۈنى قىز كۆچۈرگەندە يولنى توسۇپ ياكى ئوغۇلنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ توي ئىگىلىرىدىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىش دەقيانۇستىن بېرى كېلىۋاتقان ئادەت.

**دەقيانۇستىن قالغان** ناھايىتى قەدىمىدىن، ئەلمىساقتىن قالغان، ناھايىتى كونا، بەك قەدىمكى: توختى ئىسمىلىكنى توختىمىغان سۇغا بېسىش دەقيانۇستىن قالغان بىر ئىش.

**دەقياقنۇس زاماندىن بېرى** ← **دەقيانۇستىن بېرى:** بىزنىڭمۇ دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىن بېرى كېلىۋاتقان ئۆز يولىمىز، ئۆز ئادىتىمىز بار.

**دەكە-دۈرۈم** دىئال. دەككە-دۈككە.

**دەكچەك** ئى (پ) دىئال. ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان.

**دەككە** ئى (ھىند) نامۇۋاپىق ئىش، ھەرىكەت ئۈچۈن كايىپ ئېيتىلغان قاتتىق گەپ؛ تەنبىھ؛ زەربە: دەككە بەرمەك. دەككە

يېمەك. * قۇندۇزنىڭ قارشى جاۋابى ۋە قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرۇشى ئۇلارغا دەككە بولدى.

**دەككە بەرمەك** ناموۋاپىق ئىش، ھەرىكەت ئۈچۈن كايىپ قاتتىق گەپ قىلماق؛ تەنبىھ بەرمەك، زەربە بەرمەك: ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىدى دەپلا بىر ئىككىسىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ بولدى قىلماسلىق لازىم. * يۇرۇگلار بارايلى ئالدىنقى سەپكە، ئاتاكا قىلايلى دۈشمەننى قوغلاپ. ئېتىڭ پىلموتنى، تاشلاڭ گرانات، دۈشمەنگە بېرەيلى ئەجەللىك دەككە.

**دەككە يېمەك** ئەدىبىنى يېمەك، تېگىشلىك جازاسىنى تارتماق: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ قەتئىي ھەم ۋەزمىن جاۋابىنى ئاڭلىغان ھېكىم، دەككە يېگەندەك بولدى — دە، لام-جىم دېيەلمىدى. * يەنە ئۇ ئالدىنقى يىلى قاراخانىيلار دۆلەت چېگرىسىغا ئۆتۈپ ئۇرۇنۇپ باققانىدى، دەككىسىنى يەپ قايتتى. * كېچە-كۈندۈز تۇرىمەن گاڭدا، ئاپتوماتىم چۈشمەس قولۇمدىن. دەككە يەيدۇ چىقسا ياۋ ئەگەر، ئۇدۇلۇمدىن يا ئوڭ-سولۇمدىن.

**دەككە - دەشنەم** دەككە ۋە دەشنەم: بارا - بارا مەنمۇ دەككە- دەشنەم، ۋارقىراش، چىمدا شلاردىن قورقۇپ ئۇنداق نەرسىلەرنى تالاشمايدىغان بولدۇم. * قىزىممۇ ھەر كۈنى دەككە - دەشنەمدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولدى.

**دەككە - دۈككە** بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قىلىنغان تەشۋىش ۋە ئەندىشە؛ قورقۇنچ؛ ئىككىلىنىش: يۈرىكىم دەككە - دۈككىدە، كېسەلدىن يېڭى قوپقان ئادەمدەك دەلدەڭشىپ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. * قادىر ئاخۇننىڭ ئوغلىغا بولغان ئاچچىقى باياتىن بىر خىل دەككە-دۈككە بىلەن ئالماشقانىدى. * ھېيتگاھقا چىقالماس تىلى قىسلار، يۈرىدۇ ئارقىدا، دەككە - دۈككىدە.

**دەككە - دۈككە بولماق** بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ تەشۋىشلەنمەك، ئەندىشە قىلماق: ئۇ دەككە- دۈككە بولغان ھالدا ئۇدۇلىدا تۇرغان قۇدىسىنىڭ تويلۇققا قانداق ئىنكاس بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ ئولتۇرىدۇ.

**دەككە - دۈككىگە چۈشمەك** ← دەككە - دۈككە بولماق: مەن يەنە دەككە- دۈككىگە چۈشۈپ قالدىم. چۈنكى مېنى خېلىدىن بېرى ئازابلاۋاتقان نەرسىمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئىدى. * كىشىلەر ئېقىپ يۈرگەن بۇ گەپلەرنىڭ قايسى بىرىگە ئىشىنىشنى بىلمەي، بىر تەرەپتىن تېڭىرقىسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەككە - دۈككىگە چۈشۈشتى.

**دەككە - دۈككىگە سالماق** غەم-ئەندىشىگە چۈشۈرمەك، تەشۋىشلەندۈرمەك: بۇ ھېسابىنى ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى چىقىرىشقا كىرىشكەن، نەتىجىسى ئۇنى بىئارام قىلغانىدى. ھازىر يەنە بۇ ھېساب ئۇنى ئۆزىگە بەند قىلماقتا، قىينىماقتا، دەككە- دۈككىگە سالماقتا ئىدى. * سەن تۇيۇلدۇڭ خۇددى ئايغا ئايلىنىپ كەتكەن كەبى، ئۇشبۇ ھال كۆڭلۈمگە سالدى دەككە - دۈككە ئاخشىمى.

**دەككە - دۈككىلىك** تەشۋىش، ئەندىشىگە چۈشكەن ھالەت؛ قورقۇنچلۇق كەيپىيات: سىيىقارىي تېۋىپنى كۆرۈپلا ئۇچۇقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھامان بىر خىل دەككە - دۈككىلىك، خۇدۇكسىرەش بولغاچقا، گەپ - سۆزلىرى قانچە قىلسىمۇ چاك باسمايتتى.

**دەگدىمەك** پ. دىئال. ئەندىشە ۋە ساراسىمىگە چۈشمەك، تەشۋىشلەنمەك.

**دەگۆزە** ئى (پ) كۆن ئۆتكۈزۈش، تىرىكچىلىك: – ئۇخلاپ قالغانىمكىن دەپ ئەنسىرەپتىمەن،

– دېدى قسمەت چورۇق ئىشكنى ئېچىپ تالاغا چىققان مەسۇدىخاننى كۆرۈپ، – بەلەن بولدى، مانا ئۇن، ئۆزۈمنىڭ ئۇنى، ئاز بولسىمۇ مەختۇم قىز بىلەن دەگۈزە قىلىپ تۇرسىلا.

**دەڭ** ئى (خەن) يولۇچىلار چۈشىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئات – ئۇلاغلىرىمۇ تۇرالايدىغان مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى قونالغۇ جاي؛ ساراي: تۆمۈر خەلپە دۆڭكوۋرۇكتىكى هارۋىكەشلەر دېڭگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، دوقمۇش – دوقمۇشتا توپلىنىپ، تۆت بۇرجەكلىك يوغان قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلانلارنى ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ قالدى. * كۆز سالسا سايغا قوينى كەڭ ئىكەن، كارۋانلار قونغان كونا دەڭ ئىكەن.

**دەڭجا** ئى (خەن) دەڭنى باشقۇرغۇچى خوجايىن: قەرزگە بوغۇلۇپ قالدۇق، دەڭجالارغا پۇل لازىم. يېنىڭدا پۇل بولمىسا، دەڭجا بەككە كىم لازىم.

**دەڭجالىق** «دەڭجا» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**دەڭسەتمەك** «دەڭسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن هېلىقى قاسساپقا بۇ قوينى كۆتۈرگۈزۈپ دەڭسەتتىم.

**دەڭسەشمەك** «دەڭسىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: – قېنى، هەممىڭلار نەق مەيداندا تۇرۇپسىلەر، ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار، سەۋەنلىك، ئەيىب كىمدىن ئۆتتى، هەربىرىڭلار دەڭسىشىپ بىرنېمە دېمەمسىلەر؟!

**دەڭسەيچى** ئى. كونا جەمئىيەتتە هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان مالاي؛ يالاقچى: يامۇلدىكى زالىمنى ئىدرىس لوزۇڭ دەيدىكەن. دەڭسەيچىسى كەينىدە يۈرتنى بۇلاپ يەيدىكەن.

**دەڭسىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى قول بىلەن كۆتۈرۈپ مىقدارىنى پەرەز قىلماق، بودىماق، قىياس قىلماق: مەن قوينىڭ دۈمبىسىنى قاماللاپ كۆردۈم. كۆتۈرۈپ دەڭسىدىم. پەممىچە قويدىن 30 كىلوگرامچە گۆش، 12 كىلوگرام ئەتراپىدا ياغ چىقاتتى. * ئۇ سومكىدىكى گۆشنى ئۇ ياق – بۇ يېقىغا ئۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن قولىغا ئېلىپ دەڭسەشكە باشلىغانىدى. ② بىرەر ئىش-هەرىكەت، گەپ-سۆزنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆڭلىدە قىياس قىلماق، مۆلچەرلىمەك: هازىر تېخى نېمىدە خاتا قىلغانلىقىم ئېنىق ئەمەس، ئېنىق بولۇۋاتقىنى مۇشۇ سۇ ئامبىرىنى قۇرۇشتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، ياخشى دەڭسەپ كۆرمىگەنلىكىم، هازىر ۋاقىت ئۆتتى، ئىلاج يوق. * زەينەپ دادىسىنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆرۈپ، بۇنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى.

**دەڭگدۈگە** ئى <بوت> بىرخىل ياۋا ئوت – چۆپ. تال-تال ئۆسىدۇ، ئاق چېچەكلەيدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق سېرىق كېلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئىسى بىلەن چىش ئاغرىقىنى داۋالاشقا بولىدۇ.

**دەڭگىرەك** سۈپ. دىئال. چوڭ گەپ قىلىدىغان، پوچى.

**دەڭگىرەكلىمەك** پ. دىئال. پو ئاتماق، پوچىلىق قىلماق.

**دەل** رەۋ. ① نەق، تازا، توپتوغرا: مۇتەللىپ بۇ تەكلىپكە خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. ئۇ نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، دەل شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ قېشىغا تەمتىرەش بىلەن جۈرئەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىرقىياپەتتە ساتتار يېتىپ كەلدى. * بۇ مەن ئىزدىگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى. // مىڭلىغان – تۈمەنلىگەن كىچىك يامغۇر تامچىلىرى باهار گۈلدۈرمامىسىنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئارقا-ئارقىدىن،

دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر بولۇپ قۇيۇلۇپتۇ. ② ئارتۇق - كېمى يوق، توپتوغرا: ئۇنداق بولسا، دەل سائەت سەككىزدە بىزنىڭ ياتاقتا ئۇچرىشايلى. * كېتە يلمىكىن، سائەت دەل 11 بولۇپتۇ. * تاڭدا - ئېتىز بېشىدا، ئۇچراشتى دەل كۆزىمىز. «قوشماق ئاداش» دەپ شۇئان، تەڭلا چىقتى سۆزىمىز. ③ بەئەينى؛ تامامەن، پۈتۈنلەي: ھەمراھىمنىڭ سۆزى دەل ئويلىغان يېرىمدىن چىقتى. * مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، نىزامىدىن توغرىسىدا بەزى كەپلەرنىڭ دەل مۇشۇ ئۆيدىن چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم. ④ مۇۋاپىق، ئورۇنلۇق، يولىدا، لايىقىدا: شۇ ئارقىلىق جىنايەتچىلەرگە پۇختىنا، دەل، قاتتىق زەربە بەردى، زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم ئۇقتىسىنى گەۋدىلەندۇردى. ئۇ ھەربىر مىسرا بېيىتمىنىڭ مەنىسىنى - مەنىسىگە، قاپىيىسىنى - قاپىيىسىگە دەل كەلتۈرۈپ، جاۋاب ئېيتالايدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تويلۇقسىز قوبۇل قىلىمەن. * ئۇ، ئۆزۈن ئاق جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن كەمەرنى چىڭ باغلىغان، بوز پىيىمىنىڭ قونچىنى قايرىۋال-غان، بىر دانە ئاپتوماتنى ئوڭ مۈرىسىگە تەتۈرسىچە ئېسىۋالغان بولۇپ، تازىمۇ دەل كەلگەن ئاق قولاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. ⑤ بەلگىلەنگەن جايىغا؛ خاتاسىز، توغرا: ئۇ ھەممە ئوقنى قارىغا دەل تەگكۈز-دى. * چۈنكى يۇرت ئەھلى ئاجايىپ باتۇر، قورالغا ماھىر، ئوقنى دەل ئاتۇر. خاقان «ھايت!» دېسە بارى بولۇر جەم (ئەرلەرغۇ شۇنداق، ئاياللارمۇ ھەم!).

**دەل جايىدا** راسا مۇۋاپىق، تازا لايىقىدا: سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن خەلقنى ئۇنۇملۇك تۈردە قوغداپ، دۈشمەنگە دەل جايىدا زەربە بەرگىلى بولىدۇ.

**دەل كەلمەك** مۇۋاپىق، مۇناسىپ، چىپ كەلمەك؛ پاتماق: قىز ئۆزۈن چېچىنى ئىچىگە يۆگەپ تىققان چاغدا چوڭ ھەربىي شەپكە ئۇنىڭ بېشىغا دەل كەلگەندەك بولدى.

**دەلتە** سۈپ. گومۇش، كالۋا، دۆت: - ھە، مەخمۇت دەلتىمۇسەن؟ تىلىڭ چىقىپ قېلىپتىغۇ؟ - دېدى سەلەي. // بۇنداق سوئاللارنى ئۇ ئاۋۋال ئۆزىدىن سوراپ، جاۋابى ئۈستىدە ئاز باش قاتۇرغىنى يوق. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بىرمۇنچە دەلتىلەر ئېرىشكەن ھوقۇق ھەم مەرتىۋىگە ئۇمۇ ئېرىشەلىگەن بولاتتى.

**دەلتىلىك** ئى «دەلتە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: - ئەخمەق، گالۋاڭ قاپاقباش! - دېدى ئۇ، - دەلتىلىكىڭدىن ئاۋۇ بىرنېمە ئاشكارا زاڭلىق قىلىۋاتسا، كۆپپاڭ ئېتىشىپ بېرىۋاتىسىنا؟!

**دەل-دەرەخ** ھەرخىل دەرەخ: ئېرىقنىڭ قىرلىرىدىكى چۆپلەر ۋە دەل-دەرەخلەرلا يېشىل كۆرۈنەتتى. * بۆك-باراقسان دەل-دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ئاشۇ گۈزەل يېزا - مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي.

**دەل-دەرەخلىك** ① دەل-دەرەخلىرى كۆپ، ئەتراپى دەل-دەرەخلەر بىلەن ئورالغان: بۈككىدە دەل-دەرەخلىك گۈزەل يۇرتۇم، گۈپۈلدەپ گۈل پۇرايدۇ باغ- دالاسى. ئىش مېھنەت دولقۇنلىنىپ تاغ سۈيىدەك، ھەرياقتىن ياڭراپ تۇرار شاد ناۋاسى. ② دەل-دەرەخ كۆپ ئۆسكەن جاي: دەل-دەرەخلىك ئىچىگە كىرىپ كەتتى يوسۇپجان. ئوقلار ئۇچار ۋىژىلداپ، پەرۋا قىلماس ئۇ ھامان.

**دەلدەڭ** سۈپ. ساڭگىلاپ، پۈلاڭلاپ تۇرىدىغان: دەلدەڭ قۇلاق.

**دەلدەڭ قۇلاق** قۇلىقى يوغان، سالپىيىپ تۇرىدىغان ئادەم.

**دەلدەڭشمەك** پ → **دەلدەڭلىمەك**: مەنسۇر ئۆزىگە كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى -

دە، سۇغا كىرىپ، ماۋۇتىنىڭ ئۈستىدىكى ئەكبەرنى تارتىپ كېلىپ بىرمۇشت سالدى. ئەكبەر دەلدەڭشىپ بېرىپ يىقىلدى. * شۇ ئارىدا ياقۇپ ياساۋۇل قانداقتۇر بىر ناخشىنى دىمىغىدا ئېيتىپ، دەلدەڭشىگەن پېتى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى.

**دەلدەڭلەشمەك** «دەلدەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنى يۆلىشىپ، دەلدەڭلىشىپ ئاران دېگەندە تام تۈۋىگە بېرىۋالدى.

**دەلدەڭلىمەك** پ. ئىرغاڭلاپ، سەنتۈرۈلۈپ، پۇتىنى تەستە يۆتكەپ ماڭماق، دەلدەڭشىمەك: ئايپاشا دەلدەڭلەپ تالاغا چىققاندا قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئالەم گۆردەك سۈرلۈك ۋە جىمجىت ئىدى. * ئاڭغىچە، بىر لۈكچەك چويۇن مۇشت بىلەن ئالماسنىڭ بويۇن تومۇرىغا ئۇردى، ئالماس دەلدەڭلەپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى.

**دەلدۈش** سۈپ. دەلدەڭشىپ ماڭىدىغان؛ لەۋزا: باي بالسىنىڭ مېڭىسى ئېغىر زەخىملەنگەچكە ئۈچ-تۆت ئايدىن كېيىن ئاران ساقىيىپتۇ، ساقايغاندىمۇ دەلدۈش بولۇپ ساقىيىپتۇ.

**دەلدۈشلۈك** «دەلدۈش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قاسىم ئاكامىلارنى بالىسىنىڭ دەلدۈشلۈكى كۆپ ئەنسىرەشكە سالدى.

**دەلدۈگۈنمەك** پ. سەنتۈرۈلمەك، دەلدەڭشىمەك: ئۇ شۇنداق دەپ كىردى - يۇ، بۆرىگە يولۇققان قويدەك چۆچۈپ ئارقىسىغا دەلدۈگۈندى. * جۇمە دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ دەرەخكە يۆلىنىپ قالدى.

**دەلدۈڭ** سۈپ. ئەقىلسىز، كالۋا، دۆت: دەلدۈڭ ئادەم.

**دەلدۈڭلۈك** «دەلدۈڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**دەللال** ئى (ئە) ① سودا - سېتىقتا ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنى كېلىشتۈرگۈچى، مالغا باھا قويۇپ پۈتۈشتۈرگۈچى: يېنىمدا پۇل دىدارى قالمىغانىدى. ھېلىقى ئالتۇن ئەسۋابنى ئېلىپ بازارغا باردىم ۋە ئۇنى سېتىش ئۈچۈن دەللالغا بەردىم. // ئۇ ھازىر بېشىغا قارا شلەپە، ئۈستىگە كالتە يەڭلىك ئاق كۆڭلەك ۋە ئۇزۇن قارا كۆك بۇرۇلكا كىيىۋالغان. مۇنداق قارىماققا شۇ ۋاقىتتىكى گەزمال بازىرىدىكى دەللال بايۋەچچىلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. ② مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتلەردىكى، ئۆز دۆلىتىنىڭ بازىرىدا چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىپ بېرىش، بايلىق مەنبەسىنى تارتىۋېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە تاجاۋۇز قىلىش پائالىيىتىنىڭ ۋەكالەتچىسى. ③ سەلب. خوتۇن - قىزلار ۋە ئاياللار بىلەن ئەرلەرنى ئۇچراشتۇرغۇ-چى، دەللە: بۇرۇنقى زامانلاردا توي ئىشى پۈتۈنلەي ئاتا- ئانىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىككى ئوتتۇرىدا دەلاللار قاتنايدىكەنمىش. * — يولۋاسجان، — دېدى دەللال تەسەللى بېرىپ، — سەۋر قىلسىلا، ھازىرغا قەدەر تۆت قىز ئالدىلا، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئاسان قولغا كەلگىنى يوق. بۇمۇ قولىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

**دەللال بۇرژۇئازىيە** <پەلس> مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ھەمدە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چوڭ بۇرژۇئازىيە. دەللال بۇرژۇئازىيە بىر تەرەپتىن جاھانگىرلىككە بېقىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن فېئودال كۈچلەر بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت-تە بولىدۇ. كونا جۇڭگودىكى دەللال

بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ، تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىگە ئايلانغان.

**دەللاللىق** ئى. دەللاللارغا خاس ئىش - ھەرىكەت، خاراكتېر: ئارتۇق بوجاڭ ئۆزۈندىن بېرى قولدىن چىقارماي كېلىۋاتقان ھوقۇقىنىڭ ئۆز قولىدا داۋاملىق تۇرۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەللاللىقتىن كىرىۋاتقان دارامىتىدىن كۆپ خۇرسەن ئىدى. * ئايزىم سەتەڭ شەھەردىمۇ ئالدامچىلىق، دەللاللىق قىلىپ بىر قانچە قىز - چوكانلارنى يولدىن چىقىرىپ، سىزىلگەندىن كېيىن، قولغا ئېلىنىش ئالدىدا يېزىمىزغا قېچىپ كېلىۋالغانىدى.

**دەللە** ئى (ئە) ① سەلب. ئەر-ئاياللارنى تېپىشتۇرۇش، ئۇچراشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايال؛ دەللال: كەنتتە بىر قېرى دەللە بار ئىدى. مەنسۇربەگ ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ: — قەمبەرنىسانىڭ كۆڭلىنى ماڭا مايىل قىلغايسەن، شۇندا مېنىڭ ئالدىمدا ئىززەتكە سازاۋەر بولغايسەن. يەنە كۆپلەپ ئىنئام ئالغايسەن، — دېدى. * ھاكىم خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرگەنىكەن، ئۇ خوتۇن ئېرىگە دەللە ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئېرىنى قېشىغا يېقىن يولاتماپتۇ. ② تىل ھا. قېرى ئەبلەخ، بۇزۇق: — مېنى ئاچتىن ئۆلتۈرۈشنى ئويلاۋاتامسەن! — ۋارقىرىدى موللام، — كىچىككىنە بىرنېمەڭگە ھەتتا چىشى چىقمىغان بالىمۇ تويمايدۇ، ھوي دەللە! * چىق! قاقباش ئۆيدىن، يوقال كۆزۈمدىن، نېمە ئىشىڭ بار يېرىم كېچىدە. ياكى بۇ تۇندە ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ ئىپلاس، پەس دەللە، دۇمبا ئىچىدە.

**دەللەتمەك** «دەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەللەشمەك** «دەللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دەللەنمەك** «دەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دەللىك** «دەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال ئۇچرىسا، ئۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، دەللىكى بولغان ھالدا ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

**دەلللىك** ئى. دەللە خوتۇنلارنىڭ ئەر-ئاياللارنى تېپىشتۇرۇش، ئۇچراشتۇرۇش ئىشى ۋە مۇشۇنداق ئادەت: ئۇنىڭ ھويلىسىغىمۇ ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرى پات - پات كىرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، تۇردىخان تېز دەلللىك يولىغا ئۆتۈۋالدى.

**دەللىڭ** ① رەۋ (خەن) توغرا، راۋۇرۇس، دادىل: زامان زورنىڭ، تاماشا كۆرنىڭ دەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەمدۇق - يا! ئىتتەك تەلمۈرۈپ قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ يۈز يىل ياشىغاندىن كۆرە، ئەل - جامائەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن تۆت ئېغىز دەللىڭ گەپ قىلىپ بىركۈن ياشىساڭمۇ ئەۋزەل. * ئەمدى ئارقىغا قايتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سادىق دەللىڭ قەدەم بېسىپ كارىدورنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە يان ئۆيگە قارىدى. * بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆز ئۇنىڭغا دەللىڭ قادىلىپ تۇراتتى. ② ئۆز ئالدىغا، ئايرىم، مۇستەقىل: دەللىڭ ئىش قىلماق.

**دەللىمەك** پ ① مۇۋاپىق، ماس، باپ ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ لايىقلاشتۇرماق: بىر يېڭى خۇرۇم پىدەي ئالدى-دە قىز، پاچىمىنىڭ ئۈچۈن دەرھال كەستى چەنلەپ. قىردى ھەم سىلىقلىدى پىدەينى ئۇ، ھەم ئۇنى ئۆز جايىغا سالدى دەللەپ. * يەتتە ياشلىق زۇلخۇمار، سۆزلىرىدىن بال تامار.

دوستلىرىغا گاھىدا، گەپنى دەللەپ جايىدا.
② بەلگىلەنگەن جايغا ئۇدۇللىماق، نىشانلىماق؛ قارىغا ئالماق: دەل بىر ئويمان لىۋىگە يېقىنلاپ بارغاندا، كەنجى تۈيدۇرماي بىر- ئىككى قەدەمچە كەينىگە داجىدى - دە، يېنىدىكى تاپانچىسىنى ئۇقلاپ، زامانقۇل ئەخمىدىنىڭ دۈمبىسىگە دەللەپ ئاتتى. * سېلىمۇ يەڭلىرىنى شمايلىغىنىچە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە دەللەپ مۇشت ئاتتى.

**دەلمۇدەل** ① ناھايىتى باپ، ناھايىتى ماس: ئۇنىڭدىكى ۋاقىت ئاق سېرىق بالىنىڭ ئېيتقىنىغا دەلمۇدەل توغرا كېلەتتى. * قېتىلدى ئەل قاتارىغا يېنىمدىن ئالدى بىر كەڭ سول، بۇ ھالدا كۆڭلىمىز بىرلە ئىشىمىز دەلمۇدەل كەلدى. ② كۆچمە. باپباراۋەر، تەڭمۇتەڭ: كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرخىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، خاتىرە دەپتەرنى چىڭ ساقلاپ، ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېلىشتى.

**دەلۋە** ئى (ئە) <ئاستر> ← دەلۋە بۇرجى.

**دەلۋە بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ بىرى. بەلگىسى ، ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى °300 دىن °330 غىچە. ئەسلىي ئورنى دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەدى بۇرجىغا يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجىغا كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم «قاپاقيازدى» دېيىلىدۇ.

**دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 22 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °13 -، يەنى پېگاس يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ جەنۇبىغا، جەنۇبىي بېلىق يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**دەلۋىدىۋانە** ئى (دەلۋە+ دىۋانە) <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى. مىلادىيە ھېسابىدا 5-، 6-، ياكى 7 - يانۋاردىن باشلىنىدۇ.

**دەلىل** ئى (ئە) ① مەلۇم بىر ئىش، ۋەقە، ھادىسە ياكى ئوي-پىكىرنىڭ راست، توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان رېئال ئەھۋال ۋە ئەمەلىي نەرسە: بۇ بىچارىنىڭ روھى ۋە جىسمانىي ھالىتى ئەنە شۇنداق پىتنە-پاساتلارغا ئېنىق دەلىل بولۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. * ئوقۇدۇم سۇجۇدا مەنمۇ نەچچە يىل، كۆرگىنىم بولدى شۇ تەرىپكە دەلىل. شۇندا ئۆز يۇرتۇم ئېسىمگە كەلسىلا، بولمەن بەكمۇ خىجىل، بەكمۇ خىجىل. ② توغرا خۇلاسە، يەكۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاساس، پاكىت، ئىسپات، ھۆججەت: شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئۆزى ئۈستىدىكى ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلغۇدەك، ئۆزىنىڭ پاك - پاكىزلىقىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەك دەلىلگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. * سىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭدىكى جاراھەت ئىزلىرى ئالدامغا چۈشكەنلىكىڭنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ * ئۇ ئەكبەرنى بۈگۈن بويسۇندۇرالىشىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى مەنسۇر توغرىسىدىكى ماتېرىيال پۇختا ۋە تولۇق دەلىللەر بىلەن يېزىلغان.

**دەلىل خالتىسى** كارۋان يېتىلەپ ماڭىدىغان ئەڭ ئالدىدىكى تۆگىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوم ياغاچقا ئېسىپ قويىدىغان تورۋا.

**دەلىل كەلتۈرمەك** دەلىل، پاكىت

ئارقىلىق ئىسپاتلىماق: زاۋۇت ماتېرىيال بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى ۋە بەزى كادىرلار بىلەن قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇرۇنقى چىققان ۋەقە، ئىلگىرى «زىيان تارتقان» كىشىلەرنىڭ ساۋىقىنى دەلىل كەلتۈرۈپ رەيھانەمنىڭمۇ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىشاتتى.

**دەلىز** (توغرىسى: دەھلىز) ← **دەھلىز.**

**دەللچىلىك** ئى <پەلس> ← **پوزىتسىۋىزم.**

**دەللىسىز** سۈپ. دەللىلى يوق، دەلىللەنمىگەن: پاكىتسىز، دەللىسىز گەپلەر قىلچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

**دەلىللە تمەك** «دەلىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەلىللە شمەك** «دەلىللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتون ۋە ئارستوتېلمۇ، رىم قانۇنشۇناسلىرىمۇ نەزەرىيە جەھەتتىن، قۇللار بىرخىل نەرسىدىن-لا ئىبارەت، قۇلدارلارنىڭ قۇل ئىگىلەش ھوقۇقى ھېچقاچان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئادەتتىكى خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىدۇر دەپ دەلىللىشىپ باققانىدى.

**دەلىللە نمەك** «دەلىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇزاكىرە قىلىپ سېلىشتۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ھەم نەزەرىيە بىلىمى، ھەم ئەمەلىي تەجرىبىسى بار يولداشلارغا ئەستايىدىل دەلىللەنگەن بىر ياكى بىرنەچچە خىل يەكۈن ياكى لايىھە قويدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**دەلىللىك** سۈپ. دەلىلى بار، دەلىللەنگەن، دەلىلگە ئاساسلانغان: پىكىر بەرگۈچىلەر ئېيتقانلىرىنىڭ دەلىللىك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشى لازىم.

**دەلىللىمەك** پ. پىكىر، مۇلاھىزە، دەۋا-تە-

لەپ قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى دەلىل، پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىماق: تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى خارابىلاردىن تېپىلغان ئەجدىھا نۇسخىلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. * جاگۇتىنىڭ ئۆلۈمى، ئوسمانىنىڭ قولغا ئېلىنىشى، بۇ ئەنزىلەرنىڭ خېلىلا چوڭقۇر ئىقتىسادىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى دەلىللەيدۇ.

**دەلىل-ئىسپات** دەلىل ۋە ئىسپات: ھەرخىل پەرەزلەرنى ناھايىتى خۇش ياقىدىغان قىياسلار-نى قىلىپ بېقىشقا بولاتتى. لېكىن پەرەز دېگەن پەرەز، قىياس بەرىبىر قىياس. بۇ پەردە كېرەكلىكى لىرىكا ئەمەس، دەلىل – ئىسپات. لىرىكا دېگەن شېئىرلارغا يارىشىدۇ. * سىلەر دەلىل-ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىت-لەيسىلەرغۇ، قېنى شۇ دەلىل-ئىسپاتىڭلارنى بىر چىقارساڭلار، كۆرۈپ باقسام.

**دەلىل-ئىسپاتسىز** دەلىل-ئىسپاتى يوق، دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسلانمىغان: دەلىل-ئىسپاتسىز، يالغان-ياۋىداق گەپ.

**دەلىل-ئىسپاتلىق** دەلىل-ئىسپاتى بار، دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسلانغان: دەلىل-ئىسپات-لىق ماتېرىيال.

**دەم** I ئى. ئىشىكنى تىرەپ قويىدىغان ياغاچ: ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم (ماقال). * ئىش يەم بىلەن، ئىشىك دەم بىلەن (ماقال). * توختىغاخۇن ئىشىك كەينىدىن دەمنى ئېلىپ بايىز خالۋاپنى تۇتماقچى بولغان لۈكچەكنىڭ كاللىسىغا بىرنى سېلىپ دۈم چۈشۈردى. * – غەيرەت قىل ئەبلغازى، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن، يەنە ئۈچ – تۆت يىل غەيرەت قىلساڭ بوسۇغاڭ ئالتۇن، دەملىرىڭ كۈمۈشتىن بولىدۇ، – دېدى ئۇ.

**دەم** II (پ) ① ئى. نەپەس، تىنىق:

دېمى كېسىلمەك. * ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى. دادىسى كۆرۈنمەيتتى. * مەن ئوت ئىچىدىن چىققاندەك دېمىمنى ئالالماي ئۇنىڭغا پىچىرلىدىم. ② ئى. ئارام، ھاردۇق: دەم ئالماق. * بۇلارنىڭ ئاتلىرى دەمگە موھتاج، ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنىڭ قارنىمۇ ئاچ. ③ ئى. بۇس، ھور: سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ (ماقال). * پولۇ بەك ئۇزۇن دەم يەپ كەتسە، سەل تەمىدىن كېتىپ قالىدۇ. ④ ئى. چاغ، ۋاقىت، پەيت: ئۇ مۇھەببەتنىڭ خۇشاللىق پەيتلىرىمۇ، قايغۇلۇق دەملىرىمۇ بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچىلەرگە قوشۇلالمايتتى. * نومۇسنىڭ سانسىز چايانى كېلىپ، چاقار تېنىمنى مۇشكۇلدۇر چىداش. ئەي! ئەزىم دەريا قايىنام شاۋقۇنى، ئاخىرقى دەمدە سەن بولغىن سىرداش. * سەھەر گۈللۈكتە بىر بۇلبۇل يولۇقتى، سۆزلىشىپ قالدۇق، دېدى: بۇلبۇلغا گۈلنىڭ ۋەسلىدەك ئەلۋ ياخشى دەم بولماس. ⑤ ئى. نان، سۇ قاتارلىق بىرەر نەرسىگە دۇئا، ئايەتلەرنى ئوقۇپ سۈپكۈچ قىلىش؛ دەمدە: دەم سالماق. ⑥ رەۋ. تىنىك، ئۆرە (كىچىك باللار ھەققىدە): دەم تۇرماق. ⑦ باغل. بىردەم، بەزى، گاھى، تۇرۇپ: ئۇستىلار توقۇلۇپ بولغان گىلەمگە دەم يىراقتىن، دەم يېقىندىن زوق بىلەن تىكىلىپ قارىشاتتى. * ئادىل بىردە قەغەزگە ۋە بىردە شۇجىنىڭ چىرايىغا، دەم تۇرۇلۇپ، دەم تەكشىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ماڭلاي قوشۇمىسىغا سەپسېلىپ ئولتۇردى. * سۇ چېچىكى، سۇ چېچىكى، سۇنىڭ چېچىكى، دەم ئېچىلىپ دەم يۇمۇلغان ياڭاق چېچىكى.

**دەم ئالماق** ① تازا ھاۋانى ئىچىگە سۈمۈرۈپ، ئاندىن سىرتىغا چىقارماق، نەپەس ئالماق، تىنماق: باقى كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ قانغۇچە دەم ئالدى - دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى. * ئۇ بىر پىيالە ھاراقنى دەم ئالماستىنلا ئىچىۋەتتى. ② ئارام ئالماق، ھاردۇق چىقارماق: ئوقۇتقۇچىلار ئون كۈن دەم ئېلىپ، يېڭىلىنىدىغان بولدى. * ئەكبەر ئەتىيازدىن بېرى بىرەر كۈنمۇ دەم ئالماي تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان دېھقان يىگىتنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى.

**دەم بەرمەك** ھاياجىنىنى، ئاچچىقىنى بېسىپ كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرماق؛ كۆڭلىنى كۆتۈرمەك: بىر پەستىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۆزىگە دەم بېرىشكە باشلىدى: «نېمىشقا شۇنچە ھودۇقىمەن، ئالدىرىماسلىق كېرەك، چىدامسىز بولغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلىدى.

**دەم تارتماق** كۈچلۈك نەپەس بىلەن ئىچىگە تارتماق، يۇتماق: ئەجدىھا ھاتەمنى دەم تارتتى، ھاتەم ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي، ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەلدى. * تىمساھ ئۆلارغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كېمىنى ئادەملىرى بىلەن بىللە دەم تارتىپتۇ. * شۇ پەيتتە، زەرب بىلەن قىيپاش تۇرۇلۇپ كەلگەن يەنە بىر دولقۇن ئۇنى ھەش - پەش دېگۈچە دەم تارتىپ ئىچىگە يۇتۇپ كەتتى.

**دەم تۇتماق** بۇقۇلدىماق، سايرىماق (كەپتەر ھەققىدە).

**دەم تۇرماق** بالا ئۆرە تۇرۇشنى ئۆگەنمەك.

**دەم سالماق** نان، سۇ قاتارلىق بىرەر نەرسىگە دۇئا، ئەپسۇن ئوقۇپ «سۈپ»، «كۈچ» دەپ سۈپكۈچلىمەك؛ دەمدە قىلماق: سام جادۇگەر سەرتەك جادۇگەر تەرىپىگە قاراپ دەم ئۇرۇۋىدى، سەرتەك جادۇگەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوت قورشىۋالدى. ھاتەممۇ «ئىسمىئەزەم»نى ئوقۇپ دەم سېلىۋىدى، ئوت غايىب بولدى. *

ئىنشائاللا، ئاللا ئىگەم شىپالىق بەرسە ياخشى بولۇپ قالىدۇ، ئۇلۇشكۇنمۇ بىر يەرگە چاقىرىپتى- كەن، بېرىپ ئوقۇپ «دەم» سېلىپ قويدۇم.
**دەم سۇيى** دۇئا، ئەپسۇن ئوقۇپ سۇپكۈچلەنگەن سۇ: ئۇ مازارلارنى يوقلاش، شەيخلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش، دەم سۇيى ۋە شەكىل يازدۇرۇپ، ئېزىپ سۇيىنى ئىچۈرۈش ۋە باشقا ئىشلارنى تىنىمسىز ئىشلەپ كۆرەتتى.
**دەم ئۇرماق** ← **دەم سالماق:** ھاتەم ئىسمىياتنى ئوقۇپ دەم ئۇردى. سام جادۇگەرمۇ لەشكەرلىرىنى ئىشقا سالدى. ھاتەم رەت قىلدى.
**دەم ئېلىش** ① ئارام ئېلىش، ھاردۇق چىقىرىش. ② <بوت> مېۋىلىك دەرەخلەر- نىڭ ئالدىنقى يىلى راسا مول مېۋە بېرىپ، كېيىنكى يىلى ياكى كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە ناھايىتى ئاز مېۋى- لەش ھەتتا مېۋىلىمەسلىك ھادىسىسى.
**دەم ئېلىش بەلگىسى** <مۇز> ئاۋازنى توختىتىش بەلگىسى. ئۇ ئاددىي نوتىدا 0 بىلەن، خەلقئارا نوتىدا ئالاھىدە بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**دەم ئېلىشقا چىقماق** ← **پېنسىيىگە چىقماق:** ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1237 نەپەر كادىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققاندى.
**دەم ئېلىش كۈنى** خىزمەت ۋە ئۆگىنىشنى توختىتىپ دەم ئېلىش بەلگىلەنگەن كۈن، يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى: پائالىيەت باشلانغان كۈنى شىركەتنىڭ بېتۈن زاۋۇتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىدى.
**دەم يېمەك** ھورىنى چىقارماي، ئۆزىنىڭ ھورى بىلەن پىشۇرماق؛ ئۆز ھورى بىلەن پىشماق: «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ

دەم يەپتۇ» دېگەندەك، قۇندۇزنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن نۇردۇن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دەرد - پىراقىدا كۆيۈپ- پۈچۈلىنىپ يۈردى.
**دىمى بوغۇلماق** نەپەس ئېلىشى، ئاۋاز چىقىرىشى تەسلەشمەك: — سەن شۇ ياشقا كەلگۈچە ماڭا نېمە قىلىپ بەردىڭ، تۇرغان- پۈتكۈنۈڭ زىيان، زىيان، — بوۋاي سۆزلىگەنچە دىمى بوغۇلۇپ خىرقىراپ كەتتى.
**دىمى تۈتۈلماق** ← **دىمى سىقىلماق:** – دىمىم تۈتۈلۈپ كەتتى، بېشىمنى تاغاردىن چىقىرىپ قوي، بولمىسا ئۆلۈپ قالىمەن، — ۋېلىخان بەگ يىغلامسىراپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. * تۆت تامغا چۆچۈپ قارىدى. مورىغا كۆزى چۈشكەندە، چۆچۈپ كەتتى. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك دىمى تۈتۈلدى.
**دىمى سىقىلماق** نەپەس ئېلىشى، سۆزلىشى قىينىلاشماق، نەپەس سىقىلماق: خىيالىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نېمىشقىدۇر ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ، دىمىم سىقىلىپ كەتتى. دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماكا چەكتىم. * ئەپەندى تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن- دە، ئۇنىڭ ئالدىغا سېمىزلىكتىن ماڭالماس بولۇپ قالغان بىر كىشى كېلىپ: — نەچچە ئالسىڭىز ئېلىڭ، مېنىڭ كېسىلىمنى بىر ساقايتىڭ، ئون قەدەم يول ماڭساملا يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، دىمىم سىقىلىپ كېتىدۇ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.
**دىمى قىسقا** سۇغا شۇڭغۇش، يۈگۈرۈش قاتارلىقلاردا ئاسانلا نەپىسى كېسىلىپ قالىدىغان، نەپەس يېتىشتۈرەلمەيدىغان: شۇڭغۇغان ئىككىسىدىن ياسىن ۋاقىت تۇشۇپ بولغۇچە سۇدىن بېشىنى چىقاردى. ئۇنىڭ دىمى قىسقا بولغاچقا ھاسىراپ كەتكەندى.
**دىمى كېسىلمەك** دىمى، نەپىسى قىسىلىپ، بوغۇلۇپ گەپ - سۆز قىلالماي قالماق: قاسىمجان ئاكىنىڭ خاپىلىقتىن دىمى كېسىلىپ

نەپەس ئېلىشى ئېغىرلاشتى. ئۇ تاشقىرىقى ئۆيىگە چىقىپ، ئىككى پىيالە چاي قۇيۇپ كىرگەندە، رەشىدە خانىم ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

**دىمىنى باسماق** ئارام ئېلىپ ھاسىراشتىن نورمال ھالەتكە كەلمەك: سەن بىردەم ئالدىراتما، مەن دىمىمنى بېسىۋالاي.

**دىمىنى چىقارماسلىق** گەپ قىلماي ئۈن-تىنسىز جىم تۇرماق؛ زۇۋان سۈرمەسلىك: مەن دىمىمنى چىقارماي دەھشەت ئىچىدە ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇراتتىم. * بىز ھەممىمىز كۆزىمىزنى چەكچەيتىپ، دىمىمىزنىمۇ چىقىرالماي، سىپىلىم يالغانىنىڭ قولىدىكى ھېلىقى بىر ئۇتام قىلغا تىكىلگىنىمىزچە تۇرۇپ قېلىشتۇق.

**دىمىنى راسلىماق** دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىماق: ئايشەمخان چوڭ ئاپام دىمىنى راسلاپ، ياغلىقىنى تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭ چىرايى قايتىدىن مېھرىبان تۈس ئالدى.

**دىمىنى سىرتقا چىقارماسلىق** ← **دىمىنى چىقارماسلىق**: قازانىنىڭ ئىگىسى ئۆز ئىشىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ دىمىنى سىرتقا چىقارماي ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ.

**دىمىنى ئىچىگە تارتماق** كۈچلۈك نەپەس ئالماق: ئىپارگۈلمۇ ئۆزىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ «ئۇھ» دەپ دىمىنى ئىچىگە تارتتى، ئۆزىگە ئىشەنمەي ئەينەكتە ئۇ ياق - بۇ ياققا قارىدى. * ئادەملەر يىگىتنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى دەملىرىنى ئىچىگە تارتقىنىچە دىققەت بىلەن كۆزىتىشىپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ چىرايى دەسلەپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

**دىمىنى ئىچىگە يۇتماق** ئېيتىدىغىنىنى ئېيتماي جىم بولماق: قادىر ھاكىمجاننىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، دىمىنى ئىچىگە يۇتتى - دە، خورلۇق ئىچىدە ئېغىر چامداپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى. *

كۆلقىز بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنەلمىسىمۇ، خۇددى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىۋاتقاندەك، ھۆڭگۈر ئېيتىپ يىغلاپ تاشلىغۇسى كەلدى - يۇ، پۈجۈگدىن قورقۇپ دىمىنى ئىچىگە يۇتقان پېتى يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.

**دىمى ئۆچمەك** ئاۋازى چىقماي، ئاڭلانماي قالماق: بىردەم داۋاملاشقان كۈپپا-كۈپپاگدىن كېيىن ۋاي-دادمۇ پەسەيدى، دادلىغۇچىنىڭ دىممۇ ئۆچتى.

**دىمى ئۈزۈلمەك** نەپىسى توختىماق، ئۆلمەك: دەرھال بېشىنى كۆتۈرگەندە، يەنە ئۆزىنىڭ چېچىنى كۆرۈپ قېلىپتۇ - دە، «بۇ ئالۋاستى بولسا كېرەك» دەپ قورققىنىچە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قېچىپتۇ. قېچىۋېرىپ، ئۆيىگە بارغۇچە دىمى ئۈزۈلۈپ ئۆلۈپتۇ.

**دىمى ئىچىدە قالماق** دېمەكچى بولغان گېپىنى ئېيتالماي قالماق، گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي قالماق: گەپ ئاشۇ «مۇھىم» غا بېرىپ قالغاندا، ئىرىسنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قورقاتتىم. «يامان - ياماندىن قورقار، كەتمەن ساماندىن» دېگەندەك، ھازىر ئەخمەت چاڭجاڭنىڭمۇ دىمى ئىچىدە قالدى. * باشلىقىمنىڭ دىمى ئىچىدە قالدى. ئادەتتە تولىمۇ سۆزمەن بۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىدىن، بۇ «ئاپاق-چاپاق» لارنىڭ ئۆتكەنكىگە ئوخشىمايدىغان يېڭى مۇناسىۋىتىدىن ھەيران بولدۇم.

**دىمى ئىچىگە چۈشمەك** ← **دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك**: مەستۈرە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، بەزگىكى تۇتقان كىشىدەك تىترەپ بېرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. * يۇسۇپ چوڭ يېزىلىق دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بىلەن كەنت باشلىقىنى كۆرۈپ دىمى

ئىچىگە چۈشۈپ ئەيمىنىپ جىم بولۇپ قالدى.

**دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك** ① نەپەسى قىسىلىپ سۆزلىيەلمەي قالماق: ئۇ سۆزلىگەنسېرى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، كېيىنكى گەپلىرى گويا يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك ئېنىق ئاڭلانماي قالدى. * شۇ چاغدا ئېغىلدىكى سىيىر مۆرەپ قالدى. ئانام چۆچۈپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كەلگەن كىشى ئېغىلغا قاراپ ماڭدى. ② كۆچمە. نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئاغزىنى ئاچالماي قالماق؛ شۈك بولۇپ قالماق: ئەكبەر گەپدان تاغىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكىنىگە ھەيران بولمىدى. * — نېمانچە دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ.

**دېمى يەتمەك** شۇڭغۇش، ئۇتۇق قاتارلىقلاردا نەپەسى يېتىشمەك: بۇ قىزنىڭ 20 سېكۇنت سۇدا تۇرۇشقا دېمى يېتىپ بىرقانچە كۈنلۈك مەشقىنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلدى.

**دەمال** رەۋ (پ+ئە) جان ت ← **دەرمەھەل:** قوش قاناتلىق ئىشىك ئىككى تەرەپكە يوغان ئېچىۋېتىلدى. ئەسكەرلەر دەمال باستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

**دەماللىققا** رەۋ. جان ت ← **دەرمەھەللىككە:** لەيلىگۈل بۇ ئادەمنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلدى. لېكىن، دەماللىققا ئەسلىيەلمىدى. * ئۇلارنىڭ شەھەردە بۇ ئىشلارغا دەماللىققا ئارىلاشقۇدەك ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ يوق ئىدى.

**دەمبەدەم** رەۋ (پ) يېز ت. ھەردەم، دائىم؛ تېز - تېز، ئارقىمۇئارقا: نىم شېھىت، ئۆتمۈشنى قوي، سەن دەمبەدەم ئالدىڭغا باس، ماغدۇرۇڭ بار، ئالدىدا بول! كەينىدە قالما، خالاس، گەر ئېغىرلىق كەلسە ئىشتا دەۋردىن قىل ئىلتىماس، چۈنكى ھەردەم ئالغا باسماق خەلق ئۈمىدى بىرلە ماس، ياي خېرىدارلارغا سەن رەختىڭنى بازار ئالدىدا.

**دەمبەس** رەۋ (پ) ① دېمىنى ئۇلاپ، دەم ئالماي، ئارقىمۇئارقا؛ ئۈزلۈكسىز: دەمبەس قەدەم. ② كۆچەپ: دەمبەس قىلماق.

**دەمبەس قەدەم** تاپ بېسىپ، ئارقىدىنلا: — مەنمۇ ئارقىڭىزدىن لەشكەر تارتىپ دەمبەس قەدەم يېتىپ بارىمەن، — دېدى لەشكەر بېشى. * شۇ كۈنلەردە گۆڭشې دوختۇرخانىسىدىن قوشنا ئەترەتكە سەييارە داۋالىغۇچى دوختۇرلار چىققانىكەن. دادۇيىمىزنىڭ دوختۇرى مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ، دەمبەس قەدەم بىلەن بېرىپ باشلاپ كېلىپتۇ.

**دەمبەس قىلماق** يەنە بىر كۆچمەك، ھەمەل قىلماق: كەنجە ئوغۇل بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپتۇ. پۈرسەتنىڭ بارىدا بىر دەمبەس قىلىپ باقماقچى بولۇپ يۆتۈلۈپ «ئەھە-ئەھە...» دەپتۇ. * توختا، «قانات» ياسايچۇ مەن، قىلىپ دەمبەس! مۇنداق تۇرسام بۇ مەقسەتكە يېتىشىم تەس.

**دەمدان** ئى (پ) زەرگەرلەر ئوتنى پۈۋلەشتە ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن مىس نوكەش.

**دەمدەر** ئى (پ) ئۆي كەپتىرىنىڭ بىرخىلى. ئۇ ناھايىتى يېقىملىق، مۇڭلۇق سايرايدۇ: پېشايۋاندىكى خىش كوۋۇكتا بىرجۈپ قىزىل توقۇملۇق خوتەن دەمدىرى تىنىمسىز ئۈنلەۋاتاتتى. * كوۋۇكتىكى جۈپ دەمدەر، ئۈنلىمىدى سەھەردە. گۈلباغ ئارا ئۇچالماس، بۇلبۇل تۆمۈر قەپەستە.

**دەمدەك** سۈپ. يوغان، توم، قېلىن: ئوسمىنى دەمدەك قويۇپ، مەن-مەن دېگەن چوكانلىنىڭ، پوتلىسىنى مەڭزىگە چاپلاشتۇرۇپ قويغان سوغۇق.

**دەم-دەم** بىردەم-بىردەم، پات-پات: شوپۇر دەم-دەم سائىتىگە قاراپ، كېتىشىنىڭ تەرەددۇتىغا

چۇشۇشكە باشلىدى. * شۇ كۈن تا كەچكىچە
مىڭلارچە ئادەم، ئۈزۈلمەستىن كېلىپ بۇ ئۆيگە
دەم-دەم، شەھىت كەتكەن مۇئەللىمگە قىرائەت،
ئوقۇپ چىن قەلبىدىن قىلدى تىلاۋەت.

**دەم-دەم تۇرماق** بالا يېڭىلا مېڭىشقا
تەمشەلمەك، ئۆرە تۇرالايدىغان بولماق؛
دەم تۇرماق: ھەببۇل بىلەن نۇسرەت
دەم-دەم تۇرۇشقا باشلىغان چاغلىرىدىن بۇيان
ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باللار يەسلىسىدە
بىللە ئويناپ ئۆستى، بىللە مەكتەپكە كىردى.

**دەم-دەم ماڭماق** ئاستا-ئاستا قەدەم
يۆتكەپ، قەدەملەپ ماڭماق (باللار
ھەققىدە): ئۆتۈشەر ئاي-كۈنلەر... ئۇ
بەلكىم، بىر كۈن، پەرۋاز قىلىپ جاي ئالار
زۇمرەت ئاسماندىن. ئەمما، ئاسان چۈشەر
مۇشكۇل ئىشلارمۇ، دەم-دەم مېڭىپ تۇنجى
قەدەم باسقاندىن.

**دەمساز** ئى (پ) يېز.ت. ھەمدەم، ئۇلپەت،
ھەمسۆھبەت: كىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە
نەچچە كۈن بولۇر ھەمراھ، بولمىغىز ئاڭا
دەمساز، بىۋاپا ئۇيالغان قىز.

**دەمسقما** ئى (دەم+سقما) <تب> ← **زىققە**.

**دەمسقش** ئى (دەم+سقش) <تب> ← **زىققە**:
كۆك لوبۇنى ئىنچىكە توغراپ قاينىتىپ، قارا
شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، زۇكام،
دەمسقش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش قاتارلىق
كېسەللەرنى داۋالايدۇ.

**دەملەتكۈزمەك** I «دەملىمەك I»
پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى:
ئىشكىنى دەملەتكۈزگەنمىدۇر؟

**دەملەتكۈزمەك** II «دەملىمەك II»
پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: -
ئاپا، ئات قىينىدەك قىينىق قىلىپ بىر چاي
دەملەتكۈزۈپ بەرگىنە! - دېدى جۇمە يان
ئۆيدە كېلىن ۋە دېدەكلىرىگە تەنبىھ بېرىۋاتقان
ئاپىسى خەدىچە خېنىمغا قاراپ.

**دەملەتمەك** I «دەملىمەك I» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشكىنى دەملەتمەك.

**دەملەتمەك** II «دەملىمەك II» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاي دەملەتمەك.
چاي دەملىتىپ ئىچمەك. * قاسىم بىزنى ئۆيگە
باشلاپ ئاپارغا چاي دەملىتىپ ئالدى بىلەن
ئۇسسۇزلۇقنى باسماقچى بولدى.

**دەملەشمەك** I «دەملىمەك I» پېئىلە-
ىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى قوشنا
بىرھازا گەپلەشكەندىن كېيىن ئىشكلىرىنى
دەملىشىپ كىرىپ كېتىشتى.

**دەملەشمەك** II «دەملىمەك II» پېئىلە-
ىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەمدىلا ناشتىغا
تارىغان ئەزالار چوڭ قازاندىن قاچىلىرىغا
قايناق سۇ ئېلىپ چايلىرىنى دەملەشتى.

**دەملەشمەك** III پ. ئالماشماق، نۆۋەتلەشـ-
مەك: - دوستۇم، چۆللەرنىڭ كەينىدە چۆللەر
تۇرۇۋېتۇ، يۈك ئېغىر، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە
بولغۇچە، بىرىمىزنىڭ ئوزۇقنى يەۋېتەيلى-دە،
بىرىمىزنىڭ يۈكىنى دەملىشىپ كۆتۈرەيلى، -
دەپتۇ.

**دەملەنمەك** I «دەملىمەك I» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: ياسىن قارىسا ئىشىك
دەملىنىپ چىراغ ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلۈپتۇ.
ئەمدى ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن چاقىرماقتىن
باشقا چارە يوق ئىدى.

**دەملەنمەك** II «دەملىمەك II» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: ئاشپەز چەينەكتىكى
دورا-دەرمان بىلەن دەملەنگەن قىزىق چاينى
مەسۇم ئوتۇنچىنىڭ ئالدىدىكى پىيالىغا قۇيۇۋېتىپ
گەپ باشلىدى. * قاينىماس قازىنى سەنسىز
ھېچقاچان، ئالمىدەك قىزىرىپ پىشماس نېنىمۇ.
كۆيمىسەك ئۆزگىلەر يولىدا كۆل بولۇپ،
دەملىنىپ ھور چىقىپ تۇرماس چېيىمۇ.

**دەملىك** I سۈپ. دەم ياساشقا لايىق، دەم قىلىشقا باپ: ئوغلۇم دەرۋازىغا ئۇزۇن دەملىك ياغاچ كېسىپ كەلگەنىدى.

**دەملىك** II سۈپ ① نەپىسى، دېمى بار، تىرىك، جانلىق: ئاللا يارىم سەن بۇ پەردە بارىكەندۇقسەن، دەملىكمىكىن دەمسىزمىكىن بارىكەندۇقسەن. ② شۇ دەمدە، چاغدا قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان؛ شۇ چاغدىلا بولىدىغان: بۇ دېگەن بىردەملىك ئىش.

**دەملىمەك** I پ ① ئىشىكنى دەم بىلەن ئەتمەك: ھويلىنىڭ ئىشىكنى دەملىمەك. * ئەلقەم قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىچىدىن دەملەپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ② ئىشىكنى چىڭ، ھىم قىلىپ ئەتمەك؛ ئىشىكنى كىچىككىنىمۇ يوچۇق قويماي پۈتۈنلەي يېپىۋالماق: ئىشىكنى دەملىمەك.

**دەملىمەك** II پ ① ھورى، بۇسى چىقىپ كەتمەيدىغان قىلىپ بېكىتمەك، پەس ئوتتا تاۋىغا كەلتۈرمەك: — ھېچ ئىش بولغىنى يوق، شۇ ئۈچ پۈتلۈق بەندىڭ بولمىغان بولسا، چايدان چېقىلماس ئىدى، — دېدىم-دە، چوڭ كۈرۈشكىغا چاي دەملىدىم، يولدىشىم چاي ئىچمەستىنلا ئىشقا كېتىپ قالدى. ② ئۆز ھورىدا، بۇسىدا پىشۇرماق: — ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئۇستا، — ئەمما پىشىندىن كەچ قالماڭ، مەن ئاشنى دەملەپ سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن.

**دەمۇدەم** ئارقىمۇئارقا، ئۈزلۈكسىز؛ ئۈزۈلمەي، توختىماي: ھەممەيلەن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن بولۇپ، ئاران نەپەس ئالاتتى. ئېشەكلەر ھاسىرايتتى، دەمۇدەم خارتىلدايتتى، پۇشقۇراتتى. * بۈگۈن ھەم تاڭ بىلەن ئوغلۇمنى ئېلىپ، قەبرىستان يولىغا تاشلىدىم قەدەم. بەزىلەر كېلەتتى دۆڭلۈكتىن يېنىپ، بەزىلەر ئۆتەتتى ياندىن دەمۇدەم.

**دەمدە** ئى (پ) نان، سۇ قاتارلىق بىرەر نەرسىگە دۇئا، ئايەت، ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ سۈپكۈچ قىلىش؛ دەم: دەمدە سۈيى.

**دەمدە سۈيى** ← **دەم سۈيى.**

**دەمدە قىلماق** ← **دەم سالماق:** شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ دەمدە قىلغان كىچىك چەينەكتىكى سۇنىڭمۇ ھېچ ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى.

**دەن** (خەن) ① مىق. ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر دەن 50 كىلوگرام ياكى 100 جىڭغا تەڭ كېلىدۇ: ئۆتكەن يىلى پاختا مەھسۇلاتى 9700 دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16 پىرسەنت ئاشتى. ② ئى. سېلىق، باج، تۆلەم: ئورمىچىلارغا تۆت خو بۇغداي بېرىش كېرەك. ئۇندىن بىرىنى ئۆشرىگە ئايرىيمىز، ئاندىن چەشنىڭ ئالدىدىكى دانلىقراق يەردىن خاماندىلا ئۆكۈت ئېتىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان دەننى قاچىلاپ قويۇش كېرەك. ھەم دەن ھەم ئۆشرە ئالسا دېھقانلارغا ئېغىر بولمامدۇ، بىرىنى ئالسىمۇ بولىدۇ-غۇ. * بولدى مىسكىن ئەل خېجىل، دەن-سېلىقلار دەستىدە. ئەلنى يايى قورقۇتۇپ، پۇل تېپىشنىڭ قەستىدە.

**دەند** ئى (پ) <بوت> ① سۆتلۈك ئوت ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، تەبىئىتى ئىسسىق، زەھەرلىك كېلىدۇ. ئۇرۇقى تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىلىپ قالغان سوغۇقلۇقنى سۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش، سۇيۇقلۇقنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. ئادەتتە كۈچلۈك سۈرگە دورىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە «ھەببۇلمۇلۇك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**دەندان** ئى (پ) پىل چىشى: دەندان ساپلىق پىچاق.

**داندانە** ئى (پ) كالىنىڭ قوۋۇرغىسى.

**دەندەتمەك** «دەندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۇراپ چولڭ-كىچىك ھەممىسىنى خىلىلا دەندىتىپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ «دېھقان دېگەننىڭ ئاغزى بىر مايلاندىمۇ بولدى، كۆكسى ئىككى ئىلىك كۆتۈرۈلىدۇ، ئازراق نەپ بەرگەننى خىزىر دەپ بېشىغا ئالىدۇ، ھەي...»

**دەندىمەك** پ. كۆنۈپ قالماق، ئادەتلىنىپ قالماق: تۈز يالاپ خوپ دەندىگەن ئىت نەپسىنىڭ زەنجىرىدە، تاپىدۇ قوپۇرغا ئاستىدىن ھالاكەت ئاقىۋەت.

**دەھر** ئى (ئە) يېز ت. زامان، دەۋر؛ ئالەم: دۈشمەننى بۇ دەھر زەبەردەست قىلۇر، نەخۋەت مەيدىن بىرنەچچە كۈن مەست قىلۇر. غەم يېمەكى، يەتكۈزسە باشنى كۆككە، ئاخىر يەنە يەر كەبى ئۇنى پەس قىلۇر.

**دەھرىي** ئى (ئە) خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم، دىنسىز كىشى: ئۇنى مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان دەھرىيلەر ئۆلتۈردى. بىز ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالمىساق ئاللا بىزنى كەچۈرمەيدۇ.

**دەھرىيلىك** ئى. خۇداغا ئىشەنمەسلىك، دىنسىزلىق: ئەكسىيەتچى سوپىلار مەنسۇرنى دارغا ئاستى. بۇ ۋەقە تۆت تەرەپكە تېز تارقىلىپ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ھېسداشلار ۋە ھىمايىچىلار پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەنسۇر ھەللاجى دەھرىيلىك ئىدىيىسىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

**دەھشەت** (ئە) ① ئى. قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك ياكى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان ئەھۋال، كۆرۈنۈش، ھادىسە: شۇ ئارىدا مەھەللە تەرەپتىن قاتتىق چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئۆي-ئۆيلەردىن يۈگۈرۈپ چىققان ئۇيقۇلۇق ئادەملەر بۇ دەھشەتتىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالايمىقان چۇرقىرىشاتتى. * بۇ چۈشتە غەلىتە بىر دەھشەتنىڭ ئازابى ۋە سايىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * تۇغۇلسام سېنىڭدە، تۇرمۇشۇڭ ۋەيران، ھۆركىرەر زۇلۇمنىڭ دەھشەت توپىنى. تىرىكتاپ راھەتتە، مىليونلار سەرسان، «ئاھ...» دېسە ياڭرايتتى قايغۇ چۇقىنى. ② ئى. قورقۇنچ، خەۋپ، ۋەھىمە: — سىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ توۋلىدى. ئىككىيلەن چۆچۈپ دېرىزىگە قارىدى ۋە رىشتىنىڭ چىرايىدىكى دەھشەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. * ئۇ چاغدا زار ئىدىڭ پارچە نان ئۈچۈن، تەر تۆكۈپ ئىشلەيتتىڭ بەگ-غوجام ئۈچۈن. ھەممىگە ئايان ئۆتمۈش دەھشىتى، كۈن قىيىن ئۆتەتتى ھەر دېھقان ئۈچۈن. ③ سۈپ. يامان، قاتتىق، ئىنتايىن: يامان دەھشەت ئاغرىيدۇ، ئۇنىڭ قانداق چىداۋاتقانلىقىغا ھەيرانمەن. * ئېلىپ بارىدۇ مېنى بۇ نەپس قەيەرگە، قوياركىن قايسى دەھشەت چۆل ۋە يەرگە. * ئەتراپنى قورشاپ قاتار چېرىك كېلىدۇ، قىزىل قانغا قامچىلار شېرىك كېلىدۇ. چېرىك بېشى بوغۇلۇپ چىرقىرار دەھشەت، قارا قولدا قانلىق قىلىچ پىرقىرار دەھشەت. ④ ئى. كۆچمە. قەھر، غەزەپ؛ شىددەت: مېنىڭ يالقۇرۇشلىرىم دورغىنىڭ تاش باغرىنى ئېرىتەلمىدى. ئۇ، تېخىمۇ دەھشەت بىلەن ھۆركىرەشكە باشلىدى. * گاھ ئۇرار دەھشەت بىلەن بوران ئۇنى، ئۆزگە قويماي سۈرۈپ جەريان ئۇنى.

**دەھشەت باسماق** قورقۇنچ، ۋەھىمە قاپلىماق؛ قاتتىق قورقماق: ئۇ پەقەت يۈيۈنۈۋېلىپلا، كېيىن ئورنۇغا كىرىپ يېتىپ

ئۇخلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەن دەھشەت باستى. * بۇ خەۋەر-گەپلەرگە ھەيران قالدى قىز، كۆڭلىنى دەھشەت بېسىپ، قىينالدى قىز. باشقىچە كۆرۈندى دۇنيا كۆزىگە، ياش تۆكۈپ قويدى سوئال ئۆز-ئۆزىگە.

**دەھشەت سالماق** بالايىئاپەت، قورقۇنچ، ۋەھىمىگە دۇچار قىلماق؛ قاتتىق قورقۇتماق: پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا 50 نەچچە يىل دەھشەت سېلىپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ بېشىدا ئەمدىلىكتە ئەجەل شەربىتى قۇيۇلغان جامنى قولىدا تۇتقان ئەزرائىلنىڭ قارا سايىسى ھەركۈنى دېگۈدەك نەچچە قېتىم ئەگىپ تۇراتتى. * دەھشەت سېلىپ كەلدى كەلكۈن يامراپ يېزىغا، توسۇپ ئۇنى سېلىش كېرەك دەريا ئىزىغا.

**دەھشەتلىك** سۈپ ① ۋەھىمە، غەم-ئەندىشە، قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان؛ قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك: تاغلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىپ يىرتقۇچ ھايۋانلار ياشايدىغان دەھشەتلىك بىر جاڭگالغا بېرىپ، شۇ جاڭگالدا تورمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. * جامالدىن دەھشەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك بېشىنى قاتتىق سىلكىدى. * ياسىنقارىي، خېنىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئاكام بىلەن يەڭگەمنىڭ قازا تاپقانلىقىنى خەۋەر قىلىپسىز. بۇ دەھشەتلىك شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، قايغۇ دېڭىزىغا غەرق بولدۇم. * چىققاندا ئەۋجىگە يوقسۇللار زارى، تۆرەلدىڭ شىددەتلىك بوران ئىچىدە، جاھالەت باغرىنى يېرىپ جاقماقتەك. تۆرەلدىڭ دەھشەتلىك مۇدھىش كېچىدە. ② قاتتىق ئازاب سالىدىغان، چىدىغىلى بولمايدىغان؛ كۈچلۈك، قاتتىق: قۇل ئىگىلەش تۈزۈمىدىكى قانۇنلاردا، قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن دەھشەتلىك جازالار بەلگىلەنگەن.

* شۇ چاغ تۆگىلىرى ئوچۇق يېگى بىلىكىگە سىيرىلىپ چۈشتى- دە، بېغىشىدىن تا جەينىكىگىچە قاپلاپ كەتكەن چوڭقۇر ۋە دەھشەتلىك يارا ئىزلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. * شۇڭلاشقا ھەرقانداق دەھشەتلىك بورانمۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، شۇنى مەڭگۈ ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى، كۈچ ئۆملۈكتە! * بىر يۈرەك ئىككىگە بۆلۈنەر ئەمدى، دەھشەتلىك ھىجراننىڭ پىچىقى كېسىپ. ئەمدىلا سەككىزگە كىرگەن قىزنى، تۇرىدۇ ئاتىسى باغرىغا بېسىپ.

**دەھلىز** ئى (پ) <بىن> بىر يۈرۈش ئۆينىڭ سىرتقى ئىشىكى بىلەن باشقا ئۆي ئىشىكلىرى ئارىلىقىدىكى بوشلۇق، كارىدور: بالا دەھلىز ئارقىلىق مېھمانخانىغا كىرىپ، ئەدەب بىلەن سالام بەردى.

**دەھلىزلىك** سۈپ. دەھلىزى بار، دەھلىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ئۇلار ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى ئەسلىشىپ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قەدىمىي ئۆي رېمونت قىلىنغان، بىر تەرىپىگە يانداپ دەھلىزلىك يېڭى ئۆيمۇ سېلىنغانىدى.

**دەۋا** ئى (ئە) ① ئۆز ئىگىلىكىدىكى مال-مۈلۈك، ھەق تەلىپىنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن قويۇلغان تەلەپ؛ ئەرز: ئوغرى-دەۋانىڭ ئۇرۇقى، چېچەن-دەۋانىڭ قۇيرۇقى (ماقال). * سىز بىردەملىك ئىشىگىزنى قويۇپ تۇرۇپ، بىزنىڭ شۇ دەۋايىمىزنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ يەنە مەن يولۇۋەتكەن جىرىملارنى بىشەملىك قىلىپ جايىغىلا تىككىلى تۇردى. * قازى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دەۋانى بىرنەچچە قېتىم سورىغان، ھەر قېتىمدا دەۋانى ئۇنىڭ بەرگەن پۇلىنىڭ يۈزى بىلەنلا ھەل قىلغانىدى. ② <قا> تەپتىش ئورگانلىرى، سوت مەھكىمىسى ۋە ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىدىكى دەۋالاشقۇچىلار،

جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى. ③ باشقىلارنى ئەيىبلەپ، قارىلاپ قىلىنغان شىكايەت، ئەرز: مانا بىر-ئىككى يىل بولدى، قۇلىقىغا زادى گەپ كىرمەس بولدى. كۈندە نەچچە ئادەمنىڭ دەۋا، تەنە-تاپىلىرىنى ئاڭلايمەن. * «ئالدىڭلارغا بىر دەۋا بىلەن، كېلىپ قالدىم ئوغرىنى تۇتۇپ»، دېدى سايىپ ھوشۇر ئۇستىدىن، ئەرز قىلىپ، تۆھمەتلەر توقۇپ. ④ كۆچمە. ئۆزىنىڭكىنى توغرا قىلىش يولىدا ئېيتىلغان پىكىر، مۇلاھىزە؛ تالاش-تارتىش: چالا-پۇچۇق بىرنەچچە كىتابنى ۋاراقلاپ چىقىپلا ئالىملىق دەۋاسىنى قىلىدىغان ئادەملەرمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. * بۇلار بىرنەچچە كۈن دەۋالىشىپ يۈرۈپتۇ، لېكىن دەۋا بىر تەرەپ بولماپتۇ.

**دەۋا تەرتىپى** <قا> ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پائالىيەت جەريانى.

**دەۋادىن كېچىش** <قا> دەۋاگەر ئۆزىنىڭ سوت مەھكىمىسىگە قىلغان دەۋاسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش.

**دەۋاغا قاتناشقۇچى** <قا> رازۋېدكا قىلغۇچى، تەپتىش قىلغۇچى، سوت قىلغۇچى خادىملاردىن باشقا دەۋاغا قاتناشقان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى دەۋاغا قاتناشقۇچىلار دەۋاگەر، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، قانۇن ۋەكالەتچىسى، ئاقلىغۇچى، گۇۋاھچى، باھالىغۇچى ۋە تەرجىماننى كۆرسىتىدۇ؛ ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىدىكى دەۋاغا قاتناشقۇچىلار دەۋاگەر، 3-شەخس، دەۋا ۋەكالەتچىسى گۇۋاھچى، باھالىغۇچى ۋە تەرجىمە خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**دەۋا قانۇنى** <قا> دەۋا تەرتىپلىرى بەلگىلەنگەن قانۇنلارنىڭ ئومۇمىي نامى. دەۋا ئەنزىلىرىنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى ۋە ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەلىي قانۇننىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا ئەدلىيە تەرتىپى جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**دەۋا قىلماق** ① جىنايى ئىشلار ياكى ھەق تەلەپ توغرىسىدا سوت مەھكىمىلىرى ياكى قانۇنىي ئورۇنلارغا يازما ياكى ئاغزاكى تەلەپ، ئەرز سۇنماق؛ شىكايەت قىلماق: ئۆزلىرىنىڭ قېتىق ئىچكۈسى كېلىپ قالسا خەقنىڭ قېتىقىنى، ئالما يېگۈسى كېلىپ قالسا خەقنىڭ ئالمىسىنى بۇلاپ كېتىدىغان بازار باشقۇرۇش ئەمدى قالمىدى. نەگە دەۋا قىلغىڭىز كەلسە شۇ يەرگە دەۋا قىلىڭ. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى راستقا چىقىرىشقا ئۇرۇنماق: سىز مېنىڭ ۋەزىرىمگە جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئىمزاسىز ھىمايىچىمنىڭ كىملىكىنى مېنى بىلىدۇ، دەپ دەۋا قىلدىڭىز. * ئۇ: — بوران ئۈزۈمنىڭ ساپاقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈچۈرۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قېلىپ قالغان ئۈزۈم ساپاقلىرىنىڭ سانى ئىلگىرىكىدىن ئازراق بولسىمۇ، ئۈزۈمنىڭ ساپىقى ئۈزۈن ھەم چوڭ، بۇنداق ئەھۋالدا ۋەزىپە ئورۇندالمايدۇ دەپ دەۋا قىلىش يارىمايدۇ، — دېدى. ③ ئورۇنسىز تەلەپ بىلەن باشقىلارنى ئەيىبلەپ شىكايەت قىلماق؛ جېدەل قىلماق: سودىگەر «بۇ ئىشتىن ئەجەب ئوبدان قۇتۇلدۇم، ئەمدى ياغاچچىنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋا قىلىپ

كەلسە، جامائەتكە ئىنتىرىپ قويۇپلا تۈگىشىدىغان بولدۇم» دەپ خۇرسەن بولۇپتۇ.

**دەۋا ھەققى** <قا> قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى-گە ئاساسەن دەۋالاشقۇچى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان، دەۋالىشىش يۈزىسىدىن تۆلىنىدىغان راسخوت.

**دەۋا ھوقۇقى** <قا> دەۋا سۇبيېكتى ۋە دەۋاغا قاتناشقۇچىلارنىڭ دەۋا جەريا-نىدا قانۇنغا بىنائەن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقى.

**دەۋا ھۆددىگىرى** كونا جەمئىيەتتە باشقا بىركىمنى دەۋا قىلدۇرۇپ ئارىدىن ئۆزى مەنپەئەت ئالغۇچى كىشى.

**دەۋا ۋەكالەتچىسى** <قا> دەۋاگەرگە ياكى 3- شەخسكە ۋەكالىتەن سوت مەھكىمىسىدە دەۋالاشقۇچى كىشى. ئادەتتە ئۇ ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچى ۋە قانۇني ۋەكالەتچى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**دەۋا-دەستۇر** ئەرز - شىكايەت؛ دەۋا ئىشلىرى: سالى 30 نەچچە يېشىدا دادىسىنىڭ ئورنىغا شوبۇلىنىڭ دورغىسى بولغاندىن باشلاپ، دەۋا-دەستۇر ئىشلىرىدىكى توغرا كېسەرلىكى، پۇقرالارنى بوزەك ئېتىدىغان بەزى ئۆكتەملەرگە قاتتىق قوللۇقلۇقى، ھەتتا ئوردا بەگلىرىدىنمۇ ئانچە تەپ تارتىپ كەتمەيدىغانلىقى بىلەن داڭق چىقىرىشقا باشلىغانىدى. * – مېنىڭ مۇنۇ ماڭقامىۇ قەۋەت ھۇرۇن، – دېدى ئاپام، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بوغما قاپاقتىن بىرنى ماڭا تۇتقۇزۇۋېتىپ، – سىلى ئىشقا بۇيرۇغاندا بۇرنىنى تارتسا پاچىقىنى چېقىۋەتسىلە، ھەر ئىككى دۇنيادا دەۋا-دەستۇرۇم يوق.

**دەۋاگەر** ئى (ئە+پ) ① <قا> سوت مەھكى-مىسىگە ئەرز قىلغان كىشى، ئورگان ياكى كوللېكتىپ، يەنى « جاۋابكار » نىڭ قارشىسىدىكى كىشى ياكى ئورۇن: دەۋاگەر دەۋا قىلماس، دەۋا قىلسا قۇرۇق قالماس (ما-قال). * سوت تامام بولدى. بۈگۈنكى ئىش مۇشۇنداق پۈتۈپ، شەمشىدىن باشلىق دەۋاگەرلەر خۇشال قايتتى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنغۇچى كىشى: كىنەز ساپىگانىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مەنسەپ دەۋاگەرلىرى بىر-بىرىنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتكۈدەك بولۇشۇپتۇ. * شۆھرەت ۋە ئۇلۇغلۇق دەۋاگەرلىرى، تۈندى-كى سايىدەك يوقىلىپتۇ تۈگەل. مەن كۆردۈم تىكلەپتۇ پامىر بەستىدىن، بۇغراخان شەنىگە بۈيۈك تاش ھەيكەل.

**دەۋاگەرلىك** « دەۋارگەر » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سېنىڭ دەۋا-گەرلىكىڭ قاچان قالار؟

**دەۋالاشقۇچىلار** <قا> دەۋاغا قاتناشقۇچى بىر تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھەق تەلەپ دەۋالىرىدىكى دەۋاگەر ۋە جاۋابكار؛ جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدىكى ئەرز قىلغۇچى ۋە جاۋابكار.

**دەۋالاشماق** پ. بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشماق؛ دەۋا قىلىشماق: – كۆلەننى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەر بەرمەپتۇ. دەۋالىشىپ ناھىيىگە بارغانىكەن، ھۆكۈمەتمۇ كۆلەنلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ، كۆلەن بىلەن قوۋاتقا توي قەغىزى بېرىپتۇ، – دېدى. * – مەن ئىشەنمەيمەن، – دېدىم ئايالىمغا كەسكىن قىلىپ، – ھەممىلا يەردە رەھبەرلىك بەنزە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ بولغان مۇشۇنداق ياخشى شارائىتتا يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرغىنىنى كۆرۈپ باقاي، يۇقىرىغىچە ئەرز قىلىمەن، دەۋالىشىمەن.

**دەۋەت** ئى (پ) بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان تەكلىپ، چاقىرىق، ئۈندەش، تەشەببۇس: نۇرئاخۇن بايۋەچچە-نىڭ بۇ دەۋىتى ئابدۇسوپۇر ھاجىمنىڭ ياشلىق تىلەكلىرى قايناپ تۇرغان كۆڭلىگە تولىمۇ ياقىقاندى. * خوجىنىيازھاجى بورتالادىن توقسۇنغا، ئاندىن قۇمۇلغا بېرىپ، قېرى ئانىسى بىلەن كۆرۈشۇۋالغاندىن كېيىن يۈسۈپ تەيجىنىڭ دەۋىتى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ «پالگانبېشى» بولغانلىقىنى بەختكە يارىشا، شامەخسۇت ئېغىر كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

**دەۋەت قىلماق** بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا ئۈندىمەك؛ تەشەببۇس قىلماق: شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇستازى ئەنۋەر ناسىرى ئۇنىڭ قەتئىي ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە ئۇنى يولدىن قايتماسلىققا دەۋەت قىلدى. * تاشخان ۋە ھامۇتلارمۇ ئۇلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى.

**دەۋەتچى** ئى. بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئۇ كۈن ئولتۇرغاندا ياتاققا كىردى، قارا قاغىدەك يامراپ كەتكەن ھېلىقى دەۋەتچىلەرنىڭ ئايىغى شۇ چاغدا ۋاقتىنچە بېسىقىپ قالغانىدى.

**دەۋەتنامە** ئى (ئە+پ) بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلىپ يېزىلغان خەت؛ تەكلىپنامە: شاھتىن كەلگەن ئەلچىلەر، يۇرت كاتتىلىرىدىن كەلگەن دەۋەتنامىلەر ئۇنىڭ قىزى تەرەپتە تۇرۇش ئىرادىسىنى تەۋرەتتى.

**دەۋر** I ئى (ئە) ① تارىختىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئاساس قىلىنىپ بۆلۈنگەن مۇئەييەن مەزگىل. مەسىلەن، تاش قورال دەۋرى، فېئوداللىق دەۋر. ② كىشى ئۆمرىنىڭ مۇئەييەن مەزگىلى: ياشلىق دەۋر. باللىق دەۋر. ③ <كېئول> ئېرادىن كىچىك بولغان گېئولوگىيىلىك يىل بىرلىكى. بىر ئېرا بىرنەچچە دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەۋر ئىچىدە شەكىل-لەنگەن يەر قاتلاملىرى بىر سىستېما دېيىلىدۇ. ④ <س ئىق> شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى جەريانىدا ئۇنىڭ مەلۇم بەلگىلىرى كۆپ قېتىم قايتا-قايتا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل بەلگىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىككى قېتىم كۆرۈلۈشىگە كەتكەن ۋاقىت. ⑤ <فىز> جىسىملار تەكرار ھەرىكەت قىلغاندا ياكى فىزىكى-لىق مىقدارلار دەۋرىي ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ بىرقېتىم تەكرارلىنىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. ⑥ بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە بولۇپ ئۆتكەن، بېجىرىلىد-غان بەلگىلىك ۋاقىت؛ زامان: ئويناپدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. ياشلىقىمىزنى خارلىمايلى. ئاھ... شەھەردىكى دوستلىرىم. * يىغىن ئاياغلاشقىچە تاغام بىلەن ئىككىمىز بىردەممۇ ئايرىلىشمىدۇق. دەۋر بىلەن تەڭ ئۆسۈپ، تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشال ئىدۇق. ⑦ كىشىنىڭ ئامىتى كەلگەن چاغ، پەيت، زامان: ئازادلىققا ئېرىشىپ بىز كەمبەغەللەرنىڭ دەۋرى كەلدى. * مېنىڭ دەۋرىمدە ئادەملەرنى بوغۇزلاپ دەرياغا تاشلاپتۇ.

**دەۋر ئالمىشىش** <بىئول> بەزى ئۆسۈم-لۈكلەر ۋە بەزى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ ھايات تارىخىدىكى جىنسلىق كۆپىيىش

بىلەن جىنسسىز كۆپىيىشىنىڭ ئالمىشىشى. بۇ خىل ئالمىشىش پاپورتنىكلار بىلەن گىدرادا كۆرۈلىدۇ.

**دەۋر بۆلگۈچ** يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان، يېڭى بىر دەۋر باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان: ئۇنىڭ كۆرسەتكەن دەۋر بۆلگۈچ خىزمىتى مانا شۇ ۋەزىپىنى ئۇتتۇرىغا قويغانلىقى بولدى.

**دەۋر سۈرمەك** ① ھۆكۈمرانلىق قىلماق: ئەنجەد ۋەزىرلىك كۈرسىغا ئولتۇرۇپ، شۇ يەردە دەۋر سۈرۈپ تۇرسۇن، ئەمدى بىز كەينى باشقا يەردىن ئاڭلايلى. ② راھەت-پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرمەك، باياشات ياشىماق: ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن باياتىن كېيىنى قىلغان ھەيدەر ئۇلارنىڭ ئۇدۇل قوشنىسى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ بىرچاغلاردا دەۋر سۈرگەن ۋاقتى بولغان. * قېرىمامدىغان، قېرىدى، ھۈنىرىم قېرىمىغان بولسا، بازاردىن چاق ئېشىپ قالامتى؟ بىرچاغلاردا تازا دەۋر سۈرۈۋاپتىكەنمىز، ئەمدى شۇنى كۆشەپ يۈرسەك بولغۇدەك.

**دەۋر قىلماق** ① مەلۇم بىر نۇقتا، مەركەزنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا-چۆرىدىمەك: بۇ رايوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا چارۋىچىلىق ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ، چارۋىچىلىقنى دەۋر قىلغان ھالدا تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تاغ، دەريا ۋادىلىرىدىكى ئورمانلارنى تىرىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. * ئۇمۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ماتېرىياللارنىڭ توغرا بولۇشىدىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ② ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرماق: قانداق قىلىپ قىسىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم ئۇزۇلمەي دەۋر قىلىشقا باشلىدى. * ھېلى سىز دېگەندەك، ھازىر

«تاغ ئارقىسىدا بىرگەپ بار» ھەم «ئىچىمىزدە بىر خەپ بار». ئەمدى يىغلاشنىڭ ئورنىغا ئەنە شۇ تاغ ئارقىسىدىكى بىر «گەپ» بىلەن ئىچىمىزدىكى «خەپ»نى بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز. «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى». تارىخ ھامان مۇشۇ قائىدىدە دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

**دەۋر قىلىش نەزەرىيىسى** <پەلس> شەيئىلەردە پەقەت دەۋرىي ھالدىكى ئايلانما ھەرىكەت بولۇپ، تەرەققىيات ۋە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمايدۇ دەپ قارايدىغان بىر خىل مېتافىزىكىلىق قاراش.

**دەۋر** II ئى ① ئاتنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان بېزەكلىك يىپەك ياكى يۇڭ يوپۇق. ② قارا ئۆيدىكى تەرەمە بېشىدىن تۈڭلۈككە تۇتاشتۇرۇلغان ئۇزۇن ئوق ياغاچقا يېپىلىدىغان كىگىز.

**دەۋر تاسمىسى** ئېگەرگە سېلىنغان كۆرپە، خۇرجۇنلارنى تاڭىدىغان تاسما.

**دەۋران** ئى (پ+ئە) ① دەۋرلەر، زامان: دەۋران ماڭا يېڭى قەلەم بەردى. ئەمدى يازماي قاچان يازغۇلۇق! * ئەمەسمۇ بىز ئاشۇ نامغا مۇناسىپ شائىرى ئەلنىڭ، ئۇلۇغلاپ ئۆتكۈنچى ناخشا ياراتقان ئەلنى، دەۋراننى. ② باياشات، بەختىيار زامان: پارتىيەم بەرگەن گۈزەل دەۋراندا سەن، دىلبىرىم، يەتتىڭ ئۇلۇغ ئارمانغا سەن. ھە، بۈگۈن باتۇر، كۈرەشچان جەڭچى بوپ ئۆرلىدىڭ لاچىن كەبى ئاسمانغا سەن. * تەر تۆكۈپ كۈلدۈم قاقاقلاپ كەلدى دەۋرانىم مېنىڭ، سۆيىمەن شۇ ھۆر زاماننىڭ قەدرىنى بىلگەننى مەن.

**دەۋران سۈرمەك** ← **دەۋر سۈرمەك**: ئۇ، يۇنۇسقا ئوخشاش ئادەملەر ئۈچۈن ھازىرمۇ قەدىرلىك ھەمراھ ئىكەن – دە، بۇ رودۇپاي

ئۇنداق كىشىلەرنىڭ يەلكىسىدە يەنە قانچىلىك دەۋران سۈرەر. * تاشلاپ كېتەر بىللە دەۋران سۈرگەنلەر، يالغۇز قېلىش، شۇمۇ ساڭا يېتەرلىك. سۆز ئويىنىتىپ، شېرىن سۆھبەت قىلغانلار، سەندىن قاچار سېنى بىلىپ خەتەرلىك.

**دەۋرداش** ← **زامانداش:** دېمەككى، ياشىدى بولۇپ دەۋرداش، ياشىدى بىز بىلەن چىن يى تەقدىرداش. بىز بىلەن بىرلىكتە ئۆتتى هاياتى، ئۇ بىزگە ئەڭ يېقىن سەممىي سىرداش.

**دەۋر-دەۋران** بىرقانچە دەۋردىن ئىبارەت مۇئەييەن تارىخىي مەزگىل، زامان؛ دەۋر ۋە زامانلار: دەۋر-دەۋران بولدى تەسلىم، قويدى قەشقەر ئىسمىنى، نەقىش-سە نەتكار بوۋامغا، نامدارىمغا قاراپ.

**دەۋرىمەك** پ ① يامرىماق، تاشماق: دەريا سۈيى دەۋرەپ كەتتى. ② ھەممە تەڭ ھەرىكەتلەنمەك، خۇددى دولقۇندەك يوپۇرۇلماق (ئادەملەر ھەققىدە): ئېھتىيات تومىسىنىڭ ئۈستىدە دەۋرەپ تۇرغان ئەزالار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئالدىراپ كېلىپ مۇسا دېھقاننى يۆلمەكچى بولۇشتى. * بەگ پىلىككە ئوت يېقىش ئۈچۈن، قولىغا سەرەڭگە ئالغاندا، بىردىن تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا كىشىلەر دەۋرەپ دەھشەتلىك قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى.

**دەۋرىي** سۈپ (ئە) ۋاقتى-ۋاقتىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان، تەكرارلىنىدىغان: بۇ يەردە، دەۋرىي خاراكتېرلىك ئايلانما داۋامدا پۈتۈن بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىغا بارغانسېرى خەۋپ سېلىۋاتقان سودا كرىزىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ.

**دەۋرىي قانۇنى** <خىم> ماددىلارنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ بىرى. مەزمۇنى: ئېلېمېنتلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئېلېمېنتلار ئاتوم يادرولىرىنىڭ مۇسبەت زەرەت مىقدارىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ دەۋرىي ھالدا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، ئېلېمېنتلار-نىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىكەندىكى ۋالېنتى دەۋرىي ھالدا تۆۋەندىن يۇقى-رىلايدۇ، ھىدروگېن بىلەن بىرىكىكەندىكى ۋالېنتى دەۋرىي ھالدا يۇقىرىدىن تۆۋەن-لەيدۇ. ئېلېمېنتلارنىڭ مېتاللىقى دەۋرىي ھالدا كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلايدۇ. مېتال-لويىدلىقى دەۋرىي ھالدا ئاجىزلىقتىن كۈچىيىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ قانۇننى مېندېلېيېۋ كەشىپ قىلغان. دەۋرىي قانۇنىغا ئاساسەن، كەشىپ بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگىمۇ ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

**دەۋرىي مۇئەللىم** سىنىپ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئالماي قايسى سىنىپقا توغرا كەلسە شۇ سىنىپقا دەرس بېرىدىغان مۇئەللىم: — بازار ئۈچىنچى مەكتەپكە بارىسىز، — دېدى ئۇ رەيھانىغا غىل-پال قاراپ قويۇپ، خىلغىچە پۇشۇلداپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — تەلەي دېگەن غەلىتە نېمىكەن، ئويلىمىغان يەردىن سىزگە نېسىپ بولدى. بىر يىل دەۋرىي مۇئەللىم بولىسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن قاراپ باقىمىز.

**دەۋرىي ئۇنلۇق كەسىر** <مات> مەلۇم بىر خانىسىدىن باشلاپ بىر ياكى بىرنەچ-چە رەقەمى بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىدىغان ئۇنلۇق كەسىر. ئۇنىڭدا تەكرارلانغان بىر ياكى بىرنەچچە رەقەم دەۋرىيلىك ھالقىسى دېيىلىدۇ. دەۋرىيلىك ھالقىسى ئۇنلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى بىرىنچى خانىدىن باشلانغان ئۇنلۇق كەسىر ساپ دەۋرىي ئۇنلۇق كەسىر دېيىلىدۇ. مەسىلەن، 0.333 ... (بۇنى 0.3 قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ)، ... 2.363636 (

بۇنى 2.36 قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ) ؛ ئۇنلۇق كەسىر چېكىتى بىلەن بىرىنچى دەۋرىيلىك ھالقىسى ئارىسىدا دەۋرىيلە نمەيدى- غان بىر ياكى بىرنەچچە رەقەم بولغان ئۇنلۇق كەسىر ئارىلاش دەرىي ئۇنلۇق كەسىر دېيىلىدۇ. مەسىلەن،،، 7,04981981981 (بۇنى 7,04981 - قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ) .

**دەۋرىيلە نمەك** پ. دەۋرىي ھالەتكە كەلمەك، دەۋرىي قىلماق، تەكرارلانماق، قايتىلانماق: ئۇنلۇق كەسىر چېكىتى بىلەن بىرىنچى دەۋرىيلىك ھالقىسى ئارىسىدا دەۋرىي- لە نمەيدىغان بىر ياكى بىرنەچچە رەقەم بولغان ئۇنلۇق كەسىر دەۋرىي ئۇنلۇق كەسىر دېيىلىدۇ.

**دەۋرىيلىك** «دەۋرىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دەۋرىيلىك ھالقىسى.

**دەيدەي** ئى. كۆشكۈرتۈش، قۇترىتىش: دەيدەيگە سالماق.

**دەيدەيگە سالماق** كۆشكۈرتمەك، قۇتراتماق: بۇنىڭغا نېرىدا تۇخۇم چېكىشتۇرۇۋاتـ- قان ھەم ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارمۇ كېلىپ ئارىلىشىپ، ئىككى تەرەپ بولۇپ مۇشتلىششقا باشلىدى. يەنە بەزىلىرى سىرتتىن ئۇلارنى دەيدەيگە سېلىپ جېدەلنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى.
* — قېنى نوچى بولساڭ ئۇندەككە كەلتۈرۈپ باقمامسەن، — دەيدەيگە سالدى ئۇنىڭ يېنىدىكى ماش كۆزلۈك، چاچلىرىنى پاخپايتىۋالغىنى.

**دەيدەيچى** ئى. دەيدەيگە سالغۇچى كىشى: شۇنداق قىلىپ ئەتراپتىكى دەيدەيچىلەرنىڭ ھەـ-ھۇسى بىلەن خورازنى تاشلىۋېتىپ قېلىپتىمەن.

**دەيدەيلىمەك** پ. دەيدەيگە سالماق: ئۇلارنى دەيدەيلەپ سوقۇشتۇردى.

**دەيزۇ** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار يۈننەنگە ئولتۇراقلاشقان.

**دەيزۇ تىلى** <تىل> دەيزۇلار ئىشلىتىدىـ- غان تىل. بۇ تىل خەن-زاڭ تىللىرى سىستېمىسى جۇاڭ-دۇڭ تىللىرى تۈركۈمى، جۇاڭ-دەي تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە يۈننەن ئۆلكىسى شىيش- ۋاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، دېخۇڭ دەيزۇ-جىڭبو مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ باشقا بەزى ناھىيىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**دەيزۇلار** ئى <ئىرق> دەيزۇ مىللىتى ياكى شۇ مىللەتكە تەۋە كىشىلەر توپى؛ دەيزۇ خەلقى.

**دەيۈز** (توغرىسى: دۆيۈز) ← **دۆيۈز**.

**ددت** ئى (ئىنگ) <خىم> دى خلورو دى فېنىل – ترى خلورو ئېتاندىن تەركىب تاپقان ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا (دى خلورو – دى فېنىل – ترى خلورو ئېتاننىڭ قىسقارتىلمىسى)، مولېكۇلا فورمۇلا- سى $C_{14}H_2CI_5$. ئۇ بىر خىل رەڭسىز كرىستال ماددا بولۇپ، ھاشارات ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى كېلىدۇ ھەمدە بۇ ئۈنۈم ئۇزۇنغىچە يوقالمايدۇ. مەسىلەن، پاشا، چىۋىن، پىت، يىپېشقاق قۇرت، يوپۇرماق كېپىنىكى، قىزىل كۆسەك قۇرتى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشتا ئۈنۈمى ئالاھىدە بولىدۇ.

**ددۋ** ئى (ئىنگ) دى مېتىل – دى خلورو – ۋىنىل – فوسفاتتىن تەركىب تاپقان ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا (دى مېتىل – دى خلورو – ۋىنىل – فوسفاتنىڭ قىسقارتىلمىسى). مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_7O_4C_{12}P$. ئۇ بىر خىل رەڭسىز مايسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئۇچۇشچان كېلىدۇ. ئادەتتە كېۋەز پىتى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا

يەنە پاشا، چىۋىن قاتارلىقلارنى يوقىتىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**دراپ** ئى (ر <فران) كۆپىنچە ھەر خىل پەلتولارنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن قېلىن يۇڭ گەزلىمە، قېلىن مووۇت: دراپ پەلتو. كۆل رەڭ دراپ.

**دراكما** ئى (گرېك) گرېتسىيە پۇل بىرلىكى.

**دراماتۇرگ** ئى (ر) <ئەد> دراما ئاپتورى يەنى سەھنە ئەسىرى يازغۇچى كىشى.

**دراماتۇرگىيە** ئى (ر) <ئەد> ① سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تۈزۈلۈش پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى نەزەرىيە؛ تىياتىر سەنئىتى. ② بىرەر مىللەت، خەلق، دەۋر ياكى بىرەر يازغۇچىنىڭ دراما شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**درامىچىلىق** ئى. دراما يېزىش، ئىجاد قىلىش ئىشى.

**دراۋىد** ئى <تىل> ← **دراۋىد تىللىرى سىستېمىسى.**

**دراۋىد تىللىرى سىستېمىسى** <تىل> تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر تىل سىستېمىسى. بۇ سىستېمىدىكى تىللار ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى، سىرى لانكىنىڭ شىمالىي قىسمى ھەم پاكىستان قاتارلىق مەملىكەت ۋە رايونلاردا ئىشلىتىلىدۇ. نوپۇسى 100 مىليوندىن ئاشىدۇ.

**دو** I ئى (خەن) ← **دو تۈتتۇرماق.**

**دو تۈتتۇرماق** مەلىكە قىلماق، جەلپ قىلماق؛ قىزىقتۇرماق: بالىنى دو تۈتتۇرماق. * ساۋ ساۋ پالۋانلارغا« ياۋنى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە دو تۈتتۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇق بەردى.

**دو** II ئى (پ) قىمار ئويۇنىدا ئوتتۇرىغا تاشلانغان پۇل ۋە پۇلغا يارايدىغان نەرسە: دو تىكمەك. ② نۆۋەت: دو كەلمەك.

**دو تىكمەك** ① قىماردا مەلۇم مىقداردىكى پۇل ياكى پۇلغا يارارلىق نەرسىنى قارشى تەرەپتىن ئۇتۇش مەقسىتىدە تاۋاكاغا قويماق: ئۇلار ھەر قېتىمدا ئىككى-ئۈچ يۈز كويدىن دو تىكىشىپ قىمار ئوينايدىغان چوڭ قىمارۋازلارغا ئايلاندى. ② پايدا-زىيانغا تەۋەككۈل قىلماق: تۈگمەننى ۋە ئۆستەڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈسۈپ چوڭغا يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى دو تىكىشكە توغرا كېلەتتى. * سىز گويا ھەممە مال-مۈلكىڭىزنى دو تىككەندەك تۈرىسىز، ئۇتتۇپمۇ چىقارسىز بەلكىم، لېكىن ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ قايسىبىرى بۇنداق خەۋپلىك ئىشقا تەۋەككۈل قىلالايدۇ؟

**دو چىقماق** ← **دو تىكمەك**: نېرىقى جوزىدا بولسا ماڭا دو چىققان كىشى ئۇتتۇۋالغان 50 سامسىنى بەش-ئالتە كىشى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەۋاتاتتى.

**دو** III ئى (ر<ئىتال) <مۇز> مۇزىكىدىكى بىرىنچى تاۋۇش ۋە شۇ تاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان بەلگە.

**دوبرا** ئى. سان-تومې ۋە پرىنسىپى دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دوپپىگى** ئى (دوپ+بەگ+ئى) تارس. توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغ قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ئاممىغا بېرىلىدىغان ئاش-تائام، يېمەك-ئىچمەكلەرنى تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى كىشى: مۇزەپپەر دوپپىگى ئۆز ھويلىسىدا كۆتۈپ ئولتۇرغانىدى.

**دوپپا** ئى. ئەر-ئاياللارنىڭ رەختتىن گۈللۈك ياكى گۈلسىز قىلىپ تىكىلگەن يازلىق باش كىيىمى؛ بۆك: چىمەن دوپپا: بادام دوپپا. * بېدىك بالىنىڭ قولىدىن ئەمدىلا

پۇلنى ئېلىشقا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېشىغا چىرايلىق گۈللۈك دوپپا كىيگەن يۇملاقتىنا بىر ئارا بوي كىشى قىسىلىپ كەلدى. * ئۇ چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا گۈللۈك چىت كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى.

**دوپپىسى چۈشسە خۇدانىڭ يېرىگە چۈشىدۇ** ئۆي-جايى، يەر-زېمىنى يوق: – دوپپام چۈشسە خۇدانىڭ يېرىگە چۈشىدۇ، – دېدى موللازەيدىن ۋاڭغا جاۋاب بېرىپ.

**دوپپىسى سۇغا چىلاشماق** بىرەر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماق، قىلغان ئىشى نەتىجىسىز ئاياغلاشماق: بىرەر مەزگىل مارجانبۇلاقنىڭ پۇل-مېلىدا ئۆزىنى سەمرىتىپ تېرىسىگە سىغماي كەتكەن، لېكىن تېخى بۇنىڭدىن بىرەر ھەپتە ئىلگىرىلا، نازىمنىڭ ئالدىدىلا دوپپىسى سۇغا چىلىشىپ ياغلىغان تاسمىدەك بوشاپ قالغان روزى ئەنە شۇ بىز چۈشەنگەن بارات مەزىن بىلەن 'ئايىمخان قۇشناچىنىڭ ئوغلى ئىدى.

**دوپپىسىغا جىگدە تاشلىماق** ← **دوپپىسىغا جىگدە سالماق**: ئەمەت دۆينىڭ كەلدى-كەتتى، يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ، كادىرلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە تاشلاپ ئاپتاپ يۈزى كۆرمەي ئائىلىسىنى باياشات بېقىپ كەلگەنىدى. ئەمما، سىياسەت يېڭىلىنىپ يەرلەر كىشى بېشىغا ھۆددە بېرىلگەندە ئىشنى قانداق قىلىدىغانلىقىغا ئەقلى يەتمىدى.

**دوپپىسىغا جىگدە چۈشمەك** باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەك؛ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانماق: بۇ قېتىمقى ئۆي مەسىلىسىدە دوپپامغا يەنە بىر نۆۋەت جىگدە چۈشتى.

**دوپپىسىغا جىگدە سالماق** باشقىلارنى ئالدىماق، ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرمەك: گۈلچەمەن ئۇنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ، يەنە بىر قېتىم خەۋپتىن قۇتۇلدى، لېكىن نەگە قاراپ مېڭىشنى بىلەلمىدى. * ئۇ ئەھۋالنىڭ ناچارلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالماقچى بولدى.

**دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق** ئىنتايىن خۇرسەن بولماق، خۇشال بولۇپ كەتمەك: بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىرەر پارچە ماقالىسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ قالغۇدەك بولسا، خۇشاللىقتىن دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتاتتى. * باللىرى داشۆگە ئەمەس بىرەر تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنسىمۇ دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئاتسىلا بولىدۇ.

**دوپپىسىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان** بىرەر ئىشنى قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان، ئىنتايىن سولدىن چىقىپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان: ئۇنىڭ ئوغلى دوپپىسىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان، چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان ھاماقەت بىرنېمە ئىدى. شۇڭا خاتىرجەم ئىش تاپشۇرغىلى بولمايتتى.

**دوپپىسىنى قىرلاپ يۈرمەك** غەم ۋە تەشۋىشتىن خالىي، خاتىرجەم، غەمسىز قىلىپ كۆرسەتمەك، خۇشاللىنىپ يۈرمەك: ئۇ ئۆتكەلدىن ئۆتتۈۋېلىپلا يەنە دوپپىسىنى قىرلاپ يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئايشەمنىڭ جۇدۇنى تۇتتى.

**دوپپىچان** سۈپ. دوپپا كىيگەن: ئاقساپ ماڭىدىغان دوپپىچان ئادەم چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى قىلچە ئۆچۈرمەستىن زىنىنەتكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

**دوپپىچى** ئى. دوپپا تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: پاتەمخان پۈتۈن يۇرتتا داڭ چىقارغان ئۇستا دوپپىچى ئىدى. ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بىرەر دوپپا كىيىش ئۈچۈن بۇ يەردىكىلەرلا ئەمەس، ھەتتا قوشنا

مەھەللىدىكى ھاجەتمەنلەرمۇ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ كېلىشەتتى. // دوپپىچى قىز. دوپپىچى چوكان.

**دوپپىچىلىق** ئى. دوپپا تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: روزىخان ئاچا قىز ۋاقتىدا ئۆگەنگەن دوپپىچىلىقنى قولىغا ئالدى، لېكىن دوپپىنىڭ تۈزۈككىنە بازىرى بولمىدى.

**دوپپىسىمان** سۈپ. شەكلى، كۆرۈنۈشى دوپپىغا ئوخشايدىغان؛ دوپپا شەكلىدىكى: دوپپىسىمان چاندىر.

**دوپپىسىمان چاندىر** <ئانات> باشتىكى كەجگە مۇسكۇلى بىلەن پېشانە مۇسكۇلىنى تۇتاشتۇرغۇچى چاندىر.

**دوپپىلىق** سۈپ ① دوپپىسى بار، دوپپا كىيگەن: دوپپىلىق يىگىت. دوپپىلىق چوكان. * مەن يىقىلاپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاق بادام دوپپىلىق كىشى دەل ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆزى ئىدى. ② دوپپا تىكىشكە بولىدىغان، دوپپا تىكىشكە لايىق: ئۇ بازاردىن ئىككى دوپپىلىق رەخت سېتىۋالدى.

**دوپدوغىلاق** سۈپ. ناھايىتى دوغىلاق: چىيەن دارىن دېگەن خۇددى پومزەككە ئوخشاش دوپدوغىلاق، قارا چوقۇر، يىلاندەك ئاچچىقى يامان، يېشى 40 تىن ئاشقان ئادەم ئىدى.

**دوپدومىلاق** سۈپ. ناھايىتى دومىلاق: ئۈستەلدە قارا سىياھ بىلەن قولدا قېلىن سىزىق تارتىپ سىزىلغان ۋە سىزىقلار ئارىلىقىدىكى دوپدومىلاق دۈگىلەكچىلەر ئىچىگە غەربىي سەپنىڭ ناملىرى يېزىلغان يوغان بىر پارچە پارقىراق سۈت قەغەز تۇراتتى. * ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 20 ياشلاردىن ئاشقان، يۈزى دوپدومىلاق بىر قىز تۇراتتى.

**دوتەي** ئى (خەن) بۇرۇنقى چاغلاردا قوللىنىلغان ۋالىي دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدار. 1914-يىلى 5-ئايدا، يۈەن شىكەي ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە قاتارلىق يەرلىك ئەمەل تۈزۈمىنى ئېلان قىلىپ، بىر ئۆلكىنى بىر نەچچە ۋىلايەتكە بۆلدۇ، ھەممە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى نازارەتچى ئەمەلدارلارنى دوتەيگە ئۆزگەرتىدۇ. دوتەيلەر ئۆز قارمىقىدىكى ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئۆلكە باشلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ، بۇ ئەمەل كېيىن ئەمەلدىن قالدۇ.

**دوتەيلىك** ① ئى. دوتەيلەر يۈرگۈزىدىغان ئەمەل، ۋەزىپە: دوتەيلىك قىلماق. ② سۈپ. دوتەيلەرگە خاس؛ دوتەيلىك مەنسەپ. دوتەيلىك ئىمتىياز.

**دوتسېنت** ئى (ر<لات) <مائار> ئالىي مەكتەپلەردە بېرىلىدىغان ھەممە دەرىجىسى پروفېسسوردىن تۆۋەن، لېكتوردىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئوقۇتقۇچى.

**دوتسېنتلىق** «دوتسېنت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: يۇقىرىدا تەكرار ئېيتقىنىمدەك، سىلىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى دىلىمىزغا بىلىم سېلىشلىرى ۋە قەلبىمىزدە بىلىم ھەۋىسى قوزغاشلىرى بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئەسەرلىرىم ۋە ئالىي مەكتەپتىكى دوتسېنتلىقىم يوق گەپ ئىدى.

**دوختۇر** ئى (ر<لات) <تىب> تىببىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ھەممە كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

**دوختۇرخانا** ئى <تىب> كېسەل كىشىلەرنى تەكشۈرىدىغان، داۋالايدىغان ۋە كۈتىدىغان ئورۇن: ئۇ بىر ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ، راۋۇرۇس ساقىيىپ چىققانىدى.

**دوختۇرلۇق** «دوختۇر» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: دوختۇرلۇق قىلماق. * – ئاشۇ قېتىم سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن خەت ئۈچۈن، مېنىڭ دوختۇرلۇقتىن ئايرىلىپ قىلىپ، ئۈچ

ئايدىن بىرى قارا چاپان كىيىپ ئەمگەك قىلغانلىقىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ – دېدى دوختۇر ئادىلغا قاراپ.

**دودەن** سۈپ (خەن) ئۆكتەم، زوراۋان؛ جاھىل، تەرسا، كاج: دودەن بالا. دودەن ئادەم. * گايىت كىچىكىدىنلا كەپسىز، دودەن بولغاچقا تەگتۇشلىرى ئۇنىڭغا «گايىت مالىمان» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى. * – لەڭگەرلىك ھېلقى دودەن دۈيجاڭ ئۆزلىرى بىلەن بايا تېلېفوندا سۆزلەشكەن چېغى، دۈي ئىشخانىسىدىن رەڭگى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ چىقتى، – دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭغا.

**دودەنلە شتۈرمەك** «دودەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىلقىز ئوغلىنى زىيادە پەپلەپ چوڭ قىلىپ بەكلا دودەنلەشتۈرۈپ قويدى.

**دودەنلەشمەك** پ. جاھىل، تەرسا، كاج ھالەتكە كەلمەك، ئۆكتەملەشمەك، زوراۋانلاشماق: ئەمەت مۇشۇ كۈنلەردە بەكلا دودەنلىشىپ كەتتى.

**دودەنلىك** «دودەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دودەنلىك قىلماق. * تۈلكە چۈجە خورازنىڭ دودەنلىكىنى ئېغىر ئالماي يەنىمۇ ماختاپ ئۇچۇرۇشقا باشلاپتۇ. * – چوڭ گەپ قىلغىنىم يوق، دودەنلىك قىلغىنىمۇ يوق، پەقەت سىلەرنىڭ ئادىل بولمىغىنىڭلارنى دەۋاتىمەن! – دېدى قادىر تېرىكىپ.

**دور** مىق (ئە) نۆۋەت، قېتىم، رەت: – ماجاڭ دېگەن مېڭىنى بەك چارچىتىدىغان نەرسە، سىزمۇ ئوخشىتىپ 12 دور ئويناپسىز-دە، – دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**دورا** ئى (پ) ① <تب> كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ماددا: دورا ئىچمەك. دورا قايناتماق. * مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە، ئۆزۈمدىن باشقا ھېچ كىشىگە تىنماسلىقتا ۋەدە بېرىپ، ئىككى مىنۇت ئارىلىقتا سىڭلىمغا دورا ئىچۈرۈپ قويۇپ، ياتاققا قايتىپ كىردىم. ② كۆچمە. دەردكە دەرمان بولىدىغان، غەم-غۇسسىلەرنى يوقىتىدىغان نەرسە؛ داۋا: كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا (ماقال). * ئىتنىڭ چىش ئاغرىقىغا ئېشەك گۆشى دورا (ماقال). * ئۇنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى قەلبىمگە دورا بولدى. ③ كۆچمە. ئۆزۈمدىن ئىشلەنگەن، مەست قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىچىملىك، مۇسەللەس: ئاۋاتتا ئۆزۈمدىن دورا قايناتمايدىغان ئائىلە يوق دېيەرلىك. * ئۆز كېسىلىدىن قورققان شاھزادە ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئىشتىھا دورىسى ئىزلەپ باشقا شەھەرلەرگە مېڭىپتۇ. ④ <ھەرب> پارتلاتقۇچ ماددا: مىلتىق دورىسى. ⑤ <خىم> زىيانلىق ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خىمىيۋى ماددا: چاشقان دورىسى.

**دورا بولماق** ياخشى تەسىر كۆرسەتمەك، پايدا قىلماق؛ مەنپەئەتى بولماق: پۇل كېسەلگە دورا بولماس (ماقال). * – چىك گاڭ غوجامنىڭ بۇ كېسىلىگىمۇ ياش قىزلار دورا بولمامدىكەن، ھۆكۈمالار شۇ دورىنى ئەمدى بېرىپ باقسا بولۇپتىكەن، – دېدى پۈجۈڭ ئاغىچا ئايىسە ئاپپاققا پىچىرلاپ.

**دورا پۈركۈگۈچ** <دېھ> شۇمۇرۇش رولىدىن پايدىلىنىپ سۇيۇقلاندۇرۇلغان دورىلارنى تۇمان ھالەتتىكى ئۇششاق سۇ دانىچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە تەكشى پۈركۈپ چاچىدىغان ئۈسكۈنە.

**دورا تاشمىسى** <تب> دورىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان قاپارتما. بۇ مەلۇم بىر خىل دورىنى ئۇزۇن مۇددەت كۆپ مىقداردا ئىشلىتىش ياكى بىمارغا مەلۇم دورا رېئاكسىيە بېرىش قاتارلىق

سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

**دورا خالتىسى** دورا سېلىنىدىغان، دورا قاچىلىنىدىغان خالتا.

**دورا سەپكۈچ** <دېھ> دورا پۈركۈگۈچ.

**دورا سوپۇن** <تىب> ماي كىسلاتا تۇزلىرى، فېنول ۋە لىزول قاتارلىق خىمىيۋى دورىلاردىن ئىشلەنگەن سوپۇن. ئۇ تۆۋەن دەرىجىدە دېزىنفېكسىيە قىلىش رولىغا ئىگە.

**دورا قەغىزى** <تىب> ← **رېتسېپ**.

**دورا قىلماق** ① ساقايتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلىمەك، داۋالىماق: مەن ئۇنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ دورا قىلدىم. ئۇ ئاستا-ئاستا ساقىيىشقا باشلىدى. ② دورا سۈپىتىدە ئىشلەتمەك، پايدىلانماق: يۈرەك كېسىلىگە هاراقنى دورا قىلغانىنى مەن پەقەت شۇ ئادەمدىنلا ئاڭلىدىم.

**دورا ئۆسۈملۈك** <بوت> ← **دورىلىق ئوت-چۆپ**.

**دوراتماق** «دورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچى ياسىنغا قۇشقاچنىڭ سايرىشىنى دورىتىپ كۆردى. ياسىن دورىدى. ئوقۇتقۇچى رازى بولۇپ، دەپتىرىگە نېمىنىدۇر خاتىرىلىدى.

**دورا-دەرمان** ھەر خىل پىششىق ۋە خام دورىلار: ياز ۋە كۈز كۈنلىرى بۇ يەرلەردە يۈرگەن كىشى ئۆزىنى گوياكى ئېسىل دورا-دەرمانلار دۇكىنىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

**دورا-دەرمەك** سەي-تاماقلارغا تەم كىرگۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان (ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ، قارىمۇچ، كاۋاۋىچىن، زىرە ۋە زەنجىۋىل قاتارلىق) نەرسىلەر.

**دوراشماق** «دورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللارنىڭ كىيىملىرى يىرتىپ تاشلانغان، پۇتىسى ئۆزۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنە بىر-بىرىنى دورىشىپ، ئەرچە كىيىنىشنى توختاتماپتۇ.

**دورام** ئى. دوراش ئىشى، دوراش ھەرىكىتى.

**دورامچۇق** ئى ← **دورامچى**: دورامچۇق قىز. دورامچۇق قۇشقاچ. * دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق (ماقال).

**دورامچۇقلۇق** ← **دورامچىلىق**: – خوتۇن، مۇسا بىز بىلەن قوشنا، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشلىقىمىز، ئۇنىڭ خوتۇن بالىسى نېمە كىيسە، بىزنىڭ بالىمىزمۇ ئۇلارنى دورىسا ئەپلەشمەيدۇ. قويۇڭلار ئۇنداق دورامچۇقلۇقنى، – دېدىم مەن خوتۇنۇم گېپىنى تۈگەتكەندە.

**دورامچى** ئى. باشقىلارنى دورىغۇچى، دوراش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: راست ئەمەسمۇ؟ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىلەش دېگەن بۇ ئىش بەزى دورامچى ساۋاقداشلار كۆرگەن كىنولىرىدىكى پېرسوناژلارنى قارىسىغىلا دوراپ تېپىپ قويغان ئىش بولمىسىلا ئەسلىدە مەكتىپىمىزدە ئۇنداق ئىش يوق ئىدىغۇ؟

**دورامچىلىق** ئى. دوراش بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتى، قىلىقى، دورامچۇقلۇق: دورامچىلىق قىلماق. * دورامچىلىق – تۇتى قۇشنىڭ تۇپ خىسلىتى، خىسلەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەس ئىللىتى. * مارت ئېيىنىڭ ئاخىرى، كۈن ئوبدانلا ئىسسىغان، توخۇلار قاقاقلاشقان، قانات قېقىشلىرى جانلانغان، موزاي، قوزىلارنىڭ قىيغىتىشلىرى، قارىغۇجىنىڭ دورامچىلىقى، قۇشقاچلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئەۋجىگەن چاغ.

**دورە** ئى. يەرلىك توقۇمىچىلىقتا ئۆرۈش يىپلىرىنى بىر لۆتتىن قىلىپ يۆگەيدىغان تۆت قاناتلىق چاقسىمان ياغاچ سايمان.

**دورەم** ئى. قېتىم، نۆۋەت، رەت: ھەر دورەم. كېلەر دورەم. * رەجەپنىڭ سۆزىگە ھەممىسى تېلىققۇدەك كۈلۈشتى. رەجەپ بىلەن پولاتنىڭ بەك كۆڭلى يېقىن بولسىمۇ، بۇ دورەم

رى رودمېنتلاشقان. گۈلى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، شەكلى قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ، ئاتىلىق-ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى قىزىل، ئۇرۇقى قارا كېلىدۇ. يۇمران غولىنى كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**دورىلىق ئوت-چۆپ** <بوت> دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر.

**دورىلىماق** پ ① دورا سەپمەك، دورا پۈركۈمەك، دورا چاچماق: دېھقانچىلىقتا يەرگە ئىشلەش، ئۇرۇق تاللاش، دورىلاش، سېپىالكىلارنى تېرىشقا تەگشەش، تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسنى تېخنىكىلىق تەلەپكە لايىق ئىشلەش لازىم. ② دورا سۈرمەك، چاپلىماق؛ دورا بىلەن دېزىنـفېكسىيە قىلماق: سېسترا بالىنىڭ پۇتىدىكى يارىنى دورىلاپ داكا بىلەن يەنە تېڭىپ قويدى.

**دورىماق** پ ① باشقىلار نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ باقماق، تەقلىد قىلماق: تىلىڭ كەلمىسە دورىما، خۇشۇڭ كەلمىسە سورىما (ماقال). * سادىق روزىمۇ بايىقى جۇۋىلىق خېرىدارنى دوراپ كۆكرىكىنى پوكەيگە تىرىدى. * ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھاۋازئاخۇننىڭ دادىسى نازىرئاخۇن جۇۋازچى تولىمۇ خۇش تەبىئەتلىك ئىشچان ئادەم بولۇپ قەيەردە بىر يېڭىلىق كۆرسە، دەرھال شۇنى دوراپ باقىدىكەن. ② بىرىنىڭ بىرەر ئىش ياكى مىجەز-خۇلقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرمەك، شۇنىڭ ئىزىدىن ماڭماق: ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ، قىز ئانىنى (ماقال). * مەن 28 يىل مۇشۇ كەسىپنى ئىشلىدىم، راستىمنى ئېيتقاندا قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىلارنى دوراشلا بولدى. * ئۇ، باشقا جايلارنى دوراپ يەرنى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىۋىدى، تراكتور بىلەن ھەيدەش، سۇغىرىش قاتارلىق ئىشلاردا چاتاق چىقتى.

③ بىرىنىڭ بىرەر ئىش ھەرىكىتىنى مازاق قىلىپ كۆرسىتىپ كەمسىتمەك، مەسخىرە قىلماق، زاڭلىق قىلماق: — مېنىڭ ئادەمنى دورىسا يامان بولىدۇ بالام، — دېدى ئانا ئوغلىنى جىملەپ. * ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ مېڭىشىنى زاڭلىق قىلىپ، دوراپ كۆرسىتىۋاتاتتى.

**دوزاخ** ئى (پ) ① دىنىي ئېتىقاد بويىچە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر، يامان ئىشلارنى قىلغانلار ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈ ئازاب چېكىدىغان جاي، جەھەننەم: دوست ئايرىغان دوزاخ تۈۋىدە (ماقال). * ئەپەندىمـدىن كىشىلەر: — ئەپەندىم، كىشىلەر قاچانغىچە تۇغۇلۇپ ئۆلۈۋېرىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ. — جەننەت بىلەن دوزاخ تولغۇچە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. ② كۆچمە. قاراڭغۇ ھەم ئېچىنىشلىق تۇرمۇش مۇھىتى: ئۇ: — ئاۋۋال بۇ دوزاختىن كېتىۋالايلى، يولدا ماڭغۇچە ھەممىنى دەپ بېرىمەن، — دېدى. * — بېگىم، بۈگۈن مېنى بۇ دوزاختىن قۇتقۇزۇپ ئالدىڭلا، مەن خۇددى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەندەك بولدۇم، — دېدى قىز.

**دوزاخ شوتىسى** بويى ناھايىتى ئېگىز، ئۇزۇنتۇرا، شادىپاچاق: نوچى بولساڭ، تاپانچاڭنى ئېتىپ باققىنە قېنى، دوزاخ شوتىسى!

**دوزىخىي** سۈپ (پ) دوزاخقا لايىق، دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك؛ ئەسكى، يامان: — جەننەتكە ھېيتباقى ھاجىم بىلەن بىللە كىرىپ قالسام، ھاجىم ئاتا-بوۋامنىڭ ھەققىگە بوغۇلغان دەپ دەۋا قىلىپ تۇرۇۋالمەن. دەۋايىم ئېقىپ قالسا ھاجىم يەنە دوزىخىي بولۇپ كېتىدۇ-دە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. * — مەن قەسەم ئىچەلمەيمەن، قەسىمىگە ئەمەل قىلالايمەن ھەم، دېگەنلىرىنى ئورۇندىمىسام دوزىخىي بولۇپ كېتەي، — دېدى ھاشىم.

**دوژنا** مىق (ر) ① نەرسىلەرنىڭ 12 دىن قىلىنغان ھەربىر توپى: بىر دوژنا قەلەم. بىر دوژنا پايپاق. ② توپ: — بۇ يەرنىڭ ئۇستى ئالتۇن تاغ، ئاستى كۈمۈش باغ، يۇرتداش دېسەڭ ئەتراپىڭدا پەۋەس، ئەل-ئاغىنە دېسەڭمۇ دوژنىسى بىلەن تېپىلىدۇ، — دېدى تۇراپ شەمەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

**دوست** ئى (پ) ① ئۆزىگە نىسبەتەن كۆڭلى يېقىن، قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان ئادەم؛ ئاغىنە، بۇرادەر: ھەقىقىي دوست. مېھرىبان دوست. * دوست باشقا قارار، دۈشمەن ئاياغقا (ماقال). * ئەخمەقنىڭ دوستى كۆپ (ماقال). * رۇستەم، دوستى لۇتپۇللانى قاق سەھەردە ئۆيىدىن تېپىۋالغىنىغا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ② تەرەپدار، ھامىي: دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز. ③ ئاشنا، يار: جان دوستۇم جېنىم دوستۇم، ئايىمخان مېنىڭ دوستۇم. ئايىمخان ئۆلۈپ كەتسە، كىم بولۇر مېنىڭ دوستۇم.

**دوست بولماق** ← **دوستلاشماق:** شۇنداق قىلىپ بىز ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ياخشى دوست بولۇپ كەتتۇق. بەزىدە بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولدۇق.

**دوست تارتماق** ① مەدداھ قاتارلىقلارنىڭ ۋەز-نەسىھىتىدە «دوست! - دوست!» دەپ تۈۋلاپ ماسلىشىپ بەرمەك: قۇربان قارىي ھازىر داڭلىق مەدداھ بولغىنى بىلەن كىچىكىدىن مەخمۇد قارىيگە دوست تارتىپ مەدداھلىقنى ئۆگەنگەنىدى. * ئوقۇلۇۋاتقان بۇ ئاجايىپ مۇقامنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇھ دېسە، بەزىلىرى بوقۇلداپ يىغلايتتى ۋە يەنە بەزىلىرى دوست تارتاتتى. ② كۆچمە. ھەمدەم، تەرەپدار بولماق، بولۇشماق، يان باسماق، ياردەملەشمەك: — ھېلىقى نورۇز دېگەن نېمىمۇ ئۇنىڭغا دوست تارتىپ يۈرگۈدەك، — دېدى ئۇ ۋەز ئېيتىپ. * پوپ كۈلۈپ تۇرۇپ، سۇفىنگچىغا دوست تارتىشىپ، بىر قاتتىق، بىر يۇمشاق گەپ قىلىپ، سۆگۈەنلەننى توي قىلىشقا ئۇندىدى.

**دوست تۇتماق** ① دوست دەپ تونۇماق، دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولماق: ياخشىنى دوست تۇتساڭ ياخشىلىقى تېگەر، يامانىنى دوست تۇتساڭ يامىنى تېگەر (ماقال). ② ياخشى كۆرمەك، ئەۋزەل كۆرمەك: موللا پۇلنى دوست تۇتماس، قولىغا كىرسە بوش تۇتماس (ماقال). * بىز قانداقتۇر ئۇمىدنى دوست تۇتۇپ پىيادە كونىشەھەرگە قاراپ يول ئالدۇق.

**دوستانە** رەۋ (پ) دوستلارچە، دوستلاردەك، دوستلارغا ئوخشاش: دوستانە زىياپەت. دوستانە مەسلىھەت. * مەن خۇددى دوستانە نوقۇشتىن چۆچۈپ كەتكەندەك، ئىتتىكلا رىزۋانغا قارىدىم، رىزۋان سۆزىنى داۋام قىلدى. * باراڭ ئاستى خۇش خۇي، جاراڭلىق كۈلكە، كۆڭۈللۈك، دوستانە چاقچاقلار بىلەن جانلاندى.

**دوستانىلىق** ئى. دوستلارچە، دوستلارغا خاس مۇئامىلە: ئالدىنقى يىلى ئۇ تىل ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغاندا، بۇ ئادەم قىزغىن دوستانىلىق كۆرسەتكەنىدى.

**دوست-ئاغىنە** دوست ۋە ئاغىنە: ئۇ مەكتەپكە كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى ۋە دوست-ئاغىنىلىرىگە ئۆز ئەھۋالى توغرۇلۇق خەت يېزىۋەتتى.

**دوست-بۇرادەر** دوست ۋە بۇرادەر: ئىككى دوست قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بۇرۇنقى دوست-بۇرادەرلىرى يۈرىكى يېرىلغۇدەك خۇشال بولۇشۇپ، كۆپ ئۆتمەيلا تاشۋاينى ئىزلەپ تېپىشتى.

**دوست-دۈشمەن** دوست ۋە دۈشمەن:

«دوست-دۈشمەنلەر ئالدىدا ئوغلۇمنى چىرايلىق ياتقۇزۇۋالسام» دەپ ئويلىدى مەشۇر يەتتە ياشلىق ئوغلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

**دوستلارچە** رەۋ. دوستلارغا ئوخشاش، دوستلاردەك، دوستانە: دوستلارچە ياردەم. دوستلارچە كەيپىيات. * ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ ئۇلار ئوبلاستتا چاقىرىلغان چارۋىچىلىق يىغىنىدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككىيلەن دوستلارچە كۆرۈشتى.

**دوستلاشتۇرماق** «دوستلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سوۋېت دىپلوماتلىرى دەرھال ئىشقا چۈشۈپ، شىڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى دوستلاشتۇرۇپ قويدى.

**دوستلاشتۇرۇلماق** «دوستلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دوستلاشماق** پ. دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتماق، دوست بولماق: بۇ قاڭشارلىق كەلگەن خۇش پىچىم يىگىتنى ھەيدەر ئەپەندى دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار بارا-بارا دوستلىشىپ كەتتى. * شۇنداق قىلىپ بىز شائىر مۇتەللىپ بىلەن دوستلىشىپ كەتتۇق. بىر جۈمە كۈنى ئۆيى تامقىغا تەكلىپ قىلىۋىدىم، ئۇ باردى.

**دوستلۇق** ئى «دوست» سۆزىنىڭ ئابستىرات ئىسىم شەكلى: گۈلنىسا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى خىتىدە ئۇزۇندىن بۇيان يۈرىكىدە ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان سەمىمىي دوسلۇقنى ئىپادىلىدى. * ئۇلار قۇمۇللۇق كىشىنىڭ بىلىمگە قايىل بولۇشتى ۋە مۇشۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. * — بۇ دىگەنلىرى توغرا، موڭغۇللار دوستلۇققا يارايدىغان خەلق، — دىدى خوجىنىياز ھاجى.

**دوستلۇق مۇسابىقىسى** <تەن> دوستلۇقنى كۈچەيتىش، تەجرىبەلەرنى ئالماشتۇرۇش ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەقسەتلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقىسى.

**دوست-يار** ئەل-ئاغىنە، دوست-بۇرادەر: ئاڭغىچە كۈنمۇ پېتىپ، سۇپىتاينىڭ قولۇم-قوشنا، دوست-يار، بۇرادەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى.

**دوست-ياران** ← **دوست-يار**: سابىق جەڭچى يېڭى قوراللارنى ئۆزىگە يېقىن تونۇش ئەسرالىرى ۋە ئىشەنچلىك دوست-يارانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئەكىلىپ قويغانىدى.

**دوسقان** (توغرىسى: داستىخان) ← **داستىخان**.

**دوسكا** ئى (ر) خەت يېزىشقا ماسلاشتۇرۇپ ياسالغان، قارا ۋە باشقا رەڭدە سىرلان-غان تاختا ئەينەك ياكى تامدىن چىقى-رىلغان سىيلىق يۈزلۈك ئوپۇقچە: قارا دوسكا. * ئايخان مۇئەللىم ئالدىنقى پارتىدى-كى جۇرئەت ئىسىملىك ئوقۇغۇچىنى دوسكىغا چىقاردى.

**دوشاپ** I ئى. دىئال. تاۋۇز ئۇرۇقى.

**دوشاپ** II ئى (پ) دىئال. تېرە ئاشلايدىغان ئاش.

**دوغ** ئى. جان ت. دوغاپ: — مۇزدەك دوغدىن بىر چىنىدىن ئىچمەيلىمۇ، — دېدى ئۇ دوغاپ-چىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پىشمىدىن تارتىپ.

**دوغا** ئى. خادىك ھارۋىنىڭ شوتا بېشىغا ئورنىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسىلىدىغان يايسىمان جابدۇق: ئاتلار ھارۋىغا قوشۇلدى، دوغىغا ئېسىلغان قوڭغۇراق ئاندا-مۇندا جىرىڭلاپ قويدى.

**دوغاپ** ئى (پ) ① بەلگىلىك مىقداردىكى مۇز بىلەن قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇدا ئېرىتىپ تەييارلىنىدىغان سوغۇق ئىچىملىك: دوغاپ قاچىسى. دوغاپ شىرەسى. * ھەش-پەش دېگۈچە ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىنىپ، نان، توقاچ، مېۋە-چېۋە بىلەن ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن يېڭى قېتىقتا قىلىنغان

مۇزدەك دوغاپ ھەم ئەتىگەندىن بېرى بۇلاقتا چىلاپ قويۇلغان بىر يەشىك پىۋا كەلتۈرۈلدى. ② سۇيۇق لاي: ئۆمۈر ئېقىپ، ئېقىن سۇدەك كېتەر ھەرقاچان، بەزى سۈزۈك، بەزى دوغاپ، ھەتتا بەك قىيان.

**دوغاپچى** ئى. دوغاپ ئېتىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: بازاردىكى باققاللار، كاۋاپچىلار، دوغاپچىلار ۋە باشقا تىجارەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئۇنئالغۇلىرىدىن چىقىۋاتقان ناخشا-مۇزىكىلار رادىئو خەۋەرلىرى قوشۇلۇپ بازارنى قاينام-تاشقىن ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. // ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن دوغاپچى بالىنىڭ «دوغاپ، مۇزدەك دوغاپ» دېگەن ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**دوغاپچىلىق** ئى. دوغاپ ئېتىش ۋە سېتىش ئىشى: دوغاپچىلىق قىلماق. دوغاپچىلىق دۇكىنى ئاچماق.

**دوغداق** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئەترىتى. بۇ ئەترەتتىكى قۇشلارنىڭ بېشى كىچىك، بوينى ئۇزۇن، دۇمبىسى تۈز، قۇيرۇقى قىسقا بولۇپ، ئۇچالمايدۇ؛ پەقەت سۇ كېچەلەيدۇ. ② سۈپ. ساڭگىلماي تىك تۇرىدىغان دېمەك: دوغداق قۇيرۇق.

**دوغداق قۇيرۇق** ئانچە ساڭگىلاپ كەتمەي، دۇمبىسىدىراق لىغىلداپ تۇرىدىغان قۇيرۇق.

**دوغدايتماق** «دوغدايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دوغدايماق** پ. دۈمبىسىنى چىقىرىپ، پۇت-قولىنى يىغىپ تۈگۈلۈۋالماق، دۈگدەيمەك: ئىشىك ئېچىلمىغاچقا دوغدىيىپ ساقلاپ تۇرۇش ئېغىر كەلدىمۇ قانداق كېتىپ قالدىم. * قەپەسىنىڭ ئىچىدە ئۇستىبېشى توپىغا مىلەنگەن ئىككى قىزچاق دوغدىيىپ ئولتۇراتتى. بۇلار تۆمۈر خەلپىنىڭ بالا-چاقىلىرى ئىدى.

**دوغدىيىشماق** «دوغدايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوغۇ** (توغرىسى: دورغا) ← **دورغا.**

**دوغىلاق** سۈپ. پاكار ھەم سېمىز، دىقماق: مەن ياندىكى قورۇ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتۈم. دەرۋازىنى خېلى ئۇرغىنىمدىن كېيىن 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان دوغىلاق، قارامتۇل، سوزۇق يۈزلۈك بىر كىشى چىقتى. // شۆھرەت بىردىنلا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان رەنانى كۆرۈپ قالدۇ. ئۇ كۆزەيىنكىنى ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقان ھالدا دوغىلاقتىن: — بۇ قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

**دوق** I ئى. قورقۇتۇش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغان سۆز، قىلىنىدىغان ھەرىكەت؛ سىياسەت: دوق قىلماق. * ئەكبەر سۇلايماننىڭ قىلغان دوقلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. * — تېرىكىشنىڭ ئورنى يوق، ھەممىمىز بىر يىپقا باغلىنىپ بولغان بۆرىبەگ، ئەگەر بۇ يىپنى ئۈزمەك بولغان كىشى... ھە، ئۇ يېقىنى ئېيتمىسامۇ ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى ھېلىقى كىشى دوق قىلىپ.

**دوق قىلماق** قورقۇتۇش خاراكتېرىدىكى گەپ ياكى ھەرىكەت قىلماق: ئارىدىن يېرىم سائەتمۇ ئۆتمەي، قاسىم ئاكام قولتۇقىغا بىرقانچە كىتاب ۋە خاتىرىلەرنى قىستۇرۇپ كەلدى-دە، سەل دوق قىلغاندەك ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىغا قويدى.

**دوق** II تەق. بىرنەرسىنىڭ يەنە بىرنەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: قاراڭغۇدا «دوق» قىلىپ تامغا ئۇسسۇۋالغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

**دوقا** ① ئى. باشنىڭ ئارقا قىسمى ياكى پېشانە تەرىپىدىكى دۆڭ يېرى: چۆپ ئارىسىدا مەنسۇرنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ ئىششىغان، پېشانىسىنىڭ دوقىسى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ② سۈپ.

مەلۇم بىر قىسمى ئەسلىي دائىرىدىن
بىرئاز چىقىپ تۇرىدىغان: دوقا چاق.
دوقا ماڭلاي.

**دوقا باش** ئارقا ياكى پېشانە تەرىپى
دوقا كەلگەن باش: غولام ئاكا تىترەپ
تۇرۇپ بىر يۇتۇم ئۇسسۇلۇق ئىچتى-دە، چىچى
ئۆسۈپ كەتكەن دوقا بېشىنى تەكىيگە
قويدى.

**دوقا پېشانە** → **دوقا ماڭلاي**: سوقا
باش، دوقا پېشانە، سىم ساقال، گەۋدىلىك،
بوينىغا چىرايلىق قۇيما تۇچ زەنجىر سېلىنغان
بۇ ئادەمنى قارانچۇق كاھ ئېھتىيات بىلەن
يېنەكلەپ كەلمەكتە ئىدى.

**دوقا چاق** <ماشىن> ئوقتا ئورنىتىلىد-
غان چاق شەكلىدىكى زاپچاس. تۆشۈكى
بىر تەرەپكە ئاغقان بولىدۇ. ئوق ئايلان-
غاندا، چاقنىڭ گىرۋىكى باشقا بىر
دېتالغا تېگىپ، ئۇنى تەكرار ھەرد-
كەتلەندۈرىدۇ. بۇ خىل چاق كۆپرەك
ماشىنىلارنىڭ ۋېكلىۇچاتېلى ۋە كلاپانلىرىنى
ھەرىكەتلەندۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**دوقا ماڭلاي** پېشانىسى ئېگىز، ئالدىغا
چىقىپ تۇرىدىغان: چاۋار ياغاق يۈز، دوقا
ماڭلاي، ئورا كۆز، 45 ياشلاردىكى پاكار
بويلۇق ئادەم بولۇپ، لەقىمى «كىرپە»
ئىدى.

**دوقاق** ئى (ئە) گۇرۇچ، ماش قاتارلىقلارنىڭ
پوستى: ئېككەككە دوقاقنى كەلتۈرۈپتۇ
(ماقال).

**دوقال** ئى ① قىيىن ئۆتكەل، قىيىن پەيت؛
توسالغۇ، خەتەر: – بىراق، بىر دوقالنى
تازىلىۋەتمەي بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ،
– دېدى ئۆمەر باي چوڭقۇر ئويغا چۆككەن
ھالدا. * ھەر دوقالغا دۇچ كەلسەك،
بوغجۇماڭلار بوشامدۇ. كىم بىلىدۇ كۆزلۈككە،
ئاش كېمىيەمدۇ-ئاشامدۇ. ② دائىم بولۇپ
تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرى:
جۇدۇنلۇق دوقاللار سۇندۇرالمىدى، بۇ گۈزەل
بېغىمنىڭ گۈل-چېچىكىنى. ئۆكتەبىر گۈللىرى-زە-
پەر گۈللىرى، قاپلىدى زاۋۇت-كان، تاغ
ئېتىكىنى. * ھەممىدىن يامان چۈشەر پەسلى
باھارنىڭ دوقىلى، باغنى جۇتتىن ئاسرا،
غەپلەت ئۇيقۇدىن بىدارە بول.

**دوقال كەلمەك** قىيىن ئۆتكەلگە دۇچ
كەلمەك، توسالغۇغا ئۇچرىماق: بولدى
بۈگۈن ئۇنتۇملۇك شۇنچە، كامال كەچتە قىلغان
ئۆگىنىش. لېكىن دوقال كەلدى ئالدىغا، بىر
مەسىلە بولۇپ چوڭ چىگىش.

**دوقچى** ئى. دوق قىلىشنى ياخشى كۆرىد-
غان، دوق قىلىدىغان كىشى: قويچى بولماس
ئەر ئىدىم، قويچى قىلدىڭ سەن ئۆزۈڭ!
دوقنى بىلمەس ئەر ئىدىم، دوقچى قىلدىڭ
سەن ئۆزۈڭ! * بىرىنى ئاقچى سەن دەپ،
بىرىنى كۆكچى، بىرىنى ئوغرىدۇر، بىرىنى
دوقچى. دېدى ئەلنى بۆلۈپ مىڭبىر بۆلەككە
بۆلۈنگەننى ئوڭاي تىزىپ يېمەككە.

**دوق-دوق** «دوق II» سۆزىنىڭ
تەكرارلىنىشى: ئاچچىقىغا پايلىمىغان قۇربان
ئايالىنىڭ چېچىدىن تۇتتى-دە، تامغا
«دوق-دوق» ئۇستۇرۇشكە باشلىدى.

**دوققىدە** رەۋ «دوق» قىلغان ئاۋاز
چىقىرىپ، «دوق» قىلغان ھالدا:
«بۈگۈن» سۆزى قىزنىڭ قەلبىگە دوققىدە
تەگكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئويناق كۆزى
ئابدۇراخمانغا قادىلىپلا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ
چاندۇرمىدى. * ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ
پىيالىنى لېۋىگە ئاپاردى. ئاندىن، ھارىقى
تۈگىمىگەن پىيالىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە دوققىدە
قويۇپ سۆز باشلىدى.

**دوقمۇش** ئى. يولنىڭ مەلۇم لىنىيە بويىچە
ئېگىلگەن، بۇرالغان جايى؛ جەينەك:
دوقمۇشقا كەلمەك. دوقمۇشتا تۇرماق. *

قەيسەر ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ كەلگەندە، كۆرەش قاتارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ياتاق بىناسىغا بارىدىغان چوڭ يول دوقمۇشىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

**دوقمۇش-دوقمۇش** نۇرغۇن دوقمۇش، ھەربىر دوقمۇش: ئەتىسى يوغان تۆت بۇرجەكلىك قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلان قەغەزلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دوقمۇش-دوقمۇشلىرىغا چاپلىنىپ كەتتى. * غۇلجىنىڭ ھارۋىكەشلىكى ئالاھىدە بىر ئىش ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ كوچىلارنىڭ دوقمۇش-دوقمۇشلىرىدا ئون-يىگىرمىلەپ ھارۋا قاتار تۇرۇشاتتى.

**دوقۇرماق** پ. تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ ئىزدەپ بارماق؛ ئۇسمەك: زەپەرجان مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا، ئۆيىگە، ھەتتا مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيەتتىكى بارلىق ئىشخانىلارغا قانچە قېتىملاپ دوقۇرۇپمۇ ئۇنى زادى تاپالمىدى. * ئۇ يەنە قويۇپ ماڭماقچى بولدى، لېكىن قايسى كوچىغا دوقۇرۇشنى بىلمەيتتى. ② كۆچمە. تەرەپ-تەرەپتە تەمتىلىمەك، تەمتىرىمەك: ھاشىم ئاكام كەچكىچە دوقۇرۇپ يۈرۈپ بېلەت ئالالمىدى. بېلەت ئەتىگەندىلا سېتىلىپ تۈگىگەنىكەن.

**دوقۇرۇشتۇرماق** «دوقۇرۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دوقۇرۇشماق** پ ① «دۇقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا دوقۇرۇشتى. * ئوقۇغۇچىلار ئەتىدىن كەچكىچە پويىز ئىستانسىسىغا دوقۇرۇشۇپمۇ پويىز بېلىتى سېتىۋالالماپتۇ. ② ئۇچرىشىپ، توغرا كېلىپ، دۇچ كېلىپ قالماق: مەرەم ۋىت-ۋىت رومىلىنى تۈزەپ يۈرگىلىگىنىچە نۇرىئاخۇننىڭ ھويلىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كىمنىدۇر قارغاپ، ئاچچىق قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئالدىدىكى كىشىگە دوقۇرۇشۇپ قالغاندىلا بېشىنى كۆتۈردى. * ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوقۇرۇشۇپ قالدى. نۇردۇن تۇرسۇنغا دەۋاتقان سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ، نورۇزغا قاراپ ماڭدى. ③ توقۇنۇشۇپ، تۇتۇشۇپ قالماق: مىللىي ئارمىيىدىن ئەجەللىك زەربىلەرنى يەپ، قان يۇتۇپ قاچقان قۇيرۇقچىلار نېرىقى تاغنىڭ تازا يامان بىر يېرىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېت ئىسكادىرونى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. * ئاخىرى شۇي خۇاڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، شۇي خۇاڭ شىن پىينى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ شەھەردىن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا، شىن پىي ئۇچراپ قالدى. ④ بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالماق، بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرمەك: شۇڭا كامىللار ھەر ئىككىلا نەزىرىنىڭ بىر كۈنگە دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلىرى زاكىرجاندىن بىر كۈن كېيىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ 600 كىشىلىك باغاق تارقاتتى.

**دوقۇسلاتماق** پ. دوقىسىدە تەگكۈزۈپ سىلكىتمەك، نوقىماق، نىقتىماق: باشلىق ئۇنىڭ نالىسىغا قۇلاق سالمىدى، ئەكسىچە، بىگىز قولى بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا دوقۇسلاتتى.

**دوقۇلداتماق** «دوقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دوقۇلداشماق** «دوقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوقۇلدىماق** پ «دوق-دوق» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «دوق-دوق» قىلماق.

**دوك** I سۈپ ① بېلىنىڭ يۇقىرىسى ئالدىغا ئېگىلگەن، ساغرىسى ئارقىغا چىققان دۈمچەك: مەنمۇ ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمىدىم. ئۇ ئارۇپ ئاكام ئىدى. قېرىپ كېتىپتۇ، مۈكچىيىپ، غوللىرى دوك ئادەمگە ئوخشاش ئۆسۈپ چىققانىدى. * ئۇ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەسىپىي ئىشلار باشقارمىسىغا كىرىپ، 40 ياشلاردىن ئاشقان، بۇرۇتلۇق ھەم دوك كەلگەن ئادەم بىلەن كۆرۈشتى. // دوك

گۆرگە كىرگەندە تۈزىلەر (ماقال) . * ئۇنىڭ ئادەتتىمۇ سەل مۈكچىيىپ تۇرىدىغان گەۋدىسى ھازىر تېخىمۇ ئالدىغا ئېگىشىپ تەبىئىي دوكقا ئوخشاپ قالغانىدى. ② دوكقا ئوخشاش ئېگىلگەن، دوكقا ئوخشاش (نەرسىلەر ھەققىدە) : دوك ئوق.

**دوك ئوق** <ماشىن> ماشىنىلارنىڭ تەكرار ھەرىكىتىنى ئايلانما ھەرىكەتكە ياكى ئايلانما ھەرىكىتىنى تەكرار ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئوق. ئۇنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە دانە ئەگرى دەستىسى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ دىزېل ۋە بېنزىن دۋىگاتېللىرىنىڭ مۇھىم دېتالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**دوك** II تەق. ئاياغنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشى ۋە قاتتىق نەرسىلەرنىڭ تېگىشىدىن چىققان بوغۇق ئاۋاز.

**دوكار** سۈپ (پ) بىرەر ساھەدە چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان؛ پۇلى بار، پۇلدار؛ باي: شۇ چاغدا قەشقەر بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان قەشقەر-نىڭ دوكار سودىگەرلىرىدىن بىرى بولغان نۇرئاخۇن بايۋەچچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىگىتنى ئۆزى بىلەن بىللە تىجارەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. * سوئال-جاۋابلار خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، بۇ ئىككەيلەن شەھەردىكى دوكار قاسساپلار-دىن نەزەر بىلەن سالى ئىكەن.

**دوكپاپە** ئى. تۆمۈرچى، تاقىچىلار ئىشلىتىدى-غان بىرخىل سەندەل. ئۇ «مىخ سەندەل» - دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دوكتور** ئى (ر<لات) ئىلمىي ئۇنۋانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ياكى شۇ دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئالىم.

**دوككىدە** رەۋ «دوك» قىلغان ھالدا، «دوك» قىلىپ.

**دوكلات** ئى (ر) ① بىرەر تېمىدا كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق، سۆز ۋە شۇ نۇتۇقنىڭ يازما تېكىستى: دوكلات بەرمەك. دوكلات قىلماق. دوكلات ئاڭلىماق. * سادىقنىڭ دوكلاتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يېزىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن كەلگەن چاچ-ساقىلىنى ئاق ئارىلىغان پېشقەدەم دادۋېجاڭ ئوتتۇرىدىن قوپۇپ، سادىقنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرىغا ئالدى. ② رەھبىرىي ئورگانلارغا ياكى باشلىققا ئاغزاكى ۋە ياكى يازما ھالەتتە بېرىلگەن مەلۇمات، ئاخبارات: ئىلدام كەلگەن دىجورنى كېنىرالغا دۈچ كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭغا دوكلات قىلىشنى باشلىغاندا ئەخمەتجان قاسىمى كېلىپ سالامغا قول كۆتۈردى. * ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزىگە ئۈلگۈرۈپلا سىرتقى ئۆيدە كۈتۈپ تۇرغان مەمەت ئەيسا ئىچكىرىكى بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى-دە، ئوسماننىڭ گۇلباغدا قونۇپ قالغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

**دوكلات ئالماق** ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجە-لىك ئورۇنلاردىن بىرەر ئىش توغرىسىدا مەلۇمات ياكى ئاخبارات ئىگىلىمەك: بۇ چاغدا ئىدارە باشلىقى ھېكىمدىن ئۇنىڭ بايىغا قىلغان مەخپىي سەپىرىدىن دوكلات ئېلىۋاتاتتى. دوكلات تۈگىگىچە مەمەت ئەيسا رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ سىرتقى ئۆيىدە كۈتۈپ تۇردى.

**دوكلات بەرمەك** بىرەر ئىش توغرىسىدا كۆپچىلىك ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىمەك، بايان قىلماق: خوتەنگەي پەيچۇسوسى ئۆز تەۋەسىدىكى ئامىدىن 500 گە يېقىن كىشىگە پەيچۇسونىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

**دوكلات قىلماق** ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدا كۆپچىلىككە مەلۇمات يەتكۈز-مەك، مەلۇمات بەرمەك: يىغىندا ئالدى بىلەن گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى مۆمىن مۇخپۇل

75 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ② بىرەر ئىش-ھە-رىكەت توغرىسىدا ئۆزىدىن يۇقىرى رەھبىرىي ئورگانلارغا ياكى رەھبەرگە ئاغزاكى ۋە ياكى يازما تەقلىدتە مەلۇمات بەرمەك، ئاخبارات يەتكۈزمەك: مەكتەپ مۇدىرى جۇزۇڭلىغا لەيلىگۈلنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى دوكلات قىلدى. جۇزۇڭلى كۈلۈمسىرەپ قولىنى ئۇزىتىپ لەيلىگۈل بىلەن كۆرۈشتى. * ئۇ بۇ چاغدا قۇربانىنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ، ئۇنىڭغا چاچ ئالدۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ھەر كۈنى كەچتە ئۆزىگە دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ.

**دوكلاتچى** ئى. يىغىن ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا بىرەر تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ۋە ياكى سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگۈچى كىشى: دوكلاتچى بۇنداق ئاددىي سوئاللارغىمۇ جاۋاب بېرەلمەي قالدۇ-دە، تۆۋەنگە چۈشۈپ كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلدۇ.

**دوكۇر** ئى <زوئول> خوراز ۋە قىرغاۋۇللارنىڭ پاچىقىدىكى مۈڭگۈزسىمان ئۆسۈك.

**دوكۇلداتماق** « دوكۇلدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلئايشەمنىڭ شوخ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى دوكۇلدىتىپ يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك تىنىقى تېزلىشىپ، ئىچىگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقى بىلەن ھاياجانلىرىنى سىرتىغا چىقىرىپ قويۇۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

**دوكۇلداشماق** « دوكۇلدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتەپ قوڭغۇرىقى يەنە رىتىملىق جىرىڭلىدى. ئۆسمۈرلەر قى-چۇ كۆتۈرۈشۈپ سىنىپلاردىن مەكتەپ مەيدانىغا دوكۇلدىشىپ چىقىشتى.

**دوكۇلدىماق** پ « دوك-دوك » قىلغان ئاۋاز چىقارماق، « دوك-دوك » قىلماق: باھارخان نان ياققان جايدىن بىر-ئىككى ئىسسىق نان، توقاچ گاھى چاغدا كىر يۇغان جايدىن كوزىدا يا ھېجىردا تاماق كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۆي تەرەپكە قايرىلدىمۇ، باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كېتىدۇ.

**دوگما** ئى (ر<گرېك) كونكرېت شارائىتقا تەتبىق قىلماي، قارىغۇلارچە يولغا قويۇلغان ياكى قوبۇل قىلىنغان قانۇن-تۈزۈم، قائىدە؛ پىكىر، ئەقىدە: ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ تۇرلۇك نەزەرىيىۋى دوگمىلىرىنى ئامىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئوتىدا، جانلىق ئەمەلىيەت ئوتىدا سىناپ كۆرۈش يەنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بۆزۈپ تاشلانغان بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

**دوگماتىزم** ئى (ر) ← **دوگمىچىلىق**.

**دوگماتىك** سۈپ (ر) دوگماتىزمغا ۋە دوگما ئەقىدىلەرگە ئاساسلانغان.

**دوگمىچى** ئى. دوگماتىزمغا ۋە دوگما ئەقىدىلەرگە ئاساسلىنىدىغان ۋە چوقۇ-نىدىغان كىشى: كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدە بەزى دوگمىچىلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېزىلاردىكى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى « تاغقا چىقىش مەسلىكى » دەپ مەسخىرە قىلىشقانىدى. // جۇڭگودىكى دوگمىچى ۋە تەجرىبىچى يولداشلار شۇنىڭ ئۈچۈن خاتالاشتىكى، ئۇلارنىڭ شەيئى-لەرگە قاراش ئۇسۇلى سۇبيېكتىپ، بىر تەرەپلىمە ۋە يۈزە.

**دوگمىچىلىق** ئى <پەلس> سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ بىرخىل ئىپادە شەكلى. ئۇ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلماي ھەممە شەيئىلەر زىددىيىتىنىڭ خاسلىقىنى تەتقىق قىلماي، پەقەت تەييار تەرتىپ ۋە ئىبارىلەرنى ئۆلۈك

هالدا قوبۇل قىلىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى
بىر تەرەپ قىلدى.
**دوگوۋور** ئى (ر) توختام: كەلگۈچىلەرنىڭ
ئىككىنچىسى ئوتتۇرا بويلۇق، يۇمىلاق يۈزلۈك،
ئاھۇ كۆزلۈك پىچىمى كېلىشكەن روھلۇق ياش
ھېسامىدىن زۇيېر بولۇپ، ئۇ شۇ يىللاردا
مەشھۇر باي زۇيېر ھاجىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى
باشقۇرىدىغان، سودا-سېتىق، توختام-دوگوۋور
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەت ئورناتقان زىيالىي ئىدى.
**دوگوۋورلاشماق** پ. توختام تۈزۈشمەك،
توختاملاشماق: گاسست ئاخىرى قوشنا
كوپېراتىپتا ئۆي قۇشلىرى باقىدىغان بىر بوۋاي
بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوگو-
ۋورلاشتى.
**دوڭ** I تەق. قاتتىق بىرنەرسە يەنە
بىرنەرسىگە ئۇرۇلغاندا ياكى تەگكەندە
چىققان ئاۋاز: تۇيۇقسىز «دوڭ» قىلغان
ئاۋاز ھەممىمىزنى چۆچۈتۈۋەتتى.
**دوڭ** II ئى. ۋېيتنام پۇل بىرلىكى.
**دوڭ-دوڭ** «دوڭ I» سۆزىنىڭ تەكرار-
لىنىشى: تالادىكى «دوڭ-دوڭ» قىلغان
ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغان بالا دەرھال سىرتقا
يۈگۈردى.
**دوڭغاس** تەق. بىر پۇتى قىسقا ئادەمنىڭ
ماڭغان ۋاقتىدىكى پاچاقتىن يۇقىرى،
بەلدىن تۆۋەن قىسمىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ،
بىر پەسىيىپ تۇرۇش ھالىتى.
**دوڭغاسلىماق** پ. بەدىنىنىڭ پاچاقتىن
يۇقىرى، بەلدىن تۆۋەن قىسمىنى بىر
كۆتۈرۈپ، بىر پەسەيتىپ ماڭماق:
بىرھازادا ئېسىنى يىغىپ قارىسا مەلىكە
ئاللىقاچان ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەن، ئۇ
بېشىنى ساڭگىلىتىپ، دوڭغاسلاپ پادىشاھنىڭ
ئالدىغا كىرىپتۇ.
**دوڭغاق** سۈپ ① بېلىنىڭ ئۈستى ئالدىغا،
ئاستى كەينىگە ئېگىلگەن، دوڭغايغان
ياكى دوڭغىيىپ ماڭىدىغان: دوڭغاق
خوتۇن. * ھاشىم بوۋاي «يالت» قىلىپ
ماڭا بىر قارىدى، ئاندىن نېمىگىدۇر ئېغىر
تىنىپ، ئارقىسىدا كېلىۋاتقان دوڭغاق خوتۇننى
كۆرۈپ جىمىپ قالدى. * تۆكۈلگەن چىشى،
ئاقارغان بېشى، دوڭغاق بىر موماي ئالدىرار
ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىرتال قىزىلگۈل، خۇش
پۇراق چېچىپ يالتىرار ئىدى. ② غولىنىڭ
ئۈستىنكى قىسمى يەرگە قاراپ ئېگىلگەن،
دوڭغايغان: دوڭغاق ئۈجمە.
**دوڭغاقلاتماق** «دوڭغاقلىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ كۆزى
ھامان ئوغلىدا ئىدى. ئوغلى ئورنىدىن
تۇردى-دە ۋېلسىپىتنى دوڭغاقلىتىپ تالاغا
ماڭدى.
**دوڭغاقلىماق** پ ① دوڭغىيىپ ئاقساپ
ماڭماق: بۇۋى تالادىن كىرىپ دوڭغاقلاپ
ماڭغىنىچە بېلىگە مۇشتلايدۇ. * ئايزىخان
قىزىنىڭ كەينىدىن دوڭغاقلاپ ئىشىك ئالدىغا
چىققاندا ئاسىمە ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب
بولغانىدى. ② كۆچمە. خۇشامەت قىلماق:
دادا، سىز قاسىم خالۋاپقا نېمانچە دوڭغاقلاي-
سىز، چوڭ بولسا بىر دۈيجاڭ-غۇ؟ ئۇنىڭ
مېھمىنىنى بىزنىڭ ئۆيدە ئۈزۈتىدىغان قانداق
قائىدىكەن ئۇ!
**دوڭغالچاق** سۈپ. ئېگىلىپ بىر تەرىپى
جەينەكسىمان چىقىپ قالغان: دوڭغالچاق
جىگدە. دوڭغالچاق ئامۇت.
**دوڭغالچاقلىماق** پ. ئارقا ئىككى پۇتىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپچەكلىمەك، سۆڭگىچىنى
ھەر تەرەپكە ئىرغاڭلاتماق، ئۇ يان-بۇ
يان ئاغماق (ئات، كالا، ئېشەك قاتارلىق
ھايۋانلار ھەققىدە): ھارۋىغا كۆندۈرۈلمىگەن
ئات دوڭغالچاقلاپ ھارۋىغا زادىلا يېقىن
كەلمىدى.

**دوڭغايتماق** ① «دوڭغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئۇنسۇر دېگەندەلەرنى مەيدانغا ئېگىشتۇرگەندە سەينانىغا پاتماي قالدى. پاتمىخان بىرقانچىسىنى ئېرىقنىڭ قېرىغا چىقىرىپ دوڭغايتتى. ② ئۇست، يۇقىرى تەرىپىنى تۆۋەنگە قاراتماق، دۈملىمەك: ئۇ تۇڭنى دوڭغايتىپ ئاستىغا قارىغانىدى، يوغان بىر تۆشۈك كۆرۈندى. *

**دوڭغايتىشماق** «دوڭغايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن چېلەكلەرنى دوڭغايتىشىپ بىزمۇبىر تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

**دوڭغايتىلماق** «دوڭغايتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: باك دوڭغايتىلىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، تېشىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

**دوڭغايماق** پ. بېلىنى ئېگىپ بېشىنى ئالدى تەرىپكە پەسلىمەك، ئېڭىشمەك: ئولتۇرار، چىرايلار زاۋال مەزگىلى، پىلدىرلاپ غەم چاچقان كۆزلەر ئارمانسىز.... تۇرىدۇ ياش شائىر كۆپنىڭ ئالدىدا دوڭغىيىپ، تىترەپ ماغدۇرسىز پۇتى.

**دوڭغىيىشماق** «دوڭغايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوڭگۇر** تەق. بارابان قاتارلىقلارنى ئېگىز-پەس ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز.

**دوڭگۇر-دوڭگۇر** «دوڭگۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: – دوڭگۇر-دوڭگۇر قىلىۋاتقان نېمە ئۇ، – دەپ سورىدى ۋاڭ يىرىم كېچە بولغاندا يېنىدىكى تەيجىسىدىن.

**دوڭگىدە** رەۋ «دوڭ» قىلغان هالدا، «دوڭ» قىلىپ: مەن ئاچچىقىمدا يان ئىشكنى «دوڭگىدە» ياپتىم-دە، ئىشخانىغا كىرىپ كەتتىم.

**دوڭگىلداتماق** «دوڭگىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رېھىم پالۋان هويلا ئىشكىنى دوڭگىلدىتىپ قېقىپ تۇرۇپ توۋلىدى.

**دوڭگىلدىماق** پ «دوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «دۈك» قىلماق: بىرپەستىن كېيىن ئىشك دوڭگىلدىدى.

**دولا** ئى ① ئادەمنىڭ بىلىكىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بويۇنغا تۇتاشقان ئىككى تەكشى جايى: ئۇنىڭ دولىسى سەل پەس ئىدى. * كەتمەننى دولىغا سالماق. * بۇ گەپتىن يەنە بىر قېتىم خۇشال بولغان ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ قىلىچۋازلار باتالىيونىنىڭ كوماندىرىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ دولىسىغا يۇمشاق قېقىپ قويدى. ② هايۋاننىڭ ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۆرجەك سۆڭەك بار قىسمى: تورپاق يەنە سەكرىدى، ئۈستىدىكى توقۇم ئۇنىڭ دولىسىغا كېلىپ قالدى. ③ كىيىمنىڭ ياقىغا تۇتاش ئىككى ياندىكى قىسمى: بۇ كۆڭلەكنىڭ دولىسى بىرئاز كەڭ بولۇپ قېلىپتۇ.

**دولا چىقارماق** نارازى بولماق، قارشى تۇرماق؛ ئېتىراز بىلدۈرمەك: ئۆز يۇرتىدا، ئۆز ئۆيىدە كىچىككىنە بىر ئىشلار ئۈچۈن دولىسىنى چىقىرىپ قوپىدىغان، دادىسىنىڭ نەچچە-نەچچە قېتىم قىلغان ئۇرۇنلۇق نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالغۇسىمۇ كەلمىگەن بۇ يىگىت، مانا مۇشۇنداق هالەتكە چۈشۈپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باققانمىدىكىنە؟ * – كىمدە كىم ئۈستەڭ چېپىش ئىشىمىزغا دولا چىقىرىپ، قارشى تۇرىدىكەن، ئەسلىدىكى قائىدىمىز بويىچە ئۇنىڭ جازاسى 40 غولدا ئۇرۇش بولىدۇ، – دېدى دورغا كۆرەڭلەپ.

**دولا قورۇيدىغان چاغ** هاۋا سوۋۇغان، سوغۇق باشلانغان مەزگىل: بۇلتۇر، دولا قورۇيدىغان چاغلار كېلىش بىلەنلا مەيداندا چارۋا-ماللارنى باهالاپ ئائىلىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش باشلىنىپ كەتتى.

**دولسى ئاپتاپ كۆرمەك** خاتىرجەم، ئارامخۇدا ياشىماق؛ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ

قالماق: – شۇجى، پرىنسىپ-پرىنسىپ دەپ
تېخىچە ئىككى بالىڭىزنىڭ دولسى ئاپتاپ
كۆرمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ تەمىنىمۇ تېتىمىدىڭىزمۇ؟
– دېدى جىگلى تېرىكىپ.

**دولسدا پال باقماق** ← **دۈمبىسىدە پال باقماق**: – تەشكىل ئۇقتۇرمىغان گەپنى
دولىڭىزدا پال بېقىپ ئۇقتىڭىزمۇ؟ – دېدى
ئانار شەۋكەتكە چاقچاق قىلىپ.

**دولسىغا ئاپتاپ تەگمەك** ← **دولسى ئاپتاپ كۆرمەك**: – مېنىڭ دولامغا ئاپتاپ
تېگىۋىدى، كۆزۈلۈك قىزىرىۋاتامدۇ، پۈتكەن
ئىشقا ئىگە تولا ئىكەن-دە، – دېدى ئۇ
خاپا بولۇپ.

**دولىسىنى قاقماق** «يارايسەن»،
«قىلغان ئىشىڭ بولىدۇ»، «مەن
قوللايمەن» دېگەن ئىشارىنى بىلدۈر-
مەك: مەن زاۋۇت باشلىقى ۋاقتىمدا ئەترا-
پىمدا خۇشامەتلەر قىلىپ، دولامنى قېقىپ
«پايدا»منى كۆرۈشكەنلەر قېنى ئەمدى؟
⁂ ساقچى ھوقۇقدارى ئايتىللاغا خۇشال
نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ چېچىنى سىلاپ
قويدى، شۇم نىيەت بىلەن دولىسىنى بىرنەچچە
قېتىم يۇمشاق-يۇمشاق قاقتى.

**دولانا** ئى (پ) <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدى-
كى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ.
يوپۇرمىقى تۇخۇمغا ئوخشاشراق بولۇپ،
ئۇچتىن بەشكىچە يېرىلىدۇ؛ گۈلى ئاق،
مېۋىسى شار شەكلىدە، توق قىزىل
كېلىدۇ؛ يۇزىدە ئۇششاق سەپكۈنلىرى
بولىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، ئىستېمال قىلىشقا
ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ②
شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**دولقۇن** ئى ① دېڭىز-ئوكيان، كۆل
سۇلىرىدا پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك
چايقاق. ② <فز> تەۋرىنىشنىڭ جىسمدى-
كى تارقىلىشى. ئۇ جىسىمنىڭ ماددىي
نۇقتىسىنىڭ تەۋرىنىشىدۇر. دولقۇن پەقەت
ھەرىكەتنىڭ بىر خىل تارقىلىش شەكلى
بولۇپ، ماددىي نۇقتىنىڭ ئۆزى دولقۇنغا
ئەگىشىپ ئىلگىرىلىمەيدۇ. مەسىلەن،
ئاۋاز دولقۇنى. ③ كۆچمە. كەڭ كۆلەملىك
ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋى ھەرىكەت:
ئىنقىلاب دولقۇنى. ④ كۆچمە. ئىچكى كەچۈر-
مىشنىڭ كۈچلۈك ھەرىكىتى: قەلب دولقۇنى.
⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دولقۇن ئامپلىتۇدىسى** <فز> توغرا
دولقۇندىكى دولقۇن چوققىسى ياكى
دولقۇن ئازگىلىدىن توغرا ئوققىچە بولغان
ئارىلىق.

**دولقۇن بۆلىكى** <فز> رادىئو ئاڭلىتىشى-
دا رادىئو دولقۇنلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا
قاراپ ئايرىلغان بۆلەك. مەسىلەن،
ئۇزۇن دولقۇن، ئوتتۇرا دولقۇن، قىسقا
دولقۇن، ئۇلترا قىسقا دولقۇن قاتارلىقلار.

**دولقۇن تاسقاش** <فز> رادىئو قوبۇل-
لىغۇچتىكى يۇقىرى چاستوتىلىق تەۋرىنىشتىن
تۆۋەن چاستوتىنى سىگنال ئارقىلىق
ئايرىپ چىقىرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دولقۇن
تاسقاش خىزمىتى ئېلېكترون لامپا ياكى
كرىستال لامپا قاتارلىقلار بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

**دولقۇن چوققىسى** <فز> بىر دەۋر
ئىچىدىكى توغرا دولقۇننىڭ توغرا ئوق
ئۈستىدىكى ئەڭ يۇقىرى قىسمى.

**دولقۇن سۈزۈش** <فز> مەلۇم بىر
قۇرۇلما ئارقىلىق چاستوتىسى ئوخشىمىغان
ئېلېكتر ماگنىت تەۋرىنىشلىرىنى ئايرىۋې-
تىپ، پەقەت كېرەكلىك بولغان چاستوتىنىلا
ئۆتكۈزۈش. بۇ خىل قۇرۇلما كاتۇشكا
بىلەن كوندېنساتوردىن تەركىب تاپىدۇ.
ئۇ دولقۇن سۈزگۈچ دەپ ئاتىلىپ،
رادىئو تېخنىكىسىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**دولقۇن سپېكترى** <فز> دولقۇن

ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىق رەت تەرتىپى
بويىچە تىزىپ چىقىلغان جەدۋەل. مەسى-
لەن، ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ دولقۇن
سپېكترى ئەڭ ئۇزۇن بولغان رادىئو
دولقۇنىدىن ياكى ئەڭ قىسقا بولغان
گامما نۇرىغىچە رەت تەرتىپ بىلەن
تىزىپ چىقىلغان.

**دولقۇن قىلماق** ئاممىنى قوزغاپ بەلگى-
لەنگەن نورمال ئىش ۋاقتىدىن ئاشۇرۇپ
(دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ) ئىشلىمەك:
– ئىش ئېغىرمۇ دەمسەن؟ دولقۇن قىلمىز
دەپ تۈن تەڭ بولغاندا ئېتىزغا چىقۋالساق،
مۈگدەپ يۈرۈپ ئىشلەيمىز ئاداش. يا ئۇيقۇنىڭ
بەرىكىتى يوق، يا ئىشنىڭ، – دېدى ئۇ
كۆزلىرىنى سەل قىسىپ.

**دولقۇن كۆرسەتكۈچ** <فىز> ئۆزگىرىش-
چان توك ياكى پۇلساتسىيىلىك توك
دولقۇنىنىڭ ھالىتىنى تەكشۈرىدىغان
ئەسۋاب. ئۇ ئېلېكترون لامپىلىق كۈچەيت-
كۈچ، تەسۋىر يايغۇچى تەۋرەتكۈچ ۋە
كاتود نۇرى نەيچىسى قاتارلىقلاردىن
تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن توكنىڭ
دولقۇن ھالىتىنى كۆزەتكىلى بولۇپلا قالماي،
يەنە چاستوتا ۋە ئېلېكتر بېسىمىنىڭ
كۈچىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ بېكىتكىلى
بولىدۇ.

**دولقۇن كېزىش تەنھەرىكىتى** <تەن>
بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى، كۆپىنچە
دېڭىز-ئوكيانلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ
خىل ھەرىكەتنى تەنھەرىكەتچى تېيىلىش
تاختىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، يېتىپ ياكى
يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئۈزۈش ياكى بالون ۋە
قېيىقلار بىلەن دېڭىز دولقۇنى ئۈستىدە
ئۈزۈش ئارقىلىق ئورۇندايدۇ.

**دولقۇن مەنبەسى** <فىز> دولقۇن
ھاسىل قىلغۇچى جىسىم ياكى ئورۇن.
مەسىلەن، ئاۋاز چىقارغان جىسىم ئاۋاز
دولقۇنىنىڭ دولقۇن مەنبەسى بولىدۇ.

**دولقۇن ئويمىنى** <فىز> بىر دەۋر
ئىچىدىكى توغرا دولقۇنىنىڭ توغرا ئوقىنىڭ
ئاستىدىكى ئەڭ تۆۋەن قىسمى.

**دولقۇن ئۇزۇنلۇقى** <فىز> ئۆز ئارا قوشنا
بولغان ئىككى دولقۇن چوققىسى ياكى
ئىككى دولقۇن ئويمىنى ئارىسىدىكى
ئارىلىق.

**دولقۇن ئۆتكۈزگۈچ** <فىز> ئۇلترا يۇقىرى
چاستوتىلىق ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنى
يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مېتال قانال ياكى
ئىچىگە مېتال يالىتىلغان تۇرۇبا. سانتىمېتر-
لىق ھەم مىللىمېترلىق دولقۇنغا ئىگە
رادىئو ئالاقىلىشىش، رادار، يول باش-
لاش قاتارلىق رادىئو ساھەلىرىدە
ئىشلىتىلىدۇ.

**دولقۇن ئىزى** <گېئول> شامال ۋە
سۇ دولقۇنلىرىنىڭ چۆكۈندىلەر يۈزىدە
پەيدا قىلغان ئىزلىرىنىڭ كېيىنكى چۆكۈن-
دىلەر تەرىپىدىن يېپىلىپ ۋە ساقلىنىپ
قېلىشى بىلەن تاغ جىنس قاتلاملىرىدا
ھاسىل بولغان بىر خىل تۈزۈلمە.

**دولقۇنسىمان** سۈپ. بىر ئۆرلەپ بىر
پەسىيىدىغان، ئۆرلەپ پەسىيىپ تۇرى-
دىغان، دولقۇنغا ئوخشاش، دولقۇن
شەكلىدە: شىمالدا، نېرىراقتا بولسا بىر-بىرى-
دىن ئېگىز دولقۇنسىمان تاغ چوققىلىرى ئاي
نۇرىدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك كۆرۈنۈپ،
رىۋايەتلەردىكى تىلسىمات تاغلىرىنى ئەسكە
سالاتتى. // جەمئىيەت دولقۇنسىمان تەرەققىي
قىلىدۇ.

**دولقۇنسىمان قىزىتما** <تىب> بىر خىل
يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى بىرۇتسېللىيوز
باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەم-
لەرگە كېسەل كالا، قوي ۋە چوشقا

قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن يۇقىدۇ. بۇنىڭدا: قىزىتما دولقۇنسىمان ھالەتتە ياكى ئارىلاپ-ئارىلاپ پەيدا بولىدۇ، پۈتۈن بەدەن تېلىپ ئاغرىيدۇ، بىمار ماغدۇرسىزلىنىدۇ ۋە كۆپ تەرلەيدۇ، جىگەر، تال ۋە لىمفا تۈگۈنى ئىششىدۇ.

**دولقۇنسىمان ئىلگىرىلەش** <پەلس> شەيئىنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىنىڭ شەكلىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ شەيئى تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش، ئۆرلەش ھەرىكىتى ئارقىلىق بولىدىغانلىقى، لېكىن ئۇنىڭ تۈز سىزىق بويىچە ئەمەس بەلكى دولقۇنسىمان، بۇرما شەكىلدىكى ئىلگىرىلەش، يۇقىرى ئۆرلەش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**دولقۇنلاتماق** «دولقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىيازنىڭ قاتتىق بورىنى دېڭىز سۈيىنى دولقۇنلاتتى. * ئاكامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى دادامنىڭ بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنى دولقۇنلىتىۋەتتى.

**دولقۇنلاشماق** «دولقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېڭىز ئوخشاش مايسىلار، دولقۇنلىشار يەلپۈنۈپ. ئورتاقچىلار ياراشقان، گويا قىزىل گۈل بولۇپ.

**دولقۇنلاندۇرماق** «دولقۇنلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يامغۇرلۇق ھاۋانى دولقۇنلاندۇرۇپ، ياڭرايتتى ئېلىنىڭ ناخشىسى ھەر يان. بېقىملىق، مەردانە، جۇشقۇن غەزەلدىن، بىر ئىزگۇ جىملىقتا چۆكتى ھەربىر جان.

**دولقۇنلانماق** پ ① دولقۇنلۇق ھەرىكەتكە كەلمەك، دولقۇنلىماق: دولقۇنلىنىپ ئاققان دەريا سۈيى ئۇنىڭ يولىنى توستى. ② كۆچمە. ھاياجانلانماق؛ جۇش ئۇرماق: ئاسىيەنىڭ بۇ قىياپىتى نادىرنىڭ قەلبىدە قىزغا نىسبەتەن ھۆرمەت ۋە تىل بىلەن ئىپادە قىلىش قىيىن بولغان بىر سېزىم پەيدا قىلدى-دە، قەلبى ئاستا-ئاستا ياشلىق باھارىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن دولقۇنلىنىشقا باشلىدى.

**دولقۇنلۇق** سۈپ ① دولقۇنى بار، دولقۇنلاپ تۇرىدىغان: دولقۇنلۇق دەريا. * ئىنساننىڭ تەقدىرى ھەقىقەتەن ئاجايىپ ۋە خىلمۇخىل بولىدىكەن؛ ئۇ بەزىدە لاي، بەزىدە سۈزۈك، بەزىدە دولقۇنلۇق، بەزىدە تىنچ ئاققان دەريا سۈيىدەك، بەزىدە خۇشال-خۇرام، بەزىدە قايغۇلۇق، دەردلىك ئۆتىدىكەن. ② دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان، جاراڭلىق، ياڭراق: ئۇنىڭ ئاۋازى دولقۇنلۇق ئىدى.

**دولقۇنلىماق** پ ① دولقۇن ھاسىل بولماق، تىنىمسىز ئۆركەشلىمەك، مەۋج ئۇرماق: دېڭىز سۇلىرى دولقۇنلىدى. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، ئۇرغۇماق: ئۈچ رومكا ھاراقتىن كېيىن باستىنىڭ قانلىرى دولقۇنلاپ، كۆزلىرى ئىلەشتى. * قازاق مۇتەپەككۇرى ئابايىنىڭ بۇ ئەقلىيەسىنىڭ روھى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا دەريادەك دولقۇنلايتتى.

**دوللار** ئى. ئامېرىكىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دولومىت** ئى (ر) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. سىرتقى كۆرۈنۈشى يېرىك ياكى ئۇششاق شېغىللار ئارىلاش كەلگەن تاش پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ. رەڭگى ئاساسەن كۈل رەڭ ياكى ئاق كېلىدۇ، يېنىك ۋە ئەينەك پارقىراقلىقتا بولىدۇ. مېتاللورگىيە سانائىتىدە ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ۋە دومنا پېچىنىڭ ئېرىتكۈچى رېئاكتىپى قىلىنىدۇ.

**دولومىت جىنس** <گېئول> كاربوناتلىق چۆكۈندى جىنسلارنىڭ بىرى. ئاساسلىق تەركىبى دولومىت بولۇپ، كۆپىنچە كالتسىت

ۋە گەجلەر ئارىلىشىپ كېلىدۇ، رەڭگى ئاق، ئاچ سېرىق، ئاچ قىزىل ياكى ئاچ يېشىل، سىرتقى شەكلى هالقا تاشقا بەكمۇ ئوخشىغاچقا، كۆز بىلەن ئۇلارنى ئاسانلىقچە پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ هالقا تاشتىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، قىزىق تۇز كىسلاتاسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تېمىتقاندا كۆپۈكلىنىدۇ. دولومىت جىنس كۆپىنچە مېتاللورگىيە سانائىتى، ماگنىي تاۋلاش ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنى ئەينەك ماتېرىيالى ۋە ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال قاتارىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**دوما** ئى (ر) تار س. چارروسىيەدىكى تۆرلۈك مەركىزىي ۋە مەهەللىۋى ئورگانلارنىڭ نامى.

**دومبا** ئى. دىئال. قورسىقى كىچىك چۆگۈن.

**دومباق** سۈپ. كۆپۈپ، كۆتۈرۈلۈپ، ئۆرلەپ چىققان، تومپايغان: ئۇ قارىسا قىزنىڭ يانچۇقى دومباق تۇرغۇدەك، قاراپ ئۇنىڭ بېهى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

**دومباق-دومباق** «دومباق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئېلىنماقتا تەخسىگە ئېرىپ كەتكەن مانتىلار، «دەريا ياغ!» دەپ سۆزلەيدۇ دومباق-دومباق سامسىلار.

**دومبايتماق** «دومبايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قورسىقىنى دومبايتىپ هەر ئىشقا ئۆزى يۈگۈرۈپ، ئالدىراپ يۈرەتتى. * كالا ئېشەكنىڭ مەسلىهەتى بويىچە هېچنېمە يېمەي يېتىپتۇ. ئېشەك بولسا ئۆزىنىڭ هەم كالىنىڭ ئوت-چۆپلىرىنى يەپ قورسىقىنى دومبايتىۋاپتۇ.

**دومبايماق** پ. كۆتۈرۈلۈپ، كۆپۈپ، ئۆرلەپ چىقماق، تومپايماق؛ كۆپمەك: قورسىقى دومبايماق. * هىممەت خىيانەت قىلىپ خىزمەتتە جازالانغان مايماق كەشلەردىن بىرى ئىدى. پەرىزاتمۇ تاسادىپىيلىقتىن دومبىيىپ قالغان قورسىقىنى بىكار قىلىپ هىممەتنى تاپتى.

**دومبىرا** ئى <مۇز> قازاقلارنىڭ ئىككى تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. قارنى يېرىم نەشپۈت شەكلىدە بولۇپ سېپى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە كېلىدۇ. سېپىغا 9 دىن 12 گىچە پەدە باغلىنىدۇ، تۆت ياكى بەش گرادۇستا سازلىنىدۇ.

**دومبىرىچى** ئى. دومبىرا چالغۇچى: ئۇ ئۇستا دومبىرىچى. // بىرپەستىن كېيىن دومبىرىچى يىگىت جارقىن سەهنىگە چىقىپ كەلدى.

**دوم-دوم** ← دوم-دوم قىلماق.

**دوم-دوم قىلماق** كۆز-كۆز قىلماق: ئۇ قولىدىكى ئويۇنچۇق تاپانچىسىنى باللارغا دوم-دوم قىلىشقا باشلىدى.

**دومساق** سۈپ. دىئال. دوملاق، يۇملاق، دۈگىلەك.

**دومسايتماق** «دومسايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاغزىنى دومسايتىپ، يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ داۋۇتقا هومايدى.

**دومسايماق** پ ① قاپىقىنى تۈرۈپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ بىرەر ئىش، نەرسىدىن نارازى ياكى خاپا بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەك: مۇهەممەتئىمىن قەستەن تەرىنى تۈرۈپ تاۋى نازۇك خوتۇندەك غەلىتە دومسايدى. ② دومبايماق: ئۇ زەهەر تۇمشۇقلۇق، كۆزى قىپقىزىل، بېشى قاپاقتەك، قورسىقى دومسايغان، بوينى ساپاقتەك بىر جادۇ ئالۋاستى ئىدى.

**دومسىيىشماق** «دومسايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تەشتەكنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، چىنارگۈل بىر چەتتە، ئاپىسى بىلەن دادىسى يەنە بىر چەتتە دومسىيىشىپ تۇرۇپتۇ.

**دوملاتماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دوملاشماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوملانماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دوملىماق** پ ① دوم-دوم قىلماق، كۆز-كۆز قىلماق، ماختىماق: ئۆزىنى دوملىغان بىرىنچى ئەخمەق، خوتۇنىنى دوملىغان ئىككىنچى ئەخمەق (ماقال). * ئۇ ھەدەپ ئەركىنگە قولىدىكى قەلىمىنى دوملىغىلى تۇرغانىدى، مەرىيەم كېلىپ قالدى. ② ئاستا، شۇنچىكى تەگكۈزمەك: ئاپامنىڭ ئارىلاپ كېپەكنى قورسىقىمغا دوملاپ، ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئاشلىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، چىرايلىقلىقىمغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى ھازىرمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق!

**دومناپېچ** ئى (د) <سانا> رودىدىن چويۇن ئېرىتىدىغان چوڭ ئوچاق. تۇرخۇن شەكىللىك بولۇپ، ئاستى بىلەن ئۈستى بىرئاز چوڭراق كېلىدۇ. ئىچى ئوتقا چىداملىق خىش بىلەن تۇرغۇزۇلىدۇ: بىز ئىشلىگەن جاي تاغ ئىچى بولۇپ، بىر قىسمىمىز رودا قازدۇق، بىر قىسمىمىز رودا توشىدۇق. يەنە بىر قىسمىمىز تاغ باغرىدا دومناپېچ ياساپ، تۆمۈر ئېرىتتۇق.

**دوملاتقۇزماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەل شۇ پەيتتە ئابدۇنىياز بىر پاي ئوق بىلەن ئىككى چېرىكنى دوملاتقۇزۇۋەتتى-دە، قالغان چېرىكلەر سەپداشلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ قاچتى.

**دوملاتما** سۈپ. دوملاپ تۇرىدىغان، دوملايدىغان: دوملاتما توپ.

**دوملاتما توپ** <تەن> ① توپنى يەردە دوملىتىپ، ياغاچ قوزۇقلارنى ئۆرۈپ يىقىتىدىغان بىر خىل ئويۇن ئىچى تەنتەربىيە ھەرىكىتى. ياغاچ قوزۇقنىڭ شەكلى بوتۇلكىغا ئوخشايدۇ، ئېگىزلىكى 38.1 سانتىمېتر كېلىدۇ، توپ قاتتىق كاۋچۇك ياكى پىلاستماسسىدا ياسالغان بولۇپ، دىئامېترى 21.6 سانتىمېتر، ئېغىرلىقى 7.264 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. تەنھەرىكەتچى قوزۇق بىلەن بولغان ئارىلىقى 18.30 مېتر يىراقلىقتىكى سىزىقتا تۇرۇپ، توپنى دوملىتىپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك دائىرە ئىچىگە تىك قويۇلغان قوزۇقلارنى ئۆرۈپ يىقىتىدۇ، قوزۇق جەمئىي ئون بولۇپ، بىر قوزۇقنى يىقىتسا بىر نومۇرغا ئېرىشىدۇ، ئېرىشكەن نومۇرى كۆپلىرى غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ② شۇ خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ.

**دوملاتماق** ① «دوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇۋىرغان تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئىسمائىل ئاكا توختىماي تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. قاتتىق شامال قىزچاقنى يۇلۇۋېلىپ، دوملىتىپ ئېلىپ كەتتى. ② كۆچمە. تىجارەت ئارقىلىق ئايلاندۇرماق، ئوبوروت قىلماق: دەرۋەقە كۆچا سودىگەرلىرى بىر قىسىم پۇلنى دوملىتىپ، بىر-بىرىنى ساختا قىلىپ پۇل تاپسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ دېھقانلارنى، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئالداپ پايدا ئالاتتى.

**دوملاشماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «ماغدۇرسىز» تۇرغان ئىمام يىقىلىپ كېتەي دېگەن بولۇپ بىر مۆدۈرۈلۈپلا باتۇرخانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ باتۇرخاننى يىقىتۋالدى. ئۇلار دوملىشىپ قاتتىق ئېلىشتى.

**دوملاق** سۈپ. يۇملاق، دۈگىلەك؛ پومساق: دوملاق قاچا. دوملاق قازان. * مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قانغا ئوخشاش قىپقىزىل گرانىت تاشقا ئورنىتىلغان ۋە ئىگىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن

بېشىنى ئېگىپ تۇرغان، ھەيۋەتلىك ئات ئۈستىدە يەلكىلىرى ئېسىلىپ چۈشكەن، دوملاق قالپىقنى قار باسقان پادىشاھ ئولتۇراتتى.

**دوملاق شېغىل** <گېئول> تاغ جىنسلىرى-نىڭ تەبىئىي يېمىرىلىشى، ئېقىن سۇلىرىنىڭ زەربىسى ياكى يالىشى ئارقىلىق شەكىللەن-گەن توخۇمسىمان، يۇملاق ياكى ئېللىپس شەكىلىدىكى ئۇششاق تاش. ئۈستى سىلىق بولۇپ، دىئامېترى 5 — 150 مىللىمېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا تەبىئىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە يولغا يېيىتىش ۋە بېتون قۇيۇش ئىشلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**دوملاقلاتماق** «دوملاقلىماق» پېئىلى ① نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قوغلاپ كەلگەن ئىككى چېرىكنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ دوملاقلىتىۋېتىپ، ئاتقا سەكرەپ مىندى.

**دوملاقلاشماق** «دوملاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گۈلئايشەم چۆچۈپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۈنسىز دوملاقلىشىۋاتقان ئۈچ كەۋدىگە ئۆزىنى ئاتتى.

**دوملاقلىماق** پ ①دوملاق ھالەتكە كەل-مەك، دوملىماق، دوملاقلانماق. ② دوملاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، دوملاق قىلماق: خېمىرنى دوملاقلىماق. پاخالنى دوملاقلىماق.

**دوملانما** سۈپ. دوملايدىغان، دوملانغان: دوملانما سۈركىلىش.

**دوملانما سۈركىلىش** <فىز> سۈركىلىش-نىڭ بىر خىلى، يەنى جىسىم دوملىغاندا ھاسىل بولىدىغان سۈركىلىش، ئۇنىڭ كۈچى سىيرىلما سۈركىلىشتىن كىچىك بولىدۇ.

**دوملانماق** ① «دوملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مانا، سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىلغان قانلىق باشلار قەپەستىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دوملىنىپ كەلمەكتە. * باللار يېغى ياغقان قار ئۈستىدە دوملاندى. ② «دوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرى-جىسى: قار توپى دوملاندى. * ئېچىگە يەل قاچىلانغان شار توپى دوملاندى.

**دومىلە** (خەن) ① ئى. كىشىلەرنىڭ ئىرا-دىسىدىن تاشقىرى، تۇيۇقسىز يۈز بېرىدى-غان كۆڭۈلسىز ھادىسە؛ بەختسىزلىك؛ بالا-قازا، نەس: دومىلە باسماق. ② سۈپ. نەس باسقان، قارا باسقان، بەختسىزلىككە دۇچار بولغان: دومىلە ئادەم. * — ۋاي ئاپا، تازىمۇ بىر دومىلە ئىشقا مەسئۇل بولۇپ قېلىپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئولتۇرغاچ.

**دومىلە باسماق** خېيىم-خەتەرگە، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقماق؛ پالاكەت، نەس باسماق؛ بەختسىزلىككە ئۇچرىماق: ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشىنى بۈگۈن تازا دومىلە باسقانمۇ، قەلىمىدىن سىياھ چىقماي قالدى-دە، ئالدىرىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ نېمە كەسىپ بىلەن ئولتۇرغىنىدىن بىخەۋەر، ئاچچىقىدا قەلەمنى بىر ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ قويدى.

**دوملىما** سۈپ. دوملاتقىلى بولىدىغان، دوملايدىغان: دوملىما پىچاق.

**دوملىما پىچاق** <ماشىن> چىش چىقارغۇچ ستانوكتا ئىشلىتىلىدىغان پىچاق. ئۇ ئادەتتە ستانوكنىڭ ئوقىغا ئورنىتىلىدۇ ھەمدە دوملاپ، ئايلىنىپ تۇرۇپ كېسىدۇ.

**دوملىماق** پ ① يۇملىماق: ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى دوملىدى. * قۇياش دەل باش ئۈستىگە قادالغان چۈش مەزگىلىدە ھارۋا توقسۇنىنىڭ ئۈستىدىكى داۋاندىن گويا ئاسماندىن دوملاپ چۈشۈۋاتقاندەك توقسۇن-تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ بارماقتا ئىدى. ② ئاغماق: بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە

كېلىشكە ھەقلىقمىزكى، ئىككىنچى ئىنتېرناتسئونال-
ىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك رەسمىي ۋەكىللىرى
تامامەن ئاغمىچىلار تەرەپكە دومىلاپ كەتتى.
③ يىقىلماق، ئۆرۈلمەك: مەسىلىگە سۇبيېك-
تىپ، بىر تەرەپلىمە ۋە يۈزە قارايدىغان
كىشىلەرلا بىرەر جايغا بارغاندا، مۇھىتنىڭ
قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئىشنىڭ ئومۇمىيىتىگە
قارىماي، شۇنىڭدەك ئىشنىڭ ماھىيىتىگە بېرىپ
يەتمەيلا، بىلەرمەنلىك بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
كېتىدۇ، بۇنداق كىشىلەردىن دومىلاپ چۈشمەي-
دىغىنى يوق.

**دومنئون** ئى (ر<ئىنگ) <ت ئش> ئەنگلىيە
فېدېراتسىيىسىگە ئەزا دولەتلەرنىڭ بىر
خىل تەشكىلىي شەكلى. ئۇنىڭدا مۇستە-
قىل قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي
ھوقۇق بولىدۇ، دىپلوماتىك ۋەكىل ئەۋە-
تەلەيدۇ، لېكىن ئەنگلىيە پادىشاھىنى
دۆلەت باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ،
ئۇنىڭ باشلىقى – باش ۋالىي ئەنگلىيە
پادىشاھىنىڭ شۇ دومنئونغا ئەۋەتكەن
ۋەكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يېڭى زېلاندى-
يە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەر ئەنگلىيە
فېدېراتسىيىسىدىكى دومنئونلاردۇر.

**دون** ئى (ر) <جۇغ> سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى
شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبى
قىسمىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

**دون ئېتى** <زوئول> مىنىلىدىغان
ئاتلارنىڭ مەشھۇر سورتلىرىدىن بىرى.
ئەسلىي ماكانى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى
دون ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقى-
مىدىكى جايلاردۇر.

**دوناي** سۈپ. تۈز سىزىق بويلاپ يۆنەلمە-
گەن؛ قىڭغىر، ئەگرى، توقاي: دوناي
قول. * ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق (ماقال).
// بارمىقىم ئاغرىپ يۈرۈپ ئاخىرى دوناي بولۇپ
ساقايدى.

**دونداق** سۈپ. پاكار ھەم يۇمىلاق، دوغىلاق
ھەم سېمىز: دونداق ئايال. // ئاتماقتا ئىدى
پاختىنى ھەدەپ، خوتۇنى دونداق كىردى
ھۆمۈدەپ.

**دوۋساق** ئى <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى
دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى سۈيدۈك
ساقلىغۇچى ئورگان. شەكلى خالتىغا
ئوخشاش بولۇپ، داس بوشلۇقى ئىچىگە
جايلاشقان. سىلىق مۇسكۇلدىن تۈزۈلىدۇ،
ئۇزىراش ۋە قىسقىراش خۇسۇسىيىتى
كۈچلۈك، سۈيدۈك بۆرەكتىن ئۆتۈپ،
سۈيدۈك نەيچىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا
قۇيۇلىدۇ.

**دوۋساق ياللۇغى** <تىب> كۆپ ئۇچرايـ
دىغان سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش كېسىلى.
كۆپرەك ئاياللاردا بولىدۇ. ئاساسەن
چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا پات-پات سىيىش،
سۈيدۈك يولى ئاغرىش، يىرىڭ ۋە قان
ئارىلاش سىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر
كۆرۈلىدۇ.

**دوۋسۇن** ئى <ئانات> ئادەتتە دوۋسۇن
سۆڭىكى دائىرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**دوۋسۇن سۆڭىكى** <ئانات> داس
سۆڭىكىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى سىرتقى
جىنسىي ئەزاغا يېقىن تۇرغان سۆڭەك.
شەكلى تەرتىپسىز بولۇپ، ئوڭ-سولدا
بىر تالدىن بولىدۇ. دوۋسۇن سۆڭىكى،
ئولتۇرغۇچ سۆڭەك ۋە يانپاش سۆڭەكلىرى
بىلەن بىرلىشىپ يانپاشنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**دوۋۇسلىماق** پ. دۈشكەلىمەك، ئىتتىرمەك،
سىلكىشلىمەك: شۇ ئەسنادا مىلتىقلىق خەلق
ئەسكەرلىرى ئۇنسۇرلارنى ھەيدەپ كېلىشتى. ئەڭ
كەينىدە ئاقساپ، مەيدىسىنى تۇتۇپ ئىنجىقلاپ
نەمەت كېلەتتى. دۈمچەك خەلق ئەسكىرى ئۇنى
ئىلدام مېڭىشقا ھەدەپ دوۋۇسلايتتى.

**دۇئا** ئى (ئە) ① خۇداغا يېلىنىپ، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەپ قىلىنغان ئىلتىجا: دۇئا ئالماق. دۇئا قىلماق. * دۇئادىن كېيىن مەن ئالدىراپ ئىشىككە ماڭدىم. * شۇ ئارىدا چېرىك دۇئاسىنى تۈگەتتى ۋە ئۆلۈكلەرگە قاراپ يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ② ياخشى تىلەك، رازىلىق: تۆتىنچى كۈنى ھاكىمجان تۇن يېرىمىدىن ئاشقاندا گەمىدىن چىقىپ، بۆۋاي بىلەن خوشلىشىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالدى. * بىرەر ئايدىن كېيىن خوجىنىياز بىر پەيتنى تېپىپ، ۋېلىباينىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەلدى ۋە بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي بايان قىلىپ: – خوشلاشماي كېتىشكە كۆڭلۈم قىيمىدى، ماڭا دۇئالىرىنى بەرسىلە باي دادا، مەن بۇ يەردىن كېتىۋالاي، – دېدى. ③ پاتىھە قىلغاندا ئوقۇلىدىغان قۇرئان سۈرىسى: موللانىياز پاتىھە دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قويچىدىن ھال-ئەھۋال سورىدى.

**دۇئا ئالماق** رازىلىق ئالماق، دۇئا قىلىشقا ئېرىشمەك: ئاتا-ئانىسىدىن دۇئا ئالماق. * بالا بىر كىتابنى تاماملاپ باشقا بىر كىتابنى باشلىغان كۈنى پۇل، كىيىملىك ۋە تاماق ئەكىلىپ، موللامدىن دۇئا ئالاتتى. * شۇندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى مۇبادا ئەرەب مەلىكىسى شەھرىزات ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولسا ئۆزىنىڭ ھېكايە بىلەن ئۆتكۈزگەن «مىڭ بىر كېچە»سىنى يۈز «مىڭبىر كېچە»گە يەتكۈزۈپ، ھېكايىغا ئامراق پۈتۈن دۇنيا خەلقىدىن تېخىمۇ چوڭ دۇئا ئالغان بولاتتى.

**دۇئا بەرمەك** ① رازىلىق بىلدۈرمەك، رازىلىق بەرمەك: – بولدى تۇغقانلار! – دېدى مەتقۇلى ۋاراڭ-چۇرۇڭنى بېسىپ، – ۋاقىتنى كەينىگە تارتمايلى، يولغا چىقىپ كەتسۇن. قېنى، ھەممىمىز دۇئا بېرەيلى. * دادىسى: «ئەمدى بار، قاۋۇل بىلەن كېلىشكىلار، مەن دۇئايىمنى بېرەي...» دەپ ئىزا تارتقۇزارمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما مۇستاپا بوۋاي ئۇنىڭ ئەكسىنى دېدى. ② دۇئا قىلماق: قويلىرىمدىن بىرىنى ئاتىدىم، باللىرىمنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ئۈچۈن بىر دۇئا بەرسىلە باخشىم.

**دۇئاغا كەتمەك** بىكارغا كەتمەك، زايە بولماق: دۈيجاڭ، ئەمدىلا كۆكلەپ چىققان بۇغدايلىقىمىزنى بۇزۇپ يول ياسايمىز دېسە، ئۇنىڭغا سىڭگەن ئەجرىمىز دۇئاغا كېتەمدۇ؟

**دۇئا قىلماق** ① ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ خۇدادىن ياخشى تىلەك-لەرنى تىلىمەك؛ دۇئا ئوقۇماق: جامائەت بارلىق قۇربانلارغا ئاتاپ، يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك دۇئا قىلدى. * سەپەرقۇل ئېلى پالۋان باشلىق بىرنەچچە يۈز كىشى تۆمۈر خەلپىلەرنى كۆۋرۈككىچە ئۇزىتىپ كەلدى. جامائەت خوشلىشىپ بولغاندا، نۇرۇل بوۋا قول كۆتۈرۈپ «يولۇڭلار ئاق يول بولسۇن، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار!» دەپ دۇئا قىلدى. ② دۇئا بىلەن، دۇئا ئارقىلىق مەلۇم نەرسىنى تەلەپ قىلماق: – موللام، باللىرىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن خۇدا يولىدا ئاشۇ قارا پاقلانلىرىغا دۇئا قىلدىم، – دەپ قول كۆتۈردى باخشى.

**دۇئا ياندۇرماق** دۇئا ئوقۇماق، دۇئا قىلماق: گۆلقىزدىن ھېچ سادا چىقمىغانلىقتىن ئايسە ئاپئاق قاقتەك ئىككى پارچە ناننى تۇز سۈيىگە تەگكۈزدى-دە، بىر پارچىسىنى گۈلقىز-نىڭ ئاغزىغا تىقتى؛ ئىككىنچى پارچىسىنى چىنىتەخسىگە سېلىپ، پەتنۇس بىلەن ئېچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئىمام دۇئا ياندۇرۇپ

دالاندىن چىقتى.

**دۇئا-تەكبىر** دۇئا ۋە تەكبىر: مۇيسىپىتلەر ئۆيگە كىرىپ ئادەت بويىچە دۇئا-تەكبىر قىلىشتى، سىدىقتىن ھال سوراشتى. * ئالىم قەبرىنى زىيارەت قىلىپ، دۇئا-تەكبىر قىلغاندىن كېيىن، ئالماسقا قاراپ ئويلانغان ھالدا: — ھاۋا ئىللىغاندىن كېيىن، قەبرىنى يۇرت ئىچىگە يۆتكەپ كەتسەكمىكىن، — دېدى.

**دۇئا-تەلەپ** دۇئا ۋە تەلەپ: سارايىنىڭ ئىچىگە يەتتە خىزىر، ئۈچ مۇئەككەلنىڭ سۈرىتى، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە 28 مالائىكە ۋە 12 تۇركۇم سەييارە يۇلتۇزنىڭ بەلگىلىرى، دۇئا-تەلەپ يۇلتۇزلىرى ۋە مۇئەككەللەرنىڭ سۈرەتلىرى قويۇلدى.

**دۇئا-تىلاۋەت** قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ قىلغان دۇئا ۋە تىلەك: مەن كېچە-كۈندۈز خۇدادىن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىمەن. بۈگۈن سىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىڭىز توغرىسىدا بىر رەم سېلىپ بېقىش نىيىتىدە ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم.

**دۇئاگوي** سۈپ (ئە+پ) پات-پات دۇئا قىلىدىغان؛ دۇئا-تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان: دۇئاگوي ئادەم. * مەن ئەسلىدە دۇئاگوي ئەمەسمەن، ئەۋلىيامۇ ئەمەسمەن، مۇشۇنداق بىر جاھان كەزگۈچى. * نامازغا كەلگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىمۇ مەدرىستە يېتىپ ئوقۇيدىغان بىرنەچچە تالىپ ئىلىملەر بىلەن مەھەللە-كويدىكى دائىملىق دۇئاگوي مويسىپىتلار ئىدى.

**دۇئاگويلۇق** «دۇئاگوي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ: — ھۈنەر بىلمەستىن خاس دىنىي ئوقۇش بىلەن قالساڭلار تەمەخور بولۇپ قالىسىلەر، — دەپ تالىپلارغا تەربىيە بېرەتتى. ئۆزى دۇئاگويلۇق قىلمايتتى، سەدىقە-ئېھسانغا قىزىقمايتتى.

**دۇئالىزم** ئى (ر<لات) <پەلس> → ئىككى مەنبەچىلىك.

**دۇئايىبەت** ئى (ئە+پ) بىركىمگە يامانلىق تىلەپ قىلىدىغان دۇئا؛ قارغىش.

**دۇئايىبەت قىلماق** بىركىمگە يامانلىق تىلىمەك؛ قارغىماق: ئۇ ئۆلەر ۋاقتىدا: — يۈز مىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلەر سېلىپ جېنىنى ئالغايسەن، — دەپ دۇئايىبەت قىلدى.

**دۇئايىسالام** ئى (دۇئا+يى+سالام) باشقا يەردىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق بىلەن، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ ۋە ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى بىلدۈرۈپ يوللانغان سالام، خەت-خەۋەر: — كېچە-كۈندۈز ۋەتەننى ھەمھەر بىرلىرىنى ياد ئېتىپ، سېغىنىپ تۇرغان چەت ئەلدىكى قېرىنداشلار كۆپتىن-كۆپ دۇئايىسالام ئېيتتى.

**دۇب** ئى (ر) <بوت> → دۇب دەرىخى.

**دۇب پىلە قۇرتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ئۇچمە پىلە قۇرتىدىن چوڭراق كېلىدۇ، قورچاق بولۇپ يېتىلىش ئالدىدىكى لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە قوڭۇر رەڭدىكى ئۇزۇن تۈكلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئادەتتە ئۇ دۇب دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بۇ خىل پىلە قۇرتى قوسۇپ چىقارغان مەشۇتنى يىپەك توقۇلمىلارنىڭ خام ئەشياسى قىلغىلى بولىدۇ.

**دۇب دەرىخى** <بوت> دۇب دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سارغۇچ قوڭۇر، ئاتىلىق گۈلى پوتلىسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، قاتتىق پوستلۇق مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ، يوپۇرمىقى بىلەن دۇب پىلە قۇرتى بېقىلىدۇ، ياغىچىدىن شپال ۋە ئۆي

سايمانلىرى ياسىلىدۇ، قوۋزىقى تەركىبىدە تاننات كىسلاتاسى بولۇپ، بوياق قىلىنىدۇ.

**دۇپ دىبىقى** <بوت> دىبىق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك چاتقال. غولى يۇمشاق ۋە بوغۇملۇق كېلىدۇ، يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى ئاچ سېرىق، ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ، شار شەكلىدە شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ. دۇپ دەرىخى، تېرەك، سۆگەت ۋە قارىياغاچ قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ شېخىدا پارازىت ياشايدۇ، تىبابەتچىلىكتە غول ۋە يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە.

**دۇبەن** ئى (خەن) كونا. شىنىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۆزى ئۆزىگە بەرگەن «ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران» دېگەن مەنىدىكى ئەمەل نامى.

**دۇبەن يامۇل** شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت.

**دۇبلىيور** ئى (ر) <تىيا> ئوخشاش بىر رولنى ئېلىپ چىقىشقا تەييارلانغان ئىككىنچى بىر ياردەمچى ئارتىس.

**دۇبۇلغا** ئى. كونا. تىغ ياكى ئوقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆمۈردىن ياسالغان باش كىيىمى؛ قالپاق: چىنتۆمۈر باتۇر مەيدىسىگە يەتتە قات ساۋۇتنى تېڭىپ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ ئورىدا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. * چۆل تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغىسى ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ساپسېرىق ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى.

**دۇبۇلغا-قۇياق** دۇبۇلغا ۋە قۇياق: شۇ ئەسنادا سادىر بالا-چاقىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، قادىر بىلەن بىللە كۆنېيتىش دىيارلىق ئون نەچچە يىگىتنى ئېلىپ، قورال-ياراغلىرىنى تەخلەپ، دۇبۇلغا-قۇياقلىرىنى كىيىپ يولغا چىقتى.

**دۇپپي** ئى (پ) موزدۇزلۇقتا ئاياغنى چەمەلەش، مىخلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، شەكلى پۇتقا ئوخشايدىغان، بىر تەرىپىنى كۆتەك ياكى يەرگە قېقىپ قويىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب؛ سەندەل.

**دۇت** ئى (پ) ① ئىس، تۈتۈن: شۇنداق قىلساڭ كۆيدۈرۈلگەن تېرەمنىڭ دۇتى مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى يىلانغا تەسىر ئۆتكۈزىدۇ. شۇ ھامان يىلان سىرتقا چىقىپ مەلىكە شىپا تاپىدۇ. ② بۇس، پۇراق: ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دۇنيا كۆزۈمگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى. دىمىغىمدىن ئاچچىق دۇت چىقىپ كەتتى.

**دۇت ئالماق** ئىس كۆتۈرۈلمەك، تۈتەمەك: دۆۋىلەكلىك ئوتۇن دەسلەپ دۇت ئالدى. كېيىن بىردىنلا ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ كۆيۈپ كەتتى.

**دۇت بەرمەسلىك** ئىس ماڭماسلىق، ئىس چىقماسلىق: — شۇنداقمۇ، ھە، ئاخىرى پۈتكۈزۈپسەندە؟ — دېدى رۇزىئاخۇن ۋە باش تەرىپى چۇۋۇلۇپ كەتكەنلىكتىن دۇت بەرمەيۋاتقان تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

**دۇت سالماق** ئىسلىماق، ئىسرىق سالماق: شەيخ رەئىس ئىبنىسىنا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالغان جايلارنى سەندەل ياغىچى، ئادراسمان قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ دۇت سېلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

**دۇتار** ئى (پ) <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. سېپى ئۇزۇن، بېشى چوڭ، سىرتقى كۆرۈنۈشى بويىغا

كېسلگەن نەشپۇتنىڭ يېرىمىغا ئوخشايدۇ. ئىككى تال يىپەك تار ئىشلىتىلىدۇ. 13 پەردە بولۇپ، G C ياكى DG گە سازلىنىدۇ. ئاۋاز دائىرىسى ئىككى ئوكتىۋا، كۆپ ھاللاردا يالغۇز چېلىنىدۇ. تەڭكەش قىلىپ چېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**دۇتارچى** ئى ① دۇتار چالىدىغان كىشى: يەكەنلىك دۇتارچى يىگىت شاھابىدىننىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، لوتپۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، تونۇشلۇق بىرىپ كۆرۈشۈشى كۆپچىلىكنىڭ كۆلكىسىنى ئۈزۈپ قويدى. ② دۇتار ياسىغۇچى ياكى ساتقۇچى كىشى.

**دۇتخانا** ئى (پ) تونۇرنىڭ ئاستىدىكى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان تۆشۈكى.

**دۇتلاتماق** «دۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇتلاشماق** «دۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۇتلانماق** «دۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دۇتلىماق** پ ① ئىس چىقماق، ئىس يانماق. ② پۇراپ، سۇمۇرۇپ چىقارماق: دۆلەتنى كونا مەش بىلەن باي قىلالمايسىز، سالامەتلىك مۇھىم، بىلەمسىز، كېسەلچان ئادەممەن! ئىس دۇتلاپ ئۆلەيمۇ ئاخىر!

**دۇچ** ← **دۇچ كەلمەك.**

**دۇچ كەلمەك** ئۇچرىماق، يولۇقماق؛ ئۇدۇل، روبىرو كەلمەك: مەن ئاجايىپ ئىشلارغا دۇچ كەلدىم. نۇرغۇن ئىشلار تېپىشماق، بەزىلىرى سىرلىق. * يول ئۈستىدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىپ قالسا، پارچە-پۇرات ئۇرۇشلارنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىمۇ ئالدىنئالا پەرەز قىلىپ قويۇلدى.

**دۇچار** ئى (پ) گىرىپتار، مۇپتىلا؛ يولۇقۇش: دۇچار بولماق. دۇچار قىلماق. * ھازىر مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچكىمىم قالمىدى، ئەگەر سەنمۇ قانداقتۇر بىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالساڭ، ئۇ چاغدا مەنمۇ تۈگىشىمەن. * شۇم پەلەك، مۇدھىش پەلەك نامەردكە يارقىلدىڭ مېنى، يار ئەمەس بەلكى ئېغىر دەردكە دۇچار قىلدىڭ مېنى.

**دۇچار ئەتمەك** ← **دۇچار قىلماق:** كونا يار بىرلە تېپىشتىم، يېڭى يار ئەتتىم يەنە، كونا ھىجران دەردىگە ئۆزىنى دۇچار ئەتتىم يەنە.

**دۇچار بولماق** گىرىپتار بولماق، مۇپتىلا بولماق، يولۇقماق: قۇددۇس ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق پاجىئە ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئاقسۇ ئاھالىسى دۇچار بولغان بىرقاتار ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. * ئۇ مەڭگۈ كەچۈرۈم قىلغىلى بولمايدىغان ھېلىگەر، بىنومۇس، قاقباش دەللىنىڭ ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينىشى ۋە مەسخىرە قىلىشىغا دۇچار بولماقتا.

**دۇچار قىلماق** گىرىپتار قىلماق، مۇپتىلا قىلماق، يولۇقتۇرماق: سىزگىمۇ مەلۇم، مېنىڭ سىزنى كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار قىلىشىم شۇ چاغدىكى جاھالەتلىك سىياسەتنىڭ كاساپىتىدىن بولغان، بۇنى توغرا چۈشىنىسىز. * سۇنۇر تۇيۇقسىز چىققان ئىشتىن چۆچۈپ دەرۋازىغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇ قانچىقىمۇ، ئۆزىنى مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار قىلغان زەينىمۇ تىللىغىنىچە ئۆيگە كىردى.

**دۇخاۋا** ئى. يىپەك ۋە ئارىلاشما يىپلاردا ئۇلۇك يۈزىگە موي چىقىرىپ توقۇلىدىغان رەخت.

**دۇخاۋا دوپپا** دۇخاۋىدىن تىكىلىدىغان دوپپا. ئەرلەرنىڭ سىدام بولىدۇ، ئاياللارنىڭكىگە گۈل ئىشلىنىدۇ.

**دۇخوپكا** ئى (ر) نان، سامسا، پىچىنە-پىرە-نىڭ قاتارلىق ئۇن ۋە گۆشتىن قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى پىشۇرىدىغان، ئوت ياكى توك بىلەن قىزىتىلىدىغان قاڭالتىر ساندۇق.

**دۇخوۋوي** ئى (ر) <مۇز> ← **دۇخوۋوي چالغۇ.**

**دۇخوۋوي چالغۇ** <مۇز> پۈۋلەپ چالىدىغان يەللىك چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئورتاق نامى. بۇ خىل چالغۇلارنىڭ شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ياغاچ، مېتال ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ. ئوتتۇرىسى كاۋاك ۋە نەيسىمان كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇلار تىترىگەندە مۇزىكىلىق ئاۋاز چىقىدۇ، ئاۋاز دائىرىسى ئۇنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆزى قانچە ئۇزۇن بولسا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنىڭ تىترىشى شۇنچە ئاستا بولۇپ، چىققان ئاۋازمۇ شۇنچە بوم بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنىڭدىكى تىترەش سۈرئىتى شۇنچە تېز بولىدۇ-دە، ئاۋازمۇ شۇنچە ئىنچىكە چىقىدۇ.

**دۇخوۋوي ئوركېستر** <مۇز> پۈۋلەپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئوركېستر.

**دۇخۇلۇر** ئى.دىئال ← **تۇغۇر.**

**دۇد** ئى <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرخىلى. شەكلى گىتارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سەككىز تارى بولىدۇ: قالۇن، دۇد، ساپال چۇرا، سىپىت مورا، بالىمان، تىلۋاز، ناغرا-سۇناي... 37 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ھەممىسنى ياسايدۇ، ھەممىسنى چالىدۇ.

**دۇدۇ** ئى (خەن) تار س. تۇتۇق، ۋالىي.

**دۇدۇق** ① تەق. راۋان سۆزلىيەلمەي، تۆتۈتلەپ سۆزلەش ھالىتى (ئادەم ھەققىدە). ② ئى. دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان ئادەم، كېكەچ، تۆتۆت: دۇدۇق سۆزگە يارىماس، ئۆغرى كۆزەتكە (ماقال).

**دۇدۇق-بۇدۇق** ئېنىق، ئوچۇق سۆزلىيەلمەي دۇدۇقلاش، تەمتىرەش ھالىتى: ئۇ مېنى كۆرۈپلا «دۇدۇق-بۇدۇق» قىلىپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

**دۇدۇقلاتماق** «دۇدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئامىنەنىڭ بۇ سوئالى ئابلىمىتنى خېلى دۇقدۇقلىتىپ قويدى.

**دۇدۇقلاشماق** «دۇدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار گەپكە جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلىشىپ قېلىشتى.

**دۇدۇقلانماق** «دۇدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بەزىدە ئىلىك تەتۈر «دەلىل»لەر بىلەن ئىپار گۈلنى ئالدىرىتىپ قوياتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا، ئىپارگۈل قىزىرىپ دۇدۇقلىناتتى * مانا ساڭا پۇرسەت! كۆڭۈلدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسنى ئېيتىۋېلىش كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، دۇدۇقلىنىپ قالدى.

**دۇدۇقلىماق** پ. سۆزلىگەندە بەزى سۆز ۋە تاۋۇشلارنى ئېنىق، راۋان ئېيتالماي، تەمتىرەپ سۆزلىمەك؛ كېكەچلىمەك: ئايتىللا بولۇپ ئۆتكەن گەپ-سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى يەنە بىرقېتىم تېز ئويلىۋالغاندىن كېيىن، بىر تۇرۇپ راۋان، بىر تۇرۇپ دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى. * ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ تۇيۇقسىز سوئالى ئايۇپنى گاڭگىرىتىپ قويدىمۇ نېمە، ئۇ دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى.

**دۇدۇلانماق** پ. بىرەر نەرسىدىن ئاغرىنىپ دومسايماق، باتنماق، قېيىدىماق: يىراقتىنلا تاغاملارنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇنىڭ ئايالى

دۇدۇلنىپ تاغامغا تەتۈر قاراپ بىر چەتتە ئولتۇرۇۋېتۇ.

**دۇدۇسى تۇتماق** ئاچچىقى كەلمەك، خۇيلانماق، باتنماق: تۇرسۇن مېنى كۆرۈپ، دەسلەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. كېيىن بىردىنلا دۇدۇسى تۇتۇپ شېرىكلىرىگە ۋارقىرىدى:
– نېمە تۇرۇشىسەن، باغلا بۇ قاچقۇننى!

**دۇر** ئى (ئە) ئۈنچە-مەرۋايىت: دېسە دۇر، دۇر ئەمەس قىممەتتە شۇنچە، دېسە بال، بال ئەمەس لەززەتتە ئۈنچە. * سېنىڭ دەردىڭ بىلەن قالدىم، باشقىسنى بىلمەيمەن، سەدەپتەك چىشلىرىڭنى ھەم دۇرغا ئوخشتاي يارىم.

**دۇربۇن** ئى (پ) <ھەرب> يىراقتىكى نەرسىنى يېقىن قىلىپ، چوڭ كۆرسىتىدىغان ئۈپتىك ئەسۋاب. ئەڭ ئاددىي بولغان نۇر سۇندۇرغۇچ دۇربۇن ئىككى گۇرۇپپا لىنزىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**دۇردانە** ئى (پ) ① ئېسىل، چوڭ ئۈنچە - مەرۋايىت. ② ئېسىل، بىباھا، قىممەتلىك نەرسىلەر: ئۈنىڭ ئىچىگە كىرگەن كىشى ئۇيغۇر مىللىي مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ دۇردانىلىرىغا مەپتۇن بولۇپ قالاتتى. * قەدىمكى دانىشمەنلەر ئۆزىنىڭ ئەقىل - دانىشلىرىدىن كېيىنكىلەرگە ئاجايىپ ھېكمەت دۇردانىلىرىنى مىراس قالدۇرغان.

**دۇردۇن** ئى. يىپەكتىن توقۇلغان ئېسىل رەخت: تاۋار-دۇردۇن ئاشار، لاي ئاشماس (ماقال). * يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى، قىزىل دۇردۇن تاۋاردۇر. يارىمنىڭ كۈلۈشلىرى يۈرىكىمگە داۋادۇر.

**دۇرراك** ئى (ر) قائىدە-يوسۇن، غەرەز ئۇقمايدىغان، ساراڭدەك قىلىق قىلىدىغان ئادەم: ئالدىڭدا يەنە ئاللانى زادى يادىغا ئالمايدىغان، نەدىندۇر قاڭقىپ كېلىپ قالغان بىر دۇرراكمۇ تۇرۇۋېتۇ.

**دۇررىمارجان** ئى (دۇر+رى+مارجان) ئۈنچە-مەرۋايىتتىن قىلىنغان مارجان تىزىق: بىزمۇ بەك قورقۇپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئۈندىمەستىن ئۇلار بىلەن بىللە يۈرۈۋەردۇق. ئۇلار ماكانلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ماڭا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ قاراپ، ئۈستۈمدىكى كىيىم ۋە دۇررىمارجانلارنى كۆرۈشتى.

**دۇرۇت** ئى (پ) پەيغەمبەرنى سېغىنىپ ۋە ئۈنىڭدىن ياخشىلىق تىلەپ ئوقۇلىدىغان ھەمدۇسانا، دۇئا: دۇرۇت ئوقۇماق. * كېۋىرئاخۇن ناھىيىلىك دوختۇرخانا بالىنىسىنىڭ ئىككى كىشىلىك ياتاقخانىسىدا كارىۋات بېشىغا دۈمبىسىنى تىرەپ كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا دۇرۇت ئوقۇپ ياتاتتى. * ئۆيدە يالغۇز قالغان بوۋاي سەندەلگە پۇتىنى تىقىپ ئولتۇرۇپ، پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇيتتى.

**دۇرۇت ئوقۇماق** خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەر-نى سېغىنىپ ۋە ئۈنىڭدىن ياخشىلىق تىلەپ ھەمدۇسانا، دۇئا ئوقۇماق: ئۇ قورقۇنچتىن لېۋى-لېۋىگە تەگمەي پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان موللا يىگىتنىڭ تويۇقسىز چاقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. * دۇرۇت ئوقۇپ ئۈنى ئۆتكۈزەلەيدىغان بىرەر بوۋى خوتۇننى ئۆيىگە چاقىرىشقىمۇ قۇربى يەتمىگەن تاجىخان ئەلەمدىن كېسىلىپ تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

**دۇرۇت-ئىستىغپار** دۇرۇت ۋە ئىستىغپار: مىغىلدىغان كىشىلەر دۇرۇت-ئىستىغپار ئوقۇپ مەسچىتكە كىرمەكتە ئىدى. * چوڭ يول بىلەن جىگدىلىك ئارىسىدىكى ھويلىنىڭ ئارىلىقى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ھاجىم دەرۋازىغا يەتكۈچە دۇرۇت-ئىستىغپاردىن بىرمۇنچىسىنى ئوقۇۋەتتى.

**دۇرۇس** (پ) ① سۈپ. توغرا، خاتا ئەمەس:

دۇرۇس قىلماق. * دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن (ماقال). * — مۇئەللىملەرنىڭ بالىنى گەپكە كىرگۈزۈش ئۇچۇن ئۇرۇپ — تىللىشى دۇرۇس ئەمەس. ② سۈپ. توغرا، ياخشى، ئوبدان: دۇرۇس ئادەم. * — ئالىمنىڭ دۇرۇسلىقى دۇرۇس، ئەمما ئۇنىڭدا ئازراق مەنمەنچىلىك بار، شۇنى تۈزەتسىلا ياخشى بولاتتى، — دېدى سالى پىكىر بېرىپ. ③ سۈپ. ئەۋزەل، ئارتۇق: — قانۇن ئالدىدا جاۋابقا تارتقاندىن ۋىجدان ئالدىدا جاۋابقا تارتقىنىم دۇرۇس، — دېدى ھاشىر. ④ يۈكلىمە رولىدا كېلىپ، «توغرا، شۇنداق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: دۇرۇس، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئەمەلىيەت ۋە ئىقتىسادىي بازىس ئومۇمەن ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بۇنى كىم ئېتىراپ قىلمايدىكەن، ئۇ ماتېرىيالىست ئەمەس. * دۇرۇس، ئىنسانلار-نىڭ ھەممىسى مەيلى قانداق ئېھتىياج بىلەن بولمىسۇن، ئۆز شارائىتىنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**دۇرۇسلاتماق** «دۇرۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇرۇسلاشماق** ①«دۇرۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② دۇرۇس، توغرا ھالەتكە كەلمەك.

**دۇرۇسلانماق** «دۇرۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**دۇرۇسلۇق** «دۇرۇس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلمەپتىمەن.

**دۇرۇسلىماق** پ. دۇرۇس قىلماق، تۈزىمەك، توغرا قىلماق، توغرىلىماق: سەپەرگە چىققان ئادەم يول ماڭىدىغان كۈننى تاللاپ، باش-كۆزىنى سۇغا سېلىپ، نىيىتىنى دۇرۇسلاپ ماڭىدۇ.

**دۇريان** ئى (لات) <بوت> ← **دۇريان دەرىخى.**

**دۇريان دەرىخى** <بوت> پاختا دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە، مېۋىسى شارسىمان، سىرتقى يۈزىدە نۇرغۇنلىغان قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ، مېۋە گۆشى ئاق، يېگىلى بولىدۇ، ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئوكيان تاقىم ئاراللىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى خەينەنداۋ ئارىلىدىنمۇ چىقىدۇ.

**دۇش** ئى (ر <فران) مۇنچىلاردا سۇنى يامغۇرغا ئوخشاش چۈشۈرۈپ بېرىدىغان قۇرۇلما.

**دۇشالقا** ئى. دىئال. شىراق.

**دۇشقار** سۈپ. قىيىن، مۈشكۈل: قەلەمقاشلىق ئىكەن، جاننىڭ پىراقى. ئەجەب دۇشقار ئىكەن، يولنىڭ يىراقى.

**دۇشقارچىلىق** ئى. قىيىنچىلىق، تەسلىك، مۈشكۈللۈك: «يىتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگەر» دېگەندەك، بۇ ئايلار قىزىمنىڭ كۆڭلى ئەمدى بىرئاز ئارام تاپقاندا، نېمدېگەن دۇشقارچىلىق بۇ!

**دۇغ** (پ) ① ئى. سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئاستىغا چۆككەن ماددا، چۆكۈندى: ماي دۇغى. ② سۈپ. تەركىبىدە ھەر خىل ئارىلاشمىلار بولغان، ساپ بولمىغان، سۈزۈك بولمىغان: دۇغ سۇ.

**دۇغلاشماق** پ. دۇغ ھالەتكە كەلمەك، دۇغ بولۇپ قالماق، دۇغلانماق: ئالدى بىلەن، سۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى رەڭسىز، دۇغلاشمىغان، سېسىق پۇراقتىن خالىي بولۇشى لازىم.

**دۇغلانماق** پ ← **دۇغلاشماق.**

**دۇفۇ** ئى (خەن) بىرخىل قوشۇمچە يېمەكلىك. پۇرچاق سۇتىنى قايناتقاندىن كېيىن، گەج ياكى تۇز دۇغىنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇيۇتۇپ، تەركىبىدىكى بىرقىسىم سۇنى بېسىم بىلەن چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە سەي قورۇشتا ۋە بەزى سۇيۇق تاماقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**دۇفۇ پىشلىقى** قايىنىتىلغان پۇرچاق سۇتىنىڭ يۈزىدە ئۇيۇغان قايماقنى سويىۋېلىپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىد-غان يېمەكلىك.

**دۇفۇ قېتىقى** قايىنتىلغان پۇرچاق سۇتىنى گەج قوشۇپ ئۇيۇتۇش ئارقىلىق تەييار-لىنىدىغان قېتىقسىمان يېمەكلىك.

**دۇفۇ قېقى** دۇفۇنى لاتىغا ئوراپ، ئۇنىڭغا پۇراقلىق ماتېرىياللارنى قوشۇپ قۇرۇتۇلغان قاق.

**دۇكات** ئى (پ) دوختۇر ۋە ساتىراشلار ئىشلىتىدىغان كىچىك قايچا.

**دۇكان** ئى (ئە) ① ھەرخىل نەرسىلەرنى سېتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئۆي، ماگىزىن، جاي: بىركۈنى بىر كىشىدىن بىر «شاڭخەي» ماركىلىق قول سائەتنى 30 سومغا ئالدىم، ئەسلىدە ئۇ دۇكاندا 125 سوملۇق سائەت ئىدى. ② ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىش قىلىدىغان ئۆيى: ياغاچچىلىق دۇكنى. كىيىم تىكىش دۇكنى. * مەن كەلگەندە ئۇستام دۇكاننىڭ ئىشكىنى ئەمدىلا ئېچىپ تۇرغانىكەن. ③ گىلەمچىلىك، باپكارلىق قاتارلىقلاردا توقۇش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارىدىغان جاھازلىق ئۇسكۈنە ۋە ياختا، يۇڭ قاتارلىقلارنى ئاتىدىغان يا شەكىللىك ئەسۋاب.

**دۇكان ئاچماق** ① دۇكان تەييارلاپ، تىجارەت قىلىشنى يولغا قويماق؛ تىجارەت باشلىماق: ئۇ تىجارىتىدە كۆپ پايدا ئالغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى بازار كۈنى ئۈچ يەردە دۇكان ئېچىش نىيىتىدە ئايالى ۋە ئوغلىنىمۇ بىرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ② مەخسۇس ئۆي تەييارلاپ ھۈنىرىنى باشلىماق: ئۇ ئۆزىچە ئويلاپ، باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى ياماقچىلىق قىلىپ جان بېقىشنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپتۇ. شۇ مەقسەت بىلەن، كىچىككىنە بىر دۇكان ئېچىپتۇ.

**دۇكان ئاسقۇسى** ئەتلەس دۇكنىدا ئۆرۈشلەرگە ئاھا بەرگەندە پەركانى ئېسىپ قويىدىغان ئىلمەك ياغاچ.

**دۇكان ئايرىماق** ① شاگىرت مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان بولغاندا ئۇستىسىنىڭ دۇكنىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلماق: — ئاشپەزلىكنى ئۆگىنەرمىش، شاگىرتلىق ۋاقتىڭدىغۇ كۆنلىرىڭ كېتىپ بارىدۇ. دۇكان ئايرىغاندىن كېيىن، دەسمايىگە پۇلۇڭ بارمۇ؟ — دېدى كىرىمئاخۇن. ② كۆچمە. بىر پۈتۈنلۈك تەركىبىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولماق: بوتانىكا، زوئولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بىئولوگىيىدىن دۇكان ئايرىپ مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ كەتتى.

**دۇكان بېشى** كىگىزچىلىك دۇكنىدىكى غول ياغاچنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كىرىچ تارتىپ يۆگىلىدىغان ئەگمەچ بېشى.

**دۇكان ئورىسى** ئەتلەس توقۇش دۇكنىدىكى تەپكە ئورۇنلاشقان ئورەك.

**دۇكانچە** ئى. كىچىك دۇكان؛ بوتكا.

**دۇكانچى** ئى. دۇكاندا تۇرۇپ مال ساتقۇچى كىشى، پىركازچىك؛ دۇكاندار: — ھە، ئابدىۋېلى ئاكا، — دېدى ئېزىز رېھىم سۆز باشلاپ، — شۇنداق قىلىپ، مۇسا دۇكانچىغا تۇخۇم ئەكىلىپ بەردىڭىزمۇ؟

**دۇكاندار** ئى (ئە+پ) شەخسىي دۇكاندا

مال ساتقۇچى سودىگەر: شاھزادە ئىچىدە «ئادىل پادىشاھ سورىغان شەھەر مۇشۇنداق مۆلۈك بولامدۇغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، بىر دۇكاندارىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. * دۇكاندار يىگىت مۆگۈزنى قولىغا ئېلىپ ئوبدان قاراپ چىقتى.

**دۇكانلىق** سۈپ ① دۇكىنى بار، دۇكانغا ئىگە بولغان: – ئەجەب قىزىق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قاسىماخۇن ئۇستام، – دەپ سۆز باشلىدى ئوسمان دۇيجاڭ، – مانا سىلىمۇ دۇكانلىق بولۇپ قېلىپتىلا، بىزمۇ بوش كەلمىدۇق. ② دۇكان سېلىشقا باپ، دۇكانغا قورۇشقا يېتىدىغان: دادۇي دادامغا ئۆستەڭ بويىدىن بىر دۇكانلىق يەر ئۆلچەپ بەردى. ③ دۇكان ياساشقا بولىدىغان، دۇكان ياساشتا يېتەرلىك: ئاتقۇچى ئۇستام، ئىككى دۇكانلىق ئۇجمە ياغىچى بار ئىدى ئالامدىلا؟

**دۇڭ** رەۋ (خەن) تويى بىلەن، ئۇلگۇجە: دۇڭ ساتماق. دۇڭ ئالماق. دۇڭ ئۆتكۈزمەك. * بىر ماشىنا ئالمىنى پارچە سېتىپ تۈگىتىش ئاسان ئەمەستەك كۆرۈندى، شۇڭا ئەرزانراق بولسىمۇ دۇڭلا سېتىۋەتتىم.

**دۇڭزۇ** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار گۇيجۇ، خۇنەن ۋە گۇاڭشى ئۆلكىلىرىگە ئولتۇراقلاشقان.

**دۇڭزۇ تىلى** <تىل> دۇڭزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى جۇاڭزۇ-دۇڭزۇ تىللىرى تۈركۈمى دۇڭزۇ-شۇيزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ گۇيجۇ، خۇنەن، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**دۇڭزۇلار** ئى <ئىرق> دۇڭزۇ مىللىتى ۋە شۇ مىللەتكە تەۋە كىشىلەر توپى، دۇڭزۇ خەلقى.

**دۇڭشياڭ** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئولتۇراقلاشقان.

**دۇڭشياڭ تىلى** <تىل> دۇڭشياڭ مىللىتى ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭشياڭ مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمى ئىچىدە دۇڭشياڭ تىلى خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغان.

**دۇڭشياڭلار** ئى <ئىرق> دۇڭشياڭ مىللىتى ۋە شۇ مىللەتكە تەۋەكىشىلەر توپى، دۇڭشياڭ خەلقى.

**دۇڭلاپ** رەۋ. تويى بىلەن، ئۇلگۇجە: سىزچە، پۇلنى دۇڭلاپ تېپىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىش كېرەكمۇ؟

**دۇلدۇل** ئى (ئە) ① رىۋايەتلەردىكى ھەزرىتى ئەلى مىنگەن ئۇچار ئاتنىڭ نامى. ② كۆچمە. كېلىشكەن، ئىنتايىن تېز چاپىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئات: تاز قوتۇر ئاتنى يېتىلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ھەركۈنى كۆمەچ نان بېرىپ راسا بېقىپتۇ. ئات سەمرىپ ئالامەت بىر دۇلدۇل بولۇپتۇ. * ئوخشىماس ھېچ گۈل ئەگەردە سېنى بىر «گۈل» دەي دېسەم، قەدىمىڭ تېز دۇلدۇلۇمدىن، سېنى دۇلدۇل دەي دېسەم.

**دۇلۇڭ** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار يۈننەنگە ئولتۇراقلاشقان.

**دۇلۇڭ تىلى** <تىل> دۇلۇڭلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭزۇ-بىرما تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى گۇڭشەن دۇلۇڭ-نۇزۇ مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. چەت ئەلدە

بىرما دائىرىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**دۇلۇڭلار** ئى <ئىرق> دۇلۇڭ مىللىتى ۋە شۇ مىللەتكە تەۋە كىشىلەر توپى، دۇلۇڭ خەلقى.

**دۇمبا** ئى. تاياق، كالتەك: دادام سابىق خەلق كومىتېتىدا ماخو تازىلاپ، قورۇ سۈپۈرۈپ يۈرەتتى، لېكىن باشقىلارغا ئوخشاش تېخى قالپاق كىيىپ، دۇمبا ئاستىغا ئېلىنمىغانىدى. * – ها...ها...ها...! – سۇلايمان كەينىگە ئۆزىنى تاشلاپ، يانپاشلىرىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى، – دادۇيجاڭ، ئەزالار دۇمبانى مەندىن باشلاپ، ئاچچىقنى سىزدىن چىقىرىدۇ.

**دۇمبا يېمەك** ئۇرۇلماق، تاياق يېمەك: – چاۋار، – دېدى ئۇستام ئاگاھلاندۇرۇپ، – ئۆزۈڭگە پەخەس بول، بۇ بالىنىڭ ئاكىسى ئاڭلاپ قېلىپ جازاڭنى بېرىپ قويمىسۇن، قايسى كۈنى ئاڭلىساق تازا دۇمبا يەپسەنغۇ؟ * – هوي، ماۋۇ تازنى، گۈل ئەكىلىپسەنغۇ؟ سەن گۈلنى نېمە قىلىسەن؟ ئەكەل، ماڭا بەر، بولمىسا دادامغا دەيمەن، دۇمبا يەيسەن تاز، – دەپ ماڭا ئېسىلىپ گۈلنى تالاشقىلى تۇردى.

**دۇمباق** ئى <مۇز> چوكا بىلەن چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. كۆپىنچە يۇملاق تۈڭ شەكلىدە بولىدۇ. ئىچى كاۋاك، بىر ياكى ئىككى تەرىپىگە تېرە كىيدۈرۈلىدۇ.

**دۇمباق يېرىلماق** كۈتكەن ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقماق: سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. دۇمباق يېرىلدى.

**دۇمبىقىنى چالماق** باشقىلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلماق، تەرىپىنى ئالماق، چاپىنىنى كۆتۈرمەك، غالچىلىق قىلماق: بالام نۇرۇممۇ بىزگە ئوخشاش كەمبەغەل تۇرسا، نېمىدەپ شاڭيۇنىڭ دۇمبىقىنى چېلىپ ئۇنى چىقىپ يۈرىسەن؟

**دۇمباقچى** ئى ① دۇمباق چالىدىغان ئادەم: – بۇ بىر مەيدان چوڭ جەڭ، – دەپتۇ يىلان پاقىغا، – سەندەك داڭلىق دۇمباقچىدىن بىرى بولمىسا بولمايدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان، باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان كىشى؛ يالاقچى، گۇماشتا، گۇپپاڭچى: شىڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ دۇمباقچىسى ئىدى.

**دۇمباقچىلىق** ئى ① دۇمباق چېلىش ئىشى. ② باشقىلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش، باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىش؛ يالاقچىلىق، گۇپپاڭچىلىق: شىڭ شىسەي سوتسىيالىزمدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭغا دومباقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭدىن بۇلغان تونىلاپ ئالتۇننى ئېلىپ قېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

**دۇمبالاتماق** «دۇمبالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باي، ئاسىمنى راسا دۇمبالاتقاندىن كېيىن زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى.

**دۇمبالاشماق** «دۇمبالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەڭلىرىگە قىزىل لاتا باغلىۋالغان «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئەسئەتنى راسا دۇمبالاشقاندىن كېيىن سېۋەتتىكى ئۆرۈكنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆزىنى ئامبارغا سولاپ قويدى.

**دۇمبالانماق** «دۇمبالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تارىختا ئۇلۇغ قەھرىمانلار، ئىجادكار-ئالىملار ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بەزىلەر تەرىپىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە كەمسىتىلگەن، مەسخىرە قىلىنغان، ھەتتا ھاقارەتلىنىپ دۇمبالانغان.

**دۇمبالىماق** پ. مۇشت ۋە تاياق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قاتتىق ئۇرماق: – ھە «گادايلار» چېكىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ؟ – دېدى ئىلىك خاپا ھالدا، – ياكى سىزنىڭ بەگلىرىڭىزنىڭ كالتەكلىرى كۆپىيىپ كەتتىمۇ؟ نامراتلارنى

ھايۋاندەك دۇمبالاپ ئىشلىتىشكە ، ئۇنى ئاز دەپ يەنە خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە بولامدىكەن؟

**دۇنيا** ئى (ئە) ① تەبىئەت ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ جۇغلانمىسى: دۇنيا چەكسىز. ئۇنىڭدا ھەممە ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر بولغىنىدەك، ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ② تەبىئەتنىڭ ئايرىم بىر قىسمى: ھايۋانات دۇنياسى. يۇلتۇزلار دۇنياسى. ③ يەر شارىدىكى بارلىق جايلار: دۇنيانى ئايلانماق. دۇنيانى كەزمەك. * پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئىتتىپاقلىشىڭلار! * — جۇڭگوغا بارىمەن! جۇڭگوغا بارىمەن! — دەيتتى دادىسىغا ماركوپولو ئىلتىماس ئاھاڭدا، — مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، مېنى بىللە ئېلىپ بېرىڭ، مەنمۇ دۇنيادىن خەۋەردار بولاي! ④ ھايات، ياشاش، تىرىكچىلىك: مېنىڭمۇ يادىمدا، شۇ ئۇچرىشىشتىن، ئېچىلدى ئالدىمدا بىر دۇنيا. تەمتىرەپ يۈرگەنىدە قاراڭغۇ تۈندە، ئېرىشتىم يالقۇنلۇق مەشئەلگە گويا. ⑤ كىشىلەر ياشاۋاتقان ئالەم، جەمئىيەت؛ ئۆلگەندىن كېيىن بارىدىغان جاي: بۇ دۇنيا. ئۇ دۇنيا. دۇنيادىن ئۆتمەك. * بۇنداق چىرايلىق قىزنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ، ئاخىرى 40 كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ⑥ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدىكى ۋەزىيەت، تۈزۈم: كاپىتالىزم دۇنياسى. سوتسىيالىزم دۇنياسى. ⑦ كىشىلەرنىڭ مەلۇم پائالىيەت دائىرىسى: ئوبيېكتىپ دۇنيا. ئىچكى دۇنيا. * ئەكسىچە، ئابدۇۋايىتنىڭ سىياسىي مەيداندىن جىددىي گۇمانلىنىشقا باشلىدى: «روھىي دۇنياسى چىرىپ كەتكەن نەرسە ئىكەن-دە، بۇ!» دېدى ئىچىدە، «تېخى شۇ ھالىغا كوممۇنىست دېگەن چاپاننى كىيىپ يۈرۈپتۇ». ⑧ كۆچمە. بىر-بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان، پۈتۈنلەي پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نەرسە: ھەر كاللا — بىر دۇنيا. * ئۇلارنىڭ ئىككىسى پۈتۈنلەي ئىككى دۇنيا ئىدى. * مەلىكىزات بىلەن بۇ ئىككىسى تامامەن باشقا-باشقا دۇنيا ئىدى. ⑨ ساھە، مۇنبەر: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەدىبلىرى فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتپى، ناۋايى ۋە سەككاكى قاتارلىقلار ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئۆچمەس نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقانىدى. ⑩ كۆچمە. بايلىق، مال-مۈلۈك، دۆلەت: ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە ھۈنەر قالسۇن (ماقال). * ئادەم ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ (ماقال). * ئىران زېمىنىدا ئادەملىرى باي بىر چوڭ ۋىلايەت بار ئىدى. پادىشاھنىڭ ئىسمى كەردان بولۇپ، ئۇنىڭ خەزىنە دۇنياسى ھەددى-ھېسابسىز، ئەسكىرى ساناقسىز ئىدى.

**دۇنيا بازىرى** <سودا> دۆلەتلەر ئارىسىدا تاۋار ئالماشتۇرىدىغان بازارلارنىڭ ئورتاق نامى.

**دۇنيا بىلەن خەيرلەشمەك** ئۆلۈپ كەتمەك، ۋاپات بولماق، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلماق.

**دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشماق** ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتمەك: باقىنىڭ ئائىلىسىدەك مىليونلىغان ئائىلە كىشىلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان «ئالۋاستى كەپىلىرى»-دە كۈن كەچۈرۈپ يۈرۈپ، ئاچچىق ھەسرەتتە دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشتى.

**دۇنيا تىلى** <تىل> 1887-يىلى پولشىلىق لۇدۋىگ لازارۇس زامېنخوف ئىشلەپ چىققان بىر خىل خەلقئارالىق ياردەمچى تىلغا قارىتىلىدۇ. ئۇنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىرقەدەر ئاددىي.

**دۇنيادىن بىخەۋەر** ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، ۋەزىيەتتىن خەۋەرسىز: دۇنيادىن بىخەۋەر ئادەم.

**دۇنيادىن تويماق** جەمئىيەتتىن، رېئاللىقتىن بىزار بولماق، ياشاشتىن زېرىكمەك.

**دۇنيادىن تۈگەشمەك** ئالەمدىن ئۆتمەك، ئۆلمەك: سېپىت ھاكىم بەگ كوچا، ئاقسۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ خائىنى بولۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنى بەدىلىگە ئەيش-ئىشرەت ئۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاخىرى رەسۋايى ئېزىم بولۇپ دۇنيادىن تۈگەشكەنىدى.

**دۇنيادىن خەۋەردار بولماق** ۋەزىيەتتىن خەۋەر تاپماق، ۋەزىيەتنى چۈشىنىپ تۇرماق.

**دۇنيادىن خوشلاشماق** → **ئالەمدىن خوشلاشماق**: كىم بىلسۇن، يولدا بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قېلىشنى! بەختىگە يارىشا، جانىبەك يېتىپ كېلىپ قۇتقۇزۇپ ئالمىغان بولسا، ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن خوشلاشقان بولاتتى.

**دۇنيادىن كەتمەك** → **دۇنيادىن ئۆتمەك**: توققۇزبۇلاق قانغا بويالدى، بۇ قان خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە تەڭ باراۋەرلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ياش ھاياتىنى كۆرەشكە ئاتىغان، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرغىچە ئارمان بىلەن دۇنيادىن كەتكەن ئۇچتۇرپان ياشلىرىنىڭ ساپ قانلىرى ئىدى.

**دۇنيادىن ئۆتمەك** ۋاپات بولماق، ئۆلمەك: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1949-يىلى دۇنيادىن ئۆتتى. * دۇتارنى ئېلىپ قويدۇم، چالاي دېسەم تارى يوق. ئۆتەرمەنمۇ دۇنيادىن، ئۆزۈم يالغۇز، يارىم يوق.

**دۇنيا سارىڭى** → **جاھان سارىڭى**: كىم بۇگۈن بۇ مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى شوخ يىگىت ئەخمەت شۇ دېسۇن؟ بىلمەن مەن بەلكى دۇنيا سارىڭى، بىلمەن جىسمىم پاك، ئەقلىم ھەم پۈتۈن.

**دۇنياغا پاتماي** ناھايىتى بەك كۆرەڭلەپ ھېچكىم ۋە ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي: ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا دۇنياغا پاتماي قېلىۋىدى، قارا، ئەمدى شۈمشىيىپ كەتكىنىنى.

**دۇنياغا كەلمەك** تۇغۇلماق، ئالەمگە كۆز ئاچماق؛ پەيدا بولماق: تۇردىئاخۇن ئاكا 1881-يىلى 5-ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر مۇقامچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. * سىزگە مۇبارەك بولسۇن! سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. * ماركس مۇنداق دېگەن: «ئۇزاق تولغاق ئازابىنى تارتىپ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا بەزى كەمچىلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ».

**دۇنياغا كۆز ئاچماق** → **ئالەمگە كۆز ئاچماق**: ئۆز نەسلىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىغا چەكسىز سۆيۈنگەن شاھى ئىھرام پۈتۈن يۇرتتىكى ئۆلىمالارنى ئوردىغا يىغىپتۇ. * بۇ ئىككى شا كىچىك ئازادلىقتىن كېيىن تىلى چىقىپ، يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان باللار ئىدى.

**دۇنيا قاراش** <پەلس> كىشىلەرنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى ئومۇمىي، تۈپ قارىشى. سىنىپىي مەۋقەنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن دۇنيا قارىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن ئىدېئالىزملىق دۇنيا قاراش، دىئالېكتىكىلىق دۇنيا قاراش بىلەن مېتافىزىكىلىق دۇنيا قاراش بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ. دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش – پرولېتارىيات

ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ دۇنيا قارىشىدۇر. دۇنيا قاراش «ئالەم قاراش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دۇنيا كۆرگەن** ① كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە، ھەممىدىن خەۋىرى بار: دادام يۇرت ئارىلاپ دۇنيا كۆرگەن كىشى بولغاچقا مېنىڭ كەچتە ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا بېرىشىمنى توسمىدى. ② نۇرغۇن مال دۇنياغا ئېرىشكەن، يېتەرلىك ئىقتىسادى بار: مەخسۇت بېگىم، ئۆزلىرى قولىدا بار، دۇنيا كۆرگەن سېخىي بىر كىشى، بۇنچىلىك ئىشنى نەزەردىن ساقىت قىلسىلا.

**دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلماق** كونىنى بۇزۇپ، يېڭىنى تىكلىمەك، ئەسلىدىكىسىنى يوقىتىپ، يېڭىسىنى ئورناتماق: سەن دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتمەكچىمۇ! بۇ سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ.

**دۇنيانى سۇ باسسا ئۆشۈققا كەلمەيدىغان** ئۆتۈپ كەتكەن بىغەم، ھېچ نەرسىدىن غەم يېمەيدىغان، غەم يېمەس.

**دۇنيانى سۇ ئېلىپ كەتسە قاپتىلىغا كەلمەيدىغان** ← **دۇنيانى سۇ باسسا ئوشۇققا كەلمەيدىغان.**

**دۇنيانى يەيدىغان** ← **بالانى يەيدىغان.**

**دۇنيا ۋاقتى** <ئاستر> نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان سىزىقى ئورۇنلاشقان ۋاقىت رايونى ئۆلچەم قىلىنغان ۋاقىت. بۇ خىل ۋاقىت ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىمسىز تېلېگراف ۋە ئىلمىي سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش ئىشلىرىنىڭ بىردەك بولۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**دۇنيا يۈزىنى كۆرمەك** تۇغۇلماق.

**دۇنياپەرەس** سۈپ (ئە+پ) دۇنيا، مال-مۈلۈك، بايلىق توپلاشقا ئامراق؛ ئاچكۆز: دۇنياپەرەس ئادەم.

**دۇنياپەرەسلىك** «دۇنياپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: فارابى ئۆزۈن ئۆمرىدە دۇنياپەرەسلىك قىلمىغان، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولمىغان، ئىنتايىن پېقىرلىق ۋە كەمبەغەللىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

**دۇنياخور** سۈپ (ئە+پ) مال-دۇنياغا ئامراق، دۇنياغا تويمايدىغان؛ دۇنياپەرەس.

**دۇنياخورلۇق** «دۇنياخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىرلا كېسەل ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاچكۆزلۈك، دۇنياخورلۇق ۋەسۋەسىلىرىنى قورۇتۇپ تاشلىغاندەك، ئۇ ئەمدى ئەڭ سېخىي ئەڭ كۆزى توق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھەممىلا نېمىگە پەرۋاسىز قاراپ، جىمجىت ياتاتتى.

**دۇنيادار** ئى (ئە+پ) مال-مۈلكى كۆپ، باي، دۆلەتمەن ئادەم.

**دۇنيادەپىنە** ئى (دۇنيا+دەپىنە) كۆمۈلگەن ۋە كۆمۈلمىگەن ھەممە بايلىق، بارلىق خەزىنە: ئۇنىڭ چاچلىرى قۇندۇزدەك، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك، مەڭزى قىزىل ئالمىدەك، لەۋلىرى ئانار دانچىسىدەك دىلنار ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ گۈزەل قىز 18 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ پۈتۈن دۇنيادەپىنە ئۇنىڭغا قېلىپتۇ. * خۇدا بەرگەن دۇنيادەپىنە ئەمدى رەھىمئاخۇننىڭ بېشىدىكى قاپاق لەقىمىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئورنىغا «ئابدۇرەھىم ھاجىم» مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلدى.

**دۇنيالىق** ① ئى. دۇنيادا لازىم بولىدىغان نەرسە: مەن دۇنيالىقنى تاشلاپ، پەقەت ئاخىرەتنى دەپلا ئۆي-ماكانىمدىن ئايرىلىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، چۆل-باياۋاندا ئىبادەت قىلىپ يۈرگەنىدىم. ② سۈپ. بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن، ھاياتىدا، ئۆمرىدە تاپقان:

سەلىمە ئۇنىڭ دۇنيالىق بىرلا بالىسى ئىدى. ③ سۇپ. دۇنيادىكى؛ دۇنيادا ئەسقاتىدىغان، يار-يۆلەك بولىدىغان: شۇ ئاچقۇچىنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇنىڭ قولى ئۇزىراپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولىدىغان «ئىككى دۇنيالىق» دوستلىرى كۆپىيىگەنىدى. * ئادەم ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى يەنى ئۆز تەپەككۇرىنىڭ رېئاللىقى، كۈچى، بۇ دۇنيالىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپاتلىشى لازىم. ④ ئى. ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «تا» بىلەن كېلىپ «دۇنيادا، ئۆمرىدە، ھاياتىدا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، دۇنيالىقتا بىرلا جانجىگەر ئوغلى سۇتۇقتىن ئەندىشە قىلاتتى. * بۇ قىزغا نۇرغۇن پادىشاھلاردىن كېلىن قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر كېلىدىكەن. پادىشاھنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا پەرزەنتى بولغاچقا «قىزىم كىچىك» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

**دۇنياۋى** سۇپ (ئە) دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك، دۇنيا مىقياسىدىكى، دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان: دۇنياۋى مەسىلە. دۇنياۋى رېكورت.

**دۇنياۋى رېكورت** <تەن> بەزى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى نەتىجىسى. بۇ خىل رېكورت ۋاقىت، مۇساپە، ئېغىرلىق قاتارلىق ئۆلچەملەر بىلەن نەتىجە بەلگىلىگىلى بولمايدىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرى (مەسىلەن: گىمناستىكا، توپ تۈرلىرى، چېلىش قاتارلىقلار) ۋە ۋاقىت بىلەن نەتىجە بەلگىلىگىلى بولىدىغان، ئەمما مۇھىتى ۋە شارائىتى مۇقىم بولمىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە (مەسىلەن: كېمە ھەيدەش، تاشيول ۋېلسىپىتى قاتارلىقلاردا) بولمايدۇ. ئۇنى خەلقئارالىق يەككە تۈرلەر تەنتەربىيە بىرلەشمىسى بېكىتىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ.

**دۇۋۇس** ئى (ئە) ھاقارەتلەش، كەمسىتىش.

**دۇۋۇس قىلماق** ھاقارەتلىمەك، كەمسىتمەك: ئەلقىسسە، غېرىب بىچارە يىغلاپ ئولتۇراتتى. موللىسى كىرىپ «نېمە ئۈچۈن ساۋىقىڭنى ئوقۇماي يىغلاپ ئولتۇرىسەن؟» دەپ غېرىبقا قاتتىق دۇۋۇس قىلدى.

**دۇئېل** ئى (ر<فىران) ئىلگىرى ياۋروپادا ئەۋج ئالغان بىر خىل ئادەت. ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ۋاقىت، ئورۇن بەلگىلىنىپ، گۇۋاھچى چاقىرىلىدۇ. ئىككى شەخس ياكى قىلىچ بىلەن يەككە ئېلىشىدۇ، ياكى تاپانچا بىلەن ئېتىشىدۇ: دۇئېلغا چاقىرماق. دۇئېلغا چىقماق. دۇئېلغا چۈشمەك.

**دۇئېلغا چاقىرماق** بىر تەرەپ (ھاقارەتلەنگەن تەرەپ) يەنە بىر تەرەپتىن (ھاقارەتلىگەن تەرەپتىن) دۇئېلدا ئېلىشىشنى تەلەپ قىلماق.

**دۇئېلغا چۈشمەك** دۇئېلدا ئېلىشماق: مەن ئەلۋەتتە سىز بىلەن دۇئېلغا چۈشمەكچى ئەمەسمەن، چۈنكى سىز بۇ خوتۇن ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر كىشى.

**دۇئېلغا چىقماق** ← **دۇئېلغا چۈشمەك.**

**دۆ** ئى <زوئول> ئۆمۈچۈكنىڭ بىر خىلى. تېنى قارا ۋە ياپىلاق كېلىدۇ. پۇتى ئۇزۇن بولۇپ ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ. دائىم تاملاردا ئاق رەڭلىك يۇملاق خالتا ھاسىل قىلىپ، شۇنىڭدا لېچىنكىسىنى تۇخۇمدىن چىقىرىدۇ.

**دۆت** سۇپ. ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، ئۆتكۈر ئەمەس، ئەقىلسىز، ھاماقەت: ئۇ ئادىلنىڭ تەلۋە، دۆت، كالۋا ئەمەسلىكىنى، باشقىلار ھەققىدە بەلگىلىك كۆز قارىشى بار

ئادەم ئەكەنلىكنى بايقىدى. * – دۆت خوتۇن سۇلتانغا كېلىشمەيدۇ، ئوتتۇنچىنىڭ قىزى ئوردىغا ياراشمايدۇ. ھا، ھا، ھا...، – دەپ كۈلدى يادىكار خېنىم زاڭلىق قىلىپ. // – ئۆز ئىرىڭنىڭ نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىنمۇ بىلمەيدىغان قانداق دۆتسەن! – ئۇلۇغ بېگىم بىردىن جوزىنى مۇشتلاپ تىللىدى.

**دۆت-كالۋا** دۆت ۋە كالۋا: ئۇ «سىرنى ئاشكارىلاپ قويدۇڭ ئەخمەق، سەن دۆت-كالۋا، نېمە بۇ مەخپىيەتنى قالايمىقان چايناپ يۈرسەن؟!» دېگەندەك قىلىپ، قاسقان شەپكىلىك ئەسكەرگە بىر كۆلەيدى-دە، تۈكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتتى.

**دۆتلەشتۈرمەك** «دۆتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەددىدىن ئارتۇق چىڭ تۇتۇش باللارنىڭ تەپەككۇرىنى بۇزۇپ ئۇلارنى دۆتلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

**دۆتلەشمەك** پ. مېڭىسىنى تازا ئىشلەتمەيدىغان، دۆت ھالەتكە كەلمەك: تۇمۇرنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا، داتلىشىپ قالىدۇ؛ سۇ ئېقىپ تۇرمىسا، قۇرتلاپ كېتىدۇ؛ ئادەم ئەقلىنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا، دۆتلىشىپ قالىدۇ.

**دۆتلۈك** «دۆت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: – دۆتلۈك قىلماق. * نېمدېگەن دۆتلۈك بۇ؟ سۇپىنى چۇۋۇپ، مومنى قايتا تىكلەپ بولغىچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ؟!

**دۆرەسكەل** ئى. دىئال. تاۋار، دۇخاۋىدىن تىكىلگەن يۇمشاق، قېلىن كۆرپە.

**دۆرۈلمە** ئى. دىئال. ئۆيدىن ئۆيگە كېزىپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزگۈچى، ساياق ئادەم.

**دۆش** ئى. ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ئېگىز بولغان دۆڭ يەر، ئېگىزلىك: «ئەستىلىك ئۈچۈن...»، سۈرەتمۇ يوق، ئاق جاينى ئېلىپتۇ، خۇددى مۇنبەت كەلگ ئېتىزدىكى، شورلۇق دۆشتەك قاغجىراپ قېلىپتۇ. * دۆشكە چىقىڭ بىز كۆرەيلى، بېشىڭىزدىن گۈل ئۆرۈيلى، سىز ئۆلگۈچە بىز ئۆلەيلى، جانلارنى قۇربان قىلايلى.

**دۆشە** ئى. ئۈستىدە گۆش ۋە سەي-كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ توغراش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان تۆشۈك سايمىنى: گۈلسۈمخان ئانا ئالدىغا دۆشىنى قويۇپ، سەۋزىنى قەلەمچىلەپ توغراشقا باشلىدى. * – تەييار قىلىپ قويغان دۆشە ئىكەنغۇ بۇ، ھەدىمىزگە كېرەك بولۇپ قالار، – دېدى تىلىۋالدى.

**دۆشە ئاياق** كۆتەكتىن ئوتتۇرىسىغا دۆشە چىقىرىپ ياسالغان ئاياق.

**دۆشەش** ئى. ئامۇتنىڭ بىر تۈرى: قىشلىق كۆك ئامۇت، دۆشەش قاتارلىقلار ئوبدان قۇرۇتۇلغان قۇم بىلەن تىزىلسا، سۈپىتى ياخشى تۇرىدۇ.

**دۆشكەلەتمەك** «دۆشكەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆشكەلەشمەك** «دۆشكەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ يەردە دۇمچەك بىرىنى بىرمۇنچىسى «پۈلۈڭ يوق ئادەم نېمىشقا قارىغا ئوينايسەن؟» دەپ دۆشكەلىشىۋاتاتتى.

**دۆشكەلەنمەك** «دۆشكەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر جەھەتتىن دۆشكەلىنىۋاتقان ليۇبونكا نەگىمۇ بارالىسۇن؟ بارلىق قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى ئۆز ئىچىگىلا يوشۇرۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

**دۆشكەلمەك** پ. سىلكىپ، تۇرتۇپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىتتەرمەك؛ سىلكىشلىمەك: بالىنى دۆشكەلمەك * ئوقۇتقۇچى پاتىگۈلنى بولۇشىچە دۆشكەلەپتۇ، مۇنداق قىلسا بالا مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟ * – ھەۋزىخان، – دېدى ئۇ ئىنجىقلىق بىلەن، – ئادەمنى كۆرمەيلا

دۆشكەلەۋەرمەك. ھېلىمۇ ئۇن جىنىمنىڭ بىرى قالمىدى، كۆيۈپ ئۆلسەم مەيلىمۇ؟

**دۆشكۈشلىمەك** پ ← **دۆشكەلىمەك:** ئۇلار سىدىقنى دۆشكۈشلەپ قاراتاغ كەنتىگە ئېلىپ بارىدىغان تاشلىق ساي بويىغا ئاچىقتى. * باتۇر مۆمىن ئاكىنىڭ كەينىدىن دۆشكۈشلەپ ئىنتەردى.

**دۆشلۈك** سۈپ. دۆشە ياساشقا بولىدىغان، دۆشە قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان: — باللارنىڭ ئاپىسى دۆشلۈك ياغاچ دەپ بېشىنى ئاغرىتقىلى ئۇزۇن بولدى. ماۋۇ قېيىنلاردىن 30 سانتىمېتر كېسىۋالسام، ئۆيدىكىلەرمۇ خۇش بولۇپ قالسا.

**دۆڭ** ① سۈپ. كۆتۈرۈلگەن، چوقچايغان، دومبايغان، ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ئېگىز: دۆڭ يەر. * ئۇ بەزى ئازگاللىراق جايلارغا يىغىلىپ قالغان سۇلارنى قىر تارتىپ يۇرۇپ دۆڭ جايلارغا باشلىدى. * ئۆي مەھەللىدىن دۆڭ مەھەللىگە ئۆيناي دەپ كەلدىم، ياخشى دەمسەن يامان دەمسەن، سىناي دەپ كەلدىم. ② ئى. كۆتۈرۈلگەن، چوقچايغان، دومبايغان يەر، ئەتراپىدىكى جايلاردىن ئېگىزرەك بولغان جاي: دۆڭگە چىقماق. * دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە. گۈلنى كۆرۈپ باغ دېمە (ماقال). * ئالدىرىغاندا دۆڭگە مۆكۈپتۇ (ماقال). * ياردەم قولۇڭنى سوزغىن ئانا. يېرىم كۈندىن بېرى سېنى ئىزلەپ چىقمىغان دۆڭ، كىرمىگەن تۈشۈك قالمىدى. ③ ئى. دۆۋە: نىياز قۇربان ئەسلىدىنلا توغرا ئېيتقان، بۇ توپا دۆڭى ئەمەس، تاغ-دە، تاغ! * بۇ يەردە قاياقىلا قارساڭ، سارغۇچ قۇم تاغلىرى بىلەن يېرىم ئاي شەكىللىك قۇم دۆڭلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. ④ سۈپ. كۆچمە. كۆڭۈلدىكىدەك، ئىنتايىن ياخشى، بەھۇزۇر: ناخشىسىنى دۆڭ تۇۋلىماق.

**دۆڭ تۇۋلىماق** ← **دۆڭ ئېيتماق:** «قىزىل بۇرۇن» بولسا، ئەكسىچە، ناخشىسىنى دۆڭ تۇۋلاپ، ئۇسسۇلنى ئويناپ، غەم-غۇسسىسىز يۇرۇۋېرەتتى.

**دۆڭ قاتۇرماق** يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرمەك، ئەۋجىگە چىقارماق: مىڭ تىللانى يانچۇقىغا سالغان كەنجى ئوغۇل مال بازىرىدىن يارامىلىق ئىككى قېچىر سېتىۋاپتۇ. ئاشلىق بازىرىدىن ئىككى تاغار بۇغداي، گۆش بازىرىدىن يېرىم سان گۆش ئېلىپتۇ. سودىلىقى تۈگىگەندىن كېيىن ناخشىسىنى دۆڭ قاتۇرۇپ مەھەللىسىگە قايتىپتۇ.

**دۆڭ قوپۇرماق** ئەۋجىگە چىقارماق، بولۇشىچە، بەھۇزۇر ئېيتماق: ئۇنىڭمۇ ناخشىسىنى دۆڭ قوپۇرۇپ، تۇمىقىنى قىرلاپ كىيىپ، 85 سەر كەتمەننى دولىسىغا سېلىۋېلىپ، ھارماي-تالماي ئىشلىگەن چاغلىرى بولغان، ئۇمۇ كۈلگەن.

**دۆڭ كەلتۈرمەك** ۋايىغا يەتكۈزمەك، قاملاشتۇرۇپ ئوينىماق؛ تازا قاملاشتۇرماق: مانا، يولداش سابىر ئۇسسۇلنى دۆڭ كەلتۈرىدۇ، شۇنداققۇ، يولداش سابىر؟

**دۆڭگە چىقماق** پاش بولماق، ئاشكارىلانماق (يامان قىلمىشلار ھەققىدە): ئاچا-سىڭىل بولغان ۋەقەنى باشتىن ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۆت خوتۇننىڭ قىلمىشى دۆڭگە چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خالايىق «تۇۋا!» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ.

**دۆڭگە يىقىتماق** ئانچە رولى يوق بىرەر ئورۇنغا ئۆستۈرگەندەك قىلىپ، ئەمەلىيەت-

تە ئەمەلىي ھوقۇقتىن يىراقلاشتۇرماق: غۇرۇرى بار يەرلىك رەھبەرلەرنى دۆگگە يىقىتىش مۇستەملىكچىلەرنىڭ مەھكۇم ئەللەرنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

**دۆك مېگە** <ئانات> ئارىلىق مېگىنىڭ بىر قىسمى. ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، ئۇلۇق ۋە سول تەرەپتە بىردىن بولۇپ، مېگە ئۇچىنچى قېرىنچىسىنى ئوراپ تۇرىدۇ ھەمدە چوك مېگە پوستلىقى بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدۇ. سېيسىق پۇراقتىن باشقا ئادەم تېنىدىكى ھەرقايسى قىسملار سەزگەن ئىمپۇلسلار دۆك مېگە ئارقىلىق چوك مېگە پوستلىقىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

**دۆك ئېيتماق** ۋايىغا يەتكۈزۈپ، بەھۇزۇر ئېيتماق: مەن خۇشاللىناتتىم، ئىچىمگە پاتماي ناخشامنى دۆك ئېيتىپ ملتىقىمنى تازىلايتتىم. * بوۋاي ھەممە نەرسىلىرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى ئېشىكىگە مىنىپ، ناخشىسىنى دۆك ئېيتىپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

**دۆگگە** ئى. كونا. پۇتقا سېلىنىدىغان قەدىمكى بىر خىل جازا قورالى. ئۇ ئادەتتە كۆتەكتىن ياسىلىدۇ. جىنايەتچىنىڭ پۇتى مەخسۇس ياسالغان ئىككى تال كۆتەكنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ، ئىككى تال كۆتەك تۆمۈر ياكى مۇستەھكەم كالتەكلەر بىلەن چېتىلىپ قۇلۇپلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر كىشىلىكلىرىمۇ، كۆپ كىشىلىكلىرىمۇ بولىدۇ: — ئاچقىڭلار ئۇنى، پۇتىغا دۆگگە، بويىنغا قوۋۇق سېلىپ سولاپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى سۇلتان مىرغەزەپ.

**دۆگگە شمەك** «دۆگگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — مەن قىلمىدىم، مەن قىلمىدىم... — دېدى ئىنىم كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — نېمە ئىش بولسا ماڭا دۆگگە-
شىدۇ. مەن قىلمسام.

**دۆگگە لمەك** «دۆگگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — مەنمۇ ھەيرانمەن ئۇكام، بۇ ئىشنىڭ ساڭا دۆگگىلىپ قالغىنى قىزىق، سەۋر قىلغىن، ئىشنىڭ ھەقىقىتى ھامان ئايدىڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ مېنىڭ مۈرەمنى سىلاپ.

**دۆگگەي** ئى. دىئال. دۈمبە، ئۇچا.

**دۆگگۈرچەك** ئى. دىئال. يانتاق كۆتىكى.

**دۆگگمەك** پ. بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنى، مەسئۇلىيەتنى باشقا بىرىگە ئارتىپ قويماق؛ يۈكلىمەك: ئۇمۇ بارلىق ئىچى تار ئادەملەرگە ئوخشاش ھېچقاچان بىرەر ئىشنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كۆزىتىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقمايتتى. ئۆزىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىكنى باشقىلارغا دۆگگەپ قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. * سۇلايمان ئۆز قىلمىشلىرىنى بىرنەچچە كىشىگە دۆگگەپ قويۇشقا ئۇرۇندى.

**دۆگشتمەك** «دۆگشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆگشمەك** پ ← **دۆگلەشمەك.**

**دۆگلەتمەك** «دۆگلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆگلەشمەك** پ. دۆك ھالەتكە كەلمەك، دۆگلمەك: «ئېرىق» كەنتىدىكى مەھەممەت قۇربان ئېرىقى چوڭقۇر، ئېتىزلىرى دۆگلىشىپ، سۇغىرىشتا قىيىنچىلىقتا قالغان سەككىز ئۆيلۈك قوشنىسى ئۈچۈن، ئۆز چىقىمى بىلەن مەخسۇس توما ياساپ بېرىپ ئۇلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى.

**دۆگلۈك** ئى. ئۈستىگە نەرسىلەر بېسىلىپ دۆك بولۇپ قالغان، دومبايغان جاي؛ ئېگىزلىك، تۆپىلىك: قىز ئاتىسىنىڭ يولىغا قاراپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دۆگلۈككە نەچچە قېتىم باردى. * دۆگلۈكنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز بىر ئايال چىقىپ موللا زەيدىنگە قاراپ

كۆلدى-دە، سورىدى: — بايۋەچچە، يالغۇز
نەگە ماڭدىلا؟ * كېۋىر هارۋىدىن چۈشۈپ
ئىككى ئوقۇغۇچى بىلەن كىچىككىنە سايدىن
ئۆتۈپ دۆگلۈككە كۆتۈرۈلۈپ تۆگمەنگە كىردى.
**دۆگلىتىلمەك** «دۆگلەتمەك» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يەرلەر داۋاملىق
لاي سۇدا سۇغىرىلىپ دۆگلىتىۋېتىلدى، نەتىجىدە
سۇ چىقماس بولۇپ قالدى.
**دۆگلىمەك** پ. ئۈستىگە نەرسىلەر بېسىلىپ،
دومبىيىپ، دۆڭ بولۇپ قالماق، دۆڭ
هالەتكە كەلمەك: بۇ ئېتىز بەك دۆگلەپ
كەتتى، سۇغىرىش تولىمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ.
**دۆگمۇدۆڭ** ئۇ دۆگدىن بۇ دۆگگە، دۆگدىن
دۆگگە: ئۇلار هېلىقى موبىسپىتنى ئىزلەپ،
دۆگمۇدۆڭ، چوڭقۇرمۇچوڭقۇر يۈگۈرۈشۈپتۇ.
**دۆلەت** I ئى (ئە) ① <پەلس> مۇئەييەن
بىر سىنىپنىڭ هۆكۈمرانلىق قورالى يەنى
هۆكۈمران سىنىپنىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى
سىنىپ ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشىدىـ
كى زوراۋانلىق تەشكىلى. ئاساسەن
ئارمىيە، ساقچى، سوت، تۈرمە قاتارلىقلارـ
دىن تەشكىللىنىدۇ. ئۇ سىنىپي زىددىـ
يەتلەر مۇرەسسەسىزلىكىنىڭ مەهسۇلى
ۋە ئىپادىسى بولۇپ، سىنىپنىڭ پەيدا
بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، ئۇ
يەنە سىنىپنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ
يوقىلىدۇ. ② بىر دۆلەتكە قاراشلىق
پۈتكۈل زېمىن.
**دۆلەت ئاپپاراتلىرى** <پەلس> «دۆلەت
ئورگانلىرى» نىڭ ئومۇمىي نامى.
**دۆلەت باهاسى** <سودا> تاۋارلارغا
دۆلەت تەرىپىدىن بىرتۇتاش بەلگىلەنگەن
باها.
**دۆلەت بايرىقى** دۆلەتنىڭ سىمۋولى
قىلىنغان بايراق. ئۇنىڭ شەكلى، ئۆرنىكى
ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ئاساسىي قانۇندا
ياكى مەخسۇس قانۇندا بېكىتىلىدۇ.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت
بايرىقى — بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل
بايراقتۇر.
**دۆلەت تۈزۈلمىسى** <پەلس> دۆلەتنىڭ
تۈپ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدىغان تۈزۈلمە.
ئۇ جەمئىيەتتىكى هەرقايسى سىنىپلارنىڭ
شۇ دۆلەتتە تۇتقان ئورنى تەرىپىدىن
بەلگىلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى
ئىشچىلار سىنىپى (كومپارتىيە ئارقىلىق)
رەهبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار
ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكـ
راتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت.
**دۆلەت تىلى** <تىل> بىر مەملىكەت
خەلقى ئورتاق ئىشلىتىۋاتقان تىل.
**دۆلەت جۇغلانمىسى** <س ئىق>
سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى
دۆلەتكە مەركەزلەشكەن ساپ كىرىمـ
دىن كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشـ
قا، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان
ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ۋە زاپاس ساقلاشقا
ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم فوند.
**دۆلەت خەزىنىسى** <س ئىق> دۆلەتنىڭ
خام چوت مەبلىغىنى ساقلاش، تارقىتىش
ۋە قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان
ئورگان.
**دۆلەت خېتى** بىر دۆلەت يەنە بىر
دۆلەتكە باش ئەلچى ياكى ئەلچى
ئەۋەتكەن ياكى ئۇنى چاقىرىۋالغاندا،
دۆلەت باشلىقى ئەلچى تۇرۇشلۇق
دۆلەتنىڭ باشلىقىغا ئەۋەتىدىغان خەت.
باش ئەلچى ياكى ئەلچى ئۆزى تۇرىدىـ
غان دۆلەتكە دۆلەت خېتىنى تاپشۇرغانـ
دىن كېيىنلا خەلقئارا قانۇندا بەلگىلەنـ

گەن ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ.

**دۆلەت شېئىرى** بىر دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ناخشا. ئۇنى شۇ دۆلەت ھۆكۈمىتى بەلگىلەيدۇ ۋە قوللىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ تەنتەنىلىك مۇراسىملار، خەلقئارا ئالاقىغا دائىر مۇراسىم قاتارلىق سورۇنلاردا ئورۇنلىنىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى — «پىدائىيلار مارشى» دۇر.

**دۆلەت گېربى** دۆلەت رەسمىي يوسۇندا بېكىتكەن ھەمدە شۇ دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە. مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت گېربىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نۇر چېچىۋاتقان تيەنئەنمېنىنىڭ سۈرىتى، چۆرىسىگە بۇغداي باشقى ۋە چىشلىق چاقنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

**دۆلەت ماشىنىسى** <پەلس> ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ دۆلەتكە قويغان ئوبرازلىق نامى. ئۇ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى بولغان دۆلەتنىڭ خۇددى قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ ماشىنىغا ئوخشاش، ناھايىتى مۇكەممەل ئۇيۇشقان بىر پۈتۈنلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دۆلەت ماشىنىسى ئاساسەن ھۆكۈمەت، ھەربىي قوشۇن، ساقچى، سوت، تۈرمە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمى** <س ئىق> دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن مونوپول تەشكىلاتلار بىرلەشكەن ھەمدە مونوپول تەشكىلاتقا بويسۇندىغان بىرخىل مونوپول كاپىتالىزم.

**دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى** <ھەرب> دۆلەتنى قوغدايدىغان مۇنتىزىم ئارمىيە.

**دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى** <ھەرب> دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قورال-ياراغ، قاتناش قوراللىرى، رازۋېتكا ۋاسىتىلىرى، ھەربىي ئالاقە ۋە قوماندانلىق سىستېمىسى ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، بۇلار بىلەن قىسىملارنى بىۋاسىتە تەمىنلەيدىغان سانائەت.

**دۆلەت نەقچوتى** <س ئىق> دۆلەت خام چوتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنىڭ يىللىق ئومۇملاشتۇرۇلۇشى.

**دۆلەت ھاكىمىيىتى** <پەلس> ھۆكۈمران سىنىپنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈشىدىكى ھوقۇقى. ئۇ ئارمىيە، ساقچى، سوت، تۈرمە قاتارلىق دۆلەت ماشىنىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ ھەمدە ئالاھىدە زورلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

**دۆلەت ئورگانلىرى** <پەلس> دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش يۈزىسىدىن تەسىس قىلىنغان ئورگانلار. ئۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى، مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى ۋە ئارمىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قاتارلىقلار.

**دۆلەت** II ئى (ئە) ① مال-دۇنيا، بايلىق: ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس (ماقال). * قىلىنلىق يېرىم دۆلەت (ماقال). * گۈلچېمەن ھېچ ئويلانماستىن جاۋاب بەردى: — دۆلەت، ئابروي ئۈچۈن ئەرگە تەگكەندىن كۆرە، يەرگە تەگكەن ياخشى! ② كۆچمە.

بەخت-پاراغەت، راھەت، ھالاۋەت: تەن ساقلىق – دۆلەت ئىكەن. * كۆلسۇرۇخنىڭ شۇنداق ئولتۇرۇپ بېرىشلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ دۆلەت ئىدى. * ئۇلۇغلارغا قىلسا خىزمەت، ئول كىشلەر تاپقاي دۆلەت. ئىنسان بەرگەي ئاڭا ھۆرمەت، ئۆزىنى بىلگەن ياخشىدۇر. ③ ئەر-ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دۆلەت قۇشى قونماق** ئامىتى كەلمەك، بەخت-تەلىيى كەلمەك: دۆلەت قۇشى قونسا كېلىپ ساڭا ئوغلان، كۆرەڭلىمە، كۆزۈڭگە باق ياخشى ئويلان. ئۆز ئېلىڭگە جاپا ئەمەس، ۋاپا قىلساڭ، ئۆزۈڭ كەتسەڭ، روھىڭ كەتمەس، يوقتۇر ئارمان.

**دۆلەت كۆرمەك** راھەت، بەخت-سائادەتكە ئېرىشمەك؛ ھۇزۇر-ھالاۋەت تاپماق: ئاتىسىنىڭ دۆلىتىنى كۆرمەك. * مانا ئەمدى ئەمگەككە ئاشىق بولساڭ ياغ چاينا، ئۇزۇپ چىققىنىڭ دۆلەت كۆر.

**دۆلەتنى كۆتۈرەلمەسلىك** ئىززىتىنى بىلمەسلىك، ھۆرمەت قىلغانىنى بىلمەسلىك: رۇسۇلنىڭ يۈزسىزلىكىگە مەيلى دەيمەن، بۇزۇلغان يالغۇز ئۇلمۇ؟ خېلى-خېلى «مەن-مەن» دېگەنلەرمۇ دۆلەتنى كۆتۈرەلمەيدۇ-غۇ.

**دۆلەت ئۇيقۇسى** دۆلەت ۋە ياكى بايلىقتىن بولغان ئۇيقۇ: ئۇ ھەر كۈنى خېلى بىر ۋاقىت دۆلەت ئۇيقۇسى ئۇخلاۋاتاتتى.

**دۆلەتلىرى سايىسىدا** سىلىنىڭ ھىمايىلىرى، ياردەملىرى، غەمخورلۇقلىرى ئاستىدا: مەن نېمىلا بولسا، جامائەتنىڭ ئىمامى ئەمەسمىدىم، دۆلەتلىرى سايىسىدا، ھوشۇر ئىمام دېسە، مېنى 12 تاغدا بىلمەيدىغان كىشى يوق، ئەلھەمدۇلىللا!

**دۆلىتى زىيادە بولماق** مال-مۈلكى، بايلىقى كۆپ، بەخت-ھالاۋىتى ئارتۇق بولماق: خەتنىڭ ئاخىرىدا: «دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، يوللىرىغا قاراپ تۇرغۇچى قەيسەر رۇمدىن» دەپ يېزىلغانىدى.

**دۆلىتىڭىزنىڭ سايىسىدا** ← **دۆلەتلىرى سايىسىدا**.

**دۆلەتچىلىك** ئى <پەلس> سىنىپىي ماھىيىتىنى يوققا چىقىرىپ، خەلقنى ئابستراكت دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن ئالداپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرىدىغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيە.

**دۆلەتلىك** I سۈپ ① دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، دۆلەت دەرىجىلىك: دۆلەتلىك كوماندا. ② دۆلەتكە خاس، دۆلەتكە لايىق: ئەگەر سوتسىيال دېموكراتلار (ئۇلار ئۈستىدە سۆزلەۋاتىمەن) ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرسا، ئۇ ھالدا ئىمپېراتور بۈركۈتى ئورنىغا دېموكرات توخۇسى ئولتۇرىدۇ ۋە گېرمانىيە بىرقانچە يىلغىچە بۈيۈك دۆلەتلىك رولىنى ئوينىشتىن مەھرۇم بولىدۇ.

**دۆلەتلىك رەھبىرى** <تەن> دۆلەت دەرىجىلىك رەھبىرى. مەملىكىتىمىزدە دۆلەتلىك تەنتەربىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى رەھبىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**دۆلەتلىك ئىمتىھان** <مائار> مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىمتىھان تۈزۈمى. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش سوئال چىقىرىپ، بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ خىل ئىمتىھان ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

**دۆلەتلىك** II سۈپ ① مال-دۇنياغا ئىگە، پۇل-مېلى كۆپ باي، پۇلدار: ئېرى قېرىسا، نامرات بولسا، بىزار، دۆلەتلىك يىگىتنى تېپىپ

قىلۇر يار. ② يۈز-ئابرويلۇق؛ ئامەتلىك، تەلەيلىك: سىز كەلگۈسى دۆلەتلىك، بەختلىك بولغىنىڭىزدا، سىزنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن مەندەك بىر نامرات يېزا يىگىتىنى سۆيەلەرسىزمۇ؟

**دۆلەتمەن** سۈپ (ئە+پ) ← **دۆلەتلىك**

II: ئۇ باشلىقنىڭ بۇنچىۋالا دۆلەتمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. * ئۇلار ھەممىسى دىلشاتنىڭ دۆلەتمەن، كاتتا ئادەم بولۇپ چىقىشىنى تىلەيتتى.

**دۆلەتمەنلىك** «دۆلەتمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**دۆلەتنۇر** (دۆلەت+نۇر) ① ئى. ئالمىنىڭ ئامېرىكىدا يېتىشتۈرۈلگەن قەدىمكى سورتى. كېيىن ئىلى رايونىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن. دەرىخى كۆكۈچ چىپارسىمان بولۇپ، مېۋىسى ياپىلاققا مايىل، يۇملاق، پوستى قېلىن، ئەسلى رەڭگى كۆكۈچ، چېكىم-چېكىم بولۇپ، سۇس شەپەق رەڭلىك قىزىل سىزىقچىلىرى بولىدۇ. گۆشى (ئېتى) چىڭ، ئېغىر، چۈچۈمەل، سۇلۇقلۇقىمۇ ياخشى، مەلۇم مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن تەمى ياخشىلىنىدۇ. مېۋە ساپىقى قىسقا، سۈپىتى ياخشى. 10-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا پىشىدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دۆلىتىڭىزدە** ← **دۆلەتلىرى سايىسىدا.**

**دۆمبەل** (توغرىسى: دۇمبەل) ← **دۇمبەل.**

**دۆمبەلچە** (توغرىسى: دۇمبەلچە) ← **دۇمبەلچە.**

**دۆمبۈل** (توغرىسى: دۇمبەل) ← **دۇمبەل.**

**دۆنەن** ئى. ئۈچ ياشلىق، ئۈچ ياشقا تولغان (ئات ۋە كالا ھەققىدە): سېمىز دۆنەن ئۆكۈزنىڭ كېرىلگەن بۇرۇنلىرى قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇ خېلىلا ئىشلىگەندەك كۆرۈنەتتى.

**دۆندۈر** رەۋ. جان ت. بىراقلا، تولۇقى بىلەن، پۈتۈن پېتى، دۆك: — ھەئە، مېنىڭ، — دېدى ھېلىقى ئادەم سۇرلۇك ئورا كۆزلىرى بىلەن دېھقانغا قاراپ، — ئۇنداق بولسا دۆندۈرلا دېيىشەيلى، ماڭا ئازراق تاپان ھەققى چىقىرىپ بەرسەڭلار بولىدۇ.

**دۆنجىن** ئى. تۆت ياشلىق كالا.

**دۆۋە** ① ئى. بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۈستى-ئۈستىگە ئارتىلىشتىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىك، دۈمبەل: ئەپەندىلەر! بۇ پەلەمپەيە ئەمەس، بەلكى قىلچە باغلىنىشى بولمىغان سۆزلەرنىڭ دۆۋىسى. * ماشىنا پاختا دۆۋىسىنى ئايلىنىپ، ئۈچ قەۋەتلىك چىگىت ئايرىش بىناسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە كىر-قات تۇراتتى. * ئۇنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە خەت-چەك تۇراتتى. ③ رەۋ. لىقمۇلىق، گىرۋىكىدىن ئېگىزلىتىپ: ئالاھەدىن ئەك يوغان تاۋاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئېسىل تاشتىن دۆۋە ئېلىپتۇ.

**دۆۋە-دۆۋە** بىرنەچچە دۆۋە، نۇرغۇن دۆۋە: — شۇنچە چوڭ ھويلاڭدا پۇت باسقۇدەك جايمۇ قالماپتۇ، — دېدى كامىل دۆۋە-دۆۋە سەۋزە، چامغۇر، پىيازلارغا قاراپ.

**دۆۋەزىن** ئى. دىئال. جىرىس ئۇن.

**دۆۋەسكەل** ئى. دىئال. قېلىن كۆرپە، پايانداز.

**دۆۋەل** ئى ← **دۆۋە.**

**دۆۋەل-دۆۋەل** ← **دۆۋە-دۆۋە:** پۇقرالارنىڭ جەسىتى دۆۋەل-دۆۋەل، بۇنداق يېغى بولغانمۇ زامان ئەۋۋەل؟! يەنە ئاڭلاڭ ئابدۇللا قىلمىشنى، چىرىكلەرمۇ كۆرەلمەس بۇ كىشىنى.

**دۆۋلەتمەك** «دۆۋلەمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆۋىلەشمەك** ① «دۆۋىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇپا دۆۋىلەشمەك. ② تۇپلانماق، يىغىلماق: دىلشاتنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن تەڭ دۆۋىلىشىۋالغانلار ئىككى چەتكە سۈرۈلۈپ، تار بولسىمۇ، بىر ئادەم ئۆتكۈدەك يول چىقاردى.

**دۆۋىلەكلىك** سۈپ. دۆۋىلەپ قويۇلغان، دۆۋىلەنگەن: ئۇ دۆۋىلەكلىك تاغارلارنى ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈپ، ساناشقا باشلىدى. * دەستە-دەستە دۆۋىلەكلىك پەرمۇدە-گىردە، مېۋە-كۆكتات بازىرىدىن ئۆتكىلى بولماس. // ئابدۇكېرىم ئاغزىغا لىق كەلگەن خەپرۇكنى مەشىنىڭ ئالدىدا دۆۋىلەكلىك تۇرغان كۈلگە تۈكۈرۈۋېتىپ، سۆزىنى باشلىدى.

**دۆۋىلەنمەك** «دۆۋىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كونا ئېغىلدىكى خىشلار بىر-بىرلەپ مورىنىڭ يېنىغا دۆۋىلەندى. * زورەم دۆۋىلەنگەن نەرسىلەرگە مەيۈس هالدا قاراپ قالدى.

**دۆۋىلىك** سۈپ. دۆۋىلىرى بار، دۆۋە هاسىل بولغان: ئۇلار مېنى قۇم دۆۋىلىك، يۇلغۇنلۇق جاڭگالدا باغلىۋېلىپ تازا ئۇرۇشتى. // بىز جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر دۆۋىلىككە بېرىپ يانتاق چاناشقا باشلىدۇق.

**دۆۋىلىمەك** پ. يىغىپ، تۇپلاپ دۆۋە هالىتىگە كەلتۈرمەك؛ تۇپلىماق، بىر يەرگە جەم قىلماق: ئۇلار تاپانچىلىرىنى يەرگە كۆمۈشۈپ، ئۈستىگە تۇپا دۆۋىلەپ بەلگە قىلىپ قويۇشتى. * يىلانلار ئۇنىڭ ئالدىغا هۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەرنى دۆۋىلەپ تىزىپ قويۇپتۇ. * ئۇلار چوڭ-چوڭ تاشلارنى دۈمبىسىدە كۆتۈرۈپ تەشمە يولىغا دۆۋىلەۋاتاتتى.

**دۆۋىلىنىش** ① «دۆۋىلەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <كېئول> ئەسلىدە بار بولغان تاغ جىنسلىرى سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىدە، مەلۇم ۋاسىتىنىڭ يۆتكىشى بىلەن خالىغان شەكىلدە يېڭىدىن تۇپلىنىدىغان بىرخىل گېئولوگىيىلىك هادىسە.

**دۆيلۈشمەك** «دۆيلۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۆيلۈمەك** پ ① سىلكىنىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرماق: بالا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا دۆيلۈپ بېشىنى ئارقىسىغا سىلكىۋەتتى. ② چوڭ، تېز-تېز قەدەم ئالماق: ئۇ ئالدىمىزدا دۆيلۈپ ماڭغاچقا بىز كەينىدىن پېتىشەلمىدۇق.

**دۆيۈز** سۈپ (دۆ+يۈز) تىل ها. يۈزى قېلىن، پەسكەش، يۈزسىز، نومۇسسىز: — هۇ دۆيۈز مۇناپىق، — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى كۆپنى كۆرگەن بوۋاي، — تۇرقى ئادەمگە ئوخشىغان بىلەن يىرتقۇچ بۆرىنىڭ ئۆزى. * — هە! شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى تۇغرۇلبەگ غەزەپلىنىپ قويۇپ كېتىپ، — بۇ دۆيۈزلەرنىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

**دۆيۈزلۈك** «دۆيۈز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — دۆيۈزلۈك قىلما سەن! — دېدى ئۇ ئالىمغا ۋارقىراپ.

**دۈپ** تەق. يۈرەكنىڭ جىددىي سوقۇشىدىن پەيدا بولىدىغان ئاۋاز سىيزىمى.

**دۈپ-دۈپ** «دۈپ» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: ئۇنىڭ يۈرىكى ئىمىنىنىڭ قەدىمىگە تەڭكەش بولۇپ دۈپ-دۈپ سوقماقتا ئىدى.

**دۈپدۈگىلەك** سۈپ ① ناهايىتى دۈگىلەك، يۇملاق: يۈزى دۈپدۈگىلەك ۋە سېمىز، بالا مىجەز ئوفىتسېر هارۋىكەشنى توختىتىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. * ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك يوغان كۆزلىرىدىن، ئەندىككەن چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ② پاكار هەم سېمىز: — قېنى، ئەمدى سىز بىرنېمە

دەڭا، – دېدى مۇدىر يېنىدا قالغان ئۆزىگە ئوخشاشلا دۈپىدۈگىلەك كەلگەن چوقۇر يۈزلۈك كىشىگە.

**دۈپۈر** تەق. ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ يۈگۈرۈشى ياكى ئىتتىك مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: تار پەلەمپەيدىن ئەسكەرلەر-نىڭ ئاياغ دۈپۈرى، مىلتىقلارنىڭ تامغا ئۇرۇلۇپ جاراڭلىشى ئاڭلىناتتى. * ئىشىك ئارقىسىدىن قاراۋۇلنىڭ ئاياغ دۈپۈرى ئاڭلاندى.

**دۈپۈر-دۈپۈر** «دۈپۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مەھەللىدىكى ئىشكلەرنىڭ تاراقلىشى، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۈتۈشۈۋاتقان كىشلەرنىڭ دۈپۈر-دۈپۈر ئاۋازىمۇ پەيسىپ كەتتى. * دۈپۈر-دۈپۈر ئاتلىقلار، ئات بىشنى بۇراڭلار. قوڭغۇز ئاغىچا ئۆلدى دەپ، چاشقان-بايغا ئېيتىڭلار.

**دۈپۈرلەتمەك** «دۈپۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرچاغدا ھېلقى ئوغرى ئاتلارنى دۈپۈرلىتىپ شۇ كوچا بىلەن سارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ.

**دۈپۈرلەشمەك** «دۈپۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جاللاتلار دۈپۈرلىشىپ كېلىپ ياقۇپنى تۇشمۇتۇشتىن جادىغا ياتقۇزۇشقا باشلاپتۇ.

**دۈپۈرلىمەك** پ «دۈپۈر-دۈپۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈپۈر-دۈپۈر» قىلماق: كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە. ئاتلىقلار دۈپۈرلەپ ئۆلارنىڭ ئۇستىگىلا يېتىپ كەلدى ۋە باستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. * دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان باسمىچىلار بىردىنلا تاغ كەينىگە قايرىلدى.

**دۈپۈلدەتمەك** «دۈپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۈپۈلدەشمەك** «دۈپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدىشىپ، نەپەسلىرى قىينىلاشماقتا ئىدى.

**دۈپۈلدىمەك** پ «دۈپ-دۈپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈپ-دۈپ» قىلماق: «ئاجرىشىپ كەتسەم...» دېگەن سۆزدىن كېيىنلا ماھىرەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ مېڭىسىگە قان ئۆرلەپ كەتتى. * مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەكنى كۆردۈم.

**دۈت** تەق. ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى سىگنال بەرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: دۈت-دۈت -دۈت! ... ئىلدام چەتكە ئۆت.

**دۈت-دۈت** «دۈت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**دۈتۈلدەتمەك** «دۈتۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ماشىنىسىنى دۈتۈلدىتىپ، بىزنى يولنىڭ چېتىدە تۇرۇشقا ئۈندىدى.

**دۈتۈلدىمەك** «دۈت-دۈت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈت-دۈت» قىلماق.

**دۈدۈت** ① تەق. ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى-نىڭ ئارقىمۇئارقا سىگنال بېرىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز. ② ئى. بال س. ماشىنا، تراكتور قاتارلىق ماتورلۇق قاتناش ياكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى: – ماڭە بالام ئۆيگە كىرىۋالايلى، دۈدۈت كەلسە بېسىۋالىدۇ، – دېدى شازادىخان نەۋرىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ.

**دۈدۈزە** ئى (خەن) جۈپلەپ ئوينىلىدىغان بىر خىل قارتا ئويۇنى.

**دۈدۈك** ئى ← **پۈشتەك** I : ياردەمچىم دۈدۈك چېلىپ بارلىق ئەسكەرلەرنى يىغدى.

**دۈر** تەق. ئادەم، ھايۋان ياكى قۇشلار توپىنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بىرلىكتە تېزلىك بىلەن يۆتكىلىشى ياكى مېڭىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز:

كىشلەر توپى دۇر قىلىپ، يىغىن زالىغا ئېتىلدى، ھاكىمنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ، نەپسى تېزلىشىشكە باشلىدى. * قوتان ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن تەڭ قوتاندىكى ماللار دۇر قىلىپلا سىرتقا يۈگۈرۈشتى.

**دۇر-دۇر** «دۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كۆزلىرىدىن ئوت يانغان كىشلەر كوچىلاردا چايقىلىپ، دۇر-دۇر قىلىپ ئۇ يان بۇ يان دولقۇنلايتتى.

**دۇررىدە** رەۋ «دۇر» قىلغان ھالدا، «دۇر» قىلىپ: كىشلەرنىڭ ھەممىسى كىمدۇر بىرىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن دۇررىدە يۈگۈنۈپ ئولتۇرۇشتى-دە، ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. * مەخسۇت بەگ چېدىرىنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى؛ چېدىردىكىلەر دۇررىدە ئورنىدىن قوزغالدى.

**دۇركىرەشمەك** «دۇركىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۇركۈن** دىئال ① رەۋ. كەينى-كەينىدىن. ② سۈپ. توپ، نۇرغۇن.

**دۇركىرىمەك** پ ← **دۇرۇلدىمەك**: ئۇنىڭ ئىسمى-زاتى ئېغىزدىن چىقىش بىلەن تەڭلا، سىرتتىكى يايلار دۇركىرەپ بۇتخانىغا كىرىشتى. * چالدى بىرى دۇدۇكنى، «تاماق ۋاقتى بولدى» دەپ. تاشلاپ قولدا تۇتقاننى، ماڭدى ھەممە دۇركىرەپ.

**دۇرۇك** تەق. ئادەم ياكى ھايۋانلار يەرگە قاتتىقراق دەسسەپ ماڭغاندا چىققان ئاۋاز: دۇرۇك قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قادىر قولىقىغا پىچىرلاپ: «ئۇ باغقا چۈشۈپ بولدى» دېدى.

**دۇرۇك-دۇرۇك** «دۇرۇك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**دۇرۇككىدە** رەۋ «دۇرۇك» قىلغان ھالدا، «دۇرۇك» قىلىپ: — ئۇ بىر يېتىمئوغلاق، — دەيدۇ ئۆمەر باي، — بىراق قىزىمنىڭ مايىللىقى قاتتىق، ئىككىسى گەپنى بىر قىلىپ دۇرۇككىدە قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

**دۇرۇلدەتمەك** «دۇرۇلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يايلاقتىكى ئاتلارنى دۇرۇلدىتىپ ھەيدەپ تاغ باغرىدىكى قوتانغا سولىدى.

**دۇرۇلدەشمەك** «دۇرۇلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشلەر دۇرۇلدىشىپ كەلگەن بويىچە كالتەك-چوماقلار بىلەن ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئۇرۇۋاتقۇدەك ئىكەنمىش.

**دۇرۇلدىمەك** پ «دۇر-دۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۇر-دۇر» قىلماق: ئوقۇغۇچىلار توپ-توپى بىلەن دۇرۇلدەپ كوچىغا يۈگۈردى.

**دۇشەنبە** ئى (پ) ھەپتىنىڭ يەكشەنبىدىن كېيىن سەيشەنبىدىن بۇرۇن كېلىدىغان، بىرىنچى كۈنى.

**دۇشەنبە بازار** ھەر ھەپتىنىڭ دۇشەنبە كۈنى بولىدىغان بازار ۋە شۇ كۈنى بازار قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جاي.

**دۇشمەن** ئى (پ) ① «جەرب» ئۇرۇش-جەڭلەردە مەلۇم بىر تەرەپكە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى يەنە بىر تەرەپ؛ ياۋ: بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز دۇشمەنلەرنى زەربە بىلەن قارشى ئالدى. * ئۇ شەرقىي شىمال تەرەپتىن دۇشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىق قوشۇننى كۆرۈپ تېخىمۇ جانلاندى. ② دۇنيا قاراش، غايە، مەنپەئەت جەھەتتە ئۆزىگە قارىمۇقارشى بولغان كىشى ياكى گۇرۇھ؛ رەقىب: دۇشمىنىمىزنىڭ دۇشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز. // دۇشمەن كۈچلەرنىڭ ئاز بولۇشى ھەرقانداق گۇرۇھ، تەشكىلات ياكى پارتىيىلەر ئۈچۈن

ئىنتايىن مۇھىم. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دوستلارنى كۆپەيتىش كېرەك. ③ زىيان سالىدىغان، يامانلىق قىلىدىغان كىشى، رەقىب: كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن (ماقال). * كۆرەلمىدى دۈشمەن ئۈنى، ئۆزمەك بولدى قىزىل گۈلنى. ④ كىشى ياكى نەرسىگە زىيان سالغۇچى نەرسە ياكى ھادىسە: چېكەتكە زىرائەتكە دۈشمەن.

**دۈشمەن ئارىلىماق** يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئارىلىشىپ ئىشنى بۇزماق، نىيىتى يامان كىشىلەر بۇزغۇنچىلىق قىلماق: كېيىن قالغان ئىشقا قار ياغىدۇ. تېزرەك ھەرىكەت قىل، ئېسىل ئايال ئىكەن، دۈشمەن ئارىلاپ كەتمىسۇن يەنە.

**دۈشمەن بولماق** دۈشمەنگە ئايلانماق، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەك: ئېيتىڭا قىزىم، مېنىڭ ئوغلۇم راستتىن خەلقنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدىمۇ؟ * – بىزمۇ جەبىر-زۇلۇم چەككەن خەقنىڭ بالىلىرى، – دېدى بىرى، – ئۆز خەلقىمىزگە دۈشمەن بولۇشنى خالىمايمىز.

**دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت** <پەلس> ← **ئانتاگونىستىك زىددىيەت.**

**دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن** دۈشمەنىنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن: مەن شۇنداق بولۇرمەنمۇ، كۆلخاندا ياتارمەنمۇ؟ دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن، ياردىن ئايرىلارمەنمۇ؟

**دۈشمەنسىز** سۈپ. دۈشمەندىن خالىي، ھېچقانداق دۈشمىنى بولمىغان: باتۇر دۈشمەنسىز بولماس (ماقال).

**دۈشمەنلەرچە** رەۋ. دۈشمەنلەرگە ئوخشاش، دۈشمەنلەردەك: ئۇ ئەمدى ماڭا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ دۈشمەنلەرچە ھومىيىشقا باشلىدى. // بىز ھەرقانداق دۈشمەنلەرچە سۆز-ھەرىكەتلەرنى قوبۇل قىلالمايمىز. جۈملىدىن ھەيۋە خاراكتېرلىك سۆز-ھەرىكەتلەرنى ئېغىمۇ شۇنداق.

**دۈشمەنلەشتۈرمەك** «دۈشمەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاھانگىرلار ۋە مۇستەملىكىچىلەر دائىم مەھكۇم ئەل خەلقلىرىنى ئۆزئارا دۈشمەنلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئەلدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىدۇ.

**دۈشمەنلەشتۈرۈلمەك** «دۈشمەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھىيلە-نەيرىڭى بىلەن دوست ئەللەر دۈشمەنلەشتۈرۈلدى.

**دۈشمەنلەشمەك** ئۆزئارا قارشىلاشماق؛ دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرۇشماق: ئۇلار ئەمدى خۇددى ئىت بىلەن مۈشۈكتەك ئاشكارا دۈشمەنلىشىش ھالىتىگە يېتىپتۇ. * بەزى يالغان دوستلارنىڭ ھەقىقىي دوستقا ئايلانغانلىرىمۇ بار. بەزىدە ئىككى ھەقىقىي دوستنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ دۈشمەنلىشىپ كەتكەنلىرىمۇ بار.

**دۈشمەنلىك** ① «دۈشمەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلار بىر-بىرىگە غەزەپلەنمەي قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. * دۈشمەنلىكتىن ئەمەس، چايانىنىڭ چېقىشى، شۇنداقتۇر تەبىئىتى، پېئىلى-خاھىشى. ② سۈپ. دۈشمىنى بار، دۈشمىنى بولغان: دۈشمەنلىك ئادەم. دۈشمەنلىك بولماق. ③ سۈپ. دۈشمەنگە خاس، دۈشمەنلەرگە ئوخشاش، دۈشمەندەك: ئۇنتۇلار شۇ چاغدا تارتقان جاپالار، مەسخىرە، مازاقلار، دۈشمەنلىك قاراش. غورۇرۇم بۇلاركى ئوق ئۆتمەس قالقان، تەنلەر تاپالماس قەلبىمدىن ئاراچ.

**دۈشمەنلىك بولماق** دۈشمەندەك مۇئامىلە ۋە قارشىلىققا يولۇقۇپ تۇرماق، دۈشمەنلىرى بار بولماق: ئەمدى بۇنداق ئىشنى كۆرسەم، كۆرمەسكە سالمەن، دۈشمەنلىك بولۇپ نېمە قىلاي. * سىزنىڭ ياخشى نىيىتىڭىز ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بولۇپ تۇيۇلىدىكەن، ئۇ ھامان سىزنى يوقىتىشنىلا ئويلايدىكەن.

**دۈشمەنلىك سالماق** ئاداۋەت سالماق، مۇناسىۋەتنى بۇزماق: سىزگە يامانلىق قىلغان، يا ئارىغا دۈشمەنلىك سالغان چاغلىرىم بولغانمۇ؟

**دۈشمەنلىك قىلماق** يامانلىق قىلماق، زىيان سالماق: ئاجايىپ سۆزلەيسەن-دە، ئېيتىقىنا، ئەگەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە دۈشمەنلىك قىلساق نېمە پايدا چىقىدۇ؟ * ساقچى نازىرىنىڭ ئورنى مۇستەھكەم ئەمەس، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلار بار.

**دۈك** تەق. نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ قولىدىكى يوغان تاشنى يەرگە دۈك قىلىپ تاشلىدى-دە، تەرنى سۈرتۈپ ئىخلىمخان ئېلىپ كەلگەن سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. * بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازدىن يۈرىكىم دۈك قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى.

**دۈك-دۈك** «دۈك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ يۈرىكى دۈك-دۈك ئۇراتتى. ئۇ يەنە تاشقىرىغا قارىدى-يۇ، چىقىشتىن ئەيمىنىپ قالدى.

**دۈكۈر** تەق. ئىتنىڭ مىڭىش ياكى يۈگۈرۈشتىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**دۈكۈر-دۈكۈر** «دۈكۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تاختاي يولدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ دۈكۈر-دۈكۈرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

**دۈكۈرلەتمەك** «دۈكۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۈكۈرلەشمەك** «دۈكۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەر-ئايال دېھقانلار، ئەتراپتىكى ئۇششاق باللارنىڭ ھەممىسى دۈكۈرلىشىپ مەكتەپكە كىرىشتى.

**دۈكۈرلىمەك** پ «دۈكۈر-دۈكۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈكۈر-دۈكۈر» قىلماق: بىردىنلا، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. * رابى ۋىت-ۋىت دۈكۈرلەپ كېلىۋاتقان توپنىڭ ئالدىدا ئىككى قولنى ئالدىغا سوزۇپ ماشىننى كۆرسىتىۋاتاتتى.

**دۈكۈلدەتمەك** «دۈكۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھەربىر قارىشى بىچارە قىزنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچ ئىچىدە دۈكۈلدىتىپ ئۆتەتتى.

**دۈكۈلدەشمەك** «دۈكۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۈكۈلدىمەك** پ «دۈك-دۈك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈك-دۈك» قىلماق: بۇ ئابدىم ئۇچۇن شۇنداق كۈتۈلمىگەن ئىش بولدىكى، بىردىن يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، پۇتلىرى گىلدىڭلاپ قالدى.

**دۈكرىمەك** (توغرىسى: دۈركىرىمەك) ← دۈركىرىمەك.

**دۈگجەيمەك** (توغرىسى: دۈگجۈمەك) ← دۈگجۈمەك.

**دۈگجۈمەك** پ. سەنتۈرۈلۈپ ياكى ئالدىغا مۈدۈرۈلۈپ كەتمەك: ئۇ گىرۋەككە ئېتىلىپ كېلىپ، قانداقتۇر قۇدرەتلىك بىر كۈچنىڭ تارتىشى بىلەن ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھالدا دۈگجۈپ ئىختىيارسىز ئىزىدا توختاپ قالدى. * ئۇ بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ كەتتى ۋە ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم دۈگجۈپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

**دۈگدەرەشمەك** «دۈگدەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نەيزىلىك مىلتىقلارنى

قۇچاقلىغان قوغدىغۇچىلار دۈگدەرىشىپ، چىشلىرىنى كارىسلدىتىشىپ يۈرەتتى.

**دۈگدەرىمەك** پ. دۈگدۈيۈپ يۈرمەك، دۈگدەيمەك: بۇ يۈرتنىڭ كۆپچىلىك كىشىلىرى ئاچچىق سوغۇقتىن دۈگدەرەپ، ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئىسسىقى قالمىغان بۇلۇڭلىرىغا كىرىۋېلىشقانىدى.

**دۈگدەك** سۈپ. تىل ها. ئىككى مۈرىسى يىغىلىپ، غولى قورۇلۇپ، دۈگدىيىپ قالغان: ئىسلامنىڭ ھېلىقى كىچىك دۈگدىكى بىزنىڭ بالىمىزنى ئۇرۇپتۇ.

**دۈگدەيتمەك** «دۈگدەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايۇپ ئاكىنىڭ زەھەرلىك قامچىسى ۋە يىغلىغان جامائەتنىڭ سوغۇق، نەپرەتلىك قاراشلىرى ھېلىقى ئىككىسىنى دۈگدەيتىۋەتكەنىدى.

**دۈگدەيمەك** پ. پۇت-قولى ۋە ئۇستىخانلىرىنى يىغىپ، مۈرىسىنى چىقىرىپ تۈگۈلۈۋالماق، دوغدايماق: — نېمىشقا بۇ يەردە تۈگمەنچىنىڭ سوغۇقتا قالغان ئېشىكىدەك دۈگدىيىپ تۇرىسەن، سادىق؟ — سورىدى بىر يىگىت. * چولپان ئايالنى باشلاپ بالىخانىغا چىققاندا شەمشىدىن نامىزنى تۈگىتىپ يەنە شۇ رۇجەك تۈۋىدە دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى.

**دۈگدۈك** (توغرىسى: دۈگدەك) ← **دۈگدەك.**

**دۈگدۈيمەك** (توغرىسى: دۈگدەيمەك) ← **دۈگدەيمەك.**

**دۈگدىيىشمەك** «دۈگدەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوقمۇش-دوقمۇشتا بۇ شەھەرگە پاناھلىق ئىزلەپ كەلگەن سەرگەردانلار دۈگدىيىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. * كىشىلەر شۇئرغان دەستىدىن دۈگدىيىشەتتى.

**دۈگۈلچەك** ى. بىرخىل ئويۇنچۇق، ئادەتتە ئىنچىكە پولات چىۋىقنى چەمبەر شەكلىدە ئېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. دىئامېترى 50 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە مەخسۇس ياسالغان تۆمۈر ئىلمىكى بولۇپ، ئوينىغاندا ئىتتىرىش ۋە باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**دۈگىلەتمەك** «دۈگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەلكۈن تاشلارنى دۈگىلىتىپ قىرغاقلارغا تاشلايتتى. * بىز ئىككىمىز تۇلۇقنى دۈگىلىتىپ خامانغا ئەكىردۇق.

**دۈگىلەك** سۈپ. ئايلانما شەكىللىك، ئايلانما؛ يۇملاق: ئابدۇللا داۋۇت پەنجىرىنىڭ ئاستىدىكى تام تۈۋىدىن خوتەن قەغىزىگە ئورالغان بىر دۈگىلەك نەرسىنى قولىغا ئالدى. * رازۋېدچىكلار داق يەرگىلا داستىخان سېلىپ دۈگىلەك ھالەتتە ئولتۇرۇشتى. * ئۇنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ دۈگىلەك كۆزى شۇنچە نۇرلۇق، شۇنچە خىيالچان ئىدى. // تاغ ئۈستىدىن ياغاچ كۆتەك ۋە تاش دۈگىلەكلەر ئېتىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇ شۇئان توختىدى.

**دۈگىلەك كېسىك كونۇس** <مات> كونۇسنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئاساسىغا پاراللېل بولغان تەكشىلىك بىلەن كېسىۋەتكەندە ئېشىپ قالغان قىسمى.

**دۈگىلەنمەك** ① «دۈگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈيۈقسىز تۇلۇقنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى-دە، تۇلۇق پەسكە قاراپ دۈگىلىنىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ② «دۈگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بىز دائىم قۇم ئۈستىدە دۈگىلىنىپ ئوينايتتۇق.

**دۈگىلىمەك** پ. دومىلىماق، يۇملىماق: بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ يۈزى قىزاردى، ئامۇت

تېزدىن دۈگىلەپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. * بىز بىرنەچچە يىلەن خامانلىقتا سامان ئۈستىدە دۈگىلەپ ئويناۋاتاتتۇق.

**دۈم** رەۋ ① تىز ۋە كۆكرىكى يەرگە ياكى يەر بىلەن ئوخشاش يۈلىنىشلىك تەكشىلىككە تېگىپ تۇرغان ھالدا، «ئوڭدا» نىڭ ئەكسىچە (ئادەملەر ھەققىدە) : ئۇ ئۆرۈلۈپ دۈم بولۇۋالدى.* ئۇ ياستۇقنى قۇچاقلاپ دۈم ياتتى-دە، ئازاب بىلەن ئۇھ تارتتى. * كالتەكلەر تەگدى باشقا شىددەت بىلەن. يىقىلىپ يەرگە دۈملا، بولدۇم بىھوش. ② ئوڭ (ئالدى) تەرىپى، ئاغزى يەرگە، تەتۈر (كەينى) تەرىپى ئاسمانغا بولۇپ قالغان ھالەتتە : سۇ ئۈستىدە دۈم بولۇپ قالغان قولۋاق لەيلەپ كېتىپ باراتتى. * ئۇلار تاغار-قاپلىرىنى دۈم قىلىشىپ، ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى تۆكۈشۈپتۇ.

**دۈم بولماق** دۈم ھالەتكە كەلمەك: ئاسمان گويا زەڭگەر گۈمبەز ئۈستۈگە، ئۆز ئىلكىگە ئالغان سېنى دۈم بولۇپ.

**دۈم پۈرمە** <كېيول> تاغ جىنسلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئېگەرگە ئوخشاپ قالغان قاتلاملىرى. ئادەتتە نېفىتنى زاپاس ساقلىغۇچى ئەڭ ياخشى تۈزۈلمە ھېسابلىنىدۇ.

**دۈم چۈشمەك** ① دۈم ھالدا يەرگە- چۈشمەك، دۈم يىقىلماق: سارىڭخانىمدى؟ ھە، تەستىكگە بىر شاپىلاق يەپلا دۈم چۈشتى، ئۆلمىگەندۇر بۇ قېرى!. * شۇم نىيەتلەر يەتكۈچە ئۆز قەستىگە، ئۆزلىرى دۈم چۈشتى ئاتەش ئۈستىگە. ② كۆچمە. قاتتىق بېرىلمەك ئۆزىنى ئاتماق: بىز كاپىتالىزمنىڭ نەپكە دۈم چۈشۈشتەك شەخسىيەتچىلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. * نەدىكى گۆش، مۇشۇ جۇدۇن كۈنلەردە گۆش تاپقىلى بولامدۇ؟ كاۋا سېلىپ ئەتتىم، ئاقسۇنىڭ كاۋىسىغا دۈم چۈشمىسىلە، بۇرۇنراق يۇرتىمىزغا كېتىۋالغان بولاتتۇق. ③ كۆچمە. يىقىلماق، ۋەيران بولماق، تۈگەشمەك: ھەسەتخور بولدۇڭمۇ، تۈگەشتىڭ! چاپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشمايدۇ، ھەتتا سۇلايمان پەيغەمبەردەك ئامەت كەلسىمۇ، ئاخىر دۈم چۈشىسەن!

**دۈم قىلماق** ئالدى (ئۈست، باش) تەرىپىنى يەر تەرەپكە، ئارقا (دۈمبە، قۇيرۇق) تەرىپىنى يۇقىرىغا قارىتىپ قويماق؛ ئاستىنى ئۈستى قىلىپ، ئۈستىنى ئاستى قىلىپ قويماق: پەرىزات قەغەزلەرنى دۈم قىلىپ شىرە ئۈستىگە پالاققىدە تاشلىدى-دە، چىقىپ كەتتى.

**دۈم كۆمتۈرمەك** ئاستىنى ئۈستىگە، ئۈستىنى ئاستىغا قارىتىپ قويماق؛ ئۆرۈپ قويماق: بېلىقلاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قىز ساپلىقنى ئايلاندۇرۇپ دۈم كۆمتۈرۈپتۇ-دە، ئۆزى غايىب بولۇپتۇ. * تەلىيىمىز ئوڭ ئىكەن، ئۈستىمىزدىن دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازان ئېلىۋېتىلگەندەك، يورۇق دۇنياغا ئېرىشىپ، تەقدىرىمىز باشقىچە بولۇپ كەتتى. * ئۇ كۈپنى دۈم كۆمتۈرۈپ سىلكىپتۇ. * — ئەمدى كۆرۈڭ، سازلىقنى پۈتۈنلەي دۈم كۆمتۈرۈۋېتىمىز!

**دۈم ياتماق** قورسىقىنى يەرگە، دۈمبىسىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ياتماق: ھېكمەت قاسىمنى باغرىغا بېسىپ دۈم يېتىۋالدى. * تاشنىڭ كەينىگە بويۇنداپ قارىسام، ئاق جۇۋا كىيگەن بىر كىشى قار ئۈستىدە دۈم يېتىپتۇ.

**دۈم يېتىپ دۈم قوپماق** يېشىنمەي، كىيىم-كېچەكلىرىنى سالماي، قەيەر توغرا كەلسە شۇ يەردە يېتىپ قوپماق: بىر باينىڭ مالايلىرى-قايناق سۇغا چىرىس نانىنى بىللە چىلاپ، ھېجىرلاردا چاي ئىچىپ،

ئەسكى پالاستا دۆم يېتىپ دۆم قوپۇپ بىللە دەرد تارتقانلارنىڭ ئارىسىدا قىلىشمىغان پاراڭلىرى قالسۇنمۇ؟... ئۇلار نۇرغۇن قېتىم سىرداشقانلار. * ئىسلىشىپ تور باغلاپ كەتكەن ئۆي ئىچىدە چويۇن قازان، توقۇم بولۇپ كەتكەن كىگىز، تېتىلىپ كەتكەن يوتقاندىن باشقا بىسات يوق ئىدى، ئۇ دۆم يېتىپ دۆم قوپاتتى ۋە ئەھلى جامائەتكە ئارىلاشمايتتى.

**دۆمبە** ئى (پ) ① <ئانات> گەۋدىنىڭ بىر قىسمى، يەنى مەيدە بىلەن قورساق-نىڭ كەينى قىسمى. ② بەزى نەرسىلەر-نىڭ ئارقا تەرىپى، كەينى قىسمى.

**دۆمبە پالاقچىسى** <زوئول> بېلىقلارنىڭ دۆمبە قىسمىدىكى پالاقچە.

**دۆمبە قۇيرۇق** ساڭگىلاپ تۇرمايدىغان، دۆمبىسىدە ئازراقلا بىلىنىپ تۇرىدىغان قۇيرۇق ۋە شۇنداق قۇيرۇقلۇق قوي.

**دۆمبىسى ئاپتاپ كۆرمەك** راھەت كۆر-مەك، بەخت-ھالاۋەتكە ئېرىشمەك: قوي باقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. مانا ئەمدى تارتقۇ-لۇق! دۆمبىمىز ئاپتاپ كۆرەرمىكىن دېۋىدىم، يەنە يېغى كېلىپتۇ-دە!

**دۆمبىسى قاتتىق** ئۇستىخىنى چىڭ، سۆڭىكى قاتتىق، چېنىققان، پىشقان: باي بالىسى دۆمبىسى قاتتىق دېھقان بالىسىغا مىنۋالغان بولۇپ، ئىككىسى دېھقان بالىسىنىڭ كەينىدىن ئۇرماقتا ئىدى.

**دۆمبىسى قىچىشىا، گەدىنىنى تاتىلايدىغان** قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلماي، ئەھمىيەت-سىز باشقا ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرىدىغان؛ ھاڭۋاقتى؛ ئىشىنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان، ھاماقەت، دۆت.

**دۆمبىسى قىچىشماق** ① تاياق يېگۈسى كەلمەك: — دۆمبەڭ قىچىشىۋاتىدۇ-ھە، بەتقىلىق! نېرى تۇرا، — دېدى ئۇ ئىنىسىنى دولىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ. ② دۆمبىسىدە بىر نەرسە كۆتۈرگۈسى، يۈتكىگۈسى كەلمەك: ھامماللىق مېنىڭ كونا كەسپىم، بۇ ئىشقا كۆنۈپ قېلىپتىمەن، بىرەر كۈن يۈك كۆتۈرمىسەم دۆمبەم قىچىشىپ، كۆڭلۈممۇ بىئارام بولۇپ قالىدۇ.

**دۆمبىسى يەرگە تەگمىگەن** → **يېنى يەرگە تەگمىگەن.**

**دۆمبە** II ئى. دىئال. قۇيرۇق ماي.

**دۆمبەش** سۈپ. يانتۇلۇقى نىسبەتەن ئېگىز بولغان: ماڭىدۇ يوللار كېچىدۇ سۇلار. ئارقىدا قالىدۇ، دۆمبەش داۋانلار. * ئاشقاندا دۆمبەش داۋان ئېگىز بەلدىن، مەرىگەن قوي ئاۋازى كەلدى بىردىن.

**دۆمبەل** ئى. تەكشى يەرگە نىسبەتەن سەل دومبىيىپ، كۆتۈرۈلۈپ قالغان يەر؛ تۆپە، ئېگىزلىك: يەرنىڭ دۆمبىلىنى ئالماق. كۆرەشنىڭ يەنە بىر چوڭ ئۆتكىلىگە، دۆچ كەلدى ئۈچ ۋىلايەت باتۇرلىرى. بارئىدى بۇ ئۆتكەلنىڭ ھەر قەدەمدە، ناتونۇش دۆمبەللىرى، ئۆڭكۈرلىرى.

**دۆمبەلچە** ئى. كىچىك دۆمبەل: سېلىم بىلەن ئايقىز گويا ئۇ يەردىن نىجاتلىق ئىزلىگەندەك، گىزىمسەن ھاۋا بىلەن رەڭداش بولۇپ جىمىرلاپ تۇرغان دۆمبەلچىگە ئۇزاق قاراشتى ۋە يۇلغۇنلۇقنى ئارىلاپ شۇ تەرەپكە مېڭىشتى.

**دۆمبەلچەك** ئى → **دۆمبەلچە**: ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغان «قۇلاق كەستى» بىلەن يول بويىدىكى پاكار دۆمبەلچەككە چىقىپ، تېزەك تەرگەن پېتىچە ساتما تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنى كۆزىتىپ تۇردى.

**دۆمبجگەر** ئى (دۆمبە+جىگەر) جىگەر ۋە قۇيرۇق يېغىنى يالپاقلاپ توغراپ، ئۇنى تۇخۇم، پۇرچاق ئۇنى، تۇز ۋە سۇ قۇيۇپ

تەييارلانغان تۇخۇم شىرنىسىگە ئۇن مىنۇتتەك چىلاپ، ئاندىن ھەربىر زىخقا بىر تال جىگەر، بىرتال قۇيرۇق ياغ قىلىپ بەش-ئالتە تالدىن ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپدانغا قويۇپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل كاۋاپ: زورمۇزور بولماقتا ھەيھات، «مەسلىھەت چېيى» دېگەن، لىپمۇلىپ مەزە توشۇپ، دۇمبجىگەر، بال-قەنت بىلەن.

**دۇمبچىلەپ** رەۋ. دۇمبىسىنى يەرگە قارىتىپ، ئۆڭدا ھالەتتە: دۇمبچىلەپ ئۈزمەك. * دۇمبچىلەپ ئېگىزگە سەكرەش تېخنىكىسى ياردەمچى يۈگۈرۈش، قاڭقىش، بالداقتىن ئۆتۈش ۋە يەرگە چۈشۈشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ.

**دۇمبلىك** ئى. ھارۋىغا قوشۇلغان يانداق ئاتنىڭ ئارغامچىسى ئاتنىڭ پۇتىغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بەلباغ.

**دۇمچە** ئى. بەل ئومۇرتقىسى بىلەن قۇيرۇق ئومۇرتقىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇستىخان.

**دۇمچە تۇماق** چۆرىسىگە قاسقان تۇتۇپ تىكىلگەن تۇماق.

**دۇمچەك** ① سۈپ. قەددى ئالدىغا ئېگىلىپ قالغان ياكى ئېگىشىپ ماڭىدىغان، دۇمچەيگەن: دۇمچەك ئادەم. * بۇ بوتكىنىڭ ئىگىسى ئاغزىدا چىشى قالمىغان، دۇمچەك بىر بوۋاي ئىدى. ② ئى <تىب> ئادەملەردىكى ئومۇرتقا ئېگىلىپ، كەينى تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغان بىرخىل كېسەللىك. بۇنى كۆپ ھاللاردا ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئومۇرتقا شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇش، ئولتۇرۇش-قوپۇشنىڭ جايىدا بولماسلىقى ياكى راخىت كېسىلى ۋە ئومۇرتقا بوغۇم ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ③ ئى. شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم: ھېلىقى دۇمچەك مېنى كۆرۈپلا غىپپىدە تىكىۋەتتى.

**دۇمچە يىتمەك** «دۇمچە يىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىللار ئۇلارنى دۇمچە يىتتى، ئۇلارنىڭ قەددىنىلا ئەمەس ئۇلارنىڭ كىشلىك غۇرۇرىنى، ئەينى چاغلاردىكى ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي دۇمچە يىتىپ، ئۇلارنى كاتەكتىن چىقىشنى خالىمايدىغان ئورۇق قويغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

**دۇمچە يىمەك** ① بېلى ئېگىلىپ دۇمبىسى چىقىپ قالماق، قەددى پۈكۈلمەك: يولدا ئۇلارغا دۇمچىيىپ كەتكەن بىر موماي ئۇچراپتۇ. * قېرىپ ئۇ ھازىر مۈكچىيىپ قالغان، ئاقىرىپ چېچى، دۇمچىيىپ قالغان. ② قەددىنى ئالدىغا ئەگمەك، بېلىنى پۈكمەك، ئېگىشمەك: قۇللار بېشىنى يەرگە قويغىنىچە دۇمچىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. * مەن دۇمچە يىگەن ھالدا بېشىمنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ ئولتۇراتتىم.

**دۇمچىيىشمەك** «دۇمچە يىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۇم-دۇم** بىرخىل بالىلار ئويۇنى. ئۇنىڭدا بىرەيلەننىڭ كۆزىنى يۇمۇپ، ئەتراپتىكىلەردىن بىرى دۇمبىسىگە ئۇرىدۇ. كۆزى يۇمۇلغۇچى ئۇرغان كىشىنى تاپالىسا، ئۇرغۇچى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ كۆزىنى يۇمغۇچىنىڭ رولىنى ئالىدۇ؛ تاپالمىسا ،كۆزى يۇمۇلغۇچى يەنە ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئويۇن شۇ تەرزدە داۋاملىشىدۇ.

**دۇملەتمەك** «دۇملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇملەشمەك** «دۇملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۇملەنمەك** «دۇملىمەك» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: بىز دائىم پولۇ دۇملەن-گەن كۈنى خۇددى ھېيت بولغاندەك خۇش بولۇپ كېتەتتۇق.

**دۇملىمە** سۈپ ① دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان: دۇملىمە سامسا. دۇملىمە كاۋاپ. ② دۇملەپ تەييارلىنىدىغان: دۇملىمە ئوغۇت.

**دۇملىمە سامسا** خۇددى ياقما سامسىدەك تەييارلىنىپ قاسقاندا بۇسلاپ پىشۇرۇلىدىغان سامسا.

**دۇملىمە كاۋاپ** گۆشنى چوڭ-چوڭ ياللىقلاپ توغراپ، ھەر خىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاسقاندا ياكى قازاندا دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ.

**دۇملىمە ھېسىپ** قاسقاندا دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان ھېسىپ.

**دۇملىمە ئوغۇت** ئوت-چۆپ، غازاڭ، شاخ-شۇمبا، سۆڭەك، لاي، گەندە ۋە سۈيدۈك قاتارلىقلارنى ئورىغا تىقىپ، ئۈستىنى دۇملەپ چىرىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ئورگانىك ئوغۇت. بۇ خىل ئوغۇت كۈچىنى ئۇزۇنغىچە يوقاتمايدۇ. كۆپىنچە ئاساسىي ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**دۇملىمەك** پ ① قازان، كورا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئېغىزىنى ھور ياكى ئىسسىقلىق چىقىپ كېتەلمەيدىغان دەرىجىدە مەھكەم ئەتمەك: ئۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قازاننى دۇملىدى. * ئايال ھويلىدىكى ئوچاقتا توخۇ گۆشى باسقان پولۇنى دۇملەپ قويۇپ، ئېرىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. ئىشىك-دېرىزە قاتارلىقلارنى ۋە باشقا ئېغىز، يوچۇقلارنى مەھكەم، ھىم ئەتمەك، ياپماق: ئاكام ئىشىك-دېرىزىلەرنى دۇملەپ كەتەر باچكىسنى سۈپىغا قويدى-دە، بىر لىگەن بىلەن بىر داسنى ئېلىپ كەلدى. * ئۇ يوغان بىر تاش بىلەن غارنىڭ ئاغزىنى دۇملەپ قويۇپتۇ. ③ كۆچمە. ئۈستىگە يوتقان-كۆرپە ياكى جۇۋىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېپىپ، مەھكەم يۆگەپ قويماق، پۈركەپ قويماق: گۆش پىشقۇچىلىك ھاكىمنى راسا دۇملەپ ياتقۇزۇپ قويدى. * — خوتۇن، مېنى بىرئاز دۇملەپ قويۇڭلار، ئىدارىدىن ئادەم كېلىپ قالسا، «بويى قىزىپ كەتتى» دەپ ياندۇرۇۋېتىڭلار، — دېدى ھاكىم خوتۇنىغا.

**دۇۋەت** ئى (ئە) ئىسىياھ قاچىلايدىغان مەخسۇس كىچىك قۇتا، سىياھ قۇتىسى: ئۇ يەنە كېزىتخانىغا كىرىپ قومۇش قەلەم بىلەن بىر دانە مىس دۇۋەتتە قارا سىياھ ئاچىقتى. * ئۇ نەزىرەنىڭ ئالدىغا قەغەز-قەلەم ۋە بىر دۇۋەت سىياھ ئەكىلىپ بەردى.

**دۇۋەت-قەلەم** دۇۋەت ۋە قەلەم: موللانىياز يېزىۋاتقان نەزمىسنى تۈگىتىپ دۇۋەت-قەلەمنى توختىي بوۋايغا تۇتقۇزدى.

**دۆي** ئى (خەن) مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە گۇرۇپپا ياكى ئەترەت: ئىشلەپچىقىرىش دۆيى. قۇرۇلۇش دۆيى. * بۇ يىل 5-دۆي ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ بولدى.

**دۆيجاڭ** ئى (خەن) دۆينىڭ (ئەترەتنىڭ) باشلىقى.

**دۆيجاڭلىق** ئى. دۆيجاڭغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە.

**دۆيشياڭ** ئى (خەن) ← **ئوبيېكت**.

**دۆيلەشمەك** پ ① يۈزلەشمەك، دەرقەم تۇرۇپ ئېنىقلىماق: ئۇنداق بولسا ھازىر بېرىپ دۆيلىشەمەن. ② ئوخشاش چىقماق، بىردەك چىقماق: ھېسابات ئەمدى دۆيلەشتى.

**دۆيلەشتۈرمەك** «دۆيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆيلەشتۈرۈلمەك** «دۆيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دۋىگاتېل** ئى (ر) باشقا ئېنېرگىيىلەرنى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنا. باشقا ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئېلېكتر دۋىگاتېلى، پار ماشىنىسى، تۇربىنا، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل، چاقپەلەك قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**دې** «د» ھەرپىنىڭ نامى.

**دېبابا** رەۋ. دىئال. ئابايا، ھېلىراقتا، يېڭىلا، باياتىن.

**دېبۇ** ئال. دىئال. ئاۋۇ، ئاشۇ.

**دېبۇت** ئال. دىئال. ئاۋۇ يەر.

**دېبېت** ئى (ر<لات) ھېسابات دەپتىرىنىڭ سول تەرىپى. ئۇنىڭغا ئاشقان مەبلەغ، كېمەيگەن قەرز ۋە كېمەيگەن ساپ قىممەت قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ.

**دېپۇتات** ئى (ر<لات) كونا. بىرەر كوللېكتىپ تەرىپىدىن دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋەكىل قىلىپ سايلانغان كىشى، رەسمىي ۋەكىل: دېپۇتات سايلىماق.

**دېتال** ئى (ر<فران) ① <ماشىن> ماشىنا، مېخانىزم قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر بۆلىكى، پارچە قىسمى. ② <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىي قىسمى، بۆلىكى: بۇ ھېكايىدە باقىنىڭ تۇرمۇش بىرلىكى ۋە پسىخىكا ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن بىرەر بەدىئىي دېتالنى ياكى ئۇنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىرەر ئالاھىدە ۋەقەنى تاپقىلى بولمايدۇ.

**دېتسىبېل** ئى (ر<لات) <فىز> ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ياكى توك قۇۋۋىتىنىڭ نىسپىي چوڭ-كىچىكلىكىنى ھېسابلاش بىرلىكى. دېتسىبېلنىڭ سانلىق قىممىتى ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈكى ياكى قۇۋۋەتنىڭ نىسپىي قىممىتىنىڭ ئونلۇق لوگارىفمىسىنى ئونغا كۆپەيتكەنگە تەڭ. ئۆلچەملىك ئاۋاز كۈچلۈكلۈكى ياكى قۇۋۋەتنى ئاللىغان چاغدا، دېتسىبېل سانى يەنە ئاۋاز كۈچلۈكلۈكى ياكى قۇۋۋەتنىڭ مۇتلەق چوڭ-كىچىكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دېتسىگرام** مىق (ر<لات+فران) ئوندىن بىر گرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتسىلىتر** مىق (ر<لات+فران) ئوندىن بىر لىترغا تەڭ سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتسىمېتر** مىق (ر<لات+گرېك) ئوندىن بىر مېترغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتسىمېتر دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتردىن بىر مېترغىچە بولغان مىكرو دولقۇن.

**دېتسىمېترلىق** سۈپ. دېتسىمېتر كېلىدىغان، دېتسىمېتر چىقىدىغان.

**دېتسىمىللىمېتر** مىق (ر<لات+گرېك) ئون مىڭدىن بىر مېترغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتېرمىنىزم** ئى (ر<لات) <پەلس> تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەممە ھادىسىلەر قانۇنىيەتلىك، مۇقەررەرلىككە ئىگە، ئۇلار بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قارايدىغان ماتېرىيالىزملىق تەلىمات. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى مۇتلەق ئەركىن بولىدۇ دەيدىغان ئىدېئالىزملىق قاراشقا قارشى تۇرىدۇ.

**دېدەك** ئى (پ) ① ئايال ئۆي خىزمەتچىسى، ئايال چاكار: — سەن بۇرۇن قانداق ئادەمنىڭ ئۆيىدە دېدەك بولغانىدىڭ؟ — دېدى ئۇ يەنە دېدەك قىزنى تىللاپ. * ئېلىشا

ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان، پۈتۈن
گۈزەللىكىنى ئەسكى كىيىم يوشۇرۇپ تۇرغان
بىر دېدەك قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى.
② قۇل ئايال، قۇل قىز: لەئەل شاھنىڭ
ئىككى ئانىسى — بىر ئانىسى خانىش بولسا،
يەنە بىر ئانىسى خانىشنىڭ بۇرۇنقى ئەڭ
يېقىن دېدىكى ئىدى. * داموللا: — ئاللاتائالا
ئەزىمەت بىلەن گۇناھكار دېدەكنى كوئىنلۇن
غارلىرىدا بۆرىگە ئوزۇق، قاغا-قۇزغۇنغا يەم
قىلىپ بېرىپ جازالىدى، — دېدى.

**دېدەكلىك** ① «دېدەك» سۆزىنىڭ
ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇغراجاننىڭ
دادىسى سىدىق ئاكا ۋارىسبەگنىڭ چاكىرى
ئىدى. ئانىسى خېنىمغا دېدەكلىك قىلاتتى. *
ئۇ لەئەل شاھ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن
خانىشنىڭ ۋەدىسى بويىچە دېدەكلىكتىن ئازاد
بولۇپ لەئەل شاھنى تەربىيىلىگۈچى ئىنىكئانا
بولدى. ② سۈپ. دېدەكلەرگە خاس،
دېدەكلەر كىيىدىغان: — تونۇمايمىز دېمەڭلار،
غېمىمنىمۇ يېمەڭلار، مىسكىن ئىكەن تۇرمۇشى،
ساقايسۇن دېدىم بېشى، پاتمە كىيسۇن
دېدەكلىك كىيىمى، زۆھرە تاقسۇن كېنىزەكلىك
گۈل-تاجى، — دەپتۇ شاھزادە.

**دېدۇكسىيە** ئى [ر <لات> <لوگ> ئومۇمىي
ھالەتتىن خۇسۇسىي ھالەتكە ئۆتۈپ
مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش؛ ئومۇمىي ھالەتتىن
جۇزئىي نەتىجە چىقىرىش (يەنى ئىندۇك-
سىيىنىڭ ئەكسى).

**دېدۇكسىيىلىك** سۈپ <لوگ> دېدۇكسىيىگە
ئائىت، دېدۇكسىيىگە ئاساسلانغان:
دېدۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە.

**دېدۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ>
خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا ئايرىملىق
توغرىسىدىكى خۇلاسە ئومۇمىي قائىدىگە
ئاساسەن چىقىرىلىدۇ، «ئۈچ ھۆكۈملۈك»
ئادەتتە دېدۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېدۇكسىيىلىك ئەقلىي
خۇلاسە يىغما خۇلاسىگە نىسبەتەن
ئېيتىلىدۇ.

**دېدىنقتۇرماق** پ. دىئال. قىزىقتۇرماق،
ئىنتىلدۈرمەك.

**دېدىقماق** پ. دىئال. قىزىقماق، ئىنتىلمەك.

**دېدىل** (توغرىسى: دادىل) → **دادىل.**

**دېرەپتا** رەۋ. دىئال. تەڭ، تەپمۇتەڭ،
بىردەك.

**دېرەش** (توغرىسى: دەرەش) → **دەرەش.**

**دېرەك** ئى [ئە] ① بىرەر يەردىن بىركىم
ياكى بىر نەرسە ھەققىدە ئېلىنغان
خەۋەر؛ ئۇچۇر: ئىككى كۈنگىچە ھېچ
يەردىن قىزنىڭ دېرىكى چىقمىدى. * ساۋۇت
ئاكىدىن تاغامنىڭ دېرىكىنى سوراپ باقماقچى
بولدۇم. ② بىرەر نەرسىدىن دالالەت
بېرىدىغان ئالامەت، بەلگە، نىشانە:
ئۇنىڭ ھۆل ئۆتۈكى ۋە لاي يۇققان شەپكىسى
جاپالىق، جەڭگىۋار ئىشلىرىدىن دېرەك بېرەتتى.
* قولاق ئاغرىقى بىلەن ئاغرىغان بۇ بالىنىڭ
ئېڭىق، چاقماقتەك گەپ قىلىشلىرى ئۇنىڭ
زېرەك، ئەقىللىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك
بېرەتتى.

**دېرەك بەرمەك** بىرەر نەرسە ياكى
ئىشتىن بېشارەت بەرمەك، بەلگە بەر-
مەك: ھاۋانىڭ تۇتۇلۇشى، سوغۇق ۋە
شامالنىڭ يۈزلەرنى چېقىپ ئۆتۈشى يامغۇر
ياكى قاردىن دېرەك بېرەتتى. * قويۇق
قاشلىرى ئاستىدىكى دائىم كۈلۈمسىرەپ
تۇرىدىغان چوڭ-چوڭ قوي كۆزلىرى بىر
قاراشقىلا بۇ كىشىنىڭ تولىمۇ ساددا ۋە مۆمىن
ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

**دېرىكى بولماق** خەۋىرى، ئۇچۇرى
بولماق؛ خەۋىرى ئاڭلانماق: — شۇنداق

قىلىپ ئىلياس ئەپەندىنىڭ ھېچ دىرىكى بولمىدى-دە، - دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭغا قاراپ.

**دىرىكنى ئالماق** خەۋىرىنى ئالماق، ئۇقۇشماق: كۆزەتچىلەر ئويغىنىپ قارىسا، ھاتەم يوق. ئۇلار ھەيران بولۇپ، ئالاقزادە بولۇشۇپ، ھەر تەرەپنى ئاختۇرۇشتى، لېكىن دىرىكنى ئالالمىدى.

**دىرىكنى قىلماق** بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرمەك، خەۋىرىنى ئالماق، سورىقىنى قىلماق: - مەن ھەمىشە دېڭىزدىكى تاغلاردا، خىلۋەت جايلاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان دانىشمەنلەرنىڭ دىرىكنى قىلدىم، - دېدى ئۇ.

**دىرەكسىز** رەۋ. ئىز-دىرىكى يوق، خەۋەر قىلىپ قويماي، خەۋەر بەرمەي: ئۇ ئادەم ئىككى ئايدىن كېيىن دىرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھەتتا ھېلىقى تونۇشتۇرغانلارمۇ بىلمەيدىكەن. * - ئىش چاتاق بولدى، ھەر ئىككىمىزگە ئوق تېگىپ دىرەكسىز كەتمەيلى يەنە، ئەخمەت! - دېدى سۈپىتاي تىرىك قالغان دوستىغا.

**دىرەكلىمەك** پ. دىرىكىنى ئالماق، خەۋىرىنى ئالماق، ئۇقۇشماق؛ سۈرۈشتە قىلماق، سۈرۈشتۈرمەك: - يۈتكەن ئاتلىرىڭنى دىرەكلىدۇق، ئۇچىنى تاپتۇق، يەنە ئىككىسى تېپىلمىدى، - دېدى ئۇ مالچى دوستىغا.

**دىرىزە** ئى <بىن> قۇياش نۇرى ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ تېمىغا ئورنىتىلىدىغان ئەينەكلىك قۇرۇلما؛ رام، پەنجىرە: ساۋۇت يەنە يوتقانغا كىرىپ بىرئاز يېتىپ باقتى. لېكىن دىرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى چېقىپ بىزار قىلىۋەتتى.

**دىرىزە پەردىسى** كۈن نۇرىنى توسۇش ئۈچۈن دىرىزىنىڭ ئالدىغا تارتىلىدىغان پەردە. ئادەتتە رەخت ياكى ھەر خىل تورلاردىن قىلىنىدۇ.

**دىرىزىلىك** سۈپ. دىرىزىسى بار، دىرىزە قويۇلغان: دىرىزىلىك ئۆي. دىرىزىلىك زال. * ئۇلار ئىككى دىرىزىلىك دورىخانىغا كىردى.

**دېزىنفېكسىيە** ئى (ر<فران+لات) <بىئول> فىزىكىلىق ئۇسۇللار ياكى خىمىيۋى دورىلار ئارقىلىق كېسەل پەيدا قىلىدىغان مىكرو ئورگانىزملارنى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى: دېزىنفېكسىيە قىلماق. * دېزىنفېكسىيە ۋە باشقا تەلەپلەرگە سەل قارالسا، A تىپتىكى جىگەر ياللۇغى قان ئېلىش، ئوكۇل قويۇش جەريانىدىمۇ يۇقۇشى مۇمكىن.

**دېزىنفېكسىيە دورىسى** <بىئول> مىكرو ئورگانىزملارنى يوقىتىدىغان خىمىيۋى دورىلار. بۇ دورىلار بىخ سپورىلىق باكتېرىيەلەرنى يوقىتالمايدۇ.

**دېزىنفېكسىيە قىلماق** يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدىغان مىكروبلارنى مەخسۇس ئۇسۇللار بىلەن يوقاتماق، يوق قىلماق: ئۇ، ھەدىسى گۆلەندەمدىن ئوكۇل سېلىش، دېزىنفېكسىيە قىلىش قائىدىلىرىنى خېلى پۇختا بىلىۋالغانىدى.

**دېزىنفېكسىيەلەنمەك** «دېزىنفېكسىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوكۇل يىڭنىسى دېزىنفېكسىيەلەندى.

**دېزىنفېكسىيىلىمەك** پ. دېزىنفېكسىيە قىلماق، زەھەرسىزلەندۈرمەك: داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى دېزىنفېكسىيىلىمەك. * بۇلار ھەر ئىككىلەن ئۆزىنى ھاك بىلەن دېزىنفېكسىيىلىگەندىن كېيىن ئاندىن ئىشكىنى ئېچىپ ھويلىغا كىردى.

**دېسەم-دېمىسەم** ئېھتىمال، بەلكىم؛ ھەرقاچان: - قارالىڭ خالىدەمنىڭ تولغان قامىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى داۋۇتنىڭ

يالغان گېپىگە ئىشىنەرمۇ. دېسەم-دېمىسەم
قىزغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلى بار، — دېدى
ئۇ كىشى. * قىزلىرىنىڭ بېشىنى مۇشۇ يەردە
بىر يىگىت ئايلاندۇرۇپ يۈرىدۇ. ئۆيگە كىرمەسـ-
لىكىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، دېسەم-دېمىسەم ئانار
بۇ يىگىت بىلەن بىر يەرگە كەتتىغۇ —
دەيمەن.

**دېفورماتسيه** ئى (ر<لات) <فىز> قاتتىق
جىسىملاردا سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرى
بىلەن ھاسىل بولغان شەكىل ياكى
ھەجىم جەھەتتىكى ئۆزگىرىش. ئاساسلىق
دېفورماتسىيىلەر: سوزۇلۇش دېفورماتسىيە-
سى، بۇرۇلۇش دېفورماتسىيىسى، ئېگىلىش
دېفورماتسىيىسى ۋە سىلجىش دېفورماتسىيىسى
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**دېفورماتسيه چېكى** <بىن> ئۆي-ئىمارەت-
لەر گەۋدە قۇرۇلمىسىنىڭ تېمپېراتۇرىنىڭ
ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇزىراپ-قىسقىرايدىغان
ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلىشىش ھەمدە
ئۇلارنىڭ ئۇزىراپ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇزۇنراق بىنا
ياكى ئەسلىھەلەرنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ،
ھەر ئىككى بۆلەك ئارىسىغا ئۇلنىڭ
ئۈستىدىن ئۆگزىگىچە بولغان ئارىلىقتا
تىك قويۇلىدىغان چاك.

**دېفورماتسيلىك ئېنېرگىيه** <فىز>
جىسىمنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەندە، ئۇنىڭ
ئىچكى قىسمىدا ھاسىل بولىدىغان
ئېنېرگىيە.

**دېفىس** ئى (ر<لات) <تىل> كونا ←
سىزىقچە.

**دېكابىر** ئى (ر<لات) ① قەدىمكى رىم
پادىشاھلىرىدىن (پاپالىرىدىن) بىرىنىڭ
نامى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە
قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئون ئىككىنچى ئاينى
شۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. ② مىلادىيە
كالېندارىدا ئون ئىككىنچى ئاي.

**دېكابىر ۋەقەسى** <تارىخ> ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە،
گومىنداڭنىڭ شەنشىدىكى مىلىتارىستى
يەن شىشەن ئىتتىپاقلىققا ۋە ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا
بۇزغۇنچىلىق قىلىش غەرىزىدە قوزغىغان
ۋەقە.

**دېكاگرام** مىق (ر<گرېك+لات) ئون گرامغا
تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېكالىتر** مىق (ر<گرېك+فران) ئون لىترغا
تەڭ سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېكامېتر** مىق (ر<گرېك) ئون مېترغا تەڭ
ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېكسترىن** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك
بىرىكمە. كراخمالدىن پايدىلىنىپ ياسىلى-
دۇ. ئاق رەڭلىك ياكى سېرىق رەڭلىك
پاراشوك بولۇپ، يېپىشقاقلىققا ئىگە.
سانائەتتە يېپىشتۇرغۇچ ئورنىدا
ئىشلىتىلىدۇ.

**دېكلاراتسيه** ئى (ر<لات) پارتىيە ياكى
ھۆكۈمەت بىرەر مۇھىم سىياسىي مەسى-
لە يۈزىسىدىن ئېلان قىلغان خىتابنامە،
بايانات.

**دېكلاماتسيه** ئى (ر<لات) <ئەد> شېئىرىي
ئەسەرلەرنى چىرايلىق، تەسىرلىك
قىلىپ، ئۈنلۈك يادقا ئوقۇش سەنئىتى
ۋە شۇنداق ئوقۇشنىڭ ئۆزى.

**دېكلاماتسيه قىلماق** <ئەد> شېئىرىي
ئەسەرلەرنى چىرايلىق ۋە تەسىرلىك
قىلىپ، ئۈنلۈك يادقا ئوقۇماق: مەرھۇم
مەيلى ئۆز شېئىرلىرى بولسۇن ياكى باشقا
شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بولسۇن ئۇنى ناھايىتى
تەسىرلىك قىلىپ دېكلاماتسيه قىلاتتى.

**دېكلاماتسيىچى** ئى. دېكلاماتسيە قىلىدىغان كىشى.

**دېكوراتسيە** ئى (ر<فران) <تىيا> سەھنىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ ئورنى ۋە شارائىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىم، ئارخىتېكتور ئىنشائاتلىرى، تۈرلۈك بېزەكلەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى: ئۇنىڭغا بۇ مېھمانخانا گويا سەھنە دېكوراتسيىسىگە ئوخشاش سىرلىق تۇسكە كىرگەندەك بىلىندى.

**دېكوراتسيىلىك** سۈپ. دېكوراتسيىسى بار، دېكوراتسيە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، دېكوراتسيە سىزىلغان: ئۇنىڭ دالدىسىدىن ئاستا كۆتۈ-رۈلۈۋاتقان كۆك رەڭدار نۇرلاردىن ئورۇمچى مەنزىرىسىگە ئاجايىپ سۈرەتلەرنى بېرىپ چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بۇ شەھەرنى خۇددى گۈزەل دېكوراتسيىلىك سەنئەت سەھنىسىدەك ھايات قاينىمىنىڭ بىر ئاجايىپ مۇنبىرىگە ئايلاندۇرماقتا ئىدى.

**دېكوراتور** ئى (ر) <تىيا> دېكوراتسيە سىزغۇچى رەسسام.

**دېكىنمەك** پ. دىئال. ئورنىدا تۇرۇپ ئاچچىقلاپ دېۋىنماق؛ بويىنىنى ئۇشلاپ گەپ قىلماق.

**دېگەن** ① «دېمەك I» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا مەن دېگەن. * ساڭا بۇ ئىشنى كىم دېگەن؟ ② سۈپ. ئىسىملىك، ناملىق؛ ئىسمى، نامى بىلەن ئاتىلىدىغان: قارا تورۇققا مىنگىنى ئامانقۇل بولۇپ، جەدە قاشقىغا مىنگىنى رازى دېگەن يىگىت ئىدى. * بۇيىلىق دېگەن ناھايىتى ياخشى جاي. * ئۇ تۇرپان دېگەن يەرگە بېرىپ باقمىغانىدى. // لۇغەت دېگەننى تۈزۈش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. ③ كۆچۈرمە جۈملە ياكى سۆز-ئىبارىلەرنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: كونىلاردا «سەۋر قىلساڭ، غورىدا ھالۋا پىشۇر» دېگەن گەپ بار. * بىزدە «ئىلىم – يىڭنە بىلەن قۇدۇق قېزىش» دېگەن قەدىمدىن قالغان ماقال بار.

**دېگەن گەپ** ... گە باراۋەر، ... دىن باشقا ئەمەس: ئىشنى بىر كۈن كېچىكتۈرۈش – يۈز كوي زىيان تارتىش دېگەن گەپ.

**دېگەن يەردىن چىقماق** بىرەر ئىش ياكى مەسىلىدە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقماق، كۈتكىنىدەك بولماق: ياراپسەن، ئوغۇل بالا، دېگەن يېرىمدىن چىقتىڭ.

**دېگىنچە بار ئىكەن** دېگىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، دېگىنىدىن كەم ئەمەسكەن، دېگىنى راست ئىكەن، ھەممىسى راست.

**دېگىنىدەك بولماق** نېمە دېگەن بولسا شۇنداق بولماق، دېگىنى قانداق بولسا شۇنداق بولماق: – ئەمدى ياق دېسەڭ سەت ئەمەسمۇ! ياق دەپ بېقىڭ قېنى... سىزمۇ: خۇدايىم بۇيرۇسا، دېگىنىڭىزدەك بولار، دەپ ئېيتقان، – دېدى ئۇ كىشى.

**دېگىنى دېگەن** «دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ»، «نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلىدۇ»، «گېپى گەپ» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: – كاجلىق قىلساڭ قىلۋەر! مېنىڭ دېگىنىم دېگەن! ھەددىڭ ئەمەس! – دېدى ئۆمەرباي لەيلىگۈلگە.

**دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان** «نېمىنى دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇ، نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدۇ»، «دېگەن، قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوللۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بوغۇندىن-بوغۇنغا ھەربىي

قوشۇن تۈتۈپ، فېئودال ھۆكۈمرانلىق مەۋقەسىدە يۈرت سورايدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلالمايتتى.

**دېگەنبىلەن** باغل (دېگەن+بىلەن) ① دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، قانداقلا بولمىسۇن: مېنىڭ بۇ ئىشىمۇ ئىكارغا ئاقىرىپ كەتمىدى. ھەرنىمە دېگەنبىلەن سىز ئۆز ۋاقتىدا تۇمۇر خەلپىگە قوشۇلۇپ، ئوردىغا مۇشت كۆتۈرگەن كىشى، چىڭگالىڭ غوجام سىزنى كەچۈرگەن بىلەن ئوردىغا كىرىپ پالۋانىيشى بولمىقىڭىز ئاسانغا چۈشمىدى. ② ئەمما، لېكىن، ھەر ھالدا: خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، «سېرىق ئاسلان» دېگەنبىلەن مېنى ئۇنتۇماپتۇ دەپ خۇشال بولدۇم. * تانسا باشلاندى، دېگەنبىلەن ئۇ تانسىنى قاملاشتۇرۇپ ئوينايدىكەن. * مەنمۇ كۆرەي ئويناپ باققىن بۆلەككە دېگەنبىلەن چىدىمايسەن كۆيۈككە. باينىڭ قىزى تولا ئىچىك ئاغرىپتۇ، كېتەر ۋاقتا ئۆلگۈرمىگەن كۆمەچىتە.

**دېگەندە** رەۋ. ئۆتكەندە؛ بولغاندا: تۇغلۇق كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ، ئىككى ھەپتە دېگەندە خەتنى ئېلىپ ھۆسەن شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كېلىپتۇ.

**دېگەندەك** ① سۈپ. دېگەنگە ئوخشاش؛ دېگەن بويىچە: كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەن شۇ، سىلى دېگەندەك بولسا، 300 مېتر يەرگە دامبا سوقۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئاسان گەپمۇ؟ ② رەۋ. دېگەن ھالدا، دېگەن تەرزدە: ئۇ «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك ماڭا قارايتتى. * ئالەي «ھەساڭا بۇ يەردە نىمە بار» دېگەندەك قىلىپ ماڭا ئالىيىپ قارىدى. ③ سۈپ. قاتارلىق، شۇنىڭغا ئوخشاش: بىز ئۇلارغا پەقەت سەۋزە، پىياز، تۇز، ئوتۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەردۇق. ④ رەۋ. ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئوبدان، ياخشى: مەن تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن دېگەنلەرنى بىلمەيمەن. خەنزۇ تىلىنىمۇ تازا دېگەندەك بىلمەيمەن. * ياسىن نىمە سەۋەبتىندۇر، يەر ھەيدەش ۋەزىپىسىنى دېگەندەك ئورۇندىيالمىدى. ⑤ رەۋ. تازا، ناھايىتى: ئالىمجاننىڭ چىرايى دېگەندەك كېلىشكەن بولمىسىمۇ، گەپ-ئاغزى جايىدا، ئەدەبلىك يىگىت ئىدى. * خالمۇرات ئۆزىنىڭ دېگەندەك ياخشى بىلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئويناۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرىغا كۆز سالدى. ⑥ رەۋ. كۆڭۈلدە كەچكەندەك، ئويلىغاندەك، كۈتكەندەك: ئۇ خاتالاشمىغاندى. دېگەندەك، خۇماخان يېرىم يولدىلا كىچىك ئاخۇن تەرەپكە بۇرۇلدى. * ئۆيگە بارسام ئۆيدە ئاپام يوق ئىكەن، بەلكىم پاختىزارلىقتىدۇر دېگەن پەرەز بىلەن پاختىزارلىققا بارسام دېگەندەك ئاپام شۇ يەردە بىرنەچچە ئايال بىلەن بىرگە بىر خىلدا پاختا تېرىۋېتىپتۇ. * ھەقىقەتەن ئۇ بۇلارنى چېدىرىدا باغلاتقۇزۇپ، قول ئاستىدىكى كىشىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ سورىغاندا، دېگەندەك ساختا ئەل بولۇپ كەلگەنلىكى بىلىندى.

**دېگۈچىلىك** ئى. ئېغىزغا ئېلىش، سۆزلەش، تەكىتلەپ ئېيتىش: دېگۈچىلىكى بار. دېگۈچىلىكى يوق.

**دېگۈچىلىكى بار** ئېغىزغا ئېلىشقا، سۆزلەشكە، تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان؛ ئەرزىيدۇ (بىرەر كىم، بىرەر نەرسە ياكى بىرەر ئىش ھەققىدە): دادىسى، كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن كېلىن تاپتىم، كېلىنىم بار دېسەڭ دېگۈچىلىكى بار، قاشلىرى قىياقتەك.

**دېگۈچىلىكى يوق** ئېغىزغا ئېلىشقا، سۆزلەشكە، تەكىتلەپ ئېيتىشقا ئەرزىمەيدىغان؛

ئەرزىمەس: دېگۈچىلىكى يوق ئىش. دېگۈ-
چىلىكى يوق مەسىلە.

**دېگۈدەك** يۈك ① كۆپىنچە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىپ، ئىگىنىڭ ئىش-ھەرىكەتـ-نى بېجىرىش دەرىجىسىنىڭ كۆزلىگەن چەككە يېقىن ياكى ئۇنىڭدىن سەل تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئائىلىسىگە ھەر ئىككى كۈندە دېگۈدەك بىر قېتىم كېلەتتى، تۆمۈر خەلپىنىڭ باللىرىغا قەنت-ناۋات بېرىپ ئۇلارنى ئەركە-لىتەتتى. * ئىككىمىزنىڭ ياش-قۇرامىمىزدا چوڭ پەرق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ مېنى دائىم دېگۈدەك ئىزلەپ تۇراتتى. ② ئادەم ۋە نەرسە، ئىش-ھەرىكەت، مەسىلە قاتارلىقلار مىقدارىنىڭ تولۇقلۇق دەرىجىسى كۆزلىگەن چەككە يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: قىزىبەگ غوجا بىلەن سايىم ئۇچىبېگىدىن باشقا، چىرىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە قارىشىۋالدى. * ھەممە ئادەمدە دېگۈدەك چوقۇم بىرخىل يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ. ئەمما ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا تەبىئىي جارى قىلدۇرۇلمايدۇ، ئەكسىچە باشقىلار تەرىپىدىن ئويغىتىلىدۇ.

**دېگۈزمەك** «دېمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بار — نېمىنى دېگۈزمەيدۇ، يوق — نېمىنى يېگۈزمەيدۇ (ماقال). * نامەت ئاكا بىلەن نازىخان ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ مىڭ تەسلىكتە رىسالەتنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ماقۇل دېگۈزدى.

**دېگۈلۈك** ئى. دېيىش كېرەك، دېيىش لازىم: بىر ناھىيىگە بىرقانچە يىل مۇئاۋىن ھاكىم بولغان بىر رەھبىرىي كادىر سەمىمىيەتلىك قىلمىسا، ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ * ھەشقىپىچەك گۈل ھېسابلانسا، قىزىل گۈلنى نېمە دېگۈلۈك؟ * ئەگەر چوڭلار بىرەر نەرسىنى «قىلما» دېسە «ماقۇل» دېگۈلۈك دەيتتى دادام دائىم ماڭا.

**دېڭىز** ئى ① ئوكيانىنىڭ قۇرۇقلۇققا تۇتاشقان ياكى قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بىر بۆلىكى. سۈيى تۇزلۇق بولىدۇ: بالتىق دېڭىزى. قارا دېڭىز. قىزىل دېڭىز. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە بىلەن قاپلانغان كەڭ مەيدان: ئادەم دېڭىزى. پاختا دېڭىزى.

**دېڭىز ئاپتاپپەرىسى** <زوئول> كاۋاك ئىچلىك ھايۋان. تېنى يۇمىلاق بولۇپ كانايغا ئوخشايدۇ، سۆڭىكى بولمايدۇ، ئۈستىدە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان ئوچۇق رەڭدىكى نۇرغۇن سەزگۈ پۆپۈكلى-رى بولىدۇ، دېڭىز تېگىدىكى تاشلارغا چاپلىشىپ ياشايدۇ، بەزىلىرى پارازىت قىسقۇچپاقا ئورۇنلاشقان قۇلۇلە قېپىغا يېپىشىۋېلىپ، پارازىت قىسقۇچپاقا بىلەن بىللە ياشايدۇ، بېلىجان قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**دېڭىز ئادەمگىياھى** <زوئول> تىكەن تېرىلىك ھايۋانلارنىڭ بىر كلاسى، تېنى سەل يۇمىلاق بولۇپ تۇۋرۇككە ئوخشايدۇ، تەن دىۋارى مۇسكۇللۇق كېلىدۇ، ئېغىزى بىلەن مەقئەت، تۆشۈكى تېنىنىڭ ئىككى ئۇچىدا بولىدۇ، ئېغىزى ئەتراپىدا سەزگۈ پۆپۈكلىرى بار، تۇرى كۆپ، دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ، كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئادەتتە ئەتىۋارلىق يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

**دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىلىرى** <گېئول> دېڭىز ئاستىدىكى تار ۋە ئۇزۇنغا سوزۇل-غان تاغ تىزمىلىرى. ئادەتتە دېڭىز

يۇزىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ چوققىلىرى دېڭىز يۈزىگە چىقىپ، تاقىم ئاراللارنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ، ئىككى تەرىپى تىكرەك كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىڭ كىلومېترغا يېتىدۇ.

**دېڭىز ئاستى تەۋرىشى** <گېئول> دېڭىز تېگىدە يۈز بېرىدىغان يەر تەۋرەش. ئادەتتە دېڭىز تېگىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بەزىلىرى دېڭىز شاۋقۇنىنى پەيدا قىلىدۇ.

**دېڭىز ئاستى كېڭىيىشى** <گېئول> دېڭىز-ئوكيان يەر پوستىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل پەرەز، يەنى بۆلەكلىك قۇرۇلما نەزەرىيىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئىدىيىلەردىن بىرى. بۇ خىل ئىدىيە: دېڭىز-ئوكيانلار ئاستىدىكى يەر پوستىدا يۆنىلىش بەلبېغى بولىدۇ. بۇ بەلباغ دېڭىز-ئوكيانلار ئاستىدىكى يەر پوستىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسىدۇر؛ ئارا قەۋەتتىكى ماددىلار بۇ جايدىن ئۈزلۈكسىز ئېتىلىپ چىقىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن يېڭى دېڭىز ئاستى يەر پوستىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئەسلىدىكى دېڭىز ئاستى بولسا، يېڭى دېڭىز ئاستى يەر پوستىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ئىككى تەرەپكە قاراپ كېڭىيىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**دېڭىز بەسىيى** <بوت> يېشىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر تۈرى. ئۆسۈملۈك تېنى ياپىلاق بولۇپ، يېشىل يوپۇرماققا ئوخشايدۇ. تۇراقلاشتۇرغۇچى ئەزاسى ئارقىلىق دېڭىز ئاستىدىكى تاشلارغا تۇراقلىشىپ ئۆسىدۇ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**دېڭىز بوغۇزى** <جۇغ> ئىككى قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى، ئىككى دېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان تار سۇ يولى.

**دېڭىز بۆلۈتى** <زوئول> تۆۋەن دەرىجىلىك، كۆپ ھۇجەيرىلىك ھايۋان. تۈرى كۆپ، دېڭىز ئاستىدىكى تاش ئارىلىقلىرىدا يەككە ياكى توپ ھالەتتە باشقا نەرسىلەرگە يېپىشىپ ياشايدۇ. تاتلىق سۇدىمۇ بولىدۇ، سۇ تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، بەزىلىرىنىڭ تېنىدە يۇمشاق سۆڭەك بولىدۇ.

**دېڭىز پىلى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى چوڭ، رەڭگى قېنىق بېغىر رەڭ ياكى سېرىق كۈل رەڭ بولۇپ تۈكلىرى بولمايدۇ، كۆزى كىچىك، قۇلاق سۇپرىسى يوق، ئۈستۈنكى ئېڭىكىدە ئالاھىدە ئۇزۇن بولغان ئىككى تال چىشى بولىدۇ، دېڭىزدا ياشايدۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ھەرىكەت قىلالايدۇ، ئۇزۇن چىشلىرى پىل چىشىنىڭ ئورنىدا خام ئەشيا قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**دېڭىز تاشپاقىسى** <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. ئادەتتىكى تاشپاقىلارغا ئوخشايدۇ، تېنى چوڭ ۋە قارا قوڭۇر كېلىدۇ. بېشىمۇ چوڭ. تۇمشۇقىدا ئىلمەكى بولىدۇ. دېڭىزدا ياشايدۇ، بېلىق، راك قاتارلىق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**دېڭىز تەۋەلىكى** بىر دۆلەتنىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسىدىن مەلۇم كەڭلىككىچە بولغان ئارىلىقتىكى دېڭىز رايونى. ئۇ شۇ دۆلەت تېررىتورىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**دېڭىز جانلىقلىرى** <بىئول> دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر.

**دېڭىز چايكىسى** <زوئول> بىرخىل قۇش. بېشى بىلەن بوينى قوڭۇر، قانىتىنىڭ سىرتقى جىيىكى ئاق، ئىچكى جىيىكى كۆل رەڭ، گەۋدىسى ئاق، پەنجىسى قارا كېلىدۇ. دېڭىز ياكى ئىچكى دەريا ئېقىنلىرى بويلىرىدا توپ ھالەتتە ياشايدۇ. بېلىق، قۇلۇلە، ھاشارات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**دېڭىز چوشقىسى** <زوئول> ← **دېڭىز دېلفىنى.**

**دېڭىز چۆكمىسى** <جۇغ> دېڭىز ئاستىدىكى چوڭقۇرلۇقى 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان تار ۋە ئۇزۇن ھالەتتىكى ئويمان جايلار. بۇنداق جايلارنىڭ ئىككى يېنى ناھايىتى تىك بولۇپ، كۆپىنچە ئوكيان ياقىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تىنچ ئوكياندىكى فىلىپپىن دېڭىز چۆكمىسى، ئاتلانتىك ئوكياندىكى پۇئېرتو-رىكو دېڭىز چۆكمىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**دېڭىز دېلفىنى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا، بۇرۇن تۆشۈكى بېشىنىڭ ئۈستىدە، دۈمبىسى قارا كۆك رەڭدە بولۇپ، ئۈستىدە پالاقچىسى بولىدۇ. قورسىقى ئاق، ئالدى پۇتى پالاقچىگە ئۆزگەرگەن. دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ، بېلىق، سىياھ بېلىق ۋە راك قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئادەتتە «دېڭىز چوشقىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دېڭىز ساھىلى** <جۇغ> **دېڭىز بويىدىكى** بوشلۇق، قۇملۇق يەرلەر.

**دېڭىز شىرى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى سارغۇچ قوڭۇر، يۈزى شىرنىڭ يۈزىگە سەل-پەل ئوخشاپ كېتىدۇ، تۆت پۇتى پالاق شەكلىدە، قۇيرۇقى ياپىلاق بولۇپ، بېلىقنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ. شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ شىمالى قاتارلىق جايلاردىكى دېڭىزلاردا ئۇچرايدۇ.

**دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى** <گېئول> دېڭىز-ئوكيانلارغا چۆكۈپ كەتكەن ماددىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىگە قاراپ مېخانىكىلىق چۆكۈندى، بىئولوگىيىلىك چۆكۈندى ۋە خىمىيىلىك چۆكۈندى قاتارلىقلارغا؛ تاغ جىنسلىق خاراكتېرىگە قاراپ شېغىل تاش، قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاش، سېغىز تاش، ھاك تاش، دولومىت جىنس قاتارلىقلارغا؛ چۆكۈش چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ لىتورال چۆكۈندى، تېيىز دېڭىز چۆكۈندىسى ۋە چوڭقۇر دېڭىز چۆكۈندىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. تەركىبىدىكى ماددىلارنىڭ مىقدارى تەكشى بولۇپ، دانىچىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

**دېڭىز فلوتى** <ھەرب> دېڭىزدا مۇئەييەن ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھەربىي پاراخوتلار ئەترىتى.

**دېڭىز قامىسى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى يۇمىلاق ھەم ئۇزۇن، ئالدىنقى ئايىغى ئارقا ئايىغىدىن قىسقا كېلىدۇ، بارماقلىرىدا تىرناقلىرى بولىدۇ. قۇيرۇقى قىسقا ھەم ياپىلاق، تۈكلىرى قېنىق قوڭۇر، دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن

جايلاردا ياشايدۇ، تېرىسى قىممەتلىك.

**دېڭىز قۇلۇلىسى** <زوئول> دېڭىزدا ياشايدىغان قۇلۇللەرنىڭ ئورتاق نامى. ئادەتتە ئۇ چوڭراق بولۇپ، قېپىدىن بۇرغا ياكى ھۇنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسى** <جۇغ> قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىزنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا.

**دېڭىز قىسقۇچپاقىسى** <زوئول> قىسقۇچپاقىنىڭ بىر خىلى. دەريا قىسقۇچپاقىسىدىن چوڭ كېلىدۇ، دېڭىز ساھىللىرىدا ياشايدۇ، دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىلىنىڭ قاسىرىقى ياپىلاق، قىرلىق ۋە يېغىر رەڭ بولۇپ، قورسىقى ئاق، پەنجىسىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ، تۈكلىرى بولمايدۇ، ئاخىرقى بىر جۈپ ياپىلاق پۇتى سۇ ئۈزۈشكە ماسلاشقان.

**دېڭىز كالىسى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ، كىتكە سەل-پەل ئوخشايدۇ، ئالدىنقى پۇتى پالاققا ئوخشاپ قالغان، ئارقا پۇتلىرى بولسا رودىمېنتلاشقان، قۇيرۇقى كاناي شەكىلدە، پۈتۈن تېنى سىلىق بولۇپ، تۈكلىرى بولمايدۇ. تېرىسى قېلىن، قارا، ئۈستىدە چوڭقۇر قورۇق ئىزلىرى بار. دېڭىز يۇسۇنى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى، مېيىدىن كېرەكلىك ماي چەككىلەپ ئالغىلى بولىدۇ.

**دېڭىز كۆكتاتلىرى** <بوت> دېڭىزدىن چىقىدىغان كۆكتات تىپىدىكى يېمەكلىكلەر.

**دېڭىز كىرپىسى** <زوئول> تىكەن تېرىلىك ھايۋان. تېنى يېرىم شار شەكىلدە، پۈتۈن تېنىدە ھەرىكەت قىلالايدىغان ئۇزۇن تىكەنلىرى، تەن دىۋارىدا كالتسىيلىق سۆڭەكلىرى بولىدۇ، دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ. ئاستىنقى قىسمىدىكى تىكەنلىرى ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىدۇ، دېڭىز يۇسۇنى ۋە كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**دېڭىز گۈلسامسىقى** <زوئول> تىكەن تېرىلىك ھايۋان. شەكلى گۈلسامساققا ئوخشاپ كېتىدۇ، تەن سىرتى كالتسىيلىق قاسراقتىن ئىبارەت، ئۈستىدە شاخلانغان بەش تال ئېغىز بارماقچىسى، ئاستىدا بەش بۇرجەكلىك سېپى بولىدۇ، دېڭىز ئاستىدا تىك تۇرالايدۇ.

**دېڭىز گىگانت قۇشلىرى** <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تېنى چوڭ، تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا ئىلمىكى، بارماقلىرى ئارىسىدا پەنجىسى بولىدۇ، سۇدا ئۈزەلەيدۇ ھەم سۇغا چۆكەلەيدۇ. دېڭىز قىرغاقلىرىدا ياشايدۇ، بېلىق ۋە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**دېڭىز مۇداپىئەسى** <ھەرب> دۈشمەننىڭ دېڭىز ئارقىلىق قىلىدىغان ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار ۋە دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇداپىئە ئىشلىرى.

**دېڭىز مۇزى** <جۇغ> دېڭىز ئۈستىدە بولىدىغان مۇزلار. ئۇ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن تۇزسىز سۇ مۇزى ۋە دېڭىز سۈيىنىڭ بىۋاستە قېتىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان مۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە دېيىلىدىغان دېڭىز مۇزى كۆپىنچە كېيىنكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**دېڭىز مىلى** دېڭىز-ئوكيانلار ئۈستىدە ئارىلىقلارنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر دېڭىز مىلى ئادەتتە 1852 مېترغا تەڭ.

**دېڭىزنىڭ بېسىشى** <كېئول> يەر يۈزى ئۆلتۈرۈشقاندا، دېڭىز سۇلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقنى بېسىپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**دېڭىزنىڭ چېكىنىشى** <زوئول> دېڭىز ئاستى كۆتۈرۈلگەندە دېڭىز سۇلىرىنىڭ چېكىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا دېڭىز ئاستى دېڭىز يۈزىدىن ئېشىپ، قۇرۇقلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**دېڭىز ئۇرۇشى** <ھەرب> قارىمۇقارشى دېڭىز ئارمىيىسى كۈچلىرىنىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردا قىلىغان ئۇرۇشى.

**دېڭىز ئىتى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۆت پۇتى قىسقا بولۇپ پالاققا ئوخشايدۇ، بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ، قۇيرۇقى قىسقا، تۈكلىرى قىزغۇچ قوڭۇر ياكى توق قارا كېلىدۇ. چىشىسىنىڭ تۈكى ئاچراق بولىدۇ. دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە ئۇنىڭ زەكىرى بىلەن ئۇرۇقدېنىدىن قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىسى ياسىلىدۇ، تېرىسى ئەتىۋارلىق.

**دېڭىز يالىشى** <جۇغ> دېڭىز سۈيىنىڭ يالاپ ئۇپرىتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**دېڭىز يوتىسى** <جۇغ> دېڭىز ئاستىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قۇرۇقلۇقتىكى تاغ تىزمىلىرىدىن ئېگىز ۋە ئۇزۇنراق بولۇپ، ئىككى يېنى تىكرەك كېلىدۇ.

**دېڭىز يۇلتۇزى** <زوئول> تىكەن تېرىلىك ھايۋان. تېنى ياپىلاق، ئۈستىدە چېچىلغان نۇر ھالىتىدە ئورۇنلاشقان بەش يۇلتۇز شەكىلدىكى بەش تال ئېغىز بارماقچىسى بولىدۇ. ئۈستىنى بىر قەۋەت كالتسىيلىق كىچىك تىكەنلەر ئوراپ تۇرىدۇ. تېنى بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈۋېتىلسە، بىرقانچە جانلىق تەنگە ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە تېيىز دېڭىزلاردىكى تاش ئاراچىلىرىدا ياشايدۇ، سەدەپ قۇلۇلىسى، ئۈستىرتسا قاتارلىق يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېڭىز ھايۋانلىرىنى بېقىشقا زىيان سالىدۇ.

**دېڭىز يۈزى** ① دېڭىزدىكى سۇ يۈزى. ② دېڭىزدىكى سۇ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئۆلچەم قىلىنغان بىرخىل ئېگىزلىك: ئالتاي تېغى ئېرانىڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن تاغ تىزمىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتردىن كۆپرەك ئېگىز، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4374 مېتر.

**دېڭىز يوسۇنى** <بوت> دېڭىز-ئوكيانلاردا ئۆسىدىغان يوسۇنلەر. مەسىلەن، خەيدەي، زىسەي، تاش يوسۇنى، جۇلان قاتارلىقلار. دېڭىز يوسۇنلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، بەزىلىرىدىن يود ياكى ئاگار يېلىمى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**دېڭىز يىلپىزى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. مۆتىدىل ۋە سوغۇق بەلباغلاردىكى چوڭ كۆل ۋە دېڭىزلاردا ياشايدۇ. تۆت پۇتى قىسقا ھەم ياپىلاق كېلىدۇ، بارماقلىرىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ. ئارقا پۇتى بىلەن قۇيرۇقى بىرلىشىپ كەتكەن، تۈكلىرى كۆل رەڭ سېرىق، قارا قوڭۇر ئالىسى بولىدۇ، **قورسىقى ئاق**

كېلىدۇ. مېيىدىن كېرەكلىك ماي چەككد-
لەپ ئېلىنىدۇ.

**دېڭىزچى** ئى. دېڭىز-ئوكيانلاردا پاراخوت
بىلەن يۈرگەندە پاراخۇت ئىچىدە
ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ ئومۇمىي نامى؛
ماتروس.

**دېڭىز-ئوكيان** <جۇغ> دېڭىز ۋە ئوكيان.

**دېڭىز-ئوكيان كىلىماتى** <مېتېئور>
پۈتۈن بىر يىل ۋە بىر كۈن ئىچىدى-
كى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى
ئازراق، ھاۋا نەم، يامغۇر مىقدارى
كۆپ ۋە تەكشى رەك بولىدىغان
كىلىمات.

**دېڭىز-ئوكيان مېتېئورولوگىيىسى** <مېتېئور>
ئاتموسفېرا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى،
شۇنىڭدەك دېڭىز-ئوكيان فىزىكىسىنىڭ
مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئۇ، ئاساسەن
دېڭىز-ئوكياندىكى ئاتموسفېرا ھادىسىلىرى-
نى، بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ تېپىز ۋە
چوڭقۇر دېڭىزلارغا كۆرسىتىدىغان تەسى-
رىنى ھەمدە دېڭىز يۈزىنىڭ ئاتموسفېرا
ھادىسىلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى
تەتقىق قىلىدۇ.

**دېلتا** ئى (ر<گرېك) <جۇغ> دەريانىڭ
تارماقلىنىپ، كۆل ياكى دېڭىزغا قۇيۇلىدى-
غان جايى. **دېلفىن** ئى (ر<گرېك) <زو-
ئول> → **دېڭىز دېلفىنى.**

**دېلفىنچە ئۈزۈش** <تەن> سۇ ئۈزۈش
تەنھەرىكىتىنىڭ تۈرى. ئۇ كېپىنەكچىلەپ
ئۈزۈشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ،
ئىككى قولنىڭ ھەرىكىتى كېپىنەكچىلەپ
ئۈزۈشتىكى قول ھەرىكىتىگە ئوخشاپ
كېتىدۇ، ئىككى پۇت بىرلا ۋاقىتتا سۇنى
يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ
ھەرىكەت دېلفىننىڭكىگە ئوخشىغاچقا
شۇنداق ئاتالغان.

**دېلو** ئى (ر) <قا> بىرەر مەسىلە ياكى
شەخسكە ئائىت ھۆججەت، ماتېرىياللار
توپلىمى.

**دېلو ئاچماق** <قا> → **دېلو تۇرغۇزماق.**

**دېلو تۇرغۇزماق** <قا> بىرەر مەسىلە
ياكى شەخس ئۈستىدىكى ھۆججەت،
ماتېرىياللارنى يىغىپ ئارخىپلاشتۇرماق.

**دېلىغۇل** ① سۈپ. بىرەر مەسىلىگە، ئىشقا
دۇچ كەلگەندە ئىككىلىنىدىغان، دەرھال
بىر قارارغا كېلەلمىگەن؛ ئارىسالدى:
دېلىغۇل ئادەم. // ئۈستەل ئۈستىدىكى نان
ئۇۋاقلىرى، مېۋە شۆپۈكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان
يالقۇن دېلىغۇل بولۇپ قالدى. * ئالماس
سەل دېلىغۇل بولۇپ مايۇرغا قارىدى. ②
ئى. تەشۋىش.

**دېلىغۇل بولماق** ① بىرەر مەسىلىگە،
ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ
قالماق؛ دەرھال بىر پىكىرگە كېلەلمەي
ئارىسالدى بولماق: - دادا، بىز كانچىلىق-
نىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئاز-تولا بىلمىزغۇ،
شۇنداق ئىكەن، دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇرماي،
دەرھال ئىشقا تۇتۇنساق، تۆككەن تەرىمىزنىڭ
مېۋىسىنى كۆرۈشىمىز چوقۇم، - دېدى ئوغلى
دادىسىغا. ② تەشۋىشلەنمەك، ئەنسىرد-
مەك: راھىلە باشتا «بىر ئالىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىسىدىن ۋاپا كەلمىگەن يەردە، بىر
قارا تۇرۇك ئىشچىدىن ۋاپا كېلەرمۇ؟» دەپ
سەل دېلىغۇل بولدى.

**دېلىغۇلغا چۈشمەك** تەشۋىشلەنمەك،
تەشۋىشكە چۈشمەك، دېلىغۇل بولماق:
سەككىز ئاتامان دەيزۈڭلارنى ئۇ يەردىن
تاپالماي دېلىغۇلغا چۈشتى.

**دېلفىن** ئى [ر<گرېك] <زوئول> ← **دېڭىز دېلفىنى.**

**دېلفىنچە ئۈزۈش** <تەن> سۇ ئۈزۈش تەنھەرىكىتىنىڭ تۈرى. ئۇ كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، ئىككى قولنىڭ ھەرىكىتى كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشتىكى قول ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىككى پۇت بىرلا ۋاقىتتا سۇنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەرىكەت دېلفىنىنىڭكىگە ئوخشىغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**دېلو** ئى [د] <قا> بىرەر مەسىلە ياكى شەخسكە ئائىت ھۆججەت، ماتېرىياللار توپلىمى.

**دېلو ئاچماق** <قا> ← **دېلو تۇرغۇزماق.**

**دېلو تۇرغۇزماق** <قا> بىرەر مەسىلە ياكى شەخس ئۈستىدىكى ھۆججەت، ماتېرىياللارنى يىغىپ ئارخىپلاشتۇرماق.

**دېلىگەي** ئى. دىئال. كۆز-كۆز، كوزا-كوزاڭ.

**دېلىگەي قىلماق** دىئال. كۆز-كۆز قىلماق، كوزا-كوزاڭ قىلماق، بازارغا سالماق.

**دېمەت** ئى [ئە] ياش قۇرامى تەڭ، تەڭتۇش كىشى: دائىم ئويۇن-چاقچاق بىلەن ئۆتىدىغان قاسىم قىزىقمۇ، ئۆز دېمەتى بولغان كەم سۆزلۈك ئەنسارنىڭ يېنىدا، تورپاق ئۆز غوجا ئەمەتنىڭ ئاتلارغا قامچا ئۇرۇشىغا قاراپ جىسىم ئولتۇراتتى. // — نېمە گەپ؟ دەپ سورىدى مەڭلىك نىياز، ئۆز دېمەت بىر يىگىتتىن.

**دېمەتلىك** سۈپ. بىر دېمەتتىكى، تەڭ قۇراملىق، تەڭتۇش: تاغامنىڭ مېنىڭ بىلەن دېمەتلىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ بۇلتۇر كۈزدە كەچلىك سىمېنىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ياۋا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. * ھوشۇر توپىلاڭ ئەخمەتجان بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان تەڭ دېمەتلىك ساۋاقداشلاردىن ئىدى. // بىز قۇراملىق پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئوي-خىيالى ئۆز دېمەتلىكلىرىمىز دائىرىسىدىلا ئايلىنىدۇ، كادىرلارنىڭ كېيى چىقىسلا شۇ دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيمىز.

**دېمەك I** پ ① ئاغزاكى ياكى يازما رەۋىشتە بىرەر پىكىر بىلدۈرمەك، ئېيتماق، سۆزلىمەك: ئوقۇدۇم دېگىچە بىلدىم دېگىن (ماقال). * كەل دېمەك بار، كەت دېمەك يوق (ماقال). * تاشۋاي تارتىنىپراق ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: — مەنمۇ ئانچە-مۇنچە چالىمەن، — دەپتۇ. * «ئالما-ئاتاغا كۆچ» دەيدۇ، بارار يېرىمىز قۇملۇق. راست گېپىنى ئېيتمايدۇ، كۆزى كۆك، بېشى يوڭلۇق. ② دەپ ئاتالماق، دەپ ئېيتىلماق: بۇ، ئۇنىڭ «ئىجتىمائىي ئىنقىلاب» دېگەن كىتابچىسىدۇر. ③ ھېسابلىماق، سانىماق: بالىنى بالا دېمە، شىرنىڭ بالىسىمۇ بالا (ماقال). * بالا ئانىسىنى يامان دېمەس، ئىت ئىگىسىنى گاداي دېمەس (ماقال). * ئاينى ئاسماندا دېسەم، ئاي قاشىدا ئاي بار ئىكەن. يارنى مەن يالغۇز دېسەم، يار قاشىدا يار بار ئىكەن. ④ ئويلىماق؛ پەرەز، مۆلاھىزە قىلماق: ماقۇل، شۇنداقمۇ دەيلى، ئەمما ئۇ بىز دېگەندەك ئۆزى يالغۇز كەلمەي تۆت-بەش ئادەم بىلەن كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز. * دولقۇنلاپ نېفت ئاقسا، تارىمنىڭ سۈيى دەيسىز. شاۋقۇنى، ئاۋازىنى يۈرەكنىڭ كۈيى دەيسىز. ⑤ كۆزلىمەك: بۇ يولدا مەن سىزنى دەپ كۆپ جاپا چەكتىم. * سېنى دەيمەن، سېنى دەيمەن، باشقىنى يار دېمەيمەن. بىرى مېنى يار دېگىن دەپ ھەسەل بەرسە يېمەيمەن. ⑥ (پېئىلنىڭ شەرت مەيلىدە كېلىپ)

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرمەك ياكى بېجىرىشكە ئۇرۇنماق: بىنىز باشقا ياققا بارالماي ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدۇق. * پادىشاھ قاچىنى قولىغا ئېلىپ، سۇنى ئىچەي دېيىشىگە، ھېلىقى قۇش سول قانىتىنى قېقىپ، قاچىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ⑦ ئىسىمداش شەكلىدە جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، «دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ»، «دېگەن بولىدۇ» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: بىر ئادەمنى چۈشىنىش – ئۇنىڭ زىددىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرۈش دېمەكتۇر. * پەن دېمەك ئالىم دېمەكتۇر. سانائەت بولسا ئالدى بىلەن ئاكتىپ بۇرژۇئازلار، زاۋۇت ئىگىلىرى، سودىگەرلەر، بانكا ئىگىلىرى دېمەكتۇر.

**دېمەك** II يۈك. كۆپىنچە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئابزاسنىڭ بېشىدا قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىپ، مەزكۇر سۆزنىڭ ئالدىدا ئېيتىلغان پىكىرنىڭ يەكۈنلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: قىسقىسى، ئۇلار بىزدىن ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلار ئوردىسىنى پاچاقلاپ تاشلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. دېمەك، بىز ئەنە شۇ بۈيۈك مەقسەت يولىدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقماقچى بولۇۋاتىمىز. * دېمەك، ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تۆت خىلت ۋە ئۇنى تولۇقلىغۇچى بىرمۇنچە ئامىللارمۇ بولۇشى لازىم.

**دېمەكچى** يۈك. پىكرىنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ، تەكىتلەپ ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بۇ ياش قىلغۇچىنى تېخىمۇ تۆھمەتخور دەۋاتقىنىم يوق. شۇنداقلا ئۇنىڭ ياش قىلغانلىرىغا دەرھال ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن دېمەكچىمەن، ئاۋۋال تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، خۇلاسىنى ئاندىن چىقىرايلى.

**دېمەككى** باغل «دېمەك»، «بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى»، «قىسقىسى»، «يىغىپ ئېيتقاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: دېمەككى، ھازىرقى ئۇيغۇر تىبابىتىنى قەدىمكى يۇنان تىبابىتىنىڭ داۋامى دەپ خۇلاسە قىلىش تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

**دېمەكلىك** «دېمەك I» ئىسىمدىشىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھامىت ئاخىر يەنە باشقا كەلگەننى كۆرەي دېمەكلىك بىلەن قارامىلارچە يول تۇتۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەنتىگە-ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ.

**دېموكرات** ئى (ر) <پەلس> ① دېموكراتىيە تەرەپدارى؛ دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى. ② دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، خەلقپەرۋەر زات.

**دېموكرات سوتسىيالىستلار پارتىيىسى** <تارىخ> كونا جۇڭگودىكى پومېشچىك ۋە دەللال سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، بيۇروكرات سىياسەتۋازلار گۇرۇھىدىن تەشكىللەنگەن ئەكسىيەتچىل سىياسىي پارتىيىلەردىن بىرى. ئۇنىڭ ئاساسىي – «دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيىسى» بولۇپ، جاڭ جۈنلىنىڭ باشچىلىقىدا 1934-يىلى قۇرۇلغان. 1946-يىلىغا كەلگەندە، «دېموكرات ئاساسىي قانۇنچىلار پارتىيىسى» بىلەن بىرلىشىپ، نامىنى «دېموكرات سوتسىيالىستلار پارتىيىسى» گە ئۆزگەرتكەن. ئۇ دۆلەت سوتسىيالىزمىنى تەرغىپ قىلىدۇ.

**دېموكراتلار** ئى <پەلس> دېموكراتىيە تەرەپدارلىرى، دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار.

**دېموكراتلار پارتىيىسى** <تارىخ> ①

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى سىياسىي پارتىيە. ئۇ 1912-يىلى 10-ئايدا قۇرۇلغان. ② ئامېرىكىدىكى ئىككى چوڭ سىياسىي پارتىيىنىڭ بىرى. ئۇ 1928-يىلى قۇرۇلغان.

**دېموكراتلاشتۇرماق** «دېموكراتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دېموكراتلاشتۇرۇلماق** «دېموكراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دېموكراتلاشماق** پ. دېموكراتىك تۈزۈم يولغا قويۇلماق، دېموكراتىيە يۈرگۈزۈلمەك.

**دېموكراتىزم** ئى (ر) <پەلس> دېموكراتىيىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

**دېموكراتىزمچى** ئى. دېموكراتىزم تەرەپدارى؛ دېموكراتىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان كىشى: ئۇ «4-ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى سۈپىتى بىلەن ئاكتىپ قاتناشتى. * فرانسىيىدىكى پرودۇنچىلار بىلەن گېرمانىيىدىكى لاسسالچىلار ئۆزلىرىنى سوتسىيال دېموكراتىزمچىلار دەۋالغاندى. // دېموكراتىزمچى ئۇششاق بۇرژۇئازلار، كۆپ بولغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپلا ئىنقىلابنى تېزدىن تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**دېموكراتىك** سۈپ (ر) ① دېموكراتىيە پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان، دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان: دېموكراتىك ئىنقىلاب. دېموكراتىك تۈزۈم. ② دېموكراتىيە پرىنسىپلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان: دېموكراتىك زات. دېموكراتىك يازغۇچى.

**دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار** <پەلس> جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان، خەلق دېموكراتىك بىرلىكسەپكە قاتناشقان باشقا سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئورتاق نامى. مەسىلەن، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى، جۇڭگو دېموكراتىك ئىتتىپاقى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى، جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار دېموكراتىك پارتىيىسى، جۇڭگو ئادالەتپەرۋەرلەر پارتىيىسى، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى ۋە «3-سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلار.

**دېموكراتىك ئىنقىلاب** <تارىخ> فرانسىيە بۇرژۇئا زور ئىنقىلابىغا ئوخشاش، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى ئىنقىلاب. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى دېموكراتىك ئىنقىلابلار دۇنيادىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىغا ئوخشاش. دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىنقىلابقا پەقەت پرولېتارىياتلا رەھبەرلىك قىلىشى شەرت. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي تۈردە ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.

**دېموكراتىيە** ئى (ر<گرېك) <پەلس> خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتا ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى. كاپىتالىستىك تۈزۈم ئاستىدا پەقەت بۇرژۇئازىيىنىڭلا دېموكراتىيىسى بولۇپ، پرولېتارىياتنىڭ

دېموكراتىيىسى بولمايدۇ، مەملىكىتىمىزدە بولسا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، خەلق ئەڭ كەڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىنتىزامغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

**دېموكراتىيە ھوقۇقى** <قا> پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقى. ئۇ سىياسىي ھوقۇق، كىشىلىك ھوقۇقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، خەت-ئالاقە ئەركىنلىكى، دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە قارىتا تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى، دۆلەت ئورگىنى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ۋە ئۆز ۋەزىپىسىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ياكى پاش قىلىش ھوقۇقى قاتار-لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش** <پەلس> دېموكراتىيە ۋە مەركەزلەشتۈرۈش يەنى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەز-لەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە.

**دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى** <پەلس> دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈ-رۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم. ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزملىق پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى. جۇڭگودا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى — پارتىيە دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈ-مى، ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت تۈزۈمىشغا تەتبىق قىلىنىشىدۇر.

**دېموكراتىيىلەشتۈرمەك** «دېموكراتىيىلەش-مەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك تۆتنى زاما-نىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەت-لىك قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

**دېموكراتىيىلەشتۈرۈلمەك** «دېموكراتىيىلەشتۈر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرقانداق سىياسىي تۈزۈم ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ئۈچۈن جەزمەن تولۇق دېموكراتىيىلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

**دېموكراتىيىلەشمەك** پ. دېموكراتىيە يولغا قويۇلماق، دېموكراتىيە ئىجرا قىلىن-ماق، دېموكراتىيە ئاساسىغا قۇرۇلماق (دۆلەت، جەمئىيەت ۋە باشقىلار ھەققىدە).

**دېمدە** ① رەۋ. ئاۋازىنى ئاغزىدىن تېشىغا چىقارماي، كىشىگە ئاڭلاتماي؛ ئىچىدە: ئۇ ئۇقۇيمىش قەسىدە، «سۆپكۆچ» دەيمىش دېمدە. يالغان سۆزلەپ ئالماقچى، پۇل-مېلىڭنى لېۋىدە. ② ئى. خۇراپاتلىقتا، كېسەل كىشىگە ئىچۈرۈپ شىپا تاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئايەت ئوقۇپ دەم سېلىپ ھازىرلانغان سۇ؛ دەم سۈيى: دېمدە قىلماق. * پادىشاھ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقىتىپتۇ. كېنىزەكلەر چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، دېمدە ئىچۈرۈشۈپتۇ. // رەمچى موماي تاشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ خالتىسىغا سالدى ۋە ئۇنى ئاۋۋالقى ئورنىغا ئېلىپ قويدى. ئاندىن دېمدە سۈيى تەييارلاپ، سۇغا قاراپ ئىككى ئۈچ ئايەت ئوقۇپ، نەزىرەنىڭ قوقاق تەگكەن ئېغىزىنى سۆپكۆچلىدى.

**دېمدە قىلماق** سۇ ياكى باشقا يېمەك-لىككە ئايەت ئوقۇپ «سۇپ» قىلماق؛ دەم سالماق: تۆمۈر: – بۇ خوتۇن چىش ئاغرىقى كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، قايسىبىر بۇۋىمگە دېمدە قىلدۇرغىلى چىققانىكەن، يولدىن تېنەپ كېتىپتۇ، – دېدى. * سەيدىن قارىي تاشماقنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە بېگىلاپ چاي قويۇپ دېمدە قىلىنغان ناۋاتتىن قاقتەك سالدى-دە، چاينى سۇنغاچ سورىدى.

**دېمىسمۇ** يۈك. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ» «قايتا تەكىتلىمىسەكمۇ» دېگەن مەنىلەردە قىستۇرما رولىدا كېلىدۇ: دېمىسمۇ، ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرى يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن. * دېمىسمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە نەرسە ئايدىڭ، روشەن بولدى.

**دېمغىزا** ئى (دېمدە+غىزا) دىئال. رەسمىي تاماق يېيىشنىڭ ئارىلىقىدا ئاز-ئاز يېيىلىدىغان تاماق، غىزا.

**دېمغىزا قىلماق** دىئال. قورساقنىڭ ئاچلىقىنى باسقۇدەك ئاز-تولا بىرنەرسە يېمەك، ئاز بولسىمۇ بىرنەرسە يەپ تۇرماق، ئېغىز تەگمەك.

**دېن** ئى (ئىنگ) ← **دېن شامال ئۆلچىگۈچى.**

**دېن شامال ئۆلچىگۈچى** <مېتېئور> شامال يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئۇنى ئەنگلىيىلىك ۋىليام ھېنرى دېن (illiam Henry dines, 1855–1927) لايىھىلەپ ياساپ چىققانلىقى ئۈچۈن شۇنىڭ نامىدا ئاتالغان.

**دېندروبىيۇم** ئى (ر<لات<گرېك) ← **دېندروبىيۇم چاتقىلى.**

**دېندروبىيۇم چاتقىلى** <بوت> تۈلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىز تاغلاردىكى قورام تاشلاردا ياكى دەرەخ ئۈستىدە ئۆسىدۇ، غولى بوغۇملۇق بولۇپ، قوڭۇر يېشىل رەڭدە كېلىدۇ، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، گۈلى ئاق، گۈل تاجىسىنىڭ ئۇچى ئاچ سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ، غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى تېزلىتىش قاتارلىق روللىرى بار.

**دېنگى** ئى (ئىنگ) ← **دېنگى قىزىتمىسى.**

**دېنگى قىزىتمىسى** <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئادەملەرگە قارا پاشا ئارقىلىق يۇقىدۇ. بۇنىڭدا: باش، دۈمبە ۋە بوغۇملار ئاغرىيدۇ، بىمار قىزىيدۇ، قىزىتما يانغاندىن كېيىن تېرە يۈزىگە قىزىل ئەسۋىگە ئوخشايدىغان تاشما چىقىدۇ.

**دېھقان** ئى (پ) ئۇزۇن مۇددەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان، زىرائەت تېرىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشى: بەگلەرنىڭ پارىڭى راسا قىزىۋاتقاندا، شەھەردىن قايتقان بىر دېھقان كېلىپ قېلىپتۇ. * مەن بۇندىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى بۇ چوڭ شەھەر توگۈل، ئۆز يۇرتۇم گۈلچىمەندىن ناھىيە بازىرىغىمۇ بېرىپ باقمىغان ئاددىي بىر دېھقان بالىسى ئىدىم.

**دېھقانچىلىق** ① «دېھقان» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ پارتكوم شۇجىسىنىڭ «بىز كوممۇنىستلار، ئاكتىپلار ھەرقانداق شارائىتتا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشىمىز زۆرۈر، دېھقانچىلىقنىڭ ئويۇن ئەمەسلىكىنى بىلىمىز...»

دېگەن سۆزلىرىنى تەكرارلاۋاتاتتى. ② يەرگە زىرائەت تېرىش ئىشى، تىرىقچىلىق: - پۈتۈن ئەر ئەمگەك كۈچلىرىنى زەيكەشكە سېلىپسىلەر، دېھقانچىلىق بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن، قانداق، قىيىنچىلىق چوڭ بولۇۋاتامدۇ؟ - دېدى لى شۇجى مەنسۇرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، - كۈچۈڭلار يېتىشىۋاتامدۇ؟ * بۇ يىلقى دېھقانچىلىقىم ئوتتۇرىدىن ئاشىدۇ.

**دېھقانچىلىق بېجى** دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە دېھقانچىلىقتىن كىرىم قىلىدىغان ئورۇن ياكى شەخسلەردىن ئالىدىغان بېجى.

**دېھقانچىلىق دورىلىرى** ھاشارات، مىكروب، ئوت-چۆپ، زىيانلىق قۇشلار ۋە ھايۋانلارنى يوقىتىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار. مەسىلەن: (666)، د د ت، سىرپىسان قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**دېھقانچىلىق سايمانلىرى** دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار. مەسىلەن، سوقا (ساپان)، تىرنا، تارماق ۋە سۆرەم قاتارلىقلار.

**دېھقانچىلىق قىلماق** دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماق، تېرىقچىلىق قىلماق: ئۇ ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق قىلماقچى بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن ئارزۇلىرى يەنە قوزغىلىپ قېلىپتۇ.

**دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى** دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار.

**دېھقانچىلىق مەيدانى** ماشىنىلار ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا.

**دېھقانچىلىق ئىشلىرى** دېھقانچىلىق ئىشلەپ-چىقىرىشىدا قىلىنىدىغان يەر ھەيدەش، تېرىش، ئوغۇتلاش، ئورۇش قاتارلىق ئىشلار.

**دېھقانلار قوزغىلىڭى** <تارىخ> دېھقانلار-نىڭ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ سىياسىي زۇلمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسىگە قارشى كۆتۈرگەن قوراللىق قوزغىلىڭى.

**دېھقانلار كالېندارى** <ئاستر> قەمەرىيە-شەمسىيە كالېندارىنىڭ بىرخىلى يەنى مەملىكىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى كالېندارلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدا ئادەتتىكى ھەر بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنۈپ، چوڭ ئاي 30 كۈن، كىچىك ئاي 29 كۈن، پۈتۈن بىر يىل 354 ياكى 355 كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ (قايسى ئاينىڭ چوڭ، قايسى ئاينىڭ كىچىكلىكى بىر يىل بىلەن يەنە بىر يىلدا ئوخشىمايدۇ). بۇنىڭدىكى ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن سانى قۇياش يىلىنىڭكىدىن تەخمىنەن 11 كۈن كەم بولغاچقا، ھەر 19 يىلغا 7 كەبىسە ئېيى قوشۇلىدۇ. كەبىسە ئېيى قوشۇلغان يىللار 383 ياكى 384 كۈن بولىدۇ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كالېنداردا يەنە قۇياشنىڭ ئورنىغا ئاساسەن بىر قۇياش يىلى 24 مەۋسۇمگە بۆلۈنگەن، يىللارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن 12 مۈچەل دەۋرىي بەلگىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان. ھەربىر مۈچەل 60 يىلدا بىر قېتىم دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

**دېھقانلار جەمئىيىتى** دېھقانلارغا ئالاقىدار ئىشلارنى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائا-لىيەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات (بۇ خىل تەشكىلات ئازادلىقتىن كېيىنلا قۇرۇلۇپ

گوڭشېلىشىشقا قەدەر داۋاملاشقان) : — نېمە ئەھۋالىڭلار بولسا، كەنت دېھقانلار جەمئىيىتىگە ئېيتىڭلار، قىيىنچىلىق تارتىپ قالساڭلار دېھقانلار جەمئىيىتىنى تېپىڭلار، — دەپ قايتتى ئۇ.

**دېھقانلار ئۇرۇشى** <تارىخ> فېئوداللىق جەمئىيەتتە دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ئۇرۇشى. ئۇ ئېنىق جەڭگىۋار شوئارغا ئىگە بولۇپ، ھەرىكەت دائىرىسى كەڭ كېلىدۇ. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىغا ئوخشاش.

**دېۋەڭ** سۈپ. كاللىسى تېز ئىشلەپ كەتمەيدىغان، ئەقلى كەم، كالۋا؛ دۆت: دېۋەڭ ئادەم. * — نېمدېگەن دېۋەڭ نېمە سەن، شۇنچە دەپ تۇرسا، يەنە چۈشەنمىگىنىڭ نېمىسى، — دېدى ئۇ بالىغا كايىپ. // — سىلەر ئەزالارنى «هارماڭ» دېسە «ئەشىدە قوندۇق» دەيدىغان دېۋەڭلەردىن چاغلىماڭلار، بىزمۇ ئاق-قارىنى تونۇيالايمىز، — دېدى ئۇ. * — ھۇ سەندەك دېۋەڭنى، يۇرت مەھەللە نېمە دېيىشەر دەپ ئويلىمايسەن، — دەپ كايىدى ئانا چېچىلغان ھالدا.

**دېۋەڭلىك** «دېۋەڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن بۇ سۆزنى دېۋەڭلىك قىلىپ دەپ سالدىم. * ئېلى: — ئامىنخان ئاچا، رەنانىڭ ساۋاقدىشى بولغانلىقىمنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ مېنىڭ دېۋەڭلىكىمنى كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ.

**دېۋەڭلەشمەك** پ. دېۋەڭ ھالەتكە كەلمەك، دېۋەڭ بولۇپ قالماق.

**دېۋەيلەشمەك** «دېۋەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنىڭ بىلەن بىز زاكۈنى ئېتىمىز دەيمىز، ئۇلار ئەتمەيسىلەر دەيدۇ. بىر-بىرىمىزگە دېۋەيلىشىپ تىكىلىشىپ قالدۇق.

**دېۋەيلىمەك** پ ① قارشى تەرەپكە يېقىنلىشىپ، زورلۇق بىلەن ھەيۋە قىلماق: مەخسۇت بەگ ئىمام خاتىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېۋەيلىدى. * ئۇلار خۇددى «قېرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ئەلپازدا شەمەرگە دېۋەيلەپ تۇراتتى. ② قولىنى ياكى قولىدا تۇتقان قامچا، تاياق قاتارلىقلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرماقچى بولغاندەك قىلىق قىلماق، ئۇرۇشقا تەييارلانماق: ئۇ مانا شۇنداق قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغاندا، ئوردا ئادەملىرى كۈندە دېگۈدەك قامچىسىنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ كېلىپ ئاشلىقنى قىستاپ زۇلۇم سالىدۇ.

**دېۋون** ئى (ئىنگ) ← **دېۋون دەۋرى.**

**دېۋون دەۋرى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ تۆتىنچى دەۋرى. تەخمىنەن 50 مىليون يىل داۋام قىلغان. بۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھەرقايسى جايلاردىكى دېڭىز سۇلىرى چېكىنىپ، ناھايىتى قېلىن بولغان چۆكۈندىلەر قاتلىمى ھاسىل بولغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، دېڭىز سۇلىرى قۇرۇقلۇققا قايتىدىن بېسىپ كىرىپ، تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئورگانىك ماددىلار بولغان چۆكۈندىلەرنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا بۇ دەۋرگە خاس تاغ جىنسلىرى كۆپىنچە قۇم تاش ۋە سلانېتس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ دەۋردە ھايۋانلاردىن ئاممونىتېسلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان، جەينەك پۇتلۇقلار بىلەن بېلىقلار كۆپ تەرەققىي قىلغان.

**دېۋون سىستېمىسى** <گېئول> دېۋون

دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى يەنى قەدىمكى ھايات گۈرۈپپىسىنىڭ تۆتىنچى سىستېمىسى.

**دېۋىتماق** پ. ئات-ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى مىنگەندە مىنگۈچى ئىتتىك ماڭدۇرۇش ئۈچۈن پۇتى بىلەن ئۇلاغنىڭ بىقىنىغا نوقۇماق: قارا بوسۇق ئېتىنى دېۋىتىپ تۇمۇر خەلپىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى. * ئابدۇللا ئويلاپ تۇرمايلا، ياۋىداق ئاتتىن بىرىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، سەكرەپ مىندى ۋە ئاتنى ئالدىغا دېۋىتىپ تۇرۇپ بايىز خالۋاپقا قارىدى.

**دېۋىتىلماق** «دېۋىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دېۋىتىشماق** «دېۋىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دېۋىرقاي** ئى ① يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ غولىدىن سىرغىپ چىقىدىغان يېلىمسىمان ماددا. ② شۇ خىل ماددا دىستىللەنگەندىن كېيىنكى قالدۇق. ئادەتتە ئۇ قاتتىق، سۈزۈك ۋە چۈرۈك كېلىدۇ. رەڭگى ئاچ سېرىق ياكى قوڭۇر بولىدۇ، سانائەتتە سىر، سوپۇن، قەغەز ۋە سەرەڭگە قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**دېۋىرقاي پارقىراقلىقى** <كېئول> مىنېرالغا يات بىر خىل پارقىراقلىق. يېرىم سۈزۈك مىنېراللار يۈزىدىن قايتقان نۇر دېۋىرقايغا ئوخشاش پارقىرىغاچقا شۇنداق ئاتالغان. مەسىلەن، سفالېرىتنىڭ پارقىراقلىقىغا ئوخشاش.

**دېۋىرقاي جىنس** <كېئول> كىسلاتالىق ئەينەك ماددىسىغا ئىگە ئېتىلما جىنس. تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى سەككىز-ئون پىرسەنت بولىدۇ، ئادەتتە قوڭۇر ياكى ئاچ يېشىل رەڭلەردە بولۇپ، دېۋىرقاي پارقىراقلىقىغا ۋە سەدەپسىمان ئۈزۈلۈش يۈزىگە ئىگە كېلىدۇ.

**دېيەرلىك** سۈپ ① دېسمۇ بولىدىغان، دېيىشكە تېگىشلىك: قۇددۇس پەيزىنىڭ تەكشۈرۈلگەن قېنىدا بولسا، يېتىلمىگەن قان ھۈجەيرىلىرى يوق دېيەرلىك، تال چوڭىيىپ كەتمىگەن. * پايات سېخىنىڭ ماتور سىناش جازىسى ياساشتا رولى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، ئۇلار بۇ پىكىرگە ئاۋاز قوشتى. ② تولۇق، دېگەندەك: ئامانىساخان ئۆز تەخەللۇسى بىلەن «دىۋان نەپىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى يازدى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى دېيەرلىك دەرىجىدە ئۆگەنگەن ئۇستا مۇقامچى ئىدى. // ئۇ بۇنىڭدىن رېئاللىقنى دېيەرلىك چۈشىنىپ كېتەلمىدى.

**دېيتېرىي** ئى (ر<گرېك) <خىم> ھىدروگېنىنىڭ ئىزوتوپلىرىدىن بىرى، بەلگىسى D (deuterium). ئاتوم يادروسىدا بىر دانە پروتون ۋە بىر دانە نېيترون بولىدۇ. ئېغىر سۇنى ئېلېكتىرولىزلاش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئىسسىق يادرو رېئاكسىيىسىدە قوللىنىلىدۇ، «ئېغىر ھىدروگېن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دېيىشمەك** ① «دېمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىليار خوجا دائىم بىر كۆزىنى قىسىپ يۈرگىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى قارىغۇ خوجا دېيىشەتتى. * ئاسىم بىلەن ئەخمەتجان جاڭزا قورۇسىنىڭ تېمىغا چىقىۋېلىپ قاۋانلىقنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى. ② ئۆزئارا كېلىشمەك، مەسلىھەتلەشمەك: — ھەر ھالدا باشتا دېيىشىپ قويغان ياخشىراقمىكىن، — دېدى كېرەم زاپخوز، — گەپ يۈزىدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە دەيدۇ، كېيىن يەنە كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالمىسۇن. ③ خاپىلاشماق، تاكاللاشماق، ئۇرۇشماق:

پۇل تاپتىم ياخشى بىلەن يېيىشكىلى، يامان بىلەن دېيىشكىلى (ماقال). * – ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قالمىز-دە! – دېدى ئۇ چىرايلىق بۇرۇتىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ. * ئاخشام، ئۇرۇمچىدىن كېتىدىغان ئاخشىمى، ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا دېيىشىپ قالدۇق. ④ ئالاقىلاشماق، سۆزلەشمەك: بۇ ئىش توغرۇلۇق كىم بىلەن دېيىشمەن؟

**دېيلمەك** «دېمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باشماقالنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ. * بىرچاغلاردا قانچە نامرات بولسا شۇنچە شەرەپ دېيىلەتتى. * «نامى يوق ئەرلەردىن ناملىق دۆك ياخشى» دېيىلگەن بىر ماقال ئەلگە تارالغان. ئەل ئۈچۈن جان پىدا قىلغان مەردلەرنىڭ، نامىلىرى دىللاردا ئۆچمەي ساقلانغان.

**دىئاباز** ئى (ر<فران <گرېك) <گېئول> توق يېشىل رەڭدىكى ماگما جىنس. ئاساسىي تەركىبى ئادەتتىكى پىروكسېن بىلەن پلاگىئوكلازدىن ئىبارەت. دانىچە ھالەتتە بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**دىئاباز تۈزۈلمىسى** <گېئول> تېيىزلىكتىكى ياكى ئېتىلىپ چىققان ئاساسلىق جىنسلار تۈزۈلمىلىرىنىڭ بىرى. دانىچىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان پلاگىئوكلاز بىلەن پىروكسېندىن تۈزۈلىدۇ. لېكىن پلاگىئوكلاز كرىستالىنىڭ شەكىل ھاسىل قىلىش دەرىجىسى پىروكسېنىڭكىدىن روشەن ھالدا ئۈستۈن تۇرىدۇ. پلاگىئوكلازنىڭ ئۆزئارا گىرەلەشكەن تاختىسىمان كرىستالىدىكى كاۋاكچىلار ئىچىگە پىروكسېنىنىڭ باشقا شەكىلدىكى دانىچىلىرى تىنىپ قالغان بولىدۇ. دىئاباز بۇ خىل تۈزۈلمىگە ئىگە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**دىئابېت** ئى (ر<گرېك) <تب> ← **شېكەر سىيىش كېسەللىكى.**

**دىئاپازون** ئى (ر<گرېك) <مۇز> ← **ئاۋاز دائىرىسى.**

**دىئاتومىت** ئى (ر<گرېك) <گېئول> سىلىتسىيلىق يۇسۇن بىلەن ھايۋانلار قاسراقلىرىدىن تۈزۈلگەن تاغ جىنسى. ئاچ كۈل رەڭ ياكى سارغۇچ ئاق رەڭدە بولىدۇ، يەڭگىل ۋە تۆشۈكلىرى كۆپ بولىدۇ. سانائەتتە سۈزگۈچ، يېپىشتۇرغۇچ ۋە ئىسسىقلىقنى توسقۇچى ماتېرىيال قاتارلىقلار ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**دىئافراگما** ئى (ر<گرېك) ① <ئانات> كۆكرەك قەپىسىنى قورساق بوشلۇقىدىن ئايرىتىپ تۇرىدىغان توسما پەردە. ② <كىنو> فوتو ئاپپارات ۋە باشقا ئوپتىكا ئەسۋابلىرىدىكى نۇرنىڭ ئۆتۈشىنى كېمەيتىدىغان ياكى كۆپەيتىدىغان پەردە.

**دىئاكرىتىك** سۈپ (ر) ← **دىئاكرىتىك بەلگە.**

**دىئاكرىتىك بەلگە** ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇز بەلگىلىرى.

**دىئاگراما** ئى (ر<گرېك) تۈرلۈك مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەيدىغان سىزما كۆرسەتكۈچ ياكى گرافىك تەسۋىر.

**دىئاگنوز** ئى (ر<گرېك) <تب> بىمار ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان كېسەللىك ۋە بۇ كېسەللىكنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى ھەققىدە چىقىرىلغان خۇلاسە، يەكۈن.

**دىئاگنوز قويماق** <تب> بىمارنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن،

ئۇنىڭدا پەيدا بولغان كېسەللىك ۋە بۇ كېسەللىكنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا خۇلاسە چىقارماق.

**دىئاگنوستىكا** ئى (ر<گرېك) <تېب> دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**دىئاگونال** ئى (ر<لات) <مات> ① كۆپ تەرەپلىكتىكى ئۆزئارا قوشنا بولمىغان ئىككى چوققىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق. ② كۆپ ياقلىقتىكى ئوخشاش بولمىغان تەكشىلىكتە ياتقان ئىككى چوققىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق.

**دىئالوگ** ئى (ر<گرېك) <ئەد> ① ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەت. ② ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت شەكلىدە يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر.

**دىئالوگسىز** سۈپ. دىئالوگى يوق، دىئالوگ بېرىلمىگەن.

**دىئالوگلۇق** سۈپ. دىئالوگى بار، دىئالوگ بېرىلگەن.

**دىئالېكت** ئى (ر<گرېك) <تىل> بىر تىلنىڭ مەلۇم دائىرىدىلا قوللىنىلىدىغان ۋە ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان ئىجتىمائىي ۋارىيانتى. ئۇ يەنە بىرقانچە شېۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**دىئالېكتشۇناس** ئى (ر+پ) <تىل> بىر تىلنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**دىئالېكتشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى.

**دىئالېكتىك** سۈپ (ر) ← **دىئالېكتىكىلىق:** دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم.

**دىئالېكتىكا** ئى (ر<گرېك) <پەلس> شەيئىلەر زىددىيىتىنىڭ ھەرىكىتى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەلسەپۋى تەلىمات. ئۇ مېتافىزىكىغا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە بولۇپ، شەيئىلەرنى ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كۈرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. تارىختا ئۇ ستىخىيىلىك دىئالېكتىكا، ئىدېئالىستىك دىئالېكتىكا ۋە ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. ستىخىيىلىك دىئالېكتىكا ساددا ۋە ئۇدۇل بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيانى پەقەت ئاددىيلا چۈشەندۈرەتتى. ئىدېئالىستىك دىئالېكتىكا ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ دىئالېكتىك رېئاللىقىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرگەندە ئۇ مىستىتسىزملىق ۋە ئىدېئالىستىك كۆز قاراشتا ئىدى. پەقەت ئۇ ماركسىزملىق دىئالېكتىكىغا تەرەققىي قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئىلمىگە ئايلاندى.

**دىئالېكتىكىلىق** سۈپ. دىئالېكتىكىغا ئاساسلانغان، دىئالېكتىكىغا ئائىت: دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم. دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر. * بۇ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىشى بىلەن كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازدىن بەھرىمەن بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتۇر.

**دىئالېكتىكىلىق لوگىكا** <لوگ> ماركسىزم-

لىق پەلسەپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى يەنى تەپەككۇر دىئالېكتىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ كىشىلەردىن شەيئى-لەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشنى؛ شەيئىلەرنى ئۆز زىددىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ۋە ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلغاندىلا ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم** <پەلس> ماركس بىلەن ئېنگېلس بەرپا قىلغان، تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى دىئالېكتىكىلىق ئۇسۇل بويىچە تەتقىق قىلىدىغان پەن، يەنى پرولېتارىياتلىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگى-يە. ئۇ: دۇنيا ئۆز ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا ماددىدۇر؛ ماددا ئۆزىدە بار بولغان قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ؛ مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ؛ ئاڭ مەۋجۇدىيەتكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزم ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى ئۆتكۈر قورالىدۇر.

**دىئامېتىر** ئى (ر<گرېك) <مات> چەمبەر ياكى شارنىڭ مەركىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئىككى نۇقتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق.

**دىبەن** ئى (خىم) ← **نېگاتىپ**.

**دىبەيچۈك** ئى (خەن) <خىم> ئۇنۇمى يۇقىرى ۋە زەھىرى تۆۋەن بولغان ھاشا-

رات ئۆلتۈرگۈچى دورا. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_8O_4d_3P$. ئۇ ئاق ياكى سۈس سېرىق رەڭلىك كرىستال ماددا بولۇپ، كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخ، ئاشلىق زىرائەتلىرى، كېۋەز ۋە چاي قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زىيانداش قۇرتلىرىنىڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**دىبىق** ئى <بوت> دىبىق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە ئۇجمە ۋە ئەبنۇس دەرىخى ئۈستىدە پارازىت ياشايدۇ، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاچ يېشىل، گۈل تاجىسى كانايغا ئوخشاي-دۇ. مېۋىسى سېرىق بولۇپ ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، ئۈستىدە ئىنچىكە تۈكلىرى بولىدۇ. غول ۋە يوپۇرماقلىرى تىبابەتچىلىكتە قۇۋۋەت دورىسى قىلىنىدۇ.

**دىپەي** ئى (خەن) جان ت. بەشلەڭ قەغەز-دىكى ئىككى خانىلىق قەغەز.

**دىپەيدەك** رەۋ. تۈز، تىك، ئېگىلمەي، مىدىرلىماي: ئۇ تېخىچە قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرغان ساۋۇت ئاكىغا قاراپ توڭلۇق بىلەن: — ئولتۇرۇڭ ساۋۇتئاخۇن، دىپەيدەك ئۆرە تۇرماي، — دېدى. * — نېمە دىپەيدەك تۇرىسەن ھوي لەقۋا، مېھمانلارغا چاي قۇيمامسەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئابلىز ھېلىقى يىگىتكە قاراپ.

**دىپلومات** ئى (ر<فران) ① باشقا مەملىكەت-لەر بىلەن رەسمىي ئالاقە ئورنىتىش ياكى مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش مەقسىتىلىرد-دە ئۆز ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دائىمىي ۋەكىل. ② گەپ-سۆز ۋە مۇئامىلىدە ماھىر كىشى: ياسىن قالتىس دىپلومات بولۇپ كەتتىغۇ!؟

**دىپلوماتلىق** «دىپلومات» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دىپلوماتلىق قىلماق.

**دىپلوماتىك** سۈپ (د) دىپلوماتىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ دىپلوماتىيىگە، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان: مەملىكىتىمىز 33 يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى 125 دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. * ئورۇمچىدىكى رۇسچە سىياسىي-قانۇن تېخنىكومىنى ياڭ زېڭشىن ئۆزىگە يارىملىق دىپلوماتىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئۆز قولى بىلەن تەسىس قىلغانىكەن.

**دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمىكى** بىر مەملىكەتتە تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئەل ئەلچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئۆمەك. دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتى تولاراق قائىدە بويىچە مۇراسىملارغا (مەسىلەن، تەبرىكلەش، تەزىيە بىلدۈرۈش قاتارلىقلارغا) قاتنىشىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

**دىپلوماتىك سۆز-ئىبارىلەر** دىپلوماتىك پائالىيەت سورۇنلىرىغا خاس گەپ-سۆزلەر.

**دىپلوماتىك مۇناسىۋەت** دۆلەتلەر ئارا ئورنىتىلىدىغان دائىمىي مۇناسىۋەت. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىش ۋە دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە شۇ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**دىپلوماتىك ۋەكىل** بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتكە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن رەسمىي ۋەكىلى. ئۇ دائىملىق ۋە ۋاقىتلىق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. دائىملىق دىپلوماتىك ۋەكىل دېگەندە، مەلۇم دۆلەتتە تۇرۇشلۇق ئەۋەتىلگەن، شۇ دۆلەت بىلەن دائىملىق ئالاقىدا بولىدىغان ۋەكىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار باش ئەلچى، ئەلچى، ئىش بېجىرگۈچى دېگەن دەرىجىلەرگە ئايرىلىدۇ؛ ۋاقىتلىق دىپلوماتىك ۋەكىل دېگەندە، باشقا دۆلەتكە قىسقا مۇددەتلىك مەلۇم ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر مەسىلەن، خەلقئارا يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر، دۆلەت بايرىمى ۋە باشقا مۇھىم مۇراسىملارغا قاتنىشىدىغان ئەلچى ۋە باشقىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يەنە «دىپلوماتىك ئەلچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئورگىنى** بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتتە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت ئاپپاراتى، دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئورگىنى باش ئەلچىخانا، ئەلچىخانا ۋە ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورنى دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ، ئۇ باشلىق (باش ئەلچى، ئەلچى ياكى ۋەكالەتەن ئىش بېجىرگۈچى)، دىپلوماتىك ئەمەلدارلار (مەسلىھەتچى، كاتىپ، بىللە بارغانلار) ۋە خىزمەتچى خادىملار (مەمۇرىي، تېخنىك خادىملار ۋە مۇلازىملار)دىن تەشكىل تاپىدۇ.

**دىپلوماتىك ئىمتىياز** ساھىبخانا دۆلەت باشقا دۆلەت دىپلوماتىيە ۋەكىلىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە ئالاقىدار خادىملارغا بەرگەن ئىمتىياز. مەسىلەن، جىسمانىي ۋە تۇرار جايى جەھەتتىن دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماسلىق، مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئەدلىيە جەھەتتىن ھۆكۈم قىلىنىشتىن خالىي بولۇش، چېگرا بېجى ۋە تاموژنا تەكشۈرۈشىدىن خالىي بولۇش، شۇنىڭدەك مەخپىي ئۇچۇر بېرىش ۋە دىپلوماتىك

ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىقلار.

**دىپلوماتىيە** ئى (ر) بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت جەھەتتىكى پائالىيىتى. مەسىلەن، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە يىغىنلارغا قاتنىشىش، باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئەلچى ئەۋەتىشىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، شەرتنامە ۋە كېلىشىملەرنى تۈزۈش قاتارلىقلار.

**دىپلوم** ئى (ر<فران) <ماثار> ← **شاھادەتنامە**.

**دىت** ئى (پ) ① گۈزەللىكنى، نەپىسلىكنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېستېتىك زوق ئېلىش قابىلىيىتى: زۇنۇن قادىر — ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتىلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، روھى-پىسخىك ھالىتى، ھېس-تۇيغۇ ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان يازغۇچى. ئۇ تۇرمۇشنى يازغۇچىلىق دىت بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. * ئاشۇ رايوننىڭ ئادەملىرىگە كىم بەرگەندۇ بۇنچە بەدىئىي دىتنى؟ ئېسى بار ئادەمنىڭ بەرى توقۇيدۇ، ئاز دېگەندە، بىرەر بېيىتنى. ② نىيەت، كۆڭۈل، راي: بۇ گەپلەر تاشماقنىڭ دىتىغا ياقمىدى، كىمكى ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان گەپنى قىلىپ قويسا، ئۇ خۇددى ئاقۋالداقتەك پاراسلاپ كېتەتتى. * قارىيەنىڭ بۇ گەپلىرى ئاغرىق كالىغا پىچاق سۇرگەندەك غۇلامنىڭ دىتىغا راسا ياقتى. * موللازەيدىن خەقنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. * ۋەزىرنىڭ دىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان شاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ، بېلىقچىنى ئوردا ئىشىكىدىن ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. ③ كۈچ، كۈچ-قۇدرەت، قۇربەت، چام: مەن «بۆرىنى يارىتىشقا دىتى يەتكەن

خۇدا ئۇنىڭغا ئاز-تولا ئەقىل تەقسىم قىلىشنىمۇ ئۇنتۇمىغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. ④ ئەقىل، ھوش، پەم، ئىدراك: دىتى بار ئادەم. دىتى يوق. دىتى يەتمەك. * ھەممىمىز نامان تاغنىڭ بۇ ياشنىپ قالغان بوۋاينىڭ دىتىغا قايىل بولۇپ، كۈلۈشۈپ كەتتۇق. * — ئۆتمۈشتە، كېلىن قىلىدىغان قىزنى گىلەم ئۈستىدە قاچا يۇغلى سېلىپ، ئۇنىڭ دىتىنى سىناپ كۆرۈشىدىكەن، — دېدى ئۇ. * بولسىمۇ رەڭگىنىڭ سېنىڭ، يوقكەن دىتىڭ، سېنى ئويغاتماپتۇ ئېرىنىڭ. شۇنچىمۇ تەرسا بولامدۇ قىز دېگەن، ئۇ دىتىمۇ ئاچچىق-چۈچۈكنى سەزمىگەن؟ * ئەقلىنىڭ قەدرىنى بىل، ئۇنى ئىشقا سال، ئەقلىدۇر كىشىنىڭ ئالىي بايلىقى. گادايلىق دەھشىتى ھەممىدىن ئېغىر، ئۇنىڭدىن يامانراق دىت گادايلىقى. ⑤ ھەۋەس، قىزىقىش، ياخشى كۆرۈش: خېرىدارنىڭ دىتى ھەر خىل، ھەر خىللىقتىن كىم رەنجۇ، بىرى ئىزدەر قارا ئەنجۇر، بىرى ئىزدەر ئاق ئەنجۇر.

**دىتى بار** ئەقلى-ھوشى، پەمى بولغان؛ پەم-پاراسەتكە ئىگە، دىتلىق: قاپقارا ئۈزۈن قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە خېلىلا دىتى بار يىگىت ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. * قىز مېڭىشتىن توختاپ: — سىزنىڭ خېلى دىتىڭىز بارغۇ ئالىمجان ئاكا! راستتىن ئېيتىڭا، مەن ئارتىسكا بولالايمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. * سارىخان دەپ ئېتى بار، تام كېزىنتتە خېتى بار، ھەممە ئىشقا دىتى بار، غۇنچە بويلۇق سارىخان.

**دىتىغا يارىماق** ← **دىتىغا ياقماق**: ئۇ كۆپىنچە ئۆز دىتىغا يارىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئۇنى «تامغا» قىلىپ، لىتىپىنىڭ

ماڭلىيىغا ئىسىپ قوياتتى.

**دىتىغا ياقماق** كۆڭۈلگە، رايىغا ماپ كەلمەك؛ كۆڭۈلگە يارىماق: لايىقلارنىڭ ھېچبىرى مېنىڭ دىتىمغا ياقمايتتى. * ئۇنىڭ ئىشى بايىنىڭ دىتىغا ياقتى. * مەن ئىچىمدە ئۇنى «يارايسەن» دېدىم، دىتىمغا ياقىدىغان يىگىت ئىكەنسەن دەپ ئويلىدىم. * ئەختەمنىڭ بىرمۇنچە ئىشلىرى سايىتۇۋنىڭ دىتىغا ياقمىغىلى تۇردى.

**دىتى يەتمەك** ئويلاپ، چۈشىنىپ يەتمەك؛ ئەقلى يەتمەك، چۈشەنمەك: ئۇنىڭ قولىدا كىتاب بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزى كىتابقا چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ئوقۇغۇچىنىڭ پىشەلمىگەن بىرەر سوئالى بارلىقىغا دىتى يەتتى.

**دىتى يوق** ئەقلى-ھوشى، پەمى بولمىغان؛ پەم-پاراستى كەم، دىتسىز: پادىشاھ ئاچكۆز بولۇپ، ۋەزىرى پىخسىق ئىكەن، پادىشاھنىڭ دەيدىغىنى ھەدېسە ئالۋاڭ ئىكەن، پادىشاھنىڭ ۋەزىرى دىتى يوق گالۋاڭ ئىكەن. * – تازىمۇ دىتىڭ يوق نېمىكەنسەن! – دېدى «تىكىلگەن كۆز» ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

**دىتسىز** سۈپ. دىتى، ئەقلى-ھوشى يوق؛ پەم-پاراستى بولمىغان؛ دىتلىق ئەمەس: يولۇچى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك غەزەپ بىلەن: «ھوي دىتسىز، مېنىڭ يۈرەك-قېنىمنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ناخشامنى سەنمۇ نېمە ئۈچۈن بۇزۇپ ئوقۇيسەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. * ئۇ دېدى« دادىسى توختاپ تۇرسىلا، چاغلاملا مېنى يە دىتسىز خوتۇن دەپ. قانداقچە سۆز بېرەي، ئەرسىز-كېچەشىسىز، ئەلۋەتتە ياندۇردۇم قىلىپ لايىق كەپ».

**دىتسىزلىق** «دىتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: باخشى يەنىلا كۈلۈۋاتاتتى. بۇ كۈلكە ئىپلاسلىق، رەزىللىك ۋە شەرمەندىچە ئالدامچىلىقنىڭ، دىتسىزلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئۈستىدىن ھاياسىزلارچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشى ئىدى. * – دىتسىزلىقىڭنى قارا سېنىڭ، سايىم، – دېدى ئەكبەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

**دىتلاشماق** «دىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىتلىق** سۈپ. پەمى، تەدبىرى بار؛ دىتى بولغان، دىتسىز ئەمەس: دىتلىق يىگىت. دىتلىق ئايال. * – مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار تاشماقجان؟ سەنمۇ بىر كونا كوممۇنىست، دىتلىق ئادەمسەن، – دېدى ئانارخان ھەيران بولغان ھالدا.

**دىتلىماق** پ ① كۆڭۈلدە ئويلىماق، كۆڭۈلدە كەچۈرمەك: ھەربىر ئائىلە كىشىلىرى تونۇر بېشىدا، ئوچاق ئالدىدا، داستىخان ئۈستىدە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدا-مەنپەئەتى، زىيان-تەسىرلىرى ھەققىدە ئەقلىرى يەتكەن يېرىگىچە دىتلاپ كۆرۈشتى. * – سىزنىڭ بۇ ھەقتە بىرەر دىتلاپ قويغان يېرىڭىز بارمۇ؟ – دېدى. * ئەزىمەتنى رەئىس قىلىپ كۆرسىتىش توغرىسىدا ھەممەيلەن دىتلاپ تۇرۇۋشقانىكەن. شۇڭا ئۇنى بۈگۈن كەچقۇرۇن جەمئىيەت ئەزالىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا بىردەك قوشۇلدى. ② كۆڭۈلگە پۈكمەك، ئويلىماق: ئۇ ئۈچ ئايدىن بېرى كۆڭلىدە ھېلىقى قىزنى دىتلاپ يۈرەتتى. ③ تەخمىن قىلماق، مۆلچەرلىمەك: پاتەمخان ئالىدىغان نەرسىلىرىنى دىتلاپ، بازار ئايلىنىپ ئېرىنىڭ قېشىغا – ئۇلاغ بازىرىغا كەلدى. * تۆمۈر ئاتا ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ھەممىنى كۆزىتىپ دىتلاپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

**دىجورلۇق** (توغرىسى: دىجورنىلىق) ← دىجورنىلىق.

**دىجورنى** ئى (ر) بىرەر ئىش خىزمەت ياكى ۋەزىپىنى نۆۋەت بىلەن بېجىرگۈچى كىشى، نۆۋەتچى: ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ: «بۈگۈن دىجۇرنى كىم؟» دەپ سورىدى. // دۇختۇرخانىدا دىجۇرنى دوختۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى.

**دىجورنىلىق** ئى. بىرەر ئىش، خىزمەت ياكى ۋەزىپىنى نۆۋەت بىلەن بېجىرىش ئىشى، نۆۋەتچىلىك: ئۇ بۇ خەتنى ئەتىگەن دىجورنىلىق قىلىۋېتىپ ئىشخانىدىن تېپىۋالغانىدى.

**دىچۆلياڭ** ئى (خەن) تېرىلىپىدا توقۇلغان بىرخىل رەخت. ئۇنىڭ پاختا ۋە يۇڭ يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغانلىرىمۇ، ساپ تۇقۇلغانلىرىمۇ بولىدۇ. بۇخىل رەختتە تىكىلگەن كىيىملەر سۇركىلىشكە چىداملىق بولۇپ، تۇسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئاسان يۇغىلى بولىدۇ، تېز قۇرۇيدۇ.

**دىدار** ئى (پ) ① كىشىنىڭ يۈزى، رۇخسارى، تۇرقى؛ يۈز، رۇخسار، جامال: ئانامنى قەبرىگە ئېلىپ كېتەر مەزگىلدە مىنى ئاپىرىپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرسەتتى، ئۇ ئۇخلىغاندەكلا ياتاتتى. * دىدارىڭغا قانمىدىم يۇرتۇم، باققانسېرى باققۇم كېلىدۇ. مېھرىڭ سىڭگەن باغرىمنى ساڭا، ياققانسېرى ياققۇم كېلىدۇ. ② كۆچمە. ئىز، سايە (قارا)، بەلگە: قارىغۇدەك بولسا، شەھەردە ئادەم دىدارى يوق، ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنىكەن. * ئۇچاق ئەتراپىغا قارىسام بۇتۇن دىدارى يوق. * كەسلەنچۈكلەر، لەگمەنتاقتاقلار، بۇ سەھرا-نىڭ ھايات دىدارى. شىۋاق، قوراي، يۇلغۇن، يانتاقلار، جانۋارلارنىڭ ئامراق دىدارى. ③ كۆچمە. يۈز كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش: دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت (ماقال). * خەت – يېرىم دىدار (ماقال). * شۇندىن شۇنىغا كەلمىشىم سەن يار ئۇچۇندۇر. جەبىر-جاپا چەكمىشىم دىدار ئۇچۇندۇر.

**دىدار كۆرۈشمەك** ئۇچراشماق، يۈز كۆرۈشمەك: ئاللاتائالا نېسىپ قىلسا «غىلاپلىق خەنجەر» بىلەن بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەلھەق، دىدار كۆرۈشىلا. * – خوش، پاتەم ھەدە، – دېدى ئامىنە بىر جۈپ ھالقىنى پاتەم ھەدىگە سۇنۇپ، – سىز بىلەن يەنە ... يەنە دىدار كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟

**دىدارلاشماق** پ. دىدار كۆرۈشمەك، ئۇچراشماق، يۈز كۆرۈشمەك: ئاڭلىدۇق، ئالىم ئىكەنسىز، سىز بىلەن دىدارلاشساق دېگۈچىلەر كۆپ، ئەسسەت ئەپەندىم. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى خېلى ئۆسۈپ قالدى. * مەن يۇرتۇمغا ئاتىپوسكىغا كېلىپ ئون نەچچە كۈن بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشقىلى ئۆيىگە باردىم.

**دىداكتىك** ئى (ر) ← دىداكتىكىلىق.

**دىداكتىكا** ئى (ر<لات) <ماثار> پېداگوگىكى-نىڭ بىر قىسمى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ مەزمۇنى، مېتودى ۋە تەشكىلىي شەكىل-لىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

**دىداكتىكىلىق** سۈپ ① دىداكتىكىغا ئاساس-لانغان، دىداكتىكىغا ئائىت: دىداكتىكىلىق ئەسەر. ② پەندى-نەسىھەت خاراكتېر-لىك: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتقۇ بىلىگ» ئەسىرى دىداكتىكىلىق ئەسەردۇر.

**دىداڭ** سۈپ. دىئال. تېتىك، تىمەن، چەب-دەس، كۈچلۈك.

**دىر** I ئى. بىرەر سودا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەر ئۇچۇن سېلىنغان مەبلەغ، پۇل؛ دەسمايە: – سەن

قانچىلىك دىر سالالايسەن؟ — دېدى ياندا ئولتۇرغان پاتاق بۇرۇن، چوقۇر يۈز، ئۇستىخىنى تولىمۇ قوپال كەلگەن شاپ بۇرۇت كىشى ھەيۋە بىلەن قولىنى شىلتىپ.

**دىر** II تەق. نەرسىلەرنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان ياكى تىترىگەندە ئادەمنىڭ سەزگۈسىدە پەيدا بولىدىغان بىرخىل ئاۋاز: ئارقىمۇئارقا ئۆتتۈۋاتقان پويىزلارنىڭ زەربىسىدىن، يەرلەر دىر قىلىپ تىترەپ، يول بويىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا ئىدى. * ھۆكۈمران سىنىپلار ئىنقىلاب ئالدىدا دىر تىترىسۇن!

**دىراپ** (توغرىسى: دراپ) ← **دراپ.**

**دىرايماق** پ. دىئال. تارتىشماق (بەدەن ھەققىدە) .

**دىرىيىپ قالماق** دىئال. ھوشىدىن كېتىپ قالماق.

**دىر-دىر** «دىر II» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: دىر-دىر قىلىپ تىترىمەك. * زەرب بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان خالك يەرنى دىر-دىر قىلىپ تىترىتەتتى.

**دىر-دىر تىترىمەك** ① قاتتىق تىترەپ سىلكىنىشتىن دىر-دىر ئاۋاز چىقارماق: ② كۆچمە. قاتتىق قورقماق: ھېلىقى يانچۇقچى ساقچىنىڭ ئالدىدا دىر-دىر تىترەپ ئىقرار قىلىشقا باشلىدى.

**دىرت** ئىم. ھارۋىغا قوشقان ئاتنى ھەي-دەش، ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيرۇق سۆز: ئابدۇراخمان ئاتنىڭ بېشىنى يولغا بۇراپ «دىرت — چۇھ!» دېگىنىچە مېڭىپ كەتتى.

**دىرىدە** رەۋ «دىر» قىلغان ھالدا، «دىر» قىلىپ: بۇ سۆز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دىرىدە بىر تىترەپ، كۆزلىرى ئاچچىق ياش بىلەن پەردىلەندى.

**دىرېكتور** ئى (ر<لات) <سودا> مەلۇم كارخانا ياكى شىركەتنىڭ مەسئۇلى.

**دىرېكتورلۇق** «دىرېكتور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**دىرىژابىل** ئى (ر<فران) بىرخىل ئۇچۇش ئۈسكۈنىسى. قانىتى بولمايدۇ، پەقەت ھىدروگېن گازى ياكى گېلىي گازى قاچىلانغان ھاۋا خالتىسى ھاسىل قىلغان لەيلىتىش كۈچى ئارقىلىقلا يۇقىرىغا كۆتۈ-رۈلۈپ، پىرقىرىغۇچىغا تايىنىپ ئالغا ئىلگى-رىلەيدۇ. ئۇچۇش سۈرئىتى ئايروپىلانىڭكى-دىن تۆۋەن بولىدۇ.

**دىرىژور** ئى (ر<فران) <مۇز> كوللېكتىپ ئورۇندىلىدىغان بىرەر مۇزىكا ئەسىرى ياكى خورغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى كىشى.

**دىرىژورلۇق** ① «دىرىژور» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى. ② سۈپ. دىرىژورلارغا خاس، دىرىژورلار ئىشلىتىدىغان: دىرىژورلۇق سۈپىسى. دىرىژورلۇق تايىقى.

**دىرىڭ** تەق. مېتاللارنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: پولات چۆنەكنىڭ دىرىڭ قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ بولۇڭدا ياتقان مۈشۈك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ دېرىزىدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

**دىرىڭ-دىرىڭ** «دىرىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**دىرىڭدىرىڭ** سۈپ. دىئال. جەبدەست، يەڭگىل

**دىرىڭگىدە** رەۋ «دىرىڭ» قىلغان ھالدا، «دىرىڭ» قىلىپ: ئۇنىڭ قوللىرىدا ئېگىلىۋاتقان تۆمۈر تاياقچە تۇيۇقسىز قولدىن چىقىپ كەتتى-دە، دىرىڭگىدە ئۆگزىگە ئۇچۇپ كەتتى.

**دىرىڭلاتماق** «دىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىرىڭلاشماق** «دىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىرىڭلىماق** پ «دىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دىرىڭ-دىرىڭ» قىلماق.

**دىرىلداتماق** «دىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىرىلداشماق** «دىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىرىلدىماق** پ «دىر-دىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دىر-دىر» قىلماق: ئۇنىڭ دىرىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرى ھېچ ئەلەمگە كەلمەيتتى. * توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر جىپ ماشىنا دىرىلداپ تۇراتتى.

**دىرىنارىيە** ئى (لات) <بوت> ← **دىرىنارىيە ئوتى.**

**دىرىنارىيە ئوتى** <بوت> چىلپايە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى توم، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى خىل، ئوزۇقلۇق ئىشلەيدىغانلىرى كەڭ ھەم تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ. بېغىر رەڭ، سېپى بولمايدۇ. ئۈستىدە تېيىز يېرىقلىرى بولىدۇ. بۇ خىل يوپۇرماقلار غولنى ئوراپ تۇرىدۇ؛ سپۇرىلىق يوپۇرماقلىرى سوقچاق، يېشىل كېلىدۇ، پەيسىمان يېرىلىدۇ. ئادەتتە قورام تاش، دەرەخ ياكى تام ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدۇ. يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، تەمى ئاچچىق، قاننى جانلاندۇرۇش، مۇسكۇلنى كۈچەيتىش قاتارلىق رولى بار.

**دىزازا** ← زازا.

**دىزېل** ئى (ر<نېم) <ماشىن> ① دىزېلنى يېقىلغۇ قىلىدىغان، ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل. ② شۇ خىل دۋىگاتېلغا يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ماي، دىزېل مېيى، دىزېلىن.

**دىزېل دۋىگاتېلى** <ماشىن> دىزېلنى يېقىلغۇ قىلىدىغان، ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل. بۇ خىل دۋىگاتېلنىڭ قۇۋۋىتى بېنزىن ماتورىنىڭكىگە قارىغاندا زور ۋە ماي سەرپىياتى تۆۋەن بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ يۈك ئاپتوموبىلى، پاراۋوز، تراكتور، پاراخوت، ھەربىي كېمىلەر ۋە باشقا ماشىنا ئۈسكۈنىلەرگە ئورنىتىلىدۇ.

**دىزېلىن** ئى (ر<نېم) <ماشىن> نېفىتنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ۋە يېقىلغۇ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان يېنىك ماي. ئۇچۇشچانلىقى سىلىقلاشتۇرۇش مېيىدىن يۇقىرى، كېروسىندىن تۆۋەن بولىدۇ.

**دىزېنتېرىيە** ئى (ر<گرېك) <تىب> چوڭ تەرەت قان ئارىلاش كېلىدىغان، يىرىڭ ئارىلاشىدىغان بىر خىل تولغاق.

**دىسپروزىي** ئى (ر<گرېك) <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Dy ( dysprosium ). سىرەك يەر ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**دىستە** ئى. دىئال. ئاياغنىڭ پاشنىسى.

**دىستىللىمەك** پ <خىم> تەركىبىدە ئۇچۇشچانلىقى ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ماددىلار بولغان سۇيۇقلۇقنى پارلاندۇرۇش ئارقىلىق شۇخىل ماددىلارنى ئاجرىتىپ ئالماق. بۇخىل ئۇسۇل سانائەتتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بېنزىن، كېروسىن قاتارلىقلارنى دىستىللەشكە ئوخشاش.

**دىستىللياتسىيە** ئى (ر<لات) <خىم> سۇيۇقلۇقنى قىزدۇرۇپ پارغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئۇنى سوۋۇتۇپ سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تەركىبىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش.

**دىسسوتسىئاتسىيە** ئى [ر<لات] ① <خىم> مولېكۇلىلارنىڭ تەركىبىي قىسىملارغا ئاجرىلىشى. ② <پسىخول> پسىخىكىلىق جەريانلاردىكى باغلىنىشنىڭ بۇزۇلۇشى.

**دىسسېرتاتسىيە** ئى [ر<لات] بىرەر ئىلمىي ئۇنۋاننى ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى، باھالىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان ئىلمىي ماقالە: دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى. ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى.

**دىسسېرتاتسىيە ياقلىماق** بىرەر ئۇنۋاننى ئېلىش ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە تەييارلىماق ياكى شۇ ماقالىنى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇنازىرىسى ۋە باھالىشىغا سۇنماق.

**دىسسىملياتسىيە** ئى [ر<لات] ① <بىئول> جانلىقلارنىڭ مېتابولىزم داۋامىدا ئۆز تەركىبىدىكى ماددىلارنى پارچىلاش بىلەن بىرۋاقىتتا ئېنېرگىيە ئاجرىتىپ چىقىرىش جەريانى. ② <تىل> بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا ئۆزىنىڭ كەينىدىكى تاۋۇشلارغا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىشى. مەسىلەن، «باغ»، «تاغ» سۆزلىرى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «قا» بىلەن تۇرلەنگەن ۋاقىتتا، تەركىبىدىكى «غ» تاۋۇشىنىڭ «ق» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش.

**دىسكا** ئى [ر<گرېك] ① <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكىتىدە قول بىلەن ئۇزاققا ئېتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ بىرى. شەكلى لوپا ئەينەككە ئوخشايدۇ. گىرۋىكى بىلەن مەركىزىگە تۆمۈر ئورنىتىلىدۇ. قالغان قىسمى ياغاچ ياكى سۇلياۋدىن ئىشلىنىدۇ. ② ماشىنا، مېخانىزم، ئېتىش قوراللىرى ۋە شۇ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياپىلاق، تەخسە شەكلىدىكى قىسمى، دېتالى: سېپالكىنىڭ دىسكىسى. تېلېفوننىڭ دىسكىسى. پىلموتنىڭ دىسكىسى.

**دىسكا ئېتىش** <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى دىسكىنى بىر قولىغا چاپلاپ تۇتۇپ، بەدىنىنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئېتىپ چىقىرىدۇ.

**دىسكىلىق** سۈپ. دىسكىسى بار، دىسكا ئورنىتىلغان، دىسكا بېكىتىلگەن: دىسكىلىق پىلموت. بەش دىسكىلىق سېپالكا.

**دىسلىماق** پ ① مەيدە ياكى كۆكرەك قىسمىنى تىز بىلەن باسماق، تىزلىماق: سىيىت غۇنچەمنى غازاڭ ئۇستىگە تاشلاپ، مەيدىسىگە بىر-ئىككىنى دىسلىۋېتىدۇ. غۇنچەم ھوشسىز بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. * تەرتىپ مۇدىرى ئۇنىڭ مەيدىسىگە دىسلاپ، يەردە يۇملىتىپ تېپىشكە باشلىدى. ② بېسىپ چىڭدىماق، چىڭداپ پىشۇرۇپ، مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرمەك: ھۆسنەرىخان خېمىرنى تەڭلىگە كۆچەپ دىسلاۋېتىپ، زەيتۇنەمگە يەنە بىر قېتىم يەر ئاستىدىن قارىۋالدى.

**دىشۋار** [پ] ① سۈپ. تەس، قىيىن، مۇشكۈل: دىشۋار ئىش. * ئەجەب دىشۋار ئىكەن ياردىن جۇدالىق، ماڭا كۈن يوق ئىكەن ئارامخۇدالىق. * قەلەم قاشلىق ئىكەن يارنىڭ سىياقى. ئەجەب دىشۋار ئىكەن ئىشقى پىراقى. مېنى ھاردۇردىغۇ يولنىڭ يىراقى. ② ئى. مۇشكۈللۈك، قىيىنچىلىق، تەسلىك: سەندىن قورقۇنچ، دىشۋارىم يوق. ساڭا ئاتار پەشۋارىم يوق. بىرپەس ئارام ئالغىلى قوي، ئىككى پەدە چالغىلى قوي. * ئەجەبلەنمە بۇلار كۆكسى بىلىم نۇرىدا نۇرلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتە، سۇدا، تاغ-دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق.

**دىشۋارچىلىق** ئى. مۇشكۈل ياكى قىيىن ئەھۋال، شۇنداق ھالەت؛ مۇشكۈللۈك،

قىيىنچىلىق: ئانام ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇيقۇسىز-لىق ۋە دىشۋارچىلىق ئىچىدە جۇدەپ بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. * جامائەت، سۇ پونكىتى قۇرىمىز دەپ تىرىكلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقمۇ يېتەر، ئەمدى ئۆلۈكلەرنى جىم ياتقىلى قويايلى، ئۇلارنىڭمۇ روھى قوزغالمىسۇن!

**دىشۋارلىق** ئى ← **دىشۋارچىلىق:** جانابىلىرىنى جاھاننى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقان دىشۋارلىقلار توغرىسىدا بىر-ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرىشلىرىنى سورايمەن. * دالدا بولدى بورانغا گۇلمەرەم، شىۋىرغانغا شىپالىق گۇلمەرەم، مۇز داۋانغا بىرقاراپ گۇلمەرەم، باشقا چۈشتى دىشۋارلىق گۇلمەرەم.

**دىغ** سۈپ. دىئال. راسا سەمرىگەن، سەمرىپ تولۇم بولۇپ كەتكەن.

**دىغمارلىماق** پ. دىئال. دۆشكەلىمەك.

**دىغىر-دىغىر** دىئال ← **غىچىر-غىچىر.**

**دىغىرىماق** پ. دىئال. يايىرىماق، يايراپ كەتمەك (ھايۋانلار ھەققىدە).

**دىفتېرىيە** ئى (ر<گرېك) <تىب> ← **بوغما.**

**دىففۇزىيە** ئى (ر<لات) <فىز> بىرەر ماددا زەررىچىلىرىنىڭ باشقا ماددىلار ئارىسىغا تەدرىجىي ھالدا ئۆتۈش ھادىسىسى.

**دىففېرېنسىئاتسىيە** ئى (ر<لات) <كىبىئول> تەركىبى تەكشى بولغان ماگما ئېرىتمىسى-نىڭ ئۆز ھەرىكىتى داۋامىدا تەركىبى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىرقانچىلىغان شاخچە ماگمىلارغا پارچىلىنىش جەريانى.

**دىففېرېنسىئال** ئى (ر<لات) <مات> فۇنكسىيە $y=f(x)$ نىڭ $x$ نۇقتىدىكى ھاسىلىنى $y$ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا ئەركىن ئۆزگەرگۈچى مىقدار $x$ بىلەن بۇ ھاسى-لىنىڭ كۆپەيتمىسى، $y$ $x$ شۇ فۇنكسىيىنىڭ $x$ نۇقتىدىكى دىففېرېنسىئالى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ $dy=$ $y$ $x$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**دىففېرېنسىئال-ئىنتېگرال** <مات> دىففېرېنسىئال بىلەن ئىنتېگرالنىڭ ئومۇمىي نامى. دىففېرېنسىئال جىسىم ھەرىكىتىنىڭ قىسمەن خۇسۇسىيىتىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئىنتېگرال جىسىم ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن، ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمنىڭ مەلۇم بىر پەيتتىكى ھەرىكەت تېزلىكىنى تېپىش دىففېرېنسىئالغا دائىر مەسىلە؛ ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلاردى-كى پەيتلىك تېزلىكىگە ئاساسەن جىسىم ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن مۇساپىسىنى تېپىش ئىنتېگرالغا دائىر مەسىلە. دىففېرېنسىئال-ئىنتېگ-رال تەبىئىي پەن ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى-دا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**دىففېرېنسىيە** ئى (ر<لات) ← **دىففېرېنسىيلىنىش.**

**دىففېرېنسىيلەنمەك** ① «دىففېرېنسىيلە-مەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② «دىففېرېنسىيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دىففېرېنسىيلىمەك** پ ① بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرمەك؛ بۆلەكلەرگە، تەركىبلەر-گە ئاجراتماق. ② <مات> دىففېرېنسىئال-نى تاپماق، دىففېرېنسىئالنى ھېسابلاپ چىقارماق.

**دىففېرېنسىيلىنىش** ① «دىففېرېنسىيلەن-مەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىم-دىشى. ② <بىئول> جانلىقلار يەككە تېنىنىڭ يېتىلىش جەريانىدا، ھۈجەيرىلەر-نىڭ ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، تۈزۈلۈش ۋە فۇنكسىيە جەھەتتە ئاددىيلىقتىن ئالاھىدە ھالەتكە قاراپ ئۆزگىرىش ھادىسىسى. مەسىلەن، تۆرەلمە ۋاقتىدىكى مەلۇم

ھۆجەيرىلەرنىڭ دىففېرېنسىيىلىنىپ مۇسكۇل ھۆجەيرىلىرىگە ئۆزگىرىش ۋە باشقا بىر قىسىم ھۆجەيرىلەرنىڭ دىففېرېنسىيىلىنىپ، بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىغا ئۆزگىرىشىگە ئوخشاش.

**دىففىراكسىيە** ئى (ر<لات) <فىز> ئاۋاز دولقۇنى، يورۇقلۇق دولقۇنى قاتارلىق دولقۇنلار تارقالغاندا، ئەگەر چوڭ-كىچىكلىكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولغان جىسىمنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىسا، بۇ جىسىمنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. ئەگەر چوڭ - كىچىكلىكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولغان تۆشۈكتىن ئۆتسە، تۆشۈكنى مەركەز قىلىپ، ھالقىسمان دولقۇن شەكىللەندۈرۈپ ئالغا قاراپ تارقىلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە دىففىراكسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

**دىققەت** ئى (ئە) ① پىكىر، ئەس-ياد، ئوي-خىيال؛ ئېتىبار، زېھىن: سىز ئورۇنلاشقان ياتاقمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى، ئۇ يەردە دوختۇر-سېستىرالار، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، ئاتا-ئانىڭىز بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا دىققىتى سىزدە ئىدى. * ئۇ ئايالنىڭ مەككارلارچە ھىجىيىپ تۇرغان چىرايى كىرگەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى دەرھال ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. * بىلەمسىز، ئولتۇرۇش جەريانىدا، مېنىڭ پۈتۈن دىققىتىم سىزدىلا بولدى، پەقەت سىزگىلا دىققەت قىلىپ ئولتۇردۇم. راست، سىز ھەقىقەتەن ياخشى!... سىزگە قاراپ كۆزلىرىم نەملەشتى. ② «بىلەن» باغلىغۇچىسى ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «تە» بىلەن كېلىپ، «ئەستايىدىللىق بىلەن»، «ئېتىبار بىلەن»، «پۈتۈن زېھنى يىغقان، مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: پاتىگۈل تېخىمۇ دىققەت بىلەن سەپسالدى. * ئوق ئاۋازى يەنە توختاپ قالدى، بىز ھەممىمىز دىققەتتە تۇرۇپ قۇلاق سالدۇق، راستتىنلا ئوق ئاۋازى ئاڭلانمىدى. ③ باشقىلارنى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئۈندەش يۈزىسىدىن قوللىنىپ «زېھنىڭ(لار)-نى يىغىپ، تىنچ تۇر(ۇڭلار)!» دېگەنگە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: - دىققەت، ھازىر دەرس باشلايمىز، - دېدى مۇئەللىم دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ. ④ <ھەرب> ئەسكەرلەرنى قەددىنى رۇسلاپ زېھنىنى يىغىپ ھوشيار تۇرۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «قەددىڭنى رۇسلاپ، ئېسىڭنى يىغىپ ھوشيار تۇر» دېگەن مەنىدىكى كوماندا سۆزى: - دىققەت! - بەنجاڭ سەپكە تىزىلغان ئەسكەرلەرگە كوماندا بېرىپ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ⑤ <پسىخول> پسىخىكىلىق ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ئوبيېكتقا قارىتىلىشى ۋە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى.

**دىققەت بولماق** دىققىتىنى يىغىپ ھوشيار - تۇرماق؛ جىددىيلەشمەك: ئىشىك قېقىلىش بىلەن تەڭ جاپپار بىلەن خەلچىخان دەرھال دىققەت بولۇشتى.

**دىققەت قىلماق** زەن سالماق؛ ئەھمىيەت بەرمەك، ئېتىبار بەرمەك: ئۇ كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئاياللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ سىنچىلاپ قارىدى. * بازارنىڭ تەڭشىگۈچلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا داۋاملىق دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. * - كىچىك بالا ئەمەسمۇ، كۆپرەك دىققەت قىلسىڭىز ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولار، - دېدىم ئويلىنىپ تۇرۇپ.

**دىققەتكە سازاۋەر** ئېتىبار بېرىشكە

ئەرزىيدىغان، پىكىر-نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىدىغان: بۇ ئىش جەزمەن ئاممىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

**دىققەتنى بۇرىماق** دىققىتىنى باشقا ياققا قاراتماق: بۇگۈن دۇشمەنلەر غەرب تەرەپكە ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، پارتىزانلارنىڭ دىققىتىنى شۇ ياققا بۇرىۋەتتى. * ئۇ ئاسمىنى خاتىرجەم قىلىپ، سىلىنىڭ دىققەتلىرىنى بۇرىماقچى بولغان.

**دىققەتنى بۇزماق** ئوي-پىكىرنى قالايمىقانلاشتۇرماق: ماكانلىشىش ئۈچۈن ئۆي-ئوچاقلىق بولماي بولمايدۇ. ئۇنداقتا كىم بىلەن؟... ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن دىققىتىم بۇزۇلدى.

**دىققەتنى بۆلمەك** ① زېھنىنى، پىكىر-خىيالىنى چاچماق: بوۋاينىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن جىمجىت ئولتۇردۇم. ② (ئادەمنىڭ) پىكىر-خىيالىنى ئۆزى تەرەپكە تارتماق، ئۆزىگە قاراتماق؛ ئېتىبارىنى قوزغىماق: دادىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان كىچىك بالىنىڭ بىچارىلەرچە كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان ھالىتى دىققىتىمنى بۆلدى.

**دىققەتنى تارتماق** باشقىلارنىڭ نەزەرىنى، پىكىر-ئېتىبارىنى ئۆزىگە قاراتماق، قىزىقىشىنى قوزغىماق: جەگچى مىرقەدەمنىڭ خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا جىمىپ قېلىشى پولاتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. * — مۇنەۋۋەر خانىمنى تونۇيمىز...، — دېدى كاتىپ ھېجىيىپ، — ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىككى تال چېچى بىلەن «مۇنەۋۋەر چاچ» دېسە كىم تونۇمايدۇ. ھى... ھى... ھى...

**دىققەتنى جەلپ قىلماق** ← **دىققەتنى تارتماق**: ئۇ قىز مېنىڭ ھالىمغا ئانچە قىزىقماي، ھەدەپ مەرھۇم نادىر توغرۇلۇق سورايتتى، مەن بولسام، ئۆزۈمنى نادىردەك تۇتۇپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقچى بولاتتىم.

**دىققەتنى چاچماق** ← **دىققەتنى بۇزماق**: توختىگۈل دەرس سۆزلەۋاتاتتى، تۇساتتىن دېرىزە تۈۋىدە توختىگۈلنى ئېلىپ كەلگەن ياش ھارۋىكەش پەيدا بولدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كەتتى.

**دىققەتنى قوزغىماق** ← **دىققەتنى تارتماق**: ھەيزەم توغرىسىدىكى بۇ ھېكايە ئۆمەكتىكى ئارتىسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. * ئارىدىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. شۇ ئارىدا ئەنۋەر بىلەن مەستۈرە قايتىدىن مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى.

**دىققەتنى يىغماق** پىكىر-خىيالىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرمەك، پۈتۈن ئوي-خىيالىنى مەلۇم بىر نۇقتىغا ئۇستىگە قاراتماق: ئۇ ھەمىشە بىرنەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ دىققىتىنى يىغالماس بولۇپ قالغانىدى.

**دىققىتى چۈشمەك** نەزىرى چۈشمەك، دىققەت-ئېتىبارى قوزغالماق، كۆزى چۈشمەك: ئۇنىڭ تۇتقۇچىنىڭ يېنىغا جايلاشتۇرۇلغان ئەينەكلىك تۇساققا دىققىتى چۈشۈپ: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى.

**دىققەتچىلىك** ئى. روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىك، سىقىلىش، تىت-تىتلىق: — خوش، ئەمسە مەن ماڭاي، — دېدى سەمەت دىققەتچىلىك بىلەن، — ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق كېچىكسەم بولمايدۇ. * ئايتىللا ھەممىنى ئېيتىۋەتكەنلا بولسا، ھەممە خاپىلىق، ئىشخانىنى قاپلىغان مىسلىسىز قاتتىق دىققەتچىلىك ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

**دىققەتسىز** رەۋ. دىققەت قىلماي؛ ئېتىبار بەرمەي، بىپەرۋا: بىز ئۇنىڭ دىققەتسىز

تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاستاغىنە قورۇ ئىچىگە كىرىۋالدۇق.

**دىققەت-نەزەر** ئوي-پىكىر، پۈتۈن دىققەت، ئوي-خىيال: بۇ كۆرەشنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ بۇ — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققەت-نەزىرىدىكى چوڭ مەسىلە. * بۇ قىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئىشقا ئەتراپتىكىلەرنىڭ خېلىدىن بېرى دىققەت-نەزىرى قوزغالغانىدى.

**دىققەتسىزلىك** ① «دىققەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىزنىڭ كىچىككىنە دىققەتسىزلىكىمىز سىلەرگە نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرۈپتۇ. ② ئى. ئىشقا بىپەرۋا قاراش، بىپەرۋالىق: ئۇ قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا، دىققەتسىزلىكتىن دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن پىشقەدەم ئىشچىنى قۇتقۇزۇۋالدى. * — رەنجىمىسىلە، دىققەتسىزلىكىمدىن بولدى، — دېدى رەخمەت ئەپۇ سوراپ.

**دىققەت-ئېتىبار** دىققەت ۋە ئېتىبار: بۇ ماقالە ھەر مىللەت تارىخشۇناسلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى.

**دىقماق** سۈپ ① ھەم پاكارراق ھەم سېمىز؛ قىسقا ئەمما توم، دوغىلاق: دىقماق ئادەم. * ئۇستامنىڭ يېشى 50 تىن سەل ھالقىغان بولۇپ، ساقاللىق، دىقماققىنە كەلگەن كىشى ئىدى. * ئۇنىڭ دىقماق بويىدىن ياغ ئارىلاش تەر تەپچىدى. * — رەھمەت ئاكا، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن! — دېدىم ئۇنىڭ دىقماق قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ. * ئۇنىڭ دىقماق ئارغىمىقى ئەمدى بۆرە مېڭىشىدىن تېز يورغىسىغا چۈشتى. ② ئېگىز ئەمەس، پاكار ئەمما توم، گەۋدىلىك (ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): باشقا ئالما دەرەخلىرىگە قارىغاندا پاكار، دىقماق كەلگەن بۇ ئالما بىر قاراشتىلا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەملىكى-دىن دېرەك بېرەتتى. * ئۇ سايمان سالغان كۆن خورجۇنى بىلەن باشقا ئەسۋابلىرىنى دىقماق بىر تۈپ جىگدىنىڭ قۇرۇق شېخىغا ئېسىپ قويغانىكەن.

**دىك** تەق. ئاياغنىڭ يەرگە تېز ھەم سىلىق تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**دىكتاتۇرا** ئى (ر<لات) <پەلس> ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان سىنىپنىڭ دۈشمەن سىنىپ ئۈستىدىن يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمرانلىقى. دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر مۇئەييەن سىنىپلارنىڭ دىكتاتۇرىسى ھېسابلىنىدۇ.

**دىكتاتۇرلۇق** «دىكتاتۇرا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، پۈتۈن ئەمگەكچى خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان پرولېتارىيات دىكتاتۇرلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈمىدۇر. // دۆلىتىمىز قانۇنلىرىنىڭ زورلاش خاراكتېرى، سىنىپي دۈشمەنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىكتاتۇرلۇق خاراكتېرگە ئىگە.

**دىكتور** ئى (ر<لات) رادىئو ياكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا بېرىلىدىغان پروگراممىلارنى مىكرافون ۋە سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى ئالدىدا ئوقۇيدىغان خادىم.

**دىكتورلۇق** ئى. رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا كۈندىلىك پروگراممىلارنى ئاڭلىتىش ئىشى، خىزمىتى: ئۇ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئون يىلغا يېقىن دىكتورلۇق قىلغانىدى.

**دىك-دىك** «دىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ دىك-دىك سەكرەپ يۈگۈرگىنىچە ئۆۋىسىغا كىرىۋاپتۇ.

**دىككا-دىككاڭ** «دىك-دىك» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بەكمۇ تۇيغۇن

سەزگۈرسەن، ئۈزۈلۈك قورقۇنچاق. دىككا-دىككالىك تاقلايسەن، يۈگۈرۈشۈڭ چاقماق.

**دىككىدە** رەۋ ① «دىك» قىلغان ھالدا، «دىك» قىلىپ. ② كۆچمە. تېز، ئىتتىك، تېزلىك بىلەن: مەن بۈگۈن ئاخشام دىككىدە سىزگە بىر يولۇقاي دېۋىدىم، ھىكمەت دۆينىڭ ئىشىغا قول تىقتى دېمىسۇن دەپ قالدىم. * ئۇ يەر يېقىن، كۆڭلۈڭ ئۆي تامىقى تارتىپ قالسا، دىككىدە كېلىشكىمۇ ئەپلىك. * بوۋاي «دىككىدە ئېتىزغا بىر چىقىپ كىرەي» دېگەن نىيەت بىلەن كەتمىنىنى دولىسىغا سالدى.

**دىكلەشمەك** «دىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىكلەتمەك** «دىكلىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىكلەشمەك** «دىكلىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «نېمە كۆردۈڭ؟» دەڭلا، خۇددى سارالڭ تۆگىنىڭ ئۆزى! پەلەك-نى پەلەككە، مەيدىنى تۆشكە سوقۇشتۇرۇپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك دىكلىدىشىۋېتىپتۇ.

**دىكلىدىمەك** پ «دىك-دىك» قىلىپ ماڭماق، «دىك-دىك» قەدەم ئالماق: مەن سىزنى سۆيەتتىم، سىز چىت كۆڭلەك كىيىپ چاشقانىڭ قۇيرۇقىدەك كالتە ئۆرۈمە چاچ قويۇپ، دىكلىدەپ يۈرگەن كىچىككىنە قىز ۋاقتىلىرىڭىزدىن تارتىپلا سۆيەتتىم. ھازىرمۇ سۆيىمەن. * ئۇ دىكلىدەپ بېرىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئۆيدە ئاچىسى كۆرۈنمىدى.

**دىكىلىك** ئىم. بال س. بىرى كېلىك، مەيەرگە كېلىك: بىز «دىكېلىك بالام، دىكېلىك» دەپ چاقىردۇق. بالا ئەتىكەندىن بېرى مەن بەرگەن قاقنى يەپ ماڭا ئۆگىنىپ قالغاچقا، ئانىسىنىڭ يېنىغا بارماي، ئىتتىك ئۆملەپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى.

**دىكلىمەك** پ. ئوغۇل باللار جىنسىي

ئەزاسىنى باشقىلارنىڭ بىر يېرىگە تەگكۈزمەك.

**دىگەر** ئى (پ) ① كۈن ئولتۇرۇشتىن بىر ياكى ئىككى سائەتچە بۇرۇنقى ۋاقىت، ئەسىر: پېشىندىن كېيىن بولىدۇ دىگەر، يار ئىشقىدا كۆيىدۇ جىگەر. كۆرۈشتۈرگىن پەرۋەر-دىگار، يارىمنى كۆرسەم كاشكى. ② دىگەر ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز.

**دىگەلىمەك** پ. دىئال. ھېسابلاپ، خۇلاسىلاپ چىقماق.

**دىڭ** ① تەق. تېز سەكرەش ھالىتى. ② رەۋ. تىك، تۈز، راۋۇرۇس: ھەمراجان شۇئان نىقابىنى يۈزىدىن ئېلىۋىدى، ئۇلار ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، دىڭ قېتىپ قالدى.

**دىڭ تۇرماق** تىك تۇرماق؛ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھوشيار ھالەتتە تەييار تۇرماق.

**دىڭ قۇلاق** ← **قۇلىقى دىڭ.**

**دىڭخۇلۇ** ئى (خەن) ساپالدىن ياسالغان ياكى چويۇندىن قۇيۇلغان قاپاق شەكلى-دىكى قارا چىراغ.

**دىڭ-دىڭ** «دىڭ» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: كېيىكچاق ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە دىڭ-دىڭ سەكرەپ ئويناۋاتقانىكەن.

**دىڭزىيا** ئى <تىب> بىر خىل دورا. كېسەل كالىنىڭ ئۆت خالتىسىدا تاش بولۇپ شەكىللىنىدۇ. رەڭگى سېرىق بولۇپ، دانىچە ياكى كاللەك ھالىتىدە كېلىدۇ. ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ، يۈرەكنى كۈچەيتىش، قىزىتمىنى كېسىش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**دىڭگاكلىماق** (توغرىسى: دىڭگۈكلىماق) ← **دىڭگۈكلىماق.**

**دىڭگايتماق** «دىڭگايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توشقان ماشىنا

چىرىغىنىڭ يولىدىن چەتلىشەلمەي، قىڭغىر-قىيسىق تار يولدا ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ دىك-دىك سەكرەپ يۈگۈرەيتتى. * — بۇرۇتۇڭنى دىڭگايتىپ، سەن نېمە دەيسەن ئەمدى، — ۋات-ۋات ئايال ئەمدى قىزنى قويۇپ يىگىتكە قاراپ ئېتىلدى.

**دىڭگايماق** پ ① دىك، تىك ھالەتكە كەلمەك، تىكلەشمەك؛ تىك بولماق: غەزەپتىن بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ كەتكەن ئەمەت ئۇستام گويا ھەممە ئاچچىقنى تاماكىدىن ئالماقچى بولغاندەك، موخوركىسىنى كۆچەپ-كۆچەپ شورايتتى. * ئۇ كۆلگەندە ئىككى جاۋغىيىدىكى شالاڭ، ئىنچىكە بۇرۇتلىرى ئاسلان قۇيرۇقىدەك دىڭگىيىپ كەتتى. ② پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۇقىرىغا تىك سوزۇلماق: قاسىم تامدىن دىڭگىيىپ باغقا قارىدى.

**دىڭگەك** ئى. پۇتلىرىنى يىغىپ ياكى كېڭەيتىپ يەرگە تىرەش ئارقىلىق ئېگىز-لەتكىلى ۋە پەسلەتكىلى بولىدىغان ئۈچ پۇتلۇق جازا: قاراپ تۇرسام بىر ياقتىنلا ئىشلەپ كەتتى ئۇ، دىڭگەكلەرنى شۇنچە چاققان تىكلەپ كەتتى ئۇ.

**دىڭگۇس** ← **دىڭگۇك.**

**دىڭگۇسلاتماق** «دىڭگۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاقساق ئېتىنى دىڭگۇسلىتىپ، ئېغىر ياتقۇ مەھەللە ئارانلا قونالغۇغا يېتىۋالدى.

**دىڭگۇسلاشماق** «دىڭگۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — باللىرىڭنىڭ ھەممىسى چىقسۇنچۇ؟! ھەممىڭ ئاخىرى دىڭگۇسلىشىپ قايتىشسەن! — دېدى ئۇ دۆشتە ئولتۇرۇۋېلىپ موخوركىسىنى قاتتىق شورىغاچ.

**دىڭگۇسلۇق** ئى ← **دىڭگۇكلۇق:** ئۇنىڭ دىڭگۇسلۇقى بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى دەل ۋاقتىدا ئورۇنداشقا توسالغۇ بولدى.

**دىڭگۇسلىماق** پ. دىڭگۇس-دىڭگۇس قىلىپ ئاقساپ ماڭماق؛ ئاستىن-ئۇستۈن دەسسەپ ماڭماق: ساقى ئاچچىق بىلەن بۇلۇڭدىكى كەتمەن دەستىسىنى ئالدى-دە، دىڭگۇسلاپ ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. * شەرىخان ئارانلا ئاياغقا تۇرغان ئادەمدەك دىڭگۇسلاپ ئوچاق تەرەپكە ماڭدى.

**دىڭگۇك** سۈپ. بىر پۇتى ئۇزۇن، بىر پۇتى قىسقا بولغانلىقىدىن بەك ئاقساپ ماڭىدىغان: ئۇ دىڭگۇك بۇ يەرگە قاچان يېتىپ كېلەر.

**دىڭگۇكلاتماق** «دىڭگۇكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىڭگۇكلاشماق** «دىڭگۇكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىڭگۇكلۇق** ئى. دىڭگۇكلاپ ماڭىدىغان ھالەت، ئاقساقلىق: ھېلىقى بالا يولنىڭ چېتىدە مېڭىۋاتقان كىشىنىڭ دىڭگۇكلۇقىنى كۆرۈپ ئاستا ئېشەكتىن چۈشتى-دە: «ئىزدىمەكچى بولغىنىم شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىدى.

**دىڭگۇكلىماق** پ. دىڭگۇك-دىڭگۇك قىلىپ ئاقساپ ماڭماق: بىر قارا ساقال كىشى دىڭگۇكلاپ كېلىپ «ھەي خالايىق، ماڭا قاراڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. * نىياز دورغا ئۇنىڭ چۈۋۈلۈپ كەتكەن كىر سەللىسى بىلەن پۇلاڭلاپ تۇرغان پەرىجىسىنىڭ پەشلىرىگە قاراپ، «قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ ئۈچ پۇتى بىلەن دىڭگۇكلاپ كېلىۋاتقان ئېشەككە ئوخشايدۇ، خوتۇن تالاق» دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

**دىڭگىل** سۈپ. تىك، تىك ھەم ئۇزۇن.

**دىڭگىل قاش** تىك قاش، ئۇچلىما قاش.

**دىڭگىلداتماق** پ. ئاستىن-ئۇستۈن پۇلاڭلاتماق؛ لىغىرلاتماق: سىيىت خوجمۇ قورساقلىرىنى دىڭگىلدىتىپ خىرقىراپ كۈلدى.

**دىڭگىدە** رەۋ ① «دىك» قىلىپ، «دىك» قىلغان هالدا: زىرەك توشقان دىڭگىدە سەكرەپ چۆپلۈككە چۈشتى-دە، كۆزدىن غايىب بولدى. ② كۆچمە. تېز، تېزلىك بىلەن، چاپسان، دەرهال: — كەتتى؟! — ئايال دىڭگىدە ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا قاراپ چاپتى.

**دىڭمۇ** ئى (خەن) كونا. ۋاڭ سىرتقا چىققاندا ۋاڭنىڭ ئىسمى بار قەغەزنى كۆتۈرۈپ يول ئاچىدىغان ئادەم.

**دىڭۋا** ئى (خەن) ← **دىڭمۇ.**

**دىڭىلدىماق** «دىك-دىك» قىلىپ چاپماق؛ تېز يۈگۈرمەك: ئوغلۇم دىڭىلداپ بېرىپ ياسىننى چاقىرىپ كېلە!

**دىل** ئى (پ) ① كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك، ئىچكى، روهىي دۇنيا: دىلىمدا ئۇنىڭغا مۇهەببەت پەيدا بولدى. قىزنى نىكاهىمغا ئالدىم. * بىرەر مەقسەتنى دىلغا پۈككەنلەر، شۇ ئىش يولىدا غەيرەت قىلسىلا، ئۇ ئۈز كۆزلىگىنىگە يەتمەي قالمايدۇ! ئەگەر ئۇ شۇ يولدا ئاجىزلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا كۆڭۈلسىز هادىسىلەرگە ئۇچرىشى تۇرغان گەپ! * — ئېيتسام تىلىم ئاغرىيدۇ، ئېيتمىسام دىلىم... — دەپتۇ خوتۇنى. * ئۇ ئىككىسىدە تىل بولمىغان بىلەن دىل بار، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى بار. ② كۆڭۈلدىكى نىيەت، مەقسەت، پىكىر، ئوي-خىيال قاتارلىق نەرسىلەر: يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كۆرمە، دىلىڭدىن كۆر (ماقال). * چۈشەنمەي قالدىمۇ ئۇنىڭ تىلىنى، يا بىلمەي قالدىمۇ ياخشى دىلىنى. ③ كىشىنىڭ خاتىرىسى، ئەس، ياد: قولۇڭدا قارچىغاڭ بولسا، «قۇ»نىڭ نېمە ئىشى؛ دىلىڭدا ئاللا بولسا، «هۇ» نىڭ نېمە ئىشى. * جېنىم ئۆزگە يەردىن مېنى ئاختۇرما، دىلىڭدا ياشايمەن! هېچ يەرگە بارما. * هەر ئىشتا خۇدانى دىلىڭدا تۇت، كىشىگە يامانلىق قىلما، گۇناهتىن قاچ.

**دىل ئاغرىقى** روهىي ئازاب، دەرد-ئەلەم: مۇنداق قارىماققا هەيۋەتلىك باياشات كۆرۈلگەن ئائىلىدە كۆڭۈل غەشلىكى، دىل ئاغرىقى شۇنچىلىك تولىكى، ئۇنى ساناپ چىقىشقا جۇۋاننىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

**دىل بەرمەك ← كۆڭۈل بەرمەك:** يالىياغايلاغ يول يۈرسەڭ، ئايىغىڭغا تاش پاتار، ئىككى يارغا دىل بەرسەڭ، ئارامىلىق يوق باش قاتار.

**دىلدا ساقلىماق** كۆڭۈلدە ساقلىماق، ئەستە تۇتماق، ياد ئەتمەك، ئەستە ساقلىماق: ئەل-ۋەتەننىڭ كۆتكەن ئەهدىنى، پىداكارلىق بىلەن ئاقلاپسەن. خوشلاشقاندا قىلغان ۋەدىنى، تۇمار قىلىپ دىلدا ساقلاپسەن.

**دىل رىشتى** كۆڭۈلنىڭ يىپى يەنى كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى، مۇهەببەت: ئاشىق-مەشۇق بىر-بىرىگە دىل رىشتىسىنى بايان قىلىشىپ تاڭ ئاتقىنىنىمۇ بىلمەپتۇ. * ماڭا مەڭگۈ قەدىرلىك، سۆيۈملۈكتۇر ئىككىسى. ئاشۇ ئىككى ئانامغا چىگىلگەن دىل رىشتىسى.

**دىلى ئاق ← ئاق كۆڭۈل:** دىلى ئاق. * كۆڭلى قارا كېتەمسەن يارىم دېمىدى. چىنىگە چاينى قويۇپ، ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

**دىلى ئاغرىماق ← كۆڭلى ئاغرىماق.**

**دىلى باغلانماق** كۆڭلى چۈشمەك، ياخشى كۆرۈپ قالماق.

**دىلى بىر** كۆڭۈلدىكى نىيەت-مەقستى، ئارزۇ-غايىسى ئوخشاش، پىكىر-مەقستى بىر: ئۇ ئىككىسىنىڭ دىلىمۇ بىر، تىلىمۇ بىر ئىكەن.

**دىلى تارتماق ← كۆڭلى تارتماق:** جاهان ئوڭشالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتى

ئەكسىگە كېلىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى تۈگىتىپ، بالىسىنى ئۆيلەپ، مامۇت ئاكامنى ۋە كۆكيارد ىكىلەرنى « ئىزلىشىپ بېرەر» دەپ دىلى تارتىپ چىقىشى ئىكەن.

**دىلى تاش ← تاش يۈرەك:** نېمانداق دىلىڭىز تاش بولۇپ كەتتى-ھە؟ قۇلۇمنى كۆسەي، چېچىمنى سۇپۇرگە قىلىپ، ئاران پىشۇرۇپ كەلسەم.

**دىلى تەسكىن تاپماق** كۆڭلى ئارام تاپماق، ئەندىشىسى تۈگەپ غەمدىن قۇتۇلماق، غەم-ئەندىشىدىن خالاس بولماق: بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن سارىخان ئاچىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار تارقاپ، دىلى تەسكىن تېپىپ پۇت-قوللىرىغا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى.

**دىلى رەنجىمەك** كۆڭلى ئاغرىماق، دىلى ئازار يېمەك، كۆڭلى يېرىم بولماق: — مەن بۇنى چۈشىنىمەن، — دېدى ھىكمەت يەرگە قاراپ، — كۆڭۈل ئەلا، كۆڭۈل نازۇك، ئۇكام، كۆڭۈلنى ئالتۇن بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. مەندىن مەنسۇرنىڭ دىلى رەنجىدى. * يۈرتتا دىلىم رەنجىپ بۇ شەھەرگە كەلدىم. ئەمدىلا ماشىنىدىن چۈشۈشۈم.

**دىلى سوۋۇماق ← كۆڭلى سوۋۇماق:** ئىشقا ئاشمىدى مۇھەببەت ئىشقىم، سوۋۇدى ئەجەب نازۇك بۇ دىلىم؟

**دىلى سۇنۇق ← كۆڭلى سۇنۇق:** ئۇنىڭ ساددا لېكىن ئىسكەنجىگە ئېلىنغان ۋىجدانى ساپ ئىدى، ئارتۇق سۆزلىمەيتتى، دىلى سۇنۇق ئىدى. ھەرقانچە قاتتىق تىل-ئاھانەت ئاڭلىسىمۇ، خاپا بولۇپ كەتمەيتتى. * قاتمۇقات كەلگەن بۇنداق غەيرىي ھۇجۇم، ئەلۋەتتە، دىلى سۇنۇق مەسۇم بىر قىزغا نىسبەتەن چىدىغۇسىز ئەلەم ئىدى.

**دىلى سۇ ئىچمەك** كۆڭلى كۆتۈرۈلمەك، روھىي ئازادىلىك ھېس قىلماق، كۆڭلى ئارام تېپىپ سۆيۈنۈش ھېس قىلماق: ئەمدى قانداق قىلاي، بالا ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ دىلى بىزدىن سۇ ئىچمىسە، كىمدىن خۇش بولاتتى دەيلا، قەييۇمئاخۇن. * بولغۇسى كېلىنى قىزنىڭ ئۆزىنى ئىززەت-ھۆرمەت قىلىشىدىن بوۋاينىڭ دىلى سۇ ئىچىپ خۇشال-لىقتا چۆمەتتى. * خۇشالمەن ھاياتىم ئۆتسە مەنىلىك، ئۇستازىنىڭ ئەجرىدىن سۇ ئىچىپ دىلىم.

**دىلى سۆيۈنمەك** كۆڭلى ئېچىلماق، خۇشاللىقتا چۆممەك: گېلىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق نەرسە يېنىپ، ئۇنى ئازابلىسىمۇ، كەلگۈسى پەرزەنتى كۆز ئالدىغا كەلسە، ئۇنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. * گۈلسۈمخان ئاچىنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ، ئىپتىخارلىق بىلەن ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى.

**دىلى شىكەستە** كۆڭلى يېرىم، قايغۇ-لۇق، غەمكىن، دىلى سۇنۇق.

**دىلىغا ئازار بەرمەك** كۆڭلىنى ئاغرىت-ماق، رەنجىتمەك، خاپا قىلماق: بۇ قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئادەم ئىكەن، دىلىغا نېمانچە ئازار بېرىسىز؟ سىزگە قەسەم ئىچىپ بېرىۋاتىدۇغۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتى، سىزگە؟ * يۈسۈپ دۈيجاڭ بۇ سۆزنى شۇنداق ھاياجان بىلەن ئېيتتىكى، بۇ ياۋاش ئىنساننىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

**دىلىغا ئازار يەتكۈزمەك ← دىلىغا ئازار بەرمەك.**

**دىلىغا پۈكمەك ← كۆڭلىگە پۈكمەك:** ئەقىل-ئىرپان بىلەن ياقتى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئوتنى، دىلىغا پۈكتى قوزغاشقا ئەمرىگە قارشى ئەل-يۇرتنى.

**دىلىغا تەگمەك** كۆڭلىگە تەگمەك،

خاپا قىلماق، رەنجىتمەك: كامال قاتاڭغۇرراق كەلگەن يۈزىدە قېنى يوق، سوغ تەلەت ئادەم ئىدى. شاۋدۇن ئەپەندىنىڭ گېپى دىلغا تەگدى ئېھتىمالىم، ئۈگۈپ تۈمۈردەك كۆكىرىپ كەتتى.

**دىلغا سالماق** كۆڭلىگە ئورۇنلاشتۇرماق، كۆڭلىگە سالماق: ئۇ ھېلىقى كۈنى يادلاش پۈرسىتى بولمىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر فورمۇلىنى دىلغا سىڭدۈرالماقچى بولغانىدى. * ئۇچقىشىدۇ بىر ئۈگكۈر، بۇ ئۈگكۈرنى ئوبداق كۆر، بولغان ئىشنى كۆرۈپ ئال، تەسىراتنى دىلغا سال.

**دىلغا ياقماق** كۆڭلىگە ياقماق؛ يارىماق، ماختىنىشغا، ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولماق: بۇ گەپ ئۇنىڭ دىلغا ياققاچقا، ئۇ دەرھال سۈگجياڭغا ئەل بولدى. * ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ دىلغا ياققان كىشىلەردىن ئىمىش.

**دىلى غەش بولماق** كۆڭلى سەسكەنمەك، خۇشاللىقى يوقالماق، روھىي كەيپىياتى تۈۋەنلىمەك.

**دىلى قاتتىق** رەھىمسىز، شەپقەتسىز: تىببىي خادىملار بەك دىلى قاتتىق قەيسەرمۇ بولماسلىقى ھەمدە زىيادە كۆلىدىغان ۋە كىشلەرنىڭ مىجەزىگە، ھېسسىياتىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغانلاردىنمۇ بولماسلىقى لازىم.

**دىلى قارا ← كۆڭلى قارا.**

**دىلى نازۇك ← كۆڭلى نازۇك.**

**دىلنى چىگمەك** كۆڭلىنى يېرىم قىلماق، خاپا قىلماق، خۇشاللىقنى يوقاتماق: ئۇلار بىرەر قېتىممۇ بىر-بىرىنىڭ دىلنى چىگىشمىدى. رۇقىيەم مائاشىدىن بىر پۇڭنىمۇ ئېلىپ قالماي، ھەممىسنى مەۋلانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى.

**دىلنى ياشلماق** يۈرىكىنى پارە قىلماق، كۆڭلىنى قاتتىق ئاغرىتماق، ئازابلىماق: ئىچ تېشىمنى خۇن ئەيلەپ، كۆزۈمنى ياشلىدى، كەتتى. غېمى ھەسرەت ئوتى بىرلە دىلىمنى ياشلىدى، كەتتى.

**دىلى ئۆزۈك ← كۆڭلى سۇنۇق.**

**دىلى ئۈزۈلمەك** كۆڭلى قايتماق، ئۈمىدى ئۈزۈلمەك، رايى قالماق: مىللىي تىبابەتنىڭ ئۆز مەزمۇنىدا ئوبدان تەرەپلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن دىلى ئۈزۈلمىدى ۋە بۈگۈنگە قەدەر ئۇنى ئەتىۋارلاپ كەلمەكتە.

**دىلى ئېرىمەك ← كۆڭلى ئېرىمەك:** ئۇنىڭ سۆزى ئىنتايىن مۇلايىم ھەم ئېچىنارلىق بولغاچقا، دىلىم بىرئاز ئېرىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەت بەشىرىسىدىن ئەيمىنىپ سۆزىگە قۇلاق سالماي مېڭىۋەردىم. * گۈلىنىڭ دىلى تالىپقا ئوخشاشلارنىڭ خېتىگە ئېرىنىپ كەتمەيتتى.

**دىلى ئېزىلمەك** كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولماق، ئىنتايىن مەيۈسلەنمەك؛ غەم-ئەندىشە بىلەن ئازابلانماق، كۆڭلى سۇنماق: ئېزىلدى دىلىم، ئاچچىق ھەسرەت بىلەن، ئېچىندىم پىراقتا بىغايەت ساڭا.

**دىلى يايرىماق** بەك خۇش بولماق، شادلانماق، دىلى سۆيۈنمەك: ئاڭلىغاندا ئۇنۇڭنى، دىلىم يايراپ كېتىدۇ. ھېسلىرىمغا يېڭىچە، ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

**دىلى يورۇماق ← كۆڭلى يورۇماق.**

**دىلى يۇمشاق ← كۆڭلى يۇمشاق:** بۇ ئادەم، كۆرۈنمەككە قوپالدەك قىلغىنى بىلەن دىلى يۇمشاق كىشى. * – شۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ دىلى يۇمشاق ئادەم، – دېدى مېھمان شەيخنىڭ باھاسىغا قوشۇلىدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ.

**دىلا** ئى. ئىشىك تاختىلىرىنىڭ (كۆزنەكلىرىنىڭ) تۆت تەرىپىگە رەندىلەپ چىقىرىلغان يانتولۇق.

**دىلئارام** ئى (پ) ① دىلنىڭ ئارامى، كۆڭۈلنىڭ ياكى دىلنىڭ خۇشاللىقى: ناخشا-مۇزىكا مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم، دىلئارامىم،

مەن ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايمەن.
② كۆڭۈلنى خۇشال قىلغۇچى، شادلاندۇرغۇچى: مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك دىلئارامى بولۇپ قالغۇدەك ۋە مەڭگۈ ئۇنىڭ ئىسىدىن چىقمىغۇدەك سۆزلەرنى ئېيتماقچى بولدۇم-يۇ، ئەمما مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلئازار** ئى (پ) ① كىشىنىڭ دىلىغا ئازار بەرگۈچى، كىشىنى رەنجىتكۈچى: دىلئازاردىن خۇدا بىزار (ماقال). ② كۆڭۈل غەشلىكى، كۆڭۈل ئاغرىقى، روھىي ئازاب: ھەقىقەت خارلىنىپ، يالغان بولۇپ يوللۇق، جېنىڭغا تۇشمۇتۇشتىن دىلئازار كەلدى. ＊ ئىلمىدىن كىمكى سۆز ئاچسا، ئاڭا كىيدۈردى چوڭ قالپاق، ئۇلارنىڭ ھەرنە قىلغانى مېنىڭ چوڭ دىلئازارىمدۇر.

**دىلئازار بەرمەك** دىلىغا ئازار يەتكۈزمەك، خاپا قىلماق، رەنجىتمەك.

**دىلئازار قىلماق** → **دىلئازار بەرمەك:** — ھە، بابا مەتروزى ئاكامنى ئەجەبمۇ دىلئازار قىلىپتىمەن، — مېھرىبان خىجىللىق بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

**دىلئازار يېمەك** دىلى ئازار يېمەك، كۆڭلى رەنجىمەك، كۆڭلى ئاغرىماق: — چۈرۈگىنىم يوق، كېۋىرئاكا، بىرئاز دىلئازار يېدىم...، — دېدى زىۋىرشا قىزىرىپراق.

**دىلبەر** (پ) ① سۈپ. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان، دىلنى ئۆزىگە تارتىدىغان؛ گۈزەل، نازىنىن: ئۇ شۇ قەدەر دىلبەر ئىدىكى، ئاق سۈزۈك رۇخسارىغا خوپ ياراشقان كۆز، بۇرۇن پىچىملىرى، كۈلۈمسىرىگەندە، ھاسىل بولغان غۇنچىدەك زىنىخى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە تارتالايتتى. ＊ گۈل يېزام كۆرمەككە ھۆسنۈڭ كەلدى زەپ سائەت ماڭا، نۇرلىنىپ دىلبەر يۈزۈڭدەك يۈزلىنىپ ئامەت ماڭا. ② ئى. گۈزەل مەھبۇبە، مەشۇقە، سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن كىشىسى: دىلبىرىم مەندىن يىراق، دىلبىرىمدىن مەن يىراق، دىلبىرىم قېشىمغا كەلسە، ياندۇرىمەن شام چىراغ. ＊ قايسى كۈن ئۇل كوچىدا كۆردۈم ئاجايىپ بىر پەرى، بىلمىدىم ئۇل قايسى كۈن يا قايسى ئاينىڭ دىلبىرى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلبەند** سۈپ (پ) يېز ت. قەلبىدىن ئورۇن ئالغۇچى؛ كۆڭۈلنى دىلنى ئۆزىگە تارتقۇچى: — بەس، — دېدى ئۇ، — شەرتلىرىمنى تولۇق ئورۇندىدىڭ، ماڭا كۈيئوغۇل، مەلىكىگە دىلبەند بولدۇڭ. ＊ // مۇھىت دېگەن كەڭ جاھاننىڭ پەرزەنتىمەن، مىليون-مىليون يۇرتداشلارنىڭ دىلبەندىمەن.

**دىلپارە** (پ) ① سۈپ. غەم-قايغۇ ياكى ئازاب چېكىپ كۆڭلى غەش بولغان، دىلى پارە بولغان، كۆڭلى يېرىم: نېچۈك سەۋرىڭ يېتەر دىلپارە دوستۇم، قېرىنداشتىن جۇدا، دىلپارە دوستۇم! // ئەي خۇدا، دەرد بىلەن كەتكەن ئانامغا جەننەت ئاتا قىل، مەن ۋە مەندەك بىغۇبار، ئاق كۆڭۈل دىلپارىلەرگە بەخت يولنى كەڭ ئاچ! ② ئى. كۆچمە. سۆيۈملۈك كىشى: خۇددى شېرىن چۈش كەبى يىللار ئۆتۈشتى ئارادىن، كۆز يۇمۇپ چال... ئايرىلىپ قالدى ئۇلار دىلپارەدىن.

**دىلتار** ئى (دىل+تار) ① دىل رىشتىسى، يۈرەك تومۇرى: ۋەتەننىڭ رىشتىنى چاتقان بۇ كەڭ دۇنيا بىلەن مەشۇت، نە مەشۇت، ئۇندا دوستلارنىڭ تۇتاش دىلتارىنى كۆردۈم. ② <مۇز> يېقىندىن ئىجاد قىلىنغان بىر خىل ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ تارلىق چالغۇ بولۇپ، ساتار بىلەن تەمبۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇجەسسەملەنگەن، ھەم كامانچىلىق ھەم چەكمە

چالغۇلۇق خاراكتېر ئالغان. كاسسى بىر، دەستىسى جۈپ بولىدۇ.

**دىلجەم** سۈپ (دىل+جەم) خاتىرجەم، غەم-ئەندىشىسىز، كۆڭۈللۈك، خۇشال-خۇرام: ئەلەم دەشتى ئارا مەجنۇن بولۇپ ئۇ، دېدى غۇربەت ئارا مەھزۇن بولۇپ ئۇ: «شاقاۋۇل يوق ئىدى بۇرنا خوتەندە، ئاجايىپ دىلجەم ئەردۇك ئۆز ۋەتەندە.

**دىلجەم بولماق** خاتىرجەم بولماق، غەم-ئەندىشە، قايغۇدىن خالاس بولۇپ خۇشال-خۇرام بولماق: — شاھ ئادىلنى، ئاغىچىسنى، ئىككى پەرزەنتىنى ئۆلتۈرسىڭىز دىلجەم بولۇرسىز، بولمىسا، ھەر شەھەرگە نامە ئىبەرتىپ، ئاخىرى سىزنى ۋە بىزنى پاراكەندە قىلۇر، — دېدى ئۇ مەسلىھەت بېرىپ. * شاھ دىلجەم بولالماي ئۇن مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى بەھرامنى ئىزلەشكە ئاتلاندۇردى.

**دىلجەم قىلماق** خاتىرجەم قىلماق. غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ خۇشال-لاندۇرماق، خۇشال قىلماق.

**دىلخاھ** سۈپ (پ) يېز ت. دىل خالىغان، كۆڭۈل سۆيگەن، ئارزۇ قىلغان؛ ئىسىل، يارامىلىق: دۈيجاڭمۇ قېشىدا ئۈچ-تۆت بوۋاينىڭ، تاللىشار ئۇرۇقلۇق دىلخاھ قوناقنى، «بۇ ئۆزى كارامەت» دېمەكتە كىمدۇر، دەڭسەپلا بىلەكتەك بىر تال باشاقنى.

**دىلخاھلىق** «دىلخاھ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خەلپىتىمنىڭ جاھان ئەھلىگە دىلخاھلىق قىلىپ، پېقىردەك نادانلارغا يول كۆرسىتىشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن.

**دىلخەستە** سۈپ (پ) دەردمەن، دىلى پارە بولغان، ئازاب تارتىۋاتقان، كۆڭلى سۇنۇق: ئۇمۇ بۇ يەردىكى دىلخەستە دېھقانلار بىلەن بىللە ئۈچ يىللىق غۇربەتچىلىكنى بېشىدىن كەچۈرگەن. * «ئاما پۈۋ دېسە بوران چىقىدۇ» دېگەن راست گەپ، سەۋر-تاقىتى تۈگەپ، دىلخەستە بولغان دېھقانلار بۈگۈن ھەققەتەن ئۆز تەلەپلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكەنىدى.

**دىلخەستىلىك** «دىلخەستە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**دىلخەندە** سۈپ (پ) يېز ت. دىلنى شادلاندۇرىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان، خۇشال قىلىدىغان، دىلغا ياقىدىغان: سەھەر، كەچتە راۋاب، تەمبۇر، دۇتار ئاۋازى دىلخەندە، يېقىملىق ناخشا-كۈينىڭ چارباغىسەن، گۈزەل ھېيتگاھ.

**دىلخۇمار** (دىل+خۇمار) ① ئى. كۆڭۈل تارتقان، كۆڭۈل سۆيگەن كىشى ياكى نەرسە: ئەللەي، ئەللەي... ئۇخلا قوزام زۇلپىقار، ئۇخلا قوزام، دىلخۇمارىم، تاتلىقىم. * كەلسە گەر بەرگىن خەۋەر، ئۇچۇپ چىقاي مەن ئالدىغا، ۋەسلىنى كۆرسەتكىلى ئۇ دىلخۇمارىم كەلدىمۇ؟ * مۇبارەك ھەرسىقىم تۇپراق كۆزۈمگە تۇتىيارىدۇر، ھاۋاسى ھەم سۈيى لەززەت، ھۇزۇرى دىلخۇمارىدۇر. ② سۈپ. ئامراق، مەھلىيا، مەپتۇن: گۈلباغ بىزنىڭ پېزىمىز، بۇلبۇل ئاڭا دىلخۇمار، كەتمەس ئۇنىڭ قوينىدىن، مىسلى گۈزەل نەۋباھار.

**دىلخىراج** ئى (پ) ئۆزبېك خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ نامى: ناخشا ئاخىرلىشىپ «دىلخىراج» مۇزىكىسى چېلىنغاندا ئۇسسۇلچىلار ئىختىيارسىز ھالدا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.

**دىلدار** (پ) ① ئى. گۈزەل يار، سۆيۈملۈك، ياخشى كۆرگەن كىشىسى، سۆيگىنى، مۇھەببىتى: توغرا ئۇنىڭ ئاشىقى بار، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدە بىر دىلدارى بار، قىزلار ئۆزىنىڭ ئاشىقىنى باشقىلارغا مەغرۇر ۋە

بەختىيارلىق بىلەن، زوق-شوقى بىلەن ماختاپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. * ئاي ئىكەن مېنىڭ يارىم، كۈن ئىكەن مېنىڭ يارىم. تاڭ سەھەردە ئېچىلغان، مىسلى چېچەك دىلدارىم. ② سۈپ. يېقىملىق، كۆڭۈلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان: ھۇر كەبى زۆھرە ماڭا دىلدار يار جانان بولۇر، ھەر كېچە يورۇتقىلى كۈلبەمگە ئۇ تابان بولۇر. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلداش** ئى ① كۆڭلى، نىيەت-مەقسىتى، ئارزۇسى، غايىسى پىكىر-قارىشى بىردەك ياكى ئوخشاش بولغان كىشى: يىراق، ناھايىتى يىراق بوشلۇقتىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارمۇ سۆيگۈ رىشتى تەبىئىي ھالدا بىر-بىرىگە چىرماشقان بۇ ئىككى دىلداشقا نېمىشقىدۇر مۈگلىنىپ قارايتتى. * خەلقىمىز بىلەن دىلداش ئىدى ئۇ، مىسلى ئۆچمەس قۇياش ئىدى ئۇ. ② ھەمراھ، ياخشى كۆرىدىغان ياكى يېقىن ئۆتىدىغان كىشى، دوست: ئىشنىڭ جىددىي ھەم ئېغىرلىقىدىن بىر كۈن ئىشلەپ، بىر ھەپتە قوپالماي ياتتىم. ئايالىمدىن باشقا «ھالىڭ نېچۇك؟» دەيدىغان دىلدىشىم يوق ئىدى. * خىسلىتىڭىز قوزغىدى ئىلھام غەزەلخان قەلبىدە، بۇندا دىلداشلار بىلەن سىز بولدىڭىز ئىناق ئېجىل. * ئادىل شاھ بولۇپ ئالتۇنخان، يۇرتنى ئوبدان سوراپتۇ، دىلداشلىرى بۇ قىزنى گۈل-چېچەككە ئوراپتۇ.

**دىلداشلىق** «دىلداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كەل قېنى ئىچەيلى دىلداشلىق ھەققى، دىللارنىڭ ھۆكمىنى سۆزلىسۇن بۇ جام، سۆيگۈدىن يۇتۇلسۇن ئالەمچە سەتىھى، دوستلۇقنىڭ ئىلكىدە ئۆتسۇن ھەر ئەييام. * يايرىدۇق دىلداشلىقتىن، سىرداشلىقتىن، يۇلتۇزدۇر كۆزلىرىمىز، ئاي ئەپتىمىز. بىر چىقتى مۇچىلىمىز، ئەجەب قىزىق، بۇ يورۇق كەڭ دۇنياغا تەڭ كەپتىمىز.

**دىلرەبا** (پ) ① سۈپ. كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان، ئۆزىگە تارتىدىغان؛ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، يېقىملىق؛ گۈزەل، ساھىبجامال، نازىنىن، چىرايلىق: — ھەئە، شۇنداق، — دېدى مۇتەللىپ جاۋابەن، — ناخشىنىڭ بۇ دىلرەبا ئاھاڭىنى زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان. * خىيال ئاسمانىدا كۈلگەندە چولپان، گۈزەل قەشقەرگە رىشتە باغلىدى جان، قاراپ ھۆسنىگە بىر بوستاننى كۆردۈم، نە بوستان، دىلرەبا جاناننى كۆردۈم. ② ئى. گۈزەل يار، سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن كىشى، جانان؛ سۆيۈملۈكى: دىلرەبا سەندىن زامان ئايرىلماقىم دىشۋاردۇر، تا قىيامەت يىغلىسام، يەتكەيمۇ ئەفغانىم مېنىڭ. * ئەيىب ئېرۇر يار ئالدىدا نومۇسمۇ قىلماي قاچمىقىڭ، كەل قېشىمغا دىلرەبا، بىچارە بولدۇم سەن ئۈچۈن. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلشاد** (پ) ① سۈپ. دىلى شاد، كۆڭلى خۇشال، غەمسىز، ئەندىشىسىز: شۇنىدىن كېيىنلا دىلشاد كۈنلەر ئۆزۈنغا بارمىدى. // ياكى شېرىن تاپتى نەق پەرھاددىنى، مىڭ بالا-زەخمەت چېكىپ، دىلشادىنى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دىلشادلىق** «دىلشاد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**دىلكەش** (پ) ① سۈپ. كۆڭۈلنى تارتىدىغان، جەلپ قىلىدىغان؛ كىشىگە زوق بېرىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان: ھۇر ۋەتەندە ياڭرىغان دىلكەش مۇقامنىڭ ئەۋجىدە، شوخ تارىمنىڭ ئەلگە مەشھۇر راۋابى-دىلتارى بار. * مۇھەببەتنەك ھەممە ياش شەھەر بۇ، ئۆزىمۇ خەلقىدەك بەرداش شەھەر بۇ. دۇتاردەك مۇڭلىرى دىلكەش شەھەر بۇ، غەزەلدەك ئاھلىرى ئاتەش شەھەر بۇ. ②

سۈپ. باشقىلارغا ھېسداشلىق ۋە غەمخور-
لۇق قىلىدىغان، كىشىنىڭ دەردىگە
دەرمان بولىدىغان، مېھرىبان ئاق كۆڭۈل:
دۇنيادا دىلكەش ئادەملەر ئاز ئەمەس،
قولىنى سۇنۇشتى، بىر پارچەناننى ئاياشمى-
دى. * ئۇ نامرات، قىسمەتى ئېغىر باللارغا
ئالاھىدە دىلكەش، يېقىن ئىدى. ③ سۈپ.
مۇڭدىشىدىغان، سىردىشىدىغان دەردىگە
دەرمان بولىدىغان، يېقىن، ئامراق: ئۇنىڭ
كېلىشى بىلەن پەزىلەتنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ
يۈزىگە باشقىدىن قان يۈگۈردى، ۋۇجۇدىغا
دەرمان كىردى. ئۇلار ئۆزئۆزىدىن بېرى ھەقىقىي
دىلكەش دوستلاردىن ئىدى. ④ سۈپ.
مۇڭداشقاق، چىقىشقاق: سارىخان ئانا
دىلكەش، سەۋرچان ئىدى. * بۇ يەرنىڭ
كۆپچىلىك دېھقانلىرى دىلكەش. پۈتۈن-پۈتۈن
كېچىلەرنى قىزىق پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلار-
مۇ ئاز ئەمەس. ⑤ ئى. مۇڭدىشىدىغان،
سىردىشىدىغان دوست، ھەمراھ، يېقىن
كىشى: تۇرمۇش شۇنداق قىلىشقا قىستىغانىكەن،
بىزدە نېمە ئىلاج بار؟ ھامان تاھارەتلىرىگە
سۇ بېرىدىغان بىر دىلكەشلىرى بولۇش كېرەك
— دە! شۇنداق قىلسىلا ئانامۇ خۇش بولۇپ
گۆرىدە خاتىرجەم ياتىدۇ. * ئىنساننىڭ دىلى
بىھۇدە ئازار يەپ، يۈرىكى ئازابلانغان چاغدا،
كىشى بىسەر دىلكەشنى تېپىپ، ئۇنىڭغا
ئىچ-قارنىنى تۆكۈپ كۆڭلى-كۆكسىنى بوشى-
تىۋېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن.

**دىلكەش بولماق** يېقىنچىلىق قىلماق،
دوست بولماق، مېھرىبانلىق قىلماق،
كۆيۈنمەك: ئابابەكرى تۇراخۇننىڭ مۇرىسىدىكى
خۇرجۇننى ئۆز يەلكىسىگە ئالدى ۋە دىلكەش
بولۇپ سورىدى: — تۇراخۇن ئاكا، سېنىڭ
مەكىت. تەرەپتىكى كۈنلىرىڭ تۈزۈكرەك بولدىمۇ؟
* پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە خەلق ساڭا موھتاج،
ئۇلار بىلەن دىلكەش بولۇپ، بەھرىڭنى
تېخىمۇ ئايىماي تۆك!

**دىلكەشلىك** «دىلكەش» سۆزى ②
③ ④ نىڭ ئىسىم شەكلى: ئەزالارنىڭ
ھەممىسى خەلچە ئانىنى ئوبدان بىلەتتى،
ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ساددىلىقى، دىلكەشلى-
كى ئۈچۈن ھەممە ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى.

**دىلكۆيەر** سۈپ (دىل+كۆيەر) دىلغا ياقىدىغان،
ئامراقلىقنى قوزغايدىغان، كىشىنى مەھلى-
يا قىلىدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك.

**دىلگىر** سۈپ (پ) يېز ت. كۆڭلى قالغان،
ئاچچىقلانغان؛ كۆڭلى غەش: بەرگەن
ئاخباراتى ئۇن كۈنلۈك ھاۋادىن ئىلگىرى،
توغرا بولۇپ چىققان ئۈچۈن ھېچكىمنى قىلماس
دىلگىرى.

**دىللىق** سۈپ ① دىلى بار، دىلغا ئىگە:
— ئەپەندىم بۇ ئىشتا ئىككى دىللىق قىلسىلا
بولماس! ② سۈپەتلەر بىلەن كېلىپ،
دىلىدا ياكى كۆڭلىدە سۈپەت بىلدۈرگەن
روھىي ھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ:
ئۇ تۈز كۆڭۈل، ساپ دىللىق كىشى ئىدى. //
كىملەرگە كەلتۈرەر نەپ، كىمگە ئەپسۇس،
«لۇق» ۋە «لىك» دېيىشىدىغان ئادەت--
قىلىق. ئەمەسمۇ بارچە ئىشچان باتۇر خەلق،
نامى بىر، يۈرتىمۇ بىر، توغرا دىللىق.

**دىلستان** (پ) ① ئى. كۆڭۈل، دىل، قەلب:
ياشالماس ئايرىلىپ بۇلبۇل باھاردا گۈل-گۈلستانى-
دىن، ئورۇن ئالدى ۋەتەن ئىشقى بولۇپ
ئۆچمەس دىلستاندىن. * قاتمۇقات زەنجىر
قەپەسلەر كۆيدى ئوتتا ئۆرتىنىپ، كۆلدى
شادلىق ئىلكىدە يايراپ دىلستان باشقىچە.
② سۈپ. كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدىغان،
دىلنى يايرىتىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان:
دىلستان باھارىم سالقىن-ناھارىم، گىياھلار
ئايىندى سېنىڭ مېھرىڭدىن. // لاتاپەت بابىدا

يوق سەندەك جانان، جەننەتمۇ خىجىلكەن
سىنىڭ چېھرىڭدىن. // كۆرۈپ كەلگىن ئاشۇ
بېيجىڭ گۈلىستانىنى، زوقمىزنى تارتىدىغان
دىلىستانىنى. ③ ئى. كۆڭۈلنى ئەسىر
قىلغۇچى، مەھلىيا قىلغۇچى سۆيۈملۈك
يار، گۈزەل جانان، دىلبەر: كۆڭۈل
شىكايىتىمدىن يۈز رىسالە يازمىشمەن، كىم
ئىلتىكەي بۇ رىسالەتنى دىلىستانىمگە.

**دىماغ** ئى (ئە) <ئانات> بۇرۇن بوشلۇقى
بىلەن ئېغىز بوشلۇقىنىڭ تۇتاشقان جايى.

**دىماغ تاۋۇشى** <تىل> ئۆپكىدىن
چىقىرىلغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدا
توسۇلۇپ قېلىپ، يۇمشاق تاڭلاينىڭ تۆۋەنگە
چۈشۈشى بىلەن دىماغ بوشلۇقىدىن
چىقىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان تاۋۇشلار.
مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «م» «ن»
«ڭ» تاۋۇشلىرى.

**دىماغقا ئۇرماق** بۇرنىغا پۇرىماق: دىماغقا
ئۇرۇۋاتقان ئىسسىق نان پۇرىقى ئۇنىڭ قورسىقىنى
تېخىمۇ ئاچۇراتتى... بىراق، بىچارىنىڭ يېنىدا
نانغا يارىغۇدەك بەش تىيىنمۇ يوق ئىدى. *
كوزىدىكى ھاراقنىڭ سېسىق، ئاچچىق پۇرىقى
دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

**دىماغ كاۋىكى ياللۇغى** <تېب> بۇرۇن
ئەتراپى بىلەن بۇرۇن بوشلۇقىنى تۇتاش-
تۇرۇپ تۇرىدىغان سۆڭەك بوشلۇقلىرىنىڭ
ئىچكى شىللىق پەردىلىرىدە يۈز بېرىدىغان
كېسەللىك. تولىراق زۇكامدىن كېيىن
كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، دۇغلۇق ياكى
يىرىڭلىق ماڭقا ئېقىش، دىماغ پۈتۈپ
قېلىش، باش قېيىش، باش ئاغرىش ۋە
باسقاندا ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر
كۆرۈلىدۇ.

**دىمىغىدا پىننە سورۇماق** → **دىمىغىنى
قاقماق**: تېرىمنى ئۆلچەپ پەننىڭ ئۆلچىمىدە،
كۆرسەتتى ئاكىسىغا پىلانىنى. كىم بىلسۇن
پىننە سورۇپ دىمىغىدا، مەنستىمەي قويىدى
ھەسەن ئىنىسىنى.

**دىمىغىدا كۈلمەك** باشقىلارنى مەنستىمەس-
لىك، كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى بىلەن
دىمىغىدىن بىرخىل يېقىمسىز ئاۋاز چىقىرىپ
كۈلمەك: دائىم «ئەنۋەر» دېسە، دىمىغىدا
كۈلىدىغان بۇ «نوچى» مانا بۈگۈن ئەنۋەرنىڭ
كىملىكىنى كۆردى. * مەتكېرەم دىمىغىدا
زەھەرلىك كۈلدى.

**دىمىغىدىن دۈت چىقارماق** راسا ئەدە-
بىنى بەرمەك، تۈۋا قىلدۇرماق، قىلغان -
ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلدۇرماق: —
ئەي ۋەزىرلىرىم، ئەي لەشكەرلىرىم، سىلەر
بۇ باياۋاندا مېنى يالغۇز كۆرۈپ، ماڭا يېن-
ۋاتىسىلەر، ئىنشائاللا شەھەرگە بارغاندا
دىمىغىڭلاردىن دۈت چىقىرىمەن! — دەپتۇ
پادىشاھ ھەيۋە قىلىپ.

**دىمىغىنى قاقماق** مەنستىمەسلىك نەزىرى
بىلەن «ھىم» دېمەك؛ نارازىلىق
بىلدۈرمەك: قاسىم جۈرئەتنىڭ «جىنايى»
پاكىتلىرىنى باشلىق ئولتۇرىدىغان شىرە ئۈستىگە
يېيىپ قويۇپ، يېنىككىنە دىمىغىنى قاقتى-دە،
«سەن ئەمدى تۈگەشتىڭ، جۈرئەت!»
دەپ زەھەرلىك پىچىرلىدى. * «خانىم»
دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. *
— قولىڭىزنى تارتىڭ! — گۈلباھار خۇددى بىر
نىجاسەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ئورنىدىن
چاچراپ تۇردى-دە، دىمىغىنى قېقىپ تاقىلداپ
ماڭغىنىچە، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ
كەتتى.

**دىمىغى ئۆسمەك** ھالى يوغىنىماق،
ھاكاۋۇرلاشماق تەكەببۇرلاشماق: قوشلاپ
كېلىۋاتقان ئامەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دىمىغى
ئۆستى، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، نەپسى يوغىنىدى.

بارا-بارا ئۆزلىرىنىڭ كۈنىدىن رازى بولمايدىغان بولۇشتى. * بۇ خىل مەدەتلەر بىلەن دىمغى ئۆسكەن چالا مەست ئايگۈلگە يېقىنلىشىپ ئۆچكىدەك ھىجايدى.

**دىمغى ئۆسۈپ قالماق** ← **دىمغى ئۆسمەك.**

**دىمغى ئۆستۈن** تەكەببۇر، ھاكاۋۇر، چوڭچى، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان: سىلەرنىڭ بۇ شۇجىيىڭلارنى مەن بۇرۇن خېلى تۈزۈك ئادەم چاغلايدىغان، لېكىن بەك دىمغى ئۈستۈن ئادەم ئىكەن. * – دىمغى ئۈستۈن؟! دىمغى ئۈستۈن ئادەم ئاشۇنداق بولامدۇ؟ – ئۇ ئۆڭگەن ھالدا ۋارقىرىدى.

**دىم-دام** دىئال. چالا ئۇيقۇلۇق ھالەت.

**دىم-دام ئۇخلىماق** دىئال. مۈگدىمەك، چالا ئۇيقۇ ھالەتتە ياتماق، ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ كۆز يۇمماق.

**دىمىق** سۈپ ① شامالسىز ۋە نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدىغان دەرىجىدە ئىسسىق، ئىسسىق ھاۋا بىلەن زىچ قاپلانغان: دېرىزىلەرنىڭ ئوچۇق بولۇشىغا قارىماي، ئۆي ئىچى خېلىلا دىمىق ئىدى. * ئۆينىڭ دىمىق ھاۋاسى ئىچىمنى پىشۇراتتى. ② ھاۋاسى يېتىشمەسلىك ياكى بەك بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن نەپەسنى بوغىدىغان، نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدىغان: – سىلەرنىڭ بۇ قونالغۇ دىمىق ھەم تار ئىكەن، تازىلىقىمۇ ياخشى ئەمەس، – دېدى ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. // ئىس ۋە دىمىقتىن نەپەس بوغۇلۇپ باش ئايلىناتتى.

**دىمىقتا** سۈپ ① دىمىق، نەپەس ئېلىش قىيىن بولغان، ھاۋاسى بۇزۇلغان. ② كۆچمە. ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدىغان، ئادەمنى ئازابلايدىغان، ئازابلىق: شۇنداق دىمىقتا كۈنلەرنىڭ بىرىدە قورچاق ۋالىي پاسار قاتارلىق بىر تۈركۈم ۋىلايەت-ناھىيە ئامباللىرى-نىڭ سازايى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. ③ كۆچمە. ئىچ-سىرىنى ياكى دەرد-ئازابلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنى خالىمايدىغان، سىر ساقلايدىغان: دىمىقتا ئادەم.

**دىمىقتا بولماق** ① ھاۋاسى بۇزۇلۇپ نەپەس ئالالمايدىغان دەرىجىگە يەتمەك دىمىق بولۇپ كەتمەك: ئۆينىڭ ئىچى بەك دىمىقتا بولۇپ كەتكەنىدى. ② كۆچمە. ئىچى سىقىلماق، زېرىكىش، ئازاب ھېس قىلماق، روھىي جەھەتتىن بوغۇلماق: كۆرۈپ قالدىڭ – دە! ھەر قېتىمدا بىر ئىككى قېتىم توشقان قوغلىۋالمىسام دىمىقتا بولۇپ يۈرەلمەيمەن.

**دىمىقتۇرماق** «دىمىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاۋانى دىمىقتۇرىدىغان سېسىق ئىس ھەرياقنى قاپلاپ كەتكەنىدى. * كىشىنى دىمىقتۇرىدىغان ئىسسىقتىن دىلبەرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، پېشانىسىدە مونچاقتەك تەرلەر پەيدا بولغانىدى.

**دىمىقتۇرۇلماق** «دىمىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دىمىقتىلىق** «دىمىقتا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئالدىرىماڭ، مەن بولسام خۇددى شۇ مەنزىرىگە، قاراڭغۇلۇققا، دىمىقتىلىققا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن.

**دىمىقچىلىق** ئى ← **دىمىقلىق**: ئۇلار دەل ياز پەسلىدە كەلگەچكە بەئەينى مانتا قازىنىغا سولىنىپ قالغاندەك دىمىقچىلىق ئىچىدە قالدى.

**دىمىقلىق** «دىمىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھاۋانىڭ ئىسسىق ۋە دىمىقلىقى سەۋەبىدىن شاھزادە ئەنجەد بىلەن ئەسەت-نىڭ تەشنالىقى بەك قىستاپتۇ، ئەمما بۇ يەردە

ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئىنس-جىن يوق ئىكەن.

**دىمىقماق** پ ① نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشماق، نەپىسى ئېغىرلاشماق، نەپىسى بوغۇلماق: ئۆيدە دىمىقىپ كەتكەن بالا ھويلىغا چىقىپلا يىغىدىن توختىدى ۋە كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. * ئۆيدە دىمىقىپ، پېشانىلىرىمدىن تەر تامچىلاشقا باشلىدى، ئاخىر بولالماي دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتىم. ② كۆچمە. ئىچى سىقىلماق، روھىي جەھەتتىن بوغۇلماق، دىمىقتا بولماق: دىمىقىپ ئولتۇرۇش ھېچقاچان بىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلغان ئەمەس، ئەكسىچە دائىم ئازابلىرىمىزنى كۆپەيتىپ كەلدى، لېكىن بىز تېخى بۇنى چۈشىنەلمەيۋاتىمىز.

**دىن** ئى (ئە) <پەلس> بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە. ئۇ ئىلاھىي كۈچكە ئىشىنىشكە ئاساسلانغان دۇنيا قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلار: ئىسلام دىنى. بۇددا دىنى.

**دىنا** ئى (ئىنگ) <فىز> كۈچ بىرلىكى. ماسسىسى بىر گرام بولغان ماددىنىڭ $cm/s^2$ لىق تېزلىنىش ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كۈچ بىر دىنا بولىدۇ. بىر دىنا $\frac{1}{981}$ گرام كۈچكە تەڭ.

**دىنار** ئى (ئە<لات) ئالجىرىيە، تۇنىس، ئىراق، يەمەن، كۇۋەيت، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى: بەش دىنار. ئون دىنار. * شاھ كابۇل كېيىملىرىنى كېيىپتۇ. كەمەرنى باغلاپتۇ. مىڭ دىنارنى ساغداققا سېلىپتۇ. ② چاغاتاي خانلىقىنىڭ 1318-يىلىدىن 1326-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن خانى كېپەك خان تەرىپىدىن قۇيدۇرۇلغان كۈمۈش پۇل.

**دىنارلىق** سۈپ ① دىنارى بار، دىنارغا ئىگە: ئۇ چاغلاردا نەچچە ئون مىڭ دىنارلىق بايلار تىجارەت قىلاتتى. ② كۆچمە. دىنارغا يارايدىغان، دىنار قىممىتىدىكى: ئوبۇل ھەسەن ئىبنى تاھىر بۇ سوئالغا جاۋابەن« مەندىن بىر نەچچە دىنارلىق مال قەرز ئالغان بىر سودىگەر كىشىنىڭ مۇئامىلىسى بىزنى بۇ مەزگىلسىز ۋاقىتتا يولغا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى» دەپتۇ.

**دىنام** ئى (ر) <ماشىن> ← **گېنېراتور.**

**دىناموماشىنا** ئى (ر) <ماشىن> ← **گېنېراتور.**

**دىنامومېتر** ئى (ر<گرېك) <فىز> كۈچنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**دىنامىت** ئى (ر<گرېك) <ھەرب> ئاساسلىق تەركىبى نىتروگلىتسېرىندىن ئىبارەت بولغان كۈچلۈك پارتىلىغۇچى ماددا. ھەربىي ۋە كانچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**دىنامىكا** ئى (ر<گرېك) <فىز> مېخانىكىنىڭ بىر تارمىقى. نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنىنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىپ، جىسىمنىڭ مېخانىكىلىق ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**دىنامىكىلىق** سۈپ. دىنامىكىغا ئائىت، دىنامىكىغا ئاساسلانغان: دىنامىكىلىق مېتامورفىزم. دىنامىكىلىق گېئولوگىيە. دىنامىكىلىق مېتېئورولوگىيە.

**دىنامىكىلىق گېئولوگىيە** <گېئول> يەر شارىنىڭ يۈزى ۋە ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك تەسىرلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**دىنامىكىلىق مېتامورفىزم** <گېئول> تېكتونىكىلىق كۈچىنىشنى ئاساسلىق ئۆزگىرىش ئامىلى قىلىدىغان بىرخىل مېتامورفىزم.

**دىنامىكىلىق مېتر** <مېتېئور> دىنامىكىلىق ئېگىزلىك بىرلىكلىرىدىن بىرى. بىر

دىنامىكىلىق مېتىر 10/g گېئومېترىيىلىك مېترگە تەڭ كېلىدۇ. ( بۇ يەردىكى g ئېغىرلىق كۈچ تېزلىنىشى بولۇپ، m/s² نى بىر بىرلىك قىلىدۇ) . g نىڭ قىممىتى ئېگىزلىكنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىكتىكى بىر دىنامىكىلىق مېترگە ماس كېلىدىغان گېئومېترىيىلىك مېترغا ئىگە ئېگىزلىكمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. 45° لۇق جۇغراپىيىلىك كەڭلىكتىكى دېڭىز يۈزىدە $g \approx 9.8m/s^2$ بولسا، بىر دىنامىكىلىق مېتىر 1.02 گېئومېترىيىلىك مېترغا تەڭ بولىدۇ. دېمەك، ئېگىزلىك قانچە يۇقىرىلىغانسېرى، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان گېئومېترىيىلىك مېترنىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

**دىنامىكىلىق مېتېئورولوگىيە** <مېتېئور> ئاتموسفېرا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى. ئاتموسفېرا ھەرىكىتى، ئاتموسفېرادىكى تېرمو-دىنامىكىلىق جەريانلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ماتېماتىكىلىق ۋە فىزىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تەتقىق قىلىدۇ.

**دىنچى** ئى ← دىندار.

**دىندار** سۈپ (ئە+پ) دىنغا ئەمەل قىلىدىغان؛ خۇداغا، دىنغا ئىشىنىدىغان: دىندار كىشى.

**دىندارلىق** « دىندار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**دىنداش** ئى (ئە+پ) بىر دىندىكى كىشىلەر: ماڭا سىز، ھەيدەرخان ئىككىڭلار ئوخشاش، مەن بىلەن بىر ئىسلام، بىر مىللەت، دىنداش... دىنداشلار ئۆزئارا قالسا ئۇرۇشۇپ، ئۆرتىنەر يۈرىكىم مېنىڭ، قېرىنداش.

**دىنسىز** سۈپ. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان؛ ئاتېئىست، دەھرىي: دىنسىز كىشى. * — ئۇ ئۇنداق دىنسىز كىشىلەردىن ئەمەس! — دېدى گىلنا قاشلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ. // ئۆرگەنچىدىن قوشۇنلىرىم كەلگەندە، ئات ئويىنىتىپ جەڭ مەيدانىغا يەتكەندە، يىگىتلىرىم سەن دىنسىزنى كۆرگەندە، ھاي-ھايلىتىپ قىرغاندا كۆرگىن تاماشا.

**دىنسىزلىق** « دىنسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — مۇھەممەتنى يولدىن چىقارغانلار سەنلەر! — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ، — ئۆزۈڭلارغۇ دىنسىز، بالىنىمۇ دىنسىزلىققا باشلاشتىڭ.

**دىنشۇناس** ئى (ئە+پ) دىننى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**دىنشۇناسلىق** دىننى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، پەن: خېلى بۇرۇنلا فولكلور بىلەن دىنشۇناسلىقنىڭ يانداش پەنلىك مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن.

**دىنوزاۋر** ئى (لات) <زوئول> قەدىمكى سۆرەلگۈچى ھايۋان. ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدا ئەڭ تەرەققىي قىلىپ، زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەتتا 30 مېترغا يەتكەن. ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.

**دىنىي** سۈپ (ئە) دىنغا ئائىت، دىنغا ئالاقىدار، دىنغا تېگىشلىك: دىنىي ئەقىدە. دىنىي پائالىيەت. * سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى ئاشكارا تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر خىل چارىلەر بىلەن ئىماملار ۋە دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولغان موللىلار-نى يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى.

**دىنىي ئەقىدە** دىن نۇقتىسىدىن پەيدا بولغان ئىشەنچ، ئېتىقاد: مەكتەپنىڭ ئېگىز قورۇ تېمىنىڭ ئىچىدىكى كونىراپ-قارىيىپ كەتكەن، قىزىل خىش ۋە گرانىت تاش بىلەن سېلىنغان چېركاۋ، مەكتەپ بىنالىرى مەكتەپنىڭ قاتتىق ئىنتىزامى، دىنىي ئەقىدە ۋە ئېغىر دەرسلەر ئازابىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ نىمجان بولۇپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنى بەند قىلىپ تۇرىدۇ.

**دىنىي پائالىيەت** <دىن> دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىبادەت ۋە باشقا تۈرلۈك پائالىيەتلەر.

**دىنىي زات** مەلۇم بىر دىنغا نىسبەتەن، يۇقىرى بىلىم ۋە ئابرويغا ئىگە بولغان كىشى.

**دىنىي سىياسەت** پارتىيىنىڭ دىنغا قاراتقان سىياسىتى.

**دىنىي مەكتەپ** <دىن> دىنىي تەربىيىنى ئاساسلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىدىغان مەكتەپلەر.

**دىنىي ئېتىقاد** <دىن> خۇداغا ياكى ئۇمۇمەن بىرەر غەيرىي تەبىئىي كۈچكە بولغان ئىشەنچ؛ دىنىي ئەقىدە.

**دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى** <قا> پۇقرالارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي ھوقۇقلىرىدىن بىرى، يەنى دىنغا ئىشىنىش ۋە ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**دىئوپترىيە** ئى (ر<گرېك) <فىز> لىنزىنىڭ نۇر سۇندۇرۇش كۈچلۈكلۈك بىرلىكى. دىئوپترىيە I نى فوكۇس ئارىلىقىغا (مېتىر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) بۆلگەنگە تەڭ. مەسىلەن، لىنزىنىڭ فوكۇس ئارىلىقى 2 مېتىر بولسا، ئۇنىڭ دىئوپترىيىسى $\frac{1}{2}$ بولىدۇ.

**دىئورىت** ئى (ر<فران<گرېك) <گېئول> ئوتتۇرا تىپتىكى بىر خىل چوڭقۇرلۇق جىنسى. ئاساسلىق تەركىبى پلاگىئوكلاز بىلەن ئامفىبول بولۇپ، كۈل رەڭ ياكى كۈل رەڭگە مايىل يېشىل كېلىدۇ. ئادەتتە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**دىئورىتلىق پورفىرىت** <گېئول> ئوتتۇرا ماگمىلىق جىنسلارنىڭ تېيىزلىكتىكى جىنس تۈرى. تەركىبى دىئورىتنىڭ تەركىبىگە ئوخشايدۇ. ئۇ داغلىق تۈزۈلمىگە ئىگە بولۇپ، فېنوكرىستللىرى ئوتتۇرا تىپتىكى پلاگىئوكلاز بىلەن قوشۇمچە ھالدا ئامفىبولدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇللۇق ماددىسى ئۇششاق دانىچە ياكى مىكرو كرىستال ھالىتىدە بولۇپ، دالا شپاتىدىن تۈزۈلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك كان مەھسۇلاتلىرى تۆمۈر، مىس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**دىۋار** ئى (پ) ① ئۆي-ئىمارەتنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان، خانىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تام، توسۇق: ئۆي دىۋارى. ھويلا دىۋارى. * ھەر تەرەپ كەتمەك ئۆيىن تاشلاپ تۈپەيلى ئىدى نان، ئېگىرىشىپ قالغان سەببىلەر تېنىدىن چىقماي بۇ جان، زۇلۇمنىڭ دەرياسىدا سۇ ئورنىغا گەر ئاقسا قان، بەرمىگەن شەپقەت يۈزىدىن ئەلگە بىر سائەت ئامان، كۈنگە قاقلاپ كۆكسىنى يىغلايتتى دىۋار ئالدىدا. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ياكى بۆلەكلەرگە ئايرىپ تۇرىدىغان قىسمى: ئاشقازان دىۋارى. سىلىندىر دىۋارى.

**دىۋان I** ئى (پ) <ئەد> شېئىرلار توپلىمى، توپلام.

**دىۋان II** ئى (ر<پ) <بىن> ئولتۇرۇش ۋە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سافا. ئاستى ۋە يۆلەنچۈكلىرىگە پۇرژىنا

ياكى بۇلۇتسىمان سۇلياۋ ئورنىتىلىپ سىرتى ھەر خىل رەختلەر بىلەن ئورنىۋېتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ بىر كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ۋە ئايلانما شەكىللىك دېگەندەك نۇرغۇن خىللىرى بولىدۇ.

**دىۋان III** ئى (پ) ① خان ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتنىڭ باش مەھكىمىسى؛ ئوردا: خەلىپە ھارۇن رەشىت دىۋانغا كىرىپ تەختكە ئولتۇرغانىكەن، ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات دىۋانغا كىرىپ خەلىپىنى كۆرۈش بىلەنلا شېئىر ئوقۇپتۇ. *موماينىڭ كىيگەن كىيىمى شۇنچىلىك ئەسكى ئىكەنكى، ھەتتا ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ساقچىلارمۇ ئۇ بىچارىنى دىۋانغا كىرگۈزگۈسى كەلمەپتۇ. ② خان، پادىشاھ تۇرىدىغان جاي؛ ئۆي، خانا: ئۇ دىۋانغا كىرىپ، ئەڭ چەتتىكى يىراق بىر بۇلۇڭغا بېرىپ تۇرۇۋېلىپتۇ.

**دىۋانە** ئى (پ) كىشىلەردىن سەدىقە سوراپ، نەرسە-كېرەك تىلەپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى؛ تىلەمچى، قەلەندەر: يىقىلغان تام دىۋانىنى بېسىپتۇ (ماقال). * تولىراق ئۇلار دىۋانە بوۋايدىن يۇسۇپ قادىرخان توغرىسىدا قىسسىلەر ئاڭلايدۇ. * تىيىن بەردى ھامال ئاڭا باش ئېگىپ، ۋە كۆزلىرى كەتتى جۇشقۇن پارقىراپ. تىيىنلارنى سۆيۈپ ئالدى دىۋانە، ھەم ھامالغا رەھمەت ئېيتتى ۋارقىراپ.

**دىۋانبېگى** ئى (دىۋان+بەگ+ئى) كونا. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كاتىپى: ئوردىدا ئىككى دىۋانبېگى بولۇپ، بىرى ۋاڭنىڭ يېنىدا يەنە بىرى ئوردىدا تۇراتتى.

**دىۋانىلەرچە** رەۋ. دىۋانىلەرگە ئوخشاش، دىۋانىلەردەك: — ئەي كىشى قاياقتىن كەلدىڭىز، نەگە بارىسىز، مۇنداق دىۋانىلەرچە سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

**دىۋانىلىق** ئى. تىلەمچىلىك قىلىش، سەدىـ
قە سوراش ئىشى، قەلەندەرلىك: دىۋانىلىق قىلماق. * ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تىرىكچىلىك يولى بولمىغىنى ئۈچۈن، ھەممىسى دېگۈدەك دىۋانىلىق قىلىدۇ.

**دىۋە** ئى (پ) ① چۆچەك، رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ناھايىتى زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە غەيرىي تەبىئەتلىك خىيالىي مەخلۇق: ۋەزىر ساندۇقنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ شۇنداق ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا ساندۇق ئىچىدە بىر قارا دىۋە يېتىپتۇ. * بالا قارىسا، دىۋە خۇشال كىلىۋاتقان؛ ئۇ كۆلگەندە بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ ماڭىدىكەن؛ قورققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمىگەن بالىمۇ دىۋىنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ بېرىپتۇ. ② كۆچمە. ناھايىتى قۇدرەتـ
لىك، باشقۇرغىلى بولمايدىغان، ئادەم ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان نەرسە: تۇرسۇن ئۆيىگە كىرىپ چۈشكۈن ھالدا ۋارقىرىدى: — مانا قاسىم يۇمشاق چارىمۇ، قاتتىق چارىمۇ ئەسقاتمايدىغان ئوخشايدۇ. بىز بىر دىۋىنى مىنىۋالدۇق، يا چۈشەلمەيمىز، يا ماڭالمايمىز، مانا باش قېتىمچىلىق دېگەن!

**دىۋە-پەرى** دىۋە ۋە دىۋە تائىپىسىدىكى مەخلۇقلار: ئىككى شاھزادە قارىسا پۈتۈن شەھەرنى دىۋە-پەرى قاپلاپ كەتكەن. ئۇلار قورقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ.

**دىۋەز** سۈپ ← **جىرىس**: دىۋەز نان. * چۆرە ئۇنىڭغا ئەتىگەندە بىر، ئاخشىمى بىر دىۋەز نان، پېشىندا ۋە كەچقۇرۇن بىر تاۋاق شور سۇ بېرىپتۇ.

**دىۋىندۇرماق** «دىۋىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قامچىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئاتلارنى چۆچۈتۈپ ئالدىغا دىۋىندۇردى.

**دىۋىنماق** پ. خىرىس قىلماق، ئېتىلىشقا تەمشەلمەك، ھۇرپەيمەك: چېرىكلەر دەرھال تاشۋايىنى باغلاشقا كىرىشىدۇ، بارات

باشلىق ياشلار چېرىكلەرگە دۈشنىدۇ.

**دۈشنشماق** «دۈشنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىيار** ئى (ئە) ① مەملىكەت، ۋەتەن، يۇرت: سۆيۈملۈك دىيار. ئەزىز دىيار. * – ئېلىمىزگە دۈشمەن كەلدى. ئەزىز دىيارىمىزنى قوغداش كېرەك. بارلىق ئەزىمەتلەر جەڭگە ئاتلىنىڭلار! * ئۈمىد بىلەن ئەل ئىشىغا قويدۇم قەدەم، ئەجرىم بىلەن بۇ دىيارغا تۆكمەككە زەر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دىيانەت** ئى (ئە) ① كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ۋىجدان، ئىنساب، ئىشەنچ، پاكلىق: دىيانىتى بار ئادەم. دىيانەت ئىگىسى. * بالا جاكارچىلارغا ئەگىشىپ خېلى يۇرۇپتۇ. بالا شەھەر خەلقىدىن مەلىكىنىڭ ئەخلاقىي دىيانەتلىرىنى، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوقلۇقىنى ئاڭلاپتۇ. * بۇ ئايال قايتا ياتلىق بولسا، رەسمىي دىيانەتنى يوقاتقان بولىدۇ. ② دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىش، دىندارلىق، تەقۋادارلىق: ئۇلار مېنى «ئادەم توپلاپ، ئەلنەغمە قىلىپ كىشىلەردىن دىيانەتنى كۆتۈردۈڭ» دەپ، مەسچىت ئالدىغا بېسىپ 40 دەررە ئۇردى.

**دىيانەتسىز** سۈپ ① ئىنسابسىز، ۋىجدانسىز. ② دىنىي ئەخلاق، قائىدە-نىزاملارغا رىئايە قىلمايدىغان: دىيانەتسىز ئادەم. * – شامەخسۇت زالىم، دىيانەتسىز بولۇپ، دانا-دانىشمەن زاتلارنى كۆزىگە ئىلمىدى. ھەممىمىز بىرلىكتە بۇنى يوقىتىشىمىز كېرەك. ماڭا ئەگىشىنى خالىغانلار ئارقامدىن كېلىڭلار! – دېدى ئۇ.

**دىيانەتسىزلىك** «دىيانەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**دىيانەتلىك** سۈپ ① دىيانىتى بار، ۋىجدانلىق، ئىنساپلىق: ئۇلار چوقۇم ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، ئومۇم ئۈچۈن دىيانەتلىك بولۇشى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. * پادىشاھ ۋەزىردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، دىيانەتلىك پەزىلىتىگە بارىكاللا ئوقۇپتۇ. ② دىنىي ئەخلاق، قائىدە-نىزاملارغا رىئايە قىلىدىغان؛ تەقۋادار: بىزنىڭ ئەر كىشى مىچىت موللا دىيانەتلىك ئادەم بولغىنى ئۈچۈن بۇ يېتىم ئوغۇل بىلەن يېتىم قىزنى قازناقتا يوشۇرۇپ، ھېچكىمگە تىنماي ساقلىدۇق. * – توختى، سىز ئەمدىلا ھەج قىلىپ كەلدىڭىز، سىز دىيانەتلىك ئادەم، مەن سىزگە ئېسىل بىر نەرسە بېرەي، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، – دەپتۇ يەنە قىز.

**دىيەك** ئى ① دىئال. شوشاڭنىڭ تېغىنى قايچىلاشتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدىغان قىسقا ياغاچ. ② تىرەك.

**دىيۇيم** ئى (ر<گول) 25.4 مىللىمېترغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دىيۇيملىق** سۈپ. دىيۇيمغا ئىگە، دىيۇيم بىلەن ئۆلچەنگەن، دىيۇيم چوڭلۇقىدىكى: 14 دىيۇيملىق تېلېۋىزور.

**دىيۇگون** ئى (ر<مالايچە) <زوئول> سۇت ئەمگۈچى ھايۋان. پۈتۈن تېنى قوڭۇر كۇل رەڭ بولۇپ، قورسىقىنىڭ رەڭگى ئاچراق، تۈكسىز، بېشى يۇملاق، كۆزى كىچىك، قۇلاق قالقىنى بولمايدۇ. تۇمشۇقىنىڭ ئۈچىدا قىلچىقلىرى بولىدۇ، ئالدىنقى پۇتى پالاق شەكلىدە، كېيىنكى پۇتلىرى بولسا رودىمېنتلاشقان بولىدۇ، چىشلىرىدا بىر جۈپ ئەمچەك توپچىسى بولىدۇ. دېڭىزدا ياشايدۇ، دېڭىزدىكى ئوت-چۆپلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

# ر

**ر** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئونىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە ئونىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**رابات** ئى (ئە) يېز ت. مېھمانلار قونىدىغان جاي؛ مېھمانخانا، ساراي، چۈشكۈن، ئۆتەڭ، دەڭ: قارسام كۆرۈنمەيدۇ، دۇنيانىڭ ئۇچى. دۇنيا دېگەن ئەسكى رابات، مەن يول ئۆتكۈنچى. * شۇڭا، مانا تەسەۋۋۇرنى قانات قىلىپ، ئاي، يۇلتۇزنى قونالغۇ دەڭ — رابات قىلىپ، ئىنتىلىشچان روھىمىزنىڭ مىسالى دەپ، غايىمىدىكى ئۇتۇق-شاننىڭ ۋىسالى دەپ، « پولات دۇلدۇل »، « جاھاننىما ياراتقۇچى، دورا» ياساپ ئۆلگەنلەرگە جان قاتقۇچى.

**رابىت** (توغرىسى: رابىتە) ← **رابىتە**.

**رابىتە** ئى (ئە) يېز ت ① بېرىش-كېلىش، ئالاقە، مۇناسىۋەت: مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن رابىتىم يوق. ② كۆچمە. ئويناش، ئاشنا: ۋايىت ھۆپۆپنى قاتتىق مىجىپتۇ. ھۆپۆپ «ھۆپۆپ، ھۆپۆپ، ھۆپۆپ» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. باي ۋايىتنى ئۇرۇشنى توختىتىپ: — يەنە بار دەمدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ۋايىت: — خوجائاكا، خېنىمنىڭ رابىتىسى قازناقتا دەيدۇ، — دەپتۇ.

**راپاۋەت** ئى (ئە) يېز ت. ياخشىلىق، خەيرخاھلىق، خەيرىيەت، ۋاپا: — تەپسە تاغنى ئۆرۈيدىغانلار ئىش تاپالماي يۈرىدۇ. ھەرھالدا ئۇششاق باللىرى بار، راپاۋىتىمىز بولۇپ قالسۇن دەپ كۆڭلۈمگە يېرىم پۇت بۇغداي بەرگەننى بىلمەيدۇ، — دېدى ئۇ خاماندا ئىشلەۋاتقان بىر دېھقانغا كايىپ. * ئۇرمىلىقنىڭ چېكى يوق، ئاي ئۇردۇم، كۆزەلمەيمەن؛ ھېچكىمدىن راپاۋەت يوق، دەردىمنى ئېيتالمايمەن.

**راپاۋەتچىلىك** ئى. بىركىمگە قىلىنغان ياخشىلىق، خەيرخاھلىق، ئىلتىپات قىلىش ئىشى: — ھازىر 8-دۈي خەلقى قىيىنچىلىقتا قالدى، قولۇڭدىن كەلسە راپاۋەتچىلىكىڭنى ئايىما! * — راپاۋەتچىلىك دېگەننىچۇ قارىسىلا، بىلىدىغان، ياندۇرالايدىغان ئادەمگە قىلسا بولىدۇ، — دېدى ئۇ قولىنى قولتۇقىدىن ئېلىپ ئالدىغا چۈشۈرۈۋالغان بىر تال چېچىنى كەينىگە ئاچچىقى بىلەن تاشلاپ تۇرۇپ.

**راپاۋەتلىك** سۈپ. راپاۋىتى بار، كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان؛ ياخشى؛ خۇش، خەيرلىك: بىز ھازىرچە بۇ يەردىن دەرھال يۆتكىلىشمىز، راپاۋەتلىك خەۋەرنى ئۆز قوۋملىرىمىزغا ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەك.

**راپسودىيە** ئى (ر<گرېك) <مۇز> مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە ياكى بايان خاراكتېرلىك بىر خىل چالغۇ ئاھاڭى. ئۇ خەلق ناخشىسى ياكى خەلق ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

**راپس** ئى (لات) <بوت> ← **راپس پالمىسى.**

**راپس پالمىسى** <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۈرىدىغان ۋە توپلىشىپ ئۆسىدىغان چاتقال. غولىنىڭ سىرتىدا تورسىمان تالا غىلىپى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئالقانسىمان ھالەتتە سەككىز-ئونغىچە چوڭقۇر يېرىلىپ، غول ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە ئاچ سېرىق رەڭدە ئېچىلىدۇ. كۆپىنچە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ، سۈيىنى چىقىرىۋېتىشى ياخشى بولغان نەم تۇپراقلارغا ئوبدان ماسلىشالايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە ۋە قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھاسا ۋە كۈنلۈك سېپى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**راتسىئونال** سۈپ (ر<لات) <مات> يىلتىز ئالامەتلىرىدىن خالىي، رادىكال ئالامەتلىرى ئىچىگە ئېلىنمىغان، رادىكالسىز: راتسىئونال كەسىر. راتسىئونال كەسىر ئىپادە. راتسىئونال سانلار. راتسىئونال فۇنكسىيە.

**راتسىئونال پۈتۈن ئىپادە** <مات> مەخرىجى نامەلۇم سان ياكى ھەرپ بولمىغان راتسىئونال ئىپادە. قىسقىچە «پۈتۈن ئىپادە» دېيىلىدۇ.

**راتسىئونال تەڭلىمە** <مات> راتسىئونال پۈتۈن تەڭلىمە بىلەن كەسىر ئىپادىلىك تەڭلىمىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**راتسىئونال سان** <مات> مۇسبەت پۈتۈن سان، مەنپىي پۈتۈن سان، مۇسبەت كەسىر سان، مەنپىي كەسىر سان ۋە نۆللەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**راتسىئونال فۇنكسىيە** <مات> راتسىئونال ئىپادە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان فۇنكسىيە. مەسىلەن:

$f(x)=ax^2+bx+c$ , $f(x)=3x^3-\frac{1}{x}$ .

**راتسىئونال كەسىر ئىپادە** <مات> ھەرپلىك ئىپادىنى مەخرەج قىلغان راتسىئونال ئىپادە. مەسىلەن، $\frac{1}{x}$ ، $\frac{a}{b}-c^2$ . قىسقىچە «كەسىر ئىپادە» مۇ دېيىلىدۇ.

**راتسىئونال ئىپادە** <مات> رەقەم ۋە ھەرپلەرنى چەكلىك قېتىم قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش ۋە بۆلۈش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئىپادە. مەسىلەن، $a^2+b$ ، $\frac{x}{y-z^2}$ .

**راتسىيە** ئى (ر) رادىئو سىگناللىرىنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ئاڭلاتقۇچى كۆچمە رادىئو ئىستانسىسى.

**راخاب** ئى (پ) قېتىقتا مۇز پارچىلىرىنى سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يەرلىك سوغۇق ئىچىملىك؛ دوغاپ: راخاب ئىچمەك. راخاب ئەتمەك.

**راخابچى** ئى. راخاب ئېتىپ ساتقۇچى كىشى: كاۋاپچى باللارنىڭ جاراڭلىق توۋلاشلىرى، ناۋاي، سامسىپەزلەرنىڭ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي قىچقىرىشلىرى، راخابچى، دوغاپچى ۋە ماروژنىچىلارنىڭ خېرىدارلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، قولىدىكى چۆمۈچلىرىنى داسلىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا ھەر خىل ئۇداردا كۆڭۈللۈك تاراڭلىتىپ ئۇرۇشلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر سەنئەت.

**راخابچىلىق** ئى. راخاب ئېتىپ سېتىش ئىشى، كەسپى: راخابچىلىق قىلماق. راخاب- چىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**راخمان** (توغرىسى: رەھمان) ← رەھمان.

**راخىت** ئى (ر<گرېك) <تب> ① بوۋاقلار ياكى كىچىك باللاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنى كۆپىنچە ۋىتامىن D نىڭ يېتىشمەسلىكى، ئۈچەي يوللىرىنىڭ كالتسىي بىلەن فوسفورنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، باش يوغىناپ كېتىش، كۆكرەك پۈلتىيىپ چىقىش، دۈمچەك بولۇپ قېلىش، ئىككى پۇت ئەگرى بولۇپ قېلىش، قورساق يوغىناش، يېتىلىش سۈرئىتى ئاستا بولۇش ياكى كېچىكىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ② چوڭلاردا بولىدىغان بىر خىل ئۇستىخان بوشاش كېسىلى. بۇنى ۋىتامىن D نىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى بەزى كېسەل- لىكلەرنىڭ كالتسىي بىلەن فوسفورنىڭ مېتابولىزمىغا توسالغۇ پەيدا قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، دۈمبە بىلەن تۆۋەنكى مۈچە قاتتىق ئاغرىيدۇ. ئېغىرلاشقاندا ئۇنىڭ شەكلى غەيرىي ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ ياكى سۇنىدۇ.

**رادار** ئى (ر<ئىنگ) ئىنتايىن قىسقا رادىئو دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان قۇرۇلما. رادىئو دولقۇنى تارقىتىلغاندا توسالغۇغا ئۇچرىسا قايتىپ كېلىدۇ. رادار مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن، رادىئو دولقۇنىنى قويۇپ بېرىپ، ئاندىن قوبۇل قىلىش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن رادىئو دولقۇنىنى قوبۇل قىلىپ، نىشانىنىڭ يۆنىلىش ئارىلىقى، چوڭ-كىچىكلى- كى قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ بېكىتىدۇ. قوبۇل قىلىغان ئېلېكتر دولقۇنى كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىدە ئەكس ئېتىپ، تەكشۈرۈلىدى- غان نىشانىنىڭ سۈرئىتى مەلۇم بولىدۇ. رادار ھاۋا رايى شارائىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ ھەربىي ئىشلار، ئاسترو- نومىيە، مېتېئورولوگىيە، دېڭىز قاتنىشى، ئاۋىئاتسىيە قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**رادون** ئى (ر<لات) <خىم> رادىئوئاكتىپلىق گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى Rn (radon). رادىينىڭ يىمىرىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 3.8 كۈن. دورىگەرلىكتە راك كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**رادىئاتسىيە** ئى (ر<لات) <فىز> ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، ئىسسىقلىق مەنبەسىدىن چىققان ئىسسىقلىق تۈز سىزىق بويىچە تۆت ئەتراپقا بىۋاسى- تە تارقىلىدۇ. نۇر، رادىئو دولقۇنى قاتارلىق ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ تارقىلىشمۇ «رادىئاتسىيە» دېيىلىدۇ.

**رادىئاتسىيە ئېنېرگىيىسى** <فىز> ئىسسىقلىق رادىئاتسىيىسىنىڭ ياكى ھەر خىل ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنلىرىنىڭ ئېنېرگىيىسى. ئادەتتە كۆرۈنىدىغان نۇر، ئىنفرا قىزىل نۇرى ۋە ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**رادىئاتسىيىلىك** سۈپ. رادىئاتسىيىگە ئىگە، رادىئاتسىيىگە ئائىت: رادىئاتسىيىلىك خىمىيە. * ئالىملار نۇرنىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولغان رېئاكسىيىنى رادىئاتسىيىلىك خىمىيىۋى رېئاكسىيە دەپ ئاتايدۇ. * ئامېرىكا، سابىق

سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، كەڭ كۆلەملىك رادىئاتسىيىلىك خىمىيە تەتقىقاتى ئورگانلىرى قۇرۇلدى.

**رادىئاتور** ئى (ر<لات) <ماشىن> رادىئاتسىيە، كونۋېكسىيە ۋە ئۆتكۈزۈش رولىدىن پايدىلىنىپ، ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئەتراپىدىكى بوشلۇققا تارقىتىدىغان قۇرۇلما. ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېلدا، ماشىنا ھاسىل قىلغان ئىسسىقلىق مىقدارى سۇ ساندۇقىدىكى سوغۇق سۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تارقىتىۋېتىلىدۇ. ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پار ئۈسكۈنىلىرىمۇ رادىئاتورنىڭ بىر خىلىدۇر.

**رادىئان** مىق (ر<لات) <مات> بۇلۇڭنى ئۆلچەشتىكى بىر خىل بىرلىك. مەركىزىي بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدا ياتقان يايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن رادىئۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆزئارا تەڭ بولغاندا، بۇ بۇلۇڭ بىر رادىئان بولىدۇ.

**رادىپ** ئى (ئە) <ئەد> شېئىر مىسرالىرىدا ئاساسىي قاپىيىدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان بىر خىلدىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى. مەسىلەن، «سۆز گۈلشەنىنىڭ بۇلبۇلگوياسى ناۋايى، مەنە سەدەپىنىڭ دۇررى يەكتاسى ناۋايى» دىكى «ناۋايى» سۆزى رادىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**رادىست** ئى (ر) رادىئوئاپپاراتلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇتەخەسسىس: ئۇ ئىلدىن كەلگەن ھەربىي خادىم بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى پولك رادىستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىگە — ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىغا تېلېگراما ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.

**رادىستلىق** ئى. رادىئو ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش ئىشى، كەسپى: رادىستلىق قىلماق. * دادام سادىقئاخۇن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدە تۆت يىل رادىستلىق قىلغانىدى.

**رادىكال I** سۈپ (ر<لات) بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ تۇرۇپ، قەتئىي ۋە كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى تەشەببۇس قىلىدىغان، قوللايدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان: زالنىڭ جىمجىما ئولتۇرغان تەرىپىگە رادىكال ئېقىمدىكى مۇخبىرلار ئارقا-ئارقىدىن ئېقىشقا باشلىدى. * ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇنايدخان، ئىبراھىم گاللۇلارمۇ بولشېۋىكلارغا قارشى سوقۇشتا رادىكال تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ يېڭىلگەنىدى.

**رادىكال II** ئى (ر<لات) ① <مات> يىلتىز چىقىرىش ئەمىلىنىڭ بەلگىسى √ ۋە شۇ ئەمەلنىڭ نەتىجىسى، يىلتىزى: گۈزەل ئۇ سانلارنى رادىكالدىن چىقىرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزىمۇ رادىكالغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ② <خىم> مولېكۇلىدا، بىر خىمىيىلىك بىرىكمىدىن ئىككىنچى بىر خىمىيىلىك بىرىكمىگە ئۆزگەرمەي تۇرۇپ ئۆتىدىغان تۇرغۇن ئاتوملار گۇرۇپپىسى.

**رادىكاللار** ئى <تارىخ> بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ سول قانىتىغا ۋەكىللىك قىلغان، ئىدىيىسى رادىكال ۋە كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق فېئودالىزم ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلغان سىياسىي گۇرۇھ: — ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — رادىكاللار گېزىتلىرىگە قىزىقىدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گېزىتلەرگە دائىم ماقالە يېزىپ تۇرىدىكەنسىز. * شىۋېتسارىيىدە كوممۇنىستلار رادىكاللارنى قوللايدۇ، بىراق بۇ پارتىيىنىڭ بىر-بىرىگە زىت ئۇنسۇرلاردىن تەركىب تاپقانلىقىغا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ

فرانسىيىچە دېموكراتىك سوتسىيالىزمچىلار، بىر
قىسمىنىڭ رادىكال بۇرژۇئازىلار" ئىكەنلىكىگە
سەل قارىمايدۇ.

**رادىكاللىق** ئى <تارىخ> ① بۇرژۇئا
دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، بۇرژۇئا
دۆلىتىنىڭ دائىرىسىدىلا دېموكراتىك ئىسلا-
هات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان
بۇرژۇئا ياكى ئۇششاق بۇرژۇئا ئېقىمى.
② نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى
هەل قىلىشتا، تۈپ ۋە كەسكىن چارە
كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش.

**رادىكالىزم** ئى (ر) ← رادىكاللىق.

**رادىئو** ئى (ر<لات) ① ئېلېكتر دولقۇنلىرىنىڭ
تەۋرىنىشى ئارقىلىق سىگنال، ئاۋاز
قاتارلىقلارنى يىراق مۇساپىلەرگە يوللاي-
دىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان تېخنىكىلىق
ئۈسكۈنىلەر. بۇلار ئادەتتە خەۋەرلىشىش،
ئاڭلىتىش، تېلېۋىزىيە، يىراقتىن كونترول
قىلىش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئۆلچەش-تەكشۈ-
رۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ
ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۈسكۈنىلەر
ئارقىلىق بېرىلگەن ئاڭلىتىش: رادىئو
ئاڭلىماق. ③ رادىئو قوبۇللىغۇچ: رادىئودىن
شوخ ئۇسسۇل مۇزىكىسى بېرىلىۋاتاتتى. مۇزىكا
تازا ئەۋجىگە چىققاندا، رادىئو تۇيۇقسىز ئۆچۈپ
قالدى.

**رادىئو تارقاتقۇچى ئاپپارات** <فىز>
يۇقىرى چاستوتىلىق ئېلېكتر ماگنىت
دولقۇنى هاسىل قىلىپ سىگنال تارقىتىدى-
غان رادىئو قۇرۇلمىسى.

**رادىئو تەنھەرىكىتى** <تەن> دۆلەت
مۇداپىئە تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى.
ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا رادىئو
ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، رادىئو دولقۇنىنىڭ
يۆنىلىشىنى ئۆلچەش، قىسقا ۋە ئۇلترا
قىسقا رادىئو دولقۇنى ئارقىلىق ئالاقىلى-
شىش، كۆپ تۈر بويىچە رادىئو خەۋەرلى-
شىش، رادىئو ئارقىلىق تېلېگرامما بېرىش
ۋە قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئارقىلىق رادىئو
ئېلېكترون ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرغىلى
ۋە خەۋەرلىشىش ماھارىتىنى ئۆستۈرگىلى
بولىدۇ.

**رادىئو تىياتىرى** <ئەد> رادىئو ئىستانى-
سىلىرى رادىئو ئارقىلىق ئاڭلىتىدىغان
تىياتىر. ئۇ قىسقا رادىئو تىياتىرى ۋە
كۆپ قىسىملىق رادىئو تىياتىرى دەپ
ئايرىلىدۇ. بۇلاردا پېرسوناژ تىلى،
مۇزىكا ساداسى، ناخشا قاتارلىق ۋاسى-
تىلەرنى قوللىنىپ ئوبراز يارىتىدۇ ۋە
دراما ۋەقەلىكىنى قانات يايدۇرىدۇ.
بەزىدە زۆرۈر بولغان چۈشەندۈرۈش
سۆزلىرىنى قىستۇرۇپ دىرامىدىكى مەنزى-
رىلەرنى ۋە پېرسوناژلار پائالىيىتىنى
تولۇقلاپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى
چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ
تېما دائىرىسى كەڭ، تىلى تېپىكلىككە
ئىگە، جانلىق، راۋان بولىدۇ، ئاممىۋى
ئاساسى باشقا ژانىرلارنىڭكىدىن كۆپ
بولىدۇ.

**رادىئو دولقۇنى** <فىز> ئېلېكتر ماگنىت
دولقۇنلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى.
دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بىر مىللىمېتىردىن
3000 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئۇ يەنە
ئۇزۇن دولقۇن، ئوتتۇرا دولقۇن، ئوتتۇرا
قىسقا دولقۇن، قىسقا دولقۇن، ئۇلترا قىسقا
دولقۇنلارغا بۆلۈنىدۇ.

**رادىئو قوبۇللىغۇچ** <فىز> رادىئو
ئاڭلىتىشنى قوبۇل قىلغۇچى ئاپپارات. ئۇ
هاۋادىكى رادىئو دولقۇنلىرىنى تۇۋەن

چاستوتىلىق ئېلېكتر سىگنالىغا ئايلاندۇرۇپ، چوڭايتقاندىن كېيىن يەنە ئاۋازغا ئايلاندۇرىدۇ.

**رادىئو گىمناستىكىسى** <تەن> رادىئودا بېرىلگەن قوماندا ئارقىلىق ئوينىلىدىغان چېنىقىش گىمناستىكىسى. ئادەتتە مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

**رادىئو ئېلېكترون ئىلمى** <فىز → **ئېلېكترون ئىلمى.**

**رادىئوئاكتىپ** سۈپ (ر<لات) <خىم> رادىئوئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، رادىئوئاكتىپلىققا ئائىت: رادىئوئاكتىپ ئېلې- مېنت. رادىئوئاكتىپ ماددىلار.

**رادىئوئاكتىپ بىئولوگىيە** <بىئول> ئىئونلىشىشتىن ھاسىل بولغان رادىئاتسىيە بىلەن ھاياتلىق ماددىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلەرنىڭ مېخانىزمى ۋە ئېففېكتىنى تەتقىق قىلىدىغان تارماق پەن.

**رادىئوئاكتىپ كېسەللىكى** <تىب> ھەر خىل رادىئوئاكتىپ نۇرلارنىڭ (مەسىلەن، ئاتوم بومبىسى ياكى ۋودورود بومبىسى پارتلىغاندا چىقارغان نۇرلارنىڭ) ئادەم بەدىنىدىكى توقۇلمىلارنى بۇزۇۋېتىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، تېرە ۋە شىللىق پەردىدىن قان چىقىش، چاچ ۋە تۈكلەر چۈشۈپ كېتىش، ئاق قان دانچىلىرى ئازلاپ كېتىش قاتارلىق ئالا- مەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**رادىئوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت** <خىم> رادىئوئاكتىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە مېتال ئېلېمېنتلار.

**رادىئوئاكتىپ نۇر** <فىز> تۇراقسىز ئېلېمېنتلار يېمىرىلگەندە ئاتوم يادروسىدىن چىققان، تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارىغا ئىگە زەررىچىلەر دەستىسى. ئادەتتە ئۇ ئالفا نۇرى ( a )، بېتا نۇرى ( β ) ۋە گامما نۇرى ( γ ) دەپ ئايرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە گامما نۇرىنىڭ تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك.

**رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنت** <خىم> نۇر چىقىرىش ئارقىلىق يېمىرىلىپ باشقا بىر خىل ئېلېمېنتقا ئايلىنىدىغان ئېلېمېنتلار. مەسىلەن، رادىي، ئۇران، پلۇتونىي ۋە فرانسىي قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپ** <خىم> رادىئوئاكتىپلىققا ئىگە ئىزوتوپ. ھازىر مەلۇم بولغانلىرى مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىي چىقىدىغانلىرى ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا ياسالغانلىرى بولىدۇ. رادىئوئاك- تىپ ئىزوتوپلارنىڭ ئاتومى ئادەتتە ئاتوم- نى ئىسپاتلەيدۇ. ئۇلار سانائەت، يېزا-ئىگىلىكى ۋە مېدىتسىنادا ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**رادىئوئاكتىپلىق** ئى <خىم> بەزى ئېلې- مېنتلارنىڭ (مەسىلەن، رادىي، ئۇران قاتارلىق) ئاتوم يادروسىدىكى ماددىلارنى ئۆزلۈكىدىن رادىئاتسىيە قىلىپ ۋە شۇ ئارقىلىق يېمىرىلىپ، باشقا ئېلېمېنتلارغا ئايلىنىش خۇسۇسىيىتى.

**رادىئوئاكتىپلىق بۇلغىنىش** <ھەرب> يادرو قوراللىرى پارتلىغاندىن كېيىن، رادىئوئاكتىپ ماددىلار تۈپەيلىدىن ھاۋا، يەر ئۈستى ۋە كۆل-دەريالارنىڭ بۇلغىنى- شى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە قوغدىنىش ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ جانلىقلارغا يەتكۈزىدىغان زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**رادىئوئاكتىپلىق ئۇرۇش دورىلىرى**

<ھەرب> ئاتوم يادروسى يېمىرىلگەندە چىقىرىدىغان نۇردىن پايدىلىنىپ، ئاپەت پەيدا قىلىدىغان سۇيۇق ياكى پاراشوك ھالەتتىكى رادىئوئاكتىپ ماددىلار. ئادەتتە ئالاھىدە ئىشلەنگەن ئوق ئىچىگە قاچىلىنىدۇ.

**رادىئوپروگراممىا** ئى (ر<لات+گرېك) رادىئودا ئاڭلىتىلىغان نومۇر ياكى پروگراممىا.

**رادىئوپرىيومنىك** ئى (ر) <فىز> ← رادىئو قوبۇللىغۇچ.

**رادىئوتېخنىكا** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنلىرى ۋاسىتىسى بىلەن رادىئو سىگناللىرىنى بېرىش، رادىئو ئاڭلىتىش ۋە قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى پەن.

**رادىئوتېلېفون** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> ئاۋازنى رادىئو دولقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ يەتكۈزىدىغان تېلېفون. سۆزلەشكۈچى تەرەپلەردە بىردىن رادىئو تارقاتقۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچى ئۈسكۈنە بولىدۇ.

**رادىئوتېلېگراف** ئى (ر<لات+گرېك) تېلېگراف شىفىرلىرىدىن پايدىلىنىپ رادىئو ئارقىلىق خەۋەر بېرىدىغان ئالاقە سىستېمىسى.

**رادىئوتېلېگراممىا** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> رادىئو دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىا. تېلېگراممىا ئەۋەتكۈچى ئورۇن ئەۋەتىلىدىغان سىگنالنى رادىئو دولقۇنىغا ئايلاندۇرۇپ تارقىتىدۇ، قوبۇل قىلغۇچى ئورۇن سىگنالنى بىۋاستە ئاڭلايدۇ ياكى سىگنالنى قوبۇل قىلغۇچى ئاپپارات بىلەن خاتىرىلىۋالىدۇ.

**رادىئوفوتوگرافىيە** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> رادىئو دولقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەۋەتىل-گەن فوتو تېلېگراممىا.

**رادىئوگراممىا** ئى (ر<لات+گرېك) رادىئوتېلېگراف ئارقىلىق بېرىلگەن خەۋەر: رادىئوگراممىا بەرمەك. * ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئۇلارغا ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا بىرقۇر سۆزلەپ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇپ چىقىشى ئۈچۈن رادىئوگراممىنى قوللىرىغا بەردى.

**رادىئولاشتۇرماق** «رادىئولاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق يېڭىشەھەر يېزىسىنى رادىئولاشتۇرۇپ بولدى.

**رادىئولاشتۇرۇلماق** «رادىئولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىزنىڭ پۈتۈن يېزىمىز رادىئولاشتۇرۇلدى. * شىمالىي شىنجاڭ-نىڭ قىشلاقلىرى ئومۇميۈزلۈك رادىئولاشتۇرۇلدى.

**رادىئولاشماق** پ. رادىئو ۋە رادىئو كانايلىرىدىن پايدىلىنىش ھەر بىر ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشماق: شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىشلاقلىرىدا رادىئولاشقان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. * پىچانىڭ چوقتام يېزىسى پۈتۈنلەي رادىئولىشىپ بولدى.

**رادىئولىيارىيە** ئى (ر<لات) <زوئول> ئاددىي ھايۋان. تېنى دۈگىلەك، سۆڭىكى كرېمنىي ئوكسىددىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. تېنىنىڭ ئەتراپىدا يىپسىمان پۇتلىرى بولۇپ، شولىغا ئوخشاش ئورۇنلاشقان. ئادەتتە ئۇ دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدۇ.

**رادىئوئۇزېل** ئى (ر) بىرەر رايون، يېزا-قىش-لاق، مەھەللە ياكى زاۋۇت، كان، كارخانا قاتارلىقلاردا ئاڭلىتىش بېرىش ياكى رادىئوئىستانسىلىرىدىن بېرىلگەن تۈرلۈك رادىئوپروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان سىملىق رادىئو تارمىقى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى.

**رادىئوئىستانسا** ئى (ر<لات+گرېك) رادىئو دولقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ خەۋەر، ماقالە، پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ۋە سەنئەت

قاتارلىق پروگراممىلارنى تارقىتىدىغان ئورۇن.

**رادىئۇس** ئى [ر<لات] <مات> چەمبەر مەركىزى بىلەن چەمبەر ئۈستىدىكى خالىغان بىر نۇقتىنى تۇتاشتۇرغۇچى كېسىك چەمبەر رادىئۇسى، شار مەركىزى بىلەن شار سىرتىدىكى خالىغان بىر نۇقتىنى تۇتاشتۇرغۇچى كېسىك شار رادىئۇسى بولىدۇ.

**رادىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىئوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ra (radium). كۈمۈش رەڭلىك كرىستال، پارقىرايدۇ. ئىنتايىن كۈچلۈك رادىئوئاكتىپلىققا ئىگە ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 1622 يىل. يىمىرىلىش جەريانىدا رادىئوئاكتىپ گاز — رادوننى ھاسىل قىلىدۇ. رادىي نۇرلىرىنىڭ ئۆتۈش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھايۋان تېنىدىكى توقۇلمىلارنى بۇزالايدۇ ۋە مىكروبلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. ئادەتتە راك ۋە تېرە كېسەللىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**رازمېر** ئى [ر] ھەر خىل كىيىم-كېچەك ياكى كۆلۈچ قاتارلىق سايمان ۋە دېتاللارنىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئۆلچىمى، نومۇرى: ئاياغنىڭ رازمېرى. شەپكىنىڭ رازمېرى. كۆلۈچنىڭ رازمېرى. ئامبۇرنىڭ رازمېرى.

**رازمېرلىق** سۈپ. رازمېرى بار، ئۆلچەملىك، نومۇرلۇق: چوڭ رازمېرلىق كۆڭلەك. چوڭ رازمېرلىق ئاياغ.

**رازۋېد** (توغرىسى: رازۋېدكا) ← رازۋېدكا.

**رازۋېدچىك** ئى [ر] دۈشمەن ئەھۋالىنى ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان خادىم: بىر كۈنى كەچلىكى، رازۋېدچىكلىرىمىزنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن، ئالدىمىزدىكى داۋاندىن ئېشىپ، ھاردۇق يەتكەن باندىتلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمەكچى بولدۇق.

**رازۋېدچىكلىك** ئى. رازۋېدكا قىلىش خىزمىتى، كەسپى: يول ئۈستىدە «رازۋېدچىكلىك يالدامىسى ئۈچۈن بىرەر نەرسە ئېلىۋالمايمەنمۇ» دېگەن بىر ئوي كاللامغا كەلدى-دە، دەرھال بۇرۇلۇپ ماناس شەھىرىگە كىردىم.

**رازۋېدكا** ئى [ر] دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەت: رازۋېدكا ئەترىتى. رازۋېدكا ئايروپىلانى.

**رازۋېدكا ئايروپىلانى** <ھەرب> ھاۋا بوشلۇقىدا رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئايروپىلان. بۇنىڭغا ھاۋادىن سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى ۋە باشقا ئالاھىدە تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

**رازۋېدكا قىلماق** رازۋېدچىكلارنى ئەۋەتىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ياكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرمەك: ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رازۋېدكا قىسىملىرى باي ناھىيىسىدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى رازۋېدكا قىلدى. * باياتىن تېلېفوندا مۇنداق بىر ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى: شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىرنەچچە كۈن رازۋېدكا قىلىشى نەتىجىسىدە، قاتىللارنىڭ ناھىيىمىز تەۋەسىدە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

**رازۋېدكىچى** ئى ← رازۋېدچىك: ئۇلار قورغان تەرەپكە يېقىنلاشقاندا، بۇ ھەمراھىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيىنى تېپىۋېلىش

ئۈچۈن بۇ ياققا كېلىۋېتىپتىكەن. بىز ۋەقە بولغان جايغا بېرىپ، ھېلىقى ئېتىۋېتىلگەن رازۋېدكىچىنىڭ جەسىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.

**رازۋېدكىشۇناس** ئى (ھەرب) رازۋېدكا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**رازۋېدكىشۇناسلىق** ئى ‹ھەرب› رازۋېدكا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: بۇ ئىلىم «رازۋېدكىشۇناسلىق ئىلمى» نىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا كىرەتتى.

**رازى** سۈپ (ئە) ① كۆپرەك خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «مەمنۇن، خۇرسەن، شاد، قايىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئۆز تۇرمۇشۇمدىن رازى. * ئۇلار ئۇرۇشتىن كېيىن، كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ يۈرگىنىگە رازى. * ئىسلامىيۈزى دېگەنىنىڭ ئاستىدا بار كەلگ سازى. كۆپ ئالدىدا سۆزلىدۇق: دوختۇرلاردىن بىز رازى. ② ماقۇل ۋە قايىل بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ پەقەت دۇنياغا تۇغۇلغىنى ئۈچۈنلا ئامالسىز ياشاشقا رازى. * گۈلچىمەن ماموت ئاكام بىلەن پاتىمە ئانامنىڭ جىنى. گۈلچىمەن ئۈچۈن ئۇلار ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ بېرىشكىمۇ رازى.

**رازى بولماق** ① مەمنۇن، خۇرسەن بولماق؛ شادلانماق: رەپىق ئاكا ئۇلاردىن ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدىن رازى بولغاندەك يېقىملىققىنە كۈلۈپ قوياتتى. ② قانائەت ھاسىل قىلماق، رازىلىق بەرمەك، ماقۇل كۆرمەك، ئۇنىماق، كۆنمەك: ئۇلار بىزنىڭ بۇ تەكلىپىمىزگە رازى بولدى. * دورلۇقتىكى جەگدە، ھاشىم بەگ بىر ئۇفتىسېردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھېلىقى يامبۇلارنى چيەن دارىنغا قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولدى.

**رازى قىلماق** خۇرسەن قىلماق، قانائەت ھاسىل قىلدۇرماق، ئۇناتماق: ئاممىنى رازى قىلماق. * ئۇنىڭ بەختى ئاتا-ئانىسىنى ئوبدان رازى قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئىدى. * — بالام، سەن خاپا قىلمىدىڭ، سەن مېنى ئوبدان رازى قىلدىڭ، مېنىڭ كېيىمنى ئاقلىدىڭ، — دېدى ئانام كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

**رازى-رىزا** بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە رازى بولۇش؛ رازى، رازىمەن.

**رازى-رىزالىق** ① بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇناش؛ رازىلىق، رازىمەنلىك: مەن توختىئاخۇن ئاكامنىڭ بالىسدۇرمەنكى ئۆز رازى-رىزالىقىم بىلەن ئۇشبۇ مەيداندا قازىكالانىڭ ئالدىغا قويۇلغان نەرسە بىلەن باراۋەر ئالتۇنىنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك بولۇشىغا قارىماي موللا قۇتلۇق ھاجى ئوغلى مۇسا بايغا 300 تەڭگىگە ساتتىم. ② ئۆلۈم ياكى ۋىدالىشىش ئالدىدا بىر-بىرىدىن رازىلىق سوراش؛ رازىلىشىش: ۋەزىر ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ، رازى-رىزالىق بېرىپتۇ، ئۆيدە يىغا-زارە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

**رازىلاشماق** پ. بىر-بىرى بىلەن رازى--رىزالىق تىلىشىپ ۋىدالاشماق؛ رازى بولۇشماق: ئۇ كىشى كېيىنىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپتۇ-دە، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى، قولۇم--قوشنىلىرى ۋە قوۋم-قېرىنداشلىرى بىلەن رازىلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

**رازىلىق** ئى ① مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، شادلىق: سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خېلى رازىلىق بىلەن قايتتى. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە ئۇنىغانلىق، قوشۇلغانلىق، كۆنگەنلىك؛ رىزالىق: رازىلىق سورىماق. رازىلىق بەرمەك. رازىلىق بىلدۈرمەك. * — ئانا، نېمە بولدۇڭ؟ سېنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ يا! مەن ھەربىيگە سېنىڭ

رازىلىقىڭ بىلەن كىرگەنغۇ؟ — دېدى بالا ئانىسىغا ھەيران بولغان ھالدا. * — سەن بىر ئەر، ئۇنى ساڭا بىز رازىلىق بىلەن بەردۇق. سەن ئۇنى توي قىلىپ ئالدىڭ، — دېدى قىزنىڭ ئانىسى يىگىتكە كايىپ.

**رازىلىق ئالماق** بىراۋنىڭ بىرەر ئىش، مەسىلە قاتارلىقلار ھەققىدىكى كۆڭلىنىڭ مايىللىقىنى، رازى بولغانلىقىنى قولغا كەلتۈرمەك؛ رازى بولۇشقا مۇيەسسەر بولماق، ئېرىشمەك: ئەزىمەتكە قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالالمىغان باسىتاخۇن تويىنىڭ ۋاقتى ھەققىدىكى مەسىلىەتكە بىرنېمە دېيەلمىدى. * ئانامدىن رازىلىق ئالدىم، دادامدىن رازىلىق ئالدىم. سىېنىڭ ئىشقى-پىراقىڭدا، گويا گۈلخان بولۇپ ياندىم.

**رازىلىق بەرمەك** بىرەر ئىش ياكى مەسىلە قاتارلىقلارغا قارىتا رازى بولغانلىقىنى، ئەپۇ قىلغانلىقىنى بىلدۈرمەك؛ ئۇنىماق، كۆنمەك، قوشۇلماق: مەن توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدىم. ئەخمەتنىڭ قايتا-قايتا تەلىپى بىلەن مەن ئۇنىڭغا رازىلىق بەرگەنىدىم. بىز ئاددىيلا نىكاھ چېيىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. * مۇبادا بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىدا بولغىنىدا، شۇ تاپتا ئۇ، بۇ كىتابنى ئۇن قېتىم ئوقۇپ چىقىشقىمۇ رازىلىق بەرگەن بولاتتى.

**رازىلىق بىلدۈرمەك** بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە قارىتا ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىق پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىمەك؛ رازىلىق بەرمەك، ئۇنىماق، كۆنمەك: ھەسەن بۇ ئىشقا باش لىڭشىتىپ رازىلىق بىلدۈردى. * بالا ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھۇرلىقاخان رازىلىق بىلدۈرۈپ بالا بىلەن مېڭىپتۇ.

**رازىلىق سورىماق** بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە قارىتا قارشى تەرەپنىڭ رازى بولغانلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلماق؛ رازىلىق تىلىمەك: ئۈچىنچى كۈنى ۋەزىر ئايالىنى ھەم قىزىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا پادىشاھنىڭ ئۈچ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈن ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ رازىلىق سوراپتۇ.

**رازىلىقسىز** رەۋ. ئۆز رازىلىقىنى ئالمىغان، ئۆزى خالىمىغان ھالدا: مېنى ئۆيدىكىلەر مېنىڭ رازىلىقىمسىزلا ئۆيلەپ قويۇشتى، ئايالىم مۇلايىم، ئەقىللىق، ۋىجدانلىق ئايال ئىدى، قانداقتۇر مەن ئۇنى تازا ياخشى كۆرمەيتتىم، سەۋەبى، بىز توي ئالدىدا ئۆزئارا چۈشەنمىگەن.

**رازىمەن** سۈپ (ئە+پ) بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە چىن كۆڭلىدىن رازىلىقى بولغان، قانائەت ھاسىل قىلغان؛ رازى، خۇرسەن: ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئايۇپ ئاكىنىڭ سۆزىدىن رازىمەن بولغانلىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنەتتى. * ئۇ ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى مۇشۇنىڭ بىلەن بەشىنچى قېتىم ئۆزگەرتىۋېلىش — ھەققەتەن ئۇنىڭ قىل ئۇستىدە قالغان ھالاكەتلىك تەقدىرىنى جىددىي قۇتقۇزۇپ قالدى ۋە بۇ سىنالغان ئۇسۇلدىن ئۇ چوڭقۇر رازىمەن ئىدى.

**رازىمەنچىلىك** (توغرىسى: رازىمەنلىك) ← **رازىمەنلىك.**

**رازىمەنلىك** «رازىمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كوماندىر ئالماسنىڭ قورالliq يىگىتلىرىنى كۆرۈپ، رازىمەنلىك بىلەن ئالماسنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتتى. * ماھىرە رەسىمنى قولىغا ئېلىپ ئىنچىكە سەپسېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

**رازىيانە** ئى (پ) <بوت> ← **ئارپىبەدىيان.**

**راسا** رەۋ (پ) ① ناھايىتى، تازا، بەك، ئىنتايىن، كارامەت، قاتتىق، قالتىس، ئاجايىپ: – بۈگۈن تويىمىز راسا قىزىيدىغان بولدى، – دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى ئەكبەر. * موماي ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ راسا خۇشال بولۇپ كەتتى. * قويلار كۆنجۈرە يەپ راسا سەمرىدى. * – ئۇلار مېنى راسا مېھمان قىلدى، بۇ نەرسىلەرنى شۇلار بەردى. مەن ئۇلارنى جۇمە كۈنىگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، – دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە. ② پۈتۈنلەي، تولۇق، تەلتۆكۈس: ئۇلار جەڭنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى بىرىم كېچە، دۈشمەنلەر راسا ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىتتا باشلاشنى، تېز جەڭ قىلىپ تېز ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلىشتى. * مىللىي ئارمىيە ئۈچ كۈنگىچە گومىنداڭچىلار-نىڭ راسا ئەدىبىنى بېرىپ، «ئەمدى غەلىبە قىلىمىز» دەپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا چېكىنىپ ئىلىغا قايتىش ھەققىدە بۇيرۇق كېلىپ قالدى. ③ خۇماردىن چىققۇدەك دەرىجىدە، قانغۇچە، بېرىلىپ، تازا: بىر كۈنى ئەپەندىم بىر باغقا چۈشۈپ مېۋىلەرنى راسا يەۋاتقىنىدا، باغنىڭ ئىگىسى كىرىپ قېلىپ: – ئەپەندىم، نېمىشقا باغقا ئوغرىلىققا چۈشتىڭىز؟ – دەپ سوراپتۇ. * ئوينايدۇ راسا، تەرلەپ ھەم پىشىپ، قىزىپ ئويۇنغا، تازا كىرىشىپ. ④ توپتوغرا: مەن راسا بىر ئاي ئاتامغا ماتەم تۇتتۇم. * مەن ئۇنى راسا بىر يىل كۈتتۈم.

**راست** (پ) ① سۈپ. يالغان، ساختا ئەمەس؛ ھەقىقىي، توغرا، جىڭ: راست گەپ. * ئاخشىمى ئېيتقان سۆز خوتۇنىنىڭ راست، كۈندۈزى ئېيتقان سۆز ئانىنىڭ راست (ماقال). * راست ئېيتتىڭ قۇتۇلدۇڭ، يالغان ئېيتتىڭ تۇتۇلدۇڭ (ماقال). * 10-، 11-ئەسىر-لەردە شىنجاڭغا ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تارقالغاندىن كېيىن، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب، پارس، ھىندى تىبابەتلىرىنىڭ پەيدىن-پەي تارقالغانلىقمۇ راست. * – ھە، مانا ئەمدى راست گەپلىرىنى ئېيتتىلا، – دېدى تۆمۈر خەلپە مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ، – ئېشىك ھالال بولسا، تۆت كوچىدا ئولتۇرۇپ ئىچ، گېپىڭ ھەق بولسا، خاندىن قورقماي ئېيت دەپتىكەن. مەنمۇ راست گەپنى قىلاي. ② رەۋ. ھەقىقەتەن: مەن ئۇ ئىشنى راست بىلمەي-مەن. * ئۇ قىز راستلا گۈزەلمۇ؟ ③ ئى. ھەقىقەت: كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ راست ۋە يالغاننى ئاجرىتايلى. * شۇ، راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىشنى مەن قىلمىدىم. * – راستىنى ئېيت، كىمگە سېتىۋەتتىڭ، يۈسۈپ چوڭغا ئەمەستۇ؟ – دېدى قىسمەت چورۇق ئەلەم بىلەن شىرمەھەممەتنىڭ كۆزىگە قاراپ. ④ يۈك «توغرا، بەرھەق، دەرھەقىقەت» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: راست، كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ * – ھە، راست، مەن قايتىشىمدا بازارغا بېرىپ، سادىق بىلەن ئۇچرىشىپ قال-دىم، – دېدى ئېلى بېشىنى مادىسەي تەرەپكە سوزۇپ.

**راستىنى ئېيتقاندا** توغرىسى، ھەقىقەتەن: قىزلار يىگىتلەرگە باشقا قىزلاردىن خەت-خالتا كەلسە، ئىچى تارلىق قىلىدۇ، راستىنى ئېيتقاندا، چىدىمايدۇ.

**راستتىن** رەۋ. كۆپىنچە «لا-» ئۇلانمىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، «ھەقىقەتەن، دەرھەقىقەت، ھەقىقىي، دەرۋەقە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: موللانىياز ھەقىقەتنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئۆزىمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرگىنى ئۈچۈن، راستتىنلا خۇشال بولدى. * سىز كىچىككىڭىزدە راستتىنلا ياخشى بالا ئىدىڭىز، كېيىن نېمە بولۇپ

كەتكەنلىكىڭىز ئۆزىڭىزگە مەلۇم.

**راستچىل** سۈپ. راست سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن، راست سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ راستگۆي: راستچىل ئادەم. * – بۇ بالا ناھايىتى راستچىل ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك بالا ئىدى. * كىشى-كەمبەغەل بولسىلا يالغانچى، تۆھمەتخور بولۇپ، باي بولسىلا راستچىل، ئادىل بولامدۇ؟ // قەدىمكى زاماندا ۋە ئۆتكەن دەۋردە، مىسىردا شەمسىدىن ئىسىملىك بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئەڭ ھوشيار ۋە ئەڭ راستچىلى ئىكەن.

**راستچىللىق** ئى. راست سۆزلەيدىغان خىسلەت ۋە ئادەت: ئۇ ئۆزىنىڭ راستچىللىقى، ئىشچانلىقى، كەمتەر-تىرىشچانلىقى بىلەن ھەممىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى. * – راستچىللىق ۋە ئىخلاسنىڭ ئەجرىسىدۇر تەر دېگەن. تەر تۆكۈشتىن قورققانغا ئىززەت-ھۆرمەت نەدىكەن؟

**راستگۆي** سۈپ (پ) ← **راستچىل**: راستگۆي بالا. * – ئۇ ھەقىقەتەن سەممىي، راستگۆي ئادەم ئىكەن، – دېدى بوۋاي تەسىرلىنىپ. * راستگۆي ۋە مېھرىبان ئاچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئايتولۇننىڭ كۆڭلى شۇ ئان يېشىلدى-دە، ئاچىسىنىڭ مەڭزىگە يەنە ياندۇرۇشلاپ سۆيۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ يۇمران كۆكسىنى مۇجۇقلاپ ئويىنغىلى تۇردى.

**راستگۆيلۇق** ئى ← **راستچىللىق**: بۇ جاۋاھىرپۇرۇشلار پادىشاھنىڭ ئالدىدا راستگۆيلۇق بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئادەملەر ئىكەن. * ئەپەندىم كەمبەغەل بىر كىشىنىڭ دەۋاسىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن قازىخانىغا كېلىپتۇ. قازى ئەپەندىمنىڭ راستگۆيلۇقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزمەسلىككە ئامال ئىزلەپتۇ.

**راستلىق** «راست» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلۇقى ئاز (ماقال). * نېمەت بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئانىسىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپتۇ. * سۇلايمان دەپ كەلگەن گەپلەرنىڭ راستلىقىدىن ئابدىم قىلچە گۇمانلانمايتتى.

**راستلىماق** پ. راستقا چىقارماق، راست دەپ تونۇماق: ئۇ ئۆز سۆزىنى راستلىدى.

**راست-يالغان** راست ۋە يالغان: ئەمەلىيەت بۇ ئوبرازلارنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ راست-يالغىنىنى ئايرىبىدۇ. * باتۇر، قازىنىڭ سۆزىنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، سۇلتان ھاجىغا قارىدى.

**راسچوت** ئى (ر) كونا. ھېساب-كىتاب، ھېساب.

**راسچوت قىلماق** ھېساب-كىتاب قىلماق، ھېسابلىماق.

**راسخوت** ئى (ر) بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلىدىغان پۇل، خىراجەت، چىقىم: يول راسخوتى. ئوقۇش راسخوتى. * ئۇلار توخۇلىرىنى بۇرۇنلا سويۇپ ئەزىزىغا پىشۇرۇپ بەرگەن، ئەڭ ئاخىرقى قويىنى داۋالاش راسخوتى ئۈچۈن سېتىۋەتكەنىدى. * جېلىلىيۇزىلىك نادىر ئاكام، يۇز ھارۋىغا باش ئىكەن. راسخوتلىرى زىيادە، باسقان يۇكى ئاش ئىكەن.

**راسخوت قىلماق** خەجلىمەك؛ خىراجەت قىلماق. چىقىم قىلماق: دادام ئورۇقتىنە قوللىرىنى تىترەتكەن ھالدا ماڭا: – ھە، بالام بۇ 200 كوي پۇلنى ئالغىن، ئوقۇش راسخوتى قىلارسەن، – دېدى.

**راسخوتسىز** ① سۈپ. راسخوتى يوق، راسخوتقا ئىگە ئەمەس: راسخوتسىز ئىش. ② رەۋ. راسخوت بىلەن تەمىنلەنمەي،

راسخوت ئالماي: راسخوتسىز ئوقۇماق.

**راسكار** ئى (پ) راسلاش، تەييارلاش.

**راسكارلىق** ئى ① كىيىم-كېچەكنى پىچىپ كېسىش ئىشى؛ ئۇستىكارلىق (ماشىنىچىلىقتا). ② ئاياغ كىيىمنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن پەرداز قىلىش، پەردازلاش ئىشى (موزدۇزلۇقتا): غۇلجا خورۇمىدىن تىكىلگەن بۇ توپلەينىڭ راسكارلىقى 4-ئايدا پۈتۈپ 5-ئايدا قېلىپقا تارتىلغانىدى. ③ بىرەر ئىش ئۈچۈن ئالدىن قىلىنغان ھازىرلىق، تەييارلىق: توي راسكارلىقى. * ئازغىنە راسكارلىق بىلەن ئوغلىنى ئۆيلەپ، قىزىنى چىقىرىۋالغان سايىمئاخۇننىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن خۇددى پۈتىدىكى مەسىنىڭ قونچىدەك پۈرلىشىپ كەتتى. * سارىخان ئانا كەچلىك غىزانىڭ راسكارلىقىنى قىلىپ بولۇپ، چېلەكنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا سۇغا چىقتى.

**راسكارلىق قىلماق** ① كىيىمنى پىچىپ كەسمەك، ئۇستىكارلىق قىلماق (ماشىنىچىلىقتا). ② تىكىلىپ بولغان ئاياغ كىيىمگە پەرداز بەرمەك (موزدۇزلۇقتا): ئۇ ھەممە ئۆتۈكلەرنىڭ راسكارلىقىنى تۈگەتكەنىدى. ③ بىرەر ئىش ئۈچۈن ئالدىن ھازىرلىق قىلماق، تەييارلىق كۆرمەك، تەييارلىماق: ئۇلار ھۇجرا ئىچىگە تۆمۈرچىلەرنى توپلاپ نەيزە-قىلىچ سوقتۇرۇپ خۇپىيانە راسكارلىق قىلدى.

**راسلاتماق** «راسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۆي راسلىتىپ، ئۇنىڭغا «غەم ئۆيى» دەپ نام بېرىپتۇ.

**راسلاشماق** «راسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتىسى ئۇلار ئەتىگەن تۇرۇپ، ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ تاماق راسلاشتى.

**راسلاقلىق** سۈپ. راسلانغان، تەييار ھالەتكە كەلگەن؛ تەييارلانغان، جابدۇلغان: راسلاقلىق ئاش. راسلاقلىق نان. راسلاقلىق ماتېرىيال. * ئۇستازى ئالدىغا مىڭلىغان گۆدەك كېلىدۇ ئۇگۇتتەك، تارتىلىدۇ ئۇن. ھاياتقا كۈچ بەرگەن ئەزىم تۈگمەنگە، قەلبىمنىڭ تۆرىدە راسلاقلىق ئورۇن. // مېھمانخانا قۇربان ئاقساقالنىڭ قىممەتلىك مېھمانلىرى ئۈچۈن دائىم راسلاقلىق تۇراتتى ۋە ئۇنىڭدا ھېچكىم يېتىپ-قوپمايتتى.

**راسلانماق** «راسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: راسلانغان نان. * مېھمانلار كۈتۈلىدىغان ئورۇن بايىقى مەجلىسخانا زالىغا راسلاندى. بۇ يەرگە كىرىپ-چىقىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. * داستىخان سېلىنىپ، ئابلىز ئېلىپ كەلگەن بېلىقلاردىن راسلانغان سەيىنىڭ خۇش بۇيى پۇراقلىرى كىشىنىڭ دىمىغىغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

**راسلىماق** پ ① بىرەر ئېھتىياج ئۈچۈن تەييارلىماق، تەييار قىلماق، ھازىرلىماق؛ ياسىماق: تاماق راسلىماق. نان راسلىماق. بىز تۆمەن بويىغا يېتىپ كېلىپ، بىر بوستانلىققا جاي راسلاپ ئالماسىنىڭ ئانىسىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. * ھېلىم ئاشىق بۇ پۇللارنى لايىغا ئارىلاشتۇرۇپ كومىلاچ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، توقاچ ناندەك راسلاپ سېپىل تېمىغا چاپلاشقا باشلايتتى. ② سەرەمجانلاشتۇرماق، جابدۇماق (ئۆي ھەققىدە): نىياز دورغا قېزبەگ خوجىنى موم شاملار بىلەن يورۇتۇلغان ئايرىم بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ: – ھەزرەتلىرىگە مۇشۇ ھۇجرىنى راسلاپ قويغانىدىم، – دېدى. * – سەن بىزنىڭكىگە بېرىپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالغىن، – دېدى ئەترەت باشلىقى بوۋاينىڭ ئۆيىنى راسلاۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق يىگىتكە قاراپ. ③ ئوڭشىماق؛ تۈزىمەك، رۇسلىماق: ياسىن

ئۆزىنى راسلىۋېلىپ يىقىلغان ئىشەكنى يۆلەشكە باشلىدى. * كۆزگە كۆز بېقىشار، كۆزلەردە سوئال، نە پەسلەر ئۈستىدە شاھتۇر ئېھتىيات. تەقەززا قۇش، مىسلى تاقەتتۇر قەپەس. قۇش ئۇچماق قەستىدە راسلايدۇ قانات.

**راسلىنىشماق** «راسلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**راك** I ئى (ر) <زوئول> بوغۇم ئايالىق ھايۋان. تېنى ئۇزۇن بولۇپ باش، كۆكرەك ۋە قورساقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، تېنىنىڭ سىرتىدا قاسراق ماددىسىدىن تۈزۈلگەن يۇمشاق، نېپىز ھەم سۈزۈك قاپچۇقى بولىدۇ، قورساق قىسمى كۆپلىگەن بوغۇملاردىن قۇرۇلىدۇ. بېشىدا ئۇزۇن-قىسقا كەلگەن بىر جۈپ سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى بولىدۇ. كۆكرەك قىسمىدىكى بىرىنچى جۈپ پۇتى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئاخىرقى ئۇچى ئامبۇرغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇدا ياشايدۇ، سەكرىيەلەيدۇ، كىچىك قۇرتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تۈرلىرى كۆپ. مەسىلەن، كۆل راكى، چوڭ راك قاتارلىق.

**راك** II ئى (ر) <تىب> ئۈستۈنكى تېرە ھۇجەيرىلىرىدىن شەكىللەنگەن يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، يەنى سەرەتان كېسەللىكى. ئۇ بارچە يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭگىسىمان ھۇجەيرە راكى، نېگىز ھۇجەيرە راكى ۋە بەز راكى كۆپرەك ئۇچرايدۇ ھەمدە بالىياتقۇ، سۈت بېزى ۋە ئاشقازان-ئۈچەي يوللىرىدا كۆپ پەيدا بولىدۇ. كۆپىنچە لىمفا يوللىرى ئارقىلىق دەسلەپ لىمفا تۈگۈنلىرىگە، ئاخىرىدا جىگەر، ئۆپكە، مېڭە ۋە سۆڭەكلەرگە كۆچىدۇ.

**راك** III ئى <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12مۇقام» نىڭ بىرىنچىسىنىڭ نامى: راك مۇقامى.

**راك مۇقامى** <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ بىرىنچىسى. ئۇ جەمئىي 23 نەغمە، 205 مىسرا بولۇپ، 13 چوڭ نەغمە 113 مىسرادىن؛ تۆت داستان سەككىز نەغمە، 58 مىسرادىن؛ ئىككى مەشرەپ، ئىككى نەغمە، 34 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

**راكېتا** ئى (ر<نېم) <ھەرب> ئارقىغا تېپىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بىر خىل ئۇچۇش ئۈسكۈنىسى. سۈرئىتى ناھايىتى تېز كېلىدۇ. نۆۋەتتە سۈنئىي ھەمراھ، سۈنئىي سەييارە، ئالەم كېمىسى قاتارلىقلارنى ئالەم بوشلۇقىغا توشۇشتا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئۇنى يەنە ئىچىگە ئوق قاچىلاش ئارقىلىق باشقۇ-رۇلىدىغان بومبىغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

**راكېتا توپ** <ھەرب> راكېتانىڭ ئارقىغا تېپىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئوقنى ئېتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل توپ. ئۇ كۆپ ستۋوللۇق راكېتا توپ ۋە رېلىسلىق راكېتا توپ قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

**راگانكا** (توغرىسى: رەگەتكە) ← رەگەتكە.

**راگازا** ئى. دىئال. ئۆتكەن-كەچكەن گەپ-سۆزنى تەگەش.

**رالاشماق** پ. ئۆزئارا پۈتۈشمەك، كېلىشمەك.

**رالىماق** پ دىئال ① بوزەك قىلماق، دەپسەندە قىلماق، ئاياغ ئاستى قىلماق. ② پاسكىنا قىلىۋەتمەك.

**رام** I ئى (ر) ① ئوتتۇرىسىغا ئەينەك قاتارلىقلار سېلىنىدىغان ھەمدە تۈتۈپ تۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى ئوينايـ-

دىغان قۇرۇلما: دېرىزە رامى. كىرىش ئەينىكنىڭ رامى. * ئۇ ئورۇندۇق يېنىدىكى دېرىزە ئالدىغا بېرىپ، دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇردى ۋە پەرۋاسىز هالدا رامغا يۆلەندى. * ئۇ هېلىدىن-هېلىغا ئوغلىنىڭ رامغا ئېلىنغان سۈرىتىنى ئېلىپ باغرىغا باستى ۋە تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن رام ئەينىكنى نەمدەيتتى. ② ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمە-سى: ئۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقىنى ئاپتوموبىل ماتورىنى رەسمىي رامغا ئېلىشتىن ئاۋۋال ئۇنۇمنى، كۈچىنى سىناپ كۆرىدىغان ئۈسكۈ-نىنىڭ لايىھىسى بولۇپ، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، بولۇپمۇ ماتور رېمونت قىلىش ۋە قۇراشتۇرۇشتا مۇهىم نەرسە ئىدى. * بۇ ۋېلىسىپىتنىڭ رام، قازان، رول ۋە چىشلىق چاقلىرى قاتتىق سۇلياۋ ۋە ئەينەك تالا بىرىكمىسىدىن ياسالغانىدى.

**رام قۇرۇلما** <بىن> بىنالارنىڭ كۆچ كۆتۈرۈش قىسمى راملىق جازىلاردىن ئىبارەت بولغان گەۋدە قۇرۇلمىسى.

**رام** II سۈپ (پ) ① جەلپ قىلىنغان، قارىتىلغان، مايىل: بايۋەچچە ئاخىرى بۇ خوتۇننى ئۆزىگە رام قىلىۋالغاندىن كېيىن، خوتۇننى نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىدىغان يەرگە يەتكۈزۈپتۇ. * سېيىت نوچى تولىمۇ قارام ئىكەن، ئۇنىڭ خۇسۇسىدا بۆلەكچە ئويلاش هارام ئىكەن، كۈچ تۇرقىدا كۆڭلى ئارام ئىكەن، كەمبەغەل پۇقرالار ئۇنىڭغا رام ئىكەن. ② سىڭگەن، ئۆزلەشكەن: بۇ سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىغا رام ئىدى. * تىلىڭغا رام ئىدى، دىلىڭغا ئارام، ئوردۇكەنت — كاشغەر مۇقەددەس ماكان.

**رام بولماق** كۆڭلى، دىلى مايىل بولماق؛ ئۆگىنىپ قالماق: هاتەمنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلىغان ئايپەرىنىڭ ئىشقى ئوتى قايتىدىن ئۇلغايدى. شېرىن سۆز ۋە نازلار بىلەن كېچە-كۈندۈز زىيايەت قىلىپ، كۆڭۈل ئاچتى. هاتەممۇ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىزلا رام بولۇپ قالدى. * كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەختۇمسۇلا پادىشاهنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دەريا بويىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاه ئۆز كۆڭلىدە: «هە، ئەمدى ئىككى بالىلىق بولغاچقا بىزگە رام بولدى» دەپ ئويلاپ، رۇخسەت قىلىپتۇ.

**رام قىلماق** بىركىمنىڭ مەيلىنى، رايىنى، دىققىتىنى تارتماق؛ جەلپ قىلماق، ئۆگىتىۋالماق: مەن ئۇنىڭ سىڭلىم رۇقىيەنى ئاللىقاچان ئۆزىگە رام قىلىۋالغانلىقىنى بىلىپ، سىڭلىمنىڭ رايىنى ياندۇرماقچى بولدۇم. * مەن شۇ تاپتا چامادانىدىكى بۇ نەرسىلەرنىڭ گۈلنىڭ سەبىي قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ چەكسىز هەۋىسىنى قوزغاۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇرىمەن. * ئۇنىڭ مەستكە ئوخشاش دەلدەڭشىپ، تىلىنى چايناشلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى.

**رامكا** ئى (ر) ① رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىگە ئېلىپ قويىدىغان تۆت بۇرجەكلىك جازا؛ رام: بۇ يۇرتتا كىشىلەر سۈرەتلەرنى ئەينەك رامكىلارغا ئېلىپ، تامغا ئېسىپ قويۇشقا ئامراق. * دىلبەر ئەتىسى ئىشتىن چۈشۈپ ۋاقىتلىق يېتىۋاتقان ياتىقىغا كېلىشى بىلەنلا چامادانىنى ئېچىپ، كىيىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى كىچىك ئەينەك رامكىغا قىستۇرۇلغان بىر پارچە رەسىمگە ئۇزاققىچە قاراپ قالدى. ② شەكلى رامغا ئوخشىتىپ سىزىلغان كاتەكچە، رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار: گېزىتكە بۇ مۇراسىم توغرىسىدا رامكا ئىچىگە ئېلىنغان خەۋەر بېسىلىپ، بۇ خەۋەردە مۇراسىمغا يەنە ئەخمەت-

جان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاببار سوپلار باشلىق
بىر قىسىم مىللىي ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ
قاتناشقانلىقى بايان قىلىنغاندى. ③
ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت، ۋەقە-ھادىسە
ۋە شۇنىڭدەكلەرنىڭ دائىرىسى؛ چەك،
چېگرا، دائىرە: بۇ جەريانلار ۋە تەپەككۇر
ئۇسۇللىرىنىڭ ھېچبىرى مېتافىزىكىلىق تەپەككۇر
رامكىسىغا سىغمايدۇ. ④ كۆچمە. ئاسارەت،
چەكلىنىش: بىز ئىدىيىمىزنى ھەر خىل كونا
رامكىلاردىن ئازاد قىلىشىمىز لازىم. *
كومپارتىيىنىڭ تەدبىرى، بولغاچ يۇرۇش ئەگگۈشـ
ـتىرى، رامكا-كىشەندىن قۇتۇلۇپ چىقتۇق
سالامەت باشقىدىن.

**رامكىلىق** سۈپ. رامكىسى بار، رامكىغا
ئېلىنغان: مەن ئۆيگە كىرىشىم بىلەن دېرىزە
ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان ئاللىقانداق
بىر قىزنىڭ رامكىلىق رەسىمى دىققىتىمنى
تارتتى.

**راملىق** سۈپ. رېمى بار، رام ئورنىتىلغان:
ئالتۇن راملىق كۆزەينەك تاقىغان، يوغان باش،
بېشىدا تۆت تال سارغۇچ چېچى قالغان دوكلاتچى
سوئاللارغا جاۋاب قايتۇرماقتا ئىدى. * ئۇنىڭ
ئىككى يېقىغا چىرايلىق فابرىكا بىنالىرى جايلاشـ
ـقان. ئۇنىڭ تۆمۈر راملىق يوغان دېرىزىلىرىدە
باھار قۇياشىنىڭ يېقىملىق نۇرلىرى يالترايدۇ.

**رامىزان** ئى (ئە) ① ھىجرىيىنىڭ 9-ئېيى،
يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى توققۇ-
زىنچى ئاي. 30 كۈن بولىدۇ. بۇ ئايدا
مۇسۇلمانلار ئاساسەن روزا تۇتىدۇ:
رەناخان مانا بۇ يىل رامىزان كەلسە ساقمۇساق
30 غا كىرىدۇ. *رامىزان ئېيى ئۆتۈپ، ئۇچۇق
ئېغىز كۈنلەر كەلسە، ئاقسۇ باغلىرىدا بولۇپ،
سىلەر بىلەن بەزمە-مەشرەپ ئۆتكۈزىمىز
دېگەن شېرىن ئويلاردا بولۇۋاتىمىز. ②
ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رامىزان ئېيتماق** رامىزان كۈنلىرى ئىپتار
ۋاقتىدا ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ئىپتارلىق ۋە
سەدىقە تەلەپ قىلىنغان رامىزان
قوشىقى ئېيتماق.

**راند** ئى. لىسوتو، جەنۇبىي ئافرىقا، نامىبىيە
دۆلەتلىرىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**راھەت** ئى (ئە) ① ئىستېتىك زوق ياكى
ئارام بېرىدىغان نەرسىلەردىن ئېلىنىدىـ
ـغان لەززەت، ھۇزۇر: بۇ ئاددىي پىرىكازچىكـ
ـنىڭ جاپالىق ئەمگىكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان
كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن
ھېسابسىز راھەت بېغىشلاۋاتقانلىقىنى شۇندىلا
ھېس قىلدىم. * ھەر ھالدا ئۆزۈڭنىڭ
ئەمگىكى سىڭگەن نەرسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن
بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ باقساڭ قانداق راھەت
ھە؟ ② ھۇزۇر-ھالاۋەت، پاراغەت، تىنچ
ۋە پاراۋان ھايات، پاراۋان تۇرمۇش:
راھەت كۆرمەك. راھەتتە ياشىماق. *
مېھنەتنىڭ تېگى راھەت (ماقال). * بىز
ئۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈز بىللە ئىشلەپ،
راھەتتىنمۇ، جاپانىمۇ بىللە كۆرەتتۇق. *
دوستلۇق — ئۆزئارا ئىشىنىش، ياردەم بېرىش،
جاپادا، راھەتتە بىللە بولۇش ئاساسىدا
قۇرۇلۇشى كېرەك. ③ ھەربىيدە كوماندىرـ
ـنىڭ قاتاردا تۇرغان جەڭچىلەرگە قارىتا
«ئارام ئال!» دېگەن مەنىدىكى
كوماندا بۇيرۇقى: بۇ چاغدا يېقىملىق
كۈلۈمسىرىگەن ئەخمەتجان قاسىمى «را-
ھەت» دەپ كوماندا بېرىپ قويۇۋىدى، ئەتراپتا
كۈلكە كۆتۈرۈلدى. قىزارغان دىجورنىنىڭ ئۆزىمۇ
كۈلۈۋەتتى. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**راھەت كۆرمەك** راھەتكە ئىگە بولماق،
راھەتتە ياشىماق، راھەتلەنمەك: ئانام
بىز بەش يېتىم بالىنى چوڭ قىلىپ، قاتارغا
قوشۇمەن دەپ تارتمىغان جاپاسى قالمىغان،

تۈزۈككىنە راھەت كۆرمىگەن مەزلۇم ئىدى. * — ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى دۇنيانى ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسىمۇ تۈگىمەيدۇ، ئەگەر سەن ئۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ بارساڭ تازا راھەت كۆرەتتىڭ، — دېدى ھاشىخان سىڭلىسىغا.

**راھەتبەخش** سۈپ (ئە+پ) كىشىگە راھەت بېغىشلايدىغان، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان؛ ئارامبەخش: راھەتبەخش جاي. * گەرچە يېزىنىڭ راھەتبەخش ياز ئاخشىمى بولسىمۇ، مەردانىنىڭ باياتىن قىزىپ كەتكەن تېنى بىردىنلا مۇزلىغاندەك بولدى. * مۇتەللىپنىڭ كۆزىدە پەيدا بولغان بۇ ياش دەرد-ئەلەم ياكى قايغۇ يېشىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ، يوشۇرۇپ قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان مىسلىسىز زور خۇشاللىقنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولۇپ، ئەنە شۇنداق راھەتبەخش تامچىلار ئارقىلىق باشقىلارغا ئەكس ئېتەتتى.

**راھەت-پاراغەت** راھەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش، ھۇزۇر-ھالاۋەت: —ئەي نائىنساپ، قېچىپ تەككەن ئېرىڭ ساڭا قانداق راھەت-- پاراغەت كۆرسەتتى؟ — دېدى ئۇ سىڭلىسىغا ئاچچىقلىنىپ. * — سەن نېمىنى بىلسەن، ھوقۇق-ئامەت! ئابروي، پۇل، راھەت-پاراغەت دېگەنلەرمۇ ئاشۇ ھوقۇقنىڭ كارامىتى، — دېدى ھەلىمخان يولدىشى كېرىمگە چۈشەندۇ- رۇپ. * «كوممۇنىستلارنىڭ جاپاغا ئۆزىنى ئېتىشىمۇ باشقىلارنىڭ راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن، دېمەك، بىزمۇ راھەت-پاراغەتنى يامان كۆرمەيمىز،» دەپ ئويلىدى ئۇ بەخت ئىچىدە مەست بولۇپ قالغاندەك.

**راھەتپەرەس** سۈپ (ئە+پ) راھەتنى، ھۇزۇر-ھالاۋەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىد- غان؛ راھەتكە، ھۇزۇر-ھالاۋەتكە بېرىل- گەن، جاپادىن قاچىدىغان: راھەتپەرەس ئادەم. * ھېچقانداق جىسمانىي ئەمگەك ۋە ھەرىكەتكە قاتناشماستىن داۋاملىق ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى داۋاملىق ھېچقانداق ئىش قىلماي راھەتپەرەس بولۇپ يۈرۈش نۇرغۇن كېسەللىكلەر پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

**راھەتپەرەسلىك** «راھەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: راھەتپەرەسلىك قىلماق.

**راھەتسىز** سۈپ. راھىتى يوق، راھەت بېغىشلىمايدىغان: دۇنيادا ئىككى نەرسە بار: بىرى راھەت، بىرى مېھنەت. خەلق بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىدىن قاچىدۇ، بىرىنى ئىزلەيدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسى ئادەم بىلەن بىللە مەۋجۇتتۇر، چۈنكى، مېھنەت-جاپاسىز راھەت بولمايدۇ، راھەتسىز مېھنەت بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەر بىر-بىرىگە تايىنىدۇ.

**راھەتسىزلىك** «راھەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**راھەتلەندۈرمەك** «راھەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاۋا تىنىق ۋە سۈزۈك، چۈشكە يېقىنلىشىپ قالغان قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن ئۆتۈپ، بەدىنىنى راھەتلەندۈرەتتى. * باللار دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى يۇيۇندۇرۇپ قويۇشىدىن تارتىنمايتتى. چۈنكى سادىق ئۇلارنى راھەت- لەندۈرۈپ يۇيۇپ قويۇش بىلەنلا قالماي، يۇيۇش جەريانىدا ئۇلار بىلەن ئوينىشىپ كۈلدۈرۈپ تېلقتۇرۇۋېتەتتى.

**راھەتلەندۈرۈلمەك** «راھەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**راھەتلەنمەك** پ. راھەت ھېس قىلماق، ھۇزۇر ئالماق، ھۇزۇرلانماق: كەنجى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ راسا راھەتلەندى. * ئۇ، ئانىسىنىڭ باغرىدا راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا شادلىنىپ قارىدى. * نادەم يۇمشاق

كۆرپىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا سەپسالدى.

**راھەتلىك** سۈپ. راھەتتى بار، كىشىنى راھەتلەندۈرىدىغان: بارات ئالللقاچان ناخشا-ئاھاڭلارنىڭ سېھىرلىك قوينىغا يۆلىنىپ، خۇددى بوۋاقتەك تىنچ ۋە راھەتلىك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. * — سەن خىزمىتىڭنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىدىن زارلىنىپسەن، ئۇنداق قىلغۇچى بولما، كىم راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايدۇ، راھەتلىك تۇرمۇش جاپالىق ئەمگەك-تىن كېلىدۇ، — دەپ سۆزلىدى ئۇ ئۇكىسىغا.

**راھەتلىنەرلىك** سۈپ. كىشىنى راھەت-لەندۈرىدىغان، راھەتلەنگىلى بولىدىغان: ماركو ۋەزىردىن: — مەن خان سارىيى دېگەن ئومۇمەن مۇستەھكەم ۋە راھەتلىنەرلىك بولغىنى ياخشى دەپ قارايمەن. خاقان نېمىشقا قەستەنگە بامبۇك بىلەن ساراي ياسىتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

**راھەتلىنىشمەك** «راھەتلەنمەك» نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تولا چارچىغانلى-قى ئۈچۈنمىكىن، ئۇلار گەرچە تاش ئۈستىدە يېتىشسىمۇ، قاتمۇقات كۆرپە ئۈستىدە ياتقاندەك راھەتلىنىشكەنىدى.

**راھمان** (توغرىسى: رەھمان) → **رەھمان.**

**راھىب** ئى (ئە) <دىن> بۇددا ۋە خرىستىئان دىنلىرىدا ئائىلىنى تەرك ئېتىپ، تەركى-دۇنيا بولۇپ، ئۆمرىنى چېركاۋ ۋە ئىبا-دەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشى.

**راھىبە** ئى (ئە) <دىن> ئايال راھىب.

**راھىبلىق** ① «راھىب» سۆزىنىڭ ئابستى-راكت ئىسىم شەكلى: راھىبلىق قىلماق. ② سۈپ. راھىبلارغا خاس: راھىبلىق تونى. راھىبلىق بەلگىسى. ③ ئى <پەلس> ئېتىقادچىلىق.

**راۋا** سۈپ (پ) ① بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە قارىتا يول قويۇلۇشى مۇمكىن بولغان؛ ئورۇنلۇق، توغرا: يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى قىزىل دۇردۇن تاۋاردۇر. شۇ يارىمدىن ئايرىلسام ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر. * سۆزۈك ئاققان تاغ سۈيى، تەنگە داۋا ئەمەسمۇ؟ بىرگە بولۇپ بىر ئۆلسەك، بىزگە راۋا ئەمەسمۇ؟ ② مۇناسىپ، لايىق، ماس: يىگىتلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قانداق «تۈز» لۈكى-نى بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمەي ياتاقتىن چىقىپ كېتىشتى. * ئىنسانغىمۇ شۇ خىسلەت راۋا، جاي تاپمىسۇن دىلدا تۈگۈنچەك. دوستلار ئارا ئوچۇق-يورۇقلۇق، يۈكسىلىشكە ئەڭ ياخشى يۆلەك. ③ كۆچمە. تەئەللۇق، تەۋە، مەنسۇپ، خاس: — ئالدى بىلەن مۇنۇ ھۆكۈمنى ئاڭلا: مەيلى راستتىن، مەيلى يالغاندىن دېگىن، ئاغزىڭدىن «خوتۇنۇم ئۈچ تالاق» دېگەن سۆز چىققان ئىكەن، شەرى-ئەت ھۆكۈمى بويىچە خوتۇنۇڭ ئەمدى ساڭا راۋا ئەمەس! — دېدى ئۇ كىشى قوشنىسى تۆمۈر ئاخۇنغا كايىپ تۇرۇپ. * ماڭا راۋا ئۇزۇقسەن، بۇنى سەن ئاتا قىلغان. ئاقىل چاغلاپ ئۆزۈڭنى، باشتىلا خاتا قىلغان.

**راۋا بولماق** ① ئورۇنلۇق، توغرا دەپ ھېسابلانماق؛ راۋا كۆرۈلمەك: قىسمەت چورۇق خىزىر بولۇۋېلىپ، خەقنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۈگۈلۈكتىن سۆزلەپ، ياۋاش، مۆمىن خەقلەرنى بوزەك قىلسا راۋا بولامدۇ؟ * يەنە يول يۈرۈشكە قالماي تاقىتى، قۇزغۇنمۇ توختاپتۇ ئارقىغا داجىپ. بولمايدۇ ھېچ راۋا ئەلنىڭ ھاجىتى دەپ چۇقان سېلىپتۇ بۇ ئىككى شۇم نالىپ. ② لايىق، ماس كەلمەك؛ مۇناسىپ بولماق: شۇ ۋاقىتتا قىز پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ: — ياق، خاتالاشتىڭىز، ئۇنداق قىلسا، ئۇ ئىككىسى بىر

تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن راۋا بولمايدۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا. ③ تەۋە، تەئەللۇق بولماق؛ مەنسۇپ بولماق: «مېنى تالاق قىلىۋاتسا، يەنە بۇ ۋاپاسىز بىلەن ئۆي تۇتمەنمۇ، قانداقمۇ راۋا بولسۇن!» دەپ ئويلىدى ئۇ ئايال ئۆز ئىچىدە قايناپ.

**راۋا كۆرمەك** ① ئورۇنلۇق، توغرا دەپ ھېسابلىماق؛ ئورۇنلۇق دەپ بىلمەك: ھەممە گۇناھ مەندە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي دېگەندەك، بۇ خەق ئۆزىنى تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇپ، جازانىڭ ھەممىسىنى بىزگە راۋا كۆرىدۇ. * مويسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ قىلمىغان قۇربانلىقنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەسمىش. ② لايىق، مۇناسىپ، ماس دەپ قارىماق: مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ دېھقان بولۇشىنى زادىلا راۋا كۆرمەيتتىم، دېھقان بولۇش بىز بىلەن كەتسۇن دېگەن چېغىم. * ئۇ ئەمدى 3-سىنىپنى پۈتكۈزگەن نۇرمۇھەممەتكە كادىرلىقنى راۋا كۆردى.

**راۋاب** ئى (ئە) ئۇيغۇرلارنىڭ زەخمەكتە چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. بەش تال سىم تار ئىشلىتىلىدۇ، سىرتقى ئىككى تال تارى ئوخشاش ئاۋازدا سازلىنىپ، مېلودىيە ئورۇنداپ بېرىدۇ، ئۈچ تال ئىچ تارى تەڭكەشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئاۋازى زىل، ياڭراق ۋە ناھايىتى يېقىملىق بولۇپ، يەككە چېلىشقىمۇ، باشقا سازلار بىلەن تەڭكەش قىلىپ چېلىشقىمۇ بولىدۇ: راۋاب چالماق. * ئىككى ياساۋۇل چۆجىگە ئېتىلغان ساردەك بېرىپ، تاشۋاينىڭ قولىدىكى راۋاب ۋە باراتنىڭ قولىدىكى داپنى يۇلۇۋېلىپ، يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ، ئۇلارنى چۇل-چۇل قىلىۋەتتى. * ئورۇمچىدىن گارمون ئالدىم، قەشقەردىن راۋاب. مەن ئۆيۈڭگە ئەلچى ئەۋەتسەم بەرمەيسەن جاۋاب.

**راۋابچى** ئى. راۋاب چېلىشنى كەسىپ قىلغان ياكى راۋاب چالىدىغان كىشى: تاشۋاينىڭ شاگىرتلىرى، يىراق-يېقىن يېزا-قىشلاقلاردىن كەلگەن نەچچە ئونلىغان راۋابچى تاشۋاينىڭ جىنازىسى ئالدىدا راۋاب چېلىپ ماڭدى. * بۇ ئەتراپتا يەنە راۋابچىلار، ئوغلاقنى ئۇسسۇل ئويناتقۇچىلارمۇ بار ئىدى. * بۇ جەرياندا گۇندىخانىدىكى پۈتۈن مەھبۇسلارغا ئۇنىڭ قەشقەر شەھىرى ۋە يېزا-قىشلاقلاردا شۆھرەت قازانغان ياش راۋابچى تاشۋاي ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

**راۋات** (توغرىسى: راباك) ← **رابات**.

**راۋاج** ئى (ئە) بىرەر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر يۇقىرى ياكى يۇكسەلگەن ھالەتكە ئۆتۈش؛ تەرەققىيات، ئۇلغىيىش: راۋاج تاپماق. * ئۇنىڭ كىنونىڭ مېھرىدىن كېچىپ دەرس تەكرارلاشقا بېرىلىشمۇ ئەنە شۇ ئىشلارنىڭ راۋاجى ئىدى. * يېشى 70 تىن ئاشقان بۇ پېشقەدەم پروفېسسور ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ھارغىنىنىمۇ بىلمەي، ھارماي-تالماي ئىشلەپ كەلدى.

**راۋاج تاپماق** ① بىرەر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر يۇقىرى، يۇكسەلگەن ھالەتكە ئۆتمەك؛ تەرەققىي قىلماق، يۇكسەلمەك، راۋاجلانماق: ئۇ بالا: «پەن-تېخنىكا ئىگىلىمەي تۇرۇپ، راۋاج تاپقىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈرىدۇ. * بۇ نىشان ئەمەلگە ئاشسا، دۆلىتىمىز يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتىدۇ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا زور دەرىجىدە راۋاج تاپىدۇ. ② مۇۋەپپەقىيەت

قازانماق، روناق تاپماق: مەن بىرچاغلاردا خەنزۇچە ئۆگىنەي دەپ، بىر ئوقۇتقۇچى تاپتىم. ئىپىغا بەش سەر كۈمۈش پۇل بېرىپ تەلىم ئېلىپ ئۆگىنىشكە باشلىدىم. تىلىم قاتقان چاغلار ئىكەن، ئۆگىنىشىم ئانچە راۋاج تاپماي قويدى.

**راۋاجلاندۇرماق** «راۋاجلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار پارتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇردى. * ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكا-مۇقاملىرىمىزنى ئامانىنسا خېنىم بىلەن بىللە رەتلەپ، سەپكە تۇرغۇزۇپ بېيىتىپ، راۋاجلاندۇرۇپ بىزگە - ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن.

**راۋاجلاندۇرۇلماق** «راۋاجلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاۋات ناھىيىسىدە ھەر يىلى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىنىپ، ئورمانچىلىق كۆرۈنەرلىك راۋاجلاندۇرۇلدى. * ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەقىقەت تېپىلىدۇ، يەنە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەقىقەت ئىسپاتلىنىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

**راۋاجلانماق** پ. بىرەر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر يۇقىرى يۈكسەلگەن ھالەتكە ئۆتمەك؛ تەرەققىي قىلماق، يۈكسەلمەك، راۋاج تاپماق: پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بىر نەچچە يىللىق خىزمەتلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپ-چىقىرىشى قايتا ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلان-دى. * 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپ ئىشى تېزلىكتە راۋاجلاندى.

**راۋاجلىنىش** ① «راۋاجلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <پەلس>

شە يېئىلەرنىڭ كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ۋە تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى، تەرەققىيات.

**راۋاق** ئى (ئە) كىشىلەرنىڭ ئارام ئېلىشى، ئەتراپنى كۆزىتىشى، يامغۇر-يېشىن ۋە كۈن نۇرى قاتارلىقلاردىن دالدىلىنىشى ئۈچۈن باغ ياكى ئېگىزرەك جايلارغا ياكى بىنانىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۈستىنى بىزەپ ياسالغان ئورۇن، پەشتاق. كۆپىنچە ئۇنىڭ تېمى بولمايدۇ، پەقەت تۆۋرۈك ئۈستىلا يېپىلىپ، كۆركەم نەقىشلەنگەن بولىدۇ.

**راۋاقلىق** سۈپ. راۋىقى بار، راۋاق ئورۇن-لاشتۇرۇلغان: ئۇ، بۇتقا ئەگەشكەن راھىبلارنىڭ يەتتە قات ئاسماندىكى قاتمۇقات راۋاقلىق بىنالار ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان كۆرۈنۈشىگە زوق بىلەن قاراپ چىقتى.

**راۋان** (پ) ① رەۋ. ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، بىرخىلدا، توختالغۇسىز: راۋان ھەرىكەت قىلماق. راۋان ماڭماق. * دىلشات كەچتە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ مەشىنىڭ كانىيىنى قېقىپ ئىس راۋان ماڭىدىغان قىلىپ بەردى. * مەھەللىدىكى قېرى-ياش، ئەر-ئاياللار بىر مەقسەتتە ئۆملىشىپ ئىشلىگەنلىكتىن، ئىككىنچى كۈنى چۈشتە كارىزنىڭ تىلمىسى ئېچىلىپ، سۇ مەھەللىگە قاراپ راۋان ئېقىشقا باشلىدى. ② رەۋ. چۈشىنىشلىك، ئوقۇملۇق؛ تېز، بىمالال (نۇتۇق ۋە يېزىق ھەققىدە): بۇ ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ئىكەن. * ئۇ توختاپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى، خەت ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى راۋان ئىدى. * چەت ئەللىك دوستلار ئادىلنىڭ ئىنگلىز تىلىنى خېلىلا راۋان سۆزلەيدىغانلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى. ③

سۈپ. توختىماي، ئۈزۈلۈپ قالماي؛ ئۈزلۈك-سىز؛ ئوڭۇشلۇق، يۇرۇشلۇق: سودىسى راۋان. * ھادى مەسئۇل بولۇۋاتقان تراكتورلار ئوچاستىكىسىنىڭ ئىشلىرى ھەمىشىقىدۇر باشقا ئوچاستىكىلارغا قارىغاندا تازا راۋان بولمايۋاتات-تى. * بەك قورقۇنچاق كېلىدۇ نادان، ھېچبىر ئىشى بولمايدۇ راۋان. بىلىملىكنىڭ چۈشىسە قولىغا، قىيىن ئىشمۇ بولىدۇ ئاسان. ④ سۈپ. ھېچبىر توسالغۇسىز، تۈز، تەكشى، ئەپ: ئۇ يەرنىڭ يوللىرى راۋان.

**راۋان بولماق** ① توسالغۇسىز، راۋان ھالەتكە كەلمەك، راۋانلاشماق: يوللار شۇنداق راۋان بولۇپ، يوقسۇللار خۇشال بولىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ ② چىقماق، ئاقماق: بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دۈشمەنلەر يۈسۈپ بەگنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچىنى ئۇردى. يۈسۈپ بەگنىڭ بېشى يېرىلىپ نەچچە يەردىن قان راۋان بولدى. ③ كۆچمە. كەتمەك، ماڭماق، يول ئالماق: قاسىم ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ، تۇياقلىرىغا بىرنەچچە قات كىگىز ئورالغان ئېتىغا مىنىپ، تاراتى تەرەپكە راۋان بولدى. * مەستان كەمپىر «خوپ» دەپ ئېتىكىنى تۇشتۇرۇپ ئالتۇن-يامبۇلارنى ئېلىپتۇ-دە، ئۆيگە بېرىپ بىر بۇلۇڭغا كۆمۈپتۇ، كېيىن تاغقا قاراپ راۋان بولۇپتۇ.

**راۋان قىلماق** توسالغۇسىز، راۋان ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ راۋانلاشتۇرماق: زامانىۋى دورىگەرلىكتە كاسىنىنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش ئارقىلىق ھارارەتنى ۋە يۇقىرى قان بېسىمنى چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، دېيىلىدۇ.

**راۋانلاشتۇرماق** «راۋانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىككىيلەن بىر بولۇپ بىر سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەپ، ئاخىرى مۇزلارنى چېقىپ، سۇنى راۋانلاشتۇردى. * ئۇ يەنە ھېرىپ-چارچىغانلىقىغا قارىماي، گۇرۇپپىدىكى ئىشچىلارنى باشلاپ، رېلىسنى كۆمۈۋەتكەن كۆمۈر-تاشلارنى 15 ۋاگونغا قاچىلاپ رېلىسنى ئېچىپ، كۆمۈر توشۇش يولىنى راۋانلاشتۇردى.

**راۋانلاشتۇرۇلماق** «راۋانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىرغىچە ناھىيە بويىچە 789 يېزا يولى ياسالدى، بۇنىڭدىن 564 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى 415 يېزا يولىغا تاش-شېغىل ياتقۇزۇلۇپ، يوللار راۋان-لاشتۇرۇلدى.

**راۋانلاشماق** پ. توسالغۇسى يوق، راۋان ھالەتكە كەلمەك؛ راۋان بولماق: تاغ بالىسى بوران توختاپ كەتسىلا يولىمىز راۋانلىشىپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ، قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئولتۇراتتى. * ئەگەر ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۇرۇشلەشتۇرۇلسە، زەيكەش ئېرىقلىرى راۋانلى-شىپ، سۇ ئامبىرىدىن يەر ئاستى بىلەن ئاياغقا ئۆتۈۋاتقان زەي سۇنىڭ خېلى بىرقىسمىنى توسۇپ قالغىلى بولاتتى.

**راۋانلىق** «راۋان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تىلىنىڭ راۋانلىقى. * ھەرقايسى مۇقاملاردىكى چوڭ نەغمە ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدى-كى مۇزىكىلىق بۆلەكلەر باشقا مۇقاملارغا ئالماشتۇرۇلسا، ئاھاڭ شەكلىدىكى بىردەكلىك ۋە مۇزىكا راۋاجىدىكى راۋانلىق بۇزۇلىدۇ. * بۇ ئاھاڭ، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىكى ۋەزمىن راۋانلىق ئۇلاردىكى قايغۇ-ئەلەمنىڭ بىردىنبىر ئالامىتى ئىدى.

**راۋرۇس** (توغرىسى: راۋۇرۇس) → **راۋۇرۇس.**

**راۋۇلفىيە** ئى (ئىنگ <لات) <بوت> سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلى-دە، گۈلى ئاچ قىزىل كېلىدۇ. تروپىك بەلباغ ۋە سۇبتروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرى قان

بېسىم كېسەلنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**راۋۇرۇس** (پ) ① سۈپ. يارامىلىق، ياخشى، تۈزۈك، بولىدىغان: راۋۇرۇس ھۈنەرۋەن. * يېزىمىزدا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، بىز كەمبەغەللەر تاغدەك يۆلەنچۈككە ئادىل، راۋۇرۇس باشلامچىغا ئىگە بولدۇق. * — سادىرئاخۇن ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! گۈلخانىمۇ راۋۇرۇس خوتۇن، لېكىن ھازىرقى ئەر خەقلەر يامان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلخان سىزدىن خېلىلا ياش، — دېدى ئايخان قوشنىسى سادىرئاخۇنغا كايىپ. ② رەۋ. تۈز، رۇس، توغرا: ئۇ ياش يىگىتتەك بېلىنى تىكلەپ، راۋۇرۇس ئولتۇراتتى. * ئۇ ئىككى-ئۈچ ئاي داۋالىنىپ ساقىيىپ، راۋۇرۇس ماڭالايدىغان بولدى. ③ رەۋ. كەم-كۈتىسىز، پۈتۈنلەي، تولۇق؛ راسا: خۇمارقىز چاچلىرىنى راۋۇرۇس قارايتىپ، چېكىسىنى ئالدىغا تاراپ كىچىككىنە پۆپۈك چىقاردى. * شانىيازنىڭ قارىشىچە، قادىر يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن راۋۇرۇس قەد كۆتۈرۈشكە بەل باغلىغان، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جىگەرلىك يىگىتلەردىن ئىدى. ④ رەۋ. قىينالماي، بىمالال: 2-مەۋسۇمگە كەلگەندە ئۇلار ئۆز كەسپلىرىدىكى خەنزۇچە كىتابلاردىن پايدىلىنىش بىلەن قالماستىن گېزىتلەرنىمۇ راۋۇرۇس كۆرەلەيدىغان بولدى. ⑤ رەۋ. پۈزۈر، قاملاشتۇرۇپ، چىرايلىق: ئۇ، «دوست بار، دۈشمەن بار» دەپ، راۋۇرۇس كىينىگەن. شۇ تاپتا ئاۋۇ تۇرماق ئالتۇنخان كۆرسىمۇ تونىمىغۇدەك بىر يىگىت سۆلىتىگە كىرگەن.

**راي** ئى (ئە) ① كىشى كۆڭلىنىڭ بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدىكى مايىللىقى؛ مەيل، خاھىش: رايىغا باقماق. رايىغا قاراپ ئىش قىلماق. رايىغا قويۇپ بەرمەك. * ئۇ، دوستىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشنى خالىمىدى. * دادىسى لۇتپۇللانىڭ رايى بويىچە شۇ كۈنىلا دەپتەردىن بىرنى ياساپ، ھەرپلەرنى باشلاپ بەردى. بۇ، لۇتپۇللانىڭ ئالتە ياش ۋاقتى ئىدى. ② <تىل> پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىل-لىرىدە كۆرۈلۈپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ قانداق تەرزدە ئىپتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشى؛ مەيل: راي كاتېگورىيىسى. پېئىل رايلىرى.

**راي كاتېگورىيىسى** <تىل> ← **مەيل كاتېگورىيىسى.**

**راي ئېيتماق** قاتتىق خاپىلىق، ئىچ ئاغرىقى، ئىچ پۇشۇقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىش، كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش يۈزىسىدىن تەسەللى بەرمەك، كۆڭلىنى ياسىماق: قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتا ئىسھاقنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىشتىن باشقا چارىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە ئۇنىڭغا راي ئېيتىشتى.

**رايى بارماق** ئىدىيىسىدىن، كۆڭلىدىن ئۆتمەك؛ كۆڭلى تارتماق، خالىماق: ئۇنىڭ ئەمدى گەپ ياندۇرۇشقا رايى بارمىدى. * ئۇ ئېغىر سومكىلارنى كۆتۈرۈپ، يەنە كوچا ئايلىنىۋېرىشكە رايى بارمىدى-دە، ئارام ئېلىش ئۈچۈن باغچىغا كىردى.

**رايى تارتماق** رايى بارماق، كۆڭلى ئۇنىماق، ياقتۇرماق: گەپىڭنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ بۇ قىزغا چاچ ئالدۇرۇشقا رايىم تارتمايتتى.

**رايىغا بارماق** دېگىنىگە ماقۇل بولماق، كىرمەك؛ رايىغا باقماق: تاجىنساخان مومايىنىڭ رايىغا بېرىپ، لۇتپۇللا سۆزىنى ئەگىتىپ باشقا بىر نۇقتىغا يۆتكىمەكچى بولۇپ: — تاجىنساخان ئانا، مەن ھەممىنى چۈشەندىم. كەلگۈسىدىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى. * ئانا بالىسىنىڭ رايىغا بېرىپ ئېرىنى ئىزدەپتۇ.

**رايىغا باقماق** باشقىلارنىڭ ئارزۇسىغا، خاھىشىغا قارىماق: ئۇ ئاسىيەنى قەدىرلەيت-تى، ھۆرمەتلەيتتى، ئاسىيەمۇ نادىرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپتتى، ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا باقاتتى. * ئەسلىدە دادام ماڭا تولىمۇ ئامراق ئىدى، نېمە دېسەم رايىمغا باقاتتى.

**رايىغا قارىماق** ← **رايىغا باقماق**: بۇ ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا قارىساق بولمايدۇ.

**رايىغا قويماق** ئارزۇسىغا، مەيلىگە، ئىختىيارىغا قويماق: بىزنىڭ ماۋۇ ئادەم دوختۇر بولسۇن دەيدۇ، مەن ئۆزىنىڭ رايىغا قويايلى دەيمەن. * ئاشخانىدىن زىۋىرشانىڭ ئايالى چىقىپ ئىمىرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە: – جىنىم ئۇكام، ئاكاڭنىڭ ئورنىغا مەن باراي، بۈگۈنچە ئۇنىڭ رايىغا قوي! – دېدى.

**رايى قايتماق** بىرەر ئىشتىن كۆڭلى سوۋۇماق، رايى يانماق: بۇ قىزغا دەسلەپىدە پەرۋانە بولۇپ كەلگەن يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپلا رايى قايتىپ، كۆڭلى سوۋۇپ قاچاتتى. * يەرلىرىنىڭ پىتىرلىكى، قوم-بورانىنىڭ كۆپلۈكى، ئادەملىرىنىڭ نامراتلىقىنى ئويلىساملا يۇرتۇمدىن رايىم قايتىدۇ.

**رايىنى ئالماق** بىراۋنىڭ ماقۇللۇقىنى، رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرمەك: – بىز شتابتىكىلەر ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇل بولمايۋاتقان يەردە، جەڭچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىن رايىنى ئېلىش تېخىمۇ تەس، – دېدى قاسىمجان قەمبىرى ئەسكەرتىپ تۇرۇپ.

**رايىنى سىنىماق** بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە باشقىلارنىڭ قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى، قارىشىنىڭ قانداقلىقىنى كۆڭلىنىڭ، خاھىشىنىڭ مايىل ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ باقماق: خەلقنىڭ رايىنى سىنىماق. ئاممىنىڭ رايىنى سىنىماق. * ھازىرچە 20 پارچىدەك ھېكايە يازدىم ۋە كىتابخانىلارنىڭ رايىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى «تارىم» ژۇرنىلىغا سۇندۇم. ئەگەر بۇ نەرسىلەر كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولالىسا، داۋاملىق يازىمەن.

**رايى يانماق** كۆڭلى سوۋۇماق، رايى قايتماق: بۇ ئىشتىن خەلقنىڭ رايى ياندى. * ئۇ جان ئاچچىقىدا پىچاقنى تامغا ئېتىۋېتىپ، داد-پەرياد كۆتۈردى. ئەتىسى ئۇنى ئۆيدىن چىقىرالماي، ئۆزۈم ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. بۇ خوتۇندىن پۈتۈنلەي رايىم يېنىپ كەتتى.

**رايال** (توغرىسى: رويال) ← **رويال.**

**رايكا** (توغرىسى: رېيكا) ← **رېيكا.**

**رايكوم** ئى (ر) «رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ قىسقارتىلغان نامى: رايكوم ئىشخانىسى.

**رايون** ئى (ر<فران) ① مەملىكىتىمىزدە ئۆلكە دەرىجىلىك، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە شۇنىڭدەك چوڭ شەھەرلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي بۆلۈنمە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى. * سايۋاغ رايونى – ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ رايونلارنىڭ بىرى. ② ناھىيىدىن تۆۋەن، دادۈيدىن يۇقىرى بولغان مەمۇرىي بۆلۈنمە ۋە شۇ مەمۇرىي بۆلۈنمىنىڭ مەركىزىي ئىدارىسى: رايونلارغا بۆلمەك. * رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغىلى ناھىيىگە ماڭغانىدىم، سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلار ياخشى بولدى، – دېدى ئۇ. * ئېتىز بېشىغا رايوننىڭ ئالاقىچىسى يېتىپ كېلىپ، ھەنىپە بىلەن جاپپارۇپنىڭ رايوندا ئالماسنى كۆتۈۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ③ مەلۇم بىر خىل نەرسە كۆپرەك چىقىدىغان ھەم شۇ خىل ئەۋزەللىكى بىلەن باشقا يەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان جاي، تېررىتورىيە: كانچىلىق رايونى. پاختىچىلىق رايونى. ئۈزۈمچىلىك رايونى. بېلىقچىلىق رايونى. چارۋىچىلىق رايونى. دېھقانچىلىق رايونى. * ئۇ يەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي رايونلىرىنىڭ بىرى.

**رايونلار ئارا مۇسابىقە** <تەن> ھەرقايسى رايونلارنىڭ ۋەكىل كوماندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە. ئادەتتە توپ تۈرلىرى بويىچىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭ مەقسىتى رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، مەشىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**رايونداش** ئى. بىر رايوندا بىرگە ياشىغۇچى، تۇرمۇش كەچۈرگۈچى كىشى.

**رايونداشلىق** ئى. بىر رايوندا ياشاش ھالىتى، جەريانى: قەبىلە ئىپتىدائىي جەمئىيەت بىلەن باغلىنىشلىق، مىللەت بولسا دۆلەتكە ئوخشاش سىنىپىي جەمئىيەت بىلەن باغلىنىشلىق، قەبىلە ئاساسەن قانداشلىقنىڭ بىرلەشمىسى، مىللەت بولسا رايونداشلىقنىڭ بىرلەشمىسى.

**رايونلاشتۇرماق** «رايونلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىك بايلىق مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە رايونلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، جايلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى تېخىمۇ ئالغا سۈرەيلى. * ئۇرۇقچىلىق شىركىتى بۇ يىل تەكرار سىناق قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىدىكى ئۇرۇق سورتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەدرىجىي رايونلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتا.

**رايونلاشتۇرۇلماق** «رايونلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رايونلاشماق** پ. رايونلارغا ئاجرىتىلماق، رايونلارغا بۆلۈنمەك.

**رايونلۇق** سۈپ ① رايونغا تەۋە، رايون دەرىجىلىك، رايون خاراكتېرىدىكى، رايونغا ۋەكىللىك قىلىدىغان: يولداش ئىسمائىل ئەمەت 4-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت-قاتناش يىغىنىدا مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەنىدى. * يىغىن باشلىنىپ بىرمەر سائەتتىن كېيىن مەدەنىيەت ئۆيىگە ئالماس، شانىياز، لەيلىگۈللەر كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھازىرلا رايونلۇق پارتكوم يىغىنىدىن چىقىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ② رايونغا قارايدىغان، قاراشلىق: باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئايىغىدا بۇ يىل ئەتىياز ئوقۇش باشلىغان رايونلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە رايونلۇق تىببىي پونكىت، دۇكان، ماگىزىنلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

**رايونلۇق ئاينىش** <گېئول> ← **رايونلۇق مېتامورفىزم.**

**رايونلۇق مېتامورفىزم** <گېئول> ھەر خىل مېتامورفىلىق ئامىللار (مەسىلەن، تېمپېراتۇرا، كۈچىنىش، ستاتىك بېسىم ۋە قىزىق ئېرىتمىلەر) نىڭ ئومۇمىي تەسىرىدە ھاسىل بولىدىغان بىر خىل كۆلىمى كەڭ مېتامورفىزم. بۇ خىل مېتامورفىزمنىڭ نەتىجىسىدە، كۆپىنچە چوڭ رايون خاراكتېرىدىكى مېتامورفىلىق جىنسلار (مەسىلەن، تارىشا جىنس ۋە گنېيس قاتارلىقلار) شەكىللىنىدۇ.

**رايونلۇق ھۆكۈمەت** چوڭ شەھەرلەردە شەھەرگە بىۋاستە قارايدىغان ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنى كۆرسىتىدۇ.

**رايىش** سۈپ (پ) گەپ-سۆزگە كىرىدىغان، قۇلىقى يۇمشاق، ياۋاش، مۇلايىم، مۆمىن، ئىتائەتچان: رايىش بالا. رايىش ئادەم. * ئايشەمنىڭ ئاپىسى خېلىلا رايىش ئايال، ئۇ مېنىڭ ئاپام بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ.

**رايىشلىق** «رايىش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: رايىشلىق قىلماق. * ئۇ پۈتۈنلەي رايىشلىق بىلەن: — ئەلۋەتتە بەجا كەلتۈرىمەن، — دېدى.

**رەب** (**رەببى**) ئى (ئە) ① پەرۋەرىش قىلغۇچى ئاللا، خۇدا، پەرۋەردىگار: يا، رەببىم. * – ئەرشى ئەزىم ۋە روھى زېمىننىڭ رەببى بولغان ئاللانىڭ ئىرادىسىگە، تەقدىرىنىڭ قىسمىتىگە كىممۇ بويۇن تولغىيالىسۇن؟! – دېدى ھەممەيلەن. * شۇنداق قىلىپ، ئۇستىقۇل جاھاننىڭ نېرىسىغا، ئالتە شەھەرنىڭ بېرىسىگە، بېرىسىگە بولغاندىمۇ يوغىنىغا، ھەممىگە داڭلىق بولغىنىغا رەببىم دەپ راۋان بولۇپتۇ. ② غوجىدار، خوجايىن، ئىگە.

**رەببىنا** ئى (ئە) <دىن> رەببىمىز، پەرۋەردىگارىمىز: نۇرغۇن كىشىلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ: – يا، رەببىنا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق مەنزىرە بۇ، – دېيىشتى.

**رەبىيەسسانى** ئى (ئە) ← رەبىيەلئاخىر.

**رەبىيەلئاخىر** ئى (ئە) ھىجرىيە يىل ھېسابىدا 4-ئاينىڭ ئەرەبچە نامى.

**رەبىيەلئەۋۋەل** ئى (ئە) ھىجرىيە يىل ھېسابىدا 3-ئاينىڭ ئەرەبچە نامى.

**رەپتار** ئى (پ) ۋەزىيەت، ئەھۋال، ھالەت؛ پەيل، ئەلپاز: – ھەي تاڭەي، بۇ جاھاننىڭ رەپتارىنى بىلىپ بولمايدۇ...، – دېدى ئۇ. * ئۇ، بۇ شېئىرلارنىڭ زامانىنىڭ رەپتارىغا بېقىپ، خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن يېزىلمىغان، ئىنقىلابىي چاقىرىقلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى دەررۇ ئەسلىگەندى. * قىيا باقىپ ۋۇجۇد دۇتارىنىڭ دىلتارىنى چەكتىڭ، تەبەسسۇم بىرلە شاد ئەيلەپ، كۆڭۈل رەپتارىنى چەكتىڭ، چۈشۈمدە ئۇشبۇ مەگزىمگە لېۋىڭ ئانارىنى چەكتىڭ، قىلىپ جادو دىماغىمغا خوتەن ئىپارىنى چەكتىڭ.

**رەپتارىغا باقماق** ئەھۋالغا، ۋەزىيەتكە، پەيلىگە، ئەلپازىغا قارىماق: جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش قىلماق. * ئۇ، كىشىلەرنىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان ئادەم.

**رەپتاي** (توغرىسى: رەپتار) ← رەپتار.

**رەپرەپ** سۈپ ① بۇزۇق، پاسكىنا، ئەسكى: – كاتولىك رەپرەپ خوتۇنلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھارامدىن بولغان باللىرىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاللقاچان ئۇيتقاندىمىغۇ سىزگە! – دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ. ② جانسىز، ئۆلەرمەن، ئاۋاق، ئورۇق: – ئۇ چاغلاردا بىر ئادەم بىرەر-بىرەر رەپرەپ مېكىياننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئۆتسىمۇ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭدى» دەپ دادۇي، شياۋدۇيگە مەلۇم قىلماي بولمايتتى-دە! ھەي ئۇ كۈنلەر، – دەپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي.

**رەپىتس** (توغرىسى: رېپېتىتسىيە) ← رېپېتىتسىيە.

**رەپىق** ئى (ئە) ① يېز ت. يېقىن دوست، ھەمراھ، يولداش: پەشتاقنى قاپلاپ كەتتى، كۆكتىن بۇلۇت – ئاسمان، مۇرادلارغا يەتكۈزدى، رەپىق بولۇپ شۇ زامان. ئىززەت--ھۆرمىتىم چەكسىز، باھار كۆتمەن خاقان، مەۋلۇت ئوقۇتۇپ ھەر چاغ، قىلمەن خەير-ئېھسان. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەپىقە** ئى (ئە) خوتۇن، (ئايالغا نىسبەتەن ئىيتىلىدۇ): ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەپىقىسى ئايىمخاننىڭ جىنازا نامىزىغا پۈتۈن يۇرت، پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلار، يارۇبۇرادەرلەر بولۇپ ناھايىتى كۆپ ئادەم توپلانغانىدى. * – بىز بارغان مەملىكەتتە بىر ئايال پادىشاھ بار ئىكەن، ئۇ پەخرىد دۆلەتنىڭ رەپىقىسى ئىكەن، – دېدى ئۇ.

**رەت** I ئى (ئە) ئىنكار، رەددىيە؛ قوبۇل قىلماسلىق، باش تارتىش.

**رەت قىلماق** ① ئىنكار قىلماق، رەددىيە بەرمەك، يوققا چىقارماق: – يالغان! ئۇلار

بىر قوي ئۈچۈن بىر بىگۇناھ دېھقاننى ئۆلتۈردى! - دەپ رەت قىلدى پولات. * دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمچە بىلىش نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، بىلىشنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىۋېتىدىغان بارلىق خاتا نەزەرىيىلەرنى رەت قىلىدۇ. ② قوبۇل قىلماي قايتۇرماق،ياندۇرماق: سوۋغىسىنى رەت قىلماق. * ئادىلەنىڭ قايتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەقىپ قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى. * بەتبەشىرە قىزغا ئويۇنچۇق بولۇشنى خالىمىغان ۋىجدانلىق قىز باينىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. ③ <قا> سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ياكى تەپتىش ئورگىنى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنى ئورۇنسىز ياكى قانۇنىي ئاساسى يوق دەپ قاراپ ئىنكار قىلىۋەتمەك، قوبۇل قىلماسلىق.

**رەت قىلىش** <قا> سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ياكى تەپتىش ئورگىنى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى ئورۇنسىز ياكى قانۇنىي ئاساسى يوق دەپ قاراپ بىر تەرەپ قىلماسلىق.

**رەت** II (ر) ① ئى. رەتلىك تىزىلغان قۇر، قاتار، سەپ: كىشىلەر خۇددى قايتىدىن ناماز ئوقۇلىدىغاندەك، رەتلىرىنى بۇزۇشماي، ئالدىغا قاراپ دىققەت بىلەن تۇرۇشاتتى. * چۈمۈلە پادىشاھى بىلەن بارلىق چۈمۈلىلەر خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قېلىپ رەت بولۇپ بۇ خەۋەرچى چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، سالام بېرىپ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ② ئى. تەرتىپ، نۆۋەت: نەسىھەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كىشىلەر رەت بويىچە پەردىشەپ ئاستىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. * بۇنىڭ زەرەپشان بويلىرىدىكى ياخشى-يامان ئىشلار رېتى بويىچە خاتىرىلەنگەن «ياغاقلىق بېزىسىنىڭ تەزكىرىسى» ئىكەنلىكىنى يۈزبېشىلار بىر قاراپلا بايقىدى. ③ مق. قېتىم، مەرتەم: مەن ھەدەپ ئۇستەل سائىتىنى قولۇمغا ئېلىپ قاراپ قوياتتىم، بىرنەچچە رەت قولۇمغا تۇتۇپ تىڭشاپمۇ باقتىم. ④ ئى <گېئول> بوشلۇق كاتەكچىسىدىكى بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بىر-بىرىگە ئۇلىنىش ئارقىلىق تىزىلغان تۈگۈنلەردىن ھاسىل بولغان گېئولوگىيىلىك شەكىل.

**رەت قىلماق** رەتكە تىزىلغان ھالەتكە كەلتۈرمەك، رەتكە تىزماق، قاتار قىلماق: قارىغۇدەك بولسا، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى قاپلىغان، ئۇلار ئۇچرىغانلىكى كىشىنى بىر رەت قىلىپ تىزىلدۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك.

**رەتكە تۇرغۇزماق** رەتكە تىزماق، سەپكە تۇرغۇزماق: پات ئارىدا گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى يېڭىباشتىن رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا ئاپىرىپ، تاكى كېلەر يىل ئەتىيازغىچە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىدۇ.

**رەتكە تىزماق** رەتكە تۇرغۇزماق، سەپكە تىزماق.

**رەتكە چۈشمەك** قالايمىقان، چۇۋالچاق ھالەتتىن رەتلىك، تەرتىپلىك ھالەتكە كەلمەك، نورماللاشماق، ئىزىغا چۈشمەك: ئۇنىڭ تۇرمۇشى رەتكە چۈشتى. * ئۇ چاغدا مېنىڭ ئۆي ئىشلىرىم تېخى تولۇق رەتكە چۈشۈپ بولمىغانىدى.

**رەتكە سالماق** تۈزىمەك، ئوڭشىماق، رەتلىمەك: - مۇۋاپىق پەيتتە، ھاپىز يېڭجاڭ بىلەن نىياز يېڭجاڭنىڭ چېرىكلىرىنى رەتكە سېلىپ، ئۈچ ئاتلىق باتالىيون ئەۋەتمەن، - دېدى ياڭ جاڭجۈن ئۇنىڭغا. * دۆلەت ھەر

يىلى شەھەر يوللىرىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن مىڭ سوملاپ پۇل ئاجرىتىپ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرماقتا.

**رەتكە ئۆتمەك** ئۆلچەمگە توشۇپ قوبۇل قىلىنماق؛ يارىماق: پىچاننىڭ بۇ يىلقى يېشىل قۇرۇق ئۇزۇملىرى 1-دەرىجىلىك ئۇزۇم سۈپىتىدە رەتكە ئۆتتى.

**رەتكە يارىماق** ← **رەتكە ئۆتمەك.**

**رەت-رەت** بىرنەچچە رەت، قاتار-قاتار: قەشقەردىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان ئۇزۇن تاشيول بىلەن 75 كىلومېتر يول باسقاندىن كېيىن، تۆت كوچا ياقىلاپ رەت-رەت ئىمارەتلەر سېلىنغان، كوچىلىرىغا ئېگىز ۋە تەكشى ئۆسكەن تاغ تېرەكلىرى زىننەت بېرىپ تۇرغان كىچىككىنە بىر يېزا بازىرىغا بارىسىز. * ئۇ مەيداننىڭ چەكسىز كەتكەن تېرىلغۇلۇقىغا، مەيداننى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتكەن يېڭى ئۆستەڭگە ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە رەت-رەت سېلىنغان، ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلىرىگە قاراپ تويمايتتى. * ئۇلار رەت-رىتى بىلەن هويلىغا كىرىشتى.

**رەتسىز** سۈپ ① رېتى يوق، رەتلىك ئەمەس، تەرتىپسىز، قالايمىقان، چۇۋالچاق: ئۇ قىزارغان هالدا، رەتسىز سېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ مەيدىسىگە ئۇرغىنىچە ۋازقىراپ بىرنېمىلەر دەۋاتاتتى. * ئۆي ئىچى سوغۇق، رەتسىز ۋە پاسكىنا ئىدى. ② تەرتىپى، ئورۇنلىششى بىر-بىرىگە ماس كەلمىگەن، ئۆز يۈرۈشىنى تاپمىغان (كىيىم-كېچەك هەققىدە): بۇ مۇهاپىزەتچى ياقا يۇرتلۇق بولۇپ، ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى ئىدى، ئۇنىڭ كىيىملىرى رەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تولىمۇ تەكەببۇر تۇتاتتى. * گەرچە ئۇ هەرىكەتنى توغرا ئويناۋاتقان بولسىمۇ، ئاشۇ رەتسىز كىيىملىرى بىلەن پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى بۇزماقتا ئىدى.

**رەتسىز شەكىل** <مات> كۆرۈنۈشى بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە بولمىغان شەكىل.

**رەتلە تكۈزمەك** «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۆزۈمگە بۆلۈپ بېرىلگەن لۇغەتنىڭ جۈملە كارتىلىرىنى باللىرىمغا رەتلەتكۈزدۈم.

**رەتلەتمەك** «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: هاشىم بۆلۈم خادىملىرىغا ئەنزە ماتېرىياللىرىنى رەتلەتتى.

**رەتلەشمەك** «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ هەممىسى «ئۇيغۇر تىلى ئىزاهلىق لۇغىتى» نىڭ جۈملە كارتىلىرىنى رەتلەشتى. * — بىرنەچچە ئەنزە ماتېرىياللىرى بار، شۇلارنى رەتلىشىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، — دېدى ئۇ خۇشاللىنىپ بىزگە.

**رەتلەنمەك** «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تارىخىي يازما ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 780-يىلدىن هازىرغا قەدەر سەييارىلەرنىڭ رەتلىنىش هادىسىسى 15 — 16 قېتىم يۈز بەرگەن، لېكىن بۇ چاغلاردا يەر تەۋرەش بولغان ئەمەس، بۇنداق مەزگىللەردە سەييارىلەر يەر شارىغا يېقىنراق جايلىشىدۇ. ② «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا مېنىڭ ماتېرىياللىرىمۇ رەتلىنىگەنىدى. * مەن يېڭى سېلىنغان مەكتەپ، ئاقارتىلغان ئۆي-ئىمارەت، رەتلەنگەن كوچا ۋە ئاۋاتلىشىپ قالغان يېزا گۈزىرىگە هەۋەس بىلەن قاراپ كېلەتتىم.

**رەتلىك** ① سۈپ. رېتى، تەرتىپى بار؛ چېچىلاڭغۇ ياكى قالايمىقان ئەمەس؛ مۇنتىزىم هالەتتىكى: ئاسىيە ئەتىگەن بۇ

دەرسنى يورۇق، رەتلىك پارتىلار قويۇلغان
ئازادە سىنىپتا سۆزلەپ چىققانىدى. * كوچىلى-
رىنىڭ تۈز ۋە كەڭ، ئاسمان كەبى تىنىق،
كۆك. ئېگىز كۆككە بوي تارتقان بىنالىرىنىڭ
رەتلىك كۆپ. // ئايىمگۈل جوزىدىكى رەتلىك
تىزىلغان كىتاب-ژۇرنال ۋە گېزىتلەرگە كۆز
يۈگۈرتتى. ② سۈپ. رىتىملىق، تەكشى:
ئۇلار پاكىز كىيىنىپ، رەتلىك قەدەم تاشلاپ
روھلۇق كېتىۋاتقاندا يول چېتىدە كېتىۋاتقان
كىشىلەر ئۇلارنى ماختاش تەلەپپۇزى بىلەن:
– بۇلار قايسى مەكتەپنىڭ، – دەپ سوراپتۇ.
③ سۈپ. نەرسە-كېرەكلەر جاي-جايىغا
قويۇلغان، ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ سەرەمجان:
ئىشخانا ئىچى ئادەتتىكىدەك رەتلىك بولۇپ،
ۋاللىداپ تۇراتتى. * توختىگۈل ئاچقۇچلارنى
ئېلىپ ئوتتۇرىدىكى ئۆينى ئاچتى. ئۆي ئىچى
پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. // نۇرئاخۇن سىرلانغان
كارىۋاتقا كېلىپ، رەتلىك يىغىپ قويۇلغان
ئورۇن-كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە تاماكا
ئۇراشقا باشلىدى. ④ سۈپ. مەلۇم رەت
ۋە تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان
تەرتىپلىك: رەتلىك بايان. // ئالىم رەتلىك،
مەردانە سۆزلىدى. * نىلقا ناھىيىلىك خەلق
ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى 1979-يىلىدىن
بۇيان كۈندىلىك خىزمىتىدە كۈندىلىك ئىشلارنى
خاتىرىلەش چارىسىنى قوللىنىپ، خىزمەتنى
رەتلىك ئىشلەپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن.
* ئۇنىڭ ئالدىدا ئاددىي، پاكىز، رەتلىك
كىيىنگەن ئوقۇتقۇچى سادىق ئوچۇق چىراي
بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

**رەتلىك بايان** <ئەد> شەيئىلەر
تەرەققىياتىنى (ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇش،
راۋاجلىنىش، ئاياغلىشىش جەريانىنى)
ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى
بويىچە مۇئەييەن ماكان ئىچىدە بايان
قىلىش.

**رەتلىمەك** پ ① رەتلىك ھالەتكە كەلتۈر-
مەك، رەتكە تۇرغۇزماق، تۈزەشتۈرمەك؛
تەرتىپكە سالماق: شەۋكەت تاشلانغان
قەغەزلەرنى ئوبدان رەتلەپ قويدى. * مەن
پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىدىكى ھامۇت ئۇستا
ئىشلەيدىغان چاقلاش ستانوكىنىڭ يېنىغا
كەلگىنىمدە، ئۇنىڭ شاگىرتى دىلمۇرات چاقلاشقا
تەييارلانغان دېتاللارنى رەتلەپ تىزىۋاتاتتى.
② رەت-رەت قىلماق، تۈزىمەك: بۇ يىل
يەنە قىر سېلىپ، يەرلەرنى رەتلەپ جىرىم
تىكىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. * ③
يىغىپ، توپلاپ، مۇكەممەللەشتۈرمەك:
توختىئاخۇن ناخشىچى سادىر پالۋان ناخشىلىرى-
نى رەتلەپ، خەلق ئىچىدە تارقىتىشتا تۆھپە
قوشقان.

**رەتلەپ كېسىش** <ئورم> تەدرىجىي
كېسىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىش ھالقىسى.
كۆپ ھاللاردا يورۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن
ئېلىپ بېرىلىدىغان كېسىش مەشغۇلاتىدىن
3 — 5 يىل كېيىن، ياش ئورمانلار
يېتىلىپ، ئۇستىدىكى ئانا دەرەخنىڭ
ھامىيلىقىغا موھتاج بولمىغان ۋاقىتتا ئېلىپ
بېرىلىدۇ. ئۇنى كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ،
يورۇقپەرەس دەرەخلەرنى رەتلەپ كېسىش
سايىپەرەس دەرەخلەرنىڭكىدىن بۇرۇن
بولىدۇ.

**رەتمۇرەت** رەت-رېتى بىلەن، رەتلىك
ھالدا: باغنىڭ ئىچىدە ياڭاق، ئەنجۈر،
شاپتۇل، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر رەتمۇرەت
ئۆستۈرۈلگەنىدى. * تەييارلىق سېخ، ئېگىرىش،
توقۇش سېخى رەتمۇرەت. كۆرۈپ ئۇنى ئىشچىغا،
تاشتى دىلدىن مۇھەببەت!

**رەج** سۈپ. دىئال. ئۈششۈق، بىشەم.
**رەجەپ** ئى (ئە) ① ھىجرىيىنىڭ 7-ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدا 7-ئاي. 30 كۈن بولىدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.
**رەخ** (توغرىسى: رەخت) ← رەخت.
**رەخت** ئى (پ) ① پاختا، يۇڭ، كەندىر قاتارلىقلاردىن توقۇلىدىغان، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم، توقۇلما: رەخت سېتىۋالماق. * رەختى بارنىڭ بەختى يوق، بەختى بارنىڭ رەختى يوق (ماقال). * نىجات بازارغا رەخت سېتىۋالغىلى كەتتى. ② كۆن-خۇرۇم، قىرىم، شاۋرۇن قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل تېرە بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: بۇ ئۆتۈكنىڭ رەختى ياخشى ئىكەن.
**رەخمە** (توغرىسى: رەھىم) ← رەھىم.
**رەخمەت** (توغرىسى: رەھمەت) ← رەھمەت.
**رەددىيە** ئى (ئە) ① بىرەر خەۋەر، مەلۇمات ۋە شۇنىڭدەكلەرنى رەت قىلىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ناتوغرىلىقىنى ياكى ئاساسسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان جاۋاب: رەددىيە بەرمەك. * بۇ، باشلىقنىڭ كۈن بويى كۆمۈرگە مىنىپ، چاي قاينىتىپ يۈرىدىغان ئىتائەتمەن چاكىرىدىن 1-قېتىم رەددىيە ئاڭلىشى ئىدى. * — شۇنداق قىلىپ، مانا قارا، ياخشى نىيەت ئۈچۈن ئىككى قېتىم رەددىيىگە ئۇچرىدىم، — دېدى ئۇ دوستىغا. ② <لوگ> تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسپاتقا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ، ئۇ مەلۇم بىر ھۆكۈمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت پىكىر قىلىش جەريانى.
**رەددىيە بەرمەك** باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ياكى پىكىرلەرنى خاتاغا چىقارماق، رەت قىلماق: — بۇ ئىشتا لىللا سۆزلىسەك بولىدۇ، — دېدى ھېلىقى دېھقان بارات موللىغا رەددىيە بېرىپ. * — سىلەر جالالىدىننى نېمشقا ئەيىبلەيسىلەر؟ ئۇنىڭ خاتا سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگىنى يامانمۇ؟ — دېدى مېھرىبان نارازى بولۇپ.
**رەدنامە** ئى (ئە+پ) <دىن> خۇراپىي ئادەت بويىچە كىشىگە روھىي ئازاب سالغان بىرەر ئاپەتنى، كېسەل ياكى قەستنى قايتۇرۇش، رەت قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا: يەنە بىرى دەرھال قوشۇمچە قىلىپ: — رەدنامە ئوقۇتۇپ، بويىنغا تۇمار ئېسىپ قويايلى!، — دېدى. * «ئىشان» ئېشىكىگە ئارتىپ كەلگەن يېرىم تاغار بۇغداينى گۇمبەز ئىچىدىكى ئاش بىلەن لىق تولۇۋاتقان تاغارلارنىڭ بىرىگە قويدى ۋە كونىدىكى ئادىتى بويىچە، قايسىبىر مەزلۇملارنىڭكىگە بېرىپ رەدنامە ئوقۇپ قەست ياندۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى-دە، ئېشىكىنى يېتىلەپ ئۇدۇل مەھەللە تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.
**رەدنامىچى** ئى. رەدنامە ئوقۇيدىغان ئادەم: يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن خۇراپىي ئادەملەر خېلىلا جىمىققان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئاغرىپ-تارتىپ قالغان قېرىنداشلار يەنىلا نە-نەلەردىن قاڭقىپ كەلگەن داخان، باخشى، رەدنامىچىلارنىڭ قولىدا قېلىۋاتىدۇ.
**رەزبا** (توغرىسى: رېزبا) ← **رېزبا.**
**رەزگى** I سۈپ ① بۇزۇلغان، چىرىگەن؛ كىرەكسىز، تاشلاندۇق، ئەسكى-تۈسكى: ئەگەر سەن بەكمۇ يېنىك بولساڭ، ھايات دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى سېنى خۇددى رەزگى يوپۇرماقلاردەك ئېقىتىپ كېتىۋېرىدۇ. * قىز رەقىبكە دۆشە، قىڭراق، داس ئاتار، ياۋ پىسەنتسىز قىز تەرەپكە تاشلىنار. ئاتتى

باشقا تەگنە، ئەلگەك، تاختىنى، ساۋىدى نوغۇچتا رەزگى پاختىنى. ② پەس، ئىپلاس، رەزىل: رەزگى دۈشمەنلەر شۇئان قانلار يۇتۇپ ئەجەل تاپتى. // ئۇلار بىلەن ھەر كۈنى ئۆتكۈزۈپتۇ بەزمىلەر. ھاراق-نەشە، قىمارغا بېرىلىپ ئۇ رەزگىلەر. * رەزگىلەر ئايلىنىپ ئىسىل، تاۋارغا، ئېلىشقان چېغىدا سەھنىلەردىن جاي. سەھنىنى قوغداپ ئۇ كۆزەتتە تۇرۇپ، «نەيزىنى ئارقىغا قارىتىپ ئۇرۇپ». ③ ئىسكەتسىز، كۆرۈمسىز، سەت، پەس: مېنىڭ ئۇنىڭ رەزگى چىرايىغا زادى قارىغۇم كەلمىدى. * — ماڭا قارىسىلا، موللىنىڭ بىسمىللاسىدىن بەلگىلىك دەپ، ئۇ رەزگى جوھۇتنىڭ ئاغزى ئېچىلىش بىلەنلا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تۇيغانىدىم، — دېدى ھۆسنارىخان. ④ كۈچسىز، زەئىپ، ئاجىز؛ جۇدەڭ، ئورۇق: رەزگى ئادەم. * ئۇنىڭ رەزگى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان مەرمەر كالللىسى 12 شوئار بېكىتىلگەن كېلەگسىز قاسقان شەپكىسى بىلەن بىللە ئالماسىنىڭ ئېتىنىڭ ئايىغىدا تىنىمسىز خارتىلداپ سەكرەشكە باشلىدى. * نۇردىن دالىدا رەزگى، چولاق پۇتىنى سۆرەپ مال بېقىپ يۈردى. * مانا ئاخىردا مەن ئەخمەق، مېنىڭدەك رەزگى ئىنسان يوق، جامائەت نەپرىتى تۇتتى، تىرىكمەن، ئەمما دەرمان يوق.

**رەزگى** II ئى. دىئال. بۇغداي، شال، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ ئىلغىنىپ قالغان دېنى.

**رەزگىلەشمەك** پ. رەزگى ھالەتكە كەلمەك: قىزغۇچ بۇلغار بىلەن تاشلانغان بۇ كىتاب قولدىن-قولغا ئۆتۈۋېرىپ چۆرىلىرى رەزگىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پارقىراق قاپقارا خەتلىرى تېخى ھېچقانچە ئۆڭمىگەنىدى.

**رەزگىلىك** «رەزگى I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**رەزمىر** (توغرىسى: رازمېر) ← رازمېر.

**رەزىل** سۈپ (ئە) ① كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، پەسكەش، ئىپلاس، رەسۋا: ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە رەزىل بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. * ئۇ ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىسىدا، زەينۇرەمنىڭ يولدىشى ئەركىن بىلەن دوست بولۇش ۋە بۇ دوستلۇق ئارقىلىق رەزىل مەقسىتىگە يېتىش قارارىغا كەلدى. ② رەھىمسىز، قەبىھ، ئەشەددىي، ۋەھشىي: رەزىل دۈشمەن. * ئۇرۇمچىدىن تارتىپ ئاقسۇغىچە بولغان چوڭ-كىچىك گومىنداڭچىلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئوي-پىكىرلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ئىشلىرى ئەنە شۇنداق ۋەھشىي ۋە بىر-بىرىدىن رەزىل ئىدى. * ئۇ تۇرمۇش شۇنچە زۇلمەتلىك، ئۇ تۇرمۇش تار قەپەس زىندان، نە كويغا سالمىغان ئەلنى، جاھالەتلىك رەزىل دەۋران. * ئۇلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئون يىلدىن ئارتۇق ئوينىغان رەزىل تراگېدىيىسى ئاخىرلىشىپ، تارىخنىڭ ئىنسانلار يىرگىنىدىغان ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈۋېتىلدى.

**رەزىللەشتۈرمەك** «رەزىللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رەزىللەشمەك** ئى. رەزىللىكنى ئۆزىگە ئادەت قىلماق، قىلمىشى رەزىل بولماق: ئۇلار تولىمۇ رەزىللەشتى.

**رەزىللىك** ئى. رەزىل ئىش-ھەرىكەت، رەزىل قىلىق، رەزىل قىلمىش: مەن ئىنسانلار ئارىسىدا مۇشۇنداق رەزىللىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولدۇم ھەم چۆچۈدۈم. * زورلۇق ۋە رەزىللىك ئەۋج ئالماقتا، ھەققەت، نۇرۇڭنى يوشۇردۇڭ قايان؟

ئاسماننى قاپلىدى قارا بۇلۇتلار، ئەي قۇياش چىقساڭچۇ، چىقساڭچۇ چاپسان!

**رەزىنكە** (توغرىسى: رېزىنكە) ← رېزىنكە.

**رەسەت** ئى (ئە) يېز ت <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش، ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلەر.

**رەسەتچىلىك** ئى <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئىشى، ئاسترونومىيە ئىلمى: جانابىلىرىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىر زاتنى تونۇشتۇرماقچىمەن. بۇ ئادەم رەسەتچىلىك، جۇغراپىيە ئىلىملىرىنى مۇكەممەل بىلىدۇ.

**رەسەتخانا** ئى (ئە+پ) <ئاستر> مەخسۇس ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسمان جىسىملىرى، يەر تەۋرەش ۋە هاۋا رايى قاتارلىق هەر خىل هادىسىلەرنى كۆزىتىدىغان ئورۇن، ئىستانسا. ئۇ ۋەزىپىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئاسمان جىسىملىرى رەسەتخانىسى، هاۋا رايى ئىستانسىسى، يەر ماگنىتى ئىستانسىسى ۋە يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسىسى قاتارلىقلارغا ئايرىلغان.

**رەستە** ئى (پ) شەهەر ياكى بازارنىڭ ئىككى ياقىسىغا هەر خىل سودا دۇكانلىرى قاتار ئورۇنلاشقان ئاۋات كوچىسى: ئالماس بىلەن لەيلىگۈل هېيتگاهنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇدۇل كەتكەن بىر چوڭ رەستىگە بۇرۇلدى. ئالماس ماڭغاچ، ئۆزىنىڭ قەشقەردە بولغان كۈنلىرى ۋە پاختەكلى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. * ئۇ يۇك بېسىلغان ماشىنىنى هەيدەپ، شەهەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن ئۆتۈپ، چوڭ تاشيولغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ توختىدى.

**رەستە كوچا** رەستە، ئاۋات كوچا: مەن ئۇنى هېلىقى رەستە كوچىدا ئۇچراتتىم. * ئۇ — بايىقى ئايال پۇل يوقاتقان رەستە كوچىدا قولغا چۈشتى.

**رەسسام** ئى (ئە) رەسىم سىزىشقا ماهىر ۋە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەنئەتكار: ياش رەسسام مۇهەممەت هېيت سىزغان ماي بوياق رەسىم — «بالدۇر كەلگەن كۈز» مەملىكەت بويىچە ياش رەسساملار ئىجادىيەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ، 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. * ئەڭ ياخشىسى، شۇ تاپتا مەن ئۇستا رەسسام بولۇپ قالسام ئىدىم، ئۇنىڭ سۈرىتىنى شۇ پېتى سىزىۋېلىپ، كىتابخانىلارغا تەقدىم قىلسام، ۋىسال قۇشۇم كۆكتە پەرۋاز ئەيلىگەن بولار ئىدى.

**رەسسامچىلىق** ئى ← **رەسساملىق**: پاراخوتنى كەشىپ قىلغان فولتون رەسسامچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان.

**رەسساملىق** ئى <گ سەن> رەسىم سىزىش سەنئىتىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا رەڭ، سىزىق قاتارلىقلار ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ياكى تەسەۋۋۇردىكى شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى قەغەز، رەخت ياكى باشقا نەرسىلەر يۈزىگە سىزىپ چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار ۋە ماتېرىياللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بۆلگەندە، ئۇ ماي بوياق رەسساملىقى، سۇ بوياق رەسساملىقى ۋە سىياھ بوياق رەسساملىقى دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**رەسكار** (توغرىسى: راسكار) ← **راسكار**.

**رەسمىي** سۈپ (ئە) هۆكۈمەت، دۆلەت ياكى بىرەر تەشكىلگە ئائىت ۋە شۇلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئېلان قىلىنغان، چىقىرىلغان، تارقىتىلغان: رەسمىي كادىر.

رەسمىي ۋەكىل. رەسمىي ئاخبارات. * قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر يىل جىددىي تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق، ئۆتكەن يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ رەسمىي خەۋەر-نومۇرلارنى تارقىتىشقا باشلىدى. * مۇتەللىپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ھېچبىر سۈرۈشتۈرگۈچىلىكى يوق ئىش، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇتەللىپ تېخى ئۇنىڭ سىنىپىدىكى رەسمىي ئوقۇغۇچىمۇ ئەمەس. // 1985-يىل مەركىزىي سەھىيە مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خوتەن شەھىرىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكومى» قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى. ② رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئەمەس، راستىنلا، ئەمەلىي، ھەقىقىي: نىياز پالۋان ئىشىكلىرىنى تاقاپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلار رەسمىي گەپكە چۈشتى. * لۇتپۇللا ئاشۇ خىياللار بىلەن رەسمىي تاڭ سۈزۈلگەن چاغدا كۆزى ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كەتتى-دە، ئىزىدىلا ئۇخلاپ قالدى. ③ قانۇنىي تەستىق-تىن ئۆتكەن، رەسمىيەتلەشتۈرۈلگەن: رەسمىي ھۆججەت. رەسمىي ئەزا. * مەن 1983-يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا تەستىقلاندىم.

**رەسمىيەت** ئى (ئە) ① بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى بىرەر تەشكىل-تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بېجىرىلىش تەرتىپى، بېجىرىلىش رەسىم-قائىدىسى: رەسمىيەت ئۆتىمەك. * ئۇلار مەلۇم ئىش باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ «رەسمىيەتلەر پۈتمىدى، يەنە كۇتۇڭلار» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسى قاتتىق خاپا بولغان. * ئۇ تېخى ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولمىدى. ② بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈ-مەت ئورگانلىرى ياكى بىرەر تەشكىل تەرىپىدىن بېجىرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان خەت، تونۇشتۇرۇش ۋە ئالاقە قاتارلىقلار: – نېمىشقا تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىسىز؟ قېنى، بۇ يەرگە كىرىشتىكى رەسمى-يىتىڭىزنى چىقىرىڭ! – دېدى ئۇ سىيىت ئاكىغا خاپا بولۇپ. ③ ئۆزئۆزىدىن بېرى خەلق تۇرمۇشىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن ئادەت، يوسۇن: ئۇ جاپپارنى كۆرۈپ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالدى-دە، رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا: – جاچاڭجاڭ، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ – دەپ سوراپ قويدى. * جاپپارۇپ ئىشىكنى چېكىپ رۇخسەت سوراپ ئۆيگە كىرىدىغان ئىشنى ئارتۇقچە رەسمىيەت دەپ بىلىدىغان ئادىتى بويىچە كۈلۈمسىرەپ: – كىرىڭ، كىرىۋېرىڭ، تەكەللۇپ قىلماڭ، ئىشىك ئوچۇق، – دېدى. ④ باشقىلارغا كۆرسىتىش مەقسىتىدە قىلىنغان شەكلەن ئىش: ئۇ ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ياتلىق بولدى، لېكىن ئۇ پەقەت رەسمىيەتنى ئادا قىلىشلا بولدى، خالاس. سادەت ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن بۇ يىگىتكە كۆڭۈل بېرەلمىدى.

**رەسمىيەتچى** ئى. ھەربىر ئىشنى، مەسى-لىنى بېجىرگەندە قۇرۇق رەسمىيەتكە ئەمەل قىلىدىغان، ئېسىلىۋالىدىغان قاتمال، بيۇروكرات ئادەم: – ئىلىم ئەھلى مۇشۇنداق رەسمىيەتچى كېلىمىز، نېمىلا قىلساق ئاۋۋال ئۇنىڭغا ماۋزۇ قويۇۋېلىشنى ياخشى كۆرىمىز، – دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. // رەسمىيەتچى رەھبىرىي كادىرلار ھەرقانداق ئىش قىلسا رەسمىيەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

**رەسمىيەتچىلىك** ئى ① ھەربىر ئىشنى، مەسىلىنى بېجىرگەندە قۇرۇق رەسمىيەتكە ئېسىلىۋېلىش، شەكىلۋازلىق قىلىش، شەكلەن ئىش قىلىش: رەسمىيەتچىلىك قىلماق. * ئىقتىسادىي سەپتىكى ئورۇنلار بۇ

كۆرەشنى ھەرگىز رەسمىيەتچىلىك قىلماي، ئاخىرغىچە قەتئىي ئېلىپ بېرىشى لازىم. * ئۇلارنىڭ قول سىقىشلىرىدا رەسمىيەتچىلىك، تەسەللى بېرىش، ھەسەتخورلۇقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. ② باشقىلارغا كۆرسە- تىش مەقسىتىدە ساختىلىق بىلەن ئىش قىلىش؛ شەكىلۋازلىق: ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ھەرگىزمۇ رەسمىيەتچىلىك ياكى ئۆزىنى كۆرسىتىش بولماستىن، بەلكى كەمچىلىك-خاتالىق- نى تۈگىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. ③ كىشىلىك تۇرمۇشتا رەسىم-قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، رەسىم-قائىدىنى، ئۆرپ-ئادەتنى قوغلىشىش: تويىنىڭ چوڭ چېيى، كىچىك چېيى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر رەسمى- يەتچىلىكتۇر.

**رەسمىيەتسىز** سۈپ ① رەسمىيەت ئۆتمەي، رەسمىيەت بېجىرمەي: سىز يازغان ئىقرار- نامىڭىزدا، ماتېرىياللارنىڭ بىر يىلدىن بۇيان بىر-بىرلەپ چىقىم قىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، رەسمىيەتسىز چىقىم قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئويلىنىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز. ② قائىدىنى بۇزۇپلا، ئۇسۇپلا، ئۇدۇل: دەل شۇ پەيتتە، كۈتۈلمىگەندە تاشقىرىقى ئىشكتىن لاۋجاڭ ھېچقانداق رەسمى- يەتسىزلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**رەسمىيەتسىزلىك** «رەسمىيەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: رەسمىيەتسىزلىك قىلماق.

**رەسمىيەتلىك** سۈپ. رەسمىيىتى بار، رەسمىيەت بېجىرىشكە تېگىشلىك، رەسمىيەت ئۆتۈلىدىغان: مەن ۋىجدان ئالدىدا دوستلىرىمە- غا شۇنى جاكارلايمەن: — سىز مېنىڭ سۆيگە- نىم، سىز مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، گەرچە بىز قانۇنىي ئەر-خوتۇن بولمىغان، ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا بولىدىغان رەسمىيەتلىك ئىشلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەكىللىرىدىنمۇ ئۆزىمىزنى تارتقان بولساقمۇ، بىز ئۆمۈرلۈك ئەر-خوتۇن.

**رەسمىيلەشتۈرمەك** «رەسمىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — رەيھان، بىز سىزنى يېرىم يىلغا قالماي رەسمىيلەشتۈرد- مىز، — دېدى ئۇ رەيھاننى ئۆزىتىپ تۇرۇپ. * ئۇلار، مەكتەپ ئۈچ ئايچە داۋام قىلغانىدىن كېيىن، ئىمتىھان مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ خەلققە دوكلات قىلماقچى، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مەكتەپنى رەسمىيلەشتۈرمەكچى بولۇشتى.

**رەسمىيلەشتۈرۈلمەك** «رەسمىيلەشتۈر- مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن شاگىرت ئىشچىلىقتىن رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ، 2-دەرىجىلىك ئىشچىلىققا كۆتۈرۈلدى.

**رەسمىيلەشمەك** پ ① رەسمىي يول بىلەن تەستىقلانماق، رەسمىي تۈس ئالماق، رەسمىي بولماق: ھۆججەتلەر رەسمىيلەشتى. ② ئادەتكە، قائىدە-يوسۇنغا ئايلىنىپ قالماق: شائىر «ئەل» دېگەندە، ئۇنى كىشىلەر ئاغزىدا رەسمىيلىشىپ قالغان رەسمىيەت بويىچە ئېيتمايدۇ. ③ بىرەر ئورۇن، تەشكى- لاتنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا ياكى خادىملىقىغا ئۆتمەك: ھەلىمە پارتىيە ئەزالىقىغا رەسمىيلەش- تى. * تەشكىل ئوغلۇمنى شۇ كۈنىڭشىنىڭ تراكتورچىلار ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. دەسلەپتە بىر تراكتورچى ئۇستىغا شاگىرت بولۇپ تۇردى، رەسمىيلەشكەندىن كېيىن مۇستەقىل بىر تراكتورنى تۇتتى.

**رەسۇم** ئى (ئە) يېزت. رەسىم-يوسۇنلار، رەسىم-قائىدىلەر، رەسىملەر: ئەگەر ئۇيغۇرلار تارىخى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ رەسمى، رەسۇمى تەكشۈرۈلسە، ئايان بولىدۇ ناھايەت

ياخشىلىقلار، كىشىگە بەخت بەرگۈچى ئۈز
قىلىقلار.
**رەسۋا (رەسۋاسى)** سۈپ (پ) ①
ئەدەپ-ئەخلاققا زىت، يامان ئىش-ھە-
رىكىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى بىلەن كىشىلەر
نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان؛ پەس،
پەسكەش، رەزىل: ھەزرىتىم مېنى ئۈچىغا
چىققان رەسۋا ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ. // ۋاھاپ
ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ: — مەن ئەمدى
ئۇ رەسۋانى ئالمايمەن، — دېدى. ② كىشىنى
بىزار قىلىدىغان، يىرگىنىدۈرىدىغان؛
ناھايىتى سەت، تېتىقسىز: رەسۋا گەپ.
* بۇ خەتكە مۇنەۋۋەرنىڭ نەچچە قېتىم
ئەمەتنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالغانلىقى ۋە يەنە
ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان رەسۋا ئىبارىلەر
يېزىلغان. ③ ئەدەپ-ئەخلاققا توغرا
كەلمەيدىغان؛ يامان، ناچار، بۇزۇق،
شەرمەندە: — ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم بولسا
كېرەك، بەزى ئەڭ رەسۋا ئىشنى قىلىدىغان
موللىلارمۇ بار. بۇ توغرىدا خەلق ئىچىدە
نۇرغۇن نەزمىلەر بار ئىدى. ئېيتىپ بېرەي،
— دېدى ئۇ قازى ئاخۇنۇمغا
**رەسۋا بولماق** ① يامان، ناچار ئىش-ھە-
رىكىتى خەلق ئالدىدا پاش بولماق،
خەلق نەزىرىدىن چۈشمەك، خەلقئالەم
ئالدىدا لەت بولماق، چاۋىسى چىقىپ
يېيىلماق: — مەن كىشىلەر ئاغزىدا يۈقىرىدا
ئېيتىلغاندەك سۆز-چۆچەك بىلەن رەسۋا بولۇشنى
خالىمايمەن، — دەپتۇ ئەلى ئىبنى بەككار.
* كىچىك كاتتىباش قانغا بويالغان كۆزىنى
قولى بىلەن ئېتىپ، چېرىكلىرىنى باشلاپ رەسۋا
بولۇپ قېچىپ كەتتى. ② ئىشتىن چىقماق،
بۇزۇلماق: پاتقاق يولدا ئىتتىك كېلىۋاتقان
ماشىنىنىڭ تاپىنىدىن چاچراپ چىققان لاي بىلەن
ئۇنىڭ يېڭى كىيىمى پۈتۈنلەي رەسۋا بولغانىدى.

**رەسۋاسى چىقماق** ① كىشىلەرنىڭ
نەزىرىدىن چۈشمەك، باشقىلارنىڭ
كۈلكىسىگە قالماق، رەسۋا، شەرمەندە
بولماق: قىز ئەنە شۇنداق قىلىپ ئاتا-ئانىسى-
نىڭ سىرىنى پاش قىلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئەلنىڭ
ئالدىدا رەسۋاسى چىقىپ، گەپ قىلالماي
قېلىپتۇ. ② ئىشتىن چىقماق، بۇزۇلماق:
ئورۇندۇقلارنىڭ كونىراپ رەسۋاسى چىقتى. *
سافالارنىڭ رەسۋاسى چىقتى.
**رەسۋا قىلماق** ① يامان، ناچار ئىش-ھە-
رىكىتىنى خەلقئالەم ئالدىدا پاش قىلىپ
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرمەك،
كىشىنىڭ كۈلكىسىگە قويماق، شەرمەندە
قىلماق، چاۋىسىنى چىقىرىپ يايماق: ئۇ
كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلدى. *
باي ئۇلارغا: — توختاپ تۇرۇش، سەنلەرنى
بىر رەسۋا قىلمىسام، — دەپتۇ. * ئەتىسى
ئەپەندىم باينىڭ بەش قويىنى ھەيدەپ
كېلىپ سولىۋاپتۇ. باي سوراپ كەلسە، ئەپەن-
دىم باينى تازا يامان تىللار بىلەن تىللاپ،
رەسۋا قىلىپتۇ. * — سەنلەر مېنىڭ دۈشمەن-
لىرىم ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلماقچىمۇ؟!
—دەپتۇ ئۇ ھېلىقى خوتۇنلارغا. ② بۇلغىماق،
مەينەت قىلماق: — قويۇشە بەڭباشلار!
— دەپ باللارنى تارتىپ لەتپە، — يېتىرقاشنى
بىلمەيدۇ، ئېلى شۇنداق ئۆگىتىپ قويدى.
قويۇڭلار، ھەدەڭلارنىڭ ئىگىنىنى رەسۋا
قىلىدىڭلار. * شۇ قىزىقچىلىقتا ئەڭ يامىنى
تۇشقانىنى قوغلاپ شور بېسىپ كەتكەن
شورلۇققا كەلگەندە يىقىلىپ چۈشۈپ، ئۈستىبېشىم-
نى رەسۋا قىلىۋالدىم. ③ ئىشتىن چىقارماق،
بۇزماق: بىر توپ باللار بىزنىڭ دادۇينىڭ
زىرائەتلىرىنى دەسسەپ-چەيلەپ رەسۋا
قىلدى.
**رەسۋاچىلىق** ئى ① كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە

قىلىش؛ رەسۋا بولۇش ھالىتى، رەسۋا ئىش-ھەرىكەت، قىلىق؛ شەرمەندىلىك، سەتچىلىك: بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «ئاھ، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ. * پادىشاھ قايتىپ كەلگەندە چوڭ خوتۇنى مۈشۈك بالىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ: — مانا، سىزنىڭ توقالىڭىز ئەمدى مۈشۈك تۇغدى. يۇرت ئىچىدە يۈزىمىزنى يەر قىلىۋەتتى، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق، — دەپ يالغاندىن يىغلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ. «توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس» دېگەندەك، خوجاپىز بەگ ھەرقانچە نومۇسسىز، قىلىن ئادەم بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى رەسۋاچىلىقى تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ② شەرم-ھايانى يوقىتىش، يولدىن چىقىش، بۇزۇقلۇق: ئۇنىڭ ئايال خىزمەتكار بىلەن ئوينىشى كىشىلەر ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ رەسۋاچىلىق ھېسابلىناتتى.

**رەسۋالارچە** رەۋ. رەسۋالارغا ئوخشاش، رەسۋالاردەك: ئىشپىيون ياش ئوچقۇنلارنىڭ ئىچىدىن رەسۋالارچە قوغلاپ چىقىرىلىشتىن ئازراقمۇ خىجىللىق تارتىپ قالمايتتى.

**رەسۋالاشتۇرماق** «رەسۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رەسۋالاشتۇرۇلماق** «رەسۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رەسۋالاشماق** پ ① رەسۋا ھالغا كەلمەك، رەسۋا بولماق: — نېمە؟ ئەمدى بىزنى يۇرت ئىچىدە تۇرالمىسۇن، رەسۋالىشىپ ھەممەسىنىڭ مەسخىرىسىگە قالسۇن دېمەكچىمۇ سەن؟ ۋاي ئىست، — دېدى خالىق ھېلىقى ئايالغا.

**رەسۋالىق** ئى. رەسۋا ئىش، رەسۋا قىلىق: رەسۋالىق قىلماق. * ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشقا ئاشمىغان رەسۋالىقلىرىنى يوشۇرۇپ قىلىشقا تىل بىرىكتۈرگەنىكەن. * ھولۇقماڭ بىرلىششتىن نۇر يېغىپ سىزگە سەھەر بولغاي، ئۇنىڭسىز ئىش جاھان رەسۋالىقىدىن بەك بەتتەر بولغاي.

**رەسۋايىئالەم** سۈپ (رەسۋا+يى+ئالەم) رەسۋالىقى پۈتۈن ئالەمگە پۇركەتكەن، رەسۋالىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان: — ۋاي يەر يۇتقۇر، تېخىچە ئۆلتۈرۈپسەنغۇ؟ مېنى رەسۋايىئالەم قىلىدىغان بولدۇڭ، ئەمدى غوجامغا نېمە دەيمەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

**رەسۋايىجاھان** سۈپ (رەسۋا+يى+جاھان) → **رەسۋايىئالەم**: ھەسەن رەسۋايىجاھان بولۇشتىن قورقۇپ شاھزادە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. * ئۇ ئاچچىقى بىلەن: — ئەي خىيانەتكار! ئەگەر مەن رەسۋايىجاھان بولۇشتىن قورقمىسام زۇۋەيدىنىڭ قەسرىنىڭ تېمىنى سىزنىڭ بېشىڭغا ئاغدۇراتتىم، — دېدى.

**رەسىدە** سۈپ (پ) بويىغا، بالاغەتكە يەتكەن؛ يېتىلگەن (قىز بالا ھەققىدە).

**رەسىدە بولماق** بويىغا، بالاغەتكە يەتمەك؛ ۋايىغا يەتمەك، يېتىلمەك (قىز بالىلار ھەققىدە): بۇ ئائىلىدە يېزا ئاقساقىلىنىڭ رەسىدە بولۇپ قالغان بىر يالغۇز قىزى بار ئىدى. * — قىز بالا دېگەن 13 ياشتا رەسىدە بولىدۇ، كىچىك بولسا، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈڭ چوڭ قىلىپ ئالارسەن، — دېدى ھاشىم ئۇنىڭغا.

**رەسىم** I ئى (ئە) كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان تەرتىپ-قائىدە؛ ئۆرپ-ئادەت: رەسىم بولۇپ قالماق. * ھازىر بۇ يەردە ئېتەكلىرى تار كۆڭلەك كىيىش رەسىم بولۇپ قېلىپتۇ. ھەممىيلەن شۇنىڭ كىيىم كىيىدىكەن. * قىلمىساڭ گەر بۇنى رەت، قوي بىركىمگە مۇھەببەت، يۇرتىمىزنىڭ رەسمى شۇ، كەتكۈڭ كەلسە شۇ چاغ كەت.

**رەسىم** II ئى (ئە) سىزىلغان، بېسىلغان ياكى فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق تارتىلغان ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرى؛ سۈرەت: رەسىم سىزماق. قىستۇرما رەسىم. * ئەرەب يېزىقىدىكى رەسىملىك ژۇرنالدا ماراكەش سەھنىسىدىكى پاتەمنىڭ رەسىمى تۇراتتى.

**رەسىمگە تارتماق** ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق دىبەن يۈزىگە چۈشۈرمەك: — تېخىنىڭ ئاكا! مېنى ئاشۇ ئانارنىڭ تۈۋىدە بىر رەسىمگە تارتىپ قويغان بولسىلا! — دېدى قىزچاق ئەنۇەرگە.

**رەسىمگە چۈشمەك** فوتو ئاپپاراتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تەسۋىرى، قىياپىتى دىبەن يۈزىگە ئېلىنماق: — مەن رەسىمگە چۈشۈپ ساڭا ئەۋەتىمەن، — دېدى قىزچاق ئانىسىغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**رەسىمچى** ئى. رەسىم سىزغۇچى ياكى مەخسۇس فوتو ئاپپاراتى بىلەن رەسىمگە تارتقۇچى.

**رەسىمچىلىك** ئى. رەسىم. سىزىش ۋە فوتو ئاپپاراتى بىلەن رەسىمگە تارتىش ئىشى، كەسپى: رەسىمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق. * ماھىرە، شەھەرگە كىرىپ رەسىمچىلىككە دائىر بىرمۇنچە كىتاب سېتىۋالدى. ئاخشىمى بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن رەسىم سىزىشنى ئۆگەندى.

**رەسىمخانا** ئى (ئە+پ) ① رەسىم سىزىش ئۆيى: ئابدۇسەمەت بۇ بىر كۈننى سەنئەت مەكتەپىنىڭ رەسىمخانىسىدا رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ② فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق مەخسۇس رەسىمگە تارتىپ تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن ۋە شۇ ئورۇننىڭ فوتو ئاپپاراتى قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي: رەسىمخانىغا بارماق. * ئوقۇغۇچىلار رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن رەسىمخانىغا كىرىشتى.

**رەسىم-قائىدە** قائىدە-يوسۇن؛ ئادەتلەنگەن تەرتىپ-تۈزۈم: مەن رەسىم-قائىدە بويىچە ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىلى يېنىغا كىردىم. * — ئانا، مەن بىر مۇساپىرمەن، شەھەرگە يېڭىلا كەلدىم. رەسىم-قائىدىلەرنى بىلمەيمەن ھەم ھېچكىمنى تونۇمايمەن، — دەپتۇ شاھزادە مومايغا.

**رەسىملەشتۈرمەك** پ. رەسىملەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ كۆرسەتمەك، رەسىم ۋاسىتىسى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرمەك.

**رەسىملەشتۈرۈلمەك** «رەسىملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چاتما رەسىمدە ئەدەبىي ئەسەر، ھېكايە ياكى رېئال تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىنىپ، ئىخچام خەتلەر بىلەن سېنارىيەلەشتۈرۈلۈپ، ئاندىن رەسىملەشتۈرۈلىدۇ.

**رەسىملىك** سۈپ. رەسىمى بار، يۈزىگە، بېتىگە رەسىم چۈشۈرۈلگەن ياكى سىزىلغان: رەسىملىك خىش. رەسىملىك ژۇرنال. * مۇختەر رەنالارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ بىر رەسىملىك كىتابچىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. * ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن ئارىيەت ئالغان رەسىملىك ژۇرناللارنى ئادىلغا بېرىپ كېتەتتى.

**رەسىملىك خىش** <ئارخېئول> قەدىمكى زامانلاردا يۈزىگە تۈرلۈك رەسىملەر ۋە ھەر خىل-ھەرياڭزا نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن خىش-كاھىشلار.

**رەسىملىك ژۇرنال** بەتلىرىگە ئادەم، نەرسە ۋە باشقا ھەر خىل كۆرۈنۈشلەرنىڭ رەسىملىرى بېرىلىپ، شۇ رەسىم ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنلار تېكىست

ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدىغان قەرەللىك ژۇرنال.

**رەسملىك يېزىق** <تىل> ئوي-پىكرنى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان يېزىق. بۇ خىل يېزىقتا پۈتۈن بىر رەسىم مەنە ئىپادىلەيدۇ، ئۇنى يەنە ھەرپلەرگە بۆلگىلى بولمايدۇ، ئوقۇلۇشمۇ مۇقىم بولمايدۇ.

**رەسىم-يوسۇن** ← رەسىم-قائىدە: ئۇ يۇرتنىڭ رەسىم-يوسۇنى ئۆزگىچە ئىكەن. * بىز تېخى ئۇ خەلقنىڭ رەسىم-يوسۇنلىرىنى تولۇق بىلىپ بولمىدۇق.

**رەشەتكە** (توغرىسى: رېشاتكا) ← **رېشاتكا.**

**رەشتە** (توغرىسى: رىشتە) ← **رىشتە.**

**رەشق** (توغرىسى: رەشك) ← **رەشك.**

**رەشك** ىى (پ) ① ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى بىراۋدىن كۈنلەش، قىزغىنىش؛ كۈنداشلىق: ئايشەم ئۇلارنىڭ بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە رەشك قوزغالدى ۋە دېرىزىنى يېپىۋەتتى. * ھېلىلا پەيدا بولغان رەشك تۇيغۇلىرى قەلبىمدىن ئاللىقاچان سۇپۇرۇپ تاشلانغانىدى. ② كۆرەلمەسلىك، ھەسەت، ئىچى تارلىق: — قالتىس ئويىنىدىڭغۇ ئۇسسۇلنى. — قانداق، رەشكىڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئۇ دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ.

**رەشك ئەيلىمەك** ← **رەشك قىلماق:** رەشك ئەيلەپ تۇرىدۇ تىكەن ھامان، گۈل بىلەن دىل ئارىسىنى بۇزغىلى.

**رەشك قىلماق** ھەسەت قىلماق، كۈنداشلىق قىلماق، ئىچى تارلىق قىلماق، قىزغانماق: ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى رەشك قىلىپ مەلىكنى بىر باياۋانغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋەتتى. * بۇ ئىشقا بەزىلىرى كۆرەلمەسلىكتىن رەشك قىلسا، بەزىلىرى ھەقلىق ھالدا نارازى ئىكەن.

**رەشكچى** ىى. رەشك، كۈنداشلىق قىلغۇچى؛ ھەسەتخور: ئۆزگىنى ياراتماس ئۆزىدىن باشقا، تەڭ كۆرمەس ياقۇتنى ئۆزىدىكى تاشقا. ۋە بەلكىم سالغاندۇر رەببىم ئەخمەقلىق — دەردىنى ئەڭ ئەخمەق رەشكچى باشقا.

**رەشلىيە** (توغرىسى: رېشلىيە) ← **رېشلىيە.**

**رەغد** (**رەغدى**) ىى (ئە) راي، مەيل؛ كۆڭۈل، خۇش: رەغدى بارماسلىق. رەغدى بار. رەغدى يوق.

**رەغدى بار** رايى، مەيلى بار؛ كۆڭلى تارتقان، خۇشى كەلگەن.

**رەغدى بارماسلىق** كۆڭلى تارتماسلىق، خۇشى كەلمەسلىك: شۇ ياتقىنىمچە بىرنەچچە كۈن سىرتقىمۇ چىقمىدىم. بىرەر ئاغىنەم بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ رەغدىم بارمىدى. 3-كۈنى ئەتىگەندە دادام كىرىپ كەلدى-دە، ئاتىلارچە مېھرى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

**رەغدى يوق** رايى، مەيلى يوق؛ كۆڭلى تارتمىغان، خۇشى كەلمىگەن: ياسىمىن ئۇنىڭغا: — ھەرقانداق ئېغىر ئازاب ۋە ھەرقانداق ئېغىر كۈلپەتكە رازىمەن، ئەمما ئوغلۇڭنىڭ تەرىنى كۆرۈشكە رەغدىم يوق! — دەپ قاتتىق رەددىيە بېرىپتۇ.

**رەقەم** ىى (ئە) يېزىقتا سانىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە: ئەرەب رەقىمى. رىم رەقىمى.

**رەقەملىك** سۈپ ① سانلار، رەقەملەر بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ رەقەملەر بىلەن يېزىلغان: رەقەملىك ئىپادە. ② سانلار، رەقەملەر ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان؛ سانلار، رەقەملەرنىڭ ياردىمى بىلەن

باشقۇرۇلىدىغان: رەقەملىك باشقۇرۇلىدىغان ستانوك.

**رەقس** ئى (ئە) ييز ت. ئۇسسۇل: ئالدىرايمەن خۇش كۆڭۈل ئاتا-ئانىنى كۆرگىلى، قىز-يىگىتلەر ئوينىغان رەقس، سامانى كۆرگىلى.

**رەققاس** ئى (ئە) ييز ت. ئۇسسۇل ئوينىغۇچى كىشى، ئۇسسۇلچى: ئەنە تەسۋىرى سۇرەتتە چېلىپتۇ مۇترىبلىك ھەر ساز، ئۇسسۇل رەققاسلىرى قىلىپتۇ پەرىدەك كۆكتە مىڭ پەرۋاز. // ئۇ رەققاس قىزلاردەك كۆلكە يىغىپ تۇرغان چىرايىنى بىر پەستىلا قەرز ئىگىسىنىڭ قاپىقى سىلىنغان، تەرى تۇرۇلگەن قىياپىتىگە ئۆزگەرتەلەيتتى.

**رەقىب** ئى (ئە) ① رىقابەتلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان مۇسابىقە ئويۇنلىرى، تالاش-تارتىش، بەس-مۇنازىرە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىكى قارىمۇقارشى تەرەپ، ئۆزئارا رىقابەتلەشكۈچى ( بىر-بىرىگە نىسبەتەن ) : كىشىلەر توپى «بارىكاللا» دەپ چوقان سالدۇ. باتۇر چېلىشچى ئۆز رەقىبىنى يەنە يىقىتتۇ. نۇر بۇۋى چېلىش مەيدانىغا نەزەر سالدۇ. * شاھماتتا ماھىر بولسىمۇ گەر ئۇ، ئۆز رەقىبىنى يېڭىش كەلدى تەس، نەچچە رەت تەدبىر قوللانسىمۇ ئۇ، ئىشقا ئاشمىدى تەدبىرلىرى بەس. ② دۈشمەن، ياۋ: شامەخسۇت ئۆز رەقىبىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىدىنمۇ قىساس ئالدۇ. * زۆھرە جانىم ۋەسلىڭ ئىزدەپ، رەقىب قولىغا چۈشتۈم ئەمدى. كېچە-كۈندۈز دىدار ئىزدەپ، ئوتتەك يېنىپ ئۆچتۈم ئەمدى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەقىبلىك** «رەقىب» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: قىزغا نۇر مەن كۆزۈدىلدىن ھەم رەقىبلىك قىلمىغاي، كەلسە گەر ھالىم سوراپ يېنىمغا ئول دىلجۇ يىگىت.

**رەكەت** ئى (ئە) <دىن> نامازنىڭ بىر قېتىم رۇكۇ قىلىدىغان بىرقىسمى، بۆلىكى: بالا ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇپ ئالتۇن شەمشەرگە ئەمىر قىلغانىكەن. * ئۇ 40 رەكەت ناماز ئوقۇپ تىلەك تىلەش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ جايناماز ئۈستىگە بارغانىكەن.

**رەگەتكە** ئى (ر) ئۇششاق تاش، داڭگال ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ئېتىش ئۈچۈن ئاچىماق ياغاچقا رىزىنكە بېكىتىپ ياسالغان ئاتقۇچ: ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە يۇلغۇن ئاچىسىدىن ياسىۋالغان رەگەتكىسىنى ئېلىپ كۆزى يەتكۈدەك يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق تاش ياكى قارا تاشنى بەلگە قىلىپ چەنلەپ تاش ئېتىپ ئويناشقا باشلىدى.

**رەڭ** ئى (پ) ① نەرسىلەرنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماددا، بوياق. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆمۈر ئوكسىد، سىنىك ئېقى قاتارلىق ئانئورگانىك بىرىكمىلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ② جىسىملاردىن چىققان، قايتقان ياكى ئۆتكەن نۇر دولقۇنلىرىنىڭ كۆرۈش سەزگۈ ئەزالىرىمىزدا قالدۇرغان تەسىرى، شۇنىڭدەك ئاق، قارا، قىزىل، سېرىق، يېشىل... قاتارلىقلارنىڭ ئورتاق نامى: قىزىل رەڭ. قارا رەڭ. ③ ھىيلە-مىكىر؛ ساختىلىق، نەيرەڭ: ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ (ماقال).

**رەڭ ئالماق** شۇ خىل رەڭ تۈسىگە كىرمەك، بويالماق: تامچىلايتتى ئىسسىق قان، يالقۇنجانىنىڭ تېنىدىن. شېغىل قىزىل ياقۇتتەك، رەڭ ئالماقتا قېنىدىن.

**رەڭ بەرمەك** رەڭ بىلەن بويىماق، رەڭ ئالدۇرماق: ئارمىنىم بار ئىدى مۇنارە

قۇرۇپ، كۆزەتسەم ئانامنى تەرەپ-تەرەپتىن. ئارمىنىم سۇمۇرغدەك ئايلىنىپ يۇرۇپ، رەڭ بەرسەم ھۆسنىڭگە شانۇشەرەپتىن.

**رەڭ تۈزمەك** رەڭ ئالماق، رەڭگە كىرمەك، رەڭدار بولماق: دەرەخلەر ئارىسىدىن رەڭ تۈزۈپ پىشقان ئۈرۈكلەر كىشىگە ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك ساپسېرىق پارقىراپ تۇراتتى. * ئامىنە، ئەمەتلەرنىڭ بويۇن، ئېڭەك، لەۋلىرىدىكى ئاقلار يوقىلىپ، چىرايلىرى بارغانسېرى ئانارنىڭ دانىسىدەك رەڭ تۈزۈشكە باشلىدى.

**رەڭ تۇسى** <ك سەن> رەسىمدە ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن رەڭ ۋە رەڭنىڭ ئاچ-توقلۇق دەرىجىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە ھەر خىل قىزىل ياكى سېرىق رەڭلەردىن تەشكىل تاپقان رەڭ تۇسلىرى ئىسسىق رەڭ تۇسىغا مەنسۇپ بولۇپ، خۇشال، قىزغىن كەيپىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ تۇرلۇك كۆك ياكى يېشىل رەڭلەردىن تەشكىل تاپقان رەڭ تۇسلىرى سوغۇق رەڭ تۇسىغا مەنسۇپ بولۇپ، غەمكىن ۋە قايغۇلۇق ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**رەڭ خىلى** <ك سەن> رەڭلەرنىڭ كۆرۈنۈشى بويىچە ئايرىلغان ھەربىر تۈرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، قۇياش نۇرى ئۈچ قىرلىق پرىزمىدىن ئۆتكەندە قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، سېرىق، يېشىل، زەڭگەر، سۆسۈندىن ئىبارەت ئالتە خىل نۇرغا ئاجرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن رەڭ خىلى بولىدۇ.

**رەڭ دەرىجىسى** <ك سەن> جىسىملار رەڭگىنىڭ ئاچ-توقلۇق دەرىجىسى.

**رەڭ سۈزگۈچ ئەينەك** <فىز> بىرخىل رەڭلىك سۈزۈك ئەينەك. ئۇنىڭدىن پەقەت مەلۇم خىلدىكى رەڭلىك نۇرلا ئۆتەلەيدۇ، قالغان نۇرلار سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ. فوتو سۈرەت تارتىشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم نۇرلار سۈمۈرۈۋېلىنىپ، تارتىلغان سۈرەتنىڭ رەڭگى ئۆزگەرتىلىدۇ. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى سېرىق ۋە سارغۇچ يېشىل رەڭلىك ئەينەك بولۇپ، كۆپىنچە ئەينەك ياكى سۇلياۋدىن ئىشلىنىدۇ.

**رەڭ سېزىمى** <ك سەن> ھەر خىل نۇرلارنىڭ كۆرۈش تور پەردىسىدە ئەكس ئېتىشىدىن ھاسىل بولغان سېزىم.

**رەڭ قارىغۇسى** <نىب> كۆزنىڭ كۆرۈش تور پەردىسىدىكى بىگىزسىمان ھۈجەيرىلەر ئىچىدە بەزى تەركىبلەرنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان رەڭنى پەرق ئېتەلمەسلىك كېسىلى. دائىم ئۇچرايدىغانلىرى قىزىل، يېشىل رەڭ قارىغۇسى بولۇپ، كېسەل كىشى قىزىل، يېشىل ئىككى خىل نۇرنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، يەنە قارا رەڭنىلا كۆرۈپ، باشقا رەڭلەرنى پەرق قىلالمايدىغان تولۇق رەڭ قارىغۇسىمۇ بولىدۇ. رەڭ قارىغۇلۇقى ئەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، تولاراق تۇغما بولىدۇ.

**رەڭلەرگە ئاجرىلىش** <فىز> مۇرەككەپ رەڭلىك نۇرنىڭ پرىزمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاق رەڭلىك نۇرلارغا ئاجرىلىش ھادىسىسى.

**رەڭ ئۆلچىگۈچ** <كىنو> رادىئاتسىيە ئېنېرگىيىسى تەركىبىدىكى سپېكتىر مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان بىرخىل ئەسۋاب.

**رەڭ ئېلمى** <ك سەن> ← رەڭشۇناسلىق.

**رەڭ-بوياق** رەڭ ۋە بوياق: تەرەققىيات مەنزىرىسىنى رەڭ-بوياق بىلەن سىزىپ كۆرسىتىش ئاسان، ئاددىي ئىش، ھېم. لېكىن، بىلمەنكى، ئۇنى تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

**رەڭدار** سۈپ (پ) ① بىرەر رەڭدە بويالغان؛ رەڭلىك: رەڭدار قەغەز. رەڭدار كىگىز. * توي-تۆكۈن، مەشرەپ-ئولتۇرۇش دېگەنلەرنىڭ باغقى رەڭدار بولۇشى لازىم ئىكەن. * ئەزىز قەشقەر سېغىنغاچقا سېنى مەن كۆرگىلى كەلدىم، گويا جىنەستىدەك رەڭدار لېۋىڭنى سۆيگىلى كەلدىم. ② كۆچمە. گۈزەل، چىرايلىق: ئارتىسلار بولسا، سۇ بويلىرىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ رەڭدار گۈللەردىن تۇتام-تۇتام دەستىلەر تىزماقتا. * سېنىڭ رەڭدار جامالىڭنى ئەگەر زۇمرەتكە ئوخشاتسام، كىشىلەر كالتە پەمىمگە كۈلۈپ ھەيران قالار، ئىلقا.

**رەڭدار پەردە** <بىئول> كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى تەركىبىدە پىگمېنت بولغان ھالقىسىمان نېپىز پەردە. ئۇ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلىق ھۈجەيرە ۋە مۇسكۇل تالالىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا كۆز قارىچۇقى بولىدۇ. كۆز ئالمىسى رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشى رەڭدار پەردە تەركىبىدىكى پىگمېنت مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپ-لۈكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

**رەڭدار توخۇ** ئى (رەڭدار+توخۇ) <زوئول> بىر خىل قۇش. شەكلى قىرغاۋۇلغا ئوخشايدۇ. ئەركىكىنىڭ بېشىدا ئالتۇن رەڭلىك تاجى بولىدۇ، بويىنى سارغۇچ، دۈمبىسى قېنىق يېشىل ۋە سۆسۈن ئار-لاش كېلىدۇ، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولىدۇ. چىشىسىنىڭ پەيلىرى توق قوڭۇر كېلىدۇ. كۆپىنچە كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ.

**رەڭدار شىشە بويۇملار** ئەينەك ياسى-لىدىغان خام ماتېرىياللارغا ھەر خىل بوياقلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئىشلەنگەن ھۈنەر-سەنئەت مەھسۇلاتلىرى.

**رەڭدارلىق** «رەڭدار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەگەر بۇ يەرنىڭ ئالمىسىنى چىشلەر بولساڭ سۈت ياكى كەمپۈت تېتىيدۇ. بۇنداق ئالمىلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ تولىلىقى، رەڭدارلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

**رەڭداش** سۈپ. رەڭگى بىر-بىرىگە ئوخشاي-دىغان، رەڭگى بىر خىل.

**رەڭداشلىق** ① «رەڭداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى <زوئول> بەزى ھايۋانلارنىڭ مورفولوگىيىسى، رەڭگى ۋە تېنىدىكى ئالىسى باشقا خىلدىكى ھايۋان-لار، ئۆسۈملۈكلەر ياكى ئەتراپىدىكى باشقا جىسىملارغا ئوخشاپ قالغان ھايۋانلار-نىڭ ئۆزلىرىنىڭ شۇ خىل ئارتۇقچىلىقلىرى-دىن پايدىلىنىپ دۈشمەندىن قوغدىنىش ھادىسىسى. بۇ خىل ئەھۋال ھاشارا تلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يوپۇرماقسىمان كېپىنەكنىڭ سىرتى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ؛ بامبۇكسىمان قۇرتنىڭ تېنى بامبۇك بوغۇمىغا ئوخشايدۇ.

**رەڭسىز** سۈپ ① رېڭى يوق، بىرەر رەڭگە ئىگە بولمىغان؛ تۇسسىز: رەڭسىز سۇيۇقلۇق. * سۇ رەڭسىز بولىدۇ. * خۇددى فىزىكا سۇنى رەڭسىز، سوغۇق جىسىم دەپ ماھىيىتى بىلەن چۈشەندۈرگىنىگە ئوخشاش، بىزمۇ ھاياتنى بەزىبىر گۈزەل، ياش ۋە جەلپ قىلىدىغان يېتى چۈشىنىمىز. ② رەڭ بېرىلمە-

گەن، رەڭلىك ئەمەس: رەڭسىز گىلەم. ③ كۆچمە. رەڭگى ئۆچكەن، كۆرۈمسىز، يېقىمسىز، سەت: گۈلباھار بېشىنى غەزەپ بىلەن بۇراپ ھاياسىزلىق بىلەن ھېجىيىپ تۇرغان بۇ قەلبى زەئىپلەرگە شۇنچىلىك قاتتىق ھومايدىكى، ئۇلارنىڭ رەڭسىز يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. * ئۇنىڭ رەڭسىز يۈزى بىردىنلا غەزەپكە تولۇپ كەسكىنلەشتى.

**رەڭسىز فىلىم** <كىنو> رەڭسىز كىنو لېنتىسىغا ئېلىنغان فىلىم.

**رەڭسىزلەنمەك** پ. ئۆزىدىكى رەڭنى يوقاتماق، رەڭسىز ھالەتكە كەلمەك؛ سەتلەشمەك: بۇ خىل سۈيۈقلۇق خىمىيىلىك ئۇسۇلدا رەڭسىزلىنىدۇ. * رەڭسىزلىنىپ خۇنۇكلەشتى دۇنيادا، غالجىرلاشقان غالىبانە سۆلىتى. ئۇرۇش ئوتى ئۆزلىرىگە تۇتىشىپ، مۇئەللەقتە قالدى ياۋۇز جۇرئىتى.

**رەڭشۇناس** ئى <گ سەن> مەخسۇس رەڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، مۇتەخەسسىس.

**رەڭشۇناسلىق** ئى <گ سەن> رەڭنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم: قەدىمكى ئىمارەتلەرگە دائىر قۇرۇلمىشۇناسلىق، مېخانىكا، ئېستېتىكا، رەڭشۇناسلىق، بىناكارلىق ۋە ھۈنەر-سەنئەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىۋېلىش لازىم.

**رەڭگ** ئى (پ) ① بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىدىكى بوياق، رەڭ: ئۈستەلنىڭ رەڭگى. قانىنىڭ رەڭگى. ② يۈز، چىراي، تەلەت: رەڭگى تاتارماق. رەڭگى ئۆچمەك. رەڭگىنى ئاچماسلىق. * خەلپىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋەزىر جەپەرنىڭ ھەممە ئەزاسى تىترەپتۇ، رەڭگىدىن قان قېچىپتۇ. * دىۋىنىڭ باللىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ رەڭگىدە قان دىدارى قالماپتۇ.

**رەڭگى ئاقارماق** ← **رەڭگى تاتارماق**: ئالماسنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى.

**رەڭگى تاتارماق** ① چىرايىدىن قان قاچماق، چىرايى ئاقارماق: غوپۇر ئۆيگە كىرگەندە رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن ئايالى ئەمدى ئىڭراشقىمۇ ھالى قالماي، تولغۇنۇپ ياتاتتى. ② كۆچمە. قاتتىق قورقماق: «سوقۇش» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا ئۇنىڭ رەڭگى تاتىراتتى. * مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي بۇلۇم باشلىقىغا قارىدىم. ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

**رەڭگىنى ئاچماسلىق** چىرايىدا خۇش خۇيلۇق تەبەسسۇم پەيدا بولماسلىق؛ چىرايىنى ئاچماسلىق: – گەپنى ئاز قىلىڭ، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆيدە يالغۇز قېلىپ ئارام ئېلىۋالاي، – دېدى قەمەرنىسا رەڭگىنى ئاچماي.

**رەڭگى ئۆچمەك** رەڭگى ئۆزگەرمەك، چىرايى تۇتۇلماق، چىرايىدىن خاپا ياكى نارازىلىقى بىلىنمەك: تاشۋاي رەڭگى ئۆچكەن ھالدا بىر پىيالە چاي ئەكىلىپ، بوۋايغا سۇنىدۇ. * رەڭگى ئۆچكەن پەزىلەت بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ جاۋاب بەردى.

**رەڭگى ئۆڭمەك** ← **رەڭگى ئۆچمەك**: ئىسمائىل سوپىۇمنىڭ ئۇشتۇمتۇت رەڭگى ئۆڭۈپ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك، بىردە تۇرسۇننىڭ كۆزىگە، بىردە خالتىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

**رەڭگارەڭ** سۈپ (پ) ھەر خىل رەڭدىكى، رەڭمۇرەڭ: شەرىپە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە يولنىڭ نېرىقى قېتىدىكى گۈللۈكتە پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرگە

كۆز تاشلىدى. * خوتۇن-قىزلارنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملىرى بىلەن ئۇششاق باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىر مەرىكە مەنزىرىسىنى ئەسكە سالاتتى.

**رەڭگ-رۇخسار** ← رەڭگىروي: ئۇزاق مەزگىل كۈن نۇرى كۆرمەي قاراڭغۇ ئۆيدە ياتقان ئادەمنىڭ رەڭگى-رۇخسارى شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. * ئۇ كۆڭلى ئېنتىلىپ تۇرغان بىر يىگىتنىڭ رەڭگى-رۇخسارىغا قاراپ تويۇۋېلىشتەك ئامەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر بەختىيارلىق سېزەتتى.

**رەڭگى-روھى** (توغرىسى: رەڭگىروي) ← رەڭگىروي.

**رەڭگىروي** ئى (رەڭگ+ى+روي) ئادەمنىڭ چىرايى، يۈز-كۆزى: ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس (ماقال). * ھوشۇر مىرابنىڭ رەڭگىرويى تامدەك تاتىرىپ، ئاقىرىپ كەتكەن قويۇق ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. * «كۈن سەل كەچ كىرگەندىن كېيىن بىر-بىرىمىزنىڭ رەڭگىرويىمىزنى پەرق قىلالماي قالىمىزمۇ تېخى» دەپ ئويلىدى ئۇلار.

**رەڭلەنمەك** رەڭ بىلەن بويالماق، رەڭگە كىرمەك: ئۇدۇلدىكى ئىشكاپ ئۈستىگە نۇرغۇن كىتابلار تىزىلغانىدى. ئىشكاپ تاقالغان تامغا ھەر خىل قول سىزما رەسىملەر ئېسىلغان بولۇپ، چىمەنگۈلنىڭ ئالاھىدە رەڭلىنىپ سىزىلغان رەسىمى مەنزىرىلەر ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * داۋۇتنىڭ كۆز ئالدىدا بويىغا يەتكەن، ساغلام، يۈزلىرى ئالمىدەك رەڭلىنىپ تولغان بىر قىز تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. * زەيتۇنەم قىزاردى، خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك رەڭلىنىپ قىزاردى.

**رەڭلىك** سۈپ ① رەڭگى بار، رەڭ بېرىلگەن، رەڭ بىلەن بويالغان، رەڭدار: رەڭلىك رەسىم. * ياتاق ئىچىدە بولغان چوڭراق ئۆزگىرىش – بىر كارىۋاتنى ئارتۇق جۇپلەش، ئۆينىڭ تۆرىگە سادىق بىلەن رەيھاننىڭ بىر جۈپ ئۆلچەملىك رەڭلىك سۈرىتىنى يانمۇيان قىلىپ ئېسىشلا بولدى، خالاس. * كۈن پاتقان، شەھەر ئۈستىنى ئالتۇن رەڭلىك چاڭ قاپلىغانىدى. * ھامان ئايرىلمىغان سىركۈل، قەلەم، رەڭلىك قېرىنداشتىن. ساناقسىز تۈننى ئۆتكۈزگەن، سىزىق-چېرتيوژ سىزىپ باشتىن. ② چىرايلىق، ئۇز: ئالمىدىن رەڭلىك ئىدىم، رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق. ئۇندىسەڭ يېنىڭدا مەن، ئۇندىمىسەڭ كەتتىم يىراق.

**رەڭلىك باسما** <مەت> رەڭلىك سۈرەتلەرنى بېسىپ چىقىرىدىغان باسما. بۇنىڭدا تەكشى بەت بىلەن كۆپۈنكى بەت نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ، ھەربىر قېتىدا بىردىن رەڭ خىلى بېسىپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە قىزىل، سېرىق ۋە كۆكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسىي رەڭنى ئۈستى-ئۈستىلەپ بېسىش ئارقىلىقمۇ ھەر خىل رەڭلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**رەڭلىك تېلېۋىزور** يالتىراق ئېكرانىدا رەڭلىك كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلالايدىغان تېلېۋىزور. تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا، جىسىملارنىڭ سۈرىتى رەڭ ئايرىش ئەينىكى ئارقىلىق قىزىل، يېشىل، سېرىقتىن ئىبارەت ئاساسىي رەڭلەردىكى ئۈچ كۆرۈنۈشكە ئاجرىتىلىپ، سۈرەتكە ئېلىش لامپىسى ئارقىلىق ئۈچ گۇرۇپپا ئېلېكتر سىگنالىغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن سىرتقا تارقىتىلىدۇ. رەڭلىك تېلېۋىزور قوبۇل قىلىۋالغان بۇ ئېلېكتر سىگناللىرىنى قايتىدىن سۈرەتكە

ئايلاندۇرۇپ يالتىراق ئېكراندا كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئاساسىي رەڭلەردىكى بۇ ئۈچ كۆرۈنۈشنى قايتىدىن بىرلەشتۈرۈپ، بىرلا كۆرۈنۈش قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ.

**رەڭلىك ساپال** <ئارخېئول> يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى بىر خىل ساپال بۇيۇملار. ئۈستىگە ھەر خىل رەڭدە گۈل ۋە نەقىشلەر سىزىلغان، دەسلەپ بوياق بېرىلىپ، ئاندىن خۇمدانىدا پىشۇرۇلغان. رەڭ-بوياقلىرى ئۆچمەيدۇ.

**رەڭلىك سىنئالغۇ** تېلېۋىزىيە سۈرەتلىرىنى ئەسلىي رەڭگى بويىچە خاتىرىلىيەلەيدىغان ۋە تېلېۋىزور ئېكرانىدا قايتا كۆرسىتەلەيدىغان سىنئالغۇ.

**رەڭلىك فوتوگرافىيە** <گ سەن> نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى ئەسلىي رەڭگى بويىچە تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان بىرخىل فوتوگرافىيە.

**رەڭلىك فىلىم** <كىنو> رەڭلىك كىنو لېنتىسىغا ئېلىنغان، يەنى نەرسىلەرنى ئەسلىي رەڭگى بويىچە ئېكراندا كۆرسىتەلەيدىغان فىلىم.

**رەڭلىك مېتال** <كېئول> تۆمۈر، مانگان ۋە خرومدىن ئىبارەت قارا مېتاللاردىن باشقا بارلىق مېتاللارنىڭ ئورتاق نامى. مەسىلەن، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، سىماب، سىنك، سۈرمە قاتارلىقلار.

**رەڭلىك نۇر** <فىز> رەڭگى بار نۇر. ئاق رەڭلىك نۇر پىرىزمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەتتە خىل رەڭلىك نۇرغا ئاجرىلىدۇ.

**رەڭمۇرەڭ** ① تۈرلۈك رەڭلەردىكى، ھەر خىل رەڭدىكى، رەڭگى ھەر خىل: رەڭمۇرەڭ گۈللەر. * پارتىيەمنىڭ يولى كەڭ، ھەممىزدە ھوقۇق تەڭ، ئېچىلدى گۈل رەڭمۇرەڭ، بەختى كۈلگەن زامان بۇ. ② تۈرلۈك-تۈمەن، خىلمۇخىل، ھەر خىل: رەڭمۇرەڭ بولاي دەيمەن، ھېچنېمە رەڭ بولالمايمەن (ماقال). * ئۇ يەر رەڭمۇرەڭ كىلەملەر بىلەن ئالاھىدە زىننەتلەنگەن جاي ئىكەن. * ئۇيغۇر خەلقى مۇشۇ ئاساسىي كۈي قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ رەڭمۇرەڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن.

**رەڭۋاز** ئى (پ) كۆز بويامچى، ئالدامچى، ساختىپەز ئادەم: كىمكى بولسا رەڭۋاز گەر شېكەر تىللىق، قارا دىللىق، قىلار رەسۋايى-مات ئالەم ئىچىپ ئەسلىي قىياپەتنى. * مەيلى كۈلسۇن، يىغلىسۇن ۋە مەيلى تەھدىت سالمىسۇن، بۇلغىنىپ ئىچمە قېتىق پەرى نىقاب رەڭۋاز بىلەن.

**رەڭۋازلىق** ① «رەڭۋاز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: زۆرۈر تېپىلسا ئۇ ئۆز رەقىبلىرىدىن قان چىقارماي جان ئالىدىغان ئاجايىپ رەڭۋازلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن ۋىلايەتكە مەشھۇر ئىدى. * ئۇ بىزنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن رەڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ.

**رەڭۋازلىق قىلماق** كۆز بويامچىلىق، ئالدامچىلىق قىلماق؛ ساختىپەزلىك قىلماق: بۇنى كۆرۈپ ئۆز كۆڭلۈمدە مېھىر-شەپقەتلىك دېگەن چىرايلىق نامنى قازىنىش ئۈچۈن شۇنداق رەڭۋازلىق قىلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانىدىم.

**رەللە** ئى. ئىچى تىت-تىت بولۇش، تاقەتسىزلىنىش؛ ئاچچىقلىنىش: ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي رەللە بولۇشقا باشلىدى. * بۇنى كۈتمىگەن ئوفىتسېر تېخىمۇ رەللە بولۇپ سەپرالىشىپ كەتتى، بىر كۈندىلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. * خەنزۇچە ئۆگىنىش ھازىر مېنىڭ بىرىنچى ۋەزىپەم، قاچانمۇ خەنزۇ

تىلىدىكى رومانلارنى ئوقۇغۇدەك بولارمەن دېسەملا رەللە بولمەن.

**رەللە بولماق** ئىچى تىت-تىت بولماق، تاقەتسىزلەنمەك، ئاچچىقلانماق: ئۇ سەينا-نىڭ ئىچىدە ئۇ ياندىن بۇ يانغا مېڭىشقا باشلىدى ۋە ئىچ-ئىچىدىن رەللە بولۇپ، زادى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. * مەزىن رەللە بولدى، مەيدىسىدە خۇددى بېدىدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن ساقىلىنى چاڭگاللاپ بېشىنى چايقىدى.

**رەللە قىلماق** ئىچىنى تىت-تىت قىلماق، تاقەتسىزلەندۈرمەك، ئاچچىقىنى كەلتۈر-مەك: ئۇلارنىڭ بۇ بەتبەختىنى يەنە بىر قېتىم كۆككە كۆتۈرۈپ كېتىشى كىشىنى ھەقىقە-تەن رەللە قىلىدۇ. * بۇ ئىش چوڭ ئاپامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغىنى بىلەن داۋۇت ئاكامنى مۇشۇنداق رەللە قىلىدۇ.

**رەم** ئى (ئە) خۇراپاتلىقتا بىراۋنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكى، تەلىيى، تەقدىرى قاتار-لىقلار ھەققىدە گويا «ئالدىن خەۋەر بېرىدىغان» پائالىيەت؛ پال: رەم ئاچماق. رەم سالماق. رەم باقماق. * ئۇ قېلىن كىتابنى ئېچىپ قويۇپ، رەم ئاچقۇزغۇچىلارغا خالىغانچە بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ قويۇپلا، ئۇلاردىن جىرىڭلاپ تۇرغان تەڭگىلەرنى ئېلىۋاتقۇدەك.

**رەم ئاچماق** خۇراپىي كۆز قاراش بويىچە بىراۋنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكى، تەلىيى، تەقدىرى قاتارلىقلار ھەققىدە گويا ئالدىن ئېيتىپ بەرمەك؛ پال سالماق، پال ئاچماق: — تۇغ باغلايمەن، كىتابىي رەم ئاچىمەن، قەستىنى ياندۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى. * بىركۈنى ئۇ شۇ چىراغىنىڭ يەر ئاستىدا بار-يوقلۇقىنى بىلىپ باققۇسى كېلىپتۇ ھەم قۇمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ رەم ئېچىپتۇ.

**رەم باقماق** ← **رەم ئاچماق**: ئۇ بىر كۆمۈكلۈك خەزىنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ خەزىنىنى ئېلىش ئۈچۈن پەقەت ھەسەن ماشىنىچىنىڭ ئوغلى ئالاھىدىن ئاتلىق بالىنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى رەم بېقىپ بىلگەنىكەن.

**رەم سالماق** ← **رەم ئاچماق**: داغىلە تۇۋرا ئەيياردىن ئالا-بۇلىماچ تاشلىرىنى ئېلىپ رەم سېلىپ كۆرۈپتۇ.

**رەمەتلىك** (توغرىسى: رەھمەتلىك) ← **رەھمەتلىك.**

**رەمبال** (توغرىسى: رەممال) ← **رەممال.**

**رەمچى** ئى. رەم ئاچىدىغان، رەم سالىدىغان كىشى؛ پالچى: رەمچىنىڭ رېمىدىن ئۆزۈڭنىڭ خىيالى دۇرۇس (ماقال). * رەمچى سالىدۇ رەمنى، كۆڭۈلگە سالىدۇ غەمنى (ماقال). * پالچى، باخشى، رەمچىلەر، گال باقار ئالدامچى-لار. داخان بىلەن پېرىخۇنلار، ھەممىسى يالغانچىلار.

**رەمچىلىك** ئى. رەم بېقىش ئىشى، پالچىلىق: رەمچىلىك قىلماق. * ئاسترونومىيە ۋە باشقا ئىلىم، سەنئەت ئۇتۇقلىرى دەپنە قىلىندى، ئۇنىڭ ئورنىنى رەمچىلىك، داخان، پېرىخۇنلۇق ئىگىلىدى.

**رەممال** ئى (ئە) ← **رەمچى**: ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئاز-تولا ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما بىگى مەكتەپ ساۋاتىدىن ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولغاچقا «داخان»، «باخشى»، «رەممال» دېگەن بىرنېمىلەرگە ئەسلا ئىشەنمەيتتى.

**رەمماللىق** ئى ← **رەمچىلىك**: رەمماللىق قىلماق. * ئۇ رەمماللىقتىن خەۋەردار بولغاچقا بىر پال ئېچىپ، چۆچۈگەن ھالدا: — بۇ چوڭ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى، — دەپتۇ.

**رەمتى** (توغرىسى: رەھمىتى) ← رەھمىتى.

**رەنا** (ئە) سۈپ ① كېلىشكەن، گۈزەل، چىرايلىق: بۇ قىز بۇرۇنقى ئىككى قىزغا قارىغاندا تېخىمۇ كېلىشكەن ۋە يەنىمۇ رەناراق ئىكەن. * ۋەتىنىم مېھرىڭ قۇياش، ئىشقىڭ ھامان ئەلا ماڭا. مېھرىڭدىن بۆلەك لازىم ئەمەس ھېچبىر رەنا ماڭا. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رەناگۈل** ئى (رەنا+گۈل) ① <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 10ــ20 سانتىمېتر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى تۇۋى ۋە غولىدا بولىدۇ. تۇۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى ئىككى قايتىلىنىپ، پەيسىمان تولۇق يېرىلىدۇ. گۈلى ئاق كېلىدۇ. تيانشان تاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 2600 — 3000 مېتر ئېگىز كېلىدىغان ئوتلاقلىرىدا ئۆسىدۇ. ② قىزلارنىڭ ئىسمى.

**رەنالىق** ئى. گۈزەللىك، چىرايلىقلىق: دىلبىرىم سەندەك جاھاندا، ھېچلا كىم رەنا ئەمەس. شۇ سېنىڭ رەنالىقىڭغا، مەندەك ساڭا شەيدا ئەمەس.

**رەنە** ئى (ئە) ← **گۆرۈ**: رەنگە قويماق. * ئۈچ-تۆت يىلغا بارماي يېرىمىزنىڭ مۇقىم پارىقى رەنە ۋە باشقا ئالۋانلارنى بېرەلمەستىن يەرنى سېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئادا تاپتۇق.

**رەنگە قويماق** ← **گۆرۈگە قويماق**: نەق پۇلى بارلار نەق پۇل تۆلىدى، نەق پۇلى يوقلار پۇلغا يارىغۇدەك سەرەمجانلىرىنى ئېلىشقا ساتتى ياكى رەنگە قويدى. * ئۇ مېنىڭ غىزا ئەسۋابلىرىمنى ئۆتنە ئېلىپ رەنگە قويۇشنى ئويلاپتۇ.

**رەنج** ئى (ئە) يېز ت ① كۆڭۈلگە، دىلغا يەتكەن ئازار، خاپىلىق، دەرد، ئەلەم: رەنج تارتماق. * ئۇ، كېسەلمەنلەرنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇش قاتارلىق خىسلەتلىرى بىلەن باشقا قىزلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. * رەھىم قولىدىن كېلىشىچە، خەقنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولىدىغان ئادەم. ② ئازاب، جاپا، مۇشەققەت: تىكەننىڭ رەنجىدىن قورققان كىرەلمەس بۇ چىمەن ئىچرە، جاپانى جانغا راھەت بىل، ساڭا دىدار كېرەك بولسا.

**رەنج تارتماق** كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقماق، خاپىلىق تارتماق: بىز ئۆمرىدە رەنج تارتمىغان بۇ ئەر-خوتۇنلارنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق، كۆزلىرىدىكى دەرد-ئەلەم ئىپادىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر بەختسىزلىك سادىر بولغان ئوخشايدۇ دېگەن تونۇشقا كەلدۇق.

**رەنج-بالا** دەرد-ئەلەم، بالا-قازا: مەن ھاياتلىقىمدىكى ھەممە رەنج-بالاغا سەۋر قىلىمەن. * دۇنياغا كېلىپ رەنج-بالانى كۆرۈپ ئۆتتۈم، ئول رەنج-بالا دەشتىدىن ئۆرگىلىپ ئۆتتۈم.

**رەنجداش** ئى. يېز ت. بىر كىشى، نەرسە ياكى ئىشتىن ئۆزى بىلەن تەڭ رەنجىگەن كىشى: بىئەقىل قولىدا قانغا بويالغان، گۆھەرسىز كۆزۈمدە ئاقار ياشىم بار؟ ئىشتىگىل خۇنۇم بار ئۇنىڭدا مېنىڭ، شۇ كەبى نامەردكە رەنجداشىم بار.

**رەنج-مۇشەققەت** رەنج ۋە مۇشەققەت: ھاتەم پەرىلەر غايىب بولغان يەرگە قاراپ ماڭدى. كۆپ رەنج-مۇشەققەتلەر تارتىپ، ئۇ يەرگە يېتىپ باردى.

**رەنجىتمەك** «رەنجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشىنى رەنجىتمەك. * دۇكاندىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئۆتكەن قېتىم ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورىدىم. * — مەن ئۆزۈمگە باقماي تولىمۇ

قوپال، ئاسانلا كىشلەرنى رەنجىتىپ قويمەن، – دېدى ئۇ.

**رەنجىتىلمەك** «رەنجىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رەنجىش** «رەنجىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: قانچە قېتىملاپ كۆڭلى تەرەپتىن رەنجىشكە ئۇچرىغان بۇ كىشىنىڭ كۆزى ئاۋۋالقىدەكلا پاك مۇھەببەت ۋە سەممىي ئەقىدە بىلەن كۆڭلىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

**رەنجىشلىك** سۈپ. رەنجىش، ئاغرىنىش تۇسىنى ئالغان؛ رەنجىشكە تېگىشلىك: بۇ بىر رەنجىشلىك ئىش بولۇپتۇ. // – تولا يىغلاپ، كۆزىمىزنىڭ يېشمۇ قۇرۇپ كېتەي دېدى، بىزنىڭ ئەرز خەتلىرىمىز ئوردا بەگلىرىنىڭ يانچۇقىدىلا تىتىلىپ تۈگەيدۇ، – دېدى توربىاق موللا راجى رەنجىشلىك بىلەن.

**رەنجىشمەك** «رەنجىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆي ئىگىسىنىڭ يامان گېپىدىن قاتتىق رەنجىشتى. * بوۋاي ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن رەنجىشىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتىنى كۆرگەندىن كېيىنلا سۆز ئاچتى.

**رەنجىمەك** پ. دىلى ئازار يېمەك، خاپا بولماق، نارازى بولماق: خەمىت كىچىكىدىن بىر مەھەللىدە بىللە چوڭ بولغان، مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىدا ئۆزىگە ئوخشاش ھۇجۇمچى بولۇپ ئوينايدىغان دوستى دىلشاتتىن رەنجىدى. * رەنجىدىمەن سېنىڭدىن، ئەقىدەمنى بىلمىدىڭ. سېلىپ قويۇپ پىراققا، تاشلاپ كەتتىڭ، كەلمىدىڭ.

**رەندە** ئى (پ) ياغاچ ماتېرىياللىرىنى قىرىپ سىلىقلىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان، ئوتتۇرىسىغا پولات تىغ ئورنىتىلغان دەستىلىك ئەسۋاب.

**رەندىلە تكۈزمەك** «رەندىلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رەندىلە تمەك** «رەندىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچنى رەندىلەتمەك، شالنى رەندىلەتمەك.

**رەندىلەش** «رەندىلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: رەندىلەش پىچىقى. رەندىلەش ستانوكى.

**رەندىلەش پىچىقى** <ماشن> رەندىلەش ستانوكىغا ئورنىتىلىدىغان ۋە دېتاللارنى شىلىپ سىلىقلايدىغان پىچاق. ئادەتتە ئۇ ستانوكنىڭ پىچاق قوندىقىغا مەھكەم ئورنىتىلىپ، دېتاللار بىلەن نىسپىي قارىمۇقارشى ھالەتتە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ماتېرىياللارنى رەندىلەيدۇ.

**رەندىلەش ستانوكى** <ماشن> ستانوكنىڭ بىر خىلى. مېتال ماتېرىياللار يۈزىنى رەندىلەش ۋە ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۈز سىزىقلىق ئېرىقچىلارنى چىقىرىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**رەندىلەش ئىشچىسى** <ماشن> مەخسۇس ياغاچ ياكى مېتال ماتېرىياللىرىنى رەندىلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى.

**رەندىلەش ئىشى** ياغاچ ياكى مېتال ماتېرىياللىرىنى رەندىلەپ سىلىقلايدىغان بىر خىل ئىش تۈرى.

**رەندىلەنمەك** «رەندىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاختاي رەندىلەندى. ياغاچ رەندىلەندى.

**رەندىلىتىلمەك** «رەندىلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغاچ رەندىلىتىلدى.

**رەندىلىمەك** پ. ياغاچ ياكى مېتال ماتېرىياللىرىنى رەندە ياكى رەندىلەش ستانوكى ئارقىلىق سىلىقلىماق: قېيۇم ئۇستا ئون دانە دېرىزىنى پۈتكۈزۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەنە ئون دانە جوزىنىڭ ماتېرىياللىرىنى رەندىلەپ بولۇپ، چېتىق ۋە تۆشۈكلەرنى ئۆلچەپ سىزىۋاتاتتى.

**رەھبەر** ئى (پ) ① يولباشچى، باشلىق: يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قاتناشتى. * قىزىق گەپلەر بىلەن غىزا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلار تارقاپ كەتتى. ئۆيدە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن ھېلىقى ئىككى كىشى قالدى. ② تەلىم-تەربىيە بەرگۈچى، يوليورۇق كۆرسەتكۈچى؛ ئۇستاز: بۇ ئەسلىمىلەر جانىمقانىنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇگۈن يەنە بىر نۆۋەت ئۆتكىنىدە، ئۇ يېقىملىق پىچىرلىدى: «ئەخمەتجان ئەپەندىم بىزگە رەھبەر ھەم بىزنىڭ ئۆز ئاتىمىز».

**رەھبەرلىك** ① «رەھبەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى. سىياسىي رەھبەرلىك. * پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش لازىم. ② سۈپ. باشقۇرۇش ئىشىنى ياكى مەلۇم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان: رەھبەرلىك بەنزە. * مۇئاۋىن يېڭجاڭ ئابباس ئۆز شاگىرتى سىدىقنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى. * بۇ زاۋۇت ئىشچى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، رەھبەرلىك گۇرۇپپا تەشكىللەپ پۇختا تاييارلىق قىلدى. ③ ئى. بىرەر ئىدارە ياكى كوللېكتىپنى باشقۇرىدىغان رەھبىرىي ئورگان، تەشكىل: مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشلىرى كېرەك. * بەلكىم مېنىڭ ئەھۋالىمنى باشقىلار رەھبەرلىككە يەتكۈزۈشنى ئېيىدىن چىقىرىپ قويغاندۇ.

**رەھبەرلىك قىلماق** باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىمەك، باشقۇرماق: ئالدى تەرەپتىكى تەشمىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىغا كونا كارىزچى بارات ئاكام رەھبەرلىك قىلسا، ئارقا تەرەپتىكى تەشمىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىنى باسىت ئاكام ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. * – سىلەرگە شۇ يەردە بىر يولداش رەھبەرلىك قىلىدۇ، – دېدى ئۇ پارتىزانلارغا.

**رەھبىرىي** سۈپ (پ+ئە) رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان، رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئائىت: بىزگە مەلۇمكى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئالدىغان ئىش ھەققى كۆپرەك بولىدۇ. * يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ۋە ئورۇمچى قىسىملىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلار قاتناشتى.

**رەھمان** ئى (ئە) يىز ت. شەپقەت قىلغۇچى، شەپقەتلىك ئاللا: يا رەھمان، يا رەھىم. * ئۆمرى ئىچرە تاشقىرىغا بىر بار چىقسا، دوست-دۈشمەنىنىڭ كۆز ئالدىدىن توغرا ئۆتسە، قالماس ئىدى شۇ دۇنيادا بىزدە ئارمان، نېسىپ ئەتسۇن بۇ تىلەكنى ئىگەم رەھمان.

**رەھمانلىق** ئى. شەپقەتلىك خىسلەت، مېھرىبانلىق: ئېغىرلىق – رەھمانلىق، يېنىكلىك – شەيتانلىق (ماقال).

**رەھمە** (توغرىسى: رەھىم) → رەھىم.

**رەھمەت** ئى (ئە) ① بىركىمگە بىلدۈرگەن تەشەككۈر ۋە مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەيدۇ: رەھمەت ئېيتماق. رەھمەت ئۇقۇماق. * ئاسىم بېشىنى ئېگىپ رەھمەت ئېيتتى. * دەپسەن ئۇكام خېتىڭدە، رەھمەت سادىق قەلبىڭگە. ناۋات سالغان بولاتتىم، يېقىن بولساڭ لېۋىڭگە. ② مەرھەمەت، شەپقەت، ياخشىلىق: – خۇدا رەھمەت قىلسۇن بېگىم، – دېدى بوۋاي خۇشال بولغان ھالدا.

**رەھمەت ئۇقۇماق** → رەھمەت ئېيتماق: شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا

ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ، بوۋاينىڭ پۇتىنى سۆيۈپ، رەھمەت ئوقۇپتۇ. * شاھزادە بوۋايغا يۈزمىڭ رەھمەت ئوقۇپ، ئاتنىڭ قىلىنى كۆيدۈرۈپتۇ.

**رەھمەت ئىپتىماق** بىركىمگە بولغان تەشەككۈرى ۋە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەك، رازىمەنلىكىنى ئىپادىلىمەك: شىرمۇھەممەت رەھمەت ئىپتتى ۋە نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ يەرگە قارىدى. * بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن قىسىم رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەر نامىدىن بارىكولدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە سەمىمىي رەھمەت ئىپتىمەن.

**رەھمەت-تەزىم** رەھمەت ۋە تەزىم: رەۋشخان موماي رەھمەت-تەزىمدىن كېيىن، دەرھال قەنتنى چېقىپ، بىر پارچىسىنى ئايقىزغا بەردى. * سوپۇم ئىنتىك ئورنىدىن تۇرۇپ قەمبەرخان ئاچىغا رەھمەت-تەزىم قىلىۋېتىپ، خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

**رەھمەتلىك** سۈپ. <دىن> خۇدانىڭ رەھمىتىگە لايىق، مەرھۇم (ۋاپات بولغان كىشى ھەققىدە): رەھمەتلىك ئاتام ماڭا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە مەن بولمىسام خاتىرجەم ئىسنە ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلمەيتتى. * — رەھمەتلىك تۆۋۇر خەلپىنىڭ جەسىتى ئورۇمچىدە قالغان بىلەن ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىللە. بىز ئۇ كۈنلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، — دېدى قوزغىلاڭچى ياشلارنىڭ بىرى. // يىگىت ئىدىڭ غەيرەتلىك، ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىك. نامىڭ قالدى ئۇنتۇلماس، بولۇپ كەتتىڭ رەھمەتلىك.

**رەھمىتى** ← **رەھمەتلىك**: ئاتاڭلار رەھمىتى ئۇ يامبۇنىڭ نەگە كۆمۈلگىنىنى ئېيتمىغانىدى. * ئۇ ئادەم مەھەللىمىزنىڭ شۇڭقارى ئىدى، رەھمىتى بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز، بېشىمىزنى سىلايدىغان ئاتىمىز ئىدى.

**رەھنەما** ئى (پ) يېز ت. يول كۆرسەتكۈچى، باشچىلىق قىلغۇچى، يېتەكچى: ئۇنىڭ خىيالىچە، ئۇستازى ياڭ زىڭشىننىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن يۈرت سوراش تەدبىرلىرى ئۆزى ئۈچۈن بىردىنبىر رەھنەما بولۇشى لازىم ئىدى. * يىل دېگەن ئالەمنىڭ ۋاقىت ھېسابى، ئىنسانلار بېرىدۇ ئۇنىڭغا مەنە. يىللار مەزمۇندار كېلىدۇ چوقۇم، چۈنكى بار رەھنەما پارتىيە مانا.

**رەھنەمالىق** ئى. يېز ت. باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك: دىلى قەست بىرلە تولغانلار، بىلەلمەس رەھنەمالىقنى، يېقىننى يات بىلىپ تۇتقاي يىراقتىن ئاشنالىقنى.

**رەھنىما** (توغرىسى: رەھنەما) ← **رەھنەما**.

**رەھىم** ئى (ئە) ① قىيىن، مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان بىركىمگە، نەرسىگە نىسبەتەن ئېچىنىش تۇيغۇسى ۋە شۇنداق تۇيغۇ تەسىرىدە كۆرسىتىلگەن شەپقەت، مېھىر-شەپقەت، مەرھەمەت، كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق: رەھىم قىلماق. رەھمى كەلمەك. * — ماڭا ھەقىقەتەن رەھىمڭىز كېلىپ، دەرد-ئەھۋالىمغا يەتمەكچى بولسىڭىز، رەھبەرلىككە ئېيتىپ، ئائىلەمگە يولغا سېلىپ قويۇڭ! — دېدى ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلىپ. * ئەرلەر كېتىپ ئالۋانغا، خوتۇنلار قالدى خاماندا. بۇلاپ كەتتى ئاشلىقنى، رەھىم يوقكەن زاماندا. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەھىم ئەيلىمەك** ← **رەھىم قىلماق**: بىر كەم ئوتتۇز يېشىمدا، قىسمەت يەتتى بېشىمغا، دۇئا بېرىڭ جان دادا، رەھىم ئەيلەپ ئىشىمغا.

**رەھىم قىلماق** قىيىن، مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان بىركىمگە، نەرسىگە نىسبەتەن

ئېچىنىش تۇيغۇسى تەسىرىدە شەپقەت كۆرسەتمەك، شەپقەت قىلماق، كۆيۈنمەك: ئۇلار زار-زار يىغلاپ «ھەي ئاكا بىزلەرگە رەھىم قىلىڭ، سىزگە خۇدا رەھىم قىلسۇن» دەپ يالۋۇرۇشۇپتۇ. * ئۇچى پال-پال تېرىكىم، تۇۋى تال-تال تېرىكىم. رەھىم قىلساڭ ئوتنى ئال، كۆيۈپ كەتتى يۈرىكىم.

**رەھمى كەلمەك** ئىچى ئاغرىماق؛ مېھىر-شەپقەت كۆرسەتمەك، كۆيۈنمەك: قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا رەھىم كەلدى. * ئۇ ئىپلاس ۋە ئېغىر ئىشنى ياخشى كۆرۈپ قىلىدىغان، كېسەل ۋە يارىدارلارغا رەھمى كېلىدىغان بولدى.

**رەھىمدىل** سۈپ (رەھىم+دىل) بىركىمگە ئازار بەرمەيدىغان، كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشنىلا ئويلايدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، شەپقەتلىك: رەھىمدىل ئادەم. رەھىمدىل كىشى. * مېھمانخانىنىڭ بىر رەھىمدىل خانىمى مېنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. * خوجايىنىنىڭ بۇنداق رەھىمدىل بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەيران قېلىشقان ئورمىچىلار بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

**رەھىمدىللىك** «رەھىمدىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: رەھىمدىللىك قىلماق. * — رەھىمدىللىكىنىڭ ھەممىسىنى خۇدايىم ساڭىلا بەرگەنمۇ تۇمۇر ئاكا؟ — دېدى ئامانقۇل ئۆزىنىڭ تېڭىقلىق يارىسىنى سىلاپ. * — ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالارغا مۇنچە رەھىمدىللىك قىلىشتىكى مۇددىئالىرىنى چۈشەنمىدىم! — دېدى تەيجى.

**رەھىمسىز** ① سۈپ. رەھمى يوق، كىشىگە رەھىم قىلمايدىغان، رەھىم شەپقەتنى بىلمەيدىغان، شەپقەتسىز: رەھىمسىز ئادەم. * ئېغىر تۇرمۇش، رەھىمسىز ئىجتىمائىي شارائىت ئۇلارنى قاتتىق قوللۇق، بىر سۆزلۈك، ئىرادىلىك قىلىپ چېنىقتۇرماقتا. * ئەپسۇسكى، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى. // رەھىمسىزنىڭ قولى قان (ماقال). ② رەۋ. رەھىم قىلماي، رەھىم قىلمىغان ھالدا، رەھىمسىزلەرچە: مۇستەقىل پرولېتارىيات ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. * سېغىنىش ۋە ئۈمىد قامچىسى مېنى رەھىمسىز قامچىلىماقتا ئىدى.

**رەھىمسىزلەرچە** رەۋ. رەھىمسىز كىشىلەرگە ئوخشاش، رەھىمسىزلىك بىلەن، ۋەھشىيلەرچە: ئۇنىڭ كۆزىگە غەزەپ-نەپرەتلىك بىر جۈپ كۆز رەھىمسىزلەرچە تىكىلگەنىدى. * گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئېتىنى بۇلىماقچى بولۇپ، زورلۇق ئىشلەتكەندە، جانبازلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن، ئاقسۇ 5-ئاتلىقلار پولكىنىڭ كوماندىرى ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

**رەھىمسىزلىك** «رەھىمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شاھزادىنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن باتۇر ۋارقىراپ خىزمەتچىلەرنى چاقىردى. * گومىنداڭ جاللاتلىرى ئاقسۇدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى مۇئمىنىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئونلىغان جەڭگىۋار ياشلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قولغا ئېلىپ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت سادىر قىلدى.

**رەھىم-شەپقەت** رەھىم ۋە شەپقەت؛ بىركىمگە ياكى نەرسىگە كۆرسىتىلگەن مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەت: ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى ئۇقمايمەن، ئەمما مەن رەھىم-شەپقەت قىلدى دېگەن ئويى بىلەن ناھايىتى خۇش بولدۇم-دە، يېنىك خۇرجۇنۇمنى ماشىنىغا تاشلاپ چىقىپ، ئارقىدىكى بوش جايدا ئولتۇردۇم.

**رەھىم-شەپقەتسىز** بىركىمگە ياكى نەرسىگە رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغان؛ كىشى ياكى نەرسىگە رەھىم قىلىشنى بىلمەيدىغان، مېھرىبان ئەمەس: رەھىم-شەپقەتسىز ئادەم. * بىز ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ رەھىم-شەپقەتسىز چوڭ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

**رەھىم-شەپقەتلىك** بىركىمگە ياكى نەرسىگە رەھىم-شەپقەت قىلىدىغان، رەھىمدىل، مېھرىبان، شەپقەتلىك: رەھىم-شەپقەتلىك ئادەم. * بىز ئۆسمۈرلەرنى ھەرقانداق شارائىتتا رەھىم-شەپقەتلىك قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم.

**رەھىملىك** سۈپ. بىراۋغا رەھىم قىلىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل، مېھرىبان: رەھىملىك كىشى. * بىز ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرىگە ھەرگىز رەھىملىك سىياسەت قوللانمايمىز. بىز رەھىملىك سىياسەتنى پەقەت خەلق ئىچىدىلا قوللىنىمىز.

**رەۋەت** ئى. جان ت. تاقەت، چىدام؛ رەغد، خاھىش: قەمەرنىسا ئىككىلىنىپ قالدى، باراي دېسە، ئانىسىنى يەنە كۆرۈشكە رەۋەتى يوق. بارسىلا، ئانىسى ئۇنى: «سەن مەن يوق چاغدا ئۆيىنى تاشلاپ كېتىپسەن» دەپ ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

**رەۋەن** ئى (پ) <بوت> ← **تۆگىقۇلاق**.

**رەۋەندە** ئى (پ) كونا جەمئىيەتتە دېھقانلاردىن ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىپ، باشقىلارغا يۇقىرى باھادا ساتىدىغان كىشى؛ ئاشلىق سودىگىرى: ئاتىسى ئۇ يان ئويلاپ-بۇ يان ئويلاپ، ئۇنى رەۋەندىگە ئېشەك ھەيدىگىلى چاكار قىلىپ بېرىپتۇ. * ياسىن پۇلنى سىقىملىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ، ئۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەۋەندىنىڭ دۇكىنىغا كېتىۋاتسا، بىر ئادەم پۈتۈن ئەزاسىنى قوتۇر باسقان ئورۇق بىر ئىتنى يوغان بىر يېرىندى ئوتۇن بىلەن ھەدەپ ئۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك.

**رەۋەندىچىلىك** ئى. كونا جەمئىيەتتىكى دېھقانلاردىن ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا سېتىش ئىشى: ئۇنىڭ سېتىپ بەرگىنى رەۋەندىچىلىك قىلىپ تاپقان پايدىسىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كەلمەيتتۇ. * يۇسۇپ چوڭ تۈگمەننى قولغا ئالدى، دەسلەپ غەللە يىغىپ پوستەكچىلىك قىلدى، كېيىن، ھەرقايسى بازار، يېزىلارغا قاتناپ رەۋەندىچىلىك قىلدى. رەۋەندىچىلىك ئاسان ۋە بەرىكەتلىك بولۇپ چىقتى.

**رەۋىش** ئى (پ) ① ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ يۈرۈشىدىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، ھالىتى؛ ئۇسۇل، تەرز، يوسۇن. ② <تىل> شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى: ۋاقىت رەۋىشى، ھالەت رەۋىشى.

**رەۋىشتە** رەۋ. ئۇسۇلدا، تەرزدە، ھالەتتە، تەرىقىدە، ئەھۋالدا، ھالدا: بۇلار ئىختىيارسىز رەۋىشتە بىر-بىرىدىن ئۇزاققىچە كۆزلىرىنى ئېلىشالمىدى. * شەيئىلەر ھامان ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بىرىنچى ھالەتتىن ئىككىنچى ھالەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

**رەۋىشداش** ئى (پ) <تىل> رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان پېئىل شەكلى.

**رەۋىشلەشتۈرمەك** «رەۋىشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قوشۇمچە سان ۋە مىقدارلارنى رەۋىشلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ،

ئۇلارنىمۇ رەۋىشلەشتۈرىدۇ.

**رەۋىشلەشمەك** پ. رەۋىش ھالىتىگە كەلمەك، رەۋىش رولىدا كەلمەك، رەۋىشلىك رولىنى ئوينىماق: رەۋىشلەشكەن سۆز-ئىبارىلەر. پېئىللارنىڭ رەۋىشلىشىشى. * ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشتىن باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ بولۇپمۇ ئىسىملارنىڭ بەزى گىرامماتىك شەكىللىرىنىڭ ياكى بەزى سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنىڭ رەۋىشلىشىش ئەھۋالى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**رەئىس** ئى (ئە) ① بەزى دۆلەت، دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە-گۇرۇھ ياكى بەزى ئىدارە، تەشكىلاتلار رەھبىرىنىڭ ۋەزىپە نامى ۋە شۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشى: دۆلەت رەئىسى. ئۆلكە رەئىسى. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. * ئۇيۇشما رەئىسى بىزنىڭ قولىمىزدىن كىتابنى ئېلىۋالدى. * يىغىن مەزگىلىدە ئەزالار مۇئاۋىن رەئىس ئابلىز مۇھەممەدنىڭ دائىمىي كومىتېت نامىدىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ② مەجلىسنى باشقۇرغۇچى شەخس، يىغىن رىياسەتچىسى: مەجلىس رەئىسى. رەئىس سەھنىسى. * يىغىن رەئىسى بوشىر قوڭغۇراقنى چېلىۋىدى، زال ئاستا-ئاستا تىنچلاندى. ③ كونا. دىنىي مۇراسىم ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر-نىڭ بېجىرىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى كىشى ۋە شۇنىڭدەك، ئۆلچەيدىغان نەرسىلەرنىڭ، جىڭ تېشى، تارازا قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان مەنسەپدار كىشى: دەل شۇ چاغدا ئىشان داموللا بىننى قۇددۇس مەۋلۇۋى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرگۈچىسى بەردى رەئىس ساقساق تەرەپتىن كېلىپ قالدى.

**رەئىسلىك** ① ئى. رەئىسلەر قىلىشقا، ئۆتەشكە تېگىشلىك خىزمەت، ئىش: سايلام داۋام-لاشتۇرۇلۇپ، سەپداشلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ل. مۇتەللىپنى تەشكىلات رەئىسلىكىگە، مۇنىرىدىن خوجىنى مۇئاۋىن رەئىسلىك بىلەن باش كاتىپلىقنى قوشۇپ ئۆتەشكە كۆرسەتتى. ② ئى. بىرەر مەجلىس، يىغىلىش، سوت قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئىشى، خىزمىتى: سوتقا رەئىسلىك قىلغۇچى كىشى ئورۇق ئىدى. ئاپئاق بۇرۇتلۇق بۇ قېرىنىڭ ئۇزۇنچاق ۋە مەيۈس يۈزىنى قورۇق باسقانىدى. ③ سۈپ. رەئىسكە خاس، رەئىسكە تەئەللۇق: ئەتىسى كۈن تۇغۇشى بىلەن ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات دىۋانغا كىرىپ، رەئىسلىك كۇرسىغا ئولتۇرۇپتۇ.

**رەئىشە** ئى (ئە) <تىب> ھەربىر سېكۇنتتا 3 — 8 قېتىم تىترەيدىغان كلىنىكىلىق كېسەل ئالامىتى. كېسەل قوزغاتقۇچىسى ئوخشاش ئەمەس، كۆپ ھاللاردا چوڭ مېڭە ياللۇغى، قان تومۇرلار قېتىشىش ۋە قېرىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، مۇسكۇللار قېتىپ تارتىشىدۇ، ھەرىكەت تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ ياكى ئازلايدۇ، ئۆزلۈكىدىن بولىدىغان ياكى ئاڭلىق قىلىنىدىغان ھەرىكەتلەرمۇ ئازلاپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك بىمار يۈزىدە خۇددى يالغان يۈزلۈك تاقىۋالغانغا ئوخشاش بىر خىل چىراينى پەيدا قىلىپ، بىمارنىڭ قىياپىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى، تەڭپۇڭلۇقى، گەپ-سۆزى، نەرسىلەرنى يۇتۇشى ۋە مۇسكۇلنىڭ تەرەڭلىك كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**رەئىيەت** ئى (ئە) يېز ت. پۇقرا، خەلق: — بۇ ساڭا رەئىيەتنى ئاسارەت ئىچىدە تۇتۇشقا ئۆگىتىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى خۇلاسىلاپ.

* شاھ تىلەر بولسا شاھلىق قىلماق، رەئىيەتتىن كېرەك ئەمەس ئايرىلماق.

**رەئىيە تىلىك** ئى. ئاددىي پۇقرالىق: رەئىيە تىلىككە قايتقان ئاز ساندىكى لامالار ئۆز ئىختىيارى بىلەن يەنە بۇتخانىغا قايتىپ كېلىمەن دېسە، ئۇلارغا ماقۇل دېيىش ۋە زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى بېرىش كېرەك.

**رەيھان** ئى (ئە) ① <بوت> رەيھانگۈل: گۈل-چىمەننىڭ تولىسى رەيھان ئىكەن، قوينى كەڭ، ئازادە ھەم پىنھان ئىكەن. * زوقىنى تارتىپ كۆڭۈلنىڭ، خۇش پۇراق رەيھان بولۇپ، تاڭ بىلەن كۈلدۈڭ ئېلىم نۇر چاقنىغان چولپان بولۇپ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رەيھانگۈل** ئى (رەيھان+گۈل) ① <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، سەل-پەل سۆسۈن كېلىدۇ. گۈلى ئاق ياكى قوڭۇر ئارىلاش ئاق كېلىدۇ. غول ۋە يوپۇرماقلىرى خۇش بۇي بولۇپ، پۇراقلىق ماتېرىياللار ئىشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە دورا تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رو** ئى (پ) <خىم> جان ت. ئالىيۇمىن: بۇ چۆگۈن رودىن ئىشلەنگەن. // رو قازان. رو چۆگۈن. رو ساپلىق.

**روبۇرو** (توغرىسى: روبىرو) ← **روبىرو.**

**روبىرو** (پ) ① ئى. مەلۇم بىرنەرسە ياكى سۆزلىگۈچىگە قارىمۇقارشى بولغان تەرەپ؛ ئالدى، ئۇدۇلى: سابىر بىلەن سەلىمە بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، گەمىنىڭ روبىروسىغا كېلىپ توختىدى. * نامان تۈلكە بېگىيەر يېزىسىنى كېسىپ ئۆتكەن چوڭ يولنىڭ روبىروسىغا چىقتى. ② رەۋ. يۈزتۇرانە، يۈزمۇيۈز، ئۇدۇلمۇئۇدۇل: ئۇلار شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىپ روبىرو ئولتۇرۇشتى. * مۇشۇ مىنۇتتا بىر-بىرىگە روبىرو قارىشىپ ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ قايسىسىغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك.

**روبىرو بولماق** ① ئۇدۇل تۇرماق، ئۇدۇل بولماق، روبىرولاشماق: رەيھان شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ ئادىلغا روبىرو بولۇپ ئولتۇردى. * گۈندىپاي شۇ سۆزنى ئېيتىپ، تاشۋاينى چوڭ-چوڭ ئېلىشقا قىستاپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا روبىرو بولۇپ كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى. ② كۆچمە. باراۋەر كەلمەك، تەڭ كەلمەك: قاسىمجاننىڭ كۆلىنساغا روبىرو بولالمايدىغان بىرلا يېرى بار، ئۇ بولسىمۇ بۇرۇن بىر قېتىم توي قىلىپ قالغانلىقى، بۇنى ئەيىب دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ③ دەلمۇدەل، بىرگە بىر بولماق؛ مامۇت روبىرو بولۇپ ئېلىشماقچى بولۇۋېدى، كەنجىنىڭ ئاللىقاچان سالغان بىر قىلىچ زەربىسى بىلەن ئات ئاستىغا يىقىلدى.

**روبىرو قىلماق** ئۇدۇللاشتۇرماق، توغرىلىماق: ئۇ قىزنىڭ مەڭزىلىرىنى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ كۆزلىرىنى ئۆز كۆزىگە روبىرو قىلدى.

**روبىرولاشماق** پ. روبىرۇ بولماق؛ دەلمۇدەل ئېلىشماق، كۈچ سىناشماق، رىقابەتلەشمەك، ئېلىشماق: بىر ئاي ئۇن كۈندەك ۋاقىتتىن بۇيان بۇ قان ئىچەر يالماۋۇزلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ مەيدانلىرىدا روبىرولاشتۇق، ھەربىر ئۇرۇشنى ئۆز غەلىبىمىز ھېسابىغا ئاخىرلاشتۇردۇق.

**روبىرى** (توغرىسى: روبىرو) ← **روبىرو.**

**روپ** ئى ← **روپ بولماق.**

**روپ بولماق** دىئال. ئادەتكە ئايلىنىپ قالماق، ئادەتلەنمەك.

**روپاش** سۈپ (پ) شەرىئەتتە يات ئەرلەرگە كۆرۈنمەيدىغان، تالا-تۈزگە چىققاندا يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالىدىغان (ئاياللار

ھەققىدە) : ئۇ يەردە پەرەنجە ئارتىۋېلىشقان روپاش ئاياللار، ھاسا تايىنىۋېلىشقان مويسىپىتلار- مۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. // ئېشەك يوقالسا روپاشتىن سوراپتۇ (ماقال). * ئۇ، شۇ ۋەجىدىن ئېرىنىڭ قانچە توسقىنىغا قارىماي يالغۇز قىزى خېلچەمنى ئەرزىمەس بىر سەۋەب بىلەن تۇنجى ئېرىدىن ئاجراشتۇرۇپ، ئۆيدە روپاش قىلىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

**روپاش قىلماق** يۈزى ئوچۇق ھالدا ئەرلەرگە كۆرۈنمەسلىككە، يۈزىگە چۈمپەردە تارتماي سىرتقا چىقماسلىققا ئادەتلەندۈرمەك: بۇ كىشى مېنى نىكاھىغا ئېلىۋېلىپ روپاش قىلىپ قويدى.

**روپاشلىق** «روپاش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**روپچىك** ئى. موزدۇزلۇقتا ئىچ چەم بىلەن باشلىقنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تىكىلىدىغان تاسما.

**روپىرا** (توغرىسى: روبىرو) ← **روبىرو.**

**روتا** ئى (ر) <ھەرب> ← **لىيەن.**

**روتور** ئى (ر<لات) <فىز> ئېلېكتر ماشىنىلىرى، تۇربىنا ياكى پومپىنىڭ ئايلىنىش قىسمى.

**روتىيل** ئى (ر<لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى $TiO_2$ . دانىچە ياكى كاللەك ھالەتتە بولۇپ، كۆپىنچە بېغىر رەڭ كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە ئۇ تىتان تاۋلاشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**روجەك** ئى. دېرىزىنىڭ كۆزنەك ئورنىتىلغان جازىسى؛ پەنجىرە: كېمە تاملىرىغا سۈرەت ئېسىلغان، ئىككى تەرىپىدىكى روجەكلەرگە گۈل ئويۇلغانىدى. روجەكنى ئېچىۋەتكەندە، پۈتۈن مەنزىرىلەر كۆزگە ئېنىق چېلىقاتتى. * ھەيۋەتلىك سارايمۇ ئوخشايدۇ گۆرگە، چۈشمىسە كۈن نۇرى يورۇق روجەكتىن. ھۇجرامدا گۈزەل نۇر قىلغاندا جىلۋە، چىن مېھرىم روجەككە ياغار يۈرەكتىن.

**روجەكلىك** سۈپ ① روجىكى بار، روجەك ئورنىتىلغان: روجەكلىك ئۆي. ② روجەك قىلىشقا بولىدىغان، روجەك قىلىشقا يېتە- دىغان: بىر روجەكلىك ياغاچ.

**روچۇن** ئى. قاناتلىرى پارقىرايدىغان، ئادەتتىكى چىۋىنلەردىن چوڭ بىر خىل چىۋىن: روچۇن بولسا كىشى، قانات تاقاپ ئۇچسا كىشى. دۇنيانى بىر چۆرۈلۈپ، ئۆز خىلىنى تاپسا كىشى. * ئىشتىياقىنىڭ دەردىدە ھېچ مادارىم قالمىدى، روچۇنىدەك سارغىيىپ ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.

**روداز** ئى. جۇۋا تىكىدىغان تېرىنىڭ تېشىل- گەن ياكى يىرتىلغان يېرىگە سېلىنىغان ياپراق شەكىللىك ياماق.

**رودۇ** سۈپ (پ) ① تېنى ناھايىتى ئورۇق، جىۋەك، كۈچسىز، ئەبگاھ؛ ئاجىز: رودۇ ئادەم. ② ھېچ نەرسىسى يوق، تۇرمۇشى قىيىن؛ گاداي، نامرات: — مۇشۇنداق بىر رودۇ دېھقان توخۇمدەك گۆھەرنى ئېلىپ كېتىۋاتسا، يولدا ئۇچرىغان ئامەتكە قول تىقمايمىزمۇ، — دېدى ئۇلار. // — ئەمىسە، نېمىگە يوغان سۆزلەيدىكەن ئۇ، رودۇ! — دېدى شاگىپۇ.

**رودۇپاي** (پ) ① ئى. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، پۈتى ئۆچەيگە ئوخشايدىغان، كىشىلەرگە ھاپاش بولۇۋالسا ئاجراتقىلى بولمايدىغان سۆڭەكسىز بىر مەخلۇق: رودۇپاي كالتەكتىن قورقىدۇ (ماقال). * — ئۇ خۇددى رىۋايەتتىكى رودۇپايىنىڭ ئۆزى دېيىلسە، يا نومۇسنى بىلمەيدىغان، يا مېنى خاتىرجەم يول ماڭغىلى قويمايدىغان دەردۇ بالاغا ئۇچرىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئايشەم قوشنىسىغا دەردىنى تۆكۈپ. ② سۈپ. كۆچمە. ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، چېكىدىن

ئاشقان ئۇششۇق، توخۇ پوقى: - نېمانچە رودۇپاي نېمە سىز؟! ئادەممۇ شۇنداق بىزەڭ بولامدۇ؟! - دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن. * - سەن تازىمۇ رودۇپاي نېمىكەنسەن...، مەن سېنى ئىشخانىدىن چىق دەۋاتىمەن، - دېدى يۇەنجاڭ غەزەپلىنىپ.

**رودۇپايلىق** «رودۇپاي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مۇنداق رودۇپايلىق قىلىپ تۇرۇۋالساڭ مېنىڭ ئىشىمغا كاشىلا قىلىسەن، تېزراق چىقىماسەن بۇ يەردىن.

**رودۇخروزىت** ئى (لات) <گېئول> → **رومبا مانگان تاش.**

**رودۇلاشتۇرماق** «رودۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رودۇلاشتۇرۇلماق** «رودۇلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رودۇلاشماق** پ. رودۇ ھالەتكە كەلمەك، نامراتلاشماق: - ھېلىقى ئون يىلنىڭ ئىچىدە گەپ چوڭ، نەپ ئاز بولدى، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى رودۇلىشىپ ئۈچ ئادەم بىر ئىشتان كىيىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق، - دېيىشتى كىشىلەر ئۆتكەن كۈنگە ئېچىنىپ. * تەر تۆكۈپ، ئۈنچە-مارجان ئارزۇلىشىپ، تۈگەشتۇق ئۆزىمىزمۇ رودۇلىشىپ.

**رودىپىت** ئى (ر<لات) <بىئول> جانلىقلار تېنىنىڭ مەلۇم قىسىملىرى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا كىچىكلەپ كېتىدىغان، تۈزۈلۈشى ئاددىيلىشىدىغان، رولى ئاجىزلاپ ھەتتا پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدىغان بىر خىل ھادىسە. مەسىلەن، كىت، دېلفىن قاتارلىقلارنىڭ تۆت پۇتى پالاققا ئايلىنىپ كەتكىنىگە، كاكتۇسنىڭ يوپۇرمىقى تىكەنگە ئايلانغىنىغا، پىتنىڭ قانىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكىنىگە ئوخشاش.

**رودىپىتلاشماق** پ <بىئول> تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا بەزى جانلىقلار تېنىنىڭ مەلۇم قىسمى كىچىكلەپ، بەزىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىيلىشىپ، بەزىلىرىنىڭ رولى ئاجىزلىماق ياكى پۈتۈنلەي يوقالماق: ئۇنىڭ تومۇشۇقىنىڭ ئۇچىدا قىلچىقلىرى بولىدۇ، ئالدىنقى پۇتى پالاق شەكلىدە، كېيىنكى پۇتلىرى بولسا رودىپىتلاشقان بولىدۇ.

**رودىي** ئى (ر<لات <گرېك) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى (rhodium) Rh. كۈمۈش رەڭدە ياكى كۆل رەڭ ئارىلاش كۆك رەڭدە بولىدۇ، پارقىرايدۇ، قاتتىق كېلىدۇ. ئادەتتە كۆزەت چىرىغىنىڭ نۇر قايتۇرغۇچ ئەينىكىنىڭ يۈزىگە يالىتىلىدۇ، قېتىشمىلىرى خىمىيۋى ئەسۋابلار ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى ئۆلچىگۈچى ئەسۋابلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**روزا** ئى (پ) ① <دىن> رامىزان ئېيى داۋامىدا، سۇبھىدىن كۈن پاتقۇچە پۈتۈن كۈن يېيىش-ئىچىشتىن ئۆزىنى تۇتۇش ئادىتى: روزا تۇتماق. روزىنى بۇزماق. ② رامىزان ئېيى.

**روزا ئاي** <ئاستر> → **رامىزان.**

**روزا بۇزۇلماق** روزا تۇتقان مەزگىلدە روزىنى بوزىدىغان بىرەر ئىش (يېيىش-ئىچىش، جىنسىي ئالاقە) سادىر بولماق: - خەلپىتىم، جىم ئولتۇرىمەن، تاياق يېسەم، روزام بۇزۇلۇپ كېتىپ، خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**روزا تۇتماق** ① رامىزان ئېيى ئىچىدە سۇبھىدىن كۈن پاتقۇچە روزىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن (يېيىش-ئىچىش، جىنسىي ئالاقە) دىن ئۆزىنى تۇتماق: مۇشۇكنىڭ

گۆشكە بويى يەتمسە، روزا تۇتتۇم دەر (ماقال). * – تەقسر، يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان روزىنى تۇتۇپ نېمە قىلىمىز، ئەركىن-- ئازادە ئويىنىۋالسۇن! – دەپتۇ ئەپەندىم. * روزىنى كىم تۇتسا، ھېيت بولدى شۇنىڭ، شان-شەرەپلىك ھەممە پەيت بولدى شۇنىڭ.

**روزا ھېيت** روزا ئېيىنىڭ تۈگىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسۇلمانلار-نىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى: – ھەرقايسىڭلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئاممىۋى يىغىنلاردا بىللە بولىمىز، بەلكى ئالدىمىزدا يېتىپ كېلىدىغان روزا ھېيت كۈنلىرىدە ئۆي-ئۆيلەرگە پەتىلەپ بېرىشىمىز مۇمكىن، – دېدى قاسىمجان قەمبىرى كۆپچىلىككە قاراپ.

**روزا-رامىزان** روزا تۇتۇلىدىغان ئاي-كۈنلەر، رامىزان مەزگىلى.

**روزانە** ئى (پ) تىرىكچىلىك ۋە ئۇنىڭغا لازىملىق ئىقتىساد ۋە باشقا نەرسە-كېرەك-لەر: – مەنمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ لايىق تېپىشتۇرۇپ تاپىدىغان بىرەر كىيىملىك رەخت، بىرنەچچە كويچەن پۇل ياكى باشقا روزانىلار-دىن مەھرۇم بولدۇم، ئۆزلىرىمۇ نىكاھ ھەققى ئۈچۈن كۆپىرەك ئالالمايدىغان بولۇپ قالدىلا، – دېدى مەريەم ۋىت-ۋىت كۆزىنى چىملدىتىپ. * – 40 ئۆيلۈك ئەزانىڭ روزانىسى نەدىكى قىمارۋاز لۈكچەكنىڭ قولىغا قالغىنىنى كۆرمەمسىلە ئايخان، – دېدى نۇرنىساخان ئاچا پاراڭ قىلىپ.

**روزغار** ئى (پ) ① كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدىغان ئوزۇق-تۈلۈك، يېمەك-ئىچمەك، ئاشلىق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر؛ ئوزۇقلۇق: ھەبىبۇللا ھاجى روزغار تەييارلاپ تەڭ كېچە مەھەل بىلەن ئاقىۋل تىلەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. * – كۈزلۈك پىلىلەر يازلىق پىلىلەردىن ئىككى ھەسسە كۆپ. بۇ غازاڭلىرىڭ ئۇلارغا قانچىلىك روزغار بولىدۇ، دەيسەن! – دەپ جاۋاب بېرەتتى ئۇ. ② ئۆي-جاي، ماكان؛ مال-مۈ-لۈك، تەئەللۇقات، ئۆي، بىسات: جىمجىت يېزا ھاياتىغا كۆنۈپ قالغان بۇ ئايال ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭ نەۋرىسى روشەنگۈلنى ئېلىپ قەدىمىي روزغارىغا قايتىپ كەلگەنىدى. * مەن ئۇنىڭ پۈتۈن روزغارىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش بىلەن بىللە ئىككىسىنى بىر ئۆمۈر قۇلدەك ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ قەرزگە بوغۇشۇم كېرەك. ③ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك: – زاۋۇت-فابرىكىلاردا ئۇنىڭلاپ ھۈنەرۋەن-كاسىپلار-نىڭ ئىش قىلىدىغانلىقى بىزگە سىر ئەمەس. ئۇلارغا ئەلۋەتتە روزغار كېرەك، – دېدى ئىمام خاتىپ تۇزلا جاۋاب بېرىپ.

**روزغارسىز** سۈپ. ئوزۇق-تۈلۈك، ئۆي-ماكان، تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلىرى يوق: بىر قېتىم چارۋىلار قار كۆچكۈنى ئاستىدا قېلىپ، پادىچىلار روزغارسىز قالغاندا بىز دادام بىلەن ئىككىمىز ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك ئاپىرىپ بەرگەنىدۇق.

**روزگار** ئى (پ) ۋاقىت، چاغ: قۇياش بىر غۇلاچ ئۆرلىگىچە بولغان روزگاردا ھارۋا ئۈستىنى پۈتۈنلەي جىمجىتلىق بېسىپ كەتتى، لېكىن ئوت يۈرەك شائىر ئارتۇقچە سۈكۈت قىلىشقا چىدىماي، يەنە سۆز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. * ئىككىيلەن ھەۋەس-زوقى بىلەن رەسىمگە تىكىلىپ تەتقىق قىلىۋاتقان روزگاردا ئاسماندا قاناتلىرىنى كېرىپ يوغان بىر بۈركۈت پەيدا بولدى.

**روزنامە** ئى (پ) كۈندىلىك ۋەقە، ئىش ۋە خاتىرىنى ياكى كۈنلۈك چىقىمنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان مەخسۇس دەپتەر؛ كالېندار.

**روزېتكا** ئى (ر) <فىز> ئېلېكتر يولىنى تۇتاشتۇرغۇچى بىر خىل دېتال. كۆپىنچە

تۇك مەنبەسىگە ئۇلىنىدۇ، ئۇستىدە ئىككى ياكى ئۈچ دانە تۆشۈكى بولىدۇ. ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنىڭ شتېپسېلى ئۇنىڭ بىلەن جۈپلەشكەندە ئېلېكتر ئەسۋابلىرىغا تۇك ئۆتىدۇ.

**رويدېستۋو** ئى (ر) ← **رويدېستۋو بايرىمى.**

**رويدېستۋو بايرىمى** <دىن> خرىستىئانلار-نىڭ ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزىدىغان دىنىي بايرىمى.

**روسۇل** ئى (ئە) <دىن> ئەلچى، پەيغەم-بەر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**روسۇلىللا** ئى (ئە) <دىن> ئاللانىڭ رۇسۇلى (ئەلچىسى)، ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر.

**روشەن** (پ) ① سۈپ. يورۇق، يوپيورۇق، پارلاق: رابىيەنىڭ قىزىللىق يۈگۈرگەن يۈزىدە، قاراشلىرىدا مۇزەپپەرگە قارىتا چەكسىز ھۆرمەت، تۈگىمەس تەشەككۈر خۇددى بىپايان، گۈزەل چاقما يالىقىغا تەبەسسۇم بىلەن باققان كۈندەك روشەن جىلۋە قىلاتتى. * ئويغانماقتا مۇز باسقان تاغلار، قاپتاللارنى ئېرىتتى ئاپتاپ. روشەن بولۇپ يۈكسەك چوققىلار، كۆك ئاسماندا كۆرۈندى چاقناپ. ② رەۋ. ئېنىق، ئوچۇق، ئاشكارا: كىچىككىنە ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدىمۇ گويا پۈتۈن بىر جەمئىيەت ئەھۋالى ئەكس ئېتىپ تۇرۇپتۇ، قالايمىقانچىلىق-نەك بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ يەردىمۇ يەنە ئەدەب-ئەخلاق روشەن كۆزگە چېلىقاتتى. * كۆزى ئوچۇق قارىغۇ دېمەس ئەمدى كىشىلەر. ئۆيدە تۇرۇپ قارىسام ھەممە روشەن كۆرۈنەر. ③ سۈپ. ياخشى كۆرىدىغان، ئۆتكۈر (كۆز ھەققىدە): كۆزى روشەن. * ئۇنىڭ كۆزى، بۇ مويسىپىت كىشىنىڭ خاتىر-جەم ۋە روشەن كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. * ئاممىنىڭ كۆزى روشەن، مۇنداق كۆزلەردىن ھېچكىم بوياقچىلىق قىلىپ ئۆتۈپ كېتەلىگەن ئەمەس. ④ سۈپ. كۆچمە. تولۇق، تەلتۆكۈس؛ ئېنىق: جىلىل بوۋاي تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىتىنى بارغانچە روشەن چۈشەندى. * دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك ناخشا-قوشاقلىرىدا ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىش، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش روھى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ⑤ رەۋ. پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، پەرقلىق، كەسكىن: مېھمانخانىدا ئىككى ئادەمنىڭ چىرايى باشقا كۆپ سانلىق تۇرىدىغان مېھمانلار ۋە تاماق يەيدىغان مېھمانلارنىڭكى بىلەن روشەن پەرقلىنەتتى. // يولداش سادىقنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ھەرد-كىتى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار. // پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر. ⑥ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**روشەنگۈل** ئى (روشەن+گۈل) ① <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپسسىمان تۇمۇنە شەكلىدە كېلىدۇ؛ بىر رەت ئالتۇن رەڭلىك تىلسىمان گۈللىرى بولۇپ، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ غولى، يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، كۆز يارىسى، چىقان قاتارلىقلارنى داۋالاش رولىغا ئىگە. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**روشەنلەشتۈرمەك** «روشەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەسىلىنى روشەنلەشتۈرمەك. كۆزنى روشەنلەشتۈرمەك. * ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، بۇزۇق ئادەم ۋە يامان

ئىشلارغا قارشى ئاگاھلىق كۆرەش قىلىشىمىز لازىم. * — سىلىنى چاقىرىشتىن مەقسەت، — دېدى سادىر، — خىزمەتتىكى بەزى ئۇقۇشۇلماسلىقلارنى روشەنلەشتۈرۈپ، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

**روشەنلەشتۈرۈش** ① «روشەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② <كىنو> نۇر ئۆتكۈزۈلگەن نېگاتىپ ياكى سۈرەت قەغىزىنى دورا سۇيۇقلۇقى (فېنول، ئامىن قاتارلىقلار) ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ سۈرەتنى روشەنلەشتۈرۈش جەريانى. بۇ خىل مەشغۇلات ئادەتتە قاراڭغۇ ئۆيدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**روشەنلەشتۈرۈلمەك** «روشەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىشانىمىز روشەنلەشتۈرۈلدى. مەسىلە روشەنلەشتۈرۈلدى.

**روشەنلەشمەك** پ ① بارغانسېرى روشەن بولماق؛ يورۇق، ئېنىق بولماق، ئايدىڭ بولماق: بۇ ئايالنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىكى بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبى گويا بۇلۇتلار ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ چىققان 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك روشەنلەشتى. * ئالەم يورۇپ ھەممە روشەنلىشىدۇ. ② ياخشى كۆزەلەيدىغان بولماق، ئېچىلماق (كۆز ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆزى روشەنلەشتى. * خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزى روشەنلەشتى، سەزگۈرلۈكى ئۆستى. * ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى روشەنلىشىپ، تەنلىرى ئەت ئېلىپ قالغانىدى.

**روشەنلىك** «روشەن» سۆزى ① ② ③ ④ ⑤ لارنىڭ ئىسىم شەكلى: — خوش، خۇدا سۆزۈمگە روشەنلىك ئاتا قىلسۇن، ئېيتسام ئېيتاي، — دەپ سۆزىنى باشلىدى. * روشەنلىكتە چولپان كەبى يانار سېنىڭ شەھلا كۆزۈڭ، مىسلى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك نۇر ياغدۇرار تولغان يۈزۈڭ.

**روشدى** سۈپ (ئە) كونا. يېشىغا يەتكەن؛ ئالىي، يۇقىرى: ل. مۇتەللىپ مۇنىرىدىن خوجانىڭ سۆزىگە جاۋابەن، ئۆزىنىڭ كىچىكىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ روشدى سىنىپىدا ئوقۇشقا باشلىغان چېغىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى ئېيتتى.

**روگۇر** ئى (ئىنگ) <خىم> ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى ئورگانىك فوسفورلۇق دورا. سۇيۇق ۋە سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ، ئادەتتە ئېمولسىيە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسلىقى كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك، سالجا قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئادەم ۋە چارۋىلارغا قارىتا زىيىنى ئازراق بولغاچقا، مېۋىلىك دەرەخ ۋە كۆكتاتلارغىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**روڭ-روڭ** ← روڭ-روڭ قىلماق.

**روڭ-روڭ قىلماق** تۇسالغۇ بولماق، قارشىلىق قىلماق؛ نوچىلىق قىلماق، كورۇڭ-كورۇڭ قىلماق: روزىئاخۇن بولسا دەسلەپىدە تېڭىرقاپ يۈردى. «سۇلتان» دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە، «پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى، ئەمدى، «روڭ-روڭ» قىلالمايدۇ».

**رول** ئى (ر) ① <قاتن> قاتناش قوراللىرىنىڭ يۆنىلىشىنى باشقۇرۇپ، كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قۇرۇلمىسى: ماشىنىنىڭ رولى. ۋېلسىپىتنىڭ رولى. ② <تىيا> سەھنە ئەسىرى ياكى كىنولاردا ئارتىسلار ئويناپ چىققان پېرسوناژلار ئوبرازى. ③ بىرەر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتى، تۇتقان ئورنى، خىزمىتى ياكى كۆرسىتىدىغان تەسىرى قاتارلىقلار: «يېزا قازىسى» دېگەن بۇ كونا دىنىي

مەرتىۋە قاچانقى گەپ، ھازىر ئۇنىڭ رولى يوق. * «4-ماي» دىن ئىلگىرى، جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغانىدى، ئۇ رەھبەرلىك رولىغا ئىگە ئىدى. * قىممەت قانۇنىنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تەڭشەش رولىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

**رول ئالماق** <تىيا> مەلۇم پېرسوناژ قىياپىتىدە ئويۇن ياكى كىنوغا قاتناشماق: ھېيتەم «غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىدا غېرىبنىڭ رولىنى ئالدى.

**رولىغا چۆكۈش** <تىيا> دراما ياكى كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ئۆزى رولىغا چىققان پېرسوناژ ئوبرازىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، شۇ پېرسوناژ-نىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى، خاراك-تېرىستىكىسى ۋە پسىخىكىسى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇش جەريانى.

**رولىغا چىقماق** ① قاتناش قوراللىرىنىڭ رولىنى تۇتۇپ ھەيدەشكە كىرىشمەك: بۇ – تورغاي چۇچۇلماستا رولىغا چىققان شوپۇر يول ئۈستىدە 15 – 16 سائەتلەپ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن رولدا قادىلىپ ئولتۇرۇش دېگەن سۆز! ② كىنو-تىياتىرلاردا مەلۇم پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئالماق.

**رول ئوينىماق** ئۆز تەسىرىنى، خىزمىتىنى نامايان قىلماق؛ تەسىر كۆرسەتمەك، خىزمەت قىلماق: خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق رول ئوينىدى. * ئەخلاق چۈشەن-چىسىنى ئىگىلەش، ئەخلاقىي بىلىشنىڭ شەكىل-لىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

**رول ئىجادىيىتى** <تىيا> ئارتىسنىڭ ئۆزى رولىنى ئالغان پېرسوناژ ئوبرازىنى ھەر خىل ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا يارىتىپ چىقىشى.

**رولچى** ئى ① قاتناش قوراللىرىنىڭ رولىنى تۇتىدىغان، باشقۇرىدىغان ئادەم؛ شوپۇر: ئىلياز شوپۇر دوستلىرىدىن ئەپ تاپسا رول تالىشىپ يۈرۈپ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدى، ئۆزىنى خېلى رولچىلاردىن كەم ئەمەس دەپ سانىغۇسى كېلەتتى. // تۇرىدۇ كۆكرەك كېرىپ رولچى يىگىت، بوراندا تۇغۇلغاچقا مەرد ۋە مەغرۇر. ② كۆچمە. باشلاپ ماڭغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكلىگۈچى: ئۇلۇغۋار پارتىيە رولچى، مىسلى تەندە جان بىزگە، ئۇنى جان بىرلە قوغداشقا ئېگىلمەس كاڭ شىجائەت بار. ③ كىنو ياكى ھەر خىل سەھنە ئويۇنلىرىدا رول ئېلىپ چىققۇچى ئارتىس: ئۇ ئۇيغۇر سانايىنەپىسە تارىخىدا دراما تەنقىدچىلىكىنىڭ باش رولچىسى بولغانىدى.

**روللۇق** سۈپ. رولى بار، رول ئورنىتىلغان: دېڭىز بويىدىكى بۇ كېمىلەر بىر ماچتىلىق، بىر يەلكەنلىك، بىر روللۇق بولۇپ، كېمە گەۋدىسى كوكۇس شاخلىرىنى جۈپلەش ئارقىلىق ياسالغان.

**روللېر** ئى [ر<ئىنگ] ① تولۇق. ② توقۇمىچىلىق-تا يىپنى كېرىپ چىڭىتىدىغان ئەسۋاب.

**رومال** ئى [پ+ئە] ئاياللار بېشىغا سالىدىغان چوڭراق ياغلىق: داكا رومال. * ئابىدەم كۆز چاناقلىرىدىن ئۆملەپ چىققان ياشنى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتەتتى. * ئۇ چاچلىرىنى ئۆرىگەن، ئۈستىگە ھاۋا رەڭ كىيىم كىيگەن، بېشىغا ئالتۇن گۈللۈك رومال، بېلىگە ئېسىل تاشلار ئورنىتىلغان كەمەر باغلىغانىكەن.

**رومالل‍ىق** سۈپ ① رومىلى بار، بېشىغا رومال

ئورىغان: رومالىق ئايال. رومالىق قىز. ② رومال قىلىشقا بولىدىغان، رومال قىلىشقا لايىق ياكى يېتىدىغان: بىر رومالىق داكا.

**رومان** ئى [ر<فران] <ئەد> ھەجمى چوڭ، مۇرەككەپ سۇژېتلىق، ئادەتتە پروزا شەكلى بىلەن يېزىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەر: قېيوم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» رومانى، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانىرال شامالىرى» رومانى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**رومانتىزم** ئى [ر<فران] <ئەد> ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل ئوپتىمىزم روھى بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا مول تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**رومانتىزملىق** سۈپ. رومانتىزم روھىغا ئىگە؛ رومانتىزم سىڭدۈرۈلگەن: ئۇلار ئۆز سەنئىتىگە بارغانسېرى لىرىكىلىق، رومانتىزملىق ۋە ئۈمىدۋارلىق گۈل-چېچەكلىرىنى تاقىدى. * رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا رېئاللىقتا بولمىغان، لېكىن بولۇشقا تېگىشلىك ۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغان تۇرمۇش كارتىنىسى، غايىۋى دۇنياغا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش تەسۋىرلىنىدۇ.

**رومانتىكا** ئى [ر] كۆتۈرەڭگۈ روھ، يۈكسەك غايە ۋە ھېس-تۇيغۇلار بىلەن سۇغىرىلغان قاراش.

**رومانتىكلىق** سۈپ. رومانتىكىغا ئائىت، رومانتىكا روھى بىلەن سۇغىرىلغان.

**رومانتىكلىق ئاھاڭ** <مۇز> يالغۇز ئورۇندىلىدىغان لىرىكىلىق مۇزىكىلارغا قارىتىلىدۇ. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ناخشا تۈسىنى ئالغان. ھېسسىياتى نەپىس، ناخشا تېكىستى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا پىئانىنودا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

**رومانچى** ئى. رومان يازىدىغان كىشى: رومانچىنىڭ غايىۋى چەھەتتىن يېتىلگەنلىكى ۋە تارىخنى چوڭقۇرراق چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنى بىز ئۇنىڭ ئەسەر باش قەھرىمانىنى تاللىشىدىنمۇ كۆرىمىز.

**رومانچىلىق** ئى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رومان يېزىش كەسپى؛ رومان يېزىقچىلىقى: ھازىر ئۇيغۇر رومانچىلىقى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا راۋاجلانماقتا.

**رومانس** ئى [ر<فران] ① <مۇز> بىرەر شېئىرغا قارىتا ئىشلەنگەن كىچىك تېپتىكى مۇزىكا ئەسىرى. ② <ئەد> ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان لىرىك شېئىر.

**رومانىست** ئى [ر<فران] رومانتىزم روھىغا ئىگە، رومانتىزم روھى بىلەن سۇغىرىلغان كىشى.

**رومبا** I ئى [ر<گرېك] <مات> قوشنا تەرەپلىرى تەڭ بولغان پاراللېل تۆت تەرەپلىك. ئۇنىڭ ئىككى دىئاگونالى تىك بولۇپ، بۆلۈكلىرىنى تەڭ ئىككىگە بۆلىدۇ.

**رومبا تۆمۈر تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى تۆمۈر ( II ) كاربونات ( $FeCO_3$ ) بولۇپ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ ئاقۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ، ئادەتتە كاللەك ياكى پۈرچاق ھالىتىدە ئۇچرايدۇ، تۆمۈر تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**رومبا سىنك تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى سىنك كاربونات ( $ZnCO_3$ ) بولۇپ، ئاق رەڭدە ياكى يېشىل، كۈل رەڭ، قوڭۇر رەڭلەر ئارىلاشقان ھالەتتە ئۇچرايدۇ، يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە سىنك تاۋلاشتىكى مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ، يەنە دورىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**رومبا مانگان تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى مانگان كاربونات ($MnCO_3$) بولۇپ، قىزىل گۈل رەڭگىدە كېلىدۇ. ئوكسىدلىنىدىغان بولغاچقا، رەڭگىمۇ توق قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ. دانىچە، كاللەك ۋە بۆرەك شەكىللىك بىرىكمە ھالىتىدە ئۇچرايدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، ئادەتتە مانگان تاۋلاشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**رومبا** II ئى (ر<ئىسپان) <ئۇس> ① تانسىنىڭ بىر خىلى. ئەسلىدە كۇبادىكى نېگىرلارنىڭ مىللىي ئۇسسۇلى بولۇپ، كېيىن تانسا ئۇسسۇلى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا تارالغان. رىتىمى $\frac{2}{4}$ تاكتتا بولىدۇ. ② شۇ خىل تانسا مۇزىكىسى.

**رومبىسىمان** سۈپ. شەكلى رومبىغا ئوخشايدىغان، رومبا شەكىللىك: رومبىسىمان تاش. رومبىسىمان رەسىم جازىسى.

**رومبىلىق** سۈپ. شەكلى، كۆرۈنۈشى رومبىغا ئوخشايدىغان، رومبا شەكىللىك.

**رومبىلىق كرىستال سىستېمىسى** <گېئول> يەتتە كرىستال سىستېمىسىنىڭ بىرى. تۆۋەن دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. سىممېترىيە تېپىدە پەقەت سىممېترىيە يۈزى ( p ) ۋە (ياكى) ئىككىنچى دەرىجىلىك سىممېترىيە ئوقى ( $L^2$ ) لا بولىدۇ. لېكىن سىممېترىيە يۈزى بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك سىممېترىيە ئوقىنىڭ ئومۇمىي سانى ئۈچتىن كەم بولماسلىقى لازىم. كرىستاللىرىنىڭ گېئومېترىيىلىك تۇراقلىق سان بەلگىسى $a \neq b \neq c$ $\alpha=\beta=\gamma=90°$ بولىدۇ.

**رومكا** ئى (ر<گول) مەخسۇس ھاراق-شاراب ئىچىلىدىغان بىر خىل كىچىك قاچا؛ قەدەھ: رومكا سوقۇشتۇرماق. * – قېنى، كېلىڭ ئىككىمىز ئەمدى ئىچەيلى، – دېدى ساقىي قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرگەن پېتى ل. مۇتەللىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ. * كىشىلەر رومكىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىچىدىكى ھاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىشمەكتە ئىدى.

**روناق** ئى (پ) گۈللەپ ياشناش، تەرەققىيات، راۋاج: دۆلىتىمىز روناق تاپتى. خەلقىمىز روناق تاپتى. * تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش – ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق روناق تېپىشىدىكى تۈپ يول ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. * ئەي دوستۇم، ئەلنى سۆي، ياشا ئەل بىلەن، ئەل بىلەن ئەر بولۇپ تاپسەن روناق. ئەل قوينى ئۆمۈرنىڭ ئىللىق باھارى، ئەل مېھرى قۇرۇماس مەڭگۈلۈك بۇلاق.

**روناق تاپماق** گۈللەپ ياشنىماق، تەرەققىي قىلماق، راۋاجلانماق: مەن بىپايان جۇڭغار ۋادىسىدا يېڭىدىن بىنا بولۇپ تېزلا روناق تاپقان ئاۋات، گۈزەل، كۆركەم نېفىت شەھىرىدىن ئالدىنقى سەپكە قاراپ يولغا چىقتىم. * ھازىرقى باسقۇچتا ئالدى بىلەن بىر تۈركۈم ئائىلەرنىڭ روناق تېپىپ بېيىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش، شۇ ئاساستا قالغانلارنى يېتەكلەش لازىم.

**روندو** ئى (ر<ئىتال) <مۇز> ئاساسىي تېما كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدىغان بىر خىل مۇزىكا ئەسىرى.

**روھ** ئى (ئە) ① دىنىي چۈشەنچىلەرگە كۆرە كىشى ھايات ۋاقتىدا تەندە بولىدىغان، ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەندىن چىقىپ مەڭگۈ ياشايدىغان بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ئامىل: روھىغا ئاتىماق. روھىنى ياد ئەتمەك. * – ئاتاڭنىڭ روھى ئۈچۈن بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ شۇنداق

قىلغىن، بالام، مەن بولسام قېرىدىم، — دەپ
يىلىندى ئانا ئوغلىغا . ② كۆچمە. ئىدىيە،
ئوي-پىكىر: لېپ فىلىك روھى. * مۇدىر بىلەن
ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق. ئۇنىڭ بۇ
خىل ئالىيجاناب روھى بىزدە چوڭقۇر تەسىر
قالدۇردى. * ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە بولسا بىر
ئالىيجاناب روھ لاۋۇلداۋاتقاندەك ئىدى. ③ كىشىنىڭ
ئىچكى ھالىتىنى، پسىخىكىسىنى، ھېس-تۇي-
غۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كەيپىيات:
كۆتۈرەڭگۈ روھ. روھى چۈشمەك. روھىنى
كۆتۈرمەك. * ئىنقىلاب قىلىمەن دەيدىغان
كىشىدە ئارقىغا ئەمەس، ھەمىشە ئالدىغا
قارايدىغان روھ بولۇشى زۆرۈر. ④ كۆچمە.
جانلىقلىق، جانلىنىش؛ پەيز: شۇنىڭدىن
كېيىن ئولتۇرۇشقا روھ كىردى. ھەممەيلەن
دېگۈدەك مىرئەلىنىڭ ئاشۇ سۆزىنى كۈتۈپ
تۇرغاندەك بىردىن جانلاندى، تاشۋاي، راۋابىنى
سازلىدى. ⑤ ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادى-
سە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرلىك
خۇسۇسىيىتى: دەۋر روھى. ⑥ كۆچمە. بىرەر
يىغىن، قۇرۇلتاي، ھۆججەت، يوليورۇق
ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى
ياكى ئىدىيىسى: قۇرۇلتاي روھى، يىغىن
روھى. * پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېزا
خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئالدىن يەتكۈزدى.
* ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى دۆلەت
باش باھا ئىدارىسى بىلەن سودا مىنىستىرلىقىنىڭ
يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن بەزى بەلگى-
لىمىلەرنى بەلگىلىگەن.

**روھى چۈشمەك** قىزغىنلىقى، ئىشەنچ
ۋە ئىرادىسى بوشاپ كەتمەك، كەيپىياتى
سۇسلاشماق؛ چۈشكۈنلەشمەك: ئادەمنىڭ
روھى چۈشسە، ئۇنىڭ ئېتمۇ يۈگۈرەلمەيدۇ
(ماقال). * شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روھى
چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلى قوزغى-
لاڭچىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرچە سۆز بىلىدىغان
تۇڭگانلارمۇ كۆپ ئىكەن. * بىر كۈنى كەچتە،
دادام ناھايىتى روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيگە
كىرىپ كەلدى.

**روھى سۇنماق** ← **روھى چۈشمەك**:
— مەمەتنىڭ روھى ناھايىتى سۇنۇق تۇرىدۇ.
* ھازىر ئاۋۋال سۇ جېڭى قىلىپ، يۇقىرى
تەرەپتىكى لەشكەرنىڭ روھىنى سۇندۇرۇپ،
ئاندىن باشقا ياخشى چارىلەر بىلەن ئۇلارنى
تارمار قىلىشىمىز لازىم، — دېدى لەشكەر
باشلىقى ئۇلارغا قاراپ.

**روھى كۆتۈرۈلمەك** روھلانماق، غەيرىتى
ئاشماق، كەيپىياتى ياخشىلانماق: كېسەلنىڭ
روھىنى كۆتۈرمەك. * سۇ بويىدىكى دەل-دە-
رەخلىك، چىمەنزار، ھاۋالىق جايلار كىشىنىڭ
روھىنى كۆتۈرىدۇ. * گويا بۇ خۇشاللىقنى
ئالقىشلىغاندەك لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قار
كىشىلەرنىڭ روھىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

**روھانىي** ئى (ئە) <دىن> مۇئەييەن بىر
دىنغا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى،
دىنىي يېتەكچى، دىنىنىڭ پېشۋاسى.

**روھانىيەت** ئى (ئە) يېز ت. روھانىيلىق،
روھقا مەنسۇپلۇق: ئۇ يەنە، ئۆز چۈشەنچىسە-
نى ئەينى زاماندا بۇخارا، سەمەرقەنتتە
ئۈستۈنلۈك ئالغان روھانىيەتكە قارشى مەنىسىمۇ
كۆرسەتكەنىدى. * ئىنسان ھاياتىدا بولىدىغان
مۇراسىملارغا ئەگىشىپ ئىنسان ئۆلگەندىن
كېيىنكى روھقا سېغىنىشنى مەقسەت قىلغان
ھەر خىل مۇراسىم شەكىللىرىنىڭ پەيدا
بولۇشى ئەنە شۇ دىنىي روھانىيەت ئەقىدىسە-
نىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت.

**روھانىيلىق** «روھانىي» سۆزىنىڭ
ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن جۇڭگوغا
روھانىيلىق قىلىشقا بىللە بارغان بىرنەچچە
روھانىي بىلەن ئۇچرىشۋالدىم.

**روھەن** رەۋ (ئە) روھىي جەھەتتىن، روھىي؛ خىيالەن: شائىرنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ گويا ئەجدادلار چۈشىنى كۆرسەتتى ماڭا. شائىرنىڭ چۈشىنى ناخشىغا قېتىپ، مەن روھەن ئەگەشتىم شائىرغا يەنە.

**روھچىلىق** ئى <پەلس> روھ تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دەپ قارايدىغان ئىدېئالىستىك تەلىمات. روھچىلىق تەرەپدارلىرى روھنى بىردىنبىر ئەسلىي زات دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، تەننى بولسا روھنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

**روھسىز** سۈپ ① روھتىن جۇدا بولغان، جېنى يوق: قىلۇر كەلگۈسى بابىلار بۇنى روشەن، نېچۈك چىقتى بۇ ياردىن روھسىز تەن. ② روھىي كەيپىياتى تۆۋەن؛ جانلىق، جۇشقۇن ئەمەس؛ جانسىز؛ بوش، بوشاڭ: ئۇنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقىمۇ ئۆزى روھسىز، ئۆگىنىشتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. * ناخشىچىلارنىڭ چىرايلىرى شۇنچە روھسىز، ئۇلارنىڭ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. * باشلىق ئۇنىڭ ساقال باسقان روھسىز چىرايىغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. // بۇ يىگىت نېمە ئۈچۈندۇر بەكمۇ مەيۈس، روھسىز كۆرۈنەتتى.

**روھسىزلاندۇرماق** «روھسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ھەپتىگە سوزۇلغان ئارقىدا قېلىش گۇرۇپپىدىكى ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرىنى روھسىزلاندۇردى، بەزىلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

**روھسىزلاندۇرۇلماق** «روھسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**روھسىزلانماق** پ. روھى چۈشۈپ، كەيپىياتى تۆۋەنلەپ ئۈمىدسىزلەنمەك؛ جۇشقۇنلۇق، جانلىقلىقنى يوقاتماق: ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بالىسى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كۈندىن-كۈنگە روھسىزلىنىپ يېتىپ قالدى. * — ئۇنى ئۇرماڭ، روھسىزلانغان ئوقۇغۇچى ئالغا باسالمايدۇ. ئۇنى مەن پات ئارىدا يېتىشتۈرۈپ كېتىمەن، — دېدى ماھىرە مۇئەللىم ئائىلە باشلىقىغا.

**روھسىزلىق** «روھسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: روھسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ھۇرۇنلۇق ئىنساننى داۋاملىق پالاكەتچىلىك ۋە بەختسىزلىك، كېسەللىك، كەمبەغەلچىلىككە ئېلىپ بارىدۇ. * ئۇ كۆزىنى مېنىڭدىن قاچۇرغان ھالدا يەرگە قارىغىنىچە روھسىزلىق بىلەن: — جۇرىن، «ئارپا چامدا پۇل، كۆمۈر كاندا» دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دېدى، — دېدى.

**روھلاندۇرماق** «روھلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ پىكىرلەر ئۇرمىچى يىگىتلەرگە بەكمۇ ياقاتتى، ئۇلارنى روھلاندۇراتتى. * تاھىر بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى، بىر تەرەپتىن ئۇنى روھلاندۇردى.

**روھلاندۇرۇلماق** «روھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**روھلانماق** پ. روھىي كەيپىياتى يۇقىرى بولماق؛ روھلۇق، جۇشقۇن ھالەتكە كەلمەك؛ ئىلھاملانماق، رىغبەتلەنمەك: باتۇر بىلەن كامال روھلىنىپ، مەنىلىك ھالدا بىر-بىرىگە قاراشتى. * بۇ غەلبىدىن روھلانغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلىپ، ياراملىق يىگىتلەرنى ئاستانىگە ئەۋەتتى. * بۇ تەسىرلىك ئۈچرىشىشتىن مەن ھەددىدىن تاشقىرى مەمنۇن بولدۇم، ھەددىدىن تاشقىرى روھلاندىم.

**روھلۇق** سۈپ. روھى كۆتۈرەڭگۈ، جانلىق، جۇشقۇن: روھلۇق ئادەم. * ئەخمەتجان قاسىمى بولسا ناھايىتى روھلۇق ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە تار كامېرنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى كىچىككىنە پەنجىرىدىن چۈشكەن كۈننىڭ سارغۇچ نۇرلىرىغا قاراپ تەنھەرىكەت

ئۇيناپتتى. * بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارمۇ ناھايىتى روھلۇق، تەكشى قەدەملەر بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلدى.

**روھنات** ئى (ئە) جان ت. روھ، ئەرۋاھ: – ئوغلۇم، – دېدى بىركۈنى ھېكمەت قاسىمغا، – ئېغىلغا ياندا شتۇرۇپ يەنە بىر ئېغىز ئۆي ۋە قازناق سېلىپ قويساق، سەنمۇ چوڭ بولۇۋاتەسەن، ئاناڭنىڭ روھناتى قورۇنمىسۇن.

**روھىي** سۈپ (ئە) كىشىنىڭ روھىغا، پسخىكىلىق كەيپىياتىغا، ئىچكى دۇنياسىغا ئائىت ھەم شۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: روھىي ئازاب. روھىي كېسەللىك. روھىي كىشەن. * قەدىرلىك ۋەتەنىنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويۇشۇم بىلەنلا تارتقان بارلىق روھىي ۋە جىسمانىي ئازابلىرىم كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى يېڭىباشتىن تۇغۇلغاندەك ھېس قىلدىم.

**روھىي ئازاب** بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش، ۋەقە، ھادىسە، مەسىلە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى سەۋەبلىك پەيدا بولغان دىل ئازارى؛ دەرد-ئەلەم: روھىي ئازاب چەكمەك. * مەرھابا ئۇنى تېخىمۇ ئېغىر روھىي ئازابقا سالماسلىق ئۈچۈن. يۈزىنى بىر چەتكە بۇرىدى. * بىچارە بالا نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇرغۇنلىغان روھىي ئازابلارنى بېشىدىن كەچۈردى.

**روھىي دۇنيا** ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى ھېس-تۇيغۇ، پىكىر-خىيال، ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئىچكى دۇنياسى: ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنىڭ تېزلىشىپ، كۆزىنىڭ غەلىتە چاقناپ كەتكەنلىكىدىنلا روھىي دۇنياسىدا قانداقتۇر بىر خىل ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى. * بۇنداق ناتوغرا ئىستىللار پارتىيە ئىستىلىنى، خەلق ئىستىلىنى بۇزىدۇ، خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىدۇ.

**روھىي كېسەللىك** <تب> چوڭ مېڭە پائالىيەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىك ھالىتى. ئۇ روھىي پائالىيەتلەر دەخلىگە ئۇچراش، سېزىم، تەپەككۇر، ھېسسىيات ۋە ئىرادە پائالىيەتلىرىنىڭ تەرتىپسىزلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىپ، كېسەل كىشىلەر رېئال تۇرمۇشقا ماسلىشىش قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ؛ ساراڭ بولىدۇ.

**روھىي كىشەن** روھىي جەھەتتىكى ئېغىر تۇسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ: ئابدۇرىشىت بىلەن ئامىنەمۇ روھىي كىشەندىن قۇتۇلۇپ، خۇشاللىق ئىچىدە دىدار كۆرۈشتى. * نۆۋەتتە، كۆڭشېمىز ئۈچۈن ئەڭ جىددىي ئىش، كەڭ دېھقان قېرىنداشلارنى روھلاندۇرۇش، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ھەر خىل روھىي كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش ئىدى.

**روھىي ھالەت تەسۋىرى** <ستى> ← **پسىخىكا تەسۋىرى.**

**روھىي ئوزۇق** كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، كىشىلەرگە ئېستېتىكىلىق ھېس-تۇيغۇ بېغىشلايدىغان ۋە ئىلھام بېرىدىغان نەرسىلەر: ئۇلارنى چىراي جەھەتتە جازالىغان تەبىئەت، يەنە ئۇلارنى كىچىك پېئىل، تارتىنچاق، كەم سۆز مىجەز بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەكلا كېرەكمۇ؟ روھىي ئوزۇقمۇ كېرەك! * كىمىكى ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلسە، ئۆز نۆۋىتىدە چارچىماس ئەسلا. پۇشايمان قىلماس ئۆتكەن ئۆمرىگە، بىلىمدىن روھىي ئوزۇق ئالغاچقا.

**روھىيەت** ئى (ئە) روھىي ھالەت، مەنىۋى كەيپىيات: تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇسسۇل سەنئىتى، ئەينى زامان سەنئەت مۇۋاپىقىيەتلىرىنىڭ گۈزەل ئوبرازلىق بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئۇ مۇزىكىلىق رىتىم، شېئىرىي تەپەككۇر ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئەينى زامان ھاياتى ۋە روھىيىتىنى قايتا ئىپادىلىگەن.

**روي** ئى (پ) يېز ت. بىرەر نەرسىنىڭ سىرتقى تەرىپى، يۈزى.

**روي بەرمەك** سادىر بولماق، كېلىپ چىقماق، يۈز بەرمەك: زىندان جاكارچىسى ئوقۇپ پەرماننى شۇندا، كىبىرلىنىپ سالدى نەزەر ئوڭ-سولغا. دېدى: «...خالايىق بۇ ئىشتىن ئالسۇن ئىبرەت، يېنىشلاپ روي بەرمىسۇن بۇ خىل جىنايەت!».

**روياپ** ئى (پ) ← **روياپقا چىقماق.**

**روياپقا چىقماق** ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلدە كۆرۈلمەك، ۋۇجۇدقا كەلمەك، ۋۇجۇدقا چىقماق؛ ھەل بولماق: ئۇلار ئۆلۈم مەرىكىسنى ئۆزىتىش ئۈچۈن ماڭا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدى. خۇدا خالىسا بۇ ئىش ئۇڭۇشلۇق روياپقا چىقىدۇ. * سادىقنىڭ نەزىرىدە ھاياتنىڭ بۇ گۈزەل كۈنلىرى ھامان روياپقا چىقاتتى، رېئاللىققا ئايلىناتتى.

**رويال** ئى (ر<فران) <مۇز> ← **پىئانىنو:** رويال چالماق. * مەن ئۇنىڭ بۇ يىل مۇزىكا شۆبىيەسىگە كىرگەنلىكىنى، ھازىر رويال كەسپىدە، قوشۇمچە ناخشىنمۇ ئوقۇۋېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. * گويا رويال چالغاندەك، بارماقلىرى تىنماسكەن. قاراپ شۇڭا ئۇلارغا يۈرىكىڭىز قانماسكەن.

**رويالچى** ئى ← **پىئانىنوچى:** - سىز دېگەن ناخشىچى، گارمونچى، رويالچى، بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھېچنېمە ئەمەس، - دەپ ئادىلەگە چاقچاق قىلدىم.

**رويان** ئى (پ) <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا تەتۈر ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ، يىلتىزى سارغۇچ قىزىل بولۇپ، كونۇس شەكلىدە، يوپۇرمىقى يۈرەك ياكى ئۇزۇن تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ، ئايلىنىپ ئۆسىدۇ. گۈل تاجىسى سېرىق، مېۋىسى شارغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قىزىل ياكى قارا كېلىدۇ. يىلتىزىنى قىزىل بوياققا ماتېرىيال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇ قاننى جانلاندۇرۇش ۋە توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**رويان ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەر چاتقال ياكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، تىك ياكى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تولۇق گىرۋەكلىك، گۈلى قوش جىنسلىق كېلىدۇ. مەسىلەن، رويان، خىنىس دەرىخى قاتارلىقلار مۇشۇ ئائىلىگە كىرىدۇ.

**رويخەت** ئى (پ+ئە) نەرسىلەر ياكى ئادەملەرنى مەلۇم تەرتىپتە يېزىپ چىقىش ۋە شۇنداق يېزىپ چىقىشتىن كېلىپ چىققان تىزىملىك، ھۆججەت: بوۋاينىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ. بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ رويخېتىدە 65 ياش دەپ يېزىلغان. * ئۇ ئەمدى قانداق قىلىپ ھازىرقى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ، پارتكوم ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلگەندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئىدارە باشلىقلىرى رويخېتىدىن چۈشۈپ قالماسلىقنىڭ غېمىنى ئويلىمسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

**رۇباشكا** ئى (ر) ئاياللارنىڭ ئىچ كۆڭلىكى.

**رۇباشكىسىز** سۈپ. رۇباشكىسى يوق، رۇباشكا كىيمىگەن: رۇباشكىسىز ئايال.

**رۇباشكىلىق** سۈپ. رۇباشكىسى بار، رۇباشكا كىيگەن: رۇباشكىلىق ئايال. رۇباشكىلىق قىز.

**رۇبائىي** ئى (ئە) <ئەد> تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان، تولۇق بىر مەنە ئىپادىلەيدىغان ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، تۆتىنچى ياكى تۆتلا مىسراسى قاپىيىداش

بولغان مۇستەقىل بىر شېئىر.

**رۇبائىيات** ئى (پ <ئە) <ئەد> بىرەر شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى توپلىمى: ئۆمەر ھەييام رۇبائىياتى.

**رۇبائىيچى** ئى. مەخسۇس رۇبائىي يازىدىغان شائىر.

**رۇبائىيچىلىق** ئى. رۇبائىي يېزىش ئىشى.

**رۇبلى** سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**رۇبىدىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Rb (robidium). كۈمۈش رەڭگىدە كېلىدۇ، خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ بولۇپ، سۇ بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ فوتو ئېلېكترلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، شۇڭا ئادەتتە فوتو ئېلېكتر لامپىلىرىغا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**رۇپىيە** ئى. ھىندىستان، پاكىستان، نېپال، سىرىلانكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**رۇتا** ئى (لات) <بوت> ← **سۇزاپ.**

**رۇتا ئائىلىسى** <بوت> ← سۇزاپ ئائىلىسى.

**رۇتېنىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ru (ruthenium). ئاقۇچ كۈل رەڭ، چۈرۈك بولۇپ، بەزىدە بۇلۇت شەكلىدە ياكى ئۇۋاق ھالەتتە ئۇچرايدۇ. پلاتىنا كانلىرىدىن تېپىلىدۇ، مىقدارى ئىنتايىن ئاز. ئادەتتە ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە قېتىشما تەييارلاشقا بولىدۇ.

**رۇچكا** ئى (ر) سىياھ ئىچۈرۈلمەيدىغان، پەقەت سىياھقا چىلاپلا خەت يازىدىغان بىر خىل قەلەم: خەتنى يازدىم رۇچكىدا، ھەربىر سۆزۈم توچكىدا. سەندىن جاۋاب كەلگۈچە، كۆز-قۇلىقىم پوچتىدا.

**رۇخسار** ئى (پ) ① چىراي، يۈز: بوۋاي مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. * قىزلارغا ھەربىي فورما شۇ قەدەر ياراشقانىدىكى، ئۇلارنىڭ گۈزەل رۇخسارى كۆزلەرنى مەپتۇن-مەھلىيا قىلىپ تۇراتتى. ② 1939-يىلى زىكرىئەلپەتتا تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئۇيغۇر يېڭى مۇقامىنىڭ نامى.

**رۇخسارگۈل** ئى (رۇخسار+گۈل) ① <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق ياكى تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولىدۇ. گۈلى بېغىر رەڭ، ئاچ قىزىل، ئاچ سېرىق ياكى ئاق بولۇپ، ئومۇمىي گۈل رېتىدە كېلىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② <بوت> شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ قىزلارنىڭ ئىسمى.

**رۇخسەت** ئى (ئە) ① قارشى تەرەپنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىشكە بەرگەن ئىجازەت، رازىلىق، جاۋاب: رۇخسەت ئالماق. رۇخسەت سورىماق. * — نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە بارسەن؟ تېخى سېنىڭ پۇتۇڭ ساقايغىنى يوققۇ. دوختۇرنىڭ رۇخستى بويىچە يەنە بىر ھەپتە دەم ئېلىشىڭ كېرەك، — دېدى ئاسىيە. ② «مەرھەممەت، كىرىڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ: ئامىنە ئىشىكنى چەكتى. ئۆي ئىچىدىن «رۇخسەت» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

**رۇخسەت ئالماق** مەلۇم بىر ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ ئىجازىتىنى، رازىلىقىنى ئالماق: ماھىرە دەرھال كىتاب-دەپتەرلىرىنى ئۇستەلگە قويدى-دە، نىساخان مۇدىردىن رۇخسەت ئېلىپ

سىدىقنى باشلاپ دوختۇرخانىغا كەتتى.

**رۇخسەت بەرمەك** بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى ئورۇندىشى ئۈچۈن ئىجازەت بەرمەك، رازىلىق بەرمەك: پادىشاھ بەھرام مەجۇسىيدىن نېمەت بىلەن نەئىمەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ، ئۇنىڭغا ھېكايىسىنى سۆزلەشكە رۇخسەت بېرىپتۇ.

**رۇخسەت سورىماق** بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا ئۆتۈنمەك، ئىلتىماس قىلماق: نادەم باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ كېلىشكە رۇخسەت سورىدى.

**رۇخسەت قىلماق** ← **رۇخسەت بەرمەك**: پادىشاھ ماڭا بىر گۆھەرنى كۆرسەتتى ۋە بۇ گۆھەرنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى، مەن جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەلدىم. پادىشاھ مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلدى.

**رۇخسەتسىز** رەۋ. رۇخسىتى يوق، رۇخسەت ئالماي: رۇخسەتسىز كىرمەك. رۇخسەتسىز بارماق. * ئۇ خەلپە بىلەنمۇ بەك يېقىن بولۇپ، خەلپىنىڭ ئالدىغا ھەرقانداق ۋاقىتتا رۇخسەتسىز كىرىپ-چىقالايدىكەن.

**رۇخسەتلىك** رەۋ. رۇخسىتى بار، رۇخسەت ئېلىپ: رۇخسەتلىك ماڭماق.

**رۇدا** ئى (ر) ① <كېئول> تەركىبىدە كېرەكلىك مىنېراللار بولغان ھەمدە قېزىش قىممىتىگە ئىگە تاغ جىنسلىرى. ② <فىز> سىمسىز رادىئو قوبۇللىغۇچتىكى دولقۇن تاسقىغۇچنى ياسىغىلى بولىدىغان چاسا قوغۇشۇن تاش، سېرىق تۆمۈر تاش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**رۇدا تۈزۈلمىسى** <كېئول> رۇدىنى تەشكىل قىلغۇچى مىنېراللارنىڭ شەكلى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**رۇدا سورتى** <كېئول> رۇدا تەركىبىدىكى پايدىلىق تەركىبلەر ياكى پايدىلىق مىنېراللارنىڭ بىرلىك مىقدارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**رۇدا قۇرۇلمىسى** <كېئول> رۇدىنى تەشكىل قىلغۇچى ئوخشىمىغان تەركىبتىكى مىنېرال ئاگرېگاتلىرىنىڭ شەكلى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**رۇدا مىنېرال** <كېئول> رۇدىسىدىن سانائەتتە بىر ياكى بىرنەچچە خىل پايدىلىق مېتال ئېلېمېنتلارنى چەككىلەپ ئالغىلى بولىدىغان مىنېراللار. مەسىلەن، قوغۇشۇن ئالىدىغان چاسا قوغۇشۇن تاش. مىس ئالىدىغان سېرىق مىس تاش قاتارلىقلار.

**رۇدىلىق** سۈپ. رۇدىسى بار، رۇدا ئارىلاشقان: رۇدىلىق بىرىكمە. رۇدىلىق قاتلام.

**رۇدىلىق رادىئو قوبۇللىغۇچ** <فىز> بىر خىل ئەڭ ئاددىي رادىئو قوبۇللىغۇچ. ئۇنىڭ دولقۇن تاسقىغۇچى بىر يۆنىلىشلىك توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە رۇدىلاردىن ياسىلىدۇ.

**رۇداۋ** ئى (خەن <ياپون>) <تەن> ← **رۇداۋ چېلىششى**.

**رۇداۋ چېلىششى** <تەن> ياپونلارنىڭ چېلىششىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل چامباشچىلىقى. بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپ قۇرۇق قول ئېلىشىدۇ.

**رۇس** I سۈپ (پ) تۈز، دۇرۇس، راۋۇرۇس: رۇس ياغاچ. // كىتاب ماتېرىيال كۆرگەندە، بەك دوگىيىپ ئولتۇرماسلىق ياكى كىتابنى كۆزگە يېقىن تۇتماسلىق، ئورۇندۇقتا رۇس ئولتۇرۇپ يېزىش ۋە ئوقۇش كېرەك.

**رۇس** II ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**رۇس تىلى** <تىل> رۇسلار ئىشلىتىدىغان تىل. ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاساسلىق تىل، شۇنداقلا خەلقئارادا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى سلاۋيان تىللىرى تۈركۈمىنىڭ شەرقىي سلاۋيان تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. سلاۋيان يېزىقىنى قوللىنىدۇ، مىلادىيە 9-ئەسىردىن باشلانغان يازما يادىكارلىقلىرى بار.

**رۇستەك** ئى (د) <ماشىن> سىلىقسارلىق ۋە شۇ خىلدىكى ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان دەستگاھ. ئۈستىدە دېتاللارنى تۇراقلاشتۇرىدىغان قىسقۇچ ئەسۋابلار بولىدۇ، كۆپىنچە توك ياكى قول ئارقىلىق مېخانىكلىق ئۇسۇلدا ھەرىكەتلىنىدىغان سايمانلار بىلەن جاھازلىنىدۇ.

**رۇسچە** ① سۈپ. رۇسلارغا، رۇس خەلقىگە، رۇس تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ رۇس خەلقىگە خاس بولغان: رۇسچە كىيىم. رۇسچە ئۇسسۇل. ② ئى. رۇس تىلى ياكى يېزىقى: رۇسچە ئۆگەنمەك. * ئۇ رۇسچىنى خېلى چوڭ بولغاندا ئۆگەنگەن.

**رۇسلاتماق** «رۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رۇسلار** ئى <ئىرق> رۇس مىللىتى، رۇس خەلقى. رۇسلارنىڭ ئاساسىي قىسمى روسىيىگە، ئاز قىسمى باشقا دۆلەتلەردە ئولتۇراقلاشقان. مەملىكىتىمىزدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىمۇ ئاز بىر قىسىم رۇسلار ياشايدۇ.

**رۇسلاشتۇرماق** «رۇسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رۇسلاشماق** «رۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رۇسلانماق** «رۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قازى دېۋانغا كېلىپ رۇسلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تىنچ-ئامانلىق سورىدى.

**رۇسلىماق** پ. رۇس، تۈز ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تۈزەشتۈرمەك، تۈزىمەك: ئەگرى ياغاچنى رۇسلىماق. ئۆزىنى رۇسلىماق. * رەيھانەم ئېڭىكىنى تىرەپ تۇرغان ئالقىنىنى چۈشۈرۈپ قەددىنى رۇسلىدى. * ئارسلان ئۆزىنى رۇسلاپ قەدەملىرىنى تېزلەتتى ۋە ئالدىدا كۈلۈپ كېلىۋاتقان خانىغا يېقىنلاشتى.

**رۇشكا** (توغرىسى: رۇچكا) ← **رۇچكا**.

**رۇقئە** ئى (ئە) ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ بىر تۈرى. بۇ ئۇنچە تېزنىقىدەك كەلگەن كالتە، دىقماقىراق، مەزمۇت، ئېنىق تىك سىزىقلىق نۇسخا بولۇپ، تېز يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ چېكىتلىرى دانە-دانە قويۇلماستىن، ئاچماق، يانتۇ سىزىقچە ھالىتىدە قويۇلىدۇ. بەزى ھەرپلەرنىڭ مەسىلەن، «ش، ن، ق» ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى قۇيرۇقىغا ئۇلاپلا تارتىپ قويۇلىدۇ.

**رۇقئەچە** سۈپ. رۇقئە شەكلىدە يېزىلغان: رۇقئەچە خەت.

**رۇك-رۇك** كۈركە توخۇ ئاۋازى.

**رۇكوياتكا** ئى (د) ① ئاپتوموبىللارنى ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان ئەسۋاب. ② ماشىنىلارنىڭ چاقلىرىنى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرىدىغان تۇتقۇسى، دەستىسى.

**رۇكۇ** ئى (ئە) <دىن> ناماز ئوقۇغاندا بەلنى ئېگىش؛ ئېگىشىش: رۇكۇ قىلماق. رۇكۇغا بارماق. * ئەركىن مەسچىتتىكى رۇكۇغا تۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ سۆزىنى توختىتىپ جىم تۇردى.

**رۇكۇغا بارماق** ← **رۇكۇ قىلماق.**

**رۇكۇ قىلماق** ناماز ئوقۇغاندا ئىككى تىزنى تۇتۇپ ئېگىلمەك، ئېگىشمەك.

**رۇكۇلدىماق** پ «رۇك-رۇك» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «رۇك-رۇك» قىلماق: هويلا ئىچىدىن توخۇلارنىڭ رۇكۇلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

**رۇم** ئى ← **رىم.**

**رۇمچە** ئى ← **لاتىنچە**: ئۇ، ئالىم كىشى بولۇپ يۇنانچە، پارسچە، رۇمچە، ئەرەبچە تىللارنى بىلىدىكەن.

**رۇمىن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**رۇمىن تىلى** <تىل> رۇمىنلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل هىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ رۇمىن تىلى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. رۇمىنىيىدە ئورتاق قوللىنىلىشتىن سىرت، بۇلغارىيە، مولداۋىيە ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ مەلۇم جايلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلار تەخمىنەن 20 مىليونغا يېتىدۇ. لاتىن يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن باشلانغان يازما يادىكارلىقلىرى بار.

**رۇمىنچە** ① سۈپ. رۇمىنلارغا، رۇمىن خەلقىغە، رۇمىن تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ رۇمىن خەلقىگە خاس: رۇمىنچە ئۇسلۇل. رۇمىنچە ناخشا. ② ئى. رۇمىن تىلى ياكى يېزىقى: رۇمىنچىنى بىلمەك.

**رۇمىنلار** ئى <ئىرق> رۇمىن مىللىتى، رۇمىن خەلقى. ئۇلار ئاساسەن رۇمىنىيىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، پۈتۈن رۇمىنىيە ئاهالىسىنىڭ 88.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ياۋروپا ئىرقىغا كىرىدۇ. چەت ئەللەردىن مولداۋىيە، يۇگوسلاۋىيە، ۋېنگرىيە، ئامېرىكا، كانادا ۋە ئارگېنتىنا قاتارلىقلاردىمۇ رۇمىنلار ياشايدۇ.

**رۇۋۇكلاشماق** پ. دىئال. رودۇلاشماق، نامرات، گاداي بولۇپ كەتمەك.

**رې** «ر» هەرپىنىڭ نامى.

**رېئاكتىۋ** (ر<لات) ① ئى <خىم> باشقا ماددىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم خىمىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىدىغان ۋە شۇ خىل رېئاكسىيىدە ئىزدىلىۋاتقان ماددىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ بېرىدىغان ماددا. ② سۈپ <خىم> خىمىيىلىك ئانالىزدا شۇ خىل ماددا ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان: رېئاكتىۋ ماددىلار. ③ سۈپ <فىز> پار، گاز ۋە شۇ قاتارلىقلار ئېقىمىنىڭ تېپىش كۈچى نەتىجىسىدە هەرىكەت قىلىدىغان: رېئاكتىۋ ماتور. رېئاكتىۋ ئايروپىلان.

**رېئاكتىۋ ئايروپىلان** <ماشىن> رېئاكتىۋ ماتور هەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنىدىغان ئايروپىلان. بۇ خىل ئايروپىلانلار يېقىلغۇ يانغاندا پەيدا بولىدىغان گازنىڭ كەينىگە پۈركۈلۈپ تېپىشىدىن هاسىل بولىدىغان رېئاكتىۋ كۈچ ئارقىلىق ئىلگىرىلەيدۇ. سۈرئىتى ناهايىتى تېز بولىدۇ. ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان ئايروپىلانلار مۇشۇ تىپتىكى ئايروپىلانلاردۇر.

**رېئاكتىۋ قارشىلىق** <فىز> ئىندۇكتىپلىق ياكى ئېلېكتر سىغىمىنىڭ ئۆزگىرىشچان توكقا بولغان توسقۇنلۇق رولى.

**رېئاكتىۋ كۈچ** <فىز> زەربە كۈچى بىلەن يۆنىلىشى قارىمۇقارشى بولغان

تەسىر كۈچ، يەنى كەينىگە تېپىش كۈچى. مىلتىق ئوقى ياكى زەمبىرەك ئوقى ئېتىلغان چاغدىكى كۈچ رېئاكتىۋ كۈچ بولىدۇ.

**رېئاكتىۋ ماتور** <ماشىن> يېقىلغۇلارنىڭ يېنىشىدىن ھاسىل بولغان گازنىڭ تېز سۈرئەتتە پۈركۈلۈشى نەتىجىسىدە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىدىغان ماتور. تېز سۈرئەتلىك ئايروپىلان ۋە راكېتا قاتارلىقلاردا بۇ خىل ماتور بولىدۇ.

**رېئاكسىئون** ئى (د) بىرەر ئەكسىيەتچىل پائالىيەت ياكى مەقسەت، كونا، فېئو-داللىق دەۋرى ئۆتۈپ، يوقىلىپ كېتىۋاتقان تەرتىپلەرنى ساقلاپ قېلىش ياكى تىك-لەش ئۈچۈن كۈرەشكۈچى، ئۇرۇنغۇچى؛ ئەكسىيەتچى: جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كومپار-تىيىسىنىڭ يولباشچىلىقىدا، ئۇزۇن زامان جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگودىكى رېئاكسىئون ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزۇل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

**رېئاكسىيە** ئى (ر<لات) ① <خىم> ئىككى ياكى بىرنەچچە خىل ماددا ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزئارا تەسىر، يەنى ماددىلارنىڭ بىرىكىشى، ئاجرىلىشى ۋە شۇ قاتارلىقلار: خىمىيىلىك رېئاكسىيە. رېئاكسىيىگە كىرمەك. ② <خىم> ئاتوم يادروسىنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى: ئىسسىق يادرو رېئاكيىسى. ③ ئورگانىزملارنىڭ تەن ئىچى ياكى سىرتىدىكى غىدىقلاشقا جاۋابەن كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرى. ④ <تىب> ئادەم بەدىنىگە سېلىنغان ئوكۇل ياكى يېگەن دورىنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا بولغان ئەكس تەسىرى.

**رېئاكسىيە بەرمەك** <تىب> سېلىنغان ئوكۇل ياكى ئىچىلگەن دورا ئادەم ئورگانىزمىغا ئەكس تەسىر كۆرسەتمەك: دورا رېئاكسىيە بەردى.

**رېئال** سۈپ (د) ① ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەمەلىيەتتە بار، ھەقىقىي، ئەمەلىي، چىن: رېئال ئەھۋال. رېئال شەيئى. * ئۇ رېئال تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆشۈپ تاۋلىنىشنى ئىسىگە كەلتۈرمىدى. * بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمىز-نىڭ بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىگە بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز رېئال دۇنيانى بىلەلەمدۇ؟ ② رېئاللىقتا، ئەمەلىيەتتە ئۈيغۇن كېلىدىغان؛ ئەمەلگە ئاشىدىغان، بېجىرىلىشى مۇمكىن بولغان: رېئال پىلان. رېئال مەسىلە. رېئال ئىش. * بۇ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**رېئال ھۆكۈم** <لوگ> ئوبيېكتتا نىسبەتەن ھەقىقىي، نەق بىر شەيئى تەستىقلانغان ياكى ئىنكار قىلىنغان ھۆكۈم.

**رېئاللاشتۇرماق** « رېئاللاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رېئاللاشتۇرۇلماق** « رېئاللاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رېئاللاشماق** پ. رېئال ھالەتكە كەلمەك، رېئاللىققا قاراپ يۈزلەنمەك، رېئاللىققا ئۈيغۇن كەلمەك، رېئال بولماق.

**رېئاللىق** ① « رېئال » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پەلس> ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق شەيئىلەر، ئوبيېك-تىپ مەۋجۇدىيەت.

**رېئالىزم** ئى (ر<لات) ① <پەلس> ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىدىكى بىر مەزھەپ. ئۇ نامچىلىقنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئادەتتىن-

كى چۈشەنچىلەر (ئورتاقلىق) ئايرىم شەيئىلەردىن بۇرۇن، ھەقىقىي تۇردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ مەڭگۈلۈك بولىدۇ دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ② <ئەد> ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، تىپىك پېرسوناژ ۋە تىپىك مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**رېئالىست** ئى (ر) <ئەد> رېئالىزم تەرەپدارى، رېئالىزمغا ئەمەل قىلغۇچى، ئۆز پائالىيىتىدە رېئال ۋەقەلىكنى، شەرت-شارائىتلارنى، مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەرنى ھېسابقا ئېلىپ ئىش كۆرگۈچى كىشى.

**رېپېتىس** (توغرىسى: رېپېتىتسىيە) ← رېپېتىتسىيە.

**رېپېتىتسىيە** ئى (ر<لات) <تىيا> بىرەر ئويۇننى قويۇش ئالدىدا، رېژىسسورنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قىلىنىدىغان مەشىق، تەييارلىق.

**رېپېتىتسىيە قىلماق** <تىيا> بىرەر ئويۇننى قويۇش ئالدىدا، رېژىسسورنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بىر-بىرلەپ مەشىق قىلماق.

**رېپىدە** ئى ← **گەزنە**: مانا بۇگۈن پاتەمخان قوشنىسىنىڭكىگە رېپىدە سوراپ كىرگىنىدە، شەرىخان بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۆزىلا گەپ ئېچىۋەتتى. پاتەمخان ئالدىراش بولسىمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىدى.

**رېپىرى** ئى (ر<ئىنگ) <تەن> تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسەن تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مۇسابىقە نەتىجىسىنى باھالايدىغان ۋە مۇسابىقە جەريانىدا سادىر بولغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كىشى.

**رېپىرلىق** «رېپىرى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: رېپىرلىق قىلماق. * مۇئەللىم ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدا رېپىرلىق قىلىپ بەردى.

**رېپىرلىق دەرىجە تۈزۈمى** <تەن> رېپىرلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر خىل تەدبىر. 1956-يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رېپىرلىق دەرىجە تۈزۈمى نىزامى»دا، رېپىرلارنى دۆلەتلىك دەرىجە، 1-دەرىجە، 2-دەرىجە ۋە 3-دەرىجىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىگە ئايرىش بەلگىلەنگەن. رېپىرلار يۇقىرىقى دەرىجىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن مەلۇم شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى شەرت.

**رېتسېپ** ئى (ر<لات) <تىب> ① دوختۇر كېسەل كىشىگە يېزىپ بەرگەن دورا قەغىزى. ② مەلۇم كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان دورىلارنىڭ نامى، قوشۇلۇش مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ياكى ئۇلارنىڭ خاتىرىسى.

**رېتسېپتور** ئى (ر<لات) <پسخول> نېرۋا سىستېمىسىدىكى نېرۋا ئۇچى توقۇلمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ توقۇلمىلار سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى سېزىۋالغاندىن كېيىن، شۇ تەسىرنى دەسلەپ قوزغىلىشقا (غىدىقىقا) ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئاندىن مەركىزىي نېرۋىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئېپىدېرما ئاستىدىكى تېگىشىش، ئاغرىق ۋە ھارارەت رېتسېپتورلىرىغا ئوخشاش.

**رېتورتا** ئى (ر<لات) <خىم> ماددىلارنى پارلاندۇرۇش ياكى پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قاچا. كۆپرەك

ئەينەكتىن ياسىلىدۇ، شەكلى نەشپۈتكە
سەل ئوخشايدۇ، بويۇن قىسمى بىر
تەرەپكە ئېگىلگەن بولىدۇ.

**رېجىم** ئى (ر<فران) <قا> مەملىكىتىمىزدىكى
جىنايى جازالارنىڭ بىر تۈرى. ئۇ جىنا-
يەتچىلەرنى قاماپ، ھەرىكەت ئەركىن-
لىكىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەيدۇ.
ئۇنىڭ چېكى ئۈچ ئايدىن يۇقىرى، ئىككى
يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ؛ ئەمما بىرنەچچە
خىل جىنايەتنى قوشۇپ جازالىغاندا ئۈچ
يىلغا ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

**رېجىمغا ئالماق** جىنايەتچىلەرنى قاماپ،
پائالىيەت (ھەرىكەت) ئەركىنلىكىنى
مەلۇم دەرىجىدە، مەلۇم ۋاقىت چەكلىمەك.

**رېجىم قىلماق** ← **رېجىمغا ئالماق.**

**رېچىتاتىۋ** ئى (ر<ئىتال) <مۇز> بەزىبىر
مۇزىكىلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ
دېكلاماتسىيە خاراكتېرىگە ئىگە بىر خىل
مېلودىيىسى. رىتمى ئەركىن، تەڭكەش
قىلىنىشمۇ بىرقەدەر ئاددىي بولىدۇ.
مەزمۇنى كۆپىنچە تىياتىر ۋەقەلىكىنى
بايان قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئادەتتە
ئوپېرا، ئوراتورىيە قاتارلىقلاردا بولىدۇ.

**رېداكسىيە** ئى (ر<فران) <مەت> ←
**تەھرىر ھەيئىتى.**

**رېزەندە** ئى. چىغدانغا يۇڭ سېلىش ئۈچۈن
ياغاچتىن ياسالغان يەتتە ئىلىكلىك
سايمان؛ كىگىزچى ئارىسى.

**رېزبا** ئى (ر) <ماشىن> دېتاللارنىڭ سىرتقى
ياكى ئىچكى يۈزىگە ئايلاندۇرۇپ چىقى-
رىلغان چىشلىق ئېرىقچە. ئايلىنىش
يۆنىلىشىگە قاراپ ئوڭ رېزبا ۋە سول
رېزبا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئادەتتە
ئوڭ رېزبا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**رېزبا ئارىلىقى** <ماشىن> رېزبىنىڭ
ئىككى قوشنا چىشى ئوتتۇرىسىدىكى
ئارىلىق.

**رېزبىلىك** سۈپ. رېزبىسى بار، رېزبا چىقىرىپ
ياسالغان: — ھە، توغرا، ئەڭ ياخشىسى
ئالدى بىلەن تۈنىكىنى ئېغىر نەرسىدە
باستۇرۇپ تۈزلەش كېرەك، ئاندىن رېزبىلىك
مىخ بىلەن جۈپلەش، چىگىتىش لازىم، —
دېدى سۇلايمان ئۇستا شاگىرتلىرىغا.

**رېزونانس** ئى (ر<فران) <فىز> ① تەۋرىنىش
چاستوتىسى ئوخشاش بولغان ئىككى
جىسمنىڭ بىرى تەۋرىنىپ، يەنە بىرىنىڭ-
مۇ تەۋرىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان
ھادىسە. ② رادىئو سىگناللىرىنى قوبۇل
قىلىدىغان ئاپپاراتتىكى رېزونانس زەنجىرى-
نىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى بىلەن
رادىئو سىگناللىرىنى تارقىتىش ئىستانسىسى-
نىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى ئوخشاش
بولغاندا، قوبۇل قىلىدىغان ئاپپارات
تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ رادىئو دولقۇنلىرى-
نى قوبۇل قىلالايدۇ. بۇ خىل ھادىسىمۇ
«رېزونانس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**رېزىنكە** (ر) ① ئى. كاۋچۇك دەرىخى،
كۆكسېغىز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر سۈتىنى
پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدى-
غان بىر خىل ماتېرىيال. ئېلاستىكلىق
ۋە ئىزولياتسىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە،
سۇ ۋە ھاۋا ئۆتكۈزمەيدۇ. ئادەتتە ئۇ
سانائەت ۋە تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ساھە-
لىرىدە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. ② سۈپ.
مۇشۇنداق ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن:
رېزىنكە توپ. رېزىنكە چاق. رېزىنكە ئاياغ.

**رېزىنكىلىك** سۈپ. رېزىنكىسى بار، رېزىنكا
ئورنىتىلغان.

**رېژىسسور** ئى (ر<فران) <تىيا> سەھنە
ياكى كىنو ئەسەرلىرىنى تەييارلاش،

سەھنىلەشتۈرۈش جەريانىدىكى ئىجادىي ئىشلارنىڭ تەشكىلاتچىسى، بەدىئىي رەھبەر: ئۇ 20 يىلدىن ئارتۇق جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، بۈگۈنگە كەلگەندە تالانتلىق رېژىسسور بولۇپ يېتىشتى.

**رېژىسسورلۇق** «رېژىسسور» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇلار ھېيزەمنىڭ رېژىسسورلۇق قىلىشى بىلەن ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىغا بېغىشلانغان «ئۈزۈلمەس رىشتە» ناملىق ئۇسسۇللۇق ئوپېرانى تەييارلاشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

**رېسپۇبلىكا** ئى (ر<لات) ← جۇمھۇرىيەت.

**رېستوران** ئى (ر<فران) ياتاق ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئورنى بار چوڭ تىپتىكى ئاشپۇزۇل: ئۈرۈمچىدىكى يېڭىسار رېستورانى ئېتىملىق ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن خېرىدارلارغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

**رېسدە** (توغرىسى: رەسىدە) ← رەسىدە.

**رېشاتكا** ئى (ر) كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنى، بالكون، كۆرۈش سۇپىسى، گۈللۈك ۋە يول ياقىلىرىغا تۆمۈر، ياغاچ، سېمونت قاتارلىقلاردىن تەكشى بالداقچە چىقىرىپ تام ئورنىدا ياسالغان توسۇق: ھېيزەم كۇلۇبنى قورشاپ تۇرغان كونا رېشاتكىغا يۆلەندى-دە، كۇلۇب تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكىغا قۇلاق سالدى. * قىزىل سىر بىلەن سىرلانغان ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىلىق، ئالدى تەرىپى ياغاچ رېشاتكىلار بىلەن توسۇلغان دادۈينىڭ چوڭ كۇلۇبى يىراقتىن ئاپئاق بولۇپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**رېشاتكىسمان** سۈپ. شەكلى رېشاتكىغا ئوخشايدىغان، رېشاتكا شەكىللىك: رېشاتكىسمان توقۇلما.

**رېشاتكىسمان توقۇلما** <بوت> يوپۇرماقنى تەشكىل قىلغۇچى بىر خىل ئۆزلەشتۈرگۈ-چى توقۇلما. ھۈجەيرىلىرى تۈۋرۈك شەكىلدە بولۇپ، تىزىلىشى رېشاتكىغا ئوخشايدۇ. تەركىبىدىكى خلوروپلاستىنىڭ سانى كۆپرەك بولىدۇ، ئادەتتە ئۇ يوپۇرماقنىڭ ئۈستۈنكى يۈزى تەرەپكە جايلىشىدۇ، شۇ سەۋەبتىن يوپۇرماقنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ رەڭگى توق يېشىل، كەينى تەرىپىنىڭ بولسا سۇس يېشىل بولىدۇ.

**رېشاتكىلانماق** پ. رېشاتكا بېكىتىلمەك، رېشاتكا بىلەن ئېتىلمەك: ئۇلارنىڭ كىچىك پەنجىرىلىرى بوي يەتمەس ئېگىزلىككە ياسىلىپ، ئۈچ قەۋەت كېسەك بىلەن چاپلىۋېتىلگەندىن تاشقىرى، سىرت تەرىپى بەش قولدەك زىچ پولات چىۋىقلار بىلەن رېشاتكىلانغانىدى.

**رېشاتكىلىق** سۈپ. رېشاتكىسى بار، رېشاتكا ئورنىتىلغان: رېشاتكىلىق پەنجىرە. رېشاتكىلىق ئىشىك. * مۇتەللىپنىڭ يېشىل سىرلىق، تۆمۈر رېشاتكىلىق يوغان دەرۋازىسى چوڭ كوچىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى. * ئۇلارنىڭ كۆك سىرلانغان يوغان ۋە ئېگىز دەرۋازىسى، قېنىق قارا قىلىنىپ بويالغان ئۇزۇن ياغاچ رېشاتكىلىق تاملىرى بار، قورۇسى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

**رېشلىيە** ئى. رەخت يۈزىگە كەشتىلەنگەن ھەر خىل شەكىللەر، گۈل نۇسخىلىرى: قولى ئەپچىل شەرىخان ئاپىسىدىن قالغان كونا قول ماشىنىسىدا قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى تىكەتتى، رېشلىيە ئىشلەپ ساتاتتى. * تامدىكى ئوتتاشتەك خوتەن گىلەملىرى كۆزنى قاماشتۇرسا، كارىۋات ۋە دېرىزىگە تۇتۇلغان سۇس ھاۋا رەڭ گۈللۈك رېشلىيە كىمنىڭدۇر ئاجايىپ نەپىس گۈزەل

قول سەنئىتىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

**رېشلىيەچى** ئى. رېشلىيە ئىشلەيدىغان كىشى.

**رېفراكتور** ئى [ر<لات] <ئاستر> لىنزىلار ۋاستىسى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىدىغان تېلېسكوپ.

**رېفراكتورمېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> نۇرنىڭ تۈرلۈك جىسىملاردىكى سۇنۇش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**رېفراكسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> يورۇقلۇق ۋە ئاۋاز دولقۇنى قاتارلىقلار بىر خىل مۇھىتتىن ئىككىنچى خىل مۇھىتقا يانتۇ چۈشكەندە، ئەسلىدىكى تارقىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ھادىسىسى.

**رېفلېكتور** ئى [ر<لات] ① <فىز> يورۇقلۇق مەنبەسىدىن كەلگەن نۇرنى قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان پېتىنقى يۈزلۈك ئەسۋاب، نۇر قايتۇرغۇچ. ② شۇ خىل ئەسۋاب بىلەن ئېلېكتىر لامپىسىدىن تەركىب تاپقان ياكى كۈن نۇرىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. ③ <ئاستر> پېتىنقى ئەينەك ۋاسىتىسى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىدىغان تېلېسكوپ.

**رېفلېكس**. ئى [ر<لات] <بىئول> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ ئىچكى-تاشقى غىدىقلاشلارغا نىسبەتەن نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق قايتۇرىدىغان ئىنكاسى. مەسىلەن، كۆز قارىچۇقىنىڭ نۇرنىڭ غىدىقلىشىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىز بولۇشىغا ئەگىشىپ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتىشى، بىرەر نەرسە يېگەندە شۆلگەينىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**رېفلېكس يايى** <بىئول> ئورگانىزمدا رېفلېكس پائالىيىتى ئۆتىدىغان يول. ئۇ سېزىم قوبۇل قىلىش ئورگىنى، ئېلىپ كىرگۈچى نېرۋا، نېرۋا مەركىزى، ئېلىپ چىققۇچى نېرۋا، مۇسكۇل ۋە بەزلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

**رېفلېكسلىق** سۈپ. رېفلېكس ئارقىلىق، رېفلېكس ياردىمى بىلەن بولغان: رېفلېكسلىق تەكشۈرۈش.

**رېفلېكسلىق تەكشۈرۈش** <بىئول> كۆرۈش قۇۋۋىتى مەلۇم ئارىلىقتىن بەلگىلىك ماددىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەندە، كۆزنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىدىغان بىرقاتار ئۆزگىرىشلەر. بۇلار كۆز قارىچۇقىنىڭ تارىيىشى، كۆز گۆھىرىنىڭ تومپىيىشى ۋە كۆزنىڭ يىغىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**رېفلېكسىيە** ئى [ر<لات] ① <پسىخول> پىكىر يۈرگۈزۈش، ئويلىنىش. ② <پەلس> بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئاتالغۇسى. لوك بىلىش بىر تەرەپتىن تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن كېلىپ چىققان تۇيغۇدىن شەكىللىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن روھىي پائالىيىتىمىز ئۈستىدىن كۆزىتىشتىن شەكىللىنىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. لوك «كۆڭلىمىزنىڭ ئىچكى پائالىيىتى» ئۈستىدىكى بۇنداق سەزگۈنى رېفلېكسىيە دەپ ئاتايدۇ. ئۇ رېفلېكسىيىنى ماددىي تەجرىبە بىلەن تەڭ تۇرىدىغان، بەلكى ماددىي تەجرىبىگە بېقىنمايدىغان بىر خىل مۇستەقىل بىلىش دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىدېئالىزمغا يول قويغانلىقى. گېگېل رېفلېكسىيىنى ۋاستىلىك بىلىش، يەنى ھادىسىلەر ماھىيىتىنىڭ ئىنكاسى دەپ چۈشىنىدۇ.

**رېكورت** ئى (ر<ئىنگ) ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ياكى بىرەر تاپشۇرۇقنى بېجىرىشتە ۋە ياكى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە ئېرىشىلگەن ئەڭ ياخشى نەتىجە، بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم. ئادەتتە ئۇ ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) رېكورت، دۆلەتلىك رېكورت ۋە دۇنيا رېكورتى دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**رېكورتنى بۇزماق** ئېرىشىلگەن ياكى بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى چەكتىن ھالقىپ كەتمەك: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنھەرىكەتچىسى سۇلتانخان مۇسابىقىدە ياش ئاياللارنىڭ 500 مېترلىق مۇز تېيىلىشى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

**رېكورت ياراتماق** ئىلگىرى ئېرىشىلگەن ياكى بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى چەكتىن - ھالقىپ، يېڭى بىر چەكنى بارلىققا كەلتۈرمەك، پەيدا قىلماق: بازىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشۈپ بارغانلار توققۇز تال ئوقنىڭ زىچ تەگكەنلىكىنى كۆرگەندە، بۇ بىر جۈپ مۇسابىقىداشقا ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىشتا رېكورت ياراتقانلىقىنى تەبرىكلەشتى. * 1981-يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980-يىلدىكىدىن 21.37 پىرسەنت ئاشتى، مەھسۇلات قىممىتى، پايدا بويىچە يېڭى رېكورت يارىتىلدى. * ئىشچى ھەدە، تاغىلار تېخنىكىدا ماھىركەن. ھەربىر كۈنى رېكورتلار يارىتىشقا قادىركەن.

**رېكورت يېڭىلىماق** ← **رېكورت ياراتماق.**

**رېگرېسسىيە** ئى (ر<لات) <مات> ستاتىستىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە ئىككى تاسادىپىي ئۆزگەرگۈچى مىقدار بېرىلگەندە، رېگرېسسىيە فۇنكسىيە مىقدارى ئىچىدىكى بىرى يەنە بىرىگە نىسبەتەن ئوتتۇرىچە قىممەت بولىدۇ. بۇ ئوتتۇرىچە قىممەت «رېگرېسسىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**رېل** ئى. كامبودژانىڭ پۇل بىرلىكى.

**رېلې** ئى (ر<فران) <ئېل> ئېلېكتر ماگنىت، پورژىنا ۋە تېگىشىش نۇقتىسى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ئېلېكتر زەنجىر قورۇلمىسى، ئېلېكتر ماگنىت كارتوشكىسىغا توك ئۇلانغاندا ياكى ئۇنىڭدىكى توك ئۈزۈلگەندە، تۆمۈر ئۇزەكتىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، نەتىجىدە ئۇنىڭغا ئۇلانغان ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئاجىز توك ئارقىلىق كۈچلۈك توكنى كونترول قىلىدىغان زەنجىرلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتوماتلاشتۇرۇش، يىراقتىن تۇرۇپ كونترول قىلىش ۋە تېلېگراف ئىشلىرىدىمۇ كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ.

**رېلس** ئى (ر<ئىنگ) <قاتن> پويىز، تراموۋاي، كران قاتارلىقلارنىڭ مېڭىشى ئۈچۈن تۆمۈر يولغا ياتقۇزۇلىدىغان پولات ماتېرىيالى. كاربونلۇق پولاتنى پىسسىلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، توغرا كەسمە يۈزى «I» شەكلىدە بولىدۇ.

**رېلس مىخى** <قاتن> شپالغا ئورنىتىلغان رېلسنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مىخ.

**رېلسسىز** سۈپ. رېلسسى يوق، رېلس ياتقۇزۇلمىغان.

**رېلسلىق** سۈپ. رېلسسى بار، رېلس ياتقۇزۇلغان: يىراقتا، كىچىك تۆپىلىكنىڭ ئېتىكىدىن، خىشتىن قۇرۇلغان تۇرخۇنلار ئاسمانغا دىڭگىيىپ تۇرغان جايدىن تاق رېلسلىق تۆمۈريول باشلىناتتى. * مۇنداق بىر تاغنى تېشىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، تاغ تېشىدىغان

ماشىنا، يەنە رېلىسلىق ۋاگون، ئاز بولغاندا بىرنەچچە تونىنا پارتلىتىش دورىسى بولۇشى كېرەك.

**رېماتىزم** ئى (ر<گرېك) <تىب> يۈرەك، ئۇگە ۋە نېرۋا سىستېمىسىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپرەك سوغۇق ۋە نەم جايلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەل يۈرەككە ئۆتكەندە، يۈرەك مۇسكۇللىرى ياللۇغلىنىپ، كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە غەيرىي تاۋۇش پەيدا بولۇش، ئالاقزادە بولۇش، يۈرەكنىڭ سوقۇشى ھەددىدىن زىيادە تېز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇگىلەرگە ئۆتكەندە بولسا، ئۇگىنىڭ مەلۇم قىسمى قىزىرىپ ئىششىش، قاتتىق ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**رېماتىزم قىزىتمىسى** <تىب> رېماتىزمغا قىزىتما، بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلار ياندىشىپ كېلىدىغان جىددىي قوزغىلىش باسقۇچىنىڭ ئىپادىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**رېماتىزملىق** سۈپ. رېماتىزم تەسىرى ئۆتكەن، رېماتىزم سەۋەبى بىلەن ئاغرىغان: رېماتىزملىق يۈرەك كېسەللىكى.

**رېماتىزملىق يۈرەك كېسەللىكى** <تىب> ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل يۈرەك كېسىلى. بۇنىڭدا، يۈرەك مۇسكۇلى، يۈرەك ئىچكى پەردىسى ۋە يۈرەك قېپى رېماتىزم تۈپەيلىدىن ياللۇغلىنىپ، ئومۇمىي يۈرەك ياللۇغىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**رېمونت** ئى (ر<فران) بۇزۇلغان، ئىشتىن چىققان، سۇنغان، كونىرىغان نەرسىلەرنى تۈزەش، ئوڭشاش، ياساش: ئۆينى رېمونت قىلماق. رېمونت ئىشچىسى. * — بۇ بولسا يۈقىرىنىڭ رېمونت ئۈچۈن بەرگەن پۇلى، ئەمما رېمونتقا سىرتتىن ئەمگەك كۈچى ياللىمىدۇق، — دېيىشتى ئۇلار. * ئۇ شېرىن خىياللار بىلەن رېمونت زاۋۇتىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى.

**رېمونت قىلماق** بۇزۇلغان، ئىشتىن چىققان، سۇنغان ياكى كونىرىغان نەرسىلەرنى تۈزىمەك، ئوڭشىماق: ئۇ چاغلاردا مەن دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ، سىنىپلارنى ئارىلاپ، سۇنغان پارتا-ئورۇندۇقلارنى رېمونت قىلاتتىم. * بىز بۇ يەردە ئاساسلىقى چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ رېمونت قىلىش ھەققىدە توختىلىمىز.

**رېمونتچى** ئى. رېمونت قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، رېمونت قىلغۇچى: مەن ماشىنىنىڭ چاقى پىرقىراپلا بەرسە بولغىنى، رېمونتچى بولمىسامۇ بولۇۋېرىدۇ، دەپ ئويلاپ ماشىنا رېمونت قىلىۋاتقانلارغا يولاپمۇ قويمىدىم.

**رېمونتچىلىق** ئى. رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى: رېمونتچىلىق قىلماق. * ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن كەسپىنى بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلار-نى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىپ، رېمونتچىلىقنى ياخشىلاپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**رېمونتخانا** ئى. رېمونت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس ئىشخانا، ئۆي: — تېزرەك ماڭ! دەريادىن ئۆتسەڭلا بىر كىچىك رېمونتخانا بار. ماشىناڭنى ئوڭلاپلا چاپسان ماڭ، — دېدى ئۇ ناتونۇش بالىغا. * شوپۇر ماشىنىسىنى ئۇتتۇر بىر رېمونتخانىغا ھەيدەپ كىردى.

**رېمونتسىز** سۈپ. رېمونت قىلىنمىغان، رېمونتقا چۈشمىگەن: رېمونتسىز سېپالكا. // مېيىتخانا بىر چوڭ بۇتخانىنىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ بۇتخانا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېمونتسىز قالغىنى ئۈچۈن

ناھايىتى بەك خارابلىشىپ كەتكەنىدى.

**رېمېن** ئى (د) ① بەلگە باغلايدىغان تاسما، كۆن بەلباغ: بۇلار يىگىت بار دۇكاننىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، بۇلارنىڭ كېلىشىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان يىگىتمۇ سارجا شىم-گىمناستيوركىسىنى كىيىپ، بېلىگە رېمېننى باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ② <فىز> ئۇزارتقۇچ تاسما ياكى ھەرىكەت ئۇزارتقۇچ تاسما.

**رېنتگېن** ئى (ر<نېم) ① <فىز> X نۇرى (رېنتگېن نۇرى)، گامما نۇرى قاتارلىقلار-نىڭ كۈچ بىرلىكى. بىر رېنتگېن تەخمىنەن بىر كىيۇرى رادىئوئاكتىپ نۇرنىڭ بىر سائەت ئىچىدە چىقارغان مىقدارىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇ نام گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى رېنتگېن (Wilhelm Konrad Rontgen) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن. ② X نۇرى ئارقىلىق بەدەن تەكشۈرىدىغان ئاپپارات: رېنتگېنگە چۈشمەك.

**رېنتگېنگە چۈشمەك** <تىپ> X نۇرى ئاپپاراتى ئارقىلىق بەدىنىنى تەكشۈرت-مەك.

**رېنتگېنگە چۈشۈرۈش** <تىب> X نۇرىنى ئادەم بەدىنىگە چۈشۈرۈپ، يالتىراق ئېكرانىدا ھاسىل بولغان تەسۋىرگە ئاساسەن ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەكشۈرىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**رېنتگېن نۇرى** <فىز> ← **ئېكس نۇرى**.

**رېنىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Re (rhenium). ئۇ ئەڭ شالاڭ تارقالغان، كەم ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭ بىرى بولۇپ، مېخانىكىلىق كۈچىنىشچانلىقى يۇقىرى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە چىرىتىشكە چىدامىلىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئېلېكتر لامپۇچ-كىسىنىڭ قىلى، راكېتا ۋە سۇنئىي ھەمراھ-لارنىڭ قېپى، ئاتوم قازانلىرىنىڭ مۇھاپى-زەت تاختىسى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەيدىغان تېرموئېلېمېنت قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قېتىشمىلىرىدىن قەلەم ئۇچى ئىشلىنىدۇ.

**رېھل** ئى (ئە) كونا. كىتاب قويىدىغان كىچىك قاتلىما شىرە: تۆۋەندە — گۈللۈك، قېلىن، يىپ پالاس ئۈستىدە ئوقۇغۇچىلار قاتار تىزىلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەر قاتاردا سەككىزدىن بالا، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا رېھل، ئۇنىڭغا كىچىكرەك كىتابلار قويۇلغانىدى.

**رېئوستات** ئى (ر<گرېك) <فىز> قارشىلىقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تەڭشەيدىغان قۇرۇلما. ئۇنى ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلاپ توك ئېقىمىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى رېئوستات ئېلېكتر قارشىلىقى چوڭراق بولغان ئۆتكۈز-گۈچ سىم ۋە تېگىشىش نۇقتىسىنى ئۆزگەر-تىش ئارقىلىق قارشىلىق سىمىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇزۇنلۇقىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان قۇرۇل-مىلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**رېئومىيوزا** ئى (فران) <فىز> ← **رېئومىيوزا تېرمومېتىر**.

**رېئومىيوزا تېرمومېتىر** <فىز> تېرمومېتىرنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل تېرمومېتىردا، سۇنىڭ مۇزلاش نۇقتىسى 0 گرادۇس، قايناش نۇقتىسى 80 گرادۇس بولۇپ، « R » بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تېرمومېتىرنىڭ شكالا ئۇسۇلىنى فرانسىيە فىزىكا ئالىمى رېئومور (Rene—Antoine Ferchault de Reaumur) بېكىتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامىغا بېرىلگەن.

**رېيكا** ئى (د) دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن ۋە يەر، سۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېگىز-پەسلىكىنى

ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كالتەك.

**رىئايە** ئى (ئە) ① ھۆرمەت ياكى ئېتىبارغا ئېلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان مۇئامىلە، يول قويۇش؛ ھۆرمەت: – دوستۇم، رىئايە قىلغانىنى بىلىشىڭ كېرەك، ئەگەر مەنمۇ سەن قىلغانىنى قىلسام، ئېغىر ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، – دېدى ئۇ ئۆزىنى قاتتىق بېسىپ. ② بويسۇنۇش، ئەمەل قىلىش، ساقلاش: تەرتىپكە رىئايە قىلماق. قانۇنغا رىئايە قىلماق. * ئۇ تازىلىققا رىئايە قىلىش توغرىسىدا پىكىر بەردى. * – يولداشلار بىز ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلايلى! – دېدى بىرنەچچە ياش يىگىت ھاياجانلىق بىلەن.

**رىئايە قىلماق** ① ھۆرمەت قىلماق؛ يول قويماق: چوڭ دەپ رىئايە قىلدىم، بولمىسا ماڭمۇ ئانام گەپ ئۆگەتكەن. ② بويسۇنماق، ئەمەل قىلماق، ساقلىماق: – ماقۇل ئاپا، مەن بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم تازىلىققا رىئايە قىلىمەن، – دېدى تۇرسۇن. * ئوقۇغۇچىلارغا ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسىنى بەرگەندە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنىڭ داۋلىسى، قائىدىسى بىلەن ئەھمىيىتىنى سۆزلەشتىن باشقا يەنە ئۆز سىنىپى ۋە ئۆز مەكتىپىدىن مىسال كەلتۈرۈش لازىم.

**رىبوزا** ئى (لات) <بىئول> ← **يادرو قەنتى.**

**رىبوفلاۋىن** ئى (ر<لات) <خىم> ← **ۋىتامىن B2.**

**رىپاقەت** ئى (ئە) يېز ت. ھەمراھلىق: ئۇلار يەڭگىل قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ رىپاقىتىدە ماڭدى.

**رىپاۋەت** ئى (ئە) باردى-كەلدى، ئالاقە، مۇناسىۋەت، ئۆلپەتچىلىك: ئۇ كىشى بىلەن رىپاۋىتىمىز بار ئىدى. * بارات ئاكام كۆلۈمسىرىگەن ھالدا: – بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان دەپتىكەن. رىپاۋەت قىلىشىپ تۇرايلى، – دېدى.

**رىتورىك** ئى (ر<گرېك) رىتورىكىغا (ناتىقلىق سەنئىتىگە) ئائىت، رىتورىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان.

**رىتورىك خىتاب** <ئەد> ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى، ئاپتورنىڭ ئەسەردىكى پېرسوناژ، نەرسە ياكى ئۆز خىيالىدىكى تىڭشىغۇچىسى بىلەن قىلغان سۆھبىتى ياكى شۇلارغا قىلغان خىتابى.

**رىتورىك سوئال** <ئەد> ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى، ئۇ پوئېتىك نۇتۇقتا ئىپادىلەنگەن پىكىرنى سوراق شەكلىدە تەستىقلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتكۈچى ۋاستە بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، «سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ» دېگەن قوشاقتا ھەم سوئال، ھەم جاۋاب بار بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قىلىدۇ.

**رىتورىك مۇراجىئەت** <ستى> ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى، ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژ ياكى نەرسە بىلەن سۆزلىشىپ شۇلارغا قىلغان مۇراجىئىتى. ئۇ، ئادەمگە مۇراجىئەت ۋە نەرسىگە مۇراجىئەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**رىتورىكا** ئى (ر<گرېك) ناتىقلىق نەزەرىيىسى، نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتى توغرىسىدىكى مەخسۇس پەن.

**رىتىم** ئى (ر<گرېك) ① بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئارىلىقىدا مەلۇم تەرتىپ ۋە ئۆلچەم بىلەن بىر خىل تەكرارلىنىپ تۇرۇشى: كىچە جىمجىت-

لىقىدا تام سائىتىنىڭ بىر خىل رىتىمدا چېكىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ② <مۇز> ناخشا ياكى مۇزىكا تاۋۇشلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا نۆۋەت بىلەن بىر كۆچىيىپ، بىر ئاجىزلاش ياكى بىر ئۈزۈلۈپ، بىر قىسقىرىشى. ③ <ئەد> شېئىرىي نۇتۇقتىكى بىر خىل مىقداردىكى سۆز بۆلەكلىرىنىڭ ئىزچىل ۋە بىر ئۆلچەمدە تەكرارلىنىپ كېلىشى.

**رىتىم تېپى** <مۇز> تاۋۇشلارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتى ھېسابقا ئېلىنمىغان ھالدىكى ۋاقىت تەرتىپى.

**رىتىم سىزىمى** <تىيا> ئارتىسنىڭ سەھنىدىكى تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىنى رىتىمغا چۈشۈرۈشىدىكى سېزىمچانلىقى.

**رىتىمچان** سۈپ ← **رىتىمدار.**

**رىتىمچانلىق** ئى ← **رىتىمدارلىق:** شىنجاڭ مۇزىكىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى داپ رىتىمچانلىقىغا باي بولغان ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار ئىدى.

**رىتىمدار** سۈپ. رىتىمغا چۈشىدىغان، رىتىمچانلىقى كۈچلۈك، رىتىملىق.

**رىتىمدارلىق** «رىتىمدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى پۈتۈن بەدەن رىتىمى ئاساسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇسسۇللۇق سەنئەت بولۇپ، مۇزىكىلىق رىتىمدارلىقى ۋە ئۇسسۇللۇق ئوبراز يارىتىش ئىمكانىيىتى ئەڭ كەڭ بولغان ئۇسسۇل سەنئىتىدۇر. * بىر مىللەت تىلىنىڭ پۈتۈن ئاۋاز ۋە رىتىمدارلىق سىستېمىسى شۇ مىللەتنىڭ مۇزىكىسىدا — مېلودىيىسى، گارمونىيىسى ھەتتا مۇزىكىلىق ئاۋاز ئالاھىدىلىكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**رىتىمسىز** سۈپ. رىتىمى، تەرتىپى يوق؛ رىتىملىق ۋە تەرتىپلىك ئەمەس، قالايمىقان: رىتىمسىز ھەرىكەت. // ئۇ بۇ سۆزنى مەخسۇمنىڭ ئاغزىدىن رەسمىي ئاڭلىغاندا بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتى. يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ، يۈزى لاپپىدە ئۆت ئالدى. * ئۆي ئىچى قايتىدىن ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكتى، يۈرەكلەر رىتىمسىز سوقۇشقا باشلىدى.

**رىتىمسىزلاشتۇرماق** «رىتىمسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رىتىمسىزلاشتۇرۇلماق** «رىتىمسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رىتىمسىزلاشماق** پ. رىتىمسىز ھالەتكە كەلمەك، رىتىمسىز بولماق، قالايمىقانلاشماق: كۆكرەك پەردە ياللۇغى كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ماللاردا، ئارامسىزلىنىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە تومۇر سوقۇشى تېز ھەم كۈچلۈك بولىدۇ، كېيىن تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ رىتىمسىزلىشىدۇ.

**رىتىمسىزلىق** «رىتىمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**رىتىملىق** سۈپ. رىتىمى، تەرتىپى بار؛ رىتىمغا چۈشكەن، قالايمىقان ئەمەس؛ تەرتىپلىك: رىتىملىق ئاھاڭ. رىتىملىق قەدەم. * كېچە جىمجىتلىقى ئىچىدە ئاتلارنىڭ تەكشى رىتىملىق ئاياغ تاۋۇشى ئوچۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. * مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئالدىرىماي ئۇسسۇل باشلىدى، ئۇنىڭ قىسقا پۇتلىرى رىتىملىق ئاۋاز بىلەن يەرگە ئەپچىل تېگەتتى. // بىردەمدىن كېيىن، مەكتەپ قوڭغۇرىقى يەنە رىتىملىق جىرىڭلىدى.

**رىتىملىق گىمناستىكا** <تەن> ← **بەدىئىي گىمناستىكا.**

**رىتىملىق ئۇدار** <مۇز> مۇزىكىنىڭ ھەربىر بۆلىكىدە مەلۇم ۋاقىت تەكرارلىنىدىغان ۋە كۈچلۈك-ئاجىزلىقى بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان بىر يۈرۈش ئۇدارلار. ئادەتتە ئۇ رىتىمنى ئۆلچەيدىغان

بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، $\frac{2}{4}$ ، $\frac{3}{4}$ ،
$\frac{4}{4}$، $\frac{3}{8}$ ، $\frac{6}{8}$ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**رىجە** ئى (پ) ① بىرەر نەرسە ئۈستىدىن تارتىلغان يىپ، سىم ياكى سىزىق. ② ناۋات قاتۇرۇلغان قازانغا تارتىلغان يىپ: قازانغا رىجە باغلىماق. ③ بۇغرىسىغا كىرگەن تۆگىنىڭ ئادەم چىشلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئاغزىغا تارتىپ قويىدىغان بىر خىل تور. ④ بىرەر ئىشنى تەرتىپى بىلەن ۋە ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىش ئۈچۈن ئالدىنئالا بەلگىلەپ ئېلىنغان ئېنىق ياكى تەخمىنىي مۆلچەر؛ پىلان: باتۇر تاغا تەنتەنىلىك ئاۋاز بىلەن جاكار قىلدى: — قارايۇز ئوغۇلچاق ئۇزاقتىن بۇيان خان ئوغۇلغا سۇيىقەست قىلىش رىجىسىنى تۈزۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ رىجىسى بىتچىت قىلىندى. * يەتكۈزۈپ تۇردى ئەمىر مەخپىي ئۇلارغا ئاش-ئوزۇق، تاغدا ئىسيان كۆتۈرۈشكە بىرلىشىپ رىجە تۈزۈپ.

**رىچاگ** ئى (ر) ① <فىز> بىرەر تايانچ نۇقتا ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ۋە ئاز كۈچ بىلەن كۆپ كۈچنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان خادا؛ پىشاڭ: — سەل چېكىنىپىرەك تۇرۇڭلار، رىچاگ، كونۇپكىلارغا چېقىلماڭلار، — دېدى ئادىل يېقىن كېلىۋاتقان ۋە قول ئۇزىتىۋاتقانلارغا، — ھازىر باشلايمىز. قېنى قادىر، ۋېكلىيۇچاتېلنى باس! ② باشقۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دەستىلىك پىشاڭ: سونۇر كۆلۈمسىرىدى، ئۇ بىر قولىنى رىچاگدىن بوشىتىپ، قىزنىڭ دولقۇنلۇق چاچلىرىنى سىلىدى. * سونۇر بولسا شۇ كېچىلىك سىمېندا مۇنۇ رىچاگلارنى قانچە ۋاقىت كىرپىك قاقماي تۇتالايدىغانلىقىنى سىناش پەيتى كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بارىدۇ.

**رىدكۆل** ئى (ر) ئاياللارنىڭ كوچىغا چىققاندا ئىچىگە پۇل سېلىۋالىدىغان كىچىك سومكا شەكىللىك، بېغى بار پۇل قاپچۇقى: ئۇ، بوگون ئۈستىگە قىزىل پوپايكا، يېشىل تار يوپكا كىيگەن بولۇپ، ئىككى تال چېچىنى قويۇۋەتكەن، بىلىكىگە كىچىككىنە خۇرۇم رىدكۆل ئۆتكۈزۈۋالغانىدى.

**رىزا** ئى (ئە) يېز ت. رازىلىق جاۋابى، رازىلىق؛ رازى: رىزا ئەتمەك. رىزا بولماق. رىزا قىلماق. * قازاغا رىزا، بالاغا سەۋرى (ماقال). * پىراقىڭ ئوتلىرى ئاۋات قىلسا گەر جەھەننەمنى، رىزا مەن سەن بىلەن ئۇندا ئادا قىلماققا ھەردەمنى.

**رىزا ئەتمەك** ← **رىزا قىلماق**: شۇ يولغا مەھلىيا كۆڭلۈڭ ئەھدىڭنى بەجا ئەتسۇن، يۈرەك فونتانلىرىڭ ياڭراپ خەلقىڭنى رىزا ئەتسۇن.

**رىزا بولماق** رازىلىق بىلدۈرمەك، ماقۇل بولماق، ئۇنىماق: «خۇدانىڭ قىسمىتىگە رىزا بولمىساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراقى كېلىدۇ. قانداق قىلىمىز ئەمدى» دەپ ئويلىدى ئۇ. * كەلسە قازا ھەزرەتلەرگە قالمىغاي يول، تەقدىرىڭ ئويۇنىغا سەن رىزا بول!

**رىزا قىلماق** رازى قىلماق، ماقۇل قىلماق، ئۇناتماق: ئۇ چۈمۈلە قوۋمىگە بولدى غىزا، بۇ زىيايەت ئەھلىنى قىلدى رىزا. * ئاقلاش ئۈچۈن ئەجرىڭنى، ئۆگىنىمەن تىرىشىپ. سېنى رىزا قىلىمەن، ئالىم بولۇپ يېتىلىپ.

**رىزالاشماق** پ. رازى، رىزا بولۇشماق؛ رازىلاشماق: ئاكا-ئىنى كېلىشىپ، شۇ قارارغا كېلىشىپ، مىراسنى تەڭ ئارىشىپ، رىزالىشىپ، خوشلىشىپ، ئاتلىنىپتۇ سەپەرگە، باشقا-باشقا شەھەرگە.

**رىزالەت** ئى (ئە) يېز ت ① رەزىللىك، ئىپلاسلىق، پەسكەشلىك: ئەجەبمۇ بىر رىزالەتكە يېتەكلەر شەخسىي دۈشمەنلىك،

مەگەر كىم باغرى دۈشمەنلىك قۇرۇلغاندۇر قارا تاشتىن. ② جاپا-مۇشەققەت، جەبىر-زۇلۇم، مۇشەققەت: ئۇ زامانلار كەلتۈردى ياخشىلارغا رىزالەت، يامانلارغا «ھۆر زامان» ئەيش-ئىشرەت، پاراغەت.

**رىزالىق** ئى. رازىلىق؛ ماقۇللۇق: سەيدىن قارى ئۆز قولىمىزدىكى ئادەم، دادىسى رىزالىق بەرسە، بارماق قولىدىن ئايرىلىپ نەگە باراتتى! * بەختىم شۇ مېنىڭ، ياشىسام ھامان، ئانا ئالدىدا بولماي گۇناھلىق. ئۆلۈمۈمۇ ھەم توپۇم بولىدۇ، ئالالىسام مەن ئۇندىن رىزالىق.

**رىزە** سۈپ. دىئال ① نازۇك، نېپىز (نەرسە ھەققىدە). ② جاپاغا چىدىمايدىغان، چىدىماس: رىزە بالا.

**رىزىق (رىزقى)** ئى (ئە) ① <دىن> دىنىي چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، خۇدا ھەربىر كىشى، ھەربىر جان ئۈچۈن ئاتىغان نېسىۋە: ئادەم ئۆلمەس، رىزقى تۈگىمەس (ماقال). * تۇغۇلغاننىڭ رىزقى بىللە تۇغۇلار (ماقال). * — ۋاي جېنىم ئايىمخان ئاچا، ئاللا ئىگەم ياراتقان بەندىسىگە بىر كىشىلىك رىزقى بېرىدۇ، مانا، كۈنۈم ئۆتۈپ كېتىۋاتامدۇ! سىلىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، — دېدى ئۇ. ② ھايات كەچۈرۈش، تىرىكچىلىك ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇق، ئوزۇق-تۈلۈك؛ ئوقەت: — مېنىڭ قورسىقىم تازا ئاچ ئىدى، يەيدىغان رىزىق ئۇچرىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كۈلدۈم، — دەپتۇ دىۋە. * مىركېرەم: — زاغرا گادايىنىڭ رىزقى، گاداي رىزقىغا زار ئەمەسمىز، ئوسسۇزلۇققا قول چايقاش كەتمەيدۇ، — دېدى. * كادىر يېسە بادامنى، باشلىق يەيدۇ پىستىنى. ئەنجۇر، ئانار دېھقاننىڭ قىرقۇۋەتتى رىزقىنى.

**رىزقى پۈتمەك ← رىزقى تۈگىمەك:**

— سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن كۈن مېنىڭ بېشىمغا كەلمىدى دەمسەن قىزىم، يۇرتىمىزغا قارا كېزىك تارقىلىپ، كىچىك ئاپاڭ ۋە ئۈچ بالامنى ئېلىپ كەتتى. رىزقىم پۈتمىگەنىكەن، مەن ھايات قالدىم، — دېدى ئۇ قىزچاققا.

**رىزقى تۈگىمەك** ① يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىسى، نېسىۋىسى ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك: بەندە ئۆلمەس، رىزقى تۈگىمەس (ماقال). ② كۆچمە. بۇ دۇنيادىن كەتمەك، ئۆلمەك: — مەن ھاشارغا بارىمەن، رىزقىم تۈگىگەن بولسا، مەيلى قەبرەم سۇ ئىچىدە بولسۇن، — دەپ كېتىپ قالدى ئۇ. * قۇربانئاخۇن ئاقىقوناق جان ئۈزۈش ئالدىدا چوڭ ئوغلى ئوسمان ئاقىقوناققا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى: — بالام، مېنىڭ بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىزقىم تۈگىگەندەك قىلىدۇ... ساڭا تاپىلاپ قويىدىغان بىر گېپىم بار، بۇنى قۇلىقىڭدا مەھكەم ساقلا.

**رىزقى چۈشمەك** شۇ نەرسىنى يېيىشكە، شۇ نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا نېسىپ بولماق: — قېنى ئۇكا، تاماققا بېقىڭ، قارا قوزىنىڭ گۆشىگە سىزنىڭمۇ رىزقىڭىز چۈشكەنىكەن، — دەپ قويچى مېھماننى گۆشكە تەكلىپ قىلدى. * — پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ شەھەرلىرىگە رىزقىم چۈشۈپ كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ ئاشىق.

**رىزقىغا توپا چاچماق ← رىزقىغا ئولتۇرماق:** — ياق، مېنىڭ ئۇنداق ئۆزىنىڭ رىزقىغا توپا چاچىدىغان ئىشنى قىلىشقا رايىم يوق! — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن.

**رىزقىغا ئولتۇرماق** مەنپەئىتىگە زىيانكەشلىك قىلماق، مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتماق: سىزدە ئىمان بولسا، ئاشۇ بىچارە دېھقاننىڭ رىزقىغا ئولتۇرىمەن دېمەڭ. ماڭا قويۇپ بەرسە سىزگە ئوخشاش ئالدامچىنى

ئورۇق ئۆكۈزنىڭ ئورنىدا جۇۋازغا قوشاتتىم. * ئۆمەرباي: — ۋۇي، كىشىنىڭ رىزقىغا ئولتۇرغان تۈزكور مۇناپىق! هوي دۈز كېپەن يېتىمئوغلاق! نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ كايىدى ئۇ قىزنى.

**رىزىق-نېسىۋە** هايات كەچۈرۈش ئۈچۈن پېيىشكە-ئىچىشكە بولىدىغان نەرسىلەر؛ رىزىق ۋە نېسىۋە: بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىزقى-نېسىۋىسى بار ئىكەن، موماي ئاخىر هوشىغا كەلدى. چىرايلىرىدىكى ئەنسىزلىك ئورنىنى خاتىرجەملىك ئىگىلىدى.

**رىزۋان** ئى (ئە) يېزىت ① جەننەت: ۋەتەننىڭ قوينى بىر رىزۋان، ئاشىقتا يېگى داۋان، كۈيلە بارگاھىمنى، ئەرشى سادا سەن دۇتارىم. * ئەگەرچە بولسىمۇ بۇ جاي باياۋان، بۇلارغا بولدى گويا باغى رىزۋان. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رىسالە** ئى (ئە) بىرەر ساھە، بىرەر كەسىپ ۋە ئۇنىڭ تەرتىپ، قائىدە-قانۇنلىرىغا ئائىت كىتابچە، براشۇرا: تۆمۈرچىلىك رىسالىسى. مىسكەرلىك رىسالىسى.

**رىشالا** (توغرىسى: رىشالە) ← **رىشالە**.

**رىشالە** ئى. شېكەر بىلەن تۇخۇم ئېقىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان رەڭگى ئاق بىر خىل قويۇق يېمەكلىك: ئارقىدىن داستىخانغا هالۋا، قايماق، رىشالە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈگرە، قورداق-كاۋاپ، قويۇقئاشلار تارتىلىپتۇ. * خىلمۇخىل مۇرابба، رىشالە، هەسەل قويۇلغان، تەخسىدە ئۈزۈم ۋە ئالما. تۇرىدۇ تىزىلىپ قات-قات سامبۇسا، خىلمۇخىل پېچىنە، توقاچ، قاتلىما...

**رىشتاپ** ئى (پ) كىچىك ياغاچ تۇتقىغا بېكىتىلگەن ئىلمەك سىم. بۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، مىستىن تارتىلغان ئىنچىكە سىملارنى ئېشىشتە قوللىنىلىدۇ.

**رىشتە** ئى (پ) ① يىپ، شوينا، تاناب: — سەن ئۇنى يوغان مۇشتلىرىڭ بىلەن باستۇردۇڭ، شۇنىڭ بىلەن رىشتە ئۈزۈلدى، لېكىن سەن ئويلىمىغانىدىڭ، قىزنىڭ ئىككىگلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ رىشتىگە ئۆتكۈزۈلگەن مارجان ئىدى، يىپ ئۈزۈلۈپ مارجانمۇ يەرگە تۆكۈلدى، — دېدى ھەلىمخان ئاچا ئۇ كىشىگە. ② كۆچمە. نەرسىلەر، كىشىلەر ۋە هادىسە قاتارلىقلارنى ئۆزئارا مەھكەم باغلايدىغان ۋاستە؛ باغلىنىش، مۇناسىۋەت: دوستلۇق رىشتىسى. كۆڭۈل رىشتىسى ئۈزۈلمەك. مۇهەببەت رىشتىسى. * ئالماس بىلەن لەيلىگۈل ئۆزلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرغان رىشتىنىڭ سىرىنى ئوبدان بىلەتتى.

**رىشتە باغلىماق** بىرەر نەرسىگە، ئىشقا ياكى كىشىگە مەيلى، ئىشتىياقى چۈشمەك: ئۇ كۆپكىنە دوست-ياران تاپقان، رىشتى باغلانغان بۇ سۆيۈملۈك قىزلىتاغ ئېتىكىنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلاتتى. * قەھرىمان ئەجدادلىرىنىڭ روهىغا ۋارىس بولۇپ، باغلىغان رىشتىنى مەھكەم بارچە قىز-ئوغلان ساڭا.

**رىشتىگە** ئى <بن> ① خىش چاكلىرىنىڭ باستۇرمىسى. ② خىش چاكلىرىنىڭ ئارىسىغا لاي، سېمونت بىلەن باستۇرما بېرىدىغان ئەسۋاب.

**رىغبەت** ئى (ئە) ① بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە بولغان خاهىش، ئىستەك، مەيل، راي: بۇنداق ئەھۋالدا ئىشتىها ئېچىلىدۇ، ياغلىق ۋە كۈچلۈك تاماقلارنى يېيىشكە رىغبەت پەيدا بولىدۇ، يېگەن نەرسە ئوبدان هەزىم بولىدۇ. * شۇ قولۇڭنى هازىرمۇ مېنىڭ، قولۇم بىلەن بىللە بىلمەن. ئىلهام بەرگەچ رىغبىتىڭ سېنىڭ، يالقۇنىمۇ دادىل كىرىمەن. ② ئىلهام، مەدەت: ئۆزۈمنىڭ هېچقانداق ئىش

قىلالمىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. سېنىڭ ھەردەكتىنىڭ ماڭا نىشان، ئەينەك ۋە ھەققانىي رىغبەت بولدى. * گۈلباھار، گۈل مەشۇقۇم، يازغان خېتىڭدىن رازىمەن، جانغا ئارام، دىلغا شادلىق رىغبىتىڭدىن رازىمەن.

**رىغبەتلەندۈرمەك** «رىغبەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. * ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە گۈلپەرىگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى خۇددى ئالتۇن قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقاندەك ئۇنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈردى.

**رىغبەتلەندۈرۈشمەك** «رىغبەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رىغبەتلەندۈرۈلمەك** «رىغبەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرقانداق كىشىدىن خالىغانچە گۇمانلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن، ئىسيانچىلىق ئەۋج ئالغان يىللاردىمۇ، ئۇ بۇنداق ئىغۋا، پىتنە-پاساتلارنى ئىشتىمىگەنىدى.

**رىغبەتلەنمەك** پ. رىغبەتكە ئىگە بولماق؛ رىغبەتكە، مەدەتكە ئېرىشمەك؛ مەدەت ئالماق: ئايشەخېنىم ئۇلارنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن رىغبەتلىنىپ، يەنە گەپ باشلىدى.

**رىقابەت** ئى (ئە) <سودا> ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پايدا-مەنپەئەت، بازار ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى؛ بەسلىشىش؛ مۇسابىقە: سودا رىقابىتى. * شىنجاڭ بويىچە داڭلىق «ئىلى داچۈي» ۋە «تيەنچى» ئالاھىدە ھارىقى قاتارلىقلار بىرقەدەر يۇقىرى رىقابەت كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. * جان تالىشىپ بەسلىشەتتى خالايىق، بىر-بىرىگە قىلىشاتتى رىقابەت، ئادەت ئىدى، ھەشەمەت ۋە چوڭچىلىق، قوغلىشاتتى ئاتاق، ئابروي، ئىناۋەت.

**رىقابەتچان** سۈپ. رىقابەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ رىقابەت روھىغا ئىگە.

**رىقابەتچانلىق** «رىقابەتچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كارخانىلار ئاسانلا ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلاردا رىقابەتچانلىق كەم بولۇۋاتىدۇ.

**رىقابەتچى** ئى. رىقابەتلەشكۈچى كىشى ياكى تەرەپ: دېھقانلار بېيىشقا باشلىغان بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان قايماق بازىرىدا سېتىلىدىغان قېتىق بىلەن قايماققا يېڭى رىقابەتچىلەر كېلىپ قوشۇلدى. // دەسلەپتە ئاساسىي رىقابەتچى دۆلەتلەر ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە ئىدى، كېيىن ھەل قىلغۇچ كۈرەش ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان.

**رىقابەتلەشتۈرمەك** «رىقابەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رىقابەتلەشتۈرۈلمەك** «رىقابەتلەشتۈر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رىقابەتلەشمەك** پ. پايدا-مەنپەئەت تالاشماق، باشقىلارنى ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەشمەك، بەسلەشمەك: مەن كېيىنچە باشقا تىجارەتچىلەر بىلەن تەڭ رىقابەتلىشىپ، شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، بىمالال مال ئېلىپ كېلەلەيدىغان بولدۇم. * ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان كاپىتالىستىك تاۋار ئىقتىسادى پۈتۈنلەي قارىغۇلارچە رىقابەتلىشىش ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**رىكشا** ئى (ر<ياپون) ئادەم ياكى مال توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋا. ئۇنى ئاساسەن ئادەم سۆرەيدۇ. بەزىلىرى ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت شەكلىدە بولىدۇ: 1946-يىلى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرگە بارغانلارنىڭ

بىرى ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: – بىز لەنجۇدا تۇرغۇن رىكشىلارنى كۆردۇق.

**رىكشىچى** ئى. رىكشا بىلەن ئادەم ياكى مال توشۇپ، شۇ ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: بىز قەيەرگىلا بېرىپ چۈشسەك، ياكى ئىشىكتىن چىقساق، بۇ رىكشىچىلار ئىككى چاقلىق هارۋىلىرىنى سۆرەپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ-دە، هارۋىغا ئولتۇرۇشىمىزنى تەكلىپ قىلىدۇ.

**رىكشىچىلىك** ئى. رىكشا بىلەن ئادەم ياكى مال توشۇش ئىشى، كەسپى: رىكشىچىلىك ئىچكى ئۆلكىلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ مۇهىم بىر يولى.

**رىككېتسىيە** ئى <تىب> باكتېرىيە بىلەن ۋىرۇس ئارىلىقىدىكى بىر خىل مىكرو ئورگانىزم. باكتېرىيىلەردىن كىچىك بولۇپ، ئادەتتىكى مىكروسكوپلاردا كۆرگىلى بولىدۇ، پەقەت تىرىك توقۇلما هۈجەيرىلىرىدىلا كۆپىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى ناهايىتى كۆپ، كۆپىنچە پىت، بۈرگە، سالجا قاتارلىق بوغۇم ئاياغلىقلار ۋاستىسى بىلەن ئادەم بەدىنىگە ئۆتىدۇ. ئەسۋىلىك كېزىك بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇ نام ئامېرىكا پاتالوگىيە ئالىمى رىككېتس (Howard Taylor Ricketts) نىڭ ئىسمىغا ئاساسەن قويۇلغان.

**رىككېتسىيە كېسەللىكى** <تىب> رىككېتسىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ خالىغان بىرى. كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى تارقىلىشچان قارا كېزىك، يەرلىك قارا كېزىك،، چۆل-ئورمان سالجىسى چېقىشتىن بولىدىغان ئەسۋىلىك كېزىك، Q قىزىتمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**رىگىلان** ئى [ر<فران] ← **رىگىلان پەلتو.**

**رىگىلان پەلتو** <كىي> ئالدى ۋە ئارقا پېشىنىڭ مۈرە قىسمى يەڭ بىلەن بىرگە كېسىلىدىغان پەلتو.

**رىم** ئى ① <تارىخ> ئىتالىيىنىڭ قەدىمكى شەهەر دۆلەتلىرىدىن بىرى. رىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 509-يىلى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جۇمهۇرىيەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان دۆلەت ئىدى، ئۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە قەدەر ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئارقىدىنلا يەنە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قىلىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرگە كەلگەندە سىتسىلىيە، كورسىكا، ساردىنىيە قاتارلىق ئاراللارنى، پو دەريا ۋادىلىرىنى، ئىسپانىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى، بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە غەربىي شىمال بويلىرىنى، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى، شىمالىي ئافرىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا خوجايىنلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. بۇ تا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 27-يىلغىچە داۋاملاشتى. ② ئىتالىيىنىڭ هازىرقى پايتەختى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى بولۇپ، 2 مىليون 884 مىڭ نوپۇسقا ئىگە (1976-يىلقى مەلۇمات). رىم ئىمپېرىيىسى ئەنە شۇ جايدىن باشلانغان.

**رىم پاپاسى** <تارىخ> ← **پاپا.**

**رىم دىنى** <دىن> ← **كاتولىك دىنى.**

**رىم رەقەملىرى** <مات> قەدىمكى

رىملىقلار سانلارنى خاتىرىلەشتە ئىشلەتـ-
كەن I ، II ، III ، IV ، V قاتارلىق
بەلگىلەر.

**رىم ئىمپېرىيىسى** <تارىخ> رىمدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 476- يىلىغىچە داۋاملاشقان قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 27-يىلى ئوكتاۋىئاننىڭ رىمغا پادىشاھ بولۇشى بىلەن رىم قۇللۇق تۈزۈمدىكى ھەربىي ئىمپېرىيە دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇ 200 يىلدەك گۈللىنىش دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تازا گۈللەنگەن دەۋرىدە، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ئىفرات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئافرىقىنىڭ سەھرايىكەبىر چۆللىكىچە، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە، شىمالدا برىتانىيە، رېيىن دەرياسى، دوناي دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە يېتىپ باردى. نەتىجىدە يېرى ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدىن ھالقىغان چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ قالدى. مىلادىيە III ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك كرىزىسقا يولۇقتى، مىلادىيە 395-يىلى ئىمپېرىيە شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى؛ مىلادىيە 476-يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى گېرمانلار تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىمپېرىيە بولسا خەلق قوزغىلىڭى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى نەتىجىسىدە مۇنقەرز بولدى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى مىلادىيە 1953-يىلىغىچە ساقلىنىپ تۇردى.

**رىمفون** ئى (ئىنگ) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_7OH_3$. ئاق رەڭلىك يىڭنىسىمان كرىستال بولۇپ، تەمى دەسلەپ تاتلىق، كېيىن ئاچچىق بىلىنىدۇ. زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاجىز. سىلنى داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**رىنگىت** ئى. مالايشىيانىڭ پۇل بىرلىكى.

**رىھلەت** ئى (ئە) يېز ت. كۆچۈش، يۆتكىلىش، سەپەر: رىھلەت قىلماق.

**رىھلەت قىلماق** كۆچمەك، يۆتكەلمەك، سەپەر قىلماق: قەمەرشاھنىڭ ئانىسى بۇ ئوغلىنى كۆرۈپلا بىھوش بولۇپ، شۇ ياتقانچە ھوشىغا كېلەلمەي ئۇ ئالەمگە رىھلەت قىلدى.

**رىۋايەت** ئى (ئە) مەلۇم كىشى، نەرسە، ئىش ياكى مەلۇم ۋەقە توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى ھېكايە؛ ئەپسانە: رىۋايەت قىلماق. * ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم، قېرىلىرىمىز ئېيتىدىغان رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ،بىز موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتۈپتىكەنمىز. چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىدا بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بولغانىكەن. * رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا بىر قېرى دېھقان ياشىغانىكەن، ئۇنىڭ مايسىخان دېگەن ئەمگەكچان ھەم چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن.

**رىۋايەت قىلماق** (بىرەر ئىش، ۋەقە ھادىسە، خەۋەر ۋە باشقىلار ھەققىدە) رىۋايەت تەرىقىسىدە سۆزلىمەك ياكى يازماق؛ رىۋايەتنى بايان قىلماق: بۇ ئەسەردە سۇلايمان، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بولۇپ، يېڭى ئىرادىن ئاۋۋالقى 11-ئەسىردە ياشىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. * «موتىيەنزى تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا، جۇمۇۋاڭنىڭ غەربكە ساياھەت قىلىپ كۆئىنلۇن

تېغىغا بارغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

**رىۋايەتچى** ئى. رىۋايەت قىلغۇچى، رىۋايەت ئېيتقۇچى ئادەم: ئىشىتتىم، باشلىدى داستانىنى مۇنداق، رىۋايەتچى: نىكاھ باشلىنىدىغان چاغ.

**رىۋايەتلەشتۈرمەك** «رىۋايەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مۇزىكا-ئۇسسۇلچىلىقى، رەسسام ۋە ئەدەبىياتى ئارقىلىق بۇددىزم دۇنيا مەدەنىيىتىگە نۇرغۇن بەدىئىي تۆھپىلەر قوشقان، ئۇنى مۇزىكىلاشتۇرغان، ئوبرازلاشتۇرغان ۋە شېئىرىي رىۋايەتلەشتۈرگەن.

**رىۋايەتلەشتۈرۈلمەك** «رىۋايەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇنياۋى ھادىسە بولغان بۇددىزم شىنجاڭ خەلقى تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇزىكىلاشتۇرۇلغان، ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋە شېئىرىي رىۋايەتلەشتۈرۈلگەن.

**رىۋايەتلەشمەك** پ. رىۋايەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولماق، رىۋايەت تۈسىنى ئالماق، رىۋايەتكە ئايلانماق.

**رىۋايەتلىك** سۈپ. رىۋايەت تۈسىنى ئالغان: بىركۈنى كېچىسى مەخسۇت بەگ شەھەردىن ئاتلىق قايتىپ چىقىۋېتىپ، ئېلىشانىڭ گۈزەل قىز تۇغرىسىدىكى رىۋايەتلىك ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

**رىيا** ئى (ئە) يېز ت. ئۆزىنى يالغاندىن ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، ئىككى يۈزلىمىلىك: بىرى شەخسىيپەرەس زالىم، بىرى قاشقىر مىجەز ھاكىم، بىرى گال بەندىسى «ئا-لىم» ... ساداقەتتە رىيا كۆردۈم.

**رىيازەت** ئى (ئە) جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىق؛ ئازاب، ئوقۇبەت.

**رىيازەت چەكمەك** جاپا-مۇشەققەت تارتماق، قىينالماق؛ ئازابلانماق: بالايىئاپەت-لىك يىللاردا، بۇ ئەر-خوتۇن كۆپ رىيازەت چەككەنىدى. * – ھاجىم يۇرتىمىزغا مەرىپەت ئۇرۇقىنى ئەكەلدى، مانا بۇ كەمدە ئۇنى تېرىيمەن، چېچەكلىتىمەن دەپ رىيازەت چېكىۋاتىدۇ، – دېدى ئابلىز قارىي. * ئۆتمۈشنى ئۇنتۇسا ھەركىم، شۇملۇقتىن ئۆزگىنى بىلمەس، ئۆزىچۈن رىيازەت چەككەن، بەختىنىڭ مەنىسىن بىلمەس.

**رىيازەتسىز** سۈپ. رىيازىتى يوق، رىيازەت كۆرمەي: رىيازەتسىز سائادەت يوق؛ كېلەر ھۆرلۈك، ۋىسال جەڭدە، رەقىب مىسلى پاخال، تەرمەچ. خەلق يالقۇن ۋە دومنا پىچ!

**رىيازەتلىك** سۈپ. جەبىر-جاپاسى، دەرد-ئەلەمى بار؛ جاپالىق، ئازابلىق: دەسلەپ ۋەزىر باشچىلىقىدىكى قوشۇن نۇرغۇن مەنزىللەرنى ئارقىسىغا تاشلاپ، تالاي رىيازەتلىك سەپەرنى تۈگىتىپ، خېلى ئۇزۇن زاماندا چىن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى. * پەيلاسوپ فارابىي باغدادتىن سۈرىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئىنتايىن رىيازەتلىك ھايات كەچۈرگەن ھەم پەلسەپە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇھىم ئەسەرلىرىنى شۇ تەرەپتە يازغان.

**رىيازىيات** ئى (ئە) كونا. ماتېماتىكا: بۇ زات خارەزىم شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە باغدادتىكى پەلسەپە ھېكمەت ئىدارىسىغا باشلىق بولغان، رىيازىياتتا ئىختىساس ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى روبىرت شىتىر دېگەن ياۋروپالىق كىشى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان.

**رىياسەت** ئى (ئە) مەجلىس، يىغىن قاتارلىقلارغا باشچىلىق قىلىش: شىرەدىن ئىككى چامدامچە ئارقىدا يېرىم ئاي شەكلىدە چۆرىدەپ بۇگۈنكى يىغىنغا قاتناشقان رىياسەت كىشىلىرى ئولتۇرۇشقانىدى. * بۇ پىكىر، رىياسەت سەھنىسىدە ئولتۇرغانلارنىڭ پەرىزات تەرد-

پىدىكىلەرگە يېقىپ كەتتى. پەرىزات ھەممىدىن بەلك باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.

**رىياسەتچى** ئى. باشقۇرغۇچى، باشچىلىق قىلغۇچى: مەجلىس رىياسەتچىسى.

**رىياسەتچىلىك** ئى. باشقۇرۇش، باشقۇرۇش پائالىيىتى؛ باشچىلىق قىلىش: يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماق. * ئۇ ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. * ئوقۇغۇچىلار سىنىپ مۇدىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سىنىپ ھەيئەتلىرىنى سايلاپ ئۆتتى.

**رىياسەتچىلىك قىلماق** باشقۇرماق، باشچىلىق قىلماق: مەجلىسكە قاسىمجان قەمبىرى رىياسەتچىلىك قىلدى. * دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىز مۇھەممىدى رىياسەتچىلىك قىلدى.

**رىياكار** سۈپ (ئە+پ) ساختىپەز؛ ئىككى يۈزلىمىچى، مۇناپىق: – قارالڭ، بۇ ناھەق چىلىكنى! ئاتاڭنى ئۆلتۈر، بالىسىنى ئۇر، قاما، زىندانغا سال! ھەي، رىياكار ئالەم! مانا كۆرگەن كۈن، شۇم تارىخ، – دەپ غەزەپلىنىپ سۆزلىگىلى تۇردى ئۇ.

**رىياكارانە** رەۋ (ئە+پ) يېز.ت. رىياكارلىق بىلەن، مۇناپىقلارچە: رىياكارانە ئىش تۇتماق. // رىياكارانە ئىش. رىياكارانە قىلىق.

**رىياكارلىق** «رىياكار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: داشقال ھېچقاچان ئالتۇن بولالماس، سىرتىغا بەرگەن يالغان ھەل بىلەن. يەيسەن پۇشايمان، پەرق ئېتەلمىسەڭ. رىياكارلىقنى راست ئەمەل بىلەن.

**رىيال** ئى. سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىران ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

# ز

**ز** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون بىرىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە ئون بىرىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**زابوي** ئى (د) ① <تەن> ۋالىبول ئويۇنىدا سىزىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ئۇرۇلغان توپ: زابوي ئۇرماق. ② كۆچمە. دائىم ھاراق ئىچىپ مەست يۈرىدىغان كىشى، ھاراق-كەش: زابوي ئادەم. زابوي بولماق.

**زابوي بولماق** ھاراق ئىچمىسە تۇرال-مايدىغان، دائىم مەست يۈرىدىغان ھالەتكە بېرىپ يەتمەك: كۈندە ئىچىۋەر-گەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئەمەت ئاخىرى زابوي بولۇپ كەتتى.

**زاپاس** ئى (د) ① كەلگۈسىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلاپ، غەملەپ قويۇلغان ياكى ئاجرىتىلغان نەرسە: ئاشلىق زاپىسى. // قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بەزى زاپاس بايلىقلىرى، مەسىلەن، ئۇ يەر-بۇ يەردىن كەلگەن سوۋغاتلار، قوزغىلاڭ ۋاقتىدا شەھەرگە قېچىپ كەتكەن دورغىلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان بۇغا-بۆكەن مۈڭگۈزلىرى، تۈلكە-بۆرە تېرىلىرى قاتارلىق نەرسىلەر شۇ ئۆيدە تۇراتتى. ② قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى تەبىئىي مىقدارى: ئالتۇن زاپىسى. نېفىت زاپىسى. * ئۈرۈمچى مىليارد تونىلىق كۆمۈر زاپىسىغا ئىگە رايون.

**زاپاس ئارمىيە** <ھەرب> بەلگىلىك ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالغان، لېكىن ھازىر ھەربىي سەپتە ئەمەس، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەسكەرلىككە چاقىرىلىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدىغان زاپاس ھالەتتىكى كىشىلەر.

**زاپاس ھېسابلاش** <گېئول> مەلۇم كان ياتىقىنى چارلاش ئارقىلىق مەلۇم بولغان سانلىق قىممەتلەرگە ئاساسەن شۇ كان ياتىقىدىكى مىنېراللار ياكى مېتاللار-نىڭ زاپاس مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نەتىجە ئادەتتە شۇ مىنېرال ياكى مېتاللارنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى (تونىنا) ياكى ھەجمى (كۇب مېتر) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**زاپاس ياقا** كۆڭلەكتىن ئايرىم تىكىل-
گەن، ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان، تۈگمە
ئارقىلىق كۆڭلەككە ئورنىتىلىدىغان بىر
خىل ياقا.

**زاپچاس** ئى (ر) <ماشن> ھەر خىل
ماتورلۇق، ماتورسىز قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ
مەلۇم بىر سايمىنى، ماتېرىيالى، دېتالى:
زاپچاس ئالماق. زاپچاس سالماق. * ئۇ
ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ
چىقىپ، باشقىلارنىڭ تالاش-تارتىش، ۋاراڭ -
چۇرۇڭلىرىغا پەرۋا قىلماي يولغا چىقتى.

**زاپخوز** ئى (ر) ئىدارە، ئورگان، مەكتەپ
قاتارلىقلاردا خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇ-
رىدىغان؛ لىيەندۈيلەردە قورال-ياراغ،
ماددىي ئەشيا، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق
ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ئىشلەيدى-
غان كادىر: مەن بىلىندۈرمەي كىرەم
زاپخوزنى نوقۇپ قويدۇم.

**زاپخوزلۇق** ئى. خوجىلىق خىزمىتى: زاپخوزلۇق
قىلماق. * – يولداش سەمەت، سىز زاپخوز-
لۇقنى ھامۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېڭى خىزمەت
كۈتۈپ تۇرۇڭ، – دېدى كومىسسار تەبەسسۇم
بىلەن.

**زاپونكا** ئى (ر) ئەر-ئايالالار كۆڭلىكىنىڭ
ياقىسىغا ياكى يېڭىگە تاقىلىدىغان مەخسۇس -
تۈگمە.

**زات** ئى (ئە) ① بىر ئۇرۇق-ئەجدادتىن
تارالغان نەسىل، ئەۋلاد: ياخشىدىن زات
قالىدۇ، ياماندىن داد (ماقال). ② كېلىپ
چىقىش: « خوش مېنىڭ ئاپپاق قىزىم،
بەختىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ، بېشىڭ ئاسمانغا
يەتسۇن، ئەسلىي زاتىڭنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇما» دەپ ئاستا پىچىرلىدى مەسۇم
ئىشىككە قاراپ. * روزىئاخۇن زاتىدىن ئىشچى
بولغانلىقتىن، مۇئامىلىدە ھەممىگە ئوخشاش،
خىزمەتتە تەلەپچاندى. ③ بىرەر ئىش-ھە-
رىكىتى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقىلار-
دىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم؛
شەخس: مەشھۇر زات. ئالىي زات. * بۇ
دوختۇرخانا قەشقەرنىڭ داڭلىق دوختۇرى
تۇرغۇن ھېكىم قاتارلىق ئۇلغار زاتلارنىڭ كۈچى
بىلەن بىنا قىلىنغانىدى. ④ جىنس: مەخلۇق
بىرەھىم چۈشۈرۈپ پەرمان، ئەركەك زاتىنى
قويمىدى ئامان.

**زاتى پەس** ئەسلىسى، كېلىپ چىقىشى
ياخشى ئەمەس؛ تېگى پەس، تېگى
ناچار: زاتى پەسنىڭ تېگى پەس (ماقال).
* پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى دەررۇ بىر
خىزمەتكارنى چاقىرىپ، ئۇنى: « پادىشاھنىڭ
زاتى پەس، گاداي توقلى كۈچۈك تۇغدى،
دەررۇ پادىشاھنىڭ ئوۋ قىلىپ يۈرگەن يېرىگە
ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ خەۋەر قىل» دەپ
بۇيرۇپتۇ.

**زاتى يامان** كېلىپ چىقىشى ناچار،
خۇي-پەيلى بۇزۇق: سەيپۇڭ توختى
ناھايىتى ئاچكۆز، جېنىغا جۇت كىرگەن، ئىچى
تار، ھەسەتخور، زاتى يامان ئادەم ئىكەن.

**زاتەن** رەۋ (ئە) ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە،
ئەسلىدە، ئەمەلىيەتتە: ئايتىللا جاۋخەنچىڭ-
نىڭ ئېتىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ،
ئەمما ئۇنى زاتەن كۆرۈشى بىرىنچى قېتىم
ئىدى.

**زاتىل** ئى (ئە) كونا <تىب> ئۆپكە ياللۇغى:
قىش كۈنلىرى ئۆپكە كېسەللىكلىرى، كېزىك،
زاتىل، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، پۇت-قول
بوغۇم ئاغرىقلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**زاخا** ئى. دىئال. تېگىش، چېقىلىش.

**زادى** ① رەۋ. ھەرگىز، قەتئىي، پەقەت؛
بۇ ئىش قىزنىڭ يادىدىن **زادى چىقمايتتى**. *
شانىياز ئۇ قىزنى قەيەردە كۆرگەنلىكىنى

زادى يادىغا ئالالماپتۇ. ② يۈك. سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ جاۋابنىڭ ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: زادى كېلەمسەن؟ زادى نەگە بارىسەن؟ * ئالىم دېگەن بۇ كىشى زادى كىم؟ * قاپىسىم زادى نېمىنى ئويلاپ يۈرىدىكىنە؟

**زار** ئى (پ) ① ھەسرەتلىك يىغا؛ نالە - پەرياد، پىغان: زار يىغلىماق. زار قاقشىماق. * قازاننىڭ ھورى يامان، يېتىمنىڭ زارى (ماقال). * دەردىم تولا يارىم مېنىڭ، يەتسۇن ساڭا زارىم مېنىڭ. * قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەرياد ۋە ئاھىغا، يۇتۇپ زەرداب پىراقتىن داد دېمەكتىن باشقىچە زار يوق. ② تەلەپ، ئىلتىماس، ئىلتىجا: ئۈنتۈدۈڭ راھەتنى، قاچتىڭ جاپادىن، ئېيت سېنىڭ قانچىلىك ئەتىۋارىڭ بار؟ ئاڭلىدىم يىغلاڭغۇ غەمكىن ناخشاڭدا، بىز بىلەن بىللە كەت، دېگەن زارىڭ بار. ③ موھتاج، ھاجەت، تەشنا: ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، دوست-دۈشمەنگە زار بولماس (ماقال). * كەمبەغەل بىر نانغا زار بولۇپ تۇرغاندا، بايلارنىڭ مۇشۇنداق بۇزۇپ-چېچىپ، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى خۇدا راۋا كۆرەمدىغاندۇر؟

**زار ئەيلىمەك** قاتتىق يىغلىماق، نالە قىلماق: تۇردۇن يىغلىبان ھەردەم، سەھەرلەردە زار ئەيلەيدۇ. بۇ باشقا چۈشسە مۇنداق دەرد، يىغلىماي بەلكى نە ئەيلەيدۇ.

**زار بولماق** قاتتىق، موھتاج، تەشنا بولماق: — پۇل بولسىمۇ بازاردىن يېمەكلىك سېتىۋالغىلى بولمىسا، بىر ئورام تاماكىغىمۇ زار بولۇۋاتىسىزغۇ!؟ — دېدى زەينەپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا دومسىيىپ ئولتۇرۇپ كاملىغا. * قىيا بىر باقىشىڭغا مىڭ تۈمەن تەشنا ۋە زار بولدۇم، غېرىب ھالىنى تىڭلاشقا بۇ ئالەمدە راۋا سەنمۇ؟

**زار قاقشىماق** بىرەر نەرسىدىن نالە قىلماق، پەرياد چەكمەك؛ قاتتىق يىغلىماق: — كىشۋىرئاخۇن ئاكا، ئۇقۇشمىزچە مەنسۇر بىكار تەلەپ، قىمارۋاز، ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ، ھەر ئىككى خوتۇنى زار قاقشاپ ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن، — دېدى ۋاھاپ سۆزنى مەنسۇر ئۈستىگە يۆتكەپ. * غەمخورۇڭ دائىم سېنىڭ غېمىڭنى يەپ قاقشىسا، ئاڭلىماس گاستەك بولۇپ، تاماشا قىلماقلىق خاتا.

**زار قىلماق** قاتتىق موھتاجلىق، تەشنالىق ھالەتنى پەيدا قىلماق: قەسەم ئىچەي بولسا پەقەت تەندە شېرىن جان، خار قىلمايمەن، زار قىلمايمەن سىزنى ھېچقاچان.

**زاراتگاھ** ئى (ئە+پ) <دىن> ← **زاراتلىق:** شۇ بوۋاينىڭ رەپىقىسى، خېلى بۇرۇن، كېسەل چېقىپ زاراتگاھتىن ئالدى ئورۇن. شۇندىمۇ ئۇ ئۆچۈرمەي ئۆي چىرىغىنى، لايىلاتماستىن ھاياتنىڭ ئېرىقىنى.

**زاراتگاھلىق** ئى ← **زاراتلىق:** ئەتىسى شەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلغاندا، تۆشۈك دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ چىققان تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئۇدۇل «ئارسلانخان غوجام مازىرى» زاراتگاھلىقىغا يېتىپ كەلدى.

**زاراتلىق** ئى. ئۆلگەن كىشىلەرنى كۆمىدىغان قەبرىلەر كۆپ جاي؛ قەبرىستان: زاراتلىققا چىقماق. * كەڭ زاراتلىق غۇۋا ئايدىڭدا كىشى ئەيمەنگۈدەك جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى.

**زاراخەتمە** ئى (ئە) <دىن> كونا ئادەت بويىچە يېزىلاردا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن بۇرۇن ئاممىۋى نەزىر ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق خۇدادىن مول ھوسۇل تىلەش پائالىيىتى.

**زاراڭزا** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇمۇنە شەكلىدىكى تىكەنلىك يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سارغۇچ قىزىل، كاناي شەكلىدە ئېچىلىدۇ. گۈلى تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى جانلاندۇرۇش، ھەيزىنى راۋان قىلىش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**زاراڭزىلىق** ئى. زاراڭزا تېرىلغان يەر: زاراڭزىلىققا بارماق. زاراڭزىلىقنا ئىشلىمەك. * مىنۇتسېرى ئالدىرايدۇ ئۇ، يامغۇر بىلەن تېزلىك تالىشىپ. ئاخىر يامغۇر ئاستىدا قالدى، زاراڭزىلىق ئېدىرىدىن ئېشىپ.

**زار-زار** «زار» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: زار-زار قاقشىماق. زار-زار يىغلىماق. * ئانا كېتىپ، يېتىم قالغان، سىلەردەك زار-زار بارمۇ؟ جۇدالىق دەردىدە يىغلاپ، سىلەردەك خار-زار بارمۇ؟!

**زارلاتماق** «زارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — خوجا ھاپىز بەگ ئۆمۈر بويى خەلققە زۇلۇم سالدى، خانۋەيران قىلدى، قاقشاتتى، زارلاتتى، ئاخىرى ئۆز بېشىنى يېدى، — دېدى ئەۋلىيا كۆپچىلىككە قاراپ.

**زارلاشماق** «زارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئاچچىقىغا پايلىماي: «شەمەر بىلەن سايىم بىزنىڭ بەختىمىزگە ئولتۇردى، دېھقانىنىڭ ھالىغا يەتمىگەن باشلىقنىڭ خۇدايىم جازىسىنى بېرەر» دەپ زارلىشاتتى.

**زارلانماق** «زارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بوۋاي ئۆزىدىن بەش قەدەم ئالدىدا — يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە زارلىنىپ ئولتۇرغان ئوغرىنى كۆرۈپ، ئېشىكىدىن ئىرغىپ چۈشتى.

**زارلىق** ① «زار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بارغانچە مۇڭلۇق، بارغانچە زازلىق ئېيتىلغان قوشاق باربىنقا ئەگىشىپ بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. ② ماددىي جەھەتتىن قىينىلىش، تەڭلىك، موھتاجلىق: ئەرەبلەرنىڭ يېرى تۇرۇپ سۇرىيە، ماكان ۋە يەر زارلىقنى تارتقان بىز. ئاش ۋە ناننىڭ ئېلى تۇرۇپ سۇرىيە، يېمەك-ئىچمەك خارلىقنى تارتقان بىز.

**زارلىماق** پ. بىرەر نەرسىدىن نالە قىلماق، شىكايەت قىلماق، ھەسرەت چەكمەك، ئېچىنماق: زارلىغانىغا كەلمەيدۇ، قارىغانىغا بەرمەيدۇ (ماقال). * يىراقتىن بورانىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان زارلىغان غەزەپلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئاۋازلارنىڭ بوغۇق ساداسى قۇلاققا سۇسراق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ ئالدىدا بىردىنلا ھېلىقى قىز پەيدا بولۇپ، يىگىتنىڭ يىغلاشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. يىگىت قىزغا پالتىسىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ زارلاپتۇ.

**زارلىنىشماق** «زارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلار زارلىنىشقان ھالدا كېتىپ قېلىشتى.

**زارۇزار** ← زار-زار.

**زارىقتۇرماق** «زارىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆزىنىڭ كېچىكىپ ئۇنى زارىقتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن بۇنچىلىك قېيىدىغان بۇ گۈزەلنىڭ كۈندەش ئۈچۈن قانداق ھالغا چۈشۈشى مەلۇم ئىدى.

**زارىقماق** پ ① بىرەر نەرسىگە قاتتىق موھتاج، تەشنا بولماق؛زار بولماق: نانغا زارىقماق. * — ئەمدى مەن كېتەي، بالام بىچارە يولدىن قورسىقى ئېچىپ كېلىپ بىر قوشۇق ئىسسىققا زارىقىپ ئولتۇرغاندۇر، — دېدى موماي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ② ئىنتىزار

بولماق، تەقەززا بولماق؛ تەلمۈرمەك: تۈن ھەرقانچە ئۇزۇن بولسمۇ ئاخىرى تاڭ ئاتىدۇ، ئايشەم ھەدىنىڭ زارىقىپ كۈتكەن كۈنلىرى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. * گۈلچەمەن بۇ كۈنلەردە گاھى ئۈجمىنىڭ ئۆگزىدىكى قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تاشۋاينى زارىقىپ كۈتىدىغان بولۇپ قالدى.

**زارىقشماق** «زارىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زازا** ئى (خەن) تىكەندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئۇۋاق، ئارىلاشما ئۈزۈملەرنىڭ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغىنى. بۇنداق ئۈزۈمنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ.

**زاستاۋ** ئى (د) كونا <ھەرب> ← **چازا**: ئابلىمىت بەرگەچ خەۋەر چېگرا قىسمىغا تېز شۇ چاغ، كەلدى زاستاۋدىن جاۋاب: ئەمدى ئامان قالمايدۇ زاغ.

**زاسۇي** ئى (خەن) تازىلاپ پىشۇرۇلغان كاللا-پاقالچاق، ئۆپكە-قېرىن قاتارلىقلار: ئاخىرى ئۇلار ئۇتقان پۇلنى ئوتتۇرىدا خەجلەپ، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن جەم ئولتۇرۇپ، سامسا، كاۋاپ، زاسۇي ياكى تونۇر كاۋىپى يېيىشەتتى.

**زاسۇيپەز** ئى ← **زاسۇيچى**: ئايشەمنىڭ ئاپىسى زاسۇيپەز ئىدى. * ئۇنىڭ ئۇندەككە كەلتۈرگەنلىرى ئاخشاملىرى زاسۇيپەزلەرنىڭ غالتەكى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان قورساق باقتىلار بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا باقىغا ئاچا دىمەتلىك ئىگە-چاقىسىز ئاياللار ئىدى.

**زاسۇيپەزلىك** ئى ← **زاسۇيچىلىك**: زاسۇيپەزلىك قىلماق. زاسۇيپەزلىك بىلەن جان باقماق.

**زاسۇيچى** ئى. زاسۇي پىشۇرۇپ ساتقۇچى كىشى: ئۇنىڭ چوڭ ئاپىسى ئەسلى زاسۇيچى بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىش ئايىمخانىغا قالغانىدى.

**زاسۇيچىلىك** ئى. زاسۇي پىشۇرۇپ، سېتىش ئىشى: زاسۇيچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق. زاسۇيچىلىك قىلماق.

**زاسۇيخانا** ئى. زاسۇي پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئۆي، دۇكان: زاسۇيخانىدا ئىشلىمەك. زاسۇيخانىغا بارماق. * خۇيزۇلار ئاچقان زاسۇيخانا مېنىڭ كىتاب ئوقۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان يېرىم بولۇپ قالدى.

**زاسىداتېل** ئى (د) <قا> سوتقا ياندىن قاتنىشىپ، ئەنزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مەسلىھەت بېرىدىغان خادىم؛ مەسلىھەتچى.

**زاسىداتېللىق** «زاسىداتېل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: زاسىداتېللىق تۈزۈمى.

**زاسىداتېللىق تۈزۈمى** <قا> پۇقرالار سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەنزىلەرنى سوت قىلىشىغا قاتنىشىدىغان تۈزۈم.

**زاغ** ئى (پ) يېز ت. قاغا: مېنى پالار قولۇم باغلاپ، يۈرىكىمنى ئوتتا داغلاپ، سەنەم جانىم قالدى زارلاپ، مۇندا ھۇقۇش-زاغلار قالدى.

**زاغرا** ئى. قوناق، تېرىق قاتارلىق قارا ئاشلىق ئۇنىدىن يېقىلغان نان: ئەپەندىم بىر باينىڭ ئۆيىگە بارسا باي ئۇنىڭغا زاغرا بىلەن ئەتكەنچاي بېرىپتۇ. * ئەتراپتىن نامازشامنىڭ ئەزىنى ئاڭلىنىشقا باشلىغاندا، كىملەردۇر ئالدىغا قويۇپ قويغان يېرىم زاغرىنى قولىغا ئالغان بالا شەھەر ئىچىگە قاراپ يول ئالدى.

**زاغرا تىل** يەرلىك خەلقلەر ئۆز ئارا چۈشىنىدىغان ئاددىي تىل؛ خەلق تىلى: زاغرا تىلدا سۆزلىمەك. زاغرا تىلدا ئېيتماق.

**زاغرا نان** ← **زاغرا**: زاغرا نان ياقماق. زاغرا نان ساتماق. * دەرۋازىنىڭ يان

تەرىپىدە جۆل-جۆل كيىملىك بىر بالا سىپىلغا يۆلىنىپ ئالدىغا بىر سېۋەت زاغرا نان قويۇۋالغان هالدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

**زاغرچى** ئى. ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىكتىن زاغرىنى كۆپرەك يېيىشكە مەجبۇر بولغان ئادەم؛ كەمبەغەل، يوقسۇل: — زاغرىچىنىڭ مۇشتۇمى زاغرىدەك قاتتىق بولىدۇ، — دېدى شاكىر.

**زاغزاق** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى توم، ئىچى كاۋاك، كۆپ شاخلايدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئۇزۇن چاسا شەكلىدە، تۈۋىدە قۇلىقى بولىدۇ، سېپى بولمايدۇ. گۈلى سېرىق ياكى سۆسۈن قىزىل كېلىدۇ، باشسىمان گۈل رېتى غولىنىڭ ئۇچىغا جايلىشىدۇ. مېۋىسى سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ. چۆل، قۇم دۆۋىسى ۋە شورلۇقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**زاغزاقلىق** ئى. زاغزاق كۆپ ئۆسكەن جاي: زاغزاقلىققا بارماق. زاغزاقلىقتا ئىشلىمەك.

**زاغ-زۇغۇن** قاغا ۋە قۇزغۇن: — يېڭى ئاساسىي قانۇنىنىڭ هېمايىسى بىلەن هاياتىمىز، ئەرك ۋە مال-مۈلكىمىز زاغ-زۇغۇنلارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن خالىي بولۇپ كەلمەكتە، — دېدى توختىئاخۇنۇم.

**زاغۇن** ئى ( ) <بوت> ① كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق، مېۋىسى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، ئۇرۇقى سېرىق بولۇپ، تەمى ئاچچىق، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىپ ياكى هاۋانچىدا سوقۇپ، تاماققا ئارىلاشتۇرسا، تاماققا تەم كىرگۈزىدۇ. زاغۇنىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرلىرى كۆپ، بەزىلىرىنىڭ يوپۇرمىقى، بەزىلىرىنىڭ غولى، يەنە بەزىلىرىنىڭ يىلتىزى كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**زاغۇن باش** ئەقلى تازا جايىدا ئەمەس: — تازىمۇ بىر زاغۇن باش نېمە ئوخشىمامدۇ بۇ، — دېدى قاسىم ئاكام قاتتىق خاپا بولۇپ.

**زاغۇنلۇق** ئى. زاغۇن تېرىلغان ياكى ئۆسكەن يەر: هېلىقى بىر توپ كىشىلەر زاغۇنلۇقنى ئارىلاپ چىقىپ چوڭ يولدىكى ماشىنا يېنىدا توختىدى.

**زاقا** ئى. دىئال. ئازار، دەشنەم.

**زاك** ئى (پ) <خىم> تۆمۈر سۇلفات، تۆمۈر سۇلفات كىسلاتا تۇزى ۋە سۇدا ئاسان ئېرىمەيدىغان ئاچ يېشىل كرىستاللىق ماددا: — ئىشەنمەيۋاتامدىلا؟ كەلگىلى ئىككى ئاي بولدى، ئۈچ ئادەم هاك بىلەن زاك يېمىدۇق، ئاش بىلەن نان يېدۇق، — دېدى خۇرشىدىخان كالپۇكلىرىنى پۈرۈپ تۇرۇپ.

**زاكا** ئى. بوۋاقلارنى يۆگەيدىغان ياكى ئاستىغا سالىدىغان لاتا؛ يۆگەك: زاكىسىنى يەڭگۈشلىمەك. زاكىغا ئالماق. * قۇتلۇقشاهنىڭ ئوغلى پادىشاهى مارۇتىنىڭ قىزى بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغانلىقىنى بىلگەن پەرىلەر بوۋاقنى زاكىسى بىلەن كۆتۈرۈپلا ئېلىپ كېتىپتۇ.

**زاكا قېرىسى** بەك كىچىك تۇرۇپ، هەممىنى بىلىمەن دەيدىغان، قاقباش: هوي زاكا قېرىسى، قۇرۇق گەپنى قوي، ساڭا بۇنداق قىلىشنى كىم قويۇپتۇ.

**زاكىدىن چىقماق** چوڭ بولۇپ قالماق: ئىككى پەرزەنت تەڭ زاكىدىن چىقتى، تىلى دەسلەپتە ئاتىدىن چىقتى.

**زاكىسدا تەگكەن كېسەل** تۇغما ئادەت، قىلىق (مىجەز، خۇلق ھەققىدە): گەپدانلىق ئۇنىڭغا زاكىسدا تەگكەن كېسەل.

**زاكىسىدا تۆنجۇقتۇرماق** ← **بۆشۈكىدە ئۆجۇقتۇرماق**: ئۇلار بۇ ئىشنى زاكىسىدىلا تۆنجۇقتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

**زاكىسىدا قېرىپ قالغان** ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ھەممە ئىشنى بىلىدىغان، قاقباش (بالىلار ھەققىدە): زاكىسىدا قېرىپ قالغان بالا. * — ئاغزىمنى غېرىچلاۋەرمەي ئويۇنۇڭنى ئوينا، زاكىسىدا قېرىپ قالغان! — دەپ كايىدى تۆنىياز ئاكا ئوغلىغا.

**زاكىسىدا يۇققان كېسەل** ← **زاكىسىدا تەگكەن كېسەل**: ھۇرۇنلۇق ئۇنىڭغا زاكىسىدا يۇققان كېسەل ئىدى.

**زاكات** ئى (ئە) ① <دىن> ئىسلام دىنىدا مال، پۇلغا ئىگە بولغانلارنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم پۇل ۋە مال-مۈلكىنىڭ 40تىن بىرىنى غېرىب-غۇرۋالارغا، كەمبەغەل-مۇساپىرلارغا بېرىدىغان خەير-سەدىقىسى: زاكات بەرمەك. زاكات ئالماق.

**زاكات بەرمەك** ئىسلام دىنىدا مال ۋە پۇلغا ئىگە بولغانلار، ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆزىگە قاراشلىق مال ۋە پۇلنىڭ 40 تىن بىرىنى غېرىب-غۇرۋالارغا، كەمبەغەل-مۇساپىرلارغا خەير-سەدىقە قىلماق: زاكات بېرىشتىن باش تارتماق.

**زاكاتچى** ئى. زاكات ئالىدىغان، زاكات يىغىشقا بەلگىلەنگەن ئادەم: توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن موللازەيدىن باجگىر بىلەن زاكاتچىنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى.

**زاكاز** (ر) ① ئى. بۇيرۇتما: زاكاز ئالماق. زاكاز قوبۇل قىلماق. * شۇنىڭدىن كېيىن مەتقۇربانىنىڭ ئەينەكلىك دۇكانىدىكى تىجارىتى كۈندىن-كۈنگە خېرىدارلىق بولۇپ يۈرۈشۈپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ گىلەملىرىگە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ خېرىدار بولۇپ، كاپالەتلىك زاكاز بىلەن كېلىشتى. ② سۈپ. مەخسۇس نومۇر بىلەن پوچتىغا تىزىملىتىلغان ۋە ئادرېستىكى كىشىنىڭ قولىغا تېگىش شەرت قىلىنغان (خەت، پوسۇلكا ھەققىدە): زاكاز خەت. * ئەكرەم پەۋقۇلئاددە ئىش يۈز بەرمىسە، بۇنداق زاكاز خەتلەرنى يازماس ئىدى.

**زاكاز قىلماق** ① بىرەر نەرسە ياساپ بېرىش ياكى ئىشلەپ بېرىشنى بىركىمگە بۇيرۇماق: مال زاكاز قىلماق. تاماق زاكاز قىلماق. * — ئۆيگە بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. مە، دادام-ئانام ساڭا ئالاھىدە زاكاز قىلىپ ماۋۇ توپىنى ياسىتىپ قويۇپتۇ، — دېدى ئۇ ئىككى مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ ماڭا تەڭلەپ. ② ئەۋەتىلىدىغان نەرسىنى ئادرېستىكى كىشىنىڭ قولىغا تېگىش شەرتى ۋە مەخسۇس نومۇر بىلەن پوچتىغا تىزىملىتىپ ئەۋەتمەك: خەت زاكاز قىلماق. خالتا زاكاز قىلماق.

**زاكازچى** ئى. زاكاز بەرگۈچى، زاكاز قىلغۇچى كىشى: ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ زاۋۇتقا زاكازچىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى.

**زاكالەت** ئى (ر) زاكاز قىلىنىدىغان ياكى سېتىۋېلىنىدىغان نەرسە ئۈچۈن ئالدىن تۆلىنىدىغان ھەق: زاكالەت ئالماق. زاكالەت بەرمەك. * ئۇلار خېلىل تەيجى باشلىق بىر نەچچە كىشىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، 1941-يىلى 5-ئايدا ئالتايغا «قورال يىغىش» ئۈچۈن ئەۋەتىپ، باشقىلارنى زاكالەت ئورنىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ.

**زاكون** ئى (ر) جان ت. قائىدە-قانۇن، مىزان، داۋلى: — چوقۇم بويسۇنۇش كېرەك، زاكون دېگەن زاكون! — دېدى بىرەيلەن ۋارقىراپ.

**زاكونچى** سۈپ. جان ت. قائىدە-قانۇنلۇق، داۋلىلىق، پاكىتلىق سۆزلەيدىغان، ئۆز سۆزى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدى-

غان؛ سۆزمەن: - ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلىكلەر تولىمۇ زاكونچى كېلىدۇ، يېزىدىكىلەردەك مۇلايىم ئەمەس، ئىشقا بوش، گەپكە چىڭ، - دېدى باياتىندىن بىرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان رەجەپ.

**زاكونلاشماق** پ. جان ت. داۋىلىلاشماق، گەپ بىلەن ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاشماق: ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن خەۋەر تاپقان ئىمىنئاخۇن ئەتىسى ئۇنىڭغا ئاغرىنىپ نەسىھەت قىلدى. لېكىن ئوغۇل تەرسالىق قىلىپ دادىسىغا يېنىپ زاكونلاشتى. * شەمەر نېمە دېيىشنى بىلمەي ئەسەبىيلەرچە گۆلىيىپ تۇرۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن زاكونلاشقۇدەك ماجالى يوق ئىدى.

**زاكۇ** ئى (خەن) قاپقىنى ئېچىش ئارقىلىق سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان سېمونت ياكى ياغاچ تاقاق، توما: زاكۇ سالماق.

**زاكۇسكا** ئى (ر) هاراق-شاراب ئىچكەندە يېيىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىك: زاكۇسكا تەييارلىماق. زاكۇسكا سېتىۋالماق. * موماي بىر پەتنۇستا سوغۇق زاكۇسكىلار بىلەن هاراق كۆتۈرۈپ كىرگەندە، ئاخۇنبەگ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى.

**زاكۇسكا قىلماق** قوشۇمچە يېمەكلىك قىلماق، زاكۇسكا ئورنىدا ئىشلەتمەك: رايوندا كاتىپ بولۇپ ئىشلەپ تۇرغىنىمغا قارىماي، تاپقىنىم يېرىم بوتۇلكا هاراق بولۇپ، ئۇنىمۇ سارغىيىپ كەتكەن چىم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماكىنى زاكۇسكا قىلىپ، قۇرۇق ئىچىشكە ئىندۇق.

**زاكىلاتماق** «زاكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى زاكىلاتماق. * ئاينۇر ئۆزىنى جابدۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاپىسىغا بوۋاقنى زاكىلىتىپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى.

**زاكىلاشماق** «زاكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سىېستىرالار بوۋاقلارنى زاكىلاشتى.

**زاكىلاقلىق** سۈپ. زاكىلانغان، زاكىلاپ قويۇلغان: زاكىلاقلىق بالا. * شاهزادە تەزىم قىلىپ، مەلىكىدىن هال سوراي دەۋاتسا، پاتىمە يوتقاننى شاپپىدە قايرىپ، تەتىللا-كىمخاپتا زاكىلاقلىق بوۋاقنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. * مەن هېچ نەرسە چۈشەنمىدىم. هاڭ-تاڭ بولغىنىمچە موماي سۇنغان زاكىلاقلىق بالىنى قولۇمغا ئالدىم.

**زاكىلانماق** «زاكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا زاكىلاندى. * مەندەك بىر ئاددىي دېھقان ئايالنىڭ بوۋىقى ئاپئاق داكىغا زاكىلانغانىدى.

**زاكىلىق** سۈپ. زاكا قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، زاكا قىلىشقا بولىدىغان: زاكىلىق رەخت. // ئەركىن خۇشاللىقىدىن بازارغا چىقىپ بوۋىقى ئۈچۈن زاكىلىق ئالدى.

**زاكىلىماق** پ ① زاكىغا يۆگىمەك، زاكا بىلەن ئوراپ تاڭماق: بالىنى زاكىلىماق. * پاتىمە بالىنى ئەپلىك زاكىلاپ، سىڭلىسىنىڭ بىقىنىغا بىر چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ② كۆچمە. مىدىرلىيالمايدىغان، ئاغزىنى ئاچالمايدىغان قىلىپ قويماق، ئاغزىنى ئەتمەك: ئۇ ئۆز ۋاقتىدا جامالنىڭ ئالدىدا «تۇراپنى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا زاكىلاپ قويالايمەن!» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانىدى.

**زاڭ** I ئى. قوناق ئۇنىدىن قويۇق قىلىپ چېلىنغان ئوماچ؛ ئۇ پىشقاندىن كېيىن ئۈستىگە قورۇلغان سەي سېلىنىپ يېيىلىدۇ: هالۋىنى كۆپ يېسە زاڭ تېتىيدۇ (ماقال). * جۇمە شىرە ئۈستىدىكى تېخى يېيىلىپ بولمىغان زاڭغا نەزەر تاشلىدى.

**زېڭىدا زاڭ كۆرمىگەن** تۇرمۇشى ئىنتايىن

مۇشكۇلچىلىكتە ئۆتكەن، چوڭراق بىرەر ئىش قىلىپ باقمىغان: – زېڭىدا زالڭ كۆرمىگەن نېمىلەرنىڭ، ئەمدى كېلىپ يوغانچىلىق قىلىشىپ كەتكىنىنى قارا – دېدى ھېلىقى باي.

**زالڭ** II ئى (خەن) <قا> ← **زالڭ مال.**

**زالڭ مال** <قا> خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش ياكى ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق قولغا كەلگەن مال-مۈلۈك.

**زالڭ يوشۇرۇش جىنايىتى** <قا> جىنايەت ئارقىلىق قولغا كەلگەن مال ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنى ۋەكالىتەن ساقلاپ بېرىش، يۆتكەپ بېرىش ياكى جىنايەتچىنىڭ قېچىشىغا ياردەم بېرىش جىنايىتى.

**زالڭ** III سۈپ. گەپ-سۆز، قىلىقلىرى باشقىلارغا ياقمايدىغان؛ تېتىقسىز، ماز: زالڭ ئادەم. زالڭ بالا. * – ئەنۋەر تازىمۇ زالڭ بىرنېمىكەن، – دېدى مەلىكە گۈلشەنگە ئەنۋەرنى ئىشارەت قىلىپ.

**زاڭاق** (توغرىسى: ياڭاق) ← **ياڭاق.**

**زاڭزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**زاڭزۇ تىلى** <تىل> زاڭزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى خەنزۇ-زاڭزۇ-بىرما تىللىرى تۈركۈمىنىڭ زاڭزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ زاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، چىڭخەي، سىچۈەن، گەنسۇ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدە ھەمدە چەت دۆلەتلەردىن بۇتان، سىككىم، نېپال قاتارلىقلاردىكى زاڭزۇلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ. مىلادىيە 7-ئەسىردە يارىتىلغان بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىقنى قوللىنىدۇ.

**زاڭزۇچە** ① سۈپ. زاڭزۇ خەلقىگە، زاڭزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ زاڭزۇ خەلقىگە خاس بولغان: زاڭزۇچە كىيىم. زاڭزۇچە ئۇسلۇل. زاڭزۇچە ئادەت. ② ئى. زاڭزۇ تىلى ياكى يېزىقى: زاڭزۇچە ئۆگەنمەك. * بۇ چەت ئەللىك پروفېسسورنىڭ زاڭزۇچىنى تەتقىق قىلغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان.

**زاڭزۇلار** ئى <ئىرق> زاڭزۇ مىللىتى، زاڭزۇ خەلقى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ زاڭزۇ ئاپتونوم رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بىر قىسمى چىڭخەي، سىچۈەن، گەنسۇ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىگە، يەنە بىر قىسمى چەت ئەللەردىن بۇتان، سىككىم، نېپال قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**زاڭكار** سۈپ. دىئال. پاسكىنا-مەينەت، كىر.

**زاڭگا** ئى. دىئال. بەدىنىگە چىققان جارا-ھەتلەرنىڭ قاقىچى.

**زاڭگۇل-زۇڭگۇل** دىئال. ئۇششاق-چۈششەك.

**زاڭلاشتۇرماق** «زاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تونۇگۈنكى سورۇننى مۇختەر زاڭلاشتۇرمىغان بولسا، خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان بولاتتى.

**زاڭلاشتۇرۇلماق** «زاڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زاڭلاشماق** پ. گەپ-سۆز، قىلىقلىرى كىشىلەرگە ياقمايدىغان بولۇپ قالماق، تېتىقسىزلاشماق: ئۇ تولىمۇ زاڭلاشتى. * – بەللى، مانا زاڭلىشىش، يولنى قانداق قىسقارتقىلى بولىدۇ؟! – دەپ خاپا بولغاندەك قىلىپتۇ زېرىككەك.

**زاڭلىق** ئى. باشقىلارنى كەمسىتىش؛ مەسخىرە: زاڭلىق ئەتمەك. زاڭلىق قىلماق. * بايا پاتىگۈلگە ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق

قىلىۋاتقان باللار ئەمدى ئۇنىڭغا زاگلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۆزئارا گۇدۇڭلىششقا باشلىدى. * ئەركىن بۆيرۇقنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ مەنسىتمەسلىك بىلەن ئۇستەلگە تاشلىۋېتىپ، زاگلىق ئارىلاش ھىجىيىپ قويدى.

**زاگلىق ئەتمەك** → **زاگلىق قىلماق:** بۇ چاغدا قىزلار بارماقلىرى بىلەن مەگزىلىرىنى بېسىپ زاگلىق ئېتىپ كۈلۈشۈپتۇ.

**زاگلىق قىلماق** مەسخىرە قىلماق، شاگخو قىلماق، كەمسىتمەك: شەۋكەت كىم بىلەن ئۇچراشمىسۇن، ھەممىسى ئۇنى زاگلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك، ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

**زال** I ئى (ر<نېم) يىغىن، مۇراسىم، كۆڭۈل ئېچىش، توي-تۆكۈن، مېھمان كۈتۈش قاتارلىق تۈرلۈك ئاممىۋى مەشغۇلاتلار ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئۆي.

**زال** II سۈپ (پ) دىئال. قۇۋ، تادان.

**زالىم** (ئە) سۈپ. كىشىلەرگە جەبىر-زۇلۇم سالىدىغان، كىشىلەرنى ئېزىدىغان، رەھىمسىز: زالىم ۋەزىر. زالىم بەگ. * بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، بويىغا يەتكەن بىرلا قىزى بار ئىكەن. // زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلا، پادىشاھنىڭ ھۆكمىدىن (ماقال). * – ھەي زالىم! – دەپ تۇۋلاپتۇ قىزنىڭ دادىسى توختىئاخۇن بىلەن پادىچى توختى، – بىز توختىلار پاك، گۇناھسىز، قەرز بولسا سىنىڭ ئۈستۈڭدە، سەن چايانىنى سۈغا بېسىش كېرەك!

**زالىملىق** «زالىم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: زالىملىق قىلماق. * خوجاھاپىز بەگ 20 يىلدىن بۇيان يېگىسلاردا بەگلىك قىلىپ، يىلتىز تارتقان، زالىملىقتا ئۇچىغا چىققان، قارا كۆڭۈل، بەتنىيەت، رەڭۋاز ئادەم ئىدى. * باش تەيجى ئەرزنى ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭمۇ رەڭگى ئۆڭدى. بۇ خەتتە تەيجىنىڭ زالىملىقى ھەققىدىمۇ يېزىلغانىدى.

**زامات** (توغرىسى: زامان) → **زامان.**

**زاماسكا** ئى (ر) ① گەج، ئەلىپماي، يېلىم قاتارلىقلارنى قوشۇپ تەييارلايدىغان، يېرىق، چاك ۋە شۇ قاتارلىقلارنى چاپلاش، يەملەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خېمىرسىمان قېتىشما: – ئۇنداق بولسا مەن بېرەي. بازارغا بېرىپ گەج، يېلىم ئىزدەيمەن دەپمۇ يۈرمەڭ، ئۇنى يۇغۇرماقمۇ تەس. مانا ماۋۇ زاماسكىنىمۇ ئېلىڭ، – دېدى ئايال كازىمغا. ② چىشنىڭ چىرىگەن جايلىرىنى تولدۇرۇش، ياماش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قېتىشما.

**زاماسكىلاتقۇزماق** «زاماسكىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمەت دېرىزىلەرنى زاماسكىلاتقۇزدى.

**زاماسكىلاتماق** «زاماسكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىلارنى زاماسكىلات-ماق. * چىرىگەن چىشلارنى ۋاقتىدا زاماسكىلى-تىش، چىش مىدىرلاپ قالغاندا، تۈزلۈق سۇدا چايقاپ تۇرۇش پايدىلىق.

**زاماسكىلاشماق** «زاماسكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككى سائەت ئىچىدە پۈتۈن ئىشكاپلارنى زاماسكىلىشىپ بولدى.

**زاماسكىلانماق** «زاماسكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر سائەتكە قالماي ئۇن نەچچە ئورۇندۇق زاماسكىلىنىپ بولدى.

**زاماسكىلىماق** پ. تۆشۈك ۋە يېرىقلارنى زاماسكا بىلەن يەملىمەك، ئەتمەك: ئۈستەلنى زاماسكىلىماق. ئىشىك-دېرىزىنى زاماسكىلىماق. * چىشمنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، زاماسكىلايدىغانلىقنى ئېيتتى.

**زامان** ئى (ئە) ① تارىخنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەت-لەردىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۆلۈن-

گەن، شۇنىڭدەك بىرەر تارىخىي ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن ياكى بىرەر شەخس، سىنىپ، تەبىقە قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇئەييەن. بۆلىكى، دەۋر: بۇرۇنقى زامان. ھازىرقى زامان. * يەر ئاستى تۈرمىسى مەخسۇت بەگنىڭ بوۋىسى سۇلايمان توپبېشىنىڭ زامانىدىن تارتىپ بار ئىدى. * كۆردۇڭلارمۇ قەشقەرنى، ئەنجۈر ھەم ئانارى بار. پارتىيە زامانىدا، ياشنىغان باھارى بار. ② مەزگىل، مەھەل، مۇددەت؛ ۋاقىت، پەيت، چاغ: يىگىت تۈكنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاغىخان شۇ زامان پەيدا بولۇپتۇ. * كۆرگىلى كەلگەن بولساڭ، ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان. بىر زامان ئولتۇرمى-ساڭ، پۇشايمان قىلۇرسەن ھەر زامان. * ئالما بەردىم قولۇڭغا، كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا. بىرنەچچە زامان بولدى، قاراپ قالدىم يولۇڭغا. ③ <پەلس> ماددا مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ شەكلى، يەنى ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ بۇرۇن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن تەركىب تاپقان بىرتۇتاش سىستېمىسى، شۇنىڭدەك ماددا ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ④ <تىل> پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ نۇتۇق مومېنتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگۈچى فورما. ئادەتتە ئۇ ئۆتكەن زامان، كېلەر زامان ۋە ھازىرقى زاماندىن ئىبارەت چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ⑤ كۆچمە. ۋەزىيەت: زامان تۈزەلسە، يامانمۇ تۈزىلەر (ماقال). * قوي ئاتا، سەن ماختاپ يۈرگەن بەختى ئاكام، زامانىنىڭ كەينىدە قالغان كىشىكەن. بىلمەيدۇ بۈگۈنكى سىياسەت قانداق، كاللىسى تاش كەبى قاتقان كىشىكەن. ⑥ ئەرلەر ئىسمى.

**زامان ئاخىر** ← **ئاخىر زامان:** زامان ئاخىر بولماق. * بۇ جاي دىمىقتى، ھەر بىر ئىشىكتىن ئەجەل چىقىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئاھ، خۇدايىم، قاچان زامان ئاخىر بولىدۇ؟ توختاپ قۇلاق سېلىپ كۆرەيچۇ؟...

**زامان تار** ۋەزىيەت يامان، ئەھۋال ئېغىر: ئۆزىمىز گاداي بولغان بىلەن كۆڭلىمىز باي، زامان تار بولغان بىلەن قوينىمىز كەڭ.

**زامانغا باقماق** ← **زامانغا بېقىپ ئىش قىلماق:** زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق (ماقال). * ئۆتكەن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى «جۇڭگو ئىلمىنى ئاساس قىلىش، غەرب ئىلمىدىن پايدىلىنىش» دېگەن گەپلەر مۇشۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان «زامانغا بېقىپ مادارا قىلىش» دېيىلىدىغان بولدى.

**زامانغا بېقىپ ئىش قىلماق** زامان ۋە ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى، خاھىشىغا قاراپ ئىش قىلماق: ئۇ ئۇيان ئويلىنىپ-بۇيان ئويلىنىپ ئاخىرى زامانغا بېقىپ ئىش قىلىش يولىنى تاللىۋالدى.

**زامانغا يارىشا** پەيت، ئەھۋال، ۋەزىيەت-كە مۇۋاپىق: بىر ئۆينىڭ كىگىز-كېچىكنى يىغىپ تاشلاپ، زامانغا يارىشا قىلىپ، ئۈستەل ئورۇندۇق، ئىشكاپ دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ياساپ قويىدۇم.

**زامان كاتېگورىيىسى** <تىل> پېئىللاردا كۆرۈلىدىغان بىر خىل گراممatikilik كاتېگورىيە. بۇ كاتېگورىيە پېئىل ئىپادىلى-گەن ھەرىكەتنىڭ ياكى ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ھەر خىل زامانغا تەئەللۇقلۇق-نى بىلدۈرىدۇ.

**زامان كۆتۈرمەيدۇ** ۋەزىيەتكە، شارائىتقا ماس كەلمەيدۇ: — سېنىڭ بۇنداق قىلىقىڭنى ھازىر زامان كۆتۈرمەيدۇ، — دېدى دادام

ماڭا جاۋابەن.

**زامانىنىڭ كۆزى** تەڭداشسىز گۈزەل، چىرايلىق، ئىنتايىن لاتاپەتلىك: ۋەزىرنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، ھەر ئىككىسى ھۆسن-جامالدا زامانىنىڭ كۆزى ئىكەن.

**زامان ۋە ماكان** <پەلس> ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى. زامان ماددا ھەرىكىتىنىڭ تەرتىپلىكلىكى ۋە ئىزچىللىقىنى، ماكان ماددىنىڭ سوزۇلۇشچانلىقىنى يەنى شەيئىنىڭ ئورنى، ھەجمى ۋە شەكلى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**زامان ۋە ماكان قارىشى** <پەلس> زامان ۋە ماكان توغرىسىدىكى تۈپ قاراش. ئىدېئالىزم ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ زامان ۋە ماكانىنى ئاڭنىڭ، ئىدىيىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ؛ مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم زامان ۋە ماكانىنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن زامان ۋە ماكانىنىڭ ماددا ھەرىكىتىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم زامان ۋە ماكانىنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىدېئالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگىمۇ، زامان ۋە ماكانىنى ماددا ھەرىكىتىدىن ئايرىۋېتىدىغان مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەرگىمۇ قارشى تۇرۇپ، زامان ۋە ماكان ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىق، كىشىلەرنىڭ زامان ۋە ماكان توغرىسىدىكى ئۇقۇمى ئوبيېكتىپ زامان ۋە ماكانىنىڭ ئىنكاسى دەپ قارايدۇ. زامان ۋە ماكان ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددا بىلەن ئايرىلماس ئالاقىدە بولىدۇ. ھازىرقى زامان فىزىكىسى، بولۇپمۇ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە دەلىللىنىشى بۇ كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

**زامان ۋە ماكان نەزەرىيىسى** <پەلس> ← **زامان ۋە ماكان قارىشى.**

**زامانداش** ئى. بىرەر كىشى بىلەن بىر زاماندا، بىر دەۋردە ياشىغان ياكى ياشاۋاتقان ئادەم: مىلادىيە 1366-يىلى تۇغۇلۇپ، 1465-يىلى ۋاپات بولغان تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى لۇتفى (ئەسلىي ئىسمى ئەبەيدۇللا) زامانداشلىرىدىن بولغان يۈسۈپ سەككاكى قاتارلىق شائىرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان. * شائىرنىڭ سۆزلىرى، زامانداش تەرەققىيپەرۋەر دوستلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولدى.

**زامانداشلىق** «زامانداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ، ساڭا زامانداشلىق دەۋىتىمنى يوللايمەن. ئۇنتۇغان نەرسىنى سەمىگە سېلىپ قويۇش، ئالتۇننى خەزىنىگە سېلىپ قويۇش بىلەن باراۋەر دېيىشىدۇ.

**زامان-زامان** ئۇزۇن زامان.

**زامان-زامانلاردىن بېرى** ئۆتكەن ئىنتايىن ئۇزاق يىللاردىن بېرى، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى: زامان-زامانلاردىن بېرى بۇ يەرگە ئادەمزات ئاياغ باسمىغانىدى.

**زامانىۋى** سۈپ (ئە) ھازىرقى زامانغا خاس، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە جاۋاب بېرەلەيدىغان: زامانىۋى قۇرۇلۇش. زامانىۋى ئۈسكۈنە. * كارخانىمىز ئەسلىدە ياغاچچىلارنىڭ بىرلەشمە كوپېراتىپى ئاساسىدا كېڭىيىپ، ھازىرقى كارخانا ھالىتىگە كەلگەن. كېيىنكى چاغلاردا

كارخانىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، زامانۋى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش قارار قىلىنغان. ② كۆچمە. ھازىرقى زامان سانائەت تېخنىكىسى قوللىنىلغان: يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانۋى ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈش لازىم.

**زامانۋى بەش تۈر بويىچە تەنھەرىكەت** <تەن> چەۋەندازلىق، قىلىچۋازلىق، قارىغا ئېتىش، سۇ ئۈزۈش ۋە دالىدا يۈگۈرۈشتىن ئىبارەت بەش تۈردىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال مۇسابىقە تۈرى. بۇلار قاتناشقۇچىلاردىن كۆپ تۈرلۈك تەنھەرىكەت تېخنىكا ئىقتىدارىنىڭ ۋە قەيسەر ئىرادىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**زامانۋى ھۈنەر-سەنئەت** ماشىنا بىلەن رەختكە گۈل بېسىش، سۇلياۋ ھۈنەر-سەنئىتى، مەلۇم خىلدىكى مېتاللىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى، سىمسىز رادىئو ئاپپاراتلىرىنىڭ مودېلىنى لايىھەلەش قاتارلىق پۈتۈنلەي قول ھۈنىرىگە تايانمايدىغان، بەلكى قول ھۈنىرى بىلەن ھازىرقى زامان سانائەت تېخنىكىسىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرگەن ھۈنەر-سەنئەت.

**زامانۋىلاشتۇرماق** «زامانۋىلاشماق» پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىرقى ئاساسىي قانۇندا تۆتنى زامانۋىلاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توپ چوڭ قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان ۋە سۆز بېشىغا كىرگۈزۈلگەن.

**زامانۋىلاشتۇرۇلماق** «زامانۋىلاشتۇرماق» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر كونا دورا نۇسخىلىرى ۋە مۇرەككەپ دورا ياساش ئۇسۇللىرىمۇ پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىنىۋاتىدۇ ۋە زامانۋىلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

**زامانۋىلاشماق** پ. ھازىرقى زامان پەن تېخنىكا تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشماق، ماسلاشماق: زامانۋىلاشقان زاۋۇت. زامانۋىلاشقان قورال. * زامانۋىلىشىش ئىشقىنى دوستۇم سەن كۆكسۈڭگە تاڭ، غەلىبىمىزنىڭ سۈرئىتىدىن دۈشمەن قالسۇن تاڭ.

**زاموك** ئى (ر) <ھەرب> ئېتىش قوراللىرىنىڭ قۇلۇپى: — ماۋزۇرىمغا نېمە بولغانلىقىنى ئۇقمىدىم، زادىلا ئېتىلمىدى؛ قايتىپ كېلىپ قارىسام چوڭ زاموك ئۇچۇق، كىچىك زاموك ئېتىكلىك تۇرۇپتۇ، — دېدى داشۇي خىجىللىق بىلەن.

**زامىن** ئى. يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز گەپ-سۆز ياكى ئۈگۈشسىز ئىش-ھەرىكەت ئۈچۈن سەۋەبچى ياكى ئەيىبدار؛ جاۋابكار: زامىن بولماق. * يەرلىك بەگلەر ئارىسى غۇل-غۇل بولۇپ، كى چەرچەنلىك ئوسمانبەگ مەسئۇل بولۇپ، تالىنىۋالدى يۈز نەپەر خائىن قوشۇن، پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن قوشۇن.

**زامىن بولماق** يامان، كۆڭۈلسىز گەپ-سۆز، - ئۈگۈشسىز ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى؛ ئەيىبدار، جاۋابكار بولماق: شۇنداق قىلىپ بىر تەڭگە پۇل ئۈچۈن ئىككى بېخىل بىر-بىرىنى ئاياشماي جېنىغا زامىن بولغانىكەن. * تاڭ سەھەردىكى تىنىمسىز ۋاراڭ-چۇرۇڭ شېرىن ئۇيقۇمغا زامىن بولدى.

**زانانە** ئى. دىئال. نازۇك، نەپىس.

**زاھىت** ئى (ئە) ① <دىن> تەركىدۇنيا بولۇپ، دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن، تائەت-ئىبادەتكە بېرىلگەن ئادەم: بۇ قىزلار دۇنيادىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن زاھىتلارنىمۇ بىر كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىگە رام قىلىۋالىدىغان دەرىجىدە گۈزەللەردىن ئىدى. * ئۇ ئەلچىلىككە تەكلىپ قىلىنغان چاغدا،

ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇنداق بولمى-
غاندىمۇ سىياسەتكە ئارىلاشمايدىغان زاھىت
سۈپەت كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزرە
سورىغانلىقى راست ئىدى. ② ئەرلەرنىڭ
ئىسمى.

**زاھتلىق** ئى. زاھىتلارغا خاس ئىش-ھەرى-
كەت: ئۇ زاھىتلىق تونىغا ئورىنىۋالغان بىر
بۇزۇق ئىدى.

**زاھىر** (ئە) ① ئى. سىرتى، سىرتقى
كۆرۈنۈشى. ② سۈپ. ئوچۇق-ئاشكارا،
روشەن؛ ئېنىق: زاھىر بولماق. زاھىر
ئەتمەك. * ئۇنىڭ سۆزلۈك يۈزىدە، (يېشىل
قاشتاش كۆزىدە) پۈتۈن ئالەم زاھىر ئىكەن،
(ئەسۋاب ئاڭا قادىر ئىكەن!) ③ ئەرلەر-
نىڭ ئىسمى.

**زاھىر ئەتمەك** ← **زاھىر قىلماق:**
جامالىڭ شولىسى قەلبىم ئۆيىنى زاھىر ئەتكەچ-
كە، يۇدۇشكە سەن ئۈچۈن تاغنى، ھامان
تەيياردۇر كۆڭلۈم.

**زاھىر بولماق** ئوچۇق-ئاشكارا كۆرۈنمەك؛
نامايان بولماق، روشەنلەشمەك: دەرۋەقە،
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۆرلۈك، ھەيۋەتلىك سوت
زالى، ئارقا-ئارقىدىن شىكايەتكە چىققان
ئاياللار زاھىر بولغاندەك بولدى. * ئويلاپ
شۇ يەرگە كەلگەندە، سەلەيئاخۇن ئۇستامنىڭ
كۆز ئالدىدا، تۈنۈگۈن ئۇ بازاردىن يېنىپ كەلگەن-
دىن كېيىنكى بىر ئىش قايتا زاھىر بولدى.

**زاھىر قىلماق** ئاشكارىلىماق، نامايان
قىلماق؛ كۆرسەتمەك، ئىپادىلىمەك:
غەزەپلەندى، تېرىكتى بەكمۇ جابىر، ئۆزىنىڭ
ئاچچىقىنى قىلدى زاھىر.

**زاھىرەن** رەۋ (ئە) سىرتتىن، يۈزە قارىغاندا،
تاشقى كۆرۈنۈشتىن: — سىلەرنىڭ مۇشۇنداق
دەيدىغىنىڭلارنى بىلىپ تۇراتتىم. زاھىرەن
قارىغاندا، سىلەرنىڭ پىكرىڭلار توغرا، — دېدى
ياڭ جياڭجۇن ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ.

**زاھىرەن سىزىش** <گ سەن> شەيئىلەر-
نىڭ كۆرۈنۈشىنى چىن ۋە ھەقىقىي
يوسۇندا ئەسلىي قىياپىتى بويىچە سىزىپ
چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**زاھىرىي** سۈپ (ئە) سىرتقى، تاشقى:
ئىنساننىڭ زاھىرىي دۇنيادا خاتالىقلارنى سادىر
قىلىشى ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىشى، ھەر خىل
بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىشىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى-
نى بەزىلەر «پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ
دۇنيا ۋە ھادىسىلەرنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكى-
نىڭ نەتىجىسى» دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

**زاۋال** ئى (ئە) ① كۈن پاتقاندىن قاراڭغۇ
چۈشكىچە بولغان ۋاقىت: لۇتپۇللا تاجىنساخان
موماي بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا،
ئاللىقاچان زاۋال بولۇپ قالغانىدى. * ھاۋا
ئوچۇق، ئەمما توختىماي شامال چىقىپ تۇرغان
بىركۈنى زاۋال ۋاقتى بولغاندا، ھاۋا بۇزۇلۇپ
يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. گۇمران
بولۇش، يوقىلىش؛ ھالاكەت: زاۋال تاپماق.
* كىمنىڭ زۇلمى كۆپ بولسا، زاۋالى يېقىن
بولۇر (ماقال). * — غەم يېمىسىلە قىزىم!
تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق. ھېلىقى ئوكۇرداي
بىلەن نىياز دورغىغا ئوخشىغانلارنىڭ زاۋالى
يېقىنلاپ قالدى، — دېدى مېھمان ئايقىزنىڭ
بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ. * بەزىلەر بەخت
دەپ زاۋال كوچىغا، بىر «كۆلۈش» ئۈچۈنلا
كەتتى ئىرغاڭلاپ. زالىمنى «خىزىر» دەپ
زۇلمەتنى «قۇياش»، شۇلارنىڭ بەختىنى
ئۆتتۈشتى داڭلاپ.

**زاۋال تاپماق** يوقالماق، ھالاك بولماق:
— ھەرقانداق بىر شاھ قانچىلىك سەلتەنەتلىك
ۋە قۇدرەتلىك بولمىسۇن، ئۆز ھۆكۈمىنى خەلققە
زۇلۇم قىلىش بىلەن باشلاپ، جاھالەت پاتقىقىغا

پاتسا، شۇ شاھنىڭ زاۋال تېپىش ۋاقتى تېز بولىدۇ، – دەپ بايان قىلىپتۇ نۇسرەت. * 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن قاراخانىيلار خاندانلىقى ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا روناق تاپامدۇ ياكى زاۋال تاپامدۇ؟

**زاۋالغا يۈز تۇتماق** ← **زاۋاللىققا يۈز تۇتماق**: بۇ ئەرباب پىل سۆڭىكىدىن قىلىنغان پىچاقنى ھاۋادا سىلكىپ قويۇپ، ئائىلىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقى، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلغانلىقى، خوتۇن ۋە ئانىنىڭ مۇقەددەس ھەم ئۇنتۇلغان بۇرچى توغرىسىدا سۆزلەپ كەتتى.

**زاۋالغا يۈزلەنمەك** ← **زاۋاللىققا يۈز تۇتماق**: بۇ جەمەت زاۋالغا يۈزلەنگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى قوڭغۇراقنى بىرى ئوغرىلاپ قاچماقچى بولۇپتۇ.

**زاۋال يەتمەك** ← **زاۋاللىق يەتمەك**: دوتەي بىلەن تالاي ئامبال، ياڭ تۇڭ خانغا بولۇپ ھامال، ئەل بەختىگە يەتتى زاۋال، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

**زاۋالسىز** سۈپ. ھالاكەتكە يولۇقمىغان، (يولۇقمايدىغان) تالاپەتكە ئۇچرىمىغان، يوقالمىغان (يوقالمايدىغان): بىلىمدۇر ئەڭگۈشتەر – سائادەت مۆھرى، ھەقىقىي بىلىمدۇر زاۋالسىز ئىقبال. بىلىمدىن ھەر كىمنىڭ يورۇسا باغرى، بىلىمسىز ھەر دىلكى-قاراڭغۇ جاڭگال.

**زاۋاللىق** ئى. ھالاكەت، تالاپەت، يوقىلىش: – ئاڭلىسام، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك پەرزەنتلىرىگە ئالىپ دېگەن بەتنىيەت زاۋاللىق يەتكۈزۈپتۇ. مەن بۇنىڭغا بەكمۇ ئېچىنىمەن، – دېدى ئەلچى. * سەن بولغاچ تۇغدى ئەلدە زاۋاللىق، سەن بولغاچ ۋەتەندە ئاتتى قىزىل تاڭ. سەن بولغاچ تۇغدى ئاچلىق، ۋەيرانلىق، سەن بولغاچ خەلقىمدە ئۈستى يىغى ئاڭ.

**زاۋاللىق تاپماق** تالاپەت كۆرمەك، گۇمران بولماق، يوقالماق: بىرمەھەل يۈرگەندە قىڭغىر كوچىدا، كۇڭزىغا ئوت ئېچىپ بولدۇق بىئەدەپ. ئىلىم-پەن ھېكمەتلەر تاپتى زاۋاللىق، تارىخىي مىراسنى دەسسىدۇق چەيلەپ.

**زاۋاللىققا يۈز تۇتماق** يوقىلىش، ھالاك بولۇشقا قاراپ ماڭماق؛ ھالاكەتكە يېقىنلاشماق: ھازىرقى شارائىت، ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم كۈرەش قىلىۋاتقان شارائىت، كاپىتالىزم زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، سوتسىيالىزم يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان شارائىت.

**زاۋاللىققا يۈزلەنمەك** ← **زاۋاللىققا يۈز تۇتماق**: – ئۇلارنىڭ كۈنى زاۋاللىققا يۈزلەندى، – تەنتەنە بىلەن ۋارقىرىدى ئابدىغېنى كۆپچىلىككە قاراپ.

**زاۋاللىق يەتمەك** يوقىلىش، ھالاكەت يەتىپ كەلمەك: ئاخىرى ساڭمۇ زاۋاللىق يېتەر، ئاققۇسى شۇ چاغدا كۆزلىرىڭدىن قان. چاقنار چېكىمىزدە ئۈمىد چېچىكى، سۈزۈك تاڭ يۈز ئاچار، كېتىپ شەبىستان.

**زاۋۇت** ئى (ر) سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ياكى قول ھۈنىرى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن: پولات زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى، ئۈن زاۋۇتى.

**زاۋىن** ئى (خەن) <ئەد> ھازىرقى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى، مۇقىم شەكلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدا مۇنازىرە بولۇشىمۇ، بايان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**زايە** رەۋ (ئە) پايدىسىز، بىھۇدە، بىكار، زىيادە؛ ئىسراپ، ئارتۇق: زايە بولماق. زايە كەتمەك. * – ئاخشام كوچىدا بىرى مەست بولۇپ يېتىپ قىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا: – سەندەك

ئازغان پەس ئادەمگە تون زايە دەپتۇ. * ئۈچتىن-ئۈچتىن تۆگمە تۆگدۈم، ئالتە ئەمەسمۇ. ئالتە ئاي ياز ئەگەشكىنىم، زايە ئەمەسمۇ.

**زايە ئەيلىمەك** ← **زايە قىلماق:** ئەيلىدىڭ ئەجرىمنى زايە، بۇ ئەمەسمىدۇر گۇناھ؟ شۇ سەۋەبتىن سېنى تۇتقۇن ئەيلىمەك بولدى راۋا.

**زايە بولماق** ئىسراپ بولماق، زايە كەتمەك، بىكار بولماق: تاغ ئوغلى ئوقياسىنى پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك ياغدۇرۇپتۇ ھەم ئۇنىڭ ئاتقان ئوقلىرى زايە بولماي تېگىپتۇ. * بۇ كۆلكە سادالىرى تاكى كۆچەتلەر بوي تارتىپ، شاخ ئۇزارتىپ، ياپراق كۆرسىتىپ، چېچەك جۇلا قىلدۇرغىچە ئۆكسىمىدى، تۆككەن تەر زايە بولمىدى.

**زايە قىلماق** ئىسراپ قىلماق، بىكارغا كەتكۈزمەك: كىتاب ئوقۇغاندا كېرەكلىك كىتابنى تېپىپ ئوقۇغان كىشى ۋاقتىنى زايە قىلمايدۇ. * ئوغلۇم، ئۆمرۈڭنى تەربىيىسىز ئۆتكۈزمە، شۇ چاغدىلا دوست-دۈشمىنىڭگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىسەن. قىممەتلىك ئۆمرۈڭنى ھاۋايى-ھەۋەس بىلەن زايە قىلما.

**زايە كەتمەك** ئىسراپ بولۇپ كەتمەك، بىكار كەتمەك، ئارتۇق كەتمەك: مەرۇپ بوۋاي مەھەللە بويىچە پېشقەدەم ئۇۋچى، داڭدار مەرگەنىدى. ئاتقان ئوقى پەقەت زايە كەتمەيتتى. * — ئەرزىمىگەن ئالتە چىلىگە بىر تاۋاق ئالتۇن زايە كەتتى، ياندۇرۇۋالايلى، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

**زايوم** ئى [ر] <س ئق> ① دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرى ياكى سىرتقى مەملىكەتلەردىن ئالغان قەرزى. ② زايوم چېكى: زايوم ئالماق. زايوم سېتىۋالماق.

**زايوم بېلىتى** <س ئق> ← **زايوم چېكى.**

**زايوم چېكى** <س ئق> دۆلەت تەرىپىدىن قەرز بەرگۈچىلەرگە تارقىتىلىدىغان ھەمدە قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ بەرگەن قەرزى بىلەن ئۆسۈمنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەك، بېلەت.

**زايىر** ئى. زايىرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**زەبەردەس** (پ) ① سۈپ. جىسمانىي جەھەتتىن بەقۇۋۋەت؛ كۈچلۈك، چىڭ: زەبەردەس يىگىت. زەبەردەس بالا. * ئايتىللال. مۇتەللىپنىڭ ئەنە شۇ ئۆچمەس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئامراق ئىدى. بۇ ئامراقلىق ئۇنى بۇ زەبەردەس يىگىت بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ، بىرلىكتە ئۆمۈر كەچۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. ② رەۋ. مۇستەھكەم، مەغرۇر، تىك: خىياللىرىم دېڭىز دولقۇنىدەك توختىماي ئۆركەشلىمەكتە ئىدى. گويا بىرى قارا دېگەنىدەك بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىراقتا زەبەردەس قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بوغدىنى قارىدىم. * بىر يىگىت ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغانىدەك زەبەردەس دەسسەپ ھېيتگاھقا كېلىپ توختىدى-دە، ئەتراپقا نەزەر تاشلاشقا باشلىدى. ③ رەۋ. خەۋپ-خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان؛ يۈرەكلىك، باتۇر، پالۋان، جەسۇر: ماركونى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، بۇ يەردىكى بۆلاتنىڭ بەزىلىرى كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىكەن، بەزىسى زەبەردەس، ياۋۇز ھالەتتە ئىكەن، بۇ خىلمۇخىل ھالەتتىكى بۆلاتقا، كىشى قارىسا يەنە قارىغۇسى كېلىدىكەن. // دەللەر ئالدىدا پىتنە-يالانىڭ بارى يالغاندۇر، بۇ تارىخ ئۇيغىتار بىرلىك ئۈچۈن كۈرمىڭ زەبەردەسنى.

**زەبۇر** ئى (ئە) <دىن> «ئاللا تەرىپىدىن داۋۇت پەيغەمبەرگە ئەۋەتىلگەن» دەپ تونۇلغان مۇقەددەس كىتاب.

**زەبۇن** (پ) ① سۈپ. خاراب، ۋەيران؛ زەئىپ، نىمجان: يېتىپ مۇندا ھەسرەت-نادامەتتىمەن، ئىبرسالنامە ئەۋەتتىم خىجالەتتىمەن، پىراقىڭدا بولدى ھالىم زەبۇن، ئۆزۈم غەمناك، مالامەتتىمەن. * ② ئى. خېيىم-خەتەر، زىيان-زەخمەت؛ ئېغىرچىلىق، مۇشكۇللۇك: تاغۇ يايلاقلار ئومۇمنىڭ پايىدىسىغا ئۆزگىرىپ، ئۈستى تەڭ كۆزدە قارالغاچ چارۋىلار كۆرمەي زەبۇن.

**زەبۇن بولماق** زاۋاللىققا يۈز تۇتماق، ۋەيران بولماق، خارابلاشماق: قانچىلار ياتسا بۇلۇڭدا ئارسىز ئەپيۇن شوراپ! قانچىلار شوپاڭدا ئىچىپ مەست بولۇپ خۇمرا شاراب؟ ئەي چىراغۇ ئەي ھاراق بارمۇ نومۇس بەر جاۋاب! سەن بىلەن بولمامدىكەن بۇ ھالىمىز زەبۇن-خاراب؟

**زەبۇنلۇق** ئى. زەئىپلىك، نىمجانلىق؛ ۋەيرانچىلىق، مۇشكۇللۇك: تاغام بۇ يىل 60 ياشقا كىردى. شۇ كەمگىچە ئۇ تالاي شادلىققا چۆمدى، نى-نى زەبۇنلۇققىمۇ يولۇقتى.

**زەپ** سۈپ. جان ت. ناھايىتى، ئاجايىپ، بەك، ئىنتايىن: — «ئىبسىلدا خاتا يوق، بىئىبسىلدا ۋاپا» دېگەن گەپ زەپ جايىدا ئېيتىلغان-دە، — دېدى مەمەت تۆرەمنىڭ گەپلىرىگە زوقلىنىپ. * شاھى ئابباس مەن بىلمىدىم، ئەھۋال نېچۈك مەن سورىمىدىم، ئىشق كۈچىنى زەپ سەزمىدىم، ئۆز بېشىمغا كەلمىگۈچە.

**زەپەر (زە:پەر)** ئى (ئە) <بوت> ① چىغىرتماقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەڭگىچە غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. گۈلى ئاچ قوڭۇر بولۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**زەپەر** ئى (ئە) ① قولغا كەلگەن نەتىجە، غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت: زەپەر قازانماق. زەپەر قۇچماق. * يۈسۈپجان ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم بۇ زەپەر قوشۇنىغا ئەگىشىپ، خوتەننىڭ چالڭ باسقان كوچىلىرىنى بويلاپ قىن-قىنىغا پاتماي يۈگۈردى. * تەكەببۇر بولمىغىن ئەسلا، شەھەر-قەلئەنى ئالساڭمۇ، سېلىپ لەرزىگە دۇنيانى زەپەر سازىنى چالساڭمۇ. ② ئەرلەر ئىسمى.

**زەپەر قازانماق** ← **زەپەر قۇچماق**: — بۈگۈن يۈز تۈمەن باتۇر لەشكەر، ھەرقايسىلارنىڭ جانپىدالىق ياردىمىڭلارغا ئىگىمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق زەپەر قازىنالماي قالىمەنمۇ؟ — دېدى جۇكېلياڭ.

**زەپەر قۇچماق** نەتىجىگە، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەك؛ غەلىبە قازانماق: كۈرەش قىلماق سائادەتتۇر، زەپەر قۇچماق تېخى ئاندىن، كۈتەر شۇنى يېڭى دەۋران، تۈمەننىڭ گالڭ بىلە كەلەردىن.

**زەپەرنامە** ئى (ئە+پ) قولغا كەلگەن نەتىجە، غەلىبىلەر يېزىلغان قىسسە: ئەنە كۆردۈڭمۇ يازماقتا ئازاد يوقسۇل زەپەرنامە، بىراق بايلار ئۈچۈن بۇ ئىش، سۆزغۇرغاندەك گوياكى چىش.

**زەپت** ئى (ئە) بىرەر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلۇش؛ كۈچ؛ شىددەت: نەيزە، قىلىچ زەپتىدىن مىڭلاپ چېرىك يىقىلدى. تىرىكلىرى توغ تۇتۇپ، تەسلىم بولۇپ قېتىلدى.

**زەپتى بار** زەردىسى بار، ئاچچىقى يامان، قەھرلىك: — يىگىتنىڭ راست ئېيتىدۇ، مەن قارىسام، ماۋۇ ھۆسناربخان ئەر كىشىدەك زەپتى بار، ئاچچىقى بىلەن قەھرى بار جۇۋان ئىكەن، — دېدى نەزەر سۆز قوشۇپ.

**زەپلىمەك** پ. زور بىلەن كۈچىمەك: زەپلەپ يىگەن دورىنىڭ سەل مەنپەئىتى بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، تاشۋاي، تۆت-بەش كۈندىن بۇيان سەل ھاللىنىپ قالغاندەك بولدى.

**زەپىران** (ئە) ① ئى <بوت> زەپەر: سىزنى يەنە كۆرگۈچە، كۆزلىرىم يولدا بولار. زەپىران نەدە بولار؛ سۇدىن تۆۋەن لايدا بولار. * باھار ۋاقتىدا سارغايغان چىرايىمدىن ئەجەبلەنمە! تېۋىپ ئالدىدا زەپىراننىڭ سېرىقلىقتىن باھاسى بار. ② سۈپ. ساپسېرىق: مېھمانخانا دېرىزىسىدىن كوچىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خالايىق — ھېسابسىز نۇرغۇن باش، قۇلاقچا، بۆك، ياغلىق، زەپىران يۈزلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * چىرايىم زەپىران بولدى، كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى. ئارىدا ئادالەت يوق، كۆرستىشمەيدۇ يارىمنى.

**زەخمەت** ئى (ئە) ئازاب، كۈلپەت، مۇشەققەت؛ ئازار، ئەلەم: زەخمەت چەكمەك. زەخمەت يەتمەك. * ئەگەر كىشىگە خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ شۇنداق زەخمەت-ئاغرىنىش كېلىدۇ. بەلكى سەن يەتكۈزگەن ئازار-زەخمەتتىن ساڭا ئېغىرراق يېتىدۇ. * ئۆز يېنىمدا تۇرغىنىڭ مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ نېمەت، ئەگەر كەتسەڭ ئۇزاققا كېلۇر ماڭا كۆپ زەخمەت.

**زەخمەت چەكمەك** ئازابلانماق، ئازار يېمەك، ئەلەم تارتماق؛ جاپا تارتماق: سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن جانىم پىدا دوست، قىلاي، يۇر، خىزمىتىڭنى مەن ئادا، دوست. كېرىم ئېيتتى: ساڭا مىڭلارچە رەھمەت، يېتەر ئەمدى، مېنىڭچۈن چەكمە زەخمەت.

**زەخمەت يەتمەك** ئازاب، دەرد-ئەلەم ياكى كۈلپەتكە ئۇچرىماق، دۇچار بولماق؛ خېيىم-خەتەرگە يولۇقماق: مەختۇمسۇلا بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ: «ئاكامغا زەخمەت يەتمىگەندى، ئۇنىڭ مېيىپ بولغىنىدىن مېنىڭ يوق بولغىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپتۇ.

**زەخمەك** ئى (پ) <مۇز> راۋاب، ماندالىن قاتارلىق تارلىق سازلارنى چېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان تىلسىمان ئەسۋاب. ئۇ ئادەتتە ياغاچ، پىل چىشى، مۈڭگۈز، مېتال ياكى سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**زەخمەيلىمەك** (توغرىسى: زەخىم ئەيلىمەك)
**→ زەخىم ئەيلىمەك.**

**زەخىم** ئى (پ) ① تىغ، نەيزە قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇلۇش تەسىرىدىن بەدەندە پەيدا بولىدىغان جاراھەت، يارا: زەخىم بولماق. زەخىم قىلماق. * ناكار قىلدى ئۇرغاق يىگىتنىڭ بارمىقىنى ئۇشتۇمتۇت شىلىپ. ئۆتۈپ كەتتى ئالدىغا قىزچاق، بولغۇچە ئەر زەخمىنى تېڭىپ. ② كۆچمە. مەنىۋى جەھەتتىكى دەرد-ئەلەم، ئازاب-ئوقۇبەت؛ قايغۇ: ئەركىنىنىڭ خېتىدىن ئارزىگۈلنىڭ قەلبى زەخىم يېدى. ③ ۋەيران بولۇش، بۇزۇلۇش، كاردىن چىقىش: ئاشۇ يىللاردا كۈچىيىپ ئېشىپ كۈچا قەلئە-قەسىرلىرى ۋە مەدەنىيىتى ئېغىر زەخمىگە ئۇچرىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل، ئويما-رەسسىملىك، بۇددا ئىلىم-مەدەنىيىتىنىڭ مول بولىقى بولغان كۇچا سەنئىتى تەدرىجىي ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى.

**زەخىم ئەيلىمەك** زەخىم قىلماق، جارا-ھەتلەندۈرمەك: تىل بىلەن زەخىم ئەيلىگەن دىل، بىداۋادۇر بىر ئۆمۈر، بار بىر داغگال تۇرۇر تارىخ ئۈچۈن ئاقساق تۆمۈر.

**زەخىم ئۇرماق → زەخىملەندۈرمەك:** ئۇنىڭغا شىر زەخىم ئۇرغانىكەن، بېشىنى قۇچىنقىسىغا ئېلىپ يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆرۈپ ساقىيىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلدىم.

**زەخىم يەتمەك** زىيان-زەخمەت، خېيىم -

خەتەرگە يولۇقماق؛ ئۇچرىماق: بەختىگە يارىشا پادىشالارغا زەخىم يەتمىگەنلىكى ئۇچۇن كۆڭلى جايىغا چۈشتى بولغاي، يەنە ئاۋۋالقىدەك كەشتە ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

**زەخىم يېمەك** جاراھەتلەنمەك، يارىلانماق، زەخىملەنمەك: – مېنىڭ مۇرەم زەخىم يېگەنىدى، ھەي نېمىسىنى ئېيتاي، بۇ بالا بىزنى ئاسرىمىغاچقا بىز ئاسانلا كاردىن چىقىپ كېتىۋاتىمىز، – دېدى ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ. * ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردىكى زەخىم يېگەن قەلبى ئوتقا تۇتقان شامدەك ئېرىشكە باشلىدى.

**زەخىمدار** سۈپ (پ) جاراھەتلەنگەن، يارىلانغان، زەخىملەنگەن: ئۇ ئاغابەگ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىپ، ئۇنى زەخىمدار قىلدى.

**زەخىمدار بولماق** جاراھەتلەنمەك، يارىلانماق، زەخىملەنمەك: مېھرىنىڭ ئاتىسى سودىگەرچىلىككە چىققان جايدا قاراقچىغا ئۇچراپ، زەخىمدار بولۇپ ھەممە ماللىرىنى ئالدۇرۇپ قايتىپتۇ.

**زەخىمدار قىلماق** جاراھەتلەندۈرمەك، زەخىملەندۈرمەك، يارىلاندۇرماق: – بەللى! سەن بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ-سەن، بىراۋنى زەخىمدار قىلىپ قويۇپ شۇنداق كارى بولماي ئولتۇرامدىكەن؟! – دېدى كامىل ياسىنغا قاراپ.

**زەخىملەندۈرمەك** «زەخىملەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ ئەسنادا دۈشمەنلەر ھوشۇربەگ سەردارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ بىرنەچچە يېرىنى زەخىملەندۈر-دى. * سۇ تومىنىڭ تېگىنى زەخىملەندۈرگەن بولسا، تومنى تۈيۈقسىز ۋەيران قىلىۋېتىش ئېھتىمالمۇ يوق ئەمەس.

**زەخىملەندۈرۈلمەك** «زەخىملەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: – ئەگەر ئۇ مېنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇۋالمىغان بولسا، ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈلگەن بېلىمنى ساقايتىۋېلىش تۈگۈل، كۆرەش-پېپەندە ئۆلۈپ كەتمەسمىدىم؟! – دېدى مەمەتئىمىن.

**زەخىملەنمەك** پ ① يارىلانماق، جارا-ھەتلەنمەك؛ زېدە بولماق: تاماشاغا كەتكەن يەتتە پەرى قايتىپ كېلىپ، قارىسا بىرنەچچە دېۋىلەر ئۆلۈپتۇ. بىرى زەخىملىنىپ يېتىپتۇ. * – مەن ئادەتتىكى ئادەم نەسلىدىن، يار ھىجرانى بىلەن يۈرىكىم زەخىملەنگەن كىشى، – دەپتۇ يىگىت كېپىككە قاراپ. ② زىيانغا ئۇچرىماق، زەرەر تارتماق؛ ۋەيران بولماق: – مەن بۇ قۇرۇلۇشتا سىزنىڭ پۈتۈن كۆڭلىڭىزنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىڭىز-نى بىلدىم. شۇڭا مۇنداق ئىشتا ئانچە-مۇنچە زەخىملىنىشلەر ھېچنېمە بولمايدۇ، – دېدى ھاشىم سادىققا قاراپ قويۇپ.

**زەخىملىك** سۈپ. زەخىملەنگەن، يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن؛ زېدە بولغان: ئەمەت زەخىملىك پۇتىنى ئاستا يۆتكەپ كېتىپ باراتتى. * ياق ئانا، بۇ سۆزنى سىز ھەرگىز دېمەڭ، زەخىملىك كۆڭلۈمنى زەرداپ ئەيلىمەڭ. راست ئىشەنمەيمەن بۇ شۇم ئىغۋاغا مەن، ئۇنى ئاقلايمەن بېرىپ دەۋاغا مەن.

**زەخمىناك** سۈپ (پ) ← **زەخىملىك**: سول پۇتىدىن ئازار يەپ، قەلبى زەخمىناك بولغان گۈلجامال ئىلاجسىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. * بۇ جەڭگە نوزۇگۇممۇ ئىشتىراك قىلدى، قانچىلاپ رەقىبنى ھەم زەخمىناك قىلدى. ئەۋج ئالدى ئۆرلەپ بۇ غازات كۈنسېرى، ئېشىپ دىللاردا زور ئىجتىھات كۈنسېرى.

**زەدەك** ئى (پ) <بوت> ← **سەۋزە**.

**زەدىۋال** ئى (پ) ئۆي تېمىنىڭ تۈۋەن تەرىپىگە تۇتۇلىدىغان گۈللۈك رەخت:

ئىشان داموللامنىڭ رەستىدىكى ئۆيى بۈگۈن ئالاھىدە يىغىشتۇرۇلۇپ، تاملارغا زىلچا-گىلەم، پەردە، زەدىۋاللار تارتىلغانىدى.

**زەدىۋاللىق** سۈپ. ① زەدىۋال تارتىلغان، زەدىۋال تۇتۇلغان: بۈگۈن زەدىۋاللىق تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چېكىسىدىن تەر، كۆزىدىن ياش چىقارماي ناۋاتخانىنىڭ قولىدىن مەززىلىك تاماقنى يېيىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ھۇزۇر تۇيۇلدى. ② زەدىۋال تىكىش ئۈچۈن لايىق، باپ: زەدىۋاللىق رەخت. // ئايشەم ئۆيىگە زەدىۋاللىق ئىزلەپ بازارغا چىققانىدى.

**زەر** (پ) ① ئى. ئالتۇن: — ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ جېنىم، ماڭا خوتۇن بولسىڭىز پۇشايمان قىلمايسىز. ئۈستىڭىزنى ئۈنچە-مارجان، زەرلەرگە كۆمۈۋېتىمەن، — دېدى نەزەر قىزغا ئېسىلىپ. * زەر، كۈمۈشتۇر تۇپرىقىڭ، گىياھلىرىڭ لالىدۇر. تاغ-داۋان يايلاقلىرىڭ، ھۆر ھاياتىنىڭ كانىدۇر. ② سۈپ. ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى: زەر يىپ. * پادىشاھ ئۇنى ھېلىقى زەر يۆگەك بىلەن مەرۋايىتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. // ئاسمگۈل ئادەتتە ئۈستىگە كۆكرەك پۈرمە ئەتلەس كۆڭلەك، پۇتىغا ئەترەڭ يىپ پايپاق، بەتىنىكە، بېشىغا ئاندا-ساندا زەر باسقان بېشىل دۇخاۋا دوپپا كىيىپ يۈرەتتى.

**زەر باسماق** زەر يىپ بىلەن دوپپىنىڭ گۈللىرىنى كەشتىلىمەك: دوپپىغا زەر باسماق.

**زەرەپشان** (پ) ① سۈپ. زەر چاچىدىغان؛ ئالتۇن بىلەن تاۋلانغان؛ نۇرلۇق، پارقىراق: كېچ بۇ تۇپراقنىڭ زەرەپشان كۈنىمۇ، ئاي كۆلۈپ، يۇلتۇز ئېچىلغان تۈنىمۇ. ② يە-كەن ناھىيىسىگە قاراشلىق زەرەپشان تاجىك يېزىسىنىڭ نامى. ③ يەكەن دەرياسىنىڭ نامى.

**زەرەت** ئى (د) <فىز> جىسىمدا ياكى جىسىمنى ھاسىل قىلغان ماددىي نۇقتىدا بار بولغان مۇسبەت ياكى مەنپىي ئېلېكتر. قارىمۇقارشى زەرەتلىك جىسىملار ئۆزئارا تارتىشىدۇ، ئوخشاش زەرەتلىك جىسىملار ئۆزئارا تېپىشىدۇ. زەرەتلەرنىڭ يۆتكىلىشى توكنى ھاسىل قىلىدۇ.

**زەرەت توشۇغۇچى** <فىز> ئۆتكۈزگۈچ ياكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ توك ئۆتكۈزۈش رولى زەرەتلىك زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ خىل توكنى توشۇغۇچى جىسىم زەرەت توشۇغۇچى دېيىلىدۇ.

**زەرەت مىقدارى** <فىز> جىسىمدا بولغان زەرەتنىڭ ئاز-كۆپلۈكى.

**زەرەتسىز** سۈپ. زەرەتكە ئىگە بولمىغان، زەرەتلەنمىگەن.

**زەرەتسىزلەنمەك** پ. زەرەتنى يوقاتماق.

**زەرەتسىزلىنىش** ① «زەرەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <فىز> قارىمۇقارشى زەرەتلىك ئىككى قۇتۇپ يېقىنلاشقاندا، ئۇچقۇن پەيدا بولۇش ھەم ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق بۇ قۇتۇپلاردا يۈز بېرىدىغان نېيتراللىشىش ھادىسىسى. چاقماق چېقىش تەبىئەت دۇنياسىدىكى زەرەتسىزلىنىشتۇر.

**زەرەتلەنمەك** «زەرەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەرەتلىك** سۈپ <فىز> ئۆتكۈزگۈچتە ئېلېكتر پوتېنسىئالى بولغان ياكى زەرەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىمنى ئۆزىگە تارتىدىغان؛ زەرەت-لەنگەن: زەرەتلىك مېزون.

**زەرەتلىك مېزون** <خىم> مۇسبەت ياكى مەنپىي زەرەتكە ئىگە مېزونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**زەرەتلىمەك** (پ) <فىز> تۇراقلىق توك مەنبەسىنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئىككى قۇتۇپىغا ئۇلاش ئارقىلىق ئاككۇمۇلياتورنى توك بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلماق.

**زەرەر** ئى (ئە) ← **زىيان:** ئۇنىڭ سودىسى ئاقماي بىر قېتىمدىلا 1000 يۈەن زەرەر تارتتى. * زاتى بولماي قالسا مۆتىۋەر، مەيلى، ئۇندا يوقتۇر چوڭ زەرەر.

**زەرەر بولماق** ← **زىيان بولماق.**

**زەرەر تارتماق** ← **زىيان تارتماق:** ياسىن گەرچە بۇ سودىدا ئازراق زەرەر تارتقان بولسىمۇ، لېكىن باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدى.

**زەرەر سالماق** ← **زىيان سالماق:** قارا بوران، مۇدھىش تۇمان ھەرگىز زەرەر سالالمايدۇ، شۇم پەيلىك نىجىس چايان باغدا مەۋجۇد بولالمايدۇ.

**زەرەر قىلماق** ← **زىيان قىلماق:** باھاسى ھەر تىلمىگىنىڭ گويا تىللاغا پەرزاندۇر، دېھقان، باققالغا قىلمايسەن تىجارەتتە زەرەر قوغۇن.

**زەرەر يەتمەك** ← **زىيان يەتمەك:** — مۇنداق ئىشلەۋەرسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە زەرەر يېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى سۇلتان مېھرىبانىغا قاراپ.

**زەرەرسىز** سۈپ ← **زىيانسىز:** زەرەرسىز دورا. * ئەركىنىنىڭ كاللىسىنىمۇ نۇرغۇن چىگىش خىياللار چىرمىۋالدى، ئۇمۇ ئۆزىگە زەرەرسىز گەپ-سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. * — ھەر ھالدا بۇ پاجىئە بىزگە زەرەرسىز بولۇپ ئۆتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدايىتائالاغا قانچىلىك شۈكۈر قىلساق ئەرزىيدۇ، — دېدى ئاپتاپئايىم.

**زەرەرسىزلەندۈرمەك** «زەرەرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زەرەرسىزلەندۈرۈلمەك** «زەرەرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەرەرسىزلەنمەك** پ. زەرەر قىلمايدىغان ھالەتكە كەلمەك.

**زەرەرلىك** سۈپ ← **زىيانلىق:** بىلمەسلىك ئانچە قورقۇنچلۇق ۋە زەرەرلىك ئەمەس، ئەمما بىلمەي تۇرۇپ بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش قورقۇنچلۇق ۋە ئىنتايىن زەرەرلىك.

**زەرەڭ** ئى ← **زەرەڭ دەرىخى.**

**زەرەڭ دەرىخى** <بوت> زەرەڭ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ. شېخىنىڭ غولى سىلىق، يوپۇرمىقى ئالقانسىمان يېرىلىپ، كۈز پەسلىدە قىزىل ياكى سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋىسى قاناتلىق مېۋە، ياغىچى قاتتىق. ياغىچىدىن ھەر خىل سايمانلار ياسىلىدۇ.

**زەرب** ئى (ئە) قاتتىق، شىددەت؛ زەربە: زەرب بىلەن تەپمەك. زەرب بىلەن ئۇرماق. * ئۇ ئىنىسىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى. شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئىنىسىنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن ئۇردى. * ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغانلىقىدىن تېخىمۇ غەزەپلەنگەن قۇددۇس بار كۈچىنى ئوڭ پۇتىغا يىغىپ، ئىشىكنى زەرب بىلەن تەپتى.

**زەرباپ** ئى (پ) زەر يىپ قوشۇپ توقۇلغان ياكى ئالتۇن ھەل بېرىلگەنگە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان يىپەكتىن توقۇلغان رەخت: زەرباپ تون. * ئۇ ئاشۇ زەرباپ پەردە ئالدىدا، بېزەكلەر ۋە چىراغلار ئارىسىدا، خۇددى ھايات نەپسى تەگكەن ھەيكەلدەك،

ئۇزۇن ئاق لىباستا ئولتۇراتتى.

**زەرباپ دوپپا** گىرۋىكىگە زەرباپ ياكى كالۇۋۇتون تۇتتۇلغان دوپپا.

**زەربە** ئى (ئە) ① يوقىتىش رولىنى ئوينايدىغان كەسكىن ھەرىكەت: بۇ قېتىمقى زەربە داۋۇت موللامغا ئالەمدىكى بارلىق زەربىلەردىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولدى. * — سۇلايمان، ئىشىڭنى بىرئاز توختىتىپ تۇر، تەكشۈرىمىز، يەنە ساڭا ئىككىنچى قېتىملىق تۇيۇقسىز زەربە، — دېدى بىزگە مەلۇم بولغان گۇرۇپپا باشلىقى. ② ئېغىر شىكەست، قاتتىق زىيان-زەخمەت: يىگىتنىڭ كالتەك زەربىسى بىلەن ئىككىسى ئىككى ياققا يىقىلدى. * «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك 1974-يىلى كۈزدە ھېكىمنىڭ 14 ياشلىق قىزى ھېمىدەم تۇيۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشۈپ قازا قىلدى. بۇ ماتەم قايغۇسى ئۇنىڭغا ئىككىنچى چوڭ زەربە بولدى.

**زەربە بەرمەك** ① كەسكىن ھەرىكەت ۋە ھۇجۇم بىلەن ئېغىر زىيانغا ئۇچراتماق: باندىتلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارغۇچە ساقچىلار چىغىر يول بىلەن ئالدىغا چىقىپ توسۇپ زەربە بەردى. * ئۇلار ئالدى بىلەن دۈشمەن قايسى تاغقا كەلسە، نەدە مۆكۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، نەدىن چىقىپ ئۇلارغا زەربە بېرىدىغانلىقىنى پىلانلىدى. * — دېمەك، مەن سىزگە زەربە بېرىپ، ئۆچ ئېلىپ، يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە ئېتىۋەتمەكچى ئىكەنمەن-دە! — دېدى ئۇ ئازاب بىلەن ئۇسمانغا. ② كۆچمە. مەنئى قىلماق، چەكلىمەك، توسماق؛ جازالىماق، يوقاتماق: سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك. * ئۇ ھېكايىنى ئوقۇغانلار جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئوبدان بىر تەربىيىگە ئىگە بولۇپ قالاتتى.

**زەربە دولقۇنى** <فىز> ① يادرو پارتلىغاندا، پارتلاش مەركىزىدىكى بېسىم ناھايىتى تېز ئۆرلەپ، ئەتراپتىكى بوشلۇقنى شىددەت بىلەن تىترىتىش ئارقىلىق شەكىللەندۈرىدىغان بىر خىل دولقۇن. ئۇ پارتلاش مەركىزىدىن ئۇلترا ئاۋاز تېزلىكىدە ئەتراپقا قاراپ تارقىلىپ، غايەت زور دەرىجىدىكى ۋەيران قىلىش كۈچىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ يادرو پارتلىتىشنىڭ قىرغىن ۋە خاراب قىلىش خاراكتېرىدىكى مۇھىم بىر ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ② ئۇلترا ئاۋاز تېزلىكىدىكى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كۈچلۈك دەرىجىدە قىسىلغان ھاۋا ئېقىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**زەربە يېمەك** ① كەسكىن ھەرىكەت ياكى ھۇجۇمدىن زىيان ۋە تالاپەتكە ئۇچرىماق: پارتىزانلاردىن تېگىشلىك زەربىنى يېگەن دۈشمەنلەر تاڭ ئاتمايلا تىرىپىرەن بولۇشتى. ② چەكلىمىگە، توسالغۇغا ئۇچرىماق؛ جازالانماق، چەتكە قېقىلماق: — سىز كونا جەمئىيەتتە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەپ شۇنچە ئازاب چەككەن، زەربە يېگەن ئىكەنسىز-دە؟ نېمىشقا بۇنى ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويمايسىز؟ — دېدى چولپان. * بۇ كۈرەشتە مېنىڭ تاغاممۇ، زەربە يېدى، قېقىلدى چەتكە، قارچىغىنى باققىنى ئۈچۈن، قالدى كۈرمىك ئاھانەت گەپكە.

**زەربدار** (ئە+پ) ① ئى. جەڭگىۋارلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇندايدىغان ۋە ھەممە جەھەتتىن

باشقىلارغا نەمۇنە بولالايدىغان ئىلغار شەخس: ئىشلەپچىقىرىش زەربىدارى. ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى. * مول ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزلىرىدا ئىشلەۋاتقان زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى تاڭ سۈزۈلگەندىلا ئىشقا كېلىپ، چاپ-چاپ بىلەن ئىشلەپ، بىر كۈنلۈك ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قويغانىدى. ② سۈپ. كەسكىن زەربە بېرىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن: زەربىدار پولك. * 300 كىشىلىك چارلىغۇچىلار ئەترىتى ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ قايتىپ كەلدى ۋە زۇلقەرنەيننىڭ زەربىدار قىسمى يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. * ئەسمتۇللا بەگ قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى ياش، قاۋۇل يىگىتلەردىن تاللاپ بىر زەربىدار بۆلەك ئۇيۇشتۇرۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دىققىتىنى شەرقىي دەرۋازىغا بۇرىماقچى بولدى.

**زەربىدار ئايروپىلان** <ھەرب> نىشانغا تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ شىددەت بىلەن ئوت ئاچىدىغان بىر خىل ئايروپىلان. ئادەتتە ئۇ تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا ياخشى ئۇچالايدۇ. ئەجەللىك يەرلىرى برونېلار بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭغا يەنە پىلىموت، راكېتا، بومبا قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يەر ئۈستىدىكى قىسىملارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا بىۋاستە ياردەم بېرەلەيدۇ.

**زەربىدار ئەترەت** ① <ھەرب> جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى ئەسكىرىي كۈچلەردىن تەشكىللەنگەن، دۈشمەننىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا تېز ۋە شىددەتلىك زەربە بېرىش، بۆسۈپ ئۆتۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە زۆرۈر بولغان ئالاھىدە قورال-ياراغلار بىلەن قوراللانغان بىر خىل ئەترەت. ② ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا، ئىلغار كۈچلەردىن تەشكىللەنگەن ھەمدە مەلۇم ۋەزىپىنى تېز ۋە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئورۇنداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەترەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ: زەربىدار ئەترەت سەپ تارتىپ تاغقا قاراپ ماڭدى. بۇ قوشۇن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللانغانىدى. * يېرىم يولغا كەلگەندە سادىرنىڭ «مال يۆتكەش زەربىدار ئەترىتى» دىكى يىگىتلەردىن ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىغا، نەسىردىن ئاكىنىڭ ئاۋارە بولغانلىقىغا ئالاھىدە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، تولىمۇ كېچىكىپ كەتكەن سادىرنى سوراشتى.

**زەربىدارلىق** «زەربىدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىز بۇنداق شەرەپلىك، ئەمما جاپالىق ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ياشلارنىڭ زەربىدارلىق، ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. * ئانام ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىككى ئاكام ھەم چوڭ ئاچامنى زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەشكە بىللە ئېلىپ چىقاتتى.

**زەربىلىك** سۈپ. زەربە بېرىدىغان، زەربىسى بار، زەربىگە ئىگە؛ زەربىدار: زامانىنىڭ پالتىسى چۈشتى زەربىلىك، ھاياتىي نوتىلار كۆتۈرگەندە باش. يەنىلا پالتىلار زەربىدە قالدى، بۇ قەدىم دەرەخنىڭ ياشنىغان شېخى. * يالتىرايدۇ شۇنداق چۈشسە ئاي نۇرى، ئاي دالىدا ئۇچۇق ياتقان سۆڭەككە. مەشئۇم پالتا كېلىپ تەگدى زەربىلىك، ياش كۆكرەكتە ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەككە.

**زەربىلىك دولقۇن** <فىز> → زەربە دولقۇنى.

**زەرپۇرۇش** ئى (پ) ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ-ساتقۇچى كىشى: «قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا» دېگەندەك، ئۇ، زەرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىدىن زىنھار كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

**زەرپۇرۇشلۇق** «زەرپۇرۇش» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: زەرپۇرۇشلۇق قىلماق.

**زەرچۆپ** ئى (پ) <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. يىلتىزىسىمان غولى شوقىچاق ۋە سۇس سۆسۈن، دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولۇپ، ئۇيۇغان قاننى تارقىتىش، يەل ھەيدەش رولىغا ئىگە. يەنە سېرىق بوياققا خام ئەشيامۇ قىلىنىدۇ.

**زەرداب** ئى (پ) ① كۆڭۈل ئېلىشقاندا ياكى قەي قىلغاندا ئېغىزدىن ياندىغان ئاچچىق سېرىق سۇ: ئايىمخان ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئاغزىدىن يانغان زەرداب سول تەرەپ جاۋغىيىدىن ئېقىپ قالغانىدى. ② جاراھەتلەنگەن، يارىلانغان ئورگانىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان ياكى ئۇنىڭدا يىغىلىپ قالىدىغان سۇيۇقلۇق: ئۇلار ماڭا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن مەن ئۇچۇن ھەممە ۋاقىت قىش بولۇپ كەلمەكتە. كېيىن، مەن زەرداب سۈيىنى ئىچ دېسمۇ ئىچمەن! // ئەجەب بىرزامان بولدى، ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ. يۈرەكتىكى زەرداب سۇ، قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ. ③ كۆچمە. دەرد-ئەلەم، ئازاب-ئوقۇبەت، خاپىلىق: — ياق، ئاغىنە، كۆڭۈلگە ئورنىغان زەرداب ئوڭاي تۈگىمەيدۇ، — دېدى شوپۇر ماڭا قاراپ. ④ قېنىق ياكى سۇتتىن ئاجرىلىپ چىققان سېرىق سۇيۇقلۇق: سۇزمە خالتىسى ئاستىدىكى داسقا قېتىقنىڭ زەردابلىرى تامچىلاۋاتاتتى.

**زەرداب بولماق** روھىي جەھەتتىن ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتكە، ھەسرەتكە، قاتتىق خاپىلىققا دۇچار بولماق؛ قەلبى قاتتىق دەرد-ئەلەمگە تولماق: تولۇن ئايدەك ھۆسنى جانان جۇۋانلار، شاھ ھۆسەن دەپ ئاتام مۇندا بارمىدۇر؟ پەرزەنت ئۈچۈن باغرى زەرداب بولغانلار، ئاتا-ئانام مۇندا ئامان بارمىدۇر؟

**زەرداب قىلماق** قەلبىنى قاتتىق دەرد-ئەلەمگە تولدۇرماق، ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلماق: ئۆتكەنبىر تېگىدا ئېتىلغان ۋولقان. زالىملار قەلبىنى قىلدى زەرداب-قان. شۇ چاغ جۇڭگومۇ قوزغالدى بىردىن، كۈچ-قۇۋۋەت ئالدى پارلىغان نۇردىن.

**زەرداب يۇتماق** ئېغىر دەرد-ئەلەم، ھەسرەت چەكمەك؛ روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلانماق: ئاشىق بولۇپ ئاھۇ ئەپغان چېكەرسەن، كۆيۈپ-يېنىپ قانۇ زەرداب يۇتارسەن. سەۋر ئەيلىگىن مۇرادىڭغا يېتەرسەن، ھەمىشەملا زامان مۇنداق تار بولماس. * قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادۇئاھىغا، يۇتۇپ زەرداب، پىراقتىن داد دېمەكتىن باشقىچە زار يوق.

**زەردابلىق** سۈپ. دەرد-ئەلەم چەككەن، دەرد-ئەلەمگە تولغان؛ دەردلىك: باربىتىنىڭ مۇڭىغا قۇلاق سالغايسىز، زەردابلىق يۈرەكتىن قىلىدۇ بايان. قۇللارنىڭ جاپالىق كەچمىش كۈنلىرى، باربىتىنىڭ تىلىدىن بولىدۇ ئايان.

**زەردار** سۈپ (پ) قول ئىلكىدە بار، باي؛ پۇلدار؛ دۆلەتمەن: ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. ئوۋچى بوۋاي زەردار باي بولۇپ كېتىپتۇ. * شۇ يېلىك-نامرات ئاتا زەردار

سەئىدنىڭ مالىيى، ئۆتتى دەرد-ئەپغان بىلەن؛
ئولۇڭ كەلمىدى ھېچ تەلىيى.

**زەردە** ئى (پ) ① ئاشقازاندىكى ئۆت سۇيۇقلۇقى، سەپرا: پېتىر ناننى كۆپرەك يەپ قويسام، زەردەمنى قاينىتىپ قويدۇ. ② كۆچمە. كۆڭۈلدىكى غەزەپ، نەپرەت، ئاچچىق: زەردىسى ئۆرلىمەك. * بىركۈنى يېرىم كېچىدە، ئابدۇشۈكۈر مەست كەلگەن پېتىچە ئىچ كىيىملىرى بىلەن ئۇخلاۋاتقان شەرىپىنى ۋارقىراپ ئويغىتىپ زەردە بىلەن سۆزلىدى.

**زەردە قىلماق** ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك: ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئادىلغا زەردە قىلدى. * مەستۇرە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قانداقتۇر بىر خاپىلىقى بارلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن زەردە قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

**زەردىسى بار** قەھر-غەزەپلىك: ئۇ خېلى زەردىسى بار يىگىت.

**زەردىسى قاينىماق** ① ئاشقازىنى، مەيدىسى ئېچىشىپ، ئاغزىغا ئاچچىق سېرىق سۇ كەلمەك: سېنىڭ زاغرا يېسەڭ زەردەڭ قايىنامدۇ؟ ② كۆچمە. ئاچچىقى، غەزىپى كەلمەك: كېپىك بىلەن بۇغدا، توشقاننىڭ ئىككى يىقىدىن كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، سۆسەرنىڭ زەردىسى قايناپ كەتتى. * بۇ چاغدا زەردىسى قايناپ تۇرغان دىلبەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئابلەينىڭ يۈزىگە بىرنەچچە قېتىم تۈكۈرۈپ تاشلىدى.

**زەردىسى كۆچلۈك** ئاچچىقى يامان، قىزىققاق: ناھەقلىققە چىدىمايدىغان: زەردىسى كۆچلۈك ئادەم. * دادامنىڭ زەردىسى كۆچلۈك، غۇرۇرى ئۈستۈن كىشى بولغاچقا، يىگى كۆيئوغۇلنى توي كۈنى كېچىسى بوغۇپ قويۇپ ئاپام بىلەن قېچىپ كەتكەن.

**زەردىسگە تەگمەك** زىتىغا، يېغىرىغا تەگمەك؛ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك: نادىرنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى تاھىر ئاكامنىڭ زەردىسىگە تازا تەگكەن بولسا كېرەك، ئېھتىمال، ئۇ كۆكۈيۈن چىقىۋالغان ئاتتەك چىچاڭشىپ كەتتى.

**زەردىسى ئۆرلىمەك** ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق، رەنجىمەك: — چېچىلماڭ، يالغان بولسا ئوسمان شەھەردىن قايتىپ كەلگەندە كۆرۈرسىز. ئۇمۇ ھەرھالدا قورۇق كەلمەس، — دېدىم مەن زەردەم ئۆرلەپ.

**زەردىسى يامان** ← **زەردىسى كۆچلۈك**: بۇندىن بۇرۇنمۇ ئىكرامنىڭ دادىسىنىڭ ياكى ئاپىسىنىڭ يانچۇقىدىن چەككە-چۆككە پۇل «ئېلىپ» خەجلىگەنلىكى سېزىلىپ قېلىپ، زەردىسى يامان دادىسىدىن تەنبىھ ئالغان، دەشنەم ۋە شاپىلاق يېگەن ئىشلارمۇ بولمىغان ئەمەس.

**زەردۇشت** ئى <دىن> زەردۇشت دىنىنىڭ ئاساسچىسى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6-، 7-ئەسىر ئارىلىقىدا ياشىغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايى ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى قەدىمكى پېرسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىدىيە رايونىنىڭ راگېس دېگەن يېرىدە (ھازىرقى تېھراننىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىغا توغرا كېلىدۇ) سپىتاما ئىسىملىك چەۋەنداز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن دېيىلسە، بەزى ماتې-رىياللاردا ئۇ ئەسلىي ئەزەربەيجانلىق بولۇپ، ئىران شاھى مانۇ چېھر ئەۋلادى-دىن بولغان كاھىن سەفىد تۇمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان دېيىلىدۇ.

**زەردۇشت دىنى** <دىن> قەدىمكى پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارالغان بىر خىل دىن. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىردە زەردۇشت تەرىپىدىن پېرسىيە (قەدىمكى

ئىران) نىڭ شەرقىي قىسمىدا يارىتىلىپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ پېرسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارالغان. قۇلدارلىق ۋە دەسلەپكى فېئوداللىزم دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا ئاسا-سىي دىن بولغان. ئۇنىڭ ماھىيىتى دۇئالىزمدۇر. ئۇنىڭدا بىر-بىرىگە قارشى تىنىمسىز كۈرەش قىلىدىغان ئىككى خۇدا يەنى مەرھەمەتلىك، ياخشى خۇدا ئاھۇرامازدا بىلەن شەپقەتسىز، يامان خۇدا ئەنخراخماينۇ (ئارخىمان) ۋە ئۇلار باشقۇرغۇچى يورۇقلۇق ئالىمى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئالىمى ھەققىدىكى تەلىمات ئالغا سۈرۈلىدۇ؛ ئۇنىڭدا ئوت گۇناھلارنى تازىلىغۇچى سېھىرلىك كۈچ دەپ قارالغاچقا، بۇ دىن ئاتەشپەرەسلىك دىنى؛ مۇخلىس-لىرى بولسا «ئاتەشپەرەسلەر» دېيىلىدۇ. بۇ دىندا مۇردىنى يەرگە كۆمۈش ياكى كۆيدۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. جاننىڭ ئۆلمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىيلى-كى تەكىتلىنىپ، جەننەت ۋە دوزاخ ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

**زەردىگۈش** سۈپ (پ) يېز ت. غەزەپتىن، ئۆرتەنگەن، ئېزىلگەن: ياندى چولپانى ئۈمىدنىڭ زەردىگۈش دىللار ئارا، ياسىدى تاشقىن-قىيان دەريا-ئېقىن، جىلغا-جىرا.

**زەردىگۈش بولماق** غەزەپتىن ئۆرتەنمەك، ئېزىلمەك، زەخىملەنمەك: قەدىمدىن تارتىپ دەرد-ئەلەمدە زەردىگۈش بولۇپ ئۆلگەن ئادەملەر ئاز ئەمەس.

**زەردىگۈش قىلماق** غەزەپتىن ئۆرتەندۈ-رۈپ زىدە قىلماق؛ ئەزمەك: ئۇ، قىزنىڭ يۈرەكىنى زەردىگۈش قىلىدىغان غەلىتە گەپ-سۆز-لىرىدىن بىراقلا خالاس بولۇش ئۈچۈن، كۈننىڭ پاتراق چىقىشىنى كۈتۈپ، ھويلىنى ئاستا

ئايلاندى. * باياتىنقى خورلۇقلارغا خوتۇنىنىڭ بەڭباشلىقى قوشۇلۇپ غوجىنى زەردىگۈش قىلدى.

**زەردىلىك** سۈپ ① غەزىپى كۈچلۈك، ئاچچىقى يامان، مىجەزى ئىتتىك، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان: ئابلىكىم ئۈستىخانلىق، بەرجەس بولۇپ، تېخى ئۆيلەنمىگەن زەردىلىك يىگىت ئىدى. ② زەردە ئارىلاش، غەزەپ-لىك، غەزەپنى ئىپادىلەيدىغان: زەردىلىك گەپ. // – قېنى، نېمە ئادەملىكىڭنى سەن دەپ باققىن، مۇنكىر-نەكىر ئالدىغا بارغاندا ھېساب بېرەلمەي قالماي، – دېدى سۈگۈەنلەن ئالتۇن چىشقا زەردىلىك قاراپ. * – بولىدۇ، ئۇنداقتا، 15 سەر تەڭگە تەييارلا، ئورنۇڭغا ئەنە شۇ تەڭگەڭ بارىدۇ، – دېدى زەردىلىك ھېجىيىپ يۈز بېشى.

**زەررە** (ئە) ① ئى <خم> ماددىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس ئەڭ كىچىك بىرلىكى: 103 خىل ئېلېمېنت سان-سۈپەت جەھەتلەردىن ھەرگىز بىر-بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلىي زەررىلىرى بىر خىل ماددا بولغان ئاتوملاردىن ئىبارەت. * قۇياش ئۈپۈقتىن بىر غېرىچچە كۆتۈرۈلۈپ، كائىناتتىكى ھەربىر ئۇششاق زەررىرىلەرمۇ نۇرغا تويۇنغان مەزگىلدە كۆرسەتكۈچ بارماق كۇنۇپكىنى ئارقا-ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم بېسىشنى ئۇنتۇمىدى. ② سۈپ. ئىنتايىن ئاز، بەك كىچىك، كىچىككىنە زەررىچە: ياساۋۇللار بوۋايغا ئوغلىنى، مومايغا قىزىنى يېتىلىتىپ، پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي، زەررە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي شاھنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپتۇ.

**زەررىچە** ① ئى <فىز> ئەڭ كىچىك زەررە، ئەڭ كىچىك بۆلەكچە: ھاۋا تەركىبىدىكى زەررىچىلەرنى بەزىدە كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن. ② سۈپ. ئازراق، ئازغىنە؛ كىچىككىنە: بۇگۈن تۇرپان باشقىچە بولۇپ،

ھاۋادا زەررىچە بولۇشمۇ يوق ئىدى.

**زەررىچىلىك** سۆپ. زەررىچە چوڭلۇقتىكى، زەررىدەك؛ قىلچىلىك: قورغان ئۈچۈن بولغان بۇ جەڭ بىرنەچچە يۈز چاقىرىمغا سوزۇلغان فرونت بويىلاپ باشلانغان چوڭ جەڭنىڭ زەررىچىلىك قىسمى ئىدى. // بەلنىڭ دوكلۇقى كۆڭۈلنىڭ قىڭغىرلىقىدىن زەررىچىلىك ياخشى ئەمەسلىكىنى ئۆزىمىزمۇ ئېتىراپ قىلىمىز.

**زەرقۇن** ئى (پ) <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. غولى تىك، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىلدە بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى قىزىل، سېرىق ياكى ئاق رەڭلەردە، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، سىرتىدا كۆپ ساندا تەڭگە شەكىلدىكى ئورىغۇچى ياپراقچىلىرى بولىدۇ. ئادەتتە تېرىپ كۆپەيتىلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئاۋستىرالىيە بولۇپ، ھازىر مەملىكىتىمىزدىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە.

**زەرگەر** ئى (پ) ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتاللاردىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى ياسايدىغان ئۇستا: ئالتۇن قەدرىنى زەرگەر بىلەر (ماقال). * بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ياش زەرگەر ئۆتكەنىكەن، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھۈنەرۋەن يوق ئىكەن.

**زەرگەرچىلىك** (توغرىسى: زەرگەرلىك)
← **زەرگەرلىك.**

**زەرگەرلىك** «زەرگەر» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: زەرگەرلىك قىلماق. * ئوبۇل ھەسەن ئىبنى تاھىرنىڭ زەرگەرلىك قىلىدىغان بىر دوستى بار ئىكەن. ئۇ كىشى بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەن.

**زەرلىك** سۆپ. زەرى بار، زەر باسقان، زەر گۈللۈك: زەرلىك تاۋار. زەرلىك كۆڭلەك. * ئاسىيە گۈللۈك نىلوندىن كۆڭلەك كىيگەن، چېچىنى ئېگىز قىلىپ تۇرۇپ، زەرلىك گاز ياغلىقنى بوينىغا سېلىۋالغانىدى. * ۋادىلىرىڭ زەپ گۈزەل زەرلىك كەشتە باسقاندەك، مول ھوسۇلنىڭ كانىسەن كەڭ يېيىلغان داستىخاندەك.

**زەرنەپ** ئى (پ) <بوت> ← **زەرنەپ دەرىخى.**

**زەرنەپ دەرىخى** <بوت> زەرنەپ دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. قوۋزىقى جىگەر رەڭ، يوپۇرمىقى يېپسىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئاتىلىق گۈلى يېشىل قوڭۇر، ئانىلىق گۈلى يېشىل، مېۋىسى تۇخۇم شەكىلدە بولىدۇ. ياغىچى قاتتىق، ئوتتۇرىسى جىگەر رەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن نازۇك ئەسۋابلار ۋە قەلەم قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**زەرنىخ** ئى (پ) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ئارسىن سۇلفىد. ئۇ كاۋا چېچەكى رەڭدە بولۇپ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە رەڭلىك ئەينەك، دېھقانچىلىق دورىسى، بوياق ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە زەھەرنى ياندۇرىدىغان دورىمۇ تەييارلىنىدۇ.

**زەقۇم** ئى (ئە) يېز ت. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان دوزاختىكى ناھايىتى ئاچچىق مېۋە: باتنى زەقۇم بىلەن تولغان يىلاندىنمۇ بەتتەر، شەپشەكى جادۇ كەبى شۇملۇقتا شەيتاندىن ئۆتەر. * ئاچچىق دەپ پۇشايماندىن قاچمىغۇلۇق، بىلسەن بال قەدرىنى، يېسەڭ زەقۇم.

**زەكەر** ئى (ئە) <ئانات> ئەرلەر ۋە بەزى سۈت ئەمگۈچى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى. ئىچىدە تۇۋۇرۇك ھالىتىدىكى ئۈچ تال بۇلۇتسىمان نەيچە، ئوتتۇرىسىدا سۈيدۈك يولى بولىدۇ.

**زەكىي** سۆپ (ئە) ئۆتكۈر، زېرەك، ئەقىللىق؛

ھوشيار: ئەخمەتجان قاسىمى ھەقىقەتەن چىچەن، زەكىي ئادەم ئىدى.

**زەگۆندە** ئى (پ) تام ئۈلى ياكى سۇپا قىرغاقلىرىغا ئورنىتىلغان ياغاچ. ئادەتتە ئۇ تام ئۈلىنىڭ زەيلىششى ياكى سۇپا قىرغاقلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ: ھاۋازئاخۇن بىلەن مىرزىمەت پېشايۋاننىڭ زەگۆندىسىدە ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ باغدىن قايتىپ چىقىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. * يۇسۇپ چوڭ سۇپىنىڭ زەگۆندىسىدە ئولتۇراتتى.

**زەگۆندىلىك** ① سۇپ. زەگۆندىسى بار، زەگۆندە ئورنىتىلغان: ئۇ سەيدىنقارىينىڭ خېتىنى ھويلىدىكى زەگۆندىلىك سۇپىدا تۇرۇپلا ئوقۇدى. ② ئى. بىناكارلىقتا زەگۆندە ئورنىتىدىغان جاي. ③ ئى. زەگۆندە بولىدىغان ھەم زەگۆندىلىك رولىنى ئوينايدىغان نەرسىلەر.

**زەڭ** I ئى (پ) داغ، دات، كىر: زەڭ باسماق. زەڭ قاپلىماق. * يېشىل مەخمەل لىباس كىيدى دالا گوياكى ئۈستىگە، كۆتۈردى دىلدىكى زەڭنى چىرايلىق باغۇبوستانلار.

**زەڭ باسماق** داتلاشماق، كىرلەشمەك، داغ چۈشمەك: مەن جاۋاب ئورنىغا، ئۇنىڭ پۇللىرىنى ساناپ چىقتىم، بىر تال ئالتە پۇللۇق تەڭگىدىن باشقىسى، بىر پۇللۇق، بەش پۇللۇق زەڭ باسقان چاقلار بولۇپ، كۆپتىن بېرى يىغىلىپ كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * باسمىسۇن دىلنى نىپاقنىڭ زەڭلىرى، باشلا كۆپنىڭ تىلىكىدۇر ئىتتىپاق.

**زەڭ** II (توغرىسى: زەن) ← **زەن.**

**زەڭگەر** سۈپ (پ) يېشىل بىلەن كۆك ئوتتۇرىسىدىكى، ئاچ ھاۋا رەڭ، ماۋى: زەڭگەر ئاسمان. زەڭگەر ياقۇت. * زەڭگەر ئاسماندا بۇلۇتلار ئۈزمەكتە ئىدى. * كۆپكۆك تىنىق ئاسماندىكى پىلىلداپ يېنىۋاتقان كۆكۈچ يۇلتۇزلار سەھەر قۇياشىنىڭ تەڭرىتاغ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان زەڭگەر نۇرلىرى ئارىسىدا ئاستا-ئاستا ئۆچۈپ بارماقتا ئىدى.

**زەڭگەر رەڭ** ① كۆك رەڭ بىلەن يېشىل رەڭنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل رەڭ. ئۇنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 470–500 مىللىمىكرون كېلىدۇ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە ياكى شۇ خىل رەڭدە بويالغان: زەڭگەر رەڭ ياغلىق. زەڭگەر رەڭ كۆڭلەك.

**زەڭگەر شپات** <كېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىلىك تەركىبى $Al_2(SiO_4)O$. كرىستاللىرى ياپىلاق تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، زەڭگەر ياكى كۆل رەڭ كېلىدۇ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئادەتتە ئالىي دەرىجىدىكى ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**زەڭگەر ياقۇت** <كېئول> ← **كۆك ياقۇت.**

**زەڭگى** ئى (پ) ئافرىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قارا تەنلىكلەر ئىرقىغا مەنسۇپ كىشى؛ نېگىر.

**زەللە** ئى (ئە) مېھماندارچىلىق، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ياكى كېلەلمىگەن مېھمانلارغا ئاتاپ بېرىلىدىغان يېمەكلىك: زەللە ئالماق. زەللە قىلماق. * تۆرنى ئالغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب (ماقال). * ئۇ زامانلاردىكى تويلاردا ئەرلەر پولۇدىن كېيىنلا دۇئاغا قول ئېچىشسا، ئاياللار زەللە تالىشىپ يەنە بىرتالاي ۋاقىتنى ئالاتتى.

**زەللە قىلماق** زەللە تەييارلىماق، زەللە بەرمەك: سايىم ئاكام شۇنداق ئادەمكى، ھەر قېتىم چىققىنىمىزدا بىر پاقلاننىڭ بېشىنى

كېسىدۇ. قايتىشىمىزدا بولسا، ھەربىرىمىزگە بىر سېۋەتتىن مېۋە، بىر كىلوگرام كەلگۈدەك پىشىشىق گۆش زەللە قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ.

**زەللچى** ئى. زەللە ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، زەللىگە ئامراق ئادەم: زەللچى موللام.

**زەلىل** سۈپ (ئە) خار، تۆۋەن، پەس: سەن بىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىمىزغا قاراپلا بىزنى زەلىل كۆرەمسەن؟

**زەمباقى** ئى. دىئال. كۆك بىلەن يېشىل ئارىلىقىدىكى رەڭ.

**زەمبۇرۇغ** ئى <بىئول> تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تىپى. خلوروفىل بولمايدۇ، يىپچە تېنىدە روشەن ھالدا ھۈجەيرە يادروسى بولۇپ، جىنسلىق ياكى جىنسسىز سپورىلار ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. ئاساسلىقى يىپچە تېنىگە تايىنىپ سىرتقى مۇھىتتىكى تەييار ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈش ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ. ئادەتتە باشقا ماددىلار ئۈستىدە پارازىت ياشايدۇ، تەبىئەت دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغى، پېنىتسىللىن ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان پېنىتسىللىئۇم زەمبۇرۇغى، يېمەكلىكلەردىن موگۈ ۋە قارىغاي موگۇسى، كىيىم-كېچەك-لەر چىرىگەندە پەيدا بولىدىغان تىۋىتقا ئوخشاش نەرسىلەر، بەزى كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروبلار ۋە باشقىلار.

**زەمبۇرۇغ توپلىمى** <بىئول> يەككە ھالدىكى زەمبۇرۇغ تەنچىسى ياكى سپورىلار قاتتىق ئۈستۈرگۈچلەردە يېتىلىپ كۆپەيگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن مىكرو ئورگانىزملارنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان توپى.

**زەمبۇرۇغ تۈگۈنچىسى** <بىئول> بەزى زەمبۇرۇغلار ئۈچەككە كىرگەندە، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان يىپچىلىرىدىن شار ياكى كاللەك ھالەتتە شەكىللىنىدىغان ماددا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى قاتتىق بولۇپ، قارا كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ يېتىلىپ يېڭى ئۆسۈملۈك تېنىگە ئايلىنالايدۇ.

**زەمبۇرۇغ خىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> تەركىبىدە خلوروفىل بولمايدىغان، چەتتىن ئوزۇقلىنىدىغان تۆۋەن دەرىجىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك تۈركۈمى. باكتېرىيە، يېپىشقاق باكتېرىيە، ئاكتىنومىتسىن ۋە زەمبۇرۇغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلاردا خلوروفىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئوزۇقلۇق ئىشلەپچىقىرالمايدۇ، شۇڭا تەييار ئوزۇقلۇقلارغا تايىنىپ پارازىت ياكى چىرىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياشايدۇ.

**زەمبۇرۇغ يىپچىسى** <بىئول> زەمبۇرۇغ تېنىنى تەشكىل قىلغۇچى يىپسىمان توقۇلما. ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرەلەيدۇ. ئۇ يەنە جىنسسىز كۆپىيىش رولىنىمۇ ئۆتەيدۇ.

**زەمبۇرۇغلۇق** سۈپ. تەركىبىدە زەمبۇرۇغ بولغان، زەمبۇرۇغ ئارىلاشقان: زەمبۇرۇغلۇق يىلتىز.

**زەمبۇرۇغلۇق يىلتىز** <بوت> بەزى زەمبۇرۇغلار بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنىڭ بىرلەشمە تەنچىسى. ئۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، سىرتقى زەمبۇرۇغلۇق يىلتىز بولۇپ، زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى يىلتىز قىسمىنىڭ ھۈجەيرە ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا جايلىشىدۇ ھەمدە يىلتىز سىرتىنى غىلاپقا ئوخشاش ئورىۋالىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىچكى زەمبۇرۇغ-لۇق يىلتىز بولۇپ، زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى يىلتىز قىسمىنىڭ ھۈجەيرىسى ئىچىگە

ئورۇنلىشىدۇ. زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزدىكى زەمبۇرۇغلار سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرۈپ يىلتىزنى تەمىنلەيدۇ ھەمدە يىلتىزدىن ئورگانىك ماددىلارنى ئالىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئورتاق ياشاش مۇناسىۋىتىدۇر.

**زەمبرەك** ئى (پ) <ھەرب> دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىگە تالاپەت يەتكۈزۈش ھەمدە مۇداپىئە ئىنشائاتلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئېغىر تىپتىكى بىر خىل قورال، توپ.

**زەمبرەك ئوقى** <ھەرب> ← **توپ ئوقى.**

**زەمبرەكچى** ئى. زەمبرەك ئاتقۇچى، توپچى.

**زەمبىل** ئى (پ) ئىككى پاراللېل دەستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەرەخ نوتىسىدىن چوڭقۇرراق قىلىپ توقۇلىدىغان ياكى تاختا بېكىتىلىدىغان، توپا، قىغ، تاش قاتارلىقلارنى توشۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئەمگەك قورالى: زەمبىل توقۇماق. زەمبىل كۆتۈرمەك. * – ئۆلگەن بولسا مەيلى، زەمبىلگە سېلىپ ئۈستىنى يېپىپ قويۇش! قايتقاندا ئالغاچ كېتىمىز، – دېدى ئوفىتسېر بۆرىدەك ھۆۋلاپ.

**زەمبىل غالتەك** ئۈستى زەمبىلگە ئوخشايدىغان، ئاستىغا چاق بېكىتىلگەن غالتەك.

**زەمبىلگە چۈشمەك** قىماردا ئۇتتۇرۇپ، ياكى تىجارەتتە زىيان تارتىپ جىق قەرزدار بولۇپ قالغاندا، شۇ ئىشنى ئىككىنچى قىلماسلىققا ئاما ئالدىدا قەسەم قىلىپ قەرزنى تۆلمەي يېتىۋالماق؛ ئۆلۈكنى ئارتماق: قاسىم نۇرغۇن پۇل ئۇتتۇرۇپ قويۇپتىكەن، ئاڭلىساق زەمبىلگە چۈشۈپ يېتىۋاپتۇ ئىمىش، ئەمدى ئويىنىمىغۇدەك.

**زەمبىلچى** ئى ① زەمبىل توقۇش، ياساش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: – ھوي، سىز ئۇستا زەمبىلچى ئىكەنسىزغۇ؟ – دېدى ئۇ مېنىڭ زەمبىل توقۇغىنىمغا ھەيران بولۇپ. ② زەمبىل بىلەن بىرنەرسە توشۇغۇچى كىشى: كەتمەنچىلەر بىر تەرەپتە، زەمبىلچىلەر بىر تەرەپتە ئەترەت باشلىقنى كۈتۈپ تۇراتتى.

**زەمبىلچىلىك** «زەمبىلچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: زەمبىلچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**زەمچە** ئى (پ) <خىم> ① بەزى مېتال سۇلفاتلىرىنىڭ سۇلۇق كرىستاللىرى، مەسىلەن، كۆكتاش، تۆمۈر (II) سۇلفات قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ② بىر خىل ئانئورگانىك بىرىكمە يەنى كالىي سۇلفات بىلەن ئاليۇمىن سۇلفاتنىڭ سۇلۇق مۇرەككەپ تۇزى. ئۇ رەڭسىز، سۈزۈك كرىستال بولۇپ، خىمىيۋى تەركىبى $KAl(SO_4)_2 \cdot 12H_2O$. سۇلۇق ئېرىتمىسىنىڭ تەمى قىرتاق. ئادەتتە ئۇ سۇنى سۈزۈلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يەنە خۇرۇمچىلىق، قەغەزچىلىك، بوياقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەردە ئىشلىتىشكە، ئۇنىڭدىن تىزاپ ۋە قورۇغۇچى دورىلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**زەمزەم** ئى (ئە) مەككە شەھىرىدىكى كەبىنىڭ يېنىغا جايلاشقان مەشھۇر قۇدۇق. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۈيىنى تەۋەررۈك ھېسابلاپ ئىچىدۇ ۋە ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېتىدۇ.

**زەمزەم سۈيى** مەككىدىكى مۇقەددەس ھېسابلانغان زەمزەم قۇدۇقىنىڭ سۈيى: زەمزەم سۈيى ئىچمەك. * ھېچكىممۇ قولىنى تەگكۈزمىگەن زەمزەم سۈيى قۇيۇلغان كونا چۆگۈن كۈمۈش يالىتىلغان داسقا چىلاقلىق تۇراتتى.

**زەن** ئى (ئە) ئوي، پىكىر؛ خىيال، زېھىن؛

نەزەر، دىققەت: زەن سالماق.

**زەن سالماق** دىققەت بىلەن قارىماق، نەزەر تاشلىماق، كۆزەتمەك: ل. مۇتەللىپ بىلال ئەزىزىگە بوزا قۇيۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كىرگەن كىشىگە زەن سالمىدى. * سابىر تۆمۈر ئاتىنىڭ سۆزلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلىدى ۋە بەزى نەرسىلەرنى يېزىۋالدى.

**زەن قويماق** ← **زەن سالماق**: زەن قويۇپ قارىماق. * باتۇر تاغا بىرەر ھەرىكەتنى ئۆگەتكەندە سۇتۇق تازا زەن قويۇپ كۆرۈپ تۇرغاندىن باشقا ئۆزى قايتا-قايتا مەشق قىلاتتى. * لۇتپۇللا بۇ ئايالنىڭ سۆزىدىن بارغانسېرى تەسىرلىنىشكە باشلىدى. باشتىكى پەسەنت قىلماسلىق كۆز قارىشىدىن يېنىپ، ئەمدى جىددىي زەن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇردى.

**زەنجىر** ئى (پ) ① مېتال ھالقىلارنىڭ رەتلىك ھالدا بىر-بىرىگە ئۆتكۈزۈلگەن تىزمىسى: تۆمۈر زەنجىر. سائەت زەنجىرى. * تەلۋە تەپسە زەنجىر ئۈزەر (ماقال). ② ئىشىك ياكى دەرۋازىلارنى تاقاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىلگەك: ئاتلىق ئەسكەر قىلچىنىڭ سېپىنى تاشلاپ، ئېگەردىن ئېڭىشتى-دە، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئاچتى. ③ مەھبۇسلارنىڭ قولى، پۇتى ياكى بويىنىغا سېلىنىدىغان تۆمۈر ھالقا؛ كىشەن: گالستۇكۇڭ لېنىننىڭ بايرىقىدىن بىر پارچە، بۇ سەن ئۈچۈن ئىپتىخار، بۇ ئەلگە ئۇلۇغ شەرەپ-شان. ئۇ چاغلاردا كىيەتتۇق ياقىسى يوق كۆڭلەكنى، بويىنىمىزغا بايلارنىڭ زەنجىرلىرى سېلىنغان. ④ <ماشىن> ۋېلسىپىت، موتسىكلىت ۋە تۈرلۈك مېخانىزملاردىكى ھەرىكەت ئۆزارتقۇچى قۇرۇلما. ئادەتتە كىچىك-كىچىك بۆلەكلەرنىڭ بىر-بىرىگە تەرتىپ بويىچە چېتىلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ: ۋېلسىپىت زەنجىرى. زەنجىر تاپان تراكتور. ⑤ <فىز> ئۈزلۈكسىز سىستېما ياكى لىنىيە ھاسىل قىلغۇچى ئېلېكتر ئەسۋابلىرى بىرىكمىسى: ئېلېكتر زەنجىرى. ⑥ <خىم> خىمىيۋى بىرىكمىلەردىكى ئېلېمېنت ئاتوملىرى بىلەن باغدىن تۈزۈلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرىكىش ھالىتىنى كۆرسىتىدىغان سخېما. ⑦ كۆچمە. ئاسارەت، قۇللۇق: شۇ كۈنلەردە ئەركىن خاھىشنى چىرماپ تۇرغان جاھالەت زەنجىرى بىر-بىرىنى چىن يۈرەكتىن ياخشى كۆرۈشكەن يىگىت ۋە قىزنىڭ خالىغانچە ئۇچرىشىشىغا توسالغۇ بولاتتى.

**زەنجىر تاپان** <سانا> تراكتور، تانكا قاتارلىقلارنىڭ چاقىغا ئورالغان زەنجىر شەكىللىك مېتال قۇرۇلما. قاتناش قورال-لىرىغا بۇ خىل قۇرۇلما ئورنىتىلغاندا، بىرلىك يۈزگە چۈشىدىغان بېسىمنى ئازايتىپ تارتىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى ھەمدە ئوي-دوڭغۇل، ئويمان-دۆڭ ۋە لاي-پاتقاقلاردىكى مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

**زەنجىر توپ** <تەن> بىر خىل تەنتەربىيە ئەسۋابى. تۆمۈر ياكى مىستىن ياسىلىدۇ، ئۈستىگە زەنجىر ياكى تۇتقۇچ ئورنىتىلىدۇ.

**زەنجىرسىز** سۈپ. زەنجىرى يوق، زەنجىر بېكىتىلمىگەن: زەنجىرسىز سائەت. زەنجىرسىز ئىشىك.

**زەنجىرسىمان** سۈپ. زەنجىرگە ئوخشايدىغان، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن: زەنجىرسىمان مۇناسىۋەت. زەنجىرسىمان ئۆي. * كىشى ھەرىكەت قىلىشتىن ئىلگىرى مېڭىسىدە نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىشى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ، بۇ بىر زەنجىرسىمان مۇرەككەپ پسىخىكىلىق ھەرىكەت. * «ئۇتقا چىققان خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز سۆزى بار» دېگەندەك،

خۇرشىدەنىڭ زەنجىرسىمان سۆزلىرىنىڭ ھېچ ئاخىرى چىقمايۋاتاتتى.

**زەنجىرسىمان ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ> بىرىككەن خۇلاسىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى. - بۇنىڭدا ھەربىر باشلام شەكلىنىڭ يەكۈنى چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ، ئاخىرىدا يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقىلىدۇ.

**زەنجىرسىمان باكتېرىيە** <بىئول> ← **زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە.**

**زەنجىرسىمان رېئاكسىيە** <فىز> ① ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىق ئېغىر ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسى نېيترون ئارقىلىق بومباردىمان قىلىنغاندا يېمىرىلىپ بىرنەچچە ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈنىدۇ ھەمدە ئىككىدىن ئۈچكىچە نېيترون قويۇپ بېرىدۇ. بۇ نېيترونلار قايتىدىن ئۇران ۋە پلۇتونىيلارنىڭ ئاتوم يادروسىغا ئۇرۇلۇپ كىرىپ يەنە يېمىرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان يادرو رېئاكسىيىسى «زەنجىرسىمان رېئاكسىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. زەنجىرسىمان رېئاكسىيە ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدۇ. ② بىر دانە يەككە مولېكۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىرقاتار مولېكۇلىلارمۇ تەڭ ئۆزگىرىدىغان خىمىيىلىك رېئاكسىيە. مەسىلەن، كۆيۈش جەريانى، پارتلاش جەريانى. ③ ئاز ساندىكى فوتوننىڭ نۇرغۇنلىغان ئاتوم رادىئاتسىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانى.

**زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە** <بىئول> سكارلاتىنا، يىرىڭلىق كېسەللىك ۋە نۇرغۇنلىغان ياللۇغلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زەنجىر شەكلىدە تۇتاشقان باكتېرىيىلەر.

**زەنجىرسىمان كاربون گىدرىتلار** <خىم> مولېكۇلىسىدىكى كاربون ئاتوملىرى زەنجىر شەكلىدە جايلاشقان كاربون گىدرىتلار. مەسىلەن، پروپاننىڭ مولېكۇلىسىدىكى ئۈچ دانە كاربون ئاتومى زەنجىرسىمان جايلاشقان.

**زەنجىر-كىشەن** زەنجىر ۋە كىشەن: يۈسۈپ بەگ ئەھمەد بەگنى تولا تەگلىككە سالغاندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ يۈزىگە كېلەلمەي، بۇ ئىككىيلەننىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، نادىرخان بىلەن ئايخاننىڭ پۇت-قوللىرىدىن زەنجىر-كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، ئازاد قىلىپ قويۇپ بەردى.

**زەنجىرلە نكۈزمەك** «زەنجىرلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەيسەر پاتمىگە ئىشكنى ئىچىدىن زەنجىرلە تكۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىپ قالدى.

**زەنجىرلە تمەك** «زەنجىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەنۋەر ئاپىسىغا ئېيتىپ، ئىشكنى سىرتتىن زەنجىرلىتىپ قويدى.

**زەنجىرلە شمەك** «زەنجىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەرۋازىلىرىنى زەنجىرلىشىپ بولۇپ ئۇڭ تەرەپتىكى خالتا كوچىغا كىرىپ كېتىشتى.

**زەنجىرلە كسىز** سۈپ. زەنجىرلەپ قويۇلمىغان، زەنجىرلە نمىگەن: «جالاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ زەنجىرلەكسىز ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى.

**زەنجىرلە كلىك** سۈپ. زەنجىرلەپ قويۇلغان، زەنجىرلە نگەن، زەنجىر بىلەن ئېتىلگەن: ئۇ جەننەت ئاچىنىڭ «ئىشىك زەنجىرلەكلىك» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، راھەتلىنىپ تىن ئالدى ۋە دېرىزە يېنىغا يۆكۈندى.

**زەنجىرلە نمەك** «زەنجىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: پالىنىپ، پۇت-قولى زەنجىرلە نگەن بۇ كىشى ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ

ئىچىنىشلىق كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

**زەنجىرلىك** سۈپ ① زەنجىرى بار، زەنجىر بېكىتىلگەن: زەنجىرلىك ئىشىك. زەنجىرلىك قۇلۇپ. * ئىلياز خوجا مەيدە يانچۇقىدىن زەنجىرلىك ئالتۇن سائەتنى ئېلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن يەنە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ② زەنجىر ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، زەنجىر قىلىنىدىغان: زەنجىرلىك تۆمۈر.

**زەنجىرلىك قىسقۇچ** <ماشىن> تۇرۇبا ۋە يۇمىلاق خادا قاتارلىق سىلىندىر شەكىلدىكى دېتاللارنى بۇراش ياكى قىسىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ئادەتتە ئۇ تەكشىگۈچ زەنجىر، چىشلىق ئامبۇر ۋە ئۇزۇن ساپتىن تەركىب تاپىدۇ.

**زەنجىرلىمەك** پ ① زەنجىرنى ئېلىپ قويماق، زەنجىر بىلەن بېكىتمەك: بالا باققۇچى ئايالنىڭ پاتلا قايتىپ كېلىشىگە ئىشەنگەن ئەزىزىم ئۆي، هويلىنىڭ ئىشىكلىرىنى زەنجىرلەپ قويۇپلا شوپۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ② كۆچمە. زەنجىر بىلەن باغلىماق، قامالىماق: ئاكا ئاجىز تەلمۈرەتتى سارىيە، ئوتقا چۈشكەن هۆل چۈۋىقتەك تولغىنىپ، ئېغىر هېسلار ئالغان ئۇنى زەنجىرلەپ، يىغلار ئىدى كۆز ياشلىرى قۇيۇلۇپ.

**زەنجىرئۆزەر** سۈپ (زەنجىر+ئۆزەر) خالىغىنىنى قىلىدىغان، باشباشتاق، تۇرتۇمچى.

**زەنجۋىل** ئى (ئە) <بوت> ① زەنجۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى سارغۇچ قوڭۇر، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىلدە كېلىدۇ. گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە، گۈل تاجى سارغۇچ يېشىل، ئادەتتە گۈلى ئېچىلمايدۇ. يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، تەم تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە دورىمۇ تەييارلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى.

**زەھەر** (پ) ① ئى <بىئول> ئورگانىزملارنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلاردا خىمىيىۋى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، بەدەن ئىچىدىكى توقۇلما ۋە ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيە-لىك فۇنكسىيىسىنى بۇزۇش رولىنى ئوينايدى-غان ماددا؛ ئوغا: يىلاننىڭ زەھرى. * سۈت — زەھەر بولسىمۇ يۇت (ماقال). * جانىمقان قۆزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن قېلىپ قالغان ئىرىسقانىنى «مېنىڭ يېقىنىم، كېسىلىنى ئۆزۈم داۋالتىمەن» دېگەن باھانە بىلەن زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ. ② ئى. كۆچمە. بىرەر ئىش ياكى شەيئىدىن قېلىپ قالغان ھەمدە كىشى ئىدىئولوگىيىسىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسە؛ يامان تەسىر: فېئودالىزمنىڭ زەھرى. زەھىرىنى تازىلىماق. ③ سۈپ. ناھايىتى ئاچچىق: ئۇ ئاشتىن ئازراق ئوتلاپ چىرايىنى شۇنداق غەلىتە پۈرۈشتۈردى-دە، — نېمىدېگەن زەھەر بۇ، مە، ئۆزۈڭ ئىچ! — دەپ چىنىنى دوقىدە شىرە ئۈستىگە قويدى. ④ سۈپ. كۆچمە. كىشىگە نەشتەردەك تېگىدىغان، دىلغا ئازار بېرىدىغان: سەن زەھەر تىلىڭنى يىغساڭ بولارمىكىن؟! ⑤ ئى. ئاچچىق، دەرد-ئەلەم، غەزەپ-نەپرەت: ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ زەھرىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى. ⑥ سۈپ. يامان نىيەتلىك؛ نىيىتى بۇزۇق: — يالغان ئېيتماڭ. مېنى سانائەت ئىدارىسىگە يۆتكەپ، ئامال قىلىپ ئەدىبىمنى بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى كىم بىلمەيدۇ، سىزنىڭ نەرىڭىز ناھىيلىك پارتكوم شۇجىسى، سىزدەك زەھەر ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرگىنىم يوق!... ⑦ ئى. كۆچمە. كىچىك تەرەت: زەھەر قىلماق.

**زەھەر بولماق** زەھەرگە، ئوغىغا ئايلانماق؛ ئېتىقسىزلاشماق: پادىشاھ ئوغلىنىڭ پەرىزاتنى بىرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پەرىزاتنىڭ ئىشقى-پىراقىدا يىگەن-ئىچكىنىم زەھەر بولغانىدى، ئەمدى پەرىزات قولۇمغا كېلىدىغان بولدى» دەپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. * بۇرادەرلەر، سىلەرگە ئەرزىمى، ئايلاندى بۇ مېنىڭ بېشىم. گىرىپتارى غەمى پەرزەنت، زەھەر بولدى ئىچەر ئېشىم.

**زەھەر بېزى** <ئانات> ھايۋانلارنىڭ تېنى ئىچىدىكى توكسىن (زەھەر) ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز تەنچىسى.

**زەھەر تارقاتماق** سىياسەت ۋە ۋەزىيەتكە زىيانلىق گەپ-سۆزلەرنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەك، تەسىرى يامان گەپلەرنى قىلماق: – سىز بۈگۈن سىنىپتا يەنە «ئىنتىزام»، «ئىلىم-پەن» دېگەن نېمىلەر ئۈستىدە ھارغىچە گەپ سېتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا زەھەر تارقىتىپسىز، – دېدى مۇدىر ۋارقىراپ تۇرۇپ رەيھان مۇئەللىمگە.

**زەھەر چاچماق** ① زەھەر پۈركۈمەك، سەپمەك: يېتىپ بىرچاغدا، گۈلزار لېۋىگە. زەھەرلەر چاچتى، ئۈنىڭ ئىچىگە. ② كۆچمە. غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق؛ غەزىپىنى ئىپادىلىمەك: مەخسۇت بەگ يەڭدەك قامىسى بار تۇمىقنى قېشىنىڭ ئۈستىگە سۈرۈپ قولىنى كەينىگە قوشتۇرۇپ، كۆزلىرىدىن زەھەر چاچقان ھالدا ئاسىمنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. * ئەپلەپ ئۆتۈپ كېتەرمەن دەپ چىشىنى چىشىغا بېسىپ ئولتۇرغان ئارۇپ بارغانسېرى ئىشىنىڭ ئۆزىگە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، مۇتتەھەملىك قىلىپ زەھەر چېچىۋالدى. ③ زەھەر تارقاتماق: – سەن نېمىدەپ زەھەر چاچىسەن؟ تېز ئېيت، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈسەن، – دېدى قۇبدۇن ۋارقىراپ تىلىۋالدىغا.

**زەھەر خالتىسى** ئاچچىقى يامان، جىلخور: ئەنۋەر تازىمۇ زەھەر خالتىسى بالا بولۇپتۇ.

**زەھەر قايتۇرماق** <تب> ① ئورگانىزم ئىچىدىكى زىيانلىق ماددىلارنى نېيتراللىماق. ② قىزىتما ئۆرلەش ۋە ئىسسىقلىقى ئېشىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ياندۇرماق.

**زەھەر قىلماق** ① زەھەرگە، ئوغىغا ئايلاندۇرماق؛ پەقەت ئېتمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشنى زەھەر قىلدى. ② كۆچمە. كىچىك تەرەت قىلماق، سىيمەك: پۈتۈنى كۆپ ئىچىۋالغان ئابلىكىم بىردەمدىن كېيىن ئولتۇرالماي قالدى-دە، زەھەر قىلىپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

**زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرماق** ← **زەھەرنى زەھەر بىلەن ياندۇرماق**: مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇ زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى.

**زەھەرنى زەھەر بىلەن ياندۇرماق** يامانغا ياماننى قويماق؛ يامان شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەت بىلەن يامان شەيئىگە قارشى تۇرماق: بۇ ئارقىلىق جاھالەت قۇلۇپلىرىنى ئۆز ئاچقۇچى بىلەن ئاچقاندەك بولدۇم. زەھەرنى زەھەر بىلەن ياندۇرۇش دېگەن بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك.

**زەھەر يۇتماق** ئاچچىق يۇتماق، ئەلەم يۇتماق، ئەلەم تارتماق: ئەمدى مەن سېنىڭسىز قانداق ئۆتىمەن، پۇشايماندىن ئەبەدكە زەھەر يۇتىمەن.

**زەھىرىنى تازىلىماق** بىرەر نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەرنىڭ يامان، زىيانلىق تەسىرىنى تۈگەتمەك، يوقاتماق: كاپىتالىزمنىڭ زەھىرىنى تازىلىماق.

سولچىللىقنىڭ زەھىرىنى تازىلىماق.

**زەھىرىنى سانجىماق** بىراۋغا ئىنتايىن ئاچچىق، ئېغىر گەپ قىلماق: سانجىسا زەھىرىنى يۈرەك-باغرىڭغا، تويسەن كەلگەنگە يوروۇق ئالەمگە! «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي چىقار جان بىلەن»، ئايلانماس يىلانلار ئاق دىل ئادەمگە.

**زەھەرخەندە** ئى (پ) غەزەپ ۋە ئاچچىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان كۈلكە ۋە ئاشۇنداق كۈلىدىغان ئادەم: نۇزۇك دېدى: «بارچە شۇملۇق تۇرسا ئۆزۈڭدە!...» جاكارچى دېدى: «بەس، ئەي، زەھەرخەندە! بىلەمسەن، ئالماقچىمىز كاللاڭنى ھازىر، قۇتۇلماققا جېنىڭ ئەمدى ئەمەس قادىر!».

**زەھەرخەندىلىك** ئى. ئاچچىق ۋە غەزەپ بىلەن كۈلۈش ھالىتى؛ ئۆچمەنلىك: بۈگۈن چۈشتە سەلەي، نىجاتلارنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقانىدى. ئادىل بۇلاردىن ھازىرغىچە زەھەرخەندىلىكنى سەزگەن بولسىمۇ، بىرەر مەقسەت ياكى غەرەز ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان قەستلىكنى بايقىمىغانىدى. * ئوسمان زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

**زەھەرخەندىلىك قىلماق** ئۆچمەنلىك، قارا نىيەتلىك قىلماق: – ھەي، – دېدى تۇردى ئاكام خورسىنىپ، – بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭايلىقنى قارا، قاسىم شۇجىنىڭ بۇنچىۋالا زەھەرخەندىلىك قىلىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن، ھىجايغاق يولۋاس ھەممىدىن يامان دېگەن راست گەپ ئىكەن.

**زەھەردەك** سۈپ. ئاچچىق، بەك ئاچچىق: قاتتىق شىۋىرغانىنىڭ زەھەردەك سوغۇقى غالىپنىڭ مەڭزىنى تېخىمۇ قىزارتىپ، قاش-كىرپىكلىرىدە بىر قەۋەت مۇز پەردىسى ھاسىل قىلغانىدى. * «باشلىدى» دەپ ئويلىدى تۇرسۇن، «ئەمدى مەنسۇرنىڭ ئېغىزىدىن زەھەردەك گەپلەر تۆكۈلىدۇ».

**زەھەر-زەققۇم** زەھەر ۋە زەققۇم؛ ئىنتايىن ئاچچىق: قانلىق جەڭدە تېشىلگەندەك پولات قالقان، گويا بىردىن ئېتىلغاندەك يېڭى ۋۇلقان، قارا بۇلۇت بەختسىزلىك توشۇپ كەلدى، توي ئىشىغا زەھەر-زەققۇم قوشۇپ كەلدى.

**زەھەرسىز** سۈپ. زەھىرى يوق، زەھەر ئارىلاشمىغان: زەھەرسىز دورا. زەھەرسىز سۈيۈقلۇق.

**زەھەرسىزلەندۈرمەك** «زەھەرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: 1908-يىلى خوتەندە ۋابا تارقىلىپ ئالتە يىل داۋام قىلغاندىمۇ پەقەت ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كېسەلگە قارشى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، ھەر خىل دورا ئەشيالىرى بىلەن كېسەللەرنى زەھەرسىزلەندۈرگەنىدى.

**زەھەرسىزلەندۈرۈلمەك** «زەھەرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بەزى كېسەللەرگە زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن سىماب بېرىلسە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**زەھەرسىزلەنمەك** پ. زەھەرسىز ھالەتكە كەلمەك؛ زەھىرى قايتماق، يانماق.

**زەھەرلەندۈرمەك** «زەھەرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زەھەرلەندۈرۈلمەك** «زەھەرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەھەرلەنمەك** «زەھەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىرنەچچە ئون يىل داۋامىدا ئەنگلىيە جۇڭگوغا بارغانسېرى كۆپلەپ ئەپيۇن كىرگۈزدى. ئەپيۇننىڭ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن جۇڭگو خەلقى قاتتىق زەھەرلەندى. * بۇ كىتابنى ئوقۇغانسېرى زەردەم قايناپ كەتتى، ئاخىرى تاقەت قىلالماي بۇ نېپىز كىتابنى

يىرتىپ تاشلىدىم. چۈنكى «بىرنى يىرتسام، بىرنەچچە ئادەم كەم زەھەرلىنەر» دەپ ئويلىغانىدىم.

**زەھەرلىك** سۈپ ① زەھىرى بار، تەركىبىدە زەھەر بولغان؛ زەھەرلەيدىغان: زەھەرلىك ئېلېمېنت. زەھەرلىك سۇيۇقلۇق. * قانۇن دوختۇرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى شۇ بولدىكى، زىيانلانغۇچى ھاراق ئىچىپ ئۆلگەن بولۇپ، ئىچكەن ھارىقىغا بىر خىل زەھەرلىك دورا قوشۇپ بېرىلگەن. ② زەھەر سۈرتۈلگەن، زەھەر يالىتىلغان: زەھەرلىك قىلىچ. زەھەرلىك ئوق. ③ كۆچمە. كىشىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان، ئالا كۆڭۈللۈك ھەم قارا نىيەتلىك يوشۇرۇنغان؛ ئىنتايىن ئاچچىق: زەھەرلىك گەپ. * — يۈەن داخۇا قۇمۇلغا بارغاندا، دېھقانلار ھەرىكىتىگە زەھەرلىك قولىنى سېلىشتىن باش تارتمىدى، — دېدى تىجارەتچى مۇنىرىدىنغا جاۋاب بېرىپ. // زەھەرلىك قارىماق. * ئۇ غالىبلارچە كېرىلگەن ھالدا سادەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ زەھەرلىك كۈلۈمسىرىدى. * ئۇ، ئىزا-ئاھانەتتىن كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي تۇرغان شاگىرت بالىنىڭ ئالدىغا مەست كېلىپ زەھەرلىك تەنە قىلدى-دە، ئاندىن غالىبلارچە ھىجايدى.

**زەھەرلىك سىكاتلار** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى ياپىلاق بولۇپ تۆت چاسا ياكى يۇمىلاق، قۇيرۇقى قامچا شەكىلدە كېلىدۇ، زەھەرلىك تىكىنى بولىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدا ياشايدۇ، كىچىك بېلىقلار ۋە ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**زەھەرلىك شاكال بەديان** <بوت> ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال. قوۋزىقى قىزغۇچ قوڭۇر، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېلليپس شەكىلدە، گۈلى سارغۇچ ئاق ۋە يېشىل ئارىلاش كېلىدۇ. مېۋىسى سەككىز بۇرجەك شەكىلدە بولىدۇ. قوۋزىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسى زەھەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**زەھەرلىك كاككۇكگۈل** <بوت> كاككۇكگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن بولۇپ ئېلليپس ياكى تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىلدە كېلىدۇ، دۈمبە تەرىپىدە كۈل رەڭ تۈكلىرى بولىدۇ. گۈل تاجى قوڭغۇرۇراق شەكىلدە، گۈلى سېرىق، ئىنتايىن خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئۇ بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ئىشلىنىدۇ.

**زەھەرلىك گاز** <خىم> ① تەركىبىدە زەھەرلىك ماددىلار بولغان گاز. ② گاز ھالەتتىكى زەھەرلىك دورا.

**زەھەرلىك ئېشەكقۇرتى** <زوئول> بىر خىل بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. شەكلى سەكسەنپۇتقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى ۋە پۇتلىرى ناھايىتى ئىنچىكە، قاراڭغۇ ۋە نەم جايلاردا ياشايدۇ.

**زەھەرلىك يەم** بۇغداي كېپىكى ياكى باشقا يېمەكلىكلەرگە مەرگىمۇش ياكى گېكساخلوران (666) قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش بىلەن تەييارلىنىدىغان بىر خىل يەم. ئادەتتە يەرگە چېچىش ئارقىلىق مۇزايېيىشى، قىزىلباش، چاشقان ۋە زىيانداش قۇش قاتارلىقلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

**زەھەرلىمەك** پ ① زەھەر بىلەن ئورگا-نىزمنى ئېغىر زەخىملەندۈرمەك: گىرادۇسى يۇقىرى ئىسپىرت ئادەمنى زەھەرلەيدۇ. ② زەھەر قوشماق، زەھەر سالماق: تاماقنى زەھەرلىمەك. ③ كۆچمە. يامان تەسىر كۆرسەتمەك، يامان تەسىر بەرمەك، روھىي ئازاب بەرمەك: ئۆتمۈشتە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى مەكتەپ ئاچتۇق دەپ ئەۋلادلارنى زەھەرلىگەنىدى.

**زەھەرلىنىش** ① «زەھەرلەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <تب> بەزى ماددىلارنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدە خىمىيۋى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان توقۇلمىلارنىڭ بۇزۇلۇشى، فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ياكى ئۆلۈشىگە ئوخشاش ھادىسىلەر. ئادەم ياكى ھايۋانلار زەھەرلەنگەندە كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، نەپەس جىددىيلىشىش، كۆز قارىچۇقى نورمالسىزلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**زەۋەر** ئى (پ) ئەرەب يېزىقىدا ھەربلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان بەلگە، ئۇ يېزىقتا «ـَ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش «ئە» گە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**زەۋرەك** ئى (ئە) <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا يىلتىزسىمان غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى تۈمۈنە شەكلىدە، گۈلى كۈز ۋە ياز پەسلىدە ئېچىلىدۇ. گۈللىرى توپلىشىپ ئۆسۈپ، كۆل رەڭگە مايىل يېشىل رەڭدىكى كونۇسسىمان گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ياۋروپانىڭ تروپىك قۇرۇقلۇقى، مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى ئۆلكىلىرىدىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**زەۋق** (توغرىسى: زوق) ← **زوق.**

**زەئىپ** سۈپ (ئە) ① جىسمانىي قۇۋۋىتى كەم، قۇۋۋەتسىز، ئاجىز، كۈچسىز: مەختۇمسۇلا قاراقچىلارغا: — بۇ قانداق ئۇياتسىزلىق؟ مەندەك يالغۇز زەئىپ بىر قىزغا شۇنچە لەشكەر تارتىپ كەلگىنىڭلار نامەردلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ باش ئەگمەپتۇ-دە، لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلاپتۇ. * بۇ زەئىپ بەدەننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ② سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتتىن كۈچى ئاجىز؛ كۈچسىز: جۇڭگو ئازادلىقتىن كېيىن مەدەنىيەتتە قالاق، ئىقتىسادىي ئەھۋالى زەئىپ بىر دۆلەتتىن زامانىۋىلاشقان، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى كۈندىن-كۈنگە كۆپرەك جەلپ قىلىۋاتقان كۈچلۈك بىر دۆلەتكە ئايلاندى. ③ پەس، بوش، سۇس، كۈچسىز، ئاجىز (ئاۋاز ھەققىدە): قۇشلارنىڭ ھەرىكىتىنى جىمغىنا كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئانا ئۆزىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى-دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىككى قولىنى غەرب تەرەپكە سوزۇپ، زەئىپ ئاۋازدا ئۈن قاتتى.

**زەئىپلەشتۈرمەك** «زەئىپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېسەل مۆمىن ئاكىنىڭ قاۋۇل بەستىنى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشتۈردى.

**زەئىپلەشتۈرۈلمەك** «زەئىپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ دۈشمەننىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە زەئىپلەشتۈرۈلدى.

**زەئىپلەشمەك** پ ① جىسمانىي ۋە روھىي

جەھەتتىن ئاجىزلاشماق؛ كۈچى، قۇۋۋى‌تى، ماغدۇرى ئازايماق؛ ھالسىزلانماق: شاھ سەنەم غېرىبتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ، چىرايى زەپىراندەك سارغايدى. * جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ، روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن بۇ قېرى بەگنىڭ ئارقا-ئارقىدىن چەككەن نەشە ئۆز تەسىرىنى تېزلا كۆرسەتكەنىدى. ② ئىقتىدارى تۆۋەنلىمەك، ناچارلاشماق (كۆز ۋە ئاۋاز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە زەئىپلەشكەن خۇنسىز كۆزلىرى ھازىر ئەنە شۇ ئازابنى تارتىۋاتاتتى. ③ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن كۈچسىزلەنمەك، ئاجىزلاشماق: — خاندان‌لىقىمىزنىڭ زەئىپلىشىپ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىق‌نى ئەسلەپ چەكسىز ئېچىنىۋاتىمەن، — دېدى جۇگېلياڭ ليۇبىيغا.

**زەئىپلىك** ① «زەئىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ شۇنچىلىك زەئىپلىكىنى كۆرۈپ تۇرغان ھەرقانداق كىشىنىڭ رەھمى كەلمەمدۇ؟ ② <تىب> مىللىي تىبابەتتە، تېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ پۈتۈن تېنى ماغدۇرسىزلىنىش، بەدىنىدىن ئۇغرى تەر ۋە سوغۇق تەر چىقىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەي** I ئى. سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرى، ھۆل-يېغىننىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن تۇپراقتىكى ئېشىپ كەتكەن كۆپ مىقداردى‌كى سۇ، نەملىك: زەي تارتماق. زەي قاچۇرماق. * ئورمان — زەي قاپلىغان يەردە يەر ئاستى سۇلىرىنى تارتىۋالىدىغان ناسوس. ئۇ زەي قاچۇرۇش، تۇپراقنى ياخشىلاش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئالاھىدە ئىقتىسادىي قىممەتكىمۇ ئىگە.

**زەي تارتماق** زەيلەشمەك: بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى يامغۇردا زەي تارتىپ بوشاپ قالغان تۇپا شېغىلنى ساي تەرەپكە سىيرىلدۇ‌رۇش ئانچە قىيىن بولمىدى.

**زەي قاچۇرماق** يەر ئاستىدىكى زەينى زەيكەش ئارقىلىق سىزدۇرماق ياكى قۇدۇق ئارقىلىق تارتىپ چىقىرىۋەتمەك.

**زەي يەر** نەم قاپلاپ كەتكەن يەر: سۆيگۈنىڭ دەرياسىدا ئېقىپمۇ باقتىم. يۈرىكىمنى زەي يەرگە يېقىپمۇ باقتىم.

**زەي** II ئى ① ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەن‌گەن شوينا، تاسما: دادام غېرىبسىنىپ قالغانلىقىمنى تۇيغان چېغى، شۇ ئاخشىملا باشمالتاق توملۇقىدىكى بىر تال ئانار شېخىنى قوقاسقا پۈچلاپ ئېگىپ، قوشنىمىزدىن ئىككى غېرىچ زەي تىلەپ، قىسماق ياساپ بەردى. * تاش ئۈستىدە پادىچى، قولىدا زەي قامچىسى. ② ئوقيا ياكى پاختا ئېتىش دۇكىنىنىڭ كىرىچى: زەينى چىڭ تارتماق. زەي سالماي پاختا ئاتماق. ③ قوينىڭ ئاچچىق ئۈچىيىدىن ياسالغان تار: تۇيۇقسىزلا سارايىنى ياڭرىتىپ ساز ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. سازچىلار ئىككى ياقتىكى بالىخانىدا — ئوڭ ياقتا ناغرا، داپ، سۇنايچىلار؛ سول ياقتا ھەر خىل زەي ۋە سىم تارلىق چالغۇلۇق سازچىلار بىر-بىرىگە تەڭكەش قىلىپ ساز چالاتتى.

**زەي سالماق** ئوقياغا ياكى پاختا ئاتىدى‌غان دۇكانغا زەي ئورناتماق، بېكىتمەك.

**زەي سالماي ئاتماق** ← **زەي سالماي پاختا ئاتماق**: چۈش كۆرۈپ يېتىۋەرسىلە، زەي سالماي ئېتىۋەرسىلە. قارا ئۈجمە سايىسىغا، يول ئوچۇق، كېتىۋەرسىلە.

**زەي سالماي پاختا ئاتماق** باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىمەك؛ چوڭ گەپ قىلماق، پو ئاتماق:

– مەن سەندەك زەي سالماي پاختا ئاتىدىغان قاپاق نوچىنى تاپالماي يۈرەتتىم، ئەكەل قولۇڭنى، – دېدى سادىق مۇزەپپەرگە قولىنى ئۇزىتىۋېتىپ. * ئادەم يوق يەردە زەي سالماي پاختا ئاتسەن، مانا ئەمدى بىئەپ، ئوڭايسىز دەۋاتقىنىنى ئاۋۇ لامزەللىنىڭ!

**زەي** III ئى (پ) ① ئۆي جاھازلىرى ياكى پىچاق تىغى قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئويۇپ چىقىرىلىدىغان ئېرىقچە: ئىشكاپنىڭ زېيى. پىچاقنىڭ زېيى. ② دوپپا، شەپكە قاتار- لىقلارنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلىدىغان جىيەك. ③ جۇۋا، كۆرپە، ئۆتۈك قونچى، دىۋان قېپى قاتارلىقلارنىڭ تىكىش ئارىلىقىغا ئېلىنغان زىغزىق. ④ سىر بىلەن ئىشلەن- گەن زەدىۋال ئۈستىگە سىر ياكى باشقا نەرسىنى چاپلاش ئارقىلىق چىقىرىلغان سىزىقچە، يول.

**زەي رەندە** زەي چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان رەندە.

**زەيپانە** سۈپ (ئە+پ) ① ئاياللارغا خاس، ئاياللار كىيىدىغان، ئايالچە: زەيپانە كۆڭلەك. زەيپانە ئۆتۈك. * شۇ چاغ، ئۈچىسىغا ئالىپتە ئۈستىباش، پۇتىغا قىزىل سەندەل كىيگەن، يېشىل تاۋارغا ئالايېشىل گۈل تىكىلگەن زەيپانە نۇسخا دوپپىسىنى قېشىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىيىۋالغان بىر ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ② مىجەز-خۇلقى ئاياللارغا ئوخشايدىغان، ئايال مىجەز: زەيپانە يىگىت. // – ما زەيپانىنى قارا، – دېدى قۇددۇس يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، يەلكىسىگىچە چاچ قويۇۋالغان بىر يىگىتنى كۆرسىتىپ.

**زەيپانىلىك** ئى. زەيپانىلەرگە خاس ھەرىكەت، قىلىق: زەيپانىلىك قىلماق.

**زەيتۇن** (ئە) ① ئى <بوت> زەيتۇن ئائى- لىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن ھەم ئېللىپس شەكىلدە، گۈلى ئاق، مېۋىسى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكىلدە كېلىدۇ، مېۋىسىنىڭ ئىككى ئۇچى سەل ئۇچلۇق بولۇپ، رەڭگى يېشىل، يېگىلى بولىدۇ ۋە دورا ياسىلىدۇ. ئۇ يۇتقۇنچاق ۋە كېكىردەك ئىششىقىنىڭ شىپالىق دورىسى ھېسابلىنىدۇ. ② ئى. شۇ خىل ئۆسۈملۈك- نىڭ مېۋىسى. ③ سۈپ. كۆچمە. دېڭىز كۆكى رەڭگىدىكى: زەيتۇن يىپەكتىن يېڭى تون كىيىپ، ساما جىلۋە قىلدى يەرگە قاراپ. يىراقتىن قارىساڭ كۆمۈش رەڭ ئۈپۈق، ئاستا چۈشۈپتۇ يەرگە ساڭگىلاپ. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زەيتۇن تاش** <گېئول> بىر خىل مىنې- رال. تەركىبى تۆمۈر ۋە ماگنىينىڭ سىلىكاتلىرى ( $(Mg, Fe)_2SiO_4$ ) بولۇپ، يېشىل، سارغۇچ يېشىل ياكى سارغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ، پارقىراق ۋە سەل-پەل سۈزۈك بولىدۇ. ئادەتتە پىروكسېن ۋە ئامفىبول بىلەن بىرگە ماگما جىنسلار تەركىبىدە ئۇچرايدۇ، سۈزۈك ۋە يېشىل رەڭدىكىلىرى زىننەت بۇيۇمى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**زەيتۇن توپ** <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىرى. ئەنگلىيە، ئامېرى- كا، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەۋج ئالغان. ئۇ ئەنگلى- يە-ئاۋستىرالىيەچە زەيتۇن توپ ۋە ئامېرىكىچە زەيتۇن توپ دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، ئويناش ئۇسۇلمۇ ئوخ- شاش بولمايدۇ. توپنىڭ شەكلى زەيتۇنغا ئوخشىغاچقا زەيتۇن توپ دەپ ئاتالغان.

توپ مەيدانى پوتبول مەيدانىغا ئوخشاي- دۇ، تەنھەرىكەتچىلەر مۇسابىقە جەريا- نىدا ئىككى كوماندىغا بۆلۈنىدۇ، ھەربىر كوماندىدا 11 ئادەم بولىدۇ. توپنى تېپىشكە، قول بىلەن پاس بېرىشكە ياكى قۇچاقلىۋېلىپ يۈگۈرۈشكە بولىدۇ. ئامېرىكى- چە زەيتۇن توپتا تەنھەرىكەتچىلەر ئۈستىبېشىغا قوغدىنىش كىيىملىرىنى كىيە- ۋالىدۇ؛ ئەنگلىيە-ئاۋىستىرالىيىچە زەيتۇن توپتا پەقەت بېشىغىلا قالپاق كىيىۋالىدۇ. ② شۇ خىل مۇسابىقىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ.

**زەيتۇن جىنس** <گېئول> بىر خىل ئۈلترا ئاساسلىق جىنس. ئاساسلىق تەركىبى زەيتۇن تاش بولۇپ، خېلى كۆپ دەرىجىدە پىروكسىنمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ، توق يېشىل ياكى قارا يېشىل كېلىدۇ.

**زەيتۇن رەڭ** ① <گ سەن> كۆك بىلەن ئاز مىقداردىكى يېشىلنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ، يەنى دېڭىز كۆكى رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە ياكى شۇ خىل رەڭدە بويالغان: زەيتۇن رەڭ ياغلىق. زەيتۇن رەڭ سارجا.

**زەيتۇن يېغى** زەيتۇن دەرىخىنىڭ مېۋىسى- دىن تارتىلغان بىر خىل ياغ. كۆكۈچ سېرىق بولۇپ، خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. يەنە سوپۇن، گىرىم بۇيۇملىرى ۋە سىلىقلاش مېيى قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**زەيكەش** ① سۈپ. زەي ۋە نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان: زەيكەش يەر. زەيكەش تام. ② سۈپ. زەي سۇ ئاقىدىغان ياكى زەي سۇنى چىقىرىۋېتىدىغان: زەيكەش ئۆستەڭ- نىڭ ئۇ تەرىپى يەنىلا پاكار-پاكار قومۇشلۇق بولۇپ، چېگرىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. * ئەبلغازى توقۇم بىلەنلا مىنىۋالغان ئېشىكى ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ: — سەن بۆگۈنلا قاۋانلىقتا ماڭ، تۆت چولڭ زەيكەش ئېرىقنىڭ چۆرىسىگە تىكىلگەن تېرەك، جىگدىلەرنى ئاسراش سېنىڭ ۋەزىپەڭ، — دېدى. ③ ئى. زەي سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قېزىلغان سۇ يولى، ئېرىق ياكى ئۆستەڭ: مانا ئەمدى قېيىن ئانا بىلەن كېلىن نۆۋەتلىشىپ ھارۋا ھەيدەپ، قىغ ۋە توپا توشۇيتتى، ئېرىق-ئۆستەڭ چاپاتتى، زەيكەشتىن لاي تارتاتتى. * زەيتۇنەم كەتمەن كۆتۈرەلگۈدەك بولغانىدىن بۇيان، ھەر يىلى قىشتا مۇشۇ زەيكەشكە تەر تۆكۈۋاتىدۇ.

**زەيكەش سىستېمىسى** <سۇ> زەي سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قېزىلغان چوڭ-كىچىك زەيكەشلەردىن تەشكىل تاپقان بىر يۈرۈش سىستېما.

**زەيكەشلىك** ئى ① زەيكەش ئېلىنغان، زەيكەش چېپىلغان يەر: كۆپچىلىك جۇشقۇن روھ بىلەن زەيكەشلىككە قاراپ مېڭىشتى. ② زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان، زەي قاپلاپ كەتكەن يەر: — قارا تاغ كەنتىنىڭ يەرلىرى بۇغداي تېرىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك، بەكمۇ مۇنبەت ئىدى. كاساپەت سۇ ئامبىرى ئۇنى زەيكەشلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ سايىمغا بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن.

**زەيلەتمەك** «زەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەنە ئاۋۇ يەرگە ھاجەتخانا ياساپ قويدۇم، شۇ يەرگە بارغىن، تام تۈۋىنى زەيلەتمە، — دېدى ئېلىقۇل شىرمەمەتكە ئۇدۇلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

**زەيلەشتۈرمەك** «زەيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زەيلەشتۈرۈلمەك** «زەيلەشتۈرمەك»

پېشلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەيلەشمەك** پ. زەي ۋە نەم ھالەتكە كەلمەك؛ زەي، نەم تارتماق؛ نەملەشمەك: ئۇ سىپلاپ قۇدۇقنىڭ زەيلەشكەن تاملىرىغا يۆلىنىپ، سىرتقا قۇلاق سېلىپتۇ. * جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ زەيىنى قاچۇرۇش – زەيلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ھەم ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم تەدبىرى.

**زەيلىك** ① ئى. زەي ۋە نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەر: قەدىمكى ھۆكۈمالار تۇرار جايلار ئۈچۈن ھاۋالىق، ئاستى قۇرۇق، ئېگىزرەك، سۇ مەنبەلىرىگە يېقىنراق، ئەمما قەبرىستان، سازلىق ۋە زەيلىكتىن يىراقراق بولۇش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلغان. ② سۈپ. زەي قاپلاپ كەتكەن، زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان: ئۆتمۈشتە بوۋاي-مومايلار زەيلىك گەمىلەردە مۈگلۈق مۇقاملارنى كۈيلەپ ھەسرەتلىك چۆچەكلەر ئېيتاتتى.

**زەيلىمەك** پ. زەي ۋە نەم ئۆرلەپ كەتمەك، زەي قاپلىماق، زەيلەشمەك: – ھەممە يەر زەيلەپتۇ، شور كۆتۈرۈلۈپتۇ. قارا چىلان تۇپراق ئالتۇندەك يەر ئىدى، – دېدى قاۋۇل ھەسرەتلىنىپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

**زەينەپ** ئى (ئە) ① رىۋايەتلەردە كاككۇكنىڭ مەشۇقى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدىغان ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى: تاڭ سەھەر ئېرىقتا، مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك. قاچانغىچە يۈرىمىز، كاككۇك بىلەن زەينەپتەك. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زو** ئى (ئە) روزا كۈنلىرى سۇبھىدىن ئىلگىرى تاماق يېيىش ئىشى: زوغا قوپماق. زو ۋاقتى.

**زوتا** سۈپ (خەن) ئۆكتەم، بىشەم: زوتا بولۇپ كەتمەك.

**زوتالىق** ئى. جان ت. ئۆكتەملىك، چوڭچىلىق، نوچىلىق، بىشەملىك: «قاراپ تۇرۇپ تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرىپ كىگىز-كۆرپىسىنى يۇلۇپ كەل، چاپىنىڭ تۆت پۇتىغا ئۇششۇقلۇق قىلىپ تۇلۇم تاڭدۇر، نېمىدېگەن زوتالىق، ئاناڭنى...» دەپ ئۇيلىدى مەشرەپ. * – نېمە قىلدىم ھوي ساڭا، – ھاسان توك ئالدىغا بىر قەدەم ئامدىغاندىن كېيىن، ئەتراپتا تۇرغانلارغا قارىۋېتىپ تېخمۇ بەكرەك ۋارقىرىدى، – ۋاھ، مۇنۇنى قاراڭلار، زوتالىقنى.

**زوتالىق قىلماق** ئۆكتەملىك، نوچىلىق، چوڭچىلىق قىلماق؛ ئانىي تاپماق: – كىشىنىڭ چېچىنى شۇنداقمۇ ئالغان بارمۇ؟ بۇ كىشىگە قاراپ تۇرۇپ زوتالىق قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ – دېدى سەمەت غەزەپتىن تىت-تىت بولۇپ. * – تېخى قايسى كۈنى قوشنا لۈيدىكى ئەسكەرلەر زوتالىق قىلىپتىكەن، راسا بىرقەپەس ئېلىشتۇق، – دېدى جاڭ تۇەنجاڭ مەخسۇت بەگكە قاراپ.

**زوخچۇماق** پ. چاپچىماق، سىلكىنمەك: ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن جىرەن قاشقا بىردەم سۇغا كىرىپ، بىردەم قاشقا چىقىپ، تاشىرقايغا ئەركىلىگەندەك زوخچۇپ تۇراتتى. * ماشىنا زوخچۇپ كەينىگە يانغاندا، سادىق دۆۋىلەنگەن تاشنى قول ۋە پۇتى بىلەن چاقىنىڭ ئالدىغا ئىتتەردى.

**زودىئاك** ئى (ر<گرېك) <ئاستر> ئېكلىپتىكىنىڭ ئىككى يېنىدىكى سەككىز گرادۇسلۇق كەڭلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى دائىرە. ئادەتتە قۇياش، ئاي ۋە سەييارىلەر مۇشۇ دائىرە ئىچىدە ئايلىنىدۇ.

**زور** (پ) ① سۈپ. چوڭ، ناھايىتى چوڭ، يوغان، كاتتا، ئۇلۇغ، بۈيۈك: زور تاغ.

زور ئۈمىد. * بۇ چاغدا چاپارمەنلەر ساۋساۋ-
نىڭ زور قوشۇن بىلەن قوغلاپ كەلگەنلىكىنى
مەلۇم قىلدى. * ئەتىسى بوران پەسەيگەندە،
پادىشاھ ئەۋەتكەن ئادەملەر ھېلىقى شەھەر-
نىڭ ئورنىدا ئىنتايىن زور، ئاسمان-پەلەك
قۇم دۆۋىلىرىنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى،
ئەتراپىدا نە دەرەخ، نە ئۆستەڭ، نە ئۆيدىن
قىلچە ئەسەر قالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ
كېلىپتۇ. ② سۈپ. ناھايىتى جىق، نۇرغۇن:
بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا دۈشمەنلەر زور چىقىم
تارتتى. * ئۆتۈك، كىگىز ئىشلەپچىقىرىش
ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىل 1980-يىلغا قارىغاندا
زور مىقداردا ئاشتى. ③ سۈپ. كۈچى بار،
كۈچلۈك، قۇدرەتلىك: زور ئىرادە. زور
تىرىشچانلىق. // زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ
(ماقال). * — ئېيتقىنا ئايخان، بىزنىمە گۇناھ
قىلدۇق؟ بىر-بىرىمىزگە بولغان ساپ مۇھەب-
بىتىمىز بۇگۈنكى كۈندە جىنايەتكە ئايلاندىمۇ!
ھازىر راستىنلا زامان زورنىڭ بولۇپ كېتىپتۇ،
— دېدى رۇستەم ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ. ④
رەۋ. كۈچ-قۇۋۋىتى يۇقىرى، قۇدرەتلىك،
زەبەردەست: چۈنكى جادۇ بەك يامان،
ھەر چېلىشتا ئۇ ھامان — غالىب كېلىپ — زور
كېلىپ، يىگىتلەرگە دەرد سېلىپ، ئايلاندۇرۇپ
مەخلۇقتا، ھەيدىۋەتتى قۇملۇقتا. ⑤ ئى.
بېسىم، مەجبۇرىيەت، مەجبۇر: خەلق ئۆز
بېشىغا چۈشكەن تاغدىن ئېغىر، تاشتىن قاتتىق
زۇلۇمنىڭ زورىدىن مۇكچەيگەن گەۋدىلىرىنى
تەسلىكتە سۆرەپ ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى.
* ئۇ چىرايىغا زور بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ
گەپكە كىرىشتى.

**زور بەرمەك** كۈچىنىڭ بارىچە كۈچەپ
باقماق، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرمەك: —
قېنى يىگىتلەر يەنە بىر قېتىم زوز بېرىپ
كۆتۈرەيلى! سىلەر-قىزلار چاقنىڭ ئاستىغا
مۇنۇ تاشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار! — دېدى
دۈيجاڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

**زور چىقماق** يەڭمەك، غالىب كەلمەك.

**زور قىلماق** مەجبۇرلىماق، قىستىماق،
زورلىماق: — شۇنداق، چاچ-ساقىلىنى قىردۇرۇپ
تازىلانغان يىگىتلەرگە ئوخشاتساقمۇ بولىدۇ، —
دېدى ئايىمخان كۈلكىسگە زور قىلىپ.

**زور كەلمەك** كۈچ، قۇۋۋەت جەھەتتە
ئېشىپ چۈشمەك، زور چىقماق: ئۇ ھەققەت-
تە مەندىن زور كەلدى، ھەرقانچە قىلساممۇ
ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدىم.

**زور كرىستاللىق تۈزۈلمە** <كېئول>
دانىچىلىرى زور ۋە ناھايىتى يىرىك بولغان
ماگما جىنسلاردا بولىدىغان بىر خىل
تۈزۈلمە. بۇ خىل تۈزۈلمە ئادەتتە
پېگماتىتلاردا گەۋدىلىك بولىدۇ.

**زوراۋان** (پ) ① سۈپ. كۈچىگە تايىنىپ،
ھېچقانداق نەرسىگە بويسۇنماي باشقىلارغا
زورلۇق قىلىدىغان؛ زۇلۇم سالىدىغان:
تارىخ ھۆكمى شۇ ئەزەلدىن، تالڭ يورۇتار
زۇلمەتنى. قۇل قىلالماس زوراۋان كۈچ، ھۆرلۈك
سۆيەر مىللەتنى. ② ئى. كۈچىگە تايىنىپ،
ھېچقانداق قانۇن-تۈزۈمگە بويسۇنماي
باشقىلارغا زورلۇق قىلغۇچى، زۇلۇم سالغۇ-
چى كىشى؛ زالىم: شۇ پېتى ئۇ قار كېچىپ،
داۋان ئېشىپ، دەۋرىگە ئۆچمەنلىكى قايناپ-تې-
شىپ، زوراۋانلاردىن قىساس ئالغانىدى،
كۆيدۈرۈپ يامۇلنى ھەم سېپىل تېشىپ.

**زوراۋانلىق** ئى. زوراۋانلارغا خاس ئىش،
ھەرىكەت، قىلمىش: زوراۋانلىق قىلماق. *
كېيىنكى كۈنلەردە ھۆكۈمەت يامۇللىرىنىڭ
شوپۇل خەلقكە سېلىۋاتقان ئالۋان-ياساقلىرىنى
ئازايتىش، چېرىكلەرنىڭ زوراۋانلىقىنى چەكلەش
توغرىسىدا يۇقىرىغا بىرنەچچە قېتىم ئەرز
ئۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرويى

تېخمۇ ئۆسمەكتە ئىدى. * بۆرە تۈلكىدىن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ زوراۋانلىقىدىن راسا مەززە قىلىپتۇ.

**زوراۋانلىق قىلماق** كۈچىگە تايىنىپ، ھېچقانداق قانۇن-تۈزۈمگە بويسۇنماي باشقىلارغا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلماق؛ زۇلۇم سالماق: بىركۈنى گۇگۇم چۈشۈشتىن ئاۋۋال قاچاق باندىتلار كىچىكرەك بىر ئاۋۇلدا ئىككى سائەتتىن جىقراق زوراۋانلىق قىلىپ، بىزنىڭ كېلىشۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋە ئۈچ نەپەر قىزنى بۇلاپ قاچقانىكەن.

**زورايتماق** «زورايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يەردە قوشۇن زورايتىشىنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، باتالىيونشتابىغا كېلىپ جەڭچى بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ياشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

**زورايتىشماق** «زورايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زورايتىلماق** «زورايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زورايماق** پ ① يوغىناماق، ئۆسمەك، يېتىلمەك، چوڭايماق؛ ئاينىماق: باللارنىڭ يېشى زورايغانسېرى يېقىن كېلەچەك چېگرىسىنى يىراقلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم. * يېڭىشەھەر بازىرى ئەتراپىنى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئوراپ ئاقىدىغان دولان دەرياسى بويلىرىدا تەبىئىي ئۆسۈپ زورايغان سۆۋادان تېرەكلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شوتا ياساشقا باپ كېلىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. * — مېنىڭچە بۇ بۇرۇنلا قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىش ئىدى، ئۇچاغدا ئىنقىلاب ئىشىغا يېتىۋاتقان خەتەر مۇنچىۋالا زورىيىپ كەتمەس ئىدى، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا ئۆز سەپدىشىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ. ② جىقلىماق، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى زورايدى. * كىشىنىڭ روھىي قىزغىنلىقى تولۇپ-تېشىپ تۇرغان چاغدا مېڭە ئارتۇقى (گېپوفىز) ئىچكى ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلىدۇ. قاندا يۈرەك ئۈستى بېزىنىڭ گورمۇنىنىڭ نىسبىتى زورىيىدۇ. تومۇرلىرى كېڭىيىدۇ. ③ تەرەققىي قىلماق، كېڭەيمەك، راۋاجلانماق: يېقىنقى يىللاردىن بېرى يېڭى ئىلغارلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقتى، ئىلغارلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. * ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش 5- يىلىغا قەدەم قويغاندا، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە كۈندىن-كۈنگە زورايدى. ④ كۈچەيمەك، ئاشماق: غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىز بارغانچە زورايماقتا. * ئەزىزەم ئۆيدىن چىققاندا شامال بوش ئىدى، ئامانەتنى شوپۇرغا يەتكۈزۈپ بېرىپ ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۈچى زورىيىپ كەتتى.

**زوردىنزورغا** مەجبۇرىي ھالدا، زورمۇزور، زورلۇق بىلەن: ئۇ مېنى زوردىن زورغا ئىقرار قىلدۇردى.

**زورغا** رەۋ. مەجبۇر ھالدا، ئىلاجسىزلىقتىن، زورمۇزور، زورلاپ: مېنى تونۇۋالغان بۇ ئادەم ئالدىدىكى خىجىللىقىمنى يوشۇرماقچى بولۇپ زورغا كۈلۈمسىرىدىم. * مەن ماشىنىنى زورغا توختىتىپ، شوپۇرنى ئاۋارە قىلغىنىمغا خىجىل بولۇپ، ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىمدا، شوپۇر كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى.

**زورلاتماق** «زورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — يازدا بۇ ھويلا بەئەينى باغنىڭ ئۆزى بولىدۇ، دەڭا؟ ئۇ چاغلاردا ئۆگىنىپ كېتىسىز، بۇگۈنكىدەك ئالدىڭىزغا بارغۇزۇپ، زورلىتىپ يۈرمەيلا كېلىدىغان بولىسىز، — دېدى پەرىزات ئادىلغا چاقچاق قىلىپ.

**زورلاشماق** «زورلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ھە، ھەمرا ئاكا، ئاخشام ئولتۇرۇشۇڭ قىزىدىمۇ، ناھىيىدىن رازىيېۋ مۇدىر كەلگەنىكەن، بارالمىدىم قانداق، ئۇلار سىزنى ئىچىشكە زورلاشتىمۇ؟ — دېدى ئاۋۇت ئولتۇ-رىۋېتىپ.

**زورلانماق** «زورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن بىرپەس سۇ سەپكەندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. قول-ئىلكىدە يوق دېھقانلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويدى. كىمدۇر زورلىنىپراق يۆتەلدى.

**زورلۇق** ① «زور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئەمەلگە قوشقان تۆھپىسىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئالاھىدە شۆھرەت قازانغانىدى. ② زوراۋانلىق: ئاۋۋال ئىززەت، ئاندىن زورلۇق (ماقال). * سادىق ئىبراھىم دورغىنىڭ تاغ خەلقىگە قىلىۋاتقان زۇلمى، زورلۇقى ھەققىدە خېلى ئۇزۇنغىچە شىكايەت قىلدى. * سالى دورغا توپقا قاراپ: — بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش ئەمەس، قېرىنداشلار! بىز زورلۇق، ھاقارەتكە چىدىماي كۆتۈرۈلدۇق، پىچاق سۆڭەككە يەتتى ئەمەسمۇ! سەۋرىڭىزمۇ چېكى بولىدۇ...، — دېدى. * كۆرمىدىم ئۇندىن پەقەت خوپلۇقنى مەن، دائىما تارتتىم زۇلۇم — زورلۇقنى مەن. ③ قىستاش، مەجبۇرلاش، زورلاش: ئۇ بۇ كۈنلەردە سالى دورغا «قارا چېچەك»كە قوشۇپ قويغان ھېلىقى ئايالنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئۆمرىدىكى ئەڭ شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. * بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ۋەزىر قانداقلا ئادەم ئۇچرىسا زورلۇق بىلەن پادىشاھ-نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا قارار قىلىشىپتۇ. ④ كۆچمە. ئاياغ ئاستى قىلىنىش، خورلى-نىش: دېمەك، ئازاتلىق ئۇچىنچى بىر شەخس تەرىپىدىن زورلۇقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

**زورلۇق قىلماق** ① زوراۋانلىق قىلماق؛ قىستىماق: ئەخمەتجان قاسىمى پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يېرىگە سۇ بەرمەي زورلۇق قىلغان باينى ئۇرۇپ قويۇپ، قورقۇپ ئىلغا قېچىپ چىققانلىقىنى، يۇرتىدا يەنە بىر قېرى ئانىسىنىڭ قالغانلىقىنى بىلدى. * مەن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «كېسەل ئادەمگە مۇنچىلىك زورلۇق قىلىپ كەتسەكمۇ بولماس» دېدىم. * كىشىلەر قىلمىسا زورلۇق بىكاردىنلا كىشىلەرگە، بوزەكلەر بىرلىشىپ مەھكەم، كىشەنلەردىن خالاس تاپسا. ② مەجبۇرلى-ماق، قىستىماق، زورلىماق: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوپېراتسىيىگە قوشقان ئات-ئۇلاغلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مەھەممەت ئاكىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زورلۇق قىلىۋېتىپتۇ. ③ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگمەك، ئاياغ ئاستى قىلماق: بىرئازدىن كېيىن ئىمىن سوزۇق «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئازراق ئارام ئېلىۋالاي» دەپ ياتاق ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، قىزغا زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ.

**زورلۇق كۈچ** <پەلس> ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن دۈشمەن سىنىپقا قارىتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل مەجبۇرلاش كۈچى. مەسىلەن، ئارمىيە، ساقچى، سوت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**زورلۇق ئىشلەتمەك** ← **زورلۇق قىلماق**: ھە بىلدىم، نىغمەتنىڭ ئاۋازى قاتتىق، قىزچاققا زورلۇقمۇ ئىشلەتەر بەلكىم. دوستلۇقنى سىناشنىڭ كەسكىن پەيتى بۇ، مەيلىلا، كەلگەننى كۆرەيچۇ دېدىم.

**زورلۇق-زومبۇلۇق** زورلاش، مەجبۇرلاش، قىستاشقا ئوخشاش زوراۋانلىق، ۋەھشىيلىك،

ياۋۇزلۇق ھەرىكەتلىرى: زورلۇق-زومبۇلۇق قىلماق. * شەرۇللا مېرىخاننى ئۆيگە ئېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى باقى قويچى بىلەن ئاستا ماڭدى ۋە ئىبراھىم دورغىنىڭ يايلاققا بېرىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغانلىقى ھەققىدە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. * دېمەك، كۆپچىلىك بىرلەشسە ھەرقانداق زورلۇق-زومبۇلۇق-نى چەكلىگىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

**زورلىماق** پ. ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن بىرەر ئىشقا مەجبۇر قىلماق، ئىختىيارىدىن تاشقىرى ئىش قىلىشقا قىستىماق: تاماققا زورلىماق. زورلىغانىنىڭ زورى بار، ئىسسىق نانىنىڭ ھورى (ماقال). * مۇھەببەت ئىنسان ھاياتىدىكى ئىنتايىن نازۇك ھەم ئەبىئىي تۇيغۇ. ئۇنى بىركىمگە زورلاپ تېڭىش مۇمكىن ئەمەس. * گۆھەربۇۋى ئۆيگە كەلگىچە يول بويى «سەن بۇقىنى كۆڭلى تارتىدىغان ئىنسان بالىسى بولماس، زورلاپ ئالدىغان چاغلىرىڭ ئۆتۈپ كەتكەن» دەپ ئويلاپ كەلدى.

**زورمۇزور** مەجبۇرىي ھالدا، قىستاپ، زورلاپ؛ سەۋەبسىزلا: زورمۇزور كۈلۈمسىرىمەك. زورمۇزور ئېلىشماق. * ئانا سۇتۇقنىڭ دادىسىدىن قېلىپ ئىككى يىل تۇل ئولتۇردى، كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى ئادەتكە خىلاپ بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاكىسى ئوغۇلچاق بۇغراغا زورمۇزور تەگدى. * قەمبەر بىزنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىمىز-نى سەزدى بولغاي، زورمۇزور ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئالدىمىزغا پېتىر مانتا كەلتۈردى.

**زورۇقتۇرماق** «زورۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھازىرچە قولۇڭدىن كەلمەيدىغان خىياللارغا بېرىلىپ، كېسىلىڭنى زورۇقتۇرۇۋالما، — دېدى ئانا ئوغلىغا، — ئاۋۋال سەللىمازا ساقىيىۋال قوزام، شۇ چاغدىمۇ كېچىكمەيسەن.

**زورۇقماق** پ ① كۈچىمەك: تاشۋاي ۋە باراتلار شۇنچە زورۇقۇپمۇ كىشلەر توپى ئارىسىغا قىسىلىپ كىرەلمىدى. * پاتەم رازى بولدى. باشلىق ياتاققا كىرىپ زورۇقۇپ يۆتىلىپ بىرەر مىنۇتچە پۇشۇلداپ ئولتۇردى. ② ئېغىر ئىش-ھەرىكەت قىلىش ياكى باشقا سىرتقى تەسىردىن ئېغىرلاشماق (كۆپىنچە جاراھەت، يارا قاتارلىقلار ھەققىدە): ئەسىرگە تىببىي ياردەم كۆرسىتىلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ يارىسى زورۇقۇپ، قاماقخانىدىكى تىنچىقتا تېزلا سېسىشقا باشلىدى. * — سىز يەر دەسسىگىز بولمايدۇ، پۇتىڭىز شۇنچە ئۇششۇك تۇرسا، زورۇقۇپ قالامدۇ، — دېدى ئامىنە ئەكبەرنى يۆلىگەچ.

**زورۇقۇشماق** «زورۇقماق» پېئىلى ① نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۈگۈنكى ئەمگەكتە بەك زورۇقۇشۇپ كەتكەنلىكتىن ھالى قالماي، ياتاققا كىرىپلا ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا تاشلاشتى.

**زوفا** ئى (پ) <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈۋىدىن شاخلىنىپ يانتۇ ئۆسىدۇ. غولىنىڭ ئاستى قىسمى ياغاچلاشقان، پۈتۈن تېنىدىن خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. يوپۇرماقلىرى تار ۋە يىپسىمان بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ئۇچىدا يىڭنىسىمان تىكەنى بولىدۇ. گۈلى ھاۋا رەڭ، غولىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبى دورا قىلىنىدۇ، يۆتەلنى توختىتىپ، دەم سىقىلىشنى باسىدۇ، ئادەتتە زىققىنىڭ ياخشى دورىسى ھېسابلىنىدۇ. تيانشان، ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**زوق** I ئى (ئە) ① ئېستېتىكىلىق لەززەت بېغىشلايدىغان نەرسىلەر تەسىرىدىن كىشىدە پەيدا بولىدىغان ياخشى كەيپىيات؛

ھۇزۇر، شەۋق: زوق ئالماق. * مەن گۈزەلئاينىڭ چالغان ساز ۋە ئاۋازىنى كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ زوق بىلەن ئاڭلايمەن، ئەمما غۇرۇرۇم قىزنىڭ ياتىقىغا كىرىشكە يول قويمايدۇ. * ھايات خۇددى يېقىملىق ناخشىغا ئوخشاش، ئۇنى ئېيتقانسېرى شۇنچە زوق بىلەن ئېيتقۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ! ② ئىشتىياق، ھەۋەس، قىزىقىش: — ئالتۇندەك يەرلەر ئىكەن-دە، — دەۋەتتى زوقىنى باسالماي قالغان رەيىق ئاكا ئېتىزغا قاراپ. * زوقۇم تېشىپ قارايمەن، يايلاقتا دەم كۆككە دەم؛ ئاق بۇلۇتلار ئۈزىدۇ، ئاسماندا ھەم، پەستە ھەم.

**زوقى كەتمەك** ھەۋىسى، ئىشتىياقى يوقالماق، قىزىقىشى پەسەيمەك: ئولتۇرۇشتىن زوقى كەتمەك. ئەمگەكتىن زوقى كەتمەك.

**زوقى كەلمەك** ھەۋىسى، ئىشتىياقى قوزغالماق؛ قىزىقىشى ئاشماق؛ زوقلانماق: كۈن دېسە كۆزى، ئاي دېسە ئاغزى بار دەيدىغان ھېكايە، چۆچەكلەردىكىدەك بۇ چىرايلىق چوكانغا قانداق كۆڭۈلنىڭ زوقى كەلمەيدۇ دەيسىز؟ * باللىرىنىڭ قىن-قىنىغا سىغمايۋاتقانلىقىغا زوقى كەلگەن مۇھەممەت بىلەن ئايگۈل بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قوياتتى.

**زوقىنى تارتماق** ھەۋىسىنى، ئىشتىياقىنى قوزغىماق؛ قىزىقىشىنى ئاشۇرماق؛ ئۆزىگە جەلپ قىلماق: چۈشكىچە گۈلئايشەم باغ، ھويلا-ئارامىلارنى يەنە ئارىلىدى، باغ ئۇنىڭ زوقىنى تارتتى. * ئۇنىڭ ئوغلى باتۇر ئىدى، كۆچتۈڭگۈر، بېشىدا دەس كۆتۈرەتتى بۇقىنى. ئۇ ۋارقىراپ چۈشكەن چاغدا چېلىشقا تارتار ئىدى كۆرگەن كىشى زوقىنى.

**زوق II** تەق. ئادەم ئورگانىزمىدىكى مەلۇم بىر يەرنىڭ بىرەر كېسەللىك ياكى زەخىملىنىش سەۋەبىدىن بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىش ھالىتى.

**زوق-زوق** «زوق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**زوق-زوق قىلماق** ← زوقۇلدىماق: مېڭەم زوق-زوق قىلىپ ئاغرىپ كەتتى.

**زوق-شوق** زور ئىشتىياق، زور ھەۋەس: زوق-شوق بىلەن ناخشا ئېيتماق. زوق-شوق بىلەن ئۇسسۇل ئوينىماق. * ئۇ بولغان ئىشلارنى زوق-شوق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

**زوقلاندۇرماق** «زوقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاشۋايمۇ بارات بىلەن تۆمۈرنىڭ رايىغا باقاتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شۇنداق چالاتتىكى، ئۇلارنى ئۆز راۋابىغا باشقىچە زوقلاندۇراتتى.

**زوقلاندۇرۇشماق** «زوقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زوقلاندۇرۇلماق** «زوقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زوقلانماق** پ. زوققا تولماق، خۇشاللانماق؛ لەززەتلەنمەك؛ ھۇزۇرلانماق: دادام شەھەرنىڭ تىنچ، ئازادە ۋە ئېلېكتر نۇرلىرىغا چۆمۈلگەن يوپيورۇق ئاسفالت يوللىرىغا، يول چېتىدىكى گۈلزارلىقلارغا زوقلىنىپ، تويماستىن قاراپ كېلىۋاتاتتى.

**زوقلىنارلىق** سۈپ. لەززەتلىنىشكە ئەرزىيدىغان، ھۇزۇرلانغۇدەك، ھەۋەسلەنگۈدەك: زوقلىنارلىق كىنو. زوقلىنارلىق چۆچەك. * مەكتەپ زوقلىنارلىق دەرىجىدە جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى.

**زوقلىنىشماق** «زوقلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئۆگزىلەردە تۇرۇپ يېپلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇچۇۋاتقان لەگلەكلىرىدىن زوقلىنىشاتتى.

**زوقمەن** سۈپ (ئە+پ) زوقى بار، ئىشتىياق

باغلىغان، قىزىقىدىغان: زوقمه ن ئادەم. * بۇ قىز كىچىكىدىن .تارتىپلا كىتاب ئوقۇشقا، مەسىلىلەرگە يولۇقسا پىكىر يۈرگۈزۈشكە زوقمه ن بولۇپ ئۆسكه نىدى. // سونۇر بۇ زوقمه نلەرگە بىلگه نلىرىنى چۈشه ندۈردى ۋە: – قارا سىنى، مەن ئۈچ ئايدا ئۆگه نگه نـ-نى بىر ئاش پىشىمدىلا ئۆگىنىۋالىمەن دەمسىنا! – دەپ قويدى.

**زوقمه نلىك** «زوقمه ن» سۆزىنىڭ ئىسىم شه كلى: راۋاب ۋە ناخشىنىڭ مۇڭلۇق سادالىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىلھام ۋە زوقمه نلىكنىڭ ئوتى يېقىلدى. * قىز پەرەنجىسـ-نى قايرىپ، پەشخۇندىكى نانلارغا زوقمه نلىك بىلەن قاراۋاتقاندا، ئابدۇلنىڭ كۆزى چۈشۈپ قىلىپتۇ.

**زوقۇلدىماق** پ «زوق-زوق» قىلماق: بۇنى كۆرۈپ ئىككى چېكەم زوقۇلداپ ئاغرىغانـ-دەك بولدى.

**زوڭ** رەۋ (پ) ← زوڭ ئولتۇرماق.

**زوڭ ئولتۇرماق** ① تىزىنى پۈكۈپ ساغرىسىنى يەرگه تەگكۈزمەي ئولتۇر-ماق، زوڭزايماق: بۇ ۋەقە ئانىنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقانچە زوڭ ئولتۇرۇپ، كىچىك بالىدەك كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يىغلاپ كەتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشتا، جۈملىدىن سودىدا زىيان تارتماق: ئۇ بۇ قېتىمقى سودىدا خېلى جىق زوڭ ئولتۇرۇپتۇ. ③ ۋەدىسىدىن يېنىۋالماق؛ بېلى بوشاپ كەتمەك: ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزگەن ئادىل ئەتىسىلا زوڭ ئولتۇرۇۋالدى.

**زوڭزايتماق** «زوڭزايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقىنىڭ ئىككىز كۆتۈرۈلگەن ئوڭ مۈشتۈمى جامبۇلنىڭ ئۈستىگە كۈسسىدە چۈشتى. قولنىڭ كۆتەكتەك ئېغىر سالمىقى جامبۇلنى لوككىدە زوڭزايتىپ قويدى.

**زوڭزايتىشماق** «زوڭزايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زوڭزايماق** پ. تىزىنى پۈكۈپ ساغرىسىنى يەرگە تەگكۈزمەي دۈمچىيىپ ئولتۇرماق؛ زوڭ ئولتۇرماق: توختى شۈجى خەتنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالدى. تىك داۋانغا دۈچ كەلگەن ھارغىن يولۇچىدەك پۇت-قوللىرى تىترەشكە باشلىدى-دە، بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ جايىدىلا لاسسىدە زوڭزايدى.

**زوڭزىيىشماق** «زوڭزايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار باغدىكى شاتۇت دەرىخىنىڭ ئاستىدا زوڭزىيىشتى.

**زولقا** ئى (ئە) <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆت چاسا، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك ۋە ئاق كېلىدۇ، يۇمران يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ.

**زولۇق** ئى <دىن> روزا كۈنلىرى باش سۈبھىدىن ئىلگىرى يېيىلىدىغان تاماق: زولۇق يېمەك. زولۇق تەييارلىماق. * – ئارىلىقى خېلى بار ئىكەن، ئەتىگەن زولۇقنى يەپلا مېڭىۋىدۇق، ئەمدى كەلدۇق، – دېدىم مەن ئاكامنىڭ «ئۆيدىن قاچان چىققان؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن.

**زومچه ك** ئى. بىر يەرگە يىغىلغان، توپلانغان؛ غۇژمەك: كۈچۈك شەھىرى پاكار سېپىل بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سوقما تاملىق سانسىزلىغان زومچەك ئۆيلەر مۆكۈنۈپ تۇراتتى.

**زومچه ك-زومچه ك** توپ-توپ، غۇژمەك-غۇژ-مەك: يېڭى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش زومچەك-زوم-چەك قەبرىلەر بىلەن تولغان قەبرىستانلىقنى

نۇرغا پۇركمەكتە ئىدى. * كەڭ كەتكەن دالىدا زومچەك-زومچەك ئاق نېفت قۇدۇق ئۆيلىرى ۋە قۇدۇق بېشىدىكى كاچالكىلار ئۆزۈل-مەي كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى.

**زومچە يمەك** پ. تومپلانماق، جۇغلانماق، غۇژمەكلەشمەك: ئۇپۇقتا زومچەيگەن تاغدەك بۇلۇتلار، ئاستىدا، قىمىرلار كارۋان قارىسى. ئۇ قاتتا شەھەرلەر، بۇ قاتتا بوستان، يېشىللىق دۇنياسى يەر-كۆك ئارىسى.

**زومگەر** ئى (پ) زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ بىرەر جاي ياكى ساھەنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، خەلقنى بوزەك قىلىدىغان ھەمدە باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بەدىلىگە ھايات كەچۈرىدىغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار: پۇل زومىگىرى. يەر زومىگىرى. * يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى يېزا ياكى كەنت بويىچە يىغىن ئېچىپ، بىرەر زومگەر ياكى پومېشچىكنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ قاچان ئۆزىگە نۆۋەت كېلىشنى كۈتۈپ، ۋۇجۇدىدا جان قالمايتتى. // ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن زومگەر پومېشچىك قاسىم چايانىنىڭ ئوغلى بەكرى كەلدى.

**زومگەرلىك** ① «زومگەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: زومگەرلىك سىياسىتى. * «ئارۇپ، سېنىڭ بىلىم زوم-گەرلىكىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمەيدىغان بول-سام!» دەپ ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەردى ئۇ. ② زومگەرلەرگە خاس ئىش-ھەرىكەت، قىلمىش: قورچاق ھۆكۈمەتتە ئىشلەۋاتقان ئادەملەردىن ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قورچاق ئەسكەرلەر كىچىك ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئالغاي جۇ ناھايىتى زومگەرلىك قىلىۋېتىپتۇ. * سەن مېنى زومگەرلىك قىلىپ بېيىدى دەپ ئويلاپ قالغانسەن؟ لېكىن ياق، ئۆيدە بەك ئىشلەيمەن. ③ ئى. چوڭ ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ كىچىك، ئاجىز دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىش، ئېزىش ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى سىياسىتى: زومگەرلىككە قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۈرەشنى ئىزچىل تۇردە دۆلىتىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر جىددىي ۋەزىپىسى سۈپىتىدە كۈنتەرتىپكە قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**زومگەرلىك ھوقۇقى** چوڭ ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش ھوقۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**زونا** ئى (د) مەلۇم بىر بەلگىسى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەم مۇئەييەن چېگرىلەر بىلەن قورشالغان يەر؛ رايون.

**زوئوتېخنىك** ئى (د) ← **زوئولوگ.**

**زوئولوگ** ئى (د) زوئولوگىيە ئالىمى، زوئولوگ-يە مۇتەخەسسىسى.

**زوئولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <بئول> ھايۋانلار-نىڭ مورفولوگىيىسى، فىزىئولوگىيىسى، ئېكولوگىيىسى، تۇرلەرگە بۆلۈنۈشى، تارقىلىشى ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**زويزا** ئى (لات) <بوت> ← **زويزئوتى.**

**زويزئوتى** ئى (زويزا+ئوت+ى) <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يىپسىمان بولۇپ، ئېگىلمەيدۇ. گۈلى كىچىك ۋە يېشىل، غولى تەرەققىي قىلغان يىلتىزىس-مان غول بولۇپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، ھەربىر بوغۇمىدىن يىلتىزلار ئۈنۈپ چىقىدۇ. غولىنىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى، دەسسىلىشكە

چىداملىق كېلىدۇ، تېرىپ چىملىق ھاسىل قىلىشقا مۇۋاپىق.

**زۇغۇي** ① سۈپ. يوق يەردىن گەپ تاپىدىغان، پىتنە-پاسات پەيدا قىلىدىغان، پىتنىخور: – قايسى تۈشۈكتىن ئىغۋا چىقاركىن دەپ پۇراپ يۈرىدىغان زۇغۇي دەللە، كۆرگىنىڭ يالغان، – دېدى ئاسىدە غەزەپ بىلەن مەنسۇرگە. ② ئى. پىتنە-پاسات، ئۇيدۇرما: بىزگە ياغدى ھىدايەت، تۇغۇلدى لاتاپەت. ئۇيناىمىز، ئەتە شادلىق توي، چۈنكى، يوقالغۇسى شۇم زۇغۇي.

**زۇغۇيلۇق** ئى. پىتنە-پاسات تېرىيدىغان، يالغاننى ئۇيدۇرۇپ چىقىرىدىغان قىلىق: زوغۇيلۇق قىلماق. * – ئۇيات ئەمەسمۇ، ئاغىنىلەر! كىم سىلەرنى قاراقچىلىق قىلغىلار دېدى، رازاقمۇ؟ ئۇ مۇتتەھەم نېمىشقا ئۆزى كەلمىدى! سەن ھىسام ئاكا قاچانغىچە زۇغۇيلۇق قىلىسەن؟ – دېدى ئاتلىقلاردىن بىرى قامچىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ.

**زۇكام** ئى (ئە) <تىب> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەدەن ھەددىدىن زىيادە چارچىغان، شامالدىغان ۋە كېسەللىگە قارشى كۈچ ئاجىزلاشقاندا، ئوڭاي پەيدا بولىدۇ ۋە يۇقىدۇ. بۇنىڭدا، گال قۇرۇش، دىماغ پۈتۈش، يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، باش ئاغرىش ۋە قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**زۇكامدىماق** پ. زۇكام بولماق، زۇكام بىلەن يۇقۇملانماق، ئاغرىماق: مەتنىياز مۇدىر خام سېمىز، دائىم زۇكامداپ، بۇرنىغا ماسكا تاقاپ يۈرىدىغان ئادەم بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقتىنى دوختۇرخانىدا ئۆتكۈزگەچكە، ئىشخانىسى دائىم دېگۈدەك بوش تۇراتتى.

**زۇڭتۇڭ** ئى (خەن) بەزى جۇمھۇرىيەتلەردە جۇمھۇرىيەت باشلىقىنىڭ نامى.

**زۇڭلى** ئى (خەن) ① دۆلىتىمىزدىكى گوۋۇيۈەننىڭ رەھبىرىي خادىمىنىڭ نامى. ② بەزى دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ نامى. ③ بەزى سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ نامى.

**زۇلال** سۈپ (ئە) يېز ت. ئىنتايىن سۈزۈك، تىنىق، ساپ: تۇغما زىلۋا بويلىرىڭغا تەلمۈرۈپ-مەن ھەر زامان، چەشمە زۇلال سۇلىرىڭنىڭ جامى بولسام مەيلىمۇ. * زۇلال ئاسماندا بوز تورغاي، قىلار جەۋلان تىنىم تاپماي.

**زۇلپ** ئى (پ) يېز ت. ئاياللارنىڭ ئىككى چېكىسىدىكى چاچ، كوكۇلا: ئېتىپ زۇلپى چېچىن ھەيران، خالايىقنى قىلىپ ۋەيران، بىلەكىدە ئېشىپ زەنجىر بوينۇمغا سالار كەلدى.

**زۇلپكەش** ئى. ئاياللارنىڭ چېچىنى تارىغۇچى، چاچ سالغۇچى ئايال: زۇلپكەشا، زۇلپكەش، كەل خېنىم زۇلپىمنى يەش. ئىككى دەردمەن بىر بولۇپ، ئىچىمدىكى رەنجىمنى يەش.

**زۇلپىقار** ئى (ئە) ① رىۋايەتلەردىكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىشلەتكەن قىلىچى. ② كۆچمە. ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىچ: بۈگۈنكى جەڭدە دۈشمەنلەر بۇ قارا تۇلپارلىققا خېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زۇلپىقارى ئالدىدا باشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۈزۈلۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زۇلقەدە** ئى (ئە) <ئاستر> ھىجرىيىنىڭ 5-ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى 11-ئاي، 30 كۈن بولىدۇ.

**زۇلمەت** ئى (ئە) ① ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاراڭغۇلۇق: زۇلمەت قاپلىماق. * ئانا ئاللىقاچان جان

ئۇزگەندى. دەھشەتلك زۇلمەت جان ئۇزۇش ئالدىدا يالغۇز بچارە قىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋېلىشنمۇ ئاندىن يۇلۇۋالغانىدى. * بۇ چاغدا تاجىخان زەھەرلىك قامچا زەربىسىدىن ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغانىدى. // زۇلمەت كېچە. ② كۆچمە. نادانلىق، جاھالەت: زۇلمەت باسقان بۇ زېمىننى گومىنداڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى كونا شەھەر كوچىلىرىدا بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتتى.

**زۇلمه تلك** سۈپ ① ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، قاپقاراڭغۇ: زېھنىڭدىن قۇيۇلغان ئالتۇن مىسرالار، سۆزلىدى: «خەلقىمنىڭ كەلگۈسى پارلاق!» كۆرەشكە چاقىردى مېھنەتكەشلەرنى، زۇلمەتلىك تۈنلەردە سەن يازغان قوشاق. ② كۆچمە. زۇلمەتكە تولغان، جاھالەت قاپلىغان؛ قالاق: مىليونلىغان كىشلەرنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئەلەم تامغىسىنى بېسىپ كەتكەن زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بىر بۇرجىكى ئاستا-ئاستا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

**زۇلهه ججه** ئى (ئە) <ئاستر> ھىجرىيىنىڭ 12-ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى 12-ئاي، 29 كۈن بولىدۇ.

**زۇلۇم** ئى (ئە) ① كۆچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا، زالىملارنىڭ مەزلۇملارغا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا سالىدىغان جەبىر-جاپاسى؛ شەپقەتسىز ئېزىش؛ ئىستىبداتلىق: مىللىي زۇلۇم. سىنىپىي زۇلۇم. * زۇلۇم زىنداندىن يامان (ماقال). * زۇلۇم بار يەردە ئۆلۈم بار (ماقال). * دەرد نەدىن كېلىدۇ؟ زۇلۇمدىن، قان شوراشتىن كېلىدۇ! ② ئومۇمەن جەبىر-جاپا، مۇشەققەت: زۇلۇم بولماق. كۈنداشلىق زۇلمى. * بۇ پوتەيدە تۇرۇش بىزگىمۇ زۇلۇم، سىڭگىچە بۇ يەردە ئۆلگۈچە تۇرساق بولامتى؟ * ھېرىپ ھالى قالمىغان ئەخمەتجان قار ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ: — تېخى يېرىم يولغا كەلمىدۇق ئاداش، نېمە زۇلۇم بۇ! — دېدى.

**زۇلۇم بولماق** جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاب-ئوقۇبەت، جەبىر-جاپا پەيدا بولماق: — ياق، ئانداق قىلساق ساڭا ئېغىر زۇلۇم بولىدۇ-غۇ بۇ، — دېدى ئاغىنەم ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ.

**زۇلۇم تارتماق** ← **زۇلۇم چەكمەك**: باللارنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاكىسى گومىنداڭ تۈرمىسىدە — ئازاب زىندانىدا يېتىۋاتىدۇ، بىگۇناھ زۇلۇم تارتىۋاتىدۇ.

**زۇلۇم چەكمەك** جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاب، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق تارتماق، ئازابلانماق؛ جاپا چەكمەك؛ ئېزىلمەك: — «يەرگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت» دەپ، ئەمدى نۆۋەت زۇلۇم چەككەن كەمبەغەل پۇقرالارغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ.

**زۇلۇم سالماق** ← **زۇلۇم قىلماق**: پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىمگەن، پۇقرالارغا زۇلۇم سالغان ھەرقانداق ھاكىمىيەت بەربىر غۇلايدۇ.

**زۇلۇم قىلماق** جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاب-ئوقۇبەت، جەبىر-جاپاغا دۇچار قىلماق؛ ئەزمەك: ئوڭاي غەزەپلىنىشكە ئادەتلەنگەن ئادەملەر ئۆزگە ۋە يېقىن كىشلىرىگە ئورۇنسىز زۇلۇم قىلىدۇ. * — بىر تامچە سۇ بەڭگىگە دەريا كۆرۈنۈپتۇ، دېگەن شۇ دە! مانا مەن ھېلىراقتا خاڭدىن چىقتىم، كۆلچەكلەردە ئانچە كۆپ سۇ يوقتۇ؟ بۇ پەقەت بىزگە قىلىنىۋاتقان زۇلۇم! — دېدى

باتۇر زەردە بىلەن.
**زۇلۇمخور** سۈپ. ئازاب-ئوقۇبەت، جەبىر-زۇ-
لۇم قىلىدىغان: زۇلۇمخور پادىشاھ. زۇلۇمخور
بەگ. * ئۆتمۈش، زۇلۇمخور بايدا پۇل،
كۆرگەنتى خوپلۇق قايسى قۇل، بايلارغا ئىشلەپ
تاپمىدىك تىرناقچە ئىززەت-ئېتىبار.
**زۇلۇم-ستەم** تۈرلۈك زۇلۇم ۋە تىل-ھاقارەت-
لەر؛ ئازاب-ئوقۇبەت، كۈلپەت، شۇنىڭدەك
قىيىنچىلىقلار: شاھ مەھمۇرخان ئەلنى
ئادىللىق بىلەن سورىماي، پۇقرالارغا تولا
زۇلۇم-ستەم قىلغان ئوخشايدۇ.
**زۇلۇمكار** ئى (ئە+پ) زۇلۇم سالغۇچى، زۇلۇم
قىلغۇچى، زالىم: شۇنىڭ ئۈچۈن بۇيرۇيمەن،
ئېشەكتە ئىز قانچە ئىكەن، تولۇق ساناپ
كۆرۈلسۇن! بۇ زۇلۇمكار بەتبەختكە، شۇنچە
كالتەك ئۇرۇلسۇن!
**زۇمرەت** (پ) ئى ① <كېئول> تەركىبىدە
خروم بولغانلىقى ئۈچۈن يايپېشىل كۆرۈنىدى-
غان بىر خىل قىممەت باھا تاش. ②
ئاياللارنىڭ ئىسمى.
**زۇمرەت تاش** <كېئول> بىر خىل مىنېرال.
ئاساسلىق تەركىبى سىلىتسىي، ئالىيۇمىن
ۋە بېرىللىي بولۇپ، يېشىل كۆك، سېرىق،
ئاچ قىزىل ۋە رەڭسىز. ئادەتتە ئالتە
ياقلىق پىرىزما شەكلىدە بولىدۇ، ئەينەك
پارقىراقلىقىغا ئىگە، سۈزۈك ياكى سەل
سۈزۈك كېلىدۇ. قاتتىقلىقى يۇقىرى، كۆپىنچە
گرانىت تاش، چىرىمتال قاتارلىقلاردىن
چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن بېرىللىي ۋە باشقا
خىمىيۋى بىرىكمىلەرنى چەككىلەپ ئېلىشقا
بولىدۇ.
**زۇننار** ئى (ئە) ① زىننەتلىك بەلباغ،
كەمەر. ② كۆچمە. ئاياللار بوينىغا ئاسى-
دىغان قىممەت باھالىق بۇيۇملارنىڭ بىرى:
قىزلار بىر-بىرىدىن ئوماق ۋە كېلىشكەن. بىرى
قولىدىكى باربىتنى زوق بىلەن چالماقتا. ئۇنىڭ
سېپكىلەكلىرى تىترىمەكتە، بوينىغا ئاسقان
زۇننارىنىڭ ياقۇت كۆزى ۋالىلدىماقتا.
**زۇۋان** ئى (پ) ① تىل، گەپ-سۆز: زۇۋان
سۇرمەك. * پالتىدىن زۇۋان كەپتۇ، قاتىلدىن
ئىمان كەپتۇ (ماقال). * — بۇنىڭ زۇۋانىنى
مەن چۈشىنىمەن، مەن ساڭا دەپ بېرەي،
— دەپتۇ پاشا بىلەن بىللىلا يېتىپ كەلگەن
قارلىغاچ. * ئۆلۈمدىن ۋەھىمەم يوق، قورقۇنچۇم
ئىمانىمدىن، مېنى قەستلىگەن ئەبلەخ چۈچۈدى
زۇۋانىمدىن. ② ئۈن، ئاۋاز، تاۋۇش:
مەن ئەنە شۇنداق ئارزۇلار بىلەن يەنە
پېرىم ئاينىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. لېكىن ھاكىمدىن
بىرەر تىنىق زۇۋانمۇ بولمىدى. * — ھەم
زۇۋانىڭنى چىقارما، ئادەم، ئادەم... كېلىۋاتىدۇ،
— دەپتۇ شىر.
**زۇۋان چىقارماق** گەپ-سۆز قىلماق؛
ئاۋاز، ئۈن، تاۋۇش چىقارماق: ئادەم
خىزمەت قىلغان چېغىدا، سىرتقى كۆرۈنۈشتە
زۇۋان چىقارماي ئولتۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن
ئەمەلىيەتتە ئىچكى تىلنى ئىشقا سېلىش
ئارقىلىق دىققىتىنى ئويلىغان مەسىلىسى ياكى
قىلىۋاتقان ئىشىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشتىن
بىر مىنۇتمۇ توختىمايدۇ. * ئۇ بېلىدىكى قاپىقىدىن
سۇ ئېلىپ، تاشنى چايقاپ چاشقانغا ئىچۈرگەنە-
كەن، ئۆلەر ھالدا ياتقان چاشقان شۇ ھامان
سىلكىنىپ قوپۇپ، بىر ئايلىنىپتۇ ۋە زۇۋان
چىقىرىپ ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ.
**زۇۋاندىن قالماق** سۆزلەش، گەپ قىلىش
قابىلىيىتىنى يوقاتماق؛ سۆزلىيەلمەي
قالماق: دەھشەتلىك بىر جۇپ قول گېلىمنى
بوغۇۋالغاندەك زۇۋاندىن قېلىپ، ياش تامچىلىرىم
سەل بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. * ھەيرانە-ھەسلىك-
تە زۇۋاندىن قالغان ئاياللار ئەمدى ئۇھ
تارتىشىپ بىر-بىرىگە سۆزلەشكە باشلىدى.

**زۇۋان سۇرمەك** گەپ قىلماق، سۆزلە- مەك: مۇشۇ خەۋپلىك هايات ئىچىدە زۇۋان سۇرۇشكە باشلىغان زامانقۇل ئەھمىدىنىڭ تىلى ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك ئىدى. * مېھرىناي نۇرغۇن شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاپپار زۇۋان سۇرۇشكە پېتىنالمىغاندەك جىم ئولتۇراتتى.

**زۇۋانغا كەلمەك** .گەپ-سۆز قىلىشقا باشلىماق، تىلى چىقماق، تىلغا كىرمەك، زۇۋان سۇرمەك: ئۇ تۇرسۇنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئەستە زۇۋانغا كەلدى. * ئانار مۇشۇنداق دېلىغۇللۇق ئىچىدە تۇرغاندا، شەۋكەت زۇۋانغا كەلدى.

**زۇۋانغا كىرمەك** سۆزلەشكە، گەپ قىلىشقا باشلىماق؛ تىل پەيدا بولماق، تىلى چىقماق: نامان بىردىن زۇۋانغا كىرىپ، ھەڭگىل چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، سۇلايمانغا دېۋەيلىدى. * شۇ چاغدا كىيىك توساتتىن زۇۋانغا كىرىپ ئادەمدەك سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

**زۇۋان كىرمەك** تىلى چىقماق، سۆزلە- يەلەيدىغان، گەپ قىلالايدىغان بولماق؛ ئاۋاز چىقارماق: تارتىش-تاقىلدىتىش ۋە بىرمۇنچە گەپلەردىن كېيىن ئۇلارغا زۇۋان كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ھەدېگەندە مەمەتنىڭ ئايالىغا ئوخشاش «ئەرۋاھ ئۇزۇ- تىش» سۆزلىرىنى قىلىشتى. * زۇۋان كىرىپ تۇيۇقسىز، سۇنۇپ ياتقان پارتىغا، دېدى: — دوستلار يېتىڭلار، مەن پارتىنىڭ ھالىغا.

**زۇۋانى تۇتۇلماق** ① سۆزلەش ئىقتىدارى- نى يوقاتماق؛ سۆزلەشتىن، گەپ قىلىشتىن قالماق: ئۆتكەن يىلى بىر كېچىدە مۇشۇ مازاردا دادامنىڭ كۆزىگە بىر ئوت كۆرۈنۈپتى- كەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ كۈن زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. ② كۆچمە. گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي قالماق، گەپ قىلىشتىن توختىماق: باي پاراسەتلىك كەمبەغەلنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ رەسۋالىق ۋە شەرمەندىلىك- تە نېمە دېيىشنى بىلمەي زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ. * قاراڭغۇ چۈشتى، سۇمۇ توڭدى، مولۇننىڭمۇ زۇۋانى تۇتۇلدى، ئەبەدىي تۇتۇلدى.

**زۇۋانى گەپكە كەلمەك** گەپ-سۆز قىلىشقا باشلىماق، زۇۋانغا كەلمەك، زۇۋان چىقارماق؛ ئېنىق سۆزلەشكە باشلىماق: باست بىردىنلا «سەنلەپ» ۋارقىرىدى. ئۇ ئەمدى ئەسەبىيلىشىپ خۇدىنى يوقاتقانىدى، تىلىمۇ دۇدۇقلاپ، زۇۋانى گەپكە كەلمىدى.

**زۇۋانىنى دارغا تارتماق** قاتتىق ئەدە- بىنى، دەككىسىنى بەرمەك؛ زەربە بەرمەك: — بىز ساڭا كېلىشتۇرۇپ ئەن سېلىپ قويايلى. زۇۋانىڭ دارغا تارتىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سېنىڭ نوچىلىقىڭنى كۆرىمىز، — دەپ سەت ۋارقىرىدى شۇڭگەن.

**زۇۋانى ئۆچمەك** گەپ-سۆز قىلىشتىن، ئاۋاز چىقىرىشتىن توختىماق؛ زۇۋانى، ئۈنى ئۆچمەك؛ ئاۋازى بېسىلماق؛ لام-جىم دېيەلمەي قالماق: دېگەنبىلەن، تاغ شامىلى ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈردى. ماشىنا تېزلىگەنسېرى، شامال ئەدىگىلى تۇردى.

**زۇۋانى ئىچىگە چۈشمەك** نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئاغزىنى ئاچالماي قالماق؛ سۆزلىيەلمەي قالماق: باستى تىترەك، بوغۇلۇپ چۈشتى زۇۋانى ئىچىگە، ئۇنىڭغىچە قاتتىل يىراقلاپ كەتتى، سىڭدى كېچىگە.

**زۇۋانداراز** سۈپ (پ) يېز ت. گەپكە ئۇستا؛ جەلىپ قىلارلىق، چىرايلىق، يېقىملىق سۆز قىلىدىغان؛ سۆزمەن، ناتىق: مەرھۇم ئابدۇقادىر ھەممە جەھەتتىن يېتىش- كەن، ئالىم، كۆپچىلىكنى ئۆزىگە ئەگەش-

ىتۇرەلـەيدىغان زۇۋاندارراز ئادەم ئىدى. //
شۇنداقتىمۇ نۇردۇن ھاكىم چاققانلىق بىلەن
ئەيىبنى كاتىپقا ئارتىپ، ئارتىس دېگەن بۇ
مازاقچى، زۇۋاندارازلارنىڭ كۆلكىسىنى ھەرھالدا
ۋاقىتلىق بولسىمۇ بېسىپ قالدى.

**زۇۋاندارازلىق** ئى. سۆزگە ئۇستىلىق،
سۆزمەنلىك، ناتىقلىق: نورۇز داموللا
قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئۆگەنگەن زۇۋاندارازلى-
قى بىلەن شاھزادە غوجامنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ،
ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟
* ئىرپاننىڭ چېچەنلىكى، چاقماقتەك زۇۋا-
دارازلىقىدىن ھەيران قالغان مېھمان يىگىت
قاتتىق ھاياجانلاندى-دە، زوقمەنلىك بىلەن
يەنە سورىدى.

**زۇۋانسىز** سۈپ ① زۇۋانى يوق، تىلسىز:
ماڭا ئوخشاش بوزەككە، ئەي پادىشاھ زادى
سەن، ئىشىنەمسەن ئادەمگە، يا زۇۋانسىز
ئېشەككە. ② گەپ-سۆز قىلمايدىغان،
زۇۋان سۈرمەيدىغان، ئاۋازسىز: – ئەگەر
ئاتامغا چۈشۈمدە كۆرگەن، مەن ئاشىق بىقارار
بولغان بۇ ساھىبجامال قىزنى ماڭا ئېلىپ
بەرسۇن دېسەم ئاتامنى قىيناپ قويىمەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن شۇندىن بېرى زۇۋانسىز
بولۇۋالدىم، – دەپتۇ شاھزادە. // ئۇنىڭ
كۆۋاھلىقىدىن كېيىن تاقىتىم تاق بولدى-دە،
ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم ۋە
تىزلىنىپ قولىنى تۇتقىنىمچە چىرايىغا قاراپ بىر
ھازا زۇۋانسىز تۇرۇپ قالدىم.

**زۇۋانسىزلىق** «زۇۋانسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى.

**زۇۋۇلا** ئى. نان يېقىش ۋە چۆپ يېيىش
ئۈچۈن تەييارلانغان يۇمىلاق خېمىر: زۇۋۇلا
قىلماق. زۇۋۇلا تۇتماق. * ئەتىگەنلىكى باش
توخۇدا ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، ئوت يېقىش،
ئۇستەل-ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈش، قېيما ھازىر-
لاش، خېمىر زۇۋۇلا قىلىشقا ئوخشاش تەييارلىقلىرى-
نى پۈتكۈزۈۋالغان بىرنەچچە كىچىك ئاشخانا
شوپۇرلارغا ئەتىگەنلىك تاماق بېرىپ بولغان-
دىن كېيىن، خېرىدارسىز قېلىپ جىمىپ
كەتتى.

**زۇۋۇلسى چوڭ** تەلىيى، ئامىتى، بەختى
بار؛ پېشانىسى ئوڭ: – ھوي مەلىكەم!
خۇدا تەلەيلىرىنى ئوڭ، زۇۋۇلىلىرىنى بەك
چوڭ قىلىپ ياراتقانىكەن، – دېدى كەمپىر
بىركۈنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھىيلە-مىكرىس-
نى ئىشقا سېلىپ.

**زۇۋۇلسى چوڭ ئۈزۈلگەن** تۇغۇلۇشىدىنلا
تەلىيى بار، ئامەتلىك، بەختلىك،
پېشانىسى ئوڭ: – تۆرەم، ئۆزلىرى زۇۋۇلىلىرى
چوڭ ئۈزۈلگەن ئادەم ئىكەنلا، تەقدىر-تەلەيلە-
رى ئەزەلدىن ئوڭ كەلگەنىكەن، – دېدى
ساھىبخان سۆز باشلاپ.

**زۇۋۇلسى كىچىك** تەلىيى، ئامىتى يوق،
بەختى كاج، تەتۈر پېشانە: – خۇدا،
نېمىشقا زۇۋۇلامنى كىچىك ياراتقان بولغىيتىڭ!
ئاھ، خۇدا... – دەپ نالە قىلاتتى ئۇ.

**زۇۋۇلسى كىچىك ئۈزۈلگەن** تۇغۇلۇشىدىنلا
بىتەلەي، ئامەتسىز، بەختى كاج،
پېشانىسى تەتۈر بولغان: – سىز بىلمەيسىز،
ئۆيىمىزنىڭ زادىلا تاپاۋىتى يوق، زۇۋۇلىمىز
كىچىك ئۈزۈلگەن چېغى، مانا، بۈگۈن سىز
بېرىدىغان پۇلغا پۈتۈن ئۆيدىكىلەر قاراپ
تۇرۇپتۇ، – دېدى بالا چۈشەندۈرۈپ.

**زۇۋۇلسى يوغان ئۈزۈلگەن** ← **زۇۋۇلسى
چوڭ ئۈزۈلگەن**: بىز بۇرۇن بايلارنىڭ
زۇۋۇلسى يوغان ئۈزۈلگەن، كەمبەغەللەرنىڭ
بولسا، كىچىك دېگەن ۋەز-نەسىھەتلەرگە
ئالدىنىغانىدۇق.

**زۆرۋر** سۈپ (ئە) ① بىرەر ئىش ياكى ئېھتىياج ئۈچۈن كېرەك بولغان لازىملىق؛ كېرەكلىك: مۇشۇ تاپتا ئەڭ زۆرۋر نەرسە تېخى پۇل ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تاپىندىن يوتىسغىچە سۆركەش ئۈچۈن قىزىتىدىغان قىچا مېيى دورىسى. * — بىز بۇ ئەنزىنى چوقۇم ئېنقلاپ چىقىمىز. سىزمۇ بىزگە زۆرۋر چاغلاردا ياردەمدە بولۇشىڭىز كېرەك، قانداق؟ — دېدى شۇجى ئايالىغا قاراپ. ② تېز قىلىنىشى لازىم بولغان، مۇھىم: ئابدىم تۇتۇپ چىقىپ كېتىلگەن ئۈچ كۈندىن بۇيان، ئۇنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى، بۇ ھەقتە رەھمەتجان بىلەن مۇڭدىشىشمۇ زۆرۋر ئىدى. * ئەدەبىياتچى بولىمەن دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پىششىق بىلگەنىنىڭ تاشايىندا، يەنە بۆلەك خەلقلەردىن ئاز دېگەندە بىر-ئىككىسىنىڭ تىلىنى بىلىش بەك زۆرۋر ئىكەن.

**زۆرۋر ئامىنو كىسلاتا** <خم> ئادەملەر ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ئەمما ئادەم تېنىدە بىرىكتۈرۈلمەي پەقەت ئوزۇقلۇق ئارقىلىق تەمىنلىنىپ تۇرىدىغان ئامىنو كىسلاتالىرى. مەسىلەن، مېتىئونىن، ۋالىن، لېئوتسىن ئىزولېئوتسىن، لىسىن كىسلاتاسى، ترېئونىن، ترىپتوفان ۋە فېنىل ئالانىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**زۆرۋر ئەمگەك** <س ئق> ئەمگەكچىلەر ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىشى زۆرۋر بولغان بىرقىسىم ئەمگەك، يەنى «قوشۇمچە ئەمگەك» نىڭ ئەكسى.

**زۆرۋر بولماق** مۇھىم ھېسابلانماق؛ لازىم دەپ قارالماق: بۇ ھەرگىزمۇ درامىدا پېرسوناژ ناخشا ئېيتماسلىقى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. زۆرۋر بولغان جايلاردا ئەلۋەتتە ئېيتىش كېرەك.

**زۆرۋر بولمىغان ئامىنو كىسلاتا** <خم> ئادەم تېنىدە بىرىكەلەيدىغان ئامىنو كىسلاتالىرى. مەسىلەن، گلىتسىن، ئالانىن، ئاسپارتات كىسلاتاسى، گلوتامىن كىسلاتاسى، پرولىن، گىدروكسى پرولىن، ئارگىنىن، سىستىن ۋە سىستېيىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**زۆرۋر تاپماق** مۇھىم دەپ ھېسابلىماق، لازىم تاپماق: ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا سۆزلەۋاتقان ئىدارە باشلىقى مۇسا يەنە بەزى مەسىلىلەرنى جىددىي كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى زۆرۋر تاپتى.

**زۆرۋر دەرس** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ بەلگىلىمىسى بويىچە ئوقۇشى شەرت بولغان دەرسلەر.

**زۆرۋر شەرت** <لوگ> مەلۇم بىر نەتىجىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەلۇم بىرى بولمىسا، نەتىجە جەزمەن بولمايدىغان، شۇ شەرت بولسا، شۇ نەتىجىنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن بولىدىغان بىر خىل شەرت. ئادەتتە «يېتەرلىك شەرت» كە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**زۆرۋرلۈك** «زۆرۋر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەمەت ھەمراھلىرىنى ئاۋۋال قېچىشقا تەشكىللەشنىڭ زۆرۋرلۈكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قېچىش ۋاقتىنى ئاتايىن ئارقىغا سۈردى. * جالالىدىن شورپىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئاشلىق سېتىپ بېرىشنىڭ زۆرۋرلۈكى توغرىسىدا سۆزلىدى.

**زۆرۋرىي** سۈپ (ئە) زۆرۋر، كېرەكلىك بولغان، ئىنتايىن مۇھىم: ئىجتىمائىي زۆرۋرىي ئەمگەك.

**زۆرۋرىيەت** ئى (ئە) بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە بولغان ئېھتىياج؛ زۆرۋرلۈك، ھاجەت: زۆرۋرىيەت ئالىمى. * مۇنىرىدىن

لۆتپۇللانىڭ قەيسەرلىكىگە ئەزەلدىن قايىل ئىدى، لېكىن ئۇنى ئاسراپ قېلىش زۆرۈرىيىتىدىن قانچە قىلىپ باقسىمۇ، ئۇنى ھازىر يۇمشىتالمىدى. * بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئابلىز قارىي قانداقتۇر زۆرۈرىيەت بىلەن كېرىيىلىك بىر بەگنىڭ سارالڭ قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان كۈنىلا بۇ قەسىردە قىيامەت قايىم بولغانىدى.

**زۆھرە** ئى (ئە) ① <ئاستر> ۋېنېرا، چولپان. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زۆھرە يۇلتۇزى** <ئاستر> → **ۋېنېرا.**

**زۇلۇك** ئى ① <زوئول> بوغۇم تەنلىك ھايۋان. تېنى ئۇزۇنچاق ۋە سەل ياپىلاق، قارا يېشىل رەڭدە كېلىدۇ. قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا شورىغۇچى تەخسىسى بولىدۇ، قوش جىنسلىق. سازلىق ۋە ئېتىز سۇلىرىدا پارازىت ياشايدۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا ياشايدىغان، تىرىكتاپ ئادەم.

**زۇلۇك تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ماگنىي، ئاليۇمىن، سىلىتسىي، تۆمۈر قاتارلىقلار بولۇپ، كۆپىنچە قوڭۇر كېلىدۇ. شەكلى چىرىمتالغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئېلاستىكلىقى بولمايدۇ. ئىسسىقلىققا يولۇققاندا كۆپىدۇ، ئاۋاز توسۇش ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەسلىك خۇسۇسىيىتى ياخشى. ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە مېتاللورگىيە سانائىتى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**زۇھەل** ئى (ئە) <ئاستر> ساتۇرن يۇلتۇزى.

**زې** «ز» ھەرپىنىڭ نامى.

**زېدە** ئى (پ) ① زەخىملەنگەن ياكى سېسىغان جاي، ئىز؛ يارا، جاراھەت: چەينەك ئېغىزىنىڭ زېدىسى. زېدىسى يوق ئالما. // زېدە قوغۇن. ② كۆچمە. دەرد-ئەلەم، ھەسرەت: گالۋاڭ ئېگىزىنىڭ بېشى ھەمىشە زېدە (ماقال). * — ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوڭشاپ قويساڭلار بولغۇدەك، چۈشىنىشمەسلىك بولۇۋېرىپ ھەسرەتلىك ئاقىۋەت چىقمىسۇن يەنە، ياش يۈرەككە چۈشكەن زېدە ئۆمۈرۋايەتلىك بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئابابەكرى كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ.

**زېدە بولماق** ① زېدىلەنمەك، زەخىملەنمەك: سېۋەتتىكى ئالمىلارنىڭ ھەممىسى زېدە بولۇپ كېتىپتۇ. * توپنى يېرىپ ئوتتۇرىغا كىرگەن ئەركىن ساقچىلارنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇدۇللا ھېلىقى ھەربىي--ئەجنەبىينىڭ ئالدىغا باردى. كۆردىكى ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئالقاندەك يېرى زېدە بولغان، ھەربىي شۇنىڭغا قايىنماقتا ئىدى. ② كۆچمە. دەرد، ئەلەمگە تولماق، ئازابلانماق: شۇ سۆزدىن كېيىن، تاشۋاي راۋابقا زەخمەك ئۇردى. راۋاب، زېدە بولغان يۈرەك يارىلانغان كۆڭۈلدىن چەكسىز مۇڭلۇق سادا چىقاردى.

**زېدە قىلماق** → **زېدىلىمەك**: ئايال ئېغىر يارىدار ئىدى، ئۇنىڭ ئوق مۈرىسىدىن تېشىپ ئۆتكەن ئوق كۆكرىكىنىڭ سەل ئۈستى تەرىپىدىن پىيالىدەك يەرنى زېدە قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. * بەگباشلىقىمنىڭ ئاخىرىدا ماڭا ئاتا قىلغان يۈرىكىمنى زېدە قىلغۇچى ھەدىيىلەرنى كۆرۈپ، ئۆتكەن ھاياتىمغا ئۆكۈنۈشكە باشلىدىم.

**زېدىلەندۈرمەك** «زېدىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقالنى قىرغاندا بەك قىرماسلىق ۋە تېرىنى زېدىلەندۈرۈپ قويماسلىق لازىم.

**زېدىلەنمەك** «زېدىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېسەللەرنىڭ بەدىنى

ئاجىز، ئاشقازان-ئۈچەي يوللىرىدا زېدىلىنىش ۋە ياللۇغلىنىش بارلارغا كۈچلۈك سۈرگە بېرىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم. * ئۇلار دېرىزىلىرى چېقىلغان ۋە زېدىلەنگەن تاملىرىغا رەڭگارەڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلانغان ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ سېمونت پەلەمپەيلىرىدىن ئۆرلەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

**زېدىلمەك** پ. ① زېدە قىلماق، زەخمىلەندۈرمەك، جاراھەتلەندۈرمەك، سېستىماق، يارا قىلماق: بۇرۇن ئېچىنى يۇيغاندا بەك سوغۇق ياكى قىزىق سۇ ئىشلەتمەسلىك؛ بەتبۇي پۇراق ۋە ئۆتكۈر پۇراقلاردىن ساقلاش ۋە قول بىلەن كولاپ بۇرۇن شىللىق پەردىلىرىنى زېدىلىمەسلىك لازىم. ② كۆچمە. دەرد-ئەلەمگە تولدۇرماق، ئازابلانماق: زېدىلەيتتى يۈرىكىنى خىياللار، يەنە كونا تاتۇقلارغا سىيلىپ ئىز. كۆرۈنەتتى كۆزلىرىگە تىرىكتەك، مەڭگۈ ئارام بىلەن تىنچىپ ياتقان قىز.

**زېدىماق** پ. دىئال. زېرىكمەك، يالچىماق.

**زېرەك** سۈپ (پ) تېز ئۆيلىيالايدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى ئىشلەيدىغان؛ سەزگۈر، ئەقىللىق، ھوشيار، چېچەن: زېرەك ئايال. زېرەك قىز. * بۇگۈنكى دوستلىرىڭدىن ئەتىكى دۈشمەنلىرىڭ زېرەك (ماقال). * نادان كۈلگە يۈگۈرەيدۇ، زېرەك مېۋىگە (ماقال). * ئەي ئىنسان، ئەگەر زېرەك ئادەملەر جۈملىسىدىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق، يەنى باراۋەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ياخشى-يامانلىقنى كۆرۈپ، يامان ئىش بولسا، ئۇنى قىلىشتىن ساقلان، ئۆزۈڭدە بولسا، دەرھال تۈزەت.

**زېرەكلەشتۈرمەك** «زېرەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زېرەكلەشمەك** پ. زېرەك، ھوشيار ھالەتكە كەلمەك؛ سەزگۈرلۈكى، چېچەنلىكى ئاشماق: ئۇ چوڭ بولغانسېرى زېرەكلىشىپ چاشقان كۆشىگەننى تۇيىدىغان، تېز پىكىر قىلىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

**زېرەكلىك** «زېرەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئالماقلىق — زېرەكلىك، بەرمەكلىك — نادانلىق (ماقال). * چولپان كۆرسەتكەن بۇ چارە بىلەن ئادىل خېلى يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى ۋە چولپاننىڭ زېرەكلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ زوقلاندى. * سۇتۇق 12 يېشىدىلا زېرەكلىكى بىلەن باللارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى.

**زېرىكەرلىك** سۈپ → **زېرىكىشلىك**: باشلىقنىڭ سۆزى تۈگىگەيدىغاندەك ئەمەس، قارىغاندا، ئۇنىڭ ھازىرچە قىلىدىغان ئىشى يوقتەك قىلاتتى. مەن بۇ زېرىكەرلىك «يولىيورۇق» نىڭ تېزراق تۈگىشىنى بىتاقەت بولۇپ كۈتتۈم.

**زېرىكتۈرمەك** «زېرىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خوتۇنىنى زېرىكتۈرەي دېسەڭ، ھۆل ئوتۇن ئېلىپ بەر (ماقال). * ئىمىن كۆلا ئالدىراپ تۇراتتى، سايىمنىڭ گەپىنى ئەگىتىپ ئەزمىلىك قىلىشى ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويدى.

**زېرىككەك** سۈپ. ئاسان زېرىكىدىغان، كۆپ زېرىكىدىغان: زېرىككەك بولماڭ، تېرىككەك بولماڭ، كۆڭۈلچەك بولماڭ، ئېرىنچەك بولماڭ (ماقال). * ئۇ مىجەزدە تېرىككەك، ئىشتىن زېرىككەك، روھى سۇنۇق، كەيپى خۇنۇك بولۇپ قالغانىدى.

**زېرىككەكلىك** ئى. ئاسانلا زېرىكىپ قالىدىغان مىجەز، خاراكتېر: ئېرىنچەكلىك، زېرىككەكلىك، تېرىككەكلىكلەرگە قارىغاندا، ھەر ھالدا، كۆڭۈلچەكلىك ياخشى.

**زېرىكمەك** پ. ئىچى پۇشماق، بىزار بولماق،

بەزمەك: دۇنيادا ئەخمەق بولمىسا، ئەقىل ئىگىلىرى زېرىكىپ قالىدۇ. * لىنتىپ بىلەن ماھىرە يېڭى توي قىلغانىدى. بىراق كۆپ ئۆتمەيلا ماھىرە يېڭى تۇرمۇشىدىن زېرىكىشكە باشلىدى.

**زېرىكمەي-تېرىكمەي** پەقەت ئىچ پۇشۇقى ھېس قىلماي ۋە ئاچچىقلانماي، قەتئىي باش تارتماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن: ئۇ ئاشۇنداق زېرىكمەي-تېرىكمەي ئارىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى كارخانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن بىرقەدەر خەۋەردار بولدى. * ئېزىز خاتالاش-قان ياشلاردىن ئۇن نەچچە يىلەنگە زېرىك-مەي-تېرىكمەي ئاشۇنداق خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدى.

**زېرىكىشلىك** سۈپ. ئىچى پۇشىدىغان، زېرىكىش ھېس قىلىدىغان: رەيھان ئۈچۈن ۋارىسجان ئارتۇقچە ۋە زېرىكىشلىك بىر ئادەم بولۇپ قالدى. // راۋابنى كۆرۈپ ئىرپاننىڭ زېرىكىشلىكى ۋە بايا سايىمدىن تارتقان ئەلەم-خاپىلىقى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا ئاللىقاياقلار-غا ئۇچۇپ كەتتى.

**زېرىكىشمەك** «زېرىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زېرىكىشىپ ئولتۇرۇشقان ئەدەبىياتچىلار ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئېلان قىلىنىشى بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

**زىلكوۋا** ئى (لات) <بوت> ← **زىلكوۋا دەرىخى.**

**زىلكوۋا دەرىخى** <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. كىچىك شاخلىرى ئىنچىكە، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نوۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە ئىككى قاتار تىزىلىدۇ. گىرۋىكىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق، ئانىلىقى بىر تۈپتە بولۇپ، ئەتىيازدا ئېچىلىدۇ. مېۋىسى قاتتىق ۋە سۇغا چىدامىلىق بولىدۇ.

**زېمىن** ئى (پ) ① يەر شارى، يەر يۈزى، تۇپراق: كەڭ زېمىن. * كۆن زېمىننى يورۇتار، بىلىم مېڭىنى (ماقال). * بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن شۇ چاغدىلا تۈن پەردىسىنىڭ كەڭ زېمىننى قاپلىغانلىقىنى بىلدى. ② تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەر؛ ئېكىنزارلىق: قاراڭلار ئەنە، يالقۇنتاغ قىزىل ئالتۇندەك تاۋلىنىپ يالقۇنجىماقتا. چۆل تەرەپچۇ، چەكسىز مۇنبەت زېمىن، پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق. * بۇزلارغا سۇ باشلاپ، زېمىن كۆكەرتىپ، ياشىغان ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش دېھقان. كۆكەرگەن زېمىندا ياتقان ئاخىرى، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بېرىپ يەرگە جان. ③ ئولتۇراق جاي؛ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر: بۇ ھويلا تۆمۈر خەلپىلەرنىڭ ئۆز زېمىنى ئىدى. ④ كۆچمە. قولايلىق شەرت-شا-رائىت، ئىمكانىيەت: زېمىن ھازىرلىماق. * ئالدىنقىلار بىزگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى.

**زېمىن تەييارلىماق ← زېمىن ھازىرلى-ماق**: خەلققە دۈشمەن كۈچلەر ئۆز قىلمىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن زېمىن تەييارلىماقتا، ئۆزلىرى كۆمۈلىدىغان گۆر تەييارلىماقتا.

**زېمىن سىرتى ھوقۇقى** دۆلەتلەر ئارا بىر-بىرىنىڭ دىپلوماتىك ئەمەلدارىغا بېرىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىمتىياز. ئۇ جىسمانىي زىيان-زەخمەتكە، تۇرار جايى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماسلىق؛ يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى باشقۇرۇشى بىلەن چەكلەن-مەسلىك؛ باج-سېلىق، ئالۋان-ياساقتىن خالىي بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيارەت قىلىش ئۈچۈن چەتكە

چىققان دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىمۇ ئادەتتە زېمىن سىرتى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**زېمىن قالدۇرماق** ئىمكانىيەت، ئورۇن قالدۇرماق: قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا زېمىن قالدۇرماسلىقىمىز لازىم.

**زېمىن ھازىرلىماق** قولايلىق شەرت-شارائىت، ئىمكانىيەت ياراتماق؛ ئورۇن تەييارلىماق: ئۇكەر كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن نېمىلا بولمىسۇن ئاتلاشنى ئاخىرلاشتۇرۇش، ئىككى قولاق تاۋۇز مايسىلىرىنىڭ تۆت قولاق بولۇشى، ئۈچ تارتىپ، چېچەكلەپ خەمەكلىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش كېرەك.

**زېمىندار** ئى (پ) نۇرغۇن يەر-زېمىن ئىگىلىگەن ئادەم، كۆپ يەر-زېمىن ئىگىسى: تۇنىياز ئاكىلار ئىجارىگە ئېلىپ تېرىلغان يەر ئۈچۈن كۈزلۈكى زېمىندار مۇھەممەد بايغا تاغار-تاغارلاپ ئاشلىق تۆلىسە، قالغىنىنى غەللە-پاراق، باج-سېلىق ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

**زېنىت** ① ئى (ئە>فران>ر) <ئاستر> كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ۋېرتىكال سىزىقىنى ئۇزارتقاندا، ئاسمان شارى بىلەن ئۆزئارا كېسىشكەن نۇقتا. ② سۈپ <ھەرب> قىد. ئاسماندىكى ئۇچۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئوقۇپ تۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: زېنىت توپ، زېنىت پىلىموت.

**زېنىت پىلىموت** <ھەرب> ئالاھىدە جازا ۋە قارىغا ئېلىش ئەسۋابى ئورنىتىلغان بىر خىل پىلىموت. ئاساسەن تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئايروپىلان ۋە پاراشوتچى ئەسكەرلەرنى يوقىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**زېنىت توپ** <ھەرب> يەر ئۈستىدە ياكى پاراخوتلاردا ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل زەمبىرەك. ئاساسەن ئايروپىلان، پاراشوتچى ئەسكەر ۋە ھاۋادىكى باشقا نىشانلارنى ئوقۇپ تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**زېنىت توپچى** <ھەرب> زېنىت توپى ئاتىدىغان ئەسكەر.

**زېنىت توپچى قىسىم** <ھەرب> ئاساسەن زېنىت توپى بىلەن قوراللانغان ھەمدە ئوق كۈچى ئارقىلىق دۈشمەن ئايروپىلانى ۋە پاراشوتتىن سەكرىگەن ئەسكەرلەرگە قارشى جەڭ قىلىدىغان ئەسكىرىي قىسىم.

**زېنىت تېلىسكوپى** <ئاستر> ئاسترونومىيىلىك كەڭلىكنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**زېھىن** ئى (ئە) ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى؛ ئەس-ھوش، ئەقىل، ئىدراك: دەپتەر قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. زېھنىم چاقماق تېزلىكىدە خۇلاسە چىقارماقتا ئىدى. * ئۇ ھوشۇر ئاكامنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى قىزىق چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ تىڭشاۋاتاتتى.

**زېھنى چېچىلماق** پىكىر-خىيالى، زېھنى قالايمىقانلىشىپ كەتمەك؛ پىكرىنى يىغالماي قالماق: ئۇ ئۆزىنى قانچە خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، زېھنى چېچىلىپ، ئىشى يۈرۈشمەي قالدى.

**زېھنىگە ئالماق** ئېسىگە، يادىغا، خىيالىغا كەلتۈرمەك؛ ئويلاپ يەتمەك، زېھنىگە چۈشۈرمەك: — ئى بۇرادەر مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى ئىشتكىلى سەن ئاجىز كېلۇرسەن. ئەگەر قەدرىنى بىلسەڭ، زېھنىڭگە ئالساڭ، ئەسلا تاقەت قىلالماسسەن، — دېدى غولامزادە.

**زېھنىگە سالماق** يادىغا، خىيالىغا سال-

ماق؛ ئەسلەتمەك، خەۋەرلەندۈرمەك، بىلدۈرمەك: – ئاڭلاپ تۇرغىن بالام لۇتپۇللا، زەينەپخان ئاچاڭنىڭ قېشىدا بىر ئىشنى زېھنىڭگە سېلىپ قوياي، – دېدى تاجىنساخان موماي.

**زېھنىي يىغماق** پىكىر-خىيالىنى، ئەس-ھوشىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرمەك، توپلىماق: ئۇ بارلىق زېھنىنى يىغىپ، ئەنجانىباينىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

**زېھنىي ئۇچۇق** ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەس-ھوشى جايىدا، ئىدراكلىق: تۆمۈر خەلپە پۈتىنغا چورۇق تارتىپ، تېرە شالۋۇر كىيىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەملەر ئىچىدىن ئاجايىپ زېھنىي ئۇچۇق، غەيرەتلىك، ئالىيجاناب كىشىلەرنى تېپىپ ئۇلار بىلەن دوستلاشتى.

**زېھنىي ئېچىلماق** يېڭى تەسرات، يېڭى بىلىمگە ئېرىشمەك؛ پىكىر قىلىش، ئويلاش دائىرىسى كېڭەيمەك: نادان ئىدىم-بىلىمسىز ئىدىم، كىتاب بىلەن زېھنىم ئېچىلدى. قەلبىمگە ھەر ئالتۇن قۇرىدىن، مەرىپەتنىڭ نۇرى چېچىلدى.

**زېھن قويماق** ① دىققەت بىلەن كۆزەتمەك، كۆزدىن كەچۈرمەك، سەپسالماق: مەتنىياز ھەر نەرسىگە زېھن قويۇپ يۈرگەندىن باشقا ھەممە نەرسىلەرنى دېھقانلارنىڭ ھاجەت بولۇشىغا قاراپ تەجرىبىدە ئۆز-ئۆزىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. ② زېھنى-قۇۋۋىتىنى ئىشقا سالماق، ئەقلىنى، كاللىسىنى ئىشلەتمەك؛ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلمەك، كۆڭۈل قويماق: ياغلىقنىڭ ئىگىسى تېخى ئۆزى كۆرمىگەن، كەلگۈسىدە ئۆمۈرلۈكى بولىدىغان نامەلۇم كىشىگە ئاتاپ، بۇ ياغلىققا پۈتۈن ئىشقى-مۇھەببىتىنى بېرىپ، زېھنىنى قويۇپ گۈل چەككەن بولغىدى. * دەرس بىرەر مۇئەللىم مېھرى بىلەن ھەر كۈنى. زېھن قويۇپ ئاڭلايمەن تەشنالىقتا مەن ئۇنى.

**زېھنىي** سۈپ (ئە) زېھن ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئائىت: زېھنىي قابىلىيەت. زېھنىي مەشغۇلات. * پەن كىشىنىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەربىرىڭلارغا ھاياتلىق ئىككى قېتىم كېلىدىغان بولسىمۇ، سىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ.

**زېھنىي قابىلىيەت** <ماتار> ← **ئەقلىي قابىلىيەت.**

**زېھنلىك** سۈپ. زېھنى ئۆتكۈر، ھوشيار، زېرەك: زېھنلىك جەملە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلاچىلار قاتارىدا تاماملىدى.

**زىبا** سۈپ (ئە) يېز ت ① قەددى-قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، گۈزەل، بەرنا: زىبا قىز. * سېنىڭ قاپىقىڭ دائىم تۈرۈكلۈك، يەنە مېھمانخانىدىكى چوڭ ئەينەكتە چاچ مېيى بىلەن قېنىق پارقىرىتىلغان بۇدۇر چاچلىرىڭ، پەرداز بىلەن ئاقارتىلغان چىرايىڭ، يېڭى پاسوندا پۈزۈر كىيىنگەن زىبا تۇرقۇڭ ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. * – بەللى، بەللى، 19 ياش ھاياتنىڭ زىبا چېغى. بۇ ھەقتە قانچىلىغان شائىرلار تالاي گۈزەل شېئىرلارنى يېزىشقان، – دېدى باسىت كۈرۈمسىز ھېجىيىپ. ② كۆركەم: قىلغان بۇ جانىجان ھاياتنى شېرىن، ياشلىقنىڭ مېھرىدۇر يالقۇنجاپ تۇرغان، ئۆچمەيدۇ، ئۆچمەيدۇ زىبا نەقىشلەر – ئۇ پەرھات مىڭئۆيگە – تاش تامغا ئويغان.

**زىبالىق** «زىبا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى:- خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە ئەتىۋار (ماقال).

**زىبرە** ئى (ر<فران) <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. شاخلىرى ئاچماق

كېلىدۇ. تېنى يېشىل ياپلاق، يوپۇرماقلىرى-نىڭ سېپى بولمايدۇ. ئۇ قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە، يوپۇرمىقى قورۇلۇۋالىدۇ، ھاۋا نەملەشكەندە، قايتا يېيىلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، قورۇق، قان توختىتىش رولى بار. ئادەتتە سوگى چىقىپ قېلىش، قان قۇسۇش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش كېسەللىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**زىب-زىب** دىئال. بىر جايدا تۇرالمايدىغان (باللار ھەققىدە).

**زىبۇزىننەت** ئاياللارنىڭ ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى؛ بېزەك: ئوت ئوتۇنغا، دېڭىز سۇغا تويمىغاندەك، خۇمارقىز كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەتكە تويمايتتى ۋە قەرز ئېلىپ بولسىمۇ، سېتىۋېلىپ ساندۇققا قاچىلايتتى.

**زىبىز** يۈك. دىئال. پەقەت، زادىلا.

**زىبىلدىماق** پ. دىئال. بىر جايدا جىم تۇرماي، سەكرەپ يۈرمەك.

**زىپچىك** ئى (ر) دوختۇرخانا، مەتبەئەچىلىك قاتارلىقلاردا، پاختا، قوغۇشۇن ھەرپ ۋە ئۇششاق نەرسىلەرنى قىسىپ تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىسقۇچ. ئادەتتە مېتالدىن ياسىلىدۇ.

**زىت** سۈپ (ئە) بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى، خىلاپ بولغان؛ ئۆزئارا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان؛ بىر-بىرىگە دۈشمەن بول-غان: زىت پىكىر. زىت ھېسسىيات. * ئاخىرى ئۇ گۇناھكارنى مىرغەزەپنىڭ ئارزۇسىغا زىت ھالدا ئۆزى دېگىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلاتتى. * ئەمما ئايتىللا ئارزۇ-ئۈمىدكە زىت يارىلىنىشنىڭ زەربىسى بىلەن داق يەرگە يىقىلىپ، بىھوش بولۇپ ياتتى.

**زىت بولماق** بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى، زىت ھالەتكە كەلمەك: زىت بولغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر تەرىپى ئاساسىي تەرەپ، يەنە بىر تەرىپى ئىككىنچى ئورۇندىكى تەرەپ بولىدۇ. * ئايرىم زاۋۇتلاردىكى ئىجتىمائىيلاشقان تەشكىلاتلار بىلەن پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىجتىمائىي ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى بىر-بىرىگە زىت بولىدۇ.

**زىت پىكىر** <لوگ> زىت مۇناسىۋەتتىكى پىكىر.

**زىت كەلمەك** بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى، زىت بولۇپ قالماق: بەزىدە بىرەر مەسىلىگە قارىتا، ئۇلارنىڭ قارىشى بىرىنچى قول باشلىقنىڭ پىكرىگە زىت كېلىپ قالغاندا، ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، كۆپىنچە ئۇنچىقماسلىقنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

**زىتىغا تەگمەك** ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، چىشىنى قېرىشتۇرماق، چىشىغا تەگمەك؛ تېرىكتۈرمەك: مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھالدا نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇنىڭغا يۈزمۇيۈز پىكىر بېرىپ زىتىغا تېگەتتىم، لېكىن مەن گۆدەكلىك قىلغانىكەنمەن. * — ھەي ئولتۇرسەڭلەر، خۇددى سويۇنچىنىڭ ئۆرىقىدەك، مەن كەتكەندىن كېيىن قىزىلكۆز-لۈك قىلاي دەمسەن يا؟ — دېدى سەمەت ئەتەي ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ.

**زىت مۇناسىۋەت** <لوگ> تەستىقىي ئۇقۇم بىلەن ئىنكار ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى، A ھۆكۈم بىلەن O ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى، E ھۆكۈم بىلەن I ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت.

**زىت ئۇقۇم** <لوگ> تەستىقىي ئۇقۇمغا نىسبەتەن ئىنكار ئۇقۇم، ئىنكار ئۇقۇمغا نىسبەتەن تەستىقىي ئۇقۇم زىت ئۇقۇم بولىدۇ.

**زىتلاشتۇرماق** «زىتلاشماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زىتلاشتۇرۇلماق** «زىتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زىتلاشماق** پ ① ئۆزئارا زىت ھالەت پەيدا بولماق ياكى شۇنداق ھالەتنى پەيدا قىلماق: ئۇلار تۇيغۇنى مۇشۇ ئوبيېكتىپ چىنلىقنىڭ توغرا سۈرئىتى دەپ قارىمايدۇ، شۇنداق قىلىپ تەبىئىي پەن بىلەن بىۋاستە زىتلىشىپ، ئېتىقادچىلىققا ئىشىكنى چوڭ ئېچىپ بېرىدۇ. ② قارشىلاشماق، ئاداۋەتلەشمەك، دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە بولماق، ئۆچەكەشمەك، ئېيتىشماق: دۇنيادا ئەجەب ئىنساپسىز ئادەملەر بار-دە، ئۇلاپ قويغان كۆچەتلەرنى ئوغرىلىشىپ ياكى زىتلىشىپ يۇلۇپ تاشلىۋېتىپ، شۇ رەھمەتلىكنىمۇ قاقشىتاتتى. * – بۇ ئەرزنى چوقۇم مەن بىلەن زىتلىشىدىغان قادىر يازغان، – دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

**زىتلىق** «زىت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: – ھازىر ئەلدە زىتلىق چوڭ، بايلار-گادايلار ئىككى تەرەپ، چېكى يوق، – دېدى قىلىچ. * كېلىپ نورۇز، زىمىستان قىش ۋەتەندىن مەڭگۈ قوغلاندى، ئاداۋەت مۇزلىرى ئېرىپ، ئاراش، زىتلىق تاماملاندى.

**زىتمەن** ئى. قارشىلاشقۇچى، زىتلاشقۇچى، ئاداۋەتلەشكۈچى.

**زىتمەنلىك** «زىتمەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ ئالەمگە مېھمان ئادەملەر، تۇيماي شەبنەم مېھمانلىقنى؛ پەر يولىدا پەرىدىن كېچىپ، قىلسا ھەردەم زىتمەنلىكنى.

**زىتمەنلىك قىلماق** زىتلاشماق، ئۆچەكەشمەك، دۈشمەنلەشمەك: – ئۇلار قەمبەرنىسانى تالىشىپ زىتمەنلىك قىلىشىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، چايانىنى چايانغا سېلىش كېرەك، – دېدى شاكىر.

**زىچ** سۈپ ① بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن جايلاشقان، قېلىن، قويۇق: تاغ كەينىگە ئېگىلگەن قۇياش، ھاۋا ئوچۇق، سۈپسۈزۈك ئاسمان. تۈپتۈز كەتكەن يېزىنىڭ يولى، ئەتراپى زىچ باراقسان ئورمان. * ئېگىز ۋە بۈيۈك، جەننەتتەك بۇ باغ، تۇرىدۇ كۆككە بويى سوزۇپ مەغرۇر. يېشىل مايسىدەك زىچ يوپۇرماقلار، ئالەمگە كۈندەك تۆكۈپ تۇرار نۇر. // زىچ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئاھالىسى بۇ ۋاڭ-چۇڭنى ئاڭلاپ داموللامنىڭ ھويلىسىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ② مۇناسىۋىتى يېقىن، قويۇق؛ مۇستەھكەم، چىڭ: ئۇلار يەنە يەكشەنبە كۈنلىرى بىرلىكتە خەلق مائارىپى يۇرتىغا بېرىپ بىليارت ئوينىشاتتى. قىسقىسى، ئاقسۇ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىشتىن بۇرۇن، بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئالاقىسى زىچ، باردى-كەلدىسى قويۇق ئىدى. // ئۇنىڭ كەينىدىن زەيتۇنەم، تۆمۈر بوۋا، نىياز قۇربان، سادىق، ئابابەكرى، ئايىمگۈل، ئازادلار زىچ ئەگەشكەنىدى. ③ كوچمە. قىس، جىددىي؛ ئالدىراش: ھاكىمنىڭ خوتۇنى يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى-يۇ، بىراق ۋاقتى زىچ بولغاچ، كەينىنىڭ گۈندىسىنى دەپ خالىقنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدى.

**زىچ كەلمەك** بوش جاي قالمىدى دېگۈدەك كەلمەك، لىق توشماق: جابدۇقلار ئۆيگە زىچ كەلدى.

**زىچچىدە** رەۋ. زىچلاشقان ھالدا، زىچلىشىپ: بىز ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ئادەملەر زىچچىدە ئولاشقان بىر توپقا كېلىپ يەتتۇق.

**زىچلاشتۇرماق** «زىچلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زىچلاشتۇرۇلماق** «زىچلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زىچلاشماق** پ ① زىچ ئورۇنلاشماق، قويۇقلاشماق: خەلق توپى تېخىمۇ زىچلىشىپ،

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋپىنىڭ ئۈمىد ۋە غەلىبە ئىشەنچىسى بىلەن تولۇپ تاشقان سۆزلىرىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ② يېقىنلاشماق، مۇستەھكەملەنمەك، چىڭدىماق: شائىر خۇش پېئىل بوۋاينىڭ ساتىراشلىق دۇكىنىغا ئەمەس، ئۆيىگىمۇ پات-پات كېلىپ تۇراتتى. كېلىش قانچە قويۇقلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچە زىچلىشىپ باراتتى.

**زىچلىق** ① «زىچ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى. بىرلىك كۆلەمدە ئۆسكەن دەرەخ ماتېرىيال زاپىسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدىغان كۆرسەتكۈچ. ئۇنى ھېسابلاشتا بىر گېكتار يەردىكى ئورمان بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي كەسمىسى ئىگىلىگەن كۆلەم بىلەن دەرەخ خىللىرى مۇكەممەل بولغان گېكتار يەردىكى ئورمان بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي كەسمىسى ئىگىلىگەن كۆلەم سېلىشتۇرۇلۇپ، ئونلۇق كەسىر سانى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ، يەنى 0.1 دىن 1.0 گىچە جەمئىي ئون دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. ③ ئى <فىز> ماددىنىڭ ماسسىسى بىلەن ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ نىسبىتى. ماددا ئۆز ئىچىگە ئالغان ماسسا كۇب سانتىمېتىر گىرام بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ④ <كىنو> نۇر سەزگۈرلۈكىنىڭ ئۆلچەنگەن مىقدارى.

**زىخ** ئى ① كاۋاپ پىشۇرۇش ياكى بىرنەرسىنى تېشىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان، مېتال ياكى ياغاچتىن بىر ئۇچى ئۇچلۇق قىلىپ ياسالغان سايمان: زىخقا گۆش ئۆتكۈزمەك. كاۋاپقا زىخ تەييارلىماق. * گەپ ۋاقتىدا ياخشى، كاۋاپ زىخىدا (ماقال). * تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ مال سويۇش، قازان ئېسىش، چاي قاينىتىش، يۇلغۇن-تېۋىلغا نوتىلىرىدىن زىخ تەييارلاش، گۆرۈچ يۇيۇش، سەۋزە

توغراش قاتارلىق ئىشلار قىزىپ كەتتى. ② تونۇردىن نان قومۇرۇش ۋە ئائىلىلەردە ئوچاقنىڭ ئاستىنى كولاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئىلمەك تۆمۈر سايمان. ③ ھارۋا جابدۇقلىرىنى ياساشتا بوغىنىڭ ئىچىگە پاخال تىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئاچا سايمان.

**زىخ كاۋىپى** كاۋاپنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا گۆش قاق چوڭلۇقتا توغرىلىپ، تۆمۈر زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئۈستىگە زىرە، تۇز، لازا قاتارلىقلار سېپىلىپ، كاۋاپدانىدا ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

**زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان** ھەر ئىككى تەرەپكە زىيان يەتمەيدىغان، ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولىدىغان: ئەگەر ئۇ بۇ جېدەلنى زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان چارە بىلەن بېسىقتۇرمىسا، خوتۇنىغا بىر نەۋرە تۇغقان كېلىدىغان نادىرخان بازاربېگى ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ، مەجبۇرىي چىقىرىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

**زىخى توشماق** قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن ھېساب بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمەك، شۇ ئورۇندىكى ۋاقتى ئاخىرلاشماق؛ ئەجىلى يېقىنلاشماق، كۈنى تۈگىمەك: ئۇ ئارىلاپ: «مەيلى نېمە كۆرسەم كۆردۈم. بىر باشتىمۇ بىر ئۆلۈم، مىڭ باشتىمۇ بىر ئۆلۈم زامانىۋۇلىنىڭ زىخى توشۇپ، ئالىلقاچان ئېشىپ كەتتى» دەپ ئويلايتتى.

**زىخچە** ① ئى. كىچىك ھەم قىسقىراق زىخ ياكى شۇ شەكىلدىكى نەرسە: — سۇۋاركا زىخچىلىرى تۈگەپ قېلىپتۇ. توختام بويىچە تۈنۈگۈن ئاخشام تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بىر رام ئاشۇ سەۋەبتىن ھېلىغىچە تالادا ياتىدۇ، — دېدى ئۇ شىرە ئالدىغا كېلىۋېتىپ. ② سۈپ. زىخ شەكىلدىكى، ئۇزۇنچاق:

زىخچە ئالتۇن.
**زىخچە ئالتۇن** زىخ شەكلىگە كەلتۈرۈل-
گەن ئالتۇن؛ نۆكچە ئالتۇن، چوكا
ئالتۇن: قاسىم بولاقنى يەشكەندە، كىگىز
ئىچىدىكى قات-قات ماي لاتا ۋە سامان
قەغەزلەر ئىچىدىن پارقىراپ تۇرغان تۆت
تال زىخچە ئالتۇن چىقتى.
**زىخچە بېلىق** <زوئول> → **لانسىت
بېلىقى.**
**زىخلانماق** «زىخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى.
**زىخلىق** سۈپ ① زىخى بار، زىخ ئىشلىتىل-
گەن. ② زىخ قىلىشقا لايىق، زىخقا
ئىشلىتىلىدىغان: ئۇن زىخلىق سىم.
**زىخلىماق** پ ① زىخ سانجىماق، زىخ
تىقماق: ياسىن قېلىپقا سېلىنغان شېغىللىق
سېمونت لايىنى زىخلاپ چىڭىتىۋەتتى. *
ئاختۇرغۇچىلار كۆمۈلگەن ئالتۇنلارنى تاپماقچى
بولۇپ يەرنى زىخلاپ كۆردى. ② ئۇلاغلارنىڭ
. بىر يېرىگە زىخ سانجىپ، ئىتتىك مېڭىشقا
مەجبۇرلىماق: – ئۆكام، ئېشەكنى زىخلىساڭچۇ،
ئالدىرىمساق كەچ قالىمىز، – دېدى ئاكىسى
ئىسمەتكە. ③ كۆچمە. ئالدىراتماق، جىددىي-
لەشتۈرمەك: – بولدۇ، بۇ ئەترەت كادىرلىرىنى
پات-پات زىخلاپ تۇرمىسا، قۇشقۇنغا ئۇلتۇ-
رۇۋالىدۇ، – دېدى جاپپار قۇۋۋەتلەپ.
**زىددىيەت** ئى (ئە) ① ئومۇمەن قارىمۇقار-
شى شەيئىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چەتكە
قېقىش مۇناسىۋىتى، بىر-بىرىگە زىتلىق،
خىلاپلىق: كېسەل مەھبۇس ئوسماننىڭ
خىيالىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش يولىدا
كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. * –
پوزىتسىيەمدە زىددىيەت بارلىقىغا ئىقرارمەن،
– دېدى ئۇ سەل ئىككىلىنىپ دۇدۇقلاپ، –
بۇنىڭ سەۋەبى، ئىدىيەمدە، ھېسسىياتىمدا
زىددىيەت بار. ② قارىمۇقارشىلىق، دۈشمەن-
لىك، ئاداۋەت: سىنىپىي زىددىيەت. زىددى-
يەت سالماق. * – راست، ئۇنىڭ بىلەن
ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان
جىددىي زىددىيەت بار ئىدى، – دېدى
ئوسمان كەسكىن قىلىپ. ③ <پەلس>
ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئىنسان تەپەك-
كۇرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارىمۇقارشى
تەرەپلەرنىڭ بىر-بىرىگە بېقىنىش ۋە
بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش مۇناسىۋىتى.
④ <لوگ> فورمال لوگىكىدا، ئىككى
ئۇقۇمنىڭ بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش ياكى
ئىككى ھۆكۈمنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىت
ئىچىدە راست ياكى يالغان بولالماسلىق
مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
**زىددىيەت قانۇنىيىتى** ① <پەلس>
قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى.
② <لوگ> فورمال لوگىكىنىڭ ئاساسىي
قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ مەزمۇنى:
ئوخشاش بىر تەپەككۇر جەريانىدا ئوخ-
شاش بىر ئوبيېكت توغرىسىدا بىر-بىرىگە
زىت ئىككى پىكىردە ياكى بىر-بىرىگە
قارىمۇقارشى ئىككى پىكىردە بولماسلىق
كېرەك دېگەندىن ئىبارەت، ئەگەر
شۇنداق بولۇپ قالسا، شۇ ئىككى پىكىرنىڭ
بىرى جەزمەن خاتا بولىدۇ، زىددىيەت
قانۇنىيىتى پىكىرنىڭ باش-ئايىغىنىڭ ئىزچىل
بولۇشىنى، ئۆز-ئۆزىگە زىت ياكى
قارىمۇقارشى بولۇپ قالماسلىقنى تەلەپ
قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنىڭ فورمۇلىسى « A
نى غەيرىي A دېمەسلىك» يەنى
پىكىردە « A ھەم A ، ھەم غەيرىي
A بولۇپ قالمىسۇن» دېگەندىن ئىبارەت.
**زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق بولمىغان تەرىپى**
<پەلس> زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ

ئىچىدىكى ئاساسلىق بولمىغان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەمدە ئاساسىي تەرەپنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان تەرەپ.

**زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى** <پەلس> زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ ئىچىدىكى يېتەكچى رول ئوينايدىغان، ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ھەمدە شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان تەرەپ.

**زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى** <پەلس> زىددىيەتنىڭ خاسلىقى. بۇنىڭدا تۈرلۈك شەيئىلەردىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ — دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەبدۇر. زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈرلۈك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ماددىنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەت شەكىللىرى، ھەرقايسى تەرەققىيات جەريانلىرى، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچتىكى زىددىيەتلەر، شۇنىڭدەك ھەرقايسى جەريانلار، باسقۇچلاردىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلگەندە، بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە ماھىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى، شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى، تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە سەۋەبىنى تاپقىلى، زىددىيەتلەرنى كونكرېت ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

**زىددىيەتنىڭ ئومۇمىيلىقى** <پەلس> زىددىيەتنىڭ ئورتاقلىقى. ئۇنىڭ ئىككى تەرەپلىمە مەنىسى بار: بىرى، زىددىيەت بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ يەنە بىرى، ھەربىر شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا باشتىن-ئاخىر زىددىيەتلەر ھەرىكىتى مەۋجۇت بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

**زىددىيەتسىز** سۈپ. زىتلىق يوق، زىددىيەت مەۋجۇت بولمىغان؛ زىت ئەمەس: يالغۇز بىزلا شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۆز پائالىيىتىمىزنى قىلچە زىددىيەتسىز ئۇيۇشتۇرۇپ قالماي، بەلكى باشقىلارنىڭمۇ زىددىيەتكە يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىشى كېرەكلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمىز.

**زىددىيەتلىك** سۈپ. زىتلىق بار، زىددىيەت مەۋجۇت بولغان، زىت: پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇ، قالايمىقان، زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بەختىگە دۈشمەن ئىدى. * نەزىرە بۇ كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. خىلمۇخىل زىددىيەتلىك پىكىرلەر ئۇنىڭ بېشىنى قوچىماقتا ئىدى.

**زىر** I تەق. لەرزىگە كەلگەن، تىترىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى تاۋۇشى: زىر قىلىپ قالماق. * تارىم بويى كەنتىدە يۈزبېشىنى غۇلىتىپ، كەنت باشلىقى سايلاش يىغىنىدا، دېھقانلار غەزەپلىنىپ كېتىپ ئىككى يۈزبېشىنى تۈيۈقسىز سۆرەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ - دە، كۆرەش قىلىپ، زىر چىرقىرىتىۋېتىپتۇ.

**زىر ئەتمەك** زىر قىلغان ھەرىكەت ياكى تاۋۇش پەيدا بولماق؛ زىر قىلىپ تىترىمەك: «خۇدايىم سالامەت قىلسۇن جان ئاكا! ...» دەيتتى ھەم ياش قىزمۇ مۆلدۈرلەپ قاراپ. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى زىر ئېتىپ كەتتى، قىلارغىن ئەمدى ئۇ نېمىدەپ جاۋاب.

**زىر** II ئى (ئە) ئەرەب يېزىقىدا ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان بەلگە. ئۇ

يېزىقتا «-» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش «ئى» غا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**زىرائەت** ئى (ئە) يېزا ئىگىلىكىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. بۇ ئاشلىق زىرائەتلىرى، ياغلىق دان، كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخ ۋە سانائەت خام ئەشيا-سى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كېۋەز، تاماكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**زىراپە** ئى (ئە) <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۇ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان بولۇپ بوينى ناھايىتى ئۇزۇن، ئاۋاز چىقارمايدۇ، ئەركەك-چىشىسىنىڭ ئوخشاشلا مۈڭگۈزى، تەن سىرتىدا گۈللۈك داغلىرى بولىدۇ، تېز چاپىدۇ، ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئافرىقىنىڭ ئورمانلىقلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**زىراۋەندە** ئى (پ) <بوت> زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق، ئۆسۈملۈك. يۆگىمەچكە ئوخشايدۇ. غولى، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم يۈرەك شەكلىدە كېلىدۇ. يازدا چېچەكلەيدۇ، گۈلى كاناي شەكلىدە بولۇپ، سۆسۈن يېشىل كېلىدۇ، مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، رەڭگى قوڭۇر، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى سېسىق پۇرايدۇ، مېۋىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىتمىنى ياندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە.

**زىرە** I ئى (پ) <بوت> ① كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۈچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. غولى تىك، ئۈستى شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ-تۆت قېتىم قايتىلىنىپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ، گۈلى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق. ئۇرۇقى دورا ياكى تەم تەڭشىگۈچى ماتېرىيال ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**زىرە** II ئى (ئە) ئاياللار قۇلىقىغا تاقايدىغان بىر خىل زىننەت بۇيۇمى. ئادەتتە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.

**زىر-زەۋەر** زىر ۋە زەۋەر: — قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىش دېگىنى بىزنى زىر-زەۋەرنىڭ سىرتىغا چىققىلى قويمايدىغان بىر ئوقۇشكەن، — دېدى ئايمخان شائىرغا.

**زىر-زەۋىرىنى قالدۇرماي** ←

**زىر-زەۋىرىنى قويماي:** كاتىپلار بولسا گەپنىڭ زىر-زەۋىرىنىمۇ قالدۇرماي يېزىپ، قەلەملىرىنى كىتىرلاتماقتا ئىدى.

**زىر-زەۋىرىنى قويماي** ھەممىسىنى، پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس، بىرىنى قالدۇرماي، تولۇقى بىلەن: شەمسىدىن ئەتىسى خوتۇنىغا كەچۈرمىشلىرىنىڭ زىر-زەۋىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى. * ئۇ يۈك قەلىمىنى دەرھال توختاتتى. كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىدى. ئەمەت بولسا زىر-زەۋىرىنى قويماي يېزىپ، قەلىمىنى كىتىرلاتماقتا ئىدى.

**زىرىپ** (ئە) ① سۈپ. ئەقىللىق، زېرەك. ② ئى. يىگىندە قىلىنىدىغان ئىنچىكە ئىش: زىرىپ قىلماق.

**زىرىپچى** ئى. يىگىندە ئىنچىكە ئىش قىلغۇچى، تىككۈچى: — ئۆزۈڭ ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئازراق پۇل كەتسىمۇ زىرىپچىغا قىلدۇرساڭ بولمايدۇ؟ — دېدى ئېرى ئايالىغا. // زىرىپچى قىزلار ھەدەپ چىرايلىق كەشتىلەرنى تىكمەكتە ئىدى.

**زىرىپچىلىق** «زىرىپچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ مەھەللىمۇمەھەللە يۈرۈپ كىشىلەرنىڭ زىرىپچىلىقىنى قىلىپ بېرىپ بىرئاز پۇل

توپلاپتۇ-دە، ياغاچ-تاش ئېلىپ بىر ئېغىز ئۆي سېلىپتۇ.

**زىرىق** ئى (پ) <بوت> زىرىق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان تىكەنلىك چاتقال. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان بولۇپ، قىسقا شاخلىرىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، سىرتى قىزىل ئارىلاش كېلىدۇ، باش ياز پەسلىدە تاق ياكى توپلاشقان ھالەتتە ئۆسىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى قىزىل كېلىدۇ. ئەسلي ماكانى ياپونىيە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىمۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قاتارىدا ئۆستۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىن يەنە زىرىق ئىشقارى ئالغىلى، شاخ ۋە يىلتىزلىرىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆل ئىسسىقنى قايتۇرۇش، قىزىتمىنى پەسەيتىش رولى بار.

**زىرىلداتماق** «زىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۇتار كۆڭۈلنىڭ ئاللىقانداق بىر ئىنچىكە يېرىنى غىدىقلاتسا، گۈلسۇمقىزنىڭ يورغىلىشى پۈتۈن بەدەننى زىرىلداتتىدۇ.

**زىرىلدىماق** پ. زىر قىلماق، زەر قىلغان ھەرىكەت ياكى ئاۋاز پەيدا بولماق، تىترىمەك: بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى زىرىلداپ كەتتى.

**زىرىلىك** ئى. زىرە ئۆسكەن يەر، ئېتىز.

**زىزىلىمەك** پ. دىئال. ئەركىلىمەك.

**زىسەي** ئى (خەن) <بوت> قىزىل يۇسۇنلەر خىلىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. دېڭىز بويلىرىدا ئۆسىدۇ، رەڭگى جىگەر رەڭ، شەكلى ياپىلاق بولۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**زىغزىق** ئى. جۇۋا، كۆرپە، دىۋان قېپى، ئۆتۈك قونچى قاتارلىقلارنىڭ تىكىچ ئارىلىقىغا ئېلىنىدىغان رەخت، زەي: كۆرپىنىڭ زىغزىقى. زىغزىق چىقارماق.

**زىغزىق چىقارماق** ① نەپ ئۇندۇرمەك پايدا ئالماق: سەن ئۇنىڭدىن ئازراق زىغزىق چىقاردىڭمۇ دەيمەن، بولمىسا بىكار بىر قەدەم ماڭىدىغان ئادەم ئەمەسسەن. ② قەستەن نۇقسان، پۇتاق، چاتاق، قۇسۇر تاپماق، ئېۋەن قويماق: جىنايەتچى ئۆز جىنايىتىنى بويىنىغا ئېلىۋاتسا، بىز يەنە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈپ زىغزىق چىقىرىمىز دەپ داۋراڭ سېلىپ قويۇپ، ئاخىرىدا باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمىزنى تۆكۈپ قويىمىز.

**زىغزىق كۆرپە** زىغزىق تۇتۇلغان كۆرپە: ئۇ ياندىكى ئۆيدىن زىغزىق كۆرپىدىن بىرنى كۆتىرىپ چىقتى.

**زىغزىقلىق** سۈپ ① زىغزىقى بار، زىغزىق تۇتۇلغان: ھويلىغا سۇ سېپىلىپ پىشايۋان ئارىسىدىكى سۇپىغا يېڭى تەگلىمات، زىغزىقلىق يېكەندازلار سېلىنغانىدى. ② زىغزىق قىلىشقا تەييارلانغان، زىغزىق قىلىشقا باپ: زىغزىقلىق رەخت.

**زىغىر** ئى ① <بوت> زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، يوپۇرمىقى يىسپ ياكى تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاچ كۆك، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسى شارسىمان بولىدۇ. تالا ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىغىرنىڭ غولىدا تالا كۆپ بولۇپ، توقۇمىچىلىق سانائىتى ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ماي ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**زىغىر رەڭ** ① <ك سەن> قوڭۇر بىلەن ئاز مىقداردىكى سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن

ھاسىل بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ، يەنى قېنىق پور رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە ياكى شۇ خىل رەڭدە بويالغان: زىغىر رەڭ بىللۇر. زىغىر رەڭ كرىستال.

**زىغىر رەڭ بىللۇر** <كېيۇل> زىغىر رەڭلىك بىر خىل بىللۇر. ئادەتتە كۆزەينەكنىڭ ئەينىكىنى ياساشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**زىغىر رەڭ كرىستال** <كېيۇل> ← **زىغىر رەڭ بىللۇر.**

**زىغىرچى** ئى. بىر ئىشنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتۈرۈپ، زىغىرلاپ كېتىدىغان ئادەم.

**زىغىرچىلىك** سۈپ ← **زىغىردەك:** ئۇنىڭدىمۇ زىغىرچىلىك شەپە بولمىسا، كىچىك ئاخۇنمۇ يۈرەكلىك ھالدا ئۇنى-بۇنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلمىغان، ھېسسىياتى ئويغانمىغان بولار ئىدى.

**زىغىردەك** ① سۈپ. كىچىككىنە، ئۇششاق: زىغىردەك گەپ. زىغىردەك ئىش. ② رەۋ. بىرئاز، ئازغىنا، بىزە: ئۇنىڭ ئۆيى بازارنىڭ چېتىدىكى بىر سارايدىكەن، «سىلى زىغىردەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن بازاردىن ئاش ئەكىرەي» دەپ جاۋۇرنى كۆتۈرۈپ بالىنى ماڭا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

**زىغىرلاتماق** «زىغىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زىغىرلاشماق** «زىغىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەھۋالنى زىغىرلىشىپ كېتىشتى، ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

**زىغىرلىق** ① سۈپ. زىغىرى بار، زىغىر تېرىلغان: زىغىرلىق ئېتىز. ② ئى. زىغىر تېرىلغان يەر: گۈلنار قاھارنى ئىزدەپ ئۆيگە كەلسە، ئۇ ئاللىقاچان زىغىرلىققا كەتكەنىكەن.

**زىغىرلىماق** پ. تېگى-تەكتىنى، يېپىدىن-يىڭنىسىگىچە قويماي سۈرۈشتۈرمەك، كوچىلىماق؛ ئىنچىكىلىمەك، ئۇششاقلىماق: ئۇ ئادەم ئۇ يان-بۇ ياندىن زىغىرلاپ سوراۋەرگەچ ئاقىۋەت ئەھۋالنى دېدىم. * ئىلگىرىكى مەسىلىلەرنى بەك زىغىرلاپ كەتمەي، چوڭ-چوڭ تەرەپلىرىدىن ھەل قىلىشىمىز لازىم. * ئۇ گەرچە بوۋايغا ئوخشاش بۇ ئۆينىڭ كەلگۈسى، پايدا-زىيىنى بىلەن ئۇنچىلىك زىغىرلاپ ھېسابلىشىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۆينىڭ ئىچكى-تاشقى گۈزەللىكى، كەم-كۈتىسى، بار-يوقىغا ئېتىبار بېرىدۇ.

**زىق/1** سۈپ (ئە) قىس، جىددىي؛ ئالدىراش (ۋاقىت ھەققىدە): – ياق، يولداش كوماندىر، پىلىموتچىكلىك مېنىڭ، كوماندىرلىق سىزنىڭ، ئىزۋوتنى باشقۇرۇۋېرىڭ، ھازىر ۋاقىت زىق، – دېدى كېرەم قولىنى ھەرىكەتتىن توختاتماي تۇرۇپ.

**زىققا** ئى (ئە) <تىب> نەپەس قىيىنلىشىش، كانايدىن خىرىلدىغان ئاۋاز كېلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر خىل دەم سىقىلىش كېسىلى. بۇ كېسەل شامالنىڭ سىرتتىن تەسىر قىلىپ، سىرتقا تارقىلالماي ئۆپكىگە يىغىلىشى ياكى ئىسسىق ئۆتۈپ، ئارقىدىن يەنە سوغۇق ئۆتۈپ، ئىسسىقلىق ئىچكى ئەزالاردا باغلىنىپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئىسسىقتىن بولغان زىققا ۋە سوغۇقتىن بولغان زىققا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**زىققىنەپەس** ئى (ئە) <تىب> ← **زىققا.**

**زىقلىق** «زىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۇلارنى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل قىزىق ئادەملەر دەپ ھېسابلايتتى. ئەمما ۋاقىتنىڭ زىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشلىرىغا قاتنىشالمايتتى.

**زىكىر** ئى (ئە) يېزت <دىن> ① ئەسلەش،

خاتىرىلەش، سۆزلەش، تىلغا ئېلىش: زىكىر قىلماق. زىكىر ئېيتماق. * ھالغا بېقىپ زىكىر، داپقا بېقىپ سەنەم (ماقال). * پىغان چەكسەم زارىمغا كىممۇ قارايدۇ، خىيال-پىكرىڭ سىنەمگە قاندەك تارايدۇ. قەلەندەر بوپ ئالدىڭدا سۇلتان ئولتۇرار، بۇلبۇل كەبى زىكرىڭدا تىنماي سايرايدۇ. ② مۇسۇلمانلار-نىڭ بىرەر باشلامچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھالقا شەكىللىك يۇملاق بولۇپ ئولتۇرۇپ، خۇدانىڭ ياكى ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، تەسۋى سىيرىپ دۇئا تەكبىر ئوقۇپ ئۆتكۈزىدىغان مۇرا-سىمى.

**زىكىر قىلماق** ئەسلىمەك، خاتىرىلىمەك، تىلغا ئالماق: ئۇ ئۆز كىتابىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك-نىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا كىتابلاردا زىكىر قىلىنىپ تىللاردا داستان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. * باشتا بىز زىكىر قىلغان ھېلىقى ئادەت يەنە بىرمۇنچە كىشلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا يەنىلا ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

**زىكىر-تەلقىن** زىكىر ۋە تەلقىن: «زىكىر-تەلقىن»گە دېھقانلار جەمئىيىتى ئەزالىرىدىن قاتناشقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن ۋە ئۇلارمۇ بۇ سىردىشىش يىغىنىغا كەلمىگەنىدى.

**زىكىر-سۆھبەت** زىكىر ۋە سۆھبەت: بۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە يەپ-ئىچىش، زىكىر-سۆھبەت-لەر بولدى.

**زىكىر-سۇلۇك** زىكىر ۋە سۇلۇك: شۇنداق قىلىپ مازارنى ھەيۋەتلىك تۇسكە كەلتۈردى-دە، ئارىلاپ-ئارىلاپ زىكىر-سۇلۇك، نەزىر ۋە خەتمىلەرنىمۇ ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى.

**زىڭ** تەق. باش ۋە بەدەننىڭ ئاغرىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل سېزىم: بۇ چاغدا باياتىن يېگەن تاياقنىڭ زەربىسىدىن ياقۇپنىڭ بېشى «زىڭ» قىلىپ ئاغرىشقا باشلىغانىدى.

**زىڭ-زىڭ** «زىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىلگىرى بىر قېتىم مۇدۇرگەن يەردىن، ئۆركۈيسەن ئۆتكەندە، بولسىمۇ بىڭىسىڭ. بىز يېتىپ كەلگەندە شۇ بىر جىلغىغا، قىلغاندەك سېزىلدى باشلىرىم زىڭ-زىڭ.

**زىڭگىدە** رەۋ «زىڭ» قىلىپ، «زىڭ» قىلغان ھالدا: شۇ ئارىدا ئالىمنىڭ ئوڭ پۇتى «زىڭگىدە» قىلىپ قالدى ۋە ناھايىتىمۇ قاتتىق بىر ئاغرىق ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى بويلاپ تاراشقا باشلىدى.

**زىڭلى** ئى (خەن) بىرەر ئىشقا قاتتىق بېرىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇش، كۈچ ئېلىپ كېتىش.

**زىڭلى بولماق** بىرەر ئىشقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويماق، كۈچ ئېلىپ كەتمەك: كېسەل توشۇيمەن دەپ بېلىم زىڭلى بولۇپ قالدى.

**زىڭلى قىلماق** بىراۋنى بىرەر ئىشقا ھەددىدىن ئارتۇق زورلاش ئارقىلىق كۈچ ئالدۇرغۇزۇپ قويماق: ئۇ مېنى ھەرد-كەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ زىڭلى قىلىپ قويدى.

**زىڭىلداتماق** «زىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادامنىڭ ئېچىنىشلىق داد-پەريادى يەرنى تىترىتىپ، قۇلاق-مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى.

**زىڭىلداشماق** «زىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زىڭىلدىتىشماق** «زىڭىلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زىڭىلدىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى سانجى-غاندەك، تىققاندەك زىڭ قىلغان تۇيغۇ پەيدا بولماق: ئۇنىڭ ئەلەمدىن چېكىسى

زىڭىلداپ، بېشى قايغاندەك بولدى. * پۈتۈن
ئەزاسى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان شوپۇر دېھقان
يىگىتنىڭ يۆلىشى بىلەن تەستە ئورنىدىن
تۇردى ۋە دەلدەڭشىپ ئوفىتسېرنىڭ يېنىغا
باردى. ② «زىڭ» قىلىپ سىلكىنمەك،
تىترىمەك، تەۋرىمەك؛ «زىڭ» قىلغان
ئاۋاز چىقارماق: سادىقنىڭ قولىدا زىڭىلدايدۇ
لوم، گوياكى سالغاندەك نالە-پىغاننى. مۇبادا
زەررىچە تۇرساڭ بىخەستە، لوم تۇتقان قول
سۇنۇپ بولىدۇ چۇل-چۇل.

**زىگوتا** ئى (ر<گرېك) <بىئول> جانلىقلار
جىنسلىق كۆپەيگەندە ئەركەك ۋە چىشى
جىنسىي ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى-
دىن ھاسىل بولىدىغان يېڭى بىر ھۈجەيى-
رە. ئۇ تەدرىجىي يېتىلىپ، يېڭى بىر
جانلىق تەنگە ئايلىنىدۇ.

**زىل** سۈپ (پ) ① بوم ياكى توم ئەمەس،
ئىنچىكە، يېقىملىق (ئاۋاز ھەققىدە): زىل
ئاۋاز. * قىزنىڭ ئاۋازى تۇرغاينىڭكىدەك زىل،
تەمبۇر ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئىدى. * دىلبەر
گەرچە ئۇنىڭدىن يىراق يۈرسىمۇ، ئۇ ھەدېسلا
قىزنىڭ قېشىغا كېلىۋېلىپ، نېمىلەرنىدۇر قىزىرىپ
سۆزلەيتتى، باللاردەك زىل ئاۋازى بىلەن
قاقاقلاپ كۈلەتتى. ② قوپال گەپ-سۆز
ۋە قوپال مۇئامىلىنى كۆتۈرەلمەيدىغان،
نازۇك: زىل ئادەم. زىل كۆڭۈل. * ئۇ
ناھايىتى زىل ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە
قىلىشتا گەپ-سۆزگە كۆپرەك دىققەت قىلىش
كېرەك. ③ سىلىق، چىرايلىق ياكى قوپال
ئەمەس: قېيۇم ئۇستا ئارتۇق گەپ قىلمايدى-
غان، خەت ئۇقمىغان بىلەن زىل ئىش قىلىدىغان
تەجرىبىلىك ئۇستا ئىدى.

**زىل تار** <مۇز> دۇتارنىڭ قول بىلەن
پەدىنىڭ ئۈستىگە باسقاندا ھەر خىل
ئاۋاز چىقىرىدىغان تارى. ئۇ يېقىملىق
زىل ئاۋاز چىقىرىدۇ: غايىب بولدى تىلسىم
مۇھىت-تىلسىم سۆز، جاراڭلايدۇ ھېكمەت
ئەمما زىل تاردەك. دېرىزەمدە تۇۋار بەر
دەپ دىل ھەم كۆز، ئاق ئالمىنىڭ ئاق
چېچېكى ئاق قاردەك.

**زىلال** (توغرىسى: زۇلال) ← **زۇلال.**

**زىلتار** ئى. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ
بىرى. ئۇنى ساتار، راۋاب، قالۇن،
گىتاردىن ئىبارەت تۆت خىل چالغۇ
ئەسۋاب ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.
35 تال سىم سېلىنىدۇ، ئاۋازى زىل
ۋە ياڭراق، گارمونىيىلىك فۇنكسىيىسى
تەبىئىي بولۇپ، ئوركېستىرغا قوشۇپ
چېلىشقىمۇ، يالغۇز چېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**زىلتاش** ئى (زىل+تاش) خوتەننىڭ يورۇڭقاش
دەرياسى ئېقىنىدىن تېپىلىدىغان ئەلا
سوزتلۇق ئاق قاشتېشى.

**زىلچا** ئى (پ) يۇڭ ياكى يىپەكتىن ھەر
خىل رەڭدە تۇۋتىلىق توقۇلۇپ، يەرگە
سېلىنىدىغان ياكى تامغا ئېسىپ قويۇلىدى-
غان ئائىلە بۇيۇمى؛ گىلەم: ناۋاتخان
نىمكەش زىلچا سېلىنغان سۇپا ئۈستىدە يېڭى
تىكىلگەن دوپپىغا جىيەك تارتىپ ئولتۇراتتى،
ئۇ غوجىنى كۆرۈش بىلەن پەۋاز قاپاقلىرىنى
سۈزۈپ دومسايدى.

**زىلچا-گىلەم** زىلچا، گىلەم ھەم شۇ
خىلدىكى نەرسىلەر: يىگىت بىلەن كېلىن
بوۋاينى قولتۇقلاپ زىلچا-گىلەملەر بىلەن
ئورالغان بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئېسىل
تائاملار بىلەن مېھمان قىلىپتۇ.

**زىلزىلە** ئى (ئە) ① تىترەش، تەۋرەش:
يەر تېگىدىن كەلگەندەك ئاڭلىنىشقا باشلىغان
ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ، زېمىندا زىلزىلە،
تەنلەردە تىترەك پەيدا قىلغىلى تۇردى. ②
كۆچمە. قاتتىق غۇلغۇلا: كومىنداڭچىلارنىڭ

جاقىپ ئاكىنىڭ كاللىسى توغرىسىدا چاپلىغان ئېلانغا قارشى ياش ئۇچقۇنلار تەرىپىدىن يېزىپ چاپلىنىپ، خەلقتە زىلزىلە پەيدا قىلغان سۈرەتلىك ۋەرەقىلەرگە خېلى كۈن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مىسلىسىز زور تەسىرى ھېچكىمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى.

**زىلزىلىگە سالماق** ① زىلزىلە ۋە دولقۇن پەيدا قىلماق، لەرزىگە كەلتۈرمەك: نەچچە يۈزلىگەن ئاۋازنىڭ گۈلدۈرى دېرىزە كۆزنەكلىرىنى دىرىلدىتىپ، زال ئىچىنى زىلزىلىگە سالدى. ② كۆچمە. غۇلغۇلا پەيدا قىلماق: مېنىڭ كۆز ئالدىم يورۇدى، ۋەتەن مۇھەببىتى مېنىڭ قەلبىمنى زىلزىلىگە سالدى.

**زىلزىلىگە كەلمەك** ① زىلزىلە ۋە دولقۇن پەيدا بولماق، لەرزىگە كەلمەك: غەزەپلىك قىقاس-چۇقان سادالىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى مىلتىق ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ، ئاقچۇق سېپىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ② غۇلغۇلا پەيدا قىلماق: ئۇزاق ئۆتمەي ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ يائۇۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يېڭى ھاكىم يېتىپ كېلىپ، ئىش تاپشۇرۇۋاللدى-دە، يامۇلنىڭ ئىچى ئۆزىچىلا زىلزىلىگە كېلىشكە باشلىدى.

**زىللاشماق** پ. زىل ھالەتكە كەلمەك، زىل بولۇپ قالماق: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ زىللىشىپ كەتتى.

**زىللىق** «زىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ناھايىتى يۇز قەدەم يېقىنلاشقان چاغدىلا ئاۋازنىڭ زىللىقىدىن «ھە، ئۇلار قىزلار ئىكەنغۇ» دېدۇق. * ئاۋازىڭنىڭ زىللىقى، ئاشۇ قىزغا ئوخشايتتى. سايە تاشلاپ كىرپىكلىك، ساڭا ھۆسن قوشاتتى.

**زىللىق دەرىجىسى** <ماشىن> پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان دېتاللار ئۆلچىمىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى، يەنى يول قويۇشقا بولىدىغان پەرقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى. بۇنىڭدا پەرق چوڭ بولسا، زىللىق دەرىجىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا؛ پەرق كىچىك بولسا، زىللىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ.

**زىلوتى** ئى. پولشىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**زىلۋا** سۈپ ① نازۇك، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم: شۇ ئارىلىقتا 20 ياشلاردىكى ئاق يۈزلۈك، زىلۋا بوي، تار يوپكىسى ئۆزىگە ياراشقان بىر قىز كىرىپ كەلدى. * مەن قىزنىڭ چىرايىنى خېلى ئېنىق كۆردۈم. ئۇ يۇملاق، ئاق يۈزلۈك، بويى زىلۋا، ئوماققىنا قىز بولۇپ 18 — 19 ياشلاردا كۆرۈنەتتى. ② كۆچمە. گۈزەل، چىرايلىق: ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى، تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق، يېرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى، ياشلىق گۈلدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

**زىلۋالىق** «زىلۋا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاشۇ ئىللىق ياشلىق چاغلار زىلۋالىقىنى ئۆزگەرتمەي، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندۇ.

**زىممە** ئى (ئە) ئۈست، بويۇن (ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت، بۇرچ قاتارلىقلارغا نىسبەتەن): زىممىسىگە ئالماق. زىممىسىگە چۈشمەك. * — قاچان بېپەرۋالىق قىلىپ، زىممەڭدىكى ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇنتۇيدىكەنسەن، شۇ ھامان سولتۇۋېتىمەن، — دېدى ۋۇشۇبىك ھېكىم نۇرغا. * ئۆي تۇتۇپ، بالا كۆرۈپ، بالىنى چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشۇپ، ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش – ئاتا-ئانىنىڭ زىممىسىدىكى بىر پەرز.

**زىممىسىگە ئالماق** (بىرەر ۋەزىپە ۋە بۇرچنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، جاۋابكارلىقىنى)

ئۈستىگە، بوينىغا ئالماق: دادىۋي ئوتتۇرا مەلۇمات ئالغان ئەقىللىق ياشلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. ئايدىڭكۆل يېزىسىدا زەيتۇنەدەك زىيالىي ياشلار ئۆز زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. * ناۋايخانا خوجايىنى ئابدۇلنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەم پەخىرلىنىپتۇ ھەم خىجىل بولۇپتۇ. تويغا كېتەرلىك نانني يەتكۈزۈپ بېرىشنى زىممىسىگە ئېلىپتۇ.

**زىممىسىگە چۈشمەك** (بىرەر ۋەزىپە ۋە بۇرچنىڭ مەسئۇلىيىتى، جاۋابكارلىقى) ئۈستىگە، بوينىغا ئارتىلماق، يۈكلەنمەك: ئۇ شۇ تاپتا رەھىم بوۋاينىڭ ئارزۇسى بويىچە مەكتەپكە باراي دېسە، دۇكاننىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى، كۆپ چاغلاردا بوۋاينىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمايتتى.

**زىممىسىگە يۈكلىمەك** (بىرەر ۋەزىپە ۋە بۇرچنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، جاۋابكارلىقىنى) ئۈستىگە ئارتماق: خەلق ۋەكىللىرى تارقىلىپ كەتمەي ئۆز زىممىسىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىلەر توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇق ئالغاندىن كېيىن، خىزمەت ئورۇنلىرىغا قاراپ كېتىشتى.

**زىمىستان** ئى (پ) ① قىش پەسلى، قىش: زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى نەدىن بىلسۇن؟! * ئەمدىلىكتە خامانلىرىغا باندىتلار ئوت قويۇپ بېرىپ ئاشلىقنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتكەن بۇ كىچىككىنە شەھەرگە، قاتناش يوللىرىنى قات-قات قار كۆمگەن بۇ زىمىستاندا شۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ كېلىشى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئىدى. ② كۆچمە. مۇدھىش قاراڭغۇ، زۇلمەت: ئەتە ياز كېلىدۇ، زىمىستان چوقۇم كېتىدۇ. غايىلىك ئادەمگە ئىقبال چىرىغى يېنىپ تۇرىدۇكى، ھەرگىز ئۆچمەيدۇ. * قەپەستە چەكتى دەرد بۇلبۇل، بوغۇلغاچ ئەركى تۇتقۇندا، ھوقۇش تۇنگە بولۇپ ھەمراھ زىمىستانغا قوشاق قاتتى.

**زىمىستان قىش** قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق بولغان، سوغۇق ناھايىتى كۈچەيگەن ۋاقتى؛ قارا قىش: ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ بارا-بارا قارغا ئايلىنىپ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ چۈشۈشى، كىشىگە زىمىستان قىشنى ئەسلەتتى.

**زىمىستانسىز** سۈپ. زىمىستان (قىش) بولمايدىغان: پەخىرىدۇر ھەرتال گىياھنىڭ شۇ زېمىندا ئۆستى ئۇ، قىش-زىمىستانسىز گۈزەل مەڭگۈلۈك كۆركەم باھار.

**زىنا** ئى (پ) ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنسىز جىنسىي ئالاقە؛ بۇزۇقچىلىق، پاھىشە: زىنا قىلماق. * نىكاھنىڭ ئۆزىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشنىڭ قانۇن ئېتىراپ قىلغان شەكلى، رەسمىي پۈركەنجىسى بولۇپ قېلىۋەردى ھەمدە يەنە ھەددى-ھېسابسىز زىنانى قوشۇمچە قىلدى.

**زىنا قىلماق** ناتوغرا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماق، پاھىشە قىلماق: زىنا قىلىش ئەخلاقىي، قانۇنىي نىزاملارغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك بولۇپلا قالماي، شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن زىيانلىق.

**زىناخور** ئى. جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئامراق ئادەم، پاھىشۋاز: — ئۇ زىناخور ئاخىرى بىركۈنى ئەدىبىنى يېمەي قالمايدۇ، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن. // پەقەت زىناخور، شەھۋەتپەرەس ئەركەكلەردىلا بولىدىغان بۇ ھالنى ئەڭ بۇرۇن سېزىپ قالغان ھەنىپە خېنىم بىركۈنى ئېرىگە باشقىچە بىر تەكلىپ بەردى.

**زىناخورلۇق** «زىناخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ئايالى،

نە قىزلىرى بولغانمۇ ئەمەس، زىناخورلۇق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇ بىر قۇرتقا، ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانغا ئايلانغانىدى.

**زىناق** (توغرىسى: زىنىخ) ← **زىنىخ.**

**زىندان** ئى (پ) ① يەر ئاستىدىكى زەي ۋە قاراڭغۇ قاماقخانا؛ سولاقخانا؛ تۈرمە: زىندانغا تاشلىماق. زىنداندا ياتماق. * ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ناسىر گۈل دەستىسىنى ۋاڭنىڭ نوم زىندانىغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ② ئادەمنى ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدىغان جاي: دېدى شەرۋانىخان: «زۇلمەت زامان بولدى، تامامى كەمبەغەل ھالى يامان بولدى. قايان كەتتىڭ قىزىم رەنا، ئاتاڭ ئۆلسە؟ ئاناڭغا خۇددى زىنداندەك جاھان بولدى».

**زىندانچى** ئى. زىندانغا قارىغۇچى، زىندان باققۇچى، گۇندىپاي: بىرۋاقىتتا زىندانچى ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ يان ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى.

**زىننەت** ئى (ئە) ① گۈزەللىك ۋە ھۆسن بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇيۇم؛ بېزەك، ھۆسن: ئاتنىڭ زىننىتى ئېگەر-توقۇم (ماقال). * ئادەم زىننىتى – كىيىم، يەر زىننىتى – دەرەخ، دەرەخ زىننىتى – يوپۇرماق (ماقال). * يېڭىشەھەردىكى مەكتەپ ئىككىنچى يىلىغا قەدەم باسقاندا، ئوقۇغۇچىلار تەڭشىلىپ خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىن، يېزا-شەھەرلەردىن كەلگەن چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ ئالاھىدە زىننىتى ئىدى. * ئۇ كىيگەن كىيىملەر، ئاسقان زىننەت جابدۇقلىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاران يۈرەتتى. ② ئايالالارنىڭ ئىسمى.

**زىننەت بۇيۇمى** ئادەم ۋە نەرسىلەرنى گۈزەل، كۆركەم كۆرسىتىش ياكى ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم.

**زىننەتسىز** سۈپ. زىننەتلەنمىگەن؛ كۆرۈمسىز، سەت: زىننەتسىز ئۆي.

**زىننەتلەتمەك** «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھرىمان شاھ ئوغلى قەمەرۇززاماننىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ھاماما بارغانلىقىنى ئاڭلاپ، دىلى سۆيۈنۈپ، كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ. شەھەرنى يېڭىباشتىن زىننەتلىتىپتۇ.

**زىننەتلەشمەك** «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئۇزىتىش ئولتۇرۇشىنى جانلىق، روھلۇق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەممە قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ نەپىس كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ھەددىدىن تاشقىرى ياسىنىشىپ، ھۆسن ئالمىنى يەنە بىر قېتىم، يەنە بىر يېڭىشلاپ زىننەتلىشىپتۇ.

**زىننەتلەنمەك** ① «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: توز كەبى رەڭدار ياسانغان قىز ۋە ئوغۇل زىننەتلىنىپ، توشمىغاي شەرتىگە ئادەم، شەرمى-ھاياسى بولمىسا. ② «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاۋۇلئاخۇن بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى موماي يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپ ئەتىسى مومايدىن ھال سوراپ كەلگەندە، بۇ ئۆي چىرايلىق زىننەتلەنگەنىدى. * شاھ ئالتۇن-كۈمۈش، ھەر تۈرلۈك قىممەتلىك تاشلار ۋە دۇرلار بىلەن زىننەتلەنگەن تەختتە ئولتۇراتتى.

**زىننەتلىك** سۈپ. زىننىتى بار، زىننەتلەن-گەن، چىرايلىق، گۈزەل: ئۇ بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ بويىدا تاماشا قىلىپ كېتىۋاتاتتى، يېقىنلا يەردە بىر قورغاننى كۆردى. ئۇ قورغاننىڭ ئىچىگە كىرىۋىدى، ناھايىتى زىننەتلىك ئىشلەنگەن چوڭ دەرۋازىغا يولۇقتى.

**زىننە تلمەك** پ. ھەر خىل چىرايلىق، زىننە تلىك نەرسىلەر بىلەن بېزىمەك، ھۆسنى كىرگۈزمەك، كۆركەملەشتۈرمەك: ئۇلار ئالدى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى زىننە تلمەكچى بولدى. * مەرپەت ئىزلە، ئېرىنمە، سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى. بوياق بىلەن بويىغىنچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن زىننە تلىگىن ئىچىڭنى.

**زىنھار** رەۋ (پ) بولۇشسىز پېئىللار بىلەن كېلىپ «ئەسلا، پەقەت، ھېچقاچان، قىلچە، مۇتلەق» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: ھەلىمخان ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولدى. ئەمما مەزىن زىنھار ئۇنىمىدى. * ئاخىرقى نەپەسلىرىنى توپلاپ، نالە-پەرياد ئىچىدە دۇئا-تەلەپ قىلىۋاتقان تەشنالارنىڭ يىلىنىپ، يالۋۇرۇشلىرىمۇ ياكى تەگرىگە ياكى تەبىئەتكە زىنھار تەسىر قىلمايتتى.

**زىنىخ** ئى. ئادەم كۆلگەن چاغدا مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان ئويمانچە: قىز كۈلۈپ، لەۋلىرىنى تەۋرەتكەندە، ھەرقاچانقىدەك مەڭزىدە زىنىخ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن--جامالىغا يېڭى گۈزەللىك قوشۇلغاندەك بولۇپ كەتتى. * ئۇ، يىگىتنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىكى ھېسسىياتلىق ئۇچقۇنىنى، تاتارغان ۋە ماي داغلىرى قېپقالغان يۇملاق يۈزىنى، پەقەت كۆلگەندىلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان زىنىخلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى.

**زىنىخلىق** سۈپ. زىنىخى بار، زىنىخ پەيدا بولغان: بەختىگۈلنىڭ ئادەتتە ھەمىشە كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان زىنىخلىق يۈزى ۋە بۇلاقتەك ئويناق كۆزىدە نازلىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. * يۇپيۇمىلاق، زىنىخلىق يۈزى ئۇيىلىشتىن ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن قۇدرەت يەردىن كۆز ئۈزمەي ئەدەب بىلەن ئولتۇراتتى.

**زىبا** ئى (ئە) يېز ت ① يورۇقلۇق، نۇر؛ شولا: قۇلۇپ زەنجىرنى مەردلەر چېقىشتى تۈرمە-زىندانىنىڭ، خېتىپ ۋە گۈلمېرۋي كۆردى زىبا-نۇرنى دەۋرانىنىڭ. * ئۆزگىلەر نىگاھى جىلۋە ئەيلىدى، قۇياشنىڭ زىياسى پارلىغان يۈزدە. قايغۇم يوق بۇ ھالدىن، چۈنكى ھېچبىرى، كۆرەلمەس ھۆسنىڭنى مەن كۆرگەن كۆزدە. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زىياپەت** ئى (ئە) تەنتەنىلىك، كاتتا ئولتۇرۇش؛ مېھماندارچىلىق: زىياپەت بەر-مەك. زىياپەت ئۆتكۈزمەك. * زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، موللازەيدىن خەلق بىلەن خوشلىشىپ، دەرھال پايتەختكە ماڭماقچى بولدى. * نەزەر ئىنتايىن كېرىلىپ كەتكەندى، چۈنكى مۇندىن يىرىم يىل بۇرۇن دادىسى شامەخسۇت پۈتۈن ئوردا ئەھلىگە كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مىراسخورى دەپ جاكارلىغانىدى.

**زىياپەتخانا** ئى (ئە+پ) زىياپەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي؛ ئورۇن: زىياپەتخانىغا باشلىماق. * ئوتتۇرىدىكى كىچىك دالاننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان بۇ زىياپەتخانا خۇددى كىچىكرەك بىر تانسخانىغا ئوخشايتتى.

**زىيادە** (ئە) بەلگىلىك مىقداردىن، ساندىن ئوشۇق؛ ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئارتۇق؛ كۆپ: – ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ئۇكام، ئاش ئوبدان ئوخشماپتىكەن، ئۆززۈمىمۇ چۆچۈرىگە ئامراق بولغاچ، بىر چىنە زىيادە ئىچىۋەتتىم، – دېدى ئۇ رابىيەمگە. * ئۇنىڭغىچە شاھ قىزىنىڭ ۋەزىر ئوغلىغا مەيلى – مۇھەببىتى زىيادە بولۇپتۇ، يىگىتتىن ئەزىز جېنىنىمۇ ئايىمىغۇدەك ھالغا يېتىپتۇ. * خېۋىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىنىپ كەتكەنلىكى

ئۈنىڭ تەبەسسۇمدىن نۇرلانغان يۈزىدىن مەلۇم ئىدى. * بۇنىڭدىن زىيادە ئادەمنىڭ كېرىكى يوق، مۇشۇ ئادەملەرمۇ يېتىدۇ.

**زىيادە بولماق** ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئاشماق؛ ئارتماق، كۆپەيمەك: «ئەقىللىق ئوغلۇم ئەنۋەرجان، سىلەرگە رەھمەت. بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، خۇدايىم، ئۆمرۈڭلار ئۇزۇن، دۆلىتىڭلار زىيادە بولسۇن» دېيىلگەنىدى ئۇ خەتتە.

**زىيادە قىلماق** ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئاشۇرماق، ئارتتۇرماق، كۆپەيتمەك: ئۇ چاغدا بەگلەر ئۆز ئىختىيارىچە ئالۋان-ياساقنى زىيادە قىلىپ، لەھەڭ كەبى يالماپ يۇتۇپ، يىلان كەبى نەشتەر ئۇرۇپ، ئەلنى زار-زار قاقشىتاتتى. * — رەھمەت ئاكا، خۇدايىم ئۆزلىرىنى بالا-قازادىن ساقلاپ، ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي، — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا ئاۋازدا.

**زىيادىلەشمەك** پ. ئاشماق، ئارتماق، كۆپەيمەك: كەردان شاھ ئۆز قەدرىگە لايىق ئىنئام، زىياپەتلەر بەردى. بارغانسېرى كۆڭلىنىڭ باغلىنىشى زىيادىلەشتى، دۆلىتىنى گۇۋاھ قىلىپ ئاتا-بالا بولۇشقا ئەھدە قىلدى.

**زىيادىلىك** «زىيادە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بەدەندە قان كۆپىيىپ كېتىش ياكى سەپرانىڭ زىيادىلىكى تۈپەيلىدىن بەدەندە ھارارەت پەيدا بولىدۇ.

**زىيارەت** ئى (ئە) ① مۇقەددەس جاي، چەت دۆلەتكە ياكى يىراق، چەت جايلارنىڭ مەنزىرىسى، داڭلىق شەخس ياكى يېقىن كىشىلىرىنىڭ قەبرىسى قاتار-لىقلارغا قارىتا قىلىنىدىغان ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھمۇد قەشقىرى مازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلىش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈشتى. * شۇ چاغدا ئىرفان بىزگە: — پات-يېقىندا جۇڭگوغا زىيارەتكە بارىمەن، — دېگەنىدى. راست دېگەندەك، شۇ يىلى 9-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇ ئېلىمىزدە ئىككى ھەپتە زىيارەتتە بولدى. ② ھۆرمەت ياكى رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرەر شەخس بىلەن كۆرۈشۈش، ئەھۋال-لىشىش ياكى بۇ ھەقتە قىلىنغان پاتىھە: سىز سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان كىشى، سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشىسى سىز بولسىڭىز كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ * جۇيۇي ئەمدى دەم ئالاي دەپ تۇرۇشىغا بىر چاپارمەن كىرىپ: — جاڭ جاۋ، گۇيۇڭ، جاڭ خۇڭ، بۇجىڭ تۆتەيلەن زىيارەتلىرىگە كېلىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. ③ <ئەد> خەۋەر-ماقالىلەر-گە ماتېرىيال تەييارلاش يۈزىسىدىن مۇخبىرلار بىلەن ئالاقىدار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت؛ ئۇچرىشىش: مۇخبىرلىق زىيارىتى.

**زىيارەت خاتىرىسى** <ئەد> بىرەر زىيارەتچىنىڭ كەزگەن يەرلىرى، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئىشلىرى ھەققىدە يازغان ئەسىرى، خاتىرىسى.

**زىيارەت قىلماق** ① مۇقەددەس جايلار، چەت دۆلەتلەر، داڭلىق شەخسلەر ياكى يېقىن كىشىلىرىنىڭ قەبرىسى قاتار-لىقلارنى يوقلىماق، ئېكسكۇرسىيە قىلماق: ئۆتكەن يىلى روزا ھېيت مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن بىر گۇرۇپپا ئادەم بېرىپ ھېيتگاھ جامەسىنى زىيارەت قىلدۇق. * پەيشەنبە كۈنى ئىدى، ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ ئانامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن «سىيىت ئارسلانخان» يېنىدىكى قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالدىم.

② ھۆرمەت ياكى رەسمىيەت ۋە ياكى خەۋەر ماقالىلەرگە ماتېرىيال ئېلىش يۈزىسىدىن بىرەر كىشىنى ۋە ياكى بىرەر ئورگاننى يوقلىماق، سۆھبەتلەشمەك: بىرىنچى كۈنى ئامىنە ۋە ئەمەتلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كىرىۋاتقان دوختۇر، سېستىرا ۋە كېسەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. * مەن مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى قادىر ئاكىمنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى گېزىتتە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن 9-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۇنى زىيارەت قىلدىم.

**زىيارەتچى** ئى. بىرەر جاينى ياكى بىرەر شەخسنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشى: بىز كىرىپ كېتىۋاتقان بۇ گۆر، گەرچە زىيارەتچىلەرگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ قەدىمكى گۆر ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى.

**زىيارەتخانا** ئى (ئە+پ) ← **زىيارەتگاھ**: بايقۇشلار ئۇۋىسى بولغان ئىككى تۈپ چىنارنىڭ ئۇدۇلىدا گۈمبەزگە قارىمۇقارشى قىلىپ سېلىنغان ئايۋان – زىيارەتخانا بار، ئەمما ئاي تىلك كۆتۈرۈلگىنىدىن زىيارەتخانا ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى.

**زىيارەتگاھ** ئى (ئە+پ) كىشىلەر زىيارەت قىلىدىغان جاي؛ ئورۇن: مەن رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە تولغان باغچىنى ئارىلاپ باغنىڭ غەربىدىكى زىيارەتگاھقا يەتتىم.

**زىيارەتگاھلىق** ئى ← **زىيارەتگاھ**.

**زىياسىز** سۈپ. نۇرسىز، قاراڭغۇ: بۇ ھايات بىزدە مەنىسىز، كۈنلەر ئۆتمەكتە، ئۇيۇق زىياسىز، بىلمەيمەن، نېچۇن زامان ۋاپاسىز، خەلقىم بارىدۇ، ھەنۇز داۋاسىز، بۇ ۋەتەن بولمىش خەستە ئۇچقى.

**زىيالىي** ① ئى. بىرقەدەر يۇقىرى پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر. مەسىلەن، پەن-تېخنىكا خادىملىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى، ئوقۇت-قۇچىلار، دوختۇرلار، مۇخبىرلار ۋە ئىنژېنېر قاتارلىقلار: سەن بىر زىيالىي تۇرۇپ، ئوقۇمىغان، نادان كىشىلەردەك گەپ قىلساڭ ئۆزۈڭگە ياراشمايدۇ.

**زىيالىي ياش** بەلگىلىك بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش: زىيالىي ياشلار ماگىزىنى. زىيالىي ياشلار ئانسامبىلى. * زىيالىي ياشلارنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىدىكەن، يۇقىرىدىن پىلانىمۇ چۈشۈپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەن ئەمگەك ئىدارىسىغا باردىم.

**زىيالىيلىق** «زىيالىي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**زىيان** ئى (پ) ① سودا-سېتىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىدا ئورنى يوق، كەتكەن پۇل-مال، دەسمايىنىڭ كېمەيگەن قىسمى: زىيان تارتماق. زىياننى تۆلىمەك. * تىجارەتچى بولىمەن دېگەن كىشى زىياندىن قورقماسلىقى كېرەك، چۈنكى تىجارەتتە پايدا بىلەن زىيان خۇددى كېچە-كۈندۈزدەك ئالمىشىپ تۇرىدۇ. * نامازغا ئالدىراپ كېلىۋاتقان كىشىلەر توختاپ، بەزىلىرى ئۈنىگە ئېچىنىپتۇ، بەزىسى كۆڭلىدە: «جىق پايدا كۆزلەپ قىممەت ساتقانىنىڭ، كىشىگە زىيان كۆزلىگەنىنىڭ ئاقىۋىتى شۇ...» دېيىشىپتۇ ② ئومۇمەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يوقىتىش، زەرەر؛ چىقىم: ئەگەر بۇ قېتىم يازلىق پىلىدىن ناچار ھوسۇل ئېلىنىدىغان ۋە ئاپەت تېگىش بىلەن تۈگىشىپ كېتىدىغان بولسا، بۇ زىياننىڭ ئورنىنى شۇ تاپتا ھېچنېمە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى. * ئويلاپ بېقىڭا،

سوتسىيالىزم تۈزۈمى ياشلار ئۈچۈن ئۆز ئىستىق-
بالىغا يېتىشتە قانچىلىك ياخشى شارائىت يارىتىپ
بەردى-ھە؟ پارتىيە كۆرسەتكەن يولغا
ماڭمىسىڭىز، زىيان ئۆزۈڭىزگە بولىدۇ. ③
كۆچمە. يامان تەسىر، زەرەر: تاماكىنىڭ
زىيىنى. ھاراقنىڭ زىيىنى.

**زىيان بولماق** زىيان كۆرۈلمەك، مەلۇم
دەسمايە كېمەيمەك: مەيلى 100 يۈەن
بولسىمۇ بولسۇن، ئالسىلا ئاكا، بازار نەرخى
بويىچە بولغاندىمۇ ماڭا ئازراق زىيان بولىدۇ.
شۇنداق بولسىمۇ مەيلى.

**زىيان تارتماق** بىرەر نەرسىدە زىيانغا
ئۇچرىماق؛ بەلگىلىك دەسمايىدىن ئايرىل-
ماق: دېمىسىمۇ ئۇلار مەن بىلەن بولغان
سودىدا زىيان تارتتى. * بارىڭكۆلدىكى
چېرىكلەر شا مەخسۇت بىلەن شىيەتەي
يامۇلنىڭ چېرىكلىرىگە ئوخشمايدۇ. ئۇلار ئۇزاق
زامان مەشق قىلغان، قوراللىرى خىل، ھەممىسى
ئاتلىق، شۇڭغا قاراپ ئىش قىلمىساق، زىيان
تارتىمىز.

**زىيان سالماق** بىرەر ئىش ۋە نەرسىدە
زىيانغا ئۇچراتماق، زىيان تارتقۇزماق؛
زىيان يەتكۈزمەك: تەقسىر قەۋزەت تەيجى
يۇرت ئىشىنى ئىلىشتۇرۇپلا قالماستىن، ئوردىنىڭ
ئىچىدىكى ئىشلارنىمۇ ئىلىشتۇرۇپ، تاغدىكى
بادىرىلارنى كېسىپ ۋاڭغا زىيان سالدى.

**زىيانغا ئۇچرىماق** ← **زىيان تارتماق**:
– جېنىم بالام، قاراپ تۇرۇپ بىز مۇنداق
زىيانغا ئۇچرىساق بولماس، ھېلىمۇ يېقىندىن
بېرى پۇل بۇزدى بولۇپ كەتتىڭ، – دېدى
ئانام. * بۇ دادۇيىنىڭ چوڭ-كىچىك چارۋىسى
20 مىڭغا يېقىن بولسىمۇ، بۇرۇن چارۋا دوختۇرى
بولمىغاچقا، يىلىغا نۇرغۇن چارۋا كېسەللىكتىن
زىيانغا ئۇچرايتتى.

**زىيان قىلماق** ① بىرەر ئىش ۋە نەرسىدە
زىيان كۆرۈلمەك: «تىنچقىنا ئارام ئېلىپ
ياتقانىدىم، ئارتۇق گېپىم ئۆزۈمگە زىيان
قىلدى» دەپ ئويلاپتۇ ئېشەك. ② سەلبىي
تەسىر كۆرسەتمەك، ئەكس تەسىر
بەرمەك: – كېسەلگە زىيان قىلامدىكىن دەپ
بالامنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويالمىغانىدۇق، – دەپ
خىجىل بولغان ھالدا ئىزاھات بەردى ئانا.

**زىيان كەلتۈرمەك** ← **زىيان سالماق**:
ھەرقانداق يېمەك-ئىچمەك، ھەرقانداق
دورىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن بەلگىلىك
ۋاقىت لازىملىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، ئۇلار پايدا
ئورنىغا زىيان كەلتۈرىدۇ.

**زىيان ئۇرماق** ← **زىيان سالماق**:
راۋا كۆرمە ئۆزۈڭگە كۆرمىگەننى يەنە
بىركىمگە، ئۆزۈڭنىڭ نەپسىنى كۆزلەپ، زىيان
ئۇرماق شۇئار قىلما.

**زىيان يەتمەك** ← **زىيان بولماق**:
شەھەر ۋە يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى-
نى، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش
يولى بىلەنلا ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ، بولمىسا،
خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە كەلگۈسى
مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدۇ.

**زىياندىاش** سۈپ. زىيان سالىدىغان، زىيان-
لىق؛ زىيىنى بار: زىياندىاش قۇشلار.
زىياندىاش ھاشارات. * ئەي ۋەتەن، بىرچاغ-
لاردا سېنىڭ قوينۇڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن
بىرئۇچۇم زىياندىاش قۇرتلار، جىن-شاياتۇنلارمۇ
جاھانگىرلارغا ماسلىشىپ خەلقنىڭ قېنىنى
شورىماقتا.

**زىياندىاش قۇشلار** <زوئول> پاختەك،
سېغىزخانغا ئوخشاش دېھقانچىلىق زىرائەتلى-
رى ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى
ۋە ئۇرۇقىنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدى-
غان، كۆك تارغاق قاتارلىق بېلىجانلارنى
يەپ كېتىدىغان قۇشلار.

**زىيانداش هايۋانلار** <زوئول> چاشقان، بورسۇق، بۆرە، ياۋا توڭگۇز، ئىت ئېيىقىغا ئوخشاش زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئورمان، يايلاقلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە ئۆي هايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىغا زىيان سالىدىغان ھەممە كېسەل تارقىتىدىغان هايۋانلار.

**زىيانداشلىق** «زىيانداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ساقچى باشلىقى كىچىككىنە ساقىنىڭ تىنچ هاياتىغا زىيانداشلىق قىلغان خۇنپەرىنىڭ نەقەدەر ھېيلىگەر، قۇۋ نەرسە ئىكەنلىكىنى سەزدى. * دادۇي بويىچە ئاساسىي زىرائەت تېرىلىدىغان تەخمىنەن 40 پىرسەنت ئەتراپىدىكى يەر زەي زىيانداشلىقىغا ئۇچرىماقتا.

**زىيان-زەخمەت** زىيان ۋە زەخمەت: ئۇلار تىزلىنىپ قول كۆتۈرگىنى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە ئىنتىزام قوللانمىسىدىكى باش ئەگكەنلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك دېگەن ماددا بويىچە ئۇلارنى يەنە ئېلىپ كېلىپ ئۆز قاتارلىرىغا قوشتۇق. * جامائەت مۈلكىنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلاش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا جامائەت مۈلكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قارىتا قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بېرىش بەلگىلەنگەن.

**زىيانسىز** سۈپ. زىيىنى يوق، زىيان قىلمايدىغان، زىيان يەتكۈزمەيدىغان: ئۇ دىۋە بىلەن ئېلىشىپ كەتتى، بىر-بىرىگە ئوت چېچىشتى، بىزگىمۇ ئوت چاچرىدى، مەلىكىدىن چاچرىغان ئوت بىزگە زىيانسىز ئىدى. * ئاھالە ئىچىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇلار تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ۋە سالامەتلىكىگە زىيانسىز بولالايدۇ.

**زىيانكەش** ئى. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگۈچى، قەست قىلغۇچى كىشى: — ھەممىسى ئىنىۋا، مەن ھېچقانداق زىيانكەش، بۇزۇق ئەمەس، ئىشەنمىسەڭلار زاۋۇتقا بېرىپ سوراپ باقمامسىلەر؟ — دېدى ئادىلمۇ غەزەپ ۋە ئاچچىق بىلەن. * — سەركەردە جانابلىرى! سىلىنىڭ بۇ كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمەتلىرىگە، ئېلىمىزدىن چوڭ بىر زىيانكەشنى يوقاتقانلىقلىرىغا خۇرسەنمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

**زىيانكەشلىك** ئى. باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، باشقىلارنى قەستلەيدىغان قىلىق، ھەرىكەت: بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا سابىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن نىسۋىغىلارمۇ بار ئىدى.

**زىيانكەشلىك قىلماق** باشقىلارغا زىيان سالماق، قەست قىلماق، قەستلىمەك: ئادەمنىڭ ياخشىسى — خەلققە پايدا يەتكۈزگۈچى، يامىنى بولسا زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئىكەن. * شۇ يىلى ئەتىيازدا جاللات شىڭ شىسەي غۇلجىدا ئىشلەۋاتقان 8-ئارمىيە كادىرلىرىنى ئۇرۇمچىگە چاقىرىپ قولغا ئالغاندىن كېيىن، تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلدى.

**زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى** <قا> ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى جىنايى قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشى.

**زىيانلانماق** پ. زىيان يەتمەك، زىيانكەشلىككە ئۇچرىماق: قانۇن دوختۇرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى شۇ بولدىكى، زىيانلانغۇچى هاراق ئىچىپ ئۆلگەن بولۇپ، ئىچكەن هارىقىغا بىر خىل زەھەرلىك دورا قوشۇپ بېرىلگەن.

**زىيانلىق** سۈپ. زىيىنى بار، پايدا، مەنپەئەت قىلمايدىغان؛ پايدىسىز: بۇنىڭ ئۆزۈڭگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇنى قىلساڭ، سېنى قانداق ساق دېگىلى بولىدۇ. * قانداق نەرسە خەلققە پايدىلىق بولسا، ساڭا ھەم پايدىلىق. خەلققە زىيانلىق نەرسە ساڭا ھەم زىيانلىق.

# ژ

**ژارگون** ئى (فران) بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا كىشىلىرىلا چۈشىنىدىغان، باشقىلار ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان تىل.

**ژاندارما** ئى (ر<فران) ← **ساقچى:** « ئالتۇنچىلار » نى نازارەت قىلىپ كېتىۋاتقان قوراللىق ژاندارمىلار كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قامچىلىرىنى ئوينىتىپ، پات-پاتلا ئات چاپتۇرۇپ ھەيۋە كۆرسىتىش بىلەن ھەريان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

**ژانىر** ئى (ر<فران) <ئەد> بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ سيۇژېت ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت-كە ئىگە بولغان ھەر بىر تۈرى.

**ژورنال** ئى (ر<فران) ① كىتابچە ياكى مەجمۇئە شەكلىدە بەلگىلىك ۋاقىتتا چىقىرىلىدىغان ھەمدە پەن ۋە مەخسۇس ساھە بويىچە خەۋەر، ئىجادىيەت، تەتقىقات ۋە باشقا ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان، تارقىتىلىد-غان قەرەللىك نەشر بۇيۇمى: ئەدەبىي ژۇرنال. « تىل ۋە تەرجىمە » ژۇرنىلى. ② <مار> كۈندىلىك ئىش، ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار خاتىرلىنىدىغان دەپتەر، خاتىرە: سىنىپ ژۇرنىلى. ③ ژۇرنال فىلىم.

**ژۇرنال فىلىم** <كىنو> ھەرقايسى سەپلەردىكى ئەھۋاللار، پەن-تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى قاتارلىقلارنى ھەقىقىي يوسۇندا كۆرسە-تىدىغان، خەۋەر قىلىدىغان فىلىم.

**ژۇرنالىست** ئى (ر) <مەت> گېزىت-ژۇرناللارغا ھەر خىل تېمىدا ماقالىلەر يېزىپ، تۇرىدىغان ۋە ئۇنى چىقىرىشقا قاتنىشىدىغان كىشى، ئەدىب: ئەنۋەر ناسىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىل-لىرىدىن بىرى، تالانتلىق شائىر ھەم ژۇرنالىست ئىدى.

# س

**س** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون ئۈچىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە ئون ئۈچىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**سا** ئىم. ھارۋىغا قوشۇلغان ئات، ئېشەك قاتارلىقلارنى كەينىگە ياندۇرۇش ئىماسى-نى بىلدۈرىدۇ.

**سائادەت** ئى (ئە) ① زور بەخت، پارلاق ئىستىقبال: — ناھايىتى ئوبدان بولۇپتۇ، — دېدى شاھ رازىلىق بىرىپ، — ھاتەمنىڭ بىزگە نېسىپ بولۇشى زور سائادەتتۇر. * قايتىدىن گۈللىدى ئالەم چىرايلىق، كېچىكى سۈيىقەستنىڭ سىرى ئېچىلىپ. گۈللىدى كۆكۈللەر تولۇپ شادلىققا، قايتىدىن سائادەت نۇرى چېچىلىپ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سائادەتلىك** سۈپ. زور بەخت، سائادەتكە ئېرىشكەن؛ بەختلىك: كۆڭۈل يايرايدۇ شادلىقتىن، ئەجەب ئوبدان زامان بولدى، ۋەتەن باغرى سائادەتلىك، قۇياشلىق ھۆر ماكان بولدى.

**سائادەتمەن** سۈپ (ئە+پ) ← **سائادەتلىك**: — بولدۇ قىزىم، — دېدى كەردان شاھ خۇشال بولۇپ، — ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولسەن.

**سائادەتمەنلىك** «سائادەتمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**سائەت** ئى (ئە) ① بىر سوتكىنىڭ 24 دىن بىرىگە يەنى 60 مىنۇتقا تەڭ بولغان ۋاقىت بىرلىكى: موللازەيدىن كىرمىدى، ئارىدىن يېرىم سائەت، بىر سائەت ئۆتتى. * مەن بىر سائەتتىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ② ۋاقىتنى سائەت، مىنۇت، سېكۇنت بويىچە ھېسابلاپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب. ئۇنىڭ تام سائىتى، جوزا سائىتى، يانچۇق سائىتى، قول سائىتى قاتارلىق تۈرلىرى بار: ئالتۇن سائەت. * ياسىن پات-پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. ③ <مائار> ئوقۇتۇشتىكى ھەربىر قېتىملىق دەرس ۋاقتى، ئادەتتە 45 مىنۇت بولىدۇ: بىزگە ھەر ھەپتىدە تۆت سائەت خەنزۇ تىلى دەرسى بار. ④ پۇرسەت، پەيت: شاھ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. مەلىكمۇ رازى بولدى. ياخشى سائەتتە توي

قىلىپ، مەلىكىنى ھاتەمگە نىكاھلاپ بەردى. * يۇقىرىدا بايان قىلىنىمىدەك تەقدىر-قازانىڭ سائىتى يېتىپ، چىڭگاڭ غوجام ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ قالسا، شاھزادە غوجام ئەلۋەتتە، ۋاقىتلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سائەتچى** ئى. سائەت سېتىش ياكى ئۇنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: بازارنىڭ دوقمۇشىدا بىر سائەتچى بار ئىدى. بىز «كاككۇك-كاككۇك» دەپ سايرايدىغان سائەتنى ئەنە شۇ كىشىنىڭ دۇكىنىدا كۆردۇق.

**سائەتچىلىك** «سائەتچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: غوپۇر ئاكا كىچىكىدىن سائەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ئىدى.

**سائەت-سائەتلەپ** ئۇدا بىرقانچە سائەت: بۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆپىنچە دادىسى بىلەن سائەت-سائەتلەپ پاراڭلىشىدۇ، تالىشىدۇ ۋە ئۆز دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ دادىسىنى رەنجىتىپمۇ قويىدۇ.

**سائەتساز** ئى (ئە+پ) سائەت ۋە سائەت زاپچاسلىرىنى ياساش ۋە قۇراشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**سائەتسازلىق** ئى. سائەت ياساش كەسپى.

**سائەتلەپ** رەۋ. بىرنەچچە سائەت سەرپ قىلىپ، بىرنەچچە سائەت داۋامىدا: بەزى يولداشلار يوشۇرۇنۇپ پەيت كۈتۈش جەريانىدا بىرنەچچە سائەتلەپ يېتىپ، پۇت-قوللىرى ئۇششۇپ كەتسىمۇ چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ، ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاقلىدى. * ئۇ بىر يىلدىن بېرى كەم سۆز، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، ئولتۇرغان جايىدا پېشانىسىنى تۈتۈپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان ھەممە ئۇشتۇمتۇت جۇدۇنى ئۆرلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**سائەتلىك** سۈپ ① سائىتى بار، سائەت ئورنىتىلغان: دادام قولى بىلەن شەرق تەرەپتىكى ئاسمان-پەلەك بىنالارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن ئېگىز كۆرۈنۈپ تۇرغان سائەتلىك مۇنارنى كۆرسەتتى. ② مەلۇم سائەت داۋام قىلغان ياكى داۋام قىلىدىغان: سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى. * ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ پەقەت بىر سائەتلىكلا رۇخسەت سورىغاندىن باشقا، زادى دەرستىن قالمىدى. * ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىدىكى چوڭ ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى ۋېلسىپىت بىلەن بىر سائەتلىك يول ئىدى. ③ سائەت ئۆلچىمى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان: سائەتلىك دەرس پىلانى. * مەخمۇت مۇئەللىم ئاخىرقى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپ ئىشخانىسىغا كىردى. * ئەتىسى بىرىنچى سائەتلىك دەرستە مۇئەللىم ماڭا يېپيېڭى بىر قەلەم بەردى.

**سابا** I ئى (ئە) تاڭ سەھەردىكى سالقىن شامال: سەھەرلەر شوق سابا ئىلھام گۈلۈمنى ھەر سۆيۈپ ئۆتسە، تەپەككۇر پەرىسى قەلبىم بېغىغا گۈل قىسىپ كەلدى. * قۇياشلىق تاڭ سابادىن ئېلىپ نۇر ياشىندى ئىلچى، خوتەن ئالتۇن ئۈزۈك بولسا، بولۇپ كۆزى چاقىندى ئىلچى.

**سابا** II ئى ← **ساناچ**: بىر سابا قىمىز.

**ساباھەت** ئى (ئە) يېز ت ① گۈزەللىك، ھۆسن. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ساباھەتلىك** سۈپ. ئاق يۈزلۈك، چىرايلىق، گۈزەل: ساباھەتلىك ئايال.

**سابىق** سۈپ (ئە) بۇرۇن بولغان، بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى: ئۇنىڭ سابىق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە قوشنىلىرى بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. * - سابىق ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ،

دەرد-ئەھۋاللىرىنى ئېيتىپ باقمىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسمىن ئوبۇل ئەپەندىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

**ساپ** I ئى. ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان قىسمى، تۇتقۇچ، دەستە: ھوت-كەتمەن سېپىنى تۇت (ماقال). * شائىيۇ چىقىپ: — ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئېتىمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسىزغۇ، ھېچ بولمىسا، پالتىنىڭ سېپى بىلەن ئۇرسىڭىز بولمامدۇ! — دەپتۇ. * ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قوللىرىنى قىلىچىنىڭ سېپىغا يۈگۈرتۈپتۇ.

**سېپى ئۆزىدىن** كەم-كۈتىسىز، كەم زىيادىسى يوق؛ دەل، نەق؛ دەل ئۆزى: يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا لاۋچىن بىر يېزا خىزمەت دۈيىنىڭ باشلىقى، ئادىلجان ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئىدى. لاۋچىن ئادىلجاننى: «سېپى ئۆزىدىن يەرلىك ماتېرىيال» دەپ ماختايتتى.

**ساپ** II (ئە) ① سۈپ. چاڭ-توزاندىن خالىي، سۈزۈك، پاكىز: ھاۋا شۇ قەدەر ساپ ئىدى، ئاسماندا تولۇن ئاي كۈلەتتى. يازنىڭ مەيىن شامىلى دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېنىك لىڭشىتاتتى. * چۆپلەر ئارا كۈن شولىسى ئوينايتتى، ئاسمان روشەن ئىدى شۇنچە سۈزۈك، ساپ. ئەركىن قانات ئۇرۇپ ئۇتلاق قۇشلىرى، ھەر قاياقتا سايرىشاتتى چاڭىلداپ. ② سۈپ. باشقا ئارىلاشمىسى بولمىغان، تازا: ساپ ئالتۇن. * ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، مۇڭلۇق ھەم ساپ ئىدى. * شۇ ئارىدا ياش بىر چېرىك: — ئاتىمىڭلار ئاغىنىلەر، مېنى ئاتىمىڭلار. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمان بالىسى، — دېدى ساپ غۇلجا ئۇيغۇرلىرى تەلەپپۇزىدا. * تۆرىلىپ، ئۆسۈپ، راھەتلىنىپ مەن، گۈزەل جايىمدا، كۆردۈم جىق ئۆمۈر. مەندەك دەرەخنى، ئۇچراتقانمۇ سەن؟ كۆردۈڭمۇ مانا، جىسمىم ساپ تۆمۈر. ③ سۈپ. كۆچمە. داغ تەگمىگەن؛ ياماڭلىق، ئەيىب-نۇقسان، ئىللەتتىن خالىي؛ پاك: ساپ ئەخلاق. ساپ ئىشق. * سىزنىڭ مەن بار مەكتەپكە خىزمەتكە كېلىشىڭىز گويا، گۈل-غۇنچىلار ئارىسىدىن چىققان بۇلاق سۈيى ئۇسسىغان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سەگىتكەندەك مېنىڭ سىزگە بولغان ساپ مۇھەببىتىمنى كۈچەيتتى. * ئەزىز ئانا ۋەتىنىمنىڭ غەمگۇزارى، نۇرلۇق تاڭنىڭ ساپ ۋىجدانلىق پىداكارى، ئەل-مىللەتنىڭ شان-شەرىپى، ئىپتىخارى، ئەي رىزۋانگۈل، سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز. ④ سۈپ. باشقا بىرىنىڭ ئەجرى ئارىلاشمىغان، ھالال: مېھنىتىڭ-ئەجرىڭ بىلەن چۆللەرنى بوستان ئەيلىدىڭ، ساپ تەرىڭ مەھسۇلىدىن كۈلگەن چىمەن تارىمدا بار. * ياڭرىدى كۆكتە، ساپ مېھنەت سازى. دېھقانلار بۇندىن بولۇشتى رازى. ⑥ رەۋ. پۈتۈنلەي، تامامەن: — سىز توغرا تىجارەت قىلماي ساپ قانۇن تېشىدىكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرسىڭىز. مەن سىزگە قانداقمۇ ئەقىل كۆرسىتىمەن؟ — دېدى زاكىر. * سەتەڭ چوكان، گۈزەل قىزلار... لاباكۇ دەمسىلە، تەنە، شۇنى كېيىۋالغان نېمىلەر... ئولتۇرۇش، مەشرەپ، ئويۇن-تاماشا، ساپ بەتقىلىق ئىش!

**ساپ ئاۋاز** <فىز> ئادەتتىكى ئاۋاز بىرنەچچە خىل تەۋرىنىش چاستوتىسىغا ئىگە دولقۇنلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. پەقەت بىرلا خىل تەۋرىنىش چاستوتىسىغا ئىگە ئاۋازلار ساپ ئاۋاز بولىدۇ. مەسىلەن، كامېرتون چىقارغان ئاۋازغا ئوخشاش.

**ساپ پاختا** → **چىگىتسىز پاختا**: شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ پەن-تېخنىكا خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرى پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، 10 مىڭ مو يەردىن 10 مىڭ دەن ساپ پاختا ئالدى،

ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 100 جىڭغا يەتكۈزدى.

**ساپ پايدا** <س ئق> ئومۇمىي كىرىمدىن ئەسلىي دىرى ۋە بارلىق خىراجەت سوممىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان پايدا.

**ساپ دىل** كۆڭلىدە باشقىلارغا يامانلىقى يوق، كۆڭلى تازا، سەممىي، ۋىجدانلىق: مەن نېمىۇ دېيەلەيتتىم، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى، ساپ دىل يۇرتداشلار مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان تۇرسا! * ئەدەب-ئەخلاق ئادەمنىڭ، چىن ھەقىقىي زىننىتى. كەمتەر، ساپ دىل بولغاندا، ئاشار ئۇنىڭ ئىززىتى.

**ساپ زىگوتا** <بئول> ئىرسىيەت تىپى ئوخشاش ئىككى گامېتىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان زىگوتا.

**ساپ قەلب** ← **ساپ دىل:** كىشلەرنىڭ چىرايىغا قاراپلا قىلغان مۇئامىلىسى مېنىڭ كۆڭلۈمدە، ساپ قەلبىمدە «ئادەم ئۈچۈن چىراي ئەڭ مۇھىم نەرسە» دېگەن تۇيغۇنى ئۇندۇرگەندى. * رەھمەت ئېيتىمىز پارتىيىگە، مىننەتدارمىز ھۇر دەۋرىمىزدىن. ئالقىش ئازادلىق ئارمىيىمىزگە، جاندىن -يۈرەكتىن، ساپ قەلبىمىزدىن.

**ساپ كۆڭۈل** ← **ساپ دىل:** شۇنى ساپ كۆڭۈل بىلەن ئېيتىمەنكى، سىز مېنىڭ قەلبىمنىڭ يېرىمىنىمۇ چۈشەنمەپسىز. * سارىخان ئانا ھاياجانلىنىپ بايىز خالۋاپنى «ئوبدان ئەقىل، ساپ كۆڭۈل ئىگىسى سىلى، قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن» دەپ ماختىدى.

**ساپ كىرىم** ھەممە چىقىم ۋە خىراجەتلىرى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان پۇل: كۈزدە سەمى بىلەن دۈيجاڭ بوۋاينىڭ بۇغداي ۋە مايلىق زىرائەتلىرىدىن كىرگەن ساپ كىرىمنى ھېسابلاپ، ئۇنىڭ قولىغا بىر يېرىم مىڭ يۈەن پۇلنى تاپشۇردى.

**ساپ نەسىل** <بئول> گېن تىپى ئوخشاش بولغان ئەجدادلارنىڭ چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان نەسىل.

**ساپ نەسىلداشلىق كۆپەيتىش** <بئول> ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆپەيتىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى، يەنى ئوخشاش سورتتىكى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يەككە تەنلىرىنى چېتىشتۇرۇپ كۆپەيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ساپ نەسىللىشىش** <بئول> ئۆسۈملۈك گۈللىرى بىرنەچچە دەۋر ئۆزلۈكىدىن چاڭلانغاندىن كېيىن، ئىرسىيەت تىپى ساپ بولغان نەسىللەرنى ھاسىل قىلىش جەريانى.

**ساپ نىيەت** نىيىتىدە ئىللەت، يامانلىق بولمىغان؛ نىيىتى ياخشى: بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىمۇ يۇرتۇمدىكى كىشلەرگە ئوخشاش ساپ نىيەت، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبانىكەن.

**ساپ ئونلۇق كەسىر** <مات> پۈتۈن سان قىسمى 0 بولغان ئونلۇق كەسىر. مەسىلەن، 0.43، 0.1072 قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ساپا** ئى (ئە) ① ساپلىق، پاكلىق: دىل ئەينىكىگە چۈشسە ئەگەر ئىشق جۇلاسى، بولغۇسى پۈتۈن بارلىق ئۇنىڭ مەھلىياسى. چاچقاندا ۋۇجۇد ئاسمانىدا شولىسىن ئۇ، غايىب بولىدۇ ئۇندا ئەقىل، پىكىر ساپاسى. ② سۈپەت، ئۇنۇم قەدىر-قىممەت: بىلمىلىكنىڭ باھاسى يوق، بىلمىسىزنىڭ ساپاسى يوق (ماقال). * سەن قاراپتۇر، ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا يېزىمۇ شەھەردەكلا ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. ئىشنىڭ ساپاسى ئاشىدۇ. * غىزانىڭ تۈز، ساپاسىدىن، قويار ئاشپەز خېرىدارنى — تەئەججۈپ ئىلكىدە، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچرە يەكشەنبە. ③ مەنپەئەت، ھۇزۇر،

ھالاۋەت: شۇنچە سىزز-چۆچەكلەرگە قارىماي ئۇلارنىڭ كەيپ-ساپاسى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلدى. * جاھالەت سەمەرىدىن بىزگە بىر كۆن كۆپ خاتا باردۇر، ئېيتىڭىزچۇ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.

**ساپاسىز** سۈپ. مەنپەئەت ۋە ئۈنۈمى يوق، سۈپەتسىز، ناچار: ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قوشنا ناھىيىلەردىن بىرقىسىم سۈپەتلىك ئۇرۇقلار يۆتكەپ كېلىپ، ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئارىلىشىپ-قاتمىللىشىپ كەتكەن ساپاسىز ئۇرۇقلارنى يېڭىلىدى.

**ساپاق** ئى ① ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان قىسمى؛ دەستە، ساپ: كەتمەننىڭ ساپىقى. * ئىلىدىن چىققان پىچاقنىڭ ساپىقى دانە-دانە. ئۆزلىرىنىڭ كويلىرىدا بولدۇم تەلۋە-دىۋانە. ② ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى، گۈلى، مېۋىسىنى شاخ ياكى پېلىكىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قىسمى؛ باغ: قوغۇن پىشسا، ساپىقىدا تۇرماس (ماقال). * ئۈزۈلگەن بەرگىدىن ياپراق ساپىقى، تۇرۇلگەن غەشلىكتە ئاسمان قاپىقى. ③ ئۈزۈم بەرگىدە غۇژمەك ئورۇنلاشقان ئۈزۈم دانلىرى توپى؛ ساپ: ئۈزۈمنى يەڭ، ساپىقىنى سورىماڭ (ماقال). * نۇرلۇق كۆزلىرىڭىز ھەممىلا ئۈزۈمنى يارىتىدۇ، قايسى ساپاقنى ئۈزۈسىز، كۆڭلىڭىز تاللاپ بىر يەرگە توختىماي قالىدۇ. // خىزمەتچى بىر بوتۇلكا شامپان ھارىقى، بىر تەخسىدە ئالما ۋە بىر ساپاق ئۈزۈم ئەكەلدى.

**ساپاققا ئېسىلماق** ← **ساقالغا ئېسىلماق.**

**ساپىقىدا يېگىلەپ قالغان** ۋايىغا يەتمەي قالغان، ئۆسمەي قالغان: ئۇ ئۆزىنى كىچىك دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ساپىقىدا يېگىلەپ قالغان ئادەم.

**ساپاق-ساپاق** نۇرغۇن ساپاق: مېھمانلار مەرۋايىتتەك پارقىراپ پىشقان ئۈزۈملەرنىڭ ساپاق-ساپاق ساڭگىلاپ تۇرۇشلىرىغا ھەيران بولۇشتى.

**ساپاقسىز** سۈپ. ساپىقى يوق، ساپاق ئورۇنلاشمىغان: ساپاقسىز يوپۇرماق.

**ساپاقسىز يوپۇرماق** <بوت> غولىدا بىۋاستە ئۆسىدىغان، سېپى يوق ياكى روشەن بولمايدىغان يوپۇرماق. مەسىلەن، بەسەي، تۇرۇپ قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ گۈل شېخى ئۈستىدە ئۆسكىنىگە ئوخشاش.

**ساپاقلىق** سۈپ. ساپىقى بار، ساپاققا ئورۇنلاشقان: ئامېرىكىدىكى بوستون رەسىملەر مۇزېيىدا كۆچانىڭ ئەگرى ساپاقلىق پىپاسىنى چېلىپ تۇرغان قىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئويما سۆرەتلىك تاش ساقلانماقتا.

**ساپال** (پ) ① سۈپ. سېغىز لايدىن ياساپ مەخسۇس خۇمدانىدا پىشۇرۇلغان: ساپال قاچا. ساپال تاۋاق. // مۇخپۇل ئاكىنىڭ قولىدا سىرتى يېشىل سىرلانغان ساپال بار ئىدى. ② ئى. سېغىز لېيىدىن ياساپ مەخسۇس خۇمدانىدا پىشۇرۇلغان ھەر خىل بۇيۇم: ئوتتۇرا ئاسىيا ئارا تامدىن تېپىلغان ئۈچ مۇزىكانت ئايال تەسۋىرى ئىشلەنگەن ساپالدا، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى، قىياپىتى بىلەن بىللە باربىت، قوبۇز ۋە غوڭقىغا ئوخشايدىغان چالغۇلار سۈرىتى بېرىلگەن.

**ساپال بۇيۇملار** سېغىز لېيىدىن ياسىلىپ، خۇمدانىدا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بۇيۇملار. فارفور بۇيۇملارغا قارىغاندا يۇمشاقراق بولۇپ، سۇ سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە كېلىدۇ. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ساپال بۇيۇملار سىرتىغا بىر قەۋەت يىرىك ئېمال سۈرتۈلگەن بولىدۇ.

**ساپال تۇرۇبا** <بن> سېغىز لايدىن ياسىلىپ، ئىچ-تېشىغا ئېمال سۈرتۈلگەندىن كېيىن 1250°C — 1300°C قىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان تۇرۇبا. ئادەتتە كېرەكسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ساپال خىش** <بن> فارفور توپىسىدىن ياسىلىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل خىش. رەڭگى سېرىق ياكى قىزغۇچ قوڭۇر بولۇپ، ئادەتتە ئۇ يۇقىرى تېمپېراتۇرا، سۈركىلىش ۋە چىرىتىشكە چىداملىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**ساپال سىرى** <خىم> ئاليۇمىن ۋە ناترىينىڭ سىلىكات كىسلاتالىق بىرىكمىلىرىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ئېمال ماتېرىيالى. ئادەتتە يېشىل ياكى سېرىق ئىككى خىل رەڭدە بولىدۇ. كۆپىنچە ئىدىش، تەشتەك ۋە كاھىش قاتارلىقلارنى پىشۇرۇشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ سىرتىغا سۈركىلىدۇ.

**ساپال شېغىل** <بن> بىر خىل قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. دانىچە ھالىتىدە كېلىدۇ، سىرتى قاتتىق، ئىچىدە نۇرغۇن كاۋاكچىلار بولىدۇ. يەڭگىل بولۇپ، سۇدا لەيلەيدۇ. ئادەتتە تەركىبىدە تۆمۈر ئوكسىد ۋە ئورگانىك ماددىلار بولغان سېغىز توپىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل شېغىل ئارىلاشتۇرۇلغان بېتونلار ئادەتتىكى بېتونلاردىن يېنىك بولىدۇ.

**ساپال قازان** مېتال ياكى باشقا ماددىلارنى ئېرىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە سېغىز توپا، گرافىت قاتارلىق ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ. خىمىيۋى تەركىبلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ساپال قازان پلاتىنا، نىكېل ياكى باشقا ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ.

**ساپال كاھىش** <بن> قۇم، فارفور توپىسى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بىر خىل ماتېرىيال.

**ساپال نوركەش** <ئارخېئول> قەدىمدە ساپال نورلارنىڭ تۇمشۇقى ساپال نوركەش دەپ ئاتالغان. ئۇلار كۆپىنچە يۇملاق ياكى يېرىم يۇملاق بولۇپ، سىرتىغا تۈرلۈك رەسىم ياكى خەتلەر نەقىشلەنگەن.

**ساپالىق** سۈپ ① ساپاسى بار، ياخشى، ئۇنۇملۇك: ساپالىق ئىش. ② ھۇزۇر بېرىدىغان، ھۇزۇرلۇق: گۈللەر ئارا قىزىلگۈل، بارچىسىدىن ساپالىق، ھۆرمىتىڭ شۇ، بىر گۈلسەن، بۇلبۇلۇڭغا ۋاپالىق.

**ساپان** ئى. يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى. ئۇنىڭ خىللىرى كۆپ بولىدۇ، بەزىلىرى ئۇلاغلارغا، بەزىلىرى تراكتور قاتارلىقلارغا سۆرىتىلىپ، يەر ئاغدۇرۇلىدۇ.

**ساپان سالماق** ساپان بىلەن يەرنى ھەيدىمەك: ئالتىنچى كۈن بولغانتى، يەرگە ساپان سالغىلى. تۇنجى قېتىم يۈز بەردى، ئەر-خوتۇننىڭ جاڭجىلى.

**ساپايى** ئى (ئە) ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ ياكى مۈڭگۈز دەستىگە بىرنەچچە چوڭ مېتال ھالقا ۋە ھەربىر چوڭ ھالقىغا كۆپلىگەن مېتال ئۇششاق ھالقىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قول بىلەن سىلكىپ شاقىلدىتىپ چالىدىغان بىر خىل مىللىي چالغۇ ئەسۋابى: قىرىشقاندەك چاقمىقىم ئوت ئالماي، دىۋانىنىڭ ساپايىسىدەك شاقىلدىغىنى-شاقىلدىغاندى، ئاچچىقىمدا ئۇنى كۆچەپ بىرنەچچە سىلكىپ، يەنە شاقىلدىتىۋاتقىنىمدا قانداقتۇر بىر قول

دولامنى تۇتتى. * شۇڭلاشقا بۇگۇن ئىسمىك چىققاندا، پۈتۈن شەرقتە ياڭراز: بارىكاللا! سەن قىزىتىدىغان توي چىقار ئەۋجىگە، قوللاردا ئويناپ سائپايى، داپلار.

**سائپايى چالماق** ① سائپايىنى قول بىلەن سىلكىپ ياكى مۇرىگە ئۇرۇپ مەلۇم رىتىمدە ئاۋاز چىقارماق: قارىسام، بېشىغا تۆكى چۇشۇپ كەتكەن ئەسكى تۇماق، ئۇچىسىغا يوللۇق، ئاقىرىپ كەتكەن تونچە چاپان، پۇتىغا كونا پىيما كىيىۋالغان، يۈزى قارىداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر مۇزدەك يەردە سائپايى چېلىپ ھەدەپ ئاللاغا نالە قىلىپ ئولتۇراتتى. ② كۆچمە. قاتتىق تۇگۇۇپ تىترىمەك: — ئەگەر بۇ يەرگە يېتىشىۋالمىغان بولساق ئايغىربۇلاقنىڭ سېپىدا سائپايى چېلىپ چىقاتتۇقتە، — دېدى ئەركىن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

**سائپايى سوقماق** → **سائپايى چالماق**: بۇگۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولدى. بېشىغا قارا كۇلاھ كىيىپ، مۇرىسىگە قۇتاز مۇڭگۇزى ئېسىپ، سائپايى سوقۇپ كېلىدىغانلارمۇ كۆرۈلمىدى. * مايلىشىپ كەتكەن ئەسكى تۇمىقىنى كۆزىگىچە باستۇرۇپ كىيگەن ھېلىقى كىشى ئۇن قەدەمچە دائىرىنى ئايلىنىپ تىنماي سائپايى سوقۇپ يۈرەتتى.

**سائپايىچى** ئى. سائپايى چالغۇچى كىشى.

**سائپتۇرماق** «سائپىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موماي قىزىنى چاقىرىپ يىڭنىگە يىپ سائپتۇرغاندىن كېيىن يەنە چىراغ تۈۋىگە بېرىپ تىكىشكە كىرىشتى.

**سائپساپچى** ئى. ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئەپلەپ-سەپلەپ باشقىلارنى ئالدايدىغان، ساختىپەز، قىزىلكۆز ئادەم: پاسار ئوتتىنىڭ كۆلى چوڭ، سائپساپچىنىڭ گېپى چوڭ (ماقال). * چىقمىسا ئەگەر بىر ئەقىللىق باشچى، بازارنى ئىگىلەپ سائپساپچى، كۆپىيىپ بۇزۇقلۇق، يامان ئىللەتلەر، ئەنسىزلىك ئىلكىدە قالار يۇرت ئىچى.

**سائپساق** سۈپ ① ھېچقانداق كېسىلى يوق، ناھايىتى ساغلام: سائپساقلا بالا ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالسا، قايسى ئاتا-ئانىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولمىسۇن؟ * ئاق قوزام، ئاپئاق قوزام، تەنلىرى سائپساق قوزام. يايرىتاي يۇر مەن بىلەن، قانغۇچە ئامراق قوزام. ② ھېچقانداق يېرى بۇزۇلمىغان، ھەممىسى ياخشى ۋە يارامىلىق: ئۇ گۆھەر مونچاق ئەسلىدە سائپساق ئىدى، مانا ئەمدى ئوت تۇتىشىپ گۇرۇلدەپ كۆيۇشكە باشلىدى. * نېمە دەۋاتىدىلا سوپۇم؟ سىلىنىڭچە قاراپ تۇرۇپ مۇشۇ بۇزۇلغان سېپىق نەرسىنى سائپساق قوناقلارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىمىزمۇ؟ // «ماتور سائپساق ئىشلەۋاتىدىغۇ» دەپ ئويلىدىم مەن، ئۆزىنى مۇنداق دالدىغا ئالغۇچە، رېھىم ئاكىغا بىر ئىككى ئېغىز ياخشى سۆز قىلىپ، مېنى تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرسا بولماسمىدى. ③ كەم-كۇتىسى يوق، تولۇق: ئولتۇر، ئوغلۇم، بۇرۇنقىدەك بارالىڭ ئاستىدا، پۇت-قولۇڭنى سوزۇپ، قېنى، ئارام ئال بىردەم. «نېمە گۇناھ ئۆزۈمدە؟!» دەپ قويغان گېپىڭگە، زەي تۇرمىدە سائپساق ئون يىل چەكتىڭ دەرد-ئەلەم.

**سائپسېرىق** سۈپ. ناھايىتى، ئىنتايىن سېرىق: دېھقان پېشانىسىنى سىلاپ، سائپسېرىق چېشىنى كۆرسىتىپ، چىگىش ساقىلىنى تىترىتىپ كۈلدى. * تارىمنىڭ بويىدا يالغۇز سەبدەگۈل، ئېچىلدى سائپسېرىق ھۆسنى تولۇنئاي. قارايدۇ زوقلىنىپ سۈنىڭ تېگىدىن، بېلىقلار ئۇ گۈلگە كۆزلىرى تويماي.

**سائپقان** ئى. دىئال. سالغا.

**ساپقۇچ** ئى. ساپان، بوقۇسانىڭ تۇتقۇچى.

**ساپلا** سۇپ. پۈتۈنلەي، تامامەن: — ۋۇي قارىغۇ، سەن چۈپ ئۇردۇم، دەپ ساپلا بۇغداينى ئۇرۇۋاپسەنغۇ. * بالا چاي ۋاقتىغىچە ئىشلىگەچكە، قورسىقى ئېچىپ ئۈيگە ئارانلا ئۈلگۈرۈپتۇ، قارىسا داستىخاندا ساپلا زاغرا نان تۇرۇپتۇ.

**ساپلاتماق** «ساپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم ئاكام ئەمدىلا ساپلاتقان كەكسىنى بىلىگە قىستۇرۇپ يەنە خامانغا ماڭدى.

**ساپلاشتۇرماق** «ساپلاشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئورمان يەنە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ساپلاشتۇرۇلماق** «ساپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساپلاشتۇرۇلغان ئۇرۇق.

**ساپلاشماق** I «ساپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالدى بىلەن جوتۇلىرىنى ساپلاشتى.

**ساپلاشماق** II پ. خىلمۇخىل ئارىلاشمىلاردىن تازىلىنىپ ساپ، تازا ھالەتكە كەلمەك: ماشىنا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن چاڭ-توزان بېسىقىپ ھاۋا ساپلاشتى.

**ساپلانماق** I «ساپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاسساپ مۆڭگۈز بىلەن ساپلانغان پىچىقى بىلەن گۆشنى پارچىلىۋاتاتتى. * سابىر يېڭى ساپلانغان بازغاننى قولىغا ئالدى، باشقىلارمۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. * چۈنكى ئۇنىڭ قوش قۇلىقى ساپلانغان، شاخلىرىمدىن كېسىۋالغان ساپ بىلەن. ئۆز شېخىمدىن ساپ بولمىسا ھەرىدە، بولماس ئىدىم بوزەك مەن ھەر باپ بىلەن.

**ساپلانماق** II پ. تازا، پاك ھالەتكە كەلمەك؛ پاكلانماق: بۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەيمەن. ئەمدى ساپلانغان قەلبىم داۋالىنىپ روشەنلەشكەن كۆزۈم بىلەن ئەتىكى بەختكە، نۇرلۇق داغدام يولغا دادىل كۆز تىكىمەن. * ئالەم تولدى باھارى نەشئەلەرگە، ھاۋا ساپلاندى ئۇخشاپ شېشەلەرگە.

**ساپلىق** I ئى ① نۇرلۇك مىتاللاردىن ياسالغان ساپ بېكىتىلگەن چۆمۈچ: دەل مۇشۇ چاغدا ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ئاشپەز ئۇستام قولىدىكى ساپلىقنى ئوچاق بېشىدا قويۇپ، ئۇدۇللا، ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا باردى. * ھۆر تەپەككۇر كەپكۈرىدە كەشپىيات-گۆھەر قېزىپ، ئىش-ئەمەل مىزانىدا ساپلىقنى ئىسپات ئەيلەگىل. ② سېپى بار كىچىك قازان: ئاشپەز بېلىقلارنى يۇيۇپ-تازىلاپ، ساپلىققا سېلىپ، ئوت يېقىپ قورۇشقا باشلاپتۇ.

**ساپلىق** II ① سۇپ. سېپى بار، ساپ بېكىتىلگەن: ئېلىشقۇل كالتە ساپلىق بىر ئاپتوماتنى مۆرىسىگە ئاسقان بولۇپ، جەڭچى يىگىتنى قولتۇقلىۋالغان ۋە ناھايىتى خۇشال ئىدى. * توختىئاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ ئۆزلىرىنىڭ مۆڭگۈز ساپلىق پىچاقلىرىنى ئېلىپ ئالماسقا ئۇزاتتى. ② ئى. ساپ قىلىشقا لايىق ياغاچ: مەن ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ بىكار تۇرغۇچە ساپلىق تېپىپ، پالتامنى دەستىلىۋېلىش ئويىغا كەلدىم-دە، قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. * — ئىككى تال قامچا ساپلىقى كېسىشكىمۇ بولمايدۇ، مەسئۇلىيەت تۇزۇمى بويىچە بۇ ئورماننى ماڭا كۆتۈرە بەرگەن، — دېدى بوۋاي.

**ساپلىق** III «ساپ II» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئوكۇلنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزمەي بولمايدۇ، — دېدى ئارمان ئۆزىنى تۇتۇپ، — چۈنكى **ئوكۇلنىڭ تەركىبى** ھەم ساپلىق

دەرىجىسىنى بىلىش بىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم.

**ساپلماق** پ. ساپ ئورناتماق، دەستىلىمەك: مېنىڭچە يەرلىك خەلقتىن كۆپرەك ئەسكەر ئېلىپ، يەنە تاغقا چىقارساق دەيمەن. تېرەك كېسىدىغان پالتىنىمۇ ياغاچتىن ساپلايمىز ئەمەسمۇ.

**ساپما** سۈپ. سېپىۋالىدىغان، سېپىپ كىيىۋالىدىغان: ساپما كەش.

**ساپما كەش** يالاڭ سېپىۋالىدىغان، ئاپقۇتسىز بىر خىل كەش؛ سۆرىمە كەش: دائىم تۇرىدىغان مېھمانلار ساپما كەشنى سۆرەپ تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ، تاماق يەۋاتقان مېھمانلارنىڭ كىيىم-كېچەكى، يۈرۈش-تۇرۇشى، كېچىسى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە قىلچە ئەيمەنمەي پاراڭلىشاتتى.

**ساپماق** پ ① تۆشۈك ئىچىدىن ئۆتكۈزمەك: يىڭنىگە يىپ ساپماق. * بوزەكنى تاپسام، بۇرنىغا يىپ ساپسام (ماقال). ② كىيمەك: مەن كالىچىمنى ساپتىم، ئۈتتۈرلاپ بۇ ياققا ماڭدىم. * چاپىنىمنىڭ يېڭىنى، تاپالمىدىم، ساپالمىدىم. سەن ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە، تولغىنىپ ياتالمىدىم.

**ساپمۇساق** ← **ساپساق**: تېخى تۈنۈگۈنلا ساپمۇساق تۇرغان كىشىنىڭ بىر كېچىدىلا ئۆلۈپ قېلىشى كىشىلەرگە غەلىتە تۇيۇلدى. * 12-كۈنى پۇل تۈگەپ بىر ئاغىنەمدىن 100 سوم قەرز ئالدىم، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ساپمۇساق 15 كۈن تۇرۇپ 16-كۈنى قوزغىلىشتى.

**ساپئۇم** ئى (لات) <بوت> ← **ساپئۇم دەرىخى.**

**ساپئۇم دەرىخى** <بوت> سۈتلۈك ئوت ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى رومبا شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كۈزدە قىزىرىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق-ئانىلىقى بىر تۈپتە بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ سىرتقى يۈزىدە بىر قەۋەت ئاق موم ماددىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن شام ياسىلىدۇ. يوپۇرمىقى قارا بوياققا ماتېرىيال قىلىنىدۇ. قوۋزاق ۋە يوپۇرماقلىرى دورا قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ زەھەر كېسىش، سۈيدۈكنى ھەيدەش رولى بار.

**ساتار** ئى (پ) <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ كامانچە بىلەن چالىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. شەكلى تەمبۇرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. 7 دىن 13 كىچە تارى بولۇپ، بىرى ئاساسلىق مېلودىيىلىك تار، قالغانلىرى رېزونانس تار ھېسابلىنىدۇ. 18 پەدىسى بولىدۇ. چالغاندا ئوڭ قول كامانچە تۇتسا، سول قول پەدە بېسىپ بېرىدۇ، يەككە چېلىشقىمۇ، باشقا سازلار بىلەن تەڭكەش قىلىپ چېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق بولۇپ، مۇقام ئاھاڭلىرىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**ساتارچى** ئى. ساتار چالغۇچى كىشى: جىم بولار چايخانا ئىچىمۇ، ساتارچى مۇقامنى باشلىسا. جان-جېنى ئېرەركەن سىمابتەك، مەلىكە پىنھاندا ئاڭلىسا.

**ساتارمەن** ① «ساتماق» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامان I-شەخس بىرلىك ساندا تۈرلەنگەن شەكلى. ② ئى. مال ياكى نەرسە-كېرەك ساتقۇچى كىشى: ئالارمەن بىلەن ساتارمەن، بەزىدە سېتىقچى بىلەن ئابلەق ئوتتۇرىسىدا مۇشتلىشىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. * ئالارمەن ھەم ساتارمەنلەر قازاندىن غەم يېمەس قىلچە، ئاسايىشلىقتا يۈزلەنگەچ، ئادالەت ئىچرە يەكشەنبە.

**ساتا-ساتقۇ** سېتىشنى ئويلىغان ۋە سېتىشقا لايىق بولغان، پۇلغا يارايدىغان: تەڭكەلمەيمەن باي قىزىغا، پۇلۇم يوق، ساتاي دېسەم ساتا-ساتقۇ قويۇم يوق. مەن ئاچاڭنىڭ

سېتىپ ئالغان قۇلى مەن، جايىم جاڭگال، ياتاي دېسەم ئۆيۈم يوق.

**ساتا-ساتقۇلۇق** ← **ساتا-ساتقۇ**: دوختۇر ياكى تېۋىپقا كۆرسىتەي دېسەم يانچۇقتا پۇلنىڭ تايىنى يوق، ساتا-ساتقۇلۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولدۇم.

**ساتقۇزماق** «ساتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دوپپىلارنى سىڭلىسى جەملە ئارقىلىق ساتقۇزۇپ، ئۇنىڭ خەج-خىراجىتىنى قامداپتى. * قويىنىغۇ سويغۇزدى، ئەمدى بۇ گۆشنى كىمگە ساتقۇزۇش مەسىلىسىدە ئەمەتجاننىڭ بېشى قاتتى.

**ساتقۇزۇشماق** «ساتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساتقۇزۇلماق** «ساتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ساتقۇن** ئى. ۋىجدانىنى، ئۆز كىشىلىرىنى سېتىپ، قارشى تەرەپكە ئۆتكەن، سېتىلغان كىشى؛ خائىن: ھازىرقى پارتكوم سېكرېتارى ئۇنىڭ دوستى، گەپنىڭ بولار يېرى ئۇ ساتقۇن، پارتكوم سېكرېتارى ئاقنىيازنىڭ قويىنى يەپ سەمرىگەن، ھارىقىنى ئىچىپ ئايىنىغان، شۇڭا ئۇ ئاق نىيازنى قوللايدۇ. * نومۇسسىز ئەل ساتقۇنلىرى تۆپە يلى، ئانا زېمىن سەسكىنىدۇ، قاقشايدۇ. سادىق ئەرلەر سۆيەر ئانا ئېلىنى، ئانا ئەل ھەم سادىق ئەرنى ئاسرايدۇ.

**ساتقۇنلۇق** «ساتقۇن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن ئۆز قوشۇنىمىزغا ساتقۇنلۇق قىلىپ، مۇناپىقلارچە ياشاشتىن ئۈمىد كۈتكۈچە ساپ ۋىجدان ۋە مەردلىك بىلەن ئۆلۈشنى باشقا ھەممە نەرسىدىن ئەلا كۆرىمەن! * تاڭ ئاتتى نۇر بىلەن يۇيۇلدى زېمىن، بولاركەن بۇلۇتلار تاڭدىمۇ لېكىن. ساتقۇنلۇق قۇيۇنى كۆمۈپتۇ قۇمغا، مەن

يوقلاپ بارغاندا ئۇنى بىر قېتىم.

**ساتقىن** (توغرىسى: ساتقۇن) ← **ساتقۇن**.

**ساتما** ئى. قوغۇن ۋە باشقا زىرائەتلەرنى ساقلاش ياكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلىش ئۈچۈن دەرەخ شاخلىرى، قومۇش قاتارلىقلاردىن ياسالغان ۋاقىتلىق ئۆي، كولبا: تۇرسۇن ئۆز ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدى-دە، ئاران دېگەندە، ۋەيران قىلىنغان بېغىنىڭ ئورنىغا قوغۇنلۇقنىڭ ساتمىسىدەك كىچىككىنە ئۆيىنى قوپۇرۇۋالدى. * ساتما قۇرۇپ ئۆي قىلدۇق، بۇ ئۆيلەردە توي قىلدۇق، مەرىكىمىدە ئۈچ تويىنى بىر قېتىمدا توي قىلدۇق.

**ساتماق** پ ① پۇلغا ئالماشتۇرماق، مەلۇم باھادا پۇل ئېلىپ بەرمەك: ئەركىن قورقۇنچ بىلەن ئارقىسىغا قارىدى. بوۋاي ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، ئالدىراش ئالما ساتماقتا ئىدى. * بۇ ياققا ماڭار چاغدا يول خىراجىتى ئۈچۈن ئۆچكىنى 70 كويغا ساتتىم. ② كۆچمە. ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ ۋەتەنگە، باشقىلارغا ساتقۇنلۇق، خائىنلىق قىلماق: يامان ئات ئىگىسىنى ئاتار، يامان دوست دوستىنى دۈشمەنگە ساتار (ماقال). * مۇناپىقلار بازار تالىشىپ، بەس-بەستە ساتتى ۋەتەننى. نەدىن بىلسۇن ئۇ شەرمەندىلەر، مىللەت، ۋەتەن دەيدىغان غەمنى. ③ كۆچمە. نەپس ۋە پۇل ئۈچۈن ئېسىل خىسلەتنى يوق قىلماق: ئابرۇيىنى ساتماق. ئىناۋىتىنى ساتماق. * بەزىلەر ياشايدۇ ھالال ئەجرىدە، ئەقلىدىن-زېھنىدىن تېپىپ يەپ ئاق نان. بەزىلەر ئىتلارنىڭ كۈنىدە ئۆتەر، ئار-نومۇس، ۋىجدانىنى سېتىپ ساقلاپ جان. ④ كۆچمە. بىمەنىلەشتۈرمەك؛ تاراتماق: گەپ ساتماق.

**ساتۇرن** ئى (ر<لات) <ئاستر> **قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن 6-پلانېتا.**

چوڭلۇق جەھەتتە قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتا ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ چىقىشتىكى ئومۇمىي دەۋرى 29.46 يىل، ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش دەۋرى 10 سائەت 14 مىنۇت؛ يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 150°C، ھەجمى يەرنىڭكىدىن سەل كىچىك بولۇپ، يەر شارىنىڭ تەخمىنەن 750 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىر دانە نۇر ھالقىسى ۋە 17 ھەمراھى بار.

**ساتىرا** ئى (ر<لات) <ئەد> تۇرمۇشتىكى ناچار ھادىسىلەرنى، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى قاتتىق مەسخىرە ۋە پاش قىلىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋى ئەسەر.

**ساتىراش** ئى (پ) چاچ-ساقالنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئۇ ئولتۇرماقچى بولغانىدى، ئارىمىزدا ئولتۇرغان ساتىراشنى كۆرۈپ قايتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

**ساتىراشخانا** ئى (پ) ساتىراشلار چاچ-ساقالنى ئېلىش، تۈزەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۆي، دۇكان: بۈگۈن شەنبە بولغاچقا، لۇتپۇللا بىلەن ئابدۇللا داۋۇت ئالدى بىلەن ساتىراشخانىغا كىرىپ چېچىنى ئالدۇردى.

**ساتىراشلىق** «ساتىراش» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قۇربان دەرۋازا ئېچىلىش بىلەنلا شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، تاكى كۆز باغلانغۇچە ئۆستەڭنىڭ دۇكىنىدا ساتىراشلىق قىلىدىكەن.

**ساتىرىچى** ئى. ساتىرىك ئەسەرلەر يازغۇچى كىشى: تالانتلىق رومانچى، ساتىرىچى ئابدۇللا قادىرى ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە سوۋېت دەۋرىدىكى ھاياتىنى نۇرغۇن جەھەتتىن ھەققىي تەسۋىرلەپ بەرگەن ئەسەرلەرنى ياراتتى.

**ساتىرىك** سۈپ (ر) ساتىرا خاراكتېرىدىكى؛ ئۆتكۈر ھەجۋى: ساتىرىك ئەسەر. ساتىرىك داستان.

**ساتىرىك ئەسەر** <ئەد> ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپى ياكى ئايرىم گۇرۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ يارىماس، سەلبىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئاچچىق كۈلۈپ ۋە ئۇنى تەنقىدىي تەسۋىرلەپ يېزىلغان ھەجۋى ئەسەر. ساتىرىك ئەسەرلەر تۈرلۈك ژانىرلاردا (رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ۋە باشقا ژانىرلاردا) يېزىلىشى مۇمكىن.

**ساخا** سۈپ (ئە) يېز ت. مەرد، ساخاۋەتلىك: غېرىبلارغا يېقىن بولسام، يېتىملارغا رەھىم قىلسام، پېقىرلارغا ساخا بولسام، ئىجابەتكە يېتەر كۆڭلۈم.

**ساخاروزا** ئى (ر<گرېك) <خىم> ① ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{12} H_{22} O_{11}$. ئۇ ئاق رەڭلىك كرىستال بولۇپ، تاتلىق تەمگە ئىگە، شېكەر قومۇشى ياكى قىزىلچىدىن ئېلىنىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاق ۋە قارا شېكەرنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ساخاروزىدۇر. ② شېكەر قومۇشىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى قايناتىش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان قەنت.

**ساخارىن** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئاساسىي خام ئەشياسى مېتىل بېنزول. ئۇ رەڭسىز كرىستال بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى شېكەر ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، تەمى ساخاروزا تەمىدىن 300 – 500 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، شېرىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزۇقلۇق

قىممىتىمۇ يوق.

**ساخال** ئى. دىئال. لاي تامنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تىكەنلىك شاخ توسۇق: گەپ ماقۇلدىن ئاشماس، تام ساخالدىن (ماقال).

**ساخاۋەت** ئى (ئە) ① مەردانىلىق، سېخىيلىق: خوش-خوش، ساخاۋەتتە تەڭداشسىز ئەزىز مەلىكەم، نېمە ئىش ئىدىكىن، بىز تەييار. * سەندىكى ساخاۋەت كەڭ كۆڭۈللۈككە، ئوخشاتقۇم كېلىدۇ چەكسىز ئاسمانىنى، ئۆزۈڭنى نەقەدەر سۆيسەڭ قەدىرلەپ، سۆيسەن چىن دىلىڭدىن يۈتكۈل ئىنسانىنى. ② باشقىلارغا خالىس قىلغان ياردەم، ئىنئام: — سېخىيلار قىلغان ساخاۋەتنى ھېچقاچان قايتۇرۇپ ئالمايدۇ، ھەتتا تىلغىمۇ ئالمايدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلىپتۇ خەلپە. * بۇ يولسىز تەلەپ جاھانگىرلارنىڭ ساخاۋىتىگە موھتاج بولۇۋاتقان يۈەن شىكەينى ئاسانلا تىز پۈكتۈردى.

**ساخاۋەت قىلماق** سېخىيلىق بىلەن باشقىلارغا ياردەم قىلماق، ياردەم قولى سۇنماق: ئېلى نۇرىدىن شۇ سېخىيلىقنى قويماپتۇ، بەلكى قولىنى يەنىمۇ ئېچىپراق ساخاۋەت قىلىپ، بەزمە-ئولتۇرۇشنى كۆپەيتىپتۇ. * ئىلاجىسىز بولمىدى قىلىڭ بىزگە ساخاۋەت، قادىر خۇدا-ئىگەمدىن سىزگە بولۇر شاپائەت.

**ساخاۋەتچى** ئى. باشقىلارغا خەير-ئېھسان، ساخاۋەت قىلغۇچى: قەدىرقىممەت ئالىمدە سەن مېنىڭ قىممەتلىكىم، ھەم ۋاپادارىم، ساخاۋەتچىم، يەنە ھىممەتلىكىم.

**ساخاۋەتخانا** ئى. يېتىم-يېسىرلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن خەير-ئېھسان سۈپىتىدە تەييارلانغان ئۆي: يېزىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا، تۆكۈلۈپ تۇرغان كەپىلەردە، يىللىقچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ساخاۋەتخانىنىڭ پاخال سېلىنغان قاراڭغۇ ھۇجرىلىرىدا، قەھرىتان قىشتىن قانداق

چىقىۋېلىشنىڭ غەم-غۇسسىسىغا چۆككەن كىشىلەردە پۈتۈنلەي باشقىچە ئوي-پىكىر، ھەسرەتلىك خىياللار بار ئىدى.

**ساخاۋەتلىك** سۈپ ① باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىدىغان، ساخاۋىتىنى ئايىمايدىغان: قۇربانىياز خوجا ئۇلارنى نارەسىدە يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىغۇچى ساخاۋەتلىك كىشى سۈپىتىدە ھەرقايسى يۇرت-مەھەللىلەردىن يىغدۇرۇپ ئەكەلدۈرەتتى. * — ئەي بەختلىك شاھ، — دەپتۇ شەھرىزاد سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ — بۇ ھېكايە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئالەمدە قولى ئوچۇق، ساخاۋەتلىك مەردلەردىن ناھايىتى كۆپ كىشى ئۆتكەن. ② خەير-ئېھسان، ئىنئاملىرى بار؛ ھىممەت ۋە ئىنئامغا باي: مىندۇرۇپتۇ بوۋاي ئوغلىنى، يورغا تايغا ئېگەرنى توقۇپ. تىلەپتۇ ھەم ساخاۋەتلىك بول، پىچىرلاپ ئايەتلەر ئوقۇپ. * كۆك بۇغدايىنى كۆكلەتكەن، كارامەتلىك ئاقئۆستەڭ، ئېلى ئالەم خەلقىگە ساخاۋەتلىك ئاقئۆستەڭ.

**ساختا** سۈپ (پ) ① ئالداش مەقسىتىدە ئەسلىگە ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن، ياسىما، يالغان: ساختا پۇل. ساختا ھۆججەت. * گەرچە سىز مۇدىر بولسىڭىزمۇ ئۇلار بىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى سىناش جازىسىغا ئېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ تىزىمى ساختا دېيىشىۋاتىدۇ. * ئەي گۈزەل قەدرىڭنى بىل، باش ئەگمە ئالتۇن ئالدىدا، خارلىما ئالتۇن بويۇڭنى، ساختا دۇردۇن ئالدىدا. ② چىن كۆڭۈلدىن بولمىغان، ياسىما، سۈنئىي: ساختا كۈلكە. ساختا مۇھەببەت. * ۋاپادار يۈرەكنىڭ ساپ قېنى بىلەن، مۇھەببەت چېچەكى كۈلەر چوغلىنىپ. كىمەر ھەم تىل يارغۇچى شېرىن مېۋىگە، ساختا كۆز ياشلىرى يىراق قوغلىنىپ. ③ ھەقىقىي بولمىغان، ئاساسسىز، يالغان: ساختا كۆرۈنۈش. * ئەخمەتجاننىڭ بۇ

مەردانە خىتابى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ رەسۋاسى چىقىپ ساختا قىياپىتى ئاشكارىلاندى. * كۆرمىدىم پەش قىلىپ ساختا ئىشنى، ئابرويى بىر غېرىچ ئۆسكەن كىشى. كۆرمىدىم ئەل يۇرتىنىڭ بەختىنى كۆزلەپ، كۆڭۈللەر تۆرىدىن چۈشكەن كىشىنى.

**ساختا پۇت** <زوئول> ئامېبا قاتارلىق ئاددىي ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق تۇتۇش ئورگىنى. تېنىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىن بۆرتۈپ چىقىۋېرىدۇ، ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن يەنە قايتا قىسقىراپ كېتىدۇ.

**ساختا دەستىلىنىش** <كېئول> يۇقىرى-تۆۋەن ئىككى يۆرۈش يەر قاتلىمىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە يانتۇلۇقى ئاساسەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە يالانما يۈز مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل تېگىشىش مۇناسىۋىتى.

**ساختا رەڭ** <كېئول> مىنېراللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يورۇقلۇقنىڭ قايتىشى ۋە سۇنۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولىدىغان رەڭ. بەزىدە مىنېراللارنىڭ سىرتقى يۈزىدە ئوكسىدلىنىش تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر قەۋەت رەڭلىك پەردىنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ «ساختا رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ساختا شەكىل** <كېئول> بىر خىل مىنېرال ئېلىپ قالغان باشقا بىر خىل مىنېرالنىڭ سىرتقى شەكلى.

**ساختا غالجىر كېسىلى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردا بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. بۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا قىزىش، مەلۇم ئورۇننىڭ تېرىسى قىچىشىش، مېڭە يۇلۇن ياللۇغى بىلەن ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ساختا قەۋەتلىنىش** <كېئول> قېلىن قاتلاملار ياكى قەۋەتلىنىشى بولمىغان تاغ جىنس قاتلاملىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى تېكتونىكىلىق بېسىم ياكى ئېرىتمىلەر تەسىرىدە، قەۋەت يۈزى بىلەن بۆلۈك ياساپ خۇددى قەۋەتلىنىشكە ئوخشاش بىر خىل ھادىسىنى پەيدا قىلىشقا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**ساختا قىلماق** يالغان سۆز ۋە ساختا ھەرىكەت بىلەن ئالدىماق: ساختا قىلسا دوستلىرىنى دەيدۇ «غالىب مەن بۇگۈن»، كويىدا شەخسىي غەرەزنىڭ تىنچىماس كۈن-ئاخشىمى. بولمىغاچ ۋىجدان ئۇنىڭدا، ئار-نومۇستىن يوق ئەسەر، تونىمايدۇ نامۇشۆھرەت ھەمدە پۇلدىن باشقىنى.

**ساختا كۆرۈنۈش** <پەلس> شەيئى ماھىيىتىنىڭ بىر خىل بۇرمىلانغان ئىپادىسى. تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ساختا كۆرۈنۈشلەر ماھىيەتنى بۇرمىلاپ ھەتتا ئەكس تەرەپتىن ئىپادىلەپ، كىشىنى ئاسانلا ئالداپ قويىدۇ، كىشىگە بىر خىل ساختا ھەتتا پۈتۈنلەي ئەكسىچە تەسىرات بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر تال تۈپتۈز تاياقنىڭ بىر ئۇچىنى سۇغا سالساق، ئۇ تاياقنىڭ ئەگرى كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش.

**ساختا ھۆكۈم** <لوگ> ئەمەلىيەتكە ماس بولمىغان ھۆكۈم.

**ساختىپەز** ئى. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن ئىش قىلىدىغان، باشقىلارنى ساختا قىلىدىغان كىشى: ساختىپەز نادانىنى تاپىدۇ، بىلىملىكتىن قاچىدۇ (ماقال). * ساختىپەزلەر كۆلكىسىگە ئالدىنىپ كەتمە پەقەت، مېھرى دەريا ئىچ كۆيەر، دوست

ھەم قېرىنداش ئۆزگىدۇر. // ئېست! مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە، دىلىڭىزنىڭ پاكىزلىقىغا بىكار ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن. ھازىر ماڭا روشەن بولدىكى، ئەسلىدە سىز ئۆتۈپ كەتكەن ساختىپەز ئادەم ئىكەنسىز.

**ساختپەزلك** ئى. باشقىلارنى ئالداپ، ساختا قىلىدىغان قىلىق، ھەرىكەت: بىلىم مەسىلىسى — پەن مەسىلىسى، ئۇ قىلچىلىكمۇ ساختىپەزلىكنى ۋە مەغرۇرلۇقنى كۆتۈرمەيدۇ. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، مۇنبىردىن خوجا، ئۇسمان مۇھەممەتلەرمۇ ئەنە شۇ ئاچچىق كۆڭۈلسىز ئويي-پىكىرلەر ئىچىدە بىئارام بولدى. بۇ ساختىپەزلىكنى ھايالسىز پاش قىلىپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

**ساختلاشتۇرماق** « ساختىلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قىياپىتىنى قانچە ساختىلاشتۇرغان بولسىمۇ، ھەققىي ئۆچمەنلىك يەنە كۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ساختلاشتۇرۇلماق** « ساختىلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساختىلاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈش.

**ساختلاشماق** پ ① ئەسلىي ھالىتىدىن ئۆزگەرمەك، يالغان، ياسىما ھالەتنى پەيدا قىلماق: ياسىنىڭ قولىمۇ بۇلغىنىپتۇ، ئەتكەن كاۋاپلىرىمۇ ساختىلىشىپتۇ. ② ھەققەتتىن، ئەمەلىيەتتىن يىراقلاشماق: بۇ قوشنىمىزنىڭ ھازىرقى گېپى باشقىچىرەك، ئۇنىڭ دەيدىغانلىرىمۇ ساختىلاشقىلى تۇردى.

**ساختلق** ① « ساختا » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنداق قىلىپ ئۇن يىلدىن كېيىن بۇ كىشىلەرنىڭ ساختىلىقى تەلتۆكۈس ئاشكارىلاندى. ② ئى. ساختا ئىش-ھەرىكەت، قىلمىش: ئۇ مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەملەرنى ئىشەندۇرەلەيمەن دەپ ئويلاپتۇ. ياق ساختىلىقنى بالدۇر سەممىي ئادەملەر سېزىدۇ. * ياق، ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ، دەريانى كۆل بىلەن ئەتكىلى بولمايدۇ، دۇنيانى ساختىلىق بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بوراننى پۈۋلەپ توختاتقىلى بولمايدۇ.

**ساختيان** ئى (پ) ئۆچكە خۇرۇمى.

**ساخۇ** سۆپ. دىئال. ئېلىشاڭغۇ، سارالڭ قېتىش، ھاماقەت.

**سادا** ئى (ئە) ① تاۋۇش، ئاۋاز؛ ئۈن: لوتۇنىنىڭ كېيىنكى جاۋابىدىن سىنىپتا يەنە كۈلكە ياڭراپ كەتتى. لوتۇن بولسا غېمىدە يوق مۇئەللىمەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. * قېنى سايرا چىمەندە بۇلبۇلى شاد، گۈزەل سايراپ چىمەننى قىلغىن ئاباد. سېنىڭسىز بۇ چىمەن تىلسىز ماكاندۇر، بىسادا-يىڭدىن جاھان قىلغاي ئۈنى ياد. ② كۆچمە. جاۋاب، ئىنكاس: بۇ تەلەپ كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق سادا پەيدا قىلدى. * باشقىلارغۇ بوسۇغىمىزنى ئاتلاپ كىرىپ باقمىدى، قىزىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە تېخىمۇ سادا يوق ئىدى.

**سادا چىقماسلىق** ئۈن، ئاۋاز پەيدا بولماسلىق، ئۈندىمەسلىك، شەپىسىمۇ بولماسلىق: ئۇ ئانىسىنىڭ بىلەكلىرىنى كۈچ بىلەن تارتىپ ۋارقىرايتتى، لېكىن ئەمدى ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى. * ئۆيي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغانلىقتىن، غەزەپلەنگەن قۇددۇس ئىشىكنى كۈچ بىلەن يەنە بىر تەپتى.

**سادا قىلماق** كۈچلۈك ئاۋاز چىقارماق، ياڭرىماق: ئۇنىڭ ئاۋازى جىلغا ئىچىدە ئۇزاق سادا قىلدى. * كېيىن سادىقنىڭ قولىقىدا بايىقى رادىئو دولقۇنلىرى بىردىنلا قايتا سادا قىلغاندەك، سۈپسۈزۈك كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئۈمىد

چىراغلىرى پارلاپ يانغاندەك بولدى.

**سادا سز** سۈپ. سا دا سى يوق، سادا بەرمەيدىغان، سادا چىقارمايدىغان: ئۇنى ئۈچتى مۇقاملارنىڭ، سادا سىز قالدى داپ، ساتار، خەلقنى ئايرىدى ئۇندىن قۇرۇلغان غەيرىي چەك-سىپىل.

**ساداق** ئى. ئوقيانىڭ ئوقنى سالىدىغان ئوقدان: ساپا بەگ ھەم ۋاپا بەگ ھەم قۇندۇزخان، ئالتۇن ساداق ئېسىپ، ئېتىن قوغلىغان، ئەسقەر تاغدا چېدىرلارنى تىكتۇر-گەن، قۇززات ئوغلى سابۇرخاندىن ئۆگەندىم. * كۆن دېگەردىن ئاشقاندا، شاھ پېگىلىپ قاچقاندا، ئوق تۆگەپتۇ ساداقتا، سۇ تۆگەپتۇ قاپاقتا.

**ساداقەت** ئى (ئە) چىن كۆڭۈلدىن ئىپا-دىلەنگەن سەممىيلىك، ۋاپادارلىق، سادىقلىق: ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ سىزگە بولغان چەكسىز ساداقىتىم ھامان بىركۈنى قەلبىڭىزگە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچماي قالمايدۇ. * بۇلبۇلغا گۈل كېرەك پەرۋانىغا نۇر، ئاۋۋالدىن بۇ خىسلەت ئۇلارغا مىراس. ئالەمچە ساداقەت، سۆيگۈ بار دىلدا، ۋەتىنىم بارلىقى بىر ئۆزۈڭگە خاس.

**ساداقەتسز** سۈپ. ساداقىتى يوق، ساداقەتتىن يىراق، بىۋاپا: سىز بۇ ئىشنى خۇدا يىتائالانىڭ بۇيرۇقى دەيسىز، تازا ئاتا كۆرمىگەن ساداقەتسىز، ۋاپاسىز كىشى ئوخشايسىز! بەس ئەمدى، سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق!

**ساداقەتسزلىك** «ساداقەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا بىر خىل ساداقەتسىزلىك ئالامىتى بولۇپ بىلىنگەن-دى. * ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئۇنىڭ قىلغان ساداقەتسىزلىكلىرى قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتتى.

**ساداقەتلىك** ① سۈپ. ساداقىتى بار، سەممىي، سادىق، ۋاپادار: — مۇھەببەت دېمەك ساداقەت دېمەك بولىدۇ. ساداقەتلىك كىشى ئىشەنچنى يوقاتمايدۇ، — ئايشەم شۇ سۆزنى ئېيتتى-دە، ئىللىققىنا كۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى. * بۇ ئاددىي سۆزلەر بولسىمۇ، ساداقەتلىك يۈرەكنىڭ ساداسى ئىدى. ② ئى. سەممىي سادىق بولۇش، سادىقلىق، ۋاپادارلىق: ساداقەتلىكنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىرقانچە چۆچەكلەر-نى ئوبدان بىلىمەن.

**ساداقەتمەن** سۈپ. ساداقەتلىك، سەمى-مىي، ۋاپادار، سادىق: ئۇ بىر تۇركۇم ساداقەتمەن ۋەتەنپەرۋەرلەر ھەمدە خەلقنىڭ بەخت سائادىتى يولىدا كۈرەش قىلىدىغان جەڭچىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش جەريانىدا، مول تەجرىبىلەرنى توپلىغانىدى. * مەن جانابىڭىزنىڭ ساداقەتمەن ۋە مەرد ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ياخشى بىلىمەن.

**ساداقەتمەنلىك** «ساداقەتمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭدا خاتالىق بولغان تەقدىردىمۇ، نەسىھەت قىلىشىمىز، ساداقەتمەنلىك بىلەن يار-يۆلەك بولۇشىمىز لازىم.

**ساداقەتنامە** ئى. سەممىيەت، ساداقەت ئىپادىلەنگەن خەت: مەن گويا كۆردۈم زامانەم شېرىنى-پەرھادىنى، يادىكار قىلدىم ئۇلارغا بۇ ساداقەتنامىنى.

**سادالىق** سۈپ. ساداسى بار، ياڭراق: ئۇ يېزىشقا ۋە كۈيلەشكە باشلىدى، ياش ئاۋازى جاراڭلىدى. سادالىق. قوشاقلارغا قاتتى ئەركىن ھاياتنى، قوشاقلىرى بولۇپ چىقتى ناۋالىق.

**ساددا** سۈپ (ئە) ① مۇرەككەپ ئەمەس، ئاددىي: ھوشۇر ئاكام ئىككىمىز ئۇنىڭ ساددا

سوئالدىن كۆلۈپ كەتتۇق. * مانا ئەمدى كېسەل بولۇپ ياتقان تۈنجى كۈندىكى خىياللىرىم، بىرئامال قىلىپ كېتىش توغرىسىدىكى ئويلىرىم بالىلارچە ساددا ھېسسىياتتەك تۇيۇلماقتا. ② ئانچە پۇزۇر، ئالاھىدە ئەمەس، ئادەتتىكىدەك: ئۇنىڭ كىيىملىرى ناھايىتى ساددا ئىدى. // قىزنىڭ كارىۋىتىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرغان ساددا، لېكىن پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنگەن، 30 ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئايال مېنى قىزنىڭ خىزمەتدىشى دەپ قارىدىمۇ، ئىشقىلىپ، مېنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ③ ئارتۇقچە تەكەللۇپ ياكى قۇۋلۇقنى بىلمەيدىغان، ئاددىي، تۈز، كەمتەر: كاتىپ ساددا بوۋاينىڭ گېپىدىن كۈلۈپ گۈلئايشەمگە قارىدى. // — ھاجى ئاكام تولىمۇ ئاجايىپ ئادەم ئىكەن. ئادەتتە ئۆمۈر بويى شەھەر يۈزىنى كۆرۈپ باقمىغان سەھرا كىشىسىگە، ھەتتا كىچىك بالىغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، ساددا كۆرۈندۇ.

**ساددا چىنلىق نەزەرىيىسى** <پەلس> ھەربىر ئادەمدە ئەسلىدىن بار بولغان، سىتىخىيىلىك ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش. نورمال تەپەككۇر قىلالايدىغان ھەربىر كىشى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. شۇڭلاشقا ساددا چىنلىق نەزەرىيىسى كۆپ ھاللاردا دۇنيا ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا ماددا بولىدۇ دېگەننى نەزىرىيە جەھەتتىن بىلمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا سىتىخىيىلىك ھالدا ئىشىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ساددا چىنلىق نەزەرىيىسى تېخى ئىلمىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش ئەمەس. سىتىخىيىلىك ساددا ماتېرىيالىستلار ناھايىتى ئوڭايلا ئىدېيالىزم تەرىپىدىن قايمۇقۇپ قالىدۇ. دىئالېكتىكلىق ماتېرىيالىزم ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشنى ئىلمىي نەتىجىلەرنى ئاساس قىلغان، ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل بولغان پەلسەپە تەلىماتى سەۋىيىسىگە كۆتۈردى.

**ساددا دىئالېكتىكا** <پەلس> قەدىمكى زاماندىكى ئىپتىدائىي دىئالېكتىكا. ئۇ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىۋاسىتە كۆزىتىش ئاساسىدا بىلگەن، قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكى ۋە كۈرىشىنى پەرەز قىلغان. قەدىمكى دىئالېكتىكا سىنىپىي ۋە تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، پۈتكۈل دۇنيانىڭ مەنزىرىسىنى پەقەت بىۋاسىتە كۆزىتىش ئاساسىدىلا تەسۋىرلىيەلىگەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ باغلىنىشىنى كونكرېت چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن. شۇڭا كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى مېتافىزىكا ئىگىلىدى.

**ساددا دىل** قۇۋلۇق-شۇملۇقنى بىلمەيدىغان، كۆڭلى-كۆكسى پاك: ئۇ شۇ زامان بۇ ساددا دىل قىزنى ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنىڭ قۇربانى قىلىش خىيالىغا كەلدى.

**ساددا رېئالىزم** <پەلس> ← **ساددا چىنلىق نەزەرىيىسى.**

**ساددا كۆڭۈل ← ساددا دىل.**

**ساددا ماتېرىيالىزم** <پەلس> ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دېگەن كىتابىدا «ساددا ماتېرىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇئەييەن جىسىملاردىن، بەزى ئالاھىدە نەرسىلەردىن چەكسىز كۆپ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرلىكىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ

يەنە «ستىخىيىلىك ماتېرىيالىزم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سادىىلاشتۇرماق** «سادىىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سادىىلاشتۇرۇلماق** «سادىىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سادىىلاشماق** پ. كىيىنىش، يۈرۈش-تۇ-رۇش، مۇئامىلە جەھەتتە ئاددىي-سادda بولۇپ قالماق: ئامىنەم يېزىغا قەدەم باسقاندىن كېيىنلا، تەدرىجىي سادىىلىشىپ يېزىدىكى قىزلارغا سىڭىپلا كەتكەنىدى.

**سادىىلىق** «سادda» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بايىز خالۋاپ سادىىلىق بىلەن ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىۋەردى، لېكىن قاسىم جىڭسا ھەدەپ لەيلىگۈلگە قارايتتى. * ئۇنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق ۋە سەھرا ئاياللىرىغا خاس بىر خىل سادىىلىق چىقىپ تۇراتتى.

**سادىر** (ئە) ① سۈپ. يۈز بەرگەن، پەيدا بولغان: قانىسا دىل يازغىنىمدىن بۇ دەۋردىن مەن خىجىل، يانىسا شېئىرىمدا ھېكمەت ئەيىبىم سادىر ئەمەس. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سادىر بولماق** يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق: مېنىڭ قانداق كەمچىلىك-خاتالىقلىرىم بولسا، بۇ سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا خىزمەت قىلىش جەريانىدا سادىر بولدى. * ئۇ: «ھەممە ئەيىب ئۆزۈمدە، مەن ئايىغى ئۈزۈلمىگەن مېھماندارچىلىق بىلەن بولۇپ كەتمىگەن بولسام، بۇ خىل ئەھۋالمۇ سادىر بولمىغان بولاتتى-دە» دەپ ئويلىدى.

**سادىر قىلماق** پەيدا قىلماق، مەيدانغا كەلتۈرمەك؛ ئۆتكۈزمەك: ھېلىقى كىشىدىن ئەۋەتكەن خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە سېنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىڭ ھەققىدە ئۇ كىشىدىن تولۇق ئاڭلىدىم. * تۈنۈگۈنلا تىل ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئالىمنىڭ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋالنى سادىر قىلغىنى ئۈچۈن سىنىپتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

**سادىغا** ئى. قۇربان، قۇربانلىق.

**سادىغاڭ كېتەي** قۇربانىڭ بولاي، ئۆرگىلەي: سادىغاڭ كېتەي پروفېسسور ئۇكام، ياردىمىڭنى مەندىن ئايىما، سەن بولمىساڭ مەن قېرىنىڭ قىلغان ئىشى نېمىگە دال بولالايتتى؟ * ئاسىم ئۇلارغا شىۋىرلىدى: — سادىغاڭ كېتەي، ئادىلجان ئەمدىلا ئارام ئېلىشقا ياتتى. ئۆتۈنۈپ قالاي، بىر ئاش پىشىم ئويغاتماي تۇرساڭلاركەن! — ئۇ غۇلچىنى كەڭ ئېچىپ ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

**سادىق** (ئە) ① سۈپ. چىن كۆڭۈلدىن بېرىلگەن، سەممىي، ساداقەتلىك: شۇڭا نىغمەت شەھەرگە يۆتكىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ سادىق چاكىرىنىمۇ يۆتكەپ كېلىۋالغانىدى. * تىلەيمەن بىر ئۆمۈر سادىق ۋاپا ئەھلى نىگار بولسا، نىگاركى، قەلبى ئاپتاپتەك نۇرانە-بىغۇبار بولسا. ② ئەرلەر-نىڭ ئىسمى.

**سادىق بولماق** چىن كۆڭۈلدىن بېرىلمەك، سەممىيىتى ۋە ساداقىتى بىلەن ئىش كۆرمەك، مۇئامىلە قىلماق: مەن دوستۇم ئۈچۈن سادىق بولۇشقا قەسەمياد قىلدىم. كېيىنچە مەنمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن ۋە جامالىنى كۆرۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولدۇم. * سۆيگۈگە سادىق بولۇپ يەتمەك ئۈچۈن يار ۋەسلىگە، كۆپ مۇشەققەتلەرنى پەرھاد چەكتى بىستۇن تاغىدا.

**سادىقلىق** «سادىق» سۆزى ① نىڭ ئىسىم شەكلى: مەن ئەلگە سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا پاك ۋىجدانىم بىلەن ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىتىپ كېلىۋاتقان ئادەم.

**سار** ئى (پ) <زوئول> بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. تۇمشۇقى قارا كۆك، ئۈستۈنكى تۇمشۇقى ئىلمەك، پۇتى كۈچلۈك، پەنجە-لىرىدە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بار. قانىتى چوڭ ۋە ئۇچۇشقا ماھىر كېلىدۇ. يىلان، چاشقان، چۈجە قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سارا** I ئى. ئاچ سېرىق تۈكلۈك ئات.

**سارا** II (پ) ① سۈپ. ئەڭ ياخشى، تاللانغان، سەرخىل: سارا بۇغداي. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ساراپان** ئى (ر) خوتۇن-قىزلارنىڭ يەڭسىز كۆڭلىكى. يوپكىسى بىلەن كەنجىرى تۇتاشتۇرۇلغان ھالەتتە بولۇپ، ئادەتتە كوپتا ئۈستىگە كىيىلىدۇ.

**ساراسىم** (توغرىسى: ساراسىمە) ← ساراسىمە.

**ساراسىمە** ئى (پ) نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇققان، تەمتىرىگەن، گاڭگىرىغان ھالەت: ئۇ يەنىلا ئادەتتىكى سىناق ۋە سىناق جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى نورمال ئىشنىڭ بۇ قەدەر داغدۇغا ۋە ساراسىمە پەيدا قىلىۋېتىشىدىن ئەجەبلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتىن تارتىنمايتتى. * ئىستىھكامغا يېقىنلاپ، قول بومبىلار تاشلاندى. دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدە ساراسىمە باشلاندى.

**ساراسىمە بولماق** نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالماق، تەمتىرىمەك، گاڭگىرىماق: بەزىلەر ھەر تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەچكە، خەۋەرسىز تۇرغان دۈشمەنلەر ساراسىمە بولۇپ تەڭ كېلەلمىدى.

**ساراسىمىگە چۈشمەك** نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ كەتمەك، ھودۇقۇپ كەتمەك، گاڭگىراپ قالماق: ئەكبەر قايتا خىتاب قىلىپ بولۇپلا، دەرھال مەنسۇرنىڭ ئادەملىرى ئالدىغا شىددەت ئېتىلدى، ئۇلار گويا ئاسماندىن بالا-قازا كەلگەندەك سارا-سىمىگە چۈشۈپ، ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە ئاتتى. * ئالماس ئىككى تەرىپىدىكى سارا-سىمىگە چۈشكەن چېرىكلەرنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ، سەپنىڭ ئاخىرىغا يەتتى.

**ساراسىمىگە سالماق** كىشىنى ھودۇقتۇر-ماق، تەمتىرەتمەك، گاڭگىراتماق، ئەنسى-رەتمەك: ئۇ ئىناق، خاتىرجەم، بەختلىك ئائىلىسىنى ساراسىمىگە سالغان ھېلىقى مەخلۇق-نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە غەزەپتىن چىشلىرى كاراسلاپ كەتتى. * ئەمدى موماينى سارا-سىمىگە سالغان تۆشۈكمۇ ئېتىلىپ بولغانىدى.

**ساراسىمچىلىك** ئى. ساراسىمىگە چۈشكەن ھالەت: مەردان بايىقى ساراسىمچىلىكتە ئۇنىڭغا سەپسالماپتۇ.

**ساراسىملىك** ① سۈپ. كىشىنى ساراسىمىگە سالىدىغان، ساراسىمە پەيدا قىلىدىغان: مەن ئاشۇنداق ساراسىملىك خىياللار ئىچىدە ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم. * باتۇرجان ئۇ يەردە ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغلى بولۇشقا مۇناسىپ ھالدا كۆكسىنى كېرىپ كىدىيىپ تۇراتتى، چىرايىدا قىلچىمۇ ساراسىملىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ② ئى. ساراسىمە ئىچىدىكى ھالەت، ساراسىمە: شەھەر ئورنىدىن تۇردى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بايىقى ساراسىملىكتىن قۇتۇلۇپ، بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ئازادە ھېس قىلدى. * تۈيۈقسىز قارا بوران چىقىپ ئۇچۇق - سۈزۈك ھاۋانى چاڭ-توزان بىلەن بۇلغىغاندەك، جۇمە نامىزىدا خۇداغا سېغىنىپ ياخشى ئارزۇلار بىلەن كۆڭلى يورۇپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسى ساراسىملىككە چۆمدى. ئۇلار سادىرنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى.

**ساراڭ** سۈپ. ئەقلىدىن ئازغان، كاللىسى نورمال ئىشلىمەيدىغان؛ ، مەجنۇن: ساراڭ خوتۇن. ساراڭ بالا. * — ئۇنداقتا تۇرمىگە بارغىن دېمەكچىمۇ سىز، — دېدى ئۇ ئالىيىپ، — نەق مەيداندا تۇتۇۋالالمىغاندىكىن، ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلى ساراڭمۇ مەن. * ناخشىنى تولا ئېيتسام، خەق مېنى «ساراڭ» دەيدۇ. مېھرىبان ئانام بولسا، «بىچارە بالام» دەيدۇ. // ئۇلار موڭغۇل يىگىتنى زىنداندىكى ۋاقتىدا سۆزلىمەسلىكى ۋە سوئال-سوراقلارغا جاۋاب بەرمەسلىكىگە قاراپ ساراڭغا چىقارغاندىن باشقا، بەزىدە ئۇنى خەنزۇچە ياكى ئۇيغۇرچە بىلمەسلىكىدىنمۇ جىم تۇرۇۋېلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ۋە ئۇنىڭ مىللىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى.

**ساراڭ بولماق** ئەقلىدىن ئازماق، كاللىسى نورمال ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالماق: — پاتىمە، يۈرۈڭ بىز باشقا ياققا كېتەيلى، — دېدى نىغمەت قىزنىڭ قولىدىن تارتىپ، — بۇ قىز ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. * ئەپەندىمنىڭ ئايالى: — ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ئەپەندىم؟ باغلاقلىق ئوغلاقنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ. * كۆڭلۈم چۈشتى كۆڭلۈڭگە، كىردىم سېنىڭ كەينىڭگە. ساق بېشىم ساراڭ بولدى، يارىم سېنىڭ دەردىڭدە.

**ساراڭ تاپماق** ساراڭغا چىقارماق، ئەخمەق قىلماق: — ئادەمنى ساراڭ تاپقان سېنىڭ ساقلىغىنى يۈلسام، شەرت ئادا بولۇۋېرىدۇ، — دېدى غۇلام ۋە پالچىنىڭ ساقلىغا ئېسىلدى.

**ساراڭ دوغ** قېتىق، قىيام، مۇز ۋە سۇنىڭ ئارىلاشمىسى.

**ساراڭ قېتىش** بەزىدە ساراڭلىقمۇ قىلىدىغان، بىرئاز ساراڭلىقمۇ بار: ئازاد گۈلنارنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك سۆيۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ غەرەزلىك ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇۋالدى. ھېسسياتىمۇ ساراڭ قېتىشراق بولۇپ قالدى.

**ساراڭ قىلماق** ئەقلىدىن ئازدۇرماق، ساراڭ، مەجنۇن ھالەتكە كەلتۈرمەك: بىرى دېدى: «ئاتا دەردى ساراڭ قىلدى»، بىرى دېدى: «قىزنىڭ ئىشقى ۋەيران قىلدى». * جۇدالىقتىن دەرد چەككەن، ۋاپادارىم ياخشى قال. ئەقلىمنى ساراڭ قىلغان، ئوماق يارىم ياخشى قال.

**ساراڭ كۆڭۈل** تۇتۇرۇقسىز، بىمەنە خىياللارغا بېرىلگەن، كۆرگەنلا كىشىگە مەپتۇن بولىدىغان كۆڭۈل: بۇ ساراڭ كۆڭلۈم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمكىنە؟! * — نېمە كۆڭۈل ئىكەن ئۇ؟ — دېدى جامى خاپا بولۇپ، — پۇل تاپمىغان ئادەمگە چۈشىدىغان قانداق ساراڭ كۆڭۈل ئىكەن؟

**ساراڭلىق** ① «ساراڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دېھقاننى دارغا ئاسار چاغدا چاپارمەن پادىشاھقا: — پادىشاھى ئالەم! بۇ بىر ساراڭ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەرزىمەيدۇ، — دەپ ئۇنىڭ ساراڭلىقىغا دەلىل قىلىپ دېھقاننىڭ ئۆزىدىن سورىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ② ساراڭ كىشىلەردە بولىدىغان قىلىق، ھەرىكەت: باللىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغان ئاتا-ئانىلار گويا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ساراڭلىق يېپىشقاندەك مەھەللىمۇمەھەللە سۈرۈشتە قىلىپ، ئاخىرى ساقچى ھەتتا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. * يىگىتلىك ۋاقتىدا ئادەمدە بىر خىل ساراڭلىق بولىدۇ. * بۇ كىمدۇر؟ يىقىلاپ كەلگەندە مودەن كۆردىكى، ئەقلىدىن ئازغان غېنىنى! تۇتۇپتۇ شۇنىمۇ زالىم چېرىكلەر، ساراڭلىقى ئۇلارغا زادى نېمە ئىدى!

**ساراڭلىق قىلماق** ساراڭ كىشىلەرگە

ئوخشاش گەپ-سۆز، ھەرىكەتلەردە بولماق: ھويلىغا قاپاق تىرەپ، قاپاق باراڭلىق قىلدىلا. يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ، ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا.

**ساراي** ئى (پ) ① خان، پادىشاھ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى، ئائىلە-جەمەتى تۇرغان ھەمدە تۈرلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەر خىل خانىلار، زاللار ۋە ھويلىلاردىن تەشكىل تاپقان ھەشەمەتلىك جاي، ئۆي؛ ئوردا: يازلىق ساراي. قىشلىق ساراي. * جەپەر بىلەن مەسرۇر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، خەلىپە بىلەن سارايغا قايتىپتۇ. * ئوغلان باتۇر دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ سارىيىغا كىرگۈچە ئون نەچچە ئەجدىھاغا يولۇقۇپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ، قارىسا، سارايىنىڭ ئىچىدە كۆز يەتكۈسىز چوڭ بىر دەريا ئېقىپ تۇرغۇدەك. ② ئىجتىمائىي مەقسەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان ۋە جاھازلانغان ياكى تەنتەربىيە ۋە ياكى ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، سودا ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدىغان جاي، زال، بىنا: خەلق سارىيى. مەدەنىيەت سارىيى. ئوردىنىڭ رەسمىيەت سارىيى، * ساراي سالاپەتلىك ياسالغان، تام-تۈۋرۈكلەرگە مىللىي نەقىشلەر ئويۇلغان ۋە ھەر خىل سۈرەتلەر سىزىلغان. * مەسچىت ئىچكىرى-تاشقىرى بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، ھازىر قىش پەسلى بولغانلىقتىن، ناماز ئىچكى قىسىمدا – چوڭ تۈۋرۈكلۈك ئىسسىق سارايدا ئوقۇلاتتى. ③ يولۇچى ۋە سودىگەرلەر قونىدىغان ھەمدە مېھمانخانىسى، ھويلىسى ۋە ئېغىلى بولغان مېھمانخانا، دەڭ: بىركۈنى ئەپەندىم بازارغا كىرىپ ئاغىنىسى بىلەن بىر سارايدا قونۇپ قېلىپتۇ. * مۇتىللاقارىي بۇ چوڭ شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپمۇ بولالماي ۋە ھەزرەتنىڭ سەيلىسى دېگەننىمۇ چۈشىنەلمەي، ئۆزى چۈشكەن ساراي ئالدىدا بازارغا قاراپ تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. ④ مەخسۇس مېھمانلار ئۈچۈن سېلىنغان ياكى تەييارلانغان چوڭراق ئۆي، مېھمانخانا: ئۇ سائەت سەككىزلەردە ئورنىدىن تۇردى. چوڭ سارايلىرى بار بۇ قورۇدا يالغۇز ئۆزىلا قالغىنىنى شۇ چاغدىلا بىلدى. * يىگىتلەر بولسا، سالىنىڭ ئايرىم ياسىغان سارىيىنى ئىگىلىگەنىدى. ⑤ ئامبار، ئىسكىلات: سوغۇق ساراي. ياڭاق سارىيى. * تۆگىچى ئۇنى «تۇرپان ناھىيىلىك يەم-خەشەك پونكىتى» دەپ تاختا ئېسىلغان بىر سارايغا باشلاپ باردى. * ياشلىقنىڭ چىرىغى ئۈمىد-غايىدۇر، غايىسىز ياش گويا دەرەختۇر قاقشال. كۆڭۈل ھۆر ياشلىقنىڭ گۈل سارىيىدۇر، پاتماس تار كۆڭۈلگە بەخت ئىستىقبال.

**سارايلىق** سۈپ. سارىيى بار، سارايغا ئىگە: يوقالسۇن بۇ تەڭسىزلىك، زۇلۇم-كۈلپەت، بىز ئۈچۈن ئاش-نان كېرەك، ئەرك كېرەك! يوقالسۇن ئاق سارايلىق خوجايىنلار! بىزگە چىن ھوقۇق كېرەك، بەخت كېرەك!

**سارايۋەن** ئى (پ) يولۇچىلار ۋە سودىگەر، تىجارەتچىلەر چۈشىدىغان سارايىنىڭ ئىگىسى: سەپەرگە چىققان بىر مۇساپىر سودىگەر شەھەر سارايلىرىدىن بىرىدە قونۇپتۇ. سارايۋەن ئۇنىڭغا بىر توخۇ ۋە ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرىپتۇ. * بۇلار ئەھۋال سورىشىپ، بىرمۇنچە مۇڭداشقاندىن كېيىن، مۇتىللاقارىي چۈشكەن قوم دەرۋازىسى سىرتىدىكى سارايغا كەلدى، ئاتنى سارايۋەنگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، غوللامنىڭ ئۆيىگە باردى.

**سارايۋەنلىك** ئى. ياتاق ئۈسكۈنىلىرى ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئەمگەك بىلەن مەخسۇس يولۇچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان

كه‌سىپ.

**سارت** ئى. كونا ① كۆچمه‌نلىكتىن ئولتۇراقلاشـ‌قان تۇرمۇشقا ئۆتكه‌ن تۈرك قه‌بىلىلىرىنىڭ نامى. ② سودىگه‌ر، تىجاره‌تچى.

**سارجا** ئى (ر<فران) توقۇلۇشى نىسبه‌تەن زىچ بولغان، ئارقاق ۋه ئۆرۈشى قىيسىق توقۇلغان يۇڭ رەخت: ئه‌مگه‌ك بىله‌ن بۆسۈپ چىقىپ بولغاندا باي، دېهقان ئاكام سارجا كىيسه به‌ك ياراشقاي.

**سارجان** ئى (ر) ئۈچ گه‌زگه تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ۋه مۇشۇنداق مىقداردىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچه‌ش ئه‌سۋابى: يه‌رگه سارجان سالماق. * تۇراپ شۇجى ئۆتكه‌ن ئايدا ئىككى داۋۇيده ئۆزى باش بولۇپ، قولىغا سارجاننى ئېلىپ ئۇزۇقلۇق ئېتىزى دېگه‌ن نام بىله‌ن كوللېكتىپنىڭ يه‌رلىرىنى دېهقانلارغا بۆلۈپ به‌رگه‌ندى.

**سارچه** ئى <بوت> غولقانات ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزسىمان غولى ئۇزۇن بولۇپ، يه‌ر ئاستىدا توغرىسىغا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى مۇره‌ككه‌پ يوپۇرماق، په‌يسىمان يېرىلىدۇ، ئاستىدا كۆپپىيش ئورگىنى بولىدۇ. سپورىلىق كۆپىيىدۇ. يۇمران يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلغىلى، يىلتىزسىمان غولىدىن كراخمال ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئاده‌تته پۈتۈن تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك راۋان قىلىش روللىرىغا ئىگه.

**سارسازان** ئى <بوت> ← **شاپ.**

**سارسىلماق** پ. دىئال. خارلانماق، سه‌رسان بولماق.

**سارسىماق** پ. دىئال. ۋارقىراپ دۆشكه‌لەـ‌مه‌ك، سىلكىشلىمه‌ك؛ ۋارقىراپ ئازار به‌رمه‌ك.

**سارغايتماق** «سارغايماق» پېئىلىنىڭ مه‌جبۇرىي دەرىجىسى: مه‌گزى قىزىل ئايالنى كۆنچىلىك سارغايتتى، ساغلام، تىمه‌ن ئايالنى يه‌نه شۇ كۆنچىلىك هالىدىن كه‌تكۈزـ‌دى. * كېچه ۋه كۈندۈز قان يىغلىغىنىم، سېنى كۆره‌لمه‌ي جان قىينىغىنىم، يىغلىغان بىله‌ن ساقايماس بېشىم، سارغايتما مېنى ئاقمىسۇن يېشىم.

**سارغايدى** ئى <ته‌ن> ئۇيغۇرلارنىڭ ئه‌نئه‌نىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا ئون مېتر ئېگىزلىكتىكى خادىغا بىر دانه چاقپه‌له‌ك ئايلىنىدىغان قىلىپ ئورنىتىلىدۇ. چاقپه‌له‌ك گىرۋه‌كلىرىدىن مه‌لۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىله‌گۈچ بېكىتىلىدۇ، ئويۇن جه‌ريانىدا ئىله‌گۈچكه ئادەم ئولتۇرىدۇ. چاقپه‌له‌كنى پىرقىرىتىدىغان توغرا ياغاچنى بىر ياكى بىرقانچه ئادەم ئايلاندۇرىدۇ. چاقپه‌له‌كـ‌نىڭ په‌يدىنپه‌ي ئايلىنىشىغا ئه‌گىشىپ ئاده‌ممۇ تەڭ ئېگىزگه كۆتۈرۈلىدۇ: هه‌ممىسىنىڭ دېگۈده‌ك چىرايلىرى ساپسېرىق بولۇپ كه‌تكه‌ن. به‌زىلىرىنى بولسا دوستلىرى قولتۇقلاپ چه‌تكه ئېلىپ كېته‌تتى. ئاشۇنداه‌زىلىرىـ‌نى بولسا دوستلىرى قولتۇقلاپ چه‌تكه ئېلىپ كېته‌تتى. ئاشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاده‌مله‌ر ئولتۇرغان سارغايدى يه‌نه ئايلىناتتى.

**سارغايماق** پ ① سېرىق تۈس ئالماق، ره‌ڭگى سېرىقلاشماق: بىر تەره‌پته چىرايى تېخىمۇ سارغىيىپ كه‌تكه‌ن ماموت زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ هه‌ده‌پ يۆتىلىۋاتاتتى. * تالدا سارغايغان ئۈزۈمنىڭ هه‌سه‌ل ئوخشاش سۈيى بار. مه‌ن يېتىم بىچارىنىڭ سه‌ندىن ئۆزگه كىمى بار؟! ② كۆچمه. قاتتىق دەرد ۋه ئازاب چه‌كمه‌ك: يار مېنى يار ئه‌تمىگه‌نگه يارسىز قالدىمۇ مه‌ن، ئۆرۈلۈپ بىر باقمىغانىغا

سارغيىپ قالدىمۇ مەن. * ئىشقى ئوتۇڭدا سارغيىپ، تۇرارغا هالىم قالمدى. سىغىندۇردۇڭ مېنى شۇنچە، چىدارغا هالىم قالمدى. ③ كۆچمە. موهتاجلىقتىن باشقىلارغا يېلىنماق: قوش، ئات-هارۋا، ھەتتا ئۇرۇقلۇققا بىر خو بۇغداي ئۈچۈن باشقىلارغا سارغيىدىغان بولۇپ قالدىم. * ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس مېنىڭ هالىمنى. ئىگەم ئاللا ئۆزى بىلۇر سارغايغىنىمنى.

**سارغۇچ** سۈپ. سېرىققا مايىل، سېرىققا يېقىن رەڭدىكى: باغلاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاللارنىڭ تۆكۈلگەن سارغۇچ يوپۇرماقلىرى كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

**سارغىيىشماق** «سارغايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سارقىت** ئى. توي ۋە زىياپەتتىن ئالغاچ كەلگەن تاماق، يېمەكلىك، زەللە: قىز يۆتكىگەندە يولغا مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ گۈلخان يېقىلدۇ ۋە مەھەللىگە كىرگەندە شۇ مەھەللىنىڭ ياشلىرى توي توسىدۇ، توي سارقىتلىرىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىنلا يول بېرىدۇ.

**سارقىتقۇزماق** «سارقىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سارقىتماق** ① «سارقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، نادىم سامانىنى يۇيۇپ ئەكىردى ۋە ئۇنى تامغا تىكلەپ سارقىتىپ قويدى. ② سىرغىتىپ قويماق: چەينەكتىن چاينى سارقىتىپ قۇيماق.

**سارقىتىشماق** «سارقىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تورۇسنىڭ ھەممە يېرىدىن دېگۈدەك يامغۇر تامچىلىرى سارقىشىپ تۇراتتى.

**سارقىتىلماق** «سارقىتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: قايناپ يېرىم قالغان دورا قۇم چۆگۈندىن بىر پىيالىگە سارقىتىلدى.

**سارقىشماق** «سارقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: هاراق ئۆيدىن تېپىلدى، ئالدىنقى ئاخشامدىن ئاشقان بىرنەچچە بوتۇلكىنى سارقىتىشىۋىدى، 200 گرامچە هاراق چىقتى.

**سارقىما** سۈپ. تامچىلاپ سارقىيدىغان؛ توختىماي سارقىپ تۇرىدىغان: تەشمىدىكى سۇ توختىتىلغان بولۇپ، سارقىما لاي سۇ ئازراق سىرغىپ تۇراتتى.

**سارقىماق** پ ① سىرغىپ چۈشمەك: بەزىدە ئاچچىق تەر تامچىلىرى پېشانەمدىن سارقىپ چۈشۈپ كۆزۈمگىمۇ كىرىپ كېتەتتى. * تونۇرغا ياققان گۆش گىردىلەردىن ئىككىسى سارقىپ كەتتى. * يۈزلىرىدىن تەرى چىپ-چىپ ئاقاتتى ئۇنىڭ، مەگزى بويلاپ كۆز ياشلىرى سارقىيتتى ئۇنىڭ. ② نۇر چاقنىتىپ كۆچمەك، يۆتكەلمەك: تۈندە كەڭ ئاسماندا مەغرۇر سارقىغان يۇلتۇز كەبى، «لاپ» قىلىپ ئۆچسەمۇ سەندە، بىر يورۇپ چاقناپ ئۆتەي. ③ كۆچمە. مەلۇم بىر تەرەپكە مايىل بولماق، قىيسايماق: — مەن هازىرچە قىياس قىلماسلىقنى تەكلىپ قىلىمەن. قىياس قىلغاندا، تەكشۈرۈش ھەرقانچە توغرا يول بىلەن باردى دېگەندىمۇ، قىياس تەرەپكىرەك سارقىپ كېتىپ قالىدۇ، -دېدى رەيھانەم مۇلاھىزە بىلەن.

**سارقىندى** ئى ① سارقىپ چۈشكەن ئەڭ ئاخىرقى قىسمى، قالدۇقى: ئۇ قارلىق تاغ ئۈستىدە دۈۋىلىشىپ ياتقان قار سۈيىنىڭ سارقىندىسى بولسا ئەجەب ئەمەس. * مانا بۈگۈن ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن، ئاخشامقى ياشلارنىڭ سارقىندىسى تېخىچىلا كۆزلىرىمدىن تۆكۈلمەكتە. ② كۆچمە. قالدۇق: بارلىق ئەبجىقى چىققان نەزەردىن چۈشكەن كونا نەرسىلەرنى، كونىلىقنىڭ سارقىندىلىرىنى

تەگرىنىڭ دەرگاھىغا يوللاپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختىيار ئەتىسى ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. * بىر تەرەپتىن كونا مەنسەپدارلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى، كونا دەۋردىن سارقىندى بولۇپ قالغان قىرىلارمۇ دەردكە چىدىماي قامچىسىغا تۇكۇرۇشكە ھازىرلاندى. // ئاقسۇ زاپاس پولكى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بايىغا يۆتكىلىپ، بار-يوقى 150 ـ 160 چە سارقىندى ئەسكەر بىلەن شۇ جايدا كىچىك كارنىزون قىسىم بولۇپ تۇراتتى.

**سارکوما** ئى (ر<گرېك) <تب> ئۇستىخان، لىمفا توقۇلمىسى ۋە قان ئىشلىگۈچى توقۇلما قاتارلىقلاردا پەيدا بولىدىغان بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

**سارگاس** ئى (ر<لات) <بوت> قوڭۇر يۇسۇنلەرنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. ئۆسۈملۈك تېنى ناھايىتى يۇمشاق، غولى ئۈچ قىرلىق، يوپۇرمىقى تۇمۇنە شەكلىدە كېلىدۇ. كۆپىنچە دېڭىزنىڭ قىرغاققا يېقىن جايلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنى يەم-خەشەك قىلىشقا ياكى ئۇنىڭدىن قوڭۇر يۇسۇن يېلىمى ئېلىشقا ۋە يېشىل ئوغۇت ئىشلەشكە بولىدۇ.

**سارۇچكا** ئى (ر) كىيىمنىڭ سۈپەتلىك ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، مورە ۋە كۆكرەك قىسمىدىكى ئەستەر بىلەن تاش ئىچىگە ئېلىنىدىغان، مەخسۇس توقۇلغان بىر خىل رەخت.

**سارۋا** ئى. غۇنان تاي: زېدە كۆكرەكلەر تاپاتتى غەمخور غىچىرلىغاندا « ياريار » ھارۋا. ئېغىر يۈكلەرنى تارتىشقا مەجبۇر، بولمىسا ھەمراھ، بىرغىنا سارۋا.

**سارۋان** ئى (پ) كارۋان بېشى: مەن كەلدىم كارۋان بولۇپ، كارۋانغا سارۋان بولۇپ. كارۋان شۇندا قالۇر، مەن كەلدىم ھەيران بولۇپ.

**ساز** I ئى (پ) ① ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى يەنى دۇتار، تەمبۇر، ساتار، راۋاب قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى: ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن يىگىتلەر ئاخشاملىرى ئىشىك ئالدىدىن ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ ئۆتەتتى. * گۈزەل قەشقەر جاراڭلاتتىنىڭ مۇقامىغا زەپمۇ سازىڭنى، كۆڭۈل يايراپ شۇ ئان ئىچىتىم ئېلىپ گۈلگۈن شارابىڭنى. ② مۇزىكا، غەزەلخانلارنىڭ ساداسى، كۈيى: بىرىنچى مەھبۇس: ــ ئۇ راۋاب چېلىشتا پۈتۈن قەشقەردە داڭ چىقارغان يىگىت، ئۇنىڭ « تاشۋاي» دېگەن سازىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ ــ دېدى. * قارلىغاچ كەبى ئۇيىندىم ئۇسسۇل بايرام شەنىگە، شان-زەپەرلەر سازلىرى سالدى يەرنى لەرزىگە.

**ساز** II سۈپ (پ) ① ياخشى، ساق، جايىدا: ئاز بولسۇن ساز بولسۇن (ماقال). * ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار (ماقال). * شۇنچە ئىشچان قوللارنىڭ شارا پىتىدىن، ھەر يىلى مول ھوسۇل، تۇرمۇش شۇنچە ساز. * قىزىل گۈلۈم ئوتتۇڭدا، تارتقان دەردىم ئازمىكىن؟ باغرىمنى يېرىپ باققىن يارىمكىن، سازمىكىن؟ // ئۆتتى كۈنلەر ياز كەلدى، كەلگەندىمۇ ساز كەلدى. بەختاخۇنغا بۇ يازدا، بىرمو خامان ئاز كەلدى. ② يېقىملىق، مۇڭلۇق؛ جاراڭلىق: ئۇ نەپىس ۋە ساز ئاۋازى بىلەن پاتىھە ئوقۇغاندىن كېيىن، چوڭ چىنىدىكى شورپىنى ئوتلاپ قويدى. * خەت ساۋادىم چىققاندا، تېپىۋالدىم دوست، ئۇستاز. بىلىمى كۆپ ئۇنىڭكى، كېپى ئېنىق، شېرىن ساز. ③ تەڭكەش قىلىنغان، سازلانغان: دۇتار ئىككى تارلىق ساز بولۇپ ئۆگىنىشكە ئەپلىك، ئاما ئارىسىدا ئومۇملاشقان ساز. بۇنى ساز قىلىش ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ

ئۈچ خىل ساز قىلىندۇ. * ساز ئىدى راۋابىم ئۇ بىلەن، ياز ئىدى ھاياتىم ئۇ بىلەن. ياشارغان باھارىم ئۇ بىلەن، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

**ساز قىلماق** بىر مۇزىكىنىڭ ياكى بىرقانچە مۇزىكىنىڭ سىم تارلىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرماق، تەڭشىمەك: ئاندىن سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇر، داپ، راۋاب، نەيلىرىنى ئاھاڭدار، شوخ مۇقام مەشرەپلىرىگە ساز قىلدى.

**ساز** III ئى. قومۇش، يېكەن قاتارلىقلار ئۆسكەن زەيكەش يەر: تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە، سازنى يەر بولمايدۇ دېمە (ماقال). * ۋەتىنىم گۈزەلدۇر، مەيلى قۇملۇق، ساز، ھاۋاسى يېقىملىق ھۆسنى ئەجەب ساز. مۇزىكانت ئەمەسمەن شۇندىمۇ يەنە، بىر ئۆمۈر كۈيلەيمەن ئۇنى چېلىپ ساز.

**سازا** ئى (پ) تىلەش، تىلەم.

**سازا قىلماق** باشقىلاردىن ھەقسىز بىرنەرسە تەلەپ قىلماق، تىلىمەك: ئۇلار تەكەللۇپ تالىشدا تۇرغاندا ئېگىز بويلۇق، جەندە چاپانلىق بىر كىشى كېلىپ سازا قىلدى. لېتىپجان قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئالدى-دە، ئارىسىدىن ئىلغاپ يېڭى بىر تىيىننى دېۋانىغا بەردى. * بىر كىشى كوچىدا كېتىۋاتسا بىر قەلەندەر قولىنى ئۇزىتىپ سازا قىلىپتۇ.

**سازاڭ** ئى ① <زوئول> بوغۇم تەنلىك ھايۋان. تېنى يۇمشاق، يۇملاق ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ. بوغۇملىرىدا قىلچىقلىرى بولىدۇ، تۇپراق ئاستىدا ياشايدۇ، تۇپراقنى يۇمشىتىش رولىغا ئىگە، گەندىسى تۇپراق-نىڭ ئۇنۇمىنى ئاشۇرىدۇ، ئادەتتە پايدى-لىق قۇرت ھېسابلىنىدۇ. ② گۆشنىڭ ئورۇق، ئەت تۇتمىغان يېرى.

**سازاڭسىمان** سۈپ. شەكلى سازاڭغا ئوخشايدىغان، سازاڭ شەكىللىك: سازاڭسىمان مەددە. سازاڭسىمان ئۆسۈكچە.

**سازاڭسىمان مەددە** <زوئول> بىر خىل پارازىت قۇرت. يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 — 24 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەركىكى چوڭراق بولۇپ، سازاڭغا ئوخشايدۇ، رەڭگى ئاق ياكى ئاچ سېرىق، ئالدىنقى ئۈچىدا ئېغىزى بولىدۇ. ئادەتتە ئادەملەرنىڭ ئۈچەي دېۋارىغا چاپلىشۋالىدۇ. ئادەملەردىن باشقا يەنە ئىت، مۈشۈك، چوشقا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تېنىدىمۇ بولىدۇ. تۇخۇمى گەندە ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ، سەي-كۆكتات ۋە ئىچىدىغان سۇغا ئارىلىشۋالىدۇ. ئادەم ئۇنى يۇتۇپ سالسا، ئۈچەي ئىچىدە لىچىنكىغا ئايلىنىپ، ئاندىن يېتىلىدۇ ۋە ئادەم بەدىنىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى شۈمۈرۈپلا قالماي، يەنە زەھەر چىقىرىپ، ئادەمنى روھىي چۈشكۈنلىشىش، ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىش، رەڭگى سارغىيىش، قورساق ئاغرىش ھەمدە ئۈچەي توسۇلۇپ قېلىش، سازاڭ-سىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى، ئۈچەي تېشىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. جىگەر، ئۆت يوللىرىغا كىرىۋالسا، باشقا كېسەللەرنىمۇ پەيدا قىلىدۇ.

**سازاڭسىمان ئۆسۈكچە** <ئانات> سوقۇر ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى ئۈچىدىكى شەكلى سازاڭغا ئوخشايدىغان ئۆسۈكچە. ئۇزۇنلۇ-قى ئادەتتە 7 — 9 سانتىمېتىر، ئايرىملىرى-نىڭ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىچى تار ۋە خالتىغا ئوخشايدۇ. كېسەل مىكروبلىرى بۇنىڭ ئىچىدە ئاسانلا كۆپىيىپ، ياللۇغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى** <تىب>

بىر خىل كېسەللىك. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە
كېسەللىك مىكروبى، پارازىت قۇرت ياكى
باشقا غەيرىي ماددىلارنىڭ سازائسمان
ئۆسۈكچە ئىچىگە كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن
كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن قورساق-
نىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋىنى ئاغرىش،
كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش قاتارلىق
ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سازائسمانلار** ئى <زوئول> ئومۇرتقىسىز
هايۋانلارنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. تۈزۈلۈشى
كاۋاك ئىچلىكلەرگە قارىغاندا مۇرەككەپرەك،
تېنى ئۇزۇن، ئوڭ-سولى تەڭ ۋە يۇمشاق
كېلىدۇ. ئۇستىخىنى ۋە پۇتى بولمايدۇ.
مەسىلەن، تاسما قۇرت، سازاڭ مەددە
قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سازاۋەر** سۈپ (پ) قىلغىنى ۋە خىزمىتىگە
يارىشا مەلۇم بىر ياخشى باها ۋە مۇئامىلى-
گە لايىق، مۇناسىپ؛ مۇيەسسەر: قۇندۇز
چىرايىنىڭ گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، يەنە
چوڭلارنى كۆرگەندە مۇلايىملىق بىلەن ئېچى-
لىپ-يېيىلىپ سۆزلەشلىرى، سەممىي-ساداقەتلى-
كى، دىلى ئاق، قولىنىڭ چېۋەرلىكى بىلەنمۇ
هۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. * مىننەتدارمەن
سېنىڭدىن، ئاڭلا باغۋەن بۇرادەر. سېنىڭ
قىلغان ئىشلىرىڭ، مەدھىيىلەشكە سازاۋەر.

**سازاۋەر بولماق** لايىق بولماق، مۇيەسسەر
بولماق، ئېرىشمەك: سارىخان ئانا قىسمەت
چورۇق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدا ئېتىز ئۈستى
يەسلىسى تەشكىل قىلىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپا
ئەزالىرىنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.
* مانا بىز ۋەتەنگە كېلىشكە مۇيەسسەر بولۇپ
جەننەتنىڭ مېۋىسى — تۇرپاننىڭ شەربەتلىك
ئۈزۈمىنى يېيىشكە سازاۋەر بولدۇق.

**سازاۋەر قىلماق** لايىق قىلماق، ئېرىشتۈر-
مەك: ئابدۇۋايىت ئاپتوماتىغا قاراپ ئىچىدە:
«جەڭگىۋار قورالىم، ئۆتكەندە ئۆز ئىگەڭنى
يەرگە قاراتمىدىڭ، بەلكى لېيەن ئالدىدا
ماختاشقا سازاۋەر قىلدىڭ» دەپ ئويلىدى.

**سازايى** ئى (پ) ① ئىبرەت ئۈچۈن خەلق-
ئالەمگە كۆرسىتىش، ئاشكارىلاش، كوچا
ئايلاندۇرۇش: ئالسا بازارى، ئالمىسا سازايى
(ماقال). * شۇ كۈندىن باشلاندى كۆرەش،
سازايى، شۇ كۈندىن باشلاندى پۈتمەس
دەرد-ئازاب. ھېسابسىز تاتۇقلار قالدى بەدەندە،
ھېيتىمۇ ئۆتتى ئۇ زارۇزار قاقشاپ. * كۆچنى
يىغىپ قاسىمجان تۇردى مەردان، غەزەپ
ئىچرە تېنىدىن چىقتى ھەم جان. كېسىك باشلار
سازايى تاڭ سەھەردە، كۆك يۈزىگە بۇلۇتلار
ياپتى پەردە. ② ئاقىۋەت؛ جازا: — ئوقۇش!
قانداق ئوقۇشكەن ئۇ؟ ئوقۇغانىنىڭ سازايىسىنى
ئاز كۆرمىدىم. * مانا پۇل خەجلەپ كۆلەڭگۈ
كۆرگەنىنىڭ سازايىسى، قانداق جاۋاب قىلاتتىڭىز،
تاغىل ئۆكۈزىمىزدەك يوغان ئۆكۈزدىن بىرنى
ئېلىپ جاۋاب قىلسىز!

**سازايى بولماق** قىلمىشلىرىدىن باشقىلار-
نىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن كوچا ئايلان-
دۇرۇلماق، ئەل ئارىسىدا چاۋىسى چىقتا
يېيىلماق: يۈرىكىم سوقۇشىنى ئاڭلامدىكىن
دەپ، رەسىمىڭنى ساقلىدىم تىكىپ كۆكسۈمدە،
ئايرىلدىم رەسىمدىن بولدۇم سازايى، ئىككىنچى
يوقىتىش بولدى ئۆمرۈمدە.

**سازايى قىلماق** قىلمىشلىرىدىن باشقىلارنىڭ
ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن كوچا ئايلاندۇرماق،
ئەل ئارىسىدا چاۋىسىنى چىقىرىپ ياماق:
جاللاتلار ئەل-يۇرتقا سازايى قىلىش ئۈچۈن
ياقۇپنىڭ كاللىسىنى قەپەسكە ئالغاندىن كېيىن
تېنىنى بىرقانچە قېتىم ۋەھشىيلەرچە دەسسەپ -
چەيلەپ، ناھىيىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ
قاماقخانىسىغا سۆرەپ ئەكەتتى. * غەزىپىمىزنى
باسالماي مەسۇم ئاكامنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى

بولدۇق، بىز ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، بوينىغا تاختاي ئېسىپ، مەھەللىدىن مەھەللىگە سۆرەپ يۈرۈپ سازايى قىلدۇق.

**سازەندە** ئى (پ) بىر ياكى بىرقانچە سازنى مۇكەممەل چېلىشنى بىلىدىغان كىشى، سازچى، مۇزىكانت: زىكرى ئەلپەتتا ئۇستا سازەندە بولۇپ، غولجىدا تۇغۇلغان. ئۇ بىرقاتار شوخ ۋە يېقىملىق ناخشا ئاھاڭلىرىنى ئىشلەپ چىقتى. مۇقەددىمە، داپ، نەغمە، داستان، مەرغۇللىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر پۈرۈش قىلىپ ئېيتىلىدىغان «رۇخسارى مۇقامى» ئۇنىڭ كەڭ تارقالغان ۋە كۆپ ئېيتىلىدىغان مەشھۇر ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى. * باغ ئارا سازەندە بۇلبۇل سايرىسا چالڭ كەلتۈرۈپ، باشقا ئەلدىن بىر كېلىپ قۇشلارمۇ مېھمان بولغۇدەك.

**سازەندىلىك** ئى. ساز چېلىش كەسپى: شۇنى ئەستە ساقلىغىنكى ئوغلۇم، سېنىڭ سازەندىلىكىڭمۇ بىر ھۈنەر ئىلمدۇر. ئىلىم دېگەن كۆمۈكلۈك خەزىنە ئەمەس، بەلكى كۆكلەيدىغان دەرەخ، ئۇ ئۆسۈشى، زورىيىشى، چېچەكلىشى، مېۋە بېرىشى كېرەك.

**سازچى** ئى. ساز چالغۇچى كىشى، سازەندە: تېلېۋىزوردىن بىرنى ئالدۇق، ھەر ئاخشىمى تېلېۋىزور كۆرىدىلا، يەنە بىر خۇش خەۋەر، ئۆزلىرىنىمۇ پېشقەدەم سازچى دەپ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىمىزغا تىزىملىدۇق.

**سازچىلىق** ئى. ساز چېلىش كەسپى: 12 يېشىمغا يەتكەندە دادام ماڭا باربىت ئۆگەتتى. بىللە سازچىلىق، قوشاقچىلىق قىلىدىغان بولدۇق.

**سازلاتماق** «سازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزى ياخشى دۇتارچى بولسىمۇ، كۆپىرەك دۇتارنى ماڭا سازلىتاتتى.

**سازلاشماق** «سازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سازەندىلەر سازلىرىنى سازلىشىپ، داپنىڭ چېكىلىشى بىلەن سازنى باشلىدى.

**سازلانماق** «سازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساتار، تەمبۇر بىردەك سازلىنىپ، داپەندىنىڭ بارماقلىرى داپنى زۇۋانغا كىرگۈزگەندە، ھويلا بىر-ئىككىدىن كىرىپ كەلگەن ياڭاقتۇش، يالغاياغ بوۋايلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار بىلەن تولۇپ كەتتى.

**سازلىق** I «ساز II» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: داۋۇت ئىرۇسالىم شەھىرىنى ياساپ ئۆزىگە پايتەخت قىلغان. ئۇنىڭ شېئىر يازىدىغانلىقى، نەغمە قىلىدىغانلىقى ۋە ئوقۇشتا ئاۋازىنىڭ سازلىقى دىنىي قىسسىلەردە يېزىلىدۇ.

**سازلىق** II ئى <جۇغ> سۇيى ۋە ئوت-چۆپلىرى بولغان پاتقاق جاي. ئۇ كۆل-دەريالار ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت سۇنىڭ ئىچىدە بېسىلىپ تۇرۇشى، كۆل سۇلىرىنىڭ ئازلىشى، ئاستىدا مۇخ ۋە قومۇش قاتارلىقلارنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن شەكىللەنگەن.

**سازلىق قىليورغىسى** <زوئول> ← **قىليورغا.**

**سازلىماق** پ. مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تار، سىملىرىنى ئۆزئارا ماس قىلىپ توغرىلىماق، تەڭكەش قىلماق؛ ساز قىلماق: ئايال رۇسلىنىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ باربىتنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سازلىدى. * سەبۇرى چەككەندە دۇتار تارىنى، سەككاكى قالۇننى سازلىدى بەلەن. غېرىبى قىلغاندا راۋابنى تەڭكەش، سازلارنىڭ تىلىدىن تۆكۈلدى چىمەن.

**سازىكەپ** سۈپ. دىئال. نېزىقىغاق، قېيىدىغاق.

**ساس** (توغرىسى: ساز III) ← **ساز III.**

**ساسۇك** ئى (خەن) جۇسەي تېپىدىكى بىر

خىل ياۋا ئوت، ئۇنى سەي ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ساغ** (توغرىسى: ساق) → **ساق.**

**ساغاداۋا** ئى → **ساغاداۋا بايرىمى.**

**ساغاداۋا بايرىمى** <تارىخ> زاڭزۇلارنىڭ زاڭزۇ كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى ساكيامونىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى بايرىمى.

**ساغان** ئى ① قاپقان: ئۇلار قومۇش تۈۋىدىن «پارت»لا قىلىپ قېچىپ چىققان كۆل رەڭ توشقاننى قورشاپمۇ، قوغلاپمۇ، كالتەك ئېتىپمۇ تۇتالمىدى، يولغۇن شېخىنى ئېگىپ، قۇرۇپ قويغان ساغانغىمۇ ھېچ نەرسە چۈشمىگەنلىكىنى كۆردى. ② يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**ساغداق** (توغرىسى: سادااق) ← ساداق.

**ساغدۇرماق** «ساغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئاكىلار كالا، ئۆچكىلىرىنى ساغدۇرۇپ ئورمىچىلارغا تاۋاق-تاۋاق قېتىق ئۇيۇتۇپ قويغانىدى.

**ساغدۇرۇشماق** «ساغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساغدۇرۇلماق** «ساغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ساغرا** ئى <ئانات> ئادەم يوتىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار كەينى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمى بىلەن بەلنىڭ تۇتىشىدىغان جايى.

**ساغرۇ** سۈپ. گەپ ئاڭلىماس، پاڭ: ساغرۇ قۇلاق. * — ھەي، سېنى قارا، — دەپ كايىشقا باشلىدى بوسۇق دورغا، ئوغلىنىڭ نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، — ئات قىلامدۇ، ئېشەك قىلامدۇ، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ كۆزۈم قارىغۇ، قۇلىقىم ساغرۇ دەپ يۈرۈۋەرسەڭ بولماسمىدى. * كۆزۈم ئوچۇق قارىغۇ ئىدىم، قۇلىقىم پۈتۈنلەي ساغرۇ ئىدىم. چۆل-باياۋاندا تەمتىرەپ، قان يىغلىغان ئاھۇ ئىدىم.

**ساغرۇغى** سۈپ. دىئال. ساغرۇ، پاڭ.

**ساغرىلىق** ① سۈپ. ساغرىسى سېمىز، چوڭ: ساغرىلىق بۇ قارامتۇل چوكاننىڭ مېڭىشى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ② ئى. كىيىمنىڭ ساغرىنى يېپىپ تۇرىدىغان قىسمى.

**ساغلام** سۈپ ① ئاغرىقتىن، كېسەلدىن خالىي؛ ساق، تەندۇرۇس: شۇنىڭدىن كېيىن ئېلى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ غىزا ئىلغايدىغان يامان ئادىتىنى تۈزىتىپتۇ. تەنتەربىيە ئويناپ بەدىنىنى چېنىقتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش ساغلام، كۈچلۈك بالا بولۇپتۇ. * ئايالлар تولغان ۋە ساغلام چېغىدا شوخ، گۈزەل بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۈچلۈك ئەرلەرنى تاللايدۇ، ئاستىدا مىجىلىپ كېتىشكىمۇ رازى بولىدۇ. ② گاراڭ-گۇرۇڭ ياكى غىژ-غىژدىن خالىي، بوغۇلمىغان، ساز: بۇ ساغلام، جەلپ قىلغۇچى، بېجىرىم ئاۋازنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى سادىقىقا تونۇشتەك بىلىندى. * سادىق مەكتەپ قورۇسىنى ئاستا مېڭىپ ئايلىنىپ تۇرۇپ، بىر سىنىپنىڭ ئىچىدىن جانان چىنىدەك جاراڭلىغان ساغلام ئاۋازدا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ③ كۆچمە. زىيانلىق، ناچار ئىللەتلەردىن خالىي؛ پاك، ساپ: ياش نابورچىك لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىر يېرىم يىل ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا بىللە ئىشلەش، بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈش

جەريانىدا، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تونۇلغان، ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ساغلام كۆز قاراشقا ئىگە قەيسەر يىگىت ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتكەنىدى. // پارتىيە مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە، ھەم ھەق-ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەم ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈپتىن كاپالەتلىك قىلدى. ④ كۆچمە. روھىي جەھەتتىن زەخىملەنمىگەن، ساق: سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل (ماقال). * يىگى كۈچكە تولۇپ بىز، ساغلام ئەقىل بولىمىز. كۆزلۈكى يەنە كېلىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇيمىز.

**ساغلاملاشتۇرماق** «ساغلاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

**ساغلاملاشتۇرۇلماق** «ساغلاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مالىيە تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مالىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مەكتەپ مالىيە خىزمىتى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇلدى.

**ساغلاملاشماق** پ ① ئاغرىق، كېسەلدىن خالىي، ساق، ساغلام ھالەتكە كەلمەك، ساقايماق: بۇ چاغدا بالىلارنىڭ بەدەن ھالىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە ساغلاملىشىپ ۋە تولۇپ بارىدۇ. دېمەك ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى بەدەننىڭ دەل ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ھالقىلىق مەزگىل. ② زىيانلىق، ناچار ئىللەتلەردىن خالىي بولماق؛ پاك، ساپ، ساغلام بولماق: بۇ سۆزلەردىن «شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت تولۇق ساغلاملاشتى، ھېچقانداق خاتالىق يوق» دېگەن مەنە چىقمايدۇ. * ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرى ساغلاملاشتى.

**ساغلاملىق** «ساغلام» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سوغۇق نەرسىلەرنى ئېغىزغا ئالغاندىن كېيىنلا قىزىق نەرسىلەرنى ئىچىش ياكى قىزىق نەرسىلەردىن كېيىنلا سوغۇق نەرسىلەرنى ئىچىش چىشنىڭ ساغلاملىقىغا زىيانلىق. * ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، كېلىشكەن، قاۋۇل قەددى-قامىتى ساغلاملىقىنى نامايان قىلسا، كەڭ ماڭلاي، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى پەم-پاراسەتلىك يىگىت ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى.

**ساغلاملىق گىمناستىكىسى** <تەن> مەملىكىتىمىز تىبابەتچىلىكىدىكى ئەملەش، پەللە بويىچە ئۇۋۇلاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتبىقلاش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بىر خىل چېنىقىش گىمناستىكىسى. مەسىلەن، كۆزنىڭ ساغلاملىق گىمناستىكىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ساغلاملىق-گۈزەللىك** <تەن> ساغلاملىق ۋە گۈزەللىك، يەنى ئادەم بەدىنىنىڭ ساغلام ھالدا سىرتقا مەلۇم بولۇپ تۇرغان تاشقى گۈزەللىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە ئۇ رەڭگىرويى، ھۆسن، فىگۇرا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ساغلاملىق-گۈزەللىك تەنھەرىكىتى** <تەن> ئادەم بەدىنىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ھەر خىل چېنىقىش ئۇسۇللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل تەنھەرىكەت شتانگا، گانتېل، تارتما پۇرژىنا ۋە مەخسۇس ياسالغان ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**ساغلىق** ئى. ئىككى چىشلىقتىن ئاشقان چىشى قوي: ناھىيە بويىچە 33 مىڭدىن ئارتۇق ساغلىق ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق تۆلنىڭ

بىرىمۇ زىيانغا ئۇچرىمىدى.

**ساغماق** پ. ئەمچەكنى بارماقلار بىلەن سىيرىپ تارتىپ ياكى سىغىش ماشىنىسى ياردىمى بىلەن سۈت چىقارماق: كىگىز ۋە تام ئۆيلەر ئالدىدا ئاياللار سۈت ساغماقتا، ئۆيلەردىن كۆمۈش رەڭ تۈتۈن ئېگىزگە كۆتۈرۈلمەكتە. * بىراق، رەھىمخان ئادەتتىكىدەك ئېتىزلىقتا بىرىشقا ئالدىرىمىدى، ئۆچكىنى سىغىپ سۈت ئىچىشتى.

**سافا** ئى (ئىنگ) پۇرژىنا ياكى بولۇتسمان سۇلياۋ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇق، ئىككى يان تەرىپىدە قولنى قويىدىغان تۇتقۇچى بولىدۇ.

**سافا كارىۋات** پۇرژىنا ياكى بولۇتسمان سۇلياۋ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان، يايسا كارىۋات ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان سافا.

**ساق** I سۈپ ① كېسەلدىن، زەخملىنىشتىن خالىي؛ ساغلام: — تەن ساقلىق دۆلەت، دۆلەت قۇشى باشتىن كەتكەندىمۇ تەنىنىڭ ساق بولۇشى ئەۋزەل، مانا سىز ئوبدان تۇرۇپسىز، مەن بولسام...، — ۋاڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي بېشىنى چايقاپ قويدى. * بىركۈنى ئەتىگەندە قارىسا خۇددى، بىرنەرسە چىشلىۋالغاندەك كۆكرىكىنىڭ ساق يېرى يوق، // — ئوغلۇم، ئاق يول بولسۇن، ساق بېرىپ، سالامەت قايت، — دېدى سارىخان ئانا ئالماسقا. ② تەركىبىدە زىيان-زەخمەت يەتكەن، بۇزۇلغان جايى بولمىغان؛ بۇزۇلمىغان: يىگىت، سىلەرنىڭ تېخنىك بۆلۈمدە مۇشۇنداق ساق نەرسىنى بۇزىدىغان ئىش بارمۇ؟ * — سەن ماڭا يالغان ئېيتىپسەن، كۆۋرۈك ساق تۇرۇپتۇ؟ ياغاچ تۇنۇۋاتقان بىرمۇ ئادەم يوققۇ؟ — دېدى جىسا موللازەيدىننى كۆرۈپ. ③ ئەيىب، نۇقسان، يامان ئىللەتتىن خالىي؛ پاك، ساپ: تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر، ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلەر (ماقال). * ئۇيقۇ كۆرپە تاللىمايدۇ، مۇھەببەت چىراي، كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولسا ئالغاي كۆزى ساق كۆرۈنىدىغاندۇ. * — ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەممىمىز ئوغرى ئىكەنمىز، ساق، تىنچ ئادەم مۇنداق كېچىدە كوچىدا يۈرمەيدۇ. ئانداق بولسا ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھۈنىرىنى تونۇشتۇرايلى. ④ كۆچمە. تىرىك، ھايات: — كىم بولماقچى، يەنە شۇ ياڭ جياڭجۇن! — ھارۋىكەش سەل-پەل ئويلىنىۋېلىپ داۋاملاشتۇردى، — ياڭ جياڭجۇننىڭ قىلغان ئىشى ئاز ئەمەس. ئۆز ئىچىدە خەنزۇلارنىمۇ جىق ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئىلى تەرەپتە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن باشلىقلاردىن بىرىنىمۇ ساق قويمىغان گەپ. * — مېنىڭ بالام نېمە گۇناھى ئۈچۈن قاچىدۇ؟ بالامنى يوقىتىۋېتىپ ئەمدى-زە، ماڭا دۆڭگىمە كېچىمۇ، بالامنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ، تىرىكىنىمۇ سىلى ئىگە، مەن ئۇنى ساق تاپشۇرغان. ⑤ كەم-زىيادىسى يوق، دەل، تولۇق: كىچىكئاخۇننىڭ تەقسىماتىنى ئېنىقلاش كەچكە يېقىن تۈگىدى، دەسلەپكى كاسسىرنىڭ ھېسابى ساق چىقتى. * شۇ گەپ بىلەن مېنى ساق بىر ئاي كېسەك قۇيدۇردى.

**ساق بولماق** ساق، ساغلام ھالەتكە كەلمەك؛ ساقايماق: سىز قىلغان ئەجىردىن دوختۇر ئەپەندىم، ئاغرىقىم ساقايدى، ساق بولدۇم مانا. ئويلاڭچۇ، ياتسۇنمۇ بۇندا كۆپ ئوزاق، پەرزەندى-باغرىدىن ئايرىلغان ئاتا؟

**ساق قالماق** ① زەخملىنىش ۋە خەۋپ-خەتەردىن خالىي قالماق: مېنىڭ بولسا، ئۇ چاغدا سۇندۇرۇلۇشى مۇمكىن بولغان جايلىرىنىڭ ھەممىسى سۇندۇرۇلغان، پەقەت بوينۇملا ساق قالغانىدى. * جاۋيۈن ئادۇنىڭ شاراپىتى

بىلەن بۇ بالايىبەتتەردىن ساق قالدى. ② ئۆلۈمدىن ئامان، تىرىك قالماق، قۇتۇلماق: راست، دەرھال قاچسا ئۆلگۈرىدۇ. ئىككى ئاتلاپ دۆڭگە چىقىرىۋالىدۇ-دە، ئۆزىنى تاشلىۋەتسە ھەر ھالدا ساق قالىدۇ. * ئات شىددەتلىك ئېقىمدا، مۆڭكۈپ-مۆڭكۈپ توختاپتۇ. كېتىپ باشتىن شۇم ئەجەل، ئەختەر قىزمۇ ساق قېلىپتۇ.

**ساق** II سۈپ. ھوشيار، سەگەك: سېغىزغاندىن ساق ئادەم ئۇ.

**ساقا** ئى ① چوڭ ئوشۇق: ساقىسى ئالچۇ چۈشمەك. ② كۆچمە. نانىنىڭ گىرۋىكى؛ نانىنىڭ پارچىسى: ساقا يىغماق. نانىنىڭ ساقىسى كۆيمەك. ③ <ماشىن> پولاتتىن شار شەكلىدە ياسالغان دېتال، شارىك. ④بىليارت ۋە باللار ئويۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان يۇملاق شارچە. ئادەتتە ئەينەك، فارفور ماتېرىيالى ياكى مېتال، تاش قاتارلىقلاردىن ئىشلىنىدۇ: بوۋاي ئەينەك ساقىدەك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. * كۈنلەرنىڭ بىرىدە غېرىب يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ، ئاتىسىدىن قالغان ئالتۇن ساقىسىنى ئېلىپ سەيلىگە چىقتى.

**ساقا تاش** <گېئول> ئوتولىتلىق جىسىم-لارنىڭ يىپپىشىشىدىن شەكىللەنگەن تاغ جىنسى.

**ساقا تۈگمەن** ھەر خىل ماتېرىياللارنى ئېزىدىغان ياكى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر خىل ماشىنا. ئادەتتە ئۇ گورىزونتال ئوق ئارقىلىق ئايلىنىدىغان يۇملاق كاناي ياكى سىلىندىر شەكىللىك كانايدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئىچىگە پولات ساقا ياكى شېغىل قاتارلىقلار قاچىلانغان بولىدۇ. ئىشلىگەندە پولات ساقىلارنىڭ ئورۇلۇشى ياكى يانجىشى نەتىجىسىدە ماتېرىياللار ئېزىلىدۇ ياكى ئۇۋۇتىلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ رودىلارنى ئېزىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ساقا ئويۇنى** <تەن> بىر خىل ئويۇن. ئۇنىڭ ئويناش ئۇسۇللىرى كۆپ، كۆپىنچە ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئۆز ساقىسىنى مەلۇم ئارىلىقتىن بارماقلار بىلەن ئىتتىرىپ قارشى تەرەپنىڭ ساقىسىغا تەگكۈزۈش ئارقىلىق ئۇتىدۇ: ساقا ئويۇنى.

**ساقىسى ئالچۇ چۈشمەك** ← **ئوشۇقى ئالچۇ چۈشمەك**: – نومۇردىنمۇ كۆرە پۇلنىڭ ھەممىسىنى تراكتور ئېلىشقا سەرپ قىلسا، سونۇرنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشكەن بولاتتى، – دېدى سۇنۇر ئۇلارنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

**ساقاق** ئى <زوئول> بېلىق قاتارلىق بەزى سۇ ھايۋانلىرىنىڭ نەپەس ئېلىش ئورگىنى. كۆپىنچە پەي، پەن ۋە يىپ شەكىللىرىدە بولىدۇ. ئادەتتە سۇمۇرۇل-گەن سۇ تەركىبىدىكى ئوكسىگېننى ئېرىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**ساقاق ئەتراپى بوشلۇقى** <زوئول> ئاسسىدىيە ۋە لانسىت بېلىقى قاتارلىق ئىپتىدائىي خوردىلىقلارنىڭ تەن دىۋارى ئىچىدىكى يۇتقۇنچاقنى ئوراپ تۇرىدىغان بوشلۇق. سىرت بىلەن تۇتىشىدۇ، ئادەتتە نەپەسلىنىش ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**ساقال** ئى ① بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەر-نىڭ ئېڭىكىگە چىققان تۈكلەر: چاڭگا ساقال. ئاق ساقال. * ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماس (ماقال). * – قاۋۇل ئاكامۇ ئاپئاق ساقىلى بىلەن يالغان ئېيتمىغاندۇ؟ ② بەزى ھايۋانلار-نىڭ ئېڭىكى ئاستىدىكى ئۇزۇن تۈكلەر: ئۆچكە ساقىلى.

**ساقال ئالغۇچ** بىر تىتۋا بېكىتىلىدىغان ھەمدە ئۇ ئارقىلىق ساقال-بۇرۇتلارنى چۈشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**ساقال ئەرلۇباغا يەتمەك** بالاغەتكە يېتىپ ئۆتۈپ كەتمەك: ھەي ساقىلىڭ ئەرلۇباغا يەتكەندە بۇنداق گەپلەرنى قىلساڭ نېمە بولغىنى، بىرئاز ئەدەبلىكرەك بول.

**ساقال تارغىقى** ① ساقال تارايدىغان كىچىككىنە تارغاق. ② كۆچمە. كىچىك تۇرۇپ چوڭلارنىڭ ئىشىغا، گەپ-سۆزىگە ئارىلىشىۋالىدىغان، ئاتىكاچى: — بۇ ساقال تارغىقى نەدىن بولدى ئەمدى، — دېدى دادام ئاغىنەمنىڭ تولا سۆزلىگىنىنى ياقتۇرماي.

**ساقال تارغىقلىق قىلماق** ← **ساقالغا ئېسىلماق**: — مۇئەللىمنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگۈدەك قۇدرىتىڭ بولمىسا بىلەرمەنلىك قىلىپ ساقال تارغىقلىق قىلما، بىلىدىغىنىڭنى بىلمەن-دە، بىلمەيدىغىنىڭنى بىلمەن دەپ سالما، — دەپ مېنى ئاگاھلاندۇردى دادام.

**ساقال تاشلىماق** باشقا ئاياللارغا پەش تارتىپ ئەگىپ يۈرمەك؛ قانات سۆرىمەك: — ئۆزۈڭ تازا قورچاقتەك ياسىنىۋاپسەن، يىگىتلەر ساڭا ساقال تاشلاپ يۈرىدىغاندۇ، بىلسەم-بىلمىسەم، — مارجان بۇۋى تۇمشۇقىنى پۈرۈپ قېيىدىغاندەك كەينىگە قارىۋالدى.

**ساقال چىقماق** ① ئېگەككە ساقال پەيدا بولماق. ② كۆچمە. بالاغەتكە يەتمەك، چوڭ بولماق: ئەستا-پاختا، نوغۇچ-تاختا، ساقىلىم چىقسۇن، خەپ توختا!

**ساقالدىكى ئاش** ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان، ئاددىي، كىچىككىنە نەرسە: ئۇنىڭ خىزمىتى ئالدىدا سېنىڭ ئىشىڭنى ساقالدىكى ئاش دېسىمۇ بولغۇدەك، شۇنىڭغىمۇ ئۆيلەنمەيمەن دەپ قېرىپ كەتكۈلۈكمۇ؟ * بىز توخۇلارنى ياۋلىتىش، قاقتى-سوقتى قىلىش بىلەن باي بولىمىز دەيمىز، لېكىن بۇ بىر ساقالدىكى ئاش.

**ساقالغا بېقىپ ئىش تۇتماق** چوڭ ئادەملەرگە لايىق ئىش كۆرمەك: نىزام: — ساقالغا بېقىپ ئىش تۇتسىلا، ياش خوتۇنغا قىرى ئادەم بالا بولامدىكەن؟ سىلىدىن ياشراقمۇ باردۇ؟

**ساقالغا تۈكۈرمەك** ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالماق، قېرىماق: سېيىتئاخۇن يەنە ئىچىشكە باشلاپ ساقىلىغا تۈكۈرىدىغان بولۇپتۇ. * — ياشلىقتىكى كۈچىمىز قالمىدى ئۈكام، ساقالغا تۈكۈرۈپ ئولتۇردۇق دېگىنە ئەمدى، قېرىمايدىغان كىم دەيسەن، — دېدى بوۋاي بىرئاز مەيۈسلەنگەن ھالدا.

**ساقالغا ئېسىلماق** ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئىشىغا، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئىشلارغا ئارىلىشىۋالماق؛ ئاتىكاچىلىق قىلماق: — دېمەكچىمەنكى ياشلار ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ۋايىت ئەپەندى، — ھەدېسە ساقالغا ئېسىلىدۇ، غەلىتە كىيىملەرنى كىيىشىپ چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىشىدۇ.

**ساقالغا ياماشماق** ← **ساقالغا ئېسىلماق**: پېشقەدەم ھاكىم بۇ جۈمەنى يۆلەپ ئۆزىگە قانات قىلماقچىدى، لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا جۈمە ھەممىدىن بۇرۇن ئاشۇ پېشقەدەم ھاكىمنىڭ ساقىلىغا ياماشتى. * — قارىمامدىلا، ئاۋۇ كۈنى ھېلىقى بىر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، سىلە بىر لايىھىنى، يەنە كېلىپ، شۇنداق بىر ياخشى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا، مەمەت ساقاللىرىغا يامىشىپ سەكرەپ قوپتى، — دېدى سادىق دادلاپ.

**ساقىلنى قىرقىماق** قاتتىق تەنقىدلىمەك، تانابىنى تارتماق، ئەدەبلىمەك: بۇگۈنكى

يىغىندا كۆكىشىدىن ساقىلىمىزنى قىرقىۋىدىغان بولدى. چۈنكى 5-شياۋدۈيدە بىرقانچە ئېتىزنىڭ باشقى چالا تېرىلىپتۇ ئەمەسمۇ؟

**ساقىلىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالماق** بىراۋنىڭ ئىشەنچىگە ئېگە بولۇۋالماق، يېقىن ئادەمگە ئايلىنىۋالماق: «ساقىلىنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ پۈتكۈل سىرىمنى بىلىۋاپسەن ئەبلەخ، ئەمدى بۇ دۇنيادا يا سەن تۇرۇ-سەن، يا مەن تۇرىمەن» سېيت ھاجى كۆكلىدىن ئاشۇلارنى ئۆتكۈزدى.

**ساقال-بۇرۇت** ساقال ۋە بۇرۇت: — نېمە گەپ ئۆزى؟ — دەپ تەكرارلىدى نۇرئاخۇن ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئاپارغان قولىنى چۈشۈرمەيلا، — گەپ قىلمامسىلەر، نېمە بولدى؟

**ساقال-بۇرۇتتىن ئايرىلىپ قالماق** ئەدەبلەشكە ئۇچرىماق، ئەدىبىنى يېمەك: — مۇئاۋىن شۇجى ئۆز بۇيرۇقىنىڭ ئورۇنلانماسلىقى-نى يامان كۆرىدۇ. ساقال-بۇرۇتتىن ئايرىلىپ قالمايلى يەنە، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ.

**ساقال-بۇرۇتى خەت تارتماق** ساقال ۋە بۇرۇت ئورنىغا چىققان سېرىق تۈكلەر قارىداپ ئاشكارا مەلۇم بولماق: خەت تارتقۇدەكمىش ساقال-بۇرۇتى، سۇغا چۈشۈپتۇ ئاشۇ سۇرىتى.

**ساقال-بۇرۇتلۇق** ① ساقال-بۇرۇتى بار، ساقال-بۇرۇتى چىققان. ② ساقال-بۇرۇتى كۆپ: ئۇلار ساقال-بۇرۇتلۇق، بويلىرى ئېگىز كەلگەن، قولىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان، قاپاقلىرى سېلىنىپ كەتكەن ئۇنچە ساقچىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلەتتى.

**ساقالدۇرۇق** ئى. يۈگەننىڭ ئۇلاغ بېشىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېگەكنىڭ ئاستىغا بېكىتىلگەن تاسما.

**ساقالسىز** ① سۈپ. ساقىلى يوق، ساقال چىقمىغان؛ ساقىلىنى قىردۇرغان: ئۇ سېنى ساقالسىز كۆرۈشنى ئىستەيدۇ. ئازراق سەۋر قىل! ② ئى. كۆچمە. ئايال كىشى: بىز: «ساقالسىزلار پىچاق سۇرسەك ھارام بولۇپ قالارمۇ» دەپ جىم تۇرۇشتۇق.

**ساقال-سۇمبات** ساقال-بۇرۇت قاتارلىقلار: شۇنچە ساقال-سۇمبات بىلەن يا ئىشلارنى تېپىپ قىلالمىساڭلار، يا خەلقئالەمدىن نومۇس قىلىشنى بىلمىسەڭلار، بۇ قانداق بولغىنى.

**ساقاللىق** ① سۈپ. ساقىلى بار، ساقال چىققان: شۇ چاغدا ئاپئاق ساقاللىق بىر قېرى كىشى پەيدا بولۇپتۇ. * ئۇنىڭ كەكە-ساقاللىق، ئورۇق كەلگەن چىرايىدا نېمە ئۈچۈندۇر بۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل ئەجەبلە-نىش ۋە نارازىلىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. // بۇ گەپنى ساقاللىقلىرىڭلار ئايرىۋېڭلار. ② سۈپ. ساقىلى كۆپ، جىق: ساقاللىق ئەر. ساقاللىق بوۋاي. // يېڭى ئۆگەنچە بۇ ساتىراشنى ساقاللىقلار تەرگە چۆمدۈرۈۋەتتى. ③ ئى. كۆچمە. ئەر كىشى: — ياق، ئاراڭلاردا ساقاللىق بىرى يوقمۇ، — دەپتۇ ئۇ سۆزىنى ئىزاھلاپ.

**ساقاللىق بۇركۈت** <زوئول> تاپ قۇشلىرىنىڭ بىرى تېنى چوڭ، بېشى كىچىكرەك، بېشى ۋە بوينىدىكى پەي-تۈك-لىرى شالاڭ، قانىتى چوڭ ۋە كۆرۈش سېزىمى ئۆتكۈر كېلىدۇ، ئېگىز جاي ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ، ھايۋان تاپلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ.

**ساقاللىق شورىغۇچى بېلىق** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ خىل بېلىق-لارنىڭ تېنىدە تەڭگىچىسى بولمايدۇ، بېشى ياپىلاق كېلىدۇ. بەزى تۈرلىرىنىڭ كۆكرەك قىسمىنىڭ ئالدى تەرىپىدە شورىغۇچى تەخسىسى بولىدۇ، ئادەتتە

كىچىك ئېقىنلاردا ياشايدۇ.

**ساقاۋ** ئى <زوئول> ئات، قېچىر، ئېشەك قاتارلىقلاردا بولىدىغان بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۆزئارا يېقىنلىشىشتىن يۇقىدۇ. ئادەتتە ئېڭەك ئاستى لىمفا تۈگۈنچىلىرى يىرىڭلىق ياللۇغلىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ساقايتقۇچى** «ساقايتماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشى: ساقايتقۇچى توقۇلما.

**ساقايتقۇچى توقۇلما** <بوت> جاراھەتلەنگەن ئۆسۈملۈكنىڭ جاراھەت يۈزىدە پەيدا بولىدىغان ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەزى ئورگانلىرىنى، توقۇلمىلىرىنى ۋە ھۈجەيرىلىرىنى ئورگانىزمدىن ئايرىپ تۇرۇپ ئۆستۈرگەن ۋاقىتتا يېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان بىر خىل توقۇلما. ئۆسۈملۈك تېنىدىكى خالىغان بىر ئەزا ئىچىدىكى تىرىك ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ ۋە سىرتقى قەۋىتىدىكى ھۈجەيرىلەر پۈرۈلۈۋېلىپ، ئۇنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلىغاندا بولسا، ئۇلاق تېگى بىلەن قېپچىنىڭ ئۇتۇشىنى تېزلىتىدۇ.

**ساقايتقۇزماق** «ساقايماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: جۇدالىقنىڭ ئەلەمىنى سالدى بىزگە، ساقايتقۇزغىن كېرەملىك يارىمىزنى.

**ساقايتماق** ① «ساقايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەگەر بوۋاقنىڭ ئىچى قاتتىق سۈرۈپ كەتسە، قوي يېغى بىلەن بۆلماق ئېتىپ بېرىش ئارقىلىق ساقايتاتتى. * — مەن ھەممىنى چۈشەندىم، — دېدى دىلبەر كاملىغا تەسەللى بېرىپ، — قايغۇرماڭ، مەن قولىڭىزنىمۇ چوقۇم ساقايتىپ، سىزنىڭ قايتىدىن سەھنىگە چىقىشىڭىزغا ياردەم بېرىمەن. ② كۆچمە. بىرتەرەپ قىلماق، ھەل قىلماق: شۇغىنىسى، تويدا ناغرا-سۇناي چالغانلارنىڭ ئەجرىنى ئۆزلىرى ساقايتىۋەتمەي بىزگە سۆلھى-سالا قىلغىنى سەل-پەل دىلىمىزنى رەنجىتتى.

**ساقايتىلماق** «ساقايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېقىندىن بۇيان خوتەن ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى تەرىپىدىن نۇرغۇنلىغان ئاقكېسەللەر داۋالاپ ساقايتىلدى.

**ساقايماق** پ ① ئاغرىق ياكى كېسىلى تۈزۈلۈپ ياخشىلانماق، ساق بولۇپ قالماق: — بۇنى بىر چېكىم ناسۋالدەك يەپ بەرسەڭ مەيدە ئاغرىقىڭ ساقىيىدۇ، — دېدى ئۇ خالتىنى ماڭا بېرىۋېتىپ، — شۇ دورىنى يەپ يۈرۈپ ئاشقازىنىممۇ ساقىيىپ كەتتى. * «كېلىم ئاغرىدى» دەپ كەلگەن چاغلىرىمدىمۇ پىرىزىخان موماي: — تامىقىڭ چۈشۈپ قېلىپتۇ، بالام، — دەيتتى-دە، ئىككى بارمىقىنى قازاننىڭ كۈيىسىگە سۈۋاپ تامىقىمنى كۆتۈرۈپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن گېلىم ساقىيىپ قالاتتى. ② كۆچمە. بۇزۇلغان جايى تۈزەلمەك، چاتىقى ئوڭشالماق: ماشىناڭ ساقايدى، بۇزۇلغان سايمانلارنىڭ ھەممىنى يەڭگۈشلىۋەتتىم. ③ كۆچمە. بىرتەرەپ بولماق، ھەل بولماق: شۇنداق، ئاخىرى بۇ ماجىرامۇ ساقايدى.

**ساقچى** ئى <قا> ① دۆلەتنىڭ ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قوراللىق كۈچ ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەربىر خادىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمى: ساقچى دائىرىلىرى. ساقچى ئىدارىسى. * ئۇ پوستتا تۇرغان ساقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. بىرنەچچە كىشى ئۇنى قولتۇقىدىن

يۆلەپ ئۆرە قىلدى. ② قوراللىق مۇھاپىزەتچى: بۇ مەسلىھەت دېۋىگە ماقۇل كەلدى ۋە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ھاتەمنى بىر ئۆيگە باشلاپ ساقچى قويدى. ③ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى: ئۇ ئاچچىقىدا ساقچىغا بېرىپ مەلۇم قىلماقچى بولدى. * ئالدار باي — موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ساقچىنىڭ كوچاڭى ئوق تېگىشى بىلەن كەينىگە بىر سىلكىنىپ ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

**ساقچىلىق** ① «ساقچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: – لېكىن، – دېدى بىلال ئەزىزى ئالاھىدە ئىزاھات بېرىپ، – بىز ئۆزىمىزنى ساقلاشنى بىلىشىمىز كېرەك. ساقچىلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز ھەرىكىتىمىز، ئۆز سۆزىمىزگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. ② سۈپ. ساقچىلارغا خاس، ساقچىلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن: شۇندىن كېيىن، ئۇ سەپداشلارنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ساقچىلىق شەپكىسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ئوفىتسېرلىك كىيىمىنى سېلىۋەتتى-دە، تام ۋەرەقىسى يېزىش ئىشىغا ياردەملىشىشكە باشلىدى.

**ساق-سالامەت** ① كېسەل، زەخىملىنىشتىن، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراشتىن خالىي؛ ئامان-ئېسەن: – شۇنداق قىلىڭ – دېدى ئەلانۇر مېنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، – دېگىنىڭىزنى قىلىمەن. دىلئارا ئۈچۈن غۇلجىغا بارىمەن، قىزىڭىزنى ساق-سالامەت كىچىك ئاپىڭىزغا تاپشۇرىمەن! * رەجەپ ساق-سالامەت دەرياغا چۈشتى ۋە ئارقىچىلاپ مېڭىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ② تىرىك، ھايات: – ئالدى بىلەن ئۆز تېنىڭ بىلەن جېنىڭنى بۇ يەردىن ساق-سالامەت ئېلىپ كېتىشنىڭ كويىدا بولماي تېخى مۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىنا! – دېيىشتى-دە، ھاتەمگە ئېتىلدى. * ئاي مىسالى يارىم سەن، كۈن مىسالى يارىم سەن. چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن، ساق-سالامەت بارمۇ سەن؟ ③ كەم-زىيادىسى يوق، تولۇق: ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆيۈڭگە ساق-سالامەت يەتكۈزۈپ قويدۇم.

**ساقسىز** سۈپ. ساق ئەمەس، مەلۇم بىر كېسەلنىڭ تەسىرى بار، كېسەلچان: ئۇ ئويلىغانلىرى ئۆزىنى ساقسىزدەك ھېس قىلىپ قالدى. * ئاڭلىساق دادىڭىز ساقسىز ئىكەن، كۆپ يىغلاپ پەرىشان بولۇپ كېتىپسىز، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا نىسبەتەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش زۆرۈرغۇ دەيمەن!

**ساقسىز بولماق** مەلۇم كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەك، كېسەل يەتمەك: خەلىچە ئانا ساقسىز بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھەجەر بۇۋى دەرھال ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى.

**ساقسىزلىق** «ساقسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنداق قىلىپ، ھەسەن بوۋاي تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزغا ماڭغان بولسىمۇ، غەيرەتتىن ساقسىزلىق ئۈستۈن كېلىپ يېقىلغانىدى.

**ساقلاتتۇرماق** (توغرىسى: ساقلاتقۇزماق) ← **ساقلاتقۇزماق.**

**ساقلاتقۇزماق** «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرغۇن كۆپ ساقلاتقۇزماي كونىراق ئىككى سېرىق جۇۋا تېپىپ كېلىپ، بىرىنى مەخمۇتجانغا، يەنە بىرىنى ئىسمائىل ئاكىغا تاشلاپ بەردى. * ئۇنىڭ بالىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە ئاشۇ چوكان سەۋەبچى. ئاشۇ چوكان يولسىزلىق قىلىپ، ئۇنى يېرىم كۈن ساقلاتقۇزدى.

**ساقلاتماق** «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – ئەپەندىم نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمىدىڭىز؟ ئادەمنى شۇنچىمۇ ساقلاتامسىز؟ – دەپ ئاچچىقلاپتۇ قازى.

**ساقلاش** «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ساقلاش ۋاستىسى.

**ساقلاش ۋاستىسى** <س ئق> پۇلنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، يەنى پۇلنىڭ مۇئامىلە جەريانىدىن چېكىنىپ چىقىپ مال-مۈلۈكنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، كىشىلەر تەرىپىدىن ساقلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ساقلاشماق** «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — مېھمانلار ساقلىشىپ قالدى، ئۆزلىرىنى چاپسان كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى شاگىرت بالا چاقماقتەك سۆزلەپ. * مەن ئۇنىڭ بىلەن پاتلا چىقىشىپ قالدىم، كېيىنچە ئىشقا ماڭغاندا مەن ئۇنى ئۆيىدىن چاقىرىۋالىدىغان، ئىشتىن چۈشكەندە بىر-بىرىمىزنى ساقلىشىپ بىللە قايتىدىغان دەرىجىگە يەتتۇق.

**ساقلاقلىق** سۈپ. ساقلاپ قويۇلغان، ساقلانغان: يۈرىكىڭ مۇشۇ كېلەگسىز قامىتىڭگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتماي ساندۇقتا ساقلاقلىقمىدى، گالۋاڭ تۆگە بېشىڭغا بەخت قۇشى قونسا، ھۇقۇش قوندى دەپ سەكرەپ يۈرمىگىن يەنە!

**ساقلاندى** سۈپ. تىل ھا. باشقىلار تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان، ئاسراندى، يېتىمئوغلاق: ئەگەر تەگكۈسى كەلمىسە، باش-كۆزلىرىنى تاراپ، ياسىنىشىنى كىم قويۇپتۇ بۇ سەت ساقلاندىغا! * دۈشمىنىڭگە يول قويۇشتى، ساڭا ئۆگەي ساقلاندىلار، ئەينەككە داغ ئورنىتىشتى، ۋەھشىيلەرچە شۇ ئاندىلا.

**ساقلانما** ئى. نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان، ساقلانغان قىسمى، بۆلىكى: 1901-يىلى 2-ئايدا ئۇ يەنە بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن، بۇ قېتىم ئۇ يەنە برونزا قوراللار، ساپال بۇيۇملار، سۈرەتلەردىن باشقا يەنە، نۇرغۇن مىقداردىكى قەدىمكى خەنزۇچە ساقلانمىلارنىلا ئەمەس، زاڭزۇچە، موڭغۇلچە

ھۈججەتلەرنىمۇ خانىيغا يۆتكەپ كەتكەن.

**ساقلانماق** ① «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دادام سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى تەركىبىدە يېزىدا ئىشلەۋاتقان بولغاچقا بۇ قېتىمقى بالا-قازادىن ساقلىنىپ قالغانىدى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىشتى. * كىشىلەر كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى زەمبىرەك ئوقىدىن ساقلىنىشنىڭ باشقا ئامالى قالمىغانىدى. ② «ساقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاي ئاق بوز يەكتىكىنىڭ پېشىدە ساڭگىلاپ تۇرغان يانچۇقىغا قولىنى سالدى-دە، ساقلىنىپ قالغان بىر تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ خوجايىنغا ئۇزاتتى. * گۈل ئەمەس ئۇنىڭغا تۇتتۇم قەلبىمنى، ئاشۇ كۈن تائەبەت ساقلىنار ئەستە. ③ كۆچمە. ئېھتىيات قىلماق، ئاگاھ بولماق، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلماق: ئەتراپتا ماڭغانلار بىرەر نەرسىنى ئۇچراتساڭلار، ئالدىراپ ئوق چىقىرىپ قويۇپ، دۈشمەنگە نىشانىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. * كىبىر تەمەننادىن ساقلان ئەي كۆڭۈل، ماختىنىش تەمەدىن ئاسران ئەي كۆڭۈل. داشقال ئەمەس، پولات بولمەن دېسەڭ، كەمتەرلىك تەپتىدە تاۋلان ئەي كۆڭۈل. ④ داۋاملىشىپ كەلمەك، مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق: بۇ قېتىمقى سايلام خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. * ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 مىللەتنىڭ يەتتىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشقا، قالغان ئالتە مىللەت ئارىسىدا بۇددا دىنى، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

**ساقلاپ قېلىش سىستېمىسى** <بىئول> ئاتىلىقى يېتىلمەسلىك سىستېمىسى چاڭلىشىپ

بولغاندىن كېيىن، ئەۋلادنىڭ ئاتىلىقى يېتىلمەسلىكنى ساقلاپ قالىدىغان سىورتداش- لار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ساقلىق** « ساق I » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گۈگۈشى شىپاخانىسىغا يېقىن، كېسەل كۆرسىتىشكە قۇلايلىق دادۇيلەر داۋالاش ئورنى قۇرماي، ئالدىنى ئېلىش، ئايالىلار، باللار ساقلىقىنى سىاقلاش خىزمىتى ئىشلەشكە دادۇيدىن مەخسۇس ئادەم ئاجراتتى. * پارقىرايدۇ تۇمان چۆككەن كۆزلىرى، گۆر ئازابى چىقىپ تۇرار رەڭگىدىن. تىلەر ئۇلار، ئۇچرىغانلا كىشىگە بەخت بىلەن ساقلىق تىلەپ تەگرىدىن.

**ساقلىقنى ساقلاش** <تب> شەخسىلەر ۋە كوللېكتىپنىڭ داۋالاش، تازىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا قوللانغان ئۇنىۋېرسال تەدبىرى. ئادەتتە ئۇ مۇلازىمەت ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئاياللارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ۋە ياشانغانلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش دېگەنلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**ساقلىماق** پ ① ئۆز يېنىدىن، ئۆز دائى- رىسىدىن ئورۇن بېرىپ تۇرغۇزماق: بوۋاي بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ئادىلنىڭ سومكى- لىرىنى ساقلاپ بېرىشكە دەرھال ماقۇل بولدى. * قىسقىسى، بولاڭچىلىق شۇنچىۋالا ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتىكى، ئۇلار بىچارە ئاھا- لىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ تەۋەررۈك ئورنىدا ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن ھالقا-زىرى- گە ئوخشاش پارچە-پۇرات زىننەت بۇيۇملىرى- دىن تارتىپ، گىلەم-كىگىز، توخۇ-ئۆردەك، ئات-كالا، بۇغداي-قوناقچە بولغان بارلىق نەرسىلىرىنى تارتىۋېلىشاتتى. ② بىرەر مەقسەت ياكى بىرەر كىشى ئۈچۈن ئېلىپ قويماق، ئېتىبار بىلەن قالدۇرماق: سەگىش ئۈچۈن ئۈستەلگ بويى ياقىلدۇق، جاندىن ئەزىز بالىمىزنى ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق. * بىر چەينەكتە چاي ئەۋەتتىم، ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ. كۆكچى قوغۇن ساقلاپ قويدۇم، ئۆزى كېلىپ يېچسۇن دەپ. ③ بىرەر ھالەت، خۇسۇسىيەت، كۆرۈنۈشنى ئۆزگەرتمەي ئۆز پېتى قالدۇرماق، داۋاملاشتۇرماق: بۇنىڭ رولى ئالاھىدە زور بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەتتى. ھاۋا تەگشەش كانايلىرى سېخنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى نەملىكنى بىر خىل ساقلاپ تۇراتتى. * بىراق، كەلگۈسىدە دادامنىڭ قاتىللىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتى مېنى يەنە ساقلاپ قالدى. ④ مۇھاپىزەت قىلماق، قوغدىماق، ئاسرىماق: قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن، ئوغۇلنى ئاتىسى ساقلىسۇن (ماقال). * شۇنداق قىلىپ بۇ يەرگە خىزمەت بىلەن چىقىپلا-دە، مەن مۇشۇ خاڭدا ماتېرىيال ساقلايمەن، ئەسلىدە رەھبەرلىكتىن دەم ئالغىن دېگەنىدى، قانداقمۇ بىكار ئولتۇرالايمەن، دېسلە. * ئىسمائىل سويۇم تۇرۇپلا خامان ساقلاشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ⑤ قۇتقۇزماق، خالاس قىلماق: « تووا، مېنى بۇ ئۆلۈمدىن قايسى كۈچ، نېمە تەقدىر ساقلاپ كېلىۋاتىدىكىنە »! سادىق ئۆز خىيالىنى ئۆزى مەسخىرە قىلغاندەك، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. * سەككىز يىل قالدى كۆز يېشى كۆلكىسى قالدى شۇ تەكرارلاپ ئوقۇغان شېئىرى. سەككىز يىل، ئۆتتى ئاشۇنداق، ساقلىدى بالادىن دىلبەرنى پېرى. ⑥ تىرىك قالدۇر- ماق: – بۇرۇنقى جەڭنامىلىرىدە يېزىلىشىچە، – دېدى ئۇ، – خۇددى مۇشۇنداق قورقماس قىزلارنى، دۈشمەنگە باش ئېگىشنى بىلمىگەن

ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماس كىشلەرنى باشقا قورقۇنچاق تەسلىمچىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆلتۈرمەي ساقلاپ قېلىش ھەتتا ئۆلاردىن كېيىنكى كۈنلەردە پايدىلىنىش بار ئىكەن. ⑦ پەرۋىش قىلماق، باقماق: تازىلىق ھەيئىتى قەۋەتلىك بىنالاردا ئىت ۋە كەپتەر ساقلىماسلىقنى ئۇقتۇردى. * سەن دېگەن مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ كونا دوستى، نېمشقا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرەر ئەمەل سورىماي مۇشۇنداق ئەسكى بىر گەمدە ئولتۇرۇپ بىچارە ھالدا جان ساقلايسەن. ⑧ ئۇنتۇما داۋاملىق ياد ئېتىپ تۇرماق، ياد ئەتمەك: — مەن خاتا قىلىپتىمەن، — قاسىمجان ئاخىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاشىم ئاكىغا قارىدى، — مەن ئەمدى ياخشى چۈشەندىم، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن. * بىر سىقىم تۇپراققا قارىسام ھەر دەم زۇڭلىنى كۆرگەندەك بولۇمەن گويا، ئۇ ھايات دىللاردا ياشايدۇ مەڭگۈ، ساقلايدۇ مۇبارەك نامىنى دۇنيا! ⑨ يوشۇرماق: بىگىزنى قاپتا ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك، ئابدۇرېھىم دورغىنىڭ قاسىم پالۋان پاجىئەسىدىكى جىنايىتى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالدى. * مەتۋاقى مەتروزىغا ساقلىغان ئاداۋىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلىدىن ئۆچ ئالغان، ئەمدى مەتروزىمۇ مەتۋاقىغا بولغان ئاداۋىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلىدىن ئۆچ ئېلىپ ئۆتنىگە لايىقۇن قىلسۇنمۇ؟ ⑩ مەلۇم بىر خىسلەت ۋە تەسىرنى زىيانغا ئۇچراتماي، بۇلغىماي، يوقاتماي مۇھاپىزەت قىلىپ كەلمەك: ئابرويۇڭنى ياشلىقىڭدىن ساقلا (ماقال). * ۋىجدانلىق قىزلار ئۈچۈن ھاياتىدىكى ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ ئىپپەت-نومۇسنى ساقلاشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بېغىشلىمىسا كېرەك. * قىلىپ دەستۇر گۈزەل ئەخلاق، ھايا-ئىززەتنى ھەر دائىم، غۇرۇرنى ساقلىدى خەلقى-ئېلىگە مېھرىبان قىزلار. ⑪ رىئايە قىلماق، ئەمەل قىلماق: يىغىن تەرتىپىنى ساقلىماق. دەرس ئىنتىزامىنى ساقلىماق. * يۈرىكىمگە ئوت كەتتى يارىم كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، كىشىگە گەپ قىلمىدىم يارغا ۋەدەمنى ساقلاپ. ⑫ بىرەر نەرسە ياكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ پەيدا بولۇشى، كېلىشى ياكى ئۇچرىشىنى ئۈمىد قىلىپ مەلۇم جايدا كۈتۈپ تۇرماق: تىللاخان ئۇنى ئۇزاق ساقلىدى. شاپ بۇرۇت تونۇشىنىمۇ ئۇزاتتى. ئەمما، نېلۇپەر يەنىلا كۆرۈنمىدى، ئۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسىغا قاراپ-قاراپ قوياتتى. * ئەخمەتقۇ سىزگە «مۇھەببەت خېتى» يېزىپ قويۇپ سىزنى شۇنچە يىل ساقلاپتۇ. ⑬ ئامان-ئېسەن قىلماق، ساق-سالامەت قىلماق: يوقلاپ كەلگەنلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتىشتى: — شۇنداق، ھەرنېمە بولسا خۇدايىم ساقلاپتۇ، نىيەتلىرىنىڭ دۇرۇسلىقىدىن يامان قول تەگمەپتۇ! * بىز سېپىلغا چىققاندا خۇدايىم ساقلىسۇن ئوقتىن، ئەجەبمۇ قۇتۇلمىدۇق، زۇلۇم بىلەن زورلۇقتىن.

**ساقلىنىش** «ساقلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ساقلىنىش نىسبىتى.

**ساقلىنىش نىسبىتى** <ئورم> يېڭىدىن قىلىنغان ئورماننىڭ ئومۇمىي كۆچەت سانى بىلەن بىرقانچە يىل ياكى تېخىمۇ ئۇزۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىن نورمال ئۆسۈپ قالغان دەرەخ سانىنىڭ نىسبىتى.

**ساقلىنىشچانلىق** ئى. بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ياكى باشقا بىر تۈسكە ئاسان ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: سەنئەت خەلقنىڭ ئادەتلىرىدىن، ھېسسىياتلىرىدىن، ھەتتا تىلىدىن ئايرىلالمايدۇ، مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، سەنئەتتە مىللىي ئەنئەنىلىك

ساقلىنىشچانلىق كۈچلۈكرەك بولىدۇ، ھەتتا بىرقانچە مىڭ يىل داۋام قىلىشى مۇمكىن.

**ساقمۇساق** ① كېسەلدىن خالىي، ساغلام: مەن سېنى ئاللىقاچان مەجلىپ كەتتى دېسەم ساقمۇساق ئىكەنسەنغۇ. ② بۇزۇلماي، زىيان-زەخمەت يەتمەي: سەۋزىنىڭ ئورەكتە 10 ئاي ساقمۇساق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەت ھەيران قالدى. ③ كەم-زىيادىسى يوق، تولۇق؛ دەل: — كېپىگىزنى مۇشۇنداق ئەكىتىپ يۈرگىنىڭىزگە ساقمۇساق بەش يىل بولدى. * رەيھان ھوشىنى گاھ بىلىپ گاھ بىلمەي قالايمىقان خىياللار ئىچىدە خامۇش ياتقىنىغا ساقمۇساق ئۈچ سائەت بولدى.

**ساقىت** سۈپ (ئە) ئېلىپ تاشلانغان، بىكار قىلىنغان، بىكار: ساقىت بولماق. ساقىت قىلماق. * بۇگۈن مانا مۇشۇنداق ئىشلەپ ئىشنى تۈگەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى ۋەزىپە گەدەندىن ساقىت.

**ساقىت بولماق** ① ئېلىپ تاشلانماق، بىكار قىلىنماق: ھەلىمخان: — ئەمىسە مېنىڭ ۋەزىپەم ساقىت بولدى، ھەرھالدا جىددىيرەك بولارلا، — دېدى. ② خالىي بولماق، پاك بولماق: — تولىمۇ پۇختا بولدى، — دېدى ھاجى ئىشان، — شىرمۇھەممەت بۈگۈن پىرىم ھاجىم، بارلىق گۇناھىدىن ساقىت بولدى.

**ساقىت قىلماق** ئېلىپ تاشلىماق، خالىي قىلماق: گۇناھىنى ساقىت قىلماق. * پادىشاھ ئۆزىنىڭ بېشىدىكى مۇشۇ بىر غەملىك ئىشنى ساقىت قىلىپ خاتىرجەم قىلىشقا ئىرىشتى ئويلاپ بەك باش قاتۇرۇپ يۈرۈپمۇ ياخشى چارە تاپالماپتۇ.

**ساقلىق** سۈپ. ساقلىرى بار، ساقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ساقلىق قازان.

**ساقلىق قازان** <ماشىن> قازاننىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا شارىك ياكى چوكا ساقلارنىڭ دومىلىما ھەرىكىتى سىيرىلما ھەرىكەت ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا سۈركىلىش كۈچى ئازراق بولسىمۇ، لېكىن يۈكنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرىشى جەھەتتە كۆزنەككە يەتمەيدۇ. تۈزۈلۈشىگە قاراپ يۇمىلاق ساقلىق قازان، چوكا ساقلىق قازان ۋە يىڭنە ساقلىق قازان دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ساقىي** ئى (ئە) ھاراق-شاراب قۇيغۇچى: ساقىي بولساڭ ساق بول (ماقال). * تولدۇرۇپ جامنى ئىچەيلى ساقىي دوستۇم قۇي شاراب ئەل ئامان دوستلار ئامان بولسۇن تىلەك شۇ دەيدىغان. * كەلتۈر ساقىي پىيالەڭنى، ھارارەتلىك بولغاي نەزمەم. باغرى قانلىق غېرىب دىلكەش، پىغانىغا بولغاي ھەمدەم.

**ساقىي بولماق** زىياپەت، ئولتۇرۇش قاتارلىقلاردا ھاراق-شاراب قۇيۇش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماق: مەلىكە ئۆزى ساقىي بولۇپ گۆر ئوغلىغا بىرنەچچە نۆۋەت شاراب تۇتتى.

**ساقىيقۇش** ئى (ساقىي+قۇش) <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېترغا يېتىدۇ، قانىتى چوڭ، تۇمشۇقى ئۇزۇن ۋە ئۇچى ئىلمەك كېلىدۇ. تۇمشۇقى ئاستىدا تېرە خالتىسى بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى ساقلايدۇ. پەي-تۈكلىرى ئاق، قانىتىدا ئازراق قارامتۇل پەيلىرى بولىدۇ، سۇ ئۈزۈش ۋە بېلىق تۇتۇشقا ماھىر كېلىدۇ، توپلىشىپ ياشايدۇ.

**ساقىيلىق** ئى. زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردا ھاراق-شاراب قۇيۇپ بېرىش ئىشى: مەن خىيالدىن ئېسىمگە كەلگەندە تۇرقىدىن ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان، ساقىيلىق قىلىۋاتقان مېھمان دېكلىماتسىيە قىلىشقا باشلىغانىكەن.

**ساقىيىشماق** «ساقايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن خېلىلا ساقىيىشىپ قالدى.

**ساكسوفون** ئى <مۇز> دۇخوۋوي چالغۇ. بېلگىيىلىك ساكس (Adolphe Sax) كەشىپ قىلغان. مىستىن ياسىلىدۇ، تۈرى كۆپ، ئاۋاز تۆشۈكلىرىدە كلاپانلىرى ۋە كۇنۇپكىسى، ئۇچىدا پۈۋلەيدىغان مۇشتىكى بولىدۇ. ئادەتتە دۇخوۋوي ئوركېستىرى ۋە سىمفونىيە ئوركېستىرلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يەنە يەككە چېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**ساكسگورنى** ئى <مۇز> دۇخوۋوي چالغۇ، يەنى ساكسوفوننىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى - بولۇپ، كانىيى ساكسوفوننىڭكىدىن چوڭراق كېلىدۇ. بېلگىيىلىك ساكس (Adolphe Sax) كەشىپ قىلغان، مىستىن ياسىلىدۇ. ئوتتۇرا، ئوتتۇرىراق، يۇقىرىراق، تۆۋەن ئاۋازلىق دەپ تۆت خىلغا ئايرىلىدۇ، ئادەتتە دۇخوۋوي ئوركېستىرى ۋە سىمفونىيە ئوركېستىرلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ساكلار** ئى <ئىرق> مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان چارۋىچى خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇلار كېيىنچە هون، تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

**ساكيامۇنى** ئى <دىن> بۇددا دىنىنى بەرپا قىلغۇچى كىشى؛ xakyamuni – ساكيالارنىڭ ئەۋلىياسى دېگەن مەنىدە، ساكيامۇنىنىڭ ئەسلي ئىسمى سەدىھارت (Sidhartha) بولۇپ، شىمالىي ھىندىستاندىكى كاپىلۋاستۇ (Kapilvastu) پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سۇددۇدانا (Xuddhodana) نىڭ شاھزادىسى. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرلەردە ياشىغان.

**ساڭ** ئى (خەن) ئاشلىق ئامبىرى: ھاجىنىڭ قوشۇنى تەسلىم بولغان جىمسار چېرىكلىرىنىڭ ھەممە ئات-ئۇلاغ ۋە چېدىرلىرىنى، ساڭلاردىكى ھەممە ئاشلىق ۋە يەم-بوغۇزىنى بىراقلا تارتىۋېلىپ تاغ تەرەپكە جۆندى. * تولۇپتۇ ساڭلىرىڭ ئاشقا، بېغىڭدا خىلمۇخىل مېۋە، باياشات، ھۆر دىيارىڭنىڭ سېخىي بازارىنى كۆردۈم.

**ساڭ بېگى** كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

**ساڭا** ئال (سەن+گە) ئىككىنچى شەخس بىرلىك ساندىكى كىشىلىك ئالماشنىڭ يۆنىلىش كېلىشتە تۈرلەنگەن شەكلى: ساڭا گەپ يوق، مۇشۇككە بەز يوق (ماقال). * تىڭشىغىن كۆنەس، تېكەس، قاشنىڭ سۈيى، يۈرىكىم مۇھەببىتى ساڭا ئاققان.

**ساڭچى** ئى. ئاشلىق ئامبارلىرىغا قارىغۇچى ياكى ئۇنى باشقۇرغۇچى كىشى: سېتىۋالدى ياقاڭ يالىلاپ كەلگەن ئات-ئۇلاغلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ساڭغا كەلگەندە، ساڭچىلار ھۆججەت تەلەپ قىلدى.

**ساڭرام** ئى <دىن> بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇتخانا.

**ساڭزا** ئى (خەن) بىر خىل يېمەكلىك. خېمىرى پىياز ۋە كاۋۇچىن قوشۇلغان سۇدا يۇغۇرۇلۇپ، ئېشىلگەندىن كېيىن ياغدا پىشۇرۇلىدۇ. كۆپىنچە ھېيت-بايراملاردا سېلىنىدۇ.

**ساڭ-ساڭلاپ** بىرقانچە ساڭ توشقۇزۇلغان ھالدا، بىرقانچە ساڭنى لىق توشقۇزۇپ: بۇ ئېدىر، بۇ تۈزلەر شۇنداق خەزىنىدىكى، ھەر يىلى ساڭ-ساڭلاپ ئېلىنىدۇ ئاش. ئاھ، ئاشۇ بايلىقنى ياراتقان دېھقان، دائىما ئاچ-زار، كۆزلىرىدە ياش.

**ساڭقا** ئى. قۇش مايىقى.

**ساڭقار** ئى. دىئال. سار.

**ساڭقارا** ئى. دىئال. سار.

**ساڭقىشماق** «ساڭقىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساڭقىماق** I پ. مايافلىماق، تېزەكلىمەك: قۇش ساڭقىدى. * ئاخشىمى ياتاردا بوۋاي تۇگمەنچىگە: — ئېشىكىمگە ئالتۇن-كۈمۈش ساڭقاڭ دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قېلىپتۇ.

**ساڭقىماق** II پ. دىئال. ئەھمىيەت بەرمەك، ئېتىبار بەرمەك.

**ساڭگاپ** ئى (پ) كۆن قىلىنىدىغان تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن چىلايدىغان هاك سۈيى.

**ساڭگىلاتقۇزماق** «ساڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ساڭگىلاتماق** «ساڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇرات ئۇنچىقماي بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئەخمەت بۇ هالنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى تۇيدى، لېكىن تەن بەرگۈسى كەلمىدى. * — چېچىلىش كىچىك گەپ، يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدىم، — سۇتۇق كېلىپ سۇپىغا ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى ساڭگىلاتتى.

**ساڭگىلاشماق** «ساڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شىپاڭنىڭ تۆت تەرىپى پۇتۇنلەي ئۈزۈملۈك بولۇپ، بىر نەچچە يەردە مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەر ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. * تۇگمەننىڭ نورى ئۈستىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان مۇزلار ئادەتتىكى ئېقىمنى ئۆزگەرتىپ، ئەتراپقا مەرۋايىتتەك يالتىراق تامچىلىرىنى سېپىپ تۇراتتى.

**ساڭگىلاقلىق** سۈپ. ساڭگىلاپ تۇرغان، ساڭگىلاپ چۈشكەن: ئۇ چاغدا كادىرلارنىڭ هالى چاغلىق، كۆپىنىڭ بېشى تۆۋەن ساڭگىلاقلىق ئىدى.

**ساڭگىل-سۆڭگۆل** ئۇزۇن-قىسقا، رەتسىز، قالايمىقان هالدا ساڭگىلىشىپ تۇرىدىغان: قاراڭ، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان ساڭگىل-سۆڭگۆل لاتا-پۇتىلىرى ئارىسىدىن سوغۇقتا توخۇنىڭ ئېتىدەك بۇدۇر-بۇدۇر چىققان ئەتلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

**ساڭگىلىماق** پ ① ئېگىزدىكى نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى پەسكە قاراپ ئېسىلىپ تۇرماق: مۆمىن تارتىپ يىرتىۋەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى هەم يېڭى تېزىمغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. * هويلا ئىچىدىكى قەدىمىي ئۈجمە بۇ ئائىلىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ باراخسان شاخلىرى پەسكە ساڭگىلاپ هويلىغا سايە تاشلىدى. * سۈت بەرگەن كۆكسۈگىنىڭ چوققىلىرىغا مەن قوياي بېشىمنى ئوخشاپ دەرياغا. قەلبىمنىڭ نۇرىنى گۈلنى چاچاي، نەيزە مۇز ساڭگىلاپ تۇرغان قىياغا.
② تۆۋەنگە ئېگىلمەك، سېلىنماق، سوزۇلماق: — سىزنى ئۇزۇكسىز قويدۇم، — ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلىگەن قەدىردىنىنىڭ بېشى ئىختىيارسىز مەيدىسىگە ساڭگىلىدى. * تېز هەرىكەت قىلغىنىدىن يىلاننىڭ تىللىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. * بىركۈنى مەۋلان قاپىقى ساڭگىلىغان هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.
③ كۆچمە. بوشاشماق، سولاشماق: بىراق ئەنۋەر ساڭگىلاپ، ئەتىگەندە كاڭگىراپ. ئۇيقۇسىنى ئاچالماي چايمۇ ئىچمەي ئالدىراپ.

**ساڭلىق** ① سۈپ. سېغى بار، ساڭغا ئىگە بولغان: دادۇيىمىز بۇ يىل ياز ئازراق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ ئىشخانىلارنى يېڭىلىدى ۋە ساڭلىق بولۇپ قالدى. ② ئى. جۇۋازخانىدىكى مايلىق دان قويۇلىدىغان جاي.

**سال** ئى ① <قاتن> كۆل، دەريالاردا يۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ياغاچ، تاختايلارنى بىر-بىرىگە چېتىش ئارقىلىق ياسالغان قاتناش قورالى: ئۇلار يول يۈرۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىر

دەريا لېۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە سال باغلاپ، دەرياغا چۈشۈپتۇ. * يىگىت ياغاچلارنى چېتىپ سال ياساپ دەريادىن ئارالغا ئۆتۈپتۇ. ② <ئورم> سۇدا ئېقىتىپ يۆتكەش ئۈچۈن، بىر-بىرىگە چېتىلغان ياغاچلار: ھەپتە-ھەپتىلەپ كۈن-تۈن سۇ ئىچىدە يۈرۈپ، سال ياساپ ئېلىغا ياغاچ يۆتكەيتتۇق.

**سال يولى** <ئورم> ياغاچلارنى سال قىلىپ، ئېقىتىپ توشۇيدىغان سۇ يولى.

**سالا (سالاسى)** (پ) ① ئى. قول بارماقلىرىنىڭ ئارىسى، ئارىلىق. ② سۇپ. مەلۇم يۆنىلىشتە يول-يول قىلىپ تەكشىلەنگەن، تۈپتۈز، تەكشى قىلىنغان: سالا ئېتىز. * ئۇ بالا جاۋاب بېرىپ: «بۇ مېنىڭ يېرىم» دېدى ۋە سول تەرەپتىكى بىر سالا يەرنى كۆرسىتىپ: «بۇ، ۋاڭنىڭ يېرى» دېدى. // نەزەردىن تاشلىماي ھەر قىر-ئېتىزنى، بوگۈنمۇ ئارىلاپ ماڭدى يەنە ئۇ. جامالار كۆتۈرە ئالغان سالانىڭ، چېتىگە يېتىپمۇ كەلدى ئەنە ئۇ.

**سالا ئېتىز** ئۈستى بىر خىل قىلىپ تەكشىلەنگەن ئۇزۇن، كەڭ تاختا يەر؛ چوڭ ئېتىز: ئەختەم ئۇزۇن سالا ئېتىزنى بويلاپ چالغا بىلەن بۇغداي ئورۇپ كېتىۋېتىپ زىلەينى ئەسلەپ قالدى، ئۇنىڭ زىلەينى كۆرمىگىنىگە خېلى بولغانىدى.

**سالا (سالاسى)** ئى (ئە) كېلىشتۈرۈش ياكى ئۆز رايىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان دەۋەت، بېرىلگەن تەكلىپ، مەسلىھەت؛ سۆلھ: مانا قىسمەتتىن ئۇخۇن تۇرۇپتۇ، ئۆزى ھەممە سالادا بار، شۇنداق ئەمەسمۇ قىسمەتتىن ئۇخۇن؟ * گۈل قىستىم قۇلاقىمغا، كىرمىدىڭ سالايىمغا. سەن قىلساڭ يامانلىقنى، مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

**سالادا بار** كىشىلەر قىلىۋاتقان، تۇرمۇشتا بار: — ئۇندىن باشقا، — دېدى نىياز قۇربان نېمىدىندۇر ئىچى پۇشقاندەك سەل تىت-تىت بولۇپ، — مەن ئۆزۈم، ئۇكا، يېنىمدىن چىقىرىپ بىرنەچچە شېشە ھاراق، بىر پاقلان تەييارلاپ قويدۇم، قاسىم بۇ يەرگە كەلسە، ھەممىشەم قۇرۇق قايتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمەس بولۇپ كەتتى. «قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتىدۇ» دېگەن گەپلەر بار ئەمەسمۇ، ناھايىتى سالادا بار ئىشنى قىلىپ، ئازراق كۆڭلىنى ئېلىپ قويىمىز، بولمىسا، ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، نېمە چارە بار؟

**سالاغا بوش** باشقىلارنىڭ سالاسى، مەسلىھەتىگە ئاسانلا ماقۇل دەيدىغان: شوپۇر شۇ گەپنى ئېيتىپ نېمىدىندۇر ئېھتىيات قىلغاندەك «لىپ» قىلىپ سادىققا قاراپ قويۇپ: — ئۆزۈم سالاغا بوش ئادەم، — دېدى ئۇ سادىقنىڭ كۆزىنى ئېلىپ، — ئېغىز تاتىلىغاندىكىن دەپ سالىمەن.

**سالاغا كەتمەك** باشقىلارنىڭ سالاسىغا كىرىپ زىيان تارتماق، بىرەر نەرسىنى قولدىن بەرمەك: قۇناخۇننىڭ بادام دوپپىسىنى چېكىسىگە كىيىپ، راۋابىنى بولۇشىغا چېلىپ، ناخشىنى دۆڭ چىقىرىپ ئېيتىپ، 30 ئوغۇلغا يىگىت بېشى بولۇپ مەشرەپ ئوينىغان چاغلىرى نەلەردە قالدىكىن-تاڭ. مانا بۇ يىل 32 دىن ئاشتى. بېلى مۈكچىيىپ بوۋاي بولۇپ قالدى. دادىسىدىن قالغان ئۈچ چارەكلىك ئۆرۈك-شاپتۇللۇق باغ سالاغا كەتتى. * ھېلىقى سالاغا كەتكەن ئۆرۈكنىڭ چىڭ ئۇچىغا چىقىپ سارغىيىپ پىشقان مانتىدەك بىر تال خوۋەينى ئۆرۈكنى ئېلىپ شۇنداق بىر چىشلىشىگە ئۆرۈكنىڭ ئىچىدىن گۆھەردەك نۇر چېچىپ ئۆزىنىڭ قورسىقىدىن يېرىپ ئالغان تاش، ھە، ھېلىقى شار چىقتى.

**سالا قىلماق** كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش،

رايىدىن قايتۇرۇشقا ئۇنىدىمەك، سۆلھ قىلماق: شۇ ئەسنادا، شاھزادە ئابدۇللا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سالا قىلىپتۇ. * ئەختەمنى پۈچۈنتاينىڭ كەينىدە يۈرىدۇ، دېگەن گەپ ۋە ئۇنىڭ گۈلچەمخان چوڭ ئانام يارىشۋېلىشنى سالا قىلغاندا ئوچۇق بىرنېمە دېمىگەنلىكى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن. * — مەن ياخشى تەربىيە قىلاي، ئەتە ئەتىگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ مېھرىباندىن ئەپۇ سورايلى، سەۋەنلىك بىزدە، — دەپ سالا قىلىپ ئۇلارنى جىمىتتى.

**سالاپەت** ئى (ئە) ھەيۋەتلىك، مەغرۇر تاشقى كۆرۈنۈش؛ سۆلەت: يىراقتىن ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك، ھېلىلا ئىشىك ئالدىدا توختاپ، ھاكىملىق سالاپىتىگە توشقان ئوغلى كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. * مەن ئۈزۈندىن ساقلاپ كەلگەن جۇۋامنى ساڭا بېرەي، ئۇنى كىيىۋال، ئۇ سالاپىتىڭنى ئۆزگەرتىۋەتسىمۇ كېرەك يوق، قىش كۆزى قارىغۇ، تېنىڭ ئىسسىق تۇرسىلا بولدى. * ياﺋاللا كەرەملىك شاھى ئالەم، بىز مۇشۇ سالاپىتىمىز بىلەن ئوغرىلىق قىلساق خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟

**سالاپەتلىك** سۈپ. سالاپىتى بار، ھەيۋەتلىك، مەغرۇر كۆرۈنىدىغان: شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن قەشقەر بازىرى راسا قىزىغان پەيشەنبە كۈنى چۈش مەزگىلىدە، ساموق دۆكىنىنىڭ پوكىيىدە سالاپەتلىك بىرنەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. * شۇڭا، يۈز-كۆزى، كىيىم-كېچىكى كۆمۈر كۆيۈندىسى بىلەن بۇلغانغان ئىشچىلارمۇ بۇ سالاپەتلىك مۇئەللىمدىن ئانچە قورۇنۇش ھېس قىلىشمايتتى.

**سالات** I ئى (ئە) <دىن> ① ناماز: سالات تۇۋلىماق. ② خۇدا ۋە پەيغەمبەرگە ئاتاپ قىلىنغان ھەمدۇسانا.

**سالات تۇۋلىماق** پەرز نامىزى ئوقۇش ۋاقتى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ «سالات، سالات» دەپ ئۈنلۈك ئېيتماق: مەزىنىنىڭ تۇۋلىغان سالاتىلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر نامازگاھتا سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى.

**سالات** II ئى (د) ھەر خىل ياش كۆكتات، تۇخۇم، گۆش قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بىر خىل سوغۇق سەي: دوختۇر بىر قېتىم يۈلىيەنى ئاشپەز بىر شىشە ئاچچىقسۇ قۇيۇۋەتكەن سالاتقا ئوخشاتقانىدى.

**سالاچى** ئى. باشقىلارغا سالا قىلغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى: چوكان ھۆڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەيىبلىگۈچى، سالاچى، سۈرۈشتە قىلغۇچىلارمۇ كۆپەيدى. * سالاچىلارنىڭ ھە-ھۇسى ۋە شېرىنكانىسى بىلەن بىر چاپان 36 يېرىم دۇبەنگە توختىغان بولدى.

**سالاچىلىق** ئى. سالا قىلىش ئىشى ۋە پائالىيىتى: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى شۇنچە مەخپىي سودىلىشىۋاتسىمۇ ئۇ ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولاتتى-دە، سالاچىلىق قىلىپ يۈرۈپ ئۇلاردىنمۇ بىر-ئىككى كويىنى يۇلۇۋالاتتى. * ناھىيە بويىچە ھەرقانداق سالاچىلىق ئىشلىرىدا ئاتىقى چىققان ئابدۇراخمان بۇ ئىشقا جىددىي ئارىلىشىپ، قارارنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

**سالار** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**سالار تىلى** <تىل> سالارلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى ئوغۇز-قىپچاق تۈركۈمىنىڭ ئوغۇز تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. تۈركىي تىللار ئىچىدە، بۇ تىل خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغان.

**سالارچە** ① سۈپ. سالار خەلقىگە، ئۇنىڭ

تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: سالارچە ئۇسسۇل. سالارچە ئادەت. ② ئى. سالار تىلى: سالارلار ئارىسىدا چوڭ بولغان بۇ يىگىت سالارچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. سالار تىلىنى ئىشلىتىپ، سالار تىلى بىلەن: سالارچە سۆزلىمەك.

**سالارلار** ئى <ئىرق> سالار مىللىتى، سالار خەلقى. بۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شۇنخۇا سالار مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا قاتارلىق جايلىرىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭدىمۇ بىر قىسىم سالارلار بار.

**سالا-سالا** ① تال-تال، ساپاق-ساپاق: باشاقلىرى سالا-سالا، چوڭلۇقى دېنى ئۇنىڭ دەل جىگدىدەك. «شۇنچىلا بولامدۇ؟!» دەپ تاڭ قالمىغىن، بولىدىكەن سوتسىيالىزم ئاتقان چېچەك. * قاپتۇ ئۈزۈمۇ پىشىپ سالا-سالا، مەي تۇتۇپ شەربەت تۆكۈپ تەك ئاستىدا. خۇددى كۆردۈم ئاندا مەن يار كۆزىنى، ئەنە، مۆلدۈرلەپ تۇرار ياپراق ئارا. ② تۇتاش كەتكەن بىرقانچە سالا: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان سالا-سالا بۇغداي ئېتىزلىرى، قىزغىن داۋام قىلىۋاتقان ئورما ۋە ئېتىزنى تەڭگىدەك جاراڭلىتىپ تۇرغان جۇشقۇن، شادىيانە ئەمگەك شاۋقۇنى گەۋدىلەندى.

**سالاسۇن** ئى. ياغاچ، مېتال، تاش ۋە سېمونت قاتارلىقلاردىن ياسالغان دېرىزە-كىنىڭ تالالىرى: ئۇ چاپاننى ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ قويدى-دە، ئۆزى كۆۋرۈكنىڭ سېمونت سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماكا چەكتى.

**سالاسۇنلۇق** سۈپ. سالاسۇنى بار، سالاسۇن ئورنىتىلغان: تاش سالاسۇنلۇق بۇ جايدىن ئاستانە تۇغۇل، پۈتكۈل ئەتراپ، يېزا-كەنت، تاغ-ئېدىر، چۆل-قۇملۇقلارنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. * ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يېزا-كەنت مەھەللىلىرى، سالاسۇنلۇق، پېشايۋانلىق ئۆي-ئىمارەتلەر، سوقما تاملار، مەسچىت گۈنگۈرلىرى ۋە تاغقا تۇتىشىپ تۇرىدىغان تېرىلغۇ ئېتىزلىرى، دۆڭلۈكلەر كۆزگە چۈشۈپ تۇرىدۇ.

**سالا-سۇلھ** ← **سۇلھ-سالا**: نېمە دەۋاتىدىلا ئېلىشاخۇن ئۇستام؟ بۇ ئۆتۈكنى مېنىڭ ئالدىمدا بىرەيلەنگە 18 كويغا بەرمەيتتىكەن، مەن جىق سالا-سۇلھلەر بىلەن 15 كويغا تەستە ئۇنتىپ ئالدىم. * «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن توغرا ئېيتىلغانىكەن، دوستلارنىڭ سالا-سۇلھلىرى بىلەن ماقۇل دەۋەتتىم، خەير، بالا دېھقان بۇ ياخشىلىقلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماس.

**سالا-سۇلھ قىلماق** ← **سۇلھ-سالا قىلماق**: بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان مۇنازىرىنىڭ تېگىگە تازا چۈشىنەلمىگەن ئامانلىق قوغداش خادىمى بىرئاز ھەيران بولۇپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ سالا-سۇلھ قىلىشقا باشلاۋاتقاندا، ھاشىم شۇجىنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون قاتتىق جىرىڭلىدى. * شۇ نۆۋەت مېنىڭ سالا-سۇلھ قىلىشىم بىلەن ئاشۇ دارازا كىشى تۇردى ساقچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالدى، جۇمۇ.

**سالاشماق** پ. دىئال. ئارقىسىغا كىرىۋالماق؛ سوڭدا شماق.

**سالاكەش** ئى ← **سالاچى**.

**سالاكەشلىك** ئى ← **سالاچىلىق**: — ئانچە-مۇنچە قىلغان ئىشلىرىمۇ باردۇ، — دېدى ئۇ سالاكەشلىك قىلىپ، — لېكىن تالىپلار يوغان سەللىنى ئورىۋالغان بىلەنلا ئىشانلىق كامالىغا يەتتى دېگىلى بولمايدۇ.

**سالاگەر** ئى ← **سالاچى**: يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مال بازىرىدىكى ئادەم باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ، مال ساتقۇچىلار، خېرىدارلار، كېلىشتۈرگۈچى، بېدىك، سالاگەرلەر ۋە بازار ئايلىنىۋاتقانلار بولۇپ، ھەممىسى ئۆزىگە خاس ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل ئىدى.

**سالاگەرچىلىك** (توغرىسى: سالاگەرلىك) ← **سالاگەرلىك**.

**سالاگەرلىك** ئى ← **سالاچىلىق**: ئەگەر ھەر ئىككى قۇدا تەرەپ بىر-بىرىگە ياقسا، شۇ يەردىلا پۈتۈشىدىكەن، ناۋادا كېلىشەلمەي قالسا، دەللال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سالاگەرلىك قىلىدىكەن.

**سالالاشتۇرماق** «سالالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ دۆي تۆت يىلدىن بۇيان نىياز تۇردىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 600 مو يەرنى سالالاشتۇردى، ھەممە ئائىلىلەر يېڭى ئۆي سېلىۋالدى. * ئابدۇقادىر مېنى ھەرقايسى دۆيلەرگە باشلاپ بېرىپ بۇ يىل قىش پەسلىدىكى ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

**سالالاشتۇرۇلماق** «سالالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭ بىلەن گوڭشېنىڭ 20 مىڭ مو ئېتىزى سالالاشتۇرۇلدى. * ئەينەكتەك تۈزلىنىپ سالالاشتۇرۇلغان ھەربىر سالا ئېتىزنىڭ قىرلىرىغا ئۈچ قۇردىن كۆچەت تىكىلگەن.

**سالالاشماق** پ. سالا ھالەتكە كەلمەك: قاتتىق سوغۇقنىڭ ئالدى-كەينىدە ئېرىق-ئۆستەڭلەر رەتلەندى، ئېگىز-پەسلىكلەر تۈزلىنىپ، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۈركۈم سالالاشقان ئېتىزلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. * يەرلىرىمىز سالالاشتى تەكشىلەندى، بۇرۇنقىدەك كاندۇك ئېتىز نەدە ئەمدى!

ئۆستەڭ چاپتۇق زاكولىرى سېمونت، تاشتىن، يار پىچمايدۇ بۇرۇنقىدەك توغان قاشتىن.

**سالام** ئى (ئە) ① لۇغەت مەنىسى: «تىنچلىق، ئامانلىق». تىلىمىزدا قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، «-تىنچ-ئامانمۇ سىز (سىلەر)؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سالام ئادىلە، قانداق ئەھۋالىڭ؟ يازلىق تەتىلنى ياخشى ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟ * — سالام، يولداش سادىق، سالام يىگىتلەر، — ماشىنىدىن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئابدۇللا چىقىپ كەلدى ۋە بۇ يەردە ھازىر بولۇپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ② يېنىدا بولمىغان كىشىگە ئۆزىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى ئىزھار قىلغان ۋە ئۇنىڭمۇ ئامان-ئېسەن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان تىلەك: ئەتىسى ئىنىكئانا ئاڭلاپ، دەرھال يېتىپ كېلىپ، مەلىكىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى. * ئاپتوموبىل ئۇيياغ دېھقانلىرىنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشچىلىرىغا بولغان سالىمىنى ئېلىپ، ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سالام بەجا كەلتۈرمەك** ← **سالام بەرمەك**: ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز دەردىنى مەلۇم قىلدى.

**سالام بەرمەك** ① بىركىم بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى بىركىمنى ئىزدەپ بارغاندا قارشى تەرەپتىكىگە ئېگىلىپ، قولنى كۆكسىگە ئېلىپ ھۆرمەت ئىشارىتىنى قىلماق؛ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ تىنچ-ئامانلىق سورىماق: ئەبلغازى ئاتتىن ئالدىرىماي چۈشۈپ، ئاسىمغا سالام بېرىپ قول ئۇزاتتى. * شۇ چاغدا، ئامانقۇلنىڭ چارلىغۇچى

يىگىتلىرىدىن تورپاق ئۆز غوجا ئەخمەت ئات يېتىلگەن بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى ۋە سالام بېرىپ «بۇ ئادەم بارىكۆلدىن كېلىپتۇ، < خەلپەمگە بېرىدىغان مۇھىم خەت بار >دەيدۇ» دېدى. ② قولىنى مەلۇم فورمىدا يۇقىرى كۆتۈرۈپ ياكى چېكىسىگە تەگكۈزۈپ ھۆرمەت بىلدۈرمەك (پىئونېر ۋە ھەربىيلەر ھەققىدە) : شۇندىن كېيىن جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ كوماندىرى، پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروۋ ئوتتۇرىغا كېلىپ، قەبرىستانلىققا توپلانغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ تۇرۇپ بىر تۇتاش ھەربىيچە سالام بەردى. * بالا ماڭا قاراپ پىئونېرلارچە سالام بەردى. ③ <دىن> نامازدىن پارىغ بولۇش ئالدىدا قەدىدە ئولتۇرۇپ باشنى ئوڭ ۋە سول تەرەپكە چۆرىمەك: ئەخمەت سوپۇم ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاندىن نامازدىن پارىغ بولۇپ جايىنامازدىن چۈشتى.

**سالام خەت** سالام يوللاپ، تىنچ-ئامانلىق تىلەپ يېزىلغان خەت، سالامنامە: — بولدۇ جامال ئاكا! — دېدىم مەن ھاياجانلىنىپ، — سىزنىڭ كۆڭلۈڭىزنى چۈشەندىم، بۇگۈن مېنى بۇنچە مېھمان قىلمىسىڭىزمۇ سىز دېگەن سالام خەتنى يېزىپ بېرەتتىم. * باغۋەنگە يازدىم چىن سالام، ئالدىمدا قەلبىم دەپتىرى، چىشلەپ سالام خەتنى سەھەر ئۇچماقچى شادلىق كەپتىرى.

**سالام دېمەك** يېنىدا بولمىغان بىركىمگە يەنە بىرىنىڭ ئامان-ئېسەنلىك ئەھۋالى ۋە ياخشى تىلىكىنى يەتكۈزمەك: سىلەر يېزا-كەنتلەرگە بارىسىلەر، شەھەرلەرگە بارىسىلەر، مەندىن ئانامغا سالام دەڭلار! مەن دادامنىڭ ملتىقىنى تاپشۇرۇۋالدىم. * مېڭىپمۇ يېتەلمىدىم، ئېقىپ تۇرغان تارىمغا. كۆرسەڭلار سالام دەڭلار، باغرى تاش شۇ يارىمغا.

**سالامغا بارماق** سالامغا كەلمەك.

**سالامغا كەلمەك** ① توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز بىلەن يىگىت يىگىتنىڭ قېيىن ئاتا-قېيىن ئاپىسىنىڭ يېنىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلمەك. ② ياش ۋە مەرتىۋە جەھەتتە چوڭراق كىشىلەرنىڭ يېنىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن تىنچ-ئامانلىق سوراپ كەلمەك: بىر ئاغىنەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كازىم مەكتەپ پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەن كۈنى ئۆيىگىمۇ بارماستىن، بىرمۇنچە سوۋغىلارنى كۆتۈرۈپ، سابىر شەنجاڭنىڭ ئۆيىگە سالامغا كېلىپتۇ.

**سالام قايتۇرماق** باشقىلارنىڭ قىلغان سالىمىغا جاۋابەن سالام بەرمەك: ئەخمەت دەررۇ سالام قايتۇرۇپ، ئۆزىنى ئوڭشاپلا تىنچلىق سوراشقا باشلىدى.

**سالام قىلماق** بېشىنى، قەددىنى ئېگىپ ۋە مەلۇم فورمىدا قولىنى كۆتۈرۈپ باشقىلارغا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامىنى ئىپادىلىمەك: ئەتىسى نازىرئاخۇن بامداتتىن يېنىپ، ئوغۇللىرىدىن كېيىنرەك ئۆيگە كىردى. بىرىنچى بولۇپ ئۇنى كۆرگەن ھۆسنارىخان ئوچاق ئالدىدىن قوپۇپ، ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلدى. * بالا باشلىقنىڭ بېشىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ پىئونېرلارچە سالام قىلدى.

**سالام ئېيتماق** ← **سالام دېمەك**: مەن ئىشىمنى توختىتىپ: — بۇرادەر! ئۇستازىڭىزغا بىزنىڭ ھەممىمىزدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ! — دېدىم. * — ھە، پەرھاد، ياخشىمۇ سىز؟ ئاتا-ئانىڭىز سىزگە سالام ئېيتتى، — دېدى قىزمۇ ئامانلىق سوراپ.

**سالام يوللىماق** ← **سالام دېمەك**: — پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سىز قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان

سەپداشلاردىن ھال سورايدۇ ۋە قىزغىن سالام يوللايدۇ، – دېگىنىمدە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى.

**سالاماندار** ئى (د<گرېك) <زوئول> قوش ماكانلىق ھايۋان. شەكلى كەسلەنچۈككە ئوخشايدۇ. بېشى ياپىلاق، تېرىسى قوپال، دۈمبىسى قارا، قورسىقى قىزغۇچ سېرىق، تۆت پۇتى قىسقا، قۇيرۇقى ياپىلاق كېلىدۇ. سۇدا ياشايدۇ، تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. باللىرىنىڭ شەكلى قۇمچاققا ئوخشايدۇ. ئادەتتە كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سالامەت** سۈپ (ئە) ① تېنى، بەدىنى كېسەل ۋە ئەيىبتىن خالىي؛ ساق: سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل (ماقال). * ئەجەب ئىكەنسەن ئوغلۇم، ھېرىپ كەلگىنىڭدە سېنى ئىشقا سالغىلى بولامدۇ، خۇدا ئاناڭنىڭ تېنىنى سالامەت قىلسا بۇنچىلىك ئىشنى ئۆزى قىلىپمۇ تۈگىتەلەيدۇ. * ئويناپ-كۈلۈپ تۇر قىزىم ئادالەت، ۋاقتىڭ خۇش بولسۇن، تېنىڭ سالامەت. ② بۇزۇلمىغان، زىيان-زەخمەت تەگمىگەن: شۇكۈركى، شۇ كىتاب پۈتمەستىن تېخى، شۇ كىچە ئىلكىمگە ئۆتتى سالامەت. باغرىمغا ئاۋايلاپ باستىم مەن ئۇنى، دوستۇمغا دىلىمدىن تاشتى مۇھەببەت. * ئوغۇت كۈچلۈك كەپقالسا، بولار شۇنداق ئالامەت. قايتا بىر سۇ باشلىسا، بۇغداي قالار سالامەت. ③ خەۋپ-خەتەردىن خالىي، تىنچ-ئامان، ئامان-ئېسەن: قاسىم شۇجى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلۈپ مۇنداق دېدى: – خاتىرجەم بول ئۇكا، ھەممە ئىشنى تۈگەتتۇق، مانا ھىممىتىمۇ سالامەت يېنىڭدا تۇرۇپتۇ. قېنى ئۇكام كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنا. * كېچە-كۈندۈز تىلەيمەن، يارىم بولسۇن سالامەت. چۆلگە كەتسۇن خۇدايىم، يارغا كەلگەن پالاكەت. ④ تىرىك، ھايات: – ئۇستازىم، بۇيرۇغان خىزمەتلىرىنى ئورۇنداپ، خاسىيەتلىك قازاننى ئېلىپ كەلدىم، – دەپتۇ. موللا تابانىنىڭ ئۆلمەي سالامەت كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئاچچىقى كېلىپ، تابانغا سوغۇققىنە قاراپتۇ. * سالامەت قايتىپ كەلسەم، بالىمىزنى بىرلىكتە تەربىيىلەيمىز، ئەگەر قۇربان بولۇپ كەتسەم، سەن ياخشى تەربىيىلىگىن. ⑤ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سالامەتچىلىك** ئى. ساق-سالامەت، ئامان-ئېسەن تۇرمۇش: يامان ئەمەس ئىكەنمەن، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن، تىل، تارىخ تەتقىقاتىمۇ بار، ھەي ئەمدى ماڭا زۆرۈرى سالامەتچىلىك.

**سالامەتلىك** «سالامەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىز كەسكىن ھالدا: – ئېلىيار، مەن خىزمىتىمنى قىلىۋېرەي، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئانامنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس – دېدى. * – ھاكىم، – دېدى رابىيە رازى بولمىغان ھالدا، – كەچكىچە ئىچىسىگىز سالامەتلىكىڭىزگە زىيان قىلمامدۇ؟ * شوپۇرنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز بۇ ئايالنى دېگەن يېرىگە يەتكۈزۈشلا ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكىگە ھەم مەن مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك-تە!

**سالام-تەزىم** سالام ۋە تەزىم: لەشكەر باشلىقىغا «شاھزادە كېلىۋاتىدىكەن» دېگەن خەۋەر يېتىپتۇ-دە، دەرھال ئالدىغا چىقىپتۇ. سالام-تەزىم رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

**سالام-سەھەت** ئۆزئارا سالاملىشىش ۋە ئامان-ئېسەنلىك سورىشىش: سالام-سەھەتتىن كېيىن، مەن شائىرغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل ئەمەتنىڭ يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزگەنىدىم.

**سالام-سەھەت قىلىشماق** ئۆزئارا سالاملىشىپ، ئامان-ئېسەنلىك سوراشماق: ئانا ئۇلارغا زوقلىنىپ بىردەملىككە ئۆز خاپىلىقىنى

ئۇنتۇدى، ھەممىسى بىلەن قىزغىن سالام-سەھەت قىلىشتى. * «ئۇنسۇر» دېگەن سۆز گويا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، كىشىلەر مېنى كۆرسە كۇسۇرلاشمايدىغان، سالام-سەھەت قىلىشىدىغان ۋە قاچمايدىغان بولدى.

**سالاملاشماق** پ. بىر-بىرىگە سالام بېرىشىپ كۆرۈشمەك، تىنچ-ئامانلىق سوراشماق: ئەتىسى ھېيتگاھدا تازا ئالدىراش سودا قىلىۋاتسام، ئاشۇ يىگىت ئۇ يان-بۇ يانغا سەپسېلىپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ قالدى-دە، سالاملاشتى. * كېۋىرئاخۇن دەرھال قوتان ئالدىدىن كېلىپ مەنسۇر بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

**سالاملىق** ئى. سالام ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان سوۋغا: — بۇ، ئۆزلىرىگە ئەرزىمىگەن سالاملىق، — دېدى «توختى تاۋار» نېرىراقتا ئۈستى يېپىق تۇرغان پەتنۇسنى ئېلىپ سىيىت خوجىنىڭ ئالدىغا ئېچىپ قويدى.

**سالامنامە** ئى (ئە+پ) سالام يوللاپ، تىنچ-ئامانلىقنى تىلەپ يېزىلغان خەت؛ سالام خەت: لۇتپۇللا ئارقىدىن ئىككىنچى قەغەزدىكى سالامنامىنى ئوقۇدى. * ئاندىن، تۆمۈر خەلپە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا سالامنامە يازدۇرماقچى بولۇپ، ئاخۇن قارىينى چاقىردى.

**سالامۇئەلەيكۇم** ← **ئەسسالامۇئەلەيكۇم**: قاسىمئاخۇن بىلەن ئون يىل قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز، مانا كېسەل بولۇپ ياتقاندا «سالامۇئەلەيكۇم» دەپ بىر كىرىپ قويۇشقا يارىمىغىنىنى دېمەمدىلا!

**سالام-ئىلىك** بىر-بىرىگە سالام بېرىپ كۆرۈشۈش، سالاملىشىش: سالام-ئىلىك ئالماق.

**سالام-ئىلىك ئالماق** باشقىلارنىڭ قىلغان سالىمىنى قوبۇل قىلىپ قايتۇرماق: — تۇرسۇنئاخۇن! خۇي چىقىرىۋالمىسىلا، ئەتىگەندە خۇدانىڭ سالىمىنى قىلسام سالام-ئىلىك ئالماي بويۇنلىرىنى تولغاپ كېتىدىلا، ئىككىمىز خۇدا قوشقان قوشنا ئەمەسمۇ؟!

**سالاھىيەت** ئى (ئە) ① مەلۇم بىر ئىش ياكى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا بولۇشقا تېگىشلىك لاياقەت، ئىقتىدار، شەرت: ئابلا تېخى ئىككى يىل بۇرۇنلا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەچكە، بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا قاتنىشىش «سالاھىيتى» توشماي گۇۋاھنامە ئالالمىدى. * — بولدۇ! سىز مېنى مەجبۇر قىلغان بولسىڭىز مەن سۆزلەي، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى چىڭ قىسىپ سۆزلەپ، — سىز ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئەمما سىزدە ئەنە شۇ نامغا لايىق سالاھىيەت يوق ئىكەن. ② كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئورنى؛ نوپۇز، ئابرويى، ئىناۋەت، مەرتىۋە: سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى. * شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مۇشۇ بەگلىكتىكى گومىنداڭ شۆبە پىرقىسىنىڭ شۇجىسى سالاھىيتى بىلەن مەخسۇت بەگنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشەتتى. * بىز ئۇلارنى توسۇپ قويدۇق، سالاھىيەتكە قاراپ ئىشقا قويىدىغان ئادەت كۈچلىرى بۇ ياشلارنى باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. * خەير بولۇپتۇ، مەن تېخى ئۆز سالاھىيىتىمنى تولۇق ئاشكارىلىغىنىم يوق.

**سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى** پۇقرالارنىڭ جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن گۇۋاھنامە.

**سالاھىيەتسىز** سۈپ. سالاھىيتى يوق، سالاھىيىتىنى يوقاتقان: بۇرادەر، سىز بۇ ئىشقا ئارىلىشىشقا سالاھىيەتسىز، شۇڭا چىرايلىقچە ئۆيىڭىزگە كېتىۋېلىڭ.

**سالاھىيەتسىزلىك** «سالاھىيەتسىز»

سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**سالاھىيەتلىك** سۈپ. سالاھىيىتى بار، سالاھىيەتكە ئىگە بولغان: - ئادىل، - دەپ ھۇرپەيدى پەرىزات قول شىلتىپ، - سەن تېخى ئۆزۈڭنى پىكىر قىلىشقا سالاھىيەتلىك ئادەم، ھوقۇقۇم بار دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن-يوق؟ * بۇ سالاھىيەتلىك ئىشپىيونلارنى گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن ساقچىلىرى بۇندىن 30 نەچچە كۈن ئىلگىرى كونىشەھەردىن چېكىنىپ چىقىش ۋاقتىدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ يەردە ئېلىپ بارىدىغان ئىچكى پائالىيەتلىرىدىن مەخپىي ھالدا مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاتايىن قالدۇرۇپ قويغانىدى.

**سالاۋات** تىر (ئە) يۈنىلىش كېلىشتە كەلگەن بەزى ئىسىملارغا تىركىلىپ «ھېچقىسى يوق، مەيلى، سۇرۇشتە قىلماسلىق كېرەك» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: - مەيلى مېنىڭ ئۈستۈمدىن قىلىنغان گەپلەرگە سالاۋات، - دېدى ئەكبەر. * ئەگەر ئۇ، گۈلسۇرۇخنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشقىنىدا، بىللە ئولتۇرۇپ دۇتار چالغىنىدا، ناخشا ئېيتقىنىدا ئىدى، شۇ يېشىغىچە بېشىغا كەلگەن ھەممە كۈلپەتلەرگە سالاۋات دەپ ھاردۇقىنى چىقارغان بولاتتى.

**سالاۋاتقا كەتمەك** سۇرۇشتە قىلىنماي، ئۆز پېتىچە قالماق، بىكار كەتمەك: - سۇلايمان، دۇنيانىڭ تارقالغىنىغا خاپا بولۇپ ئىچەمسەن، ياكى يېڭى جاينىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈنمۇ؟ - ئەلۋەتتە، خۇشاللىقى ئۈچۈن-دە، دۇنيانى تارقاتسا، بۇنىڭ يېگىنى يېگەن، چاچقىنى چاچقان بولۇپ ھەممىسى سالاۋاتقا كېتىدۇ.

**سالپا** ① سۈپ. ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، سالپاڭ: سالپاڭ قۇلاق. ② ئى. يانتۇلۇق: ئىككى ھەپتىدىن بۇيان بۇ تەرەپكە ئۆتمىگەن بىر جۈپ ياش دوست خالتا كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەسچىتنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە سالپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئازادە بوتكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقانىدى.

**سالپا-ساياق** ① ماكانسىز، ئۇ يەر-بۇ يەردە سالپىيىپ يۈرىدىغان: سەن تېپىپ كەلگەن ھېلىقى سالپا-ساياق پۇلغا تۇشلۇق ئىشلىمەي يەنە قاچتى. * زەھەرلىك چېكىملىكتىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەن بەزىبىر سالپا-ساياق بەڭگىلەر بىر ئاي-يېرىم ئايلىق ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى غەملەپ، « < پەرىزات خېنىم > مازىرىنى سەيلە قىلىمىز» دېگەن باھانە بىلەن بۇ يەرگە كېلىۋالغان ۋە ئاشۇ يەردە يېتىپ نەشە چېكىشكە ئادەتلىنىۋالغان. ② قالايمىقان، رەتسىز، نامۇۋاپىق جايغا سېلىنغان: ئاستانە ۋە قەشقەردە تەييارلىق قىزىپ كەتتى: شەھەر ئىچى-تېشىنى پاكىزلەش، سالپا-ساياق كوچا ئۆيلەرنى تەرتىپكە سېلىش، دەرەخ، گۈلزارلىقنى كۆپەيتىش، بولۇپمۇ ئوردا، مەسچىت، مەدرىسلەرنى سىرلاپ گۈللەش ئالاھىدە ئىش قىلىپ تۇتۇلدى.

**سالپا-ساياقلىق** ① ئۇ يەر-بۇ يەردە سالپىيىپ يۈرىدىغان تۇسالغۇسىز ھالەت: گۆدەكلىك ۋە سالپا-ساياقلىقلار قىزغىن جەڭلەردە كۆيۈپ تۈگەپ كەتتى. بولۇپمۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيە سېپىگە ئۆتكەندىن كېيىن لۈكچەكلىك ئىنتايىن بالىسى ئۈچۈن نە قاتارلىق ئۇسال ئادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. ② قالايمىقانلىق، رەتسىزلىك.

**سالپا-سۇلپاڭ** كىيىم-كېچىكى رەتسىز، يۈرۈش-تۇرۇشى روھسىز، غەمكىن، سۆرەم: ئىلگىرىكى سالپا-سۇلپاڭ تۇرقىنى تۈزەپ، خېلى تۈزۈك كىيىنگەن پاساردا ھەققەتەن ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى.

**سالپا-سۇلپى** ← **سالپا-سۇلپاڭ**: ئۇ بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ باشقا ئادەم بولۇپ قالغانىدەك بىلىندى. دېمىسمۇ شاللاق، زەئىپلەشكەن، رەزىل، ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى بار، قويۇق ساقال-بۇرۇتقا ئىگە، سالپا-سۇلپى بىر ئادەم ئۆز كۆز ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ.

**سالپاڭ** ① سۈپ. سالپايغان، ساڭگىلاپ تۇرغان: سالپاڭ قۇلاق. * يۈزى ياپياڭ، قۇلىقى سالپاڭ، ئۆزى ئۆتۈپ كەتكەن ھۇرۇن ھەم گالۋاڭ ئىكەن. * بۇ بازاردا كۆرۈنۈشى ئىنتايىن غەلىتە بىر خىل كالا بار ئىدى. ئۇنىڭ جۇغى بەكمۇ چوڭ بولۇپ، قاردەك ئاپئاق تۈك بىلەن قاپلانغان، يۈزى تار ھەم ئۇزۇن، قۇلىقى سالپاڭ ئىدى. ② ئى. قۇلىقى سالپايغان ئادەم ياكى ھايۋان: ئېھتىمال، كوچىدا كۆرۈنمىدىمۇ، ئىزدىگەن نېمىسى، ياندى كەينىگە، گۈلەمخان تېز بېرىپ توستى ئالدىنى، قارىماي سالپاڭنىڭ ياۋۇز پەيلىگە. * ئۇنىڭ يورۇق ئالەمدە، بىرلا ئېشىكى بار ئىكەن. جاپاكەشكە سالپاڭمۇ، ھەرمەھەل ھەمكار ئىكەن.

**سالپاڭ تۇماق** باللارنىڭ باش كىيىمى. كۆپىنچە كۆرپىدىن تىكىلىدۇ، ئىككى تەرىپىدە قۇلاقنى يېپىپ تۇرىدىغان لەپىلىمىسى بولىدۇ.

**سالپاڭ قۇلاق** قۇلىقى ئۇزۇن، ياپياڭ ۋە سولىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان: ئۇ سالپاڭ قۇلاق ئېشىكىگە مىندى-دە، قۇم-جەزىرىلەردىن ئېشىپ، شەھەرگە يېتىپ كەلدى. * ئۇ شۇنداق بىر مەخلۇقكى، كۆزلىرى قىسىق.

**سالپاڭلاتماق** «سالپاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سالپاڭلاشماق** «سالپاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سالپاڭلىماق** پ. ساڭگىلىماق، سالپايماق: سالپاڭلاپ قالغان قۇلىقى تۇمىقىغا پاتمىغاندەك، تۇماقنىڭ سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**سالپايتماق** «سالپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گەرچە ئۇ قانچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۆزۈكنى زادى تاپالماپتۇ. ئاخىرى قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ چىقىپتۇ ۋە مۈشۈك بىلەن ئۆيگە راۋان بولۇپتۇ. * سەھەرنىڭ سۇرەنچى سازەندىلىرى، مۆكۈشكەن قاراڭغۇ باغلارغا نەكەم. تۇرىدۇ سالپايتىپ قاناتلىرىنى، ئۆگدىشىپ دەرەخلەر شېخىدا بۇ دەم.

**سالپايماق** پ ① بوشىشىپ ساڭگىلاپ قالماق، ساڭگىلىماق: تۆكۈلگەن مۈشتلار بوشاشتى، كىرىشكەن چىشلار چاقىلداشتىن توختىدى، تارتىشىپ سوزۇلغان يۈز، ئېگەك مۇسكۇللىرى سالپايدى. * ئۇ ئوغلىنىڭ سالپايغان قاپاقلىرىغا قاراپ: — نېمە بولدۇڭ بالام، تەقسىماتىڭدىن چاتاق چىقتىمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى. ② كۆچمە. بوشاشماق؛ مادارسىزلانماق، كۈچسىزلەنمەك: مەكتەپتىكى باللار ئۇنىڭ سېرىق قۇچقىچىنى كۆرۈشكە ئىشتىھا ساقلاپ يۈرگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ روھى چۈشكەن ھالدا سالپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھېچنېمە دېمىدى. * تەكەببۇرلۇق كەمىرىنى باغلىما بەلگە، كەمتەر بولۇپ بېغىشلىغىن ئەجرىڭنى ئەلگە. ئۆزگىن ھىممەت كېمىسىدە دەريا، دېڭىزدا، مىننەت قىلىپ قاراپ قالما سالپىيىپ يەرگە.

**سالپىرىماق** پ. ساڭگىلىماق، سىيلىنماق: ئۇنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزارغان، شاپ بۇرۇتلىرى سالپىراپ كەتكەن، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدا شەبنەم چۈشكەندەك، تەرلەپ-تەپچىپ تۇرغان ھالىتى رابىيەم ھەدەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستىدى.

**سالپى-ساياق** (توغرىسى: سالپا-ساياق) ← **سالپا-ساياق**.

**سالپىيشماق** «سالپايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باش-كۆزى يېرىلىپ، توپىغا مىلەنگەن سەككىز چېرىك ئۆتتۈرۈۋەتكەن قىمارۋازلاردەك سالپىيىشىپ خەلق توپىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى ئاستىدا مېڭىشتى. * لۈكچەكلەر بىردىنلا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سالپىيىشتى-دە ناھايىتى تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى.

**سالتاڭ** سۈپ ① ئائىلىسى بولمىغان، تەنھا، يالغۇز: گۆش داڭقانغا تۇشلۇق، خېنىم سالتاڭغا تۇشلۇق (ماقال). * ئاتنىڭ سالتىڭى يورغا بولۇر، ئادەمنىڭ سالتىڭى موللا بولۇر (ماقال). * بىر ھەپتە ئۆتكەندە دەل يېرىم كېچە بىلەن ئوسمان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇق، ئۆزى سالتاڭ ئىدى. * تال-تال كۈمۈش چاچلىرىمدەك بولار سېنىڭ چاچلىرىڭمۇ، ئۆتەر چىراغ ھەم، يەككە-سالتاڭ كۈنلىرىڭمۇ. ② ئۈستىدە يۈكى ياكى ئۈچلىقى بولمىغان، ياۋىداق: ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتكەن ئېشەكلەر يۈكسىز، سالتاڭ كېلىۋاتقان بولسىمۇ پۇتىنى ئاران يۆتكەپ ماڭاتتى. * مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرگە يولغا ئوزۇق ۋە ياخشى ئىككى ئاتنى توقۇپ تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئاخشىمى ئىسكەندەر بىر ئاتنى مىنىپ بىر ئاتنى سالتاڭ يېتىلەپ، سارايىنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۆيدە تېخى چىراغ ئۆچمىگەنىكەن. ③ قورسىقىدا بالىسى يوق، ئېغىر ئاياغ ئەمەس: سالتاڭ خوتۇن. سالتاڭ ئېشەك. ④ قۇرۇق: — ماقۇل، ئەمما ئېشەككىنىڭ بېشىنى ئۆزۈڭ تۇت، مەن تۇتسام بويىنى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، سالتاڭ قالسەن، مەن قۇيرۇقىدىن يۆلەي، — دەپتۇ ۋەلى باپكار.

**سالجا** ئى <زونول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، باش، كۆكرەك ۋە قورساق قىسمى بىرلىشىپ كەتكەن، تۆت جۈپ پۇتى بار، تۈرلىرى كۆپ، بەزىلىرى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىرنىسىنى شوراپ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ئېغىر زىيانلارنى سالسا، بەزىلىرى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ قېنىنى شوراپ مېڭە ياللۇغى، قايتىلما كېزىك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ.

**سالجىماق** پ. دىئال. يۇرتتىن چىقىپ كەتمەك.

**سالچى** ئى. سال ھەيدىگۈچى: بۇ مەنزىرىلەر ئۆزىگە بەش قولدەك تونۇش بولغان پېشقەدەم سالچى پالىقىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا، ئەتراپقا ھەيرانلىقتا قارايتتى. * قىران بۈركۈت ئۇچار كۆكتە يېرىپ قات-قات تۇمانلارنى، جەسۇر سالچى يۈرەر ئالغا يېرىپ دولقۇن، قىيالارنى.

**سالچىلىق** ئى. سال ھەيدەش ئىشى: بەختىنىڭ سالچى بولۇپ قېلىشىغا مېنىڭ دەۋتىممۇ، ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقىمۇ سەۋەب بولدى، ھازىر ئۇ ئىككى گەپىنىڭ بىرىدە سالچىلىقنى تىلىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

**سالدات** (توغرىسى: سولدات) ← سولدات.

**سالدار** I سۈپ (پ) قېرى، يېشى توشقان: ماڭغىلى ھېچ قويمايدۇ، كۆزلىرىمگە ياش تولۇپ. ھەمراھىمدىن ئايرىلدى، زالىم سالدار باش بولۇپ.

**سالدار** II ئى. دىئال. ئانىسىدىن ئايرىپ باققان قوزا.

**سالدۇ** سۈپ. ئېشىنچا، قالدۇق: سالدۇ ئاشلىق. * مالىيە تەڭپۇڭلۇقىنى ئوبدان يولغا قويۇش ئۈچۈن، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، خامچوت كىرىم-چىقىمنى تەڭپۇڭ قىلىش، ئاز-تولا سالدۇ قالدۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

**سالدۇرماق** «سالماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – ئىككىنچى تەكرار-لىنىپ قالسا، ئۆيلىرىڭگە ئوت قويۇپ، ئىككىڭنى زىندانغا سالدۇرىمەن ئۇقتۇڭمۇ؟، – دېدى ئۆمەر باي. * زايىت ئەركىننى تىڭشاپ كۆرۈپ رەخمەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ئىككىسى بىرلىشىپ ئەركىننىڭ كىيىملىرىنى سالدۇردى. * ئۇ، مانا شۇنداق كىرىم بىلەن قالتىس بېيىپ كەتتى. 20 نەچچە ئېغىز ئۆي، قوش قەۋەتلىك باغ-ھويلا، باغ ئىچىگە كاتتا مەشرەپخانا سالدۇردى. * يىراق-يىراقلاردا ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى ۋە يېقىن ئەتراپلاردا ئاچ بۆرىلەرنىڭ دەھشەتلىك ھوۋۇلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى سالدۇرۇپ تېز ئەشرەپ مەھەللىسىدىن يانداپ ئۆتۈپ بەشدۆڭگە يېتىپ كەلدى.

**سالدۇرۇشماق** «سالدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پەيشەنبە كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر مۇداپىئە ئوكۇللىرىنى سالدۇرۇشۇپ چەتكە چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشتى.

**سالدۇرۇلماق** «سالدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭ ئىچىدە باتۇرمۇ بار ئىدى. قوپال مىڭىپ، تەختىراۋانىنى چايقاپ قويماسلىق ئۈچۈن قۇللارنىڭ پۇتىدىكى چورۇقلار سالدۇرۇلۇپ، ئاق لاتا پايپاق كىيدۈرۈلدى. * يۈز-كۆزى بويىلىپ قارا كۈيدە، كىيىمى تېنىدىن سالدۇرۇلدى ھەم. ئېشەككە مىندۈردى تەتۈر، پۇت-قولى باغلىنىپ شۇمپەنىڭ، چىگىدە مەھكەم.

**سالغا** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى تاش ئېتىش قوراللىرىدىن بىرى. ئالىقاندەك رەخت ياكى تېرە، كۆنىنىڭ ئىككى بېشىغا **ئۇزۇن** يىپ چىگىلىدۇ؛ يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ يەنە بىر ئۇچىدىكى تاشنى باشتىن ئايلاندۇرۇپ قويۇپ بېرىدۇ، تاش يىراققا ئېتىلىدۇ: توپ ئاتار غوجام بۇ داغۇللارنىڭ ئايدىڭكۆل بويلىرىدا قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ-دە، سالغىسىنى ئېلىپ قازاندەك چوڭ چويۈن تاشلارنى ئېتىپ ھەييارلارنىڭ پايخانلىرى-نى چېقىپ تاشلايدۇ. * ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئېلىس ئوقلىرى بىلەن مەنجاناق ۋە سالغىلار-دىن ئېتىلغان تاش بوشلۇقتىكى يېرىم يولدىلا بىر-بىرىنى خوراتماقتا ئىدى.

**سالغۇي** (توغرىسى: سالغا) → **سالغا.**

**سالغىچى** ئى. سالغا بىلەن تاش ئاتقۇچى.

**سالقىن** ① سۈپ. ئىسسىققا نىسبەتەن سوغۇق، سوغۇققا مايىل، مۆتىدىل، سۆرۈن: سالقىن ھاۋا. سالقىن شامال. * بېشىڭنى سالقىن، قورسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت (ماقال). * ھاۋا ئوچۇق، سالقىن ئىدى. ئۇلار ئائىلىلىكلەر بىنالىرىنىڭ تار ئارىلىقلىرىدىن مېڭىپ ئاسفالت يولغا چىقتى. * شىپاڭ سالقىن ئىدى، داستىخانلارنىڭ چەتلىرىنى ۋە ئاياللارنىڭ شارپىلىرىنى شامال يەلپۈپ ئۆتۈپ تۇراتتى. // ئاسمان گۈمبىزىدە سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلىشاتتى. تاغ تەرەپتىن، جانغا راھەت سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. ② ئى. كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدى-غان، سوغۇققا مايىل مۆتىدىل ھاۋا ۋە مۇشۇنداق ھاۋالىق جاي: سالقىندا ئولتۇرماق. * پايانسىز ئېتىزلار قوينىدىن ياڭرىغان قىقاس-سۈرەنلەرگە قوشۇلۇپ، باھار سالقىندا دولقۇنلىنىۋاتقان ئەمگەك ئەھلىنىڭ غەزەللىرى، گويا پۈتۈن ھايات دۇنياسىنى تەۋرىتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. * سەھەر سالقىندا دالا تەرەپتىن، گۈللەرنىڭ پۇرىقى ئۇردى دىماغقا. شۇ پەيتتە ياڭرىدى تۆمۈر يول بويلاپ – ئەمگەكنىڭ ناخشىسى، كەتتى يىراققا. ③ سۈپ. كۆچمە. خۇش ياقماستىن،

ياقتۇرمىغان هالدا، سۈس: خاتىرجەم بول، زۇلخۇمار ساڭا خەت يازىدۇ، بىلەمسەن، قىزلار بىر يىگىت بىلەن دوستلاشقاندا ناهايىتى يېقىن بولىدۇ. قاچانكى ئۇنىڭ دوستلۇقى مۇھەببەتكە ئۆزگىرىدىكەن يىگىتكە ئۇ سالقىن مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ. * ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆستەڭ بويىغا بۇرۇلۇپ، ئەتراپقا سالقىن بىر كۆز تاشلىدى-دە، غىڭشىپ ھېلىقى ناخشىنى ئېيتتى.

**سالقىن قارىماق** خۇش ياقمىغان، ياقتۇرمىغان هالدا سوغۇق، سۈس مۇئامىلە قىلماق: شۇ ئادىلجانلار قاۋانلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشنى قەتئىي قوللىماقتا، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلقنى يۆلىمەكتە، قوللىماقتا، لېكىن تۇرسۇن بۇ ئىشقا سالقىن قارىماقتا.

**سالقىن قان** ← **سوغۇق قان.**

**سالقىن قانلىق** ← **سوغۇق قانلىق:** يولداشلارنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قايناشقا باشلىدى. قارىۋاي لاۋسەي كۆپچىلىكنى سالقىن قانلىق بىلەن چارە ئىزلەشكە ئۈندىدى.

**سالقىن قىلماق** تېمپېراتۇرىسىنى سالقىن هالەتكە كەلتۈرمەك: يارىم ماڭغان كوچىلارنى سۈپۈرەي ساچىم بىلەن. سۇ سېپىپ سالقىن قىلاي، كۆزۈمدىكى ياشىم بىلەن.

**سالقىندىماق** پ. ئۆزىنى سالقىنغا سالماق، سالقىن، سوغۇق جايدا دەم ئالماق: — گۈلجەملە! — دېدى نىغمەت ئۇنىڭغا مۇراجەئەت قىلىپ، — باغچىغا كىرىپ ئازراق سالقىنداپ، ئاندىن ماڭايلى. // پېشايۋاندا سالقىنداپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز دەرۋازا ئالدىدا بىركىمنىڭ قارىسى پەيدا بولدى.

**سالقىنلاتماق** «سالقىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنى كەچكى هاۋا بىلەن بىرئاز سالقىنلىتىۋېلىپ ياتاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

**سالقىنلاشتۇرماق** «سالقىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەھەردە ياغقان سىم-سىم يامغۇر كەچقۇرۇنقى هاۋانى خېلىلا سالقىنلاشتۇرۇۋەتتى.

**سالقىنلاشتۇرۇلماق** «سالقىنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىگەندە سۇ سېپىپ سالقىنلاشتۇرۇلغان ئايۋاندا ئولتۇرۇپ دەم ئالدۇق.

**سالقىنلاشماق** پ. هاۋاسى، تېمپېراتۇرىسى سالقىن هالەتكە كەلمەك، سۆرۈنلەشمەك: 10-ئاي كىرىپ هاۋا بىرئاز سالقىنلىشىپ قالدى.

**سالقىنلىق** «سالقىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كىرىپلا ئۆينىڭ سالقىنلىقنى هېس قىلدىم-دە، ئىنتايىن خۇشاللاندىم. * ئابلىكىمنىڭ چىرايىدىكى سالقىنلىقنى سەزگەن ئۇنسىمانجان «قوينى مېنىڭ ئاپىرىپ بېرىشتە ھەسسەمنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلسە كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى. * ئېگىز ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان، يېڭى ئاي سۇ ئۈستىگە كۈمۈش رەڭ نۇر چېچىپ، سۇ ئۈستىدىكى سالقىنلىقنى كۈچەيتىپ تۇراتتى.

**سالقىنلىماق** پ ① هاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىسسىققا نىسبەتەن سوغۇقراق، مۆتىدىل هالەتكە كەلمەك؛ سەگمەك: ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا، قارا شەھەرنىڭ هاۋاسى سالقىنلاشقا باشلاپ، تېرىك قالغان يىگىتلەرنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. * شوپۇرلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلارنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ساراي دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. سىرت تىنچ، ئەمما شامال غۇيۇلداپ، كېچىنىڭ هاۋاسى خېلى سالقىنلاپ قالغانىدى. ② ئۆزىنى سالقىن هاۋاغا سالماق، سالقىن يەردە تۇرماق: بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك «مەنمۇ سۇ ئىچىپ سالقىنلاپ راھەتلىنەيچۇ» دەپ ئويلاپ، ئازگالغا چۈشۈپتۇ. * ئاخىرى چىدىمىدىم، هويلىغا چىقىپ بىرئاز سالقىنلاپ كىرمەكچى بولدۇم-دە، بوۋاينى

ئويغىتىپ قويماي دەپ پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتىم.

**سالما** I ئى. ← **سالمچۇق**: قۇلاق سالمىسى. * بۇ يەردە ھەرگىز ئۇخلاپ بولمايدۇ، بۇرادەر! قۇلاق سالمىسى قۇلاققا كىرىپ كەتسە، ئادەم ساراڭ بولىدۇ.

**سالما** II ئى. ھايۋانلارنى قوغلاپ تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇچى سىرتماقلىق چەمبىرەك شەكلىدە يۆگەلگەن ئۇزۇن ئارقان، ئارغامچا: نەسىردىن ئاكا ئۇن-تىنسىز كېلىپلا ئاللىقاچان تەييارلىۋالغان سالمىسىنى تاشلاپ كالىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ئىلدى-دە، ئارقان ئۇچىنى تېقىمىغا بېسىپ ئۈي تەرەپكە تارتقاچ شالىنى چېچىپ سۆزلەپ كەتتى. * مۆكۈنۈپ ياتقان قوشۇننىڭ بىر قىسمى سالما تاشلاپ نۇرغۇن چېرىكنى ئاتتا سۆرەتتى.

**سالما تاشلىماق** سالمىنىڭ سىرتمىقىنى بوينىغا تاشلىماق، تاشلاپ كىرگۈزمەك: بەگ سېزىپ قېلىپ يالاقچىلىرى بىلەن ئاتلىق قوغلاپتۇ. ھەم بىر ئېگىز دۆڭدىن ئۆزىنى پەسكە تاشلاي دەۋاتقاندا بوينىغا سالما تاشلاپ تۇتۇۋېلىپتۇ.

**سالماق** I ① ئى. ئېغىرلىق، ۋەزىن: مەن ياغاچنى كۆرسەتكەن ئورۇنغا باستىم. ئۇ دامكراتنى تەتۈر بۇراپ، تراكتورنىڭ چاقىنى ئۆز سالمىقى بويىچە ياغاچ ئۈستىگە ئاۋايلاپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. تراكتور ياغاچقا دەسسىتىلىپ راۋۇرۇس تۈزلەندى. * ئۆزىنىڭ سالمىقىغا تاشنىڭ سالمىقى قوشۇلۇپ، زەرب بىلەن چۈشكەندە، تۇرۇبىنىڭ قىرغىقى ئۇسماننىڭ بېشىغا ئاز زەربە بەرمىگەندى، شۇڭا ئۇ كۆزىنى ئاچالماي قالغانىدى. ② ئى. سانى، ھەجمى، قىممىتى، ئەھمىيىتى جەھەتتىن تۇتقان ئورنى: خىزمەتنىڭ سالمىقى. گەپنىڭ سالمىقى. * بىزنىڭ ھازىرقى سەھنىلىرىمىز، رادىئو، تېلېۋىزورلىرىمىزدا ئورۇندىلىۋاتقان ناخشا، مۇزىكىلىرىمىزنىڭ يەككە ئاھاڭ بىلەن ئورۇنلىنىۋاتقانلىرى يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. * ئۆلچەنمەيدۇ ئادەم سالمىقى، كىتاب بېتىدە قانداق تىزىشقا. گەپ، مىليونلىغان خەلقىمىز ئارا، كۆڭۈللەر مۇندەرىجىسىدە ئورۇن ئېلىشتا. ③ سۈپ. ئاساسلىق، مۇھىم: تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى – جىلغا ئىچىدىكى تەبىئىي سۇ ئېقىنىنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى بولۇپ، «تەرەققىيات خەرىتىسى»دە سالماق ئورۇننى ئىگىلىگەن مۇھىم ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدى. ④ سۈپ. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر-بېسىق، پۇختا، تەمكىن: سابىر سالماق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. * ئۇنىڭ پەرىزىچە، ئابابەكرىنىڭ ئوي-پىكرى ئۆزىنىڭكىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇنى يەنە، ئۇنىڭ بارغانسېرى سىلغىيىپ بېرىۋاتقان تەلەپپۇزى، سالماق پوزىتسىيىسى ئىسپاتلاۋاتقاندەك قىلاتتى. * يىگىت ناخشىسىنى يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن سالماق ھالدا ئوقۇپ بولۇپ: «قانداق، يارامدۇ؟» دېدى.

**سالماق بولماق** ئېغىر-بېسىق، تەمكىن بولماق: – بىز ئۇلارنى ھەرگىز تۇغرا قىلىققا يەتكۈزمەسلىكىمىز لازىم، – سابىر مىنبەرلارغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ، قوشۇپ قويدى، – گەپ شۇ، قەتئىي ھەم سالماق بولايلى.

**سالماق دامبا** <سۇ> ئۆزىنىڭ ئېغىرلىق مىقدارىغا تايىنىپ تۇراقلىقىنى ساقلايدىغان دامبا. ئادەتتە بېتون ياكى تاش پارچىلىرىدىن ياسىلىدۇ.

**سالماق قەدەم** ئالدىرىماستىن، پۇختا، تەمكىن بېسىلغان قەدەم: سەركەردە ئەسمۇتۇللا بەگ سالماق قەدەم بىلەن قارارگاھىدىن چىقتى. * ئابابەكرى گۇلدۇراس ئالقىش ئىچىدە سالماق قەدەم تاشلاپ 60 تەك يالتىراپ تۇرغان لېنتىغا قايچا تەگلىدى.

**سالماق** II پ ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە،
دائىرىسىگە ياكى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇر-
ماق، جايلاشتۇرماق، قويماق، تاشلىماق:
قىلىچنى قىنىغا سالماق. يانچۇققا سالماق.
قوينىغا سالماق. ئاغزىغا سالماق. خورجۇنغا
سالماق. دەپتەرنى سومكىغا سالماق. ماۋزۇرغا
ئوق سالماق. كەتمەننى دولىسىغا سالماق.
يۇرەككە ئوت سالماق. بالىنى بۆشۈككە
سالماق. پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا
سالماق. * شۇ بىر رومكىدىن كېيىن، ئابباس
بوتۇلكا بىلەن رومكىلارنى ئۆز قولى بىلەن
ئىشكاپقا سېلىۋەتتى. * ئۇ تامغىنى ئاغزىغا
يېقىن ئەكېلىپ راسا هورداپ، ئاۋايلاپ
باستى. مەخسۇس كونۋېرتقا سالدى ۋە
تېزلىك بىلەن ئىشخانىدىن چىقتى. * بىز
پەنجىرىنى ئورنىغا سېلىپ قويۇپ مەھەللىگە
يۈگۈرۈپ كەتتۇق. ② بىرنەرسىگە ئېسىپ،
ئۆتكۈزۈپ، تارتىپ ياكى تىكلەپ ئورنات-
ماق، ئورۇنلاشتۇرماق: چاچ سالماق.
هالقا سالماق. ئۈزۈككە كۆز سالماق. چىش
سالماق. رامغا ئەينەك سالماق. دۇتارغا
تار سالماق. * شۇنداق قىلىپ، مەغرىبتىن
كەلگەن كىشى ئالاهىدىنىڭ چېمچىلاق قولىغا
پارقىراپ تۇرغان كىچىككىنە ئۈزۈكنى سېلىپ
قويۇپتۇ. * ئالتۇن بولسا، كۈمۈش بولسا،
سالسام بىلەككە، يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى
تەگدى يۈرەككە. ③ بىرنەرسە ئۈستىگە
دەل قىلىپ چۈشۈرمەك: سايە سالماق.
تامغا سالماق. * ئالاهىدىن ئۈلارغا كۆزىنىڭ
قىرىنىمۇ سالماپتۇ. * قانچە مۇردا قالدى
كۆمۈلمەي، تاش-تۇپراققا ئىز سالدى قىنى،
ئاھ... ! سېتىلدىم قالماق بېيىغا، «چوڭ
يۇلتۇز» غا كەلتۈردى مېنى. ④ سانجىپ،
تىقىپ ياكى قىستۇرۇپ كىرگۈزمەك: ئوكۇل
سالماق. ئاچقۇچ سالماق. * بىردەمدىن
كېيىن ئايىمگۈلنىڭ بىلەك تومۇرىدىن گلۇكوزا
سالدى. * ئاتابەكرى ئۈزۈن لوم تۆمۈر بىلەن
سەمەت تىرەپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ
ئاستىغا پىشاڭنى سېلىۋاتاتتى. ⑤ قەيت
قىلماق، يازماق: — ماقۇل دادا، ئۈنىڭدىن
تېخى تۈنۈگۈنلا خەت كېلىۋىدى. كەچتە خەت
يازىمەن. دېگەنلىرىڭنى خەتكە سېلىپ قوياي.
* ئۇ خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى
بىرقۇر ئوقۇپ چىقىپ، ئاي-كۈنىنى سالدى.
⑥ تاشلاپ بەرمەك: قويغا ئوت سالماق.
ئېشەككە سامان سالماق. * ئىشىك ئالدى
توپ سېدە، ئاتقا مەن سالاي بېدە، زالىملارنىڭ
زۇلمىدا، بولدى يۈرەكلەر زېدە. ⑦ ئەۋەت-
مەك، يوللىماق: خالتا سالماق. * خەتنى
ئەتىسى ئەتىگەندە پوچتىدىن سالدىم. *
پوچتىدىن ئۈچ مەتەم پۇل سالدى، بىراق –
بولمىدى هېچ ئۈچۈر، بۇنىڭدا سىر بار.
خەت-خالتا ئەۋەتتى، جاۋاب يوق-تىمتاس،
بارمىدۇ قىز، ئوغلى، مەھبۇبى دىلدار؟ ⑧
چاپلاپ ياكى چېتىپ تىكلىمەك: ياماق
سالماق. ئاياغقا چەم سالماق. ئۆتۈككە
باشلىق سالماق. پىدەيگە ئۇلاق سالماق. ⑨
مەلۇم قاچا ئىچىدە پىشۇرماق: مەيزاپ
سالماق. گۈلقەن سالماق. سىركە سالماق.
قازانغا گۆش سالماق. ساڭزا سالماق. باقالى
سالماق. * بۈگۈن كەچتە پىرىزىخان ھومايىنىڭ
ئۆيى خۇشاللىققا چۆمدى، موماي ياغ پۇرىتىپ
يىت ۋە تۇخۇم پوشكىلى سالدى. * ئىككىنچى
كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا ئۇ قىز دادىسى
ئۈچۈن ئەتىگەنلىك ئىچىدىغان سۈتنى سېغىپ
ناشتىلىق قازان نېنىنى سېلىپ بولۇپ، چۈشلۈك
غىزاسى ئۈچۈن كاۋاپقا تۇتۇش قىلىپتۇ. * —
بۇ هاراق ئەمەس، ئۆز قولۇم بىلەن سالغان
مۇسەللەس، — دېدى راخمان. ⑩ بىرەر
قاتناش قورالىغا ئولتۇرماق، چىقارماق:

مەن ئاپامنى بۇگۇننىڭ پويىزىغا سېلىپ قويۇپ كىردىم. * باللارنى هارۋىغا سېلىپ، بىز پىيادە ماڭدۇق. ⑪ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە يايماق، ئاچماق، ياتقۇزماق: كۆرپە سالماق. ئۆيگە گىلەم سالماق. *داستىخان سالماق. پاياندار سالماق. * شۇ ئارىلىقتا ئوچاققا ئېسىلغان چۆگۈندىكى سۇ قاينىغانىكەن، ئايال چەينەككە چاي دەملەپ، مېھرىباننىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. * قىزلار ئىككى رەت قىلىپ ئورۇن سېلىپ، ئوغۇللارغا قارا كىگىز يېيىپ قويۇپتۇ، ئۆزلىرى كىگىز يېپىنىپ يېتىپتۇ. * پىيالىمغا بارغاندا بالام، تاشلار تەكىيە بولدىمۇ بالام، ئاستىڭىزغا سېلىغاندا بالام، ياندىكى كۆرپە بولدىمۇ، بالام؟ ⑫ هازىرلىماق، تەييارلىماق: تاماكا سالماق. چىلىم سالماق. * نەدە كۆردۈم مەن سېنى، تاماكا سال دەيسەن مېنى. مەن سېنىڭ قۇلۇڭمىدىم، مەن سېلىپ، سەن چەككىلى. ⑬ ياقماق، تۇتاشتۇرماق: گۈلخان سالماق. ئىسرىق سالماق. تونۇرغا ئوت سالماق. ⑭ يېشىپ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلىماق: سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما (ماقال). *پاتمە يېنىكلا ئورنىدىن تۇردى ۋە كالىچىنى سېلىپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىردى. * باشقىلارمۇ كېيىمنى سېلىپ كالتە ئىشتان بىلەن سۇغا سەكرەشتى. ⑮ پەسكە قارىتىپ ئەگمەك، ساڭگىلاتماق؛ سالپايتماق: سوراق ئۆيى يوپيورۇق بولۇپ، دېرىزىلىرىگە گۈللەر قويۇلغانىدى. ئابدۇنىياز بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. * لېۋىڭنى لالىدىن دەرلەر، چېچىڭنى ئۈنچىدىن دەرلەر. قول سېلىپ چىقىپ كەلسەڭ، بۇ كىمنىڭ دىلبىرى دەرلەر. ⑯ بىنا قىلماق، بەرپا قىلماق، قۇرماق، ياسىماق، ئورناتماق: ئۇگا سالماق. تونۇر سالماق. ئوچاق سالماق. مەكتەپ

سالماق. تام سالماق. * – ياق، هازىر تېخى ئەتىگەن، ئىچىڭلار پۇشۇپ كەتكەن بولسا ياغاچ كېسىپ كېلىپ ئۆي سېلىڭلار. ئادىمىمىز كۆپىيىپ ئۆي يېتىشمەۋاتىدۇ، – دېدى تۆمۈر خەلپە. * مانا هازىر ئۆز قولىمىز بىلەن يەرلەرنى پىلانلىدۇق. كونا تاملارنى چېقىپ يېڭى رەتلىك ئىمارەتلەرنى سالدۇق. * ئاستا-ئاستا ماڭسەن، دەرياغا كۆۋرۈك سالسەن. قاراپ، ئىككى كۆلۈپ، ئىچىمگە ئوتنى سالسەن. * يېڭى ئۆستەڭ ياسىدۇق، توغان سالدۇق تاش بىلەن. مول هوسۇلنى كۆپ ئېلىپ، تاغ ياسايمىز ئاش بىلەن. ⑰ قاتتىق تەگكۈزمەك، ئۇرماق: مۇشت سالماق. تەستەك سالماق. كاچات سالماق. تاياق سالماق. * مامۇت دۇيجاڭ ئايشەمگۈلنىڭ يۈزىگە «قارس-قارس» ئىككى شاپىلاق سالدى-دە، ئوقتەك ئېتىلىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. * نوزۇگۇم ئاتقان ئوقتەك ئۇچتى ئالغا، چېرىكلەر سالدى قامچا ئاتلىرىغا... چېچەن قىز ئارقىسىغا يېنىپ قاچقانچە، يول بويى يىقىلىپ قوپۇپ قانچە-قانچە. ⑱ كەسمەك: دەرەخقە پالتا سالماق. ئورمىغا ئورغاق سالماق. ياغاچقا هەرە سالماق. ساقالغا ئۇستىرا سالماق. * پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە سال (ماقال). * – كارىڭلار بولمىسۇن! – دېدى سادىق قەتئىيلىك بىلەن؛ – چېپىڭلار، قېنى كەتمەننى، بۇ يەرگە سېلىڭلار، سۇنى باشلىۋالساقلا بولدى، قالغان يولنى سۇ ئۆزى كېڭەيتىدۇ. * ئىش كۆتىدۇ. تېخى ئايدىڭ كېچىلەر، زوقۇم بىلەن ئورغاق سېلىپ قاينايمەن. باشلانماقتا قىزغىن ئورما چاغلىرى، دوستلار بىلەن بەس-بەسلىشىپ قالمايمەن. ⑲ مەلۇم نەرسە بىلەن ئۆلچىمەك: يەرگە مېتىر سالماق. ئۈزۈمنى جىڭغا سالماق. * ئەمسە،

قورسىقىڭنىڭ ئاغرىشى بولمىسا، يېرىمگە قايتا گۆلۈك سېلىپ بەر! * ئەتىسى بېرىپ سارجان سالدۇق، كۈنبۇزدىكىسى بىلەن جەملىسە تويتوغرا تۆت مو چىقتى. ⑳ ئوراپ، چېگىتىپ ئاجرىمايدىغان قىلماق، ئەتمەك؛ بېكىتمەك، بەند قىلماق: ئىشىككە تاقاق سالماق. زەي سالماق. بويىنغا گىرە سالماق. كىشەن سالماق. يۈگەن سالماق. سىرتماق سالماق. * ئۆمەربايلە يىلگۈلنى ھۆجرىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ ئىشىكگە قولۇپ سالدى. * مېنى باشقىلا شەيتانغا نوختا سالالايدۇ دېيىشىدۇ، بۇ گەپمۇ بىكار ئەمەس. ㉑ سوقماق، ئۇرماق (يۈرەك، تومۇر ھەققىدە): ئادىلنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ باياتىنقى ئەنسىرىشىمۇ مۇشۇ پۇل تۈپەيلىدىن بولۇپ، سانىنى ئېيتسا زاۋۇت يېنىۋالارمىكىن دەپ غەم قىلاتتى. ㉒ مەلۇم بىر تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ قويۇپ بەرمەك، ئىلگىرىلەتمەك، ماڭدۇرماق: قويلارنى يايلاققا سالماق. * ئەكبەر بىلەن ۋاھاپ مەنسۇرنى قوغلاپ ئورمانلىق ئىچىگە ئات سالدى. * قارچىغامنى قۇشلاي دېسەم، سالغىلى ھېچ نەرسە يوق. بارچە ئالەمنى كېزىپ يۈرسەم، بىر سىنىڭدەك ياخشى يوق. * مەن قۇشۇمنى غازغا سالسام، كىم سېلىپتۇ قاغىغا، ئالتە قاغا بىر بولۇپ، ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا. ㉓ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرماق: ئەمدى ساۋساۋنىڭ جۈيۈينى نەنجۈننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىن قىلىشى، بىز بىلەن ئۇنى بىر-بىرىمىزگە سېلىپ، ئۇتتۇرىدىن پايدىلىنىپ بىزنى يوقاتماق بولغانلىقى. * 3-قېتىم بىر قىزىل چار خوراز بىلەن قارا خورازنى سالدى. قارا خوراز يەنە بىرىنى چوقۇپ ئاستىغا باستى. ㉔ بىرەر ئىشقا، ھەرىكەتكە، پائالىيەتكە چۈشۈرمەك؛ ئىشتىراك قىلدۇرماق: بەيگىگە سالماق. مەسلىھەتكە سالماق. جەڭگە سالماق. گەپكە سالماق. ئويۇنغا سالماق. ئۇسسۇلغا سالماق. ئۇرۇشقا سالماق. پاراڭغا سالماق. ئەمگەككە سالماق. * — ياق، بۇ ئۇنداق گەپ ئەمەس ئۇكام، ھېلىمۇ دۈكىنىم ئىككى، ئۇن بولغاندىمۇ سېنى نېمكارلىققا سېلىشقا يۈزۈم قانداق چىدايدۇ، — دېدى تۆلەندىئاخۇن. * شۇ كۈندىن تارتىپ سەمەت ئابدۇۋەلىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە تورۇقنى قاچان ئوغلاققا سېلىش ھەققىدە سورايتتى. ㉕ بىرەر ھالەتكە كەلتۈرمەك، چۈشۈرمەك؛ دۇچار قىلماق: ئالەمنى لەرزىگە سالماق. ئەندىشىگە سالماق. قەلبىنى زىلزىلىگە سالماق. دەردكە سالماق. * بۇ ئاددىي ۋە قىسقىغىنا يېزىلغان خەت، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئىككى خۇش خەۋەر قەلبىمنى ھاياجانغا سالدى. * قونغىنىم ئۇچۇن گۈل شاخىغا — بۇ قەپەستۇر جاي ماڭا، سەن مېنى بۇ كۈنگە سالدىڭ، نېمە كۈن بولغاي ساڭا. ㉖ بىرەر ئەھۋال، ھالەت ياكى تۇيغۇنى پەيدا قىلماق: تەھدىت سالماق. زىيان سالماق. سوغۇقچىلىق سالماق. ئازاب سالماق. پاراكەندىچىلىك سالماق، گۇمان سالماق. * بۇ يىل قىش ئۆتمەكتە ئاچچىقى بىلەن، جاھاننى گوياكى بېشىغا كىيىپ. باھارغا نۆۋەتنى بەرمەيدىغاندەك، يۈرەكلەر قېتىغا ۋەھىمە سېلىپ. * ئۆزۈڭنى ئۇرما ھەرگىز ئىچكۇلۇككە. جاھانغا بىرلا كەلدىڭ يەنە يوق سەن، بىرەر تۆھپەڭنى قالدۇر كۆپچىلىككە. ㉗ پىكىرلىشىشكە، بىر تەرەپ قىلىشقا سۇنماق، ھاۋالە قىلماق: دەل مۇشۇ ۋاقىتتا توي مەسىلىسىنى ناھىيىلىك كومىتېت مەجلىسگە سالدى، يولداشلارنىڭ ھەممىسى بۇنى قوبۇل كۆرۈپ، «بۇلار بالدۇرراق توي قىلىشى كېرەك ئىدى» دېيىشتى. * بۇ ئىشقا ئازراق پۇل كەملەيدىكەن، ئۇنى ئابدۇسېلىم بىر مەجلىستىلا ھەل قىلدى. بۇنى

كۆپچىلىككە سېلىنۋېدى، كۆپىنىڭ كۆچى كۆپ ئىكەن، بانكىدا بارلىرى بانكىدىن، يېنىدا بارلىرى يانچۇقىدىن ئېرىپ بىر كۈندىلا پۇل پۈتتى. ㉘ چۈشكەن جايىدا تۇرغۇزۇپ ياكى ئوتقا تەگلەپ ئىسسىق ئۆتكۈزمەك، قاقلىماق: قاق سالماق. كاۋاپ سالماق. * ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كېلىنگىنى سال، كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىنگىنى سال (ماقال). * ئۇ ھەر كۈنى چۈش ۋاقتىدا بەدىنىنىڭ يېرىمىنى سۇدىن چىقىرىپ، ئاپتاپقا سالىدىكەن. ㉙ مەلۇم تەرتىپ شەكلىگە ماس قىلماق، ماسلاشتۇرماق، ماس ھالدا بىرلەشتۈرمەك: ئىشنى ئىزىغا سالماق. ناخشا تېكىستىنى ئاھاڭغا سالماق. قاتناشنى تەرتىپكە سالماق. * ئۇ چاغلاردا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ناخشا-كۈيلەرنى پەقەت تېكىستلەرگە سېلىپ ئېغىزدا ناخشا قىلىپ ئېيتىش ئارقىلىقلا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساقلاش مۇمكىن بولغان. * ھەدەم ماڭا ئۆگەتتى بېسىش-چېلىشنى. ھەم زېرىكمەي كۆرسەتتى، نوتىغمۇ سېلىشنى. ㉚ مەلۇم مەجبۇرىيەتنى يۈكلىمەك، ئارتماق: سېلىق سالماق. ئالۋان سالماق. * پاششاپ بەگ ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئالاتتى-دە، ئەتىسى ھەربىرىگە بەش شىگدىن بۇغداي جەرىمانە سېلىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ بېرەتتى. ㉛ تەكلىپ قىلىپ، ياللاپ ئىشلەتمەك: ياغاچچى سالماق. ئۆيگە خىزمەتچى سالماق. ㉜ مەلۇم بىر تەرەپكە يېقىن كەلتۈرۈپ ماڭدۇرماق: بىز قاشقىر باينى ئالدىمىزغا سېلىپ يولغا چىقتۇق. * راۋابىڭنى ئالساڭچۇ، مېنى ئارقاڭغا سالساڭچۇ، مەن مۇساپىر، سەن غېرىب، بىرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ. ㉝ چۈشۈرمەك، كەلتۈرمەك، ئەسلەتمەك: ياڭاق دەرىخى ئاللىقاچان يىراقتا قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ شامالدا ئىغاڭلاپ تۇرغان قامىتى كۆز ئالدىمدا نېرى كەتمەي ئۆتكەن كۈنلەرنى قايتىدىن ئېسىمگە سالدى. * تاغنى تاغار كۆڭلۈمگە، سالار شۇنى ھەر زامان: ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنىنىڭ، پەرقى گويا يەر-ئاسمان! ㉞ تۇغماق (قۇشلار ھەققىدە): — توغرا ئاشۇ قارلىغاچ، سۇندۇك، ھۆپۈپ، سوپسوپىياڭ، كاككۇك، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك قاتارلىق قۇشلار قىشلىقى ئىسسىق جايلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئەتىياز كېلىشى بىلەن تەڭ كەينى-كەينىدىن يۇرتىمىزغا كېلىپ تۇخۇم سېلىپ، بالا چىقىرىپ كۆپىيىدۇ. ㉟ يۈنىلىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن بەزى سەزگۇ ئەزا ناملىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئەزا ۋاسىتىسى ئارقىلىق مەلۇم قىلغانلىقنى، ئەسلەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكنى قايتا يۈزىگە سالمىدى. * سىيىت ئاكاملارنىڭكىگە ئەرتە ھاكىملار بېرىپ قالدىغانلىقنى كەچتىلا ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ قويايلى. * تەقدىر ئىساخاننىڭ دىلىغا سالغانمۇ قانداق شۇ كېچىسى ئۆيىدە ياتماي ئاپىسىنىڭكىگە كېتىپ بۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قېلىپتۇ. ㊱ ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: قۇلاق سالماق. يول سالماق. شاۋقۇن سالماق. پاراڭ سالماق. چۇقان سالماق. ئۇن سېلىپ يىغلىماق. سۈرەن سالماق، پەرياد سالماق. داد سالماق. چاڭ سالماق. پوپاڭ سالماق. مەسلىھەت سالماق. قوش سالماق. تىرنا سالماق. تاماق سالماق. ㊲ «-پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ» لەر بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىنىڭ تاسادىپىي بولغانلىق تۈسىنى بىلدۈرىدۇ: يىغلاپ سالماق. كۈلۈپ سالماق. ئېيتىپ سالماق. * بۇ ئىشقا چىدىماي ئەزالار

ئارىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ سېلىپتىمەن. * – يوقسۇ، يوقسۇ، قەشقەردىن مېنى ھېچكىم ئىزلىمەيتتى، – دېدى ئابدۇللا داموللا بىرئاز تاقەتسىزلىنىپ، – سىلى مەن توغرۇلۇق بىرنەرسە دەپ سالمىغانلا... * ئۇ چوغقا دەسسەپ سالغان ئادەمدەك ھويلىسى ئىچىدە چۆگىلەشكە باشلىدى. ⑱ يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن بەزى ئىسىم ياكى سۈپەتداشلار بىلەن كېلىپ سۈبيېكتىپنىڭ شۇ ئىسىم ياكى سۈپەتداش بىلدۈرگەن ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنىدىغان ھالەتكە كىرىشۈپلىشىنى بىلدۈرىدۇ: كۆلكىگە سالماق. ھەيرانلىققا سالماق. بىلمەسكە سالماق. ئاڭلىماسقا سالماق. كۆرمىگەنگە سالماق. * مۇستاپا ھېچقانداق رەددىيە ۋە سوئاللارنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تەتۈر ئۆرۈلۈپ يېتىۋالغىنىچە ئۇخلىغانغا سالدى. * رۇقىيەم بۇنى سېزىپ تۇرسىمۇ سەزمەسلىككە، كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالاتتى.

**سالماقلاشماق** پ. سالماق، تەمكىن ھالەتكە كەلمەك: چىمەنگۈل ئەمدى سالماقلىشىپ كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇ ھازىر ئۆزى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى باشقا بىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقاندەك ئىدى.

**سالماقلانماق** پ. سالماق، تەمكىن بولۇپ قالماق؛ سالماقلاشماق: ياتمسۇن زىنداندا قۇربان بىگۇناھ، بولسىلا، تەقسىر، گۇناھسىزغا پاناھ! قازى ئاڭلاپ بېشىنى بىر قاشلىدى، ئارقىدىن سالماقلىنىپ سۆز باشلىدى.

**سالماقلىق** ئى. ئېغىر-بېسىقلىق، تەمكىنلىك، پۇختىلىق: – يوقسۇ ئوغلۇم، ھەربىر ئىشتا سەۋر ۋە سالماقلىق كېرەك، – دېدى مەنانى مەيدىسىدىكى ئالتۇن زەنجىرلىك سائىتىنى قولىغا ئېلىپ، – توپتوغرا بىر سوتكىدىن كېيىن باشلىغىنىمىز ياخشى. * مەتياقۇپنىڭ بۇ يىغىندىكى سالماقلىقى يىغىن ئەھلىنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

**سالماقلىق بىلەن** ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىرىماي: سارىمباي ھاكىم ئۆز خىيالىنىڭ غالىب كەلگەنلىكىگە مەمنۇن بولغان قىياپەتتە سالماقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. * – شۇنداق! – دېدى ئەكبەر ئەمدى ئاياپ ئولتۇرغۇدەك گەپنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، سالماقلىق بىلەن، – كىمنىڭ قارا پاتقاققا پاتقانلىقىنى ئاما ئوبدان بىلىدۇ.

**سالماقلىق قىلماق** تەمكىنلىك، ۋەزمىنلىك قىلماق: – توغرا ئېيتىسىز، ياشلىقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشىڭىز كېرەك، – دېدى ئۆتكۈر سالماقلىق قىلىپ، – لېكىن ياشلىقنىڭ پەيزى پەقەت ئويۇن-كۈلكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئىلىم-بىلىم ئىگىلەشتە. * ئۇ «مال بازىرىغا» دېگەن گەپنى سالماقلىقراق قىلدى.

**سالماقلىماق** پ. مۆلچەرلىمەك، دەڭسىمەك: توغرىسى پارتكوم سېكرېتارى ئۆزى بارىدۇ. كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قولىقى بىلەن ئاڭلاپ ئوبدان سالماقلاپ كۆرىدۇ.

**سالمو** ئى (لات) <زوئول> ← **سالمو بېلىقى.**

**سالمو بېلىقى** <زوئول> بىر خىل بېلىق. دۈمبىسى كۆل رەڭ ئارىلاش ئاچ يېشىل، يان سىزىقىنىڭ ئاستى قىسمى كۈمۈش رەڭدە كېلىدۇ، پۈتۈن تېنىدە قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ.

**سالمونللا** ئى. ئامېرىكا پاتولوگىيە ئالىمى.

**سالمونللا باكتېرىيىسى** <بىئول> تاياقچە باكتېرىيىنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تۈرلىرى كۆپ، بىخ سپورىسى بولمايدۇ، ئۇچەي كېزىكى، ئۆرە كېزىك، ئوزۇقتىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلارنىڭ كېسەل قوزغاتقۇچى

باكتېرىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ
خىل باكتېرىيىلەرنى ئەڭ ئاۋۋال ئامېرىكا
پاتولوگىيە ئالىمى سالمون (Daniel Elmer
Salmon) بايقىغاچقا، ئۇنى خاتىرىلەش
يۈزىسىدىن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**سالمچۇق** ئى <زوئول> سۆرەلگۈچىلەرنىڭ
بىر كلاسى، كەسلەنچۈكلەر ئائىلىسىدىكى
بىر خىل هايۋان. ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر
ئەتراپىدا بولۇپ دۈمبىسى تۇتۇق، سۇس
قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ؛ ئۇستى ۋە تۆت
پۇتىدا سەككىز-ئون قاتار سارغۇچ
كەلگەن دۈگىلەك ئالنىسى بار، قورسىقىدا
يوللىرى بولمايدۇ، كۆزىنىڭ ئارقا ئۇچىدا
كەينى تەرەپكە كەتكەن ئاق رەڭلىك
يوللىرى بولىدۇ. قۇملۇق ئېتىزلاردا ياشاي-
دۇ، شىنجاڭدا كۆپ.

**سالنامە** ئى (پ) يىل تەرتىپى بويىچە
يېزىلغان ۋەقە، هادىسىلەر تارىخى؛
يىلنامە: شىنجاڭنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزى-
كىچىلىقى هەققىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي سالنامە
ۋە تارىخ كىتابلىرىدا خېلى كەڭ توختالغان.
* ئۆزىنى يىللارغا بېغىشلاپ ئۆتتى، ۋەتەندە
ئەزەلدىن ۋىجدانلىق ئوغلان. قەد كۆتۈرۈپ
تۇرۇپتۇ سالنامە ئىچرە، تالايلاپ ئابىدە-ئۆلمەس
قەهرىمان.

**سالنامە شەكلى** <ئەد> مەملىكىتىمىز-
نىڭ ئەنئەنىۋى تارىخ كىتابلىرىدىكى
بىر خىل ژانىر. بۇنىڭدا تارىخىي ۋەقەلەر
يىل، ئاي كۈن تەرتىپى بويىچە خاتىرى-
لىنىدۇ.

**سالنامىچى** ئى. سالنامە يازغۇچى مۇئەل-
لىپ: بۇ پەيتتە شەهەرنى تۇنجى قېتىم
ئىگىلىگەن چاغدا خان ئىلتىپات بىلەن:
« مۇسۇلمان پۇقرالار قەدىمدىن بۇيان قانداق
قائىدە-رەسمىيەتلەرنى تۇتۇپ، قانداق ئىشلار
بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ
پېشقەدەم سالنامىچىلىرى ۋە دانا ئادەملىرىدىن
سوراپ بىلىپ ماڭا ئۇچۇر بېرىڭلار » دەپ
يارلىق قىلغانىكەن.

**سالون** ئى (ر<فران) <ئەد> فرانسۇز تىلىدا
« مېهمانخانا، كۈتۈش زالى » دېگەندەك
مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن پەنى
17-ئەسىردىن باشلاپ غەربىي ياۋروپادى-
كى ئاقسۆڭەك، بۇرژۇئازلار تەبىقىسىدىكى
ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنىڭ هەمىشە
چوڭ-چوڭ سارايلارغا يىغىلىپ ئەدەبىيات-سەنئ-
ئەت ياكى سىياسىي مەسىلىلەرنى
مۇهاكىمە قىلغان سورۇنلىرىمۇ « سالون »
دەپ ئاتالغان.

**سالۋار** سۈپ ① مويلىرى ئۇزۇن ئۆسكەن،
ساڭگىلاپ تۇرىدىغان: سالۋار تەلپەك.
سالۋار تۇماق. ② پاخپاق، چۇپۇرچەك:
قىش-ياز كۆل ئەتراپلىرىدا قورايچىلار-ئوتونچىلار
پەيدا بولۇشۇپ، سالۋار توغراقلارنىڭ ئاستىلىرى-
دا ئات-ئۇلاغلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى هاردۇق
چىقىراتتى.

**سالۋار تەلپەك ← سالۋار تۇماق:**
ئۇستىگە قىزىل پەشمەت-شالۋۇر كىيىپ بېشىغا
قارا سالۋار تەلپەك، پۇتىغا چورۇق كىيگەن
قارىمۇتۇق، پاكارراق 16 ياشلاردىكى بالا
كۆمۈش زەنجىرلىك چۆلۋۇرنى تۇتۇپ، تۆگىنى
يېتىلەپ ماڭماقتا. * ماڭا ئوخشاش سالۋار
تەلپەك، ئۇزۇن چاپانلىرى ئۇستىدىن پوتا
باغلىۋالغانلار بالدۇرراق كېلىشىپتۇ.

**سالۋار تۇماق** ئۆسۈك مويلۇق تېرىلەردىن
چوڭ كېزەكلىك قىلىپ تىكىلگەن تۇماق:
ئاتلىق ئادەمنىڭ ئۇستىدە نىمكەش مەللە
چەكمەن چاپان، بېشىدا تۈلكە تېرىسىدىن
ئىشلەنگەن سالۋار تۇماق، پۇتىدا ئۆڭگەن
خۇرۇم ئۆتۈك بار ئىدى. * كۈنىنىڭ شۇنچىلا

ئۆسسىپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇلار ئۇچلىرىغا سالما ياقىلىق قىلىن جەندە چاپان، باشلىرىغا كونىراپ كەتكەن سالۋار تۇماقلارنى كىيە-ۋالغاندى.

**سالۋارتماق** «سالۋارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سالۋارىماق** پ. چۇۋۇلۇپ ساڭگىلىماق، پاخپايماق: ئۇ يەردە شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن رەتسىز چاچلىرى سالۋاراپ چىقىپ تۇرغان، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئالدى ئوچۇق مەستلىكتە ئەلەسلەشكەن ياشقىنا ئىككى يىزا يىگىتى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە گۈشىيىپ قارىشىپ تۇراتتى. * 20 مىنۇتتىن كېيىن ئىككى كىگىز ئۆي، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن ئاياللار، ئۆز بېشىغا ماسلاشمىغان تولكە، بۆرە تېرىلىرىدىن تىكىلگەن قولاقچىلارنى كۆزنىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان باللار كۆرۈندى.

**سالۋاسلىماق** پ. قەدەمنى چوڭ ئېلىپ تېز ماڭماق: ھارۋىكەشنىڭ قامچىسى، سىلكىندۇ تاراسلاپ. ئاتلار سالماق ماڭدۇ، تېزگىن سىيرىپ سالۋاسلاپ.

**سالۋاڭ** سۆپ. دىئال. پاخپاق، سالۋار.

**سالىستسلات** ئى (ر<لات) <خىم> ← **سالىستسلات كىسلاتا.**

**سالىستسلات كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_7H_6O_3$. ئاق رەڭلىك يىڭنىسىمان كرىستال بولۇپ، سۇدىكى ئېرىتمىسى كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. سۇبلىماتسىيىلىنىدۇ، چىرىتىشتىن مۇداپىئە قىلىش رولى ئىنتايىن كۈچلۈك. تېببىي دورىگەرلىكتە مىكروب ئۆلتۈرگۈچى دېزىنفېكسىيە دورىسى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بوياقچىلىق سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**سالىيۇت** ئى (ر<فران) تەنتەنىلىك ۋەقە، مۇراسىملاردا، بايرام ياكى بىرەر تارىخىي ۋەقەنى تەبرىكلەش ۋاقتىلىرىدا بىرنەچچە توپ ياكى بىرنەچچە مىلتىقتىن بىرىيولى ئېتىلىدىغان بىرقانچە تال ئوق: ئازاد قۇتلاپ ئۆتكۈزدى گۈزەل ئون ئۈچ باھارنى، ئۆتكەنە بىرنىڭ سالىيۇتى ئېتىلغاندا تۇغۇلغان. تۇغۇلغانۇ ئاشۇ كۈن سائادەتنىڭ بۆشۈكى، ئېلىپ ئۇنى باغرىغا، ئەركىلىتىپ چوڭ قىلغان. * مانا سالىيۇت بېرىلدى، ياڭرىدى دۇمباق پەرۋاز قىلغىن شارلىرىم، ئاسمانغا تېزراق.

**ساما** I ئى (ئە) ئاسمان، كۆك: رابى ۋەت-ۋەت توپا-چاڭ قاپلىغان سامادا قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ ئەگىپ يۈرگەن بىر سارىنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدى. * قاناتلان ئەي خىيال، ئۆرلە ساماغا، جاھاننى كەڭرى قىل مەن بىناۋاغا. قېنى باشلا مېنى گۈلشەنگە پاتراق، بۇ گۈلشەن زىنىنتى تۇمەنگە پاتراق. * يۈزىدە قىلچە سېزىلمەس غەشلىك، مەيلى يولۇقسۇن مىڭبىر بالاغا. ئەقىل-پەم بىلەن بېيگەر مۇشكۈلنى، نالە قىلمايدۇ قاراپ ساماغا.

**ساما** II ئى (ئە) ① ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ناغرا ئۇسسۇللىرىدىن بىرى. $\frac{4}{4}$ تاكت ئۆلچىمىدە ئىجرا قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ھېيت-بايراملاردا ئويچا ئوينىلىدۇ: جامەنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىنىڭ ئالدى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈس ئالغان. يۈزلىگەن ياشلار، باللار، موزىسپىتلار بۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن يىغىلغان بولۇپ، بەزىلىرى ناغرا، سۇنايغا تەڭكەش قىلىپ، ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ساما سالماقتا؛ بەزىلىرى ئۇلارنى چۆرىدەپ ساما كۆرمەكتە. ② سوپى-ئىشانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە، زىكىر، تەلقىنگە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان

بىر خىل ھەرىكەتتى. كۆپىنچە ئىككى قول ئالدى-كەينىگە تاشلىنىپ، بەل ئېگىلگەن ھالدا پىرقىراپ ئوينىلىدۇ.

**ساما سالماق** ① ناغرا ۋە سۇنايغا تەڭكەش قىلىپ ساما ئۇسسۇلىنى ئوينىماق: بولۇپ توپ-توپ، ئېچىشىپ قەنت سېلىپ چاي، ساما سېلىپ، دېيىشىپ ئۇلار ھاي-ھاي. ② ئىشان ۋە ئۇنىڭ سوپىلىرى ئوقۇلغان زىكىر ۋە ھۆكمەتكە تەڭكەش قىلىپ، رىتىملىق ھالدا باش قولىنى سېلىپ يەنە تۈزلىنىپ، پىرقىراپ ھەرىكەت قىلماق: — ئاپلا، ھېلقى ئىشانىم بولغان بولسا، بوسۇق ئاكامنىڭ تويىدا ساما سېلىپ پىلدىرلىغۇچتەك پىرقىراپ بېرەتتى، — دېدى قاسىم قىزىق.

**ساماغا چۈشمەك** ① ناغرا-سۇنايغا تەڭكەش قىلىپ ساما ئۇسسۇلى ئويناشقا كىرىشمەك، ساما ئۇسسۇلى ئوينىماق: نامازدىن كېيىن، ياشلارنىڭ مەسچىت پەشتاق-لىرى ئالدىدا ناغرا-سۇناي مۇقاملىرىغا تەڭكەش قىلىپ، ساماغا چۈشۈپ كېتىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. * شاد ناغرىچى ناغرا چالغان ئۆگزىدە، پەدە يۆتكەپ تۇرلۇك-تۈمەن ناۋاغا. سۇناي ئۈنى ياڭرىغاندا، جامائەت — ھېيت كۈنىدەك چۈشكەنىدى ساماغا. ② ئىشان ۋە سوپىلار ساما باشلىماق، ساماغا كىرىشمەك.

**ساما ئۇسسۇلى** <ئۇس> ← **ساما.**

**سامارىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىئو ئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Sm (Samarium). كۆكۈچ رەڭلىك كرىستال بولۇپ، قاتتىق كېلىدۇ. ھاۋادا ئوكسىدلى-نىپ تۇتۇقلىشىدۇ، يېرىم يېمىرىلىش دەۋرى ناھايىتى ئۇزۇن. x نۇرىنى چىقىرىپ،

نېيۇدىمىگە ئۆزگىرىدۇ.

**سامان** ① ئى. بۇغداي، ئارپا قاتارلىقلار غوللىرىنىڭ يانچىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان مەھسۇلات: مالغا سامان بەرمەك. پوستىغا سامان تىقماق. * بىركۈنى سامان دېگەن، بىركۈنى قوناق دېگەن، ئالۋان-ياساقنىڭ كۆپلۈكىدە ئىشەكلەر يېغىر بولۇپ كاردىن چىقتى. ② سۈپ. كۆچمە. سېرىق، سارغاي-غان: ئانا يۈرتۈڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس (ماقال). * قالغان جياڭجۇن قوماندان. چىرايى بولۇپ سامان، كەلگەنىدە شاھ قېشىغا، قىلىچ يەپتۇ بېشىغا.

**سامان غول** <بوت> ياغاچلىق قىسمى تەرەققىي قىلمايدىغان ۋە بىرقەدەر يۇمشاق بولىدىغان غول. مەسىلەن، بۇغداي، شال قاتارلىقلارنىڭ غولىغا ئوخشاش.

**سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> سامان غولغا ئىگە ئۆسۈملۈكلەر. ئۇلار ئادەتتە بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ۋە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك دەپ ئايرىلىدۇ.

**سامان قەغەز** ئۇجمە قوۋزىقى، شال پاخلى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەنگەن رەڭگى سەل سېرىق ۋە يىرىكرەك قەغەز: شاتۇر دورغا ئالدى-ئارقىسى-غا بىر قارىۋېلىپ، بەلبېغىنىڭ قېتىدىن سامان قەغەزگە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، ئالماسقا سۇندى. * تەشۋىقات ئىشلىرى خادىمى خوتەننىڭ سامان قەغىزىدىن 15 ۋاراقلىق قىلىپ، ئالقانچىلىك چوڭلۇقتا تىكىۋالغان دەپتىرىنى ئالدىغا قويۇ-ۋالغانىدى.

**ساماں قورساق** ① قورسقى سىلىنغان، قورسقى چوڭ؛ ئىلغماستىن كۆپ يەيدىغان: ئامبالنىڭ يارلىقى بىلەن ھەممە يۇرتنىڭ بەگ، يۈزبېشىلىرى يىغىپ كېلىندى، قاتتىق سوراق قىلىندى، ئاتچىنىڭ ساماں قورساق بېگى ئامبال ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ سۆز باشلىدى. ② قورسقىدا ئىلپىنىڭ سۇنۇقى بولمىغان، دۆت، كالۋا: ئۇفتىسىر مەنسۇر شاگىيونى «ساماں قورساق» دەپ تىللىدى. * سەن ساماں قورساقتىن بۇگۈن تۈزۈكرەك بىرنەرسە شۇلۇۋالمسام، قاسىم جىڭسا بولماي كېتەي!

**ساماں نەرخى** ناھايىتى كۆپ ۋە ئېتىبارسىز، ئەرزان: سىلى ماڭا ئەركىنلىك بەردىم دېدىلە، قانداق ئەركىنلىككەن ئۇ؟ ئوردىلىرىدا چۆرە قىز دېگەن ساماں نەرخى، چىرايلىق كېنىزەكلەر شۇنچە كۆپ تۇرسا، مۇشۇ بىر چۆرە قىزنى مەندىن ئاياۋاتىدىلا.

**سامانىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتمەك** ← **سامانىڭ تېگىدىن سۇ قويماق**: ئۇ مەدرىستىكى ياش تالىپلارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان كونا قائىدە-يوسۇنلارغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماقتا، سامانىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتمەكتە ئىدى. * — بۇ يەردىمۇ ھېسابتىن خاتالاشقان ئىكەنلا، — دېدى روزى جىرتاق مېڭىشتىن توختاپ، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىپ بولامدۇ، سۇنى سامانىڭ ئاستىدىن يۈگۈرتۈش كېرەك.

**سامانىڭ تېگىدىن سۇ قويماق** تۇيدۇرماي، يوشۇرۇنچە ئىش قىلماق؛ ئۇستىلىق بىلەن ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەك: پىكىر بەرسە قارايدۇ تەتۈر، ئۆچ ئېلىشقا شۇنچە ماھىر ئۇ. سۇ قويىدۇ ساماں تېگىدىن، «ھۈنىرى» كۆپ، «ئۇستا» كادىر ئۇ.

**سامانىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتمەك** ← **سامانىڭ تېگىدىن سۇ قويماق**: روناق تېپىپ بېپىش يوللۇق ئىكەنغۇ. قىلتاق-پىلتاق دېگەن گەپنىڭ بۇ يەردە ئورنى يوق، ئۇنداق سامانىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتمەيلى.

**سامانچى** I ئى ① ساماں توشۇغۇچى ياكى ساتقۇچى: ئۇلار شۇ يەردە ماراپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ساماں بېسىلغان ھارۋىسى بىلەن سامانچى تۇردىئاخۇن بوۋايىنى، قوراي بېسىپ ماڭغان ھاپىزئاخۇننى تۇتۇۋېلىشتى. ② كۆچمە. گەپ توشۇغۇچى: ئەمدى بىزنىڭ ئىچىمىزدىنمۇ بىر سامانچى چىقىپ قالمىغىيدى دەپ قورقىمەن. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىشىمىزنىڭ تۈگىگىنى شۇ!

**سامانچى** II ئى. دىئال. تالا مۈشۈكى، ئوغرى مۈشۈك.

**سامانخانا** ئى. ساماں ساقلايدىغان ئۆي، جاي؛ سامانلىق: شۇ كۈنى كەچتە ئۆزۈمگە تونۇش بولغان باينىڭ سامانخانىسىغا مۆكۈنۈپ، باينىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

**ساماندەك** ① سۈپ. رەڭگى سامانىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان، سامانغا ئوخشاش: بىچارە قىزنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ. ② رەۋ. كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن، تولا: سەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدىڭ. خىيالىڭدا مېنى ياراتقۇڭ كەلمەيۋاتىدۇ — ھە؟! بىلىپ قوي، سەندەك قىزلار جەمئىيەتتە ساماندەك تۇرۇپتۇ. مەن بىلەن ئۆي تۇتۇشنى خالىساڭ مەرھەمەت. * بۇنداق نەرسىلەر بىزگە ساماندەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز يازايلى دېسەك ھەش-پەش دېگۈچە بىر-ئىككىنى يېزىۋېتىمىز.

**ساماندەك سارغايماق** ① ناھايىتى سارغىيىپ سولماق: بىرۋاقتتىن كېيىن

چاچلىرى ئۆسۈپ، چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ كەتكەن بىر خوتۇننى ئىككى كۆزەتچى ھەيدەپ كېلىپتۇ. * سامانىدەك سارغىيىپ بولماس، بۆلۈتتەك ئاقىرىپ بولماس. قىممەتلىك، ئەزىز جاننى، يامانغا خار قىلىپ بولماس. ② كۆچمە. موھتاجلىقتىن قاتتىق قىينالماق، مادارىدىن كەتمەك: ئەگەر خۇدا ئۇرۇپ بىرەر گادايغا تەگكەن بولسام، بۈگۈن-ئەتىنىڭ غېمىنى يەپ، سامانىدەك سارغىيىپ قانداقمۇ قىلاتتىم.

**سامانلىق** ① سۈپ. سامىنى بار، سامان ئارىلاشتۇرۇلغان: سامانلىق لاي. ② ئى. سامان ساقلايدىغان جاي، سامانخانا: موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە (ماقال). * مەن پۇرسەتنى غەنيمەت بىلىپ، ئاشۇ مىلتىقنى سامانلىققا كۆمۈپ قويغانىدىم. * ياتاتتى ئۇلار سامانلىقتا، كەچ كېلىپ، ئېتىزغا چىقىپ ئاق تاڭدا، ئىشلىدى كەچ كۈزدە بېرىپ ھەتتاكى، پۈتۈن قىش چاپچالدا-قاراڭغۇ خاڭدا.

**سامانلىقتا يىڭنە ئاختۇرغاندەك** ھېچ يېرىنى چالا قويماي، ئىنتايىن دىققەت بىلەن، بىرمۇبىر سەپسېلىپ: — ھېلىمۇ سامانلىقتا يىڭنە ئاختۇرغاندەك ئاختۇردۇم. — ئۇنداق بولسا ئۇ پۇلنى بازاردا يۇتتۇرۇپ چىققان ئوخشايدۇ.

**سامانلىق لاي** ئارىسىغا سامان ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن لاي، كاكىل: سونۇر بۇ چوڭ قورۇدا تەنها ئۆزى تۇراتتى، ئۇ بۇ يىل ئۆيلىنىش نىيىتى بىلەن ئۆگزىگە لاي سالدى، ھەتتا تاملىرىنىمۇ سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاپ چىقتى.

**سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تەگمەك** بىرەر مەنسەپ، ئەمەلگە ئېرىشمەك: — خۇدا ئېشەككە بىلىپ مۈڭگۈز بەرمىگەنكەن، مۇبادا ساڭا سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تېگىپ قالىدىغان بولسا، قانچىلىك نوچىلىق قىلار ئىدىڭ ئەخمەق! — دېدى ئۇلار رەھمەتكە ھومىيىپ.

**سامانلىقنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتماق** بىرەر ئەمەل، مەنسەپنى ئىگىلەپ تۇرماق: — مۇشۇنداق قولىڭىزدىكى سامانلىقنىڭ ئاچقۇچىنى قانچە ئۇزۇن تۇتالايسىزكىن تاڭ! — ئۇ شۇنداق دەپلا ئىشىكنى زەردە بىلەن جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى.

**سامانىيلار** ئى <تارىخ> ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئودال سۇلالە. مىلادىيە 819 — 999-يىللىرىغىچە داۋام قىلغان. بەلخ (شىمالىي ئافغانىستان) يېنىدىكى سامان قىشلىقىغا ئاساس سالغۇچى يىرىك يەر ئىگىسى سامانخۇداتنىڭ ئىسمىغا ئاساسەن ئاتالغان. رافىي ئىبنى لايس قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، سامانخۇداتنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى 819-يىلى ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئوبلاستلىرىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. دەسلەپتە خۇراسان نائىبلىرى تارىخىيلارغا ئىتائەت قىلغان، تارىخىيلار تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، تولۇق مۇستەقىللىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ، سەففارىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى تەلتۆكۈس ئۆز قوللىرىغا ئېلىشقان. 900 — 908-يىللىرى ئىسمائىل (ماۋەرائۇننەھر ئەمىرى) ئەمىر ئىبنى لايس سەففار قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن خۇراسان، شەرقىي، - شىمالىي ئىران ۋە ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان.

**سامانىيلار خانلىقى** <تارىخ> ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئودال دۆلەت. مىلادىيە

875 — 999-يىللىرىغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، پايتەختى بۇخارا بولغان. روناق تاپقان دەۋرىدە (10-ئەسىرنىڭ 1-يېرىمى)، تېررىتورىيىسى ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، شەرقىي ۋە شىمالىي ئىراننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 999-يىلىغا كەلگەندە، قاراخانىيلار تۈركلىرىنىڭ بۇخارانى ئىستېلا قىلىشى نەتىجىسىدە يوقىتىلغان.

**سامانيولى** ئى (سامان+يولى) <ئاستر> ھاۋا ئوچۇق كېچىلەردە، ئاددىي كۆزگە يورۇق يولغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار تۈركۈمى. ئۇ نۇرغۇنلىغان تۇرغۇن يۇلتۇز-لاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**سامانيولى سىستېمىسى** <ئاستر> ئالەم بوشلۇقىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ زور بىر سىستېمىسى. 100 مىلياردتىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك تۇرغۇن يۇلتۇز، سان-ساناق-سىز يۇلتۇز تۇمانلىرى ۋە يۇلتۇز توپلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، شەكلى يانچۇق سائىتىگە ئوخشايدۇ. مەركىزى قېلىن. دىئامېتىرى 100 مىڭ يورۇقلۇق يىلىغا تەڭ. قۇياش سامانيولىدىكى نۇرغۇنلىغان تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن بىرى بولۇپ، سامانيولى مەركىزىدىن 30 مىڭ يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتا تۇرىدۇ. ھەممىشە كېچىلەر-دە كۆرۈنىدىغان سامانيولى ئەنە شۇ سامانيولى سىستېمىسى زىچ قىسىملىرىنىڭ ئاسمان شارىدىكى پروييېكسىيىسىدۇر.

**سامانيولى ئۇزۇنلۇقى** <ئاستر> تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ 94.4° لۇق سائەت بۇلۇڭىنىڭ شەرقىدىن سامانيولى ئېكۋاتورى-نى بويلاپ ئۆلچەنگەن بۇلۇڭ ئارىلىقى.

**ساماۋار** ئى (ر) مەخسۇس چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئوتتۇرىسىدا كانايسىمان ئوتلۇقى بار مىس ياكى قەلەيدىن ياسالغان جۈمەكلىك ئائىلە بۇيۇمى. ئۇنىڭ ئوتۇن ۋە كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىدىغانلىرىدا ئوتلۇقنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇ قاچىسى بولىدۇ. توك ئىشلىتىلىدىغان ساماۋارنىڭ مۇنداق ئوتلۇقى بولمايدۇ: دۇكاننىڭ ئىشكى يېنىدا ساماۋار قايناپ تۇراتتى، ئۇسساپ قالغان خېرىدارلار چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ② ساماۋاردا چاي قاينىتىپ ساتىدىغان دۇكان، چايخانا: قىزىپ كەتكەن دۇكان، ئاشخانا، ساماۋارلار كەتكەن جاراڭلاپ. قۇمدەرۋازا رەستىسى بويلاپ، پۇرار خۇش بۇي ئاشمانتا، كاۋاپ.

**ساماۋار قويماق** ساماۋارغا ئوت يېقىپ ياكى ئوت سېلىپ چاي قايناتماق: بۇ چاغدا باتۇر ساماۋار قويغىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

**ساماۋارچى** ئى. ساماۋار بىلەن چايخانا ئاچقان كىشى، چايخانىچى: — ئۇستام، بىزگە ئاچچىق قىلىپ بىر چەينەك چاي دەملەپ بەرسىلە!، — مۇراجىئەت قىلدى ساۋۇت ئاكا، نەچچە ئونلىغان چەينەك قويۇلغان قوقاس ئەتراپىدا مەشغۇل بولۇۋاتقان ساماۋارچىغا. * ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ساماۋارچى بىر چەينەك چاي كەلتۈردى.

**ساماۋارخانا** ئى (ر+پ) مەخسۇس ساماۋار بىلەن چاي تەييارلاپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن؛ چايخانا: شۇ يىلى، قەشقەرگە بارغىنىمدا بىر ساما-ۋارخانىدا مويسىپىت بىر ئادەم بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم.

**ساماۋى** سۈپ (ئە) ① ئاسمانغا، ئىلاھقا،

ئەرۋاھقا مۇناسىۋەتلىك، ئالەت؛ فانتازىيە-لىك: ساماۋى چۆچەك. * ساماۋى خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئاللىقاچان چوڭ شەھەرلەر قۇچىقىدا، بىر دۆۋە بەش-ئون يەنلىك پۇللار ئارىسىدا كۆرگەن مىجىتقا بۇ گەپ ياغدەك ياقتى بولغاي. * ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر-خىيالى بۇۋى مەرىيەمئانا، ئىلىزاۋىتا، جەننەت ۋە پەرىشتىلەر، دوزاخ ۋە دىۋە-مەلئۇنلار توغرىسىدىكى ساماۋى كۆرۈنۈشلەر بىلەن باغلانغانىدى. ② كۆك، ھاۋا رەڭ: باھار كەلدى، ياشاردى چۆل، ياشاردى ھەم ساماۋى كۆل، بۇقۇلداپ قىردا كەكلىكلەر كېزەر ھەر يانە-ھەر يانە.

**سامبا** ئى. دىئال. پىلە قۇرتىنى ئالىدىغان قاچا.

**سامبۇسا** ئى. بىر خىل قىيمىلىق يېمەكلىك. قىيمىسى دەسلەپ قۇرۇۋېلىنىپ، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە تۈگۈلىدۇ. چۆرىسى قىيىقچە بىلەن كېسىلگەندىن كېيىن مايدا پىشۇرۇلىدۇ.

**سامتۇر** ئى (ر) <مۇز> قەدىمكى تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. ياغاچتىن ئۇزۇن قىلىپ ياسىلىدۇ. دەسلەپتە 13 تار بېكىتىلگەن بولۇپ، كېيىن 16 گە كۆپەيتىلگەن؛ ھازىر يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ 25 تار ئورنىتىلىدىغان بولدى.

**سامدىماق** پ. دىئال. بىر تەرەپكە بېسىپ كەتمەك، يەڭدەپ كەتمەك: يۈك سامدىماق.

**سامسا** ئى. بىر خىل يېمەكلىك. ئادەتتە گۆش، پىياز قاتارلىقلاردىن قىلىنغان قىيمىنى خېمىر جىلىت ئىچىگە تۈگۈپ، تونۇردا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ: گۆش سامسا. سامسا ياقماق. * ئاچامغا سامسا ئېلىپ بەرگىن دېسەم ئېلىپ بەرمىدى.

**سامساق** ئى <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاققا مايىل سۆسۈن. يوپۇرمىقى بىلەن گۈل ئوقى يۇمران ۋاقتىدا كۆكتات قىلىنىدۇ، يەر ئاستى تەڭگىچە غولى ئاچچىق بولۇپ، قوزغاتقۇچى پۇراققا ئىگە، كۆپىنچە ئۇ تاماق تەمىنى تەڭشىگۈچى ماتېرىيال ۋە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، مىكروب ئۆلتۈرۈش ۋە باكتې-رىيىلەرنى تېزگىنلەش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ بېشى: سامساق — ئۇنى يېگەننىڭ تېنى ساق (ماقال).

**سامساق بېشى** <بوت> سامساقنىڭ تەڭگىچە غولى. سەل-پەل شار شەكىل-دە كېلىدۇ. ئادەتتە كۆپلىگەن تىلىملاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**سامساق تىلىمى** <بوت> سامساقنىڭ تەڭگىچە غولىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەردىن بىرى. شەكلى قوغۇن تىلىمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**سامساقلىق** ئى. سامساق كۆچۈرۈلگەن، سامساق ئۆستۈرۈلگەن يەر، سامساق ئېتىزى: سەي دۇيىنىڭ سامساقلىقىدا بىر توپ قىزلار ئوتىغۇچلىرى بىلەن يەرنى يۇمشىتىۋاتاتتى.

**سامسپەز** ئى. سامسا يېقىپ ساتقۇچى كىشى: ئەپەندىم: — پاھ، پاھ، نېمىدېگەن ياخشى شەھەر بۇ! سامسپەزلىرى سامسىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ يېگۈزىدىكەن، — دەپ كېتىپ قېلىپتۇ. * بىر سامسپەز ئالدىغا بېرىپ قالدىم بىركۈنى. ئىلغاپ بەردى قولۇمغا سامسىدىن ئىككىنى.

**سامسپەزلىك** «سامسپەز» سۆزىنىڭ

كەسىپ نامى: توختى ئاخۇن ئاكام قەشقەر-
دىن كېلىپ بۇ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر
دۇكاندا 20 يىل سامسىپەزلىك قىلدى.

**سامسخانا** ئى. سامسا يېقىپ ساتىدىغان
دۇكان: شائىر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن
تۇغقىنىنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتقان ئۇستازى
ئابدۇللا داۋۇتنى باشلاپ تاشقىرىقى بازاردىكى
بىر سامسخانىدا تاماق يېيىشتى.

**سام-هام** <ئىرق> سام ۋە هام مىللەتلىرى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.ساملار-غەربىي ئاسىيا،
شىمالىي ئافرىقا ۋە ئافرىقا تۇمشۇقىنىڭ
بىر قىسىم جايلىرىدىكى سام تىلىدا
سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
نامى. هاملار ـ شىمالىي ئافرىقا، ئافرىقا
تۇمشۇقى ۋە شەرقىي ئافرىقىنىڭ بىر
قىسىم جايلىرىدىكى هام تىلىدا سۆزلىشىدى-
غان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**سام-هام تىللىرى سىستېمىسى** <تىل>
تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى
جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش
ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر خىل تىل
سىستېمىسى. بۇ ئادەتتە سام تىلى
تۈركۈمى ۋە هام تىلى تۈركۈمى دەپ
ئىككى تىل تۈركۈمىگە ئايرىلىدۇ. بۇ
سىستېمىدىكى تىللار ئەرەب يېرىم ئارىلى،
ئافرىقىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسىملىرى-
غا كەڭ تارقالغان. سام تىلى تۈركۈمىگە
قەدىمكى ئىبرىي تىلى، ئەرەب تىلى
قاتارلىق تىللار؛ هام تىلى تۈركۈمىگە
قەدىمكى مىسىر تىلى، خائۇس تىلى
قاتارلىق تىللار كىرىدۇ.

**سامۇ** ئى (خەن) <بوت> ← **سامۇ دەرىخى**.

**سامۇ دەرىخى** <بوت> كامفارا ئائى-
لىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ.
يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، ئالقانغا ئوخشايدۇ،
گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، مېۋىسى شار
شەكلىدە كېلىدۇ. ياغىچى قاتتىق،
بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، كېمىسازلىق ۋە
ئۆي جابدۇقلىرىنى ياساش قاتارلىقلاردا
كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**ساموراي** ئى (ر<ياپون) ياپونىيىدىكى
ئىمتىيازلىق فېئودال ھەربىيلەر تەبىقىسى-
دىن بولغان كىشى: پادىشاھ سامورايلىرى.
ياپونىيە سامورايلىرى.

**سامورايلىق** ① «ساموراي» سۆزىنىڭ
ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② ئى <تارىخ>
ياپونىيىنىڭ مىلىتارىستلىق تۈزۈمى دەۋرىدى-
كى ياساۋۇللىرىنىڭ رىئايە قىلىدىغان
بىر خىل فېئودال ئەخلاقى. ئۇنىڭ
مەزمۇنى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا مۇتلەق
سادىق بولۇش، ھەتتا ئۆزى ۋە ئائى-
لىسىدىكىلىرىنىمۇ ھالاك قىلىشتىن باش
تارتماسلىقتىن ئىبارەت.

**سامى** ئى (ئە) ئىشتىكۈچى، ئاڭلىغۇچى:
سامى بولماق. سامى ئوقۇغۇچى.

**سامى بولماق** قۇلاق سالماق، ئاڭلىماق،
ئىشتىمەك: كۆڭۈل دەردىمنى ئىزهار قىلغىنىمدا
سەن بولۇپ سامى، دېدىڭ دەردىمگە ئى
رەهبەر، يېتۈر كىم چارە، دەرمانى. * ئۆزىنى
بىلمەكنىڭ ئۆزى بىر بىلىم، بىلىم ئۈچۈن
مەيلى ئېگىلسە بېلىم؛ «نادانلىق نومۇس!»
بۇ زامان سۆزىدۇر، سامى بول بۇ سۆزگە
ئەي ئۇيغۇر ئېلىم.

**سامى ئوقۇغۇچى** رەسمىيەتلەر بويىچە
قوبۇل قىلىنمىغان، سىرتتىن قاتناشقۇچى
بولۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچى: ئۇ
داشۆنىڭ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل
سامى ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇدى.

**سان I** ئى ① شەيئىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، مىقدارى، سانىقى: قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بۇ يىل ئەتىياز تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى سۈپىتىمۇ ياخشى بولدى. ② <مات> شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي ماتېماتىكىلىق ئۇقۇم. مەسىلەن، تەبىئىي سان، پۈتۈن سان، راتسىئونال سان، ئىرراتسىئونال سان، ھەقىقىي سان، كومپلېكس سان ۋە تۈپ سان قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ③ <مات> رەقەم: كىتابلارنىڭ خەتلىرى ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سانلارنى، بولۇپمۇ تۆت-بەش خانىلىق سانلارنى زادىلا پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ④ گېزىت-ژۇرناللارنىڭ قەرەل بويىچە چىققان نۇسخىلىرى: بۈگۈن «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانى نەشىردىن چىقتى. * گېزىتنىڭ بۇ ئىككى ساندىكى مۇھىم ماقالە ۋە خەۋەرلەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار باشقا بىر سانىنى كۈرۈشكە باشلىدى. ⑤ <تىل> شەيئىلەرنىڭ ھېسابىنى، رەت تەرتىپىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. مەسىلەن، بىر، ئىككى، بىرىنچى، ئىككىدىن بىر، ئۈچە يىلەن، قىرىقچە دېگەنلەرگە ئوخشاش. ⑥ كۆچمە. يۇقىرىدىن پىلان بويىچە چۈشۈرۈلگەن نورما، شتات: ئۈچ كۈندىن بېرى ئىشچىلارنىڭ مائاش تەكشەش مەسىلىسدە كېلىشەلمەي قالغان بىر سان ھاشىمئاخۇنغا بېرىلىپتۇ. * ماڭا قارالىڭ، بىر ئامال قىلىپ بىر سان ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز بولاتتى. ⑦ كۆچمە. كۆڭلىگە پۈككەن پىلان: رەخمەتجان يەڭگىل تىن ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەلۇم سان پەيدا بولغانىدى. ⑧ <پەلس> شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىنىڭ كۆلىمى، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى، شۇنىڭدەك شەيئىلەرنىڭ سان ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدىغان مۇئەييەنلىكى. مەسىلەن، شەيئىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئېگىز-پەسلىكى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئېغىر-يېنىكلىكى ۋە تېز-ئاستىلىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سان بىلەن سۈپەتنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى** <پەلس> ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى، يەنى تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى. ئۇ شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلى پەيدا بولىدىغان تەرەققىياتىنىڭ سان ئۆزگىرىشى بىلەن سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

**سان تەگمەك** بەلگىلەنگەن سان (شتات) يەتمەك، بېرىلمەك: غۇۋا يورۇتۇلغان ھەيۋەتلىك زالدا كۆزلىرىم بىركىمنى ئىزدەيدۇ: «كەلگەنمىدۇ؟ ساپلا ئىلغار ئىنتىپاق ئەزالىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى كەلگەن سورۇنغا كېلىشكە، بەلكى ئۇ قىزغا سان تەگمىگەندۇ».

**ساندا بار ھەمدەمدە يوق** ساناقتا، ساندا ھېسابلانسىمۇ، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق: سىز ئۇنى يامان دەي دېسىڭىز، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ كىشىلەر بىلەن جېدەل-ماجىرا قىلىشتەك يامان ئىللەتلەر ئۇنىڭدا يوق ئىدى. ئىشتىن بىر كۈنمۇ قالماي تولۇق چىقاتتى. ياخشى دەي دېسىڭىز ساندا بار ھەمدەمدە يوق ئىدى.

**ساندىن چىقماق** ① ھېسابتىن، قاتاردىن قالماق: ئايمىخان، چاقىرغان يەرگە بارايلى، يۇرتلۇقلار بىلەن ئارىلاشماي ساندىن چىقىپ كەتمەيلى يەنە! ② ياراقسىز بولۇپ ئىشتىن قالماق: قاسىم ئاكام ساندىن چىقىرىلغان بەش سېپالكىنى قايتا رېمونت قىلىپ يەنە ئىشقا چۈشۈردى.

**سانغا كىرمەك** ھېساب، قاتارنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالماق؛ ھېسابقا كىرمەك: مانا قارا، پۇل دېگەننى مۇشۇنداق تاپىمىز، بۈگۈنچە تۆت ساندۇق سايىۋىمۇ ساق 100 كوي بولدى. يىگەن-ئىچكەن، ئاغىنىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىرىم بۇ سانغا كىرگىنى يوق. * ياسىن سىنىپ سانىغا كىرمىسىمۇ ئائىلىدىن بىر ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىپ سىنىپنىڭ بىر بۇرجىكىدە دەرس ئاڭلاۋەردى.

**سان كاتېگورىيىسى** <تىل> ئىسىملاردا كۆرۈلىدىغان، شۇنىڭدەك ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ سان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسى ئىسىملارغا «لار، لەر» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىپ، كۆپلۈك-بىرلىك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**سان كەلمەك** يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان سان تېگىشلىك ئورگانغا چۈشۈرۈلمەك، ئۇقتۇرۇلماق: 1975-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا، خەنزۇچە ئوقۇغان بىر مىللىي بالىغا سان كەلدى. * ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا چېنىقتى. مۇرات سان كېلىش بىلەن ئىشچىلىققا يېزىلدى.

**سان كېمەيتىپ بۆلۈنۈش** <بىئول> ھۈجەيرىلەرنىڭ بىر خىل كۆپىيىش شەكلى. بۇنىڭدا، ھۈجەيرە يادروسى ئۇدا ئىككى قېتىم بۆلۈنگەندە خروموسوما پەقەت بىر قېتىملا نۇسخىلىنىدۇ. بۇنداق شەكىللەنگەن تۆت دانە بالا ھۈجەيرە خروموسومىلىرىنىڭ سانى ئانا ھۈجەيرىنىڭكىدىن يېرىم ھەسسە كېمىيىپ كېتىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسىي ھۈجەيرىلىرى يېتىلگەندە، ھەمىشە سان كېمەيتىپ بۆلۈنىدۇ.

**سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى** <مات> مەلۇم قائىدە بويىچە تىزىلغان بىر قاتار سانلار. مەسىلەن، 1، 3، 5، 7...؛ 2، 4، 6، 8... سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى چەكلىك سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى ۋە چەكسىز سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**سانلار نەزەرىيىسى** <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسەن مۇسبەت پۈتۈن سانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

**سان مۇئەييەنلىكى** <پەلس> ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كۆلىمى ۋە تەرەققىيات دەرىجىسى جەھەتتىن كۆرسىتىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىك.

**سان ئوقى** <مات> باشلىنىش نۇقتىسى، ئوڭ يۆنىلىشى ۋە بىرلىك ئۇزۇنلۇقى بەلگىلەنگەن تۈز سىزىق.

**سان ئۆزگىرىشى** <پەلس> شەيئىلەرنىڭ سان ۋە دەرىجە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى. ئۇ بىر خىل ئاستا-ئاستا، تەدرىجىي ۋە بىلىنەر-بىلىنمەس بولىدىغان ئۆزگىرىش بولۇپ، سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

**سانى بار ساپاسى يوق** ساناقتا، ھېساپتا بولسىمۇ سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن ھېچقانداق رولى، ئەھمىيىتى بولمىغان: ئاشۇ كۈنلەردە ھەر يىلى بىرى باشلىق بولۇپ، ھەربىرى بىر ئۈستەلگە چاپتۇرۇپ، سانى بار ساپاسى يوق ئىشلار كۆپ بولغاچ ئىشلە پچىقىرىش يۈكسەلمىدى.

**سانىماي سەككىز دېمەك** ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلىمەك: — شۇنداق، ساتتار يۈز كېلەلمەيۋاتقان چېغى، — ئەمەت ئۇستا نېمىندۇر ئەسكە ئېلىپ، تۇيۇقسىز غەزەپلىنىپ قالدى، — خوپ بولۇپتۇ. ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەن، سانىماي سەككىز دېگەندىكىن خوپ بولۇپتۇ. * — ئۆزۈڭمۇ تازا بىر ئاتمىكاچى ئىكەنسەن، — دېدى بايىمە سەمەتكە بۇرۇلۇپ، — سانىماي سەككىز دېمە، ئۆزۈڭ كۈز ۋاقتىدىكى ئۆردەك-تەك سېمىز بولغىنىڭ بىلەن مۇشۇ ئېتىڭ جىنازىغىلا ئوخشاپ قېلىپتۇ، ئوغلاقتا چۈشكەندە بىرىڭلار پىخىلداپ، بىرىڭلار شالاقلاپ قالماڭلار يەنە.

**سانى يوق** ساناپ بولغىلى بولمايدىغان، ساناقسىز؛ ناھايىتى، نۇرغۇن: دەرۋازىنىڭ ئىچى-تېشىدا ماڭا ئوخشاش يول تالىشىپ تۇرغان ئات ھارۋا، ئۆكۈز ھارۋا، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە كىشىلەرنىڭ سانى يوق.

**سان** II ئى <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋان پۇتىنىڭ تىز بىلەن ساغرا ئوتتۇرىسىدىكى قىسمى، يوتا: سان سۆڭىكى. * قاساپ كېلەرمىش سانىنى كۆتۈرۈپ، ناۋاي كېلەرمىش نانىنى كۆتۈرۈپ (ماقال).

**سان تەگمەك** ھوقۇق، مەنپەئەت تەگمەك: ئۇنىڭغا كىچىككىنە سان تېگىپ قېلىپتىكەن، ئالچاڭلاپ كەتتى.

**سان گۆش** ھايۋانلارنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ سان قىسمىدىكى گۆش: ئۇ مال بازىرىدىن يارامىلىق ئىككى تاغار قېچىر سېتىۋېلىپتۇ، ئاشلىق بازىرىدىن ئىككى تاغار بۇغداي، گۆش بازىرىدىن يېرىم سان گۆش ئېلىپتۇ.

**سانا** I ئى (ئە) <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كىچىك چاتقال. كەڭ يوپۇرماقلىق سانا ۋە تار يوپۇرماقلىق سانا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كەڭ يوپۇرماقلىق سانانىڭ يوپۇرمىقى كەڭ، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. تار يوپۇرماقلىق سانانىڭ يوپۇرمىقى ئىنچىكە، گۈلى ھاۋارەڭ بولىدۇ. ئافرىقىنىڭ چۆللۈك ۋە يېرىم چۆللۈك جايلىرى ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبى، ھىندىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. دورىغا ھەر ئىككى خىلىنىڭ يېشىل ھالەتتىكى يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ. بەلغەم، سەپرا، سەۋدا، كۆيگەن خىلتلارنى چىقىرىش، دىماغنى پاكىزلاش، بەدەنگە جۇلاپ بېرىش، شەقىقە، جۇنۇن، باش ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقى قاتارلىقلارغا قارىتا شىپالىق رولى بار. ئۇ يەنە سۈرگە دورىسى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ② پۇنۇسنىڭ پىشقان ئۇرۇقى. شەكلى تاقىغا ئازراق ئوخشايدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى تۇزلۇق بولۇپ، تەبىئىتى مۆتىدىل. جىگەردىكى ئوتنى ھەيدەش، ئىسسىق يەلنى ھەيدەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاش ۋە ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

**سانا** II ئى (ئە) يېز ت. ماختاش، مەدھىيە.

**سانائەت** ئى (ئە) خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئاچىدىغان

ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقى-رىش ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ياسايدى-غان ياكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كارخانا ۋە زاۋۇت-فابرىكىلار يىغىندىسى: سوتسىيالىستىك سانائەت. كاپىتالىستىك سانائەت. قول سانائەت. يىرىك سانائەت.

**سانائەت پەنلىرى** قۇرۇلۇشقا ئائىت پەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سانائەت زاپاس ئارمىيىسى** <س ئىق> كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى شەكىللەندۈرگەن ئىشسىزلار قوشۇنى. ئۇ كاپىتالىستلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، كاپىتالىستىك يىرىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

**سانائەت سىستېمىسى** <س ئىق> بىرەر دۆلەتنىڭ زامانىۋى سانائەتنى مۇستەقىل تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان ئۆزئارا ئالاقىدار بىر پۈتۈن سانائەت گەۋدىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئاساسەن مېتاللورگىيە، ئېلېكتر كۈچى، يېقىلغۇ خام ئەشياسى، ئېلېكترون، خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق، دۆلەت مۇداپىئەسى، توقۇمىچىلىق، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق مۇكەممەل سانائەت تارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سانائەت قۇرۇلۇشى** <بىن> سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سېلىنىدىغان قۇرۇلۇش.

**سانائەت كاپىتالى** <س ئىق> كاپىتالىستىك تۈزۈم ئاستىدا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنىدىغان كاپىتال.

**سانائەت كرىزىسى** <س ئىق> كاپىتالىستىك سانائەت تارماقلىرىدا مەھسۇلاتنى ئېھتىياجدىن ئۇشۇق ئىشلەپچىقىرىۋېتىش نەتىجىسىدە كۆرۈلىدىغان كرىزىس.

**سانائەت ئىشچىلىرى** <س ئىق> ھازىرقى زاماندىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچىلار. مەسىلەن، كان ئىشچىلىرى، پولات-تۆمۈر ئىشچىلىرى، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ۋە تۆمۈريول ئىشچىلىرىغا ئوخشاش. ئۇلار ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاساسى ۋە تايانچى ھېسابلىنىدۇ.

**سانائەت ئىنقىلابى** <س ئىق> قول ھۈنەرنىڭ ئورنىنى ماشىنا ئىگىلەيدىغان، كاپىتالىستىك قول سانائەت دۇكانلىرىنىڭ ئورنىنى كاپىتالىستىك زاۋۇتلار ئىگىلەيدى-غان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئىنقىلابى، يەنى كاپىتالىستىك سانائەتلىشىش. سانائەت ئىنقىلابى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالدى بىلەن ئەنگلىيىدە باشلىنىپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە فرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە كەينى-كەينىدىن تاماملاندى. ئۇ كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى، سانائەت پرولېتارىياتى بىلەن سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ۋە كاپىتالىزمدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن نەتىجىلەندى.

**سانائەت يۇندىسى** <بىن> زاۋۇت-فابرى-

كا ۋە كان-كارخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا چىقىرىۋەتكەن پاسكىنا سۇلىرى.

**سانائەتچى** ئى. سانائەت كارخانىلىرىغا ئىگە بولغان شەخس: بۇ مالنى كۆرۈپ ياتالمىدى جىم، سانائەتچىلەر چەتتە قالماستىن، تۆرلۈك ھۈنەرۋەن، سودىگەرلەرمۇ، تۇرالماي قالدى، قەدەم قويماستىن.

**سانائەت-قاتناش** سانائەت ۋە قاتناش ساھەلىرى: ئۇنى تېلېفونغا چاقىرىۋاتقىنىنى، تېلېفون سانائەت-قاتناش ئىدارىسىدىن كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ پەرىزات كەلگەنىدى.

**سانائەتلەشتۈرمەك** «سانائەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يەر ئىسلاھاتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋە دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

**سانائەتلەشتۈرۈلمەك** «سانائەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۆلەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن، يېزا ئىگىلىكىدە، قول سانائەتتە ۋە كاپىتالىستىك سودا-سانائەتتە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى پەيدىنپەي ئورۇنلاشتىن ئىبارەت.

**سانائەتلەشمەك** پ. سانائىتى راۋاجلىنىپ زامانىۋىلاشقان سانائەت خەلق ئىگىلىكىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىمەك: ئالغا باسىمىز، تاغلار ئاشىمىز، سانائەتلەشكەن دۆلەت قۇرىمىز.

**ساناتقۇزماق** «سانىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: پۇلنى بەش قېتىم ساناتقۇزۇپ باقسىمۇ، يەنە بەش كوي كەم چىقتى.

**ساناتماق** «سانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەۋرەمگە 50 كىچە ساناتسام ئىلشماي راۋان سانىدى.

**ساناتورىيە** ئى (ر<لات) بىمارلار ياكى تېنى ئاجىز كىشىلەر دەم ئالغاچ داۋالىنىدىغان بىر خىل ئالاھىدە داۋالىنىش ئورنى: ئۆپكە كېسەللىرى ساناتورىيىسى. ياشانغانلار ساناتورىيىسى. * بۇ فاكۇلتېتتا ئۈچ مۇدىر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى بۇنىڭدىن سەككىز-ئون كۈن بۇرۇن ئائىلە يوقلاپ ئۆز يۇرتىغا كەتكەن، يەنە بىرى كېسەل سەۋەبىدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن 70 — 80 كىلومېتىر يىراق بىر تاغ رايونىدىكى ساناتورىيىگە دەم ئېلىشقا كەتكەنىدى. * شارائىتى بىرقەدەر ياخشى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ئۈچۈن ساناتورىيە قۇرۇپ بەردى.

**ساناچ** (توغرىسى: چاناچ) ← **چاناچ.**

**ساناشماق** «سانىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساناق** ئى ① شەيئىلەرنى بىرمۇبىر، دانىمۇدانە قىلىپ ساناش ۋە ساناشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە: بېرىشتە سانىقى توققۇز، ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز (ماقال). * ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى تەخمىنەن بولسىمۇ پەرەز قىلىش نىيىتىدە، ئىچىدە پىچىرلاپ: «بىر، ئىككى، ئۈچ...» دەپ سانايتتى. سانىغانسىرى ساناقتا ئېزىپ، بىر ساننى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلايتتى. * ساناق بىلەن يىللار ئۆتتى، جۇدا بولدۇ ھەممىدىن. يۈرەكلەر خۇن بولۇپ ئاقتى، ۋاڭ غوجاملار دەستىدىن. ② ھېساب-كىتاب، ھېساباتى: ساناق باشلاندى. دەپتەردىكى تىزىم بويىچە ئالدى بىلەن يىللىقچىلارنىڭ ئىسمى چاقىرىلىشقا باشلىدى. * زاھىر تەيجى بىر پۇتى ئاقسىغان ھالدا ھاسا تايىنىپ كىرىپ

كەلدى. ئۇ تاغدا ئېلىپ بېرىلغان تۆمۈر چارۋا سانىقىدا سۇنغان پۇتىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتاتتى. ③ سان، رەقەم: شۇ چاغلاردا سەندەكتىم، يېڭى كىرگەن مەكتەپكە. كۈندۈزگەنتىم قولۇمنى، ساناق بىلەن ھەرپكە. * ئاڭنىتىمچە مەن بۈگۈن ئاچسام كالېنداردىن ۋاراق، كۆزلىرىمگە چۈشتى يانۋار توققۇزى دېگەن ساناق.

**ساناق سان** ① <مات> 1، 2، 3، ... 100، 3000 دېگەنلەرگە ئوخشاش ئادەتتىكى پۈتۈن سانلار. ② <مات> ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلىنىدىغان سانلار. ③ <تىل> شەيئىلەرنىڭ پۈتۈن سانىنى ئىپادىلەيدىغان «قانچە؟ نەچچە» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان سۆزلەر، مەسىلەن، 1، 5، 10، 100، 1000 غا ئوخشاش.

**ساناقچى** ئى. كونا. ۋاڭنىڭ ماللىرىنى بېقىۋاتقان چارۋىچىلاردىن چارۋىنىڭ ھېسابىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كىشىسى: — ھەي بالام، ھەر باشتا مىڭ خىيال، سەن بىلمەيۋاتامسەن، ۋاڭنىڭ تۆمۈر چارۋا سانىقىنى ئېلىپ بارىدىغان ساناقچىلىرى يولغا چىقىپتۇدەك. * ياساۋۇل چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ يىل مەخسۇتنىڭ چارۋا سانىقىنى 15 كۈن بۇرۇن ئۆتكۈزۈشكە يارلىق چۈشۈرگەنلىكىنى، ساناقچى بەگلەرنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

**ساناقسىز** سۈپ ① سانالمىغان، سانى نامەلۇم: تۈنۈگۈن پەقەت ھاشىم ئاكامنىڭ قويىلا ساناقسىز قالغانىدى. ② كۆچمە. ھېساب-سىز، نۇرغۇن: كېچە، سۈزۈك ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقنايتتى. * قولىنى سوزۇشۇپ ئىنتىلمەكتە ئىدى، ئالدىغا قىستىشىپ ساناقسىز ئادەم. بۇ كوچا ئۆمرىدە مۇنچە ئىنسانىنى كۆرمىگەن بولغىيدى يارىلىپ ئالەم.

**ساناقلىق** سۈپ ① سانالغان، سانى مەلۇم: يانچۇقۇمدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى ساناقلىق. * كېتەرسەن، مەن قالارمەن بۇ ماكاندا، نېمە خورلۇق بولار ئەمدى جاھاندا؟ ئىزا ھەم تەنە-دەشنەم، دوقمۇ چاغلىق، ئۆتەر ئۆمرۈممۇ بىر-بىر ساناقلىق. ② كۆچمە. بىرنەچچىلا، ئازلا: دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىملىرىمىز تېخى ساناقلىق؛ ئىلىم-پەننىڭ مۇھىم، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتقان مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىز ھەقىقەتەن تولىمۇ ئاز. * ئارىدىن ساناقلىق كۈنلەر ئۆتۈپ، زەي-شورغا قارشى ھەرىكەت دادۇي مىقياسىدا باشلىنىپ كەتتى.

**ساناقلىق كۈن** ئازلا، قىسقا ۋاقىت: ئاپا! بىزنىڭ دىدار كۆرۈشىشىمىزگە ساناقلىق كۈنلەر قالدى.

**ساناقلىق كۈنى قالماق** ئۆمرى ئاز قالماق، ھاياتى ئاخىرلاشماق: ئانام شەھەردە يالغۇز، قارايدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىپ ساناقلىق كۈنلىرىلا قالدى. * ئالىسمۇ كەتمەيتتى كۆزلىرىم ئۈچۈق، تۇتۇپ بىر ياخشىنىڭ پېشىنى دىلبەر! ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى ئاھ، مېنىڭ، ئەزرائىل كېلىدۇ بۈگۈن يا، سەھەر...

**سانالماق** «سانىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش سانىلىپ كەلگەن يېڭى كېلىنلەرمۇ نۆۋىتىنى كەلتۈرۈپ ئۆز لايىقىدا گەپ قىلىشتى. * پەسىللەر ئۆتمەي كەلگەن ئەمەس كۈز. سانلار سانالماي تولماي، ئەللىك ھېچقاچان بولغان ئەمەس يۈز.

**سانايىنەپسە** ئى (ئە) كونا ① بەدنىي

سەنئەت؛ بەدىئىي سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم؛ ئۇ چاغدا ئۇيۇشمىنىڭ سانائىنەپىسە بۆلۈمى يورۇق بولۇپ ئۇنىڭ ئېچىپ قويۇلغان دېرىزىسىدىن گازۋاي چىراغىنىڭ نۇرى قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ سىرتقا يورۇق شولا چېچىپ تۇراتتى. * 1937 - يىلىغا كەلگەندە قەشقەردىكى ۋە قەشقەرنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا قاراشلىق سانائىنەپىسلەردە يېڭى-يېڭى ناخشىچىلار ۋە ئارتىسلار، يېڭى-يېڭى مۇزىكانتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

**سانتونىن** ئى (ئىنگ<فران) ① <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، پەيسمان يېرىلىدۇ، ئالاھىدە خۇش پۇراققا ئىگە؛ گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە. ② <تب> ئورگانىك بىرىكمىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل دورا. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{15}H_{18}O_3$ . يۇقىرىقى ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلىدىن تەييارلىنىدۇ. رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك كرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ، مەدەدە چۇشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**سانتىگرام** مىق (ر<فران) بىر گرامنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانتىلىتر** مىق (ر<لات) بىر لىترنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانتىمېتر** مىق (ر<فران) بىر مېترنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانتىمېتر دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتردىن 1 سانتىمېترغىچە بولغان مىكرو دولقۇن.

**سانتىمىللىمېتر** مىق (ر<لات+گرېك) بىر مېترنىڭ 100 مىڭدىن بىرىگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانجاق** ① ئى. تارس. بايراق، تۇغ. ② سۈپ. مىغ-مىغ، زىچ: بىردىن يېرىم كېچىدە، چىقتى بوران شىددەتتە. دەھشەت سالدى باغدىكى سانجاق مېۋە، كۆچەتكە. * يوللىرى ئازادە-كەڭرى، ئىككى يان سانجاق دەرەخ، قىلمىدىم ھېس قىلچە ھارغىنلىقنى ئۆيگە يانغۇچە. // بوغالتېر بۆلۈمىنىڭ ئىچى خاڭچىلارغا سانجاق تولغانىدى.

**سانجاق-سانجاق** ① مىغ-مىغ، ناھايىتى زىچ، قويۇق قاتارلاشقان: ئۆرلەپ چىقىۋاتقان كۈننىڭ نۇرلىرى قېلىن بۇلۇتلارنى خۇددى نەيزىدەك تېشىپ، تاغ باشلىرىغا سانجاق-سانجاق ئەلەملەرنى سانجىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. * ئۇلار تۆگىدىن چۈشۈرۈلگەن چاغدا سانجاق-سانجاق نەيزىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى. * جەستىمىز ئايلىنار گىياھلارغا. قېنىمىز ئايلىنار سىياھلارغا. سېپىل ئىچى ئادەملەر سانجاق--سانجاق، تىزىلغاندەك گوياكى يىپقا مۇنچاق. ② غۇژمەك-غۇژمەك: ئۇ، قىيا بۇرىلىپ، سانجاق-سانجاق ئۈزۈملەر ساڭگىلىشىپ تۇرغان ھويلىغا تىكىلدى. * — ئەنە، — بوۋاي كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سانجاق-سانجاق يۇلغۇنلار ئارىسىدىن غولى يوغان، شاخلىرى قويۇق ئىككى تۈپ يۇلغۇننى كۆرسەتتى، — ئەنە شۇ يۇلغۇنلارغا باغلىغانىدى.

**سانجىتماق** «سانجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن يىڭنە بىلەن داۋالاش بۆلۈمىگە بېرىپ ھەر كۈنى ھېلىقى تېۋىپقا يىڭنە سانجىتىپ تۇراتتىم.

**سانجىشماق** «سانجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەكبەر بىلەن ھاتەم ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ قاچقان ياۋا تۆگىگۈزنى قوغلاپ يېتىپ ئۇزۇن نەيزىلىرىنى سانجىشتى.

**سانجىغاق** ئى. بېلىقنى سانجىپ تۇتۇشتا

ئىشلىتىلىدىغان، ئارىسمان نەيزىسى بار ئۇزۇن ساپلىق سايمان: كونا قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ تاشنى يونۇپ سىلىقلاش ئارقىلىق سانجىغاق قاتارلىق بىلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان ئىپتىدائىي قوراللار كەشىپ قىلىندى.

**سانجىق** ئى <تىب> ئىچكى ئەزالارغا ئۆتكۈر نەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ تۇيۇلىدىغان قاتتىق ئاغرىق: يۈرەك سانجىقى. سانجىق تۇرۇپ قالماق. * تولۇق يېرىم كۈنلۈك يولنىڭ ناچارلىقى، توپا-چاڭلىقى، كۈننىڭ ئىسسىقلىقى ۋە هارۋىنىڭ تىنىمسىز چايقىلىشىدىن بىقىنلىرىمغا سانجىق تۇرۇپ، هېچ هالسىم قالمىغانىدى. * تۈنۈگۈندىن بېرى تۇتۇۋاتقان بۇ سانجىق بۈگۈن باشقىچىلا ئەدەپ، ئۇنىڭ جېنىغا پاتماقتا ئىدى.

**سانجىقئوت** ئى (سانجىق+ئوت) <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ-تۆت قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى سېرىق، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. دەريا ۋادىلىرى، ئورمان ياقىلىرى ۋە چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، هۆل ئىسسىقنى قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش ۋە زەهەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**سانجىلماق** «سانجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسلىدە ئۇ زۇلىيارنىڭ قۇلاق تۈۋىنى مۆلچەرلەپ ئۇرغان، لېكىن پىچاق ئۇنىڭ مۈرىسىگە سانجىلدى. * ئۆمەر باينىڭ بۇ هىيلە-مىكىرلىك سۆزى تاشۋاينىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدۇ.

**سانجىما** سۈپ. سانجىش ئارقىلىق بولىدىغان، سانجىلغان: سانجىما ئۇلاق.

**سانجىما ئۇلاق** <نورم> ئۇلاق شەكىللىرىدىن بىرى. ئادەتتە ئۇلاق تۈۋىنىڭ كېسىلگەن جايىنى يېرىپ، قەلەمچىلەرنى شۇ جايغا سانجىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**سانجىماق** پ ① ئۇچلۇق، ئۆتكۈر نەرسىلەرنى كۈچ بىلەن كىرگۈزمەك، تىقماق: بىگىز سانجىماق. * هەركىم قىلار ئۆزىگە، يىڭنە سانجار كۆزىگە (ماقال). * شۇ چاغدا شادىپاچاق غىياس تەكىيدەك بىر كۆكچى قوغۇننى ئىككى كاسا قىلىپ تىلىپ، بىر كاسىسىنى ئاباسىنىڭ ئالدىغا، بىر كاسىسىنى سادىقنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۈستىگە پىچاق سانجىپ چىقىپ كەتتى. * ئاسمانغا چىقسام ئېگىز، بۇلۇتقا سالاي كىگىز. زالىملارنىڭ كۆكسىگە سانجىيمەن تۆمۈر بېگىز. * — ئەكىلىڭ، قوزۇقنى ماڭا بېرىڭ! — دېدى-دە، سىدىقجان سۇنۇپ بەرگەن قوزۇقلارنى ئېلىپ قىرنىڭ بۇزۇلغان جايغا پەملەپ تۇرۇپ سانجىدى. ② كۆچمە. ئۇچلۇق بىرنەرسە تىقىلغاندەك ئاغرىماق: تۇرسۇننىڭ قورسىقى سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ③ كۆچمە. گەپ بىلەن چېقىۋالماق: — ۋاي پۇلنى دەپ ئۆلۈپ بەرمە يەنە، — ئۇ ئەمدى چاقچاق قىلغان بولۇپ رەسمىي سانجىۋالدى.

**سانداش** سۈپ. سانى ئوخشاش، سانى تەڭ: ئاھ ئەجەب ئۆتتى ئەسىرلەر چۆلنى چۆمكەپ قەبرىلەر، قۇم بىلەن سانداشمىكىن بۇ يۇرتقا كەلگەن جەبرىلەر.

**ساندۇق** (ئە) ① ئى. ئىچىگە كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ ساقلاشقا بولىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈردىن چاسا قىلىپ ياسالغان، ئېچىپ-يېپىشقا بولىدىغان ئائىلە بۇيۇمى: ياغاچ ساندۇق. تۆمۈر

ساندۇق. بىخەتەر ساندۇق. * ئۇ بىر كىچىك ساندۇق ياساپ، ئۈستىدىن تەڭگە پاتقۇدەك تۆشۈك تېشىپ، دادىسى بەرگەن تەڭگىلەرنى شۇ تۆشۈكتىن ساندۇققا سېلىۋېرىپتۇ. * چاپسام ساندۇق ئاچىلۇر، بېشىمغا گۈل ساچىلۇر. يارىمدىن خەۋەر كەلسە، خەستە كۆڭلۈم ئاچىلۇر. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، توشقۇچە قاچىلانغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: مەلۇم بولدىكى، جەمئىي 1500 تال مىلتىق، 200 ساندۇق ئوق ئېلىپ كېتىلگەن.

**ساندۇقچاق** ئى → **ساندۇقچە**.

**ساندۇقچە** ئى. كىچىك، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكىمۇ بولىدىغان ساندۇق: — سىزنىڭمۇ بەزى چاغلاردا مېنى ئەسلەپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ قويدى، — ھە، مانا، بۇ مېنىڭ پەلەي سالىدىغان ساندۇقچەم. * ئەپەندىمنىڭ پۇل سېلىپ يۈرگەن ساندۇقچىسىنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئەپەندىم پەرىشان بولۇپ يۈرسە قوشنىسى كىرىپ: — ساندۇقچىڭىزغا قۇرئاندىن بىرەر ئايەت يازدۇرۇپ قويسىڭىز، ئوغرىنىڭ قولى تىترەپ ئالالمايتتى، — دەپتۇ.

**ساندۇقچى** ئى. ساندۇق ياسىغۇچى، ساتقۇچى: — ھەئە، — دېدىم مەن، — ساندۇقچىلارغۇ ئاز ئەمەسكەن، ئىككى ئۈستىنى كەڭرەك زىيارەت قىلدىم.

**ساندۇقچىلىق** ئى. ساندۇق ياساش، سېتىش ئىشى، كەسپى: تۇردىئاخۇن ئاكا ساندۇقچىلىق دۇكانلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. * — ئۇكا، ساندۇقچىلىقنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىڭىز مۇشۇنداق چىقىپتۇ جۇمۇڭ، — دېدى ئۇ باشماتلىقنى كۆرسىتىپ، كۆزۈمگە تىكىلگىنىچە. يۈرىكىم جىغلا قىلىپ قالدى.

**ساندۇقسىمان** سۈپ. شەكلى ساندۇققا ئوخشايدىغان، ساندۇق شەكىللىك: مۇسا كېرەم يەنە ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەنبە — قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ تۇنجى قېتىم بىر قۇياش نۇرى مۇنچىسىنى لايىھىلەپ ياساپ چىقتى، ئارقىدىن يەنە ساندۇقسىمان قۇياش ئوچىقىدىن ئالتىنى ياسىدى.

**ساندۇقلاپ** رەۋ. ساندۇققا قاچىلاپ، ساندۇققا توشقۇزۇپ: چاكارلار يەنە ساندۇقلاپ تىللا ئېلىپ كېلىپتۇ.

**ساندۇقلۇق** سۈپ ① ساندۇقى بار، ساندۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ساندۇق شەكىللىك: ساندۇقلۇق ئىشكاپ. ساندۇقلۇق كارىۋات. * شۇ ئەسنادا كوزۇپى ساندۇقلۇق، قىزىل سىرلانغان ئىككى ماشىنا چىرقىراپ كېلىپ توختىدى. يۇقىراچە كېيىنكەن بىرى ماشىنىنىڭ كەينىدىكى ئىشكنى شاراقلىتىپ ئاچتى. ② ساندۇق ياساشقا يېتىدىغان، ساندۇق ياساشقا لايىق: ئۈستام بىر ساندۇقلۇق ياغىچىم بار، پۇختا قىلىپ بىر ساندۇق ياساپ بېرەلەملا.

**سان-ساپا** → **سان-سۈپەت**: ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سان-ساپاسىغا بىردەك ئەھمىيەت بەرمەكتە.

**سان-سالماق** سان ۋە ئۇنىڭ سالمىقى، مىقدار ۋە ئۇنىڭ ئېغىرلىقى: بۇ كېيىندىكى خالسانە ئىشتا ئابدۇرۇسۇللانىڭ قىلغان ئىشىنىڭ خېلى سان-سالمىقى بار.

**سانسان** ① ئى. يۇگى تەخمىنەن بەش سانتىمېتر ئەتراپىدا ئۆسكەن قوزا تېرىسى. ② سۈپ. مۇشۇنداق تېرىدىن تىكىلگەن: ئۇنىڭ ھەمراھى بولغان يىگىت ئەمدىلا 22 — 23 ياشلارغا كىرگەن، ئورۇق، ئېگىز

بوي، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، خۇش خۇي، چاقچاق خۇمار ياشلاردىن بولۇپ، بېشىدا يېڭى سانىسان قۇلاقچا، ئۇستىدە كۆك خادا نىدا تاشلانغان ئەلتىرە جۇۋا، پۇتىدا قارا پىيما بار ئىدى.

**سان-ساناق** سان، مىقدارى ۋە ئۇنىڭ ھېسابى: ئوق تېگىپ، نەيزە سانجىلىپ يارىدار بولغانلارنىڭ، ئەرلىرى خوتۇنلىرىدىن، خوتۇنلىرى ئەرلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ سان-سانىقى يوق ئىدى. * — كىمنىڭ قانچە توخۇسى بار؟ قانچىسى ساق؟ — سايىت سان-سانىقىنى قانداقمۇ بىلىپ بولغان دەپ ئەجەبلەنمەڭ ۋە ھەيرانمۇ قالماڭ.

**سان-ساناقسىز** سان-سانىقى يوق، ھېسابسىز كۆپ: ھېلىلا سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان كۆك يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنىدى. * سان-ساناقسىز ئادەملەرنىڭ باش-ئايىغى يوق شاۋ-شۇۋى كەڭ دالاغا ئورۇنلاشقان بۇ پويىز ئىستانسىسىنى ھايات قاينىمىغا كۆمۈپ تاشلىغانىدى.

**سان-سۈپەت** سان ۋە سۈپەت: ئوتتۇرا ۋە ياش تېخنىكلىرىمىز سان-سۈپەت جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئېھتىياجىدىن قارىغاندا ناھايىتى كۆپ ئارقىدا. * قىزلار قاراپ گېزىتتىكى سۈرەتكە، دەيدۇ: « بۇ يىل ئىشلەپ يەنە غەيرەتتە، دادۇيىمىز ئاشلىقتا سان-سۈپەتتە، ئىلغار ئورۇن قاتارىدىن ئېلىپتۇ نام» .

**سانسىز** سۈپ. ساناپ بولغىلى بولمايدىغان، بىھېساب، نۇرغۇن: يوپۇرماقلار ئارىسىدىن قىپقىزىل چاقناپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار يۇپقا بۇلۇتلار كۆكسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ، نۇرلۇق شولا چاچاتتى. * مەن سۆيىمەن ئانا دەريا تومەننى، ئېقىندا ئەجدادلارنىڭ ئىزى بار. كۆكرەك كېرىپ دولقۇن يېرىپ كاراپتەك، ئۆزگەن سانسىز باتۇر ئوغۇل-قىزى بار.

**سانسىزلاپ** رەۋ. ساناپ بولغىلى بولمايدىغان مىقداردا، كۆپلەپ: ئىلغا پالىنىپ چىققان سۈرگۈنلەر، قالدىمۇ يۈز يىلدا تارتمىغان جەبىر؟! قالدى داغ تىرىكنىڭ يۈرەكلىرىدە، قالدى ئاي دالىدا سانسىزلاپ قەبرە.

**سانسىزلىغان** سۈپ. ساناپ بولغىلى بولمايدىغان مىقداردىكى، سانى نۇرغۇن: تەكلىماكان چۆلىدە سانسىزلىغان شەھەر، بازارلار قۇم ئاستىدا قالغان. * بىپايان جۇڭغارىيە ۋە تارىم ئويمانلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەڭرى، ئالتاي، قاراقۇرۇم تاغلىرى ئۇلۇغۋار قامىتى پۈتمەس-تۈگىمەس خىسلەتلىرى ۋە مول نازۇنېمەتلىرى بىلەن زامان-زامانلاردىن بۇيان بىزگە ھامىي بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۆز باغرىدا سانسىزلىغان ئاقىل-دانىشمەنلەرنى، باتۇر-پالۋانلارنى، ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنى ئۆستۈردى.

**سان-سىفىر** سان، مىقدار ۋە ئۇنى ئىپادىلىگەن رەقەملەر: جۇمە سىزغان خەرىتە، ئۇ چىقارغان سان-سىفىرلار شۇنچىلىك كۆپكى، قارىسىڭىز بېشىڭىز قېيىپ، ئىچىڭىز ئىلىشىدۇ. * قەغەزدىكى يېزىقلار ۋە سان-سىفىرلار ئېنىق كۆرۈنمەيتتى.

**سان-سىفىرلىق** سان-سىفىرلار بىلەن ئىپادىلەنگەن، سان-سىفىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: گەپ قىلغاندا پاكىتلىق، سان-سىفىرلىق گەپ قىلىش كېرەك. * ھەممە ئەرلەرنى تۇتاش چىرىتكەن دېسەڭ، پاكىتنى نەدىن تاپىمىز؟ زاۋۇتنى 15 يىل كەينىگە سۈرۈۋەتتى دېسەڭ، قېنى سان-سىفىرلىق مەلۇماتلار.

**سانسكرىت** ئى. قەدىمكى ھىندىستان: سانسكرىت تىلى.

**سانسكرىت تىلى** <تىل> ھىندى ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ھىندى تىللىرى

تۇركۇمنىڭ بىر تارمىقى. ئادەتتە مىلا- دىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردىكى قەدىمكى ھىندى يېزىق تىلىنى كۆرسىتى- دۇ: قەدىمكى ھىندىستاندا سانسكرىت تىلىدا يازما ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. سانسكرىت تىلى دەل ئارىيانلارنىڭ تىلى بولۇپ، ئارىيانلار بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن ھىندىستانغا بارغان.

**سانلىق** سۈپ ① سان بىلەن ئىپادىلەن- گەن، مىقدارى سان بىلەن كۆرسىتىل- گەن: سانلىق مەلۇمات. * ئۇنىڭ ئاغزىدىن سانلىق رەقەملەر، مەيدان، دۆي ۋە دۆيجاڭ- لارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئاي-كۈنلىرى شۇنچىلىك تولۇق ۋە توغرا چىقاتتىكى، ئاۋام شۇجى بەزىدە بۇ ئايال دەپتىرىدىن ئوقۇۋاتامدىكىنە، دەپمۇ قالاتتى. * سادىقنىڭ بىر قاتار سانلىق ئاساسلار ۋە پاكىتلار بىلەن سۆزلىگەن ۋە ئىشەنچى بىلەن تولغان دوكلاتى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئىنتايىن جەلپ قىلدى. ② قىيتىملىق، نۆۋەتلىك: بەشىنچى سانلىق يىغىن. ③ مىقدارى، سانى مەلۇم نىسبەتنى ئىگە- لىگەن: ئاز سانلىق مىللەتلەر. * شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشقا كۆپرەك نەپ كۆرۈش، يەنى ئەڭ كۆپ سانلىق ئادەملەرگە كۆپرەك پايدا يەتكۈزۈش نۇقتىسىنەزىرىدىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. // بەزىدە ھەقىقەت ئاز سانلىقنىڭ قولىدا بولىدۇ.

**سانلىق ئالامەت** <بىئول> ← **سانلىق ئىرسىيەت.**

**سانلىق قىممەت** <مات> بىر مىقدارنىڭ سان ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن قىسمى. مەسىلەن، 3 گرامدىكى «3»، 4 سېكونتتىكى «4» قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سانلىق مەلۇمات** <مات> ستاتىستىكا قىلىش، ھېسابلاش، ئىلمىي تەتقىقات ياكى تېخنىكىلىق لايىھىلەشلەردە ئاساسلىنىدىغان سانلىق قىممەت.

**سانلىق مىقدار** <مات> بىر سانلىق قىممەت بىلەن ئېنىق ئىپادىلەشكە بولىدىغان مىقدار.

**سانلىق ھاۋا رايى مەلۇماتى** <مېتېئور> ئوبيېكتىپ ھاۋا رايى مەلۇماتىنى ھېساب- لاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا ئاقار جىسىملار مېخانىكىسى ۋە تېرمودىنامىكا تەڭلىمىلىرى تەڭلىمەلەر گۇرۇپپىسى قىلىنىپ، مۇئەييەن شەيئىلەر بويىچە ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ ۋە سانلىق قىممەتلەر بويىچە ھېسابلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك تەڭلى- مىلەر ئارقىلىق يېشىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق كەلگۈسى مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىكى كەڭ دائىرىلىك ھاۋا رايى ۋەزىيىتى ياكى ھاۋا رايىغا مۇناسىۋەتلىك ئامىللار تېپىپ چىقىلغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا ئاساسەن مەلۇمات بېرىلىدۇ. ھېسابلاش كۆپىنچە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**سانلىق ئىرسىيەت** <بىئول> سانلىق ئالامەتلىك ئىرسىيەت. مەسىلەن، ئېغىر-يېنىكلىك، ئېگىز-پەسلىك ۋە تۇغۇ- لۇش مىقدارى قاتارلىق ئالامەتلەر ماس ھالدىكى ئالامەتلەردىن پەرقلەنمەي، پەقەت سان ياكى سۈپەت ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى كۆپ مىقدارلىق گېنلارنىڭ توپلىنىش رولى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سانىتار** ئى [ر] <تىب> داۋالاش ئورۇنلىرى ۋە ھەربىي قىسىملاردا خىزمەت قىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك مېدىتسىنا خادىمى: دوختۇرلار، سانىتارلار يېتىپ كېلىپ دەرھال

تەكشۈرۈپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق كېسەل تاپالمىدى.

**سانتاركا** ئى (ر) <تب> ئايال سانتار، ھەمشىرە: بۇ تەكلىپكە بەزىلەر ئۇنىغان بولسىمۇ، بەزى سانتاركىلار ئۇنىماي قالدى. رىزۋان ئۆزىنىڭ سۆزىدە مەھكەم تۇردى. * — بولىدۇ سىڭلىم، بىزگە ھەربىي سانتاركىلار كېرەك، سىزنى شۇ يەرگە ئەۋەتەيلى، قانداق دەيسىز؟ — دېدى ئۇ رەيھانغا قاراپ.

**سانغۇچ** ئى. رەقەملەرنى ئاپتوماتىك ھالدا خاتىرىلەيدىغان ئەسۋاب. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ مېخانىكىلىق، ئوپتىكىلىق ۋە ماگنىتلىق قانۇنىيەت قاتارلىق ئوخشىمىغان قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**سانىماق** پ ① بىر-بىرىدىن، دانىمۇدانە ئۆتكۈزۈپ سانىنى ئېلىپ چىقماق، سان-مىقدارىنى ھېسابلىماق: يېنىدا بىر پۇلى يوق تۆگىنىڭ چىشىنى سانايتۇ (ماقال). * سەن تاش سانىساڭ، خەق قۇم سانايدۇ (ماقال). * ئېلىجان مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندە، سەلەيئاخۇن ئۇستام تۆردە باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ باشمالتىقىنىڭ يۈزىنى پات-پات تىلى بىلەن ھۆلدەپ قويۇپ، ھەدەپ پۇل ساناۋاتاتتى. * — ئاپىڭىزنىڭ قالغان كۈنىنى ساناپ نېمە قىلاتتىڭىز، قوي ئۆلەمدۇ، قوزىمۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ② بىر-بىرلەپ تىلغا ئالماق، ئېيتىپ ئۆتمەك: ھەرقايسى دادۇيلەر ئۆزلىرىنىڭ نەتىجە-مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ساناپ كۆرسىتىپ، كوڭشې قىزىل بايرىقىنى تالاشماقتا ئىدى. * ئالۋان-سېلىقى سانسىز، سانىساڭ پۈتمەس سۆز. باھانە، سەۋەبى تولا، بايلار تويمىغۇر، ئاچكۆز. ③ كۆچمە. ھېسابلىماق، دەپ بىلمەك: — ئېيتقىنا، كىم ئارزۇگۈلنى

يىگىتلەردىن كەم سانايدۇ؟ — دېدى پاتمە. * ئاق ئالما، قىزىل ئالما، باغدا قالغان ئەمەسمۇ؟ سېنى مەن يارىم ساناپ، داغدا قالغان ئەمەسمۇ؟ * نوزۇگۇمنىڭ ماڭماي تېخى ئانچە ئۇزاق، چېرىكلەر سالدى يەنە يولغا توسۇق. چېرىكلەر ئۆزلىرىنى شىر سانايتتى، جاھاندا بەلكى بىردىنبىر سانايتتى.

**ساناپ تۈگەتكۈسىز** ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ناھايىتى كۆپ: بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ قانۇنغا بەرگەن تەبىرى تېخىمۇ رەڭگارەڭ بولدىكى، ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىگە يەتتى.

**ساناپ دەسسىمەك** ① يەرنى بىر-بىر دەسسەپ ماڭماق، بەك ئاستا ماڭماق: — دوستۇم، ساناپ دەسسىمەي، تېزراق ماڭايلىچۇ، — دېدى ئۇ. ② ياخشى-يامان تەرىپى، ئاقىۋىتىنى ھېسابلاپ ئىش كۆرمەك: ساناپ دەسسىمىگەن ئىش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ! تونۇمىغان خېرىدارغا نېسىگە مال بەرگەن نەدە بار ئىكەن؟ توپتوغرا 1000 كوي قولدىن كەتتى دېگەن گەپ!

**سانىيە ن** رەۋ (ئە) يېز ت. ئىككىنچى بىر، يەنە بىر، سۆڭرە: دۇئايى سالامدىن كېيىن سانىيەن سۆزىمىز شۇلكى، ھەربىرلىرىنىڭ خەت-سالاملىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق.

**ساھابە** ئى (ئە) <دىن> مۇھەممەت پەيغەمبەرنى كۆرگەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولغان كىشى.

**ساھە (ساھەسى)** ئى (ئە) ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىجتىمائىي پائالىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تارمىقى: قىسقىسى، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئورمانچىلىقتىن ئايرىلالمايدۇ. * ئەمەلىيەتتە بولسا، ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئوخشاشلا،

سەنئەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىلمىي قانۇنىيىتى ۋە غايەت زور ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بار.

**ساھىب** ئى (ئە) ① بىرەر نەرسىگە ئىگە بولغۇچى، ئىگە: «لۇغەتىت تۈرك» ساھىبى مەھمۇد ئاتالدى كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئىپتىخاردۇر كاشغەر. ② بىرەر ئىشتا ياردەملەشكۈچى خىزمەتچى، مۇلازىم: شاگىرت بولاي مەن ساڭا. ھەيران بىلمە ساھىبنى. تاپشۇرارمەن قولۇڭغا، ئەمدى بەش يۈز تالىپنى.

**ساھىبپەرمان** ئى (ساھىب+پەرمان) پەرمان چۈشۈرگۈچى، پەرمان قىلغۇچى: ماڭا ئەمر قىلار بولساڭ قەلەمدە باغ بىنا قىل دەپ، قىلاي ئىجرا بۇ ئەمرىڭنى ئۆزۈڭ ساھىبپەرمان بول.

**ساھىبتەدبىر** سۈپ (ساھىب+تەدبىر) پەم-پاراسەتلىك، تەدبىرلىك: ئۇ ناھايىتى ساھىبتەدبىر كىشى. // بۇ كىشى شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى. بالا ئوقۇتىدىغان موللىسى ۋە بارلىق ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ساھىبتەدبىرى ئىكەن.

**ساھىبتەدبىرلىك** «ساھىبتەدبىر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنىڭدىن كېيىن ئىمامنىياز سوپى ئىماملىقنى قانداق چىڭ تۇتسا، ساھىبتەدبىرلىكىنىمۇ شۇنداق تۇتتى.

**ساھىبجامال** (ئە) ① سۈپ. گۈزەل ھۆسن-جامالغا ئىگە، چىرايلىق، زىبا: — ئاڭلىسام خوتۇنىڭىز بىلەن ئايرىلىشىدىغان ئوخشايسىز، — دېدى زۇليار، — مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، سىزگە ئەقلى-ھوشى جايىدا ۋە ساھىبجامال بىر قىزنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. // تەبىئەتمۇ ياراتقان ياكى قۇدرەتمۇ ئىلاھى بىر، نە ماھىر ئۇستا سەنئەتكار سىېنى ساھىبجامال ئەتتى. // ئۆتتى چوڭ كوچىدىن بىر ساھىبجامال، چاچتى نۇر كوچىغا تولۇن ئاي مىسال. قۇياشمۇ، يا ئايمۇ، ھۆرمۇ يا پەرى؟ تىكىلگەن جۈپ كۆزلەر بېرەتتى سوئال. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ساھىبجامالىلىق** «ساھىبجامال» سۆزى ① نىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ ساھىبجامالىلىقى ئالدىدا ئايمۇ خىجالەتتە قالىدىكەن دەپ ئاڭلاپتۇ.

**ساھىبخان** (توغرىسى: ساھىبخانا) ← ساھىبخانا.

**ساھىبخانا** ئى (ئە+پ) ① ئۆي ئىگىسى، سورۇننى ئۇيۇشتۇرغۇچى: لېگەن-لېگەنلەردە گۆش بېسىلغان پولۇ داستىخان ئۈستىگە ھازىر بولدى. ساھىبخانا مېھمانلارنى ئاشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ھەممەيلەن تاماق يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىشتى. * ئاش ۋاقتى بولغان مەزگىلدە ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن مېھمانلار قوزغالدى-دە، شەھەر رەستىسىگە بېرىپ تاماق يېيىشتى. // ساھىبخانا يىگىت كەيپىياتىنىڭ سەل جىددىيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالغۇنىڭ توپچىسىنى باستى. ② مەلۇم بىر پائالىيەتكە تەكلىپ قىلىپ ئۇيۇشتۇرغۇچى تەرەپ ياكى شەخس: ساھىبخانا كوماندا.

**ساھىبخانا كوماندا** <تەن> تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدىكى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان شۇ ئورۇن، رايون ياكى شۇ دۆلەتنىڭ ۋەكىل كوماندىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ساھىبخانىلىق** «ساھىبخانا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەنسۇر ساھىبخانىلىق قىلغاچ ئەكبەردىن ئاڭلىغانلىرىنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ بەردى. * ئۇ مۇشۇ تېخنىكومنىڭ باش مۇپەتتىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساھىبخانىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەپ تۇراتتى.

**ساھىبدەۋران** سۈپ (ساھىب+دەۋران)

راھەت-پاراغەتتە ياشىغۇچى، دەۋر سۈرگۈچى: ئەي يىگىتلەر ئارسلانى قىلىڭىز تەشرىپ قەدەم، ساھىبدەۋران بولۇڭ ھۆرى غىلمان ئىچىدە.

**ساھىبقىران** ئى (ئە) بەختلىك تۇغۇلغان، بەخت يۇلتۇزى پارلىغان ئوغلان: بۇلۇتلار ئارىلاپ چاقماقلار چاقار، يىراقتا شاۋقۇنلۇق مۇزات قىيانى. تاغلاردىن تاغلارغا تەلمۈرۈپ قابار، تىيانشان باغرىنىڭ ساھىبقىرانى. * مېنى دەپ كەلگەندۇر، كۆڭلىن بىلمىدىم، دۈشمەن بولسا بۇ ئىشلارنى قىلمىدىم. بۇ قۇلنى ئۆلتۈرۈپ نامەرد بولمىدىم، مېنىڭدەك ساھىبقىران يەنە بولۇرمۇ؟

**ساھىبقىرانلىق** «ساھىبقىران» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىلىم باشقا، تالانت باشقا، غورۇر-ۋىجدان يەنە باشقا، بولۇر ساھىبقىرانلىق ئۈچ پەزىلەت كەلسە بىر باشقا، بۇنىڭ بىرلەن بەخت پۈتمەس، ئۇنىڭسىز ئامەتلەر كۆپ. بەخت بابىدا قۇر ئاچساڭ يېزىلمىش قىسمىتىڭ باشقا.

**ساھىبكامال** سۈپ (ئە) يېز ت. كامالەتكە يەتكەن.

**ساھىل** ئى (ئە) ① دېڭىز، دەريا، كۆللەرنىڭ قىرغىقى، بويى: ئۇ تەلكىدىن تارتىپ، تاكى سايرام ساھىلىغىچە بولغان بۇ گۈزەل ۋادىنى شائىرانە تەسۋىرلەپ قەلەم قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە يازماقتا ئىدى. * ئۇنتارمەنمۇ سېنى، تارىم دولقۇنى، ساھىلىڭ ئەبەدىي مېھرىبان ئانام، مەن بارسام شاتلىنار دادام كەيپى، تۇغقانلار قۇچىقى بېرىدۇ ئارام. * پاراخوت ئۆزگەنسىرى دولقۇن يېرىپ، ئارقىدا قالدى يېشىل قىرغاق-ساھىل. ئوقتەك تېز ئاققان سۇلار ئۆركىشىدىن، دېڭىزدا ئاق بۇژغۇنلار بولدى ھاسىل. ② كۆچمە. ئەتراپ، دائىرە: يەنە بىرى، سامساقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى كۆرۈپ باقساڭ بولىدۇ. سامساق مەن ئۆگەنگەن دەستۇرلاردا قۇرساق ساھىلىگە مۇناسىپ دورىلاردىن.

**ساۋا** (توغرىسى: ساۋاغ) ← ساۋاغ.

**ساۋاب** (ئە) ① ئى <دىن> دىنىي ئەقىدە بويىچە خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە لايىق ئىش-ئەمەل: بۇۋىمىنىڭ خۇدا يولىدا ساۋاب ئىزلەپ ئەرگە چىقىشى يەنىلا ناتايىن، ئۈچ ناتايىننى بىر-بىرىگە قوشسا، بىر ناتايىن چىقىدۇ دەپ قايسى ئالىم ئېيتىپتۇ؟! * مەن چىقارسام توغرىنى ناتوغرىغا، بەزىسەم دەرھال جازا نەق ئوغرىغا، بىر ئۆمۈر تاپقان ساۋابىم نە بولۇر، تاڭلا مەھشەردە جاۋابىم نە بولۇر. ② ئى. كۆچمە. ياخشى ئىش، ياخشىلىق: ساۋابىنىڭ كۆتى تۆشۈك (ماقال). * — ھازىر تۇنسا ئاچاڭ ساۋابىنى مەجلىستىن تاپىدۇ، ئۆزى، — دېدى ھاشىم. * — يالغان! — دېيىشتى ئەزالار غەزەپلىنىپ، — سەن قايسى كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ «مىدىرلىغۇدەك جان تۇرۇپ ئاچلىقتىن قىيلىنىش گۇناھ، تىلەپ يېگەن ساۋاب» دېگەن ئەمەسمىدىڭ. ③ سۈپ. ئارتۇق، ئەۋزەل، ياخشى: — يوقسۇ، ئوڭ قولىمىزدا دېھقانچىلىق، سول قولىمىزدە ھۈنەر. دادام رەھمەتلىك «يەر كۆكەرتكەندىن ساۋاب ئىش يوق، شۇڭا، دېھقانغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق» دەيدىغان، — دېدى روزىمەت شاپاق دوپپىلىق ياش يىگىتكە. * — زالىم شاھ بولغىنىدىن يوقى ساۋاب، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئۇيقۇ ساۋاب، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**ساۋاب ئالماق** قىلغان ياخشىلىق بەدىلىگە باشقىلارنىڭ مەرھەمىتى ۋە ئىنئامىغا ئېرىشمەك: — مىركېرەم ئەسلىدە ماڭا قەرزدار، مەن سىلىنىڭ ئات قەرزلىرى ۋە نەزىر-چىراغ چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ

ھېسابات ئىچىگە تىقىپ تۈگىتىشۋېتەي دەۋاتىمەن. 
باينى پەيلىدىن ياندۇراي، ساۋاب ئالاي، —
دېدى نىزام. * باشلىۋەتتى ئەزمىنىڭ جاۋابىنى،
ئالار بولدى يېتىمنىڭ ساۋابىنى.

**ساۋابلىق** ① سۈپ. قىلسا ساۋاب بولىدىغان،
ساۋاب دەپ قارىلىدىغان، مەرھەمەتكە
لايىق: شامان دىنىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە
ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش، ئوۋ قىلىش، ئۆلارنىڭ
گۆشىنى خام يېيىش، قېنىنى ئىچىش ۋە ھايۋان
تېرىلىرىدىن كىيىم-كېچەك كىيىش «ياخشى
ئادەت، ساۋابلىق ئىش» دەپ قارىلىدۇ. *
ئەي بۇرادەر رەھمە قىلغىن بۇ نۆۋەتمۇ سەن
ماڭا، بۇ ساۋابلىق ئىشقا ياغقاي تەڭرىدىن
رەھمەت ساڭا. ② ئى. ساۋاب دەپ
قارالغان ئىش، ئەمەل: — مۇھتەرەم مەزىن
ئاخۇنۇم، ئانچە ياخشى ئىش قىلمىغانلىقىمىزنى
ئۆزىمىزمۇ بىلىمىز، لېكىن نېمە ئامال؟ بىز رازى،
خۇدا سىلىگە ساۋابلىقنى كۆپرەك ئاتا قىلسۇن،
— دەپ قىزنى ئېلىپ، چىقىپ كېتىدۇ ئەزىمەت.
* مەنكى نورۇز بەگ ئىككى دۇنيالىق ساۋاب-
لىقنى نەزەردە تۇتۇپ 1000 سەر كۈمۈشنى
نەق تۆلەپ، بەدرىدىن مەخسۇمنى سېتىۋېلىپ
خارلىقتىن قۇتقۇزدۇم. ③ سۈپ. خەيرلىك،
ياخشى: دۇنيادا ئەڭ ساۋابلىق، ئەڭ
شەرەپلىك بىر بەخت بار، ئۇ بولسىمۇ،
يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش. * — ئىت
باققان مۇشۈك باققاندىن ساۋاب دېدىڭىزمۇ؟
— دەپ سورىدىم مەن بوۋامدىن.

**ساۋات** ئى (ئە) ① ئوقۇش-يېزىشتىن
خەۋەردارلىق، ئوقۇش-يېزىشنى بىلىش،
خەت-ساۋات: ساۋات چىقارماق. * ئۆيغانغان
خەلق ئاممىسى كەچلىك كۇرسلاردا، ساۋات
چىقىرىش سىنىپلىرىدا ئۇچ ۋىلايەت ھەققىدىكى
گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇپ تۇراتتى، ئىنقىلابىي
زىيالىيلار تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى. * ئۇ
يېتىملەر مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئۇزاقلاردا قالغان
باللىق دەۋرىدە، ئەقلى ئۆسۈپ يېتىلگەندە
ساۋادى، يورۇق ئارزۇ پەيدا بولغان قەلبىدە.
② بىرەر ساھىگە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر
مەلۇمات، بىلىم: سىياسىي ساۋات. ھەربىي
ساۋات. * بىزگە فىزىكا، خىمىيە، ئاناتومىيە،
زوئولوگىيە پەنلىرى كېرەك. بىلىشكە تېگىشلىك
ساۋاتلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز
لازىم. * ۋە لېكىن ئاۋۋال ساڭا ئالماق زۆرۈر
پەيدىن ساۋات، پۈتمىسە گاڭدەك قانات،
بولماس ئۇچۇشقا زورلىنىپ. ③ تەلىم-تەربى-
يە، چۈشەندۈرۈش: — ئۇنداقتا نېمىشقا
پورشنىلار سىلىندىرغا چاپلىشىپ قالىدۇ؟ —
سېكرېتارنىڭمۇ ئاچچىقى كەلگىنىدىن بۇرۇن
چاناقلىرى كېڭىيىپ كەتتى، — سىلەر ماڭا
ساۋات سۆزلەپ بەرمەي چىققان ھادىسىنىڭ
سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

**ساۋات چىقارماق** ئوقۇش-يېزىشنى بىل-
مەك، ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگەنمەك: ئۇنىڭ
تېزلا ساۋادى چىقتى.

**ساۋاتسىز** سۈپ ① خەت-ساۋادى يوق،
ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان: بۇ خانىم
كۈندۈزى مەكتەپتە بالا ئوقۇتسا، كەچقۇرۇنلىرى
بۇ كەنتتىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ساۋاتسىزلار-
نى، مەندەك ساقال-بۇرۇتىغا ئاق سانجىغان
مويسىپىتلەرنىمۇ يىغىپ خالىسانە ئوقۇتىدۇ، خەت
ئۆگىتىدۇ. * ئېيتقىنا، ئەي ئانا، چېكىپ سەن
پەرياد، نېمىشقا ئوقالماي ساۋاتسىز قالغان؟!
نېمىشقا يۈزۈڭدە چۈمپەردە قات-قات، جاھالەت
ئەركىڭگە كىشەنلەر سالغان؟ ② يېتەرلىك
بىلىمى، مەلۇماتى بولمىغان: — بىلمەيمەن،
— پۈتۈنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بەدىنىنى كۆتۈرۈپ
قويدى پەرىزات، — مەن بۇ ساھەدە ساۋات-
سىز. ماتېرىيال، زاپچاس دېگەنلەرنى ئۇقماي-
مەن. * باتۇرجان، شېئىردىن سەنمۇ ساۋات-

سىز، ئارتۇقچە قىينالما، ئىشنى ماڭا قوي. بۇ كەبى سورۇننى كۆپ كۆرگەن ئاكاڭ، مەن يازاي كۆڭۈلگە ياققۇدەك ئوقۇي.

**ساۋاتسىزلىق** «ساۋاتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بالام! — دەيتتى ئۇ ماڭا گۈلدەستىنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — مەن ئۆتمۈشتە ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان. سەن بۈگۈن پارتىينىڭ دەۋرىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇڭ.

**ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش** <مائار> ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات كىشىلەرگە خەت تونۇتۇش ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

**ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش** ← **ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش**: بۇ كۈنلەردە ئومۇميۈزلۈك ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتى باشلاندى. كۈندۈزى بالا ئوقۇتۇپ، كەچتە يەنە ئىككى سىنىپ چوڭلارغا دەرس ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

**ساۋاتلىق** سۈپ. خەت-ساۋاتى بار، ئوقۇش-يېزىشنى بىلىدىغان: — بۇ شېئىرنى ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى يېزىۋالغان، — ئەسكەرتتى مۇنىردىن خوجا، — مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يېزىۋېلىپ، يېنىدا ساقلاپ يۈرۈپتۇ. * — مەن ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن، ئىسمىم جالالدىن، ئۆزۈم ساۋاتلىق، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى چېچەك يۈزلۈك كىشى.

**ساۋاتلىق بولماق** ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولماق، ساۋاتى چىقماق: ئۇ ئۆزىمۇ ئۆسمۈر بولغان، مىڭلاپ ئۆسمۈرلەر بىلەن ئوقۇغان، لېكىن مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى مۇنداق تېز ساۋاتلىق بولغان بالىنى ئاز ئاڭلىغان، ئاز ئۇچراتقان. * ئىككى-ئۈچ يىلدىن بېرى جىق ئادەم ساۋاتلىق بولۇپ كەتتى.

**ساۋاتلىق قىلماق** ئوقۇش-يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلماق، ساۋاتىنى چىقارماق: توختىگۈل ياش ھارۋىكەشكە ئېچىندى ۋە ئۇنى ساۋاتلىق قىلىش مېنىڭ ۋەزىپەم دەپ ئويلىدى.

**ساۋاتماق** «ساۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موللام خەلپەتكە كەلمىگەن باللارنى بىردىن ساۋاتقىلى باشلىدى.

**ساۋاشماق** «ساۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار قاتار ئولتۇرۇپ ئالدىلىرىدىكى يۈڭلارنى ساۋاشماقتا ئىدى.

**ساۋاغ** ئى. كىگىزچىلىكتە يۇڭنى ساۋاپ تىتىدىغان چىۋىق تاياقچە.

**ساۋاق** ئى (ئە) ① ئوقۇتۇش پائالىيىتى داۋامىدا دەرسلىك ياكى ماتېرىياللارنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈلىدىغان بۆلىكى، دەرس: ياسايمەن ئاۋارە بولما، ئۇنداق نەرسىنى مەن ماگىزىندىن ئېلىپ بېرەي، سەن موللامىڭگە بېرىپ ساۋىقىڭنى يادلاۋەرگىن. * نىجات ھەر كۈنىدىكىدەك ئىشكىنى مەھكەم تاقاپ بۈگۈن ئېنگلىز تىلىدىن ئەنۋەر مۇئەللىم ئۆتكەن ساۋاقلىرىنى تەكرارلاۋاتاتتى. ② كۆچمە. ئوڭۇشسىزلىقلاردىن يەكۈنلەنگەن، ئىبرەت ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان سەلبىي تەجرىبە؛ ئىبرەت: قادىرلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ نىكاھ تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىق پاجىئەسى بۇنىڭغا بىر جانلىق ساۋاق. * غوجىدىن ئىنتىقام ئالغىلى بولماس، دەھشەتلىك يامۇلغا ياقمىغۇچە ئوت! ئاتاڭنىڭ ساۋىقى، مېنىڭچە شۇنداق، بۇ سىرنى بىلمەيدۇ تېخى ئەزىز يۇرت!

**ساۋاق ئالماق** ① ئۇستاز ياكى ئۆگەنگۈچىدىن مەلۇم بىر ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئۆگەنمەك: ئادىل يەنە

كەچلەردە مۇتەللىپنىڭ ئۆيىدە ساۋاق ئېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. * ساۋاق ئېلىپ ئۇستاز-دىن، كۈچ-ئەقلغا تولىمەن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ئىقتىدارلىق بولىمەن. ② ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ئىبرەت ئالماق: ئۇلار ئايرىم ياشلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشقا ئۇيۇشتۇردى. * يەنە سەن ئۆستۈرسەن نېمىگە گۈل، شۇ خورلۇق، نادانلىقتىن ئالماي ساۋاق؟! سايرىساڭ مەيلىدىغۇ بولۇپ بۇلبۇل، سۆيگۈڭنىڭ شېخى ئۆزرە قېتىپ قوشاق.

**ساۋاق بەرمەك** دەرس بەرمەك، ئۆگەتمەك، بىلدۈرمەك: — بۇ يەردە مەكتەپ بولمىسا ئوقۇشنى قانداق ئۆگىنىمەن؟! — ئۇ ئاسان، مەن ساۋاق بېرىمەن. سەن ئۆيدە مېنىڭ بەرگەن ساۋاقلىرىم بويىچە يېزىپ ئۆگەنسەڭمۇ بولىدۇ. * بىلىملىك ئاتىسى بەردى كۆپ ساۋاق، كىمىيا، تىبابەت، تارىخ دەرسىدىن. ئەۋەتتى ئوغلىنى «خانلىق مەدرىس»كە، پۇل-پۇچەك قەرز ئېلىپ يېقىن بىرىدىن.

**ساۋاق بولماق** سەلبىي دەرس، ئىبرەت بولماق: — ئۇ چاغدا، — دېدى ئاباسوۋ، — تۆمۈر خەلپىنىڭ سۆرىتىنىلا ئەمەس، بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىنىمۇ ئەبەدىي كۆمۈلمەس قىلىپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ كېيىنكىلەر ئۈچۈن چوڭقۇر تارىخىي ساۋاق بولاتتى.

**ساۋاقداش** ئى. بىرگە ساۋاق ئالغان، بىللە ئۆگەنگەن كىشى: بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ ۋە بايلىق جەڭچىلەر بولۇپ، قالغانلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن نىلقا ياكى غۇلجىدا بىللە ئوقۇغان تەڭقۇر ساۋاقداشلار ئىدى. * كەلگەن يىگىت مەردانىنىڭ ساۋاقدىشى ۋە يېقىن ئاغىنىسى ئىدى.

**ساۋاقداشلىق** «ساۋاقداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كۆڭلۈمدە ئەنۋەرگە نىسبەتەن ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

**ساۋالماق** «ساۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئويۇندا مەخمۇت تولىمۇ كېلىش-كەن ۋە شوخ بىر قازاق قىزىدىن گەپتە يېڭىلىپ قىلىپ، قايتىشىدا راسا ساۋىلىپ كەلگىنىدە، مەيدانىنى قاقاقلىغان سەممىي، خۇش چاقچاق كۈلكىلەر قاپلىدى.

**ساۋام** مق. پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بىر قېتىم ساۋاشقا بولىدىغان بۆلىكى: بىر ساۋام يۇڭ.

**ساۋۇت** ئى <ئەرب> قەدىمكى زامانلاردا بەدەننى نەيزە-قىلىچ ۋە ئوق زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن جەڭدە كىيىلگەن، تۆمۈر پارچىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاش ياكى پولات سىمدىن توقۇش ئارقىلىق تەييارلان-غان ئۇرۇش كىيىمى: شۇنداق قىلىپ چىنتۆمۈر باتۇر مەيدىسىگە يەتتە قات ساۋۇتنى تېڭىپ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ ئورنىغا مۆكۈنۈپ تەييار تۇرۇپتۇ. * جاراڭلىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئولۇڭ ياقتىن ساۋۇت كىيگەن، قالقان، قىلىچلىق ساقچىلار كىرىپ، ئورۇندۇق ئارقىسىغا ۋە ئۆي ياقىلىرىغا ئورۇنلاشتى.

**ساۋۇتچى** ئى. ساۋۇت ياسىغۇچى كىشى: شاھ شەھىرىدىكى داڭلىق تۆمۈرچى ۋە ساۋۇتچىلارنى يىغىپتۇ.

**ساۋۇتلۇق** سۈپ. ساۋۇتى بار، ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن: ئولۇڭ ياقتىن ساۋۇتلۇق، قالقان - قىلىچلىق لەشكەرلەر كېلىپ قورشىدى.

**ساۋىدىماق** پ ← **ساۋىماق**: ئۇ يېزىغا بېرىشنىمۇ خالىمايدىغان، غەمگە چۆكۈپ يۈرىدىغان، ئاتىسىدىن قالغان قامچا بىلەن پات-پات خىزمەتچىنى ساۋىدايدىغان بولۇپ قالدى.

**ساۋىلىماق** پ ← **ساۋىماق**: ئۇ، قىزنى تەسۋى بىلەن پات-پات ساۋىلاپ «سۈپ، سۈپ»لەيتتى.

**ساۋىماق** پ ① يۇڭ، پاختا قاتارلىقلارنى ساۋاغ بىلەن ئۇرۇپ، تىتىپ، توپا-چاڭلار-دىن ئاجراتماق: پاختا ساۋىماق. ② قامچا، چىۋىق قاتارلىقلار بىلەن ئۇرماق: يامۇلنىڭ قارا چاپانلىق يايىلىرى بىلەن ۋاڭنىڭ شاپ بۇرۇت ياساۋۇللىرى يېزىلارغا ئات چاپتۇرۇپ كېلەتتى-دە، بىرى ۋارقىراپ «سامان بەر» دەيتتى، بىرى «ئالۋان كەلدى مالڭ» دەيتتى. بەرمىگەننى ساۋايت-تى، ماڭمىغاننى باغلايتتى. * چېرىكلەر تەلۋىلىنىپ تەرەپ-تەرەپتە، كۆرۈنگەننى ساۋاپ-قوغلاپ سۈردى چەتكە. يەنە باشلاندى ئەل ئىچىدە قىيامەت، ياداڭغۇ چىرايلاردا غەمكىن قىياپەت.

**سائىل** ئى (ئە) ئارىلاپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغۇچى، تىلەمچى: سەھرا-داللاردا، شەھەر-رەستىلەردە ئاچ-يالىڭاچلىق، ئاھۇ نادامەت ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ھەممە يەر تىلەمچى، سائىللار بىلەن تولۇپ كەتتى.

**ساي** ئى. ئىككى ئېدىر ياكى يار ئارىلىقىدى-كى ئۇششاق تاشلىق جاي: باي بايغا ئاقار، سۇ سايغا ئاقار (ماقال). * يۈرۈڭقاش دەرياسىدىكى كەڭ سايدا بەيگە باشلىنىپتۇ. * سايدا ئۈنگەن ساي تېرەكنىڭ سايىسى سايغا چۈشەر، شۇ جۇۋاننىڭ بەختى بولسا، بىركۈنى قولغا چۈشەر.

**ساينىڭ تېشىدەك** ھېسابسىز كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن: ئۇلار تېرىغان قوغۇن-تاۋۇز قۇرۇپ كەتكەن پېلەكلىرىدىن ئاجراپ، ساينىڭ تېشىدەك ساپسېرىق دوملاپ ياتاتتى. * خەلقلەر توقماقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپتۇ. لەشكەرلەر ساينىڭ تېشىدەك قىرىلىپتۇ.

**سايا** رەۋ. دىئال. بايا، ھېلى.

**سایاتىن** رەۋ. دىئال. باياتىن، ھېلىلا.

**ساياز** سۈپ. ئانچە چوڭقۇر بولمىغان، دۆڭ: ساياز كۆل.

**سايازلىق** ئى. سۈنىڭ ئانچە چوڭقۇر بولمىغان، دۆڭ جايى: تۈنىسنىڭ قۇياش نۇرى يېتەرلىك، دېڭىز سۈيى پاكىز، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سايازلىقلىرى بار. * سالنى سايازلىقتىن چىقىرىپ تېز ئېقىنغا سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان ئەپەندىمنى سال توختايدىغان يەرگىچە ئات بىلەن ئېلىپ كەلدۇق.

**ساياق** سۈپ ① ھەر يەردە ئۆز بېشىمچە يۈرىدىغان، ئىگە-چاقىسىز، سەرگەردان: ساياق بالا. ساياق ئىت. // ساياق يۈرگەن تاياق يەر (ماقال). * شۇ ئانىنىڭ شورلۇق پەرزەنتى، رەنجۇئەلەم چەككەن بىر ساياق؛ رۇجىكىڭنى چەكسە كېچىسى، قوللىرىغا تايىنىپ تاياق. * يەر تېرىپ يەيدىغىنىڭ تېرىق ئىدى، قورساق ئاچ، رەڭگىڭ سامان سېرىق ئىدى. ئاش-نېنىڭ ئۇ چاغ تەمسىز قېرىق ئىدى، دېيىشكەن سېنى ساياق ئورما چېغى. ② توپقا قوشۇلماي يۈرىدىغان، بىباش: ساياق كالا.

**ساياق باش** بويسۇنمايدىغان، بىباش: غورۇرۇم شەۋكىتىمنىڭ تاجىسى سەن، ساياق باش ئەمەسمىزكى، پاكىتى سەن. چايقايسەن مەڭگۈ دۇنيا ئاسمىنىدا، ئىلمىنىڭ چولپىنى سەن، شۆھرىتى سەن. * بەند بولۇپ قەسىرگە كىيگەندىن گۈل تاج، ئەركىمدە

سایاق باش یۇرگىنىم ئەلا، بولسا گەر جەننەتنىڭ شەرتى خۇشامەت. بىمىننەت دوزاختا كىرگىنىم ئەلا.

**سایاقدىماق** پ. توپقا قوشۇلماي يۇرمەك: بىز كالىلار سایاقدىغاندا پىگىلداپ يۇگۇرۇپ بىرىپ كالىلارنى قايرىپ كېلەتتۇق.

**سایاقلىق** «سایاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاخىرى «بىرەر يەردىن ئىش تېپىلىپ قالار» دېگەن تەۋەككۇل بىلەن ھەر يەرنى كېزىپ سایاقلىق قىلىشقا كىرىشتىم.

**سایاڭغۇ** ئى. دەريا سۇيىنىڭ تېيىز جايى: ئارىدىن ئۇچ كۇن ئۆتكەندىن كېيىن يىراق دەريا سایاڭغۇسىدىن ئەكرەمنىڭ كۆپۇپ كۆكىرىپ كەتكەن جەسىتى تېپىلدى.

**سایان** ئى. تەرەپ، تامان، ياق: قار بىلەن مۆلدۇر يېغىپتۇ، تولىسى تاغلار سايان. ئالتە ئاي توشمىغۇچە، قاراتمىدىڭ ئۆيلەر سايان. * نى ئەجداد كۆزىنىڭ ئاققان قارىسى، چاكىلداپ، تەلمۈرۈپ چوققىلار سايان. سارغايغان يوللارغا چېچىلغان سۆڭەك، يىللار قەدىمىدىن ئاڭلاندى پىغان.

**سایاھەت** ئى (ئە) دەم ئېلىش، كۆرۈش، سەيلە قىلىش ئۇچۇن باشقا جايلارغا قىلىنغان زىيارەت، سەپەر: شۇ كۇنى پادىشاھنىڭ سایاھەتكە چىقىدىغان كۇنى ئىكەن. * يۇگەنلىگەن دەريالىرىڭ چۆللەر بىلىنى باغلىسا، نە كېرەك بوستان ساڭا، ئۇنداق سایاھەت قايدىدۇر.

**سایاھەت قىلماق** دەم ئېلىش، كۆرۈش، سەيلە قىلىش ئۇچۇن باشقا جايلارغا بارماق، ئۇ يەرلەرنى كەزمەك: شۇنداق قىلىپ، باغقا بىللە چىقمىز، 40 كۇن بىللە سایاھەت قىلىمىز، سایاھەت داۋامىدا سىنى قىزغا قوشۇپ قويىمەن. * مەن بۇ ۋەقەدىن خەۋەرسىز، يەپ-ئىچىپ، سایاھەت قىلىپ كېلىشنى ئويلاپ ماڭدىم.

**سایاھەتچى** ئى. سایاھەت قىلغۇچى كىشى: 923-يىلى ئەرەب سایاھەتچىسى ئىبىن مۇھەننى ئىدىقۇتقا كەلدى. * ئادەت بولدى ئاڭا كىتاب ئوقۇماق، ئىچىپ بەردى ھەربىر كىتاب بىر دۇنيا. كىتاب بىلەن يەر شارىنى ئايلاندى. بولۇپ ئەركىن سایاھەتچى ئۇ گويا.

**سایاھەتچىلىك** ئى. سایاھات قىلىش ئىشى ۋە مۇشۇ ئىشنى ئۇيۇشتۇرۇش مۇلازىمىتى: يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاخبارات، نەشرىيات، مەدەنىيەت، سەنئەت، تەنتەربىيە، سایاھاتچىلىك ئىشلىرى يەنىمۇ راۋاجلاندى.

**سایاھەتنامە** ئى (ئە+پ) <ئەد> بىرەر سایاھەتچىنىڭ سایاھەت جەريانىدا كۆرگەنلىرىنى يېزىپ بارلىققا كەلتۇرگەن ئەسىرى.

**سایە** ئى (پ) ① كۇن نۇرى چۇشمىگەن سالقىن جاي: تۆگمەنچىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل يوغان بىر پارچە قارا كىگىز ئېلىپ سايىغا سالدى ۋە مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. * ۋىژىلداپ كۆيدۇرۇپ كېتىپتۇ ئاپتاپ، يا بىرەر سايىمۇ يوق ئىكەن شۇ تاپ. // بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ تالاغا چىقىپتۇ. قەسىرنىڭ سىرتىدا سایە ۋە سالقىن بىر جاينى كۆرۈپتۇ. ② يورۇقلۇقنى، كۇن نۇرىنى توسقان نەرسىنىڭ كۆلەڭگۇسى: ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى (ماقال). * ئۇلار كۇن تازا قىزىغان چاغدا ئارام ئېلىپ قوغۇن-تاۋۇز يېيىش ئۇچۇن ئۇجمە سايىسى ۋە باراڭلارغا كېلىشۋالىدۇ. * ئاي كۆرۈنگەندە تاللارنىڭ سايىسى يول ئۇستىدە بىلىنەر-بىلىنمەس پەيدا بولۇپ، كېچە قاراڭغۇلۇقى بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى. ③ كۆچمە. شەپە، ئەسەر، ئالامەت: نەزىرىمدە، كېسەلنىڭ خەۋپلىك پەيتى ئۆتۇپ كەتتى: ئەمدى بەزمىگە

كەلگەن ئەجەل سايىسىگە ئانچە ئوخشىماي قالدىڭىز. * ناماز شام مەزگىلى قازانغا قاراپ ئولتۇرار بالىلار پالاس ئۈستىدە. ئەلەمنىڭ سايىسى مانتا ئوچاققا سامان قالاۋاتقان ئانا ھۆسنىدە. ④ كۆچمە. غۇۋا كۆرۈنۈش: يادىڭدىمۇ ئامرىقىم ئۇ چاغ، باشقا چۈشتى كۆلپەت سايىسى. تېخنىكلارنىڭ يۈرىكىدە داغ، گويا بولدى پارلاق غايىسى. * تىكىلگەنچە كۆمۈش بۇلاققا، ئېيتىپ بەردى موماي ھېكايە. خىياللىرىم كەتتى ئۇزاققا، كۆز ئالدىمدا دەھشەتلىك سايە. ⑤ كۆچمە. ھىمايە، پاناھ؛ مەدەت، ياردەم: — جېنىم ئوكام، — دەپتۇ ئۇلار، — بىزگە شۇ يەرنى كۆرسىتىپ قويغان بولساڭ، سېنىڭ سايەڭدە بىزمۇ مال-چارۋىلىق بولۇپ قالغان بولساق؟ * ھە، بۈگۈن مەن يەنە ئەنجۈر تۈۋىدە، ئەجدادىم ئەجرىنىڭ سايىسىدە مەن. ئويلايمەن قانداقچە بولىمەن ۋارىس، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىگە مەن.

**سايە بولماق** ① سايە ھاسىل قىلماق، سايە بەرمەك: سېرىق سۆگەت سايە بولار. سېرىق ئادەم ئوغا بولار (ماقال). * كېتەرمەن قىزىل گۈلۈم قاشىغا، ئاپتاپ چىقسا سايە بولاي باشىغا. ئارزۇيۇم شۇ بولسام يارنىڭ ياغلىقى، دەرد-پىراقتا كۆزدىن ئاققان ياشىغا. ② كۆچمە. ھىمايىچى، پاناھ، ياردەمچى بولماق: ئانامۇ: «بالام، سەنمۇ چوڭ بولسەن، ئەلگە سايە بولسەن، ياخشى ئۆگەنگىن» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. * دەردلىرىڭگە بولالماس سايە، كۆزۈڭدىكى يۇشايمەن يېشى. ③ ئارقىسىدىن يۈرمەك، ئەگەشمەك: ئەگىشىپ باردى بۇلتۇر مەكتەپ-كە ئۇ، گوياكى ئاكىسىغا بولۇپ سايە. كېچىكىپسەن دېگەن گەپكە ئۇنامدۇ ئۇ، قەلبىدە يانغان تۇرنسا يۈكسەك غايە. *

قاچانغىچە يۈرسەن سايە بولۇپ، ئوخلاپ قالسام چۈشۈمدە پەيدا بولۇپ. بۇ كەمگىچە مەن سېنى بىلمەپتمەن، سېنىڭ ئۆزۈڭ ھۆر قىزلاردىن تۇغۇلۇپ.

**سايە تاشلىماق** ← **سايە چۈشۈرمەك**: شارقىراتما قايىنىمىغا سايە تاشلاپ تۇرغان قارىغاينىڭ ھۆل غوللىرى يېشىل مەخمەلدەك يالتىراپ تۇراتتى. * بولسا پەيدا مىسلى جەننەت باغ-ۋاران، سايە تاشلاپ يولمۇيول سەرۋى راۋان.

**سايە چۈشۈرمەك** ① سايە، كۆلەڭگە ھاسىل قىلماق، سايە بېرىپ تۇرماق: ئۇ بولغان ئەمەسمۇ باھارغا زىننەت؟ چۈشۈر-گەن ئىدىغۇ باشلارغا سايە؟ كۆز كېلىپ نېمىشقا ئۇنى تەبىئەت، ھاياتتىن ئايرىيدۇ قىلماق ھىمايە؟ ② كۆچمە. پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزمەك، پايدىلىق ئىش قىلماق: قالتىس ياخشى يەرگە ئورۇنلاشتىڭ جۈمۇ، ئەمدى ئىشنى ئېپى بىلەن قىلىشنى بىلىۋال، كىشىلەرگە سايەڭ چۈشكىدەكلا بولسا سايە چۈشۈر. ③ كۆچمە. غەشلىك سالماق، گۇمان پەيدا قىلماق: ئۇلار ئەسلىي مۇددىئادىن گەپ ئېچىپ ئوچۇق سۆزلەشكەنلىكتىن خۇشال ئىدى، لېكىن «قىزى بارنىڭ نازى بار» دېگەندەك، چولپانخان «ھە» دېگەندە گەپنى ئوچۇق قىلىشۋەتمىگەنلىكى كۆڭلىگە ئازراق سايە چۈشۈرۈپ قويدى.

**سايە سالماق** ← **سايە چۈشۈرمەك**: ئەمگەك تېرىم، مېھرىمدىن سايە سالدىم خەلقىمگە. يانار دائىم شۇ ئارزۇ مېنىڭ بۇ ياش قەلبىمدە.

**سايە قىلماق** ① مەلۇم بىرنەرسە بىلەن يورۇقلۇق ياكى كۈن نۇرىنى توسۇپ سايە چۈشۈرمەك: ساۋۇت قولىنى كۆزىگە سايە قىلىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا كۆز تاشلايتتى.

② كۆچمە. تەۋسىيە قىلماق، ئۈندىمەك: زۇليار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى لاسسىدە بولۇپ، ھېلىراق ئەخمىدىگە سايە قىلماقچى بولغان قىز توغرىسىدا قايتا ئىغىز ئېچىشقا ئارسالدى بولۇپ قالدى. * ئۇ گەرچە ناكار بولسىمۇ، لېكىن ئىشتا خېلى-خېلى يىگىتلەردىن قېلىشمايتتى، بەزى ياشانغان ئادەملەر ئۇنى يىگىتلەرگە سايە قىلىپمۇ باققانىدى. * شۇنداق تەقسىر، مەن ئۇزاقى يىللا ئۆزلىرىگە بۇ ئىشنى سايە قىلغانىدىم، ئۆزلىرى ئانچە قىزىقمىغان ئىدىلە. * داۋۇت موللام بىركۈنى كەچ قۇربانئاخۇن قارىملارنىڭكىگە بارغانىدى. قارىم ئۇنى كىنوغا بېرىشقا سايە قىلدى.

**سايە ئىزدىمەك** جاپادىن چاقماق، راھەت ئىزدىمەك: بۇ ئەۋلادنىڭ ماڭغان يولى ئۇزۇن يول، ھاردىم دېمەس ھەم ئىزدىمەس سايىنى. «ئوقۇتقۇچى بولۇش مەڭگۇ شەرەپلىك» دېگەن ئارزۇ چىرتىپ يۈرەك تارىنى.

**سايىسىدىن قاچماق** ھەممە نەرسىدىن قورقۇپ يۈرمەك، تولا قورقۇنچاق بولۇپ كەتمەك: بۇ ئىشنى ھەسەنبايدەك سايىسىدىن قېچىپ قوناقلىقتا شۈڭگۈيدىغانلار بىلەن قىلغىلى بولمايدۇ. قورقماي يۈرىكىگە مۇشتلايدىغان ئوغۇل بالا بولسا شېرىكلە شسۇن.

**سايىسىدىن قورقماق ← سايىسىدىن قاچماق**: كۈس-كۈس گەپكە قۇلاق سالماسلىق كېرەك، كۈس-كۈس گەپ دېگەننى ئايدىڭدا سايىسىدىن قورقىدىغان ئادەملەر قىلىدۇ.

**سايىسىدىن ئۈركمەك ← سايىسىدىن قاچماق.**

**سايىسىمۇ كۆرۈنمەسلىك** ئەل كۆزىدىن يىراقلىشىپ، كۆرۈنمەي يۈرمەك: ھاشىم ئاكام بۈگۈن ئېتىزغا ئەمگەككە چىقماق تۈگۈل، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. نەگە كەتتىكىن تاڭ.

**سايىسىنى كۆرسەتمەسلىك** يۈتۈنلەي كۆرۈنمەي، ئۇچراشماي پىنھان يۈرمەك: قانداق ئىش بولدى؟ چوپچوڭ بىر يىگىت ئىككى كۈندىن بېرى سايىسىنمۇ كۆرسەتمەي يوقاپ كەتتىڭىز؟ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندۇ؟

**سايەبان** (توغرىسى: سايىۋەن) ← سايىۋەن.

**سايدۇرماق** «سايىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سايراتقۇزماق** «سايرىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سايراتماق** ① «سايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇلبۇلنى سايرىتىپ پەرۋازۇ جەۋلان قىلدۇرۇپ، قايغۇغا بەرھەم بېرىپ، خۇشلۇقنى بەرپا قىلدى گۈل. * مەن ساڭا ئاشىق بولۇپ، سۆيدۈم يۈرەكتىن بىر ئۆمۈر. ئىشقۋاز بۇلبۇل كەبى ئىشقىڭدا سايراتتىڭ مېنى. ② ماھارەت بىلەن خۇش كۈيلەر چالماق (ساز-مۇزىكا ھەققىدە): سايرىتىمەن دۇتارىمنى چىمەن باغدا-يارى يار، كۆرەلمەسلەر يىغلاشسۇن ھەسرەت-داغدا، يارى يار. ③ «تا-تا-تات» ئاۋاز چىقىرىپ كېلىشتۈرۈپ ئاتماق: رەيھان ئىسھاقنىڭ قولىدىكى پىلىموتنى ئالدى-دە، ئۇ تېخى يېتىپ بېرىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن چولاق تامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سايرىتىۋەتتى.

**سايراشماق** «سايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرىڭ بۇلبۇل بىرىڭ تۇتى، سايرىشىڭلار يارى يار، بىرىڭ ئايدەك، بىرىڭ كۈندەك، بەخت بولسۇن يارى يار.

**سايرىماق** پ ① يېقىملىق، خۇش ئاھاڭدا ئاۋاز چىقارماق (قۇشلار ھەققىدە): — بىزنىڭ سىنىپتىكى جاپپارنىڭ ئىككى سېرىق قۇشقىچى بار ئىكەن، بەك سايرايدىكەن. * كاككۇك سايرار باغلاردا، باھار ۋاقتى تاڭلاردا.

كۆڭۈل خۇشال ياپرايدۇ، بۇ بەختىيار چاغلاردا.
② مۇڭلۇق كۈيدە ئاۋاز چىقارماق: قولۇمدا يەنە سايرىدى راۋاب، ناخشامنى ئېيتتىم، بۇلبۇلدەك سايراپ. * كەل، قېنى، بەرگىن قولۇڭنى جان تىكىپ ئىشلەيلى بىز، سايرىسۇن كۆزلۈككە قوش، تويدا دۇتارىم باشقىچە. ③ كۆچمە. چاڭ كەلتۈرمەك، ياڭراتماق: جەڭگىۋار سىگنال خەلق ئەسكەرلىرىنى تېز يىغىلىشقا چاقىرىپ، جەڭ مارشىغا سايرىماقتا ئىدى. * — سايرايمىز ئەمدى، ھېچكىم بىزنىڭ ئاغزىمىزنى تىكىپ قويالمايدۇ، — دېدى تۇنسا. ④ كۆچمە. سەلب. بىر خىل ئاھاڭدا توختىماي سۆزلىمەك؛ ۋاتىلدىماق: — بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام، سايراپلا كەتتىڭغۇ؟ تازا تىناڭ تومۇرۇڭغا تېگىپتۇ-دە، — دېدى ئۇ ئەمەتكە كۈلۈپ تۇرۇپ.

**سايغاق** I ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. شەكلى ھەرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تېنىنىڭ سىرتىدا قارامتۇل سېرىق رەڭدە يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ، ئېغىز ئورگىنى رودىمېنتلاشقان، چىشىسى كالا تۈكلىرى ئارىسىغا تۇخۇم سالىدۇ، لىچىنكىسى كالا تېنىدە پارازىت ياشاپ، يېتىلگەندىن كېيىن كالا دۈمبىسىدىن تېشىپ چىقىدۇ، يەرگە چۈشكەندە بولسا قورچاققا ئايلىنىدۇ.

**سايغاق** II سۈپ. توپقا قوشۇلماي يۈرىدىغان، يىباش، ساياق: سەنمۇ كوپېراتسىيە، خەلق كوڭشېسى قۇرۇشتا ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ بىرى ئىدىڭ، بىز سېنى دۇينىڭ ئىگىسى، بارماق بىلەن سانىلىدىغانلاردىن ھېسابلايمىزۇ سەنزە سايغاق كالىدەك ئۆزۈڭنى قاچۇرسەن.

**سايغاق** III ئى. دىئال. سانجىغاق.

**سايغاقدىماق** پ. توپتىن ئايرىلماق: پەسىللەرنىڭ قايسى بىرى نادەمگە كۈلۈپ قارىدى، يازنىڭ قىزىق ئاپتاپلىرىدا كالىلىرى سايغاقداپ قاچتى، ئاشلىقلارغا كىرسە ئىگىلىرىدىن تاياق يېدى.

**سايغاقلىق** «سايغاق II» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ساڭمۇ رەھمەت، — دېدى ئايال كۆڭلىكنىڭ ئېتىكى بىلەن بۇرنىنى چىمدىپ ئېرتىپ، — كۈيئوغۇللۇققا يارىدىڭ، چوڭ داداڭ سايغاقلىق قىلىپ قېچىۋىدى، بېشىم قېتىپ گاڭگىراپ تۇرغاندا ھېيت ئاكامدىن 100 سوم كىرگۈزۈپسەن، ئەجەب ئەسقاتتى.

**سايلاتقۇزماق** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سايلاتماق** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سايلاش** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: سايلاش ھوقۇقى.

**سايلاش ھوقۇقى** <قا> ① پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ۋەكىل سايلاش ھوقۇقى. ② ھەر خىل تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئۆز تەشكىلىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى ياكى ۋەكىللىرىنى سايلاش ھوقۇقى.

**سايلاشماق** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار لۇتپۇللانىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆرۈپ، ياقتۇرۇپ قېلىشتى ۋە ئۇنى بىر ئېغىزدىن تام گېزىتكە رەسسام قىلىپ سايلاشتى.

**سايلام** ئى ① بېلەت تاشلاش ياكى قول كۆتۈرۈش قاتارلىق ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ۋەكىل ياكى مەسئۇل خادىملارنى سايلاش ئىشى: راست دېگەندەك، بىركۈنى زاۋۇتتا سايلام كومىسسىيىسى كەلدى ۋە مەخپىي ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن سايلام ئېلىپ بېرىلدى. * ئەگەر سايلام ئۆتكۈزسەك، ئامما جەزمەن ئەزىمەتنى يېزا باشلىقى قىلىپ سايلايدۇ. ② مۇشۇنداق سايلاش ئىشى

ئېلىپ بېرىلىدىغان يىغىن، مۇراسىم: هاجى توختى بۇ سايلامدا كىمنى قوللاش كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلىدى. * سايلامغا قاتناشقانلار سايلام نەتىجىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كۈتۈپ جىم بولۇشتى.

**سايلام تۈزۈمى** <قا> دۆلەتنىڭ قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋەكىللىك ئورگانلىرىنى سايلاش تۈزۈمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ سايلاش هوقۇقىنىڭ بەلگە-لىنىشى، بۇ خىل هوقۇقنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇللىرى، سايلامنى تەشكىللەشنىڭ يوللىرى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سايلام رايونى** <قا> سايلام ئۆچۈن نوپۇسقا قاراپ ئايرىلغان رايون.

**سايلام رىقابىتى** <پەلس> كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئوخشاش بولمىغان پارتە-يە-گۇرۇهلار نامزاتلىرىنىڭ سايلام ئالدىدا سايلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى.

**سايلام قانۇنى** <قا> دۆلەتنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىنى سايلاپ چىقىشنىڭ پرىنسىپلىرى، تەرتىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بەلگىلەنگەن قانۇن.

**سايلام هەيئىتى** <قا> دۆلەتنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىنى سايلاش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە بېجىرىدىغان ئاپپارات، هەيئەت.

**سايلانماق** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇغراخان بۇ يىلنىڭ بېشىدا زاۋۇت پارتكومىنىڭ هەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغانىدى.

**سايلىغۇچى** ئى. سايلاش هوقۇقىغا ئىگە پۇقرا: سايلامدىكى باراۋەرلىك جەهەتتە، هەربىر سايلىغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق سايلامدا پەقەت بىرلا ئاۋاز بېرىش هوقۇقى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

**سايلىق** ئى. تاش ۋە شېغىل بىلەن قاپلانغان، كەڭ كەتكەن قاقاس جاي؛ ساي: دەرۋەقە ئايدىڭكۆلگە يېقىن يەردىكى سايلىقتا تاۋۇز ياكى چاققانراق قازان چوڭلۇقىدا نۇرغۇن يۇملاق تاشلار چويۇندەك يالتىراپ تۇراتتى. * ئاپتوبۇس ئىككى سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرگەن بولسىمۇ، سايلىقتىن چىقىپ بولالمىدۇق.

**سايلىماق** پ ① قول كۆتۈرۈش ياكى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ۋەكىل ياكى مەسئۇل خادىملىككە كۆرسەتمەك، تەيىنلىمەك: بۇ يەردە ياش ئۇچقۇنلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۆز خاهىشلىرى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇنىرىدىن خوجىنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە بىر ئېغىزدىن سايلىغانىدى. * يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلق سامساق ئاكىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلىدى. ② باهالاش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلغاپ چىقماق، تاللىماق: ئاكىتىپ قىلىپ سايلىدى مېنى ئانا يۇرت، ئەۋەتتى ئۇنتۇلماس مۇشۇ يىغىنغا. يەنىمۇ ئەڭ نۇرلۇق گۆهەر سۆزۈشكە، ئاتمەن ئۆزۈمنى ئۇلۇغ ئېقىنغا. * — ئانا، — دېدى قىز كۈلۈپ، ئانا كۈلۈپ قارىدى، — بۈگۈن مېنى سىنىپتا، «ئۇچتە ياخشى» سايلىدى.

**سايلىنىش** «سايلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: سايلىنىش هوقۇقى.

**سايلىنىش هوقۇقى** <قا> ① پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەتنىڭ هاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىش ياكى مەلۇم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش هوقۇقى. ② هەر خىل تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ

شۇ تەشكىلىنىڭ ۋەكىللىرى ياكى رەھبەر-
لىكىگە سايلىنىش ھوقۇقى.

**سايلىنىشماق** «سايلانماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ چاغدا مال-دۇنيانى
كۆزلەپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، ئەمەل-
پەمەلگە سايلىنىشىۋالغانلار، ئەمدى ئاستا
ھېساب بېرىدىغان بولدى.

**سايماق** I پ ① سانجىماق: بىلىق سايماق.
② ئۇچلۇق نەرسىنى دېۋەيلىمەك: ئۇ
قوللىرىنى كۆزۈمگە سېيىپ تۇرۇپ تىللىدى.

**سايماق** II پ. دىئال. سانىماق، ھېسابلىماق،
كۆرمەك.

**سايمان** ئى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك
تۇرمۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب،
ئۈسكۈنە: جۇمەنىڭ ئەتراپىدا قولىدا ھەر
خىل ئۆلچەش-سىزىش سايمانلىرىنى تۇتقان
تۆت-بەش ياش كىشىلەرمۇ بار ئىدى. *
تەجرىبە شىرەسى ئۈستىگە تۈرلۈك سايمانلار،
بىرقانچە شېشە-بوتۇلكىلار، پارتلاتقۇچ دورا
ياسىلىدىغان كالىي نىترات، گۈڭگۇرت، كاربون
ۋە باشقا نىتراتلار قويۇلغانىدى.

**سايمان شۇلۇش ستانوكى** <ماشىن>
سايمانلارنى يونۇش ئۈچۈن مەخسۇس
ئىشلىتىلىدىغان ستانوك.

**سايمانلىق** سۈپ. سايمان قىلىشقا، سايمان
ياساشقا بولىدىغان، سايمان ياساشقا
لايىق: سايمانلىق پولات.

**سايمانلىق پولات** <ماشىن> ھەر خىل
كېسىش، شىلىش، ئۆلچەش، قۇيۇش
سايمانلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان
پولات.

**سايناخ** (توغرىسى: سەيناق) →
**سەيناق.**

**سايوز** ئى (ر) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى.

**سايۋا** ئى (پ<ئە) ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى.
ئۇنىڭ مېۋىسى ئۇزۇنچاق، سوقا شەكلىدە،
چۇرۇك ۋە تەملىك كېلىدۇ. ئىچىدە
ئۈچ-تۆت دانە ئۇرۇقى بار، ئۇنىڭ
بىجاقسى سايۋا، قىزىل سايۋا قاتارلىق
تۈرلىرى بار.

**سايۋا ئۈزۈم** <بوت> → **سايۋا.**

**سايىپ** (توغرىسى: ساھىب) → **ساھىب.**

**سايىپەرەس** سۈپ (پ) سايىدا ئۆسۈشكە
مۇۋاپىقلاشقان، سايىغا ماسلاشقان:
سايىپەرەس ئۆسۈملۈك. * يورۇقپەرەس
دەرەخلەرنى رەتلەپ كېسىش سايىپەرەس
دەرەخلەرنىڭكىدىن بۇرۇن بولىدۇ.

**سايىداتماق** «سايىدىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەيھانەم باشاق
تېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى سايىدىتىدىغان ۋە
بىرئاز كۆڭۈل ئېچىشقىمۇ باپ چوڭراق دەرەخ
تۈۋىگە كۆز تاشلىدى.

**سايىداشماق** «سايىدىماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: ئورمىچىلار كۈن تىكلەنگەنـ
دە ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ سايىداشتى.

**سايىدىماق** پ. سايە جايدا ئارام ئالماق،
سالقىندىماق: ھەر باھاردا بۇ دەرەخلەرگە
قۇشلار ئۇۋا سالىدۇ؛ يازنىڭ تونۇردەك
ئىسسىقىدا بىز بۇ دەرەخ ئاستىدا سايىداپ
كىتاب كۆرىمىز. * باغۇبوستان ياسىدىم،
سايىداپ ئۆتسەڭچۇ يار. گۈل ھاراقى تۇتىمەن،
مەست بولۇپ ئۆتسەڭچۇ يار.

**سايىزار** سۈپ. سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان،
سايىلىق: سالام دەپ ئىشىك ئېچىپ كۆكتە
قۇياش، ئالەمگە جىلۋىلىنىپ باققىنىدا؛ سايىزار
مەھەللىلەردە ئويناق ئېقىن، يالتىراپ ئالتۇن
بولۇپ ئاققىنىدا.

**سايىسدا** تىر. ئارقىلىق، ئارقىسىدا؛
تۆپەيلى، تۆپەيلىدىن: ئۆزلىرىنىڭ ئاتە-
دارچىلىق بىلەن قىلغان ئىلتىپاتلىرى سايىسدا،

بىرئاز پۈللۈق بولۇپ قالدۇق. بۇ بىزگە زور مەدەت بولدى.

**سايىسدا يۈرمەك** تەگلىشەلمەي ئارقە-سىدىن ئىز بېسىپ ماڭماق، ئارقىسىدا قالماق: — «ئۇچتە ياخشى» بولسا دولقۇن بولۇشى كېرەك، مەن دولقۇننىڭ سايىسدا يۈرسەم قانداقمۇ «ئۇچتە ياخشى» بولاي، — دېدىم.

**سايىسىز** سۈپ ① سايىسى يوق، سايە چۈشۈرمەيدىغان: سايىسىز دەرەخ. ② سايە چۈشمەيدىغان، قاقاس: سېنتەبىر ئايلىرى كۆزدىن بېشارەت، قۇياشمۇ ئۇنچۇالا كەتمەس قىزدۇرۇپ. سايىسىز دۆڭلەردە ئۆسكەن چۆپ-گىياھ، قارا رەڭ تۇپراقتا ئۇخلار باش قويۇپ.

**سايىقى** سۈپ. دىئال. ھېلىقى، بايىقى.

**سايىك** ئى (پ) دىئال. كۆك كىشمىش ئۈزۈم.

**سايىل** (توغرىسى: سائىل) ← **سائىل.**

**سايىلاندۇرماق** پ <تب> نۇر ئارقىلىق سايىسنى، تەسۋىرىنى چۈشۈرمەك.

**سايىلاندۇرۇش** ① «سايىلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <تب> بىمارغا ئىچكى ئەزالارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان نۇر ئۆتكۈز-مەس دورىلارنى يېگۈزۈپ ياكى ئوكۇل قىلىپ، ئەزالارنى رېنتگېن ئاپپاراتىدا روشەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى كېسەللىك ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش.

**سايىلاندۇرۇش دورىسى** <تب> ئىچكى ئەزالارنى رېنتگېن نۇرىدا تەكشۈرۈش ۋە رەسىمگە ئېلىشتا، ئىچكى ئەزالارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان نۇر ئۆتكۈز-مەس دورىلار.

**سايىلىق** ① سۈپ. سايىسى بار، سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان: سايىلىق باغ. * بېيجىڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سايىلىق دەرەخلەر تىكىلگەن. ② ئى. سايە يەر: بىز سايىلىقتا ئولتۇردۇق. ③ ئى. سايە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قۇرۇلما، سايۋەن: دادام بۇ سۆگەتنى ھويلىمىزغا بىر سايىلىق بولارمىكىن دەپ تىككەنىكەن.

**سايىن** تىر. ۋاقىت مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەدرىجىي كۈچەيگەنلىكى ياكى تەكرارلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: فابرىكىمىز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ يىل سايىن ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىشكە، ئىشچى، خىزمەتچىلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. * ئۆتكۈزۈپ ۋاقىتنى گۈزەل مەنىلىك، ھۇرمەتكە سازاۋەر بولۇپتۇ كۈن سايىن. شۇڭلاشقا ئالقىشلاپ يازدىم مەنمۇ شېئىر، شۇ جەسۇر ياشقا مەن ئوقۇپ ئاپىرىن!

**سايۋەن** ئى (پ) ① كۈن نۇرى ياكى يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈستىگە كۆنلۈكسىمان رەخت تۇتۇلغان قۇرۇلما: ئاكا-ئۇكىلار كوچا-رەستىلەر ئارىلاپ، قېقە-لىپ-سوقۇلۇپ يۈرگەنلىرىدە ئۇلارغا شەپقەت قولىنى سۇنغان تۇنجى كىشى مانا سايۋەن ئاستىدا يايمىسىنى يېيىپ ئولتۇرغان ياماقچى موزدۇز بولدى. * مەن چوڭ سايۋەن ئاستىغا جايلاشتۇرۇلغان دوغاپچىلىق دۇكىنىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان كىشلەرنىڭ قاقاقلىغان كۈلكە ساداسىغا مەپتۇن بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ② كۆچمە. باشپاناھ، ھامىي، خەيرخاھ: ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاخشام، ئازنىخان ئېيتتى يۈرەك سىرىنى: ئارمىيە بىزگە سايۋەن بولغاچ، تۆكتى كۆرۈڭلار

مېھنەت تىرىنى. * بارمۇ دۇنيادا ئانىدەك مېھرىبان؟ بارمۇ پەرزەنتكە سەندەك سايۋەن.

**سايۋەن بولماق** ① كۈن نۇرىنى توسۇپ سايە چۈشۈرمەك، ئۆز سايىسىگە ئالماق: بىرىپ قارىسام بىر قىز شۇ باياۋاندا ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. بىر تۆگە ئۇنىڭغا سايۋەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. ئۆز ھىمايىسىدە ساقلىماق، قوغدىماق: گەرچە ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ئۆزىگە سايۋەن بولغان ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ئەمگەكچان كىشلەرنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

**سايۋەنلىك** سۈپ. ئۈستىدە سايىۋىنى بار، سايۋەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان: كىچىك خانىش دائىم يېپەك سايۋەنلىك كۆركەم سەيلە كېمىسىگە ئولتۇرۇپ كۆلدە ئوينايتتى.

**سەبدەر** ئى ← **سەبدەر گۈل**: تىيانشان تۆپەڭدە ئايلاندۇق تىنماي، چوغلۇقلار، سەبدەرلەر ئېچىلغان تەكشى. ئاپىرىن ئاسمانىنى تىرىگەن قارىغاي، سۈغا سۇ قوشۇلغان، شوق شارقىرىشى. * سېرىق سەبدەر، گۈل سەبدەر، موللاق ئاتىدۇ كەپتەر. ئامىنەم دەپ يىغلايمەن، قولۇمدا قەلەم- دەپتەر.

**سەبدەر گۈل** <بوت> كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈلى سېرىق ياكى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە ھويلا ۋە باغچىلاردا مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ: بىزنىڭ يارنىڭ باغلىرىدا، سەبدەرگۈلى بىر قۇچاق. ئوڭ يېنىمغا ئوق تېگىپتۇ، سول يېنىمغا يۈز پىچاق.

**سەبر** (توغرىسى: سەۋر) ← سەۋر.

**سەبرە** ئى (پ <ئە) <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ ۋە تومۇنە شەكلىدە، گۆشى قېلىن. ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى ۋە تروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىمۇ بار. ئۆسۈملۈك تېنى تەركىبىدىكى شىرىنىسىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، تەرەتنى راۋان قىلىش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش ۋە ھەيز ماڭدۇرۇش روللىرىغا ئىگە. «ئالوي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سەبزە** (توغرىسى: سەۋزە) ← سەۋزە.

**سەبي** سۈپ (ئە) ① ۋايىغا يەتمىگەن، گۆدەك، كىچىك: كۆز شامىلىدا يەلپۈنۈۋاتقان گۈل-گىياھلار گويا ئۈسسۈل ئويناۋاتقان سەبي قىزلارنى ئەسلىتەتتى. * خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبي بالا، ئېمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى. // شۇڭا سەن بۇ ھايات ئىچرە تېرىلگەندىن لالىزار باغ ئەت، كى قانداق ياخشى، شاد يايراپ، سەبىيلەر كۈلسە بەھرىگەدىن. ② تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، كۆپ ئىش كۆرمىگەن، نادان: قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ بىر سەبي بالىدىن ئۆزگىرىپ ئوغرىلىق، سوقۇشۇش، مۇشتلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا كەم ئەمەس بىر يامان ئادەمگە ئايلانغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. * ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق، خىيالپەرەس، سەبي كەلگەن نۇرغۇن قىزلارنىڭ مۇشۇ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. // كۆزۈڭدىن ئاققىنى ياش ئەمەس، قانغۇ، تۇراتتىم ئالدىڭدا گۇناھكار كەبى. شۇ ئۇللىق يۈزۈڭنى مەڭزىمگە يېقىپ، ئېيتاتتىڭ «جان قىزىم سەن تېخى سەبي». ③ كۆچمە. ھىيلە-مىكىردىن يىراق، پاك، ساپ:

ئۇنىڭ سادىدا، سەبىي قەلبىنى، ناتىۋان، ھىمايىسىز تۇرمۇشىنى ئەسلىسەم، ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىم، ئەقىدەم شۇنچە كۈچە-يەتتى. * سەبىي دىللارغا ئەجدادىنىڭ پىغان، مۇڭ دادى ئىز سالدى، ئۇ چاغ يانغان ئىدى قەھرۇغەزەپ گۈلخانى سەنئەتنىڭ.

**سەبىيلىك** «سەبىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: لۇتۇنىنىڭ كەڭ پېشانىسى ئۇنىڭ دۈگىلەك ئاق يۈزىنى تېخىمۇ ئېچىپ تۇراتتى. جەرەن كۆزى، سۈزۈك لەۋلىرىدىن بولسا ئۇنىڭ سەبىيلىكى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. * بۇ كۆزلەردىن بىر خىل سەبىيلىك، ساددا ھەيرانلىق، ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالغان-دەك تەئەججۈپلۈك چىقىپ تۇراتتى.

**سەپ** I ئى (ئە) ① كىشىلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان قاتارى: سەپكە تىزىلماق. سەپ بولماق. * مەسچىتكە بىرەر يۈزدەك جامائەت يىغىلغانىدى. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سەپكە ئاق كىگىز جايناماز لار، ئۈچىنچى سەپتىن باشلاپ تېرە ۋە بەزى يەرلىرىگە بورا سېلىنغانىدى. * ئىككىيلەن تۇراتتى قول-قول تۇتۇشۇپ، ئۆزۈنغا سوزۇلغان سەپنىڭ بېشىدا. ھېجايغان كۆزىدە ئالەمچە مازاق، زەھەرلىك مىڭ ئوق بار ھەر قارىشىدا. ② مەلۇم مەقسەتتە ئۇيۇشقان كىشىلەر توپى، تارماق، ساھە: ۋاھاپ قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى-دە، تايىنىپ تۇرغان كەتمىنىنى مۇرىسىگە تاشلاپ، ياشلار سېپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ③ جەڭ ياكى كۈرەشتە بىر رەھبەرلىك ئاستىدا تەشكىللەنگەن قو-شۇن ۋە مۇشۇنداق قوشۇن ئورۇنلاشقان جاي: ئالدىنقى سەپ. * گومىنداڭ ھاكىمىيىتى-گە قارشى يانغان قەھر-غەزەپ ئۇلارنى مۇشۇ بىر سەپكە ئۇيۇشتۇرغان. * — كۈچاغا بارمايمۇ چوڭ جەڭ قىلغىلى بولىدۇ، — چۈشەن-دۈردى ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، — غەربىي سەپتە قىلىدىغان ئۇرۇشىمىزمۇ ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ. * ئالدانماس ھىيلە ۋە نەيرەڭگە، بىزنىڭ بۇ كۈرەشچان سېپىمىز. تەۋرىدى ئويغىنىپ كەڭ ئۆلكە، بىز چوقۇم مەقسەتكە يېتىمىز.

**سەپ ئەتمەك** دىئال. تېرىلىپ بولغان ئېتىز قىرلىرىنى تارتقۇ ياكى كەتمەن بىلەن توپا سىيرىپ قايتا ياسىماق، تۈزىمەك.

**سەپ بولماق** سەپكە تىزىلماق، قاتار بولماق: سەپ بولۇپ كېتىۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ باراتتى. * ئال ئاققان دەريانىڭ بويىدا مەكتەپ، ئۇل مەھمۇد قەشقىرى ئۇندا دەرس ئۆتەر. ئەزىمەت يىگىتلەر بىلەن بولۇپ سەپ، نازىنىن جۇۋان قىز جىرلاپ سۆيۈنەر.

**سەپ بىلەن** سەپنى، قاتارنى بۇزماي، سەپنىڭ ئىچىدە، رەتلىك: ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتقاندىمۇ سەپ بىلەن مەھەللىگە-چە كېلەتتى.

**سەپ تارتماق** مەلۇم سەپ، قاتارنى بويلاپ تىزىلماق؛ سەپ بىلەن مەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ ماڭماق: باشقا سىنىپلارمۇ سەپ تارتىشتى. ھەربىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا بىردىن مۇئەللىم باللارغا قاراپ تۇراتتى. * نەيزە-قىلىچلىرىنى باشلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان چېرىكلەر سەپ تارتىپ چوڭ قەدەملەر بىلەن كەنتكە قاراپ كەلمەكتە.

**سەپ تۈزمەك** سەپ بولۇپ ئۇيۇشماق، تەشكىللەنمەك؛ سەپكە تىزىلماق: ئۈچ باتۇر ئوغلىنى قوشۇپ ئۆزغۇنغا، ئۇزىتىپ

چىقىپتۇ: «يولدىن يانما!» دەپ، ئەگىشىپ كەلگەن يار-دوستلىرى شۇندا، ئاتلىنىپ مېڭىپتۇ، رەت-رەت تۈزۈپ سەپ.

**سەپتىن چۈشۈپ قالماق** ① <ھەرب> مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قوشۇندىن، توپتىن، قاتاردىن ئايرىلىپ قالماق: قوشۇن مېڭىپ كېتىپ، كەچ كىرەي دەپ قالغان چاغ ئىدى. چوڭ يولدا سەپتىن چۈشۈپ قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى تۆپە ۋە قۇلاقچىلىرىنى كۆزلىرىگە چۆكۈرۈپ كىيىشىۋالغان پېتى بەزىلىرى ئاقساپ ماڭسا، بەزىلىرى يىقىلىپ-قوپۇپ دېگەندەك ئاران-ئاران كېتىشىۋاتاتتى. * دوستلار چۈشۈپ بەيگىگە بەس-بەس بىلەن چاپقاندا، چاپتۇرالماي تۇلپارنى سەپتىن چۈشۈپ قالغانمۇ؟ ② كۆچمە. دەۋر، ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەي ئارقىدا قالماق: لامپۇچكىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن كېرسىن چىراغلار سەپتىن چۈشۈپ قالدى.

**سەپتىن چىقماق** ① قاتاردىن، رەتتىن چىقماق: ئوقۇتقۇچى كوماندا بېرىش بىلەن بەش ئوقۇغۇچى سەپتىن بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى. ② كۆچمە. يارىماس بولۇپ قالماق، تۈگەشمەك: دۈشمەنلەر بىر بومبىنىڭ پارتلىشى بىلەن تىرىپىرەن بولۇپ سەپتىن چىقتى. * رادىئوگراممىدا مۇنۇلار بايان قىلىنغانىدى: «سىلەرنىڭ ئاز چىقىم بەدىلىگە يۈزلىگەن دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىدار قىلىپ سەپتىن چىقىرىپ، باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلغانلىقىڭلارنى چوڭ خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلەيمىز».

**سەپتىن قالماق** قاتاردىن، توپتىن ئايرىلماق: بۇ نۆۋەت ئادىل كېرىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ: — ئېلىك، سىزمۇ چەكتىن بىرنى، سەپتىن قالماي! — دېدى.

**سەپكە ئاتلانماق** ① تەشكىللىنىپ ھازىرلانماق، تەييارلانماق: پوسكام گۈلباغ گۇڭشېسىدا 4300 دىن ئارتۇق كىشى سەپكە ئاتلىنىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش بويىچە دولقۇن قوزغىۋەتتى. ② كۈرەشكە، جەڭگە كىرمەك: خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن ھەممىمىز قەسەمياد قىلىپ، سەپكە ئاتلىنايلى.

**سەپكە تۇرغۇزماق** ئالاھىدىلىكى بويىچە تۈرگە ئايرىماق، رەتلىمەك: ئۇلار تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلارنى قىزىل بايراقدار ئىلغار كوللېكتىپ، تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئورۇن، ئوتتۇراھال ئورۇن، ئارقىدا قالغان ئورۇن دەپ سەپكە تۇرغۇزدى.

**سەپكە تىزماق** ← **سەپكە تۇرغۇزماق**: بۆلۈم باشلىقى مۇنداق دېدى: — ھاكىم، سىزنى چاقىرغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى، يېقىندا پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنىدا پېنسىيىگە چىقىدىغان، خىزمەتتىن ئايرىلىدىغان پېشقەدەم رەھبىرىي كادىرلارنى سەپكە تىزىپ كۆرۈپتىكەن.

**سەپكە قوشۇلماق** ① سەپنىڭ، قاتارنىڭ ئىچىدىن جاي ئالماق: ھاشىم يۈگۈرۈپ بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ سەپكە قوشۇلدى. ② كۆچمە. توپ، كوللېكتىپ، قوشۇننىڭ تەركىبىگە ئۆتمەك، قاتارىغا كىرمەك: ئۇلارنىڭ ئورنىغا 12 تاغ ۋە شەھەر-يېزىلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ كۈچلەر كېلىپ، سەپكە قوشۇلدى.

**سەپكە قېتىلماق** ← **سەپكە قوشۇلماق**:
باغدىن ۋە ئېتىزلاردىن تۇغقانلىرىم، كېلىشتى مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى، كىچىكلەر چوڭ بولۇپتۇ، بىرمۇنچىلەر، تۇغۇلۇپ قېتىلىپتۇ سەپكە يېڭى.

**سەپكە كىرمەك** ← **سەپكە قوشۇلماق**:

ھەربىي سەپكە كىرمەك.

**سەپكە ئۆتمەك** ← **سەپكە قوشۇلماق:** ئۇ ئۆز قىلمىشلىرىنى تونۇپ، كەچۈرۈم سوراپ ئاخىرى خەلق سېپىگە ئۆتتى.

**سەپنى يارماق** بەلگىلىك دائىرىدە قارشىلىق كۆرسەتكەن، توسقان مەلۇم قوشۇننى، توپنى بۆسۈپ ئۆتمەك: ئاسىم بۇ چاغدا، ئېلىقۇل، شانىياز، مەشرەپ، ئانا، بايىزخالۋاپ، جۇما، سالمان باشلىق يۈزلىگەن قىرىنداشلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولغانلىقتىن، دورغىلار قانچە قىلسىمۇ، سەپنى يېرىپ ئاسىمغا يېقىنلىشالمىدى.

**سەپ** II ئى. پەم: ھەيدەر، راست سەن تۆجۈپىلەپ ئىشلەپ سەپ بىلەن پۇل خەجلەپ بېيىغان ئادەمسەن. * خوتۇنى بولسا پەملىك، ھەممە ئىشقا ئەپلىك ئىكەن. ئېرىنىڭ تاپقىنىنى سەپ بىلەن ئىشلىتىپ، تېرىپ-تۆشەپ يىگىسىنى ئاسراپ كونىسىنى ياماپ، يوقنى بار قىلىپ ئۆتىدىكەن.

**سەپ** III ئى. دىئال. بولغۇسى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي جاھازلىرى.

**سەپەر** I ئى (ئە) ① سەپەر ئاي. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سەپەر ئاي** <ئاستر> ھىجرىيىنىڭ 2-ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى 2-ئاي. ئۇ 29 كۈن بولىدۇ.

**سەپەر** II ئى (ئە) ① مەلۇم بىر ئىش ياكى زىيارەت ئۈچۈن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىش؛ يول: ھاتەم ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى ۋە بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى دېدى. * — بۇ ناخشىنى تاشۋاي ئاكام ئەنجانغا بارغۇچە سەپەر ئۈستىدە ئىشلىگەنمىش، — دېدى داۋۇت. * باتۇر باھار كۈنلىرىدە يول ئېلىپ، تاغلار ئارا بولدى ئۇزاق سەپەردە. ئورمان بىلەن، تاغلار بىلەن خوشلاشتى. ئۇۋ ئۇۋلىغاچ توختاپ ئۆتتى ھەر يەردە. ② كۆچمە. مەلۇم بىر كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش: بىرئازدىن كېيىن، كىشلەرنى يېڭى سەپەرگە چىللاپ، رادىئو كانايلىرىدىن جەڭگىۋار ناخشىلار، داغۋى ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدىن ناغرا-سۇناي ئاۋازى سايراشقا باشلىدى. * ئۇلار كۆزلەپ چوققىنى، كۆردى نۇرلۇق ئەتىنى. يېڭى ئۇزۇن سەپەردە كۈلگەن ۋەتەن بەختىنى. ③ قېتىم، نۆۋەت: رومكا ئايلىنىپ يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. يىگىت بۇ سەپەر ئالدىرىماي ئاستا قولىغا ئالدى. * زىننەتخانىنىڭ گەپ-سۆزى ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك سېزىلسىمۇ، سادىق سەپرا بۇ سەپەر ئۆزىنى بېسىۋالدى.

**سەپەر توقچى** يول ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن كىچىك قىلىپ يېقىلغان توقاچ: مىگبىر پۇشايمان بىلەن سۇيىي قېچىپ كەتكەن سەپەر توقچىدىن يېرىمىنى ئاران تۈگىتىپ، ئاشخانىدىن چىقتىم.

**سەپەر قىلماق** ① مەلۇم بىر يەرگە قاراپ يول ئالماق، ماڭماق: سەپەر قىلغان يول بىلەر، كۆپنى كۆرگەن مول بىلەر (ماقال). * ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھېپىزەم ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ھاكىم بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە سەپەر قىلدى. ② كۆچمە. كۆز يۇمماق، ئۆلمەك: ئول ئاتام بىرلە ئانام ئۆز ۋاقتىدا قىلدى سەپەر، بۇ كۆڭۈلنى ئېزىلگەن شېرىن زوۋاندىن ئەلۋىدا.

**سەپەرگە چىقماق** بىرەر تەرەپكە قاراپ يول ئالماق، ماڭماق: نېمەت ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، مېھرىبان ئاتا-ئانىسىنى تاشلاپ، كېنىزىكىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا

مۇشۇ مۇشه‌ققه‌تلىك سه‌په‌رگه چىقىپتۇ. * بالا خوتۇنغا 18 يىللىق خىراجه‌ت بېرىپ، سودىگه‌رله‌ر بىله‌ن سه‌په‌رگه چىقىپتۇ.

**سه‌په‌رچى** ئى. سه‌په‌رگه چىققان ياكى سه‌په‌رده بولغان كىشى: ئايىغى قه‌يه‌رده بىلمه‌يمىز ئۇنىڭ، ئايىغى ئۈزۈلمه‌س بوستانلارنىڭ هه‌م. بارىدۇ سه‌په‌رچى به‌خت قوينىدا، جه‌ننه‌تتىن-جه‌ننه‌تكه قويغانده‌ك قه‌ده‌م.

**سه‌په‌رداش** ئى. سه‌په‌رده بىرگه بولغان كىشى، سه‌په‌ردىكى هه‌مراھ: ئالىمجان مه‌ن بىله‌ن سه‌په‌رداش بولغاندىن بېرى ھېچقاچان شۇ تاپتىكىده‌ك بىرنه‌رسىگه هه‌يران بولغان ئه‌مه‌س ئىدى. * سه‌په‌رداشلار روھلىنىپ شۇنچه، يىڭى جه‌ڭدىن ئاچار سه‌ھىپه. ئايان بولۇر ئۇرتاق ئىراده، جه‌ڭدىن ئالغان ئېغىر ۋه‌زىپه.

**سه‌په‌رداشلىق** ئى. سه‌په‌رده بىرگه بولۇش، سه‌په‌رده بىرگه يۈرۈش، سه‌په‌ردىكى هه‌مراھلىق: بىزنىڭ سه‌په‌ر-داشلىقىمىزمۇ شۇ يه‌رده تاماملانغانىدى. * سالى ئه‌په‌ندى سه‌په‌رداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ سوراپ باقماقچى بولدى.

**سه‌په‌رسىز** سۈپ. سه‌په‌رگه چىقمىغان، سه‌په‌ر قىلمىغان: هاته‌م خه‌تنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئويلاپ كۆردى. ئۇنىڭغا بۇ سوئالنىڭمۇ سه‌په‌رسىز هه‌ل بولمايدىغانلىقى ئايان بولدى.

**سه‌په‌رۋه‌ر** سۈپ (ئه+پ) جه‌ڭگىۋار هاله‌تكه كه‌لتۈرۈلگه‌ن، ته‌ييارلانغان: سه‌په‌رۋه‌ر قىلماق. * يۇرتىنىڭ خه‌لقى بولۇپ تامام سه‌په‌رۋه‌ر، ئۆلۈك قىزنى باشئه‌گمىگه يۆتكه‌شتى. كوچىلاردىن ئاقتى سه‌لده‌ك ئاده‌مله‌ر، تاغقا ئۆرله‌پ به‌لله‌ر ئاشتى، سۇ كه‌چتى. * ئويۇر-تويۇر قىلىپ يۇرتنى بۇ خه‌ۋه‌ر، ئه‌ل بىشىدا چۆگىلىدى خه‌ۋپ-خه‌ته‌ر. ئىرادىدىن ياساپ تانىكا خه‌لقمۇ، يول توسۇشقا كه‌لدى بىرده‌ك سه‌په‌رۋه‌ر.

**سه‌په‌رۋه‌ر قىلماق** ① مه‌لۇم بىر ئىش ياكى پائالىيه‌تكه ئاكتىپ، جه‌ڭگىۋار هاله‌تته قاتنىششقا ئۈندىمه‌ك؛ ته‌ييار، ته‌خ هاله‌تكه كه‌لتۈرمه‌ك: شۇڭا هه‌ممه كىشىنى شور ئاپتىگه قارشى كۈره‌ش قىلىشقا سه‌په‌رۋه‌ر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. * ئه‌تىسى كه‌چلىكى زاۋۇتتا ئىشله‌پچىقىرىشنى يۈكسه‌لدۈرۈش-كه سه‌په‌رۋه‌ر قىلىش بويىچه چوڭ يىغىن ئېچىلدى. ② ئارمىيه سېپىگه چاقىرماق: ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيه‌نگه ياردەم بېرىش هه‌ركىتىدىمۇ، شىنجاڭدىكى يه‌رلىك مىلله‌تله‌ردىن نۇرغۇن كىشى سه‌په‌رۋه‌ر قىلىنغانىدى.

**سه‌په‌رۋه‌رچى** ئى. بىره‌ر ئىش، پائالىيه‌تكه باشقىلارنى سه‌په‌رۋه‌ر قىلغۇچى، جه‌لپ قىلىپ ئويۇشتۇرغۇچى: شۇ يه‌ردىكى يه‌رلىك ئاهالىله‌ر قىسمىنىڭ ئات-ئۇلاغلىرى ئۈچۈن ئوت-سامان، يه‌م-بوغۇز، جه‌ڭچىله‌ر ئۈچۈن ئوزۇق تويلاشتى. له‌يلىگۈل بۇ ئىشلارنىڭ سه‌په‌رۋه‌رچىسى ئىدى.

**سه‌په‌رۋه‌رلىك** ئى. مه‌لۇم بىر ئىش ياكى پائالىيه‌تنى ئورۇنداش يولىدىكى جه‌ڭگه‌ۋار، قىزغىن ته‌ييارلىق هالىتى ۋه شۇنداق - هاله‌تكه يۈزله‌ندۈرۈش، دەۋەت: سه‌په‌رۋه‌رلىك يىغىنى. سه‌په‌رۋه‌رلىك دوكلاتى. * ئابدۇغېنى ئىشنىڭ تېگى-پېيىنى ئوچۇق بىلدۈرمىگه‌ن بولسىمۇ، رەسمىي سه‌په‌رۋه‌رلىككه ئۆتكه‌نىدى. * ئۇرۇق چاچقاندا ئه‌مه‌ت دۈيجاڭنىڭ سه‌په‌رۋه‌رلىكى بويىچه بىرنه‌چچه ئه‌زالار ياردەمگه كه‌لگه‌نىدى. * سېپىل ئۈستىده سه‌په‌رۋه‌رلىك باشلاندى. شه‌هه‌ر

ئىچىدە 5-ئاتلىقلار پولكى شتابىدىن ھايالسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى چېلىنىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

**سەپەرۋەرلىككە كەلمەك** بىرەر ئىش، پائالىيەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن قىزغىن، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرماق، تەييارلانماق: چايدىن كېيىن ئازادلىق ئارمىيە جەڭچى-ئوفىتسېرلىرى ئەر-ئايال ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سېۋەت-سايمانلىرىنى ئېلىپ ئەتراپنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھويلا-ئاراملىرىنى تازىلاش ئۈچۈن كوچىلارغا يۈرۈپ كەتتى. * كەلتۈردى ئۇ سەپەرۋەرلىككە، قىزلىرىنى، ئوغۇللىرىنى. يىغىشتۇردى بىر كۈن ئىچىدە قالدۇق يەرنىڭ ھوسۇللىرىنى.

**سەپپەن** رەۋ (ئە) سەپراس، سەپ-سەپ.

**سەپپەن تووۇلماق** → **سەپپەن ئېيتماق**: ئابدۇللا داموللا شۇ تاپتا ئىككى قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئالماس، جاپپاروپ، دوڭ تېخەن ۋە شۇلارغا ئوخشاشلارنى قويماي چاناشنى؛ مەسچىت-مەدرىسلەرگە قاتراپ، ۋەھىمىلىك دوق-پوپوزا بىلەن توختىماي سەپپەن توۋلاشنى، مىڭلىغان خالايىقنى كەينىگە سېلىپ، ئۆز كارامىتىنى بىر كۆرسىتىشنى قانداق خالايتتى ھە! * جامەنىڭ ئىچىدىكى ئىككى مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغان ئونلىغان سەپپەن تووۇلغۇچى مەزىنلەرگە، سىرتتىكى مەزىنلەر ئاۋاز ئۇلاپ ئەگىشىپ، بار ئۈنى بىلەن: «سەپپەن-سەپپەن» دەپ قايتا-قايتا تەكرارلاشتى.

**سەپپەن ئېيتماق** ئۈن سېلىپ، ۋارقىراپ كىشىلەرنى ناماز ياكى ۋەز نەسىھەت ئاڭلاش ئۈچۈن سەپراس بولۇشقا، جەم بولۇشقا چاقىرماق: – شۈكرى تەقسىر، بەركاتى بىلەن جىمى مۆمىنلەر تىنچ-ئامان، – قۇربان ئاقساقال كېكىردىكىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى، – «ھەممىنى قېتىپ بىر ئائىلە قىلىش» دېگەن گەپنى ھەممە يەرگە سەپپەن ئېيتىپ تارقىتىۋەتمەي دېگەنىدىم.

**سەپتۇرمەك** «سەپمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سايىت ئاكام قىز-ئوغۇللىرىغا ئۆستەڭدىن سۇ ئەكەلدۈرۈپ خامانغا سەپتۈرۈپ، خامان تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.

**سەپتۇرۇلمەك** «سەپتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شال مايسىلىرىغا قۇرۇق دورا سەپتۈرۈلگەنلىكتىن، تەدرىجىي قارىداشقا باشلىدى.

**سەپچى** I ئى. دىئال. قىرنىڭ ئېگىز-پەس، ئوي-دوڭغۇللىرىنى ئېلىپ تۈزلىگۈچى.

**سەپچى** II ئى. قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

**سەپداش** ئى (ئە+پ) ① <ھەرب> ھەربىي خىزمەتتە بىرگە، بىر سەپتە بولغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئۇلار چاۋشىيەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بىر ئاكوپتا جەڭ قىلغان يېقىن سەپداشلاردىن ئىدى. ② كۆچمە. بىر ساھە، بىر تەشكىلات ياكى بىر ئورۇندا بىللە ئىشلىگەن كۈرەش قىلغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): بىلال ئەزىزى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېقىن سەپدىشى ئىدى.

**سەپداشلىق** «سەپداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاقسۇ گېزىتخانىسىدىكى ئىختىساسلىق نابورچىكلاردىن تۇردى ھۇسەينوپ، قادىر ئېلىلار بىلەن بولغان ئادەتتىكى كەسپداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ بارا-بارا راۋاجلىنىپ، ئىنقىلابىي سەپداشلىق مۇناسىۋىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

**سەپرا** (ئە) ① ئى <تب> سارغۇچ رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر سۇيۇقلۇق. ئۇ جىگەردە ئىشلىنىپ ئۆت خالتىسىغا چۈشۈپ قويۇقلىشىدۇ. ئۇ مايلارنى پارچىلاپ ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. سەپرا خىلتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن كىشىلەر روھىي جەھەتتە ئىتتىك، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، كۆز ئېقى ۋە تىلى سارغۇچ، ئۇيقۇسى كەم بولىدۇ: قېتىق سۈزمىسىدىن ئايرىلىپ چىققان كۆك سۇ قان تەركىبىدىكى ياغ ماددىسىنى ئازايتىش، سەپرانى پەسەيتىش، قاننى تازىلاش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ② ئى. قەي، قۇسۇق: سەپرا قىلماق. ③ سۈپ. كۆچمە. ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالىدىغان، چېچىلغاق، تېرىككەك: قاتتىق يىللارمۇ ئۆتتى. قابىل دېھقان جامى سەپرا بوۋايغا ئايلاندى، ئېغىر-بېسىق ئەمگەكچان يىگىت سالمۇ سېرىق بۇرۇتلۇق، 40 نەچچە ياشلىق دېھقانغا ئايلاندى. * دادىسى سەپرا دەسلەپ نەدىكى بىر خەقلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ ئادىلنى ئوقۇشقا بەرمىدى، چىڭ تۇتىدى. // — ھاشىم دېگەن سەپرانى بۇ ئىشقا تارتىشتىن قورقمىغان بولسام، يالغۇز كېلىپ قالمايتتىم-دە، — دېدى تۇردى ساقىلىنى سىقىمداپ.

**سەپرا بولماق** ① قۇسقۇسى، قەي قىلغۇسى كەلمەك، كۆڭلى ئېلىشماق، بىئارام بولماق: — ئەگەر بىر كىشىنىڭ بېشى قېيىپ، قۇرۇق سەپرا بولۇپ ياندۇرۇۋې-تىش ئېھتىمالى بولسا، دەرھال دېرىزىگە قارىۋالسا بولىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە يولۇچىغا قاراپ. ② تېرىككەك، سەپرا ئادەمگە ئايلانماق؛ جۇدۇنى تۇتماق، ئاچچىقلانماق: — ئۇلار ئەمدى كەلمەيدۇ، — دەپ بوۋاي يىغلاپ سۆزلەپ كەتتى، — ئۆلىدىغان بولدۇم، خاپىچىلىقتىن سەپرا بولۇپ ئۆلىدىغان بولدۇم! سەپرايىم ئۆرلەۋاتىدۇ! ئەمدى مەن ئۆلۈمنى ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن.

**سەپرا خالتىسى** → **سەپرا مىجەز:** بىزنىڭ دۇيجاڭ تازا بىر سەپرا خالتىسى ئادەم. ھازىر ئۆيگە كىرمەيلى، كېيىن كەيپىنى كۆرۈپراق ئاندىن سۆزلەشمەمدىمىز؟

**سەپراسى تۇتماق** → **سەپراسى ئۆرلىمەك:** نەبىنىڭ تازا سەپراسى تۇتقان ۋاقتىدىكى بۇ ئاۋازلىرىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. * بۇنى ئاڭلاپ شۇم ئەمرىنىڭ تۇتتى سەپراسى، جۇدۇنى، دەسسىدى چەيلەپ تېپىپ، كالتەك بىلەن ئۇردى ئۇنى.

**سەپراسىغا تەگمەك** ئاچچىقىنى كەلتۈر-مەك، زەردىسىنى قايناتماق: — سەپرايىمغا تېگىپ مەن بىلەن تولا تاكاللاشمىساڭ بولام-دىكىن، ماڭ، ئۇت ئەكىلىپ، كالىنى ئۇبدانراق باقە! — دېدى ھاشىم. * بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسە بەزىلەرنىڭ سەپراسىغا تەگدى.

**سەپراسى قايىنماق** → **سەپراسى ئۆرلىمەك:** باياتىن بېرى سەپراسى قايناۋاتقان دۇيجاڭ، ئەمدى بوۋاينىڭ سۆزىدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

**سەپراسى قوزغالماق** → **سەپراسى ئۆرلىمەك:** ھەسەن توك جاۋابىمنىمۇ كۈتمەس-تىن، ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا ئېسىلدى. سەپرايىم قوزغالدى-دە، كابىنكىنىڭ ئىشكىنى جالاققىدە ئېچىپ، بىر پۇتىنى كوزۇپقا ئېلىۋاتقان ھەسەن توكنى تارتىپ چۈشۈرۈۋەتتىم.

**سەپراسى قىرىق گەز ئۆرلىمەك** → **سەپراسى ئۆرلىمەك:** كاتىپنىڭ سەپراسى قىرىق گەز ئۆرلەپ: — گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. ھازىرچە ھەل قىلىش ئەسلا مۇمكىن

ئەمەس دېدىمغۇ؟ – دېدى.

**سەپراسى ئۆرلىمەك** بەك ئاچچىقى كەلمەك، جۇدۇنى تۇتماق، قاتتىق ئاچچىقلانماق: ھېكىم سۆزلىگەنسېرى ئابدۇللا داۋۇتنىڭ سەپراسى ئۆرلىگىلى، ۋۇجۇدى تىترىگىلى تۇردى. * ساقان دولامغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى چىشىمغا مۇشت ئۇرغاندەك تېگىپ، سەپرايىمنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى.

**سەپرا قىلماق** قەي قىلماق، ياندۇرماق، قۇسماق: ئىگەم بىرھازادىن كېيىن ھويلىغا دەلدەڭشىپ ئارانلا كىرىپ سەپرا قىلىپ يېگەن تاماقلىرىنى قويماي ياندۇرۇۋەتتى. * ئانام قاتتىق يۆتەلگەندىن كېيىن بەلغەم ئارىلاش سەپرا قىلغاندىن كېيىنلا ئازراق ئارام ئالدى.

**سەپرا مىجەز** ① ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالىدىغان خاراكتېر، ئادەت: پاتەمخان بولسا، سۆزمەن قوشنىسى شەرىخاننىڭ پات-پاتلا ئۆرلەپ قالىدىغان سەپرا مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى. ② ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالىدىغان، چېپىلغاق، تېرىككەك، مىجەزى چۇس: ئايىسخان ئوتتۇرا بوي، يۈزلىرىنى تورغاي تۇخۇمىنىڭ رەڭگىدەك سەپكۈن دېغى قاپلىغان، سەپرا مىجەز ئايال ئىدى. * مەن شۇندىن كېيىن سەپرا مىجەز پوقاق موللامنى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئۇزۇن ساپلىق چوماقنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرۈپ قالدىم.

**سەپرا ئوت** <بوت> سوزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق ياكى سۇس بېغىر رەڭلىك كېلىدۇ. يىلتىزى ئاق ۋە پوستى قېلىن. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى ئالاھىدە خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە يىلتىز پوستى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يەل ھەيدەش، ھۆللۈكنى يوقىتىش، زەھەرنى كېسىش ۋە قىچىشقاقنى بېسىش روللىرىغا ئىگە.

**سەپراس** رەۋ. ئۆز رېتى، قاتارى بىلەن، قاتار-قاتار: ئەتراپتىكى لەشكەرلەر تولۇق جابدۇنۇپ قوللىرىغا قورال-ياراغ ئالغان ھالدا سەپراس تۇراتتى. * بۇ ھال خۇسۇسەن ئەتىگەن-كەچتە ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ مەيدانىغا سەپراس تىزىپ مومىغا بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا، تېخىمۇ روشەن كۆزگە چۈشەتتى.

**سەپراس بولماق** ئۆز رېتى، قاتارى بويىچە سەپ بولۇپ تىزىلماق: تەييارلىق ۋاقتى توشتى. ئۇلار چىقىش نۇقتىسىغا كېلىپ سەپراس بولۇپ تىزىلدى. * تۆت ئەتراپنى ئىس، ئوت قاپلاپ كەتتى. تاغنىڭ ئاغزىدا بىر قوشۇن سەپ تارتىپ سەپراس بولۇپ تۇردى.

**سەپراس قىلماق** ئۆز رېتى، قاتارى بويىچە سەپ قىلىپ تىزماق: شۇنىڭ بىلەن ساۋساۋ ئۈچ قوشۇننى سەپراس قىلىپ ئۆتنىڭ يولىغا چىقتى ۋە تاغ-داللارنى بىراقلا بېسىپ ئۆتۈپ قارارگاھ قۇردى.

**سەپرالاشماق** پ. ئاچچىقلىنىدىغان، چېپىلىدىغان بولۇپ قالماق؛ سەپرا بولماق، ئاچچىقلانماق: مەھبۇبە ئېلىنىڭ سەپرالاشقان چىرايىغا قاراپ ئازاپلىناتتى. * يازىچە يايلاقتا ۋارقىراشقان ئاياللار ھازىر سەپرالىشىپ نېمىلەرنىدۇر تىللايتتى.

**سەپرالىق** ① ئى. ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالىدىغان مىجەز، سەپرا خاراكتېر: ئۇ ئەركىنىنىڭ بېلىگە ئوقدانىنى باغلاپ، چوڭ دەرۋازا ئالدىدا پوستتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سەپرالىقى تۇتتى-دە، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى. * – نېمانچە سەپرالىق بۇ!؟ جان ئاغرىغاند-

دىن كېيىن دادىلىمادۇ. ئۆزلىرىمۇ تاڭ ئاتقۇچە غىڭشىپ، يۆتىلىپ ئۇخلىماي چىقتىلىغۇ؟ – دېدى باھارخان باقىغا تىكىلىپ. ② سۈپ. بەدەندىكى سەپرانى كۆپەيتىدىغان، سەپرانى قوزغايدىغان: بەك سېمىز گۆش-ياغ، تۇخۇم قاتارلىقلارمۇ جىگەرگە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، سەپرالىق نەرسىلەرمۇ جىگەرگە زىيانلىق.

**سەپرۇس** (توغرىسى: سەپراس) ← سەپراس.

**سەپالدۇرماق** «سەپالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – قېنى ئېلىشات، سەن بۇ رەسىمنى ياسىنىڭ ئالدىدا قويۇپ سەپالدۇرۇپ باق، بىر يېپ ئۈچى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، – دېدى ئاسىم.

**سەپالماق** پ. دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىماق، تەپسىلىي قاراپ چىقماق: ئۇ قايتىدىن يوتقان ئىچىگە شۇڭغۇپ، خىجالىتىنى تولۇق يوشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپقا سەپالدى. * ئالمىخاننىڭ بېغى بار، گۈل تۈۋىدە چېچەكى بار، ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار، ئۇڭ قېشىدا مېڭى بار.

**سەپ-سەپ** رەتلىك بىرقانچە سەپ، قاتار-قاتار: شەھەر خەلقى كوچىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ، گۆر ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئىستىقبالىغا سەپ-سەپ بولۇپ چىقىشتى. * مەپە ئۆتەر كەڭ سېپىلنىڭ ئۈستىدىن، چاقناپ تۇرار قەسىرلەر ۋە مۇنارلار، سەپ-سەپ بولۇپ چىقىپ كېلەر قەلئەدىن، ئۇكە تاقاپ ئالغان چەبدەس سۇۋارلار.

**سەپسەتە** ئى ① <پەلس> توغرا پىكىر قىلىش قائىدىسىگە خىلاپ پىكىر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى خاتا ئەكس ئەتتۈرۈشىدۇر: ھەقىقەت سەپسەتىنىڭ ئەكسى. ھەقىقەت سەپسەتە بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا راۋاجلىنىدۇ. ② تېگى يوق، ئاساسسىز، قۇرۇق گەپ: سەپسەتە ساتماق.

**سەپسەتە ساتماق** ئاساسسىز، بىمەنە گەپلەرنى قىلماق، قۇرۇق گەپ ساتماق: – سەن ئەمدى ھاكاۋۇرلۇقتىن سەپسەتە سېتىشقا ئۆتتۈڭمۇ؟! – دەپ ئاچچىق بىلەن سۆزلەپتۇ پادىشاھ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ. * نادانلىقنىڭ غارىغا، تاشلاش ئۈچۈن «تۈت مىتە»؛ ئۆسمۈرلەرنى ئازدۇرۇپ، ساتتى نۇرغۇن سەپسەتە.

**سەپسەتىچى** ئى. ئاساسسىز، بىمەنە گەپ قىلغۇچى، قۇرۇق گەپ، سەپسەتە ساتقۇچى: سەپسەتىچى كۆنمەس ئىشتا مۇشەققەتكە، يوقنى بار دەپ كۆز يۇمغۇسى ھەقىقەتكە.

**سەپسەتىچىلىك** ئى. يالغان نەزەرىيىلەرنى توقۇش، ئاساسسىز، بىمەنە گەپ قىلىش، قۇرۇق گەپ سېتىش ۋە مۇشۇنداق ئادەت: شۇنداق ياخشى، ئالىم ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىن سەپسەتىچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن بىر بالىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

**سەپسەتۋاز** ئى ← **سەپسەتىچى.**

**سەپسەتۋازلىق** ئى ← **سەپسەتىچىلىك.**

**سەپسېلىشماق** «سەپسالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئابدۇۋاپىتنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىرقۇر سەپسېلىشتى.

**سەپكۈ** ئى. كىگىزچىلىكتە چىغدانىغا سېلىنغان يۇڭغا سۇ سېپىدىغان چىغ سۈپۈرگە.

**سەپكۈچ** ئى. سۇ قاتارلىق سۇيۇقلۇقلارنى ئۇششاق تامچە قىلىپ چاچرىتىپ چۈشۈرۈپ بېرىدىغان تورسىمان جورغىسى بار ئاپتۇۋا شەكىلدىكى قاچا.

**سەپكۈن** ئى <تىب> ① بىر خىل تېرە

كېسىلى. بۇنىڭدا يۈزدە، بەزىدە بەدەندە سارغۇچ قوڭۇر ياكى قارا قوڭۇر رەڭدىكى ئۇششاق داغلار پەيدا بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ ۋە قىچىشمايدۇ. ② يۈزدە بولىدىغان شۇ خىل داغ: رۇقىيەنى ئۇنىڭ ئېلىپتەك بۇرنىنىڭ ئەتراپىدىكى شالاڭ سەپكۈنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چىرايلىق قىز دېيىشكە بولاتتى. * «توختا» دېگەن بۇ سۆزگە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پەسەنت قىلمىدى. لېكىن، ئۇلار ئارىسىدىن يۈزىدە سەپكۈنى بار بىرى تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

**سەپكۈنلۈك** سۈپ. سەپكۈنى بار، سەپكۈن قاپلىغان: توختى شۈجىنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلىپ، كۆزى باستىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكە ئۇلاشقان سەپكۈنلۈك يۈزىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. * شەمەرنىڭ سەپكۈنلۈك يۈزى ئېسىلىپ، لەۋلىرى تىترىدى.

**سەپكىل** (توغرىسى: سەپكۈن) ← سەپكۈن.

**سەپكىن** (توغرىسى: سەپكۈن) ← سەپكۈن.

**سەپلەتكۈزمەك** «سەپلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەپلەتمەك** «سەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەپلەشمەك** «سەپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەپلەنمەك** «سەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇتلەق زور كۆپچىلىك ئورۇنلاردا ئاپپاراتلارغۇ قۇرۇلۇپ بولدى، لېكىن بەزىلىرىدە كادىرلار تېخى سەپلىنىپ بولغىنى يوق. * كېمىگە لازىملىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سەپلەنگەچكە، بۇ يەردە كېمە بىلەن بىللە ماڭىدىغان ياغاچچىمۇ تەخ ئىدى.

**سەپلىك** سۈپ. سەپكە تىزىلغان، سەپ تۈزگەن؛ رەتلىك: ئاتلىق قىسىملار ھەر قاتىرى ئۈچ ئاتتىن تۈزۈلگەن ئۇزۇن سەپلىك تاقىملار بويىچە ئاستا مېڭىش ۋە يورغىلىتىپ مېڭىش ھەرىكەتلىرىنىلا كۆرسەتتى.

**سەپلىمە** سۈپ. سەپلەش، تولۇقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان: سەپلىمە بۇيۇم. * بۇ سائەتلەر ئىچىدە دۆلەت سىرتىدىن ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈلگەن قانۇنسىز، تېشى يوق ساختا سائەتلەرمۇ، ئەپلەپ-سەپلەپ قۇراشتۇرۇپ، يالغان ماركا چاپلانغان، سەپلىمە زاپچاسلىق، ئىشەنچسىز سائەتلەرمۇ بار ئىدى. * ئارىدىن تۆت-بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن مېنىڭ ئۇ بىر نەۋرە ھەدەم بىر باي ئائىلىسىنىڭ سەپلىمە كېلىن ئاچىسى بولۇپ قالدى. // بىرلەشمە شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرى ۋە ئاپتوموبىل سەپلىملىرى بىلەن تەمىنلەش-سېتىش كەسپى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى.

**سەپلىمەك** پ ① ئېھتىياجغا ئاساسەن بوش، كەم قالغان ئورۇننى ئادەم ياكى ماددىي نەرسىلەر ئارقىلىق تولۇقلىماق: ئۇ ۋاقىتتا، پۈتۈن شىنجاڭدا شوپۇر بىلەن ئاپتوموبىل غايەت ئاز، خۇددى تۇتىياغا ئوخشاش بولۇپ ئۇلاردىن قايسىبىرى كېمەيسە يەنە بىرىنى سەپلەشكە ئىمكان يوق ئىدى. * «نىزام» ۋە «چارە»دە يەنە ئوقۇتۇش خىزمىتى، ئوقۇتقۇچى سەپلەش، مەكتەپ راسخوتى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. ② ئالماشتۇرماق: ھەببە دېگەن ھېلىقى قىز ئىمتىھاندىن ئۆتكەنىكەن. لېكىن ئۇنى قالدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا سىزنى سەپلىدىم-دە، ئىشنى تامام قىلدىم. * 1979-يىلى 6-ئايدا پېسىلۋانىيە مەركىزىي داۋالاش ئورنى يېڭى ياسىغان سۈنئىي يۈرەكنى

بىر موزاينىڭ يۈرىكىنى ئېلىۋېتىپ، سەپلەپ سىناق قىلغاندا، ئۇ موزاي سۈنئىي يۈرەك بىلەن 140 كۈن ياشىغان. ③ قاتماق، قوشماق: دادىمىز ئۆلگەندە، ئۇنىڭ قولىدىكى ماتا-چوتالىرى قەرزگە يەتمەي، ئۆيدىكى جابدۇقلارمۇ سەپلەپ بېرىلدى. * ئۇلار بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەتلىدى. ئوچۇق قىلىپ ئاخىرىغا مۇنۇ گەپنى سەپلىدى.

**سەپمەك** پ ① سۈيۈقلۇقنى تozان ياكى تامچە قىلىپ باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە پۈركىمەك، چاچماق: ھېلىقى بېيىت ئېيتقۇچى قولىدىكى هاراقنى ئايالنىڭ يۈزىگە سەپتى، ئۆيىنى كۆلكە ئاۋازى قاپلىدى. * سۇنى سەپتىم سۈپىغا، قەنتنى ئالدىم قۇتىغا، يارىم كەتتى يۇرتىغا، مېنى سالدى ئوتىغا. ② تالقان ياكى ئۇن ھالىتىدىكى نەرسىلەرنى باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە توزۇتماق، چاچماق: يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز سېپىپتۇ (ماقال). * ئۇنىڭ كېسىلىگە قارشى ئىچىدىغان، سۈركەيدىغان، سېپىلىدىغان دورىلاردىن ھەممىنى ئىشلىتىپتۇ. * ئەزان ئۇنى چىقىشى، قارا ئاتلىق بىر كىشى، كېلىپ مېنىڭ قېشىمغا، توپا سەپتى ئېشىمغا. ③ بىر تەكشى تارقىتىپ چۈشۈرمەك، سالماق: بىر پارچە ئاق يەرنى كۆرسىلا ئۆزىگە قىلچە لازىمى بولمىسىمۇ، ھەر خىل ئۇرۇقلارنى سېپىپ قويۇپ كېتىدىغان خالىس يولۇچىلارنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ئىلتىپاتىدىن كېيىن، قانداق روھىي ئەلەم ۋە ۋىجدانىي جازالارنى كۆرگەنلىكىم خالايىققا ئەلۋەتتە مەلۇم ئەمەس. ④ كۆچمە. تاراتماق، ياياماق، چاچماق: بۇ دەل تاڭ سەھەر ۋاقتى بولۇپ قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئالتۇن نۇرىنى كائىناتقا سەپمەكتە ئىدى. * ئويغىنىمەن ئاۋازىڭ قۇلىقىمغا يەتكەندە، تاڭ چولپىنى نۇرىنى يۈزلىرىمگە سەپكەندە.

**سەت** سۈپ ① كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، چىرايلىق ئەمەس، كۆرۈمسىز: ياشىنىڭ سەتى يوق، قېرىنىڭ چىرايلىقى يوق (ماقال). * ئۇ خانىم — ئەينەك تېپىلمىغاندەك، ئەجەب بىر سەت كۆرسىتىدىغان ئەينەك ئېلىپسىز، قويۇڭ، بۇنداق ئەينەكنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى، — دەپ ئەينەكنى يەرگە بىر ئۇرۇپ چېقىۋېتىپتۇ. * بىرى سەتتۇر، لېكىن ئەخلاقى ياخشى، گۈزەلدۇر بىرىنىڭ ھۆسنى-جامالى. * بايىلا شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنگەن، تەبىئەت كۆزۈمگە كۆرۈنىدۇ سەت. گۈل-گىياھ، مەجنۇنتال... ھەممە-ھەممىسى، كۆرۈنەر گوياكى بولۇپ قايغۇ-دەرد. ② ئەيىب دەپ قارىلىدىغان، ئۇياتلىق: يىگىت ئادەمگە «ئالىمەن دېگەن قىزنى تارتتۇرۇپ قويۇپتۇ» دېگەندىن سەت ئىش يوق. * ئۇ چېكىدىن ئاشقان سەت قىلىقلاردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، ۋاڭنىڭ يېنىدا ئەپيۈن شوراۋاتقان ئايال ئالمىخانغا سەپسالدى. ③ كۆچمە. قۇلاققا ياقمايدىغان، يېقىمسىز ئىشىتىلىدىغان، قوپال: ئۇلار سەت ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ كەينىگە يېنىشتى. * بىر-بىرىنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن تىللايتتى ۋە تاش-چالما، لايلارنى بىر-بىرىگە ئاتاتتى. بۇلارنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. // ئەسمۇتۇللا بەگ غەزەپ بىلەن دۈشمەن سەركەردىسىگە قىلىچ ئۇردى. دۈشمەن سەركەردىسى سەت چىرقىرىدى-دە، كاللىسى ئىككى پارچە بولۇپ ئات ئۈستىدىن موللاق ئاتتى. ④ «ياخشى ئەمەس، يامان، ئۇيات» دېگەن مەنىسىدە كېسىم رولىدا كېلىدۇ: مېنىڭچە بۇنداق مۇھىم سايمانلارنى بۇزۇۋېتىش ياخشى بولماس، مېنى بۇ ئورۇنغا سۈرەپ كىرىپ يامان قىلىپلا. جازالىنىپ قالسام

ئۇۋال بولدۇ، سىلىگىمۇ سەت. * ئەھۋال مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئاخىرى بېرىپ زاۋۇتنى تاقاپ ئەسنەپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش ھەقىقەتەن سەت.

**سەت بولدۇ** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلماسلىقتا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ: — بولدى قىلسىلا، دادىسى، گەپ بولسا چىرايلىق قىلسىلا، بۇنداق ۋارقىراۋەرسىلە، قولۇم-قوشنىلار ئاڭلىسا سەت بولىدۇ، — دېدى ئايىزىمخان. * — سەت بولىدۇ، سىڭىللىرىم سەت بولىدۇ! — دېدى روزىئاخۇن بوۋاي ئۇلارغا يېلىنىپ، — راستىنىلا يوق بولسا بىزنىڭكىگە بېرىپ يېتىڭلار! مېنىڭدە بىرەر ئاي يېگۈدەك ئاشلىق بار.

**سەتەڭ** ① ئى. چىرايلىق كىيىنىپ، پەرداز قىلىپ يۈرىدىغان ئايال: سەن تونۇمسەن ئۇ سەتەڭنى؟ قالتىس ياسىنىپتۇ جۇمۇ! قېشىغا قاشلىق ئېتىپ، لېۋىنى بوياپ، ئەتىر پۇرىتىپ مېڭىپتۇ كاساپەت. * مەن جاھان چۆلپانى دەپ تۇرغان سەتەڭمۇ بىر كۆرۈپ، مەيلىنى، جېنىنى بەرگەن ئاشىقى دىلدارى پۇل. ② سۈپ. گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەن: «بىچارە ئايال ياش ۋاقتىدا خېلى سەتەڭ، ئەپچىل بولغىيتتى؟ ھازىر ئەپيۈنىنىڭ كاساپىتىدىن قۇرۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ قېلىپتۇ» دەپ ئويلىدى موللازەيدىن. * سەن-سەن يۈرەككە ئوتلارنى سالغان، ئەقلى-ھوشۇمنى ناز بىلەن ئالغان، مۇھەببەت سازىدىن خۇش ئاۋاز چالغان، قىيا باقمامسەن، ئەي سەتەڭ بالىخان.

**سەتەڭلىك** ئى. چىرايلىق كىيىنىپ، پەرداز قىلىپ ئۆزىنى باشقىلارغا چىرايلىق، گۈزەل كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش ئادىتى؛ چىرايلىقلىق، ساھىبجامالىلىق: ئۇ بىرزامانلاردا ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى ئارىسىدا قويۇندەك پىرقىراپ يۈرىدىغان سەتەڭلىكى بىلەن نى-نى يىگىتلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى.

**سەتچىلىك** ئى. كىشىلەر ئالدىدا ئۇيات ۋە خىجىللىقتا قالىدىغان ئىش-ھەرىكەت، قىلىق: ھايال بولماي تېزرەك كەلگىن. ئۇ كىشىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشمۇ سەتچىلىك. بۇ يەردە تۇرۇۋەرمىگىن. * بەزىلەر ھەتتا چەت ئەللىكلەردىنمۇ سوۋغا تەلەپ قىلغان ۋە پارا ئالغان، بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك-ھە!

**سەتچىلىك بولماق** ئۇياتتا ۋە خىجىللىقتا قالىدىغان ئىش تۇغۇلماق، يۈز بەرمەك: — ھە، مانا! — گەپىنىڭ راستىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي يانچۇقلىرىمنى كولىغان بولدۇم. يۈزۈم ئوت ئېلىپ كەتتى، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سەتچىلىك بولارمۇ؟ * بۇۋى ھەجەرنىڭ قولىقىنى سوزۇپ قويمساق، كېيىن سەتچىلىك بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە!

**سەتچىلىكتە قالماق** ئۇيات بولىدىغان، خىجالەتلىك ئىشقا يولۇقماق، گىرىپتار بولماق: مانا شۇ ئەخمەقلىقىمدىن بۇ سەتچىلىكتە قالدىم. * پاشا غوجا ۋالىينىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ: — خەۋەرلىرى بولسا كېرەك، خەلققە بىلەت سېتىپ قويغان، بۇگۈن بولسىمۇ بىر ئاخشام قويمىساق، يۈزىمىز چۈشۈپ سەتچىلىكتە قالىمىز، ئويۇشمىنىڭ نامىمۇ ياخشى بولمايدۇ، — دېدى.

**سەتر** ئى (ئە) يېز ت ① باسما ياكى يازما ماتېرىياللارنىڭ ھەربىر يولى، قۇر: ئارتۇر قەغەز ئۈستىدىكى سەترلەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىنى كۆرۈپ قالدى. * دېڭىز ھاسىل بولۇر قەترىلەردىن، بولۇر دىۋانلار ھاسىل سەترلەردىن. ② سىزىق: ئېھ! ئەجەب چاغ ياشلىق باھارى، قايدا كەتتىڭ ئەمدى سەن قېچىپ. قىچقارمىغان مېھماندەك سۆرۈن، سەترلەرنى ئەپتىمگە چېتىپ.

**سەتلەشتۈرمەك** «سەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنىڭ

ئەرۋاھى ئۈركۈپ، تەلەتنى زىيادە سەتلەشـ-
تۈردى-دە، تىلىنى چىقىرىپ، ئىسقىرتىپ، قولىدى-
كى سۈيۈق لايىنى ئانىغا چاچتى. * كۆڭلەكسىز
تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە چىرىپ كەتكەن
پەشمىتى، مايلاشقان شاپاق بۆكى، ئۇنىڭ
چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ كۆرسەتتى.

**سەتلەشتۈرۈلمەك** « سەتلەشتۈرمەك »
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قول ياغلىق
سىپتۇۋېلىشنى ئارتۇق چىقىم ھېسابلايدىغان بۇ
ئادەم قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزى-بۇرنىنى
سۈرتكەندە، سەتلەشتۈرۈلگەن يۈزىدە غەلىتە
داغلار پەيدا بولدى.

**سەتلەشمەك** ① « سەتلىمەك » پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: – ئۇلارنىڭ ھەممىسى
مېنى سەتلىشىۋاتىدۇ، – دېدى بالا يىغلاپ
تۇرۇپ. ② سەت، كۆرۈمسىز بولۇپ قالماق:
سىلەرگە تونۇش بولغان ھېلىقى « ئالۋاستى
كەپىسى » بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە
سەتلىشىپ كېتىپتۇ. * لايلار چاپلىشىپ، كەتتىم
سەتلىشىپ، قېچىشتى ئۇلار تېخى سەكرىشىپ.
③ باشقىلار ئالدىدا سەت، يېقىمسىز،
ئۇياتلىق قىلىقلارنى قىلماق: – ياق، سىزگە
ئوت ئېلىشىپ بېرەي دەپ كەلدىم. – سىزگە
بىركىم ئوت ئېلىشىپ بەر دېدىمۇ؟ يولىڭىزغا
مېڭىۋېرىڭ سەتلەشمەي! * – مەن ئەمدى،
مۇنداقچىسىگە، دوست بولايلى دەپ، – باقى
شۇنداق دېگىنىچە قولىنى ئاققىزنىڭ دولىسىغا
ئۇزاتتى، ئاققىز شۈركىنىپ كەتتى-دە، زەردە
بىلەن: – سەتلەشمەك-ھە! گېپىڭىز شۇمىدى؟
– دېدى.

**سەتلىك** « سەت » سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: ۋايجان، ئۇنىڭ سەتلىكىنى دېمەمە-
دىغان، قارىسا قورققۇسى كېلىدۇ. * سىرلىق
دۇنيا سىرلىرىڭغا يېتەلمىدىم، يا بىرىيولى
سەندىن كېچىپ كېتەلمىدىم، گاھى گۈزەل
كۆرۈنسەن، گاھى بەك سەت، سەتلىكىڭنى
ھاياتتىن يوق ئېتەلمىدىم.

**سەتلىمەك** پ. تىللىماق، ئەيىبلىمەك،
ھاقارەتلىمەك: چولپاننىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ
قېشىدا، كىم تىلغا ئالسىلا، زەردىسى قايناپ؛
سۆكەتتى بىھايا، نومۇسسىز قىزنى، سۆكەتتى،
سەتلەيتتى قانمايتتى قارغاپ. * شۇمتەكلىرىڭ
خورلىسا، باش ئۇرغىن، دەپ زورلىسا، سەنمۇ
بىللە سەتلىدىڭ، قېنى ئەمدى سەكرىگىن؟!

**سەتھ** ( **سەتھى** ) ئى (ئە) يېز ت.
نەرسىلەرنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى، يۈزى:
قېنى كۆل سەتھىگە پاتمىغان ئۆركەش،
مۇھەببەت سىرىنى يوشۇرغان ئورمان؟
ئېدىرنىڭ، ۋادىنىڭ كۆك بۇلۇتلىرى، ئەكەتتىڭ
شادلىقنى قەيەرگە، قاچان؟! * ئېھ، گۈزەل-
لىك! گۈزەللىكمۇ شۇنداق بولاركەن، چوغدەك
قەلب تۈن قوينىغا زىننەت قوشاركەن، يەردە
يۇلتۇز، يۇلتۇز ئەمەس نۇرلۇق چىراغ ئۇ، كۆك
سەتھىدە ئۇكەرنىمۇ نۇرسىز قىلاركەن!

**سەتىن** ئى (ر<فران) يىپەككە ئوخشاش
پارقىراق، تولىما يوللۇق يىپ رەخت.

**سەجئە** ئى (ئە) <ئەد> قاپىيىلىك نەسر.
بۇ كۆپرەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا
ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر شەكىلدۇر.
تارىختا بەزى كلاسسىك ئەسەرلەر
مۇشۇ يول بىلەن يېزىلغان. خەلق
چۆچەكلىرى ۋە داستانلارنىڭ نەسرىي
يول بىلەن يېزىلغان جايلىرىمۇ « سەجـ-
ئە » دېيىلىدۇ.

**سەجدە** ئى (ئە) <دىن> ناماز ئوقۇغان،
ئىبادەت قىلغان ياكى تەزىم بەجا
كەلتۈرگەنلەرنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ،
بېشىنى ئېگىپ، ئىككى قولىنى يەرگە
تىرەپ، پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزۈشى:
بۇنى كۆرگەن ھاتەم خۇشاللىقىدىن خۇداغا

شۇكۇرلەر قىلىپ سەجدىگە باش قويدى. كېيىن سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئاستا كېلىپ ئىشىكنى قاقتى. * ئۇلارنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ «سەجدە ئۈچۈن كىشىگە ئۆزى توغۇلغان تۇپراقتىن ئۇلۇغى بارمۇ، ئەخمەقلەر؟!» دېگۈم كەلدى.

**سەجدە قىلماق** ① <دىن> ناماز ئوقۇغان ياكى ئىبادەت قىلغاندا تىز چۆكۈپ، ئىككى قول بىلەن يەرنى تىرەپ، پېشانىنى يەرگە تەگكۈزمەك، باش قويماق: ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا خۇدا دەپ سەجدە قىلغان، ئەمدىلىكتە پاچاقلىنىپ ھەيۋەت-سەلتەنىتى يەرگە ئۇرۇلغان بۇت-سەنەملەر توغرىسىدا قىلچە ئويلىمىغىنىدەك، بۇلار توغرىسىدىمۇ قىلچە ئويلىمىدى. * بۇلار ئەسلىدە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشىپ تۇرغانىكەن. ② كۆچمە. باش ئەگمەك، بويسۇنماق، تىز چۆكمەك: يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، ئالامەت يوغان بەتەيۋەت 77 دېۋە يىگىتكە سەجدە قىلىپ، يەر سۆيۈپ ياتقۇدەك. * مىرزا ئەھمەد: — مەن بېرىپ لات-مىناتقا سەجدە قىلسام، ماڭا ئىشىنىپ خەزىنىسىنى تاپشۇرىدۇ، ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ ئېلىپ كېلىمەن، سىز ئەسكەر تېغىغا چىقىپ شىكار قىلىپ تۇرۇڭ، — دېدى.

**سەجدىگاھ** ئى (ئە+پ) ① سەجدە قىلىدىغان جاي: سەجدىگاھقا باش قويماق. ② كۆچمە. مۇقەددەس، ئەزىز، ئۇلۇغ جاي: بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىدا داستىخاندىن باشقا ھېچقانداق مۇقەددەس نەرسە، ھېچقانداق ئۇلۇغ سەجدىگاھ بولمايتتى. * سۇ دېسەڭ، ئالدىڭدا كەۋسەردەك ئاقاي، گۈل دېسەڭ تۇپراقتىن بىخ ئۇرۇپ چىقاي، مېھرىڭنى ئۆزۈمگە قىلىپ سەجدىگاھ، سېنىڭ ھەق سۆيگۈڭنى كۆڭلۈمدە ساقلاي.

**سەدەپ** ئى (ئە) ① بەزى يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ قاتتىق قاسىرقىدىن تەييارلىنىدىغان خىلمۇخىل رەڭدىكى پارقىراق ماددا: جىلتىكىسى ئۆزرە قاتار سەدەپلەر، كۆز چاقاتتى كۈن نۇرىدا يالتىراپ، گۈللۈك پوپۇچ كىيگەن كىچىك پۇتلىرى، تۇرار ئىدى شۇ دەم بەكمۇ ئالدىراپ. // ئابلىكىم قولى چەمبەرچاس باغلانغان مەخسۇت بەگنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ قول بارمىقىدىن سەدەپ كۆزلۈك كۈمۈش ئۈزۈكنى سۇغۇرۇۋالدى. * ئاي پەرىسى بالقىپ چىقتى ساماغا، بۇلۇتلارغا چېكىپ ئېنىق ئاق ئىزلار. جىلىتكىگە تاقىغان سەدەپ تۈگمىدەك، تۈن كۆكىدە چاقناپ كەتتى يۇلتۇزلار. ② مۇشۇنداق قاسراقلىق قېپى بار، يۇمشاق تەنلىك سۇ ھايۋىنى؛ سەدەپ قۇلۇلىسى: سۇ تەكتىگە كۆز تىكەرمىشمەن، كۆرۈنەرمىش بارچە مەۋجۇدات. بىر سەدەپنى كۆرۈپتىمىشمەن، ئېچىلغانىمىش نۇر چېچىلىپ يالت.

**سەدەپ چىش** ① سەدەپتىن تەييارلانغان چىش: ئاغرىماستا چىشنى ئاسراش سىزدە يوق، ئاغرىغاندا باشقا چارە بىزدە يوق. چىش كېرەك بولسا سەدەپ چىش سالدۇرۇڭ، ئۆمرىڭىز شۇ چىش بىلەن قىلغاي داۋام. ② كۆچمە. پارقىراپ تۇرىدىغان ئاپئاق چىش: ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدا سېھىرلىك كۆرۈنىدىغان سەدەپ چىشلىرىنىڭ جۇلاسىغا قاراپ بەزىلەر ھەۋەس باغلىسىمۇ، سىنچى يىگىتلەر ئۇ قىزغا شەيتىنى غالىب كۈلگەك قىز ئىكەن دەپ ئات قوياتتى.

**سەدەپ قۇلۇلىسى** <زوئول> بىر خىل يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سانتىمېتىرچە كېلىدۇ، قاپچۇقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ سۇس قوڭۇر، جىيەكلىرى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. تېپىز

دېڭىزلاردا ياشايدۇ.

**سەدەپ يوپۇرماقلىق ئېيىقئۇزۇمى** <بوت> كاككۇكگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدۇ. غولىدا ئايلانما سىزىقلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، ئالقانسىمان پەي شەكلىدە بىرلىدۇ. گۈلى ئاق ئارىلاش سۇس يېشىل رەڭدە كېلىدۇ. گۈلى پەقەت بىرلا قېتىم ئېچىلىپ، مېۋىلىگەندىن كېيىن ئۆلۈپ قالىدۇ. يوپۇرمىقىدىن يەلپۈگۈچ ياسىغىلى ياكى ئۇنىڭغا قەغەز ئورنىدا خەت يازغىلى بولىدۇ.

**سەدەپتەك** سۈپ. ئاپئاق پارقىراق، دانە-دانە: تۇرسۇن خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىغانىدى، ھەقىقەتەن سەدەپتەك گۈرۈچ ئىكەن.

**سەدەپسىمان** سۈپ. سەدەپ قۇلۇلىسى قېپىنىڭ قاسىرىقىدەك: دېۋىرقاي جىنس ئادەتتە ئاچ يېشىل رەڭلەردە بولۇپ، دېۋىرقاي پارقىراقلىقىغا ۋە سەدەپسىمان ئۈزۈلۈش يۈزىگە ئىگە.

**سەدەپگۈل** ئى (سەدەپ+گۈل) ← جەزبۇزار.

**سەدپارە** سۈپ (پ) ① يۈز پارە، پارە-پارە: سەدپارە يۈرىكى چېكىدۇ پىغان، تىلىدا: «قوزامنى ساقلىغىن خۇدا». تەگىدىكى بارمىدۇ ئانا قەلبىنىڭ، تىلەيدۇ تىنماستىن قىلىدۇ دۇئا. // يۈرىكىم سەدپارىسى، باسما كۆڭلەكلىك جۇۋان. ئەجەب يامان دەردى بار، شايە كۆڭلەكلىك جۇۋان. ② كۆچمە. پەرىشان، ۋەيران: – ۋاي قويىغىلارا، – دېدى زىۋىرشانىڭ ئايالى يالۋۇرۇپ، – پۇلىمىزنى بەرسە بىزگىمۇ خوش ياقاتتى، زىۋىرشا بىچارە سىلەردىنمۇ بەتتەرەك سەدپارە! * پادىشاھقا بېھساب ئالتۇن-كۈمۈش، خەزىنە-دەپىنىلەر يارىمىدى، ئۇنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى بولمىغاچقا كۆڭلى سەدپارە ئىدى. * كۆڭلى سۇنۇق سەدپارىلەر، قان يىغلىشار بىچارىلەر، بىر نانغا زار ئاۋارىلەر، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

**سەدپارە بولماق** بىئارام، پەرىشان، پاراكەندە بولماق، تەشۋىشلەنمەك: ئۇنى دېمىسمۇ، نادىم بىردەم يوقاپ كېتىدىغان بولسا قىز سەدپارە بولۇپ ئۇنى ئىزدەپ كېتەتتى، كىرمىگەن بۇلۇڭ، ياتاقلىرى قالمايتتى. * – ۋاھ، مەن بۇ ئىشقا نېمانچە سەدپارە بولىمەن؟ – دېدى ھېكىم قولىنى ئېگىكىدىن ئاجرىتىپ، – ماڭلا كېرەكمۇ بۇ ئۇستەك؟!

**سەدپارە قىلماق** بىئارام قىلماق، پەرىشان، پاراكەندە قىلماق، تەشۋىشلەندۈرمەك: – شۇنداق، بالا ئاغرىپ قالدى، بۆشۈكتە ياتىدۇ، ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، خوتۇنۇمنى سەدپارە قىلىۋەتتى، – دېدى دوختۇرغا. * ۋە لېكىن ھاياتنىڭ يولى تۈز ئەمەس، قىسمىتىم سەدپارە قىلدى قەلبىمنى. قوينۇڭغا كەلگەندە بىمار-خەستە جان، ئۇلغايتتى سوغ شامال دەردۇ رەنجىمنى.

**سەدپارچىلىق** ئى. پاراكەندىچىلىك، پەرىشانلىق، بىئاراملىق: شۇ سەدپارچىلىقتا بىرنەچچە «مەلىكىگە گۆھەرنى چايقاپ سۇيىنى ئىچۈرسەك ساقىيىپ كېتەتتى، گۆھەر ئەكىلىڭلار» دەپ چوقان سالسىلەر، شۇنداق قىلىپ، مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز.

**سەددىچىن** ئى (ئە+پ) سۆز مەنىسى «جۇڭگو سېپىلى» بولۇپ، سەددىچىن سېپىلىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەددىچىن سېپىلى** <جۇغ> مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە چىن شىخۇاڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىمالدىكى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلى-

نىش ئۈچۈن ھەرقايسى بەگلىكلەر قورغان سېپىللارنى تۇتاشتۇرۇش ئاساسىدا سالدۇرغان ئۇزۇن سېپىل. غەربتە جىيايۈگۈەندىن باشلىنىپ، شەرقتىكى شەنخەيگۈەندە ئاياغلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6700 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**سەدرە** ئى (ئە) يېز ت. مۇقەددىمە، باشلىنىش: «راك مۇقامىنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى»نى تۇردىئاخۇن ئاكا بىرىنچى تېكىستتە مۇنداق سەدرە بىلەن باشلايدۇ.

**سەدىر** ئى (ئە) ۋاگلىق تۈزۈمدە كەتىۋال-نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاش يېغىدىغان ۋە ساڭغا قارايدىغان كىشى.

**سەدىقە** ئى (ئە) <دىن> ① تىلەمچى ياكى موھتاجلارغا بېرىلىدىغان ئىنئام، خەير-ئېھسان: ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر تىلەمچى ئوغۇل بالا پەيدا بولۇپ، كىچىككىنە ئالىقانلىرىنى ئۇلارغا سۇنۇپ: — ئالتۇن بويلىرىنىڭ سەدىقىسى ئاكىلار، خۇدايىم بالا-قازادىن ساقلىغاي...، — دېدى. * قەشقەر شەھىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان ياسىن ھاجى ئىبنى مۇھەممەد ھاجى ئوغلى مەخسۇت بەگ بۈگۈنكىدەك ئايەم كۈنىدە، ئاجىز-ئورۇق يېتىم-يېسىرلارنى ئېسىدىن چىقارماي 30 مىڭ داچەن سەدىقە تارقاتتى. ② نىجات ئىزدەپ، ئەزىز ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ روھىغا ئاتاپ خۇدا يولىدا بېرىلىدىغان ئېھسان: مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنىڭ سەدىقە كىرىمىنى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاساسلىقى مۇشۇ جەھەتلەرگە ئىشلىتىش كېرەك.

**سەدىقە بەرمەك** ← **سەدىقە قىلماق**: دۇكاندا ئولتۇرغانلار يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئازدۇر-كۆپتۇر پۇل چىقىرىپ مومايغا بېرىشتى. موماي ئىنتايىن رازى بولۇپ سەدىقە بەرگۈچىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى.

**سەدىقە تىلىمەك** موھتاجلىقتىن سەدىقە ھېسابىدا باشقىلاردىن ماددىي نەرسىلەر بېرىشنى، ئېھسان قىلىشنى تەلەپ قىلماق: ئۇلار ئەمدىلا دەرۋازا سىرتىغا چىقىۋېدى، بىر قېرى دىۋانە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ سەدىقە تىلەپ تۇرۇۋالدى. * بىزنىڭمۇ ئەمگەك قىلىدىغان ئىككى قولىمىز تۇرۇپ ھەر يىلى سەدىقە تىلەش نومۇس ئەمەسمۇ؟

**سەدىقە قىلماق** <دىن> خۇدا يولىدا ئۆز مال-مۈلكىدىن مەلۇم نەرسە ئاجرىتىپ ئاجىزلار ۋە يېتىم-يېسىرلار، موھتاجلارغا بەرمەك، ئىنئام قىلماق: — ئېھ قېرىندىشىم، بۇ گۆھەرنى ئالغاچ كېتىڭ، بېشىڭىزغا قازا يەتسە، خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىڭ، — دەپ خەزىنىسىدىن ئالغاچ كەلگەن بىر گۆھەرنى ھەمراجانغا سۇندى. * لۇتپۇللا ھەممىنىڭ ئالدىدا يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تىلەمچى بالىغا بەردى، ئارقىدىن قالغانلارمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر ئاتىغانلىرىنى سەدىقە قىلىشتى.

**سەدىقە-پىتىر** <دىن> روزا ئاخىرلىشىپ ئېغىز ئېچىلغاندا قىلىنىدىغان سەدىقە ۋە سەدىقە قىلىنىدىغان نەرسە: ھەتتا بۇلاڭچىلار يانچۇقىدىن سۇغۇرۇۋالغان ئالتۇن سائەت بىلەن ھەميانىنى ئاشۇ ئۆشرە-زاكاتنىڭ سەدىقە-پىترىغا چىقىرىۋېتىپ «سەپەر ئېيى» ئۆتۈپ كەتكۈچە شىرمەممەتنى ئۆيىدە ئېلىپ قالسامىكىن، دېگەن خىيالغىمۇ كەلدى.

**سەدىقىچى** ئى. سەدىقە تىلىگۈچى.

**سەدىقىخانا** ئى. خەلقتىن سەدىقە يىغىپ يېتىم-يېسىر، مۇساپىرلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئورۇن: يەنە سەدىقىخانىلار قۇرۇلغانىدى. سەدىقىخانىلار ئىچىگە يېمەك-ئىچ-

مەك، ئاشلىق، يېقىلغۇ، گۆش قاتارلىق نەرسە-
لەر تەييارلاپ قويۇلاتتى، يولۇچىلار، مۇساپىرلار
قانچىلىك يېيەلىسە، شۇنچىلىك ئېلىپ يەيتتى.

**سەر** I مىق (پ) ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر جىڭنىڭ ئوندىن بىرى: بىر سەر ئالتۇن، بىر سەر كۈمۈش. * – مانا مۇشۇنچىلىك ئالتۇن قانچە سەر كېلىدۇ؟ – ھەمراجان قوش مۇشتىنى سەل يوغانراق قىلىپ كۆرسەتتى. // مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر (ماقال). * دورىغا بەگنىڭ تەڭگىسىدىن بەش سەرنى پەتنۇسقا سېلىپ، تۆردە ئاخۇننىڭ ئالدىغا قويدى.

**سەر** II (پ) بېز ت ① ئى. باش، كاللا. ② سۈپ. ئالدىنقى قاتاردىكى، خىللانغان، باشلامچى: سەر لەشكەر. * جەڭ ۋاقتىدا قارا بورسۇق سول قاناتتا، ئېلى پالۋان ئوڭ قاناتتا، نىياز پالۋان ئوتتۇردا، خەلىپە سەر قوشۇن سۈپىتىدە نىياز پالۋان بىلەن بىر جايدا تۇرىدىغان بولدى.

**سەرا** (توغرىسى: سەھرا) → **سەھرا**.

**سەراپ** I ئى (پ) مۇنچا، ھاممام: سەراپقا چۈشمەك.

**سەراپ** II ئى (پ) → **ئىزنىقۇ**: گويا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن پىژغىرىم چۆلدىكى قۇم بارخانلار نېفىت چارلاش-قىدىرىش ئەترەتىمىزنىڭ يولىنى توسۇپ قالالمىدى. يىراقتا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆررۈنمەي غايىب بولۇپ كېتىدۋاتقان سەراپ بىزنى ئېزىقتۇرالمىدى. * تاغدا بار جامالىڭ، گۈڭگۈمدا سايەڭ، كەچمىشىڭ ئىزىغا تولغان ھەر تەرەپ. ئۆمرۈمگەدىن ھەم كۆرگەن دەۋرىمدىن گويا، مەنزىرە كۆرستەر چۆللەردە سەراپ.

**سەراسىم** (توغرىسى: ساراسىمە) → **ساراسىمە**.

**سەراسىمە** (توغرىسى: ساراسىمە) → **ساراسىمە**.

**سەرەتان** ئى (ئە) <ئاستر> ① سەرەتان بۇرجى. ② 24 مەۋسۇمنىڭ سەككىزىنچىسى. مىلادىيە 5-ئاينىڭ 20، 21 ياكى 22-كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ: سۇمبۇلدا سۇ سالى، مىزاندا تەر، سەرەتاندا ئۇر (ماقال). ③ راك: ھازىر ئۇيغۇر تىبابىتى شىپاخانىلىرى سەرەتان (راك)، جۇزام، بەرەس (ئاق كېسەل) بۆرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ئۆت، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يول تاش كېسەللىكلەرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭغا دورا ۋە چارىلار تېپىۋاتىدۇ.

**سەرەتان بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ تۆتىنچىسى. بەلگىسى 69. ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 90° تىن 120° قىچە. ئەسلى ئورنى سەرەتان يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەۋزا يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم يازلىق كۈن توختىشى بولىدۇ.

**سەرەتان كېسەللىكى** <تىب> → **راك**.

**سەرەتان يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 8 سائەت 40 مىنۇت؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى 20°، يەنى جەۋزا يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىگە، ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

**سەرەڭگە** ئى. ئوت ھاسىل قىلغۇچى بىر خىل بۇيۇم. قېپى قۇتا شەكلىدە، ئىچىدە ئىنچىكە ياغاچ پارچىلىرىدىن قىلىنغان ئۇششاق تاللىرى بولىدۇ. تاللىرىنىڭ بىر بېشى فوسفور ياكى گۈڭگۈرت بىرىكمىلىرىگە چىلانغان، قېپىنىڭ يان تەرىپىگە

فوسفور سۈركەلگەن. تېلنى قېپىغا سۈركىگەن هامان ئوت هاسىل بولىدۇ.

**سەرەمەس** ئى <تىب> تىلما كېسىلى.

**سەرەمجان** (پ) ① ئى. ئۆي، زال قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە قويۇلغان بىسات، جاهاز، جابدۇق قاتارلىق نەرسە-كېرەك: ئۆي بىسەرەمجانلىرى. * ئاخىرى ئۇلارنىڭ كۆزى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئۆي سەرەمجانلىرىغا تىكىلدى. * — ئەمدى گىلەم، جاۋەن دەمسىز هەممىسى تەخ بولدى. بىزنىڭ سەرەمجانلىرىمىز ئون مېهمانخانىنى تولدۇرالايدۇ، — دېدى ئۇ. ② سۈپ. هەممە نەرسىلەر خىلى-خىلى بىلەن ئۆز جايى-جايىغا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان؛ تەرتىپلىك، رەتلىك: ياش مۇئەللىمەنىڭ سەرەمجان ياتىقى هازىرچە ئۆي قىلىپ راسلاندى. * هويلا ئىچى شۇنچە پاكىز، سەرەمجان، گۈللۈكلەردىكى گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاپ تۇراتتى. * يورۇق، كەڭرى ئۆي ئىچى، هەممە نەرسە سەرەمجان، قەلەم تۇتۇپ خىيالدا ئولتۇراتتى هەسەنجان. ③ سۈپ. ئىشنى جايى-جايىدا، تەرتىپلىك، رەتلىك بېجىرىدىغان؛ ئىنچىكە ۋە پۇختا ئىش قىلىدىغان: سەرەمجان ئادەم. سەرەمجان ئايال.

**سەرەمجان قىلماق** ① ئۆي-سەرەمجانغا ئىگە بولماق: — ئازغىنە پۇل خەجلەپ، شۇنچىۋالا كۆپ سەرەمجان قىلۋاپسىز، سىزنىڭ پۇلىڭىزنىڭ كۈرسى بەك ئۇستۇنمۇ-نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ② سەرەمجان هالەتكە كەلتۈرمەك، سەرەمجانلاشتۇرماق: ئىدى مېهمانخانا ئوبدان بېزەلگەن، سەرەمجان قىلىنىپ رەتلەپ تۈزۈلگەن.

**سەرەمجانلاشتۇرماق** «سەرەمجانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاباقنىڭ جېنى تۆمۈرمىكىن-تاڭ؟ شۇنچە هېرىپ-چارچىغىنىغا قارىماي، كەمە ئىچىنى بىر ئوبدان سەرەمجانلاشتۇردى. * ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە خانىسىنى قايسى قىز كېلىپ شۇنچە چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى؟

**سەرەمجانلاشتۇرۇلماق** «سەرەمجانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: پېشايۋان ئوتقاشتەك گىلەملەر بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلدى. * ئەكبەرنى هاشىم ئاكىنىڭ پاكىز، لايىقىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئازادە ئۆيىدىن كۆرە، داستىخانىنىڭ مول‍لۇقى هەيران قالدۇردى.

**سەرەمجانلاشماق** پ ① سەرەمجىنى بار بولماق: بىرى كىگىز، يەنە بىرى بىر كۆرپە، يەنە بىرى ئاپتۇۋا-چىلاپچا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىپ، بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوبدانلا سەرەمجانلىشىپ قالدى. ② سەرەمجانلىرى رەتلىك، جاي جايىغا قويۇلماق، سەرەمجان هالەتكە كەلمەك، سەرەمجان بولماق: شوپۇر بىلەن ئىككىمىز ئەتىدىن بېرى هەپىلىشىپ ئاران باسقان ياغاچلار ئىشچىلارنىڭ قىزغىن هەرىكەتلىنىشى بىلەن بىردەمدىلا سەرەمجانلاشتى.

**سەرەمجانلانماق** پ ← **سەرەمجانلاشماق**: هەيدەر ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئاددىي سەرەمجانلانغان پاكىز ئۆيىدە تۆمۈر خەلپىنى مېهمان قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا پات-پات قاراپ قوياتتى. * ئۇ پايپېتەك بولۇپ چاي راسلاۋاتاتتى، شۇ پۇرسەتتە ئاددىي سەرەمجانلانغان ئۆيگە سەپ سېلىپ چىقتىم.

**سەرەمجانلىق** ئى. سەرەمجان بولغان هالەت: تەكشۈرگۈچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئەتراپتىكى ئادەتتىن تاشقىرى تازىلىق ۋە سەرەمجانلىقتىن هەيران بولغانلىقىنى يوشۇرالمايتتى. * — مەن ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى

ئېيتىپ كەلسەم تۇگمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆي تۇتۇشنى بىلىشى، سەرەمجانلىقى، ھەر ئىشنىڭ كۆلىنى كۆلىگە كەلتۈرۈشلىرىنى دەيمۇ، قايسىبىرىنى دەي، — دېدى ئۇ ئىچىدە.

**سەربەست** سۈپ (پ) يېز ت. ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىدىغان؛ ئەركىن، مۇستەقىل: ئىچىپ سۈنغان شارابىڭنى بولۇپ مەست، ئېلىپ بىردەم نەپەس، ئازاد — سەربەست.

**سەربىز** ئى (پ) <بوت> مۈرەككەپ گۈللۈك-لەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، گىرۋىكىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ. گۈلىنىڭ چۆرىسى ئاق، ئوتتۇرىسى سېرىق، كۈزدە ئېچىلىدۇ.

**سەرپ I** ئى (ئە) ئومۇمەن بىرەر مەقسەت ئۈچۈن پۇلنى ياكى كۈچنى، زېھنىنى ئىشلىتىش؛ خىراجەت؛ چىقىم: پۇل سەرپ قىلماق. كۈچ سەرپ قىلماق. زېھنىنى سەرپ قىلماق.

**سەرپ ئەتمەك ← سەرپ قىلماق:** ئۇ ئۇلارغا ئىلىم-پەلسەپە، ئەخلاق ئۆگەتكەن. ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن، پۈتۈن زېھنىنى ئىلىم-مەرىپەت ئۈچۈن سەرپ ئەتكەن. * ھەر خىل جىسمانىي ئەمگەك ۋە ھەرىكەتلەر سەۋەبى بىلەن ئادەمنىڭ بەدىنى ھەر سېكۇنت ۋە ھەر مىنۇت ئىچىدە قۇۋۋەت (ئېنېرگىيە) سەرپ ئېتىپ تۇرىدۇ.

**سەرپ بولماق** بىرەر مەقسەت ئۈچۈن پۇل ياكى كۈچ-قۇۋۋەت، زېھن قاتارلىقلار ئىشلىتىلمەك؛ سەرپ قىلىنماق: پۇل سەرپ بولماق. زېھنىي كۈچى سەرپ بولماق. * — بۇ قورۇلۇشقا قانچىلىك پۇل سەرپ بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ. * بۇنىڭغا ئومۇمەن ئون مىڭ ئادەمنىڭ كۈچى سەرپ بولدى.

**سەرپ قىلماق** بىرەر مەقسەت ئۈچۈن پۇل ياكى كۈچ-قۇۋۋەت، زېھنى قاتارلىقلار-نى ئىشلەتمەك: كۈچنى سەرپ قىلماق. * يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆپ پۇل سەرپ قىلدۇق. * — سىز بارلىق زېھنىڭىزنى دەرس تەكرارلاشقا سەرپ قىلىڭ، — دېدى ئۇ. * ياسىن بۇ غول ئۆستەڭنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش-سىزىش ۋە پىلانلاش ئۈچۈن ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلدى.

**سەرپ II** ئى (ئە) كونا. مورفولوگىيە.

**سەرپاي** ئى (پ) كونا. كىيىم-كېچەك، ئۇستىباش: پادىشاھ «بەختىيارنى خەزىنىچى قىلدىم» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ ۋە خەزىنىنىڭ قۇلۇپ، ئاچقۇچلىرىنى بەختىيارغا تاپشۇرۇپتۇ. بىر بوغچا شاھانە سەرپايلارنى ئەكىلىپ كىيدۈرۈپتۇ. * مەسۇدىخان ئېرىنىڭ يىغىنغا يېڭى سەرپاي كىيىپ بارىدىغان ئادىتى يوقلۇقىنى بىلىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى شەرتسىز ئورۇنداپ ئۆگەنگەن ئايال يېڭى سەرپايلارنى ساندۇقتىن ئېلىپ بەردى.

**سەرپلەنمەك** «سەرپلمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: باھاردا ئۈزۈم تېلى يىلتىزلىرى ئارقىلىق تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلىق سۇلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆز بەدىنى ئارقىلىق ناھايىتى زور كۈچ بىلەن يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تېخى تال يوپۇرماقلىرى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن يەردىن سۈمۈرۈۋېلىنغان ھېلىقى سۇلار سەرپلەنمەيدۇ-دە، تالنىڭ زەرەرلەنگەن جايىدىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئېقىپ تۇرىدۇ.

**سەرپلمەك** پ. خىراجەت، چىقىم قىلماق؛ سەرپ قىلماق، ئىشلەتمەك: پۇل سەرپلمەك.

**سەرپۇش** ئى (پ) تۆپىسى تۆرۈك ھەم ئېگىزرەك، چۆرىسىگە قاما ياكى كۆرپىدىن نىسبەتەن تارراق جىيەك تۇتۇلىدىغان بىر خىل تۇماق، سەللە تۇمىقى: بوۋاي تومۇز كۈنلىرىنىڭ ئىسسىقىغا قارىماي، بېشىغا نېپىز سەرپۇش، ئۇچىسىغا سالما ياقىلىق چەكمەن چاپان، چاپانىنىڭ ئىچىگە سالما ياقىلىق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. // سەرپۇش تۇماق.

**سەرپۇش تۇماق** → **سەرپۇش**: ئۇنىڭ بېشىدا تۆكى چۇشۇپ كەتكەن سەرپۇش تۇماقنىڭ ئۈستىدىن ئورىۋالغان كىر سەللە بولۇپ، سەللىنىڭ قۇلىقىنىڭ كەينىدىن چۇشۇرۇلگەن ئۇزۇن پەتتىسى ئۇنىڭ ئوچۇق، تۆكلۈك مەيدىسىنى يېپىپ تۇراتتى.

**سەرپىيات** ئى (ئە) خىراجەتلەر، چىقىملار: ماي سەرپىياتى. ئېنېرگىيە سەرپىياتى. توك سەرپىياتى. * — بۇ ئۇسۇل بىلەن بىرمۇنچە ئەمگەك سەرپىياتى ئىقتىساد قىلىنىدۇ، — دېدى ئۇ. * ئۇلار بىرلىك كۆمۈر سەرپىياتى يۇقىرى بۇ ئاجىز ھالقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېنېرگىيە تېجەش جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچلەرنى كۆپلەپ ئىشقا سالدى.

**سەرتال** ئى (سەر+تال) باراقسانلاپ، كۆركەم ئۆسكەن تال: ئىشىك ئالدى سەرتاللار، شاخ-شاخىدا مارجانلار، بىزنى دېگەن يارانلار، ھەر كوچىدا ۋەيرانلار.

**سەرجان** ئى (د) ① ئۈچ گەزگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. ② يەرنى ئۆلچەش ئۈچۈن مەخسۇس ياسىلىدىغان ئۈچ گەزگە تەڭ ياغاچ ئۆلچىگۈچ: ئۇلار قايسى كۈنى بۇ يەرلەرنى ئۆلچىگەن، ياشلار بەزى يەرلەردە بەلگىچە سۇ كېچىپ يۈرۈپ سەرجان سالغان، تېخى بۇرناكۈنلا 1 — دۈينىڭ ئەزالىرى سابىق ياچېيكا شۇجىسى مەنسۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاشۇ چېگرىنىڭ قومۇشىنى ئورۇشقا چىققانىدى. ③ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەز، قېلىنلىقى بىر يېرىم گەز قىلىپ كەسلەپ تىزىلغان ئوتۇن.

**سەرجانلىماق** پ ① سەرجان بىلەن ئۆلچىمەك. ② ئوتۇننى سەرجانغا توشقىدەك قىلىپ تىزماق: ئۇلار بەس-بەس بىلەن بۇغداي-قوناقلىرىنى ئۇن قىلىپ، زىغىر-زاغۇنلىرىدىنى ياغ قىلىپ، سەۋزە-چامغۇرلىرىنى ئورىغا كۆمۈپ، ئوتۇنلىرىنى سەرجانلاپ ئۇزۇن قىشنىڭ غېمىنى تۈگەتتى.

**سەرخۇش** I سۈپ (پ) كەيىپ قىلغان، كەيپى بار، بىرئاز مەست، شىركەيىپ.

**سەرخۇش** II سۈپ. دىئال. ئىلىشاڭغۇ، سارالڭ قېتىش، تەلۋە.

**سەرخىس** ئى (پ) <بوت> سەرخىس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئورغاققا ئوخشايدۇ، سپورا خالتىسى توپ ھالەتتىكى تەڭگە شەكلىدە بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ دۈمبە تەرىپىگە تىزىلىدۇ، يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە قان توختىتىش ۋە مەددە چۈشۈرۈش دورىسى قىلىنىدۇ.

**سەرخىل** سۈپ (پ+ئە) ئالدىنقى قاتاردىكى، خىللانغان، تاللانغان: سەرخىل قوغۇن. * گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا، ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا (ماقال). * ئۇلار مۇتەللىپنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى ئەتراپىغا قىشچە ئۆيدە ئۆستۈرگەن سەر خىل گۈللەردىن 30 — 40 تەشتەك گۈلنى يۆتكەپ، قاتار تىزىۋەتكەنىدى. // ئالما يەمسەن، شاپتۇلمۇ، تېپىلىدۇ ھەر خىلى. پىشتى راسا مەي بولۇپ، مېۋىلەرنىڭ سەرخىلى.

**سەرخىل كوماندا** <تەن> كوماندىلار

بىرلىك قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان شاللاش
مۇسابىقىلىرىدىكى ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا
ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۈچلۈك كوماندىلار.

**سەرخىل ماھىر** <تەن> گۇرۇپپىلارغا
بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلغان شاللاش مۇسا-
بىقىلىرىدىكى ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا
ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۈچلۈك ماھىرلار.

**سەرخىللاشتۇرماق** پ. تاللانغان، خىللانغان
ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ئەڭ ئالدىنقى
قاتارغا ئۆتكۈزمەك، خىللاشتۇرماق:
ھازىرقى كەسپلەرنى ئۆزگەرتىش، ئۇنۇمنى
ئۆستۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا،
ئېچكى-تاشقى بازارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن،
بايلىق مەنبەسىنى پائال ئېچىپ، كەسىپ
قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئايلىنىش-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

**سەرخىللىق** «سەرخىل» سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى: دادۇيدىن داۋالاش ئورنى
قىلىپ ئاجرىتىپ بېرىلگەن بۇ باغ ھەقىقەتەنمۇ
مېۋىلەرنىڭ سەرخىللىقى، موللۇقى بىلەن
كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتاتتى. *
قەسىردىكىلەر ئادىمىنىڭ ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ
سەرخىللىقىغا ئىشىنىپ يۇرت بويىچە تىنتىش
ئېلىپ بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

**سەردار** ئى (پ) ① <ھەرب> قوشۇن
باشلىقى، لەشكەر بېشى، قوماندان:
خىسراۋ: — چارچىدىم، ئوردىغا بېرىپ ئارام
ئالىمەن، مېنىڭ ئورنۇمغا قوشۇنغا سەردار
بولىسەن. ھازىردىن باشلاپ قەلئەنى ئېلىشقا
تەييار بول! — دېدى. * ئەتىسى ناماز
بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا يەنە يىراقتىن
نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.
ھوشۇر بەگ سەردارنى ئەۋەتىپ خەۋەر
ئالغۇدەك بولسا، 31 لەك ئافغان لەشكىرى
يېتىپ كېلىپتۇ. ② كۆچمە. باشچى، يولباش-
چى، رەھبەر: ئەل-يۇرتقا سەردار بولغان
ئادەم ئەنە شۇ سەركىدەك يول باشلاشقا
لاياقەتلىك بولۇشى، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن
ئاشۇ ئايغىردەك ئۆز جېنىنى پىدا قىلالىشى
لازىم. * ئۇ ئۆينىڭ تۆرىگە توغرا قويۇلغان
بەندىگدە، باشلارنىڭ سەردارى سۈپىتىدە
ھەممىنىڭ كۆزىگە ئۇچۇق تاشلىنىپ ئولتۇراتتى.
③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سەردان** سۈپ (پ) توق، تولۇق دان
ئالغان، ئوخشىغان (دان ۋە مېۋە-چېۋىلەر
ھەققىدە): سەردان ئۈزۈم. سەردان
ئۆرۈك. * ئۇنىڭ تېخى مۇنبەت تېرىلغۇ يېرىنىڭ
125 مىڭ موسىنى ئەلگە داڭلىق ئاق ۋە
سەردان گۈرۈچ چىقىدىغان شال ئېتىزلىرى
تەشكىل قىلاتتى. * جامال دورغا يەرنىڭ
ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۇرۇپ
قويۇق ئۆسكەن، سەردان باش تارتقان
بۇغداي ئېتىزلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

**سەررا** ئى (پ+ئە) يېز ت. قاتتىق سوغۇق
شامال، بوران، جۇدۇن: ياراتقان ئىگىسى
ئۆمۈرلۈك بەخشەندە قىلىپ بەرگەن تەمكىنلىك
ئۇنىڭ سەرراغا دۇچ كەلگەن دېڭىزدەك
داۋالغۇۋاتقان كەيپىياتىنى تېزدىنلا ئۆز ئىزىغا
قايتۇردى. * گۈركىرەپ سەررا چىقىپ،
تاشلايدىكەن ئىزنى كۆمۈپ، يېتىشەلمەي
قېرى ئامبال، قاپتۇ شۇ چۆلدە ئۆلۈپ.

**سەررا-بوران** يېز ت. قاتتىق بوران،
قاتتىق شامال: ئۇرۇلار قىرغاققا تۇرمۇش
دولقۇنى بىلسەڭ ھامان، كېمىنى ئاسمان-پەلەك-
كە ئىرغىتار سەررا-بوران.

**سەرراپ** ئى (ئە) كونا. پۇلنى پارچىلاپ
بېرىش ياكى باشقا مەملىكەت پۇلىغا
ئالماشتۇرۇپ بېرىش ئىشى بىلەن شۇغۇل-
لانغۇچى ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق نەپ
ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى؛ پۇل،

ئالتۇن سودىگىرى: سەرراپ بازىرى. * بۇ يەرگە سەرراپ ۋە دەلاللار چۈش ۋاقتىدا پۇل ئېلىپ كېلىدۇ. * قوللىرىدا زىخچە ئالتۇن ۋە تىلالارنى جىرىڭلىتىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە كۆز-كۆز قىلىپ يۈرۈشكەن بىرمۇنچە مەككار سەرراپلار كېدىيىپ ۋە ھىجىيىپ، تاپان تۇزاقلىرىغا جاي ۋە جان كۆزلەپ باراتتى.

**سەرراپخانا** ئى. كونا. سەرراپلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى: كونا جەمئىيەتتە مەن شاڭخەيدە تۇرغان، سەرراپخانىلار، بانكىلار پۇل قەرز بېرىشتە نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھەققەتەن قايتۇرغۇدەك چامىسى بولسا، ئاندىن قەرز بېرەتتى.

**سەرراپلىق** «سەرراپ» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: سەرراپلىق قىلماق.

**سەرراچ** ئى (ئە) ئېگەر-جابدۇق ياسايدىغان ئۇستا.

**سەرراچلىق** «سەرراچ» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: سەرراچلىق قىلماق.

**سەرسام** ئى (پ) <تىب> مېڭە پەردە ياللۇغى؛ مېنىنگىت: سۇ يېغى خۇسۇسەن زاغۇن، قىچا ياغلىرى كېسەل كىشىنىڭ قوقىقىغا تېگىدۇ، شۇڭا، كېزىك، زاتىل، سەرسام، زۇكام، زىققە، كېكىردەك، كاناي كېسەللىكلىرى ۋە ئىسسىتما قاتارلىق كېسەللەرگە ئۇنداق ياغلارنى بېرىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

**سەرسان** سۈپ (پ) ئۆز يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ ھەر يەر، ھەر جايدا يۈرىدىغان؛ سەرگەردان: سەرسان ئادەم. سەرسان بولماق. * خالىدىن ئەپەندىم، ئۇزۇن يىللار سەرسان بولۇپ ئىزلىگەن قىزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىگە يېقىنلا بىر يەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. * ئۆتىدۇ ئۆمرى بىكارغا تەمتىرەپ توي-بەزمىدە، ھەر ئىشىككە دوقۇرۇپ يۈرىدۇ سەرسان يىگىت. // تاڭ جوپاڭ گۆرۈ قويغىلى نەرسە ئېلىپ كەلگەن ھاجەتمەنلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، بولۇپمۇ يالىڭاياغ، يالىڭاچ، سەرسانلارنى كۆرسە ئىچى ئاغرىيتتى.

**سەرسان بولماق** ئۆز يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ ئۇ يەر-بۇ يەردە يۈرمەك: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. * ئۇلار ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرسان بولۇپ سارغىيىپ، ئاچ-يالىڭاچ نالە قىلىپ راھەتنى زادى كۆرمىگەنىدى.

**سەرسان قىلماق** سەرسان بولغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماق: — مېنى بىراۋ بىرنېمىگە تارتىپ، سەرسان قىلاي دەۋاتقىنى يوق، نېمىگە مۇنچىۋالا ئۆزۈمنى قىينايمەن، — دەپ ئويلىدى يىگىت ئىچىدە.

**سەرسانە** رەۋ (پ) سەرسانلىق ئىچىدە، سەرسان بولۇپ: تېپىرلاپ قەپەستىكى قۇشتەك، كۆرگىنىم يامان چۈشتەك، بولۇپ يۈرگەنىدە سەرسانە، ئاڭا يەنە ئەلەم قاتتى. // قەيەرلىكسەن، قەلەندەر، دىۋانىمۇ سەن. يا بېشىڭغا كۈن چۈشكەن، سەرسانىمۇ سەن؟

**سەرسانچىلىق** ئى → **سەرسانلىق**: موللازەيدىنىنىڭ ھاياتى نامراتچىلىق، سەرسانچىلىقتا ئۆتكەنىدى. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ كاچا بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بالا دەردىدە تارتىۋاتقان سەرسانچىلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ كېلىنى سىقاتتى. * ئۇ يەنە سەرسانچىلىق تۇرمۇشنى يەنە قانچىلىك داۋاملاشتۇرماقچىدىكىن تاڭ؟

**سەرسان-سەرگەردان** ھەددىدىن ئارتۇق سەرسان ۋە سەرگەردان: ئۇ قورۇغان كۆڭلەك ۋە باشقا كىيىملىرىنى كىيىپتۇ، نەگە قاراپ مېڭىشنى بىلمەي سەرسان-سەرگەر-

دان بولۇپ پۈتى تايغان، بېشى قايغان تەرەپكە يۈرۈپتۇ. * بۇ پەرىلەر يۈرتمۇيۈرت سەرسان--سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشۈپتۇ.

**سەرسانلىق** «سەرسان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ: «مەن نېمشقا ئىككى يىل سەرسان بولۇپ يۈردۈم، بۇ سەرسانلىقنىڭ نەتىجىسى نېمە بولار؟» دەپ ئويلايتتى. * ئۇمۇ قېرى، ئاغرىقچان دادىسىنى، ئىنىسىنى ئويلاۋاتىدۇ: «دادام، ئىنىم قالدى، ئەمدى ئۇلار قانداق كۈنگە قالار؟ قانداق سەرسانلىق كۆرەر؟» // -- ئېھ خۇدا! مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان شەخسىيەتچى ئىكەنمەن! مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن جۇدالىق، سەرسانلىق مىنۇتلارنى ئۆزۈملا تارتىشىم دەپ ئويلاپتىمەن، – دەپ ئويلىدى گۈزەلئاي ئىچىدە.

**سەرسانلىق-سەرگەردانلىق** سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىق: مەن بولسام، ئەلەم بىلەن ئۆز ۋەتىنىمنى تاشلاپ چەت ئەللەردە سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي يۈرۈپتىمەن. * سەككىز يىلنى سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەم يېڭى باھارنىڭ شاراپىتىدىن ئۆز يۇرتى، ئۆز ماكانىغا قايتىپ، خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن جەم بولۇپتۇ.

**سەرسۇك** سۆپ. دىئال. بېشى قايغان، ھوشىنى يوقاتقان.

**سەرقەلەم** ئى (پ+ئە) <بن> ئۆي تېمىنىڭ كۆركەم ھەم چىرايلىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئالدى ۋە يان تېمىنىڭ ئۈستى قىسمىغا چىقىرىلىدىغان گىرۋەك.

**سەركاتىپ** ئى (پ+ئە) كونا. كاتىپلارنىڭ باشلىقى، باش كاتىپ؛ كاتىپ: يامۇلنىڭ داتىگى، يېزىلماقتىدى، ھەيدەرخان نامىدىن بىر پارچە تىلخەت. ئۆي ئىچى جىملىققا چۆككەن شۇ قەدەر، سەركاتىپ قەلىمى يورغىلار پەقەت.

**سەركار** ئى (پ) يېز ت. مەلۇم ساھە ياكى ئىشنى باشقۇرغۇچى، ئىش بېشى، رەھبەر: ئىش بىلگۈچى ئاقىللار بولدىلەر خار، ئىش بىلمىگەن نادانلار بولدى سەركار.

**سەركە** ئى ① پىچىلغان ئەركەك ئۆچكە: قوينى سەركە باشلايدۇ، ئويۇننى ئەركە (ماقال). * مۈڭگۈزلىرى بىلەكتەك يوغان ئاق سەركە بىرىنچى بولۇپ يولغا چۈشتى. قالغانلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. * شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىدىكى قېلىن تېرەكلەر ئىچىدە بولسا، قوللىرىغا يوغان پىچاقلارنى تۇتقان كىشىلەر بۆگۈنكى نەزىرگە ئاتالغان توققۇز تورپاق، توققۇز تاي، توققۇز ئىرېك، توققۇز سەركىنى سويۇشقا كىرىشتى. ② جەرەننىڭ ئەركىكى، ئەركەك جەرەن: جەرەنلەرنىڭ ھېرىپ قالغانلىرى بىر-بىرلەپ ئۆز توپىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشقا باشلىدى، توپ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان جەرەن سەركىسى ئۇدۇلدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىر تاغ تەرەپكە يول ئالدى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشتا، پائالىيەتتە ئالدىدا مېڭىپ، باشقىلارنى يېتەكلىگۈچى؛ يولباشچى: – جەمئىيىتىمىز ھازىر ئاجايىپ بىر تارىخي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭىئاۋاتلىقلار بۇ بۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ، تۇراپ شۇجى ئۇنىڭ سەركىسى ئىكەن، بىز ئۇنى قوللىشىمىز كېرەك، – دېيىشتى كۆپچىلىك. * بار، قېنى ئاتلان يېڭى كۈرەشكە، كوممۇنىست ھەرقاچان توپنىڭ سەركىسى. راھەتنى ئۆتەن، جاپادىن قاچما، ئەلگە چاكار بول، بولما ئەركىسى.

**سەركە بولماق** بىرەر ئىشتا، پائالىيەتتە باشقىلارنى يېتەكلىمەك، باشلىماق؛ باشچىلىق قىلماق: بۇ ئىشتا نېغمەتنىڭ ھىممىتى چوڭ، ئۇ پۈتۈن كەنتنىكىلەرگە

سەركە بولدى. * بۇ ئادەملەر بىپىش سەپىرنىڭ دەسلىپىدىلا ئۆزلىرىگە سەركە بولغان كىشىنىڭ كەينى يىرىشقا پىتىنالماي، دەرھال يۇك-تاقلارنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشتى.

**سەركەردە** ئى (پ) كونا ① لەشكەر بېشى، قوماندان: ئۇ، مەھمۇد مۇھتىنى «تۇرپان پىدائىيلىرىنىڭ سەركەردىسى، مېنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىم» دەپ تونۇشتۇردى. * سوپىئاخۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە ئىنتايىن غەلىبىلىك جەڭ قىلىۋاتقان خەلقنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەنىدى. ② كۆچمە. يولباشچى، باشلىق: — جانابلىرى دانىشمەن سەركەردىمىز ياڭ جاڭجۈننىڭ-شىنجاڭنى قانداق قىلىپ 17 يىل سورىغانلىقىنى خاتىرە شەرىپلىرىدىن چىقىرىپ قويمىغانلا، — دېدى ئۇ سىپايىلىق بىلەن.

**سەركەردىلىك** «سەركەردە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — مەن جانابى پاسبانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قوشۇنغا سەركەر-دىلىك قىلىپ ساۋ ساۋنى تارمار قىلمەن، يەنە ئەل بولۇش ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر بولىدىكەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ، — دېگەنىدىم.

**سەركىچۆپ** ئى (سەركە+چۆپ) <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. باھار پەسلىدە دەسلەپ گۈلى ئېچىلىپ، كېيىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ. گۈل باشقى ئۈستىدە قويۇق ئۆسكەن ئاق رەڭدىكى تۈكلىرى بولىدۇ. يىلتىزسىمان غولىنى ئىستېمال قىلغىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى، يوپۇرمىقىدىن يامغۇر-لۇق كىيىملەرنى توقۇغىلى بولىدۇ.

**سەرگەردان** سۈپ (پ) ئۆز يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ، توغرا كەلگەن يەردە يېتىپ قوپۇپ ھايات كەچۈرىدىغان؛ سەرسان: سەرگەردان كىشى. سەرگەردان بولماق. * تاشۋاي شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى كېچىسى مۇشۇ گۈلەخنى ماكان قىلدى ۋە ئۆزىگە ئوخشاش سەرگەردان باللارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. * — ئىسمىڭىزنى شانىيازغا ئۆزگەرتىپ ئۆرۈمچى-گە بارسىز، سالاھىيىتىڭىز تىرىكچىلىك يولىدا ئىش ئىزلەپ يۈرگەن سەرگەردان دېھقان بولىدۇ، — دېدى ئېلىيوپ ماڭا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ.

**سەرگەردان بولماق** ئۆز يۇرت، ماكانىدىن ئايرىلىپ، توغرا كەلگەن يەردە يېتىپ-قوپۇپ ھايات كەچۈرمەك؛ سەرسان بولماق: ياقا يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مېھرىبانۇ پۈجۈڭ ئىككى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. * موللىنىياز خېلى يىللاردىن بۇيان سەرسان، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، تېتىك، جاسارەتلىك، ئۈمىدلىك كۆرۈنەتتى.

**سەرگەردانلىق** «سەرگەردان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەرگەردانلىقتا ئۆمۈر كەچۈرمەك. * 200 كۈنلۈك سەرگەر-دانلىق ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان دېھقانغا قورساق بېقىش ئۈچۈن راست گەپ قىلىش زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. * — ئۇزاق يىللاردىن بۇيان سەرگەردانلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئانا-باللارنىڭ تېپىششىنىڭ ئۆزى بىر توي، — دېدى ئۇ. // ئۇلار مانا شۇ كۈندىن باشلاپ سەرگەردانلىق كوچىسىغا كىردى.

**سەرگەز** ئى (پ) گۈللۈك ماتا: ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر دېھقان ئاياللىرى ئاساسەن سەرگەزدىن كۆڭلەك، ماتادىن ئىشتان كىيەتتى.

**سەرگۆزەشت** ئى (پ) باشتىن ئۆتكەن ۋەقەلەر، باشتىن ئۆتكەن ئىشلار،

كەچۈرمىش: گۈلسۈمخان ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى-نى سۆزلەشكە باشلىغاندا گۈلشەن بىلەن گۈلدەستىمۇ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنى تاشلاپ ئاڭلاپ ئولتۇرغانىدى. * «تۇمۇر خەلپە يېغىلىقى»دا هايات قالغان بۇ ئىككى سەپداش ئۆزلىرىنىڭ 20 يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىنى هېكايە قىلىشىپ ئولتۇراتتى.

**سەرلەپ-مسقاللاپ** ناهايىتى ئاز، ئاز-ئازدىن؛ ناهايىتى تېجەپ: – يولداش سابىر ئامبارنىڭ سۆيىنى سەرلەپ-مسقاللاپ تەقسىم قىلدىمۇ، بىزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش – ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئېهتىياجىمىزنىڭ هۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ – دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ.

**سەرلەشكەر** ئى (پ) كونا. لەشكەر بېشى، قوماندان: – شىيەتەي بىلەن قېزبەگ غوجا سەرلەشكەر بولدۇ؛ پۈتۈن تەييارلىق ۋە مەشىق ئىشلىرى قەتئىي مەخپىي ئېلىپ بېرىلدۇ. قوشۇن يۈرۈش باشلىغاندا، كېچىسى مېڭىپ، كۈندۈزى ئۆزىنى پىنهان تۇتىدۇ، – دەپ بۇيرۇق قىلىندى.

**سەرلەۋهە** ئى (پ+ئە) <ئەد> كىتاب، ئەسەر، ماقالە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ نامى؛ ماۋزۇ: ئۇنىڭ سەرلەۋهەسى «كوممۇ-نىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئىدى. * قىدىرخان، ئامانىنساخانلار «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلىگەندە، يەنىلا شۇ چاغدا قوللىنىلىپ تۇرغان ئادەت ۋە مودا بويىچە، مۇقام قىسىملىرىنىڭ سەرلەۋهە ۋە ئاتالغۇلىرىنى ئەرەبچە ۋە پارسچە نامدا قوللانغان.

**سەرلەۋهەسىز** سۈپ. سەرلەۋهەسى يوق، سەرلەۋهە قويۇلمىغان، ماۋزۇسىز: هازىر بىر-ئىككى كۈپلېتلىق، سەرلەۋهەسىز شېئىرلار خېلى كۆپ يېزىلىدىغان بولدى.

**سەرلەۋهىلىك** سۈپ. سەرلەۋهەسى بار، سەرلەۋهە قويۇلغان، ماۋزۇلۇق: غۇلجىدا چىقىدىغان چوڭ گېزىتلەرنىڭ بىرىدە «قاتىللارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى» سەرلەۋهىلىك بىر خەۋەر ئېلان قىلىندى. * بولۇنۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئاساسەن ئۆز چۈشەنچىسىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى هېس قىلغان شائىر بىردىنلا ئۆزىنىڭ «قاملاشمىدى» سەرلەۋهى-لىك شېئىرىنى ئەسلەپ كۆپچىلىككە ئوقۇپ ئاڭلىتىشنى توغرا تاپتى.

**سەرلىك** سۈپ ① سەرنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلغان، سەرلەپ تارتىدىغان نەرسىلەر-نى ئۆلچەيدىغان: سەرلىك تارازا. سەرلىك جىڭ. ② مەلۇم سەر ئېغىرلىقىدىكى؛ مەلۇم سەر قىممىتىگە ئىگە: ئۇ ئالدىراپ يىرىم سەرلىك تەڭگىدىن ئىككىنى چىقاردى-دە، هېلىقى بالىنىڭ هۆل بولۇپ كەتكەن قولىغا تۇتقۇزدى.

**سەرلىمەك** پ. سەرلىك تارازىدا تارتماق، سەرنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلغان ئاساستا ئۆلچىمەك: ئالتۇننى سەرلىمەك. كۈمۈشنى سەرلەپ ساتماق. * ئۇ قېرى ئاچقۇچلىرىنى بولسا بېلىگە ئېسىپ يۈرەتتى. ھەتتا سېلىپ ئىچىدىغان چېيىنىمۇ سەرلەپ ئېلىپ، كىچىك بىر خالتىغا ئۇۋۇتىپ سېلىپ، پوتىسىغا تۈگۈۋالاتتى. * ئاسماندىكى ئاينى كۆرۈك، تاش ئاخۇنۇم باينى كۆرۈك. ئىشلەپ هارغان مەدىكارغا، سەرلەپ بەرگەن ناننى كۆرۈك.

**سەرمايە** ئى (پ) تىجارەت ياكى كەسىپكە سېلىنىغان مەبلەغ، كاپىتال، پۇل: سەرمايە توپلىماق. * بىز قوشۇمچە ئىشلەپ-چىقىرىشتىن خېلى سەرمايە توپلىۋالدۇق. * ئۇ ئوغلىغا: – هەرنەرسە ئالساڭ پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ، ئۆز سەرمايەڭگە قاراپ بەلگىلە، يەنى ئاز نەرسىدىن كۆپ پايدىنى ئۈمىد قىلما، – دەپ نەسىهەت قىلدى.

**سەرمايدار** ئى (پ) كونا. تىجارەت ياكى كەسىپكە سېلىنغان پۇل، مەبلەغ، مال-دۇنيا ئىگىسى؛ كاپىتالىست: كاتتا زېمىندارلار ۋە سەرمايدار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆز مەنپەئەتى، ئۆز پايدىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسە يوق. * سەرمايدارلار ئىنتايىن شەخسىيەتچى بولۇپ، ئۇلار مال-دۇنيا ئۇچۇن جېنىنى تىكىدۇ.

**سەرمايىسىز** سۈپ. سەرمايىسى يوق، ھېچقانداق سەرمايىگە ئىگە بولمىغان: سەرمايىسىز كىشى.

**سەرمايىلىك** سۈپ. سەرمايىسى بار، سەرمايىگە ئىگە بولغان.

**سەرمەك** (توغرىسى: سىيرىماق) ← سىيرىماق.

**سەرمۇنشي** ئى (پ+ئە) يېز ت. ئەمىر ياكى خاننىڭ سارىيىدا ئىشلىگۈچى باش كاتىپ؛ سەركاتىپ: كوئېنلۇن – ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى ئانا تاغ، بىزنىڭ دىيانەتلىك سەرمۇنشىيىمىز.

**سەرۋاز** ئى (پ) كونا. يېز ت. ئاددىي ئەسكەر، لەشكەر: ئۇنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغىنىمىزدىن كېيىن، ئەسكەرلىرىگىزنى كۆرۈپ باقساق دەپ تەلەپ قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن قۇراللىق 70 سەرۋاز ناھايىتى تېزلا سەپكە تىزىلىپ تەييار بولدى. * كېمىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئولتۇرغان سۇ سەرۋازلىرى بىردەك ناخشا ئېيتىشتى.

**سەرۋازلىق** «سەرۋاز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**سەرۋەر** ئى (پ) ① يول باشلىغۇچى، يولباشچى: بەختىيار، شاد ناخشا چىقتى ئەۋجىگە، ياڭرىدى ئۇ، پارتىيە سەرۋەر ۋە داھىي شەنىگە. * شان بىلەن قايتىپ كېلىشتى پالۋانلار چېگرىدىن، كۆردى ئەجرىگە مۇناسىپ بەختنى سەرۋەر مېھرىدىن. ② ئاياللار ئىسمى.

**سەرۋى** (پ) ① ئى. ئارچا. ② سۈپ. كۆچمە. قەددى-قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق (ئاياللار ھەققىدە): ئورما ۋاقتىدا كۆردۈم سەرۋى بويلۇق جانان قىز، ھۆسنى بېغىدا بىردەم قىلدى مېنى مېھمان قىز. * قامىتىڭ سەرۋى ئىدى، مۈكچەيدى خۇددى يا بولۇپ، شۇ يوسۇن تۇرقۇڭ بەتتەر رەپتارە بولدۇڭ مەن ئۇچۇن.

**سەرىچ** ئى. دىئال. سەرپۇش، سەرپۇش تۇماق.

**سەرىمەس** سۈپ. دىئال. غەم يېمەس، بىغەم.

**سەرىمەك** پ. دىئال. غەم قىلماق، غەم يېمەك.

**سەزدۈرمەك** «سەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ، ئىمام-مەزىنلەرگە بۇ ئەھۋاللارنى زادى سەزدۈرمىدى. * بىر قارىغان كىشىگە ئۇ ئۆزىنىڭ شوپۇر ئىكەنلىكىنى سەزدۈرۈپ تۇراتتى. * ئەزىزەمنىڭ باش ئاغرىقى قوزغالغانغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ چىدام، غەيرەت بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئابدۇللاغا سەزدۈرمىگەنىدى.

**سەزدۈرۈشمەك** «سەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەزدۈرۈلمەك** «سەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: «قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!» ۋەرەقىسىنىڭ بارلىق جايلارغا تەكشى تارقىلىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ساقچى ئورگانلىرى بىلەن 5-ئاتلىقلار پولكىغىچە سەزدۈرۈلمەي ئەپچىللىك بىلەن ئەكىرىلىشى مۇستەبىت ئەمەلدارلارغا زەربە بىلەن ئۇرۇلغان تۆمۈر مۇشت بولدى.

**سەزگۈ** ئى ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى،

سېزىم، تەسىر، تۇيغۇ: نۇر كۆزگە چۈشسە كۆرۈش سەزگۈسى ھاسىل بولىدۇ، ئاۋاز قۇلاققا تەسىر قىلسا، ئاڭلاش سەزگۈسى ھاسىل بولىدۇ. * ئەستە قالدۇرۇشتا كۆرۈش، ئاڭلاش، تەگكەننى ۋە ھەرىكەتنى سېزىش قاتارلىق كۆپ خىلدىكى سەزگۈ يوللىرىدىن پايدىلىنىش لازىم. ② جانلىقلارنىڭ تاشقى تەسىرنى سېزىش، ھېس قىلىش قابىلىيىتى: سەزگۈسىنى يوقاتماق. سەزگۈ پەيدا بولماق. * «نەدىسەن ئەي دوستۇم نەدىسەن» دەيتتىم، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تووۋلايتتىم بۇ دەم. جاڭگالنىڭ ھېچ يېرى بەرمەيتتى سادا، يوق ئەپسۇس يۈلغۇننىڭ سەزگۈ، تىلى ھەم. ③ كۆچمە. روھىي كەچۈرمىش، ئىچكى ھېسسىيات، تەسىرات؛ پىكىر: ئەنۋەر ئۆز ئەتراپىنى دەۋر قىلىپ بولۇۋاتقان بۈنداق قىزغىن ھايات خۇشاللىقىدىن مەمنۇن بولسىمۇ، يەنە تولىمۇ نازۇك بىر سەزگۈ ئۇنى ئازابلايتتى. * ئۇنىڭ پېشانىسىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، يۈرىكى كەلگۈسىنىڭ دەھشەتلىك سەزگۈلىرى بىلەن تولغان ئىدى.

**سەزگۈ ئەزالىرى** <پسخول> ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەسىرنى سېزەلەيدىغان تېرە، كۆز، قۇلاق، تىل، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار: يەنئەندە ئۇچرىغان بۇ ئايرىم-ئايرىم شەيئىلەر كۆزنىتش ئۆمكىدىكى ئەپەندىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا سەزگۈ پەيدا قىلىدۇ.

**سەزگۈ پۆپۈكى** <زوئول> گىدرا قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ سەزگۈ ئەزاسى. كۆپىنچە ئېغىز ئەترا-پىدا ئۆسىدۇ. شەكلى پۆپۈك ياكى قول بارماقلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەنە ئوزۇقلۇق تۇتۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

**سەزگۈ نېرۋىسى** <فىزئول> ھەرقايسى ئەزا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان قوزغىلىشلارنى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان نېرۋا.

**سەزگۈچى** «سەزمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سەزگۈچى كالپۇك. // بىلىم- بىلگۈچىدە، ئەقىل - سەزگۈچىدە (ماقال).

**سەزگۈچى كالپۇك** <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار تىپى، كلاپان ساقاقلىق-لار سىنىپىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئېغىز ئورگىنىنىڭ ئىككى يېنىدا بولىدىغان كلاپان شەكىللىك تۈزۈلۈش. ئۇ گۆشلۈك، تەكشى ياپىلاق كېلىدۇ. ھەر بىر تەرەپتە بىر جۈپتىن بولىدۇ. ئۈستىدە قويۇق ھالەتتە كىرپىكسىمان ئۆسكەن تۈكچىلىرى بولۇپ ھەم سېزىش رولىنى، ھەم ئوزۇقلىنىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سەزگۈر** سۈپ ① سېزىش ئىقتىدارى،سېزىمچانلى-قى كۈچلۈك؛ تاشقى تەسىرنى تېز سېزىدىغان، سېزىمچان: سەزگۈر ئىت. * يۈرەك ئىنتايىن سەزگۈر ۋە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى بىلەن بەك يېقىن ئالاقىدار ئەزا بولغاچقا، ئىچكى ۋە تاشقى تەسىراتنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىدۇ. * جەننەتنىڭ سەزگۈر يۈرىكى بۇنى ئاللىقاچان تۇيۇپ بولغانىدى. // ئادەمنىڭ قۇلىقى، بۇرنى، تىلى، كۆزى ۋە تېرىسى ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. ② بىرەر نەرسىنى ناھايىتى ئاسان سېزىۋالالايدىغان، بايقىيالايدىغان، زېرەك، ھوشيار: ئۇ، ناھايىتى سەزگۈر، چېچەن، ئەقىللىق قىز ئىكەن. * خەمىتنىڭ دادىسى قادىر ئاكا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ناھايىتى سەزگۈر ئادەم بولغاچقا، ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئاسادىيى قېيىدىشىپ قالغانلىقىنى دەررۇ پەملىدى. * // ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىگە ھەر قېتىملىق تالاش-تارتىش ۋە

بەس-مۇنازىرىدە، ھەتتا ھەربىر ئىبىز سۆزىدىمۇ ناھايىتى سەزگۈر بولۇشقا توغرا كەلدى.

**سەزگۈرلەشتۈرمەك** «سەزگۈرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەزگۈرلەشتۈرۈلمەك** «سەزگۈرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەزگۈرلەشمەك** پ. سەزگۈر ھالەتكە كەلمەك، سەزگۈر بولماق، سەزگۈرلۈكى ئاشماق: جەڭچىلەر تېخىمۇ سەزگۈرلەشتى، باندىتلار بەخىرامان ھالدا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. * مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بورىنى يېتىپ كەلگەندە، سىياسىي ھەرىكەتلەردىن نەپ ئېلىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغان سابىر تېخىمۇ سەزگۈرلىشىپ كەتتى-دە، «ئىنقىلاب» نىڭ دەسلەپكى يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

**سەزگۈرلۈك** ① «سەزگۈر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇنىرىدىن بىلەن زەۋقى سەزگۈرلۈك قىلىپ، ئىككەيلەننىڭ پاراڭلىشىشىغا ئىمكانىيەت بېرىش ئۈچۈن، كوچا بويىدىكى بىر موزدۇزنىڭ دۇكىنى ئالدىغا بېرىپ تۇردى. * ئەنۋەر مۇخبىرلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن سىيىت ئاكىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئانچە نورمال ئەمەسلىكىنى سېزىۋېلىشقا ئۈلگۈردى. ② ئى <پسخول> شەيئىلەرنىڭ تاشقى تەسىرىنى سېزىش ياكى ئۇنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى: قېنى مەندىكى ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك. * بۇ ئېھتىمال ياشلاردا بولىدىغان سەزگۈرلۈك بولسا كېرەك.

**سەزگۈرلۈك دەرىجىسى** ① <پسخول> جانلىقلارنىڭ تاشقى تەسىرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى. ② <فز> رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ سىگناللارنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى. بۇنى رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەشتىكى ئۆلچەم قىلغىلى بولىدۇ. ③ <فز> بەزى ئەسۋابلارنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى. مەسىلەن، ئىنتايىن ئاجىز بولغان توكنى سەزگۈرلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان گالۋانومېتىر ئارقىلىقلا ئۆلچىگىلى بولىدۇ.

**سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش** <تب> ئورگانىزملارنىڭ بەزى دورىلار ياكى تاشقى تەسىرگە بولغان سېزىمچانلىقىنىڭ نورمالسىز ھالەتتە ئېشىپ كېتىشى.

**سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش رېئاكسىيىسى** <تب> ئورگانىزملاردىكى سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان بىر خىل نورمالسىز رېئاكسىيە. كۆپىنچە شۇك، يەل تاشما ۋە تېرە ياللۇغى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**سەزگۈزمەك** (توغرىسى: سەزدۈرمەك) → سەزدۈرمەك.

**سەزمەك** پ ① سەزگۈ ئەزالىرى ۋە نېرۋىلىرى ئارقىلىق ھېس قىلماق؛ تۇيماق، بىلمەك: تۇرنسا ئۇنىڭ بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ تارقىلىۋاتقان ئەتىر پۇرىقىنى سەزدى. * كۆلى بۇ قوللاردىن ئۆز بەدىنىگە توكتەك ئۆتۈۋاتقان ئىسسىق ھارارەتنى سەزدى. ② ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ ھالەت، ھادىسە ۋە ئىش، مەسىلە قاتارلىقلارنى ئىچكى تۇيغۇ ياكى ئەقىل-ئىدراك، تەجرىبە ئارقىلىق ھېس قىلماق، بايقىماق: بىز بارا-بارا قارا كۈچكە تايىنىپلا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقنى سەزدۇق. * نىياز دورغا بولسا، ئەمەت كۇرۇكنى بورە يەپ كەتكەنلىكى بىلەن خامۇش ماڭغىنى بۆرە تالىۋەتكەنلىكى ئارىسىدا قانداقتۇر بىر باغلىنىش بارلىقىنى سېزىپ، خامۇشنى دەرھال

ئالدىغا چاقىرتقۇزدى.

**سەس** ئى. پېز ت. ئاۋاز، تاۋۇش، ئۈن؛ سادا: نە كېلۇر نەي سەسلىرى ئاستا پېقىنلاپ. يېقىنلاشقانسېرى ئاھى پېلىنجاپ، كۆرۈنگەچ مانا تامدا بىر كۆلەڭگە، يۈگۈردى لەيلى، سىغماي جانى تەنگە. * جىملىدى لەيلمۇ شۇ نەينى ئاڭلاپ، يۈرەك تىنماس ئىدى لېكىن، تېپىرلاپ. بېرىپ شۇ ئان يۈلەندى بىر تېرەككە، ياقار ئوت نەي سەسى دەردلىك يۈرەككە.

**سەسكەندۈرمەك** «سەسكەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يېقىمسىز ئاۋاز كىشلەرنى تولىمۇ سەسكەندۈردى. * «مەن مەست ئەمەس» دەپ تەكرارلاۋاتقان ئەزىزنىڭ ھازىرقى بىچارە ئەپتى-بەشىرىسى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى ھاراق بىلەن تۇخۇملار قۇددۇسنى قاتتىق سەسكەندۈردى.

**سەسكەندۈرۈشمەك** «سەسكەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېڭى ياغقان سوغۇق قار بالىلارنى سەسكەندۈرۈشتى.

**سەسكەنمەك** پ ① بىرەر تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن بىردىنلا چۆچۈمەك، تىترىمەك، سىلكىنمەك: بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، شەرۋانەم بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك سەسكىنىپ كەتتى. * جالال بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك سەسكىنىپ كەتتى. ھەممە بىردىن ئۇنىڭغا قارىدى. * ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيمەكچى بولۇپ تۇرغان بۇۋى ھەجەرنىڭ يۈرىكى بۇ ھالەتتىن ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتى. ② كۆچمە. بىزارلىق ۋە يىرگىنىشلىك ھېس قىلماق؛ بىزار بولماق، يىرگىنمەك: مەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بەئەينى سۇغا چۈشكەن ئىتتەك سالپايغان قىياپىتىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتىم.

* – يېنىڭىزدا بىرگە يۈرۈشكىمۇ ئادەم سەسكىنىدىكەن، سىزدىن سەيىيۇ پۇراپ تۇرىدۇ. ئەگەر، مەندىن باشقا قىزلار بولغان بولسا، سىزنى ئاللىقاچان تاشلاپ، باشقىنى تېپىپ ئالغان بولاتتى، – دېدى ئامىنە يىگىتكە.

**سەسكىنىشمەك** «سەسكىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يولدا دوق كېلىپ قېلىپ، ھېزىم ئاخۇنكاملارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ، بالىنى ئەركىلىتىپ قويماقچى بولۇشاتتى-يۇ، لېكىن سوغۇق، يىرگىنىشلىك چىرايلارغا كۆزى چۈشۈپ سەسكىنىشەتتى-دە، سوغۇقلا قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ قويۇپلا يولىغا راۋان بولۇشاتتى.

**سەغىرە** ئى (ئە) پېز ت ① بالاغەتكە يەتمىگەنسى نارەسىدە بالا، سەبىي بالا. ② يېتىم بالا، يېتىم: سەغىرلەر ھەققى.

**سەقەنقۇر** ئى (ئە) <زوئول> بىر خىل بېلىق. بېشى ئاتقا، تېنى راكقا ئوخشايدۇ ۋە ياپىلاق كېلىدۇ. پۈتۈن تېنى سۆڭەك ھالقىلاردىن تۈزۈلگەن قاتتىق قاسىراق ئىچىدە تۇرىدۇ. رەڭگى ئاق، سېرىق ياكى قوڭۇر رەڭلەردە بولىدۇ. قۇيرۇقى ئېگىلىدۇ، قاسىراقلىق كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئەركىكىنىڭ قورسىقىدا بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى بولۇپ، چىشىسى ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى ئۇنىڭغا سالغاندىن كېيىن ئۇرۇقلىنىدۇ ۋە كىچىك بېلىجانلارنى چىقىرىدۇ. چوڭلىرى ئادەتتە قىممەتلىك جۇڭيى دورىسى ھېسابلىنىدۇ.

**سەقىمە** ئى (ئە) جان ت. ماقال-تەمسىل: – يولۇچىلارنىڭ رەسمىدە ياز يول يۈر – ئاتماس تاڭدا، قىش يول يۈر – كۈن چىققاندا دەيدىغان سەقىمىسى بار، شۇڭا كۈن چىقىشتىن بۇرۇن يۈرۈپ كېتەيلى، بولمىسا ئالدىمىزدىكى ئىككى دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچىلىك كەچ قالىمىز. دەريا

سۆيى ئۆلگىنىپ كەتسە، خەتەر تۇغۇلىدۇ.

**سەكە** (توغرىسى: سەركە) ← سەركە.

**سەكپارە** (توغرىسى: سەدپارە) ← سەدپارە.

**سەكتە** ئى (ئە) <تىب> بىر خىل كېسەل-
لىك. بۇنىڭدا مېڭە قان ئايلىنىشىنىڭ
قاتتىق توسالغۇغا ئۇچرىشى (مېڭىگە قان
چۈشۈش، مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش)
سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز ھوشسىزلىنىپ،
بەدەننىڭ يېرىمى ۋە ئايرىم قىسىملىرى
پالەچلىنىدۇ. ئېغىر بولغانلىرىدا، بىمار
تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ كۆپىنچە يۇقىرى
قان بېسىمى، مېڭە قىزىل قان تومۇرلىرد-
نىڭ قېتىشى ۋە مېڭە قان تومۇزلىرىنىڭ
تۇغما غەيرىيلىكلىرى ئاساسىدا پەيدا
بولىدۇ. ئادەتتە پەيدا بولۇش ئورنىغا
قاراپ ئاتىلىشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. باش
قېيىش سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان-
لىقىغا بېرىلگەن ئالدىنقى ئالامەتتۇر.

**سەكرات** ئى (ئە) جان تالىشىۋاتقان، جان
ئۈزۈۋاتقان چاغ، ھالەت: سەكراتقا چۈشۈپ
قالماق. * سادىق بىلەن ئىمىنجان قېرى
ھامىمىنىڭ ياتقىغا كىرگەندە، تۆت-بەش
دوختۇر قېرى ھامىمنىڭ بېشىدا ئىدى... قېرى
ھاما كۆزلىرى ئەلەڭ-سەلەڭ ئېچىپ كۆردى:
– سادىق، بالام، – دېدى ئۇ پەس تىترەك
ئاۋازدا، – مەن مەھەللىمىزدە نۇرغۇن
خوتۇنلارنىڭ سەكراتى ئۈستىدە بولغان، ئۆز
قولۇم بىلەن ئېڭىكىنى چاتقان، بىر، ئىككى
كۈنلۈكۈم قالغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. *
1964-يىلىنىڭ دەسلەپكى ياز كۈنلىرىنىڭ
بىرىدە، سەكراتتا ياتقان رابىخان ئانا ئاران--
ئاران نەپەس ئېلىپ، ئابدۇللا، نۇرنسا، دەپ
ئاران-ئاران پىچىرلايتتى.

**سەكراتتا ياتماق** جان بېرىش ئالدىدا
تۇرماق، ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرد-
نى ئۆتكۈزمەك: ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان
ئېچىنىشلىق گەپلەر سەكراتتا ياتقان ئادەمنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى خىرىلدىشىدەك ئاتا-ئانىسى
كۆڭلىنىڭ ئامانسىزلىقىدىن ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك
گىردابىدا قىينالغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. *
قولۇم-خوشنىلار سىھورانت خېنىمنىڭ سەكراتتا
ياتقانلىقىغا قارىماي، گىلنانىڭ ناخشا ئېيتىپ
چاڭ كەلتۈرۈپ تۇرغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ
ياقىسىنى تۇتۇشاتتى.

**سەكراتقا چۈشمەك** ① ھاياتى ئاخىرلىد-
شىپ جېنى چىقىش پەيتىگە كېلىپ قالماق؛
جان تالىشىپ قالماق، سەكراتقا يەتمەك:
پادىشاھ ئۆلەر ھالغا كېلىپتۇ. جۇمە ئاخشىمى
ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قېلىپتۇ. * مەن شىپالىق
تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ سەكراتقا
چۈشكەندە رەھىمسىز ئۆلۈمگە ئاخىرقى نەپە-
سىگىچە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگەن
ئىدىم. ② كۆچمە. ھۆكۈمرانلىقى، دەۋرانى
ئاخىرلىشىپ مەغلۇپ بولۇش، يوقىلىش مەزگى-
لى يېتىپ كەلمەك: ھازىر جاھانگىرلىك
سەكراتقا چۈشۈپ قالغان دەۋر، ئۇ پات ئارىدا
ھالاك بولىدۇ. * بارلىق ئىچكى-تاشقى قارا
كۈچلەرنىڭ قۇترىشى مىللەتكە ئاپەت ئېلىپ
كەلدى، ئەمما بۇنداق قۇتراش قارا كۈچلەرنىڭ
تېخى كۈچى بارلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي،
ئۇلارنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنمۇ، كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ پەيدىنپەي غەلىبىگە
يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنمۇ كۆرسىتىدۇ.

**سەكراتقا يەتمەك** سەكراتقا چۈشمەك.

**سەكرەپ** «سەكرىمەك» پېئىلىنىڭ
رەۋىشدىشى: سەكرەپ ئۆتۈش.

**سەكرەپ ئۆتۈش** <فىز> ئاتوم، مولېكۇلا
قاتارلىق مىكرو زەررىچىلەرنىڭ مەلۇم

بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل
ھالەتكە ئۆتۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
مەسىلەن، ئېنېرگىيە دەرىجىسى يۇقىرىراق
بولغان بىر ئاتومنىڭ بىر دانە فوتون
قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئېنېرگىيە دەرىجە-
سى تۆۋەنرەك بولغان يەنە بىر خىل
ئاتومغا سەكرەپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش.

**سەكرەپ-سەكرەپ** «سەكرەپ»
سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سەكرەپ-سەكرەپ
ئورنىغا چۈشمەك.

**سەكرەپ-سەكرەپ ئورنىغا چۈشمەك**
بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە
دەسلەپتە تەتۈرلۈك، جاھىللىق قىلىپ
قاتتىق تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرى يەنە ئۆز
ئىزىغا چۈشمەك.

**سەكرەتمە** ① سۈپ. سەكرىتىپ چىقىرىلغان،
سەكرىتىلگەن: شەھەرنىڭ ئاساسىي
كوچىلىرى سەكرەتمە كۆرۈنۈش ئارقىلىق
كۆرسىتىلىدۇ ۋە كۆرۈنۈشتە رېژىسسور، كومپو-
زىتور، ئوپېراتور، ئارتىس ۋە باشقىلارنىڭ
ئىسىم-فامىلىسى كۆرۈنىدۇ. * ئېكراندا سەكرەت-
مە خەت بىلەن فىلىمنىڭ نامى، ئاپتورى ۋە
رېژىسسورنىڭ ئىسمىدىن كېيىن تۆۋەندىكى
كۆرۈنۈشلەر نامايان بولىدۇ. ② ئى <سۇ>
سۇ ئىنشائاتلىرى ئىچىدىكى سۇنى
سەكرىتىپ چۈشۈرىدىغان پەلەمپەي
شەكىللىك قۇرۇلما: دوختۇرخانا، بىسودا
دۆكىنى، يەسلى، كىنوخانىلىرى بولغان ئاۋات،
ئاپئاق يېڭى مەھەللىلەر، تاغ سەكرەتمىسىگە
قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن تارتىلغۇاتقان
قىزىل نۇرلار ۋە مول ھوسۇل خۇشاللىقىغا
تەنتەنە قىلىۋاتقان ئەزالارنىڭ خۇشال-خۇراملى-
قى... روشەن گەۋدىلەندى. ③ ئى. كىچىك
تاشنى سۇ يۈزىنى بويلىتىپ سۇغا
ئاتقاندا، تاشنىڭ سۇ يۈزىدە ھاسىل
بولىدىغان سەكرەش ھالىتى: سەكرەتمە
چىقارماق.

**سەكرەتمەك** «سەكرىمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن تەلەيخاننى
ئاتقا مىنگەشتۇرۇپ، ئاتنى ئۆستەڭدىن
سەكرەتتىم. * ئاڭغىچە ئاتنى سەكرىتىپلا
جىرا ئاغزىدىكى دۆڭگە چىقىقان ئابدۇراخمان
پەستىكىلەرگە قاراپ تۇرۇپ جاراڭلىق
سۆزلىدى.

**سەكرەش** ① «سەكرىمەك» پېئىلىنىڭ
يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: سەكرەش
ئايىغى. سەكرەش سۈپىتى. ② ئى <پەلس>
شەيئىلەرنىڭ كونا سۈپەتتىن يېڭى
سۈپەتكە ئۆتۈشى. شەيئىلەرنىڭ خاراك-
تېرى ئوخشاش بولمىغاچقا، سەكرەشنىڭ
شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە ئۇ
پارتلاش شەكلىدە ئەمەلگە ئاشسا،
يەنە بەزىدە يېڭى سۈپەت ئامىللىرىنىڭ
تەدرىجىي توپلىنىشى ۋە كونا سۈپەت
ئامىللىرىنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشى ئارقىلىق
ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئوخشاش بولمىغان
شەكىلدىكى سەكرەشنىڭ ھەممىسىلا
سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
* سىنىپ كوللېكتىپى ئۈچۈن گېزىتكە
يېزىلىپ قويىغان. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى
ئوغرىلاشتىن باشقىلارغا نەرسە تەقدىم
قىلىدىغان بولۇش، مانا بۇ ئىدىيە جەھەت-
تىكى بىر سەكرەشتۇر.

**سەكرەش ئايىغى** <تەن> مىخلىق
ئاياغنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە تەنھەرىكەتچى-
لەر ئېگىز ياكى يىراققا سەكرىگەندە
كىيىۋالىدۇ. يېنىك بولۇپ، شەكلى يۈگۈ-
رۈش ئايىغىغا ئوخشايدۇ. ئالدى ھەم
كەينىگە مىخ ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**سەكرەش بوغۇمى** <زوئول> ھايۋانلاردى-
كى يانپاش سۆڭىكىنىڭ شىراققا تۇتاش
جايى.

**سەكرەش ساندۇقى** <تەن> ① گىمناستىكا ئەسۋابلىرىدىن بىرى. ئادەتتە ياغاچتىن تراپىتسىيە شەكلىدە ياسىلىدۇ. قارىماققا ساندۇققا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ ئېگىز-پەسلىكىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئەسۋابتىن سەكرەپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بىر خىل گىمناستىكا تۈرى.

**سەكرەش سۇپىسى** <تەن> سۇغا سەكرەش كۆللىرىنىڭ بىر تەرىپىگە ئورنىتىلىدىغان سۇپا شەكىللىك قۇرۇلما. ئېگىزلىكى ئادەتتە بەش مېتىر، يەتتە يېرىم مېتىر ۋە ئون مېتىر قىلىپ لايىھىلىنىدۇ. ئۇستىدە قاڭقىش تاختىيى بولىدۇ.

**سەكرەشمەك** «سەكرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆلدە شوخ بېلىقلار چولتۇك-چولتۇك قىلىپ سەكرىشىدۇ، مەي بولۇپ پىشقان ئۈجمىلەر ئۇستىدە بالىلار چۇرۇكلىشىدۇ. * ئۇلار چۇشكىچە يول مېڭىپ دەريادىن ئۆتىدىغان چاغدا كىيىم بىلەنلا سۇغا سەكرەشتى. * سىناق غەلىبىلىك بولغانىدى، ھەممەيلەن سىناق نەتىجىسىدىن شادلىنىپ سەرىشىپ، بىر-بىرىنى تەبرىكلەشتى.

**سەكرىگۈچ** ① ئى. بالىلار ئويۇنلىرى ۋە شۇنىڭدەك تەنتەربىيە تۈرلىرىدە سەكرەش-ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ② سۈپ. سەكرەيدىغان، سەكرىيەلەيدىغان: سەكرىگۈچ مىنا.

**سەكرىگۈچ مىنا** <ھەرب> يەر يۈزىدىن سەكرەپ پارتلايدىغان مىنا.

**سەكرىمەك** پ ① ئېگىزدىن پەسكە، پەستىن ئېگىزگە ياكى بىر ياندىن يەنە بىر يانغا كۈچ بىلەن گەۋدىنى ئېتىپ تاقلىماق، ئۆتمەك: سەكرەپ چىقماق. سەكرەپ چۈشمەك. سەكرەپ كەتمەك. * ماشىنا ئۇستىدە ئولتۇرغان ئەسكەرمۇ ئالاقزادىلىك بىلەن يەرگە سەكرىدى. * ئۇ، چېكەتكىدەك ھەر تەرەپكە سەكرەپ ئويناشتى. ② كۆچمە. زور كۈچ بىلەن راۋاجلانماق، يۈكسەلمەك، ئۆرلىمەك: ئۇلار 1980-يىلى 4 مىليون 740 مىڭ يۈەن زىيان تارتقان بولسا، ئۆتكەن يىلى بىر سەكرەپلا 7 مىليون 130 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئېلىپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە ئەڭ كۆپ پايدا ئالغان دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ قالدى.

**سەكسەن** سان. ئوننىڭ سەككىز قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: سەكسەن جىڭ ئۇن. سەكسەن ئادەم. * سەككىز كەررە ئون سەكسەن بولىدۇ. * ئەگەر نەپسىڭ مۇرادىن ئىزلىسەڭ سەن، ئەگەر سەكسەنگە ئۆمرۈڭ يەتسە سەكسەن.

**سەكسەن ياماق** نۇرغۇن يېرىگە ياماق چۈشكەن، كۆپ ياملىپ كەتكەن (كىيىم-كېچەك ھەققىدە): سەكسەن ياماق بولۇپ كەتكەن چاپان. سەكسەن ياماق كىيىم.

**سەكسەنئاياغ** ئى (سەكسەن+ئاياغ) ← **سەكسەنپۇت** I.

**سەكسەنپاچاق** ئى (سەكسەن+پاچاق) دىئال. سەكسەنپۇت.

**سەكسەنپۇت** I ئى (سەكسەن+پۇت) <زوئول> بوغۇم ئاياغلىق ھايۋان. تېنى ئۇزۇن ھەم ياپىلاق، دۈمبىسى قارا يېشىل، قورسىقى سارغۇچ قوڭۇر، بېشىدا قامچىسىمان سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى بولىدۇ. گەۋدىسى نۇرغۇن بوغۇملاردىن تۈزۈلىدۇ. ھەربىر بوغۇمىدا بىر جۈپتىن پۇتلىرى بولۇپ، بىرىنچى جۈپ پۇتى ئىلمەك كېلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە زەھەر بېزى بولۇپ، زەھەر سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ

چىقىرىدۇ. كىچىك ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سەكسەنپۇت** II ئى (سەكسەن+پۇت) ① خامان ياكى ئېتىز ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن پۇتلۇق ياغاچ تولۇق؛ سەكسەن-ئاياغ. ② كەلكۈننى توسۇش ئۈچۈن ياسالغان نۇرغۇن پۇتلۇق ياغاچ جازا.

**سەكسەنخالتا** ئى (سەكسەن+خالتا) ھەربىر دورىنى بىردىن خالتىغا سېلىپ، ھەر خىل دورا-دەرمەكلەرنى ساتىدىغان كىشى، دورىگەر، دورىپۇرۇش: ئۇلار بازار ئارىلاپ مېڭىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان سەكسەنخالتا دۇكىنى ئالدىغا كەلدى ۋە دۇكان يېنىدا دورىگەر بىللە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئابدۇللا داۋۇتنىڭ تونۇشى سەيدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

**سەككىز** سان. يەتتىدىن كېيىن كەلگەن توققۇزدىن بۇرۇن كەلگەن سان ياكى مىقدار: يەتتىگە بىرنى قوشساق سەككىز بولىدۇ. * سەككىز كەررە سەككىز ئاتمىش تۆت. * كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما، كۆڭلى سەككىز يارىغا. نېمدەپ بەردىڭ كۆڭلۈڭنى ۋەدىسى يالغانىغا.

**سەككىز ئاياغلىق سىياھ بېلىق** <زوئول> بىر خىل يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. جەينەكسىمان كەلگەن سەككىز تال ئۇزۇن پۇتى بولۇپ، پۇتىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان شورىغۇچ تەخسىلىرى بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ تېنىدە سىياھ خالتىسى بولىدۇ. دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ، بېلىق ۋە قاسراقلىق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزىلىرى باشقا چوڭراق ھايۋانلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ.

**سەككىز تالالىق شەپكە** تۆپىلىكى سەككىز پارچە تالا كەسمىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل شەپكە.

**سەككىز تەپكىلىك ئەتلەس** ئادەتتە سەككىز تەپكىلىك دەستگاھتا توقۇلغان ئەتلەس؛ خانئەتلەس.

**سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنى** <تارىخ> 1900-يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، روسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە ئاۋستىرىيەدىن ئىبارەت سەككىز دۆلەت ئېلىمىزدىكى جاھانگىرلىككە قارشى قوزغالغان يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى باستۇرۇش مەقسىتىدە تەشكىللىگەن تاجاۋۇزچى قوشۇن. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ قوشۇن بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن (1901-يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتىنى «شىنچۇ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغان.

**سەككىز سانجاق تۈزۈمى** <تارىخ> چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مانجۇلارنىڭ قوشۇن تەشكىللەش ھەم نوپۇس بەلگىلەشتىكى بىر خىل تۈزۈمى. بۇنىڭدا تۇغ بەلگە قىلىنىپ، قىزىل، سېرىق، ئاق، كۆك ۋە قىزىل جىيەكلىك، سېرىق جىيەكلىك، ئاق جىيەكلىك ۋە كۆك جىيەكلىك دەپ سەككىز سانجاق (قوشۇن)-قا ئايرىلغان. كېيىن موڭغۇللار ۋە خەنزۇلارنىڭ سەككىز سانجاق تۈزۈمى قوشۇپ قوللىنىلغان. ئەمەلدارلىرى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە گېنېراللىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان؛ پۇقرالىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەسكەر بولغان.

**سەككىزەيلەن** سان. سەككىز كىشى، سەككىز ئادەم: ئۇلار سەككىزەيلەن بىر

گۇرۇپپا بولدى. * بىز سەككىزەيلەن بىللە تاغقا چىقتۇق.

**سەككىزلىك** ئى. يۈزىگە سەككىز رەقىمى بىلەن سەككىز دانە شەرتلىك بەلگە بېسىلغان قارتا: تاپاننىڭ سەككىزلىكى. چىللىكنىڭ سەككىزلىكى.

**سەككىزىنچى** سان. ئورۇن تەرتىپى سەككىز رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ يەتتىنچىدىن كېيىن، توققۇزىنچىدىن ئىلگىرى، 8- نومۇرلۇق: سەككىزىنچى ئۆي. سەككىزىنچى ياتاق. سەككىزىنچى بەت. سەككىزىنچى ئارمىيە. سەككىزىنچى ئاي.

**سەككىزىنچى ئارمىيە** <ھەرب> ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ. ئەسلىدە جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئىدى. 1937-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ 8-يول قوشۇنىغا ئۆزگەرتىلىپ، شىمالىي جۇڭگودىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان، ئۈچىنچى قېتىملىق ئىچكىي ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىگە كەلگەندە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىلىپ قايتا ئۆزگەرتىلگەن.

**سەككىزىنچى ئاي** <ئاستر> ← **ئاۋغۇست.**

**سەككىزىنچى مارت ئاياللار بايرىمى** <تارىخ> ← **خەلقئارا ئاياللار بايرىمى.**

**سەكلەشمەك** پ. دىئال. ئەركەك ئىت بىلەن قانجىق بىر-بىرى بىلەن جۈپلەش-مەك؛ چاقلاشماق.

**سەگ** ئى (پ) دىئال. ئىت.

**سەگە** ئى ← **سەگىترەك.**

**سەگەك** سۈپ ① تاشقى مۇھىتتىن بېرىل-گەن بىرەر شەپە، بەلگە قاتارلىقلارنى ناھايىتى ئاسان ۋە دەرھال سېزەلەيدى-غان؛ سەزگۈر، تۇيغۇن (ھايۋانلار ۋە جانىۋارلار ھەققىدە): سەگەك ئىتلارنىڭ ئاندا-ساندا قاۋاپ قويۇشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىچە جىمجىت، ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن. * دوختۇرخانىنىڭ كىچىك ماشىنىسى رەيھاننى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويغاندا، ئۇيقۇسى سەگەك خورازلار ئاللىقاچان بوغۇق ئاۋازلىرى بىلەن سوزۇپ-سوزۇپ قىچقىرىشقا باشلىغانىدى. ② قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەيدىغان، تېز سېزىۋالىدىغان، ھوشيار، سەزگۈر: بىركۈنى گۆھەرخان چوڭ ئانام سەۋزە قەلەم قىلىپ ئولتۇرۇپ تراكتوردىن ئاشخانىغا كۆمۈر چۈشۈرۈۋاتقان تۆلەككە بۇ كېچە سەگەك يېتىشنى ئېيتتى. * ھازىرقى كۈنلەردە ناھايىتى سەگەك، ئېھتىياتچان بولمىساق بولمايدۇ. * كۈن ۋە تۈن ئوخشاشلا سەگەك، زېرەكسەن، شىر سۈپەت مەردانە باتۇر يۈرەكسەن. ھەرىكىتىڭ چاقماقتەك، تېزلىكىڭ ئوقتەك، كۆزلىرىڭ دۇربۇندۇر، ئەلگە يۆلەكسەن.

**سەگەك بولماق** ھوشيار، تۇيغۇن ھالەتتە تۇرماق، سەگەكلەشمەك: — سەپەرقۇل ئاكا! تازىمۇ ئوبدان دېدىڭ، بۈگۈندىن باشلاپ، بۇ تۆلكىنى ساقىا تاپشۇر-دۇق. سەگەك بول. قالغان گەپنى كېيىن قىلىمىز. * سابىر ئاكام: — ھازىر ئىنتايىن، ئىنتايىن جىددىي پەيت، ھەممىڭلار سەگەك بولۇڭلار، — دېدى.

**سەگەكلەشتۈرمەك** «سەگەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ تاپتا

ئۇ بارلىق هوش-كاللىسىنى يىغىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ سه‌گه‌كله‌شتۈردى. * كېچه‌ جىمجىتلىقىدا يىرتقۇچلارنىڭ ۋه‌هشىيله‌رچه‌ خىرقىراشلىرى خۇددى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلانغانده‌ك بولۇپ، ئۇنى سه‌گه‌كله‌شتۈرىدۇ.

**سه‌گه‌كله‌ شتۈرۈلمه‌ك** «سه‌گه‌كله‌ شتۈرمه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جھۇل دەرىجىسى.

**سه‌گه‌كله‌ شمه‌ك** پ. سه‌گه‌ك هاله‌تكه‌ كه‌لمه‌ك، سه‌گه‌كلىكى ئاشماق، سه‌گه‌ك بولماق: ئه‌پيۇن خۇمارىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان به‌شىر دەرهال سه‌گه‌كلىشىپ، يولۋاسقا قارىدى. * ئۇ شۇ خىلدا مېڭىۋېرىپ، خېلى ئېگىز بىر دۆڭدىن ئاشقان چاغدىلا ئالدىدا كېتىۋاتقان يالغۇز ئاتلىقنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كه‌تكه‌نده‌ك سه‌گه‌كلىشىپ قالدى.

**سه‌گه‌كلىك** «سه‌گه‌ك» سۆزىنىڭ ئىسىم شه‌كلى: ئۇ تۇيۇقسىز، ئۆزىنىڭ سه‌گه‌كلىك، ئاقىلانىلىك بىله‌ن ئىش كۆرەلەيدىغانلىقىنى په‌نىنىڭ مه‌نپه‌ئەتى، ئۆزىنىڭ نىشانىنى كۆزدە تۇتقان هالدا ئىش كۆرەلمه‌يدىغانلىقىنى سه‌زدى. * ياش قاراۋۇل سه‌گه‌كلىك بىله‌ن ئه‌تراپقا قاراشقا باشلىدى.

**سه‌گه‌نچۈك** ئى. بالىنى بۆله‌يدىغان يېنىك ئاسما بۆشۈك: سه‌گه‌نچۈكته‌ ياتماق. سه‌گه‌نچۈككه‌ بۆلمه‌ك. * مه‌ن خۇددى سه‌گه‌نچۈكتىكى بوۋاقلارده‌ك له‌رزان تەۋرىنىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىمه‌ن. * بىرچاغلاردا كىچىككىنه‌ بوينىغا مىندۈرۈپ يۈرگه‌ن قىزلارنىڭمۇ تولىسى هازىر بوۋاقلىرىنى سه‌گه‌نچۈككه‌ سېلىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

**سه‌گه‌نچۈكلۈك** سۈپ. سه‌گه‌نچۈكى بار، سه‌گه‌نچۈككه‌ ئوخشىتىپ ياسالغان: ئۆي ئىچى ئىنتايىن سۈرلۈك بولۇپ، تورۇسلارنى ئۈمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كه‌تكه‌ن. ئوتتۇرا ياشلىق كىشى سه‌گه‌نچۈكلۈك ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. ئاياغ تىۋىشى بىله‌ن ئۇ كۆزلىرىنى ئاچىدۇ.

**سه‌گۈنچه‌ك** ئى. چاچقا ئىشلىتىدىغان بىر خىل زىننه‌ت بۇيۇمى: قارا قاش باشتا بولۇر، سه‌گۈنچىكى چاچتا بولۇر. مه‌ن يارىمنى كه‌چته‌ كۆرسه‌م، ئه‌تىلىك ناشتا بولۇر.

**سه‌گىتېره‌ك** ئى (سه‌گه‌+تېره‌ك) تال تېره‌كله‌ر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان بىر خىل دەرەخ. قوۋزىقى توق كۈل رەڭ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شه‌كلىده‌ ياكى ئۈچ بۇرجه‌ك. يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋه‌كلىرىده‌ ه‌ه‌ره‌ چىشىغا ئوخشاش چىشلىرى بولىدۇ. تۈز هه‌م ناهايىتى ئېگىز ئۆسىدۇ. كۆپ شاخلىمايدۇ. ياغىچى به‌ك چىڭ. ئه‌ڭ ياخشى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى هېسابلىنىدۇ.

**سه‌گىتىشمه‌ك** «سه‌گىتمه‌ك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سه‌گىتىلمه‌ك** «سه‌گىتمه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جھۇل دەرىجىسى.

**سه‌گىتمه‌ك** ① «سه‌گىمه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جبۇرىي دەرىجىسى: ئىچىپ ئۆزلىرىمۇ قاپاقتىن سوغ سۇ، سه‌گىتتى چاڭقىغان يۈره‌كلىرىنى. يېيىپ قوللىرىنى قىستى كۆكسىگه‌، گۈلبۇۋى ياش غۇنچه‌-پۈره‌كلىرىنى. ② كۆچمه‌. هوشيارلىقنى، سه‌گه‌كلىكنى ئاشۇرۇپ قويماق؛ دىققىتىنى مه‌ركه‌زله‌شتۈرمه‌ك: بىرهازادىن كېيىن شاۋكه‌ت دۇدۇقلىغان هالدا: — رەهمه‌ت، دىلخۇمار، بۈگۈن مېنى هه‌قىقه‌ته‌ن ئوبدان سه‌گىتىپ قويدىڭىز. سىزدىن يه‌نه‌ بىر قېتىم ئه‌پۇ سورايمه‌ن، — دېدى. * په‌قه‌ت ماشىنىغا چىقىپ بولغان باستىنىڭ ئاۋازىلا خىيالىدىن سه‌گىتتى.

**سه‌گىده‌تمه‌ك** «سه‌گىدىمه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى دەرەخ

سايىسىدا سەگىدەتمەك. * مەن سوغۇق سۇدا بېشىمنى يۇيۇپ، مېڭەمنى بىرئاز سەگىدەتتىم.

**سەگىدەشمەك** «سەگىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەگىدىمەك** پ. ئۆزىنى سالقىنغا سالماق، سالقىنلىماق: نامازدىگەر ۋاقتى ئىدى. مەن سەگىدەپ كېلىش ئۈچۈن، قارىياغاچلىققا باردىم. * ئۇلار باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈۋاتقان سالقىن سۇدا باش-كۆزلىرىنى يۇيۇپ سەگىدەپ ئولتۇردى.

**سەگىشمەك** «سەگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەگىمەك** پ ① سالقىنلىماق، سەگىدىمەك: مايىسگۇل ئىككىمىز ناھىيە دوختۇرخانىسىدىن چىققىنىمىزدا كۈن قايرىلىپ، ھاۋا خېلى سەگىگەن. مەنمۇ خېلى سەگىپ قالغانىدىم. * ناچۇق ئۆستەڭ بويىدا تەلەي قۇشى ئەگىدى. باھار بىلەن، ياز بىلەن تەشنا يۈرەك سەگىدى. ② سەگەكلەشمەك، ھوشىنى يىغماق: كاللىسى سەگىمەك. * مەن شۇ چاغدىلا خىيالدىن سەگىپ، ئېسىمنى يىغدىم. * كامىل ھاكىم خىيالدىن سەگىپ كارىۋاتتىن چۈشتى.

**سەگىكمەك** پ. دىئال. پەرق قىلماق، ئاڭقارماق.

**سەگىگەرمەك** پ ① زەن سالماق، سەپسالماق، دىققەت قىلماق: قىز گويا يېقىن بىر قېرىندىشىنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئەتراپىغا سەگىگىرىپ قاراشقا باشلىدى. * ھاجى ئىشىكنى يەنە چىڭ يېپىپ تۇرۇپ، ئەتراپقا سەگىگىرىپ بىر قارىدى. ② ئاڭقارماق، پەرقىنى ئايرىماق؛ چۈشەنمەك: مەن بۇ نەرسىلەرنى تازا سەگىگىرەلمىدىم.

**سەگىگىز** ئى. ئەتلەس دۇكىنىدىكى ئۈرۈش يىپلارغا ئۆتكۈزۈلگەن شادىلارنى دەپتىندىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان شانا.

**سەگىگىز تېشى** ئەتلەس دۇكىنىدىكى سەگىگىز شانىسىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا چىگىلگەن تاش.

**سەگىگىز ئىلمىكى** ئەتلەس دۇكىنىنىڭ سەگىگىز تەركىبىدىكى تاش چىگىلگەن شانىنى ئىلىپ تۇرىدىغان ئىلمەك.

**سەل** I ئى (ئە) <سۇ> قاتتىق ياغقان يامغۇر ياكى قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كۈچلۈك سۇ ئېقىمى، كەلكۈن: تاغدىن يامراپ كەلگەن شىددەتلىك سەل چوڭ ئۆستەڭنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. * سەل ئەمەستۇر ئاققانلار، بىزنىڭ تۆككەن يېشىمىز. قانلىق قىلىچ قەھرىدىن كېسىلمەكتە بېشىمىز.

**سەل بولماق** سەلگە ئايلانماق، خۇددى سەلگە ئوخشاپ قالماق: دەريا سۇلىرى سەل بولۇپ ئاقتى. * ئەلنىڭ نالە-زارى پەلەككە يەتكەن، كۆز ياشلار سەل بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. * ئەمگەك قىلدۇق تەر تۆكۈپ، يەرنى گۈلگە كۆمگىلى. بەخت ئاقسۇن سەل بولۇپ، غۇلاچ ئېتىپ چۆمگىلى.

**سەل** II رەۋ. بىرئاز، ئازراق، ئازغىنا: سەل چوڭ. سەل تۇرۇپ تۇرماق. سەل چاغلىماق. سەل قارىماق. * قوزغىلاڭچىلار، ئېھتىمال، شامەخسۇت ھۇجۇم قىلىشتىن قورققان بولسا كېرەك دېگەن خىيال بىلەن سەل بوشىشىپ قالغانىدى. * باراتنىڭ مەكتەپكە كەلگىنىگە بىر ئايدىن سەل ئاشقانىدى. * ياغلىقىڭىز رەڭمۇرەڭ، سەل سىلىقراق گەپىنى دەڭ. لەۋلىرى سۆزۈك جانان، ئالما بېرەي يېرىپ يەڭ.

**سەل چاغلىماق** بوش كۆرمەك؛ ئاددىي

چاغلىماق، پەسەنت قىلماسلىق، كۆزگە ئىلماسلىق: ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى بەكمۇ خىل ئىكەن، سەل چاغلىغىلى بولمىغۇدەك. * ئۇ بىرئاز ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن بوش ئاۋاز بىلەن: — مەن خاتا ئويلاپتىمەن، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن، — دېدى.

**سەل قارىماق** ← **سەل چاغلىماق:** ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە سەل قارىغانلىقىمىزدىن قاتتىق رەنجىپ كەتتى. * ئەدەبىيات دەرسلىكىمۇ ئاساسلىق پەنلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**سەلەب** ئى (ئە+پ) يېز ت. سەل، كەلكۈن: قەھرىمانلارنى ئۇزاتتى بارچە ئەل ئاقىۋل تىلەپ، كەلدى يايلاق لەرزىگە، ئاقتى گويا كەلكۈن-سەلەب. // ھوشسىز بولۇپ يىقىلدىڭ، كۆز ئالدىمىزدا ئامىنەم. سەلەب سۇدا ئاققىنىڭ، بار يادىمدا ئامىنەم.

**سەلبىي** سۈپ (ئە) ئىجابىي ئەمەس؛ يامان، تەلەپكە زىت: سەلبىي ئوبراز. سەلبىي پېرسوناژ. سەلبىي كۆز قاراش. سەلبىي ماتېرىيال. سەلبىي ئۇتقۇتقۇچى. * ئۇنىڭدا ئەتراپىتىكى شەيئىلەرگە قارىتا ھېچقانداق قىزىقىشنىڭ بولماسلىقى سەلبىي رول ئوينىدى. * ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ قارىشىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگە قوراللىق كۈچ ئەۋەتكەندە، ئۇرۇش سېپى كېڭىيىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ قوماندانلىق قىلىشقا سەلبىي تەسىر بېرىپ قوياتتى.

**سەلبىي پېرسوناژ** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاپتورنىڭ پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش ئوبيېكتى قىلىنغان ھەمدە ئىجابىي پېرسوناژلارغا قارىمۇقارشى بولغان پېرسوناژلار: ئاپتور رومانىنىڭ سەلبىي پېرسوناژلىرىنى يارىتىشقا ئەستايىدىل كۈچ سەرپ قىلغان، لېكىن ئىجابىي پېرسوناژلار-غا سەل قارىغان.

**سەلبىي رول** <كىنو> كىنو ياكى سەھنە ئەسەرلەردىكى پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش ئوبيېكتى قىلىنغان پېرسو-ناژلار رولى، يەنى ئىجابىي رولنىڭ ئەكسى.

**سەلبىي شەخس** <ئەد> ← **سەلبىي پېرسوناژ.**

**سەلبىي مەنە** <تىل> بەزى سۆز ياكى جۈملىلەردە ئىپادىلىنىدىغان پەس كۆرۈش، ئەيىبلەش قاتارلىق مەنىلەر.

**سەلبىي ئوبراز** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پاش قىلىش ۋە تەنقىد-لەش ئوبيېكتى قىلىنغان پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى. ئۇ خىل ئوبراز ئۆز دۇنيا قارىشى ۋە ئىش-ھەرىكىتىدە ئەينى دەۋردىكى قالاق، ئەكسىيەتچى كىشىلەر ياكى گۇرۇھلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى رېئاللىقنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە سەلبىي نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىشكە يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجابىي ئوبرازنىڭ سېلىشتۇرمىسى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ ئىجابىي نەرسىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەب-بىتىنى ئۇرغۇتىدۇ.

**سەلبىيلىك** «سەلبىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**سەل-پەل** بىرئاز، ئازغىنا، سەل: ئۇ سەل-پەل كۈلۈمسىرىگەن ھالدا رەھمەت دېگەندەك كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتتى. * ئۇ ئۆزىنى سەل-پەل كۈرسىتىپلا كېتىپ قالدى. * جۈمە قوشۇمىسىنى سەل-پەل تۈزۈۋېلىپ

نېمسنىدۇر يادىغا كەلتۈرگەندەك سادىققا قارىدى.

**سه لته نه ت** ئى (ئە) ① خان، ئەمىر، پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇنداق ھۆكۈمرانلارنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەت ياكى ئۇلار يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەت: خاقان: — ئوغلۇم! سەن كۆزۈمنىڭ نۇرى ئىدىڭ، گۈل بېغىمدا سايرىغان بۇلبۇلۇم ئىدىڭ، شاھلىق سەلتەنىتىمنىڭ تاجدارى ئىدىڭ، ئەپسۇسكى، سېنى بۇ ھالدا كۆردۈم، ھېلىمۇ سەن شاھلىق سەلتەنىتىمنىڭ ۋارىسى، — دېدى. * بۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى باردۇر، ئۇنىڭ ئىسمى شاھى ئابباستۇر، دۆلىتى، سەلتەنىتى ئۆزىگە خاستۇر. ② ھەيۋەت، سۈر، داغدۇغا، تەنتەنە، ھەشەمەت: سەلتەنىتىنى ئاشۇرماق. * گۆر ئوغلى نىشاپۇرغا كېلىپ سەلتەنەت بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، 444 بەگنى ھىندىستان ئېلىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. * ئۇلار ئەسلىي ماكانىغا ھەقدارلىق بىلەن كىرگەن مىراسخورلاردەك ئوق ئېتىلمىغان، تىنچ، خاتىرجەم مۇھىت ئىچىدە بۇ يەرگە سەلتەنەت بىلەن كىرىپ كەلدى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سه لته نه تلىك** سۈپ ① تولۇق ھۆكۈمرانلىققا ئىگە بولغان، تەسىر كۈچى زور؛ كاتتا، ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق، سۈرلۈك: سەلتەنەتلىك شاھ. * بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. * ئۇ ئۇزۇن پەلتۇ كىيەتتى، گالستۇك تاقايتتى، تۇرقىدىن سەلتەنەتلىك دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ② ھەشەمەتلىك، كۆركەم، چىرايلىق: سەلتەنەتلىك پايتەخت. سەلتەنەتلىك ئىمارەت. * ئۇلار مۇزېيدىكى سەلتەنەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى كۆردى. * كەڭ ۋە ھەيۋەتلىك سېخ ئۆزىنىڭ تىنىمسىز گۈرۈلدەپ مېڭىۋاتقان ماشىنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يوغان دېرىزىلىرىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك كۆرۈنەت-تى. * مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يېڭى يىلدا يارالغۇسى يېڭى سەلتەنەتلىك گۈزەل مەنزىرە ئايان بولدى.

**سه لكىن** ئى. ئاستا چىققان شامال، غۇر-غۇر، مەيىن شامال: تاغ ئالدى سوزۇلۇپ ياتقان چىمەن باغ، ئۈستىدە شايىسى كەچكى تۇماننىڭ. باش يازنىڭ سەلكىنى ئۇچسا ئارىلاپ، قوينىنى بۇ گۈزەل خىلۋەت ماكاننىڭ. * ئارپا-بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ. قان-تەر بىلەن تەييارلىغان ئالتۇن، ئاشلىقنى قولىمىزدىن قامچا بىلەن زۇلۇم ئايرىيدۇ. // غۇرقىراپ ئۇچقان سەلكىن شامال ئۇنىڭ مەڭزىنى سۆيۈپ، خۇش پۇراقلىرىنى يىراققا ئېلىپ كېتەتتى.

**سه لله** I (ئە) ئى. ناماز ئوقۇيدىغان، دىندار ئەركىشلەر بېشىغا يۆگەيدىغان ئۇزۇن ئاق رەخت: ئاق سەللە. سەللە يۆگىمەك. * سەللە دېگەن يۆك، ساقال دېگەك تۈك (ماقال). * سەللىسى مۇسۇلمان، ئۆزى كاپىر (ماقال). * سەللىسى يوغان ئىمان يوق، خورجۇنى يوغان، بىر نان يوق (ماقال). * بىز قەبرىستانلىق يېنىدىكى كىچىككىنە مەسچىت ئالدىدا، بېشىغا سەللە ئورىغان بىر بوۋاينى ئۇچراتتۇق، ئۇ كۆرۈنۈشىدىن شۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى. * بىركۈنى ئەپەندىم يوغان سەللە ئوراپ مەسچىتتىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، يولدا ئۇچرىغان بىرى ئەپەندىمگە بىر خەتنى سۇنۇپ ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ.

**سه لله** II ئى (ئە) دىئال. قىيىقچە: سەللە سالماق. سەللە پىشۇرماق.

**سەللەمنا** ئىم. (ئە) بىرەر نەرسىدىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكنى ياكى تولىمۇ ھەيران بولۇۋاتقانلىقنى بىلدۈرىدۇ: كەلكۈن ۋاقتىدا دەريا سۈيىنىڭ جىقلىقىغا قاراپ «سەللەمنا» دەپ پىشانەڭگە ئۇرسەن، راسا كەلكۈن ۋاقتىدا ئۇچار قانات جانىۋارلارمۇ دەريادىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. * قەمبەرنىسا كوزىسىنى يەرگە قويۇپ، ئەتراپىنى كۆز لېنتىسىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ئالدى تەرىپىدە — قېلىن چاتقاللار ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان شەمسىدىننى كۆردى. سەللەمنا!... ئۇنىڭ ئىشىق شارابى بىلەن مەست بولغان يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرغىلى تۇردى... ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى.

**سەللىگۈل** ئى (سەللە+گۈل) <بوت> → ئاق چوغلۇق.

**سەللىلىك** ① سۈپ. سەللىسى بار، سەللە ئورىغان: سەللىلىك بوۋاي. * ئالدى تەرەپتىن خادىك ھارۋىغا چۈشكەن يوغان سەللىلىك، چارساقال بىر ئادەم كۆرۈندى. * ئۇنىڭ چۆرىسىدە بىرقانچە ئەر-ئاياللار ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى، بىرقانچە سەللىلىك ئادەملەر شاپاشلاپ يۈرەتتى. ② ئى. سەللە قىلىسا بولىدىغان ۋە سەللە قىلىشقا يارايدىغان ياكى سەللىگە باپ كېلىدىغان رەخت: سەللىلىك شايى. سەللىلىك سېتىۋالماق.

**سەللىمازا** رەۋ (ئە) ئۇزۇل-كېسىل، پۈتۈنلەي، تولۇق (كېسەل كىشى ھەققىدە): زەبىرەنىڭ قوللىرى سەللىمازا ساقىيىپ بۇرۇنقى ھالىغا كەلدى. * سېلىم ئاكا ناھىيىدىن قايتىپ كەلگەندە، خەلىچە ئانا سەللىمازا ساقايغان، قەدەملىرى تېتىكلىشىپ، گەپلىرىمۇ مېھرىبان، يېقىملىق بولۇپ قالغانىدى.

**سەللىيىپ** ئى (سەللە+يىپ) سەللە شەكلىدە يۇمىلاق قىلىپ يۆگەلگەن يىپ: سەللىيىپ سېتىۋالماق.

**سەلىقە** ئى (ئە) ① قابىلىيەت؛ تەرز، ئۇسلۇب. ② <مۇز> ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىلىرى تەركىبىدىكى ئاساسلىق مۇزىكىلاردىن بىرى. سەلىقىسىز بىرمۇ مۇقام بولمايدۇ. مۇقاملاردا كۆپىنچە چوڭ سەلىقە ۋە كىچىك سەلىقە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. چوڭ سەلىقە بىلەن كىچىك سەلىقىنىڭ مۇزىكا رىتىمى پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ شېئىرىي ۋەزنىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. چوڭ سەلىقىلەر تولاراق يەتتە بوغۇملۇق خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا تامامەن بىردەك $\frac{5}{8}$ تاكت بىلەن، كىچىك سەلىقىلەر تولاراق غەزەلىيات ئاساسىدا تامامەن بىردەك $\frac{4}{4}$ تاكت بىلەن ئورۇندىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مومىغا ئوخشاش چوقچىيىپ ئولتۇرغان تاشۋاي مۇشاۋرەك مۇقامنىڭ كىچىك سەلىقىسىنى ئالدى بىلەن دەسلەپ قالۇن بىلەن ئورۇنداپ، كېيىن تەمبۇر بىلەن پەدە بېسىش تەرتىپى ۋە ناخول چېكىش قائىدىلىرى بويىچە نەمۇنە كۆرسىتىشكە باشلىدى.

**سەلىقىسى يوق** دىئال. ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، پەمسىز، لەقۋا.

**سەلىقىلىغ** سۈپ. دىئال. ئۇستا، ماھىر.

**سەم (سەمى)** ئى. ئەس، ياد، خاتىرە، كۆڭۈل: سەمگە سالماق. سەمگە چۈشمەك. سەمدىن ئۆتكۈزمەك.

**سەمگە چۈشمەك** ئېسىغا، يادىغا كەلمەك؛ يادىغا كىرمەك: بۇ ئىش ئۇنىڭ سەمگە چۈشتى.

**سەمگە سالماق** ئەسلەتمەك، ئەسكەرتمەك؛ قۇلىقىغا يەتكۈزمەك: مەن شۇنى سىزنىڭ سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى، قاراتاغ سۇ ئامبىرىنى قۇرۇش پىلانى مۇنداقلا مەيدانغا

كەلگەن ئەمەس. * ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ساراڭدەك ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەيتتى: بۇ ئىشنى دۈيجاڭنىڭ سەمىگە سېلىپ دوگوۋور تۈزۈپ ئاندىن قىلدىغان گەپتى.

**سەمەر** (توغرىسى: سەمەرە) ← سەمەرە.

**سەمەرە** ئى (ئە) يېز ت. نەتىجە، مېۋە، مەھسۇل: كىشىلەر بۇ ئادەمنى «ھېلىم كىتاب» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاش ھېلىمنا-خۇن ئاكامغا بولغان ھۆرمەتنىڭ سەمەرىسى. ھەرقانداق بىر قەشقەرلىق كىتابقا بولغان ھاجەتلىرىنى مۇشۇ ئادەم ئارقىلىق ھەل قىلدۇ. * ئۇنىڭ تۇرمۇشنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن بىر قاتار ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار مۇساپىسىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي خاتىرىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىز-نىڭ يەنە بىر پارلاق سەمەرىسى بولۇپ قالدى.

**سەمەرقەنت** ئى. ئۆزبېكىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر-نىڭ نامى.

**سەمەرقەنت تەكلىپى** چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، مۇنداقلا قىلىپ قويغان تەكلىپ: — راست گەپ قىل، تەكلىپىڭ ئەگەر سەمەرقەنت تەكلىپى بولسا، يولىمىزغا ماڭ-ۋېرەيلى، راستلا يۈرۈڭلا دېسەڭ كىرىپ بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى غەيرەت كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي.

**سەمەرسىز** سۈپ. سەمەرىسى يوق، قۇرۇق: ئىلاھا، ماڭا ھەم ئۈمىدنى يار قىل، يورۇت كۆڭلۈمنى دائىم ئۈمىدۋار قىل. ئەگەرچە بىر قۇرۇق شاخ مەن، سەمەرسىز. قويما مېنى ھېچ ئەلنىڭ نەزەرسىز.

**سەمەرلىك** سۈپ. سەمەرىسى بار، نەتىجىلىك: ئۇنىڭغا «دوستلۇق» دەپ نام بېرىلىشى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ، بىزنىڭ مىللەت-لەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە يېتىلدۈرۈشتە تۆككەن سەمەرلىك ئەجرىمىزنى مەڭگۈ ئەستە ساقلىشى ئۈچۈن بولغان.

**سەمەندەر** ئى (پ) ① رىۋايەتلەردىكى ئوتتا ياشايدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق، ئوت چاشقىنى: ئوت ئىچىدە ياشايدىكەن سەمەندەر، ئۇنىڭ جىسمى ئالتۇن ئىكەن چىداملىق. ئامان قېلىش ئوت ئىچىدە مۇمكىنمۇ؟ سەمەندەرلا بېرىدىكەن بەرداشلىق. * بىر سەمەندەر ئەيلىدىڭ ئىشقى-پىراقىڭدا مېنى، يوق ماڭا دوزاخ ئوتى ئۈچقۇنچە نازىك بولمىسا. ② <زوئول> قوش ماكانلىق ھايۋان. چوڭ سەمەندەر ۋە كىچىك سەمەندەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. چوڭىنىڭ تېنى ئۇزۇن ھەم ياپىلاق، كۆزى كىچىك، ئېغىزى چوڭ، تۆت پۇتى قىسقا بولىدۇ. تاغ جىلغىلىرىدىكى ئېرىق سۇلىرىدا ياشايدۇ. گۆشى ئەتىۋارلىق يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ، ئاۋازى بوۋاق باللارنىڭ يىغلىغان ۋاقتىدىكى ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كىچىكنىڭ تېنى چوڭە-نىڭكىگە ئوخشاش، لېكىن كىچىكرەك. قۇيرۇقى ياپىلاق، تۆت پۇتى قىسقا، چىشلىرى « ʞ » شەكلىدە كېلىدۇ. ئادەتتە سۇ بويىدىكى ئوتلاقلاردا ياشايدۇ.

**سەمرىتمەك** «سەمرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆمرى مۇشۇ جاڭزىدا ئۆتكەن بوۋاي ئەختەمنىڭ سىرىنى ئوبدان بىلەتتى، تۇل خوتۇنىنىڭ ئوغلى جامالدىننىڭ قانچىلىك جاپا ۋە قانچىلىك ئۈمىد بىلەن بېقىپ سەمرىتكەن ئۆكۈزىنى ئۇنىڭ ئېلىپ كەتكەن-لىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. * — يۇرت دېگەن يامان. بىرى بىر چىشلەمدىن

بەرىسىۇ، ھەرقانداق ئادەمنى سەمرىتىۋېتىدۇ!
— دېدى ئۇ.

**سەمرىتىشمەك** «سەمرىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەمرىتىلمەك** «سەمرىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەمرىشمەك** «سەمرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەمرىمەك** پ ① ئەت ئېلىپ يوغىناماق، تولماق، ئەتلەنمەك: ئېشەك سەمرىسە، ئۇقۇرغا چىقار (ماقال). * مال سەمرىسە ياغ بولىدۇ، يەر سەمرىسە باغ بولىدۇ (ماقال). * مەخان بۇرۇنقىدەك زىلۋا ئەمەس، ئۇبدانلا سەمرىپ قېلىپتۇ. * ئالا ئېتىم سەمرىمەيدۇ، ئېگىز ئوتىدا، يۈرەك باغرىم پايلىمايدۇ ·يارنىڭ ئوتىدا. ② كۆپمەك، يوغىناماق: مېنىڭ تىلىم سەمرىپ بوغۇزۇمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇرنۇمنىڭ ئۇچى قىچىشقاندەك بولۇپ تامىقىم قۇرۇپ كەتتى. * قارنىڭ ئاستىدا ياتقان يوپۇرماقلار سەمرىپ، ئالملىق باغلاردىن خۇش پۇراقلار قوزغالماقتا. ③ كۆچمە. پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشمەك، باي بولماق: ئاز ساندىكى كىشىلەر ھەتتا ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزى سەمرىمەكتە.

**سەمرمەك** (توغرىسى: سەمرىمەك) ← سەمرىمەك.

**سەممىي** سۈپ (ئە) ① چىن يۈرەك، چىن كۆڭۈل، چىن دىلدىن قىلىنغان، ئېيتىلغان؛ ساختا، يالغان ئەمەس، راست؛ ھەقىقىي: سەممىي دوستلۇق. سەممىي سالام. سەممىي مۇئامىلە. سەممىي گەپ. * پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيدى. * بىز ئۇلارغا سەممىي ياردەم بېرىشىمىز لازىم. // — بىزنىڭ قوي-قوتازلىرىمىز يېتىپ كەلگۈچە، سېنىڭكىنى يەپ تۇرايلى، — دەپ سەممىي كۈلدى ھاجى. ② كۆڭلىدە يامانلىق يوق، ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل: سەممىي ئادەم. * ئۇ بىزنىڭ سەممىي، ياخشى ساۋاقداشىمىز ئىدى. * كۈنلەرنىڭ بىركۈنى پادىشاھ دۆلىتىمىزدىكى سەممىي باللاردىن بىرنى تاللاپ ئۆزۈمگە بالا قىلىۋالسام دەپ ئويلاپتۇ. * مەن نۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. ③ مۇلايىم، يېقىملىق: — ئىلگىرىكى ئىشلىرىمغا پۇشايمان قىلىمەن، كۆپ قايمۇققان ئىكەنمەن، — دېدى دۈيجاڭ سەممىي ئاۋازدا. * — ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى بەلەن كىتابلار، — دېدى مۇتەللىپ يۇمشاق ۋە سەممىي ئاھاڭ بىلەن.

**سەممىي-سادىق** سەممىي ۋە سادىق: ئۇلار ئىككىسىگە ئۇچىنچى بالا كېلىپ قوشۇلۇپ قەتئىيلىك بىلەن دېدى: — ياق، ياق ئۇنداق قىلىشقا زادى بولمايدۇ. خاسىيەت دېگەن 5-سىنىپتا ئوقۇيدىغان پىئونېر، پىئونېر دېگەن سەممىي-سادىق بولۇشى كېرەك.

**سەممىيەت** ئى (ئە) سەممىيلىك، سادىق-لىق، ساداقەتلىك، ساداقەت: ئۆز سەممىيىتىنى بىلدۈرمەك. * ئالىمجان قىلغان ئەسكى ئىشلىرىدىن ئۆكۈنۈپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ سەممىيىتىدىن تەسىرلەندى. * ئەمەت شۇجى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدا سەممىيەت ۋە مېھرىبانلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

**سەممىيەتسىز** سۈپ. سەممىيىتى يوق، سەممىي ئەمەس: سەممىيەتسىز ئادەم.

**سەممىيەتسىزلىك** «سەممىيەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىردىنلا ئۆزىگە نەپرەتلەندى: «رىشت، سەن

بەختلىك ئائىلەڭنى ۋەيران قىلماقچى بولۇپ
بەختنگۈلگە قارا چاپلىدىڭ، سەممىيە تسزلىك
قىلىپ چېھرىنگۈلگە ئەلەم-ھەسرەت قالدۇر-
دۇڭ». * ئۇ ئوقۇتقۇچىغا قىلغان سەمە-
مىيە تسزلكنى ۋە قوپاللقنى ئەسلەپ،
ئىختيارسىز ئازابلىنىپ كەتتى.

**سەممىيە تلىك** «سەممىيەت» سۆزىنىڭ
ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سەممىيە تلىك
قىلماق. * بۇ چاغدا سابىر چوڭقۇر سەممىيە ت-
لىك بىلەن قاسىمغا قاراپ مۇنداق دېدى. *
— سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن، ئايىمخان
ئۇ دۇنيادىمۇ سىزدىن مىننەتدار بولىدۇ، —
دېدى سەممىيە تلىك بىلەن.

**سەممىلىك** «سەممىي» سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى: تۆمۈر خەلىپە ئابدۇللا
تارانىڭ سەممىلىكىدىن رازى بولۇپ مۇنداق
دېدى. * ئۇنىڭ بىرجۇپ كۆزىدە سەممىلىك،
مېھرىبانلىق چاقناپ تۇراتتى.

**سەن** ئال. كىشىلىك ئالماش II شەخس
ئاددىي تۇرىنىڭ بىرلىكى: سەن سالا،
مەن سالا، ئاتقا چۆپنى كىم سالا (ماقال).
* سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي
(ماقال). * سەن تارت-مەن تارت، بوش
تۇتۇپ چىك تارت (ماقال). * سەن قىلساڭ
ياخشىلىق ئىشەنمەيتمەن، كۆرسەتكەن
ئەقلىڭنى چۈشەنمەيتمەن.

**سېنىڭ مېنىڭ دېيىشمەك** ئۆزىنىڭكى
بىلەن ئۆزگە (باشقا) نىڭكىنى قاتتىق
ئايرىماق: — ماڭمۇ خۇدايىم بېرىپ قالار
موما، بۇ قوشنىمىزنىڭ ئات هارۋىسى، قوشنام
بىلەن سېنىڭ مېنىڭ دېيىشمەيمىز، -- دېدى
ئۇ. * ئۇ چاغلاردا سېنىڭ مېنىڭ دېيىشىدىغان
خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قارىشى تېخى شەكىل-
لەنمىگەنىدى.

**سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن**
**كۆرمىدىڭ** بىز ھېچقانداق ئىشقا شاھىت
(گۇۋاھچى) ئەمەس، بىز ھېچ نەرسىنى
بىلمەيمىز؛ ئارىدا ھېچبىر ئىش بولمىدى:
قېنى ئەمسە، ماڭ سېنى مەن كۆرمىدىم،
مېنى سەن كۆرمىدىڭ.

**سەنئەت** ئى (ئە) ① ئوبراز يارىتىش
ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان،
رېئاللىققا قارىغاندا تېپىك خۇسۇسىيەتلەر-
گە ئىگە بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي
ئىدېئولوگىيە. ئۇ ئەدەبىيات، رەسساملىق،
نەققاشلىق، بىناكارلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل،
تىياتىر، كىنو ۋە ئەلنەغمە قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سەنئەت سارىيى.
ئۇيغۇر سەنئىتى. * تاڭ دەۋرىدە شىنجاڭ
ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى زور شۆھرەتكە ئىگە
ئىدى. * سەنئەت ئۈچۈن بەك تىرىشىپ
غەيرەت بىلەن مەقسەتكە يەت! سەنئەت
ئۈچۈن بەك تىرىشىپ خەلقىڭ ئۈچۈن خىزمەت
كۆرسەت. ② ئەمەلىي پەنلەرنىڭ
ئۆزىگە خاس ئىش ئۇسلۇبى، سىستېمىسى:
ھەربىي سەنئەت. رەھبەرلىك سەنئىتى. *
بۇ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتىدە
ئۆزۈندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان مۇھىم
مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ③ كۆچمە. يۈكسەك
ماھارەت، ئۇستىلىق: ھۆپىگەرلەرنىڭ
خېرىدار قىچقىرىپ تۇۋلاشلىرى، ئاشپەز-ناۋايلار-
نىڭ مانتا ساناشلىرى، نانلىرىنى ماختاشلىرىمۇ
بىر سەنئەت ئىدى. ④ ناخشا-ئۇسسۇل؛
ناخشا-ئۇسسۇل ساھەسى ياكى ئۆمىكى:
مەن: — دوختۇر، سىزنىڭ سەنئەتتىنمۇ
ئانچە-مۇنچە خەۋىرىڭىز بارمۇ-يېمە؟ بۇ
نېمىدېگەن مۇزىكا، — دەپ سورىسام، ئۇ: —
بۇ «شىنجاڭنىڭ باھارى» دېگەن مۇزىكا،
مېنىڭ سەنئەتتىن خەۋىرىم بولمىسىمۇ، بۇرۇن
بۇ مۇزىكىنى نېمە ئۈچۈندۇر ياخشى كۆرەتتىم،

- دەپ جاۋاب بەردى. * ئۇ: - ھە، مەن ناخشا ئېيتىشقا قاراپ سەنئەتتە ئىشلىسە كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن، - دېدى.

**سەنئەت ئاناتومىيىسى** <گ سەن> ئادەم ياكى ھايۋان تېنىدىكى سۆڭەك، مۇسكۇللارنىڭ توقۇلمىسى، ئورنى، تىپلىشتۇرمىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل پەن. ئۇنى شەكىل يارىتىش سەنئىتىگە تەتبىقلىغاندا، سىرتقى شەكىللەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى توغرا ئىگىلىگىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ گۈزەل سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**سەنئەت كىيىمى** ناخشا-ئۇسسۇل، كىنو-تىياتىر قاتارلىقلاردىكى ھەر خىل ئېھتىياجلارغا ئاساسەن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر.

**سەنئەتچى** ئى. سەنئەتنىڭ بىرەر ساھەسىنى ئىگىلىگەن ۋە شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، ئادەتتە ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئارتىس ۋە مۇزىكانتلار كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ئاڭلىسام خوتۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغىنى بىر سەنئەتچى، ياق، سەنئەتچىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان سەنئەتچى ئىكەن. * ئۈچ يىل بۇرۇن ۋىلايەتنىڭ سەنئەتچىلىرى بوستانغا ئويۇن-قويغىلى بارغاندا، ئۇ نازارەت ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلىقتىن ئويۇننى كۆرەلمىگەنىدى.

**سەنئەتچىلىك** «سەنئەتچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: سەنئەتچىلىك قىلماق. سەنئەتچىلىك سىتاژى. * سەنئەتچىلىك ئۇنىڭ ئاتا كەسپى.

**سەنئەتخۇمار** سۈپ (ئە+پ) سەنئەتنى ياخشى كۆرىدىغان، سەنئەتكە ئامراق: سەنئەتخۇمار ئادەم. * سەنئەتخۇمار يېگىيەر قىز-يىگىتلىرىنىڭ ياڭراق، شوخ ناخشىلىرى ئەمدى ئېلېكتر نۇرى چاقنىغان قەدىمىي مەھەللىلەردىلا ئەمەس، بەلكى، يېڭى ھايات، يېڭى تۇرمۇش زوق-ئىشتىياقى بىلەن جانلىنىۋاتقان، قىزغىن ئەمگەك سەھنىسى بولۇپ قالغان چەكسىز بوز ئېچىش جۇشقۇنلىتىپ، جاراڭلاپ ئاڭلىناتتى.

**سەنئەتسىز** سۈپ. ھېچبىر سەنئەت پۇرىقى يوق، ئۆزىگە خاس سەنئەت ئۇسلۇبى ئىپادىلەنمەيدىغان: ئۇ: - شېئىرنىڭ ھەممىسى روشەن، ئېنىق بولۇشى كېرەك. شېئىرنى ھەركىم ئوقۇشقا رىغبەتلەنسۇن. شېئىر ھامان ۋەزىن، قاپىيىلا ئەمەس، پىكىرسىز، تەرتىپسىز ۋە سەنئەتسىز شېئىر ئېيتما، - دېدى.

**سەنئەتكار** ئى (ئە+پ) سەنئەتنىڭ بىرەر ساھەسىنى ئىگىلىگەن ۋە شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى. ئادەتتە رەسسام، نەققاش قاتارلىق شەكىل يارىتىش سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ: بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېلىيار بىركۈنى رائىلە بىلەن سەنئەت ھەققىدە سۆزلىشىۋېتىپ: - قاراڭ رائىلە، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەتكار، چوڭ ھەدەم كىنو ستودىيىسىدە كومپوزىتور، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئارتىس، - دېدى. * - بۇ شىرلارنى قايسى سەنئەتكار ئويغان؟ - سورىدى ماركو سەپداشلىرىدىن.

**سەنئەتكارلىق** ئى. سەنئەتكارلار قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت، سەنئەتچىلىك.

**سەنئەتلەشتۈرمەك** «سەنئەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەنئەتلەشتۈرۈلمەك** «سەنئەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەنئەتلەشمەك** پ. سەنئەت خاراكتېرىغا ئىگە بولماق، سەنئەت تۈسىنى، خاراكتېرىنى ئالماق؛ سەنئەت بىلەن سۇغىرىلماق: ئومۇمەن ئېيتقاندا، مانا مۇنداق چىرايلىق ئامىللار بىلەن تولغان تۇرمۇش سەنئەتلەشكەن تۇرمۇشتۇر، يەنى راھەت تۇرمۇشتۇر.

**سەنئەتلىك** سۈپ. سەنئەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان، سەنئەتلەشكەن؛ گۈزەل: ئۇنىڭ تەتۇرسىنى ئېيتقاندا، ئەگەر تۇرمۇش پاسكىنىلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، يالغانچىلىق، ئىسراپچىلىق، قوپاللىق، پەسلىككە ئوخشاش تۇرلۇك يامان ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئۇ تۇرمۇش ئەسلا سەنئەتلىك تۇرمۇش بولمايدۇ.

**سەنەقەس** ئى (ئە) ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر خىلى: ئۇ: — چېكىتمىنى بىر ھەپتە، سەنەمنى بىر ھەپتە، سەنەقەسنى بىر ھەپتە، سىيرىلمىنى ئون كۈن ئۆگىتىمەن، بىر ئايدىن كېيىن تولۇق ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقىسەن، — دېدى ئۇسسۇل ئۆگەنگۈچىگە قاراپ. * — ئۇ قىز مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن سەنەقەسكە ىېقىشىپ ئوينىدى، — دېدى ئۇ.

**سەنەم** ئى (ئە) ① تاشتىن، ياغاچتىن ياكى مېتالدىن ئىنسان قىياپىتىدە (كۆپىنچە گۈزەل ئايال ئوبرازىدا) ياسالغان ۋە زىنىنە تەلەنگەن بۇت. ② كۆچمە. گۈزەل، چىرايلىق ئايال، نازىنىن: — ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ قۇيرۇقى، تەپرىقچى ئەكبەرنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ نېمانچە ئاۋارە بولىسىز، سىزدەك ئاي يۈزلۈك سەنەمگە ... — مەغپۇل گەپجاڭ شۇنداق دېگىنىچە ھىجايدى. ③ ئۇيغۇر نەغمىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى. مۇقاملاردا ئۇسسۇللۇق قىياپەت (ئوبراز) يارىتىدىغان مۇزىكىنى كۆرسىتىدۇ. سەنەم نەغمىسى داپنىڭ قىزغىن ۋە شوخ ئۇرغۇسىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. سەنەمدىكى داپ ئۇرغۇسى ۋە نەغمە رىتىمى شوخ ئۇسسۇللۇق «سىيرىلما» (ئۇدارلىق) شەكلىدە بولۇپ، قويۇق ئۇسسۇللۇق مۇزىكا پۇرىقىغا ئىگە. ④ كۆچمە. يول؛ پەدە: ئۇ، ئېرىدىن خەت-خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن ئۆزى بىلگەن سەنىمگە دەسسەپ يۈردى. * ئايىمخان «ماقۇل» دەيتتى-يۇ، بىراق يەنىلا كونا سەنىمنى تەكرارلايتتى. * — ھەركىم بىلگەن سەنەمگە دەسسىگىلى تۇرسا، كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى كۆرسەتمەسە بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى ئۇ.

**سەنەم ئۇسسۇلى** <ئۇس> ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلى. ئادەتتە ھېيت-بايرام ياكى ئەمگەكتىن كېيىن كوللېكتىپ ئوينىلىدۇ. شەكلى بىرقەدەر ئەركىن، ھەرىكەتلىرى جانلىق كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تۈرلىرى بولۇپ، ئۇسلۇب جەھەتتە ئاساسەن ئوخشايدۇ.

**سەنەمچى** ئى. سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينىغۇچى: سىگاھ سەلىقىسى بىرلەن قوشۇلسا مەززە قىلار ئاشىق، ئىراق-جۇلا، سەنەمچى قىز-يىگىتلەرنى بايان ئەيلەي.

**سەنپەن** ئى (خەن) <مات> ← **چوت** I .

**سەن-پەن** ← **سەن-پەن دېيىشمەك.**

**سەن-پەن دېيىشمەك** ئۇرۇشۇپ قالماق، تاكاللىشىپ، تىللىشىپ قالماق: كىشىلەر ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ سەن-پەن دېيىشىپ قالغىنىنى ياكى قىزىرىشقانلىقىنى بىلمەيتتى. * «ئاياغنى ئالماي كېتەي دېسەم ئايالىم بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ قالىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

**سەن-پەن ئېيتىشماق** ← **سەن-پەن دېيىشمەك:** — بېرىپ سوراپ باق، بەرسە ئېلىپ كەل، بەرمىسە قايتىپ كەل، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن سەن-پەن ئېيتىشما، — دەپ

جېكلەپ ماڭدۇرغاندى دادام مېنى.

**سەن-پەنلەشمەك** ← **سەن-پەن دېيىشمەك**: ئەمەت بىلەن ھاجى سەن-پەنلىشىپ قېلىپتۇ ئەمەسمۇ؟

**سەنتاگرۇ** ئى (خەن) قايناۋاتقان سۇغا نېپىز توغرالغان گۆش، سامساق، تۇز، لازا، ئاچچىقسۇ ۋە تېتىتقۇ قاتارلىقلارنى سېلىپ، تەمىنى ئاچچىق-چۈچۈك قىلىپ تەڭشەش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇيۇق يېمەكلىك.

**سەنتۈرۈلمەك** پ. كېتىۋاتقاندا بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ ياكى باشقا بىرەر سەۋەبتىن بىردىنلا قەدىمى قالايمىقانلىشىپ ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك بولۇپ ماڭماق، مۈدۈرۈلمەك: سەنتۈرۈلۈپ ماڭماق. سەنتۈرۈلۈپ يىقىلماق. * كامىل گويا كېسەل كىشىدەك سەنتۈرۈلۈپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى. * سەنتۈرۈلۈپ ماشىنىغا چىققان موماي يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدىكى تۆمۈرنى تۇتۇۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. * تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئاپتوبۇس قاتتىق تورمۇزلاندى، كىشىلەر ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ، ئۇيۇر-تويۇر بولۇشۇپ كەتتى.

**سەندەل** I ئى (پ) تۆمۈرچى، زەرگەر، مىسكەرلەرنىڭ تۆمۈر قاتارلىق مېتاللارنى ئۈستىدە قويۇپ، بولقا ياكى بازغان بىلەن ئۇرۇپ بىرنەرسە ياسايدىغان قۇيما ئەسۋابى: ئامەتنىڭ شېشىسى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى سۇندۇرار (ماقال). * بىردىنلا كۆز ئالدىم سەندەلدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرىدەك يورۇپ كەتتى. * بىز ئۆلچەشنى قىزىق تۆمۈر سەندەل ئۈستىدىكى چاغدا ئېلىپ بارىمىز.

**سەندەل سۆڭەك** <ئانات> **ئاڭلاش** سۆڭەكلىرىدىن بىرى. شەكلى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە ئوخشايدۇ. سىرتقى ئۇچى بولقا سۆڭەككە، ئىچكى ئۇچى ئۈزەڭگە سۆڭەككە تۇتىشىدۇ.

**سەندەل** II ئى (پ<ھىند) <بوت> ① سەندەل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېلىپىس شەكلىدە بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، گۈل تاجى ياپراقچىلىرى بولمايدۇ، ئۇچكىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە كېلىدۇ. ھىندىستان، مالاي يېرىم ئارىلى قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ياغىچى چىڭ ۋە خۇش پۇراق، ئۇنىڭدىن قورال-جابدۇق ياسىغىلى، مېۋىلەرنى ئىسلىغىلى ياكى دورا ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى چەككەلەپ ئالغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ ياغىچى.

**سەندەل دەرىخى** <بوت> ← **سەندەل** II.

**سەندەل** III ئى. قىشنىڭ كۈنلىرى سوغۇقتا پۇت-قوللارنى ئىسسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىچىگە چوغ سېلىپ قويۇلىدىغان، تەلەڭگە شەكىللىك بىر خىل سايمان؛ چوغدان: بۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا سەندەل قويۇلغان بولۇپ، ئابدەملەر بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان، كۈن بويى پۇتلىرىنى سەندەلگە تىقىپ ئولتۇراتتى. سەندەلدە گەرچە پۇت ئىسسىق تۇرسىمۇ، بەلنىڭ يۇقىرىسىغا ھامان سوغۇق تېگىپ تۇراتتى.

**سەندەل** IV ئى (ر<گرېك) چەمى يۇپقا، پاشنىسىز ۋە يەڭگىل قىلىپ تىكىلىدىغان بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىمى، شىۋەك: ئۇ پۇتىغا قىزىل سەندەل كىيگەن پېتى تالاغا

چىقتى. * ئاسىم پۈتىغا كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن سەندەل ۋە بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىپ، پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان يېزا مۇئەللىمى ئىدى.

**سەندەل** V ئى (پ) يېغىسا يىغىقلى بولىدىغان، كىچىك ھەم ئەپچىل قىلىپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئورۇندۇق: ھاتەمنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا، خىزمەتچىلەر ئۇنى ھەيدەپ مەلىكىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ باردى. ھاتەم كىرىپلا سالام قىلدى، مەلىكە ھاتەمگە سەندەل قويۇپ بەردى.

**سەندۈرۈلمەك** (توغرىسى: سەنتۈرۈلمەك) ← سەنتۈرۈلمەك.

**سەندى** ئى. دىئال «ئەسكى» «پەس» دېگەن مەنىلەردىكى سەتلەش سۆزى.

**سەندىرەكلىمەك** پ. دەلدەڭشىمەك، سەنتۈرۈلمەك: ئەتىگىنى ھېلىقى يىگىتنىڭ قاتتىق ئاغرىغان ھالدا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەندىرەكلەپ ماڭغىنىچە ئۆي ئىچىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. * ئۇ خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك سەندىرەكلەشكە باشلىدى.

**سەنسەن** ئى. يۇڭى سەل ئۆسكەن ھەم چېچىلىپ تۇرىدىغان پاقلان تېرىسى: كىچىككىنە يىغىن زالى چىبەرقۇت پاختىلىق چاپان ۋە سەنسەن جۇۋا كىيگەن كىشىلەر پۈرقىرىتىپ چەككەن تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسلىرىغا تولۇپ كەتتى.

**سەنكىيا** ئى (پ) <كېئول> بىر خىل مىنېرال. مولېكۇلا فورمۇلىسى Fe. AsS. كۆمۈش تەركىبىدە تەخمىنەن 46 پىرسەنت ئارسىن بولىدۇ. ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرگەن ياكى بولقا بىلەن سوققان چاغدا سامساق پۇرىقىغا ئوخشاش بىر خىل پۇراق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئارسىن ئېلىشتىكى ئاساسلىق رۇدا ھېسابلىنىدۇ.

**سەنگساپال** ئى (پ) قۇم، سېغىز ئارىلاش لايدىن ياسىلىپ خۇمدانىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل مۇستەھكەم ئاياق، قاچا: ھەجەر قىز چۈۋۈلغان چاچلىرىنى يۈزىگە چۈمبەل قىلىپ، قولىدا يوغان بىر سەنگساپالنى كۆتۈرۈپ، سورۇنغا كىرىپتۇ.

**سەنگۈن** ئى. تارس. قوماندان، سەركەردە؛ جياڭجۈن.

**سەنلەر** ئال. كىشىلىك ئالماشنىڭ II شەخس كۆپلۈكىنىڭ سەتلىمە تۈرى. ئۇ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى سەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: — مەن بىر يېپىنى تارتسا سەكرەپ، قويۇۋەتسە موللاق ئاتىدىغان قورچاق ئەمەس، سەنلەرنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىڭلارغا ئاساسەن ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ بەرمەيمەن، — دېدى شۇجى غەزەپلىنىپ.

**سەنلەشمەك** ① «سەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئۆزئارا بىر-بىرىنى «سەن» دەپ ئاتاشماق؛ «سەن» دېيىشمەك: — كەچۈرگىن، مەن ئەمدى سېنى «سەن» دەيمەن ئاداش، 21 يىلنىڭ ئالدىدا قانداق تونۇشقانىدۇق؟ سەنلىشىپ تونۇشقانىدىمىز؟ — دېدى ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن. * «خۇيجاڭ» بولغۇچە بولغان ۋاقىتتىن بۇرۇن «سەن» دېيىشەتتى. ھازىرمۇ ئادەم يوق يەردە سەنلىشىپ، ئادەم بار يەردە «خۇيجاڭ» دېيىشىپ مۇئامىلە قىلىشاتتى.

**سەنلۇر** ئى (خەن) ئادەم ياكى ماتور كۈچى بىلەن ماڭىدىغان، ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت ياكى كىچىك تىپتىكى كىرا ھارۋىسى.

**سەنلۇرچى** ئى. سەنلۇرنى باشقۇرغۇچى كىشى، سەنلۇرنى ھەيدىگۈچى.

**سەنلىمەك** پ «سەن» دەپ ئاتىماق ياكى چاقىرماق: مېھرىبانمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى «سەن»لەشتىن «سىز»لەشكە ئۆزگەردى. * ئادەتتە ياشلارغا سەنلەپ گەپ قىلىدىغان ھاجى ئىختىيارسىز ھالدا «ئۆزلىرىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن-غۇ؟» دەپ تاشلىدى. * مېلىكخان ئاچىسىنىڭ سەنلەپ سۆزلىگىنىدىن سۆيۈنگەن ئادىل داستىخاندىكى كۈنجۈت سېپىپ، قىزارتىپ پىشۇرۇلغان كاكچا نانغا قول ئۇزارتىشنىمۇ ئۇنتۇدى.

**سەنمۇ** ئى (خەن) <ھەرب> ئارمىيىدىكى قىسىملارنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش ئىشىغا قاتنىشىدىغان كادىر.

**سەنۇبەر** (ئە) يېز ت ① ئى. قارىغاي تىپىدىكى بىر خىل چىرايلىق دەرەخ. ② سۈپ. كۆچمە. قەددى-قامىتى كېلىشكەن، خۇش قامەت، چىرايلىق (ئاياللار ھەققىدە).

**سەھەت** ئى (ئە) يېز ت. ساقلىق، سالامەتلىك، ساغلاملىق: سەھەت تاپماق. * خەتنىڭ ئاخىرىدا مەرھۇم كۆكەنىڭ شانلىق نامىنى ئۇنتۇغا بېرىلگەن قەھرىمانلىق ئۇنۋانى بىلەن سەممىي تەبرىكلەيدىغانلىقى، قەھرىماننىڭ ئانىسىغا سەھەت - سالامەتلىك ۋە خۇشال تۇرمۇش تىلەيدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

**سەھەت تاپماق** كېسەلدىن ساقايماق، تۈزەلمەك: دېگەندەك ئازغىنا ۋاقىت ئۆتتۈدى، كېسەل تولۇقە سەھەت تاپتى.

**سەھەتلىك** «سەھەت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بارچە كېسەلنىڭ ئاناسىدۇر زۇكام، تەن سەھەتلىكىنىڭ بالاسىدۇر زۇكام. * ئاغرىق بولسىمۇ ياكى كەمبەغەل، قەدىرلىكتۇر ئۆز ئاناڭ يەنە. ئۇنىڭسىز نەدە ساڭا سەھەتلىك، ئۇنىڭسىز نەدە شادلىق - تەنتەنە.

**سەھەر** رەۋ (ئە) تاڭ يورۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت، سۇبھى: سەھەردە بوۋاي مېنى شەھەرگە قوغۇن بېسىپ ماڭغان ھارۋىلارنىڭ بىرىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. * بۇلبۇل سايرار سەھەردە، گۈلنىڭ ئىشقىدا باغدا، بىز ئېيتارمىز ناخشىنى، يارنىڭ ئىشقىدا داغدا.

**سەھەرلەپ** رەۋ. سەھەر پەيتىدە، ئەتىگەندىلا، تاڭ ۋاقتىدا، ئەزاندا: سەھەرلەپ يولغا چىقماق. سەھەرلەپ تۇرماق. * 1975 - يىلىنىڭ 17 - دېكابىرى، ئابدۇۋايىت ھېيت داستىخىنى ئۈچۈن ئاز-تولا قەنت-گېزەك سېتىۋېلىش نىيىتىدە سەھەرلەپ بازارغا چىقتى. * موماي ئوغلىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن سەھەرلەپ يولغا چىقتى.

**سەھەرلىك** سۈپ. سەھەر ئۈچۈن تەييارلانغان، سەھەرگە ئاتالغان؛ سەھەرگە تەۋە، سەھەرگە تەئەللۇق، سەھەرگە مەنسۇپ: سەھەرلىك تاماق. سەھەرلىك مەشق. * غالىب، ئاخشام جاپپار شۇجىنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە رېمونت قىلىپ مەشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان ئەپكەش سېۋەتلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئەزالار بىلەن بىرگە سەھەرلىك ئوغۇت توشۇشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. * سەھەرلىك چاي ئۈچۈن داستىخان شاھانە، تېپىپ ھەرلوقمىدا سۆزگە باھانە، روبىرت شېئىر ۋەزىيەتنى قىلدى تەھلىل، قوشۇپ ھەر نۇقتىغا بىر-ئىككى تەمسىل.

**سەھرا** ئى (ئە) ① ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخ ئۆسمىگەن ياكى ئاندا-ساندا ئۆسكەن؛ سۇسىز، بىپايان يەر؛ **دەشت-باياۋان**، چۆل: ئافرىقا سەھراسى. ئەرەبىستان سەھرا-

سى. تەكلىماكان سەھراسى. * ئۇ بىردەمدىن
كېيىن ھوشىغا كەلسە، ھەممە نەرسە غايىب
بولۇپتۇ. ئۆزى پايانسىز سەھرادا تۇرغۇدەك،
ھەيران بولۇپ تۇرسا ئۇ سەھرايى باياۋاندا
بىر باغۇبوستان كۆرۈنۈپتۇ. * ئۇ ماڭا-ماڭا
قاقاس سەھراغا كېلىپ توختاپ، بۇلاق بېشىدا
دەم ئالغاچ غىزالىنىپتۇ. ② يېزا: سەھرا
ئادىمى. سەھرا قىزى. * سەھرادىن كەلگەن
بۇ دېھقانلار لۇتپۇللانىڭ پۇتىدىن تا بېشىغىچە
قارىشاتتى. * بۇ باللار سەھرانىڭ ساپ
ھاۋاسىدا ساغلام، بەك چىرايلىق ھەم كۈچلۈك
بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

**سەھراچە** سۈپ. سەھراغا خاس، سەھرا-
غا ماس كېلىدىغان، سەھرا پاسونىدىكى:
سەھراچە ئادەت. سەھراچە تۇرمۇش. *
ئېرى تەرەپتىكى دوقمۇشتا سەھراچە كىيىنگەن
بىر ئايال سېۋەتتە تۇخۇم تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

**سەھراچىلىق** ئى. سەھراغا تۇشلۇق
تۇرمۇش، ھالەت: سېيىمىز ئوخشىماي قېلىپتۇ.
سەھراچىلىق-دە، ئەيىپكە بۇيرۇمايسلەر.

**سەھرالىق** سۈپ ① سەھرادا تۇغۇلغان،
سەھرادا ئۆسكەن، سەھرادا ئولتۇراقلاش-
قان: – سەھرالىق باللار بىلەن شەھەرلىك
باللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇڭلار، –
دېدى مەكتەپ مۇدىرى. ② كۆچمە. تىل ھا.
مەدەنىيەتسىز، قوپال: – ماۋۇ سەھرالىقنى
كۆزۈمدىن يوقات، – دېدى خېنىم نەپرەت
بىلەن. * سەھرالىق دەيدۇ بىزنى، ئۆزىنى
بىلمەي شەھەرلىك، ئاشنى بىز ئىشلىمسەك،
نېمە يەركى شەھەرلىك.

**سەھرايى** سۈپ (ئە) سەھرادا ياشايدىغان،
سەھرادا ئۆسكەن، سەھرالىق: ئۇنىڭغا
مۇنداقلا قارىغاندا سەھرايى، قوپال قىزدەك
كۆرۈنىسمۇ، ئەمما شۇ ئېغىر-بېسىق مىجەزى،
تەمكىن تەبىئىتى ئاستىغا جۇڭگو قىزلىرىغا خاس
بىر زىللىق، ئەپچىللىك يوشۇرۇنغانىدى.

**سەھرايىقىيامەت** ئى (سەھرا + يى + قىيامەت)
قىيامەتتەك سەھرا، ئىنتايىن ئىسسىق
ھەم ھېچ نەرسە تېپىلمايدىغان چۆل-جەـ
زىرە، سەھرا: ئۇ سەل كايىغاندەك ئوغلىغا
دومسايدى، شەھەردىكى بېشى ياقۇتتىن،
ئايىغى مارجاندىن پۈتكەن قىزلارنى قويۇپ
بۇ سەھرايىقىيامەتتىن كېلىن چۈشۈرىمەن دەپ
چىققانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. * شىرمەممەت
بۇ سودا بىلەن ئۆزىنىڭ «سەھرايىقىيامەت-
تىن» ئۇزۇنغىچە ئايرىلغانلىقىغا، يۇسۇپچۇك
بولسا، ئۆي پۇلىنىڭ ئىچىدىن شىرمەممەتنىڭ
گەدىنىدىكى قەرز پۇلىنى ئاسانلا ئۈندۈرۈۋالغانلىقى-
غا مەمنۇن بولۇشۇپ ئايرىلىشتى.

**سەھنە** ئى (ئە) ① زال، كۇلۇب، مەيدان
قاتارلىق ئاممۇى سورۇنلارنىڭ سۆزلىگۈچى-
لەر ياكى ئويۇن قويغۇچىلار ئۈچۈن
ئالاھىدە لايىھىلىنىپ، يەردىن ئېگىز قىلىپ
قۇرۇلغان سۇپىسى: رەئىس سەھنىسى. يىغىن
سەھنىسى. * ناخشا تۈگەش بىلەن سەھنە
قاراڭغۇلاشتى. * پەردە ئېچىلىپ، سەھنىنى
لىق تولدۇرۇپ ئولتۇرغان مۇزىكانتلار كۆرۈندى.
② كۆچمە. پائالىيەت مەيدانى، مۇنبەر:
تارىخ سەھنىسى. سىياسىي سەھنە. دىپلوماتى-
يە سەھنىسى. * ئۇ دۇنيا ئىلىم سەھنىسىدە
«ئۇچىنچى ئۇستاز»، «ئىككىنچى فارابى»،
«شەيخۇلرەئىس» ۋە «شاھى تىبابەت»
دەپ نام ئالغان.

**سەھنە ئەسرى** <ئەد> ئەدەبىي
ئەسەرلەر ئىچىدىكى ئارتىسلار ئارقىلىق
سەھنىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل ژانىر.
ئۇ تىياتىر سەنئىتى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسى
بولۇپ، پېرسوناژلار دىئالوگى (ياكى
ناخشا تېكستى) ۋە سەھنە كۆرسەتمىلىرى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە رېژىسسور-

نىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ئارقىلىق سەھنە-
گە لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**سەھنە جابدۇقى** <تىيا> ئويۇن
قويۇلغان ياكى كىنو ئىشلىگەن ۋاقىتلاردا
كېرەك بولىدىغان جابدۇقلار. مەسىلەن،
شىرە، ئۇستەل، تاماكا ۋە ئىستاكان
قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سەھنە چىرىغى** <تىيا> سەھنە
ياكى كىنوغا ئېلىش زالىدىكى يورۇتۇش
ئۈسكۈنىلىرى.

**سەھنە سەنئىتى** <تىيا> تىياتىر
سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئادەتتە
كۆپرەك تىياتىرنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سەھنە سۆزى** <تىيا> تىياتىر پېرسو-
ناژلىرى سۆزلەيدىغان سۆز. ئادەتتە
ئۇ دىئالوگ، مونولوگ ۋە ياندىما سۆزنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سەھنە سۈرەتچىلىكى** <تىيا> ←
**سەھنە فوتوگرافىيىسى.**

**سەھنە فوتوگرافىيىسى** <گ سەن>
فوتوگرافىيە سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى.
ئومۇمەن سەھنىدە ئورۇنىدالغان تىياتىر،
ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەلنەغمە، سېرىك
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۈرەتكە
ئېلىش ئوبيېكتى بولىدۇ.

**سەھنە كىتابى** <تىيا> تىياتىر،
ئەلنەغمە قاتارلىقلارنى ئورۇنلىغان ياكى
كىنو ئىشلىگەندە ئاساسلىنىدىغان ماتې-
رىيال. ئۇنىڭدا سەھنە سۆزى ۋە ھېكايە
ۋەقەلىكى خاتىرىلەنگەن بولىدۇ.

**سەھنە گۈزەل سەنئىتى** <تىيا>
تىياتىر ۋە باشقا سەھنە ئويۇنلىرىنىڭ
بىر تەركىبىي قىسمى. ئادەتتە دېكوراتسى-
يە، چىراغ، گىرىم، كىيىم-كېچەك،
ئۈنۈم ۋە سەھنە جابدۇقى قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى
سەھنە ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئويۇن
قويۇش تەلىپىگە ئاساسەن، ئورتاق
بەدىئىي پىكىر ئاساسىدا، شەكىل
يارىتىش سەنئىتىنىڭ كۆپ خىل ۋاسىتىلىر-
نى قوللىنىپ تىياتىردىكى مۇھىت ۋە
پېرسوناژلار تاشقى قىياپىتىنى يارىتىش
ئارقىلىق سەھنە كەيپىياتىغا رەڭ
بېرىشتىن ئىبارەت.

**سەھنە لايىھىلەش** <تىيا> سەھنە
ئەسەرلىرىنى ئويناپ چىقىش ئالدىدا
ئىشلىنىدىغان تەييارلىق خىزمىتى، يەنى
دېكوراتورنىڭ سەھنە كۆرسەتمىلىرىنىڭ
تەلىپى بويىچە پېرسوناژلار ئۈچۈن
بەلگىلەنگەن مۇھىت كۆرۈنۈشلىرىنى
لايىھىلەش خىزمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سەھنە لايىھىلىگۈچى** <تىيا> سەھنە
ئەسەرلىرىنى ئويناپ چىقىش ئالدىدا
سەھنە لايىھىلەش خىزمىتىنى ئىشلەيدى-
غان گۈزەل سەنئەت خادىمى،
دېكوراتور.

**سەھنە نازارەتچىسى** <تىيا> ئويۇن
قويۇش داۋامىدا ئارقا سەھنىنى تەشكىل-
لەش ۋە سەنئەت مەمۇرىيىتى قاتارلىق
ئىشلارغا مەسئۇل بولغۇچى خادىم.

**سەھنە ئېكرانى** <تىيا> سەھنە
ئارقىسىغا تارتىلىدىغان ئاسمان كۆككى
رەڭلىك چوڭ پەردە. ئويۇن قويغاندا،
چىراغ نۇرىغا ماسلاشتۇرۇپ ھاۋا بوشلۇ-
قىدىكى تۈرلۈك مەنزىرىلەرنى ئىپادىلەش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سەھنىدىن چۈشمەك** ئورنىنى ئۆتۈنۈپ
بەرمەك، چېكىنمەك، ئاغدۇرۇلماق،
يوقالماق: دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ

تەرەققىياتى داۋامىدا ئۇزاق مۇددەتلىك، چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم بېسىلغاندىن كېيىنمۇ، دىنىنىڭ تەسىرى تارىخ سەھنىسىدىن ناھايىتى تېزلا چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

**سەھنىلە شتۇرمەك** پ. سەھنىدە ئويناشقا لايىقلاشتۇرماق، سەھنىدە ئويناپ چىقماق: — «ئۆگەي ئانا» درامىسىنى، — دېدى ئابدۇللا روزى، — درامىلمۇئەللىمىن راسخوتى بىلەن سەھنىلەشتۈرىمىز. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ چوڭ ئوپېرا ۋە درامىلارنى سەھنىلەشتۈرۈش ئۈچۈن سەھنە ۋە مەيدان ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، نېمشەھت بىلەن بىرگە قايتىپ ياتقىغا كەلدى.

**سەھنىلە شتۇرۇلمەك** «سەھنىلە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىش ھەسەن تەمبۇرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ داستانلار ئەينى زاماندا سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىغا سىڭدۈرۈلگەنىدى.

**سەھىپە** ئى (ئە) ① كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋاراقلىرىنىڭ ھەربىر يۈزى؛ بەت: گېزىت سەھىپىسى. باش سەھىپە. * مىنگونىڭ 8-يىلى يانۋاردا بىر بۇرادىرىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، شاڭخەيدىكى قايسىبىر گېزىتنىڭ يەكشەنبىلىك قوشۇمچە سەھىپىسىدىكى ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ قالدىم. * مەن كېتىۋېتىپ قولۇمدىكى گېزىتنىڭ ھېلىقى سەھىپىسىگە قايتا قارىدىم. ② كۆچمە. ئۇزۇن داۋاملاشقان ياكى داۋاملىشىدىغان ھادىسە، ھايات قاتارلىقلارنىڭ ئايرىم دەۋرى، قىسمى: سەھىپە ئاچماق. شانلىق سەھىپە. * تارىخنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى، پارتىيە ۋە خەلق بىزگە يېڭى تەلەپلەرنى قويدى.

**سەھىپە ئاچماق** يېڭى بىر دەۋرگە، زامانغا قەدەم قويماق، يۈرۈش قىلماق، ئاتلانماق: شىمالىي سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرلىرى (مىلادىيە 906 — 1279-يىللار) فارابى ياشىغان ۋە قاراخانىيلار، قاراكىدانلارغىچە توغرا كېلىدىغان دەۋر بولۇپ، بۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ئارقا-ئارقىدىن ئىسلامغا كىرگەنىدى. بۇ ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان مۇھىم دەۋر ھېسابلىناتتى. * تەڭكەش قىلىپ غەزەلىڭگە شوخ سازلارنى چالماقتىمىز، تارىخ قاراپ، تۈننى يېرىپ، ئالتۇن سەھىپە ئاچماقتىمىز، نىشان ئۇلۇغ، شۇڭغا قاراپ دائىم ئالغا باسماقتىمىز.

**سەھىيە** ئى (ئە) ساقلىقنى ساقلاش؛ تازىلىق: سەھىيە ئىشلىرى، سەھىيە ساھەسى. * مائارىپ، ئىلىم-پەن، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. * ئۇ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بىلەن بىللە كۈنمىڭغا بارغان، كېيىن، بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، سەھىيە مىنىستىرلىقىدا باشقارما باشلىقى بولغان.

**سەۋەب** (ئە) ① ئى. بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، سادىر بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس ۋە ئامىل بولىدىغان باشقا بىر ۋەقە-ھادىسە، نەرسە، ھال-ئەھۋال ياكى شەرت-شارائىت: ماموتئاخۇن ئاخىرى بۇ يەردە گەپ قىلىپ تۇرۇشنىڭ يەنىمۇ ئېغىرراق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى-دە، خاپا بولغان ھالدا كۆچەتخانىدىن كېتىپ قالدى. * تاشۋايمۇ گۈندىخانىنىڭ

ئېغىر كۈنلىرىگە ئۆگىنىپ قالدى. بۇنداق بولۇشىدا دەرۋىش بوۋاي بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قالغانلىقمۇ مۇھىم بىر سەۋەب بولغانىدى. ② ئى. ۋەج، باھانە: ساۋۇتجان دەرھال سەۋەب تاپتى: — مۇشۇ باشنىڭ قارىسى، دەسلەپتىلا چۈشەنمەپتىكەن، — دېدى ئۇ يالغاندىنلا، — ئۇستام بىر بەندىڭ ياساپ باقايمۇ؟ * كۆپچىلىك بۇگۈنكى مۇسابىقىدە ئوتتۇرۇپ قويۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىشتى، بەزىلەر مەسىلىنى خەمتتىن كۆرۈشتى. ③ باغل. باش جۈملە بىلەن ئەگەشمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلىغۇچىلىق رولىدا كېلىپ «چۈنكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: گۈلچەمەن ئۈزۈلۈپ قالغان گەپنى داۋام قىلدى: — ئەمما مەن پەشۋا بەرمىدىم، قاتتىق تىللىدىم. سەۋەب، ئۇ چاغدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بىزنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشىمىز بىلەن كارىڭىز بولمايدىغان بولۇپ قالغان، ئىككى تەڭگە تېپىپ ئادەمچە ياشىشىمىزنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدىڭىز.

**سەۋەب بولماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىگە ئاساس، تۈرتكە، زامىن بولماق: بۇ ھال تانىسچىلارنىڭ زالنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قاقاقلىشىپ كۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ئەخمەقلىك «ئۈچ مەسلەك» ئۆمىكىدىكى كىشىلەردىن يەتتىسىنىڭ ئۆلۈمى ۋە يارىدار بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

**سەۋەپ قىلماق** ئويلىغان ياكى پىلانلىغان بىرەر ئىشنى بەجا كەلتۈرۈش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چارە تاپماق، ئامال قىلماق؛ تەدبىر كۆرمەك: ئۆلگەندە يىغلىغۇچە، ئۆلمەستە سەۋەب قىل (ماقال). * سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختار (ماقال). * خاسىيەت بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئاغرىنشلىق ھالدا: — قىزىم ئۆزۈڭگە ۋاقتىدا سەۋەب قىل، — دېدى.

**سەۋەبچى** ئى ① بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە ياكى ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىگە سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولغان شەخس، نەرسە؛ سەۋەبكار: سەۋەبچى بولماق. * ئۆزىنى ئەكبەرگە كەلگەن ھەممە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ سەۋەبچىسى دەپ ھېس قىلدى. * رەنجىش-ئازابىنا ھەسەتخور ھەر يان، سەۋەبچى شەرت ئەمەس ئاگا ھېچقاچان. ھەسەت بىلەن تولغاچ قەلبىنىڭ جامى، سىغماس ئۇنىڭغا خۇشاللىق ھامان. ② تەبىئي ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى، پەيدا قىلغۇچى ئامىل: كېسەل سەۋەبچىسى. سەۋەبچى ماددا. * بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كېسەل كېلىپ چىقىشتىكى ئاساسىي سەۋەبچى ماددىنى پەرق ئېتىش (قان، بەلغەم، سەۋدا، سەپرامۇ؟ ياكى باشقا يات ماددا زەھەرلىك نەرسىمۇ؟ ياكى بىر خىل جاراسىمۇ بۇنى ئېنىقلاش) لازىم.

**سەۋەبچى بولماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە ئاساس، زامىن بولماق: شۇ كۈنى ئادەملەرنىڭ ئۆتتۈشەلمەي كۆپرەك تۇرۇپ قېلىشىغا بىر دېھقان سەۋەبچى بولدى. * رەنانىڭ كۆڭلىدىكى سۆز: بىزنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىمىزگە ئېھتىمال ئۇنىڭ بىغۇبار ساپ قەلبى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلىتى سەۋەبچى بولغاندۇر.

**سەۋەبسىز** سۈپ. سەۋەبى يوق، سەۋەبى بولمىغان، ئاساسسىز: سەۋەبسىز ئىش بولماس (ماقال). * كىشىلەرنىڭ مۇنۇپ بېدىككە بولغان قارشىنىڭ بۇنداق بولۇشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى.

**سەۋەبكار** ئى (ئە+پ) ← **سەۋەبچى:** ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەبكار (ماقال). * پىلىنىڭ ئۆمرىگە چىشىنىڭ قىممەتلىكى

سەۋەبكار (ماقال). * – بىزنىڭ ئۆلۈشىمىز ئېنىق. شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆلۈشىمىزگە سەۋەبكار بولغان بۇ قۇل بىزدىن بۇرۇن ئۆلۈشى كېرەك! – دەپتۇ ئۇ.

**سەۋەبكارلىق** «سەۋەبكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: – مېنىڭ بۈگۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىم، ئانامنىڭ سەۋەبكارلىقىدىن بولغان، مەن ئاۋۋال باشلاپ ئۆرۈك ئوغرىلاپ ئەكىردىم، نان ئوغرىلاپ ئەكىردىم، كېيىن پۇل ئوغرىلاپ ئەكىردىم، ئانام مېنى ئوغرىلىق قىلىشتىن توسمىدى، – دېدى بالا.

**سەۋەبلىك** ① سۈپ. بىرەر سەۋەبى بولغان، بىرەر سەۋەب بىلەن ئىسپاتلانغان؛ ئاساسلىق، ئورۇنلۇق: ئۇ ئويلا-ئويلا ئۆزىدىكى بۇ تىنچسىزلىقنىڭ چۈشتە قولىغا تېگىپ كەتكەن پاسارنىڭ بارماقلىرى سەۋەبلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. * ئۇنىڭ بۈگۈن ئىشقا كىلەلمىگەنلىكىنى «سەۋەبلىك» دەپ يېزىپ قويۇڭ. ② تىر. سەۋەبى بىلەن، تۈپەيلى، ئۈچۈن: شۇ چاغدا قاتار ئولتۇرغانلاردىن يەنە بىرى زەرگەرگە: «سەن ئارىلاشقان بۇ ئىش سەۋەبلىك بېشىڭغا كەلگەن ھادىسىلەرنى ھېچبىر يالغان سۆز ئارىلاشتۇرماي، ئۆز ئەينى بىلەن ئېيتقىن!» دەپتۇ. * ئەگەر بۇ گۇناھسىز سەۋەبلىك بىزنى شەپقەتسىز، رەھىمسىز ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتسەڭ، ئۇ قانداق جازا ئىجرا قىلاتتى.

**سەۋەب-نەتىجە** <پەلس> سەۋەب ۋە نەتىجە، يەنى تۇغدۇرغۇچى ۋە تۇغدۇرۇلغۇچى مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ھادىسىلەر.

**سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى** <پەلس> سەۋەب (تۇغدۇرغۇچى) بىلەن نەتىجە (تۇغدۇرۇلغۇچى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. سەۋەب نەتىجىنى تۇغدۇرىدۇ، نەتىجە سەۋەبتىن تۇغۇلىدۇ. شۇڭا سەۋەب جەزمەن ئالدىدا، نەتىجە جەزمەن كېيىن تۇرىدۇ. ئەمما ئىلگىرى-كېيىن بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەنلىكى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە بولۇشى ناتايىن. سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ پەرقى نىسپىي بولىدۇ، ئۇلار بىر-بىرىگە ئۆزگىرىشى مۇمكىن، بىر ھادىسىنىڭ ئۆزى مەلۇم بىر مۇناسىۋەت ئۈچۈن سەۋەب بولغان بولسا، ئىككىنچى بىر مۇناسىۋەت ئۈچۈن نەتىجە بولۇشى مۇمكىن. بىر سەۋەب يەنە بىرقانچە نەتىجىنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن، بىر نەتىجە كۆپىنچە بىرنەچچە سەۋەبتىن تۇغۇلىدۇ.

**سەۋەب-نەتىجىلىك باغلىنىش** <لوگ> بىرى يەنە بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، بىرى يەنە بىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىككى خىل ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش.

**سەۋەبىيات** ئى (ئە) <پەلس> ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھادىسىلەرنىڭ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىش ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىش فورمىسى.

**سەۋەن** (ئە) ① ئى. يول قويۇلغان خاتا، يېڭىلىش: سەۋەن ئۆتمەك. * ئۆتسە سەۋەن سېنىڭدىن، رەنجىمە سەن مېنىڭدىن؟... شاھى ئاقىل كۆنۈپتۇ، شاھى جانان كۈلۈپتۇ. ② رەۋ. خاتا ھالدا، پەرۋاسىزلىق بىلەن: ئۇنىڭ خەتنى ئاڭلىغان قۇلاقلىرى سەۋەن ئاڭلىغاندەك بولاتتى.

**سەۋەنلەشمەك** پ. سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەك، سەۋەنلىك سادىر قىلماق؛ يېڭىلىشماق، خاتالاشماق: ئابابەكرى بۇ سۆزلەرنى

سەۋەنلىشىپ ئېيتىپ تاشلىغاندەك، دەرھال ئالدىراپ چۈشەنچىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى. * — مەن تۈنۈگۈن مەستلىكىمدىن سەۋەنلىشىپ ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەن، ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

**سەۋەنلىك** ئى ① بىلىپ-بىلمەي، بىخەستەلىك قىلىپ ئۆتكۈزگەن ياكى يول قويغان خاتالىق، كەمچىلىك: ئۆگەي ئانا رەھىمسىز ۋە تەلۋە بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ باللارغا قارايدىغان كۆزى يوق ۋە ئۆچ ئىدى، كىچىككىنە بىر سەۋەنلىك ئۇچۇنمۇ ھەربىرىدەك چېقىپ، چاپايدەك نەشتىرىنى سانجىپ تۇراتتى. * ھاجى ئىشان ئۆزىنىڭ نېمىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، كەينىچە مېڭىپ، كالچىنى شالاقشىتىپ سۆرەپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. * — ئەپۇ قىلسىلا ئاتا. مەندىن ئۆتكەن بەزى سەۋەنلىك بولسىمۇ، — دېدى قاسىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ قېيناتا ۋە قېينانا ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ. ② <قا> بىرەر قىلمىشنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە مۇمكىن بولسىمۇ، بىخەستەلىك قىلىپ مۆلچەرلىيەلمەسلىك ياكى مۆلچەرلىگەن تەقدىردىمۇ ساقلىنالايدىغانلىقىغا يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كېتىپ، زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇش.

**سەۋدا** ئى (ئە) ① خىيال؛ ھەۋەس، ئارزۇ: پەرزەنت سەۋداسى. تۇرمۇش سەۋداسى. دۇنيا سەۋداسى. * بېشىغا، بەس، پۈتۈن سەۋداسى چۈشتى، ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئاشكارا يېپىشتى. ② بىرەر ئادەم ياكى نەرسە دەردىدىكى جۇنۇنلۇق؛ شەيدالىق: مۇھەببەت سەۋداسى. ئىشق سەۋداسى. * ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ گۈزەل قىزنىڭ يۈرىكىگە سىرلىق بىر سەۋدا — ئىشقى ئوتى تۇيۇقسىز تۇتاشتى-دە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆرتىنىشكە باشلىدى. * پەقەت بېشىغا مۇھەببەت سەۋداسى چۈشكەن بەزىبىر ئاشىقلارلا مەشۇقىنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەندە بۇ يەرگە كېلىپ، كۆز يېشىنى تۆكۈپ، تاۋاپ قىلىپ قايتىدىكەن. ③ تىبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىلتنىڭ بىرى؛ قارامتۇل، قاڭسىق ۋە چۈچۈمەل سۇيۇقلۇق بولۇپ ئورنى تالدا. ئۇ ئەزالارنىڭ شەكىل ۋە سۇپىتىنى ساقلاپ، سەپرا ۋە بەلغەمنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەيدۇ. سەۋدا خىلتى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئېقى، تىلى قارامتۇل ياكى سۇس كۆك، ئۇيقۇسى كەم، ئاچچىقى تېز، تەپەككۇرى ئۆتكۈر كېلىدۇ: سەۋدا ئۆرلىمەك. * سەۋدانىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى بەدەن ھارارىتىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن سەۋدا سان-سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

**سەۋدايى** سۈپ (ئە) ① ئەقلىدىن ئازغان، تەلۋە: سەۋدايى بولماق. سەۋدايى قىلماق. * قاشىنى قاشقا ئۇلىسا، بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك. يېڭى يار تۇتقان كىشى، سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك. * ئۆزگە زاماندىن تەگسە يۈز قامچا، بىر قېتىم ئاھ ئۇردى ئۇلۇغ ناۋايى. بىر قامچا تەگكەندە ئەلگە، يۈز قاقشاپ بولدى غەم دەشتىدە مەجنۇن-سەۋدايى. ② بىرەر ئادەم ياكى نەرسە دەردىدە، كويىدا ئەس-ھوشىنى يوقاتقان، تەلۋىلىك دەرىجىسىگە يەتكەن، مەجنۇن: چىقمىغايسەن ئەي گۈزەل، پىنھان بولۇپ رەستىگە سەن، ياكى پەيۋەندىمۇ ئۆزۈلدى سەۋدايى ئىشق دەستىگە سەن؟ شۇنچە رەڭگىدىن جاھان

لەززەت ئالالماس بىۋاپا، ياكى چۈشكەنمۇ بولۇپ بەند جادۇنىڭ قەستىگە سەن.

**سەۋدايى بولماق** ئەقلىدىن ئازماق، تەلۋىگە ئايلانماق، ئېلىشىپ قالماق: غوجىدار ئۇنىڭغا: – ھەي، نەدىكى يوقلاڭ نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بالا تېرىغۇچى قەلەندەر، مېنى ھالاك قىلغىلى تاس قالدىڭ، ئەمدى ئوغلۇم سەۋدايى بولۇپ قالدى، – دېدى. * يارىم سېنىڭ كۆيۈڭدا سەۋدايى بولۇپ قالدىم. تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە شەيدايى بولۇپ قالدىم.

**سەۋدايى قىلماق** ئەقلىدىن ئازدۇرماق؛ ساراڭ، مەجنۇن قىلماق: كىتاب بەزى كىشلەرنى مول مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ. ھەزىم قىلالمايدىغان يەنە بەزى كىشلەرنى بولسا سەۋدايى قىلىپ قويىدۇ.

**سەۋدايىلىق** ئى. ئېلىشىپ قالغانلىق، ساراڭلىق: – ئەتىياز كېلىشى بىلەن ئاكام بىچارىنىڭ سەۋدايىلىقى ئەۋجىگە چىقتى، دەيتتىم-دە، ئەپچىل كىشەندىن بىرنى تېپىپ پۇتىڭىزغا سېلىپ قوياتتىم، – دېدى مەتلۇبە ئاكىسىغا.

**سەۋر** I ئى (ئە) دۇچ كەلگەن، يولۇققان ئېغىرچىلىق، مۇشكۇللۇككە بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتى؛ چىدام، تاقەت، غەيرەت، قانائەت: سەۋر قىلماق. * قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر (ماقال). * سەۋر – ئەقلىنىڭ بەلگىسى (ماقال). * ئۇ ئەمدى پەقەت بارات بىلەنلا قالغان بولۇپ، كېلىپ يوقلاپ تەسەللى بېرىپ ئۇنى سەۋرگە دالالەت قىلىپ تۇرىدىغان يېقىن-يورۇق، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىنىڭ ئايىغىمۇ ئۈزۈلدى. * چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىككە ئىززەت، ئۆسسۇۋاتقان مايسا نەۋرەمدە كۆردۈم. غورىدىن ھالۋا پىشقانلىقنى، 20 يىل قىلغان سەۋرەمدىن كۆردۈم.

**سەۋر قاچىسى تاشماق** تاقىتىنى باسالمايدىغان، چىداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلمەك، تاقىتى چېكىگە يەتمەك، تاقىتى تاق بولماق: ئۇ: – مانا ئۇن پۇلۇڭ، تېزدىن بەش پۇڭنى ياندۇرۇۋەت! – دېگىنىچە پۇلنى باققالنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى، بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن باققالنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى.

**سەۋر قاچىسى توشماق** ← **سەۋر قاچىسى تاشماق**: ئۇ يالۋۇردى، يىغلاپمۇ باقتى. چىققان چىقىملارنى ساناپ مېنى بۇ تەرەپتىنمۇ قىسىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئاخىرى سەۋر قاچىسى توشۇپ تىللاشقا باشلىدى.

**سەۋر قاچىسى تولماق** ← **سەۋر قاچىسى تاشماق**: ھازىر ھەممىلا كىشىنىڭ غەزىپى قايناپ سەۋر قاچىسى تولۇپ قالدى.

**سەۋر قاچىسى چېقىلماق** ← **سەۋر قاچىسى تاشماق**: ساجىدەمنىڭ مىسكىن ھالىنى كۆرگەن ئانىنىڭ سەۋر قاچىسى چېقىلدى.

**سەۋر قاچىسى يېرىلماق** ← **سەۋر قاچىسى تاشماق**: خەلچە ئانا سىلىم ئاكىنىڭ «قورقمايمەن»، «مەيلى»، «رەھمەت» دېگەن سۆزىدىن كېيىنلا سەۋر قاچىسى يېرىلىپ، مەجلىس ئورنىغا ئېتىلىپ كىرىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «بىر شەرتىم بار» دېگەن سۆزىدىن نېمىنىدۇر ئۈمىد قىلىپ، بىرپەسكە ئۆزىنى باسقاندى.

**سەۋر قىلماق** دۇچ كەلگەن، يولۇققان ئېغىرچىلىق، مۇشكۇللۇككە بەرداشلىق بەرمەك، تاقەت قىلماق، چىدىماق: ئەتە كېلىڭ، ئۆگۈن كېلىڭ، ھەل بولمىسا

سەۋر قىلىش (ماقال). * يولداش مەھەممەت، سەۋر قىلىڭ، يەنە بىر ئىككى يىل تاقەت قىلىڭ، يەنە بىر بىنا پۈتكەندە سىزنى ئولتۇرغۇزماي كىمنى ئولتۇرغۇزىمىز.

**سەۋر كاسىسى تولماق** ← **سەۋر قاچىسى تاشماق.**

**سەۋر كاسىسى سۇنماق** ← **سەۋر قاچىسى تاشماق.**

**سەۋر II** ئى (ئە) <ئاستر> ← **سەۋر بۇرجى.**

**سەۋر بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى. بەلگىسى . ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 30° — 60°. ئەسلىي ئورنى سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلـ گەن. ھەر يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەسۇم « قىزىلكوس» دېيىلىدۇ.

**سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 4 سائەت 20 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 17°؛ يەنى پېرسېي يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن ھارۋىكەش يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ جەنۇبىغا، ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**سەۋر-تاقەت** سەۋر ھەم تاقەت، چىدام ۋە بەرداش: سەۋر-تاقەت قىلماق. * مەنسۇرنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇنۇ سۆزلىرى ئەبلغازىغا سەۋر-تاقەت ۋە غەيرەت بېغىشلىدى. * ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە سەۋر-تاقەت بىلەن ئاڭلىيالايدۇ.

**سەۋر-تاقەتسىز** سەۋرى-تاقىتى يوق، سەۋر-تاقەت قىلالمايدىغان، چىدامسىز.

**سەۋر-تاقەتلىك** سەۋر-تاقىتى بار، سەۋر-تاقەت قىلالايدىغان؛ چىداملىق، تاقەتلىك، سەۋرلىك: ئەگەر ئانىسىز ئۇنچىۋالا مۇلايىم ۋە سەۋر-تاقەتلىك بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھالى كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى.

**سەۋرچان** سۈپ. ھەرقانداق دەرد-ئەلەم، ئېغىرچىلىققا، مۇشكۇللۇككە بەرداشلىق بېرىدىغان، تاقەت قىلىدىغان؛ قانائەتچان: سەۋرچان ئادەم. * ئادەم ئاش-تاماققا كەلگەندە سەۋرچان بولۇشى لازىم.

**سەۋرچانلىق** « سەۋرچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەۋرچانلىق قىلماق. * مۇناسىۋەتلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە تەربىيە بېرىشى كېرەك.

**سەۋرسىز** سۈپ. سەۋر قىلالمايدىغان؛ چىدامسىز، تاقەتسىز: سەۋرسىز ئادەم. * بۇ ئادەم بەكمۇ سەۋرسىز ئىكەن. * پەقەت پەستە تۆمەن دەرياسى ئويغاق، ئاقار شارقىراپ تاشقىن ۋە قايناق. ئاقار ئۇ تولغىنىپ، كۆۋۈكلىنىپ تېز، نېمە ئىزدەيدىكىن مۇنچە سەۋرسىز.

**سەۋرسىزلەنمەك** پ. چىدام، تاقىتىنى يوقاتماق، جىددىيلەشمەك: — نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ — ھاشىم شۇجى سەۋرسىزلىنىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

**سەۋرسىزلىك** « سەۋرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ بىزدىن بەكرەك ئالدىرىماقتا، ئۇنىڭ سەۋرسىزلىكى بەربىر ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدۇ. * قاچقۇن بوۋاينىڭ

كېپىنىڭ تۈگشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتمەك-
تە، پات-پات تۈگكۈلۈكتىن ئاسمانغا قارىماقتا.

**سەۋر-قانائەت** سەۋر ھەم قانائەت، تاقەت ۋە چىدام: سەۋر-قانائەت قىلماق. * ئۇ: — ئەي ئەدھەم، ئوغلۇڭنىڭ پېشانىسىدىن پادىشاھلىق، ئەۋلىيالىق نىشانىسى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، — دەپ ئەدھەمگە سەۋر-قانائەت ھەققىدە كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

**سەۋرلىك** سۈپ. سەۋر قىلالايدىغان؛ چىدامىلىق، تاقەتلىك: سەۋرلىك ئادەم. * كۆزلىرى يۇمۇلغان مۇقامچىنىڭ ھەربىر تىنىقىدا مىڭبىر ھەسرەت ئىپادىلىنىپ، مۇقامنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنى چىدامىلىق، سەۋرلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى. * بىرنەرسە ئالساڭ، يارىمىسا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئال. تىجارەتتە ئېغىر-سالماق، سەۋرلىك بول، ئالدىراپ ئالما، ئالدىراپ ساتما.

**سەۋزە** ئى (پ) <بوت> ① كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى ئاق، مېۋىسى ئۇزۇن ھەم يۇملاق. يىلتىزى ئۇزۇن ھەم كونۇس شەكلىدە بولۇپ، گۆشلۈك، قىزغۇچ ياكى سېرىق كېلىدۇ. تۇرلىرى كۆپ. ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى.

**سەۋزە مۇراباسى** سەۋزىنى تۇغراپ، شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قايىنتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل مۇراببا.

**سەۋزىلىك** ① سۈپ. سەۋزىسى كۆپ: سەۋزىلىك پولۇ. ② ئى. سەۋزە تېرىلغان، سەۋزە ئۆسكەن يەر، ئېتىز: مەن ئۆلتۈرسام سەۋزىلىكتە ماراپ، قالمىدى ھالىم، ئىتلىرىڭ تالاپ.

**سەۋزىنازۇك** ① ئى (سەۋزە+نازۇك) قوغۇننىڭ بىر تۈرى. ② سۈپ. كۆچمە. گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان، بەك زىل: — قارا بۇ سەۋزىنازۇكنى، بىر ئېغىز گەپنى قىلا-قىلمايلا سەكرەپ كېتىۋاتىدۇ-غۇ، — دېدى ئۇ. * — سەن تازىمۇ سەۋزىنازۇك، قوناق ئۇنى بايۋەچچە بولۇپ كېتىۋاتسەن جۇمۇ، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن.

**سەۋىيە** ئى (ئە) ① ئادەم ياكى نەرسە، ھادىسىلەرنىڭ سۈپەت، تەرەققىيات دەرىجىسى: ئىلمىي سەۋىيە. ماددىي سەۋىيە. * ئىپتىدائىي جامائە جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، كىشىلەر ئىنتايىن ئاددىي تاش قوراللارنى ئىشلىتەتتى. * ئالتاي ناھىيىسىدە 1981-يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە چارۋا سانى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. ② كۆچمە. بىلىم، مەلۇمات؛ قابىلىيەت: سەۋىيىسى يۇقىرى ئادەم. * ئەگەر ئۇ ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوخشاشلا يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلىسە، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ئارتىس بولالايدۇ.

**سەۋىيىسى يوق** بىلىمى، مەلۇماتى، قابىلىيىتى يوق: سەۋىيىسى يوق ئادەم. * ئۇ تازا بىر سەۋىيىسى يوق جۈرىن ئىكەن، پوقنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلەلمەي يۈرىدۇ.

**سەۋىيىسىز** سۈپ. سەۋىيىسى يوق، سەۋىيىگە ئىگە ئەمەس: سەۋىيىسىز ئادەم. * بۇ كىشىنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ قىلچە سەۋىيىسىز، ساختا ماتېرىيال ئىكەنلىكىگە ھەمدە بۇلاردا ئۆزىنىڭ ئىپلاس مۇددىئاسىغا يېتىش مەقسەت قىلىنغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىش

كېرەك.

**سەۋىيىلىك** سۈپ. سەۋىيىسى بار، سەۋد-
يىگە ئىگە بولغان: سەۋىيىلىك ئادەم. *
ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە تەمكىنلىكىگە قارىغاندا،
خېلى سەۋىيىلىك ئىدى.

**سەي** ئى (خەن) ① تاماققا ئىشلىتىلىدىغان
ئوتياش، كۆكتات، كۆك: سەي تېرىماق.
سەي چىلىماق. سەي كاۋىسى. ② گۆش،
تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىقلارنى قازاندا
قورۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر
خىل يېمەكلىك؛ قورۇما: سەي قورۇماق.
گۆشلۈك سەي. * شەرىپە يېمىشلەرنى
ئۈستەلگە چىرايلىق تىزىپ بەردى. ئاندىن
پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى ئىنچىكە توغراپ خام
سەي ياسىدى، ئاخىرىدا قورۇلىدىغان سەيلەر-
گە تەييارلىق قىلدى.

**سەي بولماسلىق** نىسبەت قىلغاندا،
ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىك: سېنىڭ بۇ
نېمىلىرىڭ ئۇنىڭ ئەكەلگەنلىرى ئالدىدا سەي
بولمايدۇ.

**سەي پۇرچاق** <بوت> ① پۇرچاق
ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. غولى پېلەك تارتىپ ئۆسىدۇ،
كىچىك يوپۇرماقلىرى كەڭ ھەم تۇخۇم
شەكلىدە، گۈلى ئاق، سېرىق ياكى
سۆسۈن ئارىلاش، چوكا مېۋىسى ئۇزۇنراق،
ئۇرۇقى شار شەكلىدە بولۇپ، ئاق،
قوڭۇر، قارا كۆك ياكى قىزىل كېلىدۇ،
ئۈستىدە گۈللۈك داغلىرى بولىدۇ. يۇمران
ھالەتتىكى چوكا مېۋىسى كۆكتات قىلىنىدۇ.
ئۇرۇقىنى ئاشلىق ئورنىدا ئىستېمال قىلىشقا
ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ
سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئىششىقنى
ياندۇرۇش قاتارلىق روللىرى بار. ②
شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چوكا مېۋىسى
ياكى ئۇرۇقى.

**سەي چىلىماق** سەۋزە، بەسەي،
تەرخەمەك قاتارلىق كۆكتاتلارنى يۇيۇپ
تازىلاپ، تۇز سۈيىگە ياكى ئاچچىقسۇ،
جاڭيۇلارغا چىلاپ قويماق.

**سەي ساپلىقى** سەي قورۇيدىغان
ساپلىق.

**سەي قاپىقى** <بوت> ① كاۋا ئائى-
لىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. غولى پېلەك تارتىپ ئۆسىدۇ،
گۈلى ئاق، مېۋىسى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن
بولۇپ، كاناي شەكلىدە. پوستى ئاچ
يېشىل، مېۋىسىنىڭ گۆشى ئاق. ئادەتتە
كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈك-
نىڭ مېۋىسى.

**سەي قايناق** قورۇلغان سەينى قايناۋات-
قان سۇغا سېلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق-قۇرۇق
نانلارنى چىلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان
بىر خىل يېمەكلىك.

**سەي كاۋىسى** <بوت> ① كاۋا
ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. غولى پېلەك تارتىپ ئۆسىدۇ،
يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، گۈلى سېرىق
كېلىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇنچاق ياكى ئېللىپس
شەكلىدە بولۇپ، پوستى ئاقۇچ يېشىل.
ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل
ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سەي-پەي** ① سەي ۋە سەي دائىرىسىگە
كىرىدىغان ھەر خىل ئوتياش؛ كۆكتاتلار:
مەن ئاز-تولا سەي-پەي ئىزدەپ كوچىغا
چىققانىدىم، بۈگۈن يەكشەنبە بولۇشىغا قارىماي
تۈزۈكرەك سەيمۇ تېپىلمىدى. ② ھەر خىل
قورۇما ۋە شۇ قورۇما دائىرىسىگە كىرىدد-

غان يېمەكلىكلەر: ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ:
− قېنى مېھمانلار داستىخانغا قاراڭلار!
سەي-پەي، مەزەگە بېقىڭلار! − دېدى.

**سەيپۇڭ** ئى (خەن) كىيىم تىكىش ۋە پىچىش
ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ تىككۈچى،
ماشىنچى: ئايال سەيپۇڭ.

**سەيپۇڭچىلىك** (توغرىسى: سەيپۇڭلۇق)
← **سەيپۇڭلۇق**.

**سەيپۇڭلۇق** «سەيپۇڭ» سۆزىنىڭ
كەسپ نامى: سوپىيە ئىلاجىسىزلىقتىن
سەيپۇڭلۇق قىلىش پىكرىگە كەلدى.

**سەيچى** ئى ① سەي-كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدى-
غان دېھقان، كۆكتات تېرىغۇچى:
ھال-ئەھۋالى خېلى ياخشىلانغان سەيچىلەر
تېرىغان سەيلىرىنى بۇرۇن ئېشەك ھارۋىلىرىدا
شەھەرگە توشۇپ ساتقان بولسا، ئەمدىلىكتە
تراكتور ھەتتا ماشىنىلار بىلەن ئەكىرىپ
ساتىدىغان بولدى. ② سەي-كۆكتات
ئېلىپ-ساتىدىغان تىجارەتچى، كۆكتاتچى:
كىشىلەر ياش بىر سەيچىنى ئورىۋېلىشقان
بولۇپ، ئۇنىڭ ھارۋىسىنى ھەش-پەش دېگۈچە
قۇرۇقداپ قويۇشتى.

**سەيچىلىك** ئى. كۆكتات تېرىش ۋە سېتىش
كەسپى: سەيچىلىك گۇرۇپپىسى. سەيچىلىك
تېخنىكىسى. * ئۈچ كۈن ئىلگىرى شەھەر
سەيچىلىك دادۈيىنىڭ شۇجىسى ساۋۇر ئاكىغا
بەرگەن تېلېفونىدا، ھەجمى چوڭراق بولغان
پارنىك قۇرۇلۇشىنىڭ جازىلىرىنى قۇراشتۇرۇش
ئۈچۈن بىر تېخنىك بېرىشنى ئېيتقانىدى.

**سەيخال** ئى. دىئال. ماي ۋە چاق قۇمى
بىلەن ئەسۋابنىڭ پارقىرىتىلىشى:
سەيخال قىلماق.

**سەيخال قىلماق** پارقىراتماق، پەردازلى-
ماق، سىلىقلىماق.

**سەيخانا I** ئى. مەخسۇس كۆكتات
سېتىلىدىغان ئورۇن؛ كۆكتات دۇكىنى.

**سەيخانا II** ئى (پ) چىلىمنىڭ بېشىدىكى
تاماكا سالىدىغان جاي؛ ئوتلۇق، چوغدان:
مەيلىك بولسا مەيخانا، چىلىم بولسا سەيخانا
(ماقال). * شىرمەممەت بەلبېغىنىڭ قېتىدىن
ئامۇتچىلىك چىلىم قاپىقىنى ئېلىپ سەيخانىسىغا
كۆك تاماكىنى تولدۇردى-دە، سەرەڭگە
يېقىپ، قاپاق چىلىمنى پورۇقلىتىپ شوراشقا
باشلىدى.

**سەيخانا مەجلىسى** تاماكا چەككۈچىلەر-
نىڭ يىغىلىشى. بەڭگىلەرنىڭ سورۇنى:
تۈنۈگۈن ئۇ يەنە بازار بېگى نادىرخان
بايۋەچچىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن ۋە سەيخانا
مەجلىسى قۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇزغانىدى.

**سەيخانىسىغا ئوت كەتمەك** بىرەر
نەرسىگە تەلپۈنۈپ ئۆزىنى باسالماي
قالماق، نەپسىگە ئالدىراپ كەتمەك،
نەپسى تاقىلداپ كەتمەك: بۇ گۈزەل
قىزنى كۆرگەن ئابلىز قارىينىڭ سەيخانىسىغا
ئوت كەتتى.

**سەيد** ئى (ئە) يېز ت. ئوۋ، شىكار؛ ئوۋلانغان
نەرسە: سەيد قىلماق.

**سەيد بولماق** ① ئوۋلانماق. ② كۆچمە.
مەپتۇن بولماق: ساڭا جانىم پىدا قىلغانلىقىمە-
نى بىلگىنىڭدىنمۇ، ۋە يا سەيد بولغىنىڭغا
ئەمدىلا بولدۇڭمۇ سەن ئىقرار.

**سەيد قىلماق** ① ئوۋلىماق. ② كۆچمە.
مەپتۇن قىلماق: ئىككى شەھلا كۆزلىرى
كۆڭلۈم قۇشىنى قىلدى سەيد، مۇپتىلا ئەيلەپ
مېنى يارى نىگارى ئۆزگىچە.

**سەيدۇ** ئى (خەن) دىئال. تېرە كېسىدىغان
ياي شەكىللىك پىچاق.

**سەير** ئى (ئە) يېز ت. ھاردۇق چىقىرىش،

كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىرەر جايدا ئايلىنىش، كېزىش؛ سه يله، ساياهه ت: سه ير ئه تمه ك. سه ير قىلماق. * كۈنچىقىشتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سه لكىن شامال خۇش بۇي دالا گۈللىرىنى سىلاپ ئۆتۈپ دەريا بويىدىكى بۇ گۈزەل چىمه نلىكنى سه ير قىلماقتا. * دەم ئېلىش په يتىده سه ير ئېتەر رەھبەر، شۇ باغچا ئىچىده چىمه نزار بويلاپ. كه لگه ن مېھمانلارنى كۈتىدۇ كه متەر، بىر ياقتىن نى ئىشنى ئۆلگۈرەر ئويلاپ.

**سه ير ئه تمه ك** ← **سه ير قىلماق:** كۆردۈم هه يۋەت « هاي-هاي تېرەك »، « موللام تېغى » نى، قه د كۆتۈرۈپ تۇرار كۆككه تاقىشىپ مه غرۇر. سه ير ئه تتىم، ئوي چۆلپانىنى-گۈزەل ئازىخنى. ساپ هاۋاسى ته نگه راهه ت بېغىشلار هۇزۇر.

**سه ير ئه يلىمه ك** ← **سه ير قىلماق:** بۇ كه لك دۇنيانى سه ير ئه يله پ، ئېلىم هالىنى تاماشا قىل! رەقىبلەر بار يه رگه نىسبه تته مىنۇت چاغىڭنى پادىشاه بىل!

**سه ير قىلماق** هاردۇق چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىرەر جاينى ئايلانماق، كه زمه ك، سه يله، ساياهه ت قىلماق: سه ير قىل باغچىنى دوستلار، سائادەت لالىزارى بۇ، جاهانغا نامى پۇر كه تكه ن يۇسۇپ، مه همۇت دىيارى بۇ. كىشىلەر كۆڭلىنى ئۆتقان شىپالىق دىل خۇمارى بۇ، ئه نه له يلى، ئه نه ئه تره، مىسالى گۈل بازارى بۇ، گۈزەللىكته تېگى يوق باغ، بېھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ.

**سه يىسى** ئى (خه ن) ← **ئالۋان:** سه يىسگه بارماق. سه يىسگه تۇتماق. سه يىسگه تۇتۇلماق. * هارۋىلارغا قوشۇلغان ئۇلاغلار ئىسسىق ئازابىدىن ئورۇقلاپ ۋە كۆپله پ ئۆلمه كته ئىدى. سه يىسگه تۇتۇلغان هارۋا ئىگىلىرى ئىچىگه سىغمايۋاتقان دەرد-ئه له ملىرىنى ناخشا ئارقىلىق ئىزهار قىلىشاتتى. * بىز سه يىسگه تۇتۇلۇپ، ئىشلىدۇق كۆمۈر خاڭدا. تىنىم تاپماي ئىشله پمۇ، قورساق تويمىدى نانغا.

**سه يىسكه ش** ئى ← **ئالۋانچى:** ئۇ؛ – ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، – دېدى-دە، ماڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى ته تۈر ئورىغان سه يىسكه ش بىر ئادەم بىله ن ئىككىمىزنى چۈشكىچه بېده توغرىغىلى سالدى.

**سه يشه نبه** ئى (پ) <ئاستر> هه پتىنىڭ دۈشه نبه دىن كېيىن، چارشه نبه دىن ئىلگىرىكى ئىككىنچى كۈنى: ئۇلار سه يشه ن-بىده يولغا چىقتى. * « ئۇرۇمچى كه چلىك گېزىتى » نىڭ سه يشه نبه كۈندىكى سانىغا « قاراقۇرۇمدىكى تاغ مه شرىپى » سه رلەۋهه-لىك بىر پارچه ماقاله بېسىلدى.

**سه يشه نبه بازار** هه پتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يه نى سه يشه نبه كۈنى بولىدىغان بازار ۋە شۇ بازار بولىدىغان جاي: ئۇ چاربازارچىلىق قىلىپ، سه يشه نبه بازاردىن ئه مدىلا كه لگه نىدى.

**سه يلان** ئى (ئه) يېز ت. ئېقىش؛ ئېقىپ يۈرۈش، كېزىش، تاماشا: سه يلان قىلماق. * ئايا ساقىي، تۇتقىل بىھوش بولاي، يار ۋىسالىن كۆرگىلى بىر قۇش بولاي. سه يلان قىلسۇن ئه رشده جانىم مېنىڭ، قىزىل گۈلگه رەڭ به رسۇن قانىم مېنىڭ.

**سه يلان قىلماق** ئاقماق؛ ئېقىپ يۈرمه ك؛ تاماشا قىلماق، كه زمه ك: كۆكته چولپاندەك يورۇپ جه ۋلان قىلىپ كه ل، مه رهابا، هه مىنى شاد ئه يلىبان سه يلان قىلىپ كه ل، مه رهابا.

**سه يلانه** ئى (ئه) يېز ت ← **سه يلان:** ئورۇپ خه نىدان باھارىمدا ئه جه ب خۇش

سايرىدىك كاككۇك، قىلىپ باغىمنى سەيلانە، كۆكۈلۈك يايرىدىك كاككۇك. * رۇخسەت بەر باغقا كىرەي، گۈلى رەنادىن تىزاي. قەددى قامىتىڭ كۆرەي، يۈر سەيلانە، يۈر ئەمدى.

**سەيلە** ئى (ئە) ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا: باغ سەيلىسى. سەيلە قىلماق. * ھەر يىلى 5-، 6-ئايلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ھەزرەت سەيلىسى داۋام قىلماقتا. * شۇ كۈنى بىز كەچلىك سەيلە ئۈچۈن كوچىغا چىققانىدۇق.

**سەيلە قىلماق** بىرەر جاينى ئايلىنىپ كۆڭۈل ئاچماق، تاماشا قىلماق: ماركو ياشانغان بىر يېپەك سودىگىرى بىلەن دوست بولۇپ، كۈننى ئالدىن سۆزلىشىۋېلىپ، ئىككىيلەن بىللە شىخۇ كۆلىنى سەيلە قىلدى. * خۇمار كۆزلۈك يار سېنى، كۆرگۈم كېلىدۇ. باغدا بىللە سەيلە قىلىپ، يۈرگۈم كېلىدۇ.

**سەيلە-تاماشا** سەيلە ھەم تاماشا، سەيلە ۋە شۇ خىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش ھەرىكەتلىرى: ئۇ بوش قالغان بۇ كۈنلەرنى سەيلە-تاماشا ۋە ئۇرۇمچىدىكى ساۋاقداش، دوستلىرى، ئانا مەكتىپىدىكى ئۇستازلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق تولدۇرماقچى بولدى. * غەيۇر شاھ قىزى مەلىكە بۇدۇرنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنى ناھايىتى كۆپ سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەممەيلەن ئابنۇس شەھرىدە راسا بىر ئاي تۇرۇپ، سەيلە-تاماشا قىلىپتۇ.

**سەيلەتمەك** «سەيلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەيلە-ساياھەت** سەيلە ھەم ساياھەت: بىركۈنى مۇرات ئۇنى نوۋىگورتنىڭ سالقىن سايىلىك گۈزەل كوچىلىرىنى ئارىلىتىپ، ئالمىلىق باغ-ھويلىلاردا تاتارنىڭ مەدەنىي قىز-يىگىتلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، تانسلارغا ئاپارسا، ئەتىسى يەنە بىر دوستى ئالتىنشەھەر مەھەللىسىنىڭ رەتلىك كوچا، باغۇبوستانلىرىنى سەيلە-ساياھەت قىلدۇراتتى.

**سەيلچى** ئى. سەيلە، تاماشا قىلغۇچى: سەيلچىلەر «نورۇز بۇلاق»نىڭ مەرۋايىتتەك سۈيىدىن ئىچىشەتتى ۋە قاپاق، ئۈژۈرىقلىرىغا تولدۇرۇپ ئېلىشاتتى. * باغ، باغنىڭ ھۆسنىدە رەڭدار گۈل-چېچەك، ھەر ياقتا سەيلچى تۇتقان ئورۇن-جاي. نەق بۇندا ئولتۇرار گۈلشەن يىگانە، بىر توچكا ئۈستىدىن ئەنە كۆز ئالماي.

**سەيلىك** ① ئى. سەي تېرىلغان ياكى سەي ئۆستۈرۈلگەن ئېتىز، كۆكتاتلىق: بىز بۇرۇن دۆي تەرىپىدىن ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىرىمىزدا دۆينىڭ سەيلىكلىرى، باغلىرى، دەل-دەرەخلىرىگە قاراشتەك يەڭگىل ئىشلىرىغا تەقسىم قىلىناتتۇق. ② سۈپ. سەيلىرى بار، قورۇغان سەي بىلەن قوشۇپ يېيىلىدىغان: سەيلىك تاماق. سەيلىك غىزا. * ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك-ئىچمەك ئادىتىگە قورۇلغان سەيلىك تاماقلارمۇ خېلى كەڭ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

**سەيلگاھ** ئى (ئە+پ) كىشىلەر ھاردۇق چىقىرىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان، سەيلە-- تاماشا قىلىدىغان جاي: لۇتپۇللا ۋە ئۇنىڭ ئۈچ دوستى دەريا ياقىلاپ مېڭىپ، ئېگەرچى يېزىسىدىكى مەسۇم بەگنىڭ ئاتاقلىق سەيلگاھ-غا يېتىپ باردى. * چىرايلىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە «ئىجادىيەت» خېنىم بىلەن بەگزادە «ئىلھامجان» تەڭلا سەيلگە چىقىپتۇ. ئۇلار سەيلگاھتا ئۇچرىشىپ، بىر-بىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ.

**سەيلمەك** پ. تەرتىپكە سالماق، رەتلە-

مەك: ئارىدىن بىرھازا ئۆتتى، ئۇ باھار ياپرىقىدەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۇللارنى سەيلىدى. * ئۇ ئاشقان پۇللارنى ھېلىقى چەت ئەللىكنىڭ كۆزىچە دىققەت بىلەن رەتلەپ، بىر-بىرلەپ سەيلەپ، پۇللارنىڭ پۈكۈلگەن بۇرجەكلىرىنى تۈزلەپ چىقتى ۋە ئۇنى چىرايلىق قاتلاپ، ھېلىقى چەت ئەللىككە قايتۇرۇپ بەردى.

**سەيلۋاز** سۈپ. سەيلىگە ئامراق، سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، سەيلىگە خۇشتار: سەيلۋاز ئادەم. * سۈلۈك جىيالۇ، سەي جىنلەر سەيلۋاز سىپاھ تۇرقىدا، دەي زۇلۇ دورغا تۇرقىدا، يەن چىڭ كەمتەرىن سەيلۋاز تۇرقىدا ياساندى، پەقەت لى كۈيلا ئۆيگە قاراپ قالدى.

**سەينا** ئى (پ) مەلۇم دائىرىدە قورشالغان ئۆي-ئىمارەتلەر ئەتراپىدىكى بوشلۇق؛ ھويلا، قورۇ: ئالىملىق سەينا. شىپاگىلىق سەينا. * تۆمۈر خەلپە خاتىرجەم ھالدا مەسچىت سەيناسىغا چىققاندا، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتى. * ئاشلىق پونكىتىنىڭ يان دەرۋازىسىنى ئېچىۋىدىم، كەڭرى سەينانى بىر ئالغان ئاپتوموبىل، تراكتور، ھارۋىلارغا كۆزۈم چۈشتى.

**سەيناق** ئى. بۇزۇلغان پىلە غوزىسى، كېرەكسىز مەشۇت: سەيناق يىپ.

**سەينالىق** سۈپ ① سەيناسى بار: سەينالىق ئىمارەت. سەينالىق جاي. * ماگىزىنىنىڭ بىر چېتىدىكى كىچىك ئىشىك ئېچىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن سەينالىق ئات ماخوسىغا چىققىلى بولاتتى. ② سەينا قىلىنىدىغان: ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ سەيناسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەر ئىدارىسى بەش پۇڭ سەينالىق يەر بۆلۈپ بەردى.

**سەينەك** I ئى. پىچىۋېتىلگەن بىر ياشلىق ئۆچكە؛ سەرگە.

**سەينەك** II ئى <تىب> قول ياكى پۇت تىرناقلىرى زەخىملىنىپ، ياللۇغلىنىپ يىرىڭ-دايدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، بارماق ئۇچىنىڭ مەلۇم جايى قىزىرىپ ئىششىپ، قاتتىق ئاغرىتىدۇ، بەزىدە قىزىتىدۇ.

**سەينىگە** ئى. دىئال ← **سەينەك** II.

**سەيۋەن** ئى (خەن) تارىس. كونا جەمئىيەتتە بەگ، ھاكىملارنىڭ ئائىلە ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنى قىلىدىغان، ئۆشرە-زاكات، سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھوقۇقلۇق خىزمەت-چى: بەگ سەيۋەنلىرى ئالماسنى كۆز قىرىدىن كەتكۈزمەي، قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە سېلىپ ھېچبىر ئارام تاپتۇرمايتتى.

**سەيىد** ئى (ئە) ① <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ كىشى. ② ئەرلەر ئىسمى.

**سەييات** ئى (ئە) يېز ت. شىكار قىلغۇچى، ئوۋچى: ئۇ سەيدلارنى ئۆشىنىسگە ئارتىپ كېتىپ باراتتى، قومۇشلۇق ئىچىدىن بىرنەچچە سەييات چىقىپ ئۇنى كۆرۈپ قېشىغا كەلدى. * كۆيۈپ چوغ ئۇستىدە سەندەل تېنىم، دەۋرانىنى ئۆتكەزدىم، كى سەييات ئالدىدا بولغاچ ئىپارىم دەشتۇچۆل كەزدىم.

**سەيياتلىق** ئى. ئوۋچىلىق: سەيياتلىق قىلماق. * گۆر ئوغلى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن ھەر خىل سەيياتلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ناھايىتى كۆپ بۇغا-ماراللارنى ئوۋلاپ كېلىپ، شاھنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. * ھۈنەر-كەسىپ، تىجارىتىمىز ھەم يوق. كۈنىمىزنىڭ قاتتىقلىقىدىن سەيياتلىق قىلىپ ھايات كەچۈرەتتۇق.

**سەييارە** (ئە) ① سۇپ. مۇقىم تۇرار جايى يوق ياكى بىر جايدىن باشقا جايغا كۆچۈپ يۈرۈپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان، خىزمەت قىلىدىغان، ئۆتكۈزۈلىدىغان ياكى كېزىپ يۈرىدىغان: سەييارە مەكتەپ. سەييارە سوت. سەييارە مۇسابىقە. سەييارە مۇخبىر. * كوچىدىن سەييارە سېرىك ئۆمىكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنەرسە ئۆتۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. * ئۇ سادەتخان ئانىدىن دىلبەرنىڭ سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسى بىلەن بىر چەت ناھىيىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، دىلبەردىن ئورۇنسىز رەنجىگەنلىكىنى چۈشەندى. ② ئى <ئاستر> چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئېللىپس شەكلىدىكى ئوربىتىلاردا قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسىملىرى. ئۇلار ئۆزلىرى نۇر چىقارماي، پەقەت كۈن نۇرىنى قايتۇرىدۇ. قۇياش سىستېمىسىدا مېركۇرىي، ۋېنېرا، يەر شارى، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن، ئۇران، نېپتۇن ۋە پلۇتوندىن ئىبارەت توققۇز چوڭ سەييارىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سەييارىلەر بولىدۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سەييارە سوت** <قا> جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش، دېلولارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش، شۇنىڭدەك يېزا-بازارلارغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا دېلولارنى تەرگەۋ قىلىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان ئەدلىيە ئورگىنى. ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ، مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاممىغا قانۇن-ئىنتىزام تەربىيىلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1954-يىلىغا كەلگەندە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن خەلق سوتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**سەييارە مەكتەپ** <مائار> مۇقىم ئورنى بولمىغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلىرى يېقىن بولغان جايلارغا نۆۋەت بىلەن قاتناپ يۈرۈپ دەرس ئۆتىدىغان بىر خىل مەكتەپ. 18-ئەسىرنىڭ 30 — 50-يىللىرى ئەنگلىيىدىكى ئۆئېلىستا ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يېزا ئىنقىلابىي بازىلىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان سەييارە مەكتەپلەر ئېچىلغان.

**سەييارە مۇسابىقە** <تەن> تەنتەربىيە مۇسابىقە شەكىللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، مەلۇم تۈردىكى كوماندا باشقا جايلارنى كېزىپ يۈرۈپ، بارغان جايدىكى كوماندىلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم مۇسابىقە ئۆتكۈزىدۇ.

**سەيياھ** ئى (ئە) يۇرت كېزىپ يۈرگۈچى، ساياھەت قىلغۇچى، ساياھەتچى: قەدىمكى زامانلاردا بۇ يەرگە كەلگەن سەيياھلار بۇ تاغنىڭ خۇددى خۇمداندىن يېڭىلا چىققان خىشقا ئوخشاش قىزغۇچلىقىغا ۋە جەزىرىمە ئاپتاپتا ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى «يالقۇنتاغ» دەپ ئاتاشقان. * مەن سەيياھلار ۋە مىسىرلىقلاردىن مىسىرنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم.

**سپارتاك** ئى <تارىخ> قەدىمكى رىمدا مىلادىيىدىن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى. فراكىيىلار قەبىلىسىدىن. قۇل بولۇپ سېتىلغان ۋە كاپۇيە شەھىرىدىكى گلادىئاتورلار مەكتىپىگە ئېلىنغان. كېيىن ئۇ گلادىئاتورلار بىلەن ۋېزوۋىيگە قېچىپ، قۇللارنىڭ زور قوزغىلىڭى — سپارتاك قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71-يىلى رىم ئارمىيىسىگە قارشى جەڭدە قۇربان بولغان.

**سپارتاك قوزغىلىڭى** <تارىخ> قەدىمكى رىمدا يۈز بەرگەن ۋە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق قۇللار قوزغىلىڭى. بۇنىڭغا سپارتاك رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 73-يىلى گلادىئاتور قۇللاردىن 70 كىشىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەدرىجىي كېڭىيىپ 100 مىڭدىن ئاشىدۇ ھەمدە ئۇرۇش ئوتى پۈتكۈل ئىتالىيە چېگرىسىنى قاپلايدۇ. رىم ھۆكۈمرانلىرى نەچچە رەت قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئاخىرى (يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71-يىلى) ئاپۇلىيىدا قىلغان شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنى ئاران باستۇرىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا سپارتاك باشچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**سپازما** ئى (ر<گرېك) <تىب> مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ غىدىقلىنىشى تۈپەيلىدىن، مۇسكۇللار جىددىيلىشىپ غەيرىي تەبىئىي ھالدا قىسقىرايدىغان بىر خىل ھادىسە.

**سپورا** ئى (ر<گرېك) <بىئول> بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھاسىل قىلىدىغان، كۆپىيىش رولى ياكى ئۇخلىتىش رولى بولىدىغان بىر خىل ھۈجەيرە. ئانىلىق تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن يېڭى بىر يەككە تەننى شەكىللەندۈرىدۇ.

**سپورا تەختى** <بىئول> بازىدىيىلىك زەمبۇرۇغلارنىڭ تەختىلىك سپورا ھاسىل قىلىدىغان تۈزۈلمىسى. ئادەتتە ئۇ كۆپ ھۈجەيرە ياكى بىر ھۈجەيرىدىن تۈزۈلىدۇ.

**سپورا تېنى** <بوت> ئۆسۈملۈكلەردىكى ئەۋلاد نۆۋەتلىشىش داۋامىدا سپورا ھاسىل قىلىدىغان ياكى ئۆزىدە جۈپ ھەسسىلىك خروموسومىغا ئىگە ئەۋلاد بولىدىغان ئۆسۈملۈك تېنى.

**سپورا خالتىسى** <بىئول> ① بەزى ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ ئىچىدە سپورا ساقلىنىدىغان ئورگىنى. ② خالتىلىق سپورىلىق زەمبۇرۇغلارنىڭ سپورا ھاسىل قىلىدىغان خالتىسى. ھەر بىر خالتىدا كۆپىنچە سەككىز تال سپورا ھاسىل بولىدۇ.

**سپورا غوزىكى** <بوت> مۈخ تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر سپورا تېنىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى سپورا ھاسىل قىلىدىغان چوڭراق قىسمى. ئادەتتە شار، تۇخۇم ياكى تۈۋرۈك شەكىللىرىدە بولىدۇ. پىشقاندا يېرىلىپ، ئىچىدىن سپورا چىقىرىدۇ.

**سپورا ھاسىل بولماق** <زوئول> سپورىلىقلارنىڭ تەكرار بۆلۈنۈشى ئارقىلىق سپورا شەكىللەنمەك.

**سپورت** ئى (ر<ئىنگ) ← **تەنتەربىيە.**

**سپورتچى** ← **تەنتەربىيىچى.**

**سپورىسىز** رەۋ <بىئول> سپورا ھاسىل قىلمىغان ياكى سپورا دەۋرىنى بېشىدىن

ئۆتكۈزمىگەن: سپورىسىز كۆپىيىش.

**سپورىسىز كۆپىيىش** <بئول> كانالار باغلىمى ئايرىلغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىيىش تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە تىپلار-دىن بىرى. بۇنىڭدا گامېتلىق تەن تاق ھەسسىلىك سپورا دەۋرىنى بېسىپ ئۆت-مەي، سپورا تېنىدىكى ئۇزۇقلىنىش ھۈجەيلىرىدىن بىۋاسىتىلا شەكىللىنىدۇ، گامېتىنىڭ خروموسوملىرى جۈپ ھەسسە-لىك بولىدۇ.

**سپورىلىق** سۈپ <بوت> سپورىسى بار، سپورا ھاسىل قىلىدىغان: سپورىلىق ئۆسۈملۈك. سپورىلىق يوپۇرماق.

**سپورىلىق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> خەيدەڭ، سپىروگىرا قاتارلىقلارغا ئوخشاش سپورا ئارقىلىق كۆپىيىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. ئادەتتە باكتېرىيىلەر، يۇسۇنلەر، مۇخلار ۋە پاپورتنىك قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سپورىلىق يوپۇرماق** <بوت> سپورا خالتىسى ئۆسىدىغان يوپۇرماق.

**سپورىلىقلار** ئى <زوئول> پارازىت ياشايدى-غان ئاددىي ھايۋانلار. ئۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە پارازىت ئىگىسى بولغان ھۈجەيرىلەر ئىچىدە ياشاپ، پارازىت ئىگىسىدىن ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە ھايات كەچۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، پارازىت ئىگىسىدە بەزى ئېغىر كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يېتىلگەنلىرى-نىڭ يالغان پۇتى ۋە قامچا تۈكى بولمى-غاچقا، كۆپ ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئۇلار-نىڭ ھايات تارىخىدا جىنسلىق كۆپىيىش بىلەن جىنسسىز كۆپىيىشنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بەزگەك پلازمودىيىسى، بامبېسىيە قۇرتى ۋە نوسېما قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سپېرما** ئى (ر<گرېك) <بئول> ← مەنى.

**سپېرما ئانا ھۈجەيرىسى** <بئول> بۆلۈنۈپ سپېرما ھاسىل قىلىدىغان ئەرلىك ئاخىرقى بىر ئەۋلاد ھۈجەيرە ياكى ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئەۋلاد بولىدىغان ئەرلىك جىنسىي ھۈجەيرىسى.

**سپېرما خالتىسى** <بئول> ئەر كىشى ياكى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى. شەكلى خالتىغا ئوخشاش بولۇپ، ئوڭ ۋە سولدا بىردىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئاجراتما ئادەتتە سپېرمىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**سپېرما كەملىك كېسىلى** <تىب> ئاجراپ چىققان سپېرما سۇيۇقلۇقى ئىچىدە ھەرىكەتچان سپېرمىلارنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن ئىبارەت بىر خىل كېسەللىك. بۇ ئەۋلاد قالدۇرالماسلىقنىڭ بىر سەۋە-بىدۇر. xxy جىنسلىق ئەرلەردە بۇ خىل كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**سپېرما ھۈجەيرىسى** <بئول> ئەرلىك ئاخىرقى تىپىك ھالىتىگە ئۆتەي دەپ قالغان ئەرلىك جىنسىي ھۈجەيرە.

**سپېرمىدان** ئى <بوت> يۇسۇنلەر، زەمبۇرۇغلار، مۇخلار ۋە پاپورتنىكلارنىڭ سپېرما ھاسىل قىلىدىغان كۆپ ھۈجەيرى-لىك تۈزۈلمىسى.

**سپېكتىر** ئى (ر<لات) <فىز> مۇرەككەپ رەڭلىك يورۇقلۇق ئۈچ قىرلىق پرىزما ياكى يورۇقلۇق سېتكىسىدىن ئۆتكەندە پارچىلىنىپ ھاسىل بولغان ئاددىي نۇرلارنىڭ تىزىلىشىدىن شەكىللىنىدىغان يورۇقلۇق بەلبېغى.

**سپېكتىر ئانالىزى** <خىم> ماددىلار

يانغاندا ياكى ئېلېكتر يايىدىن نۇر تارقالغاندا شەكىللىنىدىغان سپېكتر ئارقىلىق ماددىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى ئېنىقلاش.

**سپېكتر تەھلىلى** <خىم> ← **سپېكتر ئانالىزى.**

**سپېكتر سىزىقى** <فىز> سپېكتردىكى روشەن ياكى تۇتۇق بولغان تىك سىزىق. - ھەر خىل ئېلېمېنتلار ھورىنىڭ سپېكتر سىزىقىنىڭ سانى، ئورنى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

**سپېكتروسكوپ** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> سپېكترنى بىۋاستە كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. پاراللېل نۇر تۇرۇبىسى، تېلېسكوپ ۋە پرىزمىدىن تۈزۈلىدۇ.

**سپېكتروگراف** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> تەركىبى مۇرەككەپ بولغان مۇرەككەپ نۇرنى سپېكتر سىزىقلىرىغا ئاجرىتىدىغان ئەسۋاب. پرىزما ياكى دىففراكسىيىلىك نۇر سېتكىسى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ.

**سپېكترومېتر** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> مۇرەككەپ نۇرنى پرىزمىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋە دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بويىچە تارقىتىپ، ئوپتىكىلىق ئۆلچەش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە. ئادەتتە بىر تەكشىلىككە ئورنىتىلغان تۈز نەيچە، پرىزما سۇپىسى ۋە تېلېسكوپتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي دېتالدىن تەركىب تاپىدۇ.

**سپىرال** ئى (ر<لات) ① <مات> بۇرىما سىزىق. ② <زوئول> بۇرىما قىل، تۈك.

**سپىراللىق** سۈپ. سپىرالى بار، سپىرالغا ئىگە: سپىراللىق تىرىخنېللا قۇرتى.

**سپىراللىق تىرىخنېللا قۇرتى** <زوئول> يىپسىمان قۇرت. تېنى كىچىك، ئۇزۇنچاق، ئالدىنقى ئۇچى ئۇچلۇق ھەم ئىنچىكە كېلىدۇ. كۆپىنچە ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ كىچىك ئۈچەيدە بارازىت ياشايدۇ. كىچىك ئۈچەيدىن مۇسكۇل توقۇلمىلىرىغا ئۆتكەندە قاتتىق ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

**سپىروگىرا** ئى (ر<لات) <بوت> يۇسۇنلەرنىڭ بىرى. تاتلىق سۇدا ئۆسىدۇ، شەكلى يىپقا ئوخشايدۇ، سىرتى سىلىق كېلىدۇ. ئادەتتە توپلىشىپ ئۆسۈپ، سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. يىپسىمان تەن ھۈجەيرىلىرى ئىچىدە خلوروپلاست بولۇپ، ھەممىسى ھۈجەيرىلىرىنى قوشۇش شەكلى ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

**سپىلىت** ئى (ر) <گېئول> تەركىبىدە ناترىي ماددىسى مول بولغان نېگىزلىك ئېتىلما جىنىس. يېرىمىدىن كۆپرەكى نېگىزلىك لاۋا جىنسلارنىڭ دېڭىز ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل جىنسلار ئالبىتلاشقان پلاگىئوكلازنىڭ مىكرو كرىستاللىرى ۋە ئاجرالغان ئەينەك ماددىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. رەڭگى ئاچ يېشىل بولۇپ، يوشۇرۇن كرىستاللىق ئۇششاق دانىچىلىرى بولغان زىچ ھالەتتىكى تۈزۈلمىگە ئىگە.

**ستاتا** ئى (ر<لات) بىرەر تېكىست، ئەسەردىن ئەينەن، سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ ئېلىنغان پارچە، نەقىل: ستاتا ئالماق. ستاتا كەلتۈرمەك.

**ستاتور** ئى (ر<لات) <ماشىن> ئېلېكتر دۋىگاتېلى ۋە گېنېراتورنىڭ روتورغا ماسلاشتۇرۇلغان ھەم سىرتقى قاپقا مەھكەم ئورنىتىلغان قىسمى: مەن ستاتورنى باستىم، ماشىنا خۇددى قاناتلانغان تۇلپاردەك

ئالغا چاپچىدى.

**ستاتىستىكا** ئى (ر<لات) ① جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك مىقدار ئۆزگىرىشلىرى ھەم ئۇلارنى ھېسابلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى پەن. ② ئىجتىمائىي ھايات ۋە خەلق ئىگىلىكى تارماقلىرىدىكى مىقدار ئۆزگىرىشلىرى يۈزىسىدىن، شۇ پەن مېتودى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي ھېسابات ياكى مەلۇم ھادىسىلەرگە ئالاقىدار بولغان سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش، رەتلەش، ھېسابلاش ھەم ئۇلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش: سانائەت ستاتىستىكىسى. يېزا ئىگىلىك ستاتىستىكىسى. ستاتىستىكا قىلماق. * بىرمۇنچە ئەللەرنىڭ ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاياللار ئەرلەردىن ساغلام، ئوغۇل بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى قىز بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولىدىكەن. * بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تولدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا يىللىق مەلۇماتنى تېز يىغىۋېلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى يېزا، مەيدانلارغا بېرىپ، ستاتىستىكا خادىملىرىغا ياردەملىشىش قارار قىلىندى. ③ بىر قاتار پەنلەردە قوللىنىلىدىغان مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى، مېتودلىرى: ماتېماتىكىلىق ستاتىستىكا. * ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر «تىببىي ئىرسىيەت ئىلمى»، «ئىممۇنىتېت ئىلمى» ۋە «سەھىيە ستاتىستىكىسى» قاتارلىق تەخمىنەن 300 مىڭ خەتلىك دەرسلىك ماتېرىيالىنى تۈزۈپ چىقىپ، 12 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك بېسىپ تارقاتتى.

**ستاتىستىكىچى** ئى. ستاتىستىكا مۇتەخەسسىسى ياكى ستاتىستىكا بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**ستاتىستىكىلىق** سۈپ ① ستاتىستىكىغا ئائىت، ستاتىستىكىغا ئالاقىدار بولغان: ستاتىستىكىلىق ئۇسۇل. ستاتىستىكىلىق مەلۇمات. ② ستاتىستىكا مېتودلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ياكى ستاتىستىكا مېتودلىرى ئارقىلىق توپلانغان مەلۇماتلارغا تايىنىدىغان: ستاتىستىكىلىق جەدۋەل.

**ستاتىك** سۈپ (ر) <فىز> ھەرىكەتسىز، تۇرغۇن، تۇرغۇن ھالەتتىكى: ستاتىك ئېلېكتر.

**ستاتىك ئېلېكتر** <فىز> سۈركىلىشتىن ھاسىل بولىدىغان، ئېلېكترغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلمايدىغان تۇرغۇن ھالەتتىكى ئېلېكتر.

**ستاتىك ئېلېكتر ئىندۇكسىيىسى** <فىز> ئۆتكۈزگۈچ زەرەتلەنگەن جىسىمغا يېقىنلاشقاندا، ئۆتكۈزگۈچتە ئېلېكتر پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھادىسە. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى زەرەت مىقدارى ئۆزئارا تەڭ ۋە قارىمۇقارشى بولۇپ، زەرەتلەنگەن جىسىمغا يېقىنلاشقان ئۇچىتىكى زەرەت زەرەتلەنگەن جىسىمدىكى زەرەت بىلەن قارىمۇقارشى؛ يىراق تۇرغان يەنە بىر ئۇچىتىكى زەرەت زەرەتلەنگەن جىسىمدىكى زەرەت بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**ستارشى** سۈپ (ر) <ھەرب> بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئۇنۋان نامى تەركىبىدە كېلىپ، «ملادشى» دىن يۇقىرى، «چوڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆز: ستارشى پولكوۋنىك. ستارشى سېرژانت. ستارشى لېيتېنانت.

**ستارشى پولكوۋنىك** <ھەرب> ← **داشياۋ.**

**ستارشى سېرژانت** <ھەرب> ← **شاڭشى.**

**ستارشي لېيتېنات** <ھەرب> ← شالڭ ۋېي.

**ستاژ** ئى (ر<فران) خىزمەت قىلغان ياكى بىرەر تەشكىلاتقا قاتناشقان يىل سانى، مۇددەت: خىزمەت ستاژى. پارتىيۋىلىك ستاژى. ستاژى ئۇزۇن. * كادىرلارنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسى، قىسىملارغا قوماندان-لىق قىلىش قابىلىيىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ھەربىي ستاژىدا خېلى ئوخشاشماسلىقلار بار ئىدى. * ئاپام 30 يىللىق ستاژغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى.

**ستاندارت** ئى (ر<ئىنگ) مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى. مەسىلەن، مەھسۇ-لاتلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئېغىر-يېنىكلى-كى، زىللىق دەرىجىسى ۋە ئىشقىدارى قاتارلىقلار.

**ستاندارتلىق** سۈپ. مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت تەلىپىگە مۇۋاپىق بولغان، ئۆلچەملىك: ستاندارتلىق دېتال.

**ستاندارتلىق دېتال** دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن سۈپەت ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ۋە مۇۋاپىق ئىشلەنگەن دېتال.

**ستانوك** ئى (ر) <ماشىن> مېتال ياكى باشقا ماتېرىياللارنى مېخانىكىلىق ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر خىل ماشىنا. ئادەتتە مېتاللارنى قىرىدىغان ستانوكلار كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، قىرىش ستانوكى، رەندىلەش ستانوكى ۋە شىلىش ستانوكى قاتارلىقلارغا ئوخ-شاش: ئىشتىپاق ياچېيكىمىزنىڭ پىلانى بويىچە بۈگۈن كەچتە قىلىدىغان ئىشىمىز بۇزۇلغان بىر ستانوكنى رېمونت قىلىش ئىدى.

**ستانوكچى** ئى <ماشىن> ستانوكتا ئىشلەي-دىغان ئىشچى: ھەسەن، ھۆسەنلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىشچىلىققا قەدەم تاشلىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. بىراق، ھۆسەننىڭ ستانوكچى بولغىنىغا راست كېيمنى قىلسام، ئانچە خۇش بولمىدىم. // بۇ ئىشقا ستانوكچى قىز گۈلنىسا قىزىقىپ قالدى. ئۇ مۇراتتىن كۆنگە نەچچە نۆۋەت سورايتتى.

**ستانىسلاۋسكى** ئى <تىيا> سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دراماتورگى، يەنى موسكۋا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. 1863-يىلى تۇغۇلۇپ، 1938-يىلى ۋاپات بولغان. رول ئالغان ھەم رېژىسسورلۇق قىلغان تىياتىر، ئوپېرالىرى 120 دىن ئاشىدۇ. ئۇ يەنە رېژىسسورلۇق سەنئىتىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تىياتىر ئويۇنلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپى — ستانىسلاۋسكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

**ستانىسلاۋسكى سىستېمىسى** <تىيا> ستانىسلاۋسكىنىڭ تىياتىر سەنئىتى ئىجادىيىتى جەريانىدا يەكۈنلەپ چىققان تەجرىبىسى. ئۇ سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت - ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت تەلىم-تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەزەرىيىۋى تەلىماتلىرى ھەم ئەمەلىي ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ستراتوسفېرا** ئى (<لات+گرېك) <مېتېئور> ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى بىر قەۋەت. كونۋېكسىيە قاتلىمىنىڭ چوققىسىدىن يەر يۈزىگە 80 كىلومېتىر قالغۇچە ئارىلىققا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئاستىدىن 30 — 35 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىغىچە بولغان ئېگىزلىكتە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. 35 دىن 55 كىلو-مېتىرغىچە بولغان قاتلام ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ قاتلامدا تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدۇ؛ 55 كىلومېتىر-

دىن ئېشىپ كەتكەن قاتلامدا بولسا، تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ.

**ستراتون** ئى [ر<لات] <فىز> گادرونىي تەشكىل قىلىدىغان ۋە گادرونغا قارىغاندا تېخىمۇ كىچىك بولغان ئوبيېكتىپ ماددا.

**ستراتېگىيە** ئى [ر<گرېك] ① <ھەرب> ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى: ئۇرۇش ستراتېگىيە-سى، * «مەشرىق» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتانى ماركوپولو گەرچە تۇنجى قېتىم كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىز ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما شەرقتە 20 نەچچە يىل ساياھەتتە بولغاچقا، خېلىمۇخېل ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتە بىلىدىغىنى كۆپ ئىدى. ② كۆچمە. ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتى: ئىنقىلابىي ھەرىكەت ستراتېگىيىسى.

**ستراتېگىيىلىك** سۈپ ① <ھەرب> ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ياكى ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەت-لىك بولغان؛ پۈتۈن ئارمىيىگە ئائىت: ستراتېگىيىلىك ئورۇن. ستراتېگىيىلىك قوراللى-لار. ستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيا. * بۇ ئىككى خىل مەقسەت — نېمىس ۋە رۇس شىجائەتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ باھار ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك پىلانلىرىغا كىرەتتى. * ئېگىز دۆڭلۈكتە كۆرۈنۈپ تۇرغان قەلئەنىڭ يەر تۈزۈلۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② كۆچمە. ئومۇمىي ياكى ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە ئەھمىيىتى زور، مۇھىم بولغان، ئەھمىيەتلىك؛ ھەل قىلغۇچ: ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى چىڭ تۇتۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك، ستراتېگىيىلىك فاكتور، شۇنداقلا نۆۋەتتە خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشنىڭ ئاچقۇچى. * شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، يوشۇرۇن كۈچ كۆپ، تەرەققىيات ئىستىقبالى زور. شىنجاڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك جاي، كۆپ مىللەتلىك رايون.

**ستراخۇۋانىيە** ئى [ر] تارقاق ھالەتتىكى ئىجتىمائىي مەبلەغ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ تەبىئىي ئاپەت، كۆتۈلمىگەن ۋەقە ياكى ئۆلۈش- يارىلىنىش قاتارلىق ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلار تۆلىنىدىغان بىر خىل چارە. بۇنىڭدا، قاتناشقۇچى كىشى ياكى ئورۇن ستراخۇۋانىيە ئورگان-لىرىغا قەرەللىك ھالدا مەلۇم ساندا راسخوت تۆلەپ تۇرىدۇ. زىيان كۆرۈلگەن-دە، ستراخۇۋانىيە ئورگانلىرىمۇ ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ.

**سترونتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Sr (strontium). كۈمۈش رەڭلىك كرىستال بولۇپ، سوزۇ-لۇشچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى يانغاندا قىزىل رەڭلىك يالقۇن پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ رەڭلىك پوجاڭزىلار ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ستريپتومىتسىن** ئى [لات] <تىب> ئانتىبىئوتىكلار-نىڭ بىرى. ئاق رەڭلىك پاراشوك ھالىتىدە بولۇپ، ئاچچىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ سىل تاياقچە باكتېرىيىسى، چۇما تاياقچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارغا قارىتا قارشىلىق رولى بولىدۇ.

**سترېلكا** ئى [ر] ① سائەت ۋە تۈرلۈك ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ ئۆز ئوقى

ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۆلچىنىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ سان-مىقدارىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋە ئۇچى نەيزىگە ئوخشايدىغان يىڭنىسىمان سايمىنى: سائەت سترېلكىسى. ۋولتمېتر سترېلكىسى. كومپاس سترېلكىسى. * سائەت سترېلكىسى ۋاقتىنىڭ كېچە سائەت 12 بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ② شۇ خىل شەكىلدىكى سىزىق ياكى بەلگە: يول كۆرسەتكۈچى سترېلكا. * خەرىتىنىڭ ھەر خىل جايلىرىغا رەڭلىك قەلەملەر بىلەن تۈرلۈك بەلگىلەر، سترېلكىلار ۋە رەقەملەر قويۇلغانىدى.

**سترېلكىلىق** سۈپ. سترېلكىسى بار، سترېلكا ئورنىتىلغان: ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى قىزىل سترېلكىلىق سائەتكە تىكتى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ماڭا قارىدى.

**ستوپلازما** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ھۈجەيرىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. ئۇ بىر خىل رەڭسىز، سۈزۈك، يېلىمسىمان ماددا بولۇپ، ھۈجەيرە يادروسى بىلەن ھۈجەيرە پەردىسى ئارىسىغا جايلىشىدۇ.

**ستوپلازما گېنى** <بىئول> ستوپلازمىنىڭ ئىرسىيەتلىك بىر خىل گېنى.

**ستوپلازما ئىرسىيىتى** <بىئول> ستوپلازما گېنىنى ماددىي ئاساس قىلغان ئىرسىيەت، يەنى ستوپلازمىدىكى ھەر خىل ھۈجەيرە ئاپپاراتلىرىدا بولىدىغان ئىرسىيەت بۆلەكلىرىنىڭ ئىرسىيەت پەرقىنى كونترول قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ستولبا** ئى [ر] ← **سىم تاناپ تۈۋرۈكى.**

**ستولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <بىئول> بىئولوگىيىنىڭ ھۈجەيرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ھەرىكىتى، يېتىلىشى، كۆپىيىشى ۋە ھۈجەيرە تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ رولى ھەم خىمىيىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ستودېنت** ئى [ر<لات] ← **ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.**

**ستۇدىيە** ئى [ر<ئىتال] كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەش ياكى ئۇلارغا ئاۋاز بېرىش مەشغۇلاتلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئورۇن: تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى. لوندون شەنبىلىك تېلېۋىزىيە ستۇدىيىسى. شاڭخەي كىنو تەرجىمە ستۇدىيىسى.

**ستۋول** ئى [ر] <ھەرب> مىلتىق، توپ قاتارلىق ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئېتىلىپ چىقىدىغان نەيسىمان قىسمى: مىلتىق ستۋولى. * ئۇ پىلموت ستۋولىنى بۇرىدى، بايىقى كىشى تېز چۆكۈپ، يەرگە يىقىلدى.

**ستۋوللۇق** سۈپ. ستۋولى بار، ستۋول ئورنىتىلغان: ئۇ قولتۇقىدىن پارچىلانغان ئىككى ستۋوللۇق ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئوقدانىنى ئالدى.

**ستېئارىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ماي تەركىبىدىكى قاتتىق جىسىم، يەنى گلىتسېرىن بىلەن ستېئارىن كىسلاتاسىنىڭ بىرىكمىسى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_3H_5(C_{17}H_{35}CO_2)_3$. ئاساسەن ھايۋانات مېيى تەركىبىدە ساقلىنىدۇ. سانائەتتە سوپۇن، شام ۋە گلىتسېرىنلار ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ستېئارىن كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{18}H_{36}O_2$. ئۇ يۇمشاق ھەم ئاق رەڭدىكى ياپراقسىمان ماددا بولۇپ، سوپۇن، شام ۋە گىرىم بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ستېركۇل** ئى [ر<لات] <بوت> ← **ستېركۇل دەرىخى.**

**ستېركۇل دەرىخى** <بوت> جۇڭگو

چىنارى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈل رېتى كونۇسسىمان. مېۋىسى قېپىق شەكلىدە، پىششىتىن بۇرۇن يېرىلىدۇ، ئۇرۇقى ئۇرچۇققا ئوخشايدۇ، قۇرۇغانلىرىنىڭ پوستى توق قوڭۇر كېلىدۇ. ئۈستىدە قورۇقلىرى بولىدۇ، سۇغا چىلانسا، كۆپۈپ، دېڭىز بۇلۇتى شەكلىگە كىرىدۇ. ئۇرۇقى كۆپىنچە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كېكىردەك ئاغرىش، ئاۋاز پۈتۈش ۋە يۆتەل قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ستېرېئو** ئى (ر<گرېك) مەلۇم بوشلۇقتا تۇرغان جىسىملارنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى بويىچە ياكى بىر پۈتۈن گەۋدىسى، قۇرۇلمىسى بويىچە كۆرۈنۈشى؛ بوشلۇق.

**ستېرېئوكىنو** ئى (د) كۆرۈنۈشلىرى تاماشىبىنلاردا بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل كىنو.

**ستېرېئولۇق** سۈپ ① بىر تەكشىلىكتە ياتمىغان، بوشلۇقتىكى: ستېرېئولۇق قۇرۇلما. ستېرېئولۇق شەكىل. ② بۆرتمە تەسىر ھاسىل قىلىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ياكى ئومۇمىي قۇرۇلما بويىچە كۆرۈنىدىغان: ستېرېئولۇق فوتوگرافىيە. ستېرېئولۇق سۈرەت. ③ كىشىدە بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان: ستېرېئولۇق ئاۋاز. ستېرېئولۇق ئۈنئالغۇ. * ئۇلار ستېرېئولۇق تۇيغۇ ھاسىل قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغان ئېلېكترونلۇق مۇزىكىلارنى مىللىي مۇزىكىلارغا تەڭكەش قىلىش ئارقىلىق يېڭى سەۋىيە ياراتقان.

**ستېرېئولۇق ئاۋاز** <فىز> كىشىدە بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ئاۋاز. مەسىلەن، كەڭ ئېكرانلىق كىنو قويۇش زالىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئورۇنلاشقان كانايلارنى ئورۇنتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى بۇ كانايلاردىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنى كۆرۈنۈشتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرغاندا، بوشلۇقتا ئاۋاز ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، كىشىدە ئاۋازغا نىسبەتەن چىنلىق تۇيغۇسى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ستېرېئولۇق فوتوگرافىيە** <كىنو> فوتوگرافىيىنىڭ مەنزىرىلەرنى ئۈچ دەرىجىلىك بوشلۇق ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بىر تۈرى. ئادەتتىكى فوتو سۈرەتلەر ئىككى دەرىجىلىك بوشلۇق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەچكە، خۇددى تاق كۆز بىلەن قارىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ستېرېئولۇق فوتوگرافىيىدە بولسا، جۈپ كۆز بىلەن قارىغانغا ئوخشاش ستېرېئولۇق ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**ستېرېئولۇق قۇرۇلما** <بىن> جىسىملارنىڭ بىر تەكشىلىكتە ياتمىغان گەۋدە قۇرۇلمىسى. مەسىلەن، كۆۋرۈك، مۇنار جاھازىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ستېرېئومېترىيە** ئى (ر<گرېك) <مات> باشلانغۇچ گېئومېترىيىنىڭ بىر تارمىقى. بوشلۇقتىكى شەكىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ستېمونا** ئى (لات) <بوت> ستېمونا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بەزىلىرى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى تىبابەتچىلىكتە بەلغەمنى تۈگىتىپ، يۆتەلنى توختاتقۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىيدۇ.

**ستىخىيە** ئى (ر<گرېك) ① كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىدىن، خاھىشىدىن تاشقىرى

تەبىئىي هالدا مەيدانغا كېلىدىغان، ئىدارە قىلىپ، ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى يولغا سېلىپ بولمايدىغان ئىجتىمائىي كۈچ ياكى هادىسە: ئىشلەپچىقىرىش ستىخىيىسى. كاپىتالىستىك رىقابەت ستىخىيىسى. ② <پەلس> كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلمىگەن، ئىگىلىمىگەن چاغدىكى پائالىيىتى. بۇنداق پائالىيەت جەريانىدا، كىشىلەردە يىراق كەلگۈسى نىشان بولمايدۇ، كىشىلەر ئوبيېكتىپ مۇقەررەر جەرياننىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ئۆز پائالىيىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن كۆرەلمەيدۇ.

**ستىخىيلىك** سۈپ. كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىدىن، خاهىشىدىن تاشقىرى تەبىئىي يوسۇندا بارلىققا كېلىدىغان، يۈز بېرىدىغان؛ نىشانسىز، ئاڭسىز: ستىخىيلىك هەرىكەت. ستىخىيلىك تىرىشچانلىق. * خەلق ئىچىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ستىخىيلىك پەرىزدىن كېلىپ چىقىپ، مۇبالىغىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. * ئىشلەپچىقىرىش هۆكۈمەتسىزلىك هالىتىدە بولۇپ، قىممەت قانۇنىنىڭ ستىخىيلىك تەسىرى ئاستىدا مۇقەررەر هالدا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ستىخىيلىك ماتېرىيالىزم** <پەلس> ئادەتتىكى كىشىلەر، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ئالىملىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ياكى پەن ئەمەلىيىتىدە، ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيانىڭ سۇبيېكتىپ ئاڭدىن تاشقىرى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ستىخىيلىك هالدا ئېتىراپ قىلىدىغان ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر. بۇ نۇقتىئىنەزەر ماهىيەت جەهەتتىن توغرا. ئەمما ئۇ شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئاڭلىق ماتېرىيالىزم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدىغان بولسا، ئىزچىل بولالمايدۇ، هەتتا چاكىنا تەجرىبىچىلىككە ياكى دەلىلچىلىككە ئەسىر بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

**ستىرول** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_5CH=CH_2$. ئۇ رەڭسىز هەم پۇراقلىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، سىنتېتىك كاۋچۇك ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ستىلىستىكا** ئى (ر) <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پىكىر ۋە هېسسىياتنى ياخشى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ستىلىستىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى، ئۇسۇللارنى، تىل ۋاستىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

**ستىلىستىكىلىق** سۈپ. ستىلىستىكىغا خاس، ستىلىستىكىغا دائىر: ستىلىستىكىلىق تۈس. ستىلىستىكىلىق ۋاستە. ستىلىستىكىلىق ئۇسۇل.

**ستىلىستىكىلىق ۋاستە** <تىل> كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمەن تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، تىلنى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت قىلىپ بېرىدىغان ۋاستىلەر. مەسىلەن، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ستىمۇلىن** ئى (ر<لات) <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە غىدىقلاش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل دورا. مەسىلەن، گىببېرېللىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سخولاستىكا** ئى (ر<گرېك) <پەلس> ① مەدرىس پەلسەپىسى. ② يۈزەكى

ھادىسىلەرنى تىزىۋېلىپ، تۇتۇرۇقسىز نەرسىلەرنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، كىشىلەرنى كەيىنىڭ مېغىزىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بىر خىل ناچار ئىستىل.

**سخېما** ئى (ر<گرېك) ① بىنا، ئىنشائات، ماشىنا قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلۈشى ۋە ھەرقايسى قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاددىي رەسىم: ستانوك سخېمىسى. يورۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سخېمىسى. ② نەرسىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ياكى جايلىشىشىنى كۆرسىتىدىغان ئاددىي تەسۋىرى، سىزما لايىھە: سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش سخېمىسى. سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئايلىنىش سخېمىسى.

**سفالېرىت** ئى (ر<گرېك) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى ZnS. سۇس سېرىق، قارا قوڭۇر رەڭلەردە بولۇپ پارقىرايدۇ، سۈزۈك ۋە يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ. ئادەتتە سىنىك تاۋلاشتىكى مۇھىم رۇدا ھېسابلىنىدۇ.

**سفېرا** ئى (ر<گرېك) <مات> شارنىڭ سىرتقى يۈزى، يەنى يېرىم چەمبەرنىڭ دىئامېترىنى ئوق قىلىپ ئايلىنىشتىن ھاسىل بولغان يۈز.

**سفېرا بەلبېغى** <مات> سفېرىنىڭ ئىككى پاراللېل تەكشىلىك ئارقىلىق كېسىۋېلىنغان ھەمدە بۇ ئىككى تەكشىلىك ئارىسىدا تۇرغان قىسمى.

**سفېرا سېگمېنتى** <مات> سفېرىنىڭ بىر تەكشىلىك ئارقىلىق كېسىۋېلىنغان بۆلىكى.

**سفېرىلىق** سۈپ <مات> ① سفېرىغا ئىگە ياكى سفېرا شەكلىدىكى: سفېرىلىق ئەينەك. ② سفېرىغا ئائىت، سفېرىغا ئالاقىدار بولغان: سفېرىلىق ترىگونومېترىيە. سفېرىلىق گېئومېترىيە.

**سفېرىلىق ئەينەك** <فىز> قايتۇرۇش يۈزى سفېرىدىن ئىبارەت بولغان ئەينەك. قايتۇرۇش يۈزىنىڭ پېتىنقى ياكى كۆپۈنكى بولۇشىغا ئاساسەن «پېتىنقى ئەينەك» ۋە «كۆپۈنكى ئەينەك» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**سفېرىلىق بۆلۈك** <مات> سفېرىدىكى ئىككى چوڭ چەمبەر ئارقىلىق قىسىلغان بۆلۈك.

**سفېرىلىق ترىگونومېترىيە** <مات> سفېرىلىق ئۈچ بۆلۈكنىڭ تەرەپلىرى بىلەن بۆلۈكلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**سفېرىلىق گېئومېترىيە** <مات> گېئومېترىيىنىڭ سفېرىدىكى شەكىللەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**سفېرىلىق ئۈچ بۆلۈك** <مات> سفېرىدىكى ئۈچ دانە چوڭ چەمبەرنىڭ يايلىرى ئارقىلىق قورشالغان ئۈچ بۆلۈك.

**سكارلاتىنا** ئى (ر<ئىتال) <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيەلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە ئۈچ ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان بالىلاردا بولىدۇ. بۇنىڭدا قىزىتىش، تىل سىرتى بۆلجۈرگەنگە ئوخشاپ قېلىش ۋە پۈتۈن بەدەنگە چېكىت شەكلىدە قىزىل ئەسۋە پەيدا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، قىزىل ئەسۋە يوقالغاندىن كېيىن تېرە چۈشىدۇ.

**سكاليار** ئى (ر<لات) ① <مات> سانلىق مىقدار. ② <فىز> چوڭ-كىچىكلىكى بار، ئەمما نىشانى بولمىغان فىزىكىلىق مىقدار. مەسىلەن، ھەجىم، تېمپېراتۇرا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سكاندىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Sc (scandium). ئاق ۋە يۇمشاق بولۇپ، ئالاھىدە ئەينەك ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداملىق قېتىشمىلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**سكۇتتېرۇدىت** ئى (ئىنگ) <كېئول> ← جۇلالىق كوبالت.

**سكىپىدار** ئى (ر) <خىم> دېۋىرقاينى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ئۇچۇشچان ماي. رەڭسىز ياكى توق قوڭۇر بولۇپ، ئالاھىدە پۇراقدا ئىگە. سىرچىلىق سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىنىشتىن سىرت، دورىگەرلىكتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**سلانېتس** ئى (ر) قەۋەت-قەۋەت ھالەتتىكى نېپىز تاختىسىمان مىنېراللاردىن تۈزۈلگەن تاغ جىنسى. ئادەتتە گىدرولېتلارغا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن، مايلىق سلانېتسقا ئوخشاش.

**سلىۋدا** ئى (ر) <كېئول> ← چىرىمتال.

**سمولا** <خىم> ئىسسىقلىقتا يۇلۇقسا يۇمشايدىغان، ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يۇقىرى مولېكۇللىق بىرىكمىلەرنىڭ ئورتاق نامى. ئادەتتە مۇقىم شەكلى بولمىغان قاتتىق ياكى يېرىم قاتتىق ماددىلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، تەبىئىي سمولا ۋە سىنتېتىك سمولا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. دېۋىرقاي، بېنزوين قاتارلىقلار تەبىئىي سمولا؛ فېنول-ئالدېگىد سمولىسى، پولىۋىنىل خلورىد سمولىسى قاتارلىقلار سىنتېتىك سمولا تىپىگە كىرىدۇ. سمولا سۇلياۋ ئىشلەشتىكى مۇھىم خام ئەشيا بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەنە سىر، شىلىم ۋە ئىزولياتور ماتېرىياللىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**سمولا كانىلى** <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر قاتار ھۇجەيرىلىرى ئارىسىدىكى كانايسىمان بوشلۇق. ئىچىگە سمولا ياكى سكىپىدار ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ھۇجەيرىلەر چاپلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئاجرىتىپ چىقارغان سمولا بوشلۇققا كىرىدۇ. بۇ خىل كانال يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەردە ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ.

**سىمېنا** ئى (ر) ① ئورۇن ئالماشىپ ئىشلەيدىغان، ئوقۇيدىغان، دەم ئالىدىغان كىشىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا گۇرۇپپا بىلەن ئالماشقانغا قەدەر داۋاملىشىدىغان ۋاقىت بۆلىكى: ئەزىز سىمېنا ئالمىشىشقا ماڭغان ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە 358-قۇدۇق بېشىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. * بىركۈنى ساۋۇت بادالىڭ بىلەن ئىككىمىز تۆتلىك سىمېنىدا ئىشلىگەنىدۇق، كېيىنكى كېچىلىك سىمېنىنىڭ ئىشچىلىرى كەلمىدى، ئۇ چاغلاردا ئىشلىگەنلەر ئىشلەپ، ئىشلىمىگەنلەر قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ چىقىپ كېتەتتى. ② شۇ ۋاقىت داۋامىدا بىرگە ئىشلەپ، بىرگە دەم ئالىدىغان كىشىلەر گۇرۇپپىسى: ئۇلار سېخلارنى ئارىلاپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئادىل ئىشلەيدىغان بۆلۈمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سىمېنىسىدىكىلەرمۇ ئىشتىن چۈشتى.

**سىمېنتال** ئى. شۋېيتسارىيىدىكى ئالپىس تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر جاي.

**سىمېنتال كالىسى** <زوئول> كالىنىڭ سۈت، گۆش ۋە ئىش ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلىدىغان بىر خىل سورتى. بۇ سورت ئالدى بىلەن شۋېيتسارىيىدىكى ئالپىس تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سىمېنتال دېگەن يەردە يېتىشتۈرۈلگەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. بۇقىلىرى 800 — 1250 كىلوگرام، سېمىزلىرى 600 — 650 كىلوگرام كېلىدۇ. 55 — 60

پىرسەنت گۆش بېرىدۇ. سېغىن مەزگىلدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3000– 4500 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. سۈتى تەركىبىدە تۆت پىرسەنت ماي بولىدۇ.

**سمپنلىق** سۈپ. سمپنىلىرى بولغان، سمپنلارغا بۆلۈنگەن: ئۈچ سمپنلىق سىنىپ. * قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۈچ گۇرۇپپا، تۆت سمپنلىق ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، يېقىندا قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ھەر مىللەت ياشلىرىدىن 950 نەپەر يېڭى ئىشچى قوبۇل قىلدى.

**سوئال** ئى (ئە) ① جاۋاب تەلەپ قىلىنغان گەپ، جۈملە، ئىبارە؛ سوراق: سوئال بەرمەك. سوئال تاشلىماق. سوئال سورىماق. سوئال قويماق. * ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى مەندىن ھەر خىل سوئاللارنى سوراشتى. لېكىن مەن ئۇ سوئاللارنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يەرگە قارىغىنىمچە يىغلاپ تۇرۇۋەردىم. * – مېنىڭ 41 سوئالىم بار، كىمكى مېنىڭ سوئاللىرىمغا توغرا جاۋاب بېرىپ، مېنى قانائەت قىلدۇرالىسا، ئۇ مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى شاھزادە، مەن ئۇنىڭ ئەمرىدە بولىمەن، شاھلىقىمنى بېرىپ خىزمىتىنى قىلىمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۆزىنى دار ئاستىدا كۆرىدۇ، – دەپتۇ مەلىكە. ② يېشىلىشى لازىم بولغان مەسىلە: بىرەر ئايدىن بۇيان، ئۇنىڭ كاللىسىدا تۈرلۈك سوئاللار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. * بەزى ئالىملار ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىش يولىدا ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلدى. ③ <مائار> مەشىق قىلغان ياكى ئىمتىھان ئالغان ۋاقىتلاردا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋاب بېرىشى ۋە يېشىشى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەسىلەر: سوئال چىقارماق. سوئالنى يەشمەك. * ئېلىپ كەچتە كىتابنى، ئىشلىدى ئۇ ھېسابنى. بىر سوئالغا كەلگەندە، تاپالمىدى جاۋابنى.

**سوئال ئالماش** <تىل> سوئال مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى ئالماشلار. مەسىلەن، كىم، نېمە، قانداق، قاچان، قانچە، قايسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سوئال بەرمەك ← سوئال سورىماق:** ئەمىرخالىد ياسىمىنگە يەنە سوئال بەردى. * يېپىپ كىتابنى، ئۆزۈمگە سوئال بېرىمەن، ناۋايى قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر دەيمەن. قېنىدۇر شۇ ناۋايى، قېنى، بىر كۆرسەم، مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنىڭ بىر سۆيسەم.

**سوئال بەلگىسى** <تىل> تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى. «؟» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە ھەر خىل سوئال جۈملىلەردىن كېيىن قويۇلۇپ، ئوي-پىكىرنىڭ سوراق تەرزدە ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوئال تاشلىماق ← سوئال سورىماق:** – قايسىڭلار بۇ كىشىنىڭ ئوغلى؟ – نۇسرەت شۇنداق تاشلاپتۇ سوئال. ئىككى بالا تەڭلا ۋارقىراپ: – مەن!– دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەرھال.

**سوئال جۈملە** <تىل> جاۋاب تەلەپ قىلىنىپ ئېيتىلغان جۈملە. مەسىلەن، كىم كەلدى؟ بارامسىز؟ بارمامسىز؟ يېزىغا ئولتۇرۇپ بارامسىز؟ يېزىۋاتقىنىڭىز نېمە؟ دېگەنلەرگە ئوخشاش. يېزىق تىلىدا بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ.

**سوئال سورىماق** بىرەر مەسىلە ھەققىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلماق، سوئال قويماق، سوئال تاشلىماق، سوئال

بەرمەك: قاسىم ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز قىرىدا قارىدى، پاتەم گويا ھېچقانداق سوئال سورالمىغاندەك، باشقا بىر نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقاندەك ماڭاتتى.

**سوئال قويماق** → **سوئال سورىماق**: – مۇسادىرە قىلىمامسىلەر؟ – بۇ ئۆزىمۇ سەزمەي سوئال قويدى. * سوئال قويدى ھەسەنجان ھەيران بولۇپ بۇنىڭغا: « نېمە بولدى رىزۋانگۈل، ئۇق تەگدىمۇ ئۇنىڭغا »؟

**سوئال-جاۋاب** بىر-بىرىگە سوئال بېرىپ، ئاندىن جاۋاب بېرىش شەكلىدە بولىدىغان سۆھبەت: بۇنداق سوئال-جاۋاب بىر پەس داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئابىدەم « ئۇھ-ھ-ھ... » دەپ سوزۇپ بىر تىنىۋېلىپ شەۋكەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

**سوئال-سوراق** سوئال بېرىش، سۈرۈشتۈرۈش، ئېنىقلاش، قىستاپ سوراش قاتارلىقلار: سەلەي ئامبارچىلىقتىن، نىجات بولسا ماتور رېمونت قىلىش، قۇراشتۇرۇش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، زۆرۈر تېپىلسا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ سوئال--سوراقلىرىغا كونكرېت، تەپسىلىي جاۋاب بېرىپ، بولمىسا، كېيىنچە بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى كۈتۈپ سېلىسارلىق سېخىدا ئىشلىمەكتە ئىدى.

**سوپەك** ئى. جان ت. قول تراكتور: ئۇ بۇ يىل كۈزدە سوپەكتىن بىرنى ئالىمەن دەپ كۆكسىنى كېرىپ يۈرىدۇ.

**سوپۇن** ئى (ئە) كىر يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەۋى بۇيۇم. ماي ۋە ناترىي گىدروكسىددىن ھەر خىل شەكىلدە ياكى پاراشوك ھالىتىدە ياسىلىدۇ. سانائەتتە، ئېغىر مېتاللار ياكى ئىشقارىي يەر مېتاللىرىنىڭ تۇزلىرى-دىن ياسالغان سوپۇنلار سىلىقلاتقۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: قارا قىز سوپۇنغا ئامراق (ماقال). * ئۇنىڭدىن سوپۇن پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

**سوپۇندىن باشقىنى يەيدىغان** قورسىقىغا ئامراق، يەيدىغان نەرسىنى تاللىمايدى-غان، يېيىش مۇمكىن بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يەيدىغان: بۇ بالا سوپۇندىن باشقىسىنى يەيدىغان بولۇپتۇ.

**سوپۇنچى** ئى. سوپۇن ئىشلەپچىقارغۇچى ياكى ساتقۇچى كىشى: قۇربانئاخۇننىڭ يۈرىكى ئېغىپ، كۆڭلىگە كەلمىگەن ئىشلار كېلىپ، ئاخىرى قۇتلۇق سوپۇنچىنىڭ چوڭ پالتىسىنى ئەكىلىپ، قار-يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆرۈكنىڭ شېخىنى كەسلەپ يېرىپ، تەمبىلەشى-كە ئاپىرىپ ساتتى.

**سوپۇنچىلىق** ئى « سوپۇنچى » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: سوپۇنچىلىق قىلماق. سوپۇن-چىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**سوپۇندان** ئى (ئە+پ) سوپۇن قويىدىغان قۇتا، سوپۇن قۇتىسى: ئۇ يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ سوپۇندانغا قولىنى ئۇزاتقانىدى، سوپۇنداندا سوپۇن ئەمەس، ساقال ئېلىش ماشىنىسى تۇرغانلىقىنى سەزدى.

**سوپۇندەرىخى** ئى (سوپۇن+دەرەخ+ى) <بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدى-غان دەرەخ. شاخلىرىدا تىكىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاچ سېرىق ۋە ئومۇم گۈل رېتىدە بولىدۇ، چوكا مېۋە تۇتىدۇ. تىكىنى، مېۋىسى ۋە قوۋزىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا چوكا مېۋىسىدە كىر يۇغلى بولىدۇ.

**سوپۇندىماق** پ → **سوپۇنلىماق**: ھەجەر

يۈزىنى سوپۇنداپ پاكىز يۇيۇۋالدى، ئامىنە مۇئەللىم ئۇنى يەنە ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

**سوپۇنلاتماق** «سوپۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپىسى ئۇنىڭ يۈزىنى سوپۇنلىتىپ يۇدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئالدىغا تاماق ئەكەلدى.

**سوپۇنلاشماق** ① «سوپۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز كەلگەندە خاڭچىلار ئىشتىن چۈشكەن بولۇپ، تازىلىق ئۆيىدە يۈز-كۆزلىرىنى سوپۇنلىشىپ يۇيۇشۇۋاتاتتى. ② <خىم> ماي بىلەن ئاساس تەسىرلىشىپ سوپۇن بىلەن گلىتسېرىننى ياكى ئېستېر بىلەن ئاساس تەسىرلىشىپ كىسلاتا (ياكى تۇز) بىلەن ئىسپىرتنى ھاسىل قىلماق.

**سوپۇنلىماق** پ. سوپۇن سۈرتۈپ يۇماق؛ سوپۇن سۈرتمەك: تاماق يېيىش ئالدىدا ۋە تاماقتىن كېيىن قولنى سوپۇنلاپ يۇيۇپ، ئوبدان قۇرۇتۇش لازىم.

**سوپى** (ئە) <دىن> ① ئى. ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە سوپىزم يولىنى تۇتقان كىشى: سوپى ئادەم. * ئوغرى قېرىسا سوپى بولار، جالاپ قېرىسا بۇۋى (ماقال). * سوپى سوۋۇغاننى يەر، تاپسا يوغاننى (ماقال). ② سۈپ. ياخشى-يامان ئىشلاردىن قول ئۈزگەن، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى توختاتقان: كەمپىردىن بۇ ياغلىما سۆزلەرنى ئاڭلىغان نەئىمە كەمپىرنى «ناھايىتى ياخشى نىيەتلىك، پاك، سوپى خوتۇن ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

**سوپىتورغاي** ئى (سوپى+تورغاي) <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى ئاق قۇشقاچتىن چوڭراق، پەي-تۈكلىرى قوڭۇر ھەم ئۈستىدە ئۇششاق ئاق داغلىرى بولىدۇ. ناھايىتى ئېگىز ئۇچىدۇ، ھەر خىل ئاۋازلاردا سايرىيالايدۇ. ئادەتتە زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلانغاچقا، پايدىلىق قۇش دەپ قارىلىدۇ.

**سوپىچىلىق** ئى. سوپىلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت: – ئىشانلىق، سوپىچىلىق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. «دىنغا قارشى»، «دەھرىي»، «شەرىئەتكە خىلاپ» دېگەن ئاتالمىش جىنايەتلەر بىلەن بىگۇناھ كىشىلەر جازاغا تارتىلماقتا، – دېدى قىدىرخان.

**سوپى-دەرۋىش** سوپى ۋە دەرۋىش: سوپى-دەرۋىشلەرنى بەزى ئادەملەر «دىندار»- ۋە «زاھىت»لار دەپ چۈشىنىدۇ.

**سوپىزم** ئى <دىن> ئىسلام دىنىدىكى 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن مىستىكلىق – تەركىدۇنياچىلىق ئېقىمى.

**سوپىسوپىياڭ** ئى (سوپى+سوپىياڭ) <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى سېرىق، كۆزىدىن باشلاپ بېشىنىڭ ئارقا قىسمىغىچە قارا، تۇمشۇقى ئاچ قىزىل كېلىدۇ. يېقىملىق سايرايدۇ. ئورمانلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بولغاچقا، پايدىلىق قۇش دەپ قارىلىدۇ: باھار كېلىپتۇ، سوپىسوپىياڭ كېچە-كۈندۈز توختىماي بەكمۇ چىرايلىق ۋە يېقىملىق سايراشقا باشلاپتۇ.

**سوپىلىق** «سوپى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سوپىلىق قىلماق. * بۇ گاداي سالامىنى كىم يەتكۈزەر ئەل شاھىغا؟ مەن غېرىبنىڭ ھالىنى كىملەر دېگەن دەرگاھىغا! سوپىلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، زاھىدا كەتكەن شۇ دەم، سەن يولۇڭنى توغرىلا! بولما شېرىك گۇناھىغا.

**سوپى-ئىشان** سوپى ۋە ئىشان: تىرىلدى سوپى-ئىشان جاھالەت، تۇماندەك قاپلىدى زۇلمەت.

**سوپپىياك** ئى <زوئول> ← **سوپسوپپىياك.**

**سوت** ئى (ر) <قا> ① دەۋا ئەنزىلىرىنى
قاراپ چىقىپ، ئېنىقلاپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان
دۆلەت ئورگىنى: ئالىي سوت. خەلق سوتى.
سوت ئورگانلىرى. * ئارمىيە، ساقچى ۋە
سوت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دۆلەت ماشىنىسى
— سىنىپنىڭ سىنىپنى ئېزىش قورالى. ②
شۇنداق ئورگان جايلاشقان ئورۇن، ئۆي،
بىنا: سوتقا بارماق. سوتقا كىرمەك. ③
شۇنداق ئورگان خادىملىرى ياكى سودـ
يەلەر ھەيئىتى: سوت مەجلىسى. سوتنىڭ
سوئالىغا جاۋاب بەرمەك. ④ دەۋا ئەنزىدـ
لىرىنىڭ شۇنداق ئورگاندا كۆرۈلۈشى،
سوت يىغىنى: سوت قىلماق. سوت باشلىماق.
سوتتا ئۇتۇپ چىقماق. سوتنى كېچىكتۈرمەك.
* سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ھەربىي سوت
بولدى. سوت ئانچە سوزۇلمىدى، ناھايىتى
ئاددىيلا ئۆتتى. * ئىدارە باشلىقى ھامۇت
ئۇچۇق سوت زالىدا خۇددى مىخ ئۇستىدە
ئولتۇرغاندەك تولغىنىپ، بىئارام بولاتتى. چۈنكى،
بۈگۈنكى ئوچۇق سوتتا ئۇنىڭ ئوغلى باتۇرجاننىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى بەلگىلىنىشى كېرەك
ئىدى.

**سوت باشلىماق** <قا> ① سوت خادىمـ
لىرى سوت ئۇستىدە دەۋالاشقۇچىلار ھەم
باشقا ئالاقىدار كىشىلەرنى سوراق قىلماق
ۋە ئۇلاردىن سوئال سورىماق. ② سوت
يىغىنىنى ئاچماق: سوت باشلىنىپ 15 مىنۇت
ئۆتەر-ئۆتمەي ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

**سوت تەۋەلىكى** <قا> بىرىنچى سوتتا
قارىلىدىغان ئەنزىنىڭ قايسى دەرىجىلىك
قايسى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قاراپ
چىقىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدا،
ئاساسەن دەرىجە تەۋەلىكى ۋە رايون
تەۋەلىكى بولىدۇ.

**سوتقا قاتنىشىش** <قا> دەۋا ئەنزىلىردـ
گە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر (دەۋاگەر،
جاۋابكار، ئاقلىغۇچى، ۋەكالەتچى ۋە
ئادۋوكات قاتارلىقلار) نىڭ سوتقا بېرىپ،
سوراق-سوئاللارنى قوبۇل قىلىشى كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

**سوت قىلىش** <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ
ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىشى ۋە ئەنزە
ئۇستىدە ھۆكۈم چىقىرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
بۇ دەۋا جەريانىنىڭ مەركىزىي باسقۇچى
بولۇپ، قاراپ چىقىش — دەلىل-ئىسپات
توپلاش، دەلىل-ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش،
دەۋالاشقۇچىلارنى سوراق قىلىش، گۇۋاھـ
چىلاردىن سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار
بىلەن ئەنزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى
ئېنىقلاش، ئەنزىنىڭ خاراكتېرىنى مۇقىمـ
لاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ؛ ھۆكۈم چىقىرىش
— ئەنزىنىڭ پاكىتلىرى ۋە خاراكتېرىگە
ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك قانۇننى
تەتبىق قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش قارارىدـ
نى چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ.

**سوت كوللېگىيىسى** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ
ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىردـ
نىڭ دەۋا ئەنزىلىرىنى قاراپ چىققۇچى
تەشكىلىي ئاپپاراتى. «جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ
تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە
ئاساسەن، دۆلىتىمىزدە جىنايى ئىشلار
سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ ئىشلىرى
سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي ئىشلار
سوت كوللېگىيىسى ۋە زۆرۈرىيەتكە قاراپ
تەسىس قىلىنغان باشقا سوت كوللېگىيىلىرى
بولىدۇ. ئۇ بىر نەپەر كوللېگىيە باشلىقى،
بىر نەپەر مۇئاۋىن باشلىق ۋە بىرنەچچە
سوتچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**سوت مەھكىمىسى** <قا> سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان دۆلەت ئورگىنى. ئۇ دۆلەت ماشىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دىكتاتۇرىنىڭ مۇھىم قوراللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىنى ۋە جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى سوت قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دىكتاتۇرىسىنى، سىنىپىي مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

**سوت نازارەتچىلىكى** <قا> مەملىكىتىمىزدە، خەلق سوت مەھكىمىسى مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئۆز مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىگە نازارەت قىلىشى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىگە نازارەت قىلىشى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىگە نازارەت قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سوت ھوقۇقى** <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇنغا ئاساسەن ئەنزىلەرنى سوت قىلىش ھوقۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ دۆلەت ھوقۇقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

**سوت يوق** ئەيىبلەنمەيدۇ، جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، سوئال-سوراق، جاۋابكارلىق، ئەيىبلەش يوق: ساراڭغا سوت يوق (ماقال).

* نېمە قىلساڭ قىلغۇر، ساڭا سوت يوق.

**سوتا** ① سۈپ. شاخسىز، پۇتاقسىز: بوزلۇقنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىتكى، ئۇ يەردىن چېچىكى تۆكۈلۈپ سوتا بولۇپ قالغان شالاڭ يۇلغۇنلارنىڭ ئاستىدا ئىسسىقتىن پاناھ ئىزلەپ كىرگىشىپ يۈرگەن كۆكۈچ چۆل چۈۋىنى بىلەن توپارەڭ يىغناغۇچنىڭ ھالسىز ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. ② ئى. تاياق، كالتەك.

**سوتا بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، تەن سىرتىدا يېپىشقاق سۇيۇقلۇقلار كۆپ بولىدۇ. تېنىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى قارا كۆل رەڭ، ئاستىنقى تەرىپى ئاق، ئالدىنقى قىسمى كاناي شەكلىدە، ئارقا قىسمى ياپىلاق كېلىدۇ. تەڭگىچىلىرى كىچىك بولۇپ، تېرىسى ئاستىغا يوشۇرۇنغان. بېشى ئۇچلۇق، دۈمبىسى، ساغرىسى ۋە قۇيرۇقى بىرلىشىپ كەتكەن، قورساق پالاقچىسى بولمايدۇ. تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، يېتىلگەندىن كېيىن، دېڭىز-ئوكيانلارغا بېرىپ تۇخۇم سالىدۇ. كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**سوتچى** ئى <قا> ئومۇمەن سوت ئورگانلىرىدىكى سوتقا چۈشكەن ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىپ، شۇ ئىشلار بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان ۋە سوراق قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان خىزمەتچى خادىم: بايىقى بۇلاڭچىمۇ ئۆزلىرى، ھازىرقى سوتچىمۇ ئۆزلىرى تۇرسىلا، مەن قايسى قاراقچىنى تۇتۇپ، قايسى سوتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىمەن.

**سوتخانا** ئى <قا> سوت مەھكىمىلىرىدىكى ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئورۇن، ئاپپارات ياكى ئۆي: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىرى كەڭ، قاتناش ئىشلىرى قولايسىز بولۇشى جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەنزە بېجىرىش خىراجىتى، قاتناش قورالى، سوتخانىلىرى، ئۆسكۈنىلىرى ۋە باشقا ماددىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ،

سوت قىلىش كەسپىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا، ئەنزە بېجىرىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزۈشىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**سوتسيال** سۈپ (ر) <پەلس> ① كىشىلىك جەمئىيەتكە، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە ئائىت؛ ئىجتىمائىي؛ جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا، تەبىقىلەرگە، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشى بىلەن باغلىق بولغان ۋە شۇ سەۋەبتىن مەيدانغا كېلىدىغان: سوتسيال تەڭسىزلىك. سوتسيال دېموكراتىيە. سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى. ② ئىجتىمائىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلغان: بىراق، سوتسيال ئىنقىلابچىلار يالغۇز دېھقانلارغىلا تايانماقچى بولغان تۇرسا، دۈشمەن كۈچىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان شەھەرلەردە ئاجىزلىق قىلغان تۇرسا، ئۇلار قانچىلىك بىر ئىش قىلالايتتى؟ ③ ئىبىزدىلا سوتسيالىزمنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ياكى نامىلا سوتسيالىزم بولغان: سوتسيال جاھانگىرلىك. سوتسيال شوۋىنىزم.

**سوتسيال جاھانگىرلىك** <پەلس> ئىبىزدا سوتسيالىزم، ئەمەلىيەتتە جاھانگىرلىك.

**سوتسيال شوۋىنىزم** <پەلس> ئىبىزدا سوتسيالىزم، ئەمەلىيەتتە شوۋىنىزم، يەنى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى.

**سوتسيالىزم** ئى (ر<فران) <پەلس> سوتسيالىستىك تۈزۈم، يەنى كوممۇنىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى. ئۇنىڭدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى پرولېتارىيات ئىگىلىگەن بولىدۇ، مۇلۇكچىلىك شەكلى جەھەتتە ئاساسلىقى، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەقسىمات پرىنسىپى – ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئىشلىگىنىگە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت.

**سوتسيالىزمچى** ئى. سوتسيالىزم تەرەپدارى، يەنى سوتسيالىستىك تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى، سوتسيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈرىشىگە قاتناشقۇچى كىشى: ئۇلار ئىككىگەيلەننىڭ بىرى بولسا ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىگە «ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتۇرا» يۈرگۈزۈش توغرىسىدا ۋاالاقلىغانىدى، لېكىن بىز سوتسيالىزمچىلار بۇنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيمىز ھەم ئەقىلگە سىغدۇرالمايمىز.

**سوتسيالىست** ئى (ر) ← **سوتسيالىزمچى.**

**سوتسيالىستىك** سۈپ (ر) <پەلس> ① سوتسيالىزمغا ئائىت: سوتسيالىستىك سىستېما. سوتسيالىستىك ئىنقىلاب. سوتسيالىستىك قۇرۇلۇش. ② سوتسيالىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان؛ سوتسيالىزمغا خاس: سوتسيالىستىك تۈزۈم. سوتسيالىستىك قانۇن. سوتسيالىستىك ئەخلاق. سوتسيالىستىك دۆلەت. سوتسيالىستىك جەمئىيەت. * پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە زامانىۋىلاشقان سوتسيالىستىك ۋەتەن قۇرۇپ چىقىشتىكى ئاكتىپلىقى بارغانسېرى يۇقىرى بولماقتا. * كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇنى بولىدۇ، سوتسيالىزم جەمئىيىتىدە سوتسيالىستىك قانۇن بولىدۇ. * باشلاندى ۋەتەندە بۈيۈك قۇرۇلۇش، باشلاندى تېخمۇ شىددەتلىك چېلىش. چېلىندى سىگنال يېڭى ھۇجۇمغا، قىزىدى ھەر ياقتا سوتسيالىستىك ئىش. ③ سوتسيالىزم ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان، سوتسيالىزم پرىنسىپلىرىغا جاۋاب بېرىدىغان: سوتسيالىستىك ئاڭ.

**سوتسيالىستىك ئەمگەك** <س ئىق> سوتسيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك

ئاساسىدا بىرلەشكەن، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنمايدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن پىلانلىق ئېلىپ بارغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەمگەك.

**سوتسيالستك ئەمگەك مۇسابىقىسى** <س ئق> سوتسيالىزم شارائىتىدا ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ، سوتسيالستك قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش مەقسىتىدە قانات يايدۇرۇلىدىغان مۇسابىقە.

**سوتسيالستك تەربىيە** <پەلس> سوتسيالىزم ھەققىدىكى تەربىيە.

**سوتسيالستك تەربىيە ھەرىكىتى** <تارىخ> جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1963 - يىلىدىن 1966 - يىلىغا قەدەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى شەھەر يېزىلىرىدا قانات يايدۇرۇغان تۆتنى ئېنىقلاش يەنى سىياسىنى، ئىقتىسادنى، تەشكىلنى ۋە ئىدىيىنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى.

**سوتسيالستك تۈزۈم** <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى سوتسيالستك ئىگىلىك تۈزۈمى ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئورتاق نامى.

**سوتسيالستك جەمئىيەت** <س ئق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان، ماركسىزم-لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان ۋە خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى يۈرگۈزۈلىدىغان جەمئىيەت. ئۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئۆتۈشنىڭ دەسلەپكى ياكى بىرىنچى باسقۇچىدۇر.

**سوتسيالستك جۇغلانما** <س ئق> سوتسيالستك جەمئىيەتتە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش، ماددىي زاپاس تەييارلاش ۋە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم مىللىي دارامەت.

**سوتسيالستك دۆلەت** <پەلس> پرولېتارىيات دىكتاتورلۇقىدىكى، سوتسيالستك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئورنىتىلغان دۆلەت.

**سوتسيالستك دېموكراتىيە** <پەلس> سوتسيالىزمنىڭ سىياسىي تۈزۈم شارائىتىدىكى، پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئەڭ تولۇق بەھرىمەن بولىدىغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ دېموكراتىيىسى.

**سوتسيالستك رېئالىزم** <ئەد> پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسيالىزم غەلىبە قىلغان يېڭى شارائىت ئاستىدا مەيدانغا چىققان، يازغۇچى-سەنئەتكارلاردىن دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى يېتەكچى قىلىپ، رېئاللىقنى ھەققىي، تارىخىي ۋە كونكرېت تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنىدىغان بىر خىل يېڭى ئىجادىيەت مېتودى.

**سوتسيالستك سودا** <س ئق> سوتسيالستك جەمئىيەتتە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى يۈرگۈزىدىغان ئىقتىسادىي تارماق. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ كۆۋرۈكى.

**سوتسيالستك قانۇنچىلىق** <قا> سوتسيالستك دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىقى،

يەنى پرولېتارىيات كەڭ خەلققە رەھبەرلك قلپ، دۆلەت ھاكمىيتى ئارقلق بەرپا قىلغان قانۇن-تۈزۈم ۋە شۇ ئاساستا ۋۇجۇدقا چىقارغان جەمئىيەت تەرتىپى.

**سوتسيالستك قۇرۇلۇش** <س ئق> خەلق ئىگلىكنى پىلانلق ۋە نسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇپ، زامانۋىلاشقان، يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە كۈچلۈك سوتسيالستك مەملكەت قۇرۇش جەريانى. ئۇ پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. ئادەتتە ئۇ سوتسيالستك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە سوتسيالستك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بەزىدە مەخسۇس ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىلا كۆرسىتىدۇ.

**سوتسيالستك كوللېكتىپ مۇلۇكچلك** <س ئق> سوتسيالستك ئومۇمي مۇلۇكچلكنىڭ بىر خىل شەكلى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان مۇلۇكچلك.

**سوتسيالستك ماددىي مەدەنىيەت** <پەلس> ئىنسانىيەتنىڭ سوتسيالستك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى بارلىق ماددىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى.

**سوتسيالستك مەدەنىيەت** <پەلس> سوتسيالستك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن سوتسيالستك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئورتاق نامى.

**سوتسيالستك مەنىۋى مەدەنىيەت** <پەلس> ئىنسانىيەتنىڭ سوتسيالستك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە قىممەتلىك مەنىۋى نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىجادچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا ھاسىل قىلغان ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ يېڭى مەنىۋى مەدەنىيىتى.

**سوتسيالستك ئومۇمي خەلق مۇلۇكچلكى** <س ئق> سوتسيالستك ئومۇمي مۇلۇكچلكنىڭ بىر خىل شەكلى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمي خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەت ئىلكىدە بولغان، دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان ۋە ئىشلىتىلىدىغان مۇلۇكچلك. ئۇ كوللېكتىپ مۇلۇكچلككە قارىغاندا، يىرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا خاس ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى تەڭ-باراۋەرلىكى پۈتۈن خەلق دائىرىسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سوتسيالستك ئومۇمي مۇلۇكچلكنىڭ ئالىي شەكلى.

**سوتسيالستك ئومۇمي مۇلۇكچلك** <س ئق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمي خەلققە ياكى ئەمگەكچىلەر كوللېكتىپىغا تەۋە بولىدىغان مۇلۇكچلك شەكلى. ئۇ پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، سوتسيالستك دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش، سوتسيالستك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسيالستك قۇرۇلۇش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. بۇنىڭدا سوتسيالستك ئومۇمي خەلق مۇلۇكچلكى ۋە سوتسيالستك كوللېكتىپ مۇلۇكچلك دېگەن شەكىللەر بار.

**سوتسيالستك ئۆزگەرتش** <پەلس> پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى سوتسيالستك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئىنقىلاب. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى سوتسيالستك ئۆزگەرتش، قول سانائەتنى سوتسيالستك ئۆزگەرتش ۋە كاپىتالستك سودا-سانائەتنى ئۆزگەرتىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سوتسيالستك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى** <س ئىق> سوتسيالستك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغە بولغان سوتسيالستك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىم قىلىش، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت.

**سوتسيالستك ئىش ھەققى** <س ئىق> سوتسيالستك دۆلەتنىڭ «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى.

**سوتسيالستك ئىقتىساد** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغە بولغان سوتسيالستك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان ئىقتىساد.

**سوتسيالستك ئىگىلىك** <س ئىق> سوتسيالستك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىگىلىك. ئۇ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتدا، سوتسيالستك دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش ۋە سوتسيالستك ئۆزگەرتش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ھەمدە سوتسيالستك ئۆزگەرتش ۋە سوتسيالستك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ سوتسيالستك دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سوتسيالستك ئىنقىلاب** <پەلس> پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارتى — كوممۇنىستك پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان، كاپىتالستك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسيالستك تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋە كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىي نىشان قىلىنغان ئىنقىلاب.

**سوتكا** مىق (ر) بىر كېچە-كۈندۈزگە، يەنى 24 سائەتكە تەڭ ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى ۋە شۇ ئۆلچەمدىكى ۋاقىت: دەسلەپتە بىر قانچە كىشلەرگىلا مەلۇم بولغان بۇ خەۋەر رەسمىي ھۆججەت قىلىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، بىر سوتكا ئۆتمەيلا يېقىن-يىراققا تېزلا تارقالدى. * ئادىل: — بىزدەك مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ئاپتوموبىل زاۋۇتلىرى قانداق قىلىپ سوتكىسىغا نەچچە ئون ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرالايدۇ-دەيسەن؟ — دېدى.

**سوتكىلىق** سۈپ ① بەلگىلىك سوتكا ئىچىدە داۋام قىلىدىغان، مەلۇم سوتكىغا توغرا كېلىدىغان ياكى سوتكا بىلەن ئۆلچىنىدىغان: ئۈچ سوتكىلىق دەم ئېلىش. * ياش ئادەملەرنىڭ بىر سوتكىلىق ئوزۇقلۇقى تەركىبىدە 14 گرامدىن 20 گرامغىچە ئاش تۇزى بولۇشى لازىم. ② بىر سوتكا داۋاملىشىدىغان، بىر سوتكىغا توغرا كېلىدىغان: قۇياشنىڭ سوتكىلىق ھەرىكىتى. سوتكىلىق ئىش ھەققى. سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا.

**سوتلاتماق** «سوتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەم ئەرز قىلىپ يۇرۇپ ئابلىمىتنى سوتلاتتى.

**سوتلاشماق** ① «سوتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەردانىنى ئاخىرقى قېتىم سوتلاشتى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ② دەۋالاشماق، بىر-بىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشماق: ئۇلار سوتلىشىپ تاكى ۋىلايەتلىك سوتقىچە بېرىشقان بولۇشسى-مۇ، لېكىن ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەي قالدى.

**سوتلانماق** «سوتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مانا ئەمدى ئۇنىڭ «بېشىمدا قويسام شامالداپ قالارمىكىن، ئاغزىمدا ساقلىسام ئېرىپ كېتەرمىكىن» دەپ ئەنسىرەپ، تەسلىكتە چوڭ قىلغان ئارزۇلۇق ئوغلى سوتلانماقتا.

**سوتلىماق** پ. جىنايەتچىنى بەلگىلەنگەن تەرتىپ-قائىدىلەر بويىچە جاۋابكارلىققا تارتماق، سوت قىلماق؛ سوراق قىلماق: تېخى بۈندىن ئىككى كۈن بۇرۇن سوتلاپ باھالاش يىغىنىنى ئېچىلغاندا، بىرنەچچە گۇناھكار كۆزەت قىلىپ تۇرغان ساقچىلارغا قارىماي قاقاقلاپ كۈلۈپ، يىغىننى بۇزۇۋەتتى. * «باشقا ئوقۇتقۇچى مېنى سوتلىغىلى كەلدى» دەپ ئويلىغان ئەكبەر ئامىنەنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە تاقىتى تۈگەپ يىغلاشقا باشلىدى.

**سوتۇق** ئى. ئاھاڭ، كۈي، ئۈن، ئاۋاز.

**سوچى** ئى. دىئال. ۋاستىچى، ئەلچى.

**سوخرۇن** سۈپ. دىئال. ئىلگىرى كەلمەس، روناق تاپماس.

**سودا** I ئى (ئىنگ<لات) <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى ناتري كاربونات ($Na_2CO_3$) . ئاق رەڭلىك پاراشوك ياكى دانىچە ھالىتىدە بولۇپ، سۇدىكى ئېرىتمىسى كۈچلۈك بولۇشتەك ئاساسي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەتتە ئەينەك-چىلىك، قەغەزچىلىك، سوپۇن ۋە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، توقۇمىچىلىق ھەم كۆن-خۇرۇم سانائىتى قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سودا** II ئى (پ) ① سېتىش-سېتىۋېلىش شەكلىدە تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت، يەنى مال ئالماشتۇرۇش، ئېلىش-سېتىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇئامىلە؛ ئالدى-ساتتى، سودا-سېتىق، تىجارەت: سودا ئىشلىرى. سودا ئىدارىسى. سودا بازىرى. سودا خىزمىتى. سودا خادىمى. تاشقي سودا. سودا تارماقلىرى. * سودا ساقال سېپىغۇچە (ماقال). * كەنجەم ئانىسىنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي قويۇۋېتىپ گەپكە ئارىلاشتى ۋە بۈگۈنكى سودىنى بىر باشتىن سوزلەپ بەردى. * بىرئازدىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا «بۈگۈن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بازارنى ئايلىنىپ كۆرۈپتۇدەك، دېھقانلارنىڭ سودىسى ئۈچۈن يەنە ئىككى مەيدان بازار ئورنى ئېچىشنى تەستىقلاپتۇ» دېگەن گەپ پەيدا بولدى. ② ئالدى-ساتتى مۇئامىلىسىدە، مالنىڭ نەرخى ھەققىدىكى تالاش-تارتىش: ماھىرە خېلىغىچە ئۇلارنىڭ سودىسىغا قاراپ تۇردى.

**سودا بازىرى** <سودا> ← **بازار**: نۆۋەتتىكى ھالدا ئاۋات سورۇنلار، ساياھەت ئورۇنلىرى، ئىستانسا، بېكەتلەر، تىياتىرخانىلار، ئاھالىلەر قورۇلىرى، يېزا سودا بازىرى قاتارلىق جامائەت سورۇنلىرىنىڭ پاكىز، رەتلىك، چىرايلىق بولۇشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

**سودا پورتى** <سودا> سودا كېمىلىرى توختايدىغان پورت.

**سودا تورى** <سودا> تاۋار ئوبوروتى كەسىپى پائالىيەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان تۈرلۈك سودا ئورگانلىرى-نىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ياكى مەلۇم بىر رايونغا تارقالغان، كەسىپى باشقۇرۇش جەھەتتە گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە ئورتاق تەشكىللەنگەن سودا - تىجارەت سىستېمىسى.

**سودا رەسىمچىلىكى** <گ سەن> ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق تاۋارلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىلىشىنى كەڭ ئىستېمالچىلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بىر خىل لايىھىلەش سەنئىتى. ئادەتتە ئۇ ھەر خىل تاۋار شەكىللىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، بېزىلىشى، ئېلانى، ئەۋرىشكە تەكچىلىرىگە تىزىلىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ لايىھىلىنىشى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سودا سارىيى** <سودا> ھەجىمى چوڭ ۋە تاۋارلار تولۇقراق بولغان ئۇنىۋېرسال ماگىزىن.

**سودا شەكلى** <سودا> تاشقى سودىنى باشقۇرۇش شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يەنە ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسىدىكى كونكرېت شەكىل ياكى ئادەتتە قوللىنىلىدىغان ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تۈرلۈك سودا ئۇسۇللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سودا قىلماق** سودا - سېتىق، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماق، ئوقەت قىلماق: ئاغىنەم مېنى ئىلى تەرەپلەرگە بېرىپ سودا قىلىپ يۈرگەن بىر كىشىگە قوشۇپ قويدى.

**سودا كاپىتالى** <س ئىق> ئوبوروت ساھەسىدە رول ئوينايدىغان فۇنكسىيىلىك كاپىتال. ئۇنىڭ تاۋار تىجارەت كاپىتالى ۋە پۇل تىجارەت كاپىتالى دېگەن ئىككى شەكلى بار. ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان سودا كاپىتالى ئومۇمەن تاۋار ئېلىپ سېتىش ئىشىغا خاس تاۋار تىجارەت كاپىتالىنى كۆرسىتىدۇ.

**سودا كوپېراتىپى** <سودا> ← **تەمىنات - سودا كوپېراتىپى:** سادىق بىلەن گۈلسۇمنىڭ باراڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، مۇسا سادىققا قاراپ دېدى: – ئۇكام، ئاق ئوغۇتنىڭ ئىشى ئەپلەشمىدى. سودا كوپې-راتىپىدىكىلەر سۇ ئامبىرىغا كېتىپتۇ، ئاق ئوغۇتنىڭ ئۈزىمۇ يوق ئىكەن.

**سودا كېمىسى** <سودا> مال ۋە يولۇچى توشۇيدىغان كېمە.

**سودا ماركىسى** <سودا> بىر خىل تاۋارنىڭ تېشى ياكى قېپى ئۈستىگە ئويۇلغان ياكى بېسىلغان بەلگە (رەسىم، نەقىش شەكلىنى ئالغان يېزىق قاتارلىق-لار). ئۇ بىر خىل تاۋارنى ئوخشاش تۈردىكى باشقا تاۋارلاردىن پەرقلەندۈ-رۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**سودا ئىقتىسادى** <س ئىق> سېتىۋېلىش - سېتىش شەكلىدىكى ئىقتىساد.

**سودىسى ئاقماق** سودىسى يۈرۈشمەك، راۋاج تاپماق، ئىلگىرى باسماق: راست، دادىسى بۇرۇنمۇ سودىسى ئاققان كۈنلىرى ئېلىنجانغا پۇل بېرەتتى، ئەمما، بەك جىق بېرىۋەتتى دېگەندىمۇ، ئىككى كويدىن ئاشمايتتى.

**سودىسى پىشماق** ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى باھادا كېلىشمەك، باھاسى توختىلىپ ئالىدىغان، ساتىدىغان بولۇپ پۈتۈشمەك: – ھەيدەر ئاكا، تۈرۈك، بايتالنىڭ سودىسى پىشىپ قالدى! – دېدى بىرى ئۇنى نوقۇپ.

**سودا - تىجارەت** سودا ۋە تىجارەت: پۇل

ئۇ چاغلاردا سودا - تىجارەت يولى بىلەن قولغا كېلەتتى.

**سودا - سانائەت** سودا ۋە سانائەت: سودا - سانائەت بېجى. * ئومۇمىي پروگراممىدا يەنە يېزا ئىگىلىكىنى، قول سانائەتنى ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

**سودا - سانائەت بېجى** <س ئق> باج ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەھسۇلات ياكى تاۋارلاردىن، ئۆزىنىڭ ئوبوروت سوممىسى ياكى سېتىلىش سوممىسى بويىچە ھەم قاتناش - ترانسپورت، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپىي ئورۇنلاردىن ئۆزىنىڭ تەمىنلىگەن ئەمگەك كىرىمى بويىچە ئېلىنىدىغان باج.

**سودا - سانائەتچى** سودا ۋە سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى: خەلق ۋەكىللىرى ئىچىدە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، سودا - سانائەتچىلەر، دىنىي زاتلار، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، گوڭمىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان كىشىلەر 7.36 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

**سودا - سېتىق** ئېلىپ - سېتىش ئىشى؛ تىجارەت، ئالدى - ساتتى: ئوسمان بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يېرىم كېچە بىلەن شەھەردىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ «ئازنا بازار»دا قىلغان سودا - سېتىق نەپ بەرمەي، ئاخىرى ۋېلسىپىتىنىمۇ ئايرىلىپتۇ. * ھەر ئۈچىلىسى كۆرۈشۈپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئالغان نەرسىلىرىنى كۆرۈشۈپ، ھەيران قېلىشىپتۇ.

**سودا - سېتىق قىلماق** سودا - سېتىق، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماق؛ ئېلىپ - ساتماق: بوۋاي: «ئوغلۇم چوڭ بولۇپ قالدى، مەنمۇ قېرىپ قالدىم، ئوغلۇمغا ئاز - تولا پۇل بېرىپ سودىگەرلەرگە قوشۇپ قويسام، سودا - سېتىق قىلىشنىڭ يولىنى بىلىۋالسا، بىزدىن كېيىن قالسا يامان كۈندە قالماس» دەپ ئويلاپتۇ.

**سودالىت** ئى (لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى دالا شپاتسىمانلاردىن بىرى. تەركىبى $Na_8(AlSiO_4)_6Cl_2$. تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كۆپىنچە دانىچە ياكى كاللەك ھالىتىدە ئۇچرايدۇ، رەڭسىز ياكى ئاقۇچ كۆل رەڭ كېلىدۇ، بەزىدە سەل - پەل كۆك ئارىلاشقانمۇ بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىدا. قاتتىقلىقى 5,5 — 6؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.14 — 2.30. ئاساسەن ئىشقارلىق ئېتىلما جىنسلار ئارىسىدا بولىدۇ.

**سودىگەر** ئى (پ) سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، سودا - سېتىقنى كەسىپ قىلغان كىشى؛ تىجارەتچى: چوڭ سودىگەر. ئۇششاق سودىگەر. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى. سودىگەرلەر كاپىتالى. * تۆگە تالىغا تويماس، سودىگەر مالغا تويماس (ماقال). * ئۇ بىركۈنى مومايغا مەسلىھەت سېلىپ، ئۆزۈن يىلدىن بېرى يىغقان 30 تىللادىن ئون تىللانى ئوغلىغا بېرىپ، ئۇنى سودا - سېتىقنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن بىر تونۇش سودىگەرگە قوشۇپ قويۇپتۇ.

**سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى** <سودا> سودىگەرلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان تەشكىلاتى.

**سودىگەرچە** رەۋ. سودىگەردەك، سودىگەرگە ئوخشاش: بىركۈنى بۇ سارايغا چوڭ بىر كارۋان كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ كارۋان

سودىگەرچە ياسىنىپ پەزىلەتخاننى ئىزلەپ يۈرگەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىكەن.

**سودىگەرچىلىك** ئى ← **سودىگەرلىك:** مۇللازەيدىن سودىگەرچىلىكتە بىر يانچۇقتا پۇل، بىر يانچۇقتا يالغان، يەنە بىر يانچۇقتا قەسەم بولسا بولۇۋېرىدۇ، دەپ چۈشىنەتتى. * ياسىن دادىسىدىن قالغان پۇل-مال بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىپ، بىر بايلىق ئۈستىگە ئون باراۋەر بايلىق توپلاشنى ئويلاپ، يۇرتمۇ-يۇرت سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

**سودىگەرزادە** ئى. سودىگەرنىڭ بالىسى، سودىگەر نەسلى: — مەن سودىگەرزادە ئىدىم، — دەپتۇ خوجاۋاپا، — بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن كېمىگە ئولتۇرغانىدۇق، كېمە غەرق بولدى. مەن بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە قالدىم. بىرنەچچە كۈن دەريادا يۈرۈپ ئەمدى بۇ يەرگە چىقتىم.

**سودىگەرلىك** «سودىگەر» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ كەسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ سودىگەرلىك قىلىپ، ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

**سودىلاشتۇرماق** «سودىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئۇلارنى سودىلاشتۇرۇپ قويدى.

**سودىلاشماق** پ ① ئېلىپ، سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ نەرخى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلماق، كېلىشمەك: ئەپەندىم چۈشىدە خورىزىنى ساتماقچى بولۇپ، ئۇنى 15 تەڭگە دېسە، خېرىدار بەش تەڭگىگە سوراپتۇ، شۇ تەرىقىدە سودىلىشىپ، خورازنىڭ نەرخى توققۇز تەڭگىگە چىققاندا، ئەپەندىم ئويغىنىپ كېتىپتۇ. * مەن باھانى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سودىلاشتىم. لېكىن خېلىلا يول قويساممۇ ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ② كۆچمە. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇددىئاسى بىلەن كېلىشىۋالماق، پۈتۈشۈۋالماق: ئۇ چاغلاردا بەزەن خەتلەرگە مۆھۈر بېسىش ئالدىدا دەۋاگەر بىلەن قازى ئوتتۇرىسىدا سودىلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى. * ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش — سودىلاشقىلى بولمايدىغان چوڭ پرىنسىپ.

**سودىلىق** ئى. ئېلىپ-سېتىش، ئالدى-ساتتى ئىشى: ئۇ قوينى ئېغىلدىكى بىر جۈپ ساغلىققا قوشۇۋېتىپ ئۆيىگە كىردى. باللىرىغا ئالغاچ كەلگەن سامسا، تاتلىق-تۈرۈملەرنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن، سۇپىدا ئولتۇرۇپ سودىلىقتىن ئاشقان پۇلنى ساناپ كۆردى. * — سودىلىقىم تۈگىسىلا قايتىمەن، بىردەم ساقلاپ تۇر، — دېدى ئۇ ھەمراھىغا.

**سودىيە** ئى (ر) <قا> سوت ئورگانلىرىدىكى سوتنى باشقۇرىدىغان، سوتلانغۇچى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشى؛ سوتچى: بۇنداق چاغلاردا بىر قەدەم ئارقىسىدا تۇرغان ساقچىلار دەررۇ ئىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭ قولىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى، سودىيەمۇ سۆز قىستۇرۇشنى چەكلەپ تۇراتتى. * سودىيە رەددىيىگە گەپ تاپالماي، بىردەم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ بۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇۋېلىش مەقسىتىدە گېپىنى يۆتكەپ، ئايالغا ۋارقىراشقا باشلىدى.

**سوراتقۇزماق** «سورىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بۇ قۇرئان كەرىمنى جياڭجۇن جانابلىرى بۇلتۇر ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىلاردىن سوراتقۇزۇۋېلىپ، ئۆزلىرىگە سوۋغات قىلدى، — دېدى لى شۇفۇ.

**سوراتماق** «سورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارىدىن بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شامەخسۇتنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىبراھىمبەگ جىنەستىخاننى ئۆزىگە سوراتتى. شامەخسۇت

رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا نىكاھ قىلدۇرۇپ قويدى.

**سوراشتۇرماق** پ. ھەر تەرەپلىمە سورىماق؛ سۈرۈشتۈرمەك: بۇجاڭ كىچىك پېئىل، مۇلايىم ئادەم بولغانلىقتىن، ھە دېگەندىلا دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئېيتماستىن، ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ئەھۋاللىرىنى، شەخسەن ھاكىمنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ بىرھازاغىچە پاراڭلاشتى.

**سوراشتۇرۇلماق** «سوراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سوراشماق** «سورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى سېنى سوراشتى. * بىز سۆز ئارىسىدا بىر-بىرىمىزنى نېرى-بېرى ئىتتىرىپ قويۇپ بوي تۇرقىمىزنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتۇق. ئىسمىلىرى يادىمىزدىن چىقىپ كەتكەن بەزى ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىش، ئاغىنە-بۇرادەرلەرنىڭ ئىسمىلىرىنى ئەسلىشىپ سوراشتۇق.

**سوراق** ئى ① سوئال: مەن ھودۇققان ھالدا سالاملاشتىم. ئۇنىڭ چىرايىدا سوراق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. * بوۋاينىڭ كۆز نۇرلىرى بىر چوڭ سوراق بەلگىسىگە ئايلىنىپ، مېنىڭ كانىيىمنى قىسىشقا باشلىدى. ② <قا> جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرى ياكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىدىكى دەۋالاشقۇچىلاردىن ۋە ياكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى دەۋاگەر ۋە جاۋابكارلاردىن سوئال سوراش ئارقىلىق ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئېنىقلاش، سۈرۈشتۈرۈش جەريانى: سوراق قىلماق. سوراقچا تارتىلماق. * سوراق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرغان كېرەم بويتاق ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، سوراقلارغا بىخارامان جاۋاب بېرىۋاتاتتى. * ئۇزاق ئۆتمەي، ئامبارنىڭ قۇلۇپى شاراقلاپ ئېچىلدى. ئابدىم ئىشىككە تىكىلدى. ئۇ ئەمدى كېچىلىك سوراقچا ئېلىپ چىقىلىشنى كۈتۈۋاتاتتى.

**سوراق قىلماق** ① قىستاپ سورىماق، سوئال-سوراق ئاستىغا ئالماق: روزىئاخۇن بوۋاي بىلەن كېۋىر يېتىپ كەلگەندە ئادەملەر 200 ئەتراپىغا يېتىپ بارغان، ھەم دادۇينى قورشىۋالغان بولۇپ، ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجاننى تارتىشتۇرۇپ سوراق قىلماقتا ئىدى. * شۇ كۈنى كەچتە مەسىلە تاپشۇرتۇش ئۈچۈن ئەھەدمىنىڭ باش بارمىقىدىن تورۇسقا ئېسىپ، بارمىقى ئۈزۈلۈپ كېتەي دېگۈچە سوراق قىلغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇ ھەيدەر بار ئىدى. * ھۆسنارىخان: — تاتلىق بالام، «ماقۇل» دەپ گېپىمگە كىر. بىر-ئىككى يۇدە يانتاقنى كەم ئەكەلگىنىڭگە دۈيجاڭمۇ سوراق قىلىپ كەتمەس، — دېدى. ② <قا> جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىدىكى دەۋالاشقۇچىلاردىن ياكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى ئەرز قىلغۇچى، جاۋابكارلاردىن ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى سورىماق، سۈرۈشتە قىلماق: مەن ئالدىنقى كۈنى بىر جىنايەتچىنى سوراق قىلدىم. * ئىسھاق بىلەن باتىرغازى تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلىندى.

**سوراقچا ئالماق** ← **سوراق قىلماق**: ئۇلار تۇرسۇننى سوراقچا ئالدى، لېكىن تۇرسۇن ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمىدى.

**سوراقچا تارتماق** ← **سوراق قىلماق**: مەن توختىئاخۇننى بىر كۈن كۆرمىسەم چىدىمايدىغان بولۇپ قالدىم. كۈندىلا باراي دېسەم دادامنىڭ: «نەگە يوقالدىڭ؟» دەپ سوراقچا تارتىشىدىن قورقاتتىم، شۇڭا كۈن ئارىلاپ ياكى ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر بېرىپ

تۇراتتىم.

**سورىقى بار** جاۋابكارلىقى، مەسئۇلىيىتى بار: ئانىسىنى ئانىي تاپمساڭ، قىيامەتتە سورىقى بار (ماقال). * قۇرۇلۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانىنىڭ ئەلۋەتتە سورىقى بار.

**سورىقى يوق** جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، ئەيىبلەنمەيدۇ: سىنىپىي يات ئۇنسۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە قالپىقى بار، ئۇنى قانداق قىلساقمۇ سورىقى يوق.

**سوراقچى** ئى. سوراق قىلغۇچى كىشى: ئىشخانىدا جۇيجاڭ باشلىق ئىككى سوراقچى ئولتۇراتتى. * دەۋاگەرلەر ئىشكتىن كىرىپلا سوراقچى بەگلەرگە تىز پۈكۈپ تەزىم قىلدى.

**سوراقچىلىق** ئى. سوراق قىلىش ئىشى: — يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى، دەپتىكەن، ئوشۇق گەپنى قويۇپ ئىشىڭنى ئەتمەمسەن، بىرى سېنى سوراقچىلىققا قويغىنى يوق، — دېدى روزى ئايالىغا زەردە بىلەن.

**سوراقخانا** ئى. جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغۇچىلارنى سوراق قىلىدىغان جاي: ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، قالغانلىرىنى مىرغەزەپكە تاپشۇرۇپ سوراقخانىدىن چىقىپ كەتتى. * سوراقخانا ئىشىكىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئاپتومات تۇتقان ئىككىدىن تۆت ساقچى، ئۆيىنىڭ ئىچىدە يەنە تۆت ساقچى قوراللىق پوستتا تۇرغۇزۇلغانىدى.

**سوراقسىز** ① سۈپ. سورىماي، سوراق قىلماي، سوراققا تارتماي: سوراقسىز دەۋاغا قالدىم. // بىراۋلار خالىسا، ئاسار سوراقسىز، ۋە ھەتتا جادۇغا باسار سوراقسىز. ② رەۋ. رۇخسەت ئالماي، رۇخسەتسىز: مىسالى ئىگىسىز بىر قوي تېپىلماس، سوراقسىز سويغۇچى دەۋادىن قۇتۇلماس.

**سوراقلىماق** پ. سوراق قىلماق، سورىماق: ئۇ: — ھەي كاززاپ ئوغرى، سەن ئاپئاق ساقال ئادەمنى شۇنچە ھاقارەتلەيسەنا؟ نېمە قىلماقچىدىڭ؟ — دەپ سوراقلاپ ئاخىرى لۈكچەكنى بۇ يەردىن تىكۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

**سورالماق** «سورىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق بولسىمۇ، ئادىلنىڭ مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ماتور سىناش جازىسى مەغلۇبىيىتى ۋەقەسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سورالدى.

**سورت** ئى (ر) ① <بىئول> سۈنئىي ئۇسۇلدا تاللانغان ۋە يېتىشتۈرۈلگەن، بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەت ۋە ئورتاق ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم جانلىق ئورگانىزم (ئادەتتە ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مال-چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ): كۆچىنى تويلاپ دەرەخ سورتلىرىنى ياخشىلاش، قانداق جايغا قانداق دەرەخ تىكىش، جىرىم تىكىپ قۇمنى تىزگىنلەش، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، ئورمانچىلىق ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىسىغا دائىر سىياسەتلەر ۋە باشقىلارنى تەتقىق قىلىش لازىم. * كېيىنكى ۋاقىتلاردا كادىرلىرىمىز «ئۇنداق يېڭى سورت، بۇنداق يېڭى ئۇرۇق» دەپ ئالدىغا كەلگەننى تېرىشقا مەجبۇرلاۋەردى. ② مالنىڭ، مەھسۇلاتلارنىڭ قىممەت جەھەتتىكى تۈرى، خىلى: پولاتنىڭ يېڭى سورتى.

**سورتلارنى رايونلاشتۇرۇش** سورتلارنىڭ رايونلاردىكى سىناق نەتىجىسىگە ئاساسەن، مەلۇم خىلدىكى ئەلا سۈپەتلىك زىرائەت سورتىنى مۇۋاپىق كېلىدىغان رايونلارغا (ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت قاتارلىقلارغا) مۇقىملاشتۇرۇپ، بۇ جايلاردا كېڭەيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، سورتلارنىڭ

ماسلىشىش دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قارىغۇلارچە تېرىشتىن كېلىدىغان زىيانلار-نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**سورت ياشارتىش** <بوت> سورتلارنىڭ سۈپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار. ئاساسەن ئەلالىرىنى تاللاش، شالغۇتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ساپلىق دەرىجىسىنى ساقلاپ قېلىش، ياخشى ئۆسۈش شارائىتلىرىنى يارىتىش قاتارلىقلار-نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سورتداش** سۈپ. سورتى بىر، بىر سورتتىن يېتىلگەن: سورتداش ئۇرۇق. // ساقلاپ قېلىش سىستېمىسى دېگىنىمىز ئاتىلىقى يېتىلمىسى-لىك سىستېمىسى چاتىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەۋلادىنىڭ ئاتىلىقى يېتىلمە سىلىكىنى ساقلاپ قالىدىغان سورتداشلارنى كۆرسىتىدۇ.

**سورتلاتماق** « سورتلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سورتلاشماق** « سورتلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سورتلانماق** « سورتلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سورتلۇق** سۈپ ① سورتى، سۈپىتى يۇقىرى: سورتلۇق ئالما. * ئۇنىڭ دادىسى سورتلۇق ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ پېشقەدەم تېخنىكى بولۇپ، يېشى 50 دىن ھالقىغان چارساقال، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. ② مەلۇم سورتقا مەنسۇپ بولغان: ئەلا سورتلۇق پاختا.

**سورتلىماق** پ. دەرىجىگە، تۈرگە ئايرىماق، بۆلمەك: بائىمخان گىلەم توقۇش، سورتلاش تېخنىكىسىنى مۇكەممەل ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن 1979 - يىلىدىن باشلاپ گوگىشلارغا بېرىپ گىلەم سورتلاش تېخنىكلىقىغا بەلگىلەندى.

**سورۇتماق** « سورۇماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇغدىينى ئەمەتكە سورۇتتى.

**سورۇشماق** « سورۇماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز بارغاندا ئۇلار خامان سورۇشۇۋاتقانىكەن.

**سورۇق** ئى. تېپىلگەن بۇغداينى خاماندا سورۇپ تازىلاش ئىشى: ئۇ ئەتىسى مېنى ئاشلىققا مەسئۇل بولۇشتىن ئېلىپ تاشلاپ، سورۇققا سېلىپ قويدى.

**سورۇقچى** ئى. خامان سورۇغۇچى، خامان سورۇشنى بىلىدىغان كىشى: دۈيجاڭ ئەمدى ئىشنىڭ ئانچە ئۇنۇمى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سورۇقچىلارنى ئۇخلاشقا ئۇندىدى.

**سورۇقچىلىق** ئى. دىشۋارچىلىق، خانىۋەيران بولۇش، ۋەيرانچىلىق: چولپان ھازىرغىچە ھېچكىمگە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سورۇقچىلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ باقمىغانىدى. * مەن بال فېرمىسىدا ناھەق ئازاپ چېكىۋاتقان كۈنلەردە ئائىلەمگىمۇ سورۇقچىلىق كۈنلەر كەلگەنىدى.

**سورۇقچىلىق تارتماق** دىشۋارچىلىققا، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماق، يولۇقماق: ئايدىن ئەپەندى خىزمەتتىن ھەيدىلىپ نۇرغۇن سورۇقچىلىق تارتقاندىن كېيىن، 1977 - يىلى باھاردا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ يەنە شۇ مەكتەپكە قايتىپ كەلگەنىدى. * نەچچە يىللاردىن بۇيان سورۇقچىلىق تارتىپ قۇرۇغدىلىپ قالغان دېھقانلار، باي بولۇپ قولى پۇل، ئۇچىسى ئىگىن، قورسىقى تويغۇدەك تاماق كۆردى.

**سورۇلماق** « سورۇماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ كۈنىلا، توختىنىڭ 12 مو يەردىكى بۇغدىيى يىغىلىپ، كېچىنىڭ بىر خىل چىقىۋاتقان تاغ شامىلىدا سورۇلۇپ، چەشلىگىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ قويۇلدى.

**سورۇماق** پ ① ئۇۋاق ياكى دانە-دانە

نەرسىلەرنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئاتماق، چاچماق: ئوت كۆيدۈرۈپ قورۇيدۇ، شامال چېچىپ سورۇيدۇ (ماقال). * بىراق بىردىنلا يېقىن بىر يەردە، ئۇلار تۇرغان لەمپىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قارا ئىس كۆتۈرۈلۈپ، پارتلاش دولقۇنى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغان پاخاللارنى ئاسمانغا سورۇۋەتتى. * ئەنە ئاۋۇ خاماندا ھەمرا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بۇغداي سورۇۋاتىدۇ. ② كۆچمە. بۇزۇپ چاچماق، ۋەيران قىلماق؛ يوقاتماق: ئۇ يە بىراۋنى ئالداشنى، يە قاقتى-سوقتى قىلىشنى بىلمەيت-تى. پېشانە تەرى بىلەن تاپقان پۇللىرىنى بالىلىرى سورۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ئاياپ يەنىلا گەپ قىلماستىن، ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولاتتى.

**سورۇن** ئى. كىشىلەر توپلىنىپ بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئورۇن، جاي: سورۇن تۈزمەك. سورۇن قۇرماق. * ئەلەم چەككەن قادىر باشقىلارنىڭ تەسەللى بېرىشى بىلەن يىغىن سورۇنىدىن چىقىپ، خىيال بىلەن ئۆز ئۆيىگە قانداق كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. * ئەتىسى قاسىم پالۋان، سوپى مەرگەن ۋە قورااللانغان يىگىتلەردىن مەڭلىك نىياز باشلىق ئوندەك ئادەم چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، سالى دورغا ئۇلارغا خوجىنىياز ھاجىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەردى. سورۇندىكىلەر ھاياجانلانغىنىدىن بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ كەتتى.

**سورۇن تۈزمەك** بىرەر پائالىيەت ئۈچۈن جاي ھازىرلىماق ۋە شۇ جايغا يىغىلماق: تائام يېيىلىپ بولۇپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، چۆپلۈك ئۈستىدە كەڭ سورۇن تۈزۈلۈپ، بەزمە-مەشرەپ باشلىنىپ كەتتى. * بىر توپ ياشلار ئايرىم-ئايرىم سورۇن تۈزۈپ شاھمات، كورت ئويناشقا باشلىدى، بىر قىسىم قىز-يىگىتلەر بولسا دۇتار چېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

**سورۇن كۆرگەن** نۇرغۇن مەشرەپ، ئولتۇرۇش ۋە باشقا يىغىلىشلاردا بولغان؛ خېلى ئىش كۆرگەن: ئۇ كىشى سورۇن كۆرگەن، ياخشى-ياماننى بىلىدىغان كىشى ئىدى.

**سورۇنلۇق** سۈپ. سورۇنغا ماس كېلىدىغان، سورۇندا چانمايدىغان؛ سورۇندا ئولتۇ-رالايدىغان، سورۇن قائىدىلىرىدىن خەۋەردار: ئۇ خېلى سورۇنلۇق ئادەم.

**سورۇنلۇقى بار** سورۇندا چانمايدىغان؛ سورۇندا ئولتۇرغۇچىلىكى بار، سورۇن قائىدىلىرىنى بىلىدىغان: ئۇنى تولا چەتكە قاقماڭلار، ئۇنىڭ خېلى سورۇنلۇقى بار جۇمۇ.

**سورىتىلماق** «سوراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوغۇل ئۈچۈن بىرنەچچە جايلاردىن قىز سورىتىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئوغۇلنىڭ ئۆيلىنىشكە بولغان قارشىلىقىدىن بۇ چاغقىچە توي بولماي كەلدى.

**سورىماق** پ ① ئەھۋال ئىگىلەش، بىلىش مەقسىتىدە سوئال بىلەن مۇراجىئەت قىلماق؛ سوئال بەرمەك: ئادرېسىنى سورىماق. ئەھۋالنى سورىماق. * پەرىزادنىڭ سەلەيدىن بۇ ھەقتە سورىغۇسى بولسىمۇ سورىمىدى. * — بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى لى شۇفۇ تۆمۈر خەلپىدىن. * ئوقۇتقۇچى ئەركىندىن ئالدىنقى قېتىم ئۆتۈلگەن دەرسنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى سورىۋىدى، ئۇ تىرنىقىنى كوچىلىغىنىچە قاراپ تۇردى. ② مەسلىھەتىنى ياكى پىكرىنى ئالماق، پىكىرلەشمەك: ئۇ ھېچكىمدىن سوراپ ئولتۇرماي، ئۆزى يالغۇز يولغا چىقتى. ③ بىرەر ئىلتىماس ياكى تەلەپ بىلەن مۇراجىئەت قىلماق؛ ئۆتۈنمەك؛ تەلەپ قىلماق: رۇخسەت سورىماق. ئەپۇ سورىماق. * خەتتىن

مەلۇم بولدىكى، شامەخسۇت بارىكۆلدىكى مانجۇ خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى يى شىڭفۇغا يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ بېرىشنى سورىغان ۋە ئۇنىڭغا 200 سەر ئالتۇن ۋە 2000 سەر كۈمۈش ئەۋەتكەن. *بۇ قاراردىن يانغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈشۈڭلارنى سورايمەن. * ھاكىم بۇ قېتىم دۆيجاڭنىڭ قىزىنى ئوغلىغا سوراپ كىرگەنىدى. ④ سودا-سېتىقتا مالنىڭ نەرخىگە باھا قويماق: - بازاردا گىلەمنى قانچىغا سورىدى؟ ⑤ ھاكىملىق، ھۆكۈمرانلىق قىلماق، ئىدارە قىلماق، باشقۇرماق: ليۇجىنتاڭ دېگەن جياڭجۈن چىقىپ ئۈرۈمچىدە شۇنفۇ بولدى. ئۇ كىشى بىرقانچە يىل يۇرت سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا رويىڭچى دېگەن كىشى چىقىپ شۇنفۇ بولدى. ئۇ خېلى ئۇزاق يىل يۇرت سورىدى.

**سوزا** ئى. ناچا.

**سوزدۇرماق** «سوزماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سوزدۇرۇلماق** «سوزدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سوزماق** I پ ① تارتىپ، ئۈرۈپ، بېسىپ، مىجىپ، قىزدۇرۇپ ياكى باشقا بىرەر يول بىلەن ئۇزۇن ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئۇزۇن قىلماق، ئۇزارتماق: خېمىرنى سوزماق. تۆمۈرنى سوزماق. رېزىنكىنى سوزماق. * - ۋايەي، مەن نەدىكى گۇمانلارنى قىلىپ يۈرۈپتىمەن، - دەپ ھۆپپىدە قىزاردى خوتۇن، - قورسىقىڭىز ئېچىپمۇ قالغاندۇ؟ چاچتەك سوزۇپ لەغمەن قىلىپ بېرەي. * جالالىدىن دوختۇر بولسا، ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، قىسقۇچ بىلەن كېسەلنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ② ئاچماق، يايماق، كەرمەك، ئۇزارتماق: ھېرىپ-چارچاپ پۇت-قوللاردا ماغدۇر قالمىغاندا، تامغا يۆلىنىپ بىرپەس ئارام ئېلىۋېلىش نېمىدېگەن راھەت - ھە!؟ بولسا، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ يېتىۋالسا، ھېچكىم كاشىلا قىلمىسا، چۈشمۇ كۆرمەي، ئۇزاقلارغىچە ئۇخلىسا! * ئېغىناقلاپ ياتتى كىرىپ كاتەككە، قانات سوزۇپ، راھەتلىنىپ كېرىلدى. شۇ چاغ كىچىك ئاق مېكىياننى بىردىنلا، تولغاق تۇتۇپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈردى. ③ ئۆسمەك، ئېگىزلىمەك: كۆككە بوي سوزغان كۆركەم تاغلىرىڭ، مەيلىمنى تارتتى گۈزەل باغلىرىڭ. * ياشايدۇ جاپانىڭ بېشىغا دەسسەپ، قاينار تومۇرىدا جەسۇرانە قان. ئۇ قەيسەر بىر قارىغاي، جۇدۇن-چاپقۇندا، يەنىلا پەلەككە مەغرۇر بوي سوزغان. ④ كۆچمە. ئارقىغا سۈرمەك، كېچىكتۈرمەك، كەينىگە تارتماق: قەرزنى سوزماق. توي ۋاقتىنى سوزماق. * 3-ئوتتۇرا مەكتەپ كوماندىسىدىكىلەر غەلىبىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولغاندەك، كەلگەن توپنى مەيدان سىرتىغا تېپىۋېتىپ، ۋاقتىنى سوزغىلى تۇردى. * ئەمدى بۇ ئىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم، يەنە ئارقىغا سوزۇشقا، يول قويۇشقا بولمايدۇ. ⑤ بوغۇملارنى ئادەتتىكىدىن ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلماق (تاۋۇش ھەققىدە): شۇ ئەسنادا، مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن قۇربان پادىچىنىڭ ئۈنىنى سوزۇپ «ھەيدە!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. * ساز شوخ پەدىگە يۆتكەلدى. سوزۇپ ئوقۇلغان ناخشىلار شوخ ناخشىلارغا ئۆزگەردى. ⑥ كۆچمە. دەۋەرمەك، ئۇزارتماق، كۆپەيتمەك (گەپ-سۆز ھەققىدە): ئاتام گەپنى سوزغانىدى. «بۇ گەپلەرنى قويساڭچۇ ئاتا، يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى!» دېدىم. * مېنىڭ بۇ يەردە گەپنى سوزۇپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق.

**سوزماق** II ئى. دىئال. رەگە تكە.

**سوزۇش** ① «سوزماق I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <ماشىن> ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. بۇنىڭدا، ئۇزۇنچاق ياكى تۇرۇبا شەكلىدىكى ماتېرىياللار قېلىپ تۆشۈكلىرىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۈزىراپ، ئىنچىكە ياكى توغرا كەسمە يۈزى ئەسلىسىدىكىگە ئوخشمايدىغان ماتېرىياللارغا ئۆزگىرىدۇ.

**سوزۇشماق** «سوزماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قويلارمۇ مۆڭلۈق مۈزىكىنى ياخشى كۆرسە كېرەك، قۇلاقلىرىنى سوزۇشۇپ، پات-پات مەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ يايلشاتتى.

**سوزۇق** سۈپ. سوزۇلغان: سوزۇق تاۋۇش. * «نامازشام خىزىرى» بىر پىيالە چاي ئوتلاپ، داستىخانغا چېچىلغان بىرنەچچە تال نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن، گويا قىرائەت قىلىۋاتقاندەك سوزۇق ئاۋاز بىلەن گەپ باشلىدى.

**سوزۇق تاۋۇش** <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا، ئە، ئو...» تاۋۇشلىرىغا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترەيدىغان، هاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا توسالغۇغا ئۇچرىماي چىقىشتىن هاسىل بولىدىغان تاۋۇشلار: سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا دىماغ بوشلۇقى ئېتىك هالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر هاۋا ئېقىمى دىماغ بوشلۇقىدىنمۇ چىقسا، بۇنداق سوزۇق تاۋۇش دىماغلاشقان سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ.

**سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقى** <تىل> سۆزدە ياكى سۆزگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ هالىتى جەهەتلەردىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى.

**سوزۇلغاق** سۈپ. سوزۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، سوزۇلىدىغان: سوزۇلغاق پايپاق. سوزۇلغاق رەخت.

**سوزۇلما** سۈپ ① سوزۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، سوزۇلىدىغان: سوزۇلما بۇيۇم. سوزۇلما ماتېرىيال. ② ۋاقتى ئۇزۇن، قوزغىلىشى ئاستا بولىدىغان، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان: سوزۇلما كېسەل. ③ سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان: سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش.

**سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش** <تىل> ئادەتتىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋاقتى ئۇزۇن هەم سوزۇلۇپراق چىقىدىغان سوزۇق تاۋۇش.

**سوزۇلما كېسەل** <تىب> كېسەللىك جەريانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستا بولىدىغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەللەر. مەسىلەن، تۇبېركۇليوز، يۈرەك كېسىلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سوزۇلماق** ① «سوزماق I» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: تۆمۈر خەلپىنىڭ يېتىپ قېلىشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار خۇددى سەركىسىز قالغان پادىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يارىسى سوزۇلغانسېرى، بۇ ئەهۋال تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. * گومىنداڭ ئەسكەر-لىرىنىڭ شەهەر ئىچىگە كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇ-لىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

**سوزۇلمىلىق** «سوزۇلما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەلۇمكى، مۇزىكا-ۋاقىت خاراكتېرلىك سەنئەت. سوزۇلمىلىق – ۋاقىتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى.

**سوزۇلۇش** «سوزۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە

بىر خىل ئىسمىدىشى.

**سوزۇلۇش دېفورماتسىيىسى** <فىز> ماتېرىياللار تارتىش كۈچىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان شەكىل ئۆزگىرىشى.

**سوزۇلۇشقا تاقابىلچانلىق** <فىز> ماتېرىياللارنىڭ تارتىش كۈچىگە بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى. ئادەتتە ئۇ ماتېرىياللار تارتىپ ئۈزۈۋېتىلگەن چاغدىكى بىرلىك توغرا كەسمە يۈز ئۇچرىغان كۈچ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**سوزۇلۇشچان** سۈپ. ئاسان سوزۇلىدىغان، سوزۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ئەگەر كېسەللىنىگەن ئەزانىڭ ئەسلىي تۈزۈلۈشى يۇمشاق ۋە بۇلۇتسىمان بولسا، مەسىلەن، ئۆپكىدەك ياكى سوزۇلۇشچان كانال ئەزا بولسا، تەسىر قىلىش كېيىپىياتى يەڭگىل، سان جەھەتتىن ئازراق دورا ئىشلىتىش كېرەك.

**سوزۇلۇشچانلىق** ئى ① <فىز> جىسىملارنىڭ سوزۇلىدىغان خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن، مېتاللار كۆپىنچە سوزۇلۇشچانلىققا ئىگە كېلىدۇ. ② <بىن> ماتېرىياللارنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنگە قەدەر سوزۇلغان چاغدىكى ئۇزارغان قىسمىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇزۇنلۇققا بولغان نىسبىتى.

**سوزۇلۇشماق** «سوزۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سابىر ئۈي ۋە قوتانلارنى قاراشتۇرۇپ چىقتى. باشقىلار بىرئاز دەم ئېلىشۋېلىش ئۈچۈن، يامغۇر يالىغان پاكىز، يۇمشاق شېغىل ئۈستىگە سوزۇلۇشتى.

**سوزۇنچاق** سۈپ. سوزۇق ياكى سوزۇلغان ھالەتتىكى، ئۇزۇنراق سوزۇلغان: ئۇ، يالغۇز ئۆزى بىر ئۆيدە ناھايىتى خاپا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق كەلگەن قانسىز يۈزى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ، قېرىنداش تۇتقان ئىنچىكە بارماقلىرى تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. * ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىكى سوزۇنچاق مەيدان ۋە ئەگرى-توقاي كوچىلارنىڭ ھەممىسى ئادەم بىلەن تولغانىدى.

**سوستاۋ** ئى (ر) مەلۇم بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان تەركىبىي قىسىملار ياكى گۇرۇپپىلار يىغىندىسى، تۈپى: تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋى. * تامام ھەربىي سوستاۋ ئىدى بۇ پويىز، پارتلاشلار ئەۋج ئالدى جىرادا. يانغىنلىرى مەشئەل بولۇپ تۈندىكى، يورۇق بەردى جىلغىلاردا، تاغلاردا.

**سوسكا** ئى (ر) ← ئېمىزگە.

**سوغا** ئى. ياغاچتىن ياسالغان چېلەك، تۇڭ: تۇرسۇن ياماقچى يىغلاپ-قاقشاپ ئۆيىگە كېلىپ ئىككى سوغىسىنى ئېلىپ، بىر ئاشپۇزۇلغا سۇ توشۇپ، توققۇز داچەن تېپىپتۇ. * قۇدۇق سۇلىرىنى بۇلغىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن جامائەت ئورتاق ئىشلىتىدىغان چېلەك، سوغا ئورنىتىپ، قۇدۇق ئاغزىغا ئارقان بىلەن باغلاپ قويۇش لازىم.

**سوغات** ئى. دىئال. پىشلاق.

**سوغان** ئى <تىب> ← يەل تاشما.

**سوغتانماق** پ. دىئال. توڭلىماق، توڭماق، ئۈششۈمەك.

**سوغد** ئى <ئىرق> مىلادىيىدىن بۇرۇنقى مىڭ يىللىق دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاسامەن زەرەپشان ۋادىلىرى)دا ياشىغان ھەم بۇ جايدا يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان قەدىمكى پارس قەبىلىسى. ئۇلارنىڭ ئاساسى ساكلاردۇر. ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىردە شۇ جايدا دۆلەت قۇرغان.

**سوغد تىلى** <تىل> قەدىمكى سوغدلار

ئىشلەتكەن تىل. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل تۈركۈمىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان بولۇپ، ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ياگنوب تىلى دەل قەدىمكى سوغد تىلىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تىلدا يېزىلغان ۋە 4-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە تەۋە يازما يادىكارلىقلار بار.

**سوغد يېزىقى** <تىل> سوغدلار ئىشلەتكەن يېزىق. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 يىللىق دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئارامىي يېزىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، ئەرەب يېزىقىغا ئوخشاش ئوڭدىن سولغا يېزىلغان ۋە ئوقۇلغان. قەدىمكى مەنبەلەردە، ئۇنىڭدا 25 ھەرپ بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بىراق، تۈرلۈك جايلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەرپ سانى 20 دىن 25 كىچە بولغانلىقى سېزىلىدۇ.

**سوغداق** ئى <ئىرق> → **سوغد**.

**سوغۇق** ① سۈپ. ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى بەلگىلىك گرادۇستىن تۆۋەن بولغان: سوغۇق سۇ. سوغۇق ھاۋا. * يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق (ماقال). * – تاغا، بىزگە پۇل بەرمىدى، ئۆي سوغۇق، مەكتەپكە باراي دېسەم دەپتەر-قەلەم يوق، – دېدى ئوغۇل بالا چاقماقتەك سۆزلەپ. ② ئى. ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن ھاۋا؛ ئاياز: سوغۇق ھەم ھۆللۈكنىڭ بىرلىكتە تەسىر قىلىشى بىلەن پەيدا بولغان مۇنداق نورمالسىز ھالەتتىن بەك ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. * بىز قارلىق تاغقا بېرىپ چېنىقىشىمىز، سوغۇقتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. ③ ئى. سوغۇقلۇققا تەۋە يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە ئورگانىزم پائالىيىتىنىڭ سۇسلىشىشى: سوغۇقى ئاشماق. سوغۇق كەلمەك. ④ سۈپ. كۆچمە. ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، يېقىمسىز، قوپال: سوغۇق مۇئامىلە. سوغۇق جاۋاب. * ئۆزى سوغۇقنىڭ قىلىقى سوغۇق (ماقال). * ئابدۇسەمى باي سوغۇق كۈلكىسى بىلەن ئۆي ئىچىنى يەنە بىر دەرىجە مۇزلىتىپ ئاندىن بېسىلدى. * بوغالتېر 50 ياشلاردىن ھالقىغان، سوغۇق چىراي، ياپىما قاپاق، سېمىز ئادەم ئىدى.

**سوغۇق ئادۋېكسىيە** <مېتېئور> سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئىسسىقراق بولغان رايونغا گورىزونتال يۆنىلىشتە ئېقىش ھادىسىسى. ئۇ ھەمىشە ئىسسىق رايوننىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كەڭ كۆلەمدە تۆۋەنلىتىدۇ.

**سوغۇق بەلباغ** <جۇغ> جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرى ۋە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدىكى جايلار. بۇ جايلارنىڭ كلىماتى ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، ئەڭ ئىسسىق ئايلىرىدىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىمۇ 10°C تىن تۆۋەن بولىدۇ. ئىككى قۇتۇپقا يېقىن جايلىرىدا بولسا، يېرىم يىل كۈندۈز، يېرىم يىل كېچە بولىدۇ.

**سوغۇق بۇلاق** <جۇغ> سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى شۇ جاينىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولىدىغان بۇلاق.

**سوغۇق پەرچىنلەش** <ماشىن> پەرچىن مىخنى قىزدۇرماي تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان پەرچىنلەش.

**سوغۇق تەگمەك** ① سوغۇقنىڭ قاتتىق تەسىر قىلىشى بىلەن بىرەر ئورگانىزمدا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەك: ئۇنىڭ

يادىغا ئاينۇر كەلدى. ئاينۇرنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەن بولۇپ، هازىر دوختۇرخانىدا ئىدى. ② كۆچمە. قوپاللىق قىلماق، قوپال پوزىتسىيە تۇتماق: − چوڭئام، سىلى بىلەن مەن ئوخشاش. بىر-بىرىمىزگە ئۇنچىلا سوغۇق تەگمىسەكمۇ بولىدۇ، − دېدى قۇربان ئاقساقال يۈسۈپ چوڭنىڭ ئاچچىقى يانغانلىقىنى كۆرۈپ. * − بولدى سەن ئارىلاشما! − نىياز قۇربان ئاچچىق بىلەن ئايالىغا سوغۇق تەگدى-دە، زەردە بىلەن تاماكا ئوراشقا كىرىشتى.

**سوغۇق تەلەت** ← **مۇز چىراي**: ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ماڭا شۇنداق بىر قارىدى-دە، مېنىڭ سوغۇق تەلەتىمنى كۆرۈپ، ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن بىر قەدەم مېڭىپلا توختاپ قالدى. * − سىزنى كىمنىڭ كاساپىتىدىن نەس باستى ئاكا؟ − دەپ سورىدى ئۇ ئۇكىسىنىڭ سوغۇق تەلەتىگە قاراپ.

**سوغۇق تىترەك** بەدەننى سىلكىندۈرگۈدەك، تەۋرەتكىدەك دەرىجىدىكى تىترەك: كۆپچىلىك توختىغا تىكىلگەنىدى. كېرىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مۇزدەك بىر سوغۇق تىترەك بېسىپ، يۈرىكى «قارتىندە» قىلىپ كەتتى. توختى بولسا گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، بىردەم جىم بولۇپ قالدى.

**سوغۇق چىراي** ← **مۇز چىراي**: مانا، بۇ كۆرۈمسىز، سوغۇق چىراي بىلەن كېلەڭسىز، دېۋەڭ گەۋدە گۈلقىزنى بارغانسېرى قىستاپ كەلدى، گۈلقىز زۇۋان سۈرەلمەي، دەھشەتكە چۈشتى.

**سوغۇق دولقۇن** <مېتېئور> شىمالدىكى سوغۇق جايلاردىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ كىرگەن سوغۇق هاۋا ئېقىمى.

**سوغۇق سەي** ① سوۋۇپ قالغان سەي. ② سوغۇق پېتى يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان سەي خام؛ سەيدىن قىلىنغان سەي.

**سوغۇق سۇ** ① هارارىتى، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن سۇ. ② قاينىتىلمىغان سۇ: سوغۇق سۇ ئىچمەك. سوغۇق سۇ قۇيماق. * ئۇ كوزىدىكى سوغۇق سۇدىن بىر چۆمۈچ ئېلىپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى.

**سوغۇق سۇ چاچماق** ← **سوغۇق سۇ سەپمەك**: دادام سۆزلەپ بولۇپ دورىنى كاپ ئەتتى-دە، ئىتتىك بىر قوشۇق شورپا ئىچتى. دادامنىڭ گېپى مېنىڭ خۇشاللىقىمغا سوغۇق سۇ چاچتى.

**سوغۇق سۇ سەپمەك** بىراۋنىڭ ئاكتىپلىقىغا، قىزغىنلىقىغا زەربە بەرمەك، توسقۇنلۇق قىلماق: − خوتۇن، بالىنىڭ بۇ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەيلى، ئۇ تېخى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر سائەتتىنى ياساپ بېرىپتۇ، − دېدى قاسىم ئاكام. * − دادام بىزنى زادىلا قوللىمايدۇ، ھەمىشەم زاڭلىق قىلىپ سوغۇق سۇ سېپىدۇ، − دېدى شېرىنگۈلمۇ بوش كەلمەي.

**سوغۇق شەبنەم** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ 17-سى. مىلادىيە 8-ياكى 9-ئۆكتەبىردىن باشلىنىدۇ.

**سوغۇق فرونت** <مېتېئور> سوغۇق هاۋا ماسسىسى ئىللىق هاۋا ماسسىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا قىسىلىپ كىرىپ، ئۇنى سۈرگەن چاغدىكى بۇ ئىككى هاۋا ماسسىلىرىنىڭ ئۇچراشقان جايى.

**سوغۇق قاداقلاش** <ماشىن> ← **سوغۇق پەرچىنلەش.**

**سوغۇق قول** يامان نىيەتلىك، ئەسكى، بۇزۇق؛ كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغۇرلاشقا ئادەتلەنگەن: بوۋاينىڭ قارا ساقىلى تىترەپ كالپۇكلىرى لىپىلداپ كەتتى: «مانا، سوغۇق قولنىڭ كاساپىتى؛ مانا

بەتنىيە تنىڭ زىيىنى! »

**سوغۇق قول تەگمەك** ئوغرىلانماق، ئوغرى تەگمەك: سادىق سەپرا دۈينىڭ بىر تال قىلى ئۇچۇن تىك تۇرىدىغان ئادەم بولغاچقا، قوغۇننىڭ باش بۇرنىغا سوغۇق قول تەگكەنلىكىنى سەزگەن ئاخشىمى كېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمەي، كاۋا بارىگىنىڭ ئاستىدىكى سۇپىدا زەردىگۈش بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

**سوغۇق كەپشەرلەش** <ماشىن> قىزدۇرۇلماستىن، يالغۇز مېخانىكىلىق بېسىم كۈچى تەسىرىدىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل كەپشەرلەش ئۇسۇلى.

**سوغۇق كۈلكە** كىشىلەرنى مەنسىتمەيدىغان، يېقىمسىز كۈلكە: مەن ئەمەسمۇ لۇتۇننى دوراپ، قىزىل نۇرغا تەلپۈنۈپ ماڭغان، پەرۋا قىلماي سوغۇق كۈلكىگە، شېئىرىيەت ئىشقىدا يانغان.

**سوغۇق كۈلمەك** كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق، مەنسىتمەسلىك بىلەن ھىجاي-ماق: ئۇلارنىڭ مېنى يەنىلا ئەخمەق قىلماقچى بولغىنىدىن چەكسىز نەپرەتلەنسەممۇ، چاندۇر-ماستىن سوغۇق كۈلۈپ قوياتتىم. * — ھەركىم-نىڭ قورسىقى بار-دە، چاشقانمۇ ئۆز ئوزۇقىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. سەن تېخى بۇنى بىلمەمسەن ئۇكا، — دېدى لەڭ ئالغۇچى سوغۇق كۈلۈپ.

**سوغۇق گەپ** ھۆرمەتسىزلىك ياكى قوپاللىق بىلەن دېيىلگەن، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، دىلنى رەنجىتىدىغان يېقىمسىز، بولمىغۇر گەپ: باشلىقنىڭ سوغۇق گەپلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرەتتى. * ئۇنىڭ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ ئېيتقان سوغۇق گەپلىرى قىزنىڭ قاتتىق كۆڭلىگە تەگكەنىدى.

**سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى** <ھەرب> ← **سوغۇق ئۇرۇش.**

**سوغۇق مىجەز** ① <تىب> مىجەزى سوغۇققا مايىل، سوغۇقچان: سوغۇق مىجەز قىز. ② كۆچمە. مىجەزى قوپال، تولۇق، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئاسان ئازار بېرىدىغان: قىزنىڭ رەقىپكە يازغان خېتىدە مېنى ئۈچ يەردە چېقىپ ئۆتكىنى، سوغۇق مىجەز دېگىنى ماڭا ئەلەم قىلدى.

**سوغۇق نەزەر** كىشىلەرگە مەنسىتمەس-لىك، ياقتۇرماسلىق، قىزىقماسلىق پوزىتسىيە-سى بىلەن قاراش: « ئابدۇكېرىمنىڭ ئارقىسىغا كىرىدۇ» دەپ، موللام ماڭىمۇ سوغۇق نەزەردە قاراشقا باشلىدى. * ئۇ بەزىلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئۆزلىرىگە قانداقتۇر سوغۇق نەزەر بىلەن تىكىلگەنلىكىنى كۆردى-دە، سەل ھەيران بولدى ۋە تويغا يېقىنلاشتى.

**سوغۇق ھاۋا ماسسىسى** <مېتېئور> تېمپېراتۇرىسى يېتىپ بارغان رايوننىڭ يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولىدىغان بىر خىل ھاۋا ماسسىسى.

**سوغۇق ئۇرماق** سوغۇقنىڭ تەسىر قىلىشىدىن زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماق، سوغۇق تەگمەك (دەل-دەرەخ، ئۆسۈم-لۈكلەر ھەققىدە): يەر توڭلاشتىن ئىلگىرى بىر-ئىككى قېتىم سۇغىرىلسا، يەردە نەملىك يېتەرلىك ساقلىنىدۇ. دەرەخنىڭ ئۇزۇقلۇقلارنى ئېلىش ۋە توسۇش ھەرىكىتى كۈچلىنىپ، سوغۇق ئۇرۇشتىن ساقلىنالايدۇ، زىيانداش ھاشاراتلارمۇ ئۆلىدۇ.

**سوغۇق ئۇرۇش** خەلقئارادىكى قورال كۈچى ئىشلىتىلمەي قىلىنىدىغان كۈرەش.

**سوغۇق ئۆتكۈزۈش** <تىب> مۇز سېلىن-غان خالتا ياكى سوغۇق سۇدا نەمدەل-گەن لۆڭگە قاتارلىقلارنى بەدەننىڭ مەلۇم جايىغا تەگكۈزۈپ شۇ جاينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئاغرىق توختىتىدىغان ياكى كېسەللىك

يەڭگىللىتىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**سوغۇق ئۆتمەك** سوغۇقنىڭ قاتتىق تەسىر قىلىشى تۈپەيلىدىن بەدەننى مۇزلىغانلىقنى ھېس قىلماق، توڭلىماق: ئۈرۈمچىدە قىشنىڭ كۈنلىرى قېلىن كىيىنمىسە، ئاسانلا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

**سوغۇق ئېقىم** ① ‹جۇغ› يۇقىرى كەڭلىكتىن تۆۋەن كەڭلىككە قاراپ ئاقىدىغان ئوكيان ئېقىمى. ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېقىپ بارغان جايدىكى سۇ تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولۇپ، ئېقىش داۋامىدا بارغانلا يەرنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، يامغۇر-يېشىن ئاز بولىدۇ. ② ‹مېتېئور› سوغۇق دولقۇن.

**سوغۇقى ئاشماق** سوغۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش تۈپەيلى مىجەزى سۇسلىشىپ، بوشىشىپ كەتمەك: — مۇنداق دەڭ، ئايلىڭىزنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كېتىپ بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرەلمەي قېلىپتۇ-دە، — دېدىم خوش خۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ.

**سوغۇق ئىچىملىك** گاز سۈيى، گىلاس شىرنىسى، دوغاپ قاتارلىق سوغۇق پېتى ئىچىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئىچىملىك.

**سوغۇق يەل** سوغۇقلۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشنىڭ تەسىرى بىلەن ئورگانىزمدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**سوغۇق يورۇقلۇق** ‹فىز› يالتىراق نۇر بىلەن فوسفور نۇرىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ خىل نۇرلارنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**سوغۇق يېمەك** بەدىنىگە سوغۇق ئۆتمەك، سوغۇقتا قالماق: — سەنلەر ھۆكۈمەتكە ساتمىز دېيىشمىسەك بىكارغا بۇنچىلىك سوغۇق يېمەيتتۇق، — دېدى يەنە بىر دېھقان دومسىيىپ.

**سوغۇق يېمەكلىك** بىڭگۇر، ماروژنى قاتارلىق سوغۇق پېتى يېيىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان يېمەكلىك. كۆپىنچىلىرى تاتلىق كېلىدۇ.

**سوغۇقچان** سۈپ. مىجەزى سوغۇققا مايىل: سوغۇقچان بالا. سوغۇقچان قىز.

**سوغۇقچىلىق** ئى. ئۆز ئارا رەنجىش، ئۆز ئارا ئاداۋەت، نىزا ۋە شۇ قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن كۆڭۈلسىز ھالەت، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر؛ يىرىكچىلىك: سوغۇقچىلىق چۈشمەك. سوغۇقچىلىق سالماق. * ئالماس باياتىن بېرى شانىياز بىلەن قادىر ئوتتۇرىسىدا كۆزگە غىل-پال چېلىقىپ تۇرغان سوغۇقچىلىقنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى. * بۇ ئىككى ئائىلە ئارىسىدا يېقىنقى بىرقانچە مەزگىللەردىن بۇيان نېمىشقىدۇر بىر سوغۇقچىلىق ئالامەتلىرى سېزىلىدىغان بولۇپ قالدى.

**سوغۇقچىلىق چۈشمەك** ئۆز ئارا رەنجىش، ئاداۋەت، يىرىكلىشىش تۈپەيلى ئارىغا كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلماق؛ يىرىكچىلىك، سوغۇقچىلىق پەيدا بولماق: مەنكى ئىشان داموللا بىننى قۇددۇس مەۋلۇتدۇرمەن. خوتۇنۇم روزىخان بىننى ئەھەتقارىي قىزى بىلەن ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ تالاقتا تايىن قىلدىم.

**سوغۇقچىلىق سالماق** سوغۇقچىلىق پەيدا قىلماق، سوغۇقچىلىق تۇغدۇرماق؛ ئارازلاشتۇرماق: ئۇششۇمتۇت يۈز بەرگەن بىر ھادىسە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالدى. * قاسىمجان يولدىشى بىلەن ياخشى ئىدى، ئوتتۇرىغا سوغۇقچىلىق سالغان پەقەت

قېپىن ئانىسى بولدى.

**سوغۇققان** سۈپ (سوغۇق+قان) ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن: سوغۇققان ئادەم. * ئىنسان ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش، روھىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋەتلىرىنى ئاسراش ئۈچۈن نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشى، ھەرقانداق ئىشتا مۆتىدىل، ئېغىر-بېسىق ۋە سوغۇققان كەيپىيات ئىچىدە ئىش ئېلىپ بېرىش لازىم.

**سوغۇققان بولماق** ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن كەيپىياتنى يېتىشتۈرمەك: - ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ، ئۇكا، سوغۇققان بولغان ياخشى، - ئابدۇللا ئاكا سۆزلىگىنىچە قان دىدارى قالمىغان يۈزىنى كۈچەپ شاپىلاقلىغىلى تۇرغان قۇددۇسنىڭ قولىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

**سوغۇققانلىق** ئى. ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن كەيپىيات: - بولدى، بۇ گەپلەرنى ئارتۇقچە يۈزىڭىزگە سېلىۋەرمەي، قالغىنىنى ئۆزىڭىز سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرەرسىز، - دېدى ئادىل. * ھەشمەت بىلەن ئاق كىيىم كىيىپ ماتەم مۇراسىمىغا چىققان ۋاڭنى چەن دارىن سوغۇققانلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

**سوغۇقلاشماق** سۈپ. سوغۇق ھالەت پەيدا بولماق، سوغۇق كەيپىياتقا كەلمەك: ئەكرەم مېنىڭ كۆزۈمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ ئىللىق كۆز نۇرى بارغانسېرى سوغۇقلاشتى.

**سوغۇقلۇق** ئى ① سوغۇق ھالەت: سۇنىڭ سوغۇقلۇقى بەك تۆۋەن بولسا، يۇيۇنۇشقا تەس بولىدۇ. ② ئىسسىقنى قايتۇرىدىغان ئامال: سوغۇقلۇق قىلماق. * ئەگەر ئەزانىڭ مىزاجى ئەسلى ئىسسىق بولۇپ، كېسەل ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە سوغۇقلۇق قىلىش كېرەك. ③ كۆچمە. قوپاللىق، قاتتىقلىق، يېقىمسىزلىق: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رەيھانىنىڭ نادەمگە قىلىدىغان يېقىنلىقلىرى ۋە ئۆزىگە قىلىدىغان سوغۇقلۇقلىرى بىرمۇبىر كەلدى-دە، چىشلىرى كىرىشتى.

**سوغۇقلۇق قىلماق** ئىسسىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، تەبىئىتى سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرماق: - بۇ بالىڭىزنىڭ ئىسسىقى ئېشىپ كېتىپتۇ، سوغۇقلۇق قىلسىڭىز بولغۇدەك، - دېدى ئۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ.

**سوغۇقنەپەس** سۈپ (سوغۇق+نەپەس) گېپى قوپال، تولۇق؛ قىلىقى سەت: سوغۇقنەپەس يىگىت.

**سوغۇقنەپەسلىك** « سوغۇقنەپەس » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: - ئەگەرچە ئەندە يەنە بىرى كېلىپ ھەرقايسىڭنىڭ شۇ تۇغقانلىرىڭغا مۇشۇنداق سوغۇقنەپەسلىك قىلسا، چىداپ تۇرۇشالامسەن ئۆزۈڭ؟ - دېدى بوۋاي زەردە بىلەن.

**سوغۇلدۇرماق** « سوغۇلماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سوغۇلماق** پ. ئازلىماق، قۇرۇماق، كېمەيمەك؛ تۆۋەنلىمەك: بەزىلەر سۇنىڭ بىرئاز سوغۇلۇشىنى كۈتۈشنى تەكلىپ قىلسا؛ بەزىلەر نېمە بولسىمۇ كېمىنى سېلىۋېرىمىز ياكى مەيدىمىزگە تولۇم تېڭىپ مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆتىمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشتى. * - خۇدايىم ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن، قوزام، دەرھال ئېشىڭنى ئىچۋال. مانا قارا، ئاشنىڭ سۈيى نەچچە قايناپ سوغۇلۇپ كەتتى، - دېدى ئانام مېھرىبانلىق بىلەن.

**سوغۇن** ئى. دىئال. ئىشىك-قوۋۇق ياكى دەرۋازىلارغا، دېرىزىنىڭ كۆزنىكىگە ئوخشاش ئېچىپ قويۇلىدىغان تۆشۈك.

**سوغچى** ئى. سوغا بىلەن سۇ توشۇيدىغان ئادەم: سوغچى بوۋاي. * دادام سوغچى ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە ماڭا بىر جۈپ سوغا مىراس بولۇپ قالغانىدى. ھازىر شۇ سوغا بىلەن سۇ توشۇپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن.

**سوغچىلىق** «سوغچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ بۇ يىللاردا چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ھاممامنىڭ دالىنىدا يېتىپ-قوپۇپ سۇ توشۇدى ۋە بىر جۈپ سوغىغا ئىگە بولۇپ، سۇ سېتىپ سوغچىلىقمۇ قىلدى.

**سوغىگۈل** ئى (سوغا+گۈل) <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يىپ ياكى تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ. گۈل يېپىنچىسى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، قوڭغۇراق شەكلىدە تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. تەڭگىچە غولى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەم بوشىتىش ۋە يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە.

**سوغىلىق** سۈپ ① سوغىسى بار، سوغىغا ئىگە: ئاخىرى ئۇمۇ بىر جۈپ سوغىلىق بولۇپ قالدى. ② سوغا بولىدىغان، سوغىغا لايىق: بىزنىڭ ئۆيدە تەييارلانغان ئىككى سوغىلىق ياغاچ بار.

**سوفىزم** ئى (ر<گرېك) <پەلس> يۈزەكى قارىغاندا توغرا بولغان ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ۋاستىسىنى قوللانغاندەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە خىلاپ كېلىدىغان ساختا خۇلاسە، نەتىجە، يەكۈن.

**سوفىستىكا** ئى (ر<گرېك) <پەلس> سوفىزمغا، ساختا خۇلاسىلەرگە ئاساسلىنىش.

**سوق** ئى. دىئال. قىزىقچى، ھەزىلكەش.

**سوقا** I سۈپ. بەك يۇملاقمۇ، ئۇزۇنمۇ ئەمەس، تۇخۇم شەكلىدىكى: سوقا چىلان. سوقا تاش. * ئۇ كەككە ساقال، ئۇزۇن بوي، سوقا باش 50 ياشلارغا كىرگەن ئادەم ئىدى. * ئۇ يەردە يەنە بىرنەچچە تۈپ تۇغراق، چىلان دەرىخى بولۇپ، بىر بارالڭ سوقا ئۈزۈم ھەمىشە مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىكەن.

**سوقا چىلان** <بوت> ① چىلاننىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە. رەڭگى قىزىل، تەمى تاتلىق: مەن بازارغا بېرىپ سوقا چىلاندىن بەش كىلوگرام سېتىۋالدىم.

**سوقا نەشپۈت** <بوت> ① نەشپۈتنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، پوستى نېپىز، پارقىراق، ئاچ سېرىق رەڭدە، ئۈستىدە قوڭۇر داغلىرى بولىدۇ، تەمى تاتلىق ھەم سۇلۇق. ② شۇ خىل نەشپۈت مېۋىسى.

**سوقا يەل** تۈيۈقسىز، ئۇشتۇمتۇت تۇرۇپ قالىدىغان يەل: – كېرەك يوق، سوقا يەل تۇرۇپ قالغان گەپ، بىرەر سائەت ياتسا، ئەڭ ياخشىسى ئىككى رومكا قېقىۋەتسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، – دېدى كامىلجان دوستلىرىنى ئىچكىرىدىكى ئۆيگە باشلىۋېتىپ.

**سوقا** II ئى. سۇ، قول، پۇت ياكى توك ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، شالنى ئاقلايدىغان ھاۋانچا شەكىللىك قۇرۇلما.

**سوقا چۈشتى** نۆۋەت بىلەن، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، ئارقىمۇئارقا، دەممۇدەم: دىئامېترى 25 سانتىمېتر كېلىدىغان قوزۇقتا توقماقلار سوقا چۈشتى ھالدا ئۇرۇلاتتى. قوزۇق توقماق زەربىدىن «لىڭگىدە» تەۋرەپ لايغا بىر غېرىچ ئولتۇراتتى. * ئۇنىڭغا شەھەردە ئائىلە ئايالى بولۇپ ئولتۇرىدىغان قىزلىرىدىنمۇ سوقا چۈشتى ھالدا شەھەرنىڭ يېڭى ماللىرى كېلىپ تۇراتتى.

**سوقا سۆھبەت** ئۆزئارا قىلىشقان ھەر خىل پاراڭ: سىرتتا بولۇۋاتقان سوقا سۆھبەتلەر ئۆي ئىچىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ياقۇپجان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي قالدى. * ئۆيدە بولۇۋاتقان سوقا-سۆھبەت، جەڭگى-جېدەلنى مەشرەپنىڭ كىچىك قىزى بۇۋى مەريەم ئاڭلاپ قالغانىكەن، ئاچىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

**سوقا** III ئى → **ساپان**: مەھەللە ئىچىدە ھەممە ئادەم ئالدىراش، بىرى سوقىسىنى تۈزەشتۈرسە، بەزى بىرلىرى ھارۋا-تراكتورلار بىلەن ئېتىزلىققا ئوغۇت توشۇماقتا. * نازىم تاماقتىن كېيىن، تراكتورنىڭ كوزۇپىنى سوقىغا ئالماشتۇرۇپ، ئاقمۇللىنىڭ ئېگىزلىقىغا يۈرۈپ كەتتى.

**سوقا ھەيدىمەك** سوقا بىلەن يەر ئاغدۇرماق، يەرگە سوقا سالماق: — ئەنە، قورۇقنىڭ تېشىدا زىغىر ئاختارمىسىغا بېرىڭ، دىلەيسەم شۇ يەردە ئوتتۇرا قولدەك ئۈچ ئاتنى قوشۇپ سوقا ھەيدەۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ تۇرسۇن شىجاڭغا.

**سوقا** IV ئى. دىئال → **كۇرۇشكا**.

**سوقا-سايمان** سوقا ۋە سوقا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى: ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئاز قالدى، سوقا-سايمانلارنى بالدۇرراق كۆزدىن كەچۈرۈپ، رېمونت ئىشلىرىنى باشلىمساق بولمايدۇ.

**سوقا-سەندەل** سوقا ۋە سەندەل.

**سوقا-سەندەلدەك** قاۋۇل، بەستلىك، تەمبەل، بېجىرىم: — نېمانداق قارايدىغانسەلەر، كۆزۈمنىڭ ئېقىنى كىرلەشتۈرۈپ! ماڭا قارىساڭلار مانا شۇنداق، يىگەن-ئىچكەندەك، سوقا-سەندەلدەك ئولتۇرۇپتىمەن! — دېدى خېنىزە خېنىم ئېڭىكىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ. * — ئەي جامائەت، ئەي مۆمىن مۇسۇلمانلار، مەتقاسىمئاخۇندەك بىر تەمبەل يىگىتنىڭ، يىگەن-ئىچكەندەك، سوقا-سەندەلدەك بىر ئەركەكنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقىنىغا ھەيران قىلىۋاتامسىلەر؟ — دېدى روسۇل ئىمام.

**سوقان** ئى. دىئال → **لەيلەك**.

**سوقتۇرماق** «سوقماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىچاق سوقتۇرماق. كەتمەن سوقتۇرماق. * — بالام بىر ئالتۇن بىلەزۈك قىلىۋالماق ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنى دادام رەھمەتلىك داداڭغا ياتلىق بولغان چېغىمدا سوقتۇرۇپ بەرگەنىدى، — دېدى ئانام. * ئۇ دەرھال ئۇن ئادەم ئاجرىتىپ مۇئەللىمگە تام سوقتۇرۇپ بەردى.

**سوقتۇرۇشماق** «سوقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار بەس-بەس بىلەن كەتمەن سوقتۇرۇشماقتا ئىدى.

**سوقتۇرۇلماق** «سوقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سوققا** ئى. زەربە، دەككە؛ قاتتىق دەشنەم: سوققا بەرمەك. سوققا يېمەك.

**سوققا بەرمەك** زەربىسىنى، دەككىسىنى بەرمەك: شۇ پورۇقلىغان كۆرەش، مەيدان ئىچىدە، كۆكرەكلەر كېرىپ بارماقتا بىزنىڭ پارتىزانلار. سوققىلار بېرىپ، ھەر قەدەمدە فاشىستلارغا، قانلار كېچىشىپ ئىنتىقام ئالماقتا ئارسلانلار.

**سوققا يېمەك** زەربە يېمەك، دەككە يېمەك: پەنجەڭنى راست ئۇر، قۇچ شەرەپ دۈشمەن ئۇجۇقسۇن سوققا يەپ، ئوغلۇڭ دىلىدا تا ئەبەد شانىڭنى كۈيلەش ئەھدى بار.

**سوقما** ① سۈپ. جازىغا ئېلىنغان نەم توپىنىڭ ئۈستىگە خالىغ قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەرنى **قاتتىق ئۇرۇپ چىڭداش يولى بىلەن سېلىنغان؛ ئۇلار پاراڭلاشقاچ سوقما تام** ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشتى. *

ئۆينىڭ ئەتراپى سوقما تاملار بىلەن قورشالغان. ② ئى. سوقما تام: – پارالڭ مۇشۇ يەردە توختىسۇن، ئاۋۇ كۆرۈنگەن سوقمىدىن ئۆتسەكلا چىغلىققا كىرىمىز. ئۇ يەردە يول ئەسكى، پەخەس بولۇپ ھەيدىمەي بولمايدۇ، – دېدى ھارۋىكەش ئالدىدىكى چىغلىققا قاراپ. * ھەشمەتلىك ۋالڭ ئوردىسى سېغىز توپىنى تۆت چاسا شەكىلدە سوقما قىلىپ سوقۇپ چىقىپ 20 مېترنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنغان. ئىگىلىگەن ئورنى 100 مو كېلىدۇ. ③ سۆپ. سوقۇلغان: سوقما كاۋاپ.

**سوقما تام** <بىن> جازىغا ئېلىنغان نەم توپىنى خاڭداش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان تام: مەھەللىنىڭ تار، ئەگرى-توقاي كوچىلىرى، ھەر تەرەپكە كەتكەن، رەتسىز سېلىنغان، ئاقارتىلمىغان سوقما تاملىق ئۆيلەر كۆڭۈلسىز كۆرۈنىدۇ. * ئەتىسى كەچقۇرۇن قورغاندا سوقما تام سوقۇپ تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان باراتمۇ چاقىرتىپ كېلىنىپ، ئۇمۇ ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار قىلىندى.

**سوقما چالغۇ ئەسۋابلىرى** قول، تاياق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار. بۇنىڭغا ناغرا، دۇمباق، داپقا ئوخشاشلار كىرىدۇ.

**سوقما كاۋاپ** گۆش چوڭ-چوڭ قىلىپ پارچىلىنىپ ۋە كالتەك بىلەن بوش سوقۇلۇپ، يۇمشىغاندىن كېيىن، تاۋا ياكى تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل كاۋاپ.

**سوقماق** I ئى. ئۇرۇقسىز قىزىل ئۈزۈم بىلەن ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ، ئارىلاشتۇ-رۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

**سوقماق** II ئى. توسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ، توسقۇنلۇق: دېمىسمۇ مۇنداق قاتمۇقات تاغلار، ئىنسان قەدىمى يېتىپ باقمىغان خىلۋەت جىرالار، سانجاق-سانجاق قېلىن قارىغايلار ئارىسىدا قانچە-قانچە يوشۇرۇن سوقماقلار بارلىقىنى كىم بىلىپ بولالىسۇن! * ئۇ مەكتەپكە قەدەم قويغاندا، جۇڭگونى قاپلىغاندا چوغدەك قىزىل بايراقلار. ئۇنىڭ ھايات يوللىرىدا بولمىدى، ئېگىز-پەسلىك، توسالغۇ ۋە سوقماقلار.

**سوقماق يول** ئايرىم كىشىلەر بىلىدىغان، يالغۇز ئاياغ يول؛ چىغىر يول: مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن بىر توپ كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا سوقماق يوللار بىلەن قۇمۇل تەرەپكە ئاتلاندى.

**سوقماق** III پ ① بىرنەرسىنى ئىككىنچى بىرنەرسىگە ئۇرماق: تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق (ماقال). * ئوتقا قاراپ تۆمۈرنى سوق (ماقال). * ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى ئىشچى پەرىزات تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان سەندەلدە بىرنەرسىنى سوقۇۋاتاتتى. * ھارۋىكەشلەر ئاتلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇلارغا ھەدەپ قامچا سوقۇپ تاغ ئىچىنى جاراڭلىتىۋەت-تى. ② بىرەر شەكىلگە، ھالەتكە كەلتۈرمەك، ياسىماق، سالماق: پىچاق سوقماق. زىرە سوقماق. قىر سوقماق. * ئۇلار چاي قاينىغۇچە ئىككى تام سوقتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن جامى بىلەن سالىنىڭ پاسىل تېمى سوقۇلۇپ بولدى. ③ يانجىماق، ئۇۋۇماق: سىز زىرىنى سوقۇۋېتىڭ ④ چالماق: چاۋاك سوقماق. جاڭ سوقماق. * بۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ساپايى سوقۇۋاتقان كىشىدىن قانداق قىلىپ بۇ شەھەرگە مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىنى سورىدى. * بوۋاي ناغرىخانىغا چىقىپ ناغرىنى سوقۇپتۇ. جىمىكى يۇرت خەلقى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ توپلىشىپتۇ. ⑤ ئۈزۈلمەي، توختاۋسىز ھەرىكەت

قىلماق، ئۇرماق؛ تېپچەكلىمەك: گۈلباھار يەرگە قارىدى ئايرىلىش مىنۇتىدا ئۇ مەردانىنى قانداق سۆزلەر بىلەن ئۈزىتىپ قويۇشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقاتتى. * قىزنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى تېز-تېز سوقۇشقا باشلىدى. ⑥ كۆچمە. تارتماق، خالىماق: بۇنداق تالاش-تارتىشلار بىزنىڭ ئۆيدە تولا بولىدىغان بولۇپ قالدى، كۆڭۈل دېگەن نەرسە بىرەرىگە سوقمىسا بىكار ئىكەن. ئاپامنىڭ تاپقانلىرىمۇ بولىدىغان قىزلار ئىدى، بىراق ئۇ چاغلاردا مېنىڭ كۆڭلۈم پاتىگۈلگە بەكرەك سوقاتتى. ⑦ چىقماق، ئۇرماق (شامال، بوران ھەققىدە): شىمالدىن سوققان شۇئىرغان ئازادە ئاسفالتلىق كوچىلاردا سىم تاناپلىرىنى يەڭگىل ئۇششۇرتۇپ، غازاڭسىز يۇمران سېدە شاخلىرىنى بىر ياققا قىيسايتقىنىچە يان كوچىلارغا، بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا شۇڭغۇيتتى. * ئىككى قىرغىقى پېچاقتا كەسكەندەك تىك يارلىق چوڭقۇر سايدىن تومۇزنىڭ ئىسسىقنى بېسىپ، ساپ، سالقىن شامال سوقۇپ تۇراتتى. ⑧ تەپمەك، ئۇرماق (توك ھەققىدە): كېرەم توك سوقۇۋەتكەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى-يۇ، شۇ زامانلا يەنە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك «لاسسىدە» ئورۇندۇققا چاپلىشىپ قالدى. * مۇھەببەتلىك كۆزلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا قاراسلاپ چاقماق چاققاندەك، يۈرەكلىرىنى توك سوققاندەك بولۇپ ھەر ئىككىسى كارىدورنىڭ ئىشىكىدە ئۆزىنى يوقاتقاندەك تۇرۇپ قالدى. ⑨ يوللىماق، ئەۋەتمەك، بەرمەك (تېلېفون، تېلېگرامما ھەققىدە): ئۇ، بوغۇزىغا تونۇرنىڭ تەپتىدەك گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان نەپسىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئىدارە دوختۇرخانىسىغا، ئاندىن ماشىنا كالونىغا، ئاندىن قانداقتۇر يەنە بىر يەرلەرگە جىددىي تېلېفون سوقتى. * ئۇ ئالدى بىلەن ئۇرۇمچىگە تېلېگرامما سوقۇپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولدى. ⑩ كۆچمە. ئوغرىلىماق، ئېلىۋالماق؛ باپلىماق، جايلىماق: ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ (ماقال). * سەمەت ئاكام ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىن 1500 يۈەننى ئېلىپ، پايدىسى چىققۇدەك بىر ئوقەت قىلىش نىيىتىدە شەھەرگە كىرگەنىكەن، بۇ ساددا بىچارىنى بىر ياۋۇز ئەبلەخ سوقۇپ كېتىپتۇ. * قېنى يۈرۈڭ، سىرتقا چىقىپ قاراپ باقايلى، ئەگەر ئۇ سىرتتا بولمىسا، سومكىڭىزنى چوقۇم شۇ سوقۇۋېلىپ قاچقان بولۇشى مۇمكىن! - دېدى يىگىت. ⑪ كۆچمە. يېمەك، يەۋالماق: دېرىزىنىڭ پەردىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەچكە، ئۆي ئىچى غۇۋا ئىدى. شۇڭا ئايىمخان گۈلسۈمنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىماي، يالغۇز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پولۇنىڭ گۆشلىرىنى خىللاپ سوققىلى تۇردى.

**سوقۇر** سۈپ. كۆزى كۆرمەيدىغان، قارىغۇ: سوقۇرنىڭ ھىيلىسى شەيتانغا دەرس (ماقال). * ساق كۆز يىغلىسا، سوقۇر كۆزدىن ياش چىقار (ماقال). * يۇرتقا قاتتىق جىنايەتچى، ئىككى يۈزلۈك، سوقۇر كۆزلۈك، ئىككى تىللىق، ئىككى سۆزلۈك.

**سوقۇرئۈچەي** ئى (سوقۇر+ئۈچەي) ① <ئانات> چوڭ ئۈچەينىڭ بىر قىسمى. ئۈستى يانپاش ئۈچەي بىلەن، ئاستى بوغماق ئۈچەي بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋەنكى ئۇچىدا سازاڭسىمان ئۆسۈكچە بولىدۇ. ② <تب> سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى: تۇنۇگۈن ئىشتىن چۈشۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا، بىر كېسەل كىشىنى ئېلىپ كېلىشتى. تەكشۈرۈپ قارىساق، جىددىي خاراكتېرلىك سوقۇرئۈچەي ئىكەن. * خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئاكۇپۇنچۇر ئۇسۇلى بىلەن سوقۇر ئۈچەي ۋە باشقا خەتەرلىك

كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا بولىدىكەن.

**سوقۇرئۇچەي ياللۇغى** <تىب> ① بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغلانغاندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا پۈتۈن سوقۇرئۇچەيگە كېڭىيىدۇ. ② بۇ خىل كېسەللىك بىلەن سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغىنىڭ ئورتاق نامى.

**سوقۇش** ① ئى «سوقماق III» پېئىلىنىڭ يەنە بىرخىل ئىسىمدىشى. ② ئۇرۇش، جەڭ، كۈرەش؛ جېدەل-ماجىرا: سوقۇش قىلماق. سوقۇش بولماق. * مىلتىق ئاۋازلىرى توختاپ، ئۇلار ئوردىغا قايتىپ تۇرۇشىغا، دورلۇق تەرەپتە يەنە ئېتىشىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ئەمدى چېيەن دارىنىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن دورلۇقتىكى جويلۇ چېرىكلىرى ئارىسىدا سوقۇش بولۇۋاتاتتى.

**سوقۇشتۇرماق** ① «سوقۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② بىر-بىرىگە ئۇرۇشتۇرماق: ھەممە يەلەن ئورنىدىن تۇرۇپ رومكىلىرىنى سوقۇشتۇردى. ئەينەك رومكىلار بىر-بىرىگە تەگكەندە جاراڭلىغان ئاۋازلار چىقتى.

**سوقۇشتۇرۇشماق** «سوقۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئامان قالغانلارنىڭ سالامەتلىكى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى ۋە ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن رومكىلىرىنى جاراڭلىتىپ سوقۇشتۇرۇشتى.

**سوقۇشتۇرۇلماق** «سوقۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باۋۇدۇن بىلەن شاۋۇدۇنىڭ قەدەھلىرى ئۈچىنچى قېتىم سوقۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قېرىن-باغرىدىكى سىرلىق «پاراسەت» ئامبىرىغا قاملىپ كېلىۋاتقان ھېسسىيات دولقۇنلىرى تېشىغا تېپىشكە باشلىدى.

**سوقۇشقاق** سۈپ. ئاسان ۋە تېز سوقۇشۇپ قالىدىغان؛ جېدەلخور: سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس (ماقال). * جېدەل دېسە، بېلىنى نەچچە يەردىن باغلاپ چىقىدىغان بۇ سوقۇشقاق يىگىت ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سورىمايلا ئىنجاتقا دېۋەيلەپ كەلدى. * ئاتا-بالا يەنە سوقۇشقاق خورازلاردەك بىر-بىرىگە ئېتىلىشقا تەييارلىنىشتى.

**سوقۇشقاقلىق** تولا سوقۇشىدىغان، سوقۇشۇشتىن قاچمايدىغان مىجەز، قىلىق، ئادەت: رەيھان كۆز ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ، بىرچاغلاردا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۆزىنىڭ دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، سوقۇشقاقلىقى بىلەن ھەممىنى بىزار قىلىپ، «مەخمۇت دودەن» دەپ نام ئالغان.

**سوقۇشماق** پ ① «سوقماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزىنى بىر، ئىككى مويسىپىت باش لىڭشىتىپ تەستىقلىغان بولدى، ئەمما باشقىلار ھەر خىل پاراڭلارنى سوقۇشۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلمىدى. * يەتتە-سەككىز ئادەم ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن سوقما تام سوقۇشۇپ بەردى. ② جەڭ، كۈرەش قىلماق: — مەن ئېيتسام، يەنە سوقۇش بولۇپ قالسا، پىلان بىلەن سوقۇشساق بولىدۇ، — دېدى پېشقەدەم پەيجاڭ. ③ جېدەل پەيدا قىلماق، ئۇرۇش-تالاش قىلماق، جېدەللەشمەك، ماجىرالاشماق، غوۋغا چىقارماق: ئاۋۋال سوقۇشۇپ، ئاندىن دوست بول (ماقال). * شۇ پەيتتە سوقۇشۇۋاتقان ئىككى دېھقانىنىڭ قايسىسىغا ئەپ كەلسە شۇ كىشى كەتمەن بىلەن ھەسەننى ئۇرۇپ يىقىتىدۇ. ئىش كېرەم بەگنىڭ ئويلىغىنىدەك باشلىنىدۇ. * مەن ئويلىنىۋېلىپ ئۆز گۇمانىمنىڭ توغرىلىقىغا قاتتىق ئىشەندىم، ئاچچىقىم كەلگەنسېرى، تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقۇم كەلدى.

**سوقۇلما** ئى <ماشن> سوقۇپ ياسالغان دېتال.

**سوقۇلماق** « سوقماق III » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوتياشلىق كۆرۈندى. ئوتياشلىقنىڭ ئالدىدا بىر-بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان بىرنەچچە ئىمارەت چۆرىسىگە تام سوقۇلغان، هويلىسىدا تال-بېدىشلىرى بار، سالاسۇنلۇق، پېشايۋانلىق ئازادە ئۆيلەر كۆزگە چۈشۈپ تۇراتتى. * مەنسۇر كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، دەلدەڭشىپ قىرغاققا قاراپ ماڭغان ماتۇتقا سوقۇلۇپ كەتتى.

**سوقۇم** ئى. قىشلىق ئوزۇق ئۈچۈن تەييارلانغان گۆش: — ئەندىشە قىلما، خوتۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئاتنى ئۈچ-تۆت يىل ئىشلىتۋالىمىز-دە، ئاندىن سەمرىتىپ سوقۇم قىلىمىز.

**سوقۇم قىلماق** قىشتا يېيىش ئۈچۈن بىرەر سېمىز، چوڭراق مال سويماق.

**سوقۇندى** سۈپ. ئىتتىرىلگەن، سوقۇلغان، خارلانغان: سوقۇندى بولماق.

**سوقۇندى بولماق** ئىتتىرىلمەك، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرمەك، خارلانماق.

**سوقچاق** سۈپ. شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدىغان، بىرئاز سوقا، ئۇزۇنچاق: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ، بىر نۆۋەت ئوقۇپ چىقتى. سوقچاق تامغىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى ئاستىغا باستى. خەتنى لېپاپقا سالدى-دە، بىر پۇقراغا بېرىپ ئۇنى يولغا سالدى. * بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇمەنىڭ سوقچاق يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرى تارتىشىپ، ئىششىغان قاپاقلىرى لىپىلداپ، بىر مىنۇتچە قېتىپ قالدى.

**سوقچاق شال** <بوت> شالنىڭ بىر خىلى. غولى بىرقەدەر ئېگىز ۋە يۇمشاق، يوپۇرمىقى سارغۇچ يېشىل، دانلىرى شالاڭ، گۈرۈچى ئۇزۇنچاق ھەم ئىنچىكە كېلىدۇ.

**سوقچى** ئى. سوقا ھەيدەيدىغان ئادەم: سوقچى قىز. سوقچى يىگىت.

**سوك** تەق. ئات ۋە ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ سىلكىنىپ، قاتراپ، قوپال مېڭىش ھالىتى.

**سوكال** سۈپ. كالتە، چولاق: سوكال قۇيرۇق. * رۇستەم بىلەن ئايخان بۇ يوچۇن كىشىنىڭ كىملىكىنى ئويلاپ بولغۇچە، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن سوكال قۇيرۇق ئايغىرمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى. * مايمۇن بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، سوكال قاناتلىق قاپقارا بىرنەرسە سۆز ئالدى.

**سوكسوك** سۈپ. سىلكىنىپ، قاتراپ، قوپال ماڭىدىغان: بۇ ماشىنا جۇمە سىلكىغا ئون يىلدەك چاپانچىلىق قىلدى، قاچان قارىساڭ ئۇنىڭ كەينىدە سوكسوك ئاتتەك قاتىرىغان.

**سوك-سوك** « سوك » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتنىڭ « سوك-سوك » قىلىپ مېڭىشى مېنى بەكمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى.

**سوكنا** ئى [ر] يۇڭ يىپتىن قېلىن ھەم زىچ قىلىپ توقۇلغان بىر خىل رەخت. كۆپىنچە پەلتۇ ھەم قىشلىق كىيىملەر تىكىلىدۇ: سوكنا پەلتۇ. * سانائەت تارماقلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا دېھقانلارنى ئويلىشىنى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلارغا قارىتىپ، سۈپەتلىك تاۋارلار، مەسىلەن، سافا، سىم كارىۋات، تېلېۋىزور، سوكنا قاتارلىق نەرسىلەرنى يېزىلارغا ئېلىپ كېلىپ سېتىشنى ئۇمىد قىلىمىز.

**سوكۇلداتماق** « سوكۇلدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئەمدىلا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇراتتۇق، ئالدىمىزدىن ئېشىكىنى سوكۇلدىتىپ دادام چىقىپ كەلدى.

**سوكۇلداشماق** « سوكۇلدىماق » پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە مالنىڭ كەينىدە سوكۇلدىشىپ يۈرۈشەتتى.

**سوكۇلدىماق** پ. يۈگۈرگەندىن ئاستىراق، ئادەتتىكى مېڭىشتىن ئىتتىكرەك بىرخىلدا قاتراپ ماڭماق: مەن ئۇنىڭ كەينىدىن، خۇش ياقمىغاندەك، سوكۇلداپ كېتىپ بارىمەن. ئاخىرى، كۆزلىگەن يەرگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. * ئوغرى گويا زەنجىرگە باغلانغان ئىتتەك ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن بىر قەدەممۇ قالماي سوكۇلداپ كېلەتتى.

**سوڭ** ① ئى. ئارقا، كەينى: — مېڭىۋەر، كۆڭلۈڭ تارتىشىپ تۇرغاندۇ. كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتسا، شۇنىڭ سوڭىدىن قالما دېگەن مۇشۇ، — دېدى بىيەنشۇن. ② ئى. پۇت، ئاياغ قاتارلىقلارنىڭ ئارقا قىسمى: پۇتنىڭ سوڭى. خەينىڭ سوڭى. كەشىنىڭ سوڭىغا دەسسىمەك. * ئۇ ئىنجىقلاپ قوپقىنىچە بولغانىغان لاتا ئاياغىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ، ئۆردەكتەك تاپىتاڭلاپ يولغا راۋان بولدى. ③ رەۋ. كېيىن: بۇندىن سوڭ. شۇندىن سوڭ. ④ <ئانات> توغرا ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئۈچىدىكى ئېغىزى، مەقەت. چوڭ تەرەت بۇ ئېغىز ئارقىلىق تەننىڭ سىرتىغا چىقىدۇ: سوڭى چىقماق. سوڭ ئاقمىسى.

**سوڭ ئاقمىسى** <تىب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا توغرا ئۈچەينىڭ سوڭىغا يېقىن جايلىرىدا يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولۇپ، ئاقما يارىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بەزىلىرىدە، سوڭىنىڭ يېنىدا يېرىق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىرىڭلىق قان ئاقىدۇ.

**سوڭى چىقىش** <تىب> توغرا ئۈچەي ياكى «S» شەكىللىك ئۈچەي ئۈچى سوڭىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنى كۆپىنچە ئۇزۇن مەزگىللىك قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش ۋە بوۋاسىر قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سوڭىغا كىرمەك** ← **ئارقىسىغا كىرمەك**: ئۇ، بۇ ئايالنى قولىغا چۈشۈرگەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى جىنسىي تەلپىنىلا دەپ ئۇ ئايالنىڭ سوڭىغا كىرىپ يۈرگەنلىكىنى سەزدى.

**سوڭباغ** ئى (سوڭ+باغ) ئاتقۇچىلىق دۇكىنىدا ئېگەك ئاستىنى غول ياغاچقا چېتىپ تۇرىدىغان كىرىچ.

**سوڭداش** سۈپ. بىر-بىرىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان، يانمۇيان، ياندىش: ياندىكى سوقما تام سوڭداش باغلاردا، تۆكۈلۈپ چۈشمەكتە ئاخىرقى غازاڭ.

**سوڭداشتۇرماق** «سوڭداشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سوڭداشماق** پ. ئارقىسىدىن، كەينىدىن ماڭماق، ئەگەشمەك: ئۇلارغا سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق چېرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناس رەڭ پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، قاسقانلىق شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان شىڭ شىسەي يوغان تورۇق ئات ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇراتتى. * قاسىمجان يولدىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىرەك سوڭدىشىپ باراتتى.

**سوڭدىماق** پ. دىئال. پۇتنىڭ سوڭى بىلەن دەسسىمەك، چەيلىمەك، چىڭدىماق.

**سوگره** رەۋ. كېيىن، كەينىدىن: مىنۇپ مەزىن توۋا-ئىستىغپاردىن سوگره تەسۋىنى قولىغا ئېلىپ دۇرۇت ئوقۇشقا تۇتۇندى. * ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھلارنىڭ شاھى، شەھرى شەبىستاندىكى ئەلنىڭ پاناھى، سالامدىن سوگره، كەمىنىلىرى ئۆزلىرى بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىشنى، خەلقلىرىمىزنىڭ بېرىپ-كېلىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنى ئارزۇ

قىلار ئىدىم.

**سوگسوك** ئى (سوك+سوك) سوگى چىقىپ كەتكەن ئادەم: قادىر سوگسوك.

**سوگسىز** سۈپ. سوگى، ئاپقۇتى يوق، سوگى بولمىغان: بىردىن كوچا تەرەپتىكى ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، ئۆيىنىڭ جىملىقىنى بۇزدى. خىزمەتكار موماي سوگسىز كەشىنى سۆرەپ چىقىپ كەلدى.

**سوگغاق** سۈپ. ئاپقۇتى، سوگى تولا دەسسىلىپ مىجىلىپ كەتكەن، يەنچىلىپ كەتكەن: سوگغاق كەشنى پۇتىغا سىپىپ مەشنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۆمىن ياۋاش سەل ھودۇقۇپراق سۆزلەشكە باشلىدى.

**سوگغى** سۈپ. يېز ت. كېيىنكى: پەن-بىلىم گۈلزارىدا قۇچتى كۆشادلىق دىل بۇگۈن، سوگغى پۇشايمان نە كېرەك كۆڭلىدە ھېساب بولمىسا.

**سول** I ئى. ئورمىچىلارنىڭ مەلۇم كەڭلىكتە ئورۇپ ماڭغان يولى: سول ئالماق. سول ئاچماق. * ھەدەپ ئورما ئورۇۋاتىمىز، يېنىمىزدىكى سولغا چۈشكەن ئىككى قىز ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا ئورۇپ ئۆتۈپ كەتتى. * سولنى ئېلىپ ئېتىزنىڭ چىقتىم نېرى چېتىگە، كۆزۈم چۈشتى شۇ چاغدا قوشنا ئېتىز ئىچىگە.

**سول ئاچماق** ← **سول يارماق**: بۈگۈن ئانار، ئايشەم قاتارلىقلار ئالدىن سول ئېچىپ ماڭدى.

**سول ئالماق** بەلگىلىك كەڭلىكتىكى جاينى ئورۇپ ماڭماق، سول تارتماق: بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن قەدىمىنى ئىختىيارسىز ئاستىلىتىپ كېلىپ توختاپ قالدىم. ناخشا ئېيتىۋاتقان يىگىت كەڭ بىر سول ئېلىپ يالغۇز ئورما ئورۇۋاتاتتى. * ئىشقا چۈشتى بىر جۈپ قىز-يىگىت بىر-بىرىگە ياندىاش سول ئېلىپ. بەسلىشىشتى ئۇلار ئۆزئارا، چىقماق ئۈچۈن

ئورۇشتا ييگىپ.

**سول تارتماق** ئۆزى چۈشكەن سولنى ئورۇپ ماڭماق: دەسسىگەن مۇز ئويۇلۇپ كەتكەندە پىيمىسى بىلەن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن يىگىتنىڭ كۆلكىسى، بىر پۇتى چۈشۈپ كەتكەن چانىنىڭ ئوق ياغىچىدىن تارتىشىۋاتقان ياشلارنىڭ قىقاسلىرى، قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە سول تارتىپ كىرىپ كەتكەن زەربىدار قىزلارنىڭ ناخشىلىرى پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغانىدى.

**سول يارماق** ← **سول تارتماق**: ئۇلار سۇ بېشىغا چىقتى-يۇ، ئارامىۇ ئالماي يەنە سول يېرىپ كەتتى. چۈنكى ۋالى بۇغدايىنى ئورۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىشى كېرەك ئىدى. * بۇغدايغا گۈل شېخى گىرەلەشكەندەك، سول يېرىپ بارماقتا گۈل چىراي بىر قىز.

**سول** II سۈپ ① گەۋدىنىڭ يۈرەك جايلاشقان تەرىپىدىكى، ئوڭنىڭ ئەكسى تەرىپىدىكى: سول قول. سول يان. * ئەقلىم ئېلىپ قولۇمغا، باقتىم ئوڭ ۋە سولۇمغا، چىراغ ياقماي دىلىمغا تەۋەككۇلغا باقماسمەن. * ئانا ماگار خۇرسىنىپ ئاستا بۇ پىغانلىق شەھەر يولىدا. ئەنە «بۇلاقبېشى» كوچىسى. دەرەخ، ئۆيلەر ئوڭ ۋە سولىدا. ② كۆچمە. سىياسەتتە ئالدىراقسانلىق بىلەن تېز ۋە تۈپ ئۆزگىرىش قىلىشنى خالايدىغان: كورلا ناھىيىسىدە سەككىز ئامانەت-قەرز كوپىراتىپى بار بولۇپ، ئۆتكەندە «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پايدا ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇزۇن ۋاقىت ھەر يىلى زىيان تارتىپ «داش قازان» نىڭ تامىقىنى يەپ كەلگەنىدى.

**سول قانات** ① ئۇچار قۇش، ئايروپىلان، ئىشىك-دېرىزە قاتارلىقلارنىڭ سول تەرەپتىكى قانىتى. ② <ھەرب> **ئۇرۇش ۋاقتىدا** سول تەرەپتە تۇرغان قىسىم ياكى

ئىستىھكام. ③ بەزى سىنىپ، گۇرۇھ
ياكى سىياسىي پارتىيە ئىچىدىكى ئىدىيە
جەھەتتە ئىلغار ياكى ئىنقىلابقا مايىل
بولغان تەرەپ، ئېقىم، مەزھەپ: سول
قانات ئەدىب. * 1917-يىل 12-ئايدا ئۇنىڭ
سول قانىتى مۇستەقىل سولچىل سوتسىيال
ئىنقىلابچىلار پارتىيىسىنى تەشكىل قىلدى.

**سول قول ۋەزىر** رەت تەرتىپى جەھەت-
تە ئوڭ قول ۋەزىردىن كېيىن تۇرىدىغان،
ئورۇن جەھەتتە پادىشاھنىڭ سول
تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان ۋەزىر: — سول
قول ۋەزىرلىرى ئۇلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ
بەرسە، مەن ئۇستىلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ
تەختنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ
بېرەي، — دېدى پادىشاھقا.

**سول** III ئى. پېرۇنىڭ پۇل بىرلىكى.

**سولاتماق** «سولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: ئۇ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مېنىڭ
ئاكامنى بېدە-سامان ئالۋىنى بەرمىدىڭ
دېگەن گەپ بىلەن پولك كوماندىرىغا چېقىپ،
يامۇلغا سولاتتۇەتتى.

**سولاش** سۈپ ① قورۇلغان، پورلاشقان،
سولغان: سولاش سەۋزە. ② كۆچمە.
جۇشقۇنلۇقى يوقالغان، بوش: قاۋۇل
ئاكامنىڭ چوڭ ئوغلى سولاش بىر بالا بولۇپتۇ.
* ئەمما ئۇ سەت، سولاش قىزنىڭ يېنىدىن
كېچە-كۈندۈز كەتمەي ئاجايىپ چىرايلىق بىر
چوكان خۇددى چىراغنى چۆرگىلىگەن پەرۋا-
نىدەك پىرقىراپ يۈرەتتى.

**سولاشتۇرماق** «سولاشماق II» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: يار ۋاپاسى بارمىكىن
دەپ بەردىم كۆڭلۈمنى، كۆڭلى يوقكەن
سولاشتۇردى غۇنچە كۆڭلۈمنى.

**سولاشماق** I «سولىماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قاسىمنى «جېدەل
تېرىدىك» دېگەن باھانە بىلەن تۈرمىگە
سولاشتى.

**سولاشماق** II پ ① <بوت> ئۆسۈملۈكلەر-
نىڭ غولى، يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە مېۋىسى
قېرىش ياكى ئوزۇقلۇق ھەم سۇ كەمچىل
بولۇش سەۋەبىدىن قورۇلماق، پۈرلەش-
مەك؛ سولماق: ئۇزۇن ئۆتمەي ئېتىزلاردىكى
مايسىلار ئۆسەلمەي سارغىيىپ كېتىپتۇ. تاغلاردى-
كى دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ سارغىيىپ،
سولىشىپ، ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. * كەڭ تاختىلاردى-
كى سولىشىپ، شۈمشىيىشكە باشلىغان چىلگىلەر
جامائەتنىڭ سۇلايمانىنىڭ قىلمىشىغا بولغان
غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىدى. ② كۆچمە. تېتىك،
جۇشقۇن ھالىتىنى يوقاتماق، ھالسىز،
روھسىزلانماق، چۈشكۈنلەشمەك؛ بوشاش-
ماق، سوۋۇماق، سۇسلاشماق: بۇ مەنزىرى-
نى كۆرگەن ياشلار قولىدىكى نەرسىلىرىنى
يىغىشتۇرۇپ، سولاشقان ھالدا چىقىپ كېتىشتى.
* ئۇ ھازىرقى ھالىتى بىلەن ئېرىگە قانداق
كۆرۈنۈشنى بىلەلمەي قالدى. سولىشىپ كەت-
كەن، تەرلەپ كەتكەن مۇشۇ ھالىنى كۆرگەن
ئېرى ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغىنىدا،
قانداق جاۋاب بېرىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمە-
دى. * ئەمما بۇ ئايالنىڭ ئەزىزىخانىغا بولغان
ياخشىلىقى ۋە ئىشەنچىسى ناھايىتى تېزلا
سولىشىپ قالدى.

**سولاق** ① سۈپ. قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلان-
غان، زەنجىرلەنگەن، ئېتىلگەن: سولاق
ئۆي. سولاق زال. * مەن كەلگەندە ئۆي
سولاق ئىدى. ② ئى. مەھبۇسلارنى
سولايدىغان جاي، تۈرمە: سولاقتا ياتماق.
سولاقتىن چىقماق. * ئەنۋەرنىڭ سولاقتىن
قېچىشىدا دەسلەپتە ئويلىغىنى ھېزىم بىلەن
ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ تەرىپىدىن توقۇلغان بۇ
شەرمەندە ئىغۋانىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تېپىپ

چىقىش ئىدى. * ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، سولاقتىكى بەش كىشى بىلەن سالى دورغىنىڭ ئوغلى قايتىپ كەلدى.

**سولاق خادىمى** <قا> سولاقتىكى مەھبۇسلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل خىزمەتچى خادىم؛ گۈندىپاي.

**سولاقخانا** ئى <قا> مەھبۇسلار سولاپ قويۇلىدىغان ئورۇن؛ قاماق، تۈرمە: — ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە، — دېدى بايىقى دۇكامەت دېگەن كىشى، — بۇ ئامبال قۇمۇلغا كېلىپ، ئۈچىنچى كۈنىلا شەن يامۇلنىڭ سولاقخانىسىدىكى گۇناھكارلاردىن گەپ سوراپتىمىش، ئۇۋال بولۇپتۇ دەپ تۆت كىشىنى چىقىرىۋېتىپتىمىش. * ئۆلۈم دېگەن نەرسە خىيالىمدىمۇ يوق. بىرچاغدا قارىسام، ئابلىز قارىنىڭ سولاقخانىسىدا يېتىپتىمەن.

**سولاقلىق** سۈپ ① قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلانغان، زەنجىرلەنگەن: ياسىن ئۆيىگە كەلگەندە ئۆي سولاقلىق بولۇپ، ھېچقانداق تاۋۇش ئاڭلانمايتتى. ② تۈرمىگە ئېلىنغان، سولاپ قويۇلغان: بۇ ۋاقىتتا ئابدىم تېخىچىلا ماخونىڭ يەم-بوغۇز قويىدىغان ئۆيىدە سولاقلىق ئىدى.

**سولامچى** ئى. ئىككى جىنسنىڭ غەيرىي-نورمال مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگۈچى، ئۆلارنى ئورۇن، جاي بىلەن تەمىنلىگۈچى ئادەم: — ئۆتكەندە مەمەت ئەيسا دېگەن سولامچى خوتۇننى بۆگۈرگە يولغا سالىدىغان چاغدا مەندىن 80 سوم سورىغانىدى، — دېدى ئۇ.

**سولامچىلىق** ئى. سولامچىلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت: ئۆتكەن يىلى مىڭ دىڭچاۋ دېگەن جۇيجاڭغا مۇشۇ يەردىكى لوخور، ھېكىم، مەمەت ئەيسا ۋە باشقىلار بەس-بەس بىلەن ئاياللارنى تونۇشتۇرۇپ، سولامچىلىق قىلغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟

**سولانماق** ① «سولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — ۋاي خۇدايىمەي، ساڭا نېمە بولدى، ئەمدى؟ ئالتە كۈن قىرائەتخانىدا ئولتۇرۇپ تويماي، بۈگۈن يەنە كۈتۈپخانىغا سولىنىۋېلىپ نېمە كەپتىكەن؟ — دېدى پاكار دوغىلاق كەلگەن بىرى قەيسەرگە تاماكا ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ. ② «سولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى كامېرلارغا يەككە-يەككىدىن سولاندى. ھىلال ئاۋۋالقى كامېردا تەنھا قالدى.

**سولتايماق** پ. بوشاشماق، سولاشماق، سولىشىپ كەتمەك: باقى ھەر كۈنى مەسچىت ئالدىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ. باھارخان مەھەللە بېشىدىن ياكى ئايىغىدىن كۆلۈمسىرەپ، بولمىسا سولتىيىپ كېلىدۇ.

**سولتەك** ① سۈپ. قىسقا، كالتە، سوكال، چولاق: مەن ئاشۇ كۈنلەردە ياش باللار نەرە تارتىپ، دۇمباق چېلىپ كونىلىقنى ئىزدەۋېتىپتۇ، قىرىلارنىڭ ساقىلىنى، خوتۇنلارنىڭ چېچىنى قايچىلاپ، ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنىڭ پەشلىرىنى قىرقىپ، خەقلەرنى سولتەك قىلىپ قويۇپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. * جەڭدە سەن ياۋ كۆكسىگە خەنجەر ئىدىڭ، ھېچقاچان باش ئەگمىگەن قەيسەر ئىدىڭ؛ ياۋ سېنىڭدىن ھەر قەدەمدە زەربە يەپ، زارلىنىپ، سولتەك خورازدەك بازغىنان. ② ئى. كۆچمە. تىل-ھاقارەت سۆزى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، «ئەقلى يوق، ئەقلى قىسقا، ئەقلسىز؛ يوقسۇل، گاداي» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ: — پاھ، قاراڭلار ماۋۇ سولتەكلەرنى، قەلەندەر ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالماپتۇ، دېگەندەك،

ئاچسنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئەمدى ئېشىپ-- تاشقۇدەك يەپ-ئىچكىلى تۇرۇۋېتۇ، – دېدى ئۇ مەسخىرىلىك ئاۋاز بىلەن. * بىر ئورام تاماكىنى ئوراپ ئەمدى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا، پۈپۈكلۈك نەيزىلەرنى كۆتۈرگەن، يەڭ بەلگىسى تاقىغان تۆت سولتەك تاپىنىمنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ ئەدەكلا پەيدا بولۇپ قالدى.

**سولچى** I ئى. سول ئالغۇچى، سول يارغۇچى: سولچىلار قىر بېشىغا كېلىشتى.

**سولچى** II ئى <پەلس> ① بىرەر سىنىپ پارتىيە تەشكىلاتى ئىچىدىكى سىياسىي جەھەتتىن ئىنقىلابقا مايىل، ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بولغان كىشىلەر. ② شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچىنى پەرق ئېتەلمەي، ئىنقىلابىي كۆرەش داۋامىدا ئالدىراقسانلىق قىلغان كىشىلەر.

**سولچىل** سۈپ. شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچىنى پەرق قىلالماي، ئىنقىلاب داۋامىدا ئالدىراقسانلىق قىلىدىغان: سولچىل ئاغمىچىلىق.

**سولچىل ئاغمىچىلىق** <پەلس> ئاغمىچىلىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ بەلگىلىرى: ئىدىيە جەھەتتە ئوبيېكتىپ جەريانىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قېلىپ، قۇرۇق خىيالغا بېرىلىش ۋە قارغۇلارچە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ سىنىپىي كۆرەش مەسىلىسىدە، كەڭ دائىرىدە زەربە بېرىش، كۆلىمى زور بولغان كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش، تەۋەككۇلچىلىك ۋە قارامىلىق قىلىش ئارقىلىق؛ تەشكىلىي جەھەتتە بولسا، مەزھەپچىلىك ۋە بېكىنمىچىلىكنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**سولچىللىق** «سولچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمەلىيەت «ئېچىلىش-سايراش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئىككى سەپ كۆرىشىنى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭدا سولچىللىق بولسا، سولچىللىققا قارشى تۇرۇشنىڭ، ئوڭچىللىق بولسا، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئىسپاتلىدى.

**سولچىلىق** «سولچى» سۆزىنىڭ ئابستىراكت ئىسىم شەكلى: ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» داۋامىدا سولچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولغان كىشىلەر ئازمۇ؟

**سولخاي** سۈپ ① سول، چەپ: ئاشۇ سولخەي كەش بىرلە «ئەرش»كە سەكرىگەن يىللار، بەھەر بەرمەي بىكار ئاقتىڭ كۆمۈلگەچ قىممىتىڭ، تىزناپ. ② چوكا تۇتۇش، خەت يېزىش، كەتمەن چېپىش قاتارلىق ئىشلارنى سول قولى بىلەن قىلىدىغان: سولخاي كىشى. سولخاي بالا. * – قارىي ئاخۇنۇم سولخاي ئىكەن، ھە، – دېدى قارا بوسۇق ئۇنىڭ خەتنى سول قولى بىلەن قىينىلىپ يېزىۋاتقىنىنى ۋە قۇرلارنىڭ قىڭغىر-سىڭغىر چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ.

**سولخەي** (توغرىسى: سولخاي) ← سولخاي.

**سولدات** ئى (ر) ① ئەسكەر، جەڭچى. ② قارتا ئويۇنىدىكى ئونلۇقتىن يۇقىرى، ماتكىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان، ئۈستىگە ئەسكەرنىڭ سۈرىتى ۋە «J» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كارتا.

**سولداش** ئى. ئورمىدا يانمۇيان سولدا ئورما ئورىدىغانلار: شۇ قايناق ئېتىزدا بىر جۈپ قىز-يىگىت، بەس-بەستە ئۆزۈشەر، ئىككىسى سولداش. كەتمىنى چاقنايدۇ بىر جۈپ ئاي كەبى، ئۆزۈشەر سەپداشلار ئارا بولۇپ باش.

**سولدۇرماق** «سولماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى: سۇسىزلىق مەشرەپ ۋە باراۋەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان باغ-ۋارانلار-نى سولدۇردى، تىرىلغۇلارنى ۋەيران قىلدى. * گۈل باقساڭ ئوبدان باق، سولدۇرما ھەرگىز، بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرما ھەرگىز.

**سولدۇرۇشماق** «سولدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سولغۇن** سۈپ ① سولغان، سولاشقان: سولغۇن ياپراق. سولغۇن چېچەك. * ئەگەر سەن ۋاپا گۈلىنى سولغۇن ياكى توزىغان ھالەتتە كۆرسەڭ، مېنىڭ ۋاپاسىزلىق بولغا كىرگەنلىكىمدىن بېشارەتتۇر. * باغقا كىرسەم تۇرىدۇ ئاپتاپپەرەس، شۇنچە گۈللەر ئالدىدا يەرگە قاراپ. بېشى چۈشكەن ئېگىلىپ كۆكسىگىچە، ياپرىقى سولغۇن ئۇنىڭ ھالى خاراب. ② كۆچمە. چىرايى سارغايغان، رەڭگىدىن كەتكەن، بوشاشقان، روھى چۈشكەن: سولغۇن چېھرە. سولغۇن چىراي. سولغۇن يۈز. * بىركۈنى شاھزادە، ۋەدە بويىچە ئورمانلىققا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا قىزنىڭ چىرايى سولغۇن، دىلى سۇنۇق غەمكىن ھالەتتە تۇرغۇدەك. * ئۇ، ئىنتايىن روھسىز ۋە سولغۇن ھالدا دۇكاندىن چىققاندا، ئالدىنقى كۈنلەردە ئۆزى چاپقان ئىرىقى بىلەن ئۆزى يۇمشىتىپ قويغان شىغىل توپىلار كۆز ئالدىغا كەلدى. * ئۇ، پۈتۈنلەي ھالسىزلانغانىدى، سولغۇن گەۋدىسى كەچكۈز-نىڭ ئۈششۈك تەككەن غازاڭدەك دىرىلدەيتتى.

**سولغۇنلاشماق** پ. سولغۇن ھالەتكە كەلمەك، سۇسلاشماق: مەن بىر قاراپلا قەمبەرخاننىڭ نېمىدىندۇر ئالاقزادە بولۇپ، تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى، چىرايىنىڭمۇ باشقىچىلا سولغۇنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

**سولغۇنلۇق** ئى. سولغۇن ھالەت، سولغۇن كەيپىيات: بىر ئۆمرىدە رەنج تارتمىغان بۇ ئەر-خوتۇنلارنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق، كۆزلىرىدىكى دەرد-ئەلەم ئىپادىسىنى كۆرۈپ «ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر بەختسىزلىك سادىر بولغان ئوخشايدۇ» دېگەن تونۇشقا كەلدۇق.

**سوللۇق** ئى. سولچىل سىياسەت: ئۇلۇغ بۆرۈلۈش سائادەتلىك يول، بۈيۈك قۇرۇلۇش ئەتىمىزگە ئۇل. سوللۇققا تولۇق بەردۇق خاتىمە، كۆلدى بەختىمىز سەن تۇتقاچقا رول.

**سولماق** پ ① ئۆسۈۋاتقان ياكى يېڭى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتىكى ياش ھالىتىنى يوقاتماق، سالپايماق، قورۇلماق، سولاشماق (ئۆسۈملۈك ھەققىدە): شەرىپەنىڭ بېشى تۆۋەن چۈشكەنىدى. گۈلدەك چىرايى سولغان ياپراققىلا ئوخشايتتى. كۆزلىرىدىن ئاچچىق ھەسرەتنىڭ ئوتلىرى پىلدىرلايتتى. * ئۇ بىر گۈلكى، قىش-زىمىستاندا، بەرگ ئۇرار، چېنىقار سولماس. تاغ گۈلىنىڭ ئاشۇ سەۋەبتىن، گۈزەللىكى تەرىپكە سىغماس. ② كۆچمە. روھلۇق، جۇشقۇن ھالىتىنى يوقاتماق، سارغىيىپ رەڭگىدىن كەتمەك، بوشاشماق: گەرچە ئۇنىڭ ئايالى ياش چاغلىرىدا تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىلەردىن بولسىمۇ، يىللار ئۆتكەنسىرى رەڭگى سولۇپ ئايدەك يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قېلىپتۇ. * سىزنى كۆرۈپ ئوتىڭىزغا دۇچار بولدۇم، ۋەسلىڭىزگە يېتەلمەس-تىن قورۇپ سولدۇم.

**سولۇق** ئى. خاتالىق: ئۇ ئۆزىنىڭ سولۇقىنى چۈشەندى.

**سولۇن** ئى <ئىرق> ① چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئازادلىقنىڭ دەسلىپىگە-چە نېنجياڭ دەياسى ۋادىلىرى ۋە خۇلۇن بۇئىر (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم

رايونىدىكى ئېۋېنكې مىللىي ئاپتونوم خوشۇنى، بۇتخاچ خوشۇنى، ئاروڭ خوشۇنى، ئېلىنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ناخې ناھىيە-سى) قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان ئېۋېنكې مىللىتى «سولۇن» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1957-يىلىغا كەلگەندە، بۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەسلىدىكى «ئېۋېنكې» دېگەن ئىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ② چىڭ سۇلا-لىسى مەزگىلىدە شىنجاڭغا كۆچۈپ، چۆچەكتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان داغۇرلار «سولۇن» دەپ ئاتالغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە، ئەسلىدىكى «داغۇر» دېگەن ئىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**سولېنوئىد** ئى [ر<گرېك] <فىز> ئۆتكۈزگۈچ سىمنى سىلىندىرنىڭ سىرتقى يۈزىنى بويلاپ ئوراش ئارقىلىق ياسالغان ۋىنتا شەكىللىك كاتۇشكا.

**سولىماق** پ ① ئوچۇق تۇرغان نەرسىلەر-نىڭ ئىشكىنى ياكى ئاغزىنى ياپماق؛ ئەتمەك، تاقىماق؛ بېكىتمەك: قۇلۇپنى سولىماق. ئىشكىنى سولىماق. * ئۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىچىدىن سولاپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بوش چاقىرىلغان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ② قاماپ قويماق، سولاپ قويماق: قوينى ئېغىلغا سولىماق. قۇشنى قەپەزگە سولىماق. * شۇ ۋاقىتتىكى مۇناپىق جاللات لى يىنچىنىڭ قول ئاستىدىكى مەخسۇس ساقچىلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يېرىدىن «خائىن» دەپ تۇتۇپ كېلىنگەن نەچچە يۈزلىگەن زىيالىي ۋە نامدار كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە سولاپ، مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە باشلىغانىدى. * يايلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ

ھەسەننى تۇتۇپ قەپەزگە سولىدى. ھەسەن شەنگەننىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرغان كېرىم بەگكە قاراپ ۋارقىرىدى.

**سوم** I ئى [ر] 1917-يىلدىن بۇرۇنقى روسىيەدە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلىتىلگەن يۈز تىيىنغا تەڭ پۇل بىرلىكى؛ ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلاردا «يۈەن» (كوي) نى «سوم» دەپ ئاتاش ئادىتى بار ئىدى: بۇلتۇر نۆدەر ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر يىل بولدى. ئىشلەپچىقى-رىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىنىڭ تەقسىماتى بىر كۈنگە ئىككى سوم 70 تىيىندىن ئايلىنىپ ئەر-خوتۇن ئىككىسى 1000 سومدىن ئوشۇق پۇل ئالغانىدى.

**سوم** II ئى [ر] <زوئول> ← **سوم بېلىقى.**

**سوم بېلىقى** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ سىرتىدا يېپىشقاق سۇيۇقلۇقلار كۆپ بولىدۇ، تەڭگىچىسى يوق، دۈمبىسى سۇر رەڭدە، قورسىقى ئاق، بېشى ياپىلاق، ئېغىزى كەڭ كېلىدۇ. ئاستى-ئۈستى جاغلىرىدا تۆت تال تۈكى بولىدۇ. قۇيرۇقى يۇملاق ھەم قىسقا بولۇپ ئاچا ئەمەس. دۈمبە پالاقچىسى كىچىك، ساغرا پالاقچىسى بىلەن قۇيرۇق پالاقچىسى تۇتاش بولىدۇ. ئادەتتە كۆل-دەريا ۋە سازلىقلاردا ياشايدۇ. كۈندۈزى سۇ ئاستىدىكى پاتقاقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىسى چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. كىچىك بېلىق، يېشىل پاقا ۋە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سومكا** ئى [ر] كۆن، خروم، رەختلەردىن ئىچىگە نەرسە سېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ ياسالغان بۇيۇم: ئۆمەر

ئائىلىسىگە يولدىن ئالغاچ كەلگەن بىر سومكا ئالمىدىن بىرنەچچە دانىسىنىلا قالدۇرۇپ، قالغىنىنى ئالدى-دە، دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى.

**سوملۇق** سۈپ. سوم قىممىتىگە ئىگە بولغان، سومغا يارايدىغان: ئون سوملۇق سەي. ئىككى سوملۇق تاماكا. * — مېنىڭ ھېسابىمچە، پۇلدىن 17 مىڭ سوم زىيان تارتىمىز، لېكىن بۇ زىيان ھېسابىغا كەلگۈسىدە بولىدىغان بىرنەچچە 100 مىڭ سوملۇق زىياندىن ساقلىنالايمىز، — دېدى بىر ئىشچى يىگىت.

**سوملىماق** پ. دىئال. قىرلىماق، ئوخشاش چوڭلۇقتا رەندىلىمەك.

**سومما** ئى. پۇل، جەمئىي پۇل: ئۇستام شۇنداق قىلىپ سومماسى قانچە بولدى.

**سومۇن** ئى. دىئال. تىزىم، ئىسىملىك، رويخەت.

**سون** سۈپ. دىئال. غەلىتە، يوچۇن، ئۆمسە.

**سوناتا** ئى (ر<ئىتال<لات) <مۇز> بىر خىل مۇزىكا ئاھاڭى. ئادەتتە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ ياكى تۆت بابتىن تەركىب تاپىدۇ، بىر ياكى ئىككى دانە چالغۇ ئەسۋابى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

**سونار** ئى (ئىنگ) <فىز> ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىنىڭ سۇدىكى تارقىلىشى ۋە قايتىشىدىن پايدىلىنىپ يول باشلايدىغان ۋە ئارىلىقنى ئۆلچەيدىغان تېخنىكا ياكى شۇنداق ئەسۋاب. ھەربىي ئىشلاردا رازۋېتكا قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەش ۋە بېلىق توپلىرىنى ئىزلەش ئىشلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**سونجاق** ئى. دىئال. پۇتنىڭ سوڭى.

**سونۇر** ئى. دىئال. سەھەر.

**سونۇرقىماق** پ. دىئال. ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك.

**سونېت** ئى (ر<ئىتال) <ئەد> ياۋروپانىڭ لىرىك شېئىر تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا بىر كۇپلېت 14 مىسرا بولۇپ، ۋەزىن جەھەتتە يەنە بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سوۋغا** ئى. ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بېرىلىدىغان نەرسە، ھەدىيە: سوۋغا بەرمەك. سوۋغا قىلماق. * سادىق سومكىسىدىن پەرھاتنىڭ سوۋغىلىرىنى ئېلىپ، قابىلغا تاپشۇردى. قابىلغا سوۋغىلار يارىدى، بولۇپمۇ رەسىملىك كىتابچىلار ئۇنىڭغا بەك ياقتى. * بوۋاينىڭ بالىلىرى ساندۇقتىكى بايلىقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىر-بىرىدىن يوشۇرۇپ دادىسىغا سوۋغا تەييارلاپتۇ.

**سوۋغا قىلماق** بىراۋنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلماق، بەرمەك: دىلبەر ئادەتتە ياسىنىپ يۈرۈشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن كامىل سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن كىيىملەرنى مۇھەببەتنىڭ ھۆرمىتى سۈپىتىدە ياخشى كۆرۈپ كىيەتتى. * بۇ ياغلىقنى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، ئەندىشىلىك كېچىلەرنىڭ بىرىدە بىر قىز سوۋغا قىلغانىدى.

**سوۋغات** ئى ← **سوۋغا**: تۈنۈگۈن كۈن ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇنىڭ سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگىنى ئېنىق ئىدى. * ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن لۆڭگە، سوپۇن، يىپ-يىڭنە قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئۇلارغا تەقدىم قىلدى، ئاندىن كېيىن ئوغۇللار بوۋاينىڭ چاچ-ساقىلىنى ئېلىپ قويدى.

**سوۋغات قىلماق ← سوۋغا قىلماق**: شائىر يانچۇقىدىن ئۇرۇمچىدە سۆيگۈنى سوۋغات قىلغان ھېلىقى گۈل بىلەن كەشتىلەنگەن

ئاق يىپەك ياغلىقنى ئېلىپ ئاچتى.

**سوۋغاتلىق** ئى → **سوۋغىلىق**: ئۇ يەنە تولغىنىپ ياتالماي قالدى-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىدىكى ياش تامچىلىرىنى قول ياغلىقىدا ئېرتتى. ئارقىدىن لۇتپۇللاغا سوۋغاتلىق ئۈچۈن يېزىپ تەييارلىغان قوشىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

**سوۋغا-سالام** سوۋغا ۋە سالام: خالىق ئۆزىنىڭ ھاكىم توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنى سوۋغا-سالاملار بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇرنىغا يېگەنلىكى ھەققىدە خېلىلا سۆزلىدى.

**سوۋغا-سالامسىز** سوۋغا-سالىمى يوق، سوۋغا-سالام قىلمىغان: سېكرېتارنىڭ سوئالىغا ئۇلار: «تويىنى يېمەك-ئىچمەك، سوۋغا-سالامسىز خۇشال-خۇرام قىزىتىپ تۈگەتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

**سوۋغا-سالاملىق** سوۋغا-سالام قىلىنىدىغان، سوۋغا-سالام بولىدىغان، سوۋغا-سالامغا لايىق: ئۇنىڭ پۇلىغا سوۋغا-سالاملىق نەرسە-لەرنى ئېلىپتۇ. ئالغان ماللىرىنى قېرىنداش-ئۇ-رۇق، يار-بۇرادەرلىرى ئۈچۈن ئالغان تارتۇقلىرىغا قوشۇپتۇ.

**سوۋغىلىق** ئى. سوۋغا قىلىنىدىغان نەرسە: كەت ئېلىپ قار لەيلىسىدىن سەن تولۇق، ئاندىكى مەردلەرگە مەندىن سوۋغىلىق.

**سوۋۇتقۇ** سۈپ. سوۋۇتۇش رولىنى ئوينايدى-غان: سوۋۇتقۇ سۇيۇقلۇق. // ياخشى گەپ — ئىسسىتقۇ، يامان گەپ — سوۋۇتقۇ (ماقال).

**سوۋۇتقۇ سۇيۇقلۇق** <ماشن> مېتاللارنى قىرغاندا، دېتال بىلەن تىغنى سوۋۇتۇش، سىلىقلىتىش ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدىغان سۇيۇقلۇق. كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئېمۇلسىيىلەش مېيى، گۈڭگۈرتلۈك ماي، مىنېرال مېيى ۋە ھايۋانات، ئۆسۈملۈك مايلىرىدىن ئىبارەت.

**سوۋۇتقۇچ** ئى. سوۋۇتۇش ئۈچۈن پايدىلىنىلىدى-غان ئەسۋاب، قۇرۇلما.

**سوۋۇتماق** «سوۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىمالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تيانشان تاغلىرىدىن ئۇرۇپ تۇرغان كەچكى سالقىن شامال، غىڭ سايلىق-تاشلىقتا جايلاشقان، كۈندۈزدىكى ئىسسىقتا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن داخىيەن ۋوگزالىنىڭ ئىقلىمىنى سوۋۇتماقتا ئىدى. * سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ، سۇنى لىيتقان ئۆزىڭىز. باشقىلارغا غىلجىڭلاپ، كۆڭۈل سوۋۇتقان ئۆزىڭىز.

**سوۋۇتۇش** «سوۋۇماق» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى.

**سوۋۇتۇش ئۈسكۈنىسى** شامالدۇرغۇچ، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىق ئۆي-ئىمارەت، قاتناش قوراللىرى ۋە شۇ خىل جايلاردىكى ھاۋانى سوۋۇتۇپ، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلى-تىش رولىنى ئوينايدىغان ئۈسكۈنىلەر.

**سوۋۇتۇلماق** «سوۋۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئۇسسىدىڭمۇ؟ مانا سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ، ئۆزۈم ئىچۈرىمەن ساڭا، دېدى چولپان.

**سوۋۇشماق** «سوۋۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتا قايناق سۇنى سوۋۇتۇشتى.

**سوۋۇق** ئى. تاغ ۋە يارلاردا ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن كولانغان سۇنئىي ئۆڭكۈر.

**سوۋۇماق** پ ① ئىسسىقلىق دەرىجىسى، ھارارىتى تۆۋەنلىمەك، سوغۇق ھالەتكە كەلمەك: بۇ كەچكۈز پەسلى بولۇپ، كۈننىڭ قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ ھاۋامۇ بارغانسېرى

سوۋۇماقتا ئىدى. مانا ھازىرمۇ كەچكى شەپەق ئاجىزلىشىپ ئاخىرقى نۇرىنى سەپمەكتە، سوغۇق شامال چىقماقتا ئىدى. * زاۋۇتتا بويتاق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىلغان كوللېكتىپ ئاشخانا بار ئىدى. ئەمما، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن كوللېكتىپ ئاشخانا ئىدى. تاماقلىرى بەزىدە سوۋۇپ قالاتتى. ② كۆچمە. مېھىر-مۇھەببىتىنى، مەيلىنى، ئىخلاسىنى يوقاتماق؛ كۆڭلى قالماق: ئوقۇشتىن سوۋۇماق. ھۈنەردىن سوۋۇماق. * كامىل بىلەن زەينەپنىڭ تۇرمۇشى كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپىدەك ئەنە شۇنداق قىسقا بولدى ۋە پاتلا سوۋۇپ كەتتى. * ئۇ تىببىي ئىلمىدىن، بولۇپمۇ ئۆگىنىپ چىقىپ دوختۇرلۇق قىلىشتىن سوۋۇپ قالدى.

**سوۋېت** (ر) ① ئى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەشكىلات فورمىسى بولغان دۆلەت ئورگىنى. ② ئى. سايلاش ياكى تەيىنلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان، باشقۇرۇش، رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ياكى جامائەت ئورگىنى. ③ سۈپ. سوۋېت تۈزۈمىگە ئائىت، سوۋېت تۈزۈمىگە ئاساسلانغان: سوۋېت ھاكىمىيىتى. سوۋېت ھۆكۈمىتى. ④ ئى. دۆلىتىمىزنىڭ 2-قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىشچى-دېھقان دېموكراتىك ھاكىمىيىتى ۋە بۇ ھاكىمىيەت رەھبەرلىكىدىكى جايلار: سوۋېت رايونى.

**سويا** ئى. قومۇش ۋە يېكەننىڭ يېڭى چىققان بىخى: تۇمەنجان ئاشقىك تولا، ئۇجۇل پۈراپ چىقتى سويا. ئايرىلىشايلى يارىم، بۇ كۆڭلۈم قاچان قانا.

**سويا پۇرچاق** يېگىدىن يېتىلگەن تۈكلۈك پۇرچاق.

**سويام** مق. باش بارماقنىڭ ئۇچى بىلەن بىگىز بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقنى بىرلىك قىلغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى؛ چارەك: بىر سويام يەر.

**سويدۇرماق** «سويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوينىغۇ سويدۇردى، ئەمدى بۇ گۆشنى كىمگە ساتقۇزۇش مەسىلىسىدە ئەمەتجاننىڭ بېشى قاتتى.

**سويدۇرۇشماق** «سويدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سويدۇرۇلماق** «سويدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سويغان** «سويماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سويغان پىيازدەك قالماق.

**سويغان پىيازدەك** يالىڭاچ، ئۈستىبېشىدا ھېچنېمە يوق؛ ھېچنېمىسى يوق، ئىنتايىن نامرات: ئۇنىڭ باشقا تاپسا پۇتقا يوق، ئەتىگەنگە تاپسا كەچكە يوق، سويغان پىيازدەك يالىڭاچلىنىپ قالغىنى بىلەن كارى يوق. * ئۆتكەنتىم ئۆتمۈشتە سويغان پىيازدەك، يېپىشىپ رودۇپايي كەبى نامراتلىق. بەختكە تەلپۈندىم بولۇپ ئىنتىزار، زىمىستان يوقىلىپ پارلىدى باھار.

**سويلا** سۈپ. شاخسىز، پۇتاقسىز تاياق، چىۋىق: سويلا تاياق. * خوجايىن قولىغا يوغان سويلىنى ئېلىپ ھەدەپ ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

**سويلاتماق** «سويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شاھ ئېتىنى ئوينىتىپ، قامچىسىنى سويلىتىپ، دەپتۇ: — كەلدىم ئۆزۈمنى، قويماق ئۈچۈن تونۇتۇپ؟!

**سويلىماق** پ. چىۋىقتەك تولغىماق: ئۇ كۆكۈچ پارقىراپ تۇرغان خەنجىرىنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا جايلاشتۇردى-دە، ئېرىق ئىچىدە

يىلاندەك سويلاپ قەسىر تېمىنىڭ تۈۋىدىكى سۆڭگۈچ يېنىغا كېلىپ، غايىب بولدى. * قارا بوگۈن ئىككى يېنىمدا، سىم چىراغنىڭ نۇرى ئوينايدۇ. كەڭ بېتىمدە شادلىق كارۋىنى شوخ بېلىقتەك كېمە سويلايدۇ.

**سويما** ئى ① يېڭىدىن چۈشكەن، پىشمىغان خام قوغۇن: سويما ئالماق. سويما چۈشمەك. * ئۇششاق باللار نەچچە قېتىملاپ پاسالڭ قىلىنغان قوغۇنلۇقتىن تۇخۇمدەك سويما بولسىمۇ تېپىۋېلىش ئۈچۈن چۆنەك ئاتلاپ چېپىپ يۈرىشىدۇ. * ئۇنىڭغا دوقا دېگەن لەقەمى بولغاچقا دوقا بولۇپ قالغانمۇ ياكى دوقا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ لەقەم سىڭىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، مەتقاسىمنىڭ پېشانىسى بىر سويما چاپلاپ قويغاندەكلا بۆرتۈپ چىققاندى. ② كۆچمە. تېخى يېشىغا توشمىغان، بېشىدىن جىق ئىش ئۆتمىگەن، ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان كىچىك بالا: ئويمانلىقتىن چىقىپ، قومۇشلۇققا كىرىشمىزگىلا «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك ماۋۇلارنىڭ جاڭجاللىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى دېمەمسەن، بىز بۇ سويمىلارنى ئالداپ خۇمدانغا يېقىنلاشتۇردۇق-دە، قورالسىزلاندۇرۇپ ئېلىپ كەلدۇق. * مانا، بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن، خېلى-خېلى ئىشلارنى ئەپلەپ كەلگەن مەندەك كىشىمۇ مۇشۇنچىلىك بىر سويمىغا تەڭ كېلەلمەيۋاتىدۇ.

**سويما قوڭ** ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، بېشىدىن ھېچقانچە ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەن، گۆدەك، نادان، ياش: بۇ قۇرۇلۇشقا چوڭ ئىنژېنېرلار كېرەك، مۇراتتەك سويما قوڭلار نېمە قىلالايتتى» دېيىشۋاتسا، ئاڭلىماس-بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋېرىدىكەنسىز.

**سويماق** پ ① بوغۇزىغا تىغ ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەك، بوغۇزلىماق: قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن (ماقال). * شۇ كۈنى ساھىبخانە ئۆز ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قەرز ئېلىپ بولسىمۇ، بىرەر پاقلان سوياتتى. * ساھىبخانە پادىدىن ئايرىپ باققان ئىككى تۇياق سېمىز قوينى بەزمىگە ئاتاپ سويۇپ، مېھمانلارنى شورپا، گۆش ۋە تونۇر كاۋىپى بىلەن كۈتۈۋالدى. ② سىرتقى پوستىنى ئاجراتماق: تۇخۇم سويماق. پىياز سويماق. * مۇنۇنى كۆرسە ئۇلار سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويارمىكىن، ئاۋۋال بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ چىق، — دېدى سايىم يانچۇقىدىن قاتلانغان قەغەزنى چىقىرىپ ئالدىمغا قويۇپ. ③ قومۇرماق: مەن ئاپامنىڭ قېشىغا ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ باردىم. ئاپام تونۇر بېشىدا بايا ياققان نانلارنى سويۇۋاتقانىكەن. ④ كۆچمە. ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە ئۇقماق، مۇكەممەل بىلمەك: — ئىسمىم مەردان، شوپۇرمەن. ئۇنداق دېسەم، بىر ماي چاپانكەنىغۇ، دەپ قالماڭ. ئۆزىمىز شوپۇر بولغان بىلەن خېلى مەدەنىيەتلىك يىگىتلەردىنمىز، گېتار دەمسىز، تانسا دەمسىز، سويۇۋېتىمىز دەڭا، — دېدى ئۇ كالپۇكنى يالاپ قويۇپ.

**سويمىچاق** ئى. كىچىك سويما: ئادەم — بىر پىيلەك، سويمىچاقلىرى باللار، ۋە يا بىر كۆچەت، نوتىچاقلىرى باللار.

**سويۇشماق** «سويماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ يەردە ئادەملەر ماللارنى ئەمەس، بىر-بىرىنى سويۇشتى، سويغاندىمۇ، قورساق تويدۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئەمەس، بىر-بىرىگە بولغان غەزەپ، ئۆچلۈك، ئاداۋەت ۋە قىساس ھېرىسى بىلەن سويۇشتى.

**سويۇقلۇق** سۈپ. سويۇپ قويۇلغان، سويۇلغان: قادىر هاراقنى ئادىلغا ئوخشاش بىرلا كۆتۈرۈشتە ئىچمەي، ئالدىرماي، ئاستا سۈمۈرۈپ ئىچىپ تۈگەتتى. چىراينى تۈرۈپ چايدىن بىر ئوتلىدى، سويۇقلۇق تۇخۇمدىن بىر چىشلىدى.

**سويۇلماق** «سويماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ ئاخشام خۇددى ئاسماندىكى قۇياش پارچىلىنىپ كېتىپ زېمىنغا چېچىلىپ كەتكەندەك، پۈتۈن دالىنى لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخانىلار قاپلاپ كەتتى. قوي-قوتازلار سويۇلۇپ، نەچچە ئونلىغان مىس قازانلار قايناشقا، ئۇزۇن-ئۇزۇن زىخلاردا كاۋاپلار پىژىلداشقا باشلىدى.

**سويۇم** سۈپ. سويۇلىدىغان، سويۇشقا ئاتالغان: سويۇم مال.

**سويۇم مال** دىئال. سويۇش ئۈچۈن بېقىلغان مال.

**سۇ** ئى ① ئىككى ھىدروگېن ئاتومى بىلەن بىر دانە ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ئەڭ ئاددىي بولغان گىدروك-سىدلىق بىرىكمە، يەنى رەڭسىز، تەمسىز، پۇراقسىز سۇيۇقلۇق. ئۇ ئۆلچەملىك ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا، نۆل سېلسىيە گرادۇستا مۇز بولۇپ قاتىدۇ؛ 100 سېلسىيە گرادۇستا قاينايدۇ؛ تۆت سېلسىيە گرادۇس-تا زىچلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. سېلشتۇرما ئېغىرلىقى بىر (1): سۇ ئىچمەك. سۇ قۇيماق. * سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ (ماقال). * بىرنەچچە كۈندىن بېرى قاسىم ئاكام «ئەترەت باشلىقى بۇيرۇدى» دەپ، دۇينىڭ ئاشخانىسىغا ئەكەل-گەن سۇدىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر چېلەك ئەكىرىپ بېرىپ تۇردى. * بېغىڭدا گۈلۈڭ بولسام، بۇلبۇلدەك تىلىڭ بولسام، باغقا سۇغا كىرگەندە، سوغاڭدا سۇيۇڭ بولسام. ② كۆل، دەريا، ئېرىق، ئۆستەڭ قاتار-لىقلار: سۇ بويى. سۇ ياقىسى. * ئوتى بار يەرنىڭ سۇيى يوق، سۇيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق (ماقال). ③ يېمەك-ئىچمەك، يەل-يې-مىش، مېۋە-چېۋە قاتارلىقلار تەركىبىدىكى نەملىك؛ شىرنە: مېۋە سۇيى. سۇيى قاچقان نان. * دىققەت قىلىپ كۆرسەڭ ئۇنىڭ قولىدىكى ئىچى سۇيۇپ كەتكەن تاۋۇز گۈپپىدە يەرگە چۈشتى-دە، سۇلىرى گىلەمنى بۇلغىۋەتتى. ④ جانلىق ئورگانىزم ۋە ئورگانلاردىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان سۇيۇقلۇق: ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلمەك. يارىنىڭ سۇيىنى چىقىرىۋەتمەك.

**سۇ ئاچماق** سۇنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ياكى ئېتىزغا باشلىماق: — مەن بۇيرۇغاننى قىلىڭلار، ئەزالار كەلسە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن!

**سۇ ئاستى بومبىسى** <ھەرب> سۇنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن چوڭقۇرلۇقىغا يېتىپ بارغاندا پارتلايدىغان بىر خىل بومبا. پاراخوت ياكى ئايروپىلان ئارقىلىق تاشلىنىدۇ. كۆپىنچە دۈشمەننىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرىنى پارتلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇ ئاستىدا ئۈزۈش تەنھەرىكىتى** <تەن> ھەربىي تەنتەربىيە تۈرلىرى-دىن بىرى. ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلىرىغا قاراپ ئېغىر ئۈزۈش ۋە يېنىك ئۈزۈش دەپ ئىككىگە؛ مۇسابىقە بويىچە تېز ئۈزۈش، سۇ ئاستىدا يۆنىلىشنى بەلگى-لەش، سۇ ئاستى مەشغۇلاتى ۋە سۇدا تۇرۇپ قارىغا ئېتىش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**سۇ ئاستى كېمىسى** <ھەرب> سۇ ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ھەربىي كېمە. ئاساسەن يولىي ياكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق دۈشمەن پاراخوتى ۋە قىرغاقتىكى نىشانلارغا زەربە بېرىش ھەمدە ئۇرۇش داۋامىدا رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيدۇ.

**سۇ ئاستى ئۈۋچى كېمىسى** <ھەرب> دۈشمەنىنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرىنى ئىزدەش ۋە يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان كىچىك تىپتىكى پاراخوت. ئۇنىڭغا سونار، رادار قاتارلىق ئىزدەش ئەسۋابى، سۇ ئاستى بومبىسى ۋە كىچىك كالىبىرلىق زەمبىرەك قاتارلىق قوراللار ئورنىتىلىدۇ.

**سۇ ئامبىرى** <سۇ> كەلكۈن سۈيىنى قاچىلاش ھەم سۇ ئېقىمىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى. ئۇنىڭدىن يەر سۇغىرىش، توك ھاسىل قىلىش ۋە بېلىق بېقىش مەقسەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىلىدۇ.

**سۇ ئەھۋالى** <سۇ> سۇنىڭ ئورنى، ئېقىم مىقدارى قاتارلىقلارغا ئائىت ئەھۋاللار.

**سۇ باشتىن لاي** «يامان ئىش، يامان ئىللەتلەر يۇقىرىدىن، چوڭلاردىن باشلىنىپ تۆۋەنگە، كىچىكلەرگە تارقىلىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — راست دەيسىز، بىكەچ، — دەپ قوشۇلدى باتۇر تاغا ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغىراق كېلىپ — «سۇ كۆتۈرگەن خار، كوزا چاققان ئەزىز» دېگەندەك بىرزامانلار بولۇۋاتىدۇ، سۇ باشتىن لاي-دە! بۇلاقنى تازىلاش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشنى ھەممىلەن سىزدىن كۈتمەكتە!

**سۇ باشلىماق** ← **سۇ ئاچماق**: غۇنچەم سەن گۈللەرنىڭ تۈۋىنى بوشىتىپ تۇر، نۇرۇم كېلىپ قالسا سۇ باشلىتىپ كېلىمىز.

**سۇ بايلىقى** <سۇ> كۆل-دەريا، بۇلاق، قۇدۇق سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۈيى قاتارلىق خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەبىئىي بايلىق.

**سۇ بەرمەك** توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، مەرىكە سورۇنلىرىدا زىياپەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيماق: شۇ ئارىدا خىزمەتچى بالا ئاپتۇۋا-چىلاپچا ئەكىرىپ، نورۇز داموللا بىلەن نوشىرۋان تەيجىنىڭ قولىغا سۇ بەردى، شىرەگە داستىخان سېلىپ چىقىپ كەتتى.

**سۇ بولۇپ كەتمەك** ① تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتمەك، تەرگە چۆممەك: بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئورۇن-كۆرپە سۇ بولۇپ كەتتى. ② كۆچمە. يۈرەكزادە بولماق، يۈرەكئالدى بولماق، قورقماق: دېمەك، شۇنچە چۈشەندۈرگەن بولسامۇ، ئاما يەنىلا سۇ بولۇپ كەتكەن يۈرىكىدىن «قۇربان پاكىنەك ئۆچ ئالدۇ» دېگەن ئەندىشىنى چىقىرىۋېتەلمەپتۇ-دە!

**سۇ بوياق** <گ سەن> سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ رەسىم سىزىلىدىغان بىر خىل بوياق.

**سۇ بوياق رەسىم** <گ سەن> سۇ بوياق ئارقىلىق سىزىلغان رەسىم.

**سۇ بويىغا ئاپىرىپ، سۇغارماي كەلمەك** ← **دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كەلمەك**: — سەن بۇ قېتىمقى تىجارەتتىن نەپ ئالالمايسەن، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن قاقباش، سېنى سۇ بويىغا ئاپىرىپ، سۇغارماي كېلىدۇ، — دېدى ئۇ قاسىمغا.

**سۇ بۆغىسى** <زوئول> بۆغىنىڭ بىر خىلى. تېنى، قۇلىقى چوڭ، بويىنى ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا، تۆت پۇتى ئۇزۇن. پۈتۈن تېنى كۈل رەڭ ئارىلاش توق قوڭۇر، بەزىلىرىنىڭ سارغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. ساغرىسى كۈل رەڭگە مايىل ئاق كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ ھەم توم، ئۇزۇن ھەم ئاچىماق كېلىدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىنىدۇ، يۇمران مۈڭگۈزى دورا قىلىنىدۇ.

**سۇ بۇلغۇنى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ئۇزۇن، تۆت پۇتى قىسقا. پەنجىلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ. تۈكلىرى قويۇق، يۇمشاق ھەم توق قوڭۇر كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. سۇغا شۇڭغۇشقا ماھىر. بېلىق، پاقا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. تېرىسى ئەتىۋارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قىممەتلىك باش كىيىملىرى تىكىلىدۇ.

**سۇ بۆلجۈرگىنى** <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 90 سانتىمېتر ئەتراپىدا، تۈكلۈك، كۆپ شاخلىنىدۇ. تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى توپلاشقان ھالەتتە بولۇپ، تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ. غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىدۇ. گۈلى يەككە ھالدا غولىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، رەڭگى سېرىق. مېۋىسى ئۇرۇق مېۋە، سىرتىدا ئىلمەك تىكىنى ۋە تۈكچىلىرى بولىدۇ، شەكلى شارغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىقنى ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سۇ بۆلگۈچ چوققا** <جۇغ> ئىككى ئېقىننى ئايرىپ تۇرىدىغان دۆمبەلچەك ياكى ئېگىزلىك.

**سۇ بۈرگىسى** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى كىچىك، سۈزۈك، ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، قېپى بولىدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە كۆلچەكلەردە توپلىشىپ ياشايدۇ. ئادەتتە ئالتۇن بېلىق قاتارلىقلارنىڭ ياخشى ئوزۇقلۇقى ھېسابلىنىدۇ.

**سۇ بېرىش مودېلى** <سۇ> بىرلىك مەيداننى بىر قېتىم سۇغىرىشقا يېتەرلىك بولغان ئېقىم مىقدارى. بىرلىكى مو / $m^3/s$ .

**سۇ بېرىش نورمىسى** <سۇ> زىرائەتلەرنى ھەربىر قېتىم سۇغىرىشتا، ھەر موسىغا بېرىلىدىغان سۇ مىقدارى. بىرلىكى مو / $m^3$ .

**سۇ بېرىش يولى** <سۇ> تۇرمۇشتا تەمىنلىنىدىغان، ئوت ئۆچۈرۈش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان پاكىز سۇلار ماڭىدىغان تۇرۇبا.

**سۇ بېسىمى** <سۇ> سۇنىڭ ئىچى ۋە سۇ بىلەن قاتتىق جىسىم تۇتاشقان پاسىل يۈزىگە تارالغان ھەمدە پاسىل يۈزىنىڭ نورمال يۆنىلىشى بويىچە تەسىر قىلىدىغان كۈچ. تېخنىكىدا، بىرلىك يۈزگە چۈشكەن ئېغىرلىق ئۆلچىمى بويىچە ئېلىنىدۇ.

**سۇ بېشى** <سۇ> ① بۇلاق، قار-مۇز، سازلىق كۆل ۋە دەريا قاتارلىقلارنىڭ دەريا سۇلىرى باشلىنىدىغان مەنبە. ② كۈندىلىك تۇرمۇش، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يەر سۇغىرىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان سۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى.

**سۇ بىلەن داۋالاش** <تىب> فىزىكىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. ئادەتتە بەدەننىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولمىغان دۈش ياكى ۋاننىغا بىمارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، سوغۇق سۇ مەركىزىي نېرۋىنى غىدىقلاش، يۈرەك ۋە قان تومۇرنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئاشۇرۇش ھەم قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ؛ ئىللىمان سۇ نېرۋا ياللۇغى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى داۋالايدۇ؛ ئىسسىق سۇ قاننىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سۇ پىتى** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى تار ھەم ئۇزۇن، بېشى بىلەن كۆزى ناھايىتى كىچىك، سەزگۈ مۇگۈزچىسى ئۇزۇن، ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ جۈپ پۇتى سەكرەشكە ناھايىتى باپ. كۆل، دەريا بويلىرىدا ياكى نەم جايلاردا ياشايدۇ.

**سۇ پىيزى** <بوت> ← **چوڭ پىيزەك.**

**سۇ توپى** <تەن> ① توپ تۇرلىرى تەنھەرىكەتتىن بىرى. مەيدانى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، كۆپىنچە سۇ ئۈزۈش كۆللىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچىلەر سۇ ئىچىدە تۇرۇپ، توپنى قولى بىلەن پاسلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئېتىپ كىرگۈزىدۇ. ② شۇ خىل تەنھەرىكەت تۈرىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. خۇرۇم ياكى رېزىنكە قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**سۇ توخۇسى** <زوئول> سۇ قۇشلىرىدىن بىرى. رەڭگى بوزغا مايىل، پۇت بارماقلى- رى كەڭ. بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولمايدۇ. شۇڭا چوڭقۇر سۇغا كىرەلمەيدۇ، سۈيى تېيىز ۋە قومۇش ئۆسكەن جايلاردا ياشايدۇ.

**سۇ تۇتماق** ئېتىزغا سۇ باشلىماق: مەتنىيازنىڭ دېھقانچىلىقتا يازىچە قىلغان ئىشى قىچىغا ئۈچ قېتىم سۇ تۇتۇش بولدى. * شۇ چاغدا نادىم باغدا سۇ تۇتۇپ يۈرەتتى.

**سۇ تۈربىنىسى** <سۇ> سۇ ئېقىمىنىڭ پالاقلىرىغا زەربە بىلەن ئۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئايلىنىدىغان بىر خىل دۋىگا- تېل. ئۇ سۇ كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى يەنە شال ئاقلاش ماشىنىسى ۋە ئۇن تارتىش ماشىنىسى قاتارلىقلارغا بىۋاستە چېتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

**سۇ تۇرۇبىسى** <سۇ> ① پولاتتىن ئىچى كاۋاك ۋە سۇ ئاقىدىغان قىلىپ قۇيۇلغان نور. ② ئۆي-ئىمارەت ياكى سۇ ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنلاردىكى شۇ خىل نورغا جۈمەك ئورنىتىلغان قۇرۇلما.

**سۇ تۇلۇقى** <سۇ> سۇ كۈچى ئارقىلىق ئايلىنىدىغان تۇلۇق. كۆپىنچە شال ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇ تۈۋرۈكى** <سۇ> بىرلىك يۈزگە تەسىر قىلىدىغان سۇنىڭ ھەجمى.

**سۇ تېيىلىش تەنھەرىكىتى** <تەن> سۇ ئۈستى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى ماتورلۇق قېيىقنىڭ سۆرىشى بىلەن، بىر پارچە تاختايىنى دەسسەپ تۇرۇپ، دولقۇن ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان ھالدا يۇقىرى سۈرئەتتە تېيىلىپ ماڭىدۇ.

**سۇ جۇغراپىيىسى** <جۇغ> سۇ رايىنى بىر خىل جۇغراپىيىلىك ئامىل دەپ قاراپ، جۇغراپىيىلىك ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە مەلۇم بىر رايوننىڭ سۇلىرى (دېڭىز-ئوكيانلىرى، كۆل-دەريالىرى، يەر ئاستى سۇلىرى، سازلىقلىرى ۋە مۇزلۇقلىرى) نىڭ تارقىلىشى ۋە تۈرلۈك سۇ رايىغا مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ۋاقىت ھەم بوشلۇق جەھەتتىكى تارقىلىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.

**سۇ چاقماق** <دېھ> ئېتىزغا سۇ كۆپ كىرىپ كېتىپ، زىرائەتنى نابۇت قىلماق ياكى ئۇلۇغ سۇ قىرلارنى بۇزۇۋېتىپ، زىرائەتلەرنى ئېقىتىپ كەتمەك.

**سۇ چاڭغىسى** <تەن> سۇ تېيىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. شەكلى قار چاڭغىسىغا ئوخشايدۇ.

**سۇ چاڭغىسى تەنھەرىكىتى** <تەن> ماتورلۇق قېيىقنىڭ سۆرىشى بىلەن سۇ چاڭغىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ سۇ تېيىلىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى. سۇ تېيىلىش تەنھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**سۇ چەپچەك چۆگۈن** تۈۋلۈكى گەۋدىسى بىلەن بىر ئورنىتىلغان، سۇ تېگىگىچە بارىدىغان مىس چۆگۈن.

**سۇ چېچەك** <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە بالىلاردا بولىدۇ. بۇنىڭدا بەدەن تېمپېراتۇرىسى سەل-پەل ئۆرلەيدۇ ۋە تېرىگە ئۇششاق نەرسىلەر چىقىپ، سۇلۇق قاپارتمىغا ئايلىنىدۇ، ساقايغاندىن كېيىن ئىز قالمايدۇ.

**سۇ چىغىرىقى** <سۇ> ئادەم ياكى ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق سۇ تارتىدىغان بىر خىل مېخانىزم.

**سۇ چىگىسى** <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىككى قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، سېپى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. گۈلى ئاق ھەم يازدا ئېچىلىدۇ. نەم ئىسسىق جاينى ياخشى كۆرىدۇ. يۇمران غولى ۋە يوپۇرماق سېپى كۆكتات قىلىنىدۇ.

**سۇ خىمىيىسى** <سۇ> تەبىئىي سۇلار (كۆل-دەريا، دېڭىز-ئوكيان، يەر ئاستى سۇلىرى) نىڭ خىمىيىۋى تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ ۋاقىت ھەم بوشلۇقتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**سۇدەك بىلمەك** مۇكەممەل، پۇختا، پىششىق ۋە تولۇق بىلمەك: ئۇ خەنزۇ تىلىنى سۇدەك بىلىدۇ. * سەيلىخان نىكاھ ئىشلىرىدىكى كەسپىي دەللال بولغانلىقتىن، پۈتۈن شەھەردىكى قىزلارنىڭ نام-ئەھۋالى، تەقى-تۇرقى ۋە ئۇرۇق-ئەۋلادىنى سۇدەك بىلەتتى.

**سۇدەك ئوقۇماق** خەت، كىتاب قاتارلىقلار-نى تېز، راۋان ئوقۇماق: ئۇ ئەرەب يېزىقىنى سۇدەك ئوقۇيدۇ.

**سۇ رايى** <سۇ> تەبىئەت دۇنياسىدىكى سۇلارنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىش ۋە ھەرىكەت قىلىش ھادىسىلىرى.

**سۇ رايى پونكىتى** <سۇ> سۇ رايىغا دائىر خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان پونكىت.

**سۇ رايى يىلى** <سۇ> سۇ رايىنىڭ ئەھۋالىغا ماس ھالدا مەخسۇس قوللىنىلىدىغان بىر خىل يىل. ئادەتتە 12 ئاي بىر بىرلىك قىلىنىدۇ.

**سۇ رەيھىنى** <بوت> ① كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. يەر ئاستىدا مۇنار شەكىللىك تۈگۈنەك غولى بولىدۇ. ئۇنى تۇزلاپ يېگىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك غولى.

**سۇ رېپكىسى** <سۇ> كۆل-دەريا ۋە ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى سۇ يۈزىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۆلچەپ تۇرۇش ئۈچۈن، سۇ ئىچىدىكى مۇقىم جايغا ئورنىتىپ قويۇلىدىغان بىر خىل رېيكا.

**سۇ سائىتى** <سۇ> تۇرۇبا سۈيىنىڭ

ئېشلىتىلىش مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان سائەت. تۇرۇبا ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ. سۇ ئېشلەتكۈچىلەر تۇرۇبىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ ستىرېلكىسى ئايلىنىپ، سۇنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**سۇ سەپسە سىڭمەيدىغان، يىڭنە تىقسا ئۆتمەيدىغان** قاتتىق قامال قىلىنغان: بۇ ھال زاۋۇت ئىچىدە روزىئاخۇننىڭ سۇ سەپسە سىڭمەيدىغان، يىڭنە تىقسا ئۆتمەيدىغان مۇستەقىل پادىشاھلىق يۈرگۈزۈپ، كۆپچىلىكنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋالغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

**سۇ سەپكۈچ** ← **سۇ پۈركۈگۈچ.**

**سۇ سەپمەك** ① سۇ چاچماق: تاپسىغا سۇ سەپمەك. گۈلگە سۇ سەپمەك. * يارىمنى كەپتۇ دېسە، يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن، ئالدىدا خىزمەت قىلىپ، سۇ سېپەي ياشىم بىلەن. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ئاكتىپلىقىغا، قىزغىنلىقىغا زەربە بەرمەك، رايىنى ياندۇرماق: ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوللاش لازىمكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا سۇ سېپىشكە بولمايدۇ، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ ئاممىنىڭ قارشىلىقىغا جەزمەن ئۇچرايدۇ.

**سۇ سىزىقى** <سۇ> ① سۇغا پاتۇرۇلغان جىسىمنىڭ چۆككەن قىسمى بىلەن چۆكمىگەن قىسمىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل سىزىق. ئۇ يەنە «چۆكۈش سىزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② چېرتيوژ ياكى سىزمىلاردىكى سۇ ئورنىنى ئىپادىلەيدىغان سىزىق.

**سۇ سىستېمىسى** <سۇ> دەريالارنىڭ غول، تارماق ئېقىملىرى ۋە كۆللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن گەۋدىسى. مەسىلەن، تارىم سۇ سىستېمىسىنى ئاقسۇ دەرياسى ھەم ئۇنىڭ تارماقلىرى، قاراشەھەر دەرياسى ھەم ئۇنىڭ تارماقلىرى، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەرياسى ۋە لوپنۇر كۆلى قاتارلىقلارنى شەكىللەندۇرگەن.

**سۇغا چۈشكەن چالمىدەك** ئۈن-تىنسىز، جىمجىت: ئۇ ئۇ يان ئۆيلاپ، بۇ يان ئۆيلاپ، خېلى ئۇبدان چارىلارنىمۇ تاپقاندەك قىلاتتى-يۇ، ئەتىسى ھېچقانداق ئىش ئىسىگە كەلمەي، سۇغا چۈشكەن چالمىدەك يوقاپ كېتەتتى.

**سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك** تىترەپ، شۈمشىيىپ، بىچارە ئەھۋالغا قالغانلىقىغا ئىشارە: بۇ تاشقىن ۋالىي مەھكىمىسى، 5-ئاتلىقلار پولكى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن ئىبارەت بۇ زۇلۇم ئوردىلىرىغا بېسىپ كىرگەندە، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇشۇپ كەتتى.

**سۇغا چىلاشماق** مەلۇم سەۋەب بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، مەغلۇپ بولماق، بۇزۇلماق: زىننەت بۇ ئۈمىدىنىڭمۇ سۇغا چىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ * بۇ يەردە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە ۋاقىت يوق، جىددىي تۇتۇشمىسا ۋاقىت ئۆتىدۇ، ئەزالارنىڭ يېڭىدىن قوزغالغان ئاكتىپچانلىقى سۇغا چىلىشىدۇ، ئەتىيازلىققا ھېچ ئىشنى ھەل قىلالمايسەن!

**سۇغا سەكرەش** <تەن> تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى قاڭقىش تاختىسىدىن سۇغا سەكرەۋېتىپ، بوشلۇقتا تۈرلۈك نەپىس ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.

**سۇغا كىرسە سۇغا، ئوتقا كىرسە ئوتقا كىرمەك** قەتئىي ئەگىشىپ ماڭماق،

نېمە قىلسا، شۇنى قىلماق: مەن مۇشۇلار سۇغا كىرسە سۇغا، ئوتقا كىرسە ئوتقا كىرىمەن.

**سۇ قاتنىشى** <قانت> دەريا، كۆل ۋە دېڭىز-ئوكيانلاردا پاراخوت، كېمە، سال قاتارلىقلار ئارقىلىق بولىدىغان قاتناش ئىشلىرى.

**سۇ قامچىئوتى** <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى بېغىر رەڭ ياكى قىزىل، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تۆمۈنگە ئوخشايدۇ، يۈزىدە قارا دېغى بولىدۇ. غولى بىلەن يوپۇرمىقىنىڭ لازىغا ئوخشاش تەمى بار. گۈل رېتى باشاقسىمان بولۇپ، گۈللىرى كىچىك، شالاڭ ئۆسىدۇ. ئورۇق مېۋىسى ئۈچ بۇرجەك ياكى ئىككى تەرىپى ئۈچلانغان بولىدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭ، كۆل بويلىرى ۋە سازلىقلاردا ئۆسىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش ۋە قىچىشىشنى پەسەيتىش روللىرىغا ئىگە.

**سۇ قوڭغۇزى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ تېنى ئېللىپس شەكلىدە، قارا ياكى قوڭۇر كېلىدۇ؛ لىچىنكىسىنىڭ تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولىدۇ. يېتىلگىنى بىلەن لىچىنكىسىنىڭ ھەر ئىككىسى سۇدا ياشايدۇ.

**سۇ قۇرۇلۇشى** <سۇ> ← **سۇ ئىنشائاتى.**

**سۇ قۇشى** <زوئول> سۇ يۈزى ۋە سۇ ساھىللىرىدا دەم ئالىدىغان ياكى سۇدىن ئوزۇقلۇق تېپىپ يەپ ھايات كەچۈرىدىغان قۇشلار. مەسىلەن، ئاق قوتان، ياۋا ئۆردەك، دېڭىز چايكىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سۇ قىلماق** نەرسە-كېرەكلەرنى سېتىپ تۈگەتمەك: — يارايدۇ، يارايدۇ، مۇشۇندىقى بولسا بىر-ئىككى تونىنا بولسىمۇ، سۇ قىلىپ ئۆلگۈرەلەيمەن، — سابىر مىسكەر زىغىرلىقتىكى سېرىق ئوتتەك ھەم قىزغۇچ سېرىق ھەم چىرمىشىپ كەتكەن ساقىلىنى لىكىلدىتىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. * — ھەيدەپ كەلگەن قويلىرىنى بازاردا سۇ قىلىپ بولغان ئوخشىمامالا، — دېدى ئۇ رازى بولغانلىق قىياپىتى بىلەن.

**سۇ كالىسى** <زوئول> كالىنىڭ بىر خىلى. مۈڭگۈزى چوڭ ھەم يېگى ئاي شەكلىدە بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. تۈكلىرى قارا كۈل رەڭ كېلىدۇ. تومۇز كۈنلىرى سۇغا چۆمۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوت-چۆپلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. سۇلۇق ئېتىزلاردىكى تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**سۇ كەلگىچە تۇغان تۇتماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ئالدىن تەييارلىق قىلماق، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئالماق: ئايسە ئاپئاق — قارىسلاچۇ ئۆزلەنى، سۇ كەلگىچە تۇغان تۇتۇپ، بۇ ئىشقا شۇنچە بۇرۇنلا كۆيۈش قىلىپتىلا، — دېدى.

**سۇ كۆتۈرمەك** قول ۋە بەدەندە سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولماق، قاپارماق: كەتمەن دېگەننى ئۆمرۈمگە كېلىپ تۇتۇپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، بىر-ئىككى سائەت چاپا-چاپمايلا، ئالىقانلىرىم سۇ كۆتۈرۈپ، بىلەكلىرىمنىڭ كۆيۈشۈپ ئاغرىشى جېنىمنى ئالدى.

**سۇ كۆكىرىك زەمبۇرۇغى** <بوت> يۇسۇنسىمان زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى. سۇدىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىدە ياشايدۇ. يىپچىلىرى شاخلانمايدۇ ۋە توغرا پوستى بولمايدۇ، جىنسسىز كۆپىيىشتە، ئىككى تال قامچا تۈكلۈك

سپورىلارنى ھاسىل قىلىدۇ؛ جىنسلىق كۆپىيىشتە، تۇخۇم ۋە سپېرما ھاسىل قىلىدۇ. بەزىلىرى بېلىق ۋە بېلىق تۇخۇملىرىدا ياشاپ، ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ بەزىلىرى يېڭى تېرىغان شال ئۇرۇقلىرىنى چىرىتىپ تاشلايدۇ.

**سۇ كۈچى** <سۇ> كۆل، دەريا، دېڭىز-ئوكيان قاتارلىقلاردىكى سۇنىڭ ئىشلەش قابىلىيىتى. ئۇ تەبىئىي ئېنېرگىيەلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلغىلى ياكى ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

**سۇ كۈچى ئىستانسىسى** <سۇ> سۇ كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان ئۈسكۈنىلەردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلمىلارنىڭ ئورتاق نامى. كۆلىمى كىچىكرەك بولغان سۇ كۈچى ئىستانسىسى دامبا، سۇ باشلاش ئۆستەڭى، زاۋۇت بىناسى، چاقپەلەك ۋە ئۇنىڭغا ئۇلانغان مېخانىزملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سۇ كۈدىسى** <بوت> سۇ كۈدىسى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆگۈنەك كېلىدۇ، چاچما يىلتىزى بولىدۇ. يوپۇرمىقى توپلىشىپ ئۆسىدۇ. شەكلى كۈدىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. جىرا ياكى كۆل بويلىرىدىكى پاتقاق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**سۇ كېچەر ئېلىك** <ئانات> قارا ئېلىكنىڭ ئۈستىدىكى يوغان ئېلىك.

**سۇ گازى** <فىز> ① سۇ پارى. ② سۇ پارى چوغلانغان كوكستىن ئۆتكەندە ھاسىل بولىدىغان گاز. ئاساسلىق تەركىبى كاربون (II) ئوكسىدى ۋە ھىدروگېن بولۇپ، زەھەرلىك گاز ھېسابلىنىدۇ. سانائەتتە يېقىلغۇ ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**سۇ لەيلىسى** <بوت> نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇ كۆلچەكلىرىدە ئۆسىدۇ. پۈتۈن تۈپىدە تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاق بولۇپ، نىلۇپەر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ ۋە سۇ يۈزىدە تۇرىدۇ. گۈلى تاق ھالەتتە ئۆسىدۇ، گۈل تاجى ياپراقچىسى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ، گۈل تەگلىكى توخۇنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**سۇ مەنبەسى** <سۇ> ← **سۇ بېشى.**

**سۇ مەھسۇلاتى** <سۇ> دېڭىز-ئوكيان، كۆل، دەريالاردىن ئېلىنغان بېلىق، راك، قىسقۇچ پاقا، قۇلۇلە، خەيدەي ۋە تاش يۇسۇنى قاتارلىق ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتلار.

**سۇ مۇنارى** <سۇ> تۇرۇبا سۇيى ئۈسكۈنىلىرى ئىچىدىكى سۇنىڭ بېسىمىنى يۇقىرىلىتىش رولىنى ئوينايدىغان مۇنار شەكىللىك قۇرۇلۇش. ئۈستۈنكى قىسمىدا ھەجمى چوڭ بولغان سۇ ساقلاش ساندۇقى بولىدۇ. مۇنار قانچە ئېگىز بولغانسېرى سۇنىڭ بېسىمى شۇنچە كۈچىيىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ئېگىز بولغان بىنالارغا سۇ چىقارغىلى بولىدۇ.

**سۇ مېلوراتسىيىسى** <سۇ> سۇغىرىش، سۇيىنى چىقىرىۋېتىش، شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە سۇ، تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش، تەركىبىدىكى سۇ ھەم شور مىقدارىنى تەڭشەپ ۋە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تۇپراقنى ياخشىلاش مەقسىتىدە قوللىنىلىدىغان سۇ ئىنشائات تەدبىرلىرى.

**سۇ مىقدارى** <سۇ> سۇنىڭ ئېقىش ۋە ئىشلىتىلىش مىقدارى، سانى.

**سۇ مىلتىقى** ① سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كۆمۈر قېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. بىر ئۇچىدا پۈركۈش ئېغىزى بولۇپ، يەنە بىر ئۇچى يۇقىرى بېسىملىق سۇ مەنبەسىگە ئۇلىنىدۇ. كۆمۈر قازغاندا، سۇ ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىقىپ، كۆمۈر قاتلاملىرىنى بوشىتىش ئارقىلىق كۆمۈر چۈشۈرىدۇ. ② بىر خىل ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى. مىس نەيچە ۋە سىلىندىردىن تەركىب تاپىدۇ. ئېغىزى كىچىك بولغاچقا، سۇنى خېلى ئېگىز ۋە يىراق يەرگە پۈركۈپ چىقىرالايدۇ.

**سۇ مىناسى** <مەرب> سۇدا پارتلايدىغان بىر خىل مىنا.

**سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالماق** بىرەر ئىشقا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۇرۇنماق، ئۆتتۈش قىلماق: سۇنى كۆرمەي ئۆزلىرى ئۆتۈك سېلىپ، ھەم قويىدىلا ئولجىنى تەقسىم قىلىپ.

**سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى** <جۇغ> ئاي ۋە قۇياشنىڭ تارتىش كۈچى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان سۇ ئورنىنىڭ دەۋرىي ھالدا يۇقىرى ئۆرلەپ ھەم پەسكە چۈشۈپ تۇرۇش ھادىسىسى.

**سۇنىڭ ئېقىشىغا باقماق** ← **سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلماق.**

**سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ ئىش قىلماق** ← **سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلماق.**

**سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۆكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتماق** ← **سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلماق:** ئۇ سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۆكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇش قارارىغا كەلگەنىدى.

**سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلماق** ۋەزىيەتكە قاراپ، زامانغا لايىق ئىش ئېلىپ بارماق: ھازىرقى زامان ئىنچىكە، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ.

**سۇنى لېيىتماق** ① سۇ تەركىبىدە لاي ۋە دۇغىنى كۆپەيتىپ سۈزۈكلۈكىنى يوقاتماق: مەن سۇ ئىچۋالاي، سۇنى لېيىتماي تۇرغىنا. ② كۆچمە. ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرماق، ئىشنى جىددىيلەشتۈرمەك، مۇقىملىقنى بۇزماق: — ھازىر ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق شاۋقۇن چىقارماي، چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى تېپىپ، ئاندىن سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ-غۇ؟ سىز پەرىزات، — ئۇ پەرىزاتقا بۇرۇلدى، — ماتور سىناش جازىسىنى باھانە قىلىپمۇ سۇنى لېيىتىۋېتەلمەيسىز.

**سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق** قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئارىدىن نەپ ئالماق؛ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق: ئۇ ناھىيە بازىرىدا ئويناپ زېرىكىپ «بۇرادەر»لىرىگە ئەگىشىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردا قاتراپ يۈرۈپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ قالايمىقان بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇپ، يۈرىكى بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى.

**سۇ ئوتلىرى** <بوت> جامىكا، بېلىق لېشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۇدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**سۇ ئورنى** <سۇ> ① دېڭىز-ئوكيان، كۆل، دەريا، ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە سۇ ئامبىرى قاتارلىقلاردىكى سۇ يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى. ئادەتتە مەلۇم تەكشىلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ② يەر ئاستى سۈيى بىلەن يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئارىلىقى.

**سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىق** <گېئول> تۇپا

ياكى تاغ جىنسلىرىنىڭ سۇنى ئۆزىدىن ئۆتكۈزۈش ياكى سىڭدۈرۈش قابىلىيىتى.

**سۇ ئۆلچەش** <سۇ> ئۆلچەش سايمانلىرى ئارقىلىق سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتى، ئېقىم مىقدارى، بېسىمى، تېمپېراتۇرىسى، تەركىبى، قاتتىق-يۇمشاقلىقى ۋە زىچلىق دەرىجىسى قاتارلىقلارنى مىقدار جەھەتتىن ئۆلچەش.

**سۇ ئۆلچەش نۇقتىسى** <سۇ> سۇنى مەلۇم جەھەتتىن ئۆلچەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جاي.

**سۇ ئۈزمەك** سۇدا پۇت-قولنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك: ئۇ سۈيۈملۈكى بىلەن خوشلىشىپ كېلىۋاتقانىكەن. جان دېگەن شۇنداق تاتلىق، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلەتتىم، خېلى يەرگە بارغۇچە سۇ ئۈزۈپ باردىم. * بىيەدىيخى بويلىرىدا سۇ ئۈزۈپ گاھ، گۈزەل خاڭجۇ بېغىدىن گۈل ئۈزۈپ گاھ. كېزىپ نەنجىڭنى، خەينەنداۋ بېھىشنى، ۋە يۈننەندە تېتىپ شېرىن يېمىشنى.

**سۇ ئۈستى ئايروپىلانى** <ھەرب> سۇ يۈزىگە قونالايدىغان ياكى سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلەلەيدىغان ئايروپىلان. ئىككى قانىتى ئاستىغا لەيلىتىش ئەسۋابى ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئادەتتە قاتناش-ترانسپورت ۋە دېڭىز ئۈستىدىكى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يەنە رازۋېدكا ۋە سۇ مىنالىرىنى قويۇپ بېرىشكە ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ.

**سۇ ئۈستى ئايرودرومى** <ھەرب> سۇ ئۈستى ئايروپىلانلىرى قونىدىغان ۋە ئۇچىدىغان ئورۇن. ئادەتتە سۇ رايونى ۋە قۇرۇقلۇق رايونى دەپ ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. سۇ رايونىدا ئايروپىلان ئۇچىدىغان، قونىدىغان ۋە تۇرىدىغان مەيدانلار بولىدۇ؛ قۇرۇقلۇق رايونىدا ئايروپىلان سۇغا چۈشىدىغان ۋە قىرغاققا چىقىدىغان چاغدا سىيرىلىدىغان يول، پىرىستان، توختاش مەيدانى، رېمونتخانا ۋە ئىسكىلاتلار بولىدۇ.

**سۇ ئۈستى تەنھەرىكىتى** <تەن> تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ سۇ ئۈزۈش، سۇغا سەكرەش، قېيىق ھەيدەش ۋە يەلكەنلىك قېيىق ھەيدەش قاتارلىق سۇ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ بىر تۈرى.

**سۇ ئېتى** <زوئول> ← **بېگېموت.**

**سۇ ئېكۋىۋالېنتى** <سۇ> بىرلىك سۇدا يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى ياكى بىرلىك مەھسۇلات قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان سۇ مىقدارى.

**سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى** سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى.

**سۇ ئېنېرگىيىسى** <سۇ> سۇنىڭ ئىشلەش قابىلىيىتى. ئۇ پەقەت سۇ ئېگىزدىن پەسكە قاراپ ئاققاندىلا پەيدا بولىدۇ. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى مانا مۇشۇ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىدۇ.

**سۇ ئېيىقتاپىنى** <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى سۇغا چۆكۈپ ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تال-تال ۋە تال-تال يېرىلىدۇ. يازدا گۈل شېخى سۇ يۈزىگە چىقىپ، ئاق رەڭدە ئېچىلىدۇ.

**سۇ ئىچسە كېكىردىكىدىن كۆرۈنىدىغان** ← **سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان.**

**سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان** ئىنتايىن چىرايلىق، گۈزەل، ئۆڭى بەك

سۈزۈك: ئۇلار بەزەن كۈنلىرى پالانچى قارىغۇنىڭ زەپمۇ چىرايلىق قىزى بار دەپ، بەزەن كۈنلىرى سۇ ئىچىسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان چوكان بار دەپ كېلەتتى.

**سۇ ئىشلىرى** <سۇ> سۇ ۋە سۇ كۈچى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش، سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق سۇ ئىنشائاتىغا دائىر بارلىق ئىشلار.

**سۇ ئىگىلىكى** <سۇ> ← سۇ ئىشلىرى.

**سۇ ئىنشائاتى** <سۇ> سۇ ۋە سۇ كۈچى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش، سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشلار.

**سۇ ياقىلىماق** ئېتىزغا سۇ باشلىغاندا سۇنىڭ ئېرىق قىرلىرىنى بۇزۇپ، ئېلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېرىق بويلاپ يۈرۈپ، سۇنىڭ ئېقىشىنى تەكشۈرمەك: تاغاملار كېچىلەپ كەتتكە ھەيدەپ كېلىنگەندە، ھەسەن بىلەن ھۆسەن دادۇي قورۇسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئون نەچچە ئادەم قاتارىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار سۇ ياقىلاپ يۈرگەندە تۇتۇۋېلىنغانىدى.

**سۇ يالپۇزى** <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، شەكلى تۇخۇم ياكى تۆمۈرنگە ئوخشايدۇ. ئومۇمي گۈل رېتى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى سۇس سۆسۈن ياكى ئاق، غوزا مېۋىسى دۈگىلەك بولۇپ، ئۇچى سەل ئويمان كېلىدۇ، ئىچىدە كۆپىنچە ئۇششاق قۇرتلار پەيدا بولۇپ، قۇرت بۆرتمىسىنى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئادەتتە مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، قان توختىتىش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**سۇ يولى** ① <سۇ> سۇ ئېقىمىنىڭ لىنىيىسى. ئادەتتە ئۇ جىلغا، ئېرىق، ئۆستەڭ ۋە دەريا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② <قاتن> سۇ ئۈستى قاتناش-ترانسپورت لىنىيىسى: شاڭخەيدىن تيەنجىنگە سۇ يولى بىلەن ئىككى كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ③ <تەن> سۇ ئۆزۈش كۆللىرىدىكى ئارغامچا بىلەن ئايرىلغان سۇ ئۈزۈش يولى.

**سۇ يۇقمايدىغان** ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزىگە ئالمايدىغان، نەسىھەت، تەربىيە تەسىر قىلمايدىغان، ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنمەيدىغان: بەش يىل ئوقۇپ تېرىقچە، سۇ يۇقماپتۇ بېلىقچە. ئۇندىن ساۋاق ئېلىڭلار، گەپكە قۇلاق سېلىڭلار.

**سۇ يۈزى** <سۇ> سۇنىڭ ئەركىن، تەكشى يۈزى.

**سۇ يۇسۇنى** <بوت> سۇدا ياشايدىغان يۇسۇنلەرنىڭ ئومۇمي نامى. مەسىلەن، سپىروگىرا، قوڭۇر سۆسۈن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سۇ يىلى** <سۇ> سۇ ئىشلىرى مەشغۇلاتى ياكى سۇ ئىگىلىك ھېساباتى باشلانغاندىن تارتىپ، ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۆتكەن ۋاقىت بىرلىك قىلىنغان يىل. ئادەتتە ئالدىنقى يىلنىڭ بېشىدىن كېيىنكى يىلنىڭ 9-ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت بىر سۇ يىلى قىلىنىدۇ.

**سۇ يىلىنى** <زوئول> سۇ بويىدا ياشايدىغان يىلانلارنىڭ ئورتاق نامى.

**سۈيىنى ياندۇرماق** مېتال ئەسۋابلارنى مەلۇم ۋاقىت ھەم مەلۇم تېمپېراتۇرىغىچە قىزدۇرۇپ، ئاستا-ئاستا سوۋۇتۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قاتتىقلىق ۋە چۈرۈكلۈك دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرماق.

**سۇبات** ئى (ئە) قەتئىيلىك، ئىرادە، ئىرادە، چىدام، شىجائەت: دەھشەت ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم ھايات، ۋەھشەت ئىچىدە ساقلىدىم سۇبات. * ئابدۇخالىق قىل سۇبات، ئىزلە سىرا- تىلمۇستەقىم، كېلىدۇ بىر كۈن چوقۇم شۇندا بولارسەن بەختىيار.// جاللاتلار كۆتۈردى قانلىق قىلىچنى، باتۇرلار باشلىدى ناخشىنى سۇبات. تىيانشان، مىڭ يىللاپ قېنىڭدا يازغان ناخشاڭدا بار ئىدى جەڭ، سۆيگۈ ھايات.

**سۇباتلىق** سۈپ. قەيسەر، چىدامىلىق، ئىرادىلىك، شىجائەتلىك: ئۇ خېتىدە «ھۆرمەتلىك مۇئەللىم! كېچە-كۈندۈز سىزگە بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن، ئۆزۈمنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىمنى ئەسلىسەم، سىز ئۆزىڭىزنىڭ سۇباتلىق قامىتىڭىز ۋە ئىللىق چىرايىڭىز بىلەن كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىسىز، مەن بىر يېتىم قىز ئەمەسمىدىم؟» دەپ يازغانىدى. * خوجايىن كىمنىڭ نېمە دېيىشىگە قارىماي، ئۇنچىقماستىن، ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرۇپ، رۇس سودىگەرلىرىگە خاس كەمتەر سۇباتلىق بىلەن ئۆز پىكرى بويىچە بىمالال ئىش كۆرۈۋەردى.

**سۇبتروپىك** (ر) <جوغ> ① ئى. يەر شارىدىكى تروپىكقا يانداش بولغان ھەمدە قىشى ئىللىق بولۇپ، ھەمىشە ئۆسۈملۈك كۆكىرىپ تۇرىدىغان جايلار: سۇبتروپىك زىرائەتلىرى. ② سۈپ. شۇنداق جايلارغا خاس، ئائىت ياكى شۇنداق يەرلەرگە جايلاشقان ۋە شۇنداق جايلاردا ئۇچرايدىغان: سۇبتروپىك بەلۋاغ. سۇبتروپىك كىلىمات.

**سۇبتروپىك بەلباغ** <جوغ> كىلىمات جەھەتتىن بۆلۈنگەن جۇغراپىيىلىك رايون، يەنى تروپىك بەلباغ بىلەن مۆتىدىل بەلباغ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى بەلباغ. ئۇنىڭدا تروپىك بەلباغقا قارىغاندا يەسىل ئۆزگىرىشى روشەن، مۆتىدىل بەلباغقا قارىغاندا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولىدۇ؛ قىش پەسلىدىمۇ ئۆسۈم- لۈكلەر ئاستا ئۆسەلەيدۇ.

**سۇبتروپىك كىلىمات** <مېتېئور> بىر يىلنىڭ كۆپرەك ۋاقتىدا سۇبتروپىك بەلباغدىكى يۇقىرى ھاۋا بېسىمى تەرىپى- دىن كونترول قىلىنىدىغان ياكى شۇ خىل ھاۋا بېسىمى ھەرىكەت قىلىدىغان رايونلارنىڭ كىلىماتى. بۇ رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ كىلىمات ئاساسەن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقى ۋە غەربى بويىچە ئىككى خىل تىپقا ئايرىلىدۇ.

**سۇبستانسىيە** ئى (<لات) <پەلس> ① مەڭگۈ ھەرىكەتلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان ماددا. ② مەلۇم بەلگىگە ئىگە بولغان ئوبيېكتىپ شەيئى.

**سۇبستانسىيە قانۇنى** <قا> ئەمەلىي مۇناسىۋەتتە ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى، يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى قاتارلىقلارنى بەلگىلەيدى- غان قانۇن.

**سۇبلىماتسىيە** ئى (ر<لات) <فىز> كامفورا، يود، نامتالىن قاتارلىق قاتتىق ھالەتتىكى ماددىلارنىڭ بىۋاستە گازغا ئايلىنىشى.

**سۇبلىماتسىيىلەنمەك** پ <خىم> قاتتىق ماددىلار بىۋاستە گازغا ئايلانماق.

**سۇبھانالللا** ئىم «ياالللا، خۇدايا تۇۋا، خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا» دېگەندەك مەنىلەر- دە كېلىپ قورقۇش، ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدۇ: – سۇبھا- نالللا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش بۇ،

– دېدى مەقسۇم ياقىسىنى تۇتۇپ.

**سۇبيېكت** ئى (ر<لات) ① <پەلس> مەلۇم خۇسۇسىيەت ياكى بەلگىلەر تەۋە بولغان ئەمەلىي نەرسە: ئادەم تىل ۋە تەپەككۇرىنىڭ سۇبيېكتى. ② <پەلس> ئەقىل-ئىدراكقا، دۇنيانى (مەۋجۇداتنى) بىلىشكە ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر كىشى. ③ <قا> ھەق تەلەپ قانۇنىدا، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەر (پۇقرا ۋە قانۇنىي شەخس)؛ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان كىشىلەر؛ خەلقئارا قانۇندا، دۆلەت ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى تەرەپ (ياكى دۆلەت) كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ھوقۇق سۇبيېكتى. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى.

**سۇبيېكتىپ** ئى (ر) <پەلس> ① بىرەر كىشىنىڭ، شەخسنىڭ ياكى سۇبيېكتنىڭ ئۆزىگىلا خاس، ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان؛ شەخسىي: لوگىكا قانۇنلىرى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشى سۇبيېكتىپ ئېڭىدا ئەكس ئېتىشىدۇر. ② ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلماي، پەقەت ئۆزىنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ بىر تەرەپلىمە، شەخسىي پىكرىگىلا ئاساسلانغان، ئاساسلىنىدىغان بىر تەرەپلىمە: مېنىڭچە، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 40 ماددىلىق پروگراممىسى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ، سۇبيېكتىپ نەرسە ئەمەس.

**سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق** <پەلس> ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى ۋە پائالىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان ئەكس تەسىرى.

**سۇبيېكتىپ دۇنيا** <پەلس> تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى.

**سۇبيېكتىپ دىئالېكتىكا** <پەلس> ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ دىئالېكتىكىلىق ھەرىكەت قانۇنىيىتى. ئۇ ئوبيېكتىپ دىئالېكتىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىئالېكتىلىق ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەپەككۇر پائالىيىتىگە ئاڭلىق ھالدا تەدبىقلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم** <پەلس> ئىدېئالىزملىق پەلسەپىدىكى بىر مەزھەپ. دۇنيانىڭ ماددىيلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، مەۋجۇدىيەت پەقەت «مەن» نىڭ تۇيغۇسى؛ ماددىي دۇنيا پەقەت ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

**سۇبيېكتىپچىلىق** ئى <پەلس> ① پەنگە، ماركسىزم-لېنىنىزمغا قارشى بىر خىل ئىدىيىۋى ئىستىل. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى، بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، بەزىدە دوگمىچىلىق؛ بەزىدە تەجرىبىچىلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ② سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم.

**سۇبيېكتىپلىق** ① «سۇبيېكتىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىدېئالىزمنىڭ تۈپ خاتالىقى شۇ يەردىكى، ئۇ ئوبيېكتىپلىق ۋە سۇبيېكتىپلىق مەسىلىسىنى، دۇنيانىڭ رېئاللىقى ياكى رېئال ئەمەسلىكى مەسىلىسىنى پەقەت نەزەرىيە نۇقتىسىدىنلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ. ② ئى. سۇبيېكتىپچىلىق: مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا سۇبيېكتىپلىق، بىر تەرەپلىملىك ۋە يۈزەلىككە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.

**سۇبيېكتىۋىزم** ئى (ر<لات) <پەلس> ← سۇبيېكتىپچىلىق.

**سۇپا** ئى (ئە) ① ئولتۇرۇش ياكى يېتىپ-قو-

پۇتىش مەقسەدلىرى ئۈچۈن ئۆي ئىچى، پېشايۋان، هويلا، باغ-ئارام ۋە شۇ قاتارلىقلارغا خىش ياكى كېسەك ۋە توپا بىلەن يەردىن 50 — 60 سانتىمېتىر كۆتۈرۈپ سېلىنغان قۇرۇلما، ئورۇن: ئايۋان سۇپىسى. سۇپا باغلىماق. * پۇتلىرىغا خۇددى تۈگمەن تېشى باغلاپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئابلا گۈگۈم بىلەن تەڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، يوغان گەۋدىسىنى «گۈس» قىلىپ سۇپىغا تاشلىدى. * ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ هوجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ياتقان ئاتا-ئانىسى تۇيۇپ قالدى. ② ئاممۇۋى سورۇنلاردىكى ئۇستى تەكشى هەم يەردىن ئېگىزرەك بولغان جاي ياكى قۇرۇلما: هەيكەل سۇپىسى. ۋوگزال سۇپىسى. * كۆكۈيۈن بالىنى قولىغا ئالدى-دە، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، كەڭ تاش سۇپىغا قويدى. * ئابدۇرىشىت ئۇستا ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئىستانسىنىڭ ئۇزۇن، كەڭ سۇپىسىدا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كۆكۈللۈك ئادەم قايىنىمى شاۋقۇن سېلىپ ئۆركەشلىمەكتە ئىدى. ③ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى ئۇستىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان هەمدە ئېگىزلەتكىلى، تۆۋەنلەتكىلى ياكى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكىگىلى بولىدىغان رۇستەك: ئىش سۇپىسى. * ئۇلار تەجرىبە سۇپىسىدا پىخىلداپ كۆلگىنىچە، سېختىكىلەرنىڭ ئىشلىشىگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

**سۇپىدىن سەكرەپ چاڭغا تېيىلىش** <تەن> چاڭغا تېيىلىش تەنھەرىكىتىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، تاغنىڭ ئېگىزلىكى 70 — 90 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان تەبىئىي شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ سۇپا ياسىلىدۇ. تەنھەرىكەتچى پۇتىغا مەخسۇس ياسالغان چاڭغىنى بېكىتىپ، چاڭغا هاسىسى ئىشلەتمەي ۋە هېچقانداق كۈچكە تايانماي، تېيىلىش پەللىسىدىن چىقىپ، ياردەمچى تېيىلىش يولىدا بىرقەدەر يۇقىرى سۈرئەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، سۇپىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا بەدەن بىلەن چاڭغا ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر بۇلۇڭ هاسىل بولۇپ، تەنھەرىكەتچى بوشلۇقتا ئۇچىدۇ. يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، تېيىلىشنى تاكى توختاش رايونىغا بارغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

**سۇپىدىن سۇغا سەكرەش** <تەن> سۇغا سەكرەش هەرىكىتىنىڭ بىر خىلى. بەش مېترلىق ئېگىزلىكتىن سەكرەش ۋە ئون مېترلىق ئېگىزلىكتىن سەكرەش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. هەرىكەت تۆرى بەشكە بۆلۈنۈپ، هەربىر هەرىكەت تۆرىدە بەلگىلەنگەن ۋە ئۆزى تاللىۋالغان هەرىكەتلەر بولىدۇ. ئادەتتە ئىككى خىل هەرىكەتتە ئېرىشكەن نومۇرنىڭ يىغىندىسىغا ئاساسەن نام تەرتىپى بەلگىلىنىدۇ.

**سۇپرا** ئى (ئە) خېمىر يېيىش، نان راسلاش ئۈچۈن رەخت ياكى ئاشلانغان تېرىدىن داستىخان شەكلىدە مەخسۇس ياسالغان تۆشۈك سايمىنى: ئېتى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق (ماقال). * سارىخان ئانا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئاشتاختا ئۇستىدىكى سۇپرا قېتىدىن بىر-ئىككى زاغرا ۋە ئىككى-ئۈچ جىرىس توقاچ ئېلىپ قويدى.

**سۇپسۇر** سۈپ. ناهايىتى، بەك سۇر: — ئۇكام نېمە بولدىڭىز، بىرنېمىدىن قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟ چىرايىڭىز سۇپسۇر بولۇپ كېتىپتۇ-غۇ، — دەپ سورىدى ئۇ ئەختەمدىن.

**سۇ-پۇ** سۇ ھەم شۇ خىلدىكى سۇيۇقلۇق: ئاۋۇت قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ: « يۇرتداشلار بىزدىن ھال سوراشقا كەلگەن ئوخشايدۇ، سېنىڭ ئەترىتىڭ ئاۋۋال بىرىپ نان-پان يەپ، سۇ-پۇ ئىچىپ ئارام ئېلىپ تۇرسۇن. قالغانلىرىمىز بۇ يەردە قاراپ تۇرايلى! » دېدى.

**سۇپۇپ** (ئە) <تب> ① ئى. قۇرۇق ھەم يۇمشاق، پاراشوك ياكى تالقان ھالىتىدىكى دورىلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② سۈپ. قۇرۇق ھەم يۇمشاق، تالقان ھالىتىدىكى: سۇپۇپ دورىلار.

**سۇپېرفوسفات** ئى (ر<لات+گرېك) <خىم> بىر خىل خىمىيۋى ئوغۇت. تەركىبى كالتسىي سۇلفات ($CaSO_4$) بىلەن كالتسىي دىھىدروفوسفات ($Ca(H_2PO_4)_2$) • ئۇنىڭ تەركىبىدىكى فوسفور مىقدارى 16 — 20 پىرسەنت بولىدۇ. ئۇ بىر خىل كۈل رەڭ پاراشوك بولۇپ، شال، بۇغداي ۋە پۇرچاق ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندە زىرائەتنىڭ پىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**سۇپېرگېتېرودىن** ئى (ر<لات) <فىز> چاستوتا پەرقى مۇقىم ھالەتتىكى ئوتتۇرا چاستوتىدىن ئىبارەت بولغان ھەممە ئەسلىدىكى سىگناللار ئوتتۇرا چاستوتىدىن تاسقىلىپ چىقىدىغان بىر خىل قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى.

**سۇپېرگېتېرودىنلىق** سۈپ. سۇپېرگېتېرودىن ئۇسۇلىغا ئاساسلانغان: سۇپېرگېتېرودىنلىق رادىئو قوبۇللىغۇچ.

**سۇپېرگېتېرودىنلىق رادىئو قوبۇللىغۇچ** <فىز> رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، قوبۇل قىلىنغان يۇقىرى چاستوتىلىق سىگناللار مەلۇم خىلدىكى تۇراقلىق، ئوتتۇرا چاستوتىلىق سىگنالغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، كۈچەيتىلىدۇ ۋە تاسقىلىدۇ. بۇ خىل رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە تاللاشچانلىقى يۇقىرىراق كېلىدۇ.

**سۇپىلىق** سۈپ. سۇپىسى بار، سۇپا قىلىنغان: تال باراڭ، كاۋا باراڭ سايە سالغان، ھويلىلار كەڭ سۇپىلىق، پېشايۋانلىق. ئىچىلار رەڭمۇرەڭدە ئامازشامگۈل، رەيھانگۈل شىلدىرلايدۇ خۇش پۇراقلىق.

**سۇپىلىق ئاپتوموبىل** <قاتن> كوزۇپىنىڭ يېنى بولمايدىغان چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى.

**سۇتخور** ئى (ر) <س ئىق> قىممەتكە ئىگە بىلەت ۋە قەرز بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن كىرىمگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشى: – قىزىق گەپ، – دەپتۇ، سۇتخور، – تاغارنىڭ تۈگىقىنى نەدە بار؟ * خەلقچىللىق (دېموكراتىزم) ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ، ئالدى بىلەن نامرات دېھقانلارنىڭ، كەمبەغەل ھۈنەرۋەنلەرنىڭ فېئودال، ئاقسۆڭەك، زېمىندار، سۇتخور ۋە باشقا مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى ئىسيان تۇغى بولغانىدى.

**سۇترا** ئى <دىن> بۇددا نومىلىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭدا ساكيامونىنىڭ ئۆزى ئېيتقان گەپ-سۆزلىرى مەزمۇن قىلىنىدىكەن.

**سۇچەك** ئى. پىلە غوزىكىنىڭ قالدۇق قېپى: قىلىپ كۆكلۈمنى ھەر خىل كەشتە شەيدا، سۇچەكلەر كۆز ئوڭۇمدا بولدى پەيدا. چۈشۈپ ئەسكە بوۋام ئېيتقان ھېكايەت، يىپەكنىڭ قىسسىسى – نادىر رىۋايەت.

**سۇچى** ئى ① يېزىلاردىكى سۇ تۇتۇش يەنى تېرىلغۇ يەرلەرنى، زىرائەتلەرنى

سۇغىرىشقا مەسئۇل دېھقان: پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن، مۈرىسىگە كەتمەن سالغان قاۋۇل ئۈچ نەپەر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار پاراڭنى ئاڭلاپ كەلگەن سۇچى يىگىتلەر ئىدى. * گۈزەل ئاخشام، ئۇنتۇلماس كېچە، لەمشىپ ئاقار ئۆستەڭنىڭ سۈيى. ئاڭلىنىدۇ يىراق — يېقىندىن، سۇچىلارنىڭ يېقىملىق كۈيى. ② سۇ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: بىرچاغدا قارىسا، كىيملىرى جۇل-جۇل سۇچى ئىككى سوغىدا سۇنى كۆتۈرۈپ، دەلدەڭشىپ كىرىۋاتقۇدەك، ئايال دەرھال يۈزىنى يۆگەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە قاچقانىكەن، سۇچى: — خېنىم، قاچمىسىلا، ئۆز كىشى، — دەپ كېلىۋېرىپتۇ.

**سۇچىلىق** ① «سۇچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: تۆشۈك سوغامنى ياماپ، سۇچىلىق قىلىدىم بولغۇن. ئادالەتسىز پادىشاھنى، قوشاققا قاتتىم بولغۇن. ② ئى. سۇ ۋە سۇ كۆچى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش، سۇ بايلىقىنى ئېچىش، سۇ ئارقىلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش ۋە سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: سۇچىلىق قىلماق. سۇچىلىق فاكۇلتېتى. * ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ سۇچىلىق كەسپىگە تەقسىم قىلىندى.

**سۇخارى** ئى (ر) ياپىلاقلاپ توغراپ قۇرۇتۇلغان نان؛ بولكا: سۇخارى بىلەن چاي ئىچمەك.

**سۇخانا** ئى. ئاھالىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مەخسۇس ئۆي: ھەسەن بەدرىدىن دىۋە بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا دولك ئۆيدىن چىقىپ سۇخانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. * سۇخانىنىڭ ئەتراپى توڭلاپ كەتكەن مۇز قېتىپ، قىينىلاتتى كىشىلەر، سۇ

ئالغاندا يىقىلىپ.

**سۇخەن** ئى (پ) گەپ-سۆز، سۆھبەت، نۇتۇق: شېرىن سۇخەن. * «ئېيتاي، ئەي تالىپ ساڭا چەندان سۇخەن، مەرىپەتسىز جىسمدۇر جانسىز بەدەن.»

**سۇخەنچى** ئى. بىراۋنىڭ كەينى باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزىدىغان، ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇيدىغان ئادەم؛ گەپچى؛ چېقىمچى: ئاق كۆڭۈل باشلىق ئۈچۈن ياغلىما تىل، ئۇپۇچۇق كەلگەن رەقىبتىن كۆپ يامان. مىڭ چايان چاقسا چىداشقا ھەم بولۇر، بىر سۇخەنچى چاقسا قالمايسەن ئامان. * بۇ ئەدەبنى خوپ ئۆگەندىم سۇخەنچىدىن، سۇخەنچىلەر تاپۇر لەززەت زەر خۇنچىدىن.

**سۇخەنچىلىك** ئى. بىراۋنىڭ كەينىنى باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزۈش، ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇش ئادىتى؛ چېقىمچىلىق: سۇخەنچىلىك قىلماق. * پىتنە — پاسات، سۇخەنچىلىك، كۆرەلمەسلىك، ئالدى ئورۇن كەسىپ بولۇپ يۇرت ئىچىدە.

**سۇخەنچىلىك قىلماق** گەپ توشۇماق، چېقىمچىلىق قىلماق: — ھەممىمىز ئىچىپ باققانغۇ بۇ ھاراقنى، ئاداش مەردان، — دېدى يەنە بىرى يالغاندىن ھجىيىپ سۇخەنچىلىك قىلىپ، — چاقچاق ئەمەسمۇ.

**سۇخەندان** ئى (پ) گەپكە ئۇستا گەپدان، سۆزمەن؛ ناتىق.

**سۇخەندانلىق** «سۇخەندان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: نەمەت يېزىپ ئەشئار، سۇخەندانلىق قىلىپ قويىدى، كەچۈرگەي مېنى دوست — يارلار، بۇرۇن بىلمەپتىمىز يارەب.

**سۇدان** ئى ① مېتالدىن ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە لايىق قىلىپ ئىشلەنگەن سۇ قاچىسى: ئۇ كارىز سۈيىدىن راھەتلىنىپ ئىچتۇالدى ۋە ئېتىنىمۇ سۇغىرىۋالدى. ئاندىن

كېيىن، بىر سۇدان سۇ قاچىلاپ، ماركونىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. * مالىك، ئىسسىقنى ئولتۇرغۇزۇپ، يېنىدىن سودانىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى-دە، ئىسسىققا سۇندى. ② قۇشلارغا سۇ بېرىلىدىغان قاچا: ئادىلجان بۇگۈن ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى: ئىچەي دېسە سۇدانىدا سۈيى، يەي دېسە دانچۇققا دېنى تەييار تۇرۇقلۇق ئۇ زادى نېمىشقا شوخ سايرىمايدۇ؟

**سۇر** سۈپ (پ) پاختەك تۈكىگە، كۈلگە ئوخشايدىغان: سۇر ئات، سۇر ئېشەك. * سۇر رەڭدە تۇس ئالدى ئاسمان گۈمبىزى، قۇياشمۇ كەينىدە قالدى تۇمانىنىڭ. گۈلدۈرلەپ يەر-ئاسمان سالدى ۋەھىمە، تېپىنىچ كۆڭلىگە تىرىكىنىڭ — جانىنىڭ.

**سۇر تۇرنا** <زوئول> تۇرنىنىڭ بىر خىلى. تېنى كۆل رەڭ، بېشى ۋە پۇتى قارا. بېشىنىڭ چوققىسىدا قىزغۇچ داغلىرى بولىدۇ. قومۇشلۇق ياكى دەريا بويلىرىدا ياشايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىرنىلىك مېۋىسى ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سۇر چۈشىن** <زوئول> چۈشىنىنىڭ بىر خىلى. تېنى چوڭراق ۋە كۆل رەڭ كېلىدۇ. دۈمبىسىدە ئۈچ تال قارا يولى، قورسىقىدا ئاق-قارا كاتەكچىلەر شەكلىدىكى گۈللۈك يولچىلىرى بولىدۇ. گەندە ۋە ئېچىغان نەرسىلەرگە ئامراق كېلىدۇ.

**سۇر لەيلەك** <زوئول> لەيلەكلەرنىڭ بىر تۈرى. دۈمبە تەرىپى كۆل رەڭ، بېشىنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئىككى يېنىدا قارا تۈكلىرى بولىدۇ. كىچىك بېلىق، ھاشارات ۋە پاقا قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سۇرغۇچ** ئى ① تېز ئېرىپ، تېز قاتىدىغان رەڭدار يېلىمسىمان موم قېتىشمىسى: قىزىل سۇرغۇچ. ② شۇنداق رەڭدار يېلىمسىمان موم قېتىشمىسىدىن پايدىلىنىپ بېسىلغان باسما: سۇرغۇچ تامغا.

**سۇرقى** سۈپ. دىئال. ئورۇق، ياداڭغۇ، جۇدەڭ.

**سۇرقىدىماق** پ. دىئال. ئورۇقلىماق، يادىماق، جۇدىمەك.

**سۇرۇپ** ئى. پاختىدىن پات بېرىپ، يەرلىك ئۇسۇلدا سىلىق قىلىپ توقۇلغان بىر خىل ئاق رەخت: سۇرۇپ كۆڭلەك. سۇرۇپ تامبال.

**سۇرۇخ** ئى (پ) <خىم> ① ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Pb_3O_4$ • قىزىل رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، ئاككۇمۇلياتور، ئەينەك ۋە فارفور بۇيۇملىرىنى ياساشقا، بوياق ماتېرىيالى ۋە دېزىنفېكسىيىلىگۈچى دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② تامغا باسقاندا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىزىل بوياق. كىنوۋار، ئەمەن تالاسى ۋە ماي قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ.

**سۇزاپ** ئى (ئە) <تىب> سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، يوپۇرمىقى پەيسىمان يېرىلىدۇ، يېرىلغان ياپراقچىلىرى سوقىچاق كېلىدۇ. گۈلى سېرىق، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. پۈتۈن تېنى خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەددىنى چۈشۈرۈش، ھەيزنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**سۇزاپ ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى كۆپىنچە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تەگ يوپۇرمىقى بولمايدۇ. گۈلى قوش جىنسلىق، گۈل كاسىسى بىرلەشكەن ۋە ئاتىلىقلىرى گۈل تەخسىگە يېپىشىپ ئۆسىدۇ.

**سۆزنت** ئى (ر<فران) <ئەد> ئېپىك، لىرىك ياكى دراماتىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان، ئۆز ئارا باغلانغان ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان ۋەقەلەر سىستېمىسى.

**سۆزنتلىق** سۈپ <ئەد> كونكرېت ئادەم ۋە كونكرېت ۋەقەنى ئاساس قىلىپ، بەلگىلىك ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان؛ سۆزنتى بار؛ ۋەقەلىك: سۆزنتلىق شېئىر.

**سۆزنتلىق شېئىر** <ئەد> كونكرېت ئادەم ۋە كونكرېت ۋەقەنى ئاساس قىلىپ، بەلگىلىك ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىر.

**سۇس** سۈپ ① قېنىق، توق ئەمەس؛ ئاچ (رەڭ ھەققىدە): سۇس سېرىق. سۇس قىزىل. سۇس كۆك، سۇس يېشىل. * غۇرقىراپ ئۇچماقتا غولنىڭ شامىلى، گوياكى يىگىندەك سانجىلار سوغۇق. شۇنچە سۇس ھال بوياق بېرىلگەن غەربىي ئۇپۇقتا تۇرىدۇ يېڭى ئاي – ئورغاق. ② كۈچسىز، زەئىپ، خىرە، ئاستا، بىلىنەر-بىلىنمەس، ئانچىكى، بوش: سۇس يورۇق. * نامازدىگەر ۋاقتىغا يېقىنلاشقاندا ھاۋا تۇتۇلۇپ ئىدىرلىق ئۈستىنى سۇس تۇمان قاپلاپ كەتتى. * نەملەشكەن مېۋىلىك باغاچلارنىڭ يوپۇرماقلىرى كوچىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ سۇس يوپۇرماقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، يېزىنىڭ ھاۋاسىدا ئەجەب يېقىملىق پۇراپتى. * نۇرئاخۇن سۇس يېنىپ تۇرغان جىن چىراغ يورۇقىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ③ جىددىي، قىزغىن ئەمەس؛ سولغۇن، بوش: سۇس قارىماق. سۇس ھەرىكەت. * بۈگۈن ئۇنىڭ مىجەزى خېلىلا سۇس. * بۇ كۆرۈشۈش قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىلىك ئاددىي ۋە سۇس ئۆتتىكى، بۇنىڭدىن يولۋاسنىڭ كۆڭلى تونۇگۇنكىدىنمۇ بەكرەك غەش بولدى. * يۈك يېپتا توقۇلغان يوللۇق رومىلنىڭ ئۇچىنى ئويناۋاتقان پەلەي ئىچىدىكى بارماقلىرىنىڭ سۇس تىترىشىگە قاراپ، ئۇنىڭ جىددىيلىككە چۈشۈپ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

**سۇس تۇمان** <مېتېئور> يەر قاتلىمىغا يېقىن بولغان ھاۋا رايىدىكى كۆرۈنۈش ئارىلىقى 1 – 10 كىلومېتر دائىرە ئىچىدە بولغان ئۇششاق سۇ تامچىلىرى ۋە مۇز كرىستاللىرىنىڭ توپى.

**سۇس سېرىق** قېنىق ئەمەس، ئاچ سېرىق: دادام ئالدىغا ئېچىپ قويغان ئاتلاستىكى سۇس سېرىق بويىلىپ، ئۈستىگە چۈمۈلە ئىزلىرىدەك ئىنچىكە سىزىقلار سىزىلغان جايلارنى ماڭا كۆرسەتتى.

**سۇس قارىماق** جىددىي، ئەستايىدىل ئەمەس، يۈزە مۇئامىلە قىلماق؛ سەل، ئاددىي قارىماق؛ ئەھمىيەت بەرمەسلىك: ئۇ ئاستا – ئاستا بۇ يەرنىڭ ئىشىغا سۇس قارايدىغان، ئىشتا كۈچ چىقارمايدىغان، قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدى.

**سۇس قىزىل** قېنىق ئەمەس، ئاچ قىزىل: ئۇ بىرئاز تېتىك كۆرۈنەتتى. ئاپئاق يۈزىگە سۇس قىزىللىق يۈرگۈرگەندەك قىلاتتى.

**سۇس كۆك** قېنىق ئەمەس، ئاچ كۆك: ئۇ تېلېفوندا سۆزلەشكەندە، كۈلسە ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ، سۇس كۆك كۆزلىرى پۇرۇشۇپ كېتەتتى.

**سۇس يامغۇر** <مېتېئور> بىر سوتكا ئىچىدىكى مىقدارى 0.2 مىللىمېتر ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان يامغۇر.

**سۇس يېشىل** قېنىق ئەمەس، ئاچ يېشىل: مۇرات سۇس يېشىل نۇر يورۇپ تۇرغان دېرىزىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازلارغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن، دېرىزە پەردىسىنىڭ يوچۇقىدىن

ئۆي ئىچىگە ! قارىدى.

**سۇسايماق** پ. سۇسلاشماق، پەسەيمەك، ئاستىلىماق: ئۇ دادىسى دېگەن ھېلىقى يارلىقنى كەلگەندە بوران سۇسىيىپ، ئەتراپ جىمىجىت سۈزۈلۈپ قالدى.

**سۇسپېنزىيە** ئى (ر<لات) <فز> قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۇششاق دانىچىلىرىنىڭ سۇيۇقلۇق ئىچىدە ئېرىمەي ياكى چۆكۈپ كەتمەي ھەرىكەتلىنىش ھادىسىسى.

**سۇسلاتماق** « سۇسلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىيىتتاخۇننىڭ بۇنى قىلىشتىكى مەقسىتى بولسا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەمرانىڭ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە كۆچىيىپ بېرىۋاتقان ئابرۇيىنىڭ تەسىرىنى سۇسلىتىش. چۈنكى ھەمرانىڭ ئادىللىقى سىيىتتاخۇنغا ئانچە ياقمايتتى.

**سۇسلاشتۇرماق** « سۇسلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇستەل-ئورۇندۇقلار-نىڭ ھەدەپ غىچىرلاشلىرى، يۆتكىلىشلىرى يىغىن كەيپىياتىنى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. * بۈگۈنكى ناچار ھاۋا ئۇنىڭ جۇشقۇن ۋە شوخ كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويدى.

**سۇسلاشتۇرۇلماق** « سۇسلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇسلاشماق** پ. پەسەيمەك، بوشاشماق، كۈچسىزلەنمەك، سۇس ھالەتكە كەلمەك، سۇسلىماق: كۈن ئاستا-ئاستا تاغنىڭ كەينىگە مۆكۈشكە باشلىدى. دۇكان دېرىزىسىنىڭ يۇقىرىقى كۆزنەكتىن چۈشۈپ تۇرغان كەچكى شەپەق شولىسى بارغانسېرى سۇسلاشماقتا ئىدى. * كېسەلنىڭ مىجەزى كۈندىن-كۈنگە سۇسلاشتى.

**سۇسلۇق** « سۇس » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ بۇ سۇسلۇقى، ئۇياتچان تارتىنچاقلىقى، يەرگە قاراپلا تۇرۇشلىرى 40 ياشلىق خوتۇننىڭ ھەۋىسىنى تېخىمۇ قوزغىدى. * بۇ قىزدا غەلىتە نەرسىلەر كۆپ ئىدى: ئۇنىڭ جۇشقۇن چىرايىدىن روھسىزلىق، سۇسلۇق-مۇ چىقىپ تۇراتتى. * زاۋۇتلاردا ئىشچىلار ئىشلەيدىكەن تىرىشچان، بىلمەيدىكەن سۇسلۇق-نى دېھقانلىرى بەك ئىشچان.

**سۇسلۇق قىلماق** سەل قارىماق، بىپەر-ۋالىق، بوشاڭلىق، پاسسىپلىق قىلماق؛ ئېرىنچەكلىك قىلماق: ئۇلار داۋاملىق جېدەل-ماجىرا چىقاردى، بەزىلىرى ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلمەي ئۆيىدە يېتىۋالدى، شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بەزى ياشلىرىمىز مەيداندا ماكانلىششقا قىزىقماي، ئىشتا سۇسلۇق قىلدى. * رەھبەر بولغاندىن كېيىن ئىشقا سۇسلۇق قىلغانلارنى سۆيلەيدۇ، تەنقىد بېرىدۇ. ھازىر ئۇنى، كەلگۈسىدە ھېچكىمگە گەپ قىلما، دەپ ۋەدە بېرىشكە قىستىماسلىقىمىز كېرەك.

**سۇسلىماق** پ ← **سۇسلاشماق**: شامال ئەتىگەنكىدىن سەل سۇسلاپ قالغانىدى.

**سۇسراتماق** « سۇسىرىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇسراشماق** « سۇسىرىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇسىرىماق** پ. ئۆزىدىكى سۇ ياكى نەملىك كېمىيىپ كەتمەك، سۇغا ئىنتايىن تەشنا بولماق، قاتتىق سۇ ئىچكۈسى كەلمەك، سۇسىزلىقتىن قاغجىرىماق: سەپەرقۇل قارىسا، ئانارنىڭ ياشىرىپ تۇرغان بايىقى شېخىدىن ئەسەرمۇ يوق، ھەممە شاخ ئوخشاشلا قاقشال ھالەتتە سۇسىراپ تۇرغۇدەك. * سۇسىراپ قاقشال بولۇپ سۇنغاندا بەرگى ياپرىقىڭ، ياغمىدى شەپقەت سۈيى يا ئۇنىڭدەك بىر تال گىياھ.

**سۇسىز** سۈپ. سۈيى يوق، سۇ بولمىغان: « بىچارىنىڭ ئازراقلا سۈيى قالغان. ئەگەر

ئۇ سۇ تۆكسە، قاتتىق ناننى سۇسىز قانداق يەر» دەپ غەم قىلىشقا باشلىدى.

**سۇسىز مىرابىلىت** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىۋى تەركىبى $Na_2SO_4$. يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستاللىرى قوش كونۇس ياكى تاختا شەكلىدە بولىدۇ، رەڭسىز ھەم سۈزۈك كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 2 — 3، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.66.

**سۇسىز ئۆستەڭگە مىراب بولماق** ← **قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق:** ھېچقانداق ئاساسى يوق بىر مۇھىتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىش «سۇسىز ئۆستەڭگە مىراب بولغان» غا ئوخشاش بىر ئىش.

**سۇسىزلاندۇرغۇچى** سۈپ. سۇسىزلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان: سۇسىزلاندۇرغۇچى رېئاكتىۋ.

**سۇسىزلاندۇرغۇچى رېئاكتىۋ** <خىم> ① مەلۇم ماتېرىيال تەركىبىدىكى نەملىك (سۇ مىقدارى) نى چىقىرىۋېتەلەيدىغان ماددىلار. مەسىلەن، سۇلفات كىسلاتا قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ② ماددىلار تەركىبىدىكى ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن ئاتوملىرىنىڭ 1:2 لىك نىسبىتىنى بۇزۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ماددىلار.

**سۇسىزلاندۇرماق** «سۇسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىرئالغۇدا كىرنى سۇسىزلاندۇرغان ۋاقىت ئانچە ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**سۇسىزلاندۇرۇلماق** «سۇسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ شەھەرلەر 1991-يىلىغا قەدەر، 34 مىڭ 208 توننا قايمىقى ئايرىۋېلىنغان سۈت پاراشوكى، 13 مىڭ 115 توننا سۇسىزلاندۇرۇلغان سېرىق ماي تاپشۇرۇۋالدى.

**سۇسىزلانماق** پ. سۈيى تارتىلماق، سۈيى ئايرىۋېتىلمەك، تەركىبىدىكى سۇ ماددىسى قۇرۇماق.

**سۇسىزلىق** «سۇسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بارلىق دەل-دەرەخلەر سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتتى. سەن بايا يېگەن ئانارمۇ ماۋۇ قاقشال بولۇپ قالغان ئانار دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئەمەس. ئۇنى بۇ يەرگە يۇرت ئىچىدىن ساڭا جان كۆيدۈرگەن رەھىمدىل كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن. * جەڭنىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىتلەرنىڭ ئوقدانلىرى قۇرۇپ قېلىشقا، ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن لەۋلىرى يېرىلىشقا باشلىدى.

**سۇسىزلىنىش** ①«سۇسىزلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <تىب> ئادەم بەدىنىدىكى سۇيۇقلۇقلار كۆپ مىقداردا ئازىيىپ كېتىدىغان بىر خىل ھادىسە. كۆپىنچە ئېغىر ھالەتتىكى قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش ياكى قاتتىق تەرلەش ۋە قاناشلار تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ چاغدا بەدەن ئۆزىدىكى سۇنى يوقىتىپلا قالماي، يەنە بەدەندىكى مىنېرال ماددىلار ۋە ئورگانىك تۇزلارمۇ چىقىپ كېتىپ، بەدەندىكى ئېلېكترولىت ماددىلار تەڭپۇڭلۇقىمۇ بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇسساش، تېرە قۇرغاقلىشىش، كۆز ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، سۈيدۈك ئازىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ③ ئى <خىم> خىمىيىۋى ماددىلار تەركىبىدىكى سۇنىڭ، مەسىلەن، كرىستال سۈيىنىڭ يوقىلىشى، بىرىكمىلەر مولېكۇلىسىدىكى سۇغا تەڭ بولغان ھىدروگېن، ئوكسىگېنلارنىڭ يوقىلىشى.

**سۇغار** ئى. دىئال. ياغاچ تۈلۈك، سوغا.

**سۇغارتقۇزماق** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇغارتماق** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇغارماق** پ ① سۇ يولىنى ئېچىپ، زىرائەت ئۆسۈملۈكلەرگە سۇ قۇيماق: يەر سۇغارماق. گۈل سۇغارماق. * بۈگۈن ئالىم كەچلىك تاماقتىچە كۆكتاتلارنىڭ يېرىمىنى سۇغاردى. * ھېيتاخۇن باغنى جۈمەگىچە سۇغىرىپ بولۇپ مەسچىتكە باردى. ② سۇ بەرمەك، سۇ ئىچۈرمەك: ماللارنى سۇغارماق. دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكەلمەك. * ئىشى يوق ئىت سۇغىرار (ماقال). * ئاق ئات مىنگەن بىر ياپون ئوفىتسېرى كېلىپ، ھېلىقى ئادەملەرنى پۈتى بىلەن تېپىپ نېرى ھەيدىگەندىن كېيىن، چېلەكتىكى سۇ بىلەن ئېتىنى سۇغاردى. ③ مېتال سايمانلارنى مۇئەييەن تېمپېراتۇرىغىچە قىزدۇرۇپ، ماي، سۇ قاتارلىق سۇيۇقلۇقچىغا چىلاش ئارقىلىق قاتتىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرماق؛ تاۋلىماق: پىچاق سۇغارماق. پالتا سۇغارماق. * بىسى ئۆتكۈر گويا ئالماس، پولاتقا ئىز سالار ئۇرسا، سېۇغارغان قان-تەرى بىرلە، ماھارەتلىك چېۋەر قولدا.

**سۇغۇر** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، پۈتۈن تېنى پور كۈل رەڭ ياكى سەل-پەل قارامتۇل سېرىق رەڭدە كېلىدۇ. ئالدىنقى پۇتىنىڭ تىرناقلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، توپا كولاشقا ماھىر. توپلىشىپ ئۆۋىدا ياشايدۇ. قىشلىق ئۈچەككە كىرىدۇ. تېرىسىدىن ياش كىيىملىرى ۋە جۇۋا تىكىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ چۇما تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ئاساسلىق تارقاتقۇچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**سۇغۇرتا** ئى <س ئىق> ئەمگەكچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەدبىرلەر: ئەمگەك سۇغۇرتىسى.

**سۇغۇرتما** ئى. دىئال. تارتما، سىيرىتما.

**سۇغۇرتماق** «سۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇغۇرماق** پ. بىرەر نەرسە ئارىسىدىن، ئىچىدىن باشقا بىرنەرسىنى سىيرىپ چىقارماق، تارتىپ ئالماق، يۇلماق: قىلىچ سۇغۇرماق. قىل سۇغۇرماق. يىپ سۇغۇرماق. * بۇ ھاقارەت ۋە ئەلەمدىن تاقىتى تاق بولغان «مىنۇپ سولتەك» قونچىدىن پىچاقنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ، ئۇلارغا دېۋەيلەپتۇ. * ئۇ تۇرمىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ بېلەت ساتىدىغان يېرىدە بىر قىزنىڭ بارمىقىدىن ئالتۇن ئۈزۈكنى سۇغۇرۇۋالدى. * بەختى ئاكام چېھرىگە كۈلكە ئولاشتى، تائامغا ئىشتىھا كەلدى باشقىدىن. زورىخان سۆزىنى قىلدۇردى داۋام، نېمىدىندۇ سۇغۇردى يۇتقان ئاستىدىن.

**سۇغۇرۇشماق** «سۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇشۇپ، دۈشمەنگە ئېتىلىشقا تەييار تۇراتتى.

**سۇغۇرۇلماق** «سۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەپەندىم تۇرمۇشتا قىسىلىپ، توخۇ پەيلىرىدىن يەلپۈگۈچ بوغۇپ سېتىپتۇ. خېرىدارلار يەلپۈگۈچنى يەلپۈپ كۆرسە، پەيلەر بىر-بىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلاپتۇ. * قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر قارا گەۋدە سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە ئالدىرىماستىن كېلىپ قىزنىڭ ئالدىدا توختىدى.

**سۇغىرىش** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ

ئىسمدىشى: سۇغىرىش تۈزۈمى. سۇغىرىش رايونى.

**سۇغىرىش تۈزۈمى** <سۇ> زىرائەتتىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋاقتىنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىدا ئېھتىياجلىق سۇغىرىپ تۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈپ چىقىلغان بىر يۈرۈش تۈزۈم. ئادەتتە ئۇ سۇغىرىش نورمىسى، سۇ بېرىش نورمىسى، سۇ بېرىش قېتىم سانى ۋە سۇ بېرىش ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سۇغىرىش رايونى** <سۇ> مەلۇم سۇ ئىنشائاتلىرىدىن پايدىلىنىپ سۇغىرىلىدىغان دائىرە.

**سۇغىرىش سىستېمىسى** <سۇ> سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئەسلىھەلىرى. ئادەتتە ئۇ سۇ مەنبەسى، سۇ بېرىش ۋە تەقسىملەش سىستېمىسى ھەم ئېتىزلاردىكى ۋاقىتلىق سۇ يوللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سۇغىرىش كۆلىمى** <سۇ> سۇ باشلاپ سۇغىرىلىدىغان يەر مەيدانى.

**سۇغىرىش نورمىسى** <سۇ> r زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن جەريان ئىچىدە، بىرلىك ھەجىمدىكى يەرنى ھەربىر قېتىم سۇغارغاندا كەتكەن سۇ مىقدارى ۋە ئۇلارنىڭ يىغىندىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىرلىكى مو / $m^3$.

**سۇغىرىش ئۈنۈمى** <سۇ> سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن سۇ ھاسىل قىلغان ئۈنۈم. ئادەتتە ئۇ سۇنىڭ ئېكوۋىۋالېنتى ياكى $1m^3/s$ سۇ بىلەن بىر سوتكا ئىچىدە سۇغىرىلغان يەرنىڭ مو سانىنى ھېسابلاش ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

**سۇغىرىشماق** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باغ سۇغىرىشماق. بۇغداي سۇغىرىشماق.

**سۇغىرىلماق** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 630 مودىن كۆپرەك ئاق يەر، ئورمان بەلبېغى سۇغىرىلدى. * ئەسىرلەپ زۇلۇم-ئوقۇبەت چاڭگىلىدا قالغان، قان ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ يۇرتنىڭ قوزغىلاڭچى خەلقىنىڭ ئۆز قولىغا ئۆتۈشى، تۆت-بەش يىل بالدۇرراق ئازاد بولۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان نەتىجە ئىدى.

**سۇفلېر** ئى (ر<فران) <تىيا> تىياتىردا رولغا چىققان ئارتىسلارغا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئەسلىتىپ تۇرىدىغان خادىم.

**سۇفلېرلىق** ئى. سۇفلېرلار قىلىدىغان ئىش، خىزمەت: ئەيسا ھەسەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە بەش يىلدىن ئارتۇق سۇفلېرلىق قىلغانىدى. // تۇرسۇن سەمەتوۋ قاتارلىق كىشىلەر شۇ چاغدا سۇفلېرلىق خىزمىتىنى باشلاپ ئىشلىگەن تۇنجى سۇفلېرلاردۇر.

**سۇقسۇر** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. ياۋا ئۆردەككە ئوخشايدۇ، لېكىن تېنى ئۆردەكنىڭكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. تۇمشۇقى ياپىلاق، بويىنى ئۇزۇن كېلىدۇ، بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولۇپ، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر كېلىدۇ. قانىتى ئۇزۇن ۋە ئۇچالايدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ پەي-تۈكلىرى رەڭدار بولۇپ، بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدە قىزغۇچ، سۆسۈن يېشىل رەڭلەردە تاج تۈكلىرى بولىدۇ. تۇمشۇقى قىزىل كېلىدۇ؛ چىشىسىنىڭ پەي-تۈكلىرى سۇر قوڭۇر، تۇمشۇقى توق كۆك رەڭ كېلىدۇ. سۇ بويلىرىدا ئەركەك-چىشىسى جۈپ

بولۇپ ياشايدۇ.

**سۇقماق** پ. باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بىرىەرگە تىقىپ قويماق، يوشۇرماق: نەرسە-كېرەكلەرنى سۇقماق. * ئۇ، سۇ چۆمۈۋاتقان بالىلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى كېۋەزلىكنىڭ ئىچىگە سۇقۇپ قويدى.

**سۇقۇشماق** « سۇقماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇقۇلماق** « سۇقماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇقۇنماق** « سۇقماق » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: پارتىيە ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالماق. * كېرەم ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ قوناقلىقنىڭ ئىچىگە سۇقۇندى. * ئەگەردە قىستىشىپ كەلسە، ئۆتۈرمەن سۇقۇنۇپ ياندىن. سېزىلسەم سۇغا بىر سەكرەپ، كېچەرمەن بىر يولى جاندىن. * چاڭجىيالىڭ! چېتىڭگە كۆز يەتمەيدۇ. كىت ئويناقشىپ، لەھەڭ سۇ پۈركۈيدۇ. يوشۇرۇنماق، سۇقۇنماق بولۇشۇپ ئۇلار، سۇيلاپ تەكتىڭگە ئىچكىرىلەيدۇ.

**سۇقۇنۇشماق** « سۇقۇنماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئورمانلىققا سۇقۇنۇشۇپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

**سۇكات** ئى (لات) <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئىچى كاۋاك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتر كېلىدۇ. پۈتۈن تېنى تۈكسىز. سىلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى-ئۈچ قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق ۋە مۇرەككەپ پۆپۈكسىمان گۈل رېتىدە، جۈپ ھالەتتىكى ئاسماق مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ، يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشايدۇ، بەزىدە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇزۇنسىغا كېسىلگەن يۈزىدە بوغۇم بوشلۇقى بولۇپ، ئالاھىدە كۆچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل ۋە زەھەرلىك. قۇرت-قوڭغۇزلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلار يەپ قويسا، زەھەرلەپ قويىدۇ.

**سۇكرې** ئى (لات) ئېكۋاتور جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**سۇكېزەك** ئى <تب> ھامىلدار مەزگىلدە قورسىقى چوڭىيىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ سۇ كېلىپ قورسىقى كىچىكلىگەندىن كېيىن تۇغۇشى.

**سۇڭ** I مىق (خەن) ئىلىمىزدە قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر سۇڭ ئوندىن بىر چى. يەنى 3.3 سانتىمېتر بولىدۇ: بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ۋېي رېن ئىسىملىك بىر بېلىقچى بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل، تېرىپ يېگىلى بىر سۇڭمۇ يېرى يوق ئىكەن.

**سۇڭ** II ئى (خەن) <تارخ> ① جۇۋ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت نامى. ھازىرقى خېنەننىڭ شاڭچيۇ دېگەن يېرىدە ئۆتكەن. ② سۇڭ سۇلالىسى.

**سۇڭ سۇلالىسى** <تارىخ> ① جەنۇبىي سۇلالىلەردىن بىرى. مىلادىيە 420 — 479 يىللىرىغىچە داۋاملاشقان، ليۇيۇ قۇرغان. ② مىلادىيە 960 — 1279 يىلغىچە جۇڭگودا ئۆتكەن سۇلالە. جاۋكۇاڭيىن قۇرغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**سۇڭپىياز** ئى (سۇڭ+پىياز) <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق

ئۆسۇملۈك. يوپۇرمىقى يۇملاق، كاناي شەكلىدە بولۇپ ئوتتۇرىسى كاۋاك كېلىدۇ. تەڭگىچە غولى يۇملاق ھەم تۈۋرۈك شەكلىدە بولىدۇ، گۈلى كىچىك ئېچىلىدۇ، ئۇرۇقى قارا، ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ.

**سۇڭ جياڭ** ئى (خەن) <تارىخ> شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (تەخمىنەن مىلادىيە 1110 - يىلى) كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى.

**سۇڭ جياڭ قوزغىلىڭى** <تارىخ> شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تەخمىنەن (مىلادىيە 1110 - يىلى) سۇڭ جياڭ باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى. قوزغىلاڭچىلار ھازىرقى شەندۇڭ، خېبېي قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت قىلغان. مىلادىيە 1121 - يىلى شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

**سۇڭلۇق** سۈپ. سۇڭ بىلەن ئۆلچەنگەن، سۇڭ ئۇزۇنلۇقىدىكى: بەش سۇڭلۇق تاختاي. ئىككى سۇڭلۇق رەسىم. * بۇ كارخانا ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ، بۇ يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە كىچىك تىپتىكى بەش سۇڭلۇق ساپاندىن 1800 نى، كەتمەندىن 2000 دىن كۆپرەكنى ياساپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن تەييارلىدى.

**سۇلاشتۇرماق** «سۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇلاشماق** «سۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇلاق** ئى. قىش پەسلى، دەريا ئۆستەڭلەر مۇز تۇتقاندا، سۇ ئېلىش ئۈچۈن مۇزنى تېشىپ ئاچقان تۆشۈك: سۇلاقتىن سۇ ئالماق.

**سۇلالە** ئى (ئە) <تارىخ> دۆلەت نامىنى تىكلىگەن پادىشاھنىڭ (بىر ئەۋلاد ياكى بىرقانچە ئەۋلاد) ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۈتكۈل دەۋرى: سامانىيلار سۇلالىسى. قارىخانىيلار سۇلالىسى. خەن سۇلالىسى. چىڭ سۇلالىسى. تاڭ سۇلالىسى.

**سۇلايمان** (ئە) ئادەم ئىسمى.

**سۇلايمان قالپىقى** رىۋايەتلەردە كىشلەر باشقا كىيىۋالسا غايىب بولۇپ، باشقىلارغا كۆرۈنمەيدۇ، دەپ قارىلىدىغان بىر خىل خاسىيەتلىك قالپاق: بۈگۈن كېچە بىلىپ چىقاي، ئەتە جاۋابىنى ئاڭلارسىز... — دەپتۇ قىز ئۇنىڭغا، — ئوغلان باتۇر سۇلايمان قالپىقىنى كىيىپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

**سۇلتان** ئى (ئە) ① ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئەڭ يۇقىرى ۋالىي، ئەمىرنىڭ نامى؛ پادىشاھ: ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان، ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ (ماقال). * سۇلتان كۈندۈزنى كېچە دېسە، كۈننى ئاي دېگۈلۈك (ماقال). * قىز ۋاقتىم — سۇلتان ۋاقتىم، خوتۇن ۋاقتىم — شەيتان ۋاقتىم (ماقال). * كىمدۇر بىرى: «بەلكىم بۇ كىيىم-كېچەك ۋە ئىنئاملار سۇلتانىمىزنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن سۇلتان بولغان ئېلى نۇرىدىنىنىڭ بولسا كېرەك» دەپتۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سۇلتانلىق** ① ئى. سۇلتانغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە؛ ئورۇن، ئەمەل، مەنسەپ: سەئىدىخان 1533 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى شى زۇڭ پادىشاھى جياجىڭنىڭ 12 - يىلى) ئۆلۈپ، سۇلتانلىق چوڭ ئوغلى ئابدۇرىشىتخانغا قالغانىدى. ② ئى. سۇلتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھاكىمىيەت: ئوممان سۇلتانلىقى. * پاكىستان تارىخچىسى قۇرۇيشى يازغان «پاكىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 151 - ،153 - بەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، دېھلى

سۇلتانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر خىسراۋ دېھلىۋى ھىندىستان مۇزىكىسىنى يېڭى نەغمە كۈيلىرى بىلەن بېيىتقان. ③ سۈپ. سۇلتانلارغا خاس: سۇلتانلىق تەخت. سۇلتانلىق تۈزۈم.

**سۇلتانلىق تۈزۈم** <تارىخ> بەزى ئىسلام ئەللىرىدىكى سۇلتان دۆلەتكە باشچىلىق قىلىدىغان بىر خىل ھاكىمىيەت شەكلى.

**سۇلتايماق** پ. روھى چۈشمەك، روھسىزلان-ماق، سالپايماق؛ سولاشماق: ئۇنىڭ ۋۇجۇدلىرى ئوتى ئۆچۈرۈلمىگەن تراكتوردەك دىرىلدەپ كەتتى. دىلشات ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان قورقۇنچلۇق گەپنى ئاڭلاپ قولغا چۈشكەن ئوغرىدەك سۇلتىيىپلا قالدى.

**سۇلفات** ئى (ر<لات> <خىم> ← **سۇلفاتلار**: ئاممونىي سۇلفات. // سۇلفات كىسلاتا.

**سۇلفات كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $H_2SO_4$، ئۇ رەڭسىز، مايسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، كۈچلۈك كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. سۇدا ئېرىگەندە، كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئادەتتە كۈچلۈك سۇسىزلاندۇرغۇچى رېئاكتىۋ ھېسابلىنىدۇ. قەغەز، ياغاچ، تېرە ۋە كىيىم قاتارلىقلار ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسە، كوكۇسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاساسىي خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، سوپۇن، بوياق، پارتلىغۇچى دورا، تىببىي دورا قاتارلىقلارنى ياساشقا ياكى نېفىت سانائىتى ۋە مېتاللورگىيە سانائىتىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇلفاتلار** ئى <خىم> سۇلفات كىسلاتانىڭ مېتاللار بىلەن ھاسىل قىلغان تۇزلىرى.

**سۇلفاتىئازول** ئى (لات) <تىب> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمىلىسى $C_9H_9O_2N_3S_2$. ئاق ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك كرىستال ھالىتىدە بولۇپ، قۇياش نۇرىدا رەڭگى قېنىقلىشىدۇ. يالۇغنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**سۇلفىد** ئى (ر<لات) <خىم> ← **سۇلفىدلار**.

**سۇلفىدلار** ئى <خىم> گۈڭگۈرتنىڭ بىرىك-مىلىرى. ئۇنى مېتاللار بىلەن گۈڭگۈرتنى بىۋاستە بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىش مۇمكىن.

**سۇلۇ** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق؛ گۈلى يېشىل كېلىدۇ. كىچىك باشاقلىرىنىڭ ئۇزۇن قىلتىرىقچىلىرى بولىدۇ. دېنىنى يېگىلى ياكى يەم-خەشەك قىلغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**سۇلۇق** I سۈپ ① سۇيى بار، سۇيى كۆپ: سۇلۇق يەر. سۇلۇق ئېتىز. * بوۋاي ھاسىسى بىلەن دوڭغاقلاپ كېلىپ، ئەتراپقا شۇنداق قارىسا، مال-چارۋا دېگەن مىغىلداپ يايلىغان، قويلارنىڭ ئۈستىدە تورغايلار ئۇۋۇلى-غان، سۇلۇق، ئوتلۇق. شۇنداق چىرايلىق بىر جاڭگال. * ئات تېيىز سۇلۇق جىلغىدىن چېپىپ ئۆتكەندە، سۇ تامچىلىرى تەرەپ تەرەپكە چاچراپ كۈن نۇرىدا پارقىراپ كېتىدۇ. ② تەركىبىدە سۇيى، شىرىنىسى كۆپ، شىرىنگە تولغان: سۇلۇق شاپتۇل. سۇلۇق نەشپۈت. * چولڭ لېگەندىن كەم ئەمەس، ئاپتاپپەرەسنىڭ باشلىرى، تاختىدا قوغۇن ساناقسىز، شاپتۇلى سۇلۇق ئىكەن.

**سۇلۇق ئاق چىرىمتال** <كېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى ئاق چىرىمتالنىڭ يىمىرىلىشى-دىن كېيىنكى ھاسىلات. خىمىيىۋى تەركىبى $K_{<1}Al_2(AlSi_3O_{10})(OH)_2 \cdot nH_2O$

رەڭگى ئاق، سىلىق ھەم قاسىراق ۋە تارىشا ھالىتىدە كېلىدۇ. كۆپىنچە سېغىز توپا تەركىبىدە، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ھال ياكى كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ماگما جىنىسلار يېمىرىلگەندە ھاسىل بولغان تۇپراق تەركىبىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**سۇلۇق بولكا دەرىخى** <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى ئون مېترغا يېتىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە. گۈلى كىچىك بولۇپ، توپلىشىپ ئېللىپسنى شەكىللەندۈرىدۇ. مېۋىسىنى يېگىلى بولىدۇ. ئەسلى ماكانى ھىندىستان.

**سۇلۇق تاشئالما** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاق، كەچ باھاردا ئېچىلىدۇ. مېۋىسى كىچىك ۋە شار شەكلىدە بولۇپ، قىزىل ياكى سېرىق. سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك. تېرىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. ياغىچى قاتتىق بولۇپ، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ۋە ئۆي جابدۇقلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سۇلۇق سىنك تاش** <كېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $Zn_5(CO_3)_2(OH)_6$ • يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. رەڭگى ئاق ياكى سۇس سېرىق، قاتتىقلىقى 2.5؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى تۆت. ئادەتتە ئۇ سفالېرىتنىڭ ئىككىلەمچى مىنېرالى ھېسابلىنىدۇ.

**سۇلۇق قاپا تما** <تب> پاتولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ تېرە ئۈستى ياكى تېرە ئاستىغا يىغىلىشىدىن قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن شەكىللىنىدىغان پۇرچاق چوڭلۇقىدىكى قاپارتمىلار.

**سۇلۇق قاتلام** <كېئول> يەر ئاستى سۇلىرى ساقلاپ قالغان، سۇغا تويۇنغان ۋە ئۆتكۈزەلەيدىغان قاتلام.

**سۇلۇق گاۋلىك تېشى** <كېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $Al_4(Si_4O_{10})(OH)_8 \cdot 2\text{–}4H_2O$ ئۇ قەۋەتلەر ئارىسىدا سۇ تەركىبى بولغان گاۋلىك تېشىغا باراۋەر كېلىدۇ. لېكىن تۈزۈلمىسى ئوخشىمايدۇ. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستاللىرى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئارقىلىق كۆزەتكەندە ئىنچىكە، ئۇزۇن نەيچىگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. كۆپىنچە داڭگالدەك چىقىدۇ. ساپ بولغانلىرى ئاق بولىدۇ. ئادەتتە تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغانلىقتىن، ھەر خىل رەڭلەردە تۇتۇق كۆرۈنىدۇ. قاتتىقلىقى 1–2؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.0 – 2.2.

**سۇلۇق مانگان تېشى** <كېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $MnO_2 . Mn(OH)_2$ تەركىبىدىكى مانگان (Mn) 62.4%/ يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستاللىرى تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، يۈزىدە تىك سىزىقلار بولىدۇ. رەڭگى قارا، سىزىقى قوڭۇر كېلىدۇ. يېرىم مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 3 – 4؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.2 – 4.3.

**سۇلۇق ئىششىق** <تب> تېرە ئاستى توقۇلمىسىنىڭ ئارىلىق بوشلۇقلىرىغا كۆپ مىقداردا سۇيۇقلۇق يىغىلىپ قېلىش تۈپەيلىدىن پۈتۈن بەدەن ياكى بەدەننىڭ بىر قىسمى ئىششىپ كېتىدىغان بىر

خىل كېسەل ئالامىتى. يۈرەك كېسىلى، بۆرەك كېسىلى، ئىچكى سېكرېتسىيە كېسەللىرى، جىگەر قېتىش، ئاقسىل يېتىشمەسلىك، قان ئازلىق ۋە يەرلىك يالۇغلىنىشلارغا ئۇچرىغان كىشىلەردە بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سۇلۇق يامغۇر** ئۈزۈلمەي چۈشۈپ دەرھال كەلكۈن كەلتۈرىدىغان قاتتىق يامغۇر.

**سۇلۇق** II ئى → ئېغىزدۇرۇق.

**سۇلۇلۇق** ئى. سۇلۇ تېرىلغان، سۇلۇ ئۆسكەن يەر: بىز ئۆتكەن ھەپتە پۈتۈن بىر كۈن سۇلۇلۇقتا بېرىپ سۇلۇ ئوردۇق.

**سۇلۇن** سۈپ. ① چىرايلىق، گۈزەل: قايسى تەرەپكىلا قارساڭ راۋاب كۆتۈرۈپ يۈرگەن باللارنى كۆرىسەن. ھەممىسلا سېنىڭ پەدىلىرىڭگە چالىدۇ. «تاش پەدە»، «ساپ ئېرىق»، «سۇلۇن»، «ئاشناجان»، «يار مۇرادىغا يەتتى»، «قادىر مەۋلان»، «غوڭ پەدە» ھە ھېلىقى ھەپسدە ئىشلىگىنىڭ نېمىدى؟ * مېنى تۇتۇش قەستىدە ئوتنى قويدى قومۇشقا. خاندىن بۇيرۇق چۈشۈپتۇ سۇلۇن كۆزۈم ئويۇشقا. ② ئاجايىپ، باشقىچە، غەلىتە: موللازەيدىن دېگەن يېنىپ كېلىپتۇدەك! تۇرپان خەلقى قومۇرۇلۇپ يەمشىگە ئالدىغا چىقىپتۇدەك! ئالتە جۈپ ناغرىنى چېلىپ، سۇنايلارنى تارتىپ، خەلق دېگەن موللا زەيدىننى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ سۇلۇنلا ئىشلارنى قىلىپتۇدەك! — دېدى ئۇ ۋاڭغا تەزىم قىلىپ.

**سۇلېما** ئى (ر<لات) <خم> ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى سىماب خلورد $(HgCl_2)$. ئۇ ئاق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، سۇبلىماتسىيىلىنىدۇ. زەھەرلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ۋە دېزىنفېكسىيىلىگۈچى دورىلار ياسىلىدۇ.

**سۇلىماق** I پ ① بىرەر نەرسىگە قول بىلەن ياكى ئېغىز ئارقىلىق سۇنى چاچماق، پۈركۈمەك؛ ھۆل قىلماق، نەمدىمەك: ناننى سۇلىماق. تېرىنى سۇلىماق. ② سۇ ئىچمەك، سۇ ئوتلىماق: «نەدە ئوتلاپ، نەدە سۇلاپ، يۈردۈڭ نەلەردە؟» دەيتتى بوۋاي: «كەچمىشىڭنى سۆزلىگىن تېزرەك». * بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۆچكە بىلەن بىر تۆگە دوست بولۇپتۇ. بۇلار بىللە ئوتلاپ، بىللە سۇلاپ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدىكەن.

**سۇلىماق** II پ. ئەيلەپ بولغان تېرىنى يەنە بىر قېتىم ئورغاق بىلەن قىرىپ يۇمشاتماق.

**سۇلياۋ** ئى (خەن) <خم> سىمولا قاتارلىق يۇقىرى مولېكۇللىق بىرىكمىلەرنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ قىزدۇرۇش پىرىسلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان مەلۇم شەكىلدىكى ماتېرىياللار. شەكلى ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ئۆزگەرمەيدۇ، تۈرى كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، باكېلىت، سېللۇلوئىد، پولى ۋىنىل خلورىد قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇنىڭ يەڭگىل، ئىزولياتورلۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش، چىرىدىش ۋە سۈركىلىشكە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، پاراخوت، ئېلېكتىر ماشىنىلىرىنى ياساش ۋە ماشىنسازلىق، خىمىيە، بىناكارلىق قاتارلىق سانائەتلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ياسىلىدۇ.

**سۇماي** ئى (سۇ+ماي) قىچا، زاراڭزا، گازىر قاتارلىق ئىستېمال قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك مايلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**سۇمەن** ئى (پ) <بوت> ئاق، خۇش بۇي ئېچىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ۋە ئۇنىڭ گۈلى؛ ياسىمەن: سۇمەن قەددىڭ-نى بىر كۆرسەم، بىھوش ئېپارىدىن جىسمىم، ئانار يۈزۈڭنى بىر سۆيسەم، بولۇر گۈلناردىن جىسمىم.

**سۇمبات** ئى (پ) تاشقى كۆرۈنۈش؛ بەدەن، قەد، قامەت: گۈزەل سۇمبات. زەر سۇمبات. * مەتنىياز ئىززەتخانىنىڭ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ئەگمە قاشلىرىنى، قويۇق كىرپىكلىك قوي كۆزلىرىنى، ئاناردەك مەڭزد-لىرىنى، كېلىشكەن سۇمباتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. * ئۇ شۇ مەستلىكنىڭ كۈچى بىلەن بۈگۈن دىدارلىشىدىغان لايىقىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن گۈزەل چىرايى ۋە ئەۋرىشىم سۇمباتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى.

**سۇمباتلىق** سۈپ. كېلىشكەن، قەددى-قامەت-لىك: سۇمباتلىق ئايال. سۇمباتلىق يىگىت. * ئۇ ئۇششاق ئۆرۈلگەن قويۇق قارا چاچلىق، پىستە كۆزلۈك، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزارغان سۇمباتلىق باھار ئىدى. * ئىشىك ئېچىلىپ، بوسۇغا تۆۋىدە كۆزلىرى قاپقارا، پاكىز كىيىن-گەن، 23 — 24 ياشلاردىكى سۇمباتلىق بىر ئايال كۆرۈندى.

**سۇمبۇل** (ئە) ① ئى <بوت> ئىسىرىق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ ئۇزۇن ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك ۋە سۇس قىزىل رەڭدە ئېچىلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. تىنچلاندۇرۇش ھەم ئاغرىق توختىتىش رولىرىغا ئىگە. ② سۈپ. سۇمبۇلغا ئوخ-شاش ئۇزۇن، چىرايلىق: سۇمبۇل چاچ. * 1932-يىلنىڭ باش باھارى، چېچەك چوكانلار ئەمدى يېشىلىپ، سۇمبۇل تاللار باش كۆتۈرگەن چاغ... پۈتۈن قەشقەر تەۋەسى قوزغىلىپ كەتكەن، ھەممە ياقتا قىقاس-سۈرەن، چاڭ-توزان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن. * گۈلنەزەر ھەققىدە كىشىلەرنىڭ «بويى بىر گۈل، چېچى سۇمبۇل، تىلى بۇلبۇل» دېگەن شائىرانە تەرىپلىرى بىكارغا ئېيتىلمىغان.

**سۇمبۇل چاچ** سۇمبۇلغا ئوخشاش ئۇزۇن ۋە چىرايلىق ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچ: ئايخان بېشىنى بىرلا سىلكىپ كۆكسىگە چۈشۈ-ۋالغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلىدى-دە، سىرتقا ماڭدى. * بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى تاپىنىغا چۈشىدىكەن.

**سۇمو** ئى (خەن <ياپونچە) <تەن> ← **سۇمو چېلىششى**.

**سۇمو چېلىششى** <تەن> چېلىششقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى. ياپونىيىدە كەڭ ئەۋج ئالغان. بۇنىڭدا، ئەسۋابسىز ئېلىشىپ، قارشى تەرەپنى يىقىتسا ياكى چېگرا سىزىقتىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتسە، غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

**سۇمۇرغ** ئى (پ) قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى تېنى ناھايىتى چوڭ، كۈچلۈك، باتۇر بىر خىل ئەپسانىۋى قۇش: بالا ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ قارىسا، ئاسمان پەلەك بىر توغراقنىڭ تۆۋىدە سۇمۇرغنىڭ بىر بالىسى تۈكى چىقمىغان قاناتلىرىنى سوزۇپ نالە قىلىۋاتقۇدەك. * تاغ ئوغلى سۇمۇرغنىڭ ئۈچ بالىسى بىلەن ئۆلگەن ئەجدىھانىڭ قېشىدا تۇرۇۋېتىكەن، ئاسماندا بىر پارچە ئاق بۇلۇت

پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىر سۇمۇرغ چىقىپ يەرگە قونۇپتۇ.

**سۇمۇق** ئى <خىم> ← زەمچە.

**سۇناي** ئى (پ) <مۇز> يەللىك چالغۇلاردىن بىرى. شەكلى كانايغا ئاخشاپ كېتىدۇ. ئۈستىدە يەتتە، ئاستىدا بىر دانە تۆشۈكى بولىدۇ؛ كۆپىنچە ناغرىغا تەڭ-كەش قىلىنىدۇ: كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە (ماقال). * تەلۋىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق دەپ، ئاقسۇ، كۇچا ۋاڭلىرى ئۇزۇن سۇناي چالدۇرۇپ، بىر نەچچىدىن بەدەخشان ئاتلىرىنى باقتۇرۇپ يېتىشۈەرسۇن.

**سۇنايچى** ئى. سۇناي چالىدىغان كىشى: بالا، سۇنايچىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، خالتىسىنىڭ بوش قالغان يېرىمىنى تىزى ئاستىغا قويدى-دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ راۋابىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى چېلىشقا باشلىدى.

**سۇنايلاشماق** «سۇنايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ پاراڭلار ئالدى بىلەن ياتاقداشلار يۈز-كۆزىنى، پۇت-قولىنى يۇيۇپ بولۇپ كارىۋاتقا سۇنايلاشقىنىدىن كېيىن باشلىناتتى.

**سۇنايلانماق** «سۇنايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: رەيھان ئايدىڭدا ئويناپ - ئويناپ هاردى بولغاي، ئۇچمە ئاستىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. * ئەبلىغازى كاڭدا سۇنايلىنىپ ئۇزاق ياتتى.

**سۇنايلىماق** پ. پۇت-قولىنى سۇنماق، سوزۇلماق: ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مۇشۇ ئۆيدە مەيدىسىنى تۇتۇپ يۆتىلىشلىرى، كۆزلىرىنى ئاران-ئاران پىلدىرلىتىپ سۇنايلاپ ياتقىنى كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

**سۇنبۇلە** ئى (ئە) <ئاستر> ← **سۇنبۇلە بۇرجى**.

**سۇنبۇلە بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ ئالتىنچىسى. بەلگىسى ♍. ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 150° تىن 180° قىچە. ئەسلىي ئورنى سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمى بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەل-گەن. هەر يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم كۈزگى تېرىم بولىدۇ.

**سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 13 سائەت 20 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 5° -، يەنى ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىگە، مىزان يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

**سۇنتاختا** سۈپ. ئىشتىن، كاردىن چىققان؛ سۇنغان، پاچاقلانغان؛ ئەبجىقى چىققان: سۇنتاختا قىلماق.

**سۇنتاختا قىلماق** ئىشتىن، كاردىن چىقارماق؛ سۇندۇرماق، پاچاقلىماق، ئەبجىقىنى چىقارماق.

**سۇندۇرماق** ① «سۇنماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناننى سۇندۇرماق. قولىنى سۇندۇرماق. * موللازەيدىن ئاق ناننى سۇندۇرۇپ، ئىككى پىيالە چاي بىلەن يەپ تۈگەتتى. * خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غالجىر بۆرىنىڭ ئومۇرتقىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۆلەر هالەتكە كەلتۈردى. ② ئايلاندۇرماق، تەڭلەشتۈرمەك، چېقىشتۇرماق (قىممەت، مىقدار قاتارلىقلار هەققىدە): پۇلغا سۇندۇرماق. موغا سۇندۇرماق. * بۇ ئۆيدىكى هەممە نەرسىنى پۇلغا سۇندۇرسا، ناهايىتى كۆپ هېسابلىغاندىمۇ 100 يۈەندىن ئاشمايتتى.

* شۇ مەيداندىلا بىساتىدىكى توخۇ، ئۆردەك، قوي-ئۆچكە ۋە بىر ئىنەك، ھەممىنى 200 يۈەنگە سۇندۇرۇپ دۆيگە ئالدى. * قۇربانئاخۇن ئاشۇ گۇمانلار بىلەن بىركۈنى تويدۇرمايلا، ناسىرئاخۇن ئائىلىسىنىڭ ھۆددە يېرىگە قەدەم سېلىپ موغا سۇندۇرۇپ باقتى.

**سۇندۇرۇش** «سۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى: سۇندۇرۇش كۈچى.

**سۇندۇرۇش كۈچى** <فىز> ئىككى خىل مۇھىتتىكى يورۇقلۇق تېزلىكلىرىنىڭ نىسبەت قىممىتىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار.

**سۇندۇرۇشماق** «سۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: – تۇنۇگۈن ۋىبورگ رايونىدا ئۈچ دۇكاننى تالاپ، ئۇرۇپ سۇندۇ-رۇشۇپتۇ، – دېدى بىر كىشى. * ئەتراپتىكى مېھمانلار تەۋرەپ كېتىشتى. بەزىلەر قۇلاقنى قۇلاققا يېقىشىپ پىچىرلاشماقتا، بەش مىسقال ئالتۇننىڭ باھاسىنى پۇلغا سۇندۇرۇشماقتا.

**سۇندۇرۇلغان** «سۇندۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سۇندۇرۇلغان باھا.

**سۇندۇرۇلغان باھا** <س ئىق> نەرسىلەرنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ھېسابلان-غان باھاسى.

**سۇندۇرۇلماق** «سۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داستىخانغا ھەر خىل مېۋە-چېۋە، قەنت-گېزەكلەر قويۇلۇپ، نان-توقاچ-لار سۇندۇرۇلدى ۋە جانان چىنىلەرگە قايىقارا دەملەنگەن سىنچاي قۇيۇلدى. * مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئابباس ئاكامنىڭ پۇتى ئۇرۇپ سۇندۇرۇلۇپ، كۆپ ھەرەج تارتتى. * – ماتور سىناش جازىسى ئاساسەن ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا ياسىلىدۇ. ئۇشۇق ئىش ۋاقتى ئىش كۈنىگە سۇندۇرۇلىدۇ، – دېدى شۇجى يىغىننىڭ قارارىنى ئېلان قىلىپ.

**سۇنغان** «سۇنماق I» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سۇنغان نۇر.

**سۇنغان نۇر** <فىز> بىر خىل مۇھىتتا تۈز سىزىق بويىچە تارقىلىپ، ئىككىنچى خىل مۇھىتقا كىرگەندە سۇنۇپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن نۇر.

**سۇنغۇزماق** «سۇنماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەمخان بالىسى ئۆمەرجاندىن ھەسەلخان ئاچىغا بىر چىنە چۆچۈرە سۇنغۇزدى.

**سۇنماق** I پ ① ئۇشتۇلماق، پارچىلىنىپ بۆلەكلەرگە ئاجرىماق، پارچىلانماق: چىنە سۇنماق. ئەينەك سۇنماق. * كوزا كۈندە سۇنماس، كۈندە سۇنار (ماقال). * سۇنغان توقاچ بېپىشماس (ماقال). * شۇ چاغدا دېرىزىگە تاشلار ئېتىلدى، كۆزنەك جاراڭلاپ سۇندى، ۋالڭ-چۇلڭ كۆچەيدى، غوۋغا زورايدى. * ئابدۇرېھىم چۆچۈگىنىچە تانىنى قويۇۋەتتى، قاسىم ئاكا ئەلەملىك ۋارقىراپ «گۇلۇپ!» قىلىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى سۇنغانىدى. * ئاكام ئۆيىمىزنىڭ بۇلۇڭىدا سۇنۇپ ياتقان ئەسكى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ، كىچىك بىر پەنزە ياساپ، بوينۇمغا ئېسىپ قويدى. ② <فىز> نۇر، ئاۋاز دولقۇنى قاتارلىقلار ئىككى خىل ماددىنىڭ تېگىشىش يۈزىدە تارقىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككىنچى خىل ماددا ئىچىگە كىرمەك. ③ كۆچمە. قەرز تۆلەشكە قۇربى يەتمەي ياكى ئىقتىسادىي رىقابەتتە يېڭىلىپ، بارلىق مال-مۈلكىدىن ئايرىلماق؛ خاراب، خانىۋەيران بولماق: ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سۇنۇشى قانۇنىيەتلىك ھالدا ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. * بۇ سۇنغان بايۋەچچە، لوكچەك، پومېشچىكنىڭ يالاقچىسى جالڭ جىنلوڭ

زور قىرغىن باشلانغان چاغدا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنى خې شىشيۇڭنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ خائىنلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. ④ كۆچمە. ئابرويى تۆۋەنلىمەك، ئېتىبارىنى يوقاتماق: ئەجەبا، مەن شۇ قىز ياراتمىغۇدەك ئادەممۇ؟ قېنى، كۆرەرمىز، سەن قانچىلىك بىرىنى تاپالارسەنكىن! غۇرۇرلۇق يىگىت بىر قىزنىڭ چوڭچىلىقى ئالدىدا ھەرگىز سۇنماسلىقى كېرەك. * ئوت-كۆيۈككە چىدىماي، چېكىپ نەشە چىلىمدا. سۇندۇق دۈشمەن ئالدىدا، بىر پۇلۇم يوق قولۇمدا. ⑤ بىرەر كېلىشمەسلىك ياكى زەربە تۈپەيلىدىن ئازار يېمەك، رەنجىمەك، مەيۈسلەنمەك: ئازنىخان ئىككى بالىلىق بولغاندا ئېرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. قاچان ئېرى ئۆلدى، ئايالدىن ئامەت قاچتى، كۆڭلى سۇندى. * پومېشچىكنىڭ قولىدا ئاتا، ئامانەتتەك سېنىڭ ھاياتىڭ. قەددىڭ پۈكۈك، چاچلىرىڭدا ئاق، دىلىڭ سۇنغان، سۇنغان قاناتىڭ. ⑥ كۆچمە. ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتماق، سارغايماق، مەيۈس، غەمكىن ھالەتنى ئىپادىلىمەك (چىراي ھەققىدە): چىرايى سۇنماق. ⑦ كۆچمە. دەسلەپكى شىددىتى، كۈچى يوقالماق، پەس كويغا چۈشمەك، ئاجىزلىماق؛ ئۆچمەك: ئەسئەتلەر بۇ چۆلدە تەبىئەت بىلەن، چۈشكەچكە جان تىكىپ جەڭگە-مەيدانغا؛ بوران ئېغىزىنىڭ سۇندى ھەيۋىسى، كەلمىدى بۇ غەلىبە، لېكىن ئاسانغا. * گۈل ۋە ياپراقنىڭ توزۇشى مۇمكىن، لېكىن توزۇماس كۆڭۈل بېغىمىز. ئارزۇلار پاكدۇر، سۇنمايدۇ تىلەك، سۇنماس ئىرادە، ئىشەنچ تېغىمىز. * شورلۇقنىڭ نالىسى توختىدى، تىندى، ھاياتلىق شامىنىڭ پالقۇنى سۇندى. ⑧ كۆچمە. بۇزۇلماق، پاكىزلىقىنى يوقاتماق: تەرىتى سۇنماق.

**سۇنماق** II پ ① ئۇزاتماق، تەگلىمەك: قولىنى سۇنماق. ياردەم قولىنى سۇنماق. * كۈتۈلمىگەندە باش قوماندان مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى-دە، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇلۇغ قولىنى سۇندى. مەن ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولۇم بىلەن چىڭ تۇتتۇم. * دەردمەنگە ئۇ سۇنۇپ ياردەم قولىنى، بېرەتتى خۇش خەۋەر ياخشى كۆڭلەردىن. «چۈشىدۇ ئورنىغا قارا نىيەتلەر، بىز يەنە ياشايمىز باياشات، ئەركىن» ② سۇنايلىماق، ئۇزارتماق، سوزماق: پۇتىنى سۇنماق. * يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن (ماقال). * ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، پۇتىنى يوتقانغا ئۇزۇن سۇندى-دە، خىيال ئارىلاش ئۇيقۇغا كەتتى. ③ بەرمەك، تۇتماق، يوللىماق: ئاش سۇنماق. ھاراق سۇنماق. ئەرز سۇنماق. * رابىيە ھەردەم ئادەت بويىچە قوشنىدارچىلىق قىلىپ ئاش سۇندى. ئەمما ھېيتئاخۇنىڭ قورۇسىغا كىرىپ ھەيران قالدى. * قىزنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈنگەن ئاتا، ئانار شەربىتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ خۇشاللىق بىلەن مېھمانغا سۇندى. * بۇ يىغىندا مەسىلىلەرنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويايلى، كۆپچىلىك سۈزاكىرىلەشسۇن، مۇنازىرىلەشسۇن. ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىپ پارتكومغا سۇنايلى. ④ ئىسسىنماق، قاقلانماق: ئاپتاپ سۇنماق. ئوت سۇنماق. * ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان بوۋايلار ھەدەپ گەپكە چۈشتى. * ئۇ بىر تەرەپتىن ئوت سۇنۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە تونۇش چىرايلارغا يېقىملىق قارىدى. ئولتۇرغانلارمۇ ئۇنىڭ ئوت سۇنۇۋېلىشىغا يول قويۇپ ئانچە گەپ سورىماي جىم ئولتۇرۇشتى.

**سۇنۇ** سۇپ. دىئال. باشقىچە، ئاجايىپ، غەلىتە، يوچۇن، يات.

**سۇنۇشماق** «سۇنماق II» پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر كۈلۈشۈپ،
دېھقانىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قوللىرىنى سۈنۈشۈپ
بىر تالدىن شاپتۇل ئېلىشتى. * شۇنداق
قىلىپ، قۇمۇل خەلقى نامىدىن تورپاق موللا
هاجى باشلىق 40 — 50 كىشى بارماقلىرىنى
بېسىپ، يېگى ئامبالغا خەنزۇچە ئەرز خەت
سۇنۇشتى.

**سۇنۇق** ① سۈپ. سۇنغان، بىرەر يېرى
ئۈچۈپ كەتكەن، دەز كەتكەن ياكى
سۇنۇپ ئىشتىن چىققان؛ياراقسىز، كېرەك-
سىز: سۇنۇق پىيالە. سۇنۇق هارۋا. سۇنۇق
دۇتار. * نازى جىددىي هاجەتمەن بولۇپ
مەندىن پۇل سوراپ كېلىپتۇ. مەن ئۆلمىگەن
قېرىنىڭ قولىدا سۇنۇق يارماقمۇ يوق. * بوۋاي
ئۇنىڭدىن سۇنۇق كۆزەينىكىنى ئېلىپ تاقىدى--
دە، قولىغا توكۇرۇپ بولقىنى ئالدى ۋە ئاياغقا
مىخ قېقىشقا باشلىدى. ② سۈپ. سۇنۇپ
پارچىلانغان نەرسىلەرنىڭ هەربىر بۆلە-
كى، پارچىسى: 1945-يىلى ئاقسۇدا بولۇپ
ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر مانا شۇنداق
ئومۇمىي قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭ، قولىدا
سۇنۇق تۆمۈر بولمىغان مەزلۇم خەلقنىڭ ئىنسان
قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر بىلەن دەھشەت-
لىك ئاياغ ئاستى قىلىنىشى، سان-ساناقسىز
كىشىلەرنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشى، گومىنداڭ
جاللاتلىرىنىڭ تەنلىك هجيىشلىرى ۋە قاقاقلىغان
مەست كۈلكىلىرى ئىچىدە ئاياغلاشتى. *
ئۇكام بىركۈنى لاتىدىن پۇل خالتىسى تىكىپتۇ.
ئۇنىڭغا سۇنۇق چىنە، ساپاللارنى تولدۇرۇپ
بەلبېغىغا ئېسىپتۇ. ③ ئى <تب> زەخىملىنىش
ياكى توقۇلمىلىرىدىكى كېسەللىك ئۆزگە-
رىشلىرى تۈپەيلىدىن سۇنغان، پارچىلانغان
ياكى يېرىلغان سۆڭەك: سۇنۇقنى تاڭماق.
* مۇزەپپەرنىڭ ئالدىغا تېخى بۇنداق ئۇزۇن
يىللىق سۇنۇق كەلمىگەچكە، بىرئاز دېلىغۇل
بولاتتى. ④ سۈپ <مات> **بۆلۈك** هاسىل
قىلىپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن: سۇنۇق
سىزىق. ⑤ سۈپ. كۆچمە. روهسىز، نۇرسىز،
سولغۇن، مەيۇس، غەمكىن: رەڭگى
سۇنۇق. * تاشخان ئۇستام 35 كۈندە تالا-تۈز-
گە چىققۇدەك بولدى. هېلىمۇ چىرايى سۇنۇق،
سارغۇچ ئىدى. ⑥ سۈپ. كۆچمە. ئازاب
چەككەن، ئازار يېگەن، دەرد تارتقان،
غەم باسقان؛ پەرىشان: ئۆكزەمگە تولا
چىقماڭ، ئۆكزەم تۆشۈك ئەمەسمۇ؟ دىلىمغا
ئازار بەرمەڭ، دىلىم سۇنۇق ئەمەسمۇ؟ *
قولى قىسقىنىڭ قىسقا ئىكەن ئۆمرىمۇ، هايات
سەهراسىدا سۇنۇق ئىكەن كۆڭلىمۇ. ئېغىر
يىللار تەرك ئەتتى ئۇنى هاياتتىن، پېقىرلىق
خانىسىنى بۇ شام چىراغدىن.

**سۇنۇق چىراي** روهسىزلىق، غەمكىنلىك،
مەيۇسلۇك بىلىنىپ تۇرغان چىراي:
تۇرمۇشۇمۇ يامان ئەمەس، بىراق، بىزنىڭ
چىرايىمىز هامان سۇنۇق. بولمىغاچقا مىلەر
بىزنىڭ يېنىمىزدا، ئۆيىمىز خۇددى قەبرىستاندەك
غېرىب-مۇڭلۇق.

**سۇنۇق دىل ← سۇنۇق كۆڭۈل:** تۇرغۇن
ۋىجدان ئازابىدا تولغىنىۋاتقان خاسىيەتنىڭ
سۇنۇق دىلىغا ئاۋۋالقىدەكلا كەچۈرۈم كوزىسىدىن
تەسەللى، مېھىر-مۇهەببەت كەۋسىرىنى
قۇيۇۋېتىپ، — ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات،
ئۇنداق ئۆزۈڭىزنى قىيناۋەرمەڭ، — دېدى.

**سۇنۇق سىزىق** <مات> بىر تۈز سىزىق
ئۈستىدە ياتمايدىغان ۋە باش-ئاخىرى
تەرتىپ بويىچە ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان
بىرقانچە كېسىكتىن هاسىل بولغان
سىزىق.

**سۇنۇق قوشۇقنىڭ سىپى تەگمەك**
كىچىككىنە ئەمەل-مەنسەپكە، ئازراق
هوقۇققا ئىگە بولماق: ئەگەر بۇنىڭغا سۇنۇق

قوشۇقنىڭ سىپى تېگىپ قالسا- زە، ئىش بار ئىكەندە.

**سۇنۇق كۆڭۈل** دەرد تارتقان، ئازاب چەككەن غەم باسقان كۆڭۈل: ئۇ بۇ خىل كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى ئۆزگەرتىشكە، تۈگىتىشكە، ھەمراخاننىڭ سۇنۇق كۆڭلىگىمۇ ئاشۇ ئىلگىرىدەك خۇشال-خۇراملىق كەيپىياتلىرى بىلەن ئارام بېرىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، كىشلەرنى باغ، ھويلىسىغا تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. * غېرىبجان بۇ يەردە سۇنۇق كۆڭلىنى شىكارغا چىقىش بىلەن بەند قىلدى.

**سۇنۇق يۈز** <كېئول> مىنېراللارنىڭ سۇنغاندىن كېيىنكى ھاسىل بولغان يۈزى. ئوخشاش بولمىغان مىنېراللارنىڭ سۇنۇق يۈزىمۇ ئوخشىمىغان شەكىللەردە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئارقىلىق مىنېراللارنىڭ تۈرلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

**سۇنۇقچى** ئى. چىقىپ كەتكەن ئۇگىلەرنى ۋە سۇنغان ئەزالارنى جايىغا كەلتۈرۈپ، تېڭىپ داۋالايدىغان كىشى؛ تېڭىقچى: قولۇم-قوشنىلار چالا ئۆلۈك ياتقان تاھىر ئاكىنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ دەرمانغا كەلتۈرگەن. قولىنى سۇنۇقچىلار تاڭغان.

**سۇنۇقچىلىق** «سۇنۇقچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى؛ تېڭىقچىلىق: ئۇنىڭ باشلىقلىرى داۋالىتىمىز دەپ ئالغىلى كەلگەندە مەن بەرمىدىم. ئۆزۈم بىر ئاي خەۋەر ئالدىم، قەدىرسىز ئۆتكەن ئانا مىراس سۇنۇقچىلىق ھۈنىرىم شۇ ۋاقىتتىلا ئەسقاتتى.

**سۇنۇلماق** «سۇنماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بولسا سۇنۇلغان ناندىن بىر چىشلىدى. چىشلەنگەن نان ئىگىسى ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلاپ، نانىنى قويىنىغا تىقىپ سەكرەپ كەتتى. * شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ 1982-يىللىق ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (لايىھىسى) بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇلدى.

**سۇئوقياسى** ئى <بوت> ① ياۋا كەشمىر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇلۇق ئېتىزلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يا ئوقنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاق. يەر ئاستىدا شارسىمان غولى بولۇپ، سارغۇچ ئاق ياكى ئاق يېشىل كېلىدۇ، يېگىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستى غولى.

**سۇۋاتماق** «سۇۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تام سۇۋاتماق. ئوچاق سۇۋاتماق. ئۆي سۇۋاتماق.

**سۇۋادان** ئى <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. تېز ئۆسىدۇ، ئېگىزلىكى 40 مېترغا يېتىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ بۇلۇڭسىمان تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، تەرتىپسىز چىشلىرى بولىدۇ. ئاستىنى قويۇق ھالەتتىكى تۈكلەر يېپىپ تۇرىدۇ. گۈلى باش باھاردا ئېچىلىدۇ، ئاتلىق-ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە، پوتلىسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. غوزىلىق مېۋىسى ئىككىگە يېرىلىدۇ. يورۇقلۇقنى خالايدۇ. ئوتتۇرا ھال ۋە ھاكلىق تىنما تۇزلەڭلىكلەردە تېرىزەك ئۆسىدۇ. ياغىچىدىن ئۆي جاھازىلىرى، سەرەڭگە تېلى، پەنەركە، قەغەز قاتارلىقلار ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئىھاتە ئورمانلىقى ۋە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخ خىللىرىغا كىرىدۇ.

**سۇۋادان تېرەك** <بوت> ← **سۇۋادان**: كۆل بويىدىكى ياش سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدىن بىرلا قارىغاندا، لەنگەر ۋە قۇمېيرىق-

نىڭ ئېتىز-ئېرىق، ئېغىل-قوتان، دۆۋە، ئىشخانا ئەتراپلىرى خۇددى بازاردەك قىزىپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**سۇۋادانلىق** ① سۈپ. سۇۋادان بىلەن قاپلانغان، سۇۋادان ئۆستۈرۈلگەن: سۇۋادانلىق ئورمان. سۇۋادانلىق هويلا. ② ئى. سۇۋادان كۆپ ئۆستۈرۈلگەن جاي: چىرايلىق، كۆجۈم ئىدى مېنىڭ يۇرتۇم، يوللىرى سۇۋادانلىق بۈك-باراقسان. بۇ يەردە شوق ئوينايتتى ئېقىن سۇلار، ئۈستىدە كەڭ، پايانسىز كۆپكۆك ئاسمان.

**سۇۋار** رەۋ. تامامەن، پۈتۈنلەي، باشتىن--ئاياغ، ھەممىسى، بىراقلا: روزىمەت، خېلىلىنىڭ سۇۋار ئاقىرىشقا باشلىغان ساقاللىرىغا تىكىلگىنىچە، ئېتىكىدىكى چالمىلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا تۆكۈلگىنىنى تۇيمايلا قالدى. * مۇشۇ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ماڭا قاراشلىق تۆت كىچىك سايىنىڭ قارىغايلىرىنى بوران سۇۋار يىقىتىپ تاشلىدى.

**سۇۋاشقاق** سۈپ. ئاسان سۇۋىشىدىغان، سۇۋىشىپ قالىدىغان، تېز يېپىشىدىغان، يېپىشقاق: سۇۋاشقاق ئادەم، سۇۋاشقاق نەرسە.

**سۇۋاشقاقلىق** «سۇۋاشقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ سۇۋاشقاقلىقى تېخى تۈگىمەپتۇ.

**سۇۋاشماق** ① «سۇۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھېلى كىرگەن ئۈچ يىگىتنىڭ بىرى ماۋۇ بىزنىڭ زەينەپخاننىڭ ئوغلى يۇنۇس، قايسى كۈنى سەن ئۇنىڭغا تام سۇۋىشىپ بېرىپسەن، مەن ئۇنىڭغا دىلبەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم. ② سۇۋىلىپ قالماق، چاپلاشماق، يېپىشماق: ئۇ ئۆز تەجرىبىلىرى ئارقىلىق شۇنى ياخشى بىلەتتىكى، بەزى كىشىلەر زۆرۈرىيىتى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئاز-تولا مەسئۇلىيەتلىك خىزمىتى بار كادىرلارغا سۇۋىشىپلا يۈرىدۇ. * — كىچىكىدە كاۋا يېسەڭ يۈز-كۆزلىرىڭگە سۇۋىشىپ كېتىدىغان، ئەجەبمۇ ئامراق ئىدىڭ بالام، — دېدى هاۋاخان ئوغلىنى ئەركىلىتىپ.

**سۇۋاق** ئى <بن> ① سۇۋاش ئىشى: قارا تۇگىسە بىر كۈن توختاپ ئاندىن ئىنچىكە سۇۋاق بېرىڭلار. ② سۇۋاش نەتىجىسىدە هاسىل بولغان قاتلام: لاي سۇۋاق. گەج سۇۋاق. قوم سۇۋاق. ئىنچىكە سۇۋاق. قارا سۇۋاق. * قازى زاهىر تەيجىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلگەندە باتۇر ئىشىك تۈۋىدە قالغانىدى. ئۇ ساڭ، ئامبارلارغا سۇۋاق بېرىۋاتقان كىشلەرنى كۆردى. * سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، ئىشىكى بىر يانغا قىيسىيىپ كەتكەن بۇ ئەسكى ئۆينى ئەركىن دائىم قۇلۇپلاقلىق هالدا كۆرەتتى. * قادىرنىڭ ئۆي-جايى ئىنچىكە سۇۋاقلىرىغىچە قولدىن چىقىپ پۈتكەن ئىدى.

**سۇۋاقچى** ئى ① سۇۋاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، ئۇستا: سۇۋاقچىلار ئاللا بۇرۇنلا ئىشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ② كۆچمە. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، مۇرەسسە، سالا-سۇلھ بىلەن ھەل قىلىش تەرەپدارى؛ سالاچى: جاھانىنى ئالدى قوڭتاجى، ئىشنى بۇزار سۇۋاقچى (ماقال).

**سۇۋاقچىلىق** ① «سۇۋاقچى» سۆزى ① نىڭ كەسىپ نامى: سۇۋاقچىلىق مېنىڭ ئاتا كەسپىم. * ئۆينىڭ سۇۋاقچىلىقى تۈگىدى. ② ئى. كۆچمە. سالا، مۇرەسسە قىلىش ئىشى؛ سالاچىلىق: بىر كوممۇنىستنىڭ مۇشۇنداق پرىنسىپال مەسىلىدە سۇۋاقچىلىق قىلىشى ئۆزىنى ئاددىي پۇقرا دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىمدۇ.

**سۇۋاقسىز** سۈپ. سۇۋىقى يوق، سۇۋالمىغان: سۇۋاقسىز تام، سۇۋاقسىز ئۆي. * يارىم بىلەن

يۈرگەن ئۆيلەر سۈۋاقسىز ئىكەن، مەن يارىمدىن سوراپ باقسام، كۆڭۈلسىز ئىكەن.

**سۈۋاقلىق** سۈپ. سۈۋىقى بار، سۈۋالغان: سۈۋاقلىق تام. سۈۋاقلىق ئۆي. * ئۇ زاماندا كىشىلەر تۈزلەڭ رايونلاردا لاي سۈۋاقلىق ياغاچ ئۆيلەر ۋە يېرىم گەمە شەكىللىك ئولتۇراق جايلارنى سالغان.

**سۈۋالماق** « سۈۋىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇرغۇنلىغان ئەرەبلەر — سەئۇدىيە نېفىت سانائەتلىرىنىڭ ئىشچىلىرى پالما شاخلىرىدىن ياسالغان ۋە لاي بىلەن سۈۋالغان ناھايىتى ناچار ئۆيلەردە ياشىماقتا.

**سۈۋان** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ھەم يېپسىمان كېلىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق شار شەكلىدە بولۇپ، گۈل يېپىنچىسى ئىچىدە ئورىلىپ تۇرىدۇ، ئۇرۇقى قارا. كۆپىنچە شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ. ئۇرۇقىدىن تارتىلغان ماي سوپۇن ۋە سىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سۈۋانماق** « سۈۋىماق » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دوستۇمنىڭ سىڭلىسى ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ كۈلۈپ قاپاقلىرىنى سوزغىنىچە كېلىپ ئاكىسىغا سۈۋاندى ۋە ئاۋازىنى يىغلىغاندەك چىقىرىپ: — بىز دېگەن ئارتىس، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

**سۈۋاي** سۈپ. چىشى ھايۋانلارنىڭ تۇغمىغىنى؛ قىسىر: سۈۋاي بايتال. سۈۋاي قالماق. * باغ ئىشىكىنىڭ يېنىغا چوڭ داش قازان ئېسىلىپ، قوۋۇرغىسىغا ئىككىلىك ماي قونغان بىر سۈۋاي كالا سويۇلدى.

**سۈۋاي قالماق** تۇغماي قالماق، قىسىر قالماق.

**سۈۋاي-سالتاڭ** بالىسى يوق، بالىسىز، يالغۇز، سالتاڭ: ئۇ كۈنلەردە يېزىلاردا يالغۇز سۈۋاي-سالتاڭ ئاياللارلا ئەمەس، بەلكى ئېغىرئاياغ، يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللارمۇ تاغار، قاپ يۈدۈپ توپا ياكى قىغ توشۇيتتى.

**سۈۋېرېن** سۈپ (ر) مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان؛ مۇستەقىل: سۈۋېرېن دۆلەت. سۈۋېرېن ھوقۇق. * بىز تىنچلىقنى سۆيىمىز. ئەمما، ئەگەر جاھانگىرلار خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ئۇرۇش ئوتىنى يېقىپ، تېررىتورىيىمىزگە ۋە سۈۋېرېن ھوقۇقىمىزغا تاجاۋۇز قىلغاندا، بىز ئۇرۇشتىن ھەرگىز قورقۇپ قالمايمىز.

**سۈۋىماق** پ. بىرەر نەرسىگە ياكى ئادەم بەدىنىگە سۈرتمەك، سۈرتۈپ سىلىقلىماق: دورا سۈۋىماق. شىلىم سۈۋىماق. تام سۈۋىماق. * ئۇ ئەخلەتخانىدا ياكى يول ئۈستىدە ئۇچرىغان قەغەزلەرنى تېرىۋېلىپ، ناننى چاينىۋاپ، ھېلىقى قەغەزلەرنىڭ ئارقىسىغا سۈۋايتتى. * — بىز ئاۋۋال تامنى سۈۋىۋېتەيلى، ھازىر مانا ئوبدان چاي ئىچىۋالدۇق. قېنى تۇرۇڭ ئىنىم، — دېدى تامچى.

**سۇياغ** ئى (سۇ+ياغ) ← **سۇ ماي**: سۇيېغى بىلەن قوي مېيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن پولۇ ئىكەن، ئەجەب ئوخشاپتۇ.

**سۇياڭىقى** ئى <بوت> ① سۇ ياڭىقى ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سازلىق كۆلچەكلەردە ئۆسىدۇ. يىلتىزى پاتقاق ئىچىدە تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، گىرۋەكلىرىدە ھەرىنىڭكىدەك لەيچىشلىرى بولىدۇ، ئادەتتە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسى يېشىل ياكى قوڭۇر كېلىدۇ، پوستىدا مۈڭگۈزلىرى بولىدۇ. مېۋە ئېتىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سۇيۇر** سۈپ. تاشقى شەكلى، كۆرۈنۈشى

بىلىقتا ئوخشايدىغان ھەم ئۆز ھەرىكىتىدە ھاۋانىڭ قارشىلىقىغا ئاز ئۇچرايدىغان: سۇيۇر پىكاپ. سۇيۇر ۋاگون. * ئۇ بېشىنى چىقىرىپ پەسكە قارىدى، بىنا ئالدىدىكى مەيداندا توختاپ كەتكەن پىكاپلارغا كۆزى چۈشتى، ئۇلارنىڭ قاتارىدا سۇيۇر شەكىللىك، ئۈچ قاتار ئورۇندۇقى بار، كاتتا بىر قارا پىكاپ تۇراتتى.

**سۇيۇرغال** ئى <تارىخ> شاھ، خان، ئەمىر تەرىپىدىن ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەرگە ئالاھىدە خىزمىتى ئۈچۈن ئىنئام قىلىنغان يەر-سۇ، يەر-مۈلۈك.

**سۇيۇرغاللىق** سۈپ. سۇيۇرغال ھەققىدىكى؛ سۇيۇرغالغا ئاساسلانغان: سۇيۇرغاللىق تۈزۈم.

**سۇيۇق** سۈپ ① سۇ تەركىبى كۆپ بولغان، سۇيۇلدۇرۇلغان؛ قويۇقنىڭ ئەكسى: سۇيۇق جىسىم. سۇيۇق ماددا. سۇيۇق لاي. * ئۇ تولغىناتتى، ئىڭىرايتتى، ئۆزىنى پاتقاققا ئۇراتتى... ئادەملەر يېتىپ كېلىشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇيۇق لاي ۋە توپا تاشلاشتى. * تاماقنى يېگەندە ئالدى بىلەن ئاسان سىڭىدىغان سۇيۇق تاماقلارنى يېيىش كېرەك. ② زىچ ئۆسمىگەن، قويۇق ئەمەس؛ شالاڭ (چاچ، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلار ھەققىدە): سۇيۇق ئۆسكەن شال. چېچى سۇيۇق ئايال. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، تۇتامى يوق؛ يەڭگىل: سۇيۇق ئادەم. * گۈل-گىياھلارنىڭ ھىدى سەۋلەشنىڭ يېقىملىق ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ مېنى مەست قىلىپ قويدى. ئەسلىدىنلا سۇيۇق بولغان غۇرۇرۇم، ئاللىقانداق تۇيغۇلارغا سىڭىپ كەتتى... * – ئۇ سەل سۇيۇقراق ئايال، دىققەت قىل، يەنە بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالما، – دەپ نەسىھەت قىلغانىدى دوستۇم ماڭا.

**سۇيۇق ئەينەك** <خىم> ناترىي سىلىكاتنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى. رەڭسىز ھەم سۈزۈك كېلىدۇ. يېپىشتۇرغۇچى ۋە چىرىشتىن، ئوتتىن مۇداپىئە قىلغۇچى ماتېرىيال ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يەنە قەغەزچىلىك، توقۇمىچىلىق سانائەتلىرىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**سۇيۇق جىسىم** <فىز> ← **سۇيۇقلۇق.**

**سۇيۇق كۆڭۈل** ← **كۆڭلى سۇيۇق:** سۇيۇق كۆڭۈل يىگىت. سۇيۇق كۆڭۈل ئايال.

**سۇيۇق گاز** <خىم> نېفىت گازىغا ئوخشاش، سۇيۇلدۇرۇلغان ياكى سۇيۇق ھالەتتىكى گاز.

**سۇيۇق ھالەت** <فىز> ماددىلارنىڭ سۇيۇق ھالىتى. ئۇ ماددىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر خىل شەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**سۇيۇق ئوغۇت** ئادەملەرنىڭ سۈيدۈك، گەندىلىرىنى ئېچىتقاندىن كېيىن، سۇ قوشۇش ئارقىلىق تەييارلانغان ئوغۇت.

**سۇيۇقئاش** ئى (سۇيۇق+ئاش) ھەر خىل كېسىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن چۆپلەرنى توغرالغان كۆكتات، گۆش ۋە باشقا خۇرۇچلار بىلەن بىللە سۇدا پىشۇرۇش ئارقىلىق ئېتىلىدىغان تاماقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇنىڭ ئۆگرە ئاش، مەنپەزە ئاش، قوشقاچ تىلى ئاش ۋە ئۈزۈپ تاشلانغان ئاش قاتارلىق تۈرلىرى بولىدۇ: – سەپەردىن كەلگەن بولساڭلار، – دېدى قىز ئويلىنىپ ئالدىرىماي، دانە-دانە سۆزلەپ، – خام قىيما قىلىپ، ئىنچىكە كېسىپ، سىركە-لازىسىنى تېتىتىپ، ئاچچىق-چۈچۈك سۇيۇقئاش قىلىپ بەرسۇن، قانداق؟ * خوتۇنى گۆشنى شورپا سېلىپ يەۋېلىپ، ئەپەندىمگە سۇيۇقئاش ئېتىپ قويۇپتۇ.

**سۇيۇق-سەلەڭ** سۇيۇقئاش، ئوماچ،

شۇڭغۇرۇچ قاتارلىق سۈيى بىلەن چۆپى ئارىلاشقان، سۇمۇرۇپ ئىچىدىغان: سۈيۇق-سەلەڭ تاماق. * ئۇ ئاق باش ئانىسىنىڭ سۈيۇق-سەلەڭ ۋە قۇرۇق بولسىمۇ تەملىك تېتىيدىغان ئېشىنى ئىچىپ، ماجۇرىن بىلەن ئۇزاققىچە مۇڭداشتى.

**سۈيۇقلاشتۇرماق** « سۈيۇقلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرمۇشتا جىق گەپ قىلىدىغان، بىرمۇ گېپىگە ئىگە بولمايدىغان ئادەملەر جىق. ئۇنداقلار تۆمۈرنىمۇ سۆز بىلەن سۈيۇقلاشتۇرۇپ، شاتىراق لاي قىلىۋېتىدۇ.

**سۈيۇقلاشتۇرۇلماق** « سۈيۇقلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۈيۇقلاشماق** پ ← **سۈيۇقلانماق**: نەتىجىدە زاۋۇتنىڭ سىياسىي ھاۋاسى سۈيۇقلىشىپ كېتىپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىمۇ يۈكسىلىشكە ئىگە بولالمىدى.

**سۈيۇقلاندۇرماق** « سۈيۇقلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گازنى سۈيۇقلاندۇرماق. * شۇنى بىلىش لازىمكى، ئۆت قاننى سان جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى سۈپەت جەھەتتىن سۈيۇقلاندۇرىدۇ.

**سۈيۇقلاندۇرۇلماق** « سۈيۇقلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭدىن باشقا يەنە زاۋۇتنىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆيلىرىدىن 655 ئۆي تەكشۈرۈلۈپ، سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئوچىقى ياكى تام مەش، ئىشىك-دېرىزە قاتارلىقلاردىن 96 سى يېڭىلاندى.

**سۈيۇقلانماق** پ. سۈيۇق ھالەتكە كەلمەك، سۈيۇلماق: گاز سۈيۇقلانماق. سۈيۇقلانغان توققۇلمىلار.

**سۈيۇقلۇق** ئى ① مۇئەييەن ھەجمى بولغان، لېكىن شەكلى بولمىغان، ئېقىپ ھەرىكەتلىنىدىغان جىسىم. نورمال تېمپېراتۇرىدا ماي، سۇ، ھاراق، سىماب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۈيۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ: سۈيۇقلۇق بەرمەك. سۈيۇقلۇق پرېسى. دورا سۈيۇقلۇقى. * ئارخىمېد قانۇنى بويىچە، جىسىمنىڭ سۈيۇقلۇق ئىچىدە يوقىتىدىغان ئېغىرلىقى شۇ جىسىمنىڭ ئۆز ھەجمى باراۋەرلىكىدە سىقىپ چىقارغان سۈيۇقلۇقنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ بولىدۇ. * ئىسمائىل ئاكا ئۈچ كۈندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا كۆرگىنى ئاپئاق ئۆي، يېنىدا ئىنچىكە، ئېگىز جازىغا ئېسىپ قويۇلغان بوتۇلكىدىكى سۈيۇقلۇق ۋە ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئاق خالاتلىق ئايال ئىدى. ② ماددىلارنىڭ سۈيۇلۇش دەرىجىسى: قاننىڭ سۈيۇقلۇقىنى ئۆلچىمەك. سۈيۇقلۇقى ئاشماق. ③ كۆچمە. تۇتامسىزلىق؛ قەتئىي ئىرادىسى، ئېنىق مەيدانى بولماسلىق: خاسىيەت: – سۈيۇقلۇق قىلماڭ، قىز، قېرىلارنى زاڭلىق قىلىپ-ھە؟ مەتلۇبە: – سۈيۇقلۇقمۇ، قويۇقلۇقمۇ ئۇنى بىلمىدىم، ماڭا ساۋاب كېرەك. قوپۇڭ ئورنىڭىزدىن. * – قىزىڭىزنىڭ سۈيۇقلۇقىنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز ئاچا، – دېدى سىڭلىسى مەنىلىك قىلىپ.

**سۈيۇقلۇق بەرمەك** <تىب> قان يوقاتقان ياكى ئىچ سۈرۈش قاتارلىق سەۋەبلەردىن سۇسىزلانغان كېسەللەرگە گلۇكوزا، فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۇلىرىنى كىرگۈزۈپ، قان مىقدارىنى تولۇقلىماق.

**سۈيۇقلۇق پرېسى** <ماشىن> سۇ پرېسى، ماي پرېسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۈيۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ بېسىم ئۆزىتىدىغان ماشىنىلارنىڭ ئورتاق نامى.

**سۈيۇقلىماق** پ. سۈيۇق ھالغا كەلمەك. سۈيۇلماق.

**سۈيۇلدۇرماق** ① « سۈيۇلماق » پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② <خم> ئىرىتمىگە يەنە ئىرىتكۈچىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق، ئىرىتمىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتمەك.

**سۇيۇلماق** پ. سۇيۇق ھالغا كەلمەك، سۇ تەركىبى كۆپەيمەك: بالام، بۇ قېتىقنى ئاكاڭغا ئاپىرىپ بەر، بارغىچە چىنىنى سىلكىمەي، ئاۋايلاپ ماڭ، بولمىسا قېتىق سۇيۇلۇپ كېتىدۇ. * ئۇ بۇ خەتلەرنى مىجىقلاپلا مەشنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. «مېڭىسى سۇيۇلۇپ كەتكەن ساراڭ، – دېدى ئۇ ئىچىدە، – نومۇسنى بىلمەيدىغان لۈكچەك...»

**سۇيىقەست** ئى (ئە) بىراۋغا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش، يوق قىلىش، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەت، قەست: سۇيىقەست قىلماق. * بۇ قېتىمقىسى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى ساۋۇتبەگلەرنىڭ قەستىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىمقى سۇيىقەست ئىدى. * ئۇلار مەككارنىڭ بۇ كىشىلەرنى بوھتان بىلەن قارىلاشتىكى سۇيىقەستىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلەلمىدى.

**سۇيىقەست قىلماق** بىراۋغا زىيانكەشلىك قىلدىغان، قەستلەيدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماق: ئۇ ياۋاش، سەممىي، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشنى، سۇيىقەست قىلىشنى بىلمەيدۇ.

**سۇيىقەستچى** ئى. سۇيىقەست ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، قەست قىلغۇچى ئادەم: چىقتى كۈن ئۆتمەي ئۈزۈن، يېرىپ بۇلۇتنى ئاخىرى، سۇيىقەستچى تۈلكىنىڭ كۆيدى نىقابى-ئەستىرى.

**سۇيىقەستچىلىك** ئى. سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتى: – «مېنى بۇ كۈنلەرگە قويدىمۇ ۋەتەن، مېنى بۇ ئازابقا سالدىمۇ ئەل-يۇرت؟ ياق، ئوغلۇم! ئەل-يۇرتمۇ چەكمەكتە پىغان، بېشىدا كۆيگەچكە سۇيىقەستلىك ئوت...»

**سۇيىقەستلىك** سۈپ. سۇيىقەست يوشۇرۇنغان، سۇيىقەست بىلەن قىلىنغان: سۇيىقەستلىك پىلان. سۇيىقەستلىك ئىش.

**سۇيىئىستېمال** ئى (ئە) ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن يول قويۇلغان ئىشلاردىن ئارتۇقچە پايدىلىنىش.

**سۇيىئىستېمالچىلىق** ئى <پەلس> ← **پراگماتىزم.**

**سۆجە** ئى. دىئال. سۆڭگەچ، يانپاش.

**سۆرە** ئى. دىئال. كەپە، چەللە.

**سۆرەتمە** سۈپ. تۇتۇپ، باغلاپ ياكى چېتىپ سۆرىتىلىدىغان: ئۇشتۇمتۇت كېمىدىكى سىم ئارغامچا سۆرۈلۈشكە باشلىدى. تاشقى سودا ماللىرى-لىق بېسىلغان سۆرەتمە كېمىنى كەلكۈن ئاققۇزۇپ كېتىش، پاچاقلىۋېتىش خەۋپى بار ئىدى.

**سۆرەتمەك** «سۆرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۆيىمىزدىكى بىر تۇپ قۇرۇق قارىياغاچنى ئۆكۈزگە سۆرىتىپ ئالتىنچى كۈنى كەلدىم. * قادىرمۇ ئۆكۈزلىرىگە ساپانلىرىنى سۆرىتىپ ئېتىزغا ماڭدى.

**سۆرەشتۈرمەك** پ. سۆرەپ، تارتىپ ئېلىپ ماڭماق: چېرىكلەر مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ، چۆجىنىڭ بويىنىدىن تۇتقاندەك تۇتۇپ سۆرەشتۈرۈپ، يامۇلغا ئېلىپ ماڭدى. * ئۇنى قاندىقتۇر نۇرغۇن قوللار سۆرەشتۈرۈپ ئاچىقتى.

**سۆرەشمەك** «سۆرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ياغاچچى بىلەن دېھقان جاڭجاللىشىپ قېلىپ، قازىنىڭ ئالدىغا سۆرىشىپ كېلىپتۇ. * ئىككىسى يەنە تۇتۇشتى. بىر-بىرىنى ئالدى-كەينگە

سۆرىشىپ بىرھازا ئېلىشتى.

**سۆرەلگۈچلەر** ئى <زوئول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر كلاسسى. بۇنىڭغا كىرىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېنىدە قاسىرقى ياكى قېپى بولۇپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ، تۇخۇم ياكى تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغۇش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، شەكىل ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلەن، يىلان، كەسلەنچۈك، تاشپاقا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سۆرەلمە** سۈپ ① سۆرىلىپ قالدىغان، سۆرىلىۋالىدىغان، سۆرىلىدىغان: ئىبادەت ئۈچۈن كەلگەن ئۇزۇن يەڭلىك سۆرەلمە چاپان كىيگەن، تاقىرباش بۇت ماشايىخلىرى كىرىپ چىقىپ يۈرۈشەتتى. ② ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان: ئۇنىڭ كېسىلى سۆرەلمە كېسەل بولۇپ قېلىپتۇ، ھەرقانداق بىرنەرسە نېرۋىنىغا تەگسىمۇ، بولدى، قوزغىلىۋېرىدۇ. * ئىسمى-جىسمىغا ماس كەلمىگەن فىلىمدىكى مەززىسىز، سۆرەلمە كۆرۈنۈشلەردىن زېرىككەن زىننەت يېرىم سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا كىنوخانىدىن يېنىپ چىقتى. ③ كۆچمە. ئىنتىنىلىك، تېز ھەرىكەت قىلمايدىغان، ئېزىلەڭگۈ: دۇنيا ئەسلي بولغاندا بىنا، ئەپچىللەرگە تەئەللۇق ئىدى. كۆپلەر بىلمەي تۇغۇلۇپ قالدى، سۆرەلمىگە ئورۇن يوق ئىدى.

**سۆرەلمەك** «سۆرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەڭ كىيىم سۆرىلىپ يىرتىلار، تار كىيىم تارتىشىپ يىرتىلار (ماقال). * قوينىڭ پاچىقىنى تۇتۇۋالغان دېھقان دارقىراپ قوي بىلەن بىللە سۆرەلدى.

**سۆرەلمىپالاس** سۈپ (سۆرەلمە+پالاس) ئىش-ھەرىكەتتە سۇس، ئاستا ئىش قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ كەينىدە قالىدىغان، ئېزىلەڭگۈ، مىس-مىس، ئەزمە: سۆرەلمىپالاس ئادەم. * بۇ گەپ جېنىمغا تەگدى. سالپىيىپ كەينىمگە ياندىم. تونۇشلىرىنى ئۇزاتقىلى چىققانلار رېشاتكا تۈۋىدە ماڭا قاراۋاتقاندەك، ھەممىيلەن تۇشمۇتۇشتىن «بۇ ئېشەك ھارۋىسى ئەمەس، ئايروپىلان!»، «دەۋر ساڭا ئوخشاش سۆرەلمىپالاسلارنى تاشلاپ كېتىدۇ!» دەۋاتقاندەك، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

**سۆرەلمىپالاسلىق** ئى. سۇس، ئاستا ئىش قىلىدىغان، ئارقىدا قالىدىغان ئادەت؛ ئېزىلەڭگۈلۈك، ئەزمىلىك: سۆرەلمىپالاسلىق قىلماق.

**سۆرەلمىپالاسلىق قىلماق** ئىش-ھەرىكەتتە سۇسلۇق قىلىپ باشقىلارنىڭ كەينىدە قالماق؛ ئېزىلەڭگۈلۈك، مىس-مىسلىق قىلماق.

**سۆرەلمىلىك** «سۆرەلمە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈن چاقىرسا ئەتىسى جاۋاب بېرىدىغان سۆرەلمىلىكىنى «سالماقلىق»، قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا قارايدىغان ھاڭۋاقتىلىقىنى «چېكىپ باققانلىق»، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كېچىكىپ قېلىشىنىمۇ پەرۋا قىلماي بېشىنى چۈمكەپ ئۇخلىۋالىدىغان ھۇرۇنلۇقىنى «مادار يىغقانلىق»، كىر-قاتلىرى دۆۋىلىشىپ كەتسىمۇ يۇيۇۋېتەي دېمەي قاسماق پېتى يۈرۈۋېرىدىغان مەينەتلىكىنى «ئاددىي-ساددىلىق» دەپ تەرىپلەيتتى.

**سۆرەم** ئى. تېرىلغان يەرنىڭ ئۈستىدىن سۆرىتىپ چالمىلىرىنى ئېزىش، يەرنى تۈزلەش ۋە شۇ ئارقىلىق نەملىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇ ياغاچتىن ياسىلىدۇ ياكى چىۋىقتىن توقۇلىدۇ: سۆرەم ياسىماق. سۆرەم سالماق. * ئۇ ئۆز ئادىتى

بويىچە بوز ئىچىدىن يۇلغۇن ئەكىلەتتى. سىۋەت، زەمبىل، سۆرەم توقۇپ ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم دادۇيگە ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى.

**سۆرەم سالماق** تېرىلىپ بولغان ئېتىزنىڭ ئۈستىنى سۆرەم بىلەن باستۇرماق: مەن سەندىن بەك رازى. نېمىشقا دېسەڭ، سەن بولغاچقا يەتتە مو يەر تالقاندەك يۇمشاق ھەيدىلىپ، ئۇرۇق سېلىنىپ بولدى. ئەمدى سۆرەم سالساقلا بولدى.

**سۆرەمچى** ئى ① مەخسۇس سۆرەم ياساش ياكى توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. ② سۆرەم سالىدىغان كىشى.

**سۆرۈن** سۈپ ① بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق ئەمەس، ھاۋاسى مۆتىدىل، سالقىن: سۆرۈن جاي. سۆرۈندە ئولتۇرماق. * بۇ يەر تۈگمەن بولغان بىلەن سۈيى بەلەن، دەل-دەرەخ قويۇق، تاغنىڭ ئېتىكى سۆرۈن جاي. ② كۆچمە. ئېچىلمايدىغان، تۇتۇق، سوغۇق؛ يېقىمسىز (چىراي ھەققىدە): سۆرۈن تەلەت. سۆرۈن چىراي. * گەرچە ئۇ كۆڭلىنى خۇش تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، بېشىدا بىرەر ۋەھىمە ئەگىپ يۈرگەندەك يۈزلىرى سۆرۈن، كۆزلىرى خىرە ئىدى. // بۇ سۆرۈننى كىممۇ ياخشى كۆرەركىن تاڭ؟

**سۆرۈن تەلەت** رەڭگىرويى يېقىمسىز، چىرايى ئېچىلمايدىغان، چىرايىدىن مۇز ياغىدىغان، تولۇڭ: بۇ سۆرۈن تەلەت موماي ئۇنىڭ سۈپۈرگە تۇتقۇدەك بولۇپ قالغانلىقىغا، تەرەت سۈيىگىمۇ يارايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھېيىزەمنى يېنىدا ئېلىپ قالدى.

**سۆرۈن چىراي** ← **سۆرۈن تەلەت**: ئۇ چاپقىداپ ئۇرۇۋاتقان شۇۋىرغاندىن كۆزىنى يۇمۇۋىدى، كۆز ئالدىغا يەنىلا تۇرسۇن شېجاڭنىڭ ياپما قاپاقلىق، سۆرۈن چىرايى كەلدى.

**سۆرۈنجان** ئى (پ) <بوت> گۈلساماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا تۇخۇمسىمان تەڭگىچە غولى بولىدۇ. كۈزدە گۈلى ئېچىلىپ، كېيىنكى يىلى يوپۇرماق چىقىرىدۇ. گۈلى سۈس قىزىل، يوپۇرمىقى توق يېشىل ۋە يىپسىمان كېلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە. ئۇنى مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىشتىن سىرت ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ئۇرۇقى يەللىك بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش ۋە ھۈجەيرىلەر بۆلۈنۈشىنى تورمۇزلاش روللىغا ئىگە.

**سۆرۈنلە شتۇرمەك** « سۆرۈنلە شمەك »نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈز ھاۋاسى كوچىلارنى سۆرۈنلە شتۇرمەكتە، كۈن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ مەشرىق مۇھىتىدىن ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. * — ئاۋۇ يەردە ئولتۇر، — دېدى لېتىپ كېچاڭ. ئۇ ئەلپازىنى بۆلەكچىلا سۆرۈنلە شتۈرگەنىدى. روزى باقى ئۇ ئىما قىلغان تۈكۈرۈك قاچىسى تۇۋىدىكى تۆت چاسا ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

**سۆرۈنلە شمەك** پ ① سۆرۈن، سالقىن ھالغا كەلمەك، سالقىنلاشماق: ئۇ قەدەم-لىرىنى تەستە يۆتكەپ سىرتقا چىقتى. ئاسمان ئۇنىڭغا سۆرۈنلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ② كۆچمە. تۈرۈلمەك، تۇتۇلماق، يېقىمسىزلاش-ماق (چىراي ھەققىدە): شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇش خۇي چىرايىمۇ باشقىچە سۆرۈنلىشىپ قالغانىدى.

**سۆرۈنلۈك** « سۆرۈن » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە تولىمۇ كۆڭۈلسىز، سۆرۈنلۈك ھۆكۈم سۈرەتتى. * ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى ئاجىزلىقىنىڭ ئورنىنى بىر خىل بىشەملەرچە سۆرۈنلۈك ئىگىلىگەنىدى.

**سۆرتىشمەك** «سۆرەتمەك» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: تاشكەنت قوزغىلاڭچىلىرد-
نىڭ تەلەپلىرى بىلەن ئەزىز بەگنىڭ ئىككى
پۇتىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئاتنىڭ
قۇيرۇقىغا سۆرىتىشتى.

**سۆرىگۈچى** سۈپ. سۆرەپ ماڭىدىغان ياكى
سۆرەيدىغان: سۆرىگۈچى كېمە. // هارۋا
سۆرىگۈچى.

**سۆرىگۈچى كېمە** <قاتن> سۆرەش
ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كېمە
ياكى سال قاتارلىقلارنى سۆرەپ مېڭىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق كېمە.

**سۆرىمە** سۈپ. سۆرىلىدىغان، سۆرىلىۋالىدى-
غان، سۆرەلمە: سۆرىمە كەش؛ سۆرىمە
ئاياغ.

**سۆرىمە ئاياغ** ئارقا ئۆكچىسى يوق،
ئاياغ. ئادەتتە ئۇ ئۆي ئىچىدە كىيىلىدۇ.

**سۆرىمە تور** بېلىق تۇتۇش تورلىرىنىڭ
بىر خىلى. شەكلى خالتىغا ئوخشايدۇ.
ئادەتتە دېڭىز ئاستىغا تاشلىنىپ، بىر
ياكى ئىككى بېلىقچى كېمىسىگە سۆرىتىلىدۇ.
بۇ چاغدا، دېڭىز ئاستىدىكى بېلىق ۋە
راك قاتارلىقلار تور ئىچىدە قالىدۇ.

**سۆرىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى كۆتۈر-
مەي، يەرگە تەگكۈزۈپ ئالدىغا تارتماق:
مۈشۈكنى هارۋىغا قاتساڭ، هارۋىنى كارىۋاتنىڭ
ئاستىغا سۆرەيدۇ (ماقال). * ئۇ بوينىغا
باغلانغان كونا چىگە شوينا بىلەن قوينى
خۇددى ئۆلۈكنى سۆرىگەندەك دارقىرىتىپ
سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. * دەل شۇ چاغدا مېنىڭ
ئالدىمدىن بىر كونا قول هارۋىسىنى سۆرەپ
بوتكا تەرەپكە كېتىپ بارغان تۇنىكىچى قېرى
ئۆتۈپ قالدى. ② زورلۇق بىلەن بىر
تەرەپكە تارتماق، ئېلىپ ماڭماق: ئۇنىساە-
مۇ ئۇنىماي دادام قولۇمدىن سۆرەپ ماڭدى.
③ باشلىماق، ئەكەلمەك: بۇ گەپنى ئاڭلاپ
مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، «كۆتۈرەلمە-
سەڭ ساڭگىلىتىۋال» دەپ تېخى ئايالىمۇ
كەلگۈدەك! ئۇ بولمىدى دېگەندىمۇ، ئەركە
باللىرىدىن بىرەر-ئىككىنى سۆرەپ كېلىدۇ. *
بۇ تېپىشماقتەك ئىش يىگىتنى قانداقتۇر بىر
قىزىقىش ئىچىگە سۆرەپ كەلدى. ④ كۆچمە.
بىرەر ئىشنىڭ بېجىرىلىشى، ئورۇندىلىشىنى
كەينىگە سۈرمەك، كېچىكتۈرمەك: نەچچە
يىلدىن بېرى نېمىشقا بۇ ئادەمنىڭ ئىشىنى
سىياسەت بويىچە بىر تەرەپ قىلماي، هازىرغىچە
سۆرەپ كەلدىڭلار؟ – دېدى ئۇ باشلىقا. *
مەن ساڭا قاچان قەرز ئېلىپ لەۋزىمدە
تۇرمىغان؟ بەرگىن، ئۇزاققا سۆرىمەيمەن، –
دېدى ئۇ.

**سۆز** ئى ① <تىل> تىلنى تەشكىل
قىلىدىغان، تاۋۇش بىلەن مەنە زىچ
بىرىككەن، تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا
بولىدىغان ئەڭ كىچىك لېكسىكىلىق بىرلىك:
تۈپ سۆز. ياسالما سۆز. جۈپ سۆز. سۆز
ياساش. سۆز تۈرلەش. سۆز مەنىسى. سۆز
ئۇزۇنلۇقى. ② بىرەر مەنە تۈرىگە، ئۇسلۇبقا
ئائىت شۇنداق بىرلىك: چىرايلىق سۆز.
سەت سۆز. بىئەدەپ سۆز. كوچا سۆزلىرى.
سۆز كەملىك قىلماق. سۆز تاپالماي قالماق.
* سۆز بىلەن سۆزنىڭ پەرقى بار، ئوتتۇز
ئىككى نەرخى بار (ماقال). ③ گەپ،
گەپ-سۆز، نۇتۇق: تەبرىك سۆزى. سۆز
ئېيتماق. سۆز سورىماق. * ياخشىغا بىر سوز،
يامانغا مىڭ سۆز (ماقال). * ياخشىنىڭ
سۆزى، يامانىڭ كۆزى (ماقال). * ئاللاھىدىن-
نىڭ ئانىسى بولسا، سۇلتانغا بىر ئېغىزمۇ سۆز
قىلماستىن ئۆيىگە يېنىپ كېتىپتۇ. * ئالمىخاننىڭ
بېغىدا ئالما بىلەن ئۈزۈم بار. ئالمىخاننى
تاپقاندا ئېيتىدىغان سۆزۈم بار. ④ ماقال،

تەمسل؛ مادال؛ ئىبارە: ھېكمەتلىك سۆز. ئاتىلار سۆزى. ئەقلىيە سۆزى. * ئاتىلار سۆزى – ئەقلىنىڭ كۆزى (ماقال). ⑤ مىش-مىش گەپ؛ ئىغۋا: سۆز تارالماق. سۆز تارقاتماق. * ئەل بار يەردە سۆز بار (ماقال). ⑥ ۋەدە، لەۋز: سۆزىدە تۇرماق. سۆز بەرمەك. سۆزىدىن يېنىۋالماق. * مەردنىڭ سۆزى بىر (ماقال). * ئەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، سۆزى (ماقال). * يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس (ماقال). ⑦ «دېگەن» سۈپەتدىشى بىلەن كېسىم رولىدا كېلىپ «...بىلەن بارا-ۋەر»، «باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ھەممە پەندىن ياخشى ئۆتتۇم، ئەمدى داشۆگە كەتتۇق دېگەن سۆز.

**سۆز ئاچماق** گەپ باشلىماق، سۆزلە-مەك: سەپەرقۇل ھۆسنارىخانغا ئاتا بولۇپ ئەتە-ئۆگۈن توي باشلىماقچى بولۇشتى. گەپ ئارىسىدا رەۋىخان موماي ئامانقۇل بىلەن ئايقىزنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ قالدى. * سىرلىق ساندۇق سىرىمەن، بەگ-خوجامنىڭ بىرىمەن. قىز-جۇۋانغا سۆز ئاچقان، يىگىتلەرنىڭ پىرىمەن.

**سۆز ئاخىرى** <تل> سۆزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى تاۋۇش ياكى قوشۇمچە.

**سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى** <تل> ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدى-غان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ئارقا ياردەمچىلىرىنى مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى ۋە گراماتىكىلىق رولى بويىچە تىركەلمىلەر ۋە يۈكلىمىلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈش

مۇمكىن.

**سۆز ئارىلىماق** بىراۋنىڭ سۆزلەۋاتقان سۆزى تۈگىمەستىلا سۆزلەپ كەتمەك، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمەك: ئۇ نېمىنىدۇر دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا لېتىپجاننىڭ كىرىشى سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى، لېتىپجان ئولتۇرۇۋېتىپ سۆز ئارىلىدى. * – ئالتۇنغا بەرگۈسىز بالا بولۇپتۇ جۇمۇ، – دېدى بىرەيلەن سۆز ئارىلاپ، – مەتروزى تېخىنىڭ ئۆزىنىمۇ، بىزنىمۇ باي قىلدى.

**سۆز ئالماق** ① سۆزلەشكە رۇخسەت ئالماق، سۆزلىمەك: شۇ چاغدا باياتىندىن بېرى تاماكىنى ئۈستى-ئۈستىگە چېكىپ ئولتۇر-غان مۇئاۋىن شۇجى ئەسمەت سۆز ئالدى: – ئاسىم ئاكا، بۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ * ئەڭ ئاخىرىدا، تالاش-تارتىشلارغا ئارىلاشماي ئولتۇرغان ئادىل مۇئەللىم سۆز ئالدى. ② بىرەر ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە قارشى تەرەپنىڭ ئۈچۈر، خەۋىرىگە ئېرىشمەك، ۋەدىسىنى ئالماق: خۇدايار مۇسۇلمانقۇل بىلەن بىرلىكتە تاشكەنت ئۈستىگە چىقتى، يول ئۈستىدىمۇ تاشكەنتتىن يوشۇرۇن سۆز ئېلىپ، ئۇيەر بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرۇشتى. * تۈگمىنىڭ تېگەر بولسا، بېغىشىڭنى قويدۇرما. ئاشىقىڭدىن سۆز ئالساڭ، دۈشمىنىڭگە تۇيدۇرما. ③ بىراۋنىڭ دېگىنىنى ئاڭلىماق، ماقۇل كۆرمەك، دېگىنى بويىچە قىلماق: ئۇ خېلى سۆز ئالدىغان بالا بولدى. * ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىنى ئالدۇ، ئەڭ ياخشىسى دادىسى گەپ قىلسۇن.

**سۆز ئەركىنلىكى** <قا> پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىدىن بىرى، يەنى پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەن-گەن پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى.

**سۆز بەرمەك** ① ۋەدە بەرمەك،

لەۋز قىلماق: سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشقا، باشقىلارنىڭ ئىشىغا زادى ئارىلىشىۋالماسلىققا ئالدىڭىزدا سۆز بېرەي. بۇ جەھەتتە ماڭا ئىشىنىڭ، — دېدى ئۇ مەتروزىغا. * كۆرۈپ ئۇنى ئېتىزدا، شەپەق بولۇپ قىزاردىم. ئاتىتىم ئىشقا ئۆزۈمنى، بەسلىشىشكە سۆز بەردىم. ② يىغىندا سۆزلەشكە رۇخسەت قىلماق: پاش قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلاردىن بىرىنەچچىسىگە سۆز بېرىلدى.

**سۆز بولماق** بىرەر مەسىلە ھەققىدە مىش-مىش گەپ پەيدا بولماق، تارالماق: مېنىڭچە ھەربىر جۇڭگولۇق ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماستىن ئۆز ئىشىنى پۇختا ئىشلىسە، ئۆزى سۆيىدىغان كەسپىنى قىزغىن سۆيسە، ئۆز كەسپى توغرىسىدا سۆز بولغاندا يەۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولسا، ئاندىن خەلقنى باي قىلغىلى، دۆلەتنى كۈچلۈك قىلغىلى بولمامدۇ؟ * قار بىلەن مۆلدۈر يېغىپتۇ، كەلمە يارىم، ئىز بولۇر. ئاخشام كېلىپ ئەتە يانساڭ، بارچە خەققە سۆز بولۇر.

**سۆز بېشى** <تىل> سۆزنىڭ ئالدى قىسمىدىكى تاۋۇش ياكى قوشۇمچە.

**سۆز بىرىكمىسى** <تىل> ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان گۇرۇپپا سۆز بىرىكمىسى ئەركىن سۆز بىرىكمىسى ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىگە ئايرىلىدۇ.

**سۆز پىشۇرماق** بىرەر ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلمەك، مەسلىھەتنى، گېپىنى بىر قىلماق: ئۇلارنىڭ بۈگۈن چېدىر-بارگاھدا ئالدىن سۆز پىشۇرۇپ، با-مەسلىھەت كېلىشكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

**سۆز تاراتماق** ← گەپ تاراتماق: تەگىرىنىڭ تەقدىرىنى ئىشلەشكىمۇ تەدبىر كېرەك، تېرىماي «ئاش چىقمىدى» دەپ سۆز تاراتماقلىق خاتا.

**سۆز تاشلىماق** ← سۆز ئاچماق: ئۇ «لالىخان» نىڭ ئاشۇ «لالە» ئىكەنلىكىگە تېخى تولۇق ئىشەنمىگەنىدى. ئۇ «نېمە بولسا بولسۇن» دەپ بىر سۆز تاشلاپ بېقىشنى خالايتتى، لېكىن قانداق قىلىپ سۆز ئېچىشنى بىلمەيتتى. * قانداقلارچە بولدى ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تونۇشۇپ قالدۇق. ئىسمى زۆرەم ئىكەن. كۆرۈپلا قالسام سۆز تاشلاپ چاقچاقمۇ قىلىپ قويىمەن.

**سۆز تالاشماق** ← گەپ تالاشماق: ساۋساۋ ياۋ لەشكىرىنى باشلاپ بېسىپ كېلىۋاتقان يەردە، سىلەرنىڭ قانداق قىلىپ ياۋنى چېكىندۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزلىمەي، ئەكسىچە سۆز تالىشىپ ئولتۇرغىنىڭلار نېمىسى! — دېدى.

**سۆز تەرتىپى** <تىل> سۆزنىڭ سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىدىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك ئورۇن تەرتىپى. ئۇ بىر خىل گرامماتىكىلىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

**سۆز تەشمەك** ← گەپ تەشمەك: گۈلباھار سۆز تەشتى ئەڭ ئالدى بىلەن، دېدى ئۇ: «سۆيۈنچە چىقىرىڭ سىزمۇ!»، «نېمىشقا؟» «ئېيتمايمەن!»، «ئېيتماستىن تۇرۇپ، سۆيۈنچە چىقىرىڭ دېگەنمۇ سۆزمۇ؟!».

**سۆز توشۇماق** ← گەپ توشۇماق: ئۇ بىر ياقتىن دېھقانلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى تارقىتىپ، يەنە بىر ياقتىن كادىرلارغا بىرنى ئون قىلىپ سۆز توشۇپ كېلەتتى.

**سۆز تۈركۈمى** <تىل> گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەردىن بىرى، يەنى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشى، سىنتاكسىسلىق رولى ۋە لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىكى

خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئايرىلغان ئەڭ ئاساسىي گراماتىكىلىق بىرلىك. ھەرقايسى تىللاردا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ سانى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تۈركۈمى 12 بولۇپ، ئۇلار: ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش، پېئىل، مىقدار، باغلىغۇچىلار، تىركەلمىلەر، يۈكلىمىلەر، ئىملىقلار، تەقلىدلەردىن ئىبارەت.

**سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە** <تىل> سۆزنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سۆزگە گراماتىكىلىق مەنە بېرىدىغان قوشۇمچە. مەسىلەن، «كادىرلىرىمىزنىڭ» دېگەن سۆزدىكى «-لار»، «-ىمىز»، «-نىڭ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**سۆز تىك كەلمەك** ئېيتىلغان بىرەر سۆز قاتتىق تەگمەك، ئېغىر كەلمەك، ھار كەلمەك: بايىقى سۆزۈم ئاغرىققا تىك كەلدىمۇ قانداق، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ باقسام، يۈز-كۆزلىرى مونچاق-مونچاق تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

**سۆز خاراكتېرى** <تىل> سۆزنىڭ مەلۇم سۆز تۈركۈمىگە ئايرىلىشتا ئاساس بولۇپ بېرىدىغان خۇسۇسىيىتى.

**سۆزدىن قالماق ← گەپتىن قالماق:** روزىئاخۇن يەنە بىر مانتىنى ئاغزىغا سالدى. ئۇنى چايناپ يۇتۇۋەتكۈچە سۆزدىن قالدى.

**سۆز سالماق** بىرەر مەسىلە ھەققىدە باشقىلارنىڭ پىكرىنى، مەقسىتىنى بىلمەك؛ رايىنى سىناپ كۆرمەك: ئانا ئوغلىغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ: يۇقىرىقى مەھەللىدىكى شادىخاننىڭ قىزىغا سۆز سېلىپ قويغىلى نەۋاق، ئۇ قىز بولسا بەكمۇ كېلىشكەن، ئوغلۇق بالا، ئۇلار بىلەن بىز شىرەم تۇغقان بولىمىز،

– دېدى.

**سۆز قاتماق** ئېيتىلىۋاتقان سۆز، بولۇۋاتقان سۆھبەتكە گەپ قىستۇرماق، لوقما سالماق: قاغىغا ئوق ئاتما، يامانغا سۆز قاتما (ماقال). * ئەمدى مېنىڭ سۆز قېتىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. شەرۋان ھەدىنىڭ ماڭا ھەربىر قاراشلىرىدىن «سەن ئارىلاشمىساڭمۇ بولار» دېگەندەك بىر مەنە چىقىپ تۇراتتى.

**سۆز قايتۇرماق ← گەپ ياندۇرماق:** ئىش باشقۇرغۇچى بولسا خوجايىنىنىڭ تىللىشىغا سۆز قايتۇرماستىن سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى. * ئۇ چاغدا مەن دادامغا سۆز قايتۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كاچات يېگەنتىم.

**سۆز قوشماق ← سۆز قىستۇرماق:** خان ئويلاپ تۇرغاندا ئايدىڭ خانىش سۆز قوشتى: – تاشقى ئىشلاردا ئىشلىسە قانداق؟ – بولىدىغان گەپ، تازا لايىق، – دېدى باتۇرغا. * نە قىلاي ئابۇ كەۋسەرنى نىگارىم بولمىسا ساقىي، خارابات ئەھلىگە بېرىپ ئۇلارغا سۆز قوشۇپ ئۆتتۈم.

**سۆز قىستۇرماق** بولۇۋاتقان سۆھبەت، ياكى ئېيتىلىۋاتقان سۆزنى بۆلۈپ كەلگەن گەپ سۆز ئارىلاشتۇرماق: – مەسۇم ئاكام ئۈرۈمچىگە بېرىپ باقمىغىنى بىلەن بالىلىرى ئۇنىڭ ئىرىسىغا ئۆتۈپ كەتتى، – دەپ سۆز قىستۇردى ئوسمان. * ئايالىنىڭ كېپى دەررۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، سابىرنىڭ ئەتراپىدا قوناق ئۇرۇۋاتقانلار تەرەپ-تەرەپتىن سۆز قىستۇرۇپ، غەزەپ ۋە ئەلەم بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى.

**سۆز قىلماق** سۆزلىمەك، گەپ قىلماق: يىغىندا نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار سۆز قىلدى. * شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارمۇ ئۆز تەلەپلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، قىزغىنلىق بىلەن ئارقىمۇئارقا سۆز قىلىپ ئۆتتى.

**سۆز كوچىلماق ← گەپ كوچىلماق:** ئەي ئۇلۇغ ئەمىر! بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى بۇ ھەقتىكى ئىش ۋە سۆزنى كوچىلاپ سوراشنىڭ ئانچىلا ئەھمىيىتى يوق.

**سۆزگە ئارىلاشماق ← گەپكە ئاردلاشماق:** مەنمۇ ساھىبخانىنىڭ زورلىشى ئارقىسىدا ئۇلار بىلەن تەڭ ئىچىپ ئولتۇرغان بولساممۇ، تىلىم ھېچ قىزىمايۋاتاتتى. سۆزگە ئارىلىشاي دېسەممۇ ئارىلىشالمايتتىم. * نېرى تەرەپتە تۇرغان ئايال سۆزگە ئارىلىشىپ، — مەن بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا پېنسىيىگە چىقىۋېلىڭ دېمىدىممۇ؟ — دېدى.

**سۆزگە تۇتماق ← گەپكە تۇتماق:** — ياق، — دېدى مەنسىتمەي ھەسەل ھەرىسى، — ئىشلىرىم ئالدىراش تۇتمىغىن سۆزگە. بولمايدۇ يىغمسام ئۇۋا ئۇچۇن موم، ۋاقتىنى ئۆتكۈزسەم قالىمەن كۈزگە.

**سۆزگە چىقماق** سۆزلەش ياكى پىكىر بايان قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقماق، ئوتتۇرىدا سۆزلىمەك: يېڭى مەكتەپ مۇدىرى سۆزگە چىقىپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلىش قاتارلىقلار ھەققىدە كەڭ تۈردە سۆزلەپ ئۆتتى.

**سۆزگە سالماق ← گەپكە سالماق:** سۆيۈمقان مەست كىشىنى يەنە سۆزگە سالدى.

**سۆزگە سۆز كەلگەندە ← گەپكە گەپ كەلگەندە:** سۆزگە سۆز كېلىپ قالدى، ئېيتمىسام بولماس.

**سۆزگە كىرمەك ← گەپكە كىرمەك:** سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىڭلار. قۇربان، سىز ئاپام بىلەن ئوغۇلخاننى ئېغىل ئۈستىدىكى بېدە ئارىسىغا يوشۇرۇپ، ئىش ئۆتكەندە ئاچىقىپ كېتىڭسىز. * — جانابىي پاسىبانىم! بۈگۈن سىلى جاڭ سۇڭنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۆزلىرىنى بالايىقازاغا تاشلاۋاتىدىلا! — دېدى.

**سۆزگە لوقما سالماق** بولۇۋاتقان سۆھبەتكە سۆز قىستۇرماق، سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سۆز قىلماق: سېيىت ھاجى ئادەتنى بۇزۇپ سۆزىگە لوقما سالغان شېرىكىگە ھومىيىپ قويۇپ، گېپىنى داۋام قىلدى.

**سۆز مەنىسى** <تىل> سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئىپادىلىگەن مەنە. ئادەتتە ئۇ لېكسىكىلىق مەنە ۋە گىرامماتىكىلىق مەنە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى** <تىل> تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنىڭ كىچىكلىشى ياكى مەنىسىنىڭ ئازىيىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تىلدا ئەسلىدە بىر سۆز ئارقىلىق بىرقانچە شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇملار ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كېيىنچە بۇ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئارا پەرقى چوڭقۇرراق تونۇلغاندىن كېيىن، سۆز مەنىسىدە يەككىلىنىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ياغاچ» دېگەن سۆز «دەل-دەرەخ» ۋە «ياغاچ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا پەقەت «ياغاچ» مەنىسىلا قالدى.

**سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى** <تىل> تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى تۈپ مەنىسى بارا-بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شۇ سۆزنىڭ كېيىنكى مەنىلىرىنىڭ ئېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «خاتۇن» دېگەن سۆز

«پادىشاھنىڭ ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر-
نىڭ ئايالى» دېگەن مەنىدە ئىدى.
ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ
سۆزنىڭ شۇ مەنىسى ئىستېمالدىن قېلىپ،
ئۇنىڭ ئورنىنى مۇشۇ مەنە ئاساسىدا
پەيدا بولغان «ئايال» دېگەن يېڭى
مەنە ئالدى. سۆز مەنىلىرىنىڭ كۆچۈشىـ
دە، ئەسلىدىكى مەنە بىلەن كېيىنكى
مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولۇشى
كېرەك. بولمىسا، سۆز مەنىلىرىنىڭ
كۆچۈشى ھېسابلانمايدۇ.
**سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى** <تىل> تىل
تەرەققىياتى جەريانىدا سۆز مەنىلىرى
كۆپىيىپ، تېخىمۇ كەڭ مەنىلەرنى "بىلدۈ-
رىدىغان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تىلدا
بىر سۆز دەسلەپتە مەلۇم بىرلا ئۇقۇمنى
ئىپادىلىگەن بولۇپ، كېيىنچە ئۇ شۇ
شەيئى ياكى ھادىسە بىلەن خاراكتېرى
ياكى رولى ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا
شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى
ئۇقۇمنىمۇ ئىپادىلىسە، يەنى ئەسلىدە
بىرلا مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز كېيىنـ
چە يەنە بىرقانچە مەنىنى قوشۇمچە
ئىپادىلەيدىغان بولسا، بۇنداق ھادىسە
سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى بولىدۇ.
مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «ئوق»
دېگەن سۆز ئەسلىدە ئوقيانىڭ ئوقىنىلا
كۆرسەتتى، ھازىر «مىلتىق ئوقى»،
«زەمبىرەك ئوقى»غا ئوخشاش نەرسىـ
لەرنى كۆرسىتىدىغان بولدى.
**سۆزنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتمەك** ئېيتماقچى
بولغان، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن
سۆزنى ئېيتماي قورسىقىدا ساقلاپ
قالماق، ئېيتىشتىن ۋاز كەچمەك، سۆزلەشـ
تىن يالتايماق: ھەر نۆۋەت مۇشۇ بىر توپ
دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغاندا، نەچچە تەمشىـ
لىپ بېقىپ، سۆزنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتكەنىدى.
**سۆزنى تارتىۋالماق → گەپنى تارتىـ
ۋالماق:** ھېسامىدىن زۇپەر شائىرنىڭ سۆزىنى
تارتىۋېلىپ، — بىلىپ ئىش قىلغانىنىڭ بېلى
ئوشتۇلماس دېگەندەك، مەكتەپ ئىچىشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى قانداق چۈشەنسەك، ئۇنىڭغا
بولىدىغان قارشىلىقنىمۇ تولۇق مۆلچەرلىشىمىز
كېرەك، — دېدى. * خېلىل يەنە سۆزلەشكە
ئاغزىنى ئېچىۋىدى، ئۇنىڭغىچە ئابدۇۋېلى ئاكا
سۆزنى تارتىۋالدى.
**سۆزنىڭ بېلىگە تەپمەك → گەپنىڭ
بېلىگە تەپمەك:** ئۇنىڭ مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى
چۈشەنمىگەن ئىسمائىل سوپۇم ئۆز قۇلىقىغا
ئىشەنمەي، بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە
كۆلۈپ قاراۋاتاتتى، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ
سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى.
**سۆزنىڭ تۈرلەنگەن قىسمى** <تىل>
سۆزنىڭ تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغان
شەكلى.
**سۆزنىڭ تېگىگە يەتمەك → گەپنىڭ
تېگىگە يەتمەك:** ئويلىنىپ بۇ سۆزنىڭ تېگىگە
يەتتىم، قىلمايمەن پۇشايمەن بولغىنىمغا قىز.
چۈشكەيمەن بەيگىگە يىگىتلەر بىلەن،
قالدۇرۇپ ھاياتنا ئەجرىمدىن ھەق ئىز.
**سۆزنىڭ ئۇرانى** بولۇۋاتقان سۆھبەتنىڭ
مەزمۇنى، مەنىسى، يۆنىلىشى: ئۇ غىپپىدىلا
تالاغا چىقىپ، رەھمەتكە ئەلەم، تەقىيە ۋە
پەرىجىلىرىگە قاراپ بېقىشنى تاپشۇرۇپ، قايتىپ
كىردى-دە، ئىككىلەن ئارىسىدىكى سۆزنىڭ
ئۇرانىغا سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سالدى.
**سۆزنى يۆتكىمەك → گەپنى يۆتكىمەك:**
دەرھال سۆزنى يۆتكىدى، گۆدەك چاغلاپ
ھەممىنى. پەردازلاشقا تىرىشتى، قاملاشمىغان
گېپىنى.

**سۆزنى يېرماق ← گەپنى يېرماق:** ئۇ ئاقسۇغا مېڭىش ئالدىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتگۈيلۇق بىلەن ئېيتقان مۇجمەل سۆزلىرىدىن تولۇق ئۇقۇم ئاڭقىرالمايۋاتقان بولسىمۇ، سۆزنى يېرىپ قايتۇرۇپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا پېتىنالمىغانىدى.

**سۆز ئويناتماق ← گەپ يورغىلاتماق:** كەمپىر «شېرىن» سۆزلىرىنى ئوينىتار ھەر يان، ئېغىز كۆپۈك، بايىنى ماختاپ قالمايدۇ دەرمان.

**سۆز ئويۇنى** ① سۆزنى خىلمۇخىل مەنىلەردە ئىشلىتىپ ياكى بىر خىل تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ باشقىلارنىڭ قىزىقىشىنى دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاش پائالىيىتى: ئەمدى ئىككى قىزىقچى ئوتتۇرىسىدا سۆز ئويۇنى باشلاندى. ② گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەي ئايلاندۇرۇپ ئېيتىش: — جامال ئاكا سۆز ئويۇنى قىلۋاتامسىز نېمە؟ — دېدىم مەن ئاخىرى تاقەتسىزلىنىپ، — ئوچۇقراق گەپ قىلسىڭىزا.

**سۆز ئۆزىكى** <تىل> سۆزنىڭ سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە قوبۇل قىلغان قىسمى.

**سۆزىدە تۇرماق ← گېپىدە تۇرماق:** ئاستا ئېقىپ كەلگۈدەك، يۈيدۇ «ھەتتەك!» دېگۈدەك. ئىككى خىيال بولۇپتۇ، لېكىن سۆزىدە تۇرۇپتۇ. * ئاخشىمى گۈل تەكتىدە، بەرگەن سۆزۈڭ يادىڭدىمۇ. ئۆز سۆزۈڭدە تۇرمساڭ، ئۇ تۇرمىغاي يانىڭدىمۇ.

**سۆزىدىن چىقماسلىق** بىراۋنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىش قىلماق، دېگىنىنى قىلماق سۆزىگە كىرمەك: سۇتۇق ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. ئۇ يوقالسىلا سۇتۇقنىڭ ئۇلۇق قولى كېسىلىدۇ.

**سۆزىدىن قايتماق** ئېيتقان سۆزىدىن تېنىۋالماق ۋەدىسىدىن يېنىۋالماق: قىمار دېگەننى ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئوينىسىيالايدۇ، «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس» دەپتىكەن.

**سۆزى سۆز ← گېپى گەپ:** ھاياجانلانغان ھەلىمىگە ئۇنىڭ قولىدىكى تۇرۇپكىغا ئاغزىنى يېقىپ: — خاتىرجەم بولۇڭ. سۆزدىمىز-سۆز! — دەپ كۈلدى. ئۇمۇ ھەلىمىگە قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى تۇرۇپكىنى جايىغا قويدى.

**سۆزنى ئاڭلىماق ← گېپىنى ئاڭلىماق:** ئۇ... ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى، ئاتىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىقى لازىم.

**سۆزنى ئالماق** سۆزىگە كىرمەك، دېگىنىگە ماقۇل بولماق؛ پىكرىگە قوشۇلماق: — بۇ گېپىڭنى ئەكبەرگە دە، ھازىر ھەممىنى شۇ بەلگىلەيدىغان بولدىغۇ! ئەكبەرمۇ ئۆز بالىمىزغۇ، سۆزىمىزنى ئالار، بىز قېرىلار يىغىلىپ نەسىھەت قىلىپ كۆرەيلىمۇ؟

**سۆزنى بۆلمەك ← گېپىنى بۆلمەك:** مەتروزىنىڭ تەنقىد قىلىش ئورنىغا گەپنى ئېزىزنى داۋالاش مەسىلىسىگە بۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈشكە مەجبۇر بولدى. * قاسىم باشلىقتا يەر ئاستىدىن يەنە بىر قېتىم قارىۋالغان كېيىن ئوتقا ماي چاچماقچى بولۇۋىدى، باشلىق ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

**سۆزنى رەت قىلماق ← گېپىنى رەت قىلماق:** سۆزۈمنى رەت قىلدى، دەپ رەنجىمە دوستۇم. لېكىن سېنىڭ بۇ پىكىرلىرىڭگە مەن قوشۇلالمايمەن.

**سۆزنى قېقۋەتمەك ← گېپىنى قېقۋەتمەك:** روشەنخان ھەدە «بالىمىز يالغۇز قالدى، كۆڭلىگە ئازار يېتىپ قالمسۇن» دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قېقۋەتتى.

**سۆزنى كەسمەك** ← **گېپىنى بۆلمەك:** – جىددىي پەيتتە ئۆزىنى بېسىۋالالماسلىق كوماندىرنىڭ مەغلۇبىيىتى ئەنىۋەر ئەپەندى! – دېدى نىزامىدىن دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ، – سەۋر قىلىڭ، ھۇجۇم ئالدىمىزدا! * تېكىن ئاغىچى بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشەلگەنىدى، خان سۆزىنى كەستى.

**سۆزنى يىرماسلىق** ← **گېپىنى يىرماسلىق:** ئۇلار بۇگۈن شائىرنىڭ سۆزىنى يىرمىدى.

**سۆزى ئۆتمەك** ← **گېپى ئۆتمەك:** راۋاپنى چالاي ئۆزۈم، يىغلايدۇ قارا كۆزۈم. كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، ئۆتمىدى مېنىڭ سۆزۈم.

**سۆز ياساش** <تىل> سۆزگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنى ئۇلاش ئارقىلىق يېڭى بىر سۆزنى ھاسىل قىلىش.

**سۆز ياساش قائىدىسى** <تىل> مورفولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى بىر سۆز يىلتىزى ئاساسىدا يېڭى سۆزلەرنى ياساشنىڭ قائىدىلىرى. ئادەتتە ئۇ مورفولوگىيىلىك سۆز ياساش قائىدىسى ۋە سىنتاكسىسلىق سۆز ياساش قائىدىسى دېگەن چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە** <تىل> سۆز يىلتىزىغا قوشۇلۇپ، يېڭى سۆزلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچە. ئادەتتە ئۇ سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە ۋە سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**سۆز ياندۇرماق** ← **گەپ ياندۇرماق:** دادا، سابىرئاخۇن تاغام ماڭا كۆپ تەربىيە بەردى، داداڭغا سۆز ياندۇرمىغىن، مۇشت ياندۇرمىغىن، ھۆرمەتسىزلىك قىلمىغىن دېدى، – سىدىق.

**سۆز يورغىلاتماق** ← **گەپ يورغىلاتماق:** – مازاردىن ھېيىقماي كېلىشكە جۈرئەت قىلغان قانداق بۇلاڭچىلاردۇر-ئۇ؟ – شەيخ خۇپسەنلىك بىلەن سۆز يورغىلاتقىنىچە شېرىكىگە كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

**سۆز يېمەك** ← **گەپ يېمەك.**

**سۆز يىلتىزى** <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى «باش»، «كۆز»، «كۆر» دېگەنلەرگە ئوخشاش سۆزنىڭ تۈپ لېكسىكىلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مورفېما.

**سۆزەڭگۈر** سۈپ. دىئال ①ياخشى گەپكىمۇ، يامان گەپكىمۇ ئۇنىمايدىغان، ئۇششاق سۆزلەيدىغان؛ قېيىدىغاق. ② سۆزگە ئۇستا، سۆزمەن.

**سۆز-چۆچەك** ھەر خىل مىش-مىش گەپ، يالغان-ياۋىداق سۆز، ئەيقاچتى گەپ: ئۆلۈك چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە سۆز-چۆچەك (ماقال). * ئاساسسىز سۆز-چۆچەكلەر سەۋەبىدىن يوق ئىش بار بولۇپ قالىدىغان، قەلبلەردىكى يوشۇرۇن تۈيغۇ ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. * ئايكۆل، بەشتوگمەن، قارىتال، توپلۇق، قۇمباش ۋە ئارال يېزىلىرىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئاشلىق يۆتكەپ كېلىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ جىقلىقى تۈپەيلىدىن، خەلق ئارىسىدا خىلمۇخىل سۆز-چۆچەكلەر تارالماقتا ئىدى.

**سۆز-چۆچەك بولماق** ھەر خىل يالغان-ياۋىداق گەپ-سۆز تارقالماق، پىتنە-پاسات پەيدا بولماق: سىزمۇ بىر ئەردىن چىققان، مەنمۇ بىر-ئىككى ئۆيلەنگەن. ئارىغا ئادەم قويساق سۆز-چۆچەك بولىدۇ، شۇڭا ئۆزۈم ئۇچۇقلا سۆزلىشەي دېدىم.

**سۆز-چۆچەك قىلماق** ھەر خىل يالغان-ياۋىداق گەپ-سۆز تارقاتماق، پىتنە-پاسات پەيدا قىلماق: تۇغۇلغان كۈنىمىزنى

خاتىرىلىمىسىڭىز بەزىلەر سۆز-چۆچەك قىلىشىدۇ، - دېدى ئۇ. * شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاتنى تاماق باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، كۆپچىلىكتىن بۇ ئىشنى سۆز-چۆچەك قىلىپ يۈرمەسلىكنى ئۆتۈنۈپتۇ.

**سۆز-چۆچەككە قالماق** ھەر خىل يالغان ياۋىداق گەپ-سۆزگە، پىتنە-پا-سات، مەسخىرىگە قالماق: بىزنىڭ يېڭى دېھقان بۇ يىل ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقى بىلەن، مەھەللىدە خېلىلا سۆز-چۆچەككە ۋە كۈلكىگە قالدى. * ئەمدى سۆز-چۆچەككە قالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم.

**سۆزخۇمار** سۈپ (سۆز+خۇمار) ← **گەپخۇمار**: سۆزخۇمار ئايال. * ئۆمەر ئاكا سۆزخۇمار ئادەم بولغاچقا ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەيتتى. سۆزلەۋېتىپ پېشقەدەم ئاگرانومنى توختام تۈزۈشكە ئالدىرىتاتتى.

**سۆزسىز** ① سۈپ. سۆزى يوق، سۆز قىلمايدىغان؛ ئاۋازسىز: // سۆزسىز ئولتۇرماق. سۆزسىز ماڭماق. * ئەتىسى ئەتىگەندە ئوغلى قايتىشتىن بۇرۇن ئەختەمباي ئۇنى ھېلىقى نېرىقى ئۆيگە چاقىرىۋالدى. ئاتا-بالا ئىككىيلەن بىرھا-زاغىچە سۆزسىز ئولتۇردى. * قىز نادەم-نى قولتۇقلاپ ئالدى-دە، ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى، خېلى يەرگىچە سۆزسىز مېڭىشتى. ② رەۋ. شەرتسىز، شۈبھىسىز؛ چوقۇم: سۆزسىز ئىتائەت قىلماق. سۆزسىز بويسۇنماق. سۆزسىز قوبۇل قىلماق. * ئۇ مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، سۆزسىز ماقۇللۇق بىلدۈردۈم. * قادىر ئۇنىڭغا سۆزسىز ئىتائەت قىلىپ زاۋۇتنىڭ دائىرىسىدىن چىقتى. ئۇ چاغلاردا شەرىخان ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ تۇرۇشقا، نېمە دېسە «خوپ» دېيىشكە، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىنى سۆزسىز ئورۇنداشقا مەجبۇر ئىدى.

**سۆزسىزلىك** ئى. جىملىق، جىمجىتلىق، سۈكۈنات: ئۇنىڭ جىمغۇر ۋە سۆزسىزلىكى ئۇنىڭ مىجەزىنى ئاشۇنداق كۆرسىتەتتى. * قۇتىدار ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز سوئالىغا ئۆكۈنۈپ يەرگە قارىدى. ئوتتۇرىدا يەنە سۆزسىزلىك، ئەپسىزلىك باشلاندى.

**سۆزگەن** ئى. كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىدىغان ۋە ئۇچقاندا غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل نەرسە، غوڭ قاپاق. كۆپىنچە قومۇش، كىچىك قاپاق ياكى ياغاچ شاكىلى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ: مانا، ئەتراپ ئاقىرىشقا، توپ-توپ قاغىلارمۇ قەشقەر ئاسمىنىدا ئەركىن ئويناپ چۇقان سېلىشقا، توپ-توپ كەپتەرلەرمۇ سۆزگەنلىرىنى سايرىتىپ بۇلۇتلار باغرىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

**سۆزلەپ** «سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: سۆزلەپ قالماق.

**سۆزلەپ قالماق** كاللىسى ئېلىشىپ، تاغدىن-باغدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالماق، ئەقلىدىن ئاداشماق، ئالجىماق: توغرا ئېيتسەن، سۆزلەپ قالدىم. نېمىشقا دەمسىنا؟ تەس كېلىۋاتىدۇ.

**سۆزلەتكۈزمەك** «سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: دېھقانچىلىق مەيدانى پېشقەدەم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، خەنزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە شورلۇقتا دېھقانچىلىق قىلىش تەجرىبىلىرىنى سۆزلەتكۈزگەنىدى.

**سۆزلەتمەك** «سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دەسلەپتە تاشۋاينى سۆزلىتىپ ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى-نى ئاڭلىدى، كېيىن ئۇنىڭ بۇ گۇندىخانىغا قامىلىش جەريانىدىنمۇ خەۋەر تاپتى.

**سۆزلەشتۈرمەك** « سۆزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق رەبھانىنىڭ تەلپى بويىچە، ئاسما ئوكۇلدىن كېيىن ئۇنى ئەدىيالغا ئوراپ، كىچىك سىڭلىسىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ، كۈنگە بىر ئىككى قېتىم ھامىسى ياتقان بۆلۈمنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ باراتتى، يۈز كۆرۈشتۈرۈپ سۆزلەشتۈرەتتى.

**سۆزلەشمەك** ① « سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۆزگە چىققانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشتى. * ئۇلار بىز توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ. ② مۇڭداشماق، گەپلەشمەك، پاراڭلاشماق: ئەتىسى چۈشتە مېنى قولىدا كىتاب-دەپتەرلىرى بار، ئوتتۇرا بوي، ئورۇقچىنە بىر ئايال ئىزلەپ كېلىپ سۆزلەشتى. * شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، ھاكىم سادىق بىلەن يەنە بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشتى. بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى. ③ ئالاقىلاشماق، پۈتۈشمەك: بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن.

**سۆزلەم** ئى <تىل> لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ھەربىر سۆز. ئادەتتە باش سۆزلەم ۋە بېقىندى سۆزلەم دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بەزىدە « ماددا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سۆزلەنمەك** « سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭدا لوقماننىڭ مىڭ يىللاپ ئۆمۈر كۆرگەنلىكى، ئادەمنىڭ ئۆلمەسلىك ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەدبىر ئىزلىگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. * سۆھبەتلەر باشلاندى ئارىدا تېزدىن، كۆپ يىللىق كەچمىشلەر سۆزلەندى شۇ ئان. روزىخان كەلتۈردى سۈت چاي ئۇلارغا، چاي ئىچكەچ گېپىنى باشلىدى مېھمان.

**سۆزلەيدىغان** « سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**سۆزلەيدىغان بولۇپ قالماق** ← **سۆزلەپ قالماق**: ئۇ سۆزلەيدىغان بولۇپ قېلىپتۇ-غۇ، توۋا خۇدايىم.

**سۆزلۈك** ① سۈپ. مەلۇم مىقداردىكى سۆزدىن تەركىب تاپقان ياكى مەلۇم ساندىكى سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: 20 مىڭ سۆزلۈك لۇغەت. ② ئى. بىرەر لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ياكى مەلۇم بىر ئەسەردە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر رويخېتى: ئىزاھلىق لۇغەت سۆزلۈكى. سۆزلۈك تۈزمەك. * لۇشۈن ئەسەرلىرى سۆزلۈكى. خەنزۇ تىلى دەرسلىكىنىڭ سۆزلۈك قىسمى. ③ ئى. لۇغەت: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك سۆزلۈكى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا سۆزلۈكى. ④ سۈپ. بىرەر ئېنىقلىغۇچى بىلەن بىللە كېلىپ، شەخسنىڭ خاراكتېرى ياكى مۇئامىلىسىنى بىلدۈرىدۇ: شېرىن سۆزلۈك. بىر سۆزلۈك. ئاز سۆزلۈك. ئۆز سۆزلۈك. * شاھ كەمبەغەلنىڭ توغرا سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل ئادەملىكىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالانى دەپنە قىلىش نىيىتىگە كېلىپتۇ. * زىلۋا بويلۇق، ئانار يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك ۋە مۇلايىم سۆزلۈك گۈلنىسا قىز ئەسلىي شەھەر قىزى ئىدى.

**سۆزلىگەك** سۈپ. ھەمىشە سۆزلەپ يۈرىدىغان، كۆپ سۆزلەيدىغان.

**سۆزلىگەك بولۇپ قالماق** بىر سۆزنى كۆپ تەكرارلايدىغان، سۆزلەپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالماق؛ بىرئاز ئەقلىدىن ئاداشماق، ھوش-كاللىسىنى يوقاتماق: ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىچىلا سۆزلىگەك بولۇپ قالدى. دائىم دېگۈدەك « ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دەپ يۈرەتتى.

**سۆزلىمەك** پ ① ئاغزاكى پىكىر بايان

قىلماق، ئېغىز بىلەن ئېيتماق، دېمەك: سۆزلىگەن سۆزۈمگە مەن ئىگە، سۆزلىمىگەن سۆزۈم ماڭا ئىگە (ماقال). * بوۋام مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، كۆزلىرىنى باراقسان ئۈجمە دەرەخلىرىگە تىككىنىچە سۆزلىدى. ② گەپ قىلماق، ۋەز ئېيتماق: داشۋي خۇددى ئۇلارغا دەرس بەرگەنىدەك، خەلقنىڭ ۋەزىيەت، ئىچكى ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە بىرلىك سەپ توغرىسىدا بىرمۇنچە سۆزلىدى. * ئاسىم ھىكمەت توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىغانىدا ئەبلىغازى 2-قېتىم سەھنىگە چىقىپ، ئۆتمۈشتە تارتقان جەبىر-زۇلۇملىرىنى، يومېشچىك ھېيتەك ۋە ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىنىڭ كەمبەغەللەرنى ۋەھشىيلەرچە ئەزگەنلىكىنى سۆزلىمەكتە ئىدى.

**سۆزمەن** سۈپ. سۆزگە ئۇستا، گەپدان، ناتىق: سۆزمەن ئادەم. سۆزمەن ئايال. * باتۇرنى مەيداندا سىنا، سۆزمەننى دەۋادا سىنا (ماقال). * شامەخسۇت خەتنىڭ تولىمۇ چىرايلىق، مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، خەتنىڭ ئىگىسىنى بىلىمدار، سۆزمەن، قابىل ئادەم ئىكەن، دەپ قارايدۇ ۋە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ياسىننى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ كېلىدۇ.

**سۆزمەنلىك** «سۆزمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سۆزمەنلىك قىلماق. * ئۆزى خالاپ، ئۆزى پىداكارلىق بىلەن باشلىغان ئىنقىلابىي كۈرەش ھەربىر كىشىنى خەلق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغۇسى تەشۋىقاتچىلىق ئۈچۈن ئەنە شۇنداق سۆزمەنلىك ۋە ناتىقلىققا ئۆگەتمەكتە ئىدى. * تارىخنىڭ سىرلىق سەھىپىلىرىنى ئۆز ئاڭلىغۇچىلىرىغا ئاينىماي تەقدىم قىلىدىغان ۋاييىزلار سۆزمەنلىكى بىلەن ھەركىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

**سۆزمۇسۆز** بىر سۆز-بىر سۆزدىن، سۆز تاشلىماي، ئەينەن: سۆزمۇسۆز سېلىشتۇرماق. سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلماق. * مەن ئىككى نۇسخىنى سۆزمۇسۆز سېلىشتۇرۇپ چىقتىم.

**سۆز-نەسىھەت** سۆز ھەم نەسىھەت؛ پەند-نەسىھەت: كىشىنىڭ مىجەزى ۋە تەبىئىتى بۇزۇلغاندا ئۇنىڭغا ھەرقانداق ياخشى سۆز-نەسىھەتمۇ كار قىلمايدۇ.

**سۆزنەك** ئى (پ) <تب> تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ بىر خىلى. سۆزنەك شار باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، بىمارنىڭ سۈيدۈك يولى ياللۇغلىنىپ، يىرىڭدايدۇ، سۈيدۈكى يىرىڭ ئارىلاش كېلىدۇ.

**سۆزنەك شار باكتېرىيىسى** <تب> سۆزنەكنى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل باكتېرىيە. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغان باكتېرىيىلەر ئىچىدە ئەۋرىشكە تىپ ھېسابلىنىدۇ.

**سۆز-ھەرىكەت** سۆز ۋە ھەرىكەت: توقا دۈيجاڭ كۆرۈنۈشتە قوپال-توڭ كىشىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن گەپ-سۆزلىرى خېلى جايىدا، كۆڭلىدە يامانلىقى يوق، سەھرانىڭ ئاددىي-ساددا ئادەملىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى سۆز-ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

**سۆز-ئىبارە** <تل> بىرەر چۈشەنچە ياكى پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى: دىنىي ئەقىدە ئەينى ۋاقىتتا سىياسىي ئەقىدە ئىدى، تەۋراتتىكى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى سوتتا قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولدى. * سېنىڭدە ئۆتكۈزگەن ھەر كۈن، ھەر سائەت، ھاياتىم بايىنىڭ بەخت ۋارىقى. سېنىڭدە ئۆگەنگەن ھەر سۆز-ئىبارە، ئىلمىنىڭ جەۋھىرى، قايمىقى، يېغى.

**سۆسەر** ئى (پ) <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، تۆت پۇتى قىسقا، قۇلىقى ئۇچ بۇرجەك، ئاڭلاش سەزگۈسى كۈچلۈك كېلىدۇ. تۈرى كۆپ بولۇپ، تېرىسى ئەتىۋارلىنىدۇ.

**سۆسەر تۇماق** سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق: زورىخان ئاق داكا رومىلى ئۈستىدىن كونا سۆسەر تۇمىقىنى باستۇرۇپ كىيىپ، سىرتقا ماڭدى.

**سۆسەي** ئى. ئاتقۇچىلىق دۈكىنىنىڭ ئىگەك ئۈستىگە چاپلانغان خام تېرە، ئۇ كىرىچنى تەگشەپ تىترىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سۆسەي باغ** سۆسە يېنى قوزساق ئالدىدىن غول ياغاچقا چېتىپ تۇرىدىغان كىرىچ.

**سۆسۈن** سۈپ (پ) قىزىل بىلەن كۆكنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، بىنەپشە (رەڭ ھەققىدە): سۆسۈن جامكا. سۆسۈن چېڭگىلىك. سۆسۈن داغ. * تاملارغا يېپىشىپ، يىپلارغا يامىشىپ ئۆسىدىغان قۇلماق، ھەشقىپېچەك گۈللىرى سۆسۈن، قىزغۇچ ۋە كۆپكۆك رەڭلىنىپ ئەتراپنى قاپلىدى. * خەتتىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇراتتى. قىزچاقنىڭ ئوماق كۆزلىرى سۆسۈن سىياھ بىلەن يېزىلغان راۋان، چىرايلىق خەتلەرگە چۈشتى.

**سۆسۈن جامكا** <بوت> جامكا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە كۆللەردىكى سۇ ئىچىدە لەيلەپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ياپىلاق، تۈز ھەم ئېللىپس ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، سىرتقى يۈزى يېشىل، ئارقا تەرىپى سۆسۈن كېلىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىدىن چاچما يىلتىزى ئۆسىدۇ، گۈلى ئاق. تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەرلىتىش، سىيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە.

**سۆسۈن چېڭگىلىك** <بوت> چوكا دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياماشقۇچى غول، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، چۆرىسىدە ھەرىسىمان چىشلىرى بولىدۇ، گۈلى توق قىزىل، گۈل تاجى ۋارونكا شەكلىدە كېلىدۇ. غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. گۈلى، غولى ۋە يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تۇرۇپ قالغان قاننى ھەيدەش رولىغا ئىگە.

**سۆسۈن داغ** <تىب> بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە قان پلاستىنكىلىرىنىڭ ئازىيىشى ياكى دورىغا بولغان سەزگۈرلۈكنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆپرەك باللار ياكى ئاياللاردا بولىدۇ. بۇنىڭدا، تېرە، شىللىق پەردە قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا قان چۈشۈپ، تېرىدە سۆسۈن رەڭلىك داغلار پەيدا بولىدۇ.

**سۆسۈن رەڭ** <گ سەن> قىزىل بىلەن كۆكنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل ئارا رەڭ: قەغەزنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قوش يۈرەك سۈرىتى، چۆرىسىگە غۇنچىلاۋاتقان قىزىلگۈل سىزىلىپ، تېگىگە سۆسۈن رەڭ بىلەن چىرايلىق خەت يېزىلىپتۇ. * ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى سوقچاق، تىرناق چوڭلۇقىدىكى مۇدۇر-مۇدۇر قاپارتقىلاردىن ھاسىل بولغان سۆسۈن رەڭلىك پوست بىلەن ئورالغان، پوستىنىڭ قۇرۇلمىسى ئانار ياكى ئاپېلسىنغا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

**سۆك** ئى. ئاقلانغان تېرىق: سۆك يەپ ئېغىر يىللاردىمۇ، ئارتقا چېكىنمەي قىلچىمۇ، تارىختا شاندىن تۆھپىلەر يازغان ئازادلىق ئارمىيەم.

**سۆك شويلىسى** سۆكتىن شويلىغا ئوخشاش ئېتىلگەن تاماق. ئادەتتە ئۇ سۆكنى پاكىز يۇيۇپ، سۇدا بوش قايىنتىش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ.

**سۆك ئېشى** سۆكتە ئېتىلگەن ئاش.

**سۆكە** I ئى. ئاياللارنىڭ قۇلىقىغا ئاسىدىغان، مەرۋايىت ياكى ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان بىر خىل ھالقا: ئايشەمگۇلنىڭ تويلۇقىغا ئىشلەتكىلى شەھەرلىك خېنىمنىڭ سۆكە-مونچاق، ياقۇت، مەرۋايىتلىرى چىقىپ قالار، — دېدى ئۇ ئايالىغا.

**سۆكە** II ئى. دىئال. سۇپا.

**سۆكتۈرمەك** «سۆكمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۆكتۈرۈلمەك** «سۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۆكسۆك** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تەڭگە شەكلىدە، گۈلى كىچىك ۋە باشاقسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق. شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىدىكى قۇملۇق رايونلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش رولى بولۇپ، قۇملۇقلاردا ئورمان بىنا قىلىشتىكى مۇھىم ئۆسۈملۈكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ: قەيسەر تامىقىنى چالا-بۇلا يەپلا سىرتقا چىقتى. ئۇ يۇلغۇن بىلەن سۆكسۆك قاپلىغان كەڭ دالىدا بىرئاز ئايلىنىپ، ھېلىقى خەتكە يەنە كۆز يۈگۈرتتى.

**سۆكسۆكلۈك** ① سۈپ. سۆكسۆك ئۆسكەن، سۆكسۆك بىلەن قاپلانغان: شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئىككى ئادەم سۆكسۆكلۈك دۆڭدىن ئارتىلىپ چىقىپ كەلدى. * 20 دەك كىشى سۆكسۆكلۈك قۇم دۆۋىلىرىدىن ئىرغىپ چىقىپ، ئوتلاققا چۈشتى. ② ئى. سۆكسۆك ئۆسكەن ئورۇن، جاي: بىز شۇ ماڭغانچە سەككىز سائەتلەردىن كېيىن بىر سۆكسۆكلۈكتىن ئۆتۈپ، غول توغراقلىققا بېرىپ ئارام ئالدۇق.

**سۆكمەك** I پ ① تىكىلگەن نەرسىنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ، سۇغۇرۇپ، چېكىنى ئاجراتماق، بۆلەكلەرگە ئايرىماق، پارچە ھالەتكە كەلتۈرمەك: چاپاننى سۆكمەك. يوتقاننى سۆكمەك. * ئوسمان ئاكا ئوغرىنىڭ بېشىدىكى كەپىسنى ئېلىپ سۆكۈۋىدى، شۇ ھامان يەرگە بىر تۇتام پۇل چېچىلىپ چۈشتى. ② ئۆي-ئىمارەت، جازا، ماشىنا، ئۆسكۈنە قاتارلىقلارنى ئۆرۈپ، بۇزماق، پارچىلىماق؛ چۇۋۇماق: قوللىرىم ھودۇقۇشتىن تىترەيتتى. ئالدىرىغانىمىزى كاللام ئىشلىمەي قالدى. ھېلىقى سۆككەن زاپچاسنى يەنە سۆكمەن، يەنە قاچىلايمەن .... لېكىن كاشىلا تېپىلمىدى. * ماتور سىناش جازىسىنى چۇۋۇۋەتكەندە سۆكۈۋالغان ماتېرىيال - زاپچاسلارنى قانداق قىلغان بىلەمنۇ سىنىڭ ھېسابىڭغا يېزىپتۇ. * ئۆلارنىڭ تولىسى ئاشلىق ئامبارلىرى بىلەن يەم-بوغۇزغا تېگىش قىلسا، بەزىلىرى گازارما ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك-پەنجىرىلىرىنى سۆكۈش بىلەن بەند بولاتتى.

**سۆكمەك** II پ. باشقىلارنى يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلماق، تىللىماق؛ ئىناۋىتىنى چۈشۈرمەك: شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى دوست سىردىشىشقا چۈشكەندە كىملەرنىدۇر بىرلىكتە سۆكەتتى، كىملەرگىدۇر بىرلىكتە ئىچ ئاغرىتاتتى. * مېنىڭ خەلق ئالدىدا سۆكۈشۈم بايىغا ئېغىر كەلدى ئەتىمالىم، زەھەر يۇتقان يىلاندەك تولغىنىپ، ئېغىزىغا كەلگەن گەپنى بوغۇزىغا يۇتماي كاپىشىپ دېۋەيلەپ كەلدى.

**سۆكمەن** ئى. تارىس. قەدىمكى زامانلاردا ئۇرۇش، جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن

باتۇرلارغا خان تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھەربىي ئۇنۋان: باتۇر تاغا سۇتۇقنىڭ دادىسى بازىر قاراخانىنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق جەڭ يۇرۇشلىرىدە بىللە بولغان سادىق، يېقىن قولداشلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا خانلىق چېرىكلەرنىڭ سۆكمەن ئۇنۋانىدىكى چېرىكبېشى ئىدى.

**سۆكۇشمەك** I «سۆكمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىز ئوقۇغۇچىلار كىر يۇيىمىز دەپ يوتقان-كۆرپىلىرىنى سۆكۇشۇۋاتاتتى.

**سۆكۇشمەك** II «سۆكمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پاراڭدىن-پاراڭ چىقىپ، ئالىم توغرىسىدا گەپ ئېچىلغاندا، قىزلار ئالىمنى بەكلا ماختاشتى، باتۇرنى بولسا: «قىلچىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى يوق بىر لۈكچەك» دەپ قاتتىق سۆكۇشتى.

**سۆكۈك** سۈپ. چاككىلىرى سۆكۈلگەن، چۇۋۇلغان، بۇزۇلغان: سۆكۈك يوتقان. سۆكۈك ئىشتان. سۆكۈك ماشىنا.

**سۆكۈكلۈك** سۈپ. سۆكۈلگەن، بۇزۇلغان، چۇۋۇلغان، سۆكۈك: سۆكۈكلۈك چاپان. سۆكۈكلۈك يوتقان. * ئۇ ھويلىدىكى سۆكۈكلۈك تۇرغان يوتقاننى كۆرۈپ، ئايالىنىڭ كىر يۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

**سۆكۈلمەك** «سۆكمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: موللام غەزەپ بىلەن يەنە ئۈچنى ئۇرۇۋىدى، ئۆتۈكۈمنىڭ پاشنىسى سۆكۈلۈپ چۈشتى. تاپىنىم ئوتتا كۆيگەندەك بولۇپ، ئاغرىقى بېشىمغىچە چىقتى. * چاقماق چېقىپ ئاسماندا، دۈررى-مونچاق تۆكۈلدى، گويا قات-قات بولۇتلار، چاك-چېكىدىن سۆكۈلدى.

**سۆگەت** ئى <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈل رېتى پوتلىسمان. كېلىدۇ، تۈرى كۆپ بولىدۇ: ئۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ چوڭ يولغا چىقتى-دە، ئېرىق بويىدىكى سۆگەت سايىسىدا ئولتۇردى. * چوڭ تاشيولنىڭ بويىدا، تىكتۈۋق تېرەك ھەم سۆگەت. مېۋىلىك كۆچەت-لەرنى، سايغا تىكتۈۋق رەتمۇرەت.

**سۆگە تزار** ئى ← **سۆگە تلك.**

**سۆگە تگۈل** ئى (سۆگەت+گۈل) <بوت> سۆگە تگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى يېپىسمان تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، قېلىن ھەم چىڭ كېلىدۇ، گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل، سەل پۇرايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقى زەھەرلىك. تېببىي دورىگەرلىكتە، يۇرەكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار ياسىلىدۇ.

**سۆگە تلك** ① سۈپ. سۆگەت دەرىخى بار، سۆگەت دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن: سۆگە تلك ھويلا. سۆگە تلك يول. * ئۇ ئادەم مېنى يېتىلەپ بۆلەك بىر يەرگە ئاپاردى. بۇ يەر سۆگە تلك بىر ھويلا ئىدى. * بار ئۇندا ئوتتۇز ئۆيلۈك كىچىك بىر كەنت، «تاشچىلار مەھەللىسى» دەيدۇ ھەممە، يېزىنىڭ دوقمۇشىدا سۆگە تلك يول، بويىدىن ئاقار ئۆستەڭ ئوقۇپ نەزمە. ② ئى. سۆ-گەت دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر، جاي: بىراق، ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندە موماي ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئېرىق بويىغا چىقىۋىدى، سۆگە تلك ئارىسىدىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى. * نىزام ئاكا، مۇشۇ خەتنى ئالغان ھامان ھەرقانداق جىددىي ئىشىڭىز بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ، نۇرباغ كۆلى بويىغا يېتىپ كېلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. مەن سىزنى كۆلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى

سۆگە تلكتە كۆتمەن، – دەپ يازدى ئۇ.

**سۆگەل** ئى <تب> تېرە كېسلى. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىردۇ. بۇنىڭدا يۈز، باش ياكى قولنىڭ ئارقا تەرەپلىرىگە ئادەتتىكى تېرە رەڭگىدە ياكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە ئۇششاق ئۆسۈكچىلەر پەيدا بولىدۇ. ئۈستى قوپال ۋە قۇرغاق كېلىدۇ، ئاغرىمايدۇ ھەم قىچىشمايدۇ: بۇ ئۈچ كىشىدىن بىرى يېشى 40 لاردىن ئاشقان، بۇغداي ئۆڭلۈك، پېشانىسى ۋە بۇرنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قوناقتەك سۆگىلى بار كىشى ئىدى.

**سۆگەل چىقماق** ① <تب> يۈز، قول، پۇت قاتارلىق جايلاردا بىر خىل قاپارتما پەيدا بولماق. ② كۆچمە. ئىشقا تارتىپ كاشىلا پەيتمەك، ئىش تۇسالغۇ ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماق، نەس باسماق: نىكاھ خېتى، توي كۈنىنى بېكىتىش توغرىسىدا قىزنىق كېڭەش بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىۋاتقان بۇ ئىشتىن تۇيۇقسىز سۆگەل چىقىپ قالدى.

**سۆگەلسىمان** سۈپ. سۆگەلگە ئوخشاش، سۆگەل شەكلىدىكى: سۆگەلسىمان پۇت.

**سۆگەلسىمان پۇت** <زوئول> بوغۇم تەنلىك ھايۋانلار تىپى تۈك پۇتلۇقلار كلاسسىدىكى تۈكلۈك ھايۋانلارنىڭ قوشۇمچە پۇتى. شەكلى سۆگەلگە ئوخشايدۇ. سۇ ئۈزۈش ۋە مېڭىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سۆڭەك** ئى ① <ئانات> ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى گەۋدىنى تىرەپ تۇرۇش ۋە ئىچكى ئەزالارنى مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى ئوينايدىغان قاتتىق توقۇلما. ئاساسلىق تەركىبى كالتسىي كاربونات ۋە كالتسىي فوسفات. ئۇ شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇزۇن سۆڭەك، قىسقا سۆڭەك ۋە ياپىلاق سۆڭەك دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ: ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە (ماقال). * قۇرۇق سۆڭەكتىن ياغ چىقماس (ماقال). * تاياق گۆشتىن ئۆتەر، تىل سۆڭەكتىن (ماقال). * ئۆي ئىگىسىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئىتىغا سۆڭەك تاشلا (ماقال). * ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە غاجاپ تاشلاپ قويغان سۆڭەكلەر ۋە قېتىپ كەتكەن نان پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ② قۇرۇلما، گەۋدە (خەت، يېزىق قاتارلىقلارنىڭ): سەپەرقۇل بىلەن ئامانقۇل كىرگەندە، تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى قارا چىراغ يورۇقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، تۇمارغا پۈتۈلگەن خەتلەر بىلەن ھېلىقى «سېغىزخان» يازغان مەخپىي مەلۇماتتىكى خەتنىڭ سۆڭىكىنى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. ③ كۆچمە. ئەۋلاد، نەسىل؛ پۇشت: – ئەي جىن، – دەپتۇ بوۋاي سۆز باشلاپ، – بۇ كېيىك مېنىڭ ئۆز قېرىندىشىم، ئۆز سۆڭىكىم، تاغامنىڭ قىزى، ياش چېغىمدا مەن ياخشى كۆرۈپ بۇنىڭغا ئۆيلەندىم. 30 يىل چامىسىدا بىز بىللە ھايات كەچۈردۇق، لېكىن بالا يۈزى كۆرمىدۇق.

**سۆڭەك ئەسۋابلار** <ئارخېئول> قەدىمكى زاماندا سۆڭەكتىن ئىشلەنگەن تۈرلۈك ئەسۋاب ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى.

**سۆڭەك پۈتۈك** <تىل> قەدىمكى زاماندا تاشپاقا قېپى ياكى سۆڭەككە پۈتۈپ قويۇلغان خەت، يېزىقلار.

**سۆڭەك كېسەللىكلىرى** <تب> سۆڭەكنىڭ زەخىملىنىشى ياكى سۆڭەكتە بولىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەر. مەسىلەن، سۇنۇق، راخىت، ئىلىك ئۆسمىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سۆڭەك ئوغۇت** ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىنى ئېزىش ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇت. بۇ

خىل ئوغۇتنىڭ تەركىبىدە فوسفور ۋە كالىي بولىدۇ. ئۇنى ئوغۇت قىلىشتىن سىرت، يەنە بوغۇز قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**سۆڭەك يېتىلدۈرگۈچى ھۈجەيرە** <ئانات> ئارىلىق ماددىلىرىدىن ھاسىل بولغان ۋە سۆڭەك توقۇلمىلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھۈجەيرە.

**سۆڭەك يېلىمى** سۆڭەكتىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يېلىم: سۆڭەك يېلىمى 30 خىلدىن ئارتۇق كەسپنىڭ خام ئەشياسىدۇر.

**سۆڭىكى قاتمىغان** قۇرامىغا يەتمىگەن؛ چېنىقمىغان ياش، گۆدەك.

**سۆڭەك-سۆڭىكى** پۈتۈن بەدەن، ئۇستىخان ۋە سەزگۈ قاتارلىقلار: سۆڭەك-سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتمەك.

**سۆڭەك-سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتمەك** ← **جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك**: سوغۇق سۆڭەك-سۆڭىكىمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن ئاغزىم گەپكە كەلمەي، چىشلىرىم كاسىلداپ كەتكەنىدى.

**سۆڭەكلىك** سۈپ. سۆڭىكى بار، سۆڭىكىدىن ئاجرىتىلمىغان: سۆڭەكلىك گۆش.

**سۆڭەكلىك بېلىقلار تۈركۈمى** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر تۈرى. بۇ تۈردىكى بېلىقلارنىڭ سۆڭىكىنىڭ چوڭراق قىسمىلىرى قاتتىق بولۇپ، ئومۇرتقا گەۋدىسى كۆپىنچە ئويمان، ساقىقى تارغاق شەكىلدە كېلىدۇ. پالاقچىسىدا قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدىغان بېلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

**سۆڭگەچ** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەلدىن تۆۋەن يوتىدىن ئۇستۈن قىسمى؛ يانپاش: جا شۆڭگەن ھېلىقلارغا ھومىيىپ قاراپ قويدى-يۇ، ھېچنېمە دېمىدى. بايىقى ئەپەندى سۈپەت سېرىق كىشى بىلەن ئازراق پىچىرلاشقاندىن كېيىن، سۆڭگىچىنى قاشلىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى. * خان ئوقيانى بەتلەپ، كىرىچىنى قاتتىق تارتىپ قويۇپ بەرگەنىدى، ساداق غۇيۇلداپ بېرىپ قېچىپ كېتىپ بارغان ئېلىكنىڭ سۆڭگىچىگە تەگدى.

**سۆڭگەچ پۈرمە كۆڭلەك** سۆڭگەچ قىسمىدىن پۈرمە ھاسىل قىلىپ تىكىلگەن ئاياللارنىڭ كۆڭلىكى.

**سۆل** I ئى ① كۈچ، ماغدۇر، قۇۋۋەت: سۆلى بار. سۆلى يوق. * ئورنۇمدىن قوپسام سۆڭگىچىمنىڭ سۆلى يوق. دەردىمنى ئىچىمدە بىلىپ، لېۋىمنى چىشلەپ، جېنىمنىڭ بارىچە قاچتىم. ② تەم، لەززەت.

**سۆلى بار** ① كۈچى، ماغدۇرى، قۇۋۋىتى بار؛ قۇۋۋەتلىك: سۆلى بار ئادەم. سۆلى بار ئوزۇقلۇق. ② تەمى، لەززىتى بار؛ تەملىك، لەززەتلىك: سۆلى بار تاماق. سۆلى بار ئاش.

**سۆلى يوق** ① كۈچى، ماغدۇرى، قۇۋۋىتى يوق؛ ھالسىز: ئۇنىڭ يەنە بىرى بەكمۇ ئېگىز، سۆلى يوق. بۇغداي ئۆڭلۈك، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق ئادەم ئىدى. ② تەمى، لەززىتى يوق؛ تەمسىز، لەززەتسىز.

**سۆل** II سۈپ. دىئال ① قىزىرىپ پىشمىغان، خام: سۆل نان. ② كۆچمە. چېنىقمىغان: سۆل بالا.

**سۆلەت** ئى (ئە) كۆركەم تاشقى قىياپەت، سالاپەتلىك كۆرۈنۈش، كۆرك: پەرىزاتنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر چىرايلا خاپا ۋە پەرىشان كۆرۈنەتتى. ئۇ ھېچكىمگە قارىماي، سۈرلۈك قىياپەتتە سۆلەت بىلەن مېڭىپ باشقۇرۇش سەھنىسىگىچە باردى. * مېۋە بەرمەي كىدىيىپ، سۆلەت بىلەن ماختانما.

**سۆلتى سۆسە بولماق** كىبرى يوقالماق،

ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلماق: ئۇنىڭ سۆلتى سۆسە بولغىنىنى كىم بىلمەيدۇ؟

**سۆلتىنى ئات تارتالماسلىق** سۆلەتۋازلىق بىلەن ياسىنىپ، قېتىپ يۈرمەك: ئۇمۇ قۇرۇق پاخپاق بىرنېمە، سۆلتىنى ئات تارتالمايدۇ، ئەمما قولىدىن يوق كەلمەيدۇ.

**سۆلتىنى ھارۋا تارتالماسلىق** ← **سۆلتىنى ئات تارتالماسلىق**: ئۇنىڭ ئىسمىنى ھاپىز مەخسۇم دېدىمۇ نېمە خۇدايىم، سالاپىتىنى دېمەمسەن تېخى، سۆلتىنى ئۈچ ئات قوشقان ھارۋىمۇ تارتالمايدۇ.

**سۆلەتپەرەس** سۈپ. ياسىنىپ، قېتىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، سۆلەتۋاز: سۆلەتپەرەس ئادەم. سۆلەتپەرەس ئايال.

**سۆلەتپەرەسلىك** «سۆلەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سۆلەتپەرەسلىك قىلماق. * – ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى زىبۇزىننەتكە، كەيپ-ساپاغا، سۆلەتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتمەك، تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەن جەھەتتە شانلىق تۆھپە تارتىڭ، – دېدى ئايال ئېرى بىلەن خوشلىشىپ.

**سۆلەتلىك** سۈپ. سۆلتى بار، كۆركەم، ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدىغان: سۆلەتلىك ئادەم. * كېيىن ئالا چاپان كيگەن ھاكىملار بىلەن سۆلەتلىك ئادەملەر يىغىلىشقا باشلاپتۇ. * ناھىيە بازىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان دوختۇرخانىنىڭ دائىرىسى كىچىك، بىنالىرى ئاددىي، ئەمما سۆلەتلىك ئىدى.

**سۆلەتمەن** سۈپ (ئە+پ) ئۆزىنى ياساپ قېتىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان، ياسىنىشقا خۇشتار؛ سۆلەتپەرەس، سۆلەتلىك: بولۇپمۇ تۆنەنىڭ ھېلىقى چوشقىدەك سۆلەتمەن ئېرى بىلەن پاۋىلغا ئۇچراشقان چاغدىكى كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەندە قەيسەر ھاياجاندىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

**سۆلەتۋاز** سۈپ ← **سۆلەتپەرەس**: سۆلەتۋاز ئايال. * – تووۋا! بۇ نېمە دېگەنلىرى، سائەت تاقىغانغا سۆلەتۋاز بولامدۇ كىشى؟ – دېدى سائادەتخان ھەسرەتلىنىپ.

**سۆلەتۋازلىق** ئى. ياسىنىپ، قېتىپ يۈرۈش ئادىتى: سۆلەتۋازلىق قىلماق. * بالىمىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇنىڭغا سۆلەتۋازلىق، راھەت-پاراغەت قوغلىشىش ئىدىيىسىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىغا يول قويساق بولماس، – دېدى سادىق جىڭلى ئايالىغا قاراپ.

**سۆللۈك** سۈپ ① كۈچ، ماغدۇرىدىن كەتمىگەن: سۆللۈك ئادەم. ② تەمى بار، تەملىك، لەززەتلىك: سۆللۈك ئاش.

**سۆلۈسۈن** (توغرىسى: سۆلەيسۈن) ← **سۆلەيسۈن**.

**سۆنگە** ئى. دىئال <تب> بەدەنگە (قولغا) چىققىدىغان كۆيدۈرگە خاراكتېرىدىكى بىر خىل كېسەللىك.

**سۆھبەت** ئى (ئە) ① ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ-سۆز؛ -پاراڭ: سۆھبەت ئۆتكۈزمەك. * يامان بىلەن ماجىرا، ياخشى بىلەن سۆھبەت (ماقال). * بەختىيار گۈلنارغا ئەمدىلا بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا بۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆھبىتى باشلىنىپ قالدى. ② بىرەر ئىش ياكى تېمىدا باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، كېلىشىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مەشغۇلات: تىنچلىق سۆھبىتى. سۆھبەت يىغىنى. * گومىنداڭ قوشۇنلىرى سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن، قورال-ياراغلىرىنى كەڭ سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ تەخلىدى.

**سۆھبەت ئۆتكۈزمەك** بىر يەرگە جەم بولۇپ مۇزاكىرە ئېلىپ بارماق، پىكىر ئالماشتۇرماق، سۆھبەتلەشمەك: رومىنىيە

ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر كوممۇنىستىك ۋە ئىشچى پارتىيىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بۇخارېستتا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ھەم سۆھبەت ئاخباراتى ئېلان قىلدى.

**سۆھبەتخۇمار** سۈپ (سۆھبەت+خۇمار) سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، سۆھبەتكە ئامراق، سۆھبەتكە خۇشتار؛ گەپخۇمار: سۆھبەتخۇمار ئادەم. * شۇ خۇش ھاۋالىق جايدا خاس ئولتۇرۇپ، كەڭتاشا پاراڭلاشمامدۇق؟ — بولىدۇ، مىڭ مەرتىۋە بولىدۇ، مەن سۆھبەتخۇمار ئاشىقتەك بىر ئادەم.

**سۆھبەتداش** ئى. بىرەر سورۇندا بىللە سۆھبەتلەشكەن، سۆھبەتكە قاتناشقان كىشى؛ ھەمسۆھبەت: ئۇنىڭغا شۇ تاپتا كۆڭۈلدىكىلىرىنى دېسە ئاڭلىغۇدەك بىر سۆھبەت-داش كېرەكتەك تۇيۇلاتتى. لېكىن بۇنداق سۆھبەتداش يوق ئىدى. * ئابدۇقادىر بىلەن لەيلىگۈل يول بويى پاراڭلىشىپ مېڭىپ، ناھايىتى بەلەن سۆھبەتداشلاردىن بولۇپ قالدى.

**سۆھبەتلەشتۈرمەك** «سۆھبەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۆھبەتلەشمەك** پ. بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆزئارا گەپلەشمەك، پاراڭلاشماق، سۆزلەشمەك، مۇڭداشماق؛ مەسلىھەتلەش-مەك: شۇ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ناھىيە باشلىقلىرى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن كېچە سائەت بىرگىچە سۆھبەتلەشتى. * تەتىل بولغان ئاخشىمى، شادلىق ئۇرغۇپ قەلبىدە. نىجات ھەم ئۈچ سىڭلىسى، سۆھبەتلەشتى ئۆيىدە.

**سۆيدۇرمەك** «سۆيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا قۇچاقتىكى چاغدا سۆيدۈرەر، ئۆسكەن چاغدا كۆيدۈرەر (ماقال).

* ئاتابېك كۈمۈش بۈۋىنىڭ لەۋلىرى ئۈستىدىكى قارا خالنى شەرەت بىلەن كۆرسىتىپ: — ئاشۇ يەرنى بىر سۆيدۈرسىڭىز سىزمۇ چوڭ ئەستىلىك تەييارلىغان بولاتتىڭىز، — دېدى. كۈمۈش بۈۋى قىزاردى.

**سۆيگۈ** ئى. يىگىت بىلەن، قىز ياكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر-بىرىگە قەلبىدىن بېرىلگەنلىك تۇيغۇسى؛ مېھىر-مۇھەببەت، مۇھەببەت: سۆيگۈ پۇلغا سېتىلماس، كۆڭۈل پۇلغا تېپىلماس (ماقال). * ھاكىم كۈلۈپ قويۇپ، قولغا ئالدى ۋە چوڭقۇر سۆيگۈ دەرياسىغا پېتىپ كېتىۋاتقان مەجنۇنغا ئوخشاش، ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

**سۆيگۈسىز** رەۋ. مېھىر-مۇھەببىتى يوق، مېھىر-مۇھەببەتتىن مەھرۇم: ھاياتقا بەرسە كىم دىلنى، مۇھەببەت شۇ ئۈچۈن تالىق، مۇھەببەت ياشىنىتار دىلنى، ئۆلۈكتۇر سۆيگۈسىز ئۆتكەن.

**سۆيگۈ-مۇھەببەت** سۆيگۈ ھەم مۇھەببەت، ئىشق-مۇھەببەت: شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپتۇ، سەمەندەرگە كۈندۈزى بۇلبۇل، تورغايلار ناخشا ئېيتىپ بەرسە، كېچىسى سانسىز يۇلتۇزلار نۇر چېچىپتۇ. * ئاقتى سۇلار ئۇنچە چېچىپ ھەرياق-غا، چۆل قوينىدا كەلدى باغلار مەيدانغا، تاشتى سۆيگۈ-مۇھەببەت ھۆر دەۋرانغا، ئاشتى ئىشقا ئەسىرلەرنىڭ ئارمانى.

**سۆيمەك** پ ① مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن لەۋنى بىرەر كىشىنىڭ يۈز، لەۋ، قول ياكى بىرەر يېرىگە تەگكۈزمەك: ئۇ كۈلشەن ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ سۆزلىدى، ئاندىن ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ماڭلىيىغا سۆيۈپ قويدى. * كۆيمەنا، كۆيمەن، قىشى قاراغا كۆيمەن. قېشىغا قاراپ تۇرۇپ، شېكەر لېۋىگە سۆيمەن.

② يىگىت بىلەن قىز، ئەر بىلەن ئايال ئۆزئارا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرمەك: چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق (ماقال). * كۆڭۈل كىمنى سۆيسە شۇ چىرايلىق (ماقال). * ئۇلار ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ؛ مەنمۇ ئۇلارغا يامان ئەمەس مۇئامىلە قىلمەن. لېكىن مېنى «سۆيىدىغان» ئادەم چىقمىدى، مەنمۇ بىرەر ئادەمنى «سۆيۈپ» - باقمىدىم. ③ خۇش كۆرمەك، ياقتۇرماق، ياخشى كۆرمەك، قەدىرلىمەك: خەنزۇ، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ھازىر ئۇيغۇر تىبابىتىنى سۆيىدۇ ۋە ئۇنىڭدىمۇ داۋالىنىدۇ. * مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن، ھەققەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن.

**سۆيۈشمەك** «سۆيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرۋاقىتلاردا دېڭىز بويىدا سۆيۈشكەندەك، ئۇلار بۇ قېتىممۇ ئۇزاق سۆيۈشتى، ھەتتا تىنالماي قالدى. * كۆپ ئادەملەر تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، تەۋەررۇك قىلىپ سۆيۈشەتتى.

**سۆيۈملۈك** ① سۈپ. كىشى ياخشى كۆرىدىغان، ئىززەت-ھۆرمەتكە لايىق، قەدىرلىك، ئەزىز: سۆيۈملۈك بۇرادەر. سۆيۈملۈك ئۇستاز. سۆيۈملۈك ۋەتەن. * بەختىگۈلنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ رىشىتتىن ئايرىلىپ قېلىشنى زادى خالىمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە، پۈتكۈل يېزىدا ئۇنىڭدىن باشقا بىرەرمۇ سۆيۈملۈك كىشى يوق ئىدى. * جۇڭگو ئانا ۋەتىنىمسەن، ھەممىدىن بەك سۆيۈملۈكسەن. جەسۇر ئوغۇل-قىزلىرىڭغا، شەپقىتىڭ كۆل، كۆيۈملۈكسەن. ② ئى. سۆيگەن يار: — سۆيۈملۈكۈم، بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، — دەپ ئايالىنىڭ لېۋىدىن يېنىككىنە سۆيدى ئۇ ئىشكتىن كىرىپ.

**سۆيۈنچ** ئى. خۇشاللىق ھېس-تۇيغۇسى؛ شادلىق، خۇرسەنلىك، مەمنۇنىيەت؛ قۇۋانچ.

**سۆيۈنچە** ئى. كىشىنى خۇشال، مەمنۇن قىلىدىغان خەۋەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان سوۋغا، ئىنئام: سۆيۈنچە ئالماق. سۆيۈنچە بەرمەك. * ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمىدى، ئىچكىرىدىن ئايياداق يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە دېرىزىدىن تۇرۇپ «سۆيۈنچە!» دېدى. ھاجى يانچۇقىنى كولاۋېتىپ «ئەلھەمدۇلىللا» دەپ قويدى. * قىزلار كېلىننى ئارىغا ئالغان ھالدا بولكۋاي ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە قادىردىن ماشىنىغا چىقىش سۆيۈنچىسى — ياغلىق تەلەپ قىلىپ قوللىرىنى سۇنىدۇ.

**سۆيۈنچە ئالماق** خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن باشقىلاردىن سوۋغا، ئىنئام ئالماق: تۆمۈر خەلپىلەر قوزغىلىپ تاغقا ماڭغان كۈنى ئەلنىڭ ئالدى يېتىپ بولغان بىرچاغدا، ياقۇپ ياساۋۇل كېلىپ نىياز دورغىدىن سۆيۈنچە سورىدى ۋە بىر كۈمۈش تەڭگە سۆيۈنچە ئالغاندىن كېيىن، شاھزادە خوجىسىنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى.

**سۆيۈنچە بەرمەك** خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنلىك بەدىلىگە سوۋغا، ئىنئام بەرمەك: ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا سۆيۈنچە بېرىپ، قىزنى ئەكىلىشكە ئادەم بۇيرۇپتۇ. * ماڭا ئەمدى سۆيۈنچە بەر!

**سۆيۈنچلۈك** سۈپ. كىشىنى شادلاندۇرىدىغان، خۇشال قىلىدىغان، قۇۋانچلىق: ئۇ باغۋەن بوۋاينى تېپىپ، بۇ سۆيۈنچلۈك خۇش خەۋەرنى ئۇنىڭغىمۇ ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن، باغدىن چىقىپ، كەچكىچە شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، ئۇنى ئىزدەپتۇ. * كىشىلەر ئاڭلىسا خۇشال بولىدىغان خۇش خەۋەر، بېشارەت، سۆيۈنچلۈك خەۋەر بولسا سۆزلىسەڭ بولىدۇ.

**سۆيۈندۈرمەك** «سۆيۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆز ئىبرىنىڭ مۇنچە مېھرىبانلىقى ئۇنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

**سۆيۈنمەك** پ. سۆيۈنچ ھېس قىلماق، خۇشاللانماق، خۇرسەن بولماق، قۇۋانماق: ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيەمىزنىڭ بۇ شانلىق غەلىبىسىدىن چەكسىز سۆيۈندى. * باھارنىڭ لەززىتىدىن جان سۆيۈندى، ياشىندى قەشقەر، ئەزىز جۇڭگوا – ۋەتەنىنى گۈللىتىش بىزگە شوئار بولغاچ.

**سۆيۈنۈشمەك** «سۆيۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرجىسى.

**سۈەنتەيزى** ئى (خەن) <بوت> سامساقنىڭ گۈل ئوقى. يۇمران چېغىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**سۈبھى** ئى (ئە) ① تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان پەيت، سەھەر: سۈبھى كۆتۈرۈلگەن مەھەل بىلەن جەڭچىلەر ھېلىقى كەمچەت تۇماقلىق كىشى باشلىق بەش-ئالتە كىشىنى باشلاپ، قايتىپ كەلدى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سۇپ** تەق. كونا ئادەت بويىچە دۇئا ئوقۇپ كېسەل كىشىگە ياكى ئۇنىڭغا بېرىدىغان نەرسىگە دەم سالغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: داخان پىيالىدىكى ئازراق سۇنى تۇتۇپ ئىچىدە خېلى ئۇزۇن بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى-دە، كېيىن «سۇپ» دەپ سۇغا دەم سالدى ۋە پىيالىدىكى سۇنى كېسەلگە ئىچۈرۈۋەتتى.

**سۈپەت** ئى (ئە) ① <پەلس> شەيئى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتە باشقا شەيئى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس مۇئەييەنلىكى، ئۇنى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاھىدە زىددىيەتلەر بەلگىلەيدۇ. دۇنيانىڭ چەكسىز، شەيئىلەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشى – شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈپەت پەرقىنىڭ ئىپادىسىدۇر: سانىنىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشى. سۈپەت ئۆزگىرىشى. ② ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئىجابىي-سەلبىي خۇسۇسىيىتى، پەزىلىتى، خىسلىتى: ئادەمنى ئۇلۇغ قىلغان نەرسە ئۇنىڭ جىسمى (تەن قۇرۇلۇشى) ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان روھىي، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلەردۇر. * ئادەمنى پەسلەشتۈرىدىغان سۈپەت نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق ۋە يالغانچىلىقتۇر. ③ مال، مەھسۇلات ياكى بىرەر ئىشنىڭ ياراملىقلىق دەرىجىسى ياكى تەلەپ، ئۆلچەمگە قانچىلىك دەرىجىدە لايىق كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى: ھازىر ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان قەغەزلەر پەقەت ئۇجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان بولۇپ، سۈپىتى ناھايىتى ياخشى. * يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بۇ زاۋۇت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق كۆپ خىل نېفىت ئايرىش ئەسۋابلىرىنى ياساپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ④ <تىل> شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە بەلگىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز: تۈپ سۈپەت. ياسالما سۈپەت. نىسپىي سۈپەت. سۈپەت دەرىجىسى. ⑤ باش كېلىشتىكى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ «ئوخشايدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئاي سۈپەت. شىر سۈپەت. تاغ سۈپەت. گۈل سۈپەت. يولۋاس سۈپەت. * كۆپ ئۆتمەي بۇ يەرگە كادىر سۈپەت ئىككى كىشى كەلدى-دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. * ئۈچ كىشى تەڭلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، ئوقۇغۇچى سۈپەت بىر بالىنى كۆرۈشتى. * قاش دەرياسى بويىدا قوزغالغان ئىنقىلاب

خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، مەخپىي خەت ئېلىپ كەلگەن سودىگەر سۇپەت كىشى — ئەيىندىن ئىدى. ⑥ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىدا تۈرلە-نىپ، « بىلەن » تىركەلمىسىنى ئېلىپ كەلگەندە « سالاھىيىتىدە » ، « نامە-دا » ، « ئورنىدا » دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: قاسىم: — گۈلخان، مەن سىزگە رەھبەر سۇپىتىم بىلەن گەپ قىلىۋاتىمەن. * ئۇ: — بۇ يەردە مېھمان سۈپىتى بىلەن تۇرغان بىر ئادەم تۇرسام، قانداقىسىگە ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئارىلىشالايمەن، — دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى.

**سۇپەت ئالماشتۇرۇش** <لوگ> ۋاقىتسىز خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا، ئەسلىي ھۆكۈمنىڭ سۈپىتى ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈملىگۈچىنىڭ ئورنىغا شۇ ئۇقۇم-نىڭ زىت ئۇقۇمى قويۇلىدۇ. نەتىجىدە تەلۋ قىممەتلىك يېڭى بىر ھۆكۈم كېلىپ چىقىدۇ.

**سۇپەت ئانالىزى** <خىم> ئانالىتىك خىمىيىدىكى مەلۇم ماددا تەركىبىدە قانچىلىك تەركىبلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق-لايدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**سۇپەت پېئىلى** <تىل> ← **سۇپەتداش.**

**سۇپەت دەرىجىسى** <تىل> سۇپەتلەردە سىستېمىلىق كۆرۈلىدىغان بىر خىل گرامما-تىكىلىق كاتېگورىيە. ئادەتتە ئۇ بەلگىلىك گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق شۇ سۇپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ كۈچەيتىل-گەن ياكى ئاجىزلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**سۇپەت ھېسسىياتى** <گ سەن> بەدىئىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان چىنلىق تۇيغۇسى.

**سۇپەت-ئورۇن ئالماشتۇرۇش** <لوگ> ۋاستىسىز خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا، سۇپەت ئالماشتۇرۇش بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش بىللە قوللىنىلىدۇ.

**سۇپەت ئۆزگىرىشى** <پەلس> شەيئىلەرنىڭ تۈپ خاراكتېرى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى، يەنى شەيئىلەرنىڭ كونا سۇپەتتىن يېڭى سۇپەتكە تۇساتتىن ئۆزگىرىشى ياكى سەكرىشى.

**سۇپەتداش** ئى <تىل> پېئىلنىڭ سۇپەت ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بىر خىل شەكلى. ئۇ ھەم پېئىللىق، ھەم سۇپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ: مەسى-لەن، « قاتناشقان »، « ئۇچار » ، « ئۇنتۇلماس » دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش.

**سۇپەتسىز** سۈپ. سۇپەت جەھەتتىن تەلەپكە تولۇق جاۋاب بېرەلمەيدىغان، سۈپىتى ناچار: سۇپەتسىز رەخت. سۇپەتسىز مەھسۇلات. سۇپەتسىز ماللارنىڭ بازارغا كىرىشىنى قاتتىق توسۇش كېرەك.

**سۇپەتلەشتۈرمەك** « سۇپەتلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇپەتلەشمەك** ① « سۇپەتلىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② <تىل> « سۇپەت » لىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق، « سۇپەت » رولىدا كەلمەك.

**سۇپەتلەنمەك** « سۇپەتلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالدىنقى مىسالدا ساھىبجامال قىزنىڭ گۈزەللىكى ئوبرازلىق سۇپەتلىنىپ كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان. * بۇ ئەسەردە ئىدىل دەرياسى بويىدىكى جەڭنىڭ نەقەدەر قاتتىق بولغانلىقى ئوبرازلىق سۇپەتلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ

كۆز ئالدىدا جانلىق نامايان قىلىنغان.

**سۇپەتلىك** سۇپ. سۇپەت جەھەتتىن تەلەپكە لايىق، سۇپىتى ياخشى: سۇپەتلىك مال. ئەلا سۇپەتلىك كۆڭلەك.

**سۇپەتلىمەك** پ. سۇپىتىنى يەنى خۇسۇسىيەت ۋە خىسلەتلىرىنى تەرىپلەپ كۆرسەتمەك، تەرىپلىمەك: سەن ئۇنى قانچىلىك سۇپەتلىسەڭمۇ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئىشىنى يوقىتا چىقىرالمايسەن.

**سۇپسۈزۈك** سۇپ. ناھايىتى سۈزۈك، ئىنتايىن سۈزۈك: ئېرىقتىكى سۇپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى. * ئاسمان سۇپسۈزۈك. تېرەك، سۆگەت، قارىياغاچلارنىڭ غولىغا سۇ يۈگۈرۈشۈپ، چىرايلىق تۈسكە كىرگەن.

**سۇپكۆچ** ئى (سۇپ+كۆچ) كونا ئادەت بويىچە كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن دۇئا ئوقۇپ، دەم سالغاندا داخاننىڭ كېسەللىككە قارىتىپ ئېيتىدىغان «بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىپ كەت، كۆچۈپ كەت» مەنىسىدىكى بۇيرۇق سۆزى.

**سۇپكۆچلەتمەك** «سۇپكۆچلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇپكۆچلەشمەك** «سۇپكۆچلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇپكۆچلىمەك** پ «سۇپكۆچ» دەپ بىمارنىڭ ئاغرىغان يېرىگە دەمدە قىلماق: رەمچى موماي تاشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ خالتىسىغا سالدى ۋە ئۇنى ئاۋۋالقى ئورنىغا ئېلىپ قويدى، ئاندىن دېمىدە سۇيى تەييارلاپ، سۇغا قاراپ ئىككى-ئۈچ ئايەت ئوقۇپ، نەزىرەنىڭ قوقاق تەگكەن ئېغىزىغا سۇپكۇچلىدى.

**سۇپۇتمۆرە** ئى. دىئال. بۇرغا.

**سۇپۇرتمەك** «سۇپۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قاسىمئاخۇن خىزمەتچىگە ئېيتىپ، كارىدورنى سۇپۇرتۇپ قويۇك، — دېدى باشلىق چىقىپ كېتىۋېتىپ.

**سۇپۇرگە** ئى. توپا-چاڭ، ئەخلەت-چاۋارلارنى سۇپۇرۇشكە ئىشلىتىدىغان سايمان: ھەم پۇختا، ھەم چىرايلىق سۇپۇرگە ئىكەن، ئىككىنى سېتىۋالدىم.

**سۇپۇرگە زىيانكەش** قىممەت ئېلىپ ئەرزان ساتىدىغان، دائىم زىيان تارتىپ تۇرىدىغان، زىيىنىغا ئىش قىلىدىغان ئادەم: — ئۆزۈم 150 يۈەنگە ئېلىپ، ساڭا 120 يۈەنگە بېرىدىغان مەن سۇپۇرگە زىيانكەشمىدىم ئاغىنە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**سۇپۇرگە قوناق** <بوت> قىزىل قوناقنىڭ بىر خىل سورتى. رەڭگى قىزغۇچ بولىدۇ. باشىقىدىن سۇپۇرگە ياسىلىدۇ.

**سۇپۇرمەك** پ ① چاڭ-توزان، ئەخلەت چاۋارلارنى سۇپۇرگە بىلەن يىغىپ چىقىرىۋەتمەك؛ تازىلىماق: ئۆي سۇپۇرمەك. ھويلا سۇپۇرمەك. ② كۆچمە. چىقارماق، تازىلىماق: ئەكسىيەتچىلەرنى ئىنقىلابىي قوشۇندىن سۇپۇرۇپ تاشلاش لازىم.

**سۇپۇرۇشمەك** «سۇپۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز كىرگەندە باللار سىنىپنى قولمۇقول سۇپۇرۇشۇۋاتقانىكەن.

**سۇپۇرۇلمەك** «سۇپۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلا-ئارامىلىرى، بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تازا سۇپۇرۇلگەن بولۇپ، چىش كولىغۇچ چاغلىق ئەخلەت كۆرۈنمەيتتى.

**سۇپۇرۇندى** ئى. سۇپۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن كېرەكسىز نەرسىلەر؛ ئەخلەت: مەن ھەر كۈنى ھويلىنى ئىككى قېتىم سۇپۇرۇپ، سۇپۇرۇندىنى ھېلىقى يوغان ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكەتتىم.

**سۇپىتىدە** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملارغا تىركىلىپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ «ئورنى-

ـدا، ھالىتىدە» دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ باشلىق سۈپىتىدە سۆز قىلدى.

**سۈت** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلاردىكى سۈت بېزى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئاق سۇيۇقلۇق. تەركىبىدە سۇ، ئاقسىل، لاكتوزا ۋە تۇز قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ: ئانا سۈتى. كالا سۈتى. ئۆچكە سۈتى. سۈت فېرمىسى. سۈت پاراشوكى. * سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن، قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچەر (ماقال). * زوقلىنىپ مەنىۋى ئېچىتىم سۈيۈگىنى، خۇددى ئانىدەك بەردىڭ سۈتۈڭنى. ② <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يوپۇرمىقى ياكى مېۋىسىدىكى ئاق سۇيۇقلۇق: سېمىز ئوتنىڭ سۈتى. پۇرچاق سۈتى.

**سۈت ئانىسى** → ئىنىكئانا.

**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار** <زوئول> ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار. ئانا تېنىدىكى سۈت بېزىدىن ئاجرىلىپ چىققان سۈت ئارقىلىق باللىرىنى بېقىش ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. بۇلار ئىچىدە، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر تۆشۈكلۈك ھايۋانلار تۇخۇملۇق كۆپەيگەندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇت ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

**سۈت بېزى** <ئانات> يېتىلگەن قىز ياكى سۈت ئەمگۈچى چىشى ھايۋانلارنىڭ ئەمچىكى ئىچىدە بولىدىغان بىر خىل بەز. سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سۈت بېزى ياللۇغى** <تىب> ئاياللارنىڭ سۈت بېزىدە بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە ئېمىتىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تېز ئۆرلەپ، قىسمەن جاي

ئىششىپ كۆپىدۇ، قىزىرىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىيدۇ. بەزىلىرى يىرىڭلايدۇ.

**سۈت پاراشوكى** كالا، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ سۈتىنىڭ سۇ تەركىبى چىقىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان پاراشوك. ساقلاشقا قولايلىق. ئىشلىتىكەندە قايناقسۇ قوشۇپ، سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

**سۈت چىشى** <ئانات> ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار تۇغۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي چىقىدىغان چىش. بوۋاقلار تۇغۇلۇپ 6 — 7 ئاي بولغاندا چىشلار چىقىشقا باشلاپ، ئىككى يېرىم ياشقا توشقاندا تولۇق چىقىپ بولۇپ، 20 گە يېتىدۇ. ئالتە ياشتىن سەككىز ياشقا تولغانغا قەدەر بۇ چىشلار چۈشۈشكە باشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تۇراقلىق چىشلار تەدرىجىي ئىگىلەيدۇ.

**سۈت رەڭ** رەڭگى سۈتكە ئوخشايدىغان: تومۇزدا تويغۇچە سومۇرۇۋالغان ئىسسىقنى تارتىپ ئۆلگۈرمىگەن تۇپراققا چۈشكەن تامچىلار سۈت رەڭ قويۇق تۇمانغا ئايلىنىپ، ئۇيۇق بىلەن كەڭ ئاسمان ئارىسىنى تولدۇردى.

**سۈت شويلىسى** سۇ ئورنىغا سۈت ئىشلىتىپ ئېتىلگەن شويلا.

**سۈت فېرمىسى** سۈت كالىلىرىنى بېقىپ، ئۇلاردىن سۈت ئالىدىغان ئورۇن: — يولداش ئابلا، كالىلارنى بىر باشلىق بولمىسا باشقۇرغىلى بولمايدىكەن، نېمىگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — سۈت فېرمىسىنىڭ تېخنىكى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى.

**سۈت قەغەز** رەڭگى ئاق، ئۆزى سىلىق، خەت يېزىشقا، مەتبەلەردە خەت ۋە رەسىملەرنى بېسىشقا ئىشلىتىلىدى-

غان قەغەز.

**سۈت كالىسى** <زوئول> سۈت ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس بېقىلىدىغان كالا. بۇ خىل كالىلار ئادەتتىكى كالىلارغا قارىغاندا كۆپ سۈت بېرىدۇ.

**سۈت كىسلاتا باكتېرىيىسى** <بىئول> قەنتلەرنى ئېچىتىپ سۈت كىسلاتاسى ھاسىل قىلىدىغان باكتېرىيە.

**سۈت كىسلاتاسى** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى CH₃ CHOCOOH. رەڭسىز ياكى سارغۇچ قىيام ھالىتىدىكى سۇيۇقلۇق بولۇپ، قېتىق، قان ياكى سۈيدۈك تەركىبىدە بولىدۇ. ئادەتتە يېمەك-ئىچمەك، كۆن-خۇرۇم، توقۇمىچىلىق ۋە تىببىي دورىگەرلىك سانائەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**سۈت نەيچىلىرى** <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدىكى ئىچىدە سۈت بولىدىغان نەيسىمان تۈزۈلمە. بىر ياكى كۆپلىگەن ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلىدۇ. شاخلىنىدۇ ياكى شاخلانمايدۇ. كۆپىنچە ئۈجمە ئائىلىسى، سۈتلۈكئوت ئائىلىسى، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسى، سۆگەتگۈل ئائىلىسى ۋە چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى بەزى ئۆسۈملۈكلەردە بۇ خىل تۈزۈلمە بولىدۇ.

**سۈت ھەققى** ئانىنىڭ ئېمىتكەن ۋە باققان ھەققى: دىنىي قائىدە بويىچە نىكاھ ۋاقتىدا سۈت ھەققى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل بەلگىلەپ قويىدۇ.

**سۈتتەك** سۈپ. سۈتكە ئوخشاش ئاپئاق: سۈتتەك ئايدىڭ.

**سۈتچى** ئى. سۈت ساتىدىغان ئادەم، سۈت ساتقۇچى.

**سۈتچىلىك** ئى. سۈت سېتىش ئىشى.

**سۈتخور** سۈپ. سۈت ئىچىشكە ئادەتلەنگەن (ئېمىدىغان ياكى ئېمىتىدىغان)، سۈت ئەمگۈچى: سۈتخور ھايۋان.

**سۈتخور ھايۋان** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.

**سۈتخورلۇق** «سۈتخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**سۈت-قايماق** سۈت ۋە قايماق: كۈچانىڭ سۈت بازىرىدىكى سۈت-قايماقنى كۆرسىڭىز كۈچالىقنىڭ ھەممىسى سۈتخورمىدۇ؟، - دەپ قالىسىز.

**سۈت-قىمىز** سۈت ۋە قىمىز.

**سۈتلەتمەك** «سۈتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۈتلەنمەك** ① «سۈتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىگەنلىك تاماقتا سۈتلەپ ئېتىپ بەرگەن چاي ھەممىنىڭ ئاغزىغا تېتىدى. ② دان تەركىبىدە سۈتكە ئوخشاش ماددىلار پەيدا بولماق: بۇغداي چېچەكلەپ سۈتلەنگەندە دان سۈيىنى بېرىش لازىم.

**سۈتلۈك** سۈپ ① سۈتى بار، سۈت قوشۇلغان: سۈتلۈك چاي. سۈتلۈك ئاش. ② سۈت بېرىدىغان؛ سۈتى جىق: سۈتلۈك كالا.

**سۈتلۈك پولۇ** سۇ ئورنىغا سۈت ئىشلىتىپ ئېتىلگەن پولۇ.

**سۈتلۈك چاي** چايغا سۈت قوشۇلغان چاي: موماي قىزىنى ئاشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى مېھمانلارغا سۈتلۈك چاي بىلەن نان ئېلىپ كەلدى. * بىرەر كۈن سۈتلۈك چاي ئىچمىسەك ھېچقىسى يوق. بۈگۈن ئۈزۈمنۇ كېچىكىپ قالدىم، - دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم.

**سۈتلۈكئوت** ئى (سۈتلۈك+ئوت) <بوت> سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 80 سانتىمېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ. غولىنى سۇندۇرسا، ئىچىدىن ئاق سۈت چىقىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم تۆمۈنە شەكىلدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ. غولى تىك ھەم توم، يۇقىرى قىسمىدا كىچىك شاخلىرى بولىدۇ. گۈل رەڭگى ئۆگزىسىمان، ئورىغۇچى ياپرىقى سېرىق، غوزا مېۋىسى شەكىلدە كېلىدۇ. يىلتىزى تۈۋرۈك شەكىلدە، تاشقى پوستى خورما رەڭ بولىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرلىك. چوڭ-كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**سۈتلىگەن** ئى. دىئال. سۈتلۈكئوت.

**سۈتلىمەك** پ. تەركىبىگە سۈت ئارىلاشتۇرماق، سۈت قوشماق: چاي سۈتلىمەك.

**سۈتلىنىش** ① «سۈتلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <بوت> ئاشلىق زىرائەتلىرى پىششىقا ئاز قالغاندا، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ توشۇغۇچى نەيچىلەر ئارقىلىق دانغا بېرىشى نەتىجىسىدە، تۆرەلمە سۈتىنىڭ تەدرىجىي قويۇقلىشىپ بېرىشى.

**سۈتۈن** سۈپ. دىئال. سۈت ھالىتىدىكى، سۈتلۈك.

**سۈر** I ئى ① قورقۇنچ، ۋەھىمە: سۈر باسماق. ② سالاپەت: سۈرى بار ئادەم.

**سۈر باسماق** قورقماق، ۋەھىمە ئىچىدە قالماق؛ جىددىيلەشمەك: كېچىچە سۈر بېسىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. * ئەپكەشچىنى بىر خىل سۈر باسقىلى تۇردى.

**سۈر** II سۈپ. تۈزلاپ، ياكى ئىسلاپ قۇرۇتۇلغان: سۈر گۆش.

**سۈر گۆش** ئۇزۇن ساقلاش ئۈچۈن تۇزلاپ، ياكى ئىسلاپ قۇرۇتقان گۆش.

**سۈر** III ئى. دىئال. ئەپ، پەم، يول: ئىشنىڭ سۈرى.

**سۈرە** ئى (ئە) <دىن> قۇرئاننىڭ ھەربىر بابى، يەنى قۇرئاندا جەمئىي 114 باب بولۇپ، بۇ 114 سۈرە دېيىلىدۇ. سۈرىلەر ئۇزۇن-قىسقىلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن سۈرە 286 ئايەتتىن، ئەڭ قىسقا سۈرە ئۈچ ئايەتتىن تەركىپ تاپىدۇ. ھەربىر سۈرىنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بولىدۇ: ئىشان يېتىلەپ كىرگەن ئېشەكنى باغلاپ قويغاندىن كېيىن، موللازەيدىن ئولتۇرغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۈرە ئوقۇدى. * توختىئاخۇن قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلىدىغان بىرلا سۈرە — «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ دۇئا قىلدى.

**سۈرئەت** ئى (ئە) ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ تېزلىك دەرىجىسى، ئىلداملىقى؛ تېزلىك: قۇرۇلۇش سۈرئىتى. ئىش سۈرئىتى. * ھازىر سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولماقتا. * ئۇ قىزلارنىڭ جاراڭلىق ناخشا ساداسىنى ئاڭلىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بولدىمۇ، ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، ئاستا توختىدى.

**سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچ** <ماشىن> ستانوك، ئاپتوموبىل، تراكتور قاتارلىقلارنىڭ سۈرئىتى ياكى سۈرەش كۈچىنى ئۆزگەرتىدىغان قۇرۇلما. دىئامېترى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇنلىغان چىشلىق چاقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئادەتتە دۆنگاتېلدىكى ئاساسىي ئوق بىلەن ئەگەشمە ئوق ئارىسىغا ئورنىتىلىدۇ.

**سۇرەت** ئى (ئە) ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سىزىلغان ياكى فوتوئاپپاراتتا تارتىلغان تەسۋىرى، رەسىمى: سۇرەت سىزماق. قىستۇرما سۇرەت. بەدىئىي سۇرەت. * ئۇنىڭ ئۆلۈك يۈزىگە تاشتىن-تاشقا سەكرەپ چۈشۈۋاتقان كۆمۈش سۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گۈزەل مەنزىرىنىڭ سۇرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. * سۇلايمان سۇرەتلەرنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ كۆرۈپ، بىرىگە تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ② تاشقى قىياپەت، كۆرۈنۈش، شەكىل، تۇرق: يارنىڭ سۇرىتىگە قارىما، خۇلقىغا قارا (ماقال). * دىۋە قارا مۇشۇككە ئايلاندى، قىز بۆرە سۇرىتىگە كىردى. * ئۇ يەنە سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆردىكى، ئالدىدا باشقا سۇرەتتىكى بىرنەرسە تۇراتتى. * شۇ مۇلايىم يىگىتنىڭ سۇرىتى سۇلتانچە بار. شۇ يىگىتتىن باشقىسى مەن ئۈچۈن ئۆلتانچە بار. ③ <مات> ئاددىي كەسىرلەردىكى توغرا سىزىقنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدىغان سان. مەسىلەن دىكى «2» سۇرەت بولىدۇ. ④ باش كېلىشتىكى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، «دەك»، «سىمان»، «قا ئوخشاش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: پەرىشتە سۇرەت ئادەم. گۈل سۇرەت قىز. ⑤ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ «ھالەتتە»، «رەۋىشتە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كاردىنال ھەزرەتلىرى، جانابىلىرىنىڭ رازىلىق بەرمەيۋاتقانلىقى شەھەر تىنچلىقىغا قاتتىق خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، جانابىلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىشىنى يەنە بىر قېتىم جىددىي سۇرەتتە ئىلتىماس قىلىمەن.

**سۇرەت تارتماق** تەسۋىرنى، قىياپەتنى فوتو ئاپپارات ياردىمى بىلەن نىگاتىپ يۈزىگە چۈشۈرمەك: جەسەتنى نەچچە قېتىم سۇرەتكە تارتتى.

**سۇرەت تارتىش ئاپپاراتى** <كىنو> ← فوتو ئاپپارات.

**سۇرىتى ئادەم** كۆرۈنۈشى ئادەمگە ئوخشىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەملىك ماھىيىتىنى يوقاتقان ئادەم.

**سۇرەتتەك** سۈپ. گۈزەل، چىرايلىق: پادىشاھنىڭ سۇرەتتەك بىر قىزى بار ئىكەن.

**سۇرەتچى** ئى. ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سۇرەتكە تارتىدىغان كىشى، فوتوگراف: ئەسەتنىڭ دادىسى ئۇزۇن يىللىق سۇرەتچى.

**سۇرەتچىلىك** ئى. سۇرەتكە تارتىش ئىشى، كەسپى.

**سۇرەتخانا** ئى (ئە+پ) ← رەسىمخانا.

**سۇرەتلەنمەك** ① «سۇرەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» درامىسىدا ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خانىۋەيران تۇرمۇشى چىنلىق بىلەن سۇرەتلەنگەن. ② كۆز ئالدىدا پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك گەۋدىلەنمەك: مەن دوپپامنى ئالدىمغا قويۇپ ئېچىنىپ ئويلىدىم. ئۆتمۈشتە تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ سۇرەتلىنىپ ئۆتتى.

**سۇرەتلىك** سۈپ. سۇرىتى بار، سۇرەت بىلەن بېزەلگەن: سۇرەتلىك تام. سۇرەتلىك كىتاب. * مەن ئىشخانىغا كىرگىنىمدە گۈلناز سۇرەتلىك ژۇرنال كۆرۈۋاتقانىكەن.

**سۇرەتلىمەك** پ. شەيئىلەرنىڭ ھالىتىنى، ئوبرازىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا خۇددى سۇرەتتە كۆرسەتكەندەك گەۋدىلەندۈرمەك، تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بەرمەك: پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سۇرەتلىمەك.

**سۇرەن** ئى. كۈچلۈك ئاۋازلار، چۇقان، غوۋغا: تۇتتى ئەغيار باشقا يولتۇزدىن ئورۇن

بىلگەچكە پەن، ئاچمەن دەپ كان، نېفىت سالدى سۇرەن دەيمەن يەنە.

**سۇرەن سالماق** تۇۋلىماق، چۇقان كۆتۈرمەك.

**سۇرەنسىز** سۈپ. سۇرىنى يوق، سۇرەن سالمىغان.

**سۇر-توقاي** ← **سۇر-توقاي قىلماق.**

**سۇر-توقاي قىلماق** سۇرۇپ، قوغلاپ، ئەدىبىنى بەرمەك: شاھ مەھمۇرخانغا خۇشامەت قىلىپ يۈرگەن بەگلەرنى گۆر ئوغلىنىڭ تەرەپدارلىرى قەدەممۇقەدەم قوغلاپ يۈرۈپ سۇر-توقاي قىلغىلى تۇردى. * تۈن كېچە، تۇرمىگە كىردى باستۇرۇپ، خەۋەرنى ئاڭلىغان جەسۇر يۇرت خەلقى. گۇندىپاي، چېرىكنى قىلدى سۇر-توقاي، ۋولقاندەك پارتلىغۇچ ئۆچمەنلىك قەھرى.

**سۇرتكۈچ** ئى. دوسكا قاتارلىق نەرسىلەرنى سۇرتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان سايمان. ئۇ ئادەتتە بىر پارچە ياغاچقا مويلۇق رەخت ياكى كىگىز قاتارلىق نەرسىلەرنى چاپلاش ياكى مىخلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**سۇرتكۈزمەك** «سۇرتمەك» پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇدىر ھەر خىل بىنمەنە بۇيرۇقلار بېرىپ، خىزمەتچىلەرگە چاڭ-توزانلارنى سۇرتكۈزەتتى. بەزىدە تامدىكى رەسىملەرنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتتۈرەتتى.

**سۇرتمەك** پ. سۇرتكۈچ، لاتا، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مەلۇم نەرسىلەرنى ئېرتىپ تازىلىماق، ئېرتماق: دېرىزە سۇرتمەك. جوزا سۇرتمەك.

**سۇرتۈشمەك** پ. سۇرتمەك پېئلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىپيالىڭاچ باللار بىر-بىرىنىڭ يۈز-كۆز، بەدەنلىرىگە لاي سۇرتۇشۇپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوينىشۋاتاتتى.

**سۇرتۈلمەك** «سۇرتمەك» پېئلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: - مۇئەللىم سىنىپتىكى پارتا-ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى سۇرتۈلۈپ بولۇندى. ئەمدى قايتساق بولامدۇ؟

**سۇركەتمەك** «سۇركىمەك» پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇركەشمەك** ① «سۇركىمەك» پېئلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «قىزىل قوغدىغۇچىلار» چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە شىلىملارنى سۇركە-شىپ، ھەدەپ تاملارغا چاپلاشماقتا ئىدى. ② ئۆزئارا بىر-بىرىگە سۇركەلمەك: چاپانغا شىلىم سۇركىشىپ قالماق.

**سۇركەلمە** سۈپ. سۇركىلىدىغان، سۇركەپ سىلىقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: سۇركەلمە ماتېرىيال.

**سۇركەلمە ماتېرىيال** مېتال سايمان، ئەينەك قاتارلىقلارنى سىلىقلاشتا ئىشلە-تىلىدىغان ماتېرىيال. ئالماس، كۋارتس، ياقۇت قاتارلىقلار تەبىئىي سۇركەلمە ماتېرىيال؛ سۈنئىي ياقۇت، كرېمنىي كاربىد قاتارلىقلار سۈنئىي سۇركەلمە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قاتتىقلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، پارچىلانغاندىن كېيىن كاربورۇندقا ئايلىنىدۇ.

**سۇركەلمەك** ① «سۇركىمەك» پېئلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: موماي ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە سومكىسىنىڭ مۈرەمگە سۇركىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، تەمتىرەپ كەتتى. ② «سۇركىمەك» پېئلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىد-جىسى: قۇباق ئۆينى ئاچتى. قۇتىكۇل ئۆيگە كىردى ۋە قۇباققا سۇركەلدى.

**سۇركەنمەك** «سۇركىمەك» پېئلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: نېمىشقا بىكاردىن-بىكار خەققە سۇركىنىپ يۈرىسەن؟

**سۇركىلىش** ① «سۇركەلمەك» پېئلىنىڭ

يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: تامغا سۇركىلىش. ② ئى <فىز> بىر جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىم ئۈستىدە ھەرىكەت قىلغاندا، بۇ ئىككى جىسىم يۈزلىرى ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان بىر خىل قارشىلىق. جىسىملارنىڭ ھەرىكەتلەنگەن ۋاقىتتىكى تېگىشىش يۈزىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، بۇ خىل سۇركىلىشمۇ سىيرىلما سۇركىلىش ۋە دومىلانما سۇركىلىش دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. ③ ئى. كۆچمە. ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ياكى پارتىيە-گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان پايدا-زىيان توقۇنۇشى، نىزا، زىددىيەت: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرئاز سۇركىلىش پەيدا بولدى. * ئۇ چاغلاردا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سۇركىلىشى كۈچەيگەنىدى.

**سۇركىلىش كۈچى** <فىز> ھەرىكەتلىنىدىغان بىر جىسىمنىڭ يۈزى بىلەن بىر جىسىمنىڭ يۈزى ئۆزئارا تېگىشكەندە ھاسىل بولىدىغان ھەرىكەتكە قارشى بىر خىل كۈچ. ئۇنىڭ يۆنىلىشى جىسىملار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جىسىم يۈزلىرىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**سۇركىلىشچان** سۈپ. سۇركىلىش خۇسۇسىيىتى بار، سۇركىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**سۇركىلىشچانلىق** « سۇركىلىشچان » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گاز پومپىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پۈتۈن ئاپتوموبىلنى تىزگىنلەيدۇ. ماي پومپىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئوزۇقى بولغان بېنزىننى سۈمۈرىدۇ ۋە سۇركىلىشچانلىقى كۈچلۈك ئىچكى زاپچاسلىرىنى مايلاپ تۇرىدۇ.

**سۇركىلىشمەك** « سۇركەلمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرلىك ۋە ئۆملۈك قۇدرەتلىك كۈچ دەپ، دانا پارتىيە ئۆزلۈك كۆرسەتكەن. ھەممە مىللەتلەر بولدۇق ئىتتىپاق، سۇركىلىشلەر يوق، كەلمەسكە كەتكەن.

**سۇركىمەك** پ ① مەلۇم نەرسىلەرنىڭ يۈزىنى، سىرتىنى باشقا بىر نەرسە يۈزىگە، سىرتىغا تەگكۈزۈپ ھەرىكەتلەندۈرمەك: ئۇ دەرھال بىر جۈپ تاشنى ئېلىپ، كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن كىچىكنە يىرتىپ تاشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئىككى تاشنى بىربىرىگە سۇركەپتۇ. تاشتىن ئوت پەيدا بولۇپتۇ. * ئەكبەر قولىنى بوشىتىش ئۈچۈن چېدىرنىڭ بولۇڭىدىكى قازاننىڭ گىرۋىكىگە ئارغامچىنى سۇركەپتۇ. ② ماي شىلىم قاتارلىق يۇقىدىغان نەرسىلەرنى بىرەر نەرسىگە سۇرمەك، يۇقتۇرماق: دورا سۇرمەك. ماي سۇرمەك. * ئەگەر كىچىك باللار يىقىلىپ كېتىپ قالسا ياكى بېشى بىر يەرگە تېگىپ كەتسە، لاتىغا تۇخۇم سېرىقىنى سۇركەپ بېشىغا ئوراپ تېڭىپ قويسا بولىدۇ.

**سۇرگە** ئى. ئىچنى يۇمشىتىدىغان، سۇرىدىغان دورا: قېرىلارغا، باللارغا كۈچلۈك دورىلارنى بېرىپ ھارارەتنى بىراقلا چۈشۈرۈۋېتىش، بەك تەرلىتىش ۋە سۇرگۈ بېرىش خەتەرلىك.

**سۇرگۈزمەك** « سۇرمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دورا بېرىپ، ئىچنى سۇرگۈزمەك.

**سۇرگۈن** ئى ① سوت ئورۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن جىنايەتچىنى يىراق، باشقا يەرگە ئەۋەتىش، پالاش: سۇرگۈن قىلماق. * دۆەن جياۋشۇغا بۇ ئەھۋالنى دېۋىدىم. دۆەن جياۋشۇ: « بىز سۇرگۈن

قىلىنغانلار ئوخشايمىز.» دېدى. * ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، لۇتپۇللا «خىزمەت يۆتكەش» ھىيلىسى بىلەن ئاقسۇغا مېڭىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئۆزى بىلەن نابورچىك دوستى تۇردى ھوسىيۈننىڭمۇ سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. ② سۈرگۈن قىلىنغان، پالانغان ئادەم: بەختسىز سۈرگۈنلەر يۈرەكلىرىدىكى دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت، ئارزۇ-تىلەكلەر-نى ئېيتىشىپ، چارىسىز قالغان ئەل يۇرتى بىلەن ئاخىرقى مەرتىۋە خوشلاشتى. ③ شۇنداق جازا بېرىلگەن كىشىلەر يەنى، پالانغانلار بارىدىغان جاي: مەن جەمئىي بەش يىل سۈرگۈندە بولدۇم. * ئۇ سۈرگۈندىن قايتقاندا، ئادەم تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

**سۈرگۈن بولماق** ئۆز يۇرتىدىن باشقا، يىراق يەرگە ھەيدىۋېتىلمەك، پالانماق: ئاشىقى سۈرگۈن بولۇپمەن ئىشقىدىن قەدىم زەبۇن، ھېچقاچان بولماس ئىكەن ۋىسال چېغى زادى ئۇزۇن.

**سۈرگۈن جازاسى** <قا> بۇرۇنقى بىر خىل جازا تۈرى. بۇنىڭدا جىنايەتچى يىراق جايلارغا يالاپ بېرىلىپ، ئەمگەككە سېلىنىدۇ ياكى باشقا، چەت جايلارغا ھەيدىۋېتىلىدۇ.

**سۈرگۈن قىلماق** <قا> جىنايەتچىنى يىراق جايلارغا يالاپ بېرىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماق ياكى چەت، ياقا يۇرتلارغا ھەيدىۋەتمەك، پالىماق: بۇ شېئىرنى ئوقۇغان پادىشاھ قەھرى-غەزىپىنى باسالماي، ئاقىل ۋەزىرنى ئوردىدىن ھەيدەپ، يىراق بىر جەزىرىگە سۈرگۈن قىلىۋەتتى. * نۇزۇگۇمنىڭ مانجۇ مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى قەشقەر خەلقىنىڭ دىلىنى ئۆرتەپ كۆيدۈردى.

**سۈرلەتمەك** «سۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۈرلەشمەك** «سۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۈرلەنمەك** «سۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سوقۇمنىڭ گۆشى تۇزلانغاندىن كېيىن ئىسلىنىپ سۈرلىنىدۇ. * ھۆرلىقاخان پادىشاھنىڭ خۇرجۇنىغا ھەر تۈرلۈك يەل-يېمىش ۋە سۈرلەنگەن گۆشلەردىن توشقۇزۇپ سېلىپ بېرىپتۇ.

**سۈرلۈك** سۈپ ① قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك: بۇ چاغدا ئاي تېخى كۆتۈرۈلمىگەنىدى. ئەمما كۆكتە ساناقسىز يولتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. ئەتراپ سۈرلۈك. قاراڭغۇ. * قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆككەن مەھەللە جىمجىت ۋە سۈرلۈك بولۇپ پەقەت ياپراقسىز دەرەخلەرنىڭ شامال بىلەن ئويىنىشىپ شۇۋۇلدىغان ئاۋازلىرىلا ئاڭلىناتتى. ② سۈرى بار، سالاپەتلىك: سۈرلۈك ئادەم. // ئۇ بەك سۈرلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىدا دائىم قورۇنۇپ قالاتتىم.

**سۈرلۈكلەشتۈرمەك** «سۈرلۈكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پۈتۈن مەكتەپ قورۇسىغا ئالا قويماي چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر، كېچىككىنە شامال چىقسىمۇ شىلدىرلاپ، مەكتەپنى تېخىمۇ سۈرلۈكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**سۈرلۈكلەشمەك** پ. سۈرلۈك تۈس ئالماق، سۈرلۈك قىياپەتكە كىرمەك.

**سۈرلىمەك** پ. گۆشنى تۇزلاپ ياكى ئىسلاپ قۇرۇتماق: گۆش سۈرلىمەك. * ئۇلار يىلقى گۆشىدىن قېزا تەييارلاپ، ئۇنىمۇ سۈرلەيدۇ.

**سۈرمە** ئى (پ) ① <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Sb (stibium). كۈمۈش رەڭدە بولۇپ، پارقىرايدۇ. چۈرۈك، قاتتىق كېلىدۇ.

ئاسانلا ئۇۋۇلىپ، پاراشوكقا ئايلىنىدۇ. خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتىر سانائىتى ۋە تىببىي دورىگەرلىكتە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قېتىشمىلىرى قوغۇشۇن ھەرپ قۇيۇش ۋە ماشىنا قازىنى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ② تەركىبىدە شۇ خىل ئېلېمېنت بولغان بىر خىل گىرىم بۇيۇمى. رەڭگى قارامتۇل كېلىدۇ. ئاسەسەن قاش-كىرپىكلەرنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: سۇرمە تارتماق. سۇرمە سۇرمەك. * ئۇپا-ئەڭلىك، سۇرمە ۋە قاشلىق سۇرگەن بۇ گۈزەللەر مۇزېيدا ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بىرەر سۇرەتنىڭ، بىرەر ئاشنىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلدى. * ئايخاننىڭ ئورنىدا كۆزىگە سۇرمە تارتىپ، قېشىغا ئوسما قويغان، ئۇڭ مەڭزىگە قازان قارىسىدىن خال چەككەن، قۇلىقىغا ئالتۇن سىرغا، بويىنىغا كەھرىۋا ئاسقان ئاجايىپ سۆلەتمەن بىر «كېلىن»-نازۇ-كەرەشمە بىلەن ئولتۇراتتى.

**سۇرمە تارتماق** قاش ۋە كىرپىكلىرىگە سۇرمە سۇرمەك: مەلىكە يەنە ھەممەيلەننىڭ كۆزىگە سۇرمە تارتىشنى بۇيرۇپتۇ.

**سۇرمە تاش** <كېئول> ← **گرافىت.**

**سۇرمە چېچىكى** <كېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى ($Sb_2O_3$). سارغۇچ رەڭلىك كرىستال بولۇپ پارقىرايدۇ. قاتتىقلىقى ناھايىتى تۆۋەن. جۇلالىق سۇرمە تاش ياكى باشقا سۇرمە رۇدىلىرى ئوكسىدلانغان ياكى پارچىلانغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە بوياق، دورا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇرمەك** I پ ① بىرەر نەرسىنى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كۆتۈرمەستىن ئىتتىرىپ يۆتكىمەك: جوزىنى ئالدىغا سۇرمەك. * تۇرغان يەشىكنىڭ ئاغزىنى مىخلاپ بولۇپ بىر چەتكە سۇرۇپ قويدى. ② ئىسىم بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «داۋاملاشماق»، «قىلماق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: جىمجىتلىق ھۆكۈم سۇرمەك. * ھاكىم يەنە خېلىغىچە گەپ قىلمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۇرمەكتە ئىدى. ③ بىرەر ئىشنىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتمەك يۆتكىمەك: گۈلشەننىڭ ئاپىسى قوشۇلمىغانلىقتىن، توي يەنە كەينىگە سۇرۇلدى. * مەلۇم سەۋەبلەردىن ھۇجۇم ۋاقتىنى ئەسلىدىكى پىلاندىن ئۈچ كۈن ئالدىغا سۇرۇشكە توغرا كەلگەنىدى. ④ بىرەر ئىشنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلماق، لەززىتىنى ئالماق: راھەت پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۇرمەك. * ھاراقنىڭ پەيزىنى سۇرمەك. ئويۇننىڭ پەيزىنى سۇرمەك. ⑤ قوغلىماق، ھەيدىمەك: سۇرۇپ توقاي قىلماق. ⑥ ئاقماق، سۇيۇق كەلمەك: بالىنىڭ ئىچى سۇردى.

**سۇرۇپ توقاي قىلماق** ← **سۇر-توقاي قىلماق**: باتۇرلار بولسا، «ئالغا» سادالىرىنى ياڭرىتىپ يەنە ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە؛ ئۇلار دۈشمەننى سۇرۇپ توقاي قىلىپ، شەھەر سېپىلىگە قاراپ سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. * بۇ چاغدا قىسملىرىمىز ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنى سۇرۇپ توقاي قىلىپ ماناس بويلىرىغا بارغانىدى.

**سۇرمەك** II پ. مەلۇم بىرنەرسىنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئىككىنچى بىرنەرسىنىڭ يۈزىگە سۈركىمەك: يۈزىگە ماي سۇرمەك. * يۈزىنى سوپۇن سۇرۇپ يۇماق.

**سۇرمەل** سۈپ. تولا سۈركىلىپ، سىلىقلىنىپ كەتكەن: سۇرمەل تاش.

**سۇرمىلىك** سۈپ. سۇرمىسى بار، سۇرمە سۇرگەن: سۇرمىلىك كىرپىكلىك ماڭا قاراپ سېھرى ئوقۇپ تۇرسا، قېشىڭ خەنجەر تۇتۇپ، قېشىمدا قەددىمنى پۈكۈپ تۇرسا.

**سۈرۈشتە** ئى ← **سۈرۈشتە قىلماق.**

**سۈرۈشتە قىلماق** سۈرۈشتۈرمەك: ئۇ قىزنىڭ ئۆزى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلغىنىدىن سەل ھەيران بولغانىدى. * ئۆي ئىگىسى بۇلارنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ سوراپتۇ.

**سۈرۈشتۈرمەك** I پ. مەلۇم بىر ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى، سەۋەب-نەتىجىسىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرمەك، سوراشتۇرماق، سۈرۈشتە قىلماق: پادىشاھ دانىشمەنىنىڭ بۇ سۆزىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇقرالارغا يامانلىق قىلمىغانلىقىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك سۈرۈشتۈرىدىكەن. * مەلىكىنىڭ ئاكىسى قىزنىڭ ئۇيۇقسىز يوقالغانلىقىدىن كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولۇپ، تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

**سۈرۈشتۈرمەك** II پ. ئىككى نەرسىنى ئۆزئارا كىرىشتۈرمەك، ئۆتۈشتۈرمەك، يۇرۇشتۇرمەك: ئۇستىدىكى رەختىنى سەل سۈرۈشتۈرۈپ تىكىڭ.

**سۈرۈشتۈرۈشمەك** «سۈرۈشتۈرمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۈرۈشتۈرۈلمەك** «سۈرۈشتۈرمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىش كېيىن رابى ۋەت-ۋەت ئارقىلىق تىك-تىكلاپ سۈرۈشتۈرۈلگەندە، ئەھۋال ھەقىقەتەن يۈسۈپ چوگىنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولۇپ چىققانىدى. * تەلىيىمگە يارىشا بۇ ئىش كېيىن سۈرۈشتۈرۈلمىدى.

**سۈرۈشمەك** I «سۈرمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۈلۈشتى ئۇلار، كۆرۈشتى ئۇلار، ۋىسال پەيزىنى سۈرۈشتى ئۇلار.

**سۈرۈشمەك** II ① «سۈرمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — قاراڭ ماۋۇ چىرايلىق خانلىرىمنىڭ يۈزلىرىگە سوپۇن سۈرۈشۈپ، يۇيۇشۇپ كەتكىنىنى، — دېدى قېينانىسى ئاچچىق بىلەن. ② ئىككى نەرسە ئۆزئارا بىر-بىرىگە كىرىشمەك، ئۆتۈشمەك.

**سۈرۈك** I ئى (ر) ① <قا> دەۋا قانۇنىدا، دەۋا سۇبيېكتىپىنىڭ ۋە باشقا ئىشتىراكچىلارنىڭ دەۋا پائالىيىتى باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن چەك بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋاقىت، مۆھلەت، مۇددەت: «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى بىر دوستۇمدىن بىر ھەپتىلىك سۈرۈك بىلەن ئارىيەتكە ئالدىم. * — بېشىم بىلەن، — دەپتۇ بايۋەچچى ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ، — بىراق، بۇ ئىش خېلى چىگىشتەك قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا مېنىڭ كىتاب كۆرۈپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىم ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك بېرىشكە بولامدىكىن.

**سۈرۈك** II ئى. دىئال. پادا؛ توپ.

**سۈرۈلمەك** I ① «سۈرمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: سەلىمە مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئولتۇردى. ② «سۈرمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئالغا سۈرۈلۈپ يېزىنىڭ كەمبەغەللىك تونى ئۆزگەردى.

**سۈرۈلمەك** II «سۈرمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالىنىڭ يۈزىگە سوپۇن سۈرۈلدى. * ھارۋىنىڭ چاقىغا ياغ سۈرۈلدى. * قازانغا ماي سۈرۈلدى.

**سۈز** سۈپ. دىئال. سۈزۈك.

**سۈزە** ئى (ئە) <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 15 — 30 سانتىمېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۈچلۈك يالپۇز پۇرىقى چىقىپ

تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق ياكى تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن، كالپۇك شەكلىدە ۋە باشىسىمان گۈل رەتىدە كېلىدۇ. يىلتىزىنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق، يۈرەك ئېغىش، سۆگەك يۇمشاپ كېتىش (راخىت) ۋە ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە قارىتا شىپالىق رولى بار.

**سۇزدۇرمەك** «سۇزمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇزدۇرۇشمەك** «سۇزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇزدۇرۇلمەك** «سۇزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇزگە** ئى. سۇزگۈچ.

**سۇزگەك** سۈپ. ئۇسكەك: سۇزگەك كالا.

**سۇزگۈچ** ① سۈپ. سۇزۇش، ئايرىش رولىنى ئوينايدىغان: سۇزگۈچ قەۋەت. سۇزگۈچ جىسىم. ② ئى. چاچقا يېلىم چاپقاندا يېلىم تەركىبىدىكى قېتىشما نەرسىلەرنى سۇزۇش ياكى ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل تارغاق. ئۇ ئادەتتە سۆگەك، ياغاچ قاتارلىق قاتتىق نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ چىشلىرى تارغاقنىڭكىدىن زىچ بولىدۇ.

**سۇزگۈچ قەۋەت** <سۇ> تۇسمىلاردىكى سۇنىڭ لاتقىلىرىنى سۇزۇۋېلىپ، پاكىز سۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان قەۋەت.

**سۇزگۈچلىمەك** پ. سۇزگۈچ بىلەن سۇزمەك، تارىماق: قاپاق تېرەك تۈۋىدىكى ئازگال بېشىدا ئولتۇرۇپ، شالاڭ چاچلىرىنى سۇزگۈچلەپ، جىگدە يېلىمى چېپىۋاتقان ھۆسنارىخاننىڭ قولى ئىشتىن توختىدى.

**سۇزمە** ئى. ماتا ياكى خەسە خالتىغا قاچىلاپ ئېسىپ قويۇلغان قېتىقنىڭ سۈيى سارقىپ بولغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات: سۇزمە خالتىسى. * رەيھان شىرە ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، چىنىدە سۇزمە، تەخسىدە كۆك تۇرۇپتا قىلىنغان ئاچچىق-چۈچۈك سەي ئەكىلىپ قويدى. * — ئۇ چاغدا قۇرۇت ياساش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، سۇزمە ياساشقىمۇ يارىمايسىز، — دېدى خالىدەنى. ② كۆچمە. قاتتىق ھۆل، چىلىق-چىلىق سۇ: يامغۇردىن كىيىملىرى سۇزمە بولۇپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ھېلىقى يىگىت قىزدىن ئون قەدەم ئالدىدا ئېغىر قەدەملىرىنى ئاران يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. * مەن غېنىنىڭ قولىغا ئىككى يېرىم سوم پۇلنى تۇتقۇزدۇم ۋە سۇزمە بولۇپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلىرىمنى سېلىپ، سىقىشقا باشلىدىم.

**سۇزمە تور** دەريا ياكى كۆللەرگە سېلىپ سۆرەش ئارقىلىق بېلىقنى سۇزۇپ ئالىدىغان تور.

**سۇزمە خالتىسى** ① سۇزمە تەييارلاش ئۈچۈن ماتا، داكا ياكى خەسە قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىپ قېتىق قاچىلىنىدىغان خالتا. ② كۆچمە. قاتتىق ھۆل، چىلىق-چىلىق سۇ: — نەلەرگە بېرىپ كەلدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ لامپىنى ياندۇرۇۋېتىپ. — قارىڭا، ئۈستى-بېشىڭىز سۇزمە-خالتىسى بولۇپ كېتىپتۇ.

**سۇزمە خالتىسى قىلىۋەتمەك** ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمەك: ژاندارمىلار ئۇنى ئۇرۇپ، سۇزمە خالتىسى قىلىۋېتىپتۇ.

**سۇزمەك** I پ ① سۇزگۈچ ياكى باشقا نەرسە ئارقىلىق سۇيۇقلۇق ئىچىدىن ياكى سۇيۇق ئارىلاشما نەرسىلەر ئىچىدىن كېرەكلىك قىسمىنى ئايرىپ ئالماق: سۈت سۇزمەك. ئاش سۇزمەك. * ئەكبەر بىرئازدىن كېيىن چېلەككە سۇزگەن

ھەسەلنى ئېلىپ چېدىر يېنىغا كەلدى. ② سۈزگۈچ بىلەن چاچتىكى يىلىم قېتىشمىسى، سىركە قاتارلىقلارنى چىقىرىۋەتمەك. ③ كۆچمە. قاش-قاپىقىنى يۇقىرى كۆتۈرمەك؛ نازلانماق: ئاياللار ئولتۇرۇۋاتقان شىرەدىكى باش سورۇندا بايىراق دورىگەرنىڭ دۇكىنىغا ساھىبخانا يىگىت بىلەن بىللە بارغان ئايال قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ناز قىلىپ، ئىچ ئىچىگە سىغماي خۇشال ئولتۇراتتى.

**سۈزمەك** II پ. ئۇسمەك.

**سۈزۈشمەك** « سۈزمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۈزۈك** سۈپ ① ھېچقانداق نەرسە ئارىلاشمىغان، پاكىز؛ سۈزۈلگەن (سۇيۇق-لۇق ھەققىدە): سۈزۈك سۇ. ② تۇتۇق ئەمەس، ناھايىتى ئوچۇق: سۈزۈك ئەينەك. سۈزۈك تاش. سۈزۈك ئاسمان. * سۈزۈك ۋە ساپ ھاۋادا ياشىغان ئادەملەرنىڭ تېنى ساغلام، چىرايلىق، خۇش خۇي ۋە خۇشال بولىدۇ.

**سۈزۈك ئامفىبول** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. يەنى ئامفىبولنىڭ بىر خىلى. خىمىيۋى تەركىبى $Ca_2Mg_5(Si_4O_{11})_2(OH)_2$. ئاق كۈل رەڭ كېلىدۇ. تالا ھالىتىدىكى ئاگرې-گاتلىرى « سۈزۈك ئامفىبوللۇق تاشپاختا »، قاتتىق ھەم زىچ ھالەتتىكىلىرى ۋە ئۈزۈ-لۈش يۈزى تىكەن شەكلىدىكىلىرى « نېفرىت » دەپ ئاتىلىدۇ.

**سۈزۈك پىروكسېن** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $CaMg(Si_2O_6)$. كالتسىي تۆمۈرلۈك پىروكسېن بىلەن بىرىكىپ تولۇق ئىزومورفىزملىق سىستېمىنى شەكىللەندۈرى-دۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئەزالار ئىككىلەمچى سۈزۈك پىروكسېن ۋە تۆمۈرلۈك ئىككىلەمچى سۈزۈك پىروكسېن بولۇپ، يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ، كرىستالى سىلىندىر شەكلىدە، توغرا كەسمىسى كۋادرات شەكلىدە كېلىدۇ. قۇراشمىسى دانىچىسىمان، تاياقسى-مان ياكى نۇرسىمان بولىدۇ. رەڭگى سۇس يېشىل ياكى كۈل رەڭ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 5 — 6. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.3 — 3.4.

**سۈزۈك جىسىم** <گېئول> سۇ، ئەينەك، بىللۇر قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇر ئۆتكۈزىدى-غان جىسىم.

**سۈزۈك دالا شپاتى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $K(A_1Si_3O_8)$. كۆپىنچە تەركىبىدە خېلى كۆپ مىقداردا $Na(A_1Si_3O_8)$ بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50 پىرسەنتكە يېتىدۇ. رەڭسىز، سۈزۈك، كۆز بىلەن پەرقلەندۈرگى-لى بولىدىغان باشقا بەلگىسى ئورتوكلاز بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

**سۈزۈك شىلىندى** <گېئول> پوليارىسكوپ-لۇق مىكروسكوپ ئاستىدا كۆزىتىش ئۈچۈن، تاغ جىنسلىرىدىن ياپراقلاش ماشىنىسىدا كېسىۋېلىنغان تارىشىسمان ئەۋرىشكە.

**سۈزۈك كاۋاش** <گېئول> كاۋاشنىڭ ئاق رەڭلىك سۈزۈك بىر خىلى.

**سۈزۈكلۈك** ① « سۈزۈك » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كۆلنىڭ سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئاستىدىكى بېلىقلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * بوۋىلار چىشىدىن پۈتكەنمىش شۇ بىس، موملار يېشىدىن ئالغان سۈزۈكلۈك. ئاشۇ بىس، كۈمۈش ئاي ئەگمىسىمكىن؟ شۇ بىسقا ئادالەت نۇرى كۆمۈكلۈك. ② سۈپ. سۈزۈل-گەن، سۈزۈۋېلىنغان: سۈزۈكلۈك ئاش. سۈزۈكلۈك بېلىق. ③ ئى <گېئول> جىسىمنىڭ

كۆرۈنىدىغان نۇرنى ئۆتكۈزۈش دەرىجىسى. مىنېرالوگىيىدە ئادەتتە بىر سانتىمېتر قېلىنلىقتىكى مىنېرالنىڭ نۇر ئۆتكۈزۈش دەرىجىسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. مىنېرالنىڭ سۈزۈكلۈكى سۈزۈك، يېرىم سۈزۈك ۋە تۇتۇق دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

**سۈزۈلدۈرمەك** «سۈزۈلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاينىتىلغان سۇلارنى شىشە، چىنە، تۇچ ۋە قەلەيلەنگەن مىس قاچىلارغا قويۇپ سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىش كېرەك. * ناسىر سوغىدىكى سۇنى شاشلىق قىلىپ تەلپۈنۈپ تۇرغان ئاتنىڭ ئالدىدىكى سۇلاققا سۈزۈلدۈرۈپ قويدى.

**سۈزۈلمەك** ① «سۈزمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇ لاي بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ سۇنى سۈزۈلگەندىن كېيىن ئىچىش كېرەك، بولمىسا سالامەتلىككە زىيان قىلىدۇ. ② سۈزۈك، ئوچۇق، روشەن هالەتكە كەلمەك: هاۋا سۈزۈلمەك. * تاڭ سۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئاسمان بوشلۇقىدا بۇلۇتلار تېخى چاقناپ تۇراتتى. ③ زىچلىقىنى يوقىتىپ، شالاڭلاپ قالماق (هەر خىل توقۇلمىلار هەققىدە): ئىشتاننىڭ تىزى سۈزۈلمەك. چاپاننىڭ يېڭى سۈزۈلمەك.

**سۈكەن** ئى ① ئېشەك ۋە شۇ قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىش ئۈچۈن خورجۇنغا ئوخشاش قىلىپ تالدىن توقۇلىدىغان چوڭ سېۋەت، توكاڭ: — هە بەللى، مانا ئەمدى ئىش جايىدا بولدى! — دېدى بوۋاي تۇغلۇقنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ۋە ئۈزۈمنىڭ باللىق چاغلىرىدا بىر قېتىم ئېشەككە مىنىپ، سۈكەنگە قاچىلانـ. غان ئۆرۈكنى ئېلىپ بازارغا بارغانلىقى توغرىسىدا باللارغا هېكايە سۆزلەپ بەرگەچ، يولنى داۋاملاشتۇردى. ② ئۇگۇت قۇيۇش ئۈچۈن تۈگمەن تېشىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، ئاغزى كەڭ تېگى تار، كۇرە شەكلىدە ياسالغان ساندۇق: گايىت بىر كېچە ئۇخلاپ ئۆتمەك بولۇپ، تۈگمەنگە كىرىپتۇ. تېنى ئەيمىنىپ، سۈكەنگە كىرىپ، بىرپەس يېتىپ بېقىپتۇ.

**سۈكۈت** ئى (ئە) هېچقانداق سادا چىقمىغان، تىنچ، جىم هالەت؛ سۈكۈنات: سۈكۈتتە تۇرماق. * كۆپچىلىك بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن، ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشتى. * بىرهازادىن كېيىن، سوپى چەندازا خىيالىنى يىغىپ، يىگىتلەرگە قىيا بېقىپ، سۇرلۇك بىر قارىدى-دە، ئېغىر سۈكۈتنى بۇزۇپ، سۆزگە كىرىشتى.

**سۈكۈتتە تۇرماق** ئۈنسىز، جىمجىت تۇرماق: هەرقانداق يەردە بولساڭ كۆپ ئاڭلىغۇچى. ئاز سۆزلىگۈچى بول. ئەقىل ئىگىلىرى: «سۈكۈتتە تۇرۇش، جىم تۇرۇش — ئىككىنچى سالامەتلىكتۇر» دەيدۇ. * تۇرىمەن هۆرمەت بىلەن سۈكۈتتە شائىر ئالدىدا، قەدىردان ئۇستاز — شېئىر، سەنئەتكە ماهىر ئالدىدا.

**سۈكۈت چۈشمەك** ئۈنسىز، جىمجىت هالەت يۈز بەرمەك، جىمجىتلىق باسماق: ئارىغا ئېغىر سۈكۈت چۈشتى. قىز تەشەببۇسىغا دەرهال جاۋاب بەرمىگەن يىگىت نەزىرىمدىن چۈشۈپ، كۆڭلۈم قايىنقاندى.

**سۈكۈت قىلماق** ① گەپ-سۆز قىلماي جىم تۇرماق: — ئۇنداقتا، — مەن تاغامدىن قايتۇرۇپلا سورىدىم، — ئەنە شۇنداق رەزىللىك ئۈچۈن سۈكۈت قىلىش نېمىلىك بولىدۇ. ② تەخىر قىلماق، ساقلىماق: سەل سۈكۈت قىلىپ تۇرۇڭ ئۇ كېلىپ قالار.

**سۈكۈتچان** سۈپ. دائىم سۈكۈت قىلىدىغان، سەۋرلىك: ئەشرەپ بوۋاي كەم سۆز، سۈكۈتچان ئادەم ئىدى.

**سۈكۈتلۈك** سۈپ. سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقان،

سۈكۈتتىكى: ئەتراپتىكى كوچىلاردىن بىر-ئىك-كىسلەپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بۇ سۈكۈتلۈك كۆنلەرگە مەرسىيە ئوقۇۋاتقاندەك دۇرۇت، ئىستىغپارلار ئېيتىپ ئېگىز پەشتاقلاردىن ئۆرلەپ مەسچىت مەنزىلىدىن غايىب بولماقتا ئىدى.

**سۈكۈنات** ئى (ئە) ئۈن-تىنسىز، جىمجىت تۇرغان ھالەت؛ جىمجىتلىق، سۈكۈت: توپ ئىچى چۈشىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك سۈكۈناتقا چۆمدى، پەقەت سىم-سىم يېغىۋاتقان يامغۇر-نىڭ يوپۇرماقلارنى تىترىتىشىلا جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. * خەيرىيەت! ھاشىم ئاكا ئارىلىقتى-كى ئېغىر سۈكۈنات ۋە ئوڭايسىزلىقنى بۇزۇۋەتتى.

**سۈڭگۈتمە** ئى. خۇشامەت قىلىشتەك بىرەر مۇددىئا بىلەن بىرەر نەرسىنى ئۆيگە سۈڭگۈتۈپ يەنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن غىپپىدە كىرگۈزۈۋېتىلگەن نەرسە.

**سۈڭگۈتمەك** ① «سۈڭگۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھە، شۇ چاغدا بىر كىيىملىك رەختنى كۆرمەيلا ئالدىم دېگىنە، ھېلىقىلاردىن قورقۇپ قويۇندىن-قويۇنغا سۈڭگۈ-تۈپلا ئالدىغان گەپ بولغاندىن كېيىن كۆرگىلى بولامدۇ، نېرىراق بېرىپ زادى بۇنىڭ رەڭگى ئاقمۇ، كۆكمۇ كۆرۈپ باقاي دەپ قوينۇمدىن چىقىرىشىمغا بايىقى سولداتلار كۆرۈپ قېلىپ تارتىۋالدى. ② كۆچمە. بىرەر مۇددىئا بىلەن بىركىمگە بىرەر نەرسىنى ھېچكىمگە سەزدۈرمەي، خۇپىيانە ئاپىرىپ بەرمەك، كېلىنغا ئۇرماق: سېنىڭمۇ بىزگە پايدالىق تەگمەيدىغان بولدى تاپقىنىڭنى لوزۇلۇق بەگلەرگە سۈڭگۈتسەن.

**سۈڭگۈچ** I ئى ① باغ ياكى ھويلا تاملىرىنىڭ ئاستىدىكى سۇ ئاقىدىغان تۆشۈك: ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ، سۇ كەلسە سۈڭگۈچنى ئاچ (ماقال). * سۇ ئۇنى ئېقىتىپ سۈڭگۈچتىن ياندىكى باغقا ئەكىرىپ كەتتى. * سۈڭگۈچنىڭ تېگى بىلەن سۇ ئۆتەمدۇ قارا قاش؟ سېنى بىردەم كۆرمىسەم كۆڭۈل ئۆتەمدۇ قارا قاش ② تاملاردىن ئېچىلغان شۇ خىلدىكى تۆشۈك: قەسىرنىڭ مەسچىت تەرەپتىكى يان تېمىدىن بىر سۈڭگۈچ ئېچىلدى-دە، سۈڭگۈچتىن يەنە بىر توپ ناتونۇش قوراللىق كىشىلەر ئېتىلىپ چىقتى ③ ئېرىق-ئۆستەڭلەر تاشيول ياكى تۆمۈر يوللار بىلەن كېسىشكەندە، سۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن يول ئاستىغا قويۇلغان نور: يول، ئېرىق، سۈڭگۈچ ۋە رېشاتكا قاتارلىقلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش لازىم.

**سۈڭگۈچ** II ئى. دىئال. سۇندۇك.

**سۈڭگۈمەك** پ. شۇڭغىماق: دەريا سۈيى بولغاندى. قارماقنى تاشلىغىچە بېلىق ئۆزى سۈڭگۈپ كېلىپ قالدى.

**سۇلەپ** ئى <بوت> تۇلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، گۈلى جىگەر رەڭ، يەر ئاستىدىكى تۈگۈنچەك غولى ئاق، تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. قان توختى-تىش رولىغا ئىگە.

**سۇلەيسۇن** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى يىرتقۇچ ھايۋان. سىرتقى كۆرۈنۈشى مۈشۈككە ئوخشايدۇ. لېكىن مۈشۈكتىن خېلى چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئۇچىدا بىر تۇتامدىن ئۇزۇن تۈكى بولىدۇ. ئىككى قوۋۇزىنىڭ تۈكلىرىمۇ ئۇزۇن، پۈتۈن تېنى ئاچ سېرىق بولۇپ، ئۈستىدە كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭلىك ئالىلىرى بار. قۇيرۇق ئۇچى قارا. دەرەخقە يامىشىشقا ماھىر، ھەرىكىتى چاققان. تېرىسى قىلىن ۋە يۇمشاق بولۇپ، ئەتە-

ۋارلىندۇ.

**سۇلكەت** ئى (ئە) ① جەمئىيەتتە، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئۆزىنى تۇتۇش تەرزى؛ مىجەز-خۇلق، قىلىق: — ئاللا ئۆزلىرىگە بۇ ئالەمدىكى ئادەمزاتتا تېپىلمايدىغان تەبىئىي سۇلكەت ئاتا قىلىپتىكەن، — دېدى موللام بەككە خۇشامەت قىلىپ. ② تەكەللۇپ: بىرچاغدا، تويۇقسىزلا ھېلىقى دەللە كىرىپ «ئەسسالام!» دېگىنىچە يۈز سۇلكەت، مىڭ تەزىم بىلەن سۇپىغا كېلىپ بىر چەتتىن ئورۇن ئالدى.

**سۇلكەت قىلماق** ئۆزىنى تۇتماق: — سائادەتخان بالام قېنى؟ — قىلچە سۇلكەت قىلىشنى بىلمەيدىغان بوۋاي غەزەپتىن ۋارقىرىۋەتتى.

**سۇلكەتلىك** سۈپ ① مىجەز-خۇلقى يېقىملىق، سالاپەتلىك: سۇلكەتلىك ئاياللارنىڭكىدەك يۇمشاق، تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان بوغراجان بېشىنى كەينىگە بۇرىدى. * ياش-قۇرامى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر جۈپ جۇۋان چىقىپ كەلدى-دە، سۇلكەتلىك سالامدىن كېيىن ئۇلارنى ئىچكىرىگە باشلىدى. ② سىلىق، سىپايە، يۇمشاق: بەزىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەۋرىشىم بولۇۋېلىپ «خوش-خوش، لەببەي، مەن تەييار، باش ئۈستىگە ئۆزلىرىگە بولغانلىرى ئۈچۈنلا بىز ياشالايمىز» دېگەندەك سۇلكەتلىك سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتسەڭ ئىناۋەتلىك بولسەن، دەپ قارىدى.

**سۇلھ** ئى (ئە) ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا يارىشىش، كېلىشىش: سۇلھ تۈزمەك. سۇلھ كېلىشىمى. * بۇگۈندىن باشلاپ، ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىپ، سۇلھ تۈزۈش ئۈچۈن تاغقا ئەلچى چىقىرىلغاي، قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ.

**سۇلھ قىلماق** ياراشماق، كېلىشمەك: دۈشمەن بىلەن تەڭ بولمىز دەپ قان تۆككىچە سۇلھ قىلىپ بىللە ئۆتكىنىمىز ياخشى.

**سۇلھپەرۋەر** سۈپ (ئە+پ) سۇلھ قىلىشنى، ئۇرۇش بولماسلىقنى، تىنچلىقنى ياقلايدىغان، ئارزۇ قىلىدىغان: سۇلھپەرۋەر ئادەم.

**سۇلھپەرۋەرلىك** «سۇلھپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**سۇلھچى** ئى. سۇلھ قىلىدىغان، ياراشتۇرىدىغان ئادەم: مەن ئەگەر سۇلھچىلەرنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان بولسام، ئاللىقاچان ياردىشۋالغان بولاتتۇق.

**سۇلھچىلىك** ئى. سۇلھ قىلىش ئىشى، پائالىيىتى.

**سۇلھ-سالا** سۇلھ ۋە سالا: ھېسامىدىن داموللىنىڭ سۇلھ-سالاسى بۇ ئىشنىڭ چىگىشىنى يەشكەندەك قىلدى ۋە ھەممىسى ئېغىر ھەم ئەلەم بىلەن تىنىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشتى.

**سۇلھلەشمەك** پ. سۇلھ قىلماق، ياراشماق، كېلىشمەك: سۇلھلىشىشنى تەلەپ قىلماق. * قارا بورسۇقنىڭ سۇلھلىشىش نىيىتى بولغانلىقتىن، خوجىنىيازنىڭ توسۇشى بىلەن كارى بولماي شامەخسۇتنىڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋالدى.

**سۇلۇك** (توغرىسى: زۇلۇك) ← **زۇلۇك.**

**سۇمە** ئى (ئە) مازار ۋە خانىقالاردىكى ئىستىقامەت قىلىدىغان جاي؛ گۇمبەز.

**سۇمەل** دىئال ① ئى. دورا سۈرىدىغان تاش. ② سۈپ. كۆچمە. گەپ ئۆتمەس، خىجىل بولمايدىغان، يۈزى قېلىن.

**سۇمەللەشمەك** پ. دىئال. قېلىنلىشىپ كەتمەك، قېلىنلاشماق.

**سۇمبە** ئى ① تۆشۈك تېشىش ياكى بەلگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق پولات ئەسۋاب. ② <ھەرب>

مىلتىق ستۋولىنى تازىلاش، مايلاش ياكى ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىققا ئوق سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن مېتال زىخ.

**سۇمبۇلىك** سۈپ ① سۇمبىسى بار؛ سۇمبە بىلەن ئوق سېلىنىدىغان: يىگىتنىڭ قولىدىكى سۇمبۇلىك قارا مىلتىق بولغاچقا ئوقلاپ ئۈلگۈرەلمىدى، سان جەھەتتە كۆپ بولغان ئەسكەرلەر ھەش-پەش دېگۈچە ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ تاشلىدى. ② سۇمبە ياسىغىلى بولىدىغان، سۇمبە چىققۇدەك: بىر سۇمبۇلىك تۆمۈر.

**سۇمۇرتمەك** «سۇمۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇمۇرگۈچ** ئى. ھاۋا، سۇ، چاڭ-توزان، ئەخلەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سۇمۇرىدىغان ئەسۋاب: ھاۋا سۇمۇرگۈچ. چاڭ-توزان سۇمۇرگۈچ.

**سۇمۇرمەك** پ. سىرتتىكى نەرسىلەرنى دېمى بىلەن ئۆز ئىچىگە تارتىپ ئەكىرمەك؛ شوراپ ئىچمەك: ھاۋا سۇمۇرمەك. تاماكا ئىسىنى سۇمۇرمەك. * قورسىقى ئېچىپ كەتكەن شاھزادىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ-دە، توغاچتەك قىزىرىپ پىشقان توقاچنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، قاچىدىكى سۈنى سۇمۇرۇپتۇ.

**سۇمۇرۇشمەك** «سۇمۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سارايدىكىلەر قېنىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئالدىرىماي سۇمۇرۇشۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭ سوقاتتى.

**سۇمۇرۇلگەن** «سۇمۇرۇلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سۇمۇرۇلگەن سۇ.

**سۇمۇرۇلگەن سۇ** <گېئول> مولېكۇلىلىق تارتىشىش كۈچى ۋە سىناتىكىلىق تارتىشىش كۈچى تەسىرىدە مىنېرال ئىچى ۋە مىنېرال دانىچىلىرى ئارىسىغا سۇمۇرۇۋېلىنغان سۇ. بۇ خىل سۇنىڭ مولېكۇلىسى $H_2O$ شەكلىدە ساقلىنىپ، مىقدارىمۇ تۇراقلىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ئادەتتە پايدىلىنالمايدۇ.

**سۇمۇرۇلمەك** «سۇمۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بەدەندىن سىرتقا چىقالمىغان زەھەرلىك تەر قانغا قايتا سۇمۇرۇلسە، قاننىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سۇمۇلەڭ** ئى. دىئال. ئۈجمىنىڭ سۈيىنى قايىنىتىپ، بىرئاز ئۇن چېلىپ پىشۇرۇلىدىغان، ھالۋىغا ئوخشايدىغان بىر خىل تاماق.

**سۇندۇك** ئى <زوئول> بىر خىل كىچىك قۇش. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستى قارا، تۇمشۇقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، قۇيرۇقى بىلەن قانىتى قارا ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ. ئۈستىدە ئاق داغلىرى بولىدۇ. پېشانىسى ۋە قورسىقى ئاق. ھاشارات ۋە بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئادەتتە قوغدىلىدىغان قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**سۇنگۇ** ئى. دىئال. مىلتىقنىڭ نەيزىسى.

**سۈننەت** ئى (ئە) ① <دىن> ئىسلامىيەتنىڭ شەرئى ھۆكۈملىرىنىڭ ئىككىنچىسى، يەنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىگەن، قىلغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن سۆزلەنگەن، قىلىنغاندا مۇھەممەت پەيغەمبەر مەنئى قىلماي سۈكۈت قىلغان ئىشلار ھەم شۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمانلاردا ئەنئەنىگە ئايلانغان ئىشلار ۋە دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەر. ② مۇسۇلمانلاردىكى ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ

ئۈچ قىسمىدىكى تېرىنى قىسمەن كېسىش ياكى كەستۈرۈش ئادىتى: سۇننەت قىلماق. سۇننەت توي. ③ قىزلارنىڭ ئىسمى.

**سۇننەت توي** ئوغۇل بالىنى سۇننەت قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن توي: سودىگەر شەمسىددىن ناھايىتى چوڭ سۇننەت توي قىلىپ، ئوغلىنىڭ قولىنى ھالاللاپتۇ. * 1932 - يىلىنىڭ ئەتىيازلىقى، ئاستانىدە مۆھتىلار ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۇننەت تويدا بېرىلگەن ئوغلاقتا تويلانغان ئادەم بەك كۆپ ئىدى.

**سۇننەت قىلماق** → **خەتنە قىلماق:** لېتىپ مېنىڭ ئالدىمغا كىرگەندە باشتىلا سۇننەت قىلدۇرمىغان گۇناھ مەندە، لېكىن گۇلەندەم بۇ ئىشقا ھوشيار.

**سۇننەتچى** ئى → **خەتنىچى:** خەتنە قىلىنغۇچىغا، خەتنە قىلىشقا لازىملىق جابدۇقلارنى كۆرسەتمەيدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، بالىنى بىرقانچە تەگتۈش دوستلىرى بىلەن خەتنە قىلىدىغان ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. سۇننەتچى بالىنى ئەركىلىتىپ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن كىيىملىرىنى سېلىشقا كۆندۈرىدۇ.

**سۇننەتلىك** سۈپ → **خەتنىلىك:** سۇننەتلىك بالا. // سۇننەتلىك تۇغۇلماق.

**سۇننىي** ئى (ئە) <دىن> سۇننىي مەزھىپى ۋە بۇ مەزھەپتىكى كىشى.

**سۇننىي مەزھىپى** <دىن> ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى. قۇرئان بىلەن بىرگە سۇننەت ئەقىدىلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن ھەنەفى، مالىكى، شافىئى ۋە ھەنبەلى دېگەن تۆت كىچىك مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى سۇننىي مەزھىپىدە.

**سۇنئىي** سۈپ (ئە) ① تەبىئىيگە ئوخشىتىپ ياسالغان، ئىشلەپچىقىرىلغان، تەبىئىي ئەمەس: سۇنئىي تالا. * تامدىكى دەز سۇنئىي ئېچىلغان. ئۇ ماراقچىلارنىڭ ئاخبارات تويلاش ۋاستىسى. * جاراڭلاپ كۈلكە سۇنئىي تاغلىرىڭدا، شىپاڭلار سايىسىدە تۇرۇپ قالدىم. شاماللار گۈل-چېچەكتىن ھىد سورايدۇ، باھارنىڭ پەيزىنى خوپ سۈرۈپ قالدىم. ②ساختا، ياسىما، يالغان: سۇنئىي كۈلكە. * قورقمايمەن بۇرادەر جىن-ئالۋاستىدىن. ئۇنىڭ سەت بەتبەشىرە، ھەيۋەت بەستىدىن. قورقىمەن پەقەتلا سۇنئىي كۈلكىنىڭ، ئاشكارا خۇشامەت، يوشۇرۇن قەستىدىن.

**سۇنئىي ئەقلىي قابىلىيەت** <پسخول> ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرىدىكى ئادەمنىڭ تەپەككۇر پائالىيەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغان ئەقلىي قابىلىيەت.

**سۇنئىي تاللاش** <پسخول> كىشىلەر تەرىپىدىن جانلىقلاردىكى ئۈزلۈكسىز بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئىچىدىن تاللاش ئارقىلىق ئادەمگە پايدىلىقلىرىنى ساقلاپ قېلىپ ۋە تويلاپ، يېڭى تۈر ياكى يېڭى سورت يېتىشتۈرۈش.

**سۇنئىي سەييارە** <ئاستر> راكېتا ئارقىلىق يۇلتۇزلار بوشلۇقىغا ئېتىپ چىقىرىلىپ، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سەييارىلەرگە ئوخشاش مۇئەييەن ئوربىتا بويىچە قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان جىسىم.

**سۇنئىي قاما** قوي تېرىسىنى قامىغا

ئوخشىتىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرە.

**سۇنئىي كاۋچۇك** <خىم> ← **سىنتېتىك كاۋچۇك.**

**سۇنئىي كرىستال** <كېئول> سۇنئىي ئۇسۇلدا ياسالغان كرىستال.

**سۇنئىي ماگنىت** <فىز> پولات ياكى ماگنىتلىق قېتىشمىلار خام ئەشيا قىلىنىپ، سۇنئىي ئۇسۇلدا ماگنىتلاش ئارقىلىق ياسالغان بىر خىل ماگنىت. كۆپىنچە تاياق، تاقا ۋە تۇۋرۇك شەكىللىرىدە بولىدۇ.

**سۇنئىي مەرمەر** <بىن> قۇرۇلۇشلارنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئادەتتە ئاق سېمونت، قۇم ۋە رەڭلەرنى سۇدا ئارىلاشتۇرۇپ، قاتقاندىن كېيىن سىلىقلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاش ماتېرىيالى. بۇ تەبىئىي مەرمەرگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. كۆپىنچە تام ۋە تۈۋرۈكلەرگە چاپلىنىدۇ.

**سۇنئىي مۇز** سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق توڭلىتىلغان مۇز.

**سۇنئىي مۇز مەيدانى** <تەن> ياز كۈنلىرى مۇز ئۈستى تەنھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا تۆۋەنلىتىپ توڭلىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان مۇز مەيدانى.

**سۇنئىي نېفىت** <كېئول> ← **سىنتېتىك نېفىت.**

**سۇنئىي ھەرىكەت** <تىيا> قەستەنگە قىلىنغان، چىن، تەبىئىي بولمىغان تۈرلۈك ياسالما ھەرىكەتلەر.

**سۇنئىي ھەمراھ** <ئاستر> راكېتا ئارقىلىق ئاسمان بوشلۇقىغا ئېتىپ چىقى-رىلىدىغان ۋە مۇئەييەن ئوربىتا بويىچە يەر شارى ياكى باشقا سەييارىلەرنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان جىسىم.

**سۇنئىي ئوتلاق** كىشىلەر تەرىپىدىن ئوت تېرىپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان ئوتلاق.

**سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش** <بىئول> سۇنئىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەركەك ھايۋاننىڭ سپېرما سۇيۇقلۇقىنى چىشى ھايۋاننىڭ بالىياتقۇسىغا كىرگۈزۈپ ئۇرۇق-لاندۇرۇش.

**سۇنئىي ئۇسۇل** تەبىئىي بولمىغان، كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇسۇل: مۆلدۈر — بۇلۇتنىڭ تۈزۈلمىسىنى ۋە ئۇنى تۈرلەرگە ئايرىشنى تەتقىق قىلىش سۇنئىي ئۇسۇلدا مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقاتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**سۇنئىي ئىممۇنىتېت** <بىئول> ئانتىگېن ياكى ۋاكسىنىنى ئادەم تېنىگە ئەملەش ياكى ئىممۇنىتېت كۈچىگە ئىگە بولغان قان زەردابىنى ئادەم بەدىنىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئارقىلىق، بەدەننىڭ مەلۇم يۇقۇملۇق كېسەلگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى پەيدا قىلىش ئۇسۇلى. مەسىلەن، كالا چېچىكى ۋاكسىنىسىنى ئەملەش ئارقىلىق چېچەكنىڭ؛ كېزىك ۋاكسىنىسىنى ئوكۇل قىلىش ئارقىلىق كېزىكنىڭ ئالدىنى ئالغانغا ئوخشاش.

**سۇنئىيلەشمەك** پ. سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلەنمەك: زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇھىت ۋە سۇلارنىڭ بۇلغىنىشى، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ قەدىمكى نورمال ھالەتتىن ھالقىپ كېتىشى، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى،

ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سۈنئىيلىشىشى، هاراق-شاراب، چاي-تاماكىلارنى ئىستېمال قىلىش ۋە شەھۋانىيە تىلىك ئېشىپ كېتىش ۋە روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىپ كېتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش غەيرىي تەبىئىي ئامىللار ھەر خىل يېڭى كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلماقتا.

**سۈنئىيلىك** « سۈنئىي » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىپىلەرىدۇر خىيالدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرغان غەيرەت ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن بىر خىل سۈنئىيلىك ئالامىتىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن ئالىيىپ قويدى.

**سۈۋە** ئى. قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىق هايۋانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تال قوۋۇرغىسى.

**سۈۋەرەك** ئى (پ) <زوئول> بىر خىل هاشارات. تېنى ياپىلاق ۋە توق قوڭۇر كېلىدۇ. سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ. هەمىشە كىيىم-كېچەكلەرنى چىشلەپ ئورىۋېتىدۇ. كېزىك، خولېرا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ. ئادەتتە زىيانلىق هاشارات دەپ قارىلىدۇ.

**سۈيدۈك** ئى <ئانات> ئادەم ۋە هايۋان تېنىدىكى بۆرەكتە هاسىل بولۇپ، تاناسىل ئەزا ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىدىغان سۇيۇقلۇق. ئۇنى ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ: سۈيدۈك يولى. سۈيدۈك ئوغۇتى. سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى. سۈيدۈك ماڭدۇرۇش. سۈيدۈك نەيچىسى.

**سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى** <ئانات> بۆرەك، سۈيدۈك نەيچىسى، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولى قاتارلىق سۈيدۈك ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە سىرتقا چىقىرىدىغان ئەزالار.

**سۈيدۈك ماڭدۇرۇش** سىيەلمەي قالغان هايۋانلارنى رېزىنكە نەيچە ياردىمى بىلەن سۈنئىي ئۇسۇلدا سىيدۈرۈش.

**سۈيدۈك نەيچىسى** <ئانات> ئىچىدە سۈيدۈك ماڭىدىغان نەيسىمان توقۇلما. بۆرەك جامى بىلەن دوۋساقنى تۇتىشىدۇ. بۆرەكتە هاسىل بولغان سۈيدۈكنى دوۋساققا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سۈيدۈك يولى** <ئانات> سۈيدۈكنى بەدەننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدىغان نەيچە. دوۋساقتىن تەن سىرتىغىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدا پۇرمە مۇسكۇللار بولۇپ، ئېچىلىپ-يېپىلىشىنى شۇ تورمۇزلاپ تۇرىدۇ.

**سۈيدۈك يولى ياللۇغى** <تىب> سۈيدۈك يولىنىڭ ھەر خىل باكتېرىيىلەر بىلەن ياللۇغلىنىشى. كۆپىنچە سۈيدۈك يولى ئېغىزىنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن يۇقىرى تەرەپ يۇقۇملىنىش ئارقىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

**سۈيلەتمەك** « سۈيلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۈيلەشمەك** « سۈيلىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۈيلەنمەك** « سۈيلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇچار بولدى شۇ قىسمەتكە ھەم ئېلىلار، تەڭ سۈيلىنىپ كەلدى بىر كۈن كۆپ سېلىقلار.

**سۈيلىمەك** پ. كىشىنى مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەتنى تېزرەك قىلىشقا ئالدىراتماق؛ ئۈندىمەك: — بۈگۈن بىرى قەرز سۈيلەپ كېلىدۇ. ئۇ ئىشىكنى قېقىشقىلا مېنى ئۆلدى دەپ يىغلاپ ئالدىغا چىقىڭلار، — دەپتۇ بېخىل. * ئۇ كۈنى گۈلسۇرۇخ ئۆزىگە تىكتۈرۈۋاتقان مېغىز رەڭ توپلىيىنى سۈيلەپ كەلگەنىدى.

**سې** «س» ھەرپىنىڭ نامى.

**سېپاراتور** ئى (ر<لات) سۇيۇق ياكى قاتتىق جىسىملار تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلارنى ئاجرىتقۇچى ئاپپاراتلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**سېپالۇس** ئى (لات) <زوئول> بىر خىل بېلىق، تېنى ئۇزۇن، ئالدى قىسمى يۇمىلاق، ئارقا قىسمى ياپىلاق، بېشى قىسقا ھەم ياپىلاق، تۇمشۇقى كەڭ ۋە قىسقا، كۆزى چوڭ، تەڭگىچىلىرى يۇمىلاق كېلىدۇ. يان سىزىقلىرى بولمايدۇ. تېيىز دېڭىز ياكى دەريا ئېغىزىدىكى تۇزلۇق سۇ بىلەن تاتلىق سۇنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايلىرىدا ياشايدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بېلىقلار تۈرىگە كىرىدۇ.

**سېپتىسېمىيە** ئى (ر<گرېك) <تىب> شارسىمان باكتېرىيە، تاياقچە باكتېرىيە قاتارلىقلارنىڭ قانغا كىرىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا توڭۇپ تىترەش، بەدەن قىزىش، تېرە ۋە شىللىق پەردىلەرگە قان چېكىتلىرى چۈشۈش، تال ئىششىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغاندا ھوشسىزلىنىش ياكى شوك بولۇش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ.

**سېپىشماق** «ساپىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سېپىشمەك** «سەپمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: داستىخان يېغىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئانارنىڭ كىيىمىگە ئەتىر سېپىشتى.

**سېپىل** ئى. بۇرۇنقى چاغلاردا ئوردا ياكى شەھەرنى دۈشمەندىن ساقلاش ئۈچۈن ئوردا ياكى شەھەرنى چۆرىدەپ ئېگىز ھەم قېلىن قىلىپ سوقۇلىدىغان تام. ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈرۈپ، دۈشمەن تەرەپنى كۆزىتىدىغان مەخسۇس ئۆيلىرى ۋە ئوق ئۈزۈش ئۈچۈن ياسالغان كۆڭگە-رىلىرى بولىدۇ: سېپىل سوقماق. * ئۆتكىلى بولمايدىغان سېپىل يوق، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش (ماقال). * ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىغا يېقىنلاشتى. ئوردا شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، شىمالىي سېپىلگە تىرەلگەن. * ئۈچىنچى توخرىغىچە ئاتتىن چۈشمەي سېپىل ئەتراپىنى چارلاپ يۈرگەن ئالتە يىگىتنىڭ بەزىلىرى ئەسنەشكە باشلىدى.

**سېپىلماق** «ساپىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قول چاپانىنىڭ يېڭىگە سېپىلدى. * بىر سېپىلغان تۆشۈككە ئېشەك، ئىككىنچى رەت باسمايدۇ ئاياغ. دەسسەۋېرىپ سۇنىدۇ پۇتۇڭ، سەن ئۇنىڭدىن ئالمىساڭ ساۋاق.

**سېپىلمەك** «سەپمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توپا سېپىلمەك. سۇ سېپىلمەك. * ئۇزۇن ئۆتمەي گۈگۈشى قۇراسىمۇ پاك-پاكىز سۇپۇرۇلۇپ، سۇ سېپىلدى. * بۇ ھەسرەت ئۇنىڭ دەرد-ئەلەم بىلەن يارا بولۇپ كەتكەن يۈرىكى ئۈچۈن گويا كى تۇز بولۇپ سېپىلگەندەك بولدى.

**سېتكا** ئى (ر) ① يىپ ياكى سىمدىن روجەك-روجەك قىلىپ توقۇلغان تور؛ ۋالېبول سېتكىسى. سېتكىدا قۇم تاسقىماق. * قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسىنىڭ باغچا كوچا ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى 18 نەپەر ئائىلە ئايالى بىرلى-شىپ، سېتكا توقۇش كارخانىسى قۇردى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن سېتكا توقۇپ، تۇختامىنىڭ ئىجرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ② جەدۋەل: دەرس سېتكىسى.

**سېتىشتۇرماق** پ. سېتىش ۋە شۇ خىلدىكى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق: ئۇلار

ئەسكەرلىككە ئەلۋەتتە بارىمايتتى. بەزىلەر بولسا، بارى-يوقىنى سېتىشتۇرۇپ، بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئىككى ھەسسە ئوشۇق كۆمۈش تۆلەپ قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى.

**سېتىشماق** «ساتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇرپانلىق ئۈزۈم سودىگەرلىرى ئۈزۈملىرىنى ئەرزان باھادا سېتىشتى. * پانۇس ساتقۇچىلار ھەر يىلى پانۇسلىرىنى شەھەرگە ئەكىلىپ سېتىشاتتى.

**سېتىق** ئى. سېتىش ئىشى، سېتىش پائالىيە-تى؛ سېتىش: بۇ يۇرتتىن بىر زامان سودا، مەرىپەت كارۋىنى ئۆتكەن، مەرىپەتتىن ئېلىگە يېپىيگى ئەنداز ئېلىپ ئۆتكەن، سېتىقتىن ئەھلى كارۋان خۇش، پۇلى مالدىن ئېشىپ كەتكەن، ئاشۇ سودا ھېسابىنى خوتەن قەغىزىگە پۈتكەن.

**سېتىق ئاش** سېتىلىدىغان ئاشلىق، تاۋار ئاشلىق.

**سېتىقچى** ئى. سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، سودىگەر: بۈگۈن بازار كۈنى بولمىسمۇ، ئادەم ئاز ئەمەس ئىدى. سېتىقچىلار ماختاپ-ۋارقىراپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە چاقىرماقتا. * تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆزىمۇ، گاھى سېتىقچى، پالچى، گاھى تېۋىپ-تۆمۈرچى قىياپىتىدە، خۇددى چۆچەكلەردىكى «سۇلايمان قالپىقى» بار ئەپسانىۋى قەھرىمانلاردەك، بۈگۈن بۇ تاغدا بولسا، ئەتىسى ئۇ تاغدا پەيدا بولۇپ جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشتى.

**سېتىقچىلىق** ئى. سودا-سېتىق قىلىش ئىشى، كەسپى؛ سودىگەرچىلىك: سېتىقچىلىق قىلماق. * ئۇلار سېتىقچىلىقنى «تىرىكچىلىك» ھېسابىغا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە يىگىنە ساتسىمۇ پايدىسىز بەرمەيتتى. * — مانا، ئۇكام، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇن-قىزلار-غا كېرەك نەرسىلەر، سەن مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن كوچمۇكوچا يۈرۈپ سېتىقچىلىق قىل، — دېدى ئۇ كىشى بىر نەۋرە ئىنىسىغا.

**سېتىلما** ئى. مەلۇم نەپ، پايدا-مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئۆز خەلقىنىڭ زېمىنى، دۈشمەنـ لەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىگەن، دۈشمەنگە سېتىلغان ئادەم، ساتقۇن: ھاجى ھېچكىمگە بوي بەرمەي «ئېزى تۇرۇڭلار، بۇ لومودى ئالتۇن-كۈمۈشكە تويسۇن، سېتىلمىلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن!» دېدى - دە ئېرىتمىنى ياسىن گاچىنىڭ ئاغزى بىلەن كۆزىگە قۇيماقچى بولدى.

**سېتىلماق** «ساتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىركۈنى كوچا دوقمۇشىدىكى گۆش دۇكىنىدا سويۇلغان بورداق قوي گۆشى سېتىلدى. * شەھىرىمىزدە ئىشلەنگەن رەڭسىز تېلېۋىزورنىڭ باھاسى مۇددەتتىن ئىككى كۈن بۇرۇن بەش پىرسەنت چۈشۈرۈلۈپ سېتىلدى. * ئۇ: — خەپ توختاپ تۇر! سېنىڭ دۈشمەنگە سېتىلغانلىقىڭنى مەن ئاللىقاچان بىلگەنىدىم! باتۇر بولالمىسامۇ، لېكىن خائىن بولمايمەن! — دېدى چىشىنى چىشلىگەن ھالدا.

**سېتىلمىلىق** ئى → **ساتقىنلىق**.

**سېتىۋالغۇچى** ئى. سودا ماددىي ئەشيا ياكى ئۆي، مال-مۈلۈككە ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان كىشى.

**سېتىۋالماق** پ (سېتىپ+ئالماق) بىرەر نەرسىنى قارشى تەرەپتىن پۇلغا ئالماق: بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە خۇسەيىن چانىشىۋ دېگەن تاتار بېيىدىن 50 تال مىلتىق سېتىۋالدى. * ئۇ بىركۈنى يالاڭ پەلتۇ كىيىش ئۈچۈن بىر ماگىزىندىن بارلىق پۇلىغا يەتتە گەز كامپولات سېتىۋاپتۇ.

**سېتىۋېلىش** «سېتىۋالماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: سېتىۋېلىش سىياسىتى.

**سېتىۋېلىش سىياسىتى** <س ئق> پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا، دۆلەتتىن مەلۇم پۇل چىقىم قىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى پەيدىنپەي دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋې-لىش سىياسىتى، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، مىللىي كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق رولىغا ۋە مىللىي بۇرژۇ-ئازىيىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىگە ئاساسەن، تۈرلۈك شەكىلدىكى دۆلەت كاپىتالىزمى ئارقىلىق، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشلەپچىقى-رىش ۋاسىتىلىرىنى پەيدىنپەي سېتىۋېلىش سىياسىتى قوللىنىلدى.

**سېتىۋېلىنماق** «سېتىۋالماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆتكەن يىلىنىڭ 10-ئېيى-دا، شىنجاڭ بويىچە 50 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىپ، تاختاي باھاسىدا سېتىپ بېرىلدى.

**سېخ** ئى (ر<نېم) زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، مەلۇم ئىش تەرتىپىنى تاماملايدىغان ياكى مەلۇم بىر مەھسۇلاتنى مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىدى-غان بۆلۈمى ھەم ئۇنىڭ بىناسى: ئىشچىلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. بوشاپ قالغان سېختا نەم، سوغۇق ھاۋا ئۇزەتتى. * ل. مۇتەللىپ مۇنىرىدىن خوجىلار بىلەن مېڭىپ، توپتوغرا گېزىتخانىغا كېلىپ، نابۇر سېخىغا كىردى.

**سېخىي** سۈپ (ئە) ① كىشىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغان؛ كىشىگە غەمخور-لۇق قىلىدىغان؛ مەرد: سېخىي ئادەم. سېخىي بالا. * ئەقىللىق دېسە بولىدۇ ئېيتمىسا، بىلگەننى، سېخىي دېسە بولىدۇ، سورىمىسا بەرگەننى (ماقال). * پادىشاھنىڭ ناھايىتى سېخىي بىر ئايالى بار ئىكەن، ئۇ دائىم كەمبەغەللەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدىكەن. * بىز سېخىي ساھىبخانىنىڭ مول داستىخىنى بىلەن تەستە خوشلاشتۇق. * ئىمىن ئەپەندى-نى سېخىي قىلىۋەتكەنمۇ، دادامنى توي بېشى قىلىپ تىك تۇرغۇزغانمۇ پېقىر، سەن بىلىم ئۆگەنگەن بولساڭ، مەن دىپلوماتىيە ئۆگەنـ-گەن، — دەپ سۆزلەپ كەتتى ئايگۈل ئۇنىڭغا. ② كۆچمە. ھاياتى، زۆرۈرىي نەرسىلەرگە چەكسىز باي ۋە ئۇنى ئىنسانغا ئايىماي ئېھسان قىلىپ تۇرىدىغان؛ مول: ئەمگەك قىلساڭ يەر سېخىي (ماقال). * ياندۇرقى يىلى كۈزنىڭ سېخىي كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شاھزادە بىلەن بۇ رابىيەنىڭ تويى بولۇپ ئۆتتى. * گەر خالساڭ كەل ئېتىزلىقىا، بىرگە ئىشلەپ ئالايلى ھوسۇل. يۇرتىمىزغا سېخىي كۈز كەلسە، ئوينايلى توي، ئوينايلى ئۇسسۇل.

**سېخىيلاشماق** پ. سېخىيلەردەك ئىش قىلماق، سېخىيلەردە بولىدىغان كەيپىيات پەيدا بولماق، سېخىيلىقى تۇتماق: — دوستۇم ئازراق تەڭشىلىپ قالغاندا سېخىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەتىسى ياخشى بولغاندا خەجلىگەن پۇلى ئۇچۇن بىر ھەپتە ھەسرەت چېكىدۇ.

**سېخىيلىق** «سېخىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سېخىيلىق قىلماق. * ماتېرىيالچى ئايالنىڭ سېخىيلىقى كازىم كوجاڭنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. * بۈگۈنكى سېخىيلىق بىلەن مەمۇرچىلىقنىڭ تېگى-تەكتىدە قانداق ئويۇننىڭ بارلىقى تېخى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس.

**سېخىيلىقى تۇتماق** سېخىيلاردا بولىدىغان كەيپىيات پەيدا بولماق، سېخىيلاشماق؛ مەردلىك قىلماق: بۈگۈن ئەجەب سېخىيلىقىڭ تۇتۇپ كەتتىغۇ؟ * ئۇنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ ئىنتايىن ئۇچۇق قول بولۇپ كېتىپتۇ.

**سېدە** ئى <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. شاخلىرى زىچ ئۆسىدۇ. باراقسان گەۋدىسى گۈمبەزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆل، يول بويلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**سېدىلىك** ئى. سېدە جىق ئۆستۈرۈلگەن يەر.

**سېرپېنتىن** ئى (ر<لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەۋى تەركىبى $Mg_6(Si_4O_{10})(OH)_8$. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، تەركىبىدە كۆپىنچە ئالىيۇمىن، تۆمۈر، نىكېل، كوبالت قاتارلىقلار بولىدۇ. كۈل رەڭ، سۇس يېشىل، قېنىق يېشىل ياكى سارغۇچ يېشىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. كاللەك بولغانلىرى قۇلۇلە قېپى شەكلىدە ياكى رەتسىز سۇنۇق يۈزلۈك كېلىدۇ. قاتتىقلىقى 2.5 — 3.5. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.5 — 2.62.

**سېرپېنتىن تاشپاختىسى** <گېئول> تاشپاختىنىڭ بىر خىلى، يەنى تالا ھالىتىدىكى سېرپېنتىن. خىمىيەۋى تەركىبى $Mg_3Si_2O_5(OH)_4$.

**سېرپېنتىنىت** ئى (ر<لات) <گېئول> ئاساسەن سېرپېنتىندىن تەركىب تاپقان مېتامورفىلىق جىنس. ئۇلترا ئاساسلىق جىنسنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىكى ئىسسىق سۇيۇقلۇق بىلەن ئالمىشىشى ياكى ئوتتۇرا تۆۋەن دەرىجىلىك رايون دائىرىلىك ئۆزگىرىشى جەريانىدا ئەسلىي جىنستىكى زەيتۇن تاش بىلەن پىروكسېننىڭ سېرپېنتىنغا ئايلىنىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

**سېرژانت** ئى (ر<فران) <ھەرب> ← **جۇڭشى.**

**سېرك** ئى (ر) ئېگىزدە موللاق ئېتىش، سىم ئارغامچىدا مېڭىش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش، شىر، ئېيىق، مايمۇنغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ئويناتىش ۋە سېھىرگەرلىك قاتارلىق ئويۇنلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**سېركچى** ئى. سېرك ئويۇنى ئوينايدىغان كىشى، سېرك ئارتىسى.

**سېركچىلىك** «سېركچى» سۆزىنىڭ كەسپ نامى: سېركچىلىك قىلماق. سېركچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**سېرېسان** ئى (ئىنگ) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئاساسلىق تەركىبى فېنىل سىماب ئاتسېتات ($C_6H_5HgOCOCH_3$). ئاق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، زەھەرلىك. ئادەتتە قىزىل رەڭگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ھاشارات ئۆلتۈرۈش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، دېھقانچىلىقتا كۆپرەك ئۇرۇق دورىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېرى** ① ياردەمچى سۆزلەردە «بىر» سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ: 1) «بىر تەرەپ، بىر ياقلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كېتىپ بارار جەڭ، ئۈچ كۈندىن بېرى. ئۇرۇش تەقدىرى، بولماي بىر سېرى. * بارچە ئالەم بىر سېرى، يالغۇز ماڭا سەن بىر سېرى. 2) «ئادەتتىكىدەك، بۇرۇنقىدەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سودىسىز بەكمۇ يامان ئەمەس، بىر سېرى كېتىۋاتىدۇ. ② ئىسىم رولىدا «تەرەپكە قاراپ، تەرەپكە» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: تەلپۈنۈپ قۇشتەك ئۇچارمەن، ھەر زامان سېنىڭ سېرى. ③ «غان، قان، گەن، كەن» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلار ۋە ۋاقىت مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «سايىن» مەنىسىدىكى

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچى رولىدا كېلىدۇ: بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. * ئادەمنىڭ ئوينىغانسېرى ئوينىغۇسى كېلىدىكەن. كۈنسېرى ئىلگىرىلىۋاتىمىز.

**سېرىس** ئى (پ) <بوت> ← **سىېرىس دەرىخى.**

**سېرىس دەرىخى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 4 – 5 مېتر كېلىدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى قايتىلانغان جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلى پىچاق شەكلىدە، سېپى بولمايدۇ. كۈندۈزى يېيىلىپ، كېچىسى يىغىلىۋالىدۇ. باشسىمان گۈل رېتى يېڭى شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، ئاتىلىق گۈل يىپى ھالرەڭ ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ. قاسراقلىق مېۋىسى مۈڭگۈزگە ئوخشايدۇ، ياپىلاق ھەم نېپىز كېلىدۇ، پىشقاندا سارغۇچ قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. قوۋزىقى، غۇنچىسى ۋە يېڭى ئېچىلغان گۈلى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، خاپىغاننى تۈگىتىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ. ئاغرىق توختىتىدۇ، پەي ۋە سۆڭەكنى چىڭىتىدۇ.

**سېرىس سۆگەت** <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، گۈلى تاق جىنسلىق ۋە پوتلىسىمان گۈل رېتىدە. ئۇرۇقىدا تالاغا ئوخشاش تۈكلىرى بولىدۇ. ياغىچى ئاق، يېنىك ھەم يۇمشاق. ئۇنىڭدىن ئۆي جابدۇقلىرى ۋە قۇرۇلۇش بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ. ئادەتتە دەريا بويىدىكى نەم جايلاردا ياكى ئېگىزلىكلەردىكى قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**سېرىسس** ئى (لات) <بوت> ← **سېرىسس دەرىخى.**

**سېرىسس دەرىخى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى سەل-پەل يۇمىلاق، سىرتقى يۈزى پارقىراق، گۈلى قىزغۇچ، چوكا مېۋىسى ياپىلاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ياغىچى ۋە قوۋزىقىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**سېرىق** ① سۈپ. سامان، جۇزە، ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ رەڭگىدىكى: سېرىق گۈل. سېرىق گىلاس. سېرىق ماي. * بىر گرام سېرىق ئالتۇننى تۆت كىلومېتىر ئۇزۇن سىم قىلىپ سوزغىلى بولىدۇ. * يىغىن تارقىغاندا باش ئەتىيازنىڭ سېرىق ئاپتاپلىق كۈنى تۈگەپ، قورغاق شاماللىق ئۇزۇن كېچىسى باشلانغانىدى. ② سۈپ. كۆچمە. ئىدىيىسى ساغلام بولمىغان، شەھۋانىيلىقنى، بۇزۇقچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان: سېرىق ناخشا. سېرىق مۇزىكا. ③ ئى. تۇخۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سارغۇچ قىسمى: تۇخۇمنىڭ سېرىقى.

**سېرىق ئاش** خېمىرغا توغرىغا سۈيى بېرىپ، لەڭمەندەك غولاچلاپ سوزىدىغان، سۇدا پىشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ياغلاپ، ئاچچىقسۇ، لازا، تۇخۇم تېڭى قۇيۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك.

**سېرىق ئاغمخان** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، دۇمبىسى قوڭۇر كۆل رەڭ، تۆت پۇتى قىسقا. قۇيرۇقى چېچىلىپ تۇرىدۇ.

كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، چاشقان ياكى ئۆي قۇشلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇ بىر خىل تۈكلۈك ھايۋان بولۇپ، قۇيرۇقىنىڭ تۈكىدىن موي قەلەم ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**سېرىق ئاكاتسىيە** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. تىكىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى توق سېرىق ۋە پۇراقلىق، چوكا مېۋىسى يۇملاق كاناي شەكلىدە كېلىدۇ. كۆپىنچە تروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ.

**سېرىق ئالا شاخسانغۇچ** <زوئول> شاخسانغۇچنىڭ بىر خىلى. رەڭگى سېرىق ۋە ئۈستىدە ئالىلىرى بار.

**سېرىق ئامۇت** <بوت> ئامۇتنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ رەڭگى سېرىق. ئېتى سۇلۇق ۋە چۈچۈمەل.

**سېرىق ئەتىرگۈل** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. كىچىك شېخى قوڭۇر، قاتتىق تىكىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى سېرىق. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**سېرىق ئەمەن** <بوت> ← **سېسىق ئەمەن**.

**سېرىق ئەنجۈر** <بوت> ئەنجۈرنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى غولىغا تۇتاش، ساپاقلىرى قىسقا، شەكلى ياپىلاقراق يۇملاق. پىشقاندا سارغىيىدۇ ۋە سولاشقاندەك كۆرۈنىدۇ، ساپاق تەرىپى بىرئاز ئۇزىرايدۇ. تەمى تاتلىق، شىرنىلىك، خۇش بۇي پۇرايدۇ.

**سېرىق بۇيا** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك چاتقال. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ. گۈلى ئومۇمىي گۈل رېتىدە، گۈل تاجى ئاچ سېرىق. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**سېرىق بۈركۈت** <زوئول> يىرتقۇچ قۇش يەنى بۈركۈتنىڭ بىر خىلى. چىشىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېترچە كېلىدۇ. ئەركەك-چىشىسىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولۇپ، پېتىلگەنلىرىنىڭ چوققىسىدىكى تۈكلىرى سارغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. تاغلىق جايلاردا ياشاپ پاختەك، بۆدۈنە، قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. كۆندۈرۈلسە، ئوۋغا يارايدۇ.

**سېرىق بېلىق** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى ياپىلاق، قۇيرۇقى تار، بېشى يوغان. يان سىزىقىنىڭ ئاستىدا سېرىق رەڭلىك ماددا ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بېزى بولىدۇ. دېڭىزدا ياشايدۇ. ئادەتتە چوڭ سېرىق بېلىق ۋە كىچىك سېرىق بېلىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**سېرىق پۇرچاق** <بوت> پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق دادۇر.

**سېرىق تاماكا** ئورۇپ قۇرۇغاندىن كېيىن يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى سارغىيىدىغان بىر خىل تاماكا. كۆك تاماكىغا قارىغاندا كۈچى بوش، ئۇنىڭ ياغچىنى ئارىلاشتۇرماي چېكىشكىمۇ بولىدۇ.

**سېرىق تەنچە** <بىئول> تۇخۇمدان ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان سېرىق رەڭلىك دانىچە ھۈجەيرىلەردىن شەكىللەنگەن

ئىچكى ئاجراتما تېنى. ئۇ تۇخۇمدان ھەر قېتىم تۇخۇم ئاجراتقاندا پەيدا بولىدۇ. ئايال كىشى ھامىلدار بولغاندىن كېيىن يېتىلىپ چوڭىيىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاجرىتىپ چىقارغان گورمون بالىياتقۇنىڭ شىللىق پەردىسىنى قېلىنلاشتۇرۇش، بالىياتقۇنىڭ قىسقىرىشىنى كونترول قىلىش ھەم سۈت بېزىنىڭ سۈت ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سىرىق تەن گورمونى** <بىئول> تۇخۇمداندىكى سىرىق تەنچىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان بىر خىل گورمون. بالىياتقۇنىڭ ئىچكى پەردىلىرىدىكى تۇقۇلما ئۆزگىرىشلىرى ۋە تۇخۇمنىڭ ئۇرۇق قوبۇل قىلىشىنى تېزلىتىش، ھامىلدار بولۇشىنىڭ نورماللىقىنى تەڭشەپ تۇرۇش ھەم سۈت بەزلىرىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. كەم بولغاندا، بالا چۈشۈپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ.

**سىرىق تەنلىكلەر** <ئىرق> موڭغۇل ئىرقىدىكى كىشىلەر. ئۇلارنىڭ تېرىسى سىرىق، چېچى قارا ھەم تۈز، يۈزىمۇ تۈز كېلىدۇ. ئاساسەن ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان.

**سىرىق توپا** قۇم دانىچىلىرى، سېغىز توپا ۋە ئاز مىقداردىكى كالتسىتلارنىڭ ئارىلاشمىسى. ئاچ سىرىق ياكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، داڭگاللىرىنى قول بىلەن سەل قىسسىلا ئۇۋۇلىپ كېتىدۇ. مۇنبەت كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالى دۇنياغا داڭلىق سىرىق توپىلىق جايلار بولۇپ، تۇپراق قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 200 — 300 مېترغا يېتىدۇ.

**سىرىق توپا رەڭ** سىرىق بىلەن ئاز مىقداردىكى پور رەڭنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ.

**سىرىق توغاچ** <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى يۇملاق، پوستى قېلىن، تۈكسىز ۋە پارقىراق كېلىدۇ. پوستى سىرىق بولۇپ، ئاپتاپ تەگكەن تەرىپى سەل-پەل قىزىرىدۇ. ئېتى سىرىق، ئوتتۇرا ھال سۇلۇق، شىرنىلىك ۋە تاتلىق بولىدۇ. كېيىنرەك پىشىدۇ.

**سىرىق تۆمۈر تاش** <كېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $FeS_2$. ئالتۇن رەڭگىدە بولۇپ، قاتتىقلىقى يۇقىرى ۋە بىر يۆنىلىشلىك تۈك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلاتقاندا گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىد ($SO_2$) نى چىقىرىدۇ. ئۇ گۈڭگۈرت ئىشلەشنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپ، دورىگەرلىكتە «تەبىئىي مىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سىرىق تۈك** ① ئادەم بەدىنىنىڭ يۈز، قولاقنىڭ ئىچى، قۇلاقنىڭ ئارقىسى، بويۇن قاتارلىق جايلىرىدا ئۆسىدىغان، سارغۇچراق يۇمران تۈك: سىرىق تۈكى تېخى تۆرۈلۈپ كەتمەك. ② كۆچمە. تېخى كىچىك، ئەقلى توشمىغان، بالىغ بولمىغان: بىرقانچە سىرىق تۈك بالا چىشىمغا تېگىپ خاپا قىلدى.

* بۇلارنى ئون نەچچە ياشلىق سىرىق تۈكلەر نەدىن بىلسۇن.

**سىرىق تۈكلىرى تېخى تۆرۈلۈپ كەتمەك** ← **قۇيقا چېچى تىك تۇرماق**: قاسىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا ئۇنىڭ سىرىق تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ.

**سىرىق جۈخار** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق،

سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ۋە توپلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلە- شىپ ئۆسۈپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى ئاق ۋە باشسىمان گۈل رېتىدە، شاخ ئۇچىدا بولىدۇ. باش باهاردىن باش يازغىچە ئۇدا ئېچىلىدۇ، سوغۇققا چىدى- مايدۇ. ئەسلىي ماكانى ياۋروپا بولۇپ، دۆلىتىمىزدىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە. قەلەمچە- لەپ تىكىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**سېرىق جىنس** <ئىرق> ← **موڭغۇل ئىرقى.**

**سېرىق جىنسلىقلار** <ئىرق> ← **سېرىق تەنلىكلەر.**

**سېرىق چاشقان** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تېنى ئىنچىكە هەم ئۇزۇن، تۈكى سارغۇچ، بۇرنىنىڭ ئۇچى ئاچ قىزىل، كالپۇكلىرى ۋە كۆزىنىڭ چۆرىسى ئاق، كۆزى چوڭ هەم بۆرتۈپ چىققان بولىدۇ. بوش يەردىن ئۇۋا كولايدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ياۋا ئوت-چۆپلەر ئارقىلىق ئوزۇقلىنىدۇ. چۈما كېسىلىنى تارقىتىدۇ.

**سېرىق چۈشۈش** <تىب> كېسەل كىشىنىڭ تېرىسى، شىللىق پەردىسى ۋە كۆزىنىڭ ئېقى سارغىيىدىغان بىر خىل كېسەل ئالامىتى. قان سۇيۇقلۇقىدىكى بىلرۇبىنىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆپىنچە جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەردە بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سېرىق چىرىمتال** <گېئول> چىرىمتالنىڭ بىر خىلى. خىمىيىۋى تەركىبى $KMg_3(A_2Si_{13}O_{10})(OH)_2$ . سارغۇچ قوڭۇر رەڭدىكىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**سېرىق داغ** <ئانات> كۆزىنىڭ تور پەردىسىنىڭ مەركىزىي قىسمى. سەل يۇمىلاق بولۇپ، سېرىق كېلىدۇ. ئوتتۇرىدا قارىچۇق بولىدۇ. جىسىملارنىڭ تەسۋىرى بۇ نۇقتىغا چۈشكەندە، كۆزگە ناهايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

**سېرىق سۆگەت** <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى چوڭ، ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكىلدە كېلىدۇ، ئارقا تەرىپىدە تۇتۇنسىمان تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى قىزىل، چاڭدىنى سېرىق بولۇپ، پوتىلىسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كۆپىنچە ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە ئۆيلەرنىڭ ئەتراپلىرى- دا ئۆسىدۇ. ئۆستەڭ قىرغاقلىرىنى قوغداش رولىغا ئىگە. ئۇ يەنە مەنزىرە ئۆسۈملۈكىمۇ قىلىنىدۇ.

**سېرىق ستىرپىتومىتسىن** <بىئول> ئاكتىنومىتسىننىڭ بىر تىپى. قاتتىق ئۆستۈرگۈچتە سېرىق رەڭلىك پىگمېنت هاسىل قىلىدۇ. ئانتىبىئوتىكلارنى ئىشلەش سانائىتىدە ئاۋرېئومىتسىن ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېرىق سۇندۇك** <زوئول> سۇندۇكنىڭ سېرىق رەڭلىك بىر خىلى.

**سېرىق شاپتۇل** <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى يۇمىلاق، پوستى قېلىن، تۈكلۈك كېلىدۇ. ئەسلىي رەڭگى سېرىق بولۇپ، ئاپتاپ تەگكەن تەرىپى بېغىر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. پوستى ئاسان سويۇلىدۇ، ئېتى سېرىق، ناهايىتى سۇلۇق، تاتلىق ۋە شىرنىلىك بولىدۇ. ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرايدۇ.

**سېرىق قار** ① باش ئەتىيازدا ياغقان قار. ② <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ

20-سى. مىلادىيە 22- ياكى 23- نويابىر كۈنلىرىدە باشلىنىدۇ.

**سېرىق قاشقا قۇشقاچ** <زوئول> بىر خىل قۇش. يۈزىدىن كۆكرىكىگىچە سېرىق. دۈمبىسى سارغۇچ يېشىل، قورسىقى ئاق، قۇيرۇقى بىلەن قانىتى قارا. يېقىملىق سايرايدۇ. ئۆزگەرگەن تۈرلىرى كۆپ. ئۇنىڭ كۆمۈر گازىغا بولغان سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھاۋا تەركىبىدە ئازراقلا كۆمۈر گازى بولسا، شۇ ھامان ھوشسىزلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ كان قۇدۇقلىرىدىكى كۆمۈر گازىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**سېرىق قان تۇزى** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $K_4Fe(CN)_6 \cdot 3H_2O$. ئاچ سېرىق رەڭلىك كرىستال، سۇدا ئېرىيدۇ. تۆمۈر تۇزلىرىنىڭ ئېرىتمىسى بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ، كۆك رەڭلىك چۆكمىنى ھاسىل قىلىدۇ. خىمىيىدە رېئاكتىۋ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە بوياق ئىشلەشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**سېرىق قۇشقاچ** <زوئول> قۇشقاچنىڭ بىر خىلى. تېنى تەخمىنەن 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ بېشى قارا، دۈمبىسى بېغىر رەڭ، قورسىقى ئازراق يېشىل ئارىلاش سېرىق. پوكىنىدا توغرىسىغا كەتكەن بېغىر رەڭدىكى بەلباغسىمان يولچىلىرى، ھەم ئىككى بىقىنىدا جىگەر رەڭ يوللىرى بولىدۇ. چىشىسىنىڭ بېشى قارا بولۇپ ئانچە ئېنىق ئەمەس. كۈزدە جەنۇبقا كۆچۈپ، شۇ ياقتا قىشلايدۇ. كۆچكىنىدە توپ-توپ بولۇپ چانلىق زىرائەتلەرگە تېگىدۇ. ئادەتتە دېھقانچىلىققا زىيانلىق قۇش دەپ قارىلىدۇ.

**سېرىق قىچا** <بوت> → **قىچا.**

**سېرىق قىزىتما** <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ كېتىش، يۈرەكنىڭ سوقۇشى ئاستىلاش، قۇسۇش ۋە شىللىق پەردە قاناش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەل جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە كۆپرەك بولىدۇ.

**سېرىق كاۋاش** <كېئول> كاۋاشنىڭ سېرىق رەڭدىكى بىر خىلى.

**سېرىق كەندىر** <بوت> لىپا دەرىخى ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك ھەم سېرىق، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، يۈزىدە قورۇقلىرى بولىدۇ. قوۋزاق تالاسى توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. بالىياتقۇ قاناش، دوۋساققا تاش چۈشۈش كېسەللىكىنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**سېرىق كۆكچە** كۆكچى قوغۇننىڭ بىر خىلى. پوستى سېرىق كېلىدۇ.

**سېرىق كېسەل** <تىب> → **سېرىق چۈشۈش.**

**سېرىق گۈللۈك بېدە** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مۇرەككەپ يوپۇرمىقى ئۈچ دانە كىچىك يوپۇرماقتىن تەشكىل تاپقان. كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ توپى يەلپۈگۈچ شەكلىدە، گۈلى كېپىنەك شەكلىدە ھەم سېرىق كېلىدۇ. مېۋىسى چوكا مېۋە بولۇپ، تېكەنلىك كېلىدۇ. ئۇنى يەم-خەشەك ۋە ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ.

**سېرىق ماي** كالا، قوي، ئۆچكە قاتار- لىقلارنىڭ سۈتىدىن ئايرىپ ئېلىنىدىغان بىر خىل ماي.

**سېرىق موم** ھەسەل ھەرىسىنىڭ قورسىقىدىكى موم بېزى ئاجرىتىپ چىقار- غان بىر خىل ماددا. ئۇ ھەرىنىڭ كۆنەك ياساش ماتېرىيالى.

**سېرىق مىس** <كېئول> مىس بىلەن سىنكنىڭ قېتىشمىسى. ئادەتتە تەركىبىدى- كى سىنكنىڭ مىقدارى 45 پىرسەنت ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا يەنە باشقا خىلدىكى ئېلېمېنتلارمۇ ئاز مىقداردا ئارىلاشقان بولىدۇ. رەڭگى سېرىق، قۇيمىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. سوزۇلۇشچانلىقىغا ئىگە بولۇپ، سوزۇش ئارقىلىق سىم ياسىغىلى ياكى ياپىلاقلىغىلى بولىدۇ. ئىشلىتىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇنىڭدىن زاپچاس، مىشەك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**سېرىق مىس تاش** <كېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىۋى تەركىبى $CuFeS_2$ . كۆپىنچە كاللەك ياكى دانىچە ھالىتىدە كېلىدۇ. رەڭگى سېرىق، مېتال پارقىراقلىقى- غا ئىگە. ئادەتتە مىس تاۋلاشتىكى ئاساسلىق خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**سېرىق ھاراق** گۈرۈچ، تېرىققا ئوخشاش نەرسىلەردىن چىرىتىلىدىغان رەڭگى سېرىق، ئىسپىرت مىقدارى تۆۋەنرەك بولغان بىر خىل ھاراق.

**سېرىق ھالقىلىق يىلان** <زوئول> زەھەرلىك يىلاننىڭ بىر خىلى. باش ۋە بويۇن قىسمىنىڭ كەينى قارا كېلىدۇ. پۈتۈن تېنىدە قارا بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا ھالقىسمان بوغۇملىرى بولىدۇ. زەھىرى كۈچلۈك. كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سېرىق ھەرە** <زوئول> چوڭ سېرىق ھەرە تىپىدىكى ھاشاراتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سېرىق ھېلىلە** <بوت> ھېلىلىنىڭ بىر خىلى، رەڭگى سېرىق، تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ دورا قىلىنىدۇ.

**سېرىق ئوسا** باش ئەتىيازدا قىلىنىدىغان ئوسا.

**سېرىق ئۇيغۇر** <ئېرق> ← **يۇغۇر.**

**سېرىق ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغى** <بىئول> زەمبۇرۇغنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل زەمبۇرۇغ- نىڭ توپلىمى تۇخۇم شەكلىدە، سپورىسى شار شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇ ھاسىل قىلغان توكسىن ئادەم ياكى ھايۋانلارنى زەھەر- لىيەلەيدۇ. يەنە راك كېسىلىنى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن.

**سېرىق ياغلىقلار قوزغىلىڭى** <تارىخ> شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يەنى مىلادى 184-يىلى جاڭ جياۋ رەھبەرلىكىدە كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى. قوزغىلاڭچى- لار سېرىق ياغلىقنى بىر بەلگە سۈپىتىدە بېشىغا باغلاپ، ئۆزلىرىنى سېرىق ياغلىقلى- لار قوشۇنى دەپ ئاتايدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قېلىپ قالغان قىسمى كۈرەشنى يەنىلا 20 نەچچە يىل داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ.

**سېرىق ياللىق مايمۇن** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ئورۇق ھەم ئۇزۇن، تۈكلىرى كۈل رەڭگە مايىل سېرىق، بۇرۇن تۆشۈكى يۇقىرىغا قارىغان، قۇيرۇقى ئۇزۇن كېلىدۇ. دۈمبىسىنىڭ تۈكلىرى 30 نەچچە سانتىمېترغا يېتىدۇ.

ئېگىز تاغلاردىكى چوڭ دەرەخلەر ئۈستىدە ياشايدۇ. ئۇ دۆلىتىمىزدىكى ئالاھىدە ئەتىۋارلىق ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.

**سېرىق يەسمەن** <بوت> كەركىدانگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم ياكى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سېرىق ھەم تاق جىنسلىق كېلىدۇ. باش باھاردا ئېچىلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**سېرىق يۆگەي** <بوت> يۆگىمەچ ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يىپتەك ناھىيىتى ئىنچىكە ھەم سېرىق. ئۈستىدە باشقا ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرىدىغان ئورگىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى رودېمېنتلاشقان، گۈلى ئاق ۋە كىچىك. كۆپىنچە پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە پارازىت ياشايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زىيانلىق. ئۇرۇقى سارغۇچ قوڭۇر بولۇپ، دورا قىلىنىدۇ. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**سېرىق يۇسۇنلەر تىپى** <بوت> يۇسۇنلەرنىڭ بىر تىپى. تېنى بىر ھۈجەيرىلىك ياكى كۆپ ھۈجەيرىلىك؛ بىر يادرولۇق ياكى كۆپ يادرولۇق بولىدۇ. تەركىبىدە خلوروفىل بولۇشتىن سىرت، يەنە كاروتىن تىپىدىكى پىگمېنتلارمۇ كۆپرەك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆسۈملۈك تېنى سېرىق كۆرۈنىدۇ. ئادەتتە تاتلىق سۇدا ياشايدۇ.

**سېرىق يىلان** <زوئول> يىلاننىڭ بىر خىلى، دۈمبىسى قارامتۇل يېشىل كېلىدۇ، بەدىنىدە قىزىل يول-يول سىزىقلىرى ۋە قىزىل داغلىرى بولىدۇ، زەھەرسىز كېلىدۇ.

**سېرىق يىلىك** <فىزئول> تەركىبىدە ئورغۇنلىغان ماي ھۈجەيرىلىرى بولىدىغان، رەڭگى سېرىق يىلىك. ئۇ قۇرامىغا يەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن سۆڭەكلىرى ئىچىدە بولىدۇ.

**سېرىقئەت** ئى (سېرىق+ئەت) <ئانات> تېرە ئاستىدىكى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما. يۇمشاق، تەركىبىدە ماي كۆپرەك. ئۇنىڭدا يەنە قان توقۇلمىلىرى، لىمفا نەيچىلىرى ۋە نېرۋىلار بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ بەدەن تېمپېراتۇرىسى، ئىسسىقلىق ۋە بەدەندىكى مېخانىكىلىق بېسىم قاتارلىقلارنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**سېرىقتال** (سېرىق+تال) ① ئى. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ پىشىش ئالدىدىكى دېنى قېتىپ، غول ۋە يوپۇرماقلىرى سارغايغان ھالىتى: بۇغداي سېرىقتال بولماق. سېرىقتال بولغان مەزگىل. * سىدىقجاننىڭ تازا سېرىقتال ۋاقتىدا ئوزۇقى ئۈزۈلۈپ قالدى. ② سۈپ. دېھقانلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى ئاخىرلىشىپ ۋاقىتلىق ئوزۇكچىلىك پەيدا بولغان، قىيىنچىلىق تۇغۇلغان: ئەزالار ئۈچۈن سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسى تۇتىيا بولىدىغان سېرىقتال ۋاقتىمۇ يېقىنلاشماقتا ئىدى. * چىرىيە ئۆرۈكى ئادەتتە كونا ئاشلىق خالتىسىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغان، يېڭى ئاشلىق تېخى خامانغا چىقمىغان سېرىقتال مەۋسۇمدە سارغىيىشقا باشلايدۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. باياشات ئەمەس، ئۇتتۇرلۇق: ھېمىدىخان چوڭ ئاپام يېنىدا قالغان ئوغۇللىرىنىڭ قولى ئىشقا تېگىپ سېرىقتال ۋاقىتلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭى مەھەللىگە ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كەتكەندى.

* ئەگەر سەن ھازىردىن باشلاپ ئىقتىسادچىل بولۇشنى ئۆگەنمەي، ھەشەمەتخورلۇققا قىزىقساڭ، داداڭنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟! دادامنى رازى قىلاي، ئانامنى خۇش قىلاي دېسەڭ، تۇرمۇشنى سېرىقتال ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگىن.

**سېرىقتال بولماق** بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنى قېتىپ، بەرگلىرى سارغىيىپ، پىشاي دەپ قالماق.

**سېرىقچاي** ئى (سېرىق+چاي) <بوت> سېرىقچاي ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يۇقىرى قىسمىدىن شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇمنە شەكىلدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ. گۈلى سېرىق، چەكلىك كونۇسسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. مېۋىسى غوزىلىق مېۋە. ئۇرۇقى كۆپ، قارامتۇل پور رەڭدە بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەتتە دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، تۇرۇپ قالغان قاننى ھەيدەش رولىغا ئىگە.

**سېرىقچېچەك** ئى (سېرىق+چېچەك) <بوت> ← قارىكۆز بەدىيان.

**سېرىقسۇ** ئى (سېرىق+سۇ) ① بىرەر نەرسىنى بەك يېگۈسى كەلگەن كىشىنىڭ ئېغىزىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق، شۆلگەي: مىس لېگەندە دۈۋىلەپ تىزىلغان، خېمىرىغا ياغ يېگۈزۈپ، يۈزىگە تۇخۇم سۈركەلـ گەن سامسىلارنى كۆرگەندە، ھاۋاز «پوم»-نىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلدى. * — ھېچقىسى يوق، تازا ياخشى بولۇپتۇ، — دېدىم مەن سۇيۇقئاشنىڭ كۆپۈلدەپ تۇرغان ئاچچىق-چۇچۇك ھىدىدىن ئاغزىمغا سېرىقسۇ يىغىلىپ. ② جاراھەتلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان رەڭگى سېرىققا مايىل شىلىمشىق ماددا.

**سېرىقلىق** «سېرىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كېۋىرئاخۇنىڭ تېخى سېرىقلىق تولۇق يوقاپ كەتمىگەن كۆزلىرىدە خۇشاللىق نامايان بولدى. * كىچىككىنە باغىم بار، كوممىقوناق تېرىقلىق. چىرايىمدىن كەتمەيدۇ، پىراقىڭدا سېرىقلىق.

**سېرىقمارشال** ئى (سېرىق+مارشال) <بوت> ئالمىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى سوزۇنچاق، پوستى نېپىز ۋە سېرىق، ئېتى چىڭ ۋە ئوتتۇراھال سۆلۈق بولۇپ، شىرنىلىك كېلىدۇ. ساپىقى ئۇزۇن بولىدۇ. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ.

**سېرىقئېشەك** ئى (سېرىق+ئېشەك) <زوئول> ← چايان.

**سېرىن** ئى (د) <بوت> ← سېرىنگۈل.

**سېرىنگۈل** ئى (سېرىن+گۈل) <بوت> ① مىرتا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى بۆرەك شەكلىدە، گۈلى سۆسۈن ياكى ئاق، پۇراقلىق كېلىدۇ. گۈل تاجى ئۇزۇن، كاناي شەكلىدە بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**سېرىي** ئى (د<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ce (Cerium). كۈل رەڭ كرىستال بولۇپ، يالتىراق، يۇمشاق ۋە سوزۇلۇشچان كېلىدۇ. خىمىيۋى خۇسۇ- سىيىتى ئاكتىپ. ئادەتتە ياخشى ئوكسىد- سىزلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە قېتىشمىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سېزىشمەك** «سەزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەچلەردە قولۇم-قوشنىلار- نىڭ بۇرۇتى خەت تارتقان ئوغۇللىرى ۋە كونا يىللىقچى ئاغىنىلىرى كېلىپ، ھە-ھۇ قىلىشىپ، كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن بىرمۇنچە

كېسەلك قۇيۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ سېزىشمەي قالاتتى. * ئايالالار كۆردى سۈرەتنى شۇ ئاندا، سېزىشتى ئۆزلىرىنى ھاياجاندا.

**سېزىك** ئى <تب> ئايال كىشى ھامىلدار بولغاندا، كۆڭلى ئاينىيدىغان، كۆڭلى بىرەر نەرسىنى تارتىدىغان بىر خىل روھىي ھالەت: سېزىك بولماق.

**سېزىك بولماق** ھامىلدارلىق تۈپەيلى كۆڭلى ئاينىماق، كۆڭلى مەلۇم نەرسىنى تارتماق؛ ئامراق بولۇپ قالماق: شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى گۆشكە سېزىك بولۇپ، گۆش غەلۋىسى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. * كەلمىسە كەلمەيۋەرسۇن، كىم ئۇنىڭغا سېزىك بولۇپ قېلىپتۇ.

**سېزىك قۇسۇقى** <تب> سېزىك بولغاندا كۆرۈلىدىغان قۇسۇش ئالامىتى.

**سېزىكلىك** سۈپ. سېزىك بولۇش باسقۇچىغا كىرگەن، سېزىك بولغان، سېزىكى تۇتقان: ھامىلدارنىڭ فىزىئولوگىيىسىدە ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، كۆڭلى بەزى نەرسىلەرنى تارتىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇ مەزگىل خەلق ئارىسىدا «سېزىكلىك دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. * سېزىكلىك چاغلىرىم باشقا جۇدالىق مۆلدۈرى ياغدى. ئاتاڭ تاشلاندى زىندانغا، بۇ ھىجراندىن يۈرەك ئاغدى.

**سېزىلەر-سېزىلمەس** شۇنچىكى، ناھايىتى ئاز؛ سەل-پەل: ئۇ ئەسلىمىلەر ئىچىنشلىق-ئەلەملىك بولغان تەقدىرىمۇ كىشىلەرگە سېزىلەر-سېزىلمەس تەسىر كۆرسىتىدۇ. * بۇلۇتلارنىڭ سالماق سەيلىدىن سېزىلەر-سېزىلمەس يۇمشاق بىر شامال ئىسسىپ، يېنىكلا بىر ئىزغىرىنمۇ يۈزگە كېلىپ ئۇرۇلاتتى.

**سېزىلەرلىك** سۈپ. سەزگىلى بولىدىغان، سېزىلىپ تۇرىدىغان،: ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنى يېنىكلىتىشنى ۋە كۆز ئالدىدىكى سېزىلەرلىك پايدىغا ئىگە بولۇشنىلا ئويلىغان. * ساۋۇتجان ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سېزىلەرلىك جۇدەپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقىيىپ، ئاپئاق بويۇنلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆركەم زىلۋا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

**سېزىلمەك** «سەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈلجامال تۇغۇلۇپ ئۆزاق ئۆتمەي، پۇتىنىڭ مايماق ئىكەنلىكى سېزىلدى. * ئۇنىڭ قويۇق شاخلىرى بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلىۋاتقاندەك، يېشىل يوپۇرماقلىرى بىزنى قارشى ئېلىپ چاۋاك چېلىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

**سېزىم** ئى. تاشقى تەسىرنى قوبۇل قىلىش قابىلىيىتى ۋە شۇ خىل تەسىردىن ئېلىنغان ھېس، تۇيغۇ: كۆرۈش سېزىمى. ئاڭلاش سېزىمى. ئاغرىش سېزىمى. * بۇ يەنىلا ناخشىچىنىڭ مۇزىكا سېزىمىنىڭ ئاجىز-كۈچلۈكلۈكى ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن باغلىق. * ئۇنىڭ كۆزلىرى ئايشەمنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ۋۇجۇدىنى ئىسسىق بىر سېزىم چۇلغىۋالدى.

**سېزىمچان** سۈپ. ئاسان سېزىۋالالايدىغان، سەزگۈر: شوخ قىز شۇنداق سۆزلەر بەزىدە، تىلىڭلار تىلسىز، سېزىمچان دىللار ھەمراھ بولۇپ ئۆتتى سىلەرگە، ياشلىق چېغىم، بەختىيار يىللار.

**سېزىمچانلىق** ئى. سېزىش قابىلىيىتى، سەزگۈرلۈك: گاز ئوچاقتا سۈيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ھىدروگېن ۋە كاربوننىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان ئارىلاشما جىسىم بولۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە بولغان سېزىمچانلىقى يۇقىرى. * ئۇ توساتتىنلا يەنە پىكىر-خىيالى ئۆزگىرىپ، مۇشۇ ئىشخانا بەخش قىلغان سېزىمچانلىق بىلەن ناتونۇش كىشىنىڭ

نامۇ ئەھۋالنى بىلىپ باقماقچى بولدى.

**سېزىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cs (caesium). كۈمۈش رەڭ، يۇمشاق ۋە سوزۇلۇشچان كېلىدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان مېتاللار ئىچىدە ئۇنىڭ خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى ئەڭ ئاكتىپ بولۇپ، سۇنى پارچىلاپ، پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ۋاكۇئۇم ئەسۋاب-لىرى، فوتو ئېلېكتر لامپا قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم ماتېرىيالىدۇر. خىمىيىدە كاتالىزاتور قىلىنىدۇ.

**سېستىرا** ئى (ر) دوختۇرخانىلاردا دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىمارلارنى داۋالىغۇ-چى ئايال: بۇ ئىشتىن تەسىرلەنگەن دوختۇر، سېستىرالار ۋە باشقىلار ئارقا-ئارقىدىن قېنىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تەييارلاندى. // سېستىرا قىز بۆلۈمگە كىرىپلا: — 32-كارىۋاتتىكى كېسەلنىڭ تېمپېراتۇرىسى داۋاملىق ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

**سېستىرالىق** «سېستىرا» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: سېستىرالىق قىلماق.

**سېستىماق** ① «سېسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۆشنى سېستىماق. * ئۆردەك دەيدىكەن: كۆتۈم ئامان بولسا، ھەممە كۆلنى سېستارمەن (ماقال). * پور بايۋەچچە دېدىكى: پۇراپ باقسالڭ مۇشتۇمنى، يوقىتىسەن ھوشۇڭنى، بىرمۇشت بىلەن سېستاي، جىگىرىڭنى-گۆشۈڭنى، باش ئۇستۇڭگە قوندۇراي ئەجەل-ماتەم قۇشۇڭنى! ② كۆچمە. خەلقى ئالەم ئالدىدا بىراۋنىڭ ئابرويىنى تۆكۈپ، رەسۋا قىلماق: — خەپ توختاپتۇر! سەن جالاپنى ناھىيە ئىچىدە سېستىپ، ئىككى پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتمىسەم، — دېدى جۇمە بىردىنلا ئاغزىنى بۇزۇپ. * — دىنىي ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بوۋىسى، ئابدۇ-قادىرنى سېستىپ تاشلايلى! — دەپ شوئار

توۋلىدى كىشىلەردىن بىرى.

**سېسىشماق** «سېسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سېسىق** سۈپ ① ھىدى ياخشى ئەمەس، پۇرىقى يېقىمسىز: سېسىق گاز. سېسىق پۇراق. * سۆيگەن ئوتتەك ئىسسىق، سۆيمىگەن پوقتەك سېسىق (ماقال). * ئاچچىق ۋە سېسىق ئىس بېسىپ كېلىپ ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى. * — ئۆي ئىچى سېسىق پۇراپ كېتىپتۇ، پاتەمخان، — دېدى ئۇ سەسكەنگەن ھالدا. // تېزەكنى قوزغىسالڭ سېسىقى چىقار (ماقال). ② ئۆزگىرىپ، پۇراپ ياكى بۇزۇلۇپ قالغان؛ ئېچىپ كەتكەن؛ سېسى-غان: سېسىق گۆشنى چۆۋىن تاپار، يامان ئىشنى يامان تاپار (ماقال). * ئۇ يىلتىزى يوق سېسىق كۆتەكتەك، پاشنىسى يوق ئەسكى ئۆتۈكتەك يولۇنۇپ چىقتى. * سېسىق سۇدا ئىشلەيمىز، قولىمىزدا چەنچە يەزە. پاتقاقتىن چىقاي دېسەك، قورساقتا تىقار نەيزە. ③ يامان، ئەسكى، ناچار، بۇزۇلغان، بۇزۇق: بۇ يەردىكى كاززاپلىقمۇ سېسىق نامى پۇر كەتكەن ماسلىق مىسالىدا كۆرگىنىمىزگە تامامەن ئوخشاش. * ئاشۇ ماتەم ئايلىرى يۇرتنىڭ سېسىق بايلىرى، غەملەشكە ئۆز ئىشنى، بىر قىلىپتۇ بېشنى. ④ گەپ-سۆزى كىشىگە ياقمايدىغان، گەپ-سۆزى كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان، يامان مەنىلىك: گېپى سېسىق ئادەم. * مەن ھېچ نەرسە يېمەيلا مېنى ئۇ بىرتالاي سېسىق گەپ بىلەن تويغۇزۇپ قويدى.

**سېسىق ئاپىلسىن** <بوت> سۇزاپ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. غولىدا تىكىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ پارچە كىچىك يوپۇرماقتىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى

تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە ياكى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاق، مېۋىسى شارسىمان، سېرىق ۋە ئاچچىق بولىدۇ.

**سېسىق ئەمەن** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ئۆسۈپ، ئۈستىدىن شاخلايدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ قايتىلىنىپ پەيسىمان تولۇق يېرىلىدۇ. گۈل رېتى شارغا ئوخشايدۇ، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى ياخشىلاش رولى بار. يازدا چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ.

**سېسىق بەز** <ئانات> چۈسا، سېرىق ئاغمىخان قاتارلىقلارنىڭ تېنىدىكى سېسىق سۇيۇقلۇقلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ياكى سېسىق پۇراق چىقىرىدىغان بەزلەر.

**سېسىق چۈلۈك** <بوت> ← **چۈلۈك.**

**سېسىق سانجىقئوت** <بوت> ← **سانجىقئوت.**

**سېسىق كېكىرمەك** ① يېگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشى ھەزىم بولۇپ كېتەلمىگەنلىك ياكى جىق يەۋەتكەنلىك نەتىجىسىدە سېسىق پۇراقلىق بىر خىل كېكىرىك چىقارماق: سارىخان ئاپىسى ئەكىلىپ قويغان ئالدىدىكى تاماقتا قاراپ كۆڭلى تېخىمۇ ئېلىشقاندەك بولدى-دە، سېسىق كېكىرىپ تەتۈر قارىۋالدى. ② كۆچمە. ئىنتايىن بىزار بولماق، ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كەتمەك، تويۇپ كەتمەك.

**سېسىق گەپ** قارشى تەرەپكە مەقسەتلىك تەگكۈزۈپ ياكى تىللاپ ئېيتىلغان يامان گەپ: – خېنىم، بۇنداق سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان كىشىگە دەپ بەرسىلە، مەن بۇ ئورۇنغا خۇشتار بولۇپ كەلگىنىم يوق، – دېدى ئۇ ئاچچىقى كېلىپ.

**سېسىق لويلا** <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېنىدە بەز تۈكلىرى ۋە ئالاھىدە پۇرىقى بولىدۇ. غولى تىك ئۆسۈپ، كۆپ شاخلايدۇ. يوپۇرمىقى سوقىچاق بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى ئاقۇچ يېشىل ۋە كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. مېۋىسى گۈل كاسىسىغا ئورىلىدۇ. ئۇرۇقى ياپىلاق ياكى يۇمىلاقراق بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ. ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**سېسىقتال** ئى (سېسىق+تال) <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى تار ھەم قوشۇق شەكلىدە كېلىدۇ، پەيگە ئوخشاش يېرىلىدۇ؛ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلىرى يىپسىمان كېلىدۇ، گىرۋىكىدە تارغاق شەكلىدە چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى كىچىك ئەتىياز بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا ئېچىلىدۇ، ئومۇم گۈل رېتىدە. مېۋىسى مۈڭگۈزسىمان بولۇپ، سەل-پەل يۇمىلاق ياكى ئېللىپس شەكلىدە ياپىلاق كېلىدۇ. ئۇرۇقى قىزغۇچ قوڭۇر. يول ۋە ئېرىق ياقىلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي تارتىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، يۆتەل توختىتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**سېسىقچىلىق** ئى. سېسىق نەرسىلەر ياكى سېسىق پۇراق بىلەن تولغان ھالەت، سېسىقلىق: جاپپار بىلەن ئەمەتنى بۇ فابرىكىنىڭ ئىپلاس، دىماغنى يارغۇدەك سېسىقچىلىق بىلەن قاپلانغان قورۇسى كۆڭۈلسىز ۋە غەمكىن ھالەتتە قارشى ئالدى. * پۈتۈن قاماقخانىنى سېسىقچىلىق قاپلاپ تۇراتتى.

**سېسقكۆزەن** ئى (سېسىق+كۆزەن) <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. دۈمبىسى قوڭۇر سېرىق ياكى ئاچ سېرىق كېلىدۇ. كېچىلىرى ھەرىكەت قىلىپ ئۇششاق هايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسىدىن كىيىم تىكىلىدۇ.

**سېسقلىق** «سېسىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ياراتقان سېسقلىقتا سەسكىنىشنى، چىقارغان خۇش پۇراققا ئىشتىياقنى. يۇماستىن سېسىقنى، ماختانسا كىم، بولغايدۇ ئۆزىدىكى خۇش پۇراقنى.

**سېسقيار** ئى (سېسىق+يار) <بوت> قاقىرتۇمشۇق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى سەل-پەل يۇملاق، گۈلى قىزىل، توخۇلۇك ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**سېسىماق** پ ① سېسىق پۇراق چىقارماق، سېسىق ياكى يېقىمسىز ھىد پەيدا قىلماق: پوقنى تەپسەڭ سېسىيدۇ (ماقال). ② سېسىق پۇراققا، ھىدقا تولماق: ئۆينىڭ ئىچى سېسىپ كېتىپتۇ. ③ ئۆزگىرىپ، ئاينىپ، پۇراپ قالماق ياكى بۇزۇلۇپ قالماق، چىرىماق: ئاشۇ ئىسسىق كۈنلەردە كۆكتات ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالسىلا بىردىنلا سېسىشقا باشلايتتى. ④ كۆچمە. بىرەر ئەسكى ئىشنى قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك كىشىلەر ئارىسىدا يۈزى تۆكۈلمەك، نەزەردىن چۈشمەك؛ سەت كۆرۈنمەك: مېھماننىڭ ئېتى بەسى، بەش كۈندىن ئاشسا سېسى (ماقال). * بۇ ئايال شۇ ئىشى بىلەن سېسىغاندىمۇ، ئاجايىپ سەت سېسىپ كەتتى.

**سېسىمچىلىق** ئى. سېسىق پۇراق قاپلاپ كەتكەن ھالەت ياكى شۇنداق جاي:

— بۇ سېسىمچىلىقتا بىزگە نېمە بار، يۈر، بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتەيلى، — دېدى قىزچاق ئاغزىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېتىۋېلىپ. * چىلە پۇراپ تۇرىدىغان سېسىمچىلىقتا پاشىنىڭ دەستىدە قېنىپقىنا بىردەم ئۇخلىيالمىدىم. بەش كۈن ئىچىدە ھېچكىم مەن بىلەن تۈزۈكرەك گەپلەشمىدى.

**سېغىز** I ① يەر پوستىنىڭ يۈزىدىكى بىر خىل يېپىشقاق توپا. ساپ ھالەتتىكى سېغىز گاۋلىڭ توپىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل ئاق ياكى كۆكۈچ بولۇپ، كۆيدۈرۈش ئارقىلىق فارفور بۇيۇملار ياسىلىدۇ. ئادەتتىكى سېغىزلاردىن خىش، كاھىش ۋە ساپال بۇيۇملار ئىشلىنىدۇ. سېغىز تەركىبى كۆپ بولغان يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا توغرا كەلگەندە تۇپراق مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىدۇ.

**سېغىز تاختا تاش** <كېئول> سېغىز تاشنىڭ مېتامورفىلىق ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تارىشسىمان تاغ جىنسى. ئۇ ناھايىتى پۇختا بولۇپ، سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ. كۆپ ھاللاردا كۈل رەڭ ياكى يېشىل، بىنەپشە رەڭلەر ئارىلىشىپ كەلگەنلىرى ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن تاش قەلەم، تاش دوسكا ۋە تاش كاھىش قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**سېغىز تاش** <كېئول> ئاساسەن دىئامېترى 0.005 مىللىمېتىردىن كىچىك بولغان سېغىز دانىچىلىرىدىن تەركىب تاپقان چۆكۈندى جىنس. سېغىز، لاي تاش، سلانېتس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكشى ھەم سىپتا كېلىدۇ. ساپلىرىنىڭ رەڭگى ئاچراق، تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغانلىرىنىڭ ھەر خىل

رەڭدىكى داغلىرى بولىدۇ. چۆكۈندى جىنسلار ئىچىدە ئۇ ئەڭ كەڭ تارقالغان بىر خىل تاغ جىنسى ھېسابلىنىدۇ.

**سېغىز توپا** <گېئول> تەركىبىدە سېغىز مىقدارى كۆپرەك بولغان يېپىشقاق توپا.

**سېغىز رەڭ** رەڭگى سېرىق تۇپراققا ئوخشايدىغان، سېرىققا مايىل رەڭ: يۇڭ ئارتىلمىغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۆگىلەردە قاسقاندەك يوغان سەللە ئورىغان، كىمخاب گۈللۈك سېغىز رەڭ پەرىجە كىيگەن سالاپەتلىك كىشىلەر ئولتۇراتتى.

**سېغىز لاي** <بىن> سېغىز توپىدىن ئېتىلگەن لاي.

**سېغىز** II ئى ① كەمپىتنىڭ بىر تۈرى، ئۇ مانىلكارا دەرىخى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان يېلىم ماددىسىغا شېكەر ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ: ئۇ بوغچىسى بار خوتۇنغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە ئاغزىدىكى چايناۋاتقان سېغىزنى كۆپتۈرۈپ «پاق» قىلىپ ئېتىلدۇرۇپ، يەنە چاينىشنى داۋام قىلدى. ② قارىغاي دېرىقىنىڭ قاتقىنى، قارىغاي سېغىزى.

**سېغىزغان** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تۇمشۇقى ئۇچلۇق، قۇيرۇقى ئۇزۇن، تېنىنىڭ كۆپ قىسمى قارا، تارغاق ۋە قورساق قىسىملىرى ئاق كېلىدۇ. غاقىلداپ سايرايدۇ.

**سېغىزلىق** ① سۈپ. سېغىزى، سېغىز توپىسى بار: ئۇنىڭغا ئۆزى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان قومۇشلۇقتىن ئېگىز تۇرغان سېغىزلىق يار بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. * بوران ئاستا-ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. سائەت ئۈچكە يېقىن ماشىنىلار سېغىزلىق ئېرىتمىنى يەتكۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى. ② ئى. سېغىز توپىلىق يەر: قاغا ئۆلە-تىرىلىشـگە قارىماستىن، ئىزلە-ئىزلە بىر سېغىزلىقنى تېپىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سېغىز توپىغا قاراپ: — سېغىز ئاداش، بەرسەڭ سېغىز، ئېتەي كوزا، تارتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلاينى يەپ، بولاي سېمىز، — دەپتۇ.

**سېغىشماق** «ساغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سېغىنچى ئاياللار كالىلىرىنى سېغىشىپ، سۈتلىرىنى پىشۇرۇشۇپ تەخ بولۇپ تۇرۇشقانىدى.

**سېغىق** سۈپ. سېغىلغان، سېغىپ قويۇلغان: سېغىق سۈت.

**سېغىقسىز** سۈپ. سېغىلماي قالغان، تېخى سېغىلمىغان: — ئەزان ئېيتقىلى نەكەم! پىتلىرىڭدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيۋاتسەن ھوي پاسكىنا! تۇر ئوچاقنىڭ كۈلى، ئۆيلەرنىڭ يۇندىسى، سېغىقسىز سىيىرلار تېخى تۇرۇپتۇ، — دەپ كايىدى ھېلىقى ئايال.

**سېغىلماق** «ساغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارىسىڭىز يېڭى سېغىلغان سۈتلەر بېسىلغان ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، نەي چېلىپ مەھەللىگە كىرىپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرىسىز.

**سېغىن** سۈپ. سېغىلىدىغان: سېغىن سىيىر. سېغىن ئىنەك. سېغىن ئۆچكە. * يىغىندا بىزنىڭ پادىچى قىزىمىز گۆھەر سۆز ئېلىپ، دۆينىڭ سېغىن كالىلارنى بېقىشنىڭ ئەزالارنىڭ، باللارنىڭ سۈت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پايدىسىنى، دۆيگە بولىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئەزالارغا ئىنچىكە ھېسابلاپ كۆرسەتتى.

**سېغىن سىيىر** سۈت مەھسۇلاتى ئادەتتىكى سىيىرغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدىغان، مەخسۇس سۈت ئېلىش ئۈچۈنلا بېقىلىدىغان سىيىر؛ سۈت كالىسى: گوڭشې ئۇنىڭغا ئون نەچچە تۇياق ئۇششاق مال، سېغىن سىيىر قالدۇرۇپ، قالغىنىنى ھېسابلاپ ئېلىپتۇ.

**سىغىن ئۆچكە** سۈت مەھسۇلاتى ئادەتتىكى ئۆچكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولغان، مەخسۇس بېقىپ سىغىپ ئىچىدىغان ئۆچكە، سۈت ئۆچكىسى: ئۇنىڭ مەلۇم ئارقا كوچىدا ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ھەم چاققانغىنە ھويلىسى بار بولۇپ، ئايالى، كىچىك ئىككى بالىسى ۋە سىغىن ئۆچكىسى بار ئىدى.

**سىغىن ئىنەك ← سىغىن سىيىر:** دادىسىدىن ئۇنىڭغا بىر چوڭ ھويلا، ئۈچ سىغىن ئىنەك قاتارلىقلار قالغانىكەن.

**سىغىنچىچەك** ئى (سىغىن+چىچەك) <بوت> ئاقچىچەك ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىلدە كېلىدۇ. گۈلى ئاق ۋە كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىمدە جايلىشىدۇ. غوزىلىق مېۋىسى شار شەكىلدە، پىشقاندا بەش كە يېرىلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇپ ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**سىغىنچى** ئى. سۈت ساغىدىغان كىشى: ئۇ سۈت فېرمىسىنىڭ سىغىنچىسى. // سىغىنچى قىزلار.

**سىغىندۇرماق** «سىغىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىغىنماق** پ ① ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يېگۈسى، يېقىن كىشىسىنى، يۇرت، ۋەتىنىنى ناھايىتى بەك كۆرگۈسى كەلمەك؛ سىغىنىش ھېس قىلماق: ئۇ چولپاننى گويا نەچچە يىللاپ كۆرمىگەندەك قاتتىق سىغىندى. * مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئادىمزات نەسلىدىن پەقەت سىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم. ئاتا-ئانامنى تولىمۇ سىغىندىم. * ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يېزا ھاياتىنى سىغىناتتى. * مېھمان لەگمەننى ھەققەتەن بەك سىغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، كەينى-كەينىدىن ئىككى تەخسە ئاشنى پاك-پاكىز يەۋەتكەندىن كېيىن بىر چىنە مەنتاگىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ يەنە پاراڭغا چۈشتى. * قاچانكى، ئىش بىلەن يىراق يەرلەردە يۈرگىنىمدە، ئۇ نەيىنىڭ ئاۋازىنى سىغىنىدىغان بولدۇم. ② ياد ئەتمەك، چوڭقۇر ئەسلىمەك: ئۇ، سۇ ئورنىغا، ئاللانى سىغىنىپ بىر يىغلىغانىكەن، بىر پىيالە ياش چىقىپتۇ، يېشىنى بېرىپتۇ. ئاخىرى يەر ئۈستىگە سالامەت ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ③ كۆچمە. ئېتىقاد قىلماق، چوقۇنماق؛ ئىشەنمەك؛ باش ئۇرماق: ئۇيغۇرلاردا ئاتقا چوقۇنۇش، ئات ئىلاھىغا سىغىنىشتەك ئېتىقادلارمۇ بارلىققا كەلگەن. * — ئاللا ئۆزىگە سىغىنغان بەندىلىرىنى ھەرقاچان ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى بوۋاي. ④ كۆچمە. پانالانماق؛ تايانماق: «ئاپلا بۇ راست گەپ ئوخشىمامدۇ، شەھەردىمۇ شۇ گەپ، تاغدىمۇ شۇ گەپ. مۇبادا، بېيجىڭ خان راستىنلا موللاق ئېتىپ كەتكەن بولسا، چىڭ گاڭ غوجامنىڭ ھالى نېمە بولار؟ ئۇ چاغدا، مەن كىمنىڭ ھىمايىسىگە سىغىنارمەن؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ.

**سىغىنىش** ① «سىغىنماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى. سىغىنىپ ئىنتىزار بولۇش ھېس-تۇيغۇسى: زىلەي ياشلىق چاغلىرىنى، تۇنجى قېتىم ئەختەمگە مۇھەببەت رىشتىسى باغلانغان پەيتلەرنى سىغىنىش بىلەن ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. * دوستلار قۇچاقلاشتى، ئۇلارنىڭ سىغىنىش سۆزلىرى تۈگىمەيتتى.

**سىغىنىشلىق** سۈپ. سىغىنىش بىلەن تولغان، سىغىنىشنى ئىپادىلەيدىغان: سىغىنىشلىق سالام خەت. * مەن سىلەر ئارقىلىق ئۆيدە ئىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە چوڭقۇر سىغىنىشلىق سالام يوللايمەن.

**سىغىنشماق** « سىغىنماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىركۈنى يەنە خۇدانى سىغىنىشىپ قالدۇ. * ئەمدى ئۇنىڭغا ئادىل بىلەن خۇشال ئۆتكەن ھەرقانداق بۇرۇنقى كۈنلەر، سىغىنىشىپ خەت كۆتۈپ ئۆتكۈزگەن يىراقتىكى كۈنلەرلا ئەمەس، بەلكى كۆڭلىنىڭ قېتىدا ئۇنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ھەققىدە شېئىر يېزىپ ئۆتكەن كۈنلەرمۇ مەنىسىز، بىمەنە كۆرۈندى.

**سىغىنغاق** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك، بېشى يېشىل، تۇمشۇقى قىزىل، گال ۋە پۇتى سېرىق، پوكىنى سارغۇچ كېلىدۇ. ئادەتتە بېقىلىدۇ.

**سىفىي** ئى (ئېپوپېيچە) <ئاستر> ← **سىفىي يۇلتۇز تۈركۈمى.**

**سىفىي يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئالەم قۇتۇبىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 22 سائەت 30 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 70°، يەنى ئاق قۇ يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا، كاسسىئوپىيە يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

**سىكانس** ئى (ر<لات) <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، يانتۇ تەرەپنىڭ مەلۇم بىر تار بۇلۇڭغا قوشنا بولغان تەرەپكە نىسبىتى. ئادەتتە « sec » بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن،

$\mathrm{Sec}\ B=\frac{c}{a}$ ياكى $\mathrm{Sec}\ A=\frac{c}{b}$

**سىكتور** ئى (ر<لات) <مات> بىر ياي بىلەن شۇ يايىنىڭ ئۇچلىرىدىن ئۆتكەن ئىككى رادىئۇستىن ھاسىل بولغان گېئومېترىيىلىك شەكىل.

**سىكرېتار** ئى (ر<فران) كونا ← **شۇجى.**

**سىكسئۇل** ئى. دىئال. سۆكسۆك.

**سىكىل** ئى (ر<گرېك) <ئەد> بىر-بىرىگە باغلىق بولغان بىرقانچە ماۋزۇلار ئاستىدىكى مەزمۇنداش ئەسەر ياكى شېئىرلارنىڭ چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە؛ چاتما شېئىر.

**سىكۇنت** مىق (ر<لات) ① بىر مىنۇتنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى: بىر سىكۇنت. ئۈچ سىكۇنت. * ئۆزىنى ئۆزى سۆيۈش تۇيغۇسىنى پەقەت بىرنەچچە سىكۇنتلا داۋام قىلدى. * سىكۇنت ساناپ يەم بىلەن، پەيتنى تازا ھېسابلاپ. پارتلىغۇچنى ئېتىپلا، يوشۇرۇندۇم دوملاپ. ② <مات> بىر مىنۇتنىڭ 60 تىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ياي ياكى بۇلۇڭ ئۆلچەم بىرلىكى. ③ <جۇغ> بىر مىنۇتنىڭ 60 تىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان كەڭلىك ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سىكۇنتلىق** سۈپ. سىكۇنت كېلىدىغان، سىكۇنت داۋام قىلىدىغان: بىر سىكۇنتلىق ۋاقىت. * لېكىن ھوشيار تۇرغىن ھەر مىنۇت، ئەگرى يولنىڭ تۇزاقلىرىدىن. مەست بولمىغىن زەھەرلىك ئوتنىڭ بىر سىكۇنتلىق پۇراقلىرىدىن.

**سىكۇندومېر** ئى (ر) ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئارىلىقىنى سىكۇنتلار بىلەن ئۆلچەيدىغان شەكلى سائەتكە ئوخشايدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**سىكلەك** I ئى ① قىزلارنىڭ ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىرقانچە چېچى: سارايدا چىرايلىق كىيىنگەن، سىكلىكى بار قىزلار ئېگىلىپ سۇتۇقنى قارشى ئالدى. ② ئەرگە چىققان قىزلارنىڭ جۈۋان بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا چېكىسىنىڭ ئىككى تەرەپىگە ئۇزۇن قىلىپ قويۇۋالغان ماڭلاي چېچى: ئۇ ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرغان ھالقا-ھالقا سىكلەكلىرىنى بىرلا سىلكىپ بېشىنى كۆتۈردى.

* سىكىلەكلىرى قىزلارنىڭكىدەك پىشانىسىگە چېچىلغان، خۇش خۇي، تونۇش چوكان قىزنىڭ ئەركىلىتىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاستا تۇتۇپ يۆيۈپ قويدى. ③ ئوغلى تۇرمىغان كىشىلەر-نىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن يالغۇز ئوغلىنى كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، بېشىنىڭ سول تەرىپىگە قويۇپ قويىدىغان بىر ئۆرۈم چاچ: ئاكام يالغۇز ئوغلىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن مازارغا ياغ يۈرىتىپ، بېشىنىڭ سول تەرىپىگە بىر ئۆرۈم سىكىلەك قويدى. ④ يېڭى توي قىلغان، توي قىلىپ بالىلىق بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى چوكان: — يۈرسىلە ئەمىسە، ئۆيىمىزنى تاپايلى، — دەپ ھېلىقى سىكىلەك قولۇمنى تۇتۇپ قازىخانىدىن سۆرەپ چىقتى. * شۇ يىلى ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ يېزىمىزغا باردىم. مېنى يۇرتداشلىرىم ئۆي بېسىپ مېھمان قىلدى. قايتار ۋاقتىمدا ھېيىزەم سىكىلەكنىڭ يولدىشى چاقىردى. * گۈل ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن جېنى نازۇك كېپىنەك، بىزنى مۇنچە كۆيدۈرگەن، بېلى نازۇك سىكىلەك. ⑤ كۆچمە. سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان يۇمران نوتىسى: بوران تېخىمۇ ئەدەپ، ئاپئاق ئاقارتىلغان دوختۇرخانىنىڭ يېشىل سىرلانغان قوش قاناتلىق ئىشىكىنى قاتتىق جاراڭلىتىپ، ئۈزۈم باراڭلىرىنى غاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، دەرەخ سىكىلەكلىرىنى تارتىپ ئۈزۈپ كەتتى. * ئېلى باغچىسىنىڭ ئىچى بەك سالقىن، يوللارغا سىكىلەك پايغان مەجنۇنتال، قەلبىمدە بېسىلغان ھاياجان، دولقۇن يۈزۈمنى سىيلاپ ئۆتىدۇ شامال.

**سىكىلەك چاچ** ئاياللار ئىككى چېكىگە چۈشۈرۈپ قويۇۋالىدىغان قىسقا چاچ: زەيتۇنەم ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن سىكىلەك چاچلىرىنى تۈزەپ، مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قويدى.

**سىكىلەك** II ئى. پۈزا.

**سىكىلەكلىك** ① سۈپ. سىكىلىكى بار، بېشىغا سىكىلەك چاچ قويۇۋالغان: سىكىلەك-لىك قىزلار. * تاملاردا قارلىق چوققىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىل تاغ باغرىدىكى كەڭ باغلار، ئەر-ئاياللار سازچىلار، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان، چىرايلىق كىيىنگەن، ئۇزۇن چاچ، كالتە سىكىلەكلىك قىزلار نازلىق جىلۋە بىلەن مېھمانلارغا قارايتتى. * ئۆرۈۋاپسەن ئىككى تال سىكىلەكلىك چېچىڭنى. ئالتۇن بىلەن قاپلاپسەن بىر جۈپ ئۇدۇل چىشىڭنى. ② ئى. ئاياللارنىڭ سىكى-لەك چېچى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى: خۇمارخان سىكىلەكلىكىدە شوخ ۋە چىرايلىق ئىدى.

**سىكىن** رەۋ. يېز ت. ئالدىرىماي، ئاستا: ماشىنىلار ئاستا، سىكىن ئۆتمەكتە.

**سىگمېنت** ئى (ر<لات) <مات> بىر ياي بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى خوردىدىن ھاسىل بولغان شەكىل.

**سىلتىز** ئى (لات) <بوت> ← **سىلتىز دەرىخى.**

**سىلتىز دەرىخى** <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ. گۈلى كىچىك ۋە ئاچ سېرىق بولۇپ، مېۋىسى يۇمىلاق قارا، ئۇچلۇق. ياغىچىدىن سايمان-جابدۇقلار ياسىلىدۇ.

**سىلىسىيە** ئى. شىۋېدسىيىلىك ئاسترونومىيە ئالىمى.

**سىلىسىيە شكالىسى** <فىز> كۆپ ئىشلە-تىلىدىغان بىر خىل تېمپېراتۇرا شكالىسى. بۇنىڭدا، سۇنىڭ ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدىكى مۇزلاش نۇقتىسى 0 گرادۇس،

قايناش نۇقتىسى 100 گرادۇس قىلىپ بەلگىلەنگەن. 0 گرادۇس بىلەن 100 گرادۇس ئارىلىقى 100 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بۆلەك بىر گرادۇسقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ «°C» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شكالىنى شۋېدسىيىلىك ئاسترونومىيە ئالىمى سېلسىئۇس ( Anders Celsius ) كەشىپ قىلغاچقا، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**سىللوفان** ئى (ر<لات+گرېك) <خىم> ئەينەك قەغەزنىڭ بىر خىلى. رەڭسىز، سۈزۈك ۋە پارقىراق بولۇپ، سېللىيۇلوزا ناترىي گىدروكسىد بىلەن كاربون سۇلفىد ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان سۇيۇقلۇقنى تار تۆشۈكچىلەردىن ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنى ھەر خىل رەڭدە بويىغىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ نەرسە-كېرەكلەرنى ئوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىللىمانىت** ئى (لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىۋى تەركىبى $Al_2SiO_5$. يانتۇ ياقىلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى يىڭنە شەكلىدە. رەڭگى كۈل رەڭ، ئاچ قوڭۇر ۋە ئاچ يېشىل كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 7، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.23 ～ 3.25. ئادەتتە ئالىي دەرىجىلىك ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**سېللىيۇلوزا** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $(C_6H_{10}O_5)n$. ئۇ ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىسىنىڭ پوستىنىڭ ئاساسلىق تەركىبي قىسمى، پاختا تالاسى تەركىبىدە مىقدارى ئەڭ كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆكتات، مېۋە-چېۋە تەركىبىدىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئاساسلىقى قەغەز، پىروكسىلىن ۋە سۈنئىي تالا قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېللىيۇلوزا ئاتسېتات** <خىم> سېللىيۇلوزىنى سىركە كىسلاتا ئانگىدرىت ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان بىر خىل سۈنئىي تالا. ئادەتتە توقۇمۇچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يەنە ئىزولياتور ماتېرىيالى قىلغىلىمۇ بولىدۇ.

**سېللىيۇلوئىد** ئى (ر<لات+گېرېك) <خىم> سۇلياۋنىڭ بىر خىلى. نىترو سېللىيۇلوزا بىلەن نافتالىننىڭ ئارىلاشمىسىنى قىزدۇرۇپ سۇيۇقلاندۇرۇش ھەمدە ئۇنى مېخانىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. رەڭسىز، سۈزۈك، ھەر خىل رەڭدە بويىغىلى بولىدۇ. ئاسان كۆيىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن كىنو لېنتىسى، ئويۇنچۇق ۋە مەدەنىي بۇيۇملار ياسىلىدۇ.

**سېلېستىن** ئى (ر<لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىۋى تەركىبى $SrSO_4$. ئاچ كۆك ياكى ئاق رەڭلىك كرىستال، سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ، چۈرۈك بولىدۇ. ئەينەك ياكى ئۈنچە پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئادەتتە سترونتسىي ۋە ئۇنىڭ تۇزلىرىنى ئېلىشتىكى مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**سېلىترا** ئى (ر<لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىۋى تەركىبى $KNO_3$. رەڭسىز، ئاق ياكى كۈل رەڭ كرىستال بولۇپ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن پارتلىغۇچ دورا ياسىلىدۇ ياكى ئۇ ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**سىلىشتۇرغۇچى** ئى ① بېسىلىپ چىقىلغان ئورىگىنالنى ئەسلىدىكى نۇسخىسى بىلەن

قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان ئادەم؛ كوررېكتور. ② بىرەر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزئارا پەرقى ياكى ئوخشاشلىقىنى تاپىدىغان كىشى.

**سېلىشتۇرغۇسىز** سۈپ. سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان؛ تەڭلەشتۈرگۈسىز، تەڭداشسىز، مىسلىسىز: مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئالغىنى ئۇنىڭ ئۇلارغا قوشقان ھەسسىسىدىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كۆپ بولىدۇ. * درامىنى قانداق باشلاش جەھەتتە يولۇقىدىغان قىيىنچىلىق پروزا ئەسەرلىرىنى باشلاشتا يولۇقىدىغان قىيىنچىلىققا قارىغاندا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە چوڭ بولىدۇ.

**سېلىشتۇرما** ① ئى. ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان بىرەر ئىش، نەرسە ياكى مەسىلە قاتارلىقلار: كۈچ سېلىشتۇرمىسى. روشەن سېلىشتۇرما. * ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما ئۇنىڭ قەلبىدىكى نەپرەت يالقۇنىغا ماي چاچقانىدى. * يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرما ئارقىلىق شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى كاپالەتلەندۈرىدىغان خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى بىلەن بۇرژۇئازىيە تەرغىپ قىلغان دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھوقۇقى ماھىيەت جەھەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ② سۈپ. ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان، سېلىشتۇرۇشقا ئاساسلانغان، سېلىشتۇرۇشقا ئاساس بولىدىغان، سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان: سېلىشتۇرما گراماتىكا. سېلىشتۇرما ئېغىرلىق. * سېلىشتۇرما كۆزىتىش ئېلىپ بارغاندا توغرا يېتەكچى رولغا ئىگە تىل ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى سېلىشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

**سېلىشتۇرما ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ> ئەقلىي خۇلاسىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئىككى خىل شەيئىنىڭ مەلۇم بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ باشقا بەلگىلىرى ئۈستىدە قىياسەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. مەسىلەن، نۇر بىلەن ئاۋازنىڭ ھەر ئىككىسىدە تۈز سىزىق بويىچە تارقىلىش، قايتىش، سۇنۇش ۋە كاشىلا پەيدا بولۇش قاتارلىق ھادىسىلەر بولىدۇ، ئاۋاز دولقۇن ھالىتىدە بولغاچقا، نۇرنىمۇ دولقۇن ھالىتىدە دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

**سېلىشتۇرما باھا** <مال> → **ئۆزگەرمەس باھا.**

**سېلىشتۇرما دەرىجە** <تىل> → **كېمەيتمە دەرىجە.**

**سېلىشتۇرما قارشىلىق** <فىز> جىسىملارنىڭ توك ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان فىزىكىلىق مىقدار. سېلىشتۇرما قارشىلىق قانچە كىچىك بولسا، جىسىملارنىڭ توك ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**سېلىشتۇرما نەملىك** <مېتېئور> قۇرۇق ھاۋا بىلەن پاردىن تەركىب تاپقان نەم ھاۋادىكى پارنىڭ ماسسىسى بىلەن ھاۋا ماسسىسىنىڭ نىسبىتى.

**سېلىشتۇرما ئېغىرلىق** <فىز> ماددىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوخشاش ھەجىمدىكى ساپ سۇنىڭ 4°C تىكى ئېغىرلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان نىسبەت قىممىتى. مەسىلەن، ئالتۇننىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 19.3، سىمابنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 13.55.

**سېلىشتۇرماق** پ ① ئىككى خىل ياكى كۆپ خىل شەيئىلەرنى ئۆزئارا تەڭلەشتۈرمەك: ئاخىرىدا مەكتەپ بويىچە بالىلارنى

سەپكە تىزىپ سالامەتلىك تەكشۈرۈپ سېمىز-ئورۇق، كۈچلۈك-ئاجىز ۋە ئېگىز-پاكارلارنى سېلىشتۇرۇپتۇ. * جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا قارىغاندا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تېز بولىدۇ. * گۈلخان قىزنىڭ ئىشىنى، سېلىشتۇردۇم ئۆزۈمگە. ئىسسىقىنا ياش كەلدى، خىجىللىقتا كۆزۈمگە. ② نەشرىياتچىلىقتا بېسىلىپ چىققان ياكى تەرجىمە قىلىنغان ماتېرىياللارنى ئەسلىدىكى ئورىگىنال بىلەن بىر يەردە قويۇپ تەكشۈرمەك: تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرماق.

**سېلىشتۇرۇش** ① «سېلىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <تىل> بىر شەيئىي توغرىسىدىكى بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى نەرسىنى، ئۇقۇمنى (چۈشەنچىنى) ياكى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل شەيئىنى بىر يەرگە قويۇپ تۇرۇپ بايان قىلىش، تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، توغرىنى تېخىمۇ توغرا، خاتانى تېخىمۇ خاتا قىلىپ كۆرسىتىپ، كىتابخانلارنىڭ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە.

**سېلىشتۇرۇلماق** «سېلىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرىدا مەكتەپ بويىچە باللارنى سەپكە تىزىپ سالامەتلىك تەكشۈرۈلۈپ سېمىز-ئورۇق، قاۋۇل-ئاجىز ۋە بويى ئېگىز-پاكارلار سېلىشتۇرۇلۇپتۇ. * چىنلىق، گۈزەللىك، ياخشىلىق ھەممىشە ساختىلىق، سەتلىك، رەزىللىك بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

**سېلىشماق** «سالماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پىچاق سېلىشماق. پاراڭ سېلىشماق. * دېۋانىلەر سامسىلارنى يېمەي قويۇنلىرىغا سېلىشتى. * ساقچىلار ئۇلارنىڭ بىر قولىنى دولىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ، يەنە بىر قولىنى تۆۋەندىن ئارقىسىغا قىلىپ بىر يەرگە كەلتۈرۈپ كويزا سېلىشتى.

**سېلىق** I ئى ① ئاھالىلەردىن مەلۇم تەرتىپتە ھۆكۈمەتكە تۆلىنىدىغان پۇل، مەبلەغ قاتارلىقلار: سېلىق سالماق. سېلىق يىغماق. سېلىق تاپشۇرماق. * — ھۆكۈمەت سېلىق ئالغىلى يۇرتىمىزغا لەشكەر ئەۋەتكۈدەك، سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىساق ماڭىمۇ كۈن يوق، — دېدى ئابلىز قارىي. * بۇلۇت ئەگىسە تاغنى، جۇدۇن بولىدۇ پات-پات. ئالۋان سېلىقى ئاشتى، پۇقرا ئىچىدە قات-قات. ② كۆچمە. ئېغىرچىلىق، يۈك: ئائىلە سېلىقى. * شۇنىڭ بىلەن كادىرلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى، دېھقانلارنىڭ سېلىقى يېنىكلەشتى. * ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا مۇۋاپىق ھەق بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خادىملارنى قىسقارتىپ ئاممىنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ③ ئۆزئارا كېلىشىلگەن ياردەم ياكى خىراجەت ئۈچۈن توي قىلىش ئۈچۈن، يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان پۇل ياكى مەبلەغ، تۆلەم: توينىڭ سېلىقى. * ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىغا ئەمدىلا بىر يىل بولغانىدى. بىر يىل ئىچىدە تۆككەن تۆگۈچى كامال كېچاڭنىڭ توي سېلىقى داۋىنىنى بويلىيالمايتتى.

**سېلىق سالماق** ھەر خىل سېلىقلارنى ئورۇنداش مەجبۇرىيىتىنى ئارتماق: ئۇ ئابلىز قارىيدىن: «كېچىسى جۇۋىلىرىغا چۈشكەن كۆيە سىلىنى ئۇخلاتمىسا، سىلى جۇۋا قېقىپ بىزنى ئۇخلاتمىسىلا، ئونبېشىلىرى سېلىق سېلىپ پۇقرانى ئۇخلاتمىسا، بۇ زادى نېمە گەپ؟»

دەپ سورىدى. * — بىزنىڭ ئۆيلەپ تاپقىنىمىز ئەزالارغا ئوغۇت سىلىقى سىلىش، بىر ئائىلىگە ئون كۈبمېتر ئوغۇت سىلىق سالىمىز، — دېدى ئىبراھىم شۇجى كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ.

**سىلىق II** سۈپ. سىلىنغان ھالەتتىكى، سىلىنغان، سىلىقلىق: قاپىقى سىلىق ئادەم. * بوۋاينىڭ قاپىقى سىلىق، چىرايى تولۇق ئىدى.

**سىلىقلىق** سۈپ. سىلىنغان ھالەتتىكى، سىلىنغان، سىلىپ قويۇلغان: ئۆي سىلىقلىق. كىگىز سىلىقلىق. * ئەكبەر باللارنىڭ سىلىقلىق تۇرغان كىيىملىرىنى قولىغا ئېلىپ بىرمۇبىر كۆردى. كىيىملەرنىڭ كىيگۈچىلىكى يوق ئىدى. * ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى ياتقۇدەك ئورۇن بوش بولۇپ، ئاتىنىڭ توقۇمچىلىق بىر پارچە يىرتىق كىگىز سىلىقلىق ئىدى. * مەن ئالدى بىلەن قۇلۇپ سىلىقلىق تۇرغان دەرۋازىنىڭ يېنىغا باردىم. * جەنۇبىدا قىشلاق ساي، شۋاق ئۆسكەن ئېدىرلىق. جىلغىلاردا كۈنگەي-گە، ئېغىل، قوتان سىلىقلىق.

**سىلىك** سۈپ. ئاز، كەم: سىلىك سۇ يىلى.

**سىلىك سۇ يىلى** <سۇ> گىدرولوگىيىلىك يىللار ئىچىدىكى سۈيى كەم بولغان يىل.

**سىلىكمەك** پ ① جىددىيلىكى تۈگىمەك، ئازايماق؛ شالاڭلىماق: مەن ئۆينىڭ ئىشلىرى سىلىككەندىن كېيىن سىرتقا چىقتىم. * ئاپتوموبىل-پىكاپلارمۇ يىلدىن-يىلغا سىلىكىپ، 1978-يىلغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى. * ھازىر كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان داستىخانلار سىلىكىپ قالدى دېسەكمۇ بولىدۇ. ② بوشىماق؛ پەسەيمەك: بوران بىرئاز سىلىكىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. * مېنىڭ قايتىپ كەلگەن ۋاقتىم باشقىلارنىڭ چۈشلۈك تاماققا كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەچكە، ئىش مەيدانىدىكى «تاراق-تۇرۇق» ئاۋازلار سىلىكىپ، جىملىققا ئايلانغانىدى.

**سىلىم** ەرق. بىر قېتىم سىلىشقا بولىدىغان، بىر قېتىم سىلىشقا يېتىدىغان: بىر سىلىم چاي. * بىر سىلىم تاماكىنى يارىم ئەۋەتىپتۇ ماڭا. ئىچىمگە چوغنى سىلىپ، داغلاپ ئەۋەتىپتۇ ماڭا.

**سىلېن** ئى (ر<گرېك) <خىم> مېتاللويىد ئېلېمېنت. بەلگىسى Se ( selenium ). كرىستال ھالىتىدىكىسى قارا، كرىستال ھالىتىدە بولمىغانلىرى توق قىزىل كېلىدۇ. كرىستال ھالىتىدىكىسىنىڭ توك ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتى نۇرنىڭ يورۇتۇش كۈچلۈكلۈكىنىڭ ئارتىشى ياكى كېمىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ فوتو ئېلېمېنت، يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك كرىستال لامپا قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىلىنجا** (توغرىسى: سىلىنچا) ← سىلىنچا.

**سىلىنچا** ئى. ئولتۇرغاندا، ياتقاندا ئاستىغا سالىدىغان كىگىز، كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەر: ھەممىسىنىڭ كىيىملىرى يېڭىلىك ئىدى، بۇ كىيىملەرنى بەزىدە سىلىنچا، بەزىدە يېپىنچا قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئازگاللاردا يېتىشتى. * نۇزۇگۇم گۇناھسىز سۇرگۈنلەر قاتارىدا داق يەرنى سىلىنچا، بۇلۇتنى يېپىنچا قىلىپ، دەشت-باياۋانلارنى كېزىپ، ئېگىز داۋانلاردىن ئېشىپ ئىككى ئايدىن ئارتۇق پىيادە يول يۈردى.

**سىلىنچى** (توغرىسى: سىلىنچا) ← سىلىنچا.

**سىلىنماق** «سالماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز سۇ سېپىلىپ، پاكىز كۈچا كىگىزى سىلىنغان سۇپىغا ئولتۇرۇشتۇق. مېنىڭ ئاستىمغا يېپەك كۆرپە سىلىنغانىدى. * ئۇلارنىڭ ئۆيى خام كېسەك بىلەن سىلىنغان

تار ئۈچ ئېغىز ئۆي ئىدى. * تۆمۈر قەپەسكە قوش مۈشتتەك يوغان قۇلۇپ سېلىنغانىدى. * ئادەتتە چىنىدەك پاكىز تۇرىدىغان ھويلىغا سۈپۈرگە سېلىنمىغان، كەچ كۈزنىڭ غازاڭلىرى ھويلىنى بىر ئالغانىدى. * بۇددا كىتابلىرى ھىندىستاندا ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلاتتى ۋە مۇزىكا تەڭكەش قىلىناتتى. * شۇ كۈنى كەچتە ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ئوكۇل سېلىندى.

**سېماسىئولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ سۆز ۋە سۆز-ئىبارىلەر مەنىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆگىنىدىغان ھەم ئۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى. «سېمانتىكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سېمانتىكا** ئى (ر<گرېك) <تىل> ← سېماسىئولوگىيە.

**سېمانتىكىلىق** سۈپ. سېمانتىكىغا، سۆز مەنىسىگە ئائىت: سېمانتىكىلىق ئانالىز.

**سېمونت** ئى (ر<لات) <بىن> بىر خىل مۇھىم قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. كۈل رەڭ ياكى قوڭۇر رەڭدىكى پاراشوك بولۇپ، ھاك تاشنى كۆيدۈرۈپ ئۇنى سېغىز قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ماشىنىدا ئۇۋۇتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇنى سۇ، قۇم ۋە شېغىللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بوتقا ھالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن قۇرۇتسا، يېپىشىپ ناھايىتى مۇستەھكەم تاش بولۇپ قاتىدۇ. ئۇنىڭ قۇم قوشۇلغان ئارىلاشمىسى تاملارنى سۇۋاش، قۇيۇش ۋە بېتون قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: سېمونت تام. سېمونت زاۋۇتى.

**سېمونت لاي** <بىن> سېمونتقا قۇم، سۇ، ھاك، سېغىز قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېتىلگەن لاي. تام قوپۇرۇش، سۇۋاش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېمونت لاي ماشىنىسى** <بىن> سېمونتتىن لاي ئېتىدىغان ماشىنا.

**سېمونتلاتماق** «سېمونتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سېمونتلاشماق** «سېمونتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سېمونتلانماق** «سېمونتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆينىڭ تاملىرى سېمونتلاندى.

**سېمونتلىماق** پ. سېمونت بىلەن سۇۋىماق، سېمونت ياتقۇزماق: ئۇلار ئۆينى سېمونتلاپ بولدى.

**سېمونتلىنىش** ① «سېمونتلانماق» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② ئى <گېئول> بوش چۆكۈندى جىسىملارنىڭ چاپلىشىپ، قاتتىق جىنىسقا ئايلىنىش جەريانى.

**سېمىز** سۈپ ① بەدىنىگە جىق ئەت قونغان، گۆشلۈك: سېمىز ئادەم. سېمىز بالا. * شۇ چاغدا چىرايلىق كىيىنگەن سېمىز بىر كىشى جامائەتكە قاراپ تۇۋلاپتۇ. * ئېچىلىپ تۇرغان ئىشىك ئارقىلىق ئۇزاقتىن سېمىز ساقچى باشلىقىنىڭ پەلتۇسىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ تۇرغان خىزمەتكار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. // ئوتتۇرا بوي، سېمىزرەك كەلگەن ياقۇپ مۇدىر ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئېچىلغان ماتېماتىكا سىنىپى ھەققىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى. ② ماي ۋە گۆشى جىق، سەمرىگەن (ھايۋانلار ھەققىدە): سېمىز قوي. سېمىز گۆش. سېمىز كالا. * سېمىز ئاتلار قۇلاقلىرىنى شىنتايتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قارىشاتتى. * ئۇ دادام بىلەن قادىر ئاكا باشلىق بىرنەچچە كىشىنى تاغدىن سېمىز قويلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

**سېمىزلىك** «سېمىز» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلی: ئىلىيار خوجىنىڭ سېمىزلىكىدىن ئاتىنىڭ بېلى ئېگىلىپ تۇراتتى. * ئۇ سېمىزلىك-تىن ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ يولنى ئاۋۇتالمىدى. * ئۇنىڭ يۈزلىرى چىڭقىلىپ، گۆرەنلىرى كۆپۈپ، تومۇرلىرى تېشىغا تەپكەن، سېمىزلىكتىن كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

**سېمىزئوت** ئى (سېمىز+ئوت) <بوت> سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كىچىك ۋە تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، رەڭگى سېرىق. غول ۋە يوپۇرمىقىنى يېگىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇپ، ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك. ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش ۋە تولغاقنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**سېنارىيە** ئى (ر<ئىتال) كىنوچىلىقتا فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان بەدىئىي ئەسەر: كىنو سېنارىيىسى. * نەشرىياتىمىز يېقىندا ئۇنىڭ «ئۈچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق سېنارىيە، پوۋېست ۋە ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلغانىدى.

**سېنارىيىچى** ئى. سېنارىيە يازىدىغان كىشى ياكى ئەدىب، سېنارىيە يازغۇچىسى.

**سېنارىيىلەشتۈرمەك** پ. رومان، ھېكايە ۋە باشقا ئەسەرلەرنى سېنارىيە تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتمەك، سېنارىيە شەكلىگە كەلتۈرمەك: رومانىنى سېنارىيىلەشتۈرمەك. ھېكايىنى سېنارىيىلەشتۈرمەك.

**سېنارىيىلەشتۈرۈلمەك** «سېنارىيىلەشتۈر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەر سېنارىيىلەشتۈرۈلدى. * چاتما رەسىمدە ئەدەبىي ئەسەر، ھېكايە ياكى رىۋايەت تۈرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىنىپ، ئىخچام خەتلەر بىلەن سېنارىيىلەشتۈرۈلۈپ ئاندىن رەسىملەشتۈرۈلىدۇ.

**سېنتاۋر** ئى (ر<لات) <ئاستر> ← **سېنتاۋر يۇلتۇز تۈركۈمى.**

**سېنتاۋر يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> جەنۇبىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 13 سائەت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 47°، يەنى سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ جەنۇبىغا، ئەقرەب يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

**سېنتەبىر** ئى (ر<لات) مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە توققۇزىنچى ئاي: بەشىنچى سېنتەبىر. * بۈگۈن شەنبە، ھاۋا خېلىلا ئىسسىق، سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. * سېنتەبىرنىڭ شاملى، دېرىزىدىن كىرگەچكە. ئويناپ كەتتى يۈرىكىم، خۇشاللىقتا چۆمگەچكە.

**سېنتىر** ئى (ر<لات<گرېك) <تەن> ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق توپ مۇسابىقىلىرىدا ئوتتۇرىدا ئوينايدىغان ھۇجۇمچى.

**سېنتنېر** مىق (ر<لات) مېتىر سىستېمىسىدىكى 100 كىلوگرامغا تەڭ بولغان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سېنتىمېنتالىزم** ئى (ر<فران) <ئەد> 18-ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپا بۇرژۇئا ئاقارتىش ھەرىكىتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىۋى ئېقىمى. ئۇنىڭدا ئىچكى ھەرىكەت، تەبىئەت مەنزىرىسى، ھېسسىيات ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن شەخسنىڭ روھىي ھالىتى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش تەكىتلىنىدۇ.

**سېنكا** ئى (ر) گەزمال، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان

كۆكۈچ بوياق: ئۆينى ھاكلىغاندا، چىلىغان ھاكقا ئازراق سىنكا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە ھاك ھاۋا رەڭگە ئايلىنىپ، ئۆينى بەك ئاچىدۇ.

**سىنگچە** رەۋ. سىنىك پىكرىچە، ئويلىشىچە: — سىنگچە، تويىنى قانداق ئۆتكۈزسەك بولار؟

**سىنگكى** سۈپ. ساڭا قاراشلىق، ساڭا تېگىشلىك، ساڭا تەۋە: بىزنىڭكىگە كەلسەڭ يەپلا، سىنگكىگە بارسام گەپلا (ماقال). * ئالىم بولساڭ، ئالەم سىنگكى (ماقال).

**سىھىر** ئى (ئە) دىنىي-خۇراپىي تەسەۋۋۇرلارغا ئاساسلانغاندا، قانداقتۇر بىر غەيرىي تەبىئىي كۈچلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە مۆجىزىلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ھەرىكەت ۋە دۇئالار؛ ئەپسۇن، جادۇ: سىھىر قىلماق. سىھىرنى قايتۇرماق. * جادۇگەر مەلىكە سىھىر بىلەن كېيىككە ئايلانغان ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇپ بېرىپتۇ. * ئۇ ماڭا ئوت سىھىرنى قوللانغانغا قەدەر، مەن ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك سىھىر بىلەن مۇداپىئە كۆردۇم. * سىھرى بىلەن تەبىئەت ئەگەر دەرەخ قىلىپ ياراتسا مېنى، شۇ چاغدىمۇ يىلتىزىم بىلەن قۇچاقلايتتىم ۋەتىنىم سېنى.

**سىھىر قىلماق** ← **سىھىرلىمەك**: ھاتەم خۇداغا شۈكۈرلەر بەجا كەلتۈرۈپ، بۇلاق بويىغا كەلدى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى پاكىز يۇيۇپ ئولتۇردى، ئۇزاق ئۆتمەي سام جادۇگەر يەنە بىر سىھىر قىلدى. * بۇ موزاي باينىڭ سىھىر قىلىنغان بىردىنبىر ئوغلى، ئۇنى ئانىسى بىلەن قوشۇپ باينىڭ چوڭ خوتۇنى سىھىر قىلىپ مۇشۇ ئەھۋالغا سالغان.

**سىھىرچى** ئى. سىھىر قىلغۇچى، سىھىرىگەر: — مەرغۇلانلىقلارنىڭ موللىسى سىھىرچى ئىدى، مەن بولسام بۇ يەردىن ئۇنى تاپالمىدىم، — دېدى ئۆزبېك ئايىم ئېرىنىڭ سوئالىغا ھەيران بولۇپ. // ئۆز بېشىدا ئولتۇرغان سىھىرچى قىزنىڭ سىھىرىگە باغلانغاندەك يەنە بىر چوڭراق دائىرىدە ئايلانغاندىن كېيىن، ئاستىلا كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئېقىپ كىرىپ كېتەتتى.

**سىھىرگەر** (ئە+پ) ① ئى. سىھىر قىلغۇچى كىشى، سىھىرچى، ئەپسۇنچى، جادۇگەر: — بۇگۈن بىر كۆز باغلىغۇچى سىھىرگەرنىڭ ئىلكىگە چۈشتۈممۇ — نېمە بولدۇم؟ — دەيتتى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ. * دۇنيانىڭ ھەقىقىي بىرلىكى ئۇنىڭ ماددىلىقىدا، بۇنداق ماددىلىقنى بولسا سىھىرگەرلەرنىڭ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. مەھلىياھ قىلىدىغان، كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان: ئۇرۇكلەر ئاپئاق چېچەكلىدى. بۇ چاغ، بۇ ۋادىنىڭ كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز تارتىدىغان ئەڭ سىھىرگەر، ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

**سىھىرگەرلىك** ئى ① سىھىر قىلىش ئىشى: سىھىرگەرلىك قىلماق. * بۇ تاغامنىڭ قىزى ياش چېغىدىلا سىھىرگەرلىكنى جادۇگەرلەردىن ئۆگىنىۋالغانىكەن. ② سىھىرگەرلەرگە خاس خاراكتېر؛ ئالدامچىلىق: قىلىش ئىشى * ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىدە قانداقتۇر بىر سىھىرگەرلىكنىڭ ئالامەتلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

**سىھىرلەشمەك** «سىھىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىھىرلەنمەك** «سىھىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ سىھىرلەنگەن ئادەمدەك يارىيادىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. * خاننىڭ ئوغلى ئۇلارنىڭ جادۇسىدىن سىھىرلىنىپ قالدى.

**سىھىرلىك** سۈپ ① سىھىر قىلىنغان،

سىھىرلەنگەن: سىھىرلىك كالتەك. سىھىرلىك ئالما. * ئۇ، بۇ يوللار ئېچىلىپ بىردەمدىلا ھېلىقى سىھىرلىك تاغقا كىرىپ قېلىپتۇ. ② سىھىرىي كۈچكە ئىگە، سىھىرلەيدىغان، مەپتۇن قىلىدىغان: تاشۋاينىڭ زەخمەك ئۇرۇشى ئۈزگىرىپ، تارىلاردىن شوخ، جۇشقۇن ئەمما ئېگىز-ئېگىزدە ئېغىر مۇڭ ياتقان سىھىرلىك سادالارنى چىقىرىشقا باشلىدى. * ئەسەت ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى سىھىرلىك، لېكىن ساددا كۆزلىرىگە قارىدى. * ئۇ گۈللەرنىڭ ئاي شولىسىغا چۆمۈپ سىھىرلىك جىلۋىسىنى تاماشا قىلدى، لېكىن ئېگىشلىك بەھرە ئالالمىدى. ③ سىھىرىي: شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇ چېچەن تىللىرىمنى قانداقتۇر بىر سىھىرلىك كۈچ سىھىرلەپ قويغاندەك جۇرئەتسىز ھالدا ئىدى.

**سىھىرلىمەك** پ ① سىھىر قىلماق، سىھىر بىلەن كۆز باغلىماق: شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇ چېچەن تىللىرىمنى قانداقتۇر بىر سىھىرلىك كۈچ سىھىرلەپ قويغاندەك جۇرئەتسىز ھالدا ئىدى. ② كۆچمە. ئەس-ھوشىنى ئېلىپ قويماق، مەپتۇن قىلماق: قىز يىگىتنى سىھىرلىۋاپتۇ. * قىرىلار ھەيرەتتە، چۈنكى ئاشۇ خەت سىھىرلەپ قىزلارنى قىلىۋاپتۇ رام. خۇش خەۋەر تارقىلار ئۆيىدىن ئۆيلەرگە، ھەممىنىڭ ئاغزىدا بىر سۆيۈملۈك نام.

**سىھىرىي** سۈپ (ئە) كىشىنىڭ ئەقلى-ھوشىنى ئالىدىغان، جەلپ قىلىدىغان؛ سىرلىق: ئالدىمدا نەق دەلىل تۇرۇپتۇ، بۇ نەرسىلەر سىھىرىي ئالاھىدىلىككە ئىگە — بۇلاردىن مەلۇم نەرسىلەرنى ئەسلەشكە ۋە چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**سىھىرىي كۈچ** جەلپ قىلغۇچى، ئېزىقتۇرغۇچى، سىرلىق كۈچ: مەن كامالنىڭ مەن ئېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن ئاجايىپ سىھىرىي كۈچىگە ھەيران قالدىم. * مەن سەھەر شامىلىنىڭ دولامنى قورۇغانلىقىدىنمۇ، ياكى يېقىنلا بىر يەردىن كېلىۋاتقان تولىمۇ مۇڭلۇق غەزەلنىڭ سىھىرىي كۈچىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئويغىنىپ كەتتىم.

**سىپىئولىت** ئى (ر<گرېك) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ئالىيۇمىنلىق ناترىي سىلىكات ياكى كالتسىي سىلىكات. كۆپچىلىكى رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك كرىستال بولۇپ، ئەينەك پارقىرا قىلىقىغا ئىگە. كىسلاتاغا يولۇقسا شۇ ھامان پارچىلىنىدۇ. كۆپىنچە قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە تەبىئىي ۋە سۈنئىي دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**سىپۋەپخانا** ئى. دىئال. مۇنچا.

**سىپۋەت** ئى (پ) ئىچىگە بىرنەرسە سېلىش ئۈچۈن، چىۋىق، سىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن توقۇلىدىغان قاچا: سىپۋەت توقۇماق. سىپۋەت ئۆرمەك. * سەۋەپ قىلساڭ، سىپۋەتتە سۇ توختايدۇ (ماقال). * بۇ چاغدا تۇرسۇن سىپۋەتتىكى پەمىدۇرنى يېيىش ئۈچۈن ماڭغانىدى.

**سىپۋەتچى** ئى. سىپۋەت توقۇيدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى.

**سىپۋەتلەپ** رەۋ. سىپۋەتكە قاچىلاپ، سىپۋەتكە تولدۇرۇپ، سىپۋىتى بىلەن: سىپۋەتلەپ توشۇماق. * بېرىدۇ ئەمگىكىم ھەر جانغا لەززەت، ئۇلار شوخ توي ئويناپ، بەزمە تۈزگەندە. ئۈزىمەن ئانارنى سىپۋەت-سىپۋەتلەپ، تۇتۇشقا ئەمگەكچان ئوغۇل-قىزلارغا.

**سىپىالكا** ئى (ر) <دېھ> يەرگە ئۇرۇق سالىدىغان ماشىنا. ئۇنى ئادەم سۆرىسىمۇ ياكى ئۇلاغ ۋە تراكتورغا سۆرەتسىمۇ بولىدۇ: تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ دۆينىڭ تۆمۈر بۇقىسىنىڭ «پات...پات...پات» قىلغان

ئاۋازى يەر-جاھاننى تىترىتىپ، 24 قۇرلۇق
چۆل سېيالكىنى سۆرىگىنىچە ئالتۇندەك پاكىز
بۇغداي ئۇرۇقلىرىنى ئاغدۇرۇلغان يەرگە
سېپىشقا باشلىدى. * ئاخىرقى بىر پارچە
سالا ئېتىزغا ئۇرۇق سېپىلىۋاتقان سېيالكا ئېتىز
بېشىدا توختىدى.

**سېيالكىچى** ئى. سېيالكا ھەيدىگۈچى،
باشقۇرغۇچى كىشى: ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە
قوش ھەيدىگەن، سېيالكىچى بولغان، نومۇر
خاتىرىلىگۈچىمۇ بولۇپ ئىشلىگەن.

**سېيسمولوگىيە** ئى (ر<گرېك) يەر تەۋرەش
ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ھادىسىلەرنى تەتقىق
قىلىدىغان پەن. يەر تەۋرەش ھەرىكىتى-
نىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش - يەر تەۋرەش-
تىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، يەر
تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ
ئالدىنى ئېلىش - بۇ پەننىڭ ئاساسىي
مەقسىتى. بۇ پەن ئارقىلىق ئەسۋابلاردىن
پايدىلىنىپ، يەر شارىنىڭ ئىچكى
تۈزۈلۈشى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يەر ئاستى
بايلىق مەنبەلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

**سىيىشماق** «سايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى.

**سىيىلماق** «سايماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى.

**سىئال** ئى (ر) <گېئول> ← **سىئال قاتلىمى**.

**سىئال قاتلىمى** <گېئول> يەر پوستىدىكى
گرانىت تاش قاتلىمى بىلەن بازالت
قاتلىمىنىڭ خىمىيۋى تەركىبى ئوخشاشلا
سىلىتسىي بىلەن ئاليۇمىننى ئاساس
قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**سىئال مىنېراللىرى** <گېئول> ماگما
جىنسىدىكى كۋارتس ۋە تەركىبىدە قىسمەن
كالتسىي، كۆپرەك كالىي، ناترىي بولغان
ئاليۇمىن سىلىكاتلىق مىنېراللارنىڭ ئومۇمىي
نامى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى كۋارتس،
دالا شپاتى، دالا شپاتسىمانلار ۋە ئاق
چىرىمتال قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
جىنس تەركىبىدىكى كرېمنىي، ئاليۇمىنلىق
مىنېرال بىلەن تۆمۈر، ماگنىي مىنېرالىنىڭ
نىسپىي مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپىنچە
ماگما جىنسىنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى،
شۇنىڭدەك جىنسلارنىڭ خىمىيۋى تەركىب-
نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەلگە ھېساب-
لىنىدۇ.

**سىئان** ئى (ر<گرېك) <خىم> كاربون بىلەن
ئازوتنىڭ بىرىكمىسى. مولېكۇلا فورمۇلىسى
$(CN)_2$. رەڭسىز گاز بولۇپ، غىدىقلىغۇ-
چى سېسىق پۇراقى ئىگە، زەھەرلىك.
كۆيگەندە قوڭۇر قىزىل رەڭلىك يالقۇن
چىقىرىدۇ.

**سىئانىد** ئى (ر<گرېك) <خىم> ← **سىئانىد
كىسلاتا**.

**سىئانىد كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك
بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى HCN.
رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئاسان پارغا
ئايلىنىدۇ، زەھەرلىك. سولياۋ، بوياق
ۋە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى
ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**سىپا** I (توغرىسى: سىپاھ) ← **سىپاھ**.

**سىپا** II ئى. دىئال. بەلگە، ئالامەت،
نىشان.

**سىپار** ئى (پ) قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئوق،
نەيزە، قىلىچ قاتارلىقلارنىڭ زەربىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر خىل
ئەسلىھە؛ قالقان: ئۆينىڭ ئويۇق تەكچىلىرىگە
دۆۋىلەنگەن ماۋۇق ياستۇقلار، دەستە-دەستە
جوڭگو جانانلىرى، ئاپقۇرلار، كوزىلار، چىنە
چاي ئەسۋابلىرى، قالقان ۋە سىپارلار كىشىنىڭ

كۆزىنى چاقنىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئىدى.

**سىپارگەر** ئى. سىپارنى ئىشلەتكۈچى، سىپار ئىشلىتىدىغان ئادەم.

**سىپارگەرلىك** ئى. سىپارنى ئەپچىل ۋە چاققان ئىشلىتىش، سىپار تۇتۇپ ئېلىشىش ئىشى: ئەنجەد ئۆزى ئۆگەنگەن سىپارگەرلىك ۋە قىلىچۋازلىق مەشقىنى ئىشلىتىپ، خوتۇن سالغان قىلىچنى ئۆزىگە تەگكۈزمەي، ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇۋاپتۇ. * مەن بىر پادىشاھنىڭ نۆكىرى بولۇپ، ئىشىم سىپارگەرلىك ئىدى.

**سىپارى** ئى (د) <بوت> ① پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولى ناھايىتى ئېگىز، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. مېۋىسىنى يېگىلى ھەم دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ ۋە مەددە قۇرتىنى چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، تروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سىپاشماق** (توغرىسى: سىپپاشماق) ← سىپپاشماق.

**سىپاھ** (**سىپاھى**) ئى (پ) ① خان، پادىشاھ ياكى ئەمىرلەرنىڭ ئوردا، سارايلىرىدا ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلغان ئەمەلدار: جانابلىرى قەلەمدار ۋە ئەلەمدار سىپاھ، بەگلەر بىلەن كېڭەش قىلىپ باقتىلمۇ؟ * ھازىر ئوردىدىكى ئەمەلي-قەلەمي سىپاھلارنىڭ كۆپىنچىسى مەككار-خىيانەتچىلەر، ئۇلار خاننى غاپىللىقتا قويۇۋاتىدۇ. ② ئەسكەر؛ جەڭچى: ئايا تەرسا چىقالمايسەن قەلئەڭدىن، يىگىتلىرىم كېلۇر ئۆرگەنچ شەھىرىدىن، قىزلىرىڭنى نىكاھ قىلىپ بىر-بىردىن، سىپاھلارغا بەرگەندە قىلغىن تاماشا.

**سىپاھلىق** «سىپاھ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**سىپايە** سۈپ (پ) ھەرىكىتى، گەپ-سۆزلىرى ۋە مۇئامىلىسى سىلىق؛ تەمكىن، ئېغىر-بېسىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان؛ كەمتەر، مۇلايىم: سىپايە ئادەم. * دەرۋازا ئىچىدىن يۇرت چوڭلىرى سىپايە ھالدا چىقىپ كېلىشىۋاتاتتى. * قىزبالا دېگەن سىپايە يۈرىدىغان، ئەگلىنى رەتلىك، چىرايلىق كىيىدىغان. * ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ سىلىق ۋە سىپايە ئىدى.

**سىپايە تۈر** <تىل> ئۇيغۇر كىشىلىك ئالماش، شەخسلىك پېئىل ۋە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قاتارلىقلاردىكى ئىككىنچى شەخسكە ئىشلىتىلىدىغان، ھۆرمەت تۈرىدىن تۆۋەنرەك، ئاددىي تۈرىدىن يۇقىرىراق تۇرىدىغان گىراماتىكىلىق فورما. مەسىلەن، «سىز»، «ئۆزىڭىز»، «بالىڭىز»، «كىتابىڭىز»، «يازدىڭىز»، «كۆردىڭىز» دېگەنلەردىكى «-سىز»، «-ڭىز» قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سىپايە سۆز** <تىل> ئىجتىمائىي ئالاقىدە، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئۇيغۇن بولمىغان، باشقىلارنىڭ ھۆرمەت-ئابرويىنى تۆكىدىغان، غورۇرىغا تېگىدىغان، بولۇپمۇ كوللېكتىپ سورۇندا ئىشلىتىش بىئەپ بولغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن، مەنىسى شۇ سۆزلەرگە يېقىن ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئومۇملۇق قوللىنىلىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، «ئۆلدى» نىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن «ۋاپات بولدى»، «تۇغدى» نىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن «كۆزى يورۇدى»، «ئەرگە تەگدى» نىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن «ياتلىق بولدى» سۆزى قاتار-

لىقلارغا ئوخشاش.

**سپايى** (توغرىسى: سىپايە) ← **سىپايە.**

**سىپايىگەر** سۆپ (پ) ئۆزىنى گەپ-سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە ئېغىر-بېسىق، سىپايە قىلىپ كۆرسىتىدىغان: ۋۇنت سىپايىگەر ئاۋېنارىئۇسنىڭ چۈمپەردىسىنى ھېچ يۈز-خاتىرە قىلماستىن يىرتىپ تاشلىغان.

**سىپايىگەرچىلىك** ئى ← **سىپايىگەرلىك:** راستىنىلا قىز بالىدەك مىجەزىڭىز بار ئىكەن--دە، ھەممىلا ئىشقا سىپايىگەرچىلىك كەتمەيدۇ. * – قۇدام ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا ئاسمانمۇ، يەرمۇ راۋا كۆرمەيدۇ، – دېدى قاسىمئاخۇن سىپايىگەرچىلىك بىلەن گەپنى ئەگىتىپ.

**سىپايىگەرلىك** ئى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش؛ ئېغىر-بېسىقلىق، تەمكىنلىك؛ مۇلايىملىق: ئۇنىڭ مىجەزىدە ئانچە-مۇنچە سىپايىگەرلىك پەيدا بولغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇ بۇرۇنقى ئەلگە تونۇش مال بولۇپ قالغان داڭلىق «گاسلىك» ئىدى. * – نەدىن ئۆگەنىدىڭ بۇنداق سىپايىگەرلىكنى! قۇيغىنا ئىككى رومكا، چوڭىغا قۇي، – دېدى ئۇ تاماكىسىنى شوراۋېتىپ. «سىپايىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىپايىلەشمەك** پ. ھەرىكىتى، گەپ-سۆزلىرى ۋە مۇئامىلىسى سىلىق بولماق؛ سىپايە ھالەتكە كەلمەك؛ سىپايە بولماق: ئۇ بىرئاز سىپايىلىشىپ: – ئوتتۇنۇڭنى نەچچىگە ساتىسەن؟ – دەپ سورىدى ئوتتۇنچىغا ئىچىنى ئاغرىتقان ھالدا.

**سىپايىلىك** «سىپايە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئىنتايىن سىپايىلىك بىلەن سورىدى: – ئۇكام، ئۆزلىرى بايا تىن نېمە دېدىلە؟

**سىپەر** ئى. دىئال. قالقان.

**سىپەنچى** ئى. ئىنچىكە قوۋۇرغىنىڭ گۆشى.

**سىپتا** سۆپ (پ) ① نېپىز، قېلىن ئەمەس، يۇپقا: يوتقان تولىمۇ سىپتا بولغانلىقتىن، ھەرقانچە قىلسامۇ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنەلمەيتتىم، نېمە ئامال؟ ئۈيقۇسىز دىرىلدەپ كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. * ئۇ يانچۇقىدىن سىپتا قاتلانغان بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. ② سىلىق، چىرايلىق: توغرا مەسلىھەت! ئۇمۇ ھۈنەر قىلىدۇ، خۇددى دادىسى رەھمەتلىك ۋەسىيىتىدە ئېيتقانىدەك زىل، سىپتا ھۈنەر قىلىدۇ! * «توختا» دەپتۇ ئىچىدە، «مەنمۇ-ھۈنەر كۆچىدە. تىكىپ سىپتا كىيىمنى، ئېتەي ساڭا گىرىمنى. كىيىم ياپسۇن ئۇستۈڭنى، موللام كۆرسۇن ھۆسنۈڭنى...»

**سىپتىلىق** «سىپتا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**سىپسىدام** سۆپ. ناھايىتى سىدام، ھېچقانداق غودۇر-بۇدۇرى يوق: – ھېچنېمە يوق سىپسىداملىغۇ؟ – دېدى مەشرەپ سىيتىنىڭ پېشانىسىنى قولى بىلەن سىلاپ.

**سىپسىلىق** سۆپ. ناھايىتى سىلىق، ھېچقانداق ئوي-دۆڭى يوق: ئۇلار سۇپىنى سىپسىلىق سۇۋاشتى.

**سىپۇڭ** ئى. دىئال. ياغاچ قاتارلىقلارنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چىشلىق تۆمۈر ئەسۋاب؛ ھەرە.

**سىپتىمور** ئى (پ) <زوئول> تاتلىق سۇدا ياشايدىغان قۇلۇلىلەرنىڭ ئورتاق نامى. كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇ يەنە «بۇرمىسىمان قۇلۇلە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سىپىلماق** (توغرىسى: سىيپىلىماق) ← **سىيپىلىماق.**

**سىپىماق** (توغرىسى: سىيپىماق) ← **سىيپىماق.**

**ستەم** ئى (پ) جەبىر، جاپا، زۇلۇم؛ مۇشكۇللۇك، ئېغىرچىلىق: سىنىڭ ستەم، زۇلمىڭدىن، پۈتۈن بولماي نېنىمىز، يۇرتنى تاشلاپ كەتتۇقمۇ؟ مۇشۇ چۆلگە يەتتۇقمۇ؟

**ستەمكار** ئى (پ) ① كىشىگە جەبىر-زۇلۇم سالغۇچى؛ ئەزگۈچى، زالىم: دەر ئىدى ئۆتمۈش ستەمكارلار سىنى ئەيلەپ مازاق: «ساز بولامدۇ بۇ قەلەندەرلەر كۆتۈرگەن بەش قۇلاق؟» // پەلەك رەھمىتىڭنى يار قىل ماڭا، ئاسانلىق، قۇدرەتنى نىسار قىل ماڭا. ستەمكار زامانىنى بەربات ئېتەي، تەلەپ-ئىلتىجايىمنى بار قىل ماڭا. ② كۆچمە. كىشىنى ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا قىلغۇچى، نازۇكەرەشىملىرى بىلەن كۆيدۈرگۈچى: ئۆزگە جانان نە كېرەكتۇر بىر پىداكار ئالدىدا. لەۋلىرى گۆھەر نىسار ئەتكەن شېكەر خار ئالدىدا. سايرىسام بۇلبۇل سۈپەت تۈن-كۈن ۋاپادار ئالدىدا. ئەرزىگەيمۇ نالىشىم ئول كۆزى خۇمار ئالدىدا. يۈزى گۈل، سۆزى شېكەر، شوخ ستەمكار ئالدىدا. // ستەمكار يار.

**ستەمكەش** ئى (پ) جەبىر-زۇلۇم سالغۇچى، ئازابلىغۇچى، زالىم: ئەگەرچە بۇ زامان پەيلى ستەمكەش، ئەلەم-ھەسرەت چېكەر گەرچە قەلەمكەش، لېكىن ئىستەر شۇنى كۆڭلۈم بىناقەت — ۋە گەرچە چەكتى كۆپ دەردۇ مالامەت.

**سجاق** ئى. دىئال. سىزىق، جىجىق.

**سجىل** رەۋ. ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈلمەي ياكى بىر-بىرىگە ئۇلاشقان ھالدا؛ ئارقىمۇئارقا، داۋاملىق: بىرنەچچە كۈن سجىل ماڭدۇق، ئادەم ئۇلاغلىرىمىز ھېرىپ كەتتى، قوغلىغۇچىلار يەنە كەلدى، ئەمدى ئۆلمەكتىن باشقا يول قالمىدى. * نىزامىدىن ئۇچۇن ئۇلارنى سجىل ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈشكىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى. * بىر تىنىمسىز يۈرەكتەك، ئىشلەر تىنماي ستانوك. ھەممە ئىشنى قىلغان ھەل، بۇندا سجىل ئاققان توك.

**سجىللىق** ① «سجىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي سىياسىتىمىز بۇ يىل ئومۇمەن ئۆزگەرمەيدۇ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە سجىللىقى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ② ئى <فىز> جىسىملارنىڭ سىرتقى تەسىرگە قارىتا قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارى، كۆچەنشى. ③ ئى <فىز> تەسىر كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئاۋاز، نۇر، ئېلېكتر ھەم ماگنىت قاتارلىقلارنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى. ④ ئى <س ئىق> ئىش، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى، يەنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىش دەرىجىسى: ئەمگەك سجىللىقى.

**سجماق** پ. دىئال. جىجماق.

**سىدام** سۈپ ① تۈكسىز، يىڭى چۈشۈرۈلگەن؛ سىلىق: يىقىندىلا ئۈستىرا تەگكەن سىدام بېشى بوينىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن زادىلا ماسلاشمىغاندەك كۆرۈنەتتى. * ئۇنىڭ سىدام يۈزى كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ، پاكار گەۋدىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. * چىرايلىق ياسالغان قاپقارا بۇرۇت، شۇنچىلىك ياراشقان ئۇنىڭ ھۆسنىگە. ئېڭىكى سىدام ئىدى، قويمىغان ساقال، يامالغان شىم-پەشمەت كىيگەن ئۇستىگە. ② ئۈستىگە ھېچ نەرسە سىزىلمىغان، گۈلسىز (رەخت، قەغەز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۈچىسىدا قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن پىنجەك، ئاستىدا جىگەرەڭ سىدام كۆڭلەك بار ئىدى. * ئۇنىڭ قولىدا سىدام ئاق قەغەزدىن ئۈچ بەت تۇراتتى. * ئۇ ئۈچىسىغا سىدام قىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى.

**سىدام سىزىش** <ك سەن> شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن ئەمەس، پەقەت مەلۇم سىزىقلار ياردىمىدىلا يارىتىلىدىغان بىر خىل رەسىم سىزىش ئۇسۇلى. ئۇ پۈتكۈل تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئادەتتە قېرىنداش، كۆمۈر قەلەم ۋە مەلۇم خىلدىكى يۇڭ قەلەملەر ئارقىلىق رەسىم سىزىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سىداملاشتۇرماق** «سىداملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىداملاشماق** پ. رەڭ جەھەتتىن بىر خىللاشماق، سىدام ھالەتكە كەلمەك؛ سىلىقلاشماق: مومايىنى كۈنسېرى قېرىلىق بېسىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ ئاق سانجىلغان چاچلىرى سىداملىشىشقا باشلىدى.

**سىدىر** ئى. كونا. ۋاڭلىق تۈزۈمدە ئىگىسىز يەرلەرنى ۋاڭ تەرىپىدىن ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى يىغىش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان كىشى: ۋاڭ ئىگىسىز قالغان يەرلەرنى تىزىملاپ «گادايى ساڭ بېرى» دەپ نام بەردى ۋە بۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بەرگۈزدى، ھوسۇلىنى «گادايى ساڭ»غا قويدۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەسئۇل كىشىلەرنى بەلگىلىدى. مۇنداق كىشىلەر «سىدىر» دەپ ئاتىلاتتى.

**سىر** I تەق. بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ مەلۇم بىر تەسىر تۈپەيلىدىن يىڭنە سانچىغاندەك بىر خىل ئاغرىش ھالىتى.

**سىر** II ئى (ئە) ① باشقىلاردىن مەخپىي تۇتىلىدىغان، ئۆزىگىلا مەلۇم، ئۆزگىلەرگە نامەلۇم بولغان ئىش-ھەرىكەت، نەرسە؛ مەخپىيەتلىك: دوست بول سىرىنى بىلىپ (ماقال). * باش كەتسە كەتسۇن، سىر كەتمىسۇن (ماقال). * رەيھان تا شۇ كەمگىچە ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمىگەن كۆڭۈل سىرلىرىنى سادىققا ئېيتىپ بەردى. * بۇ دۈشمەنلەردىن قەتئىي مەخپىي تۇتۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ھەربىي سىر ئىدى. * كۆزنى چوڭ ئاچساڭ ئەگەر، ئادەم سىياقلىق تۈلكە بار، تۈلكىنى ئادەم بىلىپ سىر ئېيتما، سىرداش ئۆزگىدۇر. ② تېخى ئېچىلمىغان، ئېنىقلانمىغان، ئىنسانىيەت تېخى بىلىپ يېتەلمىگەن نەرسە، خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: — مانا مۇشۇ چۆللۈكلەردە، ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ ئاستىدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچلار كۆمۈلۈپ ياتىدۇ، — دېدى دادام خەرىتىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنى كۆرسىتىپ. * ئالتۇن تاغنىڭ سىرىنى ھەممە كىشى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاغقا چىقىپ شۇ بايلىقلارنى ئېلىشنىڭ يولىنى ھېچكىم تاپالماپتۇ.

**سىر ئاشكارىلانماق** ← **سىر ئېچىلماق**: كىشىلەرنىڭ ئويىنىڭ ئەكسىچە، كۈتۈلمىگەندە، سىر ئاشكارىلىنىپ قالدى.

**سىر ئالماق** مەلۇم سىر ياكى مەخپىيەتلىك ھەققىدە ئۇچۇر ياكى مەلۇماتقا ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: زالىم پەلەك بېشىڭدا قامچا قىلىچ ئوينىتىپ، سىر ئالالماي ئاغزىڭدىن تار قەپەزگە سولىتىپ قويغىنىدا غەزىپىڭ بوران كەبى قوزغىلىپ، شېئىرىڭنى ئوق قىلىپ ئاتتىڭ ياۋغا، مۇتەللىپ. * كۈلۈپ سېنىڭ سىرىڭنى ئالار، سىرىڭ بىلەن جېنىڭنى ئالار.

**سىر بەرمەك** بىرەر سىر، مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا بىلدۈرمەك، دەپ بەرمەك: سېنىڭ شۇنچە قىيناشقا چىداپ سىر بەرمىگىنىڭ ئاخىر سېنى ئۆلۈمگە ئېلىپ باردى، بىزدىن رەنجىمە، يىگىت!... * بەزىلەر كېلىدۇ تىلى ياغلىما، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ يۇمشاق چاغلىما، تۈلكىدەك ھېجىيىپ كەلسە ئالدىڭغا، سىر بېرىپ

دوستۇم دەپ ئورۇن ساقلىما.
**سىر تۇتماق** بىرەر سىر، مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا بىلدۈرمەستىن پەقەت ئۆز كۆڭلىدە بىلمەك، باشقىلاردىن يوشۇرۇن تۇتماق: ھەر ئىككىلىمىزلا مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى ئىكەنمىزغۇ، ئەمدى سىر تۇتىدىغان نېمىسى قالدى؟ * ئۇ نەرسىلەر دۈشمەن پايلاقچىلىرىدىن قەتئىي سىر تۇتۇش مەقسىتىدە پولك شتابىنىڭ ئۆزىدە ياسالدى.
**سىر ساقلىماق** بىرەر سىر-مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا بىلدۈرمەستىن ئۆزىلا بىلمەك، باشقىلاردىن مەخپىي تۇتماق: سەن مېنى راستىنلا ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن. مەن سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. سەن بولساڭ تېخى مەندىن سىر ساقلايسەن. بولدى، مېنى ئاتا-ئانامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قوي!
**سىر ئېچىلماق** بىرەر سىر-مەخپىيەتلىكنى باشقىلار بىلىپ قالماق، مەخپىيەتلىك پاش بولماق: ئەتىگەندىن بېرى تۇردىئاخۇننىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان 850 جىڭ بۇغداينىڭ سىرى ئەمدى ئېچىلدى. * ئاخىر سىر ئېچىلدى، بىراق بۇ چاغدا سەن بۇ شەھەرنى تاشلاپ قاياقلارغىدۇر، كېتىپ بولغانىدىڭ
**سىرى يېشىلمەك** سەۋەب-نەتىجىسى مەلۇم بولماق: بۇ ئىشنىڭ سىرى يېشىلدى. سالامەت ئىدارە بويىچە كۆرەشكە تارتىلدى.
**سىر III** ئى ① مىنېرال بوياق، ئەلىپماي ۋە سىمولا قاتارلىقلاردىن ئىشلىنىدىغان، نەرسىلەر يۈزىگە سۈركەش ئارقىلىق چىرىشتىن مۇداپىئەلەنگىلى ۋە پارقىراقلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر خىل بوياق: ئىشكاپنىڭ سىرى. پارتىنىڭ سىرى. ② سىمولا، بوياق قاتارلىقلاردىن ئىشلىنىپ قاچا-قۇچا، ئىدىش قاتارلىقلار يۈزىگە سۈرۈلىدىغان بىر خىل ماددا. يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇلغاندىن كېيىن ئېمال بولۇپ قاتىدۇ: داسنىڭ سىرى چۈشمەك. ③ ئەينەكلەرنىڭ بىر يۈزىگە سۈركەش ئۈچۈن، سىماب بىلەن بىرەر مېتالنى قوشۇش ئارقىلىق تەييارلانغان ئارىلاشما ياكى مېتاللارنىڭ سىمابدىكى قېتىشمىسى: سىرى چۈشكەن ئەينەك.
**سىر دەرىخى** <بوت> سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ. گۈلى كىچىك، سارغۇچ يېشىل ۋە كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى ياپىلاق ۋە دۈگىلەك بولىدۇ. غولىدىن چىققان سۈيۈقلۇقى ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، تۇتۇق قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ خام سىر دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرۇغانلىرىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.
**سىرىڭ چۈشۈپ كېتەمدۇ؟** «ئۇيراپ، كىچىكلەپ كېتەمسەن؟» دېگەن مەنىدىكى ئەيىبلەش سۆزى: قاراپ تۇرماي ئالە كەتمەننى، ئازراق ئەمگەك قىلغانىڭغا سىرىڭ چۈشۈپ كېتەمدۇ؟
**سىرات** ئى (ئە) ← **پۇلسىرات**.
**سىرات كۆۋرۈكى** ← **پۇلسىرات**: — ئەپەندىم، قوي قۇربانلىق قىلغانلار قىيامەتتە سىرات كۆۋرۈكىدىن قويغا مىنىپ ئۆتىدۇ، دېيىشىدۇ. قويغا كۈچى يەتمەي، زىغىر يېغىدا ياغ پۇراتقانلار قانداق ئۆتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى ئەپەندىمدىن. ئەپەندىم ئالدىرىماستىن: — جۇۋازچىنى مىنىپ ئۆتىدۇ، — دەپتۇ جاۋاب بېرىپ.
**سىراج I** سۈپ <بىن> ← **سىراج تام**.

**سىراج تام** <بىن> ئۆگزىلىرىنى قاشالاش ياكى بىر-بىرىدىن ئايرىش مەقسىتىدە خىشنى يانتۇ قىلىپ قوپۇرۇلىدىغان تار ھەم پاكارراق تام: ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر قاپلاپ تۇرغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سىراج تاملىق ئۆيلەر ۋە ھويلىلار بار ئىدى. * يول ئۇستىدىن ھۆرۈنلۈق بىلەن غازاڭ تېرىپ يەپ كېتىۋاتقان ئېشەكلەر ئېگىز سىراج تاملىق بىر چوڭ ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يولدىن قايرىلدى.

**سىراج** II ئى. جىگدە يېلىمى بىلەن ئوت ئۆرۈقىدىن ياسالغان شىلىم، مۆلغۈي.

**سىر-ئەسرار** ھەممە سىرلار، مەخپىيە تىلەكلەر: گەرچە بۇ نەرسىلەر ئۇنى ئاجايىپ ھەيران قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭ سىر-ئەسرارلىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

**سىرەك** سۈپ. كەم ئۇچرايدىغان، ئاز كۆرۈلىدىغان، كەم، ئاز: سىرەك مېتاللار. سىرەك يەر ئېلېمېنتلار. * ئاڭلىغاي دۇنيا دىۋانىدەك ئوي-تەپەككۇر جەۋھىرى، تەگدىشى ئالەمدە سىرەك نەزمە-داستاندىن يەنە.

**سىرەك مېتاللار** <خىم> يەر پوستىدىكى لىتىي، بېرىللىي، تانتال، گاللىي، سېلېن، تېللۇر، كرىپتون، ئارگون، رادون قاتارلىق ساقلىنىش مىقدارى ئاز، رۇدىلىرى تارقاق جايلاشقان مېتاللار.

**سىرەك يەر مېتاللار** <خىم> ← **سىرەك يەر ئېلېمېنتلار.**

**سىرەك يەر ئېلېمېنتلار** <خىم> لانتان، سېرىي، پرازېئودىمىي، نېئودىمىي، پرومېتىي، سامارىي، يېۋروپىي، گادولىنىي، تېربىي، دىسپروزىي، گولمىي، ئېربىي، تۇلىي، ئىتتېربىي، ليۇتېتسىي، ئىتترىي، سكاندىيىدىن ئىبارەت بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان 17 خىل ئېلېمېنت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل ئېلېمېنتلارنىڭ خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى بەكلا ئوخشاش بولۇپ، تەبىئەتتە دۇنياسىدا ئارىلىشىپ ساقلىنىدۇ. ئۇلار يەنە «سىرەك يەر مېتاللار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سىرەكلەشمەك** پ. شالاڭلاشماق، ئازلىماق: مېھماندارچىلىق خېلى كەچ ئاخىرلاشتى، ئۇلار ئۇزاپ چىققاندا، كىنوخانىلار تارقىلىپ، يوللاردىمۇ ئادەملەر سىرەكلىشىپ قالغانىدى.

**سىرت** ئى ① ئۆي، ھويلا قاتارلىق مەلۇم قورشاۋدىكى دائىرىنىڭ تاشقىرىسى، تالا، تالا-تۈز: ئۆي سىرتى. مەھەللە سىرتى. شەھەر سىرتى. * سىرتتا ئىشلە، ئۆيدە يە (ماقال). * رىشت شۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتقا قارىدى. * گۈلچىمەن بارغانسېرى ئۆز خانىسىدىن زادىلا سىرتقا چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى. ② ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدىن باشقا جەت، ياقا جاي: بىركۈنى ئۇ خېلىدىن بۇيان تىرىشىپ ئىشلەپ باشقىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان تۇرسۇن بىلەن خې جيەنپىڭ توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ، ئۇنى دۇينىڭ قارا تاختا گېزىتىگە كۆچۈرۈۋاتقان چېغىدا سىرتقا كاماندىرۇپكىغا كەتكەن قادىر دۈيجاڭ ئالدىراش كىرىپ كەلدى. * — ليۇبېي ئۈچ پالۋىنىنى سىرتتا قويۇپ، ئۆزى جىڭجۇدا تۇرىدىغان بولسا، ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇ چوقۇم بىزگە ئاپەت بولىدۇ، — دېدى سەي ماۋ. ③ چەت دۆلەت، چەت ئەل: سىرتقا قارىتا ئىشكىنى ئېچىۋېتىش. * ئۇيغۇر تىبابىتىنى شىنجاڭدا «مىللىي تىبابەت» دەپ ئاتايدۇ. بىرزامانلاردا ئۇنى بەزى سىرتتىن كىرگەن كىشىلەر «يۇنانىي تىبابەت» دەپمۇ ئاتاشقان. ④ مەلۇم گۇرۇپپا

ياكى ئۇيۇشما، تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن، قارمىقىدا بولمىغان ئادەم ۋە باشقىلار: پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار. ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيە. ⑤ ئەتراپتىكى مۇھىت، بوشلۇق (ئادەمگە نىسبەتەن): ئۇنىڭنى سىرتقا چىقارماق. خەۋەرنى سىرتقا يايماق. ⑥ بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى يۈزى، كۆرۈنۈشى، قىياپىتى: كىتابنىڭ سىرتى. ئۆينىڭ سىرتى. بىنانىڭ سىرتى. * ماي قاچىسى سىرتىدىن مەلۇم (ماقال). * يازدا باقسام ياش ئىدى باغدا ياڭاق، كۈزدە قىرپېتۇ بېسىپ قورۇق، بىراق، كاللىسىنىڭ پىشقىنى ئەمەسمۇ شۇ، پۈتمەسلىك، سىرتى ئەمەس ئىچىگە باق. ⑦ <مات> جىسىم گىرۋىكى ياكى بوشلۇقتىكى ئەگرى سىزىقنىڭ بەلگىلىك شەرت بويىچە ھەرىكەتلىنىش تراييېكتورىيىسى. مەسىلەن، شار سىرتى. سىلىندىر سىرتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ⑧ قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئومۇرتقا قىسمى: سىرت گۆشى. ⑨ چېقىش كېلىشتىكى سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ «باشقا»، «تاشقىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۇلار بېسىلىپ چىقسا، پىلان بويىچە ئاقسۇ يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى ئۇچقۇنلار ئىشتىپاقىنىڭ ئەزالىرىغا، ئۇلاردىن سىرت يەنە ۋىلايەتنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىلىپ، يوشۇرۇن تارقىتىلماقچى ئىدى. * بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، تېخىمۇ كەڭ بىر مەنىگە، يەنى ئىلىم-پەن بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە.

**سىرتىدىن چېپىش** <تىب> مەلھەم **ھالىتىدىكى دورىلارنى جاراھەت ياكى** ئاغرىق جاينىڭ سىرتىغا سۈرۈش

كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سىرتاردۇش** ئى <تارىخ> قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامى.

**سىرتتىن** رەۋ ① تاشقى يۈزىدىن، بىر چېتىدىن، تېشىدىن: سىرتتىن ئۇرۇنغان چەمبەر. سىرتتىن ئۇرۇنغان كۆپ تەرەپلىك. ② تاشقى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا، ئەپتىدىن، زاھىرەن: ئۇ سىرتتىن باتۇردەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى توخۇ يۈرەك بىرنېمە ئىدى. ③ غايىبانە: بىز سىرتتىن تونۇشىمىز. ④ غەيرىي رەسمىي ئەزا ياكى ۋەكىل سۈپىتىدە: سىرتتىن قاتناشماق. سىرتتىن ئاڭلىماق. ⑤ ئوقۇش يۇرتىغا قاتناشماي: سىرتتىن ئوقۇش. ⑥ ئۆزى يوق يەردە، ئۆزىگە بىلدۈرمەي، ئارقىسىدىن: ئۇنى سىرتتىن يېزىپ قويدۇق. * مېنى سىرتىمدىن ئەزا قىلىپ قويغانىكەن.

**سىرتتىن تېگىشكەن چەمبەر** <مات> كۆپ تەرەپلىكنىڭ ھەرقايسى چوققىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ سىزىلغان چەمبەر.

**سىرتتىن ئوقۇش** <مائار> ئوقۇش يۇرتىغا قاتناشماي، خەت-ئالاقە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوقۇش.

**سىرتتىن ئوقۇش مەكتىپى** <مائار> ئوقۇتۇش ئىشلىرى خەت-ئالاقە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپ. بۇنىڭدا، ئوقۇغۇچى مەكتەپكە قاتناشمايدۇ ۋە مەكتەپ تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدىغان دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدۇ. مەكتەپمۇ مۇۋاپىق تۈردە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەم ئىمتىھان ئالىدۇ.

**سىرتتىن ئۇرۇنغان كۆپ تەرەپلىك** <مات> ھەرقايسى تەرەپلىرى بىر چەمبەرگە ئۇرۇنغان كۆپ تەرەپلىك.

**سرتقا قاريماق** ← **تالاغا قاريماق:** ئۇ ئېرىنىڭ ئايىغىغا يامىشىپ يالۋۇردى: — ئۇر، تىللا، قۇل قىل، قۇلۇڭ بولاي، لېكىن سرتقا قارىما!

**سرتقى** سۈپ ① تاشقى، سىرت تەرىپىدىكى؛ سىرت تەرەپكە جايلاشقان، سىرت تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان: قەھرىمانلىق — ئادەمنىڭ سرتقى كۆرۈنۈشىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى روھىي بايلىقىدىن ئىبارەتتۇر. * ئۇ بۇ شەخسنى پەقەت سرتقى قىياپىتىدىنلا بىلەتتى. ② كۆچمە. باشقا، بۆلەك (ۋاقىت ھەققىدە): سىزنىڭ ئىشتىن سرتقى چاغلاردا ئىسكىرىپكا مەشق قىلىشىڭىز، سەنئەتنى سۆيىدىغانلىقىڭىز بۈگۈنكى كۈندە سىزنى سەھنىگە چىقىش يولىغا باشلاپ باردى.

**سرتقى توك يولى** <فىز> ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ چىقىرىش ئۇچىنىڭ سرتىدىكى توك يولى. سرتقى توك يولىنىڭ قارشىلىقى سرتقى قارشىلىق دېيىلىدۇ.

**سرتقى تۆرەلمە قەۋەت** <زوئول> تۆرەلمىنىڭ سرتقى قەۋىتى. ئېپىدېرما، چاچ-تۈك، نېرۋا ۋە سەزگۈ ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى سرتقى تۆرەلمە قەۋەتتىن شەكىللىنىدۇ.

**سرتقى تۆرەلمە ياپراقچىسى** <زوئول> ← **سرتقى تۆرەلمە قەۋەت.**

**سرتقى زەھەر** <تىب> ← **تاشقى توكسىن.**

**سرتقى سۆڭەك** <زوئول> ھاشارات، راك، قىسقۇچپاقا قاتارلىقلارنىڭ تەن سرتىدىكى سۆڭىكى.

**سرتقى قىلتىرىقچە** <بوت> بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ گۈلىنى ئوراپ تۇرغۇچى پوستى.

**سرتقى كۈچ** ① <فىز> مەلۇم بىر سىستېمىغا تەسىر قىلغان سرتقى مۇھىتتىكى كۈچ. مەسىلەن، بىر ئاتومغا باشقا ئاتوملار تەسىر كۆرسەتسە، بۇ تەسىر كۈچ شۇ ئاتومغا نىسبەتەن سرتقى كۈچ بولىدۇ. ② دۆلەت سرتىدىكى پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئامىللار: سرتقى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش. * زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا سرتقى كۈچلەردىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم.

**سرتقى مۇھىت** ① <فىز> مەلۇم بىر جىسىم سرتىدىكى بوشلۇق: ئايروپىلان ئۇچقاندا ھەمىشە سرتقى مۇھىتتىكى ھاۋانىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ② ئادەم ياكى مەلۇم كوللېكتىپنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىت؛ جەمئىيەت؛ تاشقى دۇنيا: تارىختا ئۆتكەن پەيلاسوپ، شائىر ۋە يازغۇچىلار ئاڭ فورماتسىيىسى جەھەتتە ئۆزلىرى ياشىغان سرتقى مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىقىپ كېتەلىگەن ئەمەس.

**سرتقى ئوشۇق** <ئانات> ئوشۇقنىڭ سرتىدىكى پۈلتىيىپ چىققان قىسمى. ئۇ يان پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىدىن قۇرۇلغان بولىدۇ.

**سرتقى ئومۇمىي ئورۇنما** <مات> ئىككى چەمبەر ئومۇمىي ئورۇنما سىزىقىنىڭ بىر تەرىپىدە ياتسا، بۇ خىل ئورۇنما سىزىقى «سرتقى ئومۇمىي ئورۇنما» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سرتقى ئېلېكتر زەنجىرى** <فىز> ← **سرتقى توك يولى.**

**سرتقى يالقۇن** <خىم> يالقۇننىڭ ئەڭ سرتقى قەۋىتى. ئۇنىڭدا نۇر بولمايدۇ، ھاۋا يېتەرلىك، كۆيۈشى تولۇق تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

**سىرتقى يۈزنىڭ كېرىلىش كۈچى** <فىز> سۇيۇقلۇق يۈزنىڭ تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى كۈچ. ھەر خىل سۇيۇقلۇقلاردىكى بۇ خىل كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ.

**سىرتلان** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. سىرتقى شەكلى ئىتقا ئوخشايدۇ. بېشى ئىتنىڭ بېشىدىن قىسقا ھەم يۇملاق-راق بولىدۇ. پېشانىسى كەڭ، قۇيرۇقى قىسقا، ئالدى پۇتى ئۇزۇن، ئارقا پۇتى قىسقا، تۈكلىرى سارغۇچ قوڭۇر ياكى بېغىر رەڭ قوڭۇر كېلىدۇ، ئۈستىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە قارا قوڭۇر ئالىلىرى بولىدۇ. كۆپىنچە تروپىك ياكى سۇبتروپىك بەلباغلاردا ياشايدۇ. ھايۋانلارنىڭ تاپىل-رى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سىرتلىماق** پ. سويۇلغان پۇتۇن قوينى بەل ئومۇرتقىسىدىن تەڭ ئىككىگە بۆل-مەك، يەنى ئوڭ تەرەپتىكى قوۋۇرغىلىرى بىلەن بىر قول، بىر پۇتىنى بىر تەرەپ-كە، سول تەرەپتىكى قوۋۇرغىلىرى بىلەن بىر قول، بىر پۇتىنى بىر تەرەپكە ئايرىماق.

**سىرتماق** ئى ① ئارغامچا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۇچ تەرىپىدىن يۇملاق ھەم سىيرىلىدىغان قىلىپ چىگىپ تەييار-لانغان، مەلۇم بىر نەرسە ھالقا ئىچىگە كىرگەندە، يەنە بىر ئۇچىدىن تارتسا، شۇ نەرسە بوغۇلۇپ قالىدىغان قۇرۇلما: كەمەك ھەييار چىلتەنلىرىگە: «ئورا كولاپ ئۆزۈڭلار ئورنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈڭلار، مەن مۇختەرنى ئويغىتىپ ئۆزۈم ئورا تەرەپكە قاچىمەن، مەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتىغا سىرتماق سېلىپ تۇتۇڭلار» دەپ ئۆگىتىپتۇ. * — راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرى بىز ئۇچۇن بويۇنغا سېلىنغان سىرتماق بولۇپ قالدى. ② كۆچمە. تۇزاق، يامان نىيەت، يامان مەقسەت بىلەن كولانغان ئورا: مەخسۇت بەگ بۇ سىرتماققا چۈشۈرۈۋالدىمۇ — بولدى! * ئۇلار «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى» نىڭ ساختا سىرتمىقىغا چۈشكەنلىكىنى ئەمدى بىلىپ يەتتى. ③ كۆچمە. ئاسارەت، ئىسكەنجە، زۇلۇم: مۇستەملىكىچىلىك سىرتمىقى ئۇلارنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى.

**سىرتماق سالماق** ← **سىرتماقلىماق**.

**سىرتماقلانماق** «سىرتماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىرتماقلىق** سۈپ. سىرتمىقى بار، سىرتماق سېلىنغان.

**سىرتماقلىماق** پ. سىرتماققا كىرگۈزۈپ، سىرتماق بىلەن بوغۇپ تۇتماق، سىرتماق سالماق.

**سىرتىق** ئى. ئۇچۇر، خەۋەر، ئىز-دېرەك: — ئۇ شەھەرگە كەتكەنىدى، تېخىچە سىرتقى يوق، نېمە بولغاندۇر، — دېدى ئۇ مەيۈس بىر ئاۋازدا.

**سىرتقى چىقماق** ئىز-دېرىكى چىقماق؛ خەۋىرى، ئۇچۇرى كەلمەك: — ئوغلىڭىزنىڭ سىرتقى چىقتىمۇ قانداق؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا. * خەلپىتىم بۇ ئىشنىڭ سىرتقى چىقىپ كېتىپ قالسا ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن دەپ، ئىچىدىكىنى ئېيتماي تۇرىدۇ، ھەرقاچان؟

**سىرتقىنى ئالماق** بىرەر ئىش ھەققىدە خەۋەر، ئۇچۇرغا ئىگە بولماق، خەۋەر تاپماق: ھەر ھالدا سۈرۈشتۈرۈشلىرىم بىكارغا كەتمىدى، ئىككى ئاي ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ سىرتقىنى ئالدىم.

**سىرتقىنى قىلماق** سۈرۈشتۈرمەك،

خەۋىرىنى ئۇقۇشماق: — ھېلىقى كالىنىڭ سىرتىقىنى قىلىپ باق ئۇكام، بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالسا ماڭا دەرھال خەۋەر قىل، مەن سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن، — دەپ تاپىلىدى بوۋاي.

**سىرتىقچى** ئى. خەۋەرچى.

**سىرچى** ئى. ئۆي جاھازىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى سىرلايدىغان ئادەم: كۆك ئىشىكنىڭ قانىتىنى سىرچىلارغا سىرلىتاي. مەھەللىگە كەلگەن يىگىتنى ھويلا-ئارامغا چىللىتاي.

**سىرچىلىق** ئى. ئۆي-جاھازىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى سىرلاش ئىشى، سىرلاش كەسپى: دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، سىرچىلىقمۇ، يېزىلاردا خېلى ئېقىشلىق ھۈنەر بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

**سىرداش** ① ئى. ئۆزئارا سىردىشىدىغان، كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى، دەرد-ئەلەم ياكى ئارزۇ-ئۈمىد، ھېس-تۇيغۇلىرىنى دېيىشىدىغان كىشىلەر؛ دوست، ئاغىنە: يامان بىلەن يولداش بولما. نادان بىلەن سىرداش بولما (ماقال). * گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرى بۇ قېتىمقى ۋەرەقىلەرنىڭ چاپلىنىشىنى دەسلەپتە لۇتپۇللا ۋە ئۇنىڭ سىرداشلىرىدىن گۇمان قىلغانىدى. * ئەي سىردىشىم سەندىن جۇدا بولدۇم شۇ دەم، يىغلار كۆزۈم ئەتە ئاخشام ھىجرىڭ بىلەن. ② سۈپ. كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئۆزئارا دېيىشىدىغان؛ بىر-بىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە سىرلىرىنى بىلىشىدىغان، ناھايىتى يېقىن: ساۋاقداشلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سىرداش دوستى، تەدبىرلىك مەسلىھەتچىسى قاتارىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى. * ئەتىسى مەلىكە بىرقانچە سىرداش ئادەملىرىنى ئېلىپ چايغا كېلىپتۇ.

**سىرداش بولماق** سىرلىرىنى، دەرد-ھەسرەت ۋە ئارزۇ-ئۈمىد، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئۆزئارا دېيىشىپ تۇرىدىغان يېقىن دوستلاردىن بولماق: بىلمىدىم، سىرداش بولۇپ مەندىن بۆلەك يار كەلدىمۇ، بۇ جاھان تار كەلدىمۇ، ھەمراھ بولۇش ھار كەلدىمۇ، دەردى-دەۋران ئۈستىگە ئىشقىنى قوشقان قايدىسەن.

**سىرداشلىق** «سىرداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ماڭا سىرداشلىق قىلىپ غېمىنى خېلى يېنىكلەتتى.

**سىرداشماق** پ. ئۆزئارا كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ پاراڭلاشماق، مۇڭداشماق: ئۇ داشۆگە كەلگەندىن كېيىن خاسىيەت بىلەن تونۇشتى، سىرداشتى، ئۆمۈرلۈك بولۇشقا ۋەدىلەشتى. * شەبنەم تېخى قۇرۇمىدى ئېتىزلىقتا، قىياقلاردا. توختا بىردەم سىردىشايلى، سايە سېلىپ بۇلاقلارغا.

**سىر-سىر** «سىر I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**سىرغا** ئى. قۇلاققا سالىدىغان ھالقا: ھاي-ھاي يۆلەن، ھاي يۆلەن گۈل قايدا بار، يار-يار، بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار يار-يار. شىلدىر-شىلدىر قومۇشقا سىرغام چۈشتى يار-يار، سىنالمىغان يىگىتكە سىڭلىم چۈشتى يار-يار.

**سىرغىسىغا تايدۇرماق** كىشىنىڭ بىرەر ئەيىبىنى ياكى مۇۋاپىق بولماي قالغان ئىشىنى تۇتۇۋېلىپ ۋە شۇنى باھانە قىلىپ كىشىگە پالاكەت كەلتۈرمەك، كىشىنى يىقىتماق ياكى كېلىشمەسلىككە مۇپتىلا قىلماق: رەقىبىنىڭ گۈزەل ئاي ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەن. ئۇ باھانە تېپىپ مېنى پۇتلاشتۇرۇشى، سىرغامغا تايدۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

**سىرغانچۇق** ئى. سىيرىلىپ قولدا تۇختىمايدىغان، تۇتقىلى بولمايدىغان سىلىق نەرسە؛ تۇتۇق بەرمەيدىغان ئادەم: ئۇ خۇددى ھىيلىگەر يىلانىبىلىقتەك سىرغانچۇق، مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن.

**سىرغىتماق** «سىرغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىۋاڭشى بىلەن جاۋ ۋۇكېك چانىنىڭ ئارقىسىغا چىقىۋېلىپ، تۆمۈر ئۇچلۇق كالتەكنى مۇزغا تىرەپ چانىلارنى ئۇچقاندەك سىرغىتىپ ئېلىپ كەتتى. * ئۇ كىچىك بىر ئەسكى ماي قاچىسىغا كونا مايلارنى سىرغىتىۋېلىپ بىر تەرەپ چاق ئوقىنى پاكىز تازىلىدى.

**سىرغىشماق** «سىرغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توغان ئاستىغا بېسىلغان ئوتلار ئارىسىدىن سىرغىشىپ چىقىۋاتقان سۇلار خېلى يەرگىچە بارغانىدى. * يوچۇقتىن سىرغىشىپ كىرىپ يىلانلار، تەشكىلات چوڭ زىيان تارتتى ئاقىۋەت. قان بىلەن پۇتۇلگەن بۇ ئاچچىق ساۋاق، ساقلانغاي تاشتىكى مۆھۈردەك ئەبەت.

**سىرغىلىق** ئى. قۇلاقنىڭ پەست قىسمىدىكى ھالقا تاقىلىدىغان يۇمشاق يېرى.

**سىرغىم** ئى <سۇ> يامغۇر سۈيىنىڭ پارلىنىپ، سىڭىپ ۋە توسۇلۇپ قالغاندىن كېيىنكى قىسمىنىڭ يەر بېغىرلاپ سىرغىپ ئېقىشى. يەر ئۈستىدىكىسى «يەر سىرغىمى»، يەر ئاستىدىكىسى «يەر ئاستى سىرغىمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سىرغىماق** پ ① ناھايىتى ئاز مىقداردا ئاستا-ئاستا ساقىماق، ساقىپ ئاقماق: ئۇلار كاننىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىدە كۆلچەك قېزىپ سىرغىپ يىغىلغان سۇنى «سالغۇتاك» دەپ ئاتالغان تۇلۇك بىلەن يۇقىرىغا توشۇيتتى. * نەينىڭ مۇڭىغا چۈمۈلگەن زەيتۇنەمنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن چىققان ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى. * دوسكىنى باغلىغان ئېلېكتر سىمى، بويىننى تىلماقتا، سىرغىماقتا قان. ئەي پەلەك، قىسمىتىڭدە مۇشۇنداق سوتنى، ئېيتقىنا، ئادەملەر كۆرگەنتى قاچان؟ ② سىيرىلماق: كۆل ئىچىدە مىسلى ئۇلار بىر جۈپ كېپىنەك، قوغلىشاتتى سايدا گويا ئاھۇ كېيىكتەك. تۇتتى قىزنى نەچچە، تۇتتىيۇ ئەمما، قوللىرىدىن ئاجرار ئىدى سىرغىپ بېلىقتەك.

**سىرقىتماق** «سىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىرقىراتماق** «سىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىلەمسەن، سېنىڭ ھەربىر قېتىم ماڭا بېچارىلەرچە غەمكىن مۆلدۈرلەپ قارىشىڭ يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ، گويا ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك سىرقىرىتىپ ئۆتىدۇ.

**سىرقىراشماق** «سىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شاھنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى سىرقىرىشىپ، پۇت-قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، نەپەسلىرى قىيىنلىشىپتۇ.

**سىرقىرىماق** پ «سىر-سىر» قىلماق، «سىر-سىر» قىلىپ ئاغرىماق: ئۈينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىرايدۇ (ماقال). * شەۋكەت قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى، پاقالچاقلىرىنىڭ تېلىپ، تىزلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

**سىرقىماق** پ. ئاز-ئازدىن تامچىلاپ ئاقماق، سىرغىماق، تامچىلىماق، ساقىماق: دېدى دەرەخ: «ۋۇجۇدۇمدىن سىرقىپ چىققان، مۇھەببەتلىك شەربەتلەرنىڭ جەۋھىرىسەن، سەنسىز باھار بېزەلمەيدۇ، ھاياتىمنىڭ ـ باھاسىغا تەڭدىشى يوق شەۋكىتىسەن».

**سىركا** ئى. تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنىڭ ئوچىقى.

**سىركاي** (توغرىسى: سىركايە) ← سىركايە.

**سىركايە** ئى ← **پىيالە**: يېيىلىپ بولۇندى مايلىق پولۇمۇ، سىركايە ئىچىدىن پۇرقىراپ ئىتتى هور، جوزىنىڭ ئۈستىدە يانماقتا لامپا، بىرىلدى شائىيونىڭ قولىغىمۇ سۇ.

**سىركە** I ئى. پىتىنىڭ تۇخۇمى.

**سىركە** II ئى. كۆك ئۈزۈم سۈيىنى ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان، پۇرىقى كۈچلۈك، تۇزسىز سۇيۇقلۇق: بۇرنى قانىغانلار سىركىنى پۇراپ بەرسە، قانىنىڭ تېز توختىشىغا پايدىسى بولىدۇ.

**سىركە كىسلاتاسى** <خىم> ← ئاتسېتات كىسلاتا.

**سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان** كەپ كۆتۈرەلمەيدىغان، تەبىئىتى نازۇك؛ چاقچاقنا ئاسان تېرىكىدىغان، چاقچاق خالىمايدىغان، نازۇك: سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان ئادەم. * ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن، يەنە سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان مىجەزىدىن بولۇپ تۇراتتى. * مۇدىرنىڭمۇ قايىقى ئېچىلمايدۇ، ئۇ تولىمۇ تېرىككەك، سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ كەتتى.

**سىركە** III ئى. دىئال. ئاچچىقسۇ.

**سىركون** ئى (ر<لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $Zr(SiO_4)$. تەركىبىدىكى $ZrO_2$ نىڭ مىقدارى 67.1 پىرسەنت، تۆت ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. رەڭگى قوڭۇر سېرىق، قوڭۇر ياكى رەڭسىز. ئالماس پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 7 ~ 8، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.7.

**سىركونىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Zr ( zirconium ). كۈل رەڭ بولۇپ، پارقىرايدۇ، قاتتىق هەم چۈرۈك كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاتوم رېئاكسىيە قازىنىدىكى ئۇران كالتەكنىڭ سىرتقى قېپى ۋە ۋاكۇئۇم ئەسۋابلىرىنىڭ گاز چىقىرىۋېتىش دورىلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ. سىركونىي ۋە تورىينىڭ ماگنىيدىكى قېتىشمىلىرى يېنىك، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە چىرىتىشكە چىداملىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇش ئەسۋابلىرىنىڭ سىرتقى قاپلىرىنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**سىركۆل** ئى (ر<لات) چەمبەر، چېرتيوژ، سىخېما قاتارلىقلارنى سىزىش ياكى ئۆلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىككى پۇتلۇق بىر خىل ئەسۋاب، پەرگا: كەرىموپ ئۆلچىگۈچنى قويۇپ سىركۆلنى ئەمدىلا بىر ئايلاندۇرۇپ تۇرۇشىغا بۇلۇڭ جوزىسى ئۈستىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

**سىركىپىياز** سۈپ (سىركە+پىياز) تايىنى يوق، ئۇششاق سۆز، ئەڭ ئۇششاق، ئەرزىمەس نەرسىلەرنىمۇ هېسابلاپ، سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇۋالىدىغان: سىركىپىياز ئادەم. // ئىزا تارتماي شاپتۇلۇمنى يەۋېلىپ، يەنە مېنى سىركىپىياز دەيسنا تېخى!

**سىركىچى** I ئى. كۆك ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ سۈيىدىن سىركە ياسايدىغان ۋە شۇنى ساتىدىغان كىشى: ئۇ بىرىپ سىركىچىدىن سىركە ئەكىلىپتۇ. // — تۆت كوچىدىكى سىركىچى ئايالدىن ئالدىم، — دەپتۇ باللارنىڭ بىرى.

**سىركىچى** II ئى. دىئال. ئاچچىقسۇ ياسايدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان كىشى.

**سىركىچىلىك** «سىركىچى II» سۆزلىرىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاشۇ سىركىچىلىك قىلىپ تاپقان ئازغىنە كىرىمى بىلەن قامدايدىكەن.

**سىرلاتماق** «سىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پۇلىمىز بولسا بىزمۇ ئىشىك-دېرىزىلەرنى سىرلىتىۋالساق، ئۆيىمىزنى ياسىۋالساق تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

**سىرلاشماق** «سىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆي-جاھازلىرىنى سىرلىشىپتۇ.

**سىرلاقلىق** سۈپ. مەلۇم رەڭدىكى سىر بىلەن سىرلاپ قويۇلغان، سىرلانغان: شاھزادە قارىغۇدەك بولسا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە، ئۆينىڭ ئىچى-تېشى ۋە پۈتۈن جاھازلار قىپقىزىل سىرلاقلىق تۇرغۇدەك. * يامۇلنىڭ ياغاچلىرى قىزىل سىردا سىرلاقلىق. مېنى باققان بەش يايى ئۇرۇمچىدە سولاقلىق.

**سىرلانماق** «سىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەختەمباينىڭ دەرۋازىسى يېشىل سىر بىلەن سىرلانغانىدى.

**سىرلىق** I سۈپ ① قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنغان، مەلۇم سىرى بار، مۆجىزىلىك: – سىزچۇ؟ – تۆرەم يۇمران ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ قالغان يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، مايسەمگە سىرلىق قارىدى. – سىز ئۇندېمىدىڭىزمۇ؟ * مەن سىزنىڭ مۇنداق سىرلىق گەپلىرىڭىزنى چۈشەنمەيمەن. * سىرلىق يىللار ئۆز ۋاقتىدىكى ساھىبجامال، تەكەببۇر قىزنى تۆۋەنلىتىپ ئەزىمجان ئەپەندىگە خوش دەيدىغان، ئۇنى سېغىنىدىغان قىلىپ قويدى. ② باشقىلاردىن سىر تۇتۇلغان ياكى باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدىغان؛ مەخپىي، يوشۇرۇن: – بۇ خىل ئۆزۈك ھەممىسى بولۇپ تۆت دانە، – دېدى ئۇ ئالماسقا قاراپ، – بۇ سىرلىق ئالاقىلىشىش بەلگىسى. * سىرلىق سۆھبەت داۋاملاشماقتا ئىدى. ئەمما ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشقان. ③ سىرنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان؛ ناھايىتى ھەيۋەتلىك: سەن، دوستۇم، مېنىڭ نەزىرىمدە يەنە سىرلىق ئادەم بولۇپ قېلىۋاتىسەن، پاتراق ئېيتقىنا، بۇ زادى نېمە ئىش؟... * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆسكەن ئاسمىدە بىر كۈندىلا، تەڭدىشى يوق چىرايلىق، ھەرىكەتلىرى نەپىس، ئاۋازلىرى يېقىملىق باشقىلا بىر سىرلىق قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

**سىرلىق** II سۈپ. سىرلانغان، يۈزىگە تەكشى سىر سۈرتۈلگەن، سىر بىلەن بويالغان: سىرلىساڭ سىرلىق ئاياق، سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق (ماقال). * ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان يېشىل سىرلىق يېپيېڭى موتسىكلىت ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

**سىرلىق جابدۇق** <ئارخېئول> قەدىمكى زامانلاردىكى ياغاچتىن ياسىلىپ ئۈستىگە سىر بېرىلگەن قول سانائەت بۇيۇملىرى.

**سىرلىقلاشتۇرماق** «سىرلىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شېئىر ئۇسلۇبى ئەسلىي ماھىيىتىدىن ئالغاندا خەلقنىڭ تەبىئەت بىلەن قىلغان كۈرەشلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنىدى، ئۇ كېيىنچە خانلىق سەلتەنىتىنى سىرلىقلاشتۇرۇش قىياپىتىنى ئالغان.

**سىرلىقلاشتۇرۇش** ① «سىرلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② <پەلس> مىستىتسىزم

**سىرلىقلاشتۇرۇلماق** «بسىرلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىرلىقلاشماق** پ. سىرلىق تۈس ئالماق، كىشىلەر سىرنى ياكى مەخپىيەتنى ئاسانلىقچە بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلمەك: – «پەرىزات خېنىم» مازىرى بارغانچە سىرلىقلاشتى، – دېدى ئېلىقۇل، – دەسلەپكى

رازۋېدكا قىلىش نەتىجىلىرى بىزدە باشقىچە تەسىرات قالدۇرغان. رابى ۋىت-ۋىت ئۆزىنى ئۇنچىۋالا چوڭقۇر پەردەزلاپ كۆتەلەيدىغان ئايال ئەمەس ئىدى.

**سىرلىماق** پ. سىر بەرمەك، سىر بىلەن بوياماق: بۇ زاۋۇتنىڭ ئەمەس، رېمونتقا ئېلىپ كەلگەن ماشىنا، پۇتكۈزۈپ، سىرلاپ تەييار قىلىپ قويدۇق، سىناش ئۈچۈن ھەيدەپ باقمىز.

**سىرۇ** ئى <تارىخ> ← **سىرۇ خانلىقى.**

**سىرۇ خانلىقى** <تارىخ> چاۋشىيەندە ئۆتكەن قەدىمكى دۆلەت. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 57-يىلى پياۋخې جۇشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان: كېيىن ئۇ قوشنا قەبىلىلەرنى پەيدىنپەي بويسۇندۇرۇپ، 4 — 7-ئەسىرلەردە چاۋشىيەن يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تازا گۈللەنگەن. 9-ئەسىرگە كەلگەندە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلەردە بولغان.

**سىز** ئال. كىشىلىك ئالماش II شەخس بىرلىك شەكلىنىڭ سىپايە تۈرى، يەنى «سەن» نىڭ سىپايىلىك بىلەن ئېيتىلىشى: – ئاينۇر بىلەن سىز توغرۇلۇق سۆزلىشەي دەيمەن! – دېدى پاتىمە يەرگە قاراپ. * ۋاي تاۋى نازۇكەي، سىز بۇرۇن بىلمىگەن بولسىڭىز ئەمدى بىلىپ قالارسىز.

**سىزدە بار قارا ئىشەك مەندىمۇ بار** «سەندە بار نەرسە مەندىمۇ بار»، «مەن سەندىن كەم ئەمەس»، «مەنمۇ سەن بىلەن ئوخشاش» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: ۋالاقلاۋەرمەڭ ئەپەندىم، سىزدە بار قارا ئىشەك مەندىمۇ بار، بولدى قىلىڭ دېگەندىن كېيىن بولدى قىلىڭ ئەمدى.

**سىزدۇرماق** «سىزماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – بۇ رەسىمنى چەتئەلدىن كەلگەن رەسسام دوستۇمغا سىزدۇردۇم، – دېدى ئۇ سۆزلىگەچ تامدىكى سۈرەتلەرنى كۆرسىتىپ.

**سىزدۇرۇشماق** «سىزدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن رەسسام بىلەن قايتا سۆزلىشىپ، رەسىمنى قايتىدىن سىزدۇرۇشتى.

**سىزدۇرۇلماق** «سىزدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېلان رەسىملىرى كۆڭۈلدىكىدەك سىزدۇرۇلدى.

**سىزغان** «سىزماق» سۆزىنىڭ سۈپەتدىشى.

**سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىق** نېمە دېسە شۇنى قىلماق، كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئىشلىمەك، دېگىنىنى قىلماق: مەن ساڭا ئۆگىتىمەن، ئەگەر سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايدىغان بولساڭ، مال بېرىمەن. * چارچىساڭ ھاسا قىل، يولۇڭدا ئىشلەت، سەن سىزغان سىزىقتىن چىقماسمەن ئەبەد. بۇگۈن ھەم تاڭلا ھەم شۇدۇر ئىرادەم، «ھە!» دېسەڭ، «ھۇ!» دەيمەن، شۇ ماڭا راھەت. ئانىجان، ئانىجان ياشىغىن ئۇزاق.

**سىزغۇ** ئى. كىيىم پىچقاندا، رەخت ئۈستىگە سىزىق سىزىش ياكى ئىز چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم.

**سىزغۇچ** ئى. ئەينەك، تۆمۈر، ياغاچ ياكى شۇ قاتارلىق نەرسىلەردىن تۈپتۈز ھەم بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتا ياسالغان، سىزىق سىزغاندا پايدىلىنىدىغان بۇيۇم: ھەرقاچان ئىش كېلىدىكەن گاھ ئاسان. گاھ تەس بولۇپ، گاھى سىزغۇچتەك ئەجەب تۈز، گاھ ئېگىز، گاھ پەس بولۇپ.

**سىزلام** ئى. تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ

بىر خىلى. ئالامەتلىرى: كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ پات-پاتلا سىيگۈسى كېلىدۇ. ئەمما سىيىدۇك بىر-ئىككى تېمىمدىن ئارتۇق كەلمەيدۇ ھەم سىيگەندە تاناسىل ئەزا كۆيۈشۈپ قاتتىق ئاغرىپ، ئادەم بەك قىينىلىدۇ.

**سىزلەشمەك** «سىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشلىرى، بىر-بىرىنى سىزلىشىپ نوقۇشۇشلىرى ئادەمنىڭ بىرئاز غىدىقىنى كەلتۈرەتتى.

**سىزلىمەك** پ. قارشى تەرەپنى «سىز» دەپ سۆزلىمەك: ھاجى خوتۇننى سىزلەپ: «سىز ئىككى كېلىن تۇتۇشنى بىلمەيدىكەنسىز، زەيىنەپكە جەبىر قىلغاندەك كۆرۈنىسىز» دەيتتى. * غۇپۇرئاخۇن دۇيجاڭنى ھۆرمەت قىلىپ دائىم سىزلەيتتى.

**سىزما I** ① سۈپ. سىزىلغان، سىزىپ چىقىرىلغان: ئاسىم ئەپەندىنىڭ چوڭايتىلغان سىزما سۈرىتى تامنىڭ تۆرىگە، قىزىل دۇخاۋا رەخت ئۈستىگە زىننەتلەپ ئېسىلغان. * ئەكبەر لى شۈجىنىڭ كارىۋىتى بېشىدىكى سىزما خەرىتىگە قارىدى. ② ئى. قول بىلەن سىزىپ ئىشلەنگەن رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر: تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا بىز كۇچا قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇر مىڭئۆيى، تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى بېزەكلىك ۋە دۇڭخۇاڭ مىڭئۆيى تام سىزمىلىرىدىن باشقا ئاساسلىق مەھەللىۋى ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. * قەغەز يۈزىدىكى سىزمىلار ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، ھەر ھالدا كىشىگە بەلگىلىك زوق بېرەتتى.

**سىزما ساپال** <ئارخېئول> ← **بوياق ساپال.**

**سىزما II** ئى. توغان، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سۇ ئاز-ئازدىن سىزىپ چىقىپ تۇرىدىغان يېرىقى: دەل شۇ پەيتتە يەنە بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى: دامبىدىن سىزما پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى بارغانچە لىيىشقا باشلىدى.

**سىزماق I** پ ① سىزىق تارتماق، سىزىق چىقارماق، سىزىق قىلماق: ئەنۋەر «ئانا» رومانىنى قولىغا ئالدى-دە، قاتلاپ قويۇلغان بەتنى ئېچىپ ئۆزى ئاستىغا سىزىپ قويغان قۇرلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. ② سىزىقلار ۋاسىتىسى بىلەن قەغەز، تاختايغا ئوخشاش نەرسىلەرگە شەكىل چۈشۈرمەك، تەسۋىرلىمەك: — سۈرەتكە ئەڭ ياخشىسىنى سىزىدىغان بولغاندىكىن، بىزنىڭ ئەكبەر شۈجىنى سىزسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى بىر ئايال. * ئۇ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بېرىپ، قول ھارۋىلىرىنى لايىھەلەپ، ئۇنىڭ چېرتيوژىنى سىزدى. ③ كۆچمە. كۆرسەتمەك، كۆرسىتىپ بەرمەك (يول، جەريان، چارە، تەدبىر قاتارلىقلار ھەققىدە): پارتىيە سىزغان نۇرلۇق يولدا ماڭ، چۈنكى ئۇ — سېنىڭ چىن ئاتا-ئاناڭ.

**سىزماق II** پ ① ئاستا، ئاز-ئازدىن قىسىلىپ، سىزىپ چىقماق، سىرغىماق: توغان ئاستىدىن سىزىپ چىقىۋاتقان سۇغا ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەر دىققەت قىلمىدى. * شۇندىن باشلاپ خەستە تېنىمگە قوشۇلغاندەك بولدى يېڭى جان. گويا يۈرەك تومۇرلىرىمدىن سۇ ئورنىدا سىزىپ چىقار قان. ② كۆچمە. جۇدىمەك، ئورۇقلىماق؛ ھالسىراپ كۈچىدىن كەتمەك: دەردمەن ئانا ھىجران قايغۇسىدا پۇچىلىنىپ، گويا بىر يالماۋۇز تاپىنىدىن قېنىنى شورىۋېلىۋاتقاندەك، كۈندىن-كۈنگە سىزىپ

قۇرۇپ، ساماندەك سارغىيىپ، دەرمانسىزلىنىپ، تۇيۇقسىز قازا تاپتى. * مەنزىل قارا يۇلغۇنغا، گۈلمەرەم، ماڭدۇق بۇگۈن چۆل كېزىپ بىز، گۈلمەرەم. ئالدىمىزدا قىزىل تاغ، گۈلمەرەم، قاراپ تولا كۆز سىزىپ، گۈلمەرەم.

**سىزمىچىلىق** ئى. سۈرەت، لايىھە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سىزىش ئىشى، كەسپى ياكى سەنئىتى.

**سىزمىخانا** ئى <بىن> چېرتيوژ سىزىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئۆي.

**سىزىشماق** « سىزماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەل ئىچىدىكى كاتتا رەسساملارنىڭ ھەممىسى شاھنىڭ تەسۋىرلىگىنى بويىچە ئۆز ھۈنەرلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ئىككى پارچىدىن رەسىم سىزىشىپتۇ.

**سىزىق** ئى ① يازىدىغان، سىزىدىغان ياكى يۇقىدىغان نەرسىلەر قالدۇرغان ئىنچىكە ئىز: ئۇزۇن سىزىق. قىسقا سىزىق. بور بىلەن سىزىلغان سىزىق. * دانىشمەن يەرگە بىر دۈگىلەك سىزىپتۇ. تادان ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر سىزىق سىزىپ، دۈگىلەكنى ئىككىگە بۆلۈپتۇ. ② شۇ خىل شەكىلدىكى يول، ئىز؛ قورۇق: رەختنىڭ سىزىقلىرى. قول ئالقىنىنىڭ سىزىقلىرى. ③ <مات> بىر نۇقتىنىڭ خالىغانچە سىلجىشىدىن ھاسىل بولغان گېئومېترىيىلىك شەكىل: تۈز سىزىق. ئەگرى سىزىق. گورىزونتال سىزىق. سۇنۇق سىزىق. ④ ئىككى نۇقتىنى تۇتاشتۇرىدىغان ياكى ئومۇمەن مەلۇم نۇقتىلار ئارقىلىق ئۆتكەن قىياسەن لىنىيە: ئېكۋاتور سىزىقى. ئۇپۇق سىزىقى. ⑤ مەلۇم ئىش ياكى نەرسىنىڭ چېگرىسى، دائىرىسىنى ئايرىپ كۆرسەتكۈچى چەك؛ بەلگىلىمە: چېگرا سىزىقى. نومۇر سىزىقى. * بۇ قىزنىڭ ئىمتىھان نومۇرى بەلگىلىمىدىكى ئىمتىھان نومۇر سىزىقىدىن 75 نومۇر ئارتۇق ئىكەن. ⑥ كۆچمە. يول؛ پىلان؛ كۆرسەتمە، تاپشۇرۇق: سىزىقتىن چىقماسلىق. ⑦ <تىل> تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى، يەنى رولى ئاساسەن تىرناققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىزاھ بەلگىسى. كۆپىنچە ئىزاھ، بايان، چەك مەنىلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە «—» بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىپ، سىزىقچىدىن ئۇزۇنراق تارتىلىدۇ.

**سىزىق تەسۋىرى** <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىم سىزىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. بۇنىڭدا ئوبراز يالغۇز سىزىق ئارقىلىقلا تەسۋىرلىنىدۇ، رەڭ بېرىلمەيدۇ.

**سىزىقتىن چىقماسلىق** ← **سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىق**.

**سىزىق چىقارغۇچ** <ماشىن> سىزىق چىقارغۇچى تىغلار ئارقىلىق دېتال يۈزىگە ھەر خىل تەڭ ئارىلىقلىق سىزىقلارنى ئويۇپ چىقىرىدىغان بىر خىل ستانوك.

**سىزىقىدىن چىقماسلىق** ← **سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىق**: ھەئە، مەن ئاپاك! ئاپاك ئىكەنمەن، بۇندىن كېيىن سىزىقىمدىن چىقمايمەن. * خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن سىزىقىڭىزدىن چىقمايمەن، سىز خۇددى ئۆز قۇرامىمدىكى تاللاپ سۆيگەن گۈزەل قىزغا ئوخشايسىز.

**سىزىققا كىرمەسلىك** دېگەن سۆزىگە كىرمەسلىك، دېگىنىنى قىلماسلىق، كۆرسەتكەن يولدا ماڭماسلىق؛ مەسلىھەتنى ئاڭلىماسلىق.

**سىزىقچە** ئى ① قىسقا سىزىق: دەرۋەقە، قەغەزنىڭ ئۈستى ئۆمۈچۈك تورىدەك چۈشىنىكسىز سىزىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. سىزىقچىلار ئۈستىگە سانتىمېتىر، ھەتتا مىللىمېتىرلاپ سىفىرلار يېزىلغان، قانداقتۇر ھەرپلىك بەلگىلىرىمۇ

چۇشۇرۇلگەنىدى. ② <تىل> تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى، يەنى يېرىم قوشۇپ يېزىش بەلگىسى. ئاساسەن جۈپ سۆز ئارىسىغا، بوغۇم ئاخىرىغا ۋە رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن دەرىجە سانلاردىن كېيىن قويۇلىدۇ. ئادەتتە «-» بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىنىپ، سىزىقنىن قىسقىراق تارتىلىدۇ.

**سىزىقسىز** سۈپ. سىزىقى يوق، سىزىق سىزىلمىغان، سىزىق تارتىلمىغان: سىزىقسىز قەغەز. سىزىقسىز كارتوچكا.

**سىزىقلىق** سۈپ ① سىزىقى بار، سىزىق سىزىلغان، سىزىق چىقىرىلغان؛ سىزىپ قويۇلغان: مەن ئىنتىزار بولغان قىز بىر تال ئۈزۈن چېچىنى ئالدىغا چۇشۇرۇۋېلىپ ئىلغۇچتىكى بەش سىزىقلىق نوتىغا قاراپ رويال چېلىۋېتىپتۇ. * مۇئەللىم ئۆز ئەكسىنىڭ دوسكىغا سىزىقلىق تۇرغانلىقىنى خېلى ئۇزۇندىن كېيىن كۆردى. ② <فىز> مەلۇم سىزىق بويلاپ سادىر بولىدىغان: سىزىقلىق كېڭىيىش. سىزىقلىق تېزلىك. سىزىقلىق تەڭلىمە.

**سىزىقلىق تەڭلىمە** <مات> ← **بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە.**

**سىزىقلىق تېزلىك** <فىز> ئەگرى سىزىق بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماددىي نۇقتىنىڭ ئەگرى سىزىق ئۈستىدە بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى. ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بۇلۇڭلۇق تېزلىك (سېكۇنت / رادىئان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ) بىلەن چەمبەر رادىئۇسىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ، ئۇنىڭ يۆنىلىشى ھەرقايسى نۇقتىلارنىڭ ئۇرۇنما تەكشىلىكلىرىنىڭ يۆنىلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**سىزىقلىق كېڭىيىش** <فىز> تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە، قاتتىق جىسىملارنىڭ مەلۇم يۆنىلىشتىكى ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئارتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سىزىقلىق كېڭىيىش كوئېففىتسېنتى** <فىز> قاتتىق جىسىمنىڭ (مۇئەييەن بېسىم ئاستىدا) تېمپېراتۇرا $1^{\circ}C$ ئۆرلىگەن چاغدىكى ئارتقان ئۇزۇنلۇقى بىلەن، ئۇنىڭ تېمپېراتۇرا $0^{\circ}C$ ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن قىممەت.

**سىزىلماق** «سىزماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەسىم چوڭ ھەم ئاجايىپ رەڭدار قىلىپ سىزىلغانىدى. * بۇنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن سىزىلغان رەسىملەر، بەزىلىرى بولسا تېخى تۈنۈگۈنلا سىزىلغان رەسىملەر ئىدى.

**سىستېما** ئى (ر<گرېك) ① تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك باغلىنىپ، پىلانلىق رەۋىشتە جايلىشىشىغا ئاساسلانغان تەرتىپ: ماددا سىستېمىسى. تىل سىستېمىسى. * ماددىنىڭ ھەربىر چوڭ سىستېمىسىدىكى ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئالاھىدە زىددىيىتىنى ۋە شۇ زىددىيەت بەلگىلىگەن ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ماددىنىڭ ھەربىر ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئۇزۇن تەرەققىيات يولىدىكى ھەربىر جەريانىنىڭ ئالاھىدە زىددىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. ② ئوخشاش تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە تەشكىللىنىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن پۈتۈنلۈك: جاھانگىرلىك بولسا ئىنتايىن ئاز ساندىكى «ئالغا كەتكەن» مەملىكەتلەر يەر شارىدىكى زور كۆپچىلىك ئاھالىنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قۇل قىلىدىغان ۋە مۇستەملىكە قىلىپ ئېزىدىغان دۇنياۋى سىستېما بولۇپ قالدى. ③ <بىئول> كلاسسىفىكاتسىيە:

بوتانىكلىق سىستېما. ④ <پەلس> بىرەر
تەلىماتقا ئاساس بولىدىغان قائىدىلەر،
كۆز قاراشلار ۋە پرىنسىپلار يىغىندىسى:
دېكارتنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى. * بىز
ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش،
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، نەزەرىيىنى
ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ
تۇرساقلا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسە-
نى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلىيەلەيمىز. *
كېڭىل ماتېرىيالىزمنى «ئۈزۈل-كېسىل تەجرد-
بىچىلىك سىستېمىسى» دېگىنىدە شۇنداق دەپ
يازغان. ⑤ بىرەر ئىشنىڭ مېتودلىرى ۋە
تەرتىپ-ئۇسۇللىرىنىڭ يىغىندىسى: داۋالاش
سىستېمىسى. تەلىم-تەربىيە سىستېمىسى. *
ئۇ بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئالدى-دە،
دوكلات تىزىسى يېزىشقا كىرىشتى. ئاۋۋال
ئاخبارات مەزمۇنلىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ،
ئاندىن كېيىن تۈرلەر بويىچە رەت نومۇرى
قويۇپ، تىزىسنى سىستېمىغا سېلىپ يېزىشنى
داۋاملاشتۇردى. ⑥ ئومۇمىي بەلگىلىرىگە
قاراپ بىرلەشتۈرۈلگەن ئېلېمېنتلار،
بىرلىكلەر گۇرۇپپىسى: ئۆلچەم بىرلىكلىرى
سىستېمىسى. مېتر سىستېمىسى. يەرلىك سىستې-
ما. ⑦ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان
قىسىملاردىن، ئېلېمېنتلاردىن تەركىب
تاپقان پۈتۈنلۈك: قۇياش سىستېمىسى. نېرۋا
سىستېمىسى. قان تومۇرلار سىستېمىسى. ⑧
ۋەزىپىلىرىگە قاراپ ياكى تەشكىلىي
جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ،
ئۇيۇشقان مۇئەسسەسەلەر يىغىندىسى:
خەلق مائارىپى سىستېمىسى. سانائەت
سىستېمىسى. سودا سىستېمىسى. * ئاغزى
ئېچىلسىلا جاپپار، جاپپار دەيدۇ، بىزنىڭ
جاجۇيجاڭنى بۇنداق دەۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا،
بۇ چوقۇم يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر بولسا
كېرەك، بەلكىم بىز بىلەن بىر سىستېمىدىكى
مۇھىم باشلىقتۇر! * ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىق-
لاندىكى، بۇ ئەبلەخ ئازادلىقتىن ئىلگىرى
گومىنداڭنىڭ ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيونى
بولغان. ⑨ بىر مەقسەت ئۈچۈن بەلگىلەن-
گەن ئۇسكۇنە، ماشىنا، مېخانىزم ۋە
شۇ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان يىرىك
تېخنىكىلىق قۇرۇلما: ئىسسىتىش سىستېمىسى.
ئېنېرگىيە سىستېمىسى. سۇغىرىش سىستېمىسى.
* شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى
تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن
راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆتكەن يىلى دۆلەتكە زور
تۈركۈمدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سېتىپ
بەردى. ⑩ بىرەر ئىشنى تەشكىل قىلىش
ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇش فورمىسى:
سايلام سىستېمىسى. ⑪ ئىجتىمائىي تۈزۈم،
ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش فورمىسى: سوتسىيالىستىك
سىستېما. ⑫ <گېئول> يەر قاتلاملىرىنىڭ
سېرىيىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى، گۇرۇپپې-
دىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان
ئاساسىي دەۋر قاتلام بىرلىكى. ⑬
<گېئول> بىر قاتار ئېلېمېنتلارنىڭ مۇقىم
بىرلەشكەن گەۋدىسى.

**سىستېمىسىز** سۈپ. سىستېمىسى يوق،
سىستېمىغا چۈشمىگەن، رەتسىز، قالايمىقان:
بىمەنە، سىستېمىسىز گەپلەرنى سۆزلەۋەرمەڭ
ئەپەندىم، ھازىر سىزنىڭ ئۇنداق سۆزلىرىڭىز-
نى ئاڭلاشقا ۋاقىت يوق.

**سىستېملاشتۇرماق** «سىستېملاشماق»
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆز
ھاياتىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئاساسىدا ئۆز
كۆز-قاراشلىرىنى سىستېملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

**سىستېملاشتۇرۇلماق** «سىستېملاشتۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىستېمىلاشماق** پ. بەلگىلىك تەرتىپ، قائىدىگە چۈشمەك، سىستېما ھالىتىگە كەلمەك، (پىكىر-قاراش ياكى مەلۇم ئىش پائالىيەت ھەققىدە).

**سىستېمىلىق** سۈپ. مۇئەييەن سىستېمىغا ئاساسلانغان، تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك: يارايسىز، گۈزەلئاي، توغرا يول تاللاپسىز، بىز ئۇيغۇرلار ناخشا-مۇزىكىغا باي، لېكىن بىزدە تېخى مۇزىكا ئىلمىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەنلەر ناھايىتىمۇ ئاز.

**سىستېمىلىق يېتىلىش** <بىئول> جانلىقلار تۈركۈملىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى. بەزىدە ئۇ مەلۇم بىر تۈركۈمنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزىدە ھاياتلىقلارنىڭ يەر شارىدا پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرىدىن تارتىپ، تا ھازىرغا قەدەر بولغان پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

**سىغارلىق** سۈپ. سىغدىغان، مۇۋاپىق؛ جايىدا: تەنقىد سەممىي، يوللۇق، ئەقىلگە سىغارلىق بولسۇنكى، مۇبالىغە قىلىشتىن، بۇرمىلاشتىن، بولۇپمۇ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

**سىغداشماق** «سىغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قازى كىشىلەرنى سېپىلغا يېقىنراق كېلىشكە ئۈندىدى. ۋاڭغا خام خىيالدا بولغانلار ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ، بىر-بىرىنى سىغدىشىپ سېپىلغا يېقىنلاشتى. * قونداقتا سىغدىشىپ ئۇخلىشار توخۇ، قۇشقاچلار ئىزلىمەس ئەمدى دان-ئوزۇق.

**سىغدالماق** ① «سىغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئابلەق ئارىغا كىرىپ ناھايىتى تەستە سىغدىلىپ ئولتۇردى. * شىر بالىسى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ساندۇققا يەنە سىغدىلىپ كىردى. ② «سىغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — قانداق ئىش بولاتتى، — دېدى قىستاڭچىلىقتا چەتكىرەك سىغدىلىپ قالغان ھېلىقى ئايال، — دۇتار-تەمبۇرى قوش كەلدى، سېكىلىكى چاققان، يىگىتى بوش كەلدى.

**سىغدۇرماق** «سىغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمدى كات بولمىسا بولمىدى. كۆرۈپ تۇرۇپلا، كات بولمىسا بۇ تاغارلاردىكى ئاشلىقنى نەگە سىغدۇرىمىز؟ * مۇمكىن ئەمەسكەن ئىشقنى يوشۇرۇش، ھەرقانچە قىلدىم يوشۇرالمىدىم. دېمەي بولمىدى: «كۆيدۈممەن سىزگە» ئوتنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىدىم.

**سىغدۇرۇشماق** «سىغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ناۋادا بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارساق، ئۇلار بىزنى ئارىغا ئېلىپ، ئۇ يەردە سىغدۇرۇشارمۇ؟

**سىغدۇرۇلماق** «سىغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۆت كارىۋاتلىق بۇ ئۆيگە مىڭبىر جاپادا يەنە بىر كارىۋات سىغدۇرۇلۇپ يېڭى كەلگەن «مېھمان» ئۈچۈن ئورۇن راسلاندى.

**سىغدىماق** پ. ئىتتىرىپ تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماق، زىچلاشتۇرماق قىستىماق: بۇ ساندۇققا سىغدىساڭ خېلى كۆپ كىيىم پاتىدۇ. * قوشۇنلار قارشى تەرەپكە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلاپ، يېرىم سائەتكە قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنى شەھەرگە سىغداپ كەلدى.

**سىغماق** پ ① مەلۇم بىر دائىرە ئىچىگە ئورۇنلاشماق، جايلاشماق، پاتماق: بەش قول ئېغىزغا سىغماس (ماقال). * ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغماس (ماقال). * — قانچە كىشى سىغار؟ — دېدى ئۇ زالنى كۆرۈپ كېتىۋېتىپ. ② مۇۋاپىق، ئۇيغۇن،

ماس، لايىق كەلمەك: سۆز قىل سىغار يەرگە، سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە (ماقال). * ئايۇپ ئاكىنىڭ نەزىرىدە مەريەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى ئەقىلگە سىغمايتتى. * — سېنىڭ پۇل چىقىرىشىڭ قائىدىگە سىغمايدۇ، — دېدى ئۇ. ③ ياراشماق (كىيىم-كېچەك ھەققىدە): كۆل رەڭ كىيىملەر ساڭا تازا سىغمايدىكەن، ئەڭ ياخشىسى سەن قارا رەڭلىك رەختتىن كىيسەڭ بولغۇدەك.

**سىغىشالمايدىغان** سۈپ. ئۆزئارا چىقىشالمايدىغان، كېلىشەلمەيدىغان: سىغىشالمايدىغان تاللانما ھۆكۈم.

**سىغىشالمايدىغان تاللانما ھۆكۈم** <لوگ> تاللانمىلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا تاللانمىسى ھەقىقىي بولۇپ چىقىدىغان تاللانما ھۆكۈم.

**سىغىشتۇرماق** «سىغىشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىغىشلىق** سۈپ. سىغىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان؛ يارىشىدىغان، يارىشىملىق: سىغىشلىق گەپ. سىغىشلىق كىيىم.

**سىغىشماق** ① «سىغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەڭ ئېتىزلار ئوخشاپ قالدى دېگىنىغا، دېھقانلارنىڭ داستىخىنى كەڭ بولغۇن. يىگىت-قىزلار سىغىشمايدۇ ئېتىزغا، ئەر-ئاياللار ئىش-ئەمگەكتە تەڭ بولغۇن. ② چىقىشماق، كېلىشمەك، ئوبدان مۇناسىۋەتتە ئۆتمەك: ئۇلار بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايمەن. كۆرۈشكىچە بېشىمىز ئامان بولسۇن! * بۇ قازاق يىگىتى مۇستەبىتلەرنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ۋە ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئەسلا سىغىشالمايتتى.

**سىغىشىدىغان** سۈپ. ئۆزئارا ماس كېلىدىغان، بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدىغان: سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم.

**سىغىشىدىغان تاللانما ھۆكۈم** <لوگ> تاللانمىلىرىنىڭ ئىچىدە بىردىن ئارتۇقى ھەقىقىي بولۇپ چىقىدىغان تاللانما ھۆكۈم.

**سىغىم** مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغان قابىلىيەت، ئىچكى ھەجىم، ئىچكى دائىرە: بىرەر ئىجتىمائىي ھالەت ئۆزىنىڭ سىغىمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق جارى بولمىغۇچە ھەرگىز يوقالمايدۇ.

**سىغىمچان** سۈپ. مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنى سىغدۇرالايدىغان، بەلگىلىك سىغىمى بار.

**سىغىمچانلىق** ئى. نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرۇش ئىقتىدارى، قابىلىيىتى، سىغدۇرۇش دەرىجىسى: يايلاق قۇرۇلۇشىنى پائال كۈچەيتىپ، يايلاقلارنىڭ سىغىمچانلىقىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يېزىلاردىكى ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ئىشىنى جانلىق راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**سىفون** ئى [ر<گرېك] <فىز> سۇيۇقلۇقلاردا سىفون ھادىسىسىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «U» شەكىللىك نەيچە.

**سىفون ھادىسىسى** <فىز> سۇيۇقلۇقنىڭ ئېگىزرەك جايدىن كېلىپ ۋە بىر دانە ئەگمەچ نەيچىدىن ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن يۇقىرىغا، ئاندىن تۆۋەنرەك جايغا ئېقىپ چۈشۈش ھادىسىسى. بۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان نەيچە «U» شەكلىدە بولۇپ، بىر ئۇچى ئۇزۇنراق كېلىدۇ. ئىشلىتىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئالدىن سۇيۇقلۇق تولدۇرۇلۇشى شەرت.

**سىفىر** ئى [ئە] رەقەم: ئادىل بۇ تاختىسىنى كۆتۈرۈپ، كەچلەردە مۇتەللىپنىڭ ئۆيىگە كىرەتتى. مۇتەللىپ ئۇنىڭغا ئاددىي ھەرب ۋە سىفىرلارنى ئۆگىتىپ قوياتتى.

**سىفىرلىق** سۈپ. سىفىرى بار، رەقەملىك، رەقەم بىلەن يېزىلغان، سان بىلەن خاتىرىلەنگەن: سىفىرلىق بەلگە.

**سىفىلىس** ئى (ر<لات) <تىب> تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرىدىن بىرى. سىفىلىس بۇرمىسىمان تەنچىسى تەرىپىدىن قوزغىتىلىدۇ. كۆپىنچە جىنسىي ئالاقىدىن يۇقىدۇ. ئانىسى سىفىلىس بىلەن ئاغرىغان بولسا، بالا ھەمراھى ئارقىلىق ھامىلىگە يۇقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تۇغما سىفىلىس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا، دەسلەپكى باسقۇچتا قاتتىق شانكىر پەيدا بولۇپ، لىمفا تۈگۈنى ئىششىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچتا ھەر خىل تاشمىلار چىقىپ، ئايرىم ئىچكىي ئەزالاردا كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى يۈز بېرىدۇ؛ ئۈچىنچى باسقۇچتا تېرە ھەم شىللىق پەردىلەردە سىفىلىس ئۆسمىسى پەيدا بولۇپ، ئايلىنىش سىستېمىسى ياكى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدا كېسەللىك ئالامەتلىرى يۈز بېرىپ، يۇلۇن سىفىلىسى ۋە تەرەققىي قىلىشچان پالەچ قاتارلىق كېسەللىكلەر يۈز بېرىدۇ.

**سىقتۇرماق** «سىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، يارىسىنى دوختۇرغا سىقتۇردى.

**سىقتۇرۇشماق** «سىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىقتۇرۇلماق** «سىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىقماق** I پ ① ئوراپ، چاڭگاللاپ تۇتماق؛ قاماپ مۇجۇماق، قىسماق: ئاسىم ئەكبەرنىڭ مۇشتلىرىنى تۇتتى ۋە قاتتىق ئالقانلىرى بىلەن چىڭ سىقتى. * — ھەي خوتۇنتالاق، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — ئالىم كەلگەن بويى ئۇنىڭ گېلىدىن سىقتى. * ئامبۇردەك سىقماقتا مەشۇق بويىنىنى، ئاشىقنىڭ گۈرزىدەك يوغان قوللىرى. «تاپتىڭمۇ ئۆزگىنى مەندىن يۈز ئۆرۈپ؟» — ياۋايى بىر ھالدا چىقار ئۈنلىرى. ② مۇجۇپ، تولغاپ تەركىبىدىكى سۈيىنى چىقارماق: ئۇ ھۆل كىيىملىرىنى سىقۇۋېتىپ، كارىۋات ياپقۇچىنى يېپىنىپ، كارىۋاتتا ئۇخلاپ قالغانىدى. ③ كۆچمە. ئورۇنسىز تەلەپ، شەرت ياكى بۆھتان قاتارلىقلار بىلەن كىشىگە زۇلۇم كەلتۈرۈپ قىيىنماق، ئازابلىماق: بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چېرىكلەر سارايۋەننىڭ ئۆيىنى قورشىۋېلىپ، «ئۈچقۇن پاقىنى تېپىپ بەر» دەپ سىقتى. ④ بوغۇلماق، قىيىنلاشماق: بىردەمدىن بىردەمگە قىستىغان يۆتەل، دەم سىقىشلار ئۇنىڭ ئېسىگە ئاللىقانداق يامان ئىشلارنى سالاتتى.

**سىقىپ چىقارماق** مەلۇم كوللېكتىپ، گۇرۇھ، تەشكىلات قاتارلىقلاردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلماق، مەجبۇرىي چىقىرىۋەتمەك: كاپىتالىستلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى باشتا ئىشچىلارنى سىقىپ چىقارغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا كاپىتالىستلارنى سىقىپ چىقاردى.

**سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان** ناھايىتى بېخىل، پىخسىق: ئۇلۇغ تەرەپ ئائىلىدىكى موماي بولسا، بېخىل، سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان، كۆرەلمەس، ئىچى يامان، مەككار، كىشىگە شەپقەتسىز باي موماي ئىكەن.

**سىقىپ سۈيىنى يالايدىغان** ← **سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان**: بۇ سىقىپ سۈيىنى يالايدىدىغان ئادەم دېگىنە. چۆمۈچ تۇتقان خوتۇن بىلەن مېھماننىڭ ھالىغا ۋاي!

**سىقىپ سىقىمدىن چىققانىنى يالىماق** ناھايىتى بېخىللىق، پىششىقلىق قىلماق؛

ئىنتايىن چىڭلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمەك: سىقىپ سىقىمدىن چىققانىنى يالا دېسىلە، سىلىگە ئاش بولمايمەن، ھەممە گەپنى ھامام ئېيتقاندۇ، ھامامىنىڭ دېگىنىگە كۆنسىلە، مەنمۇ سىلىنى قېرى كۆرمەيمەن!

**سىقىپ يالىماق** قولىدىكىنى ناھايىتى بېخىللىق بىلەن چىڭ تۇتماق: ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ ئاكىسى خەقنى تالاپ، ئۆزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپ نۇرغۇن پۇل-پۇچەك، كېيىم-كېچەك، مال-دۇنياغا ئىگە بولغانىكەن. * كىشىنىڭكىنى بۇلاپ-تالاپتۇ، ئۆزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپتۇ.

**سىقماق** II ئى. بىر خىل يېمەكلىك. قوناق ئۇنىدا يۇمشاق خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، تەمى تەڭشەلگەن شورپىغا بارماق ئارىلىقلىرىدىن سىقىپ چىقىرىپ، قاينىتىش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ: بىز بېرىپ خېلى كۆنەلەرگىچە كۆنەلمىدۇق. ئۇ يەردە ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان غىزالار بار ئىكەن: يومدان دەمدۇ، زاك دەمدۇ، سىقماق دەمدۇ، ئىشقىلىپ ھەممىسى قوناق ئۇنى بىلەن بولىدىكەن.

**سىقماق** III سۈپ. سىقىپ چىقىرىلىدىغان: سىقماق ماي. سىقماق دورا. * — بالام، سەن ئىنىتىڭ چىقىپ ماگىزىنىدىن بىر قۇتا سىقماق ماي ئېلىپ كىر، قارىسىدىن، — دېدى ئوغلىغا ئىككى يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ.

**سىقىرىماق** (توغرىسى: سىرقىرىماق) ← **سىرقىرىماق.**

**سىقىشماق** «سىقماق I» پېيىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جىملىق باستى ئارىنى بىردەم، بىر-بىرىگە بېقىشتى كۆزلەر. بىر-بىرىنى سىقىشتى قوللار، دىلدا قالدى كۆپلىگەن سۆزلەر.

**سىقىق** ① ئى. سىقىلىش، ئىچى پۇشۇش، قورۇنۇش: بۇ سۆزنى رابىيە قىزمۇ ئىشتتى، غەلىتە بىر سىقىق كۆڭلىگە چۈشتى. ② ئى. باش ئاغرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پېشانىنى چىمدىپ سىقىشتىن ھاسىل بولغان ئىز: كېچە بېشىم بەكلا ئاغرىپ كەتتى، قارىسىلا، شۇنىڭ بىلەن چىدىيالماي پېشانىلىرىمنى چىمدىپ يۇرۇپ ئاران ئۇخلىدىم، كىم بىلسۇن، ئەتىگەنكە قارىسام پېشانىلىرىمدە ساپلا سىقىق، شۇنىڭ بىلەن سىرتقىمۇ چىقالماي ئولتۇرغانىدىم. ③ سۈپ. سىقىلغان: يۈزى سوزۇقراق، چېكىسى سىقىقراق كەلگەن بوۋايمۇ؟

**سىقىلماق** ① «سىقماق I» پېيىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن كىرسەم جەملە سىقىلغان كىر-قاتلارنى يېيىۋاتقانىكەن. * ئۇنىڭ كىچىك ئىككى قول تەرىپىدىن سىقىلغان گېلى تېخىمۇ ئىنچىلەپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى. ② بىرەر نەرسىدىن ئەيمىنىش، تارتىنىش ياكى بىئەپلىك ھېس قىلىش تۈپەيلى روھىي جەھەتتىن قورۇنماق، ئازابلىنىش ھېس قىلماق: يۈرىكى سىقىلاتتى. ئەمما قاتتىراق نەپەس ئالالمايتتى. كۆڭلى كۆيەتتى، ئەمما ئىسىنى تاشقىرىغا چىقىرالمايتتى. * — سىقىلىۋاتامسىز نېمە، ئازادە ئولتۇرۇڭ، ھەممىسى ئۆز ئادەملەر، — دېدى چەتتىرەك ئولتۇرغان قىزچاققا كۈلۈمسىرەپ. * ھەقنى سۆزلىسەم، تىلىم كېسىلۇر؛ سۆزلىمەي دېسەم، يۈرەك سىقىلۇر.

**سىقىلىش** «سىقىلماق» پېيىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: سىقىلىش دېفورماتسىيىسى.

**سىقىلىش دېفورماتسىيىسى** <فىز> جىسىملارنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدىن سىقىلىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان شەكىل ياكى ھەجىم جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى.

**سىقىم** ① ئى. قولنىڭ بارماق ۋە ئالقانلىرىنىڭ بىرەر نەرسىنى چاڭگاللاپ، سىققان

ۋاقىتتىدىكى ھالىتى: باي-شاگيو دەمدۇ، شەنگەن-يايى دەمدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئاچسا ئالقىنىدىكى، يۇمسا سقىمدىكى كىشلەر بولۇپ قالدۇق. * سۆيۈملۈك ئانىجان! ئاھ، ئەزىز يۇرتۇم! بىر سقىم توپاڭدا بىر دۇنيا ئالتۇن! قارىسام مەن ئويناپ ئۆسكەن باغرىڭغا. ئۆرلەيدۇ كۆكسىدىن ئەلك ئوتلۇق يالقۇن! ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ئۆزىنى ئېنىقلاپ كەلگەن نەرسىنىڭ مقدارىنى بىلدۈرىدۇ: مېكىيانىنىڭ خىيالى بىر سقىم تېرىق (ماقال). * مەن ئادەت بويىچە قەبرە ئەتراپىنى سىيرىپ-سۈپۈرۈپ، ئۈستىگە بىرنەچچە سقىم توپا تاشلاپ ھۆرمەت بىلدۈردۈم.

**سقمداقلىق** سۈپ → **سقىملاقلىق.**

**سقمدالىماق** پ → **سقىملانماق.**

**سقمدىماق** پ → **سقىملىماق.**

**سقىملاتماق** « سقىملىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سقىملاشماق** « سقىملىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەس-بەس بىلەن ئالتۇنلارنى سقىملىشىپ يانچۇقلىرىغا سېلىشقا باشلاپتۇ.

**سقىملاقلىق** سۈپ. سقىملانغان، سقىملاپ سقىم بىلەن تۇتۇلغان: كىچىككىنە بولسا ئالقىنىدا چىڭ سقىملاقلىق پۇلغا بىر قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يولىغا كېتىۋەردى. // كەچ سائەت ئون بولاي دېدى، ئانىسىدىن كەلگەن خەت ئۇنىڭ قولىدا يەنىلا سقىملاقلىق تۇراتتى.

**سقىملانماق** « سقىملىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قولىدىكى ھېلىقى ئون تىيىن پۇل تېخىچە سقىملانغان پېتى تۇراتتى.

**سقىملىماق** پ. سقىم **ئارىسىغا** ئالماق، سقىم بىلەن تۇتماق: گۈللەيلى يەنە سقىملاپ تەگكە ئېلىپ چاچقۇ چاچتى. * ئو قولىدىكى قەغەز پارچىلىرىنى مەھكەم سقىملىغىنىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا يۆلەندى-دە، كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

**سقىندى** ئى. سقىلىش: روھىي زەربە ۋە روھىي سقىندىلارنىڭ تەسىرىدىن ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ تۈرى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە. * شۇ سقىندى ئىچىدە، ئىككىمىز بىللە ئىدۇق. تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى، ھېچقانداق كۆرەلمىدۇق.

**سكات** ئى (ر<لات) <زوئول> → **سكات بېلىق.**

**سكات بېلىق** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى بېلىقلارنىڭ تېنى ياپىلاق، سەل يۇمىلاق ياكى رومبا شەكلىدە كېلىدۇ. سىرتى پارقىرايدۇ، ئۈستىدە ئۇششاق تىكەنلىرى بولىدۇ، ئېغىزى كىچىك، چىشلىرى ئىنچىكە ھەم كۆپ. دېڭىزدا ياشايدۇ.

**سكاس** ئى (ر<لات) <بوت> → **سكاس دەرىخى.**

**سكاس دەرىخى** <بوت> سىكاس دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقىنىڭ چوڭلىرى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىكلىرى يىپسىمان بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، پارقىرايدۇ. گۈلى غولىنىڭ ئۇچىدا ئاتىلىق-ئانىلىقى ئايرىم-ئايرىم تۇپتە، ئاتىلىق گۈلى كونۇسقا ئوخشايدۇ، ئانىلىق گۈلدە بېغىر رەڭ تۈكلىرى بولىدۇ. ئۇرۇقى شار شەكلىدە كېلىدۇ. ئىسسىق جايلاردا ئۆسىدۇ، ئۆسۈشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

**سكلون** ئى (ر<گرېك) <مېتېئور> → **ھاۋا قايىنمى.**

**سىگان** ئى <ئىرق> 10-ئەسىردىن باشلاپ سىرتقا كۆچۈپ غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن شىمالىي ھىندىستان ئاھالىسى. ئۇلار ئاساسەن پال سېلىشقا ۋە ناخشا-ئۇسسۇلغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

**سىگان بۇغا** <زوئول> ← **سۇ بۇغىسى.**

**سىگاھ** ئى (پ) <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئونبىرىنچىسى. ئۇ 6 نەغمە، 72 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سىگاھ ئويغاتسا ھەر تاڭدا يېشىل قىرغاقنى سەيلە تىسەم. سېغىندىم چىن گۈزەللىكنى، مۇقامى چەببيات چەكسەم.

**سىگنال** ئى (ر<ئىم) ① بىرەر مەلۇمات، بۇيرۇق، خەۋەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاۋاز، شەپە، نۇر، شەرتلىك بەلگە ۋە ئىشارە قاتارلىقلار: ماشىنا سىگنالى. جەڭ سىگنالى. سىگنال چىرىغى. * پويىز سىگنال بەردى. * كۈتمىگەندە سىرتقا قويۇپ بېرىلگەن ئويۇننىڭ باشلىنىش سىگنالى ئاڭلاندى. * ئۇخلاش سىگنالىنىڭ چېلىنغىنىغا خېلى بىر ۋاق بولۇپ قالدى. * ئۇنىڭ بۈگۈن بىزگە يەتكۈزۈپ كەلگىنى غەلىبە سىگنالى، نۇسرەت سىگنالى. ② ئېلېكتر زەنجىرىدىكى باشقا بۆلەكلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توك، توك بېسىمى ياكى رادىئو تارقاتقۇچى ئاپپارات تارقاتقان ئېلېكتر دولقۇنى: ئادەتتە تېلېۋىزور ئىستانسىسىدىن تارقىتىلغان سىگنال، يەنى ئېلېكترو ماگنىت دولقۇنى ھاۋا سىمىغا ئۇرۇلغاندا، ئېكراننىڭ مۇناسىپ ئورنىدا سۈرەت پەيدا قىلىدۇ. ③ كۆچمە. ئاگاھلاندۇرۇش: ئۇلار بىزگە ئالدىنئالا سىگنال بولسۇن ئۈچۈن، يوشۇرۇن كۈرەشتىكى ئاكتىپ سەپداشلىرىمىزدىن ئېلىنى كېچىسى ئۇشتۇمتۇت ئەكتىپ قاماپ قويدى. * سىز ئۆزىڭىزنىڭ بەختىگە توپا چېچىۋاتىسىز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتى سىزگە نىسبەتەن بىر سىگنال. ④ كۆچمە. چاقىرىق، ئۈندەش، ھەيدەكچىلىك: ناخشا ئىنسانلارغا روھىي تۈيغۇ ئاتا قىلغان جاراڭلىق قوڭغۇراق، يېڭى دۇنيا ياراتقۇچى ئارسلانلارنىڭ ئەزرائىل ئۈۋسىنى پاچاقلاشتىكى سىگنال، دىلخەستىلەرنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىگە مەلھەم بەرگۈچى ئابىھايات. * يولباشچىمىز پارتىيە، بەردى شانلىق سىگنال. كۆڭۈل قويۇپ دەرسىڭگە، ياخشىلارغا يېتىۋال.

**سىگنال بەت** <مەت> ← **ئاخىرقى نۇسخا**: ئۇلار ئىشخانىنىڭ ئىشكى سەل-پەللا غىچىرلاپ قالسا، ھودۇقۇشۇپ پاراڭلىرىنى تېزلا يىغىشتۇرۇۋېلىشاتتى-دە، سىگنال بەتلىرىنى سېلىشتۇرۇۋاتقان بولۇۋېلىشاتتى.

**سىگنال بەرمەك** سىرتقا ياكى قارشى تەرەپكە سىگنالنى مەلۇم قىلماق، ئۇقتۇرماق، ئاگلاتماق: ھەيۋەتلىك بىر ماشىنا يىراقتىن سىگنال بېرىپ كېلىپ، ئۇنى يانداپلا ئۆتۈپ كەتتى. * مەن ساڭا شۇ سۆز ئارقىلىق سىگنال بەرگەنىدىم. بىراق سەن ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ، مانا ئەمدى ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىۋالدىڭ.

**سىگنال چىرىغى** يورۇقلۇق ئارقىلىق ھەر خىل سىگناللارنى بېرىدىغان چىراغ.

**سىگنال نۇسخا** <مەت> ← **ئاخىرقى نۇسقا.**

**سىگنالچى** ئى ① <ھەرب> كانايچى. ② ھەر خىل ئەسۋابلار ياردىمىدە سىگناللارنى يوللىغۇچى خادىم.

**سىگناللىق** سۈپ. سىگنال بېرىش ئاپپاراتى ئورنىتىلغان، **سىگنال ياكى بەلگە** بىرەلەيدىغان: سىگناللىق ماشىنا.

**سىگىن** ئى. ئاچچىق، قىرتاق **تەم**: تۇزنىڭ سىگىنى چىقىپ قېلىپتۇ.

**سىگار** ① سۈپ. يان، چەپ؛ بىر تەكشىلىككە تۈز سىزىق بويىچە ئورۇنلاشقان جۈپ نەرسىنىڭ بىرى، تاق: بۇ بىر غەلىتە كۆيۈش، بىر پۈتى، سىگار كاسىسى كۆيگەن. ئوت بالىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئاياپ قالغان. * تۇراتتى سەل قىسىپ سىگار كۆزىنى ئىمامنىڭ يېنىدا ئىنايەت قارى. سەللىسى تېگىدە پىرقىرار قۇيۇن، جاراڭلار بىر رەزىل سۇيىقەستنىڭ سىرى. ② رەۋ. يانتۇ، ئال-چاڭ، يېنىچە، قىيپاش: ئۇ ئىلاجىسىز قەمبەر شۇجىنى باشلاپ، قارا يورغىسىغا سىگار مىنىپ گوڭشېغا كەلدى.

**سىگار باقماق** بىر كۆزى بىلەن، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىماق: ساقى سىنىغۇچى كۆزلىرى بىلەن ھاكىمغا سىگار بېقىپ، تاماكىسىنى پۇر-پۇر چېكىپ ئولتۇراتتى.

**سىگار كۆز بېلىق** <زوئول> بېلىقنىڭ بىر خىلى. تېنى ئۇزۇن ۋە تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ. ئىككى كۆزى ئادەتتە تېنىنىڭ سول تەرىپىدە بولىدۇ. ئوڭ تەرىپىدە بولىدىغانلىرىمۇ بەزىدە ئۇچراپ قالىدۇ. ئۈستۈنكى تەرىپىدىكى كۆزى بېشىنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان، كۆزى بار تەرىپى سارغۇچ قوڭۇر، كۆزى يوق تەرىپى ئاق كېلىدۇ. ئاساسەن دۆلەتىمىزنىڭ جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىن چىقىدۇ.

**سىگار كۆزىنى سالماق** ← **سىگار باقماق**: ئۇ ئىككى قولى بىلەن جوزىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرغان خادىمغا سىگار كۆزىنى سالدى ۋە «يا ھەزرەت، ساقچىدا ئىشلىگەن ئادەم نېمانچە بەتبەشىرە، سوغۇق تەلەت كېلىدىغاندۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

**سىگار يان** ① بىر يان. ② يانتۇ، قىيپاش: — مەنمۇ؟ — گۈلدەستە قەلەمدەك قاشلىرىنى، خۇمار كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بېشىنى سىگار يان قىلىپ كۈلدى، — مەنمۇ، مەنمۇ سىزگە چىرايلىق بىرنەرسە بېرىمەن.

**سىگار يان قاراپ يۈرمەك** قېيداپ، تەتۈر قاراپ يۈرمەك، سوغۇق مۇئامىلىدە بولماق: مەن ھېچ چۈشەنمەيۋاتىمەن، نېمىشقىدۇر، ئۇ ماڭا سىگار يان قاراپ يۈرىدۇ.

**سىگار يان قارىماق** ← **سىگار يان قاراپ يۈرمەك**: بىرمەزگىل بەزىلەر ماڭا سىگار يان قاراشتى، لېكىن كېيىنچە ئۇلارمۇ مېنى توغرا كۆرۈشتى.

**سىگار يان قىلماق** يانتۇ، قىيپاش ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ ئاق قۇلاقچىسىنى ئوڭ قېشىغا سەل سىگار يان قىلىپ كىيىۋالغانىدى.

**سىگەرلىك** سۈپ. سىڭىدىغان، ھەزىم بولىدىغان، سىڭىشلىك: بىنەپ ھەم پاسىق ئىشانىدىن سەممى بىر دېھقان ياخشى. بۇزۇلغان، سىسىغان مايدىن، سىگەرلىك زاغرا نان ياخشى.

**سىگدۈرمە** ئى ← **ياپما.**

**سىگدۈرمەك** «سىگمەك» نىڭ پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ۋاي خۇدايىمەي، نېمە دەۋاتىدىلا؟! — مەريەمخان چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى، — بىر كىلو خورمىنى يەپ قانداق سىگدۈرەلەيدۇ! بالام، راستلا ھەممىنى سەن يەۋەتتىڭمۇ؟ * ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى كۈچلۈك غەزەپنى ئۆزىگە سىگدۈرگەنىدى.

**سىگدۈرۈشچان** سۈپ. سىگدۈرۈش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، سىگدۈرەلەيدىغان.

**سىگدۈرۈشچانلىق** «سىگدۈرۈشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**سىگدۈرۈشمەك** «سىگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىگدۈرۈلمەك** «سىگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: جانىغا مېھرىڭ سىڭدۈ-رۈلگەن، بولمىغاي ھەرگىز جۇدا، مەن ئۈچۈن راھەت-پاراغەت — سەن ئۈچۈن بولماق پىدا.

**سىڭگەن** «سىڭمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەت-دىشى: سىڭگەن ناننى يېمەك.

**سىڭگەن ناننى يېمەك** كۆرگەن كۈنىگە، ھال-ئوقىتىگە شۈكۈر-قانائەت قىلماق؛ ئارتۇقچە ھەۋەس ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى دەپ ئۆزىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى بۇزۇشتىن ساقلان-ماق: — قىبرىغان چېغىڭدا ئاجىز جېنىڭنى ئاسراپ، سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ بولماسمىدى، — دەپتۇ پادىشاھ. * ھامىنى سىپكرىتارنىڭ ئالقىنىدىكى ئادەممىز، سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ، بۇيرۇغاننى قىلايلى.

**سىڭمەك** پ ① ئاستا-ئاستا سىزىپ ئىچكى قاتلاملىرىغا ئۆتمەك، ئىچكى قىسمىغا كىرىپ كەتمەك: سۇنىڭ مەلۇم مىقداردا يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىزگە مەلۇم. * يامغۇر بولۇپ گۈل تۈۋىگە سىڭەي-مەن، شامال بولۇپ گۈل بەرگىدە ئۈزەيمەن. ② ھەزىم بولماق، ئاشقازانغا كىرىپ ئۆزلەشمەك: ئاشنى سىڭگەندە ماختا، خوتۇننى ئۆلگەندە (ماقال). * سىڭمىگەن پولۇدىن سىڭگەن ئوماچ ياخشى (ماقال). ③ كۆچمە. ئاش بولماق، ئەسقاتماق، قۇتماق: رازى بولسىلا، مالمۇ سىلىگە سىڭسۇن، پۇلمۇ بىزگە. * ھازىر مەن بەگ بولۇپ ئوبدان نەپ يەۋاتقاندەك قىلساممۇ، بۇلار ماڭا سىڭمەيدۇ. ④ كۆچمە. سەرپ بولماق: ھويلا ۋە دېرىزىلەردە ئېچىلىپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ ھەممىسىگە ئايشەمخاننىڭ ئەمگىكى سىڭگەن. * كۆردۇم گويا مەن لەيلىنى، بەرگەن چىمەنگە مەيلىنى، ھەر گۈل-كۆچەت چىن ئاشىقى، سىڭگەن ئاڭا تەر-مېھنىتى. ⑤ ئۆزلەشمەك، ئورناشماق؛ لايىق، مۇۋاپىق دەپ قارالماق، ماس كەلمەك: ئاخىرى ئالىمغا «تۆگە» لەقىمى سىڭىپ قالدى. * ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ئاستا-ئاستا ئوغلىنىڭ كاللىسىغا سىڭمەكتە ئىدى. بۇ ھال ئانىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سېلىشقا باشلىدى. * مەن يېزامنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇندا قاينار ھوسۇل مېھنىتى. سىڭدى ماڭا ئەجداتلىرىمنىڭ، ئەمگەك سۆيەر ياخشى خىسلىتى. ⑥ كۆچمە. ئارىلىشىپ، بىردەك بولۇپ كەتمەك، ئاسسىمىلياتسىيە بولماق: ھەرقايسى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى كۆپلىگەن ئالاقىدار قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ تارىخي قوشۇلمىسى ياكى سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان.

**سىڭىپ پىشماق** قىزىرىپ، قېتى-قېتىدىن ئۆزلىشىپ پىشماق: مەينىسە قولىدىكى تۆكۈچنى ئېچىپ، سىڭىپ پىشقان كۆمەچ بىلەن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئابلانىڭ ئالدىغا قويدى.

**سىڭىر** I ئى <ئانات> ← **پەي** II.

**سىڭىر** II ئى. دىئال. بۇرجەك، دوقمۇش.

**سىڭىرتاش** ئى (سىڭىر+تاش) گىپس.

**سىڭىرمەك** پ ← **سىڭدۈرمەك**.

**سىڭىش** ① «سىڭمەك» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② تونۇش، تونۇشلۇق: موماي ئوردا ئەھلىنىڭ كۆزىگە سىڭىش بولۇپ قاپتۇ.

**سىڭىش بېسىمى** <فىز> ئېرىتمە كۆپ تۆشۈكلۈك نېپىز پەردە بىلەن توسۇلۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ شۇ نېپىز پەردىگە چۈشكەن بېسىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل بېسىم ئېرىگۈچى ماددا مولېكۇللىرى-نىڭ ئېرىتمىدە دىففۇزىيە ھادىسىسىنى پەيدا قىلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ۋە نېپىز پەردىنى سىرتقا قارىتا كېڭەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سىڭىش مىقدارى** <فىز> **گاز ياكى**

سۈيۈقلۇقنىڭ كۆپ تۆشۈكلۈك جىسمنىڭ بەلگىلىك مەيدانىدىن بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە سىڭىپ ئۆتكەن مىقدارى.

**سىڭشلىق** سۈپ ① ئاسان ھەزىم بولىدىغان، كىشىگە ئوبدان سىڭىدىغان: بار ئەيىپ سەندە، «فىروفېسسور كەلمەكچى» دېدىڭ. مەن شۇڭا قېرىلارغا خاس سىڭشلىق تاماق تەييارلىدىم. ② مۇۋاپىق، دەل جايىدا قىلىنغان ياكى ئېلىپ بېرىلغان، دەل جايىدا ئىشلەنگەن: سىڭشلىق گەپ. سىڭشلىق ئىش. // ئۇنىڭ سىلىق مۇئامىلىسى، باھا تالاشماسلىقى، ئىشنى چىرايلىق، سىڭشلىق قىلىشى، ئۆزىنى تۇتۇشى، پاكىز ھەم چىرايلىق ھۆسنى جامالى مەھەللىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىناتتى.

**سىڭشمەك** ① «سىڭمەك» پېئىلى ① ② ⑥ ⑦ ⑧ لارنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار جىمىرلاپ تۇرغان قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچراشتى. بالقىپ تۇرغان تولۇنئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ بىر-بىرىگە سىڭشىپ گويا بىر ئادەمدەك بولۇپ قېلىشتى. ② سىڭمەك: ئالىم تېزلا ئۇلارغا سىڭشىپ كەتتىغۇ؟

**سىڭىل** ئى ① ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى: يېرىل تېشىم، يېرىل تېشىم، مەن سىڭلىمنى كۆرۈۋالاي؛ دىدارىغا تويۇۋالاي، مۇرادىمغا يېتىۋالاي. ② ئۆزىدىن كىچىك بولغان قىز ياكى ئاياللارغا قىلىنغان مۇراجىئەتتە قوللىنىلىدۇ: — بۇ سىڭلىمىز بەشكېرەمدىنمۇ؟ — بوۋاي ئۇ كىشىنىڭ يېنىدىكى ئايالنى كۆرسىتىپ سورىدى. * سەكرەپ ئۆتكەن جەرەننى، سەككىز دەڭلار يار سىنەم. سەككىز قىزنىڭ بىرىنى سىڭلىم دەڭلار يار سىنەم.

**سىڭىلچاق** ئى. كىچىك سىڭىل؛ بويىغا يەتمىگەن، نارەسىدە قىز (چوڭلارغا نىسبەتەن): — كېلىڭلار سىڭىلچاقلار، كېلىڭلار، پاراڭ سالماي ئولتۇرۇڭلار، ئەمسە، ھېكايىمىزنى باشلايمىز، — دېدى بوۋاي ئالدىغا يىغىلىشىپ كەلگەن قىزچاقلارغا قاراپ قىزىقارلىق ئاھاڭ بىلەن.

**سىڭىللىق** سۈپ. سىڭلىسى بار، سىڭلىغا ئىگە: ئانام بۇ قېتىم قىز يەڭگىگەندى. كۆپ ئائىلىلەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق قىز بولسا خۇشال بولۇشمايدۇ، بىراق بىز خۇشال بولدۇق. دادامۇ خۇشاللىقتىن مۇرەمگە ئۇرۇپ «مانا، سىڭىللىق بولدۇڭلار» دەپ كۈلدى.

**سىل** ئى (ئە) <تىب> ← **تۇبېركۇليوز**: دېرىزە ۋە تۆڭلۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا پىرقىراپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇششاق زەررىلەر ھاۋاغا قوشۇلۇپ ئۆپكىگە كىرىپ كەتسە، ئومۇمەن يۆتەل، سىل ۋە باشقا كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سىل كېسەللىكى** <تىب> ← **تۇبېركۇليوز**: قازى نومۇستىن ئۆلگىدەك بولۇپ ئۆيىدىن چىقالماپتۇ، دەرد-ئەلەمدىن سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. * ھېيىسزىخان قىرىق ياشلارنىڭ ئۈستىدىكى سېمىز، ئاق يۈزلۈك، بېجىرىم، تەقۋادار ئايال بولۇپ، قايسى بىر يىلى ئۇنىڭ موزدۇزلۇق قىلىدىغان ئېرى سىل كېسەللىكى بىلەن قازا قىلغانىدىن بۇيان، بۇ كەڭ-كۇشادە، باغ-ئاراملىق ھويلىدا ھۇقۇشتەك يالغۇز يېتىمسىراپ ئولتۇرغانىدى.

**سىلاپ-سىيپاپ** ① سىلاپ ۋە سىيپاپ، ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىپ: ئايتىللا ئۆي تاملىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، تامنى سىلاپ-سىيپاپ تۆر تەرەپكە ماڭدى. * چوتكا تۇتقان مالچى يىگىت ئاتلىرىنى سىلاپ-سىيپاپ تارايدۇ. ئۆزى باققان بۇ ۋاپادار دوستىغا زوقى بىلەن ھەۋەسلىنىپ

قارايدۇ. ② كۆچمە. ئەپلەپ-سەپلەپ، چىرايلىق گەپ-سۆزلەر بىلەن، سىلىق مۇئامىلە قىلىپ: راست سۆزنى دېمەي، سلاپ-سىيپاپ، كۆڭلىنى ياساپ ئۆتكۈزۈۋەتسەمۇ بولغانىكەن. * شەنگەن بىردىنلا جىددىي تۇس ئالدى، يۇمشاقلىق، سلاپ-سىيپاپ ئىش قىلىش ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ يۇرتتا ئاقمايدىغاندەك ئىدى. ③ كۆچمە. ئەركىلىتىپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ: — بالا دېگەننى ھەددىدىن ئارتۇق سلاپ-سىيپاپ ئۆگىتىپ قويساڭ، ئۇ كېيىن ئۆزۈڭگە بالا بولىدۇ! — دېدى بوۋام دادامغا تەنبىھ بېرىپ. * ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەددىدىن ئارتۇق سلاپ-سىيپاشلار ئىچىدە چوڭ بولغانلىقتىن ھەدېگەندىلا فابرىكا ھاياتىغا كۆنەلمىدى.

**سلاپ-سىيپاپ كۆندۈرمەك** ئەپلەپ-سەپلەپ، چىرايلىق سۆز-ھەرىكەت ياكى يۇمشاق ئۇسۇللار بىلەن مەلۇم مۇھىت ياكى ئەھۋالغا مايىل قىلماق، كۆندۈرمەك، ئادەتلەندۈرمەك.

**سلاپ-سىيپلاپ** ← **سلاپ-سىيپاپ:** ئۇ سلاپ-سىيپلاپ يۈرۈپ ئەمدىلا ئىشلىك يېنىغا يېتىپ بېرىشىغا، پەيزۇللا ئۇنى يەنە تۇتۇۋالدى.

**سلاتماق** «سلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يامان ئادەم، ئاسانلىقچە ساغرىسىنى سلاتمايدۇ.

**سلاشتۇرماق** پ. سلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلماق، بىرقۇر سلاپ چىقماق: ئېلىئاخۇن ئۇستام ئۆتۈكنى قولىغا ئالدى-دە، قولىنى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تىقىپ سلاشتۇرۇشقا باشلىدى. * ئۇ سلاش-تۇرۇپ يۈرۈپ ئورەكنىڭ ئاغزىغا كەلدى.

**سلاشماق** «سلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئېتىنى سلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا «يارىماس ئات ئىكەن» دېيىشىپ تارقىشىپتۇ.

**سلانماق** «سلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىلجىتماق** «سىلجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىلىم بۇلىقى قۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ جەھەتتە ھەرقاندـ چە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئىزلىنىـ دۇ، قازىدۇ ۋە بىلىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

**سىلجىتىشماق** «سىلجىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىلجىتىلماق** «سىلجىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىلجىش** «سىلجىماق» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: سىلجىش دېفورماتسىيىسى.

**سىلجىش دېفورماتسىيىسى** <فىز> ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن، چوڭ- كىچىكلىكى تەڭ ۋە يۆنىلىشى قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل كۈچنىڭ بىر جىسىمغا تەڭلا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان دېفورماتسىيە. قايچا بىلەن نەرسە كەسكەندە مۇشۇ خىل دېفورماتسىيە ھاسىل بولىدۇ.

**سىلجىشماق** «سىلجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشىغۇچە ھايۋاندەك، ئۆلگەن ياخشى، جان كەتسىمۇ بىر قېتىم كۈلگەن ياخشى. ئىككى تەرەپ سىلجىشىپ كەلدى يېقىن، بولامدىكىن ياپىرەي قانلار ئېقىن؟!

**سىلجىماق** پ. ئاستا-ئاستا سۈرۈلمەك؛ ئاستا-ئاستا قوزغالماق، ئەسلىي ئورنىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ يۆتكەلمەك: بىرپەس جىم ياتقان دۈشمەنلەر يەنە قىمىرلىشىپ،

يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ئالدىغا سىلجىشقا باشلىدى. * رازۋېتچىكلار كەينىگە سىلجىپ، قويۇق ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا كىرىۋالدى.

**سىلغايتماق** «سىلغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىلغايتىشماق** «سىلغايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىلغايتىلماق** «سىلغايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىلغايماق** پ. سىلىق ھالەتكە كەلمەك، سىلىقلانماق: ئۇنىڭغا قولىنىڭ بارماقلىرى ئاۋالقىغا قارىغاندا، سىلغىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بارماقلىرىغا ھېلىقى ياش چوكانىنىڭ يۈزىدىكى سىلىق بىرنەرسە چاپلاشقاندۇر ياكى ئۇنىڭ يۈزىنى چىمدىغانلىقتىن سىلغىيىپ كەتكەندۇر.

**سىلكەتمەك** «سىلكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىلكىشتۈرمەك** پ ① سىلكىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، ئۇ ياق – بۇ ياققا سىلكىمەك: A Q نىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كوچا بويلاپ غەزەپلەنگەن ھالدا قوللىرىنى سىلكىشتۈرۈپ شىكايەت قىلدى. * پاتەم ئۇنى سىلكىشتۈرۈپ هوشىغا كەلتۈردى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ② كۆچمە. قوپال مۇئامىلە قىلماق، سەتلىمەك: سىزمۇ بىرچاغلاردا مۇشۇنداق پەرىزات ئەمەس ئىدىڭىز، ھەممىمىز شۇنداق. ھازىر بىرىڭلار باشلىق، بىرىڭلار «خانىم» بولۇۋېلىپ، بىزدەك كونا چۆپقەتلىرىڭلارنى كۆرمەرگە كۆزۈڭلار يوق. مېنى سىلكىشتۈرۈپ ھەيداۋاتقاندا، سىزمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا ئېرىنىدىڭىز.

**سىلكىشلەشمەك** «سىلكىشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇستىخىنىنى ئالالماي ياتار ئىدىم قۇسۇپ قان، ھەيدەپ كەتتى چېرىكلەر سىلكىشلىشىپ شۇ زامان.

**سىلكىشلىمەك** پ ① سىلكىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، قوپال سىلكىمەك: – تۈرەم، نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟! – جەننەت بىردىنلا يىغلامسىراپ تۈرەمنىڭ قولىنى سىلكىشلىدى، – ئۆزىڭىز سۆيگەن قىزنى يولدا ئۇچرىغان مەست لۈكچەك ھاقارەتلىسە، چىداپ تۇرامسىز؟! * – پۇلغا تۇرامسەن، جانىمۇ؟! – غالىپ قاۋۇلنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىشلىدى. ② كۆچمە. قوپال، نامۇۋاپىق مۇئامىلىدە بولماق ياكى شۇنداق مۇئامىلە قىلماق، سەتلىمەك: ۋۇي جۇۋايىنىمەك، قاچانغىچە سۆرىلىپ يۈرىسەن؟ ئاسماندىكى ھۆر-پەرىلەرنى ئالالايتتىڭمۇ-يا؟ نېمانچە يوغانچى بولۇپ كەتتىڭ؟! بىر ئېغىز گېپىمنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ، سىلكىشلەيسىنا، تېخى؟! بىلەمسەن، سەندەك چىرايلىقنىچۇ، مەندەك سەت خوتۇن تۇغقان!

**سىلكىشمەك** «سىلكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شاخنى شاخلارغا ئۇرۇپ لىڭشىپ، ئۇچار بوران قاناتلارنى سىلكىشىپ.

**سىلكىمەك** پ ① كۈچ بىلەن ئۇ يان - بۇ يان ئىتتىرمەك، مىدىرلاتماق، تەۋرەتمەك، پۇلاڭلاتماق: – زۇلپىقار دېگەن بىر سىلكىسە قىرىق گەز بولىدىغان، بىر چاپسا قىرىق دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئالىدىغان قىلىچ، – دېدى ئاچچىقى بىلەن ھېلىقى ئادەم. * – سەن ئۆلۈشنى خالامسەن؟ – مەخسۇت بەگ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ تۇرۇپ سىلكىدى، – گەپ قىل، ئۆلۈشنى خالامسەن-يوق؟! ② كۆچمە. سەتلىمەك، قوپال مۇئامىلىدە بولماق، سىلكىشتۈرمەك: بىزنىڭ ئۇن بالىمىز يوق، ھەدېسىلا ئۇنى سىلكىۋەرسەڭ، كىشىلەر ئاڭلىسا، بىر بالىسى تۇرۇپمۇ قىلچە كۆيۈمى

يوق ئىكەن، دېمەمدۇ؟ * بۇ سەت سۆز بىرچاغدا سايىتنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىدا ئۇنى سىلكىۋەتكەن ھۇسەينەمنىڭ ئەمدى ئۆزى شۇنى دېۋاتقىنىغا ھەيران بولغان چوكان ئېرىگە لاپپىدە قارىدىيۇ، ئەمما ھېچنېمە دېمىدى.

**سلكندۈرمەك** «سلكنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىلىپ كەلگەن دولقۇن قېيىقنى قاتتىق سلكندۈرۈۋەتتى.

**سلكنمەك** ① «سلكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تۆگە سلكنسە، ئېشەككە يۈك چىقار (ماقال). * سلكنىپ چىمەنگە چۈشتۈم، ئەي نىگارىم قايدا سەن، سارغىيىپ ئاۋارە بولدۇم، ساق-سالامەت بارمۇ سەن. ② «سلكمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شايى ياغلىقىنىڭ ئۇزۇلمەي سلكنىشىدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتىم.

**سلوس** ئى (ر) ئوت-چۆپلەرنى كۆمۈپ، ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان يەم-خەشەك. ئۇ ھاۋادىن ئايرىلىپ كاربوكسىل كىسلاتالارنى ھاسىل قىلغاچقا، ئۇزۇنغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ ۋە ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ كەم بولىدۇ.

**سلوسخانا** ئى. سلوس تەييارلىنىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان جاي ياكى شۇنداق چوڭقۇر ئويمان: سلوسخانا ياسايلى، يېڭى تېخنىك ئۇسۇلدا. چۆپنى توغراپ باسايلى، كېچىكمەستىن ۋاقتىدا.

**سلۇر** ئى (ر<لات) <كېئول> ← **سلۇر دەۋرى.**

**سلۇر دەۋرى** <كېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى. ئۇ تۆۋەندىكى، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرىقى دېگەن ئۈچ ئەسىرگە بۆلۈنىدۇ. دۆلىتىمىزدە يەر قاتلىمىنىڭ كۆرۈنۈشى مۇشۇ دەۋردە ياخشى بولغانلىقتىن، سلۇر رايونى دەپ ئاتالغان. ئەڭ دەسلەپكى سلۇر دەۋرى ھازىرقى ئوردوۋىك دەۋرى ۋە سلۇر دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سلۇر دەۋرى بۈنىڭدىن 440 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 35 مىليون يىل داۋاملاشقان. جانلىقلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردىن تاڭلايسىزلار تۈرىدىكىلەر يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان ھەم ئۆسۈملۈكلەر تۇپىدا قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن پسلوفىتلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان. دېڭىزدا ياشايدىغان ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، يالغۇز گراپتولىت كۆپەيگەن. مارجانلار بىلەن جەينەك پۈتلۇقلارنىڭ تۈركۈملەپ كۆپىيىشىنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلىدۇ. سلۇر دېگەن بۇ نام ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمىي سلۇرسلار ئولتۇراقلاشقان جاينىڭ نامى «سلۇرىيە»دىن كەلگەن دەپ قارىلىدۇ.

**سلۇر سىستېمىسى** <كېئول> سلۇر دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى. ئۇ بالتىق دېڭىزىنىڭ گوتلاندا ئارىلىدا ياخشى يېتىلگەن بولغاچقا، گوتلاند سىستېمىسىمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى سلۇر سېرىيىسىگە بۆلۈنىدۇ.

**سلبسار** ئى (ر) <ماشىن> بولقا، ئېكەك، ئۈشكە، گىرە ھەم تۆشۈك سىپتىلاش پىچىقى قاتارلىق ئەسۋابلار ئارقىلىق ماشىنا ۋە دېتاللارنى ياساش، قۇراشتۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئىشچى، تېخنىك

**سلبسارلىق** ئى. ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى

قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى: ئۇ بەش يىلدىن بېرى سىلىسارلىق قىلىپ خېلى پىشىپ قالغانىدى. * ئۇ سىلىسارلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ چىقىپ، تىنىمسىز ئىشلەشكە باشلىغانىدى. * بۇ ئىشلار سىلىسارلىق سېخىنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇلار بۇنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىكار بولىدۇ.

**سىلى** I ئال. كىشىلىك ئالماش II شەخس بىرلىك شەكلىنىڭ سىپايە تۈرى: — قىزىق ئىكەنلا، — دەپتۇ خوتۇنى، — سىلى مېنى ئالغىلى ئۈچ ئاي بولدى، مەن سىلىگە تەگكىلىچۇ؟ * بەھىش خانا ئىچىدە گۈللەر ئېچىلغان، بىرى سىلى، بىرى مەن، قوشماق ئېچىلغان.

**سىلى** II ئى. گۈننىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**سىلىتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتاللويىد ئېلېمېنت. بەلگىسى Si (silicium). كۈلرەڭ، شەكىلسىز قاتتىق ماددا ياكى كرىستال بولۇپ، پارقىرايدۇ ۋە كۆپ خىل ئېلېمېنتلار بىلەن بىرىكەلەيدۇ، يەر پوستىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئادەتتىكى قۇم ساپ بولمىغان سىلىتسىي ئوكسىددىن ئىبارەت. كۆپىنچە سىلىتسىيلىق پولات قاتارلىق قېتىشمىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىرى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسىملارنىڭ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**سىلىتسىي ئوكسىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. تەبىئەت دۇنياسىغا كەڭ تارالغان. قۇم. كۋارتس، بىللۇر، ھېقىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سىلىتسىي ئوكسىددىن تۈزۈلگەن. ساپ ھالەتتىكى سىلىتسىي ئوكسىدنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى كېلىدۇ. كۆپىنچە ئوپتىك ئەسۋاب، ئەينەك، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىلىتسىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە سىلىتسىي بولغان، سىلىتسىيغا ئىگە: سىلىتسىيلىق پولات. سىلىتسىيلىق كاۋچۇك.

**سىلىتسىيلىق پولات** <خىم> تەركىبىدىكى سىلىتسىي مىقدارى 1 — 4.5 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان قېتىشما پولات. تەركىبىدىكى سىلىتسىي مىقدارى 1 — 4.5 پىرسەنت ئارىلىقىدا بولغان سىلىتسىيلىق پولاتنىڭ ماگنىتلىنىش خۇسۇسىيىتى ياخشى بولۇپ، ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنى ياساشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**سىلىتسىيلىق كاۋچۇك** <خىم> سىنتېتىك كاۋچۇكنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا دىمېتىل دىخلوروسىلىكان ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئۇ يۇقىرى ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چىدامىلىق بولغاچقا، ئاساسەن ئايروپىلان ۋە ئالەم كېمىلىرىنىڭ نازۇك ئەسۋابلىرى، نېپىز پەردىلەر، تۇرۇبىلار ھەم ئىزولياتور قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىلىتسىيلىق يوسۇن** <بوت> يوسۇنلەرنىڭ چوڭ بىر تۈرى. دېڭىز سۈيى ياكى تاتلىق سۇدا ياشايدۇ. بىر ھۈجەيرىلىك ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. ھۈجەيرە پوستى تەركىبىدە سىلىكات كىسلاتا، ھۈجەيرىسى تەركىبىدە خلوروفىل ۋە قوڭۇر رەڭلىك پىگمېنتلار بولىدۇ. قەدىمكى سىلىتسىيلىق يوسۇنلەر دېڭىز ئاستىغا چۆككەن بولۇپ، ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىئاتومىت قاتلىمى ۋە نېفىتلارنى ھاسىل قىلغان.

**سىلىق** ① سۈپ. ھېچقانداق ئەگرى-بۈگرىسى، ئويى-دۆڭگى يوق، تەپ-تەكشى: يىلاننىڭ تېشى سىلىق، ئىچى زەھەر (ماقال). * تراكتور سىلىق يولغا چىققاندىن كېيىن، شوپۇر

يىگىت رابىخانىغا قاراپ كۈلدى ۋە سورىدى:
– نەگە بارىدىلا؟ ② سۈپ. يۈزى ئادەم
ياكى نەرسىلەر تېيىلىپ كەتكۈدەك
دەرىجىدە تەكشى، تېيىلغاق: سىلىق مۇز.
* تېرەككە چىقىش بىلەن بۇ مومىغا چىقىش
ئوخشىمايدۇ، بۇ موما ئېگىز ھەم سىلىق. ③
سۈپ. كۆچمە. گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتتە
جايىدا، قوپال ئەمەس، ئەدەپ-ئەخلاق-
لىق، يېقىشلىق، مۇلايىم: – رەھمەت قىزىم،
رەھمەت. ئەجەبمۇ سىلىق، ئەدەپلىك بالا
بولۇپسەن. كىمنىڭ قىزىسەن؟ – سورىدى
ھاپىز بوۋاي قىزچاقتىن مېھرىبانلىق بىلەن. *
كادىر بولساڭ سىلىق بول، سوغۇق بولماي،
ئىللىق بول. خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە، سۇغا چۆمگەن
بېلىق بول. ④ رەۋ. كۆچمە. چايقالماي،
سىلكىنمەي، تەكشى بىر خىل رىتىمدا:
جىپ ماشىنا سېمونت يولدا سىلىق ماڭماقتا،
كۆزلىرىم يۇمۇقلۇق، ئەمما تەسەۋۋۇرۇمدا
پۈتكۈل دۇنيانى كۆرمەكتىمەن. * ئاستا
مېڭىپ، سىلىق بېسىپ، كىردى دوختۇر –
دىلرابا. مېھرىبانلار ئۈلگىسىدەك مىسلى غەمخور
دىلرابا. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى چىرايلىق
ھەم يارىشىملىق، سىغىشلىق؛ پىششىق
ھەم كۆركەم: – مۇشۇنى ئالسىلا، – دېدى
ئۇ مەسلىھەت بېرىپ، – خۇرۇمى ياخشى،
تىكىلىشى سىلىق ئىكەن. * ئۇ ئىچكىرىدىن
سىلىق توقۇلغان رەختتىن بىر مىليون 200
مىڭ مېتىردەك ئېلىپ كەلگەنىكەن. ⑥ رەۋ.
راۋان، توسالغۇسىز، ئۇرۇنماي: خورما
يۇمشاق ھەم تاتلىق بولغاچقا، گالدىن بەكمۇ
سىلىق ئۆتىدىكەن. * – پاھ ئەجەب ئىسلىغۇ
بۇ، – دېدى ئۇ رومكىنى قايتۇرۇۋېتىپ، –
خۇددى سۇدەك سىلىق ئۆتىدىكىنە.

**سىلىق تاش قورال** <ئارخېئول> يېڭى
تاش قورال دەۋرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىل-
گەن تاش قوراللار. بۇلار سۈركەش
ئارقىلىق سىلىقلىتىلغان.

**سىلىق مۇسكۇل** <ئانات> ئۇزۇن ئورچۇق
شەكلىدىكى ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن
مۇسكۇل. ئۇ سىلىق بولۇپ، توغرا يوللىرى
بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئىرادىنىڭ
باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ. ئاشقازان،
ئۈچەي ۋە دوۋساق قاتارلىقلار سىلىق
مۇسكۇلدىن قۇرۇلغان.

**سىلىق يوپۇرماقلىق ئازغان** <بوت>
① ئازغان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل
تۇرىدىغان چاتقال. ياماشقۇچى غولى
بېغىر رەڭ كېلىدۇ، ئىلمەك شەكىللىك
تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان
مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى
تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق ۋە پۇراقلىق
كېلىدۇ. مېۋىسى سارغۇچ قىزىل بولۇپ
دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بۆرەكنى، سىيىرمىنى
تۇراقلاشتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سىلىقدىماق** پ → **سىلىقلىماق.**

**سىلىق-سىپايە** سىلىق ۋە سىپايە: –
بالام، – دېدى ئۇ ئاخىرى تىترەك ئاۋازدا،
– كۆڭۈل ئىزلىگىنىڭگە رەھمەت، ئەمما، بايا
تامامەن توغرا ئىش قىلدىڭ، ئۇنداق جىددىي
پەيتتە سىلىق-سىپايە بولىمەن دېگىلى
بولمايدۇ.

**سىلىقلاتماق** «سىلىقلىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ياغاچنى رەندىلەپ
تېخىمۇ سىلىقلىتىپ، ئاندىن ياغاچنى كۆتۈرۈپ
سىرتقا ماڭدى.

**سىلىقلاش** «سىلىقلىماق» پېئىلىنىڭ
ئىسىمدىشى: سىلىقلاش ستانوكى.

**سىلىقلاش ستانوكى** <ماشىن> يۇقىرى
سۈرئەتتە ئايلىنىدىغان قۇم چاق ئورنە-

تىلغان ۋە دېتال يۈزىنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ستانوك. ئۇ دېتال يۈزىنى سىلىغايتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**سىلىقلاشتۇرماق** «سىلىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېيىن ئۇنىڭ «بىرىنچى نول» دېگەن لەقىمىنى باللار سىلىقلاشتۇرۇپ «بىرىنچى» دەپلا ئاتىشىدىغان بولۇشتى.

**سىلىقلاشتۇرۇش** «سىلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئىسمدىشى: سىلىقلاشتۇرۇش مېيى.

**سىلىقلاشتۇرۇش مېيى** <ماشىن> ماشىنىلارنىڭ ئوق قاتارلىق ھەرىكەتلىنىدىغان قىسىملىرىنىڭ يۈزىگە سۈرتۈلىدىغان ماي. ئۇ سۈركىلىشنى ئازايتىش، قىزىپ كېتىش ھەم ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق رولىلارنى ئوينايدۇ. ئادەتتە نېفىتنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك مايلىرىنى چەككىلەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ.

**سىلىقلاشتۇرۇلماق** «سىلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قوپال ھېكايە كېيىنچە سىلىقلاشتۇرۇلۇپ، خېلى ياخشى بىر رىۋايەتكە ئايلانغانمىش. * بۇ مىسالدا «تۇغماق سۆزى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئېيتىلماستىن، «كۆزى يورۇماق»، «يەڭگىمەك» دەپ سىلىقلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان.

**سىلىقلاشماق** پ ① سىلىق بولماق، سىلىق ھالەتكە كەلمەك، سىلىقلانماق: سادىقنىڭ قولىدا نەچچە ئۇنلىغان بازغان، جوتولارنىڭ سېپىنىڭ سىلىقلىشىپ ئۇپراپ تۈگىگەنلىكى راست. ② گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتنى جايىدا، يېقىشلىق بولماق: بوۋاينىڭ ئاۋازى قەھرلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىدىن كۆپ سىلىقلىشىپ قالغانىدى.

**سىلىقلانماق** «سىلىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تۇتقۇچقا تايانغىنىچە خوشياقماسلىق بىلەن سىلىقلىنىپ كېلىۋاتقان دېتاللارغا تىكىلەتتى. * كەتمەن سېپى تولىمۇ سىلىقلىنىپ، قولدا تۇرمىغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

**سىلىقلىق** «سىلىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئايال نېمىشقا بۇنداق سىلىقلىق قىلىدۇ؟ باشقا بىر گەپ بولمىسۇن يەنە؟! * — يەنە قانداق گەپ-سۆزۈڭ بار؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى بوۋاي سىلىقلىق بىلەن.

**سىلىقلىماق** پ. سىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، سىلىق قىلماق: ئايال تىببى ئالىم دېرىزە سىرتىغا قاراپ، ئاۋازىنى ئىمكان قەدەر سىلىقلاپ، يېقىملىق بىر قىياپەتتە سۆز باشلىدى. * مىسكەرلەر سىلىقلايدۇ مىس چۆگۈننى، يۈزلىرىدە مۇنچاق-مۇنچاق تەر تامچىسى. مانا بۇ پىچاقچىنىڭ ماھارىتى، كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ پىچاق بىسى.

**سىلىكات** ئى (ر<لات) <خىم> ← **سىلىكاتلار.**

**سىلىكات ئانگىدرىد** <خىم> ← **سىلىتسىي ئوكسىد.**

**سىلىكات كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $H_2SiO_3$. ئاق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، سۇدا ئېرىتمە ھالىتىدىكى كوللوئىدلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

**سىلىكات كىسلاتا تۇزلىرى** <خىم> ← **سىلىكاتلار.**

**سىلىكاتلار** ئى <خىم> سىلىكات كىسلاتاسىنىڭ تۇزلىرى. چىرىمتال، دالا شپاتى، ئامفىبول قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەر پوستىنى تۈزگۈچى ئاساسىي تەركىب ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى

تۇراقلىق، ئۇتقا چىدامىلىق، قاتتىقلىقى يۇقىرى كېلىدۇ. ئادەتتە چىدامىلىق ماتېرىيال، ئەينەك، فارفور، سېمونت قاتارلىقلار ئۇچۇن خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**سىلىك** ئى (خەن) <ھەرب> ① بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى ھەربىي ئىشلارغا ئاساسلىق مەسئۇل بولغۇچى خادىم. ② سىلىكيۈەن: ئادىل «جۇمە سىلىك» دېگەن ئىسمنى. ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانىدى. * ۋەن سىلىك خۇددى بوردالغان ئۆردەكتەك ئېغناپ مېڭىپ سىلىكبۇ دەرۋازىسىدىن كىرىپ تۇرۇشىغا دۇپپۇرلىگەن ئات ئاۋازى ئاڭلاندى.

**سىلىكبۇ** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي باشلىقلار ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدىغان ۋە قىسمنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئورگان. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە تۇەندىن يۇقىرى بولغان قىسىملارنىڭ ھەممىسىدە سىلىكبۇ تەسىس قىلىنغان: ساۋۇتجان ئالاقچىنىڭ قولىنى باغلاپ، مەكتەپ تەرەپكە قارىتىپ: — بىزنى كەلگەن يولۇڭ بىلەن ئۇتتۇر سىلىكبۇغا ئاپىرىسەن، مىدىر قىلساڭ، جاجاڭ بىر پاي ئوق! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

**سىلىكلىق** ئى. سىلىكغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە، ئىش ياكى ئەمەل: سىلىكلىق قىلماق. * ئۇ سىلىكلىقدىن پايدىلىنىپ ئوغلىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتمىدى. * — ئۇلار تىنچلىقنى بۇزدى، مەن سىلىكلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ ئۇلارنى قولغا ئالدىم، — دېدى ئۇ مەغرۇر بىر تەلەپپۇزدا.

**سىلىكيۈەن** ئى (خەن) <ھەرب> جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە خىزمەتلەرگە ئاساسلىق مەسئۇل بولغۇچى خادىم. مەسىلەن، ھەربىي رايون سىلىكيۈەنى، بىڭتۇەن سىلىكيۈەنى دېگەندەك ئوخشاش. بەزىدە قىسقارتىلىپ «سىلىك» دەپمۇ ئېلىنىدۇ.

**سىلىماق** پ ① قولىنىڭ ئالقىنىنى بوش، يۇمشاق تەگكۈزۈپ ئۇ يان-بۇ يان ھەرىكەتلەندۈرمەك: ئۇنىڭ بەدىنى تىترەيتتى، ئۆزى ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتى، مەن ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلايتتىم. * يىگىتنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى ھۇپپىدە قىزاردى. مېھرىبان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالقىنى بىلەن يىگىتنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن پۇتىنى ئاستا سىلىدى. ② سىيپىلاپ، تېگىپ ئۆتمەك (شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): قار ئۇچقۇنلىرى شەۋكەتنىڭ بويۇن-يۈزلىرىنى يۇمشاققىنا سىلايتتى. * سۇنىڭ كۈچى بىلەن چىققان نەم شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۆتەتتى. ③ كۆچمە. ياخشىلىق قىلماق، كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلماق، مېھرىبانلىق كۆرسەتمەك: يامان كىشى سىلىغاننى بىلمەس (ماقال). * ئۇ كىشىنى باي دەپ يامان كۆرسەك بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ دائىم كەمبەغەل، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ.

**سىلىندىر** ئى (ر<گرېك) ① <مات> تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ بىر تەرىپىنى ئوق قىلىپ بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان گېئومېترىيىلىك شەكىل. ئۇنىڭ ھەجمى ئاساسىنىڭ يۈزى بىلەن ئېگىزلىكىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ. ② شۇنداق شەكىلدىكى دېتال ياكى بۇيۇم، يەنى ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل ياكى پار ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە پورشىن بولىدىغان بۆلىكى.

**سىم** I ئى ① ئۇزۇن يىپ ياكى چىۋىق شەكلىدىكى مېتال مەھسۇلات: پولات سىم. مىس سىم. توم سىم. ئىنچىكە سىم.

// سىم تور. سىم توساق. سىم ئارغامچا.
سىم كارىۋات. ② <فىز> ئېلېكتر ياكى
تېلېفون لىنىيىسىگە تارتىلىدىغان ئۆتكۈزگۈچ:
ئېلېكتر سىمى. تېلېفون سىمى. سىم تارتماق.
سىم ئۇرىمى. ③ <مۇز> مۇزىكا ئەسۋاب-
لىرىنىڭ مېتالدىن ئىشلەنگەن تارىسى،
مېتال تار: تەمبۇر سىمى. راۋاب سىمى.
چاڭنىڭ سىمى.

**سىم ئارغامچا** پولات سىمنى ئېشىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن ئارغامچا. تومراقلىرىنىڭ ئارىسىغا چىگە ئارغامچىلار ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش ياكى سۆرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىم ئەلگەك** تورى سىمدىن ياسالغان ئەلگەك.

**سىم بۇرۇت** ئىنچىكە ھەم قىسقا، سىمغا ئوخشايدىغان، شالاڭ ھەم يىرىك بۇرۇت: بېشىغا قۇلاقچا، ئۈچىسىغا چېبەرقۇت پاختىلىق چاپان كىيگەن سىم بۇرۇت، چوڭ كۆزلۈك، قارامتۇل كەلگەن ۋاھاپ دۈيجاڭ سىرلىرى ئۆتكۈپ كەتكەن ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. * — تولا يوغان سۆزلىمە، سىم بۇرۇت! — ئۇ دۈۋەيلەپ كەلدى.

**سىم تاناپ** توك-ئېلېكتر، تېلېفون لىنىيەلىرىگە تارتىلىدىغان ئۆتكۈزگۈچ سىم: ئالدىن يۈرەر ۋىزۋۇت بۇ يەرگە كېلىش بىلەنلا، سىم تاناپلارنى كېسۋەتكەنىدى. * سالار قىرغاقتا ئەل چۇقان، ئېقىنغا تاشلىنىش ئارقان، ئۈزۈلگەن سىم تاناپتىن بىگۇنا ئەل-قاننى كۆردۈم.

**سىم تاناپ تۈۋرۈكى** توك ياكى تېلېفون سىملىرىنى تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۈۋرۈك. ئادەتتە ياغاچ، بېتون قاتارلىقلاردىن قىلىنىدۇ.

**سىم تاناپ مۇنارىسى** توك سىملىرىنى تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇنار شەكىللىك تۆمۈر جازا. كۆپىنچە «A» شەكلىدە بولىدۇ.

**سىم تور** سىمدىن توقۇلغان تور.

**سىم توساق** تىكەنلىك سىمدىن ياسالغان توساق.

**سىم ساقال** سىمغا ئوخشاش يىرىك ھەم شالاڭ ئۆسكەن ساقال: ھېلقى ئەر كىشى ئورنىدىن ئەستە تۇردى، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى ئوچۇق، ئېگىز بويى يادەك ئېگىلگەن، سىم ساقاللىرى سېرىق تۈرۈنى تېخمۇ سىيەت رەڭگە كىرگۈزگەن بۇ ئادەمنىڭ ئەلەس كۆزلىرىدىن يا ئېچكەنلىكىنى يا چەككەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى.

**سىم قامچا** تاسمىسىغا مەلۇم مىقداردا سىم ئورالغان ياكى تاسمىسى پۈتۈنلەي سىمدىن ياسالغان قامچا: بۇ يېزىدا ئۇنىڭ سىم قامچىسىنى تېتىمىغان كىشى قالمىغانىدى. * ئۇلار بىزنىمۇ يالىڭاچلاپ سىم قامچا بىلەن ئۇرۇپ نەچچىمىزنى زەخىملەندۈرۈۋەتتى.

**سىم كارىۋات** پۇت ۋە يانلىرى تۆمۈردىن، ئادەم ياتىدىغان يېرى پۇرژىنا ۋە سىم ياكى قەلەيگە ئوخشاش مېتاللاردىن ياسالغان كارىۋات: ئۇلار توي قىلغاندا ئالغان سىم كارىۋاتنى ئۆيىنىڭ ئەڭ تەۋەررۈك نەرسىسى سۈپىتىدە ساقلايتتى.

**سىم كېسىش ئامبۇرى** سېپىدا ئىزولياتسىيە قەۋىتى بولغان، ئادەتتە ئۆتكۈزگۈچ سىم ياكى مېتال سىملارنى كېسىش ئۈچۈن مانتيورلار كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئامبۇر.

**سىم كۆۋرۈك** <قاتن> ئاساسىي ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قۇرۇلمىسى سىم ئارغامچىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل كۆۋرۈك. ئۇنىڭ يۈزى سىم ئارغامچا

ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان ياكى ئېسىپ قويۇلغان بولىدۇ.

**سىم ھەرە** <ماشىن> ھەرىنىڭ بىر خىلى. شەكلى ياغا ئوخشايدۇ. تىغى پولات سىمدىن ياسالغان بولۇپ، يۈزىدە ئىنچىكە چىشلىرى بولىدۇ. كۆپىنچە دېتاللار يۈزىدىكى تەشمە نەقىش شەكلىدىكى كاۋاكچىلارنى ھەرىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىم ئۆلچىگۈچ** <ماشىن> مېتال سىمنىڭ دىئامېترىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئۇ بىر پارچە يۇملاق ياكى چاسا شەكىلدىكى پولات تاختا بولۇپ، گىرۋىكىدە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئورغۇنلىغان تۆشۈك ھەم شۇنىڭغا ماس ھالدا سىمنىڭ نومۇرىنى كۆرسىتىدىغان ياكى دىئامېترىنى ئۆلچەيدىغان رازمېرلىرى بولىدۇ. مېتال سىم ئۇنىڭدىكى قايسى تۆشۈك توغرا كەلسە، ئۆلچىگۈچتىكى نومۇر شۇ خىل سىمنىڭ نومۇرى ياكى دىئامېترى بولىدۇ.

**سىم يولى** <فىز> توكنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولى، ئۆتكۈزگۈچ سىم.

**سىم** II تەق. يامغۇرنىڭ تامچىلاپ، سۇس، ئاستا چۈشۈش ھالىتى.

**سىما** (توغرىسى: سىيما) ← **سىيما.**

**سىماب** ئى (پ) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Hg (hydrargyrum). كۈمۈش رەڭلىك سۇيۇقلۇق بولۇپ، زەھەرلىك. ئىچكى يېغىلىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى پاسسىپ. كۆپ خىل مېتاللارنى ئېرىتىپ، سۇيۇق ياكى قاتتىق ھالەتتىكى قېتىشمىلارنى ھاسىل قىلالايدۇ. ئادەتتە دورا، تېرمومېتىر ۋە قان بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىماب برومىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $HgBr_2$. ئۇ بىر خىل ئاق رەڭدىكى زەھەرلىك كرىستال بولۇپ، نۇرغا قارىتا سەزگۈر كېلىدۇ، 235°C تا سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدۇ، ئىسپىرت ۋە ئېتىل ئېفىردا ئېرىيدۇ. كۆپىنچە تىببىي دورىگەرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

**سىماب چىراغ** كۈچلۈك نۇر چىقىرىدىغان بىر خىل چىراغ. ئۇنىڭ تۇرۇبكىسى قاتتىق ئەينەك ياكى كۋارتس ئەينەكتىن ياسىلىپ، ئىچىگە ھاۋا تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، گاز ھالەتتىكى سىماب تولدۇرۇلىدۇ. توك ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىماب گازى زەرەتسىزلىنىپ، كۈچلۈك نۇر چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۈرەت تارتىش ۋە كوچىلارنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىماب خلورىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $HgCl_2$. ئىنتايىن زەھەرلىك. ئۇ سىمابنىڭ باشقا بىرىكمىلىرىنى تەييارلاش، ياغاچ ۋە ئاناتومىيە ئەسۋابلىرىنىڭ كېرەكتىن چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇيۇق ھالەتتىكى ئېرىتمىسى مېدىتسىنادا ناھايىتى ياخشى دېزىنفېكسىيە دورىسى ھېسابلىنىدۇ.

**سىماب (II) سۇلفىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $HgS$. كرىستال ھالىتىدە بولۇپ، قىزىل ۋە قارا كرىستال دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. سۇدا ئېرىمەيدۇ، تىللا سۈيىدە ئېرىيدۇ. ئادەتتە ماي بوياق، سۇرۇخ ۋە قىزىل سىر قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىماب قاتلىمى** <كېئول> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئارا قەۋەتنىڭ ئۈستىدە

تۇرىدىغان زەيتۇن تاش قاتلىمى. ئۇنىڭ ئاساسلىق خىمىيۋى تەركىبى سىلىتسىي بىلەن ماگنىيدىن ئىبارەت.

**سمابسمان** سۈپ. سىمابقا ئوخشاش، سىمابتەك: ئاي نۇرىدا سمابسمان سىيرىلىپلا ئۇن-تىۋىشسىز ئېقىپ ئۆتەر سۈزۈك دەريا. تىنىغىدا گۈللەر ھىدى، باغلار ھىدى، دولقۇنىدا ئاشىق يېشى چاقنار گويا.

**سمابلىق** سۈپ. تەركىبىدە سىماب بولغان، سىماب قوشۇلغان؛ سىماب قاچىلانغان: سمابلىق تېرمومېتر.

**سمابلىق تېرمومېتر** <فىز> سمابنىڭ ئىسسىقتىن كېڭىيىش، سوغۇقتىن تارىيىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، تۇرۇبكىسى ئىچىگە سىماب تولدۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان تېرمومېتر.

**سماۋى** (توغرىسى: ساماۋى) ← **ساماۋى.**

**سمباياۋان** (سم+باياۋان) <مۇز> دولان مۇقاملىرىدىن بىرىنىڭ نامى: سم باياۋان، بوم باياۋان، خۇدەك باياۋان مۇقاملىرىنى ئېيتقاندا، ئاقباش، قارا كۆز، ئۇزۇن چاچ ئاسخان موماي قىلىۋاتقان ئىشنى توختىتىپ، زوقى بىلەن تىڭشايتتى، بەزىدە ئەگىشىپ غىڭشىپمۇ قوياتتى.

**سمبوپوگون** ئى (لات) <بوت> ← **سمبوپوگون ئوتى.**

**سمبوپوگون ئوتى** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ياپىلاق، ئۇزۇن ھەم كەڭ. گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. تروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقىدىن ماي ئالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ماي ئەتىر ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**سمپاتىك** سۈپ (ر) قوشنا ياكى سىممېترىك جايىدىكى تەسىرلەرنى سېزىدىغان؛ يانمۇيان تۇرغان، جايلاشقان؛ بىر-بىرىگە يېقىن چېگرىداش: سمپاتىك نېرۋا.

**سمپاتىك نېرۋا** <ئانات> يۈلۈنىنىڭ كۆكرەك، بەل قىسىملىرىدىن چىقىدىغان نېرۋىلار. ئۇلار ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى تىزىق سمپاتىك نېرۋا تۈگۈنلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاندىن نېرۋا تالالىرىنى چىقىرىپ ئىچكى ئەزالار، بەزلەر ۋە قان تومۇرلارغا تارقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ رولى پاراسمپاتىك نېرۋىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يۈرەكنىڭ قىسقىلىشىنى كۈچەيتىدۇ ۋە تېزلىتىدۇ، قارىچۇقنى كېڭەيتىدۇ، ئۈچەيىنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**سمتراش** ئى. تاقىلايدىغان ھايۋانلارنىڭ تۇيىقىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئورغاق شەكىللىك تىغلىق ئەسۋاب.

**سمچىلاق** (توغرىسى: چىمچىلاق) ← **چىمچىلاق.**

**سمسىز** سۈپ. سىم ئورنىتىلمىغان، سىم تارتىلمىغان، ئۆتكۈزگۈچ سىملارنىڭ ياردىمىگە تايىنىلمىغان: سمسىز تېلېفون.

**سىم-سىم** يامغۇرنىڭ تامچىلاپ، سۈس، ئاستا چۈشۈش ھالىتى: سىم-سىم يامغۇر.

**سىم-سىم يامغۇر** <مېتېئور> تامچىلىرى ناھايىتى ئۇششاق بولغان، ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ لەيلەپ يۈرۈپ سۈس ۋە ئاستا چۈشىدىغان بىر خىل يامغۇر: قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇر بارغانسېرى ئاجىزلاپ سىم-سىم يامغۇرغا ئايلاندى. * بايىقى سىم-سىم يامغۇر ئەمدى قارغا ئايلانغان بولۇپ، بارا-بارا كۈچىيىۋاتاتتى.

**سىمفونىيە** ئى (ر<گرېك) ① <مۇز> ئوركېستىر ئورۇنلايدىغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ئەسىرى. ئادەتتە ئۇ تۆت مۇزىكا بابىدىن تەركىب تاپىدۇ، كۆپ خىل ۋە ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ: بېتخوۋېننىڭ بىرىنچى سىمفونىيىسى. ② كۆچمە. تۈرلۈك-تۈمەن ئاۋۇش، رەڭ، ئاھاڭ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرىكىپ كەتكەن قوشۇلمىسى: ھايات سىمفونىيىسى. ئەمگەك سىمفونىيىسى.

**سىمفونىيە ئوركېستىرى** <مۇز> ئىسكىرىپكا، دۇخۇۋۇي چالغۇ، ئۇرغۇلۇق چالغۇ قاتارلىق بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان چالغۇ ئەسۋاب-لىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرقانچە گۇرۇپ-پىنىڭ بىرلىششى ئارقىلىق ئۇيۇشقان چوڭ تىپتىكى ئوركېستىر.

**سىمفونىيىلىك** سۈپ. مۇزىكا ئانسامبىلىنىڭ ئورۇنلىشىغا مۆلچەرلەنگەن: سىمفونىيىلىك پوئېما. * مۇقامدىن ئىبارەت بۇ خىل ژانىر بىلەن سىمفونىيىلىك ژانىر ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق پاسىل يوق.

**سىمفونىيىلىك پوئېما** <مۇز> پەقەت بىرلا مۇزىكا بولغان سىمفونىيىلىك مۇزىكا ئەسىرى. ئۇ تېمىلىق مۇزىكىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، تېمىسى كۆپىنچە پوئېزىيىگە باي بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئەركىن مۇزىكا شەكلى-دە يېزىلىدۇ.

**سىمكار** ئى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىشى ئۈچۈن ئالىدىغان ئىش ھەققى، مانجا: ئىشىغا قاراپ تاۋىقى، ھۈنىرىگە قاراپ سىمكىرى (ماقال). * ماۋۇ سىمكار پۇلىڭىزنى ئېلىڭ. مېنىڭ يەنە تىكتۈرىدىغان كىيىملىرىم بار، ئايرىم بىركۈنى كېلىمەن.

**سىملىق** سۈپ. سىم تارتىلغان، سىمى بار، سىم ئورنىتىلغان؛ سىمنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىلغان: سىملىق رادىئو. سىملىق ئەينەك.

**سىملىق ئەينەك** <بىن> بىخەتەرلىك ئەينىكىنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل ئەينەك ئارىسىغا سىم تور ئېلىنغان بولۇپ، چېقىلسىمۇ تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ. كۆپىنچە بىنالارنىڭ تۆگۈلۈكلىرىگە ئورنىتىلىدۇ.

**سىملىق رادىئو** ئاۋازلار ئۆتكۈزگۈچ سىم ياردىمىدە تارقىتىلىدىغان بىر خىل رادىئو. بۇنىڭدا، ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئارقىلىق كۈچەيتىلىپ، ئۆتكۈزگۈچ سىم ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارغا ئورنىتىلغان رادىئو كانايلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

**سىممېترىك** سۈپ (ر) سىممېترىيە قانۇنىيىتى بويىچە جايلاشقان ياكى ياسالغان؛ سىممېت-رىيىگە ئىگە بولغان: سىممېترىك ئوق.

**سىممېترىك ئوق** <مات> ← **سىممېترىيە ئوقى.**

**سىممېترىيە** ئى (ر<گرېك) ① <مات> بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم نۇقتا، سىزىق ياكى تەكشىلىككە نىسبەتەن قارىمۇقارشى تەرەپتە جايلاشقان قىسىملىرى ئوتتۇرىسىد-كى ئوخشاشلىق، ماسلىق، ئۇيغۇنلۇق. ② <زوئول> ھايۋانلار تېنىنىڭ ئوخشاش تەرەپلىرىدىكى ئوخشاش تۈزۈلۈش. بۇ خىل ئوخشاش تۈزۈلۈش ئارىسىدىكى كەسمە يۈز «سىممېترىيە يۈزى» ياكى «تەڭلىك يۈزى» دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىككى ياقلىق سىممېترىيە، رادىئاتسىيە-لىك سىممېترىيە ۋە شارسىمان رادىئاتسىيە-لىك سىممېترىيە دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. ③ <كېئول> جىسىمنىڭ ئوخشاش قىسمى ئارىسىدىكى قانۇنىيەتلىك تەكرارلى-نىش.

**سىممېترىيە ئامىللىرى** <كېئول> نۇقتا، سىزىق، يۈز قاتارلىقلارغا ئوخشاش جىسىمنى قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاساس قىلىنىدىغان

گېئومېترىك ئامىللار. كرىستالنىڭ تاشقى شەكلىدە سىممېترىيە يۈزى، سىممېترىيە مەركىزى، سىممېترىيە ئوقى، تەتۈر ئايلانما ئوق ۋە ئايلانما ئىنكاس ئوقى قاتارلىق سىممېترىيە ئامىللىرى بولىدۇ.

**سىممېترىيە تېپى** <گېئول> بىر خىل كرىستالدىكى بارلىق سىممېترىيە ئامىللىرىنىڭ يىغىندىسى. كرىستاللاردا بولىدىغان سىممېترىيە تېپى ئومۇمەن 32 خىل بولىدۇ. ئۇلار سىممېترىيە ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، يەنە يەككە كرىستال سىستېمىلىرىغا بۆلۈنىدۇ.

**سىممېترىيە مەركىزى** <گېئول> سىممېترىيە ئامىللىرىدىن بىرى. يەنى كرىستال مەركىزىگە جايلاشقان بىر قىياسىي نۇقتا. كرىستاللاردا مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆتىدىغان خالىغان بىر تۈز سىزىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تەڭ ئارىلىقتا مۇقەررەر ماس كېلىدىغان ئوخشاش بۆلەكلەر بولىدۇ. سىممېترىيە مەركىزىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، ماس كېلىدىغان ئوخشاش بۆلەكلەرنى ئۆز ئارا تەكرارلىغىلى بولىدۇ. سىممېترىيە مەركىزىنىڭ ئادەت بەلگىسىC ، خەلقئارالىق بەلگىسىI .

**سىممېترىيە ئوقى** ① <مات> بىر تۈز سىزىق بىر شەكىلنى سىممېترىك ھالەتتىكى ئىككى بۆلەككە بۆلسە، بۇ تۈز سىزىق شۇ شەكىلنىڭ سىممېترىيە ئوقى دېيىلىدۇ. بۇ خىل سىممېترىيىنى «ئوق سىممېترىيىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ② <گېئول> سىممېترىيە ئامىللىرىدىن بىرى، يەنى كرىستال مەركىزىدىن ئۆتىدىغان بىر قىياسىي تۈز سىزىق. كرىستال مۇشۇ تۈز سىزىقنى چۆرىدەپ بەلگىلىك گرادۇس ئايلانغاندا، ھەرقايسى ئوخشاش بۆلەكلەر بىر قېتىم تەكرارلىنىدۇ، يەنى پۈتكۈل كرىستال بىر قېتىم ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. 360° ئايلىنىش جەريانىدا جىسىمنىڭ ئەسلىگە قايتىش قېتىم سانى مۇشۇ سىممېترىيە ئوقىنىڭ ئايلىنىش قېتىمى بولىدۇ.

**سىممېترىيە يۈزى** <گېئول> سىممېترىيە ئامىللىرىدىن بىرى، يەنى كرىستال مەركىزىدىن ئۆتىدىغان بىر قىياسىي تەكشىلىك. ئۇ كرىستالنى ئەينەكتە ئەكسىنى كۆرسەتكەندەك ئىككى ئوخشاش بۆلەككە بۆلىدۇ. سىممېترىيىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش رولىدىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ ئىككى ئوخشاش بۆلەكنى ئۆز ئارا تەكرارلىغىلى بولىدۇ. سىممېترىيە يۈزىنىڭ ئادەت بەلگىسى P ، خەلقئارالىق بەلگىسى M .

**سىمۋول** ئى [ر<گرېك] ① <ئەد> سىتىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن بىرى. بۇنىڭدا بىرەر ئىش، نەرسە، ھادىسە قاتارلىقلار شەرتلىك ھالدا شۇلار ئىپادىلەپ بېرىدىغان ياكى ئەسلىتىدىغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئۇقۇملار ۋە نەرسىلەرگە بەلگە قىلىنىدۇ ياكى تەققاسلىنىدۇ. مەسىلەن، تاڭ ئېتىشنى ئازادلىققا، تۈننى زۇلۇمغا، بوراننى ئىنقىلابقا بەلگە قىلغانغا ئوخشاش. ② بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان، ئەسلىتىدىغان باشقا خىل نەرسە، ھادىسە ياكى شەرتلىك بەلگە: كەپتەر — تىنچلىقنىڭ سىمۋولى. ※ ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى شان-شەرەپنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇ ئۈزۈكتى يۈز نەچچە يىل بۇرۇن داڭلىق پۈتتۈرگەن چېغىدا دادىسى ھەدىيە قىلغانىدى. ※ يېشىمىزدا ئېچىلار، بۇ قىزىل گۈل ھەر يىلى، بولۇپ قالدى ئۇ بىزگە، سىڭىلىمنىڭ سىمۋولى.

**سمۆول قىلماق** بىرەر ئىش، نەرسە، ھادىسە قاتارلىقلارنى شەرتلىك ھالدا شۇلار ئىپادىلەپ بېرىدىغان ياكى ئەسلىتىدىغان بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارغا بەلگە قىلماق، ئوخشاتماق، تەققاسلىماق: دەرۋەقە، ئەخمەتجان قاسىمنى خۇددى ماركس ئېيتقان ھەقىقەتكە سمۆول قىلساق، خاتا بولمايدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى دەۋرىمىزنىڭ ئاجايىپ تالانتلىق رەھبىرى ئىدى. * دېدىل ئۇلۇغ-كىچىك تىندى ۋە: — ئۇنداق دېسمۇ بولىدۇ، ئەمما مېنىڭچە، بۇ شېئىرنىڭ شىسەي زامانىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇشى، ئالتە قارىغا ئۇنىڭ ئالتە سىياسەت دەيدىغان بىرنېمىسگە سمۆول قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

**سمۆولچىلىق** ئى ① <ئەد> سمۆولىزم. ② <پەلس> بەلگىچىلىك.

**سمۆوللاشتۇرماق** پ. سمۆول قىلىش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىپادىلىمەك، ئەسلەتمەك: قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرى قاناتلىق ئات ئوبرازىدىمۇ قۇياش ئېتىقادىنى سمۆوللاشتۇرۇغان.

**سمۆولىزم** ئى <ئەد> 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەيدانغا چىققان ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىملىرى ئىچىدىكى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان بىر ئاساسىي ئېقىم.

**سىملداشماق** «سىملدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىملدىماق** پ. سىم-سىم قىلماق: شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر، سىملداپ ياغقان يامغۇر جاندىن ئۆتەر (ماقال). * ئانا يىقىلىپ-قوپۇپ يۈرۈپ تالاغا چىقتى، تالادا سىملداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

**سىن** ئى ① قىياپەت، تۇرۇق، كۆرۈنۈش، شەكىل؛ چىراي: سىنى ئۇزۇن. * ئېشەكچى؟! تۇرۇقۇڭدىن ئېشەك ھەيدىگەن سىن چىقمايدۇ، قېنى سۆزلە، قانداق ئىشىڭ بار؟ * قارا بۇنىڭ ئۇسالىقىنى، ئادەم سىنى يوق ئەبلەخ ئىكەن-دە، بۇ! ② نەزەر، كۆزىتىش.

**سىن ئالماق** كۆرۈنۈش مەنزىرە قاتارلىقلارنى سىن ئالغۇ ئارقىلىق تېلېۋىيە ماگنىتلىق لېنتىسىغا چۈشۈرمەك.

**سىن سالماق** ناھايىتى دىققەت بىلەن، تەپسىلىي كۆزەتمەك، نەزەر سالماق: ئۇ بوۋاينىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىرھازا سىن سېلىپ قاراپ چىقتى.

**سىن كىرمەك** چىرايلىق، گۈزەل قىياپەتكە كەلمەك، چىرايلىقلاشماق، گۈزەللەشمەك: تەبىئەت ئۇنىڭغا سۈت بىلەن يۇغۇرغاندەك ئاپئاق يۈز، يەنە بۇ يۈزلەرگە تېخىمۇ سىن كىرسۇن دېگەندەك بىر نەپىس قىزىللىقنىمۇ قوشۇپ بەرگەنىدى. * — ئەمدى ساڭا سەل سىن كىرىپتۇ، يىگىت دېگەن ئەنە شۇنداق يۈرىدىغان، — دېدى ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**سىنى ئۇزۇن** بويى ئېگىز، بوي-تۇرۇقى، قامىتى يوغان.

**سىناتماق** «سىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىناش** ① «سىنىماق» پېئىلىنىڭ ئىسمدىشى: ئۇ سۆزىنىڭ ياققان-ياقمىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن يەردىن بېشىنى كۆتۈرگەنىدە بەزىلەرنىڭ پىخىلداپ، بەزىلەرنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېرىكىپ قالدى. * خەلىچە ئانا بۇ گەپتىن كېيىن بىر خىل سىناش

نەزىرى بىلەن سىلىم ئاكىغا قارىدى. ② <ماتار> سىناق: ئىمتىهان ۋاقتىدا دائىم چىقىرىلىدىغان بىر قىسىم سىناش سوئاللىرى بىرقانچە خىل جاۋاب ئىچىدىن توغرىسىنى تېپىشنى تەلەپ قىلىدىغان سوئاللاردۇر. * چارەكلىك سىناشتا ئىككى دەرستە قالدى ئۇ ئۆتەلمەي، كۆڭلى بۇگۇن غەش. تۈگەشكە ئاز قالدى بەش يىللىق ئوقۇش، قەلبىدە «ۋە لېكىن» ياكى تەتۈر پەش.

**سىناش نەزىرى بىلەن قارىماق** شۇنداق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش، سىناپ كۆ-رۈش مەقسىتىدە قارىماق: — نېمىشقا بەختىيارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلمىدىڭىز، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى بار بولغىيتتى، — دېدىم مەن سىناش نەزىرىم بىلەن قاراپ. * بوۋاي كىگىزگە بېسىلغان گۈللەرگە بىرئاز تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ خەيرۇللاغا سىناش نەزىرى بىلەن قارىدى.

**سىناشماق** «سىنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئۇنداق بولسا، بىز بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقامسىلەر؟ — دەپتۇ قىزلار. * شىلدىر-شىلدىر قومۇشقا، شەبنەم چۈشتى نېمىشقا. سىناشمىغان يارلارغا، كۆڭۈل چۈشتى نېمىشقا؟!

**سىناق** ئى ① ئادەم ياكى شەيئىنىڭ خىسلەت-پەزىلىتى، قەتئىيلىكى، ساداقىتى ياكى توغرا-خاتالىقى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈش، سىناش ئىشى؛ ھالقىلىق پەيت، قىيىن شارائىت: مانا ئەمدىلىكتە بولسا، پەرھات ھەقىقىي ھاياتقا ئىز بېسىش ئالدىدىكى جىددىي سىناقلارغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. * «بەشتە ياخشى» بۇ ئائىلە 40 يىللىق ئۇزاق سىناقتىن ئۆتكەن. * بۇ باسقۇچتا كوممۇنىستىك پارتىيە ئىككى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن.

② بىرەر ئىش، مەھسۇلات، ئۇسۇل قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى، خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى، ياراملىقلىقى قاتارلىقلارنى ئېنىق-لاش ئۈچۈن كونكرېت ئۆلچەم بويىچە، مەلۇم ئەسۋاب ياكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەجرىبە ياكى شۇ مەقسەتتە قىلىنغان ئىش-ھەرىكەت: سىناق قىلماق. * قۇراشتۇرۇلغان ياكى چوڭ رېمونتتىن چىققان ماتورلارنى ئاپتوموبىلغا قاچىلاشتىن ئىلگىرى ئېلېكتىر كۈچى بىلەن سىناق قىلىپ كۆرسەك، دەپ ئويلىغانىدىم. * بۈگۈن كېچىلا ئىت بىلەن توشقان ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بارماقچىمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈرەك، كۆز، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدا ئۆزگىچە ئالامەت كۆرۈلمىسە، ئەتىلا يوللايمەن. ③ <ماتار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەش-تۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ياكى مەلۇم تېخنىكا ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ياكى ئەمەلىي ئىقتىدارى-نى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان: يەتمىش ئالدى ئاخىرى تىل دەرسىدىن سىناقتا، توغرا جاۋاب بېرەلمەي ئىككى-ئۈچچە سوراقتا. * كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، سىناقلاردىن يۇز ئالار. ئىلىم-ئىرپان بېغىدا، ئۇ پورەكلەپ گۈل ئاچار.

**سىناق ئالماق** <ماتار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈ-رۈش ياكى مەلۇم تېخنىكا ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ياكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ئىمتىھان ئالماق، سىنىماق: ئۇ يەنە بىر ئوقۇغۇچىدىن سىناق ئېلىپ، نومۇر قويۇپ بولۇپ: — سىزنىڭ نومۇرىڭىز 65، كۆڭۈل قويۇپ ئوبدان ئۆگىنىڭ! — دېدى. * ئالسا گەر خەلقىم مېنىڭدىن جەڭ-ماھارەت-

تىن سىناق، بار-مېنىڭ كامىل ئىشەنچىم، مەن ئەلا ئۆتىمەكچىمەن.

**سىناق تېشى** ① <كېيول> تەركىبىدە كۆمۈر ماددىسى بار كۋارتس بىلەن ئوپال قاتارلىقلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل مىنېرال، زىچ، قاتتىق ۋە قارا كېلىدۇ. ئالتۇن بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىز چىقىرىش ئارقىلىق، ئالتۇننىڭ سايلىق دەرىجىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ② كۆچمە. شەيئىلەرنىڭ ئېنىق ھەم ئىشەنچلىك بولغانلىقى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ياكى ئاساسى: ماركسىزمنى ھەقىقىي چۈشەنگەن-چۈشەنمىگەنلىكنى ۋە ئېتىراپ قىلغان-قىلمىغانلىقنى مۇشۇ سىناق تېشى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم. * تەبىئەت دۇنياسى — دىئالېكتىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ سىناق تېشى.

**سىناق قەغىزى** ① <خىم> دورىغا چىلانغان قەغەز. ئادەتتە ماددىلار تەركىبىدىكى مەلۇم بىرىكمە، ئېلېمېنت ياكى ئىئونلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② <مائار> ئىمتىھان قەغىزى.

**سىناق قىلماق** سىناپ كۆرمەك، سىنىماق: ئۇلار قورام تاشنى تەشمە تاملىرىغا دەز كەتكۈزمەي پارتلىتىشنىڭ ئۇسۇلىنى سىناق قىلىۋاتاتتى. * كەلدى ئۇلار باشلىۋەتتى يېڭىچە ئىشنى، تىرامۋاينى سىناق قىلىپ خاڭنى ئېچىشنى.

**سىناق مۇسابىقىسى** <تەن> تەنتەربىيە ساھەسىدىكى چېنىقىش ئۆلچىمى، بەدەن-نىڭ تەبىئىي ساپاسى، تەنھەرىكەت ئاساسىي بىلىملىرى قاتارلىقلاردىن سىناق ئېلىش، شۇنىڭدەك تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ماھارىتىنى مەلۇم سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ياكى ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە. بۇ خىل مۇسابىقىدە نام تەرتىپى بەلگىلەنمەيدۇ. ئادەتتە ئۇ مۇسابىقە ۋە سىناق تەلىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ، سىناق نەتىجىسى خاتىرىلىنىدۇ.

**سىناق نۇقتا** مەلۇم بىر خىزمەت ياكى پائالىيەتنى رەسمىي باشلاشتىن بۇرۇن بۇ ھەقتە مەلۇم تەجرىبە ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە شۇ ئىشنى ئىشلەپ كۆرۈش ئۈچۈن تاللانغان ئورۇن: سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ بەزىلىرى ئىنتىپاق ئەزالىرىنى ئۆز يېنىدىكى ئىلغار ياشلارنى تاللاشقا سەپەرۋەر قىلدى. * خىزمەتلەرنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم سىناق نۇقتىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش لازىم.

**سىنئالغۇ** ئى (سىن+ئالغۇ) تېلېۋىزىيە سۈرەتلىرى بىلەن ئاۋۇشلۇق سىگناللارنى خاتىرىلەپ، قايتا كۆرسىتەلەيدىغان ماشىنا. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە ماگنىتلىق لېنتا ئىشلىتىلىدىغان سىنئالغۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ: بەلقىيە ئاپپاي بىلەن بولغان جېدەل تېخى بىر تەرەپ قىلىنماي تۇرۇپلا، مانا بۈگۈن مارجان بۇۋى يەنە بىر يېڭى كومېدىيە قويۇپ بەردى، قىزىقى شۇ يەردىكى... بولدىلا، گەپنى ئۇزارتماي، سىنئالغۇغا ئېلىۋالغان شۇ بىر مىنۇتلۇق كومېدىيىنىڭ ئۆزىنىلا قويۇپ بېرەي.

**سىنئالغۇ لېنتىسى** تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنىڭ كۆرۈنمە چاستوتىلىق سىگناللىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ماگنىتلىق لېنتا.

**سىنالماق** «سىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سىنالغان ئادەم. * سىنالمىغان قايماقتىن سىنالغان قېتىق ياخشى (ماقال).

* پچاق تاشتا بلنىدۇ، ئادەم ئىشتا سنىلىدۇ (ماقال). * ھەقىقي قەھرىمان ھەقىقي جەڭ كۈندە سنىلىدۇ.

**سنانتروپ** ئى (ر) <ئارخئول> بېيجىڭ مايمۇنسمان ئادىمى ياكى جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى.

**سنائىت** ئى (ر<لات) <گېئول> دالا شپاتىنىڭ بىر خىلى، يەنى تەبىئەت دۇنياسىغا ناھايىتى كەڭ تارالغان بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى كالىي ھەم ئالىيۇمىن ئارىلاشقان سىلىكات بولۇپ، قاتتىقلىقى يۇقىرى كېلىدۇ. رەڭسىز، ئاق، كۆل رەڭ ياكى توخۇك ھالەتتە ئۇچرايدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، چۆرۈك كېلىدۇ. كۆپىنچە فارفور سانائىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە كالىي بولغاچقا، يەنە ئوغۇت ياساشقىمۇ ماتېرىيال بولىدۇ.

**سنە** (توغرىسى: سىينە) ← **سىينە**.

**سنەكمەك** پ. دىئال. ئېتىبار بىلەن قارىماق، دىققەت-ئېتىبارىنى قويماق، دىققەت بىلەن كۆزەتمەك.

**سنبرىك** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۈمۈنە شەكلىدە، گۈلى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل ياكى سۆسۈن ئارىلاش كېلىدۇ. قىلتىرىقلىق مېۋىسى ئۇزۇن ھەم دۈگىلەك بولىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقىنى سېرىق رەڭ ماتېرىيالى قىلغىلى، تالاسىدىن قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**سنت** ئى (لات) يۈزدىن بىرنى تەشكىل قىلىدىغان پارچە پۇل بىرلىكى، پۇڭ، تىيىن: دىۋانە يانچۇقىدىن بىرمۇنچە سىنتلارنى چىقىرىپ، تىرىڭشىتىپ يەرگە تۆكۈپتۇ.

**سنتاش** ئى (سن+تاش) <گېئول> ئاق ھەم سۇزۇكلۈكىدىن ئادەم قارىسا، ئادەمنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر خىل تاش، ئاق سۇزۇك تاش.

**سنتاكسس** ئى (ر<گرېك) <تىل> گراماتىكىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ ئاساسەن سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**سنتاكسىلىق** سۈپ. سىنتاكسىسقا خاس، سىنتاكسىسقا ئائىت: سىنتاكسىلىق كاتېگورىيە. سىنتاكسىلىق بىرىكىش. سىنتاكسىلىق باغلىنىش.

**سنتېتك** سۈپ (ر) ① ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىنىدىغان، ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان: سىنتېتىك ئۇسۇل. ② بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا ھاسىل قىلىنىدىغان، ئېلىنىدىغان: سىنتېتىك تالا. سىنتېتىك كاۋچۇك. سىنتېتىك سمولا، سىنتېتىك بوياق. ③ <تىل> سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى گراماتىكىلىق مۇناسىۋەت ئاساسەن سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان: سىنتېتىك تىللار.

**سنتېتك بوياق** <خىم> سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلەنگەن ئورگانىك بوياق. رەڭگىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى جەھەتتە تەبىئىي بوياقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. كۆمۈر مېيى ۋە نېفىت ئۇنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**سنتېتك تالا** <خىم> يۇقىرى مولېكۇللىق بىرىكمە، يەنى كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە ئاتسېتىلېن قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ئىشلەنگەن بىر خىل تالا. مەسىلەن، تېلېن، پولى ئامىد، ۋىنىلون قاتارلىقلارغا ئوخشاش. سىنتېتىك تالانىڭ چىدامىلىقى يۇقىرى بولۇپ، سۈركىلىشكە

چىداملىق كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارغامچا ئەشكىلى، توشۇغۇچ تاسما ۋە بالون قاتارلىقلارنىڭ ئەستەرلىكىنى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە توقۇمىچىلىقتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**سىنتېتىك تىللار** <تىل> سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى گراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر ئاساسەن سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىللار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى، رۇس تىلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سىنتېتىك سمولا** <خىم> سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلەنگەن سمولا. خۇسۇسىيىتى تەبىئىي سمولا بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**سىنتېتىك كاۋچۇك** <خىم> يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمە. ئادەتتە نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر ۋە ئوتتاش قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىپ، بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ. مەسىلەن، بۇتىل بېنزولىلۇق كاۋچۇك ۋە ئىزو ئامىل كاۋچۇكى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇ خىل كاۋچۇكنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى مەلۇم جەھەتتە تەبىئىي كاۋچۇكنىڭ ئورنىنى ئىگىلىسە، يەنە بەزىلىرى ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن تەبىئىي كاۋچۇكتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

**سىنتېتىك نېفىت** <خىم> كاربون ( II ) ئوكسىد بىلەن ھىدروگېننى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلەنگەن كاربون گىدرىد بىرىكمىسى. خۇسۇسىيىتى تەبىئىي نېفىت بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**سىنتېز** ئى [ر<گرېك] ① نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى بىر پۈتۈن ھالدا، ئۇلارنىڭ ئىچكى تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئورگانىك باغلىنىشلىرىدىن تارتىپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى. ② <خىم> ئاددىي خىمىيىلىك بىرىكمىلەر ياكى ئېلېمېنتلاردىن مۇرەككەپ خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىش. ③ ئومۇملاشتۇرۇلغان بىرلىك، بىرىكتۈرۈلگەن پۈتۈنلۈك.

**سىنتېزلانماق** «سىنتېزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىنتېزلىماق** پ. سىنتېز ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرمەك، ئومۇملاشتۇرماق، بىرلەشتۈرمەك؛ ھاسىل قىلماق.

**سىنچاي** ئى. مېھمانلارغا، ئاساسەن، تائامدىن بۇرۇن بېرىلىدىغان چاي: — ھە مول بولدى. باشتا سىنچاي، ئاندىن ھالۋا، ئارقىدىن پولۇ، — ئېرى نان چىشلىگەچ سۆزلەيتتى.

**سىنچەك** ئى. دىئال. قالىق، باراڭ.

**سىنچەكلىمەك** پ. دىئال. قارلىق ياكى باراڭ ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**سىنچى** I ئى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۈرقى، كۆرۈنۈشى، چىراي-شەكلىگە قاراپ شۇ نەرسىگە باھا بەرگۈچى كىشى؛ شۇ ھەقتە تەھلىل يۈرگۈزگۈچى كىشى: بەزى چاغلاردا ئاياللار بەكمۇ زېل، نازۇك ۋە تولىمۇ سىنچى كېلىدۇ. * مودەننىڭ تۈرقىنى كۆرگەن ھەر كىشى، ھەتتاكى سىنچىمۇ قىلمايتتى گۇمان. ئەمەلدار ئۆزىنىڭ كۆشىنى يەيتتى، بېشىنىڭ ئىچىدە قاپقارا تۇمان. // سىنچى يىگىتلەر ئۇ قىزنى زىيادە شوخ، شەپشەك قىز ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

**سىنچى** II ئى. دىئال. جەگە، لىم؛ يان ياغاچ، جەگە قوندۇرۇلىدىغان ياغاچ.

**سىنچىكلىمەك** پ. سىنچىلىماق: ئۇ سىنچە-

ـكىلەپ قارىسا، ئالدىدىكى كىچىك قۇيۇن سەيجىن ئىكەن. * ئۇ قولىدىكى قەغەزگە سىنچىكلەپ قاراپ ئولتۇراتتى.

**سىنچىلاتماق** «سىنچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىنچىلاشماق** «سىنچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلارغا سىنچىلىشىپ قاراشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە يارىغانلىرىنى تاللاشقا باشلاپتۇ.

**سىنچىلىق** ئى. سىنچىلاردا بولىدىغان ئىقتىدار، سىنچىلارغا خاس خىسلەت ياكى ئەقىل، نەزەر: شائىر سىنچىلىق بىلەن سەپداشلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قارىدى. * ئۇ ساقچى ئەمەلدارىغا خاس سىنچىلىقى بىلەن ئايىنىلادىكى ئۆزگىرىشلەرگە باھا بېرىپ ئولتۇراتتى.

**سىنچىلىماق** پ. دىققەت بىلەن زېھىن قويۇپ قارىماق: — قاراڭلا خوتۇن، — دېدى ئۇ، — ھەرقانچە سىنچىلىسامۇ ھازىرقى تۇرسۇنئايىم بۇرۇنقى تۇرسۇنئايىمغا ئوخشىمايۋاتىدۇ. * — سىز قەيەرنىڭ ئادىمى؟ — دېدى ئۇ ئات ئۈستىدىكى ئادەمگە تېخىمۇ سىنچىلاپ. * مەن غىياسىدىنىڭ تاماكا ئوراۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ سىنچىلاپ دىققەت قىلدىم. * ئۇلار نېمىنىدۇر بىرنەرسىنى سىنچىلاپ كۆرۈشۈۋاتاتتى.

**سىنىك** ئى ‹ر‹نېم› <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Zn (zincum). كۆكۈچ ئاق رەڭلىك كرىستال بولۇپ، چۈرۈك كېلىدۇ. قېتىشما تەييارلاش ياكى تۆمۈر تاختىلارغا ھەل بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**سىنىك سۇلفات** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $ZnSO_4$. سۇدىكى ئېرىتمىسىدىن تەركىبى $ZnSO_4 \cdot 7H_2O$ بولغان كرىستال ھالەتـتىنكىسى ئاجرىلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە رەختكە گۈل بېسىش ۋە سىنىك مېتالىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىنكا** ئى ‹ر› <خىم> توق كۆك رەڭدىكى ئانئورگانىك بوياق. سېغىز، گۈڭگۈرت، ساپ كاربون ۋە كۋارتس قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كۆپىنچە رەختلەرنى كۆك رەڭدە بوياش ياكى سىر، مەتبەئە مېيى قاتارلىقلارنى ئىشلەش ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**سىنكىلىك** سۈپ. تەركىبىدە سىنىك بولغان، تەركىبىگە سىنىك ئارىلاشقان: سىنكىلىك رودا.

**سىنكىلىمەك** پ <خىم> نەرسىلەرنىڭ سىرتقى يۈزىگە سىنىك سۈرتمەك، ھەل بەرمەك: سىنكىلەنگەن تۆمۈر.

**سىنگا** ئى ‹ر› <تىب> ← **سىنگا كېسەللىكى.**

**سىنگا كېسەللىكى** <تىب> بەدەندە ۋىتامىن C نىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، پۈتۈن بەدەن ئاجىزلىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىش، مۇسكۇل ۋە ئۇگىلەر قاتتىق ئاغرىش، چىش مىلىكى ئىششىپ قاناش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سىنگارمونىزم** ئى ‹ر‹گرېك› <تىل> ← **تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى.**

**سىنوپتىكا** ئى ‹ر‹گرېك› <مېتېئور> ئاتموسفېرا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى. ھاۋا رايىنىڭ شەكىللىنىش ھەم ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ھاۋا رايىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

**سىنونىم** ئى ‹ر‹گرېك› <تىل> ← **مەنداش سۆز.**

**سىنۇس** ئى (ر<لات) <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تار بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپنىڭ يانتۇ تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ سىنۇسى دېيىلىدۇ ۋە « sin » بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، $\sin A=\frac{a}{C}$ ياكى $\sin B=\frac{b}{C}$

**سىنىپ** ئى (ئە) ① <پەلس> مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا، كىشىلەرنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ ۋە ئىشلەپ-چىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇناسىۋىتى-نىڭ ئوخشاش بولماسلىقى نەتىجىسىدە ئايرىلغان بۆلەك، گۇرۇھ: ئىشچىلار سىنىپى. پرولېتارىيات سىنىپى. بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى سىنىپ. * جەمئىيەتنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپقا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپقا بۆلۈنۈشى ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئانچە راۋاجلانمىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. ② <مائار> مەكتەپلەردىكى بىر ئوقۇش يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر-باسقۇچ ياكى مەلۇم كەسىپ بويىچە تەشكىللەنگەن ھەربىر گۇرۇپپا: بىرىنچى سىنىپ. سىنىپ ئاتلىماق. سىنىپتىن قالماق. * ئالىم 2-سىنىپتىن 4-سىنىپقا چىققۇچە ھەر سىنىپتا ئىككى يىلدىن ئوقۇغانىدى. * پىلان بويىچە بۇ ئالىي تېخنىكوم كەلگۈسىدە ھەر يىلى 500 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان دەسلەپكى قەدەمدە يىلىغا تېۋىپلىق ۋە دورىگەرلىك كەسىپلىرى بويىچە ئىككىدىن سىنىپ ئېچىپ، ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئالىي مەلۇماتلىق ئىختىساسلىق تىببىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپكە ئايلىنىدۇ. ③ <مائار> ئوقۇتۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان، دەرس ئۆتۈلىدىغان ئۆي: ئازادە سىنىپ. سىنىپ دوسكىسى. سىنىپنى تازىلىماق. * ئاخشام كەچكۇرستىن قايتىۋاتساق، جالالدىن سىنىپ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ④ <بىئول> بىر تىپتىكى جانلىقلارنىڭ ئوخشاش بەلگىلىرى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن قايتىدىن ئايرىلغان تۈپى. مەسىلەن، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تىپى بېلىقلار، قۇشلار ۋە ئېمىتكۈچىلەر دېگەندەك سىنىپلارغا ئايرىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە تىپتىن تۆۋەن، ئۇرۇقداشتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بەزىدە يەنە « كلاس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سىنىپ ئاتلىماق** <مائار> ئەسلىي ئوقۇشى كېرەك بولغان مەلۇم بىر يىللىق سىنىپتا ئوقۇماستىنلا، ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان سىنىپقا چىقىپ ئوقۇماق: ئۇلار مېنى سىنىپ ئاتلىتىپ بىرىنچى سىنىپتىن بىراقلا ئۈچىنچى سىنىپقا يۆتكىدى.

**سىنىپ ئاشماق** <مائار> ← **سىنىپ كۆچمەك**: بۇ يىل سىنىپ ئاشالمىساڭ، 3-سىنىپتا يەنە ئوقۇيسەن، مەكتەپكە بار، ماڭ.

**سىنىپ باشلىقى** <مائار> ئوقۇغۇچىلار سايلاپ بېرىدىغان ۋە سىنىپ مۇدىرىغا ياردەملىشىپ، سىنىپنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان ئوقۇغۇچى.

**سىنىپتا قالماق** <مائار> (ئوقۇغۇچىلار) يىللىق نەتىجىسى لاياقەتسىز بولۇپ قالغان-دا، سىنىپ ئاشالماي ئەسلىدىكى يىللىقىدا قېلىپ، قايتىدىن يەنە بىر يىل ئوقۇماق.

**سىنىپتىن كۆچمەك** <مائار> (ئوقۇغۇچى-لار) يىللىق ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغاندا، تۆۋەن يىللىق سىنىپتىن يۇقىرى يىللىق سىنىپقا چىقماق.

**سىنىپ ژۇرنىلى** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىپ-كېتىش ئەھۋالى، ئۆگىنىش نەتىجە-سى ۋە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ قىسقىچە

مەزمۇنى قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدىغان دەپتەر.

**سىنىپ كادىرى** <ماثار> ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن سايلىنىدىغان ۋە سىنىپنىڭ مەلۇم ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان ئوقۇغۇچى. ئادەتتە سىنىپ باشلىقى، ئۆگىنىش ھەيئىتى ۋە تۇرمۇش ھەيئىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سىنىپ مۇدىرى** <ماثار> مەكتەپلەردىكى مەلۇم سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغۇچى ئوقۇتقۇچى.

**سىنىپ ھەيئىتى** <ماثار> ← **سىنىپ كادىرى.**

**سىنىپ يىغىنى** <ماثار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە سىنىپنىڭ ئومۇمى قىياپىتى، ئەمەلىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىپ ياكى خۇلاسلاپ، كېيىنكى مەزگىللىك ئەھۋاللار ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، قەرەللىك ئېچىلىپ تۇرىدىغان يىغىن: بۈگۈن ئۆمەر مۇئەللىم سىنىپ يىغىنى ئاچتى.

**سىنىپداش** ئى (ئە+پ) بىر سىنىپتا ئوقۇغان ياكى ئوقۇيدىغان باللار (بىر-بىرىگە نىسبەتەن)، ساۋاقداش: ھەر كۈنى سىنىپداشلىرىم بىلەن كوچىلاردا شوئار ئاۋازىنى ئاڭلايتتۇق، داقا-دۇمباق چېلىپ كوچىلارغا بىزمۇ شوئار توۋلاپ چىقاتتۇق. // بىز ھەممىمىز سىنىپداش باللار ئەمەسمۇ، بولدى قويۇڭلار، يوق گەپنى تالىشىپ جېدەل-لەشمەيلى.

**سىنىپداشلىق** «سىنىپداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**سىنىپسىز** سۈپ. سىنىپ مەۋجۇت بولمىغان، سىنىپ يوقالغان؛ سىنىپى يوق: سىنىپسىز كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك غايىسى ئىدى.

**سىنىپلىق** سۈپ. سىنىپى بار، سىنىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: 450 مىڭ يۈەنگە 30 سىنىپلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى.

**سىنىپىي** سۈپ (ئە) سىنىپقا ئالاقىدار، سىنىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، سىنىپقا تەۋە؛ مەلۇم بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ياكى روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان: سىنىپىي مەيدان. سىنىپىي ئاڭ. سىنىپىي جەمئىيەت.

**سىنىپىي تەھلىل** <پەلس> ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سىنىپلىق جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى تۈپ ئۇسۇلى.

**سىنىپىي جەمئىيەت** <پەلس> سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ئاساسىدىكى جەمئىيەت، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەت.

**سىنىپىي زىددىيەت** <پەلس> ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت ۋە تەلەپنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەت. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ پايدا-زىيان توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەت-لەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سىنىپىي كۈرەش** <پەلس> قارىمۇقارشى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، يەنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بىلەن

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ؛ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش.

**سىنىپىي مەۋقە** <پەلس> ← **سىنىپىي مەيدان.**

**سىنىپىي مەيدان** <پەلس> مەلۇم سىنىپ تەرەپتە تۇرۇپ، شۇ سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئاساسىي پوزىتسىيە.

**سىنىپىي نۇقتىئىنەزەر** <پەلس> ① ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزىرى. ② ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى تۈپ قارىشى ۋە پوزىتسىيىسى.

**سىنىپىيلىق** ئى <پەلس> سىنىپلىق جەمئىيەتتە، كىشىلەرنىڭ ئاڭ-پىكرىدە مۇقەررەر يوسۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سىنىپىي خۇسۇسىيەت. بۇ خىل خۇسۇسىيەت كىشىلەرنىڭ سىنىپىي ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، شۇ سىنىپنىڭ پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتى ھەم تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ: پارتىيىۋىلىك – پرولېتارىياتچە سىنىپىيلىقنىڭ ئالىي ئىپادىسى. * قانۇن سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك سىنىپىيلىققا ئىگە.

**سىنىماق** پ ① مەلۇم ۋاستە، ئۇسۇللار ئارقىلىق تەكشۈرمەك، ئېنىقلىماق: مەرتنى مەيداندا سىنا (ماقال). * مېھمان ئاز ئولتۇرار، كۆپ سىنار (ماقال). * بۇ سالام ئۈچ-تۆت قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى «بۇ سالامنىڭ تېگىدە بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، موللامنى سىنىماقچى بولۇشۇپتۇ. * ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە ئوينىاي دەپ كەلدىم. مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ، سىناي دەپ كەلدىم. ② كۆرۈپ، بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، كۆرۈپ باقماق؛ تەجرىبە قىلماق: تەلەي سىنىماق. كۈچ سىنىماق. * سۇنايچىلار لىپىرلىرىنى يۇمشىتىپ سىناپ كۆردى. * ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن: – مېنىڭچە، مۇشۇ چارە يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، قېنى سىناپ كۆرەيلى. تاپانچا ۋە باشقا مىلتىقلارنىمۇ ئارىلاش ئاتارمىز، – دېدى. ③ ئەقلىي قابىلىيىتى، بىلىم دەرىجىسى ياكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە سوئال سورىماق؛ ئىمتىھان ئالماق: زېھنىنى سىنىماق. زېھنىنى سىناش مۇسابىقىسى. * شاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بەختىنىڭ تىبابەتچىلىكتە تەڭدىشى يوق بولسىمۇ، ئەقىل-ئىدراك جەھەتتە قانداقلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن بىرنەرسە دېمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. * يولداشلار، بۈگۈن بىز مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى سىناپ باقماقچىمىز.

**سىۋىچ** ئى <ماشىن> ← **ئۈچقۇنلاتقۇچ:** سىۋىچ چېقىرىلمىغان چاغدىكى قۇم دانىچىلىرى تاسادىپىي چۈشۈپ قالمىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

**سىۋىنچ** (توغرىسى: سۆيۈنچ) ← **سۆيۈنچ.**

**سىيا** I (توغرىسى: سىياھ) ← **سىياھ.**

**سىيا** II سۈپ (خەن) ← **سىيا چۈشمەك.**

**سىيا چۈشمەك** قىماردا تۆت ئوشۇق تۆت خىل ھالەتتە يەنى ئالچۇ، بىرى چۇ، بىرى پوككا، بىر چىككا ھالەتتە تۇرماق. تۆت ئوشۇقنى ئاتقان ئادەمدە

تۆت ئۇشۇق مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرسا ئاتقان ئادەم ئۇتقان، ئۇنىڭغا پۇل تىككەن كىشىلەر ئۇتتۇرغان بولىدۇ.

**سىياتىئا** ئى (لات) <بوت> ← **سىياتىئا دەرىخى.**

**سىياتىئا دەرىخى** <بوت> پاپورتنىكلار-نىڭ بىر تۈرى. ياغاچ غوللۇق كېلىدۇ. غولى ئېگىز ھەم تۈز بولۇپ، تەركىبىدە كراخمال بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ ھەم پەيسىمان يېرىلىدۇ. غولىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**سىيادان** ئى (پ) <بوت> ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئېگىزلىكى 30 — 60 سانتىمېتر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، كۆپ شاخلايدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىدۇ، ئۈچ قايتىلىنىپ پەيسىمان ھەم چوڭقۇر يېرىلىدۇ. گۈلى ئاق ياكى كۆك بولۇپ، شېخىنىڭ ئۇچىدا يالغۇز ئۆسىدۇ. غوزىلىق مېۋىسى شاكال ھالىتىدە بولىدۇ، پىشقاندا ئۇچى يېرىلىدۇ. ئۇرۇقى كۆپ ھەم قارا كېلىدۇ. مايسىسى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، سوغۇق يەلنى ھەيدەش، خۇننى راۋان قىلىش ۋە قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**سىيادانلىق** سۈپ. ئۈستىگە سىيادان سېپىلگەن، سىيادان ئارىلاشتۇرۇلغان: بالا يولدا كېتىۋېتىپ، توكۇچنى ئېچىپ قارىسا، يۇمغاقسۇتلۇك ئوخشىغان چۆچۈرە ئۈستىدە سىيادانلىق يۇمشاق نان تۇرغۇدەك.

**سىياسەت** ئى (ئە) ① دۆلەت ھاكىمىيتى ياكى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش، سىرت بىلەن ئالاقە باغلاش ھەمدە بەلگىلىك تارىخي شارائىت ئىچىدىكى لۇشيەنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تۈزۈپ چىققان ھەرىكەت مىزانى ياكى تۇتقان يولى: ئىچكى سىياسەت. تاشقى سىياسەت. زىيالىيلار سىياسىتى. * مەشۇرنىڭ يېزىدىكى ئېغىر كۈنلىرى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭى سىياسەت ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ئاخىرلاشتى. * شۇنى ئالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنى ۋە توغرا سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىمىزنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى چوقۇم تېز راۋاجلىنىدۇ. ② كۆچمە. دوق، قورقىتىش، پوپوزا: سىياسەت قىلماق.

**سىياسەت قىلماق** پوپوزا قىلماق، ھەيۋە قىلماق؛ قورقۇتماق: ئۇلار يۇقىرىلارغا، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئىش توختاتتىڭلار، دەپ خېلى سىياسەت قىلدى.

**سىياسەتچانلىق** ئى. سىياسىي رول، سىياسىي ئەھمىيەت؛ سىياسەت بىلەن بولغان باغلىنىش، مۇناسىۋەت، سىياسەتنى ئىجرا قىلدىغان، ھمايە قىلدىغان روھ: سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ئادەم. * خەزىنە چېكى تارقىتىش – چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، قىيىنچىلىق بىرقەدەر چوڭ خىزمەت.

**سىياسەتلىك** سۈپ. سىياسەتنى ئىجرا قىلدىغان، سىياسەت يۈرگۈزىدىغان: يارانلارغا دائىم زىكىر-سۆھبەتلىك، دۈشمەن-لەرگە قاتتىق سىياسەتلىك، دوستلىرىغا ۋاپادار، مۇرۇۋۋەتلىك، پىرلەر سۆھبىتىدە بولغان بالامسەن.

**سىياسەتۋاز** ئى (ئە+پ) قۇرۇق ياكى ئۆلۈك ھالدا سىياسەت سۆزلەپ، سىياسەت سېتىپ، يۈرىدىغان ئادەم: پارتىيىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاشتا سىياسەتۋازلارغا قارشى تۇرۇشنى، زەربە بېرىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا

بولمايدۇ. // سىياسەتۋاز ئادەم.

**سىياسەتۋازلىق** ئى. قۇرۇق ياكى ئۆلۈك ھالدا سىياسەت سېتىپ يۈرۈش ھالىتى: — بۇنداق سىياسەتۋازلىقنى نەدىن ئۆگەندىڭىز؟ — دەپ ھۇرپەيدى ئابدۇغېنى.

**سىياسىي** (ئە) ① ئى. ھۆكۈمەت، پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخس قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى ئىشلار ھەم خەلقئارا مۇناسىۋەت جەھەتلەردىكى پائالىيىتى. ئۇ ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولۇپ، ھەرقانداق بىر سىنىپنىڭ سىياسىيسى ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ: 1816-يىلى سېن-سىمون «سىياسىي — ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى پەن» دەپ ئېلان قىلىدۇ ھەمدە سىياسىينىڭ تامامەن ئىقتىسادنىڭ ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىدۇ. ② سۈپ. سىياسەتكە ئائىت، سىياسەت بىلەن باغلىق بولغان، سىياسەت ساھەسىدىكى: سىياسىي مەسىلە. سىياسىي كۈرەش. سىياسىي ماقالە. * باقى ئاكام ھەر كۈنى باللارغا توخۇ بېقىش ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشتىن باشقا، سىياسىي كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزىگە سىياسىي ئاتالغۇلار ئارىلىشىپ قالغانىدى. * — بولمىسىچۇ، — قوشۇلدى جېلىل، — شەھەر مۇدىرىنىڭ ئېيتىشىچە بولغاندا يېرىم كۈن سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىكەنمىز. ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىپ بولدۇق دېسىڭىزچۇ. ③ سۈپ. دۆلەتكە، دۆلەت تۈزۈمى ۋە گراژدانلىق ھەق-ھوقۇقىغا ئائىت: سىياسىي تۈزۈم. سىياسىي ھوقۇق. ④ سۈپ. دۇنيانىڭ، قىتئەلەرنىڭ دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىدىغان: سىياسىي خەرىتە.

**سىياسىي ئالىڭ** <پەلس> ← سىنىپىي ئالىڭ.

**سىياسىي پاناھلىق** بىرەر دۆلەت پۇقراسىنىڭ سىياسىي سەۋەب بىلەن باشقا دۆلەتكە قېچىپ بېرىپ، شۇ دۆلەت بېرىدىغان ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، تۇرۇپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سىياسىي تۈزۈم** دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈزۈملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بەلگىلىنىشى ياكى ئۆزگىرىشىنى سىنىپىي كۈرەش ياكى مەنپەئەت كۈرىشىنىڭ كونكرېت شارائىتى بەلگىلەيدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ تۈپ خاراكتېرىگە ماس بولىدۇ.

**سىياسىي جىنايەتچى** <قا> ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە قارشى مەلۇم سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جىنايەتچى دەپ قارالغان كىشى.

**سىياسىي خەرىتە** <جۇغ> دۇنيانىڭ، قىتئەلەرنىڭ دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە.

**سىياسىي خىزمەت** سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، سىياسەت ئەكس ئېتتىدىغان، سىياسەتكە ئائىت بولغان خىزمەت: بىز يېزىغا چۈشۈپ يېرىم يىل سىياسىي خىزمەت ئىشلىگەنىدۇق.

**سىياسىي رەھبەر** <ھەرب> جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لىيەندۈيلىرىدىكى سىياسىي خىزمەتنى تۇتۇپ ئىشلەيدىغان، سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل خادىم: — يولداش سىياسىي رەھبەر، گوڭشېغا يەتكۈزىلىدىغان ئوغۇتلارنى قاچىلاپ بولدۇق.

پەيجاڭ مېنى سىزدىن يولىيۇرۇق سوراشقا ئەۋەتتى، — دېدى ئۇ چاس بېرىپ.

**سىياسىي قانۇن** <قا> سىياسىي بىلەن قانۇننىڭ ئومۇمىي نامى: مەيلى ئىنقىلاب ئىشلىرىدا بولسۇن ياكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بولسۇن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمايدىكەن، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. * شۇنداق قىلغاندىلا، ئەنزىلەرنى توغرا، مۇۋاپىق، ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**سىياسىي قىياپەت** بىر ئادەمنىڭ سىياسىي مەيدانى، سىياسىي پائالىيىتى ۋە سىياسىي بىلەن ئالاقىدار بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سىياسىي كومىسسار** <ھەرب> جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تۇەندىن يۇقىرى قىسىملىرى ياكى بەزى مۇستەقىل يىغلاردا بولىدىغان سىياسىي خادىم. ئادەتتە ئۇ قىسىم پارتكومىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى باشقۇرىدۇ ۋە شۇ قىسىمنىڭ ھەربىي قوماندانى بىلەن بىر قاتاردىكى رەھبەر ھېسابلىنىدۇ: شۇندىن كېيىن پولك سىياسىي كومىسسارى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق نۇتۇقىنى سۆزلىدى. * بۇ ئۈچ نەپەر ياش ئارقىمۇئارقا سۆزلەپ ئۆزلىرىنى سىياسىي كومىسسارلارغا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

**سىياسىي كۈرەش** <پەلس> سىنىپلار، پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم سىياسىي مەقسەت يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش: ئۇنىڭ ئەسلىي زاتى، بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى ۋە كەسپى ئۇنى ئۆتكۈر، كەسكىن سىياسىي كۈرەش بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشى ناھايىتى تەس ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

**سىياسىي كېڭەش** ← **سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى**: سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-يىغىنى 1981-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ئېچىلغانىدى.

**سىياسىي لىرىكا** <ئەد> ئاپتور چوڭ-چوڭ سىياسىي-ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى، ئىدىيىسى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ يازغان شېئىر. مەسىلەن، ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» دېگەن شېئىرىغا ئوخشاش.

**سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى** دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىك بىرلىك سەپنىڭ تەشكىلىي شەكلى. ئۇنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى» بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىمۇ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرى تەسىس قىلىنغان.

**سىياسىي ھوقۇق** <قا> پۇقرالار سىياسىي جەھەتتە قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلار. مەسىلەن، سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى، سۆز، خەت-ئالاقە، مەتبۇئات، مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ساياھەت قىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش، دۆلەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىش، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ھوقۇقى ۋە باشقىلار.

**سىياسىي ئوبزور** سىياسىي مەسىلىلەرگە قارىتا يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان ئوبزور.

**سىياسىي ئوبزورچى** مەخسۇس سىياسىي

ئوبزور يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغۇچى كىشى.

**سىياسىي ئۆزگىرىش** ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەربىي ياكى سىياسىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدە پەيدا قىلىدىغان تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش: ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، جىڭ شۈرېنىنى قوغداش ئۈچۈن دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىغا جايلاشقان ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلارنى بېسىقتۇرماقچى بولغان.

**سىياسىي ۋەزىيەت** <پەلس> سىياسىينىڭ مەلۇم بىر دەۋرىدىكى تەرەققىيات ۋەزىيىتى: قىسقىسى، بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشى بولدى.

**سىياسىي ئىقتىساد** ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئىقتىسادشۇناسلىق ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر پەن بولۇپ، كوچلۇك سىنىپىلىقا ۋە پارتىيىۋىلىككە ئىگە.

**سىياسىي يانچۇقچى** ھەر خىل سىياسىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ شەخسىي مەنپەئەت ئېلىشنى كۆزلەيدىغان كىشى: ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئەسلىي يامان بولۇپ، ئۇ بىر سىياسىي يانچۇقچى.

**سىياسىيچى** ئى. سىياسىي بىلىمى يۇقىرى، سىياسىي مەسىلىلەر ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، سىياسىي ئەرباب: ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە ھەربىي ئالىملار، سىياسىيچىلار، ئىقتىساد باشقۇرغۇچىلار، تېۋىپلار، شائىرلار، مۇزىكانتلار، خەتتاتلار، رەسساملار، دىنىي ئۆلىمالار، ئەلچىلەر ۋە نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلار بار ئىدى.

**سىياسىيشۇناس** ئى. دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى، دۆلەتنىڭ خاراكتېر، تۈزۈمى، سىياسىي تۈزۈم تارىخى ۋە سىياسىي ئىدىيە تارىخى قاتارلىقلارغا ئوخشاش، دۆلەت ۋە ئۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى، مۇتەخەسسىس.

**سىياسىيشۇناسلىق** ئى. دۆلەت ۋە ئۇنىڭغا دائىر پائالىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي تېپىشى ۋە يوقىلىشى، دۆلەتنىڭ خاراكتېرى، تۈزۈمى، تۈزۈلمىسى، فۇنكسىيىسى، سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى، سىياسىي تۈزۈم تارىخى ۋە سىياسىي ئىدىيە تارىخى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سىياسىيلاشتۇرماق** پ. سىياسىيغا تەۋە ياكى سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىماق: بەزى مەسىلىلەرگە ئەستايىدىللىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك، كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مۇناسىۋىتىنىمۇ سىياسىيلاشتۇرۇۋەتمەيلى.

**سىياسىيون** ئى (ئە) ← **سىياسىيچى.**

**سىياق** (**سىياقى**) ئى (ئە) تۇرۇق، كۆرۈنۈش، قىياپەت؛ شەكىل-كۆرۈنۈش: ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئىككى كېنىزەك سۇلتانىنىڭ خاپىغان سىياقىغا سەپسالدى-دە، يەر ئاستىدىن بىر-بىرىگە قارىشىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ قويۇشتى. * ئۇنىڭ سايراشلىرى بۇلبۇلغا ئوخشار، سىياقى باغدىكى بىر گۈلگە ئوخشار.

**سىياقلىق** سۈپ. باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ، ئوخشاش، ئوخشايدىغان؛ شەكىللىك، شەكىلدىكى؛ سۈپەتلىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — ئادەم سىياقلىق هايۋان! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن دېۋەيلەپ كېلىپ.

**سىيانپىي** ئى <ئىرق> → **سىيانپىيلار.**

**سىيانپىيلار** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن قەدىمكى مىللەت. هازىرقى شەرقىي شىمال، ئىچكى مۇڭغۇل قاتارلىق جايلاردا ياشىغان، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدىنپەي كۆچەيگەن؛ جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىمالىي ۋېي، شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇۋ خانلىقلىرىنى قۇرغان.

**سىياھ** (پ) ① سۈپ. قارا، قارا رەڭلىك: ئۇ نېمىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا كۆڭلىنى سىياھ قىلىدۇ، نېمىشقا بوگۈنكى كۈننىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ؟! * بولمىسا ساڭا كۆڭلۈم ئىلتىجا قىلۇرمەنمۇ؟ مېنىڭدەك سىياھ دىلغا مەيلىڭنى زىيا ئەيلە. ② ئى. خەت يازغاندا كاغىزى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قەلەملەرگە ئىچۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان رەڭلىك سۇيۇقلۇق: قىزىل سىياھ. * خەت يازدى كۆز يېشىنى قىلىپ سىياھ، كىرپىكىنى قەلەم، راھەت دەيدۇ سەن ئۈچۈن، ئۇشبۇ دۇنيادا تارتسام ئەلەم. * كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن، مېنىڭ ئۇنداق يارىم يوق، خەت يېزىپ بېرەي دېسەم، قەلەم يا سىياھىم يوق.

**سىياھ بېلىق** <زوئول> يۇمشاق تەنلىك هايۋان. تېنى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ياپىلاق ۋە رەڭگى ئاق كېلىدۇ، ئۈستىدە ھەر خىل قارا داغلىرى، باش قىسمىدا بىر جۈپ چوڭ كۆزى، ئېغىزىنىڭ گىرۋەك-لىرىدە ئون تال جەينەك پۇتى ۋە جەينەك پۇتىنىڭ ئىچ تەرىپىدە شورىغۇچ تەخسىسى بولىدۇ. تېنىدە خالتىسىمان ئورگىنى بولۇپ، قارا رەڭدىكى بىر خىل سۇيۇقلۇقنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. خەتەرگە يولۇققاندا بۇ خىل سۇيۇقلۇق ئارقىلىق ئۆزىنى نىقابلاپ، شۇ ئارقىلىق قېچىپ قۇتۇلىدۇ.

**سىياھدان** ئى (پ) سىياھ قاچىلىنىدىغان قۇتا، دۇۋەت: بىغۇبار قەلبىڭ — سىياھدان، قانلىرىڭ — ئۆچمەس سىياھ، چاچقىنىڭ زەر، مەرۋايىت، ئۆستۈرگىنىڭ مېھرىگىياھ، ئىستىكىم بولماقچى ۋارىس سەن كەبى نازىمغا مەن.

**سىيپاتماق** «سىيپىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيپاشتۇرماق** پ. سىيپاش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق: ئالدىراپ قالغان مايسخان كارىۋات ئاستىغا بېشىنى تىقىپ، ئۇ يەر-بۇ يەرنى سىيپاشتۇرۇپ باقتى، لېكىن قولىغا ھېچنېمە ئۇرۇنمىدى. * ئۇلار ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ پۇل سالغان يانچۇقلىرىنى سىيپاش-تۇرۇپ، پۇللىرىنىڭ جايىدا تۇرغانلىقىغا كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن، باشلىرىنى موماي تەرەپكە سوزۇشۇپ، ئۇنى سوئال بىلەن كۆمۈۋېتىشتى.

**سىيپاشماق** «سىيپىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جامائەت ئىككىيلەننىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن «ئامىن!» دېيىشىپ، يۈزلىرىنى سىيپاشتى.

**سىيپالماق** «سىيپىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىيپىلاتماق** «سىيپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيپىلاشتۇرماق** پ → **سىيپاشتۇرماق:** ئۇ قاراڭغۇدا سىيپىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى كەتمەننى تېپىپ چىقتى.

**سىيپىلاشماق** «سىيپىلىماق» پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىپىلانماق** «سىپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىپىلىماق** پ ← **سىيپماق**: دالىنى سىپىلاپ سەھەر شاملى، مايسىلار ئۈستىدىن يەلپۈپ ئۆتىدۇ. «كەل، مانا باغرىمغا» دېگەندەك قىلىپ، مايسىلار ئەركىلەپ مېنى كۈتىدۇ.

**سىيپماق** پ ① قول ياكى شۇنداق نەرسە بىلەن باشقا بىرنەرسىنى سىلىماق: مەنمۇ ئاپامنىڭ قىلغىنى بويىچە ئالقىنىمنى يېيىپ يۈزۈمنى سىيپىدىم. * كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەستى، ئۇ پۈتى بىلەن تاش-شېغىللارنى سىيپاپ، ناھايىتى ئەستە يول تېپىپ ماڭاتتى. ② يۇمشاق، يېنىك تېگىپ، ياكى سۈركىلىپ ئۆتمەك (شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك، تولۇن ئاي ئاستا ئۈزەتتى، سالقىن شامال يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، كىشىگە ئارام بېرەتتى. * تاغ شاملى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ، قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندەك قىلاتتى.

**سىيدۈرمەك** «سىيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بالىنى سىيدۈرۈپ ئاندىن ئۇخلاتقىن، — دېدى ئۇ قىزىغا، — بولمىسا كۆرپىگە سىيىپ قويىدۇ.

**سىيدۈرۈشمەك** «سىيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىيدۈرۈلمەك** «سىيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىيراپ** سۈپ (پ) مول، باياشات: ئۆمىدىم گۈلشىنى ۋەسلىنىڭ سۈيىدىن بولمىسا سىيراپ، كېچەرمەن سۆيگۈ يولىدا پۈتۈنلەي يوقۇ بارىمدىن.

**سىيراپ ئەتمەك** سۇغا تويدۇرماق، سۇغا قاندۇرماق؛ مول، باياشات قىلماق: كۆز يېشى تامچىپ بۇ چاغ يامغۇر كەبى، تۇغقانلىق رىشتىسىنى ياشنىتاتتى. ئۆملۈكنىڭ شاخلىرىنى سىيراپ ئېتىپ، يېپيېڭى غۇنچىلارنى ياشنىتاتتى.

**سىيراپچىلىق** سۈپ. ھەممە نەرسە ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان، موللۇق: ئۇ راستىنلا سىيراپچىلىق يىللىرى ئىدى.

**سىيراپلىق** «سىيراپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تارىتار شوخ ھايات شاۋقۇنلىرىنى، دىللاردا يېڭىچە ھېسلار ئويغىتىپ. سىيراپلىق ئىلكىدە كۈلگەن بۇ يېزا، ئارامىلىق بىر كەچنى ئالماقتا كۈتۈپ.

**سىيرتما** ئى ① كىيىملەرنىڭ ئالدىنى، يانچۇق، سومكا قاتارلىقلارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىش ھەم ئېچىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل زەنجىرسىمان، چىشلىق بۇيۇم: — نېمىگە ھەيران بولىسلەر؟ — قۇربان ماتېرىيال سومكىسىنىڭ سىيرتمىسىنى يەشتى. ② ماشىنچىلىقتا كۆز تاختىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۋادرات شەكىللىك سايمان. ③ توقۇمۇچىلىقتا ئۆرۈشنىڭ ئاخىرىنى ئېسىپ قويىدىغان ياغاچ. ④ ئۈستەل قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ نەرسە-كېرەك سېلىپ قويىدىغان يېرى، تارتما: جوزىنىڭ سىيرتمىسى.

**سىيرتماق** «سىيرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيرىشماق** «سىيرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن ئېرىق بويىغا بارغاندا ئۇلار غازاڭ سىيرىشۋاتقانىكەن.

**سىيرىغۇ** ئى. دېئال ← **سۈزگۈچ**.

**سىيرىلاڭغۇ** سۈپ. ئاسان سىيرىلىپ

كېتىدىغان، سىلىق؛ سىيرىلىپ چىقىدىغان: سىيرىلاڭغۇ يەر. سىيرىلاڭغۇ تام. سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش.

**سىيرىلاڭغۇ بوغۇز تاۋۇشى** <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بوغۇز قىسىلىپ هاۋا ئېقىمىنىڭ سىيرىلىپ چىقىشىدىن هاسىل بولىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «خ، غ» تاۋۇشلىرىغا ئوخشاش.

**سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا، هاۋا ئېقىمى ئۆتىدىغان ئورگان يېقىلىپ بىر قىسىلچاق هاسىل بولىدىغان ۋە هاۋا ئېقىمى شۇ قىسىلچاقتىن سىيرىلىپ چىقىش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «ف، س، ز، ژ، ش» قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سىيرىلدۇرماق** «سىيرىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گومىنداڭچىلار ئون نەچچە ئەسكىرىگە هاراق ئىچۈرۈپ، كۆچا دەرۋازىسى ئۈستىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلدۇرۇپ، سېپىلنىڭ سىرتىغا چۈشۈرگەنىكەن. * بىنادىن بىر قىزنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى بىلىنەر-بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**سىيرىلدۇرۇلماق** «سىيرىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇئا-تەكبىر ۋە قىرائەت ئاۋازلىرى ئىچىدە جەسەت جىنازىدىن گۆرگە سىيرىلدۇرۇلدى.

**سىيرىلغۇچ** سۈپ <تەن> ← **تېيىلغۇچ شوتا.**

**سىيرىلما** ① سۈپ. سىيرىلىدىغان؛ سىيرىلىپ چۈشىدىغان: سىيرىلما تاختا. * ئۇلار مەپىلەرنى يار ئۈستىدىن قايتۇرۇۋېتىپ، ئېگىزدىن پەسكە چۈشىدىغان سىيرىلما تار چوققىدىن چۈشكەن. ② سۈپ <فىز> سىيرىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان، سىيرىلىشتىن هاسىل بولىدىغان: سىيرىلما هەرىكەت. سىيرىلما سۈركىلىش. ③ ئى <گېئول> يەر يۈزىنىڭ قىيا جايلىرىدىكى زور كۆلەملىك توپا-تاشلار پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن پەسكە سىيرىلىپ چۈشىدىغان بىر خىل تەبىئەت هادىسىسى. سۈرئىتى تېزلىرى كۈچلۈك ئاۋاز هەم ئوت ئۇچقۇنىنى پەيدا قىلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى، تاشيول، تۆمۈر يول، ئېتىز-ئېرىق ۋە دەل-دەرەخ قاتارلىقلارنى ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىتىدۇ.

**سىيرىلما سۈركىلىش** <فىز> سۈركىلىشنىڭ بىر خىلى، يەنى جىسىم سىيرىلما هەرىكەت قىلغاندا پەيدا بولىدىغان سۈركىلىش. ئۇنىڭ كۈچى دومىلانما سۈركىلىشنىڭكىدىن چوڭراق بولىدۇ.

**سىيرىلما هەرىكەت** <فىز> بىر جىسىمنىڭ يەنە بىر جىسىم ئۈستىدىكى تېگىشىش يۈزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ يۆتكىلىشى. مەسىلەن، مۇز تېيىلغان چاغدىكى كانكىنىڭ مۇز ئۈستىدىكى هەرىكىتىگە ئوخشاش.

**سىيرىلماق** ① «سىيرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — دۈمبىگىز يەلك سىلىق ئىكەن، سىيرىلىپ كېتىپ تۇرالمىدىم، دۈمبىگىزگە ئېگەر توقۇساق، — دەپتۇ بالا ۋەزىرگە. ② پ. كۆچمە. بىرەر ئىشقا ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش سەۋەبلىك ئۆكۈنۈپ ئازابلانماق، غېمىنى يەپ قايغۇرماق: يولۋاس تېرىسىدىن ئەتكەن چورۇقى، تىتىلىپ، پۇتلىرى يېرىلىپتۇدەك، يىگىتنىڭ هالىنى كۆرۈپ قۇشلارنىڭ ئىچ-باغرى ئېچىشىپ سىيرىلىپتۇدەك. ③ سىلىق ياكى يانتۇ يەردىن بىر تەرەپكە ياكى پەسكە

تېيىلماق، سۈرۈلمەك: تامدىن سىيرىلىپ چۈشتۈم.

**سىيرىما** سۈپ. سىيرىلىدىغان؛ سىيرىش ئارقىلىق ئېچىپ-يېپىلىدىغان: سىيرىما پەردە.

**سىيرىما چاپان** تۈگمە ئورنىغا سىيرىتما ئورنىتىلغان چاپان.

**سىيرىماق** پ ① قول بىلەن قاماللاپ، سىقىپ تۇتۇپ، قولنى تۆۋەنگە ئاستا-ئاستا ماڭدۇرۇش ئارقىلىق ئىچى ياكى تېشىدىكى نەرسىلەرنى تۆۋەنگە چۈشۈرمەك ياكى بىر يەرگە يىغماق (ئىنچىكە، ئۇزۇن نەرسىلەر ھەققىدە): ئۇنىڭغا چۆپلۈككە بېرىپ ئوت ئېلىپ كېلىش خۇش ياقمايتتى، شۇڭا ئۇ ئاستىلا باغقا كىردى-دە، جىگدە غازاڭلىرىنى سىيرىپ چىقىپ قويلارغا تۆكۈپ بەردى. * – بىزنى گۆشكە تويغۇزىدىغان بولدىڭىز-ھە، – دېدى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۆچەي سىيرىۋاتقان پاتىمە ھەدە سۆزگە ئارىلىشىپ. ② تىرناق ياكى بارماقنى چىڭ بېسىپ ماڭدۇرۇپ ئىز چىقارماق، جىجىماق: – غولۇمنى سىيرىپ تۇتۇپ قويغىنا، – دېدى ئۇ دۇم يېتىپ، بويىنىنى بۇراپ نەۋرىسىگە قاراپ. ③ كۆچمە. ھېچنېمىسىنى قالدۇرماي، قۇپقۇرۇق قىلىپ قويماق؛ بارلىق ئوقەت، بايلىقلىرىدىن ئايرىپ قويماق: ئۇ بالا ھەققەتتە ئۇسال بالا بولۇپ قالدى، بىچارە دادىسىنىڭ ئوقەتلىرىنى سىيرىۋەتتى، دەڭا. * – مېنى سىيرىۋېتىدىغان بولدۇڭ-دە، ھاراسزادە، – ئۇ ئېچىنغان قىياپەتتە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.

**سىيگەك** سۈپ. تولا سىيىدىغان، سىيىپ قويىدىغان: سىيگەك بالا. // تاۋۇز سىيگەكنىڭ، قارا كاۋا ئۇسسۇرغاقنىڭ (ماقال). * سىيگەك سۇغا ئامراق (ماقال).

**سىيگەك كېسەللىكى** <تب> ← سىيىپ قويۇش.

**سىيلاتماق** «سىيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيلاشماق** «سىيلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىيلانماق** «سىيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىيلە-رەھىم** غەمخورلۇق، كۆيۈمچانلىق، ياخشىلىق: – سەن ماڭا سىيلە-رەھىم قىلىپ ئەسلىي ھالىتىمگە قايتۇردۇڭ، مەن ساڭا قانداق خىزمەت قايتۇراي؟ – دەپتۇ ھېلىقى مەخلۇق بەختىگە.

**سىيلىق** ئى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن تارتىلغان تارتۇق، سوۋغات؛ مۇكاپات، ئىنئام: سىيلىق بەرمەك.

**سىيلىماق** پ ① ھۆرمەت بىلدۈرمەك، قەدىرلىمەك، ئەزىزلىمەك، غەمخورلۇق قىلماق، كۆيۈنمەك، ياخشىلىق قىلماق. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن سوۋغا، تارتۇق بەرمەك؛ ئىنئام قىلماق.

**سىيما** ئى (ئە) ① قىياپەت، كۆرۈنۈش؛ چىراي، يۈز، ئوبراز: ئۇنىڭ قېشى قويۇق، قاڭشارلىق، قارامتۇل، قىسقا ساقال، غەلىتە سىيماسى سۇن چۆەنگە تازا يارىشىغانىدى. * ھەر قېتىم بىرەر نەتىجە قازانغىنىمدا دادامنىڭ مۆمىن ھەم مېھرىبان سىيماسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ. * «خۇش خەۋەر» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئابدەمنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ، كۆز ئالدىدا بۇغراجاننىڭ كېلىشكەن سىيماسى نامايان بولدى. ② سىمۋول، ئوخشىتىلىدىغان ياكى ئوخشايدىغان نەرسە: شۇڭا تاغ مەردانىلىك ھەم قەد كۆتۈرمەككە مىسال، قارىغاي، چىنار ۋە شەمشاد مەردلىككە سىيما ھەر زامان. *

دەۋرىمىز خۇددى باھاردۇر، بەختىمىز گۈلگە سىيما، قەلبىدە ئابدۇرەھمىنىڭ تەسرات قوزغاتتى گۈل. ③ ئىپادە؛ ئالامەت، ئىز: سەن تۇغۇلدۇڭ، مەسۇم يۈزۈڭدىن، كۆزۈڭنىمەيدۇ ھەسرەت سىيماسى. سەن تۇغۇلدۇڭ قۇياش قوينىدىن، غۇنچە يەڭلىغ كۈلۈپ گوياكى. * ھەققانىيەت سىيماسى ئىزدىسەڭ، تاپقىن مەقسەت-نىشانىمدىن ئىنژېنېر. شور ۋە تۇزنىڭ كانلىرىنى ئىزدىسەڭ، تاپقىن مېنىڭ پېشانەمدىن ئىنژېنېر.

**سىيمەك** پ. سۈيدۈك چىقىرىش ئەزالىرى ئارقىلىق، ئىچىدىكى كېرەكسىز سۈيۈقلۇقنى سىرتقا چىقىرىۋەتمەك؛ كىچىك تەرەت قىلماق: ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا سىيىپ كىرىش، كېچىسى سۈيدۈك قىستىسا ھورۇنلۇق قىلماي تەرەتكە چىقىش لازىم.

**سىيىپ قويۇش** <تىب> ئىختىيارسىز سىيىۋېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۈچ ياشتىن تۆۋەن باللاردىكى سىيىپ قويۇش بىر خىل نورمال فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە. ئۈچ ياشتىن يۇقىرى بولغان بالا ياكى چوڭلاردىكى سىيىپ قويۇش بىر خىل نورمال بولمىغان ھادىسە بولۇپ، كۆپىنچە كېچىلىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ «سىيگەك كېسەللىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سىينە** ئى (پ) ① كۆكرەك، كۆكسى، مەيدە: قىلاي قانداقمۇ تاقەت مەن كېمىنە، ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كەرمەي بۇ سىينە. * يۈرەك باغرىم قانغا تولدى، بالام سەندىن ئايرىلىپ، سىينەلىرىم پارە بولدى، بالام سەندىن ئايرىلىپ. ② كۆچمە. دىل، كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك: مەن يۈرىمەن تىككەشاللىق دۆڭلۈكتە، نەلەردىسەن كۆڭلۈم سۆيگەن مەلىكە؟ چاقماق كەبى ئوتلۇق چۈشكەچ سىينەمگە، بۆلبۈلۈڭ بولۇپ سايراپ چىقتىم ئىشىككە.

**سىيىر** ئى ← **ئىنەك**: — ئىنساپلىقراق بولغىنىمىز تۈزۈك، — دەپتۇ بوۋاي مومايغا تەسەللى بېرىپ، — سەن سېغىپ ئىچكۈدەك بىر موزايلىق سىيىر تىلە، مەن تېرىقچىلىق قىلغۇدەك بىرئاز يەر، سۇ تىلەي، شۇنىڭ بىلەن ئانچە-مۇنچە مىدىرلاپ يۈرۈپ ھال-كۈنىمىزنى ياخشىلىۋالايلى.

**سىيىر بۆلجۈرگىنى** <بوت> بۆلجۈرگەننىڭ بىر خىلى، ئادەتتىكى بۆلجۈرگەندىن مېۋىسى چوڭراق بولىدۇ.

**سىيىر خوجىلىقى** يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ نەسىللىك كالىلارنى بېقىش، نەسىللەندۈرۈش ھەمدە سۈت ئىشلەش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر تارمىقى؛ كالا فېرمىسى.

**سىيىرچىلىك** ئى. مەخسۇس سىيىر بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىش، مەخسۇس سىيىر بېقىپ، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداش: ئۇ بىر-ئىككى يىلدىن بېرى سىيىرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلىلا پىتلىنىپ قالغانىدى. // ئالىم ئىدارىدە قېلىپ جەدۋەللەرنىڭ كۆپىيىسىنى كۆچۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۇ سىيىرچىلىك دۇنياغا بېرىپ ساننى ئىنقىلاپ كېلىدىغان بولدى.

**سىيىشمەك** «سىيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

# ش

**ش** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون تۆتىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە ئون تۆتىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**شا** (توغرىسى: شاھ) ← **شاھ.**

**شاپ I** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 10 — 40 سانتىمېتر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. غولى تۈۋىدىن شاخلايدۇ. شاخلىرىنىڭ رەڭگى ئاقۇچ كۆل رەڭ بولۇپ، يۇمران ۋاقتىدا قويۇق تۈكلۈك كېلىدۇ. تۈكلىرى كېيىن تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. يوپۇرمىقى تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۆشلىشىدۇ. مېۋىلىگەندە گۈل يىپىنچىسى قانات ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا مېۋىسىنىڭ بەش تال قانىتى بولىدۇ. ئادەتتە قۇرغاق، شېغىللىق ۋە شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**شاپ II** تەق ① يۇمشاق بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە تېزلىك بىلەن تېگىپ چاپلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ چاغدا ستاتورغا «شاپ» قىلىپ دەسسىمىز-دە، گۈركىرىتىپ كېتىۋېرىمىز. * پولات شاپلا قىلىپ تارتىۋالغاندا رەجەپنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. * ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقتى، شۇڭا، ئات يۈرۈشىدە كېتىۋېتىپ بىر تۈپ چىنارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، «شاپ» قىلىپ چىنارنىڭ شېخىنى تۇتۇۋالدى. ② گۆش قاتارلىق بەزى تاماقلارنى چاينىغاندا، ئېغىزدىن چىققان ئاۋاز: ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەتتا غىزا چايناشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى، بەزىلىرى خولۇپلىتىپ چۆپ ئىچىۋاتقان بولسا، بەزىلىرى چىپ-چاپ قىلىپ قاتلىما چايناۋاتاتتى، بەزىلىرى ھېلى شاپ، ھېلى شۇپ قىلىپ، خۇش ياقمىغان ھالدا گۆش چايناۋاتاتتى.

**شاپ III** (پ) ① ئى. ئۇچى ئارقىغا قايرىلـغان ھالەتتە سوقۇلغان بىر خىل قىلىچ. ② سۈپ. شۇ خىل قىلىچ شەكلىدە قويۇلغان ياكى شۇ خىل قىلىچ شەكلىدىكى: شاپ بۇرۇت.

**شاپ بۇرۇت** ① شاپ شەكلىدە ئۇزۇن قويۇلغان بۇرۇت: سايىم بولسا ئاۋۋالقىدەك

بېپەرۋا، ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن شاپ
بۇرۇتلىرىنى تولغاپ ئولتۇراتتى. * ياسىن
كۆكبېشى ئۆزىگە ياراشقان شاپ بۇرۇتىنى
سىلىغىنىچە بالىغا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى.
② شۇ خىل بۇرۇتى بار ياكى شۇ خىل
بۇرۇت قويغان: يۈزى دائىم ئىسلىشىپ
تۇرىدىغان بۇ شاپ بۇرۇت ئادەمنى ئۇزۇندىن
بۇيان ياخشى بىلەتتىم. خوتۇنى قازا تاپقاندىن
كېيىن، بويتاق ئۆتۈۋاتقان بۇ ئادەم ئۆزى
يالغۇز ناۋايلىق قىلاتتى. * ئۇزۇن ئۆتمەي
مۈرىسىدە كەتمىنى بار، 50 ياشلار چامىسىدىكى
شاپ بۇرۇت، قاۋۇل بىر ئادەم ئىشخانىغا كىرىپ
كەلدى. ③ شۇ خىل بۇرۇتى بار ئادەم:
— ھېلىقى شاپ بۇرۇتنى تاپالىدىڭىزمۇ، —
سورىدى ئاۋۇت.

**شاپ تارتماق** شاپ شەكلىدە ئۇزۇن
ئۆسمەك: قويۇق بۇرۇتى ئىككى تەرەپكە
شاپ تارتىپ، ساقىلى پۈتۈن ئېڭىكىنى قاپلاپ
كەتكەنلىكتىن قارىماي، ئېنچە ئاق دىداردىن
خالىي ئىدى. * شاپ تارتىپ كەتكەن بۇرۇتى
ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىپ كۆرسىتىپ
تۇراتتى.

**شاپ IV** رەۋ. تېز، ئىتتىك.

**شاپائەت** ى (ئە) ① قوللاپ قۇۋۋەتلەش،
ھىمايىسىگە ئېلىش؛ ياردەم؛ ياخشىلىق:
ياراتقان ئىگەم بەندىسىگە شاپائەت قىلسا،
قوشلاپ بېرىدىكەن. * شاپائەت قىل قەشقەر-
گە، شەپقىتىڭنى ياغدۇرغىن، قانغا تويماس
زالىمنى، ئۆزۈڭ زاۋال تاپتۇرغىن. ② ئاياللار-
نىڭ ئىسمى.

**شاپائەت قىلماق** ھىمايىسىگە ئالماق،
ياردەم قىلماق، قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەك،
ياخشىلىق قىلماق: توپتوغرا تاغ ئارقىسىغا
ئۆتۈپ كېتەيلى، ئاندىن غەربكە، خۇداۋەندىكې-
رىم شاپائەت قىلسا، ئۆزىمىزنى ئاشۇ تەرەپكە
تارتىمىز. * — ھۆرمەتلىك ئۇستاز، جانابلىرىنىڭ
سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ
سەرگۈزەشتىلىرىمىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسەم،
بىزگە جەزمەن شاپائەت قىلىدىغانلىقلىرىغا
ئىشىنىمەن.

**شاپائەتچى** ى. شاپائەت، ياخشىلىق،
ياردەم قىلغۇچى؛ ھىمايىچى، قوللاپ-
قۇۋۋەتلىگۈچى: بەختسىز كىشىلەر «شاپائەتچى
بىلەن شاپائەتكە مۇيەسسەر بولغان كىشى
دوست بولىدۇ، بارلىق ئۇلۇغ قەلب ئىگىسى
تامامەن باراۋەر بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. *
بۇلبۇلغا گۈلىستان، شاپائەتچىم قول ئۈزات،
قۇچىقى چەمەن-بوستان، پاراغىتىم قول ئۈزات.

**شاپائەتسىز** سۈپ. شاپائىتى يوق، كىشىلەر-
گە ياخشىلىق قىلمايدىغان، ياردەم بەرمەي-
دىغان، شەپقەتسىز: شاپائەتسىز ئادەم.
// ھەي،... ئۇنداق شاپائەتسىزلەردىن
ياردەم تىلەپ ئولتۇرۇش ئەخمەقلىق، «يا
ئۆلۈم يا كۆرۈم» دەپ ئالغا ماڭماي ئامال
يوق.

**شاپائەتلىك** سۈپ. شاپائىتى بار، كىشىلەر-
گە ياخشىلىق قىلىدىغان، ياردەم بېرىدى-
غان، قوللايدىغان، شەپقەتلىك: خۇدا
ئۆزۈڭگە سېغىنىمەن، شاپائەتلىك قوللىرىڭ
بېشىمدا سايىۋەن بولۇپ پېقىرنى ئۆز قاناتلىرى
ئاستىغا ئالسا ئەجەب ئەمەس. بۇ ئۈمىد،
ئەلۋەتتە، ياخشىلىقىنىڭ ئىپادىسى. * ئەي
ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن شاپا-
ئەتلىك ئىگەم، ھىممىتىڭگە رەھمەت!

**شاپاشلاتماق** «شاپاشلىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇمۇ ئوبدان
يىگىتقۇ، — دەيتتى ئامىنە جەمىلىنىڭ قۇلىقىغا
پىچىرلاپ. — شۇنچىۋالا شاپاشلىتىپ قىينىغۇچە
ماقۇللۇق بەرسەڭ بولمامدۇ... * — ئوبدان
قىلىپسىلا، — دېدى زورىخان سوپۇمغا قاراپ،

– دەسلەپ تاھارەتمگە سۇ بەرسلە دېگەندە ياق دېگەندىكىن، ئەمدى تازا شاپاشلاتسلا.

**شاپاشلاشماق** «شاپاشلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پىقىندىلا ئۇلار سىزنى كۆككە كۆتۈرۈشكەندى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كەينىدە شاپاشلىشىپ يۈرىدۇ. * – ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇلار شۇنداق ئەتىدىن-كەچكىچە ئادەمنىڭ كەينىدىن شاپاشلىشىپ يۈرىدىغان لالما بىرنېمىلەر، – دېدى ئۇ مېنى ئۆزىگە تېخمۇ بەكرەك تارتىپ.

**شاپاشلىماق** پ. مەلۇم بىر مەقسەت بىلەن بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ يۈرمەك؛ ئالدىراپ ماڭماق، ئالدىرىماق: ئۇ ئەمدى توختى شۇجىنىڭ قۇندۇز ئۇچۇن شۇنچە شاپاشلاپ كېتىشلىرىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندى. * جۇۋان ئايلام، چوكان ئايلام، سېنىڭ مەلەڭگە بارمايمەن. سېنىڭ مەلەڭگە بارغاندا، شاپاشلاپ زادى ھارمايمەن.

**شاپاق** ئى. قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ پوستى: – شاپىقى قېلىن تاۋۇز ئىكەن، – دېدى داۋۇت ئاكا تاۋۇزنى يەۋېتىپ. * ئىسرەت ئوغرى قوغۇن-تاۋۇز سېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، كىمدۇر، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ شاپاقلارنى ئاتتى.

**شاپاق بۆك** شاپاق دوپپا: باغقا كىردىم يارنى كۆردۈم، ئاق شاپاق بۆكى بىلەن. يۈرىكىمگە داغنى قويدى، گۈل يوپۇرماقى بىلەن.

**شاپاقىن ئەرزان** ئىنتايىن ئەرزان، قىممىتى يوق: بۇ كەمدە ھەممە نەرسە شاپاقىن ئەرزان تۇرسا قانداق قىلاتتىڭىز، ئەمسە؟ بىز ئالىدىغان نەرسىلەرمۇ شۇنداق ئەرزان، بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق.

**شاپاق دوپپا** شايى، خەسە، سىيامۇ قاتارلىقلاردىن ئەستەرسىز تىكىلگەن دوپپا: ھارۋىكەش كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، كۆزىنىڭ قىرى بىلەن نېمىندۇر ئىزدەش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن شائىرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. * كۆل بويىدا بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۇستىگە مەخسۇمچە ئاق كۆڭلەك كىيگەن، بېلىنى كۆك بەلباغ بىلەن چىڭ باغلىۋالغان، قىسقىراق ئاق ئىشتانلىق، يالىڭاياغ، ئاق ساقال كىشى ئۆرە تۇراتتى.

**شاپاق يارىسى** <تب> يىرىڭلىق قاپارتقۇلارنىڭ ئومۇمىي نامى: كېسەل تېشىغا تەپكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىششىپ يۈز-كۆزىگە خۇددى سۇ پۈركۈگەندەك «شاپاق يارىسى» چىقىپ كەتكەچكە، ئۇ يۈزىنى داكا بىلەن يېپىپ، سىرلىق قىياپەتتە ياتاتتى.

**شاپاقچى** ئى ① قوغۇن-تاۋۇزلارنىڭ شاپاقلىرىنى تېرىپ توپلىغۇچى كىشى. ② كۆچمە. تىل ھا. ئەخلاقسىز، بۇزۇق ئايال: – ماڭاۋاي شاپاقچى، – دېدى ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ.

**شاپاقچىلىق** ئى. ئەخلاقسىزلىق، ئۆز تېنىنى سېتىش قىلمىشى: – نېمە دەيتتۇق، شاپاق-چىلىق قىلما دەۋاتىمىز! – ئەزىمەتكە ياندىش تۇرغان بىرى رىزۋاننى كۆچەپ ئىتتىرىۋەتتى. رىزۋان دۈگجۈپ بېرىپ سۆگەتكە ئۇسسۇپ قاپىقىنى يېرىۋالدى.

**شاپاق-شالتاق** قوغۇن-تاۋۇز ۋە ئۈزۈم-شاپ-تۇل قاتارلىق نەرسىلەر: شاپاق-شالتاق بىلەنلا قورساق تويمايدۇ، بىرئاز ئاش يەيلى.

**شاپاق-شالتاق ۋاقتى** قوغۇن-تاۋۇز ۋە ئۈزۈم-شاپتۇل قاتارلىق يەل-يېمىشلەر پىشىپ، يەل-يېمىشلەر كەڭتاشا بولىدىغان ۋاقىت.

**شاپالداق** ئى. دىئال ① شاپلاق. ② چۇن ئۆلتۈرىدىغان پالاق.

**شاپاللىماق** پ. دىئال. شاپلاقلىماق.

**شاپپىدە** I رەۋ «شاپ» قىلغان هالدا، «شاپ» قىلىپ: قول بىلەن شاپپىدە تۇتۇۋالغىلى بولسا ئىدى، چارىسىنى قىلماق ئاسان ئىدى. ئەمما، هازىر گۇمانلا قىلالايمىز-دە... * ئانا شۇنداق كۆلگىنىچە ئۇرا بېشىنى ئىككى ئايلاندى-دە، شاپپىدە توختاپ قالدى.

**شاپپىدە** II رەۋ. تېز، چاپسان، ئىتتىك.

**شاپتۇل** ئى (پ) <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ. كىچىك شاخلىرى سىلىق، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى هال رەڭ ۋە تاق هالەتتە ئۆسىدۇ. مېۋىسى سەل-پەل شار شەكلىدە بولۇپ، يۈزىدە قىسقا تۈكلىرى بولىدۇ، تەمى تاتلىق، سورتى كۆپ. مېغىزىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى. ③ پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**شاپتۇل چېچىكى** ① <بوت> شاپتۇل دەرىخىنىڭ چېچىكى – گۈلى. ② شاپتۇل دەرىخىنىڭ چېچىكى رەڭگىدىكى: شاپتۇل چېچىكى ياغلىق. شاپتۇل چېچىكى كۆڭلەك.

**شاپتۇل چېچىكى رەڭ** <گ سەن> شاپتۇل چېچىكىگە ئوخشاش بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ، يەنى هال رەڭ ياكى سۇس قىزىل رەڭ.

**شاپتۇل قېقى** پىشقان شاپتۇلنى قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدىغان قاق.

**شاپتۇل مۇراببىسى** شاپتۇل مېۋىسىدىن ئىشلەنگەن مۇراببا.

**شاپتۇللۇق** ئى. شاپتۇل دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن، شاپتۇل دەرىخى بار يەر، مەيدان ياكى باغ: – توغرا ئېرىقتىن شاپتۇللۇققا ئۇدۇل يول ئالىمىز، – دېدى ئۇ بىزگە قاراپ. // مەن كىچىك چاغدا هويلىمىزدا تۆت-بەش تۈپتەك شاپتۇل بار ئىدى، شۇڭا كىشىلەر بىزنىڭ هويلىنى «شاپتۇللۇق هويلا» دېيىشەتتى، بىراق هازىر ھەممىسى تۈگەشتى! ...

**شاپ-شاپ** «شاپ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: يولغا يېيىتىلغان قارامايي 7-ئاينىڭ ئىسسىقىدا ئېرىپ، كىشى ماڭسا ئايىغىغا شاپ-شاپ قىلىپ چاپلىشىپ تۇراتتى.

**شاپشماق** (توغرىسى: چاپچىماق) ← چاپچىماق.

**شاپۇر-شۇپۇر** ① «شاپ-شاپ» ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇلار شاپۇر-- شۇپۇر قىلىشىپ ئارانلا قېچىشقا ئۈلگۈردى. * ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان شاپۇر-شۇپۇر ئاۋازنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ سەگەكلىشىپ كەتكەندى. ② كۆچمە. ئالدىراپ-سالدىراپ؛ ناهايىتى تېز، ئىتتىكلا: ئۇ دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ، چاشكىدىكى سۇ بىلەن شاپۇر-شۇپۇر يۈزىنى يۇيۇپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. * – بارايلىچۇ، – دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ، – ئۇنىڭ يېرىم سائەتلىك ئىشىنى شاپۇر-شۇپۇرلا قىلىۋېتىپ، ئاندىن پۇلنى ئېلىپ، راسا تاماشا قىلمايمىزمۇ؟!

**شاپىگراف** ئى (ر) بېسىش ماشىنىسىنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر خىلى. بۇنىڭدا خەت شام قەغەز ئۈستىگە قول ياكى ماشىنكا ياردىمىدە يېزىلىپ، ئۇنىڭغا مەتبەئە مېيىنى سۈركەش ئارقىلىق بېسىپ چىقىلىدۇ.

**شاپلاق** ئى ① قولنىڭ بەش بارماق ۋە ئالقان قىسمى: بۇ قىز شاپلاقلىرى بىلەن ئېگەكلىرىنى بوشقىنە مىدىرلىتىپ مېنى

ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇرۇندى. ② قولنىڭ بەش بارمىقى ۋە ئالىقان بىلەن بىرلىكەن زەربە: ئابدەمنىڭ يۈزىگە كەينى-كەينىدىن بىرنەچچە شاپلاق تەگدى، غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان مەغپىرەتخان ئاچا ئۇسمانىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى. * سەن ئۇرغان شاپلاقنىڭ ماڭا بەرگەن ئازابىنى بىلگىنىڭدە، بۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭمۇ ئىچىڭ ئاغرىغان بولارئىدى.

**شاپلاق سالماق** شاپلاق بىلەن ئۇرماق: ئۇ مەن تەرەپكە ئىتتىك بۇرۇلۇپ: — هوي ئۇياتسىز! — دەپ يۈزۈمگە بىر شاپلاق سالدى-دە، ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

**شاپلاقدىماق** پ ← **شاپلاقلىماق.**

**شاپلاقلاتماق** «شاپلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆزلىرى ئۇ چاغدا مېنى تازا شاپلاقلاتقاندىلە، تەقسىر. بىراق هازىر مەن سىلىنى شاپلاقلاتمايمەن.

**شاپلاقلاشماق** «شاپلاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر تەرەپتىن بىر-بىرىنى شاپلاقلىشىپ، كىيىملىرىنى يىرتىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم چىدىغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللىشاتتى.

**شاپلاقلانماق** «شاپلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: — خوپ بولۇپتۇ، بارما، بارما! دېسەم ئۇنىماي بېرىپ، تازا شاپلاقلىنىپ كېلىپتۇ. — رەۋىخان تۆمۈر ئاخۇنىنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەستىن، كايىشقا باشلىدى.

**شاپلاقلىماق** پ. شاپلاق بىلەن ئۇرماق، شاپلاق سالماق: ئەسقەر سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى، تېقىمىغا شاپلاقلاپ، ئىچىنىشلىق بىر نەزەردە پىچىرلىدى: — ئاپلا، مۇنۇ نومۇسنى! * ئۇ بىر قولى بىلەن باشقا ئۇرۇپ يەنە بىر قولى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە شاپلاقلايتتى.

**شاپىلداتماق** «شاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىچكىركى ئۆيدە كىمدۇر بىرى شاپىلدىتىپ گۆش چاپىناۋاتاتتى.

**شاپىلداشماق** «شاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شاپىلدىماق** پ «شاپ-شاپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شاپ-شاپ» قىلماق: ئۇنىڭ شاپىلداپ بىرنەرسە يېيىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قىز كۆزىنى بوشقىنە ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. * — شاپىلداپ مېڭىۋاتىدۇ، — موخوركا يۆگەۋېتىپ كۈلگىنىچە جاۋاب بەردى سايىم.

**شات** (توغرىسى: شاد) ← **شاد.**

**شاتارى** ئى <بوت> ① رويان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، پارقىرايدۇ. گۈلى چوڭ، ئاق ۋە پۇراقلىق كېلىدۇ. مېۋىسى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، ئۇنى سېرىق بوياققا ماتېرىيال قىلغىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. تىبابەتچىلىكتە ئۇ قىزىتما ۋە ياللۇغنى قايتۇرغۇچى دورا هېسابلىنىدۇ. گۈلى زىننەت ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**شاتراق** ① ئى. سۇيۇق كەلگەن ئارقا پېشاب، چوڭ تەرەت: ئۇي چوڭ قورۇنى ئىككى ئايلانماستىنلا قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شاتراق قويۇۋەتتى. * ئۇ شاتراق قويۇۋېتىشتىن ئەنسىرەپ تۈگۈلۈۋالغانىدى. ② سۈپ. كۆچمە. شاللاق، تۇتۇرۇقسىز؛ شاتراق ئادەم. شاتراق ئوغۇل. * زەڭگى سۆرىگەن ۋاقىتلاردا قاراڭچۇق كاھ ئۆزىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يەر بېغىرلاپ يېتىۋالاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، هازىر ۋاقتى ئەمەس، ساڭا تەڭ كەلگۈدەك ئادەم يوق، دېگەننى چۈشەندۈرۈپ قىسقا سۆز بىلەن «ئۇلار شاتراق» دەيتتى.

* – ئۇ بالىنى دوستلىرىمۇ «ئاۋۇت شاتراق» دەيدىكەن، سەل شاتراقراق بالا ئوخشايدۇ. قىزىم نېمە دەرىكىن، – ھەلىمە ئاچا قوشنىسى بىلەن ئۆيگە تۇنۇگۇن كەلگەنلەر توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى. ③ سۇپ. ئىچى سىرۇپ كەتكەن، شاتراقلايدىغان: شاتراق موزاي. * بىر شاتراق كالا خامانىنى بۇلغايدۇ.

**شاتراقلاتماق** پ «شاتراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۇ قەلەندەر، كالىلارنى خوخلىتقىلا ھەيدەپ، خوخا يېگۈزۈپ كالىلارنى شاتراقلاتماقچىمۇ-سەن؟!

**شاتراقلاشماق** «شاتراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: – ھوي خوتۇن، موزايلارغا نېمە بەرگەنىدىڭ؟ موزايلار شاتراقلىشىپ قوتاننى دەسسىگۈسىز قىلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، – نۇرئاخۇن ئاكا قوتان ئىشىكىنى ئاچماستىنلا ئارقىسىغا ياندى.

**شاتراقلىماق** پ. چوڭ تەرىتى، تېزىكى سۇيۇق كەلمەك؛ ئىچى سىرۇپ كەتمەك: ئۇنىڭ بالىسى شاتراقلاپ تۇرىدۇ، بىچارە، بالىسنى توسمەن دەپ ئولتۇرغانىكەن. * كالىلار شاتراقلاپ كېتىپتۇ، بۈگۈن خامانغا قوشقىلى بولمىغۇدەك، ئەتە-ئۆگۈن قوشايلى.

**شاتۇت** ئى (پ) <بوت> ① ئۈجمىنىڭ بىر تۈرى. مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ ياكى قارامتۇل بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ، ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈك-نىڭ مېۋىسى.

**شاتۇتلۇق** ئى. شاتۇت دەرىخى ئۆسكەن يەر، مەيدان.

**شاتۇتى** ئى (پ) <زوئول> بىر خىل قۇش. تۇمشۇقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى چوڭ ۋە ئىلمەك، ئاستىنقى قىسمى كىچىك ۋە قىسقا. پەي-تۈكلىرى ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل قاتارلىق رەڭلەردە بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ. تروپىك بەلباغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ، مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى-نى دورىيالايدۇ.

**شاتۇر** ئى (ئە) ① پادىشاھنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ماڭغۇچى خىزمەتكار؛ پادىشاھنىڭ خاس قوغدىغۇچىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيقۇلۇق ۋاقتىدا سادىق نۆكەرلىرى، شاتۇرلىرى، ۋەزىرلىرى ھەتتا بالىلىرى مۇھاپىزەتچىلىككە قويۇلسىمۇ، ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ خەۋپسىنىدىكەن. ② تېز ماڭىدىغان، ئىتتىك يۈگۈرىدىغان، يەل تاپان ئادەم: – قاچ، قاچ! قايسىڭ قاچالىساڭ شۇ شاتۇر! قايسىڭ ئامان قالساڭ شۇ باتۇر! – دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شاتۇن** ئى (ر) <ماشىن> مېخانىزملاردىكى پورشېنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكىتىنى دوك ئوقىقا ئۆزىتىپ بېرىدىغان ياكى دوك ئوقىنىڭ ئايلانما ھەرىكىتىنى پورشېنغا ئۆزىتىپ بېرىدىغان دېتال.

**شاتىۋار** ئى. پاختىنا يېپتىن ئاياللارنىڭ كۆڭلەك كىيىشىگە باپ قىلىپ توقۇلغان چاقماق گۈللۈك رەخت: چاپىنىمنىڭ يېڭىنى، شاتىۋاردا ئۇچلىغان، ئەرگە تەگمەيمەن دېسەم، ئانام بېشىمغا مۇشتلىغان. * روزىلەم ئۇبدان بالا، شاتىۋاردۇر كۆڭلىكى. بىر تېپىش-كەن ئەمەسمۇ، ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى.

**شاجا** ئى. دىئال. ئۇلپەت، شېرىك؛ خېرىدار.

**شاخ** ئى (پ) ① ئۆسۈملۈك، دەرەخ قاتار-لىقلارنىڭ يانلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان تارماق بۆلىكى؛ پۇتاق: ئۈجمىلەر پىشىپ قاپتۇ، شاخ-شېخىدا مەي باغلاپ. يار ئايرىلمەن دەيدۇ، كۆيگەن يۈرەكنى داغلاپ. * ياپراقسىز دەرەخ بولمىغاندەكلا، دەرەخسىز ياپراق تۇغۇلار نەدىن؟! * شاخنى كۆتۈرگەن

ياپراق ئەمەس ئۇ، شاختۇر ياپراقنى كۆتۈرگەن يەردىن. ② قوناقنىڭ بېشى ئۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىنكى غولى: – بۇگۇن قوناقنى ئۈزۈپ بولساق، ئەتە شاخنى توشۇپ بولىمىز، – دەيتتى ئۇ يېنىدىكى ئايالىغا. ③ بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ غولىدىن ئايرىلىپ چىققان ئۇششاق مۈڭگۈزلەر.

**شاختىن شاخقا قونماق** بىر ئىشنى ياكى بىر مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىپ تۈگەتمەيلا يەنە بىر ئىش ياكى بىر مەسىلىگە ئۆتمەك، بىردەم بىر ئىشقا، يەنە بىردەم بىر ئىشقا تۇتۇنماق، تۇراقسىزلىق قىلماق: ئۇلاردىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھىنى يېتىلدۈرۈشنى، ھۇرۇنلۇق ۋە شاختىن-شاخقا قونۇپ يۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىش لازىم. * ئۇ مېنى ئېرىتمەكچى بولۇۋاتقاندۇر، لېكىن مەن ھېسسىياتقا بېرىلىپ شاختىن-شاخقا قونىدىغان ئارتىس ئەمەس.

**شاخ رەتلەش** <نورم> ئورمانلارنى پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، غولنىڭ تۈز ئۆسۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەن تەرەپتىن ئۆسۈپ چىققان شاخلار كېسىۋېتىلىدۇ.

**شاخ سۆرەم** دەرەخ چېۋىقىدىن توقۇلىدىغان سۆرەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەم توپا قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەرنى قويۇپ، ئاندىن سۆرەم قىلىدۇ: بۇ جەرياندا ناھىيە بويىچە 2-نۆۋەت تىرنىلانغان، شاخ سۆرەم سېلىنغان بۇغدايلىق 190 نەچچە مىڭ موغا يەتتى.

**شاخ ئۇلاق** <نورم> ئۇلاق شەكىللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئۇلاق تۈۋى يېرىلىپ، بىخ قالدۇرۇلغان ئۇلاقلىق ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بوغقۇچ بىلەن باغلىۋېتىلىدۇ.

**شېخىغا قاقماق** رەددىيە بەرمەك، كېپىنىڭ بېلىگە تەپمەك، رەت قىلماق: ئۇلارچە سىنىپ تەربىيچىسى دېگەن بىر قامۇس، نېمىنى ئاختۇرسا، جاۋاب چىقىرىۋېرىدۇ. قانداق قىلسەن، شېخىغا قېقىشقا، مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىشكە بولاتتىمۇ؟ * – ئۇ كۈنى خۇش ياقماي مەجلىسكە بارمىغاندىم، سىلى كۆزگىنى بۇزماسلىق ھەققىدە قايناپ كېتىپتىلا، مەن بولغان بولسام شۇ يەردىلا شاخلىرىغا قېقىۋېتەرئىكەنمەن، – دېدى ئۇ نان چايناۋېتىپ.

**شاخاب** ئى (پ) ① دەريا ۋە چوڭ ئۆستەڭلەردىن بۆلۈنگەن تارماق سۇ يولى، تارماق ئېقىن. ② قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**شاخابچە** ئى. كىچىك شاخاب.

**شاخار** ئى (پ) كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ چالا كۆيگەن قالدۇقى، تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان قىسمى؛ چوغچىلا: بىركۈنى ئۇ ئۆيىدە پىشقان نانلار سويۇۋېلىنغاندىن كېيىن، تونۇرنىڭ كۆمۈر شاخارلىرىدا يەنە بىر قېتىم نان ياققۇدەك قىزىپ قالغىنىغا دىققەت قىلدى. * – شاخار دېگەن نېمە سۆز ئۇ، چوغچىلا دېسەڭمۇ بولدى ئەمەسمۇ؟ – دېدى ئۇ دوستىدىن رەنجىگەندەك.

**شاخچە** ئى. كىچىك شاخ: نوتىلار بىرقەدەر قېلىن بولسا، بەزى قوشۇمچە شاخچىلارنىڭ مېۋىگە كىرىشى بالدۇرراق بولىدۇ. // تۆمۈر بوۋا جىلغىدا توپلىنىپ تۇرغان سۇنىڭ قىزىلتاغ تەرىپىدە ھېچقانداق چىقىش يولى بولمىغاچقا، ھاۋا تازا ئىسسىپ، قار كۆپ ئېرىپ، جىلغا ئىچىدە سۇ تاشقىنى بولغان چاغلاردا كەينىگە يېنىپ، باشقا تارماق – شاخچە جىلغىلار ئارقىلىق نەگىدۇر ئېقىپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**شاخسانغۇچ** ئى (شاخ+سانغۇچ) <زوئول> ← **شاخسانغۇچلار**.

**شاخسانغۇچلار** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى قۇشلارنىڭ تېنى كىچىك، كۆپىنچە قوڭۇر ياكى قېنىق يېشىل رەڭدە كېلىدۇ، تۇمشۇقى قىسقا ھەم ئۇچلۇق بولىدۇ، جاراڭلىق سايرايدۇ، ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىققا پايدىلىق.

**شاخشا** سۈپ. دىئال. زىلۋا، كېلىشكەن، قاملاشقان.

**شاخشارما** سۈپ. دىئال. چۇل-چۇل، پاچاق--پاچاق، كۇكۇم-تالقان.

**شاخشۇر** ئى. دىئال. تاغ جىنسلىرىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئۇششاق تاشلار.

**شاخ-شۇمبا** دەل-دەرەخلەرنىڭ كېسىلگەن شاخ-پۇتاقلىرى: ئۆيى ئاتاقىلا ئۆي ئىكەن، تورۇستىن قۇمۇش، شاخ-شۇمبىلار ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. * قازانغا سۇ قۇيۇپ ئوچاققا ئاستى، بىر قۇچاق شاخ-شۇمبىنى تەييارلاپ قويدى.

**شاخلاتماق** « شاخلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بۇ دەرەخنى بۇنچە شاخلىتىۋەتكۈچە كېسىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ. * بولغان ئىش شۇنچىلىك بولسىمۇ، ناۋاتخان ئۇنى شاخلىتىپ قىلنى پىل قىلىۋەتتى.

**شاخلاندۇرماق** « شاخلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جانلىق ھاياتتا مۇقام مۇزىكىسىغا سىڭىپ ياكى ئۇنىڭ نەغمىلىرىدىن شاخلاندۇرۇپ چىقىلىنىدىغان ساناقسىز خەلق مۇزىكىلىرى بار. * ئېنىقكى، مۇقاملار گەۋدىسى ئىچىدىن شاخلاندۇرۇپ خەلق ناخشىلىرى ۋە ئەلنەغمىلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**شاخلانماق** « شاخلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — بولدى قىلسىلا، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى تەگەۋەرسىلە گەپ شاخلىنىپ جېدەل تېرىلىدۇ، — دېدىم مەن زىۋىدىخاننى سۆزدىن توختاتماق بولۇپ. * ئاق لېنتا — ئاق ئۆستەڭ، قاش دەرياسىدىن، بۆلۈنۈپ يول ئالغان غەربكە قاراپ. كەلگۈچە كۆرەنىڭ ياقىسىغا ئۇ، كېتىدۇ ھەر يانغا شاخلىنىپ تاراپ. * كىردى سۇ شىلدىرلاپ ئېچىلغان بوزغا، شاخلىنىپ چېچىلغان ئېرىقلار پۈتۈپ.

**شاخلىق** سۈپ. شېخى بار، شاخ چىقارغان: مەن يۆلىنىپ تۇرغان يايپاڭ شاخلىق قېرى ئارچا دەرىخى ماڭا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەتتى. * بېغىڭغا كىرىپ باقسام، شاپتۇلۇڭ ئەجەب شاخلىق. كىچىككىنە يارىم بار، سۆيسەم لەۋلىرى تاتلىق.

**شاخلىق قېلىپ** سەرگەزگە گۈل بېسىش ئۈچۈن ياغاچ تاختىغا ھەر خىل گۈل ئويۇپ ياسالغان قېلىپ.

**شاخلىما** سۈپ. بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان، تارماق: شاخلىما نوتا. * غول نوتىدا ھەرقايىسى شاخلىما نوتىلارنىڭ بەلگىلىك رېتىمى بولىدۇ.

**شاخلىما نوتا** <مۇز> كوللېكتىپ ئىجرا قىلىدىغان مۇزىكىلاردىكى بىللە چېلىشقا قاتناشقۇچىلار ئىشلىتىدىغان تارماق نوتا.

**شاخلىماق** پ ① <بوت> شاخ، پۇتاق چىقارماق؛ شاخ ئايرىماق: زاۋۇت، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار، قاتار كەتكەن چوڭ يولنى بويلاپ. يېشىل باغلار جەننەتتىن گۈزەل، بولدى بوستان كۈچەتلەر شاخلاپ. ② كۆچمە. تارماق، بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەك: ئاقئۆستەڭ قاش دەرياسىدىن بۆلۈنگەندىن كېيىن غەربكە قاراپ يول ئېلىپ، كۆرەنىڭ ياقىسىغا كەلگۈچە ھەر يانغا قاراپ شاخلاپ كېتىدۇ. ③ كۆچمە. ئۇششاقلىماق؛ كۆپەيمەك، ئاۋۇماق: ئۇ بىزگە مىللەت توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەۋېتىپ، تىل توغرىسىدىكى تېمىغا كەلگەندە، بەكلا شاخلاپ كەتتى. * ناتونۇش كىشى توغرىسىدىكى

ھېلىقى پىتنە-ئىغۋالار قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىش داۋامىدا تېخىمۇ شاخلاپ، ئاخىرى بېسىپ بولغىلى بولمايدىغان زور غوۋغانىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالدى.

**شاخمات** (توغرىسى: شاھمات) ← شاھمات.

**شاخنا** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتكەندە كېلىدىغان چوڭ تەرەت؛ شاتراق.

**شاخنا قويماق** ① سۈيۈق چوڭ تەرەت قىلماق، چوڭ تەرىتى سۈيۈق كەلمەك: — سوغۇق شورپىنى ئىچىۋەرسەڭ، ئەتە شاخنا قويسەن، جۇمۇ، — دېدى ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ. ② كۆچمە. قىلغان گېپىدىن يېنىۋالماق، چىدىماسلىق قىلماق: — شاخنا قويماي ماڭە ئەمدى، — دېدى يۈسۈپجان دوستىنىڭ يۆتكەپ بولغان ئۇرۇقنى «توختاپ تۇر، خاتا قىلىپتىمەن» دەپ قايتۇرۇۋالغىنىغا نارازى بولۇپ. * — شاخنا قويماي چىدا ئەمدى! — دېدى ئۇ توپنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ.

**شاخنەك** I ئى. دىئال. ئويماق.

**شاخنەك** II ئى. دىئال. ئازغان تىپىدىكى بىر خىل چاتقال.

**شاخنىچى** ئى ① چوڭ تەرىتى سۈيۈق كېلىدىغان ئادەم ياكى ھايۋان: — بۇ يەرگە سەن ئولتۇرۇپ قويدۇڭمۇ شاخنىچى، — دەپ ۋارقىرىدى ئانىسى ئۇنىڭغا. // — ھەي ئۇكام، — دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ، — ئۇ بالىنى قالدۇرۇۋېتەلمىسەن، «شاخنىچى كالا خامانىنى بۇلغايدۇ» دېگەن گەپ بار، ئۇ بىكار سىلەرنىڭ نامىڭلارنى بۇلغاپ قويارمىكىن. ② كۆچمە. گېپىدە تۇرمايدىغان، چىدىماس ئادەم: — ياق، ياق، تازا شاخنىچىكەنسەن، بولدى، يىگىتتەك ئوينا! — دەيتتى ئۇ ئادىلنىڭ كىرىپ كېتىشىگە يول قويماي. // بىز يەنە ۋارقىراشتۇق: كىم چىدىسا ئويۇنغا، شۇنىڭ بىلەن ئوينايمىز، شاخنىچى بالىنى، بىز ئويۇنغا قوشمايمىز.

**شاد** سۈپ (پ) خۇشال، خۇرسەن، مەمنۇن: تۇغقان ئانامدەك، كۆرىمەن سېنى. ئۈستۈرمەكتە شاد، تەربىيەڭ مېنى. // — بىزنى شاد قىلساڭ، خۇدا كۈلىدۇ، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي.

**شاد ئەيلىمەك** يېز ت. خۇشال، خۇرسەن، مەمنۇن قىلماق: دىلرەبا مەن زارنىڭ كۆڭلىنى سەن شاد ئەيلىگىن، مىڭ، تۈمەن مىڭ قايغۇدىن بىريولى ئازاد ئەيلىگىن.

**شادا** ئى ① ئاستى-ئۈستىگە پاراللېل قويۇلغان ئىككى تال ياغاچقا بىرقانچە تال بالداقنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان قۇرۇلما، رېشاتكا ۋە شۇ قۇرۇلمىنىڭ ھەربىر بالدىقى: كۆزلۈرۈم ئەلەس، كۆل تەرەپكە قارىدىم: كۆلنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي شادا بىلەن توسۇلۇپتۇ. * — رېشاتكىنىڭ شادىلىرى بوشاپ كېتىپتۇ، كالىلار چىقىپ كەتمىسۇن، شىنىا قېقىپ چىڭىتىۋەتكىن، — دېدى ئۇ قىزىغا تاپىلاپ. ② ئەتلەس دۇكىنىدىكى تۆت قات ئۆرۈش يىپلارنىڭ گىرەلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۆت تال تاياقچە.

**شادا پاپورتنىك** <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى بىرقەدەر ئاددىي بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 15 — 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. غولى يېشىل بولۇپ، ئارىسىمان شاخلايدۇ. يوپۇرمىقى كىچىك ھەم تەڭگىچە شەكىلدە بولىدۇ. دەرەخ ئۈستى ۋە قورام تاشلار ئارىسىدا ئۆسىدۇ. ئۇنى مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلغىلى ۋە دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. يىقىلىش ۋە ئۇرۇلۇشتىن بولغان زەخمىلىنىش، ئىچكى زەخمىلىنىش،

رىماتىزىم ۋە ئۇيۇشۇش قاتارلىقلارغا شىپالىق رولى بار.

**شادەتنامە** ئى (توغرىسى: شاھادەتنامە) ← **شاھادەتنامە**.

**شاد-خۇرام** (پ) خۇشال-خۇرام، ناھايىتى خۇشال، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك: – بىز ئىلگىرى شاد-خۇرام ئىدۇق... ئەمدى ئۇنداق كۈنلەر يوق. بۇنى چۈشەنىسىز كېرەك، – دېدى ئۇ ھەسرەتلىك ئاھاڭدا. * گۈلۈمسەن بۇلبۇلۇڭدۇرمەن، شېخىڭدا بىر ئۆمۈر سايراي، ئۆتەيلى بىللە سۆھبەتتە جاھاندىن شاد-خۇرام، ئاقسۇ.

**شاد-خۇراملىق** خۇشال-خۇراملىق، ناھايىتى خۇشاللىق: تراگېدىيە ئاخىرلىشىپ، بۇ ئالتۇن دىيار شاد-خۇراملىققا چۆمدى. * تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇرۇمچى كوئىنلۇن مېھمانخانىسىنىڭ زالى شاد-خۇراملىققا چۆمدى.

**شادلاندۇرماق** «شادلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر رەيھاننىمۇ، پەرھات بىلەن شىرىنئايىنىمۇ شادلاندۇردى. * – رەيھانگۈلنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئانىنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرۇۋەتتى.

**شادلاندۇرۇلماق** «شادلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغىماقلار يىگى سەپكە ئاتلاندۇرۇلسا، مەزلۇم ئەلنىڭ غەمكىن دىلى شادلاندۇرۇلسا، شۇندا مەنمۇ قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلەتتىم راسا.

**شادلانماق** پ. خۇشال بولماق، مەمنۇن بولماق، سۆيۈنمەك: خەۋەر تارقالغان ھامان ئاما شادلىنىپ ئارقا-ئارقىدىن غۇلغۇلا قىلىشتى. * بۇنى كۆرۈپ قىز، شادلاندى چەكسىز. شۇ خۇشلۇقىدىن، ئويغاندى ھەم تېز.

**شادلىق** ئى. خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق خۇرسەنلىك، سۆيۈنۈش، خۇش بولۇش: كىچە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئۈمىد ۋە شادلىق بىلەن تولۇپ يايراپ كەتتى. * ھەرقانداق كۆڭۈل يېرىملىق، خاپىلىق كەلسە، رەنجىپ كەتمەي ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ يۈرگىن، ئاخىرىدا شادلىق كېلىدۇ.

**شادلىققا چۆممەك** چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلماق، شادلانماق: كۈنلەردىن بىركۈنى بۇ گۈزەللىكتىن دىلى يايراپ شادلىققا چۆمگەن بۇلبۇل كېچىچە ناخشا ئېيتىپتۇ. * ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ بۇرۇلۇپ ماڭغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈۋالدى ھەم بۇ ئوغرىلىقچە قىلغان گۇناھىدىن كۆڭلى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىققا چۆمدى.

**شادىبۇي** ئى (شادا+بۇي) ئورۇق ھەم ئېگىز بۇي؛ ئورۇق ھەم ئېگىز بويلۇق ئادەم: دانىياز ئۆزىنى ئالغاندا چەتكە، ئەلانىڭ قىلچى كەستى ھاۋانى، ۋە لېكىن شۇ تاپىتا يېگەن مۇشتقا، شادىبۇي تاپارمۇ دورا-داۋانى؟!

**شادىپاچاق** ئى (شادا+پاچاق) ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن پاچاق؛ ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن پاچاقلىق ئادەم: ھېلىمۇ ئېسىمدە: كىچىك چاغلاردا بىز ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ «شادىپاچاق، شادىپاچاق، قولىدا ھاسا تاياق. ھاسىسىنى تارتىۋالساق، يىقىلىدۇ دوڭغاقلاپ» دەپ ۋارقىرىشاتتۇق. // بازاردىن يانغۇچە شادىپاچاق بىر يىگىت بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم.

**شادىپاچاق قىلىيورغا** <زوئول> قىلىيورغىنىڭ بىر خىلى. پۇتلىرى ئۇزۇن، قانىتى قارا كېلىدۇ.

**شادىپەن** ئى (شادا+پەن) ماتاچىلىق كەسپىدە بىر لوتىنى ئىككىگە ئايرىيدىغان كىچىك تاختا ياغاچ.

**شادىقۇلۇپ** ئى (شادا+قۇلۇپ) شادا شەكلىدە

ياسالغان، ئاچقۇچى ئاچماق بىر خىل قۇلۇپ: سابىت ئاكىنىڭ ئىشكىدىمۇ يوغان بىر شادىلىق قۇلۇپ تۇرۇپتۇ.

**شادىلاتماق** «شادىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىگەندىن بېرى باللارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران قوتان ئەتراپىنى شادىلاتتىم.

**شادىلانماق** «شادىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شادىلىق** سۈپ. شادىسى بار؛ شادىدىن ياسالغان: بىز شادىلىق دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىردۇق.

**شادىلىماق** پ. شادا بېكىتمەك، شادا ئورناتماق: قوتاننىڭ ئىشكىنى شادىلاپ بولدۇم.

**شادىمان** رەۋ (پ) شاد، خۇشال-خۇرام ھالدا: — ئەمدى ئۆز ماكانىڭلارغا بېرىپ شادىمان ياشاڭلار، — دېدى ھاتەم. * كاككۇك گۈل يۈزىدە خۇش خۇي تەبەسسۇم، دەريامۇ قاقاقلاپ كۈلدى شادىمان. كۈلمەكتە كۆك ئاسمان، كۈلمەكتە شەپەق، كۈلمەكتە پاراقلاپ كۆز ياش، ھاياجان!...

**شادىمان ئەيلىمەك** ← **شاد ئەيلىمەك**: بۇ مۇبارەك خۇش خەۋەر دىلىنى زەپ شادىمان ئەيلىدى، ناخشا ئېيتماي مەن چىداپ قانداق تۇراي بۇ مەرىكىدە.

**شادىمانلىق** ئى. شادلىق، خۇشاللىق، خۇرسەنلىك: سۆزلىشىشنىڭ مۇنداق تەبىئىي باشلانغانلىقى ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە شادىمانلىق بېغىشلىدى. * پۈتۈن ئەل-يۇرت ۋە خالايىق فەررۇخ سۇۋاردىن رازى بولۇپ خۇشاللىق ۋە شادىمانلىق بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.

**شادىيانە** (پ) ① رەۋ. تەنتەنىلىك ھالدا؛ خۇشال-خۇراملىق بىلەن: ناغرىچىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق جۈپ ناغرىسى شادىيانە گۈمبۈرلەپ، ئويغاتقۇچى جاراڭلىق مۇقام ئاھاڭلىرى تاڭ شامالىرى ئارقىلىق يىراق-يىراقلارغا كەتتى. * ئويناقلىشىپ ئاقىدۇ، قىزىلتاغنىڭ سۇلىرى. شادىيانە ياڭرايدۇ، قەلبىمىزنىڭ كۈيلىرى. ② سۈپ. تەنتەنىلىك، شاد-خۇراملىق نامايان بولۇپ تۇرغان: ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزارغان، كۆزلىرىدە بىر خىل شادىيانە نۇر جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. * شاھ 40 كېچە-كۈندۈز شادىيانە مەرىكە قىلىپ قىزنى ئەمرىگە ئېلىپتۇ. ③ ئى. غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت قاتارلىقلارنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چېلىنىدىغان تەنتەنە مۇزىكىسى، شادلىق كۈيى؛ ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى: ناغرا بىلەن سۇناي شادىيانىدىن ساماغا يۆتكەلدى. * چېلىنسا شادىيانە گەر سەھەردە، سۆيۈنچى بەلگىسىدۇر بۇ شەھەردە.

**شادىيانىلىق** ئى. خۇشال-خۇراملىق، شادلىق، تەنتەنە: پاتەمخان موماينىڭ گۆھىرى چانىقىغا ئولتۇرۇشۇپ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىدە بىر خىل شادىيانىلىق جىلۋىلەندى. * ئاقسۇ خەلقى ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن بۇ يېڭىلىقنى شادىيانىلىق بىلەن كۈتۈۋالماقتا ئىدى.

**شار** I ئى (ر) ① <مات> يىرىم چەمبەرنىڭ ئۆز دىئامېتىرى ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان گېئومېترىيىلىك شەكىل: شار سىرتى. شار سېگمېنتى. شار مەركىزى. ② شۇ شەكىلدىكى نەرسە: پولات شار. يەر شارى. ئاي شارى. شەرقىي يىرىم شار. غەربىي يىرىم شار. ③ نېپىز رېزىنكە، كاۋچۇك يالتىلغان رەخت ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ، ئىچىگە ھاۋا، ھىدروگېن ۋە گېلىي قاتارلىقلار قاچىلىنىدىغان يۇمىلاق خالتىسىمان بۇيۇم.

ھاۋادىن يەڭگىل بولغان گازلار قاچىلانسا، يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ. بەزىلىرى ئويۇنچۇق ئورنىدا، بەزىلىرى بولسا توشۇش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، مېتېئورولوگىيە ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى ۋە رازۋېدكا قىلغىلى بولىدۇ.

**شار سىرتى** ‹مات› شارنىڭ سىرتى، يەنى يېرىم چەمبەرنىڭ ئۆز دىئامېترى ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يۈز.

**شار سىگمېنتى** ‹مات› شارنىڭ خالىغان بىر تەكشىلىك ئارقىلىق كېسىۋېلىنغان بۆلىكى.

**شار مەركىزى** ‹مات› شار سىرتىدىكى خالىغان نۇقتىلارغىچە بولغان ئارىلىقلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان بىر نۇقتا.

**شار** II تەق. سۇيۇقلۇقلارنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئېقىشى ياكى تۆكۈلۈشى ۋە ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئەمدىلا يېرىم يولغا كەلگەندە تۇيۇقسىز شار قىلىپ يامغۇر يېغىپ كەتتى.

**شاراب** ئى (ئە) يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن، گرادۇسى تۆۋەن ياكى ناھايىتى ئاجىز بولغان بىر خىل ھاراق، مەي: بىركۈنى، چەت مەملىكەتتىن كەلگەن بىر سودىگەر پادىشاھنىڭ قانۇنىدىن خەۋەرسىز، ھېلىقى شەھەرگە شاراب ئېلىپ كىرىپ سېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سودىگەرنى دەرھال تۇتۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. * ئۇلار بىمالال يەپ-ئىچىپ تويغاندىن كېيىن، قوللىرىنى يۇيۇشۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن چۆرى شاراب ھازىرلاپتۇ. ئاياقلار قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئايلىنىپتۇ.

**شارابار** ئى (ر) كەڭ ھەم بەل، پۇچقاقلىرى رېزىنكە بىلەن يىغىلغان بوغماق ئىشتان.

**شارابارا** ئى. ئەسكى-تۈسكى كىيىم-كېچەك: «شارابارا! كونا يېڭى بارمۇ؟!» ساۋۇر ئاكا ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ، مەھەللىلەرگە كىرىپ كېلەتتى.

**شارابارچى** ئى. كونا-يېڭى كىيىم-كېچەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسكى-تۈسكىلەرنى يىغىدىغان كىشى.

**شارابارچىلىق** ئى. كونا-يېڭى كىيىم-كېچەك، ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىش ئىشى.

**شارابارچىلىق قىلماق** ئەسكى-تۈسكى، كونا كىيىم-كېچەك ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىپ سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانماق: ئۇ ئىككى بېشىغا يوغان سېۋەتلەر ئېسىلغان ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ، شارابارچىلىق قىلاتتى.

**شارابخانا** ئى (ئە+پ) قەدىمكى زاماندىكى شاراب ساتىدىغان ۋە شاراب ئىچىلىدىغان ئۆي، شاراب دۇكىنى؛ قاۋاقخانا: ئۇ كېچە-كۈندۈز شارابخانىدىن چىقمايدىكەن، قىمار ئوينايدىكەن، شۇنداق قىلىپ ئاتىسىنىڭ پۇلىنى كۆپلەپ ئىسراپ قىلىۋېرىپتۇ.

**شارابخور** ئى (ئە+پ) شارابقا ئامراق، شارابنى كۆپ ئىچىدىغان كىشى؛ ھاراقكەش: تەڭرى كېچىنى ئادەمزاتنىڭ ئارام ئېلىپ راھەتلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى، ئەگەر شارابخورلارغا يولۇقۇپ ئۇيقۇسىز قالساڭ، ئەتىسى كۈندۈزدە ئۇخلىشىڭ لازىم.

**شارابخورلۇق** «شارابخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: لىۋ بېي خەيرلىشىپ: — كۆپ شارابخورلۇق قىلالمايمەن،

قايتاي، – دېدى. * – هۆرمەتلىك شاهىم، مەندەك قۇللىرىنىڭ ئوردا ئىچىدە شارابخورلۇق قىلىپ يۈرۈشى... – بىچارە ۋەزىر ئاخىرىنى سۆزلىيەلمەي قېلىپتۇ.

**شاراپەت** ئى (ئە) ① خىسلەت، پەزىلەت، خاسىيەت؛ پايدا، نەپ: ياخشىنىڭ شاراپىتى، يامانىنىڭ كاساپىتى (ماقال). * بۇ ئۈستەلڭ گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن نەچچە مىڭ كىشى خاتىرجەم هايات كەچۈ-رۈۋاتىدۇ. * ۋەتىنىدە ئىبرۇر باينىڭ يوقسۇلنىڭ. سائادىتى، شاراپىتى، هۆر بەختى! ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شاراپەتلىك** سۈپ. خاسىيەتلىك، پەزىلەت-لىك؛ پايدىلىق؛ قۇتلۇق: ئاخىرىدا مەهەل-لىنىڭ ئىمامى ئۇنىڭغا «ئەنۋەر» دېگەن ئىسمنى قويۇپ بەردى. ئىمامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىسىم ئىنتايىن ئېسىل، شاراپەتلىك ئىسىم بولۇپ، بىزچە مەنىسى «نۇرلۇق، پارقىراپ تۇرىدىغان» دېگەن بولىدىكەن.

**شاراجىل** ئى. دىئال. توپ ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى ئەمەنگە ئوخشاش ئۇششاق بولىدىغان هەم سارغۇچ ئېچىلىدىغان بىر خىل ئوت.

**شاراچىن** ئى. دىئال. يوپۇرمىقى يېسسى هەم ئۇششاق، توپ ئۆسىدىغان، ئۇششاق چېچەكلەيدىغان بىر خىل ئوت. ئۇلاغ بەك يەيدۇ.

**شاراق** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا ياكى باشقا قاتتىق نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇشى-دىن هاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ ئىشكنىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتقانىدى، ئىشك قانىتى «شاراق!» قىلىپلا توختاپ قالدى.

**شاراق-شاراق** ① «شاراق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قۇلۇپلار شاراق-شاراق قىلىپ ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. ② سېغىزخاننىڭ سايرىغان ئاۋازى: «شاراق-شاراق» دەپ سايراۋاتقان سېغىزخان ئاۋازى ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ باراتتى.

**شاراق-شۇرۇق** «شاراق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: – بۇ نېمىسى؟ – دېدى يۈلىيە جەهلى بىلەن قولىدىكى يەلپۈگۈچنى شاراق-شۇرۇق قاتلاپ تىزىغا قويۇپ. * ئايال چوتنىڭ ئۇرۇقىنى شاراق-شۇ-رۇق قىلىپ ئۇ يان-بۇ يان ئىتتىرىپ: – 12 يۈەن 80 پۇڭ بولۇپتۇ، – دېدى.

**شاراقشتماق** «شاراقشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خىزمەتچى خادىم بىر تىزىق ئاچقۇچنى شاراقشتىپ كۆتۈرۈپ چىقتى-دە، هەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچتى. * ئىمىر شاراقشتىپ سوقۇۋاتقان سەنپەننى توختاتتى.

**شاراقشماق** پ. شاراقلماق: ئۇ ئەمدى بايىقى قار بوۋايدىن مۇز بوۋايغا ئايلانغانىدى، سەللا مىدىرلىسا پۈتۈن بەدىنى شاراقشىيتتى. * ئۇنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن خاتىرجەملىك ۋە ئامەت كىشەنلەرنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قارا دەرۋازا ئىچىگە كىرىۋالغانىدى.

**شاراقلاتماق** «شاراقلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بىرى ئىشىك ئىلغۇچنى شاراقلاتتى. * چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى شاراقلاتتى.

**شاراقلاشماق** «شازاقلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېڭى بويۇنتۇرۇقلار تاراقلاشتى، زەنجىرلەر شاراقلاشتى.

**شاراقلماق** پ «شاراق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شاراق» قىلماق: كارىدور تەرەپتىن قۇلۇپ شاراقلاپ ئۇ كىرىپ كەلدى. * سېغىزخان شاراقلايدۇ، قارىياغاچ پۇتىقىدا،

كۆڭلۈمدىكى يار بولسا، ئولتۇرسام قۇچىقىدا.

**شاراڭ-شۇرۇڭ** دېگۈسى كەلگەننى يۈز-خاتىرە قىلىپ تۇرماستىن ئوچۇقتىن-ئوچۇق دەيدىغان، ئىچىدە گەپ ساقلىمايدىغان (ئادەملەر ھەققىدە): شاراڭ-شۇرۇڭ ئات كۆتۈرەر، جىمغۇر پۇت كۆتۈرەر (ماقال). * – ماڭەي... ھەممىدىن بەكرەك چىدىمايدىغىنى سەن! – دەپ كۈلۈپ داۋام قىلدى خاسىيەت سۆزىنى، – مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن! ئۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە، ماڭا ئوخشاش شاراڭ-شۇرۇڭلار بىرئاز ياخشى، دەيدىغاننى دەپ بىرئاز بېسىلىپ قالىمىز.

**شارائىت** ئى (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي ئەھۋال، مۇھىت، ھالەت، ۋەزىيەت: مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى ئاقسۇ تەرەپتە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ئازاد ئۈچ ۋىلايەت زېمىنى بۇ پولكنىڭ پايانسىز ۋە ئىشەنچلىك ئارقا سېپى ھېسابلىناتتى.

**شارپا** ئى (ر<فران) بويۇننى ئىسسىق تۇتۇش، كىيىمنىڭ ياقىسىنى ئاسراش ياكى زىننەت بېرىش مەقسەتلىرى ئۈچۈن بويۇنغا ئورىلىدىغان ئۇزۇن ھەم چاسا شەكىلدىكى توقۇلما بۇيۇم: ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كونا شارپىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. * ئۇ يۇقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى-دە، بىردەمدىن كېيىن كۆكرىكىدە ئەتىرگۈل، بويىندا قارا ئىسپان تورىدىن قىلىنغان شارپا بىلەن قايتىپ چۈشتى.

**شارت** تەق ① تۈمۈر قاتارلىق بىرەر قاتتىق نەرسىنى تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە كۈچى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ ئالدىرىماي سۈركىگەندە چىقىدىغان ئاۋاز. ② كۆچمە. تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: بىر چېرىك ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان قاسىم پالۋاننىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئۇزۇن ساقىلىدىن تارتىپ بېشىنى شارت قىلىپ كېسىۋالدى. * ئۇ شارت قىلىپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى.

**شارتتىدە** رەۋ ① «شارت» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «شارت» قىلىپ. ② كۆچمە. تېزلىك بىلەن، بىردىنلا، بىر يولى: قۇشقاچ تامغا قونۇشى بىلەن شارتتىدە باساتتى! ئۇنىڭ بۇرۇتمۇ مۇشۇكنىڭكىگە ئوخشايتتى. * ئابدۇنىياز شارتتىدە بۇرۇلدى-دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

**شارت-شارت** «شارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شارت-شۇرت** ① «شارت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار. ② كۆچمە. ناھايىتى تېز، تېزلىك بىلەن: – ھۇ كالۋا! – دەپ كەتتى دادام ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق، قولۇمدىن تۇماقلارنى شارت-شۇرت - تارتىپ ئېلىپ.

**شارتىلداتماق** «شارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جېلىل غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچىنى شارتىلدىتىپ تاشقا بىلەشكە باشلىدى.

**شارتىلدىماق** پ «شارت-شارت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شارت-شارت» قىلماق: ئورغاقلار شارتىلداپ، سارغىيىشقا باشلىغان قوناق غوللىرىنى يىلتىزىدىن ئايرىپ باراتتى.

**شارچە** ① ئى. كىچىك شار: قوي سۈتىدە ياغ مول، ياغ شارچىلىرىنىڭ ھەجمى كىچىك، تارقىلىشى تەكشى. شۇڭا، ئوڭاي ئېرىپ ئاسان ھەزىم بولىدۇ. * ئاشىقى بۇلبۇل ئۈچۈن زوق ئەيلىگەن گۈل-غۇنچىنىڭ، لەۋلىرىگە چەكتى خال گوياكى زۇمرەت شارچىلار. ② سۈپ.

شارغا ئوخشاش، شار شەكلىدىكى، يۇملاق: شارچە ئاقسىل. شارچە بىخ.

**شارچە ئاقسىل** <بىئول> ئىسسىقلىققا قارىتا تۇراقسىز بولغان بىر خىل قان زەردابى ئاقسىلى. تويۇنۇش دەرىجىسى 50 پىرسەنت بولغان ئاممونىي سۇلفات ئارقىلىق چۆكمىگە چۈشۈرۈشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇيۇق تۇز كىسلاتاسىدا ئېرىيدۇ.

**شارچە بىخ** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق قولتۇقىدا ياكى گۈل رېتى ئىچىدە ئۆسىدىغان ھەمدە شەكلى تەڭگىچە غول ياكى تۈگۈنەك غولغا ئوخشايدىغان گۆشلۈك بىخ.

**شارىلدە** رەۋ ① «شار» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «شار» قىلىپ: شارىلدە يامغۇر ياغدى-دە، بىزنى مەيداندىن سىنىپقا قاچۇردى. * شۇ چاغدا كىچىك قىزىم داستىخان ئۈستىدىكى چەينەكنى ئۆرۈۋەتتى، شارىلدە تۆكۈلگەن چاي داستىخاننى سۇ قىلىۋەتتى. ② كۆچمە. تېز ھەم راۋان: — قېنى، ئالە، قولۇڭغا ئوغلۇم، — دېدى مەسۇم بوۋاي ئوغلىغا كىتابنى تەڭلەپ، — مۇنۇ كادىر ئاكاڭنىڭ ئالدىدا شارىلدە بىر ئوقۇۋەتە!

**شارسىمان** سۈپ. شارغا ئوخشاش، شار شەكلىدىكى؛ يۇملاق: شارسىمان مېۋە. شارسىمان باكتېرىيە. شارسىمان غول.

**شارسىمان ئەينەك** <فىز> ← **سفېرىك ئەينەك.**

**شارسىمان باكتېرىيە** <بىئول> باكتېرىيىنىڭ بىر خىلى. شار، تۇخۇم ياكى بۆرەك شەكىللىك بولىدۇ. تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ.

**شارسىمان غول** <بوت> يەر ئاستى غولىنىڭ بىر خىلى. گۆشلۈك ۋە شار شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، بىجىكنىڭ يەر ئاستى غولىغا ئوخشاش.

**شارسىمان كاكتۇس** <بوت> كاكتۇس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. غولى شار ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، گۆشلىشىدۇ. ئۈستىدە بويىغا كەتكەن قىرلىرى، قىرلىرىدا توپ ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى چوڭ، قىزىل ياكى ئاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**شارسىمان گرافىتلىق چويۇن** چويۇننىڭ بىر خىلى. ئادەتتە تۆمۈر ئېرىتمىسىگە مەلۇم مىقداردىكى ماگنىي ياكى ماگنىي قېتىشمىسىنى قوشۇپ، تۈزۈلمىسىدىكى تارىشسىمان گرافىتنى شار شەكلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ سىجىللىقى، ئەۋرىشىملىكى ۋە سوزۇلۇشچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن پولات ئورنىدا ئېغىر تىپتىكى مېخانىزم زاپچاسلىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ دېتاللىرىنى قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**شارسىمان مېۋە** <بوت> باشاقسىمان گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى. شار ياكى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، بۇرمىسىمان جايلاشقان ۋە ياغاچلاشقان نۇرغۇنلىغان تەڭگىچە ياپراقچىلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن، مېۋىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، قارىغاي ۋە ئارچىلارنىڭ ئانىلىق گۈل باشىقىغا ئوخشاش.

**شار-شار** «شار II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شار-شۇر** ① «شار» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: كۆكۈل ئاغرىقىمۇ

بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، شار-شۇر قىلىپ تۆكۈدىغىنىنى تۆكىدۇ-دە، ئۆتۈپ كېتىدۇ. * ئەمدىلا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ھويلىدىن چىقىشىمغا شار-شۇر يامغۇر قۇيۇۋەتتى، ئامالسىز يۈگۈردۇم. ② كۆچمە. كۆڭۈلگە كەلگەن گەپنى ئايىماي دەپ تاشلايدىغان، كۆڭلىدە گەپ ياتمايدىغان: شار-شۇر دېيىشىدۇ، بەزى يەرگە كەلگەندە شۇنداق شار-شۇرلارمۇ ياخشىكەن، ئادەم مىسمىس بولغاندىن شار-شۇر بولسا ياخشىراق ئىكەن.

**شارقىراتما** ئى <سۇ> سۇنىڭ ئېگىز ئورۇندىن تىك ھالەتتە پەسكە قاراپ تېز ھەم شارقىراپ چۈشىدىغان جايى. ئۇنىڭ بەزىلىرى تەبىئىي شەكىللەنگەن بولسا، بەزىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بولىدۇ: كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى بۈك-باراقسان تاللارنىڭ شېخىغا ئۈچۈپ كېلىپ قونغان قۇشقاچلار ۋە قەلئە تېغىنىڭ بېشىغا قاتار تىزىلىپ تۇرۇشقان سان-ساناقسىز قارلىغاچلار توققۇزبۇلاق شارقىراتمىسىنىڭ شاۋقۇن ئاۋازىغا ھەمجۇر بولۇپ توختىماي سايرىشاتتى. * ئۆستەڭنىڭ «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىغا بىرىپ قۇيۇلىدىغان شارقىراتمىسىدا «يېڭى ھايات» سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىناسى قەد كۆتۈرمەكتە.

**شارقىراتماق** «شارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – سۇ ئاچتىم دەپ، سۇنى شارقىرىتىپ ئۆستەڭگە باشلاپ قويغىنىڭ نېمىسى؟ – بوۋام شۇنداق دېدى-دە، ئېرىقنىڭ سۇ تېشىپ چۈشۈرۈۋەتكەن يان تەرىپىنى كۆمۈشكە باشلىدى.

**شارقىرىماق** پ «شار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شار-شار» قىلماق: يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. * ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىماقتا ئىدى، دەريا بىر خىل رىتىمدا تىنىمسىز

شارقىرايتتى.

**شاركا** (توغرىسى: شارىك) ← شا-رىك.

**شاروللىس** ئى (فران) فرانسىيەدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**شاروللىس كالىسى** <زوئول> ئىش كالىلىرىنىڭ نەسلىنى تەدرىجىي ياخشىلاش يولى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن يېڭى سورت. ئەسلىدە فرانسىيىنىڭ شارولاي رايونىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. 12 ئايلىق بولغان مەزگىلىدە ئېغىرلىقى 500 كىلوگرامغا يېتىدۇ، 62.2 پىرسەنت گۆش بېرىدۇ. سېغىن مەزگىلىدە 1251 – 2066 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ، سۈت تەركىبىدىكى ماي مىقدارى 3.7 – 4.7 پىرسەنت بولىدۇ.

**شارىك** ئى (ر) پولاتتىن ياسالغان يۇملاق مارجان شەكىللىك دېتال. ئۇ ئادەتتە ئىچكى ۋە تاشقى قازانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلىپ، چاق ئايلانغاندا قازاننىڭ مەركىزىنى ئوراپ ئايلىنىدۇ.

**شارىلداتماق** «شارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شارىلدىتىپ ئۆستەڭ سۈيىنى، سۇ ئىچىگە تاشلاندى بىرى، ئۇنىڭ چاققان ئۈزۈشلىرىگە، قاراپ بىر قىز تۇراتتى نېرى.

**شارىلدىماق** پ ① «شار-شار» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «شار-شار» قىلماق، شارقىرىماق: شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاخىرى ئىككىمىزنى بىر كۈنلۈك ئاستىغا كىرىپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. ② كۆچمە. چېتىلما رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، «راۋان ھەم تېز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سىز ئۇنى كىچىك دەپ بوش كۆرمەڭ، ھازىر ئۇ خەنزۇچە كىتابلارنى

شارىلداپ ئوقۇيالايدۇ.

**شازا** ئى <خەن> ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ئۈچ يېنى قىرلىق، بىر تەرىپى ئوچۇق قىلىپ ياسالغان، بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىگە يۆتكەش ياكى ئەخلەت قاتارلىقلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم: مەرەمخان ئەخلەتلەرنى ئالىدىغان شازىنى تاپالماي، ئاچچىقىدا ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى پالاقشىتىپ ئورنىدىن يۆتكەشكە باشلىدى.

**شازىلىماق** پ. شازىغا ئالماق، شازىغا قاچىلىماق: ئۇ ئەخلەتلەرنى شازىلاپ-شازىلاپ سېۋەتكە تۆكۈشكە باشلىدى.

**شاش** سۈپ ① تولۇق كۆندۈرۈلمىگەن؛ ئاسانلىقچە تۇتقىلى، باشقۇرغىلى بولمايدىغان: شاش ئات. شاش تۆگە. شاش تورپاق. شاش قوي. * ئاغزى يۇمشاق موزاي ھەرقانداق شاش كالىنىمۇ ئېمەلەيدۇ (ماقال). * ئۇ ئويناپ تۇرغان شاش ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ، ئوردا دەرۋازىسىدىن شامالدەك تېز چىقىپ كەتتى. ② كۆچمە. شوخ: سۇرىتىڭنى مۇنچە سىزغان قايسى بىر نەققاش ئىكەن؟ ئۆزلىرىڭدىن كۆزلىرىڭ كەپسىز ئىكەن – بەك شاش ئىكەن.

**شاشتۇرماق** «شاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۈشمەنلەرنى ھەم شاشتۇرۇپ، ئۆلۈكىنى ئاتقا باستۇرۇپ. ئەسقەر تېغىدىن ئاشۇرۇپ، چېپىك سەيلانە-سەيلانە.

**شاشلاشماق** پ. شاش ھالەتكە كەلمەك، شاش بولماق: – يايلاق كەڭرى، ئاتلار سەمرىپ شاشلىشىپ كەتتى، تۇتقىلى بولامدىكىن، تاڭ، – دېدى ئات باقار يىگىت كۆزلىرىنى قۇۋۇلۇق بىلەن ئويىنىتىپ. * ئۇ بارغانسېرى شاشلىشىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا چاپىدىغان، بەزىدە ئورۇندا تۇرۇۋېلىپ ئاياغلىرى بىلەن يەر تاشلاپ

ھۆركىرەيدىغان بەكمۇ يامان خۇي پەيدا قىلىۋالغانىدى.

**شاشلانماق** «شاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: زەپ چىرايلىق بوز يەر كېچىسى، ئولتۇراتتىم قەلبىم شادلىنىپ. مەنمۇ بۇندا تەر تۆككەن ئۈچۈن، يۈرەكلىرىم كېتەر شاشلىنىپ.

**شاشلىق** «شاش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تۆگە شاشلىق قىلىپ بىزگە ھېچ تۇتقۇ بەرمىدى. * – ھەي-ھەي، شاشلىق قىلىۋاتقىنىنى قاراڭلار، – باجگىر ئىنايەتنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاپقۇردىكى مۇسەللەسنى ئىچۈردى.

**شاشماق** پ. ئالدىرىماق، ھولۇقماق؛ ئېسەنگىرىمەك: – شاشماي قىلمامسەن، ئالدىرمايدىغان ئىش يوق، – دېدى تاغىسى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ. * تۆرەم، تولا شاشماڭ! سىز «ئادەم سەرسانلىقتىن قورقىدۇ، تۆمۈر ئوتتىن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئاغمىز قويغان تۇزاققا چۈشمەي نەگە باراتتىڭىز!

**شافىئىي** ئى (ئە) <دىن> ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپى ئىچىدىكى بىر تارماق مەزھەپ. ئاساسچىسى – ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد شافىئىي. ھازىر سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 29 پىرسەنتى مۇشۇ مەزھەپتە.

**شاق** تەق. بىرنەرسىگە بىرنەرسىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: تەخمىنەن بىر ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىشمىغىلا، قۇلۇپ شاق قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى.

**شاقاقۇل** ئى (پ) <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى گۆشلۈك كېلىدۇ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاقۇچ،

قوڭغۇراق شەكلىدە، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، پىشقاندا قارىيىدۇ. يىلتىزىسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. قۇۋۋەتلەندۇرۇش ھەم ئۆپكىنى نەمدەش رولىغا ئىگە.

**شاقشاق** I ئى. ئاچا تۇياق ھايۋانلارنىڭ پۇت بېغىشىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە جايلاشقان ئىككى تال سۆڭەك، دوكۇر.

**شاقشاق** II سۈپ. تولا سۆزلەيدىغان، كۆپ سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان؛ بىر ئىزدا تۇرمايدىغان، شوخلۇقتا ئېشىپ كەتكەن (ئاياللار ھەققىدە): بۇ قىزنىڭ ساددىلىقى مېنى ھاياجانلاندۇرغان بولسىمۇ، بارغانچە مەلۇم بولۇۋاتقان شاقشاقلىقى مېنى ئىككىلەندۈرگەنىدى. * — بىر شاقشاق خوتۇن ئىكەنسىزغۇ! — دېدى كاسسىر ئايالدىن رەنجىپ.

**شاق-شۇق** ① «شاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن «ئۇنسۇر» دىن بىرەرىنى ئۇخلىغانلىقتا ئەيىبلەپ شاق-شۇق بىرنەچچە كاچات سېلىۋېتەتتى. * — ھۇ ئاناڭنى... — ئاھانەت بىلەن تەڭ شاق-شۇق قىلغان كاچات ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. ② كۆچمە. تېزلىك بىلەن؛ ئىتتىك، چاپسان: — سۇنى باشقىلارغا بەرمەي، زىيانىنىڭ ئورنىنى شاق-شۇق تولدۇرۇۋېلىش زۆرۈر... — ھاشىمئاخۇن زىياننى تولدۇرۇۋېلىش توغرىسىدا قايناپ سۆزلەشكە باشلىدى. * — شاق-شۇق بولماسەن، — دەيتتى ئۇ مېنى ئالدىرىتىپ.

**شاققىدە** رەۋ ① «شاق» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «شاق» قىلىپ: ئۇ مېنى كۆرۈپ ئەپكىشنى شاققىدە قويۇپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. ② كۆچمە. تېزلىكتە، بىردىنلا، غاچچىدە: ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇشال ھالدا سۇپىغا قاراپ ماڭدى.

**شاقۇر** ئى. دىئال ← **شارقىراتما.**

**شاقۇر-شۇقۇر** تاش، تۆمۈر پارچىسى قاتارلىقلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: بىز ئۆستەڭگە تىنىپ كەتكەن شېغىلنى يۇقىرىغا تاشلاشقا باشلىدۇق، بىردەمدىن كېيىنلا شاقۇر-شۇقۇر تاش ئاۋازى قۇلاقنى ئاغرىتتى.

**شاقىلداتماق** «شاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئاكا كەشىنى شاقىلداتقىنىچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەكلا مېھمانخانىدىن چىقتى.

**شاقىلداق** ئى ① سىلكىگەندە «شاق-شاق» ئاۋاز چىقىرىدىغان، شاقىلدايدىغان باللار ئويۇنچۇقى. ② ياغاچتىن ياسالغان، سىلكىگەندە شاقىلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل مۇزىكا. ③ كۆچمە. كاززاپ، كاسكى، تولا سۆزلەيدىغان ئايال: — ھېلىقى شاقىلداقنى دەمسەن ئاداش، — دېدى رەيھان زىلەينىڭ مۇرىسىگە بوش نوقۇپ.

**شاقىلدىماق** پ «شاق-شاق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «شاق-شاق» قىلماق: شاقىلداقنىڭ شاقىلدىغان ئاۋازى قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈۋەتتى. ② كۆچمە. كۆپ سۆزلىمەك: ئۇ بۈگۈن شاقىلداپ ھېچكىمنى سۆزلىگىلى قويمىدى.

**شاكال** I ئى ① تۇخۇم، ئۈچكە، غوزا قاتارلىقلارنىڭ تاشقى پوستى: — ئۈچكە چاقساڭلار شاكىلىنى يىغىپ قالىۋېتىڭلار، جۇمۇ! — دېدى ئۇ پۇتىغا پاتقان شاكالنى تېرىۋېتىپ. * پىيالىدىكى ھاراقنىڭ ئاستى-ئۈستىدە تۇخۇم شاكىلى، موخوركا قالدۇقلىرى ئۈچۈق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② يېپىلىپ بولغان ئۈزۈم شۆپۈ-

كى، ئۈزۈم خامىنىدىن قېلىپ قالغان ئۈششاق ياغاچ قاتارلىقلار: — 60 ياشقا كىردىم، — دېدى ئۇ ئۇستەلدىكى ئۈزۈم شاكاللىرىنى يىغىشتۇرۇپ. ③ كۆچمە. كېرەكسىز نەرسە: ماركس بىلەن ئېنگېلس گېگېل دىئالېكتىكىسىنىڭ ئىدېئالىستىك شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، دىئالېكتىكىنى ئالغا قاراپ راۋاجلاندۇردى. * ئېيتمىسامۇ بىلەرسىز، ئېسىل مىسرا چىقماس ھەرگىز شاكالسىز، بۇنىڭغا ئىزا تارتىش ھاجەتسىز.

**شاكال بەدىيان** <بوت> ① ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۈزۈن ھەم ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى قىزىل، مېۋىسى سەككىز بۇرجەكلىك كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ئۇ ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تەم تەڭشىگۈچى دورا بولۇپ، تەركىبىدە ئۇچۇچان مايلار بولىدۇ. تېبابەتچىلىكتە ئاشقازاننى كۈچەيتكۈچى ۋە بەلغەم بوشاتقۇچى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**شاكاللاشماق** پ. سىرتقى پوستى قېتىپ شاكال ھالىتىگە كەلمەك، شاكالغا ئايلانماق: غوزىلار سېرىق شاكاللىشىپ، بۇلۇتتەك كۆپۈپ ئېچىلىدىغان پاختىلار نابۇت بولدى، نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدۇق.

**شاكاللىق** سۈپ. شاكىلى بار، شاكىلى تۈگىمىگەن: — ۋىيەي، سويۇپ بەردىم دەپ، بەرگىنىڭىز مۇشۇمۇ، ساپ شاكاللىق تۇرمامدۇ بۇ تېخى، — دېدى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلغاچ سىرلىق كۆزلىرىنى تىكىپ.

**شاكىچەك** ئى. كىچىك ئوغۇل بالا: — شۇنداق، — دېدى ھەمدۇللا بوۋاي يېنىدا ئولتۇرغان شاكىچەكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئادەملەرگە زىيىنى تەگمەيدىغان ھەرقانداق قۇشنى ئاسرايلى. * — ئۇستام، بۇ شاكىچەك سىلىنىڭ ئوغۇلمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى دادامغا مېنى ئىشارەت قىلىپ.

**شاكراب** سۈپ (پ) ① ئىنتايىن ئاچچىق، تۇزلۇق: تۇپراق شاكراب تۇز ئىدى. * — ئاشنى شاكرابلا قىلىۋېتىپسىلەرغۇ؟! — دېدى ئۇ پادىشاھلاردەك جاراڭلىق سوراق تەلەپپۇزى بىلەن. ② تۇزلۇق سۇ: — بىراق شاكرابقا چىلانغانناننىڭ پېرىمنى سىيىت يېدى-دە.

**شاكىلات** ئى (ر) كاكائو، شېكەر قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بىر خىل كەمپۈت: ئۇ كىتابنى ھەربىر ئاچقىنىدا: «مارۇسا كىرافت دۇكىنىدىن ئېرى ئېلىپ كېلىدىغان شاكىلاتنى ياخشى كۆرەتتى...» دېگەن يېرىگە كۆزى چۈشەتتى.

**شاگىرت** ئى (پ) ① مەلۇم بىر ھۈنەرۋەن، كاسىپتىن ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقان كىشى: ئوغلۇمنى ئاخىرى ماشىنىچىلىققا شاگىرتلىققا بەردىم. ② ئوقۇغۇچى، تالىپ: — ھازىرقى مولىلارنىڭ كۆپلىرى توختىئاخۇن خەلپەمنىڭ شاگىرتلىرى، — دېدى دادام ماڭا تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۇرۇپ. * ئوقۇتقۇچىم باسقان ئىزنىڭ تولدى ئالتۇن چېچەكلەرگە، شاگىرتلىرىڭ پەرۋانىدۇر، ئىشقىڭ سېنىڭ گۈلخان بولۇر. ③ بىرەر كىشىنىڭ پىكرى يا تەلىماتىنىڭ قوللىغۇچىسى، تەرەپدارى، ئۇنى داۋاملاشتۇرغۇچى: بىز ئۇلۇغ ماركسىزمچى ماۋزېدوڭنىڭ شاگىرتلىرى.

**شاگىرتلىق** «شاگىرت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاتام مېنى ئامالسىز مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىگە ياردەملەشتۈرگەن، ئاز-تولا ھۈنەر-كەسىپ ئۆگەنسۇن دەپ جۇۋا-تۇماقچىلىققا شاگىرتلىققىمۇ بەرگەن.

**شاڭ** ئى (پ) ئۆتۈك پۇتىكىدىن كېيىن

قونچىنى تۈزەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن قونچىغا قاقىدىغان ياغاچ كالتەك، ئۆتۈك-نىڭ قونچىغا سېلىنىدىغان ياغاچ قېلىپ.

**شاڭ قاقماق** ئۆتۈك پۈتكەندىن كېيىن، قونچىنى تۈزەپ سۈپەتلىك قىلىش ئۈچۈن قونچىقا شاڭ سالماق.

**شاڭتو** ئى (خەن) هارۋىنىڭ شوتىسى ئېچىگە قوشۇلغان (ئىچ) ئاتنىڭ ئالدىغا يەنە ئات قوشۇش ئۈچۈن، شوتىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇزۇن قىلىپ ئورۇن-لاشتۇرۇلغان، بىر تەرىپىگە جاۋەن بېكىتىلىدىغان، يەنە بىر ئۇچى بولسا هارۋا ئوقى ياكى شوتىنىڭ ئاستى قىسمىغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان ئىككى يانلىق ئارغامچا: شاڭتو ئات.

**شاڭتو ئات** شاڭتوغا قوشۇلىدىغان ئات.

**شاڭجياڭ** ئى (خەن) <هەرب> هەربىي ئۇنۋان، يەنى گېنېراللار ئىچىدىكى بىر دەرىجە. جۇڭجياڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**شاڭخادەن** ئى (خەن) ئەلا سۈپەتلىك بىر خىل تاۋار: بوپا شاڭخادەندىن تىكىلگەن يېپيېڭى يوتقان-كۆرپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار يۇڭ ئەديالغا ئورالغانىدى.

**شاڭخو** ئى (خەن) مەسخىرە، مازاق؛ چاقچاق: قىزنىڭ شاڭخوسى هەممىيلەننى يەنە كۈلدۈرۈۋەتتى. * بۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قارىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن چوكانلار بۇنى شاڭخوغا ئايلاندۇرۇپ كۈلكە قىلغانىدى.

**شاڭخو قىلماق** مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق؛ چاقچاق قىلماق: — باشتا گۈلنىسانى ئېغىزىڭغا ئالمايسەن، ئەمدى بولسا ئېغىزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن، — دېدى نۇرۇللا رۇستەمنى شاڭخو قىلىپ.

**شاڭخوچى** ئى. باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئامراق هەم ئۇستا ئادەم: قاسىم بەگ شاڭخوچى، ئۇنىڭ يېنىدا ئاۋايلاپ سۆزلىمىسە بولمايدۇ. * // بۈگۈنزە هەممە شاڭخوچى قىزلار يىغىلىپ قالغانىكەن-دە.

**شاڭخوچىلىق** « شاڭخوچى » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاشپۇزۇلغا كىرىپ قالسا ماڭا « دا » دەپ، شاڭخوچىلىق بەزمىسىدە ها، ها، ها دەپ، « ئۆززۈمنىڭ گۈل، باشقىلارنىڭ شۇمبۇيا » دەپ، شىكايەتكە بېشىچە پاتقان شائىر ئەمەس.

**شاڭزۇڭ** ئى (خەن) 1949-يىلدىن بۇرۇنقى سودىگەرلەرنىڭ سودىگەرلەر ئىچىدىن سايلانغان باشلىقى: — شاڭزۇڭ تاغا، — دېدىم مەن هولۇققان هالدا تەمتىرەپ، — پۇلنى كېلەر هەپتە جەزمەن تاپشۇرىمەن.

**شاڭشى** ئى (خەن) <هەرب> هەربىي ئۇنۋان، يەنى جۇنشى ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجە.

**شاڭشياۋ** ئى (خەن) <هەرب> هەربىي ئۇنۋان، يەنى شياۋگۈەنلەر ئىچىدىكى بىر دەرىجە، جۇڭشياۋدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**شاڭۋېي** ئى (خەن) <هەرب> هەربىي ئۇنۋان، يەنى ۋېيگۈەنلەر ئىچىدىكى بىر دەرىجە. جوڭۋېيدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**شاڭيو** ئى (خەن) ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تۈزۈمدە هازىرقى يېزا باشلىقىغا تەڭ مەمۇرىي ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەلگە ئېرىشكەن ئادەم، مۇنداق ئەمەلدارنى هۆكۈمەت شۇ يەرلىك خەلقتىن بەلگىلەيدى-غان بولۇپ، شاڭيو بىر يېزىنى هۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن باشقۇراتتى: جاهالەت كۆلپىتىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ خاتا باردۇر، ئېيتىڭىزچۇ هالىمىزنىڭ قايسىبىرىدە ساپا باردۇر؟ جاهانىنىڭ هالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا، بىرنى شاڭيو سايلاپ ئارقىدىن دەۋا يىمىز باردۇر.

**شاگىيولۇق** « شاگىيو» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: 40-يىللاردا شاگىيولۇق قىلغان بۇ كىشى مانا ئەمدى كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان دەۋانىگە ئايلىنىپ قېلىپتۇ، ھەي تەقدىر...

**شال** I ئى (پ) <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈلى ئاق ياكى يېشىل كېلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ شاكىلى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن دېنى گۈرۈچ دېيىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ: بۇ كوگشېدا ئۆتكەن ئىككى يىلدا شالنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئاقلانمىغان دېنى: شال ئاقلىماق.

**شال پاخلى** شالنىڭ دېنى ئاجرىتىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قالغان غولى. ئۇنىڭدىن ئارغامچا، ئىشىك پەردىسى قاتارلىقلارنى توقۇشقا، قەغەز ياساشقا ياكى ئۇلاغقا يەم-خەشەك قىلىشقا بولىدۇ.

**شال پەرۋانىسى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. خىللىرى كۆپ، ئاساسەن شالغا، ئۇنىڭدىن قالسا ئاق قوناق، كۆممىقوناق، شېكەر قومۇچى قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ. شۇڭا ئۇ دېھقانچىلىقتىكى ئاساسىي زىياندash ھېسابلىنىدۇ.

**شال قۇرتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ شەكلى پەرۋانىغا ئوخشايدۇ. لىچىنكىسى يېشىل بولۇپ، ئۈرچۇققا ئوخشاپ كېتىدۇ. قورچىقى يوپۇرماققا ئورىلىۋالىدۇ. دېھقانچىلىقتا شالغا زىيانلىق ھاشارات دەپ قارىلىدۇ.

**شال ۋاباسى** شالدىكى بىر خىل كېسەللىك. ئۇنى شال ۋاباسى زەمبۇرۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا شال تۈپلىرىنىڭ كېسەللەنگەن قىسمىدا ئاقۇچ كۈل رەڭ ياكى قوڭۇر كۈل رەڭ داغلار پەيدا بولىدۇ. كېسەللىنىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغاندا تۈپلەر سولىشىپ، باشاق چىقىرالمايدۇ.

**شال** II ئى (پ) يۇڭدىن توقۇلغان قېلىن تىۋىتلىق رومال: — ئالدىمدا ماڭ-تۇر — دېدى، باتۇر يۇرەك ئۆمەرجان. چۈشتى ئاتنىڭ ئالدىغا، شال يېپىنغان جاسۇس خان.

**شال** III ئى (پ) مەلۇم قىلىنىلىقتا ۋە مەلۇم كەڭلىكتە تىلىنغان ياغاچ: قاپقاراڭغۇ كېچە، قەدىردىن دېرىزىلىرىگە شال قېقىلغان سىنىپنى ئايلىنىپ كېتەلمىگەنگە يېرىم سائەتتىن ئاشتى.

**شال** IV ئى. ئېغىزدىن ئاققان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق، شۆلگەي: — بۆرىسى يوق جاڭگال، ئوغرىسى يوق يۇرت نەدە بار؟ — دېدى بەگ غەزەپ بىلەن شالنى چېچىپ، — بىزنىڭ يېڭىساردا ئوغرى يوقمۇ؟ مەن بىلمەن.
* — شالنگنى چاچماي گەپ قىلە! — دېدى ئۇ دېۋەيلىگىنىچە داۋۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

**شالى ئاقماق** تولا سۆزلىمەك، كۆپ گەپ قىلماق: ئۆزگىرەر بىرپەستىنلا كۆنگە بېقىپ، بەزىلەرنى كۆپتۈرەر شالى ئېقىپ، بەزىلەرنى چۆكتۈرەر گۆرگە تىقىپ، باشلىقىغا قول چوماق، قاپقان جاناب.

**شالنى چاچماق** تۇترۇقسىز، بىمەنە گەپلەرنى توختىماي سۆزلەۋەرمەك، تولا سۆزلىمەك؛ ئورۇنسىز ئاچچىقلاپ قاقشىماق: — ئەتىدىن كەچكىچە شالىڭنى چاچماي، يولۇڭغا ماڭمامسەن، قىزىمۇي! — دېدى تاقىتى تاق بولغان زىۋىدىخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

**شال V** نى. قەدىمكى دەۋرلەردە جىنايەتچىلەرنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان تاختاي، تاقاق: تاقاقنىڭ ئۈستىگە كىيدۈردى شالنى، سېلىشتى گۈندا ئۈستىگە ئىشكەلنى.

**شالا** نى. مەش، ئوچاق، پىلتە قاتارلىقلار-نىڭ ئوت قالىغاندا كۈلى ئاستىغا چۈشۈپ كېتىش ئۈچۈن تۈمۈردىن تارغاقسىمان ياسالغان قۇرۇلمىسى: كۈمۈر ئۈگزىدىن سۈكەن ئارقىلىق ئايلانما شالاغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، شالا ئۈزلۈكىدىن ئىستېمال قىلىپ شورايتتى.

**شالاپ** تەق ① بىرەر نەرسىنىڭ سۇ، لاي قاتارلىق نەرسىلەرگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك، ئەمدىلا قاچاي دەپ ئارقامغا ئۆرۈلۈشۈمگە، بىر پۇتۇم شالاپ قىلىپ پاتقاققا كىرىپ كەتتى. ② ئادەم ۋە ھايۋانلار بىرنەرسىنى ئىتتىك يېگەندە چىققان ئاۋاز: – كەچكىچە شالاپ قىلىپ ئولتۇرماي ئىتتىكرەك يېمەمسەن؟ – دېدى ئاپام مېنى ئالدىرىتىپ.

**شالاپىدە** رەۋ «شالاپ» قىلغان ھالدا، «شالاپ» قىلىپ: ئىت ئۇ گۆشنى شالاپ-پىدە يەۋەتتى.

**شالاپ-شالاپ** «شالاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: نەچچە كۈن ئاچ قالغان بۇ ئىت شالاپ-شالاپ قىلىپلا يالاقتىكى ئۇماچنى ئىچىپ تۈگەتتى.

**شالاپ-شۇلۇپ** «شالاپ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئەجدىھا قانىنى شالاپ-شۇلۇپ يەپ بولۇپ، كۆتۈرۈلۈپ بوۋايغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدىكەن. * ئۇ بىر چىنە ئاشنى شالاپ-شۇلۇپ قىلىپلا ئىچىۋەتتى-دە، ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى.

**شالاپىشتاق** «شالاپشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ ئارىدا قەيەر-دىندۇر، بىر ئىت كېلىپ بەتبۇي قۇسۇقنى شالاپشىتىپ ئازراق يالىدى-دە، كېيىن نەگىدۇر يوقالدى. * ئۇلار ھاراق ئىچىشتى، ئاخىر مەست بولۇپ نېمىلىكىنى ئۇقمايلا، بولاقتىكى نەرسىلەرنى شالاپشىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

**شالاپشىماق** پ «شالاپ-شالاپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شالاپ-شالاپ» قىلماق.

**شالاپلاتماق** «شالاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۈگىتىپلا «ئېلىپبە»-نى «بىلدىم» دېمە، سۇدا قارماق قىمىرلىسا «ئىلدىم» دېمە. تىزنىگىچە سۇنى كېچىپ شالاپلىتىپ، «مەن دېڭىزنىڭ تۈۋىگىچە كىردىم» دېمە.

**شالاپلاشماق** «شالاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى بۆرە يەردىكى قانلارنى شالاپلىشىپ ئىچىپ بولۇپتۇ.

**شالاپلىماق** پ «شالاپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شالاپ» قىلماق: راست دېگەندەك ئالدى تەرەپتىن بىرىنىڭ پاتقاقتا شالاپلاپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. * – شالاپلاپ بىردەمدە يەپ بولدۇ ئۇ، – دېدى تام تەرەپكە يۆلىنىپ تۇرغان بالا.

**شالاسۇن** ← **شالا**.

**شالاسىن** نى. دىئال ← **شالا**.

**شالاق** تەق ① سۇيۇقلۇقلارنىڭ يەر يۈزىگە بىردىنلا تۆكۈلۈشىدىن ياكى چايقىلىشىدىن ۋە ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ سۇيۇقلۇقلار-غا قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ جاسۇسنىڭ يۈزىگە شالاق قىلىپ تۆكۈۋەتتى-دە، ئۇ يان-بۇ يان قاراپمۇ قويماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ② سۆپ. كۆچمە. ئۇسكۈنىلىرى كونىراپ كاردىن چىققان، دېتاللىرى بوشىشىپ ئەسكىرەپ كەتكەن،

كونا؛ كارغا كەلمەيدىغان؛ ئەبجەق: هارۋام بار دېگىنى بىلەن ئۇنىڭ شالاق هارۋىسى بىزگە يارىمايتتى، مەن ئاخىر دوستلىرىم بىلەن قايتىش قارارىغا كەلدىم. * ئۇنىڭ بۇ شالاق ماشىنىسىغا مىنى يولۇقتۇرۇپ قويغان خۇدادىن رەنجىدىم، بىراق ئامال يوق-تە!

**شالاق-شۇلۇق** «شالاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇ داسلاردىكى سۇنى شالاق-شۇلۇق قىلىپ تۆكۈشكە باشلىدى. * توشمىغان تۇلۇڭ تېگىپ قويسا، «شالاق-شۇلۇق» شالاقلايدۇ، ۋالاقتەككۈر بىلمەي تۇرۇپ، بىلمەن دەپ ۋالاقلايدۇ.

**شالاقشتماق** «شالاقشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق بوران ئامباردىكى سۇنى شالاقشتىپ قىرغاقلارغا ئۇراتتى. * ئاخىر ئۇ ۋېلسىپىتىنى ئەكىلىپ بەردى، بىراق قارىسام شالاقشتىۋېتىپتۇ.

**شالاقشماق** پ ← **شالاقلىماق**: راۋاب قېپىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا سازنىڭ قاپ ئىچىدە شالاقشىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. * — هارۋىمۇ شالاقشىپ كەتتى، — دېدى ئۇ گەپنى هارۋىغا يۆتكەپ.

**شالاققىدە** رەۋ «شالاق» قىلغان هالدا، «شالاق» قىلىپ: مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ مۇساغا ئالايماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكۈردى.

**شالاقلاتماق** «شالاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئوهوي، — دېدى مەسىم بوۋا ئۇچاق بېشىدا ئولتۇرغان نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئۇماچنى شالاقلىتىپ تازا قايىنتىۋېتىپسەنغۇ، تازا ئوخشايدىكەن-دە. * «ماشىنا دېگەن هۆكۈمەتنىڭ-دە، بىر ئايدا شالاقشتىۋەتسەڭمۇ ئىچىڭ ئاغرىمايدۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

**شالاقلاشماق** «شالاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شالاقلىماق** پ ① «شالاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، شالاقشماق: ئامباردا سۇ كۆپ ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ تاغ شامىلىنىڭ تەسىرىدە يېنىك داۋالغۇپ بىر خىل رىتىم بىلەن شالاقلاپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ② كۆچمە. ئۇسكۇنە، دېتاللىرى كونىراپ كەتمەك، دېتاللىرى بوشاپ كونىرىماق، ئەبجەقى چىقماق: راستىنى ئېيتسام مېنىڭ هارۋام شالاقلاپ كەتكەن بىر هارۋا ئىدى.

**شالاڭ** سۈپ. زىچ، قويۇق ئەمەس؛ ئۇ يەردە بۇ يەردە، سۇيۇق، ئاز، كۆپ ئەمەس: شالاڭ تېرەك. شالاڭ كېۋەز. شالاڭ قوناق. شالاڭ ئۈزۈم. شالاڭ ئەلگەك. * تولۇن ئاي شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۇياتچان قىزلاردەك غىل-پال كۆرۈنۈپ قويۇپ، غەربكە قاراپ ئۆزمەكتە ئىدى. * شەهەر كوچىلىرىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. * ئۇنىڭ شالاڭ ئاقارغان ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆزى بىر ئىشقا ئالدىراپ تۇراتتى.

**شالاڭ ئەلگەك** نىسبەتەن شالاڭ توقۇلغان ئەلگەك.

**شالاڭ تۇزۇلمە** <ئورم> قۇم-بوران ئېغىر بولغان رايونلاردا بەرپا قىلىنىدىغان ئېتىز-ئېرىق ئىهاتە ئورمان بەلبېغىنىڭ بىر خىل تۈزۈلمىسى.

**شالاڭلاشتماق** پ «شالاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېرىم بوۋاي نېمە ئۈچۈندۇر قوناق مايسىلىرىنى يۇلۇپ شالاڭلىشتۇۋەتكەنىدى.

**شالاڭلاشماق** پ ← **شالاڭلىماق**.

**شالاڭلاتماق** پ «شالاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېۋەز شالاڭلاتماق. قوناق شالاڭلاتماق. * ئورمانلارنى كېسىپ

شالاڭلتش مۇھتنىڭ بۇلغىنىشغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**شالاڭلاشتۇرماق** «شالاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نۇرغۇن تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ قويۇق دولقۇنلۇق چاچلىرىنى شالاڭلاشتۇرۇۋالغان بۇ ئالىم خەتنى يەنە ئىخلاس بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى.

**شالاڭلاشتۇرۇلماق** «شالاڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى سىرت يېزىلارغا كۆچۈرۈلۈپ، مەھەللە بىرئاز شالاڭلاشتۇرۇلدى.

**شالاڭلاشماق** «شالاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سائەت 12 بولۇپ قالدى، ئەمدى كېلىدىغانلارمۇ شالاڭلاشماقتا ئىدى. * بىر تەمسىلدە «ئاي تولۇن بولسا يۇلتۇزلار شالاڭلىشىدۇ» دېيىلىدۇ.

**شالاڭلىتىلماق** «شالاڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مايسىلار بىرىنچى يىلى مۇۋاپىق شالاڭلىتىلغاندىن كېيىن، تۇپراقنىڭ نەملىكى يېتەرلىك بولۇشى زۆرۈر.

**شالاڭلىماق** پ. شالاڭ ھالەتكە كەلمەك: بارغانسېرى ئاقىرىپ كېتىۋاتقان كوچىلاردا ئادەملەر ئايىغى شالاڭلىماقتا ئىدى.

**شالالىق** سۈپ. شالاسى بار، شالا ئورنە- تىلغان: ئۇ يەر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى قىلىشقا ھەقىقەتەن ئەپلىك، بىزدىن كېتىدىغىنى پەقەت شالالىق ئوچاق سېلىپ پەستىن كۆمۈر چىقىرىشلا ئىدى.

**شالتاق** ① ئى. مېۋە-چېۋە، قوغۇن-شاپاق قاتارلىقلارنىڭ بىرنەرسىگە چاپلاشقان شىرنىسى: بالا تاۋۇزنى يەيمەن دەپ يۈزلىرىنى شالتاق قىلىۋالدى. * مەشرەپ: غۇنچەم قالتىس بالا-دە، (سىيىتنىڭ مەيدىسىدىكى شالتاقلارنى تاتىلاپ) ئەمدى ئۆيلىنىدىغان يىگىت بولغاندىن كېيىن، كىيىملىرىڭنى شالتاق قىلماي، ئۆزۈڭنى تۈزەپ يۈرسەڭ بولىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. پاسكىنا، مەينەت: — بىلىپ قوي، سەنمۇ چوڭ بۆرىنىڭ كۈچىكى، شالتاق ئاغزىڭدىن شۆلگەيلىرىڭنى كۆپ ئېقىتما، — دېدى باشلىق زەردە قىلىپ.

**شالتاق قىلماق** پاسكىنا قىلماق، مەينەت قىلماق: ئەتراپتىكى بالىلار ئۇنىڭ يانچۇقىغا قوللىرىنى تىقىشىپ، ئېزىلگەن شاپتۇللارنىڭ سۈيى بىلەن كىيىملىرىنى شالتاق قىلىۋېتەتتى.

**شالتىقىغا تېپىلماق** بىركىمنىڭ يامان ئىشىغا قوشۇلۇپ قالماق، باشقىلارنىڭ يامان ئىشلىرى تۈپەيلى ئەيىبلەنمەك: — ھەتتا ئايۇپ دېگەن ھوقۇقدارمۇ ئۇنىڭ شالتىقىغا تېپىلىپ، ئىككى يىلدىن بېرى سۇ قۇرۇلۇشىدىن كېلەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ.

**شالتىقىنى ئادالىماق** چاتىقىنى تۈگەتمەك، خاتالىرىنى ئوڭشىماق، پوقىنى ئېرىغدىماق: — ئەتىدىن كەچكىچىلا ھاراقلا ئىچىسەن، ئۆزۈڭنى جۆندەشنى بىلمەيسەن، بىز زادى قاچانغىچە سېنىڭ شالتىقىڭنى ئادالايمىز؟! — دادام ئەمدى ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**شالچى** I ئى. شال تېرىيدىغان دېھقان: ھازىر ئۇ يەردە شالچىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ پەيدا بولدى.

**شالچى** II ئى. ياغاچنى شال قىلىپ تىلىدىغان ئادەم، شال تىلغۇچى.

**شالدام** ئى. دىئال. ئېغىزدىن شالى ئېقىپ تۇرىدىغان ئادەم.

**شالداما** ئى. كىچىك بالىلار بىرنەرسە يېگەندە مەيدىسىنى شالتاق قىلىۋەتمەس- لىك ئۈچۈن مەيدىسىگە تارتىپ قويۇلىدى- غان، بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە تەييارلان- غان لاتا: بىز قىزىمىزنىڭ مەيدىسىدىكى شالدامىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى يېتىلگىنىمىزچە

دادامنىڭ ئالدىغا چىقتۇق.

**شالدۇر** تەق. دەرەخ ۋە قوناق شاخلىرى قاتارلىقلارنىڭ سىلكىنىشىدىن ياكى ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**شالدۇر-شۇلدۇر** «شالدۇر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: قوناقلىقتا قېچىپ يۈرگىنىمگە ھەپتە بولۇپ قالدى، قوناقلىقتىكى ھەربىر شالدۇر-شۇلدۇر مېنى گويا توشقاندىنمۇ سەگەك قىلىۋەتكەنىدى.

**شالدۇرۇق** ئى → **شالداما.**

**شالدىر** تەق. قوناق شېخى قاتارلىقلارغا باشقا نەرسىلەرنىڭ تېگىشىدىن ياكى ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**شالدىراق** سۈپ «شالدىر» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىدىغان: شالدىراق يىلان.

**شالدىراق يىلان** <زوئول> زەھەرلىك يىلاننىڭ بىر خىلى. قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا مۈڭگۈز ماددىلىق ھالقىسى بولۇپ، سىلكى-گەندە ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدۇ، كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇق-لىنىدۇ.

**شالدىرشاپ** ئى. ئۈجمە، ئۆرۈك قاتارلىقلار-نى قاققاندا، قېقىلغان مېۋىلەر ئۈستىگە چۈشىدىغان چوڭ داستىخان.

**شالدىر-شۇلدۇر** «شالدىر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**شالدىرلاتماق** «شالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوران ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قوناق شاخلى-رىنى شالدىرلىتىپ، ئاپتاپپەرەس غوللىرى ۋە شال پاخاللىرىنى ئۇچۇرتۇپ ئۆتەتتى.

**شالدىرلاشماق** «شالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شامالدا قوناقلار شالدىر-لىشىپ، ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

**شالدىرلىماق** پ «شالدىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شالدىر» قىلماق: شامالدا يوپۇرماقلىرى شالدىرلاۋاتقان دەرەخلەر ئارىسىدىن ئېگىز-پەس ئۆيلەر بىلەن يېزا مەسچىتىنىڭ يېشىل گۈمبىزى قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

**شالدىرما** ئى. ئېشەك، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى مىنىپ ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ھەيۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن توقۇم ياكى ئېگەرنىڭ بىر يەرلىرىگە ۋە ياكى نوختىنىڭ بىر يەرلىرىگە ئېسىپ قويۇلىدىغان، شالدىرلاپ تۇرىدىغان كىچىك كولدۇرما، كىچىك قوڭغۇراق.

**شالغۇت** ① سۈپ <بىئول> ئوخشاش بولمىغان تۈر، ئۇرۇقداش ياكى ئوخشاش بولمىغان سورتتىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىقىدىغان؛ مېتىس: شالغۇت خوراز. شالغۇت زىڭوتا. شالغۇت كالا. * نەسىللىك ساغلىقلاردىن 75 پىرسەنت، شالغۇت ساغلىقلاردىن 80 پىرسەنت، يەرلىك قوي، ئۆچكىلەردىن 83 پىرسەنت تۆل ئېلىش بېكىتىلدى. * قوي ئاكا، ئەمدى ئاشۇ كاجلىقىڭنى، ئۆتكەن يىل ئاچچىق ساۋاق ئالمىدۇقمۇ؟ ساپاسىز چېچەپ شالغۇت داننى يەرگە، خاماندا ئەلەم يۇتۇپ قالمىدۇق-مۇ؟ ② ئى <بىئول> ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلاردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تۈر، ئۇرۇقداش ياكى ئىككى خىل سورتنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان يېڭى بىر خىل سورت. بۇنىڭدا ئالدىنقى بىر ئەۋلاد سورتنىڭ ئالاھىدىلى-كى بولىدۇ: شالغۇت ئەجدادى. شالغۇت ئەۋزەللىكى. ③ سۈپ. ئوخشاش بولمىغان ئىرق ياكى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغان: پۇرومى پوپ شالغۇت ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغانىكەن، چوڭ

ئانىسى يەھۇدىنىڭ قىنى ئارىلاشقان بىلگىيلىك ئايال ئىكەن.

**شالغۇت ئەجدادى** <بىئول> شالغۇتلاشتۇرۇش- قا قاتناشقان چىشى ۋە ئەركەك يەككە تەنلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**شالغۇت ئەۋزەللىكى** <بىئول> ئوخشاش بولمىغان ئىرسىيەتچانلىق ياكى ئىرسىيەت تىپىگە ئىگە يەككە تەنلەر شالغۇتلىشىپ ھاسىل قىلغان ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈش كۈچى كۈچلۈك، يېتىلىشى تېز، ھاياتىي كۈچى ۋە كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**شالغۇت زىگوتا** <بىئول> ئىرسىيەت تىپى ئوخشاش بولمىغان ئىككى گامېتا بىرلىشىپ ھاسىل قىلغان زىگوتا ياكى شۇ خىل زىگوتىدىن يېتىلگەن يەككە تەن.

**شالغۇتلاشتۇرماق** «شالغۇتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شالغۇتلاشتۇ- رۇش ئارقىلىق يېڭى كۆممىقوناق ئۇرۇقلۇقى يېتىشتۈرۈلدى.

**شالغۇتلاشتۇرۇش** ① «شالغۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.
② <بىئول> ئوخشاش بولمىغان تۈر، ئۇرۇقداش ياكى ئوخشاش بولمىغان سورتتىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى بىر خىل سورتنى پەيدا قىلىش جەريانى: يىراق نەسىللەرنى ئۆزئارا شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن بۇ يېڭى بۇغداي ئۇرۇقى بىر قېتىم تېرىلسا، ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ھوسۇل بېرەلەيدۇ.

**شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسىل يېتىشتۈرۈش** <بىئول> ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللاردىن بىرى. بۇنىڭدا، ئوخشاش بولمىغان ئىرسىيەت تىپىدىكى ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈكلەرنى چېتىشتۇرۇپ ياكى بىرلەشتۈرۈپ، ئەلا خۇسۇسىيەتكە ئىگىلىرىنى شالغۇت يەككە تەن ئارىسىغا قوشۇپ، ئۆستۈرۈش، تاللاش، كۆپەيتىش، سىلىشتۇرۇش ۋە بېكىتىش ئارقىلىق يېڭى سورت ھاسىل قىلىنىدۇ.

**شالغۇتلاشتۇرۇلماق** «شالغۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شالغۇتلاشتۇرۇلغان سوقچاق شال سورتلىرى يېتىشتۈرۈلدى.

**شالغۇتلاشماق** پ <بىئول> ئوخشاش بولمىغان تۈر، ئۇرۇقداش ۋە سورتتىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار قوشۇلۇپ ياكى چېتىشىپ، يېڭى بىر خىل سورتنى پەيدا قىلماق: بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇرۇقچىلىق شىركىتى «سىرتتىن ئاز كىرگۈزۈش، نۇقتىدا سىناق قىلىش» ئاساسىدا، ئاساسلىق ئۇرۇقلۇق خىللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ، سورتى كۆپ بولۇش، قالايمىقان بولۇش، شالغۇتلىشىپ كېتىش ھادىسىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتتى.

**شاللاتماق** «شاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېخنىك ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ ئۇرۇق شاللاتتى.

**شاللاش** ① «شاللىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <پەلس> ماددا ئالمىشىش داۋامىدا، شەيئىلەرنىڭ كونا شەيئىلەر ئىچىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، پاسسىپ ئامىللارنى تاشلاش جەريانى.

**شاللاش مۇسابىقىسى** <تەن> مۇسابىقە شەكىللىرىدىن بىرى. بۇ خىل مۇسابىقە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇتتۇرغانلار ئۆزلۈكىدىن

شاللنىپ قېلىپ، ئۇتقانلار تاكى چېمپىيونلۇق-نى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر مۇسا-بىقىلىشىدۇ.

**شاللاشماق** «شاللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇرۇقچىلىق فۇنكىتسىدا 20 گە يېقىن ئايال ھەدەپ ئۇرۇق شاللىشىۋاتىدۇ.

**شاللاق** سۈپ. ئېغىز-بېسىق ئەمەس، تۇتۇرۇقسىز، ئۇجمە كۆڭۈل: — ما بالىنىڭ ئىشىنى؟ — ھېزىمئاخۇن ئاكام ئاچچىق ئارىلاش ساقىلىنى سىلاپ قويدى، — ئۆتە ساپا بېرىپ، بىر ئەر ئالمىغان شاللاققا ئېسىلىپ قالغىنىنى! * — ھەنىپەمنىڭ ئەھۋالىنى بىز ھەر جەھەتتىن ئۇقۇشۇپ باقتۇق، بەك شاللاق، يېنىك قىز ئىكەن، سىزگە خىل كەلمەيدۇ، — ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆلگۈم كەلدى. // ھەم سېمىز، ھەم پاكار ئەركىن قارىماققا شاللاقتەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خېلى ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر پىكىر قىلاتتى.

**شاللاقلىق** «شاللاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بەزىلەر مەسلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا مېڭە ئىشلەتمەي شاللاقلىق قىلىدۇ. * بىرچاغلاردا ئۇمۇ كېلىشكەن قىز بولسا كېرەك، شاللاقلىق ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇر.

**شاللانماق** «شاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەھبەرلىك سېپىدىكى ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ ھەرقاندىقى ئاستا-ئاس-تا شاللىنىپ رەھبەرلىك سېپى خىللاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

**شاللىق** ئى. شال تېرىلغان يەر؛ شال ئېتىزى: بىز ئىككىمىز يېتىلىشىپ شاللىققا باردۇق.

**شاللىماق** پ. ئىلغاپ، تاللاپ چىقىرىۋەتمەك: ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار مېنى ئۆز قاتارىدىن شاللىۋېتىشتى، كېيىن بۇ ئۈچۈن ئۇلار پۇشايمان

قىلىشتى، مەن ئويلاپ خۇشال بولدۇم.

**شالۇك** ئى. دىئال. ئېغىزىدىن ئاققان شۆلگەي.

**شالۋاق** ئى → **شۆلگەي.**

**شالۋۇر** ئى (د) تېرىدىن تىكىلگەن شىم، ئىشتان: ماموت زور كۈلۈپ كەتتى، ئۇ تۈلكە جۇۋا، بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن شالۋۇر كىيگەنىدى.

**شام I** ئى (پ) ① كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقىت: ئۇلار شام ئارىلىقىدا بىر شەھەرگە كىرىپتۇ. * يولغا باقتىم سۇبھى-شام، كۆيدۈم بولۇپ گوياكى شام، يار، كېلەر ۋاقتىڭمىدى، بامدات. پېشىن ۋە ياكى شام؟ ② مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندە ئۆتەيدىغان بەش ۋاخ نامىزىنىڭ تۆتىنچى-سى، يەنى نامازدىگەردىن كېيىن شام ۋاقتىدا ئۆتىلىدىغان ناماز، ناماز شام: دادام شامنى ئۆتەپ بولۇپ قايتىپ چىقتى.

**شام II** ئى (پ) ① ھايۋان مېيىدىن ئوتتۇرىسىغا پىلىك بېكىتىپ ياسايدىغان چوكسىمان چىراغ: ئۇلار چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغىنىدا، شام تۈگەپ ئۆچۈپ قېلىپتۇ. * ئۆلمىگەن جاندا — ھە، ئۇمىد بار دوستۇم، ئۆچۈرمە قەلبىڭدىن ھايات شامىنى...

**شام گۆر** ئۇزۇن ۋە چوڭقۇر ئېرىق تارتىپ، ئىككى تەرىپىگە قاتارلاپ ئېچىلغان گۆر ياكى يۇملاق گۇمبەز ياكى ئۆي شەكىللىك ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۆر: پادىچى تاغ ئۆڭكۈرىگە، دەرەخنىڭ كاۋىكىغا ياكى پۇچۇق گۇمبەز، شام گۆرلەرگە كىرىۋېلىپ سوغۇقتىن دالدىلىنىدىكەن.

**شام ياقماق** شامنى ياندۇرماق، شامغا ئوت تۇتاشتۇرماق: ياتاققا كىرسەم توك يوق، شام يېقىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**شاما** ئى. قايناق سۇغا سېلىنغان چاينىڭ

تەمى چىقىپ بولۇپ، قېلىپ قالغان قالدۇقى: — چەينەكنىڭ تۈۋىدىكى شامىنى تۆكۈۋېتىپ يېڭى چاي دەملىسەڭچۇ! — دادام ئانامغا ۋارقىرىدى. * — ھېلىقى چاينىڭ شامىسىدەك چايناپ پۈركۈۋېتىمەن، — دەپتۇ بۆرە ھەيۋە بىلەن.

**شاما بولماق** ① ئېزىلىپ كەتمەك. ② تولۇق ئىگىلەپ بولۇنماق: ئاپتور ئىلىم-پەن ئۈستىدە گەپ قىلغاندا، ھازىرغىچە تولا دېيىلىپ شاما بولۇپ كەتكەن ئىبارىلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايدۇ.

**شاما قىلىۋەتمەك** ① ھالىدىن كەتكۈ-زۈۋەتمەك، ئېزىپ مىجىلدىتىۋەتمەك (بىرەر نەرسىنى ئۇرۇش ياكى شۇنداق ھەرىكەت ھەققىدە): ئىشىكنى قىلە، مالڭ ھېلى بىكار شاما قىلىۋەتمەي. ② ۋايىغا يەتكۈزمەك؛ تولۇق بىلمەك، مۇكەممەل ئىگىلىمەك: ئۇ ساز دېگەننى شاما قىلىۋەتتى. * — بىز دېگەنچۇ، ياپونچىنى 15 ياش چېغىمىزدا شاما قىلىۋەتكەن، جۇمۇ، — دېدى ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

**شامال** ئى (ئە) ① ھاۋانىڭ يەر يۈزىنى بويلاپ ئېقىشى، ھاۋانىڭ ئاقما ھەرىكىتى. ھاۋا بېسىمىنىڭ تارقىلىشىنىڭ باراۋەر بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ: تۈنۈگۈن قاتتىق سوغۇق شامال چىقتى. ② كۆچمە. ئىجتىمائىي مۇھىتقا تەسىر كۆرسى-تىدىغان، تېز چىقىپ، تېز ئاخىرلىشىدىغان ئىجتىمائىي ھەرىكەت: زىۋىرشا، ھەبدەرلەر-مۇ شۇ، ئۇلار ھەرقانچە جۇۋا تاراقشىتىپمۇ شامال چىقىرالمايدۇ. * قەرز قايتۇرۇش شاملى كەلگەندە بەشبۇلاقلىقلارنىڭ ياشتىن كۆزى نەمدەلمىگىنى يوق. ③ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**شامال ئارقىلىق چاڭلىشىدىغان گۈل** <بوت> چېچەكنى شامال كۈچى ياردىمىدە تارقىتىدىغان گۈل. بۇ خىل گۈلنىڭ روشەن ھالەتتىكى يېپىنچىسى ۋە شىرنىسى يوق، گۈل چېچىكى يېنىك ۋە كۆپ بولىدۇ، رەڭگى ئۇچۇق بولمايدۇ.

**شامال ئارقىلىق چاڭلىشىدىغان ئۇرۇقلۇق** <بوت> شامال كۈچى ياردىمىدە چاڭلى-شىش ئىشىنى تاماملايدىغان ئۇرۇقلۇق. بۇ خىل ئۇرۇقلۇقلەر گۈللۈك ئۇرۇقلۇقلەر-نىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ياغاچ غوللۇق ئۇرۇقلۇقلەردىن قېيىن، دۇپ دەرىخى، تېرەك قاتارلىقلار؛ سامان غوللۇق ئۇرۇقلۇقلەردىن شال، پاقىيوپۇرماق قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئۇرۇقلۇق تىپىغا كىرىدۇ.

**شامال بايقاش شارى** <مېتېئور> يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى شامالنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنى بايقاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شار. ئېغىرلىقى 30 گرام ئەتراپىدا بولۇپ، قىزىل، ئاق، سېرىق ۋە قارا رەڭلەردە كېلىدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ھاۋا رايىغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىچىگە مۇۋاپىق مىقداردا ھىدروگېن ياكى گېلىي گازى قاچىلىنىپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بەلگىلىك سۈرئەتتە ئۆزلۈكىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ شامال بايقىغۇچى تېئودولىت ئارقىلىق قوغلىنىپ، بەلگىلىك ۋاقىت (ئادەتتە بىر مىنۇت ئارىلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىچىدە ئۇنىڭ بوشلۇقتىكى ئورنى ئېنىقلىنىپ، شامالنىڭ ھەرقايسى ئېگىزلىكلەردىكى يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتى ھېسابلاپ چىقىلىدۇ.

**شامال بېسىمى** <مېتېئور> شامالنىڭ جىسىملارغا تىك ھالەتتە تەسىر قىلغان چاغدىكى بېسىم كۈچى.

**شامال تەگمەك** ① <تب> شامالداش تۇپەيلى بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولماق، ئاغرىپ قالماق: – تاماقنى يەپلا سىرتقا چاپقىنىنى، – دېدى دادام ئىنىمنى توسۇپ، – تەرىڭ قۇرۇماستا سىرتقا چىقساڭ، شامال تېگىپ قالامدۇ؟ * – سىلەرگە دۇئا قىلاي! بۇنى تىنچ قويۇڭلار، – دەپ يالۋۇردى موماي، – ھېلىسىراقتا دورا ئىچۈرگەنىدىم، شامال تەگمىسۇن! ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ زىيان تارتماق: ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگەك مېۋىسىگە شامال تەگمەيدىغانلىقىنى جەزم قىلغانىدى.

**شامال چىقارماق** ھەرىكەت قوزغىماق؛ غۇلغۇلا پەيدا قىلماق: ئۇ دىلشاتنىڭ بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتى ئارقىلىق بىر شامال چىقىرىپ، شەھەر بويىچە «بۇرژۇئا مائارىپ لۇشيەنىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى»نى ياراتماقچى ئىدى.

**شامال دارىماق** دىنىي چۈشەنچىدە: جىن چاپلىشىپ، نېرۋىسى ئاجىزلاشماق، ساراڭ بولۇپ قالماق: بىرنەچچە شامال دارىپ قالغان ئاغرىق-سىلاقنى تېپىپ، تۈغ باغلاپ پېرە قىلدىم.

**شامال دەرىجىسى** <مېتېئور> شامال كۈچىنىڭ دەرىجىسى. ئادەتتە 13 دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. سۈرئىتى 0.2 مېتىر سېكۇنتتىن تۆۋەن بولسا، بۇ خىل شامالنىڭ دەرىجىسى نۆل، 32.6 مېتىر سېكۇنتتىن يۇقىرى بولسا، بۇ خىل شامالنىڭ دەرىجىسى 12 بولىدۇ.

**شامالدىن ئۈركۈمەك** ← **سايىسىدىن ئۈركۈمەك.**

**شامال ساندۇقى** <دېتال> قول ياكى دۇگىلاتېل بىلەن ئايلاندۇرۇپ شامال چىقىرىش ئارقىلىق تېپىلگەن دانلىق زىرائەتلەرنىڭ سامىنى بىلەن دېنىنى ئايرىيدىغان بىر خىل قۇرۇلما.

**شامال سۈرئىتى** <مېتېئور> بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە، ھاۋانىڭ گورىزونتال يۆنىلىشتە سۈرۈلگەن ئارىلىقى. ئادەتتە ئۇ ھاۋانىڭ بىر سېكۇنت ئىچىدە قانچە مېتىر سۈرۈلگەنلىكى ياكى بىر سائەت ئىچىدە قانچە كىلومېتىر سۈرۈلگەنلىكى ئارقىلىق ھېسابلىنىدۇ.

**شامال سۈرئىتىنىڭ كۈندىلىك ئۆزگىرىشى** <مېتېئور> شامال سۈرئىتىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى تېز-ئاستىلىقىنىڭ دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشى. ئاساسەن تېمپېراتۇرىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**شامالغا ئەگەشمەك** ۋەزىيەتكە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرمەك، ۋەزىيەت قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە شۇ تەرەپتە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلماق: شامالغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىر كىشى توغرىسىدا بىرەيلەن سوراپ قالدى: – ئۇ كىشىنى چۈشىنەمسىز؟ ئۆزى قانداقراق ئادەم؟

**شامالغا باقماق** ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتماق، ۋەزىيەت قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە شۇ تەرەپتە تۇرماق.

**شامالغا سورۇۋەتمەك** بىكار ئىسراپ قىلماق، ئورۇنسىز بۇزۇپ-چاچماق: – ئاتاڭنىڭ شۇنچىۋالا مال-دۇنياسىنى ئىككى يىلدا شامالغا سورۇۋەتتىڭ، ئەمدى سەل كېيىنكىنىمۇ ئويلاپ قوي، – دېدى بوۋاي مېنى ئەيىبلەپ.

**شامالغا قاراپ خامان سورۇماق** ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەك، شامالغا باقماق: – ھەرھالدا، – دېدى ئۇ گەپ قىستۇرۇپ، – شامالغا قاراپ خامان سورۇغىنىمىز تۈزۈك.

**شامالغا قاراپ ئىش تۇتماق** ←

**شامالغا ئەگەشمەك:** ئاپتور «يۇرت بې-شى» ناملىق ھېكايىدە شامالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان، ھېيلىگەر، ئىككى يۈزلىمە ئادەمنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جانلىق ياراتقان.

**شامالغا كەتمەك** بىكارغا كەتمەك، ئورۇنسىز تۈگىمەك: خارابە ئۆيگە باراي دېسە، جەننەت ئاچىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. ئىشكنى ئېچىپ چىقىپ كېتەي دېسە، ئولتۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئېچىلمىغان بولۇپ پۈتۈن مۇشەققىتى شامالغا كېتەتتى.

**شامالغا ئۇچماق ← شامالغا كەتمەك:** ئەجىرسىز كەلگەن پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمىدى — ئىككى كۈن ئىچىدىلا شامالغا ئۇچقاندەك خەجلىنىپ تۈگىدى.

**شامالغا ئۇچۇپ كەتمەك ← شامالغا كەتمەك.**

**شامال كۆرسەتكۈچ** <مېتېئور> ← فلىيۇگېر.

**شامال كۈچى** <مېتېئور> شامالنىڭ كۈچى. شامال كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى شامال سۈرئىتىنىڭ تېز-ئاستىلىقى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

**شامال كېپىنكى** <زوئول> بىر خىل چوڭ تىپتىكى كېپىنەك. ھاشىراتلار كلاسى تەڭگىچە قاناتلىقلار ئەترىتىگە كىرىدۇ. قانىتى ئىككى جۈپ بولۇپ، ئۈستىدە زىچ ۋە ھەر خىل رەڭلەردىكى تەڭگىچىلىرى بولىدۇ. ئارقا قانىتىنىڭ ئۇچىدا قۇيرۇقسىمان ئۆسۈكى ۋە لېچىنكىسىنىڭ 1-كۆكرەك بوغۇمىنىڭ دۈمبە تەرىپىدە ئارىسىمان كىچىك خالتىسى بولىدۇ. ئادەتتە يوپۇرماق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**شامال كىرمەسلىك** ① مۇستەھكەم؛ ئىشەنچلىك: بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا شامال كىرمەيدۇ. * ئېيتايلۇقكى، تار كۆڭۈلدىن تاش يېغىپ، سەن توغرۇلۇق پىتنە-ئىغۋا تارالسا؛ ئېقىپ بىرچاغ بۇ پىتنىلەر ئەل ئارا، شامال كىرمەس ھەقىقەت دەپ قارالسا؛ بۇ «ھەقىقەت» ئالدىيالماس ئۇنى ھېچ، بۇ «ھەقىقەت ئەل قىلالماس دىلنى. ② ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنىڭ يېقىن ھەم قويۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار ئەسلىدىنلا كونا دوستلاردىن بولۇپ ئارىسىغا شامال كىرمەيتتى. * مەن ھەر دائىم: «جەمىلە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزغا شامال كىرمەيدۇ» دەپلا كەلگەنىدىم.

**شامال ئېغىزى** <مېتېئور> دالدىسى يوق ھەمدە شامال كۈچى ئىككى تەرەپكە قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدىغان جاي.

**شامال يۆنىلىشى** <مېتېئور> شامالنىڭ چىقىش يۆنىلىشى. شامالنىڭ نامى ئادەتتە شەرق شاملى، جەنۇب شاملى دېگەنگە ئوخشاش شامال يۆنىلىشى بويىچە ئاتىلىدۇ.

**شامال يۆنىلىشىنىڭ كۈندىلىك ئۆزگىرىشى** <مېتېئور> شامال يۆنىلىشىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشى. ئادەتتە ئۇ تېمپېراتۇرىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تاغلىق رايونلار ياكى دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇق تۇتاشقان رايونلاردا روشەن ھالدا ئىپادىلىنىدۇ.

**شامال يۈكى** <بىن> شامال كۈچىنىڭ ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ گەۋدە قۇرۇلمىلىرىدىكى بۆلەكلەرگە بولغان تەسىرى.

**شامال يېمەك** سالقىن، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالماق؛ شامالداپ سەگىدىمەك: — ئۆي تىنچىق بولۇپ كەتتى، بىردەم شامال يەپ كىرەيلىمۇ، — دېدى ئۇ باللارغا قاراپ.

**شاملى چقماق** ھەرىكىتى قوزغالماق، دولقۇنى كۆتۈرۈلمەك: يېزىدا «ھەممىنى

قوشۇپ، بىر ئائىلە قىلىش» شاملى چىقتى.

**شاملىغا كەتمەك** بىرەر ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى قىزغىن پەيتىگە توغرا كېلىپ، شۇنىڭ تەسىرى بىلەن زىيان تارتماق؛ ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق: ئۇ بۇ قېتىمقى «چوڭ تازىلاش» نىڭ شاملىغا كەتكەنلەرنىڭ بىرى ئىدى.

**شامالپەرەس** سۈپ. شامالغا قاراپ (ۋەزىيەتكە قاراپ) ئىش تۇتىدىغان، ۋەزىيەتپەرەس.

**شامالپەرەسلىك** ئى. شامالغا (ۋەزىيەتكە) قاراپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان، قىلىق، خاراكتېر: تېخى ئۇلار كۆلەمدۇ بىزدىن كەتتى ئۆز بېشىغا كېيىپ. رايىمىزغا باقمايدۇ شامال، بىراق ئۇنتۇما شامالپەرەسلىك بەك يامان ئەيىب.

**شامالداتماق** «شامالدىماق» نىڭ پېئىللىك مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆكۈزنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىنى پات-پات شامالدىتىپ تۇردۇم، ئۇلارنى ئېرىتىپ ياغلاپ داتلاشتۇرمىدىم. * گۇندىخانىدا مەھبۇسلارنى شامالدىتىشقا ئېلىپ چىقىدىغان بىر رەسمىيەت بار ئىدى.

**شامالداشماق** «شامالدىماق» نىڭ پېئىللىك ئۆملۈك دەرىجىسى: — شامالدىشىپ كىرگەندۇ، — دېدى ئۇ. پەس ئەمما بىر خىل كۈندەشلىك تۇيغۇسى بىلەن گۈڭۈراپ.

**شامالدۇرغۇچ** ئى. ئېلېكتىر دۋىگاتېلى ئارقىلىق پالاقچىلارنى ئايلاندۇرۇپ، ھاۋا ئېقىمىنى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۆي ئىچىنى سالقىنلىتىش، شامال چىقىرىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، كېرەكسىز گازلارنى چىقىرىپ تاشلاش، ئىس-تۈتەك سۈمۈرۈش ۋە قۇرۇتۇش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ شەكىلمۇ ھەر خىل بولىدۇ: شامالدۇرغۇچ ئېرزىلەگۈلۈك بىلەن ئىككى يېنىغا تولغىنىپ ئايلىنىپ، پېشقەدەم پروفېسسورنىڭ ئاقارغان چاچلىرى ۋە يېپەك كۆڭلىكىنى ئۇچۇرتۇپ تۇراتتى. * بىركۈنى يەرلىك پىچقا رودا، كۆمۈر ۋە باشقا ئارىلاشمىلارنى قاچىلاپ، ئوت يېقىپ، شامالدۇرغۇچنى ماگدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئوچاق ئالدىدا ئايلىنىپ ئىشلەپ يۈرۈپ زېرىكتىم.

**شامالدىتىلماق** «شامالداتماق» نىڭ پېئىللىك مەجھۇل دەرىجىسى: ئۈزۈملەرنى باغلايدىغان پىچان قايناق سۇغا سېلىپ يۇمشىتىلىدۇ ۋە ئارقىدىن شامالدىتىلىدۇ.

**شامالدىماق** پ ① ئۆزىنى شامالغا تۇتماق، شامال چىقىۋاتقان يەردە تۇرماق: — يۈرۈڭلا شامالداپ كىرەيلى، — ئۇ دېدى مەندىن تارتىنىۋاتقاندەك بىر خىل تۇستە پەس ئاۋاز بىلەن. * ئازراق شامالداپ كىرەي دەپ سىرتقا چىقتىم. ② شامال تەگكەنلىك تۈپەيلىدىن بىرەر ئەزاسىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەك: — ئۆپكىسى شامالداپتۇ، — دېدى ئايۇپ شۈجىگە مەنىلىك تىكىلىپ، — جىددىي داۋالىمىساڭ... * — ئۇكاڭنى يۆگەككە يۆگەپ قوي، شامالداپ قالمىسۇن، — ھەلىمخان قىزىغا شۇنداق دېدى-دە، سومكىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

**شامالداپ قالماق** سوغۇق ئۆتۈپ ياكى شامال تېگىپ، ساقسىز بولۇپ قالماق: — شامالداپ قالغان ئوخشايمەن، بېشىم ئاغرىغاندەك قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ مەيۈس ئاھاڭدا.

**شامالىلاتماق** → شامالداتماق.

**شامالىلىق** سۈپ. شاملى بار، شامال چىقىپ تۇرىدىغان: يولۇچىلار ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ،

سالقىن شامالىلىق جايلارنى ئىزدىشىپ يۈرەتتى.
* دېرىزە راملىرىغا چاپلانغان قەغەزلەر ياز كەلگەندىن بېرى يىرتىپ ئېلىۋېتىلگەنلىكتىن، زال ئىچى يورۇق ۋە شامالىلىق ئىدى.

**شامالئىماق** پ ← **شامالدىماق.**

**شامان** ئى (ر) <دىن> شامان دىنىدىكى روھلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ھەمدە روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى توسىدىغان شەخس دەپ قارىلىدىغان كىشى، روھانىي.

**شامان دىنى** <دىن> ئىپتىدائىي دىنلاردىن بىرى. ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى يامان روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرۇش ۋە ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيا ياخشى ۋە يامان روھلار بىلەن تولغان، شامان دەپ ئاتالغان روھانىيلار ۋاستىسى بىلەن يامان روھلار قوغلىنىپ، ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرى داۋام قىلدۇرۇلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**شامانىزم** ئى (ر) <دىن> ← **شامان دىنى.**

**شامپان** ئى ① فرانسىيىدىكى بىر جاي ئىسمى. بۇ جاي شامپان ھارىقى چىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغان (Champagne). ② شامپان ھارىقى.

**شامپان ھارىقى** تەركىبىدە كاربون (IV) ئوكسىدى بار، كۆپۈكلىنىپ تۇرىدىغان ئاق ئۈزۈم ھارىقى. بۇ ھاراق ئەسلىي فرانسىيىنىڭ شامپان دېگەن يېرىدە ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان: ھازىر بىر بوتۇلكا شامپان ھارىقىغا 100 سوملاپ پۇل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

**شامپانىسكىي** ئى (ر) ← **شامپان ھارىقى.**

**شامچى** ئى. شام ياسايدىغان ئادەم: ئۇ كۈنلەردە بۇ بوۋاي داڭقى بار شامچى ئىدى.

**شامچىلىق** «شامچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: بۇ مەھەللىدە شامچىلىق قىلىدىغانلاردىن تۆت-بەشى بار ئىدى.

**شامدار** ئى. خوجايىنلىرى ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئالدىدا شام كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى؛ چىراغچى: ئاخىرىدا چوڭ بىر بۆت كۆتۈرگەن دىئاكون بىلەن شاملىرى يېنىپ تۇرغان ئىككى شامدار ئۆتتى.

**شامدان** ئى (ئە+پ) شام قادايدىغان نەرسە: خەلپە ھارۇن رەشىتنىڭ بۇ يەردە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بىر شامدىنى بار ئىكەن.
* لەخمىگە كىرىپ قارىسا، ئۇ يەردە شامدان، ياغ قاچىسى، ئوت-چۆپلەر دۆۋىسى تۇرغۇدەك.

**شاملىق** سۈپ. شامى بار، شام قادالغان، شام ئورۇنلاشتۇرۇلغان: — مەن ئەسلىدە ھەممە پانۇسنى ئېلىپ قالاي دېۋىدىم، سىلەرنى ئازابقا قالارمىكىن دەپ 81 شاملىق گۈللۈك پانۇسنىلا ئېلىپ قالدىغان بولدۇم، — دەپتۇ ئۇ سىلىق ئاۋازدا.

**شامۇسەھەر** ① شام ۋە سەھەر، ئاخشام ۋە ئەتىگەن: ئارىلاپ چالسام ئۇشاقنى، مۇقامنى راكقا يەتكۈزسەم، كى ئول شامۇسەھەرلەردە مۇشاۋىرەكنى مەن چالسام. ② ھەر دائىم، داۋاملىق، ھەمىشە: ئىزلىبان كەلگۈسى بەختىڭ ۋەسلىنى شامۇسەھەر، پەن، ھۈنەرۇ كەشپىياتتا خۇددى زور كاندۇر ھايات.

**شامىلىق** ① ئى. چۆگۈن، چەينەك قاتار-لىقلارنىڭ چاي قويغان چاغدا چاينىڭ شامىسى چىنىگە چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئورنىتىلغان سۈزگۈچ. چەينەك ئىچىدە مەخسۇس چاي تۇرىدىغان كۆپ

تۆشۈكلۈك قۇتا: چۆگۈننىڭ شاملىقى. ② سۈپ. شامىسى بار، شامىسى كۆپ: — نېمانداق شاملىق چاي بۇ، چاي ئىچەمدىمىز، شاما چاينامدىمىز؟ — بۇرۇتلۇق يىگىت ئاشپەزتەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

**شان** ئى (ئە) ياخشى ئىشلار بىلەن ئېرىشكەن ھۆرمەت، شەرەپ، ئابروي، شەۋكەت؛ نام، داڭق، شۆھرەت: بارار دولقۇن يېرىپ ئۆرلەپ بۈيۈك ئارزۇدا ھەمراھىڭ، كېلەمدۇ شان يەنە قولغا، يېرىم يولدا ھېرىپ قالساڭ. * ئوت يۈرەك پەرزەنتلىرىڭ دولقۇن يېرىپ ئالغا ماڭار، مىللىتىم تارىخىنىڭ شانىغا شان قوشقان خوتەن.

**شانا** ئى. بۆز توقۇيدىغان دەستىگاھنىڭ ئۆرۈش يىپلىرىنى كۆتۈرۈپ-چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان قىسمى: بۆزنى بۇزغان شانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى (ماقال).

**شانا باغلىماق** ئىككى قات ئۆرۈشنى ئۆتتۈرىدىن ئارقاق ئېلىش ئۈچۈن گىرەلەشتۈرۈپ بېرىدىغان شانىنى بىر تەكشىلىكتە تۇتۇپ تۇرىدىغان كالتەككە باغلىماق.

**شان-شەرەپ** شان ۋە شەرەپ، پەخىر ۋە ئىپتىخار، ئاتاق-ئابروي: ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بولۇش — پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، شان-شەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. * شان-شەرەپ — ئەقىل ۋە ئىلىم، ياخشى ئەخلاق بىلەن كېلىدۇ.

**شان-شەرەپ كەلتۈرمەك** شان-شەرەپ ئاتا قىلماق، شان-شەرەپكە ئىگە قىلماق، شان-شەرەپلىك قىلماق: ئەمگەك — ھەممىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈردى، ئەمگەك بىزنى پاراۋان قىلدى.

**شان-شەۋكەت** شان ۋە شەۋكەت، شان ۋە شۆھرەت: ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ شان-شەۋكىتى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

**شان-شۆھرەت** شان ۋە شۆھرەت: ئېيت ناخشاڭنى يەنىمۇ ياڭراق، ۋەتىنىڭگە ياغسۇن شان-شۆھرەت. ھايات چەكلىك ۋە لېكىن ناخشاڭ، مۇقام كەبى ياشايدۇ ئەبەد.

**شانكىر** ئى (ر<فران) <تىب> بىر خىل جىنسىي كېسەللىك. قاتتىق شانكىر ۋە يۇمشاق شانكىر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قاتتىق شانكىر سىفىلىسنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭدا جىنسىي ئەزا، تىل ۋە لەۋ قاتارلىقلاردا جاراھەت پەيدا بولىدۇ ھەمدە كېسەل ئۇچىقىنىڭ ئاستى قىسمى قاتتىقلىشىدۇ، ئاغرىتمايدۇ. يۇمشاق شانكىرنى يۇمشاق شانكىر تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا جىنسىي ئەزانىڭ سىرتقى قىسمىدا جاراھەت پەيدا بولۇپ، كېسەل ئۇچىقىنىڭ ئەتراپ توقۇلمىلىرى يۇمشاقلىشىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىتىدۇ.

**شانلىق** سۈپ. شان شۆھرەتكە ئىگە، ياخشى نام چىقارغان، داڭلىق، مەشھۇر: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا شانلىق خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمانلار مەڭگۈ ھايات! * بىزنىڭ پارتىيىمىز شانلىق پارتىيە، ئۇ ئاچقان يول شانلىق يول.

**شانۇشەۋكەت** ← **شان-شەۋكەت**: شانۇشەۋكەت، تاجۇتەخت دىيارىمدىن ئايرىلدىم، شادلىقىمدىن، بەختىمدىن، گۈل يارىمدىن ئايرىلدىم.

**شاھ (شاھى)** ئى (پ) ① پادىشاھلىق تۈزۈم يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى شەخس، پادىشاھ، خان: ھاتەم بارلىق سەرگۈزەشتىلىرى-

نى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى، جىنلار شاھى تەھسىن-ئاپىرىنلا ئېيتتى. ② شاھمات ئويۇنىدا ئەڭ ئاساسىي، باشقا ئورۇقلار-نىڭ ھەممىسى قوغدايدىغان ئورۇق، باشقا ئورۇقلارغا قارىغاندا ئېگىزرەك بولىدۇ: ئالدىراشلىقتا ئۇ شاھ بىلەن گەردىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تىزىپ قويۇپتۇ. ③ شاھمات ئويۇنىدا قارشى تەرەپنىڭ شاھىغا قىلىنغان ھۇجۇم؛ زەربە: — مانا، ئەمدى، شاھ، تۇگىدىڭغۇ، — دېدى ئۇ پوچىلىق بىلەن ھىجىيىپ. * ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتە ئۆتمەيلا ئالىم بىرلا شاھ بېرىپ ئۇنىڭ گەردىسىنى ئېلىۋەتكەندى. ④ كۆچمە. ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، سەرخىلى، مەشھۇرى: ھەقىقەتەن، ئۇ، يىگىتلەرنىڭ شاھى ئىدى. // ياراتتىڭ شاھ مۇقاملارنى، ئىجادكارنى، ئۇلۇغ زاتنى، ھىمالاياسى سەنئەت-نىڭ، ئەدىب، ئالىمغا كان خەلقىم. ⑤ كۆچمە. ئىگە، خوجا: دەل تەرەققىيات كۆككە قىلدى شاھ ئادەمنى پەن، ئەگدى باشنى ھەر دېڭىز، ھەر تاغ دېگەن، دەيمەن يەنە.

**شاھ بەرمەك** شاھمات ئويۇنىدا قارشى تەرەپنىڭ شاھىغا ھۇجۇم قوزغىماق، قارشى تەرەپنىڭ شاھىنى مۇھاسىرىگە ئالماق: ئۇ شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئوينىدىكى، بىرلا شاھ بېرىپ قارشى تەرەپنى مات قىلدى.

**شاھادەت** ئى (ئە) يېز ت ① گۇۋاھلىق، شاھىتلىق؛ گۇۋاھلىق سۆزى: ئىمام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كېكىردەكلىرىنى قىرىشتۇرۇپ جامائەتكە شاھادەت ئۆگەتتى. * بېرىپ ئۆتمۈشكە تارىخىي شاھادەت، ئېچىناتتى شۇ ھاللارغا ناھايەت. ② شېھىت، قۇربان: قىلىپ دۈشمەن بىلەن جەڭ بۇ ناھايەت، دۆۋە قۇملۇقتا تاپقاندۇر شاھادەت. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شاھادەتنامە** ئى (ئە+پ) ① بىرەر بىلىم ئېلىش ئورنىدا ئوقۇپ، ئوقۇشنى لاياقەت-لىك تاماملىغانلارغا بېرىلىدىغان رەسمىي گۇۋاھلىق ھۆججىتى؛ گۇۋاھنامە، دىپلوم: سادىق ئۆز كەسپىنى ئەلا پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە شاھادەتنامە ئالدى. ② بىرەر پاكىتنى رەسمىي تەستىقلايدىغان ھۆججەت، گۇۋاھنامە: قېرى گرافىنيە ھۆرمەتلىك پان دوختۇردىن خىزمەتكار قىز ۋىراغا شاھادەتنامە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. * ئىلزابىت ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن ھەربىر ئادەم بىردىن ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈككە ئىگە بولاتتى، ئۈزۈكنىڭ نامى پادىشاھ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئارخىپىغا، ئالتۇن مېدال شاھا-دەتنامىسىگە يېزىلاتتى، ئۈزۈكنىڭ ئالتۇن پېغىمۇ ئويۇلاتتى.

**شاھانە** سۈپ (پ) پادىشاھلارغا خاس، پادىشاھلاردا بولىدىغان، ئالىي دەرىجىدى-كى، ئاجايىپ ئېسىل؛ كۆركەم، ھەيۋەت-لىك: شاھانە كىيىم. شاھانە توي. * باتۇر تەگرىقۇت زېمىن مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۆيىۋاقى، خوتۇن-بالىلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ پۈتۈن ئەلنى سەپەرۋەر قىلىپ جەڭگە ئاتلانغان. بۇ ھەرقانداق پادىشاھلاردا بولۇۋەرمەيدىغان شاھانە پەزىلەت.

**شاھزادە** ئى (پ) ① شاھنىڭ ئوغلى: بىركۈنى شاھزادە بەزمە ئۆتكۈزگەندە باغداش دۈرغىسىنىڭ قىزى تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، قىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. * «مەن ئۇلۇغ تەرەپتىكى يولغا ماڭىمەن» دەپتۇ چوڭ شاھزادە. ② قىزلارنىڭ ئىسمى.

**شاھزادىلىك** سۈپ. شاھزادىلەرگە خاس، شاھزادىلەر كىيىدىغان: بەگزادىلەر قۇرۇق قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، پادىچى شاھزادىلىك كىيىملىرىنى كىيىپ، يولۋاس، بۆرىلەرنى

ئەگە شتۇرگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

**شاھلىق** ① «شاھ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: – شاھلىق ماڭا ئاتا مىراس تۇرسا، نېمە ئۇچۇن شۇنداق دەيسەن؟ – دەپتۇ پادىشاھ. * ئەبۇ سابىر شاھلىق سۇپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىنى سوراپتۇ. ② سۈپ. شاھلارغا خاس، پەقەت شاھلارغىلا لايىق: ئارمانۇس شاھ ئوردىسىغا ھازىر بولغانلارغا ئۆزىنىڭ شاھلىق ۋەزىپىسىدىن چەكلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىپتۇ. * مەلىكە بەرنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ۋاپىتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن شاھلىق تاجىنى كىيدۈرۈپ، ئالتۇن تەختكە چىقىرىپتۇ.

**شاھمات** ئى (پ) <تەن> بىر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا، ھەر ئىككى تەرەپتە ئاق-قارا بولۇپ 16 دىن ئۇرۇق بولۇپ، ئوينالغاندا قائىدە بويىچە ئۇرۇقلارنى ماڭدۇ. قارشى تەرەپنى مات قىلغان غەلىبە قىلغان بولىدۇ: قوشۇن سەپەر تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتقان كۈنلەردە مەخسۇت مۇھىتى بوش چاغلىرىنى قاسىم ئەپەندى بىلەن شاھمات ئويناپ ئۆتكۈزەتتى. * بەردى يەنە ئۇتتۇر ھېلىقى باغقا كېلىپتۇ. باغنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، توپلىشىپ شاھمات ئويناۋاتقانلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ-دە، ئۆگىنىش ھەۋىسى قوزغىلىپ، ئۇن تىللانى بېرىپ شاھمات ئويناشنى ئۆگىنىپ، يۇرتىغا قايتىپتۇ.

**شاھمات تاختىسى** <تەن> شاھمات ئوينىغاندا ئۈستىگە ئۇرۇق تىزىلىدىغان تاختا. ئۇ چاسا شەكلىدە بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ۋە ئاق-قارا رەڭدە بويالغان 64 پارچە كاتەكچىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئادەتتە شاھمات ئۇرۇقلىرى سېلىنىدىغان ساندۇقچە شاھمات تاختىسىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ.

**شاھمات رىسالىسى** <تەن> شاھمات ئويناش ماھارىتى رەسىم ۋە يېزىق ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن ياكى ئىزاھلانغان كىتاب.

**شاھنامە** ئى ① شاھلار ھەققىدىكى خاتىرە، شاھلار تارىخى. ② ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ تارىخىغا بېغىشلاپ يېزىلغان داستانىنىڭ نامى: سەرگۈزەشتەمدىن رىۋايەت ئەيلىسەم، شاد ئېتەر «شاھنامە»نى تەپسىرلىرىم. بۇ كارامەت بۇ ئالامەت ئالدىدا تاڭ قالۇر، پىردەۋسىدەك تەقسىرلىرىم.

**شاھىت** ئى (ئە) بىرەر ئەھۋالغا (ۋەقە، ئىش-ھەرىكەت ياكى پائالىيەتكە) بىۋاسىتە قاتناشقان، كۆرگەن ئادەم؛ گۇۋاھ: مەنمۇ نۇرغۇن پاجىئەلىك ئىشلارنىڭ شاھىتلىرىنىڭ بىرى. * مەن ئۇ زامانلاردىكى ئىشلارنى بىلمەن، چۈنكى مەن شۇ زاماندىن قېلىپ قالغان تىرىك شاھىت.

**شاھىت بولماق** گۇۋاھ بولماق: تۈمەن دەريا نەرە تارتتى، سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى. شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا، مىڭلاپ نۇزۇك نەزمە قاتتى.

**شاھىتلىق** ئى. گۇۋاھلىق: – مەن بۇنىڭغا ئىمانىم بىلەن شاھىت. شاھىتلىقىم يالغان بولسا، مېنى قۇرئان ئۇرسۇن، – دېدى ئۇۋەيس ئەلەم فىلىڭ ھاجىنىڭ قولىدىن قۇرئاننى ئېلىپ. * بايىقى ئەھۋالنى نەق كۆرگۈچىدىن، ئۇچىنى شاھىتلىققا تالاپ كوچىدىن. ماڭدى دەۋاغا-شەرىئەت ئالدىغا، بولغۇسى ھەمدەم كاپالەت ئالدىغا.

**شاھىنشاھ** ئى (پ) ① ئىران شاھىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس. ② شۇنداق كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر، نام-ئاتاقلىق پادىشاھ: پادىشاھ

تۇتقۇز تەزىم قىلىپ: — شەھرىمىزنىڭ بىر قىزىغا شاھىنشاھىنىڭ نەزىرى چۈشكەن بولسا، بېشىمىزغا ئامەت قۇشى قونۇپتۇ. قىز ئايلانسۇن! — دەپتۇ.

**شاۋجياڭ** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى گېنېراللار ئىچىدىكى بىر دەرىجە، جۇڭجياڭدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

**شاۋرۇن** ئى (د) ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنـ-گەن بىر خىل يۇمشاق خۇرۇم: شۇ پەيتتە گۈمبەز ئىشىكىدە پۈتىغا شاۋرۇن مەسە كىيگەن بىر ئادەم پەيدا بولدى.

**شاۋ-شۇۋ** تەق. خىلمۇخىل ئاۋازلاردىن چىققان ۋاراڭ-چۇرۇڭ: بىرچاغدا قارىغىدەك بولسا، سازلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، قومۇشلار شالدىرلاپ، پۈتۈن ئەتراپ شاۋ-شۇۋغا تولۇپ كېتىپتۇ. * ياتاقتىكى سەپداشلار سىرتتىكى شاۋ-شۇۋلارنى ئېنىق ئاڭلاپ ئولتۇردى.

**شاۋ-شۇۋ كۆتۈرۈلمەك** شاۋقۇن-سۈرەن پەيدا بولماق، ۋاراڭ-چۇرۇڭ چىقماق.

**شاۋشياۋ** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى شاۋگۇەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە.

**شاۋقۇن** ئى ① تۈرلۈك نەرسىلەردىن چىققان ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولۇپ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن كۈچلۈك ئاۋاز؛ ۋاڭ-چۇڭ: تۇمەن دەرياسى باھار مەۋسۇمىدىكى شاۋقۇنلىرى بىلەن شەھەرنىڭ قايناق ھايات مۇزىكىسىغا ھېسسىياتـ-لىق كۈي قوشۇپ تۇراتتى. * كۈنسېرى قۇچقاي پەلەكنى يېڭى كۈيلەر شاۋقۇنى، تۈگمەس مەڭگۈ بۇ ئەلدە ئىز باسار كارۋانلىرىم. ② جىددىي تالاش-تارتىش، جاڭجال، شاۋقۇن-سۈرەن: ئاشۇ كۈنى ئىشخانىدا شۇ بىرلا پاراڭ، (مۇنچە شاۋقۇن بىزدە بولۇپ باقمىغان، قاراڭ).

**شاۋقۇن سالماق** شاۋقۇن پەيدا قىلماق، شاۋقۇن كۆتۈرمەك، شاۋقۇنلىماق: ياتاق ئەتراپىدا ئادەملەر شاۋقۇن سېلىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. * ئۇ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان سۇغا بىرپەس قاراپ ئولتۇردى. * ئىلىم-پەن ئۆزى كەلمەس ئەجىر قىلماي شاۋقۇن سالسا، ئىلىم ئۈچۈن جاپا چېكىپ ئەمگىكىدىن شادلان قىزىم.

**شاۋقۇن كۆتۈرمەك** يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق، غۇلغۇلا، جاڭجال پەيدا قىلماق: شائىر نەرە تارتتى، ئاچىل-ئاچىل... دەپ توۋلىدى، بىر تەرەپتىن نەيزە-قىلىچ ئويناتتى، شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. * — شاۋقۇن كۆتۈرمە!؟ — دېدى يىگىتلەردىن بىرى ئەدەبسىزلەرچە ھىجىيىپ، — ئىشەنگەن تېغىڭ تىكۇەتتى، ئەمدى بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىزدا بولىسەن!

**شاۋقۇن-سۈرەن** ① كۈچلۈك شاۋقۇن، يۇقىرى ئاۋازلىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قالايمىقان ۋارقىراپ-جارقىراشلار: تاھىر ئاكىنىڭ تەمبۇر ئاۋازى باللارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەن، ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى بېسىپ كەتكەنىدى. * مۇدىرنىڭ سەھنىگە چىقىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارـ-نىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى بىرئاز پەسلىدى. ② كۆڭۈلسىز ۋاراڭ-چۇرۇڭ، جەڭگە-جېـ-دەل، ئۇرۇش-تالاش: شاۋقۇن-سۈرەنلەرگە تولغان كۈنلەر خۇددى تاسادىپىي پەيدا بولغان قۇيۇندەك چاڭ-توزانلارنى توزۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى. * ئەسلىدە مەن بۇ كۈرەشنى كېڭىشىش يولى بىلەن شاۋقۇن-سۈرەنسىز ھەل قىلىۋېتىش نىيىتىدە ئىدىم.

**شاۋقۇنسىز** سۈپ. شاۋقۇنى، ۋاراڭ-چۇرۇڭى يوق، ۋارقىراش-جارقىراش بولمىغان: تاڭ سەھەردىكى شاۋقۇنسىز يېزا قويىندىن نەي

ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. // مەكتەپ ئىچى شاۋقۇنسىز بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

**شاۋقۇنلاتماق** «شاۋقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوران لىغىلداپ تېپىنىچ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى شاۋقۇنلىتىپ، دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى.

**شاۋقۇنلانماق** «شاۋقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تاغدىن شاۋقۇنلىنىپ چۈشۈۋاتقان دەريا سۈيى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقاتتى.

**شاۋقۇنلۇق** سۈپ. شاۋقۇنى بار، شاۋ-شۇۋ ئاۋازلار بىلەن تولغان، ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان؛ قاينام-تاشقىنلىق: مۇشۇ قىيانىڭ جەنۇبىدىن شاۋقۇنلۇق مۇزات دەرياسى ئۆتىدۇ. * كەنت ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى شاۋقۇنلۇق ھاياتىنى يەنە باشلىۋەتكەنىدى.

**شاۋقۇنلۇق تاۋۇش** <تىل> تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ تەرتىپسىز تىترىشىدىن چىقىدىغان ھەمدە قۇلاققا يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان تاۋۇش.

**شاۋقۇنلىماق** پ. شاۋقۇن پەيدا بولماق، شاۋقۇن كۆتۈرۈلمەك، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق: شاۋقۇنلاپ تۇرغان مەيدان بىردىنلا سۈكۈتكە چۆكتى، ھەممىنىڭ كۆزى يېڭى باشلىققا چۈشتى. * شاۋقۇنلاپ تۇرغان يېزا تۇرمۇشى مېنى داۋاملىق ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى.

**شاۋۋېي** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر-لار ئىچىدىكى بىر دەرىجە. ئادەتتە جۇڭۋېيدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

**شائىر** ئى (ئە) <ئەد> شېئىرىي ئەسەر يازىدىغان كىشى: خەلق شائىرى. * ل. مۇتەللىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەڭگىۋار شائىرىدۇر.

**شائىرانە** (ئە+پ) <ئەد> ① رەۋ. شائىرلارغا خاس ئىلھام ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن، شائىرلارچە: شائىرانە سۆزلىمەك. شائىرانە ئوقۇماق. * ئۇلار قىلىشاتتى چاقچاق شائىرانە، ئوقۇشاتتى شېئىرلارنى ماھىرانە. ② سۈپ. شائىرلارغا خاس، شائىرلار ئويلىغاندەك گۈزەل ۋە جەزىبىلىك: شائىرانە سۆز. شائىرانە تۇيغۇ. شائىرانە ھېسسىيات. * بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭى-يېڭى شائىرانە ئىلھام قوزغىلىشقا باشلىدى. ئۇ كېيىن بېرىپ ھېلىقى كونى مومىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشقان گۈل دەستىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى ھەم ئۇنىڭ شائىرانە بىر جۈملە سۆزىنى ئەسلەيتتى.

**شائىرە** ئى (ئە) <ئەد> شېئىرىي ئەسەر يازغۇچى ئايال، ئايال شائىر: بۈگۈنكى گېزىتكە شائىرە بېلىقىزنىڭ بىر پارچە شېئىرى بېسىلدى. * كۆرمىسەممۇ مەن سىزنى، سىزگە كۆيدۈم شائىرە. مەرىپەتنىڭ ئاشىقى، سىزنى سۆيدۈم شائىرە.

**شائىرچاق** ئى. شېئىر ھەۋەسكارى، دەسلەپكى قەدەمدە شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن كىشى، بالا شائىر: كۆرۈپ قالدىم يالقۇننى، سۆيۈپ قالدىڭ شائىرچاق، زاۋۇت قىزى ئالتۇننى.

**شائىرلارچە** رەۋ. شائىرلارغا ئوخشاش، شائىرلاردەك: ئۇ بارغانچە قىزىپ شائىرلارچە سۆزلەشكە باشلىدى.

**شائىرلىق** ① «شائىر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شائىرلىقنىڭ تۈپ ماھىيىتى – ئاجىزلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ روھىنى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ تەبىئىتى – خۇشامەتتىن خالىي بولۇش. ② ئى. سۆزمەنلىك، سۆزگە ئۇستىلىق: –

قەيەرگىلا بارسا شائىرلىق قىلىپ، باشقىلارغا سۆز بەرمەي سۆزلەۋېرىش ياخشى ئەمەس، ئەقىللىق ئادەم ئاز سۆزلەيدۇ، — دېدى ئۇ ئەلانى ئەيىبلەپ.

**شاي** سۆپ. شاش، كۆندۈرۈلمىگەن، توسۇن: سۆزلىرى غول سۆيىدەك راۋان ئۇنىڭ، چىرايى ئاسماندىكى نۇرانە ئاي، يېشى سەكسەن ئالتىدىن ئۆتكەن، بىراق، دۆڭگە چاپسا نەۋ قىران ياشتىنمۇ شاي.

**شاياتۇن** ئى (ئە) شەيتان، جىن-شەيتان، ئالۋاستى: كىم شاياتۇن، كىم ئېنىق ئادەم بۇگۈن، كىمگە تەن بولماق كېرەك ئالەم بۇگۈن؟ * شاياتۇنلار سالدى باشقا كۈرمىڭ بالانى، ئۆتتى كۆڭۈل جاراھىتى تاپماي داۋانى.

**شاياردى** ئى. دىئال. داۋراڭچى، پوچى.

**شايان** ئى (پ) يېز ت. ئاشكارا، مەلۇم، ئايان: خەلقىنىڭ بەختىنى تەمىن ئېتىشنى كۆزدە تۇتقانسەن، خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئەۋۋەلۇئاخىر ئۇنتۇغانسەن، ئېزىلگەن بارچە ئەللەرگە ھوقۇقنى تونۇتقانسەن، شەرەپلىك بۇ مۇقەددەس يول پۈتۈن دۇنياغا شاياندۇر.

**شايان بولماق** ئاشكارا بولماق، مەلۇم بولماق، ئايان بولماق: — ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن، پادىشاھى ئالەم! ھېلىقى ۋەقە پۈتۈن ئالەمگە شايان بولۇپتۇ، — دەپتۇ ۋەزىر تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

**شايەت** باغل (پ) يېز ت. ئەگەر، ئەگەردە، مۇبادا (ئېھتىماللىق دەرىجىسىنىڭ ئەڭ ئاز، كىچىك بولۇشى ھەققىدە) : بەختتە ئەسلىسە غۇربەتنى ئادەم، تاپۇر ئىقبالنى غۇربەتتە ئۇ ھەم. بۇ داستاندۇر مۇراد شۇلدۇر ناھايەت، ئايان بولسا شۇ مەقسەت ئەلگە شايەت.

**شايىبا** ئى (ر<نېم) بۇرما ئاستىغا قويۇلىدىغان نېپىز مېتال ھالقا: بۇرما چىڭىمىغاچقا ئاستىغا شايىبا قويۇشقا توغرا كەلدى، بىراق ئەپلىك شايىبا تاپالماي خېلى ئاۋارە بولدۇق.

**شايىپا** (توغرىسى: شايىبا) ← **شايىبا.**

**شايكا** ئى (پ) ① ياۋۇزلۇق قىلىش نىيىتىدە تىل بىرىكتۈرگەن ۋە ياۋۇزلۇق قىلىدىغان ئادەملەر توپى، يامان مەقسەتلىك ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھ؛ قارا تەشكىلات: كېچىلىرى يول توسۇپ يۈرىدىغان بۇلاڭچىلار شايكىلىرى توغرۇلۇق خۇددى ئەپسانىلەردەك سىرلىق گەپ-سۆزلەر تارقىلىپ كەتكەندى. * شىياۋ شىياۋزى دېگەن بىر يىگىت كېلىپ، نيۇ داشۈينى شايكىغا بىللە كىرىشكە ئۈندىدى. ② ياۋۇزلۇق نىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ شېرىكى، قارا تەشكىلاتلار-نىڭ ئەزاسى: توختى توگىنىڭ بىر نەچچە شايكىلىرى كېلىپ مېنى كالتەكلەشكە باشلىدى. * ئۇلارنى ئىلياس ئەپەندى بىلەن نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ شايكىلىرى دەپ تۇتۇۋېتىپتۇ!

**شايلىماق** پ. دىئال. خۇش قىلماق.

**شايى** ئى (پ) يىپەكتىن توقۇلغان رەخت: ئايتىللا شۇ كۈنى ئاقسۇدا ئەڭ ئەتىۋارلىق ھېسابلانغان خوتەن شايىسىدىن كۆڭلەك كىيگەن، قاپقارا ئۇزۇن چېچىنى كاللەكلەپ، ئۈستىگە ياغلىق چىگىۋالغانىدى. * يارىم ماڭا ئۇزاتتى، ئاق شايىدىن قول ياغلىق. چۆرىسىگە گۈل چەككەن، ئاڭا كۆچكەن بوستانلىق. // شايى رومال. شايى كۆڭلەك.

**شايى رومال** شايىدىن تەييارلانغان ياكى شايى توقۇيدىغان يىپەكتىن توقۇلغان رومال: شوق شامال قىزنىڭ شايى روملىنى ئۇچۇرۇپ چۇشۇرۇۋەتتى. * ئايشەم خېنىم بېشىغا شايى رومال سېلىۋالغانىدى.

**شايى ئۇسسۇلى** <ئۇس> ئۇسسۇلنىڭ بىر خىل تۈرى. بۇنىڭدا ئۇسسۇلچى قولىدا ئۇزۇن ھەم رەڭدار شايىلارنى تۇتقان ھالدا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇلارنى سەكرەش ياكى قەدەم رىتىمىغا كەلتۈ-رۈپ دولقۇنلىتىش ئارقىلىق ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا سەھنە كەيپىياتى قىزغىن، ئۇسسۇلچىنىڭ روھى ئۇستۈن بولىدۇ. ئۇسسۇل قەدىمگە ئەگىشىپ ئۇچۇۋاتقان رەڭدار شايىلار پۈتۈن سەھنە بوشلۇقىنى ئىگىلەپ، تاماشىبىنغا بىر خىل ئېستېتىكىلىق زوق بەخش ئېتىدۇ.

**شايى ياغلىق** شايىدىن تەييارلانغان ياكى شايى توقۇيدىغان يىپەكتىن توقۇلغان ياغلىق، نېپىز ھەم ئالىي دەرىجىلىك گەزلىمىلەردىن تەييارلانغان ياغلىق: رەڭگارەڭ ھەسەن-ھۈسەن، شايى ياغلىقىم بولسا.

**شايى-ئەتلەس** شايى ۋە ئەتلەس قاتارلىق يىپەكتىن توقۇلغان ئالىي دەرىجىلىك رەختلەر: مېھمانخانىنىڭ پەنجە-رىلىرىگە ئۇزۇن-ئۇزۇن رەڭلىك شايى-ئەتلەس پەردىلەر تارتىلغانىدى. * ئامراق ئىكەن قىز بالا، شايى-ئەتلەس كىيىشكە.

**شايىپەتتا** ئى (شايى+پەتتا) سۇلۇق قىلىپ قورۇلغان سەي، قورداق، سۇيۇق چېلىنغان ئۇماچ، سۇيۇقئاش قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق توغرالغان ناننى سېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاماق: داڭقاندا ئەتكەن شايىپەتتانى ئۇسسۇشقا بىرنەرسە تاپالماي ئاخىرى ھېلىقى يوبدان يۇقى قاچىنى پۈۋلۈۋېتىپلا ئۇنىڭغا ئۇسۇپ ئىچتى.

**شايىپۆتۈك** ئى (شايى+پۆتۈك) <ئارخىئول>

قەدىمكى زاماندا يىپەك رەختلەر ئۈستىد-گە پۈتۈلگەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئە-سەر ياكى خەت-چەكلەر.

**شايىچى** ئى. شايى توقۇيدىغان ئادەم، شايى توقۇغۇچى: ۋىلايىتىمىزدىكى شايىچىلار-نىڭ توقۇغان شايىلىرى چەت ئەللىك دوستلار-نىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. // شايىچى قىزلار.

**شەب** ئى (پ) يېز ت. كېچە، كەچ، تۈن: نىسپىي شەب. * گۈل بىلەن بۇلبۇل تېپىشقان كەبى، ياكى ئاننى تاپقاندەك سەبى، ئوخشاش يورىغان كۈندۈز ھەم شەبى، دېسەم ھۆر بىلەن غىلمانىم ئۇسسۇل.

**شەبان** ئى (ئە) <ئاستر> ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى سەككىزىنچى ئاي. ئۇ 29 كۈن بولىدۇ.

**شەببادە** ئى. يېز ت. مەيىن، سالقىن شامال: رويالنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئۇنىڭ خىيالىنى باھار شەببادىسىغا چۆمگەن ۋەتىنىگە ئېلىپ كەتتى.

**شەبنەم** ئى (پ) <مېتېئور> يەر يۈزى ياكى يەر يۈزىگە يېقىن تۇرغان جىسىملار ئۈستىدە پەيدا بولىدىغان سۇ تامچىلىرى. بۇ يەر يۈزىدىكى ئوت-چۆپ، دەل-دە-رەخ، تۇپراق ۋە تاش قاتارلىق جىسىملار-نىڭ ياز كېچىلىرى ئۆزىدىكى ئىسسىقلىقنى چىقىرىۋېتىپ سوۋۇشى ھەمدە تېمپېراتۇرد-سى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، يەر يۈزىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا يېقىنلىشىپ (يەنىلا 0°C تىن يۇقىرى بولىدۇ) تەركىبىدىكى سۇ گازىنى تويۇندۇرۇشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ: سىز شەبنەمنى بىلەمسىز؟ گۈل ھەر سەھەر بۇلبۇل ئويقۇغا چۆككەندە ھەسرەت چېكىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ قىپقىزىل زىناقلىرىدا شەبنەم پەيدا بولىدۇ.

شەبنەم گۇلىنىڭ كۆز يېشى! * ناخشا ئېيتقان ئۇنىڭنى چۈشۈمدىمۇ ئاڭلايمەن، شەبنەم چۈشكەن گۇلشەنگە كېلىپ ساڭا قارايمەن.

**شەبنەم نۇقتىسى** <مېتېئور> تەركىبىدە سۇ گازى بولغان نەم ھاۋانىڭ بېسىم ئۆزگەرمىگەن شارائىتتا سوۋۇپ، تەركىبىدىكى سۇ گازىنى تويۇنغان ھالەتكە كەلتۈرگەن ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسى.

**شەبنەملىك** سۈپ. شەبنەم چۈشكەن؛ شەبنەم بىلەن قاپلانغان، شەبنەم قونغان: ئەكەلگىن شەپەقنى مەي قىلىپ دىلدار، شەبنەملىك دالىنىڭ غۇنچىسىنى جام. جاپالىق ئەمگەكتىن چارچىغان جانغا، گۈزەللىك يالقۇنى بېرىدۇ ئارام. * ئەمدى قىز قارىدى ئالدىدا تۇرغان — شائىرنىڭ شەبنەملىك تونۇش يۈزىگە.

**شەبىستان** ئى (پ) يېزىت ① كەچكى قونالغۇ، كېچىدە ئارام ئالىدىغان ئورۇن: كۈچ، ئەقىل، ئىرادە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ، جىمىكى بايلىقنىڭ پۈتمەس كانى بۇ، ئاۋايلا، ئۇيقۇغا بەرمىگىن مالال، مەرھۇمنىڭ زەرەپشان شەبىستانى بۇ. ② قاراڭغۇ جاي.

**شەپە** ئى ① تىۋىش، پەس ئاۋاز: ئالماس پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، شەپە چىقارماي ئۆيگە كىرىپ كەلدى. * نۇرنىسا شەپە چىقارماي تۇردى ۋە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا چىقتى. * ئارقا تەرەپتىن كەلگەن ھەربىر شەپىگە ئەنسىزلىك ئىچىدە قۇلاق سالاتتىم. ② كۆچمە. بەلگە، ئالامەت؛ ئىما، ئىشارەت، بېشارەت؛ ئالدىن مەلۇمات، سىگنال: — بۇ بىر ياشلىقنىڭ شەپىسى، دېھقان ئاكىلىرىمىزنىڭ... — مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى قىلىپ بولالماستىن يېنىمىزغا يوغان بىر داڭگال چۈشتى. * — ياش ئوقۇتقۇچىڭىزنىڭ يىگىتلىرى سىنالغان بولسا، مۇشۇ ئىشلاردىن شەپە بەرسەكمۇ بولىدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئابدۇكېرىم. * يامغۇرنىڭ شەپىسى بار. * مەۋجۇتكەن دۇنيادا زومىگەر يەنە، مەۋجۇتتۇر يەنىلا ئۇرۇش شەپىسى.

**شەپە بەرمەك** بەلگە، بېشارەت، ئالدىن مەلۇمات ياكى دىققەتنى تارتقۇدەك خەۋەر بەرمەك؛ سىگنال بەرمەك: پارتىزانلار ئوق ئۈزۈش ئارقىلىق دۈشمەنگە ئۆگدىن شەپە بەرگەن بولۇپ، ئاساسلىق ھۇجۇمچى يىگىتلەر سولدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. * — نېمە ئۈچۈن ئىشتىن ئاۋۋال ماڭا بىرەر شەپىمۇ بېرىپ قويمايسەن؟ — دېدى ئۇ رەنجىپ.

**شەپە بولماق** بەلگە، بېشارەت مەلۇم بولماق؛ تىۋىش، خەۋەر كەلمەك: موزاي ياپراق يالماش بىلەن ئاۋارە، تۈلكە يېدى ئۈزۈملەرنى تويغۇچە. چېچىلغاننى ئاتا قىلىپ موزايغا، تىكىۋەتتى بىرەر شەپە بولغۇچە.

**شەپەرەڭ** ئى (پ) <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى بىلەن گەۋدىسى چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ، تۆت پۇتى بىلەن قۇيرۇقى ئارىسىدا تېرە پەردىسى بولىدۇ، كېچىسى ئۇچىدۇ. پاشا، پەرۋانە قاتارلىق ھاشارات بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى بەكلا ئاجىز بولۇپ، ئۆزى چىقىرىدىغان ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىغا تايىنىپ ئۇچىدۇ.

**شەپەق** ئى (ئە) <ئاستر> قۇياش نۇرىنىڭ يانتۇ چۈشۈشى ۋە ھاۋانىڭ تارقىلىش تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاسمان بوشلۇقى ھەم بۇلۇت قاتلاملىرى سېرىق، قىزىل ۋە قىزغۇچ رەڭلەردە كۆرۈنىدىغان بىر خىل ھادىسە، يەنى كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش ئالدىدا ئۇپۇقتا پەيدا بولىدىغان قىزىللىق: بىر-بىرىگە مىنگىشىپ ئۇزاق-تىن-ئۇزاققا سوزۇلۇپ ياتقان تاغلارنىڭ قارلىق

چوققىلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۇتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. * كۆركەم تاڭ شەپقى سەھەرنىڭ سۈس تۇمانىنى قىزىللىققا پۈركەپ، كەڭ دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ، ئازادە ياتاقنى تېخىمۇ يورۇتۇۋەتكەنىدى.

**شەپەقسمان** سۈپ. شەپەققە ئوخشاش، شەپەق رەڭگىدىكى: بىراق ئۆز يارىسىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قان، يەرنى شەپەقسمان قىپقىزىل رەڭگە بوياۋەتكەنىدى. // ئىشتىن چۈشۈپ قاراپ ماڭدۇق يېزىغا، چاقچاقلىشىپ چەكسىز شادلىق ئىلكىدە. يۈزلىرىمىز شەپەقسمان قىزارغان، لەۋلىرىمىز تىنىم تاپماس كۈلكىدە.

**شەپەقلىق** سۈپ. شەپەق نۇرىغا چۈمۈلگەن، شەپەق بىلەن قاپلانغان: شۇنچىلىك چىرايلىق شەپەقلىق ئالەم، ئۇچاتتى يېقىملىق لەرزان شاماللار. تۇرىدۇ نېرىدا چىرايىدا غەم، قەلبىنى ئۇرىغان ئەر ۋە ئايالLAR.

**شەپشەك** سۈپ. شاللاق، تەنتەك، بەڭباش، شاش: رەيھان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جاۋاب قايتۇرغۇچە، ئارىدىن بىر شەپشەك قىز گەپنى چاقچاققا بۇرۇۋەتتى. * بىركۈنى ئىشقىۋاز شەپشەك ھەپرەڭ، يول سالدى جىلۋە قىلىپ ئۆستەڭ بويىغا.

**شەپشەكلىك** ئى. شەپشەك، شاللاق قىلىق؛ شاللاقلىق، بەڭباشلىق، تەنتەكلىك؛ شاشلىق: ھەققەتەن ئۇ قىزنىڭ شەپشەكلىك قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. * — تولا شەپشەكلىك قىلماڭلار، جېنىم باللىرىم! — دېدى دادام بىزگە قاراپ زەردە بىلەن.

**شەپقەت** ئى (ئە) ① ئىچ ئاغرىتىپ رەھىم قىلىش، ئاياش؛ رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىق؛ رەھىم: — سەندە شەپقەت، مېھرىبانلىق زادىلا يوق ئىكەن، باغرىڭ تاش ئىكەن، سېنىڭ، — دېدى ئىنىزېنىر. * بىنا بولۇپتۇ ئۆتۈپ يىللار-ئەسىرلەر، ئۇ ئەۋلادتىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر. بۇ بىر خەلق قەد تىكلەپتۇ دۇنيادا، كۆك تەڭرىنىڭ شەپقىتىدىن تېپىپ نۇر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شەپقەت قىلماق** رەھىم قىلماق، مېھرىبانلىق قىلماق، ياخشىلىق قىلماق: ئەتىسى دېھقان ئۇنىڭ ئەسلى ئىش ھەققىدىن جىقراق نەرسىلەرنى شەپقەت قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ. * مۇنداق ئىپلاس كىشىگە شەپقەت قىلىشنى خالىمىدىم-دە، ئۇ يەردىن كېتىپ باشقا يۇرتلارنى ئايلاندىم.

**شەپقەت ھەمشىرە** سېستىرا: مىللىي ئارمىيىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى قەمەرنىسا ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى.

**شەپقەتچان** سۈپ. مېھىر-شەپقىتىنى ئايىمايدىغان، شەپقەتلىك: بوۋاق ھەرقاچان بولۇپ تۇرغىنىدەك ھازىرمۇ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقۇسى ۋە ئۇنىڭ شەپقەتچان كۆكرىكىگە ئوماقلىق بىلەن چاپلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ يەردىكى شىپالىق پاك ئوزۇقىنى قېنىپ-قېنىپ تامشىغۇسى — سۈت ئەمگۈسى كېلەتتى.

**شەپقەتچانلىق** ئى. مېھرىبانلىق، رەھىمدىللىك، كۆيۈنۈش: ل. مۇتەللىپ سىرداش ۋە پىكىرداشلىرىغا شەپقەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

**شەپقەتچى** ئى. ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم قىلغۇچى، مېھرىبانلىق قىلغۇچى، ياخشىلىق قىلغۇچى: خەتەردىن قۇتۇلغان ئايال شەپقەتچىسىگە بېشىنى كۆتۈرۈپ تەبەسسۇم بىلەن قارىدى. * قىلىچ بولسا سۇتۇقنى شەپقەتچىنىم دەپ تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى.

**شەپقەتسىز** سۈپ. مېھىر-شەپقەتنى بىلمەيدىغان، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلماي-

دىغان، رەھىمسىز؛ ۋەھشىي: بەلكىم ئۆيۈڭدە بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىنغانسەن، شەپقەتسىز، شۇم پەلەك بىزنى رەھىمسىزلارچە ئۆگەيلىشىدىن ئاھ چېكىدىغانسەن، غەزەپلىنىدىغانسەن... تىترەيدىغانسەن...! * نەيزىلەر سۇندى كۆپ، سۇنمىدى قىساس، چۆمگەچكە قان ياشلىق يامغۇرغا جاھان، ۋە لېكىن ئىستىلا ئىزنى بويار ۋاقىتنىڭ شەپقەتسىز ئېقىمى يامان.

**شەپقەتسىزلىك** «شەپقەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىزلار شەپقەتسىز بولىدۇ، پاتىگۈلنىڭ ئەزەلدىن يىقىملىق ئاڭلىنىپ كەلگەن كۈلكىسى شۇ شەپقەتسىزلىكنىڭ بېشارىتىدەك بىلىندى.

**شەپقەتلىك** سۈپ. بىراۋغا ئىچ ئاغرىتىپ ياخشىلىق قىلىدىغان، مېھىر-شەپقەت قىلىدىغان؛ مېھرىبان، رەھىمدىل: پادىشاھ ئۆزى ئۈچۈن كۆيۈنگەن بۇ شەپقەتلىك كېنىزەككە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مېھرىبان ئانىسى، شەپقەتلىك دادىسى، غەيرەتلىك بوۋىسى، شېرىن سۆزلۈك مومىسى، جانجىگەر سىڭلىسى ئۆتتى.

**شەپكە** ئى (د) ئالدى تەرىپىدە سايىۋىنى — چېكىلىكى بولغان بىر خىل باش كىيىمى: ئۇ «ئۇررا!» سادالىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئالقىنىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىگە ئېلىپ سالام قىلدى. * يۇسۇپ چوڭنىڭ يېنىدا ئۈستىگە تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپان، بېشىغا چېكىلىكى ئۇچلۇق كۆك شەپكە كىيىۋالغان بىر ئادەم تۇراتتى.

**شەپكىچى** ئى. شەپكە تىكىپ ساتىدىغان ئادەم: نۇرىدىن ھەقىقەتەن ئۇستا شەپكىچى ئىدى. * شەپكىچىدىن 55-نومۇرلۇق شەپكىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، بالىغا كىيدۈرۈپ قويدۇم.

**شەپكىچىلىك** «شەپكىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ بىرمەزگىل بازاردا شەپكىچىلىك قىلىپمۇ كۆردى، يەنىلا كۆنەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن قەدىرلىك ئايالىنى ئىزدىدى. * ئۇ ئۆزىنىڭ شەپكىنى ياخشى تىكىدىغانلىقىنى ئويلاپ شەپكىچىلىك قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

**شەپكىلىك** سۈپ ① شەپكىسى بار، شەپكە كىيگەن: «ياق» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگەن سېرىق شەپكىلىك بالا ئادىلنىڭ تەستىكىگە چاڭگىدە بىرنى سالدى. // — قوي ئۇنى، — دېدى ھەرە تۇتقانلاردىن بىرەيلەن سېرىق شەپكىلىككە قاراپ، — بۇ ئاداش خىلۋەت ئورمانلىقتا كىرىۋېلىپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ئىكەن. ② شەپكە تىكىشكە لايىق، مەلۇم ساندىكى شەپكىگە يېتىدىغان: شەپكىلىك سارجا. شەپكىلىك رەخت.

**شەپىسىز** سۈپ ① ئۈن-تىۋىشسىز، ئاۋازسىز: ئۇ شەپىسىز قەدەملەر بىلەن كارىدور ئارقىلىق ئىشىككە باردى. // ئۇ ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋايلاپ، شەپىسىز بېسىپ تالاغا چىقتى. ② بەلگە ياكى ئالامەتسىز، سىگنالسىز: ئابدۇللا دامولىنىڭ ھەرىكىتى سىرلىق ھەم شەپىسىز ئىدى. // يوشۇرۇن دۈشمەن ئاشكارا دۈشمەندىن خەتەرلىك دەپ ئېيتقىنىمىزدا، ئاجىز شامالنىڭمۇ شەپىسىز كېلىپ شامنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز.

**شەتلەڭگە** ئى (د) پاختا يىپتىن ياكى يۇڭغا ئاز مىقداردا يۇڭ، يىپەك يىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ۋە رەڭدار كاتەكچىلەر چىقىرىلىپ توقۇلغان رەخت.

**شەجەرە** ئى (ئە) ① مەلۇم بىر ئۇرۇق ئەۋلادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ

قېرىنداشلىق دەرىجىسىنى رېتى بويىچە ئىزچىل يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگۈچى رويخەت، تارىخ؛ نەسەبنامە: كۆكەنىڭ قەھرىمان ئوفتسېر بولۇپ يېتىلىشمۇ ئۇنىڭ شەجەرىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان. * ئۇ ياشلىقىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان، خەلقتىن ئاڭلىغان قىسسە، شەجەرە، بېيىت قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتلىرىنى ئېسىدە تولۇق ساقلىغان. ② <بىئول> تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىش سىستېمىسى ياكى مەلۇم بىر ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋلادلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر.

**شەخس** ئى (ئە) ① كىشى، ئادەم: ناتونۇش شەخس. ئومۇمغا كۆڭۈل بۆلۈشنى شەخسكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مۇھىم كۆرمەك * بۇ جەرياندا ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. ② مەلۇم جەھەتتە تىپىك خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ياكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان كىشى: تارىخىي شەخس. شەخسكە چوقۇنۇش. ③ <تىل> ئىسىم، ئالماش ۋە پېئىللاردا كۆرۈلىدىغان ھەمدە شۇ خىل سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ مەلۇم تۈرلەنگەن شەكلى ئارقىلىق شۇ سۆز ئىپادىلىگەن شەيئى ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلىگۈچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ قايسى بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق فورما. ئادەتتە ئۇ بىرىنچى شەخس، ئىككىنچى شەخس ۋە ئۈچىنچى شەخس دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ.

**شەخس كاتېگورىيىسى** <تىل> گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەردىن بىرى. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم، ئالماش ۋە پېئىلدا كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە شۇ خىل سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر ئىپادىلىگەن شەيئى ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەخسكە چوقۇنۇش** <پەلس> شەخسنىڭ تارىختىكى رولىنى مۇبالىغە قىلىپ، ئايرىم كىشىلەرنى خاسىيەتلىك تالانت ئىگىسى، دۇنيانى ياراتقان قەھرىمان، ھەتتا پەيغەمبەر، ئەۋلىيا قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش. ئۇ ئىدېئالىزملىق تارىخىي قاراشنىڭ ئاما بىلەن داھىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىكى ئاساسلىق ئىپادىسىدۇر.

**شەخسەن** رەۋ (ئە) ھەربىر شەخسنىڭ مەخسۇس ئۆزى (ئۆزۈم، ئۆزۈڭ، ئۆزى ۋە شۇ قاتارلىقلار): مېھماننىڭ ھالىدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش لازىم ئىدى، ئەمما شەخسەن مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. * — نېمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتىڭىز؟ خاتا چۈشىنىپ قېلىپسىز، مەن شەخسەن سىزنى دەپ شۇنداق قىلغىنىم يوق، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**شەخسىي** سۈپ (ئە) شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە، ئۆزىگە تېگىشلىك، ئۆزى پايدىلىنىدىغان؛ خۇسۇسىي، ئىندىۋىدۇئال: شەخسىي چارۋا. شەخسىي مۈلۈك. شەخسىي خاراكتېر. * — ئاھ، بۇ پەقەت مېنىڭ شەخسىي قايغۇم، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ. * — بىرىنچىدىن، — دېدى سادىق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن كىشىنىڭ شەخسىي سىرىغا قىزىقمايمەن.

**شەخسىي قەھرىمانلىق** <پەلس> بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: خەلق ئاممىسى ۋە كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە سەل قاراپ، شەخسنىڭ رولىنى كۆپتۈرۈش،

شۆھرەتپەرەسلىك قىلىش قاتارلىقلاردىن
ئىبارەت.

**شەخسي مەنپەئەتپەرەسلىك** <پەلس>
ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ باشقىلار ۋە
كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى بىلەن كارى
بولمايدىغان بىر خىل ئىدىيە. ئۇ ئېكسپې-
لاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار دۇنيا قارىشى-
نىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

**شەخسىيەت** ى (ئە) ① قەدىر-قىممىتىنى
سېزىش تۇيغۇسى، ئۆزىنى ۋە ئۆز
ھۆرمىتىنى بىلىش ھېسسى، غۇرۇر، ۋىج-
دان: شەخسىيىتىگە تەگمەك. ② شەخسي
مەنپەئەت: بۇ ئادەتتىكى ئاياللاردىن
ئەمەس، بەلكى ئەل-يۇرتىنىڭ ئۈمىد-ئارزۇسى،
بەختى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق شەخسىيىتىنى
قۇربان قىلىپ «بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن» دەپ، شىجائەت
كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان بىر پىداكار ئايال
بولسا كېرەك.

**شەخسىيىتىگە تەگمەك** بىراۋنى كەمسى-
تىدىغان، غۇرۇرىغا تېگىدىغان، ئابرۇيىنى
چۈشۈرىدىغان گەپ-سۆز ۋە قىلىقلارنى
قىلماق: — سەن ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە
تەگمە، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر خورلۇق
باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە تەگكەنلىكى-
نى سېزىش، — دېدى دوستۇم ماڭا مېنى
ئاگاھلاندۇرۇپ.

**شەخسىيەتچى** ى. ئۆز قەدىر-قىممىتىنى
باشقىلاردىن ئۈستۈن قويىدىغان، شەخسي -
مەنپەئىتىنى ئويلاپ ئىش تۇتىدىغان
كىشى: كىشى ھەققىگە ھېچ چاغدا قارا
سانىماڭلار، شەخسىيەتچى، ئابرۇيپەرەس
بولماڭلار. // نىياز ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كۆمچىگە
چوغ تارتىدىغان شەخسىيەتچى ئادەم ئىدى.

**شەخسىيەتچىل** سۈپ. شەخسىيەتچىلەرگە
خاس؛ شەخسىيەتچىگە مايىل، شەخسى-
يەتچىلىكنى قوللايدىغان: كونا جەمئىيەتتىن
قالغان «ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا،
ئاسمانمۇ، يەرمۇ راۋا كۆرمەيدۇ» دەيدىغان
ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ شەخسىيەتچىل ئەخلاق
كۆز قارىشى ئۆسمۈر ۋە ياشلارنىڭ روھىنى
چىرىتىدۇ.

**شەخسىيەتچىلىك** ى <پەلس> ھەممىدە
شەخسنى ئاساس قىلىدىغان، شەخسي
مەنپەئىتىنى كوللېكتىپ مەنپەئىتىدىن
ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان ۋە ئۆزى
بىلەنلا بولۇپ، باشقىلار بىلەن كارى
بولمايدىغان بىر خىل خاتا ئىدىيە. ئۇ
ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان
خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەھسۇلى،
شۇنىڭدەك بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشىنىڭ
يادروسىدۇر. ئۇ شەخسي قەھرىمانلىق،
لىبېرالىزم، تار مەھكىمچىلىك ۋە مەزھەپ-
چىلىك قاتارلىق بىرقانچە خىل شەكىلدە
ئىپادىلىنىدۇ: بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار كىچىك
گۇرۇھلارغا ئۇيۇشۇۋالىدۇ، ھەتتا بىر-بىرىنىڭ
كەمچىلىكىنى يوشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا
شەخسىيەتچىلىك پىسخىكىسى، شەخسي
قەھرىمانلىق قاتارلىق ناچار ئەخلاقىي پەزى-
لەتلەر يېتىلىپ قالىدۇ. * ئوسماندا ئەزەلدىن
ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان
شەخسىيەتچىلىك بار ئىدى.

**شەخسىيەتسىز** سۈپ. شەخسي ئاتاق-ئاب-
روي ۋە شەخسي مەنپەئەتنى بىلەن
ھېسابلاشمايدىغان، ئۆز كۆمچىگە چوغ
تارتمايدىغان: سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە
قاۋۇلغا ئوخشاش شەخسىيەتسىز، نامسىز
قەھرىمانلار مىڭلاپ-مىڭلاپ مەيدانغا كەلدى
ھەم كەلمەكتە.

**شەخسىيەتسىزلىك** « شەخسىيەتسىز »

سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۈچ پارچە ئۆتتۇنۇش خېتى شەخسىيەتسىزلىك، كەلدۈ قورساقلىق، سەممىي سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

**شەخسىيپەرەس** ئى (ئە+پ) ← **شەخسىيەتچى**: — مەن ئۆمرۈمدە سېنىڭدەك شەخسىيپەرەسلەرنى ناھايىتى كۆپ كۆرگەندىم، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن. // بىرى شەخسىيپەرەس زالىم، بىرى قاشقىر مىجەز ھاكىم، بىرى گال بەندىسى «ئالىم»... ساداقەتتە رىيا كۆردۈم.

**شەددات** (ئە) ① ئى. قەدىمكى زاماندا يەمەن ۋىلايىتىدىكى ئاد قوۋمىنىڭ بىر پادىشاھى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ بىر باغ ياساپ، ئۇنى جەننەت دەپ ئاتىغانمىش ھەم خۇدا بىلەن خۇدالىق تالاشقانمىش، قول ئاستىدىكى پۇقرالارنى ئۆزىنى خۇدا دەپ ئېتىقاد قىلىشقا زورلىغانمىش: «تەۋرات»تا: «شەددات ياسىغان باغى ئىرەمدە <ئۆلمەسلىك ئالمىسى> ناملىق بىر مېۋە بار» دېگەن رىۋايەت يېزىلغان. ② سۈپ. كۆچمە. شەپقەتسىز، زالىم؛ جاھىل، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالىدىغان: قۇرداش دېگەن شۇنداق شەددات بولامدۇ؟ ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىنى ئويامدۇ؟ * بۇ خوتۇن قارىماققا ناھايىتى ياۋاشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆتۈپ كەتكەن شەددات ئىكەن.

**شەددە** ئى (ئە) <بىن> مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىرى ئۈستىگە مېھرابچە شەكلىدە قويۇلغان خىش.

**شەددىئەلەم** ئى (شەددە+ئەلەم) چۈرىسىگە چىشسىمان پۈپۈكچە چىقىرىلغان كىچىك بايراقچە: بولسۇن خادام — مۈلكۈم قەلەم، ئاسمانغ ئاتا شەددىئەلەم، يىللارسىرى روھىم

تېپىڭ، يۇرتۇم خوتەننى ئاختۇرۇپ.

**شەرەپ** ئى (ئە) ① پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان نەرسە ياكى ئىش؛ پەخىر، ئىپتىخار: — مېنىڭ ئاتىتىن چۈشۈپ ئالدىلىرىغا چىققانلىقىمنى جانابلىرى شەرەپ دەپ بىلەمدىلا؟ — دەپ سورىدى ئاقنىياز. * — ھەببۇل ھەربىي بولسا، سىزنىڭ شەرىپىڭىز، مەھەللىمىزنىڭ شەرىپى، — دېدى نۇسرەت ھەمدۇلنى قوللاپ. ② ياخشى ئىش تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا ئېرىشكەن نام، ھۆرمەت، داڭق، ياخشى ئاتاق: يېقىندا 28 ياشلىق بىر ياش ئىنژېنېرلىق شەرىپىگە ئېرىشتى. * ئەل ئاغزىدا داستان قىز، شەرەپ گۈلى تاقىقان قىز، بۇلبۇل بولۇپ ئىشقىڭدا، كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟

**شەرەپ تاپماق** ئاتاق-ئابروي، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماق؛ پەخىرلەنگۈدەك نەتىجىگە ئىگە بولماق: — خەير، خوش ئوغلۇم! خەير خوش! ئىشلىرىڭدا شەرەپ تاپقىن!... — دېدى موماي كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ.

**شەرەپ تاختىسى** خىزمەت ياكى باشقا ئىشلاردا نەتىجە ياراتقانلارنىڭ نامى يېزىلىپ ئېلان قىلىنىدىغان تاختا ياكى سەھىپە: ئۇنىڭ ستانوكنى ھادىسە چىقارماي داۋاملىق بىلەن مۇستەقىل باشقۇرۇپ كەلگەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ، شەرەپ تاختىسىغىمۇ يېزىلدى.

**شەرەپ-شان** ← **شان-شەرەپ**: بۇ جاھان مېھنەت جاھانى مېھنەتنىڭ ئۆلمەس ئەبەد، مېھنەتنىڭ بىرلە تاپارسەن زور شەرەپ-شان ئاقىۋەت. * مەنزىل پارلاق، غەلىبە يار بىزگە، ئاتا تولۇق ئىشەنچ-ئاساسىم. بولسام ئەگەر بۇ يولدا قۇربان، دەيمەن دوستلار بۇ شەرەپ-شانىم.

**شەرەپلىك** سۈپ. ئالقىشلاشقا، مەدھىيىگە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر؛ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان: ئانا ۋەتەننىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئەمما مەقسەتلىرىگە ئېرىشەلمەي قۇربان بولغان مىليونلىغان قەھرىمانلارنىڭ شەرەپلىك نامى دىلىمىزدا مەڭگۈ ياد ئېتىلۇر! * بېيجىڭ شەرەپلىك، بېيجىڭ مۇقەددەس. ئانا ۋەتەننىڭ ئاشۇ يۈرىكى.

**شەرەت** (توغرىسى: ئىشارەت) ← ئىشارەت.

**شەربەت** ئى (ئە) ① پىشقان ھۆل مېۋىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى، شىرنە؛ مېۋە سۈيى: 9-ئايدا تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى شەربەتكە تولىدۇ. * بىر پىيالە شەربەتنى تىنماي سۈمۈرۈپ ئىچىپ بولغان مېھمان بوۋايغا رەھمەت ئېيتتى. ② مېۋىنى مۇۋاپىق نىسبەتتىكى سۇغا سېلىپ قاينىتىشتىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق: ئانار شەربىتى. ئەنجۈر شەربىتى. جىگدە شەربىتى. // ئەلگە يازدا شەربەت سۇ، سوغدا يالقۇن، چوغ بولۇپ، گۈل ئۈندۈرگەن ئىزىدىن، بارسا مەيلى قەيەرگە.

**شەربەتلىك** سۈپ. شەربىتى بار، تەركىبىدە شەربەت كۆپ، شىرنىلىك؛ شېرىن: تۇرپاننىڭ شەربەتلىك ئۈزۈملىرىدىن، قويدۇق تاغ سۈيىدە يۇيۇپ لېگەنلەپ.

**شەرت** ئى (ئە) ① بىرەر ئىش، مەسىلە ئۈستىدە يازما ياكى ئاغزاكى يوسۇندا تۈزۈلگەن كېلىشىم، توختام؛ ۋەدە، ئەھدە: ھۆرۈنلار سۇ ئەكىلىشكە بىر-بىرىنى بۇيرۇپ، جاڭجال قىلىشىپ كۈننى كەچ قىلىشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار «كىم گەپ قىلسا ياكى مىدىرلىسا، سۇنى شۇ ئەپكەلسۇن» دېگەن شەرتكە ماقۇل بولۇشۇپتۇ. * مۇسابىقە شەرتلىرىمىزگە «ئۆزئارا ياردەم بېرىش» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. ② ئۆزئارا شەرتلىشىۋاتقان ياكى بىرەر مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان تەرەپلەردىن بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قارىتا قويغان تەلىپى، تەكلىپى: نەزەر ئۈنچىقماستىن قايتىپ كېلىپتۇ ۋە پادىشاھ قويغان شەرتنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. * — خاتىرجەم بول، — دېدى قاۋۇل، نۇرۇللانىڭ شەرتىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ. ③ مەلۇم ئىش تۈپەيلى بېكىتىلگەن ئۆلچەم ياكى بۇ ئۆلچەم ئاساسىدا ھازىرلاش زۆرۈر بولغان مۇۋاپىق تەرەپلەر: كۆرسىتىلگەن شەرتلەرگە ئارزۇگۈل تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. * ئۇنىڭ نەمۇنىچى بولۇشقا شەرتى توشمايدۇ. ④ <پەلس> شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىل، سەۋەب؛ پايدىلىق شارائىت: جىرىم تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش — دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى. * دەرسنى ياخشى تەييارلاش — دەرسنى ياخشى ئۆتۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ⑤ كېيىنكى ۋەزىيەتتە كېلىپ «زۆرۈر»، «كېرەك»، «لازىم» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى ساقلايمىز دەيدىكەنمىز، مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزمۇ بىزنى ساقلىيالىشى شەرت. * ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قانداق بولسا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنداق بولۇشى شەرت.

**شەرت بۆلەك** <لوگ> شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. بۇنىڭدا نەتىجە بۆلەككە نىسبەتەن مەلۇم شەرت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**شەرت قويماق** ① مەلۇم بىر ئۆلچەم، تۈزۈم بەلگىلىمەك: ھەر يىلدىكى «تۆمۈر

چارۋا» سانىقىدا ھەممىگە ئوخشاش شەرت قويۇلاتتى. * «بۇ ئويۇنغا ئاتىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەنلەر قاتنىشىدۇ» دەپ شەرت قويۇشلار. ② مەلۇم بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويماق؛ مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ئۆلچەم ياكى بەلگىلىمىنى ئوتتۇرىغا قويماق: شاھ ئەلچىلەرگە ئىككى تۈرلۈك شەرت قويىدىكەن. * — مەن ئاكا، سەن ئۇكا بولسەن، — دەپتۇ يىگىت شەرت قويۇپ.

**شەرت قىلماق** ① مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەت ياكى ئەھۋال توغرىسىدا مەلۇم بىر نەرسىنى ئۆلچەم قىلماق، تەلەپ قىلماق: ئۇ كەملەردە شەھەردە قىز چوڭ قىلغۇچىلار «جېنىنى ئاسانراق باقارمىكىن» دېگەن نىيەت بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ ئىش ئورنى بولۇشنى شەرت قىلغانغا ئوخشاش سەھرالاردا دېھقانلار ئەلچى كىرسە، بىرىنچى گەپتىلا، يىگىتلەرنىڭ ئېشەك ھارۋىسى بار-يوقلۇقىنى سورايتتى. * — ئۆتسە مېنىڭ لەۋزىمۇ، ئىككى مو يەر ئەپقېلىپ، قوغۇن-تاۋۇز تېرىيلى، — دېدى ئايخان شەرت قىلىپ. ② ۋەدە بەرمەك، قەسەم قىلماق: ئۇ «بۇ پۇلنى ئالىدىغان بولسام ۋە ئىشلىتىدىغان بولسام...» دەپ شەرت قىلىۋەتتى. * — خۇدا ساقلىسۇن، — دېدىم مەن، — سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا قانداق شەرت قىلغىنىمنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟

**شەرتى پىشماق** بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن لازىم بولغان ھەممە نەرسە — شەرت-شارائىت تەييار بولماق، ھازىرلانماق: ھىندونېزىيىنىڭ مۇستەقىللىك ھەرىكىتى جەريانىدا بەزى زىيالىيلار «تېخى بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇش شەرتىمىز پىشمىدى» دەپ قارىغانىدى.

**شەرتسىز** ① سۈپ. شەرتى يوق، شەرت قويۇلمىغان؛ ئۆلچەم ياكى تەلەپ، بەلگىلىمىسى يوق: شەرتسىز رېفلېكس. ② رەۋ. ھېچقانداق شەرت، تەلەپ، باھانە كۆرسەتمەستىن؛ گەپ-سۆزسىز ھالدا: ئانار ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىلىك ئالسا، ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئانارنىڭ تەلىپىگە شەرتسىز كۆنمەكچى بولدى. * ئەكبەر «ئەمەلىيلە شتۇرەيلى» دېگەن سۆزنى شۇنداق بىر تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتىكى، ئۇنىڭدىن «غىڭ-پىڭ قىلماي، شەرتسىز ئىجرا قىلسەن!» دېگەن مەنە ئۆزلۈكىدىن چىقىپ تۇراتتى.

**شەرتسىز رېفلېكس** <فىزىئول> ئادەم ياكى ھايۋانلاردا تۇغۇلۇشىدىن تارتىپلا بولىدىغان بىرقەدەر ئاددىي رېفلېكس. مەسىلەن قولنى ئوتقا تەگكەن ھامان دەرھال تارتىۋالغانغا ئوخشاش.

**شەرت-شارائىت** ① شەرت ۋە شارائىت؛ ۋەزىيەت: ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى، شەرت-شارائىتى بولىدۇ. * ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت، ئورۇن، شەرت-شارائىت ئاستىدا، بۇ يەكۈننىڭ قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. * يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۆز يېرىنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ خىل شەكىلدە داۋالاش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. * دوختۇرلار: — بۇنداق ئوپېراتسىيىنى ئىشلەشكە ھازىر بىزدە شەرت-شارائىت يوق، شۇڭا ئىلاجى بار تېزدىن شاڭخەيگە ئاپىرىڭ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ② <پەلس> شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ياكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل، سەۋەب: كۆچۈرۈشنىڭ بارلىققا كېلىش شەرت-شارائىتلىرىنى

هەر تەرەپتىن تەھلىل قىلىشمىز زۆرۈر. ③ ئەمەلىي ئەھۋال، ۋەزىيەت، شارائىت: ئۇ بۇ يەرنىڭ شەرت-شارائىتى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالغانىدى.

**شەرتلەشمەك** پ ① مەلۇم بىر ئىش توغرۇلۇق ئۆزئارا كېلىشىم ھاسىل قىلماق، كېلىشمەك؛ ۋەدىلەشمەك: باشتا بىز ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنى سورىماسلىققا شەرتلەشكەنىدۇق. * يارىم بىلەن ئىككىمىز، بىر ئاخشىمى سۆزلەشكەن. بولۇپ ئىشنا نەمۇنە، توي قىلىشقا شەرتلەشكەن. ② باغلاشماق، تىكىشمەك: – شەرتلىشەيلى، – دەپتۇ مەردان، – ئەگەر مېنىڭ سىلىگە بەرگەن جاۋابىم توغرا بولسا، خالىغىنىمنى بېرەملا؟ * – ئەگەر مەن ئاشىق بولغان يىگىت سېنىڭ قىزىڭدىن چىرايلىق بولسا، شەكسىزكى، ئۇ چاغدا مەن ئۇتقان بولىمەن. شەرتلەشكەن نەرسە مېنىڭ بولىدۇ، – دەپتۇ ئۇ.

**شەرتلىك** سۈپ ① شەرتى بار، مەلۇم نەرسە شەرت قىلىنغان: شەرتلىك بەلگە. * بۇ بىز ئۈچۈن ھەققەتەن ئېغىر شەرتلىك توختام ئىدى. * مەن ئاستا قەدەملەر بىلەن شەرتلىك جايغا باردىم. // بىز ئۇلارنىڭ تەلىپىنى شەرتلىك قوبۇل قىلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. ② چەكلىك، دائىملىق ئەمەس: ئۇلارنىڭ ياشىشى شەرتلىك، يەر يۈزىدە كېلىپ چىقىدىغان پۈتۈن ھادىسىلەرمۇ ھەققەت بولماي، بەلكى يالغانغا ئوخشايتتى.

**شەرتلىك بەلگە** ① بىرەر شەرت ئاساسىدا ئۆزئارا كېلىشىپ قويۇلغان، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئۆزلىرى بىلىدىغان بەلگە: بىزنىڭ شەرتلىك بەلگىمىز كەپتەرنى دوراپ گۇگۇلداش ئىدى. * ئېسىلغان خالتىلارغا شەرتلىك بەلگە ۋە چۈشەندۈرۈش سۆزلىرى يېزىلغان قەغەزلەر يېپىشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. ② خەرىتىلەردە يەر يۈزىدىكى خىلمۇخىل جۇغراپىيىلىك نەرسىلەرنى (قۇرۇقلۇق، دېڭىز، دەريا، دۆلەت چېگرىسى...) ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان خىلمۇخىل بەلگە ۋە رەڭ قاتارلىقلار.

**شەرتلىك تەڭسىزلىك** <مات> پەقەت مەلۇم دائىرىدىكى سانلىق قىممەتلەرنىلا تەركىبىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئورنىغا قويغاندا كۆچكە ئىگە بولىدىغان تەڭسىزلىك.

**شەرتلىك رېفلېكس** <فىزئول> ئورگانىزمنىڭ سىگنال ئارقىلىق بولىدىغان غىدىقلاشلارغا نىسبەتەن قايتۇرىدىغان ئىنكاسى. مەسىلەن، قوڭغۇراق ئاۋازى ئەسلىدە ئىتنىڭ شۆلگەي ئاجرىتىپ چىقىرىشىغا سەۋەب بولالمايتتى، لېكىن ھەر قېتىم يەم بېرىشتىن ئىلگىرى قوڭغۇراق چېلىنىپ، بىرنەچچە ۋاقىت تەكرار داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىت قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال شۆلگەي ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بولغان. بۇ يەردىكى قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشى شەرتلىك غىدىقلاش بولۇپ، قوڭغۇراق ئاۋازى سىگنال رولىنى ئوينىغان. بۇ خىل غىدىقلاش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئىنكاس ئادەتتە شەرتلىك رېفلېكس دېيىلىدۇ. شەرتلىك رېفلېكس شەرتسىز رېفلېكس ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. بەزى شەرتلىك رېفلېكسلەر ئىرسىيەت ئارقىلىقمۇ مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ.

**شەرتلىك غىدىقلاش** <فىزئول> شەرتلىك رېفلېكسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان غىدىقلاش.

**شەرتلىك قويۇپ بېرىش** <قا> جازا مۇددىتى توشمىغان جىنايەتچىنى مەلۇم شەرتلەر بىلەن ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مەزگىلدە جىنايەتچى

قايتا يېڭى جىنايەت سادىر قىلمىسا، ئەسلىدىكى جىنايى جازا ئىجرا قىلىنىپ بولغان بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇرۇن ھەم كېيىن قىلىنغان جىنايى جازا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

**شەرتلىك مۇناسىۋەت** <لوگ> مەلۇم شەرت ئاساسىدا ئورنىتىلغان مۇناسىۋەت.

**شەرتلىك ھۆكۈم** <لوگ> ھۆكۈملەنگۈچە-سى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى مەلۇم شەرتكە - ئاساسەن باغلانغان ھۆكۈم.

**شەرتلىك ئۈچ ھۆكۈملۈك** <لوگ> ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسىنىڭ بىر خىل تۈرى. ئۇنىڭ چوڭ ئاساسى شەرتلىك ھۆكۈم، كىچىك ئاساسى بىلەن يەكۈنى كەسمە ھۆكۈم بولىدۇ.

**شەرتنامە** ئى (ئە+پ) ① دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالىنىدىغان، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد ياكى مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى ھۆججەت، - كېلىشىم: تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى. جۇڭگو-ياپونىيە تىنچلىق-دوستلۇق شەرتنامىسى. ② بىرەر مەسىلە يۈزىسىدىن ئۆزئارا كېلىشىلگەن يازما توختام: شەرتنامىگە قول قويماق.

**شەرق** ئى (ئە) ① دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى، يەنى غەربنىڭ قارشىسىدىكى، كۈن چىقىدىغان تەرەپ؛ كۈنچىقىش: شەرق شامىلى. * شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن كۈن ئەمدى نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. * بىزنىڭ دەرۋازىمىز شەرققە قارايدۇ. ② غەربىي ياۋروپاغا نىسبەتەن شەرق تەرەپتىكى مەملىكەتلەر، جايلار: يېقىن شەرق. يىراق شەرق. ئوتتۇرا شەرق.

**شەرق شامىلى** ① <مېتېئور> شەرق تەرەپتىن چىققان شامال. ② ئىنقىلاب كۈچى ۋە تەسىرى، پايدىلىق شارائىت: سىياسەت ئېنىق ۋە تۇراقلىق بولدى. بىز مۇشۇ شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تېز باشلىشىمىز كېرەك.

**شەرق قامچىئوتى** <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئۈچ مېترغا يېتىدۇ، يوپۇرمىقى كەڭ ۋە تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، گۈلى قىزىل ياكى ئاق، مېۋىسى قارا كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**شەرق نەرگىز گۈلى** <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەڭگىچە غولى شار شەكلىدە، يوپۇرمىقى قېلىن ۋە تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ. گۈلى كۆك، سۆسۈن، قىزىل، سېرىق ۋە ئاق رەڭلەردە بولۇپ، ئومۇم گۈل رېتىدە. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**شەرقشۇناس** ئى (ئە+پ) شەرقتىكى مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، تىل-يېزىقى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيتى قاتارلىقلار-نى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم: ياۋروپا شەرقشۇناسلىرىدىن ۋ. ئى. گابائىن، ۋامبىرى، ئۇنشتايىن، سىدىن ھېيدىن قاتارلىق ئالىملار ئىلگىرى شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاسا-سەن ئېلان قىلغان تەتقىقات ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قەدىمكى پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن.

**شەرقشۇناسلىق** ئى <تارىخ> شەرقتىكى (ئاسىيا، شەرقىي شىمالىي ئافرىقىدىكى) ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى،

تىل-يېزىقى ۋە ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئورتاق نامى. 16-، 17-ئەسىرلەردىكى غەرب كاپىتالىزمى سىرتقا كېڭەيگەن مەزگىللەردە بارلىققا كېلىپ، 18-، 19-ئەسىرلەرگە كەلگەندە قەدىمكى يېزىقلار ترانسكرىپسىيەسىدىكى ئۇتۇقلارغا ئەگىشىپ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە مىسىرشۇناسلىق، ئاسسۇرىيىشۇناسلىق قاتارلىق تارماق پەنلەر شەكىللىنىشكە باشلىغان.

**شەرقىي** سۈپ (ئە) شەرقتىكى، شەرققە جايلاشقان، شەرقتە تۇرىدىغان: شەرقىي ئاسىيا. * بىز شەرقىي رايونلارغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ بىزگە پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

**شەرقىي ئاسىيا** <جۇغ> ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىسمى. ئۇ جۇڭگو، چاۋشيەن، موڭغۇلىيە ۋە ياپونىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شەرقىي ئافرىقا** <جۇغ> ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىسمى. ئۇ سومالى، جىبۇتى، ئېفىئوپىيە، كېنىيە، ئۇگاندا، رۋاندا، بۇرۇندى، تانزانىيە ۋە سېيشېل قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شەرقىي توڭگۇسلار** <ئىرق> مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن قەدىمكى بىر خەلق. ئۇ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايونلاردا ياشىغان.

**شەرقىي جەنۇب** <جۇغ> مەلۇم بىر ئورۇننىڭ شەرق تەرىپى بىلەن جەنۇب تەرىپى تۇتىشىپ تۇرىدىغان جايلار.

**شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا** <جۇغ> ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى. ئۇ ۋيېتنام، كامبودژا، لائوس، تايلاند، بىرما، مالايشىيا، سىنگاپور، فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، شەرقىي تىمور ۋە برۇنېي قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شەرقىي جۇ خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 770-يىلدىن مىلادىيىدىن كېيىنكى 256-يىلغىچە مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن خانلىق. پايتەختى لويى (ھازىرقى خېنەندىكى لوياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي) بولغان.

**شەرقىي جىن** <تارىخ> ← **شەرقىي جىن خانلىقى.**

**شەرقىي جىن خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيە 317 — 420-يىللىرى مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن خانلىق. ئۇ يۈەن دى (سىما رۇي) نىڭ جىيەنۇۋ يىلنامىسىنىڭ 1-يىلىدىن تارتىپ، گوڭ دى (سىما دېۋېن) نىڭ يۈەنشى يىلنامىسىنىڭ 2-يىلىغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. پايتەختى جىيەنكاڭ (ھازىرقى نەنجىڭ) بولغان.

**شەرقىي خەن** <تارىخ> ← **شەرقىي خەن خانلىقى.**

**شەرقىي خەن خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيە 25 — 220-يىللىرى مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن خانلىق. ئۇ گۇاڭ ۋۇدى (ليۇ شيۇ) نىڭ جيەنۇۋ يىلنامىسىنىڭ 1-يىلىدىن تارتىپ، شيەن دى (لىيۇ شېي) نىڭ يەنكاڭ يىلنامىسىنىڭ 1-يىلىغىچە داۋام قىلغان. پايتەختى لوياڭ بولغان. ئۇ يەنە «كېيىنكى خەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**شەرقىي شىمال** <جۇغ> مەلۇم بىر ئورۇننىڭ شەرق تەرىپى بىلەن شىمال تەرىپى تۇتىشىپ تۇرغان جايلار.

**شەرقىي غوزلار** <ئىرق> ← **شەرقىي توڭگۇسلار.**

**شەرقىي ئۇزۇنلۇق** <جۇغ> نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان سىزىقىنىڭ شەرقىدىكى ئۇزۇنلۇق ياكى مېرىدىئان.

**شەرقىي ۋېي** <تارىخ> ← **شەرقىي ۋېي خانلىقى.**

**شەرقىي ۋېي خانلىقى** <تارىخ> شىمالىي سۇلالىلەردىن بىرى. ئۇ يۈەن شىيەنجىيەن تەرىپىدىن قۇرۇلغان، مىلادىيە 534-يىلدىن مىلادىيە 550-يىلىغىچە داۋام قىلغان.

**شەرقىي ياۋروپا** <جۇغ> ياۋروپا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىسمى. ئۇ رۇمىنىيە، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە ۋە روسسىيە، لاتۋىيە، لىتۋا قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شەرم** ئى (پ) نومۇسلۇق ئىش ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، خىجىل بولۇش ھېسسى؛ ھايا، نومۇس، ئار: پۈتۈن دىققەت، كۆزلەر ئىدى ئېكراندا، پەقەت مەنلا كۆيەر ئىدىم ئارماندا، تۈگىگەنتى شەرمىم مېنىڭ شۇ ئاندا، بۇ ئايالنى سۆيۈپ ئالماق بولدۇممەن.

**شەرمەندە** سۈپ (پ) شەرم-ھاياسىنى يوقاتقان، ھاياسىز، نومۇسسىز، رەسۋا: – نىزام بارغۇ، قاراڭ، بىر ئىپلاس، شەرمەندە قارا نىيەت نەرسە. بىز ئۇنى تازا بىلىمىز، – دېدى ئۇ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ. * بىز ھەرگىزمۇ ئۇنداق شەرمەندە تەشۋىقاتنىڭ جارچىسى بولمايمىز. * چارە يوق بۆلەك مەندە، رەھىم بارمۇ ھېچ سەندە؟ قىلما مېنى شەرمەندە، سۆيگۈدىن ئاداشقان قىز.

**شەرمەندە بولماق** باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھاياسىز ياكى نومۇسسىزلىق قىلىپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، رەسۋا بولماق: شەرۋان ئۆزىنىڭ بۇنداق شەرمەندە بولۇشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. * – ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشقۇ بىزنى خۇشال قىلىدۇ، ئەگەر «ئوينايمىز» دەپ شەرمەندە بولساق قانداق قىلارمىز؟ – دېدى ئۇ ئىككىلەنگەن ھالدا.

**شەرمەندە قىلماق** باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىنى چۈشۈرۈپ ئوسال ئەھۋالغا قويماق، رەسۋا قىلماق: مەن ئۇنىڭ مېنى ئۇنداق ھىيلە بىلەن شەرمەندە قىلىشنى ئويلىمىغانىكەنمەن. * – ئۇ بىزنى شەرمەندە قىلدى، بىلەمسەن، بىز ئەمدى ئۇنداق نەرسىلەرنى دوست دەپ تونۇمايمىز! – ۋارقىرىدى ئۇ ھاموتقا دوستانە ئەمما غەزەپلىك ئالىيىپ.

**شەرمەندىچىلىك** ئى ← **شەرمەندىلىك:** – ۋاي ئىست، نېمە شەرمەندىچىلىك بۇ؟!... – دەيتتى مومام توختىماستىن ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ.

**شەرمەندىلەرچە** رەۋ. شەرمەندىلەرگە خاس ھالدا، شەرمەندە بولغانلارغا ئوخشاش: تۈنۈگۈن خەلقنىڭ بېشىدا قانلىق قىلىچ ئويناتقان جاللاتلار بۈگۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىدا شەرمەندىلەرچە شۈمشىيىپ، تىترىشىپ تۇراتتى.

**شەرمەندىلىك** «شەرمەندە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئانىسىنىڭ شەرمەندىلىكتىن بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتۇ. * دۇنيادىكى پۈتۈن شەرمەندىلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئوردىدا بار.

**شەرمسار** سۈپ (پ) شەرمەندە، رەسۋا: بۈگۈن گۇم بولۇپ شەرمسار قاتىلىڭ، كۆلۈپ باقتى قايتا ئادالەت ساڭا. // ئۆز رەقىبىڭ ئالدىدا تىترەپ شەرمسار بولماقتىن قورقۇنچلۇق ئىش دۇنيادا بارمۇ؟

**شەرمسارلىق** «شەرمسار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: نەسىھەتىم شۇكى، ئاخشامقى شەرمسارلىقىڭدىن ساۋاق ئال. يامان نىيەتتە

بولما. * ساڭا چەكسىز ساداقەتتىن جاھاندا باشقا يار تۇتسام، ئۇنىڭچۇن شەرمسارلىقتا مېنىڭدەك نەدە «ئەخلەت» بار.

**شەرم-ھايا** شەرم ۋە ھايا، خىجىل بولۇش ياكى ئۇيىلىش ھېسسى: — قارا باستىمۇ؟ تاھارىتىڭگە سۇ بەرگەنىدىم، ئەمدى ھارام... مېنى يەرلىكمدە قويۇپ بولمايلا خىيالىڭ ئاغىچا كويىدا بولدى... سەندە شەرم-ھايا يوق!... — ئۇ يىغلايتتى. * نە ئېرۇر قىز زىننىتى؟ قىز زىننىتى شەرم-ھايا، قىز ئەمەس ئالۋاستىدۇر، شەرم-ھاياسى بولمسا.

**شەرە (شەرھى)** ئى (ئە) يېز ت. بىرەر نەرسىنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بايان قىلىپ بېرىش، چۈشەندۈرۈش؛ ئىزاھ، ئىزاھلاش: ئىبنى رۇشدى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئەپلاتون قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭغا شەرھلەر يازغان.

**شەرھى دىل** دىلدىكى ھەممە گەپنى ئۇچۇق، ئاشكارا بايان قىلىش؛ كۆڭۈلدە بار ئارزۇ-ئارمان، تىلەك ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۇچۇق بايان قىلىش: باھاردا ئاچىلغان تازا گۈلۈمنى، ھېچكىم بىلمەس مېنىڭ شەرھى دىلىمنى، سىزگە بەردىم پارچە تابە ئېلىمنى، خالايىقلار يار بولسۇن سىزگە يۇسۇپخان.

**شەرھچى** ئى. بىرەر نەرسىنى شەرھلەپ، ئىزاھلاپ بەرگۈچى، چۈشەندۈرگۈچى: نەدىن ئالسۇن نەۋ باھار زىننەتنى ئۇ گۈل بولمىسا، كىم يېتەر گۈل قەدرىگە شەرھچى بۇلبۇل بولمىسا.

**شەرھلەتمەك** «شەرھلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شەرھلەشمەك** «شەرھلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شەرھلەنمەك** «شەرھلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئەسىرىدە فارابىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى خېلىلا ئەتراپلىق شەرھلەنگەن.

**شەرھلىمەك** پ. بىرەر نەرسىنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ، بايان قىلىپ چۈشەندۈرمەك؛ ئىزاھلىماق: دۈچ كەلگەن چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا شەرھلەش لازىم. * — ئائىلىلەرگە ئۈچ مودىن يەر تەقسىم قىلىنىپ بېرىپتۇ، — دېدى ئۇ خەتتىكى مەزمۇنلارنى شەرھلەپ.

**شەرۋەت** (توغرىسى: شەربەت) ← شەربەت.

**شەرئى** I سۈپ (ئە) <دىن> شەرىئەتكە ئۇيغۇن، شەرىئەتنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىغا ماس، مۇۋاپىق كېلىدىغان: سىز مېنىڭ شەرئى خوتۇنۇمسىز، ياخشىلىق بىلەنمۇ ۋە يامانلىق بىلەنمۇ مەن بۇنى ئىسپات قىلىشقا تەييارمەن! // مېنىڭ بۇ تالاق خېتىمنى شەرىئەت پېشۋالىرى شەرئى ھېسابلاپ، ئېدىتىڭىز تۈگەش بىلەن سىزگە باشقا ئەرگە تېگىش ئىختىيارىنى بېرىشسە كېرەك.

**شەرئى** II ئى (ئە) <تىب> ← **تۇتقاق كېسەللىكى.**

**شەرىئەت** ئى (ئە) <دىن> ① مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ئاساسىدا تۈزۈلگەن دىنىي ئىشلار، جىنايى ئىشلار ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى قاتارلىقلارغا ئائىت قانۇن-قائىدىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى، ئىسلام دىنى قانۇنى: شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار (ماقال). * غەزنەۋىيلەر سۇلتانى مەخمۇت سەبۇق تېكىن (مەھمۇد غەزنىۋىي) بۇخارانى بېسىۋالدى. ئىبنىسىنامۇ بۇخارادىن چېكىنىپ چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئىبنىسىنانىڭ

ئىلىم ۋە پەلسەپە تەلىماتى بەزى مۇتەئەسسىپ-لەر تەرىپىدىن دىنىي ئېتىقاد ۋە شەرىئەتكە خىلاپ دەپ تونۇلغانىدى. * قازىنىڭ مۇلازىمى: – ئەپەندىم، بىزنىڭ شەرىئىتىمىز ئېتىراپ قىلغان مەزھەپلەردە بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ئەگەر شەرىئىتىمىزدىكى مەزھەپ ۋە قائىدىلەر-نى ياخشى بىلمىسىڭىز، بۇ ئىشتا مەن سىزنىڭ ۋەكىلىڭىز بولاي! – دەپتۇ. ② دەۋا ئىشلىرىنى دىنىي يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن، قازىخانا؛ سوت مەھكىمىسى: پالتۇۋاي ئاتىنىمۇ كۆرە ئىزا-ئاھانەتكە چىدىماي، پاساۋاينىڭ تۆھمىتىنى تەن ئالماپتۇ، ئىككىلىسى يەنە تەگىشىپ، سەن-پەن دېيىشىپ قېلىپتۇ. جېدەل ئۇلغىيىپ بۇلار شەرىئەتكە بېرىشىپتۇ.

**شەرىئەتكە توغرىلماق** قانۇن-قائىدە، ئۆرپ-ئادەتكە خىلاپ كەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرمەك.

**شەرىپ** (ئە) ① سۈپ. مۇقەددەس، ئەزىز، تەۋەررۇك؛ مۇبارەك (كۆپىنچە سۈپەتلەنگۈچىدىن كېيىن كېلىدۇ): بۇ كىشى مەككە شەرىپكىمۇ بارغان. * ھاتەم بوۋايدىن سورىدى: – ئەي غوجام، ئېتىڭىز نېمە؟ دادىڭىزنىڭ ئىسمى شەرىپچۇ؟ ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شەرىپە** ئى (ئە) ① <بن> قۇرۇلۇشلاردى-كى مېھرابنىڭ كېچىكلىتىپ چۈشۈرۈلگەن شەكلى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شەرىم** (توغرىسى: شەرم) ← شەرم.

**شەشبەر** ئى (پ) ئۇچىغا يۇملاق ياكى ئەگرى-بۈگرى تۆمۈر ئورنىتىلغان تاياق، ئۇزۇن دەستىلىك يېنىك گۈرزە: مىلتىق، شەشبەر تۇتقان ياش ۋە قېرى مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى سالام بېرىپ كۈتۈۋېلىشاتتى ۋە ئەزىز بەگنىڭ «رەھمەت، يۇقرالىرىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ ئۇبدانلا كۆرەڭلىشىپ قېلىشاتتى.

**شەشمەك** (توغرىسى: يەشمەك) ← يەشمەك.

**شەقىقە** ئى (ئە) ① <تب> باشنىڭ بىر تەرىپى زىڭىلداپ ئاغرىش كېسىلى: توختىخان شەقىقە بولۇپ قېلىپتۇ. ② شەقىقە بولۇپ قالغانلارنى ساقايتىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئايەت: شەقىقە ئوقۇماق. ③ كۆچمە. سۈپ. ساراڭ، كاززاپ، تولا سۆزلەي-دىغان، كاس-كاس (ئاياللارغا قارىتا ئېيتىلىدىغان ھاقارەت سۆزى): – ھۇ شەقىقە! پۇل دېگەن مانا، ئاله! – دېدى-دە، پۇلنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى. * – تېگى پەس شەقىقە!... – مايىسخان غۇدۇرىدى.

**شەقىقە ئوقۇماق** كونا ئادەت بويىچە شەقىقە بولۇپ قالغانلارنى ساقايتىش مەقسىتىدە دۇئا ۋە ئايەت ئوقۇماق: موللام دادامنىڭ ئاغرىۋاتقان بېشىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ شەقىقە ئوقۇشقا باشلىدى.

**شەك** ئى (ئە) گۇمان، شۈبھە: بۇ مەجلىس-خانىغا كىرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ قوشباغنى ناھايىتى باي، ئىلغار ئورۇن ئىكەن دەپ ئىشىنىشىدە شەك يوق ئىدى. * بارىمەن ئاسماندىكى پەرىشتىدەك، سەپىرىمدىن يوق مېنىڭ كۆڭلۈمدە شەك.

**شەك چۈشمەك** شەك، گۇمان پەيدا بولماق: ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە ئازراق شەك چۈشكەنىدى. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى گەپ-سۆز، مۇئامىلىلەر ئويلىرىمغا شەك چۈشۈرەتتى.

**شەك كەلتۈرمەك** گۇمانسىرىماق، شۈبھىلەنمەك؛ ئىشەنمەسلىك، نەزىرى بىلەن قارىماق: ھەرقانداق مىللىي، ئىنقىلابىي ھەرىكەتتە داھىيلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنى تارىخ قايتا-قايتا ئىسپاتلىغان،

بۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. *
قويماي يامان ئويلىرىغا چەك، ئۇ مەردانىغا
كەلتۈرۈپتۇ شەك.

**شەكسىز** سۈپ. ئېنىق، شۈبھىسىز، گۇمانسىز،
مۇقەررەر، چوقۇم: كېنىزەك خىتاب قىلىپ:
– ئەي بېلىقچى، – دەپتۇ، – بۇ شەكسىز
ياخشى بېلىق ئىكەن. * ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
كېلىۋاتقىنى شەكسىز ئابلىز ئىدى. // ئاڭلىسا
سېنىڭ بۇ خىل سۆزۈڭنى، شەكسىز ئويدۇ
ئىككى كۆزۈڭنى.

**شەك-شۈبھە** شەك ۋە شۈبھە، گۇمانسى-
راش ۋە ئىشەنمەسلىك: – سىز تېخىچە
شۇ گەپتىمۇ؟ – دەيتتى مۇزەپپەر سەل رەنجىگەن-
دەك، – بۇنىڭدا قىلچە شەك-شۈبھە يوق.

**شەك-شۈبھىسىز** شەك ۋە شۈبھە يوق،
ناھايىتى ئېنىق، بەك ئىشەنچلىك؛
مۇقەررەر ھالدا، چوقۇم: بۇ بۈگۈن ئارىمىزدا
بولمىغىنى بىلەن بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە
شەك-شۈبھىسىز ھېسداشلىق قىلىدۇ. * ئۇنداقتا
ئۇ كىشى باشلىق بولۇشى مۇمكىن، مۇمكىنلا
ئەمەس، شەك-شۈبھىسىز باشلىق بولىدۇ.

**شەكلەن** رەۋ (ئە) شەكىل جەھەتتىن
ئىپادىلىنىش شەكلىگە كۆرە: ئۇ تۆت
مىسرالىق قىلىپ يېزىلىشى بىلەن شەكلەن
رۇبائىيغا ئوخشىسىمۇ، مەزمۇنەن رۇبائىي
بولالمايدۇ. * – دەسلەپكى سۆزىڭىز شەكلەن
توغرا، – دېدى پاتەم سەل ئويلىنىپ.

**شەكلەندۈرمەك** «شەكلەنمەك»
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شەكلەنمەك** پ. گۇمانلانماق، شۈبھىلەن-
مەك، گۇمان ياكى شۈبھە بىلەن قارى-
ماق: پارتىزان يىگىتلەر، قانداقلا بولمىسۇن،
بەگنىڭ ئۆلگەنلىكىگە شەكلەنمىدى. * ئىمىن
بېدىنىڭ سۆزىدىن شەكلەنگەن نەسرەم
ئاچچىقى بىلەن غودۇڭشىدى.

**شەكلىك** سۈپ. گۇمانلىق، شۈبھىلىك:
كۈتەتتىم ئۈمىدلەر، چىقتىڭ سەن قەللاپ!
سىزدىم مەن ھەممىگە شەكلىك بىر سىزىق.
ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن سەندىن ھەي كاززاپ
يادىمدا قىلمىشىڭ تارىخىي تىزىق.

**شەكىل** ئى (ئە) ① ماددىلارنىڭ تاشقى
كۆرۈنۈشى، سىرتقى قىياپىتى، پىچىمى،
فورمىسى: ئاي شەكلىدىكى قىلىچ. تۇخۇم
شەكلىدىكى يوپۇرماق. ئادەم شەكلىدىكى
مەخلۇق. * شەكلىدىن ياخشى-يامان دەپ
بەلگى ھايۋاننى تونۇ، ئىچكى دۇنياسى بىلەن
ئادەمنى، شەيتاننى تونۇ. ② ماددىلار
كۆرۈنۈشىنىڭ تەقلىد قىلىنغان ياكى بىرەر
نەرسە يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن ئەكسى،
ئەينى، قىياپىتى، ھالىتى: ياغلىقنىڭ
چۆرىسىگە يەنە شۇ قان بىلەن بويالغان قىزىل
يىپتا لەيلىگۈلنىڭ شەكلى قاتار سىزىلغانىدى.
* بۆۋى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئىشقا كىرىشىپتۇ
ۋە ياغاچچى قىچقىرىپ، ياغاچتىن ئادەم شەكلى-
نى ياساشقا بۇيرۇپتۇ. ③ <مات> مەلۇم
فورما، كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەر: گېئومېترىيە-
لىك شەكىل. تەكشىلىكتىكى شەكىل. ④
<فىز> جىسىمنىڭ ھالىتى، كۆرۈنۈشى:
مۇز سۇنىڭ قاتتىق شەكلىدۇر. * ئۇنى
خىمىيۋى ئۇسۇلدا پارچىلىغاندىمۇ ئەسلىدىكى
ھالەت، شەكىل ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە يانماسلى-
قى لازىم. ⑤ <پەلس> شەيئىلەرنىڭ
مەزمۇنىدىن قەتئىينەزەر، تاشقى كۆرۈنۈ-
شى، ئىپادىلىنىشى ياكى شەيئىلەردىكى
ئىچكى ئامىللارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تەشكىل-
لىنىشى: دېموكراتىيە شەكىل جەھەتتىكى
تەڭلىكنىلا بىلدۈرىدۇ. * بۇ مەزمۇننى ئېلىۋېتىپ،
شەكلىنى قالدۇرۇش، تەسلىم بولۇشتىن
ئىلگىرىكى ئىدىيىۋى تەييارلىق ياكى جامائەت
پىكرى تەييارلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ⑥ <ئەد>

تۈر، فورما: تەرجىمە نەد شېئىرىيەتتىكى بىر شەكىل. * مۇقام داستانلىرىدىكى مۇرەببە شەكلىدىكى شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دىكى ئەڭ كونا قوشاقلار بىلەن ئەپرانسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مەرسىيەلەردە ئومۇملاشقان شېئىرىي شەكىل. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئۇسۇل، يول، يوسۇن: شىنجاڭ داشۆ پارتكومى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بەردى. * ماركسنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشتە ئىككى خىل شەكىل بار. ⑧ كۆچمە. ياڭزا، ئىپادە: ياتاقتىكى دىققەتكە سازاۋەر ئالاھىدىلىك — تۆت تامنىڭ خېلى بىر قىسمىغا ماھىرلىق بىلەن مەنىلىك شەكىل چىقىرىپ ئېسىپ قويۇلغان سان-ساناقسىز رەڭلىك ئاتكىرتكا، ماي بوياق رەسىم ۋە كىتاب-ژۇرناللاردىن قىيىۋېلىنغان مەنزىرە سۈرەتلىرى ئىدى.

**شەكلى ئۆزگەرگەن غول** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە شەكىل ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان غول.

**شەكلى ئۆزگەرگەن يوپۇرماق** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە شەكىل ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان يوپۇرماق.

**شەكلى ئۆزگەرگەن يىلتىز** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە شەكىل ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان يىلتىز.

**شەكىل تۈزەش خىرۇرگىيىسى** <تب> زەخىملىنىش ياكى كېسەل تۈپەيلىدىن بەدەن تۈزۈلۈشىدە يۈز بەرگەن كەمتۈك-لەرنى ياماش يولى ئارقىلىق قىياپەتنى قىسمەن ياكى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىرۇرگىيە ئىلمى.

**شەكىل مېنېرالشۇناسلىقى** <گېئول> مېنېرالشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ يەككە مېنېراللار ۋە قورامىساقلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى، شەكىللىنىش قانۇنىيىتى، ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە شەكىل-لىنىش شارائىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**شەكىل ئۆزگەرتىش** ① <زوئول> بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال راۋاجلىنىش جەريانىدىكى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى. مەسىلەن، بەزى ھاشاراتلار (پاشا، چىۋىن قاتارلىقلار) تۇخۇم، لىچىنكا، قورچاق ۋە يېتىلگەن تەندىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئادەتتە تولۇق شەكىل ئۆزگەرتىش دەپ ئاتىلىدۇ؛ بەزى ھاشاراتلار (تومۇزغا، چېكەتكە قاتارلىقلار) قورچاق باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمەي، بىۋاستىلا يېتىلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش چالا شەكىل ئۆزگەرتىش دېيىلىدۇ؛ يەنە بەزى ھاشاراتلار (پىت، كۆيە قاتارلىقلار) نىڭ تۇخۇمىدىن چىققان لىچىنكىسى كىچىك ۋە جىنسى يېتىلمىگەنى-دىن باشقا، شەكىل ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتە يېتىلگەن تەنگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئادەتتە شەكىل ئۆزگەرتمەسلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پاقىلارنىڭ قۇمچاق باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈشىمۇ شەكىل ئۆزگەرتىش بولىدۇ. ② <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەر-نىڭ سىرتقى مۇھىت تەسىرىنى ئۇزۇن

مۇددەت قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە يىلتىز، غول ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، مورفولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك رولى جەھەتتە ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىشى. مەسىلەن، ياڭيۇنىڭ تۈگۈنەك غولى ۋە ئالىقانىسمان كاكتۇسنىڭ يىڭنە يوپۇرمىقىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئوخشاش.

**شەكىل يارىتىش سەنئىتى** <ك سەن> مەلۇم بوشلۇق ئارقىلىق ئېستېتىك تۇيغۇ بېرەلەيدىغان ئوبرازلاردىن تۈزۈلىدىغان، كىشىلەر كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق بەدىئىي زوق ئالالايدىغان بىر خىل سەنئەت. ئادەتتە ئۇ رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق ۋە بىناكارلىق قاتارلىقلار-نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شەكىلچىلىك** ئى → **شەكىلۋازلىق:** ناھىيىمىزدە شەكىلچىلىك، قۇرۇق گەپ، داغدۇغا كۆپ.

**شەكىلداش** سۈپ. تاشقى كۆرۈنۈش يەنى شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش، شەكىل جەھەتتىن پەرقلەنمەيدىغان: شەكىلداش سۆزلەر.

**شەكىلداش سۆزلەر** <تىل> يېزىلىش شەكلى ئوخشاش ئەمما ئوقۇلۇشى ياكى تەلەپپۇزدا پەرق قىلىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، ئارا (دېھقانچىلىق سايمىنى) بىلەن ئارا (ئىككى تاغ ئارىسى)؛ ئاچا (ئاچا-سىڭىل) بىلەن ئاچا (دەرەخنىڭ ئاچىسى)؛ بالا (بالا-چاقا) بىلەن بالا (بالا-قازادىكى) ...غا ئوخشاش.

**شەكىلداش قاپىيە** <ئەد> شەكىلداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن قاپىيە. بۇ خىل قاپىيە ئاساسەن تۇيۇقلاردا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، يۈگمەچنى دېسە «رەي-ھان» زەپ ياراشقان ئات دېمە، ماختىنىپ لاڭقا ئېشەك «مەن ئات» دېسە «سەن ئات» دېمە. پىتنە ئوقياسىنى كۆڭلۈڭ ئۆزگىلەرگە تەگلىسە، سۇندۇرۇپ تاشلا ئوچاققا «قېنى چەنلەپ-ئات» دېمە.

**شەكىلداشلىق** «شەكىلداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: «بالا (ئاپەت)» بىلەن «بالا (پەرزەنت)» سۆزىنىڭ شەكىلداشلىقى ئۇلارنىڭ پەقەت يېزىق شەكلى جەھەتتىنلا ئوخشىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ مەنىسىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

**شەكىلسىز** سۈپ. مۇئەييەن شەكىل، كۆرۈنۈشكە ئىگە بولمىغان؛ تۇرۇق، قىياپىتى بولمىغان: قانداقتۇر بىر خىل شەكىلسىز كۈچ مېنى ئالغا ئىتتىرەتتى. * ۋە لېكىن بۇگۈن بۇنداق گۈزەللىك، چەتتىندۇر بەختىكام سالغان نەزەردىن. كۆڭلىدە قاندۇقتۇر شەكىلسىز سايە، ئالدۇرماس ھېچ بەھىر گۈلگۈن سەھەردىن.

**شەكىلسىز خوراش** <س ئىق> ماشىنا، ئۈسكۈنە قاتارلىق تۈراقلىق مۇلۈكلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىش مەزگىلى ئىچىدە ئىشلىتىلىشى ۋە تەبىئەت كۈچىنىڭ تەسى-رىدىن باشقا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى نەتىجىسىدە قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**شەكىللەندۈرمەك** «شەكىللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئورمان قويۇپ، ئىھاتە ئورمانلىق شەكىللەندۈ-رۈش كېرەك. * ئۇزۇن يىللىق ساۋاقداشلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەبىئىي چىن دوستلۇقنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

**شەكىللەندۈرۈلمەك** «شەكىللەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىزنىڭ يېڭى جەمئىيىتىمىزدە ھەممە كىشى ياشلار، ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارغا كۆيۈنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات جەزمەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى ۋە شەكىللەندۈرۈلۈشى لازىم.

**شەكىللەنمەك** پ ① مۇئەييەن بىر شەكىلگە، فورمىغا، ھالەتكە كەلمەك؛ بەلگىلىك بىر شەكىل، تۈس ئالماق: رەسىم قەغەزنى دورىغا سالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ گەۋدىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ② كۆچمە. پەيدا بولماق. بارلىققا كەلمەك: ئۇ باسقان ھەربىر قەدەم سۆزسىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دېگەن قاراش ناھايىتى تېز شەكىللىنىپ، ئاخىر ئۇنىڭ بۇ ماھىر قەلەمكەشكە چىڭ باغلانغان مۇستەھكەم ئەقىدىسىگە ئايلانغانىدى. * ئوقۇتۇش باسقۇچ-لىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، توغرا تەشكىللەش ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيىتىنىڭ شەكىل-لىنىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**شەكىللىك** سۈپ. مۇئەييەن شەكىل كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان؛ تۇرۇق، قىياپىتى بولغان: — ئادەم شەكىللىك ھايۋان ئىكەن-سەن! — بوۋاي شۇنداق دېدى-دە، يەرگە ئاچچىق بىلەن تۈكۈرۈپ چىقىپ كەتتى. * بۇ گرانىت تاش ۋە قۇم-شېغىل بىلەن ياسالغان لىم شەكىللىك تاش كۆۋرۈك ئىكەن.

**شەكىللىك پولات** توغرا كەسمە يۈزى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى پولات ماتېرىيالى. توغرا كەسمە يۈزى «L» شەكىلدە بولغانلىرى «بۇلۇڭلۇق پولات»؛ «U» شەكىلدە بولغانلىرى «نوركەش پولات»؛ چەمبەر شەكىلدە بولغانلىرى «يۇملاق پولات»؛ چاسا شەكىلدە بولغانلىرى «چاسا شەكىللىك پولات»؛ «I» شەكىلدە بولغانلىرى «I شەكىللىك پولات»؛ «T» شەكىلدە بولغانلىرى «T شەكىللىك پولات» دەپ ئاتىلىدۇ.

**شەكىللىك خوراش** <س ئق> شەكىلسىز خوراشنىڭ ئەكسى، يەنى ماشىنا-ئۈسكۈنە، زاۋۇت بىناسى قاتارلىق تۇراقلىق مۈلۈكلەرنىڭ ئىشلىتىلىپ ۋە تەبىئەت كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ خورىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**شەكىلۋاز** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى ئەمەس پەقەت شەكلىنىلا دورىغۇچى؛ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي پەقەت شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، شەكلەن ئىشلەيدىغان ئادەم: ئۇلارنىڭ بەزىسى شەكىل ئۇچۇنلا ئەمگەك قىلىپ قوياتتى، لېكىن ئەخمەتجان ئۇنداق شەكىلۋاز ئەمەس ئىدى.

**شەكىلۋازلىق** ئى ① مەزمۇن ۋە ماھىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىش ئۇسۇلى، ئادەت، قىلىق: — سەمەتجان، بۇندىن كېيىن ئەمەلىي ئۈنۈمى بار ئىشلارنى كۆپرەك ئىشلەڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جىددىي ھالدا تىكىلىپ. — قۇرۇق شەكىلۋازلىققا تولا باش قاتۇرماڭ، بىرەر باشلىقنى ئەمەس، كۆپچىلىكنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ، تەجرىبە-ساۋاقلىرىڭىزنى ئۇبدان يەكۈنلەڭ. ② <پەلس> بىر تەرەپلىمە ھالدا شەكىلگىلا ئېسىلىۋېلىپ، ماھىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خىزمەت ئىستىلى ياكى ھادىسىنىلا كۆرۈپ، ماھىيەتنى تەھلىل قىلمايدىغان بىر خىل ئىدىيىۋى ئۇسۇل: چەت ئەل نەرسىلىرىنى شەكىلۋازلىق بىلەن قوبۇل قىلىشتىن جۇڭگو

ئۆتمۈشتە كۆپ زىيان تارتقانىدى. * ئۇقتۇرۇشتا: «شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش قىلىش، جانلىق، كۆپ خىل مەزمۇنلۇق قىلىشى، شەكىلۋازلىق قىلماسلىقى لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى. ③ <ئەد> 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن رېئالىزمغا قارشى بىر خىل سەنئەت ئېقىمى. ئۇ رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان بولۇپ، سەنئەتنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە غەيرىي يول تۇتىدۇ.

**شەگگەن** ئى (خەن) كونا. كونا جەمئىيەتتىكى ناھىيە باشلىقى: شەگگىنىگىدىن قورقمايمەن، قوناقلىقتىن چىقمايمەن.

**شەگگەن يامۇل** كونا. كونا جەمئىيەتتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت: مەن شاگىيولۇقنى ئالغۇچە ئاز چىقىم تارتتىممۇ؟ ئوردىغا يۈگۈرۈپ، شەگگەن يامۇلغا يۈگۈرۈپ، يۇرتقا چاي قويۇپ، قانچە يامبۇ، قانچە مونەك پۇللار چىقىپ كەتتى.

**شەلپەر** ئى (پ) يىپەكتىن توقۇلغان قىزىل رەخت: ۋاڭنىڭ ئالدىدىكى كالا بېشىغا شەلپەر چىگىلگەنىدى. // ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر شەلپەر كۆڭلەك ئايدىڭغا ياقتى بولغاي، ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ كۆردى.

**شەلپەر رەڭ** <گ سەن> ① قىزىل ئاپېلسىننىڭ پوستىغا ئوخشاش بىر خىل قىزغۇچ سېرىق رەڭ: قۇياش پېتىپ ئۇپۇقنىڭ يۈزى قىزارغاندا شەلپەر رەڭ ئېلىپ، پىكىرلەشتى سەككىز - ئون جەگچى، ئىشتىن چۈشۈپ لاگېرغا كېلىپ. ② شۇ خىل رەڭ بېرىلگەن ياكى شۇ خىل رەڭدىكى: شەلپەر رەڭ لېنتا.

**شەلپەرلەنمەك** پ. قىزارماق، قىزغۇچ ھالغا كەلمەك: ئاپتاپ چاققان ماڭلايلىرى كەچ مەزگىلى - قىزىلگۈلدەك شەلپەرلىنىپ رەڭ تۈزىدۇ.

**شەلدەم** سۈپ. ياشاڭغىراپ چاپاقلىشىپ قالغان: شەلدەم كۆز.

**شەلدەم كۆز** ياشاڭغىراپ چاپاقلىشىپ كەتكەن كۆز، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆز: ھاجى ئىشاننىڭ شەلدەم كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. * مەخسۇت بەگ قىزارغان شەلدەم كۆزلىرى بىلەن يۈزبېشىلارغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى.

**شەللەگزە** ئى (خەن) ① قاشقىسى پېشانىسىدىن تارتىپ تۇمشۇقىغىچە چۈشكەن ئات. ② كۆچمە. تىل ھا. شاللاق، كوت - كوت: — ھۇ شەللەگزە! — ئاباق قوقاسقا ئولتۇرۇپ سالغاندەك چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۇ مېنى بىركىمگە چېقىپتىمۇ؟

**شەلۋەرەتمەك** «شەلۋەرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پاچاق ۋە بىلەكلىرىنى قىرلىق تاشلار تىلىپ، تىزلىرىنى شەلۋەرىتىپ ئېچىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاغرىقنى سەزمەيتتى.

**شەلۋەرىمەك** پ. يارا ياكى جاراھەتلەنگەن جاي قىزىرىپ، سۇ چىقىپ تۇرماق: ئۇنىڭ جاراھىتى كۈندىن - كۈنگە قىزىۋاتقان قۇياشنىڭ تەپتىدىن شەلۋەرەپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. * مەھبۇسنىڭ شەلۋەرىگەن يارىسى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇراتتى.

**شەمەر** سۈپ (ئە) ① ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىدىغان، چاققان؛ تېز، چاپسان: — كىچىك بولسىمۇ، ھەر ئىشقا شەمەر ئىكەن، ئۆزۈڭمۇ خوپ ئوبدان كەلدىڭ، — ئۇ بىر يۆتىلىپ بىزنى ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى. * — بىز دېگەن شەمەر باللار — ھەي! — دېدى شوخلۇق بىلەن ئەركىلەپ. ② ئىتتىك،

ئۆتكۈر: غەم قىلما ئۇكا، پىچىقىڭنى شەمەر قىلىۋەتتىم. تاشنى ئىككى قىلىۋېتىدۇ.

**شەمس** ئى (ئە) يېز ت. قۇياش، كۈن: ئى سابا مەندىن دۇئا ئۇل شوخ يارىمغا ئېيتىپ، شەمسى تەلئەت، ئاھۇ كۆز نازۇك نىھالىمغا ئېيت.

**شەمسىيە** ئى (ئە) <ئاستر> يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ قىلغان ھەرىكىتىنىڭ دەۋرىيلىكىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بىر خىل كالېندار. بۇنىڭدا بىر يىل 365 ياكى 366 كۈن بولىدۇ. ئۇ يەنە «قۇياش كالېندارى» ياكى «كۈن كالېندارى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان شەمسىيە كۆپىنچە خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىۋاتقان مىلادىيىنى كۆرسىتىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شەمشاد** ئى (پ) <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. قوۋزىقى قوڭۇر كۈل رەڭ، يوپۇرمىقى يىڭنە شەكلىدە ھەم سەل-پەل ئەگمەچ كېلىدۇ. شارچە مېۋىسى قوڭۇر ۋە ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، ياغىچى ئاق، قاتتىق ھەم سىپتا. ئادەتتە قۇرۇلۇش ۋە قورال-جابدۇق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ؛ ھېلىقى كولانغان يەردىن خۇددى ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭگارەڭ نۇر چەمبىرىكى ھاسىل بولۇپ، ئاستا-ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ، بىر تۈپ شەمشادقا ئايلىنىپتۇ.

**شەمشەر** (پ) ① ئى <ھەرب> قەدىمكى ئۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى، يەنى بىر خىل خەنجەر. خەنجەردىن ئۇزۇنراق كېلىدۇ. تۈز ياكى تومۇردىن ئىككى بىسلىق ۋە ئۇچى ئۇچلۇق قىلىپ ياسىلىدۇ. قىسقا سېپى بولۇپ، يانغا ئېسىپ يۈرۈشكىمۇ بولىدۇ: ھوشۇر بەگ يىگىتلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرەر ئىدى، بىر دۈشمەن يۇسۇپ بەگنىڭ ئېتىنى ئېلىپ چېپىپ كېتىپ باراتتى. ھوشۇر بەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ شەمشەر بىلەن شۇنداق چاپتىكى، دۈشمەننىڭ كاللىسى يەرگە چۈشتى. * تالقان تۆكتى چاغ كەلدى زوق قايىنتىپ يار-يار، قولىدا شەمشەر ئويناتتۇق كۆز چاقنىتىپ يار-يار. ② سۈپ. كۆچمە. ئىتتىك، ئۆتكۈر: سەن ۋىچىرلاپ ئۇچقاندا، شەمشەر قانات قارلىغاچ، زوقۇم بىلەن قارايمەن، كۆڭلۈم كۆلۈپ يايرىغاچ. * پارقىرايدۇ، ئوينايدۇ قولدا شەمشەر ئورغاقلار، جاراڭلايدۇ ئىسرلار ئېيتقان غەزەل-قوشاقلار.

**شەمشەر بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ياپىلاق، ئۇزۇنلۇقى 9—12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يان سىزىقلىرى بولمايدۇ. بېشى كىچىك ھەم ئۇچلۇق، قۇيرۇقى ئۇچلۇق ھەم ئىنچىكە كېلىدۇ. دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ، ئەتىياز ياكى باش ياز مەزگىللىرىدە دەريالارغا ئۈزۈپ كېلىپ تۇخۇم سالىدۇ.

**شەمشەر چىشلىق پىل** <زوئول> قەدىمكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى ھازىرقى پىلغا ئوخشايدۇ. ئۈستۈنكى كۈرەك چىشى ئۇزۇن ھەم ئەگمەچ كېلىدۇ. ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرى، تۆتىنچى دەۋرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان.

**شەمشەر چىشلىق يولۋاس** <زوئول> قەدىمكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى ھازىرقى يولۋاسقا ئوخشايدۇ. ئۈستۈنكى قوزۇق چىشى ئالاھىدە ئۇزۇن كېلىدۇ. ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرى، تۆتىنچى دەۋرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان.

**شەمشەردەك** سۈپ. ئۆتتىك، ئۆتكۈر، بەك كېسىدىغان: – شەمشەردەك پىچاقنى كەسمەيدىكەن دېگىننى، – دېدى دادام پىچاقنى ئاكامنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ. * «باس!» شۇندا بېسىلدى بىردىن كۇنۇپكا، ئايلاندى پىرقىراپ بۇرغا بىسمۇ. شەمشەردەك چىشلىرى چۆكتى كۆمۈرگە، تېشىلدى كۆمۈرمۇ ھەتتا تېشىمۇ.

**شەمشەرقۇيرۇق** ئى (شەمشەر+قۇيرۇق) <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى ياپىلاق كېلىدۇ. بېشى بىلەن كۆكرەك قىسمىدا قاسىراقلىق قاپچۇقى بولۇپ، تاشپاقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قۇيرۇقى ئارا شەكىلدە بولىدۇ. سۇلۇق ئېتىز ۋە جىلغىلاردا ياشايدۇ.

**شەمشەرلىك** سۈپ. شەمشىرى بار، شەمشەر ئاسقان: شەمشەرلىك چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

**شەمشەرۋاز** ئى (پ) شەمشەر ئىشلەتكۈچى، شەمشەر بىلەن ئۇرۇشقا ماھىر كىشى.

**شەمشەرۋازلىق** ئى. شەمشەر ئىشلىتىش، شەمشەر ئۇرۇش ماھارىتى: شەمشەرۋازلىق قىلماق. شەمشەرۋازلىقنى ئۆگەنمەك. * ئۇ شەمشەرۋازلىق، كاماندازلىقتا ماھىر بولۇپ، شەمشەرۋازلىقنى ياخشى كۆرەتتى.

**شەمئى** [ئە] يېز ت ① ئى. شام، چىراغ، نۇر: پىراقىڭدا بولۇپ مەجنۇن، يانايمەن شەمئىدەك ھەر تۈن، ئېرىپ جىسمىم ئاقار كۆزدىن يېشىم دۇردانە-دۇردانە. ② سۈپ. كۆچمە. نۇرلۇق، يورۇق: نە قىسمەتتۇر كۆزۈمگە، يار كۆرۈندى-كۆرۈندى. ئۇنىڭ شەمئى ھۆسنىدىن، جان بەر ئەمدى، بەر ئەمدى.

**شەن** ئى (ئە) ① ئەل ئارىسىدا چىققان ياخشى نام، ئابروي؛ داڭق، شۆھرەت، ياخشى پەزىلەت: – بىر يولداش «شەنىم-ئەسلىگە كەلمىسە ئىشلىمەيمەن» دەۋاتسا، بۇنى يىغىندا ھەل قىلمامدىكەنمىز؟ – دېدى زاۋۇت باشلىقى زەردە بىلەن. * – ئۇ ئىشقا چىقمىسا، شەنىمىزگە سەت ئەمەسمۇ؟ – دېدى ئالىم. * «نىمشېھىت، ئاھ نىمشېھىت» دەپ شارقىرايسەن تاغ سۈيى، نىمشېھىتنىڭ شەنىگە ناخشا ئوقۇيسەن يول بويى. ② قەدىر-قىممەت، غۇرۇر، پەخىر: ئۇ بۇنى يىگىتلىك شەنى ئالدىدىمۇ ۋىجدانى قەرز دەپ ھېسابلايتتى. * – بىر يىگىتنىڭ شەنىگە، ئەلۋەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇيات ۋە نومۇس، – دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

**شەنىگە چىچماق** كىشىلەر ئارىسىدىكى يۈز-ئابرويى ۋە ئىناۋىتىنى، ياخشى نامىنى يوقاتماق، نامىنى بۇلغىماق: – مەن سېنىڭ قايسى يۈزۈڭگە قارايمەن! سەن ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ شەنىگە چىچتىڭ، ئىست! – دەپ لەنەت ئوقۇدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن قولىنى شىرەگە ئۇرۇپ.

**شەنىگە داغ تەگكۈزمەك** كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشى نامىنى، ھۆرمەت ۋە ئىززەت-ئابرويىنى تۆۋەنلەتمەك: بەزى كادىرلار پارا ئارقىلىق دۆلەت كادىر-لىرىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈۋاتىدۇ. * ئۇنىڭ بۇ ئىشى باشقا قوشنىلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمەمدۇ، ئۇ نەمۇنىچى بولۇشقا لايىق ئەمەس.

**شەنىگە داغ چۈشۈرمەك** ← **شەنىگە داغ تەگكۈزمەك**: ئۇ سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزغا رەھمەت ئېيتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شەنىڭىزگە داغ چۈشۈرىدىغان بىرمۇنچە ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلدى.

**شەنىگە داغ كەلتۈرمەك** ← **شەنىگە داغ تەگكۈزمەك**: سىز قاراپ تۇرۇپ يۇقىرى

دەرىجىلىك بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ شەنگە داغ كەلتۈرىدىغان غەيۋەت-شىكايەتلەرگە يول قويۇۋاتىسىز.

**شەنگە گەپ تەگمەك** نام-ئابرويىنى چۈشۈرىدىغان گەپ-سۆزلەر بولماق، باشقىلار تەرىپىدىن سۆز-چۆچەك قىلىنماق: ئۇ «قىزنىڭ شەنگە گەپ تېگىپ قالمىسۇن» دەپ ئويلىدى-دە، قىز بىلەن شۇ يەردىلا خوشلاشتى.

**شەنگە ئۇلتۇرماق** ← **شەنىنى بۇلغىماق**: بىزنىڭ دۈيجاڭ ئۇبدان ئادەم ئىدى، كىچىككىنە ئىش بىلەن شەنگە ئولتۇردى.

**شەنىنى بۇلغىماق** ئىززەت-ئابرويىنى يوقاتماق، نام-شەرىپىنى يوقاتماق، خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى چۈشۈرمەك: بىزدە بەزىلەر ياتلارغا چوقۇنۇپ ۋە خۇشامەت قىلىپ، قۇللارچە باش ئېگىپ، نەتىجىدە بۈيۈك دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، شەنىنى بۇلغاپ، خەلقنىڭ قارغىش، ھاقارىتىگە قالدى.

**شەنى يامان** باشقىلار ئالدىدا يۈز-ئابرويى، ھۆرمىتى يوق، كىشىلەر ئارىسىدا ئەسكى نامى چىققان: - بۇ پىكىرلىرىدىن يانسىلا بولارمىكىن، شەرىخان، شەنى يامان ئاشۇنداق بىرنېمىنى كۆيئوغۇل قىلمەن دېگەنلىرى نېمىسى؟ - شاراپەتخان شەرىخانغا «نەسىھەت» قىلاتتى.

**شەنبە** ئى (پ) <ئاستر> ھەپتىنىڭ جۈمەدىن كېيىنكى، يەكشەنبىدىن بۇرۇنقى ئالتىنچى كۈنى: شۇ چاغدىكى مەسلىھەت بويىچە لۇتپۇللا ھەر شەنبە كۈنى ئەغزەمنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، ئۇن يېرىمغىچە ۋە ئەتىسى كەچكىچە ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىپ تۇردى.

**شەنبە بازار** ① بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە شەنبە كۈنى بولىدىغان بازار. ② شەنبە كۈنى بازار بولىدىغان جاينىڭ نامى. ③ كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر يېزا بازىرىنىڭ نامى.

**شەنبىلىك** سۈپ. شەنبە كۈنى ئېلىنىپ بېرىلىدىغان، شەنبە كۈنى قىلىنىدىغان: شەنبىلىك تازىلىق تۈزۈمىنى ھەرقايسى ئورۇنلاردا تۈرغۇزۇش كېرەك.

**شەھەر** ئى (پ) ① ئادەم زىچ ئولتۇراقلاشقان، سودا-سانائەت تەرەققىي قىلغان، ئاھالىسى دېھقانچىلىق قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئاساس قىلغان، ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدىغان جاي: قەشقەر شەھىرى. ئۈرۈمچى شەھىرى. * شەھەر چوڭ بولغاچقا، ھەر جۈمە كۈنى نەچچە يۈز ھارۋا ئوتۇن سېتىلىپ تۈگەيدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئادەم بۇ ئوتۇننىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ «قالاپ تۈگەتكىلى بولامدۇ» دەپ قالاتتى. * بۇ شەھەر شۇنداق چىرايلىق شەھەر ئىكەنكى، ۋەزىر ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق شەھەرنى كۆرمىگەنىكەن. ② مەمۇرىي رايون بىرلىكى. مەملىكىتىمىزدە، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، ئۆلكىگە (ئاپتونوم رايونغا) بىۋاستە قاراشلىق شەھەر ۋە ۋىلايەتكە (ئاپتونوم ئوبلاستقا) بىۋاستە قاراشلىق شەھەر دەپ ئايرىلىدۇ: تۇرپان شەھىرى. سانجى شەھىرى. ③ قەدىمدە ئۆتكەن كىچىك دائىرىدىكى دۆلەت، يۇرت: شەھەر سورىماق. * پادىشاھلىق نۆۋىتى بەھزاتقا كېلىپتۇ. لېكىن شەھەر خەلقى بىزگە قارىغۇ پادىشاھ كېرەك ئەمەس دەپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى قوبۇل قىلماپتۇ. * ئاتامنىڭ ئۆكسىمۇ باشقا بىر شەھەرگە شاھ ئىدى.

**شەھەر ئالدىغاندەك** ناھايىتى زور ھەيۋە بىلەن، ئىنتايىن دەبدەبە بىلەن: ئېرى قىزىل بۇرۇن تاتۇقمۇ پاختا ئېتىپ شەھەر ئالدىغاندەك گۇركىرىدى.

**شەھەر سورىماق** ھاكىمىيەت تۇتماق، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرماق: ھوت پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئادالەت بىلەن شەھەر سوراپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى.

**شەھەر كۆرمىگەن** ① ئۆزى تۇرغان جايدىن باشقا يەرلەرگە بارمىغان. ② كۆچمە. ئىش كۆرمىگەن، نەزەر دائىرىسى تار، تەجرىبىسىز: — شەھەر كۆرمىگەن باللار-دە، — دېدى ئۇ بىزگە قاراپ، ئۆزىچە ئۆز سۆزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا مەغرۇرلۇق بىلەن. * شەھەر كۆرمىگەن چالا موللا بىر ئادەمدىن ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

**شەھەر كىلىماتى** <مېتېئور> شەھەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، خاراكتېرى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، يەر يۈزى ئەھۋالى، كوچىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى، ئاھالىسىنىڭ زىچلىق دەرىجە-سى ۋە سانائىتىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئالاھىدە كىلىمات. شەھەردە، ئەتراپىدى-كى رايونلارغا قارىغاندا تۇمان كۆپ، ئاتموسفېرا ئۇخشىمىغان دەرىجىدە بۇلغانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق، قىسمەن جايلار بىلەن بولغان شامال سۈرئىتى، شامال يۆنىلىشى ۋە ھۆل-يېغىن مىقدارى جەھەت-لىرىدىكى پەرقى ناھايىتى زور بولىدۇ.

**شەھەرلەر ئارا مۇسابىقە** <تەن> چوڭ شەھەرلەر ۋەكىل كوماندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى. ئادەتتە توپ تۈرلىرى مۇسابىقىلىرىگە قارىتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش؛ چېنىقىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**شەھەرنى ئالدى قونتاجى** بۇ ئىبارە ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز، تەجرىبىسىز ئادەمنىڭ ئىشنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپلا، ئىشنى قالايمىقان، ئولڭ-تەتۈر قىلىۋېتىشىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: — شەھەرنى ئالدى قونتاجى دەپ، ئەمدى سېنىڭ ھاكىم بولۇپ قىلغىنىڭ مۇشۇ بولدىمۇ؟! — دېدى بوۋاي زەردە بىلەن ھاكىم بولغان ئوغلىغا ھومىيىپ.

**شەھەرچە** ① ئى. كىچىك شەھەر: ئۇلار كەچتە ئارالدىكى بىر شەھەرچىگە يېتىپ كېلىپتۇ. ② رەۋ. شەھەردىكىگە ئوخشاش؛ شەھەرلىكلەردەك: — بۇ يەرلەردىمۇ شەھەرچە يۈرسەڭ، كىشىلەر سېنى ئاسان ئارىغا ئالمايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ. * — بىزنىڭ بۇ يىگىت شەھەرچە يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى دادام ئەمدىلا سەككىز ياشقا تولۇۋاتقان ئىنىمنى ئەركىلىتىپ قۇچىقىغا ئالغاچ.

**شەھەرچىلەپ** رەۋ. شەھەردىكىلەرگە ئوخشاش قىلىپ، شەھەردىكىلەرنى دوراپ: — خىمىيىۋى ئوغۇتتىن كۆپرەك ئىشلەتسەڭلار بولامتى؟ شەھەرچىلەپ گەپنى قىلىۋېرىدىكەنسىز، — دېدى زەيتۈنە قىيدىغاندەك قىلىپ.

**شەھەرلىك** سۈپ ① شەھەردە ياشىغۇچى، شەھەردە ھايات كەچۈرگۈچى: بىر بازار كۈنى باي شەھەرلىك ئەل-ئاغىنىلىرىنى چايغا قىچقىرىپتۇ. // ئۇ شەھەرلىكلەرنى ناھايىتى كەم سۈندۇرۇراتتى. ② شەھەرگە تەۋە، شەھەر دائىرىسىدىكى، شەھەر

دەرىجىلىك: شەھەرلىك باج ئىدارىسى. شەھەرلىك پارتكوم.

**شەھلا** سۈپ (ئە) يېز ت. نۇرلۇق، قارىغا مايىل كۆك ۋە چوڭ-چوڭ (كۆز ھەققىدە): شەھلا كۆز. * نەزمىلەر پۈتتۈم كۆزى شەھلاغا، چىقمىدى يارىم ئۆيدىن تالاغا. * ئۇنتۇپ قال!... ئۇنتۇپ قال، يوقلىما مېنى، يوقلىما ئەي چېۋەر كۆزلىرى شەھلا. ئېكراندا قاش ئاتقان گۈزەل جانانىدىن، ئاغزىدا سۇ بەرگەن پۇچۇق قىز ئەلا.

**شەھلا كۆز** نۇرلۇق، قارىغا مايىل كۆك ۋە چوڭ-چوڭ كۆز؛ خۇمار كۆز؛ چىرايلىق ۋە چوڭ-چوڭ قارا كۆز: ئۇ شەھلا كۆزلىرىنى نىجاتقا تىكىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ ۋىلىقلاپ كۈلدى. * قازى يۈگۈلۈق مەيدىسىنى ئېچىپ مۇناجات قىلىپتۇ: — ئاھ خېنىم، ئاپئاق خېنىم، شېرىن سۆزلۈك، شەھلا كۆزلۈك خېنىم، ئۇرۇن راسلىمامىلا، كۆيگەن كۆڭلۈمنى ئالمامىلا؟!

**شەھۋانە** (توغرىسى: شەھۋانىي) ← **شەھۋانىي.**

**شەھۋانىي** سۈپ (ئە) ① جىنسىي تەلەپتىن بولغان، شەھۋەتتىن كېلىپ چىققىدىغان: ئۇ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان ئازادگۈلنى تورۇسقا ئېسىپ قويدى. * ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل شەھۋانىي لەززەتنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ② شەھۋەتپەرەسلىككە ئائىت، ئەخلاقسىز، بەتقىلىق باياتلار ۋە سۈرەتلەر بېرىلگەن: يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەھۋانىي كىتاب-ژۇرناللار تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېلىمىزگە ئېلىپ كىرىلىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ كەيپىياتىنى بۇلغىدى. * بىر تەرەپتە ئەمالار غېجەك تارتىپ شەھۋانىي ناخشىلارنى ئېيتماقتا ئىدى.

**شەھۋانىيەت** ى (ئە) ← **شەھۋانىلىق:** ئىنسان شەھۋانىيەت ئۈچۈن ئەمەس، ئالەم تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن، جىنسىي ئالاقىنى نەسىل قالدۇرۇش مەقسىتىدىكى نورمال ھەرىكەت دەپ بىلىپ، نورمال شۇغۇللىنىش لازىم.

**شەھۋانىلىق** ى. شەھۋەتكە كۆپ بېرىلىش، شەھۋەتپەرەسلىك: شاھزادە باغداشقا چىققاندىن كېيىن شەھۋانىلىقتا چېكىدىن ئېشىپ كىشىلەرنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىۋەتتى. * ئۇنىڭ شەھۋانىلىقلىرى بەك كۆپ ئىدى.

**شەھۋەت** ى (ئە) جىنسىي تەلەپ، جىنسىي ئىنتىلىش: تەڭرى ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق قىلىش ئۈچۈن شەھۋەتنى ياراتتى. ئاتا-ئانىلارنى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن سەۋەب قىلدى. * ھاتەم ئۇن كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ ئۇلارغا شەھۋەت نەپسىنى قويۇپ بەرمىدى. قىزلار ھاتەمنىڭ بۇ سۈپىتىنى ئاتا-ئانىلىرىغا تەرىپلەپ ئېيتىپ بېرىشتى.

**شەھۋەتپەرەس** سۈپ (ئە+پ) شەھۋانىلىققا بېرىلگەن، جىنسىي تەلىپى كۈچلۈك: شەھەرگە يېقىندىن بىر شاھ پەيدا بولۇپتۇ. بۇ شاھ شەھۋەتپەرەس ئىكەن. * شەھۋەتپەرەس زالىم پادىشاھ قىزغا غايىبانە ئاشىق-بىقارار بولۇپتۇ.

**شەھۋەتپەرەسلىك** «شەھۋەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سۇلتان مامۇتنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكى قوزغىلىپ، ئانارخاننى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. * يېتىلىپ قالغان گۈزەل قىزنى كۆرۈپ، مەخسۇت بەگنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكى تۇتتى.

**شەھۋەتخور** سۈپ (ئە+پ) ← **شەھۋەتپەرەس:** ئۇ پادىشاھنىڭ ئوغلى تولىمۇ شەھۋەتخور ئىكەن.

**شەھۋەتخورلۇق** «شەھۋەتخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەلىكىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەن ۋەزىر ئوغلىنىڭ شەھۋەتخورلۇقى زىيادە ئېشىپتۇ.

**شەھەد** (توغرىسى: شېھەت) ← **شېھەت**.

**شەۋق** (توغرىسى: شوق) ← **شوق**.

**شەۋكەت** ئى (ئە) ① ئابروي، ھۆرمەت؛ شان-شۆھرەت: كۈي قاتسام شۇڭا دىلدىن، شېكەر ياغدى بۇ تىلدىن، شەۋكىتى بۇ دىيارىمنىڭ يۈرەككە ئىشتىياق سالدى. * بەختلىكمەن، باھاسىز دۆلىتىم بار، قېشىمدا يار، ھاياتتا شەۋكىتىم بار. ② كۈچ-قۇۋۋەت، سالاپەت؛ ھەيۋەت، ھەشەمەت: — شاھزادە بېگىمنىڭ شەۋكىتى بىلەن مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشكەن قۇللىرى، خىزمەتلىرىگە تەييار تۇرۇپتۇ، — دېدى سودىگەر ئامان قېلىش ئۈمىدىگە تولۇپ.

**شەۋكەتلىك** سۈپ ① چوڭ ھۆرمەت ۋە ئابروي-ئىناۋەتكە ئىگە بولغان، شۆھرەت-لىك، داڭلىق: — ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن بۇ ئوردا شەھىرىنىڭ غەرىبىدى-كى قەبىلىدىن، ئانام يوق، ئاتام بولسا سەپەردە، — دەپتۇ پادىچى. * ئۇلار شەۋكەت-لىك بىر قەھرىمانىنىڭ تۇغۇپ ئۆستۈرگۈچىسىنى ئۇلۇغ خەۋىرى بىلەن كۈتتۈۋېلىشتى. ② ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك: باغ ئىچىگە خەلىپە ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەۋكەتلىك چوڭ ساراي جايلاشقانىكەن.

**شەۋۋال** ئى (ئە) <ئاستر> ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى ئونىنچى ئاي. ئۇ 29 كۈن بولىدۇ.

**شەيتان** I (ئە) ① ئى <دىن> دىنىي چۈشەنچە بويىچە، ئادەملەرنى دىن يولىدىن ئازدۇرغۇچى، يامانلىققا، بەتقە-لىقلىققا باشلىغۇچى ئەپسانىۋى مەخلۇق، ئىبلىس: شەيتانغا «توپا يەمسەن؟» دېسە «يېغى بارمۇ؟» دەپتۇ (ماقال). * — بەگدىن ياخشىلىق تىلەش — شەيتاندىن ئىمان تىلىگەن بىلەن باراۋەر، — دېدى مەشرەپ ئىككى خىيال بولۇپ. * قاراڭغۇدا ئەقلىنى يوقىتىپ قويغان خېلىلىنىڭ كۆزىگە شەيتان كۆرۈنگەندەك بولدى. ② ئى. كۆچمە. سەلب. ھەييار، قۇۋ، ئادەم ئالداشقا ئۇستا: — ئۇ دادىسىدىن ئون ھەسسە ئۇستۇن ماھىرلىق بىلەن ئالدىمنى توراپ تۇرىۋاتىدۇ، كاساپەتنىڭ بالىسى بىر شەيتان-دە! — دېدى ئۇ مەيۈس پىچىرلاپ. * — ھۇ شەيتان، بالام دەپ يۈرسەم، مېنى ئالداپ يۈرگىنىنى، — دېدى دادام ئاچچىق بىلەن قولىنى شىلتىپ. ③ سۈپ. كۆچمە. شوخ، چاققان، ھەرىكەت ۋە قىلىقلىرى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان (بالىلار ھەققىدە): — ھەي شەيتان قىز، مېنى ئالداپسىز-دە، — دېدى نۇرۇم. * شوخراق، شەيتانراق، گارمون چېلىشنى بىلىدىغان بۇ تاتار يىگىتىنىڭ ئىسمى رەئۇپ ئىكەن. * ئەركىن سەلىقىنىڭ سۆز ئويۇنغا ئەجەبلىنەتتى ۋە «ھەي شەيتان قىز» دېگەندەك ئۇنىڭغا قارايتتى. ④ ئى. كۆچمە. سەلب. قارانىيەت، ئالدامچى، ھىيلىگەر، مەككار، شۇم نىيەت: — ئۇنىڭ كاللىسى ئەجنەبىي شەيتان-لارنىڭ رامكىسى بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ سۆزى، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. * غەزەپتىن بىر سەكرەپ چۈشتۈم مەيدانغا، قول شىلتىپ ۋارقىرىدىم پالتا تۇتقانغا: «سەن چۈشىن، ئەل زور تاغ، تارتقىن قولۇڭنى، ئەسلا يول قويمايمىز سەندەك شەيتانغا!» ⑤ ئى. ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان ھېس، ئادەمنى يامان

ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئىچكى تۈيغۇ: – ئامەت بىلەن ئاپەت، – دېدى ساھىبجامال ئايال ئارقىدىن، – دائىم بىر ئۆيدە قونغۇدەك، قىزىلگۈل بىلەن تىكەن بىر شاختا تۇرغۇدەك، شەيتاندىنمۇ ئادەم شەيتىنى يامان بولغۇدەك. * شەيتىنى ئۇنى ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەشەمەتنىڭ ھۆسنىگە قاتتىق خۇشتار قىلىپتۇ.

**شەيتان ئاتلىماق** چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ مەنى كەلمەك، ئىھتىلام بولماق: تولا شەيتان ئاتلاشمۇ بىر خىل كېسەللىك.

**شەيتان ئارىلاشماق** بىرەر ئىش ياكى پائالىيەت، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى سەۋەبلىك دەخلى-تەرۇز-غا ئۇچرىماق: – بۇ ئىشنى ھازىرچە ئۆزىمىزلا بىلەيلى، ئىشىمىزغا شەيتان ئارىلىشىپ قالمىسۇن، يەنە، – دېدى تەلەيخان گۈلسۈمخاننىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ.

**شەيتان تارازا** جان ت. قىممەت باھالىق ياكى تەجرىبىخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان نازۇك ماددىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى بېشىغا كىچىك تەخسە ئورنىتىلغان، ئوتتۇرىدا ئىككى تەرەپنىڭ تەڭپۇڭ بولغان-بولمىغانلىقى-نى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەرىكەتلەنگۈ-چى سترېلكا ئورنىتىلغان تارازا.

**شەيتانغا دەرس بېرىدىغان** شەيتاندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان، ئادەم ئالداشقا ناھايىتى ئۇستا: – ئۇ دېگەن شەيتانغا دەرس بېرىدىغان نەرسە، مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن، – دېدى ئىسمى ماڭا نامەلۇم بولغان بۇ ئەپەندى كەسكىن تەلەپپۇزدا.

**شەيتانغا دەرس ئۆگەتىدىغان** ← **شەيتانغا دەرس بېرىدىغان**: – نازىمجان ئىش-ئوقەتنى نەدىنمۇ باشلىسام دەيدىكىن؟ ئاڭلىسام ئۇ شەيتانغا دەرس ئۆگەتىدىغان بالا ئىمىش، – دېدى بارات مەزىن موماينغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ.

**شەيتانغا ساۋاق بېرىدىغان** ← **شەيتانغا دەرس بېرىدىغان**: مەن ئويلى-مىغانىكەنمەن، ئۇ ھەقىقەتەن شەيتانغا ساۋاق بېرىدىغان بىرنېمە ئىكەن.

**شەيتانغا نوختا سالىدىغان** ← **شەيتانغا دەرس بېرىدىغان**: – تووۋا، غۇلجىلىقتىن ساختا چىقسا ئۇنداق-مۇندىقى چىقمايدىكەن. نامەت ساختا شەيتانغا نوختا سالىدىغان بىرنېمە دېسىلە ... – ئايال ماڭا چاي قۇيۇپ بېرىپ، ھاشىرنى چاقىرىشقا چىقىپ كەتتى.

**شەيتاننى ئالدايدىغان** ← **شەيتانغا دەرس بېرىدىغان**.

**شەيتاننىڭ بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزىدىغان** ← **شەيتانغا دەرس بېرىدىغان**.

**شەيتاننىڭ پەيلى** ئادەمنى ئېزىقتۇرۇپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئىچكى ھېس-تۇيغۇ، يامان نىيەت، يامان ئارزۇ: – ھەي، – دەپ پىچىرلىدى ئۇ سوتلىنىۋاتقان تاغامغا قاراپ، – شەيتاننىڭ پەيلى بىلەن بىر قىزنى دەپ ئۆزۈڭنى بۇلغىۋالدىڭ-دە.

**شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەك** كۆڭلىدە پەيدا بولغان يامان، ناچار ئارزۇ-ھەۋەس بويىچە ئىش قىلماق، ئەخمەقلىك قىلماق: مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپتىمەن. * – ھەي خوتۇن، مېنىزە، ئۆزى... بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ، پۇل-پۇچەك توپلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىپسىلەر-دە؟ ھى-ھى-ھى... – دېدى ئۇ قورۇق باسقان چىرايىغا

كۆلكە يۇگۈرتۈپ.

**شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدانماق** ← **شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەك:** ناۋادا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدىنىپ، مەرھۇمە ئاجىزەنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ دۇنيا-دەپىنىلىرىنى ئالغان بولساڭلار، دەرھال توۋا قىلىپ، ئىقرار قىلىڭلار.

**شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان** ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ نۇرغۇن ئىشنى قىلالايدىغان، ھەر خىل ئىشلار قولىدىن كېلىدىغان: — ياسىننى بۇ ئىشنى قىلالمايدۇ، دېمەڭ، ئۇ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان نېمە، — دېدى باشلىقىمىز قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئەسلىگەندەك قىلىپ.

**شەيتان ھارۋا** جان ت. ۋېلسىپىت.

**شەيتان ئۇرسۇن** «جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالسۇن» ياكى «خۇدا بالا بەرسۇن» دېگەن مەنىدىكى قارغىش ئىبارىسى: — راست، شەيتان ئۇرسۇن، ئەزبىرايى، — دەپ ئاۋاز قوشتى يەنە بىر ئاق ساقال ۋە ھېجىيىپ تۇرۇپ قۇربان ئاقساقالغا چىلىم تۇتتى.

**شەيتان ۋەسۋەسىگە سالماق** شەيتان ئازدۇرماق، كۆڭلىدىكى بىر خىل ناتوغرا ئارزۇ-ئىستەك ئۇنى خاتا يولغا باشلىماق: — بۇ ئىشنى ئوبدانراق ئويلاپ قىل، ھەرقاچان شەيتىنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتىدۇ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمە، — دەپ نەسىھەت قىلغانىدى ئاكام. ئەمما مەن ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدىم.

**شەيتىنى پۈۋلىمەك** بىرەر ئىشنى قىلىش ھەۋىسى ئۆرلىمەك، شۇ ئىشنى قىلىشقا بولغان ئىنتىلىشى كۈچەيمەك: — دۇيجاڭ «سوپەك» ئالغاندىن بۇيان مېنىمۇ شەيتىنىم پۈۋلەپ ئۇچۇرۇشقا باشلىدى، ئەمما پۇل بىرئاز كېمىيىدىكەن، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا... — ئۇ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجايدى.

**شەيتىنى تۇتماق** ① شەيتىنى ئۆرلىمەك: ئۇنىڭ ئادالەتسىز سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ شەيتىنى تۇتۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. * قىزنىڭ قەستەن قىلىۋاتقان نازلىق قىلىقلىرىنى كۆرگەن ئەخمەق يىگىتنىڭ شەيتىنى تۇتۇپتۇ-دە، قىزنى بىلىكىدىن تۇتۇپ قۇچىقىغا تارتىپتۇ. ② كۆلگۈسى كەلمەك، كۈلكىسى ئۆرلىمەك: ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ شەيتىنىم تۇتتى-دە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم. * — شەيتىنىڭ تۇتتى-ھە، جىم ئولتۇر، — دېدى ھامام بېقىنىمغا بوشقىنە نوقۇپ، پىچىرلاپ تۇرۇپ.

**شەيتىنى غالىب** كۆڭلىگە كەلگەن بىرەر ئىش ياكى بىرەر گەپنى پالاق-پۇلۇق قىلىپ دەپ تاشلايدىغان؛ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان: ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدا سېھىرلىك كۆرۈنىدىغان سەدەپ چىشلىرىنىڭ جۇلاسىغا قاراپ بەزىلەر ھەۋەس باغلىسىمۇ، سىنچى يىگىتلەر ئۇ قىزغا شەيتىنى غالىب كۈلگەك قىز ئىكەن دەپ باھا بېرىشەتتى.

**شەيتىنى غالىب كەلمەك** كۆڭلىدىكى بىرەر يامان نىيەت، ئارزۇ-ئىستەكنىڭ زورى بىلەن يامان ئىش قىلماق: نۇرغۇن قېتىم ئىككىلەندىم. ئاخىرى شەيتىنىم غالىب كېلىپ بۇ ئىشنى قىلىپ تاشلاپتىمەن.

**شەيتىنى غالىس** ← **شەيتىنى غالىب:** — شەيتىنىڭ بەكمۇ غالىس ئىكەن، ئۇكام، — دېدى بوۋاي قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، — ئاچچىقىڭنى بېسىۋال، ئۇرۇش-جېدەل سېنى شەرەپكە ئىگە قىلمايدۇ. * — شەيتىنىڭىز بەكمۇ غالىس ئىكەن، تېخى مەلىكە كەلمىدى، ئالدىرىماي تۇرمامسىز، — دېدى دەللال موماي سودىگەر يىگىتكە قاراپ مەككارلارچە ھىجىيىپ.

**شەيتىنغا هاي بەرمەك** ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، يامان ئىشنى سادىر قىلىش نىيىتىدىن يانماق، يامان غەرەزدىن ۋاز كەچمەك: — هەرگىز تەتۈرلۈك قىلىپ يۈرمە، — دېدى ئۇ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، — شەيتىنىڭغا هاي بەر، ئۆزۈڭدىن ئۆتتى، تۈزەتسەڭ بولىدىغۇ؟ ساڭا باشقىلارنىڭمۇ پىكرى كۆپ.

**شەيتىنى قوزغىماق** كۆڭلىدە بىرەر يامان ئىش قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولماق: — شەيتىنىم قوزغاپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بۇ بىر باش قوناقنى ئۈزۈپ سېلىپتىمەن ئۇكام، بۇندىن كېيىن... — بوۋاي «قىزىل قوغدىغۇچى» ياشنىڭ قورقۇنچلۇق تەلەتىگە قاراپ، سۆزدىن توختاپ قالدى. * قىزنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى بىلگەن يىگىتنىڭ شەيتىنى قوزغاپ، ئۆز ئايالىنى ئۇنتۇغانىدى.

**شەيتىنى كۆچلۈك ← شەيتىنى غالىب:** — ئۇ ناهايىتى شەيتىنى كۆچلۈك ئادەم، قانخورلۇق قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشمە، — دېدى بوۋام ماڭا نەسىھەت تەلەپپۇزىدا. * قىزنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرگەن شەيتىنى كۆچلۈك يىگىتنىڭ شەهۋانىي هەۋىسى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ.

**شەيتىنى ئۆرلىمەك** كۆڭلىدە بىرەر يامان ئىش قىلىش نىيىتى پەيدا بولماق ۋە شۇنداق نىيىتى كۈچىيىپ بارماق: ئالتۇننى كۆرگەن يىگىتنىڭ شەيتىنى ئۆرلەپ، بەگنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ.

**شەيتان II** ئى (ئە) گۆرىزونتال تەكشىلىكنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. رامكا بىلەن ئىچىگە ئېتىل ئېغىر ياكى ئىسپىرت قاچىلانغان ئەينەك نەيچىدىن تۈزۈلىدۇ. نەيچە ئىچىدە بىر دانە كۆپۈك قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ باشتىن-ئاخىر نەيچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسىدا تۇرىدۇ. شەيتان گورىزونتال تەكشىلىكتە تۇرغاندا، كۆپۈك نەيچىدىكى شكالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ، بۇ شۇنداق ئەسۋابنىڭ بىر خىلى.

**شەيتانتېرىسى** ئى (شەيتان+تېرە+سى) قېلىن هەم توقۇلۇشى ناهايىتى زىچ، ئاسان يىرتىلمايدىغان بىر خىل رەخت: شەيتان تېرىسىدىن تىكىلگەن پەشمەتمدىن قول ياغلىقىمنى ئالدىم.

**شەيتانچاق** ئى. جان ت. ۋېلىسىپىت: باي بالىسى كۆرەڭلىگەن هالدا شەيتانچاقنى مىنىپ قاۋۇلنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. * — دۇرۇس، «شەيتانچاق» دېگەن سۆزنى سىلەر ئاڭلاپ باقمىغان — هە؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ ۋە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كىشىلەر هازىر سىلەر مىنىپ يۈرگەن ۋېلىسىپىتلەرنى «شەيتانچاق» دېيىشەتتى.

**شەيتانلىق** ئى ① مەككارلىق، هىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق: — قادىرئاخۇن ئۇستىنىڭ شەيتانلىقى باردەك قىلىدۇ، ئۇ مايمۇننى ئۇسسۇلغا سالالايدىغان ئادەم،... — دەپ گەپ باشلىدى ئەخمەت چاڭجاڭ. * هەي... ئۇ گومۇش يەنە قانداق شەيتانلىق بىلەن مەشغۇلدۇ؟ * بىلگەن بولسام شەيتانلىقىڭنى، ئاشىق بولۇپ سېنى سۆيمەستىم. ② شوخلۇق، كەيپسىزلىك: — سېنىڭ شەيتانلىقىڭنى شۇ... — دېدى دادام مېنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىپ.

**شەيتانلىق قىلماق** ① هەييارلىق، ئالدامچىلىق، مەككارلىق قىلماق: ئەگەر نامان شەيتانلىق قىلىۋاتقان بولسا، بۇنى قاسىمغا ئۇقتۇرۇپ «كۆزۈڭنى ئاچ» دېيىش كېرەك. * — هە، ئاشۇ شەيتانلىق قىلىپ چىرايىنى مىڭ ياڭزا ئۆزگەرتىش ۋە غىلجىڭلاپ

بېلىنى تولغاشلار... — دېدى ئۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چوكانغا قاراپ سەسكەنگەندەك. ② شوخلۇق ياكى قىزىقچىلىق قىلماق: ئۇ كۆزلىرىنى بىرقىسمىلا ئوينىتىپ شەيتانلىق قىلدى. * ئەخمەتنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شەيتانلىق قىلغۇم كەلدى-دە، يۈز-كۆزىگە قارا كۈيە سۈركەپ، تونغۇسىز قىلىپ قويدۇم.

**شەيتانلىقى تۇتماق** شوخلۇق قىلغۇسى، قىزىقچىلىق قىلغۇسى كەلمەك: — شەيتانلىقىڭ تۇتتىمۇ نېمە، تۇخان؟ نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئابدۇرېشىت. — مانا كۆردۈڭلارمۇ، تازا قىزىق قوشاق تېپىۋالدىم، — شوخلۇق بىلەن جاۋاب بەردى تۇخان.

**شەيخ** ئى (ئە) ① ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بىلىملىك كىشىلەر، ئالىملار، ئۆلىمالار ۋە دىني ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىرىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان. ② <دىن> تەرىقەت خانىقاسىنىڭ باش دەرۋىشى: ئايىمخانىنىڭ زارلىنىشىنى شەيخ ئاڭلىماسقا سېلىپ، مۇرىتلارغا كايىپ: — قىزىق تۇتۇڭلار، سوۋۇپ قالماڭلار!... ھە! — دەيتتى. * ئۇ شۇنداق قارىسا، ئارقىدا قارا جەندە كىيىۋالغان سېمىز بىر شەيخ تۇرغۇدەك. ③ <دىن> مازار، زىيارەتگاھ قاتارلىقلاردا، ئەۋلىيالارغا، خۇدا يولىغا ئاتالغان سەدىقە ۋە نەزىر-نىيازلار ھېسابىغا ياشايدىغان كىشى، مازارغا قارىغۇچى: شۇندا نۇرۋان ھېچ تۇتالماي ئۆزىنى، يوشۇرۇپ ئەلدىن پەرىشان يۈزىنى. دېۋىتىپ ئاتىنى بۇراپ ماڭغان پېتى، كەلدى قەبرىستانغا ئاھ ئۇرغان پېتى. «نەگە كۆمگەندۇر ئۇنى» دەپ كاڭگىراپ، شۇ مازارنىڭ شەيخىدىن بىلدى سوراپ. ④ كۆچمە. تەييار، بىكار تاماققا ئادەتلەنگەن كىشى: ئاتام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ (ماقال).

**شەيخۇلئىسلام** ئى (ئە) <دىن> ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ دىني مەنسەپ، ئۇنۋان ۋە مۇشۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى: ئابدۇرېشىتخان دەرھال شەيخۇلئىسلامنى چاقىرتىپ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇنىڭ پىكرىنى سورىدى.

**شەيدا** ئى (پ) ① ھەددىدىن ئارتۇق مەپتۇن بولغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئاشىق: ھەممە قايىل ھەمرا قىز، مەنمۇ ساڭا شەيدا قىز. * مەپتۇن بولۇپ قونار شاخقا گۈل شەيداسى، جىمى جانغا يېتەر ئاندىن كۈي-نىداسى. // جاھان بەرنالىرى شەيدا گۈزەلنى ساقلىغان مىڭئۈي، قىلۇر ئاشىق يۈرەكلەرنى ئەسىرنىڭ ھېكمىتى ئاقسۇ. ② بىرەر نەرسىگە ھەددىدىن ئارتۇق قىزىقىش بىلەن بېرىلگۈچى، مەستانە: ناخشا ئەل-يۇرتقا تارالغان ھامان ئۇنىڭ ھېكايىسىمۇ دەرھال تارقىلىپ بولدى، بىراق بۇ مۇھەببەت شەيدالىرى ئاشۇ كۈنلەردە مۇھەببەت شارابىنى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. * مەن ئەمەسمۇ مەكتەپلىرىڭدە، ھەر مەۋسۇمدە ئەلا ئوقۇغان، نەزمە، قوشاق شەيداسى بولۇپ، ئون تۆت ياشتا قوشاق توقۇغان.

**شەيدا ئەتمەك** ← **شەيدا قىلماق**: قاراپ باقساڭ جامالى گۈلنى شەيدا ئەتكۈدەك. بىراق ۋىجدان بولمىسا، زىبالىقى نە كېرەك.

**شەيدا بولماق** ئاشىق بولماق، ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ قالماق، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيمەك، مەپتۇن بولماق، بېرىلمەك، ئۆزىنى ئاتماق: — ئەي لەنىتى شەيتان نەسىللىك! مەھبۇبەڭنىڭ ئاشىقىمغا شەيدا بولۇپ قانداق سۆز، قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنسەن! — دەپتۇ ئۇ دېۋىگە ۋارقىراپ.

* ئه ختە رنڭگكە داستىخانلار ئاز كە لمىدى، كۆپلىرى قىزىغا شه يدا بولغان، قىسمە نلىرى ئە مە لگە . * ئە تلىسگدىن ئۆرنە ك ئالدىم، گۈللىرىگدىن ئە ترىنى، شاھ قىزى شه يدا بولۇر يۇتسا دىيارىڭ قە ترىنى، ئامتى ئوگدىن كېلىبان، چە رخى چۆرگۈلگە ن خوتە ن.

**شه يدا قىلماق** ئاشىق قىلماق، كۆيدۈر-مە ك؛ مە پتۇن قىلماق، ئۆزىگە تارتماق، مە ھلىيا قىلماق: — پاھ، بۇگۈن ئادە منى شه يدا قىلغۇدە ك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا . * ئۇ ئويلىغانىسېرى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئادە منى شه يدا قىلىدىغان پۈتۈن بىر قىياپە ت گە ۋدىلىنە تتى. * ھۆسنىنى بىر كۆرسىتىپ قە لبىمنى شه يدا قىلدى گۈل، بارچە ئىنسان قە لبىگە ئىشقنى پە يدا قىلدى گۈل.

**شه يدالىق** ئى. ئاشىقلىق، ئامراقلىق، مە پتۇنلۇق: داۋۇت موللامنىڭ توختىخانىغا بولغان شه يدالىقى پە قە ت كۆز بىلە ن كۆرگۈ-لى، قول بىلە ن تۇتقىلى بولمايدىغان شه يدالىقلا ئىدى. // سۆيۈشكە ئىنتىزار چوغدە ك لە ۋلىرى، كۆزىدە يالقۇنلار شه يدالىق ئوتى.

**شه يدايى** سۈپ (پ) بىركىمگە ياكى نە رسىگە بولغان قىزىقىش، تە لپۈنۈشى ھە ددىدىن ئارتۇق كۈچىيىپ ئە قىل-ھوشى-نى يىغالماس بولۇپ قالغان، مە جنۇنلارچە ئاشىق بولغان، بە ك بېرىلىپ ھوشىنى يوقاتقان؛ سە ۋدايى: مە ن قوشاققا شه يدا-يى، ئوقۇر ئىدىم ھە ر كۈنى، ئولتۇرسامۇ قوپسامۇ، ئاڭا بېرىپ ئىشقىمنى. * يارىم غە زە ل ئوقۇدى، قۇلاق سالدىم سازىغا. شه يدايى بولۇپ قالدىم، بۇلبۇلدە ك ئاۋازىغا.

**شه يدايىلىق** «شه يدايى» سۆزىنىڭ ئىسىم شه كلى.

**شه يئى** ئى (ئە) <پە لس> ئوبيېكتىپ مە ۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نە رسىلە ر ۋە ھادىسىلە ر: يېگى شه يئى. شه يئى ئۇقۇمى. * مە لۇم بولمىغان شه يئىنىڭ دە ردىنى تارتمىغان كىشى كە شپىياتنىڭ ھۇزۇرىنى بىلمە يدۇ. * شه يئىنىڭ ھە رىكىتى بىرىنچى ھالە تتە بولغاندا، شه يئىدە پە قە ت سان ئۆزگىرىشلا بولىدۇ، سۈپە ت ئۆزگىرىشى بولماي-دۇ. شۇڭا ئۇ جىمجىت تۇرغاندە ك كۆرۈنىدۇ.

**شه يئى ئۇقۇمى** <لوگ> شه يئىنىڭ ئۆزىنى ئە كس ئە تتۈرگۈچى ئۇقۇم. «بە لگە ئۇقۇمى» غا نىسبە تە ن ئېيتىلىدۇ.

**شپال** ئى (ر) ① <قاتن> رېلىسنىڭ ئاستىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇلىدىغان چاسا تۆۋرۈك شه كلىدىكى ياغاچ ياكى بېتون. ② <ئورم> ياغاچ دومىلىتىشتا، ئاستىغا قويۇلىدىغان ياغاچ.

**شپال شېغىلى** <قاتن> تۆمۈر يول ئۇلىغا ۋە شپال ئاستىغا يېيىتىلىدىغان شېغىل.

**شپرىس** ئى (ر<نېم) <تىب> جانلىقلار تېنىگە سۇيۇق ھالە تتىكى دورا، قان قاتارلىقلارنى ئوكۇل قىلىپ سېلىش ياكى بە دە ندىن قان ئېلىش قاتارلىق مە قسە تلە ر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئە سۋاب. سىلىندىر شه كلىدە بولۇپ، كۆپىنچە ئە ينە كتىن ياسىلىدۇ. ئۇچىغا يىڭنە بېكىتىلىدۇ.

**شتاب** (**شتابى**) ئى (ر<نېم) ① <ھە رب> ھە ربىي قىسىملارنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى: باش شتاب. پولك شتابى. * بۇ ئورۇندا يە نە باتاليون شتابى جايلاشقانىدى. * ئە خمە تجان بىلە ن ئابدۇكېرىم قوماندانلىق شتابىغا پات-پات كېلىپ ئىسھاقبېك بىلە ن ئۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت مە سىلىلە ر ئۈستىدە مە سلىھە ت قىلىشىپ تۇراتتى. ② كۆچمە . يە رلىك ئورۇنلاردىكى بىرە ر

ئىنشائات ياكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەك-
چىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان
فۇنكسىيىلىك ئورگان، رەھبەرلىك ئاپپارا-
تى: سۇ قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى.
ئورمان ئاسراش قوماندانلىق شتابى.

**شتات** I (**شتاتى**) ئى (ر<نېم) بەزى
كاپىتالىستىك فېدېراتىپ دۆلەتلەردىكى
مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە
قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مەمۇرىي،
تېررىتورىيىلىك بىرلىك: ئامېرىكا قوشما
شتاتلىرى. كالىفورنىيە شتاتى.

**شتات** II ئى (ر<نېم) تەشكىلىي ئاپپاراتلار،
ئۇنىڭدىكى خادىملارنىڭ سانى ھەمدە
ئۇلارغا تەقسىملەنگەن ۋەزىپە قاتارلىقلار
ھەققىدە يۇقىرىدىن پىلان بويىچە چۈشۈ-
رۈلگەن نورما، سان: شتات كەم. شتات
تولۇق. شتاتنى قىسقارتماق. كادىرلار شتاتى.
شتاتتىكى ئىشچى.

**شتاتلىق** سۈپ. شتاتقا ئىگە، شتات ئىچىدى-
كى، شتاتقا كىرگۈزۈلگەن: ۋاھىد ئەمدى
شتاتلىق كادىر بولۇپ قالدى، تويمۇ قىلىۋالدى.

**شتانگا** ئى (ر<نېم) <تەن> ئېغىرلىق
كۆتۈرۈش ئەسۋابى. ئادەتتە تۆمۈر
كالتەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا تەخسىسىمان
يۇمىلاق تۆمۈرلەرنى بېكىتىش ئارقىلىق
ياسىلىدۇ. تەخسىلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىرى
25 كىلوگرام، ئەڭ يېنىكى 1,25 كىلوگرام
كېلىدۇ.

**شتانگېنسىركۇل** ئى (ر<نېم) ماشىنا
دېتاللىرى ۋە ھەر خىل ئىشلەنمىلەرنىڭ
ئىچكى-تاشقى دىئامېترى ياكى ئۇلارنىڭ
قېلىنلىق دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆلچەش-
تە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.
زىلىلىق دەرىجىسى 0,02 مىللىمېترغا
يېتىدۇ.

**شتېپسېل** ئى (ر<نېم) <فىز> ئۆتكۈزگۈچ
سىمنىڭ بىر بېشىغا ئۇلىنىدىغان چاتقۇچ.
ئۇنى روزېتكىغا سانجىغاندا توك ئۇلىنىدۇ.

**شكالا** ئى (ر<لات) ① <ماشىن> ئۆلچىگۈچ،
سائەت قاتارلىق ئەسۋابلار ئۈستىگە
ئويۇلغان ياكى سىزىلغان، ھەمدە ھەر
خىل مىقدارلار (رازمېر، تېمپېراتۇرا، توك
بېسىمى قاتارلىقلار) نىڭ چوڭ-كىچىكلىك
دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان سان-سىفىر
ۋە سىزىقلار. ② مىقدار، دەرىجە،
تېمپېراتۇرا، خۇسۇسىيەت ۋە شۇ قاتار-
لىقلارنى ئۆلچەش ياكى باھالاش ئۈچۈن
قوبۇل قىلىنغان سانلار سىستېمىسى:
سېلسىيە شكالىسى. فارېنگېيت تېمپېراتۇرا
شكالىسى.

**شلانكا** ئى (ر<نېم) رېزىنكە ياكى شۇنىڭغا
ئوخشاش سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان، ئەمما
ئېگىلىشچانلىققا ئىگە ماتېرىياللاردىن
ياسالغان تۇرۇبا، نوركەش: ئۇ شلانكا
ئارقىلىق ئېرىقنىڭ سۈيىنى لاي ئورىسىغا
چۈشۈردى-دە، تەييار توپا بىلەن لاي ئېتىشكە
باشلىدى.

**شۋېت** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن
ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ
كىشى.

**شۋېتلارئى** شۋېت مىللىتى يەنى شۋېتسىيىنىڭ
ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى
خەلق.

**شوئار** ئى (ئە) ① كىشىلەرنى مەلۇم بىر
پائالىيەت ياكى ھەرىكەتكە سەپەرۋەر
قىلىش ئۈچۈن ئېغىزدا توۋلىنىدىغان ياكى
لوزۇنكا، قەغەز قاتارلىقلارغا يېزىلىدىغان،
تۈپ ئىدىيە ياكى سىياسىي تەلەپنى
ئىپادىلىگۈچى قىسقا جۈملە، چاقىرىق،
تەشەببۇسنامە: – ياشىسۇن ئەركىنلىك!

ياشىسۇن ئازادلىق! ... – لۇتپۇللا ئاخىرقى قېتىم جاراڭلىق شوئار توۋلاپ، ئازگال ئىچىگە يىقىلدى. * – لەيلىگۈل ئاچام بىلەن جىقلا شوئار يازدۇق، – دېدى قىز ئالىقانلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، خۇشال سەكرەپ. * ھەر سۆزى بولۇپ گويا يالقۇنلۇق شوئار، جەڭگىۋار قوشۇننى چاقىرار جەڭگە. ② شۇنداق جۈملىلەر يېزىلغان قەغەز: شوئار چاپلىماق. * تامنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىگە شوئار چاپلانغانىدى.

**شوئارۋاز** ئى (ئە+پ) ① <ئەد> ئەسەرلىرىدە ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان روھىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي بۇرچىنى چەتتە قويۇپ، پەقەت شوئار خاراكتېرلىك شېئىرلارنى يازىدىغان شائىر: ئۇ «شوئارۋاز» بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بىزمۇ ئۆز ئۇسلۇبىمىز، ئۆز خاھىشىمىز بويىچە يازىۋېرىمىز. ② قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ئەمما قۇرۇق چاقىرىقنى ھەممىدىن كۆپ قىلغۇچى، ئەمەلىي ئۈنۈمى يوق ئىشقا باشقىلارنى ئۈندىگۈچى.

**شوئارۋازلىق** «شوئارۋاز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىر قىسىم شائىر ۋە ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق ۋە دورامچىلىق ئىللەتلىرى تېخى تۈگىگىنى يوق.

**شوپاڭ** ئى (خەن) ① ھاراق ساتىدىغان، ۋە ھاراق ئىچىدىغان ئۆي: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىچ پۇشۇقىنى تۆت ئوشۇق بىلەن چىقىرىشقا تىرىشسا، بەزىلىرى شوپاڭ ياقىلايدىغان بولۇۋالدى. ② بەزىبىر شوپاڭ ئاچقان ياكى ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان كىشىلەرگە قويۇلغان لەقەم: ھوشۇر شوپاڭ. * – ھېلىقى ياڭ شوپاڭ دېگەن دۇمچەك ئەبلەخ ئاخشام ئۆلۈۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟ – دەيتتى ئۇ.

**شوپاڭچى** ئى. شوپاڭ ئاچقان كىشى، شوپاڭنىڭ ئىگىسى: ھېلىقى شوپاڭچى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قالغان پۇللىرىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

**شوپاڭچىلىق** ئى. شوپاڭ ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىش كەسپى: ياڭ لاۋبەن دېگەن قېرى بۇ يەردە 30 يىلدىن بېرى شوپاڭچىلىق قىلىۋاتاتتى.

**شوپاڭكەش** ئى ← **شوپاڭچى.**

**شوپاڭكەشلىك** ئى ← **شوپاڭچىلىق.**

**شوپۇر** ئى (ر<فران) ئاپتوموبىل، تراموۋاي، پويىز قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى ھەيدىگۈچى كىشى: ماشىنىدا شوپۇر بىلەن قوشقاندا بەش ئادەم بار ئىدى.

**شوپۇرلۇق** «شوپۇر» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: 20 يىل شوپۇرلۇق قىلغان بوۋاي ئەمدى قولىدىن ئايرىلغاچقا ماشىنا ھەيدىيەلمەس بولۇپ قالغانىدى. // بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شوپۇرلۇق مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ئىككى ئاغىنەم مېنى يوقلاپ كەلدى.

**شوتا** ئى ① تەڭ ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچقا بالداقلارنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلىق قالدۇرۇپ بېكىتىش ئارقىلىق ياسالغان، تۆۋەندىن يۇقىرىغا چىقىش، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب (ئۇنىڭ ھازىر تۆمۈردىن ياسىلىدىغانلىرىمۇ بار): دۈشمەنلەر سېپىلگە نۇرغۇن شوتىلارنى قويۇپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا ھەرىكەت قىلدى. * – مەيلى، چىقساق چىقىپ كېتەيلى، ئەمما قانداق چىقىمىز؟ ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇزۇن شوتا تېپىپ بولامدىكىن؟ – دەپتۇ ساۋۇت قاپاق. ② هارۋىنىڭ ئۇلاغ قوشۇلىدىغان ئىككى يان ياغىچى ۋە چاق ھەم ئوقتىن باشقا ھەممە قىسمى: ھارۋا چاقى گوداڭغا

چۇشۇپ كېتىپ هارۋىنىڭ شوتىسى سۇنۇپ كەتتى. * بوۋاي هارۋا شوتىسى يېنىدا ئېشەكنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتقىنىچە ئاستا ۋە ئېغىر قەدەم تاشلىغان هالدا كېتىۋاتاتتى. * قامچا سىلكىپ، دەلدەڭشىپ يولغا چىققان هارۋىكەش. ئاتنى ياخشى باقماستىن، شوتىغا قوشقان هارۋىكەش.

**شوتا قويۇپ بەرمەك** بىرەر ئېغىر هالەتتىن قۇتۇلۇش ياكى يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەرمەك، ياردەم قىلماق: بولدى ئەمدى، ئۆزىنى خېلى ئوبدان تەكشۈردى، شوتا قويۇپ بېرەيلى، چۈشۈۋالسۇن.

**شوتىلىق** سۈپ ① شوتىسى بار، شوتا ئورنىتىلغان، شوتا بېكىتىلگەن: شوتىلىق هارۋا. ② شوتا قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان، شوتا قىلىشقا بولىدىغان ياكى مەخسۇس شوتا ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان: شوتىلىق ياغاچ.

**شوخ** سۈپ (پ) ① ۋاقتىنى ئويۇن بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، ئويۇنغا ئامراق؛ جىمغۇر ئەمەس، كەيپسىز: دىلشات بۇرۇندىن شوخراق ئوقۇغۇچىلاردىن بولسىمۇ، لېكىن دەرس ئىنتىزامىنى ساقلايتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى هۆرمەتلەيتتى. * بىرنەچچە شوخ بالىلار خەقنىڭ ئۆگزىسىدىن قوراي ئوغرىلاپ كېلىپ تىنماي ئوت قالايتتى. ② ئويۇن-كۈلكىنى، هەزىل-چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان، خۇش خۇي، خۇش چاقچاق، ئوچۇق-يورۇق: تويى خەۋىرىنى ئاڭلىغان بىزنىڭ شوخ ياشلىرى سازلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى. * ئۇ باتۇردىن ئىككى ياش كىچىك، شوخ ۋە چىرايلىق قىز ئىدى. * ئالىمخان شوخ ئايال بولغاچقا تولا ئويناپ، ئاخىرى ئەپيۈنگە كىرىشىپ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ③ كۆچمە. ئوييناق، چاققان، ئەركىن (تۇرلۇك نەرسىلەرنىڭ هەرىكىتى توغرىسىدا): ئاسيەنىڭ زىلۋا قامىتى، شوخ ئۇسسۇلى، يېقىملىق تەبەسسۇمگە تولغان چېهرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. * ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىكى شوخ قىلىقلىرىنى تەكرارلاپ، بۇغداي ئېتىزى ئۈستىدە تازا بىر ئېغىنىۋالدى. * تۆت تۇلپار ئۇچىدۇ زەپەر كۆكىدە، كەلگۈسى مەنزىلگە قېقىپ شوخ قانات. ④ كۆچمە. كىشىگە شادلىق تۇيغۇسى ۋە هۇزۇر بېغىشلايدىغان، يېقىملىق، جۇشقۇن (ناخشا-مۇزىكا، قوشاق، شامال قاتارلىقلار هەققىدە): شوخ كۈي. شوخ ناخشا. شوخ پەدە. شوخ شامال. * گارمونچى يىگىتنىڭ شوخ كۈيلىرى قىزىپ قالغان ئاياغلارنى ئىختىيارسىز ئوينىتىۋەتتى. * گۈل لېۋىنى سۆيۈپ چىرايلىق، تاڭ سەهەردە چىقتى شوخ شامال. * سەهەرلەردە شوخ ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك، سايرا قىزىم، گۈل شېخىغا قونغان بۇلبۇلدەك.

**شوخا** ئى. دەرەخ ياكى چاتقاللارنىڭ تېنىدىن بىخلاپ چىققان يوغان ۋە قاتتىق تىكەن: جىگدە شوخىسى. ئۆرۈك شوخىسى. * ئۇنىڭ تاپىنىغا جىگدە شوخىسى كىرىپ كەتكەن بولۇپ، شوخا يوتقان يىڭنىسى چوڭلۇقىدا بار ئىدى. * — راست، ئېرىقتىن سوزۇۋالدۇق. قايسى كۈنى سەن ئېرىقنى توسقان جىگدە شوخىسىغا كەپلىشىپ قاپتىكەن، — دېدى قىزىم.

**شوخشۇتماق** «شوخشۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەڭ ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئامال بىرلا: ئۇ بولسىمۇ سەركىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنى كەينىگە شوخشۇتۇش ئىدى.

**شوخشۇماق** پ ① ئارقىچىلاپ كەينىگە يانماق: ئايىتىللا ئىتنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىنىش

ئۇچۇن كەينىگە شوخشۇدى، ئاندىن دوقمۇش تەرەپكە قاراپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى. ② قىلىغان ئىشىدىن توختىماق، ۋاز كەچمەك: ئولتۇرۇش كېچە سائەت ئىككىگىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ «ئەمدى بولدى، ئىچمەيتتىم» دەپ ئارقىغا شوخشۇيدىغانلار چىقمىدى.

**شوخلا** ئى <بوت> ① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆسۈملۈك غولىدا يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق كېلىدۇ. شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق ياكى شار شەكلىدە بولۇپ، ئاساسەن كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ئۇ يەنە «پەمىدۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**شوخلاشتۇرماق** «شوخلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شوخلاشماق** پ. بارغانسېرى شوخ هالغا كەلمەك، شوخ بولۇپ كەتمەك، شوخلانماق: ئۇ تېخىمۇ شوخلىشىپ كەتكەنىدى.

**شوخلاندۇرماق** «شوخلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شوخلانماق** پ. شوخ هالغا كەلمەك، شوخ بولۇپ كەتمەك، شوخلاشماق: بىر-بىرىگە سۇ چاچرىتىپ شوخلىنىپ، چۆمۈلمەكتە بىر توپ ئۇششاق باللار. * ئامراق سېغىزخان شوخلىنىپ ماختانغىلى، سازاڭ مۆكەر كۆن نۇرىدىن ساقلانغىلى. شۆهرەت تەلەپ قىلمايدۇ بۈركۈت هېچقاچان، تەييار لېكىن قۇزغۇنغا دەل ئاتلانغىلى.

**شوخلەك** (توغرىسى: شوخلا) ← شوخلا.

**شوخلۇق** «شوخ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — هېچ ۋەقەسى يوق، ئەمدى شوخلۇق قىلمايدۇ. راستمۇ، شەۋكەت؟ — دېدى ئۇ بالىنى ئاقلاپ. * مەلىكە چېدىرنىڭ ئېتەكلىرىنى چۈشۈردى-دە، شاهنىڭ بوينىغا گىرەسىلىپ ئاجايىب شوخلۇقلارنى قىلدى.

**شوخلاشماق** پ. تېنىدە شوخا پەيدا بولماق، تېنىدىن يوغان-يوغان تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقماق: ئاق ئۆرۈك بۇ يىل شوخلىشىپ كەتكەچكە، كىچىك ئىنىم ئۇنىڭغا ئۆتكەن يىللاردىكىگە ئوخشاش ئاسانلا چىقالمايتتى.

**شوخلىق** سۈپ ① غولى ياكى شاخلىرىدا شوخىسى بار، شوخا ئۆسۈپ چىققان: شوخلىق جىگدىگە چىقسام، يىرتىلدى چاپانلىرىم. سىلىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، يېرىلدى تاپانلىرىم. ② تىكىنى بار شاخ-شۇمبىلاردىن قىلىنغان: مۈشۈك بىر شوخلىق چىتنىڭ ئارىسىدىن هويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

**شوخلىماق** پ. غول ياكى شاخلىرىدا شوخا پەيدا بولماق، شوخا ئۆسۈپ چىقماق: شوخلاپ كەتكەن ئۆرۈك شاخلىرى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئىلىۋېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ خاپا قىلىشقا باشلىدى.

**شور** I (پ) ① ئى <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە، يەنى تەركىبىدە كرىستاللاشقان ئون دانە سۇ مولېكۇلىسى بولغان ناترىي سۇلفات ($Na_2SO_4 \cdot 10H_2O$). ئاق ياكى رەڭسىز كېلىدۇ، ئادەتتە خىمىيە سانائىتى، ئەينەكچىلىك سانائىتى ۋە قەغەزچىلىك سانائىتى قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. تىببىي دورىگەرلىكتە بولسا سۈرگە دورىسى قىلىنىدۇ. ② ئى. تەرنىڭ ئۈستىباش ياكى سىرتقا تېپىشىدىن هاسىل بولىدىغان تۇز، ئاق داغ: روزنىاخۇن بوۋاي كۆكسىدىن ۋە بىقىنلىرىدىن ئاپئاق شور ئۆرلەپ كەتكەن ئىككى ئورۇق ئاتنى كۆرۈپ: — بۇلارغىمۇ قول سېلىپتۇ-دە، پاھ!

قارا، بۇ زىۋىرشانىڭ ھەددىدىن ئاشقىنىنى! — دېدى غەزەپلىنىپ. * قارىسام، كۆڭلىكىنىڭ دۈمبىلىرى شور باغلاپ كېتىپتۇ. ③ سۈپ. تەركىبىدە تۇز ماددىسى كۆپ بولغان، كۆپەيگەن، شورتاڭ؛ زەي: شور توپا. شور تۇپراق. شور سەي.

**شور ئاپىتى** شور قاتلىمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىش ھادىسىسى: — كاساپەت قۇرغاقچىلىق، شور ئاپىتى مايسىلارنى نابۇت قىلغىلى تۇردى، — دېدى بارات دۈيجاڭ بىزگە قاراپ ئېچىنغان ھالدا.

**شور توپا** تەركىبىدە ناترىي كاربونات ۋە ناترىي بىكاربونات مىقدارى بىرقەدەر كۆپ ھەمدە ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغان توپا.

**شور تۇپراق** تەركىبىدە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز ئېرىشچان تۇز مىقدارى بەك كۆپ تۇپراق.

**شور كۆتۈرمەك** تۇپراق تەركىبىدىكى شور يەر يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ، يەر يۈزىدە ئاق رەڭلىك كرىستال قەۋەت ھاسىل بولماق: يېزا-كەنتلەر تۆۋەنلىگەنسېرى شور كۆتۈرۈپ چىققان زەيىنىڭ تەسىرى شۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

**شور ئۆرلەش** يەر قاتلاملىرىدىكى سۇدا ئېرىگەن تۇزلار كاپىليارلىق ھادىسىسى تۈپەيلىدىن يەر يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىدىغان بىر خىل ھادىسە. ئېغىرلىرىدا يەر يۈزىدە ئاق رەڭلىك كرىستال قەۋىتى ھاسىل بولىدۇ.

**شور** II **(شورى)** (پ) ① ئى. بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك، بىچارىلىك، بەختسىز تەقدىر: ۋاي شورۇم. * — تۆت خالتا، ئارىمىزدىكى توختام شۇ-دە، — دېدى مەتباقى، — سەنمۇ نۇقتىلىق ئائىلە بولغان بولساڭ، گەپ يوق يەنە ئۇن خالتا چۈشۈرۈۋالاتتىڭ، ئۆزۈڭنىڭ شورى-دە، بىز كەتتۇق. ② سۈپ. تەتۈر، ئوڭ كەلمىگەن؛ شۇم: شور پېشانە. شور تەلەي. شور ئېغىز.

**شور پېشانە** بەختسىز، تەلەيسىز، بەختى قارا، بىچارە: مەن شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتىم، شور پېشانە تۇغۇلغىنىمغا ئاھ ئۇردۇم. * — ئۇھ، ئەجەبمۇ شور پېشانە تۇغۇلۇپ قېلىپتىمەن، — سەلىمە ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

**شور تۇمشۇق** → **شور ئېغىز**: قىزچاقنىڭ ئانىسى «سەن شور تۇمشۇقنى قانداق قىلساق بولار، تىلىڭ نېمانداق ئۇزۇندۇر» دېگەندەك، قىزغا ئىنتىك قاراپ قويدى. * بۇ چاغدا شور تۇمشۇق پاتەمخان تۇيۇقسىزلا قىزلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

**شور ئېغىز** كۆڭۈلسىز، نامۇۋاپىق گەپلەرنى قىلىپ كىشىلەرگە پاراكەندىچىلىك تېپىپ بەرگۈچى، ئەندىشىلىك گەپ-سۆزلەرنى تارقاتقۇچى: — «ئانام تۈگەپ كېتەرمىكىن» دېگىنىنى تېخى، شور ئېغىزنىڭ، — دېدى ئاچام سىڭلىمنى جىملەپ. * — ئۇ دېگەن بىر شور ئېغىز، شۇنىڭغىمۇ ئىشەندىڭمۇ، — دېدى شازادە ئايلا پەرۋاسىز ھالدا.

**شورىغا شورپا تۆكۈلگۈر** «بەختسىزلىككە دۇچار بولغۇر، خاراب بولغۇر، كۈلپەتكە يولۇققۇر» دېگەن مەنىلەردىكى قارغىش سۆزى: — ۋاي شورۇڭغا شورپا تۆكۈلگۈر، كۈمۈش! — دېدى گۈلسۈم، — مەن شۇنداق ئەرنى تېپىپ تېگىدىغان بولسام، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى.

**شورى قۇرۇسۇن** «ھالىغا ۋاي، بەختى قارا، ھالى خاراب» دېگەن مەنىلەردىكى ھەم ئېچىنىش ھەم ھېسداشلىقنى

ئىپادىلەيدىغان سۆز: – سەن «لېكىن»-نى قوي! – دېدى ئاسىم ئاچچىقلاپ، – كېلەر يىلى نەگە تېرىقچىلىق قىلىسىلەر، ئاشلىق تېرىمىغان دېھقاننىڭ شورى قۇرۇسۇن! 96 تۇتۇنلۇق ئەترەتكە نېمە لازىم؟

**شورى قۇرۇغۇر** «بەختى قارا، تەلەيسىز، بىچارە...» دېگەن مەنىلەردىكى ھەم ھېسداشلىق ھەم ئېچىنىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز: – ھوي، شورى قۇرۇغۇر! ئاشۇ روشەنچىلىكمۇ بولالمىدىڭمۇ، – دېدى تۇرسۇنغا دوق قىلىپ. * – شورى قۇرۇغۇرلەنتىلەر!... غالچىلار! – دېدى ئۇ گۇندىپايلارغا قاراپ ۋارقىراپ.

**شورى قۇرۇماق** بەختسىزلىككە دۇچار بولماق، خاراب ياكى ۋەيران بولماق، رەسۋا بولماق: شۇ كېچە يەنە ئىككى توخۇنىڭ شورى قۇرۇپتۇ. * – ۋاي شورۇم قۇرۇپتۇغۇ مەن شور پېشانىنىڭ، ۋاي دادىسى ئەمدى قانداق قىلاي، – دېدى گۈلسۈمخان.

**شورا** I ئى. باغ ۋە ھويلا-ئارامىلارنىڭ توسما تاملىرىنىڭ بۇزۇلۇپ ئادەم ئۆتكۈدەك بولۇپ قالغان كەمتۈك يېرى: بىزنىڭ بۇ يەردە بەزىبىر قىز-يىگىتلەر تامنىڭ شورىسىدىن مارىشىپ، مېغىزدىن تىزىق ياساپ سىرغا قىلىشىپ، بىر-بىرىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈشىدۇ. تۇرۇپلا قىزمۇ، يىگىتمۇ ناخشىچى بولۇپ قالىدۇ. * باغقا كىردىم شوراڭدىن، تەمەيىم يوق غوراڭدىن. ماڭا بەرمىگەن قىزىڭنى، ئۇغرى ئالسۇن موراڭدىن.

**شورا** II ئى (پ) <بوت> شورا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كۆل رەڭ بولۇپ، ئۈستى يالتىراق كېلىدۇ. تاشلاندۇق يەر، ئېتىز-ئېرىق بويلىرىدا ياۋايى ھالەتتە ئۆسىدۇ.

**شوراتقۇزماق** «شورىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: – بىردەم كەمپۈت شوراتقۇزۇپ تۇرغىنا، خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولۇپ ئاندىن ئەمچەك سالاي، – دېدى ئاسىيە سىڭلىسىغا قاراپ.

**شوراتقۇزۇلماق** «شوراتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شوراتماق** «شورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – ئۇكام بىر شورىتىپ قويغىنا، – دېدى ئۇ ۋە يوغان يۆگەلگەن تاماكىنى كۆچەپ-كۆچەپ شوراشقا باشلىدى.

**شوراش** ① «شورىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <فىز> ئاقار جىسىملار ئوتتۇرىسى تار تۇرۇبىدىن ئېتىلىپ ئۆتكەندە، تار جايدىكى بېسىم ئاتموسفېرا بېسىمىدىن تۆۋەن بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەرگە ئىنچىكە نەيچە بىلەن باشقا بىر ئاقار جىسىمنى ئۇلىغاندا، بۇ جاي ئۇلىغان شۇ ئاقار جىسىمنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال «شوراش» دەپ ئاتىلىدۇ. پۈركۈگۈچ ۋە ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېلنىڭ كاربيۇراتورى مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغان.

**شوراشماق** «شورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: – يولداشلار! – دېدى ئۇ خىرىلدىغان ۋە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، – ئۇلار بىزنىڭ قېنىمىزنى قاچانغىچە شورىشىدۇ؟...

**شورالماق** «شورىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بەدىئىي ئەسەرلەردىكى پېتىشسىزلىكلەرنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ سەنئەتكار تەرىپىدىن كۆڭۈلدە يېتەرلىك رەۋىشتە شورالمىغانلىقىدا. * تومۇرلىرىمىز قۇرۇدى قانلىرىمىز شورىلىپ. مىدىرلايلى دوستلار... ھەي دوستلار!... ئۆلمەيلى بۇنداق تولغىنىپ.

**شورپا** ئى (پ) ① گۆشنى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇشتىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق، بەزىدە ئۇنىڭغا ئازراق تۇز، پىياز، دورا-دەرمانلار سېلىنىپ تەملىك يېمەكلىك قىلىنىدۇ: چەينەك شورپىسى. توخۇ شورپىسى. * پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا (ماقال). * ئەپەندىم «ياخشى كەپسلەر» دەپ ئۇلارنىمۇ شورپا بىلەن مېھمان قىلىپتۇ. * ئۇنىڭغا ھېچقانداق داۋا كار قىلمىغاندىن كېيىن، خوتۇنى: — ماڭا ئاشۇ ئىككى قۇشقاچنى سويۇپ، شورپا قىلىپ بەرسىڭىز، ساقىيمەن، — دەپتۇ. ② مانتا، سامسا قاتارلىق قىيمىلىق تاماقلارنىڭ مايلىق سۇيى: ئۇلار ئىككىسى شورپىسى ئېقىپ تۇرغان پېتىر مانتىنى يەپ ئولتۇرۇپ، شۇ ئىشلار ئۈستىدە ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى.

**شورپىسىنىڭ شورپىسى** ئۇرۇق-تۇغقانلىق ۋە دوستلۇقنىڭ بەك يىراقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان يەنى «تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى، دوستىنىڭ دوستى» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە.

**شورپا-شەلەڭ** شورپا ۋە شۇ خىلدىكى سۇيۇق تاماقلار: ھەربىر دېڭىزنىڭ بىر ۋاخلىق تامىقى ئۈچۈن قازانغا 7000 جىڭ گۈرۈچ سالىمىز. بۇغا، بۇقا، ئات، تۆگىلەرنى چاناپ قىيما قىلىپ، شورپا-شەلەڭ قىلىپ بېرىمىز، بىرلا سۇمۇرۇپ تۈگىتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى يېگىشكە كۆچىڭىز يەتمەيدۇ.

**شورپىلانماق** پ. شورپا بىلەن قورساق تويدۇرماق، شورپا ئىچمەك: مېھمانلار ئىسسىق ئۆيدە ئوبدان شورپىلىنىپ، ھاردۇق ئېلىشتى. * — ئۇلار ئوبدانراق شورپىلىنىپ ئارام ئالسۇن، — دېدى مەھمۇت مۇھتى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان مىرۇل مەرگەنگە قاراپ.

**شورتاڭ** سۈپ. شورلاشقان، شور بېسىپ كەتكەن، شورى كۆپ: شورتاڭ يەر. * خەنزۇ تارىخلىرىدىمۇ: «كىروران، گوس (تۇرپان ئەتراپىدىكى يەرلەر) دېگەن جايلاردىكى شەھەرلەرنىڭ سېپىللىرى بار، ئۇرنى شورتاڭ، سازلىقلارغا يېقىن» دەپ يېزىلغان. * ئۇ ئېكىنزارلىقتىن ئايرىلىپ شورتاڭ جاڭگاللىققا كىرىپ كەتتى.

**شورتاڭلىق** ئى. شورلىشىپ كەتكەن، شورلۇق يەر: تاغام كۆز يېتىم ئارىلىقنى ئايلىنىپ، ئۇ يەر-بۇ يەرنى چاناپ بېقىپ كۆك يانتاق بېسىپ كەتكەن بىر شورتاڭلىقتا توختىدى. * شورتاڭلىققا تىكىلگەن قاغا جىگدە كۆچەتلىرى ئادەم بويىدەك ئۆسكەنىدى.

**شورسىز** سۈپ. شورى يوق ياكى تۇز تەركىبى نورمال: بۇ يەرلەر پۈتۈنلەي شورسىز يەرلەر، زىرائەتلەر ناھايىتى ئوخشايدۇ، كۆزلىگەن ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ.

**شورسىزلاندۇرماق** پ. ئارتۇق تۇز تەركىبىنى چىقىرىۋېتىپ نورمال ھالەتكە كەلتۈرمەك، شورىنى تازىلىماق: بەزى ئەللەردە دېڭىز سۈيىنى مەخسۇس شورسىز-لاندۇرۇش زاۋۇتلىرىدا شورىدىن ئاجرىتىپ، ئىچىشكە ئىشلەتمەكتە.

**شورسىزلاندۇرۇلماق** «شورسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇ مەنبە-سى قىس بولغاچقا، ئۇلار ئەمدى شورسىز-لاندۇرۇلغان دېڭىز سۈيىنى ئىچىشكە ئىشلەتتى.

**شورسىزلانماق** پ. تەركىبىدىكى شور ياكى تۇز تەركىبى ئاجرىتىپ چىقىرىۋېتىل-مەك، شورسىز ھالەتكە كەلتۈرۈلمەك.

**شورلاتماق** «شورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شورلاشتۇرماق** «شورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆزىدىن ئاققان ياش تەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ئېغىزىنى

تېخىمۇ شورلاشتۇرۇۋەتتى.

**شورلاشماق** پ. تۇز تەركىبى ئېشىپ شور قاپلاپ كەتمەك، شور بېسىپ كەتمەك: شىنجاڭدا تۇپراقنىڭ زەيلىششى ۋە شورلىششى ئېغىر. ئەگەر شورنى يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلمىسا، دېھقانچىلىقتىن مول هوسۇل ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. * ئۇنىڭ مايكىسى تەردىن شورلىشىپ كەتكەنىدى.

**شورلانماق** پ. تەركىبىدە تۇز ياكى شور پەيدا بولماق.

**شورلۇق** I ① سۈپ. شور قىسمى كۆپ، شور قاپلاپ كەتكەن: ئۇچتۇرپاندىن ئۇزاپ، كەلپىندىن ئۆتۈپ، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇقىغا يەتكەندە نوچىنىڭ ئېتى بىر شورلۇق يەرگە پاتتى. * لاينىڭ شورلۇق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ هەرە چاققان جايلارغا چاپلاپ ئاغرىقنى پەسەيتكىلى بولىدۇ. ② ئى. تۇز تەركىبى كۆپىيىپ يۈزى شورلىشىپ كەتكەن - يەر: ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر كەلتە شورلۇق بار ئىدى. * بۇ يەر شەهەرگە ئوخشىمايدۇ، يوللار غىچلا قۇم، يانتاق ۋە شورلۇق.

**شورلۇق** II ① سۈپ. بەختسىز، بىچارە؛ پېشانىسى تەتۈر، تەلەيسىز: ئۇنىڭ شورلۇق ئائىلىسمۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى نەگىدۇر تارقاق-لاشتۇرۇلۇپتۇ. * ئانا: — ئىست! قىزىم، شورلۇق بالام! — دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلايتتى. * ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يەردە ئېچىلىپ تۇرغان شورلۇق خەتنىڭ دىلنى سەدپارە قىلغۇچى قۇرلىرىنى نەملەشتۈرۈۋەتتى. ② ئى. كېلىشمەسلىك، بەختسىزلىك، پالاكەتلىك، بالايىئاپەت: — ئەمدى ماڭا كەلدى بۇ شورلۇق دېگىنە؟ — دېدى ئۇ پېشانىسگە مۇشتلاپ ئازاب بىلەن خىرقىراپ. * ئۇ قىزنى بۇ شورلۇقتىن خەۋەردار قىلىشنى

ئۆزىگە قەرز دەپ بىلگەن بولسىمۇ، بىرهازاغىچە سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

**شورلىماق** پ ① نان ياقىدىغان تونۇر ياكى ئوچاقنىڭ نان يېقىلىدىغان يۈزىگە شور توپىسى ياكى تۇز توپىسىدىن تەييار-لانغان لايىنى تەكشى چاپلىماق. ② كۆن-خۇرۇمچىلىقتا، تېرىنى تۇزلانغان سۇغا سالماق.

**شورىتىلماق** « شوراتماق » پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**شورىخانا** ئى. تارس → **باجخانا**: ئۇ كوچادىكى شورىخانىنىڭ جىساسى ئىدى. * ئاستىنقى سايدا ئوتۇن بازىرى، ئۈستۈنكى سايدا توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر، تۇخۇم، توزغاق بازىرى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن سەل يۇقىرىدا شورىخانا بار ئىدى.

**شورىدىماق** پ. تاملار شورلاپ تۆكۈلۈپ تۆشۈك ۋە شورىلار هاسىل بولماق: تاملىرى شورىداپ، قارا بوران دەرۋازىسىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ قويغان خارابە مەنزىلگاھ بىردەمدىلا ئادەمگە لىق تولۇپ ئاۋات جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

**شورىغۇچ** سۈپ. شورايدىغان ياكى شوراش رولىنى ئوينايدىغان: قان شورىغۇچ قۇرت. شورىغۇچ تەخسە.

**شورىغۇچ تەخسە** <زوئول> بەزى هايۋانلارنىڭ باشقا هايۋان ياكى نەرسە-لەرگە چاپلىشىپ تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگىنى. شەكلى يۇملاق تەخسىگە ئوخشايدۇ، ئوتتۇرىسى ئويمان كېلىدۇ. مەسىلەن، سىياھ بېلىق، سۈلۈك قاتارلىقلاردا بۇ خىل ئورگان بولىدۇ.

**شورىگۈل** ئى (شورا+گۈل) <بوت> سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق

ئۈسۈملۈك. غولى ۋە يوپۇرمىقى گۆشلۈك كېلىدۇ، گۈلى جىگەر رەڭ، ھال قىزىل، سېرىق ۋە ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**شورىماق** پ ① تىلى، ئاغزى بىلەن شۈمۈپ، سۈمۈرۈپ ئىچىگە تارتماق، ئىچمەك (سۇيۇقلۇقلار ھەققىدە): ئۇ توخۇمنىڭ ئۇچىنى قەلەمتىراش بىسى بىلەن تەپلەپ تۇرۇپ ئاچتى-دە، ئىچىدىكىسىنى شوراپ ئىچىۋەتتى. * بىز ئەتىدىن كەچكىچە كۆكتاتلارنىڭ ئاق سۈيىنى شوراپ زېرىككەنىدۇق. * ئۇ ئۇسسىغاندا ئاتنىڭ تېنىگە بىگىز سانجىپ، ئاغزىنى چاپلاپ تۇرۇپ ئات قېنىنى شوراپ يىدىكەن. ② ئىچىگە تارتماق، چەكمەك (چېكىملىكلەر ھەققىدە): — پاتمە نېمە دەرىكىن؟ — دېدى ئۇ تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ. * ئېرىم چىلىمنى پورۇقلىتىپ قاتتىق شوراپ تۇرۇپ مېنى شەرەت بىلەن يېنىغا چاقىردى. * توختىئاخۇن ئاكام غاڭزىسىنى قاتتىق شورىۋېتىپ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

**شوشاڭ** ئى. قوي قىرقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، نىسبەتەن ئۇزۇنراق بولغان قايچىسىمان سايمان: دادام شوشاڭنى ئېلىپ قويلارنى قىرقىشقا باشلىدى.

**شوشاڭ تەگمىگەن** تۇغۇلغاندىن بېرى قىرقىلمىغان: شوشاڭ تەگمىگەن ئۈچ پاقلان ئېتىزلىقتا ئوتلاۋاتاتتى.

**شوق (شوقى)** ئى (ئە) بىرنەرسىگە قاتتىق بېرىلىش، قىزىقىش، ئىشتىياق؛ ئىشق: شۇ مۇھەببەت شوقى مەندىن كەتمىدى، قول سېلىپ سۇنسام لېۋىگە يەتمىدى. ناگاھان يەتسە قولۇم تاتلىقلىقى زادى، ھەرگىزمۇ دىلىمدىن كەتمىدى.

**شوقلانماق** پ. بىرەر نەرسىگە قاتتىق قىزىقماق، بېرىلمەك، ئىشتىياق باغلىماق: كۆرۈنەتتى گۈزەل باھار ئاي بىلەن قىلغان سۆھبىتىگە يەنىمۇ شوقلانغاندەك...

**شوكۇم I** ئى. دىئال. تويدا مېھمانلارنىڭ تويى ئىگىسىگە ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتى.

**شوكۇم II** ئى. دىئال. ئىتائەت؛ بىلىنىش.

**شوكۇم قىلماق** دىئال. ئىتائەت قىلماق، بىلىنماق.

**شول** ئال. بىز ت. شۇ: بەندە بولدۇم، شول ئىرادە، قالدىم سانىسىز مەن بالادا.

**شولا** ئى (ئە) ① بىرەر جىسىمدىن تارقالغان يورۇقلۇق، نۇر، يالقۇن: ئاي شولىسى. * ئەتىگەنلىك قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن رەڭگارەڭ شولىلىرىنى تۆكتى. * ئۇنىڭ يۈزلىرى ئوت شولىسىدا خۇددى ماي سۈركەپ قويغاندەك پارقىرايتتى. * ياشلىقىم چاقماق بولۇپ، تۈندە ۋەتەنگە شولا چاچ. ② ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ سۇدا پەيدا بولغان ئەكسى، سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىلگەن سۈرىتى: قىز قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنىڭ سۇدىكى شولىسىغا قارىدى. * بېشىمدىكى دوپپاڭنىڭ سۇغا چۈشتى شولىسى، يارنىڭ بىزنى كۆرگىلى، تەگمەمدىكىن چولىسى.

**شولگۈل** ئى (شولا+گۈل) <بوت> گۈلقىيار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ۋە تۈكلۈك كېلىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىلدە بولۇپ، تۇۋىدىن ئۆسكەنلىرى توپ ھالەتتە، غولىدىن ئۆسكەنلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يازدا ئېچىلىدۇ، رەڭگى سېرىق، كېچىلىرى ئېچىلىپ، سەھەرگە يېقىن تۈگۈلۈۋالىدۇ. ئەسلى ماكانى جەنۇبىي ئامېرىكا. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ دۆڭبېي، شەندۇڭ، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە. ئۇنى ئۇرۇقى ئارقىلىق كۆپەيتىپ

مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلغىلى، ئۇرۇقىدىن ماي تارتقىلى بولىدۇ. يىلتىزىنى قىزىتمىنى قايتۇرغۇچى دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**شوللىق** سۈپ. شولا تارقالغان، شولا چۈشكەن؛ شولا بىلەن قاپلانغان: قاش قارىيىشتىن بۇرۇنقى بۇ قىزغۇچ شوللىق قۇملۇق ئۇنىڭغا خۇددى كېپەك ئالتۇن چېچىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ ئاجايىپ بىر خىل ھۇزۇر ئاتا قىلغانىدى. * دىل ئىشقىدىن سادا بېرىپ نەي ئۈنى، تارقىلاتتى ئاق شوللىق ھاۋادا.

**شوۋا** (توغرىسى: شورپا) ← **شورپا.**

**شوۋۇرماق** پ. دىئال. شۈگۈماق، چۈشمەك: قار شوۋۇردى.

**شوۋىچى** ئى. تىل ھا ① خوتۇنى ياكى قىزلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا يول قويىدىغان، ئىغىر ئالمايدىغان ئەر: — ئايالى ئەكىرگەن نەرسىنى سورىمايلا تەكچىگە تىزىش شوۋىچىلارنىڭ ئىشى، ئۇقتۇڭمۇ!؟ — ئۇ ئىنىسىغا زەردە بىلەن ۋارقىرىدى. ② شۇنداق دەپ قارالغان ئەرلەرگە قارىتا ئىيتىلىدىغان ھاقارەت سۆزى.

**شوۋىچىلىق** ئى. خوتۇنى ياكى قىزلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا يول قويۇش ئىشى ۋە ئۇلارنى ئىغىر ئالمايدىغان ئادەت: — ساڭا ئوخشاش شوۋىچىلىق قىلمىدىم، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ.

**شوۋىگۇرۇچ** ئى (شورپا+گۇرۇچ) سۇغا مۇۋاپىق مىقداردا گۇرۇچ، قىيما، پىياز، يۇمغاقسۇت، قۇرۇق مېۋىلەر سېلىنىپ، قايىنتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان سۇيۇق يېمەكلىك: ھويلىغا بىرنەچچە داش ئېسىلغان بولۇپ، بىرنەچچە بوۋاي-موماي ئالدىراپ سۇ قايىنتىپ شوۋىگۇرۇچ پىشۇرۇۋاتاتتى. * ھەجەربۇۋى قۇم چۆگۈندە ئەينۇلا سېلىپ دەرھال شوۋىگۇرۇچ تەييارلىدى.

**شوۋىنىزم** ئى (ر<فران) بىر خىل ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى. بۇنىڭدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، باشقا مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە قۇل قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ ناپالېئوننىڭ زورلۇق بىلەن فرانسىيىنىڭ كۈچىنى سىرتقا كېڭەيتىشنى ئەڭ ئاكتىپ قوللىغان ھەربىي ئەمەلدار شوۋىننىڭ نامى بىلەن «شوۋىنىزم» دەپ ئاتالغان: بىز ھەرقانداق بىر دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىنى يولغا قويۇشتەك قىلمىشلىرىغا ئىزچىل تۈردە قارشى تۇرىمىز.

**شوۋىنىزملىق** «شوۋىنىزم» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلار ئېغىزىدا سوتسىيالىزم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە شوۋىنىزملىق قىلىدۇ.

**شوۋىنىست** ئى (ر) شوۋىنىزم تەرەپدارى، شوۋىنىزم ئىدىيىسى سىڭگەن كىشى.

**شويلا** ئى (پ) سەۋزىنى مايدا قورۇپ، سۇ قوشۇلغاندىن كېيىن گۇرۇچ سېلىنىپ، پەس ئوتتا مەلۇم ۋاقىت قايناتقاندىن كېيىن دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇ شوۋىگۇرۇچتىن قويۇقراق، پولۇدىن يۇمشاقراق بولىدۇ: ئۇ كۆڭلىدە «دادام پولۇ ياكى شويلىنى ياخشى كۆرەرمۇ؛ ياكى سامسىنى كۆڭلى تارتىپ قالارمۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

**شوينا** ئى ① يۇڭ ياكى پاختىدىن تۆمۈنە تومۇقىدا ئىشلىگەن يىپ: دادام ساندۇقتىن شوينىغا ئۆتكۈزۈلگەن بىر توپ تۈچ يارماقنى ئالدى. * ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال ئۇزۇن، ئىنچىكە شويننى چىقىرىپ، باچكىنىڭ پۇتىنى باغلىدى-دە، ئۇنى ئۇچۇردى. ② شۇنداق يىپتىن قىلىنغان بوغقۇچ (ئاياغنىڭ): ئۇ ئۆلۈك پۇتىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئايىغىنىڭ شوينىسىنى يېشىشكە باشلىدى.

**شوينا بەل** ئۇزۇن، ئىنچىكە بەل: تۆرە بەگ شادىپاچاق، شوينا بەل، ئۇچكە باش بىر مەخلۇق ئىدى، كۈلسە شاپ بۇرۇتى لىك-لىك قىلاتتى.

**شويى** ئى (خەن) ئەمەلدارنىڭ بالىسى؛ بەگزادە، خانزادە، بايۋەچچە: خەلقنىڭ مەسخىرىلىك چاقچاقلىرى پەسكەش بۇ شويىنى كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتىپ، قۇيرۇقىنى يىغىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ شويى چىدى-يالماي بۇرنىنى ئېقىتىپ تىكىۋەتتى.

**شۇ** I ئال ① سۆزلىگۈچىگە يېقىن جايدىكى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئادەم ياكى نەرسىنى كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ: — ئەمەتنىڭ دادىسى شۇ بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىنى كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىپ. * كۆتۈپ تۇرىدۇ سېنى ئالدىڭدا، سۈپسۈزۈك بۇلاق، شۇ بۇلاقدۇرمەن! ② كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىسىم ۋەزىپىسىدە كېلىپ سۆزلىگۈچىنىڭ دىققەت-ئېتىبارى قارىتىلغان نەرسە ياكى ئادەمنى ئىپادىلەيدۇ: شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئادەم ئۆز ئەمگىكى بىلەنلا قىممەتلىك. * مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاماكىنى تاشلىدىم. * شۇڭا سەن غېپىدە تىكىۋېتىپكەنسەن-دە. ③ كېسىم رولىدا كېلىپ «ئەنە ئاشۇنىڭ ئۆزى»، «دەل ئۆزى»، دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — ئاتام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ دېگەن شۇ! — دېدى پاتەمخان مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا. * — قاسىم تەلۋە دېگەن شۇ! — دېدى ئۇ يىراقتا تۇرغان بۇرۇتلۇق كىشىنى ئېگىكى بىلەن ئىما قىلىپ پەس، ئەمما غەزەپلىك ئاۋازدا. ④ ۋاقىت مەنىسىدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن كېلىپ سۆز بولۇۋاتقان ۋەقە، ھادىسە ياكى نەرسىنىڭ ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆزدە تۇتۇلغان ۋەقە، ھادىسە ياكى نەرسە بىلەن بىر ۋاقىتتا سادىر بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: شۇ كەمگىچە ئۇ بىر قېتىممۇ كۆرۈنمىدى. * ئەنە شۇ كۈنى سىلەر ئۆيدە يوق ئىكەنسىلەر.

**شۇ ئارىدا** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆزدە تۇتۇلغان ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن چاغدا، ۋاقىتتا: بىز دەرەخ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرايلى دەپ تۇراتتۇق، شۇ ئارىدا يىراقتىن بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. شۇ ئارىدا قوزىيۇنىڭ قۇدىسى كېلىپ، ئەھۋال سوراپ، باللارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

**شۇ ئان** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىش ۋەقە يۈز بەرگەن چاغ، ۋاقىت؛ شۇ ھامان: — دادا! — قىز قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇئان تاتىرىپ كەتتى. * ئۇچتى خىيال كەپتىرىم ئوتتۇز بەش يىل ئالدىغا. ئۇنتۇلغۇسىز بىر ۋەقە كەلدى شۇئان يادىمغا.

**شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئاي، ۋاقىت ئىچىدە: كېيىن، ئۇزىمايلا، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتتى. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە نېمىلەرنىڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ھەممىزگە ئايانغۇ؟

**شۇ ئەسنادا** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ۋەقە، ئىش يۈز بەرگەن بەلگىلىك ۋاقىتتا: باتۇر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا باقى قويچىنىڭ يىراقتىن گۈلشەننى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**شۇ بۇ** ← **مۇشۇ**: ئاتام مېنى، ئانام مېنى، نېمشقا ئارزۇلاپتىكەن؟ شۇ بۇ كۈنگە قالارىمنى، نېمشقا ئويلىماپتىكەن؟

**شۇ پېتى** شۇ تۇرقى، شۇ قىياپەتتە،

شۇ ھالدا: ئۇ شۇ پېتى ئۆيىگە بارسا، ئېھتىمال، قېرى ئانىسى ئايشە ئاپپاقمۇ تونۇيالماسلىقى مۇمكىن. * چەندارىن ئۇدۇلدىكى تاغقا قارىدى. بايا كۆرگەن ئادەملەر شۇ پېتى قىمىر قىلماي تۇراتتى.

**شۇ تاپ** سۆز بولۇۋاتقان پەيت، ھازىر، مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ چاغ: شۇ تاپتا سىلەر نەگە بارماقچى؟ – دەپ سورىدى ئۇ سادىقتىن. * شۇ تاپتا ئۇنىڭ يا خۇشال بولغىنىنى، يا خاپا بولغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. * قولۇم تۇت، دىلبىرىم مەھكەم، چىقايلى بىللە مۇنبەرگە، شۇ تاپ تويىنىڭ ناۋاسىغا پۈتۈن ئالەممۇ تار كەلدى.

**شۇ تەرىقىدە** شۇ يوسۇندا، شۇ ئۇسۇلدا: ئۇ شۇ تەرىقىدە خېلى مېڭىپتۇ. * قىز شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈن ۋەزىر سارىيىدا تۇرۇپ قېلىپتۇ. * باشقىلارمۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئۆز ھۈنىرىنى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپتۇ.

**شۇ تۇرقى** شۇ ھالىتى، شۇ پېتى: سادىر شۇ ھالدا بۇ ئىككىيلەننى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، بىرنەچچىنى پىرقىرىتىشقا تەييار ئىدى. * شۇ تۇرقىدا ئۇلار گويا بىرى خان، بىرى ھەيۋەتلىك قەيسەر ئارسلانغا ئوخشايتتى.

**شۇ دەم** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىش، ۋەقە يۈز بەرگەن چاغ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە: بوۋاينىڭ كۆز چانىقىدا مارجاندەك ياش پەيدا بولدى، خۇدا ئۇنىڭغا كارامەت ئاتا قىلغان بولسا، شۇ دەمنىڭ ئۆزىدىلا بىر «سۇپ» دەپ ۋالىينىڭ پۈتىنى ساقايتىۋەتكەن بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! * بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە قىزىپ كەتتى جەڭ، باتۇر پولات تۇردى شۇ دەم جەينەككىچە يەڭ.

**شۇ زامات** ← **شۇ زامان**: مەن شۇ زامات گايىتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. * مۇشۇنداق بىر ئېسىل يۈرتتا تۇغۇلدۇم، تۇغۇلدۇم شۇ زامات دەردكە بوغۇلدۇم.

**شۇ زامان** شۇ ھامان، دەرھال.

**شۇ قەدەر** شۇ دەرىجىدە، شۇنچىلىك: ئۇنىڭ يۈزى شۇ قەدەر ئاقىرىپ كەتكەنكى، ئادەمگە ئىختىيارسىزلا ئۆلۈكنىڭ سىماسىنى ئەسلىتىدۇ. * ئۇ شۇ قەدەر قاتتىق كۈلدىكى، گويا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، بىر پاي ئوق ئاسمان گۈمبىزىدە سادا قىلغاندەك بولدى.

**شۇ كەم** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت، چاغ؛ ھازىر: نىياز ئەپەندىنى شۇ كەمگىچە بويتاق يۈرگەن دېگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭمۇ چىرايلىق خوتۇنى بولغان، ئوغۇلمۇ كۆرگەن. * نەدە قېلىۋىدىڭ؟ كىمنى كۆرۈۋىدى مېنىڭ كۆزۈم؟ كۆرمەستىن گۈل ھۆسنىڭنى شۇ كەمگىچە؟...

**شۇ مەھەل** شۇ زامان، شۇ ھامان، دەرھال: جەڭچىلەر ئۇنى شۇ مەھەل قىمىر قىلدۇرماي گەجگىسىدىن قامالاپ، يەرگە چىڭ بېسىپ قويدى. * قاسىم قەمبىرى شۇ مەھەل شتاب غوجدارىنى چاقىرىپ، مىلتىق، تاپانچا، قىلىچ، ئوق ۋە قول بومبىلىرىنى ئايرىم قويۇپ ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلىدى.

**شۇنىڭ بىلەن** شۇنداق قىلىپ، نەتىجىدە: ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى چوڭ ئىش ئۈستىدە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تۈرلۈك گۈزەل سۈرەتلەر ئۆتۈشكە باشلىدى. * ھاكىم ئاچچىقلاپ چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەجلىس تامام بولدى.

**شۇنىڭ ئۈچۈن** شۇ سەۋەب بىلەن، شۇ سەۋەبتىن، شۇڭا: مېنىڭ ئاۋازىم ناخشىغا زادىلا ماسلىشالمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئادەم بار يەردە ھەتتا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم.

**شۇ ھالدا** شۇ پەيتتە، شۇ تۇرقىدا: ئۇ شۇ ھالدا ئاكىسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپتۇ. * ئاخىرى ئۇيقۇ بېسىپ ھەممە نەرسە ئىرماش-چىرماش بولۇپ كەتتى-دە، شۇ ھالدا ئۇخلاپ قالدى.

**شۇ ھالى بىلەن** شۇنچىلىك ئەھۋالى، شۇنچىلىك ئىقتىدارى بىلەن: ئۇ تېخى شۇ ھالى بىلەن ماڭا قارشى چىقماقچىمىكەن؟!

**شۇ ھامان** شۇ ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزىدە، شۇ زامات، دەرھال: ئالىم شۇ ھامان ئۇنىڭ قولىنى ئىستىرىۋەتتى. * ئۇ ۋەزىرنى ئات ئۈستىدىن كاپلا قىلىپ يۇلۇپ ئېلىپتۇ ۋە شۇ ھامان يەرگە ئۇرۇۋېتىپتۇ.

**شۇ ياق** كۆرسىتىلگەن تەرەپ: يېڭىنە قاياققا ماڭسا، يىپ شۇ ياققا ماڭار (ماقال).

**شۇ يان** ← **شۇ ياق**: قوناقلىقتىن تۇيۇقسىز غەيرىي تاۋۇش ئاڭلاندى. بىرپەس تىڭشاپ قوشكېزەك دەرھال شۇ يان ئاتلاندى.

**شۇ** II ئى (خەن) <تارىخ> ← **شۇ خانلىقى**.

**شۇ خانلىقى** <تارىخ> ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ بىرى. مىلادىيىنىڭ 221 — 263-يىللىرى ليۇبېي تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى، يۈننەن، گۈيجۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالى ۋە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنجۇڭ رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېيىن ۋېي خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

**شۇپۇڭ** ئى. تومراق چىۋىق: ئۇ دائىم قولىدا شۇپۇڭ تۇتۇۋېلىپ، دەريا بويىدا كالا بېقىپ يۈرەتتى.

**شۇپۇڭدىماق** پ. شۇپۇڭ بىلەن ئۇرماق: — ھېلى دادائ شۇپۇڭدايدۇ، جۇمۇ! غەلۋە قىلماي تالاغا چىقىپ ئوينا، يۈگۈر، — دېدى مايسەم ئوغلىنىڭ قۇلىقىنى چىمدىپ.

**شۇجى** ئى (خەن) پارتىيە، ئىتتىپاق ئورگانلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى: ئۇ بۇ قېتىم كەنت پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغانىدى.

**شۇجىلىق** ئى. شۇجىغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: — ھامىدىن دېگەن 15 يىل كەنتتە شۇجىلىق قىلغان، ئۇنى سىلەر ئاددىي، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم دەپ ئويلاپ قالماڭلار، جۇمۇ! — بوۋاي سۆزلەۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

**شۇدلۇق** سۈپ. دىئال. ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان، بىر ئىشنى يولىدا قىلالايدىغان؛ قابىلىيەتلىك.

**شۇر** تەق ① سۇيۇق نەرسىلەرنىڭ تېز ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز. ② بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدا سۇيۇق نەرسىلەرنىڭ تېز ئاققىنىغا ئوخشاش ھېس قىلىنغان سېزىم: سابىرنىڭ مېڭىسىدىن بىر خىل دەھشەتلىك تۇيغۇ شۇر قىلىپ ئۆتتى-دە، ۋۇجۇدىنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى. * بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇز شۇر قىلىپ ئېرىگەندەك بولدى.

**شۇررىدە** رەۋ. شۇر قىلغان ھالدا، شۇر قىلىپ؛ ناھايىتى تېز: يۈرىكىم شۇررىدە ئېقىپ كەتكەندەك بولدى. * مەشۇرنىڭ يۈرىكى ئېرىگەن قوغۇشۇندەك شۇررىدە قىلىپ قالدى.

**شۇر-شۇر** «شۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شۇرقىراتماق** «شۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شۇرقىراشماق** «شۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شۇرقىرىماق** پ. شۇر قىلماق، ئادەمدە «شۇر» قىلغاندەك سېزىم پەيدا قىلماق: ئۇنىڭ تېنى شۇرقىراپ، پېشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقتى. * ئاتا مېھرى —

مۇھەببىتىم شۇرقىراپ، ئۆركەش ياساپ ئاقتى
يۈرەك-قەلبىمدە.

**شۇرۇق** ئى. دىئال ① ئۇزۇن تاياقچە. ②
سۇ تەكتىدىكى يەر يۈزىگە سانجىپ،
كېمىنى ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان
ئۇزۇن، قالقانسىز تاياقچە.

**شۇشەن** ئى (خەن) <جۇغ> فۇجيەن ئۆلكىسى
فۇجۇ شەھىرىنىڭ غەربىگە، يەنى مىنخوۋ
ناھىيىسىگە جايلاشقان بىر تاغ.

**شۇشەن تېشى** <كېئول> ئاساسلىق
تەركىبى پىروفىللىتتىن ئىبارەت بولغان
بىر خىل تاش. سەل-پەل سوزۇلۇك
كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ تامغا ئويۇشتىكى
قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. فۇجيەن
ئۆلكىسىدىكى شۇشەن تېغىدىن چىقىدىغان
بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**شۇغۇللاندۇرماق** «شۇغۇللانماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شۇغۇللاندۇرۇلماق** «شۇغۇللاندۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شۇغۇللانماق** پ. داۋاملىق بىرەر ئىش
بىلەن ھەپىلەشمەك، مەشغۇل بولماق:
جىددىي ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندا،
بىر سائەت ياكى بىر يېرىم سائەت ئارىلىقىدا
بەش-ئون مىنۇت تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن دەم
ئېلىپ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ھەددىدىن
ئارتۇق زورۇقۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك. *
بىز كىرگەندە سادىقنىڭ ئانىسى ئۆي ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىكەن.

**شۇغىنىسى** باغل. بىراق، لېكىن، ئەمما،
ئەپسۇس: ئۇ يىگىتقۇ ياخشى بالىكەن،
شۇغىنىسى بەك ياۋاشتەك قىلىدۇ. * — تاپقىلى
بولار، شۇغىنىسى بىرقانچە كۈن تەخىر قىلىپ
تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؟! — دېدى كىتاب
ساتقۇچى مۇلايىملىق بىلەن.

**شۇك** (توغرىسى: شۈك) ← شۈك I.

**شۆك** ئى. تەك (ئۈزۈم تېلى)نىڭ غولىدىن
ئۆسۈپ چىققان شاخلار: باراڭغا ئېلىنغان
ئۈزۈم شۆگلىرى ھويلىغا قويۇق سايە تاشلاپ
تۇراتتى. * ئەتىيازنىڭ شاملى، ئېرىتتى مۇز
توڭلارنى. بىخ ئايلاندى چېچەككە، گۈل قاپلىدى
شۆگلارنى.

**شۆك تارتماق** ئۈزۈم تېلى شاخلىماق:
ھويلىدىكى ئۈزۈم شۆك تارتىپ، باراڭ كۈن
چۈشمەيدىغان سايىۋەنگە ئايلانغانىدى.

**شۆك قىرقىماق** ئۈزۈم تېلىنىڭ غولىدىن
ئۆسۈپ چىققان ياۋا شۆگلىرىنى كېسىۋەت-
مەك: ئۇ كىچىك قول ھەرىسى ۋە شۆك
قىرقىيدىغان قايچىسىنى ئېلىپ، كەتمىنىنى
مۈرىسىگە سالدى-دە، چوڭ باغقا قاراپ يۈرۈپ
كەتتى.

**شۇڭا** باغل «شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا»
دېگەن مەنىدە سەۋەب باغلىغۇچى
رولىدا سەۋەب بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا
كېلىدۇ: — ئانام تويغا كەتكەنىدى، شۇڭا
دادام بىلەن كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ ئەپەندىم. * بۇ ئىشق بازىرىدا
سەندەك گۈزەلنى كۆرمىدىم ھەرگىز، شۇڭا
ۋەسلىڭگە دەرھاللا جېنىمدىن خېرىدار بولدۇم.

**شۇڭپەن** (توغرىسى: شۇمپەن) ←
شۇمپەن.

**شۈگۈتماق** I ئى. بىر خىل يېمەكلىك.
قوناق ئۇنىدىن يۇغۇرۇلغان خېمىر ياڭاق
چوڭلۇقىدا ئۈزۈلۈپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك
قىلىنغاندىن كېيىن شورپىغا سېلىپ پىشۇ-
رۇلىدۇ.

**شۈگۈتماق** II «شۈگۈماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكىنى
قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئوتلۇق ئىستەكلەر
ئۇلارنى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ بىر دولقۇنىدىن

يەنە بىر دولقۇنغا تارتىپ كوُچلوُك شوُڭغوُتوُشقا باشلىغانىدى.

**شوُڭغوُتوُشماق** «شوُڭغوُتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملوُك دەرىجىسى.

**شوُڭغوُتوُلماق** «شوُڭغوُتماق» پېئىلىنىڭ مەجهوُل دەرىجىسى.

**شوُڭغوُشماق** «شوُڭغوُماق» پېئىلىنىڭ ئۆملوُك دەرىجىسى: دولقۇنلار ئەتراپقا چاچىدوُ ئوُنچە، ياقوُت قىرغاقلارغا كۆكسىنى ئوُروُپ. ئېھ، قانداق كۆڭوُللوُك دەريا سەيلىسى، بېلىقلار ئوُيىنشار ھەريان شوُڭغوُشوُپ.

**شوُڭغوُماق** پ. سوُ، ھاۋا (بوشلوُق) قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرمەك ياكى شوُلارنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقماق: ئوُ: — خاتىرجەم بولوُڭ، پالتىڭىزنى مەن سوُزوُپ بېرەي، — دەپتوُ ۋە سوُ ئاستىغا شوُڭغوُپلا كۆزدىن غايىب بولوُپتوُ. * ھاياتلىق دولقۇنلىنىپ ئاققان دەريا، بەختىنىڭ مەنسىدوُر تىنىك قىيالار. كىمكى شوُڭغوُپ يوُروُپ دوُرلەر قازسا، خوُش بولوُر ئۆتكەن ئەجداد — ئۆلمالار.

**شوُڭقار** ① ئى. بوُركوُت تىپىدىكى ناھايىتى كوُچلوُك، يىرتقوُچ ئوُۋچى قوُش: پاقىنىڭ بەختىدىن شوُڭقارنىڭ شورلوُقى ئەلا (ماقال). * سوُزوُك ئاسمان، كۆك ئاسمان شوُڭقارلار قانات قاققان. ② سوُپ. كۆچمە. باتوُر، قەھرىمان، مەرد، پالۋان: سىيىتناخوُن — سىيىت كاڭكوُك، جېنىدىن جوُدا بولدى. ئەزىزانە قەشقەرنىڭ شوُڭقارى ئادا بولدى. * ئوُچوُردوُم شوُڭقار قوُشوُمنى ھېچبىر يەردە دېرەكى يوق. ھەسرەت بىلەن ئوُل سەييارنى تاپماغوُنچە قارارىم يوق.

**شوُڭلاشقا** باغل. شوُنداق بولغاچقا، شوُنىڭ ئوُچوُن، شوُ سەۋەبلىك، شوُنىڭغا ئاساسەن: — سىزنى بەك سېغىندىم، شوُڭلاشقا كەلدىم، — دېدى ئوُموُ چاقچاق قىلىپ كوُلوُپ. * كۆپلەپ قوُيوُپ ئوُغوُتنى، تاللاپ ئوُروُق سېلىپتوُ، بىر مو يەردىن شوُڭلاشقا، مىڭ جىڭ ھوسوُل ئېلىپتوُ.

**شوُلتا** ئى <خىم> تەركىبىدە كرىستاللاشقان ئون دانە سوُ مولېكوُلىسى بولغان ناترىي كاربونات. رەڭسىز كرىستال ھالىتىدە بولوُپ، يوُيوُش دورىسى قىلىنىدوُ ۋە ئېچىغان ياكى بولدوُروُلغان خېمىردىكى ئاچچىق تەمنى يوقاتقوُچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدوُ.

**شوُلوُق** تەق. سوُيوُقلوُقلارنىڭ چايقىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شوُلوُق-شوُلوُق** «شوُلوُق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شوُلوُقلىماق** پ «شوُلوُق-شوُلوُق» ئاۋاز چىقارماق: نېمىسىنى دەيسىز، بىردەمدە ھەممىسى شوُلوُقلاپ پىشتى.

**شوُم** سوُپ (ئە) ① قولىدىن ھەرقانداق ئەسكىلىك كېلىدىغان؛ نىيىتى بوُزوُق، ئەسكى، يارىماس، بوُزوُق: — قانداقسىغا بوُ شوُم ئوُغرى سىزنىڭ ئوُقوُغوُچىڭىز بولىدوُ، — سورىدى ئوُ ھەيرانلىق بىلەن. * ئەگمىدىم بوي شوُم رەقىبگە، بولدى خەنجەر كوُيلىرىم، قوللىدى دائىم مېنى ئەمگەكچى خەلقىم-قولداشىم. ② بەختسىزلىك كەلتوُرىدىغان، ئادەمگە ھالاكەت، پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىدىغان، ئادەمدە ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان: ھېلىقى شوُم قوُيوُن بوُغراجان بىلەن مەغرىپەتخان ئاچىنى ھاياتلىق دوُنياسىدىن ئوُچوُروُپ ئېلىپ كەتتى. * ھەسەتخورلوُق شوُم كېسەل، ئوُنداقلارغا دورا بەر. ③ بەختسىز، پالاكەت باسقان، نەس باسقان، قايغوُلوُق: قوُم يەر — شوُم يەر (ماقال). * ئۆتمىتۆشوُك ئۆيوُمدە يوق بىسات -

روزغار، شۇم زاماندا ئازاب تارتقان، بولغان خار-زار. * مايمخاننى ئۆلتۈردى، ئەلگە بالا شۇم پەلەك.

**شۇم ئاياغ** باسقان قەدىمى بىرەر بەختسزلىك، پالاكەتكە سەۋەب بولىدىغان، پالاكەت: — ھېلىقى شۇم ئاياغ ئەلچىلەرچۇ؟ — سورىدى ئۇ ئىككىلىنىپ. * ھەي شۇم ئاياغ ئاغمخان، ئىبىت، قاچماقچى سەن قايان؟!

**شۇم پەلەك** رەھىمسىز، بەختسز تەقدىر، مۇدھىش زامان: كاجلىقى بۇ شۇم پەلەكنىڭ، مېنى سەندىن ئايرىدى. * ۋاپاسىز شۇم پەلەك ھەم شۇنچە چاغ سول كۆز بىلەن باقتى، ئېلىم قەلبىدە ئورناشقان ساداقەتلىك ئۆيىن چاقتى.

**شۇم پېشانە** ← **شور پېشانە**: ئەمما، ناسىر بۇ شۇم پېشانە يېگىتنىڭ نالە-زارىغا پەرۋامۇ قىلماي، شۇئان ئۇنى ئىككى ساقچىغا تاپشۇرۇپ، تۈرمىگە ئەۋەتىۋەتتى. * بوۋاي دائىم «شۇم پېشانە ئىكەنمىز» دەپ، شۈك بولۇپ قالاتتى.

**شۇم تەلەپ** ← **شۇم نىيەت**: ۋەتەن، مىللەتكە كۆرسەتكىن ئاۋۋال-ئاخىر سەممىيەت، تىلە ئىنسانغا ئاسايىشنى، ھەرگىز شۇم تەلەپ بولما.

**شۇم تەلەي** تەلەيسىز، تەلىيى يوق، ئامەتى كەلمىگەن؛ بەختسىز: ئاھ! جېنىم بالام، مېنىڭ بىردىنبىر بالام، مەن خەقلەرنىڭ مېنى تاشلىۋېتىشىگە رازىمەن! شۇم تەلەي ئادەم بولۇشقا رازىمەن! تەلەينى ياخشى كۆرىدىغان، راستىنلا ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرمۇ بولىدۇ. * شۇم تەلەي قىز ھاياتىنىڭ ھېچبىر لەززىتىنى كۆرەلمىدى.

**شۇم خەۋەر** ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان، ئادەمنى قايغۇغا سالىدىغان، ئۆلۈم-يېتىم، خېيىم-خەتەر ھەققىدىكى خەۋەر: تاز بازارغا بارسا شۇم خەۋەر تاپار. * باشلىقتىن ئاڭلىغان شۇم خەۋەر ئىلگىرىكى خۇشاللىقىمنى شامال ئۇچۇرغان توپىدەك توزۇتىۋەتتى. * چاقماقتەك تارالدى ھەر ياننى قاپلاپ، «جان ئۈزدى ئوغلىمىز» دېگەن شۇم خەۋەر.

**شۇم قەدەم** ← **شۇم ئاياغ**: دۈشمەنلەرنىڭ شۇم قەدەملىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ بىر غېرىچ يېرىگىمۇ دەسسەتمەيمىز.

**شۇم نىيەت** بۇزۇق، قارا نىيەت، يامان مەقسەت؛ نىيىتى يامان: — بۈگۈن ھېلىقى مامۇت دېگەن نەرسە مەن بىلەن يەنە سۆزلەشتى، — دېدى رەيھان، — ئۇنىڭ شۇم نىيىتىدىن سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دېدىم. * بار ئەسكىلىك كەلدى بىزلەرگە، شۇم نىيەتلىك جىنۇشەيتاندىن.

**شۇم ئېغىز** ← **شور ئېغىز**: — سەن شۇم ئېغىز ئېيتىپ قويۇپسەن، ئاناڭنى... — دېدى-دە، سۈپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ ئۇرماقچى بولدى. * — ھەي شۇم ئېغىز دىۋانە، ئۆيۈمدىن چىق! — دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

**شۇمبا** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تەتۈر قويغان تۇخۇمغا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاق، چوكا مېۋىسى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. غولى، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىدىن ئاروماتىك مايلارنى ئالغىلى، ئۇرۇقىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**شۇمبۇيا** ئى (شۇم+بۇيا) ① <بوت> شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر يىلتىزىدا پارازىت ئۆسىدۇ. غولى ياغاچلاشقان، يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكلىدە ھەم

سارغۇچ قوڭغۇر، گۈلى سۇسۇن رەڭدە
كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا
بولىدۇ. تىبابەتچىلىكتە قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى
دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ
قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ يېنىغا ئۈنسە
ئۇلارنىڭ تەمىنى بۇزۇپ لاۋزىلاشتۇرىدۇ.
شۇڭا كىشىلەر زىرائەت ئېتىزلىقلىرىغا ئۈنگەن
شۇمبۇينى يۇلۇۋېتىدۇ. ② كۆچمە. ئۆز
مەنپەئىتىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان
سالىدىغان ھەممە پارازىت، تېرىكتاپلارچە
ھايات كەچۈرىدىغان كىشى، زىيانداش،
تېرىكتاپ: ۋە لېكىن ئادەمگە ئوخشىماي
ئۈنىڭ، قىلىق ۋە خىسلىتى ئۆستىباشقىچە.
بولۇپ بىر شۇمبۇيا ئىنسانلار ئۈچۈن، كەلتۈردى
كۆپ زىيان چەكتىن ئاشقۇچە. * دوزىخى
ئۆتمۈش ئىدى ئەل بېشىدا زۇلمەت زامان،
ئاچمىغان بەختىنىڭ چېچەك باسقان جاھاننى
شۇمبۇيا.

**شۇمبۇيىدەك ئۇنمەك** زىيان سېلىش
ئۈچۈن پەيدا بولماق: — مەنلا بىر ئىش
قىلسام شۇمبۇيىدەك ئۈنىسىز، بۇ جاھان سىز
ئۈچۈنلا يارالغانمىدى!؟ — دېدى سۇبھى
نۇرمەھەممەتكە ئالىيىپ.

**شۇمبۇيلىق** ئى ① شۇمبۇيا ئۆسكەن،
شۇمبۇيا كۆپ يەر. ② كۆچمە. قارا نىيەت-
لىك، ئەسكىلىك، يامانلىق: — سەن بۇ
ئىشقا شۇمبۇيلىق قىلما، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

**شۇمپەن** ئى (خەن) جان ت. ئادەم ئۆلتۈرگەن
جىنايەتچى، قاتىل: ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنىمۇ
ئۇنتۇپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، شۇمپەندەك
قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئولتۇراتتى. * — مەخسۇت
بەگ دېگەن شۇمپەننى بۆرىگە يەم قىلغانمۇ
پېقىر ئۆزۈم، — دېدى ئۇ مەغرۇرانە ھجىيىپ.

**شۇمتال** ئى (شۇم+تال) <بوت> ← **مانجۇرىيە
ئەرمۇدۇنى.**

**شۇمتەك** ئى. ناھايىتى شوخ، غەلۋىچى
بالا؛ قىلمىشى يامان، پاراكەندىچىلىك
تېرىيدىغان بالا: «ئەجنەبىي شەيتان»
ئەگەر ئاشۇ شەھەردىكى ئون نەچچە
ياشلىق شۇمتەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان
بولسا، ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ...
* — بۇ شۇمتەكلەر بىلەنمۇ تەڭ بولامدىغان،
— دېدى مىرزا ئىلى تاغا يادىكار خېنىمغا.

**شۇمقۇش** ئى (شۇم+قۇش) ①ھۇقۇش. ②
پالاكەت ئېلىپ كەلگۈچى، شۇملۇق
تېرىغۇچى، بالا-قازا تېرىغۇچى: «قايسى
شۇمقۇش ئۇنى مۇشۇ كوچىغا باشلىدىكىن؟...»
رەھمەتجان ئويلىنىپ قالدى. * ئەي بېغىم
كۆكسۈڭگە داغ قويغاندى شۇمقۇش بۇرۇن،
ئاق كۆڭۈل ۋىجدانى پاك جانلار ئۈچۈن
بەرمەي ئورۇن.

**شۇملۇق** «شۇم» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ
ئەمچىكى يوق (ماقال). * كۆرۈنۈشتە
خۇشامەت قىلىپ، ئاستىرتىن شۇملۇق قىلىدىغان
بۇزۇقلاردىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇش
كېرەك. * ھىجاز زالىمنىڭ سارىيىدا چىرايىدىن
شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان ھارامزادە كەمپىر
بار ئىكەن.

**شۇملۇق قىلماق** ئەسكىلىك قىلماق،
يامانلىق قىلماق، باشقىلارغا قارىتا يامان
غەرەزدە بولماق: زامانقۇل شۇملۇق قىلىپ،
ئۆتكەن قېتىم سىمكار ھەققىگە 20 دوللار
كەم بەرگەنىدى.

**شۇنجى** ئى (خەن) <تارىخ> ← **شۇنجى
يىللىرى.**

**شۇنجى يىللىرى** <تارىخ> چىڭ سۇلالى-
سى خانى شىزۇ (ئەيشىن جۆيلو فۇلىن)
ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر، يەنى مىلادىيە
1644-يىلدىن 1661-يىلغىچە بولغان

ئارىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**شۇنچە** ① رەۋ. شۇنچىلىك، شۇ قەدەر، شۇ دەرىجىدە: — پاھ، قارا، بۇنىڭ شۇنچە چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى! — دېدى ئۇ ئوغلۇمنى قولىغا ئېلىپ. * تۆگمەيدۇ يول، ماڭسام ماڭسام مەن، شۇنچە ئالدىراپ، قەدەم ئالسام مەن. ② سۈپ. جىق، كۆپ، ئاز بولمىغان: شۇنچە ئەلنىڭ ئارىسىدا، ئۇنى بىرلا كۆرگەنىدىم. * شۇنچە يىل ئەرگە تەگمەي يۈرۈپسەن، قەدىناس ئېرىڭگە بولغان ساداقەت ۋە ھۆرمىتىڭگە رەھمەت. ③ ئال. شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېقىنغۇچى تەركىبىدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى تەركىبتە ئاشكارىلانغان مىقدارغا تەڭ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭدا قانچە تال ئالما بولسا، مەندىمۇ شۇنچە تال ئالما بار ئىدى. * تاغ ئۆمرى قانچە، خەلقىم ئۆمرى شۇنچە، قۇشتى زور تاغقا تاغلار قېزىپ ئۇنچە.

**شۇنچىزا** رەۋ ← **شۇنچىۋالا**: سۆزلەپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدى، ھە؟! — دېدى مومام ئانامغا كايىپ. * مەن ئۇنىڭ قانداق قىلىپ شۇنچىزا ياردار بولغانلىقىنى ھېچ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم.

**شۇنچىكى** ① رەۋ. ئازراق، ئازغىنە؛ مۇنداقلا: — ئالدىغا شۇنچىكى يۆتكىسەك بولدى ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئوغلىنىڭ دىتسىزلىقىدىن رەنجىگەن بوۋاي. ② سۈپ. زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان ئەرزىمەس؛ ئادەتتىكى، ئاددىي: — شۇنچىكى گەپكە نېمانچە چېچىلىپ كېتىسەن؟ — دېدى دادام ئاكامغا ھاي بېرىپ. * شۇنچىكى ئىشلارغا چېچىلىپ نېرۋىنى بۇزۇش ياخشى ئەمەس. ③ رەۋ. چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەي، ئويناشقاندەك: بەزىدە شۇنچىكى دەپ قويغان گېپىمۇ بىرمۇنچە پالاكەتلەرنى

ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

**شۇنچىلىك** ① رەۋ. شۇ قەدەر، شۇ دەرىجىدە، شۇنچە، شۇنچىۋالا: ئۇنىڭ ئابدۇللاغا دەيدىغان گېپى شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، ھەرقانچە يازسىمۇ تۆگمەيتتى. * مەن ئۇ قىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىمكى، ئۇنىڭدىن زادىلا ئۈمىدىمنى ئۈزەلمىدىم. * غۇنچەم سومكىنى كۆتۈردى ئەپلىك، ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك رەتلىك. ② سۈپ. ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى، مىقدار، ھەجىم، دەرىجە، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تۆۋەنلىتىپ ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ: — سېنىڭ كارامىتىڭ شۇنچىلىكلا ئىكەن-دە! — دەپتۇ بۆرە كۆرەڭلەپ. * ئوغلىمىزنىڭ ھالىمۇ شۇنچىلىك، قىزلار ياراتمايۋاتسا قانداق قىلغۇلۇق؟ كۆڭۈل دېگەنگە بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

**شۇنچىۋالا** «شۇنچە» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلمىسى: ئۇنىڭ پىكىر دائىرىسى شۇنچىۋالا كەڭرى ۋە نازۇك بولۇپ، كىشى قەلبىنىڭ ئەڭ زىل تارلىرىنى چېكەلەيتتى. * — ماڭىمۇ رەھىم قىلىدىغان كۆڭلىڭىز بار ئىكەنا، شۇنچىۋالا كۆتتۈردىڭىز، — دېدى ئۇ مۇلايىمغىنا.

**شۇندا** رەۋ. شۇ چاغدا، ئاشۇ ۋاقىتتا، شۇ مەزگىلدە: قېنى ئەسكە ئېلىڭ شائىر، ئۇزاق يىل بىز ئەلەم تارتتۇق، بوغۇلدى ئەركىمىز شۇندا، بۇرۇقتۇرما ئىلكىدە ياتتۇق. * قالمىدىم ئۇنتۇپ ئۇ كۈننى بولمىدىم يەپ نان بىلەن، بىلمەن شۇندا بويالغان رەڭگىرويۇڭ قان بىلەن.

**شۇنداق** ① ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغاندەك، كۆز ئالدىدىكىدەك، ئاشۇنداق: — تاشۋاي ئاكاڭ ماڭماقچى، بىز ئۇنى مۇنداقلا ئۇزىتىپ قويساق بولمايدۇ. مەن گۆش،

سەۋزە تېپىپ كېلىپ، ئۆز قولۇم بىلەن بەتتە
پولۇ ئېتىپ بېرەي. بىزنىڭ ئاخىرقى خوشلىششىمىز
شۇنداق ئۆتسۇن، — دېدى سالىخ ئاكا قىزى
گۈلچېھرىگە. * — ... ھە... غالىبىيەت
باشلانغۇچ مەكتىپى... غالىب دەمسىز؟ توغرا،
توغرا، شۇنداق بىر ئوقۇغۇچىمىز بار... * —
كېۋىر، قېنى گەپ قىل! — روزىئاخۇن بوۋاي
ماخو ئۆگزىسىدە تۇرۇپ كېۋىر تورغايغا شۇنداق
دېدى. ② رەۋ. ئېيتىلغان ياكى كۆزدە
تۇتۇلغان تەرتىپتە؛ شۇ بويىچە، شۇ
تەرتىپتە، شۇ تەرزدە: كۆپچىلىك: —
شۇنداق قىلايلى، — دېيىشىپ، لەيلىگۈلنى
كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. * ئۇلار
شۇنداق ھېسابلاپ ئوتتى 70 باغ چىقارغانىدى.
③ تەستىقلىغۇچى جاۋاب ئورنىدا قوللىنىلىپ
«ھەئە، توغرا، ئەلبەتتە، دېگىنىڭ
راست» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپا-
دىلەيدۇ: — بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە دەمدۇلا؟
— شۇنداق. * — شۇنداق، — دەپتۇ نەجىپ،
— مەن ئاتامدىن ئايرىلغانمەن. * — شۇنداق،
— دېدى جاپپار سۆزۈمنى تەستىقلاپ. ④
رەۋ. شۇ قەدەر، شۇنچىلىك: شۇ دەرىجىدە
ئۆتتى كۆپ يىللار شۇنداق قايغۇدا، شۇنداق
ئازابتا، بىزنىڭ بۇ باشتىن، ئەمما تاپمىدۇق
ھەم تاپالمىدۇق، ھېچبىر يورۇق يول، يىغلاپ
قاقشاشتىن. * ئاھ، ئۇ كۆزلەر شۇنداق
نۇرانە، شۇنداق سېھىرلىك ئىدى. * ئۇ
قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق بىر چىرايلىق قىز
ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغۇدەك. ⑤ رەۋ. ئادەتتىكى-
دەك باشقىچە، شۇ دەرىجىدە: ئۇ شۇنداق
قارىسا، بىر چىرايلىق قىز كېلىۋاتقۇدەك.

**شۇنداق قىلىپ** سۆزلىنىۋاتقان ئىش-ھە-
رىكەتنىڭ نەتىجىسى ئىپادىلەنگەن
جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «ئاخىر، ئاقى-
ۋەت»، دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى
ئىپادىلەيدۇ: كۈندۈزدە ئۆزىمىزنى يوشۇردۇق،
تۈندە يول يۈردۇق، شۇنداق قىلىپ، سالامەت
ھالدا يۇرتقا بېرىۋالدۇق. * شۇنداق قىلىپ،
بىز ھەممىمىزلا ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۇق.

**شۇنداقتا** باغل. شۇنداق بولغاندا؛ شۇ
ھالدا: — پالۋانلارغا ئېيت، ھەربىرى بەش
تالدىن ئوق بەرسۇن، شۇنداقتا بىرنەچچە
يۈز تال ئوق چىقىپ قالىدۇ، — دېدى ھاجى
مىرولغا قاراپ. * شۇنداقتا، ھەممىسى قانچىلىك
پايدا چىقىپتۇ.

**شۇنداقلا** ① باغل. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،
ئۇنىڭ ئۈستىگە: ئوسمانجان بىلەن ئابلىكىم
ساۋاقداش، شۇنداقلا خىزمەتداش بولغاچقا،
بىر-بىرىگە ئىشىنەتتى. * مەن ئاشۇ سۆيۈم-
لۈك ياشلارغا قوشۇلۇپ كۈلدۈم، شۇنداقلا
ئۇلارغا قوشۇلۇپ يىغلىدىم. * قانۇن تۈزۈلگەنە-
كەن، ئىجرا قىلىش كېرەك، شۇنداقلا ئۇنىڭغا
رىئايە قىلىش كېرەك. ② رەۋ. ئادەتتىكىدەك،
ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا: — ۋاي-ۋۇي، بۇ
نېمە ئاۋارىچىلىك، شۇنداقلا كېلىۋەرمەي، بىز
تونۇمايدىغان، بىلمىگەن ئادەملەر بولمىغاندىن
كېيىن، ھەممىمىز بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسەن
ئەمەسمۇ؟ — دېدى جاپپار ئۇستەلگە قاراپ.
* — شۇنداقلا بېرىۋەرمەمسىز، سىز بىر
ياتنىڭ ئۆيىگە بارمىغاندىن كېيىن، — دېدى
بۇۋىسارەم سوۋغا-سالامغا يارىغۇدەك بىرنەرسە
تاپالماي تىتىلداپ كېتىۋاتقان شازادىخانغا قاراپ
تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن. ③ ئال. شۇنىڭغا
ئوخشاش، شۇنىڭغا ئوخشاشلا: ئۇ نىزامبىدىن-
نىڭ سۆزلىرىگە قانداق قايىل بولسا، نادەمنىڭ
سۆزلىرىگىمۇ شۇنداقلا ئىنتايىن رازى بولغانىدى.
* بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ قانداق خۇشال بولغان
بولسا، مەنمۇ شۇنداقلا، ھەتتا ئۇنىڭدىن
بەكرەك خۇشال بولغانىدىم.

**شۇنىسى** ① ئال. شۇنداق بىر يېرى، شۇ

يېرى: — شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى باتۇر تاغا، — لېكىن شۇنىسى باركى، سارايغا تۇشلۇق ئادەم يوق-دە. * شۇنىسى ئېنىقكى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما پاكىتلارغا قارىغاندا، ئۇ دەۋردە ئارانلا ئۈچ ئالىم ۋە ئۈچ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ② ئال. شۇنداق بولغىنى: — ئاتا، مېنى كەچۈرگىلىرى كەلمىسە، قىلىچ ئەكەلدۈرۈپ، كاللامنى ئالسىلا، شۇنىسىلا تۈزۈك، — دېدى ئۇ. ③ باغل. لېكىن، بىراق، ئەمما: مەن ئۆزۈممۇ مۇشۇنداق ئاجايىپ بىرچاغلارنىڭ يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدىم، شۇنىسى، بۇ مىنۇتلار بۈگۈن مېنىڭ كۆز ئالدىمغا راستىنلا كەلگەندە بولسا، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

**شۇۋ** تەق. مەلۇم سىرتقى تەسىردىن ئادەمنىڭ بىرەر ئىچكى ئەزاسى ياكى ۋۇجۇدىدا ھاسىل بولغان، سەسكىنىش، شۈركۈنۈش ھالىتى: ئۇنىڭ كۆزى پوتەيگە چۈشتى-دە، يۈرىكى شۇۋ قىلىپ ئويناپ كەتتى. * ئانار تۇۋىدە تۇرغان قاپقارا بىر گەۋدىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تېنى شۇۋ قىلىپ قالدى.

**شۇۋۇلداتماق** «شۇۋۇلدىماق» پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن نازۇك تەرەپلەرنى، شۇۋۇلدىتىدىغان ئىشلارنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى خاسىيەت. * «ئىشچىلارغا ئىنقىلابنى، ئۆزلىرىگە ھېسسىياتنى شۇۋۇلدىتىدىغان ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلىدىغان كىشىلەر ئادىل بىلەن چىقىشالارمۇ» دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.

**شۇۋۇلدىماق** پ. شۇۋ قىلماق، شۇۋ قىلىپ قالماق: شۇۋۇلداپ كەتمەك.

**شۆبە** ئى (ئە) بىرەر تەشكىلات ياكى ئورگاننىڭ تارمىقى: ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش سىياسىي كومىسسارى بولغانىدى. // ئۇ ياكاقلىق يېزىسىدىكى بەگلىك مەركىزىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەندىن باشقا، يەنە مۇشۇ بەگلىكنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىدىكى شۆبە مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەندى.

**شۆبە ئەترەت** بىرەر ئەترەت تەركىبىدىكى كىچىك، تارماق ئەترەت: زەربىدارلار شۆبە ئەترىتى. ياشلار شۆبە ئەترىتى. * يىغىنغا شەھەر تەۋەسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ خادىملىرى، ئاھالە كومىتېتىمىزنىڭ ئامانلىق ساقلاش ھەيئەتلىرىگىچە قاتناشتى. * دۆلىتىمىزدە ۋودورود بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلغانلىقى مۇداپىئە شۆبە ئەترىتىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى قاتارىدا ئەنگە ئېلىندى.

**شۆپەك** (توغرىسى: شۆپۈك) ← **شۆپۈك**.

**شۆپۈك** ئى. مېۋە-چېۋىنىڭ پوستى: كېنىزەك ئۇنىڭغا ياستۇقمۇ، مېۋىمۇ، شۆپۈكمۇ، ئىشقىلىپ، نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئېتىپتۇ. * قەنتتىنمۇ تاتلىق شۆپۈكلۈك، يۆگەشكە لازىم ياپرىقلىق، ساپ شۇنچە، يوقتۇر شاكىلىك، بالدەك پىشارسەن ئەنجۈرۈم.

**شۆپۈكدىمەك** پ. شۆپۈكىنى سويماق، شۆپۈكىنى ئايرىپ چىقىرىۋەتمەك: شاپتۇل خۇددى دېگەندەك: «مېنى يەگلەر شۆپۈكدەپ»، چۈشەر ئاجراپ شېخىدىن تۇرۇپ-تۇرۇپ تۇرۇۋگىلار.

**شۆپۈكلۈك** سۈپ. شۆپۈكى بار، پوستلۇق: ئاممۇي سورۇنلاردا شۆپۈكلۈك نەرسىلەرنى يېيىش مەدەنىيەتسىزلىك.

**شۆلگەي** ئى <بئول> رېفلېكس تەسىرىدە ئېغىز بوشلۇقىدا پەيدا بولىدىغان سۇيۇقلۇق، شال. ئۇ ئېغىزنى نەمدەپ، يېمەكلىكلەرنى يۇمشىتىش ياكى كراخمالنى

پارچىلاپ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ: نەزەرنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى، بىر سىپاھ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاق ياغلىق بىلەن شۆلگەيلىرىنى سۈرتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

**شۆلگەي بېزى** <ئانات> ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىكى شۆلگەي ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز.

**شۆلگەيلىرى ئاقماق** ① ئاغزىدىن شۆلگىيى پەسكە چۈشمەك: بىچارىنىڭ سۆزلەپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكەنىدى. ② بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش يولىدىكى نەپسى تاقىلدىماق؛ يېگۈسى كەلمەك: خېرىدار باينىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ، يىگىت بىلەن قىزغا ئېچىرقاپ قاراپ تۇراتتى. * شورپىسى ئېقىپ تۇرغان پىتىر مانتىلارنى كۆرگەن دېۋاننىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ.

**شۆھرەت** ئى (ئە) ① ياخشىلىق بىلەن خەلقنىڭ ئىچىدە ئېرىشىلگەن نام-ئابروي، ئىناۋەت؛ ئاتاق، داڭق: شائىرنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانلار كۆپ ئىدى. * — شۆھرەت دېگەن ھېلىقى سەتەڭلەردەك ئۆزىچىلا قوچاق ئېچىپ كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى ھەركىم ئۆزى تېپىشى كېرەك، — دېدى ناسىر زامانقۇلغا. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شۆھرەت تاپماق** كاتتا ئابرويغا، ئىناۋەتكە مۇيەسسەر بولماق، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشمەك، داڭقى چىقماق: ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى جىق شۆھرەت تاپتى. * بالىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى تۈپەيلىدىن ئاتا-ئانىسى شۆھرەت تېپىپتۇ. * تىرىشچان، قابىلىيەتلىك، ئەل قايغۇسىغا يىغلايدىغان كىشىلەر ھامان شۆھرەت تاپىدۇ.

**شۆھرەت قازانماق** ← **شۆھرەت تاپماق:** مېنىڭ يۇرتۇم «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتالغان، تارىخ سەھىپىسىدە شۇ نام بىلەن شۆھرەت قازانغان.

**شۆھرەتپەرەس** سۈپ (ئە+پ) ئەل ئارىسىدا نام چىقىرىپ شۆھرەت تېپىشقا تىرىشىدىغان، ئۆز ئىشىنى كەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان؛ مەنمەنچى، ماختانچاق: ئىنتىپاقلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، يالغۇز ئۆز شەخسىي مەنپەئەتى يولىدا بىر-بىرىنى يەپ-ئىچىدىغان مەنسەپپەرەس، دۇنياپەرەس ۋە شۆھرەتپەرەس مۇتتەھەم ھاماقەتلەر ئارىمىزدىن يوقالماي تۇرۇپ، بىزنىڭ ئادەم بولۇشىمىزغا ئەقلىم يەتمەي قالدى. * تەكەببۇر ۋە شۆھرەتپەرەس بولغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەمىشە خىزمەت ۋەزىپىسىدىن يۇقىرى قويىدۇ.

**شۆھرەتپەرەسلىك** «شۆھرەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئايالىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى، رەھىمسىزلىكىگە قارشى تۇرۇۋىراق بىرەر چارە-تەدبىر تېپىش لازىم ئىكەن، ھەي ئىست! // مەن ئۇ كىشىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىك ئارزۇسىنى قاندۇردۇم.

**شۆھرەتلەندۈرمەك** «شۆھرەتلەنمەك» نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تىببىي خادىملار رەستە-بازارلاردا ياكى جامائەت توپلاشقان ئورۇنلاردا ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى ياكى يېقىنلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى شۆھرەتلەندۈرمەسلىكلىرى لازىم.

**شۆھرەتلەنمەك** پ. شان-شۆھرەتكە ئىگە بولماق، تونۇلماق، مەشھۇر بولماق، داڭقى چىقماق: ئىشىغا ئىخلاس بىلەن قارىغىنىم ئۈچۈن ئېتىم خەلق ئارىسىدا «ئۇستا ئالىم كىچىككىنە» بولۇپ شۆھرەتلەنگەنىدى.

**شۆھرەتلىك** سۈپ. شۆھرىتى بار، شۆھرەتكە

ئىگە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، مەشھۇر، داڭلىق: — ئەي شۆھرەتلىك مەلىكەم، مېنىڭ ھۈنىرىم قۇل ئېلىپ، قۇل سېتىش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھ بەھرام. * بۇ جەريانىدا نوھ II ئىبنى مەنسۇر ھەممىدىن شۆھرەتلىك نام چىقاردى.

**شۆھرەتۋاز** سۈپ (ئە+پ) ← **شۆھرەتپەرەس**: تۇرمۇشتا شۆھرەتۋاز كىشىلەر پات-پات كۆزنى سىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

**شۆھرەتۋازلىق** «شۆھرەتۋاز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ شۆھرەتۋازلىقنى ياقتۇرمايتتى.

**شۆيۇەن** ئى (خەن) <ماتار> ئالىي مەكتەپنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا مەلۇم كەسىپ ئوقۇتۇشى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدۇ. مەسىلەن، سانائەت شۆيۇەنى، مۇزىكا شۆيۇەنى، پېداگوگىكا شۆيۇەنى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**شۆبھە** ئى (ئە) ئىشەنمەسلىك، گۇمانسىراش، گۇمان، شەك: رەپىق ئاكا باخشىغا شۆبھە بىلەن تىكىلدى. * ھەرقانداق كىشىدىن قىل دائىم گۇمان، شۆبھە — زەھەركىلىكتۇر ساقلار ئۇ ئامان.

**شۆبھە چۈشمەك** شۆبھە پەيدا بولماق، شۆبھىلەنمەك، گۇمانلانماق: ھەقىقىي مۇھەببەتنى بار بىر ئايالنىڭ كۆڭلىگە شۆبھە چۈشكەندە، ئۇ كەيىپ-ساپا سۈرۈۋاتقان ۋە لەززەتلىنىۋاتقان چاغدىكىدىنمۇ سەزگۈر بولىدۇ. * يولدىشى قايتىپ كەلمىگەنسېرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە «يەنە نېمە ئىش بولغاندۇر» دېگەن شۆبھە چۈشتى.

**شۆبھە قىلماق** شۆبھە بىلەن قارىماق، شۆبھىلەنمەك، گۇمان قىلماق: مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىغا زەررىچە شۆبھە قىلمايمەن. * — ئۇ سالامەت كېلىدۇ، سىلەر بىھۇدە شۆبھە قىلىپ ئولتۇرىسىلەر، — دېدى يەنە بىر بوۋاي.

**شۆبھىچى** ئى. بىرەر نەرسىگە، مەسىلىگە شۆبھە بىلەن قارايدىغان ياكى تازا ئىشەنمەيدىغان كىشى؛ **گۇمانلانغۇچى**: بەزى شۆبھىچىلەر «بۇ ۋەزىپە خام-خىيالدىنلا ئىبارەت، ئۇنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ» دېيىشمەكتە.

**شۆبھىچىلىك** ① «شۆبھىچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② ئى <پەلس> ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن، ئۇنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىدىن شۆبھىلىنىدىغان بىر خىل پەلسەپىۋى تەلىمات: نىسپىچىلىكنى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى قىلغاندا، ئۆزىنى يا مۇتلەق شۆبھىچىلىككە، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىگە ۋە كاززاپلىققا، يا سۇبيېكتىپچىلىققا قويۇشى مۇقەررەر.

**شۆبھىسىز** رەۋ. ھېچقانداق شۆبھە تۇغدۇرمايدىغان، شەكسىز، گۇمانسىز؛ مۇقەررەر، سۆزسىز: ئۇلار ئالىمنىڭ سۆزىگە شۆبھىسىز ئىشىنەتتى. * مۇنچىلىك كۆپ رەڭگارەڭ پۇلنىڭ تېخى تۇرمۇشنى چۈشەنمىگەن، يەنە كېلىپ يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغان بىر بالىنىڭ قولىغا كىرىشى، شۆبھىسىزكى زور بىر خەۋپ.

**شۆبھىلەندۈرمەك** «شۆبھىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بەزىدە جىمجىتلا ئالدىمىدىن ئۆتۈپ كېتىشلىرى مېنى شۆبھىلەندۈرۈشكە، ئويلاندۇرۇشقا باشلىغانىدى.

**شۆبھىلەنمەك** پ. شۆبھە قىلماق، گۇمانلانماق، ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارىماق: ئۇ ياغاچچى يىگىتنىڭ راستىنلا شۆبھىلىنىپ قالدى. * ئۇ «بۇ يەردە تېخىمۇ يامانراق بىرەر ئەھۋال بارمۇ نېمە» دەپ ئىختىيارسىز شۆبھىلىنىشكە باشلىدى.

**شۈبھىلىك** سۈپ. شۈبھە، گۇمان تۇغدۇرىدىغان، ئىشىنىپ بولمايدىغان، گۇمانلىق: مەن شۈبھىلىك كۆزلىرىم بىلەن ئايالىمغا تىكىلدىم. * ياسىن شۈجىنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلىپ، چىرايىدا ئويناپ تۇرغان ئىسسىق كۈلۈمسىرەش شۈبھىلىك تۇيغۇ بىلەن ئالماشتى.

**شۈبھىلىنىشمەك** «شۈبھىلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەممەيلەن شۈبھىلىنىشمەكتە ئىدى.

**شۈپشۈك** سۈپ. بەكلا شۈك، جىمجىت، تىپتىنچ: ئەتراپنى تاماشا قىلىپ شۈپشۈك ئولتۇرۇشقان ياشلار قولۋاقنىڭ «خۇش بۇي كەچ راۋىقى» ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنمۇ سەزمەي قېلىشتى.

**شۈدە** ئى. ماي سۈرتۈلگەن جايغا توپا قونۇپ ھاسىل بولغان قاسماق، كىر: غۇپۇر ئاخۇن شۈدە باسقان كىچىككىنە بىر چىشلىق چاقنى ئوقتا بۇراپ كىرگۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى.

**شۈدىگەر** ئى (پ) ① ئاغدۇرۇلغان ياكى ئاغدۇرۇپ، تىرىلماي ئاپتاپقا سېلىنغان يەر: بىر بالاسى بولمىسا، شۈدىگەردە قۇيرۇق نە قىلۇر (ماقال). * بۇ كېلەر يىللىق شۈدىگەرنىڭ تەييارلىقى ئىدى. // سۆيۈملۈك يۇرتۇمغا كەچكۈز كەلدى، شۈدىگەر ئېتىزلاردا ياتار داڭگال. پايانسىز ئېكىنزارلار بوشاپ قالدى، ئالتۇن رەڭ بولۇپ قالدى يېشىل جاڭگال. ② كۈز پەسلىدە، يەرنى ئاپتاپقا سېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئاغدۇرۇش، چېپىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلار: يىراقتا قۇياش نۇرىدا پارقىراپ ناۋات رەڭ تۈسكە كىرگەن ئېتىزلاردا زەنجىر تاپانلىق تۆمۈر بۇقا ھەيۋەت بىلەن مۆرىگىنىچە ئاق دۇردۇن ئورنىغا قارا مەخمەل يېيىپ كەلمەكتە ئىدى، بۇ كۈزلۈك شۈدىگەر بولۇپ، كېلەر يىللىق مول ھوسۇلنىڭ ئاساسلىق كاپالىتى ئىدى.

**شۈدىگەر قىلماق** يەرنى ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سالماق: گۆھەرخان چوڭ ئانام يەر شۈدىگەر قىلىۋاتقان تراكتورچىلارنىڭ كېچىلىك سېمىنىسى ئۈچۈن پولۇ قىلغانىدى. * ئۇ 300 مو يەرنى شۈدىگەر قىلىپ بېرىپ ئەترەتتىكىلەرنىڭ قىزغىن رەھمىتىگە ئېرىشتى.

**شۈركۈندۈرمەك** «شۈركۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋىژىلداپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال بويۇن، يەڭ ئارقىلىق كىرىپ پۈتۈن بەدەننى شۈركۈندۈرەتتى. * ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى كىشىنى شۈركۈندۈرسە، ئاۋاق يۈزلىرىدىن شۈملۈق ئالامەتلىرى چىقىپ كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى.

**شۈركۈنمەك** پ. جۇغۇلداپ تىترىمەك، ئەندىكىش ئىچىدە سىلكىنىپ تەۋرەنمەك، سەسكەنمەك: ئۇنىڭ بەدىنى سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شۈركۈنۈپ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. * كەتتى بىردىن شۈركۈنۈپ تېنىم مېنىڭ، قايتا ئۆزۈلدى گويا دېمىم مېنىڭ.

**شۈرمەل** ئى. ئەتىيازدا دەريا ياكى ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ئاققان مۇز: قولۋاق دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا لەپەڭشىپ، شۈرمەللەرگە ئۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. * ئۆگەن دەرياسى شۈرمەللەرنى لەيلىتىپ ھەيۋەت بىلەن تولغىنىپ ئاقاتتى.

**شۈك** I ئى (ر<فران) <تب> كلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال كېسەللىك. كۆپىنچە بەدەن قاتتىق زەخىملىنىش، ھەددىدىن زىيادە توگلاش، چارچاش ياكى روھىي جەھەتتىكى زەربە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاپ قويۇش قاتارلىقلارنىڭ باشقا سىستېمىلار فۇنكسىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، قان

بىسىمى تۆۋەنلەش، قان ھەرىكىتى ئاستىلاش، تۆت مۈچە توڭلاش، رەڭگى تاتىرىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەش، ئەس-ھوشىنى يوقىتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**شۈك II** رەۋ ① جىم، تىنچ، ئۈن-تىن چىقارماي ھەم ھەرىكەت قىلماي؛ غەلۋە-غوغۇر قىلماي: نۇرئەلاخان شەلپەر-دەك قىزىرىپ كەتتى. دەماللىققا گەپ تاپالمىغانلىقتىن، سۆز قىلغۇسى بولسىمۇ شۈك ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. * ئۇ تولىمۇ كەيپسىز بولۇپ بىر دەممۇ شۈك تۇرمايتتى. ② بۇيرۇق سۈپىتىدە «جىم تۇر، تىنچ-لان» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — شۈك دېدىم شۈك! — دېدى نۇرمەت ئەكرەمنىڭ ئاغزىنى توسۇپ.

**شۈكرانە** ئى (ئە+پ) بىرەر ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئىگە بولغانلىق يۈزىسىدىن بىلدۈرۈلگەن مىننەتدارلىق، تەشەككۈر، مەمنۇنىيەت، رەھمەت: مەن بۇنىڭ شۈكرانىسىغا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلدىم. * — خۇدا ھازىر ساڭا ئوبدان بېرىۋاتىدۇ، كۈندە بىر ۋاخ شۈكرانە نامىزى ئوقۇ، خۇداغا شۈكۈر-دە! — دېدى بوۋام تاغامغا نەسىھەت قىلىپ.

**شۈكرانە ئوقۇماق** ← **شۈكرانە ئېيت-ماق**: بوۋاي شۈكرانە ئوقۇپ، يەنە ئىشقا كىرىشىپتۇ.

**شۈكرانە ئېيتماق** رەھمەت ئېيتماق، تەشەككۈر بىلدۈرمەك: ھاتەم ئوت ئېچىدىن چىقىپ، ئاللاغا شۈكرانىلەر ئېيتىپ، يەنە يولىغا راۋان بولدى.

**شۈككىدە** رەۋ «شۈك» بولغان ھالدا، «شۈك» ھالەتتە، مىدىرلىماي ھەم ئۈن چىقارماق: ھەممەيلەن بىرپەس شۈككىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. * بالا شۈككىدە بولۇپ قالدى. مۇدىر يۈگۈرۈپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇردى.

**شۈكلەشمەك** پ ← **شۈكلىمەك**: ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بىرقانچە كۈندىن بېرى شۈكلىشىپ كەتتى. * — دادامۇ ئانامنىڭ كېپىنى... — ئۇ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. سىنىپتا ھازا بولغاندەك باللارمۇ شۈكلىشىپ كەتتى.

**شۈكلىمەك** پ. گەپ-سۆز قىلماي، شۈك بولۇپ قالماق: بۇ شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەن-دىن كېيىن موماي شۈكلەپ كەتتى. * — ئېسىمدە، — دېدى ئېغىر خۇرسىنىپ نۇر پالۋان، — مەنمۇ شۇ غەم بىلەن قىزىم، — ئۇ بىرپەس شۈكلەپ تۇرۇپ كەتتى.

**شۈكۈر** (ئە) ① ئىم. بىرەر نەرسىدىن رازى، مىننەتدار بولغانلىقنى ئىپادىلەپ «رەھمەت، تەشەككۈر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — راستمۇ، خۇداغا شۈكۈر، بۇ يىل شۇ بالامنى ئۆيلىۋالسام مېنىڭمۇ غېمىم تۈگەيتتى. — دېدى ئامىنخان. * — شۈكۈر، بۈگۈن ئوبدانلا بولۇپ قېلىپتىمەن، ئەمدى چىقىپ كەتسەممۇ بولار؟! — دېدى سېستىرا قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ باقى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شۈكۈر دېمەك** ھازىرقى ئەھۋالدىن رازى، مىننەتدار بولماق؛ قانائەت قىلماق: — مۇشۇنىڭغا شۈكۈر دېسەك بولغۇدەك، — دېدى ئۇ ھەجىيىپ تۇرۇپ. * شۈكۈر دە ئاغىنە، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇدۇڭمۇ، ئاشۇ بالايىئاپەت-لىك كۈنلەردە نېمىلەرنى كۆرمىدۇق، شۇنىڭغىمۇ چىدىغانغۇ؟

**شۈكۈر قىلماق** ھازىرقى ئەھۋالغا قانا-ئەت قىلماق؛ رازى بولماق، مىننەتدار بولماق: ھا،ھا، ھا... ئۇنداق بولسا، بىز شۈكۈر قىلساق بولغۇدەك. * — نېمە بولاتتى،

كۆزده ئىككىمىز توي قىلدۇق ۋه كه مبه غه ل بولساقمۇ، بارىغا شۈكۈر قىلىپ ياخشى ئۆتتۇق، – دېدى بوۋاي ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

**شۈكۈر ئېيتماق** رەھمەت ئېيتماق، مىننەتدارلىقنى بىلدۈرمەك، تەشەككۈر ئېيتماق: مەنمۇ ئۆلدۇم بۇ كېچە، ئۆلۈپ تىرىلدىم بۇ كېچە. يەنە يۈز قادىر خۇداغا، شۈكۈر ئېيتتىم بۇ كېچە.

**شۈكۈر - سانا** شۈكۈر ۋە سانا، تەشەككۈر ۋە مەدھىيە: ھاتەم شۈكۈر-سانا ئېيتىپ، ئاۋاز كېلىۋاتقان جايغا يۈگۈردى.

**شۈكۈرسىزلىك** ئى. قانائەتسىزلىك؛ نەپسانىيەتچىلىك، نەپسى يامانلىق.

**شۈكۈر - قانائەت** شۈكۈر ۋە قانائەت: – تويلاڭ قىلىشماڭلار، جانابىي يولداشلار، شۈكۈر-قانائەت دەيدىغان بىر نەرسىمۇ بار. ئىنساپ قىلىش كېرەك، – دېدى ۋە بىر كۆتۈرۈشتە رومكىنى بىكار قىلىپ گۆشتىن بىر چىشلىدى. * شۈكۈر-قانائەت ھۇرۇنلارنىڭ دەسمايىسى، توختام سۇ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئامالى.

**شۈكۈرلۈك** ئى. رازىلىق، مىننەتدارلىق: – يولىڭىزلاردا بىرىلگەن قۇربانلىقتىن تېتىپ كۆرۈش ۋە بۇ تۇپەيلى شۈكۈرلۈك بىلدۈرۈش ئۈچۈن بايرامغا تەنتەنە بىلەن كەلدىڭىزلەر.

**شۈگگەن** ئى (خەن) كونا. گومىنداڭ دەۋرىدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئوفىتسېرى: – ھە، جۇمەك، ئىش ئەپلەشمەي قالغان ئوخشىمامدۇ؟ – دېدى جاشۈگگەن ئالغايغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

**شۈگگەنلىك** ئى. كونا. شۈگگەنگە يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ساقچى زامانقۇلنى «يارامىلىق ئىكەن» دەپ شۈگگەنلىك ئىشىغا قويىدى.

**شۈلمەك** (توغرىسى: شىلماق) ← شىلماق.

**شۈلۈك** ئى. باشقىلارنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە بېيىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى خۇددى گۆشنى شىلغاندەك شىلىپ ئالىدىغان زومىگەر: ئۇلار نىياز شۈمتەكنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىۋاتىدۇ. 20 نەچچە ئادەمنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان بىر شۈلۈك شۇنچە ئەتىۋارلىق بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا يالغۇز مەنلا قارشى تۇردۇم.

**شۈمەك** ئى ① بالىنى بۆشۈككە بۆلىگەندە كىچىك تەرەتنى كۈلتۈككە چۈشۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان ياغاچ ياكى سۆڭەكتىن تەييارلانغان كىچىك نوركەش: بالىنى شۈمەك قويماي بۆشۈككە بۆلىسە سۈيدۈك بېيىۋېتىدۇ. ② يارغۇنچاقنىڭ ئۈستۈنكى تېشىنىڭ بىر نۇقتىدا ئايلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاستىنقى تاشقا ئورنىتىلغان ياغاچ.

**شۈمەك تىرىكى** شۈمەكنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شۈمەكنىڭ قوزغىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بالا چېتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان لاتا.

**شۈمدەكلىمەك** پ. دىئال. شىمايلىماق، تۇرمەك.

**شۈمدۈرمەك** «شۈممەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شۈمشەرىمەك** پ ← **شۈمشەيمەك**: ھەدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كېيىك بالىسى كۈندىن-كۈنگە كۆل بويىدىن كەتمەي شۈمشەرەپ يىغلايدىغان بولۇپتۇ.

**شۈمشەيتمەك** «شۈمشەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – كەل جېنىم، كەل! سوغۇق شۈمشەيتىۋېتىپتۇ، ھە، – دېدى ئانا بوۋىقىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكەچ.

**شۈمشەيمەك** پ ① بىرەر سىرتقى تەسىردىن بەدەنلىرى قورۇلۇپ تۈگۈلۈپ

قالىماق: – ماڭا يىقىن كەلمىسلە، ئۆتۈنەي!
– گۈلئايشەم شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا يىلىنىدى. * ۋەسۋەسە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ سوغۇقتا شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋەردى. * سەن سوغۇقتا يايرايسەن، مەن شۇمشىيىپ مارايمەن. تەڭ بولساقمۇ ئىككىمىز، ئىككى ياڭزا خۇلقىمىز. ② كۆچمە. ناچار ھالەتتە قالماق؛ بىچارىلەشمەك، غەمكىن، مىسكىن بولۇپ قالماق: – ئەتىدىن كەچكىچە شۇمشىيىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ – دېدى ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ، – ئامال قىلايلى! * مۇساپىرچىلىقتا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ دەڭنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى تاشتا شۇمشىيىپ ئولتۇردۇم.

**شۇمشۇك** سۈپ. دىئال. تاتلىق-تۈرۈم ياكى يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلىقچە يەۋالىدىغان؛ كېلىنغا ئامراق، ئاچكۆز: شۇمشۇك بالا. شۇمشۇك مۇشۇك. شۇمشۇك خوتۇن.

**شۇمشىيىشمەك** «شۇمشىيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قورالسىز چېرىكلەر قاتارغا تىزىلىپ شۇمشىيىشىپ تۇراتتى. * ئۇلار ئەمدى سوغۇقتىن شۇمشىيىشىپ، ئويناۋاتقان قارتنى تاشلاشقا مەجبۇر بولۇشتى.

**شۇممەك** پ. شورىماق: بەك ئۇسساپ كېتىپ بىئارام بولۇپ قالسا، مۇز پارچىسىنى شۇمۇپ تۇرۇش كېرەك. * ھەرە شۇمسە شىرنەڭنى، سانجمايسەن تىكەننى. يېتەكلەيسەن تەڭ ئۆسۈپ، يېنىڭدىكى چىمەننى.

**شۇمۇشمەك** «شۇممەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شۇمۇمەك** (توغرىسى: شۇممەك) ← شۇممەك.

**شۇيزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**شۇيزۇ تىلى** <تىل> شۇيزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، جۇاڭزۇ-دۇڭزۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ دۇڭزۇ-شۇيزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ.

**شۇيزۇچە** ① سۈپ. شۇيزۇ خەلقىگە، ئۇنىڭ تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: شۇيزۇچە ئادەت. شۇيزۇچە ئۇسسۇل. ② ئى. شۇيزۇ تىلى: ئۇ شۇيزۇچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. شۇيزۇ تىلىنى ئىشلىتىپ، شۇيزۇلاردەك: شۇيزۇچە سۆزلەشمەك.

**شۇيزۇلار** ئى <ئىرق> شۇيزۇ مىللىتى، شۇيزۇ خەلقى. بۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ گۈيجۇ ئۆلكىسى چيەننەن بۇيى-مياۋزۇ مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سەندۇ شۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يەنە بىر قىسمى لىبو، روڭجياڭ، سوڭجياڭ، دۇشەن، دۇجۇن ناھىيىلىرى ۋە گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغا تۇتىشىدىغان بەزى جايلارغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**شي** «ش» ھەرپىنىڭ نامى.

**شىپپى** ئى (ئە) ھىمايىچى؛ ۋاستىچى.

**شىپپى قىلماق** ← **شىپپى كەلتۈرمەك:** قەدىرلىك جېلىلىم، بىز جاھانغا يورۇقلۇق بەرگۈچى ئۇلۇغ قۇياشنى گۇۋاھ قىلىپ، ئاشىقلارنىڭ شاھلىرى پەرھاد-شىرىن، غېرىب-سەنەم، تاھىر-زۆھرەلەرنى شىپپى قىلىپ، ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەنىدۇق.

**شىپپى كەلتۈرمەك** ئۆزىنىڭ ھىمايىچىسى، ۋاستىچىسى، شاپائەتچىسى قىلىپ كۆرسەتمەك، گۇۋاھلىققا تارتماق: بىز ئۇ ئوغرىنىڭ ئەۋلىيالارنى شىپپى كەلتۈرۈپ يالۋۇرغىنىغا

قارىماي، قارىياغاچقا باغلاپ قويدۇق. * قۇربان تۇغقانچىلىقىمىزنى شىپى كەلتۈرۈپ، مېنىڭ مەنپەئىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يالۋۇردى.

**شىپىلىك** ① «شىپى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② ئاۋۋال سېتىۋېلىش هوقۇقى: شىپىلىك تالاشماق.

**شىپىلىك تالاشماق** ئاۋۋال سېتىۋېلىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن هەرىكەت قىلماق، تالاشماق: ئۇ ئۇن چارەكلىك يېرىنى ساتماقچى بولغاندا، خوجاھاپىز بەگ شىپىلىك تالىشىپ، باشقىلارنىڭ ئېلىشىغا يول قويماي، بىر-ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئاخىرى بىر چارەكلىك يەرنى 40 سەر تەڭگىگە باھا قىلىپ ئۆزى سېتىۋالدى.

**شىپىلىكتىن ئۆتكۈزمەك** ساتىدىغان نەرسىنى ئۆزىگە ھىمايە بولىدىغان قولۇم-قوشنىلىرى، يېقىن كىشىلىرىگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئالىدىغان-ئالمايدىغانلىقىنى، شۇلارنىڭ مەسلىھەت-رازىلىقىنى سوراپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىر تەرەپ قىلماق: بۇ ئۆكۈزمىنى تازا سوقۇمغا يارىغۇدەك بولۇپ قالغان، نەق گەپنى دېسەم شۇنى شەيتان ئەينەككە تېگىشتىن ئاۋۋال ئالدىڭلاردىن شىپىلىكتىن ئۆتكۈزۈپ قوياي دېيىشىم.

**شىپىلىكتىن ئۆتمەك** بىركىمنىڭ ساتىدىغان نەرسىنى قولۇم-قوشنىلار ياكى شۇ كىشىگە ھىمايىچى بولىدىغان يېقىن-يورۇقلار كۆرۈپ، مەسلىھەت كۆرسىتىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتمەك: قولوم-قوشنىدىن ئاشقانى مەھەللە، مەھەللىدىن ئاشقانى سىرت ئالىدىغان ئىش بار. شىپىلىكتىن ئۆتۈپ بېرىڭلار دەپ چاقىرىپتۇ. بىز ئۆتمىدۇق. خوش، مانا ئەمدى پۇلنى دېسە 400 سومغا شۇلارغا ساتسۇن، قولۇم - قوشنىلارنى دېسە 300 سومغا بىزگە ساتسۇن.

**شىتىلە** سۈپ ① ھەپىيار، قۇۋ؛ شالاق، شەيتان: ئۇ ھەققەتەنمۇ چىراي جەھەتتە تەڭداشسىز، لېكىن شىتىلە، راھەتپەرەس. شۇ تۈپەيلىدىن لايىقلار قېچىپ، ئولتۇرۇپ قالغاندى. * دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ ئۆز مۇھەببىتى غەلىبىسىنىڭ سەلتەنىتىنى بېزەش ئۈچۈن بۇ شۆھرەتپەرەس ۋە شىتىلە كىشىلەرگە مەرھەمەت كۆرسىتىپ يۈردى. ② شوخ، قىزىقچى: ۋاي شىتىلە قىزىم، ۋاي ئەقلى بار قىزىم، قېنى ئۇسسۇلۇڭنى ئويناۋەر، كۆزۈم سەندە.

**شىتىلىلىك** ئى. قۇۋلۇق، شەيتانلىق، شوخلۇق: – تولا شىتىلىلىك قىلماڭ! – دېدى كەنجى قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، – بىردەمدىن كېيىن چىتنىڭ يېنىغا كېلىڭ، بىر مۇھىم گېپىم بار، كېلەمسىز؟ * دىلشات دەرس ئۆتۈلۈۋاتقاندا بەزىدە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرسا، بەزىدە شىتىلىلىك قىلىپ باللارنىڭ دىققىتىنى بۇزاتتى.

**شىرىس** ئى (ر) يۇڭدىن توقۇلغان رەخت: ئۇ شىرىستىن تىكىلگەن كاستۇم كىيىۋالغانىدى. // قىزنىڭ شىرىس ياغلىقى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى.

**شىرىك** (ئە) ① ئى. بىرەر ئىش، كەسىپتە ھەمكارلىشىپ، ياردەملىشىپ بىرگە ئىشلەيدىغان، بىرەر نەرسىنىڭ پايدا-مەنپەئىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ساۋۇتجاننىڭ بۇ يېڭى ھۈنىرىگە يېڭى شېرىكمۇ تېپىلدى. * مۇسانىڭ تېپىكلىرى بىلەن دوڭغاقلاپ قالغان ئۇزۇن تۇرا بىرلا ئىسقىرتىپ شېرىكلىرىنى چاقىردى-دە، يول بويىدىكى ئېتىزلىقتا ئوتلاۋاتقان چىلان تورۇقنىڭ بېشىنى قايرىپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى. * ئىز قوغلاش جەريانىدا ئوغرىلارنىڭ

ماموُت دوكار بىلەن شېرىك ئىكەنلىكى
ئىسپاتلاندى. ② سۈپ. بىرەر ئىشتا ھەمكار-
لاشقان، ياردەملەشكەن: ئۇنىڭدا شېرىك
كارخانىلارنىڭ دۆلەت پىلانىغا بويسۇنۇشى
لازىملىقى ۋەھاكازالار بەلگىلەنگەن. ③ ئى.
باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ياكى غەم-قايغۇسى-
غا ئورتاقلاشقۇچى ئادەم ياكى باشقا
نەرسە: قىز-يىگىتلەرنىڭ رىشتىدۇر تارىڭ،
شادلىققا، غەمگە شېرىك ئاۋازىڭ، مەپتۇن
قىلدى بۇلبۇلنى سازىڭ، شۇڭا يۇقىرى شۆھرى-
تىڭ-شانىڭ. ④ ئى. ئوخشاش مەسىلىكتىكى
كىشى، مەسلەكداش: كائۇتسكى ۋە ئۇنىڭ
شېرىكلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باراۋەرلىك، «-
ساپ» دېموكراتىيە ۋە «كامالەتكە يەت-
كەن» دېموكراتىيە قاتارلىقلار توغرىسىدىكى
قۇرۇق سۆزلىرى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار
بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا
باراۋەرلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن
ئىبارەت بۇ شۈبھىسىز پاكىتنى يوشۇرغانلىق.
⑤ ئى. ئۆلپەت، دوست: ئالاھىدىن: —
ماڭا ئايدەك ئاق 48 كېنىزەك قول يەتكۈز،
ئۇلار مېنىڭ شېرىكلىرىم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ 24
ى ئالدىمدا، 24 ى كەينىمدە ماڭىدىغان
بولسۇن، — دەپتۇ.

**شېرىك بولماق** → **شېرىكلەشمەك:**
ئۇ دادىسىنىڭ ئىپلاسلىقلىرىغا ئۆمۈرۋايەت
شېرىك بولۇپ، قارا كۆڭۈللۈك، ئىپلاسلىق
پاتقىقىغا پېتىپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. * مەن
سىزنى ھەممە جەھەتتىن چۈشىنىشنى،
خۇشاللىقىڭىزغىمۇ، قايغۇڭىزغىمۇ شېرىك بولۇشنى
خالايمەن! ...

**شېرىكچىلىك** ئى → **شېرىكلىك:** بىلسەڭ
خاسىيەت، بۇ مۇۋەپپەقىيەتتە سېنىڭ شېرىك-
چىلىكىڭ ھەممىدىن چوڭ، شۇڭا مەنمۇ بۇ
مۇۋەپپەقىيەت بىلەن سېنى تەبرىكلەيمەن.
* جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى «تياد-
شان». يۈڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى پۈتۈپ،
ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

**شېرىكلەشمەك** پ. بىرەر ئىشنى قىلىش
ياكى بىرەر پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشتا
باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە
ئىشلىمەك، باشقىلارغا قوشۇلماق: ئۇكام
بۇ دۇكاننى بىزمۇ شېرىكلىشىپ ئاچقان،
سودىمىز ياخشى ئەمەس، تېشىمىز پارقىراپ
تۇرغىنى بىلەن بىزمۇ ئارانلا تۇرىمىز. * ئۇلار
ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلى-
رى بىلەن شېرىكلىشىپ دۇگيا دوختۇرخانىسىدا
باكتېرىيە ئۇرۇشى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان
چەكسىز جىنايىتىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى.

**شېرىكلىك** «شېرىك» سۆزى ① ③
④ ⑤ لارنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى:
ئادىل بىلەن رەيھانەم ماتېرىيال ئوغرىلاشتا
شېرىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇنداق شېرىكلىك
ئۇلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدۇ. * — سەن ئۇلارنىڭ شېرىكلىكىنى
ماڭا ئىنكاس قىلغان پېتىڭدىكىدەك پاش قىلما-
سەن ئەمدى؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

**شېرىن** سۈپ (پ) ① تاتلىق، مەززىلىك،
لەززەتلىك، شىرنىسى كۆپلۈك، شىرىلىك
(مېۋە-چېۋە، قەنت-شېكەر قاتارلىقلار
ھەققىدە): ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئۈستەڭ
ئۇچرىدىكى، تاشلىرى مەرۋايىت، سۈيى
ھەسەلدىن شېرىن، سۈتتىنمۇ ئاق ئىدى. *
بۇ باغ ھەر خىل شېرىن مېۋىلىرى بىلەن
ئادەمگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. ② كۆچمە.
ئادەمگە خۇش ياقىدىغان، ھۇزۇر بېغىش-
لايدىغان، كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان،
كۆڭۈلنى ئاچىدىغان: شېرىن سۆھبەت.
شېرىن تۇيغۇ. شېرىن سۆز. شېرىن چۈش.
* ھايات ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، ئۇلارنىڭ

يۈرىكىگە شېرىن لەززەت بېغىشلىغۇچى قوللىرىنى سالدى-دە، ئىككىسى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان بىر رىشتىنى تۇتاشتۇرۇپ قويدى. * بۇ كېچە رۇقىيەم ئۈچۈن توي كېچىسىدىن بۇيانقى ئەڭ شېرىن كېچە بولدى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شېرىن خىيال** كېلەچەك ھەققىدىكى ئادەمگە كۆڭۈل ئارامى بېرىدىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرىدىغان، شېرىن ئارزۇ ياكى تەسەۋۋۇر: شېرىن خىيال ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى، ئۇ ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. * يىگىتنىڭ مۇھەببىتى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە شېرىن خىياللارنى بېغىشلىغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنى قاپقاراڭغۇ ھاڭنىڭ ئىچىگە ئىتتىرمەكتە ئىدى.

**شېرىن دۈشمەن** ئايرىلغىلى بولمايدىغان، دائىم بىللە بولۇپ تۇرىدىغان دۈشمەن: بۇ ئىشنى سەل ئويلىشىپ قىلغىنىمىز تۈزۈك، بولمىسا شېرىن دۈشمەنلىرىمىز ئالدىدا كۈلكىگە قالىمىز.

**شېرىنسۇخەن** سۈپ (پ) يېقىملىق گەپ قىلىدىغان: ئۇ شۇنچىلىك شېرىنسۇخەن ئايال ئىدىكى، ئۇنىڭ بىر قېتىم سۆھبىتىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قالاتتى.

**شېرىن-شېكەر** ناھايىتى تاتلىق، بەكمۇ شېرىن: سايراپ تۇرغان بۇلبۇلدەك شېرىن-شې-كەر سۆزلىرى، ھېچ كىشىگە كۆيمەيتىم، كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزلىرى.

**شېرىنكانە** ئى <سودا> سودا-سېتىقتا ئوتتۇرىدا تۇرغان ۋاستىچى ياكى سالاچىغا بېرىلىدىغان ھەق، پۇل: ئىسمائىل سوپۇم باشقا سودا-سېتىق قىزىغىچە ئۇدۇل كۆكتات، مېۋە بازىرىغا كېلەتتى-دە، ھېچكىم ئۇنى تەكلىپ قىلمىسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆكتات، مېۋىلىرىنى ئېلىپ-ساتارلارغا كېلىشتۈرۈپ قويۇپ، بىر-ئىككى كوي شېرىنكانە تاپاتتى ياكى ھېلىقى يوغان سېۋەتنى كۆكتات، مېۋىلەرگە تولدۇراتتى. * — بىر كوي شېرىنكانىدىن قۇرۇق قويدۇڭ-دە! — دېدى ئۇ.

**شېرىنلە شتۈرمەك** «شېرىنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شېرىنلەشمەك** پ. تەم كىرمەك، لەززەت-لىك، تاتلىق بولماق، شىرنىسى كۆپەيمەك: ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا، قۇرۇق نان تولىمۇ شېرىنلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى.

**شېرىنلىك** «شېرىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: «جېنىم!...» دېگەن بۇ سۆز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل شېرىنلىك پەيدا بولدى، كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلاشتى.

**شىبزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**شىبزۇلار** ئى <ئىرق> شىبزۇ مىللىتى، شىبزۇ خەلقى. بۇلار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن فۇجيەن، جېجياڭ، جياڭشى ۋە گۇاڭدوڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە ئولتۇراقلاشقان.

**شىشە** I ئى. پاختىدىن توقۇلغان رەخت، ماتا، خام.

**شىشە** II ئى (پ) ① ئەينەك: يۈز تەڭگىگە چىنە ۋە شىشە قاچا ئالدىم. * — ئانا، قىزىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇنىڭ يۇلتۇزىنى بىلمەي تۇرۇپ داۋالاش تەس، — دەپتۇ ئۇ شىشە قۇتىدىكى قاننى قولىغا ئېلىپ. ② ئەينەك ياكى چاقچۇقتىن ياسالغان بوغۇزى تار بوتۇلكا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: — نەدىكىنى! ئاي دېگىنە، ئاي! سۇ ئىچىسە كېلىدىن كۆرۈنىدىغان قىز ئۇ! — رەپقەت سەل توختىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — ئىشەنگىنىڭ

كەلمىسە، شىشە بىلەن پىشانەڭگە «ۋاقىدە» بىرنى قوي-دە، قېنىڭنى ئېقىتىپ دوختۇرخانىغا چاپ. تەلىيىڭ بولسا، ئۇ قىزنىڭ مېنىڭ دوۋسۇنۇمنىڭ بېشىغا تەگكەن قوللىرى سېنىڭ پېشانەڭگە تېگىپ قالسۇ ئەجەب ئەمەس!... ھا... * چايدان ئۆرۈلۈپ، چايدان شېشىسى چىقىلىپ كەتتى. * – تاس ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن، – دېدى يىگىت ھودۇققان ھالدا يانچۇقىدىن بىر شېشىنى ئېلىپ ئابدەمگە ئۇزىتىپ، – ماۋۇ ناھايىتى ئوبدان دورا، بۇنى كۈندە ئۈچ ۋاخ يېگۈزۈشنى ئۇنتۇماڭ. ③ لامپا، پانارلارنىڭ نۇرىنى يىغىش ۋە شامالدىن مۇداپىئە قىلىش رولىنى ئوينايدىغان ئەينەك بۆيۈم.

**شېشدان** ئى (پ) شىشە قۇتىلىرى، گۈل قاچىلىرىنى تىزىپ قويىدىغان ياغاچ ساندۇق.

**شېشلمەك** (توغرىسى: يېشلمەك) ← يېشلمەك.

**شېغىل** ئى. تاغ جىنسلىرىنىڭ سۇ ئېقىمى يالاپ، گىرۋەكلىرىنى سىلىقلىتىۋەتكەن ياكى يۇمىلاق، ياپىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويغان پارچىلىرى، ئۇششاق تاشلار. دىئامېتىرى 10 — 100 مىللىمېترغىچە بولىدۇ، تەركىبىدە قۇم ۋە ھەر خىل ئارىلاشمىلار بولىدۇ. ئادەتتە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ: ھەر تەرەپتە تۆمۈر يول، قاتار-قاتار ۋاگونلار. توپا، شېغىل توشۇيدۇ، ۋاگونلاردا ئاياللار.

**شېغىل تاش** ① شېغىلنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇششاق تاش ۋە مىنېرال پارچىلىرى: ئەپەندىم تۇرمۇشتىن قىينىلىپ، ئۇششاق شېغىل تاشلارنى يىغىپ، بازارغا ئاچىقىپ ئالدىغا يېيىپ ئولتۇرغىنىدا، بىر كىشى كېلىپ سوراپتۇ. ② <كېئول> تاغ جىنسلىرىدىن بىرى، يەنى تەركىبى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان مىنېرال ئۇۋاقلىرىنىڭ سېمونتلىنىپ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تاغ جىنسى.

**شېغىللىق** ئى. شېغىلى بار، شېغىل بىلەن قاپلانغان يەر: بۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى شېغىللىق، تېتىرلىق ئىدى. * ئۇ چوڭ يولدىن ئايرىلدى-دە، شېغىللىق ئىچى بىلەن شىمال تەرەپكە يول ئالدى. // ئەمدى بۇ باياۋاندىمۇ شېغىللىق قەبرىلەر «قەد كۆتۈرۈش» كە باشلىغانىدى.

**شېكەر** (پ) ① ئى. شېكەر قومۇشى ياكى قىزىلچىنىڭ شىرنىسىنى قايناتقاندىن كېيىن ئايرىلىپ چىققان قىيام ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان كرىستال جىسىم. دانىچىلىرى كىچىك ۋە قۇم دانىچىلىرىغا ئوخشايدۇ. تەمى تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئاق شېكەر ۋە قارا شېكەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئاق شېكەرنىڭ رەڭگى ئاق ياكى سېرىققا مايىل بولۇپ، ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى؛ قارا شېكەرنىڭ رەڭگى قارا، قىزغۇچ ياكى سارغۇچ قوڭۇر بولۇپ، تەركىبىدە ئاق شېكەر ۋە قىيام بولىدۇ. تۇرمۇشتا ھەر ئىككى خىلى ئىستېمال قىلىنىدۇ: ناۋات بەرسەم يېسەڭچۇ، شېكەر بەرسەم يېسەڭچۇ. كېلىپ ئايدەك ئالدىمغا، جېنىم ئانا دېسەڭچۇ. * ياندا بۇلاق قاينىغاندەك يارىمنىڭ كۆزى. شېكەر، ناۋات چاينىغاندەك سۆزلىگەن سۆزى. ② سۈپ. كۆچمە. شېرىن، تاتلىق، لەززەتلىك: لەيلىنىڭ ۋەسلىگە يەتتىڭ بىر زامان مەجنۇن بولۇپ، ئۇل شېكەر لەۋ بولدى شېرىن سەن ئاڭا پەرھادى بول. ③ سۈپ. كۆچمە. كىشىگە ياقىدىغان، يېقىملىق: تىلى شېكەر، ئىچى زەھەر. * يىگىتنىڭ شېرىن-شېكەر سۆزلىرى-

دىن مەستخۇش بولغان قىز ئاخىرى ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.

**شېكەر پالمىسى** <بوت> ① پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تار ھەم ئۇزۇن، گۈلى گۈشلۈك، باشاقسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى تەتۈر كونۇس شەكلىدە بولۇپ، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ. تروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ. غولىنىڭ ئۈزىكىدىن كراخمال ئايرىپ ئالغىلى، يوپۇرماق سېپى تالاسىدىن ئارغامچا ئەشكىلى بولىدۇ.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**شېكەر تاپ** تۆمۈرنىڭ مەلۇم گرادۇستا قىزىپ ئانچە-مۇنچە چېچەكلىگەن ۋاقتى: شېكەر تاپ بولماق.

**شېكەر سىيىش كېسەللىكى** <تىب> سوزۇلما خاراكتېرلىك بىر خىل كېسەل. كۆپىنچە ئاشقازان ئاستى بېزى ئىچىدىكى ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىلىشى يېتەرسىز بولۇش، يېمەكلىكلەردىكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرى-نىڭ ئالمىشىشى نورمال بولماسلىق نەتى-جىسىدە، بەدەندە ھاسىل بولغان گلۇكوزا سۈيدۈك ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، ئىشتىھا بەك ئېچىلىپ كېتىش، دائىم ئۇسساش، سۈيدۈك كۆپىيىپ كېتىش، بەدەن ئورۇقلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغاندا كۆرۈش قۇۋۋىتى دەخلىگە ئۇچرايدىغان، ھەتتا ھوشسىز-لىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

**شېكەر فېرمېنتى** <بىئول> دىساخاروزا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ بولغان قەنتلەرنىڭ گىدرولىزلىنىشىنى تېزلىتىدىغان خالىغان بىر خىل فېرمېنت.

**شېكەر قومۇشى** <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈۋرۈك ياكى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، بوغۇملۇق. سىرتى سىلىق، پارقىراق، سارغۇچ يېشىل ياكى سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ. غولىنىڭ تەركىبىدە قەنت ماددىسى بولىدۇ. ئادەتتە شېكەر ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ غولى.

**شېكەر قوناق** <بوت> قوناقنىڭ بىر خىل سورتى. غول ئۈزىكىدە قەنت ماددىسى بولۇپ، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە خام يېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**شېكەر قىيامى** <خىم> ① شېكەرنىڭ ئاساسلىق تەركىبى، يەنى ساخاروزىغا دىستىللەنگەن سۇ قوشۇپ، قىزدۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان قويۇق ھالەتتىكى يېپىشقاق سۇيۇقلۇق. قويۇقلۇق دەرىجىسى 60 پىرسەنت بولۇپ، تاتلىق كېلىدۇ. كۆپىنچە شېكەر، قەنت-گېزەك قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى دورىلارنى يۇتۇشقا ئوڭايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاز مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.
② تەركىبىدە شېكەر، ئاقسىل ۋە پېكتىن بولغان قويۇق ھەم يېپىشقاق سۇيۇقلۇق. قارا شېكەر تەركىبىدە ئاق شېكەر بىلەن مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشقان ھالەتتە ساقلىنىدۇ.

**شېكەر مانتا** خېمىرنىڭ ئىچىگە شېكەر سېلىپ تۈگۈلگەن مانتا. بەزىدە شېكەر-گە ئاز مىقداردا قوي مېيى، ياڭاق مېغىزى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**شېكەرنىڭ ئوكسگېنسىز پارچىلىنىشى** <بىئول> ماددا ئالماشتۇرۇشتىكى بىر خىل يول. تېزلىك ھۆججەيرىلەر ئوكسگېن

يېتىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مۇشۇ يول ئارقىلىق گلۇكوزا ياكى گلۇكوگېننى سۈت كىسلاتاسىغا پارچىلاپ، ئۈچ فوسفاتلىق ئادېنوزىنلارنى بىرىكتۈرىدۇ. ئۆسۈملۈك ۋە مىكرو ئورگانىزملارمۇ بۇ يول ئارقىلىق ھېكسوزىنى سۈت كىسلاتاسى ۋە ئىسپىرتقا پارچىلايدۇ.

**شبكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى** كىشىنى ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق چىرىدىش-پۇچەكلە شتۈرىدىغان ئىش-ھەرىكەت ياكى پائالىيەتلەر ھەققىدە ئېيتىلىدىغان تەمسىل خاراكتېرلىك ئىبارە.

**شبكەرسۈيى** ئى (شبكەر+ سۈ+يى) قوغۇننىڭ بىر خىلى. شەكلى يۇملاق ۋە چىلگىدىن چوڭ بولىدۇ، تەمى تاتلىق ھەم شىرنىلىك كېلىدۇ.

**شبكەشۇن** ئى. قوغۇننىڭ بىر خىلى، تەمى ناھايىتى تاتلىق: گۈلنىڭ پۇرىقى ئۇرۇپ دىماغقا، بېرەر گۈزەللىك ئىسسىق تومۇزغا، چىلگە، شبكەشۇن... يېرىپ يېگەندە، لەززەت بېرىدۇ تىلغا، قوۋۇزغا.

**شبگسەي** ئى (خەن) <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەنى ئوسۇڭنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. ئادەتتە يوپۇرمىقى كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى.

**شبگمۇ** ئى (خەن) <تىل> خەنزۇ تىلىدىكى بوغۇمنىڭ بېشىدا كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش. خەنزۇ تىلىدا بوغۇملار شبگمۇ بىلەن يۇنمۇدىن ياكى يالغۇزلا يۇنمۇدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ سۆز يۇنمۇغا نىسبەتەن ئېيتىلغان.

**شبھت** ئى (ئە) ① <دىن> دىن ياكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش-جەڭلەردە قۇربان بولغان، جېنىنى پىدا قىلغان شەخس: — سەۋر قىلسىلا، — دەپ تەكرارلىدى ئايال، — شبھىتلەر ئۈچۈن يىغلىسا يامان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىغا كۆپرەك دۇئا قىلىش كېرەك. * داموللام شبھت بولدى، ياتار جايى بېھىش بولدى. داموللامغا قەشقەرلىك، كۆپ يىغلاپ بىھۇش بولدى. ② ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان، ھەققەت يولىدا قۇربان بولغان كىشى: شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزمۇ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش مەيدانىدا شبھت بولغان ۋەتەنىنىڭ قەھرىمان ئەزىز پەرزەنتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. * جىگدىلىكتىن جەڭ باشلاپ، شبھت بولساق ئارمان يوق. بۇندىن ئارتۇق چىدارغا، ئەمدى بىزدە دەرمان يوق.

**شبھت بولماق** قۇربان بولماق: زىندان تېمى ئېگىز تام، ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان. ئەرەنلىككە بەل باغلاپ، شبھت بولغان مايىمخان.

**شبھتلىك** ① «شبھت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھەي-ي... ئىست، يىگىتلىك چاغلىرىم بولىدىغان بولسا، ھاسا ئورنىدا ئاللىقاچان قىلىچ تۇتقان بولاتتىم. چېرىكلەرنىڭ قولىدا ھارام ئۆلگۈچە شبھتلىك مۇقامىغا يېتەتتىم. ② ئى. جان ت. زاراتگاھ، قەبرىستانلىق: كونا شبھتلىك ھازىرقى خاڭچېك كوچىسى بىلەن كىتابخانا ئارىلىقىدىكى دۆڭلۈكتە ئىدى. * شبھتلىكنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بىر قەبرىنىڭ يېنىدا بىر كىشى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ھەسرىتىنى تۆكمەكتە ئىدى. بۇ دەل تاشۋاي ئىدى.

**شبۋە** ئى (پ) <تىل> بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تىلىنىڭ مەلۇم دائىرىگە، رايونغا خاس تارمىقى. ئادەتتە دىئالېكتتىن كىچىك

بولىدۇ. دىئالېكتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەلۇم بىر رايون ياكى مەھەللىۋى تىلنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ: ئۇنىڭ سۆزلىرىگە سلاۋيان تىلى، فرانسۇز تىلى ۋە ئىتالىيە شېۋىسىمۇ ئارىلىشىپ قالاتتى. * ئۆز تىلىدا، ئۆز يېرىنىڭ شېۋىسىدە ئىشلەنگەن بۇ كىنولار يىراق تاغ، يېزىلارغا ئېلىپ بېرىلغاندا، دېھقان-چارۋىچىلار خۇشاللىقنى باسالماي قالدى.

**شېئىر** ئى (ئە) <ئەد> ئەدەبىي ژانىرلاردىن بىرى، يەنى مەلۇم ۋەزىن ۋە قاپىيىلىك كىچىك تېكىستكى بەدىئىي ئەسەر. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھايات رىتىم، ۋەزىن، قاپىيىدىن ئىبارەت تىل ۋاسىتىسى ھەم باي تەسەۋۋۇر ۋە كۈچلۈك ھېسسىيات ياردىمى بىلەن ھەم ئىخچام، ھەم چۈشىنەرلىك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. سۆزلەر ئوبرازلىق، يىقىملىق، ئاھاڭدار ۋە رىتىملىق بولىدۇ. شېئىرنىڭ ئادەتتە چاچما شېئىر، لىرىك شېئىر، ئېپىك شېئىر دېگەندەك ھەر خىل تۈرلىرى بولىدۇ.

**شېئىر توپلىمى** <ئەد> بىر ياكى بىرنەچچە شائىرنىڭ شېئىرلىرى توپلىنىپ ئىشلەنگەن كىتاب، توپلام.

**شېئىرىي** سۈپ (ئە) شېئىر شەكلىدە يېزىلغان؛ شېئىرغا خاس، شېئىرغا ئوخشاش لىرىكلىق ۋە جۇشقۇن، جانلىق: شېئىرىي داستان. شېئىرىي ئەسەر. * مۇقام نەزمە تېكىستلىرىنى ئۇنىڭدىكى نەغمە رىتىملىرىغا لايىق كېلىدىغان ۋەزىن، شېئىرىي شەكىل ۋە پۇراق بويىچە ئىسلاھ قىلىشىمىز، ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. * شارقىراپ ئاقىدۇ ئىلى دەرياسى، ياڭراق ئەكس سادا بېرەر تاغۇتاش، دەريا بويىدا ئايلىنىپ تەنھا، شېئىرىي تۇيغۇلارغا بولمەن يولداش.

**شېئىرىي تېپىشماق** <ئەد> شېئىر بىلەن يېزىلغان تېپىشماق.

**شېئىرىي دراما** <ئەد> شېئىر بىلەن دىئالوگلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان دراما.

**شېئىرىي رومان** <ئەد> شېئىر شەكلىگە چۈشۈرۈپ يېزىلغان رومان. ئۇنىڭدا خۇددى رومانلاردىكىگە ئوخشاش، پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ، مۇكەممەل سۇژېتلىق قۇرۇلمىسى بولىدۇ.

**شېئىرىيەت** ئى (ئە) <ئەد> ① بىرەر مىللەت ياكى خەلقنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى؛ پوئېزىيە: ئۇيغۇر شېئىرىيىتى. شېئىرىيەت خەزىنىسى. * ئۇ بولۇپمۇ شېئىرىيەت سەھنىسىدە كۆپ ئىجادىيەت ياراتتى. * ئۇنىڭ بىرلە شېئىرىيەت باغچىسىغا باشلىدۇق تەڭ سۇ، دېدى: بارماق ۋەزىن، ئارزۇ ئارا بەھرى راۋان تاپتىم. ② شېئىر يېزىش سەنئىتى: بۇ تۈرپان قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا قولغا قورال ئېلىپ سەپكە قوشۇلغان ۋە قۇرئان كېرىم بىلەن ئىسلام ئەھكاملىرىنى ياخشى بىلگەنلىكى، ھەتتا شېئىرىيەتتىن خەۋەردارلىقى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان نامەت خەلپىتىم دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كۈنلەردە ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى قاتارىدا ئىدى.

**شېئىرىيەتلىك** سۈپ. شېئىرلاردا بولىدىغان، شېئىرلارغا خاس، شېئىرىي: بۇ نەغمىلەرنىڭ مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق ۋە شېئىرىيەتلىك مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تارىخىي مەنبەگە باي ئىكەنلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي-بەدىئىي قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

**شېيخ** (توغرىسى: شەيخ) ← **شەيخ**.

**شى** ئى (خەن) <هەرب> ئارمىيە ئىچىدىكى شتات بىرلىكى. جۇن ياكى جىتۇەنجۇنغە قارايدۇ، تەركىبىدە بىر قانچە لۇي ياكى تۇەن بولىدۇ.

**شىئە** ئى (ئە) <دىن> ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرى، ئۇلار ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خەلىپىلىكنى داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارايدۇ.

**شىئە مەزھىپى** <دىن> ← **شىئە**.

**شىئە مۇرىتلىرى** <دىن> ← **شىئەلەر**.

**شىئەلەر** ئى <دىن> شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار.

**شىئەن** ئى (خەن) <جۇغ> غەربىي شىمالدىكى بىر چوڭ شەھەر. ئورنى: شەنشى ئۆلكىسى ۋېيخې تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋېيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى پايتەختلىرىدىن بىرى بولۇپ، غەربىي خەن، ئالدىنقى چىن، سۈي، تاڭ قاتارلىق سۇلالىلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۇنى پايتەخت قىلغان، قەدىمكى ئىسمى چاڭئەن.

**شىئەن ۋەقەسى** <تارىخ> 1936-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى گومىنداڭ گېنېراللىرىدىن گېنېرال جاڭ شۆلياڭ بىلەن گېنېرال ياڭ خۇچېڭ شىئەندە جياڭ جېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ قوزغىغان بىر قېتىملىق ۋەقە. بۇ ۋەقەدە، جياڭ جېشى كومپارتىيىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش ۋە ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ماسلىشىش شەرتى ئاستىدا قويۇپ بېرىلگەن.

**شىبە** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**شىبە تىلى** <تىل> شىبەلەر ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۇڭگۇس-مانجۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ مانجۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مانجۇ يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان شىبە يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

**شىبەچە** ① سۈپ. شىبە خەلقىگە، ئۇنىڭ تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: شىبەچە ئادەت. شىبەچە ئۇسلۇب. ② ئى. شىبە تىلى: ئۇ شىبەچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. شىبە تىلىنى ئىشلىتىپ، شۇۋەلەرگە ئوخشاش: شىبەچە سۆزلىمەك.

**شىبەلەر** ئى <ئىرق> شىبە مىللىتى، شىبە خەلقى. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا؛ لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭ، يىشيەن، فىڭچېڭ قاتارلىق جايلىرىغا ۋە جىلىن ئۆلكىسىنىڭ فۇيۈ قاتارلىق جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**شىبەن** ئى (خەن) <بىن> تاختا شەكلىدىكى تاش، ياپىلاق تاش، تاش تاختا: شۇ كۈنى كەچ كىرىش بىلەن تەڭ پوجاڭزا ئاۋازلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى. پوجاڭزا ئاۋازىدىن شىبەن ياتقۇزۇلغان يەرمۇ تىترەپ كېتەتتى.

**شىبلىت** ئى (د) خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئەرەنچە كۆزلۈك، ئەتىيازلىق ئاياغ: رىشىت ياتىقىغا كىرىپ چاپىنىنى كارۋىتىغا تاشلاپ قويۇپ ئالدىراپ-سالدىراپ ساقلىنى قىردى،

ئاندىن شىبلىتنى مايلاشقا باشلىدى. * شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بويى سەل ئېگىزرەك، چاچلىرى گەدىنىنى ياپقان، ئۇچىسىغا قىزىل يېشىل يوللۇق چاقماق كۆڭلەك، كەڭ پۇچقاقلىق شىم، پۇتىغا ئالا-بۇلىماچ شىبلىت كىيۋالغان بىرى توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۇدۇل گۈلباھارنىڭ يېنىغا كەلدى.

**شىبلىتلىق** سۈپ. شىبلىتى بار، شىبلىت كىيگەن: شىبلىتلىق بىراۋنىڭ قاتۇرۇلغان يولدا ماڭغان تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. * يولغا يۇملاق تاش يېيىتىلغان بولۇپ، شىبلىتلىق ئادەمنى بىراز ئاۋارە قىلاتتى.

**شىپ** I ئى → **تورۇس.**

**شىپ** II تەق ① ماڭغان چاغدا قەدەمنىڭ يەرگە يەڭگىل ۋە سىلىق چۈشۈشىدىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: نېرىقى ئۆيدە يېنىۋاتقان شامنىڭ نۇرى دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن پىلىلداپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەمما «شىپ» قىلغان تاۋۇشمۇ ئاڭلانمايتتى. * يۈگۈرۈپ كېلىپ يان تەرەپتىن بىر قىزچاق، سەكرەپ ئۆتتى يۈز ئۇنبەشتىن «لىپ» قىلىپ. خۇددى ئاق قۇ كۆلگە ئەپچىل قونغاندەك، قۇم ئۈستىگە قوندى شۇنداق «شىپ» قىلىپ. ② ماگنىتنىڭ ئۇششاق تۆمۈر پارچىلىرىنى ئۆزىگە تارتىش ھالىتى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ: ماگنىت بىر تال كىچىك يىڭنىنى شىپ قىلىپ تارتىۋالدى.

**شىپا** ئى (ئە) ① كېسەلنى ساقىيىش، كېسەلدىن خالاس بولۇش، ئوڭشىلىش: ئولتۇرغىنىغا بولدى ئىككى كۈن، ۋە لېكىن يوق ئىدى شىپادىن دېرەك. ئەمما ئۇ ئىشەنچتە تۇراتتى مەھكەم، غوجامنىڭ سۆزلىرى بولۇپ يار-يۆلەك. * كېچە-كۈندۈز دەرد چەككەنگە ھەق ئۆزى داۋا يەتكۈزەر. كۆزىدىن ئاققان ياشىغا ئول ئىگەم شىپا يەتكۈزەر. ② ئادەمنى كېسەل ياكى دەرد-ئەلەمدىن خالاس قىلىدىغان، ئارامبەخشلىك ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسە ياكى شۇ ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاسىتە، چارە-تەدبىر، ئامال؛ داۋا، دورا: تۇرسۇن ياماقچى: «ئادراسمان، ئادراسمان، ئاغرىققا شىپا، ئاجىزغا دەرمان» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىر قولتۇق ئادراسماننى كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. * – ئوھۇ... تەنگە داۋا، دىلغا شىپا دېسىلە، – دېدى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن. // قوينى قوشلاپ تۆللەتكەن، كۆرسەتكۈچنى ئۆرلەتكەن، چارۋا-مالنى كۆكلەتكەن، ئاغرىققا ھەم شىپا قىز.

**شىپا بولماق** كېسەل ياكى ئاغرىققا داۋا بولماق، پايدا قىلماق؛ دەرد-ئەلەم ياكى روھىي ئازابنىڭ تۈگىشىگە سەۋەب بولماق: قولۇم-قوشنىلارنىڭ قىلغانلىرى شىپا بولدىمۇ قانداق، گۈلسۈمخان ئاستا-ئاستا ئوڭشىلىشقا باشلىدى. * – «ئاغرىقىمغا شىپا بولارمىكىن» دەپ، غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەۋاتىمەن، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**شىپا تاپماق** ① كېسەل ياكى ئاغرىقتىن خالاس بولماق، ئوڭشالماق، ساقايماق، تۈزۈلمەك؛ دەرد-ئەلەم، روھىي ئازابلاردىن قۇتۇلماق: بۇ دوختۇرخانىدا كېسەللەرنىڭ شىپا تېپىشى 85 پىرسەنتتىن ئاشتى. * بىمارلارنى كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىغا ئىشەندۈرۈش قاتارلىق روھىي داۋالاش ئۇسۇللىرى مىللىي داۋالاشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. * بولمىغاي پەيزى چىمەننىڭ بۇلبۇل ناۋاسى بولمىسا، تاپماس شىپا شىكەستە دىل خۇش بۇي ھاۋاسى بولمىسا. ② كېسەل، دەرد قاتارلىقلارنى ساقايتىشنىڭ چارە-ئامالىنى، ئىلاجىسىنى تاپماق: ئۇ كېسەلگە شىپا تاپالماي، 80 يېشىدا ئەنە شۇ كەنتتە

ئالەمدىن ئۆتتى. * يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن ھېكىم-ھۆكۈمالار، قۇرئەندازلارمۇ پادىشاھقا شىپا تاپالماي، بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ. * مەن ئۇچرىدىم بىر زالىمغا، رەھىم ئەتمىدى بۇ ھالىمغا، ھەر كۈن يىغلاپ خۇدايىمغا، ئاخىر دەردكە شىپا تاپتىم.

**شىپا قىلماسلىق** كېسەل ياكى ئاغرىققا پايدا قىلماسلىق، كېسەل ياكى ئاغرىقنىڭ ئوڭشىلىشىغا تۇرتكە بولماسلىق، داۋا بولماسلىق: ئوكۇل ۋە خىلمۇخىل دورىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپا قىلمىدى. * بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى توققۇز يىلدىن بېرى ئىشقى سەۋداسىغا گىرىپتار بولۇپ ھېچقانداق دورا شىپا قىلمىدى.

**شىپابەخش** سۈپ (ئە+پ) كېسەلگە داۋا بولىدىغان، سالامەتلىكنى ياخشىلايدىغان، شىپالىق: ئۇ زامانىسىنىڭ ئەڭ ئۇستا تېۋىپلىرىدىن بولۇپ، شىپابەخش دورىلارنى يېنىدىن ئۈزمەيتتى.

**شىپاخانا** ئى (ئە+پ) <تب> ← **دوختۇرخانا:** مۇھەممەد ئەجەملخاننىڭ ئاتىسى داڭلىق ئىسلام تىبابىتى ھۆكۈماسى بولۇپ، دۇنيانىڭ بىرقانچە ئەللىرىنى ساياھەت قىلىپ ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھىندىستاننىڭ دېھلى، لاھور، ھەيدەرئاباد قاتارلىق شەھەرلىرىدە مەخسۇس شىپاخانىلارنى قۇرغان.

**شىپاگەر** سۈپ. كېسەلنى ساقايتالايدىغان، داۋالىيالايدىغان، ئاغرىقنىڭ ياخشىلىنىشىغا چارە تاپالايدىغان: — شىپاگەر تېۋىپ كەلدى! — دېدى قىز پەردىنى قايرىپ سىرتقا قاراپ.

**شىپاڭ** ئى (خەن) باغ ۋە ھويلىلارغا سېلىنىدىغان، تۆت ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى يېپىق، سەگدەيدىغان ئورۇن: مەخسۇت بەگ بېشىنى ئىرغىتىپ، يەلپۈگۈچ تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان باللارنى شىپاڭدىن چىقىرىۋەتتى. * يارىممىكىن، ئەمەسمىكىن شىپاڭدا ياتقان. قاشىنى ئېتىپ، كۆز ئوينىتىپ، جاننى قاقشاتقان.

**شىپاڭلىق** سۈپ. شىپىڭى بار، شىپاڭ ياسالغان، شىپاڭ سېلىنغان: شىپاڭلىق باغ. شىپاڭلىق ھويلا.

**شىپالانماق** پ. شىپا تاپماق، ساغلاملاشماق: شاخ مانتىسى، قوغۇنى ئابناۋات قەن، قەشقەر. ئاشۇ شەربەت مېۋىدىن شىپالىنار تەن، قەشقەر.

**شىپالىق** ① «شىپا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ۋاقت ئۇنىڭغا بارغانسېرى شىپالىق بەخش ئېتىپ ئۆتمەكتە ئىدى. * تاشۋاي مال-بىساتلىرىنىڭ كارغا كەلگۈدەكلىرىنىڭ بارىنى سېتىپ بوۋايغا شىپالىق ئىزلىدى. * سەپەر تۇتسام مۇھلەت بەرسىڭىز، شىپالىقتۇر رەنجىمگە شۇ قىز. ② سۈپ. شىپا بولىدىغان، ئاغرىقنى ساقايتىدىغان؛ كېسەل ياكى ئاغرىقنىڭ ساقىيىشىغا سەۋەب ياكى داۋا بولىدىغان؛ كىشىنى غەم-ئەندىشە، روھىي ئازابتىن خالاس قىلىدىغان: — ئۇھ... خۇداغا شۈكۈر، قۇتلۇقئاخۇننىڭ شىپالىق قولى بىلەن دەردتىن قۇتۇلدۇڭ، جېنىم قىزىم! — دېدى ئانا. بۇ سۆز بىلەن تەڭ قۇتلۇقنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. * ئەركىلەتكۈچى ئىللىق ئاۋازلار تەسىر قىلدىمۇ ياكى شىپالىق دورىلار ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، قىز ئاستا-ئاستا كۆزلىرىنى ئاچتى. * مەن ئەمدى توختى بىلەن بىر يۈزلىشەي، ھاۋارايى ھازىر بىز ئۈچۈن پايدىلىق، پات ئارىدا شىپالىق يامغۇر يېغىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

**شىپالىق بەرمەك** كېسەل ياكى ئاغرىقتىن خالاس قىلماق، دەرد-ئەلەم ياكى روھىي

ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرماق: ئۇنداق دېمە دوستۇم، خۇدايىم شىپالىق بېرىپ قالار. * بۇ يەردىكىلەر سېلىمىخۇن دەم سېلىپ ساغرىسىنى سىلاپ قويسىلا ھەرقانداق كېسەل مالغا شىپالىق بېرىدۇ دەپ قارىشاتتى. * ھاياتىم ۋىسالىڭ ئۈمىدى ئېرۇر، جامالىڭ ماڭا شىپالىق بېرۇر.

**شىپالىق تاپماق** كېسەلدىن ساقايماق، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەك، دەرد-ئەلەم ياكى روھىي ئازابتىن قۇتۇلماق: شۇ تاپتا ھېلىقى جانان قىز ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئايدەك جامالىنى بىر كۆرسىتىپ قويسا، يىگىتنىڭ بىر يىلدىن بۇيان جۇدالىق ئوتلىرىدا غەلۋىردەك تېشىلىپ كەتكەن يۈرىكى بىرئاز شىپالىق تاپاتتىمكىن- تاڭ؟! * شۇنداق بىر كېسەل بار ئادەمدە – توغرىغا كۆشەندە – خاتالىق. ۋاقتىدا شىپالىق تاپمىسا، قىلىدۇ ئادەمنى گۇناھلىق.

**شىپپاڭ** تەق. ئۇ يانغا بىر، بۇ يانغا بىر، يېنىك تەۋرىنىش، پۇلاڭلاش ھالىتى (ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ قۇيرۇقى ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ مىدىرلىشى ھەققىدە).

**شىپپاڭ-شىپپاڭ** «شىپپاڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۆرە ئىتى قۇيرۇقنى شىپپاڭ - شىپپاڭ قىلىپ ئىگىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

**شىپپاڭشىتماق** «شىپپاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالا ئىت ئاۋازىنى پەسەيتىپ غىڭشىپ قويدى-دە، قۇيرۇقنى شىپپاڭشىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. * «قارا يىلپىز» ئۆز ئىگىسىنى تونۇپ جىم بولدى-دە، قۇيرۇقنى شىپپاڭشىتىپ كېلىپ، ئامانقۇلنىڭ تېرە شالۋۇرىنى پۇراشقا باشلىدى.

**شىپپاڭشىتىشماق** «شىپپاڭشىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىپپاڭشىماق** پ «شىپپاڭ-شىپپاڭ» قىلىپ تەۋرەنمەك؛ بىر ئۇ يانغا، بىر بۇ يانغا يېنىك پۇلاڭلىماق، سىلكىنمەك (قۇيرۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ھەققىدە).

**شىپپاڭلاتماق** «شىپپاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – مەڭگۈ سىزگە ھەمراھ بولىمەن، – دەپتۇ مۈشۈك قۇيرۇقنى شىپپاڭلىتىپ، – ئۆلسىڭىز بىللە ئۆلىمەن، تىرىلسىڭىز بىللە تىرىلىمەن. * – ۋاي يولۋاس پادىشاھىم، ئۇ قازان تۈۋى ئەمەس، ئادەم، – دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇقنى شىپپاڭلىتىپ.

**شىپپاڭلىماق** پ. مىدىرلىماق، سىلكىنمەك، بىر ئۇ يانغا، بىر بۇ يانغا يېنىك تەۋرەنمەك، پۇلاڭلىماق (قۇيرۇق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە).

**شىپپىدە** رەۋ ① «شىپ» قىلىپ، «شىپ» قىلغان ھالدا: قامچا ئاۋازىدىن چۆچۈگەن ئاتلار بىردىنلا سەگەكلىشىپ، ئالدىغا شۇنداق تارتتىكى، ھارۋا خۇددى بىرى سىلىققىنا كۆتۈرۈپ ئېلىپ قويغاندەك، پاتقاقتىن شىپپىدە چىقىپ كەتتى. ② كۆچمە. بىردىنلا، دەرھاللا، ئۈن-تىنسىز، جىمجىتلا ياكى تۇيۇقسىزلا: مېنىڭ كىرىشىم بىلەن پاراقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك، ئۇلار شىپپىدە جىمىپ قالدى. * جىپ ماشىنا ئىككى قانىتى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىدىن ئۆتۈپ شىپپىدە توختىدى. * ئۇ شىپپىدە ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى سۇپىنىڭ پىششىق خىشلىرىغا سۈركىدى.

**شىپتۇر** سۈپ. دىئال. مەينەت، كىر، پاسكىنا، ناھايىتى كىرلىشىپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن: شىپتۇر كىيىم.

**شىپ-شىپ** «شىپ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تۆت لاپ-لاپ، ئەگرى ساپلاپ، ئىككى دىڭ-دىڭ، بىر شىپ-شىپ،

نېمە؟ (تۆگە).

**شپشر** سۈپ. دىئال. زىچ، نۇرغۇن، كۆپ هەم زىچ، مىخ-مىخ.

**شپقىماق** پ. زەرب ياكى كۈچ بىلەن قىستىماق، نىقتىماق؛ يېقىنلاشماق، يېقىنلاپ كەلمەك: — مەن ساڭا ناخشا ئېيتىپ بەرگىلى كەلمىدىم، سەن بىلەن دېيىشكىلى كەلدىم، دەيمەن، يامان بولساڭ تىلىمنى كېسىۋەت! — دىلىپسخان ئۇنىڭغا شىپقىدى. * — تېگىشىڧنا، — دېدى ئاسىم مەنسۇرغا شىپقاپ، — هە، شۇنداق قىلىپ، 3-دادۇيدە ئېلىپ بارغان سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ خۇلاسىسى چىقىپتۇ، دېگىنە؟ * — قېنى، تازا شىپقا، ئاز قالدى، — دېدى ئۇ تاقاقنى توغرىلاپ تۇرۇپ.

**شپۇن** ئى [ر<فران] ئىنچىكە هەم تەكشى قاپارتمىلىرى بولغان يىپەك رەخت. سۈزۈك هەم نېپىز كېلىدۇ. كۆپىنچە ئاياللارنىڭ يازلىق كىيىملىرى تىكىلىدۇ.

**شپۇن تاۋار** تېگى شپۇن، گۈلى تاۋار قىلىپ توقۇلغان يىپەك رەخت. يەڭگىل هەم ئۈچىۋشچان كېلىدۇ. كۆپىنچە ئاياللار-نىڭ يازلىق كىيىملىرى تىكىلىدۇ.

**شپۇن دۇخاۋا** تېگى شپۇن، گۈلى دۇخاۋا قىلىپ توقۇلغان يىپەك رەخت. يۇمشاق كېلىدۇ. گۈلىنىڭ تۈۋتلىرى بىر يۆنىلىشتە ياتقان بولۇپ، پارقىرايدۇ. كۆپىنچە ئاياللارنىڭ يازلىق كىيىملىرى تىكىلىدۇ.

**شپىر** تەق. قەدەمنىڭ يەڭگىل ۋە تېز ئېلىنىشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز: چاشقاننىڭ شپىر قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشمۇ ئۇنى خېلىلا ۋەهىمىگە سالاتتى.

**شپىر قىلماق** « شپىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، شپىرلىماق: — سىلىم، — دېدى ئايقىز ئالدىدىن شپىر قىلىپ ئۆتكەن بېغىرتاقتىن چۆچۈپ، — بۇ ئورمانلارغا رەهمەت! ئورمانلار بولمىغان بولسا قانداقمۇ قىلاتتۇق.

**شپىر-شپىر** « شپىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شپىر-شپىر قىلغان ئاياغ تۆۋشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. * قاسىم ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئارقا تەرەپتىن شپىر-شپىر قىلغان ئاياغ ئاۋازى، هالسىز پۇشۇلداش ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى.

**شپىرلىماق** پ ① « شپىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، « شپىر» قىلماق: — ئەپەندىم! — دېدى ئۇ مۇلايىم قىياپەتتە ۋە شپىرلاپ مېڭىپ يېنىمغا كەلدى، — مەكتەپ-كە ماڭغان ئوخشىمامىلا؟ ② كۆچمە. يەڭگىل ۋە سىلىق قەدەم تاشلاپ تېز-تېز ماڭماق، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن تېز يۈرمەك: مۇزەپپەر ئورنىدىن تۇرۇپ شپىرلاپ يېنىمغا كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىنى توستۇم.

**شپىلداتماق** « شپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شپىلداشماق** « شپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شپىلداق** ① سۈپ. شپىلداپ تۇرىدىغان، چىم-چىم قىلىپ تۇرىدىغان، چىملداپ تۇرىدىغان (كۆز هەققىدە): شپىلداق كۆز. ② ئى. چىم-چىم كۆز ياكى كۆزى چىملداپ تۇرىدىغان ئادەم.

**شپىلدىماق** پ ① « شپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، « شپ» قىلماق: بىردىنلا ئۇنىڭ شپىلداپ ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ② يەڭگىل ۋە سىلىق قەدەم تاشلاپ ماڭماق: تۈن يېرىمدىن ئۆتكەندە باينىڭ خوتۇنى شپىلداپ كېلىپ: — هەي ئاتىسى، تۇرسىلا، ئاۋۇ تاز توڭگۇزدەك خورۇلداپ راسا قاتتىق ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئويغىنىپ

قالغۇچە چاپسانراق بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتە يلى، — دەپ نوقۇپتۇ.

**شپىنېل** ئى (ر<نېم) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيلىك تەركىبى $MgA_{12}O_4$. كۆپىنچە تۆمۈر ،خروم، مانگان، سىنك قاتارلىق ئىزومورفىزملار ئارىلاش كېلىدۇ. تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى كۆپ ھاللاردا سەككىز ياقلىق شەكلىدە قىزىل، يېشىل، قارا قوڭۇر رەڭلەردە بولىدۇ. رەڭسىزلىرى ئاز ئۇچرايدۇ، ئەينەكتەك پارقىرايدۇ، قاتتىقلىقى 8؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.5 — 3.7؛ ئۇزۇلۇش يۈزى سەدەپ شەكلىدە كېلىدۇ. سۈزۈك ۋە چىرايلىقلىرى گۆھەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتىكىلىرى بىلەي ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**شتارى** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تار ھەم يېپسىمان كېلىدۇ. گۈل رېتى كونۇسسىمان بولۇپ، شاخلايدۇ. كىچىك باشاقلىرى پىشقاندا تۇتۇق يېشىل ياكى سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئىسسىق جايلاردا ئۆسىدۇ. ئادەتتە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ.

**شتلىق** ئى <تەن> پاقالچاق سۆڭىكىنى ئاسراش ئۈچۈن تاقىلىدىغان ئەسۋاب.

**شتۇەن** ئى (خەن) <ھەرب> بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى شتات بىرلىكى. دەرىجىسى ئېلىمىزدىكى شى (دىۋىزىيە)گە تەڭ كېلىدۇ.

**شتىر** تەق. قۇرۇق ئوت-چۆپ، شاخ-شۇمبا، قەغەز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ مىدىرلىشى، تەۋرىنىشى ياكى ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شتىر-شتىر** «شتىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شتىرلاتماق** «شتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شتىرلاشماق** «شتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شتىرلىماق** پ «شتىر» قىلماق، «شتىر» قىلغان ئاۋاز چىقماق ياكى شۇنداق ئاۋاز پەيدا قىلماق: ئەمەتنىڭ مىدىرلىماي تۇرغان پۇتلىرىنىڭ تېگىدە نەلەردىندۇر شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن غازاڭلار خۇددى چاشقان ماڭغاندەك شتىرلايتتى.

**شجائەت** ئى (ئە) مۈشكۈل ۋە قىيىن شارائىتتا كۆرسىتىلىدىغان غەيرەت؛ جەسۇرلۇق، باتۇرلۇق، قەتئىيلىك، جاسارەت: قەيسەر شجائەت دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېگىزلىكنى بويسۇندۇرالايدۇ. * ئادالەت ئەخمەق قىز ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك بولىدىغان يىگىتنىڭ پاراسەت ۋە شجائەتكە ئىگە، ئەمگەكتە قىلىپ نان تاپالايدىغان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. سىزگىمۇ ئۆزىڭىزگىمۇ مۇناسىپ بىرى باردۇر.

**شجائەتسىز** سۈپ. شجائىتى، جاسارىتى يوق؛ شجائەت بىلەن ئىش قىلمايدىغان، غەيرەتسىز: شجائەتسىز بالا. * شجائەتسىز كىشىلەر مۈشكۈل داۋانلاردىن ئاشالمايدۇ، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالمايدۇ.

**شجائەتلىك** سۈپ. شجائىتى بار، ھەرقانداق ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشىدىغان، جەسۇر، جاسارەتلىك؛ غەيرەتلىك، مۈشكۈلچىلىك، ئېغىرچىلىقلاردىن قورقمايدىغان: شجائەتلىك ئادەم. شجائەتلىك بالا. * — شجائەتلىك بولۇڭلار، ئىشەنچ-ئۈمىد بىلەن ياشاڭلار، — دېدى ئەخمەتجان باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ. * شۆھرەت ئىزلەپ

بۇندا تالاي يارانلار، قالدى ئاخىر قارا يەرنى قۇچاقلاپ. تالاي-تالاي شىجائەتلىك ئوغلانلار، چىقالمىغانىدى سەندەك بەل باغلاپ.

**شىدار** سۆپ. دىئال. قويۇق، زىچ؛ ئۆسكىلەڭ، بىر تۇتاش.

**شىددەت** ئى (ئە) ① ھەرىكەتتىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ تېزلىك كۈچى، زەربى، سالمىقى: قارىسا پۈتۈن ئالەمنى قاپلىغان تاراق-تۇرۇق ئاۋاز بىلەن تاغلار تاغقا، تاشلار تاشقا ئۇرۇلۇۋاتقۇدەك، شىددىتى ئالەمگە تارقىغان بۇ ئاۋاز دەريادىن چىقىۋاتقۇدەك. * ئىنقىلاب قازىدۇ يىڭنىدە قۇدۇق، شىددىتى ئەسلىتەر كۈچلۈك بورانىنى. بىريولى ئايرىش تەس مۇنداق چاغلاردا، ئادەملەر ئىچىدە ياخشى-يامانىنى. * بورانىنىڭ شىددىتى بازغانچە ئاشتى، بۇ قۇم دەرياسى دولقۇنلاپ تاشتى. ② زور غەيرەت، شىجائەت، جاسارەت: بۇدرۇق بىلەكلەر. چېكىلەر بەزى، قىزىرىپ كۆيسمۇ ئېغىر مېھنەتتە، چارچاشنى ئۆزگە يولاتماي يېقىن، ئىشچىلار باراتتى ھامان شىددەتتە. ③ كۆچمە. كۈچلۈك غەزەپ-نەپ-رەت، قاتتىق ئاچچىق: تارتىپ ئۇ كەتمىنىنى بىر كۈچەپلا، ھۇسەننى يېراق قىلدى زەربە بىلەن. شىددەتتە ئايلاندۇرۇپ باش ئۈستىدىن، ئېچىقتا سالدى شۇ ئان زەربە بىلەن. * ئۇ باققالغا تاش ئاتاتتى توختىماي، ھامان مولجال ئېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى. تولغانىدى غەزەپكە ۋە شىددەتكە، ھېس قىلغاندەك قانلىق جەڭدە ئۆزىنى.

**شىددەتلىك** سۆپ. شىددەت بىلەن پەيدا بولغان، بولۇۋاتقان ياكى بولىدىغان؛ قاتتىق، كەسكىن، كۈچلۈك: شىددەتلىك بوران ئۇلارنى خۇددى قامغاقتەك ئۇچۇرتۇپ ئەجەل ئازگاللىرىغا تىقىۋەتكەنىدى. * بۇ يەردە دۈشمەنگە قارشى ئەڭ شىددەتلىك جەڭ داۋام قىلماقتا ئىدى.

**شىر** I (پ) ① ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى گۆشخور ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا، تۆت پۇتى كۈچلۈك كېلىدۇ. پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئىلمەك تىرنىقى، ئالىقىنىدا بىر پارچە گۆشى بولىدۇ. قۇيرۇقى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولۇپ، ئۇچىدا بىر تۇتام تۈكى بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ بويىنىدا ئۇزۇن يالى بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىكى تۈكلىرى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ. ئافرىقا ۋە ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا ياشايدۇ. ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. كۈچلۈك ھۆركىرەيدۇ. ئادەتتە ھايۋانلار پادىشاھى دەپ قارىلىدۇ: خاقان خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا ھەر خىل سوۋغاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان چاغدا، بىرى ئادەت بويىچە بىر شىر ئېلىپ كىردى. يەردە ياتقان بۇ شىر خاقانغا قاراپ قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. ② سۆپ. كۆچمە. كۈچكە تولغان، بەقۇۋۋەت؛ قورقماس، پالۋان، باتۇر: ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، باشقىلارنى شىر چاغلا (ماقال). ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شىر ئۇسسۇلى** خەنزۇلارنىڭ كەڭ تارقالغان بىر خىل مىللىي ئۇسسۇلى. بۇنىڭدا ئىككى كىشى شىر تېرىسىگە ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن يېپىنچىنى يېپىنىپ، شىرنىڭ رولىنى ئالىدۇ. يەنە بىر كىشى قولىدا رەڭلىك توپنى تۇتقان ھالدا شىرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇسسۇلغا سالىدۇ.

**شىر يۈرەك** قورقماس، باتۇر، خەۋپ-خەتەر، مۇشكۈلچىلىكلەر ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، جەسۇر: تۇغۇلۇپ قوينۇڭدا ئۆستۈم شىر يۈرەك ئوغلان بولۇپ، شۇ سەۋەب قەلبىمدە پەخرىم، شادلىقىم فونتان ئېرۇر.

**شىر** II تەق. سۇنىڭ ئارتۇقچە شاۋقۇنلان-ماي ئېقىشى، تال-يوپۇرماقلارنىڭ تەۋرە-نىشى، كىيىم تىكىش ماشىنىسىغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى قاتارلىقلار-دىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شىر** III سۈپ. ئىچى كاۋاك ياكى پور ئەمەس، پۈتۈن؛ زىچ، چىڭ، پورلاشمى-غان: شىر لوبۇ. شىر ياغاچ.

**شىرازا** ئى (پ) ① تۆگىچىلىكتە دوم بىلەن گەدەن باغنى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئاسىدىغان بىر غېرىچ كەڭلىكتىكى كاشا. ② كىتابنى تۆپلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىپ ۋە لاتا.

**شىرازىچى** ئى. كىتاب-ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋا، بەت، قىستۇرما رەسىم، تۆپلىنىشى قاتار-لىقلارنى لايىھىلىگۈچى ۋە تۆپلىگۈچى ئىشچى.

**شىرازىلاتماق** «شىرازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىرازىلاشماق** «شىرازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرازىلانماق** «شىرازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شىرازىلىماق** پ. كىتاب-ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋا، بەت، قىستۇرما رەسىم قاتارلىقلىرى-نى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۆپلىمەك.

**شىراغول** سۈپ. دىئال. جاھىل، گەپ ئۆت-مەس، قېلىن.

**شىراق** ئى ① جانلىقلار پاچىقىنىڭ تىزدىن ئۇشۇقچە بولغان ئارىلىقتىكى قىسمى: قوينىڭ شىرىقى. ② ملىتىقنى ئاتىدىغان چاغدا تىرەپ تۇرىدىغان ئاچا ياغاچ ياكى تۆمۈر: ئۇلار ئايلىنىپ يانغا ئۆتتى-دە، ملتىقلىرىنىڭ شىراقلىرىنى يەرگە سانجىپ، تەپكىنى قايرىپ پىستان باستى. ③ گىلەمچىلىكتە دۇكاننى ئېگىزلىتىپ پەسلە-تىش ئۈچۈن پاچاقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىرىلغان، ئۈستى گۈندىغا كىرىپ تۇرىدىغان ئەركەك تۇرۇم.

**شىراقلىق** سۈپ. شىرىقى بار، شىراق بېكىتىلگەن: ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى بىرقانچە كۈن داۋامىدا تۆمۈرچىلەرگە 15 دانە قىلىچ، 17 تال نەيزە ياساتتى. يەنە يېگىدىن ئون دانە شىراقلىق ملتىق ياساتماقچى بولدى. * ئۇنى بۇ يەردە شىراقلىق ئوۋ ملتىقلىرى بىلەن ئوسمان ۋە ئۇنىڭ بىر توپ سەپداشلى-رى كۈتۈپ تۇراتتى.

**شىرە** I ئى. كالا، تۆگە، ئات قاتارلىق چوڭ مالنىڭ خام تېرىسى: قورساق دېگەن شىرە، يىسە كىرەر (ماقال). // شىرە چورۇق.

**شىرە چورۇق** خام تېرىدىن تەييارلانغان چورۇق: كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما (ماقال). * ئۇ پۇتىغا كونا شىرە چورۇق كىيىۋالغانىدى.

**شىرە** II ئى (پ) ① مېۋە-چېۋە قاتارلىقلار پىشقاندا ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ھاسىل بولىدىغان تاتلىق سۇيۇقلۇق، شەربەت؛ قوغۇن شىرىسى. ② تۇخۇم، ئۇن، تۇز قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل خام ئۇماچ.

**شىرە چاي** ← ھۆمەلچاي.

**شىرە كاۋاپ** كاۋاپنىڭ بىر خىلى. گۆش قاق چوڭلۇقتا توغرىلىپ، زىخقا ئۆتكۈ-زۈلگەندىن كېيىن تۇخۇم، ئۇن، تۇز قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان شىرىگە چىلىنىپ، ئاندىن ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

**شىرە** III ئى. ياغاچتىن تۆت پۇتلۇق، ئۆت-چاسا ياكى يۇملاق قىلىپ ياسالغان، تاماق يېيىش، خەت يېزىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان، جوزا، ئۈستەل: – ئىچكىرىكى ئۆيدە مەن ياتىمەن!

— دەپ تووۋلىدى گۈلنۇر قولىدىكى قوشۇقنى شىرەگە ئۇرۇپ. * ئۇ بىر قولىدا شىرەنىڭ لېۋىنى، ئىككىنچى قولىدا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتقىنىچە ئۆرە تۇراتتى.

**شىرەم** سۈپ. تازا يېقىن ئەمەس، سەل يىراقراق (ئۇرۇق-تۇغقان ھەققىدە): شىرەم تۇغقان. * نامان بىلەن ھەر ھالدا، شىرەم بولساقمۇ، تۇغقانچىلىقىمىز بار، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي. * — سىلەر بىلەن شىرەمرەك بولساقمۇ، تۇغقانچىلىقىمىز بار، بىز تۇرۇپ، نۇر كىملەرنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ يۈرىدۇ، — دېدى شاكىيو تۇلكىلەرچە ھىجىيىپ.

**شىرەم تۇغقان** بەك يېقىن بولمىغان، سەل يىراقراق تۇغقان: رەيھان شەھەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر باينىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئەختەم باينىڭ خوتۇنى ھۆرنىساخانغا شىرەم تۇغقانىدى.

**شىرت** تەق. بۇرۇن تارتىش، ئىتتىك تىغ بىلەن بىرەر نەرسىنى تېز كېسىش، ياكى قەلەم بىلەن قەغەزگە خەت يېزىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردىن چىققان ئاۋاز: — ھەئە، ھەممىسگە ئالىمەن، — دېدى ھاسىيەت شىرت قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ.

**شىرتتىدە** رەۋ «شىرت» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «شىرت» قىلغان ھالدا: ئۇ يېپنى بىر تارتىپ شىرتتىدە ئۈزۈۋەتتى. * ئۇ شىرتتىدە مىشقىردى-دە، يەنە يولغا راۋان بولدى.

**شىرت-شىرت** «شىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شامال ئالدىدا تۇرۇپ قالغان بۇ بىر تۇپ گىلاسنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ شىرت-شىرت ئۈزۈلۈپ تاشلىماقتا ئىدى. * ئۆيدىن پەقەت قەلەمنىڭ شىرت-شىرت قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**شىرتىلداتماق** «شىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ باشقىلارنىڭ شىرتىلدىتىپ خاتىرە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**شىرتىلداشماق** «شىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرتىلدىماق** پ «شىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىرت» قىلماق: سىنىپ ئىچى تىمتاس بولۇپ، پەقەت قەلەمنىڭ شىرتىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. * ئالتۇن ئېتىزدا شىرتىلدار ئورغاق، ئالتۇن دان ئۈچىدۇ كۆپكۆك سامادا.

**شىرداق** ئى ① ئوك يۈزىگە قول بىلەن كەشتىلەنگەن ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چاپلىنىپ ئىشلەنگەن پۇختا، كۆركەم بىر خىل كىگىز: ئۇلار ئازادە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن، مەن پاكار سۇپىسىغا ئىككى پارچە شىرداق سېلىنغان پاكىز بىر ئۆيگە باشلاندىم. * يۈكلىرىگە ئىشچىلار تەكشىدىن ئامراق، قوزام. ھەدىلەر تىنماي ياسار، گىلەم ھەم شىرداق، قوزام. ② كۆچمە. ئورۇق، ئاۋاق، تېرىسى ئۇستىخانغا چاپلىشىپ قالغان.

**شىردان** ئى (پ) <زوئول> كۆشەگۈچى ھايۋانلار قېرىنىنىڭ تۆتىنچى قىسمى، ئىچكى دىۋارى ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئوزۇقلۇق توققۇز تونلۇقتىن شىردانغا ئۆتۈپ، ھەزىم قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچەيگە بارىدۇ.

**شىردىمال** ئى ← **شىرداق**: ساھىبخانا خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي، پېشايۋان ئاستىدىكى كىگىزلەر ئۈستىگە چوڭ بىر پارچە شىردىمال سالدى.

**شىر-شىر** «شىر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىر-شىر قىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. * ھەسەن بوۋاينىڭ ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنگەن كۆزلىرى

گويا يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلانغان بىر خىل شىر-شىر ئاۋازنىڭ تەسىرى بىلەن ئېچىلىپ كەتتى. * قەلەم يانچۇق دەپتىرىنىڭ ئاق، قېلىن بەتلىرى ئۈستىدە شىر-شىر ئاۋاز چىقىرىپ تېز ماڭاتتى.

**شىرشىم** سۈپ. نەملىشىپ قالغان، تېخى تولۇق قۇرۇپ كەتمىگەن، تەركىبىدىكى سۇ تېخى تولۇق چىقىپ بولمىغان: شىرشىم ئوتۇن ھەرقانچە پۈۋلىسىمۇ يانمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىس كىرىپ ياش ئېقىپ كەتتى. * ئۆزىنى چاغلايدۇ گۆھەر، باشقىلارنى ئوت-خەشەك، خۇلقى بىر شىرشىم كۆتەك كۆتۈر، مەنىسىز خورسەن كېلەر.

**شىرشىملىق** ① «شىرشىم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى <بىن> ماتېرىياللار- نىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدە، دېفورماتسى- يە ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئاسانلىقچە ئۈزۈلۈپ كەتمەيدىغان ھەمدە يۇمشاق تۇرۇۋېلىشقا ئاخىرىغىچە چىداشلىق بېرىدىغان بىر خىل خۇسۇسىيىتى.

**شىرغا** I ئى. دىئال. جىرغا.

**شىرغا** II سۈپ → **شىرغا ئات.**

**شىرغا ئات** <زوئول> تۇمشۇقى، قۇيرۇقى، يالى، چېكىسى ۋە ئاياغلىرىدىكى تۈكلىرى ئاق، باشقا يەرلىرىدىكى تۈكلىرى قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى ئات.

**شىرقىراتماق** «شىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىرقىراشماق** پ «شىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرقىرىماق** پ «شىر-شىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىر-شىر» قىلماق: نىياز قۇربان ئۇلارنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا نەزەر سالدى. * مىنۇت ئۆتمەي بورۇن-قولاقلىرىمنىڭ ئىچى قۇم بىلەن تولدى، يەلكەمدىن ئېچىمگە شىرقىراپ قۇم كىرىشكە باشلىدى. مەن بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمەي ئاتنىڭ يالىدىن چىڭ تۇتۇۋالدىم.

**شىركەت** ئى (ئە) مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، ماۋار ئالماشتۇرۇش تىجارىتى ياكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودا-سانائەت بىرلەشمىسى: پولات-تۆمۈر شىركىتى. كۆمۈر سانائىتى شىركىتى. ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى. * ياسىن باۋۇدۇن شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدى. * شۇ كۈنلەردە شىركەت كۆتۈرگە ئالغان چوڭ بىر ماگىزىننى دۆلەت بايرىمىغا ئۈلگۈرتۈپ پۈتكۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. * ھازىر بۇ شىركەت ماشىنا-سايمانلارنى يەنىمۇ كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىپ، يېزا-كەنتلەرنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرمەكتە.

**شىركەتچىلىك** ئى. شىركەت قۇرۇش، شىركەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى؛ شېرىكچىلىك: جۇڭگۇ كەلگەن كوسا ساقال ھەسەن بالاھاجى ئەسلى ئاتۇشتىن بولۇپ، قۇمۇلغا يەرلىشىپ، تىجارەت ئىشلىرىدا شاھەخسۇت بىلەن شىركەتچىلىك قىلاتتى.

**شىركەيىپ** سۈپ (پ+ئە) ھاراقنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن روھىي ھالەت كۆتۈرەڭگۈ ھەم جۇشقۇنلاشقان: شىر كەيىپ كىشى. شىر كەيىپ بولماق. * ناسىر يارنى ياقىلاپ كېلىپ شىركەيىپ كۆزلىرىنى يار ئىچىدىكى مەستۇمغا بىرپەس تىكىپ تۇردى. // ئۇنىڭ مەستلىكتىكى بىغەمسى ئۆيدىكىلەرنىڭ شىركەيىپنى بۇزالمىدى، سازەندىلەرمۇ ئاڭا قاراپ سازلىرىنى توختىتىپ قويۇشمىدى.

**شىركەيىپلىك** «شىركەيىپ» سۆزىنىڭ

ئىسسىم شەكلى: — بۈگۈن ئىچمىگەن ھاراقنى... — دېدى ئۇ شىركە يېلىكتىن ئېچىلىپ، — قېنى، تېزتى ئاكا، خوشە، ئىچەيلى... بۈگۈن ئىچىپ ئەتە دوزاختا كىرسەكمۇ مەيلى...

**شىرما** ئى [ر<نېم] ئۆيىنى بۆلۈش، ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ھەرىكەتچان تۇسۇق، پەردە: ئەركىن يەنە سورىماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئايتۇرسۇن چىقىپ شىرما ئارقىسىدا تۇرۇۋالدى. مەلەي بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈندىمىدى.

**شىرمەنان** ئى [شىرمەن+نان] ناننىڭ بىر خىلى. ئادەتتىكى نانلاردىن يوغانراق بولۇپ ئۈستىگە گۈل چېكىلىدۇ. يۈزىگە جىگدە شىرنىسى سۈرۈلۈپ، تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ: ئۇلار كېتىۋېتىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر ناۋايخانىنىڭ پەشخونىدا يېڭىلا تونۇردىن قومۇرۇلغان شىرمەنان، گىردە، كۇنجۇت، سىيادان سېپىلگەن توقاچلار دۆۋىلىنىپ تۇرغۇدەك. * تونۇردا ئوت كۆيۈپ قىزىتقاچ ئۇنى، پىشىدۇ شىرمەنان ئاجايىپ تاتلىق. كىشىلەر يېگەندە تېنى كۈچ ئېلىپ، سېزىدۇ ۋۇجۇدى تۈگىمەس شادلىق.

**شىرنە** ئى [پ] ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، گۈلى، غولى ياكى بەزى ماددىلار تەركىبىدە بولىدىغان شېرىن سۇيۇقلۇق: ئۈزۈم شىرنىسى. قوغۇن شىرنىسى. * ئەنجۈرنىڭ ئىككىنچى پىشىمى باشلانغان بولۇپ، خىزمەتچىلەر ئالتۇن يالتىلغان كۈمۈش لېگەندە ياغلىشىپ پىشقان، شىرنىسى تېمىپ تۇرغان ئەنجۈرلەرنى كەلتۈردى. * گۈل شىرنە ئىشلەيدۇ، بوغۇن بولسا شىرنىدىن ھەسەل چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىرى ئالدىراش، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ② ھۆل ياكى قۇرۇق مېۋىلەر ۋە بەزى كۆكتاتلاردىن مەلۇم نىسبەتتە سۇ ۋە شېكەر بىلەن قىيام بولغۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان شىرنىلىك، مۇراببا: ئۈجمە شىرنىسى. ئۈزۈم شىرنىسى.

**شىرنە باغلىماق** شېرىن تەم كىرمەك؛ تاتلىق، شېرىن ھالەتكە كەلمەك: ئورمانلىق كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك چىرايلىق ئىدى، جىگدىلەر چېچەكلەپ پۇراق چېچىشقا، ئۈجمىلەر شىرنە باغلاپ پىشىشقا باشلىغان بۇ چاغلار كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى.

**شىرنە ھالۋىسى** ھالۋىنىڭ بىر خىلى. مايدا قورۇلغان ئۇنغا ئۈزۈم شىرنىسى ياكى قىيامنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى ئارىلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**شىرنىخور** سۈپ [پ] شىرنىنى ياخشى كۆرىدىغان، شىرنىنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن: شىرنىخور قۇرت.

**شىرنىخور قۇرت** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ تېنى كىچىك، قىزغۇچ سېرىق، كاۋا چېچىكى ياكى ئاقۇچ سېرىق رەڭلەردە بولۇپ، پاشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. شەكلى تەسۇنگە ئوخشايدۇ. بىر جۈپ قانىتى بولىدۇ. لېچىنكىسى ياپىلاق، تۇخۇمغا ئوخشايدۇ. رەڭگى يېتىلگىنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇغداي دېنىنىڭ شىرنىسى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئادەتتە زىيانداش ھاشارات ھېسابلىنىدۇ.

**شىرنىلەشمەك** پ. شىرنىگە ئوخشاش چاپلىشىپ، يېپىشىپ تۇرىدىغان بولماق: ئۇلار چېكەتكىنىڭ كالپىسىنى ئۈزۈۋېرىپ، تۇمشۇقى شىرنىلىشىپ، ئاغزىنى تەستە ئاچىدىغان ھالەتكە كەلگەندە، ئېرىق بويىغا بېرىپ،

تۇمشۇقنى سۇغا چىلاپ يۇيۇپ كېلىدىكەن.

**شىرنىلىك** سۈپ. شىرنىسى بار، تاتلىق: – بۇ يەرنىڭ قوغۇنلىرى بەك شىرنىلىك، تولمۇ تاتلىق، – دېدى يېزا باشلىقى بىزنى قوغۇنلۇققا باشلاپ كېتىۋېتىپ.

**شىرنىلىك مېۋە** <بوت> سۇلۇق مېۋىلەرنىڭ بىر تۈرى. بۇ خىل مېۋىلەرنىڭ ئوتتۇرا مېۋە شۆپۈكى بىلەن ئىچكى مېۋە شۆپۈكى گۆشلەشكەن بولۇپ، سۇ تەركىبى كۆپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۈزۈم، پەمىدۇر قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش.

**شىرنىتماق** «شىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىرىشماق** «شىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرىق** I ئى. يوتقان، پاختىلىق چاپان قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە سېلىنغان يۇڭ ياكى پاختىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قول ياكى تىكىش ماشىنىسى بىلەن تىكىلگەن تىكىچ: ئۇ يوتقانلارغا شىرىق سالدى. * يوتقاننى ئېچىپ قارىسام، يوتقاننىڭ شىرىقلىرى سۆكۈلۈپ كەتكەنىكەن. // شىرىق چاپان.

**شىرىق چاپان** ئەستەر، تاش ۋە پاختا قوشۇلۇپ شىرىلغان چاپان.

**شىرىق** II تەق. مېتال ۋە ئەينەك پارچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇلۇشى ياكى قۇرۇق ئوت-چۆپ، قەغەزگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ دەسسىلىشى، سۇنۇشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: زەنجىر شىرىق قىلىپ ئىشىك قىيا ئېچىلدى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ چوقۇر يۈزى كۆرۈندى.

**شىرىق قىلماق** ← **شىرىقلىماق**.

**شىرىقشىتماق** «شىرىقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېنىمدا 500 كوي پۇلۇم بولسا، خەجلىمەسمۇ، كۈندە بىر قېتىم شىرىقشىتىپ ساناپ قويسام، ئارمىنىمغا قاناتتىم. * شەرپە غازاڭلارنى شىرىقشىتىپ دەسسەپ غالىبنىڭ قېشىغا كەلدى.

**شىرىق-شىرىق** «شىرىق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىرىقشىماق** پ «شىرىق-شىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىرىق-شىرىق» قىلماق: ئىشىكنىڭ ئىلغۇچ زەنجىرى تۇيۇقسىزلا شىرىقشىپ، ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنى ۋەھىمىلىك ئەندىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. * ئۇنىڭ قولىدىكى شىرىقشىپ تۇرغان پۇلنى كۆرگەن مەككار دەللالنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپتۇ.

**شىرىقلاتماق** «شىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ل. مۇتەللىپ دەرۋازا يوچۇقىدا پەيدا بولغان ئۈچ كۆلەڭگىنىڭ تاقاق زەنجىرنى بوش شىرىقلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**شىرىقلاشماق** «شىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرىقلىماق** پ «شىرىق-شىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، شىرىقشىماق: ۋېلسىپىتلارنىڭ چاقى ئاستىدىكى شېغىل تاشلار شىرىقلايتتى. * تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا تۆرمە ئىشىكىنىڭ شىرىقلاپ ئېچىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**شىرىلداتماق** «شىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامال ئۆگزىدىكى غازاڭ ۋە پاخاللارنى شىرىلدىتىپ يەرگە چۈشۈرىۋىدى، ئۇ قورقۇپ ئۆلگىلى تاس قالدى. * – شىرىلدىتىپ بىردەمدە تىكىۋەتمەمسەن؟ – دېدى ئۇ رەختنى ياش ئۇستامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

**شىرىلداشماق** «شىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرىلدىماق** پ «شىر-شىر» قىلغان

ئاۋاز چىقارماق، «شىر-شىر» قىلماق؛ شىرقىرىماق: ئېگىز بوي تارتقان قوناق شاخلىرى بوش شىرىلداپ تەۋرەپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى كۆرۈندى. * گەرچە ئۇ ئۆزى كىيىم تىكىۋاتقان بولسىمۇ، شىرىلداپ تۇرغان ماشىنا ئاۋازى قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

**شىرىلماق** «شىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شىرىلىك** سۈپ ① شىرىسى بار، شىرىسى كۆپ؛ تاتلىق، لەززەتلىك، تەملىك: شىرىلىك نەرسىلەر — ھەسەل، قەنت، ناۋات، ئۈزۈم، مېغىز قاتارلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى چىشقا كۆپ زىيانلىق. ② كۆچمە. مەزمۇنلۇق، مەنىلىك؛ يېقىشلىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان (گەپ-سۆز ھەققىدە): ياشلار «ئەجەبمۇ شىرىلىك گەپ بولدى» دېيىشتى. * ئۇ تازىمۇ شىرىلىك سۆز قىلغانىدى.

**شىرىما** سۈپ. شىرىقى بار، شىرىلغان، شىرىپ تىكىلگەن؛ شىرىق: ئۇ بېشىغا قارا كۆرپە قۇلاقچا، ئۈستىگە نىل رەڭ شىرىما چاپان كىيگەنىدى. * ئۇلار ماڭا باشتىن ئاياغ قارىماقتا ئىدى. پۇتۇمدا ئەسكى چۇخەي، ئۈچامدا مازلىرى مارىلاپ تۇرغان شىرىما چاپان بولۇپ، بىلمىنى كەندىر تانا بىلەن باغلىۋالغانىدىم.

**شىرىما چاپان** ← **شىرىق چاپان.**

**شىرىماق** پ. يوتقان ياكى پاختىلىق چاپان قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى پاختا ياكى يۇڭنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يىڭنە ياكى تىكىش ماشىنىسى بىلەن تىكمەك: ئۇ يوتقانلىرىمنى شىرىپ، كىرلىرىمنى يۇيۇپ بەرگەنىدى. * — پېتەك دېگەننى كۆپرەك شىرىۋەتكەنىنىڭ ھەرگىز زىيىنى يوق، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

**شىزا** ئى (خەن) <بوت> ① ئەبنۇس دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، دۈمبە تەرىپى تۈكلۈك. گۈلى ئاق، شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسى ياپىلاق ياكى كونۇس شەكلىدە كېلىدۇ، رەڭگى قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**شىزاندرا** ئى (لات) <بوت> ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياغاچلاشقان، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاقۇچ سېرىق بولۇپ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، مېۋىسى قىزىل، دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ نېرۋا ئاجىزلىقى، جىگەر ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى.

**شىش** ئى. دىئال ① ساڭزا سالغاندا ئىشلىتىدىغان زىخ. ② ئارغامچا تۈگۈنلىرىدىنى يېشىشتە ئىشلىتىلىدىغان مۈڭگۈز ياكى ياغاچ زىخ.

**شىشخال** ئى (پ) ① بىر خىل قىمار ئەسۋابى. سۆڭەك، چاقچۇق، ياغاچ ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. كۇب شەكلىدە بولۇپ، ئالتە يېقىغا رەت بويىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1، 2، 3، 4، 5، 6 دانىدىن قىلىپ رەڭلىك چېكىتلەر ئويۇلغان بولىدۇ: ئۇ ئەتراپتىكى چېدىرلاردا شاراقلاۋاتقان شىشخال ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، تۈن نىسپىغىچە شۇ ھالدا ئويغاق ياتاتتى. * ياڭ زىڭيۈەن: — ئەكەل، مەن ئوينايمەن، — دېدى-دە، جانان پىيالىنىڭ پوسمىسىنى موككىدە كۆتۈردى. كۆردىكى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈچ شىشخالنىڭ بىردىن ئۈچ كۆزى مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. ② شۇ خىل

ئەسۋاب ئارقىلىق ئوينىلىدىغان قىمار: بۇ يەردىكى تاماشا باشقىچە ئىدى. ئادەملەر توپ-توپ دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇپ تۆت ئوشۇق ئاتاتتى، شىشخال ۋە جۈپ-تاق ئوينايتتى. * ئۇ چاغلاردا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا خۇشاللىقتا چۆمۈپ ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن بىللە ماجاڭ، شىشخال ۋە باشقا ئويۇنلارنى ئويناۋاتاتتى.

**شىغىرتما** ئى. قۇم ۋە شېغىللار ئارىلاش بولغان يەر: شىغىرتمىلىقتا هارۋىنى تارتىپ مېڭىش ناھايىتى تەس. // شىغىرتما يول.

**شىفىر** ئى (ر<ئە) مەخپىي خەت-ئالاقىلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شەرتلىك بەلگىلەر، ھەرپلەر ياكى سان-رەقەملەر.

**شىق** تەق. چۆرۈك نەرسىلەرنىڭ سۇنۇشى، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا سوقۇلۇشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شىقىلداتماق** «شىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىقىلداشماق** «شىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىقىلداق** I ئى. سىلكىگەندە «شىق-شىق» ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل باللار ئويۇنچۇقى، شاقىلداق.

**شىقىلداق** II ئى <بوت> قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، تۆت تېلى ئايلانما ھالەتتە ئۆسىدۇ. گۈلى سۆسۈن، گۈل تاجى قوڭغۇراق شەكلىدە، گۈل كاسىسى تار ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ، يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بەلغەمنى بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**شىقىلدىماق** پ «شىق-شىق» ئاۋاز چىقارماق، «شىق-شىق» قىلماق.

**شىكار** ئى (پ) ئوۋ قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش ئىشى؛ ئوۋ: خوجىزادە شىكاردىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، مەلىكە گىلەم بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. * جىرالاردا ئات چاپتۇرۇپ، مەن شىكاردىن يانغىنىمدا، خۇش خۇي كۈلۈپ قىمىز سۇندۇڭ، ئۇسسۇغاندا، ھارغىنىمدا.

**شىكار قىلماق** ئوۋ قىلماق: ئۇ ئويۇن-كۈلكىنى ۋە شىكار قىلىشنى ناھايىتىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. * قىشلىقى ئاش-نان ئۈچۈن بايلارغا بولدۇم مەدىكار، گاھى ئىشسىز ئاچ قېلىپ، قۇشقاچىنىمۇ قىلدىم شىكار.

**شىكارگاھ** ئى (پ) شىكار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شىكار قىلىدىغان جاي: ئوۋ ئوۋلاش رۇخسەت قىلىنغان ئورۇن ياكى دائىرە: مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن يۈزگە يېقىن لەشكەرنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ شىكارگاھىنىڭ قارشىسىدىن چىقىپ كېلىپتۇ.

**شىكايەت** ئى (ئە) ① بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالنىڭ ئادىل بولمىغانلىقى ۋە ياكى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئېيتىلىدىغان نارازىلىق: — ھا... ھا... زەھەر-دە، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — خانقىزنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاۋېرىپ ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىپسىز-دە. * سۇناپتۇ كۆزۈڭدە مەغرۇر قاراشلار، بار قارا ئەسىرلەر شىكايىتى ھەم. ئۇيقۇسىز كېچە ۋە ھارغىن كۈندۈزلەر ئىزىدا بار غايە شىجائىتى ھەم. // ئۇ بۇ مەسىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىغىچە شىكايەت خەتلىرى يازغانىدى. ② شىكايەتنامە، ئەرز: تۇرسۇن شېجاڭ ئەزالار نامىدىن يېزىلغان بۇ شىكايەتنى ئوقۇپ كۈلۈمسىرىدى. * ئۇ ئادەتتىكى خەت بولماستىن، بەلكى ئاق كۆكۈل، ساددا بىر قىزنىڭ قان-ياشلىرى بىلەن يازغان شىكايىتى ئىدى.

**شكايەت ئەيلمەك** يېزـت ← **شكايەت قىلماق**: قارلىغاچ ئايىم بەگلەرنىڭ ئاتلىرىنى تونۇپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ چاچلىرىنى يۇلۇپ، پەلەكتىن شكايەت ئەيلەپ نالە-زار قىلىپتۇ. * ئەمدى مەن ئەيلەي شكايەت، ھەقنى سۆزلەش چېغى بۇ، يۈرىكىمنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلىغىن دوستۇ ياران.

**شكايەت قىلماق** بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالنىڭ ئادىل ياكى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بولمىغىنى ئۈچۈن شۇ ھەقتە نارازىلىق بىلدۈرمەك، ئەرز قىلماق: ئۇنىڭغا كىشىلەرـ نىڭ ھەممىسى داقا-دۇمباق چېلىپ ئۆز ئەتراپىغا يىغىلىۋاتقاندەك، قېرى-چۆرىلەر كۆز يېشى قىلىپ ئۆزى ئۈستىدە شكايەت قىلىۋاتقانـ دەك تۇيۇلدى. * – ئىپلاس، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن قانۇنغا شكايەت قىلىمەن! – دېدى گۈلجەملە ئالغا ئېتىلىپ.

**شكايەت يىغىنى** مەلۇم شەخس ياكى گۇرۇھنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ياكى خالايىق ئالدىدا ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ خاتالىقىنى تونۇتۇپ تۇۋا قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاممىۋى يىغىلىش، مەجلىس: شكايەت يىغىنى دەل ۋاقتىدا باشلاندى، يىغىنغا سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى ئابدۇللا روزىمۇ قاتناشتى.

**شكايەتچى** ئى. باشقىلار ئۈستىدىن شكايەت قىلىدىغان، دائىم دېگۈدەكلا باشقىلار ئۈستىدىن شكايەت قىلىپ قاقشاپ يۈرىدىغان كىشى: شكايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈن نېمىشقىدۇر، جىمجىت بولۇپ قېلىشقانىدى. // باسىت ئۇنىڭ بۆلۈمگە كىرگەندە، بارى جەينىكى بىلەن ئۈستەلگە تايىنىۋېلىپ، شكايەتچى ئايالغا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ ئولتۇراتتى.

**شكايەتلەنمەك** پ. شكايەت قىلماق، نارازىلىق بىلدۈرمەك، نارازى بولماق: – ئۇكام، چاقچىقىڭىزنى قويۇڭا، – دېدى ئۇ شكايەتلىنىپ. * ئۇ خورلۇق ئىچىدە چوڭ بولغان. شۇڭا تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن ھەرگىز شكايەتلىنىپ يۈرمەيتتى.

**شكايەتنامە** ئى (ئە+پ) بىرەر شەخس، گۇرۇھ، تەشكىلات ياكى شۇ قاتارلىقلارـ نىڭ ئادالەتسىز ئىش-ھەرىكەت، پائاـ لىيەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ يېزىلغان شكايەت خېتى، ئەرز: ئاڭلىسام، يېقىندا ئۇ بىرەيلەن توغرۇلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا بىر پارچە شكايەتنامە يېزىپ، ئۇلارنىڭ «يېغىر»ىنى «كولاپ»تۇ.

**شكەستە** (پ) ① سۈپ. جاراھەتلەنگەن، سۇنۇق، قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك؛ مەغلۇپ: بۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ شكەستە دىلى سەل ئارامغا چۈشكەندەك بولدى. * تاپقاندەك شكەشتە جىسمىغا مەلھەم، تىڭلايدۇ زوق بىلەن رەھبەر سۆزىنى. تەلپۈنەر ئۇنىڭغا سەبىي بوۋاقلار، كۆرگەندەك قەدىردان ئاتا يۈزىنى. ② ئى. جاراھەت؛ غەم-قايغۇ، دەرد-ھەسرەت، ئەلەم: نېمىشقا بۇ تىلىم بارمايدۇ گەپكە، ھەر قېتىم كۆرگەندە قالىمەن دەردتە. ئايرىلىپ كەتكەندە. يېنىڭدىن بىردەم، پىراقىڭ بۇ دىلنى قىلار شكەستە.

**شكەستە بولماق** جاراھەتلەنمەك، قايغۇلۇق، دەرد-ھەسرەتلىك ھالغا چۈشۈپ قالماق، ھەسرەتلەنمەك: ئۇن يىل شكەستە بولدى دىل، ئەمدىكى بۇ پۇرسەتـ نى بىل، پۇرسەتكە لايىق جۇرئىتى – جەۋلانغا قەلبىم ئىنتىزار. * مەن خۇددى گاس كىشىدەك، نالە ئۇلار ئىشىدەك، مەن مەغرۇر لاچىن كەبى، بولماس ئىدىم شكەستە.

**شكەستە يەتمەك** جاراھەتلەنمەك، خەۋپ يەتمەك، مەغلۇبىيەتكە يۈز

تۇتماق: سوڭ جياڭ گۇەن شىڭغا شكەستە يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، لەشكەرلەرنى قايتۇرۇش بۇيرۇقى بەردى.

**شكەستە يېمەك** زەخىملەنمەك؛ زىيانغا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماق: مىلادىيە 840-يىلى تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا ئۇلۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇش ئاقىۋىتىدە بۈيۈك ئۇيغۇر خانداىلىقىنىڭ بىرلىكى شكەستە يېدى. * ئۇزىماي تېرىقچان سۆز قاتتى يەرگە: «بۇرادەر بىر يېرىڭ يېدىمۇ شكەستە؟»

**شكەستىلەندۈرمەك** «شكەستىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىلەر ئۆزۈڭلەرگە شكەستە يەتكۈزگەن كىشىلەرنى قوبۇل قىلسىلەر، ھەتتا ئۇلاردىن قورقسىلەر، باشقىلارنى شكەستىلەندۈرگەن، ئەمما قانچىلىك دەرىجىدە شكەستىلەندۈرگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلارنى ئەخمەق دەيسىلەر، ئەگەر ئۇ راستىنلا ئەخمەق بولسا كىشىلەر ئۇنى كۆزگە ئىلمىغان بولاتتى.

**شكەستىلەنمەك** پ. مەجرۇھ بولماق، يارىلانماق، زەخىملەنمەك، جاراھەتلەنمەك: كىتاب، خىيال ۋە مۇزىكا شكەستىلەنگەن روھىمغا ئارام بېرىدۇ، مېنى ئۈمىدۋارلىققا، ھاياتنى سۆيۈشكە ئۈندەپ، يۈرىكىمدىكى يارىنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ. * ھەم زىلۋا، ھەم پۇتى شكەستىلەنگەن قىزنىڭ بىر يىگىت بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئۇتتۇۋالغىنى نەدە بار؟! زەيتۇنەم ئاجىز كەلدى.

**شگېللا** ئى (ئىنگ <لات) <تب> ← **شگېللا باكتېرىيىسى.**

**شگېللا باكتېرىيىسى** <تب> ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى ئائىلىسىدىكى بىر خىل باكتېرىيە، يەنى بىخ سپورىلىق تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى.

**شڭ** I ئى (خەن) ① ئاشلىقنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان، ئادەتتە بىر شڭ ئون ئوچۇمغا تەڭ بولىدۇ. ② ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ئاشلىق قاچىلىقلارنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بەش شڭ تېرىق. تۆت شڭ گۈرۈچ.

**شڭ** II تەق. سۈيۈقلۇقلار قىزىپ قايناشقا يېقىنلاشقاندا ياكى پەس قايناۋاتقاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شڭتايماق** (توغرىسى: شىنتايماق) ← **شىنتايماق.**

**شڭ-شڭ** «شڭ II» نىڭ تەكرارلىنىشى: قازاندىكى سۇنىڭ شڭ-شڭ قىلغىنى قايناشقا ئاز قالغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

**شڭغالتاق** ئى <ئانات> تىزنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئويمان، يەنى تىز ئېگىلگەندە ئۇنىڭ ئارقا قىسمىدا شەكىللىنىدىغان ئويمان.

**شڭگىل** ئى. بىر ساپ ئۈزۈمنىڭ كىچىك شاخچىلىرى، ئۈزۈم سېپىنىڭ كىچىك پارچىسى ياكى بۆلىكى: ئارسلان بىر شڭگىل مۇناقى ئۈزۈمنى ئايدىنغا سۇندى. * ئۇ يەنە بىر شڭگىل ئۈزۈمنى يېيىشكە باشلىدى.

**شڭلاتماق** «شڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىغا گۈرۈچنى شڭلىتىپ كۆرۈۋېدى، ئەسلىدىكى مۆلچەردىن ئون شڭدەك كەم چىقتى.

**شڭلاشماق** «شڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تەييار گۈرۈچنى تۆت تەرەپتىن شڭلىشىپ، بۆلۈشۈشكە باشلاپتۇ.

**شڭلانماق** «شڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — تېخى تۈنۈگۈنلا

شڭلنىپ تاغارغا ئېلىنغان تۇرسا، يەنە بۇگۈن
شڭلايمىز دېگىنىڭ نېمىسى؟! — دېدى ئۇ
غۇدۇراپ.

**شڭلى** ئى (خەن) سەپەرگە چىققاندا
يېتىپ-قوپۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالىد-
غان يوتقان-كۆرپە، يۇڭ-تاق: — شڭلنى
كۆتۈر! — دېدى ئۇ بوۋايغا ۋارقىراپ. *
شڭللىرىنىڭ ئارقىسغا ئورغاق ۋە پىيمىلارنى
قىستۇرۇۋالغان ياشلار توپ-توپ بولۇپ كەلمەكتە
ئىدى.

**شڭلماق** پ. شىڭ بىلەن ئۆلچىمەك: ئۇ
گۈرۈچنى شڭلاپ بولۇپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى
ئېتىشكە باشلىدى.

**شڭلدىماق** پ «شىڭ-شىڭ» قىلغان
ئاۋاز چىقارماق: — ھىم... ئانىسى. بول،
چېپىڭ نېمىشقا تېخىچىلا شڭلدىمايدۇ؟ خام
قايمىقىڭ يوقمىدى؟ بول، قاتلىماڭ بىلەن قايماقنى
ئېلىپ كەل، — دېدى بوۋاي ئالدىراپ.

**شىلامچى** (توغرىسى: شىيلامچى) ←
شىيلامچى.

**شلەپە** ئى (ر) چۆرىسى قاسقانلىق باش
كىيىمى، قالپاق: سوكنو شلەپە. شلەپە
كىيمەك. * مايلاشقان ئىش كىيىمى ئۇنىڭ
يوغان قامىتىگە ياراشقان، ساقىلى پاكىز
قىرىلغان، بۇرۇنقى يوغان قاسقانلىق شلەپىسى
ئورنىغا ھازىر چاققان شەپكە كىيگەنىدى. *
بىر كۈنى، دۇكانىغا بېشىغا شلەپە كىيىپ،
قولىغا ھاسا تاياق تۇتقان، قوينىدىكى يانچۇق
سائىتىنىڭ كۈمۈش زەنجىرى چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ
مەيدىسىدە ئېسىلىپ تۇرغان بىر ئاق ساقال
كىشى كىرىپ كەلدى.

**شلەپىلىك** سۈپ. شلەپىسى بار، شلەپە
كىيگەن: ئۇ شلەپىلىك، ئاق سېمىز، چىرايلىق
ئايالنىڭ قىياپىتىنى، چىرايلىق مېڭىشىنى، خۇش
ئاۋازىنى ئوبدانلا ئەسلىۋالدى. // ئاق
شلەپىلىك ئالدىمغا كەلدى-دە، مەنىستىمەسلىك
بىلەن قاراپ تۇردى.

**شلتىشماق** «شلتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى: بايا مەكتەپكە كېلىۋاتقان ۋاقتىمدا
بىرمۇنچە ئوقۇغۇچى ۋە لۈكچەكلەر يول بويى
كەينىمگە كىرىۋېلىپ قوللىرىنى شلتىشىپ
«كىچىك راھىبە» دەمدۇ، «ئۆردەك
قۇيرۇقى» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىنى
دېيىشىپ مېنى تىللاشتى.

**شلتىڭ** ئى. ئات-ئۇلاغلارنىڭ پۇتىنى
قالايمىقان سىلكىپ، يۇقىرى-تۆۋەن ھەرى-
كەتلەندۈرۈشى.

**شلتىڭ ئاتماق** ① پۇتىنى قالايمىقان،
يۇقىرى-تۆۋەن سىلكىمەك؛ چىچاڭلىماق (ئات-ئۇلاغ-
قا ئوخشاش ھايۋانلار ھەققىدە): سەمرى-
گەن ئېشەك شلتىڭ ئېتىپ ئۇنى ھېچ مىندۈر-
مىدى. ② كۆچمە. چوڭچىلىق قىلماق،
پوچىلىق قىلماق، ھالىغا باقماي تاراقلىماق:
ئۆزۈمنى چاغلىماي شلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا
يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن (ماقال).

**شلتىماق** پ. قول ۋە قولغا ئوخشاش
نەرسىلەرنى كۈچ بىلەن سىلكىمەك،
زەرب بىلەن پۇلاڭلىتىپ ئالدىغا سوزماق:
ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شلتىما (ماقال).
* — سىزنىڭچە ھاكىم جاۋابكار ئەمەسمۇ؟
— مەن قولۇمنى شلتىپ زەردە بىلەن سورى-
دىم. * ئۇ ئەنگۈشتەرنى بىر شلتىغانىكەن،
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك
سۈيى بار بىر كۆل پەيدا بولۇپتۇ.

**شلدۇرماق** «شلىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شلدىر** تەق. ئېرىقلاردىكى سۇنىڭ ئېقىشى،
يوپۇرماق ۋە قەغەز قاتارلىقلارنىڭ
بەكرەك تەۋرىنىشى ياكى ئۆزئارا ئۇرۇ-
لۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ لەيلىنىڭ

چاپىنىنى يەردىن سىلكىپ ئېلىۋىدى، چاپاننىڭ يانچۇقىدىن يېنىپ قالغان بىر پارچە خەت شىلدىر قىلىپ يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى.

**شىلدىرشاپ** ئى → **شالدىرشاپ**.

**شىلدىر-شىلدىر** «شىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سىمابتەك سۈزۈك تاغ سۈيى تاڭ توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرىغا جور بولۇپ شىلدىر-شىلدىر قىلىپ ئېقىۋاتاتتى. * شىلدىر-شىلدىر قومۇشقا، شەبنەم چۈشتى نېمىشقا. قەدىر بىلمەس نادانغا، كۆڭلۈم چۈشتى نېمىشقا.

**شىلدىرلاتماق** «شىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچ كۈزنىڭ سوغ شامىلى گىلاس ۋە ئالما يوپۇرماقلىرىنى شاخلار-دىن ئۈزۈپ شىلدىرلىتىپ ئۇچۇرتماقتا ئىدى.

**شىلدىرلاشماق** «شىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىلدىرلىماق** پ «شىلدىر-شىلدىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىلدىر-شىل-دىر» قىلماق: ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئاتنى ۋە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆردى. * قارا كېچە، قارىياغاچ مېنىڭ يولدىشىم. يوپۇرمىقى شىلدىرلايدۇ، تۆكۈلدى يېشىم.

**شىلدىرما** سۈپ «شىلدىر-شىلدىر» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان، شىلدىرلايدىغان: شىلدىرما داپ.

**شىلدىرما داپ** <مۇز> مۇقىم ئاۋاز ئېگىزلىكى بولمىغان بىر خىل ئۇرغۇلۇق داپ. گەردىشى ياغاچتىن ياسىلىپ، بىر تەرىپىگە قوي تېرىسى كىيدۈرۈلىدۇ، گەردىش سىرتىغا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق قوڭغۇراق ياكى تۆمۈر ھالقىلار ئورنىتىلىپ، چالغاندا شىلدىرلىغان قوشۇمچە ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئادەتتە ئوڭ قولنىڭ بارمىقى ياكى ئالقىنى بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. سول قول داپنى كۆتۈرۈپ، چايقاپ بېرىدۇ.

**شىلغاق** سۈپ. شىلىدىغان، شىلىپ ئېلىشقا ئۇستا؛ شىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان: — ئەمدى سېنى، — دېدى ئۇ ماڭا قولىنى شىلتىپ، — يۈزىدە قېنى بار، يېگەن-ئىچكەن-دەك دەپ بوغالتېرلىققا بېكىتىپ قويسا، ھۆججەت يىرتىپ باشقىلارنى شىلغاق چىقتىڭ... ھېلىمۇ ئالتە-يەتتە ئايدىن بېرى بۇ مەكتەپ ئۆرە تۇرىۋاتىدۇ.

**شىللاق** سۈپ → **شىللاق قۇرت**.

**شىللاق قۇرت** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. سۇبتروپىك بەلباغدا ئۆسىدى-غان بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا پارازىت ياشايدۇ. چىشىسى رەڭسىز بىسلىندىر شەكلىدە، ئەركىكى موكا شەكلىدە بولىدۇ. لېچىنكىسى دەرەخ شاخلىرى تەركىبىدىكى شىرنىلەرنى سۈمۈرۈپ، قىزغۇچ بىنەپشە رەڭدىكى بىر خىل يېلىمنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**شىللە** ئى. جانلىقلار تېنىنىڭ باش بىلەن ئومۇرتقا سۆڭىكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئورنى، بويۇن، گەدەن: بىردىنلا بىلگە تېكىن بىلەن ئىلك ھاجىپنىڭ «بۇ مەرەزلەر-نى كىشلەرنىڭ شىللىسىدىن ئېلىپ تاشلىمىغۇچە، ئامرات بودۇن ئەركىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرى يادىغا چۈشتى.

**شىللىسغا ئارتماق** ئۈستىگە يۈكلىمەك: — ساڭا زەربە يولداش سەلەي، — دېدى پەرىزات چۈشەندۈرۈشكە ئالدىراپ، — ئامباردىن تالونسىز ماتېرىيال بەرگەن قىلىپ، يۈتكەن-قاچقاننى سېنىڭ شىللەڭگە ئارتىدۇ، ئادىل قۇتۇلىدۇ.

**شىللىسغا چىقىۋالماق** → **شىللىسغا مىنمەك**: مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ مۇشۇنداق كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يالغان سۆزلەپ، ھمايىگە

ئېتىبارىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، بىزدەكلەرنىڭ شىللىسىغا چىقىۋالامدۇ تېخى...

**شىللىسىغا مىنمەك** بوزەك قىلماق، زۇلۇم سالماق، قىيىنماق، دەرد-ئەلەم، كۈلپەتكە دۇچار قىلماق: باسىت مۇدىر، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ بىزنى ھوقۇقدار قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۆز شىللىسىگە مىنگۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس! * ئۆزلە نىمىگە ئۇنداق قىلىلا، تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ دەپ، بۇ تۇڭگانىنىڭ ھېلىتىنلا شىللىمىزغا مىنمەكچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرمەيۋاتامدىلا؟!

**شىللىباغ** ئى (شىللە+باغ) جاۋەننىڭ ياغاچلىرىنىڭ ئۈستىنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان تانا، يىپ، باغ.

**شىللىق** سۈپ. يېپىشقاق، سۈيۈق يېلىمسىمان: شىللىق پەردە.

**شىللىق پەردە** <ئانات> ئېغىز بوشلۇقى، كاناي، ئاشقازان، ئۈچەي، سۈيدۈك يولى قاتارلىق ئەزالار ئىچىدە بولىدىغان بىر قەۋەت نېپىز پەردە. ئىچىدە قان تومۇر ۋە نېرۋىلار بولۇپ شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**شىللىڭ** ئى (ر<نېم) ① ئاۋىستىرىيىنىڭ ۋە بەزى ئافرىقا مەملىكەتلىرىنىڭ پۇل بىرلىكى. ② ئەنگلىيىدە بىر فۇند-ستېرلىڭنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان تەڭگە پۇل.

**شىلماق** پ ① نەرسىلەرنىڭ سىرتى ياكى تېنىنى ئوراپ تۇرغان تېرە، پوست قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتىپ سويۇپ ئالماق: ئۇ جادۇگەرنىڭ بىر قارا تۇلپار ئېتى بار، شۇنى ئېلىپ كەلسەڭ قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، بولمىسا تېرەڭنى شىلىمەن. * يالغانمىدى بەگلەرنىڭ مېنى شوراپ يېگىنى؟ يالغانمىدى تېرەمنى شىلىپ كىيىم كىيگىنى؟...

② كۆچمە. ئالدامچىلىق ياكى زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋالماق، ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، قان-تەرىنى شورىماق: شىلغانىدى بىر چاغ گومىنداڭ، ئەلنى شۇنداق سېلىقلار سېلىپ. تىرىلدى شۇ سېلىقلار يەنە، كەلدىمۇ يا گومىنداڭ يېنىپ؟

**شىلۋى** ئى. تال-تال ئۆسىدىغان، قوۋزىقى ئاق، ئىچى سېرىق، ئۇچى چۇۋۇلغان چاچتەك پاخپىيىپ تۇرىدىغان، ياغىچى ئەڭ قاتتىق ھەم مۇستەھكەم بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى: – تاغقا بارمايمىز، شىلۋى ياغىچى ئالمايمىز، چوكا ياسىمايمىز، – دەپتۇ شىتىلە.

**شىلىپ** تەق. ئىت، مۈشۈك قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە سۇ مىقدارى بىرئاز كۆپ بولغان نەرسىلەرنى يەپ-ئىچىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شىلىپ قىلماق** «شىلىپ-شىلىپ» ئاۋاز چىقارماق، شىلىپلىماق.

**شىلىپپىدە** رەۋ «شىلىپ» قىلىپ، «شىلىپ» - قىلغان ھالدا، «شىلىپ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ.

**شىلىپ-شىلىپ** «شىلىپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىلىپلاتماق** «شىلىپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىلىپلىماق** پ «شىلىپ-شىلىپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىلىپ-شىلىپ» قىلماق.

**شىلىش** «شىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: شىلىش ستانوكى.

**شىلىش ستانوكى** مېتاللارنى شىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ستانوك. بۇنىڭدا تاياق ياكى تەخسە شەكلىدىكى كۆپ بىسلىق تىغلار ئورنىتىلىپ تەكشى

يۈز ، ئەگمە يۈز ۋە ھەر خىل ئوقۇر شەكىلدىكى يۈزلەرنى يونۇش مەشغۇلاتى-نى بېجىرىدۇ. ئىشلىگەندە تىغ ئايلىنىدۇ، دېتال قوزغىلىپ تىغقا يېقىنلىشىدۇ. بۇ خىل ستانوكنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ.

**شلىش ئىشچىسى** شلىش ستانوكىدا مېتاللارنى شلىش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىشچى.

**شلىشماق** « شلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شلىق** تەق. سۈيۇقلۇقلارنىڭ يېنىك چايقىلىشى ياكى قاشقا ئۇرۇلۇپ قايتىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شلىق-شلىق** « شلىق » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شلىققىدە** رەۋ. « شلىق » قىلغان ھالدا، « شلىق » قىلىپ.

**شلىققلاتماق** « شلىققلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شلىققلىماق** پ. « شلىق-شلىق » ئاۋاز چىقارماق، « شلىق-شلىق » قىلماق.

**شلىم** ئى. قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە چاپلاش، يەلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېلىمسىمان سۈيۇقلۇق: ئىگىلەپتىمەن بەش يىل ئىچىدە، بىلىم ئورنىغا باشقىچە ھۈنەر. شلىم قايىنتىپ دازىباۋ يېزىش — بىلەنلا ئۆتتى كۈنلەر ۋە تۈنلەر.

**شلىمشىق** سۈپ. شلىمغا ئوخشاش، قويۇق ھەم يېپىشقاق، چاپلىشاڭغۇ (سۇيۇق نەرسىلەر ھەققىدە): ئانا توختىتاخۇننىڭ چىرايىغا، شلىمشىق قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ساقال-بۇرۇتلىرىغا قاراپ ھاڭۇېقىپ تۇرۇپ قالدى. * يۇتەل كۆچەيگەندە كىسەل بالا شلىمشىق سۈيۇقلۇق تۈكۈرىدۇ، ھەتتا ياندۇرىدۇ.

**شلىملاتماق** « شلىملىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شلىملاشتۇرماق** « شلىملاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شلىملاشتۇرۇلماق** « شلىملاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شلىملاشماق** ① « شلىملىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② شلىم ھالىتىگە كەلمەك، شلىمدەك بىرنەرسە پەيدا بولماق: ئاغزىم شلىملىشىپ، ئىشتىھايىم بوغۇلۇپ بىرقىسملا بولۇپ قالدىم.

**شلىملانماق** « شلىملىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شلىملىماق** پ. شلىم سۈركىمەك. شلىم چاپلىماق.

**شلىنماق** « شلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارىسام ھېلقى تاي يولىنىڭ سول تەرىپىدە توختاپ قېلىپتۇ، ئارقا سول پۇتىنىڭ تېرىسى شلىنىپ، قېقىزىل قان ئېقىۋېتىپتۇ. * يۈزۈم تاشقا سۈركىلىپ شلىنىپ كەتتى.

**شلىيۇز** ئى (د<نېم) <قاتىن> ← **كېمە ئۆتكىلى**.

**شم** ئى ← **ئىشتان**: گەلەپى شم. ئۇزۇن شم. * ئۇ كىچىك كۆزلىرىنى قىسىپ گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويىدى-دە، تاراقشىپ تۇرغان پۇلنى چىرايلىق قاتلاپ، شمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. * كۆل رەڭ سارجىدىن شم، چاقماق يوللۇق قىسقا يەڭ كۆڭلەك كىيگەن، زىلۋا بويلۇق، كېلىشكەن يىگىت شەۋكەت ئىشتىن چۈشۈپ كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئىلدام كېلىۋاتاتتى.

**شمال (شمالى)** ئى (ئە) دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى، جەنۇبنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپ: شمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى.

**شمال شامىلى** <مېتېئور> شمال

تەرەپتىن چىققان شامال.

**شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى** <تارىخ> بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش.

**شىمالىي** سۈپ (ئە) شىمال تەرەپتىكى، شىمال تەرەپكە جايلاشقان: شىمالىي قۇتۇپ. شىمالىي ئافرىقا. شىمالىي ئامېرىكا.

**شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرى** <ئاسترونومىيە> ئاسمان شارىنىڭ شىمالىي قىسمى ( 40° — 90° كەڭلىك دائىرىسى ئىچىدىكى رايون )غا ئورۇنلاشقان يۇلتۇز تۈركۈملىرى.

**شىمالىي ئافرىقا** <جۇغ> ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلار. ئادەتتە مىسىر، سۇدان، لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش، غەربىي سەھرايىكەبىر ۋە كانارى تاقىم ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شىمالىي ئامېرىكا** <جۇغ> ① شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى. ② ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ شىمالىي قىسمى.

**شىمالىي ئامېرىكا ئادەمگىياھى** <بوت> تىكەنلىك شەيتان دەرىخى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەمگىياھ بىلەن بىر ئۇرۇقداش ھېسابلىنىدۇ. يىلتىزى يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكلىدە بولۇپ، دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ. شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدىغان بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى** <جۇغ> ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىي يېرىم قىسمى. شەرقتە ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن، غەربتە تىنچ ئوكيان بىلەن، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن، جەنۇبتا مېكسىكا قولتۇقى ۋە كارىب دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدۇ. پاناما قانىلى ئۇنى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. يەر كۆلىمى 24 مىليون 350 مىڭ كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەردە ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى، نېگىرلار ۋە يەرلىك ئىندىئانلار ياشايدۇ.

**شىمالىي تاج يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاسترونومىيە> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 15 سائەت 50 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 33°، يەنى پادىچى يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن گېركۇلېس يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**شىمالىي تروپىك سىزىقى** <جۇغ> يەر خەرىتىسىدىكى شىمالىي كەڭلىك 23°27′ نى ئىپادىلەيدىغان سىزىق.

**شىمالىي جۇڭگو** <جۇغ> جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى خېبېي، شەنشى ئۆلكىلىرى ۋە بېيجىڭ، تيەنجىن شەھەرلىرى جايلاشقان رايونلار شۇنىڭدەك خۇاڭخې دەريا ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**شىمالىي چوڭ قۇرۇقلۇق** <كېنول> دائىرىسى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى (غەربىي قىسمىدىن باشقا)، ياۋروپا قىتئەسى (ئىتالىيە قاتارلىقلاردىن باشقا) ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كۆپ قىسمىنى (ھىندىستان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلاردىن باشقا) ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ قۇرۇقلۇق. بەزى كىشىلەر ئۇنى ئەسلىدە بىر پۈتۈن قۇرۇقلۇق بولۇپ، ئوتتۇرا ھايات ئېراسى ۋە يېڭى ھايات

ئېراسى دەۋرلىرىدە تەدرىجىي پارچىلىنىپ، ھازىرقى شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاسىيا قاتارلىق قىتئەلەر ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيانىغا بۆلۈنگەن دەپ پەرەز قىلىندۇ.

**شىمالىي سۇغوق بەلباغ** <جۇغ> شىمالىي يېرىم شاردىكى سوغۇق بەلباغ. ئورنى شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى بىلەن شىمالىي قۇتۇپ ئارىسىدا بولىدۇ.

**شىمالىي سۇڭ** <تارىخ> ← **شىمالىي سۇڭ خانلىقى.**

**شىمالىي سۇڭ خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيە 960 — 1127-يىللىرى مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن خانلىق. تەي زۇ (جاۋكۇاڭيىن) نىڭ جيەنلۇڭ يىلنامىسىنىڭ 1-يىلىدىن تارتىپ، چىن زۇڭ (جاۋخۇەن)-نىڭ چىڭ كاڭ يىلنامىسىنىڭ 2-يىلىغىچە داۋام قىلغان. پايتەختى بىيەنجىڭ (ھازىرقى خېنەندىكى كەيفېڭ) بولغان.

**شىمالىي قۇتۇپ** ① <جۇغ> يەر ئوقىنىڭ شىمالىي ئۇچى، يەنى شىمالىي يېرىم شارنىڭ چوققا قىسمى. ② <فىز> شىمالىي ماگنىت قۇتۇپى. ئۇ N بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**شىمالىي قۇتۇپ تۈلكىسى** <زوئول> ← **ئاق تۈلكە.**

**شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى** <جۇغ> شىمالىي يېرىم شاردىكى قۇتۇپ چەمبىرىكى. ئادەتتە ئۇ شىمالىي سوغۇق بەلباغ بىلەن شىمالىي مۆتىدىل بەلباغنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا ھېسابلىنىدۇ.

**شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى** <زوئول> ئاق ئېيىق.

**شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى** <ئاستر> ئاسمان بوشلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كۆرۈنىدىغان بىر دانە يورۇق يۇلتۇز. ئاسمان شارىنىڭ شىمالىي قۇتۇپىغىچە بولغان ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن، يەر ئوقىغا ئۇدۇل دېگۈدەك كېلىدۇ. يەر شارىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئورنى ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا دېڭىز قاتنىشى ۋە ساياھەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئاساسەن يۆنىلىش بەلگىلىنىدۇ. لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ھازىرقى كىچىك ئېيىق يۇلتۇزى تۈركۈمىدىكى يۇلتۇزى مىلادىيە 14000-يىلىغا بارغاندا توققۇزىنچى قىز يۇلتۇزى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**شىمالىي قۇرۇقلۇق** <گېئول> ← **شىمالىي چوڭ قۇرۇقلۇق.**

**شىمالىي كەڭلىك** <جۇغ> ئېكۋاتورنىڭ شىمالىدىكى كەڭلىك گرادۇسى ياكى كەڭلىك سىزىقى.

**شىمالىي مۇز ئوكيان** <جۇغ> تۆت چوڭ ئوكياننىڭ ئەڭ كىچىكى، شۇنىڭدەك شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىگە جايلاشقان ھەمدە ئاسىيا، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئە ئارقىلىق قورشىلىپ تۇرىدىغان ئوكيان. كۆلىمى 13 مىليون 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كۆپ قىسمىنىڭ ئۈستىنى يىل بويى مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ.

**شىمالىي مىللىتارىستلار** <تارىخ> مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى (1912–1927يىللار) - شىمالدىكى فېئودال كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى مىللىتارىستلار گۇرۇھى. دەسلەپكى رەھبىرى يۈەن شىكەي بولۇپ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بىرقانچە مەزھەپلەرگە

بۆلۈنگەن بولسىمۇ جاھانگىرلارنىڭ قولىشى ئاستىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى كونترول قىلىۋېلىپ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى باستۇرغان، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساتقان ۋە ئۇدا بىرنەچچە يىل ئىچكى ئۇرۇش قىلغان.

**شىمالىي ۋېي** <تارىخ> ← **شىمالىي ۋېي خانلىقى.**

**شىمالىي ۋېي خانلىقى** <تارىخ> شىمالىي سۇلالىلەردىن بىرى. سىيانپېيلار-دىن توباگۇي دېگەن كىشى قۇرغان بولۇپ، مىلادىيە 386-يىلدىن مىلادىيە 534-يىلغىچە داۋام قىلغان، كېيىن شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېيگە پارچە-لانغان.

**شىمالىي يېرىم شار** <جۇغ> يەر شارىنىڭ ئېكۋاتورنىڭ شىمالىدىكى قىسمى.

**شىمايلاتماق** «شىمايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىمايلاشماق** «شىمايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىمايلانماق** «شىمايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەڭلىرى شىمايلانغان يىگىتلەرنىڭ قوللىرىدىكى كەتمەنلەر يىراقتىنلا پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

**شىمايلىماق** پ. ئارقىسىغا قايرىپ تۇرۇپ يۇقىرى تەرەپكە سىۇرمەك، تۇرمەك (يەڭ ھەققىدە): موزدۇزخانىغا ئورۇنلاشقان كونا چاپانلىق ئىككى نەپەر جەڭچى يەڭلىرىنى شىمايلاپ، جىددىي ئەھۋالغا قارىتا تەق بولۇپ تۇراتتى. * ئانا سابىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى-دە، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، يوغان داستىكى كىرنى مىجىقلاپ يۇيۇشقا باشلىدى.

**شىمپەنزە** ئى (ر<فران) <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۆرە تۇرغاندا ئېگىزلى-كى بىر يېرىم مېترغا يېتىدۇ، تۈكلىرى قارا، يۈزى قوڭۇر كۈل رەڭ، ئەمما تۈكسىز، قاش سۆڭىكى ئېگىز كېلىدۇ. ئافرىقا ئورمانلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ، ياۋا مېۋە، كىچىك قۇش ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە ناھايىتى ئوخشايدىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان بولۇپ، كۆپىنچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق تەجرىبىلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**شىم-تۇجۇركا** شىم ۋە تۇجۇركا.

**شىملىق** سۈپ ① شىمى بار، شىم كىيىۋال-غان: قارا شىملىق ھېلىقى يىگىت ئۇدۇل ئايتۇرانىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ھىجىيىپ ئايتۇرانىغا تىكىلدى. ② شىم تىككىشكە بولىدىغان، شىم تىكسە يېتىدىغان: بىر شىملىق رەخت. // — يەنە بۇنى ماڭا ئالغۇچە ئۆزىڭىزگە شىملىق ئالسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى ئۇ ئېرىگە.

**شىمرمەك** پ. دىئال. شىمايلىماق، تۇرمەك.

**شىنا** ئى (ر<نېم) ياغاچ جابدۇق ياكى ھەر خىل ساپلىق ئەسۋابلارنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاراچلىرىغا قىستۇرۇلىدى-غان ئۇچ بۇلۇڭ ياكى ياپىلاق شەكىللىك ياغاچ، شۇ خىلدىكى نەرسە، پانا: كەكىنىڭ شىنىسى. بولقىنىڭ شىنىسى.

**شىنا يوپۇرماقلىق شەمشاد** <بوت> شىنا يوپۇرماقلىق شەمشاد ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. باراقسېنى مۇنارغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە تۆمۈنە شەكىلدە، گۈلى تاق جىنسلىق، مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ. ياغىچى ئاق ۋە يېنىك بولۇپ، خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە ھەر خىل سايمانلارنى ياسىغىلىمۇ بولىدۇ.

**شىنتايتماق** «شىنتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماشىنىنىڭ قاتتىق سىگنالىدىن چۆچۈگەن بوز يورغا قۇلاقلىرىنى شىنتايتىپ ئۈركۈپ قاچقىلى تاس قالدى. * تۆگىلەر بويۇنلىرىنى شىنتايتىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئوپۇر-توپۇر بولۇشتى.

**شىنتايتىشماق** «شىنتايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سازدا ئوتلاۋاتقان ماللار بۇ قىزىل جانىۋاردىن ئۈركۈشۈپ، يىراقلارغا بېرىۋېلىپ قۇلاقلىرىنى شىنتايتىشىپ قارىشاتتى.

**شىنتايماق** پ. دىڭگايماق، تىك ھالەتكە كەلمەك، تىكلەنمەك: بوز ئات ياڭاقلىق يېزىسىنى يىراقتىن كۆرۈپ، تۇياقلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى شىنتايتىپ كىشنەپ قويدى.

**شىنجاڭ** ئى (خەن) <جۇغ> مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان مىللىي ئاپتونوم رايون. تولۇق نامى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى». شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەي بىلەن؛ جەنۇبتا شىزاڭ بىلەن، غەربتە قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستانلار بىلەن؛ غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن؛ غەربىي شىمالدا قازاقىستان بىلەن، شەرقىي شىمالدا تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئاھالىسى 14 مىليون 467 مىڭ نەپەر (1991-يىللىق ستاتىستىكا بويىچە). مەركىزى ئۈرۈمچى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىگە جايلاشقان. مۇھىم شەھەرلىرىدىن يەنە غۇلجا، قەشقەر، تۇرپان، قۇمۇل، قاراماي، ئاقسۇ، شىخەنزە، خوتەن قاتارلىقلارمۇ بار.

**شىنجاڭ ئارال پاختىسى** نەملىكنى كۆپرەك تەلەپ قىلىدىغان، بېزى ئۇزۇنراق بولىدىغان يەرلەرگە ماس كېلىدىغان بىر خىل پاختا سورتى.

**شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى** <زوئول> ئېلىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ بىرىنچى نەسلى. يېشى چوڭراق قوچقارلىرىنىڭ تىرىلاي ئېغىرلىقى 92.35 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، 13.22 كىلوگرام يۇڭ بېرىدۇ؛ ساغلىقلىرىنىڭ تىرىلاي ئېغىرلىقى 51.11 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ 5.37 كىلوگرام يۇڭ بېرىدۇ.

**شىنچۇ** ئى (خەن) <ئاسترو> دېھقانلارنىڭ 60 يىللىق دەۋرىي مۇچەلىدىكى 38-يىلنىڭ نامى.

**شىنچۇ شەرتنامىسى** <تارىخ> 1901-يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 27-يىلى، شىنچۇ يىلى) 9-ئاينىڭ 7-كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى يى كۇاڭ ۋە لى خۇڭجاڭلار ئەنگلىيە، ئامېرىكا، روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق 11 دۆلەت ۋەكىللىرى بىلەن بېيجىڭدا ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە: جەمئىي 12 ماددا بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى: چىڭ ھۆكۈمىتى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي چىقىمى ئۈچۈن ئۆسۈمى بىلەن جەمئىي 982 مىليون سەر كۈمۈش «تۆلەم» بېرىش، بۇنى 39 يىلغا بۆلۈپ تۆگىتىش؛ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بېيجىڭ ۋە بېيجىڭدىن تيەنجىن، شەنخەيگۇەنگىچە بولغان يول ياقىلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئىمتىيازى بولۇش؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەتلىرىنى

مەڭگۈ مەنئى قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**شىنخەي** ئى (خەن) <ئاستر> دېھقانلارنىڭ 60 يىللىق دەۋرىي مۇچەلىدىكى 48-يىلىنىڭ نامى.

**شىنخەي ئىنقىلابى** <تارىخ> سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب. 1911-يىلى (دېھقانلار كالېندارى بويىچە شىنخەي يىلى) 10-ئاينىڭ 10-كۈنى خۇبېيدا ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئارقا-ئارقىدىن ماسلىشىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت شەكىللەندۈردى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، بۇ ئارقىلىق جۇڭگودا 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلدى. 1912-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى نەنجىڭدا جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. كېيىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇرەسسە قىلىپ يول قويۇشى بىلەن ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى شىمالىي مىلىتارىست يۈەن شىكەينىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

**شىنخۇا** ئى (خەن) يېڭى جۇڭخۇا: شىنخۇا ئاگېنتلىقى. شىنخۇا كىتابخانىسى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەشۋىق ئاخبارات ئورگىنى. 1937-يىلى 4-ئايدا يەنئەندە قۇرۇلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باش ئورگىنى بېيجىڭ شەھىرىگە يۆتكەلگەن.

دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ھەم دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۇنىڭ شۆبە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان.

**شىنخۇا كىتابخانىسى** مەملىكىتىمىزدىكى كىتاب-ژۇرناللارنى تارقىتىش ئورگىنى. مەخسۇس كىتاب-ژۇرناللارنى تارقىتىپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارماق ئورگانلىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ كىتاب-ژۇرنال تارقىتىش تورىنى ھاسىل قىلغان.

**شىۋاق** ئى <بوت> كۆپىنچە شورلۇق يەرلەردە پاكار ئۆسىدىغان، ئەتيازدا بالدۇر چىقىدىغان، بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**شىۋاقلىق** ئى. شىۋاق كۆپ ئۆسكەن، شىۋاق بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇلار شىۋاقلىقتا مۆكۈ-مۆكۈلەك ئويناۋاتاتتى. // پەرھات شىۋاقلىق سايىنىڭ ئۈستىدە دۈرنەمنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدى.

**شىۋەك** ئى. ئۈستىگە ئىككى قولدەك تاسما تىكىلگەن بىر خىل يازلىق كەش: ئۈستەل يېنىدا سوگى يانجىلىپ كەتكەن ئەسكى شىۋەكتىن باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەللىمنىڭ ياستۇقى ئاستىغا تىقىۋېتىلگەنىدى. * مارىيە ئاق شىۋەك كىيگەن ئايىغىنى قىمىرلىتىپ، يىگىتنىڭ تېپىشقا يېتەلمايۋاتقان ئىچ سىرىنى سېزىۋاتقاندەك مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى.

**شىۋەكلىك** سۈپ ① پۇتىدا شىۋەك بار، شىۋەك كىيگەن. ② شىۋەك تىكىشكە لايىق، شىۋەككە يېتىدىغان: شىۋەكلىك رەخت.

**شىۋىر** تەق. پەقەت سۆزلىگۈچى بىلەن

ئاڭلىغۇچىلا ئاڭلىيالايدىغان دەرىجىدە پەس ھەم زەئىپ ياكى كۈچسىز چىققان ئاۋاز.

**شۇىر-شۇىر** «شۇىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شۇىرغان** ئى <مېتېئور> قىش كۈنلىرى چىققان كۈچلۈك شامالنىڭ زور مىقداردا يىغىلىپ قالغان ياكى چۈشۈۋاتقان قارلارنى ئۇچۇرۇش ھادىسىسى: غالىب تاشيولدىن ئەگىپ هارۋا يولىغا چىققاندا قار توختاپ، بىردىنلا قاتتىق شۇىرغان باشلاندى. * ئاتلار تاراسلاپ ئۇچماقتا. قار ئارىلاش شۇىرغان جان-جەھلى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئۇرۇنماقتا.

**شۇىرغانلىق** سۈپ. شۇىرغان بار، شۇىرغان چىقىپ تۇرغان: ئۇ قىشنىڭ شۇىرغانلىق ئۇزۇن كېچىلىرىنى ئاپتوموبىللار يېنىدا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزەتتى. * ئاھ، ھېلىقى ئايدىڭ كېچە، شۇىرغانلىق قارلىق كېچە!... بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز نېمىدېگەن ياخشى، لېكىن نېمىدېگەن باللارچە-ھە؟

**شۇىرلاشماق** «شۇىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇتتەك ئايدىڭ ئاخشىمى كۆز پەسلىدە، شۇىرلاشقان ئىككى باش كىم ئەسلىدە.

**شۇىرلىماق** پ. پەس ئاۋازدا سۆزلىمەك، پىچىرلىماق: تاشۋاينىڭ ئالدىدا قولتۇقىغا يوغان بوغچا قىستۇرغان گۈلچەمەن پەيدا بولدى ۋە تاشۋايغا شۇىرلىدى: — بۇنى ئېلىڭ، تېز بولايلى... * — قىزىق، كىم ئىكېنا بۇ؟ — بوۋاي بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىپ ئۆز-ئۆزىگە شۇىرلىدى.

**شۇىق** (توغرىسى: چۇىق) → **چۇىق**.

**شىي** ئى (خەن) ئارىلاشتۇرۇش.

**شىياشى** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى جۇنشىلار ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە.

**شىياگشىك** ئى (خەن) <تىيا> ئەلنەغمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا كۈلكىلىك گەپ-سۆزلەر، قىزىقارلىق سوئال-جاۋابلار، ناخشا ۋە تۈرلۈك قىزىقچىلىقلار ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. كۆپىنچە مەسخىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ھازىر يېڭى كىشى، يېڭى ئىشلارمۇ بۇ ئارقىلىق مەدھىيىلىنىدىغان بولدى. ئادەتتە ئۇ قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانىغا قاراپ قوش كىشىلىك شىياگشىك، كۆپ كىشىلىك شىياگشىك ۋە تاق كىشىلىك شىياگشىك دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**شىياۋدۈي** ئى (خەن) ① <ھەرب> قوشۇن تۈزۈلمىسىدىكى ئاساسىي شتات بىرلىكى، جۇڭدۈي قارمىقىدا بولىدۇ. ② ئىشلەپچىقىرىش دۈيى.

**شىيلاتماق** «شىيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىيلاشماق** «شىيلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىيلامچى** ئى. باشقىلارنى شىيلاپ، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇش ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان كىشى؛ ئالدامچى: پاسار دېگەن تازا شىيلامچى بولۇپتۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھوشيار بولغىنىڭ ياخشى.

**شىيلامچىلىق** ئى. باشقىلارنى شىيلاپ، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇش ئىشى، ھەرىكىتى ۋە قىلىقى؛ ئالدامچىلىق: — يەنە بىر شىيلامچىلىق قىلاي دەپتىكەنسەن-دە، — دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ.

**شىيلامچىلىق قىلماق** شىيلاپ، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرماق؛ خۇشامەت، قۇۋلۇق-شۇملۇق قىلىپ ئالدىماق: ئۇ شىيلامچىلىق قىلىپ

يۇرۇپ، خېلى چوڭ مەنسەپكە چىقىۋالدى.

**شىلانماق** «شىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**شىلىماق** پ. ① قارتىنى تارىلاشتۇرۇپ، ئويۇنچىلارغا بۆلۈپ بەرمەك: — سەن شىلاپ تۇيۇپ تۇر، مەن هازىرلا كېلىمەن، — دېدى ئۇ شارتلا ئورنىدىن تۇرۇپ. ② كۆچمە. ياخشى گەپلەر بىلەن ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ئالدىماق، كۆككە كۆتۈرۈپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماق: لى كېجاڭ ئەھۋال تەپسىلاتىنى تولۇق يېزىۋالغاندىن كېيىن روزى باقى بەنە بىر قۇر ئوبدان شىلاپ، ئۇنىڭغا چىقىش ئىجازىتى بەردى. * ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە ئارتۇق ئاختىنى گەپ بىلەن شىلاپ، قالغىنىغا ئازغىنە ئاق تەڭگە تاشلاپ بېرەتتى.

**شيۇجېڭجۇيى** ئى [خەن] <پەلس> خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى بىر خىل بۇرژۇئا پىكىر ئېقىمى. 19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى مەيدانغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ئۆزىنى ماركسنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ ئاتىۋالغان بېرنىشتېين ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماركسىزمنىڭ ئىنقىلابىي پرىنسىپلىرىغا قارىتا تۈزىتىش ئېلىپ بارغان. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا شيۇجېڭجۇيى دەپ ئاتالغان.

**شيۇجېڭجۇيىچى** ئى. شيۇجېڭجۇيى پەرەس، شيۇجېڭجۇيىغا چوقۇنغۇچى ياكى شۇ خىل خاھىشتا ئىگە كىشى.

**شيۇجېڭجۇيىلىق** سۈپ. شيۇجېڭجۇيىغا خاس، شيۇجېڭجۇيىنىڭ دۇنيا قاراش ۋە پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، شيۇجېڭجۇيىغا ئائىت: شيۇجېڭجۇيىلىق كۆز قاراش.

# غ

**غ** ① ئۇيغۇر ئېلىپەسىنىڭ ئون بەشىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى بويىچە ئون بەشىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**غاپ** رەۋ → **غاپ ئەتمەك**.

**غاپ ئەتمەك** دىئال. كاپ ئەتمەك، ھاپ ئەتمەك.

**غاپشىماق** پ. دىئال. ھاۋشىماق.

**غاپىل** سۈپ (ئە) ① بىرەر ئىشقا، ھادىسىگە، مەسىلىگە قارىتا بىغەملىك، سۇسلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان؛ غەپلەتتە قالغان، غەپلەت باسقان: چۈشسە گەر ئاسمان گۇمۇرۇلۇپ، غەم يېمەس غاپىل كىشى، ھەممە پەس بولغاي كۆرەشتە، ئەل بىلەن ئاقىل كىشى. ② بىخەۋەر، خەۋەرسىز: مەن پەلەكنىڭ ئويۇنلىرىدىن غاپىل ئىكەنمەن. * ھېكىم ئۆز قىلمىشلىرىدىن بىزلەرنى «غاپىل» دەپ خۇشاللىنىۋاتقاندۇ.

**غاپىل بولماق** ① غەپلەت باسماق، غەپلەتتە قالماق: قېرىپ ئۆمرۈڭ 60 — 70 كە كىردى، ئاقساقال سەن ئاخىرەتنى ئويلىغىن. ئەيىب ئىشتىن زادى قولنى يىغمىدىڭ، غاپىل بولما! بەش كۈنۈكنى ئويلىغىن. ② خەۋەرسىز قالماق: دىلدار! سېنى كۆرمەك مۇيەسسەر ئەمەس. مۇيەسسەر بولۇشتىن، مېھرىڭدىن يىراق. دەردىمنى بىلمەستىن كۈلمە تولا، بەس ئىشقىدىن غاپىل بولما، ئۆزنى تۇت ئويغاق.

**غاپىللىق** «غاپىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: غاپىللىق ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرگىنىمدە، مەشئەل بولۇپ ماڭا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئاشۇ قەيسەر-ياخشى ئادەمنى چەكسىز سېغىنىش بىلەن يادلايمەن. * ئۇ بۇ شېئىر بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا غاپىللىقنى تاشلاپ ياخشى ئىش ۋە ياخشى دوست تېپىشنى ئويلاۋاتقان جاپاكەش خەلقىمىزگە مەدەتكار بولۇش يولىنى تېپىشنى قويۇۋاتىدۇ.

**غاجاتماق** «غاجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باللار قويلىرىغا كۆچەتلەرنى غاجىتىۋېتىپتۇ.

**غاجاشماق** «غاجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەككىز-ئون بالا قوللىرىدىكى تۆك سۆيمىلىرىنى غاجىشىپ، بىخۇدۇك ئويناشماقتا ئىدى.

**غاجالماق** « غاجىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى غاجىلىپ يالىڭاچلىنىپلا قالغانىدى.

**غاجىغۇچى** سۈپ. مەلۇم نەرسىلەرنى چىشى بىلەن غاجىلايدىغان، ئۇپرىتىدىغان، نابۇت قىلىدىغان: غاجىغۇچى ھايۋانلار.

**غاجىغۇچى ھايۋانلار** <زوئول> ← غاجىغۇچىلار.

**غاجىلاتقۇزماق** « غاجىلىماق » پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاجىلاتماق** « غاجىلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ماخودىن كەتمەيمەن، قېنىم بىلەن ئۆستۈرگەن مېۋىنى غاجىلاتمايمەن!

**غاجىلىغۇچ** ① ئى. غاجىلايدىغان نەرسە. ② سۈپ. كۆچمە. جاننى ئۇپرىتىدىغان، قىينايدىغان، ئازابلايدىغان: مۇنىرىدىن خوجا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغاندىن بېرى، بۇ غاجىلىغۇچ نىجىس كېسەل ئۇنى دېيەرلىك ئورۇقلىتىپ خېلىلا ۋىجىكلەشتۈرۈۋەتكەن، بېلىنى ئېگىپ ئالدىغا بىلىنەرلىك مۈكچەيتىپ قويغانىدى.

**غاجىلىغۇچىلار** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر خىلى. كۈرەك چىشىنىڭ يىلتىزى يوق بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى ئۆسۈپ تۇرىدۇ. قوزۇق چىشى بولمايدۇ، كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ياكى ئارىلاش ئوزۇقلىنىدۇ. مەسىلەن، چاشقان قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**غاجىلىماق** پ ← **غاجىماق**: ئالىم قۇرۇق ناننى غاجىلىغىنىچە، كەتمەننى مۈرىسىگە ئېلىپ ئېتىزغا يۈرۈپ كەتتى. * جۈمەش تۆردە ئولتۇرۇپ، بىر پارچە سۆڭەكنى ئىشتىھا بىلەن غاجىلىماقتا ئىدى.

**غاجىماق** پ ① قاتتىق نەرسىلەرنى چىشى بىلەن قىرماق، ئۇپراتماق، ئۇۋاتماق، ئاجراتماق: كونا ئۇستىخاننى ئىت غاجىماس (ماقال). * دەرەخلەرنى مال غاجىۋەتتى. * ئۇ نان شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، بوۋاي ناننى كۈچ بىلەن غاجايتتى. ② كۆچمە. ئارقىسىدىن تىللىماق، غەيۋەت قىلماق، كەينىدىن گەپ تاپماق: — مېنىڭچە مۇنداق، — باياتىن بېرى يولداشلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان نادىر گەپ ئاچتى، — غۇلامنى غاجاۋەرگەندىن پايدا چىقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇنىڭ سۆتىنى باشقا قاچىغا ئېلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ سۆتىنى بېرىۋەرسەك.

**غاچ** تەق. كونا ئىشىك، كۆتەك ھارۋا قاتارلىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ھۆسەيىنەمنىڭ گېپى تۈگەر-تۈگىمەي، ھۈجرىنىڭ ئىشىكى « غاچ » قىلىپ ئېچىلىپ، ئۆيگە بىر تۆگىچى كىرىپ كەلدى. * شۇ ئەسنادا، ھېچ كۈتۈلمىگەندە، « غاچ » قىلىپ ئىشىك ئېچىلدى.

**غاچچىدە** رەۋ ① « غاچ » قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، « غاچ » قىلغان ھالدا: شۇنداق دەسسىۋىدى، غاچچىدە ئېزىلدى. ② ناھايىتى تېز، بىردىنلا: شۇ ئاندا بىر يىگىت ئۇلاغ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى غاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈۋالدى-دە، ئوت يالقۇنى يورۇتقان تۈرمە تېمىغا قان بىلەن خەت يېزىشقا باشلىدى. ③ پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس: ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بىرچاغ ئىدى، دەريا بويىغا بارسام دەريا غاچچىدە توڭلاپ كېتىپتۇ.

**غاچ-غاچ** « غاچ » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ماڭغان چاغدا يېڭى كىيگەن شىبلىتىدىن « غاچ-غاچ » قىلىپ ئاۋاز چىقاتتى.

**غاچ-غۇچ** ① « غاچ » قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇنىڭ مايلانغان ئۆتۈكىنىڭ « غاچ-غۇچ » ى ئاڭلاندى. ② كۆچمە. بىردەمدىلا، ناھايىتى تېز: بىردەم

ئۇلتۇرسىلا، «غاچ-غۇچ» تاماق قىلاي.

**غاچىر** تەق. قار ئۈستىدە ماڭغاندا ياكى چەم ئىچىدە قىل قويۇپ تىكىلگەن ئاياغ كىيىمنى كىيىپ ماڭغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**غاچىر-غۇچۇر** «غاچىر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئابابەكرى ۋە رەيھانەمنىڭ ئاياغ ئاستىدىن چىقىۋاتقان «غاچىر-غۇچۇر» ئاۋازلار ياڭراق مۇزىكىدەك جاراڭلايتتى ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە ئەكس سادا قايتۇراتتى.

**غاچىرلاتقۇزماق** «غاچىرلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاچىرلاتماق** «غاچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاچىرلاشماق** پ «غاچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاچىرلىماق** پ «غاچىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، غاچىر قىلماق.

**غاچىلداتقۇزماق** «غاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاچىلداتماق** «غاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق باھار قوينىدا يالىڭاچ ياتقان دالىغا، ئېتىز-ئېرىقلارغا، ئاندا-ساندا كۆزگە چۈشكەن جىمجىت يېزا-كەنتلەرگە ئويچانلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۇششاق تاش-شېغىللارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ، بىر خىل قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە.

**غاچىلداشماق** «غاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاچىلدىتىشماق** «غاچىلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاچىلدىماق** پ «غاچ-غاچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غاچ-غاچ» قىلماق: ئاينىڭ يۈزىنى قوغۇشۇن رەڭ تۇتەك قاپلىۋالغان بولۇپ، ئاياغ ئاستىدا غاچىلداپ تۇرغان ئاپئاق قاردىن باشقا ھېچنېمىنى پەرق قىلىپ بولمايتتى. * ئانچە ئۆتمەي دەرۋازا غاچىلداپ ئېچىلدى-دە، ئوتتۇرا بوي، چاسا يۈزلۈك، 40 نەچچە ياشلاردىكى بىر كىشى چىقىپ كەلدى.

**غادايتماق** «غادايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن كەلگەچكە ئۆيۈڭگە، ئېچىنغاچقا كۆڭلۈڭگە، تىجەپ تۇتۇپ ئۆيۈڭنى، غادايتتىمۇ بوينۇڭنى!

**غادايماق** پ ① قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گەۋدىسىنى ئارقىغا تاشلاپ تۇرماق: ئانچە غادىيىۋالماي ئەركىنرەك ئولتۇرمامسەن، — دېدى ئۇ بالىسىغا. ② ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، سالاپەتلىك كۆرسەتمەك: كونىلاردا «ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە تەگكىچە، غادايغانغا غاداي بېشىڭ كۆككە يەتكىچە» دېگەن گەپ بار. * سۇلايمان قوللىرىنى بېلىدىكى كەڭ تاسما ئاستىدىن ئۆتكۈزگەن ھالدا بىردەم غادىيىپ تۇرۇپ، ئەتراپقا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدى.

**غادىر-سۇكۇر** دىئال. ئاختۇرۇش.

**غادىيىشماق** «غادايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار شەھەردىن چىقىپ خېلى كۆنلەرگىچە كىشلەرگە ئانچە ئارىلاشماي، ئۇشۇق-تۆشۈك گەپمۇ قىلماي غادىيىشىپ يۈردى.

**غار** I ئى <جوغ> تاغلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن چوڭ ھەجىمدىكى بوشلۇق، ئۆڭكۈر: پادىشاھمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن غارغا كىرىپتۇ.

**غار** II تەق. ئېغىز چايقىغان، ماتور ئوت ئالغان چاغدا چىققان ئاۋاز: موتسىكلىت «غار» قىلىپ يۈرۈپ كەتتى.

**غاراس** تەق. ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق چۈرۈك نەرسىلەر سۇندۇرۇلغاندا چىققان ئاۋاز: ئۇ ئىككىنچى پۇتىنىمۇ غول شاختىن ئېلىشىغا، دەسسەپ تۇرغان شاخ «غاراس» قىلىپ قالدى.

**غاراسسىدە** رەۋ «غاراس» قىلغان ھالدا، «غاراس» قىلىپ: ئۇ دەسسەپ تۇرغان شاخ غاراسسىدە سۇنۇپ كەتتى-دە، موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى.

**غاراس-غاراس** «غاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قاتتىق بوراندا ئىشىك ئالدىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ شاخلىرى غاراس-غاراس قىلىپ سۇنۇپ كەتتى.

**غاراس-غۇرۇس** «غاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بىردىنلا ئۆينىڭ لىمى «غاراس-غۇرۇس» قىلىپ سۇنۇپ كەتتى. * شەرق تەرەپتە-بىرەر يۈز قەدەمچە نېرىدا يوغان-يوغان، قارا- قۇرا نەرسىلەر كۆرۈندى، ھەتتا قارنىڭ «غاراس-غۇرۇس» قىلغان ئاۋازىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاندى.

**غاراسلاتقۇزماق** «غاراسلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاراسلاتماق** «غاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ، دەريادا مۇزلار غاراسلاپ سۇنغاندەك بولدى. * ماشىنىلار مۇزلارنى غاراسلىتىپ دەسسەپ تەسلىكتە ئىلگىرىلىدى.

**غاراسلىماق** پ «غاراس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاراس» قىلماق: دەسلەپ ئۆگزە غاراسلىدى، كېيىن بىراۋنىڭ ئىلدام ماڭغىنى ئاڭلاندى.

**غاراڭ-غۇرۇڭ** سۆزلىگەندە چىقىرىدىغان بىر خىل غەيرىي نورمال، سەل بۇزۇلغان ئاۋاز: – ئازنىخان، – دەپ گەپ باشلىدى ياسار قولاشمىغان غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن. چۈنكى ئۇ، گەپنى ياساپ سۆزلەشنىمۇ بىلمەيتتى، شۇڭا مەقسىتىنى توغرىلا ئېيتىۋەتتى، – ئىككىمىز ئۆي-ئوچاقنى بىر قىلساق. * سۇلايمان غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى.

**غاراڭلاتماق** «غاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاراڭلاشماق** «غاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاراڭلىماق** پ «غاراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاراڭ» قىلماق: سەمەت ئالدىرىماي سۆزلىگىنى بىلەن ئۈنى غاراڭلاپ چىقاتتى.

**غارال** ئى. دىئال. قوتاننىڭ شادىلىق ياغاچ ئىشىكى، قاشا.

**غارام** ئى ① تېپىش ئۈچۈن خامانغا يىغىلغان بۇغداي ئۆنچىسى: غارام چىقارماق. * ئېتىز-خامانلىرىڭ باقسام، يۈرەك ئوينايدۇ شادلىقتىن، بۇلۇت سۆيگەن غاراملار مول-باياشاتلىق ئاتا ئەيلەر. ② توپ، غۇژمەك: كەپتەرلەر، تورۇلغا-پاختەكلەر، قۇشقاچلار، قارلىغاچلار... كوۋۇكلاردىن، غارام دەرەخلىكتىن، ئۇۋىلاردىن ئايرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز تىلىدا يېقىملىق ۋىچىرلاشقان پېتى خىل-خىلى، توپ-توپى بىلەن كۆككە ئۆرلەيتتى-دە، نەگىدۇر پەرۋاز قىلىشاتتى.

**غارايىپ** سۈپ (ئە) كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان، كىشىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدىغان، غەلىتە، ئاجايىپ، غەيرىي، باشقىچە: ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقە. * – ماقۇل ئاكا، مەنمۇ بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى كونا زاماننىڭ ئاجايىپ بىر ھېكايىسى بولسا، ئەمدى مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم يېڭى زاماننىڭ غارايىپ بىر ھېكايىسى، – دېدى شوپۇر.

**غارت** تەق. ھەرە تارتقاندا ياكى بىرنەرسە- نى بىرنەرسىگە سۈركىگەندە چىققان ئاۋاز: غارت قىلماق. * ئۇلار ئۆزى چېلىۋاتقان پەدىنىڭ، ئېيتىۋاتقان ناخشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەمدىكىن تاڭ، بىرى «غىت» قىلسا بىرى «غارت» قىلىپ، تىڭشىغۇچىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىكەن.

**غارتتىدە** رەۋ «غارت» قىلغان ھالدا، «غارت» قىلىپ: ئىشىك غارتتىدە ئېچىلىپ، ئالىم كىرىپ كەلدى. * ئىشىك «غارتتىدە» ئېچىلىپ، يەڭلىرىگە قىزىل لاتا تاقىۋالغان ئىسيانچىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى.

**غارت-غارت** «غارت» سۆزىنىڭ تەكرار- لىنىشى: ھويلىدىن «غارت-غارت» قىلغان ھەرە ئاۋازى ئاڭلاندى.

**غارت-غۇرت** «غارت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: باغدىن غارت-غۇرت ھەرە ئاۋازى، تاڭ-تۇڭ پالتا ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. * – ھېلىقى غارت-غۇرتنى تۈزەيمىز- مۇ؟ – دېدى ئۇ تراكتورنىڭ ئاستىنى شەرەت قىلىپ.

**غارتىلداتقۇزماق** «غارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غارتىلداتماق** «غارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غارتىلدىماق** پ «غارت-غارت» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غارت-غارت» قىلماق: ماشىنا ماتورى بىر-ئىككى غارتىلداپ ئاخىرى ئۆچۈپ قالدى.

**غارس** تەق. شاخ-شۇمبا، قۇرۇق ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر سۇنغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: غارس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇ ئېسىلىپ تۇرغان ئىنچىكە شاخ سۇنۇپ كەتتى.

**غارسسىدە** رەۋ «غارس» قىلغان ھالدا، «غارس» قىلىپ: ئۇ ئاچچىقىدا قولىدىكى قەلەمنى غاراسسىدە سۇندۇرۇۋەتتى.

**غارس-غۇرس** «غارس» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: شاخلار سۇنۇپ غارس-غۇرس، - ئوتتا كۆيدى پارس-پۇرس.

**غارسىلداتقۇزماق** «غارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غارسىلداتماق** «غارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆگزىنىڭ ئۈستىنى غارسىلدىتىپ ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭىدىغان ئاۋاز، بىر كېچىسى توختاپ قالدى.

**غارسىلدىماق** پ «غارس-غارس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غارس-غارس» قىلماق: سۇنغان دەرەخنىڭ غارسىلدىغان ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىدا يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

**غارشتامال** ئى. دىئال. شەپەرەڭ.

**غار-غار** <بوت> ← **غار-غار دەرىخى.**

**غار-غار دەرىخى** <بوت> كامفارا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سارغۇچ ۋە كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، شىرنىلىك مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، توق قوڭۇر كېلىدۇ، ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، يوپۇرمىقىنى پۇراقلىق ماتېرىيال ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**غار-غار** «غار II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنى- شى: ئۇ ئېغىزىنى غار-غار قىلىپ چايقىماقتا. * ماتور غار-غار قىلىپ ئايلانماقتا.

**غارغالتا** ئى. دىئال. قولۋاق ياكى كېمە توختىتىدىغان ئورۇن؛ پورت.

**غار-غۇر** «غار» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تالادا ئىتلارنىڭ غار-غۇر قىلىپ تالاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. * ماشىنا-تراكتورلارنىڭ غار-غۇر ئاۋازلىرى،

زاۋۇتلارنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرى شەھەر جىمجىت-لىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

**غارقىراتقۇزماق** «غارقىرىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غارقىراتماق** «غارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزنىڭ ساقچى قوشۇنىمىز موتسىكلىتلارنى غارقىرىتىپ ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

**غارقىراشماق** «غارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غارقىرىماق** پ «غار-غار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غار-غار» قىلماق: ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ غارقىراپ كەلگەن ئايروپىلان بېشىمىزدىلا ئەگىپ ئۆتۈپ ئايرودرومغا ئاستا قوندى. * ئاقۇچ بۇلۇتلار ئارىسىدا بىردىنلا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ قالدى-دە، غارقىراپ-شۇڭغۇپ كېلىپ، شەھەر ئۈستىگە پىلموتتىن ئوق ياغدۇرۇۋەتتى.

**غارىقۇن** ئى ( پ <گېرىك ) <بوت> دەرەخ مەرىزىنىڭ بىر تۈرى، يەنى پارازىت ياشايدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغ. كۆپىنچە يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغاي غولىدا بولىدۇ، سىرتى قاتتىق ۋە سىلىق، رەڭگى ئاقۇچ كۈل رەڭ ياكى سۇس سارغۇچ قوڭۇر، شەكلى تاقىسمان كېلىدۇ. تىبا-بەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۆپكىنى ئىسسىتىپ بەلغەمنى بوشىتىش، يەلنى ھەيدەش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، سۈيدۈك-نى راۋان قىلىش ۋە يىلاننىڭ زەھرىنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

**غارىلداتقۇزماق** «غارىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غارىلداتماق** «غارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزىزخان تىكىش ماشىنىسىنى بىردە ئۇزاق، بىردە ئۈزۈك-ئۈزۈك غارىلدىتىپ ئىش قىلىۋاتاتتى. * ئەمدى ئۇنىڭ بايىقى ئالاقزادىلىكى يوق، ئۇ يەنە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ تىكىش ماشىنىسىنى غارىلداتتى.

**غارىلداشماق** «غارىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىچىچە ئىتلار غارىلدىشىپ، مۈشۈكلەر مىياڭلىشىپ چىقتى.

**غارىلدىماق** پ «غار-غار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غار-غار» قىلماق: يېزا يوللىرىدا ئاپتوموبىل، تراكتورلار غارىلداپ، توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

**غاز** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. پەي-تۈكلە-رى ئاق ياكى كۈل رەڭ، پېشانىسىدە توق سېرىق ياكى قارا قوڭۇر رەڭدە گۆشلۈك ئۆسمىسى بار، ئەركىكىنىڭ بۇ خىل ئۆسمىسى چوڭراق، بويىنى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ياپىلاق ۋە كەڭ. پۇتىدا پەنجىسى بولىدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ. ئاشلىق دانلىرى، كۆكتات ۋە راڭ قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**غاز قانىتى بولماق** غازنىڭ قانىتىغا ئوخشاش شەكىلدە تۇرماق، ياي شەكلىدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەكشى تىزىلماق: شۇ ئەسنادا مەكتەپ باللىرى ناخشىلارنى ياڭرىتىپ ئېتىزلىققا كەلدى-دە، ئەزالارنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرى ئىچىدە غازقانىتى بولۇپ تىزىلىپ باشاق تېرىشكە چۈشتى. * شىرەنىڭ ئەتراپىغا غاز قانىتى بولۇپ ئولتۇرغان ئەر-ئايال ئەزالار ئۇنىڭ دادىل ھەققانىي ئۇمىدۋارلىق بىلەن تولغان سۆزلىرىنى باشلىرى بىلەن ماقۇللاپ، چاۋاك بىلەن ئالقىشلاپ ئولتۇراتتى.

**غاز كاۋىپى** غاز گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپ. بۇنىڭدا غاز پاكىز يۇڭدىلىپ، ئۈستىگە تۇخۇم، ئۇن ۋە دورا-دەرمەك قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان شىرنە سۈركىلىپ، تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ.

**غازات** ئى (ئە) <دىن> دىن يولىدا قىلىنغان

ئۇرۇش، جەڭ؛ ئومۇمەن ئۇرۇش، جەڭ: دەسلەپتە ھىندىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ كۆپ غازات قىلدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇم تەرەپكە بېرىپ غازات قىلىش ئارزۇسىدا بولدۇم.

**غازات قىلماق** جەڭ قىلماق، ئۇرۇش قىلماق: غازات قىلغان باتۇرنىڭ ئېگەكلىرى چېتىلدى. ھەر يۈرەكتىن غەزەپتىن ۋولقانلىرى ئېتىلدى. * يېنىپ ھۆرلۈك تەقەززاسى بىلەن شىردەك غازات قىلغان، ئېلىپ قولغا بوۋام سادىر سىراسى نەيزە-شەمشەرنى.

**غازاڭ** ئى (پ) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۈز پەسلىدە سارغىيىپ بەرگىدىن ئاجراپ چۈشكەن يوپۇرمىقى: كەچ كۈزنىڭ بىركۈنى، دۇكاننىڭ ئالدىدىكى مەجنۇنتالنىڭ يەرگە چۈشكەن غازاڭلىرىنى سۈپۈرۈۋاتاتتىم، ھەببۇللاخان ئۆيى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.

**غازاڭ بولماق** ① ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ قۇرۇماق، قۇرۇپ بەرگىدىن ئاجراپ چۈشمەك: سەن بېيجىڭغا كەتكەنـدىن كېيىن، ئاسمان قۇرۇپ كەتكەندەك، بىر قېتىممۇ يامغۇر ياغمىدى، بۇلاقلارنىڭ سۈيىمۇ بارغانسېرى تارتىلىپ كەتتى، 3-ئەترەتنىڭ 24 مو كېۋىزى سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ غازاڭ بولۇپ كەتتى. ② كۆچمە. نابۇت بولماق، خار بولماق، ۋەيران بولماق: — ئاچا مەن سىلىدىن ئۆتۈنەي، ماڭا ئېيىلىرى ئاغرىسۇن، مەن ھاياتىمنىڭ بىھۇدە غازاڭ بولۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن، ماڭا ياردەم قىلسىلا. * گۈلنار يىغلىۋەتتى، — ... مەن... مەن سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، كېينچە ۋاپاسىزلىق دەشتلىرىدە ياش ئۆمرۈم غازاڭ بولمىسۇن!

**غازاڭ پەرۋانىسى** <زوئول> پەرۋانىنىڭ بىر خىلى. تېنى قىزغۇچ قوڭۇر بولۇپ، تىنچ تۇرغاندا خۇددى غازاڭغا ئوخشاپ قالىدۇ، لېپىنكىسىنىڭ تېنى سەل ياپىلاق، كۆل رەڭگە مايىل سۆسۈن كېلىدۇ، شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە نەشپۈت قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**غازاڭ قىلماق** ① ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىنى سارغايتماق، قۇرۇتۇپ يەرگە چۈشۈرمەك: مەن مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي قەدرىـ-قىممىتىنى بىلگەن چاغدا، بۇ مۇھەببەت خۇددى سوغۇق كۈز شامىلى غازاڭ قىلغان گۈلدەك توزىدى. ② كۆچمە. ۋەيران قىلماق، نابۇت قىلماق، يوقاتماق: تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئازراقمۇ تېيىپ كۆرمىگەن بىر قىز ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى غاراڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. * بۇ كەڭ جاھان مەن ئۈچۈن، بولدى دوزاخ. ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى. قانخور ئەبلەخ. * مىسالغا ئالسام داستانغا پاتماس، كۆرستەي ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنى. يۈرىكىنى يەپ ياقۇپ توختىنىڭ، غازاڭ قىلغانىدى غۇنچە گۈلىنى.

**غازاڭ كېپىنىكى** <زوئول> → غازاڭ پەرۋانىسى.

**غازاڭ-غۇزۇڭ** يەرگە چۈشكەن غازاڭ ۋە غازاڭغا ئوخشاش ئەخلەت-چاۋارلار: بۇلار يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرى چۈشۈپ، ئاستا-ئاستا ئېرىۋاتقان كىچىككىنىچە ھارۋا يولىدىكى چېچىلىپ ياتقان پاخال قالدۇقلىرى، غازاڭ-غۇزۇڭلاردىكى پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق قىراۋلارنى مىچىلدىتىپ دەسسـەـگىنىچە سوقىدىن ئۇزاپ كەتتى.

**غازاڭلىق** ئى. غازاڭ بار، غازاڭ كۆپ چۈشكەن يەر: راۋابىڭنى كۆرەش مۇقامىغا سازلىمساڭ، كونا مۇقامىڭ دوستۇم قۇلاقىقا خۇش ياقماس. باغ ياساپ گۈللەر تېرىپ ياشناتمىساڭ، غازاڭلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

**غازتاپان** ئى (غاز+تاپان) <بوت> ئازغان

ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى قىسقا تۈكچىلەر
بىلەن قاپلانغان، يىلتىزى تىك ۋە
ياغاچلاشقان. غولى كۆپ شاخلايدۇ،
تۆۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى ئالقانسىمان
يېرىلىدۇ. غولدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى
ئازراق بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە تۈۋىتلىرى
بولىدۇ. گۈلى سېرىق. پۈتۈن ئۆسۈملۈك
تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى
ياندۇرۇپ زەھەرنى قايتۇرۇش، قاننى
توختىتىش رولىغا ئىگە.

**غازتاپان ئېرەن** <بوت> زەرەڭ ئائى-
لىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ.
يوپۇرمىقى ئۇچكە يېرىلىپ، كۆرۈنۈشى
خۇددى غازنىڭ تاپىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ،
يوپۇرمىقى بىلەن سېپى ئوخشاش ئۇزۇن-
لۇقتا بولىدۇ. گۈلى كىچىك، كۈنلۈكسىمان
گۈل رېتىدە كېلىدۇ. قاناتلىق مېۋە تۇتىدۇ.
ياغىچىدىن ئۆي جابدۇقلىرى ياسىلىدۇ.

**غازقانات** ئى (غاز+قانات) <بوت> ←
غازقانات ئوت.

**غازقانات ئوت** <بوت> چوقا ئائىلىسىد-
ىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈم-
لۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپسسىمان
تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ نۆۋەتلىشىپ
ئۆسىدۇ، گىرۋىكىدە چىشلىرى بولىدۇ.
گۈلى جىگەر رەڭ ياكى قىزىل بولۇپ
ئورىغۇچى يوپۇرمىقى بولىدۇ. ئادەتتە
مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**غازئوت** ئى (غاز+ئوت) <بوت> ئەتىرگۈل
ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ
يوپۇرماق، گۈلى كىچىك ۋە سېرىق.
غولى ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، قاننى
توختىتىش رولىغا ئىگە.

**غازىي** (ئە) ① سۈپ <دىن> غازاتچى،
مۇقەددەس ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى، ئۆز
ئەقىدىسى، ئېتىقادى يولىدا جەڭ قىلغۇ-
چى: غازاتتا ئۆلگەنلەر شېھىت، تىرىك
قالغانلار غازىي بولىدۇ. نازىمجاننىڭ غازىي
بولماقلىقى دۇئالىرىنىڭ بەركىتى، -دېدى ئۇ،
سۆزلىگەچ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى قۇرۇق ئۇچمە
كۆتىكىگە ئولتۇرۇپ، يۈزلىرىنى كۆكۈچ شايى
بەلبېغى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. *
ئۆلگەنلەر شېھىتتۇر، قالغانلار غازىي، ۋەتەن
دەپ ياڭرايدۇ ئەلنىڭ ئاۋازى. ② ئەرلەرنىڭ
ئىسمى.

**غازىيانە** رەۋ. غازىيلارغا ئوخشاش، غازىيلار-
چە: تىرىش يۈكسەك، يولۇڭ پارلاق ھېلىھەم
غازىيانە بول، بېشىڭنى سىلىغاي ھەردەم،
زامانەم شەپقىتى ئاقسۇ.

**غازىيمەس** ئى (غاز+يىمەس) <بوت> مۇرەككەپ
گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق،
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە
ۋە ئاجىز، يوپۇرماقلىرى كىچىك ۋە تەتۈر
تۇخۇمسىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ،
سېپى بولمايدۇ. گۈلى كىچىك، سېرىق
ۋە شارسىمان بولۇپ، باشسىمان گۈل
رېتىدە كېلىدۇ، كۈزدە ئېچىلىدۇ. پۈتۈن
ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، دېمىقى
پۈتۈش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، كۆزى
چاپاقلىشىش قاتارلىقلارنى داۋالاشتا
شىپالىق رولى بار.

**غاژ** تەق. رادىئو، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلار
كونىراپ قالغان چاغدا چىققان ئاۋاز،
نەپەس يولى ياللۇغى بىلەن
ئاغرىغانلارنىڭ نەپەس ئالغاندا چىقىد-
غان ئاۋازىغا ئوخشاشلار: رادىئو غاژ،

غاژلا قىلىدۇ، نېمە بولغاندۇ؟

**غاژ-غاژ** «غاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غاژ-غۇژ** ① «غاژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: — بالام ئاكاڭنى چاقىرە. رادىئو غاژ-غۇژلا قىلىدۇ، ئېنىقراق بىر نەرسە ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، قاراپ باقسۇن. ② كۆچمە. چاپ-چاپ، تازا قىزىغان (بازار ھەققىدە): چوڭراق يېزا-كەنتلەردە ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرى غاژ-غۇژ بازار بولۇپ تۇرغىنىدەك ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ بۇ مەركىزىي رايونىمۇ ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبىسىدە بارلىق خەلق ئەنئەنىۋى يوسۇندا ئۆز-ئۆزىدىن تولۇق بىر كۈن ئاۋات بازار كۈنى ئۆتكۈزەتتى. * كۆلۈب ئالدى بىردەمدىلا غاژ-غۇژ بازارغا ئايلاندى.

**غاژ-غۇژلاشماق** ئۇرۇشۇپ قالماق، تىللىشىپ قالماق، ۋارقىرىشىپ قالماق: ئۇنى بىر قىسىم غاژ-غۇژلىشىپ قالغاندا، ياندۇرغانلىقى ئۈچۈن غۇجى بىر تەستەك سالدى.

**غاژىلداتقۇزماق** «غاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاژىلداتماق** «غاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاژىلداشماق** ① «غاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② كۆچمە. جېدەللىشىپ ئۇرۇشۇپ قالماق: ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ئاسانلا غاژىلدىشىپ قالاتتى. شۇ كۈنى يانا غاژىلداشقاندا، ئاكىسى ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇكىسىنى بىر تەستەك سالدى.

**غاژىلدىماق** پ «غاژ-غۇژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاژ-غۇژ» قىلماق.

**غاش** I سۈپ. چەكسىز كەتكەن، كۆز يەتكۈسىز: غاش چۆل.

**غاش چۆل** چەكسىز كەتكەن كۆز يەتكۈسىز، بوستانلىقى بولمىغان چۆل.

**غاش** II سۈپ. سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇر قاتارلىقلارنىڭ پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ھالىتى؛ قېرى، قاتتىق.

**غاغىرا** ئى. سۆزلىگەن مەشۇتلەرنى ماشىپىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىچىك غالتەك.

**غاق** تەق. غاز، ئۆردەك قاتارلىقلار سايرىغاندا چىققان ئاۋاز: ئەتىياز كۈنلىرى غاز-ئۆردەكلەر غاق، غاق قىلىشىپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇچىشىدۇ.

**غاق-غاق** «غاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۆردەكلەر «غاق-غاق» قىلىشىپ، كۆلدە ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى.

**غاقىلداتقۇزماق** «غاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاقىلداتماق** «غاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاقىلداشماق** «غاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەدھەم بىر كۈنى ئۆز ماكانىدا تائەت-ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ھاۋادا بىرمۇنچە غازلار غاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كەلدى. * جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پەس ئۇچقان تۇرنىلارنىڭ غاقىلداشلىرى ھەربىر دىلغا ھۇزۇر-لەززەت بېغىشلايتتى.

**غاقىلدىماق** پ «غاق،غاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاق، غاق» قىلماق: ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىۋىدى ھويلىدا غاز غاقىلداپ كەتتى. * بۇ كېچىسى بىر ئاق تۇرنا يامۇل قورۇسى ئۈستىدە 40 نەچچە قېتىم غاقىلداپ سايراپ كۆنپېتىش تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

**غاگزا** ئى. تاماكا چېكىشتە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب. كۆپىنچە مىس، قاتتىق ياغاچ ياكى چاقچۇق قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. باش قىسمىغا تاماكا قاچىلىنىپ، يەنە بىر ئۇچىدىن شورىلىدۇ: سەمەت ئۇستام

سۆگەت سايىسىدا ئولتۇرۇپ غاڭزىسغا تاماكا سالدى-دە، ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

**غاڭشماق** پ «غاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاڭ» قىلماق: كۆچۈكنىڭ پۇتىغا ئوتنى تەگكۈزسەك، ئۇ ئۆگەنمەي تۇرۇپمۇ پۇتنى تارتىۋېلىپ غاڭشىپ قاچىدۇ.

**غالتەك** (پ) ① ئى. يىپ، سىم، لېنتا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى تەرىپى كەڭ، ئوتتۇرىسى تار، ئىچى نوركەش چاقسىمان بۇيۇم: يىپ غالتىكى. فوتو سۈرەت لېنتىسىنىڭ غالتىكى. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ يىپ، سىم قاتارلىقلارنىڭ ئورىلىش مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر غالتەك يىپ. ئۈچ غالتەك سىم. ③ ئى. هارۋا ياكى بىرەر مېخانىزمنىڭ يۈرۈشى، ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوققا ئورنىتىلىدىغان ۋە ئايلىنىدىغان يۇملاق قىسمى، چاقى؛ ياغاچ چاق: غالتەك ئورنىتىلغان هارۋا. غالتەكلىك كەش. * يېرىم دۆگلەك، چاڭ باسقان دېرىزىلەردىن زاۋۇت ئىچىدىكى ھېسابسىز كۆپ غالتەك ۋە ماشىنىلارنى ئايلاندۇرىدىغان تاسمىلار، پولات ۋە برونزىلارنى تېشىدىغان، چاقلايدىغان ۋە تەكشىلەيدىغان ستانوكلارنىڭ توختىماي يۈرۈپ تۇرۇشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * ئاكامنىڭ پىلانى بويىچە ئالدى بىلەن قۇدۇقلارنىڭ ئېغىزىغا ئۈچ داندىن ياغاچنىڭ بېشىنى چىگىپ جازا ياساپ، ئۇنىڭغا شارىكلىق غالتەكلەرنى بېكىتتۇق. ④ ئى <فىز> چۆرىسىدە ئېرىقچىسى بولغان چاقلارنى مېتال ياكى ياغاچتىن قۇرۇلغان جاھازغا ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان ھەمدە ئارقان، تاسما ياكى زەنجىر ياردىمىدە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش ۋە سىلجىتىش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل ئاددىي مېخانىزم. ⑤ ئى. ئېلېكتر تېخنىكىسى ۋە رادىئو تېخنىكىلىرىدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىم ئورامى؛ كاتوشكا: ئوراملىق غالتەك. ⑥ ئى. بىر ياكى تۆت چاق بېكىتىلىدىغان ھەمدە قول بىلەن ئىتتىرىپ نەرسىلەرنى توشۇيدىغان كىچىك ياغاچ هارۋا: «چېقىل ساي» ئىچىدە بولسا ھەقىقىي ئەمگەك بەزمىسى ئەۋجىگە چىققانىدى: نەچچە يۈزلىگەن ئەر-ئايال ئەزالار غالتەك، ئەپكەش، زەمبىللەر بىلەن بەس-بەستە توپا توشۇپ دامبىنى ئېگىزلىتىۋاتاتتى. * ئىشپيون ياش ئۈچقۇنغا مۇشت سالماقچى بولۇپ ئالدىغا ئېتىلدى. لېكىن مەستلىك ئىچىدە قاتتىق چايقىلىپ كېتىپ مۇدۇرۇپ يىقىلدى. ئۇ تەرەپتە غالتەك بار ئىدى. ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بىلەن غالتەك ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قوغۇنلار يېرىلىپ، شىمشكا، گۆلە-قاقلار توپىلاڭ يەرگە تۆكۈلدى.

**غالتەك تاياق** <ماشن> ماشىنا ياكى ئاددىي مېخانىزملاردىكى ئايلانما ھەرىكەت قىلىدىغان يۇملاق تۈۋرۈكسىمان ئەسۋاب. ئادەتتە ئېغىر نەرسىلەرنى يۆتكىگەندە چاقنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

**غالتەك كانكى** <تەن> ئاسفالت ياكى سېمونت مەيدانلاردا تېيىلىشقا ماسلاشتۇرۇپ ئاستىغا تۆت دانە كىچىك غالتەك ئورنىتىلغان كەش ياكى بەتىنكە شەكلىدىكى كانكى.

**غالتەك كانكدا تېيلش** <تەن> تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچى غالتەك كانكى بىلەن ئاسفالت ياكى سېمونت مەيدانلاردا تېيىلىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ مۇسابىقە تۈرلىرى

ئادەتتە تېز تېپىلىش ۋە فىگۇرا چىقىرىپ تېپىلىش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**غالتەكلەر گۈرۈپپىسى** <فىز> قوزغالماس غالتەك ۋە ھەرىكەتچان غالتەكلەردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلما.

**غالتەك ئوقى** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، غالتەكنى سېلىپ قويىدىغان زىخچە.

**غالتەك يىپ** غالتەككە يۆگەپ تەييارلان-غان يىپ.

**غالتەكچى** ئى. غالتەك ھارۋىغا ھەر خىل نەرسىلەرنى سېلىپ سۆرەپ يۈرۈپ ساتىدىغان كىشى، تىجارەتچى: قەلبىمنىڭ ناچارلىقىدىن غالتەكچىلەرنىڭ تىلىغا ئوخشاش قوپال تىل بىلەن يازغانلىقىمنى ئويلاپ، بۇ ئەسىرىمنى ئۇلۇغ نام بىلەن ئاتاشقا پېتىنالمىدىم.

**غالتەكلىك** سۈپ. غالتىكى بار، غالتەك ئورنىتىلغان: غالتەكلىك يەشىك ئۈستىدىكى «زەمبىرەك» سىتۇولى كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى.

**غالجاق** ئى. دىئال. چىشى كېپەك.

**غالجىر** ① ئى <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. بۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كۆپىنچە ئىت، مۈشۈك قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدا ياكى بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىت، مۈشۈكلەر چىشلىۋال-غان ئادەملەردە بولىدۇ. ئادەملەرگە شۇ ھايۋانلار چىشلىگەندىن كېيىن يۇقىدۇ. ھايۋانلار بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغاندا، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، سۇدىن قورقۇش، قايلايمىقان قاۋاش ياكى مىياڭلاش، سپازملىنىش، ئادەم ياكى ھايۋانلارنى كۆرسە چىشلەش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، ئاخىرى پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئادەملەردە بولسا نېرۋا نورمالسىزلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، شۆلگەي ئېقىش، سۇدىن خەۋپسىرەش، مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش، نەپەس قىيىنلىشىش قاتارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، ئاخىرى پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ② سۈپ. شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان: غالجىر ئىت چىشىدىن زەھەر تامىدۇ. * غالجىر ئىت مۇئاۋىن شۇجىنىڭ پاختىلىق چاپىنىنىڭ مۈرىسىدىن چىشلەپ ئۇنى قاتتىق سىلكىدى. ③ سۈپ. كۆچمە. ئەسەبىيلەش-كەن ۋەھشى، ياۋۇز، قەبىھ: ئايالىمنىڭ خەۋەر تېپىشىچە، مەن يىقىلغاندىن كېيىن، ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ھېلىقى غالجىر چېرىك بىرنەچچىنى تېپىپتۇ. يەنە ئوتتۇن بىلەن ئۇرۇپتۇ. * ئەي ۋەھشىي فاشىزم بولساڭمۇ غالجىر، تەقدىرىڭ ئۆلۈمدۇر چارە يوق ئۆزگە. بولغاچقا كۈرەشتە بىز باتۇر، ماھىر، كۆممىز گۆرۈڭگە، مەقسەت شۇ بىزدە.

**غالجىرانە** رەۋ. غالجىرلىق بىلەن، غالجىرلار-چە، ۋەھشىيلەرچە: ئۇلۇغ ئىنقىلابچىلار ھايات چاغدا، ئەزگۈچى سىنىپلار ئۇلارغا ھامان ئۆزلۈكسىز زىيانكەشلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك، ئەڭ غالجىرانە ئۆچمەنلىك، ئەڭ ئۇچىغا چىققان ئېغۋا ۋە تۆھمەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى.

**غالجىرلارچە** رەۋ. غالجىرلىق بىلەن، ۋەھشىيلەرچە، غالجىرانە: شۇ ئارىدا ئەمەت غالجىرلارچە سۇپىغا ئېتىلىپ چىقىپ ئىلىككە كالتەك ئۇرماقچى بولغانىدى، بىرى ئۇنىڭ كالتىكىنى ئۇرۇپ چۈشۈردى.

**غالجىرلاشتۇرماق** «خالجىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ نەرسىنى ئىت يېسە، ئىتنىمۇ غالجىرلاشتۇرۇۋېتىد-

شى مۇمكىن.

**غالجىرلاشماق** پ. غالجىرغا ئوخشاش هالەتـكە كەلمەك، ۋەھشىيلەشمەك: دۈشمەنلەر غالجىرلىشىپ، قاماش چارىسىگە باش ئۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇچقۇنلار ئىنتىپاقنىڭ ئەزالىرىغا تېخىمۇ زور ئىرادە بىلەن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. * چېرىكلەر ھەر تەرەپكە چېچىلغان ھالدا تېخىمۇ غالجىرلاشتى.

**غالجىرلىق** «غالجىر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ غالجىرلىقى تۇتۇپتۇ، قىلىچ بىلەن دىلئارامنى چېپىپتۇ. * شىڭ شىسەي ئىلغار زاتلارنى غالجىرلىق بىلەن قىرغاندا ساقشاخۇن ئاكىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

**غالچا** ئى. باشقىلارغا (بايلار ياكى ئەمەلـدارلارغا) خىزمەت قىلىدىغان كىشى؛ مالاي، چاكار؛ يالاقچى: ھۇ پوقى يوغان نانقېپى! مەن سېنىڭ بىركۈنى سۆيدۈكۈڭنى، بىركۈنى پوقۇڭنى تازىلايدىغان غالچىمىدىم!؟ * بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىز ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرگە يەنى جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارىتىلغان، باشقا ھېچقانداق كىشىگە قارىتىلمىغان.

**غالچەك** ئى <بوت> غالچەك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى يوق دېيەرلىك. گۈلى قىزغۇچ سۆسۈن، توپلىشىپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. غوزا مېۋىسى سوقىچاقراق، ئۇرۇقى كۆپ ۋە بەك ئۇششاق بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبى دورا قىلىنىدۇ. تەمى سەل ئاچچىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**غالچىلىق** «غالچا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن-زە، ھەرقايسىڭنىڭ غالچىلىقىنى قىلىدىكەنمەن-دە! * ساڭا دېھقانچىلىقنىڭ كېرىكى يوق، بىر ئۆي لازىم ئەمەس، كۆڭلۈڭ غالچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. سەن ھامان غالچا بولغاندىن كېيىن بار! بېرىپ خەقنىڭ غالچىلىقىنى قىل!

**غالداڭ** تەق. ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلاپ، دەلدەڭشىش ھالىتى: غالداڭ قىلىپ يىقىلماق. غالداڭ، غالداڭ قىلىپ ماڭماق. * ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالا غالداڭ، غالداڭ قىلىپ مېڭىشقا باشلىدى.

**غالداڭشتماق** «غالداڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غالداڭششماق** «غالداڭشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غالداڭشماق** پ «غالداڭ-غۇلدۇڭ» قىلماق، «غالداڭ-غۇلدۇڭ» قىلىپ ھەرىكەت قىلماق، غالداڭلىماق، دەلدەڭشىمەك: مەست ئادەمدەك ئىككى يېنىغا غالداڭشىدى. * بالا غالداڭشىپ ماڭدى.

**غالداڭ-غالداڭ** «غالداڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئەمدىلا ئايىغى چىققان ۋارىسجان غالداڭ-غالداڭ قىلىپ مېڭىپ كەتتى. * ھاراق ئىچىپ ئېغىر مەست بولغان مۆمىن خۇددى كەچ قالغان بازارچىدەك چوڭ يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا غالداڭ-غالداڭ قىلىپ يۈرۈپ كەتتى.

**غالداڭ-غۇلدۇڭ** «غالداڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھالەتلەر: غالداڭ-غۇلدۇڭ ماڭماق. غالداڭ-غۇلدۇڭ قىلماي تىك تۇرماق. * كۈندىلا دېگۈدەك تۆت سەر ئىچىۋېلىپ بەش سەر مەست بولۇۋالىدىغان سايىم نوچى غالداڭ-غۇلدۇڭ قىلىپ ئەخمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭلىنى

چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

**غالداڭلاتماق** «غالداڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غالداڭلىماق** پ «غالداڭ-غۇلدۇڭ» قىلماق، غالداڭشىماق، سەنتۈرۈلمەك، ئىرغاڭلىماق: ئەلقەم ئىشكنى بىرلا تېپىپ ئېچىپ، غالداڭلاپ ئۆيگە كىردى.

**غالدىر** تەق. غالتەك ياكى رېزىنكە چاقلىق هارۋا قاتارلىقلار چاقىنىڭ قاتتىق نەرسە-لەرگە ئۇرۇلۇپ سىلكىنىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**غالدىراڭ** سۆپ ← غالدىراڭ قومۇش.

**غالدىراڭ قومۇش** ئېگىز ئۆسۈپ قۇرۇپ قالغان، بورا توقۇيدىغان قومۇش.

**غالدىر-غۇلدۇر** «غالدىر» قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**غال-غال** ① غەزەپلىنىشتىن، قورقۇشتىن، سوغۇق زەربىسى قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان تىترەش هالىتى: قاتىل بولسا، ئۆزىنىڭ ئېتىنىمۇ ئېيتماي، غال-غال تىترەپ تۇراتتى. * زىمىستان قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئۆزى غال-غال تىترەپ چىقسىمۇ، بەدىنى بىلەن ئاشۇ قىزنى ئىسسىتقان. ② كۆچمە. بوش، قۇرۇق: تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال (ماقال).

**غالغۇي** سۆپ. تەرسا، سەپرا، ئەگىز، كاج: ئۇ هازىر بالدۇرقىدەك غالغۇي ئەمەس، خېلى ئوڭلىنىپ قالدى.

**غالمۇس-غۇلماس** دىئال. شالاپ-شۇلۇپ.

**غالۋارىماق** پ ① ئاچچىقلانماق، چېچىلماق؛ غەزەپلەنمەك: ئايىمخان ئۆزىچە غالۋاراپ قىزنى كەچقۇرۇن ئۆيگە بېرىشقا تاپىلاپ چىقىپ كەتتى. * — ئەنە نادەم يېزىنىڭ بىر مالاي بالىسىغۇ، غالۋارىغان هېلىقى ساقچى ئەمەلدار-نىڭ راسا ئەدىبىنى بەردىغۇ، ئۇ شۇنچىلىك جۈرئەتلىك، ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنغۇ، بىزدە شۇنچىلىك جۈرئەت، ۋىجدان، نومۇس يوقمۇ؟ ② ئالدىراپ-تېنەمەك، ئالدىراپ-سالدىراپ يۈرمەك، ئالدىرىماق: ئەتىدىن كەچكىچە غالۋاراپ يۈرمەك. * — ئانا، سىز بىزنى ئۆيىڭىزگە چاقىرىۋالمەن دەپ بەك غالۋاراپ كەتتىڭىز، مۇنچىۋالا ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى ئەركىن مېهمانلارغا ۋەكالىتەن چوڭ ئانىسىغا.

**غالىب** (ئە) ① سۆپ. ئۇتۇش، ئۇتۇش، جەڭ، كۆرەش، مۇسابىقە قاتارلىقلاردا غەلىبە قازانغان، ئۈستۈن چىققان، يەڭگەن؛ يېڭىلمەس: سىلەرنىڭ هەر تەرەپلىمە هەمكارلىق ۋە ياردىمىڭلارغا ئىگە بولۇۋاتقان مىللىي ئارمىيە باشتىن-ئاياغ غالىب ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. * غالىب قوللاردا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن مىلتىق ئۇچىدىكى ئىشتىكلار پارلاق قۇياش نۇرىدا ۋال-ۋۇل چاقنىماقتا. ② ئى. غەلىبە قىلغۇچى، غەلىبە قازانغۇچى، ئۈستۈنلۈكتە تۇرغۇچى: باهار غالىب، جۇدۇن بولسا ئۆتكۈنچى. * غالىبلار گوياكى يالقۇنلۇق گۈلخان، هەر ئادەم چوغ ياكى ئالتۇن ئۇچقۇن-دى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غالىب بولماق** ئۇرۇش، جەڭ، كۆرەش، مۇسابىقە قاتارلىقلاردا غەلىبە قىلماق، غەلىبە قازانماق، يەڭمەك: ئەگەر ئۇرۇشتىن غالىب بولۇپ قايتىسىڭىز، هېچ بولمىغاندا ئوغرىلارنىڭ بىرەر ئادىمىنى تىرىك قولغا چۈشۈرسىڭىز مەرتىۋىڭىز يەنە ئۆسىدۇ.

**غالىب چىقماق** ← غالىب كەلمەك:
غالىب چىقىش ئىشەنچىسى كىشىنى چەكسىز خۇشال قىلىدۇ، بۇنى ئەرلەر ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، بىراق شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بەزى ئاياللار مەپتۇن قىلىدۇ. * بىرەر سائەتتەك قىزغىن ۋە جىددىي چېلىشىش

نەتىجىسىدە ھەممە پالۋانلارنى يىقىتىپ غالىب چىققان ياڭخى نىياز ئوتتۇرىدا قالدى.

**غالىب كەلمەك** ئۇرۇش، جەڭ، كۈرەش، مۇسابىقە قاتارلىقلاردا ئۈستۈن چىقماق، غەلىبە قىلماق، يەڭمەك: ئەگەر سەندە بىرئاز ئەقىل-ئىدراك بولىدىغان بولسا، ئۇلاردىن غالىب كېلىسەن. * ئۇ ئۆزىگە خاس تەمكىنلىك بىلەن بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا ھودۇقۇش ئۈستىدىن غالىب كەلدى-دە، بوسۇغىدا تۇرغانغا سەپسالدى. * بىر-بىرىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇلارنىڭ بارلىق جەبىر-جاپا- لار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە ھەمدەم بولدى.

**غالىبانە** رەۋ (ئە+پ) غالىبلارغا خاس، غالىبلىق بىلەن: شوپۇر ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ غالىبانە كۈلدى. // مىللىي ئارمىيە شەرققە قاراپ داۋام قىلدۇرۇۋاتقان غالىبانە يۈرۈشىدە تېز ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە كۈنسېرى يېقىنلاپ بارماقتا.

**غالىبلارچە** رەۋ. غالىبلارغا خاس ھالدا، غالىبانە قىياپەتتە، غالىبلىق بىلەن: ئۇ مەيداندا ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، غالىبلارچە مېڭىپ يۈرەتتى. // ئۇنىڭ بىردە يۇمۇلۇپ، بىردە مىتىلداپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق غالىبلارچە تەمەننا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**غالىبلىق** ① ئى. غالىب كەلگەنلىك، غالىب بولغانلىق، غەلىبە: چېلىش قىلسا مەھەللىمىز- نىڭ باللىرى، غالىبلىقنى ئۇ ھېچكىمگە بەرمەيت- تى. ② سۈپ. غالىب كېلىدىغان، يېڭىلمەس: شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن ئويىنىشىدىغان بىكار تەلەپلەر ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى غالىبلىق مىجەزىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىلىۋالغان- دى. * جۇش ئۇرار تېنىدە غالىبلىق روھى، مەردانە تۈيغۇلار يۈرىكىدە ھەم.

**غالىبىيەت** ئى (ئە) يېڭىش، ئۈستۈنلۈك، غەلىبە: دۆلىتىمىز قانۇنلىرىنىڭ خەلق دېموكراتىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى- دە خەلقىمىزنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرى قانۇن شەكلى ئارقىلىق قەيت قىلىنغان.

**غالىس** سۈپ (ئە) ئۈستۈن، كۈچلۈك؛ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، قاتتىق، قالتىس: كۆلدە ئادەمدىن غالىس كېلىدىغان لوخا بېلىقلار بار. * يامانلىق مەن غالىس دەپ تۇرار. * بۇ ھاقارەتلىك سۆزنى ئاڭلىغان بەھرامنىڭ غالىس ئاچچىقى كېلىپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇپلا ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۇرغانىدى، قورسىقى يېرىلىپ شۇ ھامان ئۆلدى.

**غالىس كەلمەك** ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەك، كۈچلۈك كەلمەك.

**غالىلداتماق** «غالىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غالىلداشماق** «غالىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ باتۇر جەڭچى، يوللىغان گۆرگە ئۇنى، نەيزە ئۇرۇپ. قالغىنى غالىلدىشىپ توشقان كەبى، تاشلاشقان قورالىنى تەسلىم بولۇپ.

**غالىلدىماق** پ «غال-غال» قىلىپ تەۋرەنمەك، «غال-غال» قىلماق: قىزنىڭ قوللىرى غالىلداپ تىترىدى. * ئۇ بۇ گەپنى پىچىرلاپ ئېيتقاندا، پۈتۈن بەدىنى غالىلدايتتى.

**غانجۇغا** ئى. نەرسە-كېرەكلەرنى تېڭىش ئۈچۈن ئېگەرنىڭ ئارقا ئىككى تەرىپىگە بېكىتىلىدىغان تاسما ياكى تانا: ئۇ كۈمۈش ئۈزەڭگىگە پۇتىنى چىڭ تىرەپ ئات ئۈستىدە مىختەك ئولتۇراتتى. ئېتىنىڭ غانجۇغىسىدا ھازىرلا ئوۋلانغان بىر تاغ تېكىسى باغلاقلىق تۇراتتى. * ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا ئۇزۇن ئالا ئارغامچا ئېسىلغانىدى.

**غانجۇغا بوقۇش** ← دەۋر تاسىمىسى.

**غانجۇغدا كۆرۈشمەك** قىيامەتتە كۆرۈشمەك، ئۇ ئالەمدە كۆرۈشمەك؛ ئاخىرى بىركۈنى كۆرۈشمەك: – ھازىرچە گەپ سىلىنىڭ بولغاچ تۇرسۇن، كېيىنچە غانجۇغدا كۆرۈشۈپ قالارمىز! – دېدى باراتئاخۇن.

**غانجۇغلاتقۇزماق** «غانجۇغلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غانجۇغلاتماق** «غانجۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غانجۇغلاشماق** «غانجۇغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غانجۇغلانماق** «غانجۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رۇستەم ئېگەرگە غانجۇغلانغان خورجۇن، خالتىلارنى يەشتى.

**غانجۇغلىماق** پ. غانجۇغا بىلەن ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا نەرسە-كېرەكلەرنى باغلىماق، تاڭماق: گۆلەم سومكىسىنى غانجۇغلىدى-دە، ئېتىنى قامچىلاپ توختاسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى. * شاھزادە ئۇۋ كىيىكلىرىنى ئېتىغا غانجۇغلاپ، شىكاردىن قايتىپتۇ.

**غاۋۇر-غۇۋۇر** قالايمىقان ئاۋازلار، ۋاراڭ-چۇرۇڭ: زۇللانىڭ بويۇن كۆپتۈرۈپ ۋارقىرىشى بىلەن غاۋۇر-غۇۋۇر بىرئاز بېسىققاندەك بولدى، باسىت ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ كېكىردىكىنى قىردى.

**غايە** ئى (ئە) ① كەلگۈسى شەيئىلەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ياكى ئارزۇ، ئۈمىد، ئىستەك: كوممۇنىزم – ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غايىسى. غايە تىكلىمەك. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش توغرىسىدىكى ئوي، نىيەت، مەقسەت: ئۇنىڭ غايە ۋە بەخت قارىشىدىن كۆڭلۈم يورۇپ كەتكەندەك بولدى، راستىنلا ئۇ مېنى ئەيۋ قىلامدىكىنە؟ ياخشى كۆرەمدىكىنە؟ * خەلقىمىز ئەمگەكچان، باتۇر، پاراسەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، دۆلىتىمىزنى ئوبدان گۈللەندۈرىدىغان ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە خەلق.

**غايەت** رەۋ (ئە) ھەددىدىن تاشقىرى، ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن: بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئازراق تەجرىبىنىڭمۇ غايەت زور يېتەكچىلىك رولى بولۇۋاتىدۇ. *ئىجاد ئۆز قەلبىنىڭ غايەت زور پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى ئىچىدە سەممىي خۇشاللىققا چۆمۈۋاتقانلىقىنى سەزدى.

**غايلىماق** پ. دىئال. قېيىپ كەتمەك، چەتنىمەك.

**غاينۇق** ئى. دىئال. كالا بىلەن قوتازنى چېتىشتۇرۇشتىن پەيدا بولغان كالا؛ ئارغۇن.

**غايىب** سۈپ (ئە) كۆرۈنمەيدىغان، كۆز ئالدىدا بولمىغان، يوقىلىپ كەتكەن؛ مەۋجۇت ئەمەس: بۇلارغا تاغ ئارقىسىدىن غايىب روھ مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ. * بوۋاي بىرنەچچە چامدام مېڭىپلا، كۆزدىن غايىب بولدى. * كېرىمجان تېنىگە غايىبتىن كۈچ قوشۇلغاندەك لىپلا قىلىپ كابىنكىغا قوندى-يۇ، بۆلەكچە ھاياجان بىلەن جانىۋارنى ھەرىكەتكە سالدى.

**غايىب بولماق** كۆزدىن يۈتمەك، كۆزگە كۆرۈنمەس بولماق، يوقالماق: ساقاللىق يوچۇن ئادەم شۇندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، قوناقلىق ئارىسىدا غايىب بولدى. * شۇنداق قىلىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە بايىقى تاغلار، سۇلار، دەل-دەرەخلەر ۋە ئادەملەرنىڭ بارلىقى شاھزادىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپتۇ.

**غايىب خەزىنە** بۇرۇنقىلاردىن قالغان، ئىگىسىز مال-مۈلۈك، دۇنيادەپىنە: – چۈشۈمگە ئايان بولۇۋاتىدۇ، ماڭا بىر غايىب خەزىنە ئۇچراپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، – دەپ خوتۇنىنى بەزلەيتتى ئۇ.

**غايىب قىلماق** يوقاتماق؛ كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ قويماق: ئۇنى كۆزدىن غايىب قىلغىنىڭىز بەك ياخشى بولدى.

**غايىب ئوق** ئېتىلغان ئەمما ئاتقۇچىسى نامەلۇم بولغان ئوق: ئۇ ئاكوپتىن ئەمدىلا بېشىنى كۆتۈرۈشىگە بىر تال غايىب ئوق كېلىپ، ئۇنىڭ چېكىسىنى سىجاپ ئۆتۈپ كەتتى.

**غايىبانە** ① رەۋ. ئۆزىنى كۆرمىگەن ياكى سۆھبەتلەشمىگەن ھالدا، سىرتتىن: مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچى غايىبانە ھالدا ئۇنى ئەسىر ئەتتى. * ئايتىللا بۇلارنى ئاقسۇغا كەلمەستىلا بىلەتتى، ئۇ بايدىكى چېغىدىلا، شائىرغا نىسبەتەن غايىبانە ئىشقى-مۇھەببەت كويىغا چۈشكەنىدى. ② سۈپ. ئۆزىنى كۆرمىگەن، نامەلۇم: قىز ئويغىنىپ خىيالغا چۆكۈپتۇ، كېيىن يەنە كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ، چۈشىدە پەرمانقۇلنى كۆرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن قىز بۇ غايىبانە يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قېلىپتۇ. * تەرجىمان، سەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى سانسىز تىل قىرغاقلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرغۇچى غايىبانە كۆۋرۈكنىڭ ئىنژېنېرىدۇرسەن.

**غايىبسىز** سۈپ. غايىبى يوق، غايىگە ئىگە بولمىغان: غايىبسىز ئادەم. * ھەرىگە بەرمەس ھەسەل. سۈنئىي چېچەك، قونسىمۇ بەرگىگە بولۇپ پايپېتەك. غايىبسىز ئۆتكەن باھارىڭدىن چوقۇم، پىشمىغاي قوغۇن بولۇپ كۆزدە خەمەك.

**غايىلىك** سۈپ. غايىسى بار، غايىگە ئىگە: غايىلىك ئادەم. * ياشلىرىمىزنى ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنى تىرىشىپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە ساغلام كىشلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. * ئۇ غايىلىك، ئىرادىلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەرگىز تىز پۈكمەي، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش روھىغا ئىگە.

**غايىۋى** سۈپ (ئە) ① مۇئەييەن بىر غايە، ئىدېئولوگىيىگە ئىگە؛ مۇئەييەن بىر غايە ئىدېئولوگىيىگە ئاساسلانغان: غايىۋى شەخس. * باللار باشتا ئۆز ھەرىكەتلىرىنى غايىۋى شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ. * كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا قىزىلتاغ گوڭشېسىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ گۈزەل-غايىۋى خەرىتىسىنى سىزىپ كۆرسەتتى. ② يوشۇرۇن: ئۇ قانداقتۇر غايىۋى كۈچنىڭ مەدىتى بىلەن خىيالدىن قۇتۇلۇپ يوتقانني تىكىشكە باشلىدى. * كۆزلىرىمدىن ئۈمىد نۇرى چاقنىدى. ۋۇجۇدۇمدا قانداقتۇر بىر خىل غايىۋى كۈچ پەيدا بولدى.

**غايىۋى جەننەت** ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەندەك رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان ھەمدە تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك، گۈزەل دۇنيا.

**غايىۋىلە شتۈرمەك** « غايىۋىلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غايىۋىلە شتۈرۈلمەك** « غايىۋىلە شتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەقىل دۇنياسى بۇرژۇئازىيىنىڭ غايىۋىلە شتۈرۈلگەن دۇنياسىدىنلا ئىبارەت.

**غايىۋىلە شمەك** پ. مۇئەييەن بىر غايىگە ئىگە بولماق، مۇئەييەن بىر غايىنى شەكىللەندۈرمەك.

**غايىۋىلىك** ئى ① « غايىۋى » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <ئەد> بەدىئىي ئەسەرنىڭ غايىۋى يۆنىلىشى. ئۇ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە ئەسەر مەزمۇنىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ غايىسى قانچىكى ئىلغار ۋە تەرەققىيپەرۋەر بولسا، ئۇنىڭ ئەسىرىدە ھايات شۇنچىلىك كەڭ، چوڭقۇر ھەمدە ھەققانىي ئىپادىلىنىدۇ،

بەدىئي ئەسەرنىڭ قىممىتىمۇ مۆلچەرلىگۈ-
سىز ھالدا يۇقىرى باھالىنىدۇ.

**غەپسە** رەۋ. دىئال. بەك، ناھايىتى، ئەجەب: ئۇ غەپسە يوغان ئادەم ئىكەن.

**غەپلەت** ئى (ئە) خەۋەرسىزلىك، بىلمەس-لىك؛ بىخەستەلىك، بىپەرۋالىق: غاپىللىق؛ نادانلىق: بۇ شېئىر مىڭلىغان كىشىلەرگە مەدەت-ئىلھام بېغىشلىدى ۋە ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغاتتى. * قەشقەرنىڭ خىلۋەت كېچىسى. ھەممە ياق جىمجىت. تاڭ خورازلىرىمۇ قەشقەر-لىققە ئوخشاش غەپلەت ئۇيقۇسىدا تېخىچىلا ئۇخلىماقتا ئىدى. * ئەسقەر ئۆزىنى غەپلەتكە سېلىپ ئايشەمنىڭ يېنىغا باردى.

**غەپلەت باسماق** بىپەرۋالىق قىلماق، بىخەستەلىك قىلماق؛ بىخەۋەر قالماق: ئۇلار تەجرىبىلىك شەھەر ئادەملىرىنىڭ ھەميانىنى سۇغۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خېلى ئاۋا-رىچىلىك تارتىدىغان بولسىمۇ، غەپلەت باسقان قايسى بىر ياۋاش-ساددا دېھقاننىڭ يانچۇقىنى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ھېچ قىينالماستىنلا پاك-پاكىز قۇرۇقداپ قوياتتى. * بۈگۈن كېچە ئىستىقامەت غارىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، سۈبھى يورۇغان ۋاقىتتا، غەپلەت بېسىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

**غەپلەتتە ياتماق** → **غەپلەت ئۇيقۇسى-دا ياتماق**: ئۇ ئۆمرىدە ئىككىنچى قېتىم مانا مۇشۇنداق ئىشتىياق بىلەن ئەزان ئېيتىپ، غەپلەتتە ياتقانلارنى ئويغاتتى.

**غەپلەت ئۇيقۇسى** ① قاتتىق ئۇيقۇ، ھېچ نەرسىنى تۇيمايدىغان ئۇيقۇ؛ ھەممە نەرسىدىن بىخەۋەر، ھېچ نېمە بىلەن كارى بولماي، گويا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندەك يۈرۈش ھالىتى: بۇ زاماننى تونۇماستىن ئۆتكىنىڭ پۈتكۈل خاتا، مۇنچە غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆككىنىڭ پۈتكۈل خاتا. * پەن دېمەك – مەشئەل دېمەكتۇر دىلغا نۇرلار چاچقۇچى، كىمكى غەپلەت ئۇيقۇسىدا، قالدى ئارمان ئىچىدە.

**غەپلەت ئۇيقۇسى باسماق** ① قاتتىق ئۇيقۇسى كەلمەك: تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندا بۆلبۆلنى غەپلەت ئۇيقۇسى بېسىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ② كۆچمە. ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق يۈرمەك؛ نادانلىقتا قالماق: باسمىسۇن ئاگاھ بولايلى، بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسى، يەنە يازمايلى پۇشايمانلىق نادامەت قىسسىسى.

**غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماق** ① ھېچ نەرسىنى تۇيماي قاتتىق ئۇيقۇغا كەتمەك: تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندا باتۇر غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ قىلىپتۇ. شۇ چاغدا دىۋە كېلىپ پەرىزاتنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ② كۆچمە. ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق يۈرمەك؛ نادانلىقتا قالماق: ل. مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان خەلقنى كۈرەشكە، ئىنقىلابقا چاقىردى.

**غەپلەتلىك** سۈپ. غەپلەتتە قالغان، غەپلەت باسقان: يەنە بەزىلەرگە يىللارنىڭ كونا-يېڭى بولۇشىنىڭ ئانچە كارايىتى يوق. ئۇلار بۇ يىلنى غەپلەتلىك ئۇيقۇ ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە. * ئىلىنىڭ بويىدا كەلدىڭ ئالەمگە، ئىلىدەك دولقۇنلۇق بىر ئوغلان ئىدىڭ. ئاتىلار ئاھىدىن ۋەتەن، خەلقىڭگە، غەپلەتلىك ئۇيقۇدىن «تۇر، ئويغان» دېدىڭ.

**غەجەپ** ئى. دىئال. خەتكۈش.

**غەچچەي** ئى. دىئال. سۈتلۈك ئۇت.

**غەر** ئى (پ) يامان نىيەتتىكى، يامان ئىش قىلىدىغان ئادەم؛ بۇزۇق، پاھىشە ئايال: غەر غەرەزچى كېلەر. ئوغرى ئاسماقچى (ماقال).

**غەرەز** ئى (ئە) ① بىركىمگە قارشى يامان

نىيەت، مەقسەت (سۆز-ھەرىكەت ھەققىدە): ھىم، سىنىڭ غەرىزىڭ ماڭا ئايان. * بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ھەقىقىي راست ئىش، بۇنىڭدا ھېچقانداق يامان غەرەز يوق. ② داۋلى، مەقسەت، گەپ: سەنلەرگە ھال ئېيتىشقۇ ئۆلۈكتىن ئىمان سورىغاندەكلا بىر ئىش، ئىنسان بولغاندىن كېيىن غەرەز ئۇقار دەپتىمەن. * ئەمەت ئۇستا بارغانچە جاھىل، تېرىككەك، غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كەتتى.

**غەرەز ئۇقىدىغان** داۋلى، مەقسەتنى چۈشىنىدىغان؛ كاچ ئەمەس، گەپ يەيدىغان: سەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆر، ئۇ غەرەز ئۇقىدىغان ئادەم، بەلكى ئۇناپ قىلىشى مۇمكىن.

**غەرەزچى** ئى. يامان غەرەزدىكى ئادەم، غەرەزگۇي: غەر غەرەزچى كىلەر، ئوغرى ئاسماقچى (ماقال).

**غەرەزسىز** سۈپ. يامان غەرىزى يوق، يامان غەرەز يوشۇرۇنمىغان: غەرەزسىز ئادەم. * مەن ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى شۇ ھەرىكىتىنى ھېچبىر غەرەزسىز دەپ ئويلىشىنى خالايتتىم، بۇ مېنىڭ روھىي قىسلىشىمغا ئەلۋەتتە ئاراملىق بېرەتتى. * ئۇنىڭ غەرەزسىز، ساپ مۇھەببەت ئوتى بىلەن چاقنىغان كۆزلىرى مېنىڭدە ھېسسىيات ئويغاتتى.

**غەرەزگۇي** ئى. يامان غەرەزلىك ئادەم، غەرەزچى: بىز توغرىمىزدا يامان مەقسەت بىلەن سىزگە چېقىمچىلىق قىلغان ئىغۋاگەر ۋە غەرەزگۇيلار بۇ مەجلىسكە كېلىشسۇن-دە، ئۆزلىرىنىڭ شۇملۇق كەشپىياتلىرىنى ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ئىسپات قىلىپ، بىزنى يېڭىباشتىن دار ئاستىغا ئەۋەتسۇن! ئەكسىچە، قىلالمايدىغان بولۇشسا، ئۇ چاغدا بىزگە كولىغان ئورىلىرىغا ئۆزلىرى ئىتتىرىلسۇن!

**غەرەزلىك** سۈپ. يامان غەرىزى بار، يامان غەرەز يوشۇرۇنغان: سەيپۇڭ توختىنىڭ: «تۆمۈرئاخۇن خەلپە بولۇۋېلىپ مۇرادىغا يەتتى، بولمىسا، نېمىشقا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ شامەخسۇتنى ئۆرۈۋەتمەيدۇ» دېگەن غەرەزلىك گەپلىرىگە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ، ھەتتا قارا بوسۇق بىلەن خوجنىياز پالۋاننىڭمۇ ئىشىنىپ قالغانلىقى ھەممىدىن قاتتىقراق ئەلەم قىلاتتى. * ھوشۇر ئەلەس بىر توپ ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا غەرەزلىك ھالدا ئېڭىشىپ گۇلچىمەننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

**غەرب** ئى (ئە) ① دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى؛ شەرققە قارىمۇقارشى تەرەپ؛ كۈنپېتىش: غەربىي يېرىم شار. * كۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربتە ئولتۇرىدۇ. * كۈن غەربكە قىيسايغاندا، غەرب تەرەپتە ماتورلۇق كېمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ② غەربىي ياۋروپا، ياۋروپا ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى: ھازىرقى غەرب تىبابىتى خەۋەرسىز تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۇيغۇر تىبابىتىدە مەۋجۇت.

**غەرب تىبابىتى** ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا كىرگەن داۋالاش ئۇسۇلى: شىنجاڭدا غەرب تىبابىتى پەيدا بولغىنىغا ئاران 70 – 80 يىل بولدى.

**غەرب چالغۇلىرى** <مۇز> ئاككوردىيون، پىئانىنو، گىتار، ساكسوفون، ئېلېكترونلۇق چالغۇ ۋە جاز دۇمباق قاتارلىق ياۋروپادىن قوبۇل قىلىنغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

**غەرب شاملى** <مېتېئور> غەرب تەرەپتىن چىققان شامال.

**غەرب شاملى بەلبېغى** <مېتېئور> جەنۇبىي ۋە شىمالىي يېرىم شاردىكى ئوتتۇرا كەڭلىك رايونىغا جايلاشقان،

سۇبتروپىك يۇقىرى هاۋا بېسىمى رايونىدىن ئىككى قۇتۇپقا قاراپ غەربكە ئاققان هالەتتە سۈرۈلگەن هاۋا ئېقىمى بەلبېغى.

**غەرب شاملى دولقۇنى** <مېتېئور> ئوتتۇرا كەڭلىكتىكى غەرب شاملى بەلبېغىدا بولىدىغان ئاتموسفېرا دولقۇنى شەكلىدىكى بىر خىل كاشىلا.

**غەربچە** سۈپ. غەرب ئەللىرىگە خاس، غەرب ئەللىرىدە بولىدىغان: غەربچە كىيىم. * ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە غەربچە تىبابەتتە قوللىنىدىغان خېلى كۆپ دورا ئىسىملىرى ۋە كېسەللىك ئىسىملىرى بار ئىكەن دېيىشىدۇ.

**غەربلە شتۈرمەك** « غەربلەشمەك »نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنداق قىلغانلىق هەرگىزمۇ تىبابەتچىلىكىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى « غەربلەشتۈرگەنلىك» بولمايدۇ.

**غەربلە شمەك** پ. مەدەنىيتى، تۈزۈلمىسى ۋە شۇ قاتارلىقلار غەربلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولماق، غەربنىڭكى ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ ئىشلىتىلمەك: پۈتۈنلەي غەربلىشىش دېگەن تەشەببۇس – خاتا نۇقتىئىنەزەر.

**غەربلىك** ئى. غەرب ئەللىرىدە ياشىغۇچى كىشى: ئۇلار سىزنىڭ غەربلىك، يەنە كېلىپ، ئەمدىلا جەنۇبىي ئوكيان سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ، ئېھتىمال بولمىسۇن سىزنىڭ هەمراھ بولۇپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

**غەربىي** سۈپ (ئە) غەرب تەرەپكە جايلاشقان، غەرب تەرەپتىكى: نىزامىدىن يىپىندىكى ئاقسىلبېككە قاراپ: – ئۇرۇش مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىسىملار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئالغا سىلجىشى كېرەك! – دېدى بۇيرۇق ئاهاڭىدا.

**غەربىي ئافرىقا** <جۇغ> ئافرىقىنىڭ غەربىي قىسمى. ئۇ ماۋرىتانىيە، مالى، سېنېگال، گامبىيە، يۇقىرى ۋولتا، گۋىنىيە، سېررالېئون، لىبېرىيە، پىل چىشى قىرغىقى، گانا، توگو، بېنىن، نىگېر، نىگېرىيە، كامېرون، ئېكۋاتور گۋىنىيىسى، سان تومې ۋە پرىنسىپى، يېشىل تۇمشۇق جۇمھۇرىيىتى، كانارى تاقىم ئاراللىرى ۋە ئەسلىي ئىسپانىيەگە قاراشلىق بولغان سەھرا قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**غەربىي جۇ** <تارىخ> ← **غەربىي جۇ خانلىقى.**

**غەربىي جۇ خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىردە جۇ ۋۇۋاڭ شاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرغاندىن تارتىپ، تاكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770-يىلىغا (جۇپىڭ-ۋاڭنىڭ شەرققە كۆچۈشىدىن بىر يىل بۇرۇنغا) قەدەر داۋاملاشقان سۇلالە. خاۋجىڭ (هازىرقى شەنشىدىكى شىئەن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) پايتەختى بولغان.

**غەربىي خەن** <تارىخ> ← **غەربىي خەن خانلىقى.**

**غەربىي خەن خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206-يىلىدا لىيۇباڭ خان دەپ ئاتالغاندىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 25-يىلى لىيۇشۇەنگىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلىغىچە داۋاملاشقان سۇلالە. چاڭئەن (هازىرقى شىئەن) پايتەختى بولغان. ئۇ يەنە « دەسلەپكى خەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**غەربىي دىيار** <تارىخ> خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، هازىرقى يۈمىنگۇەننىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلار بۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**غەربىي زېمىن** <تارىخ> ← غەربىي دىيار.

**غەربىي ئۇزۇنلۇق** <جۇغ> نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان سىزىقىنىڭ غەربىدىكى ئۇزۇنلۇق ياكى مېرىدىئان.

**غەربىي ياۋروپا** <جۇغ> ياۋروپانىڭ غەربى. ئۇ تار مەنىدە ئەنگلىيە، ئىرېلاندىيە، فرانسىيە، مۇناكو، گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە لىيۇكسىمبورگ قاتارلىق دۆلەتلەرنى؛ كەڭ مەنىدە شەرقىي ياۋروپادىن باشقا بارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**غەربىي ياۋروپا ئورتاق بازىرى** غەربىي ياۋروپادىكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرغان سىياسىي ئىقتىسادىي گۇرۇھى.

**غەرق** سۈپ (ئە) ① بىرەر نەرسە ئىچىگە چۆككەن، چۆمۈلگەن، پاتقان: سۇغا غەرق بولماق. * تۇققۇز ئوغۇل بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ، بۇرۇنراق سۇغا چۈشۈپ كۆپرەك قوي ھەيدەپ چىقىشنىڭ غېمىدە ئارقا-ئارقىدىن دەرياغا سەكرەپتۇ-دە، سۇغا غەرق بولۇپتۇ. * ھاجى بولسا، چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق ئىدى. ② ھەددىدىن زىيادە، ھەددىدىن تاشقىرى، ناھايىتى: غەرق مەست.

**غەرق بولماق** بىرەر نەرسە ئىچىگە چۆكمەك، چۆمۈلمەك، پاتماق: سۇغا غەرق بولماق. * يىگىت سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن، سۇغا غەرق بولدى. * ئۇ قانداقتۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغاندەك كۆرۈنەتتى. * مىڭ تەسلىكتە بىر ئۆتكۈرنى تېپىپ، مۈكچىنىپ ئولتۇرۇپ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم.

**غەرق قىلماق** بىرەر نەرسە ئىچىگە چۆكتۈرمەك، پاتۇرماق: سۇغا غەرق قىلماق. * ئىپسىدە بولسۇن تاغا، دېڭىز كېمە، پاراخوتلارنى دائىم كۆتۈرۈپلا تۇرمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، ئاغدۇرۇپ سۇغا غەرقمۇ قىلىۋېتەلەيدۇ! * مانا بىر كۈننىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ئۇنى مۈشكۈل بىر ئىشقا دۇچ كەلتۈرۈپ، خىيال دەرياسىغا غەرق قىلىپ تاشلىدى.

**غەرق مەست** ئۆزىنى، ھوشىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست؛ قاتتىق مەست: غەرق مەست بولماق. * ئۇ ئۆزىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى شېرىن خىياللىرى بىلەن غەرق مەست ھالدا سارايغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

**غەرق مەست بولماق** ① ئۆزىنى، ھوشىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست بولماق، خۇدىنى يوقاتماق: ئۇ غەرق مەست بولسا كېرەك، ھارۋىدا ئۆز بەدىنىنى باشقۇرالماي ئالدى-كەينىگە تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. ② كۆچمە. قاتتىق تەسىرلەنمەك، مەپتۇن بولماق: ئوقۇپ ئەشئارلىرىنى غەرق مەست بولۇپ، تەسىراتىم چىنىسىگە تەسرات تولۇپ. كۆزۈم بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالدۇ. ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە پېتىپ قالدۇ.

**غەزەپ** ئى (ئە) ھەددىدىن زىيادە نەپرەت، ئاچچىق: غەزىپى كەلمەك. * مۇمىن ئاكامنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. * قەيسەر ئىرادىلىك بۇ پېشقەدەم پروفېسسور ھازىر ئۆزىنىڭ 18 ياشلىق بالىسىنى باشقۇرالمايۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال بۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى.

**غەزەپكە تولماق** قاتتىق غەزەپلەنمەك، غەزىپى ھەددىدىن ئاشماق: ئەرلىرى ئاياللىرىنى ئۇرغاندا ياكى ئاتا-ئانىلىرى

بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئازابلىنىپ غەزەپكە تولاتتىم. * چىھرىگۈلنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، قۇلاقلىرىغىچە يېنىپ كەتتى، كۆزلىرى ئەلەم ۋە غەزەپكە تولدى.

**غەزەپكە كەلمەك → غەزەپلەنمەك:** شانىياز غەزەپكە كېلىپ، لەشكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، بىراق لەشكەرلەر ئۇنى چېپىپ تاشلىدى. * شاھ غەزەپكە كېلىپ، ئادەملىرىگە ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى.

**غەزىپى قاينىماق → غەزىپى ئۆرلىمەك:** ئەكبەر بۇ تەرىسا ئادەمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەنلىكىگە غەزىپى قايناپ سۆزلەپلا كەتتى.

**غەزىپى قوزغالماق → غەزىپى ئۆرلىمەك:** ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىسەم، قوزغىلىدۇ غەزىپىم، ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇقراق قۇلدەك ھەقسىز ئىشلىدىم.

**غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىمەك** غەزىپى چېكىدىن ئاشماق، تازا ئاچچىقى كەلمەك: ئۇنىڭ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ ئانىسى ۋە ئۇستازى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلاندى.

**غەزىپى كەلمەك** ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك: بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزىپى كەلدى.

**غەزىپىگە بەس كېلەلمەسلىك → ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەسلىك:** غەزىپىگە بەس كېلەلمەي تۇرغان پادىشاھ سول قول ۋەزىرىنى قىچقىرىپ: — سەن نېمىشقا لاي، كېسەكنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

**غەزىپىگە پايلىماي** قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن ئۆزىنى تۇتالماي؛ غەزىپىنى، ئاچچىقىنى باسالماي: بەھرام غەزىپىگە پايلىماي، خوتۇنى دىلئارامنى ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ كاچىتىغا بىر قانچىنى سالدى. * بوۋاي، غەزىپىگە پايلىماي: — «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۆچلۈك»، دېگەن راست گەپ ئىكەن-دە، ساقچى دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟ — دېدى.

**غەزىپى مىڭ گەز ئۆرلىمەك** غەزىپى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتمەك، ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەنمەك: ئۇ ئاچچىقلاپ غەزىپى مىڭ گەز ئۆرلەپ كەتتى.

**غەزىپىنى ئىچىگە يۇتماق** غەزىپىنى باسماق، غەزىپىگە ھاي بەرمەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق: شۇنداق قىلىپ نادىم ئانىسىنىڭ بىر ماتا ئۈچۈن مىڭ تەسلىكتە يىغىپ بەرگەن پۇلىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى-دە، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماڭدى. * قىزلار بولسا تېخىچە غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، قازاننىڭ ئىشكىنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋېلىپ ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدى.

**غەزىپىنى يۇتماق** ئاچچىقى كېلىدىغان ئىشلار يۈز بەرسىمۇ، ئاچچىقلانماي سالماق بولماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك: ئۇ غەزىپىنى يۇتۇپ سىلىق سۆزلىدى.

**غەزىپى ئۆرلىمەك** قاتتىق ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك، غەزىپى كەلمەك: گۈلپەمخاننىڭ مانا ئەمدى قېنى قىزىپ، غەزىپى ئۆرلىدى. * — نېمە؟ بىر كورە، بۇغداي؟... كانايىغا يوق، سۇنايىغا نەدە تۇرۇپتۇ، — بوۋاينىڭ غەزىپى ئۆرلىدى.

**غەزەپلەندۈرمەك** «غەزەپلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇشۇنداق بىر قەدىردان دوستىنىڭ يامانلاردىن چېشى چۇشكىدەك دەرىجىدە ئازار يېگەنلىكى، شۇ تاپتا سوتتۇقنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردى. * ئەسئەتنىڭ كېيىنكى بىر ئىشى تېرىكىپ ئاران

تۇرغان ئاپىسنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈۋەتتى.

**غەزەپلەنمەك** پ. غەزىپى كەلمەك، قاتتىق ئاچچىقلانماق: ئۇ كۆز ئالدىدا ئاشكارا ھالدا يۈز بېرىۋاتقان بۇنداق كەمسىتىش ۋە خورلۇقتا ئىچ-ئىچىدىن غەزەپلەندى. * خەلق توپى خۇددى غەزەپلەنگەن شىردەك شەھەر دەرۋازىسىغا ئۆزىنى ئۇردى.

**غەزەپلىك** سۈپ. غەزىپى بار، غەزەپكە كەلگەن: بوۋاينىڭ غەزەپلىك تۇرقى ئۆزگىرىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى-دە، تاپىسىغا كېلىپ، شائىر بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى. * توپ ئىچىدىن ئايىقىزنىڭ جاراڭلىغان غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

**غەزەپلىنىشمەك** «غەزەپلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىشتى.

**غەزەپ-نەپرەت** غەزەپ ۋە نەپرەت: خەت ئوقۇلۇپ تۈگە-تۈگمەي، خەلق توپى دېڭىزدەك چايقىلىپ، تۈگۈلگەن مۇشتلار ھاۋادا پۇلاڭلاپ، غەزەپ-نەپرەت سادالىرى گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ كەتتى. * ئۆمەرجان پۈتۈن غەزەپ-نەپرىتىنى كۆزىگە يىغىپ، بولۇڭغا تىكىلىپ چېقىر كۆز قاسىمنى قاچۇرۇپ قويماسلىقنى ئويلاپ تۇراتتى.

**غەزەل** ئى (ئە) <ئەد> ① دەسلەپكى بېيىتنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيىداش بولغان، كېيىنكى بېيىتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى دەسلەپكى ئىككى مىسراسىغا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدىغان لىرىك شېئىر: ناۋايى غەزەللىرى. گۇمنام غەزەللىرى. * روداكى پارس تىلىدا قەسىدە، غەزەل، رۇبائىي ۋە تۆيۇقلارنى قالدۇرۇپتۇ. * دېدى قاسىم: يىگىرمە بۇ يىل يېشىم، قوتاز بېقىپ ئۆتۈشتۇر كۈندە ئىشىم. ئاتا-ئانام بار چېغى ئوقۇغانمەن، شامەشرەپتەك غەزەلنۇ توقۇغانمەن. ② ئاھاڭغا سېلىنغان شۇ خىل شېئىر؛ ناخشا: غەزەل ئېيتماق. * كىشىلەر توي غەزەللىرىنى ئوقۇپ، چىن قەلبىدىن شادلىنىپ كۈلۈشمەكتە. * كەلدى باھار، كۈلدى جاھان، زەپمۇ گۈزەل. كەلدى قۇشلار جەنۇب ياقتىن ئېيتىپ غەزەل.

**غەزەلچى** ئى. غەزەل ئېيتىدىغان ئادەم: بۇ بازاردا غەزەلچىلەر، راۋابچىلار، ئىت تالاشتۇرغۇچىلار... ئىش قىلىپ خىلمۇخىل ئادەملەر بار ئىدى.

**غەزەلخان** ئى (ئە+پ) ← **غەزەلچى**: غەزەلخان بولمىسا بۇلبۇل، كىرەرمۇ جىلۋىگە ھەر گۈل. ئاشارمۇ قىممىتى گۈلنىڭ، قونماي بەرگىگە بۇلبۇل؟ * بار ئىكەن شۇنداق بىر ماھىر غەزەلخان، ھەسرەتتە ئۆتەركەن كۈنلىرى ھامان.

**غەزەلخانلىق** ئى. غەزەل ئېيتىش، غەزەل ئوقۇش: — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز غەزەلخانلىق ئەمەس، بەلكى ھويلا-ئارامنى ئوغرى يالغاندىن، ئېغىل-قوتاننى بۆرە-قاۋاندىن ساقلاش، — دېدى تاغىل ئىت.

**غەزەلىيات** ئى (ئە) «غەزەل» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى — غەزەللەر: «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناخشىلىرى لىرىك غەزەلىيات، خەلق قوشاقلىرى، خەلق داستانلىرىدىن تۈزۈلگەن.

**غەزۋە** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە تۈۋىدىن شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى قوشۇق ياكى يىپ شەكلىدە بولۇپ، يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق ۋە باشسىمان گۈل رېتىمدە كېلىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، يۆتەل توختىتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**غەزنە** (توغرىسى: خەزىنە) ← **خەزىنە**.

**غەزنەت** ئى. دىئال. تاپا-تەنە.

**غەسسال** ئى (ئە) دىئال. مېيىتنى يۇيىدىغان ئادەم، مېيىت يۇغۇچى.

**غەسىل** ئى (ئە) مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتىن بۇرۇنقى يۇيۇش ھەرىكىتى.

**غەسىل قىلماق** مېيىتنى يۇماق.

**غەش** سۈپ (پ) بىرەر نەرسىدىن تەشۋىشلەنگەن، خاپا بولغان، خاپا، تۇتۇق (كۆڭۈل ھەققىدە): كۆڭلى غەش بولماق. * بۇ ئىشلار سەپەرۇلىنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى غەش قىلاتتى. * بۇ ئىشتىن بىر تۇرۇپ خۇشال بولسام، يەنە بىر تۇرۇپ، كۆڭلۈمنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرى غەش ئىدى.

**غەش بولماق** تىت-تىت بولماق، بىئارام بولماق: كۆڭلى غەش بولماق. * ئاسمانغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلى ئىختىيارسىز غەش بولاتتى. * ياسىننىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ روھسىز ھالدا ئارقىغا بۇرۇلدى.

**غەش قىلماق** ئارامىنى بۇزماق، بىئارام قىلماق: كۆڭلىنى غەش قىلماق. * بۇ ھال كۆڭلۈمنى سەل-پەل غەش قىلدى. * قىياپەتۇلبەشەرنى تەتقىق قىلدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، مانا بۇ ھەقىقەتەن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىش.

**غەشچىلىك** ئى ← **غەشلىك**.

**غەشلىك** ئى. بىرەر نەرسىدىن تەشۋىشلىنىش، بىئارامىلىق، خاپىلىق: كۈنىدە دېگۈدەك ھاۋا تۇتۇلۇپ كۆڭۈلگە غەشلىك سالاتتى. * بۇ غەشلىك ئەلۋەتتە نۇرغۇن يېڭى سوئاللار بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى. * ئۇنىڭ غەلىتە مىجەزىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى غەشلىككە تولاتتى.

**غەشلىكى كەلمەك** كۆڭلى بىر قىسما بولماق، تىت-تىت بولماق: ئالىمنىڭ غەشلىكى كەلدى. * — ئۇ بىچارىگە يېڭى ھۇجۇم تەييارلاۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ غەشلىكى كەلگەن بىر ئاھاڭدا.

**غەلە** (توغرىسى: غەللە) ← **غەللە**.

**غەلەپ** ئى. دىئال. غىلاپ.

**غەلەت** سۈپ (ئە) يالغان، ساختا، راس بولمىغان: غەلەت سۆز. * غەلەت گەپ. * — ئەگەر غەلەت بولسا... — نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىلا، — ھەيران بولغان ھەسەن قازىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. * كاككۇك ئاغزى تون كېيىپ، يېزىغا چىققان يالغۇزۇم، چىنىمكىن-غەلەتىمكىن، بەندەم كۆتۈرگەن يالغۇزۇم.

**غەلەت گەپ** ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان، بولمىغۇر گەپ، يوق گەپ، ساختا، يالغان گەپ: خەقتە ئاشلىق بار، ئۇلارنىڭ يوق دېگىنى غەلەت گەپ.

**غەلدى-غەش** قالدى-قاتتى، كېرەكسىز نەرسىلەر، ئەخلەت-چاۋار، سۈپۈرۈندى: شاۋكەت لىقمۇلىق بىر قازان قوغۇشۇننى چەككىلەپ، غەلدى-غەشلىرىنى پاكىز سۈزۈپ بولدى. * بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى باھارخاننىڭ شۇۋاق سۈپۈرگۈسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەخلەت-چىرىندىلەر ۋە كېسەلنىڭ غەلدى-غەشلىرى ئىستايىن يامان پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

**غەللە** ئى (ئە) ① ئاشلىق، مەھسۇلات: غەللە-پاراق. ② تۈگمەن ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئاشلىق ياكى باشقا نەرسە. ③ سودا دۇكانلىرىدا سودىدىن چۈشكەن پۇل: غەللە سانىماق. ④ سودىدىن چۈشكەن پۇلنى سالىدىغان ساندۇقچە: غەللىگە پۇل سالماق.

**غەللە-پاراق** دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە

مەلۇم نىسبەت بويىچە باج ئورنىدا تاپشۇرىدىغان ئاشلىقى: غەللە-پاراق تاپشۇرماق. * – ياق، – دېدى قىز دادىسىغا خۇشال كۈلۈمسىرەپ، – قوشنا دادۇينىڭ غەللە-پاراق تاپشۇرۇشقا كىرگەن تراكتورىغا ئولتۇرۇۋالدىم. * ئۇلار ئەشۇ يول بىلەن بىرى، غەللە-پاراقنى كېچىرىم قىلدۇرماقچى، يەنە بىرى دۆلەتتىن ياردەم – قۇتقۇزۇش ئالماقچى ئىكەن.

**غەللىچى** ئى. غەللە-پاراق يىغىدىغان ئادەم.

**غەلۋە** ئى ① جېدەل، ماجىرا: غەلۋە قىلماق. غەلۋە كۆتۈرمەك. * كاۋاپچىنىڭ غەلىسىدە قالغان 30 كوينى قايتۇر دەپ غەلۋە قىلىپ ھۆرپىيىۋاتىدۇ. * دېھقانىنىڭ چوڭ بالىسى ئەسقەر ناھايىتى ئەركە ۋە بەتخەج ئىكەن، بەرگەن تەڭگىنى ھەر كۈنى خەجلەپ تۈگىتىدىكەن ۋە دادىسىغا يەنە «تەڭگە بەرگىن» دەپ غەلۋە قىلىدىكەن. ② ۋاراڭ-چۇرۇڭ: – غەلۋە قىلماڭلار! – دەپ ۋارقىرىدى ئاسىم يىغىن باشقۇرغۇچىلار ئۇچۇن قويۇلغان شىرەنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ. * ئۇ شۇنچە غەلۋە ئىچىدىمۇ مۈگدەشكە باشلىدى. ③ توپىلاڭ: بىلىگ يۇرتتا غەلۋە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان بەگ خاپا بولدى.

**غەلۋە قىلماق** ① جېدەللەشمەك، ئۇرۇشماق: قارىغاندا كۈندە پايدا ئاز دەپ ئۆيدە غەلۋە قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئوخشايسلەر. ② ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق: – غەلۋە قىلماڭلار! – دەپ ۋارقىرىدى يىغىن باشقۇرغۇچى.

**غەلۋىچى** سۈپ. ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق، جېدەلخور: غەلۋىچى ئادەم. * – ئۇچىنچى ئۇكامنى سورىسىڭىز، – دېدىم خەلپىگە، – ئىسمى «بەقىق»، ئۆزى تولىمۇ غەلۋىچى بىرنېمە. // – قاراڭ، غەلۋىچىلەر يەنە كەلدى، – دېدى ئۇ ماڭا.

**غەلۋە-غوۋغا** ئۇرۇش-جېدەل: قازىخانىنىڭ ئىچى غەلۋە-غوۋغا بىلەن تولۇپ كەتتى.

**غەلۋىخور** سۈپ. جېدەلخور، ئۇرۇشقاق، غەلۋىچى: – تازىمۇ غەلۋىخور ئادەم ئىكەنسىلەر! – ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، لېكىن تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن غەزەپلىك ئاۋازلار ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. // – تېخى بىرنەچچە غەلۋىخورلار دات ئېيتىپمۇ كىرگەن ئوخشايدۇ، – دېدى ئۇ غودىراپ.

**غەلۋىر** ئى. بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى تاسقاش ئۈچۈن كىرىش ياكى سىمدىن توقۇلغان، قاسقانلىق ئۆي سايمىنى، تۆشۈكلىرى ئەلگەكتىن چوڭراق: ئۇ: – مەن ئامباردىن غەلۋىر ئېلىپ بېرەي، مۇشۇ يەردىلا تازىلا، – دەپ بۇيرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

**غەلۋىر سۆڭەك** <ئانات> باش سۆڭەكلىرىنىڭ بىر پارچىسى. ئۇ باش سۆڭەك بوشلۇقىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، ئىككى كۆز چانقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ چوققا قىسمىدا بولۇپ، باش سۆڭەك بوشلۇقى بىلەن بۇرۇن بوشلۇقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل ھېسابلىنىدۇ.

**غەلۋىرەك** ئى <تىب> بىر خىل تېرە كېسىلى. ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ياكى زەنجىرسىمان باكتېرىيەلەرنىڭ تۈك خالتىسىغا كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا، مەلۇم جايغا قان تولۇپ قىلىپ، مونەكلىشىۋالىدۇ. بۇ ئورۇن قىزىرىپ ئىششىدۇ، يىرىڭلايدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىيدۇ.

**غەلۋىرچى** ئى. غەلۋىر ياساپ ساتىدىغان ئادەم.

**غەلۋىرسىمان** سۈپ. شەكلى غەلۋىرگە

ئوخشاش، غەلۋىر شەكىللىك: غەلۋىرسىمان نەيچە. غەلۋىرسىمان ھۈجەيرە.

**غەلۋىرسىمان نەيچە** <بئول> فلويېمنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەردىن بىرى. ئۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كانايسىمان ھۈجەيرىلەرنىڭ ئاستى-ئۈستى تەرەپلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، ئۇلانغان جايىدىكى ھۈجەيرە پوستىدا ئۇششاق تۆشۈكچىلەر بولۇپ، غەلۋىرگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ئوزۇقلۇق توشۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**غەلۋىرسىمان ھۈجەيرە** <بوت> قارىغايلارنىڭ ئەۋرىشىم قىسمىدىكى ئوزۇقلۇق توشۇغۇچى ھۈجەيرە. ئۇنىڭ شەكلى موكىغا ئوخشايدۇ، بۇ خىل ھۈجەيرىلەرنىڭ تۇتاشقان يېرىدە غەلۋىرنىڭكىدەك تۆشۈكلىرى بولۇپ، بىر ھۈجەيرىدىكى ئوزۇقلۇق بۇ تۆشۈكلەر ئارقىلىق يەنە بىر ھۈجەيرىگە ئۆتىدۇ.

**غەلىبە** ئى (ئە) ① ئۇرۇش ۋە جەڭلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۈستۈنلۈك، مۇۋەپپەقىيەت؛ زەپەر: غەلىبە قىلماق. غەلىبە قازانماق. * بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنگلىيە غەلىبە قازانغان، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، دۇنيا سودىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ قولىغا توپلانغان. * بۈگۈنكى غەلىبە مۇختار مەرگەننىڭ تۆھپىسىگە مەنسۇپ. ② بىرەر ئىشتىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەت: بۇ يىل باھاردا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلىندى. * ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**غەلىبە قىلماق** مۇۋەپپەقىيەت قازانماق، نەتىجىگە ئېرىشمەن، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەك: سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنلار بولسا يېڭى كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلغاچقا، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، دۇنيادا ئۈزلۈكسىز ھالدا غەلىبە قىلىدۇ.

**غەلىبىسېرى** رەۋ. غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قۇچۇپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ: ئۇلار بۇ سوئالغا: «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

**غەلىبىلىك** I سۈپ. غەلىبىنىسى بار، غەلىبە قىلغان، غەلىبىگە ئېرىشكەن: غەلىبىلىك سەپەر. غەلىبىلىك يىغىن. * جەڭچىلەرنىڭ باتۇرانە جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تاجاۋۇزچى قوشۇننى غەلىبىلىك ھالدا چېكىندۈردى. ② رەۋ. غەلىبە بىلەن، غەلىبە قىلغان ھالدا: شۇنىڭ بىلەن تولغاق مىكرۇبلىرى پاك-پاكىز يوقىتىلىپ، جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. * سىناق غەلىبىلىك بولدى.

**غەلىتە** سۈپ (ئە+پ) كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ، ئۆزگىچە، باشقىچە: غەلىتە ئادەم. غەلىتە ئىش. غەلىتە خىيال. * ھەممە يەر كۆكۈلنى غەش قىلىۋېتىدىغان غەلىتە جىمجىتلىق ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. * ئۇ تاشۋاي بالا چاغلىرىدا ھەزرەتتە ئۇچراتقان ھېلىقى چىراي-تۇرقى، خۇلقى-مىجەزى، پىكىر قىلىشلىرى غەلىتە بولغان دەرۋىش بوۋاي ئىدى. * بۇ كۈنلەردە شوپۇللۇقلار ئارىسىدا غەلىتە گەپ-سۆزلەر بولۇۋاتاتتى. // قامزانىڭ بۇ قىلىقى خوجىنىيازغا بىر غەلىتە بىلىندى. *

تۇيۇقسىزدىن بىر قۇشنىڭ غەلىتە سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

**غەلىتىلەشمەك** پ. غەلىتە ھالەتكە كەلمەك، ئۆزگىچە بولۇۋالماق: خېلى كۈنلەردىن بۇيان قىزنىڭ غەلىتىلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئابلائاخۇن خەلچىخانىنى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. * راستىنلا ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، كىيىم-كېچەكلىرىمۇ غەلىتىلىشىپ ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى.

**غەلىتىلىك** « غەلىتە » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: غەلىتىلىك ھېس قىلماق. * ئۇنىڭ كۈلكىسىدىكى غەلىتىلىك ئەكرەمنىمۇ ھەيران قالدۇردى. * ئۆگەي ئاپىسىنىڭ بۈگۈن مۇنداق توختىماي مېھرىبانلىق كۆرسىتىشلىرىدىن نەسىبە بىر خىل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆگەي ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىگە سۆزسىز ئىشەندى.

**غەلىيان** ئى (ئە) پېز ت. قارشىلىق، نارازىلىق قىلىش تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسيان، توپىلاڭ، قوزغىلاڭ، غەلۋە، ماجىرا: غەلىيان كۆتۈرمەك. غەلىيان قىلماق. * — پېقىر سولڭ جياڭ جياپجۇڭدا غەلىيان كۆتۈرۈپ، تاغقا كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسىلارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن سەردار بولۇپ قالدىم. * توپ ئىچىدە غەلىيان كۆتۈرۈلدى. * ئۇ قوغۇنلۇقتىكى غەلىياننى كۆرۈپ، دەسلەپ ھاڭ-تاڭ قالدى، كېيىن ئىشنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ بالىلاردىن ئۇچىنى تۇتۇۋالدى، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى.

**غەلىيان كۆتۈرمەك** قوزغىلاڭ، ئىسيان، توپىلاڭ قىلماق: شۇ كۈنى شەھىرى بەلخنىڭ خەلقى، شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئۈستىدىن غەلىيان كۆتۈرۈپ، قولىغا تاش-كېسەك، تاياق-توقماق ئېلىپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى.

**غەلىيانچى** ئى. توپىلاڭچى، قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچى، ئىسيانكار: پالتوبەگ باشقا بەگلەر بىلەن بىللە غەلىيانچىلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى مەسلىھەتلەشتى.

**غەلىيانلىق** سۈپ. توپىلاڭ، ئىسيان كۆتۈرۈلگەن، قوزغىلاڭ بولغان: ئۆتكەنكى شۇ غەلىيانلىق يىللارنىڭ يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانغىنىغا تېخى ئانچە كۆپ ۋاقىت بولمىدى، شۇڭا خەلق ئاممىسىدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن قالغان ئەندىشە-گۇمانلارنى، ئىشەنسىزلىكلەرنى بىردىنلا تۈگەپ كېتىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

**غەم** ئى (ئە) ① ئەندىشە، تەشۋىش، ئەنسىرەش: غەم قىلماق. غەمدە قالماق. * ئەرنىڭ غېمى ئەلدە (ماقال). * بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، ئاچنىڭ غېمى ئاشلىقتا، توقنىڭ غېمى يوق ئىكەن. * — مەن ئائىلىنىڭ غېمىنى قىلمىسام بولامدۇ؟ — دېدى ئالىم. ② كۆچمە. تەييارلىق، ھازىرلىق: قىشنىڭ غېمى، ئوزۇق-تۈلۈك غېمى. * كەنتتىكىلەر مال-چارۋىلارنى قىشتىن ئامان-ئېسەن ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ.

**غەم تارتماق** ← **غەم يېمەك**: — تۇۋا، بۇ قىزنىڭ باشقا بىر ئادەم ئۈچۈن غەم تارتىپ يۈرگىنىنى، — دېدى رىزۋانئاي.

**غەم چەكمەك** ← **غەم يېمەك**: نۇرشاد بولغارى ئاكىسى بەھزادنىڭ قايغۇسىدا، يەنە كېلىپ بۈگۈنكى جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن ئۆتكۈر ئىككى پالۋىنى بىلەن 10 مىڭ لەشكىرىنىڭ دەردىدە غەم چېكىپ ئولتۇراتتى.

**غەم قىلماق** غەم يېمەك، غەمدە قالماق: — غەم قىلماڭ ئاكا، — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ. * قادىر، بۇ ئۆيگە كېلىشتىن ئىلگىرى، خاسىيەت قارشى ئالارمۇ-ئالماسمۇ؟ قارشى ئېلىپ قالغاندا كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرىسىدا

قانداق چۈشه ندۈرۈپ بولارمەن دەپ كۆپ غەم قىلغانىدى.

**غه مگه پاتماق** غه مگه چۆممەك، ئه نسىرىمەك: پادىشاھ يەنە غەمگە پېتىپ، تورۇسقا قاراپ يېتىپ كېچىنى تاڭغا ئۇلاپتۇ، پۇقرالارمۇ شۇ تەرىقىدە تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. * كاڭگىراپ، ھۆرۈنلىشىپ، غەمگە پېتىپ، قەددىڭ پۈكۈلگەنىدە، ئايالىڭنىڭ مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئەيىبلىشى سېنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

**غه مگه چۆكمەك** غەم ئىچىدە قالماق؛ ئەنسىرىمەك: باي، ئەمدى 500 سەر تەڭگىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇم دەپ غەمگە چۆكۈپتۇ.

**غه مگه چۈشمەك ← غه مگه چۆكمەك:** پادىشاھ غەمگە چۈشۈپ، تېڭىپ ئىزلەش بىلەن ئاۋارە بولۇپتۇ. * ئايشەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي غەمگە چۈشتى.

**غه مگه سالماق** غەم ئىچىدە قالدۇرماق: مانا بۇ ھوشۇرنى غەمگە سالغان باھار ئۆزگىرىشلىرى گۈلئايىم ئۈچۈن خۇشاللىق بولدى.

**غه م يۇتماق** غېمىنى ئىچىگە سىڭدۈرمەك؛ غەم ئىچىدە قالماق: يېتىم خاماپ يىگىت غەملەر يۇتۇپتۇ، ئەلەم-غۇربەتچىلىكتە يىل ئۆتۈپتۇ. * ئاچچىق-ئاچچىق غەم يۇتۇپ، باغرىنى خۇناپ ئەيلىگەي، كىمكى ھىجران بابىدىن بىر ئەكس دىلدار ئىزلىسە.

**غه م يېمەك** تەشۋىشلەنمەك، ئەندىشە قىلماق، ئەنسىرىمەك: ئەجەب بۈگۈن مېنىڭلا غېمىمنى يەپ قېلىپسىلەر-غۇ؟ * — قىممەتلىكىم غەم يېمە! — دەپتۇ قەمەر، — مېنىڭ ئاكام ئاندا-ساندا كېلىپ، مەن بىلەن بىر-ئىككى كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېتىدۇ.

**غېمىدە بولماق** مەلۇم بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلمەك، مەلۇم نەرسىنىڭ كويىدا بولماق: ئوغۇل باللار تويدا مىنىدىغان تايلىرىنىڭ غېمىدە بولسا، قىزلار چاچلىرىنى تاراپ ئۆزلىرىنى ياسايتتى.

**غېمىدە يوق** ئويلاپمۇ قويماي، خىيالىغا كەلتۈرمەي، بىغەم ھالدا: ئەنۋەرنىڭ قوللىرى تىترىدى، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى ۋە يالت قىلىپ ئادىلغا قارىدى، ئۇ بولسا غېمىدە يوق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. * لۇتپۇللا بولسا، غېمىدە يوق، مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

**غېمىگە چۈشمەك ← غېمىدە بولماق:** بوۋاي بىلەن مومايىنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تېپىپ، بۇ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن قۇتلۇق كېلىنىنىڭ مەرىكىسىنى قاچان ۋە قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىگە چۈشكەنىدى.

**غېمىنى قىلماق ← غېمىنى يېمەك:** ئۆز ئىستىقبالىڭنىڭ غېمىنى قىل.

**غېمىنى يېمەك** مەلۇم بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ غېمىدە بولماق ۋە شۇ نەرسىنى ئويلىماق، غېمىنى قىلماق: قىشنىڭ غېمىنى يېمەك. * تۈن كېچىسى ئۇخلىماي، غېمىمىزنى يېمەيمىدىڭ، ئەللەي ئېتىپ بۆشۈكتە، ئاق سۈت بېرىپ باقمايمىدىڭ.

**غه م-ئه ندىشه** غەم ۋە ئەندىشە: ئاپرېل ئېيى ئەتراپىنى قانچىلىك گۈزەللىك بىلەن بېزىگەن بولسۇن. ئۇ بەرىبىر ئادىلنىڭ غەم-ئەندىشە بىلەن تولغان كۆڭلى ئۈچۈن تەسەللى بولالمايتتى. * ئۇلار پادىشاھتىن يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىسا جاۋاب بەرمەيدىكەن ۋە ھەمىشەم غەم-ئەندىشە قىلىدىكەن.

**غه مخان** (ئە+پ) ① ئى. باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلغۇچى، مېھرىبان، غەمگۇزار: ياراتقان ئىگىسى بىلىدۇ بالام، خۇدايىمنىڭ ئۆزى غەمخان، كەچ قويىسمۇ، ئاچ قويماس، دەيتىكەن. ② كۆچمە. سۈپ. پەرىشان،

تەزىم ئەت» دەپتىكەن. سەن ئوبدان خىيال قىل، بىزنىڭ بېشىمىزغا غەم-قايغۇ كەلگەندە ئۇلار بىز بىلەن تەڭ قايغۇرغان، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

**غەم-غۇسسە** غەم-قايغۇ، غەم-ھەسرەت، خاپىلىق: ئادەم ھەمىشە ئۆزىنى خۇشال-خۇرام تۇتۇشى كېرەك. ھەرقانچە قىيىنچىلىق ۋە غەم-غۇسسە ئىچىدە بولسىمۇ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش ھەر جەھەتتىن ياخشى.

**غەم-غۇسسىگە چۆممەك** ← **غەمگە چۆممەك**: — چىڭگاك غوجامنىڭ قىزلارغىمۇ قارايدىغان پۇرچىسى يوق، يىگىنى ئوغا، كىيگىنى كېپەن بولۇپ، غەم-غۇسسىگە چۆمۈپلا كېتىپتۇ، — دېدى ئاسىيە ئاپئاق.

**غەم-غۇسسىگە چۈشمەك** ← **غەمگە چۆكمەك**: باتۇر ھەجەر ئاپئاق كىرگەندىن كېيىن، قازىنىڭ غەم-غۇسسىگە چۈشۈپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىراپ يۈرگىنىنى بايقىدى.

**غەم-قايغۇ** غەم ۋە قايغۇ: شۇ تاپتا شائىر ھېكىم نۇرنى ئەسكە ئېلىپ قالدى. ھېكىم نۇر مەسلىسى سەپداشلارنى غەم-قايغۇغا سېلىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنى قايتا-قايتا ھوشيارلىققا ئۈندەۋاتقان ئېغىر بىر مەسىلە بولۇپ قالغاندى. * نىجاتنى قىيناۋاتقان بارلىق غەم-قايغۇ، ئۈمىدسىزلىك، ئەندىشە... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى، خۇددى ئىس-تۈتەك-تەك بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتتى.

**غەمكىن** سۈپ (ئە) غەم-ئەندىشىگە پاتقان، غەم باسقان، قايغۇلۇق، مىسكىن، مەيۇس: بىركۈنى مەردان قاپىقى ساڭگىلىغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق غەمكىن ھالەتتە كۆرمىگەن رۇقىيەنىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. * ھاجى غەمكىن خوشلىشىپ قايتتى.

غەمكىن: قىلما نالە، بۇلبۇلۇم، چەكمە پىغان، ئۇنچىۋالامۇ قالمىغىن غەمخان بولۇپ. * مەن بىر ئىشقا خېلىدىن ھەيران، ئويلىغانچە بولمەن غەمخان.

**غەمخانە** ئى (ئە+پ) قايغۇ، ھەسرەت يىغىلغان جاي: — كەلسىلە مامۇت ئاكا، يۇقىرى ئۆتسىلە. پېقىرنىڭ غەمخانىسى،... — سېيىت سارغىيىپ تۈكلىرى كۆيۈپ كەتكەن ئۆچكە تېرىسىنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. * ئۆمرۈڭ ئۆتەر نۇر ئىشقىدا پەرۋانە، جۇرئىتىڭگە بولدى دىللار غەمخانە.

**غەمخور** سۈپ (ئە+پ) باشقىلار ئۈچۈن قايغۇرىدىغان، كۆيۈنىدىغان، مېھرىبان: ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتىمۇ غەمخور قىلىپ كۆرسىتىپ، شاھنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. * كىم يېتەر مەنزىلگە بىر باش بولمىسا، جان كۆيەر غەمخور سەپەرداش بولمىسا.

**غەمخورلۇق** «غەمخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمەت باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى.

**غەمخورلۇق قىلماق** كۆيۈنمەك، ئاتىدارچىلىق قىلماق، مېھرىبانلىق قىلماق: سەمەت دادىسىغا: — سەن دادا قانداق كەنت باشلىقى؟ مەھەللىمىزدە يەسلى قۇرۇلسۇنمۇ سەن ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلمىساڭ بولامدۇ، — دېدى.

**غەمسىز** سۈپ. غېمى يوق، بىغەم: غەمسىز ئادەم. * ھەببە ئاغزىنى تەمشىپ ياتقان غەمسىز بوۋاققا قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى-دە، يۈز-كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى.

**غەمسىنماق** پ. چىراي شەكلىدىن غەمكىن-لىك ئىپادىلىمەك، غەمكىنلىك ھېس قىلماق، غەمكىنلەشمەك: توختىئاخۇن خوتۇنىغا: — كىممۇ زەھەر يۇتۇپ غەمسىنىپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، «ئادەم ئەتكەنگە

**غەمكىن بولماق** غەم-ئەندىشىدە قالماق، ھەسرەتلەنمەك، مەيۈسلەنمەك: ئۇ ناھايىتى غەمكىن بولۇپ ئاتىسى ئۈچۈن ئۇزاق ماتەم تۇتۇپتۇ.

**غەمكىنلەشمەك** پ. غەمكىن ھالەتكە كەلمەك، غەمكىن بولماق، مەيۈسلەنمەك: بەزى چاغلاردا، ئۇ شۇ قەدەر غەمكىنلىشىپ كېتەتتىكى، نېمە قىلارىنى بىلمەي، مېخانىكىلىق ھالدا كۈندىلىك خاتىرىلا يازاتتى. * ئۇنىڭ چىرايى غەمكىنلىشىپ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

**غەمكىنلىك** «غەمكىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇتەللىپ باللارغا غەمكىنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. * ئۇنىڭ چىرايىنى بىردىنلا غەمكىنلىك قاپلىدى. * شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدا غەمكىنلىك، كۆزلىرىدە بولسا تەشۋىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى.

**غەمگۇزار** سۈپ (ئە+پ) باشقىلارنى غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلغۇچى، كۆيۈمچان، مېھرىبان، غەمخور: مەن ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، ئەل-جامائەتكە قارىدىم، ئۇلار قانداق ياخشى، قانداق غەمگۇزار، سەممىي كىشىلەر، مەن ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشنى نىيەت قىلدىم. * شوق شامال بۇ غەمگۇزار قىزنىڭ كەڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ماڭلاي چېچىنى خۇددى مايسىنى تەۋرەتكەندەك يەلپۈپ تاراۋاتتى.

**غەملەتمەك** «غەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غەملەشمەك** «غەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كەم-كۈتىلىرىنى غەملىشىپ سەپەرگە تەخ بولۇپ تۇرۇشتى.

**غەملەنمەك** «غەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چارۋىلارنىڭ قىشلىق ئوزۇق-تۈلۈكى غەملەندى.

**غەملىك** سۈپ. غېمى بار، غەمگە پاتقان، غەمكىن، قايغۇلۇق: قەمەرۇززامان كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، كۆڭلى سۇنۇق، دىلى مۇڭلۇق، ئۆزى غەملىك ھالدا ئاتىسىغا قاراپتۇ. * ئېرى كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايالدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش بالىلارنى قىزىقتۇرغىنى بىلەن كېلىننى غەملىك، چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچىنى غەزەپ-نەپرەتلىك قىلىپ قويدى.

**غەملىمەك** پ ① كېرەك بولغان نەرسە-كېرەكلەرنى تەييارلىماق، ھازىرلىماق، يىغماق: بىز ئون كۈنلۈك ئوزۇق-تۈلۈكنى غەملەپ ھوشۇر ئاكا بىلدۈرگەن نىشانلارغا قاراپ ئاتلىق يولغا چىقتۇق. * ھازىرغىچە ھەممە ئادەم ئىنقىلاب بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېھقانچىلىق بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ، شۇڭا، ياخشى كۈنلەرنىڭ يامىنىغا ئاتاپ ئاز-تولا ئاشلىق غەملەپ قويغانىدىم. ② كۆچمە. تويدۇرماق: نېمىشقا شۇنى ئاپىرىپ بېرىش باھانىسى بىلەن قورسىقىمنى غەملەپ كەلمەيمەن.

**غەمناك** سۈپ (ئە+پ) يېز ت. روھىي جەھەتتىن چۈشكۈن، غەمكىن؛ خاپا: مەن ئىشقى چۆلدە غەمناك بولۇپ يۈرگەن بىر يىگىتنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندىم. * بارالمىدىم باغچامغا، سالام ئېيتىڭ ئاغچامغا. دىلى غەمناك بەش بالام، قىزىل گۈلۈم، غۇنچەمغا.

**غەمناك بولماق** روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشمەك، غەمكىنلەشمەك: قاراخان غەمناك بولۇپ، كۈن-تۈن ئۇخلىيالمىدى. * دەريادىن ئۆتەلمەي غەمناك بولدۇم دەپ ئاھ ئۇردى.

**غەم-ھەسرەت** غەم ۋە ھەسرەت: جەمئىيەتتە ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئادەملەر غەم-ھەسرەت دېگەننى بىلمەيدۇ

دەيدىغان سۆز توغرا ئەمەس ئىكەن.

**غەنخۇ** سۇپ. دىئال. غالجىر.

**غەنىي** (ئە) ① سۇپ. ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمايدىغان؛ باي، دۆلەتمەن: غەنىيلارغا كۈندە مەشرەپ، كۈندە توي، غېرىبلارغا كۈندە ھەسرەت، كۈندە ئۇي. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غەنىيلىك** «غەنىي» سۆزى ① نىڭ ئىسىم شەكلى: غەنىيلىك ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

**غەنىيمەت** (ئە) ① ئى. <ھەرب> ئۇرۇش ياكى ئوۋلاردا قولغا چۈشكەن ئولجا، قورال-ياراغ ياكى ھەر خىل ماددىي ئەشيالار: شۇنىڭدىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار قۇربان بولغان بەش قېرىندىشىنىڭ تاغ باغرىدىكى تاش قەبرىلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، نۇرغۇن غەنىيمەت بىلەن قورايغا قاراپ يولغا چىقتى. * ئۇلار تاغلىق رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا تەبەتتىن توپلاپ يىغىۋاتقان بۇيۇملار ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرى ئىشلىتىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى باشقىلارغا ساتىدۇ. * كىرپە بۇ غەنىيمەتكە يولۇققىنىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ جۈپتى بىلەن بىرلىشىپ، يەرگە چۈشكەن خورمىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا توشۇپتۇ. ② سۇپ. تېزدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان، قايتا تەكرارلانمايدىغان، قەدرىگە يېتىش لازىم بولغان (ئادەم ياكى نەرسىلەر ھەققىدە)؛ ئەڭ قولاي، ئەڭ مۇۋاپىق (پەيت، ۋاقىت ۋە پۇرسەتلەر ھەققىدە): ياشلىق غەنىيمەتتۇر. ۋاقىت غەنىيمەتتۇر. * كالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت (ماقال). * يولۇچىلار تاڭ سەھەرنىڭ بۇ غەنىيمەت ۋە سېھىرلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتى. * مەن ئاخىرى بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدۇم.

**غەنىيمەت ئالماق** ئۇرۇش، ئوۋ قاتارلىقلاردا مەلۇم نەرسىلەرنى قولغا كىرگۈزمەك، ئولجا ئالماق: خوجىنىياز ھاجىغا پەقەت ئۆزى غەنىيمەت ئالغان ئىككى پىلموت بىلەن يىگىتلەر غەنىيمەت ئالغان 100 تالچە مىلتىق قالدى. * مىللىي ئارمىيە باتالىيونى مەلۇم مىقداردىكى قورال-ياراغ زاپىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى قىيسىر تاغ ئېغىزىدىكى ئۇرۇشتا دۈشمەن قوشۇنىدىن غەنىيمەت ئالغانىدى.

**غەنىيمەت بىلمەك** قولايلىق دەپ ھېسابلىماق، قولغا كەلگەن، ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىماق: — ھەي مەلىكەم، — دېدى ھاتەم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، — تەمىم بىچارىنى ۋىسالىڭىزدىن مەھرۇم قىلماي، ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتىسىڭىز ياخشى بولاتتى. * يىگىت پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ قويۇپتۇ.

**غەۋغا** (توغرىسى: غوۋغا) ← **غوۋغا.**

**غەۋۋاس** ئى (ئە) ① سۇ ئاستىغا چۈشۈپ، ئۈنچە-مەرۋايىت قاتارلىقلارنى ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايدىغان كىشى: — پادىشاھ: ئەي غەۋۋاسلار! ھەممىڭلار بۇ كىشىگە دەريادىن گۆھەر تاشلاپ بېرىڭلار، بۇ يەردىن تېز يانسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى. * مەن گويا غەۋۋاس بولۇپ چۆكتۈم ھايات ئوكيانىغا، تولدى ئىلھام ساندۇقى سانىسىز ئېسىل دۇردانىغا. ② سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان مەخسۇس كىيىملەرنى كىيىپ، سۇ ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىم: غەۋۋاس كىيىمى.

**غەۋۋاس كىيىمى** غەۋۋاسلار سۇ ئاستى مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغاندا كىيىدىغان كىيىم. ئادەتتە ئىشتان-چاپان، ئاياغ ۋە باش كىيىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭغا سۇ ئۆتمەيدۇ، كۆپىنچە ئوكسىگېن

ساقلاش قۇرۇلمىلىرى ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**غەۋۋاسلىق** «غەۋۋاس» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**غەيرەت** ئى (ئە) ① بىرەر ئىشنى تېزرەك ئورۇنداشقا بولغان ئىنتىلىش، تىرىشچانلىق، جاسارەت: غەيرەت بەرمەك. غەيرەت قىلماق. * ھۇرۇننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر (ماقال). * غەيرىتىڭ بولسا يۈلتۈز سانايسەن (ماقال). * غەيرەت قىلىپسەن، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي شۇنچە ئۇزاق يەردىن يوقلاپ كېلىپسەن، بېشىمىز ئاسمانغا يەتتى. * بۇ سۆزلەر سەلەيگە باشقىچە غەيرەت ۋە كۈچ بەردى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غەيرەت قىلماق** تىرىشماق، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەك: سادىق ئامباردىن كۆزىنى ئېلىپ، ھەمراھلىرىغا قارىدى: — قېنى، قېرىنداشلار، ئاخىرقى سىناق، غەيرەت قىلىڭلار، كەتمەن-گۈرجەكلىرىڭلارنى ئېلىڭلار، پالتا بولسا ئۇنىمۇ ئېلىۋېلىڭلار، — دەپ سۇ ياماپ چۇشۇۋاتقان دامبىنىڭ ئۈستى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى. * تومىنىڭ ئۆزىدىنمۇ خاتىرجەم بولدۇق. يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن، بىز يەنە بىر غەيرەت قىلىپ، بۇ تاقاقلارنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋېتىمىز.

**غەيرەتكە كەلمەك** ئۆز ۋۇجۇدىدا غەيرەت پەيدا قىلماق، غەيرەتلەنمەك: ياش يىگىتنەك غەيرەتكە كەلگىنىم ئۆزۈمگە ئايان. پۇت-قولۇمنىڭ قىچىشىپ تۇرغىنى بىكار ئەمەس... يەرگىمۇ، باغقىمۇ شۇنداق ئىشلەيـ كى، يۇرتداشلار قىسمەت چورۇقنىڭ قولىدىن قانداق ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ قويسۇن. * يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈـ شى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئەزالىرى غەيرەتكە كەلدى.

**غەيرەت كۆرسەتمەك** غەيرىتىنى ئىپادىلىمەك، غەيرىتىنى نامايان قىلماق: يېڭىش تۇغىنى كۆتۈرگەن قوللار، لېنىننى ئەستە ساقلايدۇ ئەبەد. يېڭىش تويىنى قىزىتىپ دائىم، باسىدۇ ئالغا كۆرسىتىپ غەيرەت.

**غەيرەت كىرمەك** غەيرەت پەيدا بولماق، غەيرەتلەنمەك: بۇ چاغدا ئالماس غەيرەتكە كىرىپ ئۇنى قوغلاپ كەلدى، ئۇنىڭ كارامەتلىك نەيزىسى شانىيازنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ ئوشۇقىغا كېلىپ تەگدى-دە، ئۇ ئېتىدىن موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

**غەيرەت-جاسارەت** غەيرەت ۋە جاسارەت: بىز جەزمەن ئامىمىغا، ئامىمىنىڭ غەيرەت-جاسارىتىـ گە ئىشىنىشىمىز لازىم.

**غەيرەتچان** سۈپ. غەيرىتى بار، غەيرەت قىلالايدىغان، غەيرەتلىك: ئۇ بەك غەيرەتچان ئادەم ئىدى.

**غەيرەتسىز** سۈپ. غەيرىتى يوق، جۈرئىتى يوق: غەيرەتسىز ئادەم. * ئۇ بىر تەرەپتىن باش قوناقنى ئۆزىنىڭ بىر ئامال قىلىپ بىر-ئىكـ كى كۈن ئىچىدىلا توشۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ غەيرەتسىز ئىكەنلىكىنى ئەيىبلەپ كايىدى.

**غەيرەتسىزلىك** «غەيرەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: غەيرەتسىزلىك ئادەم ئۈچۈن ئېغىر نۇقسان.

**غەيرەت-شىجائەت** غەيرەت ۋە شىجائەت: ئالىي ئىستەك كىشىدە غەيرەت-شىجائەت پەيدا قىلىدۇ. * خەلقنىڭ بەختلىك باھارى قايتىدىن كۈلگەن يىللاردا كېسەل ۋە ياشانغان بولۇشىغا قارىماستىن، يەنىلا قايتىدىن غەيرەت-شىجائەتكە كەلدى.

**غەيرەتلەندۈرمەك** «غەيرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەي

توز ئاچا، شۇنداق قىلىپ مەن ھېلىقى شىرنىڭ بالىسىنى «ئادەم ئوغلىدىن ئېھتىيات قىل!» دەپ غەيرەتلەندۈرگەنىدىم، ئاخىرى ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى.

**غەيرەتلەندۈرۈلمەك** «غەيرەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غەيرەتلەنمەك** پ. غەيرەتكە كەلمەك، غەيرىتى قوزغالماق، غەيرەت قىلماق، روھلانماق: ئۇلار قايتىدىن غەيرەتلىنىپ، بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن «تۇمشۇق»قا يېتىپ كەلدى. * ئۇلار ئەمگەكتىمۇ بۆلەكچىلا غەيرەتلىنىپ كەتكەنىدى، لېكىن، «يىقىلغان تام غېرىبنى بېسىپتۇ» دېگەندەك، يەنە دېھقانلارغا چارۋا سېتىپ بېرىش سېلىقى چۈشتى.

**غەيرەتلىك** سۈپ. غەيرىتى بار، جۈرئەتلىك: غەيرەتلىك ئادەم. // – بەللى يارايسەن ئوغلۇم! مۇشۇنداق غەيرەتلىك بولساڭ، چوڭ بولغاندا راست ئايروپىلان ھەيدىيەلەيسەن، – دەپ ماختىدى. * – بۇ توغرا ئەمەس، – دېدى شائىر كەسكىن پىكىر قىلىپ، – ھەممەتلىك، غەيرەتلىك بولۇڭ، ھاياتقا ئۈمىدۋار بولۇڭ.

**غەيرىي** سۈپ (ئە) ① باشقا، باشقىچە، ئۆزگە، ئۆزگىچە: ئۇنىڭ قىزغا تىكىلگەن قارا كۆزلىرىدە كۈچلۈك بولغان بىر خىل غەيرىي ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇراتتى. * غارنىڭ ئىچى ئۇنچە ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ، سۈتۈقتا غەيرىي كۆرۈندى. ② ناتونۇش، يات، بىگانە، يوچۇن: غەيرىي ئادەم. غەيرىي دىن. غەيرىي يۇرت. * ئۆمرىدە ئېزىزدىن باشقا غەيرىي ئەركىشىگە ئۆز بەدىنىنى تۇتقۇزۇپ باقمىغان ھەمرا خىجىللىقتىن يېرىلاي دېگەن بولسىمۇ ئامالسىز بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ، كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى.

**غەيرىي ئاۋاز** <مۇز> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ يۈرىكى، ئۆپكىسى چىقارغان ياكى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر، رادىئو قوبۇللىغۇچ قاتارلىقلاردا كاشىلا پەيدا بولغاندا چىقىدىغان نورمالسىز ئاۋاز.

**غەيرىي بويىلىدىغان دانىچە** <بىئول> بىر خىل ئىشقارخۇمار دانىچە ماددا، كۆپىنچە يادرو كىسلاتاسى دەپمۇ قارىلىدۇ. ئادەتتە يۇسۇنلەر ۋە باشقا مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ۋاكۇئۇللىرى ۋە پلازمىلىرىدا دانىچە شەكلىدە بولىدۇ.

**غەيرىي بويىلىدىغان ماددا** <بىئول> ستوپلازما ئىچىدىكى يادرو كىسلاتاسىدا كىچىك دانىچىلەر ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىرىكمە ماددىلار.

**غەيرىي خروموسوما** <بىئول> تىپىك بولمىغان خالىغان بىر خروموسوما، يەنى چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى ئادەتتىكى خروموسومىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل خروموسوما.

**غەيرىي دېتېرمىنىزم** <پەلس> سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستلارنىڭ دېتېرمىنىزم نەزەرىيىسىگە قارشى ئوتتۇرىغا قويغان بىر خىل تەلىماتى. ئۇنىڭدا «ئىرادە ئەركىنلىكى»تەكىتلىنىپ، شەيئىلەردە ھەرقانداق قانۇنىيەتنىڭ بولىدىغانلىقى ئىنكار قىلىنىدۇ.

**غەيرىي لاتقا ئېقىم** <سۇ> سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان سۇيۇقلۇقلار ئۇچراشقاندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل نىسپىي ھەرىكەت. بۇنىڭدا، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى چوڭ بولغىنى ئاستىدا، كىچىك بولغىنى ئۈستىدە ئاقىدۇ. مەسىلەن، تەركىبىدە قۇم-شېغىللار بولغان سۇلار سۇ ئامبىرىغا كىرىپ سۈزۈك سۇ بىلەن ئۇچراشقاندا ۋە دەريا سۇلىرى بىلەن

دېگىنز سۇلىرى قوشۇلغاندا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

**غه يرىي ئورگانىك ماددا** <خىم> ئاددىي ماددا ۋە ئانئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**غه يرىي يادرولۇق تەنچە** <بىئول> ئىرسىيەت جەھەتتە پەرقلىنىدىغان ئىككى يادروغا ئىگە ھۈجەيرە (تەنچە).

**غه يرىيلىك** ① «غه يرىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <تىب> ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدىكى مەلۇم قىسىملارنىڭ يېتىلىشىدىكى نورمالسىزلىق ھادىسىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، قولدا ئالتە بارماق بولۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**غه ينۇلا** (توغرىسى: ئەينۇلا) ← ئەينۇلا.

**غه يۇر** سۈپ (ئە) غه يرىتى بار، غه يرەتلىك، جەسۇر، قەيسەر، باتۇر: — مېنىڭ ئېرىم ناھايىتى غه يۇر كىشى، — دېدى مەلىكە، — مېنىڭ يېنىمغا سىزدەك شاھلار كېلىپ-كېتىپ تۇرىدۇ. * شامەخسۇت نىشان تۇغى ئاستىغا كېلىپ خوجىنىيازنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆزىتىۋىدى، خوجىنىياز ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىرى دېگۈدەك غه يۇر، قەھرىمان كۆرۈندى. * كىشى كىم پاك ياشار مەڭگۈ ئۇنىڭدا چىن غۇرۇر بولسا، ئىجاد ئاسمانىدا ئۇچقاي جاسارەتلىك، غه يۇر بولسا.

**غه يۇرانه** ① رەۋ. غه يۇرلەرچە، مەردانىلەرچە: غه يۇرانه چامدىماق. غه يۇرانه سۆزلىمەك. ② سۈپ. غه يۇرلەردەك، باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان: ئۇ ئاستا تولغاندى، لېكىن چىرايى شۇنچىلىك مەردانه، نۇر يېغىپ تۇرار. ئەڭ جۇشقۇن بىر تۇيغۇ، غه يۇرانه روھ تىنتىلغان بويىدا قايناپ جۇش ئۇرار.

**غه يۇرلۇق** «غه يۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ قېرى دەرەخنىڭ قوۋزىقىدەك تىلىم-تىلىم قورۇقلار بىلەن تۈگەل قاپلانغان پېشانىسىدە ياشاشقا ئىشتىياق باغلىغان ھارماس، قەيسەر، ئادەمگە خاس غه يۇرلۇق، پاراسەت ۋە خۇش كۆڭۈللۈكنىڭ شولىسى ئوينايدۇ... * گۈللىنىش يولىدا كېرەك غه يۇرلۇق، كەشپىيات بەرگۈسى يىللارغا جاۋاب.

**غه يۋەت** ئى (ئە) بىراۋ توغرۇلۇق باشقا بىركىمگە قىلىنغان يامان گەپ؛ ئارقىدىن قىلىنغان گەپ، سۆز-چۆچەك: غه يۋەت قىلماق. * گاس دەپ غه يۋەت قىلما، قارىغۇ دەپ خىيانەت قىلما (ماقال). * ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە كېلەر، يامان مېھمان غه يۋەت ئۈستىگە كېلەر (ماقال). * سەن مېنى غه يۋەت قىلىپسەن، مەن سېنى شەيدا قىلاي. كۆزۈڭگە كۆز ئوينىتىپ، توققۇز ئاشىق پەيدا قىلاي.

**غه يۋەت قىلماق** بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلماق، كەينىدىن گەپ قىلماق، سۆز-چۆچەك پەيدا قىلماق: يېشى توختىغان خېنىملار دىۋاندا ئولتۇرۇشۇپ، ھېچ تىنماستىن ئۆز يېقىنلىرىنىڭ غه يۋىتىنى قىلىشماقتا ئىدى. * ئېتىز دېگەندە نېمە گەپ بولمايدۇ دەيسىز؟ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ غه يۋىتىنى قىلىشقاندۇ تايىنلىق!

**غه يۋەتچى** ئى. دائىم باشقىلارنىڭ غه يۋىتىنى قىلىدىغان ئادەم، غه يۋەتخور: غه يۋەتچىلەرنىڭ غه يۋىتىنى تىڭشىغانلىقمۇ غه يۋەت قىلغانغا يېقىن پەس قىلىق. // ھەيرانمەن، غه يۋەتچى خوتۇنلاردەك ئۇششاق گەپلەرنى يازغىلى تۇرغىنىنى قارىمامسەن.

**غه يۋەتچىلىك** ئى. غه يۋەت قىلىش ئادىتى؛ غه يۋەتخورلۇق.

**غه يۋەتخور** (ئە+پ) ① سۈپ. دائىم باشقىلارنىڭ غه يۋىتىنى قىلىدىغان: غه يۋەتخور ئادەم. ② ئى. دائىم باشقىلارنىڭ غه يۋىتىنى قىلىدىغان ئادەم، غه يۋەتچى:

غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى كەس (ماقال).

**غەيۋەتخورلۇق** ئى. غەيۋەت قىلىش ئادىتى: غەيۋەتخورلۇق ئىنساندىكى ئەڭ پەسكەش مىجەز.

**غەيۋەت-شىكايەت** غەيۋەت ۋە شىكايەت: راھىلە بۇلارنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ غەيۋەت-شىكايە تلىرىگىمۇ ئانچە پەرۋا قىلمىدى. * كېۋىرئاخۇن باشقىلارنىڭ غەيۋەت-شىكايىتىدىن قورقۇپ مەسچىتتىن ھەممىدىن كېيىن چىقتى-دە، تېزلا ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى.

**غوپ** تەق. ئىچى كاۋاك نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە سەل بوشراق كېلىدىغان نەرسىلەرنى تىققاندا چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ ئۆتۈكىنى غوپ قىلىپ كىيىۋالدى-دە، چىقىپ كەتتى.

**غوپپىدە** رەۋ. غوپ قىلغان ھالدا، غوپ قىلىپ: ئۆتۈكنى غوپپىدە كىيمەك.

**غوپ-غوپلاڭ** دىئال. قۇپقۇرۇق، بوش.

**غوت** تەق. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ئېيتىلغان كوتۇلداشقا تەقلىد قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**غوت-غوت** « غوت » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: نېمىدېگەن كۆپ گەپ غوت-غوت بۇ، پىكرىڭ بولسا ئوچۇق دېمەمسەن.

**غوت-غوت قىلماق** ← **غوتۇلدىماق**: قادىرغا قارىتا پىكرى بارلار كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا، ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. يىغىندا گەپ قىلماي ئارقىدىن غوت-غوت قىلسا ياخشى بولمايدۇ.

**غوتۇلداتماق** « غوتۇلدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غوتۇلداشماق** « غوتۇلدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — غوتۇلداشماڭلار، پىكىر بولسا، ئاشكارا بەرسەڭلار بولىدۇ، — دېدى مەجلىس رەئىسى يان تەرەپتە ئولتۇرغانلارغا قاراپ.

**غوتۇلدىماق** پ. بىرەر نەرسىدىن نارازى بولۇپ، ئېنىقسىز بىر نېمىلەرنى دېمەك؛ كوتۇلدىماق: پەرىزات خۇددى بىركىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندەك دومسايغان پېتى يېنىچە ئولتۇرۇپ جاۋاب بەردى. كېيىن باشقىلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن غوتۇلداپ قويدى. * زەينەپ ئۆزىنىڭ خاتاسىنى چۈشەندى ۋە سۆزلىيەلمەي غوتۇلدىدى.

**غوجا** ئى (پ) ① مەلۇم ئىمتىيازغا، مال-مۈلۈككە ئىگە بولغان كىشى: غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار (ماقال). ② بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر ياكى تۆت خەلىپىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارالغانلار. ③ ۋاڭلىق تۈزۈمدە ۋاڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئەركىلەتمە نامى. ④ ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىرىنچى شەخس بىرلىكى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ: — قاسىمئاخۇنۇم غوجام، نېمانچە كايىيدىلا؟ — دېدى تۇردىئاخۇن ئاكا سېمىز قوي گۆشىنىڭ شورپىسى كەلتۈرۈلگەندە تەكەللۇپ بىلەن تىزلىنىپ.

**غوجا تام** تامنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرەك ئورنىدا يۆلەپ قوپۇرۇلغان تام: ھە، نېمە قىلاي ئەمىسە، بىگى ئۆي ئالمەن دېسە، يول قويمىساڭلار، ئەتىيازلىققا ئۆيلىرىم ئۆرۈلسۇنمۇ؟ ماۋۇ كېسەكلەرنى يۆتكەپ قىشتا بولسىمۇ ئۆيۈمگە غوجا تام قوپۇرۇپ چىقمىسام بولامدۇ؟ * ئەكبەر غوجا تام ۋە تىرەكلەر تىرەلگەن تاملارغا قارىدى.

**غوجا كۆرسۇن** چىن كۆڭۈلدىن ئەمەس، خوجايىن ياكى باشلىققا كۆرسىتىش

ئۇچۇنلا: مۇئاۋىن مۇدىر بولسىمۇ، كىم ئىشقا كەلمەيدىكەن، كەلسىمۇ غوجا كۆرسۇن قىلىپ پىلاننى ئورۇندىمايدىكەن، ئىش ھەققىنى تۇتۇش لازىم.

**غوجام چاڭگىلى قىلماق** دىئال. ھەممىگە چات كىرىۋالماق، مونوپول قىلىۋالماق.

**غوجىدار** ئى (پ) ① بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پومېشچىك، بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئائىلە تەئەللۇقاتلىرى ۋە كۈندىلىك ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرغان خىزمەتكار: كۆرۈندى ئېگىز بوي، كەكە ساقاللىق، كۆزلىرى ۋالىلداپ تۇرغان غوجىدار. بۇ ئادەم باشقۇرار ھويلا ئىشنى، يۈزلىرى سوقچاق، پېشانىسى تار. ② كوللېكتىپ ئورۇننىڭ مال-مۈلكى ۋە كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم: باتالىيون كوماندىرى روتا ۋە ۋزۋوتلارنىڭ كوماندىرلىرىنى يىغىپ، يۈرۈش تەييارلىقىغا كىرىشىشنى بۇيرۇدى. باتالىيون غوجىدارى سابىق گومىنداڭ رازۋېتكىچىسىغا يەڭگۈشلىۋېلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ زاپاس ھەربىي كىيىمىدىن بىر يۈرۈش بەردى. ③ <پەلس> قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا خاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىرەر جايدا ھوقۇق ئىگىلىگەن ئادەم. ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە يەر ئىگىسى، سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمران بولىدۇ.

**غوجىدارلىق** «غوجىدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**غوجىزادە** ئى. غوجا ئوغلى: ئۆزۈم يەتتە ئەۋلاد غوجىزادە. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دىلىم تارتىپ كىردىم. * غوجىزادە ئۇنىڭ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال كېيىكلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

**غوداي** ئى. بىر خىل سۇ قۇشى. بوينى قىسقا، ئاغزى چوڭ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، رەڭگى كۆكۈچ، گېلىدا پوقىقى بار، ئاساسەن بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**غودا يماق** (توغرىسى: غادا يماق) ← **غادايماق.**

**غودۇدۇڭ** سۈپ. يېرىك، قوپال؛ ئېگىز-پەس: كۆيئوغۇل قۇلنىڭ يېرىلىپ كەتكەن غودۇدۇڭ قوللىرىنى ھەرەڭ-سەرەڭ قىلىپ، كېيىكنىڭ بالىسىدەك چىرايلىق قىزنى ھەر تەرەپكە ئېكىپ ئوينىغۇسى كەلدى. * قارىغىنا، بىزنىڭ قوۋزاقلىرىمىزمۇ يېرىك، سۆزلىرىمىزمۇ غودۇدۇڭ.

**غودۇر** سۈپ ① ئۈستى سىلىق، تەكشى بولمىغان؛ قوتۇر: يەكشەنبە كۈنى، ئادىل چۈشلۈك تامىقنى يەپ بولۇپلا قەپەسنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىگە ياماشتى. ئۈجمە دەرىخى توم ھەم غودۇر ئىدى. ② بىركىم تېرىمىغان، پەقەت ئۆزلۈكىدىن ئۇ يەر بۇ يەردە، ئېگىز-پەس ئۈنۈپ قالغان: غودۇر ئۈنمەك. غودۇر بۇغداي. ③ تىل ھا. دادىسى ياكى ئانىسى بولمىغان: — ئابدۇللا، ھەي ئىپلاس غودۇر! — ئۇ غەزەپ بىلەن توۋلاپ ئېيتتى، — ئەخمەت-جاننىڭ ياخشىلىقىنى باشقىلاردىن كۆپرەك كۆردۈڭ، ئوقۇتتى، خىزمەتكە چىقاردى. ئۆزۈڭگە شۇنچە غەمخورلۇق قىلغان رەھبىرىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشنى، بۇنى ئاز دەپ قىزىنى دەپسەندە قىلىشنى قانداق كۆڭلۈڭ كۆتۈردى؟!

**غودۇر بۇغداي** بىركىم تېرىمىغان، ئۆزلۈكىدىن ئۇ يەردە، بۇ يەردە ئۈنۈپ قالغان بۇغداي.

**غودۇراڭغۇ** سۈپ. تولا گەپ قىلىدىغان، كوت-كوت.

**غودۇر-بۇدۇر** ئويمان-چوڭقۇر، ئېگىز-پەس، تەكشى ئەمەس: كېسەلنىڭ قوشۇما قاشلىرى

تۇرۇلگەن، ئاغزى يېرىم يۇمۇق، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، چېكىلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئورۇق، تاتارغان غودۇر-بۇدۇر يۈزلىرى ۋە ئۆسۈپ قالغان ساقال-بۇرۇتلىرى ئارىسىدا، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەر تامچىلىرى چىمىلداپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ غودۇر-بۇدۇر بارماقلىرى قولۇمنى مەھكەم قىستى.

**غودۇر-غودۇر** بىر يەردە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقىلار ئاڭلىمىغۇدەك قىلىپ سۆزلەشكەن ۋاقىتتىكى ئاۋازلار: توپ ئىچىدە غودۇر-غودۇر گەپلەر باشلاندى. * جامائەت ئىچىدە غودۇر-غودۇر باشلاندى.

**غودۇرلاشماق** «غودۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غودۇرلۇق** ئى <سۆ> دەريا قىنى، ئېرىق-ئۆستەڭ ياكى تۇرۇبا دىۋارىنىڭ يىرىكلىك دەرىجىسى. ئۇ سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىش سۈرئىتىگە قارىتا گەۋدىلىك رول ئوينايدۇ. ئېقىن سۈرئىتىنىڭ ھېسابلاش فورمۇلىسىدا ھەمىشە « n » ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

**غودۇرلىماق** پ ← غودۇڭشىماق.

**غودۇرىماق** پ ← غودۇڭشىماق: گۇلبانۇم دەسلەپتە خېلى غودۇرىغان بولسىمۇ، تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرۈپ ھەممە خاپىلىقنى ئۇنتۇدى. * لەززەتلىك چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرەلمىگەن قاسىم نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇراپ قويۇپ، داۋامىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىنى چىڭ يۇمغان بولسىمۇ، قايتا ئۇخلىيالمىدى.

**غودۇڭشتماق** «غودۇڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غودۇڭششماق** «غودۇڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غودۇڭشغاق** سۈپ. تولا غودۇڭشىدىغان: غودۇڭشغاق ئادەم.

**غودۇڭشىماق** پ. بىرەر ئىشقا نارازى بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلماق، ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بىرنېمىلەرنى دېمەك: خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ھاجىدىن گەپ كۈتۈپ تۇرمايلا «بۇ بوۋاي راستىنلا تۇز سالمىغان ئۇماچتەك لاۋزا گەپلەرنى قىلىپتىغۇ! دەريا-دەريا ئاققان قانلىرىمىز بىكار كەتكۈدەكمۇ؟» دەپ غودۇڭشىپ قويدى. * بەزىلەر بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق چاغدا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي دېگىنىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراشتى. ھەتتا بەزىلەر نارازى بولۇپ غودۇڭشىدى.

**غور** I ئىم ← غور-غور.

**غور** II تەق. قورساق ئاغرىپ ئىچى سۇرگەندە چىققان ئاۋاز.

**غورا** (پ) ① ئى. ئۆرۈكنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن مېۋىسى: ۋاقىت شامدىن ئۆتكەن ۋە خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئەتىگەندە شائىرغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان «ئالىم زەمبىرەكچى» بىر كىچىك سېۋەت كەنجى ئۆرۈك غورىسىنى كۆتۈرۈپ، ھۇجرا ئىچىگە كىرىپ كەلدى. * – تېخى پىشمىغان غورىلارنى نېمىشقا شۇنچە جىق ئۈزۈۋېتىسىز، تاغا؟ – دەپ سورىدى ئابدۇرېھىم. ② ئى. ئاساسەن پىشىپ يېتىلمىگەن مېۋە، تولۇق: سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پىشار (ماقال). * شىمالدىكى ياندىش باغ تەرەپتىن كەلگەن شامال نەشپۈت، ئامۇتلارنىڭ پۇرىقىنى باغ ئىچىگە چېچىشقا باشلىدى. * ئالما يەيلى، غورا يەيلى، تۆپە شاخلارنى ئېگىپ، كۈن چىقىشتا بىر يارىم بار، ئۆلمىسۇن تىلىم تېگىپ. ③ سۈپ.كۆچمە. تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكۈزمىگەن، ھېچ ئىش كۆرمىگەن؛ كىچىك: – ھوي، شۇ غورىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ يۈردۈڭمۇ، – دېدى بوۋاي غەزەپ بىلەن.

**غورا خامتەك** ئۈزۈملەر غورا بولغان چاغدا كۈن نۇرىنىڭ ئۈزۈمگە ياخشى تېگىشى ئۈچۈن تەك شاخلىرىنى شالاڭلىتىپ رەتلەش.

**غورا شەربىتى** ئۆرۈك غورىسىنى قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىمە-لىك. ئۇ تەپ كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

**غورا قاپاق** دۈڭ قاپاق: خۇرشىدە غورا قاپاق، دوغىلاق كەلگەن، كۆك كۆز، 50 ياشلاردىكى ئايال ئىدى. * ئۇ كونسۇل تەرەپتىن مەخسۇس ياردەمچىلىككە ئەۋەتىلگەن بۇ ئېيىقتەك يوغان، غورا قاپاق ئادەم بىلەن تېخى يېقىندىلا تونۇشقانىدى.

**غوراپ** ئى. دىئال. خام ئۈزۈم.

**غورەك** «غورا» سۆزى ③ نىڭ كەمسىتىپ ئېيتىلىشى: — ئۇنداق بولسا، تېخى بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن غورەك دەڭلا، — دەيتتى يەنە بىرەيلەن.

**غورتەك** سۈپ. ۋىجىك، كىچىك؛ كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان، قەدىرسىز: بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئېتىزدا پېشانىسى كۆيگۈدەك ئىشلىمەي، ھەدېسە ئويۇن-تاماشا بىلەن بولۇۋاتقان ئاشۇ قادىردەك غورتەكلەردىن كېيىن قالدىمۇ؟

**غور-غور** I قوچقار سوقۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ئىككى قوچقارنى سوقۇشتۇرۇشنى ئىشلىتىدى-غان ئۈندەش ئىماسى: مەيدانغا ئىككى تەرەپتىن ئىككى قوچقارنى ئىككى ئادەم يېتىلەپ كىرىپ، بىر-بىرىگە قارىتىپ توختاتتى، بىرپەس-تىن كېيىن «غور-غور» دەپ قويۇپ بېرىۋىدى، شۇنداق قاتتىق سوقۇشتىكى، ناۋادا پولات ئىككى قوچقارنىڭ ئارىسىدا قالغان بولسا، مىجىلىپ كەتكەن بولاتتى.

**غور-غور** II «غور II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: غور-غور قان ئاقماق.

**غورۇ** ئى ① قوتان ۋە ھويلا-ئارا ملارغا ئىشىك ياكى تام ئورنىدا ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ياغاچلارنى بىر-بىرىگە پاراللېل قىلىپ ياسىغان توسما: غۇنچەم گۈل قىسقان، قولىدا ئوتىغۇچ تۇتقان ھالدا نۇرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قاشانىڭ غورۇسى ئالدىغا كېلىدۇ. * ھارۋا مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئۆي ئالدىدا توختىدى. ئارۇپ بوۋاي ھارۋىدىن چۈشۈپ، غورۇ ياغاچلىرىنى ئېلىۋەتتى-دە، ھارۋىنى ھويلىغا ئەكىرىپ، تەرلەپ كەتكەن ئاتنى چىقارمايلا باغلاپ قويدى. ② قوش قاناتلىق ئىشىكلەرنى ئىچىدىن تاقاپ قويىدىغان توغرا ياغاچ؛ تاقاق: لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇنى كۆرۈپ دەرۋازىنىڭ تاقاقسىز قالغانلىقىنى بايقىدى-دە، ئىتتىك بېرىپ غورۇ سېلىپ قايتتى. * ئۇلار دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، دەرۋازا چىڭ ئېتىلىپ، غورۇ سېلىپ قويۇپتۇ.

**غورۇڭ** تەق. زۇكام ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاۋازىنىڭ ئۆزگىرىپ بوم چىقىشىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**غورۇڭ-غورۇڭ** «غورۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە، ئاۋازىڭ غورۇڭ-غورۇڭلا چىقىدۇ-غۇ؟

**غورۇلانماق** «غورۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نادەم مەھەللىدىن چىقىپ بىر قىزغا ئۇچرىدى. قىز ئەختەمباينىڭ بېدىلىك بېغىنىڭ غورۇلانغان ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇراتتى. * بۇ قورۇنىڭ شىمال، جەنۇپ دەرۋازىلىرى تۆمۈر لوملار بىلەن غورىلانغاندىن تاشقىرى، ئىچ تەرەپتىن يەنە ئالتە قەۋەت كېسەك تام قوپۇرۇلغانىدى.

**غورۇلاي** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. ماڭلىيى بىلەن بېشىنىڭ ئىككى يېنى قارا، بوينى كۈل رەڭ كۆك، دۈمبىسى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. دۈمبىسىدە قارا

رەڭدە دولقۇنسىمان توغرا يوللىرى بولىدۇ، ھاشارات ۋە كىچىك قۇشلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ: ئازغان ۋە يېشىل تاللار ئارىسىدا بۆدۈنە، غورۇلاي، سېرىق قۇشقاچ ۋە يىكەن بۇلبۇللىرى ئاجايىپ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق سايرىشىپ تۇراتتى.

**غورۇلداتماق** «غورۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غورۇلداي** (توغرىسى: غورۇلاي) → غورۇلاي.

**غورۇلدىماق** پ «غور-غور» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غور-غور» قىلماق: قورسىقى غورۇلداپ ئاغرىماق.

**غورۇلۇق** سۈپ. غورۇسى بار، غورۇ بېكىتىلگەن: غورۇلۇق، تار، كىچىك هويلا ئىچىگە، هۆكۈمران هۇۋلىغان ئېغىر جىمجىتلىق. چىراغدىن، قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىنى تاتىلار تىرنىقى بىلەن تىت-تىتلىق.

**غورۇلىماق** پ. غورۇ بىلەن ئەتمەك، تاقىماق: بىلال ئەزىزى شۇ چاغدىلا دەرۋازىنىڭ تاقاقسىز قالغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئىتتىك چىقىپ ئۇنى ئىچىدىن غورۇلاپ كىردى. * ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەرب دەرۋازىسى ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ غورۇلاپ، مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما شەھەرنىڭ شىمال، شەرق، جەنۇب دەرۋازىلىرىدەك بىرىيولى ئىچىدىن قوپۇرۇلۇپ ئېچىلماس قىلىۋېتىلمىگەنىدى.

**غورىگىل** سۈپ. كەمبەغەل، نامرات؛ باياشات، مول-كول ئەمەس: غورىگىل تۇرمۇش. * — مەخسۇم، داستىخىنىمىز غورىگىل بولۇپ قالدى، كۆڭۈللىرىگە ئالماي ئانچە-مۇنچە ئېغىز تەگسىلە، — دېدى ئۆي ئىگىسى مېھمانغا قاراپ. * بۇنىڭغا مەن تولىمۇ خۇشالمەن، گەرچە داستىخىنىمىز غورىگىل بولسىمۇ، رەنجىمەي، خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

**غورىگىلچىلىك** ئى → **غورىگىللىق**.

**غورىگىللىق** «غورىگىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**غورىلىماق** پ. غورا ھاسىل قىلماق، غورىغا ئايلانماق: ئۆرۈك غورىلىدى.

**غوزا** ئى (پ) ① <بوت> كېۋەزنىڭ مېۋىسى. شەكلى دەسلەپتە قوڭغۇراققا، پىشقاندا بولسا، شاپتۇلغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئادەتتە تۆت پارچە ياپراقچىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، رەڭگى دەسلەپ يېشىل، پىشقاندا بولسا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، ئىچىدە پاختا ۋە چىگىت بولىدۇ: بەزى كېۋەزلىكلەردە ياۋا ئوت كېۋەزدىن بەكرەك ئۆسۈپ كېتىپ، كېۋەزنىڭ غولى ئۆسەلمىگەن، غوزىسى چوڭ-يالمىغان، پىشمىغان. * شۇنچە چېۋەر ئۇ — ھەرىكىتى چاققان، غوزا ئۈستىدە ئوينايدۇ قولى. ئاق ئالتۇن كانى — شۇ پاختىزارلىق، ئەجەب «ئازدۇردى» ئوتلۇق كۆڭلۈمنى. ② <زوئول> بەزى ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسى قورچاققا ئايلىنىشتىن بۇرۇن قۇسۇپ چىقارغان مەشۇتلىرى ئارقىلىق توقۇپ ياسىغان قېپى. ئادەتتە ئاق ياكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ. مەسىلەن، پىلە غوزىسىغا ئوخشاش: 1960-يىلى باققان 60 قۇتا پىلىدىن ئاران دېگەندە 180 كىلوگرام غوزا چىقتى.

**غوزا باغلىماق** → **غوزىلىماق**: — ھاۋا بەك ئىسسىق، — دېدى ئۇ قارا قاشلىق سۇچى يىگىتكە قاراپ، — مۇشۇنداق پەيتتە، غوزا باغلىغان كېۋەزنى سۇغىرىش قانداق بولىدۇ، بەكمۇ پايدىسىزغۇ؟ غوزىسى تۆكۈلۈپ كەتمەسمۇ؟

**غوزا تۇتماق** → **غوزىلىماق**.

**غوزا چۆلمەك** ① پىشماي قالغان كېۋەز غوزىلىرىنى ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن

ئىچىدىن ياخشىسىنى ئېلىۋالماق. ② كۆچمە. ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئەزۋەيلەپ گەپ قىلماق؛ ئۇششاق گەپ قىلماق: - ئوي... ئۇ يەنە غوزا چۆلگىلى تۇردى-غۇ، - دېدى بىر چەتتە تۇرغان ئاينىساخان.

**غوزا قۇرتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ ئالدىنقى قانىتى سارغۇچ قوڭۇر ياكى كۈل رەڭ قوڭۇر بولۇپ، چۆرىسىدە ئۇششاق قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ. ئارقا قانىتىنىڭ تۈۋى سارغۇچ قوڭۇر، چۆرىسى قارا قوڭۇر كېلىدۇ. كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. لېچىنكىسىنىڭ تېنى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، يېشىل ياكى قوڭۇر كېلىدۇ، ئالىسى بولىدۇ. قورچىقى قىزغۇچ قوڭۇر ۋە ئۇرچۇق شەكلىدە بولىدۇ. لېچىنكىسى كۆپىنچە كېۋەز ۋە چەيزىلەرگە زىيان سالىدۇ.

**غوزا قىزىل قۇرتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنى كۈل رەڭ ياكى قوڭۇر رەڭدىكى كىچىك پەرۋانە بولۇپ، ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ. لېچىنكىسى قوڭۇر، قورچىقى پارقىراق ۋە ئۇزۇن، ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. ئادەتتە كېۋەزنىڭ ئاساسلىق زىيانداشى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ يەنە پاختا دەرىخى، تۈگمىگۈل ۋە كېۋەز ئائىلىسى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ.

**غوزا مېۋە** <بوت> قۇرۇق مېۋىنىڭ بىر خىلى. ئىككىدىن ئارتۇق ئانىلىق ياپراقچىسىدىن تۈزۈلىدۇ، ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن يېرىلىدۇ. مەسىلەن، كۈنجۈت، كېۋەز، گۈلسامساق ۋە خېنىگۈل قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش.

**غوزەك** ئى (پ) ① پىلە قۇرتىنىڭ غوزىسى: ئۆتكەن يىل ئېلىنغان پىلە غوزىكى 1980-يىلدىكىدىن 60 پىرسەنت ئېشىپ كەتتى. ② <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى ياكى دېنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە ئانىلىق ياپراقچىلىرىدىن تۈزۈلگەن تۈگۈنچىكى: تەنتەك ئۇرۇق سۆزىنى تۈگىتىپلا غوزىكىدىن چوڭ قارىغاينىڭ سايىسىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. * ياغدى مۆلدۈر بىتۈيۈق باغ ئارىلاپ، تۈزىدى گۈل بەرگى، بولدى گۈل خاراب. چۈشتى ئەمما ئۇرۇقى تۇپراق ئارا، غوزىكىدىن تۆكۈلۈپ ھەر يان تاراپ.

**غوزەك قالپىقى** <بوت> مۇخسىمان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سپورىلىق تېنىنىڭ ئۇچىنى قاپلاپ تۇرىدىغان پەردىسىمان ماددىسى.

**غوزەكلىمەك** پ. غوزەك ھاسىل قىلماق، غوزەك ھالەتكە كەلمەك: تەگرىتېغىدىكى قارىغايلار غوژمەك-غوژمەك غوزەكلەپتۇ.

**غوزو** ئى. دىئال. مەڭگەن، بۇغداي پاخىلى.

**غوزىلىماق** پ. غوزا ھاسىل قىلماق، غوزا تۇتماق: 7-ئاينىڭ كىرىشى بىلەن كېۋەزلەر غوزىلاشقا باشلىدى.

**غوڭ** تەق. ھەرە قاتارلىقلار ئۇچقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**غوڭشىتماق** «غوڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غوڭششماق** «غوڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غوڭشىماق** پ ① «غوڭ-غوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غوڭ-غوڭ» قىلماق. ② بىرەر نەرسىدىن نارازى بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلماق، غودۇڭشىماق: - سىز گېزىت كۆرمىدىڭىزمۇ؟ - پەرىزاتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، - مانا ئۇ گېزىت! - ئۇ قەغەزلىرىنىڭ تېگىدىن

بىر خالتا گېزىتنى ئېلىپ، شۇجىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، ئاندىن ئۆزىچە غوڭشىپ چەتكە بۇرۇلدى. * ئامانگۈل مۇدىر بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا بۇغدايىنىڭ ئارىسىغا بېشىنى چۆكۈرۈۋالغان سۇلتان نېمىلەرنىدۇر دەپ غوڭشىدى.

**غوڭغارىماق** پ. چۆلدەرىمەك: بۇتخانىدىن ئىككى پاراگچى بوۋاي كېتىۋىدى، ياتاق غوڭغاراپ قالدى.

**غوڭ-غوڭ** «غوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غوڭقا** ئى. تارىس. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىر خىلى: «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە بەش تارلىق پىپا (راباپ) نامى يېزىلمىغان. بىراق تۆت تەرەپ ياقا خەلقلەر چالغۇلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت پىپا (پەرباپ)، غوڭقا، غېجەك، نەي، دۇمباق قاتارلىقلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان.

**غوڭگىدە** رەۋ «غوڭ» قىلغان هالدا، «غوڭ» قىلىپ.

**غوگۇلداتماق** «غوگۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ سۆز تراكتورنىڭ ئاۋازىدەك ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى غوگۇلدىتىۋەتتى.

**غوگۇلداشماق** «غوگۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەلق توپى «ئاللا-توۋا» دېيىشىپ، ئۇۋۇسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن هەسەل هەرىلىرىدەك غوگۇلدىشىپ كەتتى.

**غوگۇلداق** ئى. غوگۇلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان ئىچى كاۋاك بىر خىل ئويۇنچۇق.

**غوگۇلدىماق** پ «غوڭ-غوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غوڭ-غوڭ» قىلماق: هايال ئۆتمەي هەرە غوگۇلداپ ئۇچقىنىچە بەختىنىڭ ئالدىدا هازىر بولۇپتۇ. * بۇ سوئاللار تېخى تۇرمۇشنىڭ هېچ نەرسىسنى چۈشىنىپ يەتمىگەن شاۋكەتنىڭ كاللىسىدا هەرە ئۇۋۇسىدەك غوگۇلداپتتى.

**غول I** ① ئى. ئوڭ مۇرىباشتىن سول مۇرىباشقىچە بولغان ئارىلىق ياكى دۈمبىنىڭ يۇقىرى قىسمى: غولى ئاپتاپ كۆرمىگەن. غولى كەڭ. * شۇ پەيتتە ئۇ ماشىنا رېمونت دۇيىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئوسمان، غوپۇر ئاخۇن باشلىق بىرنەچچە كىشىنىڭ دۈينىڭ مۇئاۋىن دۇيجاگى، باش تېخنىك يولداش كۈرەشنى غولىدىن ئىتتىرگىنىچە سېختىن هەيدەپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. * بۇ كىشىنىڭ كەڭ كەلگەن غوللىرىغا، يوغان ئاياغلىرىغا قاراپ، بۇرۇن ناهايىتى بەستلىك، تەمبەل ئادەم ئىكەنلىكىنى، كېيىن بىرەر خېيىم-خەتەرگە يولۇققانلىقىنى پەرەز قىلدىم.
② ئى <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ بىر قىسمى. تۆرەلمە بىخنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق هاسىل بولىدۇ. تۆۋەنكى قىسمى يىلتىز بىلەن تۇتىشىدۇ، يۇقىرىقى قىسمىدا يوپۇرماق، گۈل، مېۋە ئۆسىدۇ. ئۇ سۇ، ئانئورگانىك تۇز ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ هەرقايسى قىسىملىرىغا توشۇپ ۋە ئۆزىدە زاپاس ساقلاپ، شاخ، يوپۇرماق، گۈل ۋە مېۋە قاتارلىقلارنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. غول ئادەتتە تىك غول، يۆگىمەچ غول، ياماشقۇچى غول ۋە يەر بېغىرلىغۇچى غول دېگەندەك كۆپ خىل تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ: دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار (ماقال). * يوپۇرماقلار سارغىيىپ، شاخلار سۇندى غولىدىن. ساق قالمىدى هېچ كىشى، زالىملارنىڭ قولىدىن. ③ ئى. بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ باشتىن ئۆسۈپ چىققان ئاساسىي قىسمى. ④ ئى <هەرب> قوشۇن ۋە سەپنىڭ مەركىزىي، ئاساسىي قىسمى: بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، قوشۇننىڭ غولىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرسەتتى. ⑤

سۈپ. ئومۇمىيلىق ئىچىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى مۇھىم، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان؛ ئاساسىي؛ مەركىزىي: غول ئۆستەڭ. غول ئېرىق. * ياش كادىرلار يۇقىرىقىدەك بىرقاتار ئۇنۇملۇك چارىلەر ۋە جانلىق ئېلىپ بېرىلغان تەربىيىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، سىياسىي ئاڭ ۋە ھەربىي سۈپەت جەھەتتە تېزلا يۈكسىلىش ھاسىل قىلىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ غول تايانچلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. * شەھەر ئىچىنىڭ ساقچى ئىدارىسى جايلاشقان بۇ غول كوچىسى خېلى ئۇزۇنغىچە بۇرۇقتۇم چاڭ ئىچىدە قالدى. ⑥ ئى. ئىككى تاغ ياكى يار ئارىسىدىكى بوشلۇق، چوڭ جىلغا؛ سۇ يولى: دۈشمەن ئالدىنىپ غول ئىچىگە كىرگەندە، تاغلىقلار تەرەپ-تەرەپتىن توسۇپ زەربە بېرىدۇ. * چاپچال ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خۇنغاي غولى چوڭ بىر غول بولۇپ، غولدا خۇنغاي دەرياسى ئېقىپ تۇرىدۇ.

**غول ئەستەر** چاپان، كۆڭلەك قاتارلىقلار-نىڭ غول قىسمىغا تۇتۇلىدىغان يېرىم ھالەتتىكى ئەستەر.

**غول تارتماق** غولى يوغىناق؛ ئۆسمەك: بۇغداي غول تارتتى. قوناق غول تارتتى. * بۇ ئىككى تۈپ يۇلغۇن ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە غول تارتقانىدى.

**غول خالتىسى** بوۋاقلارنى بۆشۈككە بۆلىگەندە بوۋاقنىڭ بەل تەرىپىنى يۆگەش ئۈچۈن ئۇدا ئۈستىگە سالىدىغان كۆرپە.

**غول نوتا** <مۇز> كوللېكتىپ بىرلىشىپ ئورۇنلايدىغان مۇزىكىلاردا ئىشلىتىلىدىغان نوتا. بۇنىڭدا ئورۇنلاشقا قاتناشقان چالغۇلارنىڭ نوتىسى قۇرلار بويىچە دەستە-دەستىلەپ يېزىلىدۇ. دەستىلەپ كۆرسەتكەندە، چالغۇلارنىڭ بىر ۋاقىت ئىچىدە بېجىرىدىغان ئاۋاز بەلگىلىرى تىك سىزىقلارغا ئۇدۇل كەلتۈرۈلۈشى شەرت. غول نوتىدا ھەرقايسى شاخلىما نوتىلارنىڭ بەلگىلىك رېتى بولىدۇ، ئوخشاش خىلدىكى چالغۇلار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا رەتلىنىدۇ، ئوخشاش گۇرۇپپىلاردا بولسا، ئاۋازى يۇقىرى سازلار يۇقىرىغا، تۆۋەنلىرى تۆۋەنگە قارىتا رەتلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**غول ئورايدىغان چىڭگىلىك** <بوت> چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپ شاخلاي-دۇ، يوپۇرمىقى يېرىم دۈگىلەك ياكى يۈرەك شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ. گۈلى كىچىك، سۇس سۆسۈن، چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. مېۋىسى كونۇسقا ئوخشايدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، يەل ھەيدەش، زەھەرنى كېسىش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**غول ئۆستەڭ** <سۇ> ئېلىش بېشى ئارقىلىق سۇ مەنبەسىدىن بىۋاستە باشلىنىپ، يەنە ئۆزىدىن كىچىك بىرقانچە ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلارغا بۆلۈنىدىغان ئۆستەڭ: 12 كىلومېترلىق غول ئۆستەڭ بىلەن 47 كىلومېترلىق تارماق ئۆستەڭ چېپىش ۋەزىپىسىنى كوممۇنا تايانچ مىنبەگلىرى ئۈستىگە ئالغانىدى. * ياچىيكا شۇجىسى يولداش يۇنۇس تۇردى بىرقانچە كادىر ۋە ئەزا بىلەن تۆت كىلومېترچە يىراقلىقتىكى غول ئۆستەڭدىن سۇ باشلاپ كەلدى.

**غول ئېرىق** <سۇ> غول ئۆستەڭدىن بۆلۈنگەن سۇ ئېقىپ كىرىدىغان سۇغىرىش رايونىدىكى ئاساسىي ئېرىق: ھازىر بار سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشتا، ئۆز دائىرىمىزدىكى

دەريالارنى بىرمۇبىر ياخشى تەرتىپكە سېلىپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ياخشى رېمونت قىلىش، غول ئېرىق، تارماق ئېرىق ۋە سۇغىرىش ئېرىقلىرىنى ئوبدان رېمونت قىلىش لازىم. * قىزلارغا ئۇزۇن غول ئېرىقتىن ئېخى توختىمىغان سارقىندى سۇنى توسۇپ، سۇ كىرمىگەن ئېتىزلارغا باشلاپ، سۇ توختىغاندىن كېيىن قايتىش تاپشۇرۇلغانىدى.

**غولى ئاپتاپ كۆرمىگەن** كۆپ جاپا تارتمىغان، كۆپ ئەمگەك قىلمىغان، تەييارنى يەپ چوڭ بولغان: – كىچىك بىلەنلا بولىدىغان ئىش بولسا، بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، باخشىم، ھەرقانداق يەرگە بارساق خەقنى رازى قىلىپ، نېنىمىزنى تېپىپ يېگۈچىلىكىمىز بار، – رەپىق ئاكىنىڭ غولى ئاپتاپ كۆرمىگەن بۇ باخشىنىڭ ئالدىدا بىر ماختىنىۋالغۇسى كەلگەنىدى.

**غول ياغاچ** كىگىزچىلىك دۇكىنىدىكى قورساق، سوگباغ، سوسەي بېغى قاتار-لىقلار ئورنىتىلغان ئۇزۇن ياغاچ.

**غول II** سۈپ. كۆپ، جىق، مول: سۈيۈك غول، ھوسۇلۇق مول (ماقال). * بىز ئۆستەڭ-دىكى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان غول سۇدىن كوتۇرۇلگەن سالقىن ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، بەھۇزۇر پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا، دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەھەممەت توختى بىلەن دادۇيجاڭ سەمەت باش تەرەپتىن سۇ ياقىلاپ كېلىشتى. * ئېسىلدى بويىنغا شۇ ئان سېلىپ قول، ئۆزىنى نوختىتالماي يىغلىدى غول.

**غولاسەن** سۈپ. دىئال. چوڭ، گەۋدىلىك، قامەتلىك.

**غولچىچى** ئى (غول+چاچ+ئى) <بوت> پاپوروتنىكلار-نىڭ بىر تۈرى. يوپۇرمىقى قارا بىنەپشە رەڭدە، پارقىراق ۋە ئۇچ بۇرجەك شەكىلدە بولىدۇ. سېپى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەرنى كېسىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇ-رۇش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە. ئۇنى يەنە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**غولدا** ئى. تومۇلۇقى ئادەمنىڭ بىلىكىدەك، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچتىن ئۇزۇن بولغان ياغاچ، كالتەك: ۋاڭ شۇ يەردىلا بوۋاينى 40 غولدا ئۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي زىندانغا تاشلاشنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. * – ھاي، ھاي، شۇ يەردە توختاپ قالسىلا بولۇرمىكىن، – دېدى ئەلچى پوپوزا قىلىپ، – ئېشەكتەك بولۇپ قالغان قىزنى نامەھرەم بولىدۇ دېمەي ئۆيگە ئەكىرىۋالغانلىرىنى چىڭگاڭ غوجام ئاڭلايدىغان بولسا، ھەر ئىككىلىرىگە 40 غولدا ئۇرۇشتىن يانمايدۇ.

**غولداتماق** « غولدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېنىڭ بۇ قويلارنى بېقىپ غولدىتىش ھەققىڭلا باركى، ئۇنى ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش تەشكىلنىڭ ئىشى. * – سۆز-چۆچەكنى غولداتماسلىق ئۈچۈن، ئادىل بىلەن بىرمەھەل يېقىنلاشماڭ! – دېدى ئۇ ئاخىر.

**غولداشماق** « غولدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غولدۇر** تەق. مەلۇم ئۇزۇقلۇقلارنى ئىستېمال قىلغاندا ئۇلارنىڭ زىيان قىلىشى ياكى باشقا سەۋەبتىن قورساقتىن چىققان ئاۋاز.

**غولدۇر-غولدۇر** « غولدۇر » سۆزىنىڭ

تەكرارلىنىشى.

**غولدۇرلاتماق** «غولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – ۋاھ، ئەجەبمۇ مۇزدەك ئىكەن، يۈرىكىم يايراپ كەتتى! ئېرىقتىكى لاي سۇ قورساقنى غولدۇرلىتىۋەتكەنە-دى، – دېدى ئۇ ئانىسى ئېلىپ بەرگەن قېتىقنى ئىچىۋېتىپ.

**غولدۇرلاشماق** «غولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غولدۇرلىماق** پ «غولدۇر-غولدۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غولدۇر-غولدۇر» قىلماق: قورساق غولدۇرلىماق. * بىركىمگە قول سوزۇپ، بىرەر پۇڭ پۇل، بىرەر چىشلەم نان تىلەپ، توختىماي غولدۇرلاۋاتقان قورسىقىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۇنىڭغا نومۇس تۇيۇلدى.

**غولدىماق** پ. كۆپەيمەك، ئاۋۇماق، جىقلى-ماق: – مەن بورانىنى تىلەۋاتىمەن تۇغقى-نىم... – دېدى دېھقان بابا گەپ قىلغان ئابالغا قاراپ، – قارىمامسىلەر، يىراقتىن بوغۇناق كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ھېلىتىن غولدىغىلى تۇردى، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە! مانا توپا پۇراۋاتىدۇ، بۇ قارا بورانىنىڭ شەپىسى.

**غولسىز** سۈپ. غولى يوق، غول تارتمايدىغان: غولسىز ئۆسۈملۈك.

**غولغۇن** ئى. ئادەملەر توپى: ئالماس غولغۇندىن كۆزىنى ئېلىپ، مەدرىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مەكتەپ بىناسىغا كۆز تاشلىدى. * ئۇ قەدىمىنى چوڭ-چوڭ يۆتكەپ، غولغۇندىن تېزلا ئايرىلدى-دە، تۆت كوچا دوقمۇشىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چوڭ يولغا چۈشتى.

**غوللۇق** سۈپ ① غولى بار، غول تارتقان: غوللۇق ئۆسۈملۈك. * پىرامىدىنىڭ ئۈستىدە خۇددى زىننەت تاجىسىدەك كۆركەم قىزىل غوللۇق چۆل گۈللىرى كۆز چاقنىتىپ جۇلالىناتتى. ② گەۋدىلىك، بەستلىك، گروي، يوغان: غوللۇق ئادەم. * مەنسۇر 45 ياشلاردىكى غوللۇق، ئوتتۇرا بوي، قويۇق قارا بۇرۇتلۇق، ساغلام ئادەم. * كېمە بويىدا ئەنسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. قاراۋۇللۇق پونكىتى يېنىدا ئىككى قازاق كىشىگە – بىرى پاكار سېمىز، بىرى ئېگىز بويلۇق غوللۇق كىشىگە بىر ئەسكەر مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇراتتى. ③ ئاساسلىق، مۇھىم: زۇنۇن قادىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى غوللۇق يازغۇ-چىلارنىڭ بىرى. * ئۇ جېدەلخورلارنىڭ غوللۇق ئادەملىرىنى بىرلا جەڭ بىلەن كۆزدىن نېرى قىلدۇق.

**غوللىماق** پ ← غولدىماق.

**غوۋغا** (**غوۋغاسى**) ئى (پ) ئۇرۇش-جېدەل، ماجىرا؛ قىيا-چىيا: غوۋغا چىقارماق. غوۋغا كۆتۈرمەك. * بىركۈنى بوۋاي قورايلىقتىن كەچ قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ كېلىشى ھامان ئايالى: «سېنىڭ شۇ يەردە بىرنېمەڭ بار، بولمىسا نېمىگە كەچ قالدىڭ!» دەپ كۇنلەپ غوۋغا چىقىرىپتۇ. * ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا شەھەردە غوۋغا كۆتۈرۈلدى. غوۋغا ئاۋۋال ئەزىم مەدرىسىدىن باشلىنىپ، بارا-بارا بارلىق مەسچىتلەرگە تارالدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ كەتتى.

**غوۋغا چىقارماق** جېدەل-ماجىرا پەيدا قىلماق، ئۇرۇشماق: شانىياز ئۇۋغا چىقسا، كەينىدىن غوۋغا چىقار (ماقال). * – ئۇكام، – دېدى ئالماس يېقىملىق ئاھاڭدا، – ئۆزۈڭنى بېسىۋال، سېنىڭ مۇنداق غوۋغا چىقىرىشىڭدىن نېمە چىقىدۇ؟ سەن بىر ئادەم نېمە قىلالايسەن؟

**غوۋغا چىقماق** جېدەل-ماجىرا پەيدا بولماق، جېدەل كۆتۈرۈلمەك: غوۋغا چىقىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. * چوڭ غوۋغا چىقىشى كۆرۈنۈپ تۇرغاندا پەرىزات گەپ تېپىسىنى باشقا ياققا يۆتكىۋەتتى.

**غوۋغا قىلماق** ئۇرۇشماق، جېدەللەشـ-
مەك، ماجىرا پەيدا قىلماق: — چوپچوڭ
تۇرۇپ نېمىگە غوۋغا قىلىسەن، — دېدى
ئانا بالىنى جىملەپ. * — سەن كەلمەستە
شۇنداق ياۋاش بالىلار ئەمدىلىكتە ئۇنى
ئېلىپ بەرسۇن، بۇنى ئېلىپ بەرسۇن دەپ
غوۋغا قىلىدىغان بولۇۋالدى، سەن ئۇنداق
خالىغانچە قالايمىقان خەجلەيدىغانغا دۆلەتنىڭ
خەزىنىسى ئاتاڭدىن قالغان مىراسمىدى؟!
— دېدى سايىتوپ ئەخمەتكە ۋارقىراپ.

**غوۋغا كۆتۈرمەك** ← **غوۋغا چىقارماق:**
— مەن تويلىشىپ غوۋغا كۆتۈرگەن گادايىنى
تېخى كۆرمىگەن، — دېدى ۋەزىر. * بۇ
گەپنى تاغامغا ئېيتسام، ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك،
غاۋغا كۆتۈرىدۇ.

**غوۋغاچى** ئى. تولا جېدەل-ماجىرا قىلىدىغان
كىشى، جېدەلخور: ھېلقى بىرنەچچىسىنىڭ
ۋەتۆمۈرنىڭ چىقىپ كەتتى، ھازىرقى شارائىتتا،
ئۇنداق غوۋغاچىلارنىڭ ھەر ھالدا پالاقشىپ
يۈرۈشۈۋاتقىنىغا سېلىشتۇرغاندا سىلەرنىڭ
زاۋۇتتا ئۇلارغا بازار يوق ئىكەن.

**غوۋغاسىز** سۈپ. غوۋغاسى يوق، غوۋغا
چىقارماي، تىنچ: ئاز ئېشىم — غوۋغاسىز
ئېشىم (ماقال). * ئۇ بالدۇر كېلىپ قالسا
ئۇنى يوقاتماي ئىلاج يوق. ئىلاجى بار
غوۋغاسىز ئىش قىلغىنىمىز ياخشى.

**غوۋغالاشماق** پ. غوۋغا پەيدا قىلماق،
غوۋغا چىقارماق، غوۋغا كۆتۈرمەك:
غوۋغالىشىپ قالماق.

**غوۋغالىق** سۈپ. غوۋغا كۆتۈرۈلگەن، غوۋغا
پەيدا بولغان: غوۋغالىق جاي.

**غۇبار** ئى (ئە) يىز ت ① چاڭ، توزان: ماڭا
سۇلتان بولۇپ يات ئەلدە يۈرمەكتىنمۇ مىڭ
ئەلا، سېنىڭ باغرىڭدا بىر ئۇلتاڭ بولۇپ
سۈيمەك غۇبارىڭنى. * سەن ھايات —
بىزمۇ ھايات، ئەۋلادلىرىڭ ئويغاق ھامان،
ئاق لىچەككە قونمىغاي دەپ بىر غۇبار، بۇغدا
ئانام. ② كۈچمە. بىرەر كۆڭۈلسىز ھادىسىلەر-
نىڭ قالدۇق تەسىرى، داغ: ئاڭلىسام
نەغمەڭنى مەن، قالماس دىلىمدا غەش-غۇبار،
سايرىساڭ سەن نەدە، شۇ يەر مىسلى
ئۇچماق بولۇلۇم.

**غۇبارسىز** سۈپ ① چاڭ-توزانسىز، چاڭ-تو-
زان بولمىغان، قونمىغان: ئانا بېشىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ غۇبارسىز كۆكتە ئەركىن پەرۋاز
قىلىۋاتقان قارلىغاچلارغا قارىدى. ② ساپ،
پاك: ئۇستازىم، سىز مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش
ياش ئۇسمۇرلەرنى مېھرىبانلىق بىلەن قولىمىزدىن
يېتىلەپ بىلىم باغچىسىغا جەلپ قىلدىڭىز،
غۇبارسىز كۆڭۈللەرگە بىلىم-ئەقلىدىن ئوزۇق
بەردىڭىز. * ئۇمۇر مەنزىلىدىن ئىزدەپ
غۇبارسىز چىن ھەقىقەتنى، قەلەندەردەك
كېزىپ يۈردۈم چېكىپ مىڭبىر مۇشەققەتنى.

**غۇپ** تەق. سۈيۇق نەرسىلەرنى يۇتقاندا
چىقىدىغان ئاۋاز.

**غۇپپىدە** رەۋ. «غۇپ» قىلغان ھالدا،
«غۇپ» قىلىپ: كېرىم ئالدىدىكى رومكىنى
قولغا ئېلىپ، بىرپەس تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىكى ھاراقنى غۇپپىدە ئىچىۋەتتى-دە،
توختىماي قاراپ سۆزلىدى.

**غۇجۇم** ئى. دىئال. سېپىدىن ئاجراپ كەتكەن
ئۇۋاق ئوزۇم.

**غۇچ** سۈپ. ① بىر يەرگە توپلانغان،
كاللىكەلىگەن، يىغىلغان، زىچ. ②
پۇتۇنلەي، ھەممىسى: — پىۋاغۇچ ئوزۇق،
كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ، — سۆز قىستۇردى
بىلال ئەزىزى، — غولجا ھەقىقەتەن پىۋا كۆپ
ئىچىلىدىغان جاي، بۇ شەھەرنىڭ خەلقى
پىۋىنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدۇ.

**غۇچچىدە** ① رەۋ. زىچ ھالدا: پارنىكتا

ئۇستۇرۇپ، قوغۇنلۇقتا ياناپ كۆچۈرۈلگەن شوخلا، لازىلارمۇ تېزلا ئاينىپ، غۇچچىدە چېچەكلىدى. ② سۆپ. كۆچمە. جىقلا، نۇرغۇن: — ئەكبەر ياخشى مەرگەن ئىكەن، بىزگە يەنە بەش-ئالتە كۈن ئوۋلاپ بەرسە، قاۋاندىن 10—20 نى ئېتىۋالساق... غۇچچىدە پۇل بولاتتى. ③ سۆپ. ھەممىسى، پۈتۈنلەي: چارۋىچى ماركونىڭ كولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: — بۇ قوينى كۆرۈنۈشى سەت ئىكەن دەپ قالما، ئۇنىڭ گۆشى سېمىز ۋە يۇمشاق، بەكمۇ تاتلىق، بولۇپمۇ قۇيرۇقىنى قازانغا سالغاندا، غۇچچىدە ماي چىقىدۇ، — دېدى. * ئاپتاپ يېگەن بوزنىڭ ئۈزى غۇچچىدە ئوغۇت.

**غۇچچۇق** ئى. دىئال. قىچىق.

**غۇچ-غۇچ** «غۇچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ دەۋرلەردە يەڭگىلرەك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر-نى باغلاپ تاش ئۈستىدە يۇملىتىپ ئۇگە سۆڭەكلىرىنى غۇچ-غۇچ قىلىۋېتەتتى ياكى ئوشۇقىنى چېقىپ تاشلايتتى.

**غۇچۇر** تەق. سىلىق، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە سۈركىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**غۇچۇر-غۇچۇر** «غۇچۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غۇچۇرلاتماق** «غۇچۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۈزىدە سەپكۈنى بار، ئالتۇن چىشلىق ئادەم چېقىر كۆزلىرىنى ھەدەپ چىمچىقلىتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، پۇشۇلداپ ئېغىر ھاسرايتتى. * مەگىنسا ئاچا پىيالىلەرنى غۇچۇرلىتىپ يۇيۇپ سىنچاي قۇيدى.

**غۇچۇرلىتىشماق** «غۇچۇرلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇر-لىتىشىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ، چاپىناپ يۇتۇۋەتكۇدەك ئەلپازدا تۇراتتى.

**غۇچۇرلىماق** پ «غۇچۇر-غۇچۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غۇچۇر» قىلماق: بۇ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئابدەمنىڭ تېنى «جۇغغىدە» قىلىپ، چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلىدى. * مۆمىن ئاكا چىقىپ كېتىشى بىلەن تاقىتى-تاق بولۇپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەن جىگلى سۆزلەپلا كەتتى.

**غۇدۇراتماق** «غۇدۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇدۇراشماق** «غۇدۇرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇنى كۆرگەن بىرقانچە كىشى ئىشنى توختىتىپ: «نېمىشقىمۇ چىققان بولغىدۇق، ھاۋادىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەندەك، نا ئۈمىد ئىشقا ئۆزىمىزنى ئۇرۇۋېتىمىز» دېيىشىپ خېلى غۇدۇراشتى.

**غودۇرىماق** پ. بىرەر ئىشتىن نارازى بولۇپ، ئاللىنېمىلەرنى دەپ ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلماق؛ غوتۇلدىماق: ئەپكەشچى غەزەپ بىلەن غۇدۇراپ ئۇلارنى تىللاپ 50—60 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولدىن چىقىپ چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. * — گۇۋۇرپىغا قىزلارنىمۇ قوشۇۋالغىنى نېمىسى-ھە؟ — غۇدۇرى-دى سايىتوپ.

**غۇر** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ تېز ھەرىكىتى ياكى شامالدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: — ئىنقىلاب دېگەن كەشتە تىكىش ئەمەس. ئۇ مۇلايىملىق، يۇمشاق گەپنى كۆتۈرەك قىلمايدۇ، — گايىت شۇنداق دەپ ماڭا بىر ئالايدى-دە، يېنىمدىن غۇرلا قىلىپ ئۆتۈپ دەرۋازىنى پۈتى بىلەن قاتتىق تەپتى.

**غۇربەت** (ئە) ① ئى. يوقسۇزلۇق، كەمبە-غەللىك، نامراتلىق: تىرىكلەر چۆرى-قۇل، ئىت ئورنىدا خار، ئۆزىنىڭ يۇرتىدا غۇربەتكە دۇچار. * مەرىپەتكە جان تىككەندە ئەل دېگەن ئاقىل، غۇربەتلەرنى سەن سۆككەندە ئەل دېگەن ئادىل. ② ئى. مۇساپىرلىق، غېرىبلىق: كەمسىنلىرى غۇربەتتە يۈرۈپ،

هاياتمدا ئاتا-ئانامنى كۈتەلمدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجدادلىرىمنىڭ نەزىر-چىراغلىرىنى بېرەلمىدىم، بۇ ناھايىتى ۋاپاسىزلىقتۇر. * ناخشا ساداسى ئىچىدە قەشقەرنىڭ غۇربەت ئارقا كوچىلىرىدا، تۈگۈلۈپ يېتىپ قالغان يېتىم-يېسىرلار كۆرۈندۇ.

**غۇربەت چەكمەك** غۇربەتچىلىكنى باشتىن كەچۈرمەك، غۇربەتچىلىكتە ئۆتمەك: – ئاكا! سېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى غۇربەت چەككەنلىرىڭ يەتمەسمىدى؟ ئىست! سېنىڭ ھاياتىڭ، – دېدى بەھرام.

**غۇربەتچىلىك** ئى. غۇربەت قاپلىغان ھالەت، غۇربەتلىك كۈن؛ يوقسۇزلۇق، نامراتلىق، مۇساپىرلىق: قادىرنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ئېغىر كۈلپەت ۋە غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. * تۇرمۇشتىكى غۇربەتچىلىك ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ بارلىق يېزا ۋە بازارلىرى بىلەن كوچا ۋە مەھەللىلىرىنى تەكشى قاپلاپ كەتكەنىدى.

**غۇربەتچىلىك تارتماق** غېرىبانە، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرمەك؛ غورىگىل ياشىماق: كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان تاپاۋەتتىن غۇربەتچىلىك تارتقانىنىڭ ئۆزى تۈزۈك ئەمەسمۇ؟

**غۇربەتسىرىماق** پ. غۇربەتچىلىك ھېس قىلماق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە قالماق: تال بېشىدا تۇرىدۇ بىر قوڭغۇراق، تاڭدا يامغۇر پادىدا غۇربەتسىراپ. كۆزىدىن ئاقماقتا ياش تارام-تارام، تىلى لال، كۆڭلى سۇنۇق باغرى كاۋاپ.

**غۇربەتلەشمەك** پ. غۇربەتچىلىكتە قالماق، غۇربەتچىلىكتە ياشىماق؛ نامراتلاشماق، كەمبەغەللەشمەك: شۇ كۈنلەردە ئانام ئاغرىق، دادام ئىشسىز بولغاچقا بىز بەك غۇربەتلىشىپ كەتتۇق.

**غۇربەتلىك** سۈپ. غۇربەتچىلىككە تولغان، غۇربەتچىلىك قاپلىغان، غۇربەتلەشكەن: غۇربەتلىك تۇرمۇش. غۇربەتلىك كۈنلەر. * ئالما چېچىكى باغدا، يۇلغۇن چېچىكى سايدا. يار ئايرىلمەن دەيدۇ، غۇربەتلىك يامان چاغدا.

**غۇرت** تەق. سۇيۇق نەرسىلەرنى تېزرەك يۇتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: غۇرت قىلىپ يۇتماق. * – قولنىڭ لەززىتى بار ئادەم-دە، – دېدى ئابدۇكېرىم نەم دىدارى قالمىغان كېكىردىكىنى نەمدەش ئۈچۈن مىڭ جاپادا يىغقان تۈكۈرۈكىنى «غۇرت» قىلىپ يۇتۇۋېتىپ – ھەي خەيرىنسا، بىر چۆگۈن چاي دەملىگىنە.

**غۇرتەك** مىق. دىئال. يۇتۇم، ئۇتلام.

**غۇرتتىدە** رەۋ «غۇرت» قىلغان ھالدا، «غۇرت» قىلىپ: – تويىنى قاچان قىلىمىز دېمەكچىمۇسەن؟ – دېدى تۇراپ شۇجى ئاغزىدىكى ئاشنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ.

**غۇرت-غۇرت** «غۇرت» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: ھېكمەت چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. سۇلايمان بولسا بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن ئاچتى-دە، ئۇڭدا يېتىپ غۇرت-غۇرت قىلىپ ئىچىشكە باشلىدى. * ئالىم كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن بۇننى كۈچلاپ ئالمىغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە تەلمۈرۈپ، تۈكۈرۈكلىرىنى غۇرت-غۇرت يۇتاتتى، كالپۇكلىرىنى تەمشىپ قوياتتى.

**غۇرتۇلداتماق** «غۇرتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھاراقنى ئۇستەلگە ۋە كىيىملىرىگە تۆكۈپ، غۇرتۇلدىتىپ ئىچتى. * ئاخشام ئىچكەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن چاڭقاپ كەتكەن نىياز شىرە ئۈستىدە تۇرغان پىيالىدىكى ئاللىقاچان مۇزلاپ قالغان چاينى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

**غۇرتۇلداشماق** «غۇرتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇرتۇلدىماق** پ «غۇرت-غۇرت» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غۇرت-غۇرت» قىلماق.

**غۇررەك** ئى. ئەتلەس توقۇش دۇكىنىدىكى قاش بېغىنى ئۆرۈشكە ئۇلايدىغان يىپلىق ياغاچ ھالقا.

**غۇررىدە** رەۋ «غۇر» قىلغان ھالدا، «غۇر» قىلىپ: ماشىنا يېنىمدىن غۇررىدە ئۆتۈپ كەتتى.

**غۇر-غۇر** «غۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئەتراپ قۇياشنىڭ چوغدەك قىزىق ھارارىتى بىلەن يېلىنجاپ تۇرسىمۇ، شاخ-ياپراقلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان قېرى ياڭاق تۈۋى غۇر-غۇر سالقىن شاماللىق ۋە ئارام بەخشلىك ئىدى. * ئۆستەڭدە سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. بۇك-باراقسان دەرەخلىك ئىچىدىن چىققان غۇر-غۇر شامال كىشىگە ھۇزۇر بەخش قىلاتتى.

**غۇرقىراتماق** «غۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇرقىراشماق** «غۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇرقىرىماق** پ «غۇر-غۇر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غۇر-غۇر» قىلماق: ئەتراپ يوپيورۇق ئىدى. بەختىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى. كېچىنىڭ سوغۇق شاملى غۇرقىرايتتى. * غۇرقىراپ چىقىۋاتقان كۈز شاملى ھەشەمەتلىك بىنالارغا قاراۋۇللاردەك غادىيىپ سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كوچىلارغا ياياتتى.

**غۇرۇر** ئى (ئە) ① كىشىنىڭ ئۆز قەدىر-قىممىتىنى بىلىش ھېسسى، ئىززىتى-نەپسى: — نېمە؟ — زۇلال تېخىمۇ تېرىكتى، — ئىنسانغا ئۆزىنىڭ غۇرۇرى ۋە نومۇسىنى قوغداشتىن يوغانراق ھېچ نەرسە يوق!... ماڭا نومۇس كېرەك. قەھرىمان، نومۇس!... * دادىڭىز ھەقىقەتەنمۇ غۇرۇرى بار، توغرا يول بىلەن ياشاشنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان ئادەم ئىدى. ② كىشىلەرنىڭ بىرەر نەرسىدىن مەمنۇن بولۇش ھېسسىياتى؛ پەخىر، ئىپتىخار: تۆمۈر خەلپە غالىب سەركەردىلەرگە خاس غۇرۇر ۋە سالاپەت بىلەن يىگىتلىرىنى باشلاپ قورايغا قايتقاندا، خەلق توپى خۇددى توي تارتىپ كەلگەن يىگىتلەرنى قارشى ئالغاندەك، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ③ كىشىلەر پەخىرلىنىشكە ئاساس بولىدىغان نەرسە: مەھمۇت قەشقىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غۇرۇرى.

**غۇرۇرى ئۆتمەق** غۇرۇرى قوزغالماق: بۇنى كۆرۈپ، رابى ۋىت-ۋىتىنىڭ كۆتۈلمىگەندە غۇرۇرى ئۆتتى.

**غۇرۇرىغا تەگمەك** زىتىغا تەگمەك، شەخسىيىتىگە تەگمەك، كەمسىتمەك، مازاق قىلماق: بۇ گەپ قىسمەت چورۇقنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى.

**غۇرۇرلانماق** پ. غۇرۇرى قوزغالماق، پەخىرلەنمەك: ساناقسىز مال-مۈلكۈڭگە ئىشەنمە، ھېچ غۇرۇرلانما، ۋەتەن خەلقىڭگە خىزمەت قىل، ئۇلۇغ تۆھپەڭ بىكار بولماس.

**غۇرۇرلۇق** ① سۈپ. غۇرۇرى بار، غۇرۇرىنى ساقلايدىغان: ئۇ ئىنتايىن غورۇرلۇق ئادەم. ② ئى. ئۆز قەدىر-قىممىتىنى بىلىش: — ئۇ ناخشىچىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ماختىغۇچىلىكى بار، — جانلىنىپ جاۋاب بەردى ئابلىز ۋە چىرايىدا ئىللىق غۇرۇرلۇق تۇيغۇسى جىلۋە قىلدى. * ھارۋىكەشنىڭ يۈزىدە قانداقتۇر تەبئىي غۇرۇرلۇق تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

**غۇژ** تەق ① مەلۇم نەرسىلەرنىڭ بىر يەرگە بىراقلا، تېز يىغىلىش ھالىتىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدۇ. ② ھەرە، چىۋىن

قاتارلىقلارنىڭ بىر يەرگە تېز يىغىلىشى-
دىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**غۇژژىدە** رەۋ ① «غۇژ» قىلغان ھالدا، «غۇژ» قىلىپ. ② كۈچەپ. بىردىنلا، تېزلا: مېنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ، چېكە تومۇرلىرىم لوقۇلداپ كەتتى. * بۇ سوئال بىلەن تەڭ شەمەرنىڭ ۋۇجۇدىغا غۇژژىدە تىترەك ئولاشتى.

**غۇژ-غۇژ** «غۇژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غۇژغۇن** سۈپ ① تېز ئاچچىقى كېلىدىغان، سەپرا: ئىمىن ئاكا كەينىدىن كەلسە تېپىپ، ئالدىدىن كەلسە چىشلەيدىغان غۇژغۇن سەپرا مىجەز ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ② زىچ، قويۇق.

**غۇژغۇنلاشماق** پ. ئاچچىقلانماق، سەپرالاشماق: بۇنداق ئادەملەر بىرەر گەپنىڭ ساپىقىغا ئېسىلىۋالدىمۇ، بولدى، سالجەدەك يېپىشىۋېلىپ ئاجرىمايدۇ، ئۆزىچە ئەزۋەيلەپ، غۇژغۇنلىشىپ كېتىدۇ.

**غۇژغۇنلۇق** ئى. زىچلىق، قويۇقلۇق: تۆت ئاغىنە ئەتىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قورساقلىرىنى تويدۇرۇشقاندىن كېيىن، بىرلىكتە شەھەرگە كىرىپ كېلىپتۇ. شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقى، رەستە-بازارلارنىڭ غۇژغۇنلۇقى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

**غۇژمەك** سۈپ. بىر يەرگە يىغىلغان، توپلانغان؛ توپ: سەلىمە ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ غۇژمەك بولۇپ ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ دالدىسىغا ئېلىپ باردى، ئىككىسى بوراندا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇشتى. * مەتقاسىم تۆت-بەشتىن غۇژمەك بولۇپ، ئىنىلەر ئۆستەڭدىن قىزىق سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە سۇپۇرگە مىراب بېگىنى تېپىۋالدى.

**غۇژمەك پىچەكگۈل** <بوت> ① پىچەكگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا تۈگۈنەك غولى، يەر ئۈستىدە يۆگىمەچ غولى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى تار ۋە ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى باشاقسىمان گۈل رەتىدە كېلىدۇ، غوزا مېۋىسىدە ئۈچ تال قانىتى بولىدۇ، تۈگۈنەك غولىنىڭ سىرتى قارا بىنەپشە رەڭدە، ئىچى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. غولى تەركىبىدىكى يېلىم ماددىسى بىلەن پاختا، كەندىر رەختلىرىنى بويىغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك غولى.

**غۇژمەك مېۋە** <بوت> مېۋىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە بىر تۈپ گۈلدە توپلىشىپ ئۆسكەن، يېتىلگەن كۆپ ساندىكى ئورۇقدان ۋە گۈل تەگلىكلىرىنىڭ بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، بۆلجۈرگەن، نېلۇپەر قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش.

**غۇژمەك ئۆسۈش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئورۇندا زىچ ئۆسۈشىگە قارىتىلىدۇ.

**غۇژمەك-غۇژمەك** بىرقانچە غۇژمەك: بىر ئېتىزدا غۇژمەك-غۇژمەك قىزىرىپ كەتكەن پەمىدۇر، يەنە بىرىدە لازا ۋە تەرخەمەكلەر، كۆپكۆك پىلەكلەر ئىچىدىكى سەي كاۋىلىرى، چەيزىلەر، يەنە بىرىدە تەكشى تاختىلانغان چىگىسەيلەر گۈپۈلدەپ ئىللىق پۇراق چېچىپ تۇراتتى. * غۇژمەك-غۇژمەك ئۆسكەن قىزىل يۇلغۇن، چىغلىقلار كەينىدىن توشقانلار چىقىپ قالاتتى.

**غۇژمەكلەشتۇرمەك** «غۇژمەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇژمەكلەشتۇرۇلمەك** «غۇژمەكلەشتۇر-

مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غۇژمەكلەشمەك** پ. غۇژمەك ھالەتكە كەلمەك، غۇژمەك بولماق: ياش ئۈچقۇنلار ھەيدىلىپ تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە ئۆز-ئۆزىدىن غۇژمەكلىشىپ، بىرلەشكەن چوڭ گەۋدە شەكلىگە كىرىپ قالدى. * دەڭنىڭ ئىچىدە يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر غۇژمەكلىشىپ تۇراتتى.

**غۇژمەكلەنمەك** پ → غۇژمەكلەشمەك.

**غۇژۇلداتماق** «غۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇژۇلداشماق** «غۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇژۇلدىماق** پ «غۇژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غۇژ-غۇژ» قىلماق: بالا قولى بىلەن چىۋىنلەرنى قورۇيتتى، لېكىن غۇژۇلداشقان چىۋىنلەر ئۇنى بىئارام قىلىپ قىيناۋاتاتتى. * سەل-پەل جىمجىتلىقتىن كېيىن ئەزالار ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن ھەرىلەردەك غۇژۇلداپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**غۇسسە** ئى (ئە) غەم، قايغۇ، ھەسرەت، ئەلەم: بوۋايلار تىلىدىن ئاڭلىدىم قىسسە، زەخمە تىلىك يۈرەكلەردە ئەلەم ۋە غۇسسە. * ئاھ، قانچە رەڭمۇرەڭ، چەكسىز بىر ھايات، ھەر ئىنسان ھاياتى بىر قىزىق قىسسە. ھەركىمنىڭ بېشىدا خىلمۇخىل تەغدىر، خۇشاللىق ھەم بەخت، قايغۇ ۋە غۇسسە.

**غۇسۇل** ئى (ئە) پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇش، يۇيۇنۇش: ئەپەندىم قازى سورىغان ئايەتلەرنى تولۇق ئوقۇپ بېرىپتۇ، كېيىن قازى ئۆلۈكنى غۇسۇل قىلغاندا ئوقۇيدىغان ئايەتنىمۇ سوراپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىمۇ يادا ئوقۇپ بېرىپتۇ.

**غۇسۇل قىلماق** پۈتۈن بەدىنىنى يۇماق، يۇيۇنماق: ياز كۈنلىرىدە تاماق يېگەندە، تاماق يېيىشنىڭ ئالدىدا غۇسۇل قىلىش پايدىلىق. * ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر بۇلاققا يەتتى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن غۇسۇل قىلىپ، كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى.

**غۇسۇل-تاھارەت** غۇسۇل ۋە تاھارەت: سودىگەر بىر چۆگۈن سۇ بەردى. مەلىكە غۇسۇل-تاھارەت ئېلىپ سەجدىگە باش قويدى.

**غۇلاتماق** «غۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاندا تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى غۇلاتقان شەيبانىخان ۋە ئۇنىڭ سۇلالىسى تەسىرىدە يېڭى مىللىي قايتا شەكىللىنىش — ئۆزبېك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى يۈز بېرىۋاتاتتى. * زامان-زامانلاردىن بۇيان، خەلق «چاقچاق» بىلەن زۇلۇمغا خەنجەر ئاتقان، مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن ئەخمەقلەر ھەيۋىسىنى غۇلاتقاندى.

**غۇلاچ** ① ئى. ئىككى قولنى ئىككى يانغا تۈز قىلىپ كەرگەندە بىر قولنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق: غۇلچىمنى كېرىپ كۈچ بىلەن يۈزىگە ئۇرۇۋەتتىم. ئۇ ئارقىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئوڭدا يىقىلدى. * دادامنىڭ مېنى ياتلىق قىلىشتا قويغان ئۈچ تۈرلۈك شەرتىنىڭ بىرىنچىسى: ئوردىدا ئىككى ئادەمنىڭ غۇلچى يەتمەيدىغان يوغان بىر دانە كۆتەك بار، ئۇنى بىر پالتا ئۇرۇش بىلەنلا يەتتە پارچە قىلىسىز، پالتىنى دادام كۆرسەتكەن يەتتە پالتىنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ ئالىسىز، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىللە كېلىپ غۇلاچقا تەڭ ئارىلىقنى بىلدۈرىدۇ: بىر غۇلاچ ئارغامچا. * ئەخمەتجان ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن 3000 غۇلاچ تاسما

تىلىپ دېڭىزلەر ماكانى كوھىقاپنىڭ ئاغزىغا بېرىپتۇ.

**غۇلاچ ئاتماق** ① غۇلاچ تاشلىماق: ئۇزدى يۈسۈپ قايىنىمىغدا غۇلاچ ئېتىپ، پەخىرلەندى تەرىپىڭنى كۆيگە قېتىپ. ② كۆچمە. ئىلگىرىلىمەك، ئالغا باسماق: زەرەپشان، زەرەپشان ئەي ئەزىم دەريا، غۇلاچ ئات مەنزىلگە، ئۆركەشلەپ راۋان. كەلگۈسى ئىقبالىڭ بەختىڭنى كۈيلەپ، شارقىرا دولقۇنلاپ زاماندىن-زامان.

**غۇلاچ ئاچماق** غۇلىچىنى كەڭ يايماق، كەرمەك: مامۇت ئاكام غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ بىزنى ھويلىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

**غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈش** <نەن> سۇ ئۈزۈش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى سۇ يۈزىدە دۈم بولۇپ، ئىككى پۇتى بىلەن سۇنى ئۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن نۆۋەتلىشىپ سۇنى سىيرىيدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن سۇ ئۈزگەندە، سۈرئەت ئەڭ تېز بولىدۇ.

**غۇلاچ تاشلىماق** ① غۇلىچىنى ئالدىغا تاشلاپ ھەرىكەت قىلماق، غۇلاچ ئاتماق: ئۇ ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريادىن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ ئۆتتى، توغراقلىق ئورماننى توغرىسىغا ئۇچقاندەك كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل تاغ تەرەپكە يۈگۈردى. ② كۆچمە. ئىلگىرىلىمەك، ئالغا باسماق: بىز ئورتاق ھالدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسگە قاراپ غۇلاچ تاشلىشىمىز كېرەك.

**غۇلاچ كەرمەك** ← **غۇلاچ ئاچماق.**

**غۇلاچ يايماق** ← **غۇلاچ ئاچماق:** يارىم كېتىمەن دەيدۇ، مەن كەتكىلى قويمايمەن. يولدا غۇلاچ يېيىپ، ھېچ ئۆتكىلى قويمايمەن.

**غۇلچى تۆگەپ، غېرىچى قالماق** مەلۇم بىر ئىشنىڭ ياكى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى تۈگەپ ئازلا بىر قىسمى قالماق: — ھەي قېرى، ئۆمرۈڭنىڭ غۇلچى تۆگەپ، غېرىچى قالدى، بەرىبىر بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ جېنىڭنى قىينىغىچە ئارام ئالساڭ بولماسمىدى؟ — دەپتۇ ئۇنىڭغا شەيتان.

**غۇلچىغا چىداپ، غېرىچىغا چىدىماسلىق** مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئېغىرى ياكى كۆپ قىسمىنى تۈگىتىپ، ئاز ياكى ئاسان قىسمى قالغاندا بەرداشلىق بېرەلمەي، قىلغان ئىشنى چالا تاشلاپ قويۇش؛ قىلىۋاتقان ئىشنى تولۇق تۈگىتەلمەسلىك: — قېنى تۈگىتىۋېتەيلى، ئاز قالدى. غۇلچىغا چىداپ، غېرىچىغا چىدىمساق بولماس، — دېدى ئۇ ئالىمغا.

**غۇلاچلاتماق** « غۇلاچلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئارغامچىنى غۇلاچلىتىپ كۆرۈۋىدى توپتوغرا ئون غۇلاچ چىقتى.

**غۇلاچلاشماق** « غۇلاچلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نېمە ئۇچۇندۇر ئۇلار تاملارنى غۇلاچلىشىۋاتاتتى.

**غۇلاچلىق** سۈپ. غۇلاچ كېلىدىغان: ھەر كۈنلۈكى 20 غۇلاچلىق مومىنىڭ ئۇچىدا ھەيۋەت بىلەن لەپىلدەپ تۇرىدىغان 12 بۇرجەكلىك، ئاق كۈن نۇرى چۈشۈرۈلگەن ھاۋارەڭ بايراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئالىپاساق ئۆتلىنىپ قورۇلۇپ قالغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

**غۇلاچلىماق** پ ① غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ ئالدىغا تاشلىماق، غۇلاچ ئاتماق: غۇلاچلاپ سۇ ئۈزمەك. ② غۇلاچ بىلەن ئۆلچىمەك: — ئۇكام ماۋۇ تامنى غۇلاچلاپ قوي، كېيىن بىزمۇ ئۆتىنىسنى غۇلاچلاپ قايتۇرىمىز، — دېگەنىدى ئاكام ماڭا.

**غۇلاش** ① « غۇلىماق » پېئىلىنىڭ ئىسىمدى-

شى. ② <كېئول> تاغ جىنسلىرىنىڭ فىزىكىلىق يىمىرىلىش تەسىرىدە يېرىلىپ، پارچىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**غۇلاشماق** «غۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇلام** ئى (ئە) كونا ① ئوردا، سارايلاردا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى: شاھزادە بەھرام ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. سەركەردە، غۇلاملار ئۇنى ئۇدا ئون كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ ئۇچۇرى بولمىغاچقا، ئىلاج قىلالماي ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئاتىسى قەيسەر رۇمغا مەلۇم قىلدى. ② قۇل: ھەر تەرەپتىن بايلار غۇلاملىرىنى ئېلىپ كەلدى. ھېچقايسى غۇلام ئەمرلەرگە يارىمىدى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غۇلجا** ئى ① <زوئول> ئەركەك ئارقار. مۈڭگۈزى چوڭ، ئاستىغا ئېگىلگەن ۋە سەل-پەل بۇرما شەكىلدە بولىدۇ، تۈكلىرى قويۇق ھەم سەل ئۇزۇن، رەڭگى كۈل رەڭ قوڭۇر كېلىدۇ، قۇيرۇقى قىسقا، تۆت پۇتى كۈچلۈك بولىدۇ، تاغقا چىقالايدۇ. ② ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىنىڭ نامى.

**غۇلغۇلا** ئى (پ) بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىرقانچە كىشىنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان گەپ-سۆزى، پىكىرلىرى: سايلامدا سايلىغۇچىلار نامزاتلار ئۈستىدە قايتا-قايتا غۇلغۇلا قىلىپ ۋە كېڭىشىپ، كادىرلارنى ئەستايىدىل باھالىدى. * ئەزالار بىرمەزگىل غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى تۇرسۇننى ئامبارچى قىلىپ سايلىۋالدى.

**غۇلغۇلا قىلماق** مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە بىرقانچە يلەن ئۆزئارا پىكىرلەشمەك، ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئېيتماق: سۇ ئامبىرى ئېلىپ كېلىدىغان زەي مەسىلىسىنى ھازىر سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان تەجرىبىلىك دېھقانلارمۇ تىلغا ئېلىۋاتىدۇ، غۇلغۇلا قىلىۋاتىدۇ.

**غۇلغۇي** ئى. نارازىلىق، نارازىلىق تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ دېگەن گەپ-سۆز، پىكىرلىرى: غۇلغۇي پەيدا قىلماق. * پادىشاھ ئەمگەكچىلەر ئارىسىدىكى غۇلغۇينى بېسىش ئۈچۈن ياسالما گەپلەرنى چىقىرىپ تەشۋىقات يۈرگۈزدى. * قەلبىمدە شۇ مىنۇت تاشقىن يامرىدى، دەردمەنلەر توپىغا تىكتىم كۆزۈمنى. زورلۇقنىڭ ئالدىدا قورقۇش ئەمدى يات، غۇلغۇيغا ئوت ياقتىم باشلاپ سۆزۈمنى.

**غۇلغۇيچىلىق** ئى ← **غۇلغۇيلۇق**: بۇ كېمە ۋېيجۇاڭلىقلارنى غۇلغۇيچىلىققا سالدى، كۈن چۈش بولمايلا ھەممە ئاھالىنىڭ يۈرەكلىرى خەۋپ تۇيغۇسىغا تولدى.

**غۇلغۇيلۇق** «غۇلغۇي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۈگۈن ئادەملەرنىڭ، خۇسۇسەن كەمبەغەللەرنىڭ چىرايىدىن ھېچقاچان كۆرۈنمىگەن ئومۇمىي بىر خاپىلىق ۋە نارازىلىق كۆرۈنەتتى، گاھىدا بۇ نارازىلىق ئايرىم شەخسلەردە غۇلغۇيلۇققا ئۆرۈلۈپ، تاشىدىغان جاي تاپالمىغان سۇدەك تۇرۇپ بېسىلىپ قالاتتى.

**غۇلۇپ** (توغرىسى: قۇلۇپ) ← **قۇلۇپ**.

**غۇلى** تىر. زادى، پەقەت، ھەرگىز.

**غۇلماق** پ ① ئېگىزدىن پەسكە قاراپ چۈشمەك، ئۆرۈلمەك، يىقىلماق: دەرەخ غۇلماق. تاغ غۇلماق. * يىگىت ئوق تېگىشى بىلەن چوڭقۇر غولغا غۇلاپ چۈشتى. * — نېمە بولاتتى، — دېدى گۈلبانۇم تاپىسنىڭ بۇلۇڭىدىكى كالا تېرىسىنى سۇپىغا ئېلىپ، — شىپىلىقتىن ئۆتەلمىگەن تاغىل ئۆكۈزىمىز تاغدىن غۇلاپ ئۆلۈپتىكەن، ھېلىقى قامزا دېگەن مالچى تېرىسىنى ئەكىلىپ قويۇپ كەتتى. ② كۆچمە. تەختى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلاردىن ئايرىل-

ماق، ئەملىدىن چۈشمەك؛ ئاغدۇرۇلماق، يوقىتىلماق: ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە پۇقرانىڭ كۆز يېشى گويا كەلكۈندەك بىزنى ئېقىتىپ كېتىشى مۇمكىن، خانلىقنىڭ غۇلىشىمۇ شۇنىڭ مىسالىدۇر. * نېمە دېمەكچى؟ سوتسىيالىستىك تۈزۈم غۇلايدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟

**غۇم** ئى. مەلۇم ئىشلار تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان نارازىلىق، ئاداۋەت؛ تۈگۈن، گىنە: غۇم ساقلىماق. * توختى شۇجىنىڭ سەل جۇدۇنى تۇتتى، ئۇ غوجىنىڭ بېقىنقى بىر ياچېيكا يىغىنىدىن كېيىن ئۆزىگە غۇم ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

**غۇم ساقلىماق** بىرىكىمگە نىسبەتەن كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئاداۋەت، گىنىنى چىقىرىۋەتمەي داۋاملاشتۇرماق: ئىماملىق ئورنىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگىنىگە قورسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرگەن رۇسۇل چۈشكە تەبىر بەردى. * بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىككى ئەترەت ئوتتۇرىسىدا ئوچۇق ئاشكارا سۆز بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈللىرىدە غۇم ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

**غۇمسىنماق** پ. غۇم ساقلىماق: ئۇ يەرلىك ھەم بۇ يەرلىكتۇر، ئىچىدە غۇمسىنىپ خەپتۇر، دىتىغا ياقمىسا ھەيدەر، قوروپ كەتسۇن گۇرۇھۋازلىق.

**غۇملىماق** پ. دىئال. دەرد ئېيتماق؛ كوتۇلدىماق.

**غۇمۇكلەشمەك** پ. دىئال. بىرلەشمەك، تىل بىرىكتۈرمەك.

**غۇنان** ئى. ئىككى ياشلىق ئات: غۇنان يولدىن چىقىپ ئېرىقتىن ئاتلىدى-دە، مۇدۇرۇپ كەتتى. ئات ئۈستىدىكى ئادەم ئېگەردىن موللاق ئېتىپ چۈشتى.

**غۇنچا** ئى. دىئال. گۈل سالىدىغان لوڭقا.

**غۇنچە** (پ) ① ئى <بوت> تېخى ئېچىلمىغان ياكى بەرگلىرى تېخى يېتىلمىگەن گۈل، گۈل تۈگۈنى: قىز پىسسىڭگىدە كۈلۈۋىدى، ئۇنىڭ ئالۇچىدەك قىزىل كالپۇكلىرى يېڭى ئېچىلىۋاتقان قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشاپ كەتتى. * گۈلى كۆپ ھەم گۈلنىڭ تولىسى غۇنچە ھالدا تۇرغان بۇ شاخ ئۆزىنىڭ ئەگمەچ، لېكىن مەزمۇت تۇرقى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلاتتى. ② سۈپ. ياش؛ يېڭى: گۈل دىيارى، غۇنچە قەلبى تۇتاش تۇمۇر، بۇلبۇل بولۇپ ئۇندىن كەتمەس باھار، جەڭچى. * كوللېكتىپ ئۇچقۇن تۈكتى غۇنچىلەر، ئاپتاپتا پىشقان باتۇر غۇنچىلار. ③ سۈپ. كۆچمە. چىرايلىق، كېلىشكەن، زىلۋا: غۇنچە بوي.

**غۇنچە بوي** بويى غۇنچىدەك نازۇك، زىلۋا، كېلىشكەن: ئىشىك پەردىسى كۆتۈرۈلدى، بايىقى ئايالاردىنمۇ ئۇبدانراق كېيىنگەن، غۇنچە بوي بىر چوكان چىقىپ، مېھمانغا تەزىم قىلماقچى بولدى-يۇ، ئاخۇنبەگنى كۆرۈپ خۇددى ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى.

**غۇنچە ئۈزۈم** <بوت> ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، ئالقانسىمان يېرىلىدۇ، گۈلى سۈس يېشىل، گۈل رېتى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆسىدۇ، مېۋىسى كىچىك، شىرنىلىك، جىگەر رەڭدە بولىدۇ. دورىغا مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ، تاش بەدەننى تازىلاپ، قىزىلنى سىرتقا تەپتۈرۈش، سۈيدۈكنى ھەيدەپ، زەھەرنى تارقىتىۋېتىش رولىغا ئىگە.

**غۇنچىسىمان** سۈپ. شەكلى غۇنچىغا ئوخشايدىغان ياكى غۇنچە شەكلىدىكى: غۇنچىسىمان مېۋە.

**غۇنچىسىمان مېۋە** <بوت> مېۋىنىڭ بىر خىلى. بىر پارچە ئانىلىق ياپراقچىسىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇرۇقدېنىدا پەقەت بىرلا خانە بولۇپ، پىشقان چاغدا، پوستى پەقەت بىر تەرەپتىنلا يېرىلىدۇ. مەسىلەن، چوغلۇق، شاكالبەدىيان ۋە ماگنولىيە قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش.

**غۇنچىلىماق** پ. غۇنچە تۈگمەك، غۇنچە چىقارماق: بۇ ياخشى كۆرۈش دوستلۇق يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان مۇھەببەت گۈلىنىڭ غۇنچىلىشى بولسا كېرەك.

**غۇنجىن** ئى. ئۈچ ياشلىق چىشى كالا، ئىنەك.

**غۇنجىن ئازابى** قاتتىق ئازاب، جاپا-مۇشەققەت: ئۆمرۈمدە مۇنداق قىيىن ئىشنى كۆرمىگەن، غۇنجىن ئازابى كۆرسەتتى. تۆت ئىلىك ئېتىمدىن چۈشۈپ كەتتىم.

**غۇۋا** سۈپ ① روشەن ئەمەس، تۇتۇق، گۇڭگا: ھاجى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كىرىسىن لامپىنى ياقتى-دە، ئۇنىڭ غۇۋا يورۇقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى. * ئىككىيلەن بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى. بىكەت ئالدىدا تېخىچە ئادەملەر توپى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② روشەن، ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان: غۇۋا كۆز.

**غۇۋالاشتۇرماق** «غۇۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلچىخان ھەدە پانارنىڭ يورۇقىنى سەل غۇۋالاشتۇرۇپ سەلىمگە قاراپ پىچىرلىدى.

**غۇۋالاشتۇرۇلماق** «غۇۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كوچىدىن بىر خىل شەپە ئاڭلىنىپ ئۇستەلگە تۆپە-تۆپەلەپ يېيىپ قويۇلغان «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ بۇ ئۈچ سانى يىغىشتۇرۇلدى، پىلىك پەسەيتىلىپ، لامپا يورۇقى سەل-پەل غۇۋالاشتۇرۇلدى.

**غۇۋالاشماق** پ. غۇۋا ھالەتكە كەلمەك، سەل قاراڭغۇلاشماق: ئارقا-ئارقىدىن تېگىۋاتقان مۇشت، پەشۋالارنىڭ زەربىسىدىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا غۇۋالىشىپ ھوشىدىن كەتتى. * كېتەرگە خوشلىشىپ كەلدىڭ، بىراق قىيماس كۆزۈڭ مەندىن. دېسەمۇ قانچە ياش تۆكمەي، غۇۋالاشتى كۆزۈم نەمدىن.

**غۇۋالىق** «غۇۋا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خىيالدىن كاللىغا كەپتۇ بىر گۇمان، قاپلاپتۇ كۆڭلىنى غۇۋالىق، تۇمان.

**غۇي** تەق. ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ تېز ئۆتۈشى ياكى شامالنىڭ تېز ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**غۇي-غۇي** «غۇي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: غۇي-غۇي شامال.

**غۇيۇلداتماق** «غۇيۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇيۇلداشماق** «غۇيۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇيۇلدىماق** پ «غۇي-غۇي» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غۇي-غۇي» قىلماق: ھەربىي ماشىنا غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى. * سوغۇق كەچ كۈز شاملى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

**غۇيياڭشىماق** پ. دىئال. غۇيۇلدىماق.

**غۇييىدە** رەۋ «غۇي» قىلغان ھالدا، «غۇي» قىلىپ: ئۇ ئاتقان تاش غۇييىدە يېنىمدىن ئۆتۈپ تامغا تەگدى.

**غې** «غ» ھەرپىنىڭ نامى.

**غىجەك** ئى (پ) <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ كامانچە بىلەن چالىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. بېشى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، بىر تەرىپىگە تېرە كېرىلىدۇ. باش قىسمى، كۆپرەك يۇپقا تۆمۈر ياكى سەل قېلىن

قەلەيدىن ياسىلىدۇ. سۈركەپ چېلىنىدىـ
غان ئادەتتىكى سىم تاردىن باشقا
بىرقانچە رېزونانس پەيدا قىلىدىغان
سىملار تار تىلىدۇ. 50-يىللاردىن كېيىن
ئۆزگەرتىپ ياسالغانلىرىنىڭ تۆت تارى
بولىدۇ. بېشى يۇملاق بولۇپ تاۋۇزغا
ئوخشاپ قالىدۇ. دەستىسى ئىسكىرىپكىنىڭ
دەستىسىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، ئۇچىدا
يۇملاق قۇببىسى بولىدۇ. e ,a ,d ,G
لاردا سازلىنىدۇ.

**غېجەك چالماق** قاتتىق تولغىنىلغانلىقتىن
جاقىلداپ تىترىمەك: ياللا، ئەجەب
سوغۇق ئۆي ئىكەن، يوتقان يېلىك، تاڭ
ئاتقۇچە غېجەك چېلىپ چىقتىم.

**غېجەكچى** ئى. غېجەك چالىدىغان ئادەم.

**غېجىر** ئى ← **غېجىر سالۋا**.

**غېجىر سالۋا** <زوئول> تاپ يەيدىغان
بىر خىل قۇش. تېنى چوڭ ۋە ھەممە
يېرى قارا قوڭۇر كېلىدۇ، باش ۋە بويۇن
قىسمى يالىڭاچ بولۇپ، ئازراق تۈكلىرى
بولىدۇ، تۇمشۇقى چوڭ، ئەگمەچ ۋە
ئۆتكۈر كېلىدۇ، تاپ ۋە ئۇششاق ھايۋانلار
بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**غېدىر** ئى (ئە) ساپال قاچا، ساپال چىنە:
ئۇنىڭ كۆزىدىن يوقالغانلىقىنى كۆرگەن كانچىلار
كۇلۇشكەن پىتى چۆچەك، غېدىرلىرىنى ئېلىشىپ
تاش گەمنىڭ يېنىدا ئىسقىلىق يوغان داش
قازانغا قاراپ ماڭدى.

**غېرىب** (ئە) ① سۈپ. ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقىـ
نى بولمىغان، يېتىم، باش-پاناھسىز،
مۇساپىر: غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىب يېتەر
(ماقال). * – مەن مۇشۇ شەھەردىكى
تۇل غېرىب ومايىنىڭ ئوغلى مەھمۇت بولىمەن،
– دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. ② سۈپ.
كەمبەغەل، يوقسۇل؛ بىچارە: – سەنمۇ
شەھەرگە بېرىپ تاماشا كۆرۈپ كەلسەڭ
بولمامدۇ؟ – ياق، بارمايمەن، مەندەك بىر
غېرىبقا تاماشىنىڭ نېمە كېرىكى. * زاراخەتمە
ئاش بولدى، باي-بېگىملەر باش بولدى. ئۇلار
ئۈچۈن ئاش بولدى، غېرىبلارغا تاش بولدى.
③ سۈپ. يالغۇز، تەنھا: دوستۇم سىزچۇ؟
ئەگەر شۇ غېرىب قەبرىنى كۆرۈشنى خالىسىڭىز،
يۈرۈڭ، مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ، مەن سىزگە
ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىپ كۆرسىتەي! ④ سۈپ.
مىسكىن، غەمكىن: ئابدۇسادىر قاسساپنى
مەن ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك غېرىب ھالدا
ئۇچراتمىغانىدىم. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غېرىب بولماق** يېتىم، باش-پاناھسىز
قالماق؛ مۇساپىر بولماق؛ كەمبەغەل،
يوقسۇل، بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق:
قېچىپ چىققان غەنىم ئىبنى ئايۇپ بار-يوقىدىن
ئايرىلىپ، غېرىب بولۇپتۇ. * غېرىب بولدۇم،
غېرىب بولدۇم، غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، يېتىم بولغانغا يىغلايمەن.

**غېرىبانە** (ئە+پ) ① رەۋ. غېرىبلارغا خاس،
يېتىملارچە: بۇ ئۆيدىكى موماي غېرىبانە
يالغۇز بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئىشكىنى ئېچىپ
ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئۇنىڭغا نان بەردى.
② سۈپ. يالغۇز، نامرات: ھېلىقى چاغدىكى
غېرىبانە كەپىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغانىدى. * –
خۇش كېلىشىپلا قارىم، مېنىڭدەك بىر ئاجىزەنىڭ
غېرىبانە كولبىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا
رەھمەت، – دېدى موماي.

**غېرىبپەرۋەر** سۈپ. غېرىب-مۇساپىرلارنى
يۆلەيدىغان، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان:
غېرىبپەرۋەر پادىشاھ. غېرىبپەرۋەر كىشى. //
– ئوغلۇم يەمەن دىيارىغا بارساڭ، ئۇ يەرنىڭ
پادىشاھىنى خېلى مىجەزى تۈزۈك غېرىبپەرۋەر
دەپ ئاڭلىدىم، – دېدى بوۋاي.

**غېرىبچە** سۈپ. غېرىبلارغا خاس، غېرىبلار

قىلغاندەك، غىرىبلار قىلىدىغان: غېرىبچە يېپىنماق.

**غېرىبچە يېپىنماق** چاپاننىڭ بىر پېشىنى باش تەرەپكە، بىر پېشىنى ئاياغ تەرەپكە قىلىپ يېپىنماق: گۈلئايشەم ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغانغاندا تاڭ ئېتىپتۇ. هويلىدا باللار ۋارقىراشماقتا. ئۆزىدىن نېرىدا سامان تەكىيگە بېشىنى قويۇپ، چەكمەن يەكتەكنى غېرىبچە يېپىنىپ روزەك بەز يېتىپتۇ. * تۇرسۇن خېلى بۇرۇنلا چاپىنىنى غېرىبچە يېپىنىپ، ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەندى.

**غېرىبچىلاپ** رەۋ. غېرىبلارغا خاس هالدا، غېرىبلارغا ئوخشاش، غېرىبچە: ئۇ چاپىنىنى غېرىبچىلاپ يېپىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

**غېرىبخانا** ئى (ئە+پ) بولۇشقا تېگىشلىك سەرەمجانلار كەم بولغان، نامراتلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئۆي: ئاخشاملىرى ئۆزىنىڭ غېرىبخانىسىدا قولىغا ساتارنى ئالاتتى-دە، دەرد-ئەلەم، قايغۇ-مۇهەببەت ۋە پاكى ئىشقى-مۇنسىبەت قوشاقلىرىنى ئېيتاتتى.

**غېرىبسىنماق** پ. غېرىبلىق هېس قىلماق، غېرىبلارغا ئوخشاپ قالماق، غېرىب بولۇپ قالماق: غېرىبسىنساڭ ئوت سۇن (ماقال). * مەن بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان ياشلارنىڭ هەممىسى ئۆيلىرىگە قايتىشتى، مەن يالغۇزلۇقتا غېرىبسىنىپ قالدىم.

**غېرىب-غۇرۋا** (ئە) ئىگە-چاقىسىز، ئاجىز-ئۇرۇق، يېتىم-يېسىر، مۇساپىر كىشىلەر: — سىز ئاۋۋال بېرىپ، ئۇ خەزىنىنى ئېچىپ ئۈچ هەسسىنى غېرىب-غۇرۋالارغا خەير-ساخاۋەت قىلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

**غېرىبلاشتۇرماق** « غېرىبلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غېرىبلاشماق** پ. غېرىب بىر ئەهۋالغا چۈشمەك، غېرىب بولۇپ قالماق: بۇ ۋەقەلەر ئۇنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈردى، ئۇ كۆپتىن بېرى ئۆزىنىڭ غېرىبلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى، بولۇپمۇ ئادىلنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغانلىقى ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

**غېرىبلىق** « غېرىب» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىنسانىيەت هەرگىز غېرىبلىقتا چۈشۈپ قالمايدۇ، چۈنكى هايات ئالغا باسىدۇ، ئۇ ئۈمىدۋار. * كۆشۆتى داۋانىدا ئات كۆكسىدە ياغدى قار، ئايرىلغىلى بولمايدۇ، غېرىبلىقتا سۆيگەن يار.

**غېرىب-مۇساپىر** غېرىب ۋە مۇساپىر: غېرىب-مۇساپىر، بىر كەمپىر ئىدىم، ئايرىلىپ سەندىن نەگە كېتەرمەن.

**غېرىب-مىسكىن** غېرىب ۋە مىسكىن: كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى غېرىب-مىسكىنلەرنىڭ چىرايىدەك سارغىيىپ كەتكەن غازاڭلارنى پەرىشان ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى.

**غېرىچ** ① ئى. قولنى كەرگەندە باش بارماقنىڭ ئۇچىدىن سىنچىلاق قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق: مېنىڭ غېرىچىم كىچىك، سەن غېرىچلا. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ غېرىچقا تەڭ ئارىلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئادەم بويىدىن بىر غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى ئۆي، بۇنى ئۆي دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، مومايلارنىڭ « ئالۋاستى كەپىسى» دېگىنىگە ئوخشاشلا بىرنەرسە.

**غېرىچقا ئېرىشىپ غۇلاچقا تىكىلمەك** ئاز-راق، نەرسىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق ياكى كۆپرەك نەرسىنى تەمە قىلماق: دۈشمەنگە بىر غېرىچ يەرنىمۇ بەرمەسلىك كېرەك، ئۇلار غېرىچقا ئېرىشسە، غۇلاچقا تىكىلىدۇ.

**غېرىچنى غۇلاچ قىلىپ كۆرسەتمەك** ئازراق، كىچىككىنە ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ

يوغىناتماق، چوڭايتماق: – بولدى، غىرىچنى غۇلاچ قىلىپ كۆرسەتمەيلا قوي، – دېدى ئۇ.

**غىرىچلاتماق** «غىرىچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرىچلاشماق** ① «غىرىچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② كۆچمە. ئۆزىدىن چوڭلار بىلەن گەپ تالاشماق، تاكاللاشماق: – بالام، سىز تېخى كىچىك، ئۇنداق، ھەدېگەندىلا ئاكىڭىز بىلەن غىرىچلاشماڭ، ئاكىڭىز بولمىسا، بىزنىڭ كۈنىمىز تەسلىشىدۇ، – دەپ نەسىھەت قىلدى نىساخان ئانا كىچىك ئوغلىغا.

**غىرىچلانماق** «غىرىچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەخت غىرىچلاندى.

**غىرىچلىماق** پ. غىرىچ بىلەن ئۆلچىمەك: ئۇ پارتىنىڭ ئېگىزلىكىنى غىرىچلاپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى دەل كۆڭلىدىكىدەك چىقتى.

**غىپ** تەق. مېڭىش ھەرىكىتىنىڭ تېز ۋە يوشۇرۇنچە ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: غىپ قىلىپ كەتمەك.

**غىپپىدە** رەۋ. «غىپ» قىلغان ھالدا، «غىپ» قىلىپ؛ ناھايىتى تېز، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ھەش-پەش دېگۈچە: غىپپىدە تىكىۋەتمەك. * قىز غىپپىدە باشقا بىر دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتتى، يىگىت قوغلىدى. * ئەخمەتجان گىلەمنى تامدىن چۈشۈردى-دە، ئۇنى قاتلاپ، ھېچقايسىغا كۆرۈنمەي غىپپىدە ئۆيدىن چىقتى.

**غىپپىدە تىكىۋەتمەك** ھەش-پەش دېگۈچە يوقاپ كەتمەك، جىمىدە كېتىپ قالماق؛ تۈيدۇرماستىن قېچىپ كەتمەك: غەلىتە ئادەم چۆچۈپ غىپپىدە تىكىۋەتتى.

**غىپچا** ئى. دىئال. ① جۇۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ. ② قەدىمكى زامانلاردىكى مىلتىقتا ئوق-دورا سېلىپ چىڭدايدىغان ۋە مىلتىقنىڭ ستۋولىنى تازىلايدىغان سايمان.

**غىپچىدىماق** پ. دىئال. چىڭدىماق.

**غىپچىنماق** پ. ئەيمەنمەك، تارتىنماق، قورۇنماق: كوچىدا كېتىۋاتقان كەمبەغەللەر ئۇلارنى كۆرۈپ غىپچىنىپ، نېرىدىنلا ئات-ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە ئۇن چىقارماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

**غىپ-غىپ** «غىپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كېيىن يىپ ئېشىپ مومدايدىغان، غىپ-غىپ تارتىدىغان بولدى.

**غىپلا** رەۋ. تېزلا، شەپە چىقارماستىن: بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ مېھمانخانىنىڭ دالان ئىشىكى تۈۋىدە بىر ئايال كىشىنىڭ گەۋدىسى غىپلا قىلىپ قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولدى.

**غىپىلداتماق** «غىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىپىلداشماق** «غىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىپىلدىماق** پ «غىپ-غىپ» قىلماق، «غىپ-غىپ» قىلىپ ماڭماق: ھاۋاخان كەشىنى قولىغا ئالدى-دە، توپا يولنى يالىڭاياغ كېچىپ غىپىلداپ ماڭغىنىچە ئۇچقاندەك كەتتى. * ئىشىكىگە مەن بارسام، يۈرىكىم جىغىلدايدۇ، دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپ، ئارقامدىن غىپىلدايدۇ.

**غىت** ① تەق. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ سۈركىلىشى ياكى قىسىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز. ② رەۋ. كۆچمە. جىم؛ چىڭ، مەھكەم، - بەك: غىت قىسماق.

**غىت قىسماق** ① چىڭ، مەھكەم قىسماق. ② كۆچمە. جىم، شۈك تۇرماق: ھە شۇنداق، كېيىن ناماقۇل بولۇپ قالسەن، شۇڭا غىت قىس!

**غىت-غىت** «غىت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىتمەك** ئى. سەلب. مىجەز-خۇلقى، مىڭىش-تۇرۇشى خوتۇن-قىزلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەر: ما غىتمەكنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرمەمدىغان، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ.

**غىتىلداتماق** «غىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىتىلداشماق** «غىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىتىلدىماق** پ ① «غىت-غىت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق. ② كۆچمە. ئىككى تېقىمنى بىر-بىرىگە سۈركەپ زەيپانىلەرچە تېز-تېز ماڭماق.

**غىجىك** سۈپ. كاج، گىجىك.

**غىجىكلىق** «غىجىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەزىمەت غىچىكلىق قىلىپ بەزىدە: «ۋايىيەي، لازا سېلىپسەن! مەن لازا يېمەيتتىم!» دېسە، بەزىدە «پىيازنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ» دەيتتى.

**غىجىم** سۈپ. سەل قورۇپ قاپارتىلىپ توقۇلغان، كۆپتۈرۈپ گۈل چىقىرىلغان (رەخت ھەققىدە): غىجىم رومال. غىجىم دۇخاۋا.

**غىجىم دۇخاۋا** دۇخاۋىنىڭ بىر خىلى، ئۇ ئادەتتە مويلىرى ئۇزۇن ۋە كۆپتۈرۈپ توقۇلىدۇ.

**غىجىم رومال** ← **بۆرتمە شال.**

**غىجىمدىماق** پ. دىئال. مىجىقلىماق، سىقىمدىماق، قورۇماق.

**غىجىملانماق** پ. دىئال. مىجىقلانماق، سىقىملانماق، قورۇلماق.

**غىجىملىماق** پ. دىئال. سىقىمدىماق، مىجىقلىماق، قۇرۇلماق.

**غىجىنماق** پ. سەسكەنمەك، يىرگەنمەك: — قاراڭ، نەۋاق بولدى؟ — دېدى ئايىمگۈل يىگىتنىڭ سىياقىدىن غىجىنغاندەك تۈمشۇقىنى

ئۈچلاپ، — سائىتىڭىزنىڭ ستىرېلكىسىغا چىۋىن باغلاپ قويىسىڭىز بولۇپتىكەن، — قىز ئويلاپ تۇرماستىنلا شۇنداق قىزىق گەپ قىلىپ قويغىنىغا ئۆزىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

**غىچ** I تەق. ئىشىك ئېچىلغاندا ياكى يېپىلغاندا ئىشىكنىڭ گىرەچىسىدىن، ماڭغان ۋاقىتتىكى ئاياقنىڭ چەمى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: شۇ چاغدا ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، مۇرىسىدە سومكا كۆتۈرگەن ھالدا ئامىنە كىرىپ كەلدى.

**غىچ** II سۈپ. پۈتۈنلەي، ھەممە، ساپلا: غىچ پۇل. * — باغدا ئەتتىم، گۈشتە ئەتتىم. غىچ باغ، گۈش بەڭلا دېھقانلار، — دەپ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى ئاشپەز.

**غىچچىدە** ① رەۋ «غىچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «غىچ» قىلىپ: شۇ ئەسنادا ئىشىك غىچچىدە ئېچىلىپ گۈلسۈمخان كىرىپ كەلدى. * ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىشىكنى غىچچىدە ئېچىپ، بىر تۈرلۈك ھىجىيىپ كىرگىنىدە تۇيۇقسىز ئولتۇرغان ئاۋۇتلار چۆچۈپ كەتتى. ② سۈپ. كۆچمە. پۈتۈنلەي، ساپلا: دادۇينىڭ ئايىغى غىچچىدە بوز، لېكىن سۇ يوق. * بىر تال پەن بىلەن تۆت زىختا ھارۋىغا مىخلانغان ھېكمىتاخۇن غىچچىدە قان ئىچىدە ياتاتتى.

**غىچىر** ① تەق. ئىشىك ۋە كارىۋات قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يىنىك تەۋرىنىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز. ② ئى. ئاياغنى كىيىپ ماڭغاندا غىچ-غىچ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن چەم ئارىسىغا سېلىنىدىغان قىل (موزدۇزلۇقتا).

**غىچىر-غىچىر** «غىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىچىرلاتماق** «غىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قاراڭغۇدا پۈتلىشىپ،

ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى-دە، ئاۋايلاپ غىچىرلاتماستىن ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئاستاغىنە تاشقىرىغا باش چىقىرىپ سارايىنى تەكشۈردى.

**غىچىرلاشماق** «غىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىچىرلىماق** پ «غىچىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غىچىر-غىچىر» قىلماق: ھارۋا بۇزۇلۇشتىن ئاۋۋال غىچىرلايدۇ (ماقال). * ھارۋا مەھەللىنىڭ ئەگرى-بۈگرى توپا يولدا غىچىرلاپ مېڭىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

**غىچىلداتماق** «غىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتلارنىڭ قارنى غىچىلدىتىپ كېتىۋاتقان تاۋۇشىدىن باشقا جىمجىتلىقتا كاشىلا بولغۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى.

**غىچىلداشماق** «غىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىچىلدىتىلماق** «غىچىلداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غىچىلدىماق** پ «غىچ-غىچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىچ-غىچ» قىلماق: ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىلداپ ئېچىلدى. * بىرىنىڭ ئىچىگە ئىككىدىن جەمئىي تۆت جەسەت سېلىنغان ئىككى يار-يار ھارۋا كۆڭۈلسىز غىچىلداش بىلەن ئادەملەر توپىنى يېرىپ، ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

**غىدىغۇچ** ئى. چىنە قاداقچىسىنىڭ قادايدىغان چىنىنى تېشىدىغان ئۇسكۇنىسى.

**غىدىق** ئى. ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا بىرەر نەرسىنىڭ تېگىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان بىر خىل غەيرىي سېزىم: غىدىقى كەلمەك. * — لەيلىگۈل بوش كەلمە، غىدىقلا، ئۇنىڭ غىدىقى بويىندىلا، غىدىقلىساڭلا ئەل بولىدۇ، سىرىڭنى ئاشكارلىمايدۇ-غان بولىدۇ! — دەپ ۋارقىراشتى.

**غىدىقى كەلمەك** ① بەدەندە بىر خىل غەيرىي سېزىم پەيدا بولماق: ئۇنىڭ تاپىنىنى تاتىلىساڭ غىدىقى كېلىدۇ. ② كۆچمە. نەپرىتى قوزغالماق، يىرگىنمەك: ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چىچىنى مايلاپ تارىۋېلىشى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. * ئۇ ھۆرنىگۈلگە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان بىر ھىجىيىش بىلەن سالام بەردى.

**غىدىق-پىدىق** بىرەر ئىشقا نىسبەتەن ئوچۇق-ئاشكارا دېمەستىن، ئاغرىنار-ئاغرىنـماس قىلىپ، چالا-پۇچۇق بىلدۈرگەن نارازىلىق: زۇۋان يېرىپ غىدىق-پىدىق دېگەنىنىڭ، بېشى بۇلار يەلكىسىگە ئامانەت. خالىغاندا ئالالايسەن سەن ئۇنى، ھەم دوزاخقا قىلالايسەن دالالەت.

**غىدىقلاتماق** «غىدىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىدىقلاشماق** «غىدىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇمشاق قۇم ئۇستىدە بىرقانچە بالا بىر-بىرىنى يېسىشىپ، غىدىقلىشىپ ئىنتايىن شاد-خۇرام ئوينىشىۋاتاتتى.

**غىدىقلانماق** «غىدىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غىدىقلىغۇچ** ئى ① غىدىق پەيدا قىلىدىغان، غىدىق كەلتۈرىدىغان نەرسە، ئامىل: ئىتتىقا قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن تەڭ يېمەكلىك بېرىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانسا، قوڭغۇراق ئاۋازىمۇ ئىتنىڭ شۆلگەيي ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى قوزغايدىغان غىدىقلىغۇچ بولۇپ قالىدۇ. ② <پىسخول> كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىلدىكى ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوبيېكتىپ سەۋەب.

**غىدىقلىماق** پ ① باشقىلارنىڭ بەدىنىگە قول ياكى بىرەر نەرسىنى تەگكۈزۈش

ئارقىلىق غىدىقىنى كەلتۈرمەك: چىمەن ھامان چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ كۈلۈپ سۆزلەيتتى. ئۇ دوستىنىڭ بىقىنىنى غىدىقلاپمۇ قويدى. نىلۇپەر بىر دەقىقە كۈلۈپ قاچتى-دە، كۆزلىرى يەنە مەيۈس تۈسكە كىردى. * سۇتۇق يېنىچە بۇرۇلۇپ، سۇپىغا يېقىن تۇرغان قامچىگۈلدىن بىر تال ئۈزۈپلا ئۇنىڭ بىلەن تېخىچە ئالقىنىنى يۈزىدىن ئالمىغان ئايدىڭنىڭ بويىنىنى غىدىقلىدى. ② <پسىخول> رېئال جىسىم ۋە ھادىسىلەر ياكى تاۋۇش، نۇر ۋە ئىسسىقلىق قاتارلىقلار سەزگۈ ئەزالىرى ياكى جانلىق ئورگانىزملارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىشكە ئوخشىغان تۈرلۈك ئىنكاسلارنى پەيدا قىلماق: بۇ گۈل قادىرنىڭ كۆزىگە گويا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان قىپقىزىل يالقۇندەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ باللارغا خاس قىزىقىش سەزگۈسىنى غىدىقلىدى. * ئۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل شېرىن تۇيغۇنىڭ غىدىقلىشى بىلەن جىددىيلەشتى. ③ ئاچماق؛ ئويغاتماق؛ قوزغىماق: نانىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆرۈكتەك سارغىيىپ پىشقان تۇخۇم پوشكىلى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاپ، ھور چىقىپ تۇراتتى.

**غىدىك** تەق. بوش ياكى نائېنىق ھالدا نارازى بولۇش، باھانە-سەۋەب كۆرسىتىش، قارشىلىق قىلىش ھالىتى؛ غۇدۇراش.

**غىدىك-پىدىك** ئارتۇق گەپ-سۆز، باھانە-سەۋەب؛ قارشىلىق: غىدىك-پىدىك قىلماسلىق. * — غىدىك-پىدىكنى قوي، بۈگۈن جەزمەن يولغا چىقىمىز، — دېدى ئەركىن ئەسەتكە قاراپ.

**غىدىك-پىدىك قىلماق** ئۇششۇقچە گەپ-سۆز، قارشىلىق قىلماق، باھانە-سەۋەب كۆرسەتمەك: بۇ توغرىدا غىدىك-پىدىك قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق.

**غىر** تەق. بىرەر دۆگىلەك، شارسىمان نەرسىنىڭ تەكشى يۈزىدە سىلىق مېڭىشتىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**غىرە-شىرە** سەل-پەل، ئاز-تولا؛ تۇتۇقراق: مۇقام ئاھاڭىدا لەرزان ئېيتىلغان مۇڭلۇق ناخشا دېرىزە يوچۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئايخانغا غىرە-شىرە ئاڭلاندى. * قويۇق دەرەخ ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇسسۇللىرى غىرە-شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**غىرت** تەق. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ سۈركىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**غىرتتىدە** رەۋ «غىرت» قىلغان ھالدا، «غىرت» قىلىپ.

**غىرت-غىرت** «غىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىرتىلداتماق** «غىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرتىلداشماق** «غىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىرتىلدىماق** پ «غىرت-غىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غىرت-غىرت» قىلماق.

**غىرتىلداق** ئى. دىئال. بوغۇز، كېكىردەك.

**غىرداتماق** «غىردىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرداشماق** «غىردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىردالماق** «غىردىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غىردىماق** پ. بىرەر نەرسىنى قىرىپ، سۈركەپ، ئۇپرىتىپ كەسمەك: ئېكەك بىلەن تۆمۈرنى غىردىماق. * ئەپەندىم ماقۇل بولۇپتۇ، ئاغىنىسى گال ئۇستىرا بىلەن ئەپەندىمنىڭ بېشىنى غىرداشقا باشلاپتۇ.

**غىررىدە** رەۋ ① «غىر» قىلغان ھالدا،

«غىر» قىلىپ: غىررىدە مېڭىپ كەتمەك.
② كۆچمە. تېز: ۋېلسىپىتتە غىررىدە بىرىپ كەلگىنە.

**غىر-غىر** «غىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مۇز ئۈستىدە «غىر-غىر» كانكى تېيىلىپ يۈرگەن باللار نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا توختاپ قېلىشتى.

**غىرقىراتماق** «غىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرقىراشماق** «غىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىرقىراق** سۈپ. ئىنچىكە بوغۇلۇپ چىقىدىغان، چىرقىراق: بىركۈنى ئۈشتۈمتۇتلا ھېلىقى ئىنچىكە، غىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. پەرىشان ئولتۇرغان ماھىرە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، يۈگۈرۈپ چىقتى.

**غىرقىرىماق** پ. غىرقىرىغان ئاۋازنى چىقارماق.

**غىرىس** تەق. قار، ئۆگزە قاتارلىقلاردا ماڭغاندا ياكى شۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى باسقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**غىرىس-غىرىس** «غىرىس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ياغقان قارنىڭ ئاياغلىرىمىز ئاستىدا غىرىس-غىرىس قىلغان ئاۋازىدىن باشقا ئەتراپتا تىۋىش يوق.

**غىرسلاتماق** «غىرسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرسلىماق** پ «غىرىس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىرىس» قىلماق: ئۇ كىشى لاپ قىلىپ ماڭا بىر قارىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن پېتى قولنى سۇندى، ئۇنىڭ قاداق باسقان كەڭ ئالىقىنى ئارىسىدا قولۇم قاتتىق-قاتتىق سىلكىنىشتىن غىرسلاپ كەتتى.

**غىرىڭ** تەق → **غىدىڭ**.

**غىرىڭ-پىرىڭ** → **غىدىڭ-پىدىڭ**.

**غىرىڭ-پىرىڭ قىلماق** → **غىدىڭ-پىدىڭ قىلماق**: ئۇ ئىچىدە نارازى بولسىمۇ، لېكىن باشلىقنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، غىرىڭ-پىرىڭ قىلماستىن چىقىپ كەتتى.

**غىرىلداتماق** «غىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرىلداشماق** «غىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىرىلدىماق** پ «غىر-غىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غىر-غىر» قىلماق: تارىم بويىدىكى ئاددىي بىر تۈگمەننىڭ تېشى غىرىلداپ چۆگىلىمەكتە.

**غىزا** ئى (ئە) كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىك، تائام، تاماق: لۇتپۇللا مۇتەللىپ تاشقىرىقى بازاردىن ئۆتۈشتە چۈشلۈك غىزاغا ئاتاپ نان، سامسا، كاۋاپ، گۆش ئېلىنىۋالغانىدى. * قېرىغان ئادەملەر غىزاغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، تاماقنى ئازراق ۋە پات-پات يېگىنى ياخشى.

**غىزا تارتماق** → **ئاش تارتماق**.

**غىزالاندۇرماق** «غىزالانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھىم ناۋاي تاشۋاينى يېتىلەپ كەلگەن ئاشۇ كېچىدە ئالدى بىلەن ئۇنى غىزالاندۇردى.

**غىزالاندۇرۇلماق** «غىزالاندۇرماق» پېئىلى-نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارغا پاكىز ۋە ئىسسىق سايناخ، تاۋار يوتقانلار بىرىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلار توخۇ، ئۆردەك، ھاراق، تاماق بىلەن تويغۇچە غىزالاندۇرۇلدى.

**غىزالانماق** پ. غىزا يېمەك: ئۈستىگە قوي گۆشى بېسىلغان ياغلىق پولۇدىن غىزالانغان مۇختار ئانىسى بىلەن ئىككىمىزنىڭ كىنوغا جابدۇغىمىزغا پەرۋاسىز قىلماي تاپشۇرۇق ئىشلەش-كە تۇتۇندى.

**غىزالىق** سۈپ. غىزا (ئوزۇق) بولىدىغان، قۇۋۋەت رولىنى ئوينايدىغان: ھەرخىل ھايۋان گۆشلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە غىزالىق ۋە داۋالىق تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

**غىزالىنىشماق** «غىزالانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىژ** تەق. نەپىسىنىڭ قىسىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**غىژ-غاژ** ① «غىژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار. ② كۆچمە. جېدەل-ماجىرا، ئۇرۇش-تالاش: ئەنۋەر مۇنازىرە قىلمەن، دەۋالىشمەن دەپ ئۆيدىكىلەر بىلەن غىژ-غاژ قىلىپ، كۆڭۈلنىڭ ئارامىنى قويمايدىغان بولدى.

**غىژ-غىژ** ① «غىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. گەپ تالىشىش؛ غىژ-غاژ: شۇ سەۋەبتىنمۇ قېيىن سىڭىللار بىلەن قۇدرەتئاخۇننىڭ ئايالى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق غىژ-غىژ ئاداۋەت يۈز بەرمىدى.

**غىژ-غىژلاشماق** پ. ۋارقىرىشىپ قالماق، گەپ تالىشىپ قالماق: ئانا-بالا كەچتە داستىخان ئۈستىدىلا غىژ-غاژلىشىپ قالدى. * ئاسىم خوتۇنى بىلەن پات-پات غىژ-غاژلىشىپ قالاتتى.

**غىژمۇدۇن** ئى. دىئال. ئورۇنسىز ئىشلارنى باھانە قىلىپ يىغلايدىغان بالا، يىغلاڭغۇ.

**غىژىلداتماق** «غىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىژىلداشماق** ① «غىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② كۆچمە. غىژ-غىژ، غىژ-غاژقىلىشماق؛ گەپ تالاشماق، جېدەللەشمەك: ئۇلار نەق مەيدانغا بارغۇچە ئەنە شۇنداق غىژىلداشتى. * بۇ ھال ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىردەم-بىردەم غىژىلدىشىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

**غىژىلدىماق** پ «غىژ-غىژ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىژ-غىژ» قىلماق: ھېلىقى ياردار تايغان ھەممىدىن قاتتىق تالدى. كېيىن ئۇ توڭگۈزنىڭ بوغۇزىدىن چىشلەپ غىژىلداپ تۇرۇپ، ئالدى ئاياغلىرىنى بەرگە قاتتىق تىرەپ، ئارقىسىغا داجىپ بارلىق كۈچى بىلەن سۆرىدى.

**غىق** ① تەق. ئاماققا بىرەر نەرسە تىقىلغاندا، بوغۇلغاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز. ② رەۋ. كۆچمە. ھەددىدىن زىيادە؛ قاتتىق؛ ئېغىر: غىق تويماق.

**غىق-غىق** «غىق» سۆزى ① نىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىققىدە** رەۋ «غىق» قىلغۇدەك دەرىجىدە، گالغىچە: مەن ئۇ ئەھۋالغا قاراپ غىققىدە بولدۇم-دە، چوكامنى تاشلاپ قويۇپ، ئاشخانىدىن چىقتىم. * مەن غىققىدە تويدۇم، شۇ تاپتا تىلىممۇ، يۈزۈممۇ تەگلا كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھالىمغا ئىچ ئاغرىتتىمۇ، بىردىنلا مۇلايىملاشتى.

**غىقىلداتماق** «غىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باتۇر ئۇنىڭ كېكىردىكىنى غىقىلدىتىپ سىقىپ جېنىنى جەھەننەمگە يوللىدى. * — بۇرادەرلەر دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئالغا! — چوڭ ئىممۇنىتېت ۋارقىرىغان پېتى نىكوتىنغا ئېتىلدى-دە، ئۇنىڭ كانىيىدىن غىقىلدىتىپ سىقىشقا باشلىدى.

**غىقىلداشماق** «غىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىقىلدىماق** پ «غىق-غىق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىق-غىق» قىلماق.

**غىڭ** ① تەق. پاشا، ھەرە قاتارلىقلار ئۇچقاندا چىقىدىغان ئاۋاز. ② ئىم. بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئىماسىنى ئىپادىلەيدۇ: غىڭ

قىلماي ئىشلىمەك. ③ سۆپ. چەكسىز كەتـ-
كەن، كۆز يەتكۈسىز، بىپايان: غىڭ
تۈزلەڭ. غىڭ ساي.

**غىڭ قىلماي** قارشىلىق قىلماي، نارازىلىق بىلدۈرمەي، ئۈن-تىنسىز: خۇدا بەرسە، پەيغەمبەر غىڭ قىلماپتۇ (ماقال). * ئۆي ئىشلىرىنىڭ جاپاسى قورام تاشتەك يەلكىسىدىن باسسىمۇ غىڭ قىلمايدىغان ئايشەمنىڭ بۇ سۆزى ئۇنى ئەجەبلەندۈردى.

**غىڭ-پىڭ** نارازىلىق ۋە بۇ ھەقتىكى گەپ-سۆزلەر: — ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى غىڭ-پىڭنى قويايلى، ئەگەر ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىدىغان بولسا، ئاندىن كۆرەرمىز، — دەپ باللارنى گەپ قىلدۇرمىدى تۇرىدىئاخۇن ئاكام.

**غىڭ-پىڭ قىلماسلىق** ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمەسلىك، قارشىلىق قىلماسلىق: سەلىمە ھېرىپ-چارچاپ كەتسىمۇ ئۇلارغا ئىش قىلىپ بېرىشنى ساۋابلىق دەپ بىلگەچكە غىڭ-پىڭ قىلمايتتى.

**غىڭشىتماق** «غىڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى.

**غىڭشىشماق** «غىڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۈزىدە گەپ قىلماي، ئارقىسىدىن غىڭشىغىنىڭلار نېمىسى، بۇ ئوغۇل باللىق ئەمەس، گېپىڭلار بولسا، ئالدىدا، ئاشكارا دەڭلار.

**غىڭشىغاق** سۆپ. ئۇششاق گەپنى جىق قىلىدىغان، تولا ۋايسايدىغان، چىدىماس: غىڭشىغاق ئادەم.

**غىڭشىماق** پ ① «غىڭ-غىڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىڭ-غىڭ» قىلماق: قادىر ئىتقا ۋارقىرىدى، ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭ-شىتقىنىچە غىڭشىپ نېرى كەتتى. * بىردىنلا مېنىڭ ئارقا تەرىپىمدىن بىر خىل زەئىپ ئاۋاز بىلەن كىمنىڭدۇر غىڭشىغىنى ئاڭلاندى. * پەس ئاۋازدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىققا كۆپ پايدىسى بار. ② نارازى بولماق، قارشى چىقماق؛ ئۇششاق گەپنى تولا قىلماق، ۋايسىماق: تولا غىڭشىماي، ئىشىڭنى قىلە.

**غىڭ-غىڭ** «غىڭ» سۆزى ② ① نىڭ تەكرارلىنىشى: غىڭ-غىڭ قىلىپ ناخشا ئېيتماق. * پاشا غىڭ-غىڭ قىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈپ، تۆگىنى بىر تاغنىڭ باغرىدىن تېپىۋاپتۇ، كۆزىنى ئىككى-ئۈچ قېتىملا چېقىپ، قارىغۇ قىلىپ تاشلاپتۇ.

**غىڭىلداتماق** «غىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىڭىلداشماق** «غىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىڭىلدىماق** پ «غىڭ-غىڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىڭ-غىڭ» قىلماق: ئۇ بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى، يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتۈردى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بارغانسېرى كۈچىيىپ غىڭىلدىغان ئاۋاز كېلىۋاتقاندى.

**غىل** I تەق ① ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە نەرسىلەرنىڭ تىترەش ھالىتى. ② كۆڭۈل بۇزۇلغاندا بىردىنلا كۆزگە ياش كېلىش ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ كۆزىدىن غىل قىلىپ ياش ئەگدى.

**غىل** II سۆپ. دىئال. غۇدۇر-بۇدۇرى يوق، سىلىق؛ تېيىلغاق.

**غىل تېيىلماق** دىئال. سىلىق نەرسە ئۈستىدە تېيىلماق: مۇز تېيىلماق.

**غىلاپ** ئى (ئە) قورال-ياراغ ۋە تىغلىق ئەسۋابلارنى سېلىش ئۈچۈن شۇ نەرسە شەكلىدە تىكىلگەن قاپ، قىن: پىچاق ئىتتىك بولسا غىلىپىنى كېسەر (ماقال). * ياغاچ پىچاققا تۆمۈر غىلاپ (ماقال). * سۆز قېلىپىدا ياخشى، پىچاق غىلىپىدا (ماقال). * ئۇ يېنىدىكى تاپانچىسىنى غىلىپىدىن چىقارماي

تۇرۇپ ۋارقىردى.

**غلاپ بەندىسى** سىرت بلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، باردى-كەلدىسى يوق ئادەم.

**غلاپسىز** سۈپ. غلىپى بار، غلاپقا سېلىنغان: ئۇ كۆمۈش غلاپلىق خەنجەر ئېسىلغان كەمرىنى بېلىگە چىڭ تارتىپ دەسسەپ كېلەتتى.

**غلاپلىق** سۈپ. غلىپى يوق، غلاپقا سېلىنمىغان: غلاپسىز پىچاق.

**غلالڭ** سۈپ. ساپلا، پۇتۇنلەيلا: ھېممىتى چەكسىز تەبىئەت غلالڭ تاشلىق بۇ سايدا ئاندا-ساندا يۇلغۇن، چاكاندا، ئاق تىكەنلا ئاتا قىلغانمىكىن؟ * قاقاس شورلۇق بىنەم يەر ئوغۇت بىلەن جانلاندى، قۇرۇق ياتقان غلالڭ ساي ئورمانلىققا ئايلاندى.

**غل-پال** بىر كۆرۈنۈپ بىر كۆرۈنمەي، بىلىنەر-بىلىنمەس، ئاندا-ساندا: قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدا غل-پال قىلىپ يالغۇز چىراغ كۆرۈنمەكتە. * تالڭ ئۇيقۇسىدىكى شەھەرنى چۈشتەك غل-پال يالىترىغان شەھلا كۆزلۈك گۈزەل قىزنىڭ سىماسىمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس ئىز قالدۇرۇپ سادىقنىڭ كۆڭلىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**غلتالڭ** سۈپ ① تېيىلغاق، سىلىق: ئۇنىڭ ئېگىز-پەس ئاياغلىرى غلتالڭ يول ئۈستىدىكى قار-مۇزلارنى ھاۋانچا تېشىدەك ئېزىپ، غاچ-غۇچ ئاۋاز چىقىراتتى. * غلتالڭ مۇز بىلەن قاپلانغان شەھەر كوچىسىدا ئاپتوبۇسلارنىڭ مېڭىشى تەس ئىدى. ② پۇتۇنلەي، ساپلا: ئويتاغ ئېغىزىدىكى غلتالڭ تاشلىق سايدا ھەر كۈنى دېگۈدەك قىسقا ئەمما شىددەتلىك جەڭلەر بولۇپ تۇردى. * غېرىب شۇ سائەتتىن باشلاپ يول تەييارلىقىنى قىلىپ چولپان بىلەن تەڭ ئاتلاندى، غلتالڭ چۆللۈكنى بېسىپ بىر تاغقا يېتىپ كەلدى.

**غلجىڭ** سۈپ. ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان؛ ئويناق: غلجىڭ ئادەم. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان غلجىڭ قىياپىتى نېرى بولمايتتى. * ئايتىللا بىر خىل غلجىڭ تەلەپپۇزدا سۆز قىلدى.

**غلجىڭشىماق** پ. قايناقلىماق، غلجىڭلىماق: — ئاۋۇ ھېممىت ياسانچۇق، — تۇرغۇن ئېڭىكى بىلەن ئىشارەت قىلىپ دېدى، — يېڭىدىكى «خەلچە نايناق»، بۇلتۇر ھەر ئىككىسى كۆچەلمەي سىنىپتا قالغان، بۇ يىل يەنە مۇشۇنداق غلجىڭشىپ يۈرسە ... بىلمىدىم، ئاخىر يەنە قانداق بولاركىن.

**غلجىڭلاشماق** «غلجىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غلجىڭلىق** «غلجىڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كېزىتنىڭ گېپى چىقىش بىلەن دىڭ قۇلاق بولۇپ تۇرغان ئايتىللا غلجىڭلىق بىلەن شوپۇرنىڭ ئالدىنى توسىدى.

**غلجىڭلىماق** پ. نايناقلىماق، ناز قىلماق؛ غلجىڭشىماق.

**غلدىر** ① تەق. يۇمىلاق نەرسىلەرنىڭ سىلىق نەرسە ئۈستىدە مېڭىشىدىن چىققان ئاۋاز. ② سۈپ. غلدىرلايدىغان، سىلىق ھەم پارقىراق: ماشىنىدا بىر ئادەم بىلەن ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، ئېسىل غلدىر ياغلىق تاڭغان، قول، قۇلاق، بويۇنلىرى يالت-يۇلت ئالتۇن بېزەكلەر بىلەن تولغان، ئۇپا-ئەڭلىك بىلەن ئۆزىنى ياشارتىۋالغان بىر ئايال ئولتۇراتتى.

**غلدىرەك** ئى. غالتەك: شەھەردىكى ئۆيدىن ئايرىم تۇرار يېرى، پەقەت ئۇنىڭ تېگىدە بار تۆت غلدىرەك.

**غلدۇرغۇچ** ئى. دىئال. قىيىقچە قىلغاندا خېمىرنى كېسىدىغان چىشلىق غالتەك؛ قىيغاقچە.

**غىلدىر-غىلدىر** «غىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بىر چاغدا چۆچۈپ ئويغىنىپ سائىتىمگە قارىسام، سائەتنىڭ تىللىرى غىلدىر-غىلدىر قىلىدۇ، ئويلىسام ئالدىراشچىلىقتا سائىتىمنى تاقىدىم. دەپ كومپاسنى تاقىۋاپتىمەن.

**غىلدىرلاتماق** «غىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەۋلىيا ئوخشايدۇ، دەپ پال باقتۇردۇم، ئېشىكىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى دېسەم، پال چوكىسىنى غىلدىرلىتىپ تاشلاپ «ئېشىكىڭنى ئوغرى ئالماپتۇ، ئالغان بولسىمۇ كوچىدا مىنمەپتۇ، تېۋىپتىن سۈرگە دورىسى ئېلىپ ئىچىۋەت» دەپ ئولتۇرىدۇ.

**غىلدىرلاشماق** «غىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەرۋايىت قوناق شىلدىرلىشىدۇ، يەرگە چېچىلىپ غىلدىرلىشىدۇ.

**غىلدىرلىماق** پ ① «غىلدىر-غىلدىر» قىلماق: بىر كىران زەنجىرلىرىنى شىلدىرلىتىپ، غىلدىرلاپ-مەشلەردىن بىرىنىڭ ئۈستىگە كەلدى. * قاشتېشىدىن ياسالغان كۆز پىلدىرلىدى، سىمى-سىمغا تېگىپ، غالتە غىلدىرلىدى. ② غىلدىر-غىلدىر قىلىپ دومىلانماق، دومىلىماق، دۈگىلىمەك: سامۇق ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىۋىدى، قىزىل بويالغان تۇخۇملار يولنىڭ نە-نەلىرىگە غىلدىرلاپ كەتتى.

**غىل-غىل** «غىل I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا غىل-غىل ياش ئەگىگەندەك قىلدى.

**غىللىدە** رەۋ «غىل» قىلغان هالدا، «غىل» قىلىپ: ئۇ كۆزىگە غىللىدە ياش ئېلىش بىلەن بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ لېۋىنى چىشلىگىنىچە توختاپ قالدى.

**غىلمان** ئى (ئە) بالا خىزمەتكار: ئاتا-ئانا بوۋىلىرى باغبانۇرىزۋان بولدى، جەسۇر قىزلار هۆر-پەرى، ئوغۇللىرى غىلمان بولدى.

**غىمسا** دىئال ① سۈپ. يوشۇرۇن، پىنهان، خىلۋەت. ② ئى. تار يول.

**غىمىسسىدە** رەۋ. جىممىدە، ئاۋاز چىقارماي، شەپىسىز: كىشىلەر بىر ئالماسقا، بىر هارۋىغا قاراپ، بىرپەس هاڭۋېقىپ تۇرۇشتى-دە، غىمىسسىدە تارقىلىپ كېتىشتى. * مەنسۇر بەگ ئەنجۈرنى يەپ بىر سائەتكە قالماستىن غىمىسسىدە جان بەردى.

**غىمىسسىماق** پ. دىئال. هەۋەس قىلماق، قىزىقماق، ياخشى كۆرمەك.

**غىنچە** ئى. دىئال. ئېتىنى باغلاش ئۈچۈن ئارغامچا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان كالتەك.

**غىنجباغ** ئى. دىئال. چانا ياغىچىنى ئاتقا تاڭىدىغان ئارغامچا.

**غۇۋا** (توغرىسى: غۇۋۋا) ← غۇۋۋا.

**غۇۋە** ئى. چىگىتىدىن ئايرىلىپ، ئېگىرىشكە تەييارلانغان پاختا: چېچى غۇۋىدەك ئاقارغان ئانا، چۈشكەن يۈزىگە قورۇقلار سانا.

# ف

**ف** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون ئالتىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە ئون ئالتىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**فا** (ر<لات) <مۇز> مۇزىكا گاممىسىنىڭ 4-تاۋۇشى ۋە ئۇنىڭ نوتا بەلگىسى.

**فابرىكا** ئى (ر<لات) <سانا> خام ئەشيادىن توقۇلما مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان سانائەت كارخانىسى: فابرىكا ئىشچىسى. توقۇمىچىلىق فابرىكىسى. * 1975-يىلى 8-ئايدا، بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بۇ يەردىن ئىشچى قوبۇل قىلغانىدى.

**فابرىكانت** ئى (ر) <سانا> فابرىكا خوجايىنى، فابرىكا ئىگىسى.

**فارادا** مىق (ر<ئىنگ ) <فىز> ئېلېكتىر سىغىمى بىرلىكى.بىر دانە كوندېنساتورغا بىر كۇلۇن زەرەت قاچىلانغاندا، ئېلېكتىر پوتېنسىئالى بىر ۋولت ئۆرلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېلېكتىر سىغىمى بىر فارادا بولىدۇ. ئەمەلىي ئىشلىتىشتە، ھەمىشە $\frac{1}{1000\ 000}$ فارادا (مىكرو فارادا) ياكى تېخىمۇ كىچىك بىرلىك قوللىنىلىدۇ. بۇ نام ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى فارادېي ( Michael Faraday ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**فارفور** ئى (پ) گاۋلىك توپىسى قاتارلىقلارنى قىزدۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ماتېرىيال. قاتتىق ۋە چۈرۈك، ئاق ياكى سېرىق كېلىدۇ، ساپالغا قارىغاندا سىلىقراق بولىدۇ: فارفور خىش. فارفور بۇيۇملار.

**فارفور بۇيۇملار** فارفور ماتېرىيالدىن ياسالغان بۇيۇملار.

**فارفور توپىسى** <كېئول> كۆيدۈرۈش ئارقىلىق فارفور بۇيۇملار ياسىلىدىغان گاۋلىك توپىسى.

**فارفور خىش** <بىن> فارفور توپىسىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئادەتتە تۆت چاسا ۋە ئاق بولۇپ، يۈزىدە ئېمال ماددىسى بولىدۇ.

**فارماكوپىيە** ئى (ر<گرېك) <تىب> دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھەمدە دورىلارنىڭ نامى، خاراكتېرى، شەكلى، تەركىبى، ئىشلىتىش مىقدارى ۋە تەكشەش، ساقلاش

ئۇسۇللىرى قاتارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن كىتاب، قامۇس.

**فارېنگېيت** ئى. گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى (Gabriel Daniel Fahrenheit) نىڭ نامى. ئۇ فارېنگېيت تېمپېراتۇرا شكالىسىنى كەشىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل شكالا ياكى تېرمومېترمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**فارېنگېيت تېرمومېترى** <مېتېئور> تېرمومېترنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا فارېنگېيت تېمپېراتۇرا شكالىسى قوللىنىلىدۇ.

**فارېنگېيت تېمپېراتۇرا شكالىسى** <مېتېئور> فارېنگېيت تېرمومېترىدا قوللىنىلىدىغان ھەمدە ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا سۇنىڭ مۇزلاش نۇقتىسى 32 گرادۇس، قايناش نۇقتىسى 212 گرادۇس قىلىپ بەلگىلەنگەن بىر خىل شكالا. ئۇ جەمئىي 180 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بۆلەك بىر گرادۇسقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ شكالا ئادەتتە « F » ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

**فازا** ئى (ر<گرېك) <فىز> ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر يولىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. مەسىلەن، ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ ئۈچ دانە ئورامى بولۇپ، ھەربىر ئورام بىر فازا دېيىلىدۇ.

**فازا بېسىمى** <فىز> ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك سىستېمىسىدىكى ئۈچ دانە ئوت سىمىنىڭ خالىغان بىرى بىلەن يەر سىمى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلېكتر بېسىمى.

**فازا توكى** <فىز> ئۈچ فازىلىق ياكى كۆپ فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورلىرىدىكى ھەربىر فازا چىقارغان توك.

**فازا كۆچنىشى** <فىز> ← فازا بېسىمى.

**فاسسئولا** ئى (ر<لات) <زوئول> بىر خىل پارازىت قۇرت. رەڭگى قىزىل، شەكلى زەنجىرلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، شورىغۇچ تەخسىسى بولىدۇ. يېتىلگەنلىرى ئادەمنىڭ ئىنچىكە ئۈچەيدە پارازىت ياشايدۇ، تۇخۇملىرى ئادەمنىڭ چوڭ تەرىتى بىلەن سىرتقا چىقىدۇ. لىچىنكىسى يېيىسى بۇرمىلىق ۋۇلۇلە تېنىدە يېتىلىپ، سۇ ياڭىقى، بېجىك قاتارلىق سۇ ئۆسۈملۈكلىرىگە يېپىشىۋالىدۇ. ئادەم ئىچىدە ياشىغاندا، قورساق ئاغرىش، كۆپۈش ۋە ئىچ سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**فاشىزم** ئى (ر<ئىتال) <پەلس> كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئەكسىيەتچىل بولغان مۇستەبىتلىك تۈزۈم ھەم شۇ خىل ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى. ئۇ مەملىكەت ئىچىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ « دېموكراتىيە » شەكلىنى بىكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويىدۇ؛ سىرتقا قارىتا قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئىنتايىن چىرىگەن دەۋرىدىكى دىكتاتۇرا شەكلى بولۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئەكسىيەتچىلىككە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇ ئىتالىيە مۇستەبىتى مۇسسولىنىنىڭ فاشىستلار پارتىيىسىدىن باشلانغان.

**فاشىزمچى** ئى. فاشىزم تەرەپدارى، فاشىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان كىشى: مېنىڭچە، لىن بياۋ قاتارلىقلارنىمۇ شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئۇلار دەسلەپتە سوتسىيالىزمغا ئىشەنمەيتتى، كېيىن فېئودال فاشىزمچى بولۇپ كەتتى.

**فاشىست** ئى (د) فاشىستلار پارتىيىسىنىڭ

ئەزاسى؛ فاشىزمنى ھىمايە قىلغۇچى، فاشىزم تەرەپدارى؛ ھاكىممۇتلەقلىك ياكى فاشىزمغا خاس ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: گېرمانىيە فاشىستلىرى. فاشىستلارنى يوقاتماق.

**فاشىستلارچە** رەۋ. فاشىستلاردەك، فاشىستلارغا خاس.

**فاشىستلاشماق** پ. فاشىزمنىڭ تۈزۈم، تەرتىپلىرى ئورنىتىلماق، فاشىزم ئىدىيىسى بويىچە ئۆز بېشىمچىلىق قىلماق.

**فاشىستلىق** سۈپ. ھەددىدىن ئاشقان زوراۋانلىق، ئۆز بېشىمچىلىق: فاشىستلىق قىلماق. * ئاردىن ياش بىر يىگىت نامەتكە: – بۇ قىلغىنىڭلار توغرا بولمىدى، بۇ ئىنقىلاب ئەمەس، فاشىستلىق بولدى، – دېدى غەزەپلىنىپ. * ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى جىنايى مەقستى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى فېئودال فاشىستلىق دىكتاتۇرىغا ئايلاندۇرۇش ئىدى.

**فاكتور** ئى (ر<لات) <سودا> سېتىلىدىغان ماللارنىڭ رويخېتى، مىقدارى ۋە نەرخى قاتارلىقلار كۆرسىتىلگەن ھۆججەت.

**فاكۇلتېت** ئى (ر) <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى پەنلەر بويىچە بۆلۈنگەن ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى: پەلسەپە فاكۇلتېتى. تىل فاكۇلتېتى. * – قايسى فاكۇلتېتتا؟ – دەپ سورىدى ئالىم. * ئۇ فاكۇلتېت بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالاندى.

**فاگاۋ** ئى (خەن) گۈرۈچ ئۇنى، ئاق ئۇن قاتارلىقلاردىن ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك، بەزىدە شېكەر، چىلان، ئۈزۈم قاتارلىقلارمۇ قوشۇلىدۇ.

**فاگوت** ئى (ر<ئىتال) <مۇز> ياغاچتىن ياسالغان بىر خىل يەللىك چالغۇ ئەسۋابى. گەۋدىسى قىسقا بۆلەك، ئۇزۇن بۆلەك، ئاستىنقى بۆلەك ۋە كانايدىن تەركىب تاپىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا قوش تىل ئورنىتىلىدىغان بولۇپ، قىسقا بۆلىكىنىڭ ئۇچىغا قىستۇرۇلىدۇ.

**فاڭجېن** ئى (خەن) ئىش-ھەرىكەتنى يېتەكلەيدىغان يۆنىلىش ۋە نىشان: مائارىپ فاڭجېنى. فاڭجېن-سىياسەت. * تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساد قىلىش بىزنىڭ تۈپ فاڭجېنىمىز. * ھەر دەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرى ئالدىنى ئېلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوممۇلاشتۇرۇپ تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

**فامىلە** ئى (ر<لات) ① شەخس ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ شەخسنىڭ نەسلىنى يەنى، ئاتىسىنى ياكى بوۋىسىنى بىلدۈرىدىغان ئائىلىۋى نام: ئەخمەتجان سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقتىدا، ئاتا تەرەپ بوۋىسى قاسىم ئاخۇننىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان.

**فانتازىيە** ئى (ر<گرېك) ① <پسىخول> جەمئىيەت تەلىپى ياكى شەخسىي ئارزۇلار ئاساسىدا، كەلگۈسى شەيئىلەر ئۈستىدە قىلىنغان ئىجادىي تەسەۋۋۇر، پەرەز؛ خىيال: ئىلمىي فانتازىيە. * ئەقىل-پاراسەتسىز فانتازىيە غەلىتە نەرسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەقىل-پاراسەت بىلەن بىرلەشكەن فانتازىيە – سەنئەتنىڭ ئانىسى ھەم مۆجىزە بۇلىقىدۇر. ② ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن بولغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان خىيالىي ئارزۇ، خام خىيال: فانتازىيە بولسا بولغاي سۆزلىگىنىم، لېكىن ئىشقا ئاشار يازغان كۆزلىگىنىم.

**فانتازىيىلىك** سۈپ. ئەمەلىيەتتە بولمايدىغان ياكى بولۇپ باقمىغان، ئويلاپ، توقۇپ چىقىرىلغان، خىيالىي، ئويدۇرما: فانتازىيىلىك رومان. فانتازىيىلىك ھېكايە.

**فانتازىيىلىك ئاھاڭ** <مۇز> چالغۇ ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان بىر خىل ئاھاڭ. بۇرۇن تىللىق چالغۇلاردا يەككە ئورۇندىلىپ كەلگەن، كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ، مەزمۇنى مول، ھېسسىياتى ياڭراق، شەكلى ئەركىن ھەمدە تېماتىك شەكىلگە ئىگە، يالغۇز كىشى ئورۇندايدىغان مۇزىكا ئەسىرىگە ئايلاندى.

**فەرد** ئى (ئە) <ئەد> پەقەت بىرلا بېيىتتىن ئىبارەت بولغان كىچىك تىپتىكى مۇستەقىل شېئىر.

**فتور** ئى (ر<گرېك) <خىم> گاز ئېلېمېنت، بەلگىسى F (fluorum). ئاچ سېرىق، يېشىل رەڭلىك، سېسىق پۇراقلىق. خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ئاكتىپ بولۇپ، ھىدروگېن بىلەن بىۋاستە بىرىكسە پارتلايدۇ. نۇرغۇنلىغان مېتاللار فتور گازىدا كۆيىدۇ.

**فتور شپاتى** <گېئول> ← **فلىيوئورىت.**

**فتورلۇق** سۈپ. تەركىبىدە فتور بولغان، فتورغا ئىگە: فتورلۇق كاۋچۇك. فتورلۇق سۇلياۋ.

**فتورلۇق كاۋچۇك** <خىم> سىنتېتىك كاۋچۇكنىڭ بىر خىلى، فتور گازى بىلەن ئارىلاشقان ئورگانىك ماددىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى ھارارەتكە، مايغا، چىرىتىشكە چىداش دەرىجىسى ھازىر بار بولغان ھەر خىل كاۋچۇكلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى. ھەربىي سانائەت ۋە ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**فتورىد** ئى (ر<گرېك) <خىم> ← **فتورىد كىسلاتا.**

**فتورىد كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە، يەنى ھىدروگېن فتورىدنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى. مولېكۇلا فورمۇلىسى HF. رەڭسىز ھەم زەھەرلىك، يېمىرىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئەينەك ۋە نۇرغۇنلىغان مېتاللارنى يېمىرەلەيدۇ. ئادەتتە، ئەينەككە يېزىق، خەت ۋە رەسىم قاتارلىقلارنى چېكىشتە مۇشۇ خىل كىسلاتا ئىشلىتىلىدۇ.

**فرازېئولوگىيە** ئى (ر<گرېك) ① <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، مەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ تىلدىكى قوللىنىلىشى، تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى. ② تەركىبىدىكى سۆزلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان، پەقەت پۈتۈن بىرىكمە شەكلىدىلا ئىشلىتىلىدىغان ھەم ئادەتتىكى سۆز ياساش قائىدىسى بىلەن تەھلىل قىلىشقا بولمايدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى: ئۇيغۇر تىلى فرازېئولوگىيىسى.

**فرازېئولوگىيىلىك** سۈپ. فرازېئولوگىيىگە ئائىت: فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمە.

**فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمە** <تىل> ← **تۇراقلىق بىرىكمە.**

**فرانسۇز** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**فرانسۇز تىلى** <تىل> فرانسۇزلار ئىشلىتىدىغان تىل، يەنى خەلقئارادا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ رىم تىلى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. فرانسىيە، بېلگىيە، شۋېيتسارىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ، لاتىن يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

**فرانسۇزچە** ① سۈپ. فرانسۇزلارغا خاس، فرانسۇز تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەتلىرىگە ئائىت: فرانسۇزچە ئادەت. فرانسۇزچە

كىتاب. * فرانسوزچە كىتابتىن جەمئىي ئۈچنى ئوقۇدۇم. ② ئى. فرانسۇز تىلى: مەن هازىر فرانسوزچىنى ئۆگىنىۋاتىمەن. ③ رەۋ. فرانسوز تىلىنى ئىشلىتىپ، فرانسوز تىلى بىلەن :فرانسۇزچە سۆزلىمەك.

**فرانسۇزلار** ئى <ئىرق> فرانسۇز مىللىتى، فرانسۇز خەلقى. ئۇلار ئاساسەن فرانسىيىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بېلگىيە، شۋېيتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ فراسۇزلار ياشايدۇ.

**فرانسىي** ئى (ر<لات) <خىم> رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت. بەلگىسى Fr (francium) ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپلىرىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 21 مىنۇت.

**فرانك** ئى (ر<فران) فرانسىيە، بېلگىيە، شۋېيتسارىيە قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فرونت** ئى (ر<نېم) ① <ھەرب> ئۇرۇش ۋاقتىدا، دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىدىغان جاي، جەڭ مەيدانى؛ ئالدىنقى سەپ: شۇ كەچتە پۈتۈن شەھەر خەلقى فرونتقا كېتىۋاتقان ئوغۇل-قىز جەڭچىلەر بىلەن قىيقاس-چۇقانلار ئىچىدە خوشلاشتى. * - يولداش مۆمىنوپ بىلەن بىز فرونتتا تونۇشقانىدۇق، - دېدى ئۇ. ② <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى سوغۇق ھاۋا ماسسىسى بىلەن ئىللىق ھاۋا ماسسىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تار، ئۆتكۈنچى بەلباغ.

**فرونت رايونى** <مېتېئور> ① جەڭ مەيدانى، ئورنى. ② گورىزونتال يۆنىلىشتىكى زىچلىق پەرقى روشەن بولغان ئىككى ھاۋا ماسسىسى ئارىسىدىكى ئۆتكۈنچى بەلباغ.

**فرونتنىڭ پەيدا بولۇشى** <مېتېئور> ئەسلىدىكى فرونتنىڭ كۈچىيىشى ياكى يېڭى فرونتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى. مەلۇم جاينىڭ بىرلىك ئارىلىقىدىكى گورىزونتال تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ تەدرىجىي ھالدا چوڭىيىشى فرونتنىڭ پەيدا بولۇش بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

**فرونتنىڭ يوقىلىشى** <مېتېئور> ئەسلىدىكى فرونتنىڭ ئاجىزلىششى ياكى يوقىلىش جەريانى. مەلۇم جاينىڭ بىرلىك ئارىلىقىدىكى گورىزونتال تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ تەدرىجىي ھالدا كىچىكلىشى فرونتنىڭ يوقىلىش بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

**فرونت يۈزى** <مېتېئور> فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ھاۋا ماسسىسىنىڭ ئۇچرىشىش يۈزى.

**فرىكتوزا** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ساخاروزا، شېكەر قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلغۇچى ماددا. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_{12}O_6$. ئاق رەڭلىك كرىستال ھالىتىدە بولۇپ، تاتلىق كېلىدۇ، مېۋە-چېۋە، ھەسەل قاتارلىقلار تەركىبىدە بولىدۇ.

**فلاگېللار** ئى (ر<لات) <زوئول> بىر ياكى بىرنەچچە تال قامچا تۈكىنى ھەرىكەت ئورگىنى قىلىدىغان ئاددىي ھايۋان. تاتلىق سۇ ياكى تۇزلۇق سۇلاردا ياشايدۇ. بەزىلىرى ھايۋان تېنىدە پارازىت ياشايدۇ. مەسىلەن، ئېۋگلېنا، قارا بەزگەكنى پەيدا قىلغۇچى قۇرت ۋە تامچا قۇرت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**فلانگې** ئى (ئىنگ) <ماشىن> ← فلانگې تەخسە.

**فلانگې تەخسە** <ماشىن> مېتال تۇرۇبىلارنى ئۇلاش ياكى چىڭىتىشتا

ئىشلىتىلىدىغان تەخسە شەكىللىك دېتال.

**فلانېل** ئى (ئىنگ) كۆز ۋە ئەتىيازلىق كىيىم-لەرنى تىكىشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، يۇڭدىن ياكى يۇڭ بىلەن پاختىدىن ئارىلاش توقۇلغان گەزلىمە، رەخت.

**فلوت** ئى (ر<نېم) <هەرب> ① مەلۇم ستراتېگىيىلىك دېڭىز رايونلىرىدا جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دېڭىز ئارمىيە كۈچى. ئادەتتە ئۇ سۇ ئۈستى هەربىي پاراخوتى، سۇ ئاستى پاراخوتى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە قىسمى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ② ئۇرۇش قىلىش ياكى مەلۇم ۋەزىپىنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن نۇرغۇن پاراخوتلاردىن ۋاقىتلىق قۇرۇلغان سەپ: بىز قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگىلا ئەمەس، بەلكى قۇدرەتلىك هاۋا ۋە دېڭىز فلوتىغىمۇ ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

**فلورېن** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{13}$. ئاق رەڭلىك تارشىسمان كرىستال جىسىم. تاشكۆمۈر يېغى تەركىبىدە بولىدۇ.

**فلورىن** ئى. گوللاندىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فلېيتا** ئى (ر<ئىتال) <مۇز> يەللىك چالغۇ ئەسۋابى. كۆپىنچە مېتالدىن ياسىلىدۇ، نەيگە ئوخشايدۇ. ئۈستىدە تۆشۈكلىرى بولۇپ، بۇ تۆشۈكلەر ئۈستىدە تىللىرى بولىدۇ.

**فوتو** (ر <گرېك) ① ئى « فوتوگرافىيە » سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى: فوتو ئاپپارات. ② سۈپ. يورۇقلۇق هادىسىلىرى بىلەن باغلانغان، يورۇقلۇققا ئائىت: فوتو بىئولوگىيە. فوتو قارشىلىق. فوتو ئېلېكتر ئېففېكتى. فوتو ئېلېمېنت.

**فوتو ئاپپارات** سۈرەت تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مېخانىزم. ئادەتتە كۆز، لېنتا قاپچۇقى، زاتۋور، دالنومېتر، مەنزىرە رامكىسى ۋە فوتومېتر قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ: ئۇ كوللېكتىپ ۋە شەخسىلەرنىڭ يۈزلىگەن رادىئو ۋە فوتو ئاپپاراتلىرىنى هەقسىز رېمونت قىلىپ بەردى.

**فوتو باسما** <مەت> سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەت ياسىلىدىغان باسما. كۆپىنچە ئۇ كىتاب، جەدۋەل (گرافىك)لارنى كۆچۈرۈپ ياكى كۆپەيتىپ بېسىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**فوتو باسما ماتېرىيال** <مەت> سۈرەت تارتىش ئۇسۇلى بويىچە بەت ياسىلىپ، شۇ ئارقىلىق بېسىپ چىقىلغان ماتېرىيال.

**فوتو بىئولوگىيە** ئى <بىئول> بىئولوگىيىنىڭ يورۇقلۇقنىڭ تىرىك ئورگانىزمغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**فوتو تېلېگراف** <فىز> فوتو ئېلېكتر ئېففېكتىدىن پايدىلىنىپ، سىملىق ياكى سىمسىز رادىئو قۇرۇلمىسى ئارقىلىق رەسىم، جەدۋەل، خەت-چەك، هۆججەت قاتارلىقلارنى بىۋاسىتىلا يىراق جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر خىل ئالاقە شەكلى ياكى شۇنداق قۇرۇلما.

**فوتو تېلېگراما** فوتو تېلېگراف ئارقىلىق يوللانغان تېلېگراما.

**فوتو سۈرەت** فوتو ئاپپارات ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت. بۇ خىل سۈرەت ئادەتتە نۇر سەزگۈچ قەغەزنى سۈرەت ئېلىنغان نېگاتىپ ئاستىغا قويۇپ، نېگاتىپنى نۇرلاندۇرۇپ، چۈشكەن كۆلەڭگىنى ئۇنىڭدا مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق هاسىل بولىدۇ.

**فوتو سۈرەتچىلىك** فوتو ئاپپارات بىلەن

سۈرەت تارتىش كەسپى.

**فوتو قارشىلىق** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنىڭ دېتالى. يورۇقلۇقتا بولغان سەزگۈرلۈكى ئىنتايىن كۈچلۈك. قارشىلىق قىممىتى يورۇقلۇقنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، يورۇقلۇق سىگنالىنى ئېلېكتر سىگنالىغا ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنى فوتو ئېلېكتر كونتروللىغۇچنىڭ دېتالى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**فوتو مۇخبىر** <مەت> گېزىت ۋە ژۇرناللارنى تەشۋىقات ئاساسىدىكى سۈرەتلىك خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىگۈچى مۇخبىر: شىنجاڭ گېزىتىنىڭ فوتو مۇخبىرى.

**فوتو نۇسخا** <مەت> ھۆججەت، خەت-چەك ۋە بىرەر كىتاب قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى ئورىگىنالىنى سۈرەتكە ئېلىپ، قايتا بېسىش ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى: «بابۇرنامە» نىڭ فوتو نۇسخىسى.

**فوتو ئېلېكتر كۆز** <فىز> ① ئۆزلۈكىدىن كونترول قىلىنىدىغان بەزى ئۈسكۈنىلەردىكى فوتو ئېلېكتر لامپا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② سىمسىز رادىئو قۇرۇلمىلىرىدىكى تەڭشەش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئېلېكترون لامپا.

**فوتو ئېلېكتر لامپا** <فىز> يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرىدىغان دېتال. شەكلى لامپۇچكىغا ئوخشايدۇ، ئىچىگە فوتو ئېلېكتر ئېففېكتى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئېلېكتر قۇتۇپى قاچىلىنىدۇ، نۇرنى قوبۇل قىلغان ھامان سىرتقا ئېلېكترون چىقىرىدۇ. تۈرلۈك تېخنىكا ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**فوتو ئېلېكتر ھادىسىسى** <فىز> ماددىلار ئۈستىگە ئېلېكتر ماگنىتلىق رادىئاتسىيە ئارقىلىق نۇر چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېلېكترون قويۇپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**فوتو ئېلېكتر ئېففېكتى** <فىز> بەزى ماددىلارنىڭ نۇر تەسىرىدە ئېلېكترون قويۇپ بېرىش ھادىسىسى. مەسىلەن، سېلېن، كالىي،ناترىي قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل ھادىسە يۈز بېرىدۇ.

**فوتو ئېلېمېنت** <فىز> نۇرنىڭ چېچىلىشىدىن پايدىلىنىپ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ئادەتتە فوتو ئېلېكتر ئېففېكتى كۈچلۈك بولغان سېلېن، مىس ئوكسىدى قاتارلىق ماددىلاردىن ياسىلىدۇ. سۈرەت تارتىشتا يورۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان فوتومېترمۇ بۇ خىل ئېلېمېنتتىن ئىشلەنگەن.

**فوتوسىنتېز** ئى (ر<گرېك) <بوت> يېشىل ئۆسۈملۈكلەر خلوروفىلىنىڭ كۈن نۇرىدا سۇ بىلەن كاربون (IV) ئوكسىدىنى سىنتېزلاپ ئورگانىك ماددىلارنى ھاسىل قىلىش ھەم ئوكسىگېننى چىقىرىۋېتىش جەريانى.

**فوتوسىنتېز باكتېرىيىسى** <بئول> فوتو سىنتېز رولىنى ئىجرا قىلىدىغان بىر قىسىم باكتېرىيەلەر. مەسىلەن، بىنەپشە ياكى يېشىل رەڭدىكى تىئوسۇلفون باكتېرىيىسىگە ئوخشاش.

**فوتوسىنتېز رولى** <بوت> يېشىل ئۆسۈملۈكلەر خلوروفىلىنىڭ كۈن نۇرىدا سۇ بىلەن كاربون (IV) ئوكسىدىنى سىنتېزلاپ ئورگانىك ماددا ھاسىل قىلىش ھەمدە ئوكسىگېن قويۇپ بېرىش رولى: ئالىملارنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشلىرىگە

قارىغاندا، بىر مو ئورمان فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ھەر كۈنى 49 كىلوگرام ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىپ، 67 كىلوگرام كاربون (IV) ئوكسىدىنى سۈمۈرۈۋالىدىكەن.

**فوتوگراف** ئى (ر) <كىنو> فوتو ئاپپارات بىلەن سۈرەت تارتقۇچى مۇتەخەسسىس، فوتوگرافىيە مۇتەخەسسىسى: ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ بولغۇچە، تەشۋىقات كادىرى فوتوگرافنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس راسلانغان ئۆيگە باشلاپ كەتكەنىدى.

**فوتوگرافىيە** ئى (ر<گرېك) فوتو ئاپپاراتلار ئارقىلىق، ئوبيېكتىپ تارقىتىدىغان ھەم قايتۇرىدىغان نۇرلىنىشلار تەسىرىدە نۇر سەزگۈچى قاتلاملاردا يۈز بېرىدىغان فىزىكىلىق ھەم خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن، جىسىملار ۋە ئوپتىك سىگناللارنىڭ تۇرغۇن تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە جەريانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**فوتوگرافىيە سەنئىتى** <گ سەن> شەكىل يارىتىش سەنئىتىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، سەنئەتكار فوتو ئاپپارات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئىپادىلىنىدىغان بولغان ئوبيېكت رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەقىقىي نەرسىلەر بولۇپ، پېرسوناژ، ۋەقەلىك ۋە مۇھىتنىڭمۇ ھەقىقىي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ پەقەت رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي شەيئىلەرنىلا تەسۋىرلەيدۇ؛ ئۆتۈپ كەتكەن ياكى كېلەچەكتىكى شەيئىلەرنى بولسا تەسۋىرلىيەلمەيدۇ.

**فوتومېتر** ئى (فوتو+مېتر) <فىز> نۇرنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**فوتون** ئى (ر<گرېك) <فىز> نۇرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچە. ئۇ بەلگىلىك ئېنېرگىيىگە ئىگە بولۇپ، يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسى نۇرنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى قانچە قىسقا بولسا، فوتوننىڭ ئېنېرگىيىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

**فورامىنىفېرا** ئى (ر<لات) <زوئول> بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋان. قېپىدا كۆپلىگەن تۆشۈكچىلەر، تېنىدە نۇرغۇنلىغان يىپسىمان يالغان پۇتلىرى بولىدۇ. دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ، قاپلىرى دېڭىز ئاستىدا دۆۋىلىنىپ، تاغ جىنسلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. فورامىنىفېرانىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇقىدىن تاغ جىنسلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك يېشىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

**فورما** ئى (ر<لات) ① بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلى، نۇسخىسى، پاسونى: ئۇ شەھەر فورمىسىدا، شەھەر بايلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشىتىپ سېلىنغان كۆك دەرۋازىلىق يوغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. * گومىنداڭنىڭ ساقچى فورمىسىدا كىيىنگەن مۆلدۈيجاڭ جىددىي مېڭىپ يۈرگەنىدە پەردە ئېچىلىدۇ. ② مەلۇم بىر ساھەدىكى كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن، تىكىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان كىيىم: جەڭچىنىڭ ھەربىي فورمىغا ئىچى كۆيەتتى. * — بۇ جىنايەتچىنىڭ ھەربىي فورمىلىرى ئېلىنسۇن، — دېدى زاھىدوپ.

**فورمات** ئى (ر<لات) <مەت> كىتاب،

گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ چوڭ-كىچىك-لىك ئۆلچىمى. ئادەتتە ئۇ بىر پۈتۈن باسما قەغىزىنىڭ تەڭ هالەتتە بۆلۈنگەن بۆلەكلىرىنىڭ سانى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر پۈتۈن قەغەز 16 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنسە، بۇ باسما بۇيۇمنىڭ ئۆلچىمى 16 فورمات؛ ئەگەر 32 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنسە، بۇ باسما بۇيۇمنىڭ ئۆلچىمى 32 فورمات بولىدۇ.

**فورماتسىيە** ئى (ر<لات) <پەلس> ① ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۈستقۇرۇلما بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى: ئىجتىمائىي فورماتسىيە. ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي فورماتسىيە. * جەمئىيەت تەرەققىياتى بەش خىل ئاساسىي فورماتسىيىگە بۆلۈنىدۇ. مۇشۇ بەش خىل ئاساسىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىگە ماس كېلىدىغان، خاراكتېرى جەھەتتىن ئوخشاش بولمايدىغان بەش خىل مائارىپمۇ بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا مائارىپ يەنە تارىخىي كاتېگورىيە. ② شەيئىلەرنىڭ شەكلى ياكى ئىپادىسى: ئەخلاق ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ بىرى. * مانا بۇلار سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈمدىكى ئىككى خىل دۇنيا قاراش، ئىككى خىل ئاڭ فورماتسىيىسى ئارىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىنكاسى.

**فورمال** سۈپ (د) فورما ياكى شەكىلگە ئاساسلانغان نەرسە ۋە هادىسىلەرنىڭ ھەقىقىي ھالىتىگە زىت، شەكلەن: فورمال لوگىكا.

**فورمال لوگىكا** <لوگ> تەپەككۇر شەكلى ۋە قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ تەپەككۇرنىڭ ئۇقۇم، هۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە قاتارلىق ئاساسىي شەكىللىرىنى ۋە ئەينىيەت قانۇنى، زىددىيەت قانۇنى، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنى قاتارلىق تەپەككۇر قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**فورمالدېگىد** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى HCHO. ئۇ رەڭسىز گاز جىسىم بولۇپ، غىدىقلىغۇچى سېسىق پۇراقى ئىگە. ئادەتتە سۇلياۋ، پارتلاتقۇچ دورا ۋە بوياق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. تەركىبىدە 40 پىرسەنت فورمالدېگىد بولغان سۇلۇق ئېرىتمىلەر كۆپىنچە دېزىنفېكسىيە دورىسى قىلىنىپ، ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر ۋە يارا ئاغزىنى يۇيۇشقا، دېھقانچىلىقتا بولسا ئۇرۇقلارنى دورىلاش ۋەدېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**فورمالىزم** ئى (د) <لوگ> لوگىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق پەنلەردە ئاساسىي مەزمۇنغا سەل قاراپ شەكىل، -فورمىغا ئارتۇقچە ئەھمىيەت بېرىدىغان، رېئالىزمغا قارىمۇقارشى بولغان بىر خىل ئىدېئالىستىك ئۇقۇم؛ شەكىلۋازلىق، رەسمىيەتچىلىك.

**فورمالىزمچى** ئى. فورمالىزم تەرەپدارى، فورمالىزمنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغان كىشى.

**فورمالىن** ئى (د) فورمالدېگىدنىڭ سۇلۇق ئېرىتمىسى. ئۇ دېزىنفېكسىيە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**فورمۇلا** ئى (ر<لات) ① <مات> بىرقانچە مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق يېزىلغان ئىپادە. مەسىلەن، ئىككى سانىنىڭ يىغىندىسى S, ئايرىمىسى d بولسا، بۇ ئىككى سانىنى تېپىش فورمۇلىسى مۇنداق بولىدۇ: چوڭ سان $\frac{1}{2}(s+d)$ ياكى

كىچىك سان ( $s-d$ ) $\frac{1}{2}$. ② <خىم>
ماددىلار سوستاۋىنىڭ خىمىيۋى بەلگە
ياكى كوئېففىتسېنتلار ئارقىلىق يېزىلغان
ئىپادىسى: سۇنىڭ فورمۇلىسى. سۇلفات
كىسلاتاسىنىڭ فورمۇلىسى.

**فورمۇللاشتۇرماق** پ. فورمۇلا شەكلىگە،
فورمۇلا ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**فورمۇللاشتۇرۇلماق** « فورمۇللاشتۇرماق »
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاۋېنارئوسنىڭ
بىئومېخانىكىسى زادىلا ھېچقانداق يېڭى كۆزنىتىش-
نى ئاساس قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ بەلگىسى
ساپ فورمۇللاشتۇرۇلغان ئۇقۇملار تۈزۈملىرىدىن
ئىبارەت.

**فورمىئات** ئى (ر<لات) <خىم> ← **فورمىئات
كىسلاتا.**

**فورمىئات كىسلاتا** <خىم> ئەڭ ئاددىي
بولغان بىر خىل ئورگانىك كىسلاتا.
مولېكۇلا فورمۇلىسى $HCOOH$. رەڭسىز
سۇيۇقلۇق بولۇپ، غىدىقلىغۇچى سېسىق
پۇراقى ئىگە. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئوكسالات
كىسلاتاسى ئىشلىنىدۇ. ئۇ يەنە بوياقچىلىق
ۋە كۆنچىلىك سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**فورىنت** ئى. ۋېنگرىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فوسفات** ئى (ر<گرېك) <خىم> ←
فوسفاتلار.

**فوسفات كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك
بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $H_3PO_4$.
سۈزۈك كرىستال جىسىم، ھاۋادا ئاسانلا
ئېرىپ پارچىلىنىپ، كىسلاتالىق خۇسۇ-
سىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭ قويۇقراق
ئېرىتمىسى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە
ئۇ رېئاكتىپ تەجرىبە دورىسى قىلىنىدۇ،
شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئوغۇت، تىببىي دورا،
بوياش دورىسى قاتارلىقلارنى ياسىغىلى
بولىدۇ.

**فوسفات كىسلاتا ئېنزىمى** <خىم>
فوسفات كىسلاتاسىنىڭ گىدرولىزلىنىشى
ۋە بىرىكتۈرۈلۈشىگە كاتالىزاتورلۇق قىلىش
بىلەن بىرگە، فوسفات كىسلاتا رادىكالىنى
فوسفات كىسلاتاسىدىن باشقا خىمىيۋى
بىرىكمىلەرگە يۆتكەيدىغان ئېنزىم.

**فوسفاتلار** ئى <خىم> فوسفات كىسلاتاسىنىڭ
مېتاللار بىلەن ھاسىل قىلغان تۇزلىرى.
فوسفات كىسلاتاسى ئۈچ نېگىزلىك كىسلاتا
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ خىل تۇز ھاسىل
قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ئوغۇت ئورنىدا
ئىشلىتىلىدۇ.

**فوسفاتلاشتۇرغۇچى** « فوسفاتلاشتۇرماق »
پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: فوسفاتلاشتۇرغۇچى
ئېنزىم.

**فوسفاتلاشتۇرغۇچى ئېنزىم** <خىم>
گلۇكوگېن ۋە ئانئورگانىك فوسفاتقا
كاتالىزاتورلۇق قىلىپ ( I ) فوسفاتلىق
گلۇكوزىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئېنزىم.
ئۇ ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مىكرو ئورگا-
نىزملاردا كەڭ ئۇچرايدۇ.

**فوسفاتلىق** سۈپ. تەركىبىدە فوسفات بولغان:
فوسفاتلىق ماي.

**فوسفاتلىق ماي** <خىم> ئۆسۈملۈك
ۋە ھايۋانلارنىڭ ھۈجەيرىسىدىكى تەركى-
بىدە فوسفور بىلەن ئازوت بولغان ماي.
ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ،
ئادەتتە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشقا
ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە ئەڭ ياخشى
ئېمۇلسىيىلىگۈچى بولغاچقا، گىرىم بۇيۇملى-
رى، سوپۇن، كاۋچۇك ۋە كۆن-خۇرۇم
قاتارلىقلارنى تەييارلاشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**فوسفور** ئى (ر<گرېك) <خىم> مېتاللوئىد
ئېلېمېنت، بەلگىسى P (phosphorum).
رەڭگىگە قاراپ ئاق فوسفور (سېرىق

فوسفور)، قىزىل فوسفور ۋە قارا فوسفور قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇ مۇھىم بىر خىل ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ نېرۋا، مېڭە (باش) ۋە سۆڭەك توقۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا فوسفور بولىدۇ: بىز ھۆددە ئالغان يەرنىڭ تۇپراق خىلى، كالتسىي ماددىسى كۆپ ھاكلىق تۇپراق. ئورگانىك تەركىبلىرى يوق دېگۈدەك، بەك كەمدۇر فوسفور بىلەن كالىي بىراق.

**فوسفور نۇرى** <فىز> بەزى ماددىلار-نىڭ سۈركىلىش، تەۋرىنىش، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ياكى ئېلېكتر دولقۇنىنىڭ تەسىرى بىلەن چىقارغان نۇرى مەسىلەن، ئالماسنىڭ قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قاراڭغۇ جايدا چىقىرىدىغان يېشىل نۇرى؛ كالتسىت، فلىيۇئورىت، كۋارتس، بارىت ھەمدە كالتسىي، بارىي، سترونتسىي قاتارلىقلارنىڭ سۇلفىدلىرى چىقارغان نۇرلار.

**فوسفور يالقۇنى** <خىم> فوسفىن يانغاندا چىقارغان يالقۇن. فوسفور بىلەن سۇ ياكى ئاساس تەسىرلەشكەندە فوسفىن ھاسىل بولىدۇ. فوسفىن ئۆزلۈكى-دىن يانىدىغان گازدۇر. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ جەسىتى چىرىگەندىن كېيىن فوسفىن ئاجرىلىپ چىقىپ، ئۆزلۈكى-دىن يانىدۇ. بەزى كېچىلىرى داللاردا كۆكۈچ ئارىلاش ئاق نۇرلارنىڭ يالقۇنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ فوسفور يالقۇ-نىدۇر.

**فوسفورلۇق** سۈپ. تەركىبىدە فوسفور بار، فوسفور ئارىلاشقان: فوسفورلۇق ئوغۇت. فوسفورلۇق سائەت. * مايۇر بۇ كېلىشكەن جەگچىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قولىغا فوسفورلۇق سائەتنى بىرنى تاقاپ قويدى.

* ھەر مو يەرگە 100 تاغاردىن ئوغۇت تۆككەندىن تاشقىرى، ئۇرۇقنى فوسفورلۇق ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ سالدى.

**فوسفورلۇق ئوغۇت** <خىم> تەركىبىدە فوسفور بولغان ئوغۇت. ئادەتتە ئىشلە-تىلىۋاتقانلىرى سۆڭەك پاراشوكى، سۇپېر فوسفات ۋە فوسفورلۇق مىنېرال ماددا قاتارلىقلاردۇر. فوسفورلۇق ئوغۇتلار زىرا-ئەت دانلىرىنىڭ تولۇقلىنىشىنى كاپالەتلەندۈ-رۈپ بالدۇر پىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**فوسفورىت** ئى (ر) <گېئول> يوشۇرۇن كرىستاللىق ئاپاتىتلار گۇرۇپپىسىدىكى مىنېراللار بىلەن ھەر خىل قوشۇلمىلاردىن تەشكىل تاپقان چۆكۈندى جىنس. مۇتلەق كۆپچىلىكى خىمىيىلىك يول بىلەن دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ پەيدا بولغان. دېھقانچىلىقتا ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**فوسفىن** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. ھىدرو فوسفىد تەركىبىدىكى ھىدروگېن ئاتومىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى ھىدرو كاربون رادىكالى بىلەن ئالماشقاندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ.

**فوسگېن** ئى (ر<گرېك) <خىم> بىر خىل ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $COCl_2$. رەڭسىز، زەھەرلىك گاز. ئۇنىڭدىن بوياق ۋە ئۇيا-ئەگلىك، ئەتىر قاتارلىق پۇراقلىق بۇيۇملار ئىشلىنىدۇ. نەپەس ئېلىش ئورگانلىرىنى ئاسان زەھەرلەيدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا جاھانگىرلار ئۇنى زەھەرلىك گاز ئورنىدا ئىشلەتكەن-دى.

**فوكستروت** ئى (ر<ئىنگ) <ئۇس> كىچىك قەدەملەر بىلەن ئاياغنى سۆرەپ يۈرۈپ ئوينىلىدىغان، رېتىمى $\frac{4}{4}$ تاكتلىق تانسا

ۋە شۇ تانسىنىڭ مۇزىكىسى.

**فوكۇس** I ئى (ر<لات) ① <فىز> سۇنغان ياكى قايتقان پاراللېل نۇرلارنىڭ ئۆزئارا كېسىشكەن ياكى توپلانغان نۇقتىسى: پىشنىقى لىنزىنىڭ فوكۇسى. ② <مات> ئېللىپس، گىپېربولا، ياكى پارابولالار بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان نۇقتا. مەسىلەن، ئېللىپسنىڭ ئىككى فوكۇسىدىن ئېللىپسنىڭ ئۈستىدىكى خالىغان بىر نۇقتىغىچە بولغان ئارىلىقلارنىڭ يىغىندىسى بىر تۇراقلىق سان بولىدۇ.

**فوكۇس ئارىلىقى** <فىز> سىفىرىلىق ئەينەك ياكى لىنزىنىڭ مەركىزىدىن باش فوكۇسقىچە بولغان ئارىلىق.

**فوكۇس نۇقتىسى** <فىز> ← فوكۇس I .

**فوكۇس** II ئى (ر<نېم) ياڭزا، شەكىل.

**فوكۇس چىقارماق** مەلۇم بىر خىل شەكىل چىقارماق، ياڭزا چىقارماق: خەتنى فوكۇس چىقىرىپ يازماق. * ئۇ دائىم بىر خىل فوكۇس چىقىرىپ ماڭاتتى.

**فولكلور** ئى (ر<ئىنگ) <ئەد> خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى: ئاپتونوم رايونىمىزدا فولكلور يىغىش ۋە ئۇنى نەشر قىلىش خىزمىتى 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يۈكسەلدى.

**فونتان** ئى (ر<ئىتال) ① كۆچلۈك بېسىم بىلەن يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان سۇ، گاز، نېفت قاتارلىقلار: ئۇرغۇپ يەر قېتىدىن چىققان سۈزۈك سۇ، بولۇپمۇ بىھېساب مەرۋايىت جالا. كۆمۈشتەك ھەر جالا قايرىلىپ چۈشۈپ، ياساپ زور بىر فونتان تۇرار باغ ئارا. ② مەنزىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ياكى باشقا ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن كۆل ياكى مۇناسىۋەتلىك جايلارغا ئورنىتىلىدىغان، ئېغىزدىن يۇقىرىغا سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان تۇرۇبا نەيچىسى، شۇنداق قۇرۇلما: تۈن پەردىسى چۈشۈشكە باشلىغاندا، يىغىن بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ چىراغلار تەڭلا نۇر چېچىشقا باشلاپ، فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇلارغا ئاجايىپ چىرايلىق ھۆسن كىرگۈزگەنىدى.

**فونتان بولماق** فونتانغا ئوخشىماق؛ يۇقىرى ئۆرلىمەك: مانا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مۆجىزە – نەچچە قات يەر تەكتىدىن قارا ئالتۇن قىياملىرى فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقماقتا. * تۇرىدۇ ئۇن ئۈچ پەرى قاھ-قاھ ئۇرۇپ، شادلىقى ئۇرغۇپ گويا فونتان بولۇپ.

**فونتان قىلماق** ئۇرغۇتماق، ئېتىلدۇرۇپ چىقارماق، يۇقىرى ئۆرلەتمەك: يولدا تۆتلەشتۈرۈشنىڭ يېڭىچە زور جۈرئەت بىلەن، ئاتلىنىپ مەنزىلگە-ئالغا، غەيرەتنى فونتان قىلدىڭىز.

**فونتانگۈل** ئى (فونتان+گۈل) <بوت> ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۆمۈنە ياكى تۇخۇم-سىمان تۆمۈنە شەكىلدە بولۇپ، پارقىرايدۇ. گۈلى ئاق ۋە خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**فونتانلىق** سۈپ. فونتىنى بار، فونتان ئورۇنلاشقان: پەلەمپەينىڭ پېنىدا تاشلاپ قويۇلغان بىر يۇملاق فونتانلىق كۆل بار ئىدى.

**فوند** I ئى (ر<لات) ① دۆلەت ياكى خەلقنىڭ مەلۇم بىرەر ئىش ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلى، مەبلىغى: جامائەت فوندى. پاراۋانلىق فوندى. ② غەملەپ، توپلاپ قويۇلغان بايلىق ياكى مەۋجۇت بار نەرسە: لۇغەت فوندى. ئۇرۇقلۇق فوندى.

**فوند** II ئى (لات) مىسىر، سۇدان، لىۋانلارنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فوند ستېرلىڭ** ئەنگلىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**فونولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ فونېملار سىستېمىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**فونولىت** ئى (ئىنگ) <گېئول> يانار تاغلارنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاچ رەڭلىك، يوشۇرۇن كرىستاللىق جىنس. تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئىشقارلىق دالا شپاتى، دالا شپاتسىمانلار ۋە ئاز مىقداردا ماگنىي-تۆمۈرلۈك مىنېراللار بولىدۇ.

**فونون** ئى (ر<گرېك) <فىز> كرىستالدىكى ئاۋاز تېزلىكى بىلەن تارقىلىدىغان ئاتوم تەۋرىنىش دولقۇنىنىڭ ئېنېرگىيە كۋانتى.

**فونېتىكا** ئى (ر<گرېك) <تىل> ① تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ② تىلنىڭ تاۋۇش سوستاۋى: ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى.

**فونېتىكىلىق** سۈپ. فونېتىكىغا خاس، فونېتىكىغا دائىر: فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش. فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت. * ھەرقايسى مىللەتلەر بۇنداق فونېتىكىلىق سۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى شېئىرىي ۋەزىندە ھەر خىل ئاتىشىدۇ.

**فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش** <تىل> تىل تاۋۇشلىرىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش.

**فونېما** ئى (ر<گرېك) <تىل> بىر تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدىكى مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك بىرلىك.

**فونىزم** ئى (فران) <گ سەن> فرانسىيە ھازىرقى زامان رەسساملىق ئېقىملىرىدىن بىرى. بۇ ئېقىمدىكىلەر سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇراتنى تەكىتلەيدۇ، چوڭ رەڭ پارچىلىرى ۋە سىزىقلار بىلەن مۇبالىغە قىلىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن ئوبرازلار ئارقىلىق «ساپلاشتۇرۇلغان» زىنىنەتلىك ئۈنۈمنى قوغلىشىدۇ.

**فۇراتسىلىن** ئى (لات) <تىب> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_6O\ N_4$. ئۇ ئاچ سېرىق رەڭلىك پاراشوكسىمان ماددا بولۇپ، كۆپ خىل باكتېرىيىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئۇنى يوقىتىش رولىنى ئوينايدۇ، تېرە ۋە شىللىق پەردىلەرگە سىرتتىن سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيە دورىسى قىلىشقا بولىدۇ.

**فۇران** ئى (ر<ئىنگ) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_4O$. ئۇ رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ، دورا ياساشتا پايدىلىنىلىدۇ، ھەمدە خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

**فۇرفۇرول** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_3O\cdot CHO$. ئۇ بىر خىل رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ شال پاخلى، مەدەك، خۋاسىڭ شاكىلى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ گىدرولىزلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇلياۋ، سىنتېتىك تالا، سىنتېتىك كاۋچۇك ۋە دورا قاتارلىقلارنىڭ خام ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**فۇگا** ئى (لات) <مۇز> مۇرەككەپ كۆيلۈك مۇزىكا شەكىللىرىدىن بىرى. بىر تېمىلىقى «يەككە فۇگا»، ئىككى تېمىلىقى «قوش فۇگا»، ئۈچ تېمىلىقى «ئۈچ فۇگا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ئۆز ئالدىغا ئەسەر قىلىپ پايدىلىنىشقىمۇ، مۇقەددىمە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يۈرۈشلۈك ئاھاڭ قىلىپ پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

**فۇگۇەن** ئى (خەن) <ھەرب> ① بۇرۇنقى

ۋاقىتلاردىكى ئارمىيە ئىچىدە مەمۇرىي خىزمەت ئۆتەيدىغان ئوفىتسېر. ② ئوفىتسېرلارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل ھەربىي - خادىم، كانۋوي: ئۇنىڭ ھەربىي خىزمەت قىلغىنىغا توپتوغرا تۆت يىل بولغان بولۇپ، ئىككى يىل ئالاھىدە خىزمەت لىيەندە؛ ئىككى يىل باتالىيون كوماندىرىنىڭ فۇگۇەنى بولۇپ ئىشلىدى.

**فۇلمىنات** ئى (د) <خىم> ← **فۇلمىنات كىسلاتا.**

**فۇلمىنات كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك كىسلاتا. مولېكۇلا فورمۇلىسى HONC. ئۇچۇچان، تۇراقسىز ماددا بولۇپ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ناھايىتى ئاسان پولىمېرلىنىدۇ، سۇدا ئاز ئېرىيدۇ، سىركە كىسلاتاسى ۋە ئېفىردا ياخشى ئېرىيدۇ. زەھەرلىك. بۇ كىسلاتانىڭ سىماب تۇزى ($Hg(ONC)_2$) گۈلدۈرلىگۈچى سىماب دەپ ئاتىلىدۇ. پارتلاتقۇچ دورىلار ئىچىدىكى كاپسۇللارغا مانا مۇشۇ گۈلدۈرلىگۈچى سىماب قاچىلانغان.

**فۇندامېنت** ئى (ر<لات) <بىن> ← **ئۇل.**

**فۇنستاتۇس** ئى (لات) <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 — 20 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولۇپ، ياپىلاق كېلىدۇ. دۈمبە قىسمى بوز يېشىل، ئىككى يان تەرىپى ئاق كۈمۈش رەڭدە بولىدۇ. دۈمبە پالاقچىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تېلى ناھايىتى ئۇزۇن. دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدا ياشايدۇ.

**فۇنكسىئونال** سۈپ (د) فۇنكسىيىگە ئائىت، فۇنكسىيىگە باغلىق بولغان: فۇنكسىئونال پسىخولوگىيە.

**فۇنكسىئونال پسىخولوگىيە** <پسىخول> غەرب دۆلەتلىرىدە ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئېقىملىرىدىن بىرى، يەنى ئامېرىكا پسىخولوگىيە ساھەسىدىكى ئاساسىي ئېقىم. بۇنىڭدا قۇرۇلما پسىخولوگىيىسىگە قارشى ئاڭنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى تەتقىق قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، پسىخولوگىيىنىڭ نوقۇل ھالدا ئاڭنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ؛ پسىخىكا، ئاڭنى ئورگانىزمنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشىنىڭ مەھسۇلى، «بىلىش» ۋە «ھەرىكەت» بولسا ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ۋاسىتىسى ۋە قورالى دەپ قارايدۇ.

**فۇنكسىيە** ئى (ر<لات) ① <مات> باشقا مىقدارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدار، يەنى ئۆزگەرگۈچى مىقدار x نىڭ مەلۇم بىر دائىرىدىكى ھەربىر قىممىتىگە نىسبەتەن، ئىككىنچى بىر ئۆزگەرگۈچى مىقدار y ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر ياكى بىرنەچچە قىممەتكە ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا y نى x نىڭ فۇنكسىيىسى دەيمىز. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئادەتتە $y=f(x)$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ② <بىئول> ھۈجەيرە توقۇلمىلىرى ياكى ئەزا قاتارلىقلارنىڭ رولى ۋە پائالىيەت ئىقتىدارى:

ماتېرىيالىستلار پسىخىكىلىق پائالىيەت ئادەم تېنىنىڭ بىر خىل فۇنكسىيىسى، پسىخىكا بەدەنگە تايىنىدۇ دەپ قارايدۇ. * بۇ خىلدىكى قوغداش خاراكتېرلىك تورمۇزلىنىشنى ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ چوڭ مېڭە پوستلىقىدا ئەزەلدىن بار بولغان بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيە. ③ كۆچمە. ئادەم، شەيئىلەر ۋە ئورگان قاتارلىقلارنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك رولى؛ ۋەزىپىسى ياكى پائالىيەت دائىرىسى: پۇلنىڭ فۇنكسىيىسى. * ئاممۋى تەشكى-

لاتلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى فۇنكسىيىسىگە توغرا باھا بېرىش-بەرمەسلىك – بۇ خىزمەتتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە.

**فۇنكسىيە نەزەرىيىسى** <مات> ھەقىقىي ئۆزگەرگۈچلۈك فۇنكسىيە نەزەرىيىسى بىلەن كومپلېكس ئۆزگەرگۈچلۈك فۇنكسىيە نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىلىشى.

**فۇنكسىيىلىك** سۈپ ① فۇنكسىيىگە يەنى مۇئەييەن ۋەزىپىگە ئىگە، بەلگىلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ھوقۇقلۇق: مالىيە تارماقلىرى ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى ۋە نازارەت قىلىشى، ئىگىلىك جانلانغانسېرى نازارەتنى شۇنچە كۈچەيتىشى لازىم. * سىياسىي قانۇن تارماقلىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان فۇنكسىيىلىك ئورگانلاردۇر. ② فۇنكسىيىگە ئائىت، فۇنكسىيىگە ئالاقىدار بولغان: فۇنكسىيىلىك ئۆزگىرىش. فۇنكسىيىلىك باغلىنىش. فۇنكسىيىلىك تەقسىمات. * مۇشۇنداق مۇناسىۋەتتە، مۇشۇنداق فۇنكسىيىلىك تەقەززالىق مۇناسىۋىتىدىلا ئامىل تۈيغۇدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**فېتىشىزم** ئى (ر) <دىن> ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ نەرسىلەرگە سەجدە قىلىشى. بۇنىڭدا مەلۇم نەرسە ئىلاھ دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەلگىلىك تەشكىلىي شەكلى بولمايدۇ.

**فېدېراتسىيە** ئى (ر<لات) ① ئايرىم جەمئىيەتلەر ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشمىسى؛ ئىتتىپاق: دۇنيا دېموكراتىك ياشلار فېدېراتسىيىسى. ② مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمىسى؛ بىرلەشمە دۆلەت.

**فېدېراتىپ** سۈپ (ر<لات) فېدېراتسىيە ئاساسىدا تۈزۈلگەن، فېدېراتسىيە پرىنسىپى بويىچە بىرلىككە كەلگەن: فېدېراتىپ دۆلەت.

**فېرما** ئى (ر<فران) چارۋىچىلىقنىڭ مەلۇم بىر تارمىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئالاھىدە ئىختىساسلاشقان ئىگىلىك؛ مەيدان: توخۇ فېرمىسى. سۈت فېرمىسى. بېلىق فېرمىسى. قوي-كالا فېرمىسى. * ئېھتىمال، ئۇ، بۇقىنى «كونا ئورنىغا كېتىپ قالدىمۇ-قانداق؟» دەپ شۇ فېرمىغا ئىزلەپ كەتكەندۇ.

**فېرمېنت** ئى (ر<لات) <بىئول> جانلىقلار تېنىدىكى ھۈجەيرىلەر ھاسىل قىلىدىغان بېلىمسىمان ئورگانىك ماددا. ئاقسىلدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئورگانىزملار ئىچىدىكى خىمىيەۋى ئۆزگىرىشنى تېزلىتىش يەنى تەن ئىچىدىكى ئوكسىدلىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە ئېچىتىش رولى قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىر خىل فېرمېنت پەقەت مەلۇم بىر تۈر ياكى مەلۇم بىر خىل خىمىيەۋى ئۆزگىرىشكە قارىتا كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئوينىيالايدۇ.

**فېرمى** ئى <فىز> ئاتوم يادرو فىزىكىسىدىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. 10 سانتىمېتىرغا تەڭ. بۇ نام ئىتالىيە فىزىكا ئالىمى فېرمى (Enrico Fermi) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**فېرمىئون** ئى <فىز> ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىش ھەرىكەت مىقدارى $\frac{1}{2}\frac{h}{2\pi}$ نىڭ تاق سانلىق ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان مىكرو زەررىچە. بۇ نامىمۇ ئىتالىيە فىزىكا ئالىمى فېرمى ( Enrico Fermi ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**فېرمىي** ئى (ئىنگ <لات) <خىم> رادىئو ئاكتىپ ئېلېمېنت. بەلگىسى Fm (fermium). سۈنئىي ئېلىنىدۇ. ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى ئۈچ كۈن.

**فېستىۋال** ئى (ر<فران) سەنئەتنىڭ مەلۇم بىر تۈرى ياكى ھەممە تۈرلىرى بويىچە قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئومۇمىي كۆرەك ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بولىدىغان بايرام، تەنتەنە: قاراڭ، ئۇ ياغمىچاقتا شوخ، چىرايلىق سەھنە-زاللاردا، يېزا-قىشلاق، قىسىم، مەكتەپ، ئاۋۇل، زاۋۇت ۋە كانلاردا. پەخىرلەر قوزغىماقتا شاد بەختلىك خۇش چىرايلاردا، ئىگە بولماقتا ئالقىشقا كۆرەكلەر-فېستىۋاللاردا، چۈمۈلدۈرمەكتە شۆھرەتكە، شەرەپكە بۇ دىيارىمنى.

**فېشىر** ئى (لات) <بوت> → فېشىر سۆتلۈكئوتى.

**فېشىر سۆتلۈكئوتى** <بوت> سۆتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق بولۇپ ئايلىنىپ ئۆسىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق كېلىدۇ. يىلتىزى زەھەرلىك بولۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بەلغەم بوشىتىش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**فېلدشېر** ئى (ر<خىم) <تىب> ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان تىببىي خادىم، ۋراچنىڭ ياردەمچىسى.

**فېلدشېرلىق** ئى. فېلدشېرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئىش: فېلدشېرلىق قىلماق.

**فېلىيەتون** ئى (ر<فران) <ئەد> كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن سەلبىي ھادىسىلەرنى ئۆتكۈر تىل بىلەن مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىپ يېزىلغان ئاكتۇئال تېمىدىكى تەنقىدىي ماقالە: شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئوت يۈرەك شائىرنىڭ گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىنى، فېلىيەتونلىرىنى ئىخلاس بىلەن توپلاپ، ساقلاپ كەلگەنىكەن.

**فېنانترېن** ئى (ئىنگ <گرېك) <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ بىر تۈرى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{14}H_{10}$. ئۇ ئانتراتسىننىڭ ئىزومېرى بولۇپ، رەڭسىز، پارقىراق كرىستالدۇر. ئادەتتە كوكۇس مېيىنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. بوياق ۋە پارتلاتقۇچ دورا قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**فېندۇي** ئى (خەن) <ھەرب> شۆبە ئەترەت.

**فېنوباربىتال** ئى (گرېك+لات) <خىم> → لۇمىنال.

**فېنوكرىست** ئى (گرېك) <گېئول> ماگما جىنسلارنىڭ ئۇششاق دانىچىلىق ئۇللۇق ماددىسىدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان كرىستال. ھەمىشە بىر پۈتۈن كرىستال ھالىتىدە ئۇچرايدۇ.

**فېنول** ئى (ر<لات+گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_5OH$. بېنزولدىكى بىر ھىدروگېن ئاتومى گىدروكسىل رادىكالى بىلەن ئالماشقاندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. ساپ فېنول رەڭسىز كرىستال بولۇپ، يورۇقلۇقتا يولۇقسا، ھال قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئۆتكۈر پۇراققا ئىگە، زەھەرلىك، ئادەتتە ئۇ چىرىتىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ۋە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا سۈپىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سانائەتتىكمۇ خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**فېنولفتالېئىن** ئى (ئىنگ <لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{20}H_{14}O_4$. ئۇ، رەڭسىز كرىستال بولۇپ، ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسى نىترال ياكى كىسلاتالىق ئېرىتمىدە رەڭسىز، ئاساسلىق ئېرىتمىلەردە بولسا قىزىل بولىدۇ. خىمىيىلىك ئانالىزدا ئىندىكاتور قىلىنىدۇ.

**فېنولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <بىئول> بىئولوگىيىنىڭ ئۆسۈملۈكلەر ۋە هايۋاناتلارنىڭ پەسىل ئۆزگىرىشلىرىگە باغلىق بولغان ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**فېنىلئامىن** ئى (لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_5NH_2$. رەڭسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ، زەھەرلىك. بوياق ۋە دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**فېنىلئېتىلىن** ئى (لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_5CH{=}CH_2$ رەڭسىز ھەم پۇراقلىق سۇيۇقلۇق. سىنتېتىك كاۋچۇك، سۇلياۋ قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**فېئودال** (ر<لات) ① ئى <پەلس> فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە يەر ئىگىلەپ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان، سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ يەر ئىگىلىرى، پومېشچىكلار: تۆت فېئودال بۇ ئويغانغان زېمىننى، ئايلاندۇرۇپ كېتەلمىدى دوزاخقا. غالىب بولۇپ چىقتى ئاخىر يورۇقلۇق، زۇلمەت داۋام قىلالمىدى ئۇزاققا. ② سۈپ. فېئوداللار تەبىقىسىگە، سىنىپىغا مەنسۇپ، خاس، تەۋە، ئالاقىدار بولغان: فېئودال كۈچلەر. فېئودال پومېشچىكلار، فېئودال ئېكسپلاتاتسىيە. * يېڭى كاپىتالىستىك جەمئىيەت دەۋرىدە فېئودال كۈچلەر بولسا ئاۋۋالقى ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان كۈچتىن بېقىندا كۈچكە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدىنپەي يوقلىپ بارىدۇ. ③ سۈپ. فېئوداللىق جەمئىيەتنى، تۈزۈمنى ياقلايدىغان ياكى ئۇنىڭ تەسىرى سىڭگەن: ئۇلارغا فېئودال ئائىلە باشلىقلىرىغا خاس بېسىم ئىشلىتىش ۋە تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. * ئۇنىڭ دادىسى شاڭخەيدە بىر زاۋۇتنىڭ كادىرى بولۇپ، فېئودال ئائىلە باشلىقلىقىنىڭ ئىستىلى ئېغىر ئىدى. ئادەتتە باللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى.

**فېئوداللىق** سۈپ ① فېئوداليزمغا مەنسۇپ، خاس، ئالاقىدار: فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر. فېئوداللىق جەمئىيەت. * جاپا چەككەن دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن فېئوداللىق يەر ئىگىلىك تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك. * فېئوداللىق ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن زامانىۋى ئىلىم-پەن نۇرلىرىنىڭ كاللىمىزغا قانداق قىلىپ تەڭ ئورۇنلاشقىنىغا ھەيرانمەن. ② فېئوداليزم قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: فېئوداللىق تۈزۈم. فېئوداللىق تەرتىپ. * بۇ قانۇنلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ياكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قانۇنلىرى بولۇپ، قۇلدارلارنىڭ ياكى فېئوداللارنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ۋە ئۇلارنى ئېزىشتىكى قورالى ئىدى. * فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئەمەلدىن قالغىلى نەچچە يىل بولدى، سەن زادى ئەزىمەتنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەمسەن؟

**فېئوداللىق بۆلۈنمە** <پەلس> فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى قوراللىق كۈچكە ئىگە كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم جايلارنى ئىگىلىۋېلىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشتىن

شەكىللەنگەن ھالەت.

**فېئودالىق تۈزۈم** ① فېئوداللزم پرىنسىپىغا ئاساسەن ئورنىتىلغان تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر. ② <پەلس> فېئودالىزم جەمئىيىتىدە، پادىشاھلار يەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇق جەمەتى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەردە بەگلىكلەرنى قۇرۇشىغا يول قويىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈم.

**فېئوداللىق جەمئىيەت** <پەلس> جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى بەش خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بەلگىسى، پومېشچىكلار يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان، دېھقانلارنىڭ يېرى ناھايىتى ئاز ياكى زادىلا يېرى يوق بولۇپ، پەقەت پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تېرىيدۇ، ئەمما مەھسۇلاتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى پومېشچىكلار تارتىۋالىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەت قۇللۇق جەمئىيەتكە قارىغاندا بىرقەدەر ئىلغار بولۇپ، دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكى بولىدۇ، بىراق ئۇلار ئۆمۈر بويى يەرگە تايانغانلىقتىن ئەمەلىيەتتە يەنىلا جىسمانىي ئەركىنلىككە ئىگە بولالمايدۇ.

**فېئوداللىق مەدەنىيەت** فېئوداللىق جەمئىيەتتە بەرپا بولغان ۋە فېئودالىزم تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىدە يېتىلگەن مەدەنىيەت: بۇلار غەربنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك مەدەنىيىتى بولۇپ جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتى بىلەن قارىمۇقارشى ئىدى.

**فېئودالىزم** ئى (د) <پەلس> بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم. ئۇنىڭ ئاساسى پومېشچىكلار يەر ئىگىلەپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت: كادىرلارنىڭ ھوقۇقىنى پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن، ئۇنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەككى، ھەرگىز فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئەمەلدار-غوجاملاردەك شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان ئالاھىدە ھوقۇق قىلىۋالماسلىقى كېرەك.

**فېۋرال** ئى (ر<لات) مىلادىيىنىڭ ئىككىنچى ئېيى. ئۇ 28 كۈن ياكى 29 كۈن بولىدۇ: 18-فېۋرال. * بۇ ئەسەر 1977-يىلى 27-فېۋرال قەشقەردە يېزىلغانىكەن.

**فىرۇزە** ئى (ئە<پ) ① <گېئول> بىر خىل مىنېرال. يېرىم سۈزۈك بولۇپ، ھاۋارەڭ، كۆك يېشىل، ئاچ يېشىل ياكى ئازراق يېشىل ئارىلاش كۆل رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. كرىستاللىرى ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا. ئادەتتە قىممەت باھالىق مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە بېزەك بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: فىرۇزە كۆزلۈك ئۈزۈك. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**فىزىك** ئى (ر) <فىز> فىزىكا مۇتەخەسسىسى، فىزىكا ئالىمى: بۇ مەسىلىلەر كەلگۈسى فىزىكلىرىمىزنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

**فىزىكا** ئى (ر<گرېك) تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق بىر پەن. ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۈزۈلۈشى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئاكۇستىكا، ئىسسىقلىق ئىلمى، ماگنىتىزم، ئوپتىكا ۋە ئاتوم فىزىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**فىزىكىلىق** سۈپ. فىزىكىغا دائىر، فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: فىزىكىلىق ھادىسە. فىزىكىلىق قانۇنىيەت. فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت.

**فىزىكىلىق خىمىيە** <خىم> فىزىكىلىق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ خىمىيىنى تەتقىق

قىلىنىدىغان پەن. بۇنىڭدا فىزىكىلىق ھادىسىلەر بىلەن خىمىيىلىك ھادىسىلەر-نىڭ باغلىنىشىدىن پايدىلىنىپ، ماددا تۈزۈلۈشىنىڭ خاراكتېرى، ماددا ئۆزگە-رىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرى قاتارلىق ماددىلار ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى تېپىپ چىقىلىدۇ.

**فىزىكىلىق داۋالاش** <تىب> غەرب تىبابىتىدىكى بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا نۇر، ئېلېكتر، ئىسسىق لاي، ئىسسىق موم، ئوخشاش بولمىغان تېمپېراتۇرىدى-كى سۇ قاتارلىقلار ئارقىلىق بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدىكى تېرىنى غىدىقلاپ، نېرۋا رېفلېكسى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىلىدۇ.

**فىزىكىلىق دىئاگنوز** <تىب> غەرب تىبابىتىدىكى كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا كېسەل كىشىنىڭ رەڭگىرويى، ئىپادىسى ۋە يېتىلىش ئەھۋالى كۆزىتىلىپ، تىڭشىغۇچ ئارقىلىق يۈرەك ۋە ئۆپكىنىڭ تاۋۇشى تىڭشىلىدۇ، بارماقلار ئارقىلىق بىمارنىڭ كۆكرەك ۋە قورساق قىسمى چېكىلىدۇ ياكى بېسىلىدۇ ھەمدە چوكا ئارقىلىق جەينەك، تىز قاتارلىقلارنىڭ ئۆگىلىرى چېكىلىدۇ.

**فىزىكىلىق مىقدار** <فىز> فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار. مەسىلەن، ئېغىرلىق، ماسسا، تېزلىك، ۋاقىت، تېمپېراتۇرا، ئىش، ئېنېرگىيە، توك بېسىمى، توك ئېقىمى قاتارلىقلار.

**فىزىكىلىق ئۆزگىرىش** <فىز> ماددىلار-نىڭ پەقەت شەكلىدىلا ئۆزگىرىش بولۇپ، خىمىيىلىك تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغان ئۆزگىرىش. مەسىلەن، سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھورغا ئايلىنىشى ياكى قېتىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**فىزىكىلىق يىمىرىلىش** <گېئول> يىمىرىلىش-نىڭ بىر خىلى، يەنى تاغ جىنسلىرىنىڭ فىزىكىلىق ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، خىمىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيلا بۇزۇلۇپ، ۋەيران بولۇش ھادىسىسى.

**فىزىئولوگ** ئى (د) فىزىئولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى، فىزىئولوگىيە ئالىمى.

**فىزىئولوگىيە** ئى (ر<گرېك) جانلىقلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئادەتتە ئۇ ئادەم فىزىئولوگىيىسى، ھايۋا-نات فىزىئولوگىيىسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر فىزىئولوگىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يېقىنقى زامان فىزىئولوگىيىسى، بولۇپمۇ ئېلېكتر فىزىئولوگىيىسى ۋە بىئوخىمىيە قاتارلىق پەنلەر تەجرىبە ۋە تەتقىقاتلار ئارقىلىق نېرۋا سىستېمىسى ۋە مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئېچىش جەھەتتە يەنە زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى.

**فىزىئولوگىيىلىك** سۈپ. فىزىئولوگىيىگە ئائىت، فىزىئولوگىيىگە ئالاقىدار بولغان؛ فىزىئولوگىيە-لىك فۇنكسىيە. فىزىئولوگىيىلىك جەريان. * جىنسىي يېتىلىش ھادىسىسى ئالدى بىلەن بەدەننىڭ تاشقى قىسمىدا بەزى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. * ئىرسىيەت – ئادەملەردىكى ئاتا-بوۋىسىدىن قېلىپ قالغان تۇغما فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئاناتومىيە-لىك ئالاھىدىلىكىدىن، مۇھىمى ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ۋە ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

**فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۇيى** <بىئول> تەركىبىدە 0.35 – 0.95 پىرسەنتكىچە ئاش تۇزى بولغان ئېرىتمە. ئوسموسلۇق بېسىمى قان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئوسموسلۇق بېسىمى بىلەن ئوخشاش. كلىنىكىدا

سۇيۇقلۇق تولۇقلاش ۋە جاراھەت ئېغىزىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**فىكۇس** ئى (ر<لات) <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇچى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، گۈل تەگلىكى شارغا يېقىنراق شەكىلدە، گۈلى ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق، پىشقاندا قارا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئاسىيادىكى ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدۇر. قوۋزىقىدىن ئېلىنغان سۈتسىمان سۇيۇقلۇقتىن قاتتىق دەرەخ يېلىمى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**فىگۇرا** ئى (ر<لات) گەۋدىنىڭ تۇزۇلۇشى، پىچىمى، قەددى-قامەت: فىگۇرىسى چىرايلىق. فىگۇرىسى قاملاشقان. * شياڭگاڭ مۇزىكىلىرى بىلەن غەلىتە فىگۇرىلار تۈرەمگە دەسلەپ بىر قىسما تۇيۇلغانىدى، كېيىن قاراۋېرىپ كۆزى ئادەتلەنىدىمۇ، ئىشقىلىپ، يېڭى مۇزىكىلار چىققاندا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پۇتىنى مىدىرلىتىپ، گەۋدىسىنى قوزغاپ قويىدىغان بولۇپ قالدى.

**فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش** <تەن> مۇز ئۈستى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، مۇز تېيىلىش بىلەن بىرگە ھەر خىل قىياپەتتە سەكرەش ۋە پىرقىراش ھەرىكەتلىرى ئورۇنلىنىدۇ.

**فىگۇرا كانكىسى** <تەن> كانكىنىڭ بىر خىلى. ئۇ فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش ئايىغىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلىدۇ. بىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېرىقچىسى بولىدۇ. باش قىسمى ئەگمەچ بولۇپ چىشلىرى بولىدۇ، قۇيرۇق قىسمى تۈز ھەم قىسقا كېلىدۇ.

**فىلادېلفۇن** ئى (لات) <بوت> تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرمان تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى ئومۇمىي گۈل رېتىدە، گۈل تاجى سۈت رەڭگىدە كېلىدۇ. گۈل كاسىسى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**فىلتىر** ئى <خىم> (ر<لات) سۇيۇقلۇق ياكى گازلارنى كېرەكسىز ئارىلاشمىلاردىن تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب، سۈزگۈچ: فىلتىر بىلەن سۈزمەك. // فىلتىر قەغەز.

**فىلتىر قەغەز** <خىم> ساپ بولغان تالالاردىن ئىشلەنگەن كۆپ تۆشۈكلۈك قەغەز. ئادەتتە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان يۇملاق شەكىللەردە كېسىلىپ، كونۇس شەكلىدە يۆگىلىدۇ، كېيىن ۋارونكا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سۇيۇقلۇقلار فىلترلىنىدۇ.

**فىلترلاتماق** «فىلترلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**فىلترلانغان** «فىلترلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: فىلترلانغان قەغەز.

**فىلترلانغان ئېرىتمە** <خىم> فىلترلاش قۇرۇلمىلىرى ياكى ئەسۋابلىرىدىن ئۆتكەن سۇيۇقلۇق، ئېرىتمە.

**فىلترلانماق** «فىلترلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**فىلترلىماق** پ. پىلتىردىن ئۆتكۈزمەك، سۈزمەك: دەل-دەرەخلەردە مىكروپ ئۆلتۈرۈش، ھاۋانى پىلترلاش رولى بار.

**فىللىت** ئى (ر<گرېك) <گېئول> بىر خىل مېتامورفىلىق جىنس. نېپىز تارشىسىمان تۈزۈلمىگە ئىگە. ئاساسلىق تەركىبى چىرىمتال، كۋارتىس، خلورىت قاتارلىقلار بولۇپ، قىزىل، كۆل رەڭ، سېرىق،

يېشىل، قارا قاتارلىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. يېپەك پارقىراقلىقىغا ئىگە.

**فىلولوگ** ئى (د) فىلولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى، فىلولوگىيە ئالىمى.

**فىلولوگىيە** ئى (ر<گرېك) تىل-يېزىق، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى، ئاساسەن يازما يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. كەڭ مەنىدىكى فىلولوگىيە تىلشۇناسلىق، يېزىقشۇناسلىق، فونېتىكا ئىلمى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا، كۆپىنچە ئۇ تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانماقتا.

**فىلىم** ئى (ر<ئىنگ) <كىنو> ① كىنو قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان لېنتا، كىنو لېنتىسى: فىلىم بېسىش ئاپپاراتى. * فىلىم ئۈزۈلۈپ قېلىپ، خېلى كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ② كىنو: رەڭلىك فىلىم. رەڭسىز فىلىم. ھېكايە فىلىم. ھۆججەتلىك فىلىم. * كىنوخانىلاردا «سەرگەردان» فىلىمى قويۇلۇشقا باشلىدى. * ماشىنىنىڭ ئىككى چىرىغىنىڭ نۇرى ئىچىدىن «ئاچچىق ساۋاق» دېگەن فىلىم ئىسمى كۆرۈندى.

**فىلىم بېسىش ئاپپاراتى** <كىنو> كىنو فىلىملىرىنى بېسىپ كۆپەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاپپارات.

**فىلىم مۇقىملاشتۇرۇش** <كىنو> كىنو ئىشلەش مەشغۇلاتلىرىدىن بىرى. ئادەتتە ئۇ روشەنلەشتۈرۈلگەن نۇر سەزگۈچى ماتېرىياللارنى سۈرەت مۇقىملاشتۇرۇش سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ، كۈمۈش ماددىسىدىكى سۈرەتتىن باشقا، بارلىق گالوگېنلىق كۈمۈشلەرنى ئېرىتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى سۈرەتنى ئۆزگەرمەس دەرىجىدە مۇقىملاشتۇرۇش جەريانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**فىلىم مۇلازىمى** <كىنو> فىلىم ئىشلەشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك ئارقا سەپ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل خادىم.

**فىليۇگېر** ئى (ر<نېم) <مېتېئور> شامال يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئېگىز تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان بىر تال يا ئوقسىمان تۆمۈر بولۇپ، شامالغا ئەگىشىپ ئايلىنىدۇ، ستىرېلكا داۋاملىق شامال كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

**فليۇئورىت** ئى (ر<لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى كالتسىي فتورىد (CaF2) بولۇپ، ئاق-يېشىل، بىنەپشە رەڭلەردە ئۇچرايدۇ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، ھەمىشە يالتىراپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇ تەركىبىدە فتور بولغان مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن فتورىد كىسلاتاسى ۋە فتورلۇق سېمونت ئىشلىگىلى بولىدۇ، مېتاللورگىيە سانائىتىدە ئېرىتكۈچ قىلىنىدۇ.

**فىن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**فىن تىلى** <تىل> فىنلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئۇگور-فىن تىل سىستېمىسىنىڭ فىن تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ.

**فىنچە** ① سۈپ. فىن خەلقىگە، ئۇنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: فىنچە ئۆي. فىنچە كىيىم. ② ئى. فىن تىلى ۋە يېزىقى: فىنچىنى بىلمەك. ③ رەۋ. فىن تىلىنى ئىشلىتىپ، فىن تىلى بىلەن: فىنچە سۆزلەشمەك.

**فىنلار** ئى <ئىرق> فىن مىللىتى، فىن خەلقى. ئۇلار فىنلاندىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**فىنىك** ئى <ئىرق> غەربىي ئاسىيادىكى

قەدىمكى مىللەتلەردىن بىرى. ئاساسەن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە شىمالىغا تارقالغان (هازىرقى لىۋان ۋە سۇرىيەنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ). مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللاردا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بەزى دۆلەتلەرنى قۇرغان، كېيىن ئۇزۇن مۇددەت مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 12-ئەسىردە مۇستەقىل بولۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بەزى رايونلاردا مۇستەملىكىلەرگە ئىگە بولغان.

**فىنىك ئېلىپبەسى** <تىل> مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى فىنىكلار قوللانغان بىر خىل ئېلىپبە. ئۇ قەدىمكى مىسىر يېزىقىدىن ئۆزگەرگەن سامى هەرپلىرىدىن كېلىپ چىققان. هەرپلىرى جەمئىي 22 بولۇپ، هەممىسى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىن فىنىك هەرپلىرى ئاساسىدا گرېك هەرپلىرى، گرېك هەرپلىرى ئاساسىدا لاتىن ۋە سلاۋيان هەرپلىرى بارلىققا كەلگەن. دېمەك، فىنىك ئېلىپبەسى ياۋروپادىكى هەر خىل يېزىقلارنىڭ ئورتاق مەنبەسىدۇر.

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇب، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر،
ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەھمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر،
ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان
مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابلىز ياقۇب، غەنىزات غەيۇرانى
كوررېكتورلار: ئابلىز ئەھمەت، بۇۋەيشىخان ئابدۇللا، ئەلانۇر

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسىدا تىزىلدى)
1992-يىلى 12-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1992-يىلى 12-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 19.00 يۈەن

（京）新登字 154 号

# 维吾尔语详解辞典（三）

（维吾尔文）

阿布利孜·牙库甫，艾尼扎堤·艾尤拉尼，司马义·卡的尔，
海木都拉·阿布都热合满，帕力哈堤·努尔，阿布利孜·艾买堤，　编
艾斯哈尔·阿布都哈地尔，阿布都扎依尔·塔依尔，阿布力克木·热依木

责任编辑：阿布利孜·牙库甫
　　　　　艾尼扎堤·艾尤拉尼

责任校对：阿布利孜·艾买堤
　　　　　布外西汗·阿布都拉
　　　　　艾拉奴尔

民族出版社出版发行　各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：787×1092 毫米 1/16　印张：59 $\frac{1}{2}$
1992 年 12 月第一版
1992 年 12 月北京第一次印刷
印数：0001—4，000 册

ISBN　7—105—01692—2/Z·116
民　文　（维 11）　定价：19.00 元